# جامع الصحاح

## سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى

( 2 - قىسىم )

ئىمام جالالۇددىين سۇيۇتى
ئىمام ناسىرۇددىين ئەلبانى

جامع الصحاح
سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى
( 2 - قىسىم )

www.uyghurkitap.com

بسم الله الرحمن الرحيم

بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمىز. ياردەمنى پەقەت بىر ئاللاھدىنلا سورايمىز. ئاللاھدىن گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى سورايمىز. ئاللاھقا شەكسىز ئىشەنگەن ھالدا تەۋەككۇل قىلىمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىشى ئازدۇرالمايدۇ. ئاللاھ بۇ بەندە ئازغۇن دەپ ھۆكۈم قىلسا، يول قويسا، شارائىت، پۇرسەت بەرسە، ھېچكىشى ئۇ بەندىنى ھىدايەت قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاللاھدىن ھىدايەت، توغرا يول سوراپلا قالماستىن، نەپسىمىزنىڭ ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. شەيتاندىنمۇ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىدىن، جىننى، ئىنسى شەيتانلاردىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز.

ئاللاھنىڭ بارلىق بىرلىكىگە، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە، قىيامەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە، ساماۋى كىتابلارغا، ئۆلگەندىن كېيىن روھ ۋە تەن جىسىم بىلەن تىرىلىشىمىزگە شەكسىز ئىشىنىمىز، ئىمان كەلتۈرىمىز. ئاللاھتائالا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ، ساھابىلار، تابىئىنلارغا، ئۇلارغا ئەگەشكەن بارلىق مۇسۇلمان مۆئمىنلەرگە رەھمەت قىلسۇن، رازى بولسۇن، جەننەتتە جامالىنى ئاتا قىلسۇن. ئامىن!

بارلىق ئىشلىرىمىزنى، خىزمەتلىرىمىزنى ئۇتۇقلۇق قىلسۇن، ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن، جامالى ئۈچۈن خالىس قىلىپ بېرىپ قوبۇل قىلسۇن. ئامىن!

پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا، بولۇپمۇ، زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ئاجىز، بىچارە مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ ئۆزى ئىگە بولۇپ رەھىم قىلسۇن، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھ، خاتالىق، مەئسىيەتلىرىنى كەچۈرۈپ، ئەپۇ قىلىپ، ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتمەنلىك ئاتا قىلىپ، ياردەم بەرسۇن، قەلبىنى ھىدايەت قىلىپ، ئىسلاھ قىلىپ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەقۋا مۆئمىنلەردىن قىلسۇن. ئامىن!

## مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ 1
مۇقەددىمە ........................................ 2
زەئىپ ھەدىسلەر توغرىسىدا ........................................ 9
«ع» ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ ئاخىرى ................................ 17
«غ» غەيىن ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 40
«ف» ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 51
«ق» ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 63
«ئاللاھتائالا مۇنداق دېگەن، مۇنداق دېدى، مۇنداق دەيدۇ» دېگەن ھەدىس قۇددۇسلار...... 78
«ك» ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 116
« رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئىش ـ ھەرىكىتى» .......... 152
«ل» ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 216
« لو » يەنى ئەگەر دېگەن شەرت ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر .............. 263
« ليس » دېگەن ناقىس پېئىل بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر مەنىسى يوق، ئەمەس ....... 292
« م » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 318
« من » دېگەن ئىسىم، شەرت بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ........................ 409
« ن » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ................................ 554
رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ)چەكلەپ توسقان نەرسىلەر توغرىسىدىكى سەھىھ ھەدىسلەر............ 568
«ھ» ھەرپى بىلەن بولۇپمۇ هذا بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر..................... 558
« و » بىلەن باشلانغان، بولۇپمۇ و الذي دەپ قەسەم قىلىنغان سەھىھ ھەدىسلەر ............ 616
« لا » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر................................ 637
«ي» ھەرپى بىلەن بولۇپمۇ ئى پالانى! دېگەن سۆز بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر ....... 750
خۇلاسە ........................................ 843
پايدىلانغان ماتېرىياللار ........................................ 845

## كىرىش سۆز

مەن «يالغان ھەدىسلەر توپلىمى» ، «مۇشكاتۇلمەسابىھنىڭ زەئىپ ھەدىسلىرى» دېگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ بولغىنىمدا ، ئەمدى نۆۋەتنىڭ «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى»غا كەلگىنىنى ھېس قىلدىم ، دوستلىرىم ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارمۇ شۇنى ھېس قىلىپ ، ماڭا مەدەت ۋە ئىلھام بەردى ، ئاللاھنىڭ ياردىمى ، شارائىت ، ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى بىلەن مەن بۇ خىزمەتنى داۋام قىلدىم . شەيخ ، مۇھەددىس ، مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلبانى رەھمەھۇللاھنىڭ ،ئىمام جالالۇددىن سۇيۇتىنىڭ جامىئۇسسەغىير ناملىق كىتابىغا ئاساسەن تۈزگەن8200 سەھىھ ھەدىسلەر توپلانغان سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىنى تەرجىمە قىلىشقا ئاتلاندىم .

مەقسەت ، نىيەت ، ئارزۇيۇم ، مۇرادىم : ئاللاھنىڭ جامالى ، جەننەتتىكى ئالى مەرتىۋە ، ئۆزۈمنىڭ شۇنداقلا دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ، جۈملىدىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھىدايىتى ، توغرا ـ ھەق يول تېپىشى ، قۇرئاننى پەقەت مۇشۇ سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن ئىزاھلاش ، شەرھىيلەش ، تەپسىرلەش . يالغانغا ، زەئىپكە ئەمەس ، سەھىھ ، ھەسەن ، راست ، توغرىسىغا ئەمەل قىلىش ۋە قىلدۇرۇشتۇر .

ئۇيغۇر مۇسۇلمانلاردىكى زور بوشلۇقنى تولدۇرۇشتۇر ، بىر ئايەت ، بىر ھەدىس بولسىمۇ يەتكۈزۈشتۇر . ئاللاھ مۇراد ـ مەقسىتىمىزگە يەتكۈزسۇن ، ئامىن!

مەندىن كۆرۈلگەن سەۋەنلىك ، خاتالىقلارنى ئەپۇ قىلىپ ، ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى ، كەچۈرۈشىنى مەن ئۈچۈن سوراپ ، تۈزىتىپ ئوقۇپ ، پىكىر ـ تەكلىپ ، تەنقىد ، تەربىيە بېرىشىڭلارنى سورايمەن . ئەبۇ مۇھەممەد

قۇرئان ، ھەدىسنى تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس ،
تەرجىمە ، بەزى مەنىسىنى بايان قىلىۇر ھەممىنى ئەمەس ،
قۇرئان ـ ھەدىس لەبزىنىڭ تەفسىرى،ئۇنىڭ بەزىسىدۇر ،
بەزى ئايەتنىڭ مەنىسى،توپلامدىدۇر،بىردىلا ئەمەس .

## بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم

## مۇقەددىمە

سەھىھ ھەدىسلەرنى تەرجىمە قىلىشتىن بۇرۇن سەھىھ ھەدىس توغرىسىدا توختىلىمەن. ھەدىس تەتقىقاتى، ھەدىس ئىلمى، كىتابلىرىدىن سۆز تاللاپ يېزىپ، قانداق ھەدىسنىڭ سەھىھ ھەدىس ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىمەن.

ھەدىس ئىلمى تەتقىقات توغرىسىدا تۈزۈلگەن كىتابلار:

1. «يادلىغۇچى بىلەن راۋىيسى ئارىسىنى ئايرىغۇچى مۇھەددىس»: بۇ كىتابنى قازى ئەبۇ مۇھەممەد ھەسەن رامھورموز يازغان. ۋاپاتى 360 ـ يىلى ھىجرىيە .

2. «ھەدىس ئىلىملىرىنى تونۇش»: بۇ كىتابنى ئەبۇ نۇئەيم ئەھمەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئەسبىھانى يازغان. ۋاپاتى ھىجرىيە 43 ـ يىلى.

3. «ھەدىس ئىلىملىرىدىن مەرىپەت»: بۇ كىتابنى مۇھەممەد ھاكىم نىسابورى يازغان. ۋاپاتى 405 ـ يىلى، ھىجرىيە .

4. «راۋىيەت ئىلمىدىكى كۇپايەت»: بۇ كىتابنى ئەھمەد ئىبنى ئەلى خەتىيبولبەغداد يازغان. ۋاپاتى ھىجرىيە 463 ـ يىلى.

5. «ھەدىس سۆزلىگۈچى راۋىينىڭ ئەخلاقى بىلەن ئاڭلىغۇچىدىكى ئەدەب ـ ئەخلاقلار توپلىمى»: بۇ كىتابنىمۇ خەتىيبۇلبەغداد يازغان.

6. «راۋايەتنىڭ ئۇسۇللىرىنى تونۇتقان نۇر»: دېگەن كىتابنى قازى ئىياز يازغان. ۋاپاتى ھىجرىيە 544 ـ يىلى.

7. «ھەدىس ئىلمىلىرى دېگەن كىتابنى» ئوسمان ئىبنى ئابدۇرەھمان شەھرەزورى يازغان. ۋاپاتى، 643 ـ يىلى

8. «تەقرىيب» ناملىق كىتابنى يەھيا ئىبنى شەرپى نەۋەۋى يازغان، ۋاپاتى 676 ـ يىلى، ھىجرىيە .

9. «بۇ كىتابقا تەدرىيب» ناملىق شەرھىنى جالالۇددىن ئابدۇرەھمان سۇيۇتى يازغان. بۇ مۇھەددىس، مۇپەسسىرنىڭ ۋاپاتى، 911 ـ يىلى، ھىجرىيە .دەل مۇشۇ كىشى بۇ كىتابنىڭ ئەسلى ئاپتورىدۇر .

10. ئەسىر ئىلمىدىكى گۆھەرلەر تىزىقى، بۇ كىتابنى زەينوددىن ئابدۇرەھىيم يازغان، ۋاپاتى، ھىجرىيە 806 ـ يىلى.

11. «پەتھۇلمۇغىيس»نى ئىمام ساخاۋى يازغان، ۋاپاتى، ھىجرىيە 902 ـ يىلى.

12. «ئەسىر ئىلمىدىكى ئاتالغۇلارنىڭ تاللانمىسى» دېگەن كىتابنى ھاپىز ئىبنى ھەجەر ئەسقالانى يازغان، بۇخارىنىڭ شارھى، ۋاپاتى ھىجرىيە 852 ـ يىلى.

13. «بەيقونىييە نەزمىنى» ئۆمەر ئىبنى مۇھەممەد يازغان، ۋاپاتى ھىجرىيە 1080 ـ يىلى.

14. «ھەدىس سۆزلەش قائىدىلىرى» دېگەن كىتابنى مۇھەممەد جامالۇددىن قاسىمى يازغان، ۋاپاتى، ھىجرىيە 1332 ـ يىلى.

15. ئۇندىن باشقا ھازىرقى ئالىملاردىنمۇ نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلغان، مەسىلەن: ھەدىس ئاتالغۇلىرى ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھ يازغان، ۋاپاتى، مىلادى 2001 ـ يىلى

يەنە ھەدىس ئاتالغۇلىرى ناملىق مەدىنە ئۇنىۋېرسىتېتىدا دەرسلىك قىلىنىدىغان بارلىق ھەدىس ئىلىملىرىنىڭ خۇلاسىسى توپلانغان كىتابنى مەھمۇد ئىبنى ئەھمەد تەھان يازغان، كىتابلار ئىنتايىن كۆپ

بولۇپ، ئىسمىنىمۇ يېزىپ بولالمايمەن، بولۇپمۇ ھازىرقى تەرەققىي قىلغان پۇرسەت ۋە ماتېرىياللار تولۇق بولغان، كومپيۇتېر دەۋرىدە، كومپيۇتېر دىسكىسى، پلاستىنكىسى ۋە تور بەتلىرىدىكى ماتېرىياللارنى ئىككى ـ ئۈچ ئۆمۈردىمۇ ئوقۇپ بولالمايمىز، ئاللاھقا چەكسىز شۈكرى. مەن ھازىرئەنە شۇنداق كىتابلاردىن سەھىھ ھەدىسلەر توغرىسىدا سۆز تاللاپ يازىمەن.

ئەڭ ئىشەنچىلىك سەھىھ، توغرا بولغىنى، ھەقىقى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز ئاغزى بىلەن دېگەن ، قىلىقى بىلەن قىلغان، ئىشەنچىلىك ھەدىس مۇتىۋاتىردۇر. يەنى بىرگە؛ قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش ئىشەنچىلىك ھالدا يېتىپ كەلگەن ھەدىس. كۆپ جايلاردىكى كۆپ كىشىلەر ئوخشاش سۆزلىگەن، ئوخشاش خاتىرىلىگەن، ئۇلارنىڭ يالغانغا ئىتتىپاققا كېلىشىلىشى، ئالدىن دېيىشىۋېلىشى زادى مۇمكىن ئەمەس، خۇددى پۈتۈن مەملىكەتلەردە بىردەك بەرگەن خەۋەردەك، بارلىق مۇسۇلمان، غەيرى مۇسۇلمانلار بىردەك، چىڭگىزخان، مۇسۇلمانلارنى باغداتقىچە تاجاۋۇز قىلىپ قىرغان زالىم. گىتلېر يەھۇدىيلارنى قىرغان دېگەندەك خەۋەر.

يۇقىرىقى مۇتىۋاتىر ھەدىسكە بىر مىسال:

«رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ئۆتۈككە مەسىھ قىلغان» ھەسەن بەسەرى رەھمەھۇللاھ بۇ خەۋەر بۇ ئەسەر، بۇ ھەدىس 70 ساھابىنىڭ ئاغزىدىن ئوخشاش، بىردەك سۆزلەنگەن دېدى. مۇتىۋاتىر ھەدىس، قۇرئان ئايىتىگە ئوخشاش بولۇپ، تانغۇچى كاپىر بولىدۇ، بۇنداق ھەدىسلەر سۇيۇتىنىڭ قۇتۇپۇلئەزھار، ئىمام كەتتانىنىڭ نەزمۇلمۇتەناسىر مىن ھەدىسى مۇتىۋاتىر دېگەن كىتابلاردا توپلانغان. ئاندىن قالسا، مەشھۇر ھەدىس، بۇ خىل ھەدىس مۇتىۋاتىر دەرىجىسىگە يەتمىگەن، ئەمما، ئۈچتىن كۆپ كىشىلەر بىردەك ئوخشاش سۆزلەيدۇ.

لېكىن، بۇ مەشھۇر ھەدىستىن، ئىككىلا كىشى ئىككى ئىسناد، ئىككى راۋىيدىن سۆزلەنگەن ئەزىز ھەدىستىن، راۋىيسى باشتىن ـ ئاخىرى بىرلا بولغان غەرىيب ھەدىسلەردىن، سەھىھ ھەم ھەسەن، ھەم زەئىپ، ھەتتا يالغانلىرىمۇ بولىدۇ.

مەلۇم يالغان سۆز، كەڭ تارقاپ كەتسە، تىلدىن ـ تىلغا كۆچۈپ يۈرسە، مەشھۇر بولىۋېرىدۇ، خۇددى مەشھۇر شەخسلەردە ، پەيغەمبەر، ساھابە، تابىئىن، ئەۋلىيالار، شۇنداقلا كاپىر، دىنسىز زالىملارمۇ بولغاندەك، شەيتانمۇ ھەممە كىشىگە مەشھۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن، مەشھۇر، ئەزىز غەرىيب ھەدىسلەرنىڭ سەھىيسىگە ئەمەل قىلىنىدۇ، مەشھۇر ھەدىسلەرگە ساخاۋىينىڭ مەقاسىد دېگەن كىتابى، شەيبانىنىڭ تەمييز دېگەن كىتابلىرى بار.

ھەقىقى سەھىھ ھەدىس، يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز ئاغزى بىلەن دېگەن ياكى ئۆزى قىلغان، راست، توغرا، سەھىھ ھەدىس دېگەن ، ئىسنادى تۇتاشقان بولۇش، يەنى ھەدىسنى يازغان، بۇخارى، مۇسلىمدەك، كاتىپدىن باشلاپ ئۇنىڭ شەيخ ، ئاندىن شەيخنىڭ ئۇستازى ئاندىن ئەتباﺋ، ئاندىن تابىئىن، ئاندىن ساھابە، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ، مۇنداق قىلغان دېگەن ھەدىس، كاتىپدىن باشلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە يۈلەنگەن يول، ئىسناد تۇتاشقان بولۇش لازىم، ئەگەر ئىسناددىن ساھابە ئۈزۈلۈپ قالسا، ئۇ چاغدا ھەدىس مۇرسەل زەئىپ بولىدۇ.

تابىئىن ياكى كېيىنكى راۋى ئۈزۈلۈپ قالسا، مۇنقەتىئ مۇئزەل زەئىپ دېيىلىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەدىس ئىشەنچلىك ئېتىماتلىق كىشىلەرگە زىت، خىلاپ رىۋايەت قىلىنسا، بۇ ھەدىسنى شاز زەئىپ دەيمىز. ھەدىسنىڭ سەھىلىكى توغرىسىدا ئىللەت، ئەيىب بولماسلىقى، سۆز قىلىنماسلىقى لازىم، ھەدىسنىڭ راۋىيلىرى، مۇسۇلمان بالاغەتكە يەتكەن، ئەقىللىق بۇلىشى، پاسىق، پاجىر ئەمەس، ئادىل، تەقۋا بولۇشى شەرت ، مۇكەممەل، كامىل، پۇختا يادلاش ، قابىلىيىتى بولۇش، ئېلىشىپ قالماسلىق لازىم. ھەدىسنىڭ سەھىھ بولۇشى ئۈچۈن، بەش شەرت لازىم.

1. كاتىبدىن باشلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە ئىسناد يولى تۇتاشقان بولۇش.
2. راۋىيلار ئىشەنچلىك، تەقۋا، ئادىل بولۇش.
3. پۇختا، مۇكەممەل يادلاش .
4. ئىللەت، تەنە تېپىلماسلىق.
5. ئىشەنچلىك كىشىلەرگە زىت، خىلاپ بولماسلىق، مۇشۇ بەش شەرتنىڭ بىرەرسى تېپىلمىسا، ئۇ چاغدا ھەدىس، سەھىھ بولمايدۇ.

مەسىلەن: كاتىپ، مۇھەددىس ئىمام بۇخارى مۇنداق دەيدۇ: بىزگە ئابدۇللاھ ئىبنى يۈسۈپ، ھەدىس سۆزلەپ بەردى، ئۇ دەيدۇكى: بىزگە مالىك ئىبنى شىھابىددىن خەۋەر قىلدى، ئۇ جۇبەيىر ئىبنى مۇتئىمدىن دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شام نامىزىدا سۈرە تۇرنى ئوقۇغىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم. مانا بۇ ھەدىس سەھىھ، چۈنكى، كاتىپ بۇخارى رەھمەھۇللاھدىن باشلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە يۈلەنگەن، تۇتاشقان، يول ئۈزۈك ئەمەس، راۋىيلىرى ئادىل، تەقۋا، ئىشەنچلىك، بۇخارى رەھمەھۇللاھ مۇكەممەل، پۇختا يادلايدۇ، سەھىھ، ئىشەنچلىك ھەدىسكە ياكى كىشىلەرگە زىت، خىلاپ ئەمەس.

مانا مۇشۇنداق سەھىھ ھەدىسكە ئەمەل قىلىش، ھۆججەت، دەلىل ـ ئىسپات قىلىش، بارلىق ھەدىس ئالىملىرىنىڭ ئىجمائىغا، ئىتتىپاققا كېلىشى بىلەن ۋاجىپتۇر. ئۇ شەرىئەت، ئىسلام قانۇن ـ پرىنسىپ ، مەنبەلىرىدىن بىرسى ھېسابلىنىدۇ، ئەقىدە، ئەھكام، ھالال ـ ھارام مەسىلىلىرىدە ھۆججەت، دەلىل ـ ئىسپات قىلىنىدۇ.

ئالىملار، بۇ ھەدىس سەھىھ دېگەن بولسا، ئۇ ھەدىسنىڭ يۇقىرىقى شەرتلىرى مۇكەممەل، توشقان بولىدۇ، سەھىھ ئەمەسلىكىگە ھېچبىر ئىللەت يوق.

ئەگەر بۇ ھەدىس، سەھىھ ئەمەس دېسە، يۇقىرىقى بەش شەرت توشمىغان بولىدۇ. بارلىق ھەدىس ئىماملىرى، فىقھى ئىماملىرى ۋە پۈتۈن مۇسۇلمان مۆئمىنلەر، ئالالاھنىڭ كىتابى قۇرئاندىن قالسا، سەھىھۇلبۇخارى بىلەن مۇسلىم ئەڭ ئىشەنچلىك، سەھىھ دەپ ئىتتىپاققا كەلدى ۋە قوبۇل قىلىپ، ھۆججەت، دەلىل ـ ئىسپات قىلىپ، ئەمەل قىلدى.

بۇخارى رەھمەھۇللاھنىڭ، مەن بۇ كىتابىمغا سەھىھ بولغانلىرىنى كىرگۈزدۈم، نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەرنى كىتابىنىڭ ئۇزىراپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدۇرۇپ قويدۇم دېگەن سۆزى.

مۇسلىم رەھمەھۇللاھنىڭ، مەن كىتابىمغا مىنىڭ نەزىرىمدە سەھىھ بولغىنىنى ئەمەس، بارلىق كىشىلەر سەھىھ

دەپ ئىنتىپاققا كەلگىنىنى يازدىم دېگەن سۆزىگە، شۇنداقلا، بۇخارى رەھمەھۇللاھ، مەن قالدۇرغان سەھىھ ھەدىسلەر نۇرغۇن، مەن سەھىھ ھەدىستىن 100000نى سەھىھ بولمىغاندىن 200000نى يادا ئالدىم دېگەن ، سۆزىگە قارىغاندا، سەھىھ ھەدىسلەر بۇ ئىككى كىتاب بىلەن تۈگەپ كەتمىگەن، يەنە باردۇر.

بۇخارىدا تەكرار بىلەن 7275 ھەدىس بولۇپ، تەكرارنى ئېلىپ تاشلىغاندا، 4000 ھەدىس قالىدۇ، ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىلا ئىسنادى يۆلەنگەن سەھىھ ھەدىسلەرنى تەكرارسىز 2602 ـ ھەدىس دېگەن ، يەنى بۇخارىدا تەكرارسىز 2602سەھىھ ھەدىسلەر بار دېگەن .

مۇسلىمدا تەكرار بىلەن 12000 تەكرارسىز 4000 ھەدىس باردۇر، بۇخارى، مۇسلىمدىن قېلىپ قالغان سەھىھ ھەدىسلەر مۇنۇ كىتابلاردا باردۇر.

ئىبنى خوزەيمە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم مۇستەدرەك، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، دارىقۇتنى، بەيھەقى، ئەھمەد، مالىك مۇئەتتا، مۇسنەد شافىئى، مۇسنەد ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەھۇللاھ قاتارلىقلار.

ئەمما، بۇ كىتابلارنى قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە قاتتىق تەكشۈرۈۋاتىدۇ.

مەسىلەن: ھاكىم مۇستەدرەكنى ئىمام زەھەبى رەھمەھۇللاھ تەكشۈرۈپ، ھەربىر ھەدىسكە ئۆزىگە لايىق، باھا ھۆكۈملەرنى بەرگەن، 1/4نى زەئىپ دەپ 100 يالغان ھەدىس بار دېگەن .

ھاكىم مۇستەدرەككە قارىغاندا، ئىبنى ھەببانىنىڭ سەل قارىشى كەمرەك، بۇ سەھىيرەك، ئاندىن يۇقىرىقى ئىبنى خوزەيمە، بۇ كىشى قاتتىق تەكشۈرگەچكە، شەرتنى چىڭ، قاتتىق قويغاچقا، سەھىيرەك ھېسابلىنىدۇ.

ئەڭ سەھىھ، ئىسناد؛ سەھىھ سەھىيدىن كەلگىنى، مەسىلەن: مالىكدىن ناپىئدىن، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى كەلگەن ھەدىس، چۈنكى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ساھابە، ناپىئ ئۇنىڭ خادىمى ئىمام مالىكنىڭ شەيخىدۇر ، ئاندىن قالسا، ھەممادىدىن، سەلمەدىدىن، سابىتدىن، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى سۆزلەنگەن، تۆت كىشى سۆزلىنىدۇ، ئاندىن سۇھەيلىدىن، ئەبۇ سالىھدىن دادىسىدىن، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن سۆزلەنگەن ھەدىس، ئاندىن كېيىنكىسى بولسا، ئىسناد، راۋىيلىرى كۆپ بولسىمۇ شەرتكە توشقانلىرىدۇر.

ئەڭ ئىشەنچلىك مۇتىۋاتىر ھالدا كەلگەن ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندىن قالسا، بۇخارى رەھمەھۇللاھ بىلەن مۇسلىم ئىتتىپاققا كەلگەن ئۇنچە ـ مارجانلارنىڭ ھەدىسىدۇر. بۇ، 1906دۇر.

ئاندىن قالسا، بۇخارىينىڭ، ئاندىن مۇسلىمنىڭ، ئاندىن بۇ ئىككى كىشىنىڭ شەرتىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن سەھىھ كىتابلار، ھازىر ئالىملار شەيخ ئىماملار، سەھىھ ھەدىسلەرنى توپلاپ، «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى» دېگەن ، نام بىلەن بىرىنچى ئورۇنغا قويدى. مانا ھازىر بىز بۇخارى، مۇسلىمدەك سەھىھ ھەدىسلەر توپلانغان بارلىق سەھىھ ھەدىسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىنى تەرجىمە قىلىۋاتىمىز. ئومۇمى سانى 8200دىن ئاشىدۇ.

سەھىھ ھەدىسنىڭ يەنە بىر ئاتالغۇسى، ھەسەن، بۇ خىل ھەدىسنى ئىمام خەتتابى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ، كېلىش ئورنى ئېنىق بولغان، راۋىيسى، ئەرلىرى، مەشھۇر بولغان، كۆپىنچە ھەدىس ئالىملىرى قوبۇل قىلغان،

بارلىق فىقھى ئالىملىرى ئىستېمال قىلىپ، دەلىل قىلغان، ھەدىسلەر ھەسەن بولىدۇ،
تىرمىزى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ:

ئىسنادى تۇتاش ھالدا سۆزلەنگەن، راۋىيلىرى ئارىسىدا يالغانچى دەپ ئەيىبلەنگەن كىشى بولمىغان، ئىشەنچىلىك، ئادىل، تەقۋالارغا خىلاپ، زىت بولمىغان، باشقا يوللاردىنمۇ شۇنداق خاتىرىلەنگەن ھەدىس ھەسەندۇر.

ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانى مۇنداق دەيدۇ: ئىسناد يولى تۇتاش، ئادىل، تەقۋا، يادلاش قابىلىيىتى كامىل، راۋىيلار سۆزلىگەن، ئىللەت يوق، خىلاپلىق، زىتلىق بولمىغان. يەنى يۇقىرىقى بەش شەرتكە ئۇيغۇن كەلگەن، ھەدىسلەر سەھىھ لىزاتى بولىدۇ. ئەگەر يادلاش قابىلىيىتى سەل تۆۋەن بولسا، ئۇ چاغدا ھەدىس ھەسەنۇللىزاتى دېيىلىدۇ .

ھەسەن ھەدىسنى تونۇشتۇرۇشدا، ئىبنى ھەجەرنىڭ سۆزى تاللاندى، يەنى يادلاش قابىلىيىتى سەل تۆۋەنرەك بولغان، قالغان شەرتلەر سەھىھ ھەدىسكە ئۇيغۇن بولغان ھەدىستۇر.

ھەسەن ھەدىسنىڭ ھۆكمى سەھىھ ھەدىسكە ئوخشاشتۇر، ئەمەل ۋە ھۆججەت، دەلىل - ئىسپات قىلىنىدۇ، بارلىق فىقھشۇناس ئالىملار بۇ خىل ھەدىسنى دەلىل، ھۆججەت قىلدى.

«جەنىنەتنىڭ ئىشىك ئاچقۇچى قىلىچ سايىسى ئاستىدا »دېگەن ھەدىسنى تىرمىزى ھەسەن دېگەن . تۆت راۋىيسى ئىشەنچىلىك، كامىل، ھاپىز دېگەن ، جەئفەر ئىبنى سۇلەيمان دېگەن كىشىنىڭ ھەدىسى، ھەسەن دەرىجىلىك ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، سەھىھ مەردىبىسىدىن ھەسەنگە چۈشكەن. ئەگەر تىرمىزى رەھمەھۇللاھ، بىر ھەدىسنى ھەسەن ھەم سەھىھى دېگەن بولسا، بۇ خىل ئاتالغۇنى قانداق چۈشىنىمىز؟

ئەڭ ياخشى جاۋاب، ئىبنى ھەجەرنىڭ جاۋابى، بۇ جاۋابقا ئىمام سۇيۇتى رازى بولغان، ئۇ بولسىمۇ، ھەدىسنىڭ ئىككى ئىسنادى بولۇپ، بىرسى سەھىھ بولسا، يەنە بىرسى ھەسەن دەرىجىلىك، ئەگەر بىرلا ئىسنادى بولسا، بەزى قەۋمنىڭ نەزىدە سەھىھ بولسا، يەنە بىر قەۋمنىڭ نەزىدە ھەسەن بولىدۇ دېگەن .

بەغۋىي مەسابىھنىڭ ھەدىسلىرىنى تەقسىم قىلىشتا مۇنداق دېگەن ، بۇخارى مۇسلىمنىڭ ھەدىسلىرىنى سەھىھ دېگەن . نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەنىڭ ھەدىسلىرىنى ھەسەن دەۋەتكەن، بۇ بارلىق مۇھەددىس، ئىماملارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، خاتا ئاتالغۇ بولغان، چۈنكى، بۇ تۆت كىتابدا سەھىھ ھەم ھەسەن، زەئىپ، مۇنكەر، ھەتتا ئاز - تولا يالغان ھەدىسلەرمۇ باردۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىبنى سىلاھ بىلەن ئىمام نەۋەۋى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: مەسابىھ دېگەن كىتابنى ئوقۇغان ئادەم چوقۇم ھەدىس ئىلمىنى بىلىشى لازىم. ھەدىس ئاتالغۇلىرى دېگەن پەندىن خەۋىرى بولۇشى لازىم دېگەن . شۇنىڭ ئۈچۈن، مىشكاتۇلمەسابىھنىڭ باش تەرىپىگە شەيخ ، مۇھەددىس، دىھلەۋىنىڭ ھەدىس ئىلملىرى كىرگۈزۈلگەن، لېكىن، بىزنىڭ تۈرۈك، جاھىل، موللىلىرىمىز بۇ ئىلىمدىن خەۋىرى يوق، ھەتتا كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىنىمۇ قويۇپ، نەخ ھەدىسنىلا ئوقۇتىدۇ، ئوقۇغۇچىلار زەئىپ ھەدىس، يالغان ھەدىسلەرنى ئايرىيالماي گاڭگىرايدۇ، ھەدىسكەنغۇ دەپلا ئېتىقاد ۋە ئەمەل قىلىپ ئازىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ پەنگە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم. شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللاھ، مەخسۇس تەتقىق قىلىپ، تەكشۈرۈپ، مىشكاتنىڭ زەئىپ ھەدىسلىرىنى ئايرىپ بەرگەن، مەن ئۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ بولغان، نەشر قىلىنىدىغۇ دەيمەن.

ھەتتا، مەخسۇس مىشكاتۇلمەسابىھنىڭ يالغان ھەدىسلىرى نامىلىق كىتابلار بار، بۇ خىل يالغان ھەدىسلەرنى بىز يالغان ھەدىسلەر توپلىمىدا يېزىپ بولغان، 20دىن ئاشىدىغۇ دەيمەن. مىشكاتتا زەئىپ، مۇنكەر، يالغان بولۇپ، 830 ھەدىسنى زەئىپ ھەدىسلەر قاتارىدا تەرجىمە قىلىپ بولغان ئىدۇق، مانا ئەمدى، خاتىرجەم ئوقۇڭلار، لېكىن، شۇ كىتابنى ھەمراھ قىلىش شەرتتۇر.

ھەسەن ھەدىسلەر توپلىمىغا مەخسۇس كىتاب تۈزۈلمىگەن، چۈنكى، بۇ خىل ھەدىس، سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىغا كىرىپ كېتىدۇ، لېكىن، تىرمىزىيدا بۇ خىل ھەدىس كۆپتۇر، تىرمىزى رەھمەھۇللاھ ئالاھىدە ھەسەن دەپ ھۆكۈم قىلغان.

ئەبۇ داۋۇد، دارىقۇتنىلاردا ھەسەن دەرىجىلىك ھەدىسلەر كۆپتۇر، قالغان ھەسەن دەرىجىلىك ھەدىسلەر مۇشۇ كىتابىدا سۆزلىنىدۇ.

ھەسەن ھەدىس يوللىرى كۆپىيىپ، كۈچلىنىپ، ئۆزىدىن كۈچلۈك يەنە بىر يولدىن خاتىرىلىنىپ، باشقا ھەدىسنىڭ ياردىمىدە سەھىھلىغەيرى دېگەن نامغا كۆتۈرۈلىدۇ، بۇ خىل ھەدىس، ھەسەن ھەدىسدىن يۇقىرى تۇرىدۇ.

مۇرسەل، مۇئەللەق دېگەن زەئىپ ھەدىسلەر يوللىرى ئىسنادى كۆپىيىپ، كۈچلىنىپ، زەئىپلىك سەۋەب، ئىللەتلىرى يوقاپ، ھەسەنۇلىغەيرى دېگەن ئۇنۋانغا كۆتۈرۈلىدۇ، بۇ خىل ھەدىس، سەھىھ، ھەسەن ھەدىسلەردىن تۆۋەن تۇرىدۇ، ئەمما، يەنىلا مەقبۇل، قوبۇل قىلىنىپ ئەمەل ۋە ھۆججەت قىلىنىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن سەھىھ، ھەسەن ھەدىسلەرنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى تامام بولدى.

ئەمدى بىز ناسىخ، مەنسۇخ ھەدىسلەرنى سۆزلەپ ئاندىن شەيخ ، مۇھەددىس، مۇھەممەد ئىبنى سالىھ، ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھنىڭ، ھەدىس ئىلمى تەتقىقات كىتابىدىن سەھىھ، ھەسەن ھەدىسلەر توغرىسىدا سۆز تاللاپ يازىمىز.

ناسىخ، مەنسۇخ دېگىنىمىز : ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ مەلۇم ھېكمەتتىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يەنە بىر ھۆكۈم چىقىرىدۇ، ئەمەلدىن قالغىنى مەنسۇخ، كۈچكە ئىگە، ھۆكۈم، ناسىخ دېيىلىدۇ .

بۇ خىل ئەھۋال، قۇرئان، ھەدىسلەردە بار بولۇپ، بارلىق ئالىملار ئىتتىپاقا كەلگەن، مەخسۇس قۇرئان كەرىمنىڭ ناسىخ، مەنسۇخلىرى، ھەدىسلەرنىڭ ناسىخ، مەنسۇخلىرى ئۈچۈن كىتابلار يېزىلغان. بۇ كىتابلار تەپسىر، ھەدىس پىلاستىنكىلىرى ۋە شۇ كىتابلاردا مەۋجۇتتۇر.

ھەدىسنىڭ ناسىخ، مەنسۇخلىرى مۇنداق تونۇلىدۇ.

1. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزى بىلەن تونۇلىدۇ. مەسىلەن: مىئراج ھەدىسىدە 50 ۋاخ ناماز، بەش ۋاخ نامازغا چۈشۈرۈلگەن، قۇربانلىقنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاپ يېيىشتىن توسۇپ، كېيىن رۇخسەت قىلغان، بىر قىسىم قاچا، كۆزىلاردا ئىچىملىك، سۇ ئىچىشدىن توسۇپ، كېيىن رۇخسەت قىلغان، قەبرىنى زىيارەت قىلىشدىن توسۇپ، كېيىن ئەرلەرگە رۇخسەت قىلغان، قىبلىنى مەككىگە ئۆزگەرتىش قاتارلىقلار.

2. ساھابىلەر سۆزى بىلەن تونۇلىدۇ. مەسىلەن: جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇنجى قېتىم ئوت تەگكەن كاۋابدەك نەرسىنى يېسە، تاھارەت ئالاتتى، كېيىن، تەرك ئەتتى، يەنى كېيىن تاھارەت ئالمىغان دېگەندەك ، بۇ خىل ئەھۋاللاردا بىز كېيىنكى

ئىشلارغا ئەمەل قىلىمىز.
3. تارىخ بىلەن تونۇلىدۇ، كېيىنكىسى كۆچكە ئىگە، مەسىلەن: شەددادئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە قان ئالغان، قان ئالدۇرغان كىشى ئىپتار قىلغان بولۇپ، روزىسى سۇنىدۇ دېگەن .
ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامزان ئېيىدا ئېھرام باغلاقلىق ھالدا قان ئالدۇرغان، شەدداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسى، مەككىنى ئىشغال قىلغان ۋاخ بولۇپ، ئىبنى ئاببباسنىڭ ھەدىسى، ھەججەتۇل ۋىدادا كېيىن دېيىلگەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنقى مەنسۇخ بولىدۇ، خۇددى ئات گۆشىنى يېيىشتىن توسقان دېگەن ھەدىسنى، بۇخارى، مۇسلىمنىڭ مۇتتەپەقۇن ھەدىسى بىلەن يەنى يېيىشكە رۇخسەت قىلغان ھەدىسى بىلەن ئەبۇ داۋۇد مەنسۇخ دېگەندەك .
4. ئىجمائ بىلەنمۇ مەنسۇخ ئايرىلىدۇ. مەسىلەن: تۆتىنچى قېتىم ھاراق ئىچكەن كىشنى ئۆلتۈرۈڭلار دېگەن ، ھەدىس ساھابىلەر، تابىئىنلار ئىجماسى بىلەن مەنسۇخ قىلىنىپ ھېچبىر ھاكىم بۇ ھەدىس بىلەن ھۆكۈم قىلمىغان، نەۋەۋى رەھمەھۇللاھ بۇ مەنسۇخ دېگەن ، ئىجمائ، ناسىخ، مەنسۇخ بولمايدۇ. لېكىن، ناسىخقا كۆرسىتىپ بېرىدۇ.ناسىخ مەنسۇخنى ئايرىپ بىرىدۇ.
شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇللاھ ھەدىس ئاتالغۇسى دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن:
مۇتىۋاتىر ھەدىس، يالغانچىلىققا ئىتتىپاقلىشىۋېلىشى مۇمكىن بولمىغان، دېيىشىۋېلىش مۇمكىن بولمىغان، جامائەت ھېسسىي ئىسناد بىلەن يەنى ئاڭلىدىم، كۆردۈم بىلەن سۆزلىگەن ھەدىستۇر.
ھەدىس قۇددۇس، ھەدىس ئىلاھى، رەببانى دېگەن ھەدىس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھ مۇنداق دېدى دېگەن ھەدىستۇر.
بۇ خىل ھەدىسنىڭ مەرتىبىسى قۇرئان كەرىمدىن تۆۋەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسلىرى لەۋزەن، مەئنەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەنسۇپ قىلىنىدۇ، ھەدىس قۇددۇس بولسا، مەنىسى ئاللاھقا نىسبەت بېرىلىدۇ، لەۋزنى بولسا، يەنىلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزلىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەدىس قۇددۇس لەۋزى بىلەن تىلاۋەت قىلىنىپ، ئىبادەت قىلىنمايدۇ، نامازدا قىرائەت قىلىنمايدۇ.
قۇرئاندەك مۇتىۋاتىر ھالدا خاتىرىلەنمەي، بەلكى،ئۇنىڭدىن مۇتىۋاتىر، سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مۇنكەر، ھەتتا يالغانلىرىمۇ بولىدۇ، ھەدىسنىڭ لەۋزى، مەنىسى كۆپ جامائەتتىن مۇتىۋاتىر ھالدا، سۆزلەنسە، بۇ لەۋزەن ۋە مەئنەن مۇتىۋاتىر بولىدۇ، ئەگەر مەنىسى بىر لەۋزى ھەرخىل بولسا، مۇتىۋار مەئنىۋى ھېسابلىنىدۇ.
مەسىلەن: ئۆتۈككە مەسىھ قىلىش، ھەدىسى، ماڭا يالغاننى توقۇغان، ئادەم دوۋزاخدىن ئورۇن ئالسۇن دېگەن ، ھەدىسلەر مۇتىۋاتىر 60دىن 70 گىچە كىشى سۆزلىگەن، دۇئادا قول كۆتۈرۈش بولسا، مۇتىۋاتىر، مەئنەن بولىدۇ، مەنىسى بىر خىل لەۋزى ھەرخىلدۇر.
مەشھۇر، ئەزىز، غەرىب ھەدىسلەرنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش تونۇشتۇرغان، ئەمەللەر، نىيەت بىلەن دېگەن ھەدىسنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئەلقەمەتدىن، مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم تەيمىدىن، يەھيا قاتارلىقلار سۆزلىگەن بولۇپ، باشتىن ـ ئاخىر بىرلا راۋىيى سۆزلىگەن بولغاچقا، غەرىب ، لېكىن، ئۆزى سەھىھ دېگەن ، مانا بۇ غەرىيپ، سەھىھ.

مەشھۇر، ئەزىز، غەرىب ھەدىسلەردىن سەھىھ، زەئىپ، ھەسەن، ھەتتا يالغانلىرىمۇ بولىدۇ، بۇنى بىز سۆزلەپ بولدۇق.

سەھىھ لىزاتى، سەھىھ لىغەيرى

ھەسەن لىزاتى، ھەسەن لىغەيرى دېگەن ھەدىسلەرنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش بايان قىلغان، زەئىپ ھەدىسنى بولسا، سەھىھ، ھەسەن ھەدىسلەرنىڭ شەرتلىرى توشمىغان ھەدىس دېگەن.

ئۇقەيلى، ئىبنى ئەدى، خەتىيبولبەغداد، ئىبنى ئەساكىر، دەيلىمى پىردەۋس، ھاكىم مۇستەدرەك، ئىبنى جارۇد قاتارلىق كىتابلارنى زەئىپ دېگەن .

## زەئىپ ھەدىسلەر توغرىسىدا

«مىشكاتۇلمەسابىھنىڭ زەئىپ ھەدىسلىرى» دېگەن كىتابىمدا تەپسىلى سۆزلىگەنمەن، ئالدى بىلەن يالغان ھەدىسلەر توغرىسىدا ئاندىن زەئىپ، ئاندىن سەھىھ ھەدىسلەر توغرىسىدا سۆزلىدىم.

بۇ ئۈچ مۇقەددىمىنى بىرلەشتۈرسە، ھەدىس ئىلمى تەتقىقات كىتابى، ھەدىس ئاتالغۇلىرى تولۇق سۆزلىنىپ بولىدۇ. ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھ، كىتابىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا مۇنداق دېگەن:

مەرپۇئ ھەدىس دېگەن ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزى، قىلىقى، جىم تۇرۇپ ئىقرار قىلىشى بىلەن مەنسۇپ قىلىنغان ھەدىستۇر. مۇنداق دېگەن ، مۇنداق قىلغان، مۇنداق قىلساق، جىسىم تۇرغان ياكى بىز شۇ زاماندا مۇنداق قىلاتتۇق. بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلگەن، بىلىپ تۇسمىغان دېگەندەك ھەدىسلەر. ساھابىلارنىڭ بۇ ئىش سۈننەت دېيىشى ، ياكى بىز مۇنداق بۇيرۇلغان، بۇنىڭدىن چەكلەنگەن دېگەن سۆزى ياكى ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەرپۇئ قىلىپ ئۆزى سۆزلەپ كېتىشى، ھۆكمەن مەرپۇئ دېيىلىدۇ .

ساھابىلارنىڭ ئۆزى ئۆز كۆز قارىشىدىن سۆزلىگەن، قىلغان ئىشى، تەپسىرلىرى ھەدىس مەۋقۇپ دېيىلىدۇ، بىر قىسىم تەپسىرلەر مەرپۇئلۇق ھۆكمىدە بولىدۇ.

تابىئىنلارنىڭ سۆزى، قىلىقى ھەدىس مەقتۇئ دېيىلىدۇ .

ساھابە دېگەن ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مۇسۇلمان ھالدا تاپقان، بىرلەشكەن، كۆرۈشكەن، مۆئمىن ھالدا كۆرۈپ ئىمان ئۈستىدە ئۆلگەن كىشىدۇر.

نەجاشىيدەك كۆرمەي تۇرۇپ، ئىمان كەلتۈرسە، ساھابە بولالمايدۇ. چۈنكى، ھەمراھ بولالمىغان، لېكىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنىڭغا دېگەن سۆزلىرى ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى دېگەن سۆزلەر ھەدىس بولىدۇ. مۇرتەد بولۇپ، ئىماندىن قايتىۋالغان كىشىلەر ساھابە ھېسابلانمايدۇ، ساھابىلەر تەخمىنەن 114000 دىن ئاشىدۇ، ھەممىسى ئادىل، ئىشەنچىلىك كىشىلەردۇر. ساھابىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلۈپ كەتكىنى بولسا، ئامىر ئىبنى ۋاسىلەت لەيسى بولۇپ، مەككىدە ھىجرىيە 110 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن، مەدىنىدە ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلۈپ كەتكەن ساھابە مەھمۇد ئىبنى رەبىيئۇلئەنسارى، ھىجرىيە 99 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن، ۋاسىلەت ئىبنى ئەسقەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، شامدا ئەڭ ئاخىرىدا ھىجرىيە 86 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن،

ئابدۇللا ئىبنى بۇسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرىيە 96 - يىلى ھىمىسدا ئۆلۈپ كەتكەن.

ئەنەس ئىبنى مالىك ئەنسارى بەسرەدە ئەڭ ئاخىرىدا ھىجرىيە 93 - يىلى ئۆلۈپ كەتكەن، بۇ چاغدا ئەبۇ ھەنىيفە 13 ياشتا ئىدى. بەزىلەر ئەبۇ ھەنىيفە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۆرگەن، تابىئىن دېيىشىدۇ، ئىمام مالىك رەھمەھۇللاھ بولسا ،ئۇچاغدا بىر ياشتا ئىدى، چۈنكى ئۇ، ھىجرىيە 94 - يىلى تۇغۇلغان، ئابدۇللا ئىبنى ئەبۇ ئەۋپارەز ھىجرىيە 87 - يىلى كۇپىدە ئاخىرىدا ئۆلۈپ كەتكەن ساھابە.

ئابدۇللا ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھىجرىيە 89 - يىلى مىسىردا ئۆلۈپ كەتكەن، ئاخىرقى ساھابە.

خۇلاسە كالام شۇكى، 110 - يىلدىن باشلاپ ساھابە قالمىغان، شۇ يىلى ئاخىرلاشقان، كىم ئۇندىن كېيىن ساھابىلىق داۋاسى قىلسا، ياكى مەن ساھابىدىن ئاڭلىغان دېسە، ئۇ كاززاپ، يالغانچى ھېسابلىنىدۇ،خۇددى روتنى كاززاپدەك، بۇنىڭغا سەھىھ ھەدىس دەلىلدۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپاتىدىن بىر ئاي بۇرۇن، 100 يىل توشقاندا، يەر يۈزىدە ھايات تۇرغان كىشىدىن بىرسىمۇ قالمايدۇ دېگەن . مۇسلىم خاتىرىلىگەن، سەھىھ ھەدىستۇر. بۇ ھەدىسنىڭ دەلىلى بىلەن، خىزىر ئەلەيھىسسالام ھايات دېگەنلەرگە قاتتىق رەددىيە بېرىلگەن ، ۋە ئۇ توغرىلىق ھەدىسلەر يالغان دېگەن ،

راۋىي ساھابىنى تىلغا ئالمىسا، ھەدىس ئىسنادى، يولى ئۈزۈك، زەئىپ بولىدۇ.

ئەڭ كۆپ ھەدىس سۆزلىگەن ساھابىلەر.

1. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى 5374.
2. ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى 2630.
3. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى 2286.
4. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھەدىسى 2210.
5. ئابدۇللا ئىبنى ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى 1660.
6. جابىر ئىبنى ئابدۇللا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى 1540.
7. ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەدىسى 1170.

ھەدىسى ئاز بولۇشىنىڭ سەۋەبى، بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىش، ھەمزى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك، ياكى خەلىپە ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدەك، ياكى ھەر ئىككى سەۋەب بولۇش ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن، يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىككى يىل كېيىنلا، شۇنداقلا مەشغۇللىقى كۆپ ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىسلىرى ناھايىتى ئازدۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان كەلتۈرۈپ ئۇچراشمىغان، كۆرۈشمىگەن كىشى مۇخەزرەم دېيىلىدۇ . ساھابە بىلەن تابىئىن ئارىسىدا تۇرىدۇ، بەلكى، چوڭ تابىئىنلار قاتارىدا تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ سانى 40دىن ئاشىدۇ، ھەدىسلىرى مۇرسەل قاتارىدا ھېسابلىنىدۇ.

تابىئىن بولسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىن ھالدا، ساھابىلەر بىلەن كۆرۈشكەن ھەم ئىمان ئۈستىدە ئۆلگەن كىشىدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ئەتباتى دېيىلىدۇ . تابىئىنلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، سانى ئېنىق ئەمەس، بۇلار چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك دەپ ئۈچ تەبىقىگە بۆلۈنىدۇ.

مەسىلەن: سەئىيد ئىبنى مۇسەيييب رەھمەھۇللاھ، ئۇرۋەت، ئەلقەمەت، ئىبنى قەيسلار چوڭ، ھەسەن بەسرى، مۇھەممەد ئىبنى سىيرىين، مۇجاھىد ئىكرىمەت، قەتادە، شۇئىبى، زۇھەيرى، ئەتائ، ئۇمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز، سالىم ئىبنى ئابدۇللائىبنى ئۆمەرلەر ئوتتۇرانجى تابىئىنلاردۇر. ئىبراھىم نەخئى يەنى ئەبۇ ھەنىيفەنىڭ شەيخى ، ئەبۇ زەناد يەھيا ئىبنى سەئىدلەر كىچىك تابىئىنلار. ئەنە شۇلار سەلەپ سالىھلاردۇر. ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەلەر ئەقىدىسىدە ئىشەنچلىك ئادىل تەقۋادار كىشىلەر، ۋەھى زامانىسىغا يېقىن كىشىلەردۇر. ئۇلار تائىپەتۇممەنسۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھەدىسنى تەتقىق قىلماقچى بولسىڭىز، نەسەب، لەقەم، سۈپەت، ئىسىم، كىنايە، ۋەتەن، جاي، قەبىلىسىنى بىلىشدىن باشقا، مۇنداق تارىخلارنى بىلىشىڭىز شەرت ، ئاددىي بىر مىسال:

1. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 63 يېشىدا ھىجرىيە 11 ـ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ 12 ـ كۈنى دۈشەنبە، چاشكا ۋاقتى بىلەن ۋاپات بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۇڭۇمدا، ئەمەلىيەتتە كۆردۈم دەپ ساھابىلىق داۋاسى قىلغان كىشى كاززاپ، يالغانچى بولىدۇ.

2. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، 63 يېشىدا، ھىجرىيە 13 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

3. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھىجرىيە 23 ـ يىلى ھەج ئېيىدا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

4. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھىجرىيە 35 ـ يىلى 82 ، يەنە بىر خاتىرىدە 90 يېشىدا شېھىت قىلىنغان.

5. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھىجرىيە 40 ـ يىلى 63 يېشىدا رامزان ئېيىدا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىت بولغان.

ھەكىيم ئىبنى ھىزام، ھەسسان ئىبنى سابىتلار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار، 60 يىل جاھالىيەتتە، 60 يىل ئىسلامدا ياشاپ، 120 يىل ئۆمۈر كۆرگەن، ئىككى ساھابە، ھىجرىيە 54 ـ يىلى مەدىنىدە ۋاپات بولغان.

ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەھۇللاھ، ھىجرىيە 80 ـ 150 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

مالىك ئىبنى ئەنەس رەھمەھۇللاھ، ھىجرىيە 93ـ 179 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس شافىئى رەھمەھۇللاھ، ھىجرىيە 150ـ 204 ۋاپات بولغان.

ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللاھ، ھىجرىيە 164 ـ 241 ۋاپات بولغان.

بۇ تۆت ئىمامنىڭ تارىخىي تەپسىلاتى تۆت فىقھى كىتابلاردا بار.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسمائىل بۇخارى 194 ـ 256 ـ ھىجرىيە .

مۇسلىم ئىبنى ھەججاج نىيسابورى رەھمەھۇللاھ، 204 ـ 261 ـ ھىجرىيە .

ئەبۇ داۋۇد سەجستانى رەھمەھۇللاھ 202 ـ 275 ـ ھىجرىيە .

ئەبۇ ئەيسا تىرمىزى رەھمەھۇللاھ 209 ـ 279 ـ ھىجرىيە .

ئەھمەد ئىبنى شۇئەيب نەسەئى رەھمەھۇللاھ 2124 ـ 303 ـ ھىجرىيە .

ئىبنى ماجە قوزۋىينى رەھمەھۇللاھ 207 ـ 275 ـ ھىجرىيە

دارمىي رەھمەھۇللاھ 181 ـ 255 ـ ھىجرىيە ، 75 ياش، سەمەرقەندتە تۇغۇلغان. بۇلار مۇھەددىسلەرنىڭ تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان تارىخى، تەپسىلاتى تارىخ كىتابلىرىدا ھەدىس كىتابلىرىدا فىقھى كىتابلىرىدا مەۋجۇتتۇر.

ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھ، ھەدىس كىتابلىرى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:

1. سەھىھۇلبۇخارى بۇ كىتابنى مۇھەددىس 16 يىل جەريانىدا ئىزدىنىپ كۆپ جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ، 600000 ھەدىستىن تاللاپ، ھەربىر سەھىھ ھەدىسنى، غۇسلى ـ تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ يازغان، پەقەت سەھىھ ھەدىسلەرنى يازغاندۇر. كىتابى پۈتكەندە، ئۇنى ئىمام ئەھمەدكە، يەھيا ئىبنى مەئىين، ئەلى ئىبنى مەيدەنى ۋە باشقىلارغا سۇنغان، ئۇلار ناھايىتى ياخشى بولۇپتۇ دەپ ماختاپ، سەھىھ ئىكەنلىكىگە شاھىد، گۇۋاھچى بولغان. بارلىق ئالىملار، قوبۇل قىلىپ، ئەمەل قىلغان، بۇ ئەھۋال ھەربىر زاماندا يۈز بەرگەن.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر بىلەن زەھەبي رەھمەھۇللاھ ۋە باشقىلار ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندىن قالسا، سەھىھۇلبۇخارى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ ئېسىل، كاتتا، ئەۋزەل كىتابى دېگەن .

ئومۇمي ھەدىسى 7397 ، تەكرارنى ئېلىۋەتكەندە 2602 ھەدىس باردۇر. بۇ ھاپىز ئىبنى ھەجەرنىڭ تەھرىررلىشىدۇر . باشقىلار 4000 دېگەن . بەلكى ساھابىلەر، تابىئىنلار سۆزلىرىمۇ باردۇر.

2. سەھىھۇلمۇسلىم ئەڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلانغان، ئىمام نەۋەۋى مەدھىيلەپ، ماختاپ سۆز يازغان، ۋە شەرھى يازغان، تەكرار بىلەن 7275 ، تەكرارسىز 4000 ھەدىس بار.

سەھىھ مۇسلىمنى بارلىق ئالىملار سەھىھ دەپ ئىتتىپاققا كەلگەن. بۇخارىدىن قالسا، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ياكى يېقىن تۇرىدۇ.

ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھ: بۇخارى رەھمەھۇللاھ، سەھىيلىكتە ئۈستۈن بولسا، مۇسلىم سانائىتىنىڭ، تەسنىپىنىڭ گۈزەل، ياخشىلىقىدا ئۈستۈن دېگەن ھەدىسلىرى ئوخشاشلا سەھىدۇر.

3. نەسەئى ئالدى بىلەن سۇنەنۇلكۇبرا دېگەن كىتابنى يېزىپ، سەھىھ ھەدىسنى شۇنداقلا، ئىللىتى بار ھەدىسلەرنى توپلىغان، كېيىن، بۇ كىتابنى قىسقارتىپ، مۇجتەبا، تاللانغان ھەدىسلەر دەپ ئاتىغان، ئۆز نەزلىدە سەھىھ دەپ قارىغان ھەدىسلەرنى توپلىغان، ئۇنىڭ بۇ كىتابى بۇخارى، مۇسلىمدىن قالسا، ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. زەئىپ ھەدىسلىرى ئىنتايىن ئازدۇر، قاتتىق تەكشۈرۈپ قاتتىق شەرت قويغاچقا، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، چۈنكى، ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېگەن: ئەبۇ داۋۇد بىلەن تىرمىزى ھەدىسلىرىنى يازغان، نۇرغۇن كىشلەردىن نەسەئى ھەزەر قىلغان. نەسەئىيدا تەكرار بىلەن قوشۇپ، 5758 ھەدىس بار، بەزىلەر 5662 دېگەن . تەكرارسىز 2525 ھەدىس باردۇر. خۇلاسىسى 120 ، قىسقارتىلغىنى 2358 ھەدىستۇر.

4. ئەبۇ داۋۇد ، 4800 ھەدىسنى 500000 ھەدىسدىن تاللىغان، مەخسۇس فىقھى ھۆكۈم ھەدىسلىرى باردۇر، سەھىھ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىسلەرنى يازغان، كۆپىنچىسى مەشھۇردۇر. ئىمام سۇيۇتى، ئەبۇ داۋۇدنىڭ سالىھ دېگەن سۆزى ھۆججەت، دەلىل ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى، ئېتىبار ، ئىبرەت ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە ئۇ زەئىپ ھەدىسلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ سۆز قىلمىغان ھەدىسلەر ھەسەن، دېگەن .

ئىبنى مۇندىھ دېگەن ئالىم، ئەبۇ داۋۇد بىرەر بابقا سەھىھ ھەدىسنى تاپالمىسا، زەئىپ ھەدىسلەرنى يازغان، چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىدا زەئىپ ھەدىس كۆز قارىشىدىن ياخشى ئىكەن دېگەن .

ئەبۇ داۋۇدنا پۈتۈنلەي فىقھى ھەدىسلىرى بولغاچقا، فىقھى ئالىملىرىنىڭ نەزلىدە مەشھۇردۇر، ئۇ كىتابنى يېزىپ بولۇپ، ئىمام ئەھمەدكە سۇنىدۇ، ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھ، ياخشى دەپ باھا بېرىدۇ، كاتتا سانايدۇ، ئىبنى قەيۇممۇ مەدھىيلەيدۇ، بۇ كىتابتا سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ ھەدىسلەر باردۇر.

5. تىرمىزى بۇ مۇھەددىس كىتابىغا سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ ھەدىسلەرنى يازغان بولۇپ، ھەربىر ھەدىسنىڭ ئورنىنى ھۆكمىنى بىرمۇ بىر بايان قىلىپ قويغان، كىتابىنىڭ ئاخىرىدا ئىلەل ئىسىملىك مەزمۇن قويۇپ، نۇرغۇن پايدىلارنى يازغان، بۇ كىتابتىكى ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىنىغاندۇر. ھىجاز، ئىراق، خاراسان ئەھلى بۇ كىتابنى ياخشى ساناپ مەدھىيىلىگەن. ئىبنى رەجەب بۇ كىتاب توغرىسىدا مۇنداق دېگەن ، تىرمىزى كىتابىدا سەھىھ، ھەسەن، غەرب ، مۇنكەر ھەدىسلەرنى يازغان. تىرمىزىدا 3891 ھەدىس بار، ئەھمەد شاكىر 3956 دېگەن . تەكرارسىز 3367 ھەدىس، خۇلاسىسى 90، قىسقارتىلغىنى 2549 ھەدىس.

6. ئىبنى ماجە، ئومۇمىي ھەدىسى 4332، ئابدۇلباقى 4341 دېگەن . ئەئزەمى 4397 دېگەن، ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇللاھ 4341 دېگەننى يازغان، تەكرارسىز 3978 ھەدىس بار. خۇلاسىسى 198، قىسقارتىمىسى 3858 ھەدىس. بۇ كىتاب ھەدىس كىتابلىرىنىڭ ئالتىنچىسى، لېكىن، ھەممىدىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىبنى ماجە تەنھا، يالغۇزلا خاتىرىلىگەن، ھەدىسلەرنىڭ كۆپىنچىسى زەئىپ، ھەتتا، مۇنكەر ئىكەنلىكى مەشھۇردۇر. ئەلبانى رەھمەھۇللاھ ئۇنىڭ948 ھەدىسنى زەئىپ دېگەن ، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەرنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ، ھۆكۈم چىقارغان. ئىبنى ماجە 1339 ھەدىستە يالغۇز قالغان، تەنھا ئۆزىلا خاتىرىلىگەن، دەل مۇشۇلاردا زەئىپ، مۇنكەر ھەدىسلەر بار بولۇپ، بۇ مەشھۇردۇر.

7. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل رەھمەھۇللاھنىڭ مۇسنەد ناملىق ھەدىس كىتابى تەكرار بىلەن 40000 تەكرارسىز، 30000 ھەدىس بولۇپ، ئوغلى ئابدۇللا زىيادە قىلىشۋەتكەن. كومپيۇتېر پلاستىنكىسىدا 27100 ھەدىس بار، تەكرارسىز 9339 ھەدىس بار دېيىلىدۇ ، قىسقارتىلمىسى 7275 ھەدىس. مۇھەددىس بۇ ھەدىسلەرنى 75000 ھەدىسىدىن تاللاپ يازغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن، دىن، دۇنيالىقتا زور پايدىلىقتۇر، ھەربىر مەسىلىگە مەخسۇس ھەدىس يازغاندۇر.

ئالىملار بۇ كىتاب ئۈستىدە مۇنداق قارىدى.

1. بۇ كىتابدىكى بارلىق ھەدىسلەر ھۆججەت بولالايدۇ.

2. ئۇنداق ئەمەس، بۇ كىتابدا سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، ھەتتا يالغان ھەدىسلەر بار ، بولۇپمۇ ئوغلى ئابدۇللا زىيادە قىلغىنى كۆپىنچىسى زەئىپ، يالغان، ئىبنى جەۋزى 29 ھەدىسنى يالغان دېدى ، ئىراقى ئۇنىڭ ئۈستىگە يانا توققۇز ھەدىسنى قوشۇپ، 38 يالغان ھەدىس بار دېيىلدى.

3. بۇ كىتابدا سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ ھەدىس بار بولسىمۇ، يالغان ھەدىس يوق دېدى. بۇ خىل كۆزقاراشقا ئىسلام پېشۋاسى ئىبنى تەيمىييە، ئىمام زەھەبى، ئىبنى ھەجەر، ئىمام سۇيۇتىلار يۈرۈپ كەتتى، ئىبنى تەيمىييە مۇنداق دېگەن ، بۇ مۇسنەد كىتاب، ئەبۇ داۋۇددىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. چۈنكى، ئەبۇ داۋۇد ھەدىس خاتىرىلىگەن، نۇرغۇن كىشىلەردىن ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھ يۈز ئۆرىگەن، قويغان شەرتلىرى ، تەلەپلىرى قاتتىقتۇر، زەئىپ، ھەتتا يالغىنى ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ زىيادە ئارتۇق قوشۇپ قويغىنىدا باردۇر، بۇنى ئىلمىسىز كىشىلەر ئەھمەدنىڭ ھەدىسى دەپ گۇمان قىلىپ قالغان دېگەن . بۇ كۆز قاراشلارنى خۇلاسىلىغاندا، بۇ كىتابدا سەھىھ ھەدىسلەر بار، زەئىپ ھەدىسلەرمۇ بار، لېكىن، بۇ زەئىپ ھەدىسلەر ھۆججەت بولالمايدۇ دېيىلمەيدۇ، چۈنكى، ئۇ ھەسەن مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ، خۇددى، ئىمام سۇيۇتى دېگەندەك ، يالغانلىرى بولسا، ئوغلىنىڭ زىيادىلىرىدە باردۇر.

بۇ كىتاب توغرىسىدا ئىبنى ھەجەر بىلەن ئىمام سۇيۇتى ئادۋۇكاتتەك ئاقلاپ، يالغان دېيىلگەن، ھەدىسلىرىگە بىرمۇ بىر باھا بېرىپ، چۈشەنچە بەرگەن. بۇ كىتابنى يەتتە قىسىملىق قىلىپ، بابلاشتۇرۇپ، مۇندەرىجىلىك قىلىپ تۈزگەن، شەرھى يازغان كىشىنىڭ ئىسمى ئەھمەد ئىبنى ئابدۇرەھمان، كىتاب ئىسمى، پەتھۇررەببانىدۇر.

8. دارىمى سەھىھ كىتابلار قاتارىدا تونۇلغۇز كىتاب پروگراممىسىدا بار، ئومۇمىي ھەدىسى 3367، تەكرارسىز 1668 ھەدىس باردۇر. بۇ كىتابدا سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ ھەدىسلەر بار بولۇپ، ئەمەل قىلىندۇ، زەئىپلىرى تەكشۈرۈلىدۇ، مۇشۇ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىغا سەھىھ ھەدىسلىرى كىرگۈزۈلگەن.

9. مالىك مۇئەتتا، ئومۇمىي ھەدىسى 1891 ـ ھەدىس، بەزىلەر 1594 دېگەن ، بىز ئەمدى، ئىمام سۇيۇتىينىڭ كىتابلارغا بەرگەن باھاسىنى يازىمىز. بۇ سۆزلەر جامىئۇسسەغىير ناملىق ھەدىس كىتابىدىن ئېلىنغان ئىمام سۇيۇتى مۇنداق دېگەن ، «ۋاپاتى ھىجرىيە 911 ـ يىلى»

بۇخارى، مۇسلىم زادى سەھىھ، ئىبنى ھەببان، ھاكىم مۇستەدرەك، ئىبنى خۇزەيمە، زىيائولمەقدەسى، ئەبۇ ئەۋانە، ئىبنى سەكەن، مالىك مۇئەتتا، بۇلاردا سەھىھ ھەدىسلەر بار، لېكىن، ھاكىم مۇستەدرەككە سۆز قىلىندى، توغرا، بىز بۇ سۆزنى يۇقىرىدا يېزىپ بولدۇق، 1/4 زەئىپ ، 100 يالغان ھەدىس بار دېيىلگەن.

ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ زىيادىلىرى، ئابدۇرەززاقنىڭ كىتابى ئىبنى مەنسۇر، ئەبۇ شەيبە، ئەبۇ يەئلا، تەبرانى ئەۋسەت، دارىقۇتنى، بەيھەقى قاتارلىق بۇ كىتابلاردا سەھىھ ھەدىسمۇ، ھەسەن، زەئىپ ھەدىسلەرمۇ باردۇر، ئەھمەدنىڭ ئوغلىدىن باشقا ئۆزى چىقارغان ھەدىسلىرى مەقبۇل، قوبۇل قىلىندى، ھۆججەت بولىدۇ، ئۇنىڭدىكى زەئىپ، ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ دېگەن .

ئۇقەيلى، ئىبنى ئەدى، خەتىيبۇلبەغداد، ئىبنى ئەساكىر، ئىبنى جارۇد، دەيلىمى پىردەۋس، ھاكىم تارىخى، بىز يۇقىرىدا دېگەن ئەبۇ ئەيسا تىرمىزىدىن باشقا ھەكىيم تىرمىزىلار زەئىپتۇر دېگەن ، مانا بۇ ئىمام سۇيۇتىنىڭ باھاسى.

**ئەسكەرتىش: تۆۋەندىكى ھەرپلەر بىلەن قىلىنغان ئىشارەتلەر ، مۇنداق ئىسىملارنى كۆرسىتىدۇ.**

**خ: بۇخارىي، م: مۇسلىم، تخ: بۇخارىي تارىخىدا، خد: بۇخارى ئەدەپتە، ن: نەسەئىي، ت: تىرمىزي، د :ئەبۇداۋۇد ، ھ ، ە : ئىبنى ماجە ، 4 : يۇقىرىقى تۆت كىتاب ، 3 :ئىبنى ماجەدىن باشقا، ن، ت، د، ئۈچ كىتابنى كۆرسىتىدۇ. ھەب : ئىبنى ھەببان، ك : ھاكىم ، زاد ھەرفي : زىيائۇلمەقدەسى ، ھەم : ھامىم : ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل ، ئەيىن بىلەن م: ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللانى كۆرسىتىدۇ.ئىتقىي تە ھەرپي: تەيالىسي، ئەيىن بىلەن بە ھەرپى ئابدۇررەززاقىدۇر . ساد ھەرپى : سەئىد ئىبنى مەنسۇر نى كۆرسىتىدۇ ، ش : ئىبنى ئەبۇ شەيبە ، ئەيىن بولسا ئەبۇيەئلا ، ئىتقىي تەسي بىلەن ب : تەبراني.ئىتقىي تە بىلەن س: تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان ، ق : بەيھەقىي ، ق بىلەن ئىتقىي تە : دارىقۇتني ،ئەيىن بىلەن ق : ئۇقەيلى ، ھب : بەيھەقىي شوئىبلئىماندا ، ئەيىن بىلەن د : ئىبنى ئەدي.خ بىلەن ئىتقىي تە : خەتىيبولباغداد ، فر: دەيلىمي فىردەۋستە توپلىغاننى كۆرسىتىدۇ.كر : ئىبنى ئەساكىر. بۇلاردىن باشقا ئىبنى خۇزەيمە ، خەرائىتي ، ئىبنى**

**سەئىد ، سەمۇيىھ ، ئىبنى قانىئ ،باۋرۇدي جارۇد ،ئىبنى جەرىر تەبىري ، ھەل : يەنى ئەبۇ نۇئەيىم قاتارلىقلار باردۇر.ھەدىس كىتابلىرى كۆپتۇر .**

**(بۇكىتاپنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قىسمىدىكى ھەدىسلەرنىڭ ، شەرھى-ئىزاھاتى تىرناق ئىچىگە ئېلىندى)**

شەيخ ، ئىمام مۇھەددىس، مۇھەممەد ناسىرۇددىن ئەلبانى رەھمەھۇللاھ، بۇ «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى» دېگەن كىتابنى ئىمام سۇيۇتىينىڭ «جامىئۇسسەغىير» دېگەن 10000دىن ئارتۇق ھەدىس كىرگۈزۈلگەن كىتابنىڭ زەئىپ ھەدىسلىرىنى شاللىۋېتىپ ،سەھىھ ھەسەن ھەدىسلەرنى تولۇقلاپ كىرگۈزۈپ تۈزگەن.

بۇ ئەسەر ئۇلۇغ ئىككى ئىمامنىڭ ئەسىردۇر.شۇنىڭ ئۈچۈن تەكرار كۆرۈلۈپ قالىدۇ،بۇنى توغرا چۈشىنىڭلار.

شەيخ بۇ كىتابنىمۇ ئىمام سۇيۇتىينىڭ كىتابىغا ئوخشاش، ھەرپلەر بىلەن باشلانغان قىلىپ تۈزگەن. 28 ھەرپكە شۇ ھەرپ بىلەن باشلانغان ھەدىسلەرنى تىزغان. بۇنداق قىلغاندا، تەكرارسىز بولىدۇ، باب، پەسلە، كىتاب قىلىنمايدۇ، بەلكى، ھەربىر ھەدىسنى ھەرپ بويىچە ئىزدەپ تاپىمىز، ئەرەبچە بىلگەنلەرگە بۇ ئاسان، لېكىن، بىز ھازىر ئاماللىمىزنىڭ يوقلۇقىدىن، بىزمۇ شۇ كىتابنىڭ تەرتىپ، تۈزۈلۈشىگە بويسۇنۇپ، ھەرپ بويىچە يازىمىز. مەسىلەن: ب بە ھەرپى بىلەن باشلانغان ھەدىسلەر. پ ياكى ي ھەرپى بىلەن باشلانغان ھەدىسلەر دېگەندەك ، مۇندەرىجىمۇ دەل شۇنداق تۈزۈلىدۇ. ھەدىس باشلانغان ھەرپ ياكى ئىسىم ياكى پېئىل بولسا، بىز ئۇنى ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىپ قويىمىز.

مەسىلەن: نۇن ھەرپىدە نەھا بىلەن باشلانغان ھەدىسلەرنى چەكلىدى، توستى، مەنىسى بىلەن باشلانغان ھەدىسلەر دەپ قويىمىز. ئىننە، ئىننە بولسا، مەنىسى ھەقىقەتەن دېگەن سۆز بىلەن باشلانغان ھەدىسلەر بولىدۇ.

ھەدىس، ئەرەبچە 28 ھەرپ بىلەن باشلانغان بولىدۇ، بىز پەقەت، شۇ ھەرپ ، شۇ ئىسىم، شۇ پېئىلنىڭ مەنىسىنى يېزىپ قويىمىز خالاس.

ئەپسۇس! ھەدىسنى ئىزدەپ تاپماق تەس، قىيىنغا توختايدىغان بولدى، بولۇپمۇ، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارغا ئامال يوق. چۈنكى، ئاپتور بۇ كىتابنى شۇنداق يازغان، ئەرەبچە بىلگەنلەر ھەرپ بىلەنلا ئىزدەپ تاپسۇن، چۈنكى، ئەرەبچىسى كىرگۈزۈلگەن. ئەرەبچە بىلمىگەنلەر مەنىسى بىلەن تەرجىمىسى بىلەن ئىزدەپ تاپسۇن، ھېچ بولمىغاندا، رەقەم سانى، ھەدىسنىڭ نومۇرى بار، بۇ بەك مۇھىم

گەرچە بىز ئەپسۇسلانغان بولساقمۇ ،كىتابنىڭ ھەرپ تەرتىپى بويىچە تۈزۈلۈشىنىڭ مۇنداق ھېكمەتلىرى بار.

1ـ ئۇيغۇر تارىخىدىمۇ مۇشۇنداق ئۇسلۇب بىلەن كىتاب تۈزىلىشى لازىم.

2ـ ھەدىس ھەرپ تەرتىپى بويىچە ئىزدىلىپ ئاسان تېپىلىدۇ.

3ـ ھەربىر سۆزلۈك ،لۇغەت ئىزدىلىپ،ئاسان تېپىلىپ ،لۇغەت جەھەتتىن پايدا مەنپەئەت بېرىدۇ.

4ـ بۇ ئۇسلۇب ھەدىس يادلاشقا ئىنتايىن پايدىلىقتۇر.

5ـ تەكراردىن ساقلانغىلى بولىدۇ .

6ـ مۇتىۋاتىر ھەدىسلەر ئاسان ئېنىقلىنىدۇ.بولۇپمۇ مۇتىۋاتىر مەئنەن.
7ـ ھەدىسنى دەلىل ئىسپات قىلىشتا ئاسان ئەسكە ئالغىلى بولىدۇ .
8ـ ھەدىس رەقەملىك سانلار بويىچە تىزىلغان بۇنىڭدا ئاسانلىق قۇلايلىق باردۇر.
9ـ بۇ خىل ئۇسلۇب ،كومپيۇتېر پلاستىنكىسىغا ھەدىسلەرنى كىرگۈزۈپ پىراگىرامىئىشلەشكەقۇلايلىقتۇر.
10ـ بۇ كىتابتىن ئاز مىقداردا ئوقۇپلا نۇرغۇن ھاجەتتىن چىققىلى بولىدۇ،بۇ كىتاب بابلىق ،پەسىللىك بولمىغاچقا ھاجەتتىن تولۇق چىقىش ئۈچۈن ئاخىرغىچە دەرسلىك قىلمىسىمۇ بىر ئىككى مىڭنى ئوقۇپلا ئۇنىۋېرسال مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ .بولۇپمۇ دىنىى دەرسلىك چەكلىنىۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە تاللانغان مۇشۇ «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمنى»دەرسلىك قىلىشىمىز لازىم.بۇنىڭدىن باشقا ھېكمەتمۇ باردۇر ئۇ بولسىمۇ ھەدىسلەر ئارىسىدا ................ ھەدىسلەر باردۇر.

ئۇنداق بولسا، بىز سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمنى تەرجىمە قىلىشنى باشلايمىز. تەرجىمە ۋە خەت ئىملالىرىدا خاتا كەتكەن جايلاردا تۈزىتىپ ئوقۇپ، پىكىر ـ تەكلىپ، تەنقىد، تەربىيە بېرىشىڭلارنى سورايمەن، مەن ئۈچۈن، ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، مەغپىرەت، ئەپۇ، كەچۈرۈم سوراپ قويارسىلەر، ئاللاھ مېنى ئەپۇ قىلىپ كەچۈرۈپ، مەندىن رازى بولغاي، ئامىن!

مۇھىم بىر سۆزنى ئەسكەرتىمەنكى، خۇددى قۇرئان ئايىتىنىڭ تەرجىمىسى ۋە تەپسىرى قۇرئان ھېسابلانمىغاندەك ، ھۆكۈم پەقەت تەرجىمە تەپسىردىن ئەمەس، بەلكى، قۇرئان ئايىتىنىڭ ئۆزىدىن ئېلىنغاندەك، بۇ سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ ئەسلى ئەرەب تىلى بولغان نۇسخىسىدىن ھۆكۈم ئېلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئەقىدە، ئەھكام، ھالال ـ ھارام مەسىلىلىرىدە شۇنداقتۇر. تەرجىمىسىدىن ھۆكۈم ئېلىشتىن ھەزەر قىلىڭلار. چۈنكى، ئۇ دېگەن تەرجىمە. ئايەت، ھەدىسلەرنى تەرجىمە قىلساق، بىر مەناسىنى بەرسەك، يەنە نۇرغۇن مەناسى قېلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەڭ خەلق ئاممىسى، ھەدىس ئىلمى، فىقھى ئىلمىدىن 20، 30 يىل تەتقىقاتتىن، تىل تەتقىقاتتىن مەنا بايان ئىلملىرىدىن،ئۇسۇل ئىلمىدىن خەۋەرسىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھۆكۈمنى يەنىلا موللا، ئالىم، مۇھەددىس، فىقھشۇناس، تەپسىرشۇناسلار ئالسۇن، سىلەر پەقەت تەرجىمىدىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمدىن باشقا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىڭلار،

ئالىملار ئېلىپ بەرگەن ھۆكۈملەرگە ھەدىسلەرنى دەلىل ـئىسپات قىلىڭلار.

مەن تەرجىمە قىلماقچى بولغان ھازىرقى ھەدىسلەر پەقەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆز ئاغزىدىن دېگەن ھەدىسلىرىدۇر. ئىش ـ ھەرىكىتى، سۈكۈت،تەقرىراتى ئەمەس بەلكى سۆزىلامدۇر.

خۇددى ھۆكۈم ئايەتلىرى 150 دىن 170 گىچە بولغاندەك، ھۆكۈم ھەدىسلىرىمۇ 500دىن 1000 غىچە بولۇشى مۇمكىن،شۇڭا بىز تەرجىمىسىنى يەتكۈزىۋەردۇق. ئەرەپلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىمۇ پايدىلانسۇن دېدۇق. ئاللاھ ھەممىمىزنى ھىدايەت قىلسۇن، توغرا يولغا سېلىپ، ئاخىرەتتە جامالىنى بەرسۇن، ئامىن!

# بسم الله الرحمن الرحيم

## «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى» 2ـ قىسىم

## «ع» ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ ئاخىرى

عشرة في الجنة: النبي في الجنة و أبو بكر في الجنة و عمر في الجنة و عثمان في الجنة و علي في الجنة و طلحة في الجنة و الزبير بن العوام في الجنة و سعد بن مالك في الجنة و عبد الرحمن بن عوف في الجنة و سعيد بن زيد في الجنة ( حم د ه الضياء ) عن سعيد بن زيد

4010. سەئىيد ئىبنى زەيىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئون كىشى جەننەتتە بولىدۇ، پەيغەمبەر جەننەتتە، ئەبۇ بەكرى جەننەتتە، ئۆمەر جەننەتتە، ئوسمان جەننەتتە، ئەلى جەننەتتە، تەلھە جەننەتتە، زۇبەير ئىبنى ئاۋام جەننەتتە، سەئىد ئىبنى مالىك جەننەتتە، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋق جەننەتتە، سەئىيد ئىبنى زەيىد جەننەتتە بولىدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان،سەھىھ. باشقا خاتىرىلەردە ئەبۇ ئۇبەيدە، ئىبنى جەررەھمۇ باردۇر، بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىدا، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ئونىنچىسى دېگەن سەھىھ ھەدىس ئۆتتى، ئەنە شۇلار ھايات چاغدىلا جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىلگەن كىشىلەر ئىدى، ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن، بۇ نېمىدېگەن چەكسىز بەخت، نېمىدېگەن زور خۇشاللىق ھە! ئاللاھ بىزلەرنىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىپ، جەننەت ئەھلىدىن قىلسۇن، ئامىن!

4011 ( صحيح ) عصبة من المسلمين يفتحون البيت الأبيض بيت كسرى ( حم م ) عن جابر بن سمرة

4011. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلاردىن بىر تۈركۈم جامائەتلەر كىسرانىڭ ئۆيىدىن ئىبارەت ئاق ئۆينى ئىشغال قىلىپ ئالىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان،سەھىھ. كىسرا، مەجۇسىي، پارسلار پادىشاھى يەزدەجىردۇر.

4012 ( صحيح ) عصابتان من أمتي أحرزهما الله من النار عصابة تغزو الهند و عصابة تكون مع عيسى بن مريم ( حم ن الضياء ) عن ثوبان

4012. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن ئىككى بۆلەك جامائەتنى ئاللاھتائالا دوۋزاخدىن ساقلايدۇ، بىرى ھىندىلارغا قارشى غازات قىلغان جامائەت، يەنە بىرى بولسا، مەريەم ئوغلى ئەيسا بىلەن بىللە بولغان جامائەتتۇر. ئەھمەد، نەسەئى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

عظم الأجر عند عظم المصيبة و إذا أحب الله قوما ابتلاهم ( المحاملي في أماليه ) عن أبي أيوب

4013. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەجىرنىڭ كاتتا، ئۇلۇغراقى، مۇسىبەتنىڭ، بالالەرنىڭ چوڭلىرى بىلەن بولىدۇ، ئاللاھ بىرەر قەۋمنى ياخشى كۆرسە، ئۇلارنى بالالەر بىلەن سىنايدۇ، مۇھاملى توپلىغان، سەھىھ.

4014 ( حسن ) عقر دار الإسلام بالشام ( طب ) عن سلمة بن نفيل

4014. سەلەمەت ئىبنى نۇپەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسلام مەملىكىتىنىڭ، دۆلىتىنىڭ ئەسلى ئورنى ـ شام، يەنى ھازىرقى سۇرىيەدۇر، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن. ئالىملار، بۇ قىيامەت ئالدىدا پىتنە زامانىسىدا بولىدۇ دېگەن.

**4015** ( حسن ) عقل أهل الذمة نصف عقل المسلمين ( ن ) عن ابن عمرو

4015. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسلام دۆلىتىدە ئەھدى بىلەن ياشاۋاتقان زىممىي دىنسىزنىڭ ئۆلتۈرۈلگەندىكى خۇن، تۆلەم پۇلى مۇسۇلمانلارنىڭ تۆلەم پۇلى بولغان دىيەتنىڭ يېرىمىدۇر، نەسەئى توپلىغان، ھەسەن. يەنى ئىسلام دۆلىتىدە ئەھدىسى بار، دىنسىز ئۆلتۈرۈلسە، 50 تۆگە بېرىلىدۇ.

**4016** ( حسن ) عقل شبه العمد مغلظ مثل عقل العمد و لا يقتل صاحبه ( د ) عن ابن عمرو

4016. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەستەنگە ئوخشاپ كېتىدىغان شۈبھى قاتىللىقنىڭ دىيەت، خۇن، تۆلەم پۇلى، قەستەن قاتىللىق قىلغاننىڭ تۆلەم پۇلىغا ئوخشاش 100 تۆگىدۇر، بۇنداق شۈبھى قاتىللىق قىلغۇچى ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، (لېكىن 100 تۆگە تۆلەيدۇ) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

**4017** ( صحيح ) عقوبة هذه الأمة بالسيف ( طب ) عن رجل ( خط ) عن عقبة بن مالك

4017. ئۇقبەت ئىبنى مالىك ۋە يەنە بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئۈممەتنىڭ ئازابى مۇشۇ دۇنيادىلا قىلىچ ئارقىلىق قىلىندى، يەنى ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىدۇ، تەبرانى خەتىيبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

علام تدغرن أولادكن بهذا العلاق ؟ ! عليكن بهذا العود الهندي فإن فيه سبعة أشفية من سبعة أدواء منها ذات الجنب و يسعط به من العذرة و يلد به من ذات الجنب ( حم ق د ه ) عن أم قيس بنت محصن

4018. ئۇممە قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نېمە ئۈچۈن باللىرىڭلارنىڭ تامغاق گاللىرىغا بارماقلىرىڭلارنى سىلىپ ئازابلايسىلەر ؟ ئۇلارنىڭ گېلىغا چىققان جاراھەت كېسەلنى داۋالاشتا مۇشۇ ھىندى ئاچ ياغىچىنى لازىم تۇتۇڭلار، ھەقىقەتەن ئۇنىڭدا يەتتە كېسەلگە يەتتە داۋا باردۇر، بۇ ئۆسۈملۈك داۋا بولىدىغان كېسەللەرنىڭ بىرسى يان ئاغرىق، ئىچكى كېسەللىك، رېماتىزم، نېرۋىغا ئالاقىدار بۇ كېسەل مۇشۇ ياغاچ بىلەن داۋالىنىدۇ، يەنە بىرسى بولسا، كىچىك باللارنىڭ گال، تامغاقلىرىغا چىققان كېسەل داۋالىنىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4019** ( صحيح ) علام تومئون بأيديكم كأنها أذناب خيل شمس ؟ ! و إنما يكفي أحدكم أن يضع يده على فخذه ثم يسلم على أخيه من على يمينه و شماله ( م ) عن جابر بن سمرة

4019. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نېمە ئۈچۈن نامازدا سالام بەرگەندە جىم تۇرالمايدىغان ئاتنىڭ قۇيرۇقىدەك قوللىرىڭلاردا ئىشارەت قىلىسىلەر؟ ھەقىقەتەن بىرىڭلارنىڭ قولنى يوتىسىغا قويۇپ، ئوڭ تەرىپىدىكى ۋە سول تەرىپىدىكى كىشىلەردىن ئىبارەت قېرىنداشلىرىغا سالام قىلىشى كۇپايە بولىدۇ. (قوللىرىڭلارنى كۆتۈرۈپ ئىشارەت قىلىش ھاجەتسىز) مۇسلىم 652 - ھەدىس، سەھىھ. نەسەئى 1172 - ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد 20053 - ھەدىس، سەھىھ.

**4020** ( صحيح ) علام يقتل أحدكم أخاه إذا رأى أحدكم من أخيه ما يعجبه فليدع له بالبركة ( ن ه ) عن أبي أمامة بن سهل بن حنيف

4020. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نېمە ئۈچۈن بىرىڭلار قېرىندىشىنى كۆز تەگكۈزۈش بىلەن ئۆلتۈرىدۇ؟ بىرىڭلار قېرىندىشىدىن ئۆزىنى ئەجەبلەندۈرۈپ ھەيران قالدۇرغىدەك نەرسىنى كۆرگەندە، قېرىندىشى ئۈچۈن بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلسۇن. (ھەسەت قىلمىسۇن. چۈنكى كۆز تېگىش ھەق) نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4021** ( صحيح ) علقوا السوط حيث يراه أهل البيت ( حل ) عن ابن عمر

4021. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەدەپ قامچىسىنى ئۆيدىكى ئەھلى، باللار كۆرگۈدەك جايغا ئېسىپ قويۇڭلار، (شۇنىڭ ئۆزى ئەدەپتۇر) ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن باللارنى تەربىيلەش مۇھىمدۇر.

**4022** ( حسن ) علقوا السوط حيث يراه أهل البيت فإنه أدب لهم ( عب طب ) عن ابن عباس

4022. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قامچىنى ئەھلى بەيت، خوتۇن باللار كۆرۈپ تۇرغىدەك جايغا ئېسىپ قويۇڭلار، ھەققەتەن شۇنىڭ ئۆزى ئۇلارغا ئەدەپتۇر، ئابدۇرەززاق، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن. مەقسەت: ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىش، ياخشى تەربىيلەشتۇر ، ئۇيىگىز مەكتەپتۇر.

**4023** ( صحيح ) علم لا يقال به ككنز لا ينفق منه ( ابن عساكر ) عن ابن عمر

4023. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە دېيىلمەيدىغان، يەتكۈزۈلمەيدىغان ئىلىم، ئاللاھ يولىدا خەجلەنمەيدىغان كان، ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئوخشاشتۇر، (قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا قالىدۇ) ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

**4024** ( صحيح ) علم لا ينفع ككنز لا ينفق منه ( القضاعي ) عن ابن مسعود

4024. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پايدا ـ مەنپەئەت بەرمەيدىغان، ئىلىم ـ چىقىم قىلىنىپ، خەجلەنمەيدىغان كاڭدۇر، (بۇ كاڭ ئىگىلىرى قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابلانغاندەك، بۇنداق مەنپەئەت بەرمەيدىغان ئىلىم ئىگىسى قاتتىق ئازابلىنىدۇ) قوزائى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنىڭ يۇقىرىقى ھەدىس بىلەن بولغان پەرقى بىرىنچى، راۋىي ئوخشمايدۇ، ئىككىنچىدىن كاتىپ، كىتاب ئوخشمايدۇ، ئۈچىنچىدىن بىرسىدە دېيىلمەيدىغان بولسا، يەنە بىرىدە مەنپەئەت بەرمەيدىغان دېيىلگەن.

**4025** ( صحيح ) علموا الصبي ابن سبع سنين و اضربوه عليها ابن عشر ( حم ت طب ك ) عن سبرة

4025. سەبۇرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىچىك، سەبىي باللار يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارغا ئىلىم ئۆگىتىڭلار، ئۇلار ئون ياشقا كىرگەندە، ئىلىم ئالمىسا، مەجبۇرلاپ ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۇلارنى ئۇرۇڭلار، ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، ھازىر پۈتۈن يەرشارى بويىچە بارلىق مائارىپلار مۇشۇ ھەدىس بويىچە ئىلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، مەجبۇرى مائارىپ يولغا قويۇلدى.

( صحيح ) علموا أولادكم الصلاة إذا بلغوا سبعا و اضربوهم عليها إذا بلغوا عشرا و فرقوا بينهم في المضاجع ( البزار ) عن أبي هريرة

4026. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: بالىلىرىڭلار يەتتە ياشقا يەتكەندە ئۇلارغا ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىڭلار، ئۇلار ئون ياشقا كىرىپمۇ نامازنى ئوقۇمىسا، نامازنى ئۆگىتىش، ناماز ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئەدەپلەپ ئۇرۇڭلار. بالىلار ئون ياشقا كىرگەندە ئۇلار بىلەن ياتاق ئايرىڭلار. ئۇلار ئايرىم ياتسۇن. بەززار توپلىغان، سەھىھ. بۇ دېگەن دىن ئۆگىتىشتۇر،بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن ناماز بالىلىرىڭلارغا ئون ياشتا پەرز بولىدۇ، يەتتە ياشتا ئۆگىتىلىپ ئوقۇشقا باشلىسا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن سىرت بالىلار ئون ياشقا كىرسە، ياتاق ئايرىش مۇھىمدۇر.

4027 علموا و يسروا و لا تعسروا و بشروا و لا تنفروا و إذا غضب أحدكم فليسكت ( حم خد ) عن ابن عباس

4027. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىلىم ئۆگىتىڭلار، ئاسان قىلىڭلار، تەس قىلىپ قىيىنلاشتۇرماڭلار، خۇش بېشارەت بېرىڭلار، كىشىلەرنى نەپرەتلەندۈرمەڭلار، قاچۇرماڭلار، بىرىڭلار غەزەپ قىلىپ ئاچچىقلانسا، سۈكۈتتە جىم تۇرۇۋالسۇن. ئەھمەد، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

4028 علمي حفصة رقية النملة ( أبو عبيد في الغريب ) عن أبي بكر بن سليمان بن أبي حثمة

4028. ئەبۇ بەكرى ئىبنى سۇلەيمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىدىكى بىر ئايالغا مۇنداق دېگەن: سەن ھەپسىگە چۇمۇلە ۋە باشقا زەھەرلىك ھاشاراتلەر چېقىۋالسا ئوقۇلىدىغان رۇقى،ئايىتى شىپانى ئۆگىتىپ قويغىن،ئەبۇ ئۇبەيد توپلىغان،ئەلبانى سەھىھ دېگەن .

على أنقاب المدينة ملائكة لا يدخلها الطاعون و لا الدجال ( مالك حم ق ) عن أبي هريرة

4029. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەدىنىنىڭ ھەربىر يول، كوچا ئېغىزلىرىدا پەرىشتىلەر بار بولۇپ، مەدىنىگە ۋابا كېسىلى كىرەلمەيدۇ، دەججالمۇ كىرەلمەيدۇ، مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، مەدىنىدە راستىنلا ۋابا كېسىلى يۈز بەرمىدى، ھەم بەرمەيدۇ.

على ذروة كل بعير شيطان فامتهنوهن بالركوب فإنما يحمل الله تعالى ( ك ) عن أبي هريرة

4030. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر تۆگىنىڭ لوكىسى ئۈستىدە شەيتان باردۇر، (يەنى تۆگە ئىگىسىنى پەخىرلەندۈرىدۇ، كىبىر قىلدۇرىدۇ) سىلەر تۆگىنى مىنىش بىلەن مېھنەتلىك ئىشلارغا سېلىڭلار، ھەقىقەتەن تۆگىگە سىلەرنى ئاللاھتائالا مىندۈرگەن، ئاللاھ سىلەرگە نېئمەت بەرگەندۇر، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) على ظهر كل بعير شيطان فإذا ركبتموها فسموا الله ثم لا تقصروا عن حاجاتكم ( حم ن حب ) عن حمزة بن عمرو الأسلمي

4031. ھەمزەت ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر تۆگىنىڭ ئۈچىسىدا شەيتان باردۇر، سىلەر تۆگىگە مىنگەندە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بىسمىللاھ دەپ مىنىڭلار، ئاندىن ھاجىتىڭلارغا يېتىشىدىن توختاپ قالماڭلار. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسىدىن ھەربىر قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرغاندا بىسمىللاھ دېيىش زۆرۈرلىكى چىقىدۇ.

على كل باب من أبواب المسجد ملكان يكتبان الأول فالأول فكرجل قدم بدنة و كرجل قدم بقرة و كرجل قدم شاة و كرجل قدم طيرا و كرجل قدم بيضة فإذا قعد الإمام طويت الصحف ( حب ) عن أبي هريرة

4032. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەسجىد ئىشىكلىرىدىن ھەربىر ئىشىكنىڭ ئۈستىدە ئىككىدىن پەرىشتە بار بولۇپ، بۇلار(جۈمە كۈنى) بۇرۇن كەلگەنلەرنى خاتىرىلەيدۇ، تۇنجى قېتىم كەلگەن كىشى بىر تۆگە سەدىقە قىلغان كىشىگە، ئاندىن كېيىنكىسى بىر كالا، ئاندىن كېيىنكىسى بىر قوي، ئاندىن كېيىنكىسى بىر قۇش،توخۇ، ئاندىن كېيىنكىسى بىر تال تۇخۇم سەدىقە قىلغان كىشىگە ئوخشاشتۇر، ئىمام مۇنبەردە ئولتۇرغاندا دەپتەر قاتلىنىدۇ، چۈنكى پەرىشتىلەر خۇتبە، زىكرىنى ئاڭلايدۇ، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**4033** ( صحيح ) على كل بطن عقولة ( حم م ) عن جابر

4033. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خاتا قاتىللىق قىلغان ياكى شۇبھى قاتىللىق قىلغانىنىڭ قىلغانىنىڭ دىيەت، تۆلەم پۇلىنى يەنى 100 تۆگىنى شۇ قاتىلنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى تۆلىشىپ بېرىدۇ، بۇ دىيەت، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپ، مۇسلىم 2771 ـ ھەدىس، نەسەئى 4747 ـ ھەدىس، ئەھمەد 14159 ـ ھەدىس، سەھىھ.

على كل رجل مسلم في كل سبعة أيام غسل يوم و هو يوم الجمعة ( حم ن حب ) عن جابر

4034. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۈستىگە ھەر يەتتە كۈندە بىر كۈن يۇيۇنۇش ۋاجىپ بولىدۇ، ئۇ كۈن بولسا جۈمە كۈنىدۇر. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

على كل سلامى من ابن آدم في كل يوم صدقة و يجزي عن ذلك كله ركعتا الضحى ( طس ) عن ابن عباس

4035. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم باللىرىنىڭ ھەربىر مەپسەللىرىگە ھەر كۈنى سەدىقە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ، ئۇنىڭ ھەممىسىگە ئىككى رەكەت چاشكا نامىزى ئوقۇش كۇپايە بولىدۇ. تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، ئەلبانى، ئىمام سۇيۇتى سەھىھ دېگەن .

**4036** ( صحيح ) على كل محتلم رواح الجمعة و على كل من راح الجمعة الغسل ( د ) عن حفصة

4036. ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر ئىھتىلام بولغان بالىغ كىشىنىڭ ئۈستىگە جۈمەگە بۇرۇن بېرىش ۋاجىپتۇر. جۈمەگە ماڭغان ھەربىر كىشىنىڭ ئۈستىگە غۇسلى قىلىش، يۇيۇنۇش ۋاجىپتۇر، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

على كل مسلم صدقة فإن لم يجد فيعمل بيده فينفع نفسه و يتصدق فإن لم يستطع فيعين ذا الحاجة الملهوف فإن لم يفعل فيأمر بالخير فإن لم يفعل فيمسك عن الشر فإنه له صدقة ( حم ق ن ) عن أبي موسى

4037. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە سەدىقە ۋاجىپ بولىدۇ، ئەگەر سەدىقە قىلغۇدەك نەرسە تاپالمىسا، ئۆز قولى بىلەن ئەمگەك قىلىپ ئۆزىگە پايدا ـ مەنپەئەت بېرىپ، باشقىلارغىمۇ سەدىقە قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا، ئىش، خىزمەت تاپالمىسا، قىيىنچىلىقتا چۈشۈپ قالغان ھاجەت ئىگىسىگە ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىمۇ قىلالمىسا، ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ.ئۇنىمۇ قىلالمىسا،كىشىلەرگە يامانلىق قىلىشىدىن ئۆزىنى ساقلاپ قالىدۇ. ھەقىقەتەن كىشىلەرگە يامانلىق قىلماسلىق، سەدىقە ھېسابلىنىدۇ. (چۈنكى زىياندىن

سالامەت قالغان كىشىلەر پايدا ئالدى) بۇخارى 5563 ـ ھەدىس، مۇسلىم 1676 ـ ھەدىس، نەسەئى 2491 ـ ھەدىس، ئەھمەد 18855 ـ ھەدىس، دارمى 2629 ـ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**4038** ( صحيح ) على كل نفس في كل يوم طلعت عليه الشمس صدقة منه على نفسه من أبواب الصدقة: التكبير و سبحان الله و الحمد لله و لا إله إلا الله و استغفر الله و يأمر بالمعروف و ينهى عن المنكر و يعزل الشوك عن طريق الناس و العظم و الحجر و تهدي الأعمى و تسمع الأصم و الأبكم حتى يفقه و تدل المستدل على حاجة له قد علمت مكانها و تسعى بشدة ساقيك إلى اللهفان المستغيث و ترفع بشدة ذراعيك مع الضعيف كل ذلك من أبواب الصدقة منك على نفسك و لك في جماعك زوجتك أجر أرأيت لو كان لك ولد فأدرك و رجوت أجره فمات أكنت تحتسب به ؟ فأنت خلقته ؟ فأنت هديته ؟ فأنت كنت ترزقه ؟ فكذلك فضعه في حلاله و جنبه حرامه فإن شاء الله أحياه و إن شاء أماته و لك أجر ( حم ن حب ) عن أبي ذر

4038. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر نەپەس ئىگىسىنىڭ ئۈستىگە كۈن چىققان ھەر كۈنى سەدىقە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئۆزىگە قىلغان سەدىقىمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىن. ئۇ قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ، سەدىقە، ئېھسان ئىشىكلىرىدىن يوللىرىدىن تەكبىر ، تەسبىھ، ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىش، سۇبھانەللاھ، ئەلھەمدۇلىللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر، لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ئەستەغفىرۇللاھ دېيىشلەر سەدىقە بولىدۇ، ياخشىلىقتا بۇيرۇش، يامانىدىن توسۇش كىشىلەرنىڭ يولىدىن شوخا، تىكەن، تاش، سۆڭەكلەرنى ئېلىۋېتىش، سەدىقە، ئەما قارىغۇلارنى يولغا سېلىپ قويۇش، گاس ـ گاچىلار چۈشەنگەنگە قەدەر، ئاڭلىغانغا قەدەر ئۇلارغا يول كۆرسىتىش، (ئەما، گاس ـ گاچىلارنىمۇ يېتەكلەپ يولغا سېلىش) يول سورىغۇچىغا يول كۆرسىتىش، ئۇ ھاجەت ئورنىنى بىلىۋالغانغا قەدەر ھاجىتىنى كۆرسىتىپ قويۇش سەدىقە. پاچىقىڭنى تولۇپ قاتتىق قىينىچىلىقتا چۈشۈپ قالغان ھاجەتمەن ئۈچۈن مېڭىشىڭ، يىغىڭنى، بىلىكىڭنى تولۇپ ئاجىزلار بىلەن بىللە ھەمكارلىشىشىڭ سەن ئۈچۈن سەدىقە. ئۆزۈڭدىن ئۆزۈڭگە قىلىنغان نەفقىمۇ سەدىقىدۇر. قىلساڭ ئۆزۈڭ ئۈچۈن قىلىسەن. ئايالىڭ بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلساڭمۇ سەن ئۈچۈن ئەجىر، ساۋاب بار. پەرزەنتىڭ ئەگەر ساڭا بىر ئەقىل تاپقان بالا بولسا، سەن ئۇنىڭ ئەجرىنى ، ياخشىلىقىنى ئۈمىد قىلىپ تۇرساڭ، ئۇ بالا ئۆلۈپ كەتسە، سەن ئۇنىڭغا سەبىر قىلىپ، ساۋاب ـ ئەجىر ئۈمىد قىلامسەن؟ ئۇنى سەن ياراتقانمۇ؟ ياق، ئاللاھ ياراتتى، سەن ھىدايەت قىلغانمۇ؟ ياق، ئاللاھ، سەن رىزىق بەرگەنمۇ؟ ياق، ئاللاھ رىزىق بېرىدۇ، ئەنە شۇنىڭدەك سەن ئۇ شەھۋەت ئەۋرىتىڭنى ھالال ئورۇنغا قويغىن، ھارامغا قويۇپ قېلىشىدىن قاتتىق ھەزەر قىلغىن، (ھارامدا گۇناھ بار، ھالالدا ساۋاب) (ھالاللىرىغا ھېساب بار، ھاراملىرىغا ئازاب) ئەگەر، ئاللاھ خالىسا سەن ئۈمىد قىلغان ئۇ بالىنى تىرىلدۈرىدۇ، ئەگەر خالىسا ، ئۆلتۈرىدۇ، سەن ئۈچۈن شۇ جىنسى مۇناسىۋەتتە بالا ئۈمىد قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن ئەجىر، ساۋاب باردۇر، ئەھمەد 20510 ـ ھەدىس، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

عليك السمع و الطاعة في عسرك و يسرك و منشطك و مكرهك و أثرة عليك ( حم م ن ) عن أبي هريرة

4039. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيىن، تەس كۈنلەردىمۇ، ئاسان بولغان كەڭرىچىلىك كۈنلەردىمۇ، سەن ياخشى كۆرگەن خۇشال كۈنلىرىڭدىمۇ، سەن ياقتۇرمىغان خاپىلىق كۈنلىرىڭدىمۇ، سېنىڭ زىيىنىڭغا، شەخسىيەتچىلىك قىلىنغان كۈنلەردىمۇ خەلىپە، ئىمامىڭنىڭ سۆزىنى، بۇيرۇقىنى ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىشنى لازىم تۇت! ئەھمەد،

مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4040 ( صحيح ) عليك بالخيل فإن الخيل معقود في نواصيها الخير إلى يوم القيامة ( طب الضياء ) عن سوادة بن الربيع**

4040. سەۋادەت ئىبنى رەبىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاتنى لازىم تۇتقىن، ھەقىقەتەن ئاتنىڭ چېكىسىگە، قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق باغلانغان يەنى ئەجىر، غەنىيمەت چىگىلگەن، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**عليك بالرفق إن الرفق لا يكون في شيء إلا زانه و لا ينزع من شيء إلا شانه ( م ) عن عائشة**

4041. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېھرىبانلىقنى ، كۆيۈنۈشنى لازىم تۇتقىن، ھەقىقەتەن مېھرىبانلىق ، كۆيۈنۈش، ھەرقانداق نەرسىدە بولسا، ئۇنى زىننەتلىك، گۈزەل قىلىۋېتىدۇ، ئۇ ھەرقانداق نەرسىدىن تارتىلىپ ئېلىۋېلىنسا، ئۇ نەرسىنى قەبىھ سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4042 ( صحيح ) عليك بالرفق و إياك و العنف و الفحش ( خد ) عن عائشة**

4042. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېھرىبانلىقنى، مۇلايىملىقنى لازىم تۇتقىن، قوپاللىقدىن، پاھىشە سۆزلەشدىن ھەزەر قىلغىن. (ئىللىتى يۇقىرىدا ئۆتتى.) بۇخارى ئەدەپ دېگەن كىتابدا توپلىغان، بۇ سەھىھۇل بۇخارىدىن باشقا كىتابتۇر، ئەلبانى، سۈيۈتى سەھىھ دېگەن .

**4043 ( صحيح ) عليك بالصعيد فإنه يكفيك ( ق ن ) عن عمران بن حصين**

4043. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تەيەممۇم قىلىشتا، پاك ـ پاكىز تۇپراقنى لازىم تۇت، ھەقىقەتەن ئۇ ساڭا تاھارەتتىن كۇپايە بولىدۇ. بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4044 ( صحيح ) عليك بالصوم فإنه لا مثل له ( حم ن حب ك ) عن أبي أمامة**

4044. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزا تۇتۇشنى لازىم تۇتقىن. چۈنكى ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق ئىبادەتتۇر. يەنى رىياسىز قىلىنىدىغان ئىبادەت. ئەجرنى پەقەت ئاللاھ بېرىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**4045 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 3744 عليك بالهجرة فإنه لا مثل لها ( عليك بالجهاد فإنه لا مثل له عليك بالصوم فإنه لا مثل له عليك بالسجود فإنك لا تسجد لله سجدة إلا رفعك الله بها درجة و حط عنك بها خطيئة ) ( طب ) عن أبي فاطمة**

4045. ئەبۇ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھىجرەتنى لازىم تۇتقىن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق ئىبادەتتۇر، جىھادنى لازىم تۇت، ئۇنىڭمۇ ئوخشىشى يوق، روزا تۇتۇشنى لازىم تۇتقىن، ئۇنىڭمۇ ئوخشىشى يوق ئىبادەتتۇر، سەن ئاللاھتائالا ئۈچۈن بىر سەجدە قىلساڭ، ھەربىر سەجدە ئۈچۈن سېنى بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سەندىن بىر خاتالىقنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4046 ( حسن ) عليك بتقوى الله تعالى و التكبير على كل شرف ( ت ) عن أبي هريرة**

4046. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

www.uyghurkitap.com

مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالادىن قورقۇشنى، تەقۋالىقنى لازىم تۇتقىن، سەپىرىڭدە ھەربىر ئېگىز جايغا چىققاندا، ئاللاھۇ ئەكبەر! دەپ تەكبىر ئېيتقىن. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

عليك بجمل الدعاء و جوامعه قولي: اللهم إني أسألك من الخير كله عاجله و آجله ما علمت منه و ما لم أعلم و أعوذ بك من الشر كله عاجله و آجله ما علمت منه و ما لم أعلم و أسألك الجنة و ما قرب إليها من قول أو عمل و أعوذ بك من النار و ما قرب إليها من قول أو عمل و أسألك مما سألك به محمد صلى الله عليه وسلم و أعوذ بك مما تعوذ به محمد صلى الله عليه وسلم و ما قضيت لي من قضاء فاجعل عاقبته رشدا ( خد ) عن عائشة

4047. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇئانىڭ ئۆزى قىسقا، لەۋزى ئىخچام، مەنىسى كۆپ، توپلاملىرىنى ھەممىگە كۇپايە بولىدىغىنىنى لازىم تۇتقىن، مۇنداق دۇئا قىل: «ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىدىن بارلىق ياخشىلىقنى، ياخشىلىقنىڭ ھازىرقىسىنى، كېيىنكىسىنى، مەن بىلىدىغان، بىلمەيدىغانلىرىنى سورايمەن. سىلىگە سېغىنىپ بارلىق يامانلىقلاردىن، ھازىرقىسىدىن، كېيىنكىسىدىن، مەن بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان يامانلىقلاردىن پاناھ تىلەيمەن، سىلىدىن جەننەتنى ۋە جەننەتكە يېقىنلاشتۇرغۇچى سۆزلەرنى، ئەمەللەرنى سورايمەن. سىلىگە سېغىنىپ، دوۋزاخدىن ۋە دوۋزاخقا يېقىن ئاپىرىدىغان ھەرقانداق سۆز، ئەمەل، ھەرىكەتلەردىن پاناھ تىلەيمەن. سىلىدىن پەيغەمبەرلىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سورىغان نەرسىنى سورايمەن. سىلىگە سېغىنىپ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پاناھ تىلىگەن نەرسىلەردىن پاناھ تىلەيمەن. قىلغان ھەربىر قازايى ـ قەدەر، ھۆكۈملىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى مەن ئۈچۈن توغرا يول، ئاسان، ماڭا پايدىلىق قىلىپ بەرسىلە. «ئامىن!» بۇخارى، ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

عليك بحسن الخلق و طول الصمت فوالذي نفسي بيده ما تجمل الخلائق بمثلهما ( ع ) عن أنس

4048. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گۈزەل، ياخشى ئەخلاقنى لازىم تۇتقىن، ئۇزۇن ـ ئۇزۇن ۋاقىت سۆز قىلماي جىم تۇرۇشنى لازىم تۇت. جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، خالايىقلار، بۇ ئىككى خىسلەت ئىشىنىڭ ئۇخشىشىدەك نەرسە بىلەن گۈزەل، ياخشى ئەخلاقلىق بولالمايدۇ، پەقەت مۇشۇ ئىككى ئىش بىلەن ئەخلاقلىق بولالايدۇ. ئەبۇ يەئلا توپلىغان، ھەسەن.

**4049** ( صحيح ) عليك بحسن الكلام و بذل الطعام ( خد ك ) عن هانئ بن يزيد

4049. ھانئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشى سۆز قىلىشنى، كىشىلەرگە تائام بېرىشنى لازىم تۇتقىن. ھاكىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان. سەھىھ.

**4050** ( صحيح ) عليك بكثرة السجود فإنك لا تسجد لله سجدة إلا رفعك الله بها درجة و حط بها عنك خطيئة ( حم م ت ن ه ) عن ثوبان وأبي الدرداء

4050. سەۋبان، ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەجدىنى كۆپ قىلىشنى لازىم تۇتۇڭلار، ھەقىقەتەن سەن ئاللاھتائالا ئۈچۈن بىر سەجدە قىلساڭ، ئاللاھ سېنى شۇ سەجدەڭنىڭ باراۋىرىگە بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سەندىن بىر خاتالىقنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4051 ( صحيح ) عليكم بأسقية الأدم التي يلاث على أفواهها ( د ) عن ابن عباس**

4051. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئېغىزلىرى چىگىلىپ، بوغۇلىدىغان ئاشلانغان تىرە تۇلۇملارنى لازىم تۇتۇڭلار. ئەبۇ داۋۇد 3208ـ ھەدىس، نەسەئى 5552 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3392 ـ ھەدىس، ئەھمەد 10106 ـ ھەدىس، مالىكمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**4052 ( صحيح ) عليكم باصطناع المعروف فإنه يمنع مصارع السوء و عليكم بصدقة السر فإنها تطفئ غضب الرب عز و جل ( ابن أبي الدنيا في قضاء الحوائج ) عن ابن عباس**

4052. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشىلىق قىلىشنى لازىم تۇتۇڭلار. چۈنكى ئۇ، يامان ئۆلۈمدىن، ھالاكەتتىن ساقلاپ قالىدۇ، (كىشى قىلىۋاتقان ئەمەللىرى ئۈستىدە ئۆلۈپ، يەنە شۇ ئەمەل ئۈستىدە قوپۇرۇلىدۇ) مەخپىي سەدىقە قىلىشنى لازىم تۇتۇڭلار. چۈنكى ئۇ رەببىتائالانىڭ غەزىپىنى ئۆچۈرىدۇ. ئىبنى ئەبۇددۇنيا توپلىغان، سەھىھ.

**4053 ( حسن ) عليكم بالأبكار فإنهن أعذب أفواها و أنتق أرحاما و أسخن أقبالا و أرضى باليسير من العمل ( ابن السني أبو نعيم في الطب ) عن ابن عمر**

4053. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: توي قىلساڭلار، قىزلارنى ئېلىشنى لازىم تۇتۇڭلار. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاغزى تاتلىق، تۇغۇشى كۆپ، ئاسان ھامىلدار بولىدۇ. ئالدى قىزىق. (يەنى جىنسى لەززەتلىك) ئازلا ئەمەلگە رازى بولىدۇ. ئىبنى سانا، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن.

**عليكم بالأبكار فإنهن أنتق أرحاما و أعذب أفواها و أقل خبا و أرضى باليسير ( طس الضياء ) عن جابر**

4053. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: توي قىلىشدا قىزلارنى لازىم تۇتۇڭلار. چۈنكى ئۇلار كۆپ تۇغىدۇ. ئاغزى تاتلىق. ھىيلە ـ مىكرى، ئالدامچىلىقى ئاز. پاساتلىقى ئاز. ئازغا رازى بولىدۇ. تەبرانى ئەۋسەتتە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن.

**عليكم بالإثمد عند النوم فإنه يجلو البصر و ينبت الشعر ( ه ) عن جابر ( ه ك ) عن ابن عمر**

4054. جابىر ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇخلاش ئالدىدا، ئىسمەد ئىسمىلىك سۈرمە تېشى بىلەن سۈرمە تارتىشنى لازىم تۇتۇڭلار. چۈنكى ئۇ كۆزنى روشەن قىلىپ، كىرپىك تۈكنى ئۆستۈرىدۇ. ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4055 ( حسن ) عليكم بالإثمد فإنه منبتة للشعر مذهبة للقذى مصفاة للبصر ( طب حل ) عن علي**

4055. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسمەد دېگەن سۈرمە تېشىنى لازىم تۇتۇڭلار. ھەقىقەتەن ئۇ كىرپىك تۈكنى ئۆستۈرىدۇ، كۆزدىكى كىرنى، چاپاقنى يوقۇتۇپ، تازىلايدۇ. كۆزنىڭ كۆرۈشنى روشەن قىلىدۇ. تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن.

**4056 ( صحيح ) عليكم بالإثمد فإنه يجلو البصر و ينبت الشعر ( حل ) عن ابن عباس**

4056. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ نۇئەيم، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان بولۇپ، يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، سەھىھ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**4057** ( صحيح ) عليكم بالأسود البهيم ذي النقطتين فإنه شيطان ( م ) عن جابر

4057. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۆزىنىڭ ئۈستىدە ئىككى چېكىتى بار، توّت كۆزلۈك، تۇم قارا ئىتنى ئۆلتۈرۈڭلار. چۈنكى ئۇ شەيتاندۇر. مۇسلىم 2938 - ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2463 - ھەدىس، ئەھمەد 14048 - ھەدىس، سەھىھ. بىز يۇقىرىدا جىنلارنىڭ مۈشۈك تۈرىنى ئىت سۈرەتلىكىنى سۆزلىگەن. شەيتان، جىنلار نەسلىدىندۇر.

عليكم بالباءة فمن لم يستطع فعليه بالصوم فإنه له وجاء ( طس الضياء ) عن أنس

4058. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: توي قىلىشنى لازىم تۇتۇڭلار. كىم توي قىلىشقا قادىر بولالمىسا، روزا تۇتسۇن، ھەقىقەتەن روزا تۇتۇش، ئۇ كىشى ئۈچۈن گۇناھدىن ساقلاپ قالىدىغان قالقاندۇر، تەبرانى ئەۋسەتتە، زىيائۇلمەقدەسى ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

عليكم بألبان البقر فإنها ترم من كل الشجر و هو شفاء من كل داء ( ك ) عن ابن مسعود

4059. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كالا سۈتىنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى ئۇ بارلىق دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرنى يەيدۇ، كالا سۈتى ھەرقانداق كېسەلگە شىپا، داۋادۇر، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4060** ( صحيح ) عليكم بألبان البقر فإنها دواء و أسمانها فإنها شفاء ! و إياكم و لحومها فإن لحومها داء ( ابن السني أبو نعيم ك ) عن ابن مسعود

4060. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كالا سۈتىنى لازىم تۇتۇڭلار، ئۇ كېسەللەرگە داۋادۇر، كالا يېغىنى لازىم تۇتۇڭلار، ئۇمۇ شىپادۇر، كالا گۆشىدىن ھەزەر قىلىڭلار، چۈنكى، كالا گۆشى كېسەلدۇر، كېسەللىك باردۇر، ئىبنى سەنا ئەبۇ نۇئەيم، ھاكىم توپلىغان، سەھىھۇن لىغەيرى، كالا سۈتى، يېغىدىن ۋە ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەردىن دورا، شىپالىق داۋا ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ.

عليكم بألبان البقر فإنها شفاء و سمنها دواء و لحمها داء ( ابن السني أبو نعيم ) عن صهيب

4061. بۇ ھەدىسنى ئىبنى سەنا، ئەبۇ نۇئەيم، سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ يولىدىن توپلىغان، سەھىھ، مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش، كالا سۈتى، يېغى شىپادۇر.

عليكم بالبياض من الثياب فليلبسها أحياؤكم و كفنوا فيها موتاكم فإنها خير ثيابكم ( حم ن ك ) عن سمرة

4062. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاق كىيىملەرنى لازىم تۇتۇڭلار، ھاياتلىرىڭلار ئاق كىيىم كىيسۇن، ئۆلگەن كىشىلەرنى، مېيىتلىرىڭلارنى ئاق كىيىمگە كېپەنلەڭلار ، چۈنكى ئۇ كىيىمىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، ئەھمەد ، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

عليكم بالجهاد في سبيل الله فإنه باب من أبواب الجنة يذهب الله به الهم و الغم ( طس ) عن أبي أمامة

4063. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنى لازىم تۇتۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھ يولىدىكى جىھاد، ئۇرۇش قىلىش بولسا، جەننەت ئىشىكلىرىدىن بىر ئىشىكتۇر، ئاللاھ، جىھاد سەۋەبىدىن غەم - قايغۇ، دەككە -

دۇككە، خاتىرجەمسىزلىكنى يوقىتىدۇ، تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ. شۈبھىت بولسا غەم يوق، مۇجاھىد بولسا غەم يوق. مۇسۇلمانلار جىھاد قىلمىسا، ئىككى دۇنيادا غەم باسىدۇ.

**4064** ( صحيح ) عليكم بالدلجة فإن الأرض تطوى بالليل ( د ك هق ) عن أنس

4064. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىسى يول يۈرۈشنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى زېمىن ، يول كېچىسى قاتلىنىپ قىسقىرايدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4065** ( صحيح ) عليكم بالرمي فإنه من خير لعبكم ( طس ) عن سعد

4065. سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوقيا ئېتىشنى، قارىغا ئېتىشنى لازىم تۇتۇڭلار. چۈنكى ئۇ ئويۇنلىرىڭلارنىڭ ياخشىسىدۇر. تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

**4066** ( صحيح ) عليكم بالرمي فإنه من خير لهوكم ( البزار ) عن سعد

4066. بۇ ھەدىسنى بەزار سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش، ئوقيانى قارىغا ئېتىشنى لازىم تۇتۇڭلار، سەھىھ.

عليكم بالسنا و السنوت فإن فيهما شفاء من كل داء إلا السام و هو الموت ( ه ك ) عن عبدالله بن أم حرام

4067. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممە ھارام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەنا ئىسمىلىك ئۆسۈملۈك بىلەن ھەسەلنى ياكى موگۈنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى بۇ ئىككىسىدە ئۆلۈمدىن باشقا ھەر قانداق كېسەلگە داۋا، شىپا باردۇر، ئىبنى ماجە 3448 ـ ھەدىس، ھاكىمۇ توپلىغان، ھەسەن.

**4068** ( صحيح ) عليكم بالسواك فإنه مطيبة للفم مرضاة للرب ( حم ) عن ابن عمر

4068. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىسۋاك سىلىشنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى ئۇ ئېغىزنى پاكلايدۇ، رەبنى (ئاللاھنى) رازى قىلىدۇ. ئەھمەد قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

**4069** ( صحيح ) عليكم بالشام ( طب ) عن معاوية بن حيدة

4069. مۇئاۋى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (قىيامەت ئالدىدا ياكى پىتنە ـ پاسات دەۋرىدە) شام دىيارىنى لازىم تۇتۇڭلار. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، شام، سۈرىيە ئەتراپى.

**4070** ( صحيح ) عليكم بالشام فإنها صفوة بلاد الله يسكنها خيرته من خلقه فمن أبى فليلحق بيمنه و ليسق من غدره فإن الله عز و جل تكفل لي بالشام و أهله ( طب ) عن واثلة

4070. ۋاسلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شام زېمىنىنى لازىم تۇتۇڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ، ئاللاھنىڭ زېمىنىنىڭ شەھەرلىرىنىڭ ئەڭ ـ ئەڭ ياخشىسى، تاللانغىنى، ئۇ جايدا ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىدىن ئەڭ ياخشى كىشىلەر ياشايدۇ. ئۇ جايدا تۇرۇشقا ئۇنىمىغان كىشى يەمەننى لازىم تۇتسۇن، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغان، ئەھدىنى بۇزغان كىشىگىمۇ سۇ بەرسۇن،

ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا مەن ئۈچۈن شامغا ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە كېپىل بولدى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

عليكم بالصدق فإن الصدق يهدي إلى البر و إن البر يهدي إلى الجنة و ما يزال الرجل يصدق و يتحرى الصدق حتى يكتب عند الله صديقا و إياكم و الكذب فإن الكذب يهدي إلى الفجور و إن الفجور يهدي إلى النار و ما يزال الرجل يكذب و يتحرى الكذب حتى يكتب عند الله كذابا ( حم خد م ت ) عن ابن مسعود

4071. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەممىي، راست سۆزلەشنى لازىم تۇتۇڭلار. ھەقىقەتەن راستچىللىق، ياخشىلىققا ئاپىرىدۇ. ياخشىلىق بولسا، جەننەتكە ئاپىرىدۇ. كىشى راست سۆزلەۋېرىپ، راستچىللىقنى ئىزدەۋېرىپ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە سىددىق، سەممىي، راستچىل كىشى دەپ يېزىلىدۇ؛ يالغانچىلىقدىن ھەزەر قىلىڭلار، ھەقىقەتەن يالغانچىلىق، گۇناھ ـ مەئسىيەتكە يېتەكلەيدۇ. گۇناھ ـ مەئسىيەت بولسا دوۋزاخقا ئاپىرىدۇ. كىشى يالغاننى ئىزدەپ يالغان سۆزلەۋېرىپ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە كاززاپ، يالغانچى دەپ يېزىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، بۇخارى، ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

عليكم بالصدق فإنه مع البر و هما في الجنة و إياكم و الكذب فإنه مع الفجور و هما في النار و سلوا الله اليقين و المعافاة فإنه لم يؤت أحد بعد اليقين خيرا من المعافاة و لا تحاسدوا و لا تباغضوا و لا تقاطعوا و لا تدابروا و كونوا عباد الله إخوانا كما أمركم الله ( حم خد ه ) عن أبي بكر

4072. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: راستچىللىقنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى ئۇ ياخشىلىق بىلەن بىللە، ئۇ ئىككىسى جەننەتتە. يالغاندىن ھەزەر قىلىڭلار، چۈنكى ئۇ گۇناھ ـ مەئسىيەت بىلەن بىللە بۇ ئىككىسى دوۋزاختا بولىدۇ. ئاللاھتائالادىن شەكسىز ئىشەنچ، ئىمان سوراڭلار، ئىككى ئالەمدە سىلەرنى ئەپۇ قىلىپ، ساقلىشنى سوراڭلار، چۈنكى كىشىگە شەكسىز ئىشەنچ، ئىماندىن قالسا، ساق ـ سالامەت ساقلىنىشدىن ياخشىراق نەرسە بېرىلمەيدۇ، ئۆزئارا ھەسەت قىلىشماڭلار، غەزەپ قىلىشماڭلار، سىيلە ـ رەھىمنى ئۈزۈشمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلار بىلەن ئۆچ ـ ئاداۋەتتە بولماڭلار، ئارقاڭلارنى قىلىشماڭلار، ئاللاھ سىلەرنى بۇيرۇغاندەك ، ئاللاھنىڭ، قېرىنداش، ئاكا ـ ئىنى بەندىلىرىدىن بولۇڭلار ، (بۇ سۆزە ھۇجراتتا بۇيرۇلغان) ئەھمەد ، ئىبنى ماجە ، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان ، سەھىھ.

عليكم بالغنم فإنها من دواب الجنة و صلوا في مراحها و امسحوا رغامها ( طب ) عن ابن عمر

4073. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قوينى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى ئۇ جەننەت ھايۋانلىرىدىن يەنى جەننەتتىن نازىل قىلىنغان. قوي قوتانلىرىدا ناماز ئوقۇساڭلار بولىدۇ. قوينىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن نەرسىنى شايلىسنى ئېتىپ، سۈرتۈپ قويۇڭلار. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4074** ( صحيح ) عليكم بثياب البياض فليلبسها أحياؤكم و كفنوا فيها موتاكم ( البزار ) عن أنس

4074. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاق كىيىمنى لازىم تۇتۇڭلار. ھاياتلىرىڭلار ئاق كىيىم كىيسۇن، ئۇنىڭغا ھەم مېيىتلىرىڭلارنى كېپەنلەڭلار. بەزار توپلىغان، سەھىھ.

**4075** ( صحيح ) عليكم بثياب البيض فالبسوها و كفنوا فيها موتاكم ( طب ) عن ابن عمر

4075. بۇ ھەدىسنى تەبرانى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان بولۇپ، مەزمۇنى يۇقىرىقىدەك ئاق كىيىم كىيىش. سەھىھ.

**4076 ( صحيح ) عليكم بحصى الخذف الذي ترمى به الجمرة ( حم ن حب ) عن الفضل بن عباس**

4076. پەزلى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەجدىكى جەمرە تېشىنى ئاتقاندا، بارماقلار بىلەن ئېتىشنى لازىم تۇتۇڭلار. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**4077 ( صحيح ) عليكم برخصة الله التي رخص لكم ( م ) عن جابر**

4077. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن رۇخسەت قىلىپ بەرگەن رۇخستىنى لازىم تۇتۇڭلار. (مەسىلەن: تەيەممۇم، نامازنى قەسىر قىلىشتەك) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**(صحيح) عليكم بشواب النساء فإنهن أطيب أفواها و أنتق أرحاما و أسخن أقبالا(الشيرازي في الألقاب) عن بشر بن عاصم عن أبيه عن جده**

4078. بەشر ئىبنى ئاسىمنىڭ بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللارنىڭ ياش قىزچاقلىرىنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاغزى تاتلىق، ئاسان ھامىلدار بولۇپ، كۆپ تۇغالايدۇ، ئالدى قىزىق ، مەرى ئىسسىق. شىيرازى توپلىغان، سەھىھ.

**4079 . ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 3789 عليكم بقيام الليل فإنه دأب الصالحين قبلكم و قربة إلى الله تعالى و منهاة عن الإثم و تكفير للسيئات ( و مطردة للداء عن الجسد ) حم ت ك هق ) عن بلال ( ت ك هق ) عن أبي أمامة ( ابن عساكر ) عن أبي الدرداء ( طب ) عن سلمان ( ابن السني ) عن جابر )**

4079. بىلال، ئەبۇ ئۇمامە، ئەبۇ دەردائى، سەلمان، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىدە قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇشنى لازىم تۇتۇڭلار، ھەققەتەن ئۇ سىلەردىن بۇرۇنقى سالىھ، ياخشى كىشىلەرنىڭ ئادىتى ۋە ئاللاھتائالاغا يېقىن بولۇشدۇر، گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن توسقۇچىدۇر، گۇناھلارغا كاپارەتتۇر، جەسەتتىن كېسەللەرنى قوغلاپ يوقىتىدۇ، ئەھمەد ، تىرمىزى، ھاكىم، بەيھەقى، ئىبنى ئەساكىر، تەبرانى، ئىبنى سىنا توپلىغان، سەھىھ.

**4080 ( حسن ) عليكم بلحم الظهر فإنه من أطيبه ( أبو نعيم ) عن عبدالله بن جعفر**

4080. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھايۋانلارنىڭ دۈمبە گۆشىنى لازىم تۇتۇڭلار، ھەققەتەن ئۇ گۆشنىڭ ئەڭ لەززەتلىك تاتلىقراقىدۇر. ئەبۇ نۇئەييىم توپلىغان، ھەسەن.

**4081 ( صحيح ) عليكم بهذا السحور فإنه هو الغداء المبارك ( حم ن ) عن المقدام**

4081. مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزا تۇتقاندا مۇشۇ زوھۇرلۇق يېيىشنى لازىم تۇتۇڭلار. ھەققەتەن ئۇ بەرىكەتلىك غىزادۇر، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان.

**عليكم بهذا العود الهندي فإن فيه سبعة أشفية يستعط به من العذرة و يلد به من ذات الجنب ( خ ) عن أم قيس**

4082. ئۇممە قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: مۇشۇ ھىندى ياغىچىنى لازىم تۇتۇڭلار، ھەقىقەتەن بۇ ئۆسۇملۈكتە يەتتە كېسەلگە، يەتتە شىپا داۋا باردۇر، بۇ دورا ئۆسۇملۈكى بىلەن كىچىك باللارنىڭ گېلىغا، تاماقلىرىغا چىقىپ قالغان جاراھەت كېسىلى ۋە يان ئاغرىق، ئىچكى كېسەللىك، رېماتىزم داۋالىنىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**4083** ( صحيح ) عليكم بهذه الحبة السوداء فإن فيها شفاء من كل داء إلا السام و هو الموت ( ه ) عن ابن عمر ( ت حب ) عن أبي هريرة ( حم ) عن عائشة

4083. ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشۇ قارا داننى يەنى سيادانىنى لازىم تۇتۇڭلار،چۈنكى ئۇنىڭدا ئۆلۈمدىن باشقا ھەرقانداق كېسەللەرگە شىپالىق، داۋا باردۇر، ئىبنى ماجە، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. بۇ خىل ھەدىس بىرىنچى قىسمىدىمۇ ئۆتكەن.

**4084** ( صحيح ) عليكم بهذه الصلاة في بيوتكم - يعني سنة المغرب - ( ت ن ) عن كعب بن عجرة

4084. كەئبى ئىبنى ئۇجرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشۇ نامازنى يەنى شام نامىزىنىڭ سۈننىتىنى ئۆيۈڭلاردا ئوقۇشنى لازىم تۇتۇڭلار، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. سۈننەت، نەپلە ناماز ئۆيدە ئوقۇلسا، بەك ياخشىدۇر.

**4085** ( صحيح ) عليكم من الأعمال بما تطيقون فإن الله لا يمل حتى تملوا ( طب ) عن عمران بن حصين

4085. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىبادەت ئەمەللىرىدىن سىلەر تاقەت قىلالايدىغان، قادىر بولالايدىغان ئەمەللەرنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى ئاللاھ ھېرىپ ـ چارچاپ قالمايدۇ، سىلەر ھېرىپ ـ چارچاپ،زېرىكىپ قالىسىلەر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4086** ( صحيح ) عليكم هديا قاصدا فإنه من يشاد هذا الدين يغلبه ( حم ك هق ) عن بريدة

4086. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: توغرا، ئوتتۇرھال، نورمال ھىدايەت يولىنى تۇتۇڭلار، ھەقىقەتەن كىم بۇ دىننى قاتتىق قىلىۋېلىپ، چىڭىتىۋالسا، دىن ئۇنىڭغا غالىب كېلىدۇ، ئۇ ئاجىز كېلىدۇ، ئەھمەد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

(حسن) عليكن بالتسبيح و التهليل و التقديس و اعقدن بالأنامل فإنهن مسئولات مستنطقات و لا تغفلن فتنسين الرحمة ( ت ك ) عن يسيرة

4087. يەسىيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تەسبىھ، تەھلىل، تەقدىس يەنى سۇبھانەللاھ دەپ ئاللاھنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىش، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېيىشنى لازىم تۇتۇڭلار، ئۇنى بارماق بەمەللىرى بىلەن ھېسابلاپ ساناڭلار، چۈنكى بارماقلارمۇ قىيامەت كۈنى سوراقتا تارتىلىدۇ، سۆز قىلدۇرۇلىدۇ، ھەرگىز غەپلەتتە قالماڭلار، غاپىل بولساڭلار، رەھمەتتىن قۇرۇق، مەھرۇم قالىسىلەر. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس بارماق ئىزىغا، بارماقنىڭ سۆز قىلىپ گۇۋاھلىق بېرىشىگە دەلىلدۇر.

**4088** ( صحيح ) عليهم ما حملوا و عليكم ما حملتم ( طب ) عن زيد بن سلمة الجعفي

4088. زەيد ئىبنى سەلمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇلارنىڭ يەنى، ئىمام، خەلىپىلەرنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تەكلىپ قىلىنغان ئىشلار،

سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلارغا بولسا، سىلەر تەكلىپ قىلىنغان ئىشلار يۇكلەنگەن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4089** ( صحيح ) علي بن أبي طالب مولى من كنت مولاه ( المحاملي في أماليه ) عن ابن عباس

4089. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلى، ئىبنى ئەبۇ تالىپ، مەن دوست بولغان كىشىنىڭ دوستى. مەن ئىگە بولغان كىشىنىڭ ئىگىسىدۇر، مۇھاملى توپلىغان، سەھىھ.

علي مني بمنزلة هارون من موسى إلا أنه لا نبي بعدي ( أبو بكر المطيري في جزئه ) عن أبي سعيد

4090. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ماڭا نىسبەتەن، خۇددى مۇساغا نىسبەتەن ھارۇننىڭ ئورنىدا بولىدۇ. يەنى ئەلىنىڭ ئورنى ھارۇننىڭ ئورنىدەك، لېكىن، شەك ـ شۈبھىسىز مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ، ئەبۇ بەكرىلمەتىيرى توپلىغان، سەھىھ.

علي مني و أنا من علي و لا يؤدي عني إلا أنا أو علي ( حم ت ن ه ) عن حبشي بن جنادة

4091. ھەبشى ئىبنى جۇنادەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلى مەندىن مەن ئەلىدىن، (بىز شۇنداق يېقىن بىر نەسەب) مەندىن پەقەت مەن ئۆزۈم ياكى ئەلى ئادا قىلالايدۇ، يەنى قەرزنى ياكى قۇربانلىقنى، ئەھمەد 16853 ـ ھەدىستە قەرزنى دېيىلگەن، تىرمىزى 3653 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 116 ـ ھەدىس، نەسەئىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**4092** ( حسن ) علي يقضي ديني ( البزار ) عن أنس

4092. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنىڭ قەرزىمنى تۆلەپ، ئادا قىلىدۇ. بەزار توپلىغان، ھەسەن. بۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى.

**4093** ( حسن ) عمدا صنعته يا عمر ( حم م 4 ) عن بريدة

4093. بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئۆمەر، مەن ئۇنى قەستەن شۇنداق قىلدىم، (يەنى مەككىنى پەتھى قىلغان كۈنى بەش نامازنى بىر تاھارەت بىلەن ئوقۇغان، ئۆتۈككە مەسھە قىلغان) مۇسلىم 15 ـ ھەدىس، تىرمىزى 56 ـ ھەدىس،نەسەئى 133 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 17 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە، ئەھمەد، دارمى توپلىغان، سەھىھ.

**4094** ( صحيح ) عمر أمتي بين الستين سنة إلى سبعين ( ت ) عن أبي هريرة

4094. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمنىڭ ئۆمرى 60 يىلدىن 70 يىلغىچە بولىدۇ، (باشقا ھەدىستە 70دىن ئاشىدىغانلار بەك ئاز دېگەن ) تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4095** ( صحيح ) عمرو بن العاص من صالحي قريش ( ت ) عن طلحة

4095. تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرەيشلەرنىڭ سالىھ، ياخشى كىشىلىرىدىندۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. بىزمۇ شۇلاردەك بولايلى! ئاللاھ خالىسا.

**4096 ( صحيح ) عمران بيت المقدس خراب يثرب و خراب يثرب خروج الملحمة و خروج الملحمة فتح القسطنطينية و فتح القسطنطينية خروج الدجال ( حم د ) عن معاذ**

4096. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ گۈللىنىشى، يەسرىبنىڭ يەنى مەدىنىنىڭ خاراب بولۇشىدۇر. مەدىنىنىڭ خاراب بولۇشى بولسا، زور قىرغىنچىلىق، ئۇرۇش، جەڭنىڭ ئاشكارا بولۇشىدۇر. بۇ ئۇرۇشنىڭ چىقىشى بولسا، قىستىنتىنىيىەنىڭ پەتھى، ئىشغال قىلىنىشىدۇر. قىستىنتىنىيىەنى ئىشغال قىلىش بولسا، دەججالنىڭ چىقىشىدۇر. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4097 ( صحيح ) عمرة في رمضان تعدل حجة ( حم خ ه ) عن جابر ( حم ق د ه ) عن ابن عباس ( د ت ه ) عن أم معقل ( ه ) عن وهب بن خنبش ( طب ) عن ابن الزبير**

4097. جابىر، ئىبنى ئابباس، ئۇممە مەئقەل، ۋەھبى، ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامزان ئېيىدىكى ئۆمرە ھەج، پەرز ھەجگە تەڭدۇر. ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ماجە، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4098 ( صحيح ) عمرة في رمضان كحجة معي ( سمويه ) عن أنس**

4098. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامزاندىكى ئۆمرە ھەج مەن بىلەن بىرگە پەرز ھەج قىلغانغا ئوخشاشتۇر.سەمۇيە توپلىغان، سەھىھ. ھەجگە رامزاندا بۇرۇنراق بېرىپ، بۇ ئايدا ئۆمرە، نەپلە ھەج قىلىش مۇھىمدۇر.

**4099 ( صحيح ) عمل هذا قليلا و أجر كثيرا ( ق ) عن البراء**

4099. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئۇرۇشتا مۇسۇلمان بولۇپلا جىھادتا شېھىت قىلىنىپ كەتكەن كىشى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: بۇ ئاز ئەمەل قىلىپ، ناھايىتى كۆپ ئەجىر ئالدى. (يەنى شۇ كۈنىلا مۇسۇلمان بولۇپ، شېھىت قىلىنىپ كەتتى) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4100 ( صحيح ) عم الرجل صنو أبيه ( ت ) عن علي ( طب ) عن ابن عباس**

4100. ئەلى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ تاغىسى، دادىسىنىڭ بىر شاخچىسى،ئوخشىشىدۇر. يەنى دادىسىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان ئەلبانى سەھىھ دېگەن .

**4101 ( صحيح ) عمار تقتله الفئة الباغية ( حل ) عن أبي قتادة**

4101. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھەددىدىن ئاشقان،خاتالاشقان،تاجاۋۇزچى جامائەتلەر ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ،(بۇ راستىنلا شۇنداق بولغان. بۇ كىشى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇرۇشىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەرەپتە تۇرۇپ شېھىت بولىدۇ)ئەبۇ نوئەيىملەر توپلىغان سەھىھ.

**4102 ( صحيح ) عمار ما عرض عليه أمران إلا اختار الأرشد منهما ( ه ) عن عائشة**

4102. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: ئەممارغا ئىككى ئىش بىراقلا تەكلىنسە، ئۇ بۇ ئىككى ئىشنىڭ ئەڭ توغرىسىنى تاللايدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن .

**4103** ( صحيح ) عمار ملئ إيمانا إلى مشاشه ( حل ن ه ) عن علي

4103. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، ھەربىر سۆڭەك، پەيلىرىنىڭ ئۇچىغىچە ئىمانلىق تولغاندۇر. نەسەئى 4921 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 144 ـ ھەدىس، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ئەممارنىڭ پەزىلىتىدۇر.

**4104** ( صحيح ) عمي و صنو أبي العباس ( أبو بكر في الغيلانيات ) عن عمر

4104. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: ئاتباس مېنىڭ تاغامدۇر، دادامنىڭ ئوخشىشىدۇر. (دەپ ئۇنىڭ زاكىتىنى بېرىۋەتكەن، ياناپىر خاتىرىدە ئۇ زاكاتنى كۆپ بەرسۇن دېگەن. كېيىن ئاتباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زاكاتنى بىر يىل بۇرۇن بېرەتتى) ئەبۇ بەكرى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىيلار توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) عن الغلام شاتان مكافأتان و عن الجارية شاة ( حم د ن ه حب ) عن أم كرز ( حم ه ) عن عائشة ( طب ) عن أسماء بنت يزيد

4105. ئۇممەكە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئائىشە، ئەسما بىنتى يەزىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوغۇلدىن ئىككى قوي كۈپايە بولىدۇ، قىزدىن بىر قوي كۈپايە يەنى ئەقىيقىسىگە. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، تەبرانى توپلىغان، ئىمام سۇيۇتى، ئەلبانى سەھىھ دېگەن. بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئەقىيقىسىنى قىلىپ ئىسىم قويۇلىدۇ، بىر قوي بىلەن زىياپەت بېرىپ، ئىسمىنى ئېلان قىلىپ، دۇئا قىلىدۇ، تەبرىكلەيدۇ. لېكىن بىدئەتتىن، خۇراپاتلىقتىن ھەزەر قىلىنىدۇ.

**4106** ( صحيح ) عن الغلام شاتان و عن الجارية شاة لا يضركم أذكرانا كن أم إناثا ( حم د ت ن ك حب ) عن أم كرز ( ت ) عن سلمان بن عامر وعن عائشة

4106. ئۇممەكە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، سەلمان، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوغۇل بالىدىن ئىككى قوي، قىز بالىدىن بىر قوي ئەقىيقە قىلىنىدۇ، قوينىڭ ئەركەك ياكى چىشى بولۇشى سىلەرگە زەرەر قىلالمايدۇ. (يەنى ئەقىيقە قويى، ئەركەك يا چىشى بولسىمۇ بولىدۇ) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**4107** ( صحيح ) عن الغلام عقيقتان و عن الجارية عقيقة ( طب ) عن ابن عباس

4107. ئىبنى ئاتباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوغۇل بالىدىن ئىككى قوي، قىز بالىدىن بىر قوي ئەقىيقە قىلىنىدۇ. (قادىر بولالمىسا، بىر قوي بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ، يەنىمۇ قادىر بولالمىسا، قىلمىسىمۇ بولىدۇ) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4108** ( حسن ) عند الله خزائن الخير و الشر مفاتيحها الرجال فطوبى لمن جعله الله مفتاحا للخير مغلاقا للشر و ويل لمن جعله الله مفتاحا للشر مغلاقا للخير ( طب الضياء ) عن سهل بن سعد

4108. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ خەزىنىسى ئاللاھنىڭ نەزىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاچقۇچلىرى

كىشىلەردۇر، ئاللاھتائالا ياخشىلىقتا ئاچقۇچ، يامانلىقتا قۇلۇپ قىلغان كىشىگە خۇش مۇبارەك. ئاللاھتائالا يامانلىقتا ئاچقۇچ، ياخشىلىقتا قۇلۇپ قىلىپ قويغان كىشىگە ۋايدۇر.تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن.

**4109** ( صحيح ) عودوا المريض و اتبعوا الجنازة تذكركم الآخرة ( حم حب هق ) عن أبي سعيد

4109. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېسەللەرنى يوقلاڭلار، جىنازىغا ئەگىشىڭلار، بۇ سىلەرگە ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4110** ( صحيح ) عوذوا بالله من عذاب القبر عوذوا بالله من عذاب النار عوذوا بالله من فتنة المسيح الدجال عوذوا بالله من فتنة المحيا و الممات ( م ن ) عن أبي هريرة

4110. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا سىغىنىپ، قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەڭلار، ئاللاھقا سىغىنىپ دوۋزاخ ئازابىدىن پاناھ تىلەڭلار، ئاللاھقا سىغىنىپ، مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىدىن، ھاياتلىق-ماماتلىق پىتنىسىدىن پاناھ تىلەڭلار، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

عينان لا تريان النار: عين بكت وجلا من خشية الله و عين باتت تكلأ في سبيل الله ( طس ) عن أنس

4111. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى خىل كۆز دوۋزاخ ئوتىنى كۆرمەيدۇ، بىرى خالىي جايدا ئاللاھدىن قورقۇپ دىللىرى ئېرىپ، ياش تۆككەن كۆز، يەنە بىرسى ئاللاھ يولىدا جاراھەتلىنىپ، قويۇلۇپ كەتكەن كۆز، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

عينان لا تصيبهما النار: عين بكت من خشية الله و عين باتت تحرس في سبيل الله ( ت ) عن ابن عباس

4112. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى تۈرلۈك كۆزگە دوۋزاخ ئوتى يەتمەيدۇ، بىرى ئاللاھدىن قورقۇپ يىغلىغان كۆزدۇر، يەنە بىرسى بولسا، ئاللاھ يولىدا كېچىسى كۆزەتچىلىكتە تۇرۇپ ئۇخلىمىغان كۆزدۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

عينان لا تمسهما النار أبدا: عين بكت من خشية الله و عين باتت تحرس في سبيل الله ( ع الضياء ) عن أنس

4113. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى خىل كۆزگە مەڭگۈ دوۋزاخ ئوتى تەگمەيدۇ، مەڭگۈ شۇنداق، بىرى ئاللاھدىن قورقۇپ ياش تۆككەن كۆز، يەنە بىرسى ئاللاھ يولىدا كېچىسى كۆزەتچىلىكتە تۇرغان كۆزدۇر، ئەبۇ يەئلا، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**4114** ( صحيح ) العائد في هبته كالعائد في قيئه ( حم ق د ن ه ) عن ابن عباس

4114. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەرگەن سەدىقە ـ ئېھسان، ھەدىيىگە قايتۇۋالغۇچى، قۇسۇقىغا قايتقۇچىغا ئوخشاشتۇر، (يەنى ئېھساننى قايتۇرۇۋېلىش ھارامدۇر) ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4115** ( صحيح ) العارية مؤداة و المنحة مردودة ( ه ) عن أنس

4115. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ئارىيەت ئېلىنغان نەرسە ئىگىسىگە ئادا قىلىنىدۇ، ئۆتنە ئېلىنغان نەرسە ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4116** ( صحيح ) العارية مؤداة و المنحة مردودة والدين مقضي و الزعيم غارم ( حم د ت ه الضياء ) عن أبي أمامة

4116. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئارىيەت ئىگىسىگە ئادا قىلىنىدۇ، ئۆتنە ئېلىنغان نەرسە ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ، قەرز ئىگىسىگە قايتۇرۇلۇپ ئادا قىلىنىدۇ، كېپىل بولغۇچى گەدەنگە ئېلىپ تۆلەيدۇ، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**4117** ( صحيح ) العامل بالحق على الصدقة كالغازي في سبيل الله عز و جل حتى يرجع إلى بيته ( حم د ت ه ك ) عن رافع بن خديج

4117. رافىئ ئىبنى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆشرە ـ زاكاتنى ھەقلىق بىلەن يىغقۇچى ئامىل يەنى زاكات خادىمى، ئاللاھتائالانىڭ يولىدا ئۆيگە قايتقانغا قەدەر جەڭ قىلغان غازىغا ئوخشاشتۇر، (چۈنكى شۇ ماللار بىلەن جەڭ تەييارلىقى قىلىنىدۇ) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

العباد عباد الله و البلاد بلاد الله فمن أحيا من موات الأرض شيئا فهو له و ليس لعرق ظالم حق ( هق ) عن عائشة

4118. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندىلەر ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدۇر، شەھەر جايلارمۇ ئاللاھنىڭدۇر، كىم قۇرغاق، ئۆلۈك زېمىندىن بىرەر جاينى ئېچىپ، يەر ئەھيا قىلسا، گۈللەندۈرسە، ئۇ يەر شۇ كىشىگە بېرىلىدۇ، بۇ ئەھيا قىلىنغان يەردە زالىمنىڭ ئاققۇزغان تەرلىرى ئۈچۈن ھېچ ھەق يوقتۇر، (چۈنكى ئۇ زالىم دە!) بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**4119** ( صحيح ) العبادة في الهرج كهجرة إلي ( حم م ت ه ) عن معقل بن يسار

4119. مەئقەل ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پىتنە ـ پاسات، ئۇرۇش، قىرغىنچىلىقلاردا قىلىنغان ئىبادەت، خۇددى ماڭا ھىجرەت قىلغانغا ئوخشاشتۇر، يەنى ئەجرى ئۇلۇغ، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4120** ( صحيح ) العباس عم رسول الله و إن عم الرجل صنو أبيه ( ت ) عن أبي هريرة

4120. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىسىدۇر. ھەقىقەتەن كىشىنىڭ تاغىسى ئۇنىڭ دادىسىغا ئوخشاشتۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4121** ( صحيح ) العبد الآبق لا تقبل له صلاة حتى يرجع إلى مواليه ( طب ) عن جرير

4121. جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قاچقان قۇل خوجايىنىغا قايتىپ كەلمىگۈچە ئۇنىڭ نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4122** ( حسن ) العتيرة حق ( حم ن ) عن ابن عمرو

4122. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەتىيرەت يەنى مۇسۇلمانلار ئۆزىگە ۋەدە قىلىپ، رەجەب ئېيىدا ئۆلتۈرىدىغان قوي ھەقتۇر،



www.uyghurkitap.com

(يەنە بىر ھەدىستە مۇسۇلمانلار ئۇستىگە قۇربانلىق ۋە ئەتىيرە مۇشۇ قوي ۋاجىپ دېگەن بار) ئەھمەد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئىمام ئىبنى ئەسىير بۇ قوي مەنسۇخ قىلىنغان، كۈچكە ئىگە ئەمەس ، قۇربانلىق كۈچكە ئىگە دېگەن .

العجب أن ناسا من أمتي يؤمون البيت لرجل من قريش قد لجأ بالبيت حتى إذا كانوا بالبيداء خسف بهم فيهم المستبصر و المجبور و ابن السبيل يهلكون مهلكا واحدا و يصدرون مصادر شتى يبعثهم الله على نياتهم ( م ) عن عائش

4123. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەجەب ئىش، ھەيران قالدىم، ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۇممىتىمدىن بىر بۆلۈك كىشىلەر بەيتۇللاھقا ئىلتىجا قىلىپ كېلىۋالغان بىر كىشى ئۈچۈن بەيتۇللاھنى، كەئبىنى مەقسەت قىلىپ ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ، ئۇلار بەيدائ دېگەن جايغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يەر يۇتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىختىيارى كىرگەنلەرمۇ، ئىلىم ، ھىدايەت سورىغۇچىلارمۇ، مەجبۇرلانغانلارمۇ، مۇساپىرلارمۇ بار بولۇپ، ھەممىسى بىراقلا ھالاك بولىدۇ، قىيامەت كۈنى خىلمۇ ـ خىل قوپىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى دىلىدىكى نىيەتلىرى ئۇستىدە تىرىلدۈرىدۇ، مۇسلىم 5134 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**4124** ( صحيح ) العجماء جرحها جبار و البئر جبار و المعدن جبار و في الركاز الخمس ( مالك حم ق 4 ) عن أبي هريرة ( طب ) عن عمرو بن عوف

4124. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەمرۇ ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تىلسىز ھايۋاننىڭ جاراھەتلەندۇرۇشى، قۇدۇقنىڭ، مەدەن، كانىنىڭ ئىچىدە بىرەر كىشىنىڭ ھالاك بولۇشى بىكاردۇر، يەنى تۆلەم يوق، تېپىۋېلىنغان كانىڭ بايلىقىغا بەشتىن بىرىنى بېرىدۇ، مالىك، ئەھمەد ، بەيھەقى، تەبرانى تۆت كىتاب توپلىغان، تۆت كىتاب دېگىنىمىز: تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجەلەر. سەھىھ.

**4125** ( صحيح ) العجماء جرحها جبار و المعدن جبار ( ه ) عن عمرو بن عوف

4125. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە ، ئەمرۇ ئىبنى ئەۋفنىڭ يولىدىن توپلىغان بولۇپ، مەزمۇنى ھايۋان بىلەن مەدەن، كانىڭ بىكاردۇر، يەنى بۇ ئىككىسىنىڭ ھالاك قىلىشىدا تۆلەم يوق، سەھىھ.

**4126** ( صحيح ) العجوة من الجنة و فيها شفاء من السم و الكمأة من المن و ماؤها شفاء للعين ( حم ت ه ) عن أبي هريرة ( حم ن ه ) عن أبي سعيد وجابر

4126. ئەبۇ ھۇرەيرە ئەبۇ سەئىد ، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەجۋەت خورمىسى جەننەتتىن نازىل قىلىنغان، ئۇنىڭدا زەھەرگە شىپا باردۇر، موگو بەنى ئىسرائىللارغا بېرىلگەن، مەننى دېگەن تائامنىڭ تۈرلىرىدىندۇر، موگونىڭ سۈيى كۆز ئاغرىقىغا شىپادۇر، ئەھمەد ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4127** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **3850** ( العجوة من الجنة و فيها شفاء من السم و الكمأة من المن و ماؤها شفاء للعين ( و الكبش العربي الأسود شفاء من عرق النسا يؤكل من لحمه و يحسى من مرقه )( بن ا النجار) عن ابن عباس

4127. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەجۋەت خورمىسى جەننەتتىندۇر، ئۇنىڭدا زەھەرگە شىپا بار، موگو مەننى دېگەن تائامنىڭ جۈملىسىدىن، ئۇنىڭ سۈيى كۆزگە شىپا، ئەرەبلەرنىڭ قارا قوچقىرى بولۇپمۇ يېغى نېرۋىغا مۇناسىۋەتلىك يان

ئاغرىق، يوتا، پاچاق، رېماتىزم كېسەللىكىگە شىپادۇر، گۆشى يېيىلىپ، شورپىسى ئىچىلىدۇ، ئىبنى نەججار توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرى بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسىم 3713 ـ ھەدىستە ئۆتكەن، سەھىھ.

**4128** ( حسن ) ( العرافة أولها ملامة و آخراها ندامة و العذاب يوم القيامة ) الطيالسي عن أبي هرير

4128. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەبىلە، جامائەت ئىشلىرىغا ئىگە بولۇپ، رەئىس، باش بولۇش پاكى كاھىنلىق قىلىپ، غەيىب داۋاسى قىلىشنىڭ ئەۋۋىلى مالامەت، تاپا ـ تەنە، ئاخىرى ئاداۋەت قاتتىق پۇشايمان، قىيامەت كۈنىدىكى ئازابتۇر، تەيالىسى توپلىغان، ھەسەن.

**4129** ( حسن ) ( العسيلة الجماع ) هق عن عائشة

4129. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسىلە دېگەن سۆزنى تەفسىرلەپ، مېنىڭ ھەسەلچىكنى تېتىشى لازىم دېگىنىم ، جىمائ، جىنسى مۇناسىۋەتتۇر دېگەن. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن. يەنى ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايال، ئىددىتى توشۇپ، ئىككىنچى ئەرگە تېگىپ، ھەقىقى جىنسى مۇناسىۋەت قىلىپ، ھەسەلنى تېتىپ، ئاندىن بۇ ئېرى ئۆلۈپ كەتسە ياكى قويۇپ بەرسە، يەنە ئىددىتى توشۇپ، بىرىنچى ئېرىگە قايتىپ كەلسە ھالال بولىدۇ.

ت ابن السني في عمل اليوم والليلة ( العطاس من الله و التثاؤب من الشيطان فإذا تثاءب أحدكم فليضع يده على فيه و إذا قال: آه آه فإن الشيطان يضحك من جوفه و إن الله عز و جل يحب العطاس و يكره التثاؤب ) عن أبي هريرة

4130. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چۈشكۈرۈش ئاللاھ تەرەپتىن، ئەسنەش شەيتان تەرەپتىن بولىدۇ. بىرىڭلار ئەسنەپ قالسا، ئاغزىغا قولىنى قويىۋالسۇن، ئەسنىگەندە ھا! ئاھ! دېسە، ھەقىقەتەن شەيتان ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ كۈلىدۇ، يەنى ئىچىگە كىرىۋېلىپ كۈلىدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا چۈشكۈرۈكنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەسنەشنى يامان كۆرىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى سەنا توپلىغان، ھەسەن.

**4131** ( صحيح ) طب ( العقل على العصبة و في السقط غرة عبد أو أمة ) عن حمل بن النابغة

4131. ھەملۇ ئىبنى نابىغە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خاتا قاتىللىق قىلغاندىكى دىيەت 100 تۆگىنى قاتىلنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى تۆلىشىپ بېرىدۇ، ئايال كىشىنىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنى چۈشۈرۈۋەتسە، بىر قۇل ياكى دېدەك، چۆرە تۆلەيدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4132** ( صحيح ) طس الضياء ( العقيقة تذبح لسبع أو لأربع عشرة أو لإحدى و عشرين ) عن بريد

4132. بۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالا تۇغۇلغاندا قىلىنىدىغان ئەقىقە قويى، بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ياكى بولمىسا 14 ـ كۈنى ياكى 21 ـ كۈنى بوغۇزلىنىدۇ، زىيائۇلمەقدەسى، تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

**4133** ( صحيح ) حم ( العقيقة حق عن الغلام شاتان متكافئتان و عن الجارية شاة ) عن أسماء بنت يزيد

4133. ئەسمائ بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۇغۇلغان بالىغا ئەقىقە قىلىش ھەق،( يەنى بايغا ۋاجىپتۇر) ئوغۇل بالىدىن ياشلىرى

تەڭ ھەم تەڭ باراۋەر ئىككى قوي، قىز بالىدىن بىر قوي ئەقىقە قىلىنىدۇ، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4134** ( صحيح ) طب ( العمد قود و الخطأ دية ) عن أم حزم

4134. ئۇممە ھەزىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەستەن قاتىللىققا قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ، قاتىل ئۆلتۈرۈلىدۇ، خاتا ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا دىيەت، تۆلەم پۇلى 100 تۆگە بېرىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4135** ( صحيح ) حم ( العمرة إلى العمرة كفارة لما بينهما من الذنوب و الخطايا و الحج المبرور ليس له جزاء إلا الجنة ) عن عامر بن ربيعة

4135. ئامىر ئىبنى رەبىيئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆمرە ھەج يەنە بىر ئۆمرە ھەجگىچە ئارىلىقتىكى بارلىق گۇناھلارغا، خاتالىقلارغا كاپارەتتۇر، ھەممىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، مەقبۇل بولغان ياخشى ئادا قىلىنغان ھەج ئۈچۈن جەننەتتىن باشقا مۇكاپات يوق، پەقەت جەننەتلا بېرىلىدۇ، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

مالك حم ق 4 ( العمرة إلى العمرة كفارة لما بينهما و الحج المبرور ليس له جزاء إلا الجنة )عن أبي هريرة

4136. بۇ ھەدىسنى مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان، سەھىھ، مەزمۇنى يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاشتۇر.

**4137** ( صحيح ) حم ق ن ( العمرى جائزة لأهلها ) عن جابر ( حم ق د ن ) عن أبي هريرة ( حم د ت ) عن سمرة ( ن ) عن زيد بن ثابت وابن عباس

4137. جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرە، سۇمرەت، زەيد ئىبنى سابىت، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇمرا يەنى مەن ھاياتلا بولسام، بارلىق مال ـ مۈلۈكىمدىن تەڭ بەھرىمان بولىمىز، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە دېيىش ، شۇنىڭ ئۈز ئەھلىگە دۇرۇستۇر. (يەنى تەقۋا، ياخشى مۇسۇلمان، ئالىم، ئابىد بولسا، قوماندان ، باشلىق بولسا، شۇنداق قىلساق بولىدۇ) ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4138** ( حسن ) ( العمرى جائزة لأهلها و الرقبى جائزة لأهلها ) (4)عن جاب

4138. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مال ـ مۈلۈكنى ئۇمرە قىلىش، رۇقبا قىلىش، يەنى ھاياتلا بولسام بۇ ماللاردىن تەڭ مەنپەئەتلىنىمىز، مەن ئۆلۈپ كەتسەم بۇ مال ـ دۇنيالار ساڭا قالسۇن دېيىش دۇرۇس. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

حم ن ( العمرى جائزة لمن أعمرها و الرقبى جائزة لمن أرقبها و العائد في هبته كالعائد في قيئه ) عن ابن عباس

4139. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇمرا، رۇقبا قىلىش، يەنى يۇقىرىقىدەك مال ـ مۈلۈكنى ھەدىي قىلىشلار، شۇ مال ئىگىسى ئۇمرا، رۇقبا قىلىپ بەرگەن كىشى ئۈچۈن دۇرۇس، (باشقىلار قالايمىقان تەسەررۇپ قىلمايدۇ) سەدىقە، ئېھسان قىلغان نەرسىگە قايتىۋالغۇچى ھۆ! قىلىپ قۇسقان قۇسۇقىغا قايتقۇچىغا ئوخشاش، يەنى ھارام، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4140** ( صحيح ) م د ن ( العمرى لمن وهبت له ) عن جابر

4140. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ھاياتلا بولسام، بۇ ماللار سېنىڭ دەپ بېرىلگەن ھەدىيە، ئېھسان ماللىرى شۇ سۆز دېيىلگەن، شۇ مال بېرىلگەن كىشى ئۇچۇن بولىدۇ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4141** ( صحيح ) م ( العمرى ميراث لأهلها ) عن جابر وأبي هريرة

4141. جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇمرا قىلىپ بېرىلگەن مال ـ دۇنيا، ئۇز ئەھلىگە مىراس قالىدۇ، (يەنى يۇقىرىقى سۆز دېيىلگەن شۇ مال بېرىلگەن كىشى ئۆلۈپ كەتسە، مال ئىگىسى تېخى ھايات بولسا، بۇ ماللارغا ئۆلگەن كىشىنىڭ ۋارىسلىرى، ۋارىس بولۇپ، مىراس ئالالايدۇ، پايدىلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ سۆزنى دېگۈچى تېخى ھايات ـ دە!) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4142** ( حسن ) ص ( العم والد ) عن عبدالله الوراق مرسلا

4142. ئابدۇللاھ ۋەرراقى رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ تاغىسى دادىنىڭ ئورنىدا، تاغا دېمەك دادا دېمەكتۇر. سەئىد ئىبنى مەنسۇر توپلىغان، ھەسەن.

**4143** ( صحيح ) حم ت ن حب ك ( العهد الذي بيننا و بينهم الصلاة فمن تركها فقد كفر ) عن بريدة

4143. بۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىز بىلەن ئۇلارنىڭ يەنى دىنسىزلارنىڭ ئارىلىقىدىكى بىردىنبىر ئەھدە، پەرق ، نامازدۇر. كىم نامازنى تەرك ئېتىپ، ئوقۇمىسا، ئۇ جەزمەن كاپىردۇر. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، ساھابىلەر، تابىئىنلار، نامازنى تەرك ئەتسە، ئوقۇمىغان كىشى كافىر،ئۇ قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، دېگەنگە ئىجمائىقا كەلگەن.

**4144** ( حسن ) عد حل ( العين تدخل الرجل القبر و تدخل الجمل القدر ) عن جابر ( عد ) عن أبي ذر

4144. جابىر، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۆز تېگىش، كىشىنى قەبرىگە كىرگۈزۈۋېتىدۇ، تۆگىنى قازانغا كىرگۈزۈۋېتىدۇ، يەنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئىبنى ئەدى بىلەن ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن.

**4145** ( صحيح ) حم ق د ن ( العين حق ) عن أبي هريرة ( ه ) عن عامر بن ربيعة

4145. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۆز تېگىش ھەق، يەنى ئۇ ھەقىقەتتۇر، ئىشىنىشكە بولىدۇ. ئەھمەد ، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. كۆز تېگىش كۆزى چۈشكەن كىشىنىڭ ھەسەت قىلىشى، شۇ نەرسىنىڭ يوقىلىشىغا بولغان دۇئاسى بولۇپ، تېزلا ئىجابەت بولۇپ كېتىدۇ، روھى تەسىرمۇ باردۇر، ھەسەت قىلماي، بەرىكەت تىلەڭلار.

**4146** ( حسن ) حم طب ك ( العين حق: تستنزل الحالق ) عن ابن عباس

4146. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: كۆز تېگىش ھەق بولۇپ، ئۇ ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىدىن كىشىنى پەسكە سەكرىتىۋېتىدۇ، پەسكە چۈشۈرۈۋېتىدۇ، ھاۋادا ئۇچۇۋاتقان قۇشنىمۇ موللاق ئاتقۇزىدۇ. ئەھمەد 2348 ـ ھەدىس، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

حم م ( العين حق و لو كان شيء سابق القدر سبقته العين و إذا استغسلتم فاغسلوا ) عن ابن عباس

4147. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۆز تېگىش ھەق، راستتۇر، ئەگەر بىرەر نەرسە تەقدىردە ئىلگىرىلەپ كەتسە، ئەلۋەتتە كۆز تېگىش، ئىلگىرىلەپ كېتەتتى، سىلەردىن كۆز تەگكەن كىشىنى يۇيۇپ قويۇشۇڭلارنى تەلەپ قىلسا، يۇيۇپ قويۇڭلار. (يەنى كۆز تەگكەن كىشىنى شۇ كۆز تاشلىغان كۆزى چۈشكەن ھەسەتخور يۇيۇپ قويسا ساقىيىدۇ، بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق قىلىپ داۋالىغان) ئەھمەد، مۇسلىم 4058 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**4148** ( حسن ) هق ( العين وكاء السه فإذا نامت العين استطلق الوكاء ) عن معاوية

4148. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۆز مەقئەت ھالقىسىنىڭ بوغۇچىدۇر. كۆز ئۇخلىسا، ئۇ بوغۇچ يېشىلىپ كېتىدۇ، (يەنى ئۇخلىسا، تاھارەت سۇنىدۇ، تاھارەت ئالسۇن) بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**4149** ( صحيح ) حم ه ( العين وكاء السه فمن نام فليتوضأ ) عن علي

4149. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۆز مەقئەت ھالقىسىنىڭ بوغۇچىدۇر، كىم ئۇخلاپ قالسا، تاھارەت ئالسۇن. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. مۈگدەپ قالسا، ئۇخلاپ قالسا تاھارەت سۇنىدۇ.

**4150** ( صحيح ) حم طب ( العينان تزنيان و اليدان تزنيان و الرجلان تزنيان و الفرج يزني ) عن ابن مسعود

4150. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى كۆزمۇ زىنا قىلىدۇ، ئىككى قولمۇ زىنا قىلىدۇ، ئىككى پۇتمۇ زىنا قىلىدۇ، كىشىنىڭ ئەۋرىتى زىنا قىلىدۇ، (يەنى ھارامغا قارايدۇ، تۇتىدۇ، ماڭىدۇ، ھارامدىن جىنسى مۇناسىۋەت قىلىدۇ) ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

## «غ» غەيىن ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

**4151** ( صحيح ) حم ق ه ( غدوة في سبيل الله أو روحة خير من الدنيا و ما فيها ) عن أنس ( ق ت ن ) عن سهل بن سعد ( م ه ) عن أبي هريرة ( ت ) عن ابن عباس

4151. ئەنەس، سەھلى ئىبنى سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا جىھاد ئۈچۈن ئەتىگەن يا كەچتە بىرىپ كېلىش، تەييارلىق قىلىش، دۇنيادىن ۋە دۇنيانىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر. بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

حم م ن ( غدوة في سبيل الله أو روحة خير مما طلعت عليه الشمس و غربت ) عن أبي أيوب

4152. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا ئەتىگەن ـ ئاخشام بېرىش، يەنى جەڭ قىلىش، ئۆزىنىڭ ئۈستىگە كۈن چىققان ۋە كۈن كىرگەن بارلىق نەرسىلەردىن يەنى دۇنيا، دۇنيانىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

چۈنكى، جىھاددا شېھىدلىك بار، غەلىبە، غەنىيمەت بار، ساۋاب ـ ئەجىر بار، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى دوستلۇقى بار، گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈلۈشى، مەغپىرەت قىلىنىش، ۋە شاپائەت قىلىشلار باردۇر.

4153 ( صحيح ) حم ق ( غزا نبي من الأنبياء فقال لقومه: لا يتبعني منكم رجل ملك بضع امرأة و هو يريد أن يبني بها و لما يبن بها و لا أحد بنى بيوتا و لم يرفع سقوفها و لا أحد اشترى غنما أو خلفات و هو ينظر ولادها فغزا فدنا من القرية صلاة العصر أو قريبا من ذلك فقال للشمس: إنك مأمورة و أنا مأمور اللهم احبسها علينا فحبست حتى فتح الله عليه فجمع الغنائم فجاءت النار لتأكلها فلم تطعمها فقال: إن فيكم غلولا فليبايعني من كل قبيلة رجل فلزقت يد رجل بيده فقال: فيكم الغلول فلتبايعني قبيلتك فلزقت يد رجلين أو ثلاثة بيده فقال: فيكم الغلول: فجاءوا برأس مثل رأس بقرة من الذهب فوضعوها فجاءت النار فأكلتها ثم أحل الله لنا الغنائم رأى ضعفنا و عجزنا فأحلها لنا ) عن أبي هريرة

4153. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەرلەردىن بىر پەيغەمبەر غازات قىلىپ قەۋمىگە مۇنداق دېدى: سىلەردىن يېڭىدىن توي قىلغان ئايالىنىڭ ئەۋرىتىگە ئىگە بولۇپ، تېخى بىرگە بولمىغان، ئەمما بىللە بولۇشنى ئىرادە قىلغان كىشى ماڭا ئەگەشمىسۇن، جەڭگە چىقمىسۇن ۋە شۇنداقلا يېڭىدىن ئۆي سالغان تېخى ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىنى كۆتۈرمىگەن يەنى ئۆيىنى ياپمىغان كىشى ۋە قوي ياكى بوغاز كالا، تۆگىلەرنى سېتىۋالغان، بۇ ھايۋانلارنىڭ تۇغۇپ بېرىشىگە ئىنتىزار بولۇپ، ساقلاۋاتقان كىشىمۇ، ماڭا ئەگەشمىسۇن، بىز بىلەن جەڭگە چىقمىسۇن، (چۈنكى بۇلارنىڭ قەلبى كەينىدە قىلىپ، ياخشى جەڭ قىلالمايدۇ) ئۇ پەيغەمبەر ئۇرۇش قىلىپ، ئىشغال قىلماقچى بولغان شەھەرگە يېقىن كەلگەندە، ئەسىر ۋاقتى بولۇپ قالدۇ ياكى شۇنىڭغا يېقىن بولدۇ، پەيغەمبەر قۇياشقا سەنمۇ بۇيرۇلغان مەئمۇر، مەنمۇ بۇيرۇلغان مەئمۇر دەپ ئاندىن مۇنداق دۇئا قىلدۇ: ئى ئاللاھ، كۈننى بىزگە توختىتىپ بەرسىلە، دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، كۈن ئۇلارغا، ئاللاھتائالا، غەلىبە ئاتا قىلىپ، شەھەرنى پەتھى قىلىپ، ئىشغال قىلغانغا قەدەر توختاپ تۇرىدۇ، (چۈنكى كۈن كىرىپ كەتسە، ئەتىسى ئۇرۇش قىلىش ھارام بولغان كۈن كىلىپ قالاتتى) ئۇ غەلىبە قىلىپ، غەنىيمەتلەرنى توپلىدى، ئوت ئۇنى كۆيدۈرۈپ يېۋېتىش ئۈچۈن كىلىپ، ئۇ غەنىيمەتلەرنى كۆيدۈرمىدى، يېمىدى، ئاندىن ئۇ ھەقىقەتەن ئاراڭلاردا خىيانەت بار، ماڭا ھەربىر قەبىلىدىن بىر كىشى يەنى قەبىلە باشلىقى بەيئەت قىلسۇن دېدى، بىر كىشىنىڭ قولى ئۇنىڭ قولىغا چاپلىشىپ قالدى، ئاندىن پەيغەمبەر، خىيانەت سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بار ئىكەن، ماڭا سېنىڭ قەبىلەڭ بەيئەت قىلسۇن دېدى، ئۇلار بەيئەت قىلىۋېدى، ئىككى ياكى ئۈچ كىشىنىڭ قولى ئۇنىڭ قولىغا چاپلىشىپ قالدى. ئاندىن ئۇ خىيانەت سىلەردە ئىكەن، سىلەر ئولجا، غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىپسىلەر دېدى. ئۇلار كالىنىڭ كاللىسى، بېشىدەك ئالتۇن باشنى كەلتۈردى، ئۇنى غەنىيمەت ئارىسىدا قويىۋىدى، ئوت كىلىپ غەنىيمەتلەرنى كۆيدۈرۈپ يېۋەتتى. ئاندىن ئاللاھتائالا بىزنىڭ زەئىپ، ئاجىزلىقىمىزنى كۆرۈپ، بىزگە رەھمەت قىلىپ، غەنىيمەتلەرنى بىزگە ھالال قىلىپ بەردى. (ئەمدى ئۇنى ئوت ئەمەس بىز يەيمىز) ئەھمەد، بەيھەقىيلار

توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىش، بۇرۇندىن بارلىقى، بۇرۇندىن بارلىقى، پەيزىلىكى، دۇنياپەرەس كىشىلەرنىڭ جەڭنى ياخشى قىلالمايدىغانلىقى، قۇياش يۇشەئ ئىبنى نۇن دېگەن پەيغەمبەرگە توختاپ تۇرغان مۆجىزە، غەنىيمەت بۇرۇنقىلارغا ھالال بولماستىن، ئۇنى ئوت چۈشۈپ كۆيدۈرۈش مۆجىزىسى، خىيانەتنىڭ ھارامىلىقى، بەيئەتتىكى مۆجىزە، ئۇرۇش قىلىشنىڭ بىرگىمۇ پەرز ئىكەنلىكى، غەنىيمەتنىڭ بىزگە ھالاللىقى چىقىدۇ.

**4154 ( صحيح ) ك ( غزوة في البحر خير من عشر غزوات في البر و من أجاز البحر فكأنما أجاز الأودية كلها و المائد فيه كالمتشحط في دمه ) عن ابن عمرو**

4154. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دېڭىزدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇش قىلىش، قۇرۇقلۇقتىكى ئون ئۇرۇشدىن ياخشىدۇر. دېڭىزدىن كېسىپ ئۆتكەن كىشى، بارلىق قۇرۇقلۇق، چۆللەرنى كېسىپ ئۆتكەن بولىدۇ، دېڭىز سەپىرىدە بېشى قېيىپ، كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسقان كىشى، قېنىغا مىلىنىپ ياتقان شېھىدگە ئوخشاشتۇر، (يەنە بىر خاتىرىدە دېڭىزدا جەڭ قىلىش ئۈچۈن چىقىپ بېشى قېيىپ، قۇسقان كىشى ئۈچۈن، بىر شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ، سۇدا غەرق بولسا ئىككى شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ دېگەن)ھاكىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4155 ( صحيح ) مالك حم د ن ه ( غسل يوم الجمعة واجب على كل محتلم ) عن أبي سعيد**

4155. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جۈمە كۈنى غۇسلى قىلىپ، يۇيۇنۇش ھەربىر ئىھتىلام بولغۇچى بالىغ كىشىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپتۇر. مالىك، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**( غشيتكم الفتن كقطع الليل المظلم أنجى الناس فيها رجل صاحب شاهقة يأكل من رسل غنمه أو رجل آخذ بعنان فرسه من وراء الدروب يأكل من سيفه ) ك .عن أبي هريرة**

4156. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرنى زۇلمەتلىك قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىسىدەك دەھشەتلىك قەبىھ پىتنە ـ پاساتلار قورشايدۇ. شۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ نىجاد تاپىدىغىنى بولسا، بىرى ئېگىز تاغقا بىر توپ قوينى ئەگەشتۈرۈپ، قوينىڭ سۈتى ۋە باشقا كىرىملىرىنى يەپ، ئىبادەت قىلغان، زاھىد كىشىدۇر؛ يەنە بىرىسى بولسا، رۇم، ئەھلى كىتابلارغا قارشى جەڭ يوللىرىنىڭ ئارقىسىدا ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ ئۇرۇشقا تەييار تۇرغان ئۆز قىلىچىدىن يەنى غەنىيمەت، ئولجىدىن يەيدىغان كىشىدۇر. ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ. نىجادلىق يولى شۇ ئىككىدۇر.

**4157 ( صحيح ) ك ( غط فخذك فإن الفخذ عورة ) عن محمد بن عبدالله بن جحش**

4157. مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يوتاڭنى يېپىۋالغىن، چۈنكى كىشىنىڭ يوتىسى ئەۋرەتتۇر. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4158 ( صحيح ) حم ك ( غط فخذك فإن فخذ الرجل من عورته ) عن ابن عباس**

4158. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يوتاڭنى ياپقىن، چۈنكى كىشىنىڭ يوتىسى ئۇنىڭ ئەۋرىتىدۇر. ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4159 ( صحيح ) حم م ( غطوا الإناء و أوكئوا السقاء فإن في السنة ليلة يترل فيها وباء لا يمر بإناء لم يغط أو سقاء لم يوكأ إلا وقع فيه من ذلك الوباء ) عن جابر**

4159. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قاچىلارنى يېپىپ قويۇڭلار، تولۇنلارنىڭ ئاغزىنى مەھكەم بوغۇپ، چىگىپ قويۇڭلار، چۈنكى بىر يىل ئىچىدە بىر كېچە بولۇپ، بۇ كېچىدە ۋابا كېسىلى چۈشىدۇ. بۇ ۋابا، يېپىپ قويۇلمىغان قاچا، ئاغزى بوغۇلمىغان تولۇنلارنىڭ باراۋىرىدىن ئۆتۈپ قالسا، دەرھال ئۇنىڭغا شۇ ۋابا كېسىلى چۈشىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. پاك ـ پاكىز تازىلىق ھەممە كىشىگە پايدىلىق.

**4160** ( صحيح ) م ه ( غطوا الإناء و أوكئوا السقاء و أغلقوا الأبواب و أطفئوا السراج فإن الشيطان لا يحل سقاء و لا يفتح بابا و لا يكشف إناء فإن لم يجد أحدكم إلا أن يعرض على إنائه عودا و يذكر اسم الله فليفعل فإن الفويسقة تضرم على أهل البيت بيتهم ) عن جابر

4160. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قاچىلارنى يېپىپ قويۇڭلار، تولۇنلارنىڭ ئاغزىنى بوغۇچ بىلەن چىگىپ قويۇڭلار، ئىشىكلەرنى تاقاپ، چىراغلارنى ئۆچۈرۈپ يېتىڭلار، ھەققەتەن شەيتان ئاللاھنىڭ ئىسمى ئەسلىنىپ، بىسمىللاھ دەپ چىگىلگەن تولۇننىڭ ئاغزىنى يېشەلمەيدۇ، ئىشىكنى ئاچالمايدۇ، قاچىنىڭ ئۈستىدىكى يوپۇقنى ئاچالمايدۇ، ئەگەر بىرىڭلار ھېچ نىمە تاپالماي پەقەت شال، ياغاچ تاختا تاپسا، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى  تىلغا ئېلىپ، ئۇنى قاچىسىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ قويسۇن، چىراغنى ئۆچۈرۈپ يېتىڭلار دېيىشىم ، ھەققەتەن چاشقان، شەيتاننىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئۆي ئەھلىگە ئۆيىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. مۆھتەت ئاسراشقا ، پاكىزلىققا، تازىلىق تەكشۈرۈشكە، يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بۇ ھەدىس كۈچلۈك دەلىل ـ ئىسپاتتۇر.

**4161** ( صحيح ) حم ق ت ( غفار غفر الله لها و أسلم سالمها الله و عصية عصت الله و رسوله ) عن ابن عمر

4161. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غەففار قەبىلىسىگە ئاللاھ مەغپىرەت قىلسۇن! ئەسلەم قەبىلىسىنى ئاللاھ سالامەت قىلسۇن! ئەسىيەت قەبىلىسى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئاسىيلىق قىلدى. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزىيلار توپلىغان، سەھىھ.

غفر الله لرجل ممن كان قبلكم كان سهلا إذا با ع سهلا إذا اشترى سهلا إذا اقتضى ( حم ت هق ) عن جابر

4162. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن بىر كىشىگە ئاللاھ مەغپىرەت قىلىپ كەچۈردى، ئۇ كىشى نەرسە ساتسا، سېتىۋالسا، قەرزنى تەلەپ قىلسا، ئادا قىلسا، ناھايىتى ئاسان قىلغۇچى، كەڭ قورساق ئىدى، ئەھمەد، تىرمىزى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4163** ( صحيح ) غفر لامرأة مومسة مرت بكلب على رأس ركي يلهث كاد يقتله العطش فنزعت خفها فأوثقته بخمارها فنزعت له من الماء فغفر لها بذلك ( خ ) عن أبي هريرة

4163. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەنى ئىسرائىللار ئىچىدىكى پاھىشىۋاز بىر ئايالغا مەغپىرەت قىلىندى. ئۇ ئايال ئۇسسۇزلۇقدىن تىلىنى ساڭگىلىتىپ، نەم توپىنى يالاپ، قۇدۇق بويىدا تۇرغان، ئۇسسۇزلۇق  ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالغان بىر ئىتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قېلىپ، ئۆتىكىنى سېلىپ، روملىغا باغلاپ، ئىت ئۈچۈن قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ، ئىتنى سۇغۇرۇپ قويىدۇ، شۇنىڭ سەۋەبىدىن ئۇ ئايالغا مەغپىرەت قىلىندى، بۇخارى ۋە باشقىلار توپلىغان،

www.uyghurkitap.com

سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىسدىن مېھرىبان ، يۇمشاق دىل بولۇش، ھايۋانلارغا بەرگەن نەرسىلەرگىمۇ ئەجىر، ساۋاب بارلىقى چىقىدۇ.

**غلظ القلوب و الجفاء في أهل المشرق و الإيمان و السكينة في أهل الحجاز ( حم م ) عن جابر**

4164. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەلبىنىڭ قوپال، قاتتىقلىقى، مەشرىق يەنى كۈن چىقىش تەرەپىنىڭ ئەھلىدە بولىدۇ، ئىمان، خاتىرجەملىك، چوڭ سۈپەتلىك، ھىجاز ئەھلىدە بولىدۇ. (يەنە بىر خاتىرىدە يەمەن ئەھلىدە بولىدۇ) ئەھمەد ، مۇسلىم توپلىغان ، سەھىھ.

**4165 ( صحيح ) غير الدجال أخوف على أمتي من الدجال الأئمة المضلون ( حم ) عن أبي ذر**

4165. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت ئالدىدا چىقىدىغان بىر كۆزى كور دەججالدىن باشقا، ئۈممىتىمگە ئەڭ قورقۇنچلۇق، مەن ئەڭ ئەنسىرەيدىغان دەججاللار، كىشىلەرنى ئىلىمسىز ئازدۇرغۇچى، زالالەتچى ئىماملاردۇر، ئازغۇن ئىمام، دەججاللاردۇر. ئەھمەد توپلىغان ، سەھىھ.

**4166 ( صحيح ) غير الدجال أخوفني عليكم إن يخرج و أنا فيكم فأنا حجيجه دونكم و إن يخرج و لست فيكم فامرؤ حجيج نفسه و الله خليفتي على كل مسلم إنه شاب قطط إحدى عينيه كأنها عنبة طافية كأني أشبهه بعبد العزى بن قطن فمن أدركه منكم فليقرأ عليه فواتح سورة الكهف إنه خارج خلة بين الشام و العراق فعاث يمينا و عاث شمالا يا عباد الله فاثبتوا قالوا: يا رسول الله ما لبثه في الأرض ؟ قال: أربعون يوما يوم كسنة و يوم كشهر و يوم كجمعة و سائر أيامه كأيامكم قالوا: يا رسول الله ! فذلك اليوم كسنة أتكفينا فيه صلاة يوم ؟ قال: لا اقدروا له قالوا: و ما إسراعه في الأرض ؟ قال: كالغيث استدبرته الريح فيأتي على القوم فيدعوهم فيؤمنون به و يستجيبون له فيأمر السماء فتمطر و الأرض فتنبت فتروح عليهم سارحتهم أطول ما كانت درا و أشبعه ضروعا و أمده خواصر ثم يأتي القوم فيدعوهم فيردون عليه قوله فينصرف عنهم فيصبحون ممحلين ليس بأيديهم شيء من أموالهم و يمر بالخربة فيقول لها: أخرجي كنوزك فتتبعه كنوزها كيعاسيب النحل ثم يدعو رجلا ممتلئا شبابا فيضربه بالسيف فيقطعه جزلتين رمية الغرض ثم يدعوه فيقبل و يتهلل وجهه و يضحك ; فبينما هو كذلك إذ بعث الله المسيح ابن مريم فيتزل عند المنارة البيضاء شرقي دمشق بين مهرودتين واضعا كفيه على أجنحة ملكين إذ طأطأ رأسه قطر و إذا رفعه تحدر منه جمان كاللؤلؤ فلا يحل لكافر يجد ريح نفسه إلا مات و نفسه ينتهي حيث ينتهي طرفه فيطلبه حتى يدركه بباب لد فيقتله ثم يأتي عيسى قوم قد عصمهم الله منه فيمسح عن وجوههم و يحدثهم بدرجاتهم في الجنة ; فبينما هم كذلك إذ أوحى الله إلى عيسى: إني أخرجت عبادا لا يدان لأحد بقتالهم فحرز عبادي إلى الطور و يبعث الله يأجوج و مأجوج و هم من كل حدب ينسلون فيمر أوائلهم على بحيرة طبرية فيشربون ما فيها و يمر آخرهم فيقولون: لقد كان بهذه مرة ماء ! ثم يسيرون حتى ينتهوا إلى جبل الخمر و هو جبل بيت المقدس فيقولون لقد قتلنا من في الأرض هلم فلنقتل من في السماء فيرمون بنشابهم إلى السماء فيرد الله عليهم نشابهم مخضوبة دما ; و يحصر نبي الله عيسى و أصحابه حتى يكون رأس الثور لأحدهم خيرا من مائة دينار لأحدكم اليوم فيرغب نبي الله عيسى و أصحابه فيرسل الله عليهم النغف في رقابهم فيصبحون فرسى كموت نفس واحدة ; ثم يهبط نبي الله عيسى و أصحابه إلى الأرض فلا يجدون في الأرض موضع شبر إلا ملأه زهمهم و نتنهم فيرغب نبي الله عيسى و أصحابه إلى الله عز و جل فيرسل الله طيرا كأعناق البخت فتحملهم فتطرحهم حيث شاء الله ثم يرسل الله قطرا لا يكن منه بيت مدر و لا وبر فيغسل الأرض حتى يتركها كالزلفة ثم يقال للأرض: انبتي ثمرتك و دري بركتك فيومئذ تأكل العصابة من الرمانة و يستظلون بقحفها و يبارك في الرسل حتى أن اللقحة من الإبل لتكفي الفئام من الناس ; و اللقحة من البقر لتكفي القبيلة من الناس و اللقحة من الغنم لتكفي الفخذ من الناس ; فبينما هم كذلك إذ بعث الله ريحا طيبة فتأخذهم تحت آباطهم فتقبض روح كل مؤمن و كل مسلم و يبقى شرار الناس يتهارجون فيها تهارج الحمر فعليهم تقوم الساعة( حم م ت ) عن النواس بن سمعان**

4166. نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنى سىلەردىن ئەنسىرەتكىنى دەججالدىن باشقا نەرسىدۇر ياكى دەججالدىن باشقا نەرسە مېنى سىلەرگە ئەنسىرىتەلمەيدۇ، ئەگەر ئۇ مەن ئاراڭلاردىكى چاغدا چىقىپ قالسا، مەن سىلەرنى قوغداپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم ھۆججەت قويۇپ داۋالىشىمەن. مەن غالىب كېلىمەن. ئەگەر ئۇ ئاراڭلاردا مەن يوق چاغدا چىقىپ قالسا، ھەربىر ئىنسان ئۆزى ھۆججەت قويۇپ داۋالىشىدۇ، دەججالغا قارشى چىقىش تۇرىدۇ. ئاللاھتائالا ھەربىر مۇسۇلمانغا مېنىڭ خەلىپەم، ئىز باسارىم بولۇپ ياردەم بېرىدۇ، ھەقىقەتەن دەججال: پېرىك چاچلىق، چېچى قاتتىق بۇدرە، بىر كۆزى نۇرسىز، خۇددى ئۆزۈمدەك ئۆرلەپ قالغاندۇر، مەن ئۇنى ئابدۇلئۇززا ئىبنى قەتەنگە ئوخشىتىمەن، سىلەردىن كىم دەججالنى تاپسا، ئۇنىڭغا قارشى سۈرە كەھفنىڭ باش تەرىپىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇسۇن، دەججال شام بىلەن ئىراق ئارىسىدىكى تاشلىق بىر زېمىندىن چىقىدۇ، ئۇ ئوڭ تەرەپكە، سول تەرەپكە قاتتىق پىتنە ـ پاساتلار بىلەن ئالدىرايدۇ، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! مۇستەھكەم، چىڭ تۇرۇڭلار! سۇباتلىق بولۇڭلار! ساھابىلەر: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئۇ زېمىندا قانچىلىك تۇرىدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 40 كۈن تۇرىدۇ، تۇنجى بىر كۈن بىر يىلدەك. ئىككىنچى كۈن بىر ئايدەك، يەنە بىر كۈن بىر ھەپتىدەك بولۇپ، قالغان كۈنلىرى سىلەرنىڭ ھازىرقى كۈنلىرىڭلارغا ئوخشاشتۇر دېدى. ساھابىلەر: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئاشۇ  بىر كۈن بىر يىلدەك بولسا، شۇ بىر يىلدەك بىر كۈن ئىچىدە ھازىرقى بىر كۈنلۈك نامىزىمىز كۇپايە بولامدۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ياق، ھەرگىز كۇپايە بولمايدۇ، ئۇ كۈننى ھازىرقى مۇشۇ كۈنگە ئۆلچەڭلار، مىقدارىنى ئۆلچەپ شۇ ئۆزۈن بىر كۈندە بىر يىللىق نامازنى ئوقۇيسىلەر دەپ جاۋاب بەردى، ئۇلار دەججالنىڭ زېمىندىكى ئالدىراش سۈرئىتى قانداق بولىدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇددى شامال، بوران قالدۇرغان يامغۇردۇر، يەنى بوراندەك تېزلىكتە زېمىننى ئايلىنىدۇ دېدى، دەججال مەلۇم بىر قەۋمگە كېلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە چاقىرىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئىمان كەلتۈرىدۇ، چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشىدۇ، ئۇ ئاسماننى بۇيرۇيدۇ، ئاسمان يامغۇر ياغدۇرىدۇ، زېمىننى بۇيرىسا زىرائەت، ئوت ـ چۆپلەرنى مول ئۈندۈرىدۇ، ئۇلارغا چاھارپاي، ھايۋانلىرى كەچ تەرەپتە لوكىسى ناھايىتى ئېگىز ، بويى ئۆسكەن يېلىنلىرى سۈتكە تولغان، قورساقلىرى تويۇپ، تازا چىققان ھالەتتە قايتىپ كېلىدۇ، (يەنى بىر كۈندىلا سەمرىپ كېتىدۇ.) ئاندىن ئۇ يەنە بىر قەۋمگە كېلىپ، ئۇلارنى چاقىرىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىدۇ، دەججال ئۇلاردىن قايتىپ كېتىدۇ، ئۇلار قەھەتچىلىككە قېلىپ، قوللىرىدا ھېچ  نەرسە قالمايدۇ، مال ـ مۈلۈكلىرى تۈگەپ كېتىدۇ، دەججال بىر خارابىلىقدىن ئۆتۈپ، ئۇ جايغا ئالتۇن ـ كۈمۈش كانلىرىڭنى چىقارغىن دەيدۇ، ئاندىن ئۇ جاينىڭ كانلىرى دەججالغا خۇددى ھەسەل ھەرىسىنىڭ جامائەت توپى ئەگەشكەندەك ئەگىشۋالىدۇ، ئاندىن ئۇ، تولغان، ياش، سېمىز بىر يىگىتنى چاقىرىپ، ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ، ئىككى پارچە قىلىپ، ئوقيانى نىشانغا ئاتقاندەك يىراققا ئېتىۋېتىدۇ، ئاندىن دەججال ئۇ يىگىتنى چاقىرسا، يىگىت يۈزلىرى نۇرلانغان، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا خۇشخۇي چىراي بىلەن ئالدىنى قىلىپ كېلىدۇ. ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ئاللاھتائالا مەريەم ئوغلى ئەيسانى ئەۋەتىدۇ. ئەيسا (ھازىرقى سۇرىيەنىڭ پايتەختى) دىمەشقنىڭ شەرقى تەرىپىدىكى ئاق مۇنارغا زەئپىران بىلەن بويالغان ئىككى تون ئارىسىدا ئىككى قولىنى ئىككى پەرىشتىنىڭ

قاناتلىرىغا قويغان ھالدا چۈشىدۇ، ئۇ بېشىنى پەس قىلسا، تامچىلار چۈشىدۇ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرسە ئۇنىڭدىن خۇددى گۆھەر دانچىلىرىدەك تەر چۈشىدۇ، ھەرقانداق كاپىر، دىنسىز ئۇنىڭ نەپەس پۇرىقىنى تاپسا، شۇ ھامان ئۆلىدۇ، ئۇنىڭ نەپەس پۇراقلىرى كۆزى يەتكەن جايغا يېتىدۇ، ئاندىن ئەيسا ئەلەيھسسالام دەججالنى قوغلاپ بېرىپ، ئۇنى لود دېگەن جاينىڭ ئىشىكىدە تېپىپ، شۇ جايدىلا ئۆلتۈرىۋېتىدۇ، ئاندىن ئەيسا ئەلەيھسسالامغا، ئاللاھتائالا دەججالدىن ساقلاپ، مۇھاپىزەت قىلىپ قالغان قەۋملەر كېلىدۇ، ئەيسا ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ ئۇلارغا ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، ئاللاھتائالا تۇيۇقسىز ئەيسا ئەلەيھسسالامغا مۇنداق ۋەھيي قىلىدۇ: ھەقىقەتەن مەن نۇرغۇن بەندىلەرنى چىقىرىۋېتىمەن، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ھېچبىر كىشى ئۈچۈن كۈچ ـ قۇدرەت يوق، سەن بۇ بەندىلىرىمنى تۇر تېغىغا يىغقىن! (ئەيسا مۇسۇلمانلار بىلەن تۇر تېغىغا جايلاشقاندا) ئاللاھتائالا يەئجۇج ۋە مەئجۇجلارنى ئەۋەتىدۇ، ئۇلار ھەربىر ئېگىز جايلاردىن ئالدىرىشىپ، يۈگۈرۈشۈپ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەۋۋەلكى قوشۇنلىرى تەبرىييە دېڭىزىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭدىكى سۇنى ئىچىپ تۈگىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرى كېلىپ، ھەقىقەتەن مۇشۇ جايدا بىر قېتىم سۇ ئېقىپتىكەن ھە! دەپ قالىدۇ. ئاندىن ئۇلار سەيرە قىلىپ، خەمىر تېغىغا يېتىپ بارىدۇ. ئۇ بەيتۇلمۇقەددەستىكى تاغدۇر. ئاندىن ئۇلار ھەقىقەتەن بىز زېمىندىكى كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتۇق، كېلىڭلار، ئەمدى بىز ئاسماندىكى كىشىلەرنى ئۆلتۈرەيلى! دەپ ئاسمانغا ئوقيا ئاتىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى تېخمۇ پىتنە، سىناققا قويۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئوقيالىرىنى قانغا بويالغان ھالدا قايتۇرۇپ بېرىدۇ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئەيسا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مۇھاسىرىگە ئېلىنىدۇ، ھەتتا ئۇلارغا بىر كالىنىڭ بېشى، بۈگۈنكى كۈندە سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا 100 دىنار ئالتۇن بولۇشىدىنمۇ ياخشىراق بولۇپ قالىدۇ، ئەيسا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ تەزەررۇئ بىلەن دۇئا قىلىدۇ، ئاللاھتائالا يەئجۇج ۋە مەئجۇجلارنىڭ بويۇنلىرىغا تۆگە، قوينىڭ بۇرنىغا كىرىۋالىدىغان قۇرۇتتەك بىر خىل قۇرۇتنى ئەۋەتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇددى بىر كىشى ئۆلگەندەكلا، ئۆلۈكلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالانىڭ ياردىمى بىلەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئەيسا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى (قورغاندىن ) زېمىنغا چۈشىدۇ، ئۇلار زېمىندىن بىر غېرىچ يەرنى تاپسىلا ئۇ جايدا يەئجۇج مەئجۇجلارنىڭ تاپلىرى (ئۆلۈكلىرى)، سېسىق پۇراقلىرى لىق تولغاندۇر، ئەيسا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ. ئاللاھتائالا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، تۆگىنىڭ بوينىغا ئوخشاپ كېتىدىغان قۇشلارنى ئەۋەتىدۇ، قۇشلار ئۇلارنى كۆتۈرۈپ، ئاللاھ خالىغان جايلارغا زېمىننىڭ ئەڭ يىراق چوڭقۇر جايلىرىغا تاشلايدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا يامغۇر ئەۋەتىدۇ، بۇ يامغۇر ھەربىر يۇڭ كىگىز ئۆي بولسۇن، ياكى تاش، چالما ئۆي بولسۇن، پاك ـ پاكىز يۇيۇپ، تازىلاپ، زېمىننى خۇددى ئەينەكتەك پاكىز قىلىپ قويىدۇ، ئاندىن زېمىنغا مېۋىلىرىڭنى ئۈندۈرگىن، بەرىكىتىڭنى ياغدۇرغىن دېيىلىدۇ ، شۇ چاغدىكى بەرىكەتتىن بىر توپ جامائەت بىر دانە ئانارنى يەپ تويىدۇ، ئۇنىڭ شاخلىرىدا سايىدايدۇ، ئۇ چاغدا سۈتكە شۇنداق بەرىكەت بېرىلىدۇكى، ھەقىقەتەن بىر دانە سېغىن تۆگە كىشىلەردىن نۇرغۇن جامائەتكە كۇپايە بولىدۇ. بىر دانە سېغىن كالا كىشىلەرنىڭ بىر قەبىلىسىگە كۇپايە بولىدۇ، بىر دانە سېغىن قوي كىشىلەرنىڭ بىر جەمەتكە كۇپايە بولىدۇ، ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ئاللاھتائالا پاك، خۇشپۇراق بىر خىل يۇمشاق لەرزان شامالنى ئەۋەتىدۇ، ئۇ شامال ئۇلارنىڭ قولتۇقلىرىدىن

ئۆتۈپ، ھەربىر مۆئمىن مۇسۇلماننىڭ جېنىنى ئالىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرى قېلىپ قالىدۇ، ئۇلار ئۇ چاغدا خۇددى ئېشەكلەر ئوچۇق- ئاشكارا بىرسى ـ بىرسىگە ئارتىلىپ، چېپىشقاندەك ئوچۇق ـ ئاشكارا مۇنكەر ئىشلارنى، جىنسى مۇناسىۋەتلەرنى قىلىشىدۇ. (ھايا قەتئىي يوقتۇر) ئەنە شۇلارنىڭ ئۈستىگە قىيامەت قايىم بولىدۇ، ئەھمەد 16971 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4065 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2166 ـ ھەدىس، مۇسلىم 5228 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى.**

1. دەججال ئەڭ قورقۇنچلۇق پىتنە ـ پاساتچى .
2. ھەربىر مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ھۆججەت قويۇپ داۋالىشىدۇ.
3. دەججالنىڭ سۈپىتى، چىقىش ئورنى ئوچۇق سۆزلەندى.
4. دەججالغا قارشى سۈرە كەھفنىڭ بېشى ئوقۇلىدۇ.
5. ئۇ شام بىلەن ئىراق ئارىسىدىن چىقىپ، پىتنە ـ پاسات تېرىيدۇ.
6. ئۇ زېمىندا 40 كۈن تۇرىدۇ، مۇددىتى يۇقىرىدا ئۆتتى.
7. ۋاقىت پەرقى مەككە ـ مەدىنىگە ئوخشاشمايدىغان جايلاردىكى ياكى ھازىرقى ۋاقىتتىن ئۇزۇن بولۇپ كەتسە، ياكى باشقا پلانىتلارغا چىقىپ قالسا، ئالەم بوشلۇقىغا سەپەر قىلىپ قالسا، نامازنى مۇشۇ 24 سائەتلىك كۈنگە ئۆلچەيمىز.
8. دەججالغا ئەگىشىدىغانلار ۋە رەت قىلىدىغانلار، يەنىلا ھەق ۋە باتىل، ئىككى تائىپە كىشىلەر باردۇر.
9. دەججالغا كىشىلەرنى سىناش يۈزىسىدىن ھەرخىل سېھىرلىك ئىشلار بېرىلگەن، جىن ـ شەيتانلار ھەمكارلىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئىشلار دەل ئەكسىدۇر.
10. ھەربىر كىشى ھەربىر مۇسۇلمان ئىدىيىسىدە، ئېتىقادىدا دەججالغا قارشى كۈرەش قىلىدۇ، رەزىللىككە، باتىلغا قارشى كۈرەش قىلىدۇ، مانا بۇ ھازىرمۇ پاناھ تىلەشتۇر.
11. شۇ زامانلاردىكى مۆئمىنلەرمۇ قاتتىق سىناقتا، بالالارغا گىرىپتار بولىدۇ.
12. ئەيسا ئەلەيھىسسالام دەمەشىققە يەنى ھازىرقى سۈرىيىگە چۈشىدۇ، ئۇنى پەرىشتە چۈشۈرۈپ قويىدۇ.
13. ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈچلۈك، باتۇرلۇقى، كاپىرلار ئۇنى كۆرۈپلا ئۆلۈپ كېتىشى باردۇر.
15. ئەيسا چۈشۈپ دەججالنى ئۆلتۈرىدۇ، مانا بۇ قىيامەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئالامىتى.
16. دەججالدىن ساقلىنىپ قالغان مۇسۇلمانلارغا، ئەيسا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىدۇ.
17. ئاندىن يەئجۇج مەئجۇجلار چىقىدۇ، تەنتاۋى ۋە بەزى ئالىملار ئۇلار بولسا موڭغۇللار بىلەن خەنزۇلار دەپ قارىغان.
18. يەئجۇج مەئجۇجلار ئادەم باللىرىدۇر.
19. ئۇلار ئاسمانغا ھۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ ، مانا بۇ ئالەم بوشلۇقىدا ئۇرۇش قىلىشقا ئىشارەتتۇر.
20. شۇنچە كۆپ، شۇنچە ھاكاۋۇر، ھەددىدىن ئاشقان بۇ زالىملارنى ئاللاھتائالا بىر قۇرۇت دېگەن قوشۇن بىلەن ھالاك قىلىدۇ، مانا بۇ ۋابا كېسەللىكى، مىكروب ، ۋىرۇسقا ئىشارەتتۇر، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنى ئايرىپ قېلىپ، دىنسىزلارنى يوقىتىدىغان گېن تەتقىقاتىدۇر.
21. ئاندىن، زېمىن تازىلىنىپ، قاتتىق بەرىكەت، مولچىلىق بولۇپ كېتىدۇ، كېيىن مۇسۇلمانلار قالماي

تۆگەپ، ئەڭ يامان، ھاياسىز، دىنسىزلار قىلىپ قالىدۇ، قىيامەت ئەنە شۇلارنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

**4167** ( صحيح ) غيروا الشيب و لا تشبهوا باليهود ( حم ن ) عن الزبير ( ت ) عن أبي هريرة

4167. زۇبەير، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چاچ ـ ساقالنىڭ ئاقلىرىنى بوياپ، ئۆزگەرتسەڭلار بولىدۇ، لېكىن يەھۇدىيلارغا ئوخشىۋالماڭلار، (يەنە بىر خاتىرىدە قارا رەڭدە بوياش ھارام، مۇسلىم) ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4168** ( صحيح ) غيروا الشيب و لا تشبهوا باليهود و النصارى ( حم حب ) عن أبي هريرة

4168. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاق چاچ، ئاق ساقاللارنى ئۆزگەرتىڭلار، لېكىن، يەھۇدىي، ناسارالارغا ئوخشىۋالماڭلار. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**4169** ( صحيح ) غيروا الشيب و لا تقربوه السواد ( حم ) عن أنس

4169. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چاچ ـ ساقالدىكى ئاقنى بوياپ، ئۆزگەرتسەڭلار بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا قارا رەڭنى يېقىن قىلماڭلار، (قارا رەڭدە بوياش ھارامدۇر، مۇسلىمدا بار) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**4170** ( صحيح ) غيروا رأسه بشيء و اجتنبوا السواد ( م د ن ه ) عن جابر

4170. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چېچىغا ئاق كىرگەن بىر كىشى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ئۇنىڭ چېچىنى بىرەر نەرسە بىلەن بوياپ، ئۆزگەرتىڭلار، لېكىن، قارا رەڭدىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

الغازي في سبيل الله عز و جل و الحاج و المعتمر وفد الله دعاهم فأجابوه و سألوه فأعطاهم ( ه حب ) عن ابن عمر

4171. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىدىغان غازى ۋە پەرز ھەج قىلغۇچى ۋە ئۆمرە ھەج قىلغۇچى، ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىدۇر. ئاللاھ ئۇلارنى چاقىرسا، ئۇلار چاقىرىقىقا ئاۋاز قوشۇپ كەلدى، ئۇلار سورىسا، ئاللاھ ئۇلارغا سورىغىنىنى بېرىدۇ. ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**4172** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **3927** الغريق شهيد و الحريق شهيد و الغريب شهيد و الملدوغ شهيد و المبطون شهيد و من يقع عليه البيت فهو شهيد ( و من يقع من فوق البيت فتندق رجله أو عنقه فيموت فهو شهيد و من تقع عليه صخرة فهو شهيد و الغيرى على زوجها كالمجاهد في سبيل الله فلها أجر شهيد ) و من قتل دون ماله فهو شهيد و من قتل دون نفسه فهو شهيد ( و من قتل دون أخيه فهو شهيد و من قتل دون جاره فهو شهيد و الآمر بالمعروف و الناهي عن المنكر شهيد ) ( ابن عساكر ) عن علي

4172. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۇدا غەرق بولغان كىشى شېھىد، ئوتتا كۆيگەن كىشى، كىشىنىڭ يۇرتىدا غېرىب ئۆلگەن كىشى، يىلان ـ چايان چېقىپ ئۆلگەن كىشى، قورساق ئاغرىقتا ئۆلگەن كىشى، تام، بىنا بېسىۋېلىپ ئۆلگەن كىشى شېھىددۇر، ئۆينىڭ ئۈستىدىن، ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ پۇتى ياكى بوينى سۇنۇپ ئۆلگەن كىشى، تاش بېسىۋېلىپ ئۆلگەن كىشى شېھىددۇر، ئاياللىنى (ئاچا ـ سىڭىل، قىزلىرىنى) ھەقلىق بىلەن كۈندەشلىك

قىلغۇچى غەيۇر، ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلغان مۇجاھىدقا ئوخشاشتۇر. ئەگەر ئۇ بۇ يولدا ئۆلۈپ كەتسە، شېھىد بولىدۇ. جېنىنى، مېلىنى ئۆزىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلۈپ كەتكۈچى شېھىد، قېرىندىشىنى قوغداپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى شېھىد، قوشنىلىرىنى ـ ھەمراھلىرىنى قوغداپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشى شېھىد، ياخشىلىققا بۇيرۇغۇچى، ياماندىن توسقۇچى شېھىددۇر، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ھەدىسنىڭ مەقسىدى ئاللاھ يولىدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىپ، جاننى پىدا قىلىشتۇر، سەھىھ.

4173 ( صحيح ) الغريق في سبيل الله شهيد ( تخ ) عن عقبة بن عامر

4173. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا سۇدا غەرق بولغۇچى شېھىددۇر. بۇخارى، تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) الغزو غزوان فأما من غزا ابتغاء وجه الله تعالى و أطاع الإمام و أنفق الكريمة و ياسر الشريك و اجتنب الفساد في الأرض فإن نومه و نبهه أجر كله و أما من غزا فخرا و رياء و سمعة و عصى الإمام و أفسد في الأرض فإنه لن يرجع بالكفاف ( حم د ن ك هب ) عن معاذ

4174. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غازات يەنى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىش ئىككى خىل بولىدۇ: ئەمما، بىر كىشى ئاللاھنىڭ جامالىنى، رازىلىقىنى تەلەپ قىلىپ، ئىمامغا ئىتائەت قىلىپ، مال ـ مۈلۈكىنىڭ ئېسىللىرىنى چىقىم قىلىپ جەڭ قىلسا، شېرىكىگە ئاسان قىلسا، زېمىندا پىتنە ـ پاسات تېرىشتىن يىراق بولسا، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۇخلىشى، ئويغىنىشى ، بارلىق سۆز ـ ھەرىكىتى، ئەجىر ـ ساۋاب بولىدۇ، ئەمما بىر كىشى پەخىرلىنىپ، كۆرسەتمە رىيا قىلىپ، ئاڭلاتما رىيا قىلىپ، ئىمامغا ئاسىيلىق قىلىپ، زېمىندا پىتنە ـ پاسات تېرىپ ئۇرۇش قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ كىچىككىنە ئەجىر بىلەنمۇ قايتالمايدۇ، قەتئىي ساۋاب يوق. ئەھمەد 21031 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2154 ـ ھەدىس، دارمى 2310 ـ ھەدىس، نەسەئى 4124 ـ ھەدىس، ھاكىم، بەيھەقىمۇ توپلىغان، ھەسەن.

4175 ( صحيح ) الغسل صاع و الوضوء مد ( طس ) عن ابن عمر

4175. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇش، بىر سا سۇدا يەنى ئۈچ ـ تۆت كىلوگرام سۇدا. كىچىك تاھارەت بىر كىلو سۇدا ئېلىنىدۇ. تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

4176 ( صحيح ) الغسل من الغسل و الوضوء من الحمل ( الضياء ) عن أبي سعيد

4176. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېيىتنى يۇغان كىشى غۇسلى قىلىپ يۇيىنىدۇ. كۆتۈرگەن كىشى كىچىك تاھارەت ئالىدۇ. زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الغسل يوم الجمعة واجب على كل محتلم و السواك و يمس من الطيب ما قدر عليه و لو من طيب المرأة ( ن حب ) عن أبي سعيد

4177. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جۈمە كۈنى يۇيۇنۇش ھەربىر ئېھتىلام بولۇپ يەنى چۈشىدە جىنسى مۇناسىۋەت قىلغان بالىغ كىشىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپتۇر، جۈمە كۈنى مسۋاك سېلىشى، گەرچە ئايالىنىڭ خۇشپۇراق بۇيۇملىرىدىن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تەقدىر قىلىنغان، ئۇ قادىر بولالىغان ئەتىردىن سىيىپ ئېرىشى لازىم. نەسەئى، ئىبنى

ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

الغسل يوم الجمعة واجب على كل محتلم و أن يستن و أن يمس طيبا إن وجد ( حم ق د ) عن أبي سعيد

4178. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جۈمە كۈنى يۇيۇنۇش، مسۋاك سىلىش، ئەگەر تاپالىسا، خۇشپۇراق ئەتىر چېچىش، جۈمەگە بېرىش، ھەربىر بالاغەتكە يەتكەن، ئىھتىلام بولغان كىشىنىڭ ئۈستىگە ۋاجىپتۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

4179 ( حسن ) الغلة بالضمان ( حم هق ) عن عائشة

4179. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (زىرائەتتىن، مېۋىلەردىن، قۇل خادىمدىن قىلىنغان) كىرىم، غەللە كېپىل بولۇش بىلەن بولىدۇ. (يەنى بىر كىشى بىرەر قۇل، خادىم، ياكى چارۋا ياكى قاتناش قوراللىرىنى سېتىۋالسا، ئاندىن ئۇنىڭدىن كىرىم قىلسا، پۇل تاپسا، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭدا ئەيىب بولۇپ قېلىپ ئىگىسىگە قايتۇرماقچى بولسا، كىرىم يەنىلا سېتىۋالغان، پۇلنى تاپقان كىشىدە قالىدۇ، نەرسىنى ساتقان كىشىگە قايتۇرۇلمايدۇ. چۈنكى كىرىم كېپىل بولۇش بىلەن بولىدى، ئەگەر ئۇ نەرسە ھالاك بولۇپ تۈگەشسە، زىيان يەنىلا سېتىۋالغۇچىغا بولاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن كىرىم، پايدا يەنىلا شۇ كىشىدە قالىدۇ) تىرمىزى 1207 ـ ھەدىس، نەسەئى 4414 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3044 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2233 ـ ھەدىس، ئەھمەد 23703 ـ ھەدىس، بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ.

4180 ( صحيح ) الغنم بركة ( ع ) عن البراء

4180. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قوي بەرىكەتتۇر، (چۈنكى ئۇ جەننەت ھايۋىنى) ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

4181 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 3942 الغنم بركة و الإبل عز لأهلها و الخيل معقود في نواصيها الخير إلى يوم القيامة ( و عبدك أخوك فأحسن إليه و إن وجدته مغلوبا فأعنه ) ( البزار ) عن حذيفة

4181. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قوي بەرىكەتتۇر، تۆگە ئۆزىنىڭ ئەھلىگە ئىززەتتۇر، ئاتنىڭ چېكىسىگە قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق چېگىلگەندۇر. (يەنى ئەجىر، غەنىيمەت باغلانغان) سېنىڭ قۇلۇڭ ـ ـ ـ سېنىڭ قېرىندىشىڭدۇر، قۇلۇڭغا ياخشىلىق قىل، ئەگەر ئۇنى ئىشقا بۇيرۇپ، ئۇنى مەغلۇپ تاپساڭ، يەنى ئۇ ئاجىز كەلسە، سەن ياردەملەشكىن. بەزار توپلىغان، سەھىھ.

4182 ( صحيح ) الغنم من دواب الجنة فامسحوا رغامها و صلوا في مرابضها ( خط ) عن أبي هريرة

4182. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قوي جەننەت ھايۋانلىرىدىن، ئۇنىڭ بۇرنىنى، شالىسىنى ئېيتىپ قويۇڭلار، ئۇنىڭ قوتانلىرىدا ناماز ئوقۇساڭلار بولىدۇ، خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسىدىن بىر قىسىم ھايۋان، يەر شارىغا جەننەتتىن نازىل قىلىنغان ۋە بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، ھازىر قويىنىڭ يۈكىدىن تارتىپ مايىقىغىچە ئەزىز، قىممەتلىك بولماقتا.

الغلام الذي قتله الخضر طبع يوم طبع كافرا و لو عاش لأرهق أبويه طغيانا و كفرا ( م د ت ) عن أبي

4183. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىچىك بالا، ئۇنىڭ تەقدىرى پۈتۈلگەن كۈنىلا ئۇنى كاپىر، دىنسىز دەپ پۈتۈلۈپ مۆھۈر بېسىلىپ كەتكەن.(چۈنكى ئاللاھ ھەممىنى ئالدىن بىلىدۇ) ئەگەر ئۇ بالا ياشاپ قالغان بولسا، ئەلۋەتتە زومىگەرلىك قىلىپ، تاجاۋۇز قىلىپ، كۇپرىلىقدىن ئاتا ـ ئانىسىنىڭمۇ ئەسەللىرىنى كۆيدۈرۈپ بىكار قىلاتتى. (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى) مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4184** ( صحيح ) الغلام مرتهن بعقيقته تذبح عنه يوم السابع و يسمى و يحلق رأسه ( ت ك ) عن سمرة

4184. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوغۇل بالا ئەقىيقىسىگە گۆرۈگە، رەنگە تۇتۇلىدۇ، تۇغۇلغان بالا ھەققىدىن بالا تۇغۇلۇپ، يەتتىنچى كۈنى ئەقىيقىسى قىلىنىپ، قوي بوغۇزلىنىدۇ، بالىغا شۇ كۈنى ئىسىم قويۇلىدۇ، چېچى چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ. تىرمىزى 142 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

الغلام مرتهن بعقيقته فأهريقوا عنه الدم و أميطوا عنه الأذى ( هب ) عن سلمان بن عامر

4185. سەلمان ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالا ئۇنىڭ ئەقىقىسىگە گۆرۈگە تۇتۇلىدۇ، مەھبۇس بولۇپ قالىدۇ، بالا ھەققىدە قان تۆكۈپ، ئەقىيقىسىنى قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن ئەزىيەتنى تازىلاپ، بالىنى پاكىز يۇيۇڭلار. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەقىيقىگە قۇربانلىققا يارىغان قوي يارايدۇ، شەرتلىرى ئوخشاش، 7ـ 14 ـ 21 كۈنى قىلىنىدۇ.

الغيبة أن تذكر الرجل بما فيه من خلفه ( الخرائطي في مساوئ الأخلاق ) عن المطلب بن عبدالله بن حنطب

4186. مۇتەللىپ ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غەيۋەت دېگەن كىشىنىڭ ئىشلىرىنى يامان ئەخلاقلىرىنى ئۇنىڭ كەينىدىن يوق يېرىدە تىلغا ئېلىشتۇر. (بولسا غەيۋەت، بولمىسا بۆھتاندۇر.) خەرائىتى توپلىغان، سەھىھ.

**4187** ( صحيح ) الغيبة ذكرك أخاك بما يكره ( د ) عن أبي هريرة

4187. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غەيۋەت دېگەن قېرىندىشىڭنى ئۇ ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەر بىلەن ئۇ يوق يەردە تىلغا ئېلىشتۇر.(سەن دېگەن ئىشلار بولسا غەيۋەت بولىدۇ، بولمىسا بۆھتان) ئەبۇ داۋۇد قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

## «ف» ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

**4188** ( صحيح )فاطمة بضعة مني فمن أغضبها أغضبني ( خ ) عن المسور

4188. مىسۋەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنىڭ بىر قىسمىم، يۈرەك پارەم، ئۇنى غەزەپلەندۈرگەن، ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن كىشى مېنىڭ غەزىپىمنى، ئاچچىقىمنى كەلتۈرگەن بولىدۇ. (ھازىرمۇ شۇنداق بولىدۇ) بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.



www.uyghurkitap.com

**4189 ( صحيح ) فاطمة بضعة مني يقبضني ما يقبضها و يبسطني ما يبسطها و إن الأنساب تنقطع يوم القيامة غير نسبي و سببي و صهري ( حم ك ) عن المسور**

4189. مىسۋەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنىڭ بىر پارەم. ئۇنى خاپا قىلغان، غەزەپلەندۈرگەن نەرسە مېنى خاپا قىلغان بولىدۇ. ئۇنى خۇشال، خۇرسەن قىلغان نەرسە مېنى خۇرسەن قىلىدۇ، ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى بارلىق نەسەبلەر ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، لېكىن مېنىڭ نەسەبىم، مېنىڭ سەۋەبىم، ماڭا تۇتاشقان سەۋەب، مېنىڭ قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەتتىم ئۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ، ئەھمەد 18149 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4190 ( صحيح ) فاطمة سيدة نساء أهل الجنة إلا مريم بنت عمران ( ك ) عن أبي سعيد**

4190. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىنىڭ سەييىدى، خوجىسى. لېكىن ئىمراننىڭ قىزى مەريەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا يەنى مەريەممۇ خوجىسى. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4191 ( حسن ) فتح الله بابا للتوبة من المغرب عرضه مسيرة سبعين عاما لا يغلق حتى تطلع الشمس من نحوه ( تخ ) عن صفوان بن عسال**

4191. سەفۋان ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا تەۋبە قوبۇل قىلىش ئۈچۈن مەغرىپ تەرەپتىن بىر ئىشىك ئاچقان بولۇپ، ئۇ ئىشىكنىڭ توغرىلىقى 70 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ، بۇ تەۋبە ئىشىكى كۈن مەغرىپ تەرەپتىن چىقمىغۇچە يەنى قىيامەت قايىم بولمىغۇچە ھەرگىز تاقالمايدۇ. يەنى تەۋبە قىلسا كۈن مەغرىپ تەرەپتىن چىققۇچە بولغان ۋاقىت ئارلىقىدا بولسا قوبۇل قىلىنىدۇ، بۇخارى تارىخدا، سەھىھ.

**فتح اليوم من ردم يأجوج و مأجوج مثل هذه – و عقد بيده تسعين – ( حم ق ) عن أبي هريرة**

4192. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۈگۈن يەئجۇج ۋە مەئجۇجنىڭ توساقلىرىدىن مۇشۇنچىلىك ئېچىلىپ بولدى دەپ باش بارماق بىلەن كۆرسەتكۈچ بارماقنى ھالقا قىلىپ 90 نى چەككەن. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، توپلىغان، سەھىھ، تەنتاۋى، مانا بۇ ئۇلارنىڭ بىر قېتىم چىقىشىغا ئىشارەت، ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاپاتىدىن 700 يىل كېيىن چىققان، قىيامەت ئالدىدا يەنە بىر قېتىم چىقىپ، پاسات تېرىيدۇ دېگەن .

**فتر الوحي عني فترة فبينا أنا أمشي سمعت صوتا من السماء فرفعت بصري قبل السماء فإذا أنا بالملك الذي أتاني في غار حراء على سرير بين السماء و الأرض فجبنت منه فرقا حتى هويت إلى الأرض فأتيت خديجة فقلت: دثروني دثروني فدثرت فجاء جبريل فقال: ( يا أيها المدثر قم فأنذر و ربك فكبر و ثيابك فطهر و الرجز فاهجر ) الطيالسي حم م ) عن جابر**

4193. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋەھيي مەندىن بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قالدى، بىر چاغدا مەن كېتىۋېتىپ، ئاسمان تەرەپتىن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم، كۆزۈمنى ئاسمان تەرەپكە كۆتۈرۈپ قارىسام، ناگاھان ھىرا ناملىق غاردا ماڭا كەلگەن پەرىشتە ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدا كۇرسى، تەختىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ، مەن ئۇنىڭدىن قورقۇپ قاچتىم. قاچىمەن دەپ زېمىنغا يىقىلىپ چۈشتۈم. مەن خەدىچەنىڭ يېنىغا كېلىپ، مېنى يۆگەپ قويۇڭلار، مېنى

يۈگەپ قويۇڭلار! دېدىم، ئاندىن جىبرىئىل كېلىپ، مۇنداق دېدى. «ئى ۋەھيى نازىل بولۇۋاتقان چاغدا كىيىمگە چۈمكىنىۋالغۇچى پەيغەمبەر! ئورنۇڭدىن تۇر، ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر، پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا، كىيىمىڭنى پاك تۇت، ئازابتىن يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن يىراق بول! كۆپ ئېلىش نىيىتىدە بەرمە»، 74 ـ سۈرە مۇددەسسىر 1 ـ ئايەتتىن 6 ـ ئايەتكىچە، مۇسلىم، ئەھمەد، تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

فتنة الأحلاس هرب و حرب ثم فتنة السراء دخنها من تحت قدم رجل من أهل بيتي يزعم أنه مني و ليس مني و إنما أوليائي المتقون ثم يصطلح الناس على رجل كورك على ضلع ثم فتنة الدهيماء لا تدع أحدا من هذه الأمة إلا لطمته لطمة فإذا قيل: انقضت تمادت يصبح الرجل فيها مؤمنا و يمسي كافرا حتى يصير الناس إلى فسطاطين فسطاط إيمان لا نفاق فيه و فسطاط نفاق لا إيمان فيه فإذا كان ذاكم فانتظروا الدجال من يومه أو غده ( حم د ك ) عن ابن عمر

4194. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پىتنە تۇلئەھلاس يەنى ھايۋان ئۇچىسىغا سالىدىغان پالاستەك ھەممىگە تەڭ يېتىدىغان، داۋام قىلىدىغان پىتنە بولسا، قېچىش، جەڭ، ئۆزئارا ئۇرۇشۇش پىتنىسىدۇر، ئاندىن كېيىنكى كەڭرىچىلىك، بايلىق پىتنىسى بولسا، ئۇنىڭ باشلىنىشى، چاڭ ـ توزان، تۈتۈنى مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدىن بولغان بىر كىشىنىڭ قەدىمى ئاستىدىن باشلىنىدۇ، ئۇ ئۆزىنى مەندىن دەپ داۋا قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ مەندىن ئەمەس، ھەقىقەتەن مېنىڭ يېقىن دوستلىرىم بولسا تەقۋادار، مۇتتەقىيلەردۇر، ئاندىن كىشىلەر خۇددى قوۋۇرغىلار ئۈستىگە بولجۇڭ، لوق گۆش بىرلەشكەندەك ھەممىسى بىرلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلا كىشىگە بەيئەت قىلىشىدۇ، ئاندىن كېيىنكى قارا پىتنە ھەممىسىگە يېتىدىغان كۆزى يوق، ئەما پىتنە پاسات بولسا بۇ ئۈممەتتىن ھېچ كىشىنى قالدۇرماي ھەممىسىنى كاچاتلايدۇ، ھەممە كىشىگە يېتىدۇ، ئەمدى ئۈزۈلدى دېيىلسە، ئۇ ھەممە جايغا يامراپ كەڭرىيدۇ، بۇ پىتنە ـ پاساتتا كىشى مۆئمىن تاڭ ئاتقۇزۇپ، كاپىر ھالەتتە كەچ قىلىدۇ، ھەتتا كىشىلەر ئىككى گۇرۇھ ، پىرقىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، بىرى ئىمان پىرقىسى،بۇنىڭدا مۇناپىقلىق يوق، يەنە بىرى مۇناپىق پىرقىسى ئۇنىڭدا ئىمان يوق، ئەنە شۇ ئىش يۈز بەرگەندە، شۇ كۈنلا ياكى ئەتىسى دەججالنىڭ چىقىشىنى كۈتكىن، ئەھمەد 5892 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3704 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

4195 ( صحيح ) فتنة الرجل في أهله و ماله و نفسه و ولده و جاره يكفرها الصيام و الصلاة و الصدقة و الأمر بالمعروف و النهي عن المنكر( ق ت ه ) عن حذيفة

4195. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ سىناق پىتنىسى ئەھلىدە، مېلىدا، ئۆزنەپسىدە،باللىرىدا،قوشنىلىرىدا بولىدۇ، ئۇنى روزا، ناماز، سەدىقە، ياخشىلىققا بۇيرۇش، ياماندىن توسۇشلار كاپارەت بولۇپ ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

4196 ( حسن ) فجرت أربعة أنهار من الجنة: الفرات و النيل و سيحان و جيحان ( حم ) عن أبي هريرة

4196. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆت دەريا جەننەتتىن ئاقتۇرۇلغان پۇرات، نىيىل، سەيھان، جەيھان دەريالىرى. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن. بۇنى بىز بىرىنچى قىسىمدا تونۇشتۇرغان.

**4197 ( صحيح ) فخذ المرء المسلم من عورته ( طب ) عن جرهد**

4197. جەرھەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان ئىنسانىنىڭ يوتىسى ئۇنىڭ ئەۋرىتىدىندۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**فراش للرجل و فراش لامرأته و الثالث للضيف و الرابع للشيطان ( حم د ن ) عن جابر**

4198. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كۆرپە ئەر ئۈچۈن بىر كۆرپە ئۇنىڭ ئايالى ئۈچۈن، ئۈچىنچى كۆرپە مېھمان ئۈچۈن، تۆتىنچى كۆرپە بولسا شەيتان ئۈچۈندۇر. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار ھەدىسىدىن مەقسەت، زىيادە، ھاجەتتىن ئارتۇق كۆرپە شەيتان ئۈچۈن بولىدۇ، ئەگەر بالىسى بولسا، مېھمان كۆپ بولسا، كۆرپە كۆپىيىدۇ، ئەمما، ھاجەتتىن زىيادە قىلىۋېلىش چەكلىنىدۇ، شۇنداقلا بۇ ھەدىسىدىن ئەر كىشى ئايالىدىن باشقا ئورۇن - كۆرپىدە ياتسا بولىدۇ، چۈنكى، ئايالى ئۈچۈن بىر كۆرپە دېيىلگەن ياكى ھەربىر ئاياللىرىنىڭ بىردىن كۆرپىسى بولىدۇ دېگەن .

**فرج سقف بيتي و أنا بمكة فنزل جبريل ففرج صدري ثم غسله بماء زمزم ثم جاء بطست من ذهب ممتلئ حكمة و إيمانا فأفرغها في صدري ثم أطبقه ; ثم أخذ بيدي فعرج بي إلى السماء الدنيا فلما جئنا السماء الدنيا قال جبريل لخازن السماء الدنيا: افتح قال من هذا ؟ قال: هذا جبريل قال هل معك أحد ؟ قال: نعم معي محمد قال: فأرسل إليه ؟ قال نعم فافتح ; فلما علونا السماء الدنيا فإذا رجل عن يمينه أسودة و عن يساره أسودة فإذا نظر قبل يمينه ضحك و إذا نظر قبل شماله بكى فقال: مرحبا بالنبي الصالح و الابن الصالح قلت: يا جبريل من هذا ؟ قال: هذا آدم و هذه الأسودة عن يمينه و عن شماله نسم بنيه فأهل اليمين أهل الجنة و الأسودة التي عن شماله أهل النار فإذا نظر قبل يمينه ضحك و إذا نظر قبل شماله بكى ; ثم عرج بي جبريل حتى أتى السماء الثانية فقال لخازنها: افتح فقال له خازنها مثل ما قال خازن السماء الدنيا ففتح فلما مررت بإدريس قال: مرحبا بالنبي الصالح و الأخ الصالح فقلت: من هذا ؟ قال: هذا إدريس ثم مررت بموسى فقال: مرحبا بالنبي الصالح و الأخ الصالح فقلت: من هذا ؟ قال: هذا موسى ثم مررت بعيسى فقال: مرحبا بالنبي الصالح و الأخ الصالح قلت: من هذا ؟ قال: هذا عيسى بن مريم ثم مررت بإبراهيم فقال: مرحبا بالنبي الصالح و الابن الصالح قلت: من هذا ؟ قال: هذا إبراهيم ; ثم عرج بي حتى ظهرت بمستوى أسمع فيه صريف الأقلام ففرض الله عز و جل على أمتي خمسين صلاة فرجعت بذلك حتى مررت على موسى فقال موسى: ماذا فرض ربك على أمتك ؟ قلت: فرض عليهم خمسين صلاة قال لي موسى: فراجع ربك فإن أمتك لا تطيق ذلك فرجعت ربي فوضع شطرها فرجعت إلى موسى فأخبرته فقال: راجع ربك فإن أمتك لا تطيق ذلك فراجعت ربي فقال: هن خمس و هن خمسون لا يبدل القول لدي فرجعت إلى موسى فقال: راجع ربك قلت: قد استحييت من ربي ; ثم انطلق بي حتى انتهى إلى سدرة المنتهى و نبقها مثل قلال هجر و ورقها كآذان الفيلة تكاد الورقة تغطي هذه الأمة فغشيها ألوان لا أدري ما هي ؟ ثم أدخلت الجنة فإذا فيها جنابذ اللؤلؤ و إذا ترابها المسك ( ق ) عن أبي ذر إلا قوله: ثم عرج بي حتى ظهرت بمستوى اسمع فيه صريف الأقلام فإنه عن ابن عباس وأبي حبة البدري**

4199. ئەبۇ زەر، ئىبنى ئابباس، ئەبۇ ھەببەتۇلبەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن مەككىدىكى چاغدا، ئۆيۈمنىڭ ئۆگزىسى ئېچىلىپ، جىبرىئىل چۈشتى، ئۇ كۆكسىمنى يېرىپ ئېچىپ، ئاندىن قەلبىمنى زەمزەم سۈيى بىلەن يۇدى، ئاندىن ھېكمەتكە، ئىمانغا تولغان ئالتۇن قاچا پەتنۇسنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى قەلبىمگە تۆكۈپ، كۆكسىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ تىكىپ قويدى، ئاندىن قولۇمدىن تۇتۇپ، مېنى دۇنيا ئاسمىنىغا ئۆرلەتتى، بىز ئاسمانغا كەلگەندە، جىبرىئىل دۇنيا ئاسمىنىنىڭ خەزىنىچىسىگە مۇنداق دېدى: ئىشىكنى ئاچقىن! ئۇ: كىمسەن؟ دېدى، جىبرىئىل: مەن جىبرىئىل بولىمەن دېدى، ئۇ: سەن بىلەن بىرەرسى بارمۇ؟ دېدى، جىبرىئىل: ھەئە،

مەن بىلەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بار دېدى، ئۇ: ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتىلگەنمۇ؟ دېدى، ھە ئەۋەتىلگەن، دېگەندىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى. بىز دۇنيا ئاسمىنىغا ئۆرلىگەن چاغدا ناگاھان بىر كىشى تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە قارا نەرسىلەر بار بولۇپ، ئوڭ تەرىپىگە قارىسا كۈلەتتى، سول تەرىپىگە قارىسا يىغلايتتى، ئۇ كىشى: سالىھ، ياخشى پەيغەمبەرگە مەرھابا، ياخشى ئوغۇل، خۇش كەپسىز دېدى. مەن: ئى جىبرىئىل، بۇ كىم؟ دېدىم، ئۇ: بۇ ئادەم ئەلەيھىسسالام بولىدۇ، ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى قارا نەرسە، ئۇنىڭ باللىرىنىڭ روھلىرىدۇر، ئوڭ تەرەپ ئەھلى جەننەت ئەھلىدۇر، سول تەرەپتىكى بولسا دوۋزاخ ئەھلىدۇر، ئوڭ تەرىپىگە قارىسا كۈلىدۇ، سول تەرىپىگە قارىسا يىغلايدۇ دېدى. ئاندىن جىبرىئىل مېنى ئىككىنچى ئاسمانغا كەلگەنگە قەدەر ئۆرلەتتى. ئاندىن ئۇ ئىشىك باقار خەزىنىچىگە: ئىشىكنى ئاچ دېدى، بۇ خەزىنىچى خۇددى دۇنيا ئاسمىنىدىكى خەزىنىچىگە ئوخشاش سوئال سوراپ، جاۋاب بېرىلگەندىن كېيىن ئىشىكنى ئاچتى، مەن ئىدرىسنىڭ يېنىدىن ئۆتكىنىمدە ئۇمۇ: سالىھ، ياخشى پەيغەمبەرگە، قېرىنداشقا مەرھابا، خۇش كەپسىز دېدى. مەن بۇ كىم بولىدۇ؟ دېسەم، ئۇ: بۇ ئىدرىس بولىدۇ دېدى، ئاندىن مۇسانىڭ يېنىدىن ئۆتۈپتىمەن، ئۇمۇ ياخشى پەيغەمبەر ياخشى قېرىنداشقا مەرھابا دېدى. كىم بۇ دېسەم، مۇسا دېدى، ئاندىن كېيىن ئەيسانىڭ يېنىدىن ئۆتتۇم، يەنە شۇنداق سۆزلەر دېيىلدى. ئاندىن ئىبراھىمنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇم، ئۇمۇ مەرھابا دېدى، ئاندىن مېنى شۇنداق ئۇستۇنگە ئۆرلەتتىكى، ھەتتا مەن مۇستەۋاغا ئۆرلىدىم، يەنى رەببىم بىلەن مۇناجات قىلىدىغان ئۇستۇنگە ئۆرلىدىم، مەن ئۇ جايدا قەلەملەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئاللاھتائالا مېنىڭ ئۈممىتىمگە 50 ۋاخ نامازنى پەرز قىلدى. مەن شۇنىڭ بىلەن قايتىپ چۈشۈپ، مۇسانىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدىم. مۇسا: رەببىڭ ئۈممىتىڭگە نېمە پەرز قىلدى؟ دېدى، مەن: ئاللاھ ئۇلارغا 50 ۋاخ ناماز پەرز قىلدى دېدىم، مۇسا ماڭا: رەببىڭگە قايتىپ بار. چۈنكى ئۈممىتىڭ تاقەت قىلالمايدۇ، ئۇنىڭغا قادىر بولالمايدۇ دېدى، مەن رەببىمگە قايتىپ باردىم. ئۇنىڭ يېرىمىنى كۆتۈرۈۋەتتى. مەن بۇنى قايتىپ چۈشۈپ مۇساغا دېدىم. ئۇ يەنە: رەببىڭگە قايتىپ بېرىپ، مۇراجەت قىلغىن، ئۈممىتىڭ ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمايدۇ دېدى، مەن يەنە رەببىمگە قايتىپ باردىم، رەببىم مۇنداق دېدى: ئۇ بەش ۋاخ ناماز 50 ۋاخ نامازغا تەڭ بولىدۇ، ئەمدى سۆز مېنىڭ نەزىرىمدە ئۆزگەرمەيدۇ، يۆتكەلمەيدۇ. (كىم بەش ۋاخت ناماز ئوقۇسا، 50 ۋاخ ناماز ئوقۇغان بولىدۇ) دېدى، مەن مۇساغا قايتىپ چۈشسەم، ئۇ يەنە: رەببىڭگە قايتقىن دېدى، مەن ئۇنىڭغا مەن تولا بېرىپ، رەببىمدىن ھايا قىلىپ، تارتىنىپ قالدىم، خىجىل بولۇپ قالدىم دېدىم، ئاندىن مېنى سىدرەتۇلمۇنتەھاغا يەتكەنگە قەدەر ئاپىرىلدىم، ئۇنىڭ مېۋىلىرى ھەجەر زېمىنىنىڭ تاۋاقلىرىدەك چوڭ ئىكەن، قۇلاقلىرى پىلنىڭ قۇلىقىغا ئوخشايدىكەن، ئۇنىڭ بىر تال قۇلىقى بۇ ئۈممەتنى يېپىۋالغىلى تاس قالىدۇ. شۇنداق چوڭ ئىكەن، ئۇنى ھەرخىل رەڭلەر، نۇرلار قورشىۋالدى. مەن ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىدىم. ھېچ كىشى ئۇنى سۈپەتلەپ بېرەلمەيدۇ. ئاندىن مەن جەننەتكە كىرگۈزۈلدۈم. ناگاھان ئۇنىڭ ئىچىدە گۆھەر گۈمبەزلەر بار ئىكەن. تۇپراقلىرى مىسكە ئەنبەركەن. مۇسلىم 237 ـ ھەدىس، ئەھمەد 20326 ـ ھەدىس، بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ.

**4200** ( صحيح ) فرغ إلى ابن آدم من أربع: الخلق و الخلق و الرزق و الأجل ( طس ) عن ابن مسعود

4200. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسىغا تۆت نەرسىدىن پارىغ قىلىنىپ(يېزىلىپ) بولدى: ئۇنىڭ يارىلىشى يەنى ئەركەك - چىشى بولۇشى، ئەخلاقى يەنى ياخشى- يامانلىقى، رىزقى، ئەجىلى. تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) فرغ الله عز و جل إلى كل عبد من خمس: من أجله و رزقه و أثره و مضجعه و شقي أو سعيد ( حم طب ) عن أبي الدرداء

4201. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ھەربىر بەندىگە بەش نەرسىدىن پارىغ بولۇپ بولدى: بەندىنىڭ ئەجىلى، رىزقى، ئەسىرى يەنى جايى، مېڭىشى، تۇغۇلۇش، ئۆلۈش جايى، شەقى ياكى سائادەتمەنلىكىدىن پارىغ بولۇپ، ئالدىن بىلىپ يېزىپ بولدى، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ ئالدىن بىلگەن ۋە يېزىپ بولغان نەرسە دەل بىزنىڭ ئىختىيارى قىلغان ئەمەل ئاقىۋىتىمىزدۇر.

فرغ الله إلى كل عبد من خمس: من عمله و أجله و رزقه و أثره و مضجعه ( طب ) عن أبي الدرداء

4202. بۇ ھەدىسنىمۇ تەبرانى، ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان بولۇپ، سەھىھ، مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش، پەقەت ئوخشىمايدىغان يېرى بولسا، ئۇنىڭ ئەمەللىرىدىنمۇ پارىغ بولۇپ بولغان، يەنى ئالدىن بىلىپ يېزىپ بولغان دېيىلگەن.

**4203** ( صحيح ) فرغ الله من أربع: من الخلق و الخلق و الرزق و الأجل ( ابن عساكر ) عن أنس

4203. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئالدىن بىلىپ تۆت نەرسىدىن يېزىپ بولۇش تەقدىر قىلىش بىلەن پارىغ بولۇپ بولدى، ئەركەك - چىشى يارىتىش، ياخشى - يامان ئەخلاق، رىزقى، ياشايدىغان ئۆمۈر ئەجىلى (بۇ تۆت نەرسە بەندىگە ئالدىن يېزىلىپ بولىدۇ) ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

فرغ الله من المقادير و أمور الدنيا قبل أن يخلق السموات و الأرض بخمسين ألف سنة ( طب ) عن ابن عمرو

4204. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئاسمان - زېمىننى يارىتىشتىن 50000 يىل بۇرۇنلا بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن بارلىق تەقدىرلەردىن ئالدىن بىلىپ يېزىۋېتىش بىلەن پارىغ بولۇپ بولغان. (چۈنكى ئاللاھ ھەممىنى ئالدىدىن براقلا بىلەلەيدۇ) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4205** ( صحيح ) فسطاط المسلمين يوم الملحمة الكبرى بأرض يقال لها: الغوطة فيها مدينة يقال لها دمشق خير منازل المسلمين يومئذ ( حم ) عن أبي الدرداء

4205. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلارنىڭ زور كۆلەملىك چوڭ جەڭ بولىدىغان كۈندىكى قورغان جايى غوتەت دېگەن زېمىندۇر، بۇ جايدا دەمەشق دېيىلىدىغان شەھەر باردۇر، بۇ شەھەر ۋە شۇ قورغان جايى شۇ كۈنى مۇسۇلمانلار مەنزىللىرىنىڭ ئەڭ ياخشى جايىدۇر. (سۇرىيە پايتەختى دەمەشق) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

فصل ما بين الحلال و الحرام ضرب الدف و الصوت في النكاح ( حم ت ن ه ك ) عن محمد بن حاطب

4206. مۇھەممەد ئىبنى ھاتىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەر - ئاياللىنىڭ جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشىدىكى ھالال بىلەن ھارامنىڭ ئارىلىقىنى ئايرىيدىغان نەرسە: نىكاھدىكى ئاۋاز بىلەن داپ چېلىشتۇر، (يەنى ئەر - ئايال مۇسۇلمان بولسا، گۇۋاھچىلار

تەخ بولسا، نىكاھ ئوقۇلۇپ، تەگدىم، قوبۇل قىلدىم، ئالدىم دېگەندىن كېيىن، داپ چېلىپ، نىكاھ ئېلان قىلىنسا، ھالال بولىدۇ) ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن. قېلىپ قالغان قائىدە ـ تۈزۈم، پرىنسىپ ، شەرتلەرنى مۇشۇ كىتابلاردىن ۋە باشقا كىتابلاردىن كۆرۈڭلار.

فصل ما بين صيامنا و صيام أهل الكتاب أكلة السحر ( حم م 4 ) عن عمرو بن العاص

4207. ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىزنىڭ روزىمىز بىلەن ئەھلى كىتابلارنىڭ روزىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرق ـ زوھۇرلۇق يېيىشتۇر، (يەنى ئۇلار زوھۇرلۇق يېيەلمەيتتى، بىز يەپ روزا تۇتىمىز) ئەھمەد، مۇسلىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

فضل الله قريشا بسبع خصال: فضلهم بأنهم عبدوا الله عشر سنين لا يعبد الله إلا قريش و فضلهم بأنهم نصرهم يوم الفيل و هم مشركون و فضلهم بأنه نزلت فيهم سورة من القرآن لم يدخل فيها أحد من العالمين و هي ( لإيلاف قريش و فضلهم بأن فيهم النبوة و الخلافة و الحجابة و السقاية ) ( طس ) عن الزبير بن العوام

4208. زۇبەير ئىبنى ئاۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا قۇرەيشلەرنى يەتتە خىسلەت ئىشلار بىلەن پەزىلەتلىك قىلدى.

1ـ ئۇلارنىڭ ئاللاھقا 10 يىل ئىبادەت قىلىشى، بۇ جەرياندا پەقەت ئاللاھقا قۇرەيشلەرلا ئىبادەت قىلغان ئىدى.

2ـ ئۇلارغا ئۇلار مۇشرىك ھالەتتە تۇرسىمۇ پىل كۈنى نۇسرەت ئاتا قىلىپ، ياردەم بېرىشى بىلەن پەزىلەتلىك قىلدى.

3ـ قۇرەيشلەر ھەققىدە قۇرئاندىن بىر سۈرە چۈشتى. بۇ سۈرە ئىچىگە پۈتۈن ئالەملەردىن قۇرەيشتىن باشقا ھېچكىشى يوقتۇر، ئۇ بولسا، سۈرە قۇرەيش، لى ئىيلافى قۇرەيىشتۇر.

4ـ پەيغەمبەرلىكنى قۇرەيشلەر ئىچىدە قىلدى.

5ـ خەلىپىلىكنى يەنىلا قۇرەيشلەر ئىچىدە قىلدى.

6ـ كەئبىنىڭ ئىشىغا ئىگە بولۇش، باشقۇرۇش، ئاچقۇچ يەنىلا قۇرەيشلەر قولىدا بولىدۇ.

7ـ ھاجىلارنى سۇغۇرۇش، زەمزەم سۈيىنى باشقۇرۇش، قۇرەيشلەر قولىدا بولۇشتەك يەتتە خىسلەت ئىشلار بىلەن باشقىلاردىن پەزىلەتلىك قىلدى. تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، ھەسەنگە كۆتۈرۈلدۇ.

4209 ( حسن ) فضل الله قريشا بسبع خصال لم يعطها أحد قبلهم و لا يعطاها أحد بعدهم: فضل الله قريشا أني منهم و أن النبوة فيهم و أن الحجابة فيهم و أن السقاية فيهم و نصرهم على الفيل و عبدوا الله عشر سنين لا يعبده غيرهم و أنزل الله فيهم سورة من القرآن لم يذكر فيها أحد غيرهم ( لإيلاف قريش ) ( تخ طب ك البيهقي في الخلافيات ) عن أم هانئ

4209. ئۇممە ھانئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا قۇرەيشلەرنى يەتتە خىسلەت ئىشلار بىلەن پەزىلەتلىك قىلدى، بۇ ئىشلارنى ئۇلاردىن بۇرۇن ھېچ كىشىگە بېرىپ باقمىغان، ھەم بۇندىن كېيىنمۇ ھېچكىشىگە بەرمەيدۇ. ئاللاھ قۇرەيشلەرنى مۇنداق پەزىلەتلەرگە ئىگە قىلدى، ھەققەتەن مەن ئۇلاردىن، پەيغەمبەرلىك يەنى مەن ئۇلار ئىچىدىن، كەئبىنى باشقۇرۇش، ئاچقۇچىنى قولغا ئېلىش، خاس ھاجىبلىق ئۇلاردا، ھاجىلارنى سۇغۇرۇش، زەمزەم ئۇلاردا، پىل كۈنى ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بەردى، ئۇلار ئاللاھقا 10 يىل ئىبادەت قىلغان، بۇ چاغدا ئۇلاردىن باشقا ھېچ كىشى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ باقمىغان، ئاللاھ ئۇلار توغرىسىدا قۇرئاندىن بىر سۈرە نازىل

قىلدى، بۇ سۈرىدە ئۆلاردىن باشقا ھېچ بىر كىشىنى زىكىر قىلمىدى، ئۇ سۈرە قۇرەيشتۇر، يەنى لى ئىيلافى قۇرەيشتۇر، ھاكىم، بەيھەقى، تەبرانى، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، ھەسەن.

**4210 ( صحيح ) فضل عائشة على النساء كفضل الثريد على سائر الطعام ( ه ) عن أنس**

4210. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئائىشەنىڭ باشقا ئاياللار ئۈستىدىكى پەزىلىتى خۇددى باشقا تائاملار ئۈستىدىكى شورپىنىڭ پەزىلىتىگە ئوخشاشتۇر، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. تائاملار ئۈستىدىن شورپا پەزىلەتتە ئۈستۈن تۇرغاندەك، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەزىلەتتە ئۈستۈندۇر.

**4211 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 3966 فضل الصلاة في المسجد الحرام على غيره مائة ألف صلاة و في مسجدي ألف صلاة ( و في مسجد بيت المقدس خمسمائة صلاة ) ( هب ) عن أبي الدرداء**

4211. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەسجىدى ھەرەمدىكى بىر نامازنىڭ پەزىلىتى، ئۇنىڭدىن باشقا جايدىكى نامازنىڭ ئۈستىگە 100000 ناماز ئۈستۈندۇر؛ مېنىڭ مۇشۇ مەسجىدىمدىكى يەنى مەدىنىدىكى ناماز بولسا 1000 ناماز ئۈستۈن؛ بەيتۇلمۇقەددەستىكى بىر ناماز باشقا جايدىكى نامازدىن 500 ناماز ئۈستۈندۇر. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4212 ( صحيح ) فضل العالم على العابد كفضل القمر ليلة البدر على سائر الكواكب ( حل ) عن معاذ**

4212. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالىمنىڭ ئىبادەتكار ئابىد ئۈستىدىكى پەزىلىتى خۇددى باشقا يۇلتۇزلار ئۈستىدىكى 14 كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ پەزىلىتىگە ئوخشايدۇ. ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

**فضل العالم على العابد كفضلي على أدناكم إن الله عز و جل و ملائكته و أهل السموات و الأرض حتى النملة في جحرها و حتى الحوت ليصلون على معلم الناس الخير ( ت ) عن أبي أمامة**

4213. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالىمنىڭ ئابىد ئۈستىدىكى پەزىلىتى بولسا، خۇددى سىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن مەرتىۋىدىكى كىشىڭلارنىڭ ئۈستىدىكى مېنىڭ پەزىلىتىمگە ئوخشايدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە ۋە پەرىشتىلىرى ئاسمانلار ئەھلى، زېمىن ئەھلى ھەتتا ئۆز ھۇجرىسىدىكى، ئۆۋىسىدىكى چۈمۈلە، دېڭىزدىكى بېلىقلارمۇ كىشىلەرگە ياخشىلىق ئۆگەتكەن، ئۇلارنىڭ مۇئەللىمىگە، ئوقۇتقۇچىسىغا رەھمەت يوللاپ مەغپىرەت سورايدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**فضل العلم أحب إلي من فضل العبادة و خير دينكم الورع ( البزار طس ك ) عن حذيفة ( ك ) عن سعد**

4214. ھۇزەيفە، سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا ئىبادەتنىڭ پەزىلىتىدىن ئىلىمنىڭ پەزلى، پەزىلىتى سۆيۈملۈك، دوستراقتۇر. دىنىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەقۋالىقتۇر. بەزار، ھاكىم، تەبرانى، ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

**4215 ( صحيح ) وانظر الحديث الآتي بعده والحديث المتقدم ( 3822 ) والذي بعده وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 3975فضل صلاة الجماعة على صلاة الرجل وحده خمس و عشرون درجة ( و فضل صلاة التطوع في البيت على فعلها في المسجد كفضل صلاة الجماعة على المنفرد ) ( ابن السكن ) عن ضمرة بن حبيب عن أبيه**

4215. زۇمرەت ئىبنى ھەبىيبەنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جامائەت نامىزىنىڭ پەزىلىتى كىشىنىڭ يالغۇز ئوقۇغان نامىزى ئۈستىگە 25 دەرىجە ئۈستۈندۇر، ئۆيدە ئوقۇغان نەپلە، سۈننەت نامازنىڭ پەزىلىتى، ئۇنىڭ مەسجىددە ئوقۇلىشىنىڭ ئۈستىگە، خۇددى يالغۇز كىشىنىڭ نامىزى ئۈستىدىكى جامائەت نامىزى پەزىلەتتە ئۈستۈن بولغاندەك، 25 دەرىجە ئۈستۈندۇر. ئىبنى سەكەن توپلىغان،سەھىھ. بۇ ھەدىس 3822 ـ ھەدىستە ئۆتكەن.

**4216** ( صحيح ) فضل صلاة الجميع على صلاة الواحد خمس و عشرون درجة و تجتمع ملائكة الليل و ملائكة النهار في صلاة الفجر ( ق ) عن أبي هريرة

4216. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جامائەتنىڭ نامىزى يالغۇز كىشىنىڭ نامىزى ئۈستىگە 25 دەرىجە ئۈستۈندۇر، كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى ۋە كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى بامدات نامىزىدا بىرلىشىدۇ، ئۆز ـ ئارا ئۇچرىشىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

فضل صلاة الرجل في بيته على صلاته حيث يراه الناس كفضل المكتوبة على النافلة ( طب ) عن صهيب بن النعمان

4217. سۇھەيب ئىبنى نۇئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ ئۆز ئۆيىدە ئوقۇغان نەپلە نامىزىنىڭ پەزىلىتى كىشىلەر كۆرۈدىغان جايدا ئوقۇغان نەپلە نامىزى ئۈستىگە خۇددى نەپلە ناماز ئۈستىدىكى پەرز نامازنىڭ پەزىلىتىدەك ئۈستۈندۇر، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

مەقسەت: نامازنى پەرز بولسا جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇش. چۈنكى يالغۇز 25 قېتىم ئوقۇسا، جامائەت بىلەن بىر قېتىم ئوقۇسا بۇ تەڭ بولىدۇ. نەپلە بولسا، ئۆيدە كىشىلەر كۆرمەيدىغان جايدا ئوقۇش. چۈنكى بۇمۇ يۇقىرىقىنىڭ ئەكسى بولىدۇ. يەنى نەپلە، مەخپىي بولسا 25 ـ دەرىجە ئۈستۈندۇر.

**4218** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 3977فضل عائشة على النساء كفضل ( ثمامة على ما سواها من الأرض) و فضل الثريد على سائر الطعام ( أبو نعيم في فضائل الصحابة ) عن عائشة

4218. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئائىشەنىڭ ئاياللار ئۈستىدىكى پەزىلىتى خۇددى باشقا زېمىننىڭ ئۈستىدىكى تەھامەتنىڭ پەزىلىتىگە ۋە باشقا تائاملار ئۈستىدىكى شورپىنىڭ پەزىلىتىگە ئوخشايدۇ. ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ. تەھامە ـ ھاۋاسى مۆتىدىل، گۈزەل، ياخشى جاي.

**4219** ( صحيح ) فضلت بأربع: جعلت أنا و أمتي في الصلاة كما تصف الملائكة و جعل الصعيد لي وضوءا و جعلت لي الأرض مسجدا و طهورا و أحلت لي الغنائم ( طب ) عن أبي الدرداء

4219. ئەبۇددەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن تۆت خىسلەت ئىش بىلەن پەزىلەتلىك قىلىندىم: 1ـ مەن ۋە ئۈممىتىم نامازدا خۇددى پەرىشتىلەر سەپ تارتقاندەك سەپ تارتىپ تۇرىمىز، 2ـ پاك تۇپراق مەن ئۈچۈن ئۈممىتىم ئۈچۈن تەيەممۇم، تاھارەت قىلىندى. 3ـ بارلىق زېمىن مەن ئۈچۈن مەسجىد، پاك ـ پاكىز قىلىندى، ناماز ئوقۇساق، تەيەممۇم قىلساق بولىۋېرىدۇ. 4ـ ماڭا غەنىيمەت ھالال قىلىندى. (بۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇرۇنقىلارغا بېرىلمىگەن) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.



www.uyghurkitap.com

**4220** ( صحيح ) فضلت بأربع: جعلت لي الأرض مسجدا و طهورا فأيما رجل من أمتي أتى الصلاة فلم يجد ما يصلي عليه وجد الأرض مسجدا و طهورا و أرسلت إلى الناس كافة و نصرت بالرعب من مسيرة شهرين يسير بين يدي و أحلت لي الغنائم ( هق ) عن أبي أمامة

4220. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن تۆت ئىش بىلەن پەزىلەتلىك قىلىندىم: ماڭا زېمىن پاك ـ پاكىز مەسجىد قىلىندى، ئۈممىتىمدىن قايسى بىر كىشى نامازغا كېلىپ ناماز ئوقۇيدىغان نەرسە تاپالمىسا، زېمىننى پاكىز مەسجىد تاپىدۇ. يەنى ناماز ئوقۇۋېرىدۇ. مەن بارلىق كىشىلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك ئەۋەتىلدىم. ماڭا مەندىن ئىككى ئايلىق مۇساپە يىراقتىن كاپىرلار قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدى. ماڭا غەنىيمەت ھالال قىلىندى. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. كاپىرلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش ياخشى تەدبىر.

فضلت على الأنبياء بخمس: بعثت إلى الناس كافة و ادخرت شفاعتي لأمتي و نصرت بالرعب شهرا أمامي و شهرا خلفي و جعلت لي الأرض مسجدا و طهورا و أحلت لي الغنائم و لم تحل لأحد قبلي ( طب ) عن السائب بن يزيد

4221. سائىب ئىبنى يەزىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۈستىگە بەش نەرسە بىلەن پەزىلەتلىك قىلىندىم: مەن بارلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم. مېنىڭ شاپائىتىم، ئۈممىتىم ئۈچۈن ئېلىپ قويۇلدى. ماڭا ئالدىمدىن بىر ئايلىق ئارقامدىن بىر ئايلىق ئىككى ئايلىق مۇساپە يىراقتىن كاپىرلار قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدى. زېمىن مەن ئۈچۈن پاكىز مەسجىد قىلىندى. تەيەممۇم قىلىندۇ، ناماز ئوقۇلىدۇ. ماڭا غەنىيمەت ھالال قىلىندى. مەندىن بۇرۇن ھېچكىشىگە غەنىيمەت ھالال ئەمەس ئىدى، (ھەم يۇقىرىقى ئىشلارمۇ بېرىلمىگەن) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

فضلت على الأنبياء بست: أعطيت جوامع الكلم و نصرت بالرعب و أحلت لي الغنائم و جعلت لي الأرض طهورا و مسجدا و أرسلت إلى الخلق كافة و ختم بي النبيون ( م ت ) عن أبي هريرة

4222. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۈستىگە ئالتە نەرسە بىلەن پەزىلەتلىك قىلىندىم: ماڭا كەلىملەر توپلىمى لەۋزى قىسقا ئىخچام، مەنىسى مول قۇرئان بېرىلدى؛ ماڭا كاپىرلار قەلبىگە قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدى؛ ماڭا غەنىيمەت ھالال قىلىندى؛ مەن ئۈچۈن زېمىن مەسجىد ۋە تەيەممۇم قىلىش ئۈچۈن پاك ـ پاكىز قىلىندى؛ مەن بارلىق كىشىلەرگە پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم؛ مەن بىلەن پەيغەمبەرلەر تامام قىلىندى، ئاخىرلاشتى. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ھەدىستە ھۆكۈم ئوچۇقتۇر، ئۇزۇنلا چۈشەنچىلىك، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزلەرگە ھەدىسنىڭ ئۆزى دەلىل ـ ئىسپات ھۆججەتتۇر.

**4223** ( صحيح ) فضلنا على الناس بثلاث: جعلت صفوفنا كصفوف الملائكة و جعلت لنا الأرض كلها مسجدا و جعلت تربتها لنا طهورا إذا لم نجد الماء و أعطيت هذه الآيات من آخر سورة البقرة من كنز تحت العرش لم يعطها نبي قبلي ( حم م ن ) عن حذيفة

4223. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىز بارلىق كىشىلەر ئۈستىگە ئۈچ ئىش بىلەن پەزىلەتلىك قىلىندۇق، 1ـ بىزنىڭ نامازدىكى سەپلىرىمىز پەرىشتىلەر سەپلىرىگە ئوخشايدۇ. 2ـ بىز ئۈچۈن زېمىننىڭ ھەممە يېرى مەسجىد قىلىندى، سۇ تاپالمىساق ئۇنىڭ تۇپرىقى تاھارەت، تەيەممۇم پاكلىغۇچى قىلىندى. 3ـ ماڭا سۈرە بەقەرنىڭ ئاخىرىدىكى

مۇشۇ ئايەتلەر ئەرشنىڭ تەھتىدىكى كاڭدىن بېرىلدى، بۇ ئايەتلەر مەندىن بۇرۇن ھېچبىر پەيغەمبەرگە بېرىلمىگەن،(بۇ ئايەتلەر سۈرە بەقەرىنىڭ ئاخىرقى ئۈچ ئايەتتۇر)مۇسلىم، ئەھمەد ،نەسەئى توپلىغان،سەھىھ.

فطركم يوم تفطرون و أضحاكم يوم تضحون و عرفة يوم تعرفون ( الشافعي هق ) عن عطاء مرسلا

4224. ئەتائ رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزا ھېيت كۈنلۈكلار سىلەر ئاي كۆرۈپ بىرلىشىپ، ئىتتىپاقتا كىلىپ ھېيت قىلغان كۈنلۈكلاردۇر. قۇربان ھېيت كۈنلۈكلارمۇ سىلەر ھېيت قىلغان كۈنلۈكلاردۇر. ئاراپات كۈنىمۇ سىلەر ئاي كۆرۈپ ئاراپات قىلغان كۈنىدۇر.شافىئىي،بەيھەقى توپلىغان،سەھىھ. مەقسەت: ئاي كۆرۈش، ئىتتىپاقتا كىلىش،بىرلىشىش شەرت قىلىنغان.

4225 ( صحيح ) فطركم يوم تفطرون و أضحاكم يوم تضحون و كل عرفة موقف و كل منى منحر و كل فجاج مكة منحر و كل جمع موقف ( د هق ) عن أبي هريرة

4225. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزا ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلەر سىلەر ئاي كۆرۈپ بىرلىككە كەلگەن كۈنلەردۇر. ئاراپات تېغىنىڭ ھەممە يېرى، ئاللاھنى ئەسلەپ ۋوقۇف قىلىپ تۇرىدىغان جايدۇر. مىنا تېغىنىڭ ھەممە يېرى قۇربانلىق قىلىدىغان، بوغۇزلايدىغان جايدۇر. مەككىنىڭ ھەربىر يول، كوچىلىرىمۇ قۇربانلىق بوغۇزلىنىدىغان جايدۇر. جەمئىي تېغىنىڭ ھەممە يېرى ۋوقۇف قىلىدىغان جايدۇر. ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

4226 ( صحيح ) فعل المعروف يقي مصارع السوء ( ابن أبي الدنيا في قضاء الحوائج ) عن أبي سعيد

4226. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشىلىقنى كۆپ قىلىش، يامان ئۆلۈمدىن، ھالاكەتتىن ساقلاپ قالىدۇ، ئىبنى ئەبۇددۇنيا توپلىغان، سەھىھ.

4227 ( صحيح ) فقدت أمة من بني إسرائيل لا يدرى ما فعلت و إني لا أراها إلا الفأر ألا ترونها إذا وضع لها ألبان الإبل لم تشرب و إذا وضع لها ألبان الشاء شربت ( حم ق ) عن أبي هريرة

4227. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەنى ئىسرائىللاردىن بىر ئۈممەت يوقاپ كەتتى، ئۇلارغا نېمە قىلىنغىنى بىلىنمەيدۇ، ئۇ ئېنىق ئەمەس، مەن ئۇلارنى چاشقانمىكى دەپ گۇمان قىلىمەن. ئۇنىڭغا قارىمامسىلەر؟ تۆگە سۈتى قويۇلسا، ئۇنى ئىچمەيدۇ، قوينىڭ سۈتى قويۇلسا، چاشقان ئۇنى ئىچىدۇ،(مانا بۇ دەلىل ـ ئىسپاتتۇر) ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

4228 ( صحيح ) فقراء المهاجرين يدخلون الجنة قبل أغنيائهم بخمسمائة عام ( ت ) عن أبي سعيد

4228. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇھاجىرلارنىڭ پېقىر كىشىلىرى جەننەتكە ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن 500 يىل بۇرۇن كىرىپ بولىدۇ، (ئاللاھقا شۈكرى، بايلارمۇ ئاخىرى كىرىدىكەن) تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

فكوا العاني و أجيبوا الداعي و أطعموا الجائع و عودوا المريض ( حم خ ) عن أبي موسى

4229. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇل ئازاد قىلىڭلار، ئەسىرلەرنى قۇتقۇزۇڭلار، چاقىرىقتا ئاۋاز قوشۇڭلار، يەنى ئاڭلاپ ئىتائەت

قىلىڭلار!جىھاد قىلىڭلار!ئاچ قالغانلارغا تائام بېرىڭلار!كېسەللەرنى يوقلاڭلار! ئەھمەد ،بۇخارى توپلىغان ، سەھىھ.

**4230** ( صحيح ) فمن أعدى الأول ؟ ( ق د ) عن أبي هريرة

4230. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، بىر كىشى كېلىپ ، بىر دانە تەمرەتكىلىك تۆگە ، ھەممە تۆگىنى تەمرەتكىلىك قىلىۋېتىدىكەن دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنداق بولسا ، تۇنجى قېتىمقى تۆگىنىڭ تەمرەتكىسىنى كىم قىلدى؟ (دەپ ئەرەبلەرنىڭ خۇراپات ئادىتىگە قارشى تۇرغان، كېسەل ئاللاھنىڭ تەقدىر، قازا ۋە خالىشى بىلەن يۇقىدۇ، ئۆزلا يۇقمايدۇ، ياكى كېسەل يۇقمايدۇ، ئاللاھدىن ۋاباغا ئوخشاشلىرى مۇستەسنا دېگەن)، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

4231 فناء أمتي بالطعن و الطاعون وخز أعدائكم من الجن و في كل شهادة ( حم طب ) عن أبي موسى ( طس ) عن ابن عمر

4231. ئەبۇ مۇسا، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ يوقۇلىشى، قىلىچ، نەيزە ئارقىلىق بولىدۇ، ۋابا ئارقىلىق بولىدۇ، ۋابا كېسىلى جىندىن ئىبارەت دۈشمىنىڭلارنىڭمۇ يوقىلىشىدۇر، قاتتىق ئازابلىنىشىدۇر، ھەر ئىككىلىسىدە يەنى قىلىچ، نەيزە بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشتە ۋابادا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن شېھىدلىق باردۇر. ئەھمەد، تەبرانى، ئەۋسەت توپلىغان، سەھىھ.

**4232** ( صحيح ) فوا لهم و نستعين الله عليهم ( حم ) عن حذيفة

4232. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بەدرى كۈنى مۇشرىكلار ئۇ، دادا ـ بالا ئىككىسىدىن مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇشماسلىق توغرىسىدا ئەھدە، كېلىشىم ئېلىۋالىدۇ، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ توغرىسىدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۆزرە ئېيتىپ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا: دادا ـ بالا ئىككىڭلار ۋاپا قىلىڭلار، بىز ئۇلارغا قارشى ئاللاھ بىلەن ياردەم سورايمىز دېگەن. (ھەقىقەتەن ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا ياردەم بەردى) ئەھمەد توپلىغان، ئىمام سۇيۇتى، ئىمام ئەلبانى سەھىھ دېگەن. بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقى ئىدى.

فهلا بكرا تلاعبها و تلاعبك و تضاحكها و تضاحكك ؟ ( حم ق د ن ) عن جابر

4233. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نېمە ئۈچۈن توي قىلمىغان قىزچاقنى نىكاھىڭغا ئالمىدىڭ؟ سەن ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشاتتىڭ، ئۇ سەن بىلەن ئوينىشاتتى، سەن ئۇنى كۈلدۈرەتتىڭ، ئۇ سېنى كۈلدۈرۈپ خۇش قىلاتتى ئەمەسمۇ؟ ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىلار توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) في إحدى جناحي الذباب سم و الآخر شفاء فإذا وقع في الطعام فامقلوه فيه فإنه يقدم السم و يؤخر الشفاء ( ه ) عن أبي سعيد

4234. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چىۋىننىڭ ئىككى قانىتىنىڭ بىرىدە زەھەر يەنە بىرىدە شىپا باردۇر. چىۋىن تائامغا چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى چۈمدۈرۈۋېتىپ، ئاندىن تاشلىۋېتىڭلار. چۈنكى ئۇ زەھەرنى بۇرۇن سېلىپ، شىپاسىنى كېيىن قىلىدۇ. ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. چىۋىندە نۇرغۇن مۆجىزىلەر ئاشكارىلاندى. تەنتاۋىنى كۆرۈڭ.

في أصحابي اثنا عشر منافقا منهم ثمانية لا يدخلون الجنة حتى يلج الجمل في سم الخياط ( حم م ) عن حذيفة

4235. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ھەمراھلىرىم ئىچىدە 12 مۇناپىق بار، ئۇلاردىن سەككىز مۇناپىق تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتۈپ كەتمىگۈچە ھەرگىز جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. تۆگە يىڭنە تۆشۈكىدىن ئۆتۈپ كەتسە كېتىدۇكى، ئۇلار ھەرگىز جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، ئەھمەد،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

في الإبل فرع و في الغنم فرع و يعق عن الغلام و لا يمس رأسه بدم ( طب ) عن يزيد بن عبدالله المزني عن أبيه

4236. يەزىد ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ دادىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆگىدە، قويدا پەرئە بار. (يەنى رەجەپ ئېيىدا ئۆلتۈرۈپ نەزرە قىلىش بار، تۆگە 100 گە يەتسە، بىرىنى رەجەپ ئېيىدا ئۆلتۈرۈش، ئىسلامنىڭ ئەۋۋىلىدە بار بولۇپ، كېيىن ئەمەلدىن قالغان. بۇ كۆچكە ئىگە ئەمەس) بالا ھەققىدىن ئەقىيقە قىلىنىدۇ، قوي بوغۇزلىنىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ قېنى بالىنىڭ بېشىغا سۈرتۈپ قويۇلمايدۇ. (بۇ جاھالىيەت ئىشىدۇر) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

4237 ( صحيح ) في الأسنان خمس خمس من الإبل ( د ن ) عن ابن عمر

4237. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چىشلاردا تۆگىدىن بەشتىن ـ بەشتىن بېرىلىدۇ. يەنى بىر چىشنى سۇندۇرۇۋەتسە، بەش تۆگە تۆلەيدۇ. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

4238 ( صحيح ) في الأصابع عشر عشر ( حم د ن ) عن ابن عمرو

4238. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بارماقلاردا ئوندىن ـ ئوندىن تۆگە تۆلەيدۇ. يەنى بىر بارماقنى چاناپ ئۈزۈۋەتسە، 10 تۆگە تۆلەيدۇ. بۇ ھۆكۈمدە پۈتنىڭ بارماقلىرىمۇ باراۋەردۇر. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ئىسلام قانۇنىنىڭ دىيەت جازاسىدۇر.

في الإنسان ستون و ثلاثمائة مفصل فعليه أن يتصدق عن كل مفصل منها صدقة: النخاعة في المسجد تدفنها و الشيء تنحيه عن الطريق فإن لم تقدر فركعتا الضحى تجزي عنك ( حم د حب ) عن بريدة

4239. بۇرەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىنساندا 360 مەپسەل بوغۇم باردۇر، ئۇنىڭدىن ھەربىر مەپسەلگە ئىنساننىڭ ئۈستىگە سەدىقە قىلىشى ۋاجىپ بولىدۇ، مەسجىد ئىچىدىكى بەلغەم، تۈكۈرۈكنى كۆمۈۋېتىشمۇ سەدىقە، يولدىن ئازار بېرىدىغان نەرسىنى يىراق قىلىۋېتىشمۇ سەدىقە. ئەگەر قادىر بولالمىساڭ، ئىككى رەكەت چاشكا نامىزى سەندىن ھەممىسىگە كۇپايە بولىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

في الأنف الدية إذا استوفى جدعه مائة من الإبل و في اليد خمسون و في الرجل خمسون و في العين خمسون و في الآمة ثلث النفس و في الجائفة ثلث النفس و في المنقلة خمس عشرة و في الموضحة خمس و في السن خمس و في كل إصبع من هنالك عشر ( هق ) عن عمر

4240. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنايەت جازالىرى تۆلەم توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ بۇرنىنى چولاق قىلىۋېتىشتە، دىيەت ـ تۆلەم بېرىشى لازىم. مۇكەممەل، كامىل چولاق قىلىۋەتسە، 100 تۆگە بېرىدۇ. بىر قولغا 50 تۆگە، بىر پۇتقا 50 تۆگە، بىر كۆزگە 50 تۆگە تۆلەيدۇ. (ئەگەر ھەر ئىككىلىسىنى مېيىپ قىلىپ قويسا، 100 تۆگە بېرىدۇ) بېشىنىڭ چوققىسىنىڭ تېرىسىنى ياردار قىلسا، بېشىنى يېرىۋەتسە، بىر دىيەتنىڭ يەنى 100 تۆگىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى

www.uyghurkitap.com

تۆلەيدۇ، يەنى 33 تۆگە بېرىدۇ. قورسىقىغا نەرسە سانجىپ ئىچكى جاراھەت شەكىللەندۈرسە، يەنىلا 33 تۆگە تۆلەيدۇ.

بىرەر مەپسەل، سۆڭەكنى ئورنىدىن چىقىرۋېتىپ، جاراھەتلەندۈرسە، 15 تۆگە تۆلەيدۇ، تېرىسىنى سويۇپ، جاراھەتلەندۈرسە، 5 تۆگە، ھەربىر چىشقا بەشتىن تۆگە تۆلەيدۇ، ھەربىر بارماققا 10دىن تۆگە تۆلەيدۇ، (پۇت - قولنىڭ بارماقلىرى ئوخشاشتۇر) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. باشقا ھەدىس كىتابلىرىدىمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق ھۆكۈم قىلغان.

**4241** ( صحيح ) في الجنة باب يدعى الريان يدعى له الصائمون فمن كان من الصائمين دخله و من دخله لا يظمأ أبدا ( ت ه ) عن سهل بن سعد

4241. سەھلى ئىبنى سەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتتە رەييان دەپ چاقىرىلىدىغان بىر ئىشىك بار بولۇپ، بۇ ئىشىككە مەخسۇس روزا تۇتقۇچىلارلا چاقىرىلىدۇ. كىم روزا تۇتقۇچىلاردىن بولالىسا بۇ ئىشىكتىن جەننەتكە كىرىدۇ. بۇ ئىشىكتىن كىرگەن كىشى مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن رەييان دۇر) تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

في الجنة ثمانية أبواب فيها باب يسمى الريان لا يدخله إلا الصائمون ( خ ) عن سهل بن سعد

4242. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتتە سەككىز ئىشىك بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسى رەييان دېگەن ئىشىكتۇر، بۇ ئىشىكتىن پەقەت روزا تۇتقۇچىلارلا كىرەلەيدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. مەڭگۈ ئۇسسىماي، مەيگە قانغاچقا، ئۇ ئىشىك رەييان دېيىلگەن.

**4243** ( صحيح ) في الجنة خيمة من لؤلؤة مجوفة عرضها ستون ميلا في كل زاوية منها أهل ما يرون الآخرين يطوف عليهم المؤمن ( حم م ت ) عن أبي موسى

4243. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتتە ئىچى كاۋاك گۆھەر زەبەرجەتتىن بولغان چېدىرلار بولۇپ، ئۇنىڭ توغرىلىقى 60 مىلدۇر. (بۇنىڭ مىقدارىنى ئاللاھ بىلىدۇ) بۇ چېدىرنىڭ ھەربىر بۇلۇڭلىرىدا جەننەت ئەھلى ئۈچۈن ئەھلى جۈپتىلەر بار بولۇپ، بىر تەرەپدىكىلەر يەنە بىر تەرەپدىكىلەرنى كۆرمەيدۇ. مۆئمىن ئۇلارنى تاۋاپ، زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

في الجنة مائة درجة ما بين كل درجتين كما بين السماء و الأرض و الفردوس أعلاها درجة و منها تفجر أنهار الجنة الأربعة و من فوقها يكون العرش فإذا سألتم الله فسلوه الفردوس ( ش حم ت ك ) عن عبادة بن الصامت

4244. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتتە 100 دەرىجە بار بولۇپ، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەرق خۇددى ئاسمان - زېمىن ئارىسىدەك چوڭدۇر، فىردەۋس دېگەن جەننەت دەرىجە جەھەتتىن ھەممىدىن ئۈستۈندۇر، ئەۋزەلدۇر. جەننەتنىڭ تۆت ئۆستەڭلىرى ئاشۇ فىردەۋسدىن ئېقىپ چىقىدۇ، رەھمانتائالانىڭ ئەرشى شۇ جەننەتنىڭ ئۈستىدۇر، ئاللاھتائالادىن سورىساڭلار، فىردەۋس دېگەن جەننەتنى سوراڭلار، (ئى ئاللاھ، بىزنى فىردەۋس ئەھلىدىن قىلغىن، ئامىن!) ئەبۇ شەيبە، ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان سەھىھ.

**4245** ( صحيح ) في الجنة مائة درجة ما بين كل درجتين مائة عام ( ت ) عن أبي هريرة

4245. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتتە 100 دەرىجە بار بولۇپ، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقى 100 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. (ئىلگىرىكى ھەدىستە، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدەك دېيىلگەن. بۇ، ئۇ چاغدا 500 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ) ھەدىستىن مەقسەت: دەرىجىلەر ئارىلىقىدىكى پەرق چوڭدۇر.

في الجنة ما لا عين رأت و لا أذن سمعت و لا خطر على قلب بشر ( البزار طس ) عن أبي سعيد

4246. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتتە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان ئىنسان قەلبىگە خۇتۇر، خىيال كېلىپ باقمىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ نازۇ ـ نېئمەت ، راھەت ـ پاراغەت، لەززەتلەر باردۇر، بەزار، تەبرانى، ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ. مانا مۇشۇنداق سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن جەننەتتە خالىغىنى باردۇر، دېگەن ئايەت، ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈش، كىشىنىڭ قەلبىنى مەڭگۈ خاتىرجەم قىلىدۇ. ئاللاھ ئۆز پەزلى، رەھمىتى، سېخىيلىقى بىلەن بىزلەرنى ئەپۇ قىلىپ، مەغپىرەت قىلىپ، جەننەت ئەھلىدىن قىلسۇن، ئامىن! ئى قېرىنداشلار، بىزمۇ قاتتىق تىرىشايلى!

4247 ( صحيح ) في الحبة السوداء شفاء من كل داء إلا السام ( حم ق ه ) عن أبي هريرة

4247. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قارا داندا يەنى سىيادانىدا ئۆلۈمدىن باشقا ھەرقانداق كېسەللەرگە شىپا، داۋا باردۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

4248 ( صحيح ) في الحجم شفاء ( سمويه حل الضياء ) عن عبدالله بن سرجس

4248. ئابدۇللاھ ئىبنى سىرجىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قان ئالدۇرۇشتا، كېسەللەرگە شىپالىق باردۇر، سەمۇيە، ئەبۇ نۇئەيم، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

4249 ( صحيح ) وانظر صحيح الجامع رقم: 4234 ) في الذباب أحد جناحيه داء و في الآخر شفاء فإذا وقع في الإناء فأرسبوه فيذهب شفاؤه بدائه ( ابن النجار ) عن علي

4249. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چىۋىننىڭ بىر قانىتىدا زەھەر يەنە بىر قانىتىدا شىپا بار بولۇپ، ئۇ قاچىغا چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى چۆمدۈرۈۋېتىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ئۇنىڭ زەھەر كېسەللىكىنى شىپاسى يوقىتىدۇ، ئىبنى نەججار توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسمىدا شۇنداقلا 4234 ـ ھەدىستە ئۆتتى. ھازىر مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىسلەر مۆجىزە بولماقتا، راستىنلا شىپا، راستىنلا مىكروب، ۋىرۇسلار ئاشكارا بولدى، سىيادانمۇ مىكروب ئۆلتۈرۈشتە مۆجىزە بولۇپ قالدى، بۇلارنى تور بېتىدىن كۆرۈڭلار.

(صحيح) وانظر صحيح الجامع رقم: 4124 ) في الركاز الخمس ( ه ) عن ابن عباس ( طب ) عن أبي ثعلبة ( طس ) عن جابر وابن مسعود

4250. ئىبنى ئابباس، ئەبۇ سۇئلەبە، جابىر، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تېپىۋېلىنغان، قېزىۋېلىنغان كان، مەدەن بايلىقلاردا 1/5نى بېرىدۇ، (يەنى بەشتىن بىرىنى بەيتۇلمالغا يىغىۋېلىپ، ئۇرۇش تەييارلىقى قىلىنىدۇ،

پىقىرلارغا بېرىلىدۇ)، ئىبنى ماجە، تەبرانى، ئەۋسەت توپلىغان، سەھىھ. 4124 ـ ھەدىستە ئۆتتى.

**4251 ( صحيح ) في الضبع كبش ( ه ) عن جابر**

4251. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زەبىۇ ئىسىملىك ھايۋاننى يەنى سىرتلاننى،ياكى قىزىل ئىتنى ھاجى ئېھرام باغلاقلىق ھالدا ئۆلتۈرسە، بىر قوچقار تۆلەپ، ئۇنى فىديە ھەدىي قىلىپ بوغۇزلايدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھەنىيفە رەھ، بۇ ھايۋاننى، مەگىنى بار، گۆشخور، شۇڭلۇق ئۇچۇن ھارام دېگەندۇر .

**4252 ( صحيح ) في العسل في كل عشرة أزق زق ( ت ه ) عن ابن عمر**

4252. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەسەلنىڭ ھەر 10 تولۇن، 10 ساندۇقىدىن بىر ساندۇق ئۆشرە ـ زاكات ھېسابىدا ئېلىنىدۇ. يەنى ئۇن ساندۇق ھەسەلگە بىر ساندۇق زاكات كېلىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4253 ( صحيح ) في الغلام عقيقة فأهريقوا عنه دما و أميطوا عنه الأذى ( ن ) عن سلمان بن عامر**

4253. سەلمان ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۇغۇلغان بالا ھەققىدە ئەقىيقە قىلىپ، قان تۆكۈڭلار، قوي بوغۇزلاڭلار، بالىدىن ئەزىيەتنى تازىلاپ، يۇيۇڭلار. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4254 ( صحيح ) في الكبد الحارة أجر ( هب ) عن سراقة بن مالك**

4254. سوراقەت ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھۆل، قىزىق جىگەر ئىگىسىگە نەرسە بەرسە، سۇغارسا، ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. زىيادەتنى پاسىق، فاجىر، يامان كىشىلەر، دىنسىز قوشنىلار يېسە، يەنىلا ساۋاب، ئەجىر بولىدۇ، تامىقىڭنى مۇتتەقى يېسۇن دېگىنى ئالاھىدە، باشقىچە ئەھۋال ياكى قىچقارغان تائامدۇر.

**في المنافق ثلاث خصال: إذا حدث كذب و إذا وعد أخلف و إذا ائتمن خان( البزار ) عن جابر**

4255. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇناپىقدا ئۈچ خىسلەت ئىش بار، سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدە قىلسا خىلاپلىق قىلىدۇ، ئامانەت قويۇلسا، خىيانەت قىلىدۇ، بەزار توپلىغان، سەھىھ.

**4256 ( صحيح ) في المواضح خمس خمس من الإبل ( حم 4 ) عن أبي هريرة**

4256. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تېرىسىنى سويۇۋېتىپ، جاراھەتلەندۈرسە، بەشتىن تۆگە تۆلەيدۇ، مەسلەن: بېشىنىڭ تېرىسىنى سويىۋەتسە، بەش تۆگە بېرىدۇ، ئەھمەد، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**4257 ( صحيح ) في أمتي خسف و مسخ و قذف ( ك ) عن ابن عمرو**

4257. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە «گۇناھ ـ مەئسىيەت كۆپىيىپ كېتىپ» يەر يۇتۇش، سۈرىتى باشقا نەرسىنىڭ سۈرىتىگە ھەتتا ھايۋانغا ئۆزگىرىپ كېتىش، ئاسماندىن تاش يېغىشلار يۈز بېرىدۇ. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**( صحيح ) في أمتي كذابون و دجالون سبعة و عشرون منهم أربع نسوة و إني خاتم النبيين لا نبي بعدي ( حم طب الضياء ) عن حذيفة**

4258. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە 27 دەججال، كاززاپ، پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىپ چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ تۆتى ئايال كىشىدۇر، (قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار) ھەقىقەتەن مەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، ھەممىنى تۈگەتكۈچى، مەندىن كېيىن ھەرگىز پەيغەمبەر يوق. قەتئىي چىقمايدۇ. ئەھمەد، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس راستىنلا مۆجىزە بولۇپ، ئۇ كاززاپلار راستلا چىققان، بولۇپمۇ ئاياللىرىمۇ چىققان. بۇ ئىبنى كەسىرنىڭ بەدايەت ۋە نەھايەت دېگەن تارىخ كىتابىدا باردۇر. شۇنداقلا، ھەقىقى دەلىل ـ ئىسپاتى بار. قولىدا قۇرئانىدەك كىتابى بار پەيغەمبەر راستىنلا چىقمىدى ھەم كەلمەيدۇ.يالغان ھەدىسىدىنمۇ قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار!!!

**4259** ( صحيح ) في ثقيف كذاب و مبير ( ت ) عن ابن عمر ( طب ) عن سلامة بنت الحر

4259. ئىبنى ئۆمەر، سالامەت بىنتى ھور رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سوقەيىپ قەبىلىسىدە بىر كاززاپ ۋە بىر ھالاكەتچى، پاساتچى باردۇر. تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما مۇنداق دېگەن: كاززاپ بولسا، ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىنىنى داۋا قىلىپ چىققان، نۇرغۇن شىيئەلەرنى توپلىغان، مۇختار كاززاپ شۇدۇر، بۇ كۇفىدە ئاشكارا بولغان، ھەتتا پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلغان؛ مۇبىير پاساتچى ، ھالاكەتچى بولسا ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيىرنى ئۆلتۈرگەن، ھەججاج ئىبنى يۇسۇف بولۇپ، بۇ زالىم ئىدى دېگەن .

**4260** ( حسن ) في ثلاثين من البقر تبيع أو تبيعة و في أربعين من البقر مسنة ( ت ه ) عن ابن مسعود

4260. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: 30 كالىدا ئىككى ياشلىق كالىدىن بىرسى ئېلىنىدۇ، بۇ ئەركەك ـ چىشى بولسا بولۋېرىدۇ. 40 كالىدىن ئىككى ياشتىن يۇقىرى بىر دانە كالا ئېلىنىدۇ، تىرمىزى 566 ـ ھەدىس، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، يەنى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. لېكىن بۇ كالىلار ئوتلاقتا قويۇپ بېرىلىشى شەرت ، يايلاقتا باقسا شۇنداق ئېلىنىدۇ.

**4261** ( صحيح ) في خمس من الإبل شاة و في عشر شاتان و في خمس عشرة ثلاث شياه و في عشرين أربع شياه و في خمس و عشرين ابنة مخاض إلى خمس و ثلاثين فإن زادت واحدة ففيها ابنة لبون إلى خمس و أربعين فإذا زادت واحدة ففيها حقة إلى ستين فإذا زادت واحدة ففيها جذعة إلى خمس و سبعين فإذا زادت واحدة ففيها ابنتا لبون إلى تسعين فإذا زادت واحدة ففيها حقتان إلى عشرين و مائة فإذا كانت الإبل أكثر من ذلك ففي كل خمسين حقة و في كل أربعين بنت لبون فإذا كانت إحدى و عشرين و مائة ففيها ثلاث بنات لبون حتى تبلغ تسعا و عشرين و مائة فإذا كانت ثلاثين و مائة ففيها بنتا لبون و حقة حتى تبلغ تسعا و ثلاثين و مائة فإذا كانت أربعين و مائة ففيها حقتان و بنت لبون حتى تبلغ تسعا و أربعين و مائة فإذا كانت خمسين و مائة ففيها ثلاث حقاق حتى تبلغ تسعا و خمسين و مائة فإذا كانت ستين و مائة ففيها أربع بنات لبون حتى تبلغ تسعا و ستين و مائة فإذا كانت سبعين و مائة ففيها ثلاث بنات لبون و حقة حتى تبلغ تسعا و سبعين و مائة فإذا كانت ثمانين و مائة ففيها حقتان و ابنتا لبون حتى تبلغ تسعا و ثمانين و مائة فإذا كانت تسعين و مائة ففيها ثلاث حقاق و بنت لبون حتى تبلغ تسعا و تسعين و مائة فإذا كانت مائتين ففيها أربع حقاق أو خمس بنات لبون أي السنين وجدت أخذت ; و في سائمة الغنم في كل أربعين شاة شاة إلى عشرين و مائة فإذا زادت واحدة فشاتان إلى المائتين فإذا زادت على المائتين ففيها ثلاث إلى ثلاثمائة فإن كانت الغنم أكثر من ذلك ففي كل مائة شاة شاة ليس فيها شيء حتى تبلغ المائة ; و لا يفرق بين مجتمع و لا يجمع بين متفرق مخافة الصدقة و ما كان من خليطين فإنهما يتراجعان بالسوية و لا يؤخذ في الصدقة هرمة و لا ذات عوار من الغنم و لا تيس الغنم إلا أن يشاء المصدق ( حم 4 ك ) عن ابن عمر

4261. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەش تۆگىدە بىر قوي، ئۇنىدا ئىككى قوي، 15 تۆگىدە ئۈچ قوي، 20 تۆگىدە تۆت قوي ئېلىنىدۇ، 25 تۆگىدە بىر ياشتىن ئىككى ياشلىققىچە بولغان چىشى تۆگىدىن بىرسى ئېلىنىدۇ، بۇ 35گىچە شۇنداق، ئەگەر 35دىن بىر تۆگە زىيادە، ئوشۇق بولسىلا، بۇنىڭدىن 45كە يەتكىچە ئۈچىنچى ياشقا قەدەم قويغان چىشى تۆگىدىن بىرسى ئېلىنىدۇ. ئەگەر 45دىن بىرسى زىيادە بولسىلا 60قىچە ئۈچ ياشدىن يۇقىرى چىشى تۆگىدىن بىرسى ئېلىنىدۇ، 60دىن بىرسى زىيادە بولسا، بۇ تۆگە 75گە يەتكەنگە قەدەر بىر دانە بەش ياشلىق چىشى تۆگە ئېلىنىدۇ، ئەگەر 75دىن بىرسى ئاشسا، بۇنىڭدا 90غىچە ئۈچ ياشلىقدىن ئىككىسى ئېلىنىدۇ، 90دىن بىرسى زىيادە بولسىلا، 120گىچە ئۈچ ياشتىن يۇقىرى چىشى تۆگىدىن ئىككىسى ئېلىنىدۇ، ئەگەر تۆگە ئۇنىڭدىمۇ كۆپ بولۇپ قالسا، ھەر 50 تۆگىدىن كامىل ئۈچ ياشقا كىرگەن تۆگىدىن بىرسى، ھەر 40دىن ئۈچىنچى ياشقا قەدەم قويغان چىشى تۆگىدىن بىرسى ئېلىنىدۇ، تۆگىنىڭ سانى 121 بولۇپ قالسا، 129غا يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭدىن ئۈچىنچى ياشقا قەدەم قويغان چىشى تۆگىدىن ئۈچى ئېلىنىدۇ، ئەگەر تۆگە 130 بولۇپ قالسا، 139قا يەتكەنگە قەدەر ئۇنىڭدىن يۇقىرىقى ئۈچىنچى ياشقا كىرەي دېگەن تۆگىدىن ئىككىنى، كامىل ئۈچ ياشقا كىرىپ ئاشقان تۆگىدىن بىرسى جەمئىي ئۈچ تۆگە ئېلىنىدۇ، تۆگە 140 بولۇپ قالسا، 149قا يەتكەنگە قەدەر، ئۈچ ياشتىن يۇقىرى تۆگىدىن ئىككىنى، ئۈچىنچى ياشقا قەدەم قويغان تۆگىدىن بىرنى، ئۈچ تۆگە ئېلىنىدۇ، تۆگە 150 بولۇپ قالسا، بۇنىڭدا 159قا يەتكىچە ئۈچ ياشتىن يۇقىرى چىشى تۆگىدىن ئۈچ دانە ئېلىنىدۇ، تۆگە 160 بولۇپ قالسا، 169قا يەتكەنگە قەدەر ئۈچىنچى ياشقا كىرەي دېگەن چىشى تۆگىدىن تۆت دانە ئېلىنىدۇ، ئەگەر 170كە يەتسە، 179قا يەتكىچە يۇقىرىقى ئۈچىنچى ياشقا كىرەي دېگەندىن ئۈچ دانە، ئۈچ ياشتىن ئاشقاندىن بىر دانە جەمئىي تۆت دانە تۆگە ئېلىنىدۇ، تۆگە 180گە يەتسە، 189غىچە ئۈچ ياشلىقدىن، ئىككى، ئۈچىنچى ياشقا كىرگەندىن ئىككى، تۆت تۆگە ئېلىنىدۇ. ئەگەر 190غا يەتسە، 199غىچە ئۈچ ياشتىن تۆت ياشقىچە بولغان چىشى تۆگىدىن ئۈچنى، ئۈچىنچى ياشقا كىرگەندىن بىرنى، تۆت تۆگە ئېلىنىدۇ، تۆگە 200گە يەتسە، ئۈچ ياشتىن تۆت ياشقىچە تۆگىدىن تۆتنى ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا ئۈچىنچى ياشقا كىرەي دېگەندىن بەشنى ئېلىنىدۇ، يىلنىڭ قايسىسىدا تاپساڭ، بىر يىل توشقان بولسىلا زاكاتنى ئېلىۋېرىسەن، يايلاقتا ئوتلىغان قويدا ھەر 40 قويدىن 120گىچە بىر قوي ئېلىنىدۇ، 120دىن بىر قوي زىيادە بولسا، 200گىچە ئىككى قوي ئېلىنىدۇ، 200دىن بىر قوي زىيادە بولسا، 300گىچە ئۈچ قوي ئېلىنىدۇ، ئەگەر قويلار ئۇنىڭدىن كۆپ بولۇپ كەتسە، ھەر 100 قويغا بىر قوي ئېلىنىدۇ، سانى 100گە يەتمىسە، پارچە ـ پۇراتلىرىغا ھېچ نەرسە يوق، (يەنى 480 قوي بولسا، تۆت قوي ئېلىنىدۇ، 80گە ئېلىنمايدۇ، 500گە توشسا، بەش قوي ئېلىنىدۇ) بىرلا بېقىلغان، بىر كىشىنىڭ قويىنى زاكاتتىن ئەنسىرەپ ئايرىۋېتىلمەيدۇ ،بۆلۈۋېتىلمەيدۇ، ئايرىم ـ ئايرىم كىشىلەرنىڭ قويلىرى بىرلەشتۈرۈلمەيدۇ.يەنى بىرلەشتۈرۈپ، يىغىپ ئېلىنمايدۇ.(ھەر كىم يۇقىرىقى ئۆلچەم بويىچە ئۆزى بېرىدۇ) ئارىلاشتۇرۇپ باققان قويلار بولسا، ھەر ئىككىلىسى ئۆز ئىگىلىرىگە باراۋەر ھالدا جايى ـ جايىغا قايتۇرۇلىدۇ، سەدىقە، زاكات ئېلىشدا بەك قېرىسى ئېلىنمايدۇ، كور، قارىغۇ قويلار ئېلىنمايدۇ، ئەيىبى بار قوي ئېلىنمايدۇ، پىچتۇرۋېتىلگەن ئېرىك قوي ئېلىنمايدۇ، لېكىن سەدىقە، زاكات يىغقۇچى خادىم، خالاپ قالسا، بۇ ئېرىك، سېمىز، ياخشى بولسا مەيلى

ئالسا بولىدۇ. (يەر ھەيدەشكە، يەر سۇغۇرۇشقا ئىشلىتىشۋاتقان ئامىل، كالا، تۆگىلەرگە سەدىقە ۋاجىپ بولمايدۇ)، ئەھمەد، ھاكىم، تۆت كىتاب يەنى نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، كالا، تۆگىلەرنىڭ ياش لۇغەت تەپسىرى ئەبۇ داۋۇدتا تەپسىلىي باردۇر.

في عجوة العالية أول البكرة على ريق النفس شفاء من كل سحر أو سم ( حم ) عن عائشة

4262. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەدىنىنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىگە جايلاشقان ئەجۋەت خورمىسىنى ئەتىگەندە ناشتىدا يەپ بەرسە، ھەر قانداق سېھىرلەنگەن كېسەلگە ياكى زەھەرگە قارشى شىپا، داۋا باردۇر، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**4263** ( صحيح ) في كل ذات كبد حرى أجر ( حم ) عن سراقة بن مالك ( حم ) عن ابن عمرو

4263. سوراقە ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق ھۆل قىزىق جىگەر ئىگىسىگە تائام، سۇ بەرسە، ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**4264** ( صحيح ) في كل ركعتين التحية ( م ) عن عائشة

4264. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قېتىملىق ئىككى رەكەت نامازدا بىر قېتىم ئەتتەھىيياتۇ ئوقۇلىدۇ. يەنى ئىككى رەكەت نامازدا بىر قېتىم، تۆت رەكەتلىك نامازدا ئىككى قېتىم ئوقۇلىدۇ. ناماز ئىككى رەكەت بولسىلا ئەتتەھىيياتۇ ئوقۇلىدۇ. ناماز ئاخىرلاشسا دۇرۇت ـ سالام، دۇئالار ئوقۇلۇپ، سالام بېرىلىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4265** ( حسن ) في كل سائمة إبل في أربعين بنت لبون لا يفرق إبل عن حسابها من أعطاها مؤتجرا بها فله أجرها و من منعها فإنا آخذوها و شطر ماله عزمة من عزمات ربنا عز و جل ليس لمحمد و لا لآل محمد منها شيء ( حم د ن ك ) عن معاوية بن قرة

4265. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەلەپ بېرىلمەي، يايلاقتا ئوتلىغىلى قويۇپ بېرىلگەن تۆگىنىڭ ھەر 40 تۆگىدىن ئۈچ ياشقا كىرگەن چىشى تۆگىدىن بىرسى ئېلىنىدۇ، تۆگە زاكات ئېلىش ئۈچۈن ھېسابلانغاندا ئايرىۋېتىلمەيدۇ، (يەنى زاكاتتىن قورقۇپ ئايرىمايدۇ) كىم تۆگىنى ئەجىر تەلەپ قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ ساۋابى شۇ كىشىگە بولىدۇ، كىم زاكاتنى چەكلەپ، بەرمىسە، ئۇنىڭ زاكىتىنى مانا بىز ئالىمىز، ئۇنىڭ مېلىنىڭ يەنى تۆگىسىنىڭ يېرىمىنى ئالىمىز، زاكات دېگەن رەببىمىز ئەززە ۋە جەللىنىڭ كۈچلۈك، ۋاجىباتلىرىدىن بىر ۋاجىپ يەنى پەرىزدۇر، زاكاتتىن بىرەر نەرسە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ياكى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ھالال ئەمەس.(يەنى ئۇنى ئالسام ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس، بەيتۇلمالغا، جەڭ تەييارلىق ئۈچۈن پېقىرلار ئۈچۈن ئالىمەن) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد 1344 ـ ھەدىس، نەسەئى 2406 ـ ھەدىس، ھاكىمنۇ توپلىغان، ھەسەن.

**4266** ( صحيح ) في كل سائمة من الغنم فرع تغذوه ماشيتك حتى إذا استحمل للحجيج ذبحته فتصدقت بلحمه على ابن السبيل فإن ذلك هو خير ( حم د ن ه ) عن نبيشة

4266. نەبىيشەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆزۈڭ ھەلەپ، ئوت ـ چۆپ بەرمەي، يايلاقتا ئوتلىغىلى قويۇپ بەرگەن قويلاردا پەرئى بار،

يەنى ئاللاھ يولىدا مال بوغۇزلاپ، سەدىقە قىلىش بار، تېخى ئۇنىڭدىن چارۋا ـ ماللارنى قوغدايدىغان ئىتنىڭغىمۇ غىزا بېرىسەن، تۆگە، كالا بولۇپ قالسا، ھاجىلارنىڭ يۈك ـ تاقىسىنى كۆتۈرگىدەك چوڭ بولغاندا ئۇنى بوغۇزلاپ، گۆشىنى مۇساپىرلارغا سەدىقە قىلىسەن، ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىش بەك ياخشىدۇر. (ياكى ماللىرىڭ غىزالىنىپ چوڭ بولغاندا شۇنداق قىلىسەن) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار بۇ ئىشلار ئەمەلدىن قالغان دېدى، زاكات ۋە خالىس قىلىنىغان سەدىقە كۇچكە ئىگە.

**4267** ( حسن ) في كل قرن من أمتي سابقون ( الحكيم ) عن أنس

4267. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇممىتىمنىڭ ھەربىر ئەسىردە ياشىغانلىرى ئارىسىدا سابىقۇنلار، ياخشىلىققا ئالدىرايدىغانلار (يەنى سۈرە ۋاقىئەدىكى سابىقۇنلار )باردۇر. ھەكىيم توپلىغان، ھەسەن.

**4268** ( صحيح ) في ليلة النصف من شعبان يغفر الله لأهل الأرض إلا لمشرك أو مشاحن ( هب ) عن كثير بن مرة الحضرمي مرسلا

4268. كەسىرەت ئىبنى مۇررەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەئبان تەڭ بولغان 15 ـ كېچىسى ئاللاھتائالا مۇشرىك ۋە ئۆچ ـ ئاداۋەتتىكى كىشىلەردىن باشقا بارلىق زېمىن ئەھلى ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرۈۋېتىدۇ، پەقەت مۇشرىك ۋە ئاداۋەتتىكى كىشىلەر قېلىپ قالىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4269** ( صحيح ) فيما دون خمس و عشرين من الإبل في كل خمس ذود شاة فإذا بلغت خمسا و عشرين ففيها ابنة مخاض إلى خمس و ثلاثين و إن لم تكن ابنة مخاض فابن لبون ذكر فإن بلغت ستا و ثلاثين ففيها ابنة لبون إلى خمس و أربعين فإذا بلغت ستة و أربعين ففيها حقة طروقة الفحل إلى ستين فإذا بلغت واحدا و ستين ففيها جذعة إلى خمسة و سبعين فإذا بلغت ستة و سبعين ففيها بنتا لبون إلى تسعين فإذا بلغت واحدا و تسعين ففيها حقتان طروقتا الفحل إلى عشرين و مائة فإذا زادت على عشرين و مائة ففي كل أربعين ابنة لبون و في كل خمسين حقة ; فإذا تباين أسنان الإبل في فرائض الصدقات فمن بلغت عنده صدقة الجذعة و ليست عنده جذعة و عنده حقة فإنها تقبل منه و يجعل معها شاتين إن استيسرتا له أو عشرين درهما و من بلغت عنده صدقة الحقة و ليست عنده إلا جذعة فإنها تقبل منه و يعطيه المصدق عشرين درهما أو شاتين و من بلغت عنده صدقة الحقة و ليست عنده حقة الا ابنة لبون فانها تقبل ويجعل معها شاتين أوعشرين درهما ومن بلغت عنده صدقة ابنة لبون و ليست عنده إلا حقة فإنه تقبل منه و يعطيه المصدق عشرين درهما أو شاتين و من بلغت عنده صدقة بنت لبون و ليست عنده ابنة لبون و عنده ابنة مخاض فإنها تقبل منه و يجعل معها شاتين إن استيسرتا له أو عشرين درهما و من بلغت صدقته بنت مخاض و ليس عنده إلا ابن لبون ذكر فإنه يقبل منه و ليس معه شيء و من لم يكن عنده إلا أربع من الإبل فليس فيها شيء إلا أن يشاء ربها ; و في صدقة الغنم في سائمتها إذا كانت أربعين ففيها شاة إلى عشرين و مائة فإذا زادت ففيها شاتان إلى مائتين فإذا زادت واحدة ففيها ثلاث شياه إلى ثلاثمائة فإذا زادت ففي كل مائة شاة ; و لا يؤخذ في الصدقة هرمة و لا ذات عوار و لا تيس إلا أن يشاء المصدق و لا يجمع بين متفرق و لا يفرق بين مجتمع خشية الصدقة و ما كان من خليطين فإنهما يتراجعان بينهما بالسوية ; و إذا كانت سائمة الرجل ناقصة من أربعين شاة شاة واحدة فليس فيها شيء إلا أن يشاء ربها ; و في الرقة ربع العشر فإذا لم يكن المال إلا تسعين و مائة درهم فليس فيها شيء إلا أن يشاء ربها ( حم خ ) عن أبي بكر

4269. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: 25دىن ئاز بولغان تۆگىلەردە ھەر بەش تۆگىگە بىر قوي ئېلىنىدۇ، تۆگە 25كە يەتكەندە 35گىچە بىر دانە ئىككى ياشلىق چىشى تۆگە ئېلىنىدۇ، بۇنداق تۆگە بولمىسا، ئۈچىنچى ياشقا كىرگەن ئەركەك تۆگە ئېلىنىدۇ، ئەگەر تۆگىلەر 36گە يەتسە، 45گىچە ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرسى ئېلىنىدۇ،

تۆگىلەر 46گە يەتسە، 60قا يەتكەنگە قەدەر ئەركەك تۆگىنىڭ جۈپتى بولالىغىدەك تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرسى ئېلىنىدۇ، بۇ ياشتىكى تۆگىنى ئەركەك تۆگە چاپىدۇ-دە،بوغاز بولۇپ تۇغىدۇ، تۆگىلەر 61گە يەتسە، 75گىچە بەش ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىر دانە ئېلىنىدۇ، 76گە يەتسە، 90غىچە ئۈچ ياشتىن تۆت ياشقىچە چىشى تۆگىدىن ئىككىسى ئېلىنىدۇ، 91گە يەتسە، 120گىچە ئەركەك تۆگىگە جۈپلۈك بولالىغۇدەك بوغاز بولۇپ تۇغقىدەك تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن ئىككىسى ئېلىنىدۇ، تۆگىلەر 120دىن زىيادە بولسا، ھەر 40 تۆگىدىن ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرسى ھەر 50 تۆگىدىن تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرسى ئېلىنىشى بېرىدۇ. پەرىز قىلىنغان سەدىقە، زاكاتلاردا تۆگىلەرنىڭ ياشلىرى بىر ـ بىرىگە زىت، خىلاپ بولۇپ قالسا بىر كىشىنىڭ نەزلىدىكى تۆگىلەرگە بەش ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرسى بېرىلىشكە توغرا كېلىپ، بۇ تۆگە ئۇنىڭ تۆگىلىرىدە بولمىسا، ئۇنىڭ تۆگىسى ئارىسىدا تۆت ياشلىق چىشى تۆگە بولۇپ قالسا، بەش ياشلىقنىڭ ئورنىدا تۆت ياشلىقنى قوبۇل قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەگەر ئۇ كىشىگە ئاسان بولسا، ئىككى قوينى جۈپلەپ،بىللە بېرىدۇ، ياكى 20 دىرھەم كۈمۈش پۇل بېرىدۇ، بىر كىشىنىڭ بېرىدىغان سەدىقە، زاكات تۆگىسى تۆت ياشلىق چىشى تۆگە بولغان بولسا، ئۇنىڭ تۆگىلىرىدە بۇ تۆگە يوق بولۇپ، پەقەت بەش ياشلىق چىشى تۆگە بولسا، بەش ياشلىقى قوبۇل قىلىنىپ، سەدىقە، زاكات يىغقۇچى خادىم ئۇ كىشىگە ئىككى قوي ياكى 20 دىرھەم كۈمۈش پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، بىر كىشىنىڭ بېرىدىغان زاكات تۆگىسى، تۆت ياشلىق چىشى تۆگە بولسا، ئۇنىڭ نەزلىدە پەقەت ئۈچ ياشلىق تۆگە بولسا، ئۇ قوبۇل قىلىنىپ، ئىككى قوي ياكى 20 دىرھەم كۈمۈش پۇلنى قوشۇپ بېرىدۇ، بىر كىشىنىڭ زاكات بېرىشكە تېگىشلىك تۆگىسى ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگە بېرىشكە توغرا كېلىپ، بۇ تۆگە بولماستىن، تۆت ياشلىقى بولۇپ قالسا، بۇ قوبۇل قىلىنىدۇ، زاكات خادىمى ئۇ كىشىگە 20 دىرھەم ياكى ئىككى قوينى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، بىر كىشى ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىنىڭ ئورنىدا ئىككى ياشلىقنى بەرسە، بۇ كىشىدىنمۇ ئىككى قوي ياكى 20 دىرھەم قوشۇپ ئېلىنىدۇ، بىر كىشىنىڭ بېرىدىغان تۆگىسى ئىككى ياشلىق چىشى تۆگە بولۇپ بۇ تۆگە ئۇنىڭ نەزلىدە يوق بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچ ياشلىق ئەركەك تۆگىسى بولسا، بۇ تۆگە قوبۇل قىلىنىدۇ، ئەركەك بولغانلىقىدىن زاكات خادىمى بىرەر نەرسە قايتۇرمايدۇ، بىر كىشىنىڭ پەقەت تۆتلا تۆگىسى بولسا، ئۇنىڭدا ھېچنەرسە ۋاجىپ بولمايدۇ، پەقەت ئىگىسى خالاپ بەرسە، سەدىقە قىلسا، ئارىيەت، ئۆتنە بەرسە سۈتىنى بەرسە، بۇ مۇستەسنادۇر، ئەجىر، ساۋابىنى ئۆزى ئالىدۇ، يايلاقتا ئۆزى ئوتلايدىغان قويلاردا (يەنى ھەلەپ، ئوت ـ چۆپ بەرسە، زاكات كەلمەيدۇ) ئوتلاقدىكى قوي 40قا يەتسە، 120گىچە بىر قوي ئېلىنىدۇ، 120دىن ئاشسا، 200گىچە ئىككى قوي ئېلىنىدۇ، 200دىن بىر قوي ئاشسا، 300گىچە ئۈچ قوي ئېلىنىدۇ، 300دىن ئېشىپ كەتسە، ھەر 100قويغا بىر قوي ئېلىنىدۇ، سەدىقە ئېلىشدا، بەك قېرىسى، ئەيىبى بارلىرى، پىچتۇرۇلغان ئېرىكلىرى ئېلىنمايدۇ، لېكىن، سەدىقە يىغقۇچى ئۆزى خالاپ ئېرىكنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ، (شەرتى، قوبۇلغا لايىق بولۇشتۇر) ئايرىم ـ ئايرىم كىشىلەرنىڭ ماللىرى سەدىقە ئېلىنىشتىن ئۈچۈن بىرلەشتۈرۈلمەيدۇ، بىر يەرگە جۇغلانمايدۇ، سەدىقە، زاكاتتىن ئەنسىرەپ، بىر توپ قوينى ئايرىۋېتىلمەيدۇ، بۆلۈۋېتىلمەيدۇ، ئىككى تەرەپ ئارىلاشتۇرۇپ باققان بولسا، ھەر ئىككىلىسى باراۋەر ھالدا ئېگىز ـ پەس قىلماي، ئۆزىنىڭكى ئۆزىگە قايتۇرۇلۇپ زاكات ئېلىنىدۇ، كىشىنىڭ ئوتلاقتىكى، يايلاقتىكى قويىدىن 40 قويىدىن بىر قوي كاملاپ قالسا،

قوي 39 بولۇپ قالسا، ئۇنىڭدا ھېچ نەرسە ۋاجىپ بولمايدۇ، زاكات ئېلىنمايدۇ، لېكىن، ئىگىسى خالاپ، زاكات، سەدىقە ئېھسان بەرسە، بۇ مەيلى، (لېكىن، 40 قويدىن بىرەرنى زاكاتتىن ئەنسىرەپ ئۆلتۈرۈپ يەۋالسا، بۇنى ئاللاھ كۆرۈپ تۇرىدۇ، زاكاتتىن قەرزى قالىدۇ) كۈمۈش پۇلدا يەنى ئالتۇن ـ كۈمۈشتە ياكى بۇ ئىككىسىنىڭ قىممىتىدىكى مالدىن ئوندىن بىرىنىڭ تۆتتىن بىرى يەنى 40دەن بىرى ئېلىنىدۇ، مال پەقەت 190 دىرھەم بولۇپ قالسا، ئۇنىڭدا ھېچ نەرسە ۋاجىپ بولمايدۇ، زاكات ئېلىنمايدۇ، لېكىن، ئىگىسى خالاپ، سەدىقە، ئېھسان قىلسا، بۇ مۇستەھسەندۇر، (يەنى پۇل ـ مالنىڭ زاكات بېرىش ئۆلچىمى، 20 مىسقال ئالتۇن ياكى 200 دىرھەم كۈمۈش پۇل ياكى بۇلارنىڭ قىممىتى ھېسابلىنىدۇ، پۇل ـ مال مۇشۇ ئۆلچەمگە يەتسە، زاكات ۋاجىپ بولىدۇ، ئۇنىڭغا يەتمىسە، ھېچ نەرسە ۋاجىپ بولمايدۇ، 20 مىسقال ئالتۇن ھازىرچە 6000 يۈەن جۇڭگو پۇلىدىن ئاشىدۇ، بەزىدە كاملاپمۇ تۇرىدۇ، مانا بۇ زاكات بېرىش ئۆلچىمى، لېكىن، ئۆز ۋاقتىدا 200 دىرھەم كۈمۈش، مۇشۇ 20 مىسقالغا تەڭ ئىدى، ھازىر ئالتۇن قىممەت، كۈمۈش ئەرزان بولۇپ قالدى، ئالىملار، ئاندىن باي رايونغا ئالتۇننى يەنى 6000 يۈەننى ئۆلچەم قىلىپ، نامرات، پېقىر رايونغا زاكاتنى كۆپ بەرگۈزۈش ئۈچۈن كۈمۈش پۇلنى يەنى 2000 يۈەندىن 3000 يۈەنگىچە ئۆلچەم بېكىتتى، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، ئۆلچەم بولسا، 20 مىسقال يەنى 20 دىنار ئالتۇن، 200 دىرھەم كۈمۈش پۇل، بۇلارنىڭ گرام سانى فىقھى كىتابلىرىدا باردۇر). بۇ ھەدىس بۇخارى 1362 ـ ھەدىس، نەسەئى 2412 ـ ھەدىس، ئەھمەد 11551 ـ ھەدىس، ئۇنىڭدىن باشقا كىتابلاردىمۇ بار، سەھىھ.

**4270 ( صحيح ) فيما سقت السماء و الأنهار و العيون أو كان عثريا العشر و فيما سقي بالسواني أو النضح نصف العشر ( حم خ 4 ) عن ابن عمر**

4270. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاسمان يەنى يامغۇر سۈيى دەريالار، ئۆستەڭلەر، بۇلاق سۇلىرى سۇغارغان نەرسىدە ياكى سەل، يامغۇرلارلا سۇغارغان، ئىگىسى سۇ قۇيماستىن يامغۇر بىلەنلا سۇغۇرۇلغان ياكى يىلتىزى بىلەنلا كۆپايىلەنگەن نەرسىلەردە ئوندىن بىرى 1/10ى ئېلىنىدۇ. كالا، تۆگىلەردە سۇ توشۇپ ياكى سۇ تارتىپ ياكى قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىپ سۇغۇرۇلغان، سۇ سېپىش بىلەن سۇغۇرۇلغان نەرسىلەردە 1/20ى ئېلىنىدۇ. بۇخارى، ئەھمەد، تۆت كىتاب يەنى نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. بۇخارى 1388 ـ ھەدىس، تىرمىزى 579 ـ ھەدىس، نەسەئى 2442 ـ ھەدىس.

**فيما سقت السماء و الأنهار و العيون العشر و فيما سقت السانية نصف العشر ( حم م د ن هق ) عن جابر**

4271. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاسمان سۈيى، يامغۇر، ئېرىق ـ ئۆستەڭ، دەريالار، بۇلاقلار سۇغارغان نەرسىدىن ئوندىن بىرى ئېلىنىدۇ. كالا، تۆگىلەردە سۇ تارتىپ، سۇ توشۇپ، قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىپ سۇغۇرۇلغان نەرسىلەرگە 1/20ى يىگىرمىدىن بىرى ئېلىنىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**فيما سقت السماء و العيون العشر و فيما سقي بالنضح نصف العشر ( ت ه ) عن أبي هريرة**

4272. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاسمان سۈيى، بۇلاق سۈيى سۇغارغان نەرسىگە ئوندىن بىر 1/10نى بېرىدۇ. سۇ سېپىش، قۇدۇقتىن سۇ تارتىش بىلەن، سۇ توشۇش بىلەن سۇغۇرۇلغان نەرسىلەرگە 1/10نىڭ يېرىمى يەنى 1/20ى بېرىلىدۇ.

تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىستە ئۇچۇق قىلىپ ئىپتىلغانكى، ئەگەر چىقىم، كۆچ كەتمىسە، يامغۇر بىلەنلا، دەريا بىلەن سۇغۇرۇلسا، 1/10نى بېرىدۇ، ئەگەر سۇ تارتساق، قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىپ سۇغارساق، سۇ سەپسەك، 1/20ى بېرىلىدۇ، ئەگەر دەريا سۈيىنىمۇ قويۇپ، ھەم قۇدۇقنىڭ سۈيىنىمۇ قويسا، ياكى دەريا سۈيىنى قويسا، ھاكىمىيەت سۇ ھەققى ئالسا، خىراجەت پۇل چىقىم، كۆچ كەتسە، بۇ چاغدا ئېلىنغان كىرىم، مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىغا، 1/10نى يېرىمىغا 1/20نى بېرىدۇ، يەنى 1000 كىلوگرام بۇغداي ياكى قوناق ياكى كېۋەزگە 150 جىڭ بېرىدۇ، ئەگەر 1/10نى يەنى 200 جىڭ بەرسە، بۇ بەك ياخشى. چۈنكى زالىم ھېسابىنى چوقۇم بېرىدۇ، يېرىمىغا 1/10نى يېرىمىغا 1/20نى بېرىشتىكى سەۋەب، زىرائەتنىڭ يېرىمى قۇدۇق بىلەن، يېرىمى دەريا، ئۆستەڭ بىلەن سۇغۇرۇلدى، ياكى دەريا - ئۆستەڭ، يامغۇر سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلسىمۇ، ھاكىمىيەت سۇ ھەققى ئېلىپ، چىقىم، كۆچ كەتكۈزدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 2000 جىڭغا ، 200جىڭ بەرگەننىڭ ئورنىدا 150 جىڭ بېرىلىدۇ، ئەگەر 1/10نى بەرسە، تېخى ياخشى، بىز شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، كېۋەزدىنمۇ چوقۇم، ئۆشرە - زاكات ئايرىشى لازىم، بۇ ھەدىسلەر نەرسىگە ئۆشرە - زاكات ۋاجىپ قىلدى، بەش ۋەسىقىدىن تۆۋەن نەرسە بولسا زاكات، ئۆشرە بېرىلمەيدۇ دېگەن سەھىھ ھەدىس بولسا نىساپ، ئۆلچەم توختىتىدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىيفەدىن باشقا بارلىق جۇمھۇر ئالىملار بەش ۋەسقە، 300 سا يەنى 1500 جىڭدىن 1800 جىڭغىچە بۇ ئۆلچەم، زېمىندىن ئېلىنغان كىرىم، مەھسۇلاتنىڭ ئۆلچىمى، خۇددى زاكات ئايرىشتا مال - مۈلۈك، ھايۋان، چارۋىلاردا ئۆلچەم بولغاندەك، شۇنىڭمۇ ئۆلچىمى بار بولۇپ، يۇقىرىقى جىڭ سانى، ئۆشرە - زاكات ئايرىش ئۆلچىمىدۇر، ئەگەر ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئاز چىقىپ قالسا، نەرسە ۋاجىپ بولمايدۇ دېگەن. چۈنكى بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەھىھ ھەدىسى، بۇنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئۆزى شۇنداق دېگەن. باشقىلار ئاق ساقاللىق قىلمىسۇن، سەللەمنا دېسۇن دېگەن .

**4273** ( صحيح ) في هذه الأمة خسف و مسخ و قذف إذا ظهرت القيان و المعازف و شربت الخمور ( ت ) عن عمران بن حصين

4273. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشۇ ئۈممەت ئىچىدە ناخشا - مۇزىكىچى ئاياللار، نەغمە سازلار ئاشكارا قىلىنغاندا، ھاراق قاتتىق ئىچىلىپ كەتكەندە، يەر يۇتۇپ كېتىش، سۈرەت ئۆزگەرتىلىپ كېتىش، ئاسماندىن تاش يېغىشلار يۈز بېرىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن يەنىلا ھاراق ھارام، ۋە ساز-نەغمە، ئاياللار ناخشا ئېيتىشى ھارامدۇر.

**4274** ( صحيح ) في هذه الأمة خسف و مسخ و قذف في أهل القدر ( ت ه ) عن ابن عمر

4274. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشۇ ئۈممەت ئىچىدە بولۇپمۇ تەقدىرنى ئىنكار قىلىدىغانلار ئارىسىدا يەر يۇتۇپ كېتىش، سۈرەتلەر، چىرايلار ئۆزگەرتىلىپ لەنەت قىلىنىش، ئاسماندىن تاش يېغىشلار يۈز بېرىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4275** ( صحيح ) فيهما فجاهد – يعني الوالدين – ( حم ق 3 ) عن ابن عمرو

4275. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

جىھاد قىلىشقا رۇخسەت سورىغان بىر كىشىگە: ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ ھايات بولسا، سەن شۇلار ھەققىدە جىھاد قىلغىن، يەنى ئاتا ـ ئاناڭغا ياخشىلىق قىلغىن دېگەن. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار بۇ ھەدىستىن مۇجاھىد، ئاتا ـ ئانىسى ياخشى تەقۋا كىشىلەر بولسا، رۇخسەت ـ ئىزنى بىلەن جەڭگە چىقىدۇ. چۈنكى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىش پەرز ئەيىندۇر، ئەگەر ئەسكەر يېتىشمىسە، ياكى دۈشمەن باستۇرۇپ كىرسە، بىز ھۇجۇم قىلماي، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا، مۇداپىئە قىلىساق، ئۇ چاغدا بالا ئاتا ـ ئانىسىدىن،قول خوجايىنىدىن،ئايال ئېرىدىن رۇخسەت ئىزنى سورىماي جەڭگە مۇداپىئەگە ئاتلىنىدۇ دېگەن.

الفار من الطاعون كالفار من الزحف و الصابر فيه كالصابر في الزحف ( حم عبد بن حميد ) عن جابر

4276. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋابا كېسىلىدىن قاچقۇچى، خۇددى جەڭدىن قاچقۇچىغا ئوخشاشتۇر. (يەنى بۇ ھارامدۇر) ۋابا كېسىلى بار جايدا سەۋر قىلىپ، چىداپ تۇرغۇچى، جەڭدە سەۋرى قىلغۇچىغا ئوخشاشتۇر، (ئەگەر ئۆلسە، شېھىدتۇر) ئەھمەد، ئابدۇ توپلىغان، سەھىھ.

الفار من الطاعون كالفار من الزحف و من صبر فيه كان له أجر شهيد ( حم ) عن جابر

4277. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋابادىن قاچقۇچى، جەڭدىن قاچقۇچىغا ئوخشاش گۇناھكار بولىدۇ، ۋاباغا سەۋر قىلىپ تۇرغۇچى ئۆلگۈچى، بىر شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ. (ئۆلسە، يەنىلا شېھىد بولىدۇ) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

الفجر فجران: فأما الفجر الذي يكون كذنب السرحان فلا يحل الصلاة و لا يحرم الطعام و أما الفجر الذي يذهب مستطيلا في الأفق فإنه يحل الصلاة و يحرم الطعام ( ك هق ) عن جابر

4278. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۇبھى ئىككى خىل بولىدۇ، ئەمما سەرھان دېگەن ھايۋاننىڭ قۇيرۇقىدەك ئەمدىلا يورىغان كېچە قاراڭغۇلۇقى ئاخىرلاشقان (ئالىملار يالغان سۇبھى دەپ ئاتىۋالغان) سۇبھىدە ناماز دۇرۇس ئەمەس. روزا تۇتقۇچى ئۈچۈن تائامۇ ھارام ئەمەستۇر. ئەمما، ئۈپۈق تەرەپتە ئۇزىراشقا باشلىغان، بارا ـ بارا كېڭىيىۋاتقان (ئالىملار سۇبھى سادىق دەۋالغان) سۇبھىدە بولسا، بامدات نامىزى ئوقۇش دۇرۇس بولىدۇ، روزا تۇتقۇچى ئۈچۈن بۇ چاغدا تائام يېيىش ھارام بولىدۇ، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4279** ( صحيح ) الفجر فجران: فجر يحرم فيه الطعام و تحل فيه الصلاة و فجر تحرم فيه الصلاة و يحل فيه الطعام ( ك هق ) عن ابن عباس

4279. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۇبھى ئىككى خىل بولىدۇ، بامدات نامىزى دۇرۇس بولۇپ، روزا تۇتقۇچىغا تائام ھارام بولىدىغان سۇبھى؛ بامدات نامىزى ئوقۇش ھارام بولۇپ، دۇرۇس بولمايدىغان، روزا تۇتقۇچى ئۈچۈن تائام ھالال بولىدىغان سۇبھىدۇر. (بۇ تېخى كېچىنىڭ يورۇشقا باشلىنىشى، ھەقىقى سۇبھى سادىق ئەمەستۇر) ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4280** ( صحيح ) الفخذ عورة ( ت ) عن جرهد وابن عباس

4280. جەرھەد ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ يۈتىسى ئەۋرەتتۇر. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

الفخر و الخيلاء في أهل الإبل و السكينة و الوقار في أهل الغنم ( حم ) عن أبي سعيد

4281. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەخرى قىلىش، تەكەببۇرلۇق، چوڭچىلىق، تۆگە ئەھلىدە بولىدۇ. خاتىرجەملىك، تەمكىنلىك، كەمتەرلىك، چوڭ سۈپەتلىك، قوي ئەھلىدە بولىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**4282** ( صحيح ) الفرار من الطاعون كالفرار من الزحف ( ابن سعد ) عن عائشة

4282. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋابادىن قېچىش، جەڭدىن قاچقانغا ئوخشاشتۇر. (يەنى ھارام، گۇناھى كەبىيردۇر) ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.

**4283** ( صحيح ) الفردوس ربوة الجنة و أعلاها و أوسطها و منها تفجر أنهار الجنة ( طب ) عن سمرة

4283. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: فىردەۋس دېگەن جەننەت. جەننەتلەرنىڭ ئەڭ ئېگىز ، ئۈستۈن، يۈكسەكرەكى، قاپ ئوتتۇرىدا بولۇپ، باشقا جەننەتلەرنىڭ ئۆستەڭلىرى، مۇشۇ فىردەۋسدىن ئېقىپ چىقىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار بۇ جەننەتلەر كۇرسى ئۈستىدە. فىردەۋسنىڭ ئۈستىدە ئەرشى باردۇر. مەلۇم بولدىكى، نەرسە قاپ ئوتتۇرىدا ھەم ئۈستۈن بولسا، گۈمبەز ھاسىل بولىدۇ. خۇددى ئاسماندەك، پۈتۈن ئالەم، ھەتتا كۇرسىمۇ، جەننەتلەر ئورنىمۇ گۈمبەزدەك يۇملاقتۇر دېگەن.

الفرع حق و إن تتركوه حتى يكون بكرا شعريا ابن مخاض أو ابن لبون فتعطيه أرملة أو تحمل عليه في سبيل الله خير من أن تذبحه فيلزق لحمه بوبره و تكفأ إناءك و توله ناقتك ( حم د ن ك ) عن ابن عمرو

4284. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەرئى،ھەق. يەنىماللار كۆپەيگەندە رەجەپ ئايلىرىدا بىرەرسىنى ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈپ، سەدىقە قىلىپ بېرىش ھەقتۇر، (بۇ ئىش كېيىن ئەمەلدىن قالغان، پەرئى يوق، ئەتىيرە يوق دېگەن سەھىھ ھەدىس بىلەن مەنسۇخ قىلىنغان) سېنىڭ تۆگە، كالاڭنى ئىككى - ئۈچ ياشقىچە كۆچلەنگىچە تەرك ئېتىپ قالدۇرۇشۇڭ، ئاندىن ئۇنى تۇل ئايالغا بېرىشىڭ، ياكى ئاللاھ يولىدا ئۇنىڭغا يۈك - تاق ئارتىشىڭ، ئۇنى كىچىككىدىنلا ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭدىن ياخشىدۇر، سەن ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ، ئۇنىڭ گۆشلىرى، يۇڭ، تۈكلىرىگە چاپلىشىدۇ، قاچاڭنى بىر قېتىم تولدۇرىدۇ، يۆتكەيدۇ، سېنىڭ ئانا تۆگەڭدىن ئايرىلىدۇ خالاس. ياكى ئۇنى ھايات قويساڭ، قاچاڭنى سۈتكە تولىلايدۇ، سەن بىر تۆگىگە ئىگە بولۇپ قالىسەن، (مەقسەت ، ئۇ كىچىك بوتلاقنى ئۆلتۈرمەي، چوڭ قىلىپ، ئاللاھ يولىدا مۇساپىرغا بەرسەڭ، يۈك - تاقلارنى كۆتۈرسەڭ، تۇل ئاياللارغا بەرسەڭ بۇ ياخشى) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئەتىيرە ئىسمىلىك پەرئە ئىسمىلىك مال ئۆلتۈرۈش كېيىن ئەمەلدىن قالغان. ھازىر قۇربانلىق، ئەقىيقە، توي تاماقلىرىنى قوي ئۆلتۈرۈش، سەدىقە - ئېھسانلار كۆپچىكە ئىگە.

الفضة بالفضة و الذهب بالذهب و الشعير بالشعير و الحنطة بالحنطة مثلا بمثل ( ه ) عن أبي هريرة

4285 ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۈمۈش كۈمۈشكە، ئالتۇن ئالتۇنغا، ئارپا ئارپىغا، بۇغداي بۇغدايغا ئوخشاش، باراۋەر ھالدا

ئېگىز - پەس قىلماستىن ئالماشتۇرۇلىدۇ. (يەنى سودا، ئۆتنە، ئارىيەت بېرىشتىن زىيادە كەم قىلىنمايدۇ. كەم زىيادە، كەم قىلسا، جازانە، ئۆسۈم قىلغان بولىدۇ، بۇلار ئۆز-ئارا ئالماشسا، دۇرۇس، يەنى تۈرى، جىنسى ئالمىشىپ كەتسە دۇرۇستۇر) ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**4286** ( صحيح ) الفطر يوم تفطرون و الأضحى يوم تضحون ( ه ) عن أبي هريرة

4286. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزا ھېيت كۈنى بولسا، سىلەر ئاي كۆرۈپ ئېتىتىپاقتا كېلىپ، روزا ھېيت قىلغان كۈندۇر. قۇربانلىق ھېيت كۈنىمۇ سىلەر ھېيت قىلغان كۈندۇر. (يەنى ئاينى كۆرۈشنى ئاساس قىلىڭلار، ھەرخىل جايدىكىلەر ئۆز ئالدىغا ئاينى ئاساس قىلىدۇ) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4287** ( صحيح ) الفطر يوم يفطر الناس و الأضحى يوم يضحي الناس ( ت ) عن عائشة

4287. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزا ھېيت كۈنى، قۇربان ھېيت كۈنى بولسا، كىشىلەر ئاينى كۆرۈپ، ئېتىتىپاقتا كېلىپ، ھېيت قىلغان كۈنلەردۇر. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4288** ( صحيح ) الفطرة قص الأظفار و أخذ الشارب و حلق العانة ( ن ) عن ابن عمر

4288. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تىرناقنى ئېلىش، بۇرۇتنى ئېلىش، ئەۋرەت تۈكلىرىنى ئېلىپ، تازىلىق قىلىشلار، پىترە يەنى قەدىمى سۈننەتتۇر. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4289** ( صحيح ) الفقه يمان و الحكمة يمانية ( ابن منيع ) عن ابن مسعود

4289. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: فىقھى يەنى ئىسلام دىنى قانۇنشۇناسلىق ئىلمى يەمەندە، ھېكمەت يەمەندە. ئىبنى مۇنىئ توپلىغان، سەھىھ. بۇنىڭ ئوخشىشى باشقا سەھىھ كىتابلاردا باردۇر.

## «ق» ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

قاتل الله اليهود اتخذوا قبور أنبيائهم مساجد ( ق د ) عن أبي هريرة

4290. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلسۇنكى، ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ (سالىھ، ياخشى كىشىلىرىنىڭ) قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالدى. ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. جامە مەسجىدلەرنى قەبرىستانلىقتا سېلىش ياكى قەبرە بار جايغا سېلىش، بولۇپمۇ قەبرىلەرنى قىبلىگە كەلتۈرۈش ھارامدۇر.

**4291** ( صحيح ) قاتل الله اليهود إن الله عز و جل لما حرم عليهم الشحوم جملوها ثم باعوها فأكلوا أثمانها ( حم ق 4 ) عن جابر ( ق ) عن أبي هريرة ( حم ق ن ه ) عن عمر

4291. جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلسۇن. رەھمىتىدىن يىراق قىلسۇن.

ھەقىقەتەن ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە ئۇلارغا ياغنى ھارام قىلسا، ئۇلار ياغنى كۆيدۈرۈپ، ئېرىتىپ ئېلىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى سېتىپ، بۇ ھارام نەرسىنىڭ پۇلىنى يەپ كەتتى. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، مۇسلىملار توپلىغان، سەھىھ. ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنىڭ پۇلى ھارامدۇر. تېرىسىنى ئېلىۋېلىشقا ئوچۇق ھەدىس باردۇر، لېكىن ئۈچەيلىرىنى ئېلىۋېلىشقا قەتئىي بولمايدۇ، ئۆلۈكنى دىنسىزلارغا ساتساق بۇ دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى مۇسلىم قاتارلىق سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنى سېتىشتىن توسقان سەھىھ ھەدىس بار. بۇ يۇقىرىدا ئۆتتى.

**4292 ( صحيح ) قاتل الله قوما يصورون ما لا يخلقون ( الطيالسي الضياء ) عن أسامة**

4292. ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆزلىرى يارىتالمايدىغان نەرسىلەرنىڭ سۈرىتىنى سىزغۇچى، ھەيكەلتاراش، رەسساملارغا ئاللاھتائالا قاتتىق لەنەت قىلىدۇ، رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ. تەيالىسى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. ئۇلار زادى بىرەر نەرسە يارىتالمايدۇ.

**قاتل دون مالك حتى تحوز مالك أو تقتل فتكون من شهداء الآخرة ( حم طب ) عن مخارق**

4293. مۇخارىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېلىڭنى ساقلاپ قالغانغا ياكى سەن ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر، مېلىڭنى قوغداپ ئۇرۇش قىل. ئەگەر ئۆلتۈرۈلسەڭ، سەن ئاخىرەت شېھىدلىرىدىن بولىسەن. (مېلىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسە شېھىد دېگەن ھەدىس ئۆتتى) ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4294 ( صحيح ) قاتل عمار و سالبه في النار ( طب ) عن عمرو بن العاص وعن ابنه**

4294. ئەمرۇ ئىبنى ئاس ۋە ئۇنىڭ ئوغلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەممار ئىبنى ياسىرنى ئۆلتۈرگۈچى قاتىل ۋە ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەك، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ ئېلىۋالغۇچى، دوۋزاختا بولىدۇ، دوۋزاختا كىرىدۇ. (بۇ ساھابىنى خاتالاشقانلار ئۆلتۈرگەن) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4295 ( صحيح ) قاتلهم حتى يشهدوا أن لا إله إلا الله و أن محمدا رسول الله فإذا فعلوا ذلك فقد منعوا منك دماءهم و أموالهم إلا بحقها و حسابهم على الله ( م ) عن أبي هريرة**

4295. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇرۇشقا ئەۋەتكەن قوماندانغا مۇنداق دېگەن: ئۇلار ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەقىقەتەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنگە قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىل، ئۇلار شۇنى قىلسا، (يەنە بىر خاتىرىدە ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە) ئۇلار سەندىن قېنىنى، جېنىنى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ، ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، مېلىمۇ ئۆزىدە قالىدۇ. لېكىن ئىسلام ھەققى، ھەد، جازالار بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، ئۇلارنىڭ ھېسابى ئاللاھقىدۇر، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**قاربوا و سددوا ففي كل ما يصاب به المسلم كفارة حتى النكبة ينكبها أو الشوكة يشاكها ( حم م ت ) عن أبي هريرة**

4296. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ئىبادەت بىلەن يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار؛ ئوتتۇرھال، نورمال، توغرا يول تۇتۇڭلار؛

مۇسۇلمانغا يەتكەن ھەرقانداق مۇسىبەت، ھەتتا ئۇنىڭغا يەتكەن ئەزىيەت، جاپا ـ مۇشەققەت، كىرىپ كەتكەن بىر تال شوخا، تىكەنمۇ مۇسۇلماننىڭ گۇناھلىرىغا كاپارەت بولىدۇ. مۇسلىم 4671 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2964 ـ ھەدىس، ئەھمەد 7081 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**4297** ( صحيح ) قاربوا و سددوا و أبشروا و اعلموا أنه لن ينجو أحد منكم بعمله و لا أنا إلا أن يتغمدني الله برحمة منه و فضل ( حم م ) عن جابر ( حم م ه ) عن أبي هريرة

4297. جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: توغرا يول بىلەن ئەمەللەردە ئوتتۇرھال، نورمال بولۇش بىلەن يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار، ئەمەللەردە ئىستىقامەت قىلىڭلار، راست سۆزلەڭلار، توغرا، ھەق ئىش قىلىڭلار، خۇش بېشارەت بېرىڭلار، ۋە شۇنى بىلىڭلاركى، ھەقىقەتەن سىلەردىن ھېچكىشى ئۆز ئەمەللىرى بىلەن دوۋزاخدىن قۇتۇلۇپ، جەننەتكە كىرىپ، نىجات تاپالمايدۇ، پەقەت ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى بىلەن نىجات تاپىدۇ. ھەتتا مەنمۇ شۇنداق، ئەمەللىرىم بىلەن نىجات تاپالمايمەن. لېكىن مېنى ئاللاھتائالا ئۆز رەھمەت پەزلى بىلەن ساقلاپ قالىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئايەتلەردىكى ئەمەللەر سەۋەبىدىن جەننەتكە كىرىسلەر دېگىنى بولسا، يەنىلا شۇ ئاللاھنىڭ رەھمەت ـ پەزلىدۇر، ئەمەلمۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى.

**4298** ( صحيح ) قاضيان في النار و قاض في الجنة قاض عرف الحق فقضى به فهو في الجنة و قاض عرف الحق فجار متعمدا أو قضى بغير علم فهما في النار ( ك ) عن بريدة

4298. بۇرەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى خىل قازى دوۋزاختا بولىدۇ: بىر خىل قازى جەننەتتە. ھەقنى تونۇپ، ھەق بىلەن ئادىل ھۆكۈم قىلغان قازى جەننەتتە بولىدۇ؛ ھەقنى تونۇپ تۇرۇپ، قەستەن پۇل ـ مالنى دەپ، يۈز ـ ئابرۇينى دەپ زۇلۇم قىلىپ، ناھەق ھۆكۈم قىلغان قازى ياكى ئىلىمسىز جاھالەتلەرچە ھۆكۈم قىلغان قازى، بۇ ئىككىسى يەنى قەستەن زۇلۇم قىلغان قازى بىلەن ئىلىمسىز ھۆكۈم قىلغان قازى دوۋزاخقا كىرىدۇ. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4299** ( صحيح ) قاطع السدر يصوب الله رأسه في النار ( هق ) عن معاوية بن حيدة

4299. مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇساپىرلار سايىدايدىغان چۆللەردىكى سىدىر دەرەخنى كېسىۋەتكەن كىشىنىڭ بېشىنى ئاللاھتائالا دوۋزاخ ئوتىغا ئىگىپ، پەس قىلىپ بېرىپ مەجبۇر كۆيدۈرىدۇ. (چۈنكى بۇ كىشىلەرنى ئىسسىقتا قويغان) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## «ئاللاھتائالا مۇنداق دېگەن، مۇنداق دېدى، دەيدۇ..» دېگەن ھەدىس قۇددۇسلار

قال الله تعالى: إذا ابتليت عبدا من عبادي مؤمنا فحمدني و صبر على ما بليته فإنه يقوم من مضجعه ذلك كيوم ولدته أمه من الخطايا و يقول الرب عز و جل للحفظة: إني أنا قيدت عبدي هذا و ابتليته فأجروا له ما كنتم تجرون له قبل ذلك من الأجر و هو صحيح ( حم ع طب حل ) عن شداد بن أوس

4300.شەددا ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندىلىرىمدىن بىرەر مۆئمىن بەندىنى كېسەل ۋە باشقا بالالار بىلەن سىنىسام، بەندەم ماڭا ھەمدۇ ئېيتىپ، مېنىڭ سىناقلىرىمغا سەۋر قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ كېسەل ئورنىدىن خۇددى ئانىسى تۇغقان كۈندىكىدەك خاتالىقلاردىن، گۇناھلىرىدىن پاك ـ پاكىز بولۇپ قوپىدۇ. ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئى كىرامەن كاتىپىنلەر ! مۇھاپىزەتچى پەرىشتىلەر، ھەقىقەتەن مەن بۇ بەندەمنى ئۆزۈم كىشەنلەپ، ئەمەللىرىدىن توسۇپ قويغان، مەن ئۇنى سىناپ شۇنداق قىلىپ قويغان، ئىسلەر ئۇنىڭغا، ئۇ ساق ـ سالامەت ۋاقتىدا بېرىدىغان ئەجىر، ساۋابلارنى بېرىۋېتىڭلار، ئۇ ساق چاغدىكى ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنى يېزىڭلار! ئەھمەد، تەبرانى، ئەبۇ يەئلا، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

**4301** ( صحيح ) قال الله تعالى: إذا ابتليت عبدي المؤمن فلم يشكني إلى عواده أطلقته من إساري ثم أبدلته لحما خيرا من لحمه و دما خيرا من دمه ثم يستأنف العمل ( ك هق ) عن أبي هريرة

4301. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن مۆئمىن بەندەمنى كېسەل قىلىش بىلەن سىنىسام، ئۇ مەن توغرىلىق يوقلاپ كىرگەنلەرگە شىكايەت قىلمىسا، ئەرز قىلىپ، نارازىلىق بىلدۈرمىسە، مەن ئۇنى ئەسىر قىلىشمدىن ئازاد قىلىپ، قويۇۋېتىمەن، يەنى كېسىلىدىن ساقايتىۋېتىمەن، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇ بەدىنىنىڭ گۆشىدىن ياخشىراق گۆشنى، قېنىدىن ياخشىراق قاننى ئالماشتۇرۇپ بېرىمەن، ئاندىن ئۇ ئەمەللەرنى يېڭىۋاشتىن يېڭىلاپ قىلىدۇ. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

قال الله تعالى: إذا ابتليت عبدي بحبيبتيه – يريد بعينيه – ثم صبر عوضته منهما الجنة ( حم خ ) عن أنس

4302. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمنى ئۇنىڭ ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىككى كۆزىنى ئېلىۋېلىپ، قارىغۇ قىلىپ قويۇش بىلەن سىنىسام، ئاندىن ئۇ سەۋر قىلسا، مەن ئۇنىڭغا ئۇ ئىككى كۆزىنىڭ ئورنىغا جەننەتنى بېرىمەن. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

قال الله تعالى: إذا أحب عبدي لقائي أحببت لقاءه و إذا كره لقائي كرهت لقاءه ( مالك حم خ ن ) عن أبي هريرة

4303. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: بەندەم ماڭا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرسە، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ ماڭا ئۇچرىشىشنى يامان كۆرسە، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئۇچرىشىشنى يامان كۆرىمەن. مالىك، ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھقا گۇماننى ياخشى قىلىپ، ئاندىن، ئەمەل، ئىبادەتلەرنى ياخشى قىلىپ ئاخىرەتكە تەييارلىقنى ياخشى قىلغانلار ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ .

**4304** ( صحيح ) قال الله تعالى: إذا تقرب إلي العبد شبرا تقربت إليه ذراعا و إذا تقرب إلي ذراعا تقربت منه باعا و إذا أتاني مشيا أتيته هرولة ( خ ) عن أنس وأبي هريرة ( هب ) عن سلمان

4304. ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە، سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: بەندە ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن. بەندەم ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن.

ئۇ ماڭا مىڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن. بۇخارى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ مەنىۋى يېقىنلىق بولۇپ، كەيپىياتىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىگە قادىر، ئوخشىشى يوقتۇر، بىز ئىمان كەلتۈرىمىز،كەيپىياتىدىن سوئال سورىمايمىز.

**4305** ( حسن ) قال الله تعالى: إذا سلبت من عبدي كريمتيه و هو بهما صابر ضنين لم أرض له بهما ثوابا دون الجنة إذا حمدني عليهما ( طب حل ) عن عرباض

4305. ئىرباز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمنىڭ ئىككى كۆزىنى ئېلىۋېلىپ، كور قىلىپ قويسام، بەندەم ئىككى كۆزىگە چىدىماي، شۇنداق تەستە سەۋر قىلىپ، ماڭا ھەمدە ئېيتىپ، شۈكرى قىلسا، ئۇ ئىككى كۆزىنىڭ باراۋىرىگە جەننەتتىن باشقا ساۋابقا رازى بولمايمەن، پەقەت جەننەتنىلا بېرىمەن. تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن.

قال الله تعالى: إذا هم عبدي بحسنة و لم يعملها كتبتها له حسنة فإن عملها كتبتها له عشر حسنات إلى سبعمائة ضعف و إذا هم بسيئة و لم يعملها لم أكتبها عليه فإن عملها كتبتها سيئة واحدة ( ق ت ) عن أبي هريرة

4306. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: بەندەم بىر ياخشىلىققا مەقسەت، نىيەت قىلسا، لېكىن ئۇنى ئەمەلىيەتتە قىلالمىسا، مەن ئۇنى بەندەم ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يازىمەن. ئەگەر مەقسەت قىلىپ، ئەمەل قىلالىسا، مەن ئۇنى بەندەم ئۈچۈن 10ياخشىلىقدىن 700ھەسسىگىچە كۆپەيتىپ يازىمەن. ئۇ بىر يامانلىقنى مەقسەت قىلىپ، پىلانلاپ، ئۇنى قىلمىسا، مەن ئۇنىڭغا ئۇنى يازمايمەن، (يەنە بىر خاتىرىدە بىر ياخشىلىق يازىدۇ) ئەگەر ئۇ يامانلىقنى قىلسا، مەن ئۇنى بىر يامانلىق يازىمەن. بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) قال الله تعالى: أعددت لعبادي الصالحين ما لا عين رأت و لا أذن سمعت و لا خطر على قلب بشر ( حم ق ن ه ) عن أبي هريرة

4307. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن سالىھ، ياخشى مۇتتەقى بەندىلىرىم ئۈچۈن، جەننەتتە كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، ئىنسان قەلبىگە خوتۇر چۈشۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى تەييارلاپ قويدۇم. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ سۆزلەر ئايەتتىمۇ باردۇر.

قال الله تعالى: الصيام جنة يستجن بها العبد من النار و هو لي و أنا أجزي به ( حم هب ) عن جابر

4308. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: روزا قالقاندۇر، بەندە روزا تۇتۇش بىلەن دوۋزاخدىن، دوۋزاخ ئوتىدىن قالقانلىنىپ ساقلىنىدۇ. روزا مەخسۇس مەن ئۈچۈنلا قىلىنغان، رىياسىز ئىبادەت بولۇپ، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى مەن ئۆزۈملا بېرىمەن. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4309** ( صحيح ) قال الله تعالى: الكبرياء ردائي فمن نازعني في ردائي قصمته ( ك ) عن أبي هريرة

4309. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: كىبىر، چوڭچىلىق، كاتتىلىق، مېنىڭ رىدايىم، كىم مەندىن ئۇنى تالاشسا، يەنى كىبىر قىلسا، مەن ئۇنى ھالاك قىلىپ ئازابلايمەن. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

www.uyghurkitap.com

قال الله تعالى: الكبرياء ردائي و العز إزاري فمن نازعني في شيء منهما عذبته ( سمويه ) عن أبي سعيد وأبي هريرة

4310. ئەبۇ سەئىد ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: كىبىر قىلىش ، چوڭچىلىق ، كاتتىلىق ، ئۇلۇغلۇق مېنىڭ رىدايىم. ئەزىزلىك ، ئىززەت مېنىڭ ئىزارىم. كىم مەندىن بۇ ئىككى نەرسىنى تالاشسا ، يەنى كىبىر ، تەكەببۇرلۇق قىلسا ، ئىززەت ماڭا خاس دېسە ، مەن ئۇ كىشىنى قاتتىق ئازابلايمەن. سەمۇيىھ توپلىغان ، سەھىھ.

(صحيح) قال الله تعالى: الكبرياء ردائي و العظمة إزاري فمن نازعني واحدا منهما قذفته في النار (حم د ه) عن أبي هريرة ( ه ) عن ابن عباس

4311. ئەبۇ ھۇرەيرە ، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: كىبىر ، چوڭچىلىق ، كاتتىلىق مېنىڭ رىدايىم. ئىززەت ، ئۇلۇغلۇق مېنىڭ ئىزارىم. كىم مەندىن بۇ ئىككىسىنىڭ بىرنى تالاشسا ، مەن ئۇنى دوۋزاخقا تاشلايمەن. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ.

قال الله تعالى: المتحابون في جلالي لهم منابر من نور يغبطهم النبيون و الشهداء ( ت ) عن معاذ

4312. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ كاتتا ، ئۇلۇغلۇقۇم ھەققىدىلا بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن ، دوستلاشقانلار ئۈچۈن قىيامەت كۈنى نۇردىن مۇنبەرلەر بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى پەيغەمبەرلەر ، شېھىدلەرمۇ ئارزۇ قىلىپ قالىدۇ. تىرمىزى توپلىغان ، سەھىھ. ئاللاھ رازىلىقىدا دوستلىشايلى.

**4313** ( صحيح ) قال الله تعالى: أنا أغنى الشركاء عن الشرك من عمل عملا أشرك فيه معي غيري تركته و شركه ( م ه ) عن أبي هريرة

4313. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن شېرىكلەردىن قەتئىي بىھاجەت ، كىم بىر ئەمەلنى قىلىپ ، ئۇ ئەمەلدە مەن بىلەن بىرگە مەندىن باشقىلارنى شېرىك قىلغان بولسا ، (ياكى رىيا قىلغان بولسا) مەن ئۇ كىشىنى شېرىكى بىلەن بىرگە تاشلاپ قويىمەن. (يەنە بىر خاتىرىدە ئۇ ئەمەلنىڭ ئەجرىنى شۇ شېرىكتىن ئېلىۋال دېيىلىدۇ ) مۇسلىم ، ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ.

قال الله تعالى: أنا خلقت الرحم و شققت لها اسما من اسمي فمن وصلها وصلته و من قطعها قطعته و من بتها بتته ( حم خد د ت ك ) عن عبدالرحمن بن عوف ( ك ) عن أبي هريرة

4314. ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: سىيلە ـ رەھىمنى مەن ئۆزۈم ياراتقان. ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ ئىسمىمدىن بىر ئىسىمنى چىقىرىپ بەردىم ، يەنى رەھىم دەپ ئاتىدىم ، كىم سىيلە ـ رەھىمنى ئۇلاپ ، يېقىن تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلسا ، مەنمۇ ئۇ كىشىگە رەھمىتىمنى ، ياخشىلىقىمنى ئۇلاپ يەتكۈزىمەن. كىم ئۇنى ئۈزۈپ قويسا ، مەنمۇ ئۈزۈۋېتىمەن. كىم ئۇنى قەتئىي ئۈزۈۋەتسە ، مەنمۇ رەھمىتىمنى مەڭگۈلۈك ئۈزۈۋېتىمەن. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى ، ھاكىم ، بۇخارى ، ئەدەپ دېگەن كىتابىدا توپلىغان ، سەھىھ.

قال الله تعالى: أنا عند ظن عبدي بي إن ظن خيرا فله و إن ظن شرا فله ( حم ) عن أبي هريرة

4315. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىدا. ئەگەر ئۇنىڭ ماڭا بولغان گۇمانى ياخشى بولسا، ئۇنىڭغىمۇ شۇ ياخشىلىق بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇنىڭ گۇمانى يامان بولسا، ئۇنىڭغىمۇ شۇ يامانلىق بولىدۇ. ئەھمەد توپلىغان سەھىھ. بىز ئاللاھقا بىزنى كەچۈرىدۇ، مەغپىرەت قىلىدۇ دېگەن ياخشى گۇماننى قىلساق، ئەمەللەرنى ياخشى قىلايلى، گۇماننى ياخشى قىلغان كىشى ئەمەلنى ياخشى قىلىدۇ، ئۈمىدنى ئۈزمەيلى.

**4316** ( صحيح ) قال الله تعالى: أنا عند ظن عبدي بي فليظن بي ما شاء ( طب ك ) عن واثلة

4316. ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دېگەن: مەن بەندەمنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىدا. ئۇ ماڭا خالىغانچە گۇمان قىلسۇن، يەنى ياخشى بولسا ياخشى. تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. كىشى ئاقىۋەتنى بىلمىگەچكە، ئاللاھقا ئىككى خىل گۇمان قىلىدۇ، گۇماننىڭ ياخشى بولغىنى ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشى، مەغپىرەت قىلىش، جامالى، جەننەتنى بېرىشىدۇر. گۇماننى ياخشى قىلىڭ. لېكىن ئەمەل ياخشى بولسۇن.

**4317** ( صحيح ) قال الله عز و جل: أنفق أنفق عليك ( حم ق ) عن أبي هريرة

4317. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى! ئاللاھ يولىدا خەجلە، نەپىقە قىل، ساڭىمۇ نەفقە قىلىنىپ بېرىلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، بەرمىسە بېرىلمەيدۇ. سەھىھ.

( صحيح ) قال الله تعالى: إن المؤمن مني بعرض كل خير إني أنزع نفسه من بين جنبيه و هو يحمدني ( الحكيم ) عن ابن عباس وأبي هريرة

4318. ئىبنى ئابباس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن مۆئمىن ماڭا دائىم بارلىق ياخشىلىق بىلەن تەڭلىنىپ تۇرىدۇ، ھەقىقەتەن مەن ئۇنىڭ جېنىنى قوۋۇرغىلىرى ئارىسىدىن تارتىپ ئالسام، ئۇ ماڭا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ تۇرىدۇ. ھەكىيم توپلىغان، سەھىھ. (بۇ ھەدىسكە مۆئمىن دائىم ياخشىلىقتا تۇرىدۇ، ياخشىلىققا شۈكۈر قىلىپ، ھەمدۇ ئېيتىدۇ، يامانلىق يەتسە، سەۋر قىلىدۇ، دېگەن ھەدىس ئۇيغۇن).

( صحيح ) قال الله تعالى: إن أمتك لا يزالون يقولون ما كذا ما كذا حتى يقولوا: هذا الله خلق الخلق فمن خلق الله تعالى ( حم م ) عن أنس

4319. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن سېنىڭ ئۈممىتىڭ دائىم ماۋۇ نەرسە شۇنداق ئىكەن، ئاۋۇ نەرسە مۇنداق ئىكەن، مانى ئاللاھ يارىتىپتۇ، بۇ ئاللاھ بارلىق خەلق، مەخلۇقلارنى يارىتىپتۇ، ئاللاھنى كىم ياراتقاندۇ؟ دەيدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، سەھىھ ھەدىستە كىم شۇ ئەھۋالنى تاپسا، مەن شەكسىز ئاللاھتائالاغا ئىمان كەلتۈردۈم دېسۇن، شەيتاندىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىسۇن دېگەن. ئاللاھ باردۇر، بىردۇر، ئۇنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر، ئۇ ئەزلى،بۇرۇندىن تارتىپ بار، ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىرەر نەرسە ھەتتا، شۇ بۇرۇن دېگەن ۋاقىتمۇ يوقتۇر، ئاللاھ بارلىق ھادىسىلەرنى پەيدا قىلغان زات، ئاللاھ دېگەن ياراتقۇچى، خالىق، ئۇ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، كامىل ھاياتلىق ئىگىسى، پەيدا بولمىغاچ يوقالمايدۇ، ئەزلى بولسا، يارىتالىسا، يوق قىلالىسا، ئاندىن بىز ئۇنى ئىلاھ دەيمىز، ئاللاھ ئەنە شۇنداق كامىل سۈپەتلەرگە ئىگە، قەتئىي ئوخشىشى يوقتۇر. ھادىسە دېگەن پەيدا بولۇپ، ئۆزىنى ـ ئۆزى پەيدا قىلالمايدۇ،

ئۈنى چوقۇم بىر ئاللاھ ياراتقان، ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكى، تەۋھىد توغرىسىدا ئىمان، ئەقىدە توغرىسىدا، مەخسۇس پەنلەر بار بولۇپ، سىلەر ئايرىم ۋاقىت چىقىرىپ، تەۋھىد، ئىمان، ئەقىدە دېگەن پەنلەردە مەخسۇس، ئالاھىدە تەربىيىلىنىڭلار، ئوقۇڭلار.

**4320** ( صحيح ) قال الله تعالى: حقت محبتي على المتحابين أظلهم في ظل العرش يوم القيامة يوم لا ظل إلا ظلي ( ابن أبي الدنيا في كتاب الإخوان ) عن عبادة بن الصامت

4320. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ مۇھەببىتىم، دوستلۇقۇم، ياخشى كۆرۈشۈم مېنىڭ رازىلىقىمدا، ياخشى كۆرۈشكەن، دوستلاشقانلارغا ھەق، ۋاجىپ بولدى، مەن ئۇلارغا قىيامەت كۈنى مېنىڭ سايەمدىن باشقا سايە يوق كۈندە، ئەرشى سايىسىدا سايە تاشلايمەن. ئىبنى ئەبۇددۇنيا توپلىغان، سەھىھ. باشقا سەھىھ ھەدىسلەردىمۇ باردۇر. ياخشى كۆرۈشنى، دوستلۇقنى ئاللاھ رازىلىقىدا ئىمان ئۈستىگە قۇرايلى، بايلىق، مال ـ دۇنيا، باتۇرلۇق، چىراي گۈزەللىك، يۈز ـ ئابرۇي، مەنسەپلەر يوقاپ كېتىدۇ، ئاندىن بۇ نەرسىلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇھەببەتمۇ يوقايدۇ. ئاللاھ ئۈچۈن ئاخىرەت ئۈچۈن ئىمان ئۈستىگە قۇرۇلسا، بۇ مەڭگۈ يوقىمايدۇ. چۈنكى بىز ئېتىقاد قىلىدىغان ئاللاھ، ئاخىرەت يوقىمايدۇ، بۇ مەڭگۈلۈك بىزنىڭ بەختىمىز، مەڭگۈلۈكتۇر، ئاللاھ ھەممىمىزنى ئۆز رازىلىقىدا دوستلاشتۇرسۇن ئامىن!

قال الله تعالى: حقت محبتي للمتحابين في و حقت محبتي للمتواصلين في و حقت محبتي للمتناصحين في و حقت محبتي للمتزاورين في و حقت محبتي للمتباذلين في ; المتحابون في على منابر من نور يغبطهم بمكانهم النبيون و الصديقون و الشهداء ( حم طب ك ) عن عبادة بن الصامت

4321. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ مۇھەببىتىم، ياخشى كۆرۈشۈم، مېنى دەپ ياخشى كۆرۈشكەن، دوستلاشقانلار ئۈچۈن ھەق، ۋاجىپ بولدى. مېنىڭ مۇھەببىتىم، ياخشى كۆرۈشۈم، مېنى دەپ مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ، ئۆزئارا ئالاقە قىلىشىپ باردى ـ كەلدى قىلىشقان، سىيلە ـ رەھىم، دوستلۇقنى ئۈزمىگەن، ئۆزئارا نەسىھەت قىلىشقان، زىيارەت قىلىشقان، ئۆزئارا يوقلاپ، مېنى دەپ مېنىڭ رازىلىقىم ئۈچۈن مال ـ دۇنياسىنى بىرىشتە، ھەق ئۈچۈن تاپشۇرۇشتا مۇسابىقىلەشكەن كىشىلەر ئۈچۈن ھەق ۋاجىپ بولدى. مېنى دەپ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ، دوستلاشقانلار، قىيامەت كۈنى نۇردىن بولغان مۇنبەر ئۈستىدە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى پەيغەمبەرلەرمۇ، سىددىق، شېھىدلارمۇ ئارزۇ قىلىپ قالىدۇ. (ئىسلام دىنىدا بىرلەشتۈرۈشكە، بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ، دوستلاشتۇرۇشقا، بۇنىڭدىن ئارتۇق تەرغىبات، مۇكاپات يوقتۇر)، ئەھمەدتە بەش ئورۇندا كېلىدۇ، 21066 ـ ھەدىس، مالىك، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4322** ( صحيح ) قال الله تعالى: سبقت رحمتي غضبي ( م ) عن أبي هريرة

4322. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ رەھمىتىم، غەزىپىمدىن ئىلگىرىلەپ كەتتى. رەھمىتىم غالىب كەلدى. بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھنىڭ رەھمىتى توغرىلىق ھەدىسلەر ئۆتتى.

قال الله تعالى: شتمني ابن آدم و ما ينبغي له أن يشتمني و كذبني و ما ينبغي له أن يكذبني أما شتمه إياي فقوله: إن لي ولدا و أنا الله الأحد الصمد لم ألد و لم أولد و لم يكن لي كفوا أحد و أما تكذيبه إياي فقوله: ليس يعيدني كما بدأني و ليس أول الخلق بأهون علي من إعادته ( حم خ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى

ن ) عن أبي هريرة

4323. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم بالىسى مېنى تىللاپ ئەيىبلەيدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن لايىق ئەمەستۇر. مېنى ئىنكار قىلىدۇ، يالغانچى قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭغا لايىق ئەمەستۇر. ئۇنىڭ مېنى تىللاپ، ئەيىبلىشى بولسا، ھەقىقەتەن ئۇ مەن ئۈچۈن بالىسى بار دەيدۇ. مەن بولسام، ھەممىنى ياراتقۇچى ئاللاھ. مەن بىر، ئوخشىشىم يوق، مەن موھتاج ئەمەس، ھەممىسى ماڭا موھتاج ، مەن تۇغمايمەن، مەن تۇغقان ئەمەس، ھەم تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، مەن ئۈچۈن ھېچقانداق بىر تەڭداش يوق. ئۇنىڭ مېنى ئىنكار قىلىپ، يالغانچى قىلىشى بولسا، ئۇ: ئاللاھ مېنى مەن تۇنجى قېتىم پەيدا بولغاندەك قايتا، ئىككىنچى قېتىم يارىتالمايدۇ دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئىككىنچى قېتىم قايتا يارىتىش، ماڭا ئاساندۇر. تۇنجى قېتىم يارىتىش ئىككىنچى قېتىم قايتا يارىتىشدىن ئاسان ئەمەس. (يەنى، مەقسەت ، مەن ئۇنى تۇنجى قېتىم ياراتتىم، قايتا يارىتىشىم تېخىمۇ ئاسان، ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككى يارىتىش ئاللاھقا ئاسان) ئەھمەد ، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ئالدىدا تۇنجى پەيدا قىلىش، تۇنجى يارىتىش، قايتا يارىتىش، ئەرشنى يارىتىش، بىر تال زەررىنى يارىتىش، ھەممىسىنى يارىتىش، بىرسىنى يارىتىش، ئوخشاش ئاساندۇر. سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنىڭ ئۆلۈشى، قايتا يارىلىشى، پەقەت بىرلا نەپسنىڭ، بىرلا كىشىنىڭ ئۆلۈپ تىرىلىشىدەكتۇر دېگەن ئايەت باردۇر.

( صحيح ) قال الله تعالى: عبدي إذا ذكرتني خاليا ذكرتك خاليا و إن ذكرتني في ملأ ذكرتك في ملأ خير منهم و أكبر ( هب ) عن ابن عباس

4324. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى بەندەم! سەن مېنى يالغۇز، خالىي جايدا مەخپىي ئەسلىسەڭ، زىكرى ئېيتساڭ، مەنمۇ سېنى خالىي، مەخپىي ئەسلەيمەن. ئى بەندەم، سەن مېنى جامائەت ئارىسىدا ئەسلىسەڭ، مەن سېنى ئۇلاردىن ياخشىراق، بۈيۈك، ئۇلۇغراق جامائەتلەر ئارىسىدا ئەسلەيمەن. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4325** ( صحيح ) قال الله تعالى: عبدي أنا عند ظنك بي و أنا معك إذا ذكرتني ( ك ) عن أنس

4325. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى بەندەم! مەن سېنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىڭدا. سەن مېنى ئەسلەپ، ماڭا زىكرى ئېيتساڭ، مەن سەن بىلەن بىللە بولىمەن. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ قادىردۇر، ئوخشىشى يوقتۇر، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە، نۇسرىتى، رەھمىتى، ئىلمى، كۈچ ـ قۇدرىتى بىللە، ئەلۋەتتە، بىللە بولىمەن دېدى، ئۆزىمۇ بىللە بولىدۇ. بىز ئاللاھ دېگەننىلا دېدۇق، سۈكۈتتە سۈكۈت قىلاتتۇق.

قال الله تعالى: قسمت الصلاة بيني و بين عبدي نصفين و لعبدي ما سأل فإذا قال العبد: ( الحمد لله رب العالمين قال الله: حمدني عبدي فإذا قال: ( الرحمن الرحيم ) قال الله: أثنى علي عبدي فإذا قال: ( مالك يوم الدين ) قال: مجدني عبدي فإذا قال: ( إياك نعبد و إياك نستعين ) قال: هذا بيني و بين عبدي و لعبدي ما سأل فإذا قال: ( اهدنا الصراط المستقيم صراط الذين أنعمت عليهم غير المغضوب عليهم و لا الضالين ) قال: هذا لعبدي و لعبدي ما سأل ) ( حم م **4** ) عن أبي هريرة

4326. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن نامازنى بەندەم بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئارىسىغا ئىككى پارە قىلىپ تەقسىم قىلدىم، بەندەم ئۆزى ئۈچۈن ئۇنىڭ سورىغىنى بېرىلىدۇ، بەندە:« الحمد لله رب العالمين » دېسە، ئاللاھتائالا: بەندەم مېنى مەدھىيىلەپ ماڭا ھەمدۇ ئېيتتى دەيدۇ، بەندە:« الرحمن الرحيم » دېسە، ئاللاھتائالا: بەندەم ماڭا سانا ئېيتتى، مېنى ياخشى سۈپەتلىدى دەيدۇ، بەندە يەنە:« مالك يوم الدين » دېسە، ئاللاھتائالا: بەندەم مېنى ئۇلۇغلىدى دەيدۇ، بەندە:« إياك نعبد و إياك نستعين » دېسە، ئاللاھتائالا: مانا بۇ مەن بىلەن بەندەم ئارىسىدىكى بىردىنبىر يېقىنلىقدۇر، بەندەم ئۆزى ئۈچۈن ئۇنىڭ سورىغىنى بېرىلىدۇ دەيدۇ. (چۈنكى، ئىبادەت بىردىنبىر ۋەسىيلە، ۋاستىدۇر) بەندە: « اهدنا الصراط المستقيم صراط الذين أنعمت عليهم غير المغضوب عليهم و لا الضالين » دېسە، ئاللاھتائالا: مانا بۇ بەندەم ئۈچۈن، بەندەم ئۆزى ئۈچۈن ئۇ سورىغىنى بېرىلىدۇ دەيدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۈرە فاتىھە ئەڭ ياخشى دۇئا دېيىلگەن. بۇ سۈرە مۇشۇ ئۈممەتكىلا خاس نازىل قىلىنغان، شۇنداقلا بۇ سەھىھ ھەدىستە ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغۇچى چوقۇم سۈرە فاتىھەنى يەنى سۈرە ئەلھەمدۇنى ئوقۇش لازىم. چۈنكى ھەربىر بەندە شۇنى دېسە، ئاللاھتائالا يۇقىرىقى سۆزنى دەپ تۇرىدۇ، ھېچ بولمىغاندا، قىرائەت مەخپىي نامازدا ئوقۇسۇن.

قال الله تعالى: كذبني ابن آدم و لم يكن له ذلك و شتمني و لم يكن له ذلك فأما تكذيبه إياي فزعم أني لا أقدر أن أعيده كما كان و أما شتمه إياي فقوله: لي ولد فسبحاني أن أتخذ صاحبة أو ولدا ( خ ) عن ابن عباس

4327. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم بالىسى مېنى ئىنكار قىلىپ يالغانغا چىقىرىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا بۇ ئىشى لايىق ئەمەس، مەۋجۇتمۇ ئەمەس، ئۇ مېنى تىللاپ، ئەيىبلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشمۇ مەۋجۇت ئەمەس، لايىق ئەمەس. ئۇنىڭ مېنى ئىنكار قىلىشى بولسا، ئۇ مېنى ئۆزىنى تۇنجى قېتىم يارالغاندەك قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ يارىتالمايدۇ دەپ داۋا قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە مەن ئۇنى تۇنجى قېتىم ياراتقاندەك، قايتا تىرىلدۈرىمەن. ئۇنىڭ مېنى ئەيىبلىشى بولسا، ئۇ مېنى بالىسى بار دەيدۇ. (خۇددى ناسارالاردەك) مەن بالا، خوتۇن، جۆرە ئەھلى تۇتۇشۇمدىن پاكتۇرمەن. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ خالىق، ياراتقۇچى، ئوخشىشى يوق، ئۇ موھتاج ئەمەس، خوتۇن، بالىسى يوقتۇر. ئاللاھ تۇغۇلغان ئەمەس، تۇغقانمۇ ئەمەس، ئاللاھ مەخلۇقلارنىڭ سۈپىتىدىن پاكتۇر، ئىنسان، جىنلارنى قايتا تىرىلدۈرۈشكە دەلىل ـ ئىسپات بارمۇ دېيىلسە ؟ تۇنجى قېتىم پەيدا قىلىپ ياراتقان زات، ئاللاھ يەنە قايتا تىرىلدۈرۈشكە قادىر، ئۇ ئۆزى مەن سىلەرنى قايتا يارىتىمەن، زېمىندىن چىقىرىمەن، قىيامەت ھەق دېگەن ۋەدىلەرنى قۇرئاندا بەردى دېگەن جاۋابىدىن كاتتا، چوڭ جاۋاب يوق، قۇرئان مۆجىزە، پولاتتەك پاكىتتۇر.

قال الله تعالى: كل عمل ابن آدم له إلا الصيام فإنه لي و أنا أجزي به و الصيام جنة و إذا كان يوم صوم أحدكم فلا يرفث و لا يصخب و إن سابه أحد أو قاتله فليقل: إني امرؤ صائم و الذي نفس محمد بيده لخلوف فم الصائم عند الله أطيب من ريح المسك و للصائم فرحتان يفرحهما: إذا أفطر فرح بفطره و إذا لقي ربه فرح بصومه ( ق ن ) عن أبي هريرة

4328. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم بالىسىنىڭ ھەربىر ئەمەللىرى ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈندۇر، لېكىن روزا مەخسۇس مەن ئۈچۈنلا، رىياسىز ئىبادەتتۇر، روزىنىڭ مۇكاپاتىنى مەن ئۆزۈملا بېرىمەن. روزا قالقاندۇر.

بىرىڭلارنىڭ روزا تۇتقان كۈنى بولۇپ قالسا، پاھىشە، بىھۇدە سۆز قىلمىسۇن، ۋارقىرىمىسۇن، باشقىلارنى تىللىمىسۇن، ئەيىبلىمىسۇن. ئەگەر بىرسى ئۇنىڭ بىلەن تىللاشسا، ئۇرۇشسا، ھەقىقەتەن مەن روزىدار كىشى دېسۇن، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى قولىدا بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە روزا تۇتقۇچىنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرىقى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مىسكە، ئەنبەرنىڭ پۇرىقىدىنمۇ خۇشپۇراقتۇر. روزا تۇتقۇچى ئۈچۈن ئۇ خۇرسەن بولىدىغان ئىككى خۇشاللىق بار، بىرى ئۇ ئىپتار قىلغاندا ئىپتار سەۋەبىدىن خۇشال بولىدۇ، يەنە بىرى، ئۇ رەببىگە ئۇچراشقاندا، روزىنىڭ سەۋەبىدىن يەنى ئاللاھ بېرىدىغان مۇكاپاتتىن خۇشال بولىدۇ. بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

قال الله تعالى للنفس: اخرجي قالت: لا أخرج إلا كارهة ( خد ) عن أبي هريرة

4329. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا جانغا: ئى جان! چىققىن! دەيدۇ. جان، روھ: مەن پەقەت چىقىشنى ياقتۇرمىغان، مەجبۇر ھالەتتە چىقىمەن دەيدۇ. (شۇنداق قىلىپ، ئۇ مەجبۇرى چىقىدۇ) بۇخارى، ئەدەب دېگەن ئايرىم كىتابىدا توپلىغان، سەھىھ.

قال الله تعالى: من علم أني ذو قدرة على مغفرة الذنوب غفرت له و لا أبالي ما لم يشرك بي شيئا ( طب ك ) عن ابن عباس

4330. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: كىم مېنىڭ بارلىق گۇناھلارنى كەچۈرۈپ، مەغپىرەت قىلالايدىغانلىقىمنى شۇنىڭغا قادىر ئىكەنلىكىمنى تونۇپ، بىلسە، (گۇماننى ياخشى قىلىپ ئۆزىنى ئىپتىراپ قىلىپ تەۋبە قىلسا) ئۇ ماڭا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىسىلا، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرۈۋېتىمەن، ھەرگىز پەرۋا قىلمايمەن. تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

قال الله تعالى: وجبت محبتي للمتحابين في و المتجالسين في و المتباذلين في و المتزاورين في ( حم طب ك هب ) عن معاذ

4331. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ مۇھەببىتىم، ياخشى كۆرۈشۇم، دوست تۇتۇشۇم، مېنى دەپ، مېنىڭ رازىلىقىمنى كۆزلەپ، مېنىڭ يولۇمدا ئۆز-ئارا بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن، دوستلاشقان، بىرگە ئولتۇرغان، ئىلمى مەجلىس ئاچقان، مال ـ دۇنياسىنى ھەق ئۈچۈن تاپشۇرۇشتا مۇسابىقىلەشكەن، ئۆزئارا يوقلىشىپ، زىيارەت قىلىشقان، ئىتتىپاقداش بەندىلىرىم ئۈچۈندۇر. ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

قال الله تعالى: و عزتي و جلالي لا أجمع لعبدي أمنين و لا خوفين إن هو أمنني في الدنيا أخفته يوم أجمع عبادي و إن هو خافني في الدنيا أمنته يوم أجمع عبادي ( حل ) عن شداد بن أوس

4332. شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئىززىتىم بىلەن ئۇلۇغلۇقۇم بىلەن قەسەمكى، مەن بەندەم ئۈچۈن دۇنيا-ئاخىرەتتە ھەر ئىككى جايدا ئەمىن بولۇشنى يەنى ئىككى ئەمىنلىكنى ھەم ئىككى قورقۇنچنى بىرلەشتۈرمەيمەن. ئەگەر بەندە بۇ دۇنيادا مەندىن ئەمىن ھالدا خاتىرجەم يۈرسە، مەن ئۇنى بارلىق بەندىلىرىمنى توپلاپ يىغىدىغان قىيامەت كۈنى قورقۇتىمەن. ئەگەر بەندە، بۇ دۇنيادا مەندىن قورقۇپ، تەۋبە قىلىپ، ياخشى ئىبادەت قىلسا، مەن ئۇنى بارلىق بەندىلىرىمنى يىغىدىغان قىيامەت كۈنى

ئەمىن، خاتىرجەم قىلىمەن. ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) قال الله تعالى: و من أظلم ممن ذهب يخلق خلقا كخلقي فليخلقوا حبة أو ليخلقوا ذرة أو ليخلقوا شعيرة ( حم ق ) عن أبي هريرة

4333. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ مەخلۇقۇمغا ئوخشاش مەخلۇق ياراتماقچى بولغان كىشىدىنمۇ زالىمراق كىشى يوق، قېنى ئۇلار بىر دانە دان ياكى بىر تال قوناق ياكى بىر تال ئارپا يارىتىپ باقسۇن! (ھەرگىز يارىتالمايدۇ، رەسساملار بىلەن ھەيكەلتاراشلار زالىم) ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

قال الله تعالى: لا يأتي ابن آدم النذر بشيء لم أكن قد قدرته و لكن يلقيه النذر إلى القدر و قد قدرته له استخرج به من البخيل فيؤتيني عليه ما لم يكن يؤتيني من قبل ! ( حم خ ن ) عن أبي هريرة

4334. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: نەزىر قىلىش، ئۆز ـ ئۆزىگە ۋەدە قىلىپ، سەدىقە قىلىش، ئادەم بالىسىغا مەن تەقدىر قىلمىغان بىرەر نەرسىنى كەلتۈرەلمەيدۇ، ھاسىل قىلالمايدۇ. لېكىن نەزرە قىلىش، ئادەم بالىسىنى مەن تەقدىر قىلغان تەقدىرگە ئۇچراشتۇرىدۇ. نەزىر سەۋەبىدىن بېخىل كىشىدىن نەرسە چىقىرىلىدۇ، ئادەم بالىسى نەزىر ۋەدىسى قىلغانلىقىدىن مېنى دەپ ئۇنىڭدىن بۇرۇن كەلتۈرمىگەن نەرسىنى كەلتۈرىدۇ، ھاسىل قىلمىغان نەرسىنى ھاسىل قىلىپ بېرىدۇ.(يەنى سېخىيلىق قىلىدۇ.) ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4335** ( حسن ) قال الله تعالى: لا يذكرني عبد في نفسه إلا ذكرته في ملأ من ملائكتي و لا يذكرني في ملأ إلا ذكرته في الرفيق الأعلى ( طب ) عن معاذ بن أنس

4335. مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: بەندەم پەقەت مېنى ئىچىدە مەخپىي ئەسلىسە، مەن ئۇنى پەرىشتىلىرىمدىن ئىبارەت، جامائەت ئارىسىدا زىكرى قىلىپ ئەسلەيمەن. بەندەم مېنى جامائەت ئارىسىدا ئەسلىسە، مەن ئۇنى ئەڭ يۇقىرى، يۇكسەك مەرتىۋىدىكى ھەمراھلار جامائىتى يەنى پەيغەمبەرلەر جامائىتى قاتارىدا ئەسلەيمەن، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

قال الله تعالى: لا ينبغي لعبد لي أن يقول: أنا خير من يونس بن متى ( م ) عن أبي هريرة

4336. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ بىرەر بەندەمنىڭ: مەن يۇنۇس ئىبنى مەتا دېگەن پەيغەمبەردىن ياخشىراق دېيىشى قەتئىي لايىق ئەمەس. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

قال الله تعالى: يا ابن آدم ! إن ذكرتني في نفسي ذكرتك في نفسي و إن ذكرتني في ملأ ذكرتك في ملأ خير منهم و إن دنوت مني شبرا دنوت منك ذراعا و إن دنوت مني ذراعا دنوت منك باعا و إن أتيتني تمشي أتيت إليك أهرول ( حم ) عن أنس

4337. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى! ئەگەر سەن مېنى ئىچىڭدە مەخپىي ئەسلىسەڭ، مەنمۇ سېنى ئۆز نەفسىمدە زاتىمدا مەخپىي ئەسلەيمەن؛ ئەگەر سەن مېنى جامائەتلەر ئارىسىدا ئەسلىسەڭ، مەنمۇ سېنى ئۇلاردىن ياخشىراق جامائەتلەر ئارىسىدا ئەسلەيمەن؛ ئەگەر سەن ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشساڭ،

مەن ساڭا بىر گەز يېقىنلىشىمەن؛ ئەگەر سەن ماڭا بىر گەز يېقىنلاشساڭ، مەن ساڭا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن؛ ئەگەر سەن ماڭا ئاستا مېڭىپ كەلسەڭ، مەن ساڭا ئالدىراپ يۈگۈرۈپ بارىمەن. ئەھمەد قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مەقسىدى: ئاللاھنى ئەسلەپ، زىكرى ئېيتىش، ئىبادەت بىلەن يېقىنلىشىش، بىز ئاللاھنى ئەسلىسەكلا، ئاللاھ بىزنى ئەسلەيدۇ، بۇ ئايەتتە ئۇچۇن سۆزلەنگەن ئىبادەت بىلەن يېقىنلاشساق، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە.

قال الله تعالى: يا ابن آدم ! إنك ما دعوتني و رجوتني غفرت لك على ما كان منك و لا أبالي يا ابن آدم ! لو بلغت ذنوبك عنان السماء ثم استغفرتني غفرت لك و لا أبالي يا ابن آدم ! لو أنك أتيتني بقراب الأرض خطايا ثم لقيتني لا تشرك بي شيئا لأتيتك بقرابها مغفرة ( ت الضياء ) عن أنس

4338. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى! «ھە! مانا مەن تەييار ئى رەببىم لەببەيى»، ھەقىقەتەن سەن ماڭا دۇئا قىلىپ تۇرساڭلا، تەۋبە قىلىپ مەندىن مەغپىرەتنى ئۈمىد قىلساڭلا، مەن سەن ئۈچۈن سەندىن سادىر بولغان بارلىق گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىۋېتىمەن، پەرۋا قىلمايمەن، ھەممىنى كەچۈرۈۋېتىمەن، پەرۋا قىلمايمەن. ئى ئادەم بالىسى! «لەببەيى» ئەگەر سېنىڭ گۇناھلىرىڭ ئاسماننىڭ ئۈپۈقلىرىغا ئەڭ ئېگىز جايلىرىغا يەتكەن بولسىمۇ، ئاندىن سەن مېنى تونۇپ، ئۆزۈڭنى ئېتىراپ قىلىپ، تەۋبە قىلىپ، مەندىن مەغپىرەت سورىساڭلا، مەن سەن ئۈچۈن، ھەممە گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىۋېتىپ، پەرۋا قىلمايمەن. ئى ئادەم بالىسى! (ئى ئاللاھ، قۇلقىمىز سىلدە) ئەگەر سەن زېمىن تولغۇدەك، زېمىنغا لىق كەلگىدەك خاتالىقلار بىلەن ماڭا كەلسەڭ، ئاندىن سەن ماڭا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، مۆئمىن ھالدا ئۇچراشساڭ، مەن ساڭا زېمىن لىق تولغىدەك مەغپىرەت بىلەن كەچۈرۈم بىلەن كېلىمەن، سىنى مەغپىرەت قىلىش بىلەن ئۇچرىشىمەن. تىرمىزى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. ئى ئاللاھ، بىزنى كەچۈرگىن.

قال الله تعالى: يا ابن آدم ! صل لي أربع ركعات من أول النهار أكفك آخره ( حم ) عن أبي مرة الطائفي ( ت ) عن أبي الدرداء

4339. ئەبۇ مۇررەت، ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى! مەن ئۈچۈن كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە تۆت رەكەت ناماز ئوقۇغىن، شۇنداق قىلساڭ، مەن ساڭا كۈندۈزنىڭ ئاخىرىغىچە كۇپايە بولىمەن. (ھەممىمىز بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە چاشكا نامىزى ئوقۇيلى) ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4340** ( صحيح ) قال الله تعالى: يا ابن آدم قم إلي أمش إليك و امش إلي أهرول إليك ( حم ) عن رجل

4340. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى! سەن ماڭا دەس تۇرغىن، شۇنداق قىلساڭ، مەن ساڭا مېڭىپ بارىمەن، سەن ماڭا مېڭىپ كەلگىن، شۇنداق قىلساڭ مەن ساڭا يۈگۈرۈپ بارىمەن. ئەھمەد توپلىغان،سەھىھ. بىز ئاللاھ تەرەپكە، جەننەتكە، ياخشىلىققا ئالدىرايمىز. ئىبادەتكە ئالدىراش، ئالدىراڭغۇلۇق ھېسابلانمايدۇ، ناماز، زىكرى، قۇرئان تىلاۋىتى، جىھاد، تەلىم ـ تەربىيىدەك ئىبادەتلەر، ئاللاھقا يېقىن بولۇشنىڭ ۋەسىلە، ۋاستىسىدۇر. بىز ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كۆرسەتمىسى، ساھابىلەر، تابىئىنلار يولى ۋە چۈشەنچىسى بىلەن ئىبادەت قىلىشىمىز لازىم.

**4341** ( صحيح ) قال الله تعالى: يا ابن آدم ! مهما عبدتني و رجوتني و لم تشرك بي شيئا غفرت لك على ما كان منك و إن استقبلتني بملء

السماء و الأرض خطايا و ذنوبا استقبلتك بملئهن من المغفرة و أغفر لك و لا أبالي ( طب ) عن أبي الدرداء

4341. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى، سەن ماڭا ھەرقاچان ئىبادەت قىلساڭلا، مەندىن ئۈمىد قىلساڭلا، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىسەڭ، مەن سەن ئۈچۈن سەندىن سادىر بولغان بارلىق گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىۋېتىمەن. ئەگەر سەن ماڭا ئاسمان ـ زېمىن لىق تولغىدەك خاتالىقلار ۋە گۇناھلار بىلەن ئۇچراشساڭ، مەن ساڭا ئاسمان ـ زېمىن لىق تولغىدەك مەغپىرەت بىلەن ئۇچرىشىمەن. مەن سەن ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىۋېتىپ، پەرۋا قىلمايمەن. (شەرتى: ئىمان بىلەن ئۇچرىشىش) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) قال الله تعالى: يا ابن آدم ! لا تعجز عن أربع ركعات في أول النهار أكفك آخره ( حم د ) عن نعيم بن همام ( طب ) عن النواس

4342. نۇئەيىم نەۋۋاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى! سەن ماڭا كۈندۈزنىڭ ئەۋۋىلىدە تۆت رەكەت ناماز ئوقۇشدىن ئاجىز كەلمە، ئەگەر بۇ نامازنى ئوقۇساڭ، مەن ساڭا كۈندۈزنىڭ ئاخىرىغىچە كۇپايە بولىمەن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تەبرانى توپلىغان، بۇ چاشكا نامىزى بولۇشى مۇمكىن.

قال الله تعالى: يؤذيني ابن آدم يسب الدهر و أنا الدهر بيدي الأمر أقلب الليل و النهار ( حم ق د ) عن أبي هريرة

4343. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم بالىسى ماڭا ئازار بېرىدۇ، ئۇ زاماننى تىللاپ ئەيىبلەيدۇ، مانا مەن زاماننى باشقۇرىمەن، ئىشلار مېنىڭ قولۇمدا، كېچە ـ كۈندۈزنى مەن يۆتكەپ تۇرىمەن. (ھەممە ئىشلار قار ـ يامغۇر، بوران، مولچىلىق، قەھەتچىلىك قاتارلىقلار ئاللاھنىڭ قولىدا. شۇنىڭ ئۈچۈن سۆز قىلغاندا قالايمىقان سۆزلىمەڭ) ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4344** ( صحيح ) قال الله تعالى: يؤذيني ابن آدم يقول: يا خيبة الدهر ! فلا يقولن أحدكم: يا خيبة الدهر ! فإني أنا الدهر أقلب ليله و نهاره فإذا شئت قبضتهما ( م ) عن أبي هريرة

4344. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئادەم بالىسى ماڭا ئازار بېرىدۇ، ئۇ، ئى زاماننىڭ زىيانكارلىقى دەيدۇ، بىرىڭلار ھەرگىز ئى زاماننىڭ زىيىنى دېمىسۇن، ھەقىقەتەن مانا مەن زاماننىڭ كېچە ـ كۈندۈزلىرىنى يۆتكەپ تۇرىمەن، مەن خالىغاندا كېچە ـ كۈندۈز ھەر ئىككىلىسىنى ئېلىۋالىمەن، يوق قىلىۋېتىمەن، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. پايدا ـ زىياننى زامانغا، تەبىئەتكە ئەمەس، بىر ئاللاھقا نىسبەتلەشتۈرۈش لازىم، ھەممىسىنى ئاللاھ ياراتقان، ھەممىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ، ھەممىسى ئاللاھنىڭ قولىدا، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر.

**4345** ( صحيح ) قال الله تعالى: يا عبادي ! إني حرمت الظلم على نفسي و جعلته محرما بينكم فلا تظالموا يا عبادي ! كلكم ضال إلا من هديته فاستهدوني أهدكم يا عبادي ! كلكم جائع إلا من أطعمته فاستطعموني أطعمكم يا عبادي ! كلكم عار إلا من كسوته فاستكسوني أكسكم يا عبادي ! إنكم تخطئون بالليل و النهار و أنا أغفر الذنوب جميعا فاستغفروني أغفر لكم يا عبادي ! إنكم لن تبلغوا ضري فتضروني و لن تبلغوا نفعي فتنفعوني يا عبادي ! لو أن أولكم و آخركم و إنسكم و جنكم كانوا على أتقى قلب رجل واحد منكم ما زاد ذلك في ملكي شيئا يا عبادي ! لو أن أولكم و آخركم و إنسكم و جنكم كانوا على أفجر قلب رجل واحد منكم ما نقص ذلك من ملكي شيئا يا عبادي ! لو

أن أولكم و آخركم و إنسكم و جنكم قاموا في صعيد واحد فسألوني فأعطيت كل إنسان مسألته ما نقص ذلك مما عندي إلا كما ينقص المخيط إذا أدخل البحر يا عبادي ! إنما هي أعمالكم أحصيها لكم ثم أوفيكم إياها فمن وجد خيرا فليحمد الله و من وجد غير ذلك فلا يلومن إلا نفسه ( م ) عن أبي ذر

4345. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى بەندىلىرىم! (ھەممىڭلار لەببەي، بىز تەييار دەڭلار) ھەقىقەتەن مەن زۇلۇمنى ئۆزۈمگە ھارام قىلدىم، زۇلۇم قىلىشنى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىمۇ ھارام قىلدىم، ھەرگىز زۇلۇم قىلىشماڭلار! ئى بەندىلىرىم! مەن ھىدايەت قىلغان كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار ئازغۇن، زالالەتچى. مەندىنلا ھىدايەت، توغرا يول تەلەپ قىلىڭلار، مەن سىلەرنى ھىدايەت قىلىمەن. ئى بەندىلىرىم! مەن تائام بەرگەن كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار ئاچ، پەقەت مەندىنلا تائام سوراڭلار، مەن سىلەرگە تائام بېرىمەن. ئى بەندىلىرىم! مەن كىيىم ـ كېچەك بەرگەن كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار يالىڭاچ، مەندىن كىيىم سوراڭلار، مەن سىلەرگە كىيىم ـ كېچەك بېرىمەن. ئى بەندىلىرىم! ھەقىقەتەن سىلەر كېچە ـ كۈندۈز خاتالىشىپ تۇرىسىلەر، مەن بارلىق گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرىمەن، مەندىن مەغپىرەت سوراپ، ئىستىغفار ئوقۇڭلار، مەن سىلەرنى كەچۈرىمەن، سىلەر ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىمەن. ئى بەندىلىرىم! ھەقىقەتەن سىلەر ماڭا ھەرگىز زەرەر يەتكۈزەلمەيسىلەر، ماڭا پايدا ـ مەنپەئەتمۇ يەتكۈزەلمەيسىلەر. (پەقەت قىلساڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن قىلىسىلەر) ئى بەندىلىرىم! ئەگەر سىلەرنىڭ ئەۋۋەلىڭلار، ئاخىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار، جىنلىرىڭلار، ھەممىسى سىلەردىن بىرلا كىشىنىڭ قەلبىنىڭ ئەڭ تەقۋالىقى ئۈستىدە بولسا، يەنى ھەممىڭلار ئەڭ تەقۋا، ھەممىڭلار باراۋەر، ئوخشاش، تەقۋا، مۇتتەقى بولساڭلار، ئۇ مېنىڭ مۈلۈكۈمدە يەنى ئىلكىمدىكى، قولۇمدىكى نەرسىگە قىلچىلىك نەرسىنى زىيادە قىلىۋېتەلمەيدۇ، مېنىڭ كاتتىلىقىمنى، ئۇلۇغلۇقۇمنى زىيادە قىلالمايدۇ. ئى بەندىلىرىم! ئەگەر شەك ـ شۈبھىسىز سىلەرنىڭ ئەۋۋەل ـ ئاخىرىڭلار، ئىنسان، جىنلىرىڭلار سىلەردىن ئەڭ فاجىر، پاسىق، يامان كىشىنىڭ پاسىق قەلبى ئۈستىدە بولساڭلار، يەنى ھەممىڭلار گۇناھ، مەئسىيەتتە پاسىقلاشساڭلار، بۇ ئىشمۇ مېنىڭ مۈلۈكۈمدىن قىلچىلىك نەرسىنى كامىلتالمايدۇ، ئۇلۇغلۇقۇم كامالاپ، تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ. (قىلساڭلار ئۆزۈڭلارغا قىلىسىلەر) ئى بەندىلىرىم! ئەگەر ئەۋۋەلىڭلار، ئاخىرىڭلار، ئىنسانلىرىڭلار، جىنلىرىڭلار، ھەممىسى تۈپتۈز بىر مەيدانغا يىغىلىپ، مەندىن سورىساڭلار، مەن ھەربىر ئىنسان، جىنلارغا سورىغىنىنى بەرسەم، ئۇ بېرىۋېرىشىم، مېنىڭ دەرگاھىمدىكى خەزىنىلەرنى قىلچىلىك كامىلتالمايدۇ، پەقەت بىر تال يىڭنىنى كەڭ ھەم چوڭقۇر دېڭىزغا سېلىپ، ئالغانچىلىك ئىشتۇر. ئى بەندىلىرىم! ھەقىقەتەن ئۇ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلار، مەن ئۇنى سىلەر ئۈچۈن ھېسابلايمەن، ئاندىن ئۇ ئەمەللەرنىڭ جازا، مۇكاپاتلىرىنى مەن سىلەرگە تولۇق بېرىمەن، كىم ياخشىلىقنى تاپسا، ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ، شۈكۈر قىلسۇن، كىم ئۇنىڭدىن باشقىچىرەك تاپسا، ئۇ پەقەت ئۆزىنى ئەيىبلىسۇن، ئۆزىگە مالامەت، تاپا ـ تەنە قىلسۇن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. بۇ ھەدىس ھەدىس قۇددۇسىتۇر، يەنى ئاللاھنىڭ سۆزىدۇر.

2. ئاللاھتائالا بارلىق مەخلۇقلار ئارىسىدىن ئىنساننى چاقىرىپ، يولىيورۇق بېرىۋاتىدۇ.

3. ئى بەندىلىرىم دەپ رەھمەت، ئىلتىپات قىلدى.

4. بىز دەرھال لەببەي دەپ مەن تەييار دەپ قۇلاق سېلىشىمىز لازىم، ياخشى بولسا بۇيرۇيدۇ، يامان بولسا توسىدۇ. بۇ مۆئمىنىنىڭ بەلگىسى.

5. زۇلۇم قىلىش ھارام، قىيامەتتىمۇ زۇلمەتتۇر.

6. ئاللاھ ھىدايەت قىلمىسا، ھەممىسى ئازغۇن، ھىدايەتنى پەقەت ئاللاھدىن، قۇرئاندىن، سەھىھ ھەدىسىدىن، سۈننەتتىن سوراش لازىم.

7. يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، زاماندىن، تەبىئەتتىن ئەمەس، ئاللاھ تەرەپتىن كەلدى، بىز رىزىقنى پەقەت بىر ئاللاھتىنلا سورايلى.

8. ئىنسان دائىم خاتالىشىپ تۇرىدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىپ، تەۋبە قىلغىنى.

9. گۇناھلارنى پەقەت ئاللاھلا كەچۈرىدۇ، بىز پەقەت ئاللاھقىلا تەۋبە قىلىشىمىز لازىم.

10. بارلىق بەندىلەرنىڭ تەقۋالىقى ياخشى بولۇپ كېتىشى، ئاللاھنىڭ مۈلۈكىنى زىيادە قىلالمايدۇ، پاسىق، فاجىر بولۇپ كېتىشى، مۈلۈكىنى ، ئۇلۇغلۇقىنى كام قىلالمايدۇ، تۆۋەن قىلالمايدۇ، كىشىلەر قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ.

11. ئاللاھ ھەممە كىشىگە سورىغىنىنى دائىم بېرىپ تۇرسىمۇ خەزىنىسىدىن قىلچىلىك كاملىمايدۇ، چۈنكى ئۇ دېگەن ئاللاھ، خالىق، ياراتقۇچى.

12. ئەمەللەرنىڭ جازا ـ مۇكاپاتى تولۇق بېرىلىدۇ، قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ.

13. ياخشىلىق ئاللاھ تەرەپتىن بولغاچقا، ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ، شۈكرى قىلىمىز.

14. يامانلىق بىزگە نىسبەتەن بېرىلگەچكە، ئۆزىمىزنى ئەيىبلەپ، ئۆزىمىزگە مالامەت قىلىمىز. چۈنكى ھەر كىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ.

15. مۇكاپات، جەننەت، ئاللاھنىڭ رەھمىتى، پەزلىدۇر. جازا، دوۋزاخ بولسا، ئاللاھنىڭ ئادىللىقىدۇر. بىر پىرقىسى جەننەتتە، بىر پىرقىسى دوۋزاختىدۇر. ئاللاھ بىزلەرنى جەننەت ئەھلى قىلسۇن، ئامىن!

**4346** ( صحيح ) قال رجل: لأتصدقن الليلة بصدقة فخرج بصدقته فوضعها في يد سارق فأصبحوا يتحدثون: تصدق الليلة على سارق فقال: اللهم لك الحمد على سارق ! لأتصدقن الليلة بصدقة فخرج بصدقته فوضعها في يد زانية فأصبحوا يتحدثون: تصدق الليلة على زانية ! فقال: اللهم لك الحمد على زانية ! لأتصدقن الليلة بصدقة فخرج بصدقته فوضعها في يد غني فأصبحوا يتحدثون: تصدق الليلة على غني فقال: اللهم لك الحمد على سارق و على زانية و على غني فأتي فقيل له: أما صدقتك على سارق فلعله أن يستعف عن سرقته و أما الزانية فلعلها أن تستعف عن زناها و أما الغني فلعله أن يعتبر فينفق مما أعطاه الله ( حم ق ه ) عن أبي هريرة

4346. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى بۇگۈن كېچە بىر مەخپىي سەدىقە قىلايچۇ دەپ سەدىقىنى چىقىرىپ، ئۇنى بىر ئوغرىنىڭ قولىغا بېرىپتۇ، ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا، كىشىلەر پالانى بۇگۈن كېچە ئوغرىغا سەدىقە قىلىپتۇ دېيىشىپتۇ . ئاندىن ئۇ كىشى: ئى ئاللاھ! ئوغرى بولسىمۇ ساڭا شۈكرى، ساڭا ھەمدۇ ـ سانا دەپتۇ. مەن بۇگۈن كېچە سەدىقە قىلىپ باقاي، دەپ سەدىقىنى چىقىرىپ، ئۇنى بىر زىناخور ئايالنىڭ قولىدا قويۇپتۇ، (ئۇ بۇنى قەتئىي بىلمەيدۇ، خەۋىرى يوقدە) ئاندىن تاڭ ئاتقاندا، كىشىلەر: ئۇ زىناخورغا سەدىقە قىلىپتۇ دېيىشتى. ئۇ كىشى: ئى ئاللاھ مەن بىلمەپتىمەن، زىناخورغا تەگكەن بولسىمۇ ساڭا شۈكرى دەپتۇ، ئاندىن

www.uyghurkitap.com

ئۇ بۇگۈن بىر سەدىقە قىلاي دەپ سەدىقىنى چىقىرىپ، ئۇنى بۈگۈن بىر باينىڭ قولىغا قويۇپتۇ، كىشىلەر ئەتىسى پالانى بايغا سەدىقە بېرىپتۇ دېيىشىپتۇ. ئۇ كىشى: ئى ئاللاھ، باي بولسىمۇ بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ساڭا خاستۇر دەپ شۈكرى قىلىپتۇ. ئۇ، ئوغرىغا، زىناخورغا، بايغا سەدىقە بەرگەن بولسىمۇ يەنىلا ئاللاھقا شۈكرى دەپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا چۈشىدە مۇنداق دېيىلىپتۇ: سېنىڭ ئوغرىغا بەرگەن سەدىقەڭگە كەلسەك، ئوغرىلىقىدىن ئىپپەتلىك بولۇپ توختاپ قېلىشى مۇمكىن؛ زىناخورغا كەلسەك، ئۇمۇ زىنا قىلىشتىن ئىپپەتلىك بولۇپ ساقلىنىپ قېلىشى مۇمكىن؛ بايغا كەلسەك، ئۇ ئىبرەت ئېلىپ، ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا بەرگەن نەرسىدىن نەپىقە قىلىشى، خەجلىشى مۇمكىن. كېرەك يوق. ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن، سەدىقە بېرىلىدۇ، لېكىن ئىسلام كۈچلىنىپ كەتسە، بۇ ئەمەلدىن قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھەدىستىكى كىشى، كېچىسى سەدىقە قىلغاچقا، ئورنىنى، جايىنى بىلەلمىگەن، خاتالىق ئەپۇدۇر، ياكى بۇ زاكات، ئۆشرە بولماستىن، نەپلە سەدىقە بولۇشى مۇمكىن. دەلىلى بولسا: ئۇ كەينى ـ كەينىدىن بەرگەن. زاكات دېگەن بىر قېتىمدىلا ئادا تاپىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە باي، ئوغرى، زىناخورلار كاپىر، دىنسىز سانالمايدۇ، ئۇلار ناماز ئوقۇشى مۇمكىن، بۇ ھەدىستىن ناماز ئوقۇمايدىغان كىشىگە ئۆشرە ـ زاكات بېرىشكە دەلىل ئېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ناماز ئوقۇمىغان كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئۇ ئۆلۈكتۇر.

قال رجل: لا يغفر الله لفلان ! فأوحى الله تعالى إلى نبي من الأنبياء: إنها خطيئة فليستقبل العمل ( طب ) عن جندب

4347. جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى ئاللاھتائالا پالانىغا مەغپىرەت قىلمايدۇ دېدى، ئاندىن ئاللاھتائالا پەيغەمبەرلەردىن بىر پەيغەمبەرگە ۋەھيى قىلىپ، ھەقىقەتەن ئۇ يەنى شۇنداق دېيىش زور خاتالىقدۇر، ئۇ ئەمەلنى يېڭى باشتىن قىلسۇن، يەنى شۇ سۆزى ئۇنىڭ ئەمەللىرىنى كۆيدۈرگەن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. باشقا خاتىرىدە شۇ سۆزنى دېگۈچىنى دوۋزاخقا سالىدۇ، ئەمەلنى قوبۇل قىلىشقا، كەچۈرۈشكە ئاللاھ ئۆزى ئىگە، بەندىلەر، بەندىلەر ئۈچۈن بۇ توغرىسىدا ھۆكۈم قىلمىسۇن.

قال سليمان بن داود: لأطوفن الليلة على مائة امرأة كلهن تأتي بفارس يجاهد في سبيل الله فقال له صاحبه: قل: إن شاء الله فلم يقل: إن شاء الله فطاف عليهن فلم تحمل منهن إلا امرأة واحدة جاءت بشق إنسان و الذي نفس محمد بيده لو قال: إن شاء الله لم يحنث و كان دركا لحاجته ( حم ق ن ) عن أبي هريرة

4348. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام، بۈگۈن كېچە 100 ئايالىمنىڭ ھەممىسىنى زىيارەت قىلىپ، ھەممىسى بىلەن بىللە بولىمەن، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىدىغان ئاتلىق مۇجاھىددىن بىردىن تۇغىدۇ دېدى. ئۇنىڭ ھەمراھى پەرىشتە، ئۇنىڭغا ئىنشائاللاھ (يەنى ئەگەر ئاللاھ خالىسا ) دېگىن دېدى، ئۇ ئەگەر ئاللاھ خالىسا دېمىدى، شۇ كېچىسى بارلىق ئاياللىرى بىلەن بىللە بولۇپ چىقتى. لېكىن ئۇلاردىن بىرسىلا ھامىلدار بولۇپ، بىر ئىنساننىڭ يېرىمىنى كەلتۈردى، يەنى يېرىمى يوق بالىدىن بىرنى تۇغدى. (بۇ <<ئەگەر ئاللاھ خالىسا>> دېمىگەننىڭ جازاسى) مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سۇلايمان، <<ئاللاھ خالىسا>>

دېگەن بولسا، قەسەمنى بۇزمايتتى، گۇناھكار بولمايتتى، ھاجىتىگە يەتكەن بولاتتى، راستىنلا 100 مۇجاھىد تۇغۇلاتتى. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئىيلار توپلىغان. سەھىھ. سەيىد قۇتۇپ رەھمەھۇللاھ، سۇلايماننىڭ تەختىگە تاشلانغان جەسەت مۇشۇ بالا شۇدۇر دەپ تەفسىر قىلغان، بۇ ھەدىستىن بىرەر ئىشنى پىلانلىساق، ئىنشائاللا دېيىش ، جىنسى مۇناسىۋەتنى ياخشى نىيەتلەر بىلەن قىلىش، شۇ چاغدا ساۋاب بار دېگەنلەر چىقىدۇ.

**4349** ( صحيح ) قال لي جبريل: إنا لا ندخل بيتا فيه كلب و لا تصاوير ( خ ) عن ابن عمر ( م ) عن عائشة ( م د ) عن ميمونة ( حم ) عن أسامة بن زيد وبريدة

4349. ئىبنى ئۆمەر، ئائىشە، مەيمۇنە، ئۇسامە، بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن بىز پەرىشتىلەر، سۈرەتلەر ۋە ئىت بار ئۆيگە كىرمەيمىز. بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. ئالاھىدە سەۋەبسىز، ئۆزرىسىز ھەرقانداق رەسىم، سۈرەت ساقلانمىسۇن.

قال لي جبريل: بشر خديجة ببيت في الجنة من قصب لا صخب فيه و لا نصب ( طب ) عن ابن أبي أوفى

4350. ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىبرىئىل ماڭا مۇنداق دېدى: خەدىيچە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا جەننەتتىكى ئىچى كاۋاك گۆھەر، زەبەرجەدتىن بولغان، قاتتىق ۋاراڭ چۇرۇڭ ئاۋاز ۋە مۇشەققەت بولمىغان، كاتتا ـ ئېسىل ئۆي بىلەن خۇش بېشارەت بەرگىن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

قال لي جبريل: راجع حفصة فإنها صوامة قوامة و إنها زوجتك في الجنة ( ك ) عن أنس وقيس بن زيد

4351. ئەنەس ، قىيس ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىبرىئىل ماڭا مۇنداق دېدى: سەن ھەپسەگە قايتىۋالغىن، ئۇنىڭ بىلەن يارىشىۋال، چۈنكى ئۇ دائىم روزا تۇتۇپ، كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ، ناماز ئوقۇيدۇ، ھەقىقەتەن ئۇ سېنىڭ جەننەتتىكى ئاياللىڭدۇر. ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**4352** قال لي جبريل: ( قل أعوذ برب الفلق فقلتها فقال: ( قل أعوذ برب الناس ) فقلتها ) ( حم خ ن ) عن أبي

4352. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل: قۇل ئەئۇزۇبىرەببىل فەلەق يەنى سۇبھىنىڭ پەرۋەردىگارىغا سېغىنىپ ئۇ ياراتقان بارلىق نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن دېگىن دېدى، مەن شۇنداق دېدىم. ئاندىن ئۇ: كىشىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا سېغىنىپ شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن دېگىن دېدى، مەن شۇنداق دېدىم. يەنى بۇ ئىككى سۈرىنى ئوقۇدۇم. ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4353** ( صحيح ) قال لي جبريل: لو رأيتني و أنا آخذ من حال البحر فأدسه في في فرعون مخافة أن تدركه الرحمة ( حم ك ) عن ابن عباس

4353. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا جىبرىئىل مۇنداق دېدى: ئەگەر سەن مېنى دېڭىزدىن لاي ئېلىۋاتقىنىمنى كۆرگەن بولساڭ، چوقۇم ھەيران قالاتتىڭ، مەن ئۇ لايلارنى پىرئەۋننىڭ ئاغزىغا ئۇنى رەھمەت تېپىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ ھەدەپ تىقىپ تۇردۇم. يەنى ئۇ ئۆلۈشتىن بۇرۇن، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دەپ رەھمەتكە ئېرىشىپ قالمىسۇن ئۈچۈن ئاغزىغا لاي تىقتىم. چۈنكى ئۇ شەقى، زالىم كاپىرنى ئازابلاش، دوۋزاخ ئەھلىدىن ھۆكۈم

قىلىش بېكىتىلگەن. ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4354** ( صحيح ) قال لي جبريل: من مات من أمتك لا يشرك بالله شيئا دخل الجنة قلت: و إن زنى و إن سرق ؟ قال: و إن زنى و إن سرق ( خ ) عن أبي ذر

4354. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىبرىئىل ماڭا مۇنداق دېدى: كىم سېنىڭ ئۈممىتىڭدىن ئاللاھقا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلسە، يەنى مۆئمىن ھالدا ئۆلسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، مەن: ئەگەر ئۇ زىنا قىلسىمۇ، ئوغرىلىق قىلسىمۇ، جەننەتكە كىرەمدۇ؟ دېدىم، ئۇ، ھەئە، ئەگەر ئۇ زىنا قىلسىمۇ، ئوغرىلىق قىلسىمۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەي ئۆلسە، جەننەتكە كىرىدۇ دېدى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. كىشى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەي، مۇسۇلمان، مۆئمىن ھالدا (لا ئىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ) دەپ ئۆلسە، جەننەتكە كىرىدۇ، شاپائەت بىلەن ياكى گۇناھى تۈگەپ جەننەتكە كىرىدۇ.

**4355** ( حسن ) قال لي جبريل: يا محمد عش ما شئت فإنك ميت و أحبب من شئت فإنك مفارقه و اعمل ما شئت فإنك ملاقيه ( الطيالسي هب ) عن جابر

4355. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىبرىئىل ماڭا مۇنداق دېدى: ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالىغانچە ياشىۋال، ھەقىقەتەن سەن ئۆلىسەن؛ خالىغان كىشىنى ياخشى كۆر، دوست تۇت، چۈنكى سەن ھامىنى بىر كۈن بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدىن ئايرىلىسەن؛ سەن خالىغان ئەمەللەرنى قىلغىن، چۈنكى سەن قىيامەت كۈنى شۇ ئەمەللەرگە ئۇچرىشىسەن، ھېساب بېرىسەن. (ھالاللىرىغا ھېساب، ھاراملىرىغا ئازاب) تەيالىسى بىلەن بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، مەقسەت : بۇ سۆزلەر بىزگە ئۆز ئەينى دېيىلىدۇ .

قالت الملائكة: يا رب ذاك عبدك يريد أن يعمل بسيئة و هو أبصر به فقال: ارقبوه فإن عملها فاكتبوها له بمثلها و إن تركها فاكتبوها له حسنة إنما تركها من جراي ( حم م ) عن أبي هريرة

4356. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەرىشتىلەر مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىمىز، ئاشۇ پالانى بەندىلىرى بىلىپ تۇرۇپ، كۆرۈپ تۇرۇپ، بىر يامانلىقنى قىلىشنى ئىرادە قىلىۋاتىدۇ، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنى كۈزۈتۈپ تۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇ يامانلىقنى قىلسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يامانلىقنى بىر يامانلىق قىلدى دەپ يېزىڭلار، ئەگەر ئۇ يامانلىقنى قىلماي، تەرك ئەتسە، ئۇنى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يېزىڭلار. چۈنكى ھەقىقەتەن ئۇ يامانلىقنى مېنىڭ جەھىتىمدىن، مەندىن قورقۇپ تەرك ئەتتى. (شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھدىن قورققانلىقتىن بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4357** ( صحيح ) قام موسى خطيبا في بني إسرائيل فسئل أي الناس أعلم ؟ فقال: أنا فعتب الله عليه إذ لم يرد العلم إليه و أوحى الله إليه: إن لي عبدا بمجمع البحرين هو أعلم منك قال: يا رب ! و كيف لي به ؟ فقيل: احمل حوتا في مكتل فإذا فقدته فهو ثم فانطلق و انطلق معه فتاه يوشع بن نون و حملا حوتا في مكتل حتى كانا عند الصخرة فوضعا رءوسهما فناما فانسل الحوت من المكتل فاتخذ سبيله في البحر سربا و كان لموسى و فتاه عجبا فانطلقا بقية يومهما و ليلتهما فلما أصبحا قال موسى لفتاه: ( آتنا غداءنا لقد لقينا من سفرنا هذا نصبا و لم يجد موسى مسا من النصب حتى جاوز المكان الذي أمره الله به فقال له فتاه: ( أرأيت إذ أوينا إلى الصخرة فإني نسيت الحوت ) قال موسى: ( ذلك ما كنا نبغ

فارتدا على آثارهما قصصا ) فلما انتهيا إلى الصخرة إذا رجل مسجى بثوب فسلم موسى فقال الخضر: أنى بأرضك السلام ؟ قال: أنا موسى قال: موسى بني إسرائيل ؟ قال: نعم ( قال: هل أتبعك على أن تعلمني مما علمت رشدا ؟ قال: إنك لن تستطيع معي صبرا ) يا موسى إني على علم من علم الله تعالى علمنيه لا تعلمه أنت و أنت على علم من علم الله تعالى علمكه الله لا أعلمه ( قال: ستجدني إن شاء الله صابرا و لا أعصي لك أمرا ) فانطلقا يمشيان على الساحل فمرت سفينة فكلموهم أن يحملوهما فعرفوا الخضر فحملوهما بغير نول و جاء عصفور فوقع على حرف السفينة فنقر نقرة أو نقرتين في البحر فقال الخضر: يا موسى ما نقص علمي و علمك من علم الله إلا كنقرة هذا العصفور في هذا البحر ! فعمد الخضر إلى لوح من ألواح السفينة فنزعه فقال موسى: قوم حملونا بغير نول عمدت إلى سفينتهم فخرقتها لتغرق أهلها ؟ ( قال: ألم أقل إنك لن تستطيع معي صبرا قال: لا تؤاخذني بما نسيت ) فكانت الأولى من موسى نسيانا فانطلقا فإذا غلام يلعب مع الغلمان فأخذ الخضر برأسه من أعلاه فاقتلع رأسه بيده فقال له موسى: ( أقتلت نفسا زكية بغير نفس ) ( قال: ألم أقل لك إنك لن تستطيع معي صبرا )

( فانطلقا حتى إذا أتيا أهل قرية استطعما أهلها فأبوا أن يضيفوهما فوجدا فيها جدارا يريد أن ينقض ) قال الخضر بيده ( فأقامه ) فقال موسى: ( لو شئت لاتخذت عليه أجرا قال هذا فراق بيني و بينك ) يرحم الله موسى لوددنا لو صبر حتى يقص علينا من أمرهما ) ( ق ت ن ) عن أبي

4357. ئۇبەي ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسا ئەلەيھىسسالام بەنى ئىسرائىللار ئارىسىدا تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇدى، ئۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ قايسى ئەڭ ئالىم؟ دەپ سورالدى، ئۇ مەن دەپ جاۋاب بەردى، ئۇ ئىلىمنى ئاللاھقا نىسبەت بەرمىگەچكە يەنى ئاللاھ ئالىم، ئاللاھنىڭ رەھمەت يەزلى ۋە بىلدۈرۈشى ۋەھيي قىلىشى بىلەن ئاندىن مەن ئالىم دېمىگەچكە، ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا كايىپ، تاپا قىلدى، ۋە مۇنداق ۋەھيي قىلدى: ھەقىقەتەن ئىككى دېڭىزنىڭ بىرلىشىدىغان جايىدا تۇرۇشلۇق مېنىڭ بىر بەندەم بار، ئۇ سەندىن ئالىمراق دېدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام: ئى رەببىم! مەن ئۇنىڭدىن قانداق قىلسام ئىلىم ئالالايمەن؟ دېدى، مۇساغا: سەن تائام قىلىشنىڭ ئۈچۈن پىشۇرۇلغان ئۆلۈك بېلىقنى سېۋەت ، زەمبىلگە سېلىپ، ئۇنى ئىزدە، سەن ئۇ بېلىقنى يىتتۈرۈپ قويغان جايدا شۇ بەندەم بار دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئۇنىڭ ياش يىگىتى يۇشەئ ئىبنى نۇن بىللە ماڭدى، ئۇلار بېلىقنى زەمبىلگە سېلىپ ماڭدى، تاكى ئۇلار چوڭ بىر تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ، بېشىنى تاشقا قويۇپ ئۇخلاپ قالدى، بېلىق زەمبىلدىن تىرىلىپ چىقىپ، دېڭىزغا ئاجايىپ يول ئالدى، بۇ ئىش مۇسا بىلەن ئۇ يىگىتكە ئاجايىپ ئىش ئىدى، ئاندىن ئۇلار كۈننىڭ قالغان قىسمىدا ۋە بىر كېچە يول يۈردى، تاڭ ئاتقاندا مۇسا، ياش يىگىتكە: ئەتىگەنلىك تامىقىمىزنى ئېلىپ كەلگىن، ھەقىقەتەن بۇ سەپىرىمىزدە قاتتىق چارچاپ كەتتۇق دېدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام ، ئاللاھتائالا ئۇنى بۇيرۇغان ماكاندىن ئۆتۈپ كەتمىگىچە قەتئىي سەپەردىن چارچاپ باقمىغان، مۇشەققەت ھېس قىلىپ باقمىغان، ئۇ بەلگىلەنگەن جايدىن ئۆتۈپ كېتىپ، چارچىدى، ئاندىن مۇساغا ياش خادىم:« بىز چوڭ تاش ئاستىدا ئارام ئېلىۋاتقاندا يۈز بەرگەن ئىشتىن يەنى پىشۇرۇلغان بېلىقنىڭ تىرىلىپ، سېۋەتتىن سەكرەپ چىقىپ دەرياغا كىرىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت قىزىق ئىشتىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ مەن راستىنلا بېلىقنى ئۇنتۇپتىمەن. بېلىقنىڭ ئاجايىپ ۋەقەسىنى ساڭا ئېيتىپ بېرىشنى پەقەت شەيتان ماڭا ئۇنتۇلدۇرۇپتۇ. بېلىق دەرياغا ئاجايىپ يول ئالغان ئىدى» دېدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام: بىزنىڭ تەلەپ قىلىپ ئىزدەيدىغىنىمىز دەل ئاشۇ ئىدى، دېدى - دە: ئىككىسى كەلگەن ئىزى بويىچە كەينىگە يېنىشتى» ئۇلار تاشنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغاندا ناگاھان بىر

كىشى كىيىمگە يۆگىنىۋېلىپ ياتاتتى، مۇسا سالام قىلدى، خىزىر ئەلەيھىسسالام: بۇ زېمىندا سالام قەيەردىن كەلگەندۇ دەپ ئۆزىگە خىتاب قىلدى، مۇسا: مەن مۇسا بولىمەن دېدى، خىزىر: بەنى ئىسرائىلنىڭ پەيغەمبىرى مۇسامۇ؟ دېدى، مۇسا ئەلەيھىسسالام: ھەئە شۇنداق، ئاللاھتائالا ساڭا بىلدۈرگەن، توغرا ئىلىمنى ماڭا ئۆگىتىشىڭ ئۈچۈن ساڭا ئەگىشىپ سۆھبىتىڭدە بولالايمۇ؟ دېدى، خىزىر: سەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋرى ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن. ئى مۇسا! ھەقىقەتەن مەن، ئاللاھتائالا ماڭا بىلدۈرۈپ ئۆگەتكەن، ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن ئالاھىدە بىر ئىلىم ئۈستىدە سەن ئۇنى بىلەلمەيسەن، سەنمۇ ئاللاھتائالا ساڭا بىلدۈرگەن، ئاللاھنىڭ ئىلمىدىن بىر ئىلىم ئۈستىدە مەن ئۇ ئىلىمنى بىلمەيمەن، سەن چوڭقۇر تونۇپ يەتمىگەن، سېنىڭ خەۋىرىڭ يوق ئىشقا قانداقمۇ سەۋرى ـ تاقەت قىلىپ تۇرالايسەن؟ دېدى، مۇسا ئېيتتى: ئاللاھ خالىسا مېنى سەۋرى قىلغۇچى كۆرىسەن ، سېنىڭ بۇيرۇقىڭغا خىلاپلىق قىلمايمەن، خىزىر ئۇنىڭدىن يولۇققان ئىشلار توغرىسىدا سورىماسلىق توغرىسىدا ۋەدە ئېلىۋېلىپ، ئۇلار دەريا بويىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئاندىن بىر كېمىچى ئۆتۈپ قالدى، ئۇلار كېمىچىلەرگە ئۆزلىرىنى ئېلىۋېلىش توغرىسىدا سۆز قىلدى، ئۇلار خىزىرنى تونۇپ، ئۇ ئىككيلەننى ھەقسىز ئېلىۋالدى، ئاندىن ئۇلار كېتىۋاتسا بىر قۇشقاچ كېلىپ، كېمىنىڭ بىر تەرىپىگە چۈشۈپ، دەريادىن بىر ياكى ئىككى چوقۇپ سۇ ئىچتى، ئاندىن خىزىر مۇنداق دېدى: ئى مۇسا! مېنىڭ ئىلمىم بىلەن سېنىڭ ئىلمىڭ، ئاللاھتائالانىڭ ئىلمىدىن پەقەت مۇشۇ قۇشقاچ مۇشۇ دەريا، دېڭىزدىن بىر قېتىم چوقۇپ سۇ ئىچكەنچىلىك ئىشتۇر، (ئاللاھنىڭ ئىلمى چەكسىزدۇر، سەن بىز ھېچنەرسىنى بىلمەيمىز) دەپ ئاندىن خىزىر كېمىنىڭ شاللىرىدىن، تاختايلىرىدىن بىر تاختىنى يۇلۇپ ئېلىۋەتتى. مۇسا: بۇ كىشىلەر بىزنى ھەقسىز ئېلىۋالسا ، سەن بۇ كېمە ئەھلىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن بۇ كېمىنى تېشىۋېتەمسەن؟ دېدى، خىزىر: سەن ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋرى ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن دېمىدىممۇ؟ دېدى. مۇسا ئېيتتى: ئەھدىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمغا مېنى ئەيىبلىمە، سەن بىلەن بىللە بولۇشقا مېنى قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويما» بۇ تۇنجى قېتىمقىسى مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن ئۇنتۇپ قالغانلىقدىن يۈز بەرگەن كەمچىللىك ئىدى، ئۇلار يۈرۈپ كەتتى. ئاندىن ئۇلار كېتىۋاتسا، ناگاھان بىر كىچىك بالا ئۇششاق باللار بىلەن ئويناۋاتقىدەك، خىزىر بۇ بالىنىڭ بېشىنى ئۈستۈندىن تۇتۇپ قولى بىلەن يۇلۇۋەتتى. ئۇ بالىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، مۇسا: ئۇنىڭغا سەن بىر بىگۇناھ جاننى ناھەق ئۆلتۈردۈڭ، سەن ھەقىقەتەن ياۋۇز ئىشنى قىلدىڭ دېدى، خىزىر: سەن ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىللە بولۇشقا سەۋرى ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمايسەن، دېمىدىممۇ؟ دېدى ـ دە ئۇلار يۈرۈپ كەتتى، مۇسا بۇ قېتىم بىرەر سوئال سورىسا، ھەمراھ قىلماسلىق توغرىسىدا ئەھدى بېرىپ ماڭدى، ئۇلار بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدى، شەھەر ئاھالىسىدىن تائام سورىدى، ئۇلار بۇ ئىككيلەننى مېھمان قىلىشدىن باش تارتتى، ئۇلار بۇ شەھەردە ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان بىر تامنى ئۇچراتتى، ئۇنى خىزىر قولى بىلەن سىلاپ تۈزلەپ قويدى، مۇسا ئېيتتى: ئەگەر خالىساڭ بۇ ئىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىش ھەققى ئالغان بولاتتىڭ. خىزىر ئېيتتى: مانا بۇ سەن بىلەن مېنىڭ ئايرىلىش ۋاقتىمىز، سەن سەۋرى ـ تاقەت قىلىپ تۇرالمىغان يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى مەن ساڭا چۈشەندۈرۈپ قوياي.

سۈرە كەھف 59 ـ ئايەتتىن 82 ـ ئايەتكىچە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھتائالا مۇساغا رەھمەت قىلسۇن، ئەگەر ئۇ بۇ ئىككىسىنىڭ ئىشلىرىدىن ئاجايىپ ـ غارايىپلارنى بىزگە سۆزلەپ بەرگىچە سەۋر

قىلىپ تۇرغان بولسا ھە! بىز شۇنى ئارزۇ قىلاتتۇق دېگەن. بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى قاتارلىقلار توپلىغان، بۇخارىدىمۇ بار بولۇپ، سەھىھ. كېمىنى بولسا، كەمبەغەل، نامراتلار ئۈچۈن ئەيىبلىك قىلىپ قويۇپ، زالىم پادىشاھدىن ساقلاپ قالغان؛ بالا بولسا، ئەزەلدىن ئاللاھنىڭ ئىلمىدا كاپىر ئىدى، ئاتا ـ ئانىسىنى ئاياپ ھەم باشقا سالىھ بالا ئاتا قىلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن غايىبنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆلتۈرگەن؛ تامنى بولسا، ئاستىدا ئىككى يېتىمنىڭ خەزىنىسى بار ئىدى، ئۇلار چوڭ بولۇپ ئىلىۋالسۇن ئۈچۈن تۈزلەپ قويىدى؛

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى.

1. جامائەتكە خۇتبە، نۇتۇق سۆزلەش مۇھىم، بۇ جەرياندا سوئال سورىسا بولىدۇ.

2. ئىلىمنى ئاللاھقا نىسبەت بېرىش، مانا مەن ئالىم دەپ چوڭچىلىق قىلماسلىق، كەمتەر بولۇش.

3. ئىلىم ئېلىش پەرىز، پەيغەمبەرمۇ ئىلىم ئالغان،ئىلىم ئېلىپ ئېشىپ قالسىمۇ يەنە ئېلىش لازىم.

4. ئۆلۈك بېلىقنىڭ تىرىلىشىدە، مۆجىزە بار بولۇپ، بۇ قىيامەت كۈنى تىرىلىشكە دەلىل، ھۆججەت.

5. ئاللاھ بۇيرۇغان بەلگىلىمىدىن تاجاۋۇز قىلىپ ئۆتۈپ ھەددىدىن ئاشسا، ئۆزى جاپادا قالىدۇ.

6. خىزىر تەنھا ئىبادەت، ئىلىم بىلەنلا ئۆتەتتى، ئۇ ئولتۇرغان جاي يېشىل بولۇپ كەتكەچكە، خىزىر دېيىلگەن.

7. سالام قىلىش قەدىمى ئىبادەتتۇر.

8. ئىلىم ئىككى خىل بولىدۇ، ئىلمى باتىن، يەنى ئىلمى لەدۇن، بۇ ئىلىمنى ئاللاھلا بىلىدۇ ۋە ئاللاھتائالا ئۆزى بىلدۈرگەن كىشى بىلىدۇ، بۇ سىر ئىلمى، غەيىب ئىلمى بولۇپ، ئاللاھ بۇنى مەخپىي تۇتقان، مۇسامۇ بىلەلمىگەن، بۇ ئىلىمنى ئاللاھ بىلدۈرمىسە، كىشى ئۆزى ئىزدىنىشمەن دەپ ئىزدىنىشەلمەيدۇ، يۇقىرىدا ئۆتكەن سەھىھ ھەدىستە، ھەققەتەن ئىلىم ئېلىش، دەرس ئوقۇش بىلەن بولىدۇ دېيىلگەن. ساھابىلەر، تابىئىنلار، قانداق ئىلىم ئالغان بولسا، بىزمۇ شۇنداق ئىلىم ئالىمىز، ئارزۇ، خىيال، گۇمان، ھېچ نەرسىنى بىھاجەت قىلالمايدۇ. دىنىنى، قۇرئان، ھەدىسنى بىرىنچى بولۇپ ئاللاھ، ئاندىن پەيغەمبىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاندىن دىن يەتكۈزۈلگەن قۇرئان نازىل قىلىنغان ھەدىس سۆزلەنگەن ساھابىلەر، ئاندىن تابىئىنلار، ھەقىقى توغرا چۈشىنىدۇ، سىز ئالىممۇ؟ ياكى ئاللاھ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە ساھابە، تابىئىنلار ئالىممۇ؟ دەلىل ـ ئىسپاتنى شۇلاردەك چۈشىنىڭ! ئىككىنچى ئىلىم مۇساغا بىلدۈرۈلگەن، شەرىئەت ئىلمى بولۇپ، ئۇ تەۋراتتا نازىل قىلىنغان، ھازىر بولسا تەۋرات، ئىنجىللار ئەمەلدىن قالدى، ھازىر قۇرئان، سەھىھ ھەدىسكە، ئىجمائ، قىياسقا تايىنىمىز. بىزگە ئەقىدە، ئىبادەتتە ياكى مۇئامىلە، تەرەققىياتتا بولسۇن، قۇرئان، سەھىھ ھەدىسلەر يېتەرلىك، كۇپايە. بىدئەتنىڭ، خۇراپاتنىڭ كېرىكى يوق، بىز مانا مۇشۇ ھەققەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز، ئىلىم، پەلسەپە، ھېكمەت، ئەقىدە، ئىبادەت، ھەممە جەھەتتىن قۇرئان كەرىم بىلەن سەھىھ ھەدىس كۇپايە. ئاسماندا ئۇچسىمۇ، ئوتتا كۆيسىمۇ، دېڭىزدىكى سۇ يۈزىدە ئايىغى نەم بولماي ماڭسىمۇ، قۇرئان بىلەن سەھىھ ھەدىسكە زىت، خىلاپ بولسا، ئۇنى چۆرۈۋەت، يىراققا تاشلىۋەت، چۈنكى ئۇ دەججال، شەيتانغا ئوخشاشتۇر. خۇلاسە: ئىلىمنى ساھابە، تابىئىنلاردەك ئالايلى. بۇ ئىككى ئىلىم تاقىشىپ قالمايدۇ، بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەس، خىلاپ ئەمەس، سىز كېيىنكى چۈشەنچە سەۋەبلىرىگە قاراڭ، ھەر ئىككى ئىلىم بىر ھەققەت ئۈچۈندۇر، قۇرئانىنى سەھىھ ھەدىسلەرنى قويۇپ،چۈشۈنۈپ، بىدئەت، خۇراپات،

يالغان ئويدۇرما، سۈيقەستكە ئەگەشمەك، قاتتىق ھەزەر قىلىش، ئى ئاللاھ بىز يەتكۈزدۇق گۇۋاھ بولغىن.

9. سەۋر قىلىش، چىداش، كەمتەرلىك لازىم، بەدەل تۆلىمەي، نەتىجە ھاسىل بولمايدۇ.

10. ئىلىملىك، ھۆرمەتلىك يۇرت ئاقساقاللىرىنى، ئىمام، خەلىپە، باشلىقلارنى ھەقسىز ئېلىۋالسا دۇرۇس.

11. ئاللاھنىڭ ئىلمى چەكسىز، ئاللاھ ھەممىنى، ئۆتكەننى، ھازىرنى، كەلگۈسنى ئوخشاشلا بىلىدۇ.

12. ئۇ ئۈچ ئىشدا ئۈچ خىل ھېكمەتنى چۈشەندۇق، ئاقىۋەتنى چۈشەندۇق.

13. ئىشلارنى ئالدىن پىلانلاپ، ئۇزۇننى كۆزلەپ، تەدبىر بىلەن ئېلىپ بېرىش لازىم. تەمكىنلىك رەھمانتائالادىن، ئالدىراڭغۇلۇق شەيتاندىن. لېكىن ئاخىرەت ئەمەللىرىدە، ئىبادەتتە ئالدىراڭغۇلۇق بەك ياخشى، مىس ـ مىس، لۆم ـ لۆم بولماي، چاققان بولۇڭ .

**4358** ( صحيح ) قتال المسلم أخاه كفر و سبابه فسوق ( ت ) عن ابن مسعود ( ن ) عن سعد

4358. ئىبنى مەسئۇد ، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلماننىڭ ئۆز قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈشى ، ئۇرۇش قىلىشى كۇفرىلىقتۇر؛ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى تىللاپ ، ئەيىبلىشى پاسىقلىقتۇر؛ يەنى تائەتتىن ، ھەقدىن چىقىپ كېتىشتۇر. تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ خىل ھەدىسنىڭ شەرھىسى، ئىزاھاتى يۇقىرىدا ئۆتتى.

قتال المسلم كفر و سبابه فسوق و لا يحل لمسلم أن يهجر أخاه فوق ثلاثة أيام ( حم ع طب الضياء ) عن سعد

4359. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈش كاپىرلىق؛ مۇسۇلماننى تىللاپ ، ئەيىبلەش ، ھاقارەتلەش پاسىقلىق؛ مۇسۇلمان ئۈچۈن قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇشى لايىق ئەمەس، ھالال ئەمەس، يەنى ھارامدۇر. ئەھمەد ، ئەبۇ يەئلا ، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**4360** ( حسن ) قتل الصبر لا يمر بذنب إلا محاه ( البزار ) عن عائشة

4360. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەجبۇرىي زۇلۇم قىلىپ ئۆلتۈرۈش، ھەرقانداق گۇناھنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇ گۇناھنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، (يەنى زۇلۇمغا ئۇچراپ ئۆلگۈچىنىڭ گۇناھى قالماي ئۆچۈرۈلىدۇ) بەزار توپلىغان، ھەسەن.

**4361** ( صحيح ) قتل المؤمن أعظم عند الله من زوال الدنيا ( ن الضياء ) عن بريدة

4361. بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر مۆئمىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، ئاللاھتائالانىڭ نەزلىدە پۈتۈن دۇنيانىڭ زاۋال تېپىپ يوقىلىشىدىنمۇ چوڭ ھەم ئېغىردۇر. نەسەئى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. سەيىيد قۇتۇپ، بىر مۆئمىن، ئاللاھنىڭ نەزلىدە پۈتۈن دۇنيادىن مۇھىم ھەم ياخشىدۇر. ئاللاھتائالا نوھ ئەلەيھىسسالامنى دەپ يەرشارىنى توپانغا باستۇرۇۋەتكەن دېگەن.

**4362** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **4074** قتلوه قتلهم الله ألا سألوا إذا لم يعلموا فإنما شفاء العي السؤال ؟ إنما كان يكفيه أن يتيمم ( و يعصب على جرحه خرقة ثم يمسح عليها و يغسل سائر جسده ) ( د ) عن جابر

4362. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر تۈركۈم كىشىلەر ئېغىر يارىدار بىر كىشىنى قاتتىق سوغۇقتا تەيەممۇم قىلغىلى قويماي، سۇدا غۇسلى قىلىپ يۇيۇنىدۇ دەپ تۇرۇۋېلىپ، ئۇ كىشى يۇيۇنۇپ

ئۆلۈپ كەتكەندە، بۇنى ئاڭلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇلار ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈپتۇ، ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلسۇن! بىلمىسە سورىسا بولمامدۇ؟ ھەقىقەتەن نادانلىقنىڭ، ئىلمسىزلىكنىڭ شىپاسى سوئال سوراشتۇر، ھەقىقەتەن ئۇ كىشىگە تەيەممۇم قىلىش كۇپايە بولاتتى. (جاراھىتىگە لاتا تېڭىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا مەسھ قىلىپ، ئاندىن قالغان جەسەدلىرىنى يۇسىمۇ بولاتتى) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4363** ( صحيح ) قتلوه قتلهم الله ألم يكن شفاء العي السؤال ؟ ( حم د ك ) عن ابن عباس

4363. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، (يەنە يۇقىرىقى ئىشلارنى ئاڭلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) مۇنداق دېگەن: ئۇلار ئۇ كېسەل كىشىنى ئۆلتۈرۈپتۇ، ئاللاھتائالا ئۇلارغا لەنەت قىلسۇن. ئىلمسىز نادانلىقنىڭ شىپاسى سوئال سوراش ئەمەسمۇ؟ (يەنى ئۇ كىشى تەيەممۇم قىلسا، كۇپايە قىلاتتى) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4364** ( صحيح ) قد آجرك الله و رد عليك في الميراث ( حم م **4** ) عن بريدة

4364. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئانىسىغا بىر قۇلنى خادىملىققا بېرىپ، ئاندىن ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندە بۇ خادىم توغرىسىدا سوئال سورىغۇچىغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا ساڭا ئەجىر، ساۋاب بېرىپتۇ. (يەنى قۇلنى ئاناڭغا بەرگىنىڭگە ئەجىر ساۋاب تاپىسەن) ئاندىن، ئاللاھ ئۇ خادىمنى ساڭا مىراس سۈپىتىدە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ دېگەن. (خادىم يەنە مىراس قالغان) ئەھمەد، مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**4365** ( صحيح ) قد اجتمع في يومكم هذا عيدان فمن شاء أجزأه عن الجمعة و إنا مجمعون إن شاء الله تعالى ( د ه ك ) عن أبي هريرة ( ه ) عن ابن عباس وابن عمر

4365. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، جۈمە كۈنى بىلەن ھېيت نامىزى بىرگە كېلىپ قالغان بىر كۈندە مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بۈگۈنكى كۈنۈڭلاردا ئىككى ھېيت بىر كېلىپ قالدى، كىم خالىسا ئۇنىڭغا ھېيت نامىزى جۈمەدىن كۇپايە بولىدۇ. لېكىن، بىز جۈمەنىمۇ ئوقۇيمىز. ئەبۇ داۋۇد 907 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1301 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. سەھىھ ھەدىسلەردە جۈمە كۈنى ھېيت نامىزى بىرگە كېلىپ قالسا، ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ، جۈمە ئوقۇش، ئوقۇماسلىقتا رۇخسەت بەرگەن. لېكىن بۇ ھەدىستە بىز جۈمەنىمۇ ئوقۇيمىز دېگەن.

**4366** ( صحيح ) قد أجرنا من أجرت يا أم هانئ ! ( ق ) عن أم هانئ زاد ( ت د ) : وأمنا من أمنت

4366. ئۇممە ھانئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سەن ئەمىنلىك بەرگەن كىشىگە بىزمۇ ئەمىنلىك بەردۇق، ئى ئۇممە ھانئى، سەن خاتىرجەم قىلغان كىشىنى بىزمۇ خاتىرجەم قىلدۇق. (بۇ سۆزلەرنى ئۇممە ھانئى بىر يېقىن تۇغقىنىغا مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى ئەمىنلىك بەرگەندە دېگەن بولۇپ، ئاياللارمۇ غەلىبە قىلغان كۈنلەردە بەزى كىشىگە ئەمىنلىك بېرەلەيدۇ)، بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4367** ( صحيح ) قد أذن الله لكن أن تخرجن لحوائجكن ( ق ) عن عائشة

4367. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سىلەرگە بىر قىسىم مۇھىم ھاجەتلىرىڭلار ئۈچۈن سىرتلارغا چىقىشىڭلارغا رۇخسەت قىلدى. بەيھەقى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر ئايالى سىرتقا ھاجەت قىلىش ئۈچۈن چىققاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆرۈپ قېلىپ: بىز سېنى تونۇپ قالدۇق، تۇزۇك كىيىنگىن، ھىجاپلانغىن دېگەندە ، سۆزلىگەن بولۇپ، ھاجەتكە چىققاندا، ئاللاھدە ھىجاپلانمايدۇ، لېكىن سىرتقا، مەسجىدگە چىققاندا ھەقىقى ھىجاپلىنىدۇ.

**4368** ( صحيح ) قد أفلح من أسلم و رزق كفافا و قنعه الله بما آتاه ( حم م ت ه ) عن ابن عمرو

4368. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشى مۇسۇلمان بولغان، رىزقى ئېشىپمۇ قالماي، كاملايمۇ قالماي، قەرزدار بولۇپ قالماي، ئوتتۇرھال نورمال بېرىلگەن، ئاللاھ بەرگەن نەرسىسىگە قانائەت قىلدۇرغان، ئاللاھقا شۈكرى قىلىپ، قانائەت قىلغان كىشى جەزمەن ئىككى ئالەم نىجات تاپتى. (ئۇ ھەممىدىن بەختلىكتۇر ) ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

قد تركتكم على البيضاء ليلها كنهارها لا يزيغ عنها بعدي إلا هالك و من يعش منكم فسيرى اختلافا كثيرا فعليكم بما عرفتم من سنتي و سنة الخلفاء الراشدين المهديين عضوا عليها بالنواجذ و عليكم بالطاعة و إن عبدا حبشيا فإنما المؤمن كالجمل الأنف حيثما انقيد انقاد ( حم ه ك ) عن عرباض

4369. ئىرباز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى كېچىسى كۈندۈزدەك ئاپئاق نۇرلۇق كۈنلەردە قالدۇرۇپ كەتتىم، مەندىن كېيىن بۇ نۇرلۇق ھەقىقەتتىن پەقەت ھالاك بولغۇچىلارلا بۇرۇلۇپ كېتىدۇ، سىلەردىن كىم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ ياشاپ قالسا، پات يېقىندا نۇرغۇن ئىختىلاپلارنى كۆرىدۇ ، شۇ چاغدا سىلەر سۈننىتىمدىن سىلەر بىلگەن مېنىڭ سۈننىتىمنى، ھىدايەت تاپقان توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى خۇلاپائىرراشىدىنلارنىڭ سۈننەتلىرىنى لازىم تۇتۇڭلار، سىلەر ئۇ سۈننەتنى ئېزىق چىشىڭلاردا مەھكەم چىشلەڭلار، گەرچە ھەبەشىستانلىق قارا تەنلىك قۇل سىلەرگە باش بولسىمۇ، (قۇرئان، ھەدىس بىلەنلا) ھەقىقەتكە بۇيرىسا، ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىڭلار. مۆئمىن دېگەن بۇرنىغا چۇلۇك ئۆتكۈزۈلگەن تۆگىگە ئوخشايدۇ، قايانغا يۆتلىسە شۇ يانغا بويسۇنۇپ، ئەگىشىپ ماڭىدۇ. (پەقەت ھەقىقەت بولسىلا!) ( ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ مەخلۇقىقا ئىتائەت قىلىش يوق) ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. مانا بۇ ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەنىڭ يولى، سەلەفى سالىھلار يولى، بىدئەتتىن ھەزەر قىلىڭ.

**4370** ( صحيح ) قد حللت حين وضعت حملك ( عب ) عن سبيعة

4370. سەبىيئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن يۈك ـ تاقىلىرىڭنى قويۇپ بولغان چاغدىلا سەن ئېھرامدىن چىقىپ ھالال بولۇپ بولغان بولىسەن (يەنى چاچنى چۈشۈرۈپ، كۆچۈپ بولسا، ئېھرامدىن چىقىدۇ) ئابدۇررەززاق توپلىغان، سەھىھ.

قد دنت مني الجنة حتى لو اجترأت عليها لجئتكم بقطاف من قطافها و دنت مني النار حتى قلت: أي رب و أنا معهم ؟ فإذا امرأة تخدشها هرة قلت: ما شأن هذه ؟ قالوا: حبستها حتى ماتت جوعا لا هي أطعمتها و لا أرسلتها تأكل من خشاش الأرض ( خ ) عن أسماء بنت أبي بكر

4371. ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن جەننەت ماڭا شۇنداق يېقىنلاشتىكى، ئەگەر جۈرئەت قىلىپ، قول سوزغان بولسام، ئەلۋەتتە سىلەرگە ئۇنىڭ ئۈزۈملىرىدىن بىر ساپاق ئېلىپ بېرەلەيتتىم. ماڭا دوۋزاخمۇ شۇنداق يېقىنلاشتىكى، مەن مۇنداق دەپ قالدىم: ئى رەببىم، مەن ئۇلار بىلەن بىللىمۇ نېمە؟ تاگاھان بىر ئايالنى مۈشۈك تاتىلاپ جاراھەتلەندۈرۈپ ئازابلاۋاتىدۇ، مەن: بۇ ئايال نېمە ئىش قىلىپتىكەن؟ دېدىم، ئۇلار: بۇ ئايال ئۇ مۈشۈكنى سۇ، تائام بەرمەي، يا قويۇپ بەرمەي تاكى مۈشۈك ئاچ قېلىپ، ئۆلگەنگە قەدەر سولاپ قويۇپتۇ، قويۇپ بەرگەن بولسا، مۈشۈك زېمىننىڭ ئوت ـ چۆپلىرىنى، چاشقاننى يەپمۇ بولسا، ھاياتى قالاتتى. (بۇ ئايال شۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلىنىۋاتىدۇ) دېدى، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**4372** ( صحيح ) قد رأيت الآن منذ صليت لكم الجنة و النار ممثلتين لي في قبل هذا الجدار فلم أر كاليوم في الخير و الشر ( خ ) عن أنس

4372. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن بۈگۈن ھازىرلا سىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەرگەندىن باشلاپ، مۇشۇ تامنىڭ تەرىپىدە ماڭا سۈرىتى شەكىللەنگەن ھالەتتە جەننەت ۋە دوۋزاخنى كۆردۈم، مەن ياخشىلىق، يامانلىق توغرىسىدا بۈگۈنكىدەك كۈننى كۆرۈپ باقمىغان. (باشقا خاتىرىدە ۋەقەنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەن بار) بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**4373** ( صحيح ) قد رحمها الله تعالى برحمتها ابنيها ( طس ) عن الحسن بن علي مرسلا

4373. ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئۇ ئايالنىڭ ئۆز باللىرىغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ، كۆيۈنگەنلىكى سەۋەبىدىن ئاللاھتائالامۇ ئۇ ئايالغا رەھمەت قىلدى، تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

**4374** ( صحيح ) قد سألت الله لآجال مضروبة و أيام معدودة و أرزاق مقسومة لا يعجل شيئا منها قبل حله و لا يؤخر منها شيئا بعد حله و لو كنت سألت الله أن يعيذك من عذاب في النار و عذاب في القبر كان خيرا لك و أفضل ( حم م ) عن ابن مسعود

4374. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سەن ئاللاھتائالادىن بېكىتىلىپ بولغان ئەجەللەرنى، سانىلىپ بولغان كۈنلەرنى تەقسىم قىلىنىپ بولغان رىزىقلارنى سورىدىڭ، ئاللاھتائالا ئۇ نەرسىلەردىن بىرەر نەرسىنى چۈشۈشتىن بۇرۇن تېزلىتىپ قىلىپ بەرمەيدۇ، ئۇ نەرسىلەردىن بىرەر نەرسىنى چۈشكەندىن كېيىن كېچىكتۈرمەيدۇ. (ھەممىنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقتى بار) مال ـ دۇنيا سورىغاندىن كۆرە، ئەگەر سەن، ئاللاھتائالادىن سېنى دوۋزاخ ئازابىدىن، قەبرە ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى سورىغان بولساڭ، بۇ سەن ئۈچۈن بەك ياخشى ۋە ئەۋزەل بولغان بولاتتى. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بىز دۇئادا ئاللاھنىڭ جامالىنى جەننەتنى بولۇپمۇ فىردەۋسنى دوۋزاخدىن قۇتۇلۇشنى ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتنى سورىشىمىز لازىم. ئەڭ توغرىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەرگە ئۆگەتكىنىدۇر.

**4375** ( صحيح ) قد عجب الله من صنيعكما بضيفكما الليلة ( م ) عن أبي هريرة

4375. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەدىنىدىكى بىر ئەر ـ خوتۇن باللىرىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئۆزلىرى بولسا، قورۇق قاچىنى تاراقلىتىپ، تائامنى بولسا، مېھمانغا بەرگەن، بۇ ئىشدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھ تەرەپىدىن ئالدىن خەۋەر تېپىپ، مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن

بوغۇن كىچە سىلەر ئىككىڭلارنىڭ مېھمىنىڭلارغا قىلغان ئىشىڭلاردىن ئاللاھتائالا ئەجەبلەندى، خۇرسەن بولۇپ، رازى بولدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ئېسىل خىسلەت، ئايەتلەردىمۇ كۆپ كېلىدۇ، بىز ھەممە جەھەتتىن ساھابىلەرنى، تابىئىنلارنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلايلى!

( صحيح ) **4375** / **1** ] صحيح أبي داود ( **1392** ) قد عفوت عن الخيل و الرقيق فهاتوا صدقة الرقة من كل أربعين درهما درهم و ليس في تسعين و مائة شيء فإذا بلغت مائتين ففيها خمسة دراهم فما زاد فعلى حساب ذلك و في الغنم في كل أربعين شاة شاة فإن لم يكن إلا تسع و ثلاثون فليس عليك فيها شيء ; و في البقر في كل ثلاثين تبيع و في الأربعين مسنة و ليس في العوامل شيء ; و في خمس و عشرين من الإبل خمسة من الغنم فإذا زادت واحدة ففيها ابنة مخاض فإن لم تكن ابنة مخاض فابن لبون ذكر إلى خمس و ثلاثين فإذا زادت واحدة ففيها بنت لبون إلى خمس و أربعين فإذا زادت واحدة ففيها حقة طروقة الجمل إلى ستين فإذا كانت واحدة و تسعين ففيها حقتان طروقتا الجمل إلى عشرين و مائة فإن كانت الإبل أكثر من ذلك ففي كل خمسين حقة ; و لا يفرق بين مجتمع و لا يجمع بين متفرق خشية الصدقة ; و لا يؤخذ في الصدقة هرمة و لا ذات عوار و لا تيس إلا أن يشاء المصدق ; و في النبات ما سقته الأنهار أو سقت السماء العشر و ما سقي بالغرب ففيه نصف العشر ( حم د ) عن علي

4375. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ئاتتىن، قۇلدىن ئەپۇ قىلدىم، (يەنى زاكات كەلمەيدۇ، لېكىن، تىجارەت ئۈچۈن ئېلىپ ساتسا، تىجارەت مېلىدىن زاكات كېلىدۇ) سىلەر كۈمۈش پۇللارنىڭ سەدىقىسىنى ھەر 40 دىرھەمگە بىر دىرھەم بېرىڭلار، ئۆلچىمى شۇكى، 190 دىرھەم بولۇپ قالسا، ھېچ نەرسە ۋاجىپ ئەمەس، 200گە يەتكەندە ئاندىن ئۇنىڭدىن بەش دىرھەم بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن زىيادە بولسا، ئاشۇ ھېساب بويىچە 1/40نى بېرىسىلەر، (باشقا پۇل ـ ماللارمۇ مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ھېسابلىنىدۇ) قويدا ھەر 40 قويغا بىر قوي زاكات بېرىلىدۇ، 39 قوي بولۇپ قالسا ھېچ نەرسە ۋاجىپ ئەمەس، كالىدا ھەر 30 كالىغا بىر ياشتىن ئىككى ياشقىچە كالىدىن بىرنى، ھەر 40 كالىغا ئىككى ياشتىن يۇقىرى كالىدىن بىرنى زاكات بېرىدۇ، ئۆزى ھەلەپ بېرىپ يەر ھەيدەش، زىرائەت سۇغۇرۇشقا سالغان ئىشلەمچى كالا، تۆگىلەرگە ھېچنەرسە ۋاجىپ ئەمەس، زاكات كەلمەيدۇ، تۆگىگە 25گىچە ھەر بەشكە بىر قوي بېرىدۇ، 25كە بەش قوي بېرىدۇ، ئەگەر بىرسى زىيادە بولۇپ 26 بولسا، ئىككى ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرنى بېرىدۇ، ئەگەر بۇنداق تۆگە بولمىسا، 35كە يەتكەنگە قەدەر ئۈچ ياشلىق ئەركەك تۆگىدىن بىرنى بېرىدۇ. ئەگەر 35دىن بىرسى زىيادە، ئوشۇق بولسا، كىچە ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرنى بېرىدۇ. ئەگەر 45كە بىرسى زىيادە بولسا، 60گىچە ئەركەك تۆگىگە جۈرە، جۈپ بولغىدەك بوغاز بولۇپ تۇغقىدەك تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرنى بېرىدۇ. ئەگەر تۆگە 91 بولسا، 120گىچە يۇقىرىقى تۆت ياشلىق تۆگىدىن ئىككىنى بېرىدۇ. ئەگەر تۆگە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇپ كەتسە، ھەر 50 تۆگىگە تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرنى زاكات بېرىدۇ. بىرلا كىشىنىڭ تۆگىسى زاكاتتىن ئەنسىرەپ ئايرىۋېتىلمەيدۇ، ئايرىم ـ ئايرىم كىشىلەرنىڭ تۆگىسى زاكات ئېلىش ئۈچۈن بىر يەرگە جۇغلاپ توپلانمايدۇ، زاكات ئېلىشدا بەك قېرىسى، ئەيىبلىكى ھەم پىچتۇرۇلغان ئېركىلىرى ئېلىنمايدۇ. لېكىن زاكات خادىمى ئېركىنى ئۆزى خالاپ، يارىتىپ ئالسا بۇ مەيلى. زېمىن ئۈندۈرگەن ئۈسۈملۈكلەر،زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتىغا كەلسەك، ئېرىق ـ ئۆستەڭ، دەريالار سۇغارغان، ئاسمان سۈيى، يامغۇر سۇغارغان نەرسىلەردە ئوندىن بىرنى 1/10نى ئۆشرە بېرىدۇ، چېلەكتە سۇ تارتىپ، سۇ سېپىپ، قۇدۇقتىن سۇ چىقىرىپ سۇغۇرۇلغان نەرسىلەرگە

1/20نى بېرىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئەگەر ھەم دەريا سۈيىنى قويسا، يامغۇر بىلەن بولسا، ھەم قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ قويسا، ئېلىنغان كىرىم، مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىغا 1/10نىچە،يېرىمىغا 1/20نىچە ئۆشرە ـ زاكات بېرىدۇ، مەسىلەن: 1000 كىلوگىرامغا 150 جىڭ بېرىدۇ.

قد قضينا الصلاة فمن أحب أن يجلس للخطبة فليجلس و من أحب أن يذهب فليذهب ( ه ك ) عن عبدالله بن السائب

4376. ئابدۇللاھ ئىبنى سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بىر ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن بىز نامازنى ئادا قىلىپ بولدۇق، كىم خۇتبە ئۈچۈن ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرسە، خۇتبە تىڭشاپ ئولتۇرسۇن، كىم كېتىشنى ياخشى كۆرسە كېتىۋەرسۇن. (يەنى بۇ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى ئىختىيارىدۇر) ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4377** ( صحيح ) قد كان فيما مضى قبلكم من الأمم أناس محدثون فإن يك في أمتي أحد منهم فهو عمر بن الخطاب ( حم خ ) عن أبي هريرة ( حم م ت ن ) عن عائشة

4377. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن ئۈممەتلەر ئىچىدە مۇھەددىس، ھەدىسشۇناس، ھەققەتنى سۆزلىگۈچى كىشىلەر بار ئىدى، ئەگەر مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدىمۇ شۇلاردىن بىرەر كىشى بار دېيىلسە، ئۇ چوقۇم ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر. ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4378** ( صحيح ) قد كنت أكره أن تقولوا: ما شاء الله و شاء محمد و لكن قولوا: ما شاء الله ثم شاء محمد ( الحكيم ن الضياء ) عن حذيفة

4378. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن سىلەرنىڭ ماشائاللا ۋەشائە مۇھەممەد يەنى ئاللاھ خالىسا ۋە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالىسا دېيىشكىلارنى قەتئىي ياقتۇرمايمەن. لېكىن سىلەر ماشائاللا سۇممە شائە مۇھەممەد يەنى ئاللاھ خالىسا، ئاندىن قالسا مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالىسا دېسەڭلار بولىدۇ. ھەكىيم، نەسەئى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. بۇ تەۋھىد مەسىلىسىدۇر.

قد كنت نهيتكم عن زيارة القبور فقد أذن لمحمد في زيارة قبر أمه فزوروها فإنها تذكركم الآخرة ( ت ) عن بريدة

4379. بۇرەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن سىلەرنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن توسقان ئىدىم، شەك ـ شۈبھىسىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىندى، ئەمدى سىلەر قەبرىلەرنى زىيارەت قىلساڭلار بولىدۇ، ھەققەتەن ئۇ سىلەرگە ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

قدر الله المقادير قبل أن يخلق السموات و الأرضين بخمسين ألف سنة ( حم ت ) عن أبي هريرة

4380. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئاسمانلارنى ۋە زېمىنلارنى يارىتىشتىن 50000 يىل بۇرۇنلا تەقدىرلەرنى تەقدىر قىلىپ بېكىتىپ يېزىپ بولغان. (چۈنكى ئاللاھ ئالدىن بىلەتتى) ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4381** ( صحيح ) قدمت المدينة و لأهل المدينة يومان يلعبون فيهما في الجاهلية و إن الله تعالى قد أبدلكم بهما خيرا منهما يوم الفطر و يوم

النحر ( هق ) عن أنس

4381. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن مەدىنىگە كەلسەم، مەدىنە ئەھلى ئۈچۈن ئىككى كۈنى بار بولۇپ، ئۇلار بۇ ئىككى كۈندە جاھالىيەتتە خۇشال - خۇرام ئوينايدىكەن، ھەققەتەن ئاللاھتائالا سىلەرگە بۇ ئىككى كۈننىڭ ئورنىغا ئۇلاردىن ياخشىراق بولغان ئىككى كۈننى ئالماشتۇرۇپ بەردى، ئۇ بولسىمۇ روزا ھېيت كۈنى بىلەن قۇربان ھېيت كۈنىدۇر. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4382** ( صحيح ) قدموا قريشا و لا تقدموها و تعلموا من قريش و لا تعلموها و لولا أن تبطر قريش لأخبرتها ما لخيارها عند الله تعالى ( طب ) عن عبدالله بن السائب

4382. ئابدۇللاھ ئىبنى سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر جەھەتتىن قۇرەيشلەرنى ئىلگىرى قىلىڭلار، ئۇلاردىن سىلەر ئىلگىرى بولىۋالماڭلار، سىلەر قۇرەيشلەردىن ئۆگىنىڭلار، ئۇلارغا ئۆگەتمەڭلار، ئەگەر قۇرەيشلەر كۆرەڭلەپ، چوڭچىلىق قىلىپ كەتمەيدىغان بولسا، مەن ئۇلارغا ئاللاھتائالانىڭ دەرگاھىدىكى ياخشى تەرەپلىرىنى خەۋەر قىلىپ سۆزلەپ بەرگەن بولاتتىم. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) قدموا قريشا و لا تقدموها و تعلموا منها و لا تعالموها ( الشافعي البيهقي في المعرفة ) عن ابن شهاب بلاغا ( عد ) عن أبي هريرة

4383. بۇ ھەدىسنى شافىئىي، بەيھەقى، ئىبنى ئەدىيلار، ئىبنى شىھاب، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن توپلىغان بولۇپ، سەھىھ، يۇقىرىقىغا ۋە ئاستىدىكى ھەدىسكە ئوخشاشتۇر.

قدموا قريشا و لا تقدموها و لولا أن تبطر قريش لأخبرتها بما لها عند الله ( البزار ) عن علي

4384. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر قۇرەيشلەرنى ئالدىدا ئىلگىرى قىلىڭلار، سىلەر ئۇلاردىن ئىلگىرى، بۇرۇن بولىۋالماڭلار، ئەگەر قۇرەيشلەرنىڭ كۆرەڭلەپ، چوڭچىلىق قىلىشى بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە مەن ئۇلارغا ئاللاھنىڭ نەزىدىكى ئۇلار ئۈچۈن بولغان نەرسىلەرنى ياخشىلىقلارنى خەۋەر قىلىپ دەپ بېرەتتىم، بەزار توپلىغان، سەھىھ.

**4385** ( صحيح ) قده بيده (أي قد رجلا بيده في الطواف) ( طب ) عن ابن عباس

4385. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بىر كىشىنى كەئبىنى تاۋاپ قىلىش جەريانىدا يەنە بىر كىشى بۇرنىدىن يېتىلەپ ماڭغىنىنى كۆرۈپ، سورىغاندا، ئۇ شۇنداق قىلىشنى ئۆزىگە ۋەدە قىلغانلىقىنى دېگەن ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇنىڭ بۇرنىغا سېلىنغان نوختىنى ئۈزۈۋېتىپ، ئۇنى قولىدىن يۆتىلە دېگەن يەنە بىر كىشىنىڭ،ئۇز قولىنى يەنە بىر ئىنسانغا ئارغامچا شوينىلار بىلەن چېتىۋېلىپ تاۋاپ قىلغىنىنى كۆرۈپ ئۇنىمۇ ئۈزۈۋېتىپ، قولىدىن يۆتىلە دېگەن. تەبرانى تائۇسدىن، ئىبنى ئابباسدىن توپلىغان، سەھىھ.

**4386** ( صحيح ) قربيه فقد بلغت محلها ( م ) عن جويرية

4386. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى جۇۋەيرىيەت رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرىپ كېلىپ يەيدىغان تائام بارمۇ؟ دەپتۇ، ئاندىن ئۇ ئايال ھېچنەرسە يوق، پەقەت مېنىڭ ئازاد قىلغان قۇلۇمغا زاكات، سەدىقىسىدىن بېرىلگەن ئازراق سۆڭەك گۆش بار دېگەندە ،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇنى ئەكىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ ئۆز ئورنىغا يېتىپتۇ،جايىغا بىر قېتىم تېگىپ بولۇپتۇ. (يەنى ئۇ ئۇنىڭغا سەدىقە بولسا، سىز بىزگە ھەدىيە دېگەن) مۇسلىم 1785 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**4387** ( صحيح ) قربيه فما أقفر بيت من أدم فيه خل ( ت ) عن أم هانئ

4387. ئۇممە ھانئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مېنىڭ قېشىمغا كىرىپ يەيدىغان نەرسە بارمۇ؟ دېدى، مەن: پەقەت قۇرۇپ قالغان قاتتىق نان بىلەن سىركا بار دېدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنى كەلتۈرۈڭ، چاي، نېنى بىلەن سىركا بىلەن قايىنتىلغان ئۈزۈم بار ئۆي، پېقىر ھېسابلانمايدۇ دېدى. تىرمىزى 1765 ـ ھەدىس، سەھىھ. سىركا چاي بولىدۇ.

**4388** ( صحيح ) قرصت نملة نبيا من الأنبياء فأمر بقرية النمل فأحرقت فأوحى الله تعالى إليه أن قرصتك نملة أحرقت أمة من الأمم تسبح ؟ ! ( ق د ن ه ) عن أبي هريرة

4388. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەرلەردىن بىر پەيغەمبەرنى چۈمۈلە چېقىۋالدى، ئاندىن ئۇ چۈمۈلىلەر ئۇۋىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرىدى، ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا مۇنداق ۋەھيى قىلدى: سېنى پەقەت بىر دانە چۈمۈلە چېقىۋالسا، سەن ماڭا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدىغان ئۇممەتتىن بىر ئۇممەتنى كۆيدۈردۈڭغۇ؟ بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەسلى ئىش مۇنداق، بۇ پەيغەمبەر، ئاللاھتائالاغا سەن نېمە ئۈچۈن يامان كىشىلەر سەۋەبىدىن ياخشىلارنىمۇ قوشۇپ ھالاك قىلىسەن دېگەندە، مۇشۇ چارىنى قوللىنىپ ۋەھيى قىلغاندۇر.

قريش و الأنصار و جهينة و مزينة و أسلم و أشجع و غفار موالي ليس لهم مولى دون الله و رسوله ( ق ) عن أبي هريرة

4389. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرەيش، ئەنسار جۇھەينە، مۇزەينە، ئەسلەم، ئەشجەئ، غىپار قەبىلىلىرى مېنىڭ دوستۇم، ئۇلارغا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىدىن باشقا يېقىن دوست ۋە ئىگە يوقتۇر. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

قريش ولاة الناس في الخير و الشر إلى يوم القيامة ( حم ت ) عن عمرو بن العاص

4390. ئەمرۇ ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرەيشلەر تا قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق ھەم يامانلىقتىمۇ كىشىلەرگە باش ۋالىي بولىدۇ، ئىگە بولىدۇ. يەنى ئۇلار ياخشىلىقتىمۇ يامانلىقتىمۇ باشتۇر. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. قۇرەيشلەردىنمۇ ئەلۋەتتە ياخشى ـ يامان چىقىپ تۇرىدۇ، ئىنسان بالىسى ئەمەسمۇ؟

قريش ولاة هذا الأمر فبر الناس تبع لبرهم و فاجرهم تبع لفاجرهم ( حم ) عن أبي بكر وسعد

4391. ئەبۇ بەكرى، سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئىشنىڭ ئىگىسى، باش بولغۇچىسى، يەنى ئىسلام خەلىپىسى، ئىمامى قۇرەيشلەردۇر، كىشىلەرنىڭ ياخشىلىرى قۇرەيشلەرنىڭ ياخشىلىرىغا ئەگىشىدۇ، كىشىلەرنىڭ فاجىر، پاسىق، يامانلىرى قۇرەيشلەرنىڭ فاجىر، ئاسىي، يامانلىرىغا ئەگىشىدۇ. (ھەر ئىككىسىگە قۇرەيشلەر باشلىق بولىدۇ) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**4392** ( حسن ) قصوا الشوارب و اعفوا اللحى ( حم ) عن أبي هريرة

4392. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇرۇتنى قىرقىپ تۇرۇڭلار، ساقالنى كامىل تولۇق قويۇڭلار. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن. بۇ توغرىسىدا سەھىھ ھەدىسلەر ئۆتتى.

**4393** ( صحيح ) قفلة كغزوة ( حم د ك ) عن ابن عمرو

4393. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىھاد، غازاتتىن قايتىشمۇ، جىھاد، غازات قىلغانغا ئوخشاشتۇر. (يەنى جەڭ قىلىپ، غەلىبە قىلىپ قايتىش جەريانىدىمۇ تا ئۆيگە چۈشكىچە جەڭ قىلغانىنىڭ ساۋابى، ئەجرى يېزىلىدۇ) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

قفوا على مشاعركم هذه فإنكم على إرث من إرث أبيكم إبراهيم ( د الباوردي ) عن ابن مربع الأنصاري

4394. ئىبنى مۇرەببەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بىز ئاراپات تېغىدا ئىمامدىن يىراق بىر جايدا ۋوقۇف قىلىپ تۇرساق، ئەلچى ئەۋەتىپ، مۇنداق دېگەن: سىلەر ھازىرقى ھەج پائالىيىتى جەريانىدىكى ئىبادەت ئورۇنلىرىدا ۋوقۇف قىلىپ تۇرۇۋېرىڭلار، ھەقىقەتەن سىلەر گەرچە ئىمامدىن يىراقراق بولساڭلارمۇ، بۇۋاڭلار ئىبراھىمنىڭ سۈننىتى ئۈستىدە، جايىدا ۋوقۇف قىلدىڭلار. ئەبۇ داۋۇد 1639 ـ ھەدىس، تىرمىزى 8089 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3002 ـ ھەدىس، باۋرۇدى توپلىغان، سەھىھ.

**4395** ( صحيح ) قل آمنت بالله ثم استقم ( حم م ت ن ه ) عن سفيان بن عبدالله الثقفي

4395. سوفيان ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا شەكسىز ئىشەندىم، ئىمان كەلتۈردۈم دېگىن. ئاندىن مۇستەھكەم، چىڭ تۇر، ئىماندا چىڭ تۇرغىن، ئىستىقامەت قىل. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

قل أعوذ برب الفلق و ( قل أعوذ برب الناس ) ما تعوذ الناس بأفضل منهما ( ن ) عن عبدالله بن خبيب

4396. ئابدۇللاھ ئىبنى خۇبەيىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇل ئەئۇزۇبىرەببىل فەلەق (قل أعوذ برب الفلق)، قۇل ئەئۇزۇبىرەببىن ناس(قل أعوذ برب الناس) يەنى سۈرە فەلەق، سۈرە ناسقا كەلسەك، كىشىلەر بۇ ئىككىسىدىن ئەۋزەلرەك، ياخشىراق نەرسە بىلەن يامانلىقلاردىن پاناھ تىلىيەلمەيدۇ. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

ئاللاھقا سېغىنىپ، يامانلىقدىن، شەيتاندىن پاناھ تىلەشتە، مۇشۇ ئىككى سۈرە ئەڭ ياخشىدۇر.

قل: السلام عليكم أأدخل ؟ ( د ) عن رجل من بني عامر ( طب ) عن كلدة بن حنبل الغساني

4397. كەلدەت ئىبنى ھەمبەل ۋە بەنى ئامىر قەبىلىسىدىن بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەدەپ بىلەن ئەسسالامۇ ـ ئەلەيكۇم دەپ سالام قىلىپ، كىرسەم بولامدۇ؟ دېگىن. (بۇ سالام بىلەن بىرگە رۇخسەت سوراشتۇر)دېگەن . ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

قل اللهم اغفر لي و ارحمني و عافني و ارزقني فإن هؤلاء تجمع لك دنياك و آخرتك ( حم م ه ) عن طارق بن الأشجعي

4398. تارىق ئىبنى ئەشجەئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، ماڭا مەغپىرەت قىلسىلا، ماڭا رەھىم قىلسىلا، مېنى ساق ـ سالامەت ساقلىسىلا، ماڭا ھالالدىن ياخشى رىزىق بەرسىلە دېگىن. ھەقىقەتەن دۇئا قىلىشتا ئاشۇ سۆزلەر ساڭا دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭنى بىرلەشتۈرۈپ، جۇغلاپ كۇپايە بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) قل اللهم إني أعوذ بك من شر سمعي و من شر بصري و من شر لساني و من شر قلبي و من شر مني ( حم ت ن ) عن شكل

4399 شەكىلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ: ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ، قۇلىقىمنىڭ، كۆزۈمنىڭ، تىلىمنىڭ، قەلبىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئۆلۈمۈمنىڭ يامانلىقىدىن، يامان ئۆلۈمدىن پاناھ تىلەيمەن دېگىن. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

قل اللهم إني ظلمت نفسي ظلما كثيرا و إنه لا يغفر الذنوب إلا أنت فاغفر لي مغفرة من عندك و ارحمني إنك أنت الغفور الرحيم ( حم ق ت ن ه ) عن ابن عمر وأبي بكر

4400. ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئى ئاللاھ! ھەقىقەتەن مەن ئۆز نەپسىمگە بەك كۆپ زۇلۇم قىلدىم، ھەقىقەتەن گۇناھلارنى سىلىدىن باشقا ھېچ كىشى مەغپىرەت قىلالمايدۇ، پەقەت سىلىلا مەغپىرەت قىلالايلا، مەن ئۈچۈن ئۆز نەزلىرىدىن مەغپىرەت قىلسىلا، ماڭا رەھىم قىلسىلا، ھەقىقەتەن سىلى بەكمۇ كەچۈرۈم قىلغۇچى، مەغپىرەت قىلغۇچى، رەھىم قىلغۇچى» دېگىن. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

قل: اللهم اهدني و سددني و اذكر بالهدى هدايتك الطريق و السداد سداد السهم ( م د ن ) عن علي

4401. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئى ئاللاھ، مېنى ھىدايەت قىلسىلا، مېنى ئوتتۇرھال، نورمال، توغرا يولغا ئەمەللەرگە يېتەكلىسىلە» دېگىن. ھىدايەتتە سېنىڭ يولدىكى توغرا يول تېپىپ مېڭىشىڭنى ئەسلە. سىداد بولسا، ياچاق، ئوقيارىنى تۈپتۈز قىلىشتۇر. يەنى يول تۈزۈشتا، ئەمەللەردە ئەنە شۇنداق بولۇشنى سورىغىن. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

قل: اللهم فاطر السموات و الأرض عالم الغيب و الشهادة رب كل شيء و مليكه أشهد أن لا إله إلا أنت أعوذ بك من شر نفسي و من شر الشيطان و شركه قلها إذا أصبحت و إذا أمسيت و إذا أخذت مضجعك ( حم د ت حب ك ) عن أبي هريرة

4402. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئى ئاللاھ! سىلى ئاسمان ـ زېمىننىڭ ياراتقۇچىسى، غايىبنى ۋە ھازىرنى بىلگۈچى، ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە پادىشاھى، ئىگىسى، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ھەقىقەتەن سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سىلىگە سېغىنىپ، نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن، ئىشلىرىمدا ئۇنىڭ شېرىك بولۇۋېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن دېگىن ، سەن بۇ دۇئانى ئەتىگەندە، كەچتە ۋە ياتقىنىڭنى تۈتقاندا دېگىن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

قل كما يقولون فإذا انتهيت فسل تعط – يعني المؤذنين – ( حم د ن حب ) عن ابن عمرو

4403. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن مۇئەززىنلەر دېگەننىڭ ئوخشىشىنى دېگىن ، ئاخىرلاشتۇرغاندا دۇئا قىلىپ سورىغىن، ساڭا بېرىلىدۇ، ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**4404** ( صحيح ) قل هو الله أحد تعدل ثلث القرآن ( مالك حم خ د ن ) عن أبي سعيد ( خ ) عن قتادة بن النعمان ( م ) عن أبي الدرداء ( ت ه ) عن أبي هريرة ( ن ) عن أبي أيوب ( حم ه ) عن أبي مسعود الأنصاري ( طب ) عن ابن مسعود ومعاذ ( حم ) عن أم كلثوم بنت عقبة ( البزار ) عن جابر ( أبو عبيد ) عن ابن عباس

4404. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد(قل هو الله أحد) يەنى سۈرە ئىخلاس قۇرئاننىڭ 1/3 گە تەڭدۇر. (بۇ سۈرىنى ئۈچ قېتىم ئوقۇسا، قۇرئاننى بىر تامام قىلغاننىڭ ئەجىر، ساۋابىنى ئالىدۇ) بۇ ھەدىسنى مالىك، ئەھمەد ، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئەبۇ سەئىددىن، قەتادەدىن توپلىغان، مۇسلىم، ئەبۇددەردائىدىن، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن، نەسەئى، ئەبۇ ئەييۇبدىن ئەھمەد بىلەن ئىبنى ماجە ، ئەبۇ مەسئۇد ، ئۇممە گۇلسۇمدىن تەبرانى، ئىبنى مەسئۇد ، مۇئازدىن بەزار، جابىردىن ئەبۇ ئۇبەيدە ، ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان بولۇپ، مۇتۋاتىر دەرىجىلىك سەھىھ.

قل هو الله أحد تعدل ثلث القرآن و ( قل يا أيها الكافرون ) تعدل ربع القرآن ( طب ) عن ابن عمر

4405. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد(قل هو الله أحد) قۇرئاننىڭ 1/3 گە؛ قۇل يا ئەييۇھەل كافىرۇن(قل يا أيها الكافرون) يەنى سۈرە كافىرۇن قۇرئاننىڭ 1/4 گە تەڭ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

قل هو الله أحد و المعوذتين حين تمسي و حين تصبح ثلاث مرات تكفيك من كل شيء ( **3** ) عن عبدالله بن خبيب

4406. ئابدۇللاھ ئىبنى خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد(قل هو الله أحد) يەنى سۈرە ئىخلاسنى ۋە مۇئەۋۋىزەتەيىن يەنى سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناسنى بۇ ئۈچ سۈرىنى ئەتىگەن تاڭ ئاتقۇزغاندا ۋە كەچ قىلغىنىڭدا ئۈچ قېتىم ئوقۇشۇڭ، ساڭا بارلىق نەرسىدىن كۇپايە بولىدۇ. يەنى ياخشىلىقققا ۋە پاناھ تىلەشتە كۇپايە بولىدۇ. ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ. يەنى ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، تىرمىزى ئۈچ كىتاب توپلىغان.

**4407** ( صحيح ) قلب الشيخ شاب على حب اثنتين: حب العيش و المال ( م ه ) عن أبي هريرة

4407. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قېرى كىشىنىڭ قەلبى ئىككى نەرسىنى ياخشى كۆرۈشتە تېخى ياش تۇرىدۇ: بىرى تۇرمۇشنى، ھايات كەچۈرۈشنى ياخشى كۆرۈش؛ يەنە بىرى، مال - دۇنيانى ياخشى كۆرۈشتە. مۇسلىم بىلەن ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

قلب الشيخ شاب على حب اثنتين: طول الحياة و كثرة المال ( حم ت ك ) عن أبي هريرة ( عد ابن عساكر ) عن أنس

4408. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قېرى شەيخنىڭ قەلبى ئىككى نەرسىنى ياخشى كۆرۈشتە ياش تۇرىدۇ: بىرى ھاياتىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش، يەنە بىرى مال - دۇنياسىنىڭ كۆپىيىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەھمەد ، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ئەدى، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

قلب شاكر و لسان ذاكر و زوجة صالحة تعينك على أمر دنياك و دينك خير ما اكتنز الناس ( هب ) عن أبي أمامة

4409. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شۈكرى قىلغۇچى دىل، ئاللاھنى ئەسلەپ زىكرى ئېيتقۇچى تىل، سالىھ، ياخشى ئايال، بۇ ئۈچى سېنىڭ دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىڭغا ياخشى ياردەمچى بولالايدۇ. بۇ ئۈچى ئىنسانلار توپلىغان كاڭنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. بەيھەقى، شۇئەبىلئىماندا توپلىغان، سەھىھ.

**4410** ( صحيح ) قليل ما أسكر كثيره حرام ( حب ) عن جابر

4410. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۆپ ئىچسە مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئېزىمۇ ھارامدۇر، يەنى مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ كۆپىمۇ، ئېزىمۇ ئوخشاش ھارام، بىر تامچىسىمۇ ھارام. ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

قمت على باب الجنة فإذا عامة من دخلها المساكين و إذا أصحاب الجد محبوسون إلا أصحاب النار فقد أمر بهم إلى النار و قمت على باب النار فإذا عامة من يدخلها النساء ( حم ق ن ) عن أسامة بن زيد

4411. ئۇسامەت ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئىشىكىدە تۇردۇم، ناگاھان جەننەتكە كىرگەن كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈكى، كۆپچىلىكى، مىسكىنلەر ئىكەن. ناگاھان بايلار بولسا، ھېسابقا تۇتۇلۇپتۇ. لېكىن دوززاخ ئەھلى بولغان بايلار ئاللىبۇرۇن دوززاخقا بۇيرۇلۇپتۇ. دوززاخ ئىشىكىدە تۇردۇم، ناگاھان دوززاخقا كىرگەن كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئاياللار ئىكەن. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى ،مۇسلىم نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4412** ( صحيح ) قوائم منبري رواتب في الجنة ( حم ن حب ) عن أم سلمة ( طب ك ) عن أبي واقد

4412. ئۇممە سەلەمەت، ئەبۇ ۋاقىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ مۇشۇ مۇنبىرىمنىڭ پۇتلىرى جەننەتكە دەسسەگلىك تۇرىدۇ، بۇ مۇنبەر تۇرغان جاي جەننەتتۇر. (يەنە بىر خاتىرىدە ئۆيۈم بىلەن مۇنبىرىم ئارىلىقى جەننەت باغلىرىدىن بىر باغچىدۇر دېيىلگەن) ئەھمەد، نەسەئى، ھەدىس ـ 689، ئىبنى ھەببان، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار بۇ ھەدىسكە مۇنداق دېگەن: بىرىنچى، بۇ ھەدىس زاھىردا ئۆز پېتى قالىدۇ، بۇنىڭ مەنىسىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى بىلىدۇ. ئىككىنچى، بۇ جاي جەننەتكە يۆتكىلىدۇ. ئۈچىنچى، بۇ دېگەنلىك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسى بولىدىغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدۇر. قەبرىسى ئەلۋەتتە جەننەت باغلىرىدىن بىر باغدۇر. تۆتىنچى، ياكى شۇ جايدا ئوقۇلغان ناماز، قىلىنغان ئىبادەتلەر جەننەتكە ئاپىرىدۇ ۋەللاھۇ ئەئلەم.

**4413** ( حسن ) قوام أمتي بشرارها ( حم ) عن ميمون بن سفيان

4413. مەيمۇنە ئىبنى سوفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ پۇت تىرەپ تۇرۇشى، بۇ ئۇممەتنىڭ يامانلىرى سەۋەبلىكمۇ بولىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، ئىمام سۇيۇتى زەئىپ دېگەن، ئىمام ئەلبانى ھەسەنگە كۆتۈرۈلىدۇ دېگەن. چۈنكى ئاللاھتائالا ئىسلام دىنىغا پاسىق، يامان كىشىلەر بىلەنمۇ ياردەم بېرىدىغان سەھىھ ھەدىس بار. ئۇ ھەدىس بۇنى قوللايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىمام سۇيۇتى ئۆزى ئەھمەدتىكى زەئىپ ھەدىسلەر ھەسەن دەرىجىسىگە



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈلدۇ دېگەن.

قولوا: اللهم صل على محمد النبي الأمي و على آل محمد كما صليت على آل إبراهيم و بارك على محمد النبي الأمي كما باركت على آل إبراهيم في العالمين إنك حميد مجيد و السلام كما قد علمتم ( م **3** ) عن أبي مسعود الأنصاري

4414. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا دۇرۇت، سالام يوللىساڭلار، مۇنداق دەڭلار: «ئاللاھۇممە سەللى ئەلا، مۇھەممەدىن نەبىييىل ئۇممىيى ۋە ئەلە ئالى مۇھەممەد، كەلمە سەللەيتە ئەلا ئالى ئىبراھىيم ۋە بارىك ئەلا مۇھەممەد ئىننە بىيىل ئۇممىي كەما بارەكتە ئەلا ئالى ئىبراھىيم فىل ئالەمىين ئىننەكە ھەمىيدۇم مەجىيد» سالام سىلەر بىلگەندەك بولىدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4415** ( صحيح ) قولوا: اللهم صل على محمد عبدك و رسولك كما صليت على إبراهيم و بارك على محمد و آل محمد كما باركت على إبراهيم و آل إبراهيم ( حم خ ن ه ) عن أبي سعيد

4415. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا رەھمەت، سالام يوللاشتا مۇنداق دەڭلار: «ئاللاھۇممە سەللى ئەلا مۇھەممەدىن ئابدىكە ۋە رەسۇلىكە كەما سەللەيتە ئەلا ئىبراھىيمە ۋە بارىك ئەلا مۇھەممەد ۋە ئالى مۇھەممەد كەما بارەكتە ئەلا ئىبراھىيمە ۋە ئالى ئىبراھىيم. ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

قولوا: اللهم صل على محمد و على آل محمد كما صليت على إبراهيم و على آل إبراهيم إنك حميد مجيد اللهم بارك على محمد و على آل محمد كما باركت على إبراهيم و آل إبراهيم إنك حميد مجيد( حم ق د ن ه ) عن كعب بن عجرة

4416. كەئبى ئىبنى ئۇجرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەڭلار دېگەن: «ئاللاھۇممە سەللى ئەلا مۇھەممەد ۋە ئالا ئالى مۇھەممەد كەما سەللەيتە ئەلا ئىبراھىيمە ۋە ئەلا ئالى ئىبراھىيمە ئىننەكە ھەمىيدۇم مەجىيد، ئاللاھۇممە بارىك ئەلا مۇھەممەد ۋە ئەلا ئالى مۇھەممەد كەما بارەكتە ئەلا ئىبراھىيمە ۋە ئەلا ئالى ئىبراھىيمە ئىننەكە ھەمىيدۇم مەجىيد» تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا خۇددى ئىبراھىمغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا رەھىيم قىلغاندەك رەھىيم قىلسىلا، مەغپىرەت قىلسىلا، ھەققەتەن سىلى ھەممە تىللاردا مەدھىيلىنىپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ زات. ئى ئاللاھ! مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە خۇددى ئىبراھىيم ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەرىكەت ئاتا قىلغاندەك بەرىكەت ئاتا قىلسىلا، ھەققەتەن سىلى ھەممە تىللاردا مەدھىيلىنىپ تۇرىدىغان ئۇلۇغ زات» ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

قولوا: اللهم صل على محمد و على أزواجه و ذريته كما صليت على إبراهيم و بارك على محمد و على أزواجه و ذريته كما باركت على إبراهيم إنك حميد مجيد( حم ق د ن ه ) عن أبي حميد

4417. بۇ ھەدىسنىمۇ يۇقىرىقى بەش كىتاب ئەبۇ ھۇمەيىددىن توپلىغان بولۇپ، سەھىھ. مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش، پەقەت ئائىلىسى دېگەننىڭ ئورنىغا ئاياللىرى، باللىرى دېيىلگەن. بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت، سالام، رەھمەت يوللىساق، مانا مۇشۇ سەھىھ ھەدىس بويىچە ساھابىلەر، تابىئىنلاردەك قىلايلى.

**4418** ( صحيح ) قولوا بعض قولكم و لا يستحوذنكم الشيطان( حم د ) عن والد مطرف

4418. ۋالىد مۇتەررىف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سىلى بىزنىڭ سەييىدى خوجىمىز دېسەك، ھەققى خوجايىن سەييىد ئاللاھتائالادۇر دېدى، بىز ئاندىن سىلى بىزنىڭ ئەۋزىلىمىز، باي، بىھاجەترەكمىز دېسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزۈڭلارنىڭ بىر قىسمىنى دەڭلار، سىلەرنى شەيتان ئالداپ ئۆزىگە كىيىپىل، ياردەمچى قىلىۋالمىسۇن دېگەن. ئەبۇ داۋۇد 4172ـ ھەدىس، ئەھمەد 15721ـ ھەدىس، سەھىھ.

**4419** ( صحيح ) قولوا خيرا تغنموا و اسكتوا عن شر تسلموا ( القضاعي ) عن عبادة بن الصامت

4419. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ، غەنىيمەت ئېلىۋېلىڭلار. ياكى يامانلىقدىن جىم، سۈكۈتتە تۇرۇپ، سالامەت قېلىڭلار. قۇزائى توپلىغان، سەھىھ.

**4420** ( صحيح ) قولوا: ما شاء الله ثم شئت ( طب ) عن ابن مسعود

4420. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماشائاللا سۇممە شىئتە يەنى ئاللاھ خالىسا ئاندىن قالسا سەن خالىساڭ دەڭلار. (ئاللاھ خالىسا ۋە سەنمۇ خالىساڭ دېمەڭلار ) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. بۇ تەۋھىد مەسلىسى بولۇپ، لەۋزىدىكى شېرىكدىن قاتتىق ھەزەر قىلدۇرغان.

**4421** ( صحيح ) قولي: السلام على أهل الديار من المؤمنين و المسلمين و يرحم الله المستقدمين منا و المستأخرين و إنا إن شاء الله بكم لاحقون ( م ن ) عن عائشة

4421. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەبرىستانلىققا كىرسەڭلار، مۇنداق دەڭلار:«ئەسسالامۇ ئەلا ئەھلى ديار مىنەلمۇئمىنىين سالام سىلەرگە ئى مۆئمىن مۇسۇلمانلار! ئاللاھتائالا بىزلەردىن بۇرۇن كەتكەنلەرگە ۋە كېيىن بارىدىغانلارغا رەھمەت قىلسۇن! ھەققەتەن بىزمۇ ئاللاھ خالىسا پات يېقىندا سىلەرگە قوشۇلىمىز»مۇسلىم،نەسەئى توپلىغان،سەھىھ.

**4422** ( صحيح ) قولي: اللهم اغفر لي و له و أعقبني منه عقبى حسنة ( م **4** ) عن أم سلمة

4422. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ئېرىڭ ئەبۇ سەلەمەت ئۆلۈپ كەتكەن بۇ مۇسىبەت توغرىسىدا مۇنداق دېگىن: «ئى ئاللاھ! ماڭا ۋە ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلسىلا، ماڭا ئۇنىڭ ئورنىدا ياخشىراق بىر ئەر باسارنى قىلىپ بەرسىلە» (ھەققەتەن كېيىن بۇ ئايال رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تەگكەن) مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**4423** ( صحيح ) قولي: اللهم إنك عفو تحب العفو فاعف عني ( ت ه ك ) عن عائشة

4423. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگىن دېگەن: «ئى ئاللاھ! ھەققەتەن سىلى ئەپۇ قىلغۇچى، ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرىلا، مېنى ئەپۇ قىلسىلا» تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ دۇئا قەدىر كېچىسىمۇ ئوقۇلىدۇ.

قولي: اللهم رب السموات السبع و رب العرش العظيم ربنا و رب كل شيء مترل التوراة و الإنجيل و القرآن فالق الحب و النوى أعوذ بك

من شر كل شيء أنت آخذ بناصيته أنت الأول فليس قبلك شيء و أنت الآخر فليس بعدك شيء و أنت الظاهر فليس فوقك شيء و أنت الباطن فليس دونك شيء اقض عني الدين و أغنني من الفقر ( ت ه حب ) عن أبي هريرة

4424. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىنىڭ بەزىسگە مۇنداق دېگىن دېگەن: «ئى ئاللاھ! سىلى يەتتە ئاسماننىڭ، ئۇلۇغ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى، بىزنىڭ رەببىمىز، ھەممە نەرسىنىڭ رەببى، تەۋراتنى، ئىنجىلنى، قۇرئاننى نازىل قىلغۇچى، ئۇرۇق ـ ئۇچكە، دانلارنى يارغۇچى، سىلىگە سېغىنىپ ھەربىر نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ھەممە نەرسىنىڭ چېكىسىنى، مېڭىسىنى، ئەقلى ـ ئىقتىدارىنى، دىلىنى سىلى تۇتۇپ تۇرغۇچى، سىلى ئەۋۋەل ئىپتىدالىرى يوق، سىلىدىن بۇرۇن ھېچ نەرسە يوق، سىلى ئاخىر ئىنتىھالىرى يوق، سىلىدىن كېيىن ھېچ نەرسە يوق، سىلى ئەقىللەرگە ئاشكارا، سىلىنىڭ ئۈستىلىرىدە ھېچ نەرسە يوق، سىلى كۆزگە يوشۇرۇن، سىلىسىز ھېچ نەرسە يوق، سىلى بولمىسىلا ھەممىسى بولمايتتى، ھەممىنى سىلى پەيدا قىلىپ ياراتقان، مەندىن قەرزىمنى ئادا قىلىپ، تۈگىتىۋەتسىلە، مېنى پېقىرلىقدىن قۇتقۇزۇپ، بىھاجەت قىلسىلا. تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) قولي: لبيك اللهم لبيك و محلي من الأرض حيث تحبسني فإن لك على ربك ما استثنيت ( ن ) عن ابن عباس ( حم ) عن ضباعة

4425. ئىبنى ئاببباس، زەبائەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىلماقچى بولغان بىر ئايالغا مۇنداق دېگەن: لەببەيكە ئاللاھۇممە لەببەيكە يەنى ھەجگە تەلبى ئېيتىپ ئېھرام باغلاپ ئاۋاز قىلىپ يولغا چىققىن. ئى ئاللاھ، مېنىڭ زېمىندىن ئېھرامدىن چىقىپ ھالال بولىدىغان ئورنۇم سىلى، مېنى ئاياللار كېسىلى بىلەن توختىتىپ قويىدىغان جايدۇر دېگىن ، ھەققەتەن سەن ئۇچۇن رەببىڭگە ئىستىسنا قىلىپ چىقىرىۋالغان نەرسە بېرىلىدۇ. (ئەممەلەر نىيەت بىلەن بولىدۇ، بۇ ھەج نىيىتى ئىدى) نەسەئى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. ئايال كىشىنىڭ نىيىتى ھەيز كۆنلىرى يېقىنلىشىپ قالغاندا ھەجگە شۇنداق بولىدۇ، تاۋاپىدىن باشقا بارلىق ھەج پائالىيىتىنى قىلىۋېرىدۇ.

**4426** ( صحيح ) قوموا إلى جنة عرضها السموات و الأرض ( حم م ) عن أنس

4426. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم ساھابىلەرنى جەڭگە قىزىقتۇرۇپ، مۇنداق بۇيرۇق قىلغان: توغرىلىقى ئاسمان ـ زېمىنغىچە كېلىدىغان جەننەتكە قويۇڭلار! يەنى ئۇرۇش قىلىڭلار! ھۇجۇمغا ئاتلىنىڭلار! شېھىد بولساڭلار ئاشۇ جەننەت سىلەرنىڭ! ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4427** ( صحيح ) قوموا إلى سيدكم ( د ) عن أبي سعيد

4427. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، سەئىدنىڭ يارىدار ھالدا ئېشەككە مىنىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، سەييىدىڭلارغا يەنى باشلىقىڭلارغا ئورنۇڭلاردىن قوپۇپ ياردەملىشىڭلار دېگەن. (بۇ چاغدا سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بەنۇ قۇرەيزىگە ھۆكۈم قىلغان) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، ئىسلام دىنىدا ئەجەم، پارسلاردەك باشلىقى كىرسە، ئورنىدىن دەس تۇرۇش يوق، بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىمۇ توسقان ئىدى. يەنى ئىمام ئولتۇرۇپ، قەۋم ، جامائەت ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇشدىن توسۇپ، كېيىن رۇخسەت قىلغان. مەقسەت تەزىمدە

ئۆرە تۇرماڭلار. بىز پەقەت بىر ئاللاھقىلا قىيامدا تۇرىمىز.

**4428** ( صحيح ) قوموا فإن للموت فزعا ( حم ه ) عن أبي هريرة

4428. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىنازىنى كۆرسەڭلار، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار. چۈنكى ئۆلۈم قورقۇنچلۇق، چۆچۈگىدەك ئىشتۇر. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. سەھىھ مۇسلىمدا كېيىن رۇخسەت قىلغان ھەدىس بار. بەزى ئالىملار ئىختىيارى دېگەن.

قيام ساعة في الصف للقتال في سبيل الله خير من قيام ستين سنة ( عد ابن عساكر ) عن أبي هريرة

4429. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىش ئۈچۈن جەڭدىكى سەپتە بىر سائەت تۇرۇش، 60 يىل قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغاندىن ياخشىراقتۇر. ئىبنى ئەدى، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان. سەھىھ.چۈنكى بۇ نەخ شېھىدلىكتۇر.

**4430** ( صحيح ) قيل لبني إسرائيل ( ادخلوا الباب سجدا و قولوا حطة فبدلوا فدخلوا يزحفون على أستاههم و قالوا: حبة في شعيرة ) ( حم ق د ت ) عن أبي هريرة

4430. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەنى ئىسرائىلغا ئىشىكتىن سەجدە قىلىپ، ئىچكىرىگە كىرىڭلار، ئى ئاللاھ، گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈپ، ئۆچۈرۈۋەتسىلە دەڭلار دېيىلسە، ئۇلار ئۆزگەرتىپ، ئالماشتۇرۇپ، ئىشىكتىن كاسىسىچە تەتۈر ئۆمىلەپ كىردى. ئارپا توغرىسىدا بىرگە دان بەرسىلە دېدى. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ئىنسانلار خۇي ـ پەيلى بولۇپ، ھازىرمۇ قىلىڭلار دېگەن ئىشلارنى قويۇپ، قىلماڭلار دېگەننى قىلىۋاتىدۇ. مەغپىرەت سوراڭلار، تەۋبە قىلىڭلار دېيىلسە، بۇلارمۇ دۇنيا سوراۋاتىدۇ. يەنىلا ئاسىيلىق، پاسىقلىق، دۇنياپەرەسلىك ياماراپ كەتتى.

**4431** ( حسن ) قيلوا فإن الشياطين لا تقيل ( طس أبي نعيم في الطب ) عن أنس

4431. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن شەيتان چىڭ چۈشتىمۇ ئارام ئالمايدۇ، سىلەر ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلىپ، چۈشتە ئارام ئېلىڭلار، تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ. ئىسلام پېشۋاسى ئىبنى تەيمىييە، ئەگەر شەيتان ئۇخلىغان بولسا، ئارام ئالغان بولسا، بىز بۇنچە قىينالماي، ئارامغا چىققان بولاتتۇق دېگەن . يەنى شەيتان بىلەن بولغان جەڭدىن.

**4432** ( حسن ) قيد و توكل ( هب ) عن عمرو بن أمية الضمري

4432. ئەمرۇ ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆگىنى باغلاپ قويۇپ تەۋەككۈل قىل ياكى قاپقانىنى قۇرۇپ قويۇپ تەۋەككۈل قىل، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**4433** ( حسن ) قيدها و توكل ( خط في رواة مالك ابن عساكر ) عن ابن عمر

4433. ئىبنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆگەڭنى باغلاپ قويۇپ تەۋەككۈل قىل. خەتىبۇلبەغداد، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ھەسەن.

بۇ ھەدىسدىن سەۋەبنى قىلىپ قويۇپ تەۋەككۇل قىلىش چىقىدۇ. سەۋەب قىلماي تۇرۇپ تەۋەككۇل قىلسا، ئۇ يۆلەنگەن بولىدۇ. سەييىد قۇتۇپ، ئاللاھتائالا پۈت ـ قوللارنى ھېكمەتسىز بىكاردىنلا ياراتمىغان دېگەن، ھەر ئىشنىڭ سەۋەبى بار، ھەممىنى ئاللاھ ياراتقۇچى، خەزىنە ئاللاھنىڭ قولىدا.

**4434** ( صحيح ) قيدوا العلم بالكتاب ( الحكيم سمويه ) عن أنس ( طب ك ) عن ابن عمرو

4434. ئەنەس، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇۋنى قاپقان بىلەن تۇتقاندەك، ئىلىمنى كىتاب بىلەن باغلاپ قويۇڭلار. (شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار ئىلىم ئوۋدۇر، كىتاب بولسا، قاپقاندۇر دېگەن) ھەكىيم، سەمۇيە، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن ئىلىم، كىتاب كۆرۈش بىلەنلا ئېلىنىدۇ ۋە زىيادە بولىدۇ. ئاللاھۇ قۇرئاندا كىتاب بىلەن قەلەم بىلەن قەسەم قىلغان، ئوقۇغىن دېگەندۇر.

القائم بعدي في الجنة و الذي يقوم بعده في الجنة و الثالث و الرابع في الجنة ( ابن عساكر ) عن ابن مسعود

4435. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەندىن كېيىنكى خەلىپە، ئىش بېجىرگۈچى جەننەتتە، ئۇنىڭدىن كېيىنكىسمۇ جەننەتتە ئۈچىنچىسى ۋە تۆتىنچىسى جەننەتتە بولىدۇ، يەنى تۆت خەلىپە جەننەتكە كىرىدۇ دېگەن. ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

**4436** ( صحيح ) القاتل لا يرث ( ت ه ) عن أبي هريرة

4436. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قاتىل ۋارىس بولالمايدۇ. يەنى سۆرە بەقەردىكىدەك يېقىن تۇغقىنىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ۋارىس بولالمايدۇ. ئۇنىڭغا مىراس مېلى بېرىلمەيدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

القاعد على الصلاة كالقانت و يكتب من المصلين من حين يخرج من بيته حتى يرجع إلى بيته ( حب ) عن عقبة بن عامر

4437. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازنى ساقلاپ ئولتۇرغۇچى، ناماز ئېچىدە ئىتائەت قىلىپ، قىيامدا تۇرغۇچىغا ئوخشاشتۇر. ئۇ ئۆيدىن چىققاندىن باشلاپ تاكى ئۆيگە قايتقانغا قەدەر ناماز ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا يېزىلىدۇ. ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) القتل في سبيل الله شهادة و الطاعون شهادة و البطن شهادة و الغرق شهادة و النفساء شهادة (حم الضياء) عن عبادة بن الصامت

4438. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش ـ شېھىدلىكتۇر؛ ۋابا كېسىلى، قورسىقى ئاغرىپ ئۆلۈش، سۇدا غەرق بولۇش، ئايال كىشى نىپاسدار ھالەتتە، تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىشلەر شېھىدلىكتۇر. ئەھمەد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**4439** ( حسن ) القتل في سبيل الله شهادة و الطاعون شهادة و الغرق شهادة و البطن شهادة و الحرق شهادة و السل و النفساء يجرها ولدها بسررها إلى الجنة ( حم ) عن راشد بن حبيش

4439. راشى ئىبنى ھۇبەيش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش ـ شېھىدلىك؛ ۋابا كېسىلىدە ئۆلۈش، سۇدا غەرق بولۇش،

قورساق ئاغرىقىدا ئۆلۈش، ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈش، ئۆپكە كېسىلىدە ئۆلۈش شېھىدلىكتۇر؛ نىپاسدار ئايال، تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنى بالىسى كىندىك شوينىسى بىلەن جەننەتكە سۆرەيدۇ. يەنى تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتسە، شېھىد بولىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

**4440** ( صحيح ) القتل في سبيل الله يكفر كل خطيئة إلا الدين ( م ) عن ابن عمرو ( ت ) عن أنس

4440. ئىبنى ئەمرۇ، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش، قەرزدىن باشقا بارلىق خاتالىقلارنى كاپارەت تولۇپ ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، پەقەت شېھىد بولسىمۇ قەرز قېلىپ قالىدۇ. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. قەرزدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەڭلار. قەرزنى ۋاقتىدا بېرىۋېتىڭلار. شېھىد بولۇشقا ئالدىراڭلار. ئاللاھدىن سوراڭلار. ئاللاھ بىزگە شېھىد دەرىجىسىنى بەرسۇن، ئامىن!

القتيل في سبيل الله شهيد و المبطون شهيد و المطعون شهيد و الغريق شهيد و النفساء شهيدة ( طب ) عن عبدالله بن بسر

4441. ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا ئۆلگەن كىشى شېھىد؛ قورساق ئاغرىقىدا ئۆلگەن شېھىد؛ ۋابادا ئۆلگەن، سۇدا غەرق بولغان، نىپاسدار ھالەتتە، تۇغۇتتا ئۆلگەن ئايالمۇ شېھىد بولىدۇ. (شەرتى مۇسۇلمان بولۇش، بەش ۋاقىت نامازنى ئوقۇش، ئاللاھ يولىدا ئۆلۈشتۇر. سىزنىڭچە يۇقىرىقى سەۋەبلەر بىلەن ئۆلگەن دىنسىز ياسىقلارمۇ شېھىدمۇ؟ بىز بۇنى يۇقىرىدا ئوچۇق دېگەن.باشقا سەھىھ ھەدىستە ئاللاھ يولىدا دېيىلگەن) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

القدرية مجوس هذه الأمة إن مرضوا فلا تعودوهم و إن ماتوا فلا تشهدوهم ( د ك ) عن ابن عمر

4442. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تەقدىرنى ئىنكار قىلىدىغان، قەدىرىيەلەر مۇشۇ ئۇممەتنىڭ مەجۇسىلىرىدۇر. ئەگەر ئۇلار كېسەل بولىسا، ئۇلارنى يوقلىماڭلار؛ ئەگەر ئۆلسە، جىنازىسىغا ھازىر بولماڭلار. ئەبۇ داۋۇد بىلەن ھاكىم توپلىغان، ھەسەن. بۇ ھەدىسىدىن ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە بولمىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈلمەيدۇ، جىنازىسىغا بېرىشقا بولمايدۇ.

**4443** ( صحيح ) القرآن شافع مشفع و ماحل مصدق من جعله أمامه قاده إلى الجنة و من جعله خلفه ساقه إلى النار ( حب هب ) عن جابر ( طب هب ) عن ابن مسعود

4443. جابىر ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان كەرىم، شاپائەت ھوقۇقى بېرىلگەن شاپائەتچى، سەممىي، راستچىل، تەستىقلانغان دەۋاگەر، مۇداپىئەچى.(يەنى قۇرئان ئۆزىنى ئوقۇپ تورغۇچى ئۈچۈن مۇداپىئە قىلىپ،داۋالىشىپ شاپائەت قىلىدۇ، ئۇنىڭغا شاپائەت ھوقۇقى بېرىلىدۇ. داۋاسى تەستىقلىنىدۇ.) كىم قۇرئاننى ئالدىغا قويۇپ، يېتەكچى قىلسا، قۇرئان ئۇ كىشىنى جەننەتكە يېتىلەيدۇ، جەننەتكە باشلايدۇ. كىم قۇرئاننى ئارقىسىدا قويۇپ، ئۇنتۇپ قالسا، قۇرئان ئۇنى دوۋزاخقا باشلاپ يېتىلەيدۇ. (قۇرئان يا مەنپەئەتىڭىزگە يا زىيىنىڭىزغا ھۆججەتتۇر) ئىبنى ھەببان، بەيھەقى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

القرآن يقرأ على سبعة أحرف فلا تماروا في القرآن فإن مراء في القرآن كفر ( حم ) عن أبي جهيم



www.uyghurkitap.com

4444. ئەبۇ جۇھەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان يەتتە ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇلىدۇ، قۇرئان توغرىسىدا جېدەل ـ ماجىرا ، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار. ھەقىقەتەن قۇرئان توغرىسىدا جېدەل ـ ئىختىلاپ قىلىش، كۇفرىلىقتۇر. (يەنى نىيەتكە كۇفرىلىق قىلىش ياكى راستىنلا كاپىر بولىدۇ ياكى كىچىك كاپىر بولىدۇ) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

القصاص ثلاثة: أمير أو مأمور أو مختال ( طب ) عن عوف بن مالك وكعب بن عياض

4445. ئەۋف ئىبنى مالىك، كەئبىنى ئىبنى ئىياز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىسسە، تارىخ سۆزلىگۈچى ئۈچتۇر، بىرى ئەمىر، باش بولغۇچى، كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ، ئىبرەت ئالدۇرىدۇ؛ ئىككىنچىسى ، ئەمىر تەرىپىدىن بۇيرۇلغان مەئمۇر، قىسسە، تارىخ سۆزلەپ ئىبرەت ئالدۇرىدۇ؛ بۇنىڭ ھۆكمى، ئەمىرنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. ئۈچىنچىسى بولسا، كىشىلەرگە كىبىرى قىلىپ، مەنمەنلىك، چوڭچىلىق قىلىپ، بىلەرمەنلىك قىلىپ، رىيا قىلىپ سۆزلىگۈچى، كەسىبداردۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

القضاة ثلاثة اثنان في النار و واحد في الجنة: رجل علم الحق فقضى به فهو في الجنة و رجل قضى للناس على جهل فهو في النار و رجل عرف الحق فجار في الحكم فهو في النار ( 4 ك ) عن بريدة

4446. بۇرەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قازىيلار ئۈچ خىل بولىدۇ، ئىككىسى دوۋزاختا، بىرسى جەننەتتە بولىدۇ. بىر كىشى ھەقنى تونۇپ، ھەقىقەتنى بىلىپ، ھەق بىلەن ئادىل ھۆكۈم قىلسا، ئۇ جەننەتتە بولىدۇ؛ بىر كىشى كىشىلەرگە ئىلىمسىز، نادان تۇرۇپ ھۆكۈم قىلسا، دوۋزاختا بولىدۇ؛ ئۈچىنچىسى بولسا، ھەقنى تونۇپ، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ ھۆكمىدە قەستەن زۇلۇم، خاتا ھۆكۈم قىلىدۇ، مانا بۇمۇ دوۋزاخقا كىرىدۇ. ھاكىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

القضاة ثلاثة: قاضيان في النار و قاض في الجنة قاض قضى بالهوى فهو في النار و قاض قضى بغير علم فهو في النار و قاض قضى بالحق فهو في الجنة ( طب ) عن ابن عمر

4447. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قازى ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، ئىككىسى دوۋزاختا بىرسى جەننەتتە بولىدۇ. ھاۋايى ـ ھەۋەس، ئارزۇسى بىلەن ھۆكۈم قىلغۇچى قازى دوۋزاختا؛ ئىلىمسىز ھۆكۈم قىلغان قازى دوۋزاختا؛ ھەق بىلەن ئادىل ھۆكۈم قىلغان قازى جەننەتتە بولىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. قۇرئاندا، ئاللاھنىڭ نازىل قىلغان كىتابى، قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلمىغان قازىلارنى قۇرئاننى قانۇن قىلمىغانلارنى كاپىر دېگەندۇر. ھازىرقى ئىسلام دۆلەتلىرىگە ۋاي! بۇ ھەدىسنىڭ ھۆكمى ۋە ئاشۇ ئايەتلەرنىڭ ھۆكمى، ھەممە ئىسلام دۆلىتىگە ئىجرا قىلىنىدۇ. قىيامەتتىمۇ مۇشۇ قانۇن بىلەن ھېساب ئالىدۇ، مۇشۇ قۇرئان قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. ئاللاھ بىزلەرگە قۇرئاننى قانۇن قىلىپ بەرگەي، قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان قازىلىق ھاكىمىيەت قىلىپ بەرگەي، ئامىن! لېكىن بىزمۇ قاتتىق تىرىشايلى! ئاللاھ ئۆزى ساقلاپ، ئاسان قىلسۇن، ئامىن!

**«ك» ھەرپى بىلەن بولۇپمۇ كانە دېگەن پېئىل بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر،**

## مەنسى ئىدى، ئۇنداق قىلاتتى، مۇنداق قىلاتتى، بار ئىدى قاتارلىقلار

كافل اليتيم له أو لغيره أنا و هو كهاتين في الجنة ( م ) عن أبي هريرة

4448. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆزى ئۈچۈن بولغان ياكى باشقىلار ئۈچۈن بولغان يېتىمگە كېپىل بولغۇچى مەن بىلەن بىرگە جەننەتتە مۇشۇنداق يېقىن بولىدۇ دەپ ئىككى بارمىقىنى يېقىن قىلغان. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

كان الحجر الأسود أشد بياضا من الثلج حتى سودته خطايا بني آدم ( طب ) عن ابن عباس

4449. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەئبىدىكى ھەجەر ئەسۋەد يەنى قارا تاش قاردىنمۇ بەكرەك ئاپئاق ئىدى. تاكى ئۇنى ئادەم بالىلىرىنىڭ خاتالىقلىرى، گۇناھلىرى قاپقارا قىلىۋەتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرىدا بۇ تاشنى جەننەتنىڭ گۆھەرلىرى، جەننەتتىن نازىل قىلىنغان دېيىلدى. بىز ئاللاھنىڭ قادىرلىقىغا ئىشىنىمىز.

كان الرجل قبلكم يؤخذ فيحفر له في الأرض فيجعل فيه فيجاء بالمنشار فيوضع على رأسه فيشق باثنتين ما يصده ذلك عن دينه و يمشط بأمشاط الحديد ما دون لحمه من عظم أو عصب ما يصده ذلك عن دينه و الله ليتمن الله هذا الأمر حتى يسير الراكب من صنعاء إلى حضرموت لا يخاف إلا الله و الذئب على غنمه و لكنكم تستعجلون ( حم خ د ن ) عن خباب

4450. خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بۇرۇنقى مۇسۇلمان كىشىلەر، دۈشمەن تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، ئۇنىڭغا زېمىندا ئازگال كولىناتتى، ئاندىن ئۇ مۇسۇلماننى ئازگالغا سېلىپ، ھەرە كەلتۈرۈلۈپ، بېشىغا قويۇلاتتى. ئاندىن ھەرە بىلەن تىلىنىپ، ئىككى پارە قىلىناتتى، ئۇ ئىشلارمۇ ئۇلارنى دىنىدىن توسالمىدى، دىنىدىن ياندۇرالمىدى، تۆمۈر تارغاق كەلتۈرۈلۈپ ئۇتتا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ گۆشى، سۆڭەكلىرىدىن، پەيرىلىدىن تارىلاتتى، بۇ ئىشمۇ ئۇنى دىنىدىن ياندۇرۇپ توسالمىدى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھتائالا بۇ ئىشنى يەنى ئىسلام دىنىنى شۇنداق مۇكەممەل كامىل قىلىدۇكى، ئاتلىق كىشى سەنئادىن ھەزرە مەۋتىكىچە شۇنداق يىراق چۆللۈكتە يالغۇز، تەنھا ماڭسىمۇ پەقەت ئاللاھتىنلا قورقىدۇ. قويىغا نىسبەتەن بۆرىدىن ئەنسىرەيدۇ، باشقا نەرسىدىن قورقمايدۇ. لېكىن سىلەر بەك ئالدىراپ كېتىسىلەر. ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس ئوچۇقلا مۆجىزە بولغان، شۇنداقلا ھەق بىلەن باتىل قەدىمدىن تارتىپ تىركىشىپ، كۈرەش قىلىپ كەلمەكتە، بىزمۇ شۇلاردەك دىندا چىڭ تۇرايلى.

4451 ( حسن ) كان أول من أضاف الضيف إبراهيم ( ابن أبي الدنيا في قرى الضيف ) عن أبي هريرة

4451. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېھماننى ھۆرمەتلەپ مېھمان قىلغان تۇنجى ساھىبخان كىشى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىدى، ئىبنى ئەبۇددۇنيا توپلىغان، ھەسەن.

كان أهل الجاهلية يقولون: إنما الطيرة في المرأة و الدابة و الدار ( ك هق ) عن عائشة

4452. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جاھالىيەت ئەھلى ھەققەتەن شۇملۇق ـ ئايال كىشىدە، ھايۋاندا، قورۇ ئۆيدە دەيتتى. ھاكىم، بەيھەقى

توپلىغان. سەھىھ. ئىسلام دىنىدىمۇ تار، قوشنىسى يامان ھويلا، ناچار ھايۋان، ناچار ئەخلاقلىق ئەسكى خوتۇن شۇملۇق ئېلىپ كېلىدۇ. جاپا ـ مۇشەققەتتۇر. ئۇنىڭ ئەكسى بولسا بۇ دۇنيادىكى زور بەخت دەيدۇ.

**4453** ( حسن ) كان داود أعبد البشر ( ت ك ) عن أبي الدرداء

4453. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: داۋۇد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئابىدراقى يەنى قاتتىق ئىبادەتكار ئىدى، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان.

**4454** ( صحيح ) كان رجل يداين الناس فكان يقول لفتاه: إذا أتيت معسرا فتجاوز عنه لعل الله أن يتجاوز عنا فلقي الله فتجاوز عنه ( حم ق ن ) عن أبي هريرة

4454. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:سىلەردىن بۇرۇنقى بىر كىشى كىشىلەرگە قەرز بېرىپ تۇراتتى. قەرزنى يىغىدىغان چاغدا بولسا ياش خادىمىغا: قىيىنچىلىقتا قالغان يوقسىز نامرات كىشىگە بارساڭ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈۋەتكىن،ئاللاھتائالامۇ بىزدىن ئۆتۈۋېتىشى مۇمكىن دەيتتى، ئاندىن ئۇ ئاللاھقا ئۇچراشقاندا، ئاللاھ ئۇنىڭدىن ئۆتۈۋەتتى. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان. سەھىھ. مەقسەت: سىلەرمۇ ئۆتۈۋېتىپ، كەچۈرۈمگە ئېرىشىڭلار.

كان رجلان في بني إسرائيل متواخيان و كان أحدهما مذنبا و الآخر مجتهدا في العبادة و كان لا يزال المجتهد يرى الآخر على الذنب فيقول: أقصر فوجده يوما على ذنب فقال له: أقصر فقال: خلني و ربي أبعثت علي رقيبا ؟ ! فقال: و الله لا يغفر الله لك أو لا يدخلك الله الجنة فقبض روحهما فاجتمعا عند رب العالمين فقال لهذا المجتهد: أكنت بي عالما أو كنت على ما في يدي قادرا ؟ ! و قال للمذنب: اذهب فادخل الجنة برحمتي و قال للآخر: اذهبوا به إلى النار ( حم د ) عن أبي هريرة

4455. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەنى ئىسرائىل ئىچىدە ئىككى كىشى قېرىنداش ئىدى، بىرسى گۇناھكار بولۇپ گۇناھ قىلىپ تۇراتتى. يەنە بىرى بولسا ئىبادەتتە قاتتىق تىرىشچان ئىدى، بۇ ئىبادەتكار تەقۋا كىشى يەنە بىرىنى گۇناھ ئۈستىدە كۆرسە، بولدى قىلغىن گۇناھ قىلما دەيتتى. بىر كۈنى ئۇ قېرىندىشىنى يەنە گۇناھ ئۈستىدە تېپىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: بولدى قىلغىن، گۇناھ قىلىۋەرمىگىن. ئاندىن گۇناھكار ئۇنىڭغا: مېنى رەببىم بىلەن قويۇۋەتكىن، مېنى رەببىم كەچۈرىدۇ، سەن ماڭا كۆزەتچى قىلىنىپ ئەۋەتىلگەنمۇ؟ دەپتۇ، ئاندىن تەقۋا كىشى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھتائالا سىنى ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ ياكى سىنى جەننەتكە كىرگۈزمەيدۇ دەپتۇ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ جېنى ئېلىنىپ، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ نەزلىدە ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاللاھتائالا بۇ تەقۋادار، ئابىدقا مۇنداق دەپتۇ: سەن ماڭا، مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئالىممىدىڭ؟ سەن بىلەمتىڭ ياكى سەن مېنىڭ قول ئىلكىمدىكى نەرسىگە قادىرمىدىڭ؟ ئاندىن گۇناھكارغا (مېنى رەببىم بىلەن قويۇۋەت دېگىنى ئۈچۈن) بارغىن، مېنىڭ رەھمىتىم بىلەن جەننەتكە كىرگىن دېدى، يەنە بىرىگە بولسا، بۇنى دوۋزاخقا ئاپىرىڭلار دېدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان. سەھىھ، ھېچكىم ئاللاھ ئىشى توغرىسىدا ھۆكۈم قىلالمايدۇ ھەم قىلمىسۇن.

**4456** ( صحيح ) كان زكريا نجارا ( حم م ه ) عن أبي هريرة

4456. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ياغاچچى ئىدى، (يەنى ئۆز قولىنىڭ ئەمگىكىدىن ھالالدىن يەيتتى). ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

4457 ( صحيح ) كان عاشوراء يوما يصومه أهل الجاهلية فمن أحب منكم أن يصومه فليصمه و من كرهه فليدعه ( ه ) عن ابن عمر

4457. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاشۇرا كۈنى بولسا، جاھالىيەت ئەھلى روزا تۇتاتتى. سىلەردىن كىمكى بۇ كۈندە روزا تۇتۇشنى ياخشى كۆرسە، بۇ كۈندە روزا تۇتسۇن. كىم بۇ كۈنى روزا تۇتۇشنى ياخشى كۆرمىسە، تۇتمىسۇن. (يەنى ئۆز ئىختىيارى) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

كان على الطريق غصن شجرة يؤذي الناس فأماطها رجل فأدخل الجنة( ه ) عن أبي هريرة

4458. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يول ئۈستىدە بىر دەرەخنىڭ شېخى كىشىلەرگە ئازار بېرىپ، ئەزىيەت يەتكۈزەتتى، بىر كىشى بۇ ئازارنى يوقاتتى ـ دە، شۇ سەۋەبلىك جەننەتكە كىرگۈزۈلدى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

كان في بني إسرائيل رجل قتل تسعة و تسعين إنسانا ثم خرج يسأل فأتى راهبا فسأله فقال له: ألي توبة ؟ قال: لا فقتله فجعل يسأل فقال له رجل: ائت قرية كذا و كذا فأدركه الموت فنأى بصدره نحوها فاختصمت فيه ملائكة الرحمة و ملائكة العذاب فأوحى الله إلى هذه: أن تقربي و أوحى الله إلى هذه: أن تباعدي و قال: قيسوا ما بينهما فوجداه إلى هذه أقرب بشبر فغفر له ( ق ) عن أبي سعيد

4459. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەنى ئىسرائىل ئىچىدە بىر كىشى 99 كىشىنى ئۆلتۈرگەن ئىدى، ئاندىن ئۇ چىقىپ تەۋبە توغرىسىدا سوراپ، بىر راھىبنىڭ قېشىغا كېلىپ، ماڭا تەۋبە بارمۇ؟ دېدى، ئۇ راھىب ياق دەپ جاۋاب بەردى، ئاندىن ئۇ راھىبنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، 100 قىلىۋېتىپ يەنە تەۋبە بارمۇ؟ دەپ سوراشقا باشلىدى، ئۇنىڭغا بىر كىشى يەنى ھەققى دانا ئالىم، سەن پالانى شەھەرگە بارغىن، ساڭا شۇ يۇرتتا تەۋبە بار دېدى، ئۇ شۇ شەھەرگە كېتىۋاتقاندا ئۇنى ئۆلۈم تاپتى، ئۇ كۆكسى بىلەن شۇ تەرەپكە ئۆمىلەپ كېتىۋېتىپ ئۆلۈپ كەتتى، ئاندىن بۇ كىشى توغرىسىدا رەھمەت پەرىشتىلىرى بىلەن ئازاب پەرىشتىلىرى داۋالىشىپ قالدى، ئاللاھتائالا تەۋبە بار زېمىنغا يېقىن كەل! دەپ ۋەھيى قىلدى، يەنە بىر زېمىنغا بولسا، يىراقلاشقىن دەپ ۋەھيى قىلدى، ئاندىن بىر ھاكىم پەرىشتىنى ئەۋەتىش بىلەن ئىككى شەھەر ئارىسىنى ئۆلچەپ كۆرۈڭلار دېدى، ئاندىن ئۇلار ئۆلچەپ، بۇ بەندىنى تەۋبە قوبۇل بولىدىغان زېمىنغا بىر غېرىچ يېقىن تاپتى، ئاندىن بۇ تەۋبىگە ئىنتىلگۈچى قاتىلغا مەغپىرەت قىلىندى، مۇسلىم،بەيھەقى توپلىغان. سەھىھ. بۇ ھەدىسنىڭ تەپسىلاتى بىرىنچى قىسىمدا ئۆتكەن.

كان لكم يومان تلعبون فيهما و قد أبدلكم الله بهما خيرا منهما: يوم الفطر و يوم الأضحى ( ن ) عن أنس

4460. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە ئىككى كۈن بولۇپ، سىلەر بۇ ئىككى كۈندە خۇشال ـ خۇرام ئوينايتتىڭلار، ھەققەتەن ئاللاھتائالا سىلەرگە ئۇ ئىككى كۈندىن ياخشىراق ئىككى كۈننى ئالماشتۇرۇپ بەردى، ئۇ بولسىمۇ روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت كۈنىدۇر، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

4461 ( صحيح ) كان ملك فيمن كان قبلكم و كان له ساحر فلما كبر قال للملك: إني قد كبرت فابعث إلي غلاما أعلمه السحر فبعث إليه غلاما يعلمه فكان في طريقه إذا سلك راهب فقعد إليه و سمع كلامه فأعجبه ; فكان إذا أتى الساحر مر بالراهب و قعد إليه فإذا أتى الساحر

ضربه فشكا ذلك إلى الراهب فقال: إذا جئت الساحر فقل: حبسني أهلي و إذا جئت أهلك فقل: حبسني الساحر ; فبينما هو كذلك إذ أتى على دابة عظيمة قد حبست الناس فقال: اليوم أعلم الساحر أفضل أم الراهب ؟ فأخذ حجرا فقال: اللهم إن كان أمر الراهب أحب إليك من أمر الساحر فاقتل هذه الدابة حتى يمضي الناس فرماها فقتلها و مضى الناس ; فأتى الراهب فأخبره فقال له الراهب: أي بني أنت اليوم أفضل مني قد بلغ من أمرك ما أرى و إنك ستبتلى فلا تدل علي ; و كان الغلام يبرئ الأكمه و الأبرص و يداوي الناس من سائر الأدواء فسمع جليس للملك كان قد عمي فأتاه بهدايا كثيرة فقال: ما هاهنا أجمع لك إن أنت شفيتني قال: إني لا أشفي أحد إنما يشفي الله عز و جل فإن آمنت بالله دعوت الله فشفاك فآمن بالله فشفاه الله ; فأتى الملك فجلس إليه كما كان يجلس فقال له الملك: من رد عليك بصرك ؟ قال: ربي قال: و لك رب غيري ؟ قال: ربي و ربك الله فأخذه فلم يزل يعذبه حتى دل على الغلام فجيء بالغلام فقال له الملك: أي بني قد بلغ من سحرك ما يبرئ الأكمه و الأبرص و تفعل و تفعل ! فقال: إني لا أشفي أحدا إنما يشفي الله عز و جل ; فأخذه فلم يزل يعذبه حتى دل على الراهب فجيء بالراهب فقيل له: ارجع عن دينك فأبى فدعا بالمنشار فوضع المنشار على مفرق رأسه فشقه به حتى وقع شقاه ثم جيء بجليس الملك فقيل له: ارجع عن دينك فأبى فوضع المنشار في مفرق رأسه فشقه حتى وقع شقاه ثم جيء بالغلام فقيل له: ارجع عن دينك فأبى فدفعه إلى نفر من أصحابه فقال: اذهبوا به إلى جبل كذا و كذا فاصعدوا به الجبل فإذا بلغتم به ذروته فإن رجع عن دينه و إلا فاطرحوه ; فذهبوا به فصعدوا به الجبل فقال: اللهم اكفنيهم بما شئت فرجف بهم الجبل فسقطوا و جاء يمشي إلى الملك فقال له الملك: ما فعل أصحابك ؟ فقال: كفانيهم الله فدفعه إلى نفر من أصحابه فقال: اذهبوا به فاحملوه في قرقور فتوسطوا به البحر فإن رجع عن دينه و إلا فاقذفوه فذهبوا به فقال: اللهم اكفنيهم بما شئت فانكفأت بهم السفينة فغرقوا و جاء يمشي إلى الملك فقال له الملك: ما فعل أصحابك ؟ فقال: كفانيهم الله ; فقال للملك: إنك لست بقاتلي حتى تفعل ما آمرك به ! قال: و ما هو ؟ قال: تجمع الناس في صعيد واحد و تصلبني على جذع ثم خذ سهما من كنانتي ثم ضع السهم في كبد القوس ثم قل: بسم الله رب الغلام ثم ارم فإنك إذا فعلت ذلك قتلتني ; فجمع الناس في صعيد واحد و صلبه على جذع ثم أخذ سهما من كنانته ثم وضع السهم في كبد القوس ثم قال: بسم الله رب الغلام ثم رماه فوقع السهم في صدغه فوضع يده في صدغه موضع السهم فمات فقال الناس: آمنا برب الغلام ; آمنا برب الغلام آمنا برب الغلام فأتى الملك فقيل له: أرأيت ما كنت تحذر ؟ قد و الله نزل بك حذرك قد آمن الناس ! فأمر بالأخدود بأفواه السكك فخدت و أضرم النيران و قال: من لم يرجع عن دينه فأقحموه فيها ففعلوا حتى جاءت امرأة و معها صبي لها فتقاعست أن تقع فيها فقال لها الغلام: يا أمه اصبري فإنك على الحق ( حم م ) عن صهيب

4461. سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن ئىلگىرى بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ بىر سېھىرگەرى بار ئىدى، ئۇ سېھىرگەر ياشتا چوڭايغاندا، پادىشاھقا: مەن قېرىپ قالدىم، ماڭا بىر بالا ئەۋەتسەڭ، مەن ئۇنىڭغا سېھىرگەرلىكى ئۆگەتسەم دەپتۇ، پادىشاھ ئۇنىڭغا بىر بالىنى ئەۋەتىپتۇ، ئۇ بالا يولدا كېتىۋېتىپ، بىر راھىبقا ئۇچراپ قاپتۇ، ئۇ بالا راھىبنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قىزىقىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر كۈنى سېھىرگەرنىڭ قېشىغا بارغۇچە راھىبنىڭ قېشىدا ئولتۇرىدىكەن، سېھىرگەرنىڭ قېشىغا كەلگەندە سېھىرگەر كېچىكىپ قالدىڭ دەپ ئۇرىدىكەن، بالا بۇ ئىشنى راھىبقا شىكايەت قىلىپتۇ، راھىب ئۇنىڭغا: ئەگەر سەن سېھىرگەردىن قورقساڭ، مېنى ئۆيدىكىلەر تۇتۇپ قالدى دېگىن ، ئەگەر ئۆيدىكىلەردىن قورقساڭ، مېنى سېھىرگەر تۇتۇپ قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن كېچىكىپ قالدىم دېگىن دەپتۇ، شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىز ناھايىتى چوڭ، يوغان بىر ھايۋان پەيدا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۆتىدىغان يولىنى توسۇۋاپتۇ، ئۇ بالا كۆڭلىدە راھىب ئەۋزەلمۇ؟ ياكى سېھىرگەر ئەۋزەلمۇ؟ بۇنى بۈگۈن بىلىمەن دەپتۇ - دە، تاشتىن بىرنى ئېلىپ، ئى ئاللاھ، ئەگەر ساڭا راھىبنىڭ ئىشى سېھىرگەرنىڭ ئىشىدىن سۆيۈملۈك، ياخشى بولسا، مۇشۇ تاش بىلەن ئۇ ھايۋاننى ئۆلتۈرگىن،

كىشىلەر يولغا ماڭسۇن دەپ، تاشنى ئېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھايۋان ئۆلۈپتۇ، كىشىلەر يولغا راۋان بولۇپتۇ، ئۇ بۇ ئىشتىن راھىبنى خەۋەرلەندۈرۈپتۇ، راھىب، ئۇ بالىغا: ئەي بالام، سەن بۈگۈن مەندىن ئۈستۈن بولۇپ كېتىپسەن، مەندىن ئەۋزەل بولۇپسەن، مەن كۆرگەن نەرسىلەر ساڭا يېتىپتۇ، سەن پات يېقىندا قاتتىق سىنىلىسەن، ئەگەر سىنالساڭ، مېنى بىلدۈرمىگىن، مېنى كۆرسىتىپ قويمىغىن دەپتۇ، ئۇ بالا، قارىغۇ ۋە ئاق كېسەللەرنى داۋالايدىغان ۋە كىشىلەرنى باشقا كېسەللەردىن داۋالايدىغان بولۇپتۇ. بىر كۈنى پادىشاھنىڭ قارىغۇ بولۇپ قالغان بىر ھەمراھى بۇنى ئاڭلاپ، نۇرغۇن ھەدىيەلەر بىلەن كېلىپ، ئۇ بالىغا: ئەگەر كۆزۈمنى ساقايتىپ قويساڭ، مۇشۇ مال ـ دۇنيانىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرىمەن دەپتۇ. ئۇ بالا: ئەمەلىيەتتە مەن ھېچبىر كىشىنى ساقايتالمايمەن، پەقەت ئاللاھ ئۆزى ساقايتىدۇ. ئەگەر سەن ئاللاھقا ئىمان ئېيتساڭ، مەن ئاللاھقا دۇئا قىلاي، ئاللاھ سېنى ساقايتىپ قويسۇن دەپتۇ، ھېلىقى كىشى ئاللاھقا ئىشىنىپ ئىمان ئېيتىپتۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ كۆزىنى ساقايتىپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇرۇنقىغا ئوخشاش بىللە ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا: سېنىڭ كۆزۈڭنى كىم ساقايتىپ قويدى؟ دەپتۇ. ئۇ كىشى رەببىم دەپتۇ. پادىشاھنىڭ غەزىپى كېلىپ، سېنىڭ مەندىن باشقا رەببىڭ بارمۇ تېخى؟ دەپتۇ، ئۇ كىشى: ئۇ ئاللاھ، سېنىڭ ۋە مېنىڭ رەببىمدۇر دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇنى قاتتىق ئازابتا قىيناپ ، ئۇ ئاخىرى ھېلىقى بالىنى دەپ قويۇپ، گەپ بالىغا يېتىپتۇ، ئاندىن بالا كەلتۈرۈلۈپتۇ، پادىشاھ ئۇنىڭغا: ھەي ئوغلۇم، سېنىڭ سېھرىڭ قارىغۇ ۋە ئاق كېسەللەرنى داۋالاشقا يېتىپتۇ ۋە مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلارنى قىپسەن، دەپتۇ. ئۇ بالا: ياق مەن ھېچ كىمنى ساقايتالمايمەن، پەقەت بىر ئاللاھلا ئۆزى ساقايتىدۇ دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇ بالىنىمۇ ئازابلاۋەرگەچكە، ئاخىرى ئىش ھېلىقى راھىبقا تاقىلىپتۇ، راھىب كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا: دىنىڭدىن يان دېيىلىپتۇ. ئۇنىماپتۇ، دىنىدىن زادى يانماپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ بېشىغا بېشىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا ھەرىنى قويۇپ، راھىبنىڭ بېشىنى ھەرىدەپتۇ، ئۇ راھىبنى تىلىپ ئىككى پارا قىپتۇ، راھىب ئىككى پارچە بولۇپ، يەرگە يىقىلىپتۇ، لېكىن دىنىدىن يانماپتۇ. ئاندىن ھېلىقى پادىشاھنىڭ ھەمراھى كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا دىنىڭدىن يان دېيىلىپتۇ، ئۇمۇ ئۇنىماپتۇ. ئۇنىڭمۇ بېشىغا ھەرە قويۇلۇپ، تىلىپ ئىككى پارچە قىلىنىپتۇ. بۇمۇ دىنىدىن يانماي، ئىككى پارچە بولۇپ يەرگە يىقىلىپتۇ. ئاندىن ھېلىقى بالىنى كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا دىنىڭدىن يانغىن دەپتۇ، بالىمۇ دىنىدىن زادى يانماپتۇ. پادىشاھ بالىنى ئۆز ھەمراھلىرىدىن بىر توپ كىشىگە تاپشۇرۇپ: سىلەر پالانى تاغقا چىقىڭلار، تاغنىڭ چوققىسىغا يەتكەندە دىنىدىن يانسا مەيلى قويىۋېتىڭلار، ئەگەر دىنىدىن يانمىسا، ئۇنى تاغدىن تاشلىۋېتىڭلار دەپتۇ. ئۇلار مېڭىپ، ئېگىز بىر تاغقا چىقىپتۇ. ئۇ بالا ئى ئاللاھ، سەن خالىغان نەرسەڭ بىلەن ماڭا كۇپايە بولغىن دەپ دۇئا قىلىپتۇ، شۇ چاغدا تاغلار تىترەپ، تەۋرەپ پادىشاھنىڭ ئادەملىرى تاغدىن دومىلاپ چۈشۈپ كېتىپ، ئۆلۈپتۇ، ئۇ بالا پادىشاھنىڭ ئالدىغا ساق ـ سالامەت مېڭىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا ھەمراھلىرىڭغا نېمە بولدى؟ دەپ سوراپتۇ، ئۇ بالا، ئۇلارغا مەن ئۈچۈن ئاللاھ كۇپايە قىلدى دەپتۇ. پادىشاھ ئۇنى يەنە بىر توپ كىشىلەرگە تاپشۇرۇپ: سىلەر ئۇنى ئاپىرىپ، كېمىگە سېلىڭلار، كېمە دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا بارغاندا، ئۇ دىنىدىن يانسا مەيلى، ئەگەر دىنىدىن يانمىسا، ئۇنى دېڭىزغا تاشلىۋېتىڭلار دەپتۇ، ئۇلار مېڭىپ دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، بالا: ئى ئاللاھ سەن خالىغان نەرسەڭ بىلەن مەن ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى كۇپايە بولغىن، دەپ دۇئا قىلىپتۇ، ئۇنىڭ دۇئايى ئىجابەت بولۇپ، شۇ چاغدا دېڭىزدىكى كېمە دولقۇن سەۋەبىدىن داۋالغۇپ

پادىشاھنىڭ ئادەملىرى سۇغا غەرق بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ قېشىغا ساق ـ سالامەت مېڭىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۇ بالىغا: ھەمراھلىرىڭغا نېمە بولدى؟ دەپتۇ، بالا: ئۇلارغا قارشى مەن ئۈچۈن ئاللاھ كۇپايە قىلدى دەپتۇ، بالا پادىشاھقا يەنە: سەن مەن دېگەن ئىشنى قىلمىغۇچە مېنى ھەرگىز ئۆلتۈرەلمەيسەن دەپتۇ، پادىشاھ: قېنى دېگىنە ئۇ نېمە ئىش؟ دەپ سوراپتۇ. بالا: سەن كىشىلەرنى تۈپتۈز بىر مەيدانغا يىغقىن، ۋە مېنى خورمىنىڭ شېخىغا ئاسقىن، ئاندىن مېنىڭ ئوقدانىمنىڭ ئۆزىدىن بىر ئوقىيانى ئېلىپ، ئوقيانىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ، بالىنىڭ رەببى ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، بىسمىللاھ دەپ ئاندىن ماڭا ئاتقىن، شۇنداق قىلغاندا ئاندىن مېنى ئۆلتۈرەلەيسەن دەپتۇ. پادىشاھ كىشىلەرنى كەڭرى بىر مەيدانغا يىغىپتۇ، بالىنى خورما شېخىغا ئېسىپتۇ، ئاندىن بالىنىڭ ئوق خالتىسىدىن بىر ئوقنى ئېلىپ، ئۇنى ئوقيانىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ، بالىنىڭ رەببى بولغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، بىسمىللاھ دەپ ئۇنىڭغا ئېتىپتۇ. ئوق بالىنىڭ چېكىسىگە تېگىپتۇ، ئۇ قولى بىلەن چېكىسىنى تۇتقىنىچە قەھرىمانلارچە شېھىد بولۇپتۇ، كىشىلەر بىز بالىنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىمان ئېيتتۇق!!! دەپ ۋارقىرىشىپتۇ. بىرسى، پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: سەن ھەزەر قىلغان نەرسەڭنى كۆردۈڭمۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەن ھەزەر قىلغان نەرسە يۈز بەردى، كىشىلەر ئىمان ئېيتتى دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ كوچا ئېغىزلىرىغا خەندەك، ئازگال كولاپ، ئوت يېقىشقا بۇيرۇپتۇ، ئوت يالقۇنجاشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ: كىم دىنىدىن يانمايدىكەن، ئۇنى ئوتقا تاشلاڭلار، ئۇلارغا ئوتقا سەكرەڭلار دېيىلسۇن دەپتۇ، ئۇلار شۇنداق قىلىپتۇ. ھەتتا، كىچىك بالىسى بار بىر ئايال كېلىپ، كەينىگە چېكىنگەن ئىكەن، ئوتقا چۈشۈشتىن كەينىگە داجىغاندا، ئۇنىڭ بالىسى تىلغا كېلىپ: ئى ئانا، سەن ھەقنىڭ ئۈستىدە سەۋر قىلغىن دەپ زۇۋان سۈرۈپتۇ. ئەھمەد بىلەن مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. مۇپەسسىر ئالىملار، بۇ سەھىھ ھەدىسنى سۈرە ئوخدۇدنىڭ تەپسىرى قىلغان، جۈملىدىن ئىبنى كەسىر، سەييىد قۇتۇپلار شۇنداق تەپسىر قىلىدۇ، شۇنداقلا بۇ سەھىھ ھەدىسدىن، پەلەستىن قاتارلىق دۆلەتلەردە بىر قىسىم دوكتور ، ئالىملار ھۇجۇم خاراكتېرلىك ئەمەس، مۇداپىئە خاراكتېرلىك جەڭدە ئامال قالمىغاندا ئۆزىنى قوشۇپ پارتىلىتىشقا، دۈشمەننى چېكىندۈرۈشكە دەلىل ئالغان، شۇنداقلا بۇ ھەدىسدە ئەۋلىيالار كارامىتى ھەق ئىكەن، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۆجىزىسىدۇر، ئۇ راھىب ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزگەرتىشىدىن بۇرۇنقى توغرا ئىسلام دىنىدا ئىدى. بۇ ھەدىس رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باشلىرى ھەرىدەلسىمۇ، قوۋۇرغىلىرى تارالسىمۇ، بۇ ئىشلار ئۇلارنى دىنىدىن توسۇپ قالالمىغان دېگەن يۇقىرىقى سەھىھ ھەدىسكە شەرھى، ئىزاھات بولىدۇ، ئاللاھ بىزنى ھەققەتچىلەردىن قىلسۇن! بىزگە ئۆزى ئىگە بولۇپ، ياردەم بەرسۇن! ئامىن!

**4462** ( صحيح ) كان نبي من الأنبياء يخط فمن وافق خطه فذاك ( حم م د ن ) عن معاوية بن الحكم

4462. مۇئاۋىيە، ئىبنى ھەكەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەرلەردىن بىر پەيغەمبەر خەتتات ئىدى، (بەزىلەر ئىدرىس دېيىشىدۇ ) كىمنىڭ خەتتاتلىقى ئۇنىڭ خېتىگە مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، ئۇ شۇنداق بولىدۇ. (يەنى خەتتاتلىقى دۇرۇس بولىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

كان هذا الأمر في حمير فنزعه الله منهم و جعله في قريش و سيعود إليهم ( حم طب ) عن ذي مخمر

4463. زى مىخمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: بۇ ئىش يەنى ھاكىمىيەت، سىرىق تەنلىك ئەھلى كىتابلاردىن ئىبارەت رۇملۇقلاردا ئىدى، ئاللاھ ئۇنى تارتىپ ئېلىۋېلىپ، خەلىپىلىك ھاكىمىيىتى قىلىپ، قۇرەيشلەرگە بەردى، پات يېقىندا ئۇ يەنە ئۇلارغا يەنى رۇم، سىرىق تەنلىكلەرگە قايتىدۇ، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

كانت امرأة من بني إسرائيل قصيرة تمشي مع امرأتين طويلتين فاتخذت رجلين من خشب و خاتما من ذهب مغلفا بطين ثم حشته مسكا و هو أطيب الطيب فمرت بين المرأتين فلم يعرفوها فقالت بيدها هكذا ( م ) عن أبي سعيد

4464. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەنى ئىسرائىلدىن بىر ئايال ناھايىتى پاكار بولۇپ، ئۇ ئېگىز بويلۇق ئىككى ئايالنىڭ ئارىسىدا ماڭاتتى، كېيىن ئۇ ياغاچتىن ئىككى يالغان پۇت ياساپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىچى كاۋاك ئالتۇن ئۈزۈكدىن بىرنى سېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە مىسكە ـ ئەنبەر سېلىپ، كىشىلەرنى پىتنىگە قويدى، مىسكە ـ ئەنبەرنىڭ ئەڭ خۇشپۇراقى ئىدى، ئۇ ئېگىز بويلۇق ئىككى ئايالنىڭ ئارىسىدىن ئۆتسە، كىشىلەر ئۇ ئايالنى تونۇمايتتى، بۇ ئايال مىسكە بار قولى بىلەن مانا مۇشۇنداق ئىشارەت قىلاتتى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. دېمەك ، ئۇلارنىڭ ئاياللىرى يالغان پۇت ياساش، يالغان چاچ ياساپ ئۇلاش، ئۈزۈكگە مىسكە سېلىۋېلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن پىتنە ـ پاسات تېرىپ، ھالاك بولغان.

كانت امرأتان معهما ابناهما جاء الذئب فذهب بابن إحداهما فقالت صاحبتها: إنما ذهب بابنك و قالت الأخرى إنما ذهب بابنك ! فتحاكمتا إلى داود فقضى به للكبرى فخرجتا على سليمان بن داود فأخبرتاه بذلك فقال ائتوني بالسكين أشقه بينهما فقالت الصغرى: لا تفعل يرحمك الله هو ابنها فقضى به للصغرى ( حم م ق ن ) عن أبي هريرة

4465. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى ئايال بىلەن بىللە باللىرى ئويناۋاتاتتى. تۇيۇقسىز بىر بۆرە كېلىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرسىنىڭ بالىسنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ بىرى ھەققەتەن بۆرە سېنىڭ بالاڭنى ئېلىپ كەتتى دېسە، يەنە بىرسى، ئۇ سېنىڭ بالاڭنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى دەيتتى. بۇلار داۋالىشىپ، داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ھۆكۈم تەلەپ قىلىپ كەلدى. داۋۇد ئەلەيھىسسالام بالىنى ئۇ ئىككى ئايالنىڭ چوڭراقىغا ھۆكۈم قىلىپ قويدى، ئۇلار چىقىپ كېتىپ بېرىپ داۋۇدنىڭ ئوغلى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا ئۇچراپ: بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلدى، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ماڭا بىر پىچاق ئەكىلىڭلار، مەن ئۇ بالىنى بۇ ئىككى ئايالغا يېرىپ، بۆلۈپ بېرەي دېدى، بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كىچىك ئايال: ساڭا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، ئۇنداق قىلمىغىن، بۇ بالا ئۇنىڭ ئىدى دېدى، ئاندىن سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بالىسىغا ئىچى ئاغرىتقان بۇ ئانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بالىنى كىچىك ئايالغا بۇيرىدى، ئەھمەد، مۇسلىم، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، ئالىملار بۇ سەھىھ ھەدىسنى «بىز سۇلايمانغا پەھىم ئاتا قىلدۇق» دېگەن ئايەتكە تەپسىر قىلىدۇ، بۇ ئەسەر بىلەن تەپسىرلەش.

كانت بنو إسرائيل تسوسهم الأنبياء كلما هلك نبي خلفه نبي و إنه لا نبي بعدي و سيكون خلفاء فيكثرون قالوا: فما تأمرنا قال: فوا ببيعة الأول فالأول و أعطوهم حقهم الذي جعله الله لهم فإن الله سائلهم عما استرعاهم ( حم ق ه ) عن أبي هريرة

4466. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەنى ئىسرائىللارغا پەيغەمبەرلەر سىياسەت يۈرگۈزۈپ باشقۇراتتى، ھەر قاچان بىر پەيغەمبەر

ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر پەيغەمبەر، خەلىپە، ئىز باسار بولاتتى. ھەققەتەن مەندىن كېيىن قەتئىي پەيغەمبەر يوق، پات يېقىندا خەلىپىلەر بولىدۇ، ئۇلار كۆپىيىپ كېتىدۇ.(نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ كېتىدۇ.) دېگەندىن كېيىن، ئۇلار بىزنى نېمىگە بۇيرىيلا؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئەۋۋەلقىسىنىڭ، ئۇنجىسىنىڭ، ئاندىن يەنە ئۇنجىسىنىڭ بەيئىتىگە ۋاپا قىلىڭلار، ئاللاھتائالا ئۇلار ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن ئۇلارنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىپ بېرىڭلار. (سىلەر ھەققىڭلارنى ئاللاھدىن سوراڭلار) ھەققەتەن ئاللاھتائالا ئۇلاردىن ئۇلارنى پادىچى، باشلىق قىلغان ئىشلاردىن سوراققا تارتىدۇ دېدى. ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4467** ( صحيح ) كانت بنو إسرائيل يغتسلون عراة ينظر بعضهم إلى بعض و كان موسى عليه السلام يغتسل وحده فقالوا: و الله ما يمنع موسى أن يغتسل معنا إلا أنه آدر فذهب مرة يغتسل فوضع ثوبه على حجر ففر الحجر بثوبه فجمح موسى في أثره يقول: ثوبي يا حجر ثوبي يا حجر حتى نظرت بنو إسرائيل إلى موسى فقالوا: و الله ما بموسى من بأس و أخذ ثوبه فطفق بالحجر ضربا ( حم ق ) عن أبي هريرة

4467. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان بولۇپ، سەھىھ. مەزمۇنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا، بەنى ئىسرائىللار تۆھمەت چاپلاپ، ئاندىن تاش ئۇنىڭ كىيىمىنى ئېلىپ قېچىپ، ئاللاھ ئۇنى ئاقلاپ، پاكلىغان ھەدىس بولۇپ، بۇ ھەدىس بىرىنچى قىسىم 2239 ـ ھەدىستە ئۆتكەن، ئۇ جايدا ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن توپلىغان، سەھىھ.

**4468** ( حسن ) كأني أنظر إلى موسى في هذا الوادي محرما بين قطوانتين ( طب ) عن ابن مسعود

4468. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گوياكى مەن مۇشۇ ۋادىدا مۇساغا قاراۋاتىمەن، ئۇ ئىككى ئاق كاسايا ئىچىدە ئېھرام باغلىۋاپتۇ، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن. ئالىملار: مۇشۇنىڭدەك قەبرىدە ناماز ئوقۇغان، كەئبىنى تاۋاپ قىلغان، سۆيەتلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن، سالاملاشقان ھەدىسلەرنى «سەن مۇساغا ئۇچرىششىدىن شەكتە بولمىغىن» دېگەن ئايەتكە تەپسىر قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار مۇنداق دېگەن: ئۇلارنىڭ ھەج قىلىشى، ئۇلار شېھىددىنمۇ ئەۋزەل ھاياتتۇر، ئۇلارنىڭ ئىبادەت قىلىشىنى يىراق سانىغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇلار يەنىلا تېخى ئەمەلنىڭ دۇنياسىدا ھەم ئۇلار رەببىگە يېقىن بولۇشنى خالايدۇ، كىشى قىلىۋاتقان ئىشى ئۇستىدە قويۇرۇلىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى، زىكرى بىلەن دۇئادۇر ياكى بۇ بىر چۈشتۇر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى بىزگە سۆزلەپ بەرگەن ياكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى شۇ ئۇسۇلدا سۆيەتلىگەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھايات ۋاقتىدىكى ئىشلار بولىدۇ ياكى بۇ، ئاللاھ تەرەپتىن ۋەھيي بىلەن بىلدۈرۈلىدۇ، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدىن ئېلىنىدى بۇنى ئىمام نەۋەۋى ئىماندا يازغان، قازى ئىياز سۆزى.

**4469** ( صحيح ) كأني أنظر إليه أسود أفحج ينقضها حجرا حجرا - يعني الكعبة - ( حم خ ) عن ابن عباس

4469. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گوياكى مەن ئۇنىڭغا قاراۋاتىمەن، ئۇنى كۆرۈۋاتىمەن ، ئىنچىكە پاچاق، قارا تەنلىك كىشى كەئبىنى بىر تاشتىن بىر تاشتىن يۇلۇپ ئېلىپ چۇۇۋاتىدۇ، ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ، بۇ تېخى كەلگۈسىدىكى ئالامەتتۇر.

**4470** ( صحيح ) كأني أنظر إلى يونس على ناقة خطامها ليف و عليه جبة من صوف و هو يقول: لبيك اللهم لبيك ( ك ) عن ابن عباس

4470. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گوياكى مەن يۇنۇسقا قاراۋاتىمەن، ئۇنى كۆرۈۋاتىمەن، ئۇ نوقتىسى خورما قوۋزىقىدىن بولغان تۆگە ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ، ئۈستىدە يۇڭدىن بولغان جۇۋا بار ئىكەن، ئۇ لەببەيكە ئاللاھۇممە لەببەيكە!!! دەۋاتىدۇ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، ئىزاھاتى يۇقىرىدا ئۆتتى.

**4471** ( صحيح ) كبر كبر ( حم ق د ) عن سهل ابن أبي حثمة ( حم ) عن رافع بن خديج

4471. سەھلى ئىبنى ئەبۇ ھەسمەت، راپىئىبنى خەدىيجە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇھەييىسەت بىلەن ھۇۋەييىسەت، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا قېرىندىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى توغرىسىدا يەھۇدىيلار ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ كىرگەندە، كىچىك بولسىمۇ، سۆز قىلىشقا تەمشەلگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چوڭدىن، چوڭدىن يەنى سۆز قىلىشنى چوڭ كىشىلەرگە بەر، ئاكاڭغا بەرگىن دېگەن. ئاندىن ئاكىسى ھۇۋەييىسەت سۆز قىلغان. ئەبۇ داۋۇد 3918 ـ ھەدىس، ئەھمەد 15514 ـ ھەدىس، بەيھەقى ۋە باشقا كىتابلاردىمۇ باردۇر، سەھىھ.

**4472** ( صحيح ) كتاب الله القصاص ( حم ق د ن ه ) عن أنس

4472. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەنەس ئىبنى نەزىرنىڭ ھاممىسى رۇبەيئە بىر قىزچاقنىڭ ئۆتتۇر چىشىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ، ئۇلار ئەپۇ قىلىشنى، دىيەت يەنى بەش تۆگە بېرىشنى ئېيتسا، قىزچاقنىڭ ئىگىلىرى ئۇنىماپتۇ. ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىساس ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەنەس ئىبنى نەزىر: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، رۇبەيئىنىڭ چىشى سۇندۇرۇلامدۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ياق ئۇنىڭ چىشىنى سۇندۇرمىسىلا دەپ ئۆتىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ چاغدا: ئى ئەنەس، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان قىساسقا بۇيرۇيدۇ، جىنايەتچى جازالىنىشى لازىم دېگەن. (كېيىن قەۋم ، رازى بولۇپ ئەپۇ قىلىدۇ) شۇ چاغدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە شۇنداق ئىسىل كىشىلەر باركى، ئەگەر ئاللاھقا قەسەم قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ، قەسىمىگە ۋاپا قىلدۇرىدۇ دېگەن. نەسەئى 4676 ـ ھەدىس، بۇخارى 6386 ـ ھەدىس، مۇسلىم 3174 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3979 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2639 ـ ھەدىس، ئەھمەد 12243 ـ ھەدىس. بەيھەقىمۇ توپلىغان. سەھىھ.

كتاب الله هو حبل الله الممدود من السماء إلى الأرض ( ش ابن جرير ) عن أبي سعيد

4473. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان، ئاسماندىن زېمىنغا ئۇزۇن سوزۇلغان، ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىدۇر، ئەبۇ شەيبە، ئىبنى جەرير تەبري توپلىغان. سەھىھ. بىز بۇ ئارغامچىغا مەھكەم ئېسىلىپ، يۇقىرىغا ئۆرلىشىمىز لازىم.

**4474** ( صحيح ) كتب الله تعالى مقادير الخلائق قبل أن يخلق السموات و الأرض بخمسين ألف سنة و عرشه على الماء ( م ) عن ابن عمرو

4474. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا خالايىقلارنىڭ، مەخلۇقلارنىڭ تەقدىرلىرىنى ئاسمان ـ زېمىننى يارىتىشتىن 50000 يىل بۇرۇنلا يېزىپ بولغان. ۋەھالەنكى،ئاللاھنىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى. مۇسلىم توپلىغان. سەھىھ.

كتب ربكم على نفسه بيده قبل أن يخلق الخلق: رحمتي سبقت غضبي ( ه ) عن أبي هريرة

4475. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەببىڭلار بارلىق مەخلۇقلارنى يارىتىشتىن بۇرۇن ئۆز قولى بىلەن ئۆز ئۆزىگە مۇنداق يازغان ئىدى: رەھمىتىم غەزىپىمدىن ئىلگىرىلەپ كەتتى، رەھمىتىم غالىب كەلدى، رەھمىتىم غەزىپىمدىن ئۈستۈندۇر. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

كتب على ابن آدم نصيبه من الزنا مدرك ذلك لا محالة فالعينان زناهما النظر و الأذنان زناهما الاستماع و اللسان زناه الكلام و اليد زناها البطش و الرجل زناها الخطا و القلب يهوى و يتمنى و يصدق ذلك الفرج و يكذبه ( م ) عن أبي هريرة

4476. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسىغا ئۇنىڭ زىنادىن بولغان نېسىۋىسى پۈتۈلۈپ بولدى، ئۇ ئۇنى شەكسىز تاپىدۇ، (چۈنكى ئۇ، ئاللاھ تەرىپىدىن ئالدىن بىلىنىپ پۈتۈلگەن نېمىنى پۈتىدۇ؟ شۇ ئىشنى قىلغاندىن كېيىن بىلىپ پۈتىدۇ) ئىككى كۆزنىڭ زىناسى ھارامغا قاراش، ئىككى قۇلاقنىڭ زىناسى ئاڭلاش، تىلنىڭ زىناسى ھارامغا تەلەپ قويۇپ سۆزلەش، قولنىڭ زىناسى تۇتۇش، پۇتنىڭ زىناسى ھارامغا مېڭىشتۇر، قەلب ئىشتىھا قىلىپ، ھاۋايى ـ ھەۋەستە ئارزۇ قىلىدۇ، شۇلارنى بولسا، پەرەج، ئەۋرەت تەستىقلاپ، راستقا چىقىرىدۇ ياكى يالغانغا چىقىرىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، سىز خالاپ، ئىختىيارىڭىز بىلەن قىلغان ئىشلارنى ئالدىن بىلىپ يېزىپ قويىدۇ ،گۇناھى كەبىرىدىن(چوڭ گۇناھلاردىن) يىراق بولسا ، گۇناھى سەغىيرىلىرىنى (كىچىك گۇناھلىرىنى) ئەپۇ قىلىدۇ. مانا بۇ يالغانغا، يوققا چىقىرىشتۇر.

**4477** ( صحيح ) كخ كخ ارم بها أما شعرت أنا لا نأكل الصدقة ؟ ( ق م ) عن أبي هريرة

4477. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سەدىقە خورمىسىدىن بىر تال ئېلىپ، ئاغزىغا ئاپارغىنىنى كۆرۈپ، پارس تىلى بىلەن كايىپ تۇرۇپ:كىخ، كىخ يەنى هاي! ئۇنى تاشلا! ھەقىقەتەن بىزنىڭ سەدىقە ،زاكات يېمەيدىغىنىمىزنى سەن بىلمەمسەن؟ دېگەن. مۇسلىم 1778 ـ ھەدىس، بۇخارى، ئەھمەد 8899 ـ ھەدىس،بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4478** ( صحيح ) كسر عظم الميت ككسره حيا ( حم د ه ) عن عائشة

4478. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېيىتنىڭ سۆڭىكىنى سۇندۇرۇۋېتىش، ئۇ ھايات چاغدا سۆڭىكىنى سۇندۇرغانغا ئوخشاشتۇر. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار شۇنداق گۇناھكار بولىدۇ ھەم مېيىت ئازار يەپ ئازابلىنىدۇ دېگەن.

**4479** ( صحيح ) كفى إثما أن تحبس عمن تملك قوته ( م ) عن ابن عمرو

4479. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن قۇۋۋىتىگە، يېمەك ـ ئىچمەكلىرىگە ئىگە بولغان كىشىدىن ئۇنىڭ ھەققىنى مەھبۇس قىلىپ توختىتىپ قويۇشۇڭ، ساڭا گۇناھ جەھەتتىن يېتەرلىكتۇر. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4480** ( صحيح ) كفى بالمرء إثما أن يحدث بكل ما يسمع ( د ك ) عن أبي هريرة

4480. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ ئاڭلىغانلىكى نەرسىسىنى سۆزلەپ يۈرۈشى، ئۇنىڭغا گۇناھ جەھەتتە يېتەرلىكتۇر،

كۆپايدۇر. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4481** ( حسن ) كفى بالمرء إثما أن يضيع من يقوت ( حم د ك هق ) عن ابن عمرو

4481. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ، يېمەك ـ ئىچمەك قۇۋۋەتلىرىگە ئىگە بولغان كىشىنىڭ ھەققىنى زايا قىلىۋېتىشى، ئۇنىڭغا گۇناھ بولۇشتا يېتەرلىك، كۇپايىدۇر. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4482** ( صحيح ) كفى بالمرء كذبا أن يحدث بكل ما سمع ( م ) عن أبي هريرة

4482. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ ئاڭلىغانلىكى نەرسىنى سۆزلەپ يۈرۈشى، ئۇنىڭغا يالغانچىلىقتا كۇپايە، يېتەرلىكتۇر، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4483** ( صحيح ) كفى ببارقة السيوف على رأسه فتنة ( ن ) عن رجل

4483. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىر كىشى: مۆئمىنلەر قەبرىسىدە سوراق ـ سوئال ۋە ئازاب پىتنىسىگە قالىدىكەن، شېھىد ئۇنداق بولمايدىكەن، بۇ نېمە ئۈچۈن دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنىڭ بېشىدا قىلىچلارنىڭ نۇر چاقنىتىپ ئوينىتىلىشى، شېھىد بولغان كىشىگە پىتنە، سىناق جەھەتتىن كۇپايە، يېتەرلىك دېگەن. نەسەئى 2026 ـ ھەدىس، سەھىھ.

كفاك الحية ضربة بالسوط أصبتها أم أخطأتها ( الدارقطني في الأفراد هق ) عن أبي هريرة

4484. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يىلانغا ھۇجۇم قىلىشىڭدا، توغرا تەگكۈزگىن ياكى خاتا تەگكۈزگىن، قامچا بىلەن بىرنى ئۇرۇشۇڭ، ساڭا باتۇرلۇقتا يېتەرلىك، كۇپايىدۇر. دارىقۇتنى، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن. بۇ ھەدىس، يىلاننىڭ كىيىن قايتىپ كېلىپ قىساس ئېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلەرگە رەددىيە ئۈچۈن دېيىلگەن.

**4485** ( حسن ) كفر بالله تبرؤ من نسب و إن دق ( البزار ) عن أبي بكر رضي الله عنه

4485. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گەرچە كىچىك، ھاقارەتلىك سانىلىدىغان نەسەب بولسىمۇ، نەسەبىدىن تېنىۋېلىپ، بىزار بولۇش، ئاللاھتائالاغا كاپىر بولۇشتۇر. بەزار توپلىغان، ھەسەن. يەنى، ئاللاھنىڭ قىلىپ بەرگەن نەسەبىدىن ئىبارەت نېمىتىگە كۇفرىلىق قىلىشتۇر، ياكى كىچىك كۇفرىلىقتۇر.

**4486** ( حسن ) كفر بامرئ ادعاء نسب لا يعرف أو جحده و إن دق ( ه ) عن ابن عمرو

4486. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ ئۆزى تونۇمايدىغان، بىلمەيدىغان نەسەبنى داۋا قىلىشى ياكى گەرچە ھاقارەتلىك كىچىك سانالسىمۇ، نەسەبكە تېنىۋېلىشى كۇفرىلىقتۇر. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**4487** ( صحيح ) كفارة المجلس أن يقول العبد: سبحانك اللهم و بحمدك أشهد أن لا إله إلا أنت وحدك لا شريك لك أستغفرك و أتوب إليك ( طب ) عن ابن عمرو وعن ابن مسعود

4487. ئىبنى ئەمرۇ، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

www.uyghurkitap.com

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەجلىسدىكى خاتالىقلارنىڭ كاپارىتى، بەندىنىڭ مۇنداق دېيىشىدۇر: ئى ئاللاھ، سىلى پاك، مەن سىلىگە ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمەن، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ھەقىقەتەن سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سىلى تەنھا، يالغۇز، شېرىكلىرى يوق، مەن سىلىگە تەۋبە قىلىمەن، گۇناھلىرىمنىڭ كەچۈرۈم بولۇشىنى سىلىدىن سوراپ، ئىستىغفار ئېيتىمەن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4488** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع تعليق على حديث رقم: **5862**كفارة النذر ( إذا لم يسم ) كفارة يمين ( حم م **3** ) عن عقبة بن عامر

4488. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (ئىسمىنى ئېنىق ئاتىمىغان) نەزىر ۋەدىسىنىڭ ۋاپا قىلالمىغاندىكى كاپارىتى، قەسەمنىڭ كاپارىتىدۇر، (يەنى، ۋەدە نەزىرنىڭ كاپارىتى، قەسەمنىڭ كاپارىتى بولۇپ، ئون مىسكىنگە بىر ۋاق تائام بېرىدۇ، ياكى كىيىم ـ كېچەك ئېتىپ بېرىدۇ، ياكى ئۈچ كۈن روزا تۇتىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم، ۋە ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

كفارات الخطايا: إسباغ الوضوء على المكاره و إعمال الأقدام إلى المساجد و انتظار الصلاة بعد الصلاة ( ه ) عن أبي هريرة

4489. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خاتالىقلارنىڭ كاپارىتى، يەنى ئۆچۈرۈلۈشى، مۇشەققەتلىك چاغلاردىمۇ تاھارەتنى كامىل ئېلىش، قەدەملەرنى مەسجىدلەرگە ماڭغۇزۇش يەنى جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش، نامازدىن كېيىن يەنە بىر نامازنى ساقلاپ، ئىنتىزار بولۇشتۇر. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

كف شرك عن الناس فإنها صدقة منك على نفسك ( ابن أبي الدنيا في الصمت ) عن أبي ذر

4490. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەردىن يامانلىقىڭنى يىغىپ توسقىن، يەنى يامانلىق قىلما، چۈنكى، شۇنىڭ ئۆزىلا سەن تەرەپتىن ئۆزۈڭگە قىلىنغان سەدىقە. ئىبنى ئەبۇددۇنيا توپلىغان، سەھىھ. سەدىقە بولۇشى، كىشىلەر زىيانىدىن ساقلاندى، ئۇمۇ گۇناھتىن ساقلاندى.

**4491** ( حسن ) كف عنا جشاءك فإن أكثرهم شبعا في الدنيا أطولهم جوعا يوم القيامة ( ت ه ) عن ابن عمر

4491. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا كېكىردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە: كېكىرىشىڭنى بىزدىن توسۇپ، يىراق قىل، ھەقىقەتەن بۇ دۇنيادا كۆپ ھاللاردا قورسىقى توق يۈرگەن كىشى قىيامەت كۈنى ئاچلىقى ئەڭ ئۇزۇن بولىدىغان كىشىدۇر دېگەن. تىرمىزى 2402 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3341 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**4492** ( صحيح ) كفوا صبيانكم عند العشاء فإن للجن انتشارا و خطفة ( د ) عن جابر

4492. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەبىي باللىرىڭلارنى كەچ كىرگەندە توسۇپ سىرتقا چىقارماڭلار. چۈنكى، شۇ چاغدا جىنلار كەڭ تارقىلىدۇ، ئوغرىلىقچە سۆز تىڭشايدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **4193** كل الثوم ( نيئا فلولا أني أناجي الملك لأكلته ) ( حل أبو بكر في الغيلانيات ) عن علي

4493. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سامساقنى يېگىن. ئەگەر مەن پەرىشتە بىلەن مۇناجات قىلىشمايدىغان بولسام، مەنمۇ يېگەن بولاتتىم. ئەبۇ نۇئەيم، ئەبۇ بەكرى توپلىغان، سەھىھ، خام بولسىمۇ يېگىن دېگەننى ئەلبانى زەئىپ دېگەن، چۈنكى، سەھىھ ھەدىستە سامساق، پىيازنى پىشۇرۇپ يېيىش، خام يېمەسلىك تەكىتلەنگەن، بۇخارىنىڭ 807ـ ھەدىستە سامساقنى خام يېيىشتىن توسقان.

كل فلعمري لمن أكل برقية باطل لقد أكلت برقية حق ( حم د ك ) عن علاقة بن صحار

4494. ئەلاقەت ئىبنى سەھار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ قېشىغا، باغلاقتىكى بىر ئەقلىدىن ئاداشقان كىشىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەلاقەت ئۇنىڭغا ئۈچ كۈن سۈرە فاتىھە بىلەن ئەتىگەن ـ ئاخشام ئايىتى شىپا قىلىپ، ھەر قېتىم بۇ سۈرىنى تامام قىلغاندا تۈكۈرۈكىنى يىغىپ تۈكۈرىدۇ، ئۇ كىشى خۇددى باغلاقدىن بوشانغاندەك، تېزلا ساقىيىپ كېتىدۇ. ئۇلار، ئەلاقەگە بىر نەرسە بېرىدۇ، ئۇ كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەن ئۇ نەرسىلەرنى يېگىن، ئۆمرۈم بىلەن قەسەمكى، باشقا كىشىلەر باتىل، خاتا ئايىتى شىپالارنى ئوقۇپ يەيدۇ، لېكىن سەن، ھەققەتەن ھەق، توغرا ئايىتى شىپا بىلەن يېدىڭ دېگەن. ئەبۇ داۋۇد 2966 ـ ھەدىس، ئەھمەد 2083 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

4495 ( صحيح ) كل ما ردت عليك قوسك ( حم ) عن عقبة بن عامر وحذيفة بن اليمان ( حم د ) عن ابن عمرو ( ه ) عن أبي ثعلبة الخشني

4495. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر، ھۇزەيفە ئىبنى ئەمرۇ، ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوقيارىڭ ساڭا قايتۇرۇپ ئەكەلگەن نەرسىنى يېگىن.( يەنى بىسمىللاھ دەپ ئوق ئاتقان نەرسە ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، ئۇنى يېگىن.) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

4496 ( صحيح ) كل ما فرى الأوداج ما لم يكن قرض سن أو حز ظفر ( طب ) عن أبي أمامة

4496. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (ئاللاھنىڭ ئىسمى ئەسلىنىپ بوغۇزلانسا ھالال بولىدىغان) ھەر قانداق ھايۋاننىڭ بويىندىكى جان تومۇرى ئۈزۈلسە يېگىن، پەقەت ئۇ چىش ياكى تىرناق بىلەن كېسىلگەن، ئۈزۈلگەن بولمىسىلا شۇنداق، (بۇ ئىككىسى توغرىسىدا بۇخارىينىڭ 2308 ـ ھەدىسىدە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: چىش بولسا، سۆڭەك، تىرناق بولسا، ھەبەشىيلەرنىڭ پىچىقى دېگەن. بۇ ھەدىستىمۇ مۇشۇ ئىككى نەرسىدىن باشقا نەرسە قانى تۆكسە، ئاللاھ ئەسلەنسە، يېيىشكە بۇيرۇغان) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

كل من مال يتيمك غير مسرف و لا مبذر و لا متأثل مالا و لا تقى مالك بماله ( ت ن ه ) عن ابن عمرو

4497. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى كېلىپ، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مېنىڭ ھېچ نەرسەم يوق، لېكىن، ئۆيۈمدە بىر مېلى بار يېتىم بار دەپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سەن ئۇ يېتىمنىڭ مېلىدىن ئىسراپ قىلماي، بۇزۇپ ـ چاچماي مالنى ئېلىۋالماي مالنى يوشۇرۇن تىقىۋالماي يەپ تۇرغىن، ئۇ يېتىمنىڭ مېلى بىلەن ئۆزۈڭنىڭ مېلىنى ساقلاپ قالماي، ئۆزۈڭنىڭكىنىمۇ يېگىن دېگەن . ئىبنى ماجە 2709 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2488 ـ ھەدىس، كىيىن يېتىمگە قەرزنى قايتۇرىدۇ.

4498 ( صحيح ) كلوا الزيت و ادهنوا به فإنه من شجرة مباركة ( ت ) عن عمر ( حم ت ك ) عن أبي أسيد

4498. ئۆمەر، ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زەيتۇن يېغىدىن يەڭلار، ئۇنىڭ بىلەن ياغلاپ خۇشپۇراق قىلىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ ياغ، مۇبارەك، بەرىكەتلىك دەرەختىن ئېلىنىدۇ. تىرمىزى، ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4499** ( صحيح ) كلوا بسم الله من حواليها و أعفوا رأسها فإن البركة تأتيها من فوقها ( ه ) عن واثلة

4499. ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىسمىللاھ دەپ چۆرىسىدىن، ئەتراپىدىن يەڭلار. ئۈستىنى، ئوتتۇرىنى قويۇپ يەڭلار، ھەقىقەتەن بەرىكەت، ئۇ تائامغا ئۈستىدىن ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4500** ( حسن ) كلوا جميعا و لا تفرقوا فإن البركة مع الجماعة ( ه ) عن عمر

4500. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەممىڭلار بىرلىشىپ يەڭلار، مۇتەپەررىق بولماڭلار، ئايرىم - ئايرىم يېمەڭلار. چۈنكى، بەرىكەت جامائەت بىلەن بىللە بولىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

كلوا جميعا و لا تفرقوا فإن طعام الواحد يكفي الاثنين و طعام الاثنين يكفي الثلاثة و الأربعة كلوا جميعا و لا تفرقوا فإن البركة في الجماعة ( العسكري في المواعظ ) عن عمر

4501. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تارقاپ كەتمەي بىرلىشىپ يەڭلار. چۈنكى، بىر كىشىنىڭ تائامى ئىككى كىشىگە، ئىككى كىشىلىك تائام ئۈچ كىشىگە، ھەتتا تۆت كىشىگە كۇپايە بولىدۇ. ئايرىلىپ كەتمەي، بىرلىشىپ ھەممىڭلار بىللە يەڭلار، بەرىكەت جامائەت ئىچىدە بولىدۇ. ئەسكەرى توپلىغان، ھەسەن. بۇ سەپەر ۋاقتى بولۇشى مۇمكىن، ياكى بۇ بۇيرۇق، مۇستەھەپ، يول كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. چۈنكى، 24 - سۈرە نۇرنىڭ 64 - ئايىتىدە «سىلەر توپلىشىپ يېسەڭلارمۇ ياكى يەككە يېسەڭلارمۇ گۇناھ يوقتۇر» دېيىلگەن.

كلوا في القصعة من جوانبها و لا تأكلوا من وسطها فإن البركة تنزل في وسطها ( حم هق ) عن ابن عباس

4502. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر قاچا، لىگەننىڭ ئەتراپىدىن يەڭلار، ئوتتۇرىدىن يېمەي تۇرۇڭلار، چۈنكى، بەرىكەت ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئوتتۇرىدىن بەرىكەت بىلەن بىللە يەڭلار.

**4503** ( صحيح ) كلوا لحوم الأضاحي و ادخروا ( حم ك ) عن أبي سعيد وقتادة بن النعمان

4503. ئەبۇ سەئىد، قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مانا ئەمدى قۇربانلىقنىڭ گۆشلىرىنى يەڭلار. ساقلاش ئۈچۈن ئېلىپمۇ قويۇڭلار. «بۇ كېيىنكى بۇيرۇقتۇر» ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

كلوا من حواليها و ذروا ذروتها يبارك فيها ( د ه ) عن عبدالله بن بسر

4504. ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چۆرىسىدىن، ئەتراپىدىن يەپ، ئۈستىنى، ئوتتۇرىنى قالدۇرۇپ تۇرۇڭلار. بەرىكەت شۇ جايغا بېرىلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

كلوا و اشربوا و تصدقوا و البسوا في غير إسراف و لا مخيلة ( حم ن ه ك ) عن ابن عمرو

4505. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ئىسراپ قىلماي بۇزۇپ ـ چاچماي، كىبىر قىلماي يەپ ـ ئىچىڭلار، كىيىڭلار، سەدىقىمۇ قىلىڭلار. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن. (پۇتۇن مال ـ مۈلۈكنى ھەق يولدا تۈگەتسە، ئىسراپ بولماس، بىر تىيىن بىر سىنتنى ناھەق، باتىل يولغا بەرسە ئىسراپ بولۇر).

كلوا و اشربوا و لا يهيدنكم الساطع المصعد فكلوا و اشربوا حتى يعترض لكم الأحمر ( د ت ) عن طلق

4506. تەلەق ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر زوھۇرلۇقنى يەپ ـ ئىچىڭلار، سىلەرنى يەپ ـ ئىچىشتىن كېچە قاراڭغۇلۇقى ئەمدىلا ئاشكارا بولغاندىكى كۆچلۈك ئاق نۇر توسۇپ قويمىسۇن، سىلەرگە قىزىللىق، سۇبھى ئاشكارا بولمىغۇچە يەپ ـ ئىچسەڭلار بولىدۇ، (ناماز دۇرۇس بولىدىغان سۇبھىدە يەپ ئىچىش مەنئى قىلىندۇ). تىرمىزى 639 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2001 ـ ھەدىس، ھەسەن.

كلوه و من أكل منكم فلا يقرب هذا المسجد حتى يذهب ريحه منه – يعني الثوم – ( د حب ) عن أبي سعيد

4507.ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سامساقنى پىشۇرۇپ يەڭلار، سىلەردىن كىم (خام)سامساقنى يەپ قالسا، ئۇنىڭدىن سامساقنىڭ سېسىق پۇرىقى يوقاپ كەتكەنگە قەدەر بۇ مەسجىدىمىزدىن يىراق تۇرسۇن، يېقىنلاشمىسۇن.ئەبۇ داۋۇد،ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

كل ابن آدم يأكله التراب إلا عجب الذنب منه خلق و منه يركب ( م د ه ) عن أبي هريرة

4508. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم باللىسىنىڭ جەسەدلىرىنىڭ ھەممە يېرىنى تۇپراق يەپ كېتىدۇ، پەقەت توققۇز كۆزنىڭ ئاخىرىدىكى قۇيرۇق سۆڭىكىنى تۇپراق چىرىتىپ يېيەلمەيدۇ، ئادەم باللىسى شۇ سۆڭەكدىن يارالغان، يەنە شۇ سۆڭەكدىن قۇراشتۇرۇلىدۇ، يەنى تىرىلدۈرۈلىدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان. بۇ سەھىھ ھەدىس، مۆجىزىدۇر، سەھىھ.

كل المسلم على المسلم حرام ماله و عرضه و دمه حسب امرئ من الشر أن يحقر أخاه المسلم ( د ه ) عن أبي هريرة

4509. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ مېلى، جېنى، قېنى، يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆكۈش يەنە بىر مۇسۇلمانغا ھارام. كىشىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ھاقارەتلىشى، ئۇ كىشىگە يامانلىقدىن يېتەرلىك كۇپايىدۇر. يەنى، مۇسۇلماننى ھاقارەتلەش، يامانلىققا كۇپايە، ئۇ ئەڭ يامان ئىشتۇر، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4510** ( صحيح ) كل امرء في ظل صدقته حتى يقضى بين الناس ( حم ك ) عن عقبة بن عامر

4510. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر ئىنسان، قىيامەت كۈنى كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىنىپ بولغىچە، ئۆز سەدىقىسىنىڭ سايىسىدا سايىداپ تۇرىدۇ. ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4511** ( حسن ) كل امرئ مهيأ لما خلق له ( حم طب ك ) عن أبي الدرداء

4511. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر ئىنسان ئۆزى يارىتىلغان ئەمەللەرگە تەييار قىلىنغاندۇر. (بۇ ھەدىسنى ھەممە ئىشلار



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى

تەقدىردە يېزىلىپ بولسا، ئەمەلنىڭ نېمە ئۇشى؟ دېگەندە دېگەن بولۇپ، ئەمەللەر شۇ كىشى يارىتىلغان نەرسە بولۇپ، ھەممىسىگە شۇ نەرسە ئاسان قىلىنىدۇ، ئاللاھ ئالدىن بىلىپ، شۇ ئەمەللەرنى مۇشۇ بەندە قىلىدۇ دەپ يارىتىدۇ، يازغىنىمۇ ئەلۋەتتە شۇ كىشىنىڭ ئەمەللىرىدۇر، يوق نەرسىنى يېزىپ قويمايدۇ، مانا ئەمدى بىزگە يېزىلىپ بولغان نەرسىنى قىلغاندەك كۆرۈنىدۇ، يارالغان بىر كىشى شۇ ئەمەلگە يارىتىلىدۇ، چۈنكى، ئۇنى، ئاللاھ ئالدىن بىلىپ تۇرۇپ يارىتىدۇ، ئاندىن ئۇ يا دوۋزاخقا يا جەننەتكە يارىتىلىدۇ، ئاللاھ بۇنى ئالدىن بىلىدۇ. بىلىشى، يارىتىشىدىن توسسا بولمايدۇ، كىشىلەر ئىككى پىرقە بولىدۇ. ئاللاھ، پەرۋا قىلمايدۇ، چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلىپ ياراتقان، ھەم يېزىپ بولغان، سىز ئۇ كىتابقا قارىۋالماي، كىرامەن ـ كاتىبىينىگە يازدۇرۇشنى بىلىڭ، ياخشى مۆئمىن مۇتتەقى بولۇڭ ». ئەھمەد 26215 ـ ھەدىس، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

كل أمتي معافى إلا المجاهرين و إن من الجهار أن يعمل الرجل بالليل عملا ثم يصبح و قد ستره الله تعالى فيقول: عملت البارحة كذا و كذا و قد بات يستره ربه و يصبح يكشف ستر الله عنه ( ق ) عن أبي هريرة

4512. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ ھەممىسى ئەيىۇ قىلىنىپ ساقلىنىدۇ، لېكىن، جەھرىچى، ئۆزىنى ئاشكارىلىغۇچىلار ئەيىۇ قىلىنمايدۇ، ھەقىقەتەن ئۇ ئاشكارىلاش بولسا، كىشى كېچىسى بىر يامان ئەمەلنى قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ، ئاللاھتائالا ئۇنى ياپقان، پەردىلىگەن ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزىدۇ، ئۇ: مەن دېگەن بۈگۈن كېچە مۇنداق ـ مۇنداق ئەمەللەرنى قىلىۋەتتىم دەپ، گۇناھىنى ئاشكارىلايدۇ. ئۇ كېچىنى، رەببى ئۇنى پەردىلەپ گۇناھىنى يېپىپ ئۆتكۈزگەن ئىدى، تاڭ ئاتقۇزۇپلا ئاللاھنىڭ پەردىسىنى ئېچىپ تاشلىدى، ئۇنى قانداقمۇ ئەيىۇ قىلىپ كەچۈرسۇن؟ بەيھەقىيلار توپلىغان، سەھىھ.

كل أمتي يدخلون الجنة إلا من أبى من أطاعني دخل الجنة و من عصاني فقد أبى ( خ ) عن أبي هريرة

4513. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇممىتىمنىڭ ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ. لېكىن، ئۇنىمىغان كىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىم ماڭا ئىتائەت قىلسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ؛ كىم ماڭا ئاسىيلىق قىلسا، ئۇ جەننەتكە كىرىشكە ئۇنىمىغان بولىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

كل أهل الجنة يرى مقعده من النار فيقول: لولا أن الله هداني فيكون له شكر و كل أهل النار يرى مقعده من الجنة فيقول: لو أن الله هداني فيكون عليه حسرة ( حم ك ) عن أبي هريرة

4514. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلىنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ دوۋزاخدىكى ئورنىنى كۆرىدۇ ، ئاندىن ئۇ ئەگەر مېنى ئاللاھ ھىدايەت قىلمىغان بولسا، مەن بۇ جەننەتكە كىرەلمەيتتىم دەيدۇ ـ دە، بۇ ئۇنىڭ ئۇچۈن شۈكرى بولىدۇ. دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ھەممىسى، ئۆزىنىڭ جەننەتتىكى ئورنىنى كۆرىدۇ. ئاندىن ئۇ: ھەي! كاشكى مېنى ئاللاھ ھىدايەت قىلغان بولسا دەپ قالىدۇ، بۇ ئۇنىڭغا ھەسرەت بولىدۇ. (بۇ دۇنيادا ھىدايەتنى قوبۇل قىلماي، كىبىر قىلغان ئىدى). ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**4515** ( حسن ) كل بني آدم خطاء و خير الخطائين التوابون ( حم ت ه ك ) عن أنس

4515. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم باللىرىنىڭ ھەممىسى خاتالاشقۇچىدۇر، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلاردۇر. ئەھمەد ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4516** ( صحيح ) كل بني آدم يطعن الشيطان في جنبيه بإصبعه حين يولد غير عيسى ابن مريم ذهب يطعن فطعن في الحجاب ( خ ) عن أبي هريرة

4516. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەريەم ئوغلى ئەيسادىن باشقا بارلىق ئادەم باللىرىنىڭ ھەممىسى تۇغۇلغان چاغدا، شەيتان بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ يېنىنى، بىقىنىنى چىمدىپ، ئازار بېرىپ يىغلىتىدۇ. شەيتان ئەيسانى چىمدىشقا باشلىغاندا، پەردە، ھىجاپ ئىچىدە چىمدىدى. لېكىن، ئەيسانى ھەقىقى چىمدىپ ئازار بېرىپ يىغلىتالمىدى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

كل بني آدم يمسه الشيطان يوم ولدته أمه إلا مريم و ابنها ( م ) عن أبي هريرة

4517. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم باللىرىنىڭ ھەممىسىگە ئانىسى تۇغقان كۈنى شەيتان چىمدىپ چېقىلىدۇ. لېكىن، مەريەم بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. (شەيتان بۇلارغا چېقىلالمايدۇ، بۇ سۈرە ئال ئىمراندا بار بولۇپ، مەريەمنىڭ ئانىسى ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىگەن.) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4518** ( صحيح ) كل بيعين لا بيع بينهما حتى يتفرقا إلا بيع الخيار ( حم ق ن ) عن ابن عمر

4518. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق ئېلىپ ـ ساتقۇچى ئىككى كىشى سودا قىلغان نەرخ مەيداندىن بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمىگۈچە، قايتا سودا قىلىشى دۇرۇس ئەمەس، سودىسىمۇ ۋاجىپ ئەمەس.( يەنى ئالغۇچى ساتقۇچىغا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماي تۇرۇپلا، شۇ جايدا، يەنە ساتسا بۇ دۇرۇس ئەمەس، ياكى ئىككى كىشى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمىگۈچە سودىسى ۋاجىپ بولمايدۇ) ئايرىلىپ كەتسە سودا مۇقىم بولىدۇ. (چۈنكى، ئايرىلماي تۇرغاچقا، ساتقۇچى ئىختىيارلىقتا بولىدۇ، خالىسا ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى سېتىۋالمىسىمۇ، قايتۇرۇۋالسا بولىدۇ) لېكىن، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتسە، ياكى ئىختىيارلىق سودىسى قىلىشسا، بۇ چاغدا بەيئى ۋاجىپ بولۇپ ، سودا قىلىشسا دۇرۇس بولىدۇ. (چۈنكى، ئايرىلىپ كەتسە، ئىختىيارلىق تۈگەيدۇ، ئاندىن ئۆزى ساتقان نەرسىنى ئۆزى سېتىۋالىدۇ، ياكى ئىختىيارلىق بېرىشىپ، سودا قىلغان بولسا، قايتا سودا قىلىشسا بولىدۇ، چۈنكى، ئىختىيار بار). نەسەئى 4399 ـ ھەدىس، بۇخارى 1971 ـ ھەدىس، مۇسلىم 2822 ـ ھەدىس، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ، ئەھمەد ، دارمى، بەيھەقىيلار توپلىغان، سەھىھ.

**4519** ( صحيح ) كل جسد نبت من سحت فالنار أولى به ( طب حل ) عن أبي بكر

4519. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھارامدىن ئۆسكەن ھەر قانداق گۆشكە دوۋزاخ ئوتى لايىقتۇر، ھەقلىقتۇر. تەبرانى بىلەن ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ. ھارام يېسە، قوشلاپ زىيان بولىدۇ، ئىبادەت قوبۇل بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دوۋزاختا كىرىدۇ.

**4520** ( صحيح ) كل خطبة ليس فيها تشهد فهي كاليد الجذماء ( د ) عن أبي هريرة

4520. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: تەشەھھۇد يەنى شاھادەت كەلىمىسى ئوقۇلمىغان ھەر قانداق خۇتبە چولاق قولغا ئوخشايدۇ، يەنى ناقىستۇر. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

كل خطوة يخطوها أحدكم إلى الصلاة يكتب له بها حسنة و يمحى عنه بها سيئة ( حم ) عن أبي هريرة

4521. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ نامازغا مەسجىدكە ماڭغان ھەر بىر قەدىمىگە بىر ياخشىلىق يېزىلىپ، ئۇ كىشىدىن بىر يامانلىق ئۆچۈرۈلىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**4522** ( صحيح ) كل خلق الله تعالى حسن ( حم طب ) عن الشريد بن سويد

4522. شەرىد ئىبنى سۇەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالانىڭ مەخلۇقلىرىنىڭ ھەممىسى گۈزەلدۇر. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

كل دعاء محجوب حتى يصلي على النبي صلى الله عليه وسلم ( فر ) عن أنس ( هب ) عن علي موقوفا

4523. ئەنەس، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق دۇئا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت، سالام يوللىمىغۇچە پەردىلىنىپ قالىدۇ. يەنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەيدۇ، ئىجابەت بولمايدۇ. دەيلەمى، فىردەۋس، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن، بەزىلەر بۇ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى، ھەدىس مەۋقۇپ دېگەن.

كل ذنب عسى الله أن يغفره إلا من مات مشركا أو قتل مؤمنا متعمدا ( د ) عن أبي الدرداء ( حم ن ك ) عن معاوية

4524. ئەبۇدەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گۇناھنىڭ ھەممىسىنى، ئاللاھ مەغپىرەت قىلىشى، كەچۈرۈشى مۇمكىن، لېكىن، مۇشرىك ھالەتتە يەنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنى ياكى مۆئمىننى قەستەن ئۆلتۈرگەن كىشىنى ئاللاھ مەغپىرەت قىلمايدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4525** ( صحيح ) كل ذي ناب من السباع فأكله حرام ( م ن ) عن أبي هريرة

4525. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق مەگەنلىك، يىرتقۇچ، گۆشخور ھايۋانلارنى يېيىش ھارامدۇر. (مەسىلەن: شىر، يولۋاس، ئىت، بۆرە، مۈشۈك قاتارلىق.) مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4526** ( صحيح ) كل راع مسئول عن رعيته ( خط ) عن أنس

4526. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق پادىچى يەنى باش بولغۇچى ئۆز پادىسىدىن پادىلىقىدىن يەنى باش بولغان ئىشىدىن باش بولغان قەۋمى توغرىسىدىن سوراققا تارتىلىدۇ. خەتىيبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

كل سبب و نسب منقطع يوم القيامة إلا سببي و نسبي ( طب ك هق ) عن عمر ( طب ) عن ابن عباس والمسور

4527. ئۆمەر ئىبنى ئابباس مىسۋەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ھەر قانداق سەۋەب، نەسەب ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، لېكىن، مېنىڭ سەۋەبىم، مېنىڭ نەسەبىم ئۈزۈلۈپ كەتمەيدۇ. (سەۋەب دېگىنى ، قۇدا - باجىلىق) تەبرانى، ھاكىم،

بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

كل سلامى من الناس عليه صدقة كل يوم تطلع فيه الشمس تعدل بين الاثنين صدقة و تعين الرجل على دابته فيحمل عليها أو ترفع له عليها متاعه صدقة و الكلمة الطيبة صدقة و كل خطوة تخطوها إلى الصلاة صدقة و دل الطريق صدقة و تميط الأذى عن الطريق صدقة ( حم ق ) عن أبي هريرة

4528. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىنسانلارنىڭ ھەربىر مەپسەللىرىگە كۈن چىققان ھەر كۈنى ئىنسان ئۈستىگە سەدىقە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ، ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئادىل ھۆكۈم قىلىپ قويۇشۇڭ ،ئىسلاھ قىلىشىڭ سەدىقە، كىشىگە ياردەملىشىپ، ئۇنى ئۇلىغا مىندۈرۈپ قويۇشۇڭ ياكى ئۇ كىشىگە ھايۋىنى ئۈستىگە ماتالىرىنى، يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ بېرىشىڭ سەدىقە، ياخشى سۆز قىلىش سەدىقە، نامازغا يەنى جامائەت مەسجىدىگە ماڭغان ھەر بىر قەدەم سەدىقە، يول كۆرسىتىپ قويۇشمۇ سەدىقە، يولدىن ئەزىيەتنى تازىلاپ يوقىتىشمۇ سەدىقە بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4529** ( صحيح ) كل شراب أسكر فهو حرام ( حم ق 4 ) عن عائشة

4529. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەست قىلىدىغان ھەر قانداق ئىچىملىك، شاراپ ھارامدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

كل شرط ليس في كتاب الله تعالى فهو باطل و إن كان مائة شرط ( البزار طب ) عن ابن عباس

4530. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندا بولمىغان ھەر قانداق شەرتلەر گەرچە 100 شەرت بولسىمۇ باتىلدۇر. بەزار، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئەلۋەتتە، قۇرئان، سەھىھ ھەدىستە يوق شەرتلەر باتىل.

**4531** ( صحيح ) كل شيء بقدر حتى العجز و الكيس ( حم م ) عن ابن عمر

4531. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەممە نەرسە تەقدىر بىلەن بولىدۇ. ھەتتا، ئاجىزلىق ۋە كۈچلۈكلۈك يەنى ئەقىلسىزلىك بىلەن ئەقىللىقلىق تەقدىر بىلەن بولىدۇ. (چۈنكى، ئاللاھ، ئۇلارنى يارىتىشتىن بۇرۇنلا بىلىپ يازغان). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4532** ( صحيح ) كل شيء جاوز الكعبين من الإزار في النار ( طب ) عن ابن عباس

4532. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى ئوشۇقدىن،پەس تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن ئىشتان دوۋزاختا بولىدۇ، يەنى، پاچىقىنىڭ ئىككى ئوشۇقىدىن ئېشىنىنى ئۇزۇن كىيگۈچى دوۋزاختا. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. بىز بۇنى سۆزلەپ بولغان.

**4533** ( صحيح ) كل شيء قطع من الحي فهو ميت ( حل ) عن أبي سعيد

4533. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تىرىك ھايۋاندىن كېسىۋېلىنغان ھەر قانداق نەرسە ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكتۇر.( يەنى، مەسىلەن: قوچقارنىڭ قۇيرۇقىدىن ئۇنى تىرىك قويۇپ كېسۋالسا، ئۇ ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكتەك ھارامدۇر). ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

كل شيء ليس من ذكر الله لهو و لعب إلا أن يكون أربعة: ملاعبة الرجل امرأته و تأديب الرجل فرسه و مشي الرجل بين الغرضين و تعليم

الرجل السباحة ( ن ) عن جابر بن عبدالله وجابر بن عمير

4534. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ، جابىر ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالّلاھ ئەسلەنمىگەن، ئالّلاھ تىلغا ئېلىنمايدىغان ھەر قانداق نەرسە، غەپلەتتە قالدۇرىدىغان ئويۇن تاماشادۇر، پەقەت تۆت ئىش بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، كىشىنىڭ ئايالى بىلەن ئوينىششى، كىشىنىڭ جەڭ ئېتىنى ياخشى كۆندۈرۈشى، كىشىنىڭ قارىغا ئېتىشنى مەشىق قىلىشى، كىشىنىڭ سۇ ئۈزۈشنى مەشىق قىلىشى، ئويۇن تاماشا ئەمەستۇر. (بۇ ئىشلارغىمۇ ساۋاب باردۇر). نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4535** ( صحيح ) كل صلاة لا يقرأ فيها بأم الكتاب فهي خداج (حم ه ) عن عائشة ( حم ه ) عن ابن عمرو ( هق ) عن علي ( خط ) عن أبي أمامة

4535. ئائىشە، ئىبنى ئەمرۇ، ئەلى، ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈرە فاتىھە ئوقۇلمىغان ھەر قانداق ناماز ناقىستۇر، كامىل ئەمەس. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، بەيھەقى، خەتىيب توپلىغان، سەھىھ. يالغۇز ھالەتتە ناماز ئوقۇغۇچى ھەر بىر رەكەتكە سۈرە فاتىھەنى ئوقۇيدۇ. ئىمامۇ شۇنداق، ئىمامغا ئىقتىدا قىلغۇچى، جەھرى نامازدا يەنى قىرائەت ئاشكارا ئوقۇلغاندا ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئاڭلاپ تۇرۇپ ئاخىرىدا ئامىن! دەيدۇ، مەخپىي نامازدا بولسا، مەسىلەن: پېشىن، ئەسىردەك ياكى جەھرىدىن كېيىنكى رەكەتتەك نامازدا يەنىلا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇيدۇ.

كل عرفة موقف و كل منى منحر و كل المزدلفة موقف و كل فجاج مكة طريق و منحر ( د ك )عن جابر

4536. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاراپات تېغىنىڭ ھەممە يېرى ۋۇقۇف قىلىپ تۇرىدىغان جايدۇر، مىنانىڭ ھەممە يېرى قۇربانلىق بوغۇزلايدىغان جايدۇر، مۇز دەلىفە تېغىنىڭ ھەممە يېرى ۋۇقۇف قىلىپ تۇرىدىغان جاي، مەككىنىڭ ھەر بىر كوچىلىرى، يوللىرى قۇربانلىق قىلىدىغان جايدۇر. (يەنى ھەربىر ئائىلە ئۆيدە قۇربانلىق قىلسا بولىدۇ.) ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

كل عرفات موقف و ارفعوا عن عرنة و كل مزدلفة موقف و ارفعوا عن بطن محسر و كل فجاج منى منحر و كل أيام التشريق ذبح (حم) عن جبير بن مطعم

4537. جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاراپات تېغىنىڭ ھەممە جايلىرى ۋۇقۇف قىلىش ئورنىدۇر، ئەرەنەت دېگەن جايدىن كۆتۈرۈلۈپ كۆچۈڭلار، مۇز دەلىفە تېغىنىڭ ھەممە جايى ۋۇقۇف قىلىش ئورنىدۇر، بەتنى مۇھەسسەر دېگەن جايدىن كۆتۈرۈلۈڭلار، مىنا تېغىنىڭ ھەربىر كوچا يوللىرى قۇربانلىق بوغۇزلايدىغان جايدۇر، قۇربان ھېيت كۈنىدىن كېيىنكى ئۈچ كۈن، قۇربانلىق بوغۇزلاش كۈنلىرىدۇر، (يەنى قۇربان ھېيت كۈنىدىن كېيىنمۇ ئىككى كۈن ھېيت كۈنى بىلەن ئۈچ كۈن قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. ھازىر مىنا تېغىدا ئالاھىدە قۇشخانا بار.

كل عمل ابن آدم يضاعف الحسنة بعشر أمثالها إلى سبعمائة ضعف إلى ما شاء الله قال الله عز و جل: إلا الصوم فإنه لي و أنا أجزي به يدع شهوته و طعامه من أجلي للصائم فرحتان فرحة عند فطره و فرحة عند لقاء ربه و لخلوف فمه أطيب عند الله من ريح المسك ( حم م ن ه ) عن أبي هريرة

4538. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسىنىڭ ھەربىر ياخشى ئەمەللىرى، شۇ ئەمەلنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ھەسسە، 700

ھەسسە، ھەتتا، ئاللاھ خالىغان ھەسسىگە كۆپىيىپ بېرىلىدۇ، ئاللاھ ئەززەۋەجەللە مۇنداق دېگەن: لېكىن، روزا ئۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. ھەقىقەتەن روزا بولسا، مەن ئۈچۈنلا رىياسىز ئىبادەتتۇر. ئۇنىڭ ھەسسىلەپ بېرىلىدىغان مۇكاپاتىنى ئۆزۈملا بېرىمەن. بەندە شەھۋەت، ھېسسىياتىنى، يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى مېنىڭ جەھەتىمدىنلا تەرك ئېتىدۇ. روزا تۇتقۇچى ئۈچۈن ئىككى خۇشاللىق باردۇر، بىرى ئىپتار قىلغاندا، يەنە بىرى رەببىگە ئۇچراشقاندىكى خۇشاللىقتۇ. ئەلۋەتتە، روزىدارنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرىقى، ئاللاھنىڭ نەزىدە مىسكىنىڭ پۇرىقىدىنمۇ خۇشپۇراقتۇر. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) كل عمل منقطع عن صاحبه إذا مات إلا المرابط في سبيل الله فإنه ينمى له عمله و يجرى عليه رزقه إلى يوم القيامة ( طب حل ) عن العرباض

4539. ئىرباز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق ئەمەل ئىگىسى ئۆلگەن ھامان ئۇنىڭ ئەمەللىرى ئۈزۈلىدۇ. لېكىن، ئاللاھ يولىدا جەڭگە تەييار ھالەتتە ئۆلگەن كىشىنىڭ ئەمەللىرى ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا ساۋابى يېتىپ تۇرىدۇ، قىيامەت كۈنىگىچە رىزقى يەتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. يەنى شېھىد. تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

كل عين زانية و المرأة إذا استعطرت فمرت بالمجلس فهي زانية ( حم ت ) عن أبي موسى

4540. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق كۆز زىنا قىلىدۇ، ئايال كىشى خۇشپۇراق ئەتىر ئىشلىتىپ، جامائەت مەجلىسىدىن ئۆتسە، (ئۇلار ئۇنىڭ خۇشپۇرىقىنى تاپسا) ئۇ ئايال زىنا قىلغۇچى بولىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

كل غلام رهينة بعقيقته يذبح عنه يوم سابعه و يحلق رأسه و يسمى ( حم د ن ه ك ) عن سمرة

4541. سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق تۇغۇلغان بالا، ئۆزىنىڭ ئەقىيقىسىنىڭ قىلىنىشىغا، گۆرۈگە تۇتۇلۇپ مەھبۇس بولىدۇ. بالا ھەققىدىن بالا تۇغۇلۇپ، يەتتىنچى كۈنى ئەقىيقىسى بوغۇزلىنىدۇ؛ چېچى چۈشۈرۈلىدۇ؛ ئىسىم قويۇلىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار، گۆرۈگە تۇتۇلۇپ مەھبۇس بولىدۇ دېگىنى ، ئەقىيقە قىلىش لازىم، ياكى بالىنىڭ شاپائىتى، ئەقىيقە قىلىشقا باغلىق بولىدۇ، ئەقىيقە قىلىش، ئاللاھقا شۈكرى قىلىشتۇر، بالىغا سالامەتلىك سوراشتۇر دېگەن .

**4542** ( حسن ) كل قرض صدقة ( طس حل ) عن ابن مسعود

4542. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق قەرز بېرىپ تۇرۇش سەدىقە بولىدۇ. تەبرانى ئەۋسەتتە، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن.

كل قسم قسم في الجاهلية فهو على ما قسم و كل قسم أدركه الإسلام فإنه على قسم الإسلام ( د ه ) عن ابن عباس

4543. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جاھالىيەت دەۋرىدە قىلىنغان ھەر قانداق قەسەم، قەسەم قىلىنغان نەرسە ئۈستىدە يەنى جاھالىيەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ئىسلام دىنى تاپقان ھەر قانداق قەسەم، ئىسلام دىنىنىڭ قەسىمى ئۈستىدە بولىدۇ، (يەنى ئۇ قەسەم ئىسلام پىرىنسىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، ۋاپا قىلسا ھېچ ئىش يوق، ۋاپا قىلمىسا، كاپارەت بېرىدۇ، ياخشىلىقنى قىلماسلىققا قەسەم قىلسا، كاپارەت بېرىۋېتىپ قىلىۋېرىدۇ، گۇناھ، مەئسىيەتكە قىلىنغان قەسەمگە ۋاپا قىلىش يوق.) ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4544** ( صحيح ) كل كلم يكلمه المسلم في سبيل الله تعالى يكون يوم القيامة كهيئتها إذا طعنت تفجر دما و اللون لون الدم و العرف عرف مسك ( ق ) عن أبي هريرة

4544. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان، ئاللاھ يولىدا جاراھەتلەنگەن ھەر قانداق جاراھەت، قىيامەت كۈنى كۆرۈنۈشىدە جاراھەتنىڭ تۇرىقىدا بولىدۇ، نەرسە كىرگۈزۈلسە، قان ئاقتۇرىدۇ، رەڭگى قاننىڭ رەڭگىدۇر، پۇرىقى بولسا، مىسكىنىڭ پۇرىقىدۇر. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4545** ( صحيح ) كل ما أسكر عن الصلاة فهو حرام ( م ) عن أبي موسى

4545. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق نامازدىن مەست قىلغۇچى ھارامدۇر، يەنى نامازدىن مەست قىلىپ توسىدىغان ھەر قانداق مەست قىلغۇچى ھارامدۇر. مۇسلىم 3730 ـ ھەدىس، سەھىھ. باشقا خاتىرىدە مۇتلەق مەست قىلغۇچى ھارام دېيىلگەن.

**4546** ( حسن ) كل ما صنعت إلى أهلك فهو صدقة عليهم ( طب ) عن عمرو بن أمية

4546. ئەمرۇ ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ئەھلىڭگە قىلىپ بەرگەن ھەر قانداق نەرسە، سەدىقە ھېسابلىنىدۇ. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**4547** ( صحيح ) كل مال النبي صدقة إلا ما أطعمه أهله و كساهم إنا لا نورث ( د ) عن الزبير

4547. زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەرنىڭ بارلىقماللىرى، ئاللاھ يولىدا مۇسۇلمانلارغا سەدىقىدۇر. لېكىن، ئۇنىڭ ئەھلىگە يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك قىلىپ بېرىدىغان نەرسىسى ئەھلىگە بېرىلىدۇ. ھەقىقەتەن بىز مىراس قالدۇرمايمىز. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

كل مخمر خمر و كل مسكر حرام و من شرب مسكرا بخست صلاته أربعين صباحا فإن تاب تاب الله عليه فإن عاد الرابعة كان حقا على الله أن يسقيه من طينة الخبال صديد أهل النار و من سقاه صغيرا لا يعرف حلاله من حرامه كان حقا على الله أن يسقيه من طينة الخبال( د ) عن ابن عباس

4548. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق ئەقىلنى يېپىۋالغان ئەقىلنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان نەرسە ھاراقتۇر. ھەر قانداق مەست قىلغۇچى ھارامدۇر. كىم مەست قىلغۇچى ھاراقنى ئىچسە، ئۇنىڭ 40 كۈنلۈك نامىزىنىڭ ساۋابى كاملايدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلسا، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئەگەر تۆتىنچى قېتىم قايتا ھاراق ئىچسە، ئۇنى تىينەتۇلخەبال دېيىلىدىغان دوۋزاخ ئەھلىنىڭ يىرىڭ، زەرداپلىرى بىلەن سۇغۇرۇشنى ئاللاھتائالا ئۆز ئۈستىگە ئالدى، كىم ھاراقنىڭ ھالال يا ھارام ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان كىچىك بالىغا ھاراق ئىچۈرۈۋەتسە، ئۇنىمۇ دوۋزاخ ئەھلىنىڭ يىرىڭ، زەرداپلىرى بىلەن سۇغۇرۇشنى ئاللاھ ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئەھمەد 3195 ـ ھەدىس، ئەھمەد 2494 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**4549** ( حسن ) كل مستلحق بعد أبيه الذي يدعى له ادعاه ورثته من بعده من كان من أمة يملكها يوم أصابها فقد لحق بمن استلحقه و ليس له فيما قسم قبله من الميراث شيء و ما أدرك من ميراث لم يقسم فله نصيبه و لا يلحق إذا كان أبوه الذي يدعى له أنكره و إن كان من أمة لا

يملكها أو من حرة عاهر بها فإنه لا يلحق و لا يورث و إن كان الذي يدعى له هو ادعاه فهو ولد زنا لأهل أمه من كانوا حرة أو أمة ( ە ) عن ابن عمرو

4549. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېيىتنىڭ ۋارىسلىرى، ئۆزلىرىگە قوشۇۋېلىشنى تەلەپ قىلغان، دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن ۋارىسلارغا قوشۇپ قويۇلۇشى تەلەپ قىلىنغان بالا توغرىسىدا مۇنداق ھۆكۈم قىلدى: ھەقىقەتەن شۇ دادا، خوجايىن، جىنسى مۇناسىۋەت قىلغان كۈنى ئۆزى ئىگە بولالايدىغان دېدەكـ چۆرىسىدىن تۇغۇلغان بالا، كىمگە قوشۇپ قويۇش تەلەپ قىلىنسا ،بالا شۇ خوجايىن دادىغا قوشۇپ قويۇلىدۇ. (چۈنكى، ئۇ دادا چۆرىسىگە ئىگە، چۆرە قىز ئۇنىڭ ئىلكىدە) لېكىن، بۇ بالا ئۇنىڭ قوشۇپ قويۇشىدىن بۇرۇن تەقسىم قىلىنىپ بولغان مىراس مېلىدىن بىرەر نەرسە بېرىلمەيدۇ، بالا قوشۇپ قويۇلۇپ، تەقسىم قىلىنىپ بولمىغان مىراسىدىن بىرەر نەرسە تاپسا، ئۇنىڭغا ھەقىقىي نەسەبدىن بولغان بالىدەك ئۆز نېسىۋىسى بېرىلىدۇ، (چۈنكى، نەسەب مۇقىم بولغان)، ئەگەر بالا ئۇنىڭ داۋا قىلىنغان دادا، ئۇ بالىنى ئىنكار قىلىپ تانسا، بۇ چاغدا بالا ئۇ دادىغا نەسەبتە مىراسقا ۋارىس بولىدىغانلارغا قوشۇپ قويۇلمايدۇ، ئەگەر ئۇ ۋارىسلار ئۆزىگە قوشۇۋېلىشنى تەلەپ قىلغان بالا دادىسى خوجايىن ئىگە بولالمايدىغان دېدەك، چۆرىدىن بولسا، ياكى ئۇ دادا زىنا قىلغان ھۆردىن بولسا، بۇ چاغدىمۇ بالا دادىغا ۋارىسلارغا قوشۇپ قويۇلمايدۇ، بالا ۋارىس بولالمايدۇ، (چۈنكى، زىنا بىلەن نەسەب مۇقىم بولمايدۇ) گەرچە ئۇنىڭ دادىسى بالام دەپ داۋا قىلسىمۇ، بالا:ئانىسى ھۆر بولسۇن، دېدەك چۆرە بولسۇن، بەرىبىر زىنادىن بولغاندۇر،بالا ئانىنىڭ ئەھلى ئۈچۈن بولىدۇ، (ئىسلامدىن بۇرۇن جاھالىيەتتە شۇنداق ھۆكۈم قىلىنغان، كېيىنمۇ بۇ مۇقىم قىلىنغان). ئىبنى ماجە 2736 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1930 ـ ھەدىس، ئەھمەد 6745 ـ ھەدىس، ھەسەن.

ھەدىسىدىن ئېلىنغان ھۆكۈم:

1. دادا ئىگە بولالىغان دېدەك، چۆرىسىدىن ياكى ئايالىدىن بولغان بالا، ۋارىس بولىدۇ.

2. لېكىن، قوشۇپ قويۇلۇشىدىن بۇرۇن، مىراس تەقسىم قىلىنىپ بولسا، ھېچنەرسە يوق، كېيىنچە ۋارىس بولۇۋالىدۇ.

3. قوشۇپ قويۇلغاندىن كېيىن، مىراس مېلىنى تاپسا، ئۇنىڭ نېسىۋىسى بېرىلىدۇ.

4. دادا ئىنكار قىلسا، قوشۇپ قويۇلمايدۇ.

5. ئىگە بولالمايدىغان دېدەكدىن ياكى زىنا قىلغان ھۆردىن بولغان بالا، دادىغا ھەم ۋارىسلارغا قوشۇپ قويۇلمايدۇ، شۇنداقلا، ئۇنداق بالا ۋارىس بولالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ھارام، زىنادىن بولغان، نەسەب يوق، زىنادىن بولغان بالا نەسەبكە ئېرىشەلمىگەچ،كىچىك چاغدا ئۆلۈپ كەتسە نەسەبى مۇقىم بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ باللىرىدەك جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ پەزىلىتى، نەسەب مۇقىم بولغان باللارغا بولىدۇ ـ دە، بۇ باللار جەننەتكە كىرىدۇ، لېكىن، زىنادىن بولغان بالا نەسەب يوق بولغاچقا، كىچىك ئۆلسە جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.

4550 ( صحيح ) كل مسكر حرام ( حم ق د ن ە ) عن أبي موسى ( حم ن ) عن أنس ( حم د ن ە ) عن ابن عمر ( حم ن ە ) عن أبي هريرة ( ە ) عن ابن مسعود

4550. ئەبۇ مۇسا، ئەنەس، ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق مەست قىلغۇچى ھارامدۇر. (چۈنكى، مەست قىلغۇچى ھاراق، ئەقىلنى يوقىتىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى،

ئىبنى ماجە، مۇسلىملار توپلىغان، سەھىھ.

4551 ( صحيح ) كل مسكر حرام و إن على الله لعهدا لمن شرب المسكر أن يسقيه من طينة الخبال عرق أهل النار ( حم م ن ) عن جابر

4551. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق مەست قىلغۇچى ھارامدۇر، ھەقىقەتەن مەست قىلغۇچى ھاراقنى ئىچكۈچى كىشىنى دوۋزاخ ئەھلىنىڭ يىرىڭ، زەرداپ تەرلىرىدىن بولغان تىينەتۇلخەببال دېيىلگان، قان ـ يىرىڭ، قايناق سۇ بىلەن سۇغۇرۇشنى ئاللاھ ئۆزىگە ئەھدە قىلىپ، ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

4552 ( صحيح ) كل مسكر حرام و ما أسكر منه الفرق فملء الكف منه حرام ( د ت ) عن عائشة

4552. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق مەست قىلغۇچى ھارامدۇر، بىر پەرەق، يەنى ئۈچ سا، يەنى 16 ـ 18 جىڭ ئىچسە، مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ بىر ئالىقان چاغلىق ياكى بىر ئوتلام چاغلىق ئازراقمۇ ھارامدۇر، بىر ئوتلاممۇ ھارام. تىرمىزى 1789 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3197 ـ ھەدىس. سەھىھ.

4553 ( صحيح ) كل مسكر خمر و كل مسكر حرام و من شرب الخمر في الدنيا فمات و هو يدمنها لم يتب لم يشربها في الآخرة ( حم م 4 ) عن ابن عمر

4553. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق مەست قىلغۇچى ھاراقتۇر، ھەر قانداق مەست قىلغۇچى ھارامدۇر، كىم بۇ دۇنيادا ھاراق ئىچىپ، دائىم ئىچىپ تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتسە، بۇنداق كىشى ئاخىرەتتىكى ئېسىل شاراپ، مەيدىن ئىچەلمەيدۇ. (يەنى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. چۈنكى، تەۋبىسىز گۇناھ ئۈستىدە ئۆلگەن). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

كل مصور في النار يجعل له بكل صورة صورها نفس فتعذبه في جهنم( حم م ) عن ابن عباس

4554. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق سۈرەت سىزغۇچى، ھەيكەلتىراش دوۋزاختا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ سىزغان سۈرەتكە (ئاللاھ تەرىپىدىن )جان ئاتا قىلىنىپ، بۇ سۈرەت ئۇنى جەھەننەم ئىچىدە قاتتىق ئازابلايدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

4555 ( صحيح ) كل معروف صدقة ( حم خ ) عن جابر ( حم م د ) عن حذيفة

4555. جابىر، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق ياخشىلىق سەدىقىدۇر.(يەنى، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە ياخشىلىق قىلىش سەدىقە.) ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

4556 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 4253 كل معروف صدقة و الدال على الخير كفاعله ( و الله يحب إغاثة اللهفان ) ( هب ) عن ابن عباس

4556. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق ياخشىلىق سەدىقە، ياخشىلىققا كۆرسىتىپ قويغۇچى، شۇ ياخشىلىقنى قىلغۇچىغا ساۋابتا، دەرىجىدە ئوخشاشتۇر ° (خۇلاسە، ئۇمۇ سەدىقە قىلغان بولىدۇ) ئاللاھتائالا، قاتتىق ھاجەتمەنىنىڭ ئۆزىگىلا پەرياد چېكىشىنى، ياردەم سورىشىنى ياخشى كۆرىدۇ . بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) كل معروف صدقة و إن من المعروف أن تلقى أخاك و وجهك إليه منبسط و أن تصب من دلوك في إناء جارك ( حم ت ك ) عن جابر

4557. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق ياخشىلىق، سەدىقە؛ ھەقىقەتەن قېرىندىشىڭغا خۇشخۇي چىراي بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇچرىشىشىڭ، سەن ئۈچۈن ياخشىلىق بولىدۇ؛ چېلەكىڭدىن قوشناڭنىڭ قاچىسىغا سۇ قۇيۇپ بېرىشىڭ، سەن ئۈچۈن ياخشىلىق ۋە سەدىقە. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

كل معروف صنعته إلى غني أو فقير فهو صدقة ( خط في الجامع ) عن جابر ( طب ) عن ابن مسعود

4558. جابىر، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن بايغا قىلغان ياخشىلىق بولسۇن ياكى پېقىر، نامراتقا قىلغان ياخشىلىق بولسۇن، ياخشىلىقلا بولسا، ئۇ سەدىقە بولىدۇ. خەتىبۇلبەغداد، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**4559** ( صحيح ) كل مولود يولد على الفطرة حتى يعرب عنه لسانه فأبواه يهودانه أو ينصرانه أو يمجسانه ( ع طب ) عن الأسود بن سريع

4559. ئەسۋەد ئىبنى سەرىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق تۇغۇلىدىغان بالا، تىلى چىققانغا، تىلى گەپ ـ سۆزگە كەلگەنگە قەدەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغۇدەك تەبىئەت ئۈستىگە يەنى ئىسلام ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، ئاندىن ئۇ بالىنى ئاتا ـ ئانىسى يەھۇدىي، ناسارا، ياكى مەجۇسىي قىلىپ تەربىيىلەيدۇ . ئەبۇ يەئلا، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) كل مولود يولد على الملة فأبواه يهودانه و ينصرانه و يشركانه قيل: فمن هلك قبل ذلك ؟ قال: الله أعلم بما كانوا عاملين ( ت ) عن أبي هريرة

4560. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بالا، ئىسلام مىللىتى ئۈستىدە تۇغۇلىدۇ، ئاندىن ئاتا ـ ئانىسى ئۇ بالىنى كىچىككىدىن يەھۇدىي، ناسارا، مۇشرىك، دىنسىز تەربىيىلەيدۇ ، شۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن كىچىك باللارچۇ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھتائالا ئالدىن ئۇلارنىڭ ھايات قالسا قانداق ئەمەللەرنى قىلىشنى ئوبدان بىلىدۇ دېدى، يەنى، ئاللاھ ئالىمدۇر. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.
باللارغا تەربىيە بەكمۇ مۇھىمدۇر، باللارنى يەھۇدىي،ناسارا، دىنسىز مۇشرىك تەربىيىلەشكە يول قويمايلى!!!
مۇسۇلمانىنىڭ كىچىك ئۆلۈپ كەتكەن بالىلىرى، جەننەتكە كىرىدۇ، ھەتتا، ئاتا ـ ئانىسىنى جەننەتكە سۆرەپ كىرگۈزىدۇ، دوۋزاخدىن پەردە بولىدۇ، دىنسىز كاپىرنىڭ كىچىك ئۆلگەن بالىلىرى بولسا، بىر ھەدىستە جەننەت ئەھلىنىڭ خادىمى بولىدۇ دېيىلگەن، بىر ھەدىستە، ئاللاھ ئالىم دېيىلدى، بۇ ھەدىستە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ئاللاھ ئالدىن بىلىدۇ، شۇ بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ دېدى، ئاللاھ ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

كل ميسر لما خلق له ( حم ق د ) عن عمران بن حصين ( ت ) عن عمر ( حم ) عن أبي بكر

4561. ئىمران، ھۇسەيىن، ئۇمەر، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەممىسى ئۆزى يارىتىلغان ئەمەللەرگە ئاسان قىلىنىدۇ.(يەنى، ياخشى ـ يامان ئەمەللەر شۇ ئەمەللەرگە يارىتىلغان كىشى ئۈچۈن ئاسان قىلىنىدۇ، ئاللاھ ئالدىن بىلىپ تۇرۇپ ياراتتى، بۇ شۇلارنى ئالدىن بىلگەن ئەمەللەرگە ياراتقىنى، ئۇ ئەمەللەرنى شۇلارغا ياراتتى، ئاللاھنىڭ ئالدىن بىلىشى، يارىتىشنى توسۇپ قويمايدۇ. خۇلاسە، ئۇلارنى بىلىپ تۇرۇپ يا جەننەتكە يا دوۋزاخقا ياراتتى، لېكىن، كىشىلەر شۇ ئەمەللەرنى ئۆزى خالاپ ئىختىيار بىلەن تاللاپ قىلىپ، سەۋەبچى بولىدۇ).

ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. سىز ئاۋۋال ئاللاھنىڭ ئىلمىنى چۈشىنىڭ، ئاندىن تەقدىرنى ئاسان چۈشىنىسىز.

**4562** ( صحيح ) كل ميت يختم على عمله إلا الذي مات مرابطا في سبيل الله فإنه ينمو له عمله إلى يوم القيامة و يؤمن من فتان القبر( د ت ك ) عن فضالة بن عبيد ( حم ) عن عقبة بن عامر

4562. پۇزالەت ئىبنى ئۇبەيدە، ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق مېيىت ، يەنى ئۆلگەن كىشى، ئۆز ئەمىلىنىڭ ئۈستىدە تامام قىلىنىدۇ، ئەمەلىنىڭ ئۈستىدە جان ئۈزىدۇ ـ دە، ئەمەللىرى ئۈزۈلۈپ تامام بولىدۇ. لېكىن، ئاللاھ يولىدا جەڭگە تەييارلىق قىلىپ، جەڭگە تەييار ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ئۈچۈن، قىيامەت كۈنىگىچە ئەمەللىرى، ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى يېتىپ تۇرىدۇ. (چۈنكى، ئۇنى خۇددى كېسەلدەك ئۆلۈم توسۇپ قويدى، ئۇ ئەسلى جىھاد قىلاتتى) ئۇ ھەم قەبرە ئازابىدىن قەبرە پىتنىسىدىن ئەمىن، خاتىرجەم قىلىنىدۇ، (ھەتتا، رىزىق يەتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ شېھىد) تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**4563** ( صحيح ) كل نائحة تكذب إلا أم سعد ( ابن سعد ) عن محمود بن لبيد

4563. مەھمۇد ئىبنى لۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەئىدنىڭ ئانىسى ئۇممە سەئىددىن باشقا مېيىتكە ئاۋاز قىلىپ يىغلىغان بارلىق ئاياللار ئازابلىنىدۇ. پەقەت ئۇممە سەئىد، مۇستەسنادۇر. ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.

**4564** ( صحيح ) كل نسب و صهر ينقطع يوم القيامة إلا نسبي و صهري ( ابن عساكر ) عن ابن عمر

4564. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق نەسەب ۋە قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتى قىيامەت كۈنى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. لېكىن، مېنىڭ نەسەبىم ۋە قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتىم ئۈزۈلمەيدۇ، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

كل نفس من بني آدم سيد فالرجل سيد أهله و المرأة سيدة بيتها ( ابن السني في عمل اليوم والليلة ) عن أبي هريرة

4565. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسىدىن ھەر بىر جان ئىگىسى سەيىيد، پادىچى، خوجايىندۇر، ئەر كىشى ئۆز ئەھلىگە پادىچىدۇر، ئايال كىشى ئۆز ئۆيىگە پادىچى، خوجايىندۇر، يەنى سوراققا تارتىلىدۇ، ھېساب بېرىدۇ. ئىبنى سەنا توپلىغان، سەھىھ.

**4566** ( صحيح ) كل نفقة ينفقها العبد يؤجر فيها إلا البنيان ( طب ) عن خباب

4566. خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە خەجلىگەن، چىقىم قىلغان ھەر قانداق نەپىقىگە ئەجىر، ساۋاب بېرىلىدۇ، لېكىن، ئۇنىڭ قىلغان ئۆيى، قورۇلۇشىغا، قۇرۇلۇش چىقىملىرىغا ساۋاب يوقتۇر، (چۈنكى، سۇ بىلەن لايغا، شاخ ـ شۇمبىلارغا پۇل كەتمەيتتى) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4567** ( صحيح ) كل يمين يحلف بها دون الله شرك ( ك ) عن ابن عمر

4567. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالادىن باشقا نەرسىلەر بىلەن قىلىنغان ھەر قانداق قەسەم، شېرىكتۇر. ھاكىم

توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم قىلسا، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ.

**4568** ( صحيح ) كلكم بنو آدم و آدم خلق من تراب لينتهين قوم يفتخرون بآبائهم أو ليكونن أهون على الله من الجعلان ( البزار ) عن حذيفة

4568. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەممىڭلار ئادەم باللىرى، ئادەم بولسا، تۇپراقتىن يارىتىلغان. بەزى بىر قەۋملەر ئاتا ـ بوۋىلىرى بىلەن پەخىرلىنىشتىن يانسۇن ياكى ئۇلار يانمىسا، ئاللاتائالاغا نىجاسەتنى بۇرنى بىلەن ئىتتىرىپ ماڭىدىغان قوڭغۇز، ھاشاراتتىنمۇ ھاقارەتلىكتۇر، پەس، تۆۋەندۇر. بەزار توپلىغان، ئەھمەد 10363 ـ ھەدىستە ئوخششى بار، سەھىھ.

كلكم راع و كلكم مسئول عن رعيته فالإمام راع و هو مسئول عن رعيته و الرجل راع في أهله و هو مسئول عن رعيته و المرأة راعية في بيت زوجها و هي مسئولة عن رعيتها و الخادم راع في مال سيده و هو مسئول عن رعيته و الرجل راع في مال أبيه و هو مسئول عن رعيته فكلكم راع و كلكم مسئول عن رعيته ( حم ق د ت ) عن ابن عمر

4569. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار ئۆز پادىلىرىدىن ھېساب بېرىپ، سورااقا تارتىلىدۇ، ئىمامۇ بىر پادىچى، ئۇمۇ ئۆز پادىلىرىدىن پادىچى بولغان قەۋمى توغرىسىدىن سورااقا تارتىلىدۇ، ئەر كىشىمۇ بىر پادىچى، ئەھلىگە باشلىقتۇر، ئۇمۇ ئۆزى مەسئۇل بولغان پادىلىرىدىن سورىلىدۇ. ئايال كىشىمۇ ئۆز ئېرىنىڭ ئۆيىگە پادىچى، ئايالمۇ ئۆز پادىلىرىدىن مەسئۇل بولغان ئىشلىرىدىن سورااقا تارتىلىدۇ، قۇل، خادىممۇ بىر پادىچى، ئۇمۇ خوجايىنىنىڭ مال ـ مۈلۈكى توغرىسىدا پادىلىرىدىن سورااقا تارتىلىدۇ، كىشى ئۆز دادىسىنىڭ مال ـ مۈلۈكىگە پادىچى، ئۇمۇ پادىلىرىدىن ھېساب بېرىپ، سورااقا تارتىلىدۇ، پادىلىرىدىن مەسئۇل بولغان ئىشىدىن سورااقا تارتىلىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

كلكم يدخل الجنة إلا من شرد على الله شراد البعير على أهله ( طس ك ) عن أبي أمامة

4570. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆگە ئەھلىدىن ئىگىسىدىن قاچقاندەك، ئاللاھتائالادىن قاچقان كىشىدىن باشقا ھەممىڭلار جەننەتكە كىرىسىلەر. (لا ئىلاھە ئىللەللاھقا ئۇنىماي، ئاسىي بولغان كاپىرلا جەننەتكە كىرەلمەيدۇ). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئىمان ئېيتمىغان، ھەقكە بويسۇنمىغان كىشى پاسىق، فاجىر، ئاسىي، تەۋبىسىز ئۆلگەن كىشى ئاللاھدىن قاچقان كىشىدۇر.

**4571** ( صحيح ) كلمات الفرج: لا إله إلا الله الحليم الكريم لا إله إلا الله العلي العظيم لا إله إلا الله رب السموات السبع و رب العرش الكريم ( ابن أبي الدنيا في الفرج ) عن ابن عباس

4571. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالا مۇشەققەتلەرنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان قىيىنچىلىقلارنى ئاسان قىلىدىغان كەلىمىلەر مۇنۇ كەلىمىلەردۇر: « لا إله إلا الله الحليم الكريم لا إله إلا الله العلي العظيم لا إله إلا الله رب السموات السبع و رب العرش الكريم » تەرجىمىسى: ناھايىتى مېھرىبان ، ئۇلۇغ، سېخىي ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەممىدىن، ئۈستۈن، ئۇلۇغ ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، يەتتە ئاسماننىڭ، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر. مۇسلىم، ئىبنى ئەبۇددۇنيا، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) كلمتان خفيفتان على اللسان ثقيلتان في الميزان حبيبتان إلى الرحمن: سبحان الله و بحمده سبحان الله العظيم (خ حم ق ت ه ) عن أبي هريرة

4572. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تىلغا يەڭگىل، مىزاندا ئېغىر، رەھمانتائالاغا دوستىراق، سۆيۈملۈك ئىككى كەلىمە بار، ئۇ بولسىمۇ، «سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى، سۇبھانەللاھىل ئەزىيم»( سبحان الله و بحمده سبحان الله العظيم)، ئاللاھ پاكتۇر، ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمىز، بەكمۇ ئۇلۇغ، بۈيۈك ئاللاھ پاكتۇر. بۇخارى،مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

كم من أشعث أغبر ذي طمرين لا يؤبه له لو أقسم على الله لأبره منهم البراء بن مالك ( ت الضياء ) عن أنس

4573. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان، ئەمما ئۆزى نۇرغۇن، چاچلىرى چۇۋۇق، توپا ـ چاڭ باسقان، بەكمۇ كونىراپ كەتكەن، ياماق كىيىملەرنى كىيىۋالىدىغان، كەلسە قارشى ئېلىنماي يىراققا ئىتتىرىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر بار بولۇپ، ئەگەر ئۇ، ئاللاھقا قەسەم قىلسا، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى دەرھال ئىجابەت قىلىپ، قەسىمىگە ۋاپا قىلدۇرىدۇ، بەررا ئىبنى مالىك ئەنە شۇلاردىندۇر. تىرمىزى 3789 ـ ھەدىس، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. ھەممىمىز بەررا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش بولايلى.

4574 ( صحيح ) كم من عذق معلق لابن الدحداح في الجنة ( حم م د ت ) عن جابر بن سمرة

4574. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىبنى دەھداھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈن جەننەتتە نۇرغۇن شاخ ـ شۇمبىلىرى بىلەن ئېسىقلىق خورمىلار باردۇر، يەنى ئۇ جەننەت ئەھلىدىندۇر. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئەھمەدنىڭ 12025 ـ ھەدىسىدە، بۇ ھەدىسنىڭ سەۋەبى سۆزلەنگەن، ئۇ بولسىمۇ ئىبنى دەھداھ، ئاللاھ يولىدا جەننەتنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بېغىنى سەدىقە قىلىۋەتكەن.

4575 ( حسن ) كما لا يجتنى من الشوك العنب كذلك لا يترل الفجار منازل الأبرار فاسلكوا أي طريق شئتم فأي طريق سلكتم وردتم على أهله ( حل ) عن يزيد بن مرثد مرسلا

4575. يەزىيد ئىبنى مۇرسەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خۇددى شوخلىق، تىكەنلىك دەرەخدىن ئۈزۈم، مېۋە ئۈزگىلى بولمىغاندەك، ئەنە شۇنداق فاجىر، پاسىق، يامان كىشىلەر، ياخشى كىشىلەرنىڭ مەنزىل جايلىرىغا چۈشەلمەيدۇ، قايسى يولنى خالىساڭلار، شۇ يولغا يول سېلىڭلار، مېڭىڭلار، قايسى يولدا ماڭساڭلار شۇ يولنىڭ ئەھلىگە چۈشىسىلەر، ياخشى يول بولسا، ياخشىلارغا، يامان يول بولسا، يامانلارغا چۈشىسىلەر، ئاندىن شۇلاردىن بولىسىلەر. ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) كما لا يجتنى من الشوك العنب كذلك لا يترل الفجار منازل الأبرار و هما طريقان فأيهما أخذتم أدركتم إليه ( ابن عساكر ) عن أبي ذر

4576. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شوخا تىكەندىن ئۈزۈم ئۈزگىلى بولمىغاندەك، فاجىر، پاسىق، يامان كىشىلەر ياخشىلارنىڭ مەنزىل ئورۇنلىرىغا چۈشەلمەيدۇ؛ ئۇ ئىككىسى ئىككى يولدۇر، قايسى يولنى تاللاپ ئالساڭلار شۇ يولغا يول تاپالايسىلەر، شۇ يولنىڭ ئەھلىگە يېتەلەيسىلەر. (يەنى ياخشى ياكى يامان ئاقىۋەتكە يولۇقۇسىلەر.) ئىبنى

ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ. يول ئىككى، بىرى ھەق يول، بىرى باتىل، بىرى ھىدايەت، بىرى زالالەت، ئازغۇن. بىرى نۇردۇر بىرى زۇلمەت، بىرى دوۋزاخ، بىرى جەننەت، بىرنى تاللايسەن، مانا بۇ تەقدىر قىسمەت.

**4577 ( حسن ) كما يضاعف لنا الأجر كذلك يضاعف علينا البلاء ( ابن سعد ) عن عائشة**

4577. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىزگە ئەجىر _ ساۋابلار ھەسسىلەپ زىيادە كەلگەندەك، ئەنە شۇنداق بىزلەرگە بالالەر، مۇسىبەتلەر ھەسسىلەپ زىيادە كېلىدۇ. (چۈنكى، ئەجىرنىڭ كاتتىسى مۇسىبەتنىڭ چوڭىدا) (پەيغەمبەر، سىددىقلارغا بالالەر قاتتىق كېلىدۇ). ئىبنى سەئدى توپلىغان، ھەسەن.

**كمل من الرجال كثير و لم يكمل من النساء إلا آسية امرأة فرعون و مريم بنت عمران و إن فضل عائشة على النساء كفضل الثريد على سائر الطعام ( حم ق ت ە ) عن أبي موسى**

4578. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەرلەردىن نۇرغۇن كىشىلەر كامالەتكە يېتىپ، كامال تاپتى، ئاياللاردىن پەقەت پىرئەۋننىڭ، ئاللاھتائالاغا ئىمان كەلتۈرگەن ئايالى ئاسىيە بىلەن ئىمراننىڭ قىزى مەريەم كامال تاپتى، ھەقىقەتەن ئائىشەنىڭ ئاياللار ئۈستىدىكى پەزىلىتى خۇددى باشقا تائاملار ئۈستىدىكى شورپىنىڭ پەزىلىتىگە ئوخشاشتۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**كن في الدنيا كأنك غريب أو عابر سبيل ( خ ) عن ابن عمر زاد ( حم ت ە ) : وعد نفسك من أهل القبور**

4579. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن بۇ دۇنيادا خۇددى غېرىپ يەنى ئۆز يۇرتىدىن باشقا يۇرتتىكى ناتونۇش كىشىدەك بولغىن ياكى مۇساپىردەك بولغىن، ئۆزۈڭنى قەبرە ئەھلىدىن سانىغىن. بۇخارى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ دۇنيا بىر ئۆتەڭ، سەن بۇنىڭغا مۇساپىردەك مۇئامىلە قىل، بۇ بىر مۇسابىقە مەيدانى، سەن بۇ مەيداندا ئۇتۇپ چىققىن.

**كن ورعا تكن أعبد الناس و كن قنعا تكن أشكر الناس و أحب للناس ما تحب لنفسك تكن مؤمنا و أحسن مجاورة من جاورك تكن مسلما و أقل الضحك فإن كثرة الضحك تميت القلب ( هب ) عن أبي هريرة**

4580. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تەقۋادار بولغىن، شۇنداق قىلساڭ، كىشىلەرنىڭ ئىبادەتكار، ئابىدراقى بولىسەن؛ قانائەتچان بولغىن، شۇندا كىشىلەرنىڭ ئەڭ كۆپ شۈكرى قىلغۇچىراقى بولىسەن؛ ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى كىشىلەرگىمۇ ياخشى كۆرگىن، مۆئمىن بولىسەن؛ ساڭا قوشنا بولغان قوشنىلارغا، ھەمراھلارغا ياخشىلىق قىلغىن، مۇسۇلمان بولىسەن؛ ئاز كۈلگىن، ھەقىقەتەن كۆپ كۈلۈش قەلبنى ئۆلتۈرىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**كنت نبيا و آدم بين الروح و الجسد ( حل ) عن ميسرة الفجر ( ابن سعد ) عن أبي الجدعاء ( حب ) عن ابن عباس**

4581. مەيسەرەت ئەبۇلجەدا، ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم ئاتا، روھ بىلەن جەسەد ئارىسىدىكى چاغدىلا مەن پەيغەمبەر ئىدىم. (يەنى، مېنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش پۈتۈلگەن). ئەبۇ نۇئەيم، ئىبنى سەئىد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

كنت نهيتكم عن الأشربة إلا في ظروف الأدم فاشربوا في كل وعاء غير أن لا تشربوا مسكرا ( م ) عن بريدة

4582. بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى تېرىلەردىن بولغان تولۇمدىن باشقا نەرسىلەردىكى ئىچىملىكلەردىن توسقان ئىدىم، ئەمدى ھەر قانداق تولۇم ، كوزىلاردا ئىچىۋېرىڭلار، لېكىن، مەست قىلىدىغان شارابنى ئىچمەڭلار. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4583** ( صحيح ) كنت نهيتكم عن الأوعية فانبذوا و اجتنبوا كل مسكر ( ه ) عن بريدة

4583. بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى بەزى بىر تولۇملاردىن توسقان ئىدىم، ئەمدى ھەر قانداق تولۇمغا ئىچىملىك چىلىساڭلار بولىدۇ. لېكىن، ھەر قانداق مەست قىلىدىغان نەرسىدىن ھەزەر قىلىڭلار، يىراق تۇرۇڭلار. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4584** ( صحيح ) كنت نهيتكم عن زيارة القبور ألا فزوروها فإنها ترق القلب و تدمع العين و تذكر الآخرة و لا تقولوا هجرا ( ك ) عن أنس

4584. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن توسقان ئىدىم. ئاگاھ بولۇڭلار، ئەمدى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلساڭلار بولىدۇ، ھەققەتەن بۇ زىيارەت قەلبنى يۇمشىتىدۇ، كۆزنى ياش تۆككۈزىدۇ، ئاخىرەتنى ئەسلىتىدۇ، لېكىن، پاھىشە، بەزەپ سۆزلەرنى چەكلەنگەن سۆزلەرنى قىلماڭلار. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ زىيارەتتە، ئەھلىگە مەغپىرەت سوراپلا يانسا بولىدۇ، سالام قىلىپ دەيدىغان سۆزلەر يۇقىرىدا ئۆتتى.

( صحيح ) كنت نهيتكم عن لحوم الأضاحي فوق ثلاث ليتسع ذوو الطول على من لا طول له فكلوا ما بدا لكم و أطعموا و ادخروا ( ت ) عن بريدة

4585. بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى قۇربانلىق گۆشنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق يېيىشىڭلاردىن توسقان ئىدىم، بۇ قول ئىلكىدە بار بايلارنىڭ، پېقىر، نامراتلارغا كەڭرى قىلىپ بېرىشى، نامراتلارمۇ قۇربانلىق گۆشىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن ئىدى، ئەمدى سىلەر خالىغانچە يەڭلار، نامراتلارغىمۇ گۆشتىن تاماق بېرىڭلار، ساقلاپ ئېلىپ قويساڭلارمۇ بولىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

كونوا على مشاعركم هذه فإنكم اليوم على إرث من إرث إبراهيم ( حم ت ن ه ك ) عن زياد بن مربع

4586. زەيياد ئىبنى مۇرەببەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر گەرچە ئەمەلدىن يىراق جايدا ۋوقۇف قىلىپ قالغان بولساڭلارمۇ، مۇشۇ ھەج پائالىيەت ۋوقۇف ئىبادەتلەردە چىڭ تۇرۇۋېرىڭلار. چۈنكى، سىلەر بۇۋاڭلار ئىبراھىمنىڭ سۈننىتى، يولى ئۈستىدە قىلىۋاتىسىلەر. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4587** ( صحيح ) كونوا في الصف الذي يليني ( حم ن حب ك ) عن أبي

4587. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازدا ماڭا يېقىن سەپتە تۇرۇڭلار. (يەنى ئالىملار، ئىماملار، ۋالىيلار يېقىن تۇرىدۇ) ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) كيف أنت إذا كانت عليك أمراء يؤخرون الصلاة عن وقتها ؟ صل الصلاة لوقتها فإن أدركتها معهم فصل فإنها لك نافلة ( م 4 ) عن أبي ذر

4588. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ساڭا نامازلارنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈۋېتىدىغان ئەمىرلەر، ئىمام، باشلىق بولغاندا، ھالىڭ قانداق بولۇپ كېتەر ھە! سەن نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇغىن، ئەگەر ئۇ نامازنى ئۇلار بىلەن بىرگە تاپساڭ، ئۇلار بىلەنمۇ ئوقۇغىن، ھەققەتەن بۇ سەن ئۈچۈن نەپلە بولىدۇ. مۇسلىم توت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. يەنى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە.

( صحيح ) كيف أنتم إذا لم تجتبوا دينارا و لا درهما ؟ تنتهك ذمة الله و ذمة رسوله يشد الله قلوب أهل الذمة فيمنعون ما في أيديهم ( ق ) عن أبي هريرة

4589. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر دىنار، دەرھەم ، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى(باج ھېسابىدا ) يىغىپ ئالالمىغاندا، ھالىڭلار قانداق بولۇپ كېتەر ھە! ئاللاھنىڭ ئەھدىسى ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئەھدىسى، ئەھدە، توختامنىڭ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنىدۇ، بۇزۇلىدۇ، ئاندىن، ئاللاھتائالا چىقىم تاپشۇرۇۋاتقان زىممى دىنسىزلارنىڭ قەلبىنى قاتتىق قىلىۋېتىدۇ، ئاندىن ئۇلار قوللىرىدىكى نەرسىنى يەنى بېرىدىغان خىراجەتنى بەرمەيدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4590** ( صحيح ) كيف أنتم إذا نزل ابن مريم فيكم فأمكم ؟ ( م ) عن أبي هريرة

4590. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەريەم ئوغلى ئەيسا، ئاراڭلارغا چۈشۈپ، سىلەرنى ئۆزىگە ئىمام قىلغاندا، ھالىڭلار قانداق بولار ھە؟!. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4591** ( صحيح ) كيف أنتم إذا نزل ابن مريم فيكم و إمامكم منكم ؟ ( ق ) عن أبي هريرة

4591. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەريەم ئوغلى ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئاراڭلارغا چۈشكەندە، ئىمامىڭلار يەنىلا سىلەردىن بولغاندا قانداق بولۇپ كېتەرسىلەر؟ بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ئىككى ھەدىس، مۇشۇ ئۈممەتنىڭ پەزىلىتىنى شۇنداقلا، شۇ چاغدىكى قىيامەت ئالامىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**4592** ( صحيح ) كيف أنتم و صاحب القرن قد التقم القرن و حنا الجبهة و أصغى السمع ينتظر متى يؤمر بالنفخ فينفخ قالوا: كيف نصنع ؟ قال قولوا: حسبنا الله و نعم الوكيل على الله توكلنا ( حم ت حب ك ) عن أبي سعيد ( حم ك ) عن ابن عباس ( حم طب ) عن زيد بن أرقم ( أبو الشيخ في العظمة ) عن أبي هريرة ( حل ) عن جابر ( الضياء ) عن أنس

4592. ئەبۇ سەئىد، ئىبنى ئابباس، زەيد ئىبنى ئەرقەم، ئەبۇ ھۇرەيرە، جابىر، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھالىڭلار قانداق بولۇپ كېتەر؟ ۋەھالەنكى، سۇر، مۈڭگۈز ئىگىسى ئىسرافىل ئەلەيھىسسالام مۈڭگۈز سۇرنى چېلىش ئۈچۈن ئاغزىغا قويۇپ، بۇيرۇق چۈشىدىغان تەرەپكە پېشانىسىنى ئېگىپ، قۇلاق سېلىپ سۇرنى پۈۋلەشكە قاچان بۇيرۇلىدىغانلىقىغا ئىنتىزار بولۇپ، ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، بۇيرۇلغان ھامان پۈۋلەيدۇ، شۇئان قىيامەت قايىم بولىدۇ، ئۇلار بىز قانداق قىلىمىز؟ دېيىشتى . رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا: بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ۋەكىل، بىز پەقەت بىر ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلدۇق دەڭلار دېدى. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، تەبرانى، ئەبۇششەيخ، ئەبۇ نۇئەيم، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**4593** (صحيح ) كيف بكم إذا أتت عليكم أمراء يصلون الصلاة لغير ميقاتها ؟ صل الصلاة لميقاتها و اجعل صلاتك معهم سبحة ( د ) عن معاذ

4593. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە نامازنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ باشقا ۋاقىتتا ئوقۇپ بېرىدىغان ئەمىر، باشلىقلار باشلىق بولغاندا، ھالىڭلار نېمە بولۇپ كېتەر ھە؟! سەن نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇغىن، ئۇلار بىلەن ئوقۇغان نامىزىڭنى بولسا، نەپلە قىلىۋەتكىن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

كيف بكم بزمان يوشك أن يأتي يغربل الناس فيه غربلة و يبقى حثالة من الناس قد مرجت عهودهم و أماناتهم و اختلفوا و كانوا هكذا ؟ – و شبك بين أصابعه – تأخذون بما تعرفون و تدعون ما تنكرون و تقبلون على أمر خاصتكم و تذرون أمر عامتكم ( ه ) عن ابن عمرو

4594. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پات يېقىندا كېلىدىغان بىر زامانلاردا ھالىڭلار قانداق بولۇپ كېتەر؟ ئۇ چاغدا كىشىلەر قاتتىق تاسقىلىپ ياخشىلىرى كېتىپ، ناچار، يامانلىرى قېلىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەھدىلىرى، ئامانەتلىرى ئېلىشىپ، پاساتلىشىپ بۇزۇلىدۇ، ئۇلار قاتتىق ئىختىلاپلىشىپ كېتىدۇكى، مانا مۇشۇنداق بولۇپ كېتىدۇ دەپ بارماقلىرىنى كىرىشتۈردى، ئاندىن شۇ چاغدىكى چىقىش يولىنى كۆرسىتىپ  مۇنداق دېدى: سىلەر تونۇغان، ياخشى دەپ قارىغان ئىشلارنى تۇتۇپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىسىلەر، سىلەر ئىنكار قىلغان مۇنكەر ئىشلارنى تەرك ئېتىسىلەر، سىلەرنىڭ خاس، خۇسۇسىي ئىشلىرىڭلارغا ئالدىڭلارنى قىلىپ، ئاۋام خەلقنىڭ ئىشلىرىنى تەرك ئېتىسىلەر. ئىبنى ماجە 3947 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3779 ـ ھەدىس.

كيف تقولون لفرح رجل انفلتت منه راحلته تجر زمامها بأرض قفر ليس بها طعام و لا شراب و عليها له طعام و شراب فطلبها فلم يجدها حتى شق عليه ثم مرت بجذل شجرة فتعلق زمامها فوجدها متعلقة به ؟ أما و الله لله أشد فرحا بتوبة عبده من الرجل براحلته ( حم م ) عن البراء

4595. بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇنداق بىر كىشىنىڭ خۇشاللىقىغا نېمە دەيسىلەر؟ ئۇنىڭ تۆگىسى نوقتىسىنى سۆرەپ، چۆل، بىپايان زېمىندا قېچىپ كېتىدۇ، ئۇ زېمىندا تائام، شاراپ قەتئىي يوقتۇر. ئۇنىڭ تائام، شاراپلىرى قېچىپ كەتكەن تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە قېلىپ قالغان ئىدى، ئۇ تۆگىسىنى ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالمايدۇ. ھەتتا، ئۇنىڭغا زور قىيىنچىلىق ، مۇشەققەت چۈشىدۇ، ئاندىن ئۇ تۆگە يىلتىز پۇتاقلىرى بار بىر دەرەخنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ نوقتىسى شۇ پۇتماققا ئىلدۇرۇلۇپ قېلىپ، ئۇ كىشى تۆگىسىنى تېپىۋالىدۇ، ئاندىن شۇنداق قاتتىق خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە ئاللاھتائالا بەندىسىنىڭ تەۋبىسىگە ئاشۇ كىشى تۆگىسىنى تېپىۋالغاندا خۇشال بولغاندىن بەكرەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4596** ( صحيح ) كيف و قد قيل ؟ ( خ ) عن عقبة بن الحارث

4596. ئۇقبەت ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ  ئەنھۇ بىر ئايال بىلەن توي قىلىدۇ، ئاندىن بىر ئايال كېلىپ، ھەققەتەن مەن ئۇقبەتنى ۋە ئۇ ئالغان ئايالنى ئېمىتىپ قويغان دەيدۇ. ئۇقبەت، بۇ ئىشنى مەن بىلمەيمەن دەپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن ئۇ سۆز دېيىلىپ بولغان تۇرسا، ئەمدى قانداق بولا؟ دەپ بىللە ئۆتۈشكە قوشۇلمايدۇ، ئاندىن ئۇلار ئاجرىشىپ كېتىدۇ. بۇخارى 86 ـ ھەدىس، تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەدلەردە بار، سەھىھ. ئالىملار بۇ ھەدىسنى شۈبھىلىك نەرسىنى تەرك ئېتىشكە دەلىللەيدۇ.

كيف يقدس الله أمة لا يأخذ ضعيفها حقه من قويها و هو غير متعتع ؟ ( ع هق ) عن بريدة

4597. بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زەئىپ، ئاجىز كىشىلىرىنىڭ ھەققىنى كۈچلۈك بايلاردىن، ئاجىزلارنى قورقۇتماي، چۆچۈتمەي، زۇلۇم قىلماي، ھەققىنى كاملاتماي ئېلىپ بەرمىگەن قەۋمنى ئاللاھتائالا قانداق پاكلىسۇن؟ مۇقەددەس قىلسۇن؟ ئەبۇ يەئلا، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4598** ( صحيح ) كيف يقدس الله أمة لا يؤخذ من شديدهم لضعيفهم ( ه حب ) عن جابر

4598. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۈچلۈكلىرىدىن زەئىپ، ئاجىزلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بەرمىگەن ئۈممەتنى ئاللاھتائالا قانداقمۇ پاكلىسۇن؟ ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**4599** ( صحيح ) كيلوا طعامكم فإن البركة في الطعام المكيل ( ابن النجار ) عن علي

4599. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تائاملىرىڭلارنى، ئاشلىقلىرىڭلارنى جىڭلاڭلار، كەمچەنلەڭلار. چۈنكى، بەرىكەت، كەمچەنلەنگەن، جىڭلانغان ئاش، تائاملاردا بولىدۇ. ئىبنى نەججار توپلىغان، سەھىھ.

**4600** ( صحيح ) كيلوا طعامكم يبارك لكم فيه ( حم خ ) عن المقدام بن معد يكرب ( تخ ه ) عن عبدالله بن بسر ( حم ه ) عن أبي أيوب ( طب ) عن أبي الدرداء

4600. مىقداد، ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر، ئەبۇ ئەييۇب، ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تائاملىرىڭلارنى، ئاشلىقىڭلارنى، تارازا، مىزاندا تارتىپ، كەمچەندە كەمچەنلەڭلار، شۇنىڭدا سىلەرگە بەرىكەت بېرىلىدۇ. (شۇنداق قىلغاندا ئۆشرە زاكات ئايرىلىدۇ، يىللىق ھىساب بويىچە پىلانلىنىدۇ...ۋەھاكازا). ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ماجە، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

الكبائر: الإشراك بالله و عقوق الوالدين و قتل النفس و اليمين الغموس ( حم خ ت ن ) عن ابن عمرو

4601. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گۇناھى كەبىرىلەر: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش(ئاللاھ ساقلىسۇن)؛ ئاتا ـ ئانىڭلارغا ۋارقىراپ، گەردەن قىلىش؛ قاتىللىق قىلىش؛ يالغان قەسەمدۇر. ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

الكبائر: الإشراك بالله و قذف المحصنة و قتل النفس المؤمنة و الفرار يوم الزحف و أكل مال اليتيم و عقوق الوالدين المسلمين و إلحاد بالبيت قبلتكم أحياء و أمواتا ( هق ) عن ابن عمرو

4602. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گۇناھى كەبىرىلەر يەنى ئەڭ چوڭ گۇناھلار ـ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئىپپەتلىك ئايالغا بوھتان چاپلاش، مۆئمىن كىشىنى ئۆلتۈرۈش، جەڭ كۈنىدىن قېچىش، يەنى دىنسىز مۇشرىكلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغان كۈنى جەڭدىن قېچىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىش، مۇسۇلمان ئاتا ـ ئانىلارغا ۋارقىراپ گەردەن قىلىش، ھاياتىڭلاردىمۇ، ماماتىڭلاردىمۇ سىلەرنىڭ قىبلەڭلار بولغان بەيتۇللاھدا دىنسىزلىق، زۇلۇم قىلىش، دىندىن مۇرتەد بولۇپ چىقىپ كېتىشتۇر، بۇلار ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

الكبائر: الشرك بالله و الإياس من روح الله و القنوط من رحمة الله ( البزار ) عن ابن عباس

4603. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن، راھەت - پاراغەتلىك رىزىق بېرىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈش، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىش، نائۈمىد بولۇش گۇناھى كەبىرىدۇر. بەزار توپلىغان، ھەسەن.

الكبائر: الشرك بالله و قتل النفس و عقوق الوالدين ألا أنبئكم بأكبر الكبائر ؟ قول الزور ( حم ق ت ن ) عن أنس

4604. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەڭ چوڭ گۇناھلار-ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، پاك جاننى ئۆلتۈرۈش، يەنى قاتىللىق، ئاتا - ئانائىلارغا ۋارقىراپ، گەردەن قېقىش، مەن سىلەرگە گۇناھى كەبىرىلەرنىڭ ئەڭ چوڭراقىنى ئېيتىپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، يالغان سۆزلەش. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

الكبائر تسع: أعظمهن إشراك بالله و قتل النفس بغير حق و أكل الربا و أكل مال اليتيم و قذف المحصنة و الفرار يوم الزحف و عقوق الوالدين و استحلال البيت الحرام: قبلتكم أحياء و أمواتا ( د ن ) عن عمير

4605. ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گۇناھى كەبىرىلەر توققۇزدۇر، ئەڭ چوڭراقى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ھەقسىز، بىگۇناھ كىشىنى ئۆلتۈرۈش، جازانە، ئۆسۈم يېيىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىش، ئاندىن، ئىپپەتلىك ئايالغا بۆھتان چاپلاش، جەڭ كۈنى ئۇرۇشتىن قېچىش، ئاتا - ئانىلارغا گەردەن قېقىپ، ئاسىيلىق قىلىش، ھاياتىڭلاردا ۋە ماماتىڭلاردا قىبلەڭلار بولغان بەيتۇللاھ مەسجىد ھەرەمدە ئۇرۇش قىلىشنى ھالال ساناش، ھەرەمنى ھالال ساناش قاتارلىقلار گۇناھى كەبىرىدۇر. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، ھەسەن. كىشى ئۆلگەندىمۇ كەئبە تەرەپكە قارىتىلىدۇ، ئالىملار مەخسۇس گۇناھى كەبىرلەرنى توپلاپ، مەخسۇس كىتاب يازغان، بۇ يەتتىدىن 700گىچە بولۇپ، ئازاب ۋەدە قىلىنغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، گۇناھي كەبىرە دېگەن جىنايەتلەر، مەئسىيەتلەر، گۇناھى كەبىرىدۇر، ئاللاھ ھەممىمىزنى گۇناھلاردىن ساقلىسۇن، ئاللاھقا سېغىنىپ، شەيتاندىن گۇناھ قىلىپ قېلىشتىن پاناھ تىلەيمىز، ئامىن!

الكبائر سبع: الإشراك بالله و قتل النفس التي حرم الله إلا بالحق و قذف المحصنة و الفرار من الزحف و أكل الربا و أكل مال اليتيم و الرجوع إلى الأعرابية بعد الهجرة ( طس ) عن أبي سعيد

4606. ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەڭ چوڭ گۇناھ يەتتىدۇر، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاللاھ ھارام قىلغان جاننى ئۆلتۈرۈپ، قاتىللىق قىلىش، لېكىن، ھەقلىق بىلەن بولسا بۇ مۇستەسنادۇر، (يەنى زىنا قىلسا، قاتىللىق قىلسا، مۇرتەد بولسا، نامازنى تەرك ئەتسە ئۆلتۈرۈلىدۇ) ئىپپەتلىك ئايالغا بۆھتان چاپلاش، جەڭدىن قېچىش، جازانە، ئۆسۈم يېيىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىش، ھىجرەتتىن كېيىن ئەئرابىغا قايتىۋېلىش، يەنى ئۆز يۇرتىغا، سەھراغا بېرىۋېلىپ، ھىجرەت ئەھلىدىن يۈز ئۆرۈش. تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، ھەسەن.

**4607** ( صحيح ) الكبر الكبر ( ق د ) عن سهل بن أبي حثمة

4607. سەھلى ئىبنى ئەبۇ ھەسمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالدى بىلەن چوڭلار سۆزلىسۇن، سۆزلەشنى چوڭلارغا بەرگىن. بەيھەقى،

ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنى ئاكا ـ ئۇكىلار، قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا يەھۇدىيلار ئۇستىدىن ئەرز قىلىپ كەلگەندە، كىچىكى سۆز قىلماقچى بولغاندا دېگەن.

**4608** ( صحيح ) الكبر من بطر الحق و غمط الناس ( د ك ) عن أبي هريرة

4608. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىبرى دېگەن ھەقنى ئىنكار قىلغان، كىشىلەرنى ھاقارەتلەپ، ئۇلارنى ئۇستۈن تۇتۇپ، چوڭچىلىق قىلغان كىشىدە بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 3569 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4609** ( صحيح ) الكحل وتر ( تمام ) عن أنس

4609. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۆزگە سۈرمىنى تاق تارتىش كېرەك. تەمام توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) الكريم ابن الكريم ابن الكريم ابن الكريم: يوسف بن يعقوب بن إسحاق بن إبراهيم ( حم خ ) عن ابن عمر ( حم ) عن أبي هريرة

4610. ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھۆرمەتلىك، ئۇلۇغ ئادەمنىڭ بالىسى ھۆرمەتلىك، ئۇلۇغ كىشى، ئاتا ـ بوۋىلىرىمۇ ھۆرمەتلىك ئۇلۇغ كىشى بولسا، ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئىسھاقنىڭ ئوغلى يەقۇبنىڭ ئوغلى يۇسۇف ئەلەيھىسسالاملاردۇر، ھەممىسى پەيغەمبەر. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان سەھىھ.

**4611** ( صحيح ) الكلب الأسود البهيم: شيطان ( حم ) عن عائشة

4611. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆت كۆزلۈك توم قارا ئىت شەيتاندۇر. (بۇنداق ئىت دەرھال ئۆلتۈرۈلىدۇ.) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

الكمأة من المن الذي أنزل الله تعالى على بني إسرائيل و ماؤها شفاء للعين ( م ه ) عن سعيد بن زيد

4612. سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: موگۇ، ئاللاھتائالا بەنى ئىسرائىلغا چۈشۈرگەن مەننى دېگەن نېئمەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئۇنىڭ سۈيى كۆزگە شىپادۇر. مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4613** ( صحيح ) الكمأة من المن و ماؤها شفاء للعين ( حم ق ت ) عن سعيد بن زيد ( حم ق ه ) عن أبي سعيد وجابر ( أبو نعيم في الطب ) عن ابن عباس وعائشة

4613. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ نۇئەيملەر سەئىددىن، ئەبۇ سەئىدى، جابىر، ئىبنى ئابباس، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ، مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش، موگۇ، مەننىدىن سۈيى كۆزگە شىپادۇر.

**4614** ( صحيح ) الكوثر نهر أعطانيه الله في الجنة ترابه مسك أبيض من اللبن و أحلى من العسل ترده طائر أعناقها مثل أعناق الجزر آكلها أنعم منها ( ك ) عن أنس

4614. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەۋسەر بولسا، ئاللاھتائالا ماڭا جەننەتتە بەرگەن ئۆستەڭدۇر، تۇپرىقى مىسكە ئەنبەردەكتۇر، سۈيى سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن تاتلىق، بۇ كۆلگە بويۇنلىرى خۇددى تۆگىنىڭ بويىنىغا ئوخشاش قۇشلار چۈشۈپ ئوتلايدۇ، ئۇنى يېگۈچى، ئۇلاردىن نېئمەتلىكرەك تېخىمۇ لەززەت ئالىدۇ. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ سۇرە كەۋسەرنىڭ تەپسىرى بولىدۇ.

**4615** ( صحيح ) الكوثر نهر في الجنة حافتاه من ذهب و مجراه على الدر و الياقوت تربته أطيب ريحا من المسك و ماؤه أحلى من العسل و أشد بياضا من الثلج ( حم ت ه ) عن ابن عمر

4615. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەۋسەر جەننەتتىكى ئۆستەڭ بولۇپ، ئىككى قىرغىقى ئالتۇندىن، ئېقىش ئورنى ئاستى گۆھەر، ياقۇتتىن، تۇپرىقى مىسكتىن خۇشپۇراقتۇر، سۈيى بولسا، ھەسەلدىن تاتلىق، قاردىنمۇ سوغۇق ھەم ئاقتۇر. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

كان آخر كلام النبي صلى الله عليه وسلم: الصلاة الصلاة اتقوا الله فيما ملكت أيمانكم ( د ه ) عن علي

4616. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزى مۇنداق دېيىش بولدى: ناماز! نامازنى مۇھاپىزەت قىلىڭلار، سىلەر ئىگە بولغان قۇل، دېدەك، چۆرىلەر توغرىسىدا ئاللاھدىن قورقۇڭلار. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4617** ( صحيح ) كان آخر ما تكلم به أن قال: قاتل الله اليهود و النصارى اتخذوا قبور أنبيائهم مساجد لا يبقين دينان بأرض العرب ( هق ) عن أبي عبيدة بن الجراح

4617. ئەبۇ ئۇبەيدە، ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزلىگەن سۆزنىڭ ئاخىرى مۇنداق دېيىش بولدى: ئاللاھتائالا، يەھۇدىي، ناسارالارغا لەنەت قىلسۇنكى، ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالدى، (سىلەر ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭلار) ئەرەب زېمىنىدا ھەرگىز ئىككى خىل دىن قېلىپ قالمىسۇن، يەنى يەھۇدىي، ناسارا، مۇشرىك، دىنسىزلارنى قوغلاپ چىقىرىڭلار! بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4618** ( صحيح ) كان أبغض الخلق إليه الكذب ( هب ) عن عائشة

4618. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەخلاقنىڭ ئەڭ ئۆچ، دۈشمەنرەكى، يالغانچىلىق ئىدى. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## « رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئىش ـ ھەرىكىتى»

كان أبيض كأنما صيغ من فضة رجل الشعر ( ت في الشمائل ) عن أبي هريرة

4619. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رەڭگى ئاق ئىدى، خۇددى كۈمۈشتىن قۇيۇپ قۇيغاندەك نۇرلۇق، ئاق ئىدى، چېچى تاراغلىق ئىدى. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

كان أبيض مشربا بحمرة ضخم الهامة ( أغر أبلج أهدب الأشفار ) ( البيهقي ) عن علي

4620. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رەڭگى قىزىل رەڭ بىلەن رەڭ بېرىلگەندەك ئاق ئىدى، يەنى ئاقىراق، بۇغداي ئۆڭلۈك، مەڭزى قىزىلراق ئىدى، باش سۆڭىكى چوڭ ئىدى، يۈزى نۇرلۇق، ئاق، خۇددى سۈبھىدەك نۇرلۇق ئىدى، قويۇق كىرپىكلىك

ئىدى. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

كان أبيض مشربا بياضه بحمرة و كان أسود الحدقة أهدب الأشفار ( البيهقي في الدلائل ) عن علي

4621. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رەڭگى، قىزىللىق بىلەن رەڭ بېرىلگەن، قىزىل رەڭ ئۇچۇرۇلگەندەك، ئاق، يەنى ئاقىراق، بۇغداي ئۆڭلۈك ئىدى، كۆز قارىچۇقى قارا ئىدى، ناھايىتى كىرپىكلىك ئىدى. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4622** ( صحيح ) كان أبيض مليحا مقصدا ( م ت في الشمائل ) عن أبي الطفيل

4622. ئەبۇتتۇپەيىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نۇرلۇق ئاق ئىدى، جىسمى ئوتتۇرھال ئىدى. مۇسلىم 4316 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4623** ( حسن ) كان أحب الألوان إليه الخضرة ( طس ابن السني أبو نعيم في الطب ) عن أنس

4623. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە رەڭلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى، يېشىل، كۆك رەڭ ئىدى. تەبرانى، ئىبنى سەنا، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن.

**4624** ( صحيح ) كان أحب الثياب إليه الحبرة ( ق د ن ) عن أنس

4624. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كىيىملەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك، دوستراقى، پاختا بىلەن زىننەتلەنگەن، پاختىدا تىكىلگەن كىيىم ئىدى. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4625** ( صحيح ) كان أحب الثياب إليه القميص ( د ت ك ) عن أم سلمة

4625. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كىيىملەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى، پاختا كۆڭلەك ئىدى. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4626** ( صحيح ) كان أحب الدين إليه ما داوم عليه صاحبه ( خ ه ) عن عائشة

4626. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دىنىنىڭ يەنى ئەمەلنىڭ سۆيۈملۈكرەكى، شۇ ئەمەلنىڭ ئىگىسى داۋام قىلغىنىدۇر. بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، ئەمەلنىڭ ياخشىسى گەرچە ئاز بولسىمۇ، دائىم بولغىنى دېگەن ھەدىس بار.

**4627** ( صحيح ) كان أحب الشراب إليه الحلو البارد ( حم ت ك ) عن عائشة

4627. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە شاراپ، ئىچىملىكنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى، سوغۇق، مۇزلۇق، تاتلىق ئىدى. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4628** ( صحيح ) كان أحب الشهور إليه أن يصومه شعبان ثم يصله برمضان ( د ) عن عائشة

4628. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە روزا تۇتۇشدا ئايلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى، شەئبان ئېيى ئىدى، ئاندىن بۇ ئاينى روزا تۇتۇش بىلەن رامزانغا ئۇلايتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

كان أحب العرق إليه ذراع الشاة ( حم د ابن السني و أبو نعيم ) عن ابن مسعود

4629. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە غاجىلايدىغان سۆڭەكنىڭ سۆيۈملۈكرەكى، قوينىڭ ئالدى قولى ئىدى، (گۆشمۇ شۇنداق).

ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى سەنا، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

كان أحب العمل إليه ما دووم عليه و إن قل ( ت ن ) عن عائشة وأم سلمة

4630. ئائىشە، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەمەلنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى، گەرچە ئاز بولسىمۇ، داۋام قىلىنغىنىدۇر. تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

كان أحب ما استتر به لحاجته هدف أو حائش نخل ( حم م د ه ) عن عبدالله بن جعفر

4631. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھاجىتى ئۈچۈن پەردىلىنىدىغان نەرسىنىڭ سۆيۈملۈكرەكى، بىنادىن ئىبارەت ئېگىز جايلار، ياكى خورما بوستانلىقى ئىدى، (شۇنىڭ ئارقىسىغا ئۆتەتتى). ئىبنى ماجە 344 ـ ھەدىس، مۇسلىم 517 ـ ھەدىس، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، سەھىھ.

**4632** ( صحيح ) كان أحسن الناس خلقا ( م د ) عن أنس

4632. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى ئەڭ گۈزەلرەكى، ياخشىراقى ئىدى. مۇسلىم 1654 ـ ھەدىس، بۇخارى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

**4633** ( حسن ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **4319** كان أحسن الناس ( صفة و أجملها كان ربعة إلى الطول ما هو بعيد ما بين المنكبين أسيل الخدين شديد سواد الشعر أكحل العينين أهدب الأشفار إذا وطئ بقدمه وطئ بكلها ليس له أخمص إذا وضع رداءه عن منكبيه فكأنه سبيكة فضة ( و إذا ضحك يتلألأ ) ) ( البيهقي ) عن أبي هريرة

4633. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ سۈپەت جەھەتتىن ئەڭ گۈزەلرەكى ئىدى، ئەخلاقى ياخشىراقى ئىدى، ئوتتۇرھال ئىدى، ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارىلىقى بەك كەڭ ئەمەس ئىدى، گەۋدىلىك نورمال ئىدى، ئىككى مەڭزى كەڭ، ئۇزۇن ئىدى، يەنى گۈزەل دېمەكچى ، چېچى قاتتىق قارا ئىدى، پۇتى بىلەن دەسسەپ ماڭسا، پۇتۇنلەي دەسسەپ ماڭاتتى، پۇتىنىڭ ئالقىنى چوڭقۇر ئەمەس ئىدى، رىدايىنى قويسا، مۈرىسى خۇددى كۈمۈشنىڭ تاللانغان سۇزۇكىدەك نۇرلۇق، ئاپئاق ئىدى، كۈلسە نۇرلىنىپ كېتەتتى. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**4634** ( صحيح ) كان أحسن الناس و أجود الناس و أشجع الناس ( ق ت ه ) عن أنس

4634. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ ئەڭ گۈزەلرەكى، ياخشىراقى، سېخىيراقى، باتۇرراقى ئىدى. بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، مانا بۇ سۈپەتلەر يېتەرلىكتۇر.

كان أحسن الناس وجها و أحسنهم خلقا ليس بالطويل البائن و لا بالقصير ( ق ) عن البراء

4635. بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ يۈزى ئەڭ گۈزەلرەكى، ئەخلاقى ياخشىراقى ئىدى، بەكمۇ ئۇزۇن ئەمەس، يەنى ئېگىز ئەمەس، بەكمۇ قىسقا، پاكار ئەمەس، ئوتتۇرھال ئىدى. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4636** ( صحيح ) كان أخف الناس صلاة على الناس و أطول الناس صلاة لنفسه ( حم ع ) عن أبي واقد

4636. ئەبۇ ۋاقىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىشتە، كىشىلەرنىڭ ئەڭ يەڭگىللىرەكى ئىدى، ئۆزى ئوقۇغان يالغۇز ناماز ئوقۇشتا بولسا، كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئۇزۇن ناماز ئوقۇيدىغىنى ئىدى. ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

**4637** ( صحيح ) كان أخف الناس صلاة في تمام ( م ت ن ) عن أنس

4637. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇشتا ئەڭ يەڭگىل تامام قىلىدىغىنى ئىدى، لېكىن، كامىل، تولۇق ئوقۇيتتى. مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4638** ( صحيح ) كان إذا أتى باب قوم لم يستقبل الباب من تلقاء وجهه و لكن من ركنه الأيمن أو الأيسر و يقول: السلام عليكم السلام عليكم ( حم د ) عن عبدالله بن بسر

4638. ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر قەۋمنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ قالسا، ئىشىككە يۈزى بىلەن ئالدىنى قىلمايتتى، لېكىن، ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ياكى سول تەرىپىگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!!! دەيتتى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) كان إذا أتى مريضا أو أتي به قال: أذهب الباس رب الناس اشف و أنت الشافي لا شفاء إلا شفاؤك شفاء لا يغادر سقما ( ق ه ) عن عائشة

4639. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر كېسەلگە كېلىپ قالسا ياكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كېسەل كىشى كەلتۈرۈلسە، مۇنداق دەيتتى: ئى كىشىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى، بۇ كېسەلنى غەم ـ قايغۇسىنى ئۆزلىرى يوق قىلسىلا، ئۆزلىرى شىپالىق ئاتا قىلسىلا، سىلى شىپالىق ئاتا قىلغۇچى شافىي، كېسەللەرنى قالدۇرماي ساقايتۇىېتىدىغان سىلىنىڭ شىپالىرىدىن باشقا شىپا يوق، پەقەت سىلىنىڭ شىپالىقلىرى باردۇر. بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4640** ( صحيح ) كان إذا أتاه الأمر يسره قال: الحمد لله الذي بنعمته تتم الصالحات و إذا أتاه الأمر يكرهه قال: الحمد لله على كل حال( ابن السني في عمل اليوم والليلة ك ) عن عائشة

4640. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خۇشال، خۇرسەن قىلىدىغان ئىش كېلىپ قالسا، مۇنداق دەيتتى: ئۆزىنىڭ نېئمىتى بىلەن بارچە ياخشىلىقلار تامام كامىل بولىدىغان، ئاللاھقا شۈكرى، بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقا خاستۇر؛ ئەگەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى خاپا قىلىدىغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياقتۇرمايدىغان ئىشلار كېلىپ قالسا، بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ھەرقانداق ھالەتتە ئاللاھقا خاستۇر دەيتتى. «الحمد لله على كل حال» دەيتتى. ھاكىم بىلەن ئىبنى سەنا توپلىغان، سەھىھ. بۇ بىزنىڭ خۇشاللىق ۋە خاپىلىق كۈنلەردە دەيدىغان سۆزىمىز.

**4641** ( صحيح ) كان إذا أتاه الرجل و له اسم لا يحبه حوله ( ابن مندة ) عن عتبة بن عبد

4641. ئۇتبەت ئىبنى ئابدۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياخشى كۆرمەيدىغان ئىسمى بار كىشى كېلىپ قالسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى باشقا گۈزەل ياخشى ئىسىمغا ئۆزگەرتىۋېتەتتى. ئىبنى مۇندەھ توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا أتاه الفيء قسمه في يومه فأعطى الآهل حظين و أعطى العزب حظا ( د ك ) عن عوف بن مالك



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

4642. ئەۋق ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەسكەرلەر ئات چاپتۇرمىغان يەنى ئۇرۇش قىلماي قولغا ئالغان ئولجا، بەيئى مال كېلىپ قالسا، ئۇنى شۇ كۈنىلا تەقسىم قىلىپ بېرەتتى، ئەھلى، خوتۇن بالىلىرى بار كىشىگە ئىككى نېسىۋە ، تۇل كىشىگە بىر كىشىلىك نېسىۋە بېرەتتى. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئۇرۇش بىلەن قۇرال كۈچى ئىشلىتىپ ئالغان ئولجا، غەنىيمەتنىڭ بەشتەن بىرىنى ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا، يېتىم، مىسكىنگە بېرىۋېتىپ، قالغان تۆت ھەسسىسىنى ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.

كان إذا أتاه قوم بصدقتهم قال: اللهم صل على آل فلان ( حم ق د ن ه ) عن ابن أبي أوفى

4643. ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرەر قەۋم بەيتۇلمال ئۈچۈن سەدىقە، ئۆشرە - زاكاتلىرىنى ئېلىپ كەلسە، مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ، پالانى قەۋمنىڭ پالانىنىڭ ئائىلىسىگە رەھمەت قىلسىلا، ئۇلارنى مەغپىرەت قىلسىلا».
ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

4644 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 4323 كان إذا أتي بباكورة الثمرة وضعها على عينيه ثم على شفتيه ( و قال: اللهم كما أريتنا أوله فأرنا آخره ثم يعطيه من يكون عنده من الصبيان ) ( ابن السني ) عن أبي هريرة ( طب ) عن ابن عباس ( الحكيم ) عن أنس

4644. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئاببباس، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مېۋىنىڭ تۇنجى بولۇپ پىشقىنى كەلتۈرۈلسە، ئۇ مېۋىنى ئىككى كۆزىگە ئاندىن ئىككى لېۋىگە قويۇپ، سۈرتۈپ، مۇنداق دەيتتى: ئى ئاللاھ، بۇنىڭ ئەۋۋىلىنى بىزگە كۆرسەتكەندەك، ئاخىرىنىمۇ بىزگە كۆرسەتكىن، يەنى بىزنى ساق - سالامەت، خاتىرجەم قىلغىن دەپ ئاندىن ئۇ مېۋىنى يېنىدىكى سەبى باللارغا بېرەتتى. ئىبنى سەنا، تەبرانى، ھەكىيم توپلىغان، سەھىھ.

4645 ( صحيح ) كان إذا أتي بطعام سأل عنه أهدية أم صدقة ؟ فإن قيل: صدقة قال لأصحابه: كلوا و لم يأكل و إن قيل: هدية ضرب بيده فأكل معهم ( ق ن ) عن أبي هريرة

4645. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تائام كەلتۈرۈلسە، بۇ ھەدىيمۇ؟ ياكى سەدىقە، زاكاتمۇ؟ دەپ سورايتتى، ئەگەر بۇ تائام ئۆشرە - زاكات دېيىلسە ، يېقىر، نامرات ساھابىلىرىغا سىلەر يەڭلار دەپ ئۆزى يېمەيتتى، ئەگەر بۇ تائام ھەدىيە دېيىلسە ، بالدۇر قول سېلىپ، ئۇلار بىلەن بىرگە يەيتتى. بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ھازىرقىلار قەتئىي سورىماپلا يەيدۇ، شۇنى بىلىڭلاركى، بايغا ئۆشرە - زاكات ھالال ئەمەس، سوراپ بېقىپراق يەڭلار، ئاش، نان كەلسە ئىمان قاچىسۇن.

كان إذا أخذ أهله الوعك أمر بالحساء فصنع ثم أمرهم فحسوا و كان يقول: إنه ليرتو فؤاد الحزين و يسرو عن فؤاد السقيم كما تسرو إحداكن الوسخ بالماء عن وجهها ( ت ه ك ) عن عائشة

4646. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەھلىگە قىزىتما كېسەل يەتسە، سۇ، سۈت، ياغ، ھەسەل بىلەن قىلىنىدىغان تائام ھالۋىغا بۇيرۇيتتى، بۇ تائام پىشۇرۇلغاندا، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئىچىشكە بۇيرۇيتتى، ۋە مۇنداق دەيتتى: بۇ ھالۋا، كېسەل بىلەن غەم قىلغۇچى كىشىنىڭ قەلبىنى كۈچلەندۈرىدۇ، راھەتلەندۈرىدۇ، خۇددى بىرىڭلار يۈزىدىن كىر، توگرىنى

تازىلاپ سۇ بىلەن يۇق قىلغاندەك، كىيىمنى كىرلەردىن تازىلىغاندەك مېنى خاتالىقلاردىن پاكلىغىن، قەلبىدىن كىيىسەلنىڭ كىيسەللىك ئەلەملىرىنى زاۋال تاپقۇزۇپ يوق قىلىۋېتىدۇ. تىرمىزى 1962 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3437 ـ ھەدىس، ئەھمەد 24857 ـ ھەدىس،ھاكىم توپلىغان،سەھىھ.

**4647** ( صحيح ) كان إذا أخذ مضجعه جعل يده اليمنى تحت خده الأيمن ( طب ) عن حفصة

4647. ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياتىقىنى تۇتقاندا، يەنى ياتقاندا، ئوڭ قولىنى ئوڭ مەڭزىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ياتاتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا أخذ مضجعه قرأ ( قل يا أيها الكافرون حتى يختمها ) ( طب ) عن عبادة بن أخضر

4648. ئۇبادەت ئىبنى ئەخزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياتىقىنى ئېلىپ ياتقاندا بولسا، «قل يا أيها الكافرون»نى يەنى سۈرە كافىرۇننى تۈگىگىچە ئوقۇۋېتىپ ياتاتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرىدا يېتىش ئالدىدا ئۈچ قېتىم ئوقۇشقا بۇيرۇغان سەھىھ ھەدىس ئۆتتى.

**4649** ( صحيح ) كان إذا أخذ مضجعه من الليل قال: بسم الله وضعت جنبي اللهم اغفر لي ذنبي و اخسأ شيطاني و فك رهاني و ثقل ميزاني و اجعلني في الندي الأعلى ( د ك ) عن أبي الأزهر

4649. ئەبۇلئەزھەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدىن ياتاققا كىرگەندە، يېتىش ئالدىدا مۇنداق دەيتتى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلاپ يېنىمنى قويىمەن، ئى ئاللاھ، مەن ئۈچۈن بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسىلا، مەن ئۈچۈن ماڭا مەسئۇل شەيتاننى خار قىلسىلا، مېنىڭ گۆرۈگە، رەنىگە قويۇلۇشۇمنى ئازاد قىلسىلا، مىزانىمنى ئېغىر قىلسىلا، مېنى پەرىشتىلەردىن پەيغەمبەرلەردىن بولغان ئەڭ ئۈستۈن مەردىبىلىك جامائەتلەر ئىچىدە قىلسىلا». ئەبۇ داۋۇد 4395 ـ ھەدىس، ھاكىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا أخذ مضجعه من الليل وضع يده تحت خده ثم يقول: باسمك اللهم أحيا و باسمك أموت و إذا استيقظ قال: الحمد لله الذي أحيانا بعد ما أماتنا و إليه النشور ( حم م ن ) عن البراء ( حم خ 4 ) عن حذيفة ( حم ق ) عن أبي ذر

4650. بەرائى، ھۇزەيفە، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ياتىقىنى تۇتقاندا، قولىنى مەڭزىنىڭ ئاستىغا قوياتتى، يېتىش ئالدىدا مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھ، مەن سىلىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن باشلاپ ياتىمەن، سىلىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن باشلاپ تىرىلىمەن ۋە ئۆلىمەن، ئۇخلايمەن ۋە ئويغىنىمەن» ئويغانغاندا بولسا، بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار بىزنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تىرىلدۈرگەن، ئۇخلاتقاندىن كېيىن ئويغاتقان ئاللاھقا خاستۇر، تىرىلىپ قويۇش ئاللاھنىڭ دەرگاھىغىدۇر» دەيتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، بۇخارى، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا أراد الحاجة أبعد ( ه ) عن بلال بن الحارث ( حم ن ه ) عن عبدالرحمن بن أبي قراد

4651. بىلال ئىبنى ھارىس، ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەتنى يەنى تەرەت قىلىشنى مەقسەت قىلسا، كىشى كۆرمىگىدەك يىراققا باراتتى. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا أراد الحاجة لم يرفع ثوبه حتى يدنو من الأرض ( د ت ) عن أنس وعن ابن عمر ( طس ) عن جابر

4652. ئەنەس ئىبنى ئۆمەر، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا، كىيىمنى ئۇستۇن كۆتۈرۈۋالمايتتى، ھەتتا كىيىمى يەرگە تېگىپ يېقىن تۇراتتى، يەنى ئەۋرەتنى يېپىش ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا أراد أن يباشر امرأة من نسائه و هي حائض أمرها أن تأتزر ثم يباشرها ( خ د ) عن ميمونة

4653. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىدىن ھەيزدار ئاياللار كىيسلى بولۇپ قالغان ئايالى بىلەن بىللە قۇچاقلىشىپ يېتىشنى مەقسەت قىلسا، ئۇ ئايالنى ئىشتان كىيىۋېلىشقا بۇيرۇيتتى، ئاندىن بىللە ياتاتتى، ئىشتان ئۇستىدىن قۇچاقلايتتى. بۇخارى بىلەن ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4654** ( صحيح ) كان إذا أراد أن يحرم تطيب بأطيب ما يجد ( م ) عن عائشة

4654. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەج ئۈچۈن ئېھرام باغلاشنى ئىرادە قىلسا، تاپالىغان خۇشپۇراق نەرسىنىڭ ئەڭ خۇشپۇراق ئەترىلەرنى ئىشلىتەتتى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، زەئىپراندەك رەڭلىك خۇشپۇراقدىن خەلۇق دېگەن سېرىق رەڭلىك ئەتىردىن توسقان.

كان إذا أراد أن يدعو على أحد أو يدعو لأحد قنت بعد الركوع ( خ ) عن أبي هريرة

4655. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر كىشىنىڭ زىيىنىغا، قارشىسىغا ياكى مەنپەئەتى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى ئىرادە قىلسا، رۇكۇدىن كېيىن، دۇئايى قۇنۇت ئوقۇيتتى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. يەنى رۇكۇدىن كېيىن دۇئا قىلاتتى.

( صحيح ) كان إذا أراد أن يرقد وضع يده اليمنى تحت خده ثم يقول: اللهم قني عذابك يوم تبعث عبادك – ثلاث مرات – ( د ) عن حفصة

4656. ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلاشنى مەقسەت قىلسا، ئوڭ قولىنى ئوڭ مەڭزىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ئاندىن مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھ، مېنى، بارلىق بەندىلەرنى تىرىلدۈرۈپ قوپۇرىدىغان قىيامەت كۈنىدىكى ئازابلىرىدىن ساقلىسىلا»، بۇنى ئۈچ قېتىم دەيتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا أراد أن يستودع الجيش قال: استودع الله دينكم و أمانتكم و خواتيم أعمالكم ( د ك ) عن عبدالله بن يزيد

4657. ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوشۇن بىلەن خوشلىشىشنى ئىرادە قىلسا، مۇنداق دەيتتى: «مەن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى، ئامانىتىڭلارنى، ئەمەللىرىڭلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ياخشىسىنى ئاللاھقا ئامانەت قويدۇم، ئاللاھقا تاپشۇردۇم». ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس، خوشلاشقاندا شۇنداق دېيىشكە دەلىلدۇر. يەنى ئاللاھقا ئامانەت.

**4658** ( صحيح ) كان إذا أراد أن يعتكف صلى الفجر ثم دخل معتكفه ( د ت ) عن عائشة

4658. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېتىكاپ قىلىشنى ئىرادە قىلىپ قالسا، بامدات نامىزىنى ئوقۇپ، ئاندىن ئېتىكاپ قىلىدىغان جايغا كىرىپ كېتەتتى. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4659** ( صحيح ) كان إذا أراد أن ينام و هو جنب توضأ وضوءه للصلاة و إذا أراد أن يأكل أو يشرب و هو جنب غسل يديه ثم يأكل و يشرب ( د ن ه ) عن عائشة

4659. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۇنۇپ ھالەتتە ئۇخلاشنى ئىرادە قىلسا، نامازغا ئالغاندەك كىچىك تاھارەت ئالاتتى، جۇنۇپ ھالەتتە يەپ ـ ئىچىشنى ئىرادە قىلسا، ئىككى قولىنى يۇيۇۋېتىپ، ئاندىن يەپ ـ ئىچەتتى. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا أراد أن ينام و هو جنب غسل فرجه و توضأ للصلاة ( ق د ن ه ) عن عائشة

4660. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۇنۇپ ھالەتتە ئۇخلاشنى مەقسەت قىلسا، ئەۋرىتىنى يۇيۇۋېتىپ، نامازغا ئالغاندەك كىچىك تاھارەت ئالاتتى. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا أراد سفرا أقرع بين نسائه فأيتهن خرج سهمها خرج بها معه ( ق د ه ) عن عائشة

4661. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئاياللىرى ئارىسىغا چەك تاشلايتتى، سەپەرگە چىقىش چېكى قايسى ئايالغا چىقىپ قالسا، شۇ ئايالنى سەپەرگە ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ چىقاتتى. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4662** ( صحيح ) كان إذا أراد غزوة ورى بغيرها ( د ن ) عن كعب بن مالك

4662. كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر غازاتنى بىرەر جايغا ئۇرۇشقا چىقىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇ جايدىن باشقا جايغا چىقىمىز دەپ يوشۇراتتى، ئۇرۇش نىشانىنى مەخپىي تۇتاتتى. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، غەربدىن شەپە بېرىپ، شەرققە ھۇجۇم، ئۇياقتىن شەپە بېرىپ بۇياققا ھۇجۇم قىلاتتى.

كان إذا أراد من الحائض شيئا ألقى على فرجها ثوبا ( د ) عن بعض أمهات المؤمنين

4663. مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى بولغان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىنىڭ بەزىسىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەيزدار ئاياللىدىن بىرەر نەرسىنى ئىرادە قىلسا، ئۇ ئايالنىڭ ئەۋرىتىگە كىيىمنى تاشلايتتى، يەنى ئىشتان كىيدۈرۈپ قويۇپ بىللە ياتاتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. چۈنكى، ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش دۇرۇس ئەمەس.

كان إذا استجد ثوبا سماه باسمه قميصا أو عمامة أو رداء ثم يقول: اللهم لك الحمد أنت كسوتنيه أسألك من خيره و خير ما صنع له و أعوذ بك من شره و شر ما صنع له ( حم د ت ك ) عن أبي سعيد

4664. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر يېڭى كىيىم كىيسە، ئۇ كىيىمنى كۆڭلەك يا سەللە يا رىدا،تون دېگەن ئىسىملىرى بىلەن ئاتايتتى، ئاندىن مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ، بارلىق ھەمدۇ سىلىڭگە خاس، ماڭا سىلى كىيىم بەردىلە، مەن سىلىدىن بۇ كىيىمنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە بۇ كىيىم ئۈچۈن قىلىنغان نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن، سىلىگە سىغىنىپ بۇ كىيىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلىنغان يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن». ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. مانا بۇ دۇئا، بۇ زىكرى مانا بۇ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەت، ئاللاھنى ئەسلەش.

كان إذا استراث الخبر تمثل ببيت طرفة: و يأتيك بالأخبار من لم تزود ( حم ) عن عائشة



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

4665. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەۋەرنىڭ راستلىقىنى تەكشۈرمەكچى بولسا، مۇنۇ بېيىتنىڭ بىر تەرىپىنى شۇ خەۋەر توغرىسىدا دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇيتتى، ساڭا خەۋەرنى، ئوزۇقنى ئوبدان تەييارلىمىغان كىشى ئېلىپ كېلىدۇ، يەنى ئالدىراپ، تېزلا. ئەھمەد 23981 ـ ھەدىس، ھەسەن.

كان إذا استسقى قال: اللهم اسق عبادك و بهائمك و انشر رحمتك و أحيي بلدك الميت ( د ) عن ابن عمرو

4666. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ تەلەپ قىلسا، مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ، بەندىلىرىنى سۇغارسىلا ۋە ھايۋانلىرىنى سۇغارسىلا، رەھمەتلىرىنى كەڭ تارقاتسىلا، ئۆلۈك، قۇرغاق شەھەرلىرىنى تىرىلدۈرسىلە». ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن. سۇ تەلەپ قىلىپ چىققان ئىمام مۇشۇنىڭدەك سەھىھ ھەدىستىكى دۇئالارنى قىلسۇن.

**4667** ( صحيح ) كان إذا استفتح الصلاة قال: سبحانك اللهم و بحمدك و تبارك اسمك و تعالى جدك و لا إله غيرك ( د ت ه ك ) عن عائشة ( ق ه ك ) عن أبي سعيد ( طب ) عن ابن مسعود وعن واثلة

4667. ئائىشە، ئەبۇ سەئىد، ئىبنى مەسئۇد، ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى باشلاپ تەھرىم باغلىسا، مۇنداق دەيتتى: «**سۇبھانەكە ئاللاھۇممە ۋەبىھەمدىكە، ۋەتەبارە كەسمۇكە، ۋەتەئەلا جەددۇكە ۋە لا ئىلاھە غەيرۇك**»، تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ، سىلى پاك، مەن سىلىگە ھەمدۇ ئېيتىمەن، سىلىنىڭ ئىسىملىرى بەرىكەتلىك، بۈيۈكتۇر، كاتتا ئۇلۇغلۇقلىرى يۈكسەكتۇر، ئۈستۈندۇر، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر». ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم، بەيھەقى، تەبرانى توپلىغان. سەھىھ.

كان إذا استن أعطى السواك الأكبر و إذا شرب أعطى الذي عن يمينه( الحكيم ) عن عبدالله بن كعب

4668. ئابدۇللاھ ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مسۋاك سالسا، سىلىپ بولۇپ، مسۋاكنى يېشى چوڭراق كىشىگە بېرەتتى، ئىچىملىك ئىچسە ئېچىپ بولۇپ، ئوڭ تەرىپىدىكى كىشىگە بېرەتتى. ھەكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4669** ( صحيح ) كان إذا اشتد البرد بكر بالصلاة و إذا اشتد الحر أبرد بالصلاة ( خ ن ) عن أنس

4669. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سوغۇق كۈچىيىپ كەتسە، نامازنى بۇرۇنراق ئالدىراپ ئوقۇيتتى، يەنى بالدۇر ئوقۇيتتى، ھارارەت قىزىقلىق كۈچىيىپ كەتسە، نامازنى سوۋۇتۇپ يەنى پېشىنى، ھاۋانى سوۋۇتۇپ ئوقۇيتتى. بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4670** ( حسن ) كان إذا اشتدت الريح قال: اللهم لقحا لا عقيما ( حب ك ) عن سلمة بن الأكوع

4670. سەلمەت ئىبنى ئەكۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شامال قاتتىق كۈچلۈك چىققاندا، مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھ، بۇ شامالنى چاڭلاشتۇرغۇچى قىلىپ بەرسىلە، ئازابلىق، مەنپەئەتسىز قىلمىسىلا» ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

( حسن ) كان إذا اشتكى أحد رأسه قال: اذهب فاحتجم و إذا اشتكى رجله قال: اذهب فاخضبها بالحناء ( طب ) عن سلمى امرأة أبي رافع

4671. ئەبۇ راپىئنىڭ ئايالى سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر كىشى باش ئاغرىقىدىن شىكايەت قىلسا، بارغىن، قان ئالدۇرغىن دەيتتى، پۇت

ئاغرىقىدىن شىكايەت قىلسا، بارغىن، ئۇنى خېنە بىلەن بويىغىن دەيتتى، (خېنىمۇ شىپادۇر). تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) كان إذا اشتكى رقاه جبريل قال: بسم الله يبريك من داء يشفيك و من شر حاسد إذا حسد و شر كل ذي عين ( م ) عن عائشة

4672. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل بولۇپ قالسا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ ئايىتى شىپا ئوقۇپ داۋالايتتى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ سېنى كېسەلدىن ساقايتىۋەتسۇن، ساڭا ھەسەت قىلغۇچىنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى يامانلىقىدىن، ھەرقانداق كۆزى يامانىنىڭ كۆزىنىڭ يامانلىقىدىن سېنى ساقلاپ، ساڭا شىپالىق ئاتا قىلسۇن» مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4673** ( صحيح ) كان إذا اشتكى نفث على نفسه بالمعوذات و مسح عنه بيده ( ق د ه ) عن عائشة

4673. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل بولۇپ، ئاغرىپ قالسا، سۈرە فەلەق، سۈرە ناسنى مۇئەۋۋىزاتلارنى ئوقۇپ، ئۆزىگە سۈف دەيتتى، كېسەل جايىنى قولى بىلەن سىلايتتى، (يەنە بىر خاتىرىدە ئائىشەمۇ سىلاپ قويۇاتتى). بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا أصبح و إذا أمسى قال: أصبحنا على فطرة الإسلام و كلمة الإخلاص و دين نبينا محمد و ملة أبينا إبراهيم حنيفا مسلما و ما كان من المشركين ( حم طب ) عن عبدالرحمن بن أبي أبزى

4674. ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەبۇ ئەبزا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاڭ ئاتقۇزسا، كەچ قىلسا، مۇنداق دەيتتى: ئىسلام دىنى ئۈستىدە تاڭ ئاتقۇزدۇق، ئىخلاس كەلىمىسى ئۈستىدە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دىنى ئۈستىدە تاڭ ئاتقۇزدۇق ۋە كەچ قىلدۇق، ئىبراھىم ھەققە مايىل مۇسۇلمان ئىدى، ئۇ ھەرگىز مۇشرىكلەردىن ئەمەس ئىدى دەپ ئۆگىتەتتى. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا اطلع على أحد من أهل بيته كذب كذبة لم يزل معرضا عنه حتى يحدث توبة ( حم ك ) عن عائشة

4675. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەھلى بەيتىدىن بىرەر كىشىنىڭ بىرەر يالغان سۆزنى قىلغانلىقىنى بىلىپ قالسا، ئۇ كىشى تەۋبە قىلمىغۇچە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈۋالاتتى، تەۋبە قىلسا، ئاندىن سۆز قىلىپ قارايتتى. ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4676** ( صحيح ) كان إذا اعتم سدل عمامته بين كتفيه ( ت ) عن ابن عمر

4676. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەللە يۆگەپ قالسا، سەللىسىنىڭ پەتلىسىنى، ئۇچىنى ئىككى تاغىقى ئارىسىغا ساڭگىلىتىپ، تاشلاپ قويىاتتى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن سەللە يۆگەش سۈننەتتۇر.

**4677** ( صحيح ) كان إذا أفطر عند قوم قال: أفطر عندكم الصائمون و أكل طعامكم الأبرار و تنزلت عليكم الملائكة ( حم هق ) عن أنس

4677. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر قەۋمنىڭ نەزلىدە ئىپتار قىلىپ قالسا، مۇنداق دەيتتى. ئالدىڭلاردا روزا تۇتقۇچىلار ئىپتار قىلدى، تائاملىرىڭلارنى ياخشى كىشىلەر يېدى، سىلەرگە پەرىشتىلەر رەھمەت بىلەن چۈشتى. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ئىپتار قىلدۇرۇش لازىم.

كان إذا أفطر قال: ذهب الظمأ و ابتلت العروق و ثبت الأجر إن شاء الله ( د ك ) عن ابن عمر

4678. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىپتار قىلغاندا مۇنداق دەيتتى: ئۇسسۇزلۇق كەتتى، تومۇرلار يۆل بولدى، ئاللاھ خالىسا، ئەجرلەر مۇقىم بولدى. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

كان إذا أفطر عند قوم قال: أفطر عندكم الصائمون و صلت عليكم الملائكة ( طب ) عن ابن الزبير

4679. ئىبنى زەبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر قەۋمنىڭ نەزلىدە ئىپتار قىلىپ قالسا، مۇنداق دەيتتى: ئالدىڭلاردا روزىدارلار ئىپتار قىلدى، پەرىشتىلەر سىلەرگە رەھمەت يوللىدى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4680** ( صحيح ) كان إذا اكتحل اكتحل وترا و إذا استجمر استجمر وترا ( حم ) عن عقبة بن عامر

4680. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرمە تارتسا، تاق تارتاتتى؛ ئىستىنجا قىلسا، تاق قىلاتتى. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا أكل أو شرب قال: الحمد لله الذي أطعم و سقى و سوغه و جعل له مخرجا ( د ن حب ) عن أبي أيوب

4681. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەپ ئىچكەندە مۇنداق دەيتتى: بىزگە تائام بەرگەن، سۇغارغان، گالدىن ئۆتۈشنى، ھەزىم بولۇشنى ئاسان قىلغان، بۇ تائام، شارابقا چىقىش يولىنى چىقىرىش سىستېمىسىنى قىلىپ بەرگەن ئاللاھقا شۈكرى، بارلىق ھەمدۇ - سانا ئاللاھقا خاستۇر. ئەبۇ داۋۇد 3353 - ھەدىس، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**4682** ( صحيح ) كان إذا أكل طعاما لعق أصابعه الثلاث ( حم م **3** ) عن أنس

4682. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائام يېسە، بارماقلىرىنى ئۈچ قېتىم يالىۋېتەتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان،سەھىھ.

**4683** ( صحيح ) كان إذا أكل لم تعد أصابعه بين يديه ( تخ ) عن جعفر بن أبي الحكم مرسلا ( أبو نعيم في المعرفة ) عنه عن الحكم بن رافع بن سيار ( طب ) عن الحكم بن عمرو الغفاري

4683. جەئفەر، ھەكىيم، ئىبنى رافىئ، ھەكىيم، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائام يېگەندە، بارماقلىرىنى ئالدىدىن باشقا جايغا تاجاۋۇز قىلىپ ئۆتكۈزۈۋەتمەيتتى، يەنى ئالدىدىنلا يەيتتى، قولىنى يىراققا ئۇزاتمايتتى. بۇخارى تارىخدا، ئەبۇ نۇئەيم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4684** ( صحيح ) كان إذا التقى الختانان اغتسل ( الطحاوي ) عن عائشة

4684. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى خەتنە قىلىنىدىغان جاي ئۇچراشسا، يەنى ئەۋرىتى ئاياللىنىڭ ئەۋرىتىگە تېگىپ، زەكەر بېشى ئاياللىنىڭ ئەۋرىتى ئىچىدە غايىب بولسا، غۇسلى تاھارەت ئېلىپ يۇيۇناتتى. تەھاۋىي قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا أنزل عليه الوحي كرب لذلك و تربد وجهه ( حم م ) عن عبادة بن الصامت

4685. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمگە ۋەھيي چۈشكەندە، ۋەھيىنىڭ جەھەتىدىن قاتتىق قىينىلاتتى، رەڭگى ئۆزگىرىپ، ئاق يۈزلىرى قارىداپ كېتەتتى. مۇسلىم 4305 ـ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا أنزل عليه الوحي نكس رأسه و نكس أصحابه رءوسهم فإذا أقلع عنه رفع رأسه ( م ) عن عبادة بن الصامت

4686. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيي نازىل بولغاندا، بېشىنى پەس قىلىپ تۇراتتى، ساھابىلىرىمۇ(ھۆرمەت يۈزىسىدىن) بېشىنى پەس قىلىپ تۇراتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ۋەھيي كۆتۈرۈلگەندە ئاندىن بېشىنى كۆتۈرەتتى. مۇسلىم 4306 ـ ھەدىس، ئەھمەد 21671 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**4687** ( صحيح ) كان إذا انصرف انحرف ( د ) عن يزيد بن الأسود

4687. يەزىيد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىن پارىغ بولۇپ قايتقاندا، ناماز ئوقۇتقۇچىلارغا مايىل بولۇپ، ئالدىنى قىلاتتى، يەنى ئارقىغا ئۆرۈلەتتى. ئەبۇ داۋۇد 519 ـ ھەدىس، تىرمىزى 203 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) كان إذا انصرف من صلاته استغفر ثلاثا ثم قال: اللهم أنت السلام و منك السلام تباركت يا ذا الجلال و الإكرام ( حم م **4** ) عن ثوبان

4688. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىن پارىغ بولغاندا، ئۈچ قېتىم ئىستىغفار ئېيتىپ، مەغپىرەت سوراپ ئاندىن مۇنداق دەيتتى: «ئاللاھۇممە ئەنتەسسالام ۋەمىنكەسسالام تەبارەكتە يازەلجالالى ۋەلئىكرام» ئى ئاللاھ، سىلى سالامەت، سىلى سالامەتلىك ئاتا قىلغۇچى، سالامەتلىك، تىنچلىق سىلى تەرەپتىن كېلىدۇ، سىلىنىڭ بەرىكەتلىرى بۈيۈكتۇر، ئى ئۇلۇغلۇقنىڭ، سېخىيلىقنىڭ ئىكرام ئىگىسى ئاللاھ! ئەھمەد، مۇسلىم، تۆت كىتاب يەنى نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) كان إذا أوى إلى فراشه قال: الحمد لله الذي أطعمنا و سقانا و كفانا و آوانا فكم ممن لا كافي له و لا مؤوي له ( حم م **3** ) عن أنس

4689. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرپىسىگە يېتىش ئۈچۈن ئورۇنلاشقاندا مۇنداق دەيتتى: بارلىق ھەمدۇ ـ سانا بىزگە تائام بەرگەن، بىزنى سۇغارغان، بىزگە كۇپايە بولغان جاي بەرگەن ئاللاھقا خاستۇر، كۇپايە بولغۇچىسى يوق، ئورۇن ـ جاي بەرگۈچىسى يوق نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئەھمەد، مۇسلىم ئۈچ كىتاب توپلىغان. سەھىھ.

**4690** ( صحيح ) كان إذا بايعه الناس يلقنهم: فيما استطعت ( حم ) عن أنس

4690. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كىشىلەر بەيئەت قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا قادىر بولۇشىچە، قادىر بولالىدىغان ئىشلاردا، دەپ سۆزنى تاشلاپ ئۆگىتىپ تۇراتتى. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا بعث أحدا من أصحابه في بعض أمره قال: بشروا و لا تنفروا و يسروا و لا تعسروا ( د ) عن أبي موسى

4691. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىدىن بىرەر كىشىنى ئىشلىرىنىڭ بەزىسىگە ئەۋەتسە، مۇنداق دەيتتى: خۇش بېشارەت بېرىڭلار، نەپرەتلەندۈرۈپ قاچۇرۇۋەتمەڭلار، كىشىلەرنى يىرگەندۈرمەڭلار، ئاسان قىلىڭلار، قىيىن ـ تەس قىلماڭلار، يەنى دەۋەتتە. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

www.uyghurkitap.com

( صحيح ) كان إذا بلغه عن الرجل شيء لم يقل: ما بال فلان يقول ؟ و لكن يقول: ما بال أقوام يقولون كذا و كذا ( د ) عن عائشة

4692. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرەر كىشىدىن ئۇ ياقتۇرمايدىغان بىرەر سۆز يېتىپ قالسا، پالانىنىڭ ھالى، ئىشى نېمە بولغاندۇ؟ مۇنداق دەپتۇ يا؟ دېمەيتتى، لېكىن، قەۋملەرنىڭ ھالى نېمە بولغاندۇ؟ ئۇلار مۇنداق دەپتۇ، دەيتتى، يەنى، ئىسمىنى ئوچۇق تىلغا ئالماي قەۋم ، جامائەت لەۋزىنى ئىشلىتەتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) كان إذا تضور من الليل قال: لا إله إلا الله الواحد القهار رب السموات و الأرض و ما بينهما العزيز الغفار ( ن ك ) عن عائشة

4693. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ئۇيىقتىن بۇيىقا يۆتكىلىپ قالسا، ئويغىنىپ قالسا، مۇنداق دەيتتى: ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئاللاھ بار، بىردۇر، ھەممىنى بويسۇندۇرۇپ، باشقۇرغۇچىدۇر، ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى نەرسىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، غالىب ، بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا تكلم بكلمة أعادها ثلاثا حتى تفهم عنه و إذا أتى على قوم فسلم عليهم سلم عليهم ثلاثا ( حم خ ت ) عن أنس

4694. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر سۆزنى قىلىپ قالسا، شۇ سۆزنى چۈشەندۈرگەنگە، باشقىلار چۈشەنگەنگە قەدەر ئۈچ قېتىم قايتىلايتتى، بىرەر قەۋمگە كېلىپ قالسا، ئۇلارغا سالام قىلاتتى، ئۇلارغا ئۈچ قېتىم سالام قىلاتتى. (يەنى ئاكْلىمسا ياكى ئىزنى رۇخسەت سوراشقا بىرنى، كىرگەندە كۆرۈشكەندە بىرنى، خوشلاشقاندا بولسا بىرنى) قىلاتتى. ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4695** ( صحيح ) كان إذا تهجد يسلم بين كل ركعتين ( ابن نصر ) عن أبي أيوب

4695. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇسا، ھەر ئىككى رەكەتنىڭ ئارىلىقىدا سالام بېرىپ ئوقۇيتتى، يەنى ئىككى رەكەتتىن ئوقۇيتتى. ئىبنى نەسر توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا توضأ أخذ كفا من ماء فأدخله تحت حنكه فخلل به لحيته و قال: هكذا أمرني ربي ( د ك ) عن أنس

4696. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تاھارەت ئالسا، بىر ئالقان سۇنى ئېلىپ، سۇنى ئېڭىكىنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈپ، سۇ بىلەن ساقىلىغا خىلال قىلىپ، يەنى ئارىلىقىغا سۇ كىرگۈزۈپ، مېنى رەببىم ئەنە شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇدى دېگەن . ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن قويۇق ساقالغا مەسىھ قىلىش، ئارىسىغا سۇ كىرگۈزۈپ خىلال قىلىش ۋاجىپتۇر. چۈنكى، ئۇنى رەببىمىز بۇيرۇغان .

**4697** ( صحيح ) كان إذا توضأ أخذ كفا من ماء فنضح به فرجه( حم د ن ه ك ) عن الحكم بن سفيان

4697. ھەكەم ئىبنى سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئالغاندا، بىر ئالقان سۇنى ئېلىپ، ئۇ سۇنى ئەۋرىتىگە يەنى ئىشتاننىڭ ئېغىغا سىپەتتى، (بۇنداق قىلىش، شۈبھى گۇمانىنى يوقىتىدۇ) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4698** ( صحيح ) كان إذا توضأ أدار الماء على مرفقيه ( قط ) عن جابر

4698. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئالسا، سۇنى ئىككى جەينىكىدىن ئىككى جەينىكىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈپ ئايلاندۇراتتى. دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس، تاھارەتتە ئىككى جەينەك قوشۇپ يۇيۇلۇشقا ۋە پۇتنىڭ ئىككى ئوشۇقىمۇ قوشۇپ يۇيۇلۇشقا كۈچلۈك دەلىلدۇر.

كان إذا توضأ خلل لحيته بالماء ( حم ك ) عن عائشة ( ت ك ) عن عثمان وعن عمار بن ياسر ( ك ) عن بلال ( ه ك ) عن أنس ( طب ) عن أبي أمامة وأبي الدرداء وأم سلمة ( طس ) عن ابن عمر

4699. ئائىشە، ئوسمان، ئەممار، بىلال، ئەنەس، ئەبۇ ئۇمامە، ئەبۇ دەردائى، ئۇممە سەلەمەت، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئالسا، ساقىلىغا يېڭى سۇ بىلەن خىلال قىلاتتى، يەنى سۇنى ساقىلىنىڭ ئارىسىغا كىرگۈزەتتى، چۈنكى، ساقال يۈزنى توسۇۋالىدۇ. ئەھمەد، ھەكىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.مۇتىۋاتىر.

**4700** ( صحيح ) كان إذا توضأ دلك أصابع رجليه بخنصره ( د ت ه ) عن المستورد

4700. مۇستەۋرىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئالسا، پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرىنى چىمچىلاق بارمىقى بىلەن كوچىلاپ، تاتىلاپ يۇياتتى، بارماق ئارىسىنىمۇ يۇياتتى. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4701** ( حسن ) كان إذا جاءه أمر يسر به خر ساجدا شكرا لله تعالى ( د ه ) عن أبي بكرة

4701. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خۇشال، خۇرسەن قىلىدىغان ئىش يېتىپ كەلسە، ئاللاھتائالاغا شۈكرى قىلىپ، دەرھال سەجدىگە يىقىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن، بۇ سەجدە، شۈكرى سەجدىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

**4702** ( صحيح ) كان إذا جلس احتبى بيديه ( د هق ) عن أبي سعيد

4702. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرسا، كاسىسىنى يەرگە قويۇپ، ئىككى تىزنى تىكلەپ پۇتلىرىنى، تىزنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئەبۇ داۋۇد 4206 ـ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4703** ( حسن ) كان إذا حزبه أمر صلى ( حم د ) عن حذيفة

4703. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بىرەر ئىش قاتتىق غەمگە سالسا، ئېغىر كەلسە، ناماز ئوقۇيتتى. ئەبۇ داۋۇد 1124 ـ ھەدىس، ئەھمەد 22210 ـ ھەدىس، ھەسەن. بۇ ھەدىسدىن بىز دائىم ناماز ئوقۇساق بولىدىكەن، چۈنكى، بىزنىڭ غېمىمىز، غەم ـ ئەندىشىمىز دىنىمىزنىڭ مۇسىبىتى ئېغىردۇر.

**4704** ( صحيح ) كان إذا حلف على يمين لا يحنث حتى نزلت كفارة اليمين ( ك ) عن عائشة

4704. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر قەسەم قىلىشقا ئېگىشلىك ئىشقا قەسەم قىلغان بولسا، قەسەمنىڭ كاپارىتى نازىل بولمىغۇچە قەسەمنى بۇزمايتتى، (يەنى قەسەمنىڭ كاپارىتى چۈشكەندە، بۇزۇشقا تېگىشلىكنى بۇزۇپ، كاپارەت بېرىۋېتىپ ياخشىسىنى قىلىۋەردى). ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4705** ( صحيح ) كان إذا حلف قال: و الذي نفس محمد بيده ( ه ) عن رفاعة الجهني

4705. رىپائەتۇلجۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەسەم قىلسا، مۇنداق دەپ قىلاتتى: «ۋەللەزى نەفسۇ مۇھەممەد بىيەدىھى» يەنى مۇھەممەدنىڭ جېنى قول ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى دەيتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا خاف قوما قال: اللهم إنا نجعلك في نحورهم و نعوذ بك من شرورهم ( حم د ك هق ) عن أبي موسى

4706. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر قەۋمدىن ئەنسىرىسە، مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن بىز سىلىنى ئۇلارنىڭ كۆكسىگە قارشى قىلدۇق، يەنى ئۇزلىرى كۇپايە، سىلىگە سىغىنىپ، ئۇلارنىڭ يەنى دۈشمەنلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز». ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ دۇئا دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا ئوقۇلىدۇ.

**4707** ( حسن ) كان إذا خرج من الغائط قال: غفرانك ( حم 4 حب ك ) عن عائشة

4707. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەتخانىدىن چىققاندا، مۇنداق دەيتتى: «غۇفرانەكە يەنى مەغپىرەتلەرنى سورايمەن» ئەھمەد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان، تۆت كىتاب توپلىغان. ھەسەن.

**4708** ( صحيح ) كان إذا خرج من بيته قال: بسم الله توكلت على الله اللهم إنا نعوذ بك من أن نزل أو نضل أو نظلم أو نظلم أو نجهل أو يجهل علينا ( ت ابن السني ) عن أم سلمة

4708. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيدىن چىققاندا مۇنداق دەيتتى: ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن بىز سىلىگە سىغىنىپ ئېزىپ قېلىشتىن، خاتالىشىپ قېلىشتىن، زالالەتتە قېلىشتىن، زۇلۇم قىلىپ قېلىشمىزدىن، زۇلۇمغا ئۇچرىشىمىزدىن، جاھىللىق، نادانلىق قىلىشىمىزدىن ياكى بىزگە جاھىللىق، نادانلىق قىلىنىشىدىن پاناھ تىلەيمىز. تىرمىزى، ئىبنى سەنا توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا خرج من بيته قال: بسم الله رب أعوذ بك من أن أزل أو أضل أو أظلم أو أظلم أو أجهل أو يجهل علي ( حم ت ه ك ) عن أم سلمة زاد ( ابن عساكر ) : أو أن أبغي أو يبغى علي

4709. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيدىن چىققاندا مۇنداق دەيتتى: ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئى رەببىم، سىلىگە سىغىنىپ يولدىن ئېزىپ قېلىشىمدىن، خاتالىشىشىمدىن، زالالەتتە ئازغۇن بولۇشۇمدىن، زۇلۇم قىلىشىمدىن ياكى ماڭا زۇلۇم قىلىنىشىدىن، جاھىل، نادانلىق قىلىشىمدىن ياكى ماڭا نادانلىق قىلىنىشىدىن، ھەددىمدىن ئېشىپ، تاجاۋۇز قىلىشىمدىن ياكى ماڭا تاجاۋۇز قىلىنىشىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

**4710** ( صحيح ) كان إذا خرج يوم العيد في طريق رجع في غيره ( ت ك ) عن أبي هريرة

4710. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھېيت كۈنى نامازغا بىر يول بىلەن چىققان بولسا، ئۇنىڭدىن باشقا يول بىلەن قايتاتتى. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. چۈنكى، شۇنداق قىلغاندا، بىخەتەر بولىدۇ ھەم باشقىلارغا سالام قىلىدۇ، نەسىھەت

قىلىۋالىدۇ ۋە باشقىلار.

**4711** ( صحيح ) كان إذا خطب احمرت عيناه و علا صوته و اشتد غضبه كأنه منذر جيش يقول: صبحكم و مساكم ( ه حب ك ) عن جابر

4711. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە سۆزلىسە، كۆزلىرى قىزىرىپ كېتەتتى، ئاۋازى ئۆستۈنلەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى، غەزىپى ئۆرلەپ، كۈچىيىپ كېتەتتى، خۇددى قوشۇن سىلەرگە ئەتىگەن سەھەردە ياكى كەچكىچە ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ دەپ قوشۇندىن ئاگاھلاندۇرغاندەك ئاگاھلاندۇراتتى. ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم تويلىغان، سەھىھ. سىلەرمۇ خۇتبىدە، نۇتۇقىدا ئەنە شۇنداق جانلىق، سۆزلىرىڭلارنى تەسىرلىك سۆزلەڭلار.

كان إذا دخل الخلاء قال: اللهم إني أعوذ بك من الخبث و الخبائث ( حم ق **4** ) عن أنس

4712. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەتخانىغا كىرگەندە مۇنداق دەيتتى: «ئاللاھۇممە ئىننى ئەئۇزۇبىكە مىنەلخۇبسى ۋەلخابائىس» يەنى ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ، ئەركەك ۋە چىشى شەيتانلاردىن پاناھ تىلەيمەن. ئەھمەد، بەيھەقى، تۆت كىتاب تويلىغان، سەھىھ.

**4713** ( صحيح ) كان إذا دخل العشر شد مئزره و أحيا ليله و أيقظ أهله ( ق د ن ه ) عن عائشة

4713. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامزاننىڭ قېلىپ قالغان ئونى كىرگەندە، ئىشتىنىنى مەھكەم چىگىپ، بۇ ئاخىرقى ئون كۈننىڭ كېچىلىرى تۈنەيتتى، ئەھلىنى ئويغۇتاتتى. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە تويلىغان، سەھىھ.

كان إذا دخل الكنيف قال: بسم الله اللهم إني أعوذ بك من الخبث و الخبائث ( ش ) عن أنس

4714. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەتخانىغا كىرگەندە: بىسمىللاھى ئاللاھۇممە ئىننى ئەئۇزۇبىكە مىنەلخۇبسى ۋەلخابائىس دەيتتى. تەرجىمىسى: يۇقىرىدا ئۆتتى، شەيتاندىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگەن، بىسمىللاھى دېگەن بۇ سۆز ئوشۇق كەلگەن، مۇشۇنداق دېسە، جىنلار ئەۋرەتنى كۆرەلمەيدۇ. ئەبۇ شەيبە تويلىغان، سەھىھ.

( كان إذا دخل المسجد صلى على محمد وسلم و قال: رب اغفر لي ذنوبي و افتح لي أبواب رحمتك و إذا خرج صلى على محمد وسلم و قال: رب اغفر لي ذنوبي و افتح لي أبواب فضلك ) قال الألباني في صحيح الترمذي رقم: **259** ( صحيح ) ت عن فاطمة الزهراء

4714. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدكە كىرسە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەنى ئۆزىگە دۇرۇت، سالام يوللاپ مۇنداق دەيتتى: ئى رەببىم، مېنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسىلا، مەن ئۈچۈن رەھمەتلىرىڭنىڭ ئىشىكلىرىنى كەڭ ئېچىۋەتسىلە، مەسجىددىن چىققاندا يەنىلا دۇرۇت، سالامدىن كېيىن ئى رەببىم، ماڭا مەغپىرەت قىلسىلا، ماڭا پەزلىلىرىڭنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ بەرسىلە دەيتتى. تىرمىزى، ئەلبانى، تىرمىزى 259 ـ ھەدىس، سەھىھ دېگەن .

**4715** ( صحيح ) كان إذا دخل المسجد قال: أعوذ بالله العظيم و بوجهه الكريم و سلطانه القديم من الشيطان الرجيم و قال: إذا قال ذلك حفظ منه سائر اليوم ( د ) عن ابن عمرو

4715. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدگە كىرسە، مۇنداق دەيتتى: ئۇلۇغ ئاللاھقا سېغىنىپ، سېخى ئاللاھنىڭ دىدارى، جامالىغا سېغىنىپ،

www.uyghurkitap.com

ئاللاھنىڭ ئەزەلدىن قەدىمى بولغان سۇلتانىغا سىغىنىپ، لەنەت قىلىنغان رەھمەتتىن يىراق قوغلانغان شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىم شۇنى دېسە، ئۇ كىشى باشقا كۈنلىرىدىمۇ شەيتاندىن مۇھاپىزەت قىلىنىپ ساقلىنىدۇ دېگەن . ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

4716 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 4394 كان إذا دخل المسجد قال: ( بسم الله اللهم صل على محمد و أزواج محمد ) ( ابن السني ) عن أنس

4716. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدكە كىرسە: بىسمىللاھى ئاللاھۇممە سەللى ئەلا مۇھەممەد ۋە ئەزۋاجى مۇھەممەد» دەيتتى. ئىبنى سەنا توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) 4716 / 1 ] وهو حديث مستدرك من الطبعة الأولى قال الألباني في صحيح ابن ماجه رقم: 625 صحيح ( كان إذا دخل المسجد يقول: بسم الله و السلام على رسول الله اللهم اغفر لي ذنوبي و افتح لي أبواب رحمتك و إذا خرج قال: بسم الله و السلام على رسول الله اللهم اغفر لي ذنوبي و افتح لي أبواب فضلك ) ( حم ه طب ) عن فاطمة الزهراء

يەنە مۇشۇ ساندا يەنى 4716 - ھەدىس، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدكە كىرسە، مۇنداق دەيتتى: بىسمىللاھى ۋەسسالامۇ ئەلا رەسۇلىللاھى ئاللاھۇممەغفىرلى زۇنۇبى ۋە فتەھلى ئەبۋابى رەھمەتىكە» يەنى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، سالام رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولسۇن، ئى ئاللاھ! مەن ئۈچۈن بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسىلا، ماڭا رەھمەتلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتسىلە، چىققاندا بولسا، يەنە شۇ سۆزنى قىلىپ، ئاخىرىدا پەزلىلىرىنىڭ ئىشكىنى ئېچىۋەتسىلە دېگەن، يەنى شۇنداق ئۆگەتكەن. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى، ئىبنى ماجەنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىنىڭ 625- ساندا سەھىھ دېگەن. سەھىھ. مانا بۇ مەسجىدكە كىرگەندىكى ۋە چىققاندىكى دۇئادۇر.

4717 ( صحيح ) كان إذا دخل بيته بدأ بالسواك ( م د ن ه ) عن عائشة

4717. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيگە كىرسىلا مسۋاك سىلىش بىلەن باشلايتتى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا دخل على مريض يعوده قال: لا بأس طهور إن شاء الله ( خ ) عن ابن عباس

4718. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەلنىڭ ئۇستىگە ئۇنى يوقلاپ كىرسە، مۇنداق دەيتتى: كېرەك يوق، چاتاق يوق، ساقىيىپ قالىلا، ئاللاھ خالىسا بۇ كېسەل سىلىنى گۇناھلاردىن پاكلىغۇچىدۇر. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

4719 ( صحيح ) كان إذا دخل قال: هل عندكم طعام ؟ فإذا قيل لا قال: إني صائم ( د ) عن عائشة

4719. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيگە كىرسە، ئالدىڭلاردا يەيدىغان تائام بارمۇ؟ دەيتتى، يوق دېيىلسە ، ھەققەتەن مەن روزا تۇتقۇچى دەيتتى، يەنى روزىغا نىيەت قىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن نەپلە روزىغا كېيىنرەك نىيەت قىلىشقا بولىدۇ.

4720 ( صحيح ) كان إذا دعا بدأ بنفسه ( طب ) عن أبي أيوب

4720. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

دۇئا قىلسا، ئالدى بىلەن ئۆزى بىلەن باشلايتتى، يەنى ئۆزى ئۈچۈن سوراپ ئاندىن باشقىلارغا قىلاتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4721** ( صحيح ) كان إذا دعا جعل باطن كفه إلى وجهه ( طب ) عن ابن عباس

4721. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئا قىلسا، ئالقىنىنىڭ ئىچىنى، يۈزى تەرەپكە قىلاتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. باشقا خاتىرىدە قولىنىڭ تەتۈرى بىلەن دۇئا قىلىش چەكلەنگەن، شۇنداقلا بۇ ھەدىسلەردىن دۇئادا قول كۆتۈرۈش چىقىدۇ.

**4722** ( صحيح ) كان إذا ذبح الشاة يقول: أرسلوا بها إلى أصدقاء خديجة ( م ) عن عائشة

4722. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوي ئۆلتۈرسە، بۇ قوينىڭ گۆشىدىن خەدىچەنىڭ يېقىن دوستلىرىغا ئەۋەتىڭلار دەيتتى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، بۇ ئۇنى خۇشال قىلىش، رازى قىلىش، ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈندۇر.

**4723** ( صحيح ) كان إذا ذكر أحدا فدعا له بدأ بنفسه ( 3 حب ك ) عن أبي

4723. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر كىشىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇ كىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قالسا، ئالدى بىلەن ئۆزىدىن باشلاپ دۇئا قىلاتتى. ھاكىم، ئىبنى ھەببان، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**4724** ( صحيح ) كان إذا ذهب المذهب أبعد ( 4 ك ) عن المغيرة

4724. مۇغىيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرىشقا تېگىشلىك جايغا يەنى ھاجەتخانىغا بارسا، ھاجەتكە بارسا، كىشىلەر كۆرمىگىدەك يىراققا باراتتى، (بىر قېتىم تاھارەت ئېلىپ، ئۆتەككە مەسھە قىلغان). نەسەئى 17 ھەدىس، تىرمىزى 20 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4725** ( صحيح ) كان إذا رأى المطر قال: اللهم صيبا نافعا ( خ ) عن عائشة

4725. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يامغۇرنى كۆرسە، ئاللاھۇممە سەييىبەن نافىئەن يەنى ئى ئاللاھ بۇ يامغۇرنى مەنپەئەتلىك مول يامغۇر قىلىپ بەرسىلە دەيتتى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا رأى الهلال قال: اللهم أهله علينا باليمن و الإيمان و السلامة و الإسلام ربي و ربك الله ( حم ت ك ) عن طلحة

4726. تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېڭى ئاينى كۆرسە، ئى ئاللاھ، بۇ ئاينى بىزگە بەرىكەت بىلەن ئىمان بىلەن ئىسلام بىلەن سالامەتلىك بىلەن چىقىرىپ بەرسىلە، ئى ئاي! مېنىڭ رەببىم سېنىڭ رەببىڭ بىر ئاللاھدۇر دەيتتى. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**4727** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **4410** كان إذا رأى ما يحب قال: الحمد لله الذي بنعمته تتم الصالحات و إذا رأى ما يكره قال: الحمد لله على كل حال ( رب أعوذ بك من حال أهل النار ) ( ه ) عن عائشة

4727. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنى كۆرسە، بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئۆز نېئمەتلىرى بىلەن بارلىق ياخشىلىقلار كامىل تامام

بولىدىغان، ئاللاھقا خاستۇر دەيتتى؛ ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى كۆرسە ھەر قانداق ھالەتتە ھەمدە، ئاللاھقا خاس، ئاللاھقا شۈكرى ئى رەببىم، سىلىگە سېغىنىپ دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ھالىدىن پاناھ تىلەيمەن دەيتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4728** ( صحيح ) كان إذا راعه شيء قال: الله الله ربي لا شريك له ( ن ) عن ثوبان

4728. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بىرەر نەرسە چۆچۈتسە، ئەنسىرەتسە: ئاللاھ! ئاللاھ مېنىڭ رەببىم، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق دەيتتى. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا رفأ الإنسان إذا تزوج قال: بارك الله لك و بارك عليك و جمع بينكما في خير ( حم **4** ك ) عن أبي هريرة

4729. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توي قىلغان بىرەر ئىنسانغا مۇبارەكلەپ دۇئا قىلسا: «**بارەكەللاھۇ لەكە ۋە بارەكە ئەلەيكە ۋە جەمەئە بەينەكۇما فىي خەيرىن**» يەنى، ئاللاھتائالا، سەن ئۈچۈن ساڭا بەرىكەت بەرسۇن، ئاراڭلارنى ياخشىلىقتا بىرلەشتۈرسۇن دەپ دۇئا قىلاتتى، (بۇ توي دۇئاسى). ئەھمەد، ھاكىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا رفع رأسه من الركوع في صلاة الصبح في آخر ركعة قنت ( محمد بن نصر ) عن أبي هريرة

4730. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىنىڭ ئاخىرقى رەكئەتىدىكى رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، دۇئايى قۇنۇت ئوقۇيتتى. مۇھەممەد ئىبنى نەسر توپلىغان، سەھىھ.

**4731** ( صحيح ) كان إذا رفعت مائدته قال: الحمد لله حمدا كثيرا طيبا مباركا فيه الحمد لله الذي كفانا و آوانا غير مكفي و لا مكفور و لا مودع و لا مستغنى عنه ربنا ( حم خ د ت ه ) عن أبي أمامة

4731. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دوستىخىنى كۆتۈرۈلگەندە، مۇنداق دەيتتى: «بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار، نۇرغۇن پاك، بەرىكەتلىك، بەكمۇ كۆپ، ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقا خاستۇر، بارلىق ھەمدۇ ـ سانا بىزگە كۇپايە بولغان، بىزگە جاي بېرىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئاللاھقا خاستۇر،( «غەير مەكفىيىن» يەنى ئاللاھنىڭ ئىنئامى ئۈزۈلگە قايتۇرۇلمايدۇ، بۇ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇپ بولالمايمىز ياكى بۇ، ئاللاھ ھېچ كىشىگە موھتاج ئەمەس دېگەن بولىدۇ ياكى ئاللاھنىڭ پەزلى، نېئمىتىدىن بىھاجەت بولالمايمەن ياكى بۇ نېئمەت رەت قىلىنمايدۇ، يۈتكۈۋېتىلمەيدۇ دېگەن بولىدۇ.) ئاللاھنىڭ نېئمەت پەزلى بىزدىن يۈتكۈۋېتىلمەستىن رەت قىلىنماستىن ئۇ نېئمەتكە كۇفرىلىق قىلىنماستىن، بۇ ھەمدۇ ـ سانالار قەتئىي تەرك ئېتىلمەستىن، ئاللاھقا خاستۇر. ئى رەببىمىز، بۇ نېئمەتتىن بىھاجەت قىلىنغان كىشى يوق، شۇنداقلا ھەمدۇ ئېيتىشتىنمۇ بىھاجەت ئەمەس» . ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. تائامدىن كېيىن، ھەمدە ئېيتىش بەلگىلەنگەن، تۈرى كۆپ بولۇپ، سەھىھ بولغىنىنى ئېيتىڭلار.

كان إذا ركع سوى ظهره حتى لو صب عليه الماء لاستقر( ه عن وابصة ( طب عن ابن عباس وأبي برزة وأبي مسعود

4732. ۋابىسەت، ئىبنى ئابباس، ئەبۇ بەرزەت، ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇ قىلغاندا ئۇچىسىنى شۇنداق تۈز قىلاتتىكى، ئەگەر ئۈستىگە سۇ

تۆكۈلسە، سۇ ئەلۋەتتە قارار ئېلىپ تۇراتتى، يەنى ئۇچىسىنى ئۈستىدە سۇ تۇرغىدەك تۈز قىلاتتى. ئىبنى ماجە، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4733** ( صحيح ) كان إذا ركع فرج أصابعه و إذا سجد ضم أصابعه ( ك هق ) عن وائل بن حجر

4733. ۋائىل ئىبنى ھەجەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇ قىلغاندا بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى كاۋاك قوياتتى، سەجدە قىلغاندا بولسا، بارماقلىرىنى ھەم، زىچ تۇتاتتى. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. يەنى رۇكۇدا بارماقلىرىنىڭ ئارىسى كاۋاك بولسا، تىزىنى قاماللاپ تۇتۇپ تۇرسا، سەجدە قىلغاندا بولسا، ھەم، زىچ قىلىپ بارماق ئۇچلىرىنى قىبلىگە قارىتىدۇ.

( صحيح ) كان إذا ركع قال: سبحان ربي العظيم و بحمده – ثلاثا – و إذا سجد قال: سبحان ربي الأعلى و بحمده – ثلاثا – ( د ) عن عقبة بن عامر

4734. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇ قىلغاندا «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىيم ۋەبىھەمدىھى»نى ئۈچ قېتىم، سەجدە قىلغاندا «سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا ۋەبىھەمدىھى»نى ئۈچ قېتىم دەيتتى، مەنىسى: ئۇلۇغ رەببىم پاكتۇر، ھەممىدىن ئۈستۈن، رەببىم پاكتۇر، ئۇنىڭغا ھەمدە ئېيتىمەن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4735** ( صحيح ) كان إذا رمى الجمار مشى إليه ذاهبا و راجعا ( ت ) عن ابن عمر

4735. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىلغاندا جەمەر تېشىنى ئاتقاندا، ئالدىغا مېڭىپ ئاتاتتى، ئاندىن يەنە قايتىپ كېلىپ، يەنە مېڭىپ ئاتاتتى، ئالدىغا مېڭىپ كەينىگە يېنىپ تۇرۇپ ئاتاتتى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4736** ( صحيح ) كان إذا رمى جمرة العقبة مضى و لم يقف ( ه ) عن ابن عباس

4736. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەمرۇلئەقبە دېگەن تاشنى شەيتانغا ئېتىپ بولسا، ئۇ جايدا تۇرماستىن، ۋوقۇف قىلماستىن يۇرۇپ كېتەتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4737** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **4417** كان إذا سأل الله جعل باطن كفيه إليه ( و إذا استعاذ جعل ظاهرهما إليه ) ( حم ) عن السائب بن خلاد

4737. سائىب ئىبنى خەللاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھتائالادىن سوراپ دۇئا قىلغاندا، ئالقىنىنىڭ ئىچىنى ئۆزى تەرەپكە يەنى يۇزىگە قىلاتتى، «پاناھ تىلىگەندە بولسا، دۈمبىسىنى قىلاتتى» ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى بۇ ھەدىس سەھىھ، لېكىن دۈمبىسىنى قىلاتتى دېگىنى زەئىپ دېگەن .

**4738** ( صحيح ) كان إذا سجد جافى حتى يرى بياض إبطيه ( د ) عن جابر

4738. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەجدە قىلسا، قولتۇقىنىڭ ئاقلىقى كۆرۈنگەنگە قەدەر كاۋاك، بوشلۇق قوياتتى، يەنى ئىككى جەينىكىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ سەجدە قىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4739** ( صحيح ) كان إذا سر استنار وجهه كأنه قطعة قمر ( ق ) عن كعب بن مالك

4739. كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى



www.uyghurkitap.com

ۋەسەللەم خۇرسەن بولۇپ، خۇشال بولغاندا، يۈزى خۇددى ئايىنىڭ پارچىسىدەك نۇرلىنىپ كېتەتتى. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) كان إذا سلم لم يقعد إلا بمقدار ما يقول: اللهم أنت السلام و منك السلام تباركت يا ذا الجلال و الإكرام ( م 4 ) عن عائشة

4740. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىن سالام بەرگەندە، پەقەت مۇنداق دېگەننىڭ (باراۋېرىدە) مىقدارىدا ئولتۇراتتى: «ئاللاھۇممە ئەنتەسسالام ۋە مىنكەسسالام تەبارەكتە يازەلجەلالى ۋەلئىكرام». مۇسلىم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسىدىن زۆرۈر، جىددىي پەيتلەردە تەسبىھ تەكبىرلەرنى ، دۇرۇت، سالاملارنى ئۆيگە قايتىۋېتىپ، ئېيتسا بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە تەسبىھ، تەكبىر ، دۇرۇتلارغا ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتىگە نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەر ئۆتتى، تۈرى كۆپتۇر، ئىختىلاپ، زىددىيەت يوقتۇر.

( صحيح ) كان إذا سمع المؤذن قال مثل ما يقول حتى إذا بلغ: حي على الصلاة حي على الفلاح قال: لا حول و لا قوة إلا بالله ( حم ) عن أبي رافع

4741. ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئەززىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا، مۇئەززىن دېگەننىڭ ئوخشىشىنى دەيتتى، مۇئەززىن: ھەييە ئەلەسسالاھ، ھەييە ئەلەلفەلاھ دېگەن سۆزگە يەتكەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى دەيتتى. يەنى ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچ بىر كۈچ ـ قۇۋۋەت يوقتۇر. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرىدا بىرنىڭمۇ شۇنداق دېيىشىمىز ئۆتتى.

4742 ( صحيح ) كان إذا سمع المؤذن يتشهد قال: و أنا و أنا ( د ك ) عن عائشة

4742. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئەززىنىنىڭ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىۋاتقىنىنى ئاڭلىسا، مەنمۇ، مەنمۇ گۇۋاھلىق بېرىمەن دەيتتى، (بۇ يۇقىرىقىسىغا ئوخشاشتۇر). ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا سمع بالاسم القبيح حوله إلى ما هو أحسن منه ( ابن سعد ) عن عروة مرسلا

4743. ئۇرۋەت رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر قەبىھ، سەت ئىسىمنى ئاڭلىسا، ئۇ ئىسىمنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق، گۈزەلرەك ئىسىمغا ئۆزگەرتىۋېتەتتى، باشقا ئىسىم قويىۋاتتى. ئىبنى سەئىد توپلىغان، ھەسەن، يۇقىرىدا مۇشۇ مەزمۇندا سەھىھ ھەدىس ئۆتتى، بۇنىڭدىن ئىسلام دىنىغا خىلاپ، سەت، قەبىھ مەنىسى دۇرۇس بولمايدىغان ئىسىملارنى دەرھال گۈزەل، ياخشى ئىسىمغا ئۆزگەرتىش زۆرۈردۇر. مەسىلەن: ئابدۇرۇسۇل، ئابدۇنەبىي، بۇ ئىسىمنىڭ مەنىسى، پەيغەمبەرنىڭ بەندىسى دېگەن بولۇپ، پەيغەمبەرنى ئىلاھلاشتۇرۇش بولىدۇ، قەتئىي دۇرۇس ئەمەس، ئۇنىڭ ئورنىدا، ئابدۇشۈكۈر، ئابدۇسالام دېگەندەك ئاللاھنىڭ ئىسمىغا ئابدۇنى قوشۇپ قويۇڭلار.غەيرى مىللەتلەرنىڭ غەيرى دىندىكىلەرنىڭ ھەرخىل ھەر ياڭزا ئىسىملىرىدىن ھەزەر قىلىڭلار، قۇرئان، سەھىھ ھەدىسلەردىن تاللاپ، پەيغەمبەرلەر ئىسمىنى ياكى مەنىسى ياخشى، گۈزەل ئىسىملارنى قويۇڭلار.

4744 ( صحيح ) كان إذا شرب تنفس ثلاثا و يقول: هو أهنأ و أمرأ و أبرأ ( حم ق 4 ) عن أنس

4744. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىچىملىك ياكى سۇ ئىچسە(قاچىنىڭ تېشىغا) ئۈچ قېتىم تىنىپ ئىچەتتى ۋە شۇنداق ئىچىش بەك سىڭىشلىك، مەنپەئەتلىك، سىلىق ئۆتىدۇ، بەك ياخشى، سالامەتلىككە پايدىلىق دەيتتى. ئەھمەد 12456 ـ ھەدىس، ئەبۇ

داۋۇد 3239 ـ ھەدىس، بەيھەقى ۋە تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**4745** ( صحيح ) كان إذا صعد المنبر سلم ( ه ) عن جابر

4745. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەرگە ئۆرلەپ، مۇنبەر ئۈستىگە چىققاندا، كىشىلەرگە سالام قىلاتتى. ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا صلى الغداة جاءه أهل المدينة بآنيتهم فيها الماء فما يؤتى بإناء إلا غمس يده فيه ( حم م ) عن أنس

4746. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندا، مەدىنە ئەھلى قاچىلىرىدا سۇ ئېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېلىپ كېلەتتى، ھەر قانداق سۇ بار قاچا كەلتۈرۈلسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ سۇ بار قاچىغا قولىنى چىلاپ، سېلىپ بېرەتتى (ئاندىن ئۇلار ئۇ سۇ بىلەن بەرىكەت تىلەيتتى). مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىلا ئېلىپ كەلگەن، كېيىن ئۇنداق قىلمىغان، دىننى ساھابىلەر، تابىئىنلاردەك چۈشىنىك، كارامىتى بار ئەۋلىيا بولسا، بەرىكەت تىلەتكۈزسە، دۇئا قىلىپ قويۇشنى سورىسا دۇرۇس بولىدۇ.

كان إذا صلى الغداة جلس في مصلاه حتى تطلع الشمس ( حم م 3 ) عن جابر بن سمرة

4747. جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولسا، كۈن چىققانغا قەدەر ناماز ئوقۇغان جايىدا ئولتۇراتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن بامداتتىن كېيىن، شەرىئەت يولغا قويغان، قۇرئان، سەھىھ ھەدىسلەر دەلىل بولغان، زىكرى تەسبىھ، تەكبىر ، قىرائەت، تىلاۋەت، دۇرۇت، سالاملار بىلەن ئىلىم ئېلىش، ئىلىم بېرىش، ئىبادەت بىلەن كۈن چىققىچە مەسجىددە ئولتۇرسا بەك ياخشى. لېكىن، ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن، جىھاد ئۈچۈن، ئاللاھ يولىدا تىجارەت قىلىش ئۈچۈن تەسبىھدىن كېيىن ياكى بۇرۇن چىقىپ كەتسە، يولدا ئېيتىۋالسا بۇمۇ دۇرۇس، بۇ ئىشلار مۇستەھەپتۇر.

**4748** ( صحيح ) كان إذا صلى الغداة في سفر مشى عن راحلته قليلا( حل هق ) عن أنس

4748. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردە بامدات نامىزىنى ئوقۇپ قالسا، ئۇلىغىدىن چۈشۈپ، يەنى تۆگىسىگە مىنمەي ئازراق ماڭاتتى، يەنى ئازراق پىيادە مېڭىۋېتىپ، ئاندىن مىنەتتى. ئەبۇ نۇئەيم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس، ئەتىگەندە ئازراق چېنىقىپ قويۇشقا، ھەرىكەت قىلىپ قويۇشقا، تەن ھەرىكەتكە ئىشارەتتۇر.

**4749** ( صحيح ) كان إذا صلى ركعتي الفجر اضطجع على شقه الأيمن ( خ ) عن عائشة

4749. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامداتنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئازراق ئوڭ يېنىچە يېتىۋالاتتى، (ئاندىن نامازغا چىقاتتى). بۇخارىيلار توپلىغان، سەھىھ.

**4750** ( صحيح ) كان إذا صلى صلاة أثبتها ( م ) عن عائشة

4750. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر نامازنى ئوقۇپ قالسا، ئۇ نامازنى ئوقۇشتا چىڭ تۇراتتى، مۇقىم تۇراتتى، يەنى دائىم ئوقۇيتتى. مۇسلىم 1378 ـ

ھەدىس، سەھىھ. نەپلە ناماز ئوقۇسا، ئاخىرىغىچە مۇقىم تۇرۇش لازىم، گەرچە ئاز بولسىمۇ، دائىم بولسۇن.

**4751 ( صحيح ) كان إذا طاف بالبيت استلم الحجر و الركن في كل طواف ( ك ) عن ابن عمر**

4751. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەيتۇللاھنى يەنى كەئبىنى تاۋاپ قىلسا، ھەر قېتىم تاۋاپ قىلغاندا، ھەجەر ئەسۋەت تاشنى رۇكنى دېگەن تاشنى يەنى كەئبىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ئۇل تاشنى سۆيەتتى. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**( صحيح ) كان إذا عرس و عليه ليل توسد يمينه و إذا عرس قبل الصبح وضع رأسه على كفه اليمنى و أقام ساعده (حم حب ك) عن أبي قتادة**

4752. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر قىلىش جەريانىدا كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە ئارام ئېلىشقا چۈشسە، تېخى كېچە ئۇزۇن بولسا، بېشىغا ياستۇق قويۇپ، ئوڭ يېنىنى بېسىپ ياتاتتى. سۈبھەدىن، بامدات نامىزىدىن بۇرۇنلا ئارامغا چۈشسە، بېشىنى ئوڭ ئالقىنىغا قويۇپ، بىلىكىنى تىكلەپ، ئازراق ئارام ئېلىۋالاتتى، يەنى ياتمايتتى. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4753 ( صحيح ) كان إذا عصفت الريح قال: اللهم إني أسألك خيرها و خير ما فيها و خير ما أرسلت به و أعوذ بك من شرها و شر ما فيها و شر ما أرسلت به ( حم م ت ) عن عائشة**

4753. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شامال قاتتىق چىققاندا، مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىدىن بۇ شامالنىڭ ياخشىلىقىنى، بۇ شامالنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە سىلى شامال بىلەن ئەۋەتكەن نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن، سىلىگە سېغىنىپ، ئۇ شامالنىڭ يامانلىقىدىن، شامالدىكى نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن، سىلى شامال بىلەن ئەۋەتكەن نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن». ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**كان إذا عطس حمد الله فيقال: له: يرحمك الله فيقول: يهديكم الله و يصلح بالكم ( حم طب ) عن عبدالله بن ج**

4754. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چۈشكۈرۈپ، ئاللاھقا ھەمدە ئېيتسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: ئاللاھ سىلىگە رەھمەت قىلسۇن دېيىلەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن، ھالىڭلارنى مۇقىم ئىشلىرىڭلارنى ئاللاھ ئىسلاھ قىلىپ ئوڭشاپ بەرسۇن دەيتتى. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4755 ( صحيح ) كان إذا عطس وضع يده أو ثوبه على فيه و خفض بها صوته ( د ت ك ) عن أبي هريرة**

4755. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چۈشكۈرسە قولىنى ياكى كىيىمىنى ئاغزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ توساتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاۋازىنى پەس قىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4756 ( صحيح ) كان إذا عمل عملا أثبته ( م د ) عن عائشة**

4756. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر ئەمەلنى قىلسا، ئۇ ئەمەلدە مۇقىم تۇراتتى، يەنى دائىم قىلاتتى، (كېچىسى ئوقۇيدىغان نامىزىدىن، ئۇخلاپ قالسا ياكى كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇنى كۈندۈزى ئوقۇيتتى.) مۇسلىم 1235 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان،

سەھىھ. بۇ، يۇقىرىقى نامازدا مۇقىم تۇرغانغا ئوخشاش.

كان إذا غزا قال: اللهم أنت عضدي و أنت نصيري بك أحول و بك أصول و بك أقاتل ( حم د ت ه حب الضياء ) عن أنس

4757. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غازات قىلسا، ئۇرۇش قىلسا، مۇنداق دەيتتى: ئى ئاللاھ، سىلى مېنىڭ يۆلەنچۈكۈم، مەدەتكارىم، سىلى مېنىڭ ياردەمچىم، مەن سىلى بىلەن دۈشمەننىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى قايتۇرىمەن، يامانلىقىدىن مۇداپىئە قىلىمەن، سىلىنىڭ ياردەملىرى بىلەن ئۇلارغا ھەمرى قىلىمەن، تۈپتىن يوقىتىمەن، مەن سىلى بىلەن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىمەن. ئەبۇ داۋۇد 2262 ـ ھەدىس، تىرمىزى 3508 ـ ھەدىس، ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**4758** ( صحيح ) كان إذا غضب احمرت وجنتاه ( طب ) عن ابن مسعود وعن أم سلمة

4758. ئىبنى مەسئۇد، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غەزەپلەنسە، ئاچچىقى كەلسە، ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كېتەتتى(لېكىن ئاچچىقنى يېڭەتتى.) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4759** ( حسن ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **4434** كان إذا فاته الأربع قبل الظهر صلاها ( بعد الركعتين بعد الظهر ) ( ه ) عن عائشة

4759. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن پېشىنىنىڭ تۆت رەكەت سۈننىتى ئۆتۈپ كەتسە، يەنى سۈننىتىنى ئوقۇيالماي، پېشىنى ئوقۇپ قالسا، ئۇ سۈننەتنى يەنە ئوقۇۋالاتتى، يەنى كېيىن ئوقۇۋالاتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەلبانى بۇنى سەھىھ دەپ، بۇ ئۆتۈپ كەتكەن تۆت رەكەت سۈننەتنى پېشىنىنىڭ ئىككى رەكەت سۈننەت نامىزىدىن كېيىن ئوقۇۋالاتتى دېگەننى زەئىپ دېگەن.

**4760** ( صحيح ) كان إذا فرغ من دفن الميت وقف عليه فقال: استغفروا الله لأخيكم و سلوا له التثبيت فإنه الآن يسأل ( د ) عن عثمان

4760. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېيىتنى دەپنە قىلىپ، پارىغ بولغاندا، ئۇ جايدا تۇرۇپ مۇنداق دېدى: قېرىنداشلار ئۈچۈن ئاللاھدىن مەغپىرەت سوراڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن سۇباتلىقنى يەنى لا ئىلاھە ئىللەللاھ دەپ مۇقىم تۇرۇپ، توغرا جاۋاب بېرىشنى سوراڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ ھازىر سوراققا تارتىلىۋاتىدۇ، يەنى رەببىڭ كىم؟ دىنىڭ نېمە دەپ سورىلىۋاتىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلغاننى ۋە دېگەننىلا قىلايلى!

**4761** ( صحيح ) كان إذا قام إلى الصلاة رفع يديه مدا ( ت ) عن أبي هريرة

4761. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تۇرسا، ئىككى قولىنى سوزۇپ ئېگىز كۆتۈرەتتى، يەنى قولىنى كۆتۈرۈپ، تەكبىر ئېيتاتتى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4762** ( صحيح ) كان إذا قام على المنبر استقبله أصحابه بوجوههم ( ه ) عن ثابت

4762. سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەرنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندا، ساھابىلىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يۈزلىرى بىلەن ئالدىنى قىلىپ، خۇتبە تىڭشايتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4763** ( صحيح ) كان إذا قام من الليل ليصلي افتتح صلاته بركعتين خفيفتين ( م ) عن عائشة

4763. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تۇرسا، نامىزىنى يەڭگىل ئىككى رەكەت بىلەن باشلايتتى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4764** ( صحيح ) كان إذا قام من الليل يشوص فاه بالسواك ( حم ق د ن ه ) عن حذيفة

4764. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تۇرسا، ئاغزىنى مىسۋاك سالاتتى. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4765** ( صحيح ) كان إذا قدم من سفر تلقي بصبيان أهل بيته ( حم م د ) عن عبدالله بن جعفر

4765. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردىن كەلسە، ئەھلى بەيتلىرىنىڭ سەبىي، كىچىك باللىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنى كۈتۈرۈۋالاتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا قرأ: ( سبح اسم ربك الأعلى قال: سبحان ربي الأعلى ) ( حم د ك ) عن ابن عباس

4766. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «سبح اسم ربك الأعلى» يەنى سۈرە ئەئلانى ئوقۇسا، سۇبھانە رەببىيەل ئەئلا دەيتتى.(چۈنكى، ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلغىن دەپ شۇنداق دېيىشكە بۇ ئايەتتە بۇيرۇق بار ئىدى، ئەمەل قىلاتتى). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4767** ( حسن ) كان إذا قرأ من الليل رفع طورا و خفض طورا ( ابن نصر ) عن أبي هريرة

4767. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى قىرائەت قىلسا، بەزىدە ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرسە، بەزىدە پەس قىلىپ ئوقۇيتتى. ئىبنى نەسر توپلىغان، ھەسەن.

**4768** ( صحيح ) كان إذا قرب إليه طعام قال: بسم الله فإذا فرغ قال: اللهم إنك أطعمت و سقيت و أغنيت و أقنيت و هديت و اجتبيت اللهم فلك الحمد على ما أعطيت ( حم ) عن رجل

4768. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تائام كەلتۈرۈلسە، بىسمىللاھ دەپ يەيتتى، تاماقدىن فارىغ بولغاندا، مۇنداق دەيتتى: ئى ئاللاھ، ھەققەتەن سىلى تاماق بەردىلە، سۇغاردىلا، بىھاجەت باي قىلدىلا، رازى قىلدىلا، ھىدايەت قىلدىلا، تاللاپ ئىختىيار قىلدىلا، سىلىنىڭ بارلىق بەرگەنلىرىگە، ئاتا قىلغانلىرىغا بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار سىلىگە خاستۇر. ئەھمەد 18202 ـ ھەدىس، 22100 ـ ھەدىس، سەھىھ. دۇئا تۈرى كۆپ بولسىمۇ، ئىختىلاپ، زىددىيەت يوقتۇر، سىز دۇئالارنىڭ بىرىنى قىلسىڭىز بولىدۇ.

كان إذا قفل من غزو أو حج أو عمرة يكبر على كل شرف من الأرض – ثلاث تكبيرات – ثم يقول: لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك و له الحمد و هو على كل شيء قدير آيبون تائبون عابدون ساجدون لربنا حامدون صدق الله وعده و نصر عبده و هزم الأحزاب وحده ( مالك حم ق د ت ) عن ابن عمر

4769. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غازاتتىن ياكى ھەجدىن يا ئۆمرە ھەجدىن قايتقاندا، زېمىننىڭ ھەربىر ئېگىز جايلىرىدا ئۈچ قېتىم تەكبىر

ئېيتسپ، مۇنداق دەيتتى: يەككە ـ يېگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ۋە بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھتائالا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر، بىز قايتقۇچى، تەۋبە قىلغۇچى، رەببىمىزگە سەجدە قىلغۇچىمىز، ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقۇچىلارمىز، ئاللاھ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، ئەمەلىيەتتە راستقا چىقاردى، بەندىسىگە ئۆزىلا ياردەم بەردى، پۈتۈن قوشۇننى ئۆزىلا مەغلۇپ قىلىپ يەڭدى. (چۈنكى ئۇ، ئاللاھ خالىقتۇر.) مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا كان الرطب لم يفطر إلا على الرطب و إذ لم يكن الرطب لم يفطر إلا على التمر ( عبد بن حميد ) عن جابر

4770. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۆل خورما غورىسى بولسا، شۇنىڭدىلا ئېپتار قىلاتتى، ئەگەر ئۇ بولمىسا، پەقەت قۇرۇق خورمىدىلا ئېپتار قىلاتتى (ئۇمۇ بولمىسا، سۇ بىلەن قىلاتتى.) ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيد توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا كان راكعا أو ساجدا قال: سبحانك و بحمدك أستغفرك و أتوب إليك ( طب ) عن ابن مسعود

4771. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇ قىلغان ياكى سەجدە قىلغان ھالەتتە مۇنداق دەيتتى: «سۇبھانەكە ۋەبىھەمدىكە ئەستەغفىرۇكە ۋە ئەتۇبۇ ئىلەيكە» يەنى ئى ئاللاھ، سېنى پاك، سېنىڭگە ھەمدە ئېيتىش بىلەن بىرگە سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، بارلىق گۇناھلىرىمغا مەغپىرەت، كەچۈرۈم سورايمەن، مەن سېنىڭگىلا تەۋبە قىلىمەن، ھەم قىلدىم. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**4772** ( صحيح ) كان إذا كان صائما أمر رجلا فأوفى على شيء فإذا قال غابت الشمس أفطر ( ك ) عن سهل بن سعد ( طب ) عن أبي الدرداء

4772. سەھلى ئىبنى سەئىد، ئەبۇددەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا تۇتقان بولسا، بىر كىشىنى بۇيرۇيتتى، ئۇ بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، كۈن كىرىپتۇ دېسە، ئېپتار قىلاتتى. ھاكىم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. بىر ھەدىستە تاغ ئۈستىگە چىقىرىپ قويغان كىشى تىخى كۈن كىرمىدى دېسىمۇ «چۈش تالقان چال دەپ»پەستىكى كىشىلەرگە كۈن كىرىپ بولغاچقا ئېپتار قىلىشۇەرگەن، سەھىھ.

كان إذا كان في وتر من صلاته لم ينهض حتى يستوي قاعدا ( د ت ) عن مالك بن الحويرث

4773. مالىك ئىبنى ھۇۋەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامىزىنىڭ تاق بىر رەكىتىدە، يەنى بىر رەكەت ئوقۇپلا قوپىدىغان چاغدا، راۋۇرۇس مەزمۇت تۈز ئولتۇرمىغىچە ئورنىدىن تۇرمايتتى، يەنى ئولتۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ئىككىنچى رەكەتكە تۇراتتى. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا كان قبل التروية بيوم خطب الناس فأخبرهم بمناسكهم ( ك هق ) عن ابن عمر

4774. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرۋىيە كۈنىدىن بىر كۈن بۇرۇن، يەنى ھەج ئېيىنىڭ يەتتىنچى كۈنى كىشىلەرگە خۇتبە ئوقۇپ، ئۇلارغا ھەج پائالىيەتلىرىنى، ھەج ئىبادەتلىرىنى خەۋەر قىلىپ دەپ بېرەتتى. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. چۈنكى، ئەتىسى تەرۋىيەت كۈنى، يەنى زەمزەم سۈيىگە قانىدىغان سەككىزىنچى كۈن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەتىسى، ئاراپات كۈنى ـ توققۇزىنچى كۈن، ئاندىن ئونىنچى كۈنى ھېيت كۈن ھەج ئاخىرلىشىدۇ.

**4775** ( صحيح ) كان إذا كان مقيما اعتكف العشر الأواخر من رمضان و إذا سافر اعتكف من العام المقبل عشرين ( حم ) عن أنس

4775. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۈرتىدا مۇقىم تۇرۇپ قالسا، رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلاتتى، سەپەر قىلىپ قالسا، كېلەر يىلى 20 كۈن ئېتىكاپ قىلاتتى، (يەنى سەپەردە ئېتىكاپ قىلغىلى بولمايتتى.) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**4776** ( صحيح ) كان إذا كان يوم عيد خالف الطريق ( خ ) عن جابر

4776. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېيت كۈنى بولسا، بارغان يولىنىڭ خىلاپىدا ئەكسى بويىچە قايتاتتى، يەنى بىر يول بىلەن بارسا، قايتقاندا باشقا يول بىلەن قايتاتتى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**4777** ( حسن ) كان إذا كربه أمر قال: يا حي يا قيوم برحمتك أستغيث ( ت ) عن أنس

4777. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرەر ئىش ئېغىر مۇشەققەت كەلسە، مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «يا ھەييۇن يا قەييۇم بىرەھمەتىكە ئەستەغىيسۇ» يەنى ئى كامىل ھاياتلىق ئىگىسى ئاللاھ! ئى ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! مەن رەھمەتلىرى بىلەنلا سىلىگە پەرياد چېكىمەن، ئىلتىجا قىلىمەن. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

**4778** ( صحيح ) كان إذا كره شيئا رؤي ذلك في وجهه ( طس ) عن أنس

4778. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر نەرسىنى ياقتۇرمىسا، ئاشۇ ياقتۇرماسلىق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزىدە كۆرۈلەتتى، يەنى بىلىنەتتى. تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

**4779** ( صحيح ) كان إذا لبس قميصا بدأ بميامنه( ت ) عن أبي هريرة

4779. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆڭلەك كىيسە (ياكى كىيىم كىيسە) ئۇڭنىڭ ئوڭ تەرىپى بىلەن باشلايتتى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا لقيه أحد من أصحابه فقام معه قام معه فلم ينصرف حتى يكون الرجل هو الذي ينصرف عنه و إذا لقيه أحد من أصحابه فتناول يده ناوله إياها فلم ينزع يده منه حتى يكون الرجل هو الذي ينزع يده منه و إذا لقي أحدا من أصحابه فتناول أذنه ناوله إياها ثم لم ينزعها حتى يكون الرجل هو الذي ينزعها عنه ( ابن سعد ) عن أنس

4780. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ساھابىلىرىدىن بىرەر كىشى ئۇچرىشىپ بىللە تۇرسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بىللە تۇراتتى، ئاشۇ كىشى قايتىپ كەتمىگۈچە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىدىن يۈز ئۆرۈپ قايتىپ كەتمەيتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ساھابىلىرىدىن بىرەر كىشى ئۇچرىشىپ قولىنى تۇتسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ قولىنى تۇتۇپ بېرەتتى، ھەم ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇراتتى، ئاشۇ كىشى قولىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تارتىۋالمىغۇچە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى ئۇ كىشىدىن تارتىۋالمايتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ساھابىلىرىدىن بىرەرسى ئۇچرىشىپ قۇلىقىغا سۆز قىلماقچى بولسا، قۇلىقىنى ئۇ كىشىگە تۇتۇپ بېرەتتى، ئاندىن ئاشۇ كىشى تارتىۋالمىغۇچە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تارتىۋالمايتتى، يەنى ھەممىسىنىڭ ھاجىتىنى قاندۇراتتى. ئىبنى سەئىد توپلىغان، ھەسەن.

**4781** ( صحيح ) كان إذا لقيه الرجل من أصحابه مسحه و دعا له ( ن ) عن حذيفة

4781. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ساھابىلىرىدىن بىرەر كىشى ئۇچراپ قالسا، ئۇنى سىلاپ قوياتتى ۋە دۇئا قىلاتتى، يەنى بەرىكەت تىلەيتتى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا مر بآية خوف تعوذ و إذا مر بآية رحمة سأل و إذا مر بآية فيها تنزيه الله سبح ( حم م 4 ) عن حذيفة

4782. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئان تىلاۋەت ـ قىرائەت قىلىپ، قورقۇتىدىغان، ئاگاھلاندۇرىدىغان ئايەتتىن ئۆتكەندە دەرھال ئۇنىڭدىن پاناھ تىلەيتتى؛ رەھمەت ئايىتىنىڭ ئوتتۇرىدىن ئۆتسە سورىۋالاتتى؛ لېكىن پاكلاش ئايىتىنىڭ باراۋىرىدىن ئۆتسە تەسبىھ ئېيتىپ، ئاللاھنى پاك دەيتتى. ئەھمەد، مۇسلىم. بۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. مەسىلەن: جەننەت تىلىغا ئېلىنسا سورايتتى؛ دوۋزاخدىن بولسا پاناھ تىلەيتتى؛ تەسبىھ ئايىتى چىقسا تەسبىھ، تەكبىر ئايىتى چىقسا تەكبىر ئېيتاتتى. خۇددى بىز جۈمە خۇتبىسىدە« سەللۇۋ ئەلەيھىنى» دۇرۇت، سالام يوللىغاندەك.

**4783** ( صحيح ) كان إذا مرض أحد من أهل بيته نفث عليه بالمعوذات ( م ) عن عائشة

4783. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيىدىكى ئەھلىدىن بىرەرسى كېسەل بولۇپ قالسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا پاناھ تىلەش ئايىتى بىلەن يەنى سۈرە فەلەق، ناسلار بىلەن سۈق دەيتتى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4784** ( صحيح ) كان إذا مشى أقلع ( طب ) عن أبي عتبة

4784. ئەبۇ ئۇتبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭسا خۇددى ھەر ئىككى پۇتىنى تەڭ كۆتۈرگەندەك، كۈچلۈك ماڭاتتى.تەبرانى توپلىغان.سەھىھگە كۆتۈرۈلدۇ. ئەلۋەتتە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، لۆم ـ لۆم، مىس ـ مىسلىقنى ياقتۇرمايتتى، چاققان، چېچەن ئىدى.

**4785** ( صحيح ) كان إذا مشى كأنه يتوكأ ( د ك ) عن أنس

4785. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولدا ماڭسا، تەكەببۇرلۇق قىلماستىن، مايىل بولماستىن، ئېغىناقلىماي ماڭاتتى، يەنى كەمتەرلىك بىلەن. ئەبۇ داۋۇد 4221 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4786** ( صحيح ) كان إذا مشى لم يلتفت ( ك ) عن جابر

4786. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولدا ماڭسا،ئۇياققا، بۇياققا قارىماي ماڭاتتى، (بولۇپمۇ ئوغرىلىقچە، مەخپىي قارىمايتتى.) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4787** ( صحيح ) كان إذا مشى مشى أصحابه أمامه و تركوا ظهره للملائكة ( ه ك ) عن جابر

4787. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولدا ماڭسا، ساھابىلىرى ئالدىدا ماڭاتتى؛ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسى بولسا، پەرىشتىلەرگە قالدۇرۇلاتتى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4788** ( صحيح ) كان إذا نام من الليل أو مرض صلى من النهار اثنتي عشرة ركعة( م د ) عن عائشة

4788. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

كېچىسى ناماز ئوقۇشىدىن ئۇخلاپ قالسا، ياكى كېسەل بولۇپ قالسا، كۈندۈزى 12 رەكەت ناماز ئوقۇيتتى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. بۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇسا، ئۇنى دائىم قىلسا، چىڭ، مۇقىم تۇراتتى، دائىم قىلاتتى دېگەن ھەدىسنىڭ ئاخىرىدۇر. بۇ ھەدىستە تەھەججۇد 12 رەكەت بولۇپ، دائىم قىلغانلىقتىن، قازاسىنى قىلغانىدەك كۈندۈزى ئوقۇغان، كۈندۈزىمۇ دۇرۇس، لېكىن كېچىسى ئەۋزەلدۇر.

**4789** ( صحيح ) كان إذا نام نفخ ( حم ق ) عن ابن عباس

4789. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلىسا، پۇۋلەپ كېتەتتى، يەنى ئاغزىدا پۈۋدەيتتى. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4790** ( صحيح ) كان إذا نام وضع يده اليمنى تحت خده و قال: اللهم قني عذابك يوم تبعث عبادك ( حم ت ن ) عن البراء ( حم ت ) عن حذيفة ( حم ه ) عن ابن مسعود

4790. بەرائى، ھۇزەيفە، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلىسا، ئوڭ قولىنى ئوڭ مەڭزىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئۇخلايتتى ۋە ئۇخلاشنىڭ ئالدىدا مۇنداق دەيتتى، ئى ئاللاھ، مېنى بارلىق بەندىلىرىڭنى توپلاپ، يىغىپ تىرىلدۈرىدىغان قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن ساقلىغىن! ئامىن! ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4791** ( حسن ) كان إذا نزل به هم أو غم قال: يا حي يا قيوم برحمتك أستغيث ( ك ) عن ابن مسعود

4791. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرەر خاپىلىق، بالا، غەم ـ ئەندىشە چۈشسە، مۇنداق دەيتتى: «ياھەييۇن يا قەييۇم بىرەھمەتىكە ئەستەغىيسۇ». ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا نزل عليه الوحي ثقل لذلك و تحدر جبينه عرقا كأنه جمان و إن كان في البرد ( طب ) عن زيد بن ثابت

4792. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيي نازىل بولغاندا، ۋەھيينىڭ جەھەتىدىن قاتتىق قىينىلىپ كېتەتتى، ئېغىر كېلەتتى، گەرچە قىش سوغۇق كۈنلەر بولسىمۇ، پېشانىسى خۇددى گۆھەر مارجانىدەك سىزىلىپ تەر ئاقتۇراتتى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4793** ( صحيح ) كان إذا نزل منزلا لم يرتحل حتى يصلي الظهر ( حم د ن ) عن أنس

4793. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر مەنزىلگە چۈشۈپ قالسا، پېشىنى ئوقۇمىغۇچە ئۇ جايدىن يۆتكىلىپ ماڭمايتتى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4794** ( صحيح ) كان إذا واقع بعض أهله فكسل أن يقوم ضرب يده على الحائط فتيمم ( طس ) عن عائشة

4794. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىنىڭ بەزىسى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ، مەقسەتكە يەتمەي تۇرۇپ، سولىشىپ قالسا، ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى تامغا ئۇرۇپ، تەيەممۇم قىلاتتى، (يەنى مەنىي چۈشمىسە، غۇسلى تاھارەت ئالمايتتى). تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان. سەھىھ. لېكىن، بۇ ھەدىسدىكى ئىشلار ئىسلامنىڭ تۇنجى مەزگىللىرىدە بولغا قويۇلغان

بولۇپ، كېيىن ئەمەلدىن قالغان كۆچكە ئىگە ئەمەس، كۆچكە ئىگە ھەدىس بولسا، يۇقىرىدا ئۆتكەن، ئىككى خەتنە قىلىنىدىغان جاي بىر ـ بىرىگە ئۇچراشسا، مەنىي سۈيى چۈشسۇن، چۈشمىسۇن غۇسلى تاھارەت ئالىدۇ دېگەن سەھىھ ھەدىستۇر.

**4795** ( صحيح ) كان إذا ودع رجلا أخذ بيده فلا يدعها حتى يكون الرجل هو الذي يدع يده و يقول: أستودع الله دينك و أمانتك و خواتيم عملك ( حم ت ن ه ك ) عن ابن عمر

4795. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر كىشى بىلەن خوشلاشسا، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ خوشلىشاتتى، ئۇ كىشى قولىنى تارتىۋالمىغۇچە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى تارتىۋالمايتتى، مۇنداق دەپ خوشلىشاتتى، دىنىڭنى ئامانىتىڭنى، ئەمەلىڭنىڭ ئاخىرقى خاتىمىسىنىڭ ياخشىسىنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم، ئاللاھقا ئامانەت. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا وضع الميت في لحده قال: بسم الله و بالله و في سبيل الله و على ملة رسول الله ( د ت ه هق ) عن ابن عمر

4796. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېيىتنى لەھەتكە، قەبرىگە قويسا، مۇنداق دەپ قوياتتى:«بىسمىللاھى ۋە بىللاھى ۋە فىي سەبىيلىللاھى ۋە ئەلا مىللەتى رەسۇلۇللاھ» ياكى سۈننەتى رەسۇلۇللاھ. تەرجىمىسى: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قويىمەن، ئاللاھنىڭ ياردىمى، رەھمىتى بىلەن ئاللاھ يولىدا ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ مىللىتى، سۈننىتى ئۈستىدە قويىمەن. تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4797** ( صحيح ) كان أرحم الناس بالصبيان و العيال ( ابن عساكر ) عن أنس

4797. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەبىي، كىچىك باللارغا، ئەھلى ئايالل‍ىرىغا كىشىلەرنىڭ ئەڭ مېھرىبان، رەھىمدىلرەكى ئىدى. ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

**4798** ( صحيح ) كان أزهر اللون كأن عرقه اللؤلؤ إذا مشى تكفأ ( م ) عن أنس

4798. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رەڭگى نۇرلۇق، ئاق ئىدى، تەرلىرى خۇددى گۆھەر، ئۈنچە ـ مارجاندەك ئىدى، يولدا ماڭسا، ئوتتۇرھال، نورمال ماڭاتتى، ھەم كۆچلۈك تېز ماڭاتتى، ئالقىنى يېپەك رەختتىنمۇ سىلىق، پۇرىقى مىسكە ـ ئەنبەردىنمۇ خۇشپۇراق ئىدى. مۇسلىم 4299 ـ ھەدىس، ئەھمەد 12594 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**4799** ( صحيح ) كان أشد حياء من العذراء في خدرها ( حم ق ه ) عن أبي سعيد

4799. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ چىمدىرىدىكى قىزچاقىدىنمۇ بەكرەك ھايالىقراق ئىدى. ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4800** ( صحيح ) كان أكثر أيمانه: لا و مصرف القلوب ( ه ) عن ابن عمر

4800. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەسەملىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇنداق دېيىش ئىدى. «لا ۋە مۇسەررىفەلقۇلۇب» يەنى «قەلب دىللارنى چۆرۈپ، يۆتكەپ تۇرغۇچى ئاللاھ بىلەن قەسەمكى». ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

4801 ( صحيح ) كان أكثر دعائه: يا مقلب القلوب ثبت قلبي على دينك فقيل له في ذلك ؟ قال: إنه ليس آدمي إلا و قلبه بين إصبعين من أصابع الله فمن شاء أقام و من شاء أزاغ ( ت ) عن أم سلمة

4801. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۇئالىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇنداق ئىدى: «يامۇقەللەلقۇلۇب سەببىت قەلبى ئەلادىينىكە» ، (ئى قەلبلەرنى يۆتكەپ تۇرغۇچى ئاللاھ، قەلبىمنى دىنىڭرى ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلىسىلا)، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بۇ توغرىلىق سۆز قىلغاندا، مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئادەم بالىسى بولىدىكەن، ئۇنىڭ قەلبى ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى بارماقلىرىدىن ئىككى بارمىقى ئارىسىدا، ئاللاھ خالىغان كىشىنىڭ قەلبىنى مۇقىم، مۇستەھكەم قىلىدۇ، خالىغان كىشىنىڭ قەلبىنى (ئۇ كىشىنىڭ پاسىقلىقى، كاپىرلىقى سەۋەبىدىن) ھەقتىن بۇرىۋېتىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

كان أكثر دعوة يدعو بها: ( ربنا آتنا في الدنيا حسنة و في الآخرة حسنة و قنا عذاب النار ) ( حم ق د ) عن أنس

4802. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆپىنچە مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «رەببەنا ئاتىنا فىددۇنيا ھەسەنەتەن ۋەفىلئاخىرەتى ھەسەنەتەن ۋەقىنا ئازابەننار» . تەرجىمىسى: ئى رەببىمىز، بىزگە بۇ دۇنيادىمۇ ياخشىلىق، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلسىلا، بىزنى دوۋزاخ ئازابىدىن ساقلىسىلا» ئامىن!. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ. مانا بۇ دۇئانىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.

كان أكثر صومه السبت و الأحد و يقول: هما يوما عيد المشركين فأحب أن أخالفهم ( حم طب ك هق ) عن أم سلمة

4803. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇتقان روزىسىنىڭ كۆپىنچىسى شەنبە، يەكشەنبە ئىدى، ۋە مۇنداق دەيتتى: بۇ ئىككى كۈن بولسا، يەھۇدىي - ناسارا، مۇشرىكلەرنىڭ ھېيت كۈنىدۇر، يەپ - ئىچىدىغان كۈنىدۇر، مەن ئۇلارنىڭ خىلاپىدا ئەكسىچە قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن . ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

4804 ( صحيح ) كان أكثر ما يصوم الاثنين و الخميس فقيل له ؟ فقال: الأعمال تعرض كل اثنين و خميس فيغفر لكل مسلم إلا المتهاجرين فيقول: أخروهما ( حم ) عن أبي هريرة

4804. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇتقان روزىسىنىڭ كۆپىنچىسى دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى ئىدى، بۇ توغرىلىق سورالغاندا مۇنداق دېگەن: ئەمەللەر ھەر دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى تەقدىم قىلىنىدۇ، ئاداۋەتلەشكەنلەردىن باشقا بارلىق مۇسۇلمانلارغا مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلارغا بولسا، مەغپىرەتسىز كېچىكتۈرۈپ تۇرۇڭلار دەيدۇ. (يەنە بىر خاتىرىدە ئۇلار يارىشىپ، ئەپلىشىۋالغۇچە كېچىكتۈرۈڭلار دېيىلىدۇ ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن شۇ كۈنلەردە روزا تۇتقان ھالەتتە ئەمەللىرىمنىڭ ئۆرلىشىنى ياخشى كۆرىمەن دېگەن ) . ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

4805 ( صحيح ) كان بابه يقرع بالأظافير ( الحاكم في الكنى ) عن أنس

4805. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشىكى (گۇم! گۇم ئۇرۇلماستىن) تىرناقلار بىلەن يەنى بارماقلار ئۇچى بىلەن چېكىلەتتى. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4806** ( صحيح ) كان تنام عيناه و لا ينام قلبه ( ك ) عن أنس

4806. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى كۆزى ئۇخلايتتى، قەلبى ئۇخلىمايتتى، (بۇ سۆزنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى دەپ بەرگەن). ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4807** ( صحيح ) كان خاتم النبوة في ظهره بضعة ناشزة ( ت في الشمائل ) عن أبي سعيد

4807. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇچىسىدىكى خاتەمۇننەبۇۋۋەت يەنى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ بەلگىسى ئۆستىگە ئۇچۇق ـ ئاشكارا بولۇپ قالغان، كىچىككىنە بىر پارچە گۆش ئىدى، يەنى كەپتەر تۇخۇمىدەك، تىرمىزى شامائىلدا، ئەھمەد 11229 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**4808** ( صحيح ) كان خاتمه غدة حمراء مثل بيضة الحمامة ( ت ) عن جابر بن سمرة

4808. جابىر ئىبنى سەمۇرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىقى ئارىسىدىكى پەيغەمبەرلىك بەلگىسى، كەپتەر تۇخۇمىدەك ئۆرلەپ قالغان قىزىلراق كىچىككىنە بىر پارا گۆش ئىدى. تىرمىزى 3577 ـ ھەدىس، مانا بۇ مۆجىزىلىك دەلىل ـ ئىسپات ئىدى. سەھىھ.

**4809** ( صحيح ) كان خاتمه من فضة فصه منه ( خ ) عن أنس

4809. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈزۈكى كۈمۈشتىن، ئۈزۈكنىڭ كۆزىمۇ كۈمۈشتىن ئىدى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**4810** ( صحيح ) كان خاتمه من ورق و كان فصه حبشيا ( م ) عن أنس

4810. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈزۈكى كۈمۈشتىن ئىدى، ئۈزۈكنىڭ كۆزى بولسا، ھەبەشىستانغا مەنسۇپ تاش ئىدى، ياكى قارىراق ياكى ياسىلىشى ھەبەشكە مەنسۇپ ئىدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئالتۇن ئۈزۈك ھارام، كۈمۈش، تۆمۈر بولسا مەيلى، بەزىلەر كۈمۈشتە، تۆمۈردە ئۈزۈك سېلىش سۈننەت دېدى.

**4811** ( صحيح ) كان خلقه القرآن ( حم م د ) عن عائشة

4811. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. مەنىسى، قۇرئانغا ئەمەل قىلىش، قۇرئاننىڭ بەلگىلىمىلىرىدە چەك ـ چېگرالىرىدا تۇرۇش، قۇرئان ئەدەپلىرى بىلەن ئەدەپلىنىش، مىساللىرىدىن، قىسسىلىرىدىن ئىبرەت ئېلىش، تىلاۋىتىنى ياخشى قىلىش، ۋە يەتكۈزۈشتۇر. مۇسلىم شەرھىسىدىن ئېلىندى.

**4812** ( حسن ) كان رايته سوداء و لواؤه أبيض ( ه ك ) عن ابن عباس

4812. ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چوڭ قوشۇنىنىڭ ئەلەم بايرىقى قارا، كىچىك قوشۇنلارنىڭ بايرىقى بولسا ئاق ئىدى. ئىبنى ماجە 2808 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1604 ـ ھەدىس، ھەسەن. بۇ ئىككى بايراق پەرقى تىرمىزىدا كۆرسىتىلدۇ.

**4813** ( صحيح ) كان ربعة من القوم ليس بالطويل البائن و لا بالقصير أزهر اللون ليس بالأبيض الأمهق و لا بالآدم و ليس بالجعد القطط

و لا بالسبط ( ق ت ) عن أنس

4813. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جىسمى ئوتتۇرھال، نورمال ئىدى، بەكمۇ ئېگىز ئەمەس، بەكمۇ پاكار ئەمەس، ئوتتۇرھال ئىدى، رەڭگى نۇرلۇق، ئاق ئىدى، بەكمۇ ئاپئاق ئەمەس، بەكمۇ بۇغداي ئۆڭلۈك ئەمەس، ئاق نۇرلۇق بۇغداي ئۆڭلۈك ئىدى، چېچى بەك قىسقا بۈدرە ئەمەس بەك ئۇزۇنمۇ ئەمەس،ئوتتۇرھال نورمال ئىدى. بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4814** ( صحيح ) كان رحيما بالعيال ( الطيالسي ) عن أنس

4814. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەھلى ئاياللىرىغا باللىرىغا مېھرىبان ، كۆيۈمچان، رەھىمدىل ئىدى. تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

**4815** ( حسن ) كان رحيما و كان لا يأتيه أحد إلا وعده و أنجز له إن كان عنده ( خد ) عن أنس

4815. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەھىمدىل، باغرى يۇمشاق ئىدى، بىرەر كىشى نەرسە سوراپ كەلسە، ۋەدە بېرىپ يولغا سالاتتى، ئەگەر ئالدىدا قول ئىلكىدە بولۇپ قالسا ۋەدىسىنى ئىجرا قىلىپ، ۋەدىسىدە تۇراتتى. بۇخارى تارىخدا توپلىغان، ھەسەن.

كان شبح الذراعين بعيد ما بين المنكبين أهدب أشفار العينين ( البيهقي ) عن أبي هريرة

4816. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى بىلىكى توم، ئۇزۇن ئىدى، ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارىلىقى كەڭ، گەۋدىلىك ئىدى، ئىككى كۆزى قاپقارا، قويۇق كىرپىكلىك ئىدى. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**4817** ( صحيح ) كان شعره دون الجمة و فوق الوفرة ( ت في الشمائل ه ) عن عائشة

4817. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچى مۈرىسىدىن سەل ئۈستۈنرەك، قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىدىن سەل پەسرەك ئىدى. ئەبۇ داۋۇد 3655 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1677 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3625 ـ ھەدىس، سەھىھ. جۇممە مۈرىسىگە چۈشكەن چاچ، ۋەفرەت قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغىچە يەتكەن چاچ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچى مۇشۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى.

**4818** ( صحيح ) كان شيبه نحو عشرين شعرة ( ت في الشمائل ه ) عن ابن عمر

4818. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاق چاچ، ئاق ساقاللىرى 20 تال ئەتراپىدا ئىدى. تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4819** ( صحيح ) كان ضخم الرأس و اليدين و القدمين ( خ ) عن أنس

4819. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باش سۆڭىكى چوڭ، كۈچلۈك ئىدى، ئىككى قول، ئىككى پۇتى توم ئىدى، يەنى گۆشلۈك ئىدى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**4820** ( حسن ) كان ضخم الهامة عظيم اللحية ( البيهقي ) عن علي

4820. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بېشى گۆشلۈك ئىدى، باش سۆڭىكى چوڭ ئىدى، ساقىلى قويۇق ئىدى. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**4821** ( صحيح ) كان ضليع الفم أشكل العينين منهوس العقب ( م ت ) عن جابر بن سمرة

4821. جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاغزى كەڭ، ئىككى كۆزىنىڭ ئېقىدا قىزىللىق بار ياكى كۆزىنىڭ چانىقى ئۇزۇن، تاپىنىنىڭ گۆشى ئاز ئىدى. مۇسلىم 4314 ـ ھەدىس، تىرمىزى 3580 ـ ھەدىس، ئەھمەد 20080 ـ ھەدىس، دارىمىۇ توپلىغان، سەھىھ.

**4822** ( حسن ) كان طويل الصمت قليل الضحك ( حم ) عن جابر بن سمرة

4822. جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆز قىلماستىن سۈكۈتتە ئۇزۇن تۇراتتى، ناھايىتى ئاز كۈلەتتى. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

**4823** ( حسن ) كان في كلامه ترتيل أو ترسيل ( د ) عن جابر

4823. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزنى ئالدىرىماي ئاستا ـ ئاستا، دانىمۇ ـ دانە قىلاتتى، مۆھلەت بېرىپ قىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد 4198 ـ ھەدىس، ھەسەن.

**4824** ( صحيح ) كان كثير العرق ( م ) عن أنس

4824. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆپ تەرلەيتتى، (تەرلىرى ئۈنچە مارجاندەك سۈزۈك ئىدى). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4825** ( صحيح ) كان كثير شعر اللحية ( م ) عن جابر بن سمرة

4825. جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساقىلى قويۇق، كۆپ ئىدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4826** ( حسن ) كان كلامه كلاما فصلا يفهمه كل من سمعه ( د ) عن عائشة

4826. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزلىرى تەپسىلىي، ئوچۇق، ئېنىق ئىدى، روشەن ، ئاڭلىغانلىكى كىشى ئېنىق چۈشىنەلەيتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

**4827** ( صحيح ) كان لنعله قبالان ( ت ) عن أنس

4827. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايىغى ئۈچۈن ئىككى تال، پۇتنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدا تۇرىدىغان بوغۇچ، شوينا بار ئىدى، (ئۇنى ئىلدۇرۇۋالاتتى). تىرمىزى 1695 ـ ھەدىس، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4828** ( صحيح ) كان له جفنة لها أربع حلق ( طب ) عن عبدالله بن بسر

4828. ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆت ھالقىسى بار تۆت كىشى تويغىدەك تائام پاتىدىغان چوڭ داس قاچىسى بار ئىدى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4829** ( صحيح ) كان له حمار اسمه عفير ( حم ) عن علي ( طب ) عن ابن مسعود

4829. ئەلى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمنىڭ ئۇيۇپىر ئىسمىلىك بىر ئىشىكى بار ئىدى. ئەھمەد ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4830** ( حسن ) كان له خرقة يتنشف بها بعد الوضوء ( ت ك ) عن عائشة

4830. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇچۇن بىر پارچە لاتا، رەخت يەنى قول ياغلىق بار بولۇپ، تاھارەتتىن كېيىن شۇ لۆڭگە بىلەن سۈرتەتتى، يەنى تاھارەت سۇيىنى ئېيتاتتى. تىرمىزى 48 ـ ھەدىس، ئۇ زەئىپ دېگەن بولسىمۇ ئەلبانى، ھاكىممۇ توپلىغان ھەدىس بىلەن ھەسەن دېگەن ، يەنى ھەسەنگە كۆتۈرۈلدۇ.

**4831** ( صحيح ) كان له سكة يتطيب منها ( د ) عن أنس

4831. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆككەت ئىسىملىك قىممەت باھالىق ناھايىتى ياخشى خۇشپۇراق ئەتىرسى (ئەتىر) بار بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ ئىشلىتەتتى. ئەبۇ داۋۇد 3631 ـ ھەدىس، سەھىھ.

كان له قدح من عيدان تحت سريره يبول فيه بالليل ( د ن ك ) عن أميمة بنت رقيقة

4832. ئۇمەيمەت بىنتى رەقىيقە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياغاچتىن تەرەت قاچىسى بار ئىدى، بۇ قاچا كارىۋىتىنىڭ ئاستىدا بولۇپ، كېچىسى (ياكى كېسەل بولۇپ قالسا) شۇ قاچىغا كىچىك تاھارەت قىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4833** ( صحيح ) كان له قصعة يقال لها الغراء يحملها أربعة رجال ( د ) عن عبدالله بن بسر

4833. ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غەرراۋ ئىسىملىك چوڭ بىر داس قاچىسى بار ئىدى، ئۇنى تۆت كىشى كۆتۈرۈپ يۆتكەيتتى، قۇربانلىق قىلسا، شورپىنى، گۆشلىرى بىلەن شۇ قاچىغا تۆكۈپ، ساھابىلىرى بىلەن بىرگە چۆرىسىدىن، ئەتراپىدىن يەيتتى، چۇنكى، بەرىكەت ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ. ئەبۇ داۋۇدنىڭ 3281 ـ ھەدىسى، ئىبنى ماجە 3254 ـ ھەدىس. سەھىھ.

**4834** ( صحيح ) كان له مؤذنان: بلال و ابن أم مكتوم الأعمى ( م ) عن ابن عمر

4834. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى مۇئەززىنى بار ئىدى، بىرى بىلال، يەنە بىرى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممە مەكتۇم، بۇ ئەما كىشى ئىدى. ئىمام مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

كان له ملحفة مصبوغة بالورس و الزعفران يدور بها على نسائه فإذا كانت ليلة هذه رشتها بالماء و إذا كانت ليلة هذه رشتها بالماء و إذا كانت ليلة هذه رشتها بالماء ( خط ) عن أنس

4835. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋەرەس دېگەن خۇشپۇراق گۈل ۋە زەپىران بىلەن بويالغان يېپىنچىسى بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ يېپىنچا بىلەن ئاياللىرىنى ئايلىنىپ چىقاتتى، ماۋۇ ئايالىنىڭ كېچىسى بولغاندا، ئۇنىڭغا يەنى يېپىنجىسىغا سۇ سېپىپ قوياتتى، ئانىڭغىمۇ شۇنداق، يەنە بىر ئايالىنىڭ كېچىسى يەنى نۆۋىتى كەلسە، ئۇ پۇركەنجە، يېپىنجىسىغا سۇ سېپىپ قوياتتى. (مەقسەت ، خۇشپۇراق پۇراش ئىدى) خەتىيب توپلىغان، سەھىھ. ئى مۇسۇلمانلار! ئاياللىرىڭلار بىلەن بىللە بولغاندا، تازىلىققا، خۇشپۇراققا دىققەت

قىلىڭلار، ئاياللارمۇ شۇنداق قىلىڭلار.

**4836** ( صحيح ) كان مما يقول للخادم: ألك حاجة ؟ ( حم ) عن رجل

4836. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خىزمەتكار خادىمغا دەيدىغان سۆزى، ھاجىتىڭ بارمۇ؟ بىرەر نەرسە لازىممۇ؟ دېيىش ئىدى. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**4837** ( صحيح ) كان وجهه مثل الشمس و القمر و كان مستديرا ( م ) عن جابر بن سمرة

4837. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزى خۇددى قۇياشقا، ئايغا ئوخشاش نۇرلۇق ئىدى، يۇملاق گۈزەل ئىدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4838** ( صحيح ) كان وسادته التي ينام عليها بالليل من أدم حشوها ليف ( حم د ت ه ) عن عائشة

4838. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېچىسى بېشىنى قويۇپ ئۇخلايدىغان ياستۇقى تېرىدىن ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىگە سالغان سېلىنچا، خورما قوۋزىقى ئىدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4839** ( صحيح ) كان لا يؤذن له في العيدين ( م د ت ) عن جابر بن سمرة

4839. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچۈن ئىككى ھېيت نامىزىدا ئەزان توۋلانمايتتى، يەنى ھېيت نامىزىنى ئەزان تەكبىرسىز ئوقۇيتتى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4840** ( صحيح ) كان لا يأكل متكئا و لا يطأ عقبه رجلان ( حم ) عن ابن عمرو

4840. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېمەيتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا كىشىلەر ماڭمايتتى، (يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەمتەرلىك قىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭماي ئارقىسىدا ماڭاتتى، شۇنداقلا ئارقىسىنى پەرىشتىلەرگە قالدۇراتتى). ئەبۇ داۋۇد 3278 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 240 ـ ھەدىس، ئەھمەد 6262 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**4841** ( صحيح ) كان لا يتطير و لكن يتفاءل ( الحكيم البغوي ) عن بريدة

4841. بۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇم پال ئالمايتتى، ياخشى پال ئالاتتى. ھەكىيم، بەغۋى توپلىغان، سەھىھ.

**4842** ( حسن ) كان لا يتعار من الليل إلا أجرى السواك على فيه ( ابن نصر ) عن ابن عمر

4842. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپلا قالسا، ئاغزىغا مىسۋاك سالاتتى. ئىبنى نەسر توپلىغان، سەھىھ. (شۇنىڭ ئۈچۈن رەببى رازى بولۇپ، ئاغزى پاك بولۇپ، چىشى ئاغرىمايتتى).

**4843** ( حسن ) كان لا يتوضأ بعد الغسل ( حم ت ن ه ك ) عن عائشة

4843. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غۇسلى تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، يەنە كىچىك تاھارەت ئالمايتتى، (يەنى يۇيۇنۇپلا ناماز ئوقۇيتتى، قايتا كىچىك

تاھارەت ئالمايتتى، چۈنكى، غۇسلىدە ئالغان ئىدى). ئەھمەد ، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە ، ھاكىم توپلىغان ، ھەسەن.

**4844 ( صحيح ) كان لا يجد من الدقل ما يملأ بطنه ( طب ) (وغيره م ت حم )عن النعمان بن بشير**

4844. نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قورسىقى تويغۇدەك قۇرۇق خورمىمۇ تاپالمىغان ئىدى، (يەنى سىلەر ھازىر ئۈزۈڭلار خالىغان تائام، شاراپلار ئىچىدە لەززەت پەيزىنى سۈرۈۋاتىسىلەر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلىرى ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىمۇ باشتىن كەچۈرگەن). مۇسلىم 5288 ـ ھەدىس، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ، ئەھمەد ، تەبرانى توپلىغان ، سەھىھ.

**كان لا يخرج يوم الفطر حتى يطعم و لا يطعم يوم النحر حتى يذبح ( حم ت ه ك ) عن بريدة**

4845. بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا ھېيت نامىزىغا تاماق يېمىگۈچە چىقمايتتى، قۇربان ھېيت كۈنى بولسا، قۇربانلىقنى بوغۇزلىمىغىچە تاماق يېمەيتتى، (جىگەردىن ناشتا قىلاتتى). ئەھمەد ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ، ھاكىم توپلىغان ، سەھىھ. ھەدىس ئەنە شۇنداق ئاددىي چۈشەنچە بېرىدۇ، ھېيت كۈنى روزا تۇتۇش يوق، قۇربان ھېيت كۈنى روزا تۇتۇپ، زوھۇرلۇق يەپ نامازدىن كېيىن ئىپتار قىلسا مۇنداق ـ مۇنداق ساۋاب بولىدۇ، بىر كۈنلۈك روزىنىڭ ساۋابى بولىدۇ دېگەن سۆزلەر يالغانچى، كازراپنىڭ سۆزىدۇر، ئىككى ھېيت كۈنى روزا تۇتۇش ھارامدۇر.

**4846 ( صحيح ) كان لا يدخر شيئا لغد ( ت ) عن أنس**

4846. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەرگىز ئەتە ئۈچۈن نەرسە ئېلىپ يوشۇرۇپ قويمايتتى، (يەنى شۇنداق سېخى مەرد ئىدى). تىرمىزى توپلىغان ، سەھىھ.

**4847 ( صحيح ) كان لا يدع أربعا قبل الظهر و ركعتين قبل الغداة ( خ د ن ) عن عائشة**

4847. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىنىنىڭ ئالدىدىكى تۆت رەكەت سۈننەتنى بامداتنىڭ ئالدىدىكى ئىككى رەكەت سۈننەتنى ھەرگىز تەرك ئەتمىگەن، (يەنى بۇ نامازلار كۈچلۈك سۈننەتتۇر). بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئىلار توپلىغان، سەھىھ.

**4848 ( صحيح ) كان لا يدع صوم أيام البيض في سفر و لا حضر ( طب ) عن ابن عباس**

4848. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردە بولسۇن، يۇرتىدا مۇقىم ھازىر بولسۇن، ئاق كۈنلەردە، يەنى ئاينىڭ 13 ـ ،14 ـ ، 15 ـ كۈنلىرى روزا تۇتۇشنى ھەرگىز تەرك ئەتمەيتتى، (سەپەر قىلسىمۇ مۇقىم تۇرسىمۇ تۇتاتتى). تەبرانى توپلىغان ، سەھىھ.

**4849 ( صحيح ) كان لا يدع قيام الليل و كان إذا مرض أو كسل صلى قاعدا ( د ك ) عن عائشة**

4849. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇشنى ھەرگىز تەرك ئەتمەيتتى، ئاغرىپ قالسا، كېسەل بولۇپ قالسا، نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇيتتى، (ئۇخلاپ قالسا، كېسەل بولسا، كۈندۈزى 12 رەكەت ئوقۇيتتى، چۈنكى، ئەمەلدە نامازدا مۇقىم تۇراتتى). ئەبۇ داۋۇد ، ھاكىم توپلىغان ، سەھىھ.

**4850** ( صحيح ) كان لا يدفع عنه الناس و لا يضربوا عنه ( طب ) عن ابن عباس

4850. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنى قوغداتمايتتى، قوغداپ مۇداپىئە قىلىپ ماڭىدىغان كىشى يوق ئىدى، كىشىلەرمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قوغداپ مۇداپىئە قىلىپ ئۇرۇشۇپ كەتمەيتتى،(كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەتمەيتتى ۋە يۈز ئۆرۈۋالمايتتى) (چۈنكى، ئاللاھ ئۆزى قوغداپ كەتكەن، پەرىشتىلەر ھەمراھ ئىدى، جەڭدە مۇداپىئە قىلىشلار بار ئىدى، لېكىن ناھايىتى ئازدۇر). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4851** ( صحيح ) كان لا يراجع بعد ثلاث ( ابن قانع ) عن زياد بن سعد

4851. زەيياد ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ قېتىم ئىزنى رۇخسەت سورىغاندىن كېيىن قايتا مۇراجىئەت قىلمايتتى، يەنى رۇخسەت سوراۋەرمەي قايتىپ كېتەتتى. ئىبنى قانىئ توپلىغان، سەھىھ.

**4852** ( صحيح ) كان لا يرد الطيب ( حم خ ت ن ) عن أنس

4852. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خۇشپۇراق ئەتىر ھەدىيە قىلىنسا، سوۋغا قىلىنسا، ئۇنى رەت قىلمايتتى، قايتۇرمايتتى. ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4853** ( حسن ) كان لا يرقد من ليل فيستيقظ إلا تسوك ( ش د ) عن عائشة

4853. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ئۇخلاپ ئويغىنىپلا قالسا، مىسۋاك سالاتتى. ئەبۇ شەيبە، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4854** ( صحيح ) كان لا يسأل شيئا إلا أعطاه أو سكت ( ك ) عن أنس

4854. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىرەر نەرسە سورىلىپلا قالسا، بېرەتتى، ياكى ئالدىدا نەرسە بولمىسا جىم، سۈكۈتتە تۇراتتى، (ياكى ۋەدە بېرىپ كېيىن بېرەتتى). ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4855** ( صحيح ) كان لا يستلم إلا الحجر و الركن اليماني ( ن ) عن ابن عمر

4855. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەقەت ھەجەر ئەسۋەتنى رۇكنى يامانى دېگەن ئىككى تاشنىلا سۆيەتتى. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ھازىرمۇ ھاجىلار سۆيىدۇ.

**4856** ( حسن ) كان لا يصافح النساء في البيعة ( حم ) عن ابن عمرو

4856. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەيئەت قىلغاندىمۇ ئاياللار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمىگەن. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن. چۈنكى، يۇقىرىدا مەن، ئاياللار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەيمەن دېگەن سەھىھ ھەدىس ئۆتتى. ھازىر تور بەتلىرىدە ئالىملار بۇ توغرىسىدا مۆجىزە ئېلان قىلدى، ئۇ بولسىمۇ، ئەر ـ ئاياللارنىڭ قوللىرىدا يەنى سىلاش سېزىمىدا ، ئاڭلاش، كۆرۈش، پۇراش، تېتىش سېزىملىرىدا مەلۇم مىقداردا جىنسى ھېسسىياتنى، شەھۋەت، ھەۋەسنى

قوزغايدىغان ھۆجەيرە بار ئىكەن، ھازىر مۆشۈ خىل ئۆسۈلدا ھىسسىياتنى قوزغاش دورىلىرى ئىشلەنمەكتە، ھەزەر قىلىڭلار.

كان لا يصلي الركعتين بعد الجمعة و لا الركعتين بعد المغرب إلا في أهله ( الطيالسي ) عن ابن عمر

4857. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمەدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت نامازنى ئۆيدە ئوقۇيتتى. تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

4858 ( صحيح ) كان لا يصلي المغرب حتى يفطر و لو على شربة من الماء ( ك هب ) عن أنس

4858. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گەرچە سۇ ئوتلاپمۇ بولسا ئىپتار قىلمىغۇچە شام نامىزىنى ئوقۇمايتتى، ئىپتار قىلىپ ئاندىن شام نامىزىنى ئوقۇيتتى. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

4859 ( حسن ) كان لا يصلي قبل العيد شيئا فإذا رجع إلى منزله صلى ركعتين ( ه ) عن أبي سعي

4859. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن ناماز ئوقۇمايتتى، ئۆيگە قايتقاندا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

4860 ( حسن ) كان لا يصيبه قرحة و لا شوكة إلا وضع عليها الحناء ( ه ) عن سلمة

4860. سەلمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرەر جاراھەت ياكى شوخا ـ تىكەن كىرىپ مۇسىبەت يەتكۈزسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە خېنىنى قويۇپ تاڭاتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

4861 ( صحيح ) كان لا يضحك إلا تبسما( حم ت ك ) عن جابر بن سمرة

4861. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەقەت تەبەسسۇم قىلىپلا كۈلەتتى، يەنى كۈلسە، تەبەسسۇم قىلاتتى خالاس. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

4862 ( صحيح ) كان لا يطرق أهله ليلا ( حم ق ن ) عن أنس

4862. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردىن كەلسە، ئەھلىگە تۇيۇقسىز كېچىسى كىرمەيتتى، مۆھلەت بېرىپ كىرەتتى، (ھەم كېچىسى يالغۇز يول يۈرۈشتىن توسقان). ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

4863 ( صحيح ) كان لا يطيل الموعظة يوم الجمعة ( د ك ) عن جابر بن سمرة

4863. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە كۈنى ۋەز ـ نەسىھەتنى بەك ئۇزۇن قىلمايتتى، (ئاز قىلىپ، ساز قىلاتتى). ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

كان لا يعرف فصل السورة حتى يترل عليه ( بسم الله الرحمن الرحيم ) ( د ) عن ابن عباس

4864. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم، «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم» نازىل بولمىغۇچە سۈرىنىڭ پەسلىنى، پاسلىنى تونۇيالمايتتى، (كېيىن بۇ، سۈرىنىڭ پاسلىنى ئايرىپ كۆپ كەلگەچكە، ئۇششاق سۈرىلەر، مۇفەسسەل دەپ ئاتالغان). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4865** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **4500** كان لا يغدو يوم الفطر حتى يأكل ( سبع تمرات ) ( طب ) عن جابر بن سمرة

4865. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەتتە تال خورما يېمىگۈچە روزا ھېيت كۈنى نامازغا ئەتىگەندە بارمايتتى. تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى نەرسە يېمىگۈچە روزا ھېيت نامىزىغا بارمايتتى دېگىنى سەھىھ، يەتتە خورما دېگىنى زەئىپ دېگەن. يۇقىرىدىمۇ ئاۋۋال ناشتا قىلىپ، تاماق يەپ بارغانلىقى ئۆتتى.

**4866** ( صحيح ) كان لا يقرأ القرآن في أقل من ثلاث ( ابن سعد ) عن عائشة

4866. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئاننى ئۈچ كۈندىن ئاز ۋاقىتتا تامام ئوقۇپ تۈگەتمەيتتى، ئۈچ كۈندىن يۇقىرى كۈندە تۈگىتىپ ئوقۇيتتى. ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرىدىمۇ قۇرئاننى ئۈچ كۈندىن ئاز ۋاقىتتا ئوقۇپ تۈگەتكەن كىشى فىقھى قىلىپ چۈشىنەلمەيدۇ دېگەن ھەدىس ئۆتتى، لېكىن، ئۇ چۈشەنمىسىمۇ يەنىلا ئەجىر ساۋابىنى ئېلىۋېرىدۇ، مەقسەت چۈشىنىپ ئوقۇش.

كان لا يقوم من مجلس إلا قال: سبحانك اللهم ربي و بحمدك لا إله إلا أنت أستغفرك و أتوب إليك و قال: لا يقولهن أحد حيث يقوم من مجلسه إلا غفر له ما كان منه في ذلك المجلس ( ك ) عن عائشة

4867. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر مەجلىسدىن قوپۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپلا قالسا، مۇنداق دەيتتى: ئى ئاللاھ، سىلى پاك، سىلى مېنىڭ رەببىم، مەن سىلىگە ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمەن، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مەن سىلىدىن گۇناھىمنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى سورايمەن، سىلىگە تەۋبە قىلىمەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق كىشى بىرەر مەجلىسدىن تۇرۇپ قالسا، ئاندىن بۇ سۆزلەرنى دېسە، شۇ مەجلىسدە ئۇنىڭدىن سادىر بولغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4868** ( صحيح ) كان لا يكاد يسأل شيئا إلا فعله ( طب ) عن طلحة

4868. تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىرەر ئىشنى قىلىپ بېرىش سورىلىپلا قالسا، ئۇ ئىشنى قىلىپ بېرەتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**4869** ( صحيح ) كان لا يكاد يقول لشيء لا فإذا هو سئل فأراد أن يفعل قال: نعم و إذا لم يرد أن يفعل سكت ( ابن سعد ) عن محمد ابن الحنفية مرسلا

4869. مۇھەممەد ئىبنى ھەنىفىييە رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سورالغان نەرسىگە ياق، يوق دېمەيتتى، قىلىشنى ئىرادە قىلغان ئىشدىن سورالسا، ھەئە، ماقۇل دەيتتى، قىلىشنى ئىرادە، مەقسەت قىلمىغان ئىشدىن سورالسا، سۈكۈتتە جىم تۇراتتى، (بۇنىڭ ئۆزى رەت قىلىش ئىدى، بولسا بېرەتتى، بولمىسا ۋەدە بېرىپ كېيىن ئىجرا قىلاتتى). ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.

4870 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 4506كان لا يلتفت وراءه إذا مشى ( و كان ربما تعلق رداؤه بالشجرة فلا يلتفت حتى يرفعوه عليه ( ابن سعد الحكيم ابن عساكر ) عن جابر

4870. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولدا ماڭسا، ئارقىسىغا قارىمايتتى. ئىبنى سەئد، ھەكىيم، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ. ئەلبانى، بۇ سەھىھ، لېكىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولدا ماڭسا رىدا، تونلىرى دەرەخ شاخلىرىغا ئىلىنىشىپ قالسىمۇ ئارقىسىغا قارىمايتتى، ساھابىلەر ئېلىپ بېرەتتى دېگەن بۇ سۆزلەر مۇبالىغە، زەئىپ دېگەن .

4871 ( صحيح ) كان لا يمنع شيئا يسأله ( حم ) عن أبي أسيد الساعدي

4871. ئۇبۇئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، باشقىلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىغانلا نەرسىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېرەتتى، چەكلەپ توسمايتتى. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

كان لا ينام إلا و السواك عند رأسه فإذا استيقظ بدأ بالسواك ( حم محمد بن نصر ) عن ابن عمر

4872. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلىسا، مىسۋاك بېشىدا تۇراتتى، ئويغانسىلا مىسۋاك سېلىش بىلەن باشلايتتى. ئەھمەد، مۇھەممەد، ئىبنى نەسىر توپلىغان، ھەسەن.

كان لا ينام حتى يقرأ ( الم تنزيل السجدة و ( تبارك الذي بيده الملك ) ) ( حم ت ن ك ) عن جابر

4873. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «ئەلىف لام، مىم، تەنزىل سەجدىنى» تەبارەكەللەزىي بىيەدىھىل مۇلكۇنى يەنى سۈرە سەجدە بىلەن سۈرە مۇكۇلكنى ئوقۇپ بولمىغۇچە ئۇخلىمايتتى، بۇ سۈرىلەرنى ئوقۇۋېتىپ ئۇخلايتتى. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

4874 ( صحيح ) كان لا ينام حتى يقرأ بني إسرائيل و الزمر ( حم ت ك ) عن عائشة

4874. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە ئىسرائىلنى يەنى بەنى ئىسرائىل تىلغا ئېلىنغان سۈرە بىلەن سۈرە زۇمەرنى ئوقۇپ بولمىغۇچە ئۇخلىمايتتى. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

4875 ( صحيح ) كان يؤتى بالتمر فيه دود فيفتشه يخرج السوس منه ( د ) عن أنس

4875. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قۇرۇت بار خورما كەلتۈرۈلسە، ئۇنى تەكشۈرۈپ، قۇرتىنى چىقىرىۋېتىپ يەيتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، ئۇنى بىلمەي يېسە بولىدۇ، ھالال.

4876 ( صحيح ) كان يؤتى بالصبيان فيبرك عليهم و يحنكهم و يدعو لهم ( ق د ) عن عائشة

4876. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سەبىي، كىچىك بالىلار كەلتۈرۈلسە، ئۇلارغا بەرىكەت تىلەيتتى، ئۇلارنى ئېغىزلاندۇراتتى، ئۇلارغا دۇئا قىلاتتى. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

كان يأتي ضعفاء المسلمين و يزورهم و يعود مرضاهم و يشهد جنائزهم ( ع طب ك ) عن سهل بن حنيف

4877. سەھلى ئىبنى ھەنىيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلارنىڭ زەئىپ، ئاجىز كىشىلىرىنىڭ قېشىغا كېلەتتى، ئۇلارنى زىيارەت قىلاتتى، كېسەللىرىنى يوقلايتتى، ئاجىز، پېقىر، مىسكىن كىشىلەرنىڭمۇ جىنازىسىغا ھازىر بولۇپ نامازغا قاتنىشاتتى. ئەبۇ يەئلا، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**كان يأكل البطيخ بالرطب ( ه ) عن سهل بن سعد ( ت ) عن عائشة ( طب ) عن عبدالله بن جعفر**

4878. سەھلى ئىبنى سەئىد، ئائىشە، ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، قوغۇن-تاۋۇزنى خورما بىلەن يەيتتى. ئىبنى ماجە، تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**كان يأكل البطيخ بالرطب و يقول: يكسر حر هذا ببرد هذا و برد هذا بحر هذا ( د هق ) عن عائشة**

4879. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوغۇننى خورما بىلەن يەيتتى، ۋە مۇنداق دەيتتى: بۇنىڭ ھارارىتى، ئىسسىقلىقى يەنى خورمىنىڭ ئىسسىقلىقى، ماۋۇنىڭ يەنى قوغۇننىڭ سوغۇقلىقى بىلەن سۇندۇرۇلىدۇ، بۇ قوغۇننىڭ سوغۇقلىقى بولسا، خورمىنىڭ ئىسسىقلىقىنىڭ باراۋىرىدە بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4880 ( صحيح ) كان يأكل القثاء بالرطب ( حم ق 4 ) عن عبدالله بن جعفر**

4880. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرخەمەكنى خورما بىلەن يەيتتى. ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، ھەتتا بۇخارى 5020 ـ ھەدىس، مۇسلىم 3806 ـ ھەدىسىدە بار بولۇپ، سەھىھ. بۇ تەرخەمەك، قوغۇننىڭ ئۇزۇنچاق كىچىك بولۇپ، خەنزۇ تىلىدا خوگۇەي دېيىلىدۇ ، بەزى خاتىرىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىككىسنى ئىككى قولىدا تۇتۇپ تورۇپ يېگەن دېيىلىدۇ ، بۇنىڭدىن ئىككى خىل نەرسىنى ئىككى قولدا يېيىش دۇرۇس بولىدۇ، مەسىلەن: قوغۇن ـ تاۋۇز بىلەن ناننى يېگەندەك .

**كان يأكل الهدية و لا يأكل الصدقة ( حم طب ) عن سلمان ( ابن سعد ) عن عائشة وعن أبي هريرة**

4881. سەلمان، ئائىشە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىيە، ئېھساننى يەيتتى، سەدىقە، ئۆشرە ـ زاكاتنى يېمەيتتى. ئەھمەد، تەبرانى، ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.

**4882 ( صحيح ) كان يأكل بثلاث أصابع و يلعق يده قبل أن يمسحها ( حم م د ) عن كعب بن مالك**

4882. كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ بارمىقى بىلەن يەيتتى، قولىنى سۈرتىشتىن بۇرۇن يالىۋېتەتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4883 ( صحيح ) كان يأكل مما مست النار ثم يصلي و لا يتوضأ ( طب ) عن ابن عباس**

4883. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوت تەگكەن نەرسىدىن يەنى گۆش، كاۋاپدىن يەيتتى، ئاندىن تاھارەت ئالمايلا ناماز ئوقۇۋېرەتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. بىز بۇنى يۇقىرىدا سۆزلىگەن بولۇپ، تۆگە گۆشى يېسە ياكى گۆش كاۋاپ يېسە تاھارىتى سۇنمايدۇ،

تاھارەت ئالمىسمۇ بولىدۇ دېگەن .

**4884** ( صحيح ) كان يأمر أن نسترقي من العين( م ) عن عائشة

4884. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى كۆز تېگىشتىن ئايەتنى شىپا ئوقۇشنى، ئوقۇتۇشىمىزنى بۇيرۇيتتى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. چۈنكى، كېسەل ئىككى قىسىم بولىدۇ، بۇ كېسەل كىتابەتتىن داۋالىنىدۇ، يەنە بىرى بولسا، تىبابەتتىن داۋالىنىدۇ. سېھرى سۈيى ـ قەست، جىن ـ ئالۋاستىلاردىن، كۆز تېگىشتىن، ھەسەتتىن، روھى، مەنىۋى كېسەللەر كىتابەتتىن يەنى قۇرئان ئايىتى، سەھىھ ھەدىستىكى دۇئالار، ئايەتنى شىپالار بىلەن داۋالىنىدۇ، كۆرسەتمىدىن قىلچىلىك چەتنەشكە بولمايدۇ، بىدئەت، خۇراپات، شېرىك قەتئىي بولماسلىق شەرت ، قىلىچ، نەيزە، ئوقيا بىلەن جاراھەتلەنگەندەك تىبابەتتىن بولغان ئىسسىق ـ سوغۇقدىن بولغان كېسەللەر، تىبابەت تەرىپىدىن داۋالىنىدۇ، كېسەل بولسىلا شىپاسى، داۋاسى باردۇر، داۋالىنىڭلار، لېكىن، شېرىكتىن، بىدئەتتىن ھەزەر قىلىڭلار، كىتابەتتىن، تىبابەتتىن داۋا، شىپا تېپىلمىسا، ساقايمىسا، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ ئىمان ئۈستىدە ياخشى ئەمەل ئۈستىدە ئۆلۈمنى، ئۆلۈم پەرىشتىسىنى كۈتۈڭلار، بەربىر ئۆلۈمىز ، تەۋبە قىلىپ ھەق ئۈستىدە ئۆلۈڭلار، ھەرخىل ئىشلار، سېھرىگەر، كاھىنلار سەۋەبىدىن شېرىك ئىشلارنى قىلىپ، ئىماندىن قۇرۇق قالماڭلار!

**4885** ( صحيح ) كان يأمر بإخراج الزكاة قبل الغدو للصلاة يوم الفطر ( ت ) عن ابن عمر

4885. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەدىقە، پىتىر، زاكىتىنى روزا ھېيت كۈنى نامىزىغا چىقىشتىن بۇرۇن ئادا قىلىپ بېرىۋېتىشكە بۇيرۇيتتى، (چۈنكى، نامازدىن كېيىن بەرسە دۇرۇس ئەمەس). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4886** ( صحيح ) كان يأمر بالعتاقة في صلاة الكسوف ( د ك ) عن أسماء

4886. ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن، ئاي تۇتۇلغاندا، كۇسۇف نامىزىدا يەنى كۈن تۇتۇلغاندا ناماز ئوقۇش جەريانىدا قۇل ئازاد قىلىشقا بۇيرۇيتتى، سەدىقىگە بۇيرۇيتتى. ئەبۇ داۋۇد ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4887** ( حسن ) كان يأمر بتغيير الشعر مخالفة للأعاجم ( طب ) عن عتبة

4887. ئۇتبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاق چاچلارنى، ئەجەملەرگە، ئەجنەبىيلەرگە يەنى يەھۇدىي، ناسارا، مۇشرىك، دىنسىزلارغا خىلاپ ھالدا ئۇلارغا ئوخشىۋالماي، بوياپ ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇيتتى. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن، كىيىم ـ كېچەك، چاچ پۇسۇنلاردىمۇ دىنسىزلارنىڭ ئەكسىچە، تەتۈرىچە مۇسۇلمانچە قىلىشىمىز لازىم.

**4888** ( صحيح ) كان يأمر بناته و نساءه أن يخرجن في العيدين( حم ) عن ابن عباس

4888. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزلىرىنى، ئاياللىرىنى ئىككى ھېيت نامىزىغا چىقىشقا، ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاشقا بۇيرۇيتتى. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. سەھىھ ھەدىستە ئاياللار ھېيت نامىزىغا چىقىپ، يەنى ھىجاپ بىلەن چىقىپ ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاش خاتىرىلەنگەن، ئاياللار مەسجىدى ئايرىم بولسا، ياكى ئەرلەر مەسجىدىنىڭ يېنىدا ئاياللار مەسجىدى بولسا، چىقىپ نەسىھەت ئاڭلاپ، ناماز ئوقۇسا، جۈمە كۈنىمۇ شۇنداق قىلسا دۇرۇس بولىدۇ،

شەرتى يىتنە ـ پاسات بولماسلىق، بولۇپمۇ ئاياللار ھىجاپلىنىشى لازىم، بۇ مەسىلىنى بەزىلەر پەرىز، ۋاجىپ دېسە، بەزىلەر يىتنە ـ پاسات بولسا ۋاجىپ بولمىسا ھارام ئەمەس، ھىجاپ بولمىسىمۇ بولىدۇ دەپ باقتى، مەدىنە ئالىملىرى خۇسۇسەن بىنباز، ئۇسەيمىن، شىنقىتىي، ئابدۇرەھمان سەئدى، پەۋزان قاتارلىقلار ۋاجىپ دېگەن ، ھەم بۇ توغرىسىدا مەخسۇس كىتابلار يازغان. مەسىلەن: ئۇسەيمىنىنىڭ ھىجاپ ناملىق كىتابى بار، بۇ كىتابدا يۈزنى ئاچسا بولىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن بەش دەلىلگە قارشى يۈزنى يۆگەش، ھىجاپ ۋاجىپ يەنى پەرىز دەپ يەتتە دەلىل كەلتۈرۈلگەن، قارشى تەرەپنىڭ يۈزنى ئېچىۋەتسە بولىدۇ دېگەن دەلىللىرىگە قارشى قانائەتلىنەرلىك جاۋابلارنى بەرگەن، مەسىلەن: ماۋۇنىڭ بىلەن ماۋۇنى يەنى يۈزى بىلەن ئالقىنىنى ئوچۇق قويسا بولىدۇ دېگەن ھەدىسنى زەئىپ دېگەن ، يەنى ھۆججەت بولالمايدۇ، ئەبۇداۋۇد رەھ بۇ ھەدىسنى مۇرسەل دېگەن. خۇلاسە سۆز شۇكى، دىننى، قۇرئاننى، ھەدىسلەرنى، ساھابىلەر بىلەن تابىئىنلار توغرا چۈشىنىدۇ، ئۇلاردىنمۇ ئاللاھ ۋە ئەلچىسى رازى بولغان، ماختاپ مەدھىيىلىگەن، ئۇلارنىڭ توغرا ھەق بولىدۇ، ئۇلار سەلەف، سالىھ، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە ئەڭ ياخشى ئەڭ تەقۋا كىشىلەر، توغرا دىن، توغرا چۈشەنچە، توغرا كۆز قاراش، ھەق، توغرا تەپسىر ئۇستىدە ئىدى، ئۇنداق بولسا بۇ مەسىلىگە ساھابىلارغا ۋاكالىتەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئاياللار پۈتۈن بەدەنلىرىنى يۆگەيدۇ، ھېچ يېرىنى ئوچۇق قويمايدۇ، يۈزى ئالقاندىن تارتىپ زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمايدۇ، پەقەت بىر كۆزىنى، كۆرۈش ئۈچۈن ئوچۇق قويىدۇ، پەقەت بىر كۆزىنى دېگەن ، تابىئىنلارغا ۋاكالىتەن ھەسەن بەسرى، ئاياللار پۈتۈن يېرىنى يۆگەپ، ئىككى كۆزىنىلا ئوچۇق قويسا بولىدۇ دېگەن ، مانا بۇ ساھابە، مانا بۇ تابىئىن بۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى، تەپسىرلىرى، تەپسىر ئىبنى كەسىرنىڭ سۇرە نۇر، سۇرە ئەھزاپلاردا چىقىدۇ، ھەق چۈشىنىڭ، سىز ئالىممۇ؟ ساھابىلەر، تابىئىنلارمۇ؟، پالانى دوكتور ، ماگىستىر، پەيلاسوفلار ئالىممۇ؟ ئەڭ توغرىسى ساھابىلەر، تابىئىنلارنىڭ ئۇلار قۇرئانغا، سەھىھ ھەدىسكە ئەقىدە، ئىبادەت جەھەتتىن كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئالىمراقى، تەقۋاراقى، ياخشىراقىدۇر، شۇلارنىڭ توغرا، ھەق راستتۇر، بىزگە ئۇلاردىن باشقا پەتىۋا لازىم ئەمەس.(ئەڭ ياخشىسى تەفسىر تەبرىينى كۆرۈڭ 310 ـ يىللىرى ھ).

**4889 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 4526كان يأمر من أسلم أن يختتن ( و لو كان ابن ثمانين سنة ) ( طب ) عن قتادة الرهاوي**

4889. قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمان بولغان كىشىنى خەتنە قىلدۇرۇشقا بۇيرۇيتتى. تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى بۇ سەھىھ، لېكىن، گەرچە 80 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ دېگەن لەۋزى سەھىھ ئەمەس، زەئىپ دېگەن . لېكىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام 80 ياشتا ئۆزىنى خەتنە قىلغىنى سەھىھ. چوڭ، قېرى كىشىلەرمۇ مۇسۇلمان بولسا ئۆزىنى خەتنە قىلدۇرۇشى لازىم، بۇ سۈننەت . مەقسەت يىگىدىن مۇسۇلمان بولغانلار خەتنە قىلىنىدۇ.

**4890 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 4527 كان يأمر  نساءه إذا أرادت إحداهن أن تنام أن تحمد ثلاثا و ثلاثين و تسبح ثلاثا و ثلاثين و تكبر ثلاثا و ثلاثين  ( ابن مندة ) عن حابس**

4890. ھابىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىنىڭ بىرەرسى ئۇخلاشنى ئىرادە قىلسا، 33 ھەمدۇ 33 تەسبىھ، 33 تەكبىر ئېيتىشقا بۇيرۇيتتى. ئىبنى

مۇندىھ توپلىغان، سەھىھ.

**4891** ( صحيح ) كان يباشر نساءه فوق الإزار و هن حيض ( م د ) عن ميمونة

4891. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەيزدار بولۇپ قالغان ئاياللىرى بىلەن ئىشتاننىڭ ئۈستىدىن يەنى ئىشتاننى كىيدۈرۈپ قويۇپ بىللە ياتاتتى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، توپلىغان، سەھىھ. ھەيزدار ئاياللاردىن ئىبرى جىنسى مۇناسىۋەتتىن باشقا ئىشلاردا لەززەت ئالسا بولىدۇ .

**4892** ( صحيح ) كان يبدأ إذا أفطر بالتمر ( ن ) عن أنس

4892. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىپتار قىلسا، خورما يېيىش بىلەن باشلايتتى. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4893** ( صحيح ) كان يبدو إلى التلاع ( د حب ) عن عائشة

4893. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، سۇ يىغىلىپ قالىدىغان يېرا ـ قىشلاق، سەھرالارغا، يايلارقلارغا چىقاتتى،يەنى ساپ ھاۋا يەپ، مىڭىسىنى ئارام ئالدۇراتتى، جەڭ تەدبىرلىرىنى قىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد 2119 ـ ھەدىس، مۇسلىم، ئەھمەد 23664 ـ ھەدىس، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

كان يبعث إلى المطاهر فيؤتى بالماء فيشربه يرجو بركة أيدي المسلمين ( طس حل ) عن ابن عمر

4894. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشلەرنىڭ تاھارەت ئالىدىغان جايغا كىشى ئەۋەتەتتى، ئاندىن ئۇ جايدىن پاك ـ پاكىز سۇ كەلتۈرۈلەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ سۇدىن، مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىرىنىڭ بەرىكىتىنى ئۈمىد قىلىپ ئىچەتتى. تەبرانى، ئەۋسەتتە، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن.

كان يبيت الليالي المتتابعة طاويا و أهله لا يجدون عشاء و كان أكثر خبزهم خبز الشعير ( حم ت ه ) عن ابن عباس

4895. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەينى ـ كەينىدىن نەچچە كېچىلەپ ئاچ قورساق يېتىپ قالاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەھلى، خوتۇن باللىرى كەچلىك غىزا، تاماق تاپالمايتتى، ئۇلارنىڭ نېنىنىڭ كۆپىنچىسى ئارپا نېنى ئىدى. تىرمىزى 2283 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3338 ـ ھەدىس، ئەھمەد 3364 ـ ھەدىس. سەھىھ.

**4896** ( صحيح ) كان يبيع نخل بني النضير و يحبس لأهله قوت سنتهم ( خ ) عن عمر

4896. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنىي نەزىيرنىڭ خورمىزارلىقىنى، خورمىلىرىنى سېتىپ، ئەھلىگە، ئائىلىسىدىكىلەرگە بىر يىللىق قۇۋۋەتنى يەنى بىر يىل يەتكىدەك ئاش، ئوزۇقنى تەييارلاپ بېرەتتى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. مەككىدە، ھىجرەتنىڭ باشتىكى مەزگىللىرىدە قاتتىق قىينالغان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك ھەدىسلەرمۇ كۆپ سۆزلىنىدۇ، كېيىن غەلىبە قىلغاندا، بولسا، بىر يىللىق قۇۋۋەتنى راسلاپ، تەييارلىۋالاتتى، بۇمۇ دۇرۇس، باش بولغۇچى كىشى ھەمراھلىرى بىلەن ئەنە شۇنداق ئىسسىق ـ سوغۇقنى، قەھەتچىلىك، مولچىلىقنى، ئاسانلىق، قىيىنچىلىقنى، غەلىبە، مەغلۇبىيەتنى بىرگە بىللە ئۆتكۈزىدۇ.

**4897 ( صحيح ) كان يتحرى صيام الاثنين و الخميس ( ت ن ) عن عائشة**

4897. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنىنىڭ روزىسىغا ئىنتىزار بولۇپ ساقلايتتى، ھەم شۇ كۈنى روزا تۇتۇشنى تەلەپ قىلىپ ئىزدەيتتى. نەسەئى 2320 ـ ھەدىس، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى 676 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجەمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**4898 ( صحيح ) كان يتختم بالفضة ( طب ) عن عبدالله بن جعفر**

4898. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈمۈش ئۈزۈك سالاتتى. تەبرانى توپلىغان، (ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشتىن ئەرلەرنى توسقان) سەھىھ.

**4899 ( صحيح ) كان يتختم في يساره ( م ) عن أنس ( د ) عن ابن عمر**

4899. ئەنەس، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈزۈكنى سول قولىغا سالاتتى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**كان يتختم في يمينه ( خ ت ) عن ابن عمر ( م ن ) عن أنس ( حم ت ه ) عن عبدالله بن جعفر**

4900. ئىبنى ئۆمەر، ئەنەس، ئابدۇللاھ، ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈزۈكنى ئوڭ قولىغا سالاتتى. بۇخارى، نەسەئى، تىرمىزى، مۇسلىم، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ھەر ئىككى ھەدىس سەھىھ بولۇپ، ئالىملار مۇنداق دېدى، ئوڭ قولىغا ياكى سول قولىغا سالسا دۇرۇس بولىدۇ، ئىختىيار قايسىغا سالسا، مەكروھ ئەمەس، سەلەف، سالىھلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوڭ قولىغا، كۆپىنچىسى سول قولىغا سالغان، ئىمام مالىك، سول قولىغا سالىدۇ دېدى، باشقىلار ئوڭ قولىغا سېلىش ئەۋزەل دېدى، ئاياللارمۇ ھەر ئىككى قولىغا سالسا بولىدۇ، ئۈزۈكنى چىمچىلاقنىڭ يېنىدىكى بارماققا سالىدۇ، يەنى چىمچىلاق بىلەن ئوتتۇر بارماق ئارىسىدىكى بارماققا، بۇ سۈننەت، قىلسا ساۋاب بار، قىلالمىسا ئازاب يوقتۇر. مۇسلىم شەرھىسىدىن.

**4901 ( صحيح ) كان يتخلف في المسير فيزجي الضعيف و يردف و يدعو لهم ( د ك ) عن جابر**

4901. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوشۇنىنىڭ ئارقىدىراق ماڭاتتى، ئاجىزلارنى يۆلەپ، ياردەملىشىپ، مىندۈرۈۋېلىپ، بىللە ھەيدەپ ماڭاتتى، ئۇلارغا دۇئا قىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4902 ( صحيح ) كان يتعوذ من الجان و عين الإنسان حتى نزلت المعوذتان فلما نزلتا أخذ بهما و ترك ما سواهما ( ت ن ه الضياء ) عن أبي سعيد**

4902. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناس چۈشكەنگە قەدەر جىنلارنىڭ يامانلىقىدىن، ئىنسانلارنىڭ كۆزى تېگىشتىن پاناھ تىلەيتتى، ئۇ ئىككى سۈرە چۈشۈۋىدى، شۇ ئىككى سۈرىنىلا ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن باشقىلارنى تەرك ئەتتى. تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**كان يتعوذ من جهد البلاء و درك الشقاء و سوء القضاء و شماتة الأعداء ( ق ن ) عن أبي هريرة**

4903. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتتىق سىناقتىن، ئېغىر بالالەردىن، شەقىيلىقنىڭ، جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ تېپىۋېلىشىدىن، قازايى قەدەرنىڭ

يامان ئاقىۋەتتىدىن، دۈشمەننىڭ خۇرسەنلىكىدىن پاناھ تىلەيتتى. بەيھەقى، مۇسلىم،نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4904** ( صحيح ) كان يتفاءل و لا يتطير و كان يحب الاسم الحسن ( حم ) عن ابن عباس

4904. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياخشى پال ئالاتتى، شۇم پال ئالمايتتى، ياخشى، گۈزەل ئىسىمنى ياخشى كۆرەتتى. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

كان يتمثل بالشعر: ; و يأتيك بالأخبار من لم تزود ( طب ) عن ابن عباس ( ت ) عن عائشة

4905. ئىبنى ئاببباس، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەۋەرنىڭ راستلىقىنى تەكشۈرمەكچى بولسا، مۇشۇ بېيىتنىڭ بىر تەرىپىنى، دىكلاماتسىيە قىلاتتى، ساڭا خەۋەرلەرنى ئوزۇقنى تولۇق ئالمىغان كىشى ئېلىپ كېلىپتۇ، يەنى ئالدىراپ تېزلا ئەكىلىپتۇ. تەبرانى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4906** ( صحيح ) كان يتوضأ ثم يقبل و يصلي و لا يتوضأ ( حم ) عن عائشة

4906. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئېلىپ، تاھارىتى بار ھالەتتە ئايالىنى سۆيۈپ قويۇپ، ئاندىن ئايالىنى سۆيگەن بولسىمۇ تاھارەت ئالماستىن، ناماز ئوقۇۋېرەتتى، (يەنى ئايالىنى سۆيسە تاھارەت سۇنمايدۇ،مەزىي چىقسا سۇنىدۇ). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**4907** ( صحيح ) كان يتوضأ عند كل صلاة ( حم خ 4 ) عن أنس

4907. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر نامازغا تاھارەت ئالاتتى. ئەھمەد، بۇخارى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ، لېكىن، مەككىنى پەتھى قىلغان كۈنى بەش نامازنى بىر تاھارەت بىلەنلا ئوقۇغان، بۇ كېيىنكى ئىشتۇر، لېكىن، ھەر نامازغا تاھارەت ئېلىپ ئوقۇسا ياخشى، لېكىن، كۈچلۈك بۇيرۇلمايدۇ، تاھارىتى سۇنۇپ كەتمىسە، بەش نامازنى بىر تاھارەتتە ئوقۇسا دۇرۇستتۇر، تاھارىتى قىستىغاندا ناماز ياخشى بولمايدۇ.

**4908** ( صحيح ) كان يتوضأ مما مست النار ( طب ) عن أم سلمة

4908. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوت تەگكەن نەرسىدىن يەنى گۆش، كاۋاپ يېسە تاھارەت ئالاتتى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، بۇ ھەدىس مەنسۇخ، كۈچكە ئىگە ئەمەس، بىز بۇنى يۇقىرىدا سۆزلەپ بولغان.

كان يتوضأ واحدة واحدة و اثنتين اثنتين و ثلاثا ثلاثا كل ذلك يفعل ( طب ) عن معاذ

4909. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىمدىن بىر قېتىمدىن ئىككى قېتىمدىن ئىككى قېتىمدىن ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇپ تاھارەت ئالغان، شۇنىڭ ھەممىسىنى قىلغان ئىدى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. بىر قېتىم كامىل يۇيۇش پەرز، ئۈچ قېتىم يۇيۇش سۈننەت، سۇ ئاز بولسا، ئىككى قېتىم يۇيسىمۇ بولىدۇ.

**4910** ( صحيح ) كان يجتهد في العشر الأواخر ما لا يجتهد في غيرها ( حم م ت ) عن عائشة

4910. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئۇ كۈنلەردىن باشقا چاغدا كۆرسەتمىگەن، قىلىپ باقمىغان ئاجايىپ

تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتەتتى، قاتتىق چىك تۇراتتى، (كىچىلىرى تونەيتتى، ئەھلىنى ئويغىتاتتى). ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4911** ( صحيح ) كان يجعل فصه مما يلي كفه ( ه ) عن أنس وابن عمر

4911. ئەنەس، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈزۈكىنىڭ كۆزىنى ئالقىنى تەرەپكە قىلىۋالاتتى، يەنى ئالقىنىنىڭ ئىچىگە. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

كان يجعل يمينه لأكله و شربه و وضوئه و ثيابه و أخذه و عطائه و شماله لما سوى ذلك ( حم ) عن حفصة

4912. ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوڭ قولىنى يېيىشكە، ئىچىشكە، تاھارەت، كىيىم كىيىش، ئېلىش، بېرىشكە قىلاتتى، يەنى ئوڭ قولى بىلەن باشلاپ قىلاتتى، ئالاتتى، بېرەتتى، سول قولىنى بولسا، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلار ئۈچۈن قىلاتتى، مەسىلەن: ئىستىنجادەك. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**4913** ( صحيح ) كان يجلس إذا صعد المنبر حتى يفرغ المؤذن ثم يقوم فيخطب ثم يجلس فلا يتكلم ثم يقوم فيخطب ( د ) عن ابن عمر

4913. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە كۈنى مۇنبەر ئۈستىگە چىققاندا، مۇئەززىن ئەزاندىن پارىغ بولغىچە ئولتۇرۇپ تۇراتتى، ئاندىن كېيىن ئۆرە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇيتتى، ئاندىن بىر قېتىم ئولتۇرۇۋېتىپ، گەپ ـ سۆز قىلماستىن، يەنە ئۆرە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇيتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئىككى خۇتبە ئارىسىدا ئولتۇرۇۋالدۇ خالاس، باشقا ھېچ ئىش قىلمايدۇ، سىز بىدئەتتىن ھەزەر قىلىڭ.

**4914** ( حسن ) كان يجلس القرفصاء ( طب ) عن إياس بن ثعلبة

4914. ئىياس ئىبنى سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرسا ئىككى يوتىسىنى قورسىقىغا چاپلاپ، ئىككى پاچىقىنى ئىككى قولى بىلەن ھالقا قىلىپ، يۆگەپ تۇتۇپ، كاسىسىدا ئولتۇراتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. بۇ يۇقىرىدىمۇ ئۆتتى.

**4915** ( صحيح ) كان يجلس على الأرض و يأكل على الأرض و يعتقل الشاة و يجيب دعوة المملوك على خبز الشعير ( طب ) عن ابن عباس

4915. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەر ئۈستىدىلا ئولتۇراتتى، يەر ئۈستىدىلا يەۋېرەتتى، قوينى چاتىرقىغا ئېلىپ ساغاتتى، قۇل، خادىملار ئارپا نېنىغا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چاقىرسا، ئېرىنمەي باراتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، مەقسەت: كىبىرىسى يوق، كەمتەر ئىدى.

**4916** ( صحيح ) كان يجمع بين الخربز و الرطب ( حم ت في الشمائل ن ) عن أنس

4916. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورما بىلەن تەرخەمەكنى يەنى كىچىك قوغۇننى بىرلەشتۈرۈپ يەيتتى. ئەھمەد 12005 ـ ھەدىس، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، خىربىز بەتتىيخ دېگەنلەر تەرخەمەك ۋە ئۇنىڭ تۈرىدۇر.

**4917** ( صحيح ) كان يجمع بين الظهر و العصر و المغرب و العشاء في السفر ( حم خ ) عن أنس

4917. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر قىلغاندا پېشىن بىلەن ئەسىرنىڭ، شام بىلەن خۇپتەنىنىڭ ئارىسىنى جۇپلەپ ئوقۇيتتى. ئەھمەد، بۇخارى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

توپلىغان، سەھىھ.

كان يحب التيامن ما استطاع في طهوره و تنعله و ترجله و في شأنه كله ( حم ق 4 ) عن عائشة

4918. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئالغاندا، ئاياغ كىيگەندە، چىچىنى تارىغاندا بارلىق ئىشلىرىدا قادىر بولۇشچە ئوڭ تەرەپتىن باشلاشنى ياخشى كۆرەتتى. ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**4919** ( صحيح ) كان يحب الحلواء و العسل ( ق 4 ) عن عائشة

4919. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھالۋا بىلەن ھەسەلنى ياخشى كۆرەتتى. بەيھەقى تۆت كىتاب، يەنى نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. چۈنكى، بۇلاردا شىپا، داۋا باردۇر.

**4920** ( صحيح ) كان يحب الدباء ( حم ت في الشمائل ن ه ) عن أنس

4920. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كاۋىنى ياخشى كۆرەتتى. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، كاۋىنىڭ مۆجىزىسى ئىنتېرنېت تور بېتىدە سۈرىتى بىلەن باردۇر.

**4921** ( صحيح ) كان يحب الزبد و التمر ( د ه ) عن ابني بسر السلميين

4921. بۇسىر سەلمەيىنىڭ ئىككى ئوغلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قايماق بىلەن خورمىنى ياخشى كۆرەتتى. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4922** ( صحيح ) كان يحب العراجين و لا يزال في يده منها ( حم د ) عن أبي سعيد

4922. ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرۇق خورمىنىڭ ياغىچىدىن بولغان تاياقنى، ھاسىسىنى ياخشى كۆرەتتى، قولىدا دائىم شۇ تاياق ھاسا تۇراتتى، دائىم ئېلىۋالاتتى. ئەبۇ داۋۇد 406 ـ ھەدىس، ئەھمەد 10642 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**4923** ( صحيح ) كان يحب أن يخرج إذا غزا يوم الخميس ( حم خ ) عن كعب بن مالك

4923. كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيشەنبە كۈنى غازاتقا، ئۇرۇشقا چىقىشنى، ھۇجۇم قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

كان يحب أن يليه المهاجرون و الأنصار في الصلاة ليحفظوا عنه ( حم ن ه ك ) عن أنس

4924. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا، ناماز سەپلىرىدە ئۆزىگە مۇھاجىرلارنىڭ، ئەنسارىلارنىڭ يېقىن تۇرۇشىنى ياخشى كۆرەتتى، بۇ ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نامازنى، قۇرئاننى ئوبدان يادا ئېلىۋېلىشى ئۈچۈن ئىدى. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4925** ( صحيح ) كان يحتجم ( ق ) عن أنس

4925. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قان ئالدۇراتتى. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) كان يحتجم على هامته و بين كتفيه و يقول: من أهراق من هذه الدماء فلا يضره أن لا يتداوى بشيء لشيء ( د ه ) عن أبي كبشة

4926. ئەبۇ كەبشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن ئىككى تاغىقى ئارىسىدىن قان ئالدۇراتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: كىم مۇشۇ ئۇسۇلدا قان ئالدۇرسا، مۇشۇ بۇزۇق قاندىن تۆكسە، بىرەر كېسەل ئۈچۈن بىرەر نەرسە بىلەن داۋالانمىسىمۇ ئۇنىڭغا زەرەر يەتمەيدۇ، يەنى مۇشۇ قان ئالدۇرۇش شىپا، داۋادۇر. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4927** ( حسن ) كان يحتجم في الأخدعين و الكاهل و كان يحتجم لسبع عشرة و تسع عشرة و إحدى و عشرين ( ت ك ) عن أنس ( طب ك ) عن ابن عباس

4927. ئەنەس، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بويىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىككى تومۇردىن ۋە ئىككى تاغىقى ئارىسىدىن قان ئالدۇراتتى، ئاينىڭ 17ـ، 19ـ، 21 ـ كۈنلىرى قان ئالدۇراتتى. تىرمىزى، ھاكىم، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**4928** ( حسن ) كان يحتجم في رأسه و يسميها أم مغيث ( خط ) عن ابن عمر

4928. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىدىن قان ئالدۇراتتى، ۋە ئۇنى ئۇممە مۇغىيس دەپ ئاتايتتى، يەنى ياردەمنىڭ، داۋانىڭ ئاسارى. خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، ھەسەن.

**4929** ( صحيح ) كان يحدث حديثا لو عده العاد لأحصاه ( ق د ) عن عائشة

4929. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق ئوچۇق، تەپسىلىي ئالدىرىماي سۆزلەيتتىكى، ئەگەر سۆزلىرىنى سانىغۇچى ساناپ قالسا، ئەلۋەتتە دانىمۇ ـ دانە ھېسابلىيالايتتى. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4930** ( صحيح ) كان يحلف: لا و مقلب القلوب ( حم خ ت ن ) عن ابن عمر

4930. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم« لا ۋە مۇقەللىبەلقۇلۇب» يەنى قەلبلەرنى خالىغانچە چۆرۈپ، يۆتكەپ تۇرغۇچى زات، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى دەپ قەسەم قىلاتتى، (مۇھەممەدنىڭ جېنى قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم دەپ قەسەم قىلاتتى). ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4931** ( صحيح ) كان يحمل ماء زمزم ( ت ك ) عن عائشة

4931. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىلغاندا زەمزەم سۈيىدىن ئېلىۋالاتتى، (يەنى سەپەرگە چىقسا، ئېلىۋالاتتى، ياكى ھەج قىلغاندا باشقىلارغا ئوخشاش ئېلىۋالاتتى). تىرمىزى 886 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4932** ( صحيح ) كان يخرج إلى العيد ماشيا و يرجع ماشيا ( ه ) عن ابن عمر

4932. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېيت نامىزىغا پىيادە ماڭغان ھالدا چىقاتتى، يەنە پىيادە ماڭغان ھالدا قايتاتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

كان يخرج إلى العيدين ماشيا و يصلي بغير أذان و لا إقامة ثم يرجع ماشيا في طريق آخر ( ه ) عن أبي رافع

4933. ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر

ئىككى ھېيت نامىزىغا پىيادە ماڭغان ھالدا چىقاتتى، ھېيت نامىزىنى ئەزانسىز، تەكبىرسىز ئوقۇيتتى، ئاندىن بارغان يولدىن باشقا يول بىلەن پىيادە مېڭىپ قايتاتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4934** ( حسن ) كان يخرج في العيدين رافعا صوته بالتهليل و التكبير ( هب ) عن ابن عمر

4934. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر ئىككى ھېيت نامىزىدا تەھلىل تەكبىر بىلەن ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ چىقاتتى، يەنى روزا ھېيت، قۇربان ھېيت نامىزىغا مۇنداق يۇقىرى ئاۋاز بىلەن باراتتى: «ئاللاھۇ ئەكبەر ئاللاھۇ ئەكبەر! لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ئاللاھۇ ئەكبەر ئاللاھ ئەكبەر ۋەلىللاھىلھەمدۇ» . بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن، بۇ ھەدىسدىن روزا ھېيتتىمۇ تەھلىيل، تەكبىر ئېيتىپ بارسا ياخشى بولىدۇ.

**4935** ( صحيح ) كان يخطب ب ( ق) كل جمعة ( د ) عن بنت الحارث بن النعمان

4935. بىنتى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر جۈمە كۈنى سۈرە قاف بىلەن خۇتبە ئوقۇيتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

كان يخطب قائما و يجلس بين الخطبتين و يقرأ آيات و يذكر الناس ( حم م د ن ه ) عن جابر بن سمرة

4936. جابىر ئىبنى سەمۇرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆرە تۇرغان ھالدا خۇتبە سۆزلەيتتى، ئىككى خۇتبە ئارىسىدا بىر قېتىم ئولتۇراتتى، خۇتبىسىدە ئايەتلەرنى ئوقۇيتتى، كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى، ئەسلىتەتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

كان يخيط ثوبه و يخصف نعله و يعمل ما يعمل الرجال في بيوتهم( حم ) عن عائشة

4937. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياغىنىمۇ ياماق سېلىپ، كىيىمىنى ئۆزى ياماپ كىيەتتى، ئەر كىشىلەر ئۆيلىرىدە قىلىدىغان ئىش، خىزمەت، ئەمەللەرنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۆيدە قىلاتتى. ئەھمەد 23756 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2413 ـ ھەدىس، سەھىھ.

كان يدركه الفجر و هو جنب من أهله ثم يغتسل و يصوم ( مالك ق 4 ) عن عائشة وأم سلمة

4938. ئائىشە، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەھلىدىن جۇنۇپ ھالەتتە سۈبھى تاپاتتى، يەنى ئايالىدىن جۇنۇپ ھالەتتە سۈبھى، رامىزان كۈنلىرىمۇ يورۇپ قالاتتى، ئاندىن غۇسلى قىلىپ، يۇيۇنۇپ، روزا تۇتىۋېرەتتى. مالىك، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىسدىن، جۇنۇپ ھالدا تاڭ ئېتىپ، سۈبھى يورۇپ قالسا، ياكى يۇيۇنۇش بىلەن تاماق يېيىشكە ۋاقىت قىستاپ قالسا، تاماق يېئىلىپ ئاندىن يۇيۇنۇپ، غۇسلى قىلىپ، روزا تۇتىدۇ، ئەگەر يۇيۇنغاندا سۈبھى يورۇپ قالسا، تاماق يېمەي، روھۇرلۇقسىز تۇتىدۇ، سۈبھىدىن كېيىن تاماق يېيىش، رامىزاندا ھارام بولىدۇ، يۇيۇنۇش بولسا، دۇرۇستۇر، ئامال بار سۈبھىدىن بۇرۇن تاماق يەپ يۇيۇنۇپ تۇتۇش لازىم، بۇ ئەۋزەل.

**4939** ( صحيح ) كان يدعى إلى خبز الشعير و الإهالة السنخة ( ت في الشمائل ) عن أنس

4939. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارپا نېنىغا، رەڭگى، تەمى، پۇرىقى ئۆزگىرىپ كەتكەن، كۆيدۈرۈلگەن، ئېرىتىلگەن ياغلارغا چاقىرىلاتتى،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرىۋېرەتتى، (يەنى پۇرىقى ئۆزگىرىپ قالغان ياغ سىلىنغان تاماقتا ئارپا نانلىرىغا چاقىرسىمۇ باراتتى). تىرمىزى، ئەھمەد 12724 ـ ھەدىس، سەھىھ.

كان يدعو عند الكرب: لا إله إلا الله العظيم الحليم لا إله إلا الله رب العرش العظيم لا إله إلا الله رب السموات السبع و رب الأرض و رب العرش الكريم ( حم ق ت ه ) عن ابن عباس ( طب ) وزاد: إصرف عني شر فلان

4940. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتتىق بالا، مۇسىبەت، قىيىنچىلىق چۈشكەندە مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇل ئەزىيمۇل ھەلىيم لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ رەببۇل ئەرشىل ئەزىيم لا ئىلاھ ئىللەللاھۇ رەببۇسساماۋاتىس سەبئى ۋە رەببۇلئەرزى ۋە رەببۇلئەرشىل كەرىيم». ئەھمەد، بەيھەقى،مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان. تەبرانى بۇنىڭ ئاخىرىدا ئى رەببىم، مەندىن پالانى يامانلىقنى ياكى پالانىنىڭ يامانلىقىنى يىراق چۆرۈۋەتكىن دېگەننى زىيادە قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن . بۇ ھەدىسنىڭ ئۆزى 4571 ـ ھەدىستە ئۆتكەن، ئۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەبۇددۇنيا توپلىغان، سەھىھ. بۇ دۇئا ئېغىر كۈنلەردە دىنىسىزلارنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىغا قارشى قىلىنىدۇ.

**4941** ( صحيح ) كان يدور على نسائه في الساعة الواحدة من الليل و النهار ( خ ن ) عن أنس

4941. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدىن ياكى كۈندۈزدىن بىر سائەت ئىچىدە ئاياللىرىنى ئايلىنىپ بىللە بولۇپ چىقاتتى. بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسدىن، ئەر كىشى ئايالى بىلەن كۈندۈزىمۇ بىللە بولىدۇ، ياكى كۆپ يەنى ئۈچ ـ تۆت ئايالى بولسا، ھەممىسى بىلەن بىللە بولۇپ، ئايلىنىپ چىقىپ غۇسلى قىلىپ يۇيۇنسا بولىدۇ.

لېكىن بىرلا جايدا ئاياللىرى بىلەن بىرنى، بىرىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ بىللە بولۇش، بىرىنىڭ شەپىسىنى يەنە بىرىگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ بىللە بولۇشدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چەكلىگەن، توسقان، ھايا، ئىمانىنىڭ جۈملىسىدىن، شۇنىڭ ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەكتىن، ئۆزىنى تەقسىم قىلىشدىن سىرىت، ھەربىر ئايالغا بىردىن ھۇجرا بولۇشى لازىم.

**4942** ( صحيح ) كان يذبح أضحيته بيده ( حم ) عن أنس

4942. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىقنى ئۆز قولى بىلەن بوغۇزلايتتى. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**4943** ( صحيح ) كان يذكر الله تعالى على كل أحيانه ( م د ت ه ) عن عائشة

4943. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاقىتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ھەر قانداق چاغدا ئاللاھتائالانى ئەسلەيتتى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن باشقا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنى ئەسلىگىنىنى بىز خىلى بىلدۇق، ھەتتا، ھاجەتخانىغا بارسا ـ يانسا ئايالى بىلەن بىللە بولسا، ھەممە ئىشدا ئاللاھنىلا ئەسلەيتتى، ھەتتا جۇنۇپ ھالەتتىمۇ ئاللاھنى ئەسلەيدۇ، لېكىن، قۇرئان تىلاۋەت قىلالمايدۇ،جۇنۇپنىڭ دىلىدا ئەسلەش ئاللاھنى تىلغا ئېلىشى دۇرۇس، مەسىلەن: ئەر ـ ئايال ئىككىسى

جۇنۇپ ھالەتتە بىر - بىرى بىلەن مۇگدىشىپ، مۇھەببەت پاراڭلىرىنى قىلىپ، تۈيۈقسىز ئاللاھنى تىلغا ئالىدۇ، ئەسلەيدۇ، بۇ دۇرۇس.

كان يرخي الإزار من بين يديه و يرفعه من ورائه ( ابن سعد ) عن يزيد بن أبي حبيب مرسلا

4944. يەزىد ئىبنى ئەبۇ ھۇبەيىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىشتىنىنىڭ يۈگىنىدىغان يىپىنچىسىنىڭ ئالدىنى سەل ئۇزۇن قويۇپ بېرەتتى، ئارقا تەرىپىدىن سەل كۆتۈرەتتى، ئازراق كۆتۈرەتتى. ئىبنى سەئد توپلىغان، سەھىھ.

كان يردف خلفه و يضع طعامه على الأرض و يجيب دعوة المملوك و يركب الحمار ( ك ) عن أنس

4945. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلىغىنىنىڭ ئارقىسىغا باشقىلارنى مىندۈرۈۋالاتتى، تامىقىنى زېمىن يۈزىگىلا قوياتتى، يەنى يەر يۈزىدىلا دوسخان سېلىپ يەيتتى، قۇللار چاقىرسىمۇ باراتتى، ئېشەككە مىنەتتى. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4946** ( حسن ) كان يركب الحمار و يخصف النعل و يرقع القميص و يلبس الصوف و يقول: من رغب عن سنتي فليس مني ( ابن عساكر ) عن أبي أيوب

4946. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېشەككە مىنەتتى، ئايىغىغا ياماق سېلىپ كىيەتتى، كۆڭلىكىنى ياماپ كىيەتتى، ئۆزى كۆتۈرەتتى، يۇڭ كىيىم كىيەتتى، يەنى جۇۋا كىيەتتى، مۇنداق دەيتتى: كىم مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرىسە، مېنىڭ جۈملەمدىن ئەمەس. ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ھەسەن. سۈننەتتىن يۈز ئۆرۈش، كىبىر قىلىش، مەسخىرە قىلىش، سۈننەت ئورنىغا بىدئەتنى دەسسىتىش ئېغىر گۇناھتۇر.

**4947** ( صحيح ) كان يزور الأنصار و يسلم على صبيانهم و يمسح رءوسهم ( ن ) عن أنس

4947. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنسارىلارنى زىيارەت قىلاتتى، يوقلايتتى، ئۇلارنىڭ سەبىي، كىچىك بالىلىرىغىمۇ سالام قىلاتتى، بالىلارنىڭ باشلىرىنى سىلايتتى. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4948** ( صحيح ) كان يستجمر بألوة غير مطراة و بكافور يطرحه مع الألوة ( م ) عن ابن عمر

4948. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىگە خۇشپۇراق ئەتىر ئىشلەتسە، ئۆيگە خۇشپۇراق نەرسە، شاڭ يېقىشتا ئەلۇۋۋەت دېيىلىدىغان خۇشپۇراق ياغاچنى باشقا ئەتىر ئارىلاشتۇرماي ياقاتتى، ئىستېمال قىلاتتى، كافۇرا ئىسمىلىك ئەتىرنى ئىستېمال قىلسا، ئۇنى ئەلۇۋۋەتكە ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلاتتى، (مەقسەت ، خۇشپۇراق ئەتىر ئىستېمال قىلىشتۇر). مۇسلىم 4148 - ھەدىس، نەسەئى 5045 - ھەدىس، سەھىھ.

**4949** ( صحيح ) كان يستحب الجوامع من الدعاء و يدع ما سوى ذلك ( د ك ) عن عائشة

4949. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئالارنىڭ توپلىمىنى ھەممىگە كۇپايە بولىدىغانلىرىنى ئىككى دۇنيالىقنى بىرلەشتۈرىدىغىنىنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنى تەرك ئېتەتتى، (مەسىلەن: رەببەنا ئاتىنا نى قىلاتتى). ئەبۇ داۋۇد ، ھاكىم توپلىغان ، سەھىھ.

**4950** ( صحيح ) كان يستحب أن يسافر يوم الخميس( طب ) عن أم سلمة

4950. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيشەنبە كۈنى سەپەر قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى، (يۇقىرىدا بۇ كۈندە ئۇرۇشقا ئاتلىنىشنى ياخشى كۆرگەن ھەدىس ئۆتتى). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

كان يستعذب له الماء من بيوت السقيا؛ و في لفظ: يستسقى له الماء العذب من بئر السقيا ( حم د ك ) عن عائشة

4951. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، سۇغۇرۇش ئۆيلىرىدىن، سۇغۇرۇش قۇدۇقلىرىدىن تاتلىق سۇ كەلتۈرۈلەتتى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4952** ( صحيح ) كان يستغفر للصف المقدم ثلاثا و للثاني مرة ( حم ه ك ) عن عرباض

4952. ئىرباز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىكى بىرىنچى سەپكە ئۈچ قېتىم ئىككىنچى سەپكە بىر قېتىم مەغپىرەت سورىغان. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

كان يسلت المني من ثوبه بعرق الإذخر ثم يصلي فيه و يحته من ثوبه يابسا ثم يصلي فيه ( حم ) عن عائشة

4953. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىيىمدىن مەنىي، ئىسپىرما سۈيىنى ئىزخىر ئىسىملىك خۇشپۇراق ئۆسۈملۈكنىڭ ياغىچى، قۇلىقى بىلەن سۈرتۈپ يوقىتىۋېتىپ، ئاندىن شۇ كىيىم بىلەنلا ناماز ئوقۇۋېرەتتى، كىيىمدىن قۇرۇپ قالغان مەنىينى تاتىلاپ چىقىرىۋېتىپ، ئاندىن شۇ كىيىم بىلەنمۇ ناماز ئوقۇيتتى. ئەھمەد 24865 ـ ھەدىس، ھەسەن. ئالىملار مەنىي نىجىس ئەمەس، لېكىن يۇيۇلىدۇ، تاتىلاپ چىقىرىلىدۇ دېگەن .

**4954** ( صحيح ) كان يسمي الأنثى من الخيل فرسا ( د ك ) عن أبي هريرة

4954. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتنىڭ چىشىسىنى، بايتالنى پەرەس دەپ ئاتايتتى. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4955** ( صحيح ) كان يشتد عليه أن يوجد منه الريح ( د ) عن عائشة

4955. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۆزىدىن تەرلەش ئارقىلىق غەيرى پۇراقنىڭ تېپىلىپ قېلىشى قاتتىق ئېغىر كېلەتتى، يەنى ئۆزىدىن غەيرى پۇراقنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى قەتئىي ياقتۇرمايتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. مۇسۇلمانلار شۇنىڭ ئۈچۈن قولتۇقلىرىغا ئەتىر ئىشلىتىدۇ.

كان يشرب ثلاثة أنفاس يسمي الله في أوله و يحمد الله في آخره ( ابن السني ) عن نوفل بن معاوية

4956. نوۋفەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ نەپەس بىلەن ئىچەتتى، يەنى قاچىنىڭ تېشىغا ئۈچ قېتىم تىنىۋېلىپ ئىچەتتى، ئىچىشنىڭ ئەۋۋىلىدە بىسمىللاھ دەيتتى، ئاخىرىدا ئەلھەمدۇلىللاھ دەپ ھەمدە ئېيتاتتى. ئىبنى سەنا توپلىغان، سەھىھ.

**4957** ( صحيح ) كان يشير في الصلاة ( حم ) عن أنس

4957. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا

ئىشارەت قىلاتتى، (يەنى ئەتتەھىيياتۇدىكى تەشەھھۇددا كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلاتتى، شۇنداقلا سالام بەرگەنلەرگە نامازدا تۇرۇپ ئىشارەت قىلاتتى). ئەھمەد 11958 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 806 ـ ھەدىس، سەھىھ.

نامازدىكى چاغدا سالام بەرگەنلەرگە ئىشارەت قىلىشى، مۇسلىم 336 ـ ھەدىس، نەسەئى 1174 ـ ھەدىستە باردۇر، تەشەھھۇددا ئولتۇرغاندا، بىر بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىشى يەنى ئوڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچى بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىشى، ئىككى بارماق بىلەن ئىشارەت قىلىشتىن چەكلىشى. نەسەئى 1253 ـ ھەدىس، ئىشارەت قىلىپ ھەرىكەتلەندۈرمەيتتى، 1254 ـ ھەدىس، ئوڭ قولىدىكى بارماقتا، ئەبۇ داۋۇد 839 ـ ھەدىس، ئىشارەت بار ھەرىكەت يوق، ئىبنى ماجە 901 ـ ھەدىس، ئىشارەت، ئەھمەد 14826 ـ ھەدىس، 14827 ـ ھەدىس، كۆرسەتكۈچ بارماقتا ئىشارەت قىلىش بار، تىرمىزى 3480 ـ ھەدىستە ئىككى بارماقتىن توسۇپ، بىردە ئىشارەت قىلىش، بۇ ئىشارەت تەشەھھۇددا، ئەتتەھىيياتۇ بولىدۇ.

**4958 ( صحيح ) كان يصغي للهرة الإناء فتشرب ثم يتوضأ بفضلها ( طس حل ) عن عائشة**

4958. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۈشۈككە سۇ بار قاچىنى يېنى قىلىپ تۇتۇپ بېرەتتى، مۈشۈك سۇدىن ئىچەتتى، ئاندىن مۈشۈكدىن ئاشقان سۇ بىلەن تاھارەت ئالاتتى، تەبرانى ئەۋسەتتە، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ. مۈشۈك ئىچىپ ئاشقان سۇ پاكىزدۇر.

**4959 ( صحيح ) كان يصلي الضحى أربعا و يزيد ما شاء الله( حم م ) عن عائشة**

4959. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇھا يەنى چاشكا نامىزىنى تۆت رەكەت ئوقۇيتتى، ئاندىن ئاللاھ خالىغان نامازلارنى زىيادە قىلاتتى، (يەنى تۆتتىن زىيادىمۇ ئوقۇيتتى). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**4960 ( صحيح ) كان يصلي الضحى ست ركعات ( ت في الشمائل ) عن أنس**

4960. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاشكا نامىزىنى ئالتە رەكەت ئوقۇيتتى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يەنە بىر خاتىرىدە سەككىز رەكەت سۆزلىنىدۇ، ئەڭ تۆۋىنى ئىككى رەكەت، يۇقىرىسى سەككىز رەكەت، ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ئوقۇسا دۇرۇس.

**4961 ( صحيح ) كان يصلي بالليل ركعتين ركعتين ثم ينصرف فيستاك ( حم ن ه ك ) عن ابن عباس**

4961. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ئىككى رەكەتتىن ئىككى رەكەتتىن ناماز ئوقۇپ، ئاندىن كېيىن نامازدىن قايتىپ بولۇپمۇ يەنە مىسۋاك سالاتتى. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4962 ( صحيح ) كان يصلي بين المغرب و العشاء ( طب ) عن عبيد مولاه**

4962. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادگەردە قۇلى، ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزى ئارىلىقىدا يەنە ناماز ئوقۇيتتى، يەنى نەپلە ناماز ئوقۇيتتى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

شام بىلەن خۇپتەن ئارىسىدا، زەئىپ، يالغان ھەدىسكە، بىدئەت، خۇراپاتقا تايانماي، مانا مۇشۇنداق

سەھىھ ھەدىسكە تايىنىپ تۇرۇپ قانچىلىك نەپلە ناماز ئوقۇسا دۇرۇس بولىدۇ.

**4963** ( صحيح ) كان يصلي على الخمرة ( خ د ن ه ) عن ميمونة

4963. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جايناماز، بورا، رەختنىڭ ئۈستىدە ناماز ئوقۇيتتى. بۇخارى 368 ـ ھەدىس، مۇسلىم 897 ـ ، 1057 ـ ھەدىس، نەسەئى 730 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 560 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1018 ـ ھەدىس، ئەھمەد 25618 ـ ھەدىس، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىس، سەجدە قىلىدىغان جايغا تاش، چالما قويۇپ قويىدىغان ھەتتا مەسجىد ئىچىدىمۇ جايناماز ئۈستىگە تاش ـ چالما قويۇپ قويىدىغان شىيئەلەرگە رەددىيە بېرىشتە كۈچلۈك دەلىل ـ ئىسپاتتۇر.

**4964** ( صحيح ) كان يصلي على بساط ( ه ) عن ابن عباس

4964. ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىسات ئۈستىدە ناماز ئوقۇيتتى، يەنى جايناماز، رەخت ئۈستىدە. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، پاك تۇپراق، زېمىن ئۈستىدىمۇ ناماز دۇرۇس.

كان يصلي على راحلته حيثما توجهت به فإذا أراد أن يصلي المكتوبة نزل فاستقبل القبلة ( حم ق ) عن جابر

4965. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەپلە ناماز ئوقۇسا، ئۇلىغىنىڭ، تۆگىسىنىڭ ئۈستىدىلا ئوقۇيتتى، ئۇلىغى قاياققا قاراپ قالسا ئوقۇۋېرەتتى، (چۈنكى، ئاللاھ ھەممە جايدا ھەممە تەرەپتە بار، ئاللاھنى ئالتە تەرەپ قورشىمايدۇ، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق) پەرز نامازنى ئوقۇشنى ئىرادە قىلسا، ئۇلىغىدىن چۈشۈپ، قىبلىگە قاراپ ئوقۇيتتى، (چۈنكى، قادىر بولسىلا پەرز نامازدا قىبلىگە قاراش پەرزدۇر)، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**4966** ( صحيح ) كان يصلي في نعليه ( حم ق ت ) عن أنس

4966. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ئايىغى بىلەن ناماز ئوقۇيتتى، (ئەگەر پاكىز بولسا). ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4967** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **4567** كان يصلي قبل الظهر أربعا إذا زالت الشمس ( لا يفصل بينهن بتسليم و يقول: أبواب السماء تفتح إذا زالت الشمس ) ( ه ) عن أبي أيوب

4967. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن قايرىلغان ھامان پېشىندىن بۇرۇن تۆت رەكەت ناماز ئوقۇيتتى، بۇ تۆت رەكەت نامازنىڭ ئارىسىنى سالام بىلەن ئايرىمايتتى، ۋە كۈن قايرىلغاندا ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ دەيتتى، ئىبنى ماجە توپلىغان، بىشى سەھىھ، ئەلبانى ئاخىرقى سۆزنى زەئىپ دىگەن .

كان يصلي قبل الظهر ركعتين و بعدها ركعتين و بعد المغرب ركعتين في بيته و بعد العشاء ركعتين و كان لا يصلي بعد الجمعة حتى ينصرف فيصلي ركعتين في بيته ( مالك ق د ن ) عن ابن عمر

4968. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىندىن بۇرۇن يەنى پەرزنى ئوقۇشتىن بۇرۇن ئىككى رەكەت، پېشىندىن كېيىن ئىككى رەكەت ، شامدىن كېيىن ئىككى رەكەت ، خۇپتەندىن كېيىن ئىككى رەكەت نامازنى ئۆيدە ئوقۇيتتى، جۈمەدىن كېيىن قايتىپ

كەلمىگۈچە ناماز ئوقۇمايتتى، قايتىپ كېلىپ ئۆيدە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇيتتى. مالىك، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4969** ( صحيح ) كان يصلي من الليل ثلاث عشرة ركعة منها الوتر و ركعتا الفجر ( ق د ) عن عائشة

4969. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى 13 رەكەت ناماز ئوقۇيتتى، ۋىتىر نامىزى بىلەن بامداتنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە بار ئىدى. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**4970** ( صحيح ) كان يصوم الاثنين و الخميس ( ه ) عن أبي هريرة

4970. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى روزا تۇتاتتى. ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

كان يصوم من الشهر السبت و الأحد و الاثنين و من الشهر الآخر الثلاثاء و الأربعاءوالخميس ( ت ) عن عائشة

4971. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئايدىن شەنبە، يەكشەنبە، دۈشەنبە روزا تۇتسا، يەنە بىر ئايدىن سەيشەنبە، چارشەنبە، پەيشەنبە روزا تۇتاتتى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

كان يصوم من غرة كل شهر ثلاثة أيام و قلما كان يفطر يوم الجمعة ( ت ) عن ابن مسعود

4972. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر ئاينىڭ ئاق كۈنلىرىدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتاتتى، كۆپىنچە جۈمە كۈنى روزا تۇتماي يەيتتى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئاق كۈنلەر 13ـ، 14ـ، 15ـ كۈنىدۇر، يەنى ئاي تولغان كېچىسىمۇ كۈندۈزىمۇ ئاق كۈن.

**4973** ( صحيح ) كان يضحي بكبشين أقرنين أملحين و كان يسمي و يكبر ( حم ق ن ه ) عن أنس

4973. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۈڭگۈزلۈك، ئالا، ئىككى قوچقارنى قۇربانلىق قىلغان ئىدى، بىسمىللاھ ئاللاھۇ ئەكبەر! دەپ بوغۇزلايتتى. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4974** ( صحيح ) كان يضرب في الخمر بالنعال و الجريد ( ه ) عن أنس

4974. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھاراق ئىچكەن كىشىنى، ئاياغ، خورما بادرىلىرى بىلەن ئۇراتتى، (كېيىنچە 40ـ 80 قامچا ئۇرۇلدى). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**4975** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **4573** كان يضع اليمنى على اليسرى في الصلاة ( و ربما مس لحيته و هو يصلي ) ( هق ) عن عمرو بن حريث

4975. ئەمرۇ ئىبنى ھۇرەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قوياتتى، (كۆپىنچە ناماز ئىچىدە تۇرۇپمۇ ساقىلىنى سىلاپ قوياتتى). بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەلبانى بىشى سەھىھ، تىرناق ئىچى زەئىپ دېگەن ، يەنى ساقالنى سىلاش زەئىپ.

**4976** ( صحيح ) كان يضمر الخيل ( حم ) عن ابن عمر

4976. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئىنتىك يۇرگۇرسۇن ئۈچۈن) ئاتنىڭ ئىچىنى تارتاتتى، ئىگىرنى قاتتىق چىڭ چىگىپ توقۇيتتى. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. بۇ خۇددى كىشى قورسىقىنى، پاچاق لىپىكىنى چىگىۋېلىپ، يۈگۈرگەنگە ئوخشاشتۇر.

**4977** ( صحيح ) كان يطوف على جميع نسائه في ليلة بغسل واحد ( حم ق 4 ) عن أنس

4977. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كېچىدىلا بىر غۇسلى بىلەن ئاياللىرىنىڭ ھەممىسىنى تاۋاپ قىلىپ ئايلىنىپ چىقاتتى، يەنى بىر كېچىدە بارلىق ئاياللىرى بىلەن بىللە بولۇپ، غۇسلى تاھارەتنى بىرلا ئالاتتى. ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**4978** ( صحيح ) كان يعجبه إذا خرج لحاجته أن يسمع: يا راشد ! يا نجيح ! ( ت ك ) عن أنس

4978. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بىرەر ھاجەت ئۈچۈن سەپەرگە چىققاندا ياراشىد! يا نەجىيھ يەنى ئى توغرا يول تاپقۇچى، نىجات تاپقۇچى دېگەن سۆزنى ئاڭلىشى ئەجەبلەندۈرۈپ، خۇرسەن قىلاتتى، (چۈنكى، بۇ ياخشى، گۈزەل ئىسىملاردىن ياخشى پال ئالاتتى). تىرمىزى 1541 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4979** ( صحيح ) كان يعجبه الثفل ( حم ت في الشمائل ك ) عن أنس

4979. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سۇفلۇ يەنى شورپا ئەجەبلەندۈرۈپ خۇرسەن قىلاتتى، شورپىنى ياخشى كۆرەتتى. ئەھمەد 12821 ـ ھەدىس، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، سۇخلۇ تالقان، ئۇن، خورما دېگەنمۇ بولىدۇ.

**4980** ( صحيح ) كان يعجبه الحلو البارد ( ابن عساكر ) عن عائشة

4980. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مۇزلۇق، سوغۇق، تاتلىق شاراب ئەجەبلەندۈرۈپ ، خۇرسەن قىلاتتى، شۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

**4981** ( صحيح ) كان يعجبه الذراع ( د ) عن ابن مسعود

4981. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قوينىڭ ئالدى قولى خۇرسەن قىلاتتى، (زەھەرمۇ ئاشۇ گۆشكە سېلىنغان، بۇنى يەھۇدىيلار قىلغان). ئەبۇ داۋۇد 3287 ـ ھەدىس، ئەھمەد 3589 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1760 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**4982** ( صحيح ) كان يعجبه الرؤيا الحسنة ( حم ن ) عن أنس

4982. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى چۈش ئەجەبلەندۈرۈپ خۇرسەن قىلاتتى. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**4983** ( صحيح ) كان يعجبه الريح الطيبة ( د ك ) عن عائشة

4983. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مېزىلىك خۇشپۇراق ئەتىر پۇراقلىرى خۇرسەن قىلاتتى، شۇنىڭدىن ئەجەبلىنەتتى ، شۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئەبۇ داۋۇد ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4984** ( حسن ) كان يعجبه العراجين أن يمسكها بيده( ك ) عن أبي سعيد

4984. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى خورمىنىڭ قۇرۇق ياغىچىدىن بولغان ھاسىنى ياكى تاياقنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشى خۇرسەن قىلاتتى، شۇنى ياخشى كۆرەتتى. ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

كان يعجبه الفأل الحسن و يكره الطيرة ( ه ) عن أبي هريرة ( ك ) عن عائشة

4985. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى پال خۇرسەن قىلاتتى، شۇم پالنى ياخشى كۆرمەي يامان كۆرەتتى. ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**4986** ( صحيح ) كان يعجبه القرع ( حم حب ) عن أنس

4986. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كاۋا خۇرسەن قىلاتتى، (شورپىغا سېلىنغان كاۋىنى ياخشى كۆرەتتى). ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**4987** ( صحيح ) كان يعجبه أن يلقى العدو عند زوال الشمس ( طب ) عن أبي أوفى

4987. ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۈن قايرىلغان زاۋالنىڭ نەزلىدە دۈشمەن بىلەن ئۇچرىششى خۇرسەن قىلاتتى، (يەنى شۇ چاغدا دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى، چۈنكى ئۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى مۆئمىنلەرگە چۈشىدىغان، ئاسمان ئىشىكى ئېچىلىدىغان ۋاقىتتۇر). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 19 قېتىم ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ ئۇرۇش قىلغان.

**4988** ( صحيح ) كان يعرف بريح الطيب إذا أقبل ( ابن سعد ) عن إبراهيم مرسلا

4988. ئىبراھىم رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالدىنى قىلىپ كەلسە، ئىشلەتكەن ئەتىر خۇشپۇراقلىرىدىن تونۇلاتتى، ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.

**4989** ( صحيح ) كان يعقد التسبيح ( ت ن ك ) عن ابن عمرو

4989. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەسبىھنى بارماقلىرى بىلەن ساناپ، بارماق بەغەللىرىنى ھېسابلاپ چىگىپ ئېيتاتتى. تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. نامازدىن كېيىنكى 33دىن تەسبىھ شۇنداق ئېيتىلىدۇ.

**4990** ( صحيح ) كان يعيد الكلمة ثلاثا لتعقل عنه ( ت ك ) عن أنس

4990. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆز، ئۆزىدىن چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن، باشقىلار چۈشىنىۋالسۇن ئۈچۈن سۆزىنى ئۈچ قېتىم قايتىلاپ قىلاتتى. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، ئەلۋەتتە چۈشەنگەنگە قايتىلىمايتتى.

**4991** ( صحيح ) كان يغتسل بالصاع و يتوضأ بالمد ( ق د ) عن أنس

4991. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر سا سۇ بىلەن غۇسلى تاھارەت ئالاتتى، يەنى (ئالتە جىڭدىن سەككىز جىڭغىچە) بىر كىلوگرام سۇ بىلەن كىچىك تاھارەت ئالاتتى. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. مەقسەت ، ئىسراپ قىلمايتتى، سۇنى ئاسرايتتى.

**4992** ( صحيح ) كان يغتسل هو و المرأة من نسائه من إناء واحد ( حم خ ) عن أنس

4992. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىدىن مەلۇم ئايالى بىلەن بىللە بىر قاچىدىن بىر داسىدىن سۇ ئېلىپ يۇيۇناتتى. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن بىرگە يۇيۇنغان، باشقا ئاياللىرى بىلەنمۇ بىللە بىر داستا يۇيۇناتتى، بۇ ھەدىسلەردىن ئايالى بىلەن بىللە يۇيۇنۇشدىن سىرت، ئايالنىڭ ئىشلىتىپ ئېشىپ قالغان سۇيى بىلەن تاھارەت ئالسا بولىدۇ دېگەن چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن توسقان ھەدىس زەئىپتۇر يا مەنسۇخ.

**4993** ( صحيح ) كان يغسل مقعدته ثلاثا ( ه ) عن عائشة

4993. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئالسا، ئارقىسىنى ئۈچ قېتىم يۇياتتى، يەنى سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلاتتى. ئىبنى ماجە 350 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**4994** ( صحيح ) كان يغير الاسم القبيح ( ت ) عن عائشة

4994. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبىھ، سەت ئىسىملارنى، گۈزەل ئىسىملارغا ئۆزگەرتىۋېتەتتى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**4995** ( حسن ) كان يفطر على رطبات قبل أن يصلي فإن لم تكن رطبات فتمرات فإن لم تكن تمرات حسا حسوات من ماء ( حم د ت ) عن أنس

4995. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شام نامىزىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن ھۆل خورمىلارنى يەپ ئىپتار قىلاتتى، ئەگەر تولۇق، ھۆل خورمىلار بولمىسا قۇرۇق خورمىلار بىلەن قىلاتتى، ئەگەر قۇرۇق خورمىلارمۇ بولمىسا، بىر نەچچە ئوتلام سۇ ئوتلاپ ئىپتار قىلاتتى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

**4996** ( صحيح ) كان يفلي ثوبه و يحلب شاته و يخدم نفسه ( حل ) عن عائشة

4996. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ كىيىمىنى ئۆزى ياماپ كىيەتتى، قويىنى ساغاتتى، ئۆزىگە ئۆزى خىزمەت قىلاتتى. ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ.

**4997** ( صحيح ) كان يقبل بعض أزواجه ثم يصلي و لا يتوضأ ( حم د ن ) عن عائشة

4997. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەتى بار ھالەتتە ئاياللىرىنىڭ بەزىسىنى سۆيۈپ قويۇپ، ئاندىن تاھارەت ئالمايلا ناماز ئوقۇيتتى، (يەنى ئايالنى، ئېرىنى سۆيسە، تاھارەت سۇنمايدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، ھېسسىياتى قوزغىلىپ، مەزىي چۈشسە، ئاق خۇن چۈشسە تاھارەت سۇنىدۇ، تاھارەت ئالسۇن.

**4998** ( صحيح ) كان يقبل و هو صائم( حم ق 4 ) عن عائشة

4998. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا تۇتقان ھالەتتە روزىدار تۇرۇپمۇ، ئايالىنى سۆيۈپ قوياتتى. ئەھمەد، بەيھەقى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. ئايالنى سۆيسە روزا بۇزۇلمايدۇ، لېكىن، ياشلار ھەزەر قىلسۇن.

**4999** ( صحيح ) كان يقبل الهدية و يثيب عليها ( حم خ د ت ) عن عائشة

4999. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

ھەدىينى قوبۇل قىلاتتى، ۋە ئۇنىڭغا تەشەككۇر بىلدۈرۈپ دۇئا قىلاتتى، (جازاكەللاھۇ خەير) دەيتتى، ئاللاھ قوبۇل قىلسۇن، رەھمەت قىلسۇن دەيتتى. ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

كان يقطع قراءته آية آية: ( الحمد لله رب العالمين ثم يقف: ( الرحمن الرحيم ) ثم يقف ) ( ت ك ) عن أم سلمة

5000. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىرائىتىنى بىر ئايەتتىن بىر ئايەتتىن ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ئوقۇيتتى، مەسىلەن: «ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىلئالەمىين» ئاندىن تۇراتتى، «ئەررەھمانىررەھىيم» ئاندىن تۇراتتى، (ئەنە شۇنداق دانىمۇ - دانە ئوچۇق ئوقۇيتتى). تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

5001 ( صحيح ) كان يقول لأحدهم عند المعاتبة: ما له ترب جبينه ؟ ( حم خ ) عن أنس

5001. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە تاپا قىلىپ كايىسا، مۇنداق دەيتتى: ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇنىڭ پېشانىسى توپا بولسۇن. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. بۇ سۆز خارلىق سۆزى بولۇپ، لېكىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىدىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى تۆۋەن، خار تۇتۇش چىقىپ تۇراتتى.

5002 ( صحيح ) كان يقوم إذا سمع الصارخ ( حم ق ت ن ه ) عن عائشة

5002. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى، (يەنى سەھەر تۇراتتى). ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

5003 ( صحيح ) كان يقوم من الليل حتى تتفطر قدماه ( ق ت ن ه ) عن المغيرة

5003. مۇغەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇپ ئىككى قەدىمى ئىككى پۇتى ئىششىپ كېتەتتى، پۇتلىرى ئىششىپ كەتكەنگە قەدەر قىيامدا تۇراتتى. بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. سۆرە مۇززەممىلدا ساھابىلەرنىڭمۇ كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ، كېسەل بولۇپ قالغىنى سۆزلەنگەن، بۇنى سۆزلەشتىكى مەقسەتنى سىلەر چۈشىنىسلەرغۇ دەيمەن.

5004 ( صحيح ) كان يكبر يوم الفطر من حين يخرج من بيته حتى يأتي المصلى ( ك هق ) عن ابن عمر

5004. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا ھېيت كۈنىمۇ ئۆيىدىن چىققاندىن باشلاپ، ناماز ئوقۇيدىغان جايغا كەلگەنگە قەدەر تەكبىر ئېيتىپ ماڭاتتى، (بۇنى بىز يۇقىرىدا تەپسىلىي يازغان). ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسىدىن قۇربان ھېيتتىلا ئەمەس، روزا ھېيت كۈنىمۇ تەكبىر ئېيتىپ مېڭىش شۇنداقلا يەتتە قېتىملا ئەمەس، بارغۇچە تەكبىر ئېيتىپ مېڭىش چىقىدۇ.

كان يكثر الذكر و يقل اللغو و يطيل الصلاة و يقصر الخطبة و كان لا يأنف و لا يستكبر أن يمشي مع الأرملة و المسكين و العبد حتى يقضي له حاجته ( ن ك ) عن ابن أبي أوفى ( ك ) عن أبي سعيد

5005. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنى ئەسلەشنى زىكرىنى كۆپ

قىلاتتى، لەغۋە قۇرۇق سۆزنى قىلمايتتى، نامازنى ئۇزۇن ئوقۇيتتى، خۇتبىنى بولسا قىسقا قىلاتتى، تۇل ئاياللار بىلەن مىسكىنلەر بىلەن قۇللار بىلەن ئۇلارنىڭ ھاجىتى ئادا بولغانغا قەدەر بىللە مېڭىشتىن كىبىر قىلمايتتى، چوڭچىلىق قىلمايتتى، تەكەببۇرلۇق قىلمايتتى. نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5006** ( صحيح ) كان يكره الشكال من الخيل ( حم م 4 ) عن أبي هريرة

5006. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، پۇتلىرىنىڭ بەزىسىدە ئاق رەڭ بار ئاتنى ياخشى كۆرمەيتتى، يامان كۆرەتتى. مۇسلىم 3483 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1620 ـ ھەدىس، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئەھمەد 9515 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5007** ( حسن ) كان يكره المسائل و يعيبها فإذا سأله أبو رزين أجابه و أعجبه ( طب ) عن أم سلمة

5007. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆپ سوئال سوراشنى، كۆپ مەسىلىلەرنى ياقتۇرمايتتى، ئۇنى ئەيىبلەيتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئەبۇ رەزىين سوئال سورىسا، جاۋاب بېرەتتى، ھەم ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولاتتى، (چۈنكى، سوئالى ، جاۋابى ياخشى). تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**5008** ( حسن ) كان يكره أن يؤخذ من رأس الطعام ( هب ) عن سلمى

5008. سەلما رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائامنىڭ بېشىدىن ئوتتۇرىدىكى ئۈستىدىن ئېلىپ يېيىلىشىنى ياقتۇرمايتتى، (چۈنكى، ئوتتۇرىغا، ئۈستىگە بەرىكەت چۈشىدۇ، ئەتراپىدىن يەيتتى، كېيىن ئوتتۇرىنىمۇ بەرىكەت بىلەن بىللە يەيتتى). بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

كان يكره أن يطأ أحد عقبه و لكن يمين و شمال .( يطأ أي يمشي) ( ك ) عن ابن عمرو

5009. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارقىسىدا بىرەر كىشىنىڭ مېڭىشىنى ياقتۇرمايتتى، لېكىن، ئوڭ تەرىپىدە ياكى سول تەرىپىدە ماڭاتتى، (يۇقىرىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەمتەرلىكتىن، ئارقىسىنى پەرىشتىلەرگە قالدۇرۇش ئۈچۈن ساھابىلارنىڭ ئارقىسىدا ماڭغىلى ئۆتتى). ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5010** ( صحيح ) كان يلبس النعال السبتية و يصفر لحيته بالورس و الزعفران ( ق د ) عن ابن عمر

5010. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاشلانغان يەنى پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تېرىدىن تىكىلگەن ئاياغنى كىيەتتى، ساقىلىنى ۋەرەس، زەئپىران بىلەن سېرىقتا بويايتتى، (ۋەرەس دېگەن پۇرىقى خۇشپۇراق، سېرىق رەڭلىك ئۆسۈملۈك، زەئپىران تونۇشلۇق). ئەبۇ داۋۇد 3677 ـ ھەدىس، بەيھەقى ۋە باشقا سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا باردۇر، سەھىھ.

**5011** ( صحيح ) كان يلحظ في الصلاة يمينا و شمالا و لا يلوي عنقه خلف ظهره ( ت ) عن ابن عباس

5011. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئىچىدە تۇرۇپ ئوڭ تەرەپكە ۋە سول تەرەپكە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارايتتى، لېكىن، بويىنىنى ئارقىسىغا تولغىمايتتى، چۆرمەيتتى، يەنى بويىنى، بېشى جىم تۇراتتى. تىرمىزى 536 ـ ھەدىس، نەسەئى 1186 ـ ھەدىس، ئەھمەد 2355 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5012** ( حسن ) كان يلزق صدره و وجهه بالملتزم ( هق ) عن ابن عمرو

5012. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆكسىنى ۋە يۈزىنى كەئبىنىڭ ئىشىكى بىلەن ھەجەر ئەسۋەدنىڭ ئارىسىدىكى ئۇل تاشلارغا چاپلاپ، يېقىپ تۇراتتى، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەجەر ئەسۋەد، رۇكنى تاش بىلەن كەئبىنىڭ ئىشىكى ئارىلىقى مۇلتەزىم دېگەن ، بۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۈزىنى، كۆكسىنى چاپلاپ تۇرغان جاي شۇ دېگەن ، يەنى ھەجدە.

**5013** ( صحيح ) كان يمد صوته بالقرآن مدا ( حم ن ه ك ) عن أنس

5013. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاۋازىنى قۇرئانغا يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سوزۇپ ئوقۇيتتى، يەنى ئوچۇق، مۇكەممەل ئوقۇيتتى. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5014** ( صحيح ) كان يمر بالصبيان فيسلم عليهم ( خ ) عن أنس

5014. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەبىي، كىچىك باللارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇلارغىمۇ سالام قىلاتتى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**5015** ( صحيح ) كان يمر بنساء فيسلم عليهن ( حم ) عن جرير

5015. جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇلارغا سالام قىلغان. ئەھمەد قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ. ئاياللار جامائىتى يېنىدىن ئۆتسە سالام قىلسا بولىدۇ، ئايالى، ئاچا ـ سىڭلىسى، ئانىسى، ھاممىسى بولسا، يالغۇز بولسىمۇ سالام قىلسا بولىدۇ، نامەھرەم، ئەجنەبىي ئايال يالغۇز بولسا، سالام قىلىش مەكروھ . چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ ئايالى بىلەن بىللە تۇرۇپمۇ چۈشەنچە بېرىپ قويغان، خالىي جايغا ئەر ـ ئايالنىڭ چىققىشىنى، بىللە تۇرۇشىنى توسقان، سالامىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. يېنىدا ھايا قىلغۇدەك كىشى بولسا، سالام قىلسا بولا.

**5016** ( حسن ) كان يمشي مشيا يعرف فيه أنه ليس بعاجز و لا كسلان ( ابن عساكر ) عن ابن عباس

5016. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىيادە ماڭاتتى، مېڭىشىدىنلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاجىز ئەمەسلىكى، ھورۇن ئەمەسلىكى، مىجىق، مىس ـ مىس ئەمەسلىكى بىلىنەتتى، بىلىنىپ تۇراتتى. ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ھەسەن.

**5017** ( صحيح ) كان ينام أول الليل و يحيي آخره ( ه ) عن عائشة

5017. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە بۇرۇن ئۇخلايتتى، كېچىنىڭ ئاخىرىدا سەھەردىلا تۇرۇپ، ئويغىنىپ كېتەتتى، يەنى بالدۇر يېتىپ، سەھەر تۇراتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5018** ( صحيح ) كان ينام حتى ينفخ ثم يقوم فيصلي و لا يتوضأ ( حم ) عن عائشة

5018. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پۈۋدەپ كەتكەنگە قەدەر (ئولتۇرۇپ) مۈگدەپ قالاتتى، ئاندىن تاھارەت ئالمايلا ناماز ئوقۇيتتى، (چۈنكى، قەلبى

ئويغاق ئىدى،ھەم ئولتۇرۇغلۇق ئىدى). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. سىز بىزنىڭ كۆزىمىز ئۇخلاشتىن بۇرۇنلا قەلبىمىز ئۇخلايدۇ.

**5019** ( صحيح ) كان ينام و هو جنب و لا يمس ماء ( حم ت ن ه ) عن عائشة

5019. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۇنۇپ ھالەتتە سۇ ئىشلەتمەستىن ئۇخلايتتى، سۇنى تۇتماستىن ئۇخلاۋېرەتتى. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ جۇنۇپ ھالەتتە سۇ ئىستېمال قىلماي ئۇخلاشقا دورۇسلىقنى كۆرسەتسىمۇ لېكىن، بەزى ھەدىسلەردە كىچىك تاھارەت ئېلىۋېتىپ يېتىش كۆرسىتىلگەن، ياكى ئەۋرىتىنى يۇيۇپ ياتسا ئىككىنچىسىگە قولايلىق بولۇشلار بار.

**5020** ( صحيح ) كان ينحر أضحيته بالمصلى ( خ د ن ه ) عن ابن عمر

5020. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىقنى ھېيت نامىزى ئوقۇغان جايدا بوغۇزلايتتى. بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيى شۇ جايدا مەسجىددە ئىدى، نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەردە ئۆيدىلا بوغۇزلىغان كىشىگە گەپ ـ سۆز قىلمىغان، ھەم ئۆيدە قۇربانلىق قىلىشقا ساقلاپ، يېيىشكە رۇخسەت قىلغان، سەدىقىمۇ بار ئەلۋەتتە.

**5021** ( صحيح ) كان ينصرف من الصلاة عن يمينه ( ع ) عن أنس

5021. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىن پارىغ بولغاندا نامازدىن ئوڭ تەرىپىدىن قايتاتتى، يەنى ئوڭ تەرىپىدىن بۇرۇلاتتى. ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

**5022** ( صحيح ) كان ينفث في الرقية ( ه ) عن عائشة

5022. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايىتى شىپا ئوقۇغاندا، سۈف دەيتتى، (ھەم سىلاپ قويغان ھەدىسلەر ئۆتتى). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5023** ( صحيح ) كان يوتر على البعير ( ق ) عن ابن عمر

5023. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىسىنىڭ ئۈستىدىلا ۋىتىر نامىزى ئوقۇيتتى. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىسدىن مۇساپىر كىشى سەپەردە ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇيدۇ، ھەم ۋىتىر ۋاجىپتۇر.

**5024** ( صحيح ) كان يوتر من أول الليل و أوسطه و آخره( حم ) عن أبي مسعود

5024. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە، باش تەرىپىدە، ئوتتۇرىدا، ئاخىرىدا، بامداتتىن، سۇبھىدىن بۇرۇن ۋىتىر ئوقۇيتتى، (يەنى بۇ كەڭچىلىك). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. سەھەر ئوقۇغان ئەۋزەلدۇر.

كان يلاعب زينب بنت أم سلمة و يقول: يا زوينب ! يا زوينب ! مرارا ( الضياء ) عن أنس

5025. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممە سەلەمەت دېگەن ئايالنىڭ قىزى زەينەپ بىلەن يەنى ئۆزىگە ئۆگەي كىچىك قىزى زەينەپ بىلەن ئوينىشاتتى،

يازۇۋەينەپ ئى زىنەپچاق، ئى زەينەپچاق! دەپ بىر نەچچە قېتىم دەيتتى. زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئۇممە سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ، ئەبۇ سەلمەتتىن بولغان قىزى ئىدى، لېكىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆگەي قىزى بولدى.

يۇقىرىدا ئۆتكەن سەھىھ ھەدىسلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئەخلاقلىرى بولۇپ، بىزگە ئەڭ ياخشى ئۈلگە باردۇر، ئەلۋەتتە، ئەخلاقى قۇرئان ئىدى، ئەمدى بىزنىڭ ئەخلاقىمىز قۇرئان بىلەن بۇ سەھىھ ھەدىسلەر بولسۇن، يەنى يۈز دە يۈز ئەمەل قىلايلى! ئاللاھ بىزنى ئىككى ئالەم بەختلىك قىلسۇن ئامىن!

# «ل» ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

لأخرجن اليهود و النصارى من جزيرة العرب حتى لا أدع إلا مسلما( م د ت ) عن عمر

5026. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە مەن ئەرەب ئاراللىرىدىن يەھۇدىي، ناسارالارنى قوغلاپ چىقىرىمەن، تاكى مەن پەقەت مۇسۇلمانىنىلا قالدۇرۇپ، مۇسۇلمانلاردىن باشقىلارنى قالدۇرماي قوغلاپ چىقىرىمەن، (ھەتتا، مۇشرىك، دىنسىزلارمۇ قوغلاپ چىقىرىلىدۇ). مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئىسست! ھازىرقى ئىسلام دۆلەتلىرىگە ۋايدۇر.

**5027** ( صحيح ) لأذودن عن حوضي رجالا كما تذاد الغريبة من الإبل ( م ) عن أبي هريرة

5027. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە مەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ھەۋزى كەۋسەر كۆلىمدىن خۇددى ناتونۇش تۆگە كۆلدىن ھەيدەلگەندەك ھەيدەپ ئايرىۋېتىمەن، چەكلەپ توسىمەن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرىدا ئۇلارنى دىندىن قايتقان مۇرتەد، بىدئەتچى بولۇپ كەتكەن دېيىلگەن سەھىھ ھەدىس ئۆتتى.

لأعلمن أقواما من أمتي يأتون يوم القيامة بحسنات أمثال جبال تهامة بيضاء فيجعلها الله هباء منثورا أما إنهم إخوانكم و من جلدتكم و يأخذون من الليل كما تأخذون و لكنهم قوم إذا خلوا بمحارم الله انتهكوها ( ه ) عن ثوبان

5028. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە، مەن ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تونۇيمەن، ئوبدان بىلىمەن، ئۇلار قىيامەت كۈنى تەھامەنىڭ ئاپئاق تېغىدەك شۇنداق كۆپ، ياخشى ئەمەللەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا ئۇ ئەمەللەرنى چېچىلىپ تارقىلىپ كەتكەن چاڭ توزاڭدەك قىلىۋېتىدۇ، يەنى يوق قىلىۋېتىدۇ، ئەمما، ئۇلار سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار، سىلەرنىڭ تېرەڭلاردىن يەنى قارا تەنلىك ئەمەس، سېرىق تەنلىك ئەرەبلەر، ئۇلار خۇددى سىلەر كېچىدىن نېسىۋە ئالغاندەك نېسىۋە ئالىدۇ، يەنى قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇپ تۈنەيدۇ، لېكىن، ئۇلار خالىي جايدا يالغۇز بولسىلا ئاللاھنىڭ ھارام قىلغان نەرسىلىرىنى دەپسەندە قىلىدۇ، ھاراملارنى قىلىۋېرىدۇ، (مانا بۇ تاغدەك ياخشى ئەمەللەرنىڭ كۆيۈش سەۋەبى). ئىبنى ماجە 4235 ـ ھەدىس، سەھىھ.

لألقين الله من قبل أن أعطي أحدا من مال أحد شيئا بغير طيب نفس إنما البيع عن تراض ( هق ) عن أبي سعيد

5029. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە مەن بىر كىشىگە يەنە بىر كىشىنىڭ مېلىدىن بىرەر نەرسىنى ئۇ رازى بولماستىن ئېلىپ بېرىشىمدىن بۇرۇن ئاللاھقا ئۇچراشسام دەيمەن، ھەققەتەن ئېلىم ـ سېتىم دېگەن رازىلىق بىلەن بولىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسنى نەرسىلەرگە باھا توختىتىپ بەرسىلە دېگەندە دېگەن بولۇپ، زۇلۇم قىلىشنى خالىمىغان، ھەم زۇلۇم قىلمىغان، باھا توختىتىپ بەرمىگەن، باھانى ئاللاھ ئۆزى قويىدۇ دېگەن . زۇلۇم قىلىشىمدىن بىرىنىڭ ھەققىنى يەنە بىرىگە رازى قىلماي، ئېلىپ بېرىشىمدىن بۇرۇن بۇ دۇنيادىن كەتسەم دەيمەن دېگەن ئىدى.

www.uyghurkitap.com

لله أشد فرحا بتوبة عبده حين يتوب إليه من أحدكم كان على راحلته بأرض فلاة فانفلتت منه و عليها طعامه و شرابه فأيس منها فأتى شجرة فاضطجع في ظلها قد أيس من راحلته فبينما هو كذلك إذ هو بها قائمة عنده فأخذ بخطامها ثم قال من شدة الفرح: اللهم أنت عبدي و أنا ربك ! أخطأ من شدة الفرح ( م ) عن أنس

5030. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە، ئاللاھتائالا بەندىسىنىڭ تەۋبە قىلغان چاغدىكى تەۋبىسىدىن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ مۇنداق خۇشاللىقىدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولىدۇ، ئۇ كىشى چۆل، بىپايان زېمىندا تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە ئىدى،كېيىن تۆگىسى ئۇنىڭدىن قېچىپ كېتىدۇ، ئىزىپ قالىدۇ، تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭ تائامى، شارابى بار ئىدى، ئۇ تۆگىنى تېپىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، بىر تۈپ دەرەخنىڭ سايىسىدا يېتىپ، ئۇخلاپ قالىدۇ، ئۇ شۇ ھالەتتە تۇرسا، تۇيۇقسىز تۆگىسى ئالدىدا پەيدا بولۇپ ئۆرە تۇرغىدەك، ئۇ تۆگىسىنىڭ نوقتىسىنى تۇتۇپ، قاتتىق خۇشاللىقىدىن ئى ئاللاھ، سەن مېنىڭ بەندەم، مەن سېنىڭ رەببىڭ دەپ قاتتىق خۇشاللىقىدىن خاتالىشىپ قالىدۇ، ئەسلى مەن سېنىڭ بەندەڭ، سەن مېنىڭ رەببىم دېمەكچى ئىدى، ئاللاھ بەندىسىنىڭ تەۋبىسىگە شۇ كىشىدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

لله أشد فرحا بتوبة عبده من أحدكم إذا سقط عليه بعيره قد أضله بأرض فلاة ( ق ) عن أنس

5031. بۇ ھەدىسنى بەيھەقى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان بولۇپ، سەھىھ. مەزمۇنى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاشتۇر.

**5032** ( صحيح ) لله أفرح بتوبة أحدكم من أحدكم بضالته إذا وجدها ( ت ه ) عن أبي هريرة

5032. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە، ئاللاھتائالا بىرىڭلارنىڭ تەۋبىسىگە بىرىڭلار يىتتۈرۈپ قويغان تۆگىسىنى تېپىۋالغاندا خۇشال بولغاندىن بەكرەك خۇشال بولىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

لله أفرح بتوبة العبد من رجل نزل منزلا و به مهلكه و معه راحلته عليها طعامه و شرابه فوضع رأسه فنام نومة فاستيقظ و قد ذهبت راحلته فطلبها حتى إذا اشتد عليه الحر و العطش قال: أرجع إلى مكاني الذي كنت فيه فأنام حتى أموت ثم رفع رأسه فإذا راحلته عنده عليها زاده: طعامه و شرابه ! فالله أشد فرحا بتوبة العبد المؤمن من هذا براحلته و زاده ( حم ق ت ) عن ابن مسعود

5033. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە، ئاللاھتائالا بەندىنىڭ تەۋبىسىگە مۇنداق كىشىنىڭ خۇشاللىقىدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، ئۇ كىشى ھالاكەتلىك بىر مەنزىلگە، يەنى چۆل - باياۋانغا چۈشىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە تائام، شاراپلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان تۆگىسى بىللە بولۇپ، بۇ كىشى بېشىنى قويۇپ بىر ئۇخلاپ ئويغانسا، تۆگىسى يوق، تۆگە كېتىپ بولىدۇ، ئۇ تۆگىسىنى قىزىق ھارارەت، ئىسسىق قاتتىق يېتىپ، ئۇسساپ چارچىغانغا قەدەر ئىزدەپ تاپالماي، مۇنداق دەيدۇ: مەن تۇرغان ئەسلى ئورنۇمغا قايتىپ ئۆلگەنگە قەدەر ئۇخلاپ يېتىۋېرەيچۇ، ئاندىن ئۇ ئۇخلاپ قورسىقى ئېچىپ ئويغىنىپ قارىسا، ناگاھان تۆگىسى ئالدىدا تۇرغۇدەك، ئۈستىدە تائام، شارابى، ئوزۇقلىرى تۇرغۇدەك، (بۇ چاغدىكى خۇشاللىقنى يۇقىرىدا دەپ ئۆتتى) ئاللاھتائالا مۆئمىن بەندىسىنىڭ تۆۋبىسىگە مۇشۇ كىشىنىڭ خۇشاللىقىدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. مەقسەت: تەۋبە قىلسا، جەننەتكە كىرسە دېمەكچى ، ئادەم بالىلىرى خاتالىشىدۇ، تەۋبە قىلغىنى ياخشىسىدۇر، تەۋبە قىلغۇچىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ .

**5034** ( صحيح ) لله أقدر عليك منك عليه ( حم ت ) عن أبي مسعود

5034. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇلىنى ئەيىبلەۋاتقاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ ئۇنىڭغا: ئەلۋەتتە، ئاللاھتائالا ساڭا سەن بۇ قۇلغا قادىر بولغانلىقىڭدىنمۇ بەكرەك قادىردۇر دېگەن ، ئۇ، بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خاتا قىلغانلىقىغا ئۇ قۇلنى ئاللاھ يولىدا ئازاد قىلىۋەتكەن. ئەھمەد، تىرمىزىلار توپلىغان، سەھىھ.

**5035** ( صحيح ) لأن أطأ على جمرة أحب إلي من أن أطأ على قبر ( خط ) عن أبي هريرة

5035. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە، يالاڭ ئاياغ چوغنىڭ ئۈستىگە دەسسىشىم، ماڭا قەبرە ئۈستىگە دەسسىشىمدىن سۆيۈملۈكرەك، ياخشىراقتۇر. خەتىب توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن، قەبرە ئۈستىگە دەسسەپ مېڭىش چەكلىنىدۇ.

لأن أقعد مع قوم يذكرون الله تعالى من صلاة الغداة حتى تطلع الشمس أحب إلي من أن أعتق أربعة من ولد إسماعيل و لأن أقعد مع قوم يذكرون الله من صلاة العصر إلى أن تغرب الشمس أحب إلي من أن أعتق أربعة ( د ) عن أنس

5036. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە مېنىڭ بامدات نامىزىنى ئوقۇغاندىن باشلاپ كۈن چىققىچە مەسجىددە ئاللاھنى ئەسلەپ زىكرى، ئىلىم بىلەن ئولتۇرغان قەۋم بىلەن بىللە ئولتۇرۇشۇم، مەن ئۈچۈن ئىسمائىلنىڭ باللىرىدىن يەنى ئەرەبلەردىن تۆت قۇلنى ئازاد قىلىشىمدىن ياخشىراقتۇر، ئەلۋەتتە، ئەسىر نامىزىدىن باشلاپ كۈن كىرگىچە ئاللاھنى ئىلىم بىلەن، زىكرى بىلەن ئەسلەپ ئولتۇرغان قەۋم بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشۇم مەن ئۈچۈن تۆت قۇل ئازاد قىلىشىمدىن ياخشىراقتۇر. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

لأن أقول سبحان الله و الحمد لله و لا إله إلا الله و الله أكبر أحب إلي مما طلعت عليه الشمس ( م ت ) عن أبي هريرة

5037. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە مېنىڭ «سۇبھانەللا ۋەلھەمدۇلىللاھ ۋە لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر» دېيىشىم، ماڭا ئۈستىگە كۈن چىققان بارلىق نەرسىلەردىن سۆيۈملۈكتۇر، يەنى پۈتۈن دۇنيادىن ياخشىدۇر. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

لأن أمشي على جمرة أو سيف أو أخصف نعلي برجلي أحب إلي من أن أمشي على قبر مسلم و ما أبالي أوسط القبر قضيت حاجتي أو وسط السوق ( ه ) عن عقبة بن عامر

5038. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە چوغ ئۈستىدە يالاڭ ئاياغ مېڭىشىم، ياكى قىلىچنىڭ بىسى ئۈستىدە مېڭىشىم، ياكى ئايىغىمنى پۇتۇمغا چىگىپ قۇيۇپ سايلىق، تاشلىقتا مېڭىشىم، ماڭا مۇسۇلمانىنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە مېڭىشىمدىن ياخشىراقتۇر، قەبرىستانلىقنىڭ ئوتتۇرىدا ھاجەت قىلدىممۇ ياكى بازارنىڭ ئوتتۇرىدا ھاجەت قىلدىممۇ بەرىبىردۇر، پەرۋا قىلمايمەن، (يەنى قەبرە ئۈستىدە مېڭىش، قەبرىستانلىقتا، بازار ئوتتۇرىسىدا ھاجەت قىلىش، بۇ ئۈچى گۇناھ مەئسىيەتتۇر). ئىبنى ماجە 1556 ـ ھەدىس، سەھىھ.

لأن تصلي المرأة في بيتها خير لها من أن تصلي في حجرتها و لأن تصلي في حجرتها خير لها من أن تصلي في الدار و لأن تصلي في الدار خير لها من أن تصلي في المسجد ( هق ) عن عائشة

5039. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: ئايال كىشىنىڭ ئىچكىرى ئۆيدە ناماز ئوقۇشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھۇجرىسىدا ناماز ئوقۇغاندىن ياخشىراقتۇر، ھۇجرىسىدا ناماز ئوقۇشى، ئۇنىڭغا ھويلىسىدا ناماز ئوقۇغاندىن ياخشى، ھويلىسىدا ناماز ئوقۇشى، ئۇ ئايال ئۈچۈن مەسجىددە ناماز ئوقۇشىدىن ياخشىراقتۇر. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**5040** ( صحيح ) لأن يأخذ أحدكم حبله ثم يغدو إلى الجبل فيحتطب فيبيع فيأكل و يتصدق خير له من أن يسأل الناس ( ق ن ) عن أبي هريرة

5040. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە، بىرىڭلارنىڭ ئارغامچىسىنى ئېلىپ ئەتىگەندە تاغقا چىقىپ، ئوتۇن كېسىپ كېلىپ ئۇنى سېتىپ شۇنىڭ پۇلىدىن يېيىشى سەدىقە قىلىشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەردىن نەرسە سورىغىنىدىن، سائىللىق قىلغىنىدىن ياخشىدۇر. بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5041** ( صحيح ) لأن يأخذ أحدكم حبله فيأتي الجبل فيجيء بحزمة الحطب على ظهره فيبيعها فيكف الله بها وجهه خير له من أن يسأل الناس أعطوه أو منعوه ( حم خ ه ) عن الزبير بن العوام

5041. زۇبەير ئىبنى ئاۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ ئارغامچىسىنى ئېلىپ، تاغقا بېرىپ ئۈچىسىدا بىر يۈدۈم بىر باغلام ئوتۇن ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى سېتىشى شۇنىڭ بىلەن، شۇنىڭ سەۋەبىدىن ئالالاھنىڭ، ئۇنىڭ يۈزىنى كىشىلەردىن توسۇپ قىلىشى، ئىپپەتلىك بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەردىن ئۇلار بەرسۇن ياكى بەرمىسۇن، نەرسە سورىشىدىن ياخشىراقتۇر. (يەنى، سائىللىق قىلغاندىن، ئوتۇن سېتىپ، جان باققان ياخشى). ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5042** ( صحيح ) لأن يجلس أحدكم على جمرة فتحرق ثيابه فتخلص إلى جلده خير له من أن يجلس على قبر ( حم م د ن ) عن أبي هريرة

5042. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ چوغ ئۈستىدە ئولتۇرۇشى، ئاندىن ئۇ چوغ ئۇنىڭ كىيىمىنى كۆيدۈرۈپ تېرىسىگىچە يېتىپ بېرىشى، تېرىسىنىمۇ كۆيدۈرۈشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن قەبرە ئۈستىدە ئولتۇرغىنىدىن ياخشىدۇر. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5043** ( صحيح ) لأن يزني الرجل بعشر نسوة خير له من أن يزني بامرأة جاره و لأن يسرق الرجل من عشرة أبيات أيسر له من أن يسرق من بيت جاره ( حم خد طب ) عن المقداد بن الأسود

5043. مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ ئون ئايال بىلەن زىنا قىلىشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلغاندىن، گۇناھ جەھەتتىن يەڭگىلرەكتۇر، كىشىنىڭ ئون ئۆيدىن ئوغرىلىق قىلىشى، قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن ئوغرىلىق قىلغىنىدىن گۇناھ بولۇشتا يەڭگىل ھەم ئاسانراقتۇر. ئەھمەد، تەبرانى، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

بۇ سەھىھ ھەدىسدىن گەرچە زىناغا 100 قامچا ئۇرۇش ياكى توي قىلغان بولسا، رىجىم قىلىش، ئوغرىلىققا قول كېسىشى بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، قوشنىسىنىڭ مۈلۈكىگە چېقىلسا، ئەلۋەتتە ئون ھەسسە ئارتۇق گۇناھ بولۇش كۆرسىتىلدى، چۈنكى، ئۇنىڭ ئىسلام ھەققى، خوشنىلىق ھەققى، قېرىنداشلىق ھەققى، شۇپئەت ھوقۇقى بار، كىشى ئاخىرەتكە بارماي تۇرۇپمۇ زور ئازابقا قالىدۇ.

**5044 ( صحيح ) لأن يطأ الرجل على جمرة خير له من أن يطأ على قبر ( حل ) عن أبي هريرة**

5044. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە كىشىنىڭ چوغ ئۈستىگە يالاڭ ئاياغ دەسسەپ مېڭىشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن قەبرە ئۈستىدە مېڭىشىدىن كۆپ ياخشىدۇر. ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ، قەبرە ئۈستىدە ئولتۇرۇش، ئۇنىڭ ئۈستىدىن مېڭىش قاتتىق چەكلىنىدۇ.

**لأن يطعن في رأس أحدكم بمخيط من حديد خير له من أن يمس امرأة لا تحل له( طب ) عن معقل بن يسار**

5045. مەئقەل ئىبنى يەسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە بىرىڭلارنىڭ بېشىغا تۆمۈر يىڭنە مىخنىڭ سانجىلىشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىگە ھالال بولمىغان ئايالنى تۇتۇپ سىيلىشىدىن ياخشىراقتۇر، يەنى يات ئايالنى سىلاش ھارامدۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**لأن يغدو أحدكم فيحتطب على ظهره فيتصدق منه و يستغني به عن الناس خير له من أن يسأل رجلا أعطاه أو منعه ذلك بأن اليد العليا أفضل من اليد السفلى و ابدأ بمن تعول ( م ت ) عن أبي هريرة**

5046. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ ئەتىگەندە تاغقا بېرىپ، ئۈچىسىدا ئوتۇن توشۇپ كېلىپ، ئۇنى سېتىپ، ئۇنىڭدىن سەدىقە قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەردىن ئۆزىنى بىھاجەت قىلىشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەردىن بەرسۇن، بەرمىسۇن، نەرسە سورىشىدىن كۆپ ياخشى، شۇنداق بولۇشى، ھەقىقەتەن بەرگۈچى ئۈستۈن قول، سورىغۇچى تۆۋەن قولدىن ياخشى، ئەۋزەلدۇر،سەدىقىنى نەفىقىسى ئۈستۈڭگە ۋاجىپ بولىدىغان، سەن ئىگە بولغان كىشىلەردىن باشلاپ قىلغىن. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**لأن يقوم أحدكم أربعين خير له من أن يمر بين يدي المصلي ( حم ه الضياء ) عن زيد بن خالد**

5047. زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە بىرىڭلارنىڭ 40 (يىل ياكى 40 ئاي) ئولتۇرۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشىدىن ياخشىراقتۇر. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ، نامازنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈش ھارامدۇر، چۈنكى، يۇقىرىدا ئۇنداق كىشىنى ئۇرۇش ئۆتتى، چۈنكى، ئۇ شەيتاندۇر، ناماز ئوقۇغۇچىمۇ ئالدىغا نەرسە، سۇترە قويۇشى لازىم.

**5048 ( صحيح ) لأن يمتلئ جوف أحدكم قيحا حتى يريه خير له من أن يمتلئ شعرا ( حم ق 4 ) عن أبي هريرة ( حم م ه ) عن سعد ( طب ) عن سلمان وابن عمر**

5048. ئەبۇ ھۇرەيرە، سەئىد، سەلمان، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە بىرىڭلارنىڭ ئىچىگە، قورسىقىغا ئۇنى سېسىتىپ، چىرىتىپ، پاساتلاشتۇرۇپ يەپ كەتكۈدەك يىرىڭ، زەرداپنىڭ لىق تولۇشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن شېئىرنىڭ تولۇشىدىن ياخشىراقتۇر. ئەھمەد 8025 ـ ھەدىس، بۇخارى 5689 ـ ھەدىس، مۇسلىم 4191 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2778 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، نەسەئى، بەيھەقى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**لأن يمتلئ جوف رجل قيحا حتى يريه خير له من أن يمتلئ شعرا( حم ق 4 ) عن أبي هريرة**

5049. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى يۇقىرىقى تۆت كىتاب، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن توپلىغان بولۇپ، يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر، ئاللاھ ئەسلەنمىسە، ئىسلام دىنى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن بولمىسا، ئاخىرەت ئەسلا بولمىسا، بۇنداق شېئىر قەتئىي ھارامدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن ناخشا - مۇزىكىلار ھارامدۇر، لېكىن، ئىسلامىي شېئىر بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولسا، ياخشى ئىبرەتلەر بولسا، ھەرخىل ئىسلام دىنىدىكى ئىلىم پەنلەر، شېئىرلاشسا بۇ دۇرۇس، سۈرە شۇئەرانى كۆرۈڭ.

لأن يمنح الرجل أخاه أرضه خير له من أن يأخذ عليها خراجا معلوما ( حم م د ن ه ) عن ابن عباس

5050. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە كىشىنىڭ تېرىلغۇ زېمىننى قېرىندىشىغا تېرىۋېلىشى ئۈچۈن ئۆتنە، ئارىيەت بېرىپ تۇرۇشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن زېمىنغا مەلۇم مىقداردا چىقىم، ئىجارە ھەققى ئېلىشىدىن ياخشىدۇر، (چۈنكى، بۇ كاتتا سەدىقە بولىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

لأنا أعلم بما مع الدجال من الدجال معه نهران يجريان أحدهما رأي العين ماء أبيض و الآخر رأي العين نار تأجج فإما أدركهن واحد منكم فليأت النهر الذي يراه نارا ثم ليغمس ثم ليطأطئ رأسه فيشرب فإنه ماء بارد و إن الدجال ممسوح العين اليسرى عليها ظفرة غليظة مكتوب بين عينيه كافر يقرؤه كل مؤمن كاتب و غير كاتب ( حم ق د ) عن حذيفة وأبي مسعود معا

5051. ھۇزەيفە، ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن دەججالنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە بار بولغان سېھرىي، ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى ئوبدان بىلىمەن، ئۇنىڭ بىلەن ئېقىۋاتقان ئىككى ئۆستەڭ بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى كۆزگە كۆرۈنۈشتە ئاپئاق سۇدەك كۆرۈنىدۇ، يەنە بىرى بولسا يالقۇنلاۋاتقان ئوتتەك كۆرۈنىدۇ، سىلەردىن بىر كىشى بۇ ئەھۋاللارنى ئۇچرىتىپ قالسا، ئۆزى ئوت دەپ گۇمان قىلغان ئۆستەڭگە چۈشسۇن، ئاندىن چۆمۈلسۇن، ئاندىن بېشىنى پەس قىلىپ سىلكىسۇن، سۇ ئىچسۇن، ھەقىقەتەن ئۇ ئوتتەك كۆرۈنگىنى سوغۇق سۇدۇر، ھەقىقەتەن دەججالنىڭ سول كۆزى (بىر خاتىرىدە ئوڭ كۆزى) سىلىۋېتىلگەندەكلا كوردۇر، كۆزىنىڭ ئۈستىدە يېپىپ تۇرىدىغان قېلىن تېرە باردۇر، ئىككى كۆزىنىڭ ئارىسىغا «كافىر» دەپ يېزىلغان بولۇپ، بۇ خەتنى كاتىپ بولسۇن ياكى خەت يازالمايدىغان مۆئمىن بولسۇن، ھەر قانداق مۆئمىن ئوقۇيالايدۇ، ئوقۇشنىڭ (شەرتى مۆئمىن بولۇشتۇر). ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**5052** ( صحيح ) لئن بقيت إلى قابل لأصومن التاسع ( م ه ) عن ابن عباس

5052. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر كېلەر يىلغىچە ھايات قېلىپ قالسام، ئەلۋەتتە توققۇزىنچى كۈنى روزا تۇتىمەن، (يەنى مۇھەررەمنىڭ توققۇزىنچى كۈنىنى، ئاشۇرا كۈنى قىلىپ روزا تۇتىمەن). مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5053** ( صحيح ) لئن عشت إن شاء الله لأخرجن اليهود و النصارى من جزيرة العرب ( ت ك ) عن عمر

5053. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، ياشاپ قالسام، ئاللاھ خالىسا چوقۇم يەھۇدىي، ناسارالارنى ئەرەب ئاراللىرىدىن قوغلاپ چىقىرىمەن، (مۇشرىك، دىنسىزلارمۇ قوغلاپ چىقىرىلىدۇ)، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5054** ( صحيح ) لئن عشت إن شاء الله لأنهين أن يسمى رباح و نجيح و أفلح و يسار ( ه ك ) عن عمر

5054. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن يەنە ياشاپ قالسام، ئاللاھ خالىسا رەباھ، نەجىيھ، ئەفلەھ، يەسار دەپ ئىسىم قويۇلۇشىدىن چوقۇم توسىمەن. ئىبنى ماجە ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

لئن كنت كما قلت فكأنما تسفهم المل و لا يزال معك من الله ظهير عليهم ما دمت على ذلك ( م حم ) عن أبي هريرة

5055. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (بىر كىشى كېلىپ، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مېنىڭ يېقىن تۇغقان، قوشنىلىرىم بار بولۇپ، مەن ئۇلارغا سىيلە ـ رەھىيم قىلسام، ئۇلار مەندىن ئۇزۇۋېتىدۇ، مەن ئۇلارغا ياخشىلىق قىلسام، ئۇلار ماڭا يامانلىق قىلىدۇ، مەن ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلىپ، دانا بولسام، ئۇلار ماڭا جاھىللىق، نادانلىق قىلىدۇ دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم): ئەگەر سەن، سەن دېگەندەك بولساڭ، ھەقىقەتەن ئۇلارغا دائىم كۈل، سورىغان يەنى تائام بېرىپ تۇرغان بولىسەن، مۇشۇ ئىشىڭدا مۇقىم، چىڭ تۇرالىساڭلا، سەن بىلەن بىللە ئۇلارغا قارشى، ئاللاھ تەرەپتىن بىر ياردەمچى دائىم بىللە بولىدۇ، سىنى مۇداپىئە قىلىپ قوغدايدۇ. مۇسلىم 4640 ـ ھەدىس، ئەھمەد 8975 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5056** ( صحيح ) لأنهين أن يسمى بنافع و بركة و يسار( ت ) عن عمر

5056. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن چوقۇم نافىئ، بەرىكەت، يەسار دەپ ئىسىم قويۇلۇشىدىن توسىمەن. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5057** ( صحيح ) لبيك إله الحق لبيك ( حم ن ه ك ) عن أبي هريرة

5057. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەجدە مۇنداق تەلبىي ئېيتقان، «لەببەيكە ئىلاھەل ھەققە لەببەيكە» يەنى ئى ھەققى ئىبادەتكە لايىق، ھەق ئىلاھ ئاللاھ، بىز سېنىڭ ئەمىر ـ پەرمانىڭغا تەييارمىز، ئىتائەت قىلىمىز. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5058** ( حسن ) لبيك اللهم لبيك إنما الخير خير الآخرة( ك هق ) عن ابن عباس

5058. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ،لەببەي بىز تەييار، ئىتائەت قىلىمىز، بىز سېنىڭ قۇلۇڭ، ھەقىقەتەن ياخشىلىق دېگەن ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىدۇر، (چۈنكى، ئۇ ھەققى ھاياتلىقتۇر). ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**5059** ( صحيح ) لبيك اللهم لبيك لبيك لا شريك لك لبيك إن الحمد و النعمة لك و الملك لا شريك لك ( حم ق 4 ) عن ابن عمر ( حم خ ) عن عائشة ( م د ه ) عن جابر ( ن ) عن ابن مسعود ( حم ) عن ابن عباس ( ع ) عن أنس ( طب ) عن عمرو بن معدي كرب

5059. ئىبنى ئۆمەر، ئائىشە، جابىر، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس، ئەنەس، ئەمرۇ ئىبنى مەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق تەلبىي ئېيتقان:«لەببەيكە ئاللا ھۇممە لەببەيكە لەببەيكە لاشەرىيكە لەكە لەببەيكە ئىننەلھەمدە ۋەننئمەتە لەكە ۋەلمۇلكۇ لاشەرىيكە لەكە»، تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ، مانا بىز ئىتائەتكە تەييارمىز، سېنىڭ شېرىكىڭ يوق، ھەقىقەتەن بارلىق ھەمدۇ ـ سانا، گۈزەل مەدھىيە، نېئمەت ئاتا قىلىش، نېئمەتنىڭ شۈكرىسى ساڭىلا خاستۇر، پادىشاھلىق ساڭا خاستۇر، يەنى سەندىن باشقا ھەق پادىشاھ يوقتۇر، سېنىڭ شېرىكىڭ يوقتۇر!.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، بۇ ئىككى كىتابدىن كېيىنكى تۆت كىتاب ئەبۇ يەئلا، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ مۇتەۋاتىر.

( صحيح ) لبن الدر يحلب بنفقته إذا كان مرهونا و الظهر يركب بنفقته إذا كان مرهونا و على الذي يركب و يحلب النفقة( د ) عن أبي هريرة

5060. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گۆرۈگە، رەنىگە قويۇلغان چاغدىكى سۈتلۈك سېغىن ھايۋاننىڭ سۈتى، نەپىقىسى بېرىلىپ، سېغىپ ئىچىلىدۇ، گۆرۈگە قويۇلغان ھايۋان، مەركەب نەپىقىسىنىڭ بەدىلىگە مىنىلىدۇ، سېغىپ ئىچكەن، مىنگەن كىشىنىڭ ئۈستىگە ھايۋاننىڭ نەپىقىسى، چىقىمى ۋاجىپ بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىسكە ھازىرقى قاتناش قۇراللىرى قىياس قىلىنسا بولىدۇ.

**5061** ( صحيح ) لتأخذوا عني مناسككم فإني لا أدري لعلي لا أحج بعد حجتي هذه ( م ) عن جابر

5061. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر مەندىن ھەج ئىبادەت پائالىيەتلىرىڭلارنى ئېلىۋېلىڭلار، ھەقىقەتەن مەن كەلگۈسۈمنى بىلمەيمەن، مېنىڭ مۇشۇ ھەججىمدىن كېيىن مەن ھەج قىلالماسلىقىم مۇمكىن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، راستىنلا ھەج قىلالمىغان.

**5062** ( صحيح ) لتؤدن الحقوق إلى أهلها يوم القيامة حتى يقاد للشاة الجلحاء من الشاة القرناء تنطحها( حم م خد ت ) عن أبي هريرة

5062. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە ھەقلەر، ئېلىشى، نېسۋىلىرى قىيامەت كۈنى ئۆز ئەھلىگە قايتۇرۇلۇپ ئادا قىلىنىدۇ، ھەتتا مۈڭگۈزسىز قوي ئۇچۇن مۈڭگۈزلۈك قويدىن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇ دۇنيادا مۈڭگۈزسىز بولۇپ بوزەك قىلىنغان قوي، قىيامەت كۈنى مۈڭگۈزلۈك ھالەتتە ئۆزىنى ئۈسسىگەن قويىنى ئۈسسۈۋالىدۇ. (ئاھ! بۇ نېمىدېگەن مىسلىسىز ئادىل قانۇن ھە!). ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، بۇخارى، ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

لتتبعن سنن الذين من قبلكم شبرا بشبر أو ذراعا بذراع حتى لو سلكوا جحر ضب لسلكتموه قالوا: اليهود و النصارى ؟ قال: فمن ؟ ( حم ق ه ) عن أبي سعيد (م ك ) عن أبي هريرة

5063. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئەلۋەتتە سىلەردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ يوللىرىغا، سۈننەتلىرىگە بىر غېرىچ، بىر غېرىچىدىن، بىر گەز، بىر گەزدىن نەخمۇ - نەخ ئويمۇ- ئوخشاش ئەگىشىپ كېتىسىلەر، ھەتتا، ئۇلار بىر پاتمىچۇقنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىپ باققان بولسا، سىلەرمۇ يول سېلىپ كىرىپ باقىسىلەر، ئۇلار، سىلى دېگەن كىشىلەر يەھۇدىي، ناسارالارمۇ؟ دەپ سورىۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىمكى؟ دەپ قويدى، يەنى دەل شۇلاردۇر، چۈنكى، پىرقىگە بۆلۈنۈشمۇ شۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5064** ( صحيح ) لتخرج العواتق و ذوات الخدور و الحيض و يشهدن الخير و دعوة المؤمنين و يعتزل الحيض المصلى ( خ ن ه ) عن أم عطية

5064. ئۇممە ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە بالىغ بولغان، بالاغەتكە يېقىن قالغان قىزلار، سۈتىر، ھىجاپ ئىگىلىرى، ئايرىمخانىدىكىلەر، ھەيزدار ئاياللارمۇ ھېيت نامىزىغا چىقىدۇ، ياخشىلىققا مۆئمىنلەرنىڭ دۇئاسىغا ھازىر بولۇپ، قاتنىشىۋالىدۇ،

ھەيزدار ئاياللار نامازگاھىمىزدىن يىراق تۇرۇپ ئايرىلىدۇ، (يەنى ھېيت نامىزى ئوقۇمايدۇ، لېكىن، زىكرى، دۇئا ـ تەكبىر ، ھەدىس ئاڭلايدۇ). بۇخارى 927 ـ ھەدىس، مۇسلىم 1475 ـ ھەدىس، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەرمۇ توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسىدىن ئاياللار پەردىلىنىپ تۇرۇپ ياكى مەسجىدى ئېككىنچى قەۋەتتە بولۇپ، ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلايدۇ، ھېيت نامىزى ئوقۇيدۇ، ئۇندىن باشقا قىزلار ئىسلامى ھالەتتە تەقۋا مۆئمىن تەربىيىلىنىدۇ ، ئىلىم ئالىدۇ، ھەيزدار ھالەتتە ھەدىس ئوقۇسا بولىدۇ. چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدىمۇ ھەيزدار ئاياللار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇ سەھىھ ھەدىسلىرىنى ئاڭلىغان.

**5065** ( صحيح ) لتدخلن الجنة إلا من أبى و شرد على الله كشراد البعير ( ك ) عن أبي هريرة

5065. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئەلۋەتتە جەننەتكە كىرىسىلەر، پەقەت تۆگە قاچقاندەك ئاللاھتائالادىن ۋەھشىي قاچقان، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېيىشكە ئۇنىمىغان مۇشرىك كىشىلەر جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، (ئۇلار دوۋزاخقا كىرىدۇ). ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

لتدع الصلاة في كل شهر أيام قرئها ثم تتوضأ لكل صلاة فإنما هو عرق( ك ) عن فاطمة بنت أبي حبيش

5066. فاتىمە بىنتى جەھشى رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: ھەر ئايدىن ھەيز كۈنلىرىنىڭ مىقدارىدا نامازنى ئوقۇماي، تەرك ئېتىپ تۇرىسەن، ئاندىن ئۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتسە، ھەربىر ناماز ئۈچۈن كىچىك تاھارەت ئېلىپ ئوقۇيسەن، ھەقىقەتەن ئۇ خۇن كېسەلى بولسا، تومۇرنىڭ ئېشىدۇر، يەنى تومۇردىن چىققان قاندۇر. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ئالىملار بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن دائىم بۇرنى قانايدىغان، ئارقىسىدىن مەددە قۇرۇتى چىقىپ تۇرىدىغان، سۈ، يىرىڭ ئېقىپ تۇرىدىغان جاراھەت ئىگىسى، خۇن كېسىلى بولغان ھەيز ۋاقتىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن خۇن كېسلى بولىدىغان ئاياللار ئىستىھاز كېسلى بولغان ئاياللار، پاك كىشلەرنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ، ھەربىر ناماز ئۈچۈن بىر قېتىمدىن تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ، بۇ تاھارەت، نامازنىڭ ۋاقتى ئۆتسە سۇنىدۇ، بولمىسا يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن سۇنمايدۇ دېدى، ئەبۇ ھەنىيفە بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن، قان چىقسا تاھارەت سۇنىدۇ، قايتا تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ، چۈنكى، ئۇ تومۇرنىڭ ئىشى، قان ئۇخشاش دېگەن . لېكىن، نۇرغۇن سەلەف، سالىھلار قان چىقسىمۇ تاھارەت ئالماي ناماز ئوقۇغان، ئۆزرىگە ۋاجىپ قىلىۋالماي، ئىختىلاپ قىلماي تاھارەت ئېلىپ ئوقۇسا مەيلى، ئىختىلاپ قىلماڭلار.

**5067** ( صحيح ) لتركبن سنن من كان قبلكم شبرا بشبر و ذراعا بذراع حتى لو أن أحدهم دخل جحر ضب لدخلتم و حتى لو أن أحدهم جامع امرأته بالطريق لفعلتموه ( ك ) عن ابن عباس

5067. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر چوقۇم بۇرۇنقى كىشلەرنىڭ سۈننەت يوللىرىغا بىر غېرىچ، بىر غېرىچ، بىر گەز، بىر گەزدىن ،غېرىچ غېرىچقا كەلگەندەك ئويمۇ ـ ئوخشاش مېڭىپ كېتىسىلەر، ئەگىشىپ كېتىسىلەر، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرسى، پاتمچۇق ئۇۋىسىغا كىرىپ باققان بولسا، سىلەرمۇ كىرىپ باقىسىلەر، ھەتتا، ئۇلارنىڭ بىرسى يول ئۈستىدىلا ئوچۇق ـ ئاشكارا ئايالى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلغان بولسا، سىلەرمۇ شۇنداق

ھاياسىز ئىشنى قىلىپ باقىسىلەر. ھاكىم توپلىغان، (بۇ راستىنلا يۈز بەرگەن) سەھىھ.

لتزدحمن هذه الأمة على الحوض ازدحام إبل وردت لخمس أي لظمئ( طب ) عن العرباض

5068. ئىرباز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە، بۇ ئۈممەت ھەۋزى كەۋسەر بويىدا قاتتىق ئۇسسۇزلۇقدىن كۆلگە كەلگەن تۆگىلەر قىستاشقاندەك قىستىشىپ كېتىدۇ، كۆپلۈكىدىن قىستىقىستاڭ بولۇپ كېتىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئۈچ كۈن ئۇسسۇز بېقىلىپ، تۆتىنچى كۈنى سۇغارغىلى ئېلىپ كېلىنگەن، ئۇسسۇز تۆگىلەر خىمىس دەپ ئاتىلىدۇ، شۇلاردەك قىستىشىپ كېتىدۇ.

لتستحلن طائفة من أمتي الخمر باسم يسمونها إياه ( حم الضياء ) عن عبادة بن الصامت

5069. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە كىشىلەر ھاراقنى ئۆزى ئاتىۋالغان ئۆزلىرى قويىۋالغان خىلمۇ ـ خىل ئىسىملار بىلەن ھالال قىلىپ ئىچىپ كېتىدۇ، (ئاندىن ھالاك بولىدۇ). ئەھمەد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

لتسون لصفوفكم في صلاتكم أو ليخالفن الله بين قلوبكم( حم طب ) عن النعمان بن بشير

5070. نۇئمان ئىبنى بۇشەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يا سىلەر نامازلىرىڭلاردا، سەپلىرىڭلارنى تۈز قىلىسىلەر، ياكى ئاللاھتائالا قەلبىڭلارنى، دىللىرىڭلارنى بىر ـ بىرىگە مۇخالىپ، زىت، ئىختىلاپ قىلىۋېتىدۇ، (يەنى سەپنى تۈزلىمىسەڭلار). ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس يۈزىڭلارنى دېگەن ھەدىسكە ئىزاھات بولىدۇ.

لتفتحن عصابة من المسلمين كنز آل كسرى الذي في الأبيض( م ) عن جابر بن سمرة

5071. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە، مۇسۇلمانلاردىن بىر بۆلۈك جامائەت يەنى قوشۇن، كىسرا قوشۇنىنىڭ ئاق قەسىردىكى كاڭلىرىنى ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى ئىشغال قىلىدۇ، خەزىنىسىنى ئولجا، غەنىيمەت ئالىدۇ. مۇسلىم 5198 ـ ھەدىس، ئەھمەد 19905 ـ ھەدىس، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىس، روشەن مۆجىزىدۇر.

**5072** ( صحيح ) لتقيمن صفوفكم أو ليخالفن الله بين وجوهكم ( ن ) عن النعمان بن بشير

5072. نۇئمان ئىبنى بۇشەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر نامازدىكى سەپلىرىڭلارنى تۈزلەيسىلەر، ياكى ئاللاھتائالا يۈزلىرىڭلار ئارىسىنى يەنى دىللىرىڭلارنى بىر ـ بىرىگە خىلاپ قىلىپ قويىدۇ، (سەپنى تۈزلەش، نامازنى كامىل قىلىشدىن سىرىت، ئىتتىپاقلاشتۇرىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا، ئىختىلاپ، زىددىيەت بولىدۇ). نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

لتملأن الأرض جورا و ظلما فإذا ملئت جورا و ظلما يبعث الله رجلا مني اسمه اسمي و اسم أبيه اسم أبي فيملؤها عدلا و قسطا كما ملئت جورا و ظلما فلا تمنع السماء شيئا من قطرها و لا الأرض شيئا من نباتها يمكث فيكم سبعا أو ثمانيا فإن أكثر فتسعا ( البزار طب ) عن قرة المزني

5073. قۇررەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زېمىنغا جەۋر ـ زۇلۇم، تاجاۋۇزچىلىق تولۇپ كېتىدۇ، شۇنداق بولغان چاغدا ئاللاھتائالا ئىسمى، مېنىڭ ئىسمىمغا دادىسىنىڭ ئىسمى دادامنىڭ ئىسمىغا ئوخشايدىغان بىر كىشىنى ئەۋەتىدۇ، (يەنى

مەھدىي) خۇددى زېمىنغا جەۋرى ـ زۇلۇم تولغاندەك ئۇ كىشى زېمىنغا ئادىللىقنى، تىنچلىقنى توللايدۇ، ئاسمان، يامغۇرنى توسۇپ، چەكلەپ قالمايدۇ، يەنى مول يامغۇر ياغىدۇ، زېمىنمۇ ئۆسۈملۈك، زىرائەتلىرىنى چەكلىمەيدۇ، مولچىلىق، بەرىكەت بولىدۇ، ئۇ كىشى زېمىندا يەتتە يىل ياكى سەككىز يىل تۇرىدۇ، كۆپ بولغاندا، توققۇز يىل تۇرىدۇ. بەزار، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. بۇ توغرىسىدا زەئىپ، ھەتتا يالغان ھەدىسلەرمۇ كۆپ، لېكىن، بۇ ھەدىسلەر سەھىھ، بىز ئىشىنىمىز.

**5074** ( صحيح ) لتملأن الأرض ظلما و عدوانا ثم ليخرجن رجل من أهل بيتي حتى يملأها قسطا و عدلا كما ملئت ظلما و عدوانا ( الحارث ) عن أبي سعيد

5074. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زېمىنغا زۇلۇم، تاجاۋۇزچىلىق تولۇپ كېتىدۇ، ئاندىن مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدىن يەنى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئەۋلادىدىن بىر كىشى چىقىپ خۇددى زېمىنغا زۇلۇم بىلەن تاجاۋۇزچىلىق تولۇپ كەتكەندەك، ئادىللىق بىلەن تىنچلىقنى ، بەرىكەتنى لىق تولدۇرىدۇ. ھارىس توپلىغان، سەھىھ.

**5075** ( صحيح ) لتنقضن عرى الإسلام عروة عروة فكلما انتقضت عروة تشبث الناس بالتي تليها فأولهن نقضا الحكم و آخرهن الصلاة ( حم حب ك ) عن أبي أمامة

5075. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسلامنىڭ شەرئى ئەھكاملىرى، تۇتقىلىرى بىر تۇتقىسىدىن، بىر ھۆكۈمىدىن بىر ـ بىرلەپ بۇزۇلۇپ تۈگەيدۇ، ھەر قاچان بىر تۇتقىسى بۇزۇلسا، بىر ھۆكمى تۈگىسە، كىشىلەر ئۇنىڭغا يېقىن بولغان يەنە بىر تۇتقىسىغا ئېسىلىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ تۇنجى بولۇپ بۇزۇلۇپ يوقايدىغان تۇتقىسى، ھۆكۈمدۇر، ھاكىمىيەتتۇر، ئەڭ ئاخىرىدا بۇزۇلۇپ يوقايدىغان تۇتقىسى، نامازدۇر. ئەھمەد 21139 ـ ھەدىس، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

لتنتظر عدة الليالي و الأيام التي كانت تحيضهن من الشهر قبل أن يصيبها الذي أصابها فلتترك الصلاة قبل ذلكم من الشهر فإذا خلفت ذلك فلتغتسل ثم لتستثفر بثوب ثم لتصلي( د ن ) عن أم سلمة

5076. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇ خۇن كېسەللى بولغان ئايال ھەر ئايدىن ئۆزى ھەيز كېسەللى بولىدىغان بىر نەچچە كۈننى ئىنتىزار بولۇپ كۈتسۇن، بۇ ھەيز كۆرۈدىغان كۈنلەر بولسا، ئۇ ئايال خۇن كېسەللى بولۇشىدىن بۇرۇنقى ئايلاردا ھەيز كېسەللى بولىدىغان كۈن، مىقدارى بويىچە بولىدۇ، (يەنى ھەر ئايدىن يەتتە ـ سەككىز ياكى بەش كۈن) ئاندىن بۇ ئايال ئادىتى بويىچە ھېسابلاپ، ھەر ئايدىن ھەيز كۈنىنىڭ مىقدارىدا نامازنى ئوقۇماي تۇرسۇن، ئاندىن بۇ ھەيز كۈنلىرى ئۆتۈپ كەتسە، غۇسلى ـ تاھارەت ئېلىپ، يۇيۇنۇپ، ئاندىن ئەۋرىتىنىڭ قان توختىماي ئاقىدىغان جايىغا رەخت ياكى پاختا چىگىپ ياكى پاختا، لاتا تىقىپ ئاندىن ناماز ئوقۇسۇن، (يەنە ھەيز كۈنلىرىنىڭ مىقدارى كەلسە، تەرك ئېتىپ تۇرسۇن، بۇ ھەدىس توختىماي قان ئاقىدىغان خۇن كېسەللىگە دېيىلگەن). ئەبۇ داۋۇد 240 ـ ھەدىس، نەسەئى 351 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە، ئەھمەد، دارىملار توپلىغان، سەھىھ.

**5077** ( صحيح ) لزوال الدنيا أهون على الله من قتل رجل مسلم( ت ن ) عن ابن عمر

5077. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە پۈتۈن دۇنيانىڭ زاۋال تېپىپ، يوقىلىشى، ئاللاھتائالاغا بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىنمۇ ھاقارەتلىك، ئاسان ئىشتۇر(يەنى مۆئمىن كىشى پۈتۈن دۇنيادىن ئۇلۇغ، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، دۇنيانىڭ زاۋاللىقىدىن قاتتىق ئېغىردۇر). تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

سەيىيد قۇتۇپ رەھمەھۇللاھ، بىر نەپەر مۆئمىن ئاللاھقا پۈتۈن دۇنيادىن مۇھىم، قىممەتلىكتۇر دېگەن .

**5078** ( صحيح ) لزوال الدنيا أهون على الله من قتل مؤمن بغير حق ( ه ) عن البراء

5078. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ دۇنيانىڭ زاۋال تېپىپ يوقىلىشى، ئاللاھقا بىر مۆئمىننىڭ ھەقسىز، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن يەڭگىل، ئاساندۇر، يەنى، مۆئمىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن دۇنيانىڭ زاۋاللىقى، ھاقارەتلىك، يەڭگىلرەكتۇر. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5079** ( صحيح ) لست أنا حملتكم و لكن الله حملكم و إني و الله إن شاء الله لا أحلف على يمين فأرى غيرها خيرا منها إلا أتيت الذي هو خير و تحللتها ( خ ) عن أبي موسى

5079. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مىنىدىغان تۆگە سوراپ باردۇق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ سىلەرگە بەرگىدەك تۆگەم يوق، مەن سىلىنى بۇ جەڭگە ئېلىپ چىقالمايمەن دېدى، كېيىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە غەنىيمەت تۆگىلىرى كەلدى، بىزگە ئۈ تۆگىدىن بەشنى بەردى، بىز ، بىزگە بۇ ئىشىمىزدا بەرىكەت بېرىلمەيدۇ دېيىشىپ ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىپ سورىدۇق، بىز سىلىدىن تۆگە سورىغاندا قەسەم قىلغان ئىدىلە، ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ؟ دېدۇق، ئاندىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە: سىلەر جەڭگە چىقىدىغان بۇ ئۇلاغقا مەن مىندۈرۈپ ئېلىۋالمىدىم، ئاللاھ ئېلىۋالدى، بۇنى سىلەرگە ئاللاھ بەردى، ھەقىقەتەن مەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئاللاھ خالىسا بىرەر قەسەم قىلىدىغان ئىشقا قەسەم قىلسام، ئاندىن ئۇنىڭدىن باشقا ئىشنى ياخشى دەپ قارىسام، ياخشى بولغان شۇ ئىشنى، قەسىمىمنى بۇزۇپ قىلىۋېرىمەن، قەسەمگە بولسا، كاپارەت بېرىمەن دېگەن . بۇ ھەدىسنى ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، توخۇ گۆشىنى يېمەيمەن دەپ قەسەم قىلغان كىشىگە سۆزلەپ بېرىپ، سەن توخۇ گۆشىنى يەۋەرگىن، قەسىمىڭگە بولسا كاپارەت بەرگىن دېگەن ئىدى. بۇخارى 2900 ـ ھەدىس، مۇسلىم 3110 ـ ھەدىس، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**5080** ( صحيح ) لست من الدنيا و ليست مني إني بعثت و الساعة نستبق( الضياء ) عن أنس

5080. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن بۇ دۇنيادىن ئەمەس، بۇ دۇنيامۇ مەندىن ئەمەس، مەن بۇ دۇنيانىڭ ئەمەس، بۇ دۇنيامۇ مېنىڭ ئەمەس، ھەقىقەتەن مەن قىيامەت بىلەن بىللە ئەۋەتىلدىم، بىز مۇسابىقە قىلىشىمىز، يەنى مەن قىيامەت ئالدىدىلا ئەۋەتىلدىم، مەن كېلىپ ئۇزۇن قالماي قىيامەت كېلىدۇ. زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**5081** ( صحيح ) لصوت أبي طلحة في الجيش خير من ألف رجل ( ك ) عن جابر

5081. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: ئەلۋەتتە ئەبۇ تەلھەنىڭ قوشۇن ئىچىدىكى باشقىلارنى غەيرەتكە كەلتۈرىدىغان ئاۋازى 1000 ئەردىن ياخشىدۇر. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. مەقسەت : قوشۇن ئىچىدە شۇنداق غەيرەتلىك ھەم باشقىلارنى غەيرەتلىك قىلىدىغان گەپ ـ سۆز قىلىپ تۇرىدىغان باتۇر كىشى بولۇشى لازىم.

**5082 ( صحيح ) لصوت أبي طلحة في الجيش خير من فئة ( حم ك ) عن أنس**

5082. بۇ ھەدىسنى ھاكىم بىلەن ئەھمەد، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان بولۇپ، مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش، ئەبۇ تەلھەنىڭ ئاۋازى بىر توپ جامائەتتىن ياخشىدۇر، سەھىھ.

**لعلك آذاك هوامك ؟ احلق رأسك و صم ثلاثة أيام و أطعم ستة مساكين أو أنسك شاة (ق د) عن كعب بن عجرة**

5083. كەئبى ئىبنى ئۇجرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەج قىلىش جەريانىدا بېشىغا پىتتەك نەرسىلەر كۆپىيىپ ئازار بېرىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى كۆرۈپ، ساڭا ھايۋانلىرىڭ يەنى ھاشارەتلەر، سىركىلەر ئازار بېرىۋاتامدۇ؟ سەن چېچىڭنى چۈشۈرۈۋېتىپ ئۈچ كۈن روزا تۇت، ياكى ئالتە مىسكىنگە بىر ۋاق تاماق بەرگىن، ياكى قادىر بولالىساڭ، بىر قوي ئۆلتۈرۈپ چېچىڭنى چۈشۈرگەنىنىڭ فىدىيىسىنى بەرگىن دېدى، (بۇ ئېھرامدا تۇرۇپ، ئۆززە سەۋەب بىلەن چاچ چۈشۈرۈشنىڭ فىدىيە، كاپارىتى ئىدى). بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**5084 ( صحيح ) لعلك ترزق به ( ت ك ) عن أنس**

584. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا ئىككى قېرىنداش كىشى بار بولۇپ، بىرسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئىلىم ئالاتتى، يەنە بىرسى كەسىپ قىلاتتى، كەسىپ قىلىدىغىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قېرىندىشى توغرىسىدا ئەرز قىلىپ شىكايەت قىلدى، (يەنى مەن يالغۇز جاپا تارتىمەن، ئۇ بىكار ئولتۇرۇپ يەيدۇ دېگەندەك ) ئاندىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە: سەن ئاشۇ ئىلىم ئېلىۋاتقان قېرىندىشىڭنىڭ سەۋەبىدىن رىزىققا ئېرىشىسەن، ساڭا شۇ سەۋەبىدىن رىزىق بېرىلىشى مۇمكىن دېگەن . تىرمىزى 2267 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. كەسىپ قىلغۇچىنىڭ رىزقىنى ئىلىم ئالغۇچى تالىپ ئوقۇغۇچى يېۋالماستىن، بەلكى، شۇ تالىپ سەۋەبىدىن كەسىپدارغا رىزىق بېرىلگەن، ئى قېرىنداشلار! ئوقۇغۇچى تالىپلارغا بەس قىلماڭلار.

**لعلك تريدين أن ترجعي إلى رفاعة ؟ لا حتى تذوقي عسيلته و يذوق عسيلتك ( ق ن ) عن عائشة**

5085. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رۇپائەنىڭ ئايالى ئۈچ تالاق قىلىنىپ، ئاندىن ئىددىتى توشقاندا باشقا ئەرگە تېگىپ، تېخى جىنسى مۇناسىۋەت قىلماي تۇرۇپلا بىرىنچى ئېرىگە قايتىش توغرىسىدا سوئال سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: سەن ئېرىڭ رۇپائەگە قايتىشنى مەقسەت قىلغان بولۇشۇڭ مۇمكىن، شۇنداققۇ؟ ياق! ھەرگىز دۇرۇس ئەمەس، سەن ئۇنىڭ ھەسەلچىكىنى، ئۇ سېنىڭ ھەسەلچىكىڭنى تېتىمىغۇچە يەنى ھەقىقىي جىنسى مۇناسىۋەت قىلىپ، لەززەت ئېلىشمىغۇچە (سېنىڭ بۇ ئىككىنچى ئەردىن ئىددىتىڭ توشمىغۇچە) سېنىڭ بىرىنچى ئېرىڭگە قايتىشىڭ قەتئىي ھالال ئەمەس دېگەن . بەيھەقى، نەسەئى، مۇسلىملار توپلىغان، سەھىھ. مانا بۇ ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئەھكامى بولۇپ، ئۇ بىرىنچى ئېرىدىن ئىددىتى توشقاندا، ئالدىن دېيىشىۋالماي ، ھىيلە ـ مىكىر

ئىشلەتمەي، تەبىئىيلا ئىككىنچى ئەرگە تەگسە، ئاندىن ھەقىقىي جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشسا، ئاندىن بۇ ئەر ئۆزى خالاپ قويۇپ بەرسە، ياكى ئۆلۈپ كەتسە، ئاندىن ئىددىتى توشسا، ئاندىن بىرىنچى ئېرىگە يېڭى تويلۇق مېھرى ، يېڭى نىكاھ بىلەن قايتىسا بولىدۇ. لېكىن، بۇ تەبىئىيلا ئۆزلۈكىدىن بولىدۇ، ئالدىن كېلىشىۋېلىشقا بولمايدۇ.

ھالال قىلىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىپ، نىكاھىغا ئالغان كىشىنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارىيەت بېرىلگەن قوچقار دېگەن . ھەم ئاللاھ لەنەت قىلدى، رەھمىتىدىن يىراق قىلدى دېگەن ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئۇ كىشىنىڭ ئىرادىسى، نىيىتى، مەقسىتى بويىچە ھالال قىلىپ بەرگۈچى، ھالال قىلىنغۇچى دەپ ئاتىغان، ئەمەلىيەتتە بۇ دۇرۇس، ھالال دېگەن بولمايدۇ، چۈنكى، ئۇ ھىيلە ـ مىكىر قىلىشقاندۇر، ھەقىقىتى، سەممىيىتى يوقتۇر، ھەقىقى، راست، سەممىي بولسا، تەبىئىي بولسا، ئالدىن كېلىشىۋالمىسا دۇرۇس. بۇ، ئاللاھنىڭ بىزگە قىلغان رەھمىتىدۇر.

**5086** ( صحيح ) لعلكم ستدركون أقواما يصلون الصلاة لغير وقتها فإن أدركتموهم فصلوا الصلاة لوقتها و صلوا معهم و اجعلوها سبحة ( حم ن ه ) عن ابن مسعود

5086. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر نامازنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ باشقا ۋاقىتتا ئوقۇيدىغان كىشىلەرنى يەنى باشلىقلارنى، ئىماملارنى تېپىشقىلار مۇمكىن، ئەگەر شۇنداق كىشىلەرنى تاپساڭلار، نامازنى ئۆز ۋاقتىدا بۇرۇن ئوقۇۋېرىڭلار، ئۇلار بىلەنمۇ بىللە ناماز ئوقۇپ ئۇنى نەپلە قىلىڭلار. ئەھمەد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5087** ( صحيح ) لعله تنفعه شفاعتي يوم القيامة فيجعل في ضحضاح من النار يبلغ كعبيه يغلي منه أم دماغه – يعني أبا طالب – ( حم ق ) عن أبي سعيد

5087. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئەبۇ تالىپ دېگەن تاغىسى توغرىلىق سورالغاندا، مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا مېنىڭ شاپائىتىم مەنپەئەت قىلىشى مۇمكىن، ئاندىن ئۇ دوۋزاخنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى يۈزىدە قىلىنىدۇ، دوۋزاخ ئوتى ئۇنىڭ ئىككى ئوشۇقىغىچە يېتىدۇ، شۇ ئوتنىڭ قىزىقلىقىدىن ئۇنىڭ مېڭىسى ، دىمىغى قاينايدۇ، (مېنىڭ شاپائىتىم بولمىغان بولسا ئۇ دوۋزاخنىڭ تېگىگە چۆشەتتى). ئەھمەد ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5088** ( صحيح ) لعله يخفف عنهما ما لم ييبسا ( ق ) عن ابن عباس

5088. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قەبرىگە خورمىنىڭ تايىقىنى ئوشتۇپ، سۇندۇرۇپ ئىككى قىلىپ ئۈستىگە سانجىپ قويۇپ، مۇنداق دېگەن: بۇ ئىككى تاياق قۇرۇپ قالمىسلا ئۇلاردىن ئازاب يەڭگىللىشى مۇمكىن دېدى، يەنە بىر خاتىرىدە مېنىڭ شاپائىتىم بىلەن دېگەن . بەيھەقى قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، ساھابىلار، تابىئىنلار بۇ ئىشنى قىلمىدى، ئۇلار ھايات چاغقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆلگەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەن ئىشلاردىن باشقا بارلىق ئەمەللەر ئۈزۈلىدۇ دېدى، شۇنداقلا ھازىرقىدەك قەبرە بېشىدا قۇرئان ئوقۇمىدى، قۇرئان تامامىمۇ قىلمىدى، چۈنكى، ساھابىلار دەۋرىدە قۇرئان كەڭ تارقالمىدى، ئۇنى پەقەت خەلىپە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەڭ تارقاتتى، شۇ چاغقىچە ھېچبىر ئائىلىدە، يۇرتلاردا 30 پارە قۇرئان يوق

ئىدى، ئۇلار نېمىنى ئوقۇيدۇ؟ ئۇلار توپلىشىپ، يىغلىشىپ قۇرئان ئوقۇمىغان، ئوقۇسا مەسجىددە ئوقۇيتتى، خالىس ساۋابقا، ئەجرىگە ئوقۇيتتى، دىنىنى كەسىپ قىلىپ، جان باقمايتتى، چۈنكى، سەھىھ ھەدىسدە قۇرئان ئوقۇغاننىڭ بەدىلىگە نەرسە يېمەڭلار دېيىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي، ئىمام ئەھمەد قاتارلىق بىر نەچچە ئالىملار رەھمەھۇللاھلار قەبرە بېشىدا قۇرئان ئوقۇش، تامام قىلىش قاتتىق بىدئەت، بۇ ئىسلام دىنىنى مەسخىرە قىلغانلىق دېدى، ئىمام ئەلبانىنىڭ، شەيخ ئۇسەيمىنىنىڭ كىتابلىرىدىن، ئىسلام پېشۋاسى ئىبنى تەيمىيە كىتابلىرىدىن كۆرۈڭ، يەنىلا سەھىھ ھەدىسلەرنى كۆرۈڭ، ساھابىلار، تابىئىنلارنى كۆرۈڭ، سىز ئالىممۇ؟ ساھابە، تابىئىنلارمۇ؟ بۇ ھەدىسنىڭ دەلىلىنى ۋە باشقا ھەدىسلەرنى ھەتتا قۇرئان ئايىتىنى، ساھابە، تابىئىنلاردەك چۈشىنىڭ، ئۇنداق بولمايدىكەن، زور خاتالىشىسىز، بىزنىڭ يېتەكچىمىز ئاللاھ، قۇرئان، سەھىھ ھەدىسلەر، ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار، تابىئىن رەھمەھۇللاھلار، ئەھلى سۈننىي ۋەلجامائە، سەلەف، سالىھ ياخشى كىشىلەردۇر، ئۇندىن باشقىسى بىدئەت، زالالەتتۇر.بۇ مەسىلىنى سەييىد قۇتۇپ رەھ فىزىلال قۇرئاننىڭ 53ـ سۈرە نەجمىنىڭ 39ـ ئايەت «ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ» . دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىردە تەپسىلى سۆزلىگەن ،بالا ئاتا ئانىنىڭ كەسپىدىن بولغاچقا سەدىقىسىنىڭ ساۋابى ئاتا ـ ئانىسىغا يېتىدۇ ، باشقىلارنىڭ يەتمەيدۇ، مېيىتكە بولغان قۇرئان تىلاۋەتكە ھېچ بىر دەلىل ئىسپات يوق ، ئايەت ، سەھىھ ھەدىس ، سەلەفلەردىن ئەسەر يوق دېگەن ...........

**5089** ( صحيح ) لعن الله آكل الربا و موكله و شاهده و كاتبه ( حم د ت ه ) عن ابن مسعود

5089. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا جازانە، ئۆسۈم يېگۈچىگە، ۋەكىل بولۇپ بەرگۈچىگە، گۇۋاھچى، كاتىپ بولغۇچىلارغا لەنەت قىلدى، رەھمىتىدىن يىراق قىلدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5090** ( صحيح ) لعن الله آكل الربا و موكله و شاهديه و كاتبه هم فيه سواء( حم م ) عن جابر

5090. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا جازانە، ئۆسۈم يېگۈچىگە، ۋەكىل بولغۇچىغا، ئىككى گۇۋاھچىغا، كاتىپقا لەنەت قىلدى، ئۇلار ھەممىسى جازانىنىڭ گۇناھىدا، باراۋەردە ئوخشاشتۇر. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. تېپىشتۇرغۇچىمۇ ۋە باشقىلارمۇ ئوخشاشتۇر.

**5091** ( صحيح ) لعن الله الخمر و شاربها و ساقيها و بائعها و مبتاعها و عاصرها و معتصرها و حاملها و المحمولة إليه و آكل ثمنها( د ك ) عن ابن عمر

5091. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ھاراق ئىچكۈچىگە، ئۇنى قويۇپ بەرگۈچى ساقىغا، ساتقۇچى، سېتىۋالغۇچىغا، سىقىپ چىقىرىپ، ئىشلىگۈچىگە ۋە ئۇنى ئىشلەتكۈچى، مال زاكاس قىلغۇچىغا، ئۇنى كۆتۈرگۈچى ئىشچىغا، ئاپىرىپ بېرىلگەن دۇكاندارغا، ھاراقنىڭ پۇلىنى يېگۈچىگە قاتتىق لەنەت قىلدى، (بۇلارمۇ گۇناھدا باراۋەر، ئوخشاشتۇر). ئەبۇ داۋۇد، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ.

لعن الله الخامشة وجهها و الشاقة جيبها و الداعية بالويل و الثبور( ه حب ) عن أبي أمامة

5092. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا، مۇسىبەت يەتكەندە يۈزىنى تاتىلاپ، جاراھەت، ياردار قىلغان كىشىگە، ياقىلىرىنى يىرتىپ، سەتلەشكەن ئايالغا، ۋايجان! ۋاييەي دەپ ھالاكەت بىلەن دۇئا قىلغان ئايال كىشىگە لەنەت قىلدى، (شۇنداق قىلغان ئەرلەرمۇ لەنەت قىلىنغان). ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

5093 ( صحيح ) لعن الله الراشي و المرتشي في الحكم( حم ت ك ) عن أبي هريرة

5093. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا، ھۆكۈم قىلغاندا، پار بەرگۈچى، پار ئالغۇچى ھەر ئىككى كىشىگە لەنەت قىلدى. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئۇندىن باشقا ناھەق، باتىل ئىشلارغا پار بەرگۈچىمۇ لەنەت قىلىنىدۇ، ھەتتا مۇتلەق پار بەرگۈچى، پار ئالغۇچى دوۋزاختا بولىدۇ دېگەن ھەدىس بار، لېكىن، زۇرۇرىيەت جەھەتىدىن جان ساقلاشتا، باللارنى قۇتقۇزۇشتا، تۈرمىدىن مەھبۇس ئالىملارنى دىنى رەھبەرلەرنى قۇتقۇزۇشتا باشقا دۆلەتلەرگە چىقىپ جىھاد قىلىشتا پار بەرسە بۇ دۇرۇس بولىدۇ، دەلىل، بىر ساھابە، كاپىرلارغا بارلىق ماللىرىنى بېرىپ، ھىجرەت قىلغان ئىدى، يەنە بار!...

5094 ( صحيح ) لعن الله الربا و آكله و موكله و كاتبه و شاهده و هم يعلمون و الواصلة و المستوصلة و الواشمة و المستوشمة و النامصة و المتنمصة ( طب ) عن ابن مسعود

5094. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا جازانە، ئۆسۈم يېگۈچىگە، جازانىگە ۋەكىل، كاتىپ، گۇۋاھچى بولغۇچىلارغا بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلغۇچىلارغا، چاچ ئۇلاتقۇچى ھەم ئۇلاپ قويغۇچىغا، مەڭ ئويدۇرغۇچى ھەم مەڭ ئويغۇچىغا، يۈزىدىن، قېشىدىن كىرپىك تۈكلىرىنى يۇلغۇچى ھەم يۇلۇپ قويغۇچىغا، گۈزەللىك ئۈچۈن چىش ئارىلىقلىرىنى ئايرىپ، يىراقلاشتۇرۇپ، چىش قاپلاتقۇچىلارغا لەنەت قىلدى. مۇسلىم 3966 ـ ھەدىس، بۇخارى، تەبرانى ۋە باشقا ھەدىس كىتابلىرى توپلىغان، سەھىھ.

5095 ( صحيح ) لعن الله الرجل يلبس لبسة المرأة و المرأة تلبس لبسة الرجل( د ك ) عن أبي هريرة

5095. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللارنىڭ كىيىمىدەك كىيىم كىيىۋالغان ئەرگە، ئەرلەرنىڭ كىيىمىدەك كىيىم كىيىۋالغان ئايالغا ئاللاھتائالا لەنەت قىلدى. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. كىيىمنىڭ پاسونىغا دىققەت قىلىڭ.

5096 ( صحيح ) لعن الله الرجلة من النساء ( د ) عن عائشة

5096. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەيئەت تۇرقىدا كىيىم ـ كېچەك پاسونىدا ئەرلەرگە ئوخشىۋالغۇچى ئاياللارغا، ئاللاھتائالا لەنەت قىلدى، رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، (بىر خاتىرىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم لەنەت قىلدى دېيىلگەن). ئەبۇ داۋۇد 3576 ـ ھەدىس، سەھىھ.

لعن الله السارق يسرق البيضة فتقطع يده و يسرق الحبل فتقطع يده ( حم ق ن ه ) عن أبي هريرة

5097. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا، تۇخۇم ئوغرىلايدىغان ئوغرىغا لەنەت قىلدى، (ئەگەر ئۇلچەمگە يەتسە) ئۇنىڭ قولى كېسىلىدۇ، ئارغامچا ئوغرىلايدىغان ئوغرىغىمۇ لەنەت قىلدى، ئۇنىڭمۇ قولى كېسىلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

لعن الله العقرب ما تدع المصلي و غير المصلي اقتلوها في الحل و الحرم ( ه ) عن عائشة

5098. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا چايانغا لەنەت قىلدى، ئۇ ناماز ئوقۇغىنىنىمۇ ۋە ناماز ئوقۇمايدىغان كىشىنىمۇ قويماي، ئايرىماي چاقىدۇ، چايانىنى ھەرەمدە، ئىهرامدا بولساڭلارمۇ، ھەرەمنىڭ سىرتىدا بولساڭلارمۇ ئۆلتۈرۈڭلار. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

5099 ( صحيح ) لعن الله العقرب ما تدع نبيا و لا غيره إلا لدغتهم( هب ) عن علي

5099. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا چايانغا لەنەت قىلدى، ئۇ پەيغەمبەرنىمۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبەر ئەمەس كىشىلەرنىمۇ قالدۇرماي، ئايرىماي چېقىۋېرىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

لعن الله المتشبهات من النساء بالرجال و المتشبهين من الرجال بالنساء( حم د ت ه ) عن ابن عباس

5100. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئەرلەرگە ئوخشىۋالغۇچى ئاياللارغا، ئاياللارغا ئوخشىۋالغۇچى ئەرلەرگە لەنەت قىلدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

5101 ( صحيح ) لعن الله المحلل و المحلل له( حم 3 ) عن علي ( ت ن ) عن ابن مسعود ( ت ) عن جابر

5101. ئەلى، ئىبنى مەسئۇد، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا، ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالنى ھالال قىلىپ بەرگۈچى ئەرگە ۋە ھالال قىلىنغان كىشىگە لەنەت قىلدى، رەھمىتىدىن يىراق قىلدى. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. بىز بۇنى يۇقىرىدا چۈشەندۈرگەن ھەدىسنىڭ لەۋزى مۇتلەق بولۇپ، ھارامنى ھالال قىلغۇچى كىشىگە ۋە ھالال قىلىنغان كىشىگە لەنەت قىلدى دېگەنمۇ بولىدۇ.

5102 ( صحيح ) لعن الله المختفي و المختفية ( هق ) عن عائشة

5102. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا؛ قەبرىنى تېشىپ، كېپەن ئوغرىلىغۇچى ئەرگە ۋە شۇنداق ئايالغا لەنەت قىلدى. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. مالىكنىڭ مۇئەتتاسىنىڭ 50 - ھەدىستە بۇ كىشىلەرگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم لەنەت قىلدى دېيىلگەن، ئەلۋەتتە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم لەنەت قىلسا، ئاللاھمۇ لەنەت قىلىدۇ، ھەدىسنىڭ يەنە بىر مەنىسى، جىنايەتتىن قورقۇپ، يوشۇرۇنىۋالغۇچى ئەر - ئايال بولىدۇ، لېكىن، توغرىسى ئىمام مالىك دېگەندەك، كېپەن ئوغرىسىدۇر.

5103 ( صحيح ) لعن الله المخنثين من الرجال و المترجلات من النساء ( خد ت ) عن ابن عباس

5103. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئاياللارغا ئوخشىۋالغۇچى، خۇناسا ئەرلەرگە ۋە ئەرلەرگە ئوخشىۋالغۇچى ئاياللارغا

قاتتىق لەنەت قىلدى. تىرمىزى، بۇخارى ئەدەپ دېگەن كىتابىدا توپلىغان، سەھىھ.

**5104 ( صحيح ) لعن الله الواشمات و المستوشمات و النامصات و المتنمصات و المتفلجات للحسن المغيرات خلق الله ( حم ق 4 ) عن ابن مسعود**

5104. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا، مەڭ ئويغۇچى ۋە ئويدۇرغۇچى ئايالالارغا، قاش ـ كىرپىكلىرىنى يۇزىنىڭ تۈكلىرىنى يۇلغۇچى ۋە يۇلدۇرغۇچى ئايالالارغا، گۈزەللىك ئۈچۈنلا چىشلىرىنى قاپلاتقۇچى، بىر ـ بىرىدىن يىراقلاشتۇرغۇچى ئايالالارغا، چاچ ئۇلىغۇچى، ئۇلاتقۇچىلارغا ئاللاھنىڭ يارىتىشىنى ئۆزگەرتكۈچى ئايالالارغا لەنەت قىلدى. ئەھمەد، مۇسلىم، بەيھەقى 4 كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**لعن الله الواصلة و المستوصلة و الواشمة و المستوشمة ( حم ق 4 ) عن ابن عمر**

5105. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان، يۇقىرىقىسىغا ئوخشاش.

**5106 ( صحيح ) لعن الله اليهود اتخذوا قبور أنبيائهم مساجد ( ن ) عن أبي هريرة**

5106. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلدى، چۈنكى، ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ قەبرىلىرىنى مەسجىد قىلىۋالدى. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس 5108 ـ ھەدىس بىلەن ئوخشاش.

**5107 ( صحيح ) لعن الله اليهود إن الله حرم عليهم الشحوم فباعوها و أكلوا ثمنها و إن الله إذا حرم على قوم أكل شيء حرم عليهم ثمنه ( حم د ) عن ابن عباس**

5107. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلدى، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئۇلارغا ياغنى ھارام قىلغان، ئۇلار ئۇنى سېتىپ، پۇلىنى يەپ كەتتى، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بىر قەۋمگە ، بىرەر نەرسىنى يېيىشنى ھارام قىلغان بولسا، ئۇلارغا ئۇ ھارام نەرسىنىڭ پۇلىنى يېيىشنىمۇ ھارام قىلدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. مەسىلەن: توڭگۇز، مۇشۇك، ئىت ھارام، پۇلىمۇ ھارام، ھاراق، زىنا ھارام، پۇلىمۇ ھارام. لېكىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېشەكنىڭ پۇلىنى مەخسۇس ھالال قىلىپ بەرگەن، يەنى ئۇنى تىرىك ساتسا، پۇلى ھالال، ئۆلۈك ھالەتتە ساتسا ياكى گۆشىنى ساتسا، ياكى گۆشىنى يېسە ھارام.

**5108 ( صحيح ) لعن الله اليهود و النصارى اتخذوا قبور أنبيائهم مساجد ( حم ) عن أسامة بن زيد ( حم ق ن ) عن عائشة وابن عباس معا ( م ) عن أبي هريرة**

5108. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئۇسامەدىن، بەيھەقى، نەسەئى، ئائىشە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇسلىم، ئەبۇ ھۇرەيرەدىن توپلىغان بولۇپ، 5106 ـ ھەدىسكە ئوخشاش، سەھىھ، بۇ ھەدىسدىن مەسجىدنى قەبرىستانلىققا سېلىش ياكى يېقىن سېلىش دۇرۇس ئەمەس.

**5109 ( صحيح ) لعن الله زوارات القبور ( حم ه ك ) عن حسان بن ثابت ( حم ت ه ) عن أبي هريرة**

5109. ھەسان، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغۇچى ئايالالارغا لەنەت قىلدى. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن ئايالالار قەبرىنى زىيارەت قىلىشتىن چەكلىنىدۇ،

قاتتىق توسۇلىدۇ، چۈنكى سەۋرىسى يوق.

**5110 ( صحيح ) لعن الله من يسم في الوجه ( طب ) عن ابن عباس**

5110. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ھايۋانىنىڭ يۈزىگە ئوتتا داغلاپ بەلگە سالغان كىشىگە لەنەت قىلدى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5111 ( حسن ) لعن الله من سب أصحابي ( طب ) عن ابن عمر**

5111. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا، مېنىڭ ساھابىلىرىمنى تىللاپ، ئەيىبلىگەن كىشىگە لەنەت قىلدى. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**5112 ( صحيح ) لعن الله من لعن والديه و لعن الله من ذبح لغير الله و لعن الله من آوى محدثا و لعن الله من غير منار الأرض ( حم م ن ) عن علي**

5112. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا، ئاتا ـ ئانىسىغا لەنەت قىلغان كىشىگە لەنەت قىلدى، ئاللاھتائالانىڭ غەيرىگە مال بوغۇزلىغان كىشىگە ئاللاھ لەنەت قىلدۇ، بىدئەتچىگە ئورۇن، جاي بەرسە، ئورۇنلاشتۇرغۇچىغا ئاللاھ لەنەت قىلدۇ، زېمىننىڭ مۇنار، بەلگىلىرىنى ئۆزگەرتكەن كىشىگە ئاللاھ لەنەت قىلدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5113 ( صحيح ) لعن الله من مثل بالحيوان ( حم ق ن ) عن ابن عمر**

5113. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھايۋانىنىڭ ئەزالىرىنى، كۆز ـ قۇلاقلىرىنى، قول ـ پۇتلىرىنى كېسىپ، قىيناپ ئۆلتۈرگەن كىشىگە ئاللاھتائالا لەنەت قىلدۇ. (قارىغا ئېتىش نىشانى قىلىش چەكلىنىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5114 ( صحيح ) لعنة الله على الراشي و المرتشي( حم د ت ه ) عن ابن عمرو**

5114. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پار بەرگۈچى ۋە پار ئالغۇچىغا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولىدۇ، (يەنى ھارامدۇر). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى سەنا توپلىغان، سەھىھ.

**5115 ( صحيح ) لغدوة أو روحة في سبيل الله خير مما تطلع عليه الشمس و تغرب و لقاب قوس في الجنة خير مما تطلع عليه الشمس و تغرب ( خ ) عن أبي هريرة**

5115. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا ئەتىگەندە يا كەچتە جەڭگە بېرىش، ئورۇشقا تەييارلىق قىلىش، ئۆز ئۈستىدىن كۈن چىقىپ كىرگەن بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. جەننەتتىكى ياچاق ئەگمىسچىلىك ئورۇن، ئۈستىدىن كۈن چىقىپ كىرگەن بارلىق نەرسىدىن يەنى پۈتۈن دۇنيادىن ياخشىراقتۇر. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**لغدوة في سبيل الله أو روحة خير من الدنيا و ما فيها و لقاب قوس أحدكم أو موضع قده في الجنة خير من الدنيا و ما فيها و لو اطلعت امرأة من نساء أهل الجنة إلى الأرض لملأت ما بينهما ريحا و لأضاءت ما بينهما و لنصيفها على رأسها خير من الدنيا و ما فيها ( حم ق ت ه ) عن أنس**

5116. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا ئەتىگەندە يا كەچتە ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش، جەڭگە قاتنىشىش، پۈتۈن دۇنيادىن ۋە دۇنيانىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىدىن ياخشىدۇر، ئەلۋەتتە بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى ياچاق ئەگمىسىچىلىك ئورنى پۈتۈن دۇنيادىن، دۇنيانىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر. ئەگەر جەننەت ئەھلىنىڭ ئاياللىرىدىن بىر ئايال زېمىنغا چىقىپ قالسا، ئەلۋەتتە مەشرىق ـ مەغرىب ئارىلىقىنى خۇشپۇراق مىسكىگە تولدۇرۇۋېتىدۇ، مەشرىق ـ مەغرىب ئارىلىقىنى نۇر بىلەن يورىتىۋېتىدۇ، جەننەت ئايالىنىڭ بېشىدىكى رومال، پۈتۈن دۇنيادىن ۋە دۇنيانىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر. ئەھمەد 11984 ـ ھەدىس، بۇخارى 2583 ـ ھەدىس، مۇسلىم 3492 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1575 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەنە ئاشۇ پەزىلەتكە، مۇكاپاتقا، مۇجاھىد، شېھىد ئېرىشىدۇ.

لقد أعجبني أن تكون صلاة المسلمين واحدة حتى لقد هممت أن أبث رجالا في الدور ينادون الناس لحين الصلاة و حتى هممت أن آمر رجالا يقومون على الآطام ينادون المسلمين بحين الصلاة ( د ك ) عن رجل

5117. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مېنى مۇسۇلمانلارنىڭ نامىزىنىڭ بىراقلا بىر ۋاقىتتا ئوقۇلۇشى،قايتىلانماستىن بىر جامائەت بولۇپلا ئوقۇلىشى ئەجەبلەندۈرۈپ خۇرسەن قىلىدۇ، ھەتتا، مەن ئەرلەرنى دىيارلارغا، ئۆيلەرگە ئەۋەتىشنى مەقسەت قىلدىم، ئۇلار ناماز ۋاقتى كەلگەندە، كىشىلەرنى نامازغا چاقىرىپ توۋلىسا، ھەتتا، مەن ئەرلەرنى بۇيرۇسام، ئۇلار قورغان، بىنالار ئۈستىدە ناماز ۋاقتى كەلگەندە مۇسۇلمانلارنى نامازغا توۋلاپ، چاقىرسا، (ئاندىن كېيىن، ئەزان توۋلاش يولغا قويۇلدى). ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

لقد أعذر الله إلى عبد أحياه حتى بلغ ستين أو سبعين سنة لقد أعذر الله إليه ( ك ) عن أبي هريرة

5118. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا، 60 ياشتىن 70 ياشقا يەتكەنگە قەدەر ئۆمۈر بېرىپ ياشاتقان بەندىسىگە تولۇق ئۆزرە ئېيتىپ بولىدۇ، يەنى ھېچقانداق ئۆزرە قويمايدۇ، (ئايەتتىكى مەن سىلەرگە ئۆمەر، پۇرسەت بەرمىدىممۇ؟ دېگەن سوئال شۇدۇر). ھاكىم توپلىغان، بۇ ئۈممەتنىڭ ئۆمرى 60ـ 70 تۇر، سەھىھ.

**5119** ( صحيح ) لقد أمرت بالسواك حتى خفت على أسناني ( طس ) عن ابن عباس

5119. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن مسۋاك سېلىشقا كۆپ قېتىم بۇيرۇلدۇم، ھەتتا، مسۋاكنى كۆپ سالغانلىقىدىن چىشلىرىمدىن ئەنسىرەپ قالدىم. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. مسۋاك سېلىش، رەبتائالانى رازى قىلىدۇ، ئېغىزنى پاك ـ پاكىز قىلىدۇ، تەننى سالامەت قىلىدۇ.

لقد أنزلت علي آية هي أحب إلي من الدنيا جميعا: ( إنا فتحنا لك إلى قوله ( عظيما ) ) ( م )عن أنس

5120. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ماڭا بىر ئايەت نازىل قىلىندى، ئۇ ئايەت ماڭا پۈتۈن دۇنيادىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر، « إنا فتحنا لك دىن عظيما دېگەن يەرگىچە» (سۈرە فەتھى 1ـ ئايەتتىن 5 ـ ئايەتكىچە). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5121** لقد أنزلت علي الليلة سورة لهي أحب إلي مما طلعت عليه الشمس: ( إنا فتحنا لك فتحا مبينا ( حم خ ت ) عن عمر

5121. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: ھەقىقەتەن ماڭا بۇگۈن كېچە بىر سۈرە نازىل قىلىندى، ئەلۋەتتە ئۇ سۈرە ماڭا ئۇستىگە كۈن چىققان نەرسىلەردىن يەنى پۈتۈن دۇنيادىن ياخشىراق ھەم سۆيۈملۈكتۇر. «ئىننافەتەھنا لەكە پەتھەن مۇبىينا» يەنى سۈرە پەتھى (بۇ سۈرىدە فەتھى، غەلىبە مەككىنى ئىشغال قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا غەلىبىلەر، ئىشغال قىلىشلار ئاتا قىلىنغان). ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5122** ( صحيح ) لقد أوتي أبو موسى مزمارا من مزامير آل داود ( حل ) عن أنس

5122. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئەبۇ مۇساغا داۋۇد ئائىلىسىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازلىرىدىن بىر ئاۋاز بېرىلىپتۇ. ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

**5123** ( صحيح ) لقد أوتي أبو موسى من أصوات آل داود ( محمد بن نصر ) عن البراء

5123. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئەبۇ مۇساغا داۋۇد ئائىلىسىنىڭ ئاۋازلىرىدىن بېرىلىپتۇ. ئەھمەد، ئىبنى نەسر توپلىغان، سەھىھ.

لقد أوتي هذا من مزامير آل داود – يعني أبا موسى – ( حم ن ه ) عن أبي هريرة ( ن ) عن عائشة

5124. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ يولىدىن توپلىغان بولۇپ، يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر، سەھىھ. بۇ ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار، قۇرئاننى ئاللاھدىن قورققان ھالدا مۇڭلۇق ئوقۇيتتى.

لقد أوذيت في الله و ما يؤذى أحد و أخفت في الله و ما يخاف أحد و لقد أتت علي ثلاثون من بين يوم و ليلة و ما لي و لبلال طعام يأكله ذو كبد إلا شيء يواريه إبط بلال( حم ت ه حب ) عن أنس

5125. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ئاللاھ يولىدا كۆپ ئەزىيەتكە ئۇچرىدىم، ھېچ بىر كىشى ئۇنداق ئەزىيەتكە ئۇچراپ باقمىغان، ئاللاھ يولىدا كۆپ ئەنسىرىدىم، ھېچ كىشى ئۇنداق ئەنسىرەپ باقمىغان، ھەقىقەتەن ماڭا بىر كېچە ـ كۈندۈز ئىچىدە 30 قېتىم ئەزىيەت، ئازار يەتتى. بىلال بىلەن ئىككىمىزگە جىگەر ئىگىسى، ھاياتلىق ئىگىسى، يېگۈدەك نەرسە يوق ئىدى، پەقەت بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قولتۇقىدا يوشۇرۇپ، مەخپىي ئېلىپ كەلگەن نەرسىلا بار ئىدى، شۇنىلا يەيتتۇق. ئەھمەد 13543 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2396 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**5126** ( صحيح ) لقد أوصاني جبريل بالجار حتى ظننت أنه يورثه ( طس ) عن زيد بن ثابت

5126. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن، جىبرىئىل ماڭا خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى كۆپ ۋەسىيەت قىلىپ كەتتى، ھەتتا مەن خوشنىلارنى قوشنىسىغا ۋارىس قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ دەپ گۇمان قىلىپ قالدىم. تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

**5127** ( صحيح ) لقد تاب توبة لو تابها أهل المدينة لقبل منهم( د ت ) عن وائل

5127. ۋائىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: ھەقىقەتەن ئۇ مائىز شۇنداق بىر تەۋبە قىلدىكى، ئەگەر مەدىنە ئەھلى شۇنداق تەۋبە قىلغان بولسا، ئەلۋەتتە ھەممىسىدىن قوبۇل قىلىناتتى، (بۇ كىشى ئۆزىنى رەجىم قىلدۇرغان). ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5128** ( صحيح ) لقد تابت توبة لو قسمت بين سبعين من أهل المدينة لوسعتهم و هل وجدت توبة أفضل من أن جادت بنفسها لله ( حم م د ن ) عن عمران بن حصين

5128. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بۇ ئايال شۇنداق سەممىي تەۋبە قىلدىكى، ئەگەر ئۇنىڭ تەۋبىسى مەدىنە ئەھلىدىن 70 كىشىگە تەقسىم قىلىنسا، كەڭرى يېتىپ، ئېشىپ قالاتتى، سەن ئاللاھتائالا ئۈچۈن جېنىنى سېخىيلىق بىلەن تاپشۇرغان كىشىنىڭ تەۋبىسىدىنمۇ ئەۋزەل تەۋبىنى تاپالامسەن؟ (بۇ ھەدىسنى بىر ئايال ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، رەجىم قىلىنغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز چۈشۈرىدۇ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى توسماقچى بولغاندا دېگەن بولۇپ، بۇ زىناخورنىڭ تەۋبىسى ئىدى). مۇسلىم 3209 ـ ھەدىس، تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەدلەر توپلىغان، سەھىھ.

**5129** ( صحيح ) لقد تحجرت واسعا ( ن ) عن أبي هريرة

5129. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىددە نامازغا تۇردى، بىزمۇ بىللە ناماز ئوقۇدۇق، ئاندىن بىر ئەئرابى كىشى مۇنداق دۇئا قىلدى، ئى ئاللاھ، پەقەت مەن بىلەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە رەھىم قىلسىلا، باشقىلارغا رەھىم قىلمىسىلا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى ئاڭلاپ، ئەئرابىغا: سەن ئاللاھتائالانىڭ ناھايىتى كەڭرى رەھمىتىنى تار قىلىۋەتتىڭ، يەنى تار قىلىپ سورىدىڭ، (پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن سورىغىن) دېگەن . نەسەئى 1201 ـ ھەدىس، تىرمىزى 137 ـ ھەدىس، سەھىھ.

لقد حظرت رحمة الله واسعة إن الله تعالى خلق مائة رحمة فأنزل رحمة يتعاطف بها الخلائق جنها و إنسها و بهائمها و عنده تسعة و تسعون أتقولون: هو أضل أم بعيره ؟ ( حم د ك ) عن جندب

5130. جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئەئرابى كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇدى، ئاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇنىڭ تۆگىسىنى يېشىپ، مىندۈرۈپ قويىسا، ئۇ، ئى ئاللاھ: مەن بىلەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە رەھمەت قىلسىلا، باشقىلارنى شېرىك قىلمىسىلا دەپ دۇئا قىلدى، ئاندىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، سەن كەڭرى رەھمەتنى تار قىلىۋەتتىن، شەخسىيەتچىلىك قىلدىڭ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى كەڭرىدۇر، ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا 100 رەھمەت يارىتىپ، بىر رەھمەتنى بۇ دۇنياغا چۈشۈردى، شۇ بىر رەھمەت بىلەن پۈتۈن خالايىق ئىنسان، جىنلار، ھايۋانلارمۇ بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈپ، رەھىيم قىلىشىدۇ، 99 رەھمەت، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا، رەھمەتكە لايىق بولىدىغانلار ئۈچۈن ئېلىپ قويۇلغان، ئى ساھابىلىرىم، سىلەر ئۇ كىشىنى ئازغۇنراق دەپ قارامسىلەر، ياكى تۆگىسىنىمۇ؟ دېگەن . ئەھمەد 18046 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4241 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

لقد دنت مني الجنة حتى لو اجترأت عليها لجئتكم بقطاف من قطافها و دنت مني النار حتى قلت: أي رب ! و أنا فيهم ؟ و رأيت امرأة تخدشها هرة لها فقلت: ما شأن هذه ؟ قال: حبستها حتى ماتت جوعا لا هي أطعمتها و لا هي أرسلتها تأكل من خشاش الأرض ( حم ہ ) عن أسماءبنت أبي بكر

5131. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد بىلەن ئىبنى ماجە ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان بولۇپ، مەزمۇنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە جەننەت، دوۋزاخ يېقىن قىلىنىپ كۆرسىتىلگەن بولۇپ، مۇشۇك تۇغرىسىدا ئازابلانغان ئايالنى كۆرگەن، بۇ ھەدىسنى بۇخارى توپلىغان، مۇشۇ كىتابنىڭ 4371 ـ ھەدىسى بىلەن ئوخشاش، سەھىھ.

لقد رأيت الآن منذ صليت لكم: الجنة و النار ممثلتين في قبلة هذا الجدار فلم أر كاليوم في الخيرو الشر ( خ ) عن أنس

5132. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ھازىر سىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەرگەنىدىن باشلاپ، مۇشۇ تامنىڭ تەرىپىدە جەننەت، دوۋزاخنىڭ سۈرىتىنى كۆردۈم، ماڭا ئوچۇق سۈرەتلەنىدى، ياخشىلىق ۋە يامانلىق تۇغرىسىدا بۈگۈنكىدەك كۈننى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنىڭ ئىزاھاتى، يۇقىرىدا، كۆپ ئۆتتى، تەپسىلىي سۆزلىگەن، جەننەت، دوۋزاخنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنىمۇ سۆزلىگەن.

**5133** ( حسن ) لقد رأيت الملائكة تغسل حمزة( ابن سعد ) عن الحسن مرسلا

5133. ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن پەرىشتىلەرنىڭ ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئىبنى سەئىد توپلىغان، ھەسەن، ئۇ ،ئۇھۇد كۈنى شېھىد قىلىنغان.

لقد رأيت رجلا يتقلب في الجنة في شجرة قطعها من ظهر الطريق كانت تؤذي الناس ( م ) عن أبي هريرة

5134. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بىر كىشىنىڭ يول ئۈستىدىكى كىشىلەرگە ئازار بېرىدىغان ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان بىر تۈپ دەرەخنى كېسىۋېتىپ، ياخشىلىق قىلغانلىقى سەۋەبىدىن جەننەتتە ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۆتكىلىپ يۈرگىنىنى كۆردۈم. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

لقد رأيتني في الحجر و قريش تسألني عن مسراي فسألتني عن أشياء من بيت المقدس لم أثبتها فكربت كربا ما كربت مثله قط فرفعه الله لي أنظر إليه ما يسألوني عن شيء إلا أنبأتهم به و قد رأيتني في جماعة من الأنبياء فإذا موسى قائم يصلي فإذا رجل جعد ضرب كأنه من رجال شنوءة و إذا عيسى ابن مريم قائم يصلي أقرب الناس به شبها عروة ابن مسعود الثقفي و إذا إبراهيم قائم يصلي أشبه الناس به صاحبكم – يعني نفسه – فحانت الصلاة فأممتهم فلما فرغت من الصلاة قال قائل: يا محمد ! هذا مالك صاحب النار فسلم عليه فالتفت إليه فبدأني بالسلام ( م ) عن أبي هريرة

5135. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ئۆزۈمنى مىئراج كېچىسى ئاسماندىن چۈشكەندىن كېيىن، ھىجىردا يەنە بىر خاتىرىدە مەككىدە كۆردۈم، قۇرەيشلەر بولسا، مەندىن، مېنىڭ سەيىر قىلىشىم تۇغرىسىدا بەيتۇلمۇقەددەس تۇغرىسىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى سورىدى، مەن ئۇنى ئوبدان يادا ئالمىغاچقا، زېھنىمدە ساقلىيالمىغاچقا، قاتتىق قىينالدىم ، غەم قىلدىم، مەن ئۇنداق خىجىل بولۇپ، قىينىلىپ باقمىغان، ئاندىن، ئاللاھتائالا ماڭا، بەيتۇلمۇقەددەسنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆرسەتتى، مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ، ئۇلار سورىغان نەرسىگە بىر ـ

بىرلەپ خەۋەر قىلىپ، جاۋاب بەردىم، مەن يەنە شۇ كېچىسى ئۆزۈمنى پەيغەمبەرلەر جامائىتى ئىچىدە كۆردۈم، ناگاھان مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇرىدۇ، ئۇ ناماز ئوقۇۋاتىدۇ، ناگاھان ئۇ شەنۇئەت ئەرلىرىدەك ئۇسقانلىق، كېلىشكەن، پاكىز، بۇدرە چاچ كىشى ئىكەن، ناگاھان ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتىدۇ، (بۇ ناماز، زىكرى، دۇئا مەنىسىدە بولۇپ، بۇنى بىز دېگەن ) ئەيساغا كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئوخشاپ كېتىدىغىنى، ئۇرۋەت ئىبنى مەسئۇد سۇقەفى ئىكەن، ناگاھان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئەڭ ئوخشاپ كېتىدىغىنى، ساھىبىڭلار يەنى مەن ئىكەنمەن، ناماز ۋاقتى كەلدى، مەن ئۇلارغا ئىمام بولدۇم، نامازدىن پارىغ بولغىنىمدا بىرسى ماڭا ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بۇ دوۋزاخنى باشقۇرغۇچى مالىك، خازىن بولىدۇ، سالام قىل دېدى، مەن ئۇنىڭغا قارىسام، ئۇ ماڭا باشتا سالام قىلدى. مۇسلىم 251 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5136 ( صحيح ) لقد سألتني عن عظيم و إنه ليسير على من يسره الله عليه تعبد الله لا تشرك به شيئا و تقيم الصلاة المكتوبة و تؤتي الزكاة المفروضة و تصوم رمضان و تحج البيت ; ألا أدلك على أبواب الخير ؟ الصوم جنة و الصدقة تطفئ الخطيئة كما يطفئ الماء النار و صلاة الرجل في جوف الليل ; ألا أخبرك برأس الأمر و عموده و ذروة سنامه ؟ رأس الأمر الإسلام من أسلم سلم و عموده الصلاة و ذروة سنامه الجهاد ; ألا أخبرك بملاك ذلك كله ؟ كف عليك هذا – و أشار إلى لسانه – قال: يا نبي الله ! و إنا لمؤاخذون بما نتكلم به ؟ قال: ثكلتك أمك يا معاذ ! و هل يكب الناس في النار على وجوههم إلا حصائد ألسنتهم ( حم ت ك ه هب ) عن معاذ زاد ( طب هب ) : إنك لن تزال سالما ما سكت فإذا تكلمت كتب لك أو عليك**

5136. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: مېنى دوۋزاخدىن يىراقلاشتۇرۇپ، جەننەتكە كىرگۈزىدىغان بىر ئەمەلگە كۆرسىتىپ قويسىلا دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن سەن مەندىن بەك چوڭ، ئۇلۇغ ئىشدىن سورىدىڭ، ھەقىقەتەن سەن دېگەن ئۇ ئىش، ئاللاھ ئاسان قىلغان كىشىگە ئاساندۇر، سەن ئاللاھتائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىل، پەرز نامازنى ئوقۇغىن، پەرزى زاكاتنى بەرگىن، رامزاندا روزا تۇتقىن، بەيتۇللاھنى ھەج قىلغىن، سېنى ياخشىلىقنىڭ ئىشىكلىرىگە كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ روزا تۇتۇش، گۇناھدىن، دوۋزاخدىن قالقاندۇر، سەدىقە ـ ئېھسان قىلىپ تۇرۇش خۇددى سۇ، ئوتنى ئۆچۈرگەندەك، خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ، ئەۋزەل ياخشىلىق بولسا، كىشىنىڭ يېرىم كېچىدىكى نامىزىدۇر. «مۆئمىنلەرنىڭ يېنى، كېچىسى ياتاقدىن يىراق تۇرىدۇ دېگەن ئايەت بار»، مەن ساڭا ئىشنىڭ بېشىنى، تۈۋرۈكىنى، ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى خەۋەر قىلىپ دەپ بەرمەيمۇ؟ ئىشنىڭ بېشى ئىسلام، كىم مۇسۇلمان بولسا، سالامەت قالىدۇ، يەنى دۇنيادا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، قىيامەتتە دوۋزاخدىن سالامەت قالىدۇ، ئىشنىڭ تۈۋرۈكى نامازدۇر. ئەڭ يۇقىرى پەللىسى،ئۈستىنى بولسا، جىھادتۇر، مەن ساڭا يۇقىرىقىنىڭ ھەممىسىنى جۇغلاپ، توپلايدىغان، ھەممىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر ئىشنى دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، تىلىڭنى يىغ دېدى، مەن ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، بىز سۆزلىگەن نەرسىلەرگىمۇ ئازابلىنامدۇق؟ دېدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئى مۇئاز! سېنى ئاناڭ يوقىتىپ قويسۇن، كىشىلەرنى پەقەت دوۋزاخقا يۈزىچە دۈم سالىدىغان نەرسە، ئۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ قالايمىقان سۆزلىرىدۇر، كەلسە ـ كەلمەس ھەممە سۆزنى قىلىشدۇر دېدى. تىرمىزى 2541 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3963 ـ ھەدىس، ئەھمەد 21008 ـ ھەدىس، ھاكىم، بەيھەقى،

تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئىشلار توغرىسىدا سوراش.

2. جەننەتكە پەقەت ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى بىلەن كىرىدۇ.

3. ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئىبادەت دېگەن، تۆۋىنى يولدىن ئەزىيەتنى تازىلاش، يۇقىرىسى، يەر شارىغا خەلىپە بولۇشتۇر، ھاكىمىيەتتىمۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەك.

4. ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش.

5. نەپلە روزا، دوۋزاخ ئوتىدىن قالقاندۇر.

6. نەپلە سەدىقە ـ ئېھسان ، خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ.

7. كېچىلىك ناماز، تەھەججۇد ئەۋزەل ئىبادەت.

8. ئىشنىڭ بېشى ئىسلام، تۈۋرۈكى ناماز، ناماز بولمىسا، ئۇ كىشىدە ئىسلام ئىمان يوقتۇر.

9. ئەڭ ئۇستۇن، ئەڭ ئەۋزەل، ئالىي، يۈكسەك ئىبادەت، شېھىدلىققا يەتكۈزىدىغان جىھادتۇر.

10. كىشى تىلىغا ئىگە بولۇشى، تىلىنى يىغىشى زۆرۈردۇر.

**5137** ( صحيح ) لقد طاف الليلة بآل محمد نساء كثير كلهن تشكو زوجها من الضرب و ايم الله لا تجدون أولئك خياركم ( د ن ه حب ك ) عن إياس الدوسي

5137. ئىياسدۇۋەسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بۈگۈن كېچە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يەنى مېنىڭ ئەھلى ئاياللىرىمنى نۇرغۇن ئاياللار زىيارەت قىلىپ كەپتۇ، ھەممىسى ئېرىدىن تاياق يېگەنلىكىدىن شىكايەت، ئەرز قىلىپ كەپتۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئاشۇ ئاياللىرىنى ئۇرغان كىشىلەرنى ياخشىلار قاتارىدىن تاپالمايسىلەر، يەنى ئۇلار ياخشى ئەمەس، ئەڭ ياخشىلار ئاياللىرىغا ياخشى بولغىنىڭلاردۇر. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

لقد قرأتها – يعني سورة الرحمن – على الجن ليلة الجن فكانوا أحسن مردودا منكم كنت كلما أتيت على قوله ( فبأي آلاء ربكما تكذبان قالوا: و لا بشيء من نعمك ربنا نكذب فلك الحمد ) ( ت ) عن جابر

5138. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن جىن كېچىسى، سۈرە ئەررەھماننى جىنلارغا ئوقۇپ بەردىم، جاۋاب قايتۇرۇشتا ئۇلار سىلەردىن ياخشى بولدى، مەن ھەر قېتىم ئاللاھتائالانىڭ «ئى ئىنسانلار، جىنلار! سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى بىر نېئمىتىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟» دېگەن سۆزىدىن ئۆتكىنىمدە، جىنلار: ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز سېنىڭ ھېچ بىر نېئمىتىڭگە تانمايمىز، ئىنكار قىلمايمىز، بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ساڭا خاستۇر دەپ جاۋاب بېرىپ تۇردى. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

**5139** ( صحيح ) لقد قلت بعدك أربع كلمات ثلاث مرات لو وزنت بما قلت منذ اليوم لوزنتهن: سبحان الله و بحمده عدد خلقه و رضا نفسه و زنة عرشه و مداد كلماته ( م د ت حم) عن جويرية

5139. جۇۋەيرىييەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئەتىگەنلىك نامازدىن كېيىن تاش ساناپ تەسبىھ ئېيتىپ ئولتۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قايتىپ كىرسە، ئۇ يەنە شۇ پېتى ئولتۇرۇپتۇ، ئاندىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: ھەقىقەتەن مەن سەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن تۆت كەلىمە سۆزنى ئۈچ قېتىم دېدىم، ئەگەر مەن دېگەن سۆز بىلەن سەن ئېيتقان تەسبىھلەر مىزانغا سېلىنىپ تارتىلسا، ئەلۋەتتە مېنىڭ دېگەن سۆزلىرىم سېنىڭكىنى بېسىپ چۈشىدۇ، سېنىڭكىدىن چوقۇم ئېغىر كېلىدۇ، ئۇ سۆزلەر بولسا، «سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى، ئەدەدە خەلقىھى، ۋەرىزا نەفسىھى، ۋەزىنەتە ئەرشىھى، ۋەمىدادى كەلىماتىھى»نى ئۈچ قېتىم دېگەن ، تەرجىمىسى: ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىنىڭ سانىنىڭ باراۋىرىدە، ئۆزىنىڭ رازىلىقىنىڭ باراۋىرىدە، ئەرشىنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ باراۋىرىدە، ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنىڭ، سىياسىنىڭ باراۋىرىدە سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى دەيمەن، يەنى ئاللاھ پاكتۇر، مەن ئاللاھقا شۇنداق كۆپ ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمەن. مۇسلىم 4905 ـ ھەدىس، تىرمىزى 3478 ـ ھەدىس، نەسەئى 1335 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**5140** ( صحيح ) لقد قلت كلمة لو مزجت بماء البحر لمزجته( د ت ) عن عائشة

5140. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەقىقەتەن سەفىييە بەك پاكىنەك ئىكەن دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن سەن بىر ئېغىز سۆزنى قىلدىڭكى، ئەگەر بۇ سۆز دېڭىز سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇلسا، ئەلۋەتتە ھەممە يېرىگە ئارىلىشىپ سۈيىنى تېخىمۇ ئاچچىق قىلىۋېتەتتى دېگەن . (يەنى كىشىنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلىش ھارام). ئەبۇ داۋۇد 4232 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2426 ـ ھەدىس، ئەھمەد 2484 ـ ھەدىس، سەھىھ.

لقد لقيت من قومك و كان أشد ما لقيت منهم يوم العقبة إذ عرضت نفسي على ابن عبد ياليل بن عبد كلال فلم يجبني إلى ما أردت فانطلقت و أنا مهموم على وجهي فلم أستفق إلا و أنا بقرن الثعالب فرفعت رأسي فإذا أنا بسحابة قد أظلتني فنظرت فإذا فيها جبريل فناداني فقال: إن الله قد سمع كلام قومك لك و ما ردوا عليك و قد بعث إليك ملك الجبال لتأمره بما شئت فيهم فناداني ملك الجبال فسلم علي ثم قال يا محمد ! فقال ذلك فما شئت إن شئت أطبق عليهم الأخشبين قلت: بل أرجو أن يخرج الله من أصلابهم من يعبد الله وحده لا يشرك به شيئا ( حم ق ) عن عائشة

5141. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن قەۋمىڭدىن كۆپ ئەزىيەتلەرگە يولۇقتۇم، مەن ئۇلاردىن يولۇققان ئەزىيەتنىڭ ئەڭ قاتتىقى، ئەقبە كۈنىدىكى بولدى، ئۆز ۋاقتىدا مەن ئۆزۈمنى ئابدۇياللىلنىڭ ئوغلىغا تەڭلىدىم، يەنى ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدىم، ئۇ مەن ئىرادە قىلغان نەرسىگە جاۋاب بەرمىدى، چاقىرىقىمغا ئاۋاز قوشمىدى، مەن غەمگە پېتىپ يۈزۈمنى يەرگە قىلىپ كېتىۋاتاتتىم، مەن پەقەت، (نەجد ئەھلىنىڭ ئېھرام باغلاش ئورنى بولغان) مەنزىللەرنىڭ يېنىدا كىچىك بىر تاغنىڭ قېشىدا ھوشۇمغا كەلدىم، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، بىر پارچە بۇلۇت ماڭا سايە تاشلاپ تۇرۇپتۇ، قارىسام ئۇ جايدا جىبرىئىل بار ئىكەن، ئۇ ماڭا نىدا قىلىپ: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا قەۋمىڭنىڭ ساڭا قىلغان سۆزلىرىنى ساڭا قايتۇرغان جاۋابلىرىنى ئاڭلىدى، ھەقىقەتەن ساڭا، تاغقا مۇئەككەل پەرىشتىنى ئەۋەتتى، سەن ئۇلار توغرىسىدا بۇ پەرىشتىنى خالىغان ئىشقا بۇيرۇغىن دېدى، تاغ پەرىشتىسى، ماڭا نىدا قىلىپ: ماڭا سالام قىلىپ، ئاندىن ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! جىبرىئىل يۇقىرىقى سۆزلەرنى دەپ ئۆتتى، نېمىنى خالايسەن؟ ئەگەر خالىساڭ، مەن ئۇلارنىڭ

ئۈستىگە مەككىدىكى ئوخشۈپ دېگەن ئىككى تاغنى تاشلاپ باستۇرۇۋېتەي دېدى، مەن ئۇلارغا: ياق ئۇنداق قىلماڭلار، بەلكى مەن، ئاللاھتائالانىڭ ئۇلارنىڭ سۇلبىدىن، يۈشتىدىن يەككە ـ يېگانە بىر ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىدىغان كىشلەرنى چىقىرىشنى ئۈمىد قىلىمەن دېدىم. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى 2992 ـ ھەدىس، مۇسلىم 3352 ـ ھەدىس، سەھىھ.

لقد هممت أن آمر رجلا يصلي بالناس ثم أحرق على رجال يتخلفون عن الجمعة بيوتهم ( حم م ) عن ابن مسعود

5142. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن بىر كىشىنى كىشلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇسام، ئاندىن مەن جۈمەگە كەلمەي، ئۆيدە قالغان كىشلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كۆيدۈرۈۋەتسەم دەيمەن. مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. ئۇ چاغدا جۈمەگە پەقەت مۇناپىقلارلا كەلمەيتتى، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، جۈمە مۇسۇلمانلارغا مۇھىم ئىبادەت ھەم ئىلىم ئېلىش ئورنىدۇر.

**5143** ( صحيح ) لقد هممت أن أرسل إلى أبي بكر و أبنه فأعهد أن يقول القائلون أو يتمنى المتمنون ثم قلت: يأبى الله و يدفع المؤمنون ( خ ) عن عائشة

5143. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن ئەبۇ بەكرىگە ئەلچى ئەۋەتىشنى ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، خەلىپە ئىشنى ئۇنىڭغا ۋەسىيەت قىلىشمنى مەقسەت قىلىپ بولۇپ، (چۈنكى خەلىپىلىك توغرىسىدا بەزىلەر سۆز قىلىپ باقىدۇ، بەزىلەر ئارزۇ قىلىپ باقاتتى.) ئاندىن مەن، ئاللاھتائالا ئەبۇ بەكرىدىن باشقىسىغا ئۇنىمايدۇ، مۆئمىنلەرمۇ ئەبۇ بەكرىنى ھىمايە قىلىدۇ، قوغدايدۇ دەپ سۆز قىلمىدىم، (راستتىنلا شۇنداق بولدى). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**5144** ( صحيح ) لقد هممت أن ألعنه لعنا يدخل معه قبره كيف يورثه و هو لا يحل له ؟ كيف يستخدمه و هو لا يحل له ؟ ! ( حم م د ) عن أبي الدرداء

5144. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنىڭ ئولجا ئالغان ھامىلدار ئايال بىلەن بىللە بولىدىغىنىنى ئاڭلاپ، مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن ئۇنىڭغا شۇنداق قاتتىق لەنەت قىلىشنى مەقسەت قىلدىمكى، بۇ لەنەت ئۇنىڭ بىلەن بىللە قەبرىسىگىچە كىرىدۇ، بۇ ئولجا ئالغۇچى كىشى، ئۇ ئايالنىڭ قورسىقىدىكى بالىنى قانداقمۇ ئۆزىگە ۋارىس قىلالىسۇن؟، ۋەھالەنكى ئۇ ئۇنىڭغا ھالال ئەمەس تۇرسا، ئۇ ئۇنىڭغا ھالال ئەمەس تۇرسا قانداقمۇ خادىم قىلىپ خىزمەتكە سالالىسۇن؟(، يەنى ئۇ بالا ئۆزىنىڭ بولۇپ قالسا، «شۇنىڭ ئۇچۇن يەنى ئىددىتى توشمىغان ھەم ئۇ بالا نامەلۇم بولۇپ قالىدۇ، ۋارىس بولالمايدۇ، ئۆزىنىڭ بولسا، قۇل قىلىپ خىزمەتكە سالالمايدۇ، بۇنى بىلمىسە، ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئۆزى قۇل قىلىپ قالىدۇ، شۇڭا بۇ ھامىلدار ئايال بىلەن بىللە بولسا بولمايتتى). مۇسلىم 2611 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1842 ـ ھەدىس، ئەھمەد 26246 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5145** ( صحيح ) لقد هممت أن أنهى عن الغيلة حتى ذكرت أن الروم و فارس يصنعون ذلك فلا يضر أولادهم ( مالك حم م 4 ) عن جدامة بنت وهب

5145. جۇدامەت بىنتى ۋەھبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن بالىسىنى ئېمىتىۋاتقان يېڭىدىن تۇغقان ئايالنى، بالىسىغا زەرەر

يەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئېرىنىڭ جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشتىن تولۇق ھۇزۇرلانماسلىقى مۇمكىن ... (بۇ قۇر ئېنىق ئوقۇلمىدى)

قارىسام، رۇم خەلقى پارسلار شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ يېڭىدىن تۇغقان ئاياللار بىلەن قىلغان جىنسى مۇناسىۋەتى باللىرىغا زىيان يەتكۈزمەپتۇ، (شۇنىڭ بىلەن مەن توسمىدىم). مۇسلىم 2612 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2002 ـ ھەدىس، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئەھمەد 26176 ـ ھەدىس، مالىك توپلىغان، سەھىھ.

لقد هممت أن لا أقبل هدية إلا من قرشي أو أنصاري أو ثقفي أو دوسي( ن ) عن أبي هريرة

5146. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن پەقەت ھەدىيىنى قۇرەيشلەردىن، ئەنسارلاردىن سۇقەفى، دەۋسى قەبىلىسىدىن قوبۇل قىلىشنى مەقسەت قىلدىم. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

لقلب ابن آدم أشد انقلابا من القدر إذا استجمعت غليانا ( حم ك ) عن المقداد بن الأسود

5147. مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە ئادەم باللىسىنىڭ قەلبى قازان تازا قايىنىغان چاغدىكى سۇنىڭ يۆتكىلىشىدىنمۇ بەكرەك يۆتكىلىپ، ئۆرۈلۈپ، چۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. «ئۇ خۇددى قوچقاچ خۇددى شامال ئۇچىدا ـ دۈم قىلىپ تۇرىدىغان پەيدۇر، ئى قەلبلەرنى يۆتكەپ تۇرغۇچى ئاللاھ، قەلبىمىزنى دىنىڭ ئۈستىدە ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن، ئامىن». ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

لقنوا موتاكم لا إله إلا الله ( حم م 4 ) عن أبي سعيد ( م ه ) عن أبي هريرة ( ن ) عن عائشة

5148. ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئۆلۈۋاتقان كىشىلىرىڭلارغا «لا ئىلاھە ئىللەللاھ»!، نى ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دېيىشنى تاشلاپ، ئۆگىتىڭلار، دېگۈزۈڭلار، ئەھمەد، مۇسلىم، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**5149** ( حسن ) لقنوا موتاكم لا إله إلا الله فإن نفس المؤمن تخرج رشحا و نفس الكافر تخرج من شدقه كما تخرج نفس الحمار ( طب ) عن ابن مسعود

5149. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرغان كىشىلىرىڭلارغا «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دەپ سىلەر دەپ بېرىپ، ئۇلارنىمۇ دېگۈزۈڭلار، ئۇلار سىلەردىن ئاڭلاپ، ئۆگىنىپ ئىسسىقە كېلىپ دېسۇن، ھەقىقەتەن مۆئمىننىڭ جېنى ئۇ ئاستا ـ ئاستا تەرلەپ چىقىدۇ، كاپىرنىڭ جېنى بولسا، خۇددى ئېشەكنىڭ جېنى چىققاندەك، ئۇنىڭ ئېڭىكىدىن، ئاغزىنىڭ بىر تەرىپىدىن قىينىلىپ چىقىدۇ. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**5150** ( صحيح ) لقنوا موتاكم لا إله إلا الله فإنه من كان آخر كلامه لا إله إلا الله عند الموت دخل الجنة يوما من الدهر و إن أصابه قبل ذلك ما أصابه ( حب ) عن أبي هريرة

5150. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جان ئۈزۈۋاتقان ئۆلۈش ئالدىدىكى كىشىلەرگە ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېگۈزۈڭلار، ئۆگىتىڭلار، ھەقىقەتەن زامانلاردىن بىر كۈن ئەڭ ئاخىرقى سۆزى لا ئىلاھە ئىللەللاھ

بولغان كىشى ئۆلۈش ئالدىدا شۇنداق دېگەن كىشى گەرچە شۇنىڭدىن بۇرۇن نۇرغۇن گۇناھلارنى قىلغان بولسىمۇ دىنىسىز ياشىغان بولسىمۇ، شۇ شاھادەت كەلىمىسى سەۋەبلىك جەننەتكە كىرىدۇ، (دوۋزاخدىن گۇناھىغا كۆيۈپ چىقىپمۇ بولسا جەننەتكە كىرىدۇ). ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**5151** ( صحيح ) لقيام رجل في الصف في سبيل الله عز و جل ساعة أفضل من عبادة ستين سنة ( هق خط ) عن عمران بن حصين

5151. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە كىشىنىڭ ئاللاھ يولىدا قىلىنىۋاتقان ئۇرۇش سېپىدە بىر سائەت تۇرۇشى، 60 يىللىق ئىبادەتتىن ئەۋزەلدۇر. بەيھەقى، خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

**5152** ( حسن ) لقيت إبراهيم ليلة أسري بي فقال: يا محمد أقرئ أمتك مني السلام و أخبرهم أن الجنة طيبة التربة عذبة الماء و أنها قيعان و أن غراسها سبحان الله و الحمد لله و لا إله إلا الله و الله أكبر ( ت ) عن ابن مسعود

552. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنى سەير قىلدۇرۇلغان كېچىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئۇچراشتىم، ئۇ ماڭا مۇنداق دېدى: ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مەندىن ئۈممىتىڭگە سالام دېگىن ، ۋە ئۇلارغا مۇنداق خەۋەر قىلغىن، ھەقىقەتەن جەننەت تۇپرىقى پاك، مۇنبەت، سۈيى تاتلىق جايدۇر، ئۇ دەرەخسىز، گىياھسىز تۈپتۈزدۇر، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ دەرىخى، دەرەخ تىكىلىشى بولسا، سۇبھانەللاھى ۋەلھەمدۇلىللاھى ۋەلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر دېيىشتۇر . تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

لقيد سوط أحدكم من الجنة خير مما بين السماء و الأرض ( حم ) عن أبي هريرة

5153. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بىرىڭلارنىڭ جەننەتتىكى قامچىسىنىڭ دەستىسچىلىك ئورنى، ئاسمان زېمىن ئارىسىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىدۇر، (چۈنكى ئۇ، جەننەتتە ـ دە!) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**5154** ( صحيح ) لك بها سبعمائة ناقة مخطومة في الجنة ( حل ) عن ابن مسعود

5154. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى ئاللاھ يولىدا تۆگىسىنى، نوختىسى بىلەن قوشۇپ سەدىقە قىلىۋەتتى، ئۇ كىشىگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەن ئۈچۈن شۇ بىر تۆگەڭنىڭ باراۋىرىگە جەننەتتىن 700 تۆگە نوختىسى بىلەن بىللە بېرىلىدۇ دېدى. ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

**5155** ( صحيح ) لك بها يوم القيامة سبعمائة ناقة كلها مخطومة ( حم م ن ) عن ابن مسعود

5155. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، تۆگىسىنى ئاللاھ يولىدا جەڭگە ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن سەدىقە قىلغان كىشىگە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سەن ئۈچۈن شۇ بىر دانە تۆگەڭنىڭ باراۋىرىگە قىيامەت كۈنى 700 دانە تۆگە بېرىلىدۇ، ھەممىسى نوختىلانغان دېدى. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5156** ( صحيح ) لك في كل ذات كبد حرى أجر ( طب ) عن مخول السلمي

5156. مۇخەۋۋەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ئۈچۈن ھەربىر قىزىق جىگەر ئىگىسىگە ھاياتلىق ئىگىسىگە قىلغان نەپىقە،

ئېھسانلىرىڭغا ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ دېدى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5157 ( صحيح ) لك ما نويت يا يزيد و لك ما أخذت يا معن ( حم خ ) عن معن بن يزيد**

5157. مەئنى ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى دادىسى مەسجىدكە ئەكىرىپ قويغان زاكاتتىن ئېلىپ سالدۇ، دادىسى بۇنى ئۇقۇپ، مەن سىنى مەقسەت قىلمىغان دەيدۇ ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورايدۇ، دەل شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئى يەزىد، ساڭا سېنىڭ نىيەت قىلغىنىڭ بېرىلىدۇ، ئى مەئنى ساڭا سېنىڭ ئالغىنىڭ بېرىلىدۇ دېگەن . ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىن قارىغاندا، ئۆشرە زاكات، ئۆزىنىڭ باللىرىغا دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، يەزىد دېگەن ساھابە بۇنى چۈشەنگەچكە داۋالاشقان، ئەگەر دۇرۇس بولغان بولسا، گەپ - سۆز قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئوغلى مەئنى مۇستەقىل بۆلەك بولۇپ، نەپىقىسىنى دادىسى بەرمىگەن، ئۆزى ئامالىنى قىلاتتى، نامراتلىقىدىن زاكاتنى بىلمەستىن ئالغان، ئەڭ چوڭ سەۋەب، دادىسى بۇنى بىلمەي قىلغان، ئۇنى بىلمىگەچكە ئوقۇشماسلىق بولغاچقا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بوپتۇ دېگەن . لېكىن، بارلىق ئۆلىمالار، ئالىملار بىردەك ئۆشرە - زاكات، ئۆزىنىڭ باللىرىغا، نەۋرىلىرىگە گەرچە پەسلىسىمۇ دۇرۇس ئەمەس، شۇنداقلا ئاتا - ئانىسىغا، بوۋىلىرىغا، موملىرىغىمۇ دۇرۇس ئەمەس دەپ ئىتتىپاققا كەلگەن. شەرھى، پەتھۇلباردىن ئېلىندى.

**5158 ( صحيح ) لكم أنتم أهل السفينة هجرتان ( ق ) عن أبي موسى**

5158. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەبەشىستاندىن خەيبەر فەتھىسىگە ئۇلگۇرۇپ كەلگەنلەرگە مۇنداق دېگەن: ئى كېمە ئەھلى! سىلەر ئۈچۈن ئىككى ھىجرەتنىڭ ساۋابى باردۇر، ( مەن بىلەن ھىجرەت قىلغانىنىڭ ساۋابى گەرچە سىلەر بۇ ھىجرەتنى قىلالمىغان بولساڭلارمۇ، سىلەرگە بۇ ھىجرەتنىڭ ۋە ھەبەشىستانغا بولغان ھىجرەتنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ). مۇسلىم، بەيھەقى ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

**5159 ( صحيح ) لكم كل عظم ذكر اسم الله عليه يقع في أيديكم أوفر ما يكون لحما و كل بعرة علف لدوابكم فلا تستنجوا بهما فإنهما طعام إخوانكم ( م ) عن ابن مسعود**

5159. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى جىنلار! سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئىسمى ئەسلىنىپ بىسمىللاھ دەپ بوغۇزلانغان ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى، يېيىلىشتىن بۇرۇنقى گۆشىدىنمۇ سېمىز گۆش تولۇق ھالەتتە قولۇڭلارغا چۈشىدۇ، سىلەرگە سۆڭەك بېرىلدى، ھەربىر تۆگە مايىقى، كالا تېزىكى سىلەرنىڭ ھايۋانلىرىڭلارغا ھەلەپ بولىدۇ، ئى ساھابىلىرىم! سىلەر سۆڭەك، ماياق، تېزەك بىلەن ئىستىنجا قىلماڭلار، ھەققەتەن بۇلار جىندىن بولغان قېرىندىشڭلارنىڭ تاماقىدۇر. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5160 ( صحيح ) لكن أحسن الجهاد و أجمله حج مبرور ( خ ن ) عن عائشة**

5160. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، جىھادنى ئارزۇ قىلغان ئاياللارغا: سىلەر ئۈچۈن جىھادنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە گۈزەلرەكى، قوبۇل بولغان ھەجدۇر

دېگەن ، (ياخشى قىلىنغان ھەج، ئاياللارنىڭ ياخشى جىھادى بولىدۇ). بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

لكل ابن آدم حظه من الزنا فزنا العين النظر و زنا اللسان المنطق و الأذنان زناهما الاستماع و اليدان يزنيان فزناهما البطش و الرجلان يزنيان فزناهما المشي و الفم يزني و زناه القبل ( د ) عن أبي هريرة

5161. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم باللىرىنىڭ ھەممىسىگە ئۇنىڭ زىنادىن بولغان نېسىۋىسى يېتىدۇ، كۆزنىڭ زىناسى قاراش، تىلنىڭ زىناسى سۆزلەش، ئىككى قۇلاقنىڭ زىناسى ئاڭلاش، ئىككى قولمۇ زىنا قىلىدۇ، ئۇنىڭ زىناسى تۇتۇش، ئىككى پۇتمۇ زىنا قىلىدۇ، ئۇنىڭ زىناسى ھارامغا مېڭىش، ئېغىزمۇ زىنا قىلىدۇ، ئۇنىڭ زىناسى سۆيۈشتۇر. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. قەلب ئارزۇ قىلىدۇ، ئەۋرەت ئۇنى راستقا چىقىرىدۇ، ياكى يالغانغا چىقىرىدۇ يەنى چوڭ گۇناھدىن يىراق بولۇپ، ساقلانسا يۇقىرىقى كىچىك گۇناھلار تاھارەت، ناماز، روزا سەۋەبلىك ئۆچۈرۈلىدۇ، ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشۇ مەنىدىكى ئايەت بىلەن بۇ ھەدىسنى تەپسىرلەپ، ئىزاھلىغان، يەنى چوڭ گۇناھلاردىن يىراق بولغانلارغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى، مەغپىرىتى كەڭرىدۇر، ئەگەر چوڭ گۇناھ، زىناغا كەلسە، رىجىم قىلىنىدۇ، شەرتى، ئۆزى ئىقرار قىلىش ياكى تۆت گۇۋاھچى گۇۋاھلىق بېرىشتۇر.

**5162** ( صحيح ) لكل أمة أمين و أمين أمتي أبو عبيدة بن الجراح ( ق ن ) عن أنس

5162. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر ئۈممەتنىڭ ئىشەنچلىك، ئەمىين كىشىسى بولىدۇ، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىسى، ئەبۇ ئۇبەيدە، ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىلگەن كىشى). بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5163** ( حسن ) لكل أمة مجوس و مجوس أمتي الذين يقولون لا قدر إن مرضوا فلا تعودوهم و إن ماتوا فلا تشهدوهم ( حم ) عن ابن عمر

5163. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر ئۈممەتنىڭ مەجۇسىي، يەنى ئاتەشپەرەس، ئوتقا چوقۇنغۇچىسى بولىدۇ، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ مەجۇسىي، مۇشرىكلىرى تەقدىر يوق دېگەنلەر تەقدىرنى ئىنكار قىلىدىغانلار بولۇپ، ئۇلار كېسەل بولسا، يوقلىماڭلار، ئەگەر ئۇلار ئۆلسە، جىنازىسىغا ھازىر بولماڭلار. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن. بۇ ھەدىس قەدىرىيىيەلەرگە رەددىيەدۇر.

**5164** ( صحيح ) لكل داء دواء فإذا أصيب دواء الداء برئ بإذن الله تعالى ( حم م ) عن جابر

5164. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر كېسەلنىڭ داۋاسى باردۇر، داۋا كېسەلگە يەتكەندە،كېسەل ، ئاللاھتائالانىڭ ئىزنى، رۇخستى بىلەن ساقىيىدۇ. ئەھمەد ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئەگەر ئاللاھ ئىزنى قىلمىسا، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ ياكى كېسەل، مېيىپ، ساراڭ ھالەتتە قېلىپ قالىدۇ، بۇ ئىبرەتتۇر.

**5165** ( صحيح ) لكل سورة حظها من الركوع و السجود ( حم ) عن رجل

5165. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر سۈرىنىڭ رۇكۇ، سەجدىسىدىن ئىبارەت نېسىۋىسى باردۇر. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

يەنى ھەممە سۈرىنى نامازغا ئوقۇش لازىم، ئۇن سۈرىنىلا ئەمەس، ھەممە سۈرىنىڭ نېسۋىسى بار، ھەممە سۈرىدە ناماز دۇرۇس.

**5166** ( حسن ) لكل سهو سجدتان بعد ما يسلم ( حم د ه ) عن ثوبان

5166. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق سەھۋە ئۈچۈن سالامدىن كېيىن ئىككى سەجدە قىلىنىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. مۇسلىمنىڭ 894، 899 ـ ھەدىسلىرىدە، تىرمىزى 333 ـ ھەدىسلەردە سالامدىن كېيىن سەجدە سەھۋىسىنى قىلغان، سەھىھ ھەدىس بار، تىرمىزى بەزىلەر سالامدىن بۇرۇن دېدى، بۇمۇ سەھىھ دېگەن .

**5167** ( صحيح ) لكل غادر لواء عند استه يوم القيامة ( م ) عن أبي سعيد

5167. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ھەربىر خىيانەتچى، ئەھدىسىنى بۇزغۇچى ئۈچۈن بىردىن بايراق بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا قادىلىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

لكل غادر لواء يعرف به يوم القيامة ( حم ق ) عن أنس ( حم م ) عن ابن مسعود ( م ) عن ابن عمر

5168. ئەنەس، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ھەربىر خائىن ئۈچۈن بىردىن بايراق بولۇپ، ئۇ، شۇ بايراق بىلەن تونۇلىدۇ، يەنى رەسۋا بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5169** ( صحيح ) لكل غادر لواء ينصب بغدرته ( خ ) عن ابن عمر

5169. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر خىيانەتچى، ئەھدە بۇزغۇچىنىڭ بىردىن بايرىقى بولۇپ، بۇ بايراق ئۇنىڭ ئارقىسىغا خىيانىتىنىڭ مىقدارىدا قادىلىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

لكل غادر لواء يوم القيامة يرفع له بقدر غدرته ألا و لا غادر أعظم غدرا من أمير عامة ( م ) عن أبي سعيد

5170. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ھەربىر خىيانەتچىنىڭ بايرىقى بولۇپ، بايراق ئۇنىڭ خىيانىتىنىڭ مىقدارىدا كۆتۈرۈلىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلار ، ئاۋام خەلقنىڭ ئەمىر، باش بولغۇچىسىدىنمۇ خىيانىتى چوڭ خائىن يوقتۇر. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئى باش بولغۇچىلار، ئىماملار ئاگاھ بولۇڭلار !!!

**5171** ( صحيح ) لكل قرن سابق ( حل ) عن أنس

5171. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر ئەسىر ئۈچۈن سابىق كىشى بار، (يەنى سۈرە ۋاقىئەدىكى جەننەتكە ياخشىلىقتا ئالدىرىغۇچى ھەممە جەھەتتىن ئىلغار ياخشى كىشى بار). ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ.

**5172** ( صحيح ) لكل قرن من أمتي سابقون( حل ) عن ابن عمر

5172. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ھەربىر ئەسىردە ياشىغانلار ئۈچۈن سابىقۇنلار بار، (يەنى سۈرە ۋاقىئەدە سۆزلىنىدىغان ياخشى كىشىلەر ئىلغار كىشىلەردۇر). ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ.

**5173** ( حسن ) لكل نبي تركة و ضيعة و إن تركتي و ضيعتي الأنصار فاحفظوني فيهم ( طس ) عن أنس

5173. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ تەرك ئېتىپ قويۇپ كەتكەن كىشىسى، ئائىلىسى يېقىن كىشىلىرى بولىدۇ، ھەقىقەتەن مېنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ۋارىس، ئىز باسارلىرىم يېقىن كىشىلىرىم، سىرداشلىرىم ئەنسارىلاردۇر، سىلەر مېنى شۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاڭلار، يەنى سۆيۈنچىمنى، ھەدىسلىرىمنى شۇلاردىن ئېلىڭلار، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**5174** ( صحيح ) لكل نبي دعوة دعا بها في أمته فاستجيب له و إني أريد إن شاء الله أن أدخر دعوتي شفاعة لأمتي يوم القيامة ( ق ) عن أبي هريرة

5174. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ بىردىن دۇئاسى بولۇپ، ئۇلار ئۇنى ئۈممىتى توغرىسىدا قىلىپ بولدى، ئىجابەت قىلىنىپ بولدى، ھەقىقەتەن مەن مېنىڭ دۇئايىمنى قىيامەت كۈنى ئۈممىتىم ئۈچۈن شاپائەت قىلىشقا ئېلىپ قويۇشنى ئىرادە قىلدىم، ئەگەر ئاللاھ خالىسا. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

لكل نبي دعوة قد دعا بها في أمته و إني خبأت دعوتي شفاعة لأمتي يوم القيامة ( حم ق ) عن أبي هريرة

5175. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان بولۇپ، مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ھەم ئاستىدىكىگە ئوخشاشتۇر، سەھىھ.

**5176** ( صحيح ) لكل نبي دعوة مستجابة فتعجل كل نبي دعوته و إني خبأت دعوتي شفاعة لأمتي يوم القيامة فهي نائلة إن شاء الله من مات من أمتي لا يشرك بالله شيئا ( م ت ه ) عن أبي هريرة

5176. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر پەيغەمبەر ئۈچۈن ئىجابەتلىك بىر دۇئاسى بار بولۇپ، ھەممە پەيغەمبەر دۇئاسىنى تېزلا قىلىپ بولدى، ھەقىقەتەن مەن دۇئايىمنى قىيامەت كۈنى ئۈممىتىم ئۈچۈن شاپائەت قىلىشقا ئېلىپ قويدۇم، بۇ دۇئا بۇ شاپائەت ئاللاھ خالىسا، مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، مۇسۇلمان ھالدا ئۆلگەن كىشىگە يېتىدۇ، ئىنشائاللاھ. مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

لكل نبي دعوة يدعو بها فأريد أن أختبئ دعوتي شفاعة لأمتي يوم القيامة ( م ) عن أبي هريرة

5177. بۇ ھەدىسنى مۇسلىم، ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان بولۇپ، مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش، ھەم سەھىھ.

**5178** ( صحيح ) لكل نبي دعوة مستجابة يدعو بها فيستجاب له فيؤتاها و إني خبأت دعوتي شفاعة لأمتي يوم القيامة( حم ق ) عن أبي هريرة

5178. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولۇپ، سەھىھ، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، مەقسەت، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاپائىتى ھەق، ئىجابەتلىك، دۇئاسى ھەق، قىيامەت ھەق، مۆئمىن مۇسۇلمانلار شاپائەتكە ئېرىشىشى ھەق، بۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز، شاپائەتكە يولۇقۇشالماي، شاپائەت قىلىنغۇدەك بولۇڭلار!

**5179** ( صحيح ) للابنة النصف و لابنة الابن السدس و ما بقي فللأخت ( خ ) عن ابن مسعود

5179. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېيىتنىڭ قىزىغا مىراس مېلىنىڭ يېرىمى، ئوغلىدىن بولغان قىز نەۋرىسىگە ئالتىدىن بىرى،

قالغان مال ئاچا ـ سىڭلىسى ھەمشىرىسىگە بېرىلىدۇ، (ئەگەر باشقا ۋارىسلار بولسا، مىراس كىتابى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، زۇلۇم قىلىنمايدۇ). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**5180** ( صحيح ) للبكر سبع و للثيب ثلاث ( م ) عن أم سلمة ( ه ) عن أنس

5180. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىز بىلەن توي قىلغاندا، ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا يەتتە كۈن، توي قىلغان جۇۋان چوكان بىلەن توي قىلسا، ئۈچ كۈن تۇرىدۇ. مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، بۇ ئەر كىشى ئۆزىنى ئاياللىرى ئارىسىغا تەقسىم قىلىشىدۇر، ئەگەر ئايالى بىرلا بولسا، تەقسىم قىلماي تۇرۇۋېرىدۇ.

**5181** ( حسن ) للتوبة باب بالمغرب مسيرة سبعين عاما لا يزال كذلك حتى يأتي بعض آيات ربك طلوع الشمس من مغربها ( طب ) عن صفوان بن عسال

5181. سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تەۋبە ئۈچۈن مەغرىپتە بىر ئىشىك ئوچۇق بولۇپ، ئۇنىڭ كەڭلىكى 70 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ، كۈن كىرگەن جايدىن چىقىشىدىن ئىبارەت رەببىڭنىڭ قىيامەت ئالامەتلىرىدىن بەزى ئالامەتلەر كەلگەنگە قەدەر ئۇ ئىشىك شۇنداق كەڭ ئېچىغلىق تۇرىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

للشهيد عند الله سبع خصال: يغفر له في أول دفعة من دمه و يرى مقعده من الجنة و يحلى حلة الإيمان و يزوج اثنين و سبعين زوجة من الحور العين و يجار من عذاب القبر و يأمن من الفزع الأكبر و يوضع على رأسه تاج الوقار الياقوتة منه خير من الدنيا و ما فيها و يشفع في سبعين إنسانا من أهل بيته ( حم ت ه ) عن المقدام بن معدي كرب

5182. مىقدام ئىبنى مەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شېھىد ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يەتتە خىسلەت ئىش باردۇر، تۇنجى قېتىم تامغان قېنىنىڭ باراۋىرىگىلا پۈتۈن گۇناھلىرى مەغپىرەت بولۇپ بولىدۇ، ئۆز ئورنىنى جەننەتتىن كۆرەلەيدۇ، ئىمان توندىن تون، زىننەت قاتارلىقلار كىيدۈرۈلۈپ، جەننەتنىڭ ھۆرلۈئەيىن، شەھلا كۆزلۈك ھۆر قىزلىرىدىن 72سى خوتۇن قىلىپ بېرىلىدۇ، قەبرە ئازابىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ، چوڭ قورقۇنچىدىن، چۆچۈشتىن ئەمىن قالىدۇ، خاتىرجەم قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بېشىغا كاتتىلىق، ئۇلۇغلۇق تاجىسى قويۇلىدۇ، ئۇنىڭ بىر تال ياقۇتى پۈتۈن دۇنيا، دۇنيانىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر، ئۆز ئەھلى بەيتلىرىدىن ئائىلىسى، جەمەتىدىن 70 ئىنسانغا شاپائەت قىلىپ، جەننەتكە ئەكىرىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**5183** ( صحيح ) للصائم فرحتان فرحة حين يفطر و فرحة حين يلقى ربه ( ت ) عن أبي هريرة

5183. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزا تۇتقۇچى ئۈچۈن ئىككى خۇشاللىق بار، بىرى ئېپتار قىلغاندا يەنە بىرى رەببىگە ئۇچراشقاندىكى خۇشاللىقتۇر. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5184** ( صحيح ) للصائمين باب في الجنة يقال له: الريان لا يدخل فيه أحد غيرهم فإذا دخل آخرهم أغلق من دخل فيه شرب و من شرب لم يظمأ أبدا( ن ) عن سهل بن سعد

5184. سەھلى ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزا تۇتقۇچىلار ئۇچۇن جەننەتتە بىر ئىشىك بار بولۇپ، ئۇنى رەييان دېيىلىدۇ، بۇ ئىشىكدىن روزا تۇتقۇچىلاردىن باشقا ھېچ كىشى كىرەلمەيدۇ، پەقەت شۇلارلا كىرەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئاخىرقىسى كىرىپ بولغاندا، بۇ ئىشىك تاقىلىدۇ. بۇ ئىشىكدىن جەننەتكە كىرگەن كىشى شارابدىن ئىچىدۇ، بىر قېتىم ئىچكەن كىشى مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، (شۇڭا رەييان دېيىلگەن). نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5185** ( صحيح ) للعبد المملوك الصالح أجران ( حم ت ) عن أبي هريرة

5185. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (ئاللاھنىڭ ھەققىنى، خوجايىنىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان) ياخشى، سالىھ قۇلغا ئىككى ھەسسە ئەجىر باردۇر. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5186** ( صحيح ) للغازي أجره و للجاعل أجره و أجر الغازي ( د ) عن ابن عمرو

5186. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلغۇچى غازى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەجرى تولۇق بېرىلىدۇ، ئەجىر ھەققى مال بېرىپ، ئورنىغا باشقىلارنى چىقىرىپ، غازىيلارنى جابدۇتقان كىشىگە ئۆزىنىڭ ئەجرى ۋە غازىنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 2164 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5187** ( صحيح ) للمائد أجر شهيد و للغريق أجر شهيدين ( طب د) عن أم حرام

5187. ئۇممە ھەرەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىش ئۈچۈن دېڭىزغا چىقىپ، بېشى قېيىپ قۇسۇپ كەتكەن، ھۆ قىلغان كىشى ئۈچۈن بىر شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ، دېڭىزدا غەرق بولغۇچى ئۈچۈن ئىككى شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ، (بىرى ئاللاھ يولىدا غەرق بولدى، ئىككىنچىسى، سۇدا غەرق بولدى). تەبرانى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. مەقسەت : دىنسىزلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش، دېڭىز ئارمىيىسىنى قۇرۇشتۇر.

للمؤمن على المؤمن ست خصال: يعوده إذا مرض و يشهده إذا مات و يجيبه إذا دعاه و يسلم عليه إذا لقيه و يشمته إذا عطس و ينصح له إذا غاب أو شهد ( ت ن ) عن أبي هريرة

5188. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن ئۈچۈن يەنە بىر مۆئمىننىڭ ئۈستىدە ئالتە خىسلەت ھەققى بار، كېسەل بولسا يوقلايدۇ، ئۆلۈپ كەتسە جىنازىسىغا ھازىر بولىدۇ، چاقىرسا بارىدۇ، ئۇچراشسا سالام قىلىدۇ، چۈشكۈرسە يەرھەمۇكەللاھ دەپ جاۋاب بېرىدۇ، غايىب بولۇپ، يوق بولۇپ قالسۇن ياكى ھازىر بولسۇن، مۆئمىن مەنپەئەتى ئۈچۈن نەسىھەت قىلىدۇ. تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5189** ( صحيح ) متواتر ( حم م ن ) عن علي ( حم 4 حب ) عن خزيمة بن ثابت ( حم تخ ) عن عوف بن مالك طب عن أسامة بن شريك والبراء بن عازب وجرير البجلي وصفوان بن عسال والمغيرة بن شعبة ويعلى بن مرة وأبي بكرة ( طس ) عن أنس وابن عمر ( ع ) عن عمر ( الدارقطني في الأفراد ) عن بلال ( البزار ) عن أبي هريرة ( أبو نعيم في المعرفة ) عن مالك بن سعد عن ابن مريم ( الباوردي ) عن خالد بن عرفطة ( ابن عساكر ) عن يسار ( أبو بكر النيسابوري ) عن عمرو بن أمية الضمري ) للمسافر ثلاثة أيام و لياليهن و للمقيم يوم و ليلة في المسح على الخفين )

5189. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇساپىر كىشى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ، مۇقىم يۇرتىدا تۇرغان كىشى بىر كېچە ـ كۈندۈز تاھارەت ئۇستىگە كىيگەن ئۆتۈكنى سالماي مەسىھ قىلالايدۇ. (ئاشۇ مۇددەت توشقاندا، سېلىپ، پۇتنى يۇيىدۇ) بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، مۇسلىم، بۇخارى بۇ ئىككىسىدىن كېيىنكىسى تۆت كىتاب، ئىبنى ھەببان، تەبرانى، ئەبۇ يەئلا، دارىقۇتنى، بەزار، ئەبۇ نۇئەيم، باۋرۇدى، ئىبنى ئەساكىر، ئەبۇ بەكرى نىيسابۇرلار، ئەلى، خۇزەيمە، ئەۋف، ئۇسامە، بەررائى، جەرىير، سەفۋان، مۇغىيرە، يەئلا، ئەبۇ بۇكرەت، ئەنەس، ئىبنى ئۆمەر، ئۆمەر، بىلال، ئەبۇ ھۇرەيرە، مالىك ئىبنى سەئىد، ئىبنى مەريەم، خالىد ئىبنى ئەرخەت، يەسسار، ئەمرۇ ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن توپلىغان، سەھىھ، مۇتەۋاتىردۇر.

**5190** ( صحيح ) للمسلم على المسلم أربع خلال: يشمته إذا عطس و يجيبه إذا دعاه و يشهده إذا مات و يعوده إذا مرض ( حم ه ك ) عن أبي مسعود

5190. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان ئۇستىدە تۆت خىسلەت ھەققى بار، چۈشكۈرسە جاۋاب بېرىدۇ، چاقىرسا بارىدۇ، ئۆلسە جىنازىسىغا ھازىر بولىدۇ، كېسەل بولسا يوقلايدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

للمملوك طعامه و كسوته بالمعروف و لا يكلف من العمل إلا ما يطيق ( حم م هق ) عن أبي هريرة

5191. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇلغا، چۆرىگە ياخشىلىقچە تاماق بېرىش، كىيىم ـ كېچەك ئېتىپ بېرىش لازىم، ئىش، خىزمەتتىن پەقەت تاقىتى يېتىدىغان، قادىر بولىدىغان ئىشلارغىلا تەكلىپ قىلىش لازىم، تاقىتى يەتمىگەن ئىشقا تەكلىپ قىلىش يوق. ئەھمەد، مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5192** ( حسن ) للمملوك طعامه و كسوته و لا يكلف إلا ما يطيق فإن كلفتموهم فأعينوهم و لا تعذبوا عباد الله خلقا أمثالكم ( حب ) عن أبي هريرة

5192. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇلغا تاماق بېرىلىدۇ، كىيىم ـ كېچەك ئېتىپ بېرىلىدۇ، ئۇ تاقەت قىلالايدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلىنىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلىپ قالساڭلار، ئۇلارغا ياردەم بېرىڭلار، ئاللاھتائالانىڭ سىلەرگە ئوخشاش بەندىلىرىنى ئازابلىماڭلار، (بۇ دۇنيادا كىشىلەرنى ئازابلىغانلار، قىيامەت كۈنى ئازابلىنىدۇ). ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

**5193** ( صحيح ) للمهاجرين إقامة بعد الصدر ثلاث ( م د ) عن ابن الحضرمي

5193. ئىبنى ھەزرەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھاجىلار قايتىپ بولغاندىن كېيىن، مۇھاجىرلار مەككىدە ئۈچ كۈنلا تۇرسا بولىدۇ، (ئاندىن بۇلارمۇ مەدىنىگە قايتىدۇ، بۇ سۆزنى ھەججەتۇلۋىدادا دېگەندۇر .) مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**5194** ( صحيح ) لم أنه عن البكاء إنما نهيت عن صوتين أحمقين فاجرين صوت عند نغمة مزمار شيطان و لعب و صوت عند مصيبة خمش وجوه و شق جيوب و رنة شيطان و إنما هذه رحمة ( ت ) عن جابر

5194. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن، قەلب غەم قىلىپ كۆز ياش تۆكۈپ يىغلاشتىن توسمىدىم، ھەقىقەتەن مەن، مۇنۇ فاجىر، پاسىقلارچە، ئەخمەقلەرچە ئىككى ئاۋازدىن توستۇم، بىرى شەيتاننىڭ نەيى، سازلىرى، نەغمە قىلىنغاندىكى ناخشا ئاۋازىنى، ئويۇن ـ تاماشىدىكى ناخشا ئاۋازىنى، يەنە بىرسى بولسا، ئۆلۈمدىن ئىبارەت مۇسىبەت يەتكەندىكى يىغا ئاۋازى، يۈزلەرنى تاتىلاپ، ياقىلارنى يىرتىپ، كىيىملەرنى يىرتىش بىلەن شەيتاننىڭ ئاۋازى مۇشۇنىڭدىن توستۇم، ھەقىقەتەن بۇ كۆزدىن چىققان ياش بولسا، رەھمەتتۇر. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسدىن ناخشا، ساز، نەغمىلەر ھارامدۇر، مۇسىبەتتىكى يىغا ئاۋازى ئاھ ـ پاھلار، كىيىمنى يىرتىپ، چاچلىرىنى يۇڭداش ھارام، كۆز ـ ياش تۆكسە، قەلب غەم قىلىپ ئازابلانسا بۇ بولىدۇ، ھەم ئامالمۇ يوقتۇر.

**5195** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **4757** لم تحسدنا اليهود بشيء ما حسدونا ب ( ثلاث: التسليم و الا تأمين ( و اللهم ربنا لك الحمد ) ) ( هق ) عن عائشة

5195. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەھۇدىيلار بىزگە مۇنۇ ئۈچ نەرسىگە ھەسەت قىلغاندەك ھېچ نەرسىگە ھەسەت قىلمايدۇ، پەقەت مۇشۇ ئۈچ نەرسىگە قاتتىق ھەسەت قىلىدۇ، بىرسى سالام قىلىش، يەنە بىرى ئامىين! دېيىش، ئۈچىنچىسى، رۇكۇدىن تۇرغاندىكى ئاللاھۇممە رەببەنا لەكەلھەمدۇ دېيىشتۇر. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

لم تحل الغنائم لأحد سود الرءوس من قبلكم كانت تجمع و تنزل نار من السماء فتأكلها ( ت ) عن أبي هريرة

5196. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەرگە باش بولغان، خوجايىن بولغان يېتەكچى، قوماندانلارغا غەنىيمەت ھالال ئەمەس ئىدى، غەنىيمەت بىر جايغا توپلىناتتى، ئاندىن ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ، ئۇنى كۆيدۈرۈپ ھالاك قىلاتتى، (لېكىن، بىزگە ھالال قىلىندى) تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5197** ( صحيح ) لم يبعث الله تعالى نبيا إلا بلغة قومه ( حم ) عن أبي ذر

5197. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا پەيغەمبەر ئەۋەتسە، ئۇ پەيغەمبەرنى پەقەت ئۆز قەۋمىنىڭ تىلى، لۇغىتى بىلەنلا ئەۋەتتى، (بۇ ئايەتتە ئوچۇق سۆزلەنگەن) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نۇرغۇن تىلنى بىلەتتى ، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەۋەتكەن ئەلچىمۇ ئەلچى ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ تىلىنى بىلەتتى ، بۇ تىل ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى، ئالىملار پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسىدۇر.شۇڭا بىز بۇ سەھىھ ھەدىسلەرنى تەرجىمە قىلىۋاتىمىز.

**5198** ( صحيح ) لم يبق من النبوة إلا المبشرات الرؤيا الصالحة ( خ ) عن أبي هريرة

5198. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر قالمىدى، مەن بىلەن ئاخىرلاشتى، پەقەت ياخشى چۈشتىن ئىبارەت خۇش بېشارەت قېلىپ قالدى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. بۇ راست، ھەق ياخشى چۈش كۆرۈلىدىغان ئەۋلىيالارنى كۆرسىتەتتى، مانا ھازىر، ئۇنداق كىشىلەرمۇ ئۇ بېشارەتمۇ قالمىدى، چۈنكى، ئۇنى كۆرۈپ باقمىدۇق، ئېغىزدا



www.uyghurkitap.com

بار، ئەمەلىيەتتە يوق بولۇپ قالدى، بەلكىم، يەر شارىدا باردۇر، ئاللاھ ئالىم.

لم يتكلم في المهد إلا ثلاثة: عيسى ; و كان في بني إسرائيل رجل يقال له: جريج يصلي جاءته أمه فدعته فقال: أجيبها أو أصلي ؟ فقالت: اللهم لا تمته حتى تريه وجوه المومسات و كان جريج في صومعة فتعرضت له امرأة فكلمته فأبى فأتت راعيا فأمكنته من نفسها فولدت غلاما فقالت: من جريج فأتوه فكسروا صومعته فأنزلوه و سبوه فتوضأ و صلى ثم أتى الغلام فقال: من أبوك يا غلام ؟ قال: الراعي قالوا: نبني صومعتك من ذهب قال: لا إلا من طين ; و كانت امرأة ترضع ابنا لها من بني إسرائيل فمر بها رجل راكب ذو شارة فقالت: اللهم اجعل ابني مثله فترك ثديها و أتى على الراكب فقال: اللهم لا تجعلني مثله ثم أقبل على ثديها يمصه ثم مرت بأمة فقالت: اللهم لا تجعل ابني مثل هذه فترك ثديها و قال اللهم اجعلني مثلها فقالت: لم ذاك ؟ فقال: الراكب جبار من الجبابرة هذه الأمة يقولون سرقت زنت و لم تفعل ( حم ق ) عن أبي هريرة

5199. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۆشۈكتە تۇرۇپ، تېخى تىل چىقماي تۇرۇپ پەقەت ئۈچ بالا سۆز قىلدى، بىرسى، ئەيسا ئەلەيھىسسالام ، (بۇ ئايەتتە ئوچۇق سۆزلەنگەن)، ئىككىنچىسى بەنى ئىسرائىللار ئىچىدە جۇرەيج ئىسىملىك بىر ئابىد بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىبادەت خانىسىغا ئانىسى كېلىپ، ئۇنى چاقىردى، (گەرچە ئۇلارنىڭ دىنىدا نەپلە ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئانىسى چاقىرسا جاۋاب بېرىش دۇرۇس بولسىمۇ، بۇ بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىزدا ئەمەلدىن قالدى، دۇرۇس ئەمەس) ئۇ ئانامغا جاۋاب بېرەيمۇ؟ ياكى نامازنى ئوقۇۋېرەيمۇ؟ دەپ نامازغا تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئانىسى ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا زىناخور پاھىشۋازنىڭ يۈزىنى كۆرسەتمىگىچە ئۇنى ئۆلتۈرمىگىن دەپ دۇئا قىلدى، (ئەگەر زىنا قىلىشقا دۇئا قىلغان بولسا قىلىپ سالاتتى)، جۇرەيج ئىبادەت قىلىدىغان تاغ ئۈستىدىكى كەپىسىدە ئىدى، بىر ئايال كېلىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ سۆز قىلدى، جۇرەيج ئاللاھدىن قورقۇپ ئۇنىمىدى، ئاندىن ئۇ ئايال شۇ جايدىكى پادىچىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى تۇتۇپ بەردى، يەنى زىنا قىلدى، ئاندىن ئۇ بىر ئوغۇل بالىنى تۇغۇپ قويدى، ۋە بۇ بالا جۇرەيجنىڭ بالىسى دېدى، جامائەتلەر كېلىپ، جۇرەيجنىڭ ئىبادەت خانىسىنى چېقىۋەتتى، ئۇنى تاغدىن چۈشۈرۈپ، تىللاپ، ئەيىبلەپ، سازايى قىلدى، جۇرەيج تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇپ، بالىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئى غۇلام، داداڭ كىم؟ دېدى، بالا: دادام پادىچى دېدى، (مانا بۇ كىچىك بالىنىڭ سۆز قىلىپ ئەۋلىيا، ئابىد جۇرەيجنى ئاقلىشى ئىدى) ئاندىن ئۇلار، بىز سېنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان كەپەڭنى ئالتۇندىن سېلىپ بېرەيلى دېدى، ئۇ: ياق، لايدىن سالايلى دېدى، ئۈچىنچى سۆز قىلغان بالا بولسا، بەنى ئىسرائىللاردىن بىر ئايال، بالىسىنى ئېمىتىۋاتاتتى، بۇ ئايالنىڭ يېنىدىن گۈزەل ھەيئەتلىك، كىيىملىرى ئالىي، قامەتلىك بىر ئاتلىق كىشى ئۆتتى، ئايال: ئى ئاللاھ! بالامنى مۇشۇ كىشىدەك قىلساڭ دېدى، بالا شۇئان، ئېمىۋاتقان ئەمچەكنى قويۇپ، ئاتلىق كىشىگە ئالدىنى قىلىپ، ئى ئاللاھ، مېنى ئۇ كىشىدەك قىلمىساڭ دېدى، ئاندىن ئېمىشكە باشلىدى، ئاندىن كېيىن بۇ ئايال بىر دېدەك چۆرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئى ئاللاھ، بالامنى بۇنىڭدەك قىلمىساڭ دېدى، بالا يەنە ئېمىۋاتقان ئەمچەكنى قويۇپ، ئى ئاللاھ، مېنى مۇشۇ دېدەكتەك قىلساڭ دېدى، ئانىسى نېمە ئۈچۈن؟ دېدى، كىچىك بالا ئانىسىغا: ئاۋۇ ئاتلىق كىشى بولسا، زۇلۇمكەش، زالىم، زومىگەرلەردىن بىرىدۇر، بۇ دېدەك، چۆرە بولسا، كىشىلەر بۇنى ئوغرىلىق قىلدى، زىنا قىلدى دېيىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە ھېچ بىرىنى قىلمايدۇ دېدى. بۇخارى 3181 ـ ھەدىس، مۇسلىم 4626 ـ ھەدىس، ئەھمەد 7726 ـ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**5200** ( صحيح ) لم ير للمتحابين مثل النكاح ( ه ك ) عن ابن عباس

5200. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا ئاللاھ رازىلىقىدا بىرسى ـ بىرسىنى قاتتىق ياخشى كۆرۈدىغان قىز ـ ئوغۇلدىن ئىبارەت ئىككى كىشى ئۈچۈن نىكاھدەك ئەۋزەل نەرسە كۆرۈلۈپ باقمىدى، بۇ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن ئوغۇل ـ قىزنى نىكاھلاپ قويۇش ئەڭ ئەۋزەل ئىشتۇر، (ئۇنداق بولمىسا، پىتنە ـ پاسات يامرايدۇ). ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5201 ( صحيح ) لم يقبر نبي إلا حيث يموت ( حم ) عن أبي بكر**

5201. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەرگە پەقەت ئۇ ئۆلگەن، ۋاپات تاپقان جايغىلا قەبرە كولاندى، ۋاپات تاپقان جايدىن باشقا جايغا قەبرە كولانمايدۇ، (شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىدە قويۇلدى). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**5202 ( صحيح ) لم يكذب إبراهيم إلا ثلاث كذبات: ثنتين منهن في ذات الله قوله: ( إني سقيم و قوله: ( بل فعله كبيرهم هذا ) و بينما هو ذات يوم و سارة إذ أتى على جبار من الجبابرة فقيل له: إن هاهنا رجلا معه امرأة من أحسن الناس فأرسل إليه فسأله عنها فقال: من هذه ؟ قال: أختي فأتى سارة فقال: يا سارة ليس على وجه الأرض مؤمن غيري و غيرك و إن هذا سألني فأخبرته أنك أختي فلا تكذبيني فأرسل إليها فلما دخلت عليه ذهب يتناولها بيده فأخذ فقال: ادعي الله لي و لا أضرك فدعت الله فأطلق ثم تناولها ثانية فأخذ مثلها أو أشد فقال: ادعي الله لي و لا أضرك فدعت فأطلق فدعا بعض حجبته فقال: إنك لم تأتني بإنسان ! إنما أتيتني بشيطان ! فأخدمها هاجر فأتته و هو قائم يصلي فأومأ بيده مهيا ؟ قالت: رد الله كيد الفاجر في نحره و أخدم هاجر ) ( حم ق ) عن أبي هريرة**

5202. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام پەقەت ئۈچ قېتىم يالغان سۆزلەپ قويغان، (ئەمەلىيەتتە بۇ يالغانچىلىق ئەمەس) بىرى ئايالى توغرىسىدا ئىككىسى ئاللاھنىڭ بارلىق بىرلىكى توغرىسىدا تەۋھىد مەسىلىسىدە دىنسىز، مۇشرىكلەرگە قارشى دېيىلگەن ئىدى، بۇتنى چېقىش مەقسىتىدە مەن كېسەل دەپ قويۇپ، ئايرىلىپ قالغان، يەنە بىرى بۇتنى سەن چاقتىڭمۇ؟ دېيىلگەندە، مەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ چوڭراقى چاققاندۇ، بۇتلاردىن سوراپ بېقىڭلار، دېگەن سۆزىدۇر، ئۈچىنچىسى بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى سارە بىلەن زالىم، زومىگەر بىر پادىشاھنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدۇ، ئۇ پادىشاھقا: ھەقىقەتەن بۇ جايغا بىر كىشى كەپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كىشىلەرنىڭ ئەڭ گۈزەل، چىرايلىق، كېلىشكەنرەكى بولغان بىر ئايال بار ئىكەن دېيىلدى، پادىشاھ، ئىبراھىمغا ئەلچى ئەۋەتىپ، بۇ سارە توغرىسىدا سورىدى، ئۇ كىم؟ سېنىڭ نېمەڭ بولىدۇ، دېدى، ئىبراھىم، ئۇ مېنىڭ سىڭلىم دېدى، ھەمشىرەم دېدى، ئاندىن سارەگە كېلىپ، ئى سارە يەر يۈزىدە مەندىن ۋە سەندىن باشقا بىرمۇ مۆئمىن يوق، بۇ پادىشاھ مەندىن سېنى سورىغان ئىدى، مەن ئۇنىڭغا سىڭلىم دەپ قويدۇم، مېنى يالغانچى قىلمىساڭ دېدى، (ئۇختى دېگەن قېرىنداش مەنىسىدە بولاتتى)، پادىشاھ، سارەگە ئەلچى ئەۋەتىپ، سارە كىرگەندە، ئۇنىڭغا قول سۇندى، شۇئان ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇنىڭ قولى تۇتۇلۇپ قالدى، يەنى ئىشلىمەس بولۇپ قالدى، ئاندىن ئۇ، ئاللاھقا دۇئا قىلساڭ قولۇم ساقايسا مەن ساڭا زەرەر يەتكۈزمەيمەن دېدى، سارە ئاللاھقا دۇئا قىلدى، ئۇنىڭ قولى قويۇپ بېرىلىپ، ساقايدى، ئۇ ئاندىن سارەگە، ئىككىنچى قېتىم قول سۇنۇۋىدى، قولى ئالدىدىكىگە ئوخشاش

بەلكى قاتتىقراق تۇتۇلۇپ قالدى، كارغا كەلمىدى، ئۇ يەنە، ئاللاھقا مەن ئۈچۈن دۇئا قىلساڭ، ئەمدى قەتئىي ساڭا زەرەر يەتكۈزمەيمەن دېدى، سارە، دۇئا قىلدى، ئۇنىڭ قولى ساقايدى، ئۇ خاس ھاجىپلىرىنىڭ بىرىسىنى چاقىرىپ، ھەققەتەن سەن ماڭا ئىنساننى ئېلىپ كەلمەي، شەيتاننى ئېلىپ كەپسەن دېدى، ۋە سارەگە ھاجەرنى خادىم، چۆرىلىككە بەردى، سارە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇ ناماز ئوقۇۋاتاتتى، قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ قانداق بولدى؟ دېدى، سارە: ئاللاھتائالا فاجىر كاپىرنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى ئۆزىگە قايتۇردى، خار ھالدا زىيانغا ئۇچراتتى، ئۇ تېخى ھاجەرنى خىزمەتچىلىككە بەردى دېدى، (ئاشۇ ھاجەر، ئەرەبلەرنىڭ خۇسۇسەن ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ئىدى). بۇخارى 3108 ـ ھەدىس، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ.

ئەلبانى كۆپىنچە بۇخارى، مۇسلىمنى تىلغا ئالمايدۇ، چۈنكى، بۇ ئىككى كىتاب سەھىھ، ئۇنى سەھىھ دېيىش ھاجەتسىزدۇر، ئۇ ھەم باشقا ھەدىس كىتابلىرىنى تەكشۈرگەن.

**5203** ( صحيح ) لم يكذب من نمى بين اثنين ليصلح ( م د ) عن أم كلثوم بنت عقبة

5203. ئۇممە كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنى ياراشتۇرۇش، ئەپلەشتۈرۈش، ئىسلاھ قىلىپ قويۇش ئۈچۈن ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا سۆز توشۇغۇچى يەنى ياخشى گەپنى يەتكۈزگۈچى كىشى، يالغانچى كاززاپ ھېسابلانمايدۇ. (يەنى ئازراق يالغان ياخشى سۆز قىلىپ ياراشتۇرىدۇ). مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

لم يمنع قوم زكاة أموالهم إلا منعوا القطر من السماء و لولا البهائم لم يمطروا ( طب ) عن ابن عمر

5204. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەۋملەر، ماللىرىنىڭ ئۆشرە ـ زاكاتلىرىنى بەرمىسە، ئۇلاردىن ئاسماندىن ياغىدىغان يامغۇر چەكلىنىپ ياغمايدۇ، (قەھەتچىلىك يۈز بېرىدۇ)، ئەگەر ھايۋاناتلار بولمايدىغان بولسا، كىشىلەرگە قەتئىي يامغۇر ياغمايتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. سۈنىڭ قىس، ئاز بولۇشى، ئۆشرە زاكاتنىڭ بېرىلمىگەنلىكىدە بولىدۇ، تېخى ئاخىرەت ئازابىمۇ بار!

لما أصيب إخوانكم بأحد جعل الله أرواحهم في جوف طير خضر ترد أنهار الجنة تأكل من ثمارها و تأوي إلى قناديل من ذهب معلقة في ظل العرش فلما وجدوا طيب مأكلهم و مشربهم و مقيلهم قالوا: من يبلغ إخواننا عنا أنا أحياء في الجنة نرزق لئلا يزهدوا في الجهاد و لا يتكلوا عند الحرب ؟ فقال الله تعالى: أنا أبلغهم عنكم ( حم د ك ) عن ابن عباس

5205. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قېرىنداشلىرىڭلارغا ئۇھۇد كۈنى مۇسىبەت يەتكەندە، (يەنى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار شېھىد بولغاندا)، ئاللاھتائالا ئۇلارنىڭ روھلىرىنى يېشىل قۇشنىڭ ئىچىدە قىلدى، بۇ قۇش، جەننەتنىڭ ئۆستەڭلىرىدىن سۇ ئىچىدۇ، مېۋىلىرىدىن يەيدۇ، ئاندىن ئەرشنىڭ سايىسىغا ئېسىقلىق قەپەسلىرىگە قايتىپ كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ، ئۇلار يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ ئارامگاھلىرىنىڭ لەززىتىنى تاپقاندا، مۇنداق دېيىشىپ كېتىدۇ، بىزنىڭ ئۇ دۇنيادا قالغان قېرىنداشلىرىمىزغا، بىزدىن بىزنىڭ جەننەتتە ھايات ئىكەنلىكىمىزنى، دائىم رىزىقلىنىپ تۇرىۋاتقانلىقىمىزنى، ئۇلارنىڭ جىھادنى تەرك ئەتمەسلىكى جەڭدە قورقماسلىقى ئۈچۈن، ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئۆزلىرى جەڭدىن قېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن كىم بۇ ئىشلارنى يەتكۈزىدۇ؟ ئاندىن ئاللاھتائالا

مانا مەن يەتكۈزىمەن دەيدۇ، (ئۇ بولسىمۇ، قۇرئاندىكى شېھىدلارنىڭ ھاياتلىقى، رىزىقلىنىپ تۇرۇشى، پەزىلىتى قاتارلىقلار). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

لما أغرق الله فرعون قال: ( آمنت أنه لا إله إلا الذي آمنت به بنوا إسرائيل قال جبريل: يا محمد ! فلو رأيتني و أنا آخذ من حال البحر فأدسه في فيه مخافة أن تدركه الرحمة ) ( حم ت ) عن ابن عباس

5206. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا، پىرئەۋنىنى ھالاك قىلغاندا، ئۇ: بەنىي ئىسرائىل ئىمان كەلتۈرگەن، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈردۈم دېگىلى تۇردى، جىبرىئىل مۇنداق دېدى، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! سەن مېنى شۇ چاغدا كۆرگەن بولساڭ، چوقۇم ھەيران قالاتتىڭ، پىرئەۋن شۇ سۆزنى قىلغاندا، ئۇنى رەھمەت تېپىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ دېڭىزنىڭ لاي ـ پاتقاقلىرىدىن ئېلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا تىقىۋەتتىم، لىق كەپلەپ قويدۇم. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

قۇرئاندا ئۆلۈم كەلگەندە تەۋبە قىلغانىنىڭ تەۋبىسى بىلەن كاپىر، مۇشرىك ئۆلسە تەۋبىسى قوبۇل ئەمەس دېگەن بار، شۇنداقلا بۇ ھەدىسىدىن شاھادەت كەلىمىسىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنى دەپ ئۆلگەن كىشىنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى تېپىپ، مەغپىرەت قىلىنىشى، جەننەتكە كىرىشى سۆزلەنگەن، بۇ توغرىسىدا يۇقىرىدا خېلى كۆپ ئۆتتى، ئاللاھ ھەممىمىزنى ئىمان بىلەن ئېلىپ كەتكەي، ئامىن!

لما توفي آدم غسلته الملائكة بالماء وترا و ألحدوا له و قالوا: هذه سنة آدم في ولده ( ك ) عن أبي

5207. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم ئاتا ۋاپات تاپقاندا، ئۇنى پەرىشتىلەر سۇ بىلەن تاق يۇدى، ۋە لەھەد، قەبرە كولىدى، ئاندىن ئۇلار مانا بۇ ئادەمنىڭ باللىرىغا قالدۇرغان سۈننىتى دېدى. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

لما خلق الله آدم مسح ظهره فسقط من ظهره كل نسمة هو خالقها إلى يوم القيامة ثم جعل بين عيني كل إنسان منهم وبيصا من نور ثم عرضهم على آدم فقال: أي رب من هؤلاء ؟ قال: هؤلاء ذريتك فرأى رجلا منهم أعجبه نور ما بين عينيه فقال: أي رب من هذا ؟ قال: رجل من ذريتك في آخر الأمم يقال له داود قال: أي رب كم عمره ؟ قال ستون سنة قال: فزده من عمري أربعين سنة: قال: إذن يكتب و يختم و لا يبدل فلما انقضى عمر آدم جاء ملك الموت فقال: أو لم يبق من عمري أربعون سنة ؟ قال: أو لم تعطها ابنك داود ؟ فجحدت ذريته و نسي آدم فنسيت ذريته و خطئ آدم فخطئت ذريته ( ت ك ) عن أبي هريرة

5208. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئادەمنى ياراتقان چاغدا، ئۇنىڭ ئۇچىسىنى سىلىۋىدى، ئۇنىڭ ئۇچىسىدىن ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنىگىچە ياراتماقچى بولغان روھلار جان ئېگىسى چىقتى، ئاندىن، ئاللاھتائالا ئۇلاردىن ھەر ئىنسانىنىڭ ئىككى كۆزى ئوتتۇرىغا نۇردىن بىر ئاقلىقنى پارقىراشنى قىلدى، ئاندىن ئۇلارنى ئادەمگە تەڭلىدى، ئادەم، ئەي رەببىم! ئۇلار كىملەر؟ دېدى، ئاللاھتائالا، ئۇلار سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ دېدى، ئادەم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پېشانىسىدىكى نۇر ھەيران قالدۇرغىدەك بىر كىشىنى كۆردى، ئاندىن ئۇ، ئى رەببىم، بۇ كىم بولىدۇ؟ دېدى، ئاللاھتائالا، ئۇ بولسا، ئۇممەتلەرنىڭ ئاخىرىدىراق مەيدانغا كېلىدىغان، سېنىڭ باللىرىڭدىن بىرسى بولۇپ، ئىسمى داۋۇد دېدى. ئادەم ئاتا: ئى رەببىم، ئۇنىڭ ئۆمرى قانچىلىك دېدى، ئاللاھ: ئۇنىڭ ئۆمرى 60 يىل دېدى، ئادەم ئاتا، ئۇنىڭ ئۆمرىنى مېنىڭ ئۆمرىمدىن 40 يىل ئۇزارتىپ بەرسىلە

دېدى، ئاللاھ: ئۇنداقتا بۇ پۈتۈلۈپ، مۆھۈر بېسىلىپ كېتىدۇ، قەتئىي ئۆزگەرمەيدۇ دېدى، ئادەمنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ، ئۇنىڭغا ئۆلۈم پەرىشتىسى كەلگەندە، ئادەم: تېخى 40 يىل ئۆمرۈم بارغۇ؟ دېدى، پەرىشتە، سەن ئۇنى ئوغلۇڭ داۋۇدقا بەرمىگەنمۇ؟ دېسە، ئادەم تېنىۋالدى، ئاندىن بالىلىرىمۇ تېنىۋالدى، ئادەم ئۇنۇتتى، ئاندىن بالىلىرىمۇ ئۇنۇتتى، ئادەم خاتالاشتى، ئاندىن بالىلىرىمۇ خاتالاشتى، (بۇ ئادەمدىن قالغا ئىرسىيەت كېسەلدۇر). تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

لما خلق الله آدم و نفخ فيه الروح عطس فقال: الحمد لله فحمد الله بإذنه فقال له ربه: يرحمك الله يا آدم ! اذهب إلى أولئك الملائكة إلى ملأ منهم جلوس فقل: السلام عليكم قالوا: و عليك السلام و رحمة الله ثم رجع إلى ربه فقال: إن هذه تحيتك و تحية بنيك بينهم فقال الله له و يداه مقبوضتان: اختر أيهما شئت قال: اخترت يمين ربي و كلتا يدي ربي يمين مباركة ثم بسطها فإذا فيها آدم و ذريته فقال أي رب ! ما هؤلاء ؟ قال: هؤلاء ذريتك فإذا كل إنسان مكتوب عمره بين عينيه فإذا فيهم رجل أضوؤهم أو من أضوئهم قال: يا رب من هذا ؟ قال: هذا ابنك داود و قد كتبت له عمر أربعين سنة قال يا رب زد في عمره قال: ذاك الذي كتبت له قال: أي رب فإني قد جعلت له من عمري ستين سنة قال: أنت و ذاك ثم أسكن الجنة ما شاء الله ثم أهبط منها فكان آدم يعد لنفسه فأتاه ملك الموت فقال له آدم: قد تعجلت قد كتب لي ألف سنة قال بلى و لكنك جعلت لابنك داود ستين سنة فجحد فجحدت ذريته و نسي فنسيت ذريته فمن يومئذ أمر بالكتاب و الشهود ( ت ك ) عن أبي هريرة

5209. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئادەمنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا روھنى پۈۋدىگەندە، ئادەم چۈشكۈرۈپ كەتتى، ئاندىن ئۇ، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىپ، ئەلھەمدۇلىللاھ دېدى، ئاندىن ئۇنىڭغا رەببى يەرھەمۇكەللاھ، ئى ئادەم دېدى، ۋە سەن ئاۋۇ ئولتۇرغان پەرىشتىلەر جامائىتىگە بارغىن، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دېگىن دېدى، ئادەم شۇنداق قىلدى، پەرىشتىلەر، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھ دېدى، ئاندىن ئادەم رەببىگە قايتىپ كەلدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن بۇ سېنىڭ ۋە سېنىڭ بالىلىرىڭنىڭ ئارىسىدىكى سالامدۇر دەپ ئاندىن ئاللاھتائالا ئوخشىشى يوق ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بار بولغان ئىككى قولىدا ئادەمنىڭ بالىلىرىنى چاڭگاللاپ تۇرۇپ، سەن بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللىغىن دېدى، ئادەم، مەن رەببىمنىڭ ئوڭ قولىدىكىنى تاللىدىم، ئەمەلىيەتتە رەببىمنىڭ ھەر ئىككى قولى ئوڭدۇر، مۇبارەكتۇر، (چۈنكى، ئوخشىشى يوق، خالىق تۇرسا) ھەم مۇبارەكتۇر دېدى، ئاندىن ئاللاھ قولىنى ئېچىپ، كەڭ يايدى، ناگاھان، ئاللاھنىڭ قولىدا ئادەم ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى تۇرىدۇ، ئادەم، ئى رەببىم، ئۇلار نېمە دېدى. ئاللاھتائالا ئۇلار سېنىڭ بالىلىرىڭ دېدى، ناگاھان ھەربىر ئىنسانىنىڭ ئۆمرى ئۇنىڭ پېشانىسىغا پۈتۈلگەن ئىكەن، يەنى تەقدىر قىلىنىپ بولۇپتۇ، ناگاھان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇرى ئەڭ كۈچلۈك ھەم گۈزەل بىر كىشى تۇرىدۇ، ئادەم، ئى رەببىم، بۇ كىم؟ دېدى، ئاللاھ: بۇ سېنىڭ بالاڭ داۋۇد دېدى، ئۇنىڭ ئۆمرى 40 يىل پۈتۈلگەن ئىكەن، ئادەم، ئى رەببىم، ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلساڭ دېدى، ئاللاھ بۇ دېگەن پۈتۈلۈپ بولغان ئىشتۇر دېدى، ئادەم، ئى رەببىم، ھەقىقەتەن مەن مېنىڭ ئۆمرىمدىن 60 يىلنى بەردىم دېدى، ئاللاھتائالا ئۇنداق بولسا مەيلى، ساڭا شۇنداق بولسۇن دېدى، ئادەم جەننەتتە تۇرغۇزۇلدى، ئاندىن ئاللاھ خالىغان مۇددەت تۇرغاندىن كېيىن ئادەم زېمىنغا چۈشۈرۈلدى، ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ئۆزى ئىشلەپ تەييارلىق قىلاتتى، چۈنكى، جەننەتتىن چۈشۈرۈلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىپ، جانىنى بەر دېسە، ئادەم ھەقىقەتەن ئالدىراپ قاپسەن، ماڭا 1000 يىل ئۆمۈر پۈتۈلگەن دېدى، پەرىشتە، شۇنداق، ساڭا 1000 يىل ئۆمۈر پۈتۈلگەن، لېكىن، سەن بالاڭ داۋۇدقا 60 يىلنى

بېرىۋەتكەن، ئەمدى ئەجىلىك توشتى دېسە، ئادەم تېنىۋالدى، بالىلىرىمۇ تېنىۋالدى، ئادەم ئۆنۈتتى، بالىلىرىمۇ ئۇنۇتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ كۈندىن باشلاپ، يېزىپ قويۇشقا گۇۋاھچى كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھتائالا ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتتى، يەنە كېيىن مۇشۇ تۇپراققا تاشلىدى.

2. روھ دېگەن مەخلۇقنى پۈۋدىدى.

3. چۈشكۈرۈككە ھەمدۇ ئېيتسا، جاۋاب بېرىش.

4. سالام، قەدىمى ئىبادەتتۇر.

5. ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئوخششى يوق، ئىككى قولى باردۇر، ئاللاھ ۋە رەسۇلى بار دېدى، بىزمۇ بار دېدۇق، ئوخششى يوق، مەنىسى مەلۇم كەيپىياتى نامەلۇم، ئىمان كەلتۈرۈپ ئېتىقاد قىلىش ۋاجىپ، سوئال سوراش بىدئەتتۇر.

6. ئادەم بالىلىرى ئىككى پىرقىگە بۆلۈندى، بۇنى ئاللاھ ئالدىن بىلىپ تۇرۇپ ياراتتى.

7. ئاللاھنىڭ ھەر ئىككى قولى ئوڭدۇر، مۇبارەكتۇر.

8. ئۆز ۋاقتىدىكى بالىلار روھلاردۇر، ياكى ئالىملار ئۇنى ھۆجەيرىدۇر دېدى.

9. ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ ئوخششى يوق قولىدا زەررىگىمۇ ئەرزىمەيدۇ.

10. ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆمرى ئالدىدىن پۈتۈلۈپ بولغان، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسىمۇ، بۇمۇ پۈتۈلۈپ بولدى. چۈنكى، ھەممىنى ئاللاھتائالا ئالدىدىن بىلىدۇ، قاتىل، بىنا قۇرۇلۇشنى چۈۋۈيدۇ، ئەمەلىيەتتە جاننى ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى ئالىدۇ.

11. داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتى بار.

12. ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىپ، پۈتۈپ بولغان ئۆمۈردىن 60 يىلنى، ئادەمدىن داۋۇدقا ئېلىپ بەردى، ئادەمنىڭ جېنىنى شۇ مۇددەت توشقاندا ئالدى، ئۆمرى 940 يىل بولدى.

13. ئادەم جەننەتتە ياشاپ تۇرۇپ باققان.

14. ئاندىن ئاسىيلىقى سەۋەبىدىن ئايالى ھاۋا بىلەن بىرگە زېمىنغا تاشلانغان، مۇشۇ بىز ياشاۋاتقان يەر شارىغا تاشلىغان.

15. ئاخىرىدا ئەجەل توشۇپ، ئۆز جايىغا كەتتى، لېكىن، تېنىۋېلىش، ئۇنتۇپ قېلىش، خاتالىشىش دېگەن كېسەللىكنى ئىرسىيەت قالدۇرۇپ كەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن يېزىپ قويۇش، گۇۋاھچى كەلتۈرۈش بېكىتىلدى، خاتالىق ئەپۇ قىلىندى، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

**5210 ( صحيح ) لما خلق الله الجنة قال لجبريل: اذهب فانظر إليها فذهب فنظر إليها ثم جاء فقال: أي رب ! و عزتك لا يسمع بها أحد إلا دخلها ثم حفها بالمكاره ثم قال: يا جبريل ! اذهب فانظر إليها فذهب ثم نظر إليها ثم جاء فقال: أي رب ! و عزتك لقد خشيت أن لا يدخلها أحد فلما خلق الله النار قال: يا جبريل ! اذهب فانظر إليها فذهب فنظر إليها ثم جاء فقال: و عزتك لا يسمع بها أحد فيدخلها فحفها بالشهوات ثم قال: يا جبريل اذهب فانظر إليها فذهب فنظر إليها فقال: أي رب و عزتك لقد خشيت أن لا يبقى أحد إلا دخلها ( حم 3 ك ) عن أبي هريرة**

5210. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم، مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا جەننەتنى ياراتقاندا جىبرىئىلغا سەن بېرىپ جەننەتكە قاراپ باققىن دېدى، ئۇ بېرىپ قارىغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، ئى رەببىم، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، جەننەتنى بىرەر كىشى ئاڭلاپلا قالسا، چوقۇم كىرىپ كېتىدۇ دېدى، ئاندىن ئاللاھتائالا جەننەتنى مۇشەققەتلىك سىناقلار بىلەن قورشاپ، ئى جىبرىئىل، ئەمدى بېرىپ قاراپ باققىن! دېدى، ئۇ بېرىپ قارىغاندىن كېيىن كېلىپ، ئى رەببىم، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، جەننەتكە بىرەر كىشىنىڭ كىرەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ قالدىم دېدى، ( توغرا، جەننەتكە ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى بىلەن كىرگىلى بولىدۇ، ئەمەلىمۇ رەھمەتتۇر)، ئاللاھتائالا دوۋزاخنى ياراتقاندا جىبرىئىلغا ئى جىبرىئىل، بېرىپ دوۋزاخنى كۆرۈپ كەل دېدى، ئۇ بېرىپ، كۆرۈپ كېلىپ، ئى رەببىم، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، دوۋزاخنى بىرەرسى ئاڭلىسا ھەرگىز كىرمىگۈدەك دېدى، ئاندىن ئاللاھتائالا دوۋزاخنى شەھۋەتلەر بىلەن قورشاپ، پەردىلەپ، ئەمدى بېرىپ كۆرۈپ كەل دېدى، جىبرىئىل بېرىپ قاراپ، ئى رەببىم، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ھېچ بىر كىشى قالماي دوۋزاخقا كىرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم دېگەن . ئەھمەد ، ھاكىم ، نەسەئى ، داۋۇد ، تىرمىزى توپلىغان ، سەھىھ. توغرا 100دىن 99ى دوۋزاخقا كىرىدۇ، كۆپىنچىسى ئاياللاردۇر. چۈنكى، ئاياللار بەك كۆپتۇر، بۇ دۇنيانىڭ ھەممە يېرى غورۇر، ئالدامچى، لەنەتكە ئۇچرىغان، ئاياللارمۇ شۇ، سەن جەننەتكە كىرەي دېسەڭ، شەيتاننىڭ سەركەردىسى ئاياللار بىلەن دۇنيادىن ھەزەر قىلغىن، بۇنى مەن ئەمەس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق دېگەن ، ئاياللار بىلەن دۇنيادىن ھەزەر قىلىڭلار، پىتنە ئاياللاردا يۈز بەردى دېگەن ، دۇنيادىمۇ شۇنداق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر قىيامەت يېقىنلاشقانسېرى، ھاكىمىيەتلەر شەيتانلىشىپ، شەيتانغا يان تاياق بولۇپ، ھەققە، دىنغا قارشى ھەرىكەتلەر يامراپ كەتتى، ئى ئاللاھ! بىزگە ئۆزۈڭ ياردەم بەرگىن، ئامىن!

**5211** ( صحيح ) لما صور الله تعالى آدم في الجنة تركه ما شاء الله أن يتركه فجعل إبليس يطيف به ينظر إليه فلما رآه أجوف عرف أنه خلق لا يتمالك ( حم م ) عن أنس

5211. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا جەننەتتە ئادەم ئاتىمىزنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ، ھەيكىلىنى ياساپ، ئۆزى خالىغان مۇددەتتە قالدۇرۇپ قويدى، ئىبلىس، شەيتان، ئادەمنى زىيارەت قىلىپ كۆرۈپ، ئادەمنىڭ ئىچى كاۋاك، بوش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىگە بولالمايدىغان، ئاجىز مەخلۇق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى. ئەھمەد ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5212** ( صحيح ) لما عرج بي رأيت إدريس في السماء الرابعة ( ت حب ) عن أنس

5212. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن يۇقىرىغا ئۆرلىتىلگەن مىراج كېچىسى، ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنى تۆتىنجى ئاسماندا كۆردۈم. تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

لما عرج بي ربي عز و جل مررت بقوم لهم أظفار من نحاس يخمشون وجوههم و صدورهم فقلت: من هؤلاء يا جبريل ؟ قال: هؤلاء الذين يأكلون لحوم الناس و يقعون في أعراضهم ( حم د ) عن أنس

5213. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: رەببىم مېنى ئۆرلەتكەن مىئراج كېچىسى مەن بىر قەۋمنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈم، ئۇلارنىڭ تۆمۈر، مىسدىن تىرناقلىرى بار بولۇپ، يۈزلىرىنى، كۆكسلىرىنى تاتىلاپ، يارىدار قىلىپ تۇراتتى، مەن، ئى جىبرىئىل، ئۇلار كىملەر؟ دېسەم، ئۇ ماڭا: ئۇلار كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ، گۆشلىرىنى يېگەنلەر ، يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆككەنلەر دېدى. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

لما قضى الله الخلق كتب في كتابه فهو عنده فوق العرش: إن رحمتي غلبت غضبي( حم ق ) عن أبي هريرة

5214. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا بارلىق مەخلۇقلىرىغا ھۆكۈم قىلىپ، تەقدىرنى يېزىپ بولغاندا، ئۆزىنىڭ كىتابىغا مۇنداق يازدى، بۇ كىتاب ھازىر ئەرشنىڭ ئۈستىدە، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر، ھەقىقەتەن مېنىڭ رەھمىتىم غەزىپىمدىن غالىب كەلدى، ئۈستۈن بولدى. ئەھمەد ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، شۇنىڭ ئۈچۈن 100 رەھمەت يارىتىپ، بىرنى يۈتۈن دۇنياغا تاشلاپ، 99نى قىيامەت ئۈچۈن ئېلىپ قويىدى، لېكىن، غەزەپنى بۇنداق كۆپ ياراتمىدى.

**5215** ( صحيح ) لما كذبتني قريش حين أسري بي إلى بيت المقدس قمت في الحجر فجلى الله لي بيت المقدس فطفقت أخبرهم عن آياته و أنا أنظر إليه ( حم ق ت ن ) عن جابر

5215. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنى بەيتۇلمۇقەددەسكە سەير قىلدۇرۇلغان ئىش توغرىسىدا مېنى قۇرەيشلەر ئىنكار قىلىپ، يالغانچى دېگەن چاغدا، مەن كەئبىنىڭ غەربىدىكى ئايلانما تاش تامنىڭ ئۈستىدە تۇردۇم، ئاللاھتائالا ماڭا بەيتۇلمۇقەددەسنى روشەن كۆرسەتتى، مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ، ئۇلارغا ئۇنىڭ ئالامەتلىرىنى خەۋەر قىلىپ، دەپ بېرىشكە باشلىدىم. ئەھمەد ، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5216** ( صحيح ) لما نفخ في آدم الروح مارت و طارت فصارت في رأسه فعطس فقال: الحمد لله رب العالمين فقال الله: يرحمك الله ( حب ك ) عن أنس

5216. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەمگە روھ پۈۋدىگەن چاغدا روھ ئۇنىڭ ھەممە يېرىگە بېرىپ، يۈرۈشۈپ ئېقىپ بېرىپ، ئۇچۇپ يۈرۈپ ئۇنىڭ بېشىغا بارغاندا ئادەم چۈشكۈرۈپ كەتتى، ئاندىن ئۇ، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىلئالەمىين دېدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا جاۋابەن يەرھەمۇكۇللاھ ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن دېدى.ئىبنى ھەببان،ھاكىم، سەھىھ.

**5217** ( صحيح ) لن تقرأ شيئا أبلغ عند الله من: ( قل أعوذ برب الفلق ) ( ن ) عن عقبة بن عامر

5217. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ھەرگىز ئاللاھنىڭ نەزلىدە قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىل فەلەق يەنى سۈرە فەلەقدىن يېتەرلىكرەك يەنى پاناھ تىلەشتە يېتەرلىكرەك، ئەۋزەلرەك نەرسىنى ئوقۇيالمايسەن. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5218** ( صحيح ) لن تنقطع الهجرة ما قوتل الكفار ( حم ن حب ) عن عبدالله بن وقدان السعدي

5218. ئابدۇللاھ ئىبنى ۋەقدان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۇپپار دىنسىزلارغا قارشى ئۇرۇش بولۇپ تۇرسىلا، ھىجرەت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ،

توختاپ قالمايدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس مەككىنى فەتھى قىلغاندىن كېيىن، ھىجرەت يوق، لېكىن، جىھاد قىلىشتا ۋە نىيەتتە بار دېگەن ھەدىسكە ئىزاھات بولالايدۇ، جىھاد بولىسلا ھىجرەت بار.

**5219** ( صحيح ) لن يبرح الناس يتساءلون: هذا الله خالق كل شيء فمن خلق الله ؟ ( خ ) عن أنس

5219. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر سوئال سوراۋېرىپ، ھەتتا مۇنداق دەپ سوئال سورىشىدۇ، بۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەن، ئاللاھنى كىم ياراتقاندۇ؟ (باشقا خاتىرىدە شۇنداق ۋەسۋەسە كەلسە، مەن ئاللاھقا شەكسىز ئىشەندىم، ئىمان كەلتۈردۈم دېسۇن دېگەن بار، ئاللاھ ياراتقۇچى، ھەرگىز مەخلۇق ئەمەس، پەيدا بولغان ئەمەس، ئىپتىداسى يوق، ئەزلى، ئەزلىدە بار زاتتۇر). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

لن يبرح هذا الدين قائما يقاتل عليه عصابة من المسلمين حتى تقوم الساعة ( م ) عن جابر بن سمرة

5220. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ دىن مەڭگۈ بەرپا بولۇپ داۋام قىلىدۇ، بۇ ئىسلام دىنىنى قوغداپ، مۇسۇلمانلاردىن بىر تائىپە جامائەت، قىيامەت كۈنىگىچە ئۇرۇش قىلىپ تۇرىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

لن يجمع الله تعالى على هذه الأمة سيفين: سيفا منها و سيفا من عدوها( د ) عن عوف بن مالك

5221. ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا بۇ ئۈممەتكە قارشى ئىككى قىلىچنى بىرلەشتۈرمەيدۇ، بىرى بۇ ئۈممەتنىڭ ئۆزىنىڭ قىلىچى، يەنە بىرى بولسا، دۈشمەننىڭ قىلىچى، بۇ ئىككى قىلىچ، بۇ ئۈممەتكە قارشى بىرلەشمەيدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

يەنى، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنسىزلار بىلەن بىرلىشىپ مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇشى قەتئىي دۇرۇس ئەمەس، ئۇنداق كىشى مۇسۇلمان ئەمەس، مۇسۇلمانلار تەلەپكە لايىق نىيەتنى رۇسلىسا، ئاللاھ بۇ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

**5222** ( صحيح ) لن يدخل أحدا عمله الجنة و لا أنا إلا أن يتغمدني الله بفضل رحمته فسددوا و قاربوا و لا يتمنى أحدكم الموت إما محسن فلعله يزداد خيرا و إما مسيء فلعله أن يستعتب( ق ) عن أبي هريرة

5222. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھېچ بىر كىشىنى ئۇنىڭ ئەمىلى، جەننەتكە ئەكىرەلمەيدۇ، مېنمۇ ئەمەلىم جەننەتكە ئەكىرەلمەيدۇ، لېكىن، ئاللاھتائالا مېنى رەھمەت پەزلى بىلەن ساقلايدۇ، (ھەممە كىشى ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ، قىلغان ئەمەللىرىمۇ شۇ رەھمەتتۇر، دوۋزاخ، ئاللاھنىڭ ئادىللىقى) سىلەر نورمال، ئوتتۇرھال، ھەق، توغرا يول تۇتۇپ ئاللاھقا يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار، بىرىڭلار ھەرگىز ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن، ياخشىلىق قىلغۇچى بولسا، ياخشىلىقنى زىيادە، ئارتۇق قىلىشى مۇمكىن، يامان كىشى بولسا، تەۋبە قىلىشى، تەۋبە تەلەپ قىلىشى مۇمكىن. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5223** ( صحيح ) لن يدخل النار رجل شهد بدرا و الحديبية ( حم ) عن جابر

5223. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەدرى ئۇرۇشى بىلەن ھۇدەيبىيە ئۇرۇشىغا قاتناشقان كىشى ھەرگىز دوۋزاخقا كىرمەيدۇ. ئەھمەد

توپلىغان، سەھىھ. ئىبادەتتە ئەقىيدىدە، جىھاتتا شۇلاردەك بولايلى!

**5224** ( صحيح ) لن يعجز الله هذه الأمة من نصف يوم ( د ك ) عن أبي ثعلبة

5224. ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا بۇ ئۇممەتنى يېرىم كۈن يەنى قىيامەت كۈندىكى ھېساب ئالىدىغان كۈننىڭ مىقدارى 1000 يىل بولۇپ، 500 يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرگۈزۈشتە ھەرگىز ئاجىز كەلمەيدۇ. ھەم ئاجىز قىلمايدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5225** ( صحيح ) لن يفلح قوم ولوا أمرهم امرأة ( حم خ ت ن ) عن أبي بكرة

5225. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىشلىرىغا ئايال كىشىنى ئىگە قىلغان قەۋم ، ھەرگىز نىجات تاپمايدۇ، (بۇ ھەدىسنى مەلۇم دۆلەت ئۆزىگە پادىشاھنىڭ قىزىنى باش پادىشاھ قىلغاندا دېگەن بولۇپ، ئايال كىشىنىڭ باشلىق بولۇشى، پادىشاھ بولۇشى، دۇرۇس ئەمەس، پەيغەمبەرمۇ ھەم ئايالدىن چىقمىغان، ئىمامىمۇ ھەم بولالمايدۇ، ئەرلەر باش بولۇپ، ھالىمىز مۇشۇ تۇرسا، ئايال كىشى باش بولسا نېمە بولۇپ كېتەر ھە!؟!). ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5226** ( حسن ) لن يلج الدرجات العلى من تكهن أو استقسم أو رجع من سفر تطيرا ( طب ) عن أبي الدرداء

5226. ئەبۇددەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كاھىنلىق قىلغان كاھىن جىنكەشنىڭ يېنىغا بارغان ياكى نەرسىنى پال سالدۇرۇپ ئۆلەشكەن، تەقسىم قىلغان ياكى سەپەردىن شۇم پال ئېلىپ، قايتىپ كەلگەن كىشى ھەرگىز ئۈستۈن دەرىجىلەرگە ئېرىشەلمەيدۇ، (چۈنكى، ئۇ شېرىككە ئارىلاشتى، تەۋەككۇل قىلمىدى). تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

لن يلج النار أحد شهد بدرا أو بيعة الرضوان ( البغوي ابن قانع ) عن سعد مولى حاطب بن أبي بلتعة

5227. ھاتىبنىڭ ئازادكەردە قۇلى سەئىددىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان ياكى بەيئەتۇررىزۋانغا قاتنىشىپ بەيئەت قىلغان كىشى ھەرگىز دوۋزاخقا كىرمەيدۇ، (بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقانلار، 300 ئون نەچچە، رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقانلار 1500 ئىدى). بەغۋى، ئىبنى قانىئ توپلىغان، سەھىھ.

لن يلج النار أحد صلى قبل طلوع الشمس و قبل غروبها ( حم م د ن ) عن عمارة بن رويبة

5228. ئەممار ئىبنى رۇۋەيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۈن كىرىشتىن بۇرۇنقى ۋە كۈن چىقىشتىن بۇرۇنقى نامازنى يەنى بامدات بىلەن ئەسىر نامىزىنى ئوقۇغان كىشى ھەرگىز دوۋزاخقا كىرمەيدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5229** ( صحيح ) لن ينجي أحدا منكم عمله و لا أنا إلا أن يتغمدني الله برحمته و لكن سددوا و قاربوا و اغدوا و روحوا و شيء من الدلجة و القصد القصد تبلغوا ( ق ) عن أبي هريرة

5229. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن ھېچ كىمنى ئۇنىڭ ئەملى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇپ نىجاد تاپقۇزالمايدۇ، مەنمۇ شۇنداق، لېكىن، ئاللاھتائالا مېنى رەھمەت پەزلى بىلەن ساقلاپ قالىدۇ، لېكىن، سىلەر (ئەقىدە، ئىبادەتتە)

توغرا، نورمال، ئوتتۇرھال يول تۇتۇپ، ئاللاھقا يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ۋە قاراڭغۇ كېچىلەردە، ئىبادەتتە چىڭ تۇرۇڭلار، (بۇ ۋاقىتلار ئىبادەتنىڭ ئەۋزەل ۋاقتى ، ئەتىگەنلىك، كەچلىك ۋە كېچىنىڭ قاراڭغۇ ۋاقىتلىرىدا ناماز ئوقۇڭلار) ئەمەللەردە ئوتتۇرھال، ئادىل بولۇشنى نورمال بولۇشنى لازىم تۇتۇپ، ھەددىدىن ئاشماڭلار، ئاندىن نىجادلىققا يېتەلەيسلەر). بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

لن يوافي عبد يوم القيامة يقول:لا إله إلا الله يبتغي بها وجه الله إلا حرم الله عليه النار( حم خ)عن عثمان بن مالك

5230. ئوسمان ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندە قىيامەت كۈنىگە ئاللاھنىڭ دىدارىنى، رازىلىقىنى تەلەپ قىلىغان ھالدا ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ ئۇچراشسا، (يەنى مۇشۇ شاھادەت كەلىمىسى بىلەن تىرىلىپ قوپسا)، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە دوۋزاخنى ھارام قىلىدۇ، ئۇ دوۋزاخقا كىرمەيدۇ. ئەھمەد، بۇخارى 5943 ـ ھەدىس، مۇسلىم 1052 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5231** ( صحيح ) لن يهلك الناس حتى يعذروا من أنفسهم ( حم د ) عن رجل

5231. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشلەر ئۆزلىرىدىن ئۆزرە ئېيتقۇدەك، كەچۈرۈم سورىغۇدەك گۇناھلىرى، ئەيىبلىرى كۆپ بولمىغۇچە ئۇلارغا گۇناھلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە ھۆججەت تۇرغۇزۇلمىغۇچە ھەرگىز ھالاك بولمايدۇ، شۇ ھالەتتە ھالاك بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 3783 ـ ھەدىس، ئەھمەد 17573 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5232** ( صحيح ) لواء الغادر يوم القيامة عند استه ( الخرائطي في مساوئ الأخلاق ) عن معاذ

5232. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ؛ ئەھدىنى بۇزغۇچى خائىننىڭ بايرىقى، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئارقىسىغا قادىلىدۇ. خەرەئىتى توپلىغان، سەھىھ.

## « لو » يەنى ئەگەر دېگەن شەرت ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

**5233** ( صحيح ) لو آمن بي عشرة من اليهود لآمن بي اليهود ( خ ) عن أبي هريرة

5233. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ماڭا يەھۇدىيلاردىن ئون كىشى ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، ئەلۋەتتە ماڭا بارلىق يەھۇدىيلار ئىمان كەلتۈرگەن بولاتتى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ئون كىشى چوقۇم ئاساسلىق باش بولىغۇچى كىشىلەردۇر، ئۇلار ئىمان كەلتۈرسە، قەۋملىرى ئىمان كەلتۈرەتتى، ئۇلارنىڭمۇ ساۋابى چوڭ، ئۇلۇغ بولاتتى، ئەلۋەتتە ھازىر جىنايىتى ئېغىر بولىدۇ، ئىمانغا دەۋەت قىلىشتا، ئاساسلىق باشلىقلىرىنى دەۋەت قىلىش لازىم، مۇھىم شەخسنى مۇھىم بىلىڭ.

**5234** ( صحيح ) لو أخذتم إهابها يطهرها الماء و القرظ ( د ن ) عن ميمونة

5234. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۇ ئۆزى ئۆلگەن قوينىڭ تېرىسىنى ئېلىۋالغان بولساڭلار، ئۇنى سۇ بىلەن قەرزو

ئىسمىلىك تېرە ئاشلىنىدىغان دەرەخنىڭ قۇلىقى پاكلايتتى ئەھمەد 25603 ـ ھەدىس، مۇسلىم 542 ـ ھەدىس، نەسەئى4161 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3597 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.ئۆزى ئۆلگەن كالا، قوي، ئۆچكە، تۆگىلەرنىڭ تېرىسى پىششىقلاپ ئىشلەنسە، پاك ـ پاكىز بولىدۇ. ئىشلەتسە دۇرۇس، لېكىن، گۆشىنى سېتىش ھارام

لو أخطأتم حتى تبلغ خطاياكم السماء ثم تبتم لتاب الله عليكم ( ه ) عن أبي هريرة

5235. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سىلەر خاتالىقىلار، ئاسمانغا يەتكەنگە قەدەر خاتالىشىپ، ئاندىن چىن قەلبىڭلاردىن تەۋبە قىلساڭلار، چوقۇم ئاللاھتائالا تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىدۇ، (شەرتى، پۇشايمان قايتا قىلماسلىق) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

لو أصبحت أكثر مما أصبحت لركعتهما و أحسنتهما و أجملتهما – يعني ركعتي الفجر ( د ) عن بلال

5236. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، سۈبھى بەك ئاق يورۇپ كەتسىمۇ بامداتنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىنى ئوقۇش توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن ھازىر سۈبھىنى بەك يورۇتۇپ ئاقارتىۋەتكەندىنمۇ بەكرەك ئاقارتىپ يورۇتۇپ، كېچىكىپ قالغان بولسامۇ، ئەلۋەتتە بامداتنىڭ بۇ ئىككى رەكەت سۈننىتىنى چوقۇم ياخشى، گۈزەل ئوقۇيتتۇم، (يەنى ئالدىرىماي ياخشى ئوقۇيتتۇم، كامىل قىلاتتىم، سۈبھى بەك يورۇپ كەتسىمۇ، بۇ سۈننەت ئوقۇلىدۇ، لېكىن، كۈن چىقىش ۋاقتىدا تۇرۇپ تۇرۇپ، كۈن كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن ئوقۇلىدۇ). ئەبۇ داۋۇد 1066 ـ ھەدىس، ئەھمەد 22785 ـ ھەدىس، سەھىھ.

5237 ( صحيح ) لو أعطيتها أخوالك كان أعظم لأجرك ( م ) عن ميمونة

5237. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ بىر دېدەك، چۆرىنى ئازاد قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: ئەگەر ئۇنى بىر تۇغقان قېرىندىشىڭغا بەرگەن بولساڭ، ئەجرىڭ، ساۋابىڭ تېخىمۇ كاتتا، ئۇلۇغ بولاتتى دېگەن . مۇسلىم توپلىغان.

5238 ( صحيح ) لو أفلت أحد من ضمة القبر لأفلت هذا الصبي ( طب ) عن أبي أيوب

5238. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىر كىشى قەبرىنىڭ قاتتىق سىقىشىدىن قېچىپ قۇتۇلالىغان بولسا، ئەلۋەتتە مۇشۇ سەبىي، كىچىك بالا قۇتۇلغان بولاتتى، (مۇشۇ بالا قۇتۇلالمىغانغا قارىغاندا، ئاللاھ ساقلىغان كىشىدىن، شېھىددىن باشقا ھېچ كىشى قۇتۇلالمايدۇ). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. يەنە بىر خاتىرىدە بىرەر كىشى قېچىپ قۇتۇلالىغان بولسا، سەئد قۇتۇلغان بولاتتى دېگەن .

5239 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 4796 لو أمرت أحدا أن يسجد لأحد لأمرت المرأة أن تسجد لزوجها ( و لو أن رجلا أمر امرأته أن تنتقل من جبل أحمر إلى جبل أسود أو من جبل أسود إلى جبل أحمر لكان نولها أن تفعل ) ( ه ) عن عائشة

5239. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن بىر كىشىنى يەنە بىر كىشىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئايال كىشىنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان بولاتتىم، «ئەگەر ئەر كىشى ئايالىنى قىزىل تاغدىن قارا تاغقا ياكى قارا

تاغدىن قىزىل تاغقا تاغ يۆتكەشكە بۇيرىسا، ئەلۋەتتە ئۇ ئايالنىڭ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىپ، شۇ ئىشنى قىلىشى لايىق بولىدۇ، مەجبۇرىيىتى بولىدۇ»، ئىبنى ماجە 1842 ـ ھەدىس، ئەھمەد 23331 ـ ھەدىس، ئەلبانى بۇ ھەدىس سەھىھ، لېكىن تىرناق ئىچى يەنى ئاخىرى زەئىپ دېگەن .

لو أن ابن آدم هرب من رزقه كما يهرب من الموت لأدركه رزقه كما يدركه الموت ( حل ) عن جابر

5240. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئادەم بالىسى رىزقىدىن خۇددى ئۆلۈمدىن قاچقاندەك قاچسىمۇ، چوقۇم ئۇنىڭ رىزقى ئۇنى خۇددى ئۆلۈم تاپقاندەك قوغلاپ بېرىپ تېپىۋالىدۇ، (چۈنكى، رىزىق تۈگىمەي تۇرۇپ، ئەجەل توشمايدۇ). ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن، ئى قېرىنداشلار! خۇسۇسەن ئى ئۇستازلار! ئالىملار، سىلەر يەنە نېمىدىن غەم قىلىسىلەر؟ نېمشقا ئىسلام دىن ئۈچۈنلا خىزمەت قىلمايسىلەر؟!

**5241** ( صحيح ) لو أن أحدكم إذا أراد أن يأتي أهله قال: بسم الله اللهم جنبنا الشيطان و جنب الشيطان ما رزقتنا فإنه إن قضي بينهما ولد من ذلك لم يضره الشيطان أبدا ( حم ق **4** ) عن ابن عباس

5241. ئىبنى ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىرىڭلار ئەھلىگە كېلىشنى يەنى جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشنى ئىرادە قىلىپ مۇنداق دېسە: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئى ئاللاھ! بىزدىن ۋە بىزگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىدىن يەنى بالىلىرىمىزدىن شەيتاننى يىراق قىلسىلا» ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا شۇ مۇناسىۋەتتىن بالا بولۇش پۈتۈلۈپ، ھۆكۈم قىلىنىپ قالسا، ئۇ بالىغا شەيتان مەڭگۈ زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتابلار توپلىغان، سەھىھ.

**5242** ( صحيح ) لو أن أحدكم إذا نزل منزلا قال: أعوذ بكلمات الله التامة من شر ما خلق لم يضره في ذلك المنزل شيء حتى يرتحل منه ( ه ) عن خولة بنت حكيم

5242. خەۋلەت بىنتى ھەكىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىرىڭلار بىرەر مەنزىل، جايغا چۈشۈپ، «ئەئۇزۇبىكەلىماتىللاھى تتامماتى مىن شەررىما خەلەقە» ئاللاھنىڭ كامىل سۆزلىرى قۇرئان بىلەن ئاللاھ ياراتقان بارلىق نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن دېسە، شۇ ئورۇندىن يۆتكىلىپ كەتمىگۈچە ئۇ كىشىگە ھېچنەرسە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ، قۇرئان، مەخلۇق ئەمەس، ئاللاھنىڭ سۆزى، سۈپىتى، كالامىدۇر.

لو أن العباد لم يذنبوا لخلق الله خلقا يذنبون ثم يستغفرون ثم يغفر لهم و هو الغفور الرحيم( ك ) عن ابن عمرو

5243. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بەندىلەر قەتئىي گۇناھ قىلمايدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاللاھتائالا گۇناھ قىلىدىغان مەخلۇقلارنى خەلقلەرنى يارىتاتتى، ئاندىن ئۇلار گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلاتتى، مەغپىرەت سورايتتى، ئاندىن، ئاللاھ ئۇلارغا مەغپىرەت قىلاتتى، ئاللاھ بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچى، رەھىيم قىلغۇچى، مېھرىبان زاتتۇر، «بۇ سۈپەتنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلاتتى، ئەمدى سىلەر گۇناھ قىلغاچقا، تەۋبە قىلىڭلار، ئاللاھ كەچۈرىدۇ، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ياخشىسى تەۋبە قىلغۇچىلار». ھاكىم، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5244** ( صحيح ) لو أن الله عذب أهل سماواته و أهل أرضه لعذبهم و هو غير ظالم لهم و لو رحمهم لكانت رحمته لهم خير من أعمالهم و لو

أنفقت مثل أحد ذهبا في سبيل الله ما قبله الله منك حتى تؤمن بالقدر فتعلم أن ما أصابك لم يكن ليخطئك و ما أخطأك لم يكن ليصيبك و لو مت على غير هذا لدخلت النار ( حم ) عن زيد بن ثابت ( حم د ه حب طب ) عن أبي بن كعب وزيد بن ثابت وحذيفة وابن مسعود

5244. زەيد ئىبنى سابىت، ئۇبەي ئىبنى كەئبى، ھۇزەيفە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئاسمان ئەھلىنى زېمىن ئەھلىنى ئازابلىسا، ئەلۋەتتە، ئۇلارغا زۇلۇم قىلغۇچى، زالىم بولماستىن، ئازابلاۋېرىدۇ، (چۈنكى، ئاللاھ ياراتتى، بۇ ئۆزىنىڭ ئىشى)، ئەگەر ئۇلارغا رەھىم قىلىپ، جەننەتكە كىرگۈزسە، ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئۇلار ئۈچۈن بەك ياخشى، ئەمەللىرىدىنمۇ ياخشى، (جەننەت، رەھمەت يەرلى، دوۋزاخ بولسا، ئادىللىقتۇر)، ئەگەر سەن ئاللاھ يولىدا، ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇننى نەپىقە قىلىپ، خەجلىگەن بولساڭمۇ، سەن تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرمىگەچكە، ئاللاھ ئۇنى سەندىن قوبۇل قىلمايدۇ، شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ھەقىقەتەن تەقدىردە ساڭا يېتىدۇ دېگەن نەرسە چوقۇم سەندىن خاتا كەتمەيدۇ، ساڭىلا يېتىدۇ، تەقدىردە ساڭا يەتمەيدۇ، ساڭا ئەمەس، باشقىلارغا يېتىدۇ دەپ پۈتۈلگەن نەرسە ھەرگىز ساڭا يەتمەيدۇ، ئەگەر سەن مۇشۇ ئېتىقاددىن باشقا ئەقىدە ئۈستىدە ئۆلسەڭ، چوقۇم دوۋزاخقا كىرىسەن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5245** ( حسن ) لو أن الماء الذي يكون منه الولد أهرقته على صخرة لأخرج الله تعالى منها ولدا و ليخلقن الله نفسا هو خالقها ( حم الضياء ) عن أنس

5245. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ؛ ئەگەر بالا بولۇشقا، بالا يارىلىشقا تېگىشلىك سۇنى سەن تاش ئۈستىگە تۆكسەڭمۇ، چوقۇم ئاللاھتائالا ئۇنىڭدىن بالىنى يارىتىپ چىقىرالايدۇ، ئاللاھ ياراتماقچى بولغان بالىنى، جاننى چوقۇم يارىتىدۇ، (دەل ئەكسىچە ئاللاھ ياراتمايدىغان، بالا چىقارمايدىغان سۇنى قوش كېزەك تۇغىدىغان ئاياللىنىڭ بالا ياتقۇسىغا تۆكسەڭمۇ، ھەرگىز بالا چىقمايدۇ، يارالمايدۇ). ئەھمەد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن، ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ.

لو أن امرءا اطلع عليك بغير إذن فحذفته بحصاة ففقأت عينه لم يكن عليك جناح ( حم ق ) عن أبي هريرة

5246. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىر كىشى ئىزنىسىز، رۇخسەتسىز ئىشىكىڭنىڭ يوچۇقىدىن ساڭا مارىلاپ قارىسا، ئاندىن سەن ئۇ كىشىگە تاش ئېتىپ، كۆزىنى قۇيۇۋەتسەڭ، ساڭا ھېچ گۇناھ، جىنايەت يوقتۇر. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، رۇخسەت سوراش، كۆزنىڭ جەھىتىدىن يولغا قويۇلغان.

لو أن أهل السماء و الأرض اشتركوا في دم مؤمن لكبهم الله عز و جل في النار ( ت ) عن أبي سعيد وأبي هريرة معا

5247. ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئاسمان ئەھلى زېمىن ئەھلى ھەممىسى بىرلىشىپ، بىر مۆئمىننىڭ قېنىدا شېرىك بولسا، يەنى ئۇنى بىرلىشىپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئەلۋەتتە، ئاللاھتائالا ھەممىسىنى دوۋزاخقا يۈزىچە دۈم تاشلايدۇ. تىرمىزى توپلىغان سەھىھ، مۇشۇ ھەدىسكە ئاساسەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بىر مۆئمىننى بىرلىشىپ ئۆلتۈرگەن بىر نەچچە كىشىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان، 10 كىشى بىرلىشىپ، بىر مۆئمىن

مۇسۇلماننى ئۆلتۈرسە، ھەممىسى ئۆلتۈرۈلىدۇ، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئادىل قانۇنى، بارلىق قانۇنلار مۇشۇ ئادىل قانۇنغا كەلمىسە خاتالىشىدۇ.

لو أن حجرا مثل سبع خلفات ألقي عن شفير جهنم هوى فيها سبعين خريفا لا يبلغ قعرها ( هناد ) عن أنس

5248. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ناھايىتى سېمىز، چوڭ بوغاز يەتتە تۆگىدەك چوڭلۇقتىكى بىر تاش، جەھەننەمنىڭ گىرۋىكىدىن پەسكە تاشلانسا، ئۇ تاش پەسكە قاراپ 70 يىل چۈشسە، يەنىلا دوۋزاخنىڭ تېگىگە يېتىپ بولالمايدۇ. ھەنناد توپلىغان، سەھىھ. مانا بۇ دوۋزاخنىڭ چوڭقۇرلۇقى بولۇپ، كىرىپ - چىقىشقا 140 يىل كېتىدۇ، ھەزەر قىلايلى!

**5249** ( حسن ) لو أن رجلا يجر على وجهه من يوم ولد إلى يوم يموت هرما في مرضاة الله تعالى لحقره يوم القيامة ( حم تخ طب ) عن عتبة بن عبد

5249. ئۇتبەت ئىبنى ئابدۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىر كىشى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى دەپ ئاللاھ يولىدا تۇغۇلغان كۈندىن باشلاپ قېرىپ، ئاجىزلاپ ئۆلگىچە، يۈزىچە سۆرۈلۈپ قىينالسا ، (يۈزىچە يىقىلىپ ئىبادەتلا قىلسا) ئەلۋەتتە قىيامەت كۈنى بۇ ئىشنى ھاقارەتلىك كىچىك،ئاز سانايدۇ، (ئەجىر، ساۋابلىرىنى زىيادە قىلىشىپلىش ئۈچۈن، دۇنياغا قايتۇرۇلۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ). ئەھمەد 16991 - ھەدىس، تەبرانى، بۇخارى، تارىخدا توپلىغان، سەھىھ. ئى قېرىنداشلار! بىز قايسى بىر قىلىپ كەتكەن ئىبادەت، ئەمەللىرىمىزگە نەتىجە، تۆھپىلىرىمىزگە كۆرەڭلەپ خاتىرجەم يۈرىيمىز؟!!

**5250** ( صحيح ) لو أن قطرة من الزقوم قطرت في دار الدنيا لأفسدت على أهل الدنيا معايشهم فكيف بمن تكون طعامه ؟ ( حم ت ن ه حب ك ) عن ابن عباس

5250. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر زەققۇمدىن بىر تامچە بۇ دۇنياغا تېمىپ چۈشۈپ كەتسە، پۈتۈن دۇنيا ئەھلىنىڭ مەئىيشەت تۇرمۇشىنى پاسات قىلىپ بۇزۇۋېتىدۇ، دائىملىق تامىقى زەققۇم بولغان كىشىلەرنىڭ ھالى قانداق بولۇپ كېتەر ھە؟!! ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

لو أن ما يقل ظفر مما في الجنة بدا لتزخرفت له ما بين خوافق السموات و الأرض و لو أن رجلا من أهل الجنة اطلع فبدا أساوره لطمس ضوء الشمس كما تطمس الشمس ضوء النجوم ( حم ت ) عن سعد

5251. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر جەننەتتىكى زىبۇ - زىننەت نەرسىلەردىن كىچىككىنە تىرناقچىلىك ئاشكارا بولۇپ قالسا، ئەلۋەتتە، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ھەممە تەرەپلىرى ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن زىننەتلىنىپ كېتەتتى، ئەگەر جەننەت ئەھلىدىن بىر كىشى چىقىپ، ئۇنىڭ بىر تال بىلەيزۈكى ئاشكارا بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ نۇرى خۇددى قۇياش نۇرى، يۇلتۇزلارنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈپ، يوقاتقاندەك قۇياشنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈۋېتەتتى. تىرمىزى 2461 - ھەدىس، ئەھمەد 1388 - ھەدىس، سەھىھ. مانا بۇ بىر تەرەپتىن قورقۇپ، بىر تەرەپتىن قىزىقتۇرۇش، ئۈمىدۋار قىلىش.

**5252** ( صحيح ) لو أنكم إذا خرجتم من عندي تكونون على الحال الذي تكونون عليه لصافحتكم الملائكة بطرق المدينة ( ع ) عن أنس

5252. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سىلەر مېنىڭ يېنىمدىن چىقىپ كەتكەن چاغلاردىمۇ مېنىڭ ئالدىمدىكى ھالەتتە بىر خىل تۇرالىغان بولساڭلار ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن پەرىشتىلەر مەدىنىنىڭ يوللىرىدا قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن بولاتتى. ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

لو أنكم تكونون على كل حال على الحالة التي أنتم عليها عندي لصافحتكم الملائكة بأكفهم و لزارتكم في بيوتكم و لو لم تذنبوا لجاء الله بقوم يذنبون كي يغفر لهم ( حم ت ) عن أبي هريرة

5253. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سىلەر ھەر قانداق ھالەتتە مېنىڭ ئالدىمدا تۇرغان ھالەتتىكىدەك بىر خىل ھالەتتە تۇرالىغان بولساڭلار، ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن پەرىشتىلەر ئالىقانلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن بولاتتى، پەرىشتىلەر سىلەرنى ئۆيلىرىڭلاردا زىيارەت قىلغان بولاتتى، ئەگەر سىلەر گۇناھ قىلمايدىغان بولساڭلار، ئەلۋەتتە، ئاللاھتائالا مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن گۇناھ قىلىدىغان قەۋملەرنى كەلتۈرگەن بولاتتى. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. سىلەر بىر خىل ھالەتتە تۇرالمايسىلەر، گۇناھمۇ قىلىپ قالىسىلەر، بىر سائەت ئۇنداق، بىر سائەت مۇنداق بولۇپ قالىسىلەر، ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار، ئاللاھ بەكمۇ كەچۈرگۈچى زاتتۇر.

لو أنكم توكلون على الله تعالى حق توكله لرزقكم كما يرزق الطير تغدو خماصا و تروح بطانا(حم ت ه ك)عن عمر

5254. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سىلەر ئاللاھتائالاغا ھەققى، لايىقىدا تەۋەككۇل قىلالىساڭلار، ئەلۋەتتە سىلەرگە ئاللاھتائالا قۇشلارغا رىزىق بەرگەندەك رىزىق بەرگەن بولاتتى، ئەتىگىنى ئاچ قورساق چىقىپ كېتىپ، كەچتە توق قورساق قايتىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5255** ( صحيح ) لو أني استقبلت من أمري ما استدبرت لم أسق الهدي و لجعلتها عمرة فمن كان منكم ليس معه هدي فليحل و ليجعلها عمرة ( م د ) عن جابر

5255. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن كېيىن قىلماقچى بولغان ئىشىمنى ئالدىن، غەيبتىن بىلەلىگەن بولسام، ھەدىي، قۇربانلىق ھەيدەپ كەلمىگەن بولاتتىم، بۇ ھەججنى ئۆمرە ھەج قىلىۋەتكەن بولاتتىم، سىلەردىن كىم بىلەن بىرگە ھەدىي بولمىسا، ئۇ ئېھرامدىن چىقىپ، ھالال بولسۇن، بۇ ھەججىنى ئۆمرە ھەج قىلىۋەتسۇن. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

لو أني استقبلت من أمري ما استدبرت ما أهديت و لولا أن معي الهدي لأحللت ( حم ق ) عن جابر

5256. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن بۇندىن كېيىن قىلماقچى بولغان ئىشىمنى مەن يولۇقىدىغان ئىشلاردىن ئالدىن بىلەلىگەن بولسام، ھەدىي ئېلىپ كەلمەيتتىم، مەن بىلەن بىللە ھەدىي، قۇربانلىق ماللىرى بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئېھرامدىن چىقاتتىم. ئەھمەد بىلەن بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ساھابىلەر بۇ ھەججنى ئۆمرە ھەج قىلىۋەتكەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ھەدىي ئېلىپ

كەلگەنلەر پەرز ھەج قىلغان، ئەگەر بۇ ئىككى ھەجگە بىراقلا ئېھرام باغلىسا، قىران ھەج دېيىلىدۇ، ئايرىم ـ ئايرىم ئېھرام باغلاپ، ھەج قىلسا، تەمەتتۇئ ھەج دېيىلىدۇ، ئۆمرە، نەپلە ھەجدۇر.

5257 ( صحيح ) لو أهدي إلي كراع لقبلت و لو دعيت عليه لأجبت ( حم ت حب ) عن أنس

5257. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ماڭا قوينىڭ ياكى كالىنىڭ پاقالچىقى ھەدىيە قىلىنسا، ئەلۋەتتە قوبۇل قىلاتتىم، ئەگەر مېنى شۇنىڭغا چاقىرىلسام، ئەلۋەتتە باراتتىم، (يەنى شۇنچىلىك نەرسىنىمۇ ھەقىرە كۆرمەي، كىچىك سانىماي، قوبۇل قىلاتتىم ۋە باراتتىم) ئەھمەد 9121 ـ ھەدىس، بۇخارى 4780 ـ ھەدىس، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

5258 ( صحيح ) لو تركنا هذا الباب للنساء ( د ) عن ابن عمر

5258. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىز بۇ ئىشىكنى يەنى مەسجىدنىڭ بىر ئىشىكنى ئاياللارنىڭ كىرىپ ـ چىقىشى ئۈچۈن قالدۇرغان بولساق ھە! (ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاياللار كىرىدىغان ئىشىكتىن ئەرلەرنىڭ كىرىشىنى قاتتىق توسقان، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلۈپ كەتكىچە ئۇ ئاياللار ئىشىكىدىن كىرمىگەن)، ئەبۇ داۋۇد 391 ـ ھەدىس، سەھىھ. ئەبۇ داۋۇد رەھمەھۇللاھ، ئاياللار مەسجىددە كىرىپ ـ چىقىشتا ئەرلەردىن ئايرىم بولۇشى كېرەك دېگەن ، ھازىر ئاياللار مەسجىدنى ئايرىم سالسا، ئىمامنىڭ ئاۋازىنى،مىكروفون، زوۋكىدىن ئاڭلاپ ئىقتىدا قىلسا بولىدۇ.

لو تعلم المرأة حق الزوج لم تقعد ما حضر غداؤه و عشاؤه حتى يفرغ منه ( طب ) عن معاذ

5259. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئايال كىشى ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى ئېرىنىڭ ھەققىنى بىلسە ئىدى، ئېرىنىڭ ئەتىگەنلىك، كەچلىك تامىقى ھازىر بولماي تۇرۇپ، ئېرى تامىقىدىن ۋە باشقا ئىشلىرىدىن پارىغ بولالماي تۇرۇپ ھەرگىز ئولتۇرمايتتى، ئارام ئالمايتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

5260 ( صحيح ) لو تعلمون قدر رحمة الله لاتكلتم عليها ( البزار ) عن أبي سعيد

5260. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ مىقدارىنى بىلسەڭلار، ئەلۋەتتە رەھمىتىگىلا يۆلىنىۋالاتتىڭلار. بەزار توپلىغان، سەھىھ.

5261 ( صحيح ) لو تعلمون ما ادخر لكم ما حزنتم على ما زوي عنكم( حم ) عن العرباض

5261. ئىرباز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سىلەرگە تەييارلاپ ئېلىپ قويۇلغان نەرسىلەرنى بىلسەڭلار، سىلەردىن يىغىۋېلىنغان، بەرمەي قالدۇرۇپ تۇرغان نەرسىلەرگە غەم قىلمايتتىڭلار، (لېكىن، بۇ سىناق دۇنيا) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

5262 ( حسن ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 4814 لو تعلمون ما أعلم لبكيتم كثيرا و لضحكتم قليلا و لخرجتم إلى الصعدات تجأرون إلى الله تعالى ( لا تدرون تنجون أو لا تنجون ) ( طب ك هب ) عن أبي الدرداء

5262. ئەبۇددەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ئەگەر سىلەر مەن بىلگەن نەرسىلەرنى بىلگەن بولساڭلار، كۆپ يىغلاپ، ئاز كۈلەتتىڭلار، ئېگىز ـ ئېگىز تاغلارغا، ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ، چىقىپ كېتەتتىڭلار، ئاللاھ! ئاللاھ! دەپ كېتەتتىڭلار، (سىلەر نىجات تېپىشىڭلارنى ياكى تاپالماسلىقىڭلارنى بىلەلمەيسىلەر). تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

5263 ( صحيح ) لو تعلمون ما أعلم لضحكتم قليلا و لبكيتم كثيرا ( حم ق ت ن ه ) عن أنس

5263. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سىلەر مەن بىلگەننى بىلگەن بولساڭلار، ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلايتتىڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. مۇشۇ ئىككى قىسىم كىتابنى ئوقۇغانلار، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلگەننى بىلگەن بولىدۇ، مەسىلەن، ئەقىدە، ئېتىقادنى.

5264 ( صحيح ) لو تعلمون ما في الصف الأول ما كانت إلا قرعة ( م ه ) عن أبي هريرة

5264. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر نامازنىڭ بىرىنچى سەپتىكى پەزىلەتنى بىلسەڭلار، پەقەت چەك تاشلاشلا بولاتتى، يەنى كىشىلەر چەك تاشلىشىپ كېتەتتى، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ھازىر كىشىلەر مۇشۇ دۇنياغا چەك تاشلىشىپ كەتتى.

5265 ( صحيح ) لو تعلمون ما لكم عند الله لأحببتم أن تزدادوا فاقة و حاجة ( ت ) عن فضالة بن عبيد

5265. پۈزالەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى سىلەر ئۈچۈن ئېلىپ قويۇلغان نەرسىلەرنى بىلگەن بولساڭلار، ئەلۋەتتە ئۆزۈڭلارغا ھاجەتنىڭ، پېقىرلىقنىڭ زىيادە قىلىنىشىنى يەنى بۇ دۇنيادا نامرات ئۆتۈشۈڭلارنى ياخشى كۆرۈپ كېتەتتىڭلار. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

5266 ( حسن ) لو جمع القرآن في إهاب ما أحرقه الله بالنار ( هب ) عن عصمة بن مالك

5266. ئەسمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر قۇرئان كەرىم، تېرە ئىچىگە توپلانسا، ئاللاھتائالا ئۇنى ئوت بىلەن كۆيدۈرمەيدۇ، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن، يەنى تېرىگە يېزىلسا ياكى تېرە ئىچىگە سېلىنسا.

5267 ( صحيح ) لو خرجتم إلى ذود لنا فشربتم من ألبانها و أبوالها ( ه ) عن أنس

5267. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەلدىن شىكايەت قىلغانلارغا ئەگەر سىلەر چىقىپ تۆگىلىرىمىزنىڭ سۈتلىرىدىن، سۈيدۈكلىرىدىن ئىچسەڭلار، ساقىيىسىلەر دېگەن . (كىيىن ئۇلار چىقىپ ئىچىپ ساقىيىۋېلىپ، تۆگىلەرنى بۇلاپ كېتىدۇ، پادىچىلارنى ئۆلتۈرىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى تۇتۇپ جازالايدۇ، قىساس ئالىدۇ). ئىبنى ماجەلەر ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

لو دعيت إلى ذراع أو كراع لأجبت و لو أهدي إلي ذراع أو كراع لقبلت ( خ ) عن أبي هريرة

5268. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن قوينىڭ قولىغا ياكى پاچىقىغا چاقىرىلسام، ئەلۋەتتە بارىمەن، ئەگەر ماڭا ئۇ نەرسە ھەدىيە قىلىنسا، ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىمەن، (لېكىن زاكات يېمەيتتى). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**5269** ( صحيح ) لو دنا مني لخطفته الملائكة عضوا عضوا – يعني أبا جهل –( حم م ) عن أبي هريرة

5269. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ جەھىل، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم  ناماز ئوقۇۋاتسا ئۇنى ئۆرىمەن، بويىنىغا دەسسەيمەن دەپ بېرىپ، كېيىن كەينىگە قاچىدۇ، ئۇنىڭدىن سورالسا، ئۇ مەن ئوتلۇق ئازگالنى ۋە قانەتتەك نەرسىنى كۆردۈم دېگەن ، شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەگەر ئۇ ماڭا يېقىنلاشقان بولسا، پەرىشتىلەر ئۇنى بىر ئەزادىن بىر ئەزادىن تىتىۋېتەتتى، پارچىلىۋېتەتتى دېگەن . ئەھمەد، مۇسلىم، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

لو رأيتني و أنا أستمع قراءتك البارحة فقد أوتيت مزمارا من مزامير آل داود( م ) عن أبي موسى

5270. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سەن مېنىڭ ئۆتكەن كېچە قىرائىتىڭنى زوق بىلەن تىڭشاۋاتقىنىمنى كۆرگەن بولساڭ، ھەيران قالاتتىڭ، ھەقىقەتەن ساڭا داۋۇد ئائىلىسىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازلىرىدىن بىر مۇڭلۇق ئاۋاز بېرىلىپتۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5271** ( صحيح ) لو رجمت أحدا بغير بينة لرجمت هذه ( ق ) عن ابن عباس

5271. ئىبنى ئاببas  رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئىبرى بىلەن قەسەم لەنەت قىلىشقان زىناخور ئايال توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن بىرەر كىشىنى دەلىل ـ ئىسپاتسىز، ھۆججەتسىز رىجىم، تاش ـ بوران قىلىپ قالسام، ئەلۋەتتە مۇشۇ ئايالنى(پاھىشۋازنى) رىجىم قىلاتتىم، (لېكىن، دەلىل ـ ئىسپات يوق، رىجىم قىلمىغان). بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ.

**5272** ( صحيح ) لو عاش إبراهيم لكان صديقا نبيا( الباوردي ) عن أنس ( ابن عساكر ) عن جابر وابن دباس وابن أبي أوفى

5272. ئەنەس، جابىر، ئىبنى ئاببas، ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئوغلۇم ئىبراھىم ھايات بولسا، ئەلۋەتتە سىددىق، پەيغەمبەر بولاتتى، (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن پەيغەمبەر چىقمىغاچقا ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن)، باۋرۇدى، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

لو علمت أنك تنظر لطعنت بها في عينك إنما جعل الاستئذان من أجل البصر ( حم ق ت ن ) عن سهل بن سعد

5273. سەھلى ئىبنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن سېنىڭ مارلاپ قارىشىڭنى بىلگەن بولسام، بۇ تارغاقنى كۆزۈڭگە سانجىۋەتكەن بولاتتىم، ھەقىقەتەن ئىزنى، رۇخسەت سوراش دېگەن كۆزنىڭ جەھىتىدىن، كۆرۈپ قېلىشتىن قىلىنغان يولغا قويۇلغان. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئىلار توپلىغان، سەھىھ.

**5274** ( حسن ) لو غفر لكم ما تأتون إلى البهائم لغفر لكم كثير ( حم طب ) عن أبي الدرداء

5274. ئەبۇدەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سىلەر ئۈچۈن ھايۋانلارنىڭ قېشىغا بارغىنىڭلار يەنى ھايۋانلار بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشقىلار، مەغپىرەت قىلىنسا، ئەلۋەتتە سىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن گۇناھلار مەغپىرەت قىلىناتتى، يەنى بۇ ئېغىر گۇناھتۇر، ھارام ئىشتۇر. ئەھمەد 26214 ـ ھەدىس، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**5275** ( صحيح ) لو قضي كان ( الدارقطني في الأفراد حل ) عن أنس

5275. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۇ ئىش قازايى ـ قەدەردە پۈتۈلگەن بولسا، چوقۇم يۈز بېرەتتى، بۇ تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش. دارىقۇتنى، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) لو قلت بسم الله لرفعتك الملائكة و الناس ينظرون إليك حتى تلج بك في جو السماء ( ن ) عن جابر ( طب ) عن أبي طلحة وأنس

5276. جابىر، ئەبۇ تەلھە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇھۇد كۈنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قوغداپ 11 كىشى ئەنسارىلاردىن شېھىد قىلىندى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەقەت تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەنلا قالدۇ، بۇ ساھابە ئالدىدىكى 11 كىشىدەك قاتتىق جەڭ قىلدۇ، ئۇنىڭ قولىغا قىلىچ ئۇرۇلۇپ، بارماقلىرى كېسىلىپ كېتىدۇ، ئۇ شۇ چاغدا بىسمىللا دېمەي ۋايجان دەيدۇ، دەل شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا، «ئەگەر سەن ۋايجان دېگەننىڭ ئورنىدا بىسمىللاھ دېگەن بولساڭ، ئەلۋەتتە سېنى پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ، ئۇچۇرتۇپ ماڭاتتى، پەرىشتىلەر سېنى ئاسمانغا ئەكىرىپ كەتكىچە كىشىلەر ساڭا قارىشىپ قالاتتى دېگەن . نەسەئى 3098 ـ ھەدىس، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

لو قلت نعم لوجبت و لو وجبت لم تقوموا بها و لو لم تقوموا بها عذبتم ( ه ) عن أنس

5277. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى ھەج قىلىش ھەر يىلى پەرزمۇ؟ دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تورۇۋېتىپ، ياق، ئۆمۈردە بىر قېتىم پەرز، ئەگەر مەن ھەئە دېگەن بولسام، ئەلۋەتتە ھەر يىلى ھەج قىلىش پەرز بولۇپ قالاتتى، ئەگەر ھەج قىلىش ھەر يىلى پەرز بولسا، ئۇنى ھەرگىز بەرپا قىلىپ، ئورۇندىيالمايتتىڭلار، ئادا قىلالمايتتىڭلار، ئۇنى ئادا قىلالمىساڭلار، ئەلۋەتتە ئازابلىناتتىڭلار، گۇناھكار بولاتتىڭلار دېگەن . ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**5278** ( صحيح ) لو قلتها و أنت تملك أمرك أفلحت كل الفلاح ( م د ) عن عمران بن حصين

5278. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ساھابىلەر ئەسىر ئالغان بىر كىشى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چاقىرىپ مېنى نېمە ئۈچۈن تۇتىسىلەر؟ دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، سېنىڭ قەسەمداشلىرىڭ بىزنىڭ ئىككى كىشىمىزنى ئەسىر ئېلىۋالدى، شۇنىڭ ئۈچۈن تۇتتۇق دېسە، ئۇ، مەن مۇسۇلمان بولدۇم دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەگەر سەن بۇ سۆزنى بايراق ئۆز ئىشىڭغا ئىگە بولغان ھالەتتە دېگەن بولساڭ، (يەنى ئەركىن چاغدا بۇندىن كېيىن ياكى بۇرۇن دېگەن بولساڭ) زور نىجادلىققا، بەختكە ئېرىشكەن بولاتتىڭ، «لېكىن، ھازىر سەن ئامال يوق دېدىڭ دېگەن » . مۇسلىم 3099 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2883 ـ ھەدىس، ئەھمەد 19017 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5279** ( صحيح ) لو كان أسامة جارية لكسوته و حليته حتى أنفقه ( حم ه ) عن عائشة

5279. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇسامە ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىغا پۈتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، يۈزىدىن قان چىقىپ كېتىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ قېنىنى تازىلاۋېتىپ، مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۇسامە دېدەك، چۆرە قىز بولغان بولسا، مەن ئۇنى نەپىقە قىلىپ،

بىرىۋېتىشىم ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرىنى ئېتىپ بەرگەن بولاتتىم، (يەنى، سېخىيلىق بىلەن ئۇنى بىرىسگە بېرەتتىم ياكى ئازاد قىلاتتىم). ئەھمەد 23931 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1966 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5280** ( صحيح ) لو كان الإيمان عند الثريا لتناوله رجال من فارس ( ق ت ) عن أبي هريرة

5280. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئىمان ھۆكەر يۇلتۇزدا بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنى پارسلىقلاردىن بولغان ئەرلەر ئالغان بولاتتى، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

لو كان الإيمان عند الثريا لذهب به رجل من أبناء فارس حتى يتناوله ( م ) عن أبي هريرة

5281. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئىمان ھۆكەر يۇلتۇزدا بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا پارسلىقلارنىڭ باللىرىدىن بىر كىشى بېرىپ، ئىمانىنى ئېلىپ كېلەتتى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستە پارسلاردىن بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ پەزىلىتىدىن باشقا مۇھىم بىر سىرلىق ئىشارەت باردۇر، ئۇ بولسىمۇ، يۇلتۇزلار ئارا، پىلانىتلار ئارا ئالەم بوشلۇقىغا سەپەر قىلىشتۇر، بۇ ئىشارەتتىن ئېلىنغان دەلىلدۇر.

**5282** ( حسن ) لو كان القرآن في إهاب ما أكلته النار ( طب ) عن عقبة بن عامر وعصمة بن مالك

5282. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر، ئەسمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر قۇرئان كەرىم، تېرىنىڭ ئىچىدە قىلىنسا، ئۇنى ئوت كۆيدۈرۈپ يېيەلمەيدۇ، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن، بۇ قۇرئاننى ئوبدان ساقلاشنى كۆرسىتىدۇ.

لو كان المطعم بن عدي حيا ثم كلمني في هؤلاء النتنى لأطلقتهم له – يعني أسارى بدر( حم خ د) عن جبير بن مطعم

5283. جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بەدىر ئەسىرلىرى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ئەگەر مۇتئىم ئىبنى ئەدى ھايات بولۇپ، ئاندىن ماڭا ئاۋۇ سېسىق تاپلار يەنى ئەسىرلەر توغرىسىدا شاپائەت قىلىپ سۆز قىلسا، ئەلۋەتتە مەن ئۇلارنى ئۇنىڭ ئۈچۈن قويۇپ بەرگەن بولاتتىم، (كېيىن، بۇ ئەسىرلەردىن فىدىيە پۇلى ئېلىنىدۇ) ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

لو كان بعدي نبي لكان عمر بن الخطاب( حم ت ك ) عن عقبة بن عامر ( طب ) عن عصمة بن مالك

5284. ئۇقبەت، ئەسمەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەندىن كېيىن پەيغەمبەر بولۇپ قالسا، ئەلۋەتتە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر بولغان بولاتتى، (لېكىن، قەتئىي پەيغەمبەر چىقمايدۇ، ھەتتا، ئەيسا ئەلەيھىسسالام چۈشسىمۇ يەنىلا مۇشۇ ئىسلام دىنى بويىچە، قۇرئان بويىچە سورايدۇ). ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**5285** ( صحيح ) لو كان ذلك ضارا ضر فارس و الروم – يعني الغيل – ( م ) عن أسامة بن زيد

5285. ئۇسامەت ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بالا ئېمىتىۋاتقان ئايالى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلىش بالىغا زىيان يەتكۈزگۈچى بولسا، پارس ، رۇملارغا زەرەر يەتكۈزەتتى، (دېمەك زەرەر يوق) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇنىڭ ئوخشىشى يۇقىرىدا ئۆتكەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن توسمىغان.

**5286** ( صحيح ) لو كان شيء سابق القدر لسبقته العين ( حم ت ه ) عن أسماء بنت عميس

5286. ئەسمائ بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىر نەرسە تەقدىردىن ئىلگىرىلەپ كەتسە، ئەلۋەتتە كۆز تېگىش ئىلگىرىلەپ كېتەتتى، (يەنى كۆز تېگىش راست ئىشتۇر). ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5287** ( صحيح ) لو كان شيء سابق القدر لسبقته العين و إذا استغسلتم فاغسلوا ( ت ) عن ابن عباس

5287. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىرەر نەرسە تەقدىردىن غالىب كېلىپ، ئىلگىرىلەپ كېتەلىسە، ئەلۋەتتە كۆز تېگىش ئىلگىرىلەپ كېتەتتى، يۇيۇپ قويۇشنى سىلەردىن تەلەپ قىلىنسا، يۇيۇپ قويۇڭلار، (يەنى كۆز تەگكەن كىشىنى كۆزى چۈشكەن، ھەسەت قىلغان كىشى يۇيۇپ قويسا، ساقىيىپ قالىدۇ). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5288** ( صحيح ) لو كان لابن آدم واد من مال لابتغى إليه ثانيا و لو كان له واديان لابتغى لهما ثالثا و لا يملأ جوف ابن آدم إلا التراب و يتوب الله على من تاب ( حم ق ت ) عن أنس ( حم ق ) عن ابن عباس ( خ ) عن ابن الزبير ( ه ) عن أبي هريرة ( حم ) عن أبي واقد ( تخ البزار ) عن بريدة

5288. ئەنەس، ئىبنى ئابباس، ئىبنى زۇبەير، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەۋاقىد، بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئادەم بالىسىغا بىر يايلاق بىر چاڭگال مال بولسا، ئەلۋەتتە ئىككىنچى بىر يايلاق مالنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ئىككى يايلاق بىزا مال بولسا، ئۇنىڭغا ئۈچىنچىسىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئادەم بالىسىنىڭ قورسىقىنى پەقەت توپىلا تولدۇرىدۇ، (ئۇ ئۆلگەندە ئاندىن توپىدۇ، ئۇنىڭ كۆزىنى بىر چىمدىم تۇپراق تويغۇزىدۇ، توپىدىن باشقىسى قورسىقىنى تولدۇرالمايدۇ) ئاللاھ تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، بۇخارى، ئىبنى ماجە، بەزار، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

**5289** ( صحيح ) لو كان لابن آدم واد من نخل لتمنى مثله ثم تمنى مثله حتى يتمنى أودية و لا يملأ جوف ابن آدم إلا التراب ( حم حب ) عن جابر

5289. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئادەم بالىسىغا بىر جاڭگال خورمىزارلىق بولسا، يەنە ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ھەتتا، ئۇ بىر نەچچە خورمىزارلىق بىغى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئادەم بالىسىنىڭ قورسىقىنى پەقەت توپىلا تولدۇرالايدۇ، يەنى ئۆلسە توپىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. بۇ، كىشىنىڭ نەپسىنى، ئاچكۆزلۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

لو كان لي مثل أحد ذهبا لسرني أن لا يمر علي ثلاث و عندي منه شيء إلا شيء أرصده لدين ( خ )عن أبي هرير

5290. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ماڭا ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇن بولسا، مېنىڭ نەزىرىمدە شۇ ئالتۇنلاردىن بىرەر نەرسە بار ھالەتتە ئۈچ كۈننىڭ ئۆتمەسلىكى مېنى خۇرسەن قىلىدۇ، مەن ئۇنى خەجلىمەي تۇرۇپ ئۈچ كۈننىڭ ئۆتۈپ كېتىشى مېنى خۇرسەن قىلمايدۇ. مەن ئۇنى ئۈچ كۈن ئىچىدىلا ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلىپ بېرىۋېتىمەن،

پەقەت مەن قەرزىم ئۈچۈن تەييارلاپ ئېلىپ قويغان نەرسە قېلىپ قالدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. مەقسەت ، قەرزنى بېرىۋېتىش، قالغىنىنى ئاللاھ يولىدا بېرىۋېتىش مەنپەئەتلىكتۇر.

لو كان مسلما فأعتقتم عنه أو تصدقتم عنه أو حججتم عنه بلغه ذلك ( د ) عن ابن عمرو

5291. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۇ ئۆلگەن مېيىت مۇسۇلمان بولسا، ئۇنىڭ ھەققىدىن قۇل ئازاد قىلساڭلار، سەدىقە ئېھسان قىلساڭلار، ياكى ھەج قىلساڭلار، شۇنىڭ ساۋابى ئۇ كىشىگە يېتىپ بارىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن. قانداق نەرسە قىلساڭلار، قۇرئان، سەھىھ ھەدىس بىلەن دەلىل ـ ئىسپاتنى تولۇق قىلىپ قىلىڭلار، بىدئەتتىن ھەزەر قىلىڭلار، مەسىلەن: ھەپتىسى، قىرىقى، يىلى دېگەنلەر ، شېرىك بىدئەتتۇر، باشقا دىنىدىن كىرگەن ئادەتتۇر، ئەلبانى بۇنى بىدئەت دېگەن .

لو كانت الدنيا تعدل عند الله جناح بعوضة ما سقى كافرا منها شربة ماء( ت الضياء ) عن سهل بن سعد

5292. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر دۇنيا، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە بىر تال پاشىنىڭ قانىتىغا ئەرزىسە، بىر تال قاناتقا تەڭ بولغان بولسا، بۇ دۇنيادىن كاپىر، دىنسىزنى بىر ئوتلام سۇ بىلەنمۇ سۇغارمىغان بولاتتى. تىرمىزى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ، دۇنيا دېگەن ئاياللار بىلەن قوشۇلۇپ شەيتاننىڭ سەركەردىسى بولىدۇ، بۇ دۇنيا، ئاخىرەتكە نىسبەتەن يوق نەرسە، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىمان ـ ئېتىقاد، ئىلىم، ئىبادەت، دوستلۇق، مۇھەببەت باردۇر، سەن ئاشۇ پاشىنىڭ قانىتىغا تەڭ ئەمەس دۇنيانى ئاللاھ يولىدا خەجلەپ، كۆرەڭلەپ كەتمە، چۈنكى، ئۇ پاشىنىڭ قانىتىغا تەڭ ئەمەس، نومۇس قىلغىن، شۇنىمۇ ئاللاھ يولىدا بېرەلمەمسەن؟! شۇنىڭ ئۈچۈن مۆئمىنگە دۇنيانى ئەمەس ئىماننى ئېتىقادنى ئىلىم، ئىبادەتنى بېرىدۇ، دۇنيادىن قوغداپ ئۇنى بەرمەيدۇ، بەرسە، ئېزىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، ئېزىپ كەتمىگەن مۆئمىنگە دۇنيا ياخشى ياردەمچى بولىدۇ.

**5293** ( صحيح ) لو كانت سورة واحدة لكفت الناس ( حم د ) عن أبي سعيد

5293. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەفۋان: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئايالىم ناماز ئوقۇسا ئىككى سۈرە ئوقۇيدۇ، روزا تۇتتۇرىدۇ، مەن ياش بولغاچقا سەۋر قىلالمايمەن دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «ئەگەر بىر سۈرە بولغان بولسىمۇ نامازدا ھەممە كىشىلەرگە كۇپايە بولغان بولاتتى» (يەنى نامازدا بىر سۈرە ئوقۇسىمۇ بولىدۇ)، ئايال كىشى ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز روزا تۇتمىسۇن، ئېرى بىلەن تۇتسۇن دېگەن . ئەبۇ داۋۇد 2103 ـ ھەدىس، ئەھمەد 11335 ـ ھەدىس، سەھىھ.

كنت آمرا أحدا أن يسجد لأحد لأمرت المرأة أن تسجد لزوجها (ت)عن أبي هريرة ( حم ) عن معاذ ( ك ) عن بريدة

5294. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ، مۇئاز، بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن بىر كىشىنى يەنە بىر كىشىگە سەجدە قىلىشنى بۇيرۇيدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئايال كىشىنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيتتۇم، (چۈنكى، ھەققى شۇنداق چوڭ، لېكىن، ئاللاھنىڭ غەيرىگە سەجدە قىلىش، تەزىم قىلىش دۇرۇس ئەمەس). تىرمىزى، ئەھمەد،

ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5295** ( حسن ) لو كنت آمرا أحدا أن يسجد لغير الله لأمرت المرأة أن تسجد لزوجها و الذي نفس محمد بيده لا تؤدي المرأة حق ربها حتى تؤدي حق زوجها كله حتى لو سألها نفسها و هي على قتب لم تمنعه ( حم ه حب ) عن عبدالله بن أبي أوفى

5295. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن بىر كىشىنى ئاللاھنىڭ غەيرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئايال كىشىنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيتتۇم، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئايال كىشى ئېرىنىڭ بارلىق ھەققىنى ئادا قىلمىغۇچە پەرۋەردىگارىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالمايدۇ، رەببىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشقا باغلىق، ھەتتا ئېرى ئايال كىشىنى تەلەپ قىلسا، بىللە بولۇشقا چاقىرسا، گەرچە ئۇ ئايال تۆگىنىڭ ئۈستىدە سەپەر قىلىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئېرىنى چەكلەپ، توسۇپ قويالمايدۇ، (باشقا خاتىرىدە تونۇر ئۈستىدە نان يېقىۋاتقان بولسىمۇ دەرھال كەلسۇن، ئېرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقسۇن، ئەگەر ئايال كىشى ئېرى بىللە بولۇشقا چاقىرىپ، ئايال كىشى رەت قىلىپ ئۇخلاپ قالسا، تاڭ ئاتقىچە پەرىشتىلەر ئۇ ئايالغا لەنەت قىلىدۇ دېگەن سەھىھ ھەدىسلەر ئۆتتى). ئىبنى ماجە 1843 ـ ھەدىس، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

لو كنت متخذا من أهل الأرض خليلا لاتخذت ابن أبي قحافة خليلا و لكن صاحبكم خليل الله ( م ) عن ابن مسعود

5296. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن زېمىن ئەھلىدىن يېقىن دوست تۇتۇپ قالسام، ئەلۋەتتە ئىبنى ئەبۇ قەھافەنى يەنى ئەبۇ بەكرىنى تۇتاتتىم، لېكىن، ساھىبىڭلار يەنى مەن، ئاللاھنىڭ خەلىلى، يېقىن دوستى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5297** ( صحيح ) لو كنت متخذا من أمتي خليلا دون ربي لاتخذت أبا بكر خليلا و لكن أخي و صاحبي ( حم خ ) عن ابن الزبير ( خ ) عن ابن عباس

5297. ئىبنى زەبەير ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن ئۈممىتىمدىن، رەببىمنى قويۇپ رەببىمدىن باشقا بىرەرسىنى يېقىن دوست تۇتسام، ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرىنى دوست تۇتاتتىم، لېكىن، ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم، ئىسلام قېرىنداشلىقى ئەۋزەل ھەم ئۇ مېنىڭ ھەمراھىم، ساھابەم، (شۇنداقلا مەن ئاللاھنىڭ يېقىن دوستى). ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

لو كنت متخذا خليلا لاتخذت أبا بكر خليلا و لكنه أخي و صاحبي و قد اتخذ الله صاحبكم خليلا ( م ) عن ابن مسعود

5298. بۇ ھەدىسنى مۇسلىم، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان، سەھىھ، يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

**5299** ( صحيح ) لو كنتم تغرفون من بطحان ما زدتم ( حم ك ) عن أبي حدرد

5299. ئىبنى ئەبۇ ھەدرەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا، ئالماقچى بولغان ئايالىنىڭ تويلۇق مېھرىگە ياردەم سوراپ كېلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا، قانچىلىك مېھرى ھەققى بېرىسەن؟ دېسە، ئۇ 200 دىرھەم كۈمۈش دەيدۇ، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا، ئەگەر سىلەر ئالتۇن ـ كۈمۈشنى بوتھان

دېگەن جاڭگال، يايلاقتىن چاڭگاللاپ سۈزۈپ ئالساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن زىيادە ئارتۇق بەرمىگەن بولاتتىڭلار، مېنىڭ يېنىمدا ساڭا بەرگىدەك ئۇنچە كۆپ پۇل يوق دېدى، كىيىن بۇ كىشىگە ئولجا، غەنىيمەتتىن بەردى، ئەھمەد 15151 ـ ھەدىس، 2275 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ. 200 دىرھەم كۈمۈش شۇ چاغدا 20 مىسقال ئالتۇن بولاتتى، قىممىتى 6000 يۈەن، بۇ تويلۇق مېھرىنى قەرز ئېلىپ توي قىلماقچى بولغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئازراق كايىغان، پۇلنى جاڭگالدىن يەنى دۆڭنىڭ قۇمىدىن چاڭگاللاپ سۈزگەن بولساڭلارمۇ ئۇنىڭدىن ئارتۇق بەرمەيتتىڭلار؟ دېگەن ، بار بولسىمۇ ئۇنچە زىيادە، ئۇشۇق قىلىۋالسا، ياخشى بولمايدۇ، نورمال، ئوتتۇرھال بولغىنى، قادىر بولۇشىچە بولغىنى ياخشى.

**5300** ( صحيح ) لو لم أحتضنه لحن إلى يوم القيامة ( حم م ه ) عن أنس وابن عباس

5300. ئەنەس، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۆتەكتە خۇتبە ئوقۇيتتى، مۇنبەر ياسالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەرگە چىقسا، كۆتەك تۆگىگە ئوخشاش ئىڭراپ، ئىنجىقلىغىلى تۇردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى سىلاپ، توختىتىپ قويۇپ، ئەگەر مەن ئۇنى سىلاپ، توختىتىپ قويمىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئۇ كۆتەك قىيامەت كۈنىگىچە ئىڭراپ، غىڭشىيتتى دېدى، ئىبنى ماجە 1405 ـ ھەدىس، تىرمىزى 3560 ـ ھەدىس، ئەھمەد 2277 ـ ھەدىس، مۇسلىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

**5301** ( صحيح ) لو لم تذنبوا لجاء الله تعالى بقوم يذنبون ليغفر لهم ( حم ) عن ابن عباس

5301. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سىلەر گۇناھ قىلمايدىغان بولساڭلار، ئاللاھتائالا مەغپىرەت قىلىش ئۈچۈن گۇناھ قىلىدىغان كىشىلەرنى كەلتۈرەتتى، (گۇناھلارغا تەۋبە قىلغىلار، مەغپىرەت قىلىدۇ) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5302** ( صحيح ) لو لم تكله لأكلتم منه و لقام بكم ( م ) عن جابر

5302. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھەقىقەتەن بىر كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تاماق سوراپ كېلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا 30 سا ئەتراپىدا ئارپا بېرىدۇ، ئۇلار بۇ ئارپىنى كەمچەنلىگىچە ئۆزى ئايالى، مېھمىنى يەۋېرىدۇ، كەمچەنلىۋېتىپ، بۇ تۈگەپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇ بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دېگەندە ، «ئەگەر سەن ئۇ ئارپىنى كەمچەنلىمىگەن بولساڭ، سىلەر ئۇنىڭدىن يەۋېرەتتىڭلار، ئۇ ئارپا سىلەر ئۈچۈن تۇرمۇشۇڭلارنى بەرپا قىلىپ، مەڭگۈ كۇپايە بولاتتى، (لېكىن، سەن ئۇنى كەمچەنلەپ قويۇپ، كاملىغىنىنى، كاملىمىغىنىنى ئۇقۇپ بىلىپ قالدىڭ ـ دە، ئۇ تۈگەپ كەتتى)دېگەن . مۇسلىم 4228 ـ ھەدىس، ئەھمەد 14214 ـ ھەدىس، سەھىھ، بۇ روشەن مۆجىزە، كارامەتتۇر.

**5303** ( حسن ) لو لم تكونوا تذنبون لخفت عليكم ما هو أكبر من ذلك العجب العجب ( هب ) عن أنس

5303. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سىلەر گۇناھكار بولمىغان بولساڭلار، قەتئىي گۇناھ قىلمىغان بولساڭلار، ئەلۋەتتە سىلەرگە ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ، قىيىن ئىشلار يەڭگىل توختىغان بولاتتى، (پەرىشتىلەر سىلەرنى زىيارەت قىلغان

بولاتتى) ئەجەب ھەيران قالارلىق ئىش ھە! بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

لو لم يبق من الدنيا إلا يوم لطول الله ذلك اليوم حتى يبعث فيه رجل من أهل بيتي يواطئ اسمه اسمي و اسم أبيه اسم أبي يملأ الأرض قسطا و عدلا كما ملئت ظلما و جورا ( د ) عن ابن مسعود

5304. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بۇ دۇنيادىن پەقەت بىر كۈنلا قالغان بولسىمۇ چوقۇم ئاللاھتائالا شۇ كۈندە ئىسمى مېنىڭ ئىسمىمغا، دادىسىنىڭ ئىسمى دادامنىڭ ئىسمىغا ئوخشايدىغان، مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدىن بىر كىشىنى ئەۋەتكەنگە قەدەر شۇ بىر كۈننى ئۇزارتاتتى، بۇ كىشىنى ئەۋەتمەي تۇرۇپ، قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ئۇ كىشى خۇددى زېمىنغا جەۋرى ـ جاپا، زۇلۇم تولۇپ كەتكەندەك، زېمىنغا ئادىللىقنى، تىنچلىقنى، بەرىكەتنى تولدۇرىدۇ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

لو لم يبق من الدهر إلا يوم لبعث الله رجلا من أهل بيتي يملؤها عدلا كما ملئت جورا ( حم د ) عن علي

5305. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زاماندىن پەقەت بىر كۈن قالغان تەقدىردىمۇ چوقۇم، ئاللاھتائالا مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدىن، ئائىلەمدىن بىر كىشىنى ئەۋەتىدۇ، ئۇ زېمىنغا خۇددى جەۋرى زۇلۇم تولۇپ كەتكەندەك، ئادىللىقنى تولدۇرىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار بۇنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ، ئىمام مەھدى شۇ دېدى، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن چىقىدۇ، مانا بۇمۇ قىيامەتنىڭ بىر ئالامىتىدۇر.

لو نجا أحد من ضمة القبر لنجا سعد بن معاذ و لقد ضم ضمة ثم روخي عنه ( طب ) عن ابن عباس

5306. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىر كىشى قەبرىنىڭ تارىيىپ سىقىشىدىن نىجات تېپىپ قۇتۇلالىغان بولسا، ئەلۋەتتە سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىجات تېپىپ قۇتۇلغان بولاتتى، ھەقىقەتەن قەبرە ئۇنىڭغىمۇ قاتتىق سىقىلىپ، ئاندىن كەڭرىتىلدى، قويۇپ بېرىلدى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5307** ( صحيح ) لو نجا أحد من ضمة القبر لنجا هذا الصبي ( ع الضياء ) عن أنس

5307. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىر كىشى قەبرىنىڭ سىقىشىدىن، تارىيىشىدىن قۇتۇلالىغان بولسا، چوقۇم مۇشۇ سەبىي، كىچىك بالا قۇتۇلغان بولاتتى، لېكىن، ئۇمۇ قۇتۇلالمىدى، (شېھىد قۇتۇلۇپ قالىدۇ)، ئەبۇ يەئلا زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. پەيغەمبەر، سىددىق، شېھىدلار قۇتۇلالايدۇ.

لو نزل موسى فاتبعتموه و تركتموني لضللتم أنا حظكم من النبيين و أنتم حظي من الأمم( هب ) عن عبدالله بن

5308. ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مۇسا چۈشسە، سىلەر مېنى قويۇپ، مۇساغا ئەگەشسەڭلار ئەلۋەتتە زالالەتتە ئازغان بولىسىلەر، (خاتالاشقاندىن باشقا، جاپا ـ مۇشەققەتكە قالىسىلەر)، مەن بولسام سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلەردىن بىردىنبىر نېسىۋەڭلار، سىلەر مېنىڭ ئۈممەتلەردىن بولغان نېسىۋەم بولىسىلەر، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەقىدە، ئىبادەتتە چوقۇم قۇرئان كەرىم بىلەن سەھىھ ھەدىسكە ئەمەل قىلايلى، ھەممە پەيغەمبەرلەرگە، كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرسەكمۇ، ئەمەلنى قۇرئان كەرىمگە قىلىمىز، بۇ ھەدىس مۇھىم ئاساستۇر، ۋە قائىدىدۇر،

بۇرۇنقى كىتابلارنىڭ، ئۈممەتلەرنىڭ ئىشلىرى، ئىبادەتلىرى مەنسۇخ ئەمەلدىن قالغان، پەقەت ئاللاھ ۋە رەسۇلى يولغا قويغان بولسا، مەنسۇخ قىلىنمىغانلىرى بىزگىمۇ قانۇن، پرىنسىپ بولىدۇ، روزىنىڭ ياخشىسى داۋۇدنىڭ روزىسىدەك، مەنسۇخ بولسا، يالغان بولسا رەت قىلىنىدۇ، سۈكۈتتە سۈكۈت قىلىنىدۇ.

**5309** ( صحيح ) لولا أخشى أنها من الصدقة لأكلتها ( حم ق د ن ) عن أنس

5309. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۇ خورمىنىڭ ئۆشرە ـ زاكات خورمىسى بولۇشىدىن ئەنسىرىمىسەم، ئەلۋەتتە يېگەن بولاتتىم، (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زاكات ھالال ئەمەس) ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**5310** ( صحيح ) لولا الهجرة لكنت امرءا من الأنصار و لو سلك الناس واديا أو شعبا لسلكت وادي الأنصار و شعبهم ( ق ) عن أنس ( حم خ ) عن أبي هريرة

5310. ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ھىجرەت قىلىش بولمىغان بولسا، مۇھاجىرلىق پەزىلىتى بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە مەن ئەنسارلاردىن بىر ئىنسان بولغان بولاتتىم، ئەگەر كىشىلەر يايلاق، جاڭگاللارغا يول سالسا ياكى تاغ جىلغا يولىغا يول سالسا، ئەلۋەتتە مەن ئەنسارلارنىڭ يولغا يول سالغان بولاتتىم، ئەنسارلار بىلەن بىللە بولاتتىم. بەيھەقى، ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

لولا الهجرة لكنت امرءا من الأنصار و لو سلك الناس واديا أو شعبا لكنت مع الأنصار ( حم ت ك ) عن أبي

5311. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم، ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان، سەھىھ، يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

لولا أن أشق على المؤمنين لأمرتهم بتأخير العشاء و بالسواك عند كل صلاة ( د ن ) عن أبي هريرة

5312. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن مۆئمىنلەرگە جاپا ـ مۇشەققەت سېلىپ قويمايدىغان بولسام، ئەلۋەتتە مەن ئۇلارنى خۇپتەن نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشقا ھەربىر نامازغا مىسۋاك سېلىشقا بۇيرۇغان بولاتتىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ.

لولا أن أشق على أمتي لأمرتهم أن يؤخروا العشاء إلى ثلث الليل أو نصفه ( حم ت ه ) عن أبي هريرة

5313. ئەبۇ ھۇرەيرە ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن ئۈممىتىمگە مۇشەققەت قىلىپ قويمايدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئۇلارنى خۇپتەن نامىزىنى كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرىگىچە ياكى يېرىمىغىچە كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشقا بۇيرۇغان بولاتتىم، ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5314** ( صحيح ) لولا أن أشق على أمتي لأمرتهم أن يصلوها هكذا – يعني العشاء نصف الليل – ( حم خ ن ) عن ابن عباس ( م ) عن ابن عمر وعائشة

5314. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۆمەر، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ يولىدىن توپلىغان، سەھىھ، مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش، خۇپتەننى يېرىم كېچىدە ئوقۇشتۇر.

**5315 ( صحيح ) لولا أن أشق على أمتي لأمرتهم بالسواك عند كل صلاة( مالك حم ق ت ه ) عن أبي هريرة ( حم د ن ) عن زيد بن خالد الجهني**

5315. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن ئۈممىتىمگە مۇشەققەت سېلىپ قويمايدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئۇلارنى ھەر نامازدا مىسۋاك سېلىشقا بۇيرۇغان بولاتتىم، مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5316 ( صحيح ) لولا أن أشق على أمتي لأمرتهم بالسواك عند كل صلاة و لأخرت العشاء إلى ثلث الليل ( حم ت الضياء ) عن زيد بن خالد**

5316. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، تىرمىز، زىيائۇلمەقدەسى، زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ. مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

**لولا أن أشق على أمتي لأمرتهم بالسواك مع كل وضوء ( مالك الشافعي هق ) عن أبي هريرة ( طس ) عن علي**

5317. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۈممىتىمگە مۇشەققەت سېلىپ قويۇشۇم بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە مەن ئۇلارنى نامازغا ئالغان ھەربىر تاھارەت بىلەن بىللە مىسۋاك سېلىشقا بۇيرۇيتتۇم، مالىك، شافىئىي، بەيھەقى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**لولا أن أشق على أمتي لأمرتهم عند كل صلاة بوضوء و مع كل وضوء بسواك ( حم ن ) عن أبي هريرة**

5318. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۈممىتىمگە مۇشەققەت سېلىپ قويۇشۇم بولمىغان بولسا، مەن ئۇلارغا ھەر نامازغا تاھارەت ئېلىشقا، ھەربىر تاھارەتكە مىسۋاك سېلىشقا بۇيرۇغان بولاتتىم، يەنى تاھارەتى بولسىمۇ ھەربىر نامازغا يەنە تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇيتتۇم. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، ھەسەن.

**5319 ( صحيح ) لولا أن أشق على أمتي لفرضت عليهم السواك مع الوضوء و لأخرت العشاء الآخرة إلى نصف الليل ( ك هق ) عن أبي هريرة**

5319. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەن ئۈممىتىمگە مۇشەققەت سېلىپ قويمايدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ھەر قېتىم تاھارەت ئالغاندا مىسۋاك سېلىشنى پەرز قىلاتتىم، خۇپتەن نامىزىنى كېچىنىڭ يېرىمىغىچە كېچىكتۈرۈپ ئوقۇيتتۇم، شۇنىڭغا بۇيرۇيتتۇم. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ سەھىھ ھەدىسلەردىن مىسۋاك سېلىش نېمىدېگەن مۇھىم ھە! ئۇ ئېغىزنى پاك - پاكىز قىلىدۇ، رەببىنى رازى قىلىدۇ، بۇ بىزگە كۆپايە بولىدۇ، چىشلىرىنى ئاسراش، ئېغىزىڭىزنى پاك - پاكىز، خۇشپۇراق تۇتۇش، چۈنكى ئۇ، قۇرئاننىڭ چىقىش يولى، مەھبۇبىڭىزنى، دوستلىرىڭىزنى، ئۇستاز، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرىڭىزنى ئېغىز پۇرىقى بىلەن سەسكەندۈرمەڭ، يىرگەندۈرمەڭ، ئايالىڭىزنىمۇ ئۈممەت، ئۇلارمۇ مىسۋاك پاكى چوتكا سالىدۇ.

**لولا أن الرسل لا تقتل لضربت أعناقكما ( حم طب ) عن نعيم بن مسعود الأشجعي**

5320. نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غەزىپىنى كەلتۈرگەن ئىككى ئەلچىگە مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئەلچىلەر ئۆلتۈرۈلمەيدۇ دېگەن قانۇن

بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئىككىگلارنىڭ بويىنىغا قىلىچ ئۇراتتىم، (كېيىنكى مەزگىلدە ئۇلار ئۆلتۈرۈلگەن).
ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان سەھىھ. ئىسلام قانۇنىدا دىنسىز بولسىمۇ ئەلچىلەر ئەھدى، كېلىشىم تۈزۈشكەنلەر، باج تاپشۇرغان زىممىيلەر، ھەققى تىجارەتچىلەر، كىچىك باللار، ئاياللار ئەسكەر بولمىسا، دىنسىز، كاپىر بولسىمۇ ئۆلتۈرۈلمەيدۇ.

لولا أن الكلاب أمة من الأمم لأمرت بقتلها فاقتلوا منها كل أسود بهيم و ما من أهل بيت يرتبطون كلبا إلا نقص من عملهم كل يوم قيراط إلا كلب صيد أو كلب حرث أو كلب غنم ( حم ت ن ه ) عن عبدالله بن مغفل

5321. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئىتلارمۇ ئۇممەتلەردىن بىر ئۇممەت بولمىغان بولسا، ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان بولاتتىم، ئەمدى سىلەر تۇم قارا ئىتنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ھەر قانداق بىر ئۆي ئەھلى، ئائىلە ئىتنى باغلاپ باقسا، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن ھەر كۈنى بىر قىيرات يەنى ئۇھۇد تېغىدەك كاملاپ تۇرىدۇ، لېكىن، ئوۋ ئىتى، زىرائەت، دېھقانچىلىقنى ، قويلارنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئاپشاركا ئىتلار بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

لولا أن الكلاب أمة من الأمم لأمرت بقتلها كلها فاقتلوا منها الأسود البهيم ( د ت ) عن عبدالله بن مغفل

5322. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئىتلارمۇ ئۇممەتلەردىن بىر ئۇممەت بولمىغان بولسا، ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇغان بولاتتىم، سىلەر ئىتلاردىن تۇم قارا، تۆت كۆزلۈكنى ئۆلتۈرۈڭلار، (چۈنكى، ئۇ شەيتاندۇر). ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، دەسلەپتە ھەممە ئىتنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان، كېيىن تۇم قارا، تۆت كۆزلۈك ئىتنى ئۆلتۈرگەن، يۇقىرىقى ئاپشاركا ئىتلار قېلىپ قالغان.

لولا أن الناس حديث عهدهم بكفر و ليس عندي من النفقة ما يقوى على بنيانه لكنت أدخلت فيه من الحجر خمسة أذرع و لجعلت لها بابا يدخل الناس منه و بابا يخرج منه ( م ن ) عن عائشة

5323. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر كىشىلەرنىڭ زامانى، كۇفرىغا يېقىن يېقىن بولمىغان بولسا ۋە يېنىمدا ھازىر كەئبىنىڭ قۇرۇلۇشىغا يەتكىدەك خىراجەت يوق، نەپىقە پۇل يوق، مۇشۇ ئەھۋال بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە، كەئبىنى چېقىپ قايتا قۇرۇلۇش قىلىپ، كەئبىنىڭ ئىچىگە ئۇل تاشتىن بەش گەز كىرگۈزۈپ، كەئبە ئۈچۈن كىشىلەر كىرىدىغان بىر ئىشىك، كىشىلەر چىقىدىغان بىر ئىشىك، ئىككى ئىشىك قىلغان بولاتتىم. مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. كېيىن، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنداق قىلغان، كېيىن يەنە چېقىلىپ ئەسلىگە كەلدى.

لولا أن تجد صفية في نفسها لتركته حتى تأكل العافية حتى يحشر من بطونها – يعني حمزة –( حم د ت ) عن أنس

5324. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەمزىنىڭ جەسىتى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ئەگەر سەفىيەنىڭ كۆڭلىدە ئاچچىقلىنىشى، ئازابلىنىشى بولمىغان بولسا، مەن ھەمزىنى شۇ پېتى تاشلاپ قوياتتىم، ئۇنىڭ جەسىتىنى گۆشخور، يىرتقۇچ ھايۋانلار، قۇشلار يەيتتى، ئاندىن ئۇ قىيامەت كۈنى شۇ ھايۋانلارنىڭ قورسىقىدىن تىرىلىپ قوپاتتى، كېيىن ئۇنى بىر

تون بىلەن كېپەنلىدى ، بېشىنى ياپسا پۇتى، پۇتىنى ياپسا بېشى ئاشكارا بولۇپ قالاتتى، توندا بېشىنى يېپىپ، پۇتىغا ئوت ـ چۆپ تاشلاپ قويۇلدى. تىرمىزى 937 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2729 ـ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. سەفىييە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئىدى، ھەمزە بىلەن بىر نەۋرە بولىدۇ.

**5325** ( صحيح ) لولا أن لا تدافنوا لدعوت الله أن يسمعكم عذاب القبر ( حم د م ن ) عن أنس

5325. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر سىلەرنىڭ مېيىتلەرنى دەپنە قىلالماسلىقىڭلار بولمىغان بولسا، مەن ئاللاھقا، سىلەرگە قەبرە ئازابىنى ئاڭلىتىپ قويۇشقا دۇئا قىلاتتىم، (لېكىن سىلەر قادىر بولالمايسىلەر). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

لولا أن قومك حديث عهد بجاهلية لهدمت الكعبة و لجعلت لها بابين ( ت ن ) عن عائشة

5326. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر قەۋمىڭنىڭ زامانى جاھالىيەتكە يېقىن يېقى بولمىغان بولسا، يەنى پىتنە ـ پاسات بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە مەن كەئبىنى چېقىپ قۇرۇلۇشىنى قايتا سېلىپ كەئبىگە كىرىش ـ چىقىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشىك قويغان بولاتتىم. تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5327** ( صحيح ) لولا أن قومك حديثو عهد بجاهلية لأنفقت كنز الكعبة في سبيل الله و لجعلت بابها بالأرض و لأدخلت فيها من الحجر ( م ) عن عائشة

5327. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر قەۋمىڭنىڭ زامانى جاھالىيەتكە يېقىن بولمىغان بولسا، پىتنىدىن يىراق بولغان بولسا، مەن چوقۇم كەئبىنىڭ كاڭلىرىنى ئاللاھ يولىدا خەجلىۋەتكەن بولاتتىم، كەئبىنىڭ قۇرۇلۇشىنى قايتا قىلىپ، ئۇنىڭ ئىشىكىنى زېمىن بىلەن تەڭ، پەس قىلاتتىم، ئۇل تاشنى ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتەتتىم. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5328** ( صحيح ) لولا أنك رسول لضربت عنقك ( حم د ك ) عن ابن مسعود

5328. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غەزىپىنى كەلتۈرگەن مەجۇسى، مۇشرىك، دىنسىز بىر ئەلچىگە ئەگەر سەن ئەلچى بولمىغان بولساڭ، بوينۇڭغا قىلىچ ئۇراتتىم، كاللاڭنى ئالاتتىم، (بۇ سۆزنى ئاڭلىغان بىر ساھابە كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرگەن). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5329** ( صحيح ) لولا أنكم تذنبون لخلق الله خلقا يذنبون فيغفر لهم ( حم م ت ) عن أبي أيوب

5329. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ گۇناھ قىلىشىڭلار بولمايدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاللاھتائالا گۇناھ قىلىدىغان خەلقنى يارىتاتتى، ئاندىن ئۇلار تەۋبە قىلسا، ئۇلارنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرەتتى، (لېكىن سىلەر خاتالىشىسىلەر، تەۋبە قىلىڭلار، ئاللاھ كەچۈرىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

لولا بنو إسرائيل لم يخبث الطعام و لم يخنز اللحم و لولا حواء لم تخن أنثى زوجها ( حم ق ) عن أبي هرير

5330. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ئەگەر بەنى ئىسرائىل بولمىغان بولسا، يەنى (ئۇلارنىڭ ئەتكە ئېلىپ قويۇپ ساقلىشى، ئاچ كۆزلۈكى بولمىغان بولسا)، تاماق ئېچىپ، كۆكۈرۈپ پاختىلىشىپ قالمايتتى، گۆشلەر كۆكۈرۈپ، سېسىپ قۇرۇتلاپ قالمايتتى، ھاۋا ئانا بولمىغان بولسا، يەنى ئۇنىڭ ئاسىيلىقى بولمىغان بولسا، ئاياللار ئېرىگە مەڭگۈ خىيانەت قىلمايتتى، ئاسىيلىق قىلمايتتى. مۇسلىم 2674 ـ ھەدىس، بۇخارى 3083 ـ ھەدىس، ئەھمەد 7689 ـ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ئىشلار شۇلاردىن قالغان، ئەلۋەتتە ھەر بىر ئىشنىڭ باشلىنىشى، ئاساسى بولىدۇ، ھەممە ئىشلار ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ، ئىنسانلار، جىنلار سەۋەبچى بولىدۇ خالاس.

5331 ( صحيح ) لولا حداثة عهد قومك بالكفر لنقضت البيت فبنيته على أساس إبراهيم و جعلت له خلفا فإن قريشا لما بنت البيت استقصرت ( حم ن ) عن عائشة

5331. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر قەۋمىڭنىڭ زامانى جاھالىيەتكە يېقىن، كۇفرىغا يېقىن بولمىغان بولسا، مەن چوقۇم كەئبىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قولى بىلەن باسقان ئۇلىنىڭ ئۈستىدە قىلاتتىم، بەيتۇللاھ ئۈچۈن ئارقىسىدىن بىر ئىشىك قىلاتتىم، ھەقىقەتەن قۇرەيشلەر كەئبىنى بىنا قىلغاندا مەبلەغ يېتىشمىگەنلىكتىن، ئۇنى قىسقارتىپ، كىچىكلىتىۋەتكەن. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، بۇنى تەپسىلىي بىلىش ئۈچۈن بەيتۇللاھنىڭ تارىخىنى ئوقۇڭلار.

5332 ( صحيح ) لولا ضعف الضعيف و سقم السقيم لأخرت صلاة العتمة ( طب ) عن ابن عباس

5332. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاجىزلارنىڭ ئاجىزلىقى كېسەللەرنىڭ كېسەللىكى بولمىغان بولسا، مەن چوقۇم خۇپتەن نامىزىنى كېچىكتۈرۈپ ئوقۇغان بولاتتىم. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

لولا ما مضى من كتاب الله لكان لي و لها شأن ( د ت ه ) عن ابن عباس ( ن ) عن أنس

5333. ئىبنى ئابباس، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئەر ـ ئايالنى قەسەم قىلدۇردى، ئۇلار ھەر ئىككىلىسى بەش قېتىمدىن قەسەم قىلدى، كېيىن ئايال كىشى بالىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈپەتلىگەندەك ھارامدىن تۇغدى، شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەگەر ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندىن يۇقىرىدا ئۆتۈپ كەتكەن قەسەم قىلدۇرۇش قانۇنى، پرىنسىپى ئۆتمىگەن بولسا، شۇ يولىيورۇق بولمىغان بولسا، بىزنىڭ بۇ ئايال بىلەن ھېسابلىشىدىغان جازاغا تارتىدىغان ئىشىمىز بار ئىدى، (لېكىن، مەن دەلىل ـ ئىسپاتسىز رەجىم قىلمايمەن قۇرئان قانۇنى، پرىنسىپى بىلەن ئىجرا قىلىمەن) دېگەن . تىرمىزى 3103 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2057 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

5334 ( صحيح ) لولا ما مس الحجر من أنجاس الجاهلية ما مسه ذو عاهة إلا شفي و ما على الأرض شيء من الجنة غيره ( هق ) عن ابن عمرو

5334. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ھەجەر ئەسۋەدكە جاھالىيەتنىڭ نىجىسلىرىدىن تېگىپ، يۇقۇپ قالمىغان بولسا، ئۇنى سىلىغان، تۇتقان، سۆيگەن، ھەرقانداق كېسەللىك، ئاپەت ئىگىسى شىپا تېپىپ قالغان، ساقايغان، باي

بولغان بولاتتى، ھەجەر ئەسۋەتتىن باشقا يەر يۈزىدە جەننەتتىن بىرەر نەرسە يوقتۇر، پەقەت ھەجەر ئەسۋەت، جەننەتتىن نازىل قىلىنغان نەرسىدۇر. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

لو يعطى الناس بدعواهم لادعى ناس دماء رجال و أموالهم و لكن اليمين على المدعى عليه(حم ق ه)عن ابن عباس

5335. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ داۋاسى سەۋەبلىك داۋا قىلغان نەرسىسى بېرىلىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە نۇرغۇن كىشىلەر باشقىلارنىڭ قانلىرى، جانلىرىنى، ماللىرىنى داۋا قىلىدۇ، لېكىن، دەۋاگەر دەلىل ـ ئىسپات كەلتۈرىدۇ، جاۋابكار بولسا، قەسەم قىلىدۇ، (شۇنىڭ بىلەن دېلو ئاخىرلىشىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. جاۋابكار قەسەم قىلسا، دەۋاگەرنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتى بولمىسا، بۇ داۋا بىكار قىلىنىدۇ، دەلىل ـ ئىسپاتى بولسا، قەسەم قىلالمىسا، جاۋابكار جىنايەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ، قازى، ساقچىلارمۇ ئىلىملىك، پەم ـ پاراسەتلىك بولۇشى، يېڭى تېخنىكا بىلەن دەلىل ـ ئىسپات تۇرغۇزۇپ، قايىل قىلىشى لازىم، مەسىلەن، بارماق ئىزىدەك ۋە باشقىلار.

5336 ( صحيح ) لو يعلم الذي يشرب و هو قائم ما في بطنه لاستقاء ( هق ) عن أبي هريرة

5336. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۆرە تۇرۇپ شاخاپ، ئىچىملىك ئىچكەن كىشى قورسىقىدىكى نەرسىسىنى يەنى قانداق بولۇش ئاقىۋىتىنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئىچكەن نەرسىسىنى ھۆ قىلىپ قۇسۇۋەتكەن بولاتتى. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس يېمەك ـ ئىچمەكنى ئولتۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلەپ ئاخىرىدا ھەمدە ئېيتىپ يەپ ـ ئىچسە ياخشى بولىدۇ دېمەكچى .

لو يعلم المار بين يدي المصلي ماذا عليه لكان أن يقف أربعين خيرا له من أن يمر بين يديه ( مالك ق 4 ) عن أبي جهيم

5337. ئەبۇ جۇھەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ناماز ئوقۇۋۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈچى ئۆزىگە نىمە بولۇشىنى قانداق ئاقىۋەت بولۇشىنى بىلگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ 40 ئاي ياكى 40 كۈن تۇرۇشى نامازنىڭ ئالدىدىن ئۆتكىنىدىن بەك ياخشى بولاتتى، (يەنى ئۆتمىسۇن). مالىك، بەيھەقى 4 كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

5338 ( صحيح ) لو يعلم المؤمن ما عند الله من العقوبة ما طمع في الجنة أحد و لو يعلم الكافر ما عند الله من الرحمة ما قنط من الجنة أحد ( ت ) عن أبي هريرة

5338. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مۆئمىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئازابلارنى بىلسە ئىدى، ھېچ كىشى جەننەتنى تاما قىلمايتتى، (بەلكى ئازابدىن قۇتۇلۇشنىلا ئويلايتتى) ئەگەر كاپىر، دىنسىز، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى رەھمەتلىرىنى بىلسە ئىدى، ھېچ كىشى جەننەتتىن ئۈمىدىنى ئۈزمەي، جەننەتكە ئۈمىدۋار بولاتتى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

لو يعلم الناس ما في النداء و الصف الأول ثم لم يجدوا إلا أن يستهموا عليه لاستهموا و لو يعلمون ما في التهجير لاستبقوا إليه و لو يعلمون ما في العتمة و الصبح لأتوهما و لو حبوا ( مالك حم ق ن ) عن أبي هريرة

5339. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ئەگەر كىشىلەر ئەزان توۋلاشتىكى ۋە بىرىنچى سەپتىكى پەزىلەتنى بىلسە ئىدى، ئاندىن ئۇنى تالىشىپ پەقەت چەك تاشلاشنىلا تاپسا، پەقەت مۇشۇ ئامالla بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان چارە، ئامال بولمىسا، ئەلۋەتتە ئەزان توۋلاشنى بىرىنچى سەپتە تۇرۇشنى تالىشىپ، چەك تاشلىشىپ كېتەتتى، ئەگەر ئۇلار نامازغا جۈمە ، نامىزىغا بۇرۇن بارغاننىڭ پەزىلىتىنى بىلسە ئىدى، چوقۇم ئۇنىڭغا ئالدىرايتتى، مۇسابىقىلىشاتتى، ئەگەر ئۇلار خۇپتەن بىلەن بامدات نامىزىدىكى جامائەت بىلەن ئوقۇشنىڭ پەزىلىتىنى بىلگەن بولسا ئەلۋەتتە بۇ ئىككى نامازغا ئۆمىلەپمۇ بولسا كېلەتتى، (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پۇتلىرى يەرنى جىجىپ ئۆملەپ باشقىلارغا يۆلىنىپ كەلگەن ئىدى). مالىك، ئەھمەد ، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

لو يعلم الناس ما في صلاة العشاء و صلاة الفجر لأتوهما و لو حبوا ( ه ) عن عائشة

5340. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر كىشىلەر خۇپتەن نامىزى بىلەن بامدات نامىزىدىكى پەزىلەتنى بىلگەن بولسا، ئەلۋەتتە بۇ ئىككى نامازغا ئۆمىلەپمۇ بولسا كەلگەن بولاتتى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

لو يعلم الناس من الوحدة ما أعلم ما سار راكب بليل وحده ( حم خ ت ه ) عن ابن عمر

5341. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر كىشىلەر يالغۇزلۇقتىكى يالغۇز، تەنھا ھالدا سەپەر قىلىشتىكى خەتەرنى مەن بىلگەندەك بىلسە ئىدى، مەن بىلگەن نەرسىنى بىلگەن بولسا، ھېچبىر ئاتلىق كىشى كېچىدە تەنھا، يالغۇز سەپەر قىلمايتتى، يالغۇز يول يۈرمەيتتى. ئەھمەد ، بۇخارى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ئۇنىڭ خەتىرى، قورقۇش، جىنغا يولۇقۇش، سۈيقەستكە ئۇچراش، ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۆلتۈرۈلۈش، خىيانەت قىلىنىش، قاراقچى، بۆلۈكچىغا ئۇچراش، ھايۋانلار خەتىرى قاتارلىقلار، دىن ئۈچۈن مەخپىي قىلىنغان خىزمەتلەرنى شۇلارمۇ مەخپىي كېچىسى قىلغان.تەييارلىقنى ئوبدان قىلىپ، بىخەتەر زېمىندا كېچىسى خىزمەت قىلسا، ئىلىم ئالسا، ئىلىم بەرسە بۇ بەكمۇ ياخشىدۇر، بىخەتەردۇر، ئۇنى ئاللاھ ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى قوغدايدۇ.

5342 ( صحيح ) لو يعلم صاحب المسألة ما له فيها لم يسأل ( طب الضياء ) عن ابن عباس

5342. ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر مەسىلە سورىغان، مەسئەلە ئىگىسى ئۆزىگە بۇ ئىشتا نېمە بولۇشىنى بىلگەن بولسا ئىدى، ھەرگىز مەسئەلە سورىمايتتى. تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسدىكى مەقسەت ، مەسخىرە، ھەسەت، ئاجىزلاشتۇرۇش، كەمسىتىش، گاچا قىلىش، يۈزىنى چۈشۈرۈش، كوچىلاپ سوراۋېرىش، قاتتىق چېكىتىپ قويۇشلارنى مەقسەت قىلغان سوئالدىن مەنئى قىلىندۇ، ئەمما، بىلىۋېلىش، بىلدۈرۈش، ئىمتىھان ئېلىش، ھەقنى ئىزدەپ تېپىش، ئايرىۋېلىش، ئىسپاتلاش، تەكشۈرۈش، سوراق قىلىشلار، خەۋەر بېرىشلەرنى مەقسەت قىلغان سوئاللار مەدھىيلىنىدۇ، بىلمىسەڭلار ئىلىم ئەھلىدىن سوراڭلار دېگەن ئايەت بار، سوراش نادانلىقنىڭ شىپاسى دېگەن سەھىھ ھەدىس ئۆتتى. مەسىلىگە بىردەك قارىماي، ئەتراپلىق، كەڭ دائىرىلىك تەپەككۇر قىلىڭلار، نەزەر دائىرىنى كەڭ ئومۇمىي قىلىڭلار.

**5343** ( حسن ) ما بين قوسين ضعيف عند الألباني أتين على أمتي ما أتى على بني إسرائيل حذو النعل بالنعل ( حتى إن كان منهم من أتى أمه علانية لكان في أمتي من يصنع ذلك و إن بني إسرائيل تفرقت على ثنتين و سبعين ملة و تفترق أمتي على ثلاث و سبعين ملة كلهم في النار إلا ملة واحدة ما أنا عليه و أصحابي ) ( ت ) عن ابن عمرو

5343. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە مېنىڭ ئۈممىتىمگە بەنى ئىسرائىلغا كەلگەن ئىشلار خۇددى ئاياغ، ئاياغنىڭ باراۋىرىگە كەلگەندەك دەلمۇ ـ دەل ئوخشاش كېلىدۇ، (ھەتتا، ئۇلاردىن بىر كىشى ئانىسىغا ئاشكارا كەلسە، يەنى زىنا قىلسا، مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدىمۇ شۇنداق قىلىدىغانلار مەيدانغا كېلىدۇ، ھەقىقەتەن بەنى ئىسرائىللار 72 مىللەتكە بۆلۈنۈپ كەتتى، مېنىڭ ئۈممىتىم 73 پىرقىگە، مىللەتكە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، ھەممىسى دوۋزاخقا كىرىدۇ، پەقەت بىر پىرقىسىلا جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلار بولسا، مەن ۋە مېنىڭ ساھابىلىرىم بولغان ئىشلار ئۈستىدە يەنى ئەقىدە، ئەمەللەر ئۈستىدە بولىدۇ،) (ئەھلى سۈننىي ۋەلجامائەدۇر). تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى باش تەرىپى سەھىھ، تىرناق ئىچى زەئىپ دېگەن ، لېكىن، بۇ ھەدىسنىڭ ئىسنادى زەئىپ بولسىمۇ مۇشۇ مەنىدە 73 پىرقىگە بۆلۈنۈپ كېتىشكە سەھىھ ھەدىس يۇقىرىدا ئۆتتى، بىرىنسىنىڭ يولى زەئىپ بولسىمۇ يەنە بىرسى سەھىھ بولىدۇ، مەنىسى ئوخشاشتۇر، بۇنى ھەدىس تەتقىقاتىدىن كۆرۈڭ.

ليأتين على الناس زمان لا يبالي المرء بما أخذ المال ؟ أمن حلال أم من حرام ؟ ( حم خ ) عن أبي هرير

5344. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، كىشى مالنى ھالالدىن ئالدىمۇ ياكى ھارامدىن ئالدىمۇ؟ پەرۋا قىلمايدۇ، (ئەس يادى مالنى ئېلىشتىلا قالغان). ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

ليأتين على الناس زمان يطوف الرجل فيه بالصدقة من الذهب ثم لا يجد أحدا يأخذها منه و يرى الرجل الواحد يتبعه أربعون امرأة يلذن به من قلة الرجال و كثرة النساء ( ق ) عن أبي موسى

5345. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇ چاغدا كىشى ئالتۇندىن ئايرىغان زاكىتىنى كۆتۈرۈپ ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇنى ئۆزىدىن قوبۇل قىلىدىغان كىشىنى تاپالمايدۇ، بىر ئەر كىشىگە 40 ئايال ئەگىشىۋالىدۇ، ئۇ ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئازلىقىدىن، ئاياللارنىڭ كۆپلۈكىدىن ، شۇ بىر كىشى بىلەن پاناھلىنىدۇ (يەنە بىر خاتىرىدە شۇ بىر ئەر ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى بەرپا قىلىدۇ دېگەن ). بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بىر كىشىگە تۆتلا خوتۇن دۇرۇس بولىدۇ، بۇ ئاياللار ئۇنىڭ ھەمشىرىلىرى، ھامملىرى، قىزلىرى ۋە باشقىلار، ئۇرۇشتا ئەرلەر ئۆلتۈرۈلۈپ، ئاياللار قالىدۇ.

**5346** ( صحيح ) ليأتين هذا الحجر يوم القيامة له عينان يبصر بهما و لسان ينطق به يشهد على من استلمه بحق ( ه هب ) عن ابن عباس

5346. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە بۇ ھەجەر ئەسۋەد ، قىيامەت كۈنى كۆرۈدىغان ئىككى كۆزى بار، سۆزلەيدىغان تىلى بار ھالەتتە كېلىدۇ، ھەجەر ئەسۋەدنى ھەقلىق بىلەن سۆيگەن، سىلىغان كىشى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىدۇ، (ھەقلىق بىلەن دېگىنى ، شېرىك كەلتۈرمەي، بىدئەتنى قىلماي، كىشىلەرنى قىستىماي ھالالدىن پۇل تېپىپ، ھەج قىلغان كىشى). ئىبنى ماجە ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ليأخذ كل رجل برأس راحلته فإن هذا منزل حضرنا فيه الشيطان ( حم م ن ) عن أبي هريرة

5347. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىدىن كۆن چىققىچە ئۇخلاپ قالغان ئورۇن توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ، ھەر بىر كىشى تۆگىسىنىڭ بېشىنى تۇتسۇن، (بۇ جايدىن يۆتكىلىپ كېتەيلى) ھەقىقەتەن بۇ جايدا بىزگە شەيتان ھازىر بولۇپتۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

5348 ( صحيح ) ليأكل أحدكم بيمينه و ليشرب بيمينه و ليأخذ بيمينه فإن الشيطان يأكل بشماله و يشرب بشماله و يعطي بشماله و يأخذ بشماله ( ه ) عن أبي هريرة

5348. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئوڭ قولى بىلەن يەپ ئوڭ قولى بىلەن ئىچسۇن، ئوڭ قولىدا ئېلىپ، يەنە ئوڭ قولى بىلەن بەرسۇن، چۈنكى، شەيتان (ئۇنىڭغا لەنەت بولسۇن) سول قولى بىلەن يەپ، سول قولى بىلەن ئىچىدۇ، سول قولىدا بېرىپ، سول قولى بىلەن ئالىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. مۇسلىم ھەر قانداق نەرسىنى ئوڭ قولى بىلەن ئېلىپ بېرىدۇ، يەپ ئىچىدۇ، بۇ سۈننەت دېگەن .

5349 ( صحيح ) ليأكل كل رجل من أضحيته ( طب حل ) عن ابن عباس

5349. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ قۇربانلىقىدىن يېسە بولىدۇ، (يەنى مەككىدە ھەج قىلىش ۋاقتىدا يېسىمۇ بولىدۇ). تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ.

5350 ( صحيح ) ليؤمكم أكثركم قراءة للقرآن ( ن ) عن عمرو بن سلمة

5350. ئەمرۇ ئىبنى سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە، قۇرئان قىرائىتى كۆپرەكىڭلار يەنى قۇرئاننى كۆپرەك يادا بىلىدىغان قارى ئىمام بولسۇن، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

ليؤمن هذا البيت جيش يغزونه حتى إذا كانوا ببيداء من الأرض يخسف بأوسطهم و ينادي أولهم آخرهم ثم يخسف بهم فلا يبقى إلا الشريد الذي يخبر عنهم ( حم م ن ه ) عن حفصة

5351. ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە مۇشۇ بەيتۇللاھقا يەنى كەئبىگە ئۇرۇش ئۈچۈن ھۇجۇم قىلىپ، بەيتۇللاھنى مەقسەت قىلىپ، نۇرغۇن قوشۇن كېلىدۇ، ئۇلار زېمىننىڭ بەيدائ دېگەن يېرىگە كەلگەندە قوشۇننىڭ ئوتتۇرىدىكى قىسمىنى يەر يۇتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەۋۋىلى، بېشى: ئاخىرىنى تووْلاپ نىدا قىلىدۇ، ئاندىن باش ئاخىرى ھەممىسى يەرگە يۇتقۇزۇلىدۇ، ئۇلاردىن پەقەت خەۋەرچىسى، ئالاقچىسى قېلىپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسى پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ، (ياخشى كىشىلەرمۇ، گۇناھ، مەئسىيەت كۆپىيىپ كەتسە، بىرگە ھالاك بولىدۇ، قىيامەت كۈنى نىيىتى، ئەمەللىرى ئۈستىدە قوپۇرۇلىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

5352 ( صحيح ) ليبلغ الشاهد الغائب ( طب ) عن وابصة

5352. ۋاسبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتۇل ۋىدادىكى نۇتۇقىدا، خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەن: ھازىر بۇ جايدا بار بولغان كىشىلەر، يوق بولۇپ

قالغان كىشىلەرگە مېنىڭ سۆزلىرىمنى يەتكۈزسۇن، (ھازىرقىلار كېيىنكىلەرگە يەتكۈزسۇن، ھازىر بولغانلار غائىپ بولغانلارغا يەتكۈزسۇن). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. مەندىن بىر ئايەت بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار دېگەن، سەھىھ ھەدىس بىلەن يەتكۈزۈش ۋاجىپ، بۇ بىزنىڭ مۇشۇ خىزمىتىمىزگە كۈچلۈك دەلىل بولىدۇ.

**5353** ( صحيح ) ليبلغ شاهدكم غائبكم لا تصلوا بعد الفجر إلا سجدتين ( د ه ) عن ابن عمر

5353. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ ھازىر بار بولغىنىڭلار، غائىپ بولغان، يوق بولۇپ قالغان كىشىڭلارغا سۆزلىرىمنى يەتكۈزسۇن، سىلەر سۈبھى يورۇغاندىن كېيىن، پەقەت بامداتنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىنىلا ئوقۇڭلار، ئۇنىڭدىن باشقا ناماز ئوقۇماڭلار، (چۈنكى، سۈبھى يورۇپ قالسا، بامدات ۋاقتى كىرىدۇ)، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىس، ھەدىسنى ھەر قانداق ئۇسۇل بىلەن باشقىلارغا يەتكۈزۈشكە دەلىلدۇر، ھەتتا، ئىنتېرنېت تور بېتى بىلەنمۇ يەتكۈزۈلىدۇ.

ليبيتن أقوام من أمتي على أكل و لهو و لعب ثم ليصبحن قردة و خنازير ( طب ) عن أبي أمامة

5354. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە مېنىڭ ئۇممىتىمدىن بىر تۈركۈم قەۋملەر يەپ ـ ئىچىشنىڭ ئويۇن ـ تاماشىنىڭ ئۈستىدە كەچ قىلىپ يېتىپ قالىدۇ، ئاندىن تاڭ ئاتقاندا بولسا، مايمۇن، توڭگۇز سۈرىتىگە ئۆزگىرىپ تاڭ ئاتقۇزىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس، دۇنياپەرەس، شەھۋەتپەرەسلەرنى قاتتىق ھەزەر قىلدۇرىدۇ، شۇنداقلا بۇ قىيامەت ئالامىتىدۇر.

ليتخذ أحدكم قلبا شاكرا و لسانا ذاكرا و زوجة مؤمنة تعينه على أمر الآخرة( حم ت ه ) عن ثوبان

5355. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار نېئمەتكە شۈكرى قىلغۇچى دىلىنى، ئاللاھنى ئەسلەپ زىكرى ئېيتقۇچى تىلىنى، تەقۋادار مۆئمىن ئايالنى چىڭ تۇتسۇن، بولۇپمۇ ئاخىرەت ئىشلىرىغا ياردەم بېرىدىغان مۆئمىن ئايالنى ئېلىپ، ئۇنى چىڭ تۇتسۇن. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىسدىن توي قىلىشتىن مەقسەت ، ئىمان، ئاخىرەتتۇر، توي قىلىپ، ئاللاھدىن ئىمان، ئاخىرەتتىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئىش بولسا، قەتئىي توي قىلما، ساڭا ئايال لازىممۇ يا ئەر لازىممۇ، يا ئىمانمۇ؟

**5356** ( صحيح ) ليتصدق الرجل من صاع بره و ليتصدق من صاع تمره ( طس ) عن أبي جحيفة

5356. ئەبۇ جۇھەيفەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، رامزاندىكى سەدىقە پىتىر توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:، كىشى بۇغدايدىن بىر سا ياكى خورمىدىن بىر سا سەدىقە قىلسۇن يەنى ئالتە جىڭ (ھەدىسنىڭ مەنىسى، كىشى بۇغداي ، خورمىسىدىنمۇ ئۆشرە، زاكات ئايرىسۇن دېگەنمۇ بولىدۇ). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5357** ( صحيح ) ليتق أحدكم وجهه عن النار و لو بشق تمرة ( حم ) عن ابن مسعود

5357. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار گەرچە بىر تال خورمىنىڭ يېرىمى بىلەن بولسىمۇ سەدىقە قىلىش ئارقىلىق يۈزىنى،

ئۆزىنى دوۋزاخدىن ساقلىسۇن، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

ليتكلف أحدكم من العمل ما يطيق فإن الله تعالى لا يمل حتى تملوا و قاربوا و سددوا ( حل ) عن عائشة

5358. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۆزىنى تاقەت قىلالايدىغان، قادىر بولىدىغان نەپلە ئەمەللەرگە تەكلىپ قىلسۇن، چۈنكى، ئاللاھتائالا قوبۇل قىلىشتا ھېرىپ ـ چارچاپ قالمايدۇ، سىلەر ھېرىپ ـ چارچاپ قالىسىلەر، نورمال ئوتتۇرھال، ئادىل، توغرا يول تۇتۇڭلار، ئەمەللەردە مۇستەھكەم تۇرۇڭلار، سۆزنى راستچىل، سەممىي قىلىڭلار. ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

ليتمنين أقوام لو أكثروا من السيئات الذين بدل الله عز و جل سيئاتهم حسنات ( ك ) عن أبي هريرة

5359. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە ، يامانلىقلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرۇپ بەرگەن كىشىلەر، يامانلىقلارنى كۆپرەك قىلساقچۇ دەپ ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ، (چۈنكى، بارلىق يامانلىقلىرى ئاللاھنىڭ رەھمەت ـ پەزلى بىلەن ياخشىلىققا ئالماشتۇرۇلدى). ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسدىكى مەقسەت ، ئاخىرەتتە شۇنداق بولىدۇ، يامانلىقنى كۆپ قىلىشنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى، ياخشىلىقنىڭ كۆپ بولۇشىنى ئارزۇ قىلدى، ھەممە كىشى ياخشىلىق كۆپ بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ ، ئۈنىڭ ئۈستىگە ئۇلار دېگەن ، ئاللاھتائالا رەھمەت ـ پەزلى بىلەن شۇنداق قىلىپ قويغانلاردۇر.

ليتمنين أقوام ولوا هذا الأمر أنهم خروا من الثريا و أنهم لم يلوا شيئا ( حم ) عن أبي هريرة

5360. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە نۇرغۇن قەۋملەر مۇشۇ ئىشقا يەنى خەلىپىلىككە ئىگە قىلىنىشنى، سايلىنىشنى ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھوكەر يۇلتۇزدىن يىقىلىپ چۈشكەنلەر (يەنى ئىلىم، ئىبادەتتە تەقۋالىقتا مەرتىۋىسى تۆۋەن)، ھەقىقەتەن ئۇلار ھېچنەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ، (خەلىپىلىككە ئۇنى ئارزۇ قىلغانلار سايلانمايدۇ). ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

**5361** ( صحيح ) ليحجن هذا البيت و ليعتمرن بعد خروج يأجوج و مأجوج( حم خ ) عن أبي سعيد

5361. ئەبۇ سەئىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەئجۇج ۋە مەئجۇجلار چىققاندىن كېيىنمۇ بەيتۇللاھدا مۇشۇ كەئبىدە پەرىز ھەج ۋە ئۆمرە ھەج قىلىنىدۇ. ئەھمەد ، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

ليخرجن قوم من أمتي من النار بشفاعتي يسمون الجهنميين ( ت ه ) عن عمران بن حصين

5362. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم قەۋملەر شاپائىتىم بىلەن دوۋزاخدىن چىقىدۇ، ئۇلار جەھەننەمىيىۈن يەنى جەھەننەمگە كىرىپ ـ چىققانلار دەپ ئاتىلىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ليدخلن الجنة بشفاعة رجل ليس بنبي مثل الحيين: ربيعة و مضر إنما أقول ما أقول ( حم طب ) عن أبي أمامة

5363. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە جەننەتكە پەيغەمبەر بولمىغان بىرلىكى شېھىد پاكى تەقۋادار ئەمەل قىلىدىغان ئالىم كىشىنىڭ شاپائىتى بىلەن رەبىيئە،مۇزەردىن ئىبارەت چوڭ ئىككى قەبىلىدەك كۆپ كىشىلەر كىرىدۇ، ھەقىقەتەن مەن دېمەكچى بولغان ھەق سۆزنى ھەقىقەتنى دەيمەن. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

ليدخلن الجنة بشفاعة رجل من أمتي أكثر من بني تميم ( حم ه حب ك ) عن عبدالله بن أبي الجدعاء

5364. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ جەدئا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە جەننەتكە مېنىڭ ئۈممىتىمدىن سالىھ بىر كىشىنىڭ شاپائىتى بىلەن بەنى تەمىم قەبىلىسىدىنمۇ كۆپرەك كىشىلەر كىرەلەيدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

5365 ( صحيح ) ليدخلن الجنة من أمتي سبعون ألفا أو سبعمائة ألف متماسكون آخذ بعضهم بيد بعض لا يدخل أولهم حتى يدخل آخرهم وجوههم على صورة القمر ليلة البدر ( ق ) عن سهل بن سعد

5365. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن 70000 ياكى 700000 كىشى بەزىسى بەزىسىنىڭ قولىنى تۇتقان ھالدا بىر - بىرىگە ئېسىلىپ بىراقلا جەننەتكە كىرىپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاخىرى جەننەتكە كىرىپ بولمىغۇچە ئەۋۋەلمۇ، باشتىكىلەرمۇ جەننەتكە كىرمەي تۇرىدۇ، يەنى بىراقلا كىرىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى، سۈرىتى 15 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرلۇق، گۈزەلدۇر. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ليدخلن الجنة من أمتي سبعون ألفا لا حساب عليهم و لا عذاب مع كل ألف سبعون ألفا ( حم م ) عن ثوبان

5366. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن 70000 كىشى ھېسابسىز، ئازابسىز جەننەتكە كىرىدۇ، ھەربىر 1000كىشى بىلەن يەنە 70000 كىشى بىللە باردۇر. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. $70000 \times 70 = 4900000$ تۆت مىليون 900 مىڭ كىشى بۇنىڭغا ئاشۇ 70000 كىشى قوشۇلىدۇ.

5367 ( صحيح ) ليراجعها ثم يمسكها حتى تطهر ثم تحيض فتطهر فإن بدا له أن يطلقها فليطلقها طاهرا قبل أن يمسها فتلك العدة التي أمر الله أن يطلق لها النساء ( ق د ن ه ) عن ابن عمر

5367. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمەرگە بالاڭ ئابدۇللاھقا دېگىن، ئۇ ئايالىغا قايتۇۋالسۇن، ئاندىن ئايالىنى ئۇ ئايال پاك بولۇپ ئاندىن ھەيز كۆرۈپ، ئايالлар كېسەلى بولۇپ يەنە پاك بولغۇچە ساقلاپ تۇتۇپ تۇرسۇن، ئاندىن كېيىن تالاق قىلىشنى خالىسا ئۇ ئايالىغا چېقىلىشتىن، جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشتىن بۇرۇن پاك - پاكىز ھالەتتە قويۇپ تالاق قىلسۇن، ئەنە ئاشۇ، ئاللاھتائالا بۇيرۇغان ئاياللار تالاق قىلىنىدىغان ئىددەتتۇر، (ئاللاھ شۇ ھالەتتە تالاق قىلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ). بۇخارى، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، باشقىلارمۇ توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن، ئاياللارنى تالاق قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇ پاك ھالەتتە چېقىلماي تۇرۇپ، بىرلا تالاق قىلىنىدۇ، تالاق قىلىش دۇرۇس بولسىمۇ، ئۇنى، ئاللاھتائالا ئۆچ كۆرىدۇ، ئاللاھتائالا ئاياللارنىڭ تالاق قىلىنىشىغا بۇيرۇغان ئىددەت ئەنە شۇدۇر، ئىددەت تۇتۇش ۋە توشۇپ پۈتۈشى ئاسان بولىدۇ بۇ ھەدىستە، قايتۇۋالسۇن دېگەن سۆزگە قارىغاندا، ئايال كىشىنى ھەيز كېسەل چاغدا تالاق قىلسا، تالاق يۈز

بېرىۋېرىدۇ، بارلىق ئالىملار تالاق يۈز بېرىدۇ دېگەن ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ تالاق بولىدۇ دېگەن ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك مەزگىللىرىدە بىر كىشى ئايالىنى ئۈچ تالاق دېسە، ئۈچ تالاق يۈز بېرىدۇ دەپ ئىجمائقا كەلگەن، بىر قېتىمدىلا ئۈچ تالاق دېسە ئۈچ تالاق بولىدۇ بۇ سەھىھ ئەسەرلەردە خېلى كۆپتۇر، ئىمام نەۋەۋى، مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەن راستىنلا ئاللاھ بىلەن قەسەم بېرىشنى نىيەت قىلغانمۇ؟ دەپ سورىشىنى دەلىل قىلىپ شۇنداق سورىغانغا قارىغاندا، بىر قېتىمدىلا ئۈچ تالاق دېسە، ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ دېگەن ،ئەمسە نېمە ئۈچۈن بىرنى نىيەت قىلدىڭمۇ؟ دەپ قەسەم قىلدۇردى. ئىبنى تەيمىييە رەھمەھۇللاھ، مۇشۇ مەسىلىدە ئىجمائنى يىرتىۋەتكەن، بۇزۇۋەتكەن دەپ ئەيىبلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان، باشقا ئىشلاردا بۇ كىشى ئىسلام پېشۋاسى ، خىزمەتنى قاتتىق قىلغان كىشى، ھەتتا ئىلىم، ئىبادەت، جىھاد ئۈچۈنلا قەتئىي توي قىلمىغان، خۇلاسە، ئايال كىشىنى ھەيزدار چاغدىمۇ تالاق قىلسا تالاق بولىدۇ، بىرلا ئېغىزدا بىرلا قېتىم ئۈچ تالاق دېسە، ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىدۇ، بۇ مەسىلىلەر سەھىھ مۇسلىمدا تەپسىلىي باردۇر، ساھابىلەر، تابىئىنلار ئىجماسى كۈچلۈك دەلىل ـ ئىسپاتتۇر، ئىجمائ دېگەن قۇرئان ھەدىسىدىن قالسا، شەرىئەتنىڭ قانۇن ـ پىرىنسىپ مەنبەسىدۇر، ئىجمائقا تانسا، كاپىر بولىدۇ، بۇنى بىز ئىجمائقا كىلىنگەن مەسىلىلەر دېگەن ئەسەردە يازغان، تەپسىلىي بار، كۆرۈڭ.

**5368** ( صحيح ) ليردن علي ناس من أصحابي الحوض حتى إذا رأيتهم و عرفتهم اختلجوا دوني فأقول: يا رب ! أصحابي أصحابي فيقال لي: إنك لا تدري ما أحدثوا بعدك ( حم ق ) عن أنس وحذيفة

5368. ئەنەس، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ساھابىلىرىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ھەۋزى كەۋسەر بويىدا مېنىڭ قېشىمغا كېلىدۇ، مەن ئۇلارنى كۆرۈپ تونۇغان چېغىمدا ئۇلار مەندىن چەكلىنىپ ئايرىلىپ كېتىدۇ، مەن ئى رەببىم ئۇلار مېنىڭ ساھابىلىرىم، ھەمراھلىرىم ئىدى دەپ قالىمەن، ئاندىن ماڭا ھەققەتەن سەن ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نېمىلەرنى پەيدا قىلغىنىنى بىلمەيسەن دېيىلىدۇ ، (باشقا خاتىرىدە مۇرتەد بولۇپ، دىندىن قايتىۋالغانلىقى سۆزلىنىدۇ، راستىنلا بەزىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تاپقاندا يېنىۋالغان). ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، دىندىن مۇرتەد بولۇپ يېنىۋالغانلار، ساھابىلەر، تابىئىنلار دېيىلمەيدۇ.

ليس أحد أحب إليه المدح من الله و لا أحد أكثر معاذير من الله ( طب ) عن الأسود بن سريع

5369. ئەسۋەد ئىبنى سەرىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھەدەك مەدھىيە، ماختىلىشى ئۆزىگە سۆيۈملۈك بولغان كىشى يوق، (يەنى، ئاللاھتائالا مەدھىيىلىنىشنى ماختىلىشنى ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىلىشنى بەك ياخشى كۆرىدۇ ، ھەم شۇنىڭغا بۇيرۇغاندۇر ). ئاللاھەدەك ئۆزرىلەرنى كۆپ قوبۇل قىلغۇچى يوق، يەنى ئاللاھتائالا (بەندىلىرىنىڭ ئۆزرىلىرىنى، تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۆزى ھەرگىز ئۆزرە ئېيتمايدۇ). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5370** ( صحيح ) ليس أحد أصبر على أذى سمعه من الله تعالى إنهم ليدعون له ولدا و يجعلون له أندادا و هو مع ذلك يعافيهم و يرزقهم ( ق ) عن أبي موسى

5370. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالادەك ئاڭلاپ تۇرۇپ، كۆرۈپ تۇرۇپ، ئەزىيەتكە بەك سەۋرى قىلغۇچى يوق،

ھەقىقەتەن كىشىلەر ئاللاھنىڭ بالىسى بار دەپ داۋا قىلىشىدۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدۇ، ئاللاھ يارىتىپ، رىزىق بەرسە باشقىلارغا چوقۇنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاللاھ ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ، بىلىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇلارنى ساقلاپ، سالامەت قىلىپ، رىزىق بېرىدۇ، (ئاللاھنىڭ بىر ئىسمى سەبۇردۇر، ئاللاھ ئۇلارنىڭ كېيىنچە تەۋبە قىلىشنى ياكى مەڭگۈلۈك دوزاختا كىرىشنى ئالدىن بىلىدۇ). بەيھەقىيلار توپلىغان، سەھىھ.

ليس أحد أفضل عند الله من مؤمن يعمر في الإسلام لتكبيره و تحميده و تسبيحه و تهليله( حم ) عن طلحة

5371. تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالانىڭ نەزىرىدە، ئاللاھقا تەكبىر ، ھەمدۇسانا، تەسبىھ، تەھلىل ئېيتىش ئۈچۈن ئىسلام دىنى ئىچىدە ياشاپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدىغان مۆئمىندىنمۇ ئەۋزەل كىشى يوقتۇر، (يەنى، ئۆمرىنى ئىسلام دىنى ئىچىدە ئاللاھنى ئۇلۇغلاش، پاك دەپ ئېتىقاد قىلىش، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دېگەن شۇئارنى ئېگىز كۆتۈرۈش ئۈچۈن ياشايدىغان، ئىسلام دىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان مۆئمىن ئەڭ ئەۋزەلدۇر). ئەھمەد قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

## « ليس » دېگەن ناقىس پېئىل بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر مەنىسى يوق، ئەمەس

ليس أحد من أمتي يعول ثلاث بنات أو ثلاث أخوات فيحسن إليهن إلا كن له سترا من النار ( هب ) عن عائشة

5372. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر كىشى ئۈچ قىزنىغا ياكى ئۈچ ئاچا ـ سىڭىل، ھەمشىرىلەرگە ئىگە بولۇپ، نەپىقىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، قاتارغا قوشۇپ، (ياخشى تەقۋادار كىشىگە ياتلىق قىلسا) ئۇلارغا ياخشىلىق قىلسا، يەنى ئىلىم، ئەدەپ، ئەخلاق ئۆگەتسە، ئۇلار بۇ كىشى ئۈچۈن دوزاخدىن پەردە بولىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5373** ( صحيح ) ليس الخبر كالمعاينة ( طس ) عن أنس ( خط ) عن أبي هريرة

5373. ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇلاق ئاڭلىغان خەۋەر، كۆز كۆرگەنگە ئوخشاش ئەمەستۇر. تەبرانى، خەتىب توپلىغان، سەھىھ.

**5374** ( صحيح ) ليس الخبر كالمعاينة: إن الله تعالى أخبر موسى بما صنع قومه في العجل فلم يلق الألواح فلما عاين ما صنعوا ألقى الألواح فانكسرت( حم طس ك ) عن ابن عباس

5374. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇلاقتا ئاڭلىغان خەۋەر، كۆز بىلەن كۆرگەن خەۋەرگە ئوخشاش ئەمەستۇر، ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا مۇساغا ئۇنىڭ قەۋمى موزاي توغرىسىدا قىلغان ئىشلارنى موزايغا چوقۇنۇپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ، دېگەندە ، مۇسا، تاختايلارنى تاشلىمىغان ئىدى، جىم تۇرغان ئىدى، ئۇ قەۋمىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى كۆزى بىلەن كۆرگەندە بولسا، تەۋرات تاختىلىرىنى تاشلىۋەتتى، تاختىلار سۇنۇپ كەتتى، (مۇسانىڭ ئاللاھدىن قۇلاقتا ئاڭلىغان خەۋىرى، كۆزى بىلەن كۆرگەنگە ئوخشىماي قالدى، يەنى ۋەقە ئوخشاش بولسىمۇ، تەسىرى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى

ئوخشاش بولمىدى، چىداپ تۇرالمىدى). ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، 1000 ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا دېگەن شۇ، ھەر قانداق ھېكمەتنىڭ قۇرئان، ھەدىس ئاساسى مەنبەسىدۇر.

ليس الشديد بالصرعة إنما الشديد الذي يملك نفسه عند الغضب ( حم ق ) عن أبي هريرة

5375. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۈچلۈك، باتۇرلۇق باشقىلارنى مۇسابىقىدە، چېلىشدا يېڭىۋېلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى، ھەقىقى باتۇر، كۈچلۈك كىشى بولسا، غەزەپ قىلغاندا، ئاچچىقى كەلگەندە نەپسىگە، ئۆزىگە ئىگە بولۇپ، راۋان قىلىشقا قادىر تۇرۇپ، ئاچچىقىنى يەڭگەن كىشىدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقىنى يەڭگەن باتۇر.

5376 ( صحيح ) ليس الصيام من الأكل و الشرب إنما الصيام من اللغو و الرفث فإن سابك أحد أو جهل عليك فقل إني صائم إني صائم ( ك هق ) عن أبي هريرة

5376. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزا تۇتۇش، يەپ ـ ئىچىشدىنلا ساقلىنىش بىلەن بولماستىن، بەلكى، لەغۋە، قۇرۇق سۆز، پاھىشە سۆز، گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن، غەيۋەتتىن ساقلىنىش بىلەن بولىدۇ، ئەگەر بىرسى سېنى تىللاپ، ئەيىبلىسە، ياكى ساڭا جاھىللىق، نادانلىق قىلسا، ھەقىقەتەن مەن روزىدار، مەن روزا تۇتقۇچى كىشى دېگىن . ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ليس الغنى عن كثرة العرض و لكن الغنى غنى النفس ( حم ق ت ه ) عن أبي هريرة

5377. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بايلىق، بىھاجەتلىك، مال ـ دۇنيانىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن بولمايدۇ، لېكىن، بايلىق، بىھاجەتلىك، نەپسىنىڭ بىھاجەت بولۇشى بىلەن بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

راست ، نۇرغۇن بايلار، بىھاجەت ئەمەس، ھېچ بايدەك ئەمەس، چۈنكى، ئۇنىڭ نەپسى بىھاجەت ئەمەس، تويماستۇر، نۇرغۇن ئىلىم ئەھلى، ئىبادەت ئەھلى، ھەقىقەتچى زاھىدلار گەرچە مال ـ دۇنياسى كۆپ بولمىسىمۇ، نەپسى بىھاجەت بولغاچقا ئۇلار خاتىرجەم، باي، بىھاجەتتۇر، ئۇلار ئالالاھ بىلەن بىللە بەختلىكتۇر ، ئۇلارنىڭ ئالالاھ بىلەن بىللە بولۇشىدىكى ئىلىم، ئىبادەتلىرىدىكى خالىي جايدا سىردىشىپ، مۇناجات قىلىشىدىكى پەزىلەتلەرنى، كارامەتلەرنى، پادىشاھلار ئاشۇ چوڭ ـ چوڭ تىجارەتچى، كارخانىچىلار بىلگەن بولسا ئىدى، قاتتىق ھەسەت قىلاتتى.

ليس الفجر بالأبيض المستطيل في الأفق و لكنه الأحمر المعترض ( حم ) عن طلق بن علي

5378. تەلەق ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بامدات نامىزى دۇرۇس بولىدىغان سۇبھى دېگەن شەرقى ئۇپۇقدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئەمدىلا كېچىنىڭ ئاقىرىشى بىلەن بولمايدۇ، لېكىن، ئۇ سۇبھى توغرىسىغا ئاشكارا بولغان قىزىللىق بىلەن بىللە ئاستا ـ ئاستا يورۇشقا باشلىغان سۇبھىدۇر. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

5379 ( صحيح ) ليس الكذاب بالذي يصلح بين الناس فينمي خيرا و يقول خيرا( حم ق د ت ) عن أم كلثوم بنت عقبة ( طب ) عن

شداد بن أوس

5379. ئۇممە گۇلسۇم، شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇنىڭدىن بۇنىڭغا، بۇنىڭدىن ئۇنىڭغا ياخشى سۆزلەرنى توشۇپ ئاپارغان، ياخشى سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلغان، ئەپلەشتۈرۈپ، ياراشتۇرغان كىشى كاززاپ ئەمەس، يالغانچى ھېسابلانمايدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. كىشىلەرنىڭ ھەتتا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىپ كېلىشتۈرۈش، ياراشتۇرۇش ئۈچۈن يالغان سۆزلىسە دۇرۇس، بۇ ھەدىس ،ئىسلامىي ب د ت غا سوۋغات قىلىنىدۇ.

5380 ( صحيح ) ليس المؤمن الذي لا يأمن جاره بوائقه ( طب ) عن طلق بن علي

5380. تەلەق ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆزىنىڭ ھالاكەتلىك ئىشلىرىدىن يامانلىقلىرىدىن قوشنىسى خاتىرجەم، ئەمىن بولالمىغان يامان كىشى مۆئمىن ئەمەستۇر. تەبرانى توپلىغان. سەھىھ مۆئمىن دېگەن . قوشنىسى ۋە باشقىلار خاتىرجەم ئەمىن بولالىغان ياخشىلىقى ئۈمىد قىلىنىدىغان يامانلىقى قەتئىي بولمىغان كىشىدۇر، باشقىلارغا زور ئىشەنچلىكتۇر.

ليس المؤمن بالطعان و لا اللعان و لا الفاحش و لا البذي ( حم خد حب ك ) عن ابن مسعود

5381. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن دېگەن تەنە قىلغۇچى، لەنەت قىلغۇچى، پاھىشە سۆز قىلغۇچى، ئاغزى بەزەپ بولمايدۇ، ئاغزىنى ئەسكى قىلمايدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بۇخارى، ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

5382 ( صحيح ) ليس المؤمن بالذي يشبع و جاره جائع إلى جنبه ( خد طب ك هق ) عن ابن عباس

5382. ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆزى ھەرخىل لەززەتلىك تاماقلاردا قورسىقىنى لىق تويغۇزۇپ يۈرۈۋدىغان قوشنىسى بولسا، يېنىدا ئاچ تۇرىدىغان بۇنداق كىشى مۆئمىن ئەمەس. تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

5383 ( صحيح ) ليس المسكين الذي ترده الأكلة و الأكلتان و لكن المسكين الذي ليس له غنى و يستحي و لا يسأل الناس إلحافا ( خ ن ) عن أبي هريرة

5383. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر لوقما ئىككى لوقما تاماق ھاجىتىدىن چىقىپ قايتۇرالايدىغان كىشى مىسكىن ئەمەس، (چۈنكى، ئۇنى بىھاجەت قىلىدىغان نەرسە تېپىلدى). لېكىن، مىسكىن دېگەن ، ئۇنى بىھاجەت قىلىدىغان نەرسە بولمىغان، تارتىنىپ ھايا قىلىدىغان كىشىلەردىن چىڭ تۇرۇۋېلىپ سورالمايدىغان كىشى مىسكىندۇر. بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

ليس المسكين الذي يطوف على الناس فترده اللقمة و اللقمتان و التمرة و التمرتان و لكن المسكين الذي لا يجد غنى يغنيه و لا يفطن له فيتصدق عليه و لا يقوم فيسأل الناس ( مالك حم ق د ن ) عن أبي هريرة

5384. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنى نەرسە سوراپ زىيارەت قىلىدىغان بىر لوقما ئىككى لوقما تاماق، بىر تال خورما

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىككى تال خورما ھاجىتىدىن چىقىپ قايتۇرىدىغان كىشى مىسكىن ئەمەس، لېكىن، مىسكىن دېگەن ، ئۇنى بىھاجەت قىلىدىغان نەرسىنى تاپالمىغان، ئۇنىڭغا ـ زاكات بېرىلىشى ئۈچۈن تونۇلمىغان، بىلىنمىگەن، ھايا قىلىپ كىشىلەردىن نەرسە سورالمىغان كىشىدۇر. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

ليس الواصل بالمكافئ و لكن الواصل الذي إذا انقطعت رحمه وصلها ( حم خ د ت ) عن ابن عمرو

5385. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرغۇچى، ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلغۇچى كىشى، سىلە ـ رەھىمنى ئۇلىغۇچى ھېسابلانمايدۇ، لېكىن، سىلە ـ رەھىمنى ئۈلاپ، تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلغۇچى دېگەن سىيلە ـ رەھىم ئۈزۈلۈپ كەتكەندە ئۇنى ئۇلىغان ياخشىلىق قىلغان كىشىدۇر. بۇخارى 5532 ـ ھەدىس، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ، ئەھمەد 6496 ـ ھەدىس، سەھىھ.

ليس بك هوان على أهلك إن شئت سبعت عندك و سبعت لنسائي و إن شئت ثلثت ثم درت ( م د ه ) عن أم سلمة

5386. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئايالنى نىكاھىغا ئالغاندا، سېنىڭ سەۋەبىڭدىن ساڭا، ئەھلىڭگە خارلىق يوق، ئەگەر خالىساڭ سېنىڭ ھۇجراڭدا يەتتە كۈن تۇرۇپ، ئاندىن قالغان ئاياللىرىمغا يەتتە كۈن تۇراي، ئەگەر خالىساڭ، سېنىڭ يېنىڭدا ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ئاندىن باشقا ئاياللىرىمنى ئايلىناي دېگەن ، (قىزنى ئالسا يەتتە كۈن، جۇۋان، چوكانغا ئۈچ كۈن تۇرۇش بەلگىلەنگەن، بىرلا ئايالنى ئالسا، شۇ بىرسى بىلەنلا تۇرىدۇ ئەلۋەتتە). مۇسلىم 2651 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1812 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە، ئەھمەد 25448 ـ ھەدىس، سەھىھ.

5387 ( حسن ) ليس بمؤمن من لا يأمن جاره غوائله ( ك ) عن أنس

5387. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قوشنىسى ھالاكىتىدىن، يامانلىقىدىن خاتىرجەم، ئەمىن بولالمايدىغان كىشى مۆئمىن ئەمەس، يەنى، قوشنىسىنى خاتىرجەم قىلمىغان كىشى مۆئمىن ئەمەس، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

5388 ( صحيح ) ليس بين العبد و الشرك إلا ترك الصلاة فإذا تركها فقد أشرك( ه ) عن أنس

5388. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە بىلەن شېرىك كەلتۈرۈپ، مۇشرىك بولۇشنىڭ ئارىلىقىدا پەقەت نامازنى تەرك ئېتىشلا باردۇر، بەندە نامازنى تەرك ئېتىپ، ئوقۇمىسا، جەزمەن مۇشرىك، كاپىر بولىدۇ، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوچۇق ھۆكۈم قىلدى، ھېچكىم بۇ ئوچۇق ھۆكۈمگە ئاقساقاللىق قىلمىسۇن.

5389 ( صحيح ) ليس بيني و بين عيسى نبي و إنه نازل فإذا رأيتموه فاعرفوه رجل مربوع إلى الحمرة و البياض ينزل بين ممصرتين كأن رأسه يقطر و إن لم يصبه بلل فيقاتل الناس على الإسلام فيدق الصليب و يقتل الخنزير و يضع الجزية و يهلك الله في زمانه الملل كلها إلا الإسلام و يهلك المسيح الدجال فيمكث في الأرض أربعين سنة ثم يتوفى فيصلي عليه المسلمون ( د ) عن أبي هريرة

5389. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن بىلەن ئەيسانىڭ ئارىلىقىدا پەيغەمبەر يوق، ھەققەتەن ئەيسا چۈشىدۇ، ئۇنى كۆرۈپ قالساڭلار، ئۇبدان تونۇۋېلىڭلار، ئەيسا ئېگىزمۇ ئەمەس، پاكارمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا بوي كىشىدۇر، رەڭگى بولسا

قىزىل بىلەن ئاققا مايىل، يەنى مەڭزى قىزىل، ئاق، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئۇ ،تۇق ئەمەس، سۇس بويالغان سېرىق رەڭلىك ئىككى تونى كىيىپ چۈشىدۇ، گەرچە ئۇنىڭغا ھۆللۈك يەتمىسىمۇ گويا ئۇنىڭ چېچى سۇ تامچىلىرىنى تېمىتىپ تۇرىدۇ، (ئۇنىڭ نەپەس، تىنىقى يەتكەن كاپىر ئۆلىدۇ)، ئۇ ئىسلام دىنىغا ئاساسەن كىشىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ، كىرىس بەلگىسىنى چىقىپ تاشلايدۇ، توڭگۇزنى ئۆلتۈرىدۇ، جىزيەنى يەنى زىممى ئەھلى، ئىسلام دۆلىتىگە تاپشۇرىدىغان جان بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ،كىشىلەر يا ئىسلام ئەھلى بولىدۇ، يا ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ زامانىدا ئىسلام مىللىتىدىن باشقا بارلىق مىللەتنى ھالاك قىلىدۇ، پەقەت ئىسلاملا قېلىپ قالىدۇ، مەسىھ دەججالنىمۇ ئەيسانىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ھالاك قىلىدۇ، ئەيسا زېمىندا 40 يىل تۇرىدۇ، ئاندىن ۋاپات تاپىدۇ، ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلار جىنازا نامىزى ئوقۇيدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، (ئاندىن مۇسۇلمانلارمۇ قالماي تۈگەپ، قىيامەت ئەڭ يامان كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە قورۇلىدۇ). سەھىھ.

**5390 ( صحيح ) ليس شيء أثقل في الميزان من الخلق الحسن ( حم ) عن أبي الدرداء**

5390. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىيزاندا ياخشى، گۈزەل ئەخلاقدىنمۇ ئېغىرراق كېلىدىغان نەرسە يوقتۇر. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**5391 ( صحيح ) ليس شيء أطيع الله تعالى فيه أعجل ثوابا من صلة الرحم و ليس شيء أعجل عقابا من البغي و قطيعة الرحم و اليمين الفاجرة تدع الديار بلاقع ( هق ) عن أبي هريرة**

5391. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلە ـ رەھىم قىلىشتەك ساۋابى ئەڭ تېز، بالدۇر بېرىلىدىغان نەرسە يوق، ھەددىدىن ئېشىپ، تاجاۋۇز قىلىشتىن مۇسۇلمانلار خەلىپىسىگە قورال كۆتۈرۈشتىن، سىيلە ـ رەھىيىمنى ئۈزۈۋېتىشتىنمۇ جازاسى، ئازابى تېزراق يېتىدىغان نەرسە يوق، يالغان قەسەم بولسا، دىيارلارنى گىياھسىز قالدۇرىدۇ، ھېچنەرسە يوق چۆللۈككە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، يالغان قەسەم قىلغۇچى ھالاك بولىدۇ، قاتتىق پېقىرلىققا قالىدۇ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5392 ( حسن ) ليس شيء أكرم على الله تعالى من الدعاء ( حم خد ت ك ) عن أبي هريرة**

5392. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالاغا دۇئادىنمۇ ھۆرمەتلىك، ئۇلۇغراق بىر نەرسە يوقتۇر، (چۈنكى، دۇئا ئىبادەتنىڭ يىلىكى، دۇئا قىلمىغان كىشىگە ئاللاھ غەزەپ قىلىدۇ، ئۇ ئىبادەتتۇر). ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم، بۇخارى، ئەدەپتە توپلىغان، ھەسەن.

**5393 ( حسن ) ليس شيء إلا و هو أطوع لله تعالى من ابن آدم ( البزار ) عن بريدة**

5393. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق نەرسە ئاللاھتائالاغا ئادەم بالىسىدىن بەكرەك ئىتائەت قىلىدۇ، پەقەت ئادەم بالىسى ئىتائەت قىلمايدۇ، (پۈتۈن كائىنات، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدۇ). بەزار توپلىغان، ھەسەن.

**5394 ( حسن ) ليس شيء خيرا من ألف مثله إلا الإنسان ( طب الضياء ) عن سلمان**

5394. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆزىنىڭ ئوخشىشى بىلەن ئۇنىسى ئۈلپەتلىشىپ، كېلىشىپ، كۆڭلىنى ئېلىپ، قەلبىنى ئۇتۇپ

بىللە ھەمكارلىشىپ ياشاشتا ، ئىنساندىن ياخشىراق نەرسە يوقتۇر ، بۇنىڭغا پەقەت ئىنسان قادىردۇر. تەبرانى ، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان ، سەھىھ.

**5395 ( صحيح ) ليس شيء من الإنسان إلا يبلى إلا عظم واحد و هو عجب الذنب و منه يركب الخلق يوم القيامة( ه ) عن أبي هريرة**

5395. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىنساننىڭ ھەممە ئەزالىرى ، بارلىق جەسىتى تۇپراقتا سىپسىپ ، چىرىپ تۈگەيدۇ ، پەقەت بىر تاللا سۆڭەك قېلىپ قالىدۇ ، ئۇ بولسىمۇ توققۇز كۆز سۆڭىكىنىڭ ئاخىرىدىكى قۇيرۇق سۆڭىكىدۇر ، خەلقلەر يەنى ئىنسانلار قىيامەت كۈنى شۇ سۆڭەكتىن قۇراشتۇرۇلۇپ ، ئۇندۇرۇلۇپ قوپۇرۇلىدۇ. ئىبنى ماجە ، مۇسلىملار توپلىغان ، سەھىھ.

**5396 ( صحيح ) ليس شيء من الجسد إلا و هو يشكو ذرب اللسان ( ع هب ) عن أبي بكر**

5396. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىنسان ، جەسەدلىرىنىڭ ھەممىسى بارلىق ئەزالار ، تىلنىڭ پاساتلىقىدىن ، يامانلىقىدىن قالايمىقان سۆزلەۋېرىشتىن ، شىكايەت ، ئەرز قىلىدۇ. ئەبۇ يەئلا ، بەيھەقى توپلىغان ، سەھىھ.

**5397 ( صحيح ) ليس على أبيك كرب بعد اليوم ( خ ) عن أنس**

5397. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات تېپىش ، جان ئۈزۈش ئالدىدا فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: بۈگۈندىن باشلاپ دادىڭىزغا مۇشەققەت ، قىيىنچىلىق يوق دېگەن . بۇخارى توپلىغان ، سەھىھ.

**ليس على الرجل طلاق فيما لا يملك و لا عتاق فيما لا يملك و لا بيع فيما لا يملك ( حم ن ) عن ابن عمرو**

5398. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ ئۈستىگە ئىگە بولالمايدىغان نەرسىدە تالاق قىلىش يوق ، ئىگە بولالمايدىغان نەرسىدە ئازاد قىلىش يوق ، ئىگە بولالمىغان نەرسىدە ئېلىم ـ سېتىم ، سودا يوق ، (يەنى نىكاھلاپ ئالمىغان ئايالنى تالاق قىلالمايدۇ ، ھەم تالاق بولمايدۇ ، تالاق دېگەن پاچاقنى تۇتقان كىشىنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ ، ئىگە بولالمايدىغان قۇلنى ئازاد قىلالمايدۇ ، ھەم ئىگە بولالمايدۇ ، ئېلىپ ـ ساتالمايدۇ ، بۇ دۇرۇس ئەمەس). ئەھمەد ، نەسەئى توپلىغان ، ھەسەن.

**5399 ( صحيح ) ليس على الماء جنابة ( طب ) عن ميمونة**

5399. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەندىن ئېشىپ قالغان پاكىز سۇ بىلەن تاھارەت ئالماقچى بولغاندا ، مەن: ئۇ سۇ مەندىن ئېشىپ قالغان دېسەم ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇنىڭ ئۈستىگە جۇنابەتلىك يوق ، سۇ جۇنۇپ بولمايدۇ دېگەن . تەبرانى توپلىغان ، سەھىھ.

**5400 ( صحيح ) ليس على المختلس قطع ( ه ) عن عبدالرحمن بن عوف**

5400. ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنى غەپلەتتە قالدۇرۇپ ، تېز سۈرئەتتە نەرسىلەرنى ، پۇللارنى ئېلىۋالغۇچى ، يانچۇقچىغا (ئوچۇق ئاشكارا قەھرى قىلىپ ئېلىۋالغۇچى ، بۇلاڭچىغا ، خائىنغا قول كېسىش يوق)

بۇلارنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ، (لېكىن، بۇلاڭچى، قاراقچى، يۇت ـ قوللىرى كېسىلىدۇ، يۇرتىدىن پالاندى قىلىنىدۇ، دارغا ئېسىلىدۇ، يانچۇقچىلار تەزىر ئۇرۇلىدۇ، تۈرمىگە قاملىدۇ). نەسەئى 4889 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1368 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3818 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2581 ـ ھەدىس، ئەھمەد 14539 ـ ھەدىس، سەھىھ.

ليس على المسلم في عبده و لا في فرسه صدقة ( حم ق 4 ) عن أبي هريرة

5401. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلماننىڭ قۇلىدا، ئېتىدا زاكات ۋاجىپ بولمايدۇ، (لېكىن، ئېلىپ ساتسا، مالنىڭ پۇلىنىڭ ھېسابىدا زاكات بېرىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.ئېتى ،خىزمەتچى قۇلى قىممەت بولسىمۇ زاكات كەلمىگەندەك ،ئائىلىۋى ھاجىتى ئۈچۈن چىقىپ ئوينايدىغان،پۇل تاپمايدىغان شەخسي ماشىنىسىغا زاكات يوق.

ليس على المنتهب و لا على المختلس و لا على الخائن قطع ( حم 4 حب ) عن جابر

5402. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ مېلىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا قەھرى قىلىپ ئېلىۋالغۇچى بۇلاڭچىغا تېز سۇرئەتتە يوشۇرۇن ئالغۇچى يانچۇقچىغا، خىيانەت قىلغان خائىنغا قول كېسىش يوق، (لېكىن، جازالىرىنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق). ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

5403 ( صحيح ) ليس على النساء حلق إنما على النساء التقصير ( د ) عن ابن عباس

5403. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەج قىلغاندا ئاياللار چېچىنى چۈشۈرمىسىمۇ بولىدۇ، ھەققەتەن ئۇلار ئۇچىدىن قىرقىپ قىسقارتسا كۇپايە بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

ليس على رجل نذر فيما لا يملك و لعن المؤمن كقتله و من قتل نفسه بشيء عذب به يوم القيامة و من حلف بملة سوى الإسلام كاذبا فهو كما قال و من قذف مؤمنا بكفر فهو كقتله ( حم ق 4 ) عن ثابت بن الضحاك

5404. سابىت ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ ئۆزىستىگە ئۇ ئىگە بولالمايدىغان نەرسىدە ۋەدە نەزرى يوق، مۆئمىنگە لەنەت قىلىش ئۇنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاشتۇر، كىم ئۆزىنى بىرەر نەرسە بىلەن ئۆلتۈرۋالسا، قىيامەت كۈنى شۇ نەرسىسى بىلەن ئازابلىنىدۇ، كىم ئىسلام مىللىتىدىن باشقا مىللەت بىلەن يالغاندىن قەسەم قىلسا، ئىسلامدىن باشقا دىننىڭ قەسىمى بىلەن قەسەم قىلسا، چاقچاق قىلىپ، يالغاندىن شۇنداق قىلسا، ئۇ ئۆزى دېگەندەك بولۇپ كېتىدۇ، (يەنى شۇ مىللەتكە ئۆتۈپ كېتىدۇ.) كىم مۆئمىنگە كۇپرىلىقنى بوھتان قىلسا، كاپىر دېسە، ئۇ ئۇنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاشتۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

5405 ( صحيح ) ليس على مسافر جمعة ( طس ) عن ابن عمر

5405. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇساپىرغا جۈمە ئوقۇش پەرز ئەمەس. تەبرانى، ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

5406 ( حسن ) ليس على ولد الزنا من وزر أبويه شيء ( ك ) عن عائشة

5406. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زىنادىن، ھارامدىن بولغان بالىغا ئاتا - ئانىسىنىڭ يەنى زىناخورلارنىڭ گۇناھىدىن ھېچنەرسە ئارتىپ قويۇلمايدۇ، (چۈنكى بالىدا گۇناھ يوق). ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، ھارامدىن، زىنادىن بولغان باللارنىڭ نەسەبى مۇقىم قىلىنمايدۇ، ئۇ ۋارىس بولالمايدۇ، ھەتتا، كىچىك چاغدا ئۆلۈپ كەتسە، مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا كىچىك بالىلىرى ئۆلۈپ كېتىپ، جەننەتكە كىرگەندەك، بۇ زىنانىڭ بالىسى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، لېكىن، بالاغەتكە يېتىپ، مۇسۇلمان بولسا، ئالالھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ ئۆلسە، جەننەتكە كىرىدۇ، چۈنكى، كىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزى «لائىلاھە ئىللەللاھ» دېيىش بولسا، جەننەتكە كىرىدۇ دېگەن سەھىھ ھەدىس بار، توغرىسىنى ئالالھ بىلىدۇ.

ليس عليها غسل حتى تنزل كما أنه ليس على الرجل غسل حتى ينزل ( ه ) عن خولة بنت حكيم

5407. خەۋلەت بىنتى ھەكىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خۇددى ئەرلەر ئۇستىگە: مەنىي سۇ تۆكۈلۈپ چۈشمىگۈچە غۇسلى تاھارەت ۋاجىپ بولمىغاندەك، ئاياللار ئۇستىگىمۇ، مەنىي سۈيى چۈشمىگۈچە غۇسلى قىلىش ۋاجىپ بولمايدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، بۇ ھەدىس مەنسۇخ، ئەمەلدىن قالغان، كۆچكە ئىگە ھەدىسلەر بولسا، يۇقىرىدا ئۆتتى، ئىككى خەتنە قىلىنىدىغان جاي بىر - بىرىگە تەگسە گەرچە مەنىي سۇ چىقمىسىمۇ غۇسلى ۋاجىپ بولىدۇ.

ليس عليكم في غسل ميتكم غسل إذا غسلتموه فإن ميتكم ليس بنجس فحسبكم أن تغسلوا أيديكم(ك)عن ابن عباس

5408. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە مېيىتلارنى يۇغانغا، غۇسلى تاھارەت ئېلىش ۋاجىپ بولمايدۇ، چۈنكى مېيىت دېگەن نىجىس ئەمەس، مېيىتلەرنى يۇيۇپ قالساڭلار قولۇڭلارنى يۇيۇۋەتسەڭلار شۇ كۇپايىدۇر. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5409** ( صحيح ) ليس في الأوقاص شيء ( طب ) عن معاذ

5409. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زاكات پەرز بولىدىغان ئىككى ئۆلچەمنىڭ ئارىلىقىدىكى تۆگە، قوي، كالىلارغا زاكات ۋاجىپ بولمايدۇ، (مەسىلەن: تۆگىنىڭ بەشتىن توققۇزغىچە، ئاندىن 14، 20 كىچە ئارىلىقتىكى نەرسىلەرگە ۋاجىپ بولمايدۇ، كالىدا ئوتتۇزغا يەتمىسە، قويدا 40قا يەتمىسە زاكات يوق، شۇنداقلا كېيىنكى ئۆلچەمگە يەتكىچە بولغان نەرسىگىمۇ زاكات يوق، 40 قويغا بىرنى بەرسە، 120گىچە ھېچ نەرسە يوق، خۇلاسە ئىككى ئۆلچەم ئارىسىدىكى نەرسىگە زاكات يوق، ئۆلچەمگە يەتسە يۇقىرىدا بەلگىلەنگەندەك زاكات ئېلىنىدۇ، ئارىلىقىدىكى نەرسىگە يوق). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. شۇنداقلا ئۆزى ئۆيدە ھەلەپ بېرىپ بېقىۋاتقان چارۋا -ماللارغا ئىشلەمچى كالا، تۆگىگە زاكات يوق.

**5410** ( صحيح ) ليس في الجنة شيء مما في الدنيا إلا الأسماء ( الضياء ) عن ابن عباس

5410. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇنيادىكى نەرسىلەردىن بىرەر نەرسىنى جەننەتتە بار دېيىلسە ، ئۇ پەقەت ئىسمىلا باردۇر، ئۆزى قەتئىي ئوخشىمايدۇ، (مەسىلەن: خورما، باغ، تۆگە، قۇش، ئانار، ھەسەل، سۈت دېگەنلەرنىڭ ئىسمى بار، ئىسمى ئوخشاش، لېكىن ئۆزى ئوخشىمايدۇ، خۇددى ھۆر ئاياللىرى ئوخشاشمىغاندەك). زىيائۇلمەقدەسى

توپلىغان، سەھىھ.

جەننەت سىز پەرەز قىلغانىدىنمۇ ئەۋزەل، لەززەتلىكتۇر، قەلبىڭىز خوتۇر قىلىپ باقمىغان نەرسىلەر باردۇر.

**5411** ( صحيح ) ليس في الخضروات زكاة ( قط ) عن أنس وطلحة ( ت ه ) عن معاذ

5411. ئەنەس، تەلھە، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:« كۆكتاتلاردا، ئوت ـ چۆپلەردە زاكات يوق،» (يەنى شاخ، سامانلارغا، قومۇشقا، سەي ـ كۆكتاتلارغا بىر قىسىم مېۋىلەرگە ئۆشرە ـ زاكات ۋاجىپ بولمايدۇ، چۈنكى، ئۇلار كامىل بىر يىل تۇرالمايدۇ، لېكىن، ئۇنى مەخسۇس تېرىپ، كەسىپ قىلىپ كىرىم قىلسا، ئېلىپ ساتسا، پۇل تاپسا زاكات كېلىدۇ، مەسىلەن: بۇغداي ـ قوناق، كېۋەز تېرىيدىغان يەرگە سەي، چامغۇر تېرىپ ساتسا، قوغۇن، تاۋۇز تېرىپ ساتسا، ھەتتا ئورمان قەلەمچە قىلىپ ساتسا، ئۆشرە زاكات كېلىدۇ، تاپقان پۇلى ھېساب، ئۆلچەمگە يەتسە زاكات كېلىدۇ. ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەھۇللاھ زېمىندىن چىققانلا نەرسىگە ئۆشرە، ئوندىن بىرىنى بېرىدۇ دېگەن، دەلىلى ئاسمان سۈيى سۇغارغان ھەدىس. جۇمھۇر ئالىملار بۇ زاكات ۋاجىپ بولۇشى، نىساپ ئۆلچەم بولسا، بەش ۋەسقە يەنى 300 سا 1600 جىڭ ئۆلچەم بولىدۇ دېگەن، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، خوشنىلارغا بېرىپ يەڭلار!) تىرمىزى 577 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.

**5412** ( صحيح ) ليس في الخيل و الرقيق زكاة إلا زكاة الفطر في الرقيق ( د ) عن أبي هريرة

5412. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاتتا، قۇلدا، چۆرىسىدە زاكات ۋاجىپ بولمايدۇ، لېكىن، قۇلغا رامزاندا سەدىقە ـ پىتىر بېرىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرىقى نەرسىنى تىجارەت مېلى قىلىپ ئېلىپ ـ ساتسا، زاكات بېرىدۇ، چۈنكى تىجارەت مېلى پۇل ھېسابلىنىپ، زاكات ئايرىلىدۇ.

**5413** ( صحيح ) ليس في العبد صدقة إلا صدقة الفطر ( م ) عن أبي هريرة

5413. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇلدا زاكات بېرىش يوق، لېكىن، سەدىقە ـ پىترىنى بېرىدۇ، (ئېلىپ ـ ساتسا بېرىدۇ) مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5414** ( حسن ) ليس في المأمومة قود ( هق ) عن طلحة

5414. تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: باشنىڭ چوققىسىنى، مېڭە ئورنىنى، دىماغ ئورنىنى جاراھەتلەندۈرسە، جىنايەتچىنىمۇ شۇنداق قىلىپ بېرىش ئارقىلىق قىساس ئېلىپ بېرىلمەيدۇ، (چۈنكى، بۇ خەتەرلىك تەگشەپ، باراۋەر قىلغىلى بولمايدۇ، لېكىن، تۆلەم پۇلى بېرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ 33 تۆگىدۇر). بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن، بۇ توغرىسىدا يۇقىرىدا ئۆتتى ۋە يەنە كېلىدۇ.

ليس في النوم تفريط إنما التفريط في اليقظة أن تؤخر صلاة حتى يدخل وقت صلاة أخرى ( حم حب ) عن أبي قتادة

5415. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇخلاپ قېلىشتا كەمچىللىك، سەھۋەنلىك بولمايدۇ، كەمچىلىك دېگەن، ئويغاق چاغدا بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ نامازنى يەنە بىر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگىچە ئوقۇماي، كېچىكتۈرۈش. ئەھمەد، ئىبنى

ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

ترمىزى 162 ـ ھەدىس، نەسەئى 612 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 373 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 690 ـ ھەدىستە كەمچىلىكلىك ئويغاق چاغدا بولۇشى، نامازنى ئۇنتۇپ قالسا ياكى نامازدىن ئۇخلاپ قالسا، ئېسىگە كەلگەندىلا ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندىلا ئوقۇيدۇ دېگەن ، ترمىزىيدا، ئىمام مالىك، ئەھمەد، شافىئىي رەھمەھۇللاھلار مۇشۇ ھەدىسنىڭ دەلىلى بىلەن نامازدىن ئۇخلاپ قالسا، ئويغانغان چاغدا ئوقۇيدۇ، گەرچە ئۇ چاغ كۈن چىقىۋاتقان ۋاقىت بولسىمۇ بامداتنى ئوقۇۋېرىدۇ، چۈنكى، ھەدىس مۇتلەق رۇخسەت قىلدى، ئېسىگە كەلسىلا ئۇيقۇسىدىن ئويغانسىلا كۈن چىقىۋاتسىمۇ ئوقۇۋېرىدۇ، چۈنكى، ئۇ ئۇخلاپ قالغاندۇر. چەكلەنگەن ھەدىس بولسا ئويغاق چاغ دېگەن ، ئامدىن (ئومۇمدىن) خاسنى چىقارغان، بەزىلەر كۈن چىقىپ، كۆتۈرۈلۈپ بولغاندا ئوقۇيدۇ دېدى.

**5416** ( صحيح ) ليس فيما دون خمسة أوسق من التمر صدقة و ليس فيما دون خمس ذود من الإبل صدقة و ليس فيما دون خمس أواق من الورق صدقة ( حم ق 4 ) عن أبي سعيد

5416. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەش ۋەسىقىدىن ئاز خورمىدا يەنى 300 سىدىن (1500 جىڭ ئەتراپىدىكى مىقداردىن) ئاز خورمىدا زاكات يوق، بەش تۆگىنىڭ تۆۋىنىدە زاكات يوق، بەش ئاۋاق يەنى 200 دىرھەم كۈمۈش پۇلدىن تۆۋىنىدە زاكات يوق، (چارۋا ماللار، ئاشلىقلار، پۇللار، ئاشۇ ئۆلچەمگە يەتمىسە، زاكات يوق، ئۆلچەمگە يەتسە زاكات ئايرىيدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. 200 دىرھەم 20 مىسقال ئالتۇنغا تەڭدۇر، ھازىر كۈمۈشنىڭ باھاسى ئەرزاندۇر.

**5417** ( صحيح ) ليس فيما دون خمسة أوساق من تمر و لا حب صدقة ( م ن ) عن أبي سعيد

5417. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەش ۋەسىقىنىڭ تۆۋەندىكى خورما، دان، ئاشلىقلاردا ئۆشرە ـ زاكات يوقتۇر، (بەش ۋەسىقە 1200 جىڭدىن 1500 جىڭغىچە). مۇسلىم، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس ئاشلىقلارغا ئۆلچەم توختاتقان.

**5418** ( صحيح ) ليس فيما دون خمس من الإبل صدقة و ليس في الأربع شيء فإذا بلغت خمسا ففيها شاة إلى أن تبلغ تسعا فإذا بلغت عشرا ففيها شاتان إلى أن تبلغ أربع عشرة فإذا بلغت خمس عشرة ففيها ثلاث شياه إلى أن تبلغ تسع عشرة فإذا بلغت عشرين ففيها أربع شياه إلى أن تبلغ أربعا و عشرين فإذا بلغت خمسا و عشرين ففيها بنت مخاض إلى خمس و ثلاثين فإن لم تكن بنت مخاض فابن لبون ذكر فإن زادت بعيرا ففيها بنت لبون إلى أن تبلغ خمسا و أربعين فإن زادت بعيرا ففيها حقة إلى أن تبلغ ستين فإن زادت بعيرا ففيها جذعة إلى أن تبلغ خمسا و سبعين فإن زادت بعيرا ففيها بنتا لبون إلى أن تبلغ تسعين فإن زادت بعيرا ففيها حقتان إلى أن تبلغ عشرين و مائة ثم في كل خمسين حقة و في كل أربعين بنت لبون ( ه ) عن أبي سعيد

5418. ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەشتىن تۆۋەن تۆگىدە زاكات يوق، تۆت تۆگىگە ھېچنەرسە ۋاجىپ بولمايدۇ، بەشكە يەتسە، توققۇزغىچە بىر قوي بېرىدۇ، ئون تۆگىگە يەتسە، 14 گىچە ئىككى قوي بېرىدۇ، 15 تۆگىگە 19غىچە ئۈچ قوي بېرىدۇ، 20گە يەتسە 24 گىچە تۆت قوي بېرىدۇ، 25كە يەتسە، كىچە ئىككى ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرنى بېرىدۇ، ئەگەر بۇ خىلدىكى تۆگە بولمىسا، ئۈچ ياشلىق ئەركەك تۆگە بەرسىمۇ بولىدۇ، ئەگەر

35دىن بىر تۆگە زىيادە بولسا، 45گىچە ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرنى بېرىدۇ، ئەگەر 45دىن بىر تۆگە ئارتۇق بولسا، 60قىچە تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرنى بېرىدۇ، ئەگەر 60دىن بىر تۆگە زىيادە بولسا، 75گىچە بەش ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرسى بېرىلىدۇ، ئەگەر 75دىن بىرسى زىيادە بولسا، 90غا يەتكىچە ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن ئىككىنى بېرىدۇ، ئەگەر 90دىن بىر تۆگە ئارتۇق بولسا، 120گىچە تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن ئىككىنى بېرىدۇ، ئاندىن 120دىن ئېشىپ كەتسە، ھەر 50 تۆگىگە، تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرسى، ھەر 40 تۆگىدىن ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن بىرسى ئېلىنىدۇ. ئىبنى ماجە قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

ليس لأحد على أحد فضل إلا بالدين أو عمل صالح حسب الرجل أن يكون فاحشا بذيا بخيلا جبانا ( هب ) عن عقبة بن عامر

5419. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (ھەرقانداق تىل، رەڭ، مىللەت، يۇرت، نەسەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) بىرەر كىشى ئۈچۈن يەنە بىر كىشى ئۈستىدە پەزىلەت، ئارتۇقلۇق دەرىجىسى بولمايدۇ، پەقەت پەزىلەت، ئىسلام دىنى بىلەن ياخشى ئەمەل بىلەن تەقۋالىق خىزمەت كۆرسىتىپ چىقارغان، ئەمەلىي نەتىجە بىلەن بولىدۇ، كىشىنىڭ يامان كىشى بولۇشىغا ئۇنىڭ پاھىشە سۆزلىشى، پاھىشۋاز بولۇشى، ئاغزى بەزەپ بولۇشى، بېخىل بولۇشى، قاتتىق قورقۇنچاق يەنى جەڭدىن قورقۇنچاق بولۇشى، دىنسىزلاردىن قورقۇشى يېتەرلىكتۇر، مانا بۇ ئەڭ يامان ئەڭ ناچار كىشىدۇر. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

5420 ( صحيح ) ليس لقاتل ميراث ( ه ) عن رجل

5420. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قاتىلغا مىراس يوق، (يەنى ئەسلى ۋارىس بولالايدىغان كىشى قاتىللىق قىلسا، ئۇنىڭغا مىراس مېلىدىن بېرىلمەيدۇ). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، بۇ قانۇن، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدىمۇ يولغا قويۇلغان، مەڭگۈ كۈچكە ئىگە.

ليس للقاتل شيء و إن لم يكن له وارث فوارثه أقرب الناس إليه و لا يرث القاتل شيئا ( د ) عن ابن عمرو

5421. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قاتىلغا مىراس مېلىدىن ھېچنەرسە بېرىلمەيدۇ، گەرچە مېيىتنىڭ ئاشۇ قاتىلدىن باشقا ۋارىسى بولمىسىمۇ يەنىلا قاتىل ھېچنەرسىگە ۋارىس بولالمايدۇ، مالدىن ھېچنەرسىنى ئالالمايدۇ، مېيىتكە كىشىلەرنىڭ ئەڭ يېقىن بولغانلىرى ۋارىس بولىدۇ، (ئەگەر زادى يېقىن كىشىسى بولمىسا، ھەتتا ،بىرەر قۇلى، قەسەم قىلىشقان دوستىمۇ بولمىسا ئۇ چاغدا ئۇنىڭ مېلى بەيتۇلمالغا، خەزىنىگە قوشۇۋېتىلىدۇ). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

5422 ( صحيح ) ليس للقاتل من الميراث شيء ( هق ) عن ابن عمرو

5422. بۇ ھەدىسنى بەيھەقى، ئىبنى ئەمرۇدىن توپلىغان، مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش سەھىھ.

5423 ( صحيح ) ليس لله شريك ( د ) عن والد أبي المليح

5423. ۋالىد ئەبۇ مۇلەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالانىڭ قەتئىي شېرىكى يوقتۇر، ئۇ شېرىكتىن بىھاجەتتۇر. ئەبۇ داۋۇد

توپلىغان، سەھىھ.

**5424** ( صحيح ) ليس للمرأة أن تنتهك شيئا من مالها إلا بإذن زوجها ( طب ) عن واثلة

5424. ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشىنىڭ ئۆز مال ـ مۈلۈكىدىن بىرەر نەرسىگە تاجاۋۇز قىلىپ، ئىستېمال قىلىشى، تەسەررۇپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس، لېكىن، ئېرىنىڭ ئىزنى، رۇخستى بىلەن تەسەررۇپ قىلالايدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5425** ( حسن ) ليس للنساء وسط الطريق ( هب ) عن أبي عمرو ابن حماس وأبي هريرة

5425. ئەبۇ ئەمرۇ، ئىبنى ھىماس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللارنىڭ يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا مېڭىشى دۇرۇس ئەمەس. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

ليس لنا مثل السوء العائد في هبته كالكلب يعود في قيئه ( حم خ ت ن ) عن ابن عباس ( عد قط ) عن أبي بكر

5426. ئىبنى ئابباس، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆزىنىڭ سەدىقە ـ ئېھسانغا قايتىۋالغۇچى كىشى ئۆزىنىڭ ياندۇرغان قۇسۇقىغا قايتقان ئىتقا ئوخشايدۇ، بىز ئۈچۈن بۇنداق يامان مىسال، ناچار تەمسىل قەتئىي دۇرۇس ئەمەس، (يەنى بەرگەن ھەدىيە، سەدىقىگە قايتىۋېلىپ، ئېلىۋالسا بۇ ھارام). بۇخارى 6460 ـ ھەدىس، مۇسلىم 3049 ـ ھەدىس، تىرمىزى، نەسەئى 3641 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد ئىبنى ماجە، ئەھمەد 2858 ـ ھەدىس، ئىبنى ئەدى، دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ. كىشىلەرگە ياخشىلىقچە بەرگەن سەدىقە ـ ئېھسان، ھەدىيىگە قايتىۋېلىپ، ئېلىۋېلىش ھارامدۇر، زاكاتمۇ شۇنداق.

**5427** ( صحيح ) ليس لي أن أدخل بيتا مزوقا ( حم طب ) عن سفينة

5427. سەپىينە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا، قاتتىق زىننەت بېرىلگەن، نەقىش ۋە باشقا پەردىلەر بىلەن بېزەلگەن ئۆيگە كىرىش دۇرۇس ئەمەس، (باشقا خاتىرىدە پەيغەمبەرلەرگە دۇرۇس ئەمەس دېيىلگەن، ئەلۋەتتە، بىز ئۈممەتلەرگىمۇ شۇنداقتۇر). ئەھمەد 20916 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3263 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3351 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5428** ( صحيح ) ليس من البر الصيام في السفر ( حم ق د ن ) عن جابر ( ه ) عن ابن عمر

5428. جابىر، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپەردىكى روزا تۇتۇشدا، ياخشىلىق يوق، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنى قاتتىق مۇشەققەتتە قېلىپ تۇرۇپ، يەنىلا سەپەردە روزا تۇتقانلارنى كۆرۈپ دېگەن، ئەمما، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ۋە ساھابىلەر روزا تۇتۇپ ماڭغان سەپەرلەر كۆپ، تۇتقانلار، تۇتمىغانلار بىر ـ بىرىنى ئەيىبلىمىگەن، سەپەردە روزا تۇتۇش، تۇتماسلىق ئىختىيار، مۇشەققەت بولمىسا تۇتقان ياخشى، نامازنى بولسا قەسىر قىلىپ ئوقۇيدۇ، دەللىلىنى بىلىپ، ئىختىلاپلاشماي، كامىل ئوقۇسا، نەپلە، سۈننەتنىمۇ ئوقۇسا بولىۋېرىدۇ.

ليس من البر الصيام في السفر فعليكم برخصة الله التي رخص لكم فاقبلوها ( ن حب ) عن جابر

5429. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپەردە روزا تۇتۇشدا ياخشىلىق يوق، ئاللاھتائالانىڭ سىلەرگە قىلىپ بەرگەن رۇخسىتىنى چىڭ تۇتۇڭلار، بۇ رۇخسەت سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىڭلار. نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

ئاللاھتائالا بىز ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن رۇخسەتكە بىزنىڭ كېلىشىمىزنى ياخشى كۆرىدۇ.

ليس من بلد إلا سيطؤه الدجال إلا مكة و المدينة و ليس نقب من أنقابها إلا عليه الملائكة حافين تحرسها فيترل بالسبخة فترجف المدينة بأهلها ثلاث رجفات يخرج إليه منها كل كافر و منافق ( ق ن ) عن أنس

5430. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەككە بىلەن مەدىنىدىن باشقا بارلىق شەھەر ـ يېزىلارغا دەججال دەسسەيدۇ، مەدىنىنىڭ ھەربىر يوللىرىدا، كوچا ئېغىزلىرىدا پەرىشتىلەر قۇراللىق ھالدا سەپ تارتىپ مەدىنىنى قوغدايدۇ، دەججال گىياھ ئۈنمەيدىغان تۇزلۇق، شورلۇق زېمىنغا چۈشۈپ، چېدىرىنى شۇ جايغا تىكىدۇ، مەدىنە ئۆز ئەھلىگە قاتتىق ئۈچ قېتىم تەۋرەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەربىر كاپىر، مۇناپىقلار مەدىنىدىن دەججالنىڭ قېشىغا چىقىدۇ، (مانا بۇ قىيامەت ئالامىتى). مۇسلىم 5236 ـ ھەدىس، بۇخارى 1748 ـ ھەدىس، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

ليس من رجل ادعى لغير أبيه و هو يعلمه إلا كفر و من ادعى ما ليس له فليس منا و ليتبوأ مقعده من النار و من دعا رجلا بالكفر أو قال عدو الله و ليس كذلك إلا حار عليه و لا يرمي رجل رجلا بالفسق و لا يرميه بالكفر إلا ارتدت عليه إن لم يكن صاحبه كذلك ( حم ق ) عن أبي ذر

5431. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىلىپ تۇرۇپ دادىسىدىن باشقا كىشىنى دادام دەپ داۋا قىلغان كىشى، كاپىر بولىدۇ، ئۆزىگە تەۋە بولمىغان نەرسىنى داۋا قىلغان كىشى بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس، ئۇ ئورنىنى دوزاخدىن ئېلىۋالسۇن، كىم بىر كىشىنى كاپىر دەپ چاقىرسا، ياكى ئۇنى ئى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى دېسە، ئۇ كىشى ئۇنداق بولمىسا، يەنى كاپىر ياكى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى بولمىسا، بۇ سۆزلەر دېگۈچىگە قايتىدۇ، بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى پاسىق دەپ ياكى كاپىر دەپ بۆھتان چاپلىسا، ئۇ كىشى ئۇنداق بولمىسا، بۇ سۆزمۇ دېگۈچىگە قايتىدۇ، ئۆزى كاپىر، پاسىق بولىدۇ. (ياكى بۇ جىنايەت ئۇنى ئاخىرىدا شۇنداق قىلىۋېتىدۇ)، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ليس من عمل يوم إلا و هو يختم عليه فإذا مرض المؤمن قالت الملائكة: يا ربنا ! عبدك فلان قد حبسته فيقول الرب: اختموا له على مثل عمله حتى يبرأ أو يموت ( حم طب ك ) عن عقبة بن عامر

5432. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر كۈنلۈك ئەمەل تامام بولغاندا، ئۇنىڭغا مۆھۈر بېسىلىپ، پېچەت ئۇرۇلىدۇ، مۆئمىن كىشى كېسەل بولۇپ قالسا، پەرىشتىلەر ئى رەببىمىز! پالانى بەندىلىرىنى كېسەل سەۋەبىدىن ئەمەلدىن توختىتىپ قويدىلا دەيدۇ. ئاللاھتائالا ئۇلارغا: بەندەم ساقايغىچە ياكى ئۆلۈپ كەتكۈچە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەمىلىنى ئۇ ساق چاغدىكىدەك يېزىپ مۆھۈر بېسىڭلار دەيدۇ. ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئى كېسەللەر! قادىر بولۇشىچە ئەمەللەرنى ياخشى قىلىڭلار، كامىل يېزىلىدۇ.

ليس منا من تشبه بالرجال من النساء و لا من تشبه بالنساء من الرجال ( حم ) عن ابن عمرو

5433. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەرلەرگە ئوخشىۋالغان ئاياللار بىزدىن ئەمەس، ئاياللارغا ئوخشىۋالغان ئەرلەرمۇ بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس. ئەھمەد توپلىغان سەھىھ.

**5434 ( حسن ) ليس منا من تشبه بغيرنا لا تشبهوا باليهود و لا بالنصارى فإن تسليم اليهود الإشارة بالأصابع و تسليم النصارى الإشارة بالأكف ( ت ) عن ابن عمرو**

5434. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىزدىن باشقا مىللەت، دىن ئىگىلىرىگە ئوخشىۋالغانلار بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس، سىلەر ھەرگىز يەھۇدىي، ناسارالارغا ئوخشىۋالماڭلار، ھەقىقەتەن يەھۇدىيلارنىڭ سالام قىلىشى، بارماقلار بىلەن ئىشارەت قىلىشتۇر، ناسارالارنىڭ سالام قىلىشى، ئالىقىنى بىلەن ئىشارەت قىلىشتۇر، سىلەر ئۇنداق قىلماڭلار، (ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ دەڭلار). تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن. بۇ ھەدىس زەئىپ بولۇپ، ھەسەنگە كۆتۈرۈلگەن.

**ليس منا من تطير و لا من تطير له أو تكهن أو تكهن له أو تسحر أو تسحر له ( طب ) عن عمران بن حصين**

5435. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شۇم پال ئالغان ۋە شۇم پال سالدۇرغان كىشى، كاھىنلىق، جىنكەشلىك قىلغان ۋە جىنكەش كاھىننىڭ يېنىغا بارغان كىشى، سېھىرگەرلىك قىلغان ۋە سېھىرگەرنىڭ سېھىرىنى كۆرۈپ تۇرغان كىشى بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، يۇقىرىقى ئىشلار ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىش ھارامدۇر.

**ليس منا من حلف بالأمانة و من خبب على امرئ زوجته أو مملوكه فليس منا ( حم حب ك ) عن بريدة**

5436. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئامانەت بىلەن قەسەم دەپ ئامانەت بىلەن قەسەم قىلغان كىشى، بىزدىن ئەمەس، بىرەر كىشىنىڭ ئايالىنى ئېرىگە سەت كۆرسىتىپ، ئېرىنى ئايالىغا سەت كۆرسىتىپ ئايالنى بۇزۇپ ئېلىۋالغان كىشى ياكى ئۇنىڭ قۇلىنى بۇزۇپ، قولغا كەلتۈرۈۋالغان كىشى بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ئۇنى قىلمىغان بۇنى قىلغان ئادەم، سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرىگەن كىشى مەندىن ئەمەس، مېنىڭ جۈملەمدىن ئەمەس دېگەننىڭ مەنىسى مۇنداق، ئىمام نەۋەۋى: سۈننەتتىن قەستەن يۈز ئۆرىسە، ئېتىقاد قىلمىسا، تەكەببۇرلۇق قىلسا، باشقىلارنىڭ يولىنى، دىنىنى تۇتتۇۋالسا، مەندىن ئەمەس يەنى ئۇ مۇسۇلمان ئەمەس دېگەن بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، سەۋەب بىلەن، ئۆزرە بىلەن قىلالمىسا گۇناھ يوق، ئىلىم، ئىبادەت، جىھادقا ئۆزىنى ئاتاپ، توي قىلىشىدىن چەكلىنىپ قالسا، ئۇلار بۇ ئەيىب دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، بەلكى، ئۇ ئەۋزەلدۇر دېگەن . ئىبنى ھەجەر ئەسقالانى بۇخارىنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: يۈز ئۆرۈش، باشقا نەرسىگە ئۆتۈپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ، مەقسەت مېنىڭ يولۇمنى تۇتماي، باشقا يولغا كىرىۋالسا، مەندىن باشقىلارنىڭ يولىنى تۇتسا، مەندىن ئەمەس دېگەن بولىدى، مەسىلەن: راھىب بولۇۋالسا. ئەمما، شەرىئەت قانۇنى بىلەن رۇخسەت بىلەن سەۋەب، ئۆزرە بىلەن زاھىد بولسا بولىدۇ، راھىبلىق يوق. لېكىن، زاھىدلىق بار، مەندىن ئەمەس،

بىزدىن ئەمەس، بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس دېگەنلىك : ئەگەر شۇ ئىشنى قىلىشتا يا قىلماسلىقتا سۈننەتتىن يۈز ئۆرۈشتە تەئۋىل بىلەن بولسا، سەۋەب، ئۆزرە بىلەن بولسا، خاتالىشىپ بولسا، ئىختىيارى بىلەن قىلماي قالسا، ھۇرۇنلۇق بولسا، بۇنىڭ مەنىسى، بىزنىڭ يولىمىزدا ئەمەس، شۇ ئىشنى قىلغانلار قاتارىدا ئەمەس، ياكى شۇ چەكلەنگەن ئىشنى قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ يولىدا ئەمەس، شۇلارنىڭ خىلى ئەمەس،ئەخلاقىدا ئەمەس دېگەن بولىدۇ، بۇ ئۇ چاغدا تاپا ـ تەنە، مەكروھ ياكى ئاسىيلىق، گۇناھ بولۇپ، ئىسلام دىنىدىن چىقىرىۋەتمەيدۇ، كاپىر قىلىۋەتمەيدۇ، سەن مۇسۇلمان ئەمەس دېگەن بولمايدۇ، چۈنكى، بىرەر ھارام ئىشنى، گۇناھنى، مەكروھنى قىلىپ سېلىش ياكى بىرەر سۈننەتنى تەرك ئېتىش بىلەنلا كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ، بولۇپمۇ سۈننەتنى تەرك ئەتسە كاپىر بولمايدۇ.

ئەمما، ئۇ سۈننەتنى مەسخىرە قىلىپ، كىبىر قىلىپ يۈز ئۆرۈپ باشقا مىللەت، باشقا دىنىنىڭ يولىغا كىرىپ سۈننەتكە ئېتىقاد قىلمىسا، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئېتىقاد قىلماي، پۈتۈنلەي يۈز ئۆرسە، سەۋەب، ئۆزرە بولمىسا، غەيرى ئېتىقادقا ئۆتۈپ كەتسە، مانا بۇ كىشى ئىسلام مىللىتىدىن ئەمەس، مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭ ئېتىقادى كۇفرىنىڭ تۈرىدۇر، مەقسەت : بۇ بىزدىن ئەمەس دېگەن سۆز، بىر خىل ئەمەس، بەزىسى مۇسۇلمان ئەمەس دېگەن بولىدۇ، ئىسلام دىنىدىن، مىللىتىدىن چىقىرىۋېتىدۇ، خۇددى شېرىك ئىشلارنى قىلسا، بىزدىن ئەمەس دېگەندەك . بەزىسى ئەقىدە، ئېتىقادقا دېيىلسە بۇمۇ ئىسلام دىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ، چۈنكى، ئۇ شېرىكتۇر، بەزىسى ھارام، گۇناھى كەبىرە بولىدۇ. خۇددى، مېيىتكە قوشاق قوشۇپ ئاۋازلىق يىغلاپ، كىيىمنى يىرتىپ، يۈزنى تاتلاپ، جاراھەت قىلغاندەك. بۇ ھارام، گۇناھ دېگەن بولىدۇ. لېكىن، كاپىر دېگەن بولمايدۇ. بەزىسى تاپا ـ تەنە، تەھدىت سۆزى بولىدۇ، ئەمەلگە قىزىقتۇرىدۇ، مەسىلەن: قۇرئاننى مۇڭلۇق، تەجۋىدلىك ئوقۇمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس دېگەندەك ، بۇ قىزىقتۇرۇش ياكى تەھدىت يا مۇبالىغە بولىدۇ، يا ئاچچىقلاپ، كايىش، تورۇش، چەكلەشنى كۆرسىتىدۇ، بەزىسى پەرز ۋاجىپ، سۈننەتكە دالالەت قىلسا، بەزىسى ھارام، مەكروھنى كۆرسىتىدۇ، ھەربىرىنىڭ دەرىجىسى، مەرتىۋىسى بار، شۇ بۇيرۇلغان يا چەكلەنگەن ئىشقا قارىسا، ئايرىم ھۆكۈم قىلىنىدۇ، كىشىلەر ئوخشاش ئەمەس، ئەمەللىرى، نىيەتلىرى ئوخشاش ئەمەس، ھۆكۈممۇ ئوخشاش ئەمەس، بۇنى تەپسىلىي كۆرۈپ، تولۇق بىلىپ، ھۆكۈم قىلىش لازىم، ياخشىسى ھۆكۈمنى ھاكىم چىقارسۇن، قانۇنشۇناسلار چىقارسۇن، بىز پەقەت ئىبرەت ئالايلى، دەلىل كەلتۈرۈپ چۈشىنەيلى دېگەننى بۇيرۇغاننى قىلىپ، توسقاندىن يانايلى! توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ.

**5437** ( صحيح ) ليس منا من خبب امرأة على زوجها أو عبدا على سيده ( د ك ) عن أبي هريرة

5437. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر ئايالنى بۇزۇپ، تۇرمۇشنى پاساتلاشتۇرۇپ ، ئېرىنى سەت كۆرسىتىپ ۋەيران قىلسا، ياكى قۇلنى خوجايىنىغا شۇنداق قىلىپ ئېلىۋالسا، بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس، (يەنى بۇ ئىش ھارام، بىزنىڭ يولىمىزدىن ئەمەس). ئەبۇ داۋۇد 1860 ـ ھەدىس، ئەھمەد 8792 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

**5438** ( صحيح ) ليس منا من سلق و من حلق و من خرق ( د ن ) عن أبي موسى

5438. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: مۇسىبەت يەتكەندە، ئاۋازلىق يىغلىغان، چاچ ـ ساقاللىرىنى چۇشۇرۇپ يۇلغان، كىيىملىرىنى يىرتىپ، يۈزلىرىنى تاتىلاپ، يارىدار قىلغان كىشى بىزدىن ئەمەس يەنى بۇ ئىشلار ھارام. نەسەئى 1843 ـ ھەدىس، مۇسلىم 149 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2723 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5439** ( حسن ) ليس منا من عمل بسنة غيرنا ( فر ) عن ابن عباس

5439. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىزنىڭ غەيرىمىزنىڭ سۈننىتىگە يەنى بىزدىن باشقا دىنىدىكى كىشلەرنىڭ يوللىرىغا كىرىپ، سۈننىتىگە ئەمەل قىلغان كىشى، بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس، (چۈنكى، ئۇ ئىبرىراقى، كاپىر، مۇشرىك، يەھۇدىلەرەكى، بىدئەتچى، پاسىق بولىدۇ). دەيلىمى، فىردەۋس توپلىغان، ھەسەن.

**5440** ( صحيح ) ليس منا من غش ( حم د ه ك ) عن أبي هريرة

5440. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم نەرسىنى نەمدەپ سېتىشقا ئوخشاش ئىشلار بىلەن ساختىپەزلىك قىلىپ، باشقىلارنى ئالدىسا، بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس، (يەنە بىر خاتىرىدە بىز مۇسۇلمانلارنى ئالدىسا بىزدىن ئەمەس دېيىلگەن)، (يەنى، بىزنىڭ سۈننىتىمىزدە، ئەخلاقىمىزدا ئەمەس، ئالداش ئىبغىر بولسا، بىز مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس دېگەن بولىدۇ) مۇسلىم 147 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1236 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2215 ـ ھەدىس، ئەھمەد 6991 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ليس منا من لطم الخدود و شق الجيوب و دعا بدعوى الجاهلية ( حم ق ت ن ه ) عن ابن مسعود

5441. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسىبەت يەتكەندە يۈز مەڭزىلىرىگە كاچات ئۇرغان، تاتىلاپ يارىدار قىلغان، كىيىملىرىنى، ياقىلىرىنى يىرتقان، جاھالىيەت دۇئالىرى بىلەن دۇئا قىلغان يەنى جاھالىيەت ئۆرپ ـ ئادىتىنى قىلغان كىشى بىزدىن ئەمەس. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5442** ( صحيح ) ليس منا من لم يتغن بالقرآن ( خ ) عن أبي هريرة ( حم د حب ك ) عن سعد ( د ) عن أبي لبابة بن عبدالمنذر ( ك ) عن ابن عباس وعن عائشة

5442. ئەبۇ ھۇرەيرە، سەئدى ئەبۇ لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قۇرئاننى مۇڭلۇق، تەجۋىدلىك ئوقۇمىسا ياكى باشقا نەرسىدىن، باشقا قانۇن تۈزۈم، پرىنسىپ ، ئىدىيە ـ ئەخلاق، ھەر جەھەتتىن قۇرئان بىلەنلا بىھاجەت بولمىسا، ياكى قۇرئاننى ئوقۇپ، لەززەت ئالمىسا، دۇنيالىقدىن بىھاجەت بولمىسا، بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس، بىزنىڭ يولىمىزدىن ئەمەس، سۈننىتىمىزدىن ئەمەس، ياكى قۇرئان بىلەنلا مەشغۇل بولمىسا، بىزنىڭ ئەخلاقىمىزدىن ئەمەس، يولىمىزدا ئەمەس، (تەرجىمىسى: پەتھۇلبارىدىن ئېلىندى، ئىبنى ھەجەر: سوفيان سەۋرى، ئىبنى جەۋزى، شافىئى، ئەنبارى، ئەبۇ ئۇبەيد قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەپسىرىنى كەلتۈرۈپ، سەھىيرەكى، گۈزەل ئاۋاز بىلەن تەجۋىدلىك، مۇڭلۇق ئوقۇشقا بارغان) بۇخارى، قۇرئان پەزىلىتىدە ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ليس منا من لم يجل كبيرنا و يرحم صغيرنا ! و يعرف لعالمنا حقه ( حم ك ) عن عبادة بن الصامت

5443. ئۇبادەت ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چوڭلىرىمىزغا ئۇلۇغلاپ ھۆرمەت قىلمىغان، كىچىكلىرىمىزگە رەھىم ـ شەپقەت قىلمىغان، كۆيۈنمىگەن، ئالىملىرىمىزنىڭ ھەققىنى تونۇمىغان، (يەنى مەسىلە سورىمىغان، سۆزنى ئاڭلاپ ئىتائەت قىلمىغان) كىشى بىزدىن ئەمەس. ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**5444** ( صحيح ) ليس منا من لم يرحم صغيرنا و يعرف شرف كبيرنا ( حم ت ك ) عن ابن عمرو

5444. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىچىكلىرىمىزگە رەھىم ـ شەپقەت قىلمىغان، چوڭلىرىمىزنىڭ ئۇلۇغلۇق شەرىپىنى تونۇمىغان كىشى، بىزنىڭ ئەخلاقىمىزدا، سۈننىتىمىزدە ئەمەس، (يەنى ئەخلاقسىز ھېسابلىنىدۇ). ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5445** ( صحيح ) ليس منا من لم يرحم صغيرنا و يوقر كبيرنا ( ت ) عن أنس

5445. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان، سەھىھ، مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

**5446** ( حسن ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **4944** ليس يتحسر أهل الجنة على شيء إلا على ساعة مرت بهم لم يذكروا الله عز و جل فيها ( طب هب ) عن معاذ

5446. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى ھېچنەرسىگە ھەسرەت چەكمەيدۇ، پەقەت ئۇلار، ئاللاھنى ئەسلىمەي ئۆتۈپ كەتكەن سائەتلەرگە ھەسرەت چېكىدۇ، (يەنى بۇ،خىسلەت جەننەت ئەھلىنىڭ ئالامىتى). تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

ليست السنة بأن لا تمطروا و لكن السنة أن تمطروا و تمطروا و لا تنبت الأرض شيئا(الشافعي حم م) أبي هريرة

5447. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەھەتچىلىك يامغۇر ياغماسلىق بىلەن بولمايدۇ، لېكىن، قەھەتچىلىك، يامغۇر مول ياغسىمۇ زېمىن نەرسە ئۈندۈرمەسلىك، ھوسۇل بەرمەسلىك بىلەن بولىدۇ، شافىئىي، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. قەھەتچىلىكنىڭ سەۋەبى گۇناھ، مەئسىيەت.

**5448** (حسن ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **4949** ليسترجع أحدكم في كل شيء حتى في شسع نعله فإنها من المصائب ( ابن السني في عمل اليوم والليلة ) عن أبي هرير

5448. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بېرىڭلار مۇسىبەت يەتكەن ھەر قانداق نەرسىگە ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن دەپ ئىسترجا قىلسۇن، ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتسۇن، شۈكرى قىلسۇن، بىز ئاللاھقا خاس، ئاخىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز دېسۇن، ھەتتا، ئاياغ شوينىسى ئۈزۈلۈپ كەتسىمۇ شۇنداق دېسۇن چۈنكى ئۇمۇ مۇسىبەتتۇر. ئىبنى سەنا توپلىغان، ھەسەن.

**5449** ( صحيح ) ليستغن أحدكم عن الناس بقضيب سواك ( هب ) عن ميمون بن أبي شيب مرسلا

5449.مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بېرىڭلار، مىسۋاك ياغىچى چاغلىق نەرسە بىلەن بولسىمۇ (مىسۋاك سېتىش بىلەن بولسىمۇ)



www.uyghurkitap.com

كىشىلەردىن ئۆزىنى بىھاجەت تۇتسۇن .بەيھەقى توپلىغان سەھىھ.

**5450** ( صحيح ) ليسلم الراكب على الراجل و ليسلم الراجل على القاعد و ليسلم الأقل على الأكثر فمن أجاب السلام فهو له و من لم يجب فلا شيء له ( حم خد ) عن عبدالرحمن بن شبل

5450. ئابدۇرەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاتلىق كىشى، پىيادە كىشىگە سالام قىلسۇن، پىيادە كېتىۋاتقان كىشى ئولتۇرغان كىشىگە سالام قىلسۇن، ئاز كىشىلەر كۆپ جامائەتكە سالام قىلسۇن، سالامغا جاۋاب قايتۇرغان كىشىگە سالامەتلىك ۋە سالامنىڭ مۇكاپاتى، ئەجرى بولىدۇ، جاۋاب قايتۇرمىغان كىشىگە ھېچنەرسە يوق، (بەلكى، ۋاجىپنى تەرىپ ئەتكەننىڭ گۇناھى بولىدۇ). ئەھمەد، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**5451** ( صحيح ) ليسوقن الرجل من قحطان الناس بعصا ( طب ) عن ابن عمر

5451. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە بىر كىشى قەھتان دېگەن جايدىن كىشىلەرنى ھاسىسى بىلەن ھەيدەيدۇ، (بۇ قىيامەت ئالامىتىدۇر) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5452** ( صحيح ) ليشترك النفر في الهدي ( ك ) عن جابر

5452. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر نەچچە نەپەر كىشى ھەدىيەدە، يەنى قۇربانلىقتا شېرىك بولسۇن، (يۇقىرىدا سۆزلەنگەن كالا ئىككى ياش بولسا، يەتتە كىشى شېرىك بولالايدۇ). ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ليشربن أناس من أمتي الخمر يسمونها بغير اسمها ( حم د ) عن أبي مالك الأشعري

5453. ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممەتىمدىن بولغان كىشىلەر ھاراقنى ھاراق دېگەن ئىسمىدىن باشقا ئىسىم قويۇپ ئىچىپ كېتىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

ليشربن أناس من أمتي الخمر يسمونها بغير اسمها و يضرب على رءوسهم بالمعازف و القينات يخسف الله بهم الأرض و يجعل منهم قردة و خنازير ( ه حب طب هب ) عن أبي مالك الأشعري

5454. ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممەتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ھاراقنى باشقا ئىسىم قويۇپ ئىچىپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ باشلىرىدا نەغمە ـ ناۋا، ساز چېلىنىدۇ، ناخشىچى ئاياللار ناخشا ئوقۇيدۇ، ئاللاھتائالا ئۇلارنى يەرگە يۇتتۇرىۋېتىدۇ، ئۇلاردىن بەزىسىنى مايمۇن، توڭگۇز قىلىۋېتىدۇ (يەنى بۇ ئىشلار قاتتىق ھارام). ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان سەھىھ.

**5455** ( صحيح ) ليصل أحدكم نشاطه فإذا كسل أو فتر فليقعد( حم ق د ن ه ) عن أنس

5455. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار چىچەن، ھوشيار ، پائالىيەتچان ھالەتتە ئىخلاس بىلەن ناماز ئوقۇسۇن، ھورۇنلىشىپ ، ھېرىپ ـ چارچاپ قالسا، ئولتۇرىۋېلىپ، ئاندىن يەنە ئوقۇسۇن. ئەھمەد 11548 ـ ھەدىس، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد 1117 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ

ھەدىس تۆۋرۈككە ئارقان سىلىپ ناماز ئوقۇغانلار توغرىسىدا دېيىلگەن، يەنى نەپلە ناماز.

**5456** ( صحيح ) ليصل الرجل في المسجد الذي يليه و لا يتبع المساجد ( طب ) عن ابن عمر

5456. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى ئۆزىگە يېقىن بولغان مەسجىدىدە ناماز ئوقۇسۇن، يېنىدا مەسجىد تۇرسا، باشقا مەسجىدلەرنى ئىزدەپ بارمىسۇن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

توغرا، يېقىن مەسجىدىدە ئوقۇسۇن، لېكىن، ئۇ مەسجىدنىڭ ئىمامى بىدئەتچى، پاسىق بولسا، مۇناپىق بولسا، كەسىپدار، ئىلىمسىز خائىن بولسا، باشقا مەسجىدىدە، ھەقىقەتچى ئالىملار ۋەز ـ نەسىھەت قىلسا، ئەلۋەتتە شۇ ھەقىقەتچىگە ئىقتىدا قىلىسىز، دەلىل:« ئۇلار سۆزنى ئاڭلاپ، ياخشىسىغا ئەگىشىدۇ»ئايەت، يا سىز ھەقنى تاپىسىز، يا ھەق سىزنى تاپىدۇ، ھەقنى ئىزدەش ۋاجىپتۇر.

**5457** ( صحيح ) ليصيبن ناسا سفع من النار عقوبة بذنوب عملوها ثم يدخلهم الله الجنة بفضل رحمته فيقال لهم: الجهنميون ( حم خ ) عن أنس

5457. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە بىر تۈركۈم كىشىلەرگە ئۇلار قىلغان گۇناھلار سەۋەبىدىن ئۇلارنى ئازابلاپ، گۇناھىدىن پاكلاش يۈزىسىدىن دوۋزاخ ئوتى يېتىپ تېرىلىرىنى قارا قىلىۋېتىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى ئاللاھتائالا دوۋزاخدىن چىقىرىپ، نەھرۇلھايات بۇلىقىغا سېلىپ، تېرىلىرىنى گۈزەل قىلىپ جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى رەھمەت پەزلى بىلەنلا جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئۇلارنى جەننەمىيىۇن دېيىلىدۇ ، يەنى دوۋزاخقا كىرىپ ـ چىققانلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئەھمەد 11913 ـ ھەدىس، بۇخارى 6896 ـ ھەدىس، سەھىھ.

ليضع أحدكم بين يديه مثل مؤخرة الرحل و لا يضره ما مر بين يديه ( الطيالسي حب ) عن طلحة

5458. تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇغاندا، ئالدىغا تۆگە ئۈستىگە قويۇلىدىغان كاجۇ، ئېگەرنىڭ يۆلىنىپ تۇرىدىغان نەرسىسىچىلىك يەنى بىر گەز نەرسە سانجىپ قويۇپ ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن نەرسە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، يەنى نامىزىنى بۇزىۋېتەلمەيدۇ، تەيالىسى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**5459** ( صحيح ) ليعز المسلمين في مصائبهم المصيبة بي ( ابن المبارك ) عن القاسم مرسلا

5459. قاسىم رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلارغا مېنىڭ ۋاپات تېپىشىم بىلەن بولغان مۇسىبەت ئۇلارغا يەتكەن بارلىق مۇسىبەتلىرىگە تەسەللى بولالايدۇ، (مۇسىبەت يەتسە، مەن بىلەن بولغان مۇسىبەتنى ئەسلىسۇن، مېنىڭ ۋاپات تېپىشىمدىن چوڭ مۇسىبەت يوق). ئىبنى مۇبارەك توپلىغان، سەھىھ.

**5460** ( صحيح ) ليغشين أمتي من بعدي فتن كقطع الليل المظلم يصبح الرجل فيها مؤمنا و يمسي كافرا يبيع أقوام دينهم بعرض من الدنيا قليل ( ك ) عن ابن عمر

5460. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە مەندىن كېيىن، مېنىڭ ئۇممىتىمنى زۇلمەتلىك قاراڭغۇ كېچىنىڭ پارچىسىدەك دەھشەتلىك قەبىھ، پىتنە ـ پاساتلار قورشايدۇ، ئۇ پىتنە ـ پاسات ئىچىدە كىشى مۆئمىن تاڭ ئاتقۇزۇپ، كاپىر ھالەتتە كەچ قىلىدۇ، نۇرغۇن قەۋملەر شۇ چاغدا دىنىنى، ئىمانىنى، دۇنيانىڭ ئازغىنە ماتالىرىغا، پۇچەك پۇلغا

سېتتۇېتىدۇ. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5461 ( صحيح ) ليفرن الناس من الدجال في الجبال ( حم م ت ) عن أم شريك**

5461. ئۇممە شەرىيك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە كىشىلەر دەججالدىن يەنى ئۇنىڭ پىتنىسىدىن، ھۇجۇمىدىن، ئىماندىن ياندۇرۇۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، تاغلارغا قېچىپ چىقىۋالىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5462 ( صحيح ) ليقتلن ابن مريم الدجال بباب لد ( حم ) عن مجمع بن جارية**

5462. مەجمەئ ئىبنى جارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىبنى مەريەم يەنى مەريەم ئوغلى ئەيسا ئەلەيھىسسالام دەججالنى شامدىكى لود دېگەن جاينىڭ ئىشىك يېنىدا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئەھمەد 14922 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2170 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**ليقرأن القرآن ناس من أمتي يمرقون من الإسلام كما يمرق السهم من الرمية ( حم ه ) عن ابن عباس**

5463. ئىبنى ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر قۇرئان ئوقۇيدۇ، لېكىن، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ياچاق ئوقى نىشانغا تېز تېگىپلا چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كېتىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5464 ( حسن ) ليكف أحدكم من الدنيا خادم و مركب ( حم ن الضياء ) عن بريدة**

5464. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارغا دۇنيادىن خىزمەتچى خادىم بىلەن مەركەپ مىنىدىغان ئۇلاغ كۇپايىدۇر، (يەنى مۇشۇ ئىككى نەرسە بىلەن كۇپايىلەنسۇن) 21965 ـ ھەدىس، ئەھمەد، نەسەئى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**5465 ( صحيح ) ليكف الرجل منكم كزاد الراكب ( ه حب ) عن سلمان**

6465. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى  بۇ دۇنيادىن، ئاتلىق سەپەر قىلغۇچى كىشى ئوزۇق ئالغانچىلىك نەرسە ئېلىپلا، كۇپايىلەنسۇن، (يەنى خادىم مەركەپ كۇپايە بولغاندەك مەقسەت ، ئاخىرەت) ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**5466 ( صحيح ) ليكونن في أمتي أقوام يستحلون الخز(الحر أي زنا) و الحرير و الخمر و المعازف و لينزلن أقوام إلى جنب علم تروح عليهم سارحتهم فيأتيهم آت لحاجته فيقولون له: ارجع إلينا غدا فيبعثهم الله (يبيتهم) و يقع العلم عليهم و يمسخ منهم آخرين قردة و خنازير إلى يوم القيامة ( خ د ) عن أبي عامر وأبي مالك الأشعري**

5466. ئەبۇ ئامىر ئەبۇ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە زىنانى، يىپەك رەختنى ، ھاراقنى، نەغمە ـ ناۋا، سازلارنى ھالال قىلىۋالىدىغان، ھالال سانايدىغان كىشىلەر مەيدانغا كېلىدۇ، بىر تۈركۈم قەۋملەر تاغ باغرىغا چۈشۈپ، چارۋاماللىرىنى يايلاقتا باقىدۇ، ئۇلاغلىرى ئوتلاپ كېلىدۇ، ئۇلارغا بىر ھاجەتمەن كىشى يەنى پېقىر كېلىپ، نەرسە سورىسا، ئۇلار ئۇنىڭغا ئەتە كەلگىن دەپ نەرسە بەرمەيدۇ، شۇ كېچىسى ئاللاھتائالا ئۇلارنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، تاغنى ئۇلارغا ئەۋەتىدۇ، تاغ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدۇ، ئاللاھتائالا ئۇلاردىن

قېلىپ قالغانلارنى تا قىيامەت كۈنىگىچە مايمۇن، توڭگۇزغا ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**5467** ( صحيح ) ليكونن في هذه الأمة خسف و قذف و مسخ و ذلك إذا شربوا الخمور و اتخذوا القينات و ضربوا بالمعازف ( ابن أبي الدنيا في ذم الملاهي ) عن أنس

5467. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە مۇشۇ ئۈممەت ئىچىدە يەر يۇتۇپ كېتىش، ئاسماندىن تاش يېغىش، قاتتىق شامال ئۆلۈكلەرنى ساماندەك ئېتىپ پارچىلىۋېتىش، سۈرەتلەر توڭگۇزدەك ھايۋانغا ئۆزگىرىپ كېتىش قاتارلىقلار يۈز بېرىدۇ، يۇقىرىقى ئىشلار بولسا، ئۇلار ھاراقنى ئىچىپ كەتكەندە، ناخشىچى ئاياللارنى، چۆرىلەرنى ئېلىپ كەتكەندە، نەغمە ـ ناۋا، سازلارنى چېلىپ، ئاشۇ ناخشىچى ئاياللار، ناخشا ئېيتقاندا يۈز بېرىدۇ، ئىبنى ئەبۇددۇنيا، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5468** ( صحيح ) ليلة أسري بي رأيت موسى و إذا هو رجل ضرب كأنه من رجال شنوءة و رأيت عيسى فإذا هو رجل ربعة أحمر كأنما خرج من ديماس ; و رأيت إبراهيم و أنا أشبه ولده به ; ثم أتيت بإناءين في أحدهما لبن و في الآخر خمر فقيل لي: اشرب أيهما شئت فأخذت اللبن فشربته فقيل لي: أصبت الفطرة أما إنك لو أخذت الخمر غوت أمتك ( ق ن ) عن أبي هريرة

5468. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنى سەير قىلدۇرۇلغان مىئراج كېچىسى مەن مۇسانى كۆردۈم، ناگاھان ئۇ خۇددى شەنۇئەت قەبىلىسىنىڭ ئەرلىرىدەك كېلىشكەن ، بەستلىك كىشى ئىكەن، ئەيسانى كۆردۈم، ناگاھان ئۇ ئوتتۇر بوي، رەڭگى قىزىلغا مايىل، خۇددى ھازىرلا مۇنچىدىن چىققاندەك تۇرىدۇ، ئىبراھىمنى كۆردۈم، ئۇنىڭ بالىلىرى يەنى ئەرەبلەر ئىچىدە مەن ئۇنىڭغا بەك ئوخشايمەن، ئاندىن ماڭا ئىككى قاچا كەلتۈرۈلدى، بىرىدە سۈت، بىرسىدە ھاراق بار ئىدى، ماڭا قايسىنى خالىساڭ ئىچكىن دېيىلدى. مەن سۈتنى ئېلىپ ئىچتىم، ئاندىن ماڭا سەن توغرا، ھەق دىن ئىسلام دىنىنى تاللىدىڭ، توغرا قىلدىڭ، ئەگەر سەن ھاراقنى ئالغان بولساڭ، ئۈممىتىڭ ئېزىپ كەتكەن بولاتتى دېيىلدى، بەيھەقى، نەسەئى، بۇخارىلار توپلىغان، سەھىھ.

ليلة أسري بي ما مررت على ملأ من الملائكة إلا أمروني بالحجامة ( طب ) عن ابن عباس

5469. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ، مېنى سەير قىلدۇرۇلغان كېچىسى مەن پەرىشتىلەر جامائەتىدىن ئۆتۈپلا قالسام، ئۇلار ماڭا قان ئالدۇرۇشۇمنى تاپىلاپ، كۆپ بۇيرۇپ كەتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، ھازىر ئوكۇل، سۈيۈقلۇق ئېسىلىدۇ، قان ئالدۇرۇشتىكى مۆجىزە نور بىتىدە باردۇر.

( صحيح ) ليلة الضيف حق على كل مسلم فمن أصبح الضيف بفنائه فهو له عليه دين إن شاء اقتضى و إن شاء ترك ( حم د ه ) عن أبي كريمة

5470. ئەبۇ كەرىيمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېھماننى بىر كېچە مېھمان قىلىپ كۈتۈۋېلىش، ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە ۋاجىپتۇر، كىمنىڭ ئۆيىدە بىرەر مۇسۇلمان مېھمان تاڭ ئاتقۇزسا، ئۆيىگە چۈشسە، ئۇ مېھماننى كۈتۈۋېلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۈستىگە قەرز بولىدۇ، مېھمان خالىسا، بۇ ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، خالىسا تەرك ئېتىدۇ، يەنى خالىسا، مېھمان بولىدۇ، مېھمان قىلمىسا، ھەققىنى ئۆزىگە چۈشلۇق ئالىدۇ، ھاجىتىدىن چىقىدۇ، خالىسا تەرك ئېتىپ كېتىپ قالىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 3258 ـ ھەدىس، ئەھمەد 16565 ـ ھەدىس،

دارمى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5471** ( صحيح ) ليلة القدر في العشر الأواخر في الخامسة أو الثالثة( حم ) عن معاذ

5471. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىر كېچىسى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە تاق كېچىلىرى بەشىنچى، ئۈچىنچى كېچىسى بولىدۇ، يەنى 23ـ، 25ـ، 27ـ كۈنلىرىنىڭ كېچىسى. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**5472** ( حسن ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **4958** ليلة القدر ليلة بلجة لا حارة و لا باردة ( و لا سحاب فيها و لا مطر و لا ريح و لا يرمى فيها بنجم و من علامة يومها تطلع الشمس لا شعاع لها ) ( طب ) عن واثلة

5472. ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىر كېچىسى ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس، ھاۋاسى مۆتىدىل كېچىدۇر، (ئۇ كېچىدە بۇلۇت، يامغۇر، شامال بولمايدۇ، يۇلتۇز ئېتىلمايدۇ، قەدىر كېچىسىنىڭ ئالامىتى شۇ كۈنى ئەتىگىنى قۇياش نۇرسىز چىقىدۇ). تەبرانى توپلىغان، باش تەرىپىنى ھەسەن دەپ ئەلبانى بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىنى ئىككى تىرناق ئارىسىنى زەئىپ دېگەن ، چۈنكى، يۇقىرىدا بۇ كېچىسى قار ياكى يامغۇر ياغىدۇ دېگەن ئۆتتى، يامغۇر، قار بۇلۇتتىن، شامالدىن بولىدۇ.

**5473** ( حسن ) ليلة القدر ليلة سابعة أو تاسعة و عشرين إن الملائكة تلك الليلة في الأرض أكثر من عدد الحصى ( حم ) عن أبي هريرة

5473. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىر كېچىسى 27ـ ياكى 29ـ كېچىدۇر، ھەقىقەتەن شۇ كېچىسى پەرىشتىلەر زېمىندا ئۇششاق تاشنىڭ سانىدىنمۇ كۆپ بولۇپ كېتىدۇ، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

**5474** ( صحيح ) ليلة القدر ليلة سبع و عشرين ( د ) عن معاوية

5474. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىر كېچىسى رامىزاننىڭ 27ـ كېچىسىدۇر، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. لېكىن بۇ تاق كېچىنى كىشىلەر روزىنى بىر كۈن بۇرۇن ياكى كېيىن تۇتۇۋېلىپ،ياكى كېچە ـ كۈندۈزنىڭ قايسىسى بۇرۇن ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپلىشىپ ئېگىز ـ پەس قىلىۋېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن 25دىن باشلاپ 29گىچە تۇنەش لازىم، شۇ چاغدا تاپقىلى بولىدۇ.

ليلة القدر ليلة سمحة طلقة لا حارة و لا باردة تصبح الشمس صبيحتها ضعيفة حمراء (الطيالسي هب)عن ابن عباس

5475. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىر كېچىسى بولسا، ئىسسىقمۇ يوق، سوغۇقمۇ يوق، ھاۋاسى مۆتىدىل، پاك، بەرىكەتلىك، تىنچ ، خاتىرجەم كېچىدۇر، بۇ كېچىسى ئەتىگىنى قۇياش ئاجىز، قىزىللىراق، نۇرسىز چىقىدۇ، تەيالىسى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.بۇ سۆزلەر ئىسسىق ياكى مۆتىدىل جايلارغا دېيىلگەن بولۇپ، قاتتىق سوغۇق رايونلاردىمۇ قەدىر كېچىسى بار، ھەر يىلى باردۇر.

**5476** ( صحيح ) ليليني منكم أولوا الأحلام و النهى ثم الذين يلونهم ثم الذين يلونهم و لا تختلفوا فتختلف قلوبكم و إياكم و هيشات الأسواق ( م **4** ) عن أبي مسعود

5476. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: نامازدىكى سەپتە، ماڭا سىلەردىن ئىشلاردا سۇباتلىق، تەمكىنلىك، تەدبىرلىك بولغان ئۆتكۈر ئەقىل ئىگىلىرى، يېقىن تۇرسۇن، ئاندىن ئۇلارغا يېقىن بولغانلار ئاندىن ئۇلاردىن بىر دەرىجە تۆۋەن، ئۇلارغا يېقىن بولغانلار يېقىن تۇرسۇن، سەپلەردە ئېگىز ـ پەس تۇرماڭلار، ئىختىلاپلاشماڭلار، قەلبىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشىپ قالىدۇ، بىر ـ بىردىن يىراق بولۇپ، خىلاپىدا بولۇپ قالىدۇ، بازارلاردا ئاۋازىڭلارنى ئۈستۈن كۆتۈرۈشتىن، داۋا، دە ـ تالاشتىن ھەزەر قىلىڭلار. مۇسلىم 655 ـ ھەدىس، تىرمىزى 211 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 577ـ ھەدىس، ئەھمەد 4142 ـ ھەدىس، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5477** ( صحيح ) لينبعث من كل رجلين أحدهما و الأجر بينهما ( حم م ) عن أبي سعيد

5477. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر ئىككى كىشىدىن بىرسى جەڭگە بارسۇن، بىرسى خەلىپە، ئىز باسار بولۇپ تۇرۇپ بىرسىنى ئەۋەتسۇن، ئەجىر، ساۋاب ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق، باراۋەر بولىدۇ، مۇسلىم 3513 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2149 ـ ھەدىس، ئەھمەد 10874 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5478** ( صحيح ) لينتقضن الإسلام عروة عروة( حم ) عن فيروز الديلمي

5478. پەيرۇز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت يېقىنلاشقانسېرى، ئىسلام دىنىنىڭ تۈتقىسى بىردىن ـ بىردىن چۇۋۇلۇپ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، (ئەۋۋەلى ھاكىمىيەت بۇزۇلىدۇ، ئاندىن ئاخىرىدا ناماز). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

لينتهين أقوام عن رفعهم أبصارهم عند الدعاء في الصلاة إلى السماء أو لتخطفن أبصارهم ( م ن ) عن أبي هريرة

5479. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە قەۋملەر نامازدىكى دۇئادا كۆزلىرىنى ئاسمانغا ئىشارەت قىلىپ كۆتۈرۈشىدىن يانسا يانسۇن، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قويۇلۇپ قارىغۇ بولۇپ قالىدۇ، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ چەكلەش، جىنازا نامىزىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، باشلىرىنى، كۆزلىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ قويۇش بىدئەت.

**5480** ( صحيح ) لينتهين أقوام عن ودعهم الجمعات أو ليختمن الله على قلوبهم ثم ليكونن من الغافلين ( حم م ن ه ) عن ابن عباس وابن عمر

5480. ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەۋملەر جۈمە نامازلىرىنى تەرك ئېتىشلىرىدىن يانسۇن،جۈمەنى ئوقۇۋالسۇن، ئۇنداق بولمايدىكەن، ئاللاھتائالا ئۇلارنىڭ قەلبىگە مۆھۈر ئۇرۇپ، پېچەتلىۋېتىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار غاپىللاردىن بولۇپ كېتىدۇ، يەنى مۇناپىق بولىدۇ، ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5481** ( صحيح ) لينتهين أقوام يرفعون أبصارهم إلى السماء في الصلاة أو لا ترجع إليهم أبصارهم ( حم م د ه ) عن جابر بن سمرة

5481. جابىر ئىبنى سەمۇرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەۋملەر يا نامازدا كۆزلىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈشتىن يانىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۆزىگە ساق قايتمايدۇ، يەنى قويۇلۇپ كېتىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

لينتهين أقوام يفتخرون بآبائهم الذين ماتوا إنما هم فحم جهنم أو ليكونن أهون على الله من الجعل الذي يدهده الخرء بأنفه إن الله أذهب عنكم عبية الجاهلية و فخرها بالآباء إنما هو مؤمن تقي أو فاجر شقي الناس كلهم بنو آدم و آدم خلق من التراب ( ت ) عن أبي هريرة

5482. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا ـ بوۋىلىرى بىلەن پەخىرلىنىشتىن دەرھال يانسۇن، ھەققەتەن ئۇلار جەھەننەمنىڭ كۆمۈرلىرىدۇر، ياكى ئۇلار پەخىرلىنىشتىن يانمىسا، ئەلۋەتتە ئاللاھتائالاغا، نىجاسەتنى بۇرنى بىلەن ئىتتىرىدىغان سېسىق، قارا قۇرتتىنمۇ ھاقارەتلىكتۇر،ئاللاھ: جاھالىيەتنىڭ كىبىرلىرىنى ناچار ئادەتلىرىنى ئاتا بوۋىلار بىلەن پەخىرلىنىشنى پاك ـ پاكىز تازىلاپ يوق قىلۋەتتى. مانا ئەمدى كىشىلەر ئىككىلا تائىپە بولدۇ، بىرى تەقۋادار مۆئمىن، يەنە بىرى بولسا، فاجىر، پاسىق شەقىيدۇر، ھەممىسى ئادەم باللىرى، ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان، (سىلەر نېمىگە پەخىرلىنىسىلەر؟) تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) 5482 / 1 ] وهذا حديث مستدرك من الطبعة القديمة قال الألباني في صحيح ابن ماجه رقم: 647 صحيح ( لينتهين رجال عن ترك الجماعة أو لأحرقن بيوتهم ) ( ه ) عن أسامة

5482. بۇ ھەدىس سان جەھەتتىن تەكرار كەلدى، ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر جۈمە نامىزىنى تەرك ئېتىشلىرىدىن دەرھال يېنىپ، ئوقۇۋالسۇن، ياكى مەن ئۇ جۈمە نامىزىنى ئوقۇمىغانلارنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىمەن، ئىبنى ماجەنىڭ سەھىھ قىسمىنىڭ 647 ـ ھەدىسى، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

5483 ( صحيح ) لينصرن الرجل أخاه ظالما أو مظلوما إن كان ظالما فلينهه فإنه له نصرة و إن كان مظلوما فلينصره ( حم ق ) عن جابر

5483. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى قېرىندىشىغا ئۇ زالىم بولسۇن ياكى زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولسۇن ياردەم بەرسۇن، ئەگەر قېرىندىشى زالىم بولسا، ئۇنى زۇلۇمدىن توسسۇن، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياردەم بولىدۇ، ئەگەر قېرىندىشى زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولسا، ئۇنىڭغا دۈشمىنىگە قارشى ياردەم بەرسۇن، (بولۇپمۇ ئىسلام دۆلەتلىرى ئەمەل قىلسۇن)، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ليودن أهل العافية يوم القيامة أن جلودهم قرضت بالمقاريض مما يرون من ثواب أهل البلاء(ت الضياء) عن جابر

5484. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە بۇ دۇنيادا ساق ـ سالامەت قالغانلار قىيامەت كۈنى بالا مۇسىبەت ئەھلىنىڭ ساۋابلىرىنىڭ كاتتا، ئۇلۇغلۇقىنى، دەرىجىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى كۆرۈپ، ئىستت! دۇنيادىكى چاغدا تېرىلىرىمىز قايچىلار بىلەن كېسىلگەن، قاتتىق ئازابلانغان بولساقچۇ دەپ ئاللاھ يولىدا ئەنە شۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ. تىرمىزى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

ليودن رجل أنه خر من عند الثريا و أنه لم يل من أمر الناس شيئا ( الحارث ك ) عن أبي هريرة

5485. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلۋەتتە بەزى كىشى خەلىپىلىكنى ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھۆكەر يۇلتۇزدىن يىقىلىپ چۈشكەندەك مەرتىبىسى تۆۋەندۇر، ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ، ھارىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ليوشكن رجل أن يتمنى أنه خر من الثريا و لم يل من أمر الناس شيئا ( ك ) عن أبي هريرة

5486. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پات يېقىندا بەزى كىشى ھۆكەر يۇلتۇزدىن يىقىلىپ چۈشۈشنى يەنى ھالاك بولۇپ ئۆلۈشنى

ئاررۇ قىلىپ كېتىدۇ، ۋەھالەنكى ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچنەرسىگە ئىگە بولمىغاندۇر، ياكى ئاررۇسىنىڭ سەۋەبى ئىگە بولالماسلىقتۇر. (ياكى ئىگە بولمىغان بولسىمۇ، پىتنىنىڭ قاتتىق دەھشەتلىكىدىن شۇنداق ئاررۇ قىلىپ كېتىدۇ). ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**5487** ( حسن ) لي الواجد يحل عرضه و عقوبته ( حم د ن ه ك ) عن الشريد بن سويد

5487. شەرىد ئىبنى سۇۋەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ؛ باي تۇرۇپ قادىر تۇرۇپ ئۆزرىسىز قەرزنى كېچىكتۇرۇپ، كەينىگە سۈرگەن كىشىنىڭ ئارقىسىدىن سۆز قىلىش، ئالدىنى توسۇپ قاتتىق سۆز قىلىش، ھەتتا ئازابلاش ھالال دۇرۇستۇر، نەسەئى 4610 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3144 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2418 ـ ھەدىس، ئەھمەد 18637 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5488** ( حسن ) اللبن في المنام فطرة ( البزار ) عن أبي هريرة

5488. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چۈشتە كۆرۈلگەن سۈتنىڭ تەبىرى، ئىسلام دىنىدۇر، ھەقنى قوبۇل قىلىش تەبىئىتىدۇر، (باشقا خاتىرىدە ئىلىممۇ باردۇر). بەزار توپلىغان، ھەسەن.

**5489** ( صحيح ) اللحد لنا و الشق لغيرنا ( 4 ) عن ابن عباس

5489. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: لەھەد ، قەبرە، تەشمە يەرلىك كولاپ مېيىتنى قويۇش بىز ئۈچۈندۇر، بىز شۇنداق قىلىمىز، زېمىننى يېرىپلا ساندۇققا سېلىپ قويۇش بولسا، بىزدىن باشقىلار ئۈچۈندۇر، (يەنى يەھۇدىي، ناسارالار، ئەھلى كىتابلار ۋە باشقىلار شۇنداق قويىدۇ، بۇ قەتئىي دۇرۇس ئەمەستۇر) تۆت كىتاب يەنى ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5490** ( صحيح ) اللحد لنا و الشق لغيرنا من أهل الكتاب ( حم ) عن جرير

5490. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: لەھەد ، قەبرە بىز ئۈچۈندۇر، زېمىننى يېرىپلا قويۇش، بىزدىن باشقىلار، ئەھلى كىتابلار ئۈچۈندۇر، ئەھمەدلەر توپلىغان، سەھىھ.

**5491** ( صحيح ) الذي تفوته صلاة العصر كأنما وتر أهله و ماله ( ق 4 ) عن ابن عمر

5491. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەسىر نامىزى قازا بولۇپ، ئۆتۈپ كەتكەن كىشى خۇددى ئەھلى باللىرى بارلىق مال ـ مۈلۈكلىرى ھالاك بولغاندەك بولىدۇ، بەيھەقى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ، چۈنكى، بامدات بىلەن بۇ ئەسىر نامىزى، ۋە باشقا ئەمەللەر جەننەتتە ئاللاھنى كۆرۈشكە مۇناسىۋەتلىك.

**5492** ( حسن ) الذي لا يتم ركوعه و ينقر في سجوده مثل الجائع يأكل التمرة و التمرتين لا يغنيان عنه شيئا ( تخ ) عن أبي عبدالله الأشعري

5492. ئەبۇ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رۇكۇسىنى كامىل قىلمايدىغان، سەجدە قىلسا قۇشقا ئوخشاش چوقۇپ، تىزلا قىلىدىغان كىشى خۇددى بىر ـ ئىككى تال خورمىنى تىرىپ يەيدىغان ئاچ قورساق كىشىگە ئوخشايدۇ، بىر ئىككى تال

خورما ئۇ كىشىنى ئاچلىقتىن بىھاجەت قىلالمايدۇ، (ئەنە شۇنىڭدەك، بۇ كىشىنىڭ نامىزى ئادا تاپمايدۇ).
بۇخارى، تارىخدا توپلىغان، ھەسەن.

**5493** ( صحيح ) الذي لا ينام حتى يوتر حازم ( حم ) عن سعد

5493. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇمىغىچە ئۇخلىمايدىغان كىشى، چېچەن، ئەقىللىق كىشى بولۇپ، (ھەزەر قىلغانلىقىدىن، بۇرۇن ئوقۇپ ياتىدۇ، ئەمەلىيەتتە بامداتقا ۋىتىر ئوقۇش بىلەن ئالدىراڭلار دېگەن ھەدىس ۋە كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە، ئوتتۇرىدا، ئاخىرىدا ئوقۇشقا ھەدىس ئۆتتى، كېچىنىڭ ئاخىرىدا قوپۇپ ئوقۇش ئەۋزەلدۇر). ئەھمەد 1382 ـ ھەدىس، سەھىھ.

ۋىتىر نامىزىدا دۇئايى قۇنۇد ئوقۇش، ئەبۇ داۋۇتتا، تىرمىزىدا بار ئىكەن، ئەمەلىيەتتە سەھىھ ھەدىسلەردە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 70 قارىلارغا مۇسىبەت يەتكەندە، بەش نامازدا قۇنۇت ئوقۇغان، بامداتتىمۇ قۇنۇت ئوقۇغان، ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رامىزاندا قۇنۇت ئوقۇغانلىقى خاتىرىلەنگەن، مۇسىبەتتە، بالا چۈشكەندە، ئوقۇغان، كېيىن تەرك ئەتتى دېگەنمۇ بار، شافىئىي رەھمەھۇللاھ بامداتتا ئوقۇيدۇ دەيدۇ، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە ۋىتىردا ئوقۇيدۇ دەيدۇ، بەزىلەر قەتئىي ئوقۇمايدۇ دېگەن . جۇمھۇر ئالىملار سەھىھ ھەدىسكە ئاساسەن مۇسۇلمانلارغا مۇسىبەت كەلسە، بالا، قەھەتچىلىك كەلسە، ئۇلۇغ دىنى داھىنى قەستلەپ ئۆلتۈرسە، بەش نامازدا دۇئايى قۇنۇت ئوقۇيدۇ ياكى خالىغان نامازدا، بامداتتا، خۇپتەندە قۇنۇت ئوقۇيدۇ، دۇئانى جەھرى ئوقۇسا ياخشى، چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەھرى ئوقۇغان، ساھابىلەر  ئاڭلاپ، ھەدىس قالدۇرغان، قولنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ دۇئا قىلسا ياخشى، قولنى كۆتۈرمىسىمۇ بولىدۇ، قولنى كۆتۈرسە، يۈزگە سۈرتمەيدۇ، سۈرتسىمۇ بولىدۇ، بۇ ئىختىيارلىق بېرىلگەن ئىشلاردۇر، مەقسەت ، قەلبىدە، ئىخلاستا، دۇئادا بولىدۇ، قەتئىي ئىختىلاپلاشماڭلار، قۇنۇت دۇئاسى ئىككى خىلدۇر، ئۇنىدىن باشقا ئايەتتىن ھەدىستىن ئېلىپ، شەرئەتتە يولغا قويۇلغان، بىدئەت بولمىغان دۇئالارنى قىلسا بولىدۇ،مۇسلىم شەرھىسى.

الذي يخنق نفسه يخنقها في النار و الذي يطعنها يطعنها في النار ( خ ) عن أبي هريرة

5494. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆزىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۇۋالغان كىشى، دوۋزاخ ئىچىدە دائىم ئۆزىنى بوغۇپ ئازابلىنىدۇ، ئېسىلىپ تۇرىدۇ، ئۆزىگە تىغ، قورال سانجىپ ئۆلتۈرۇۋالغان كىشى، دوۋزاخ ئىچىدە دائىم شۇ نەرسىنى ئۆزىگە سانجىپ ئازابلىنىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**5495** ( صحيح ) الذي يسأل من غير حاجة كمثل الذي يلتقط الجمر ( هب ) عن حبشي بن جنادة

5495. ھەبشى ئىبنى جۇنادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھاجىتى چۈشمەستىن سائىللىق قىلىپ نەرسە سورىغان كىشى چوغنى تېرىپ ئاغزىغا سالغان كىشىگە ئوخشايدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5496** ( صحيح ) الذي يشرب في آنية الفضة إنما يجرجر في بطنه نار جهنم ( ق ) عن أم سلمة

5496. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۆمۈش قاچىدا ئىچىملىك ئىچكەن، تاماق يېگەن كىشىنىڭ قورسىقىدا قىيامەت كۈنى جەھەننەمنىڭ ئوتى ئۇياقتىن بۇياققا ھەرىكەتلىنىپ، غولدۇرلاپ تۇرىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5497** ( صحيح ) الذي يقرأ القرآن و هو ماهر به مع السفرة الكرام البررة و الذي يقرؤه و هو عليه شاق له أجران ( حم ت ) عن عائشة

5497. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى ماھىرلىق بىلەن ئوقۇيدىغان كىشى ناھايىتى ھۆرمەتلىك، ياخشى پۈتۈكچى، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدا سەپەر قىلىپ تۇرىدىغان پەرىشتىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ. قۇرئاننى مۇشەققەت بىلەن قىينىلىپ ئوقۇغان كىشىگە ئىككى ئەجىر بېرىلىدۇ، (بۇ ئىككى ئەجىر، ئوقۇغۇچىغا، قىينالغىنىغا ، ئىخلاسىغا بېرىلىدۇ، ئۆندىن باشقا ھەربىر ھەرپكە ئون ياخشىلىق يېزىلىدۇ). ئەھمەد 23080 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2829 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، دارىملار توپلىغان، سەھىھ، ماھىرلىق بىلەن ئوقۇش دېگىنى ، تېز سۈرئەتتە ئەمەس، بەلكى، گۈزەل ئاۋازى بىلەن تەجۋىدلىك، دانىمۇ ـ دانە ئوقۇشتۇر، ئاللاھدىن قورقۇپ تۇرۇپ ئوقۇشتۇر.

**5498** ( صحيح ) اللهو في ثلاث: تأديب فرسك و رميك بقوسك و ملاعبتك أهلك ( القراب في فضل الرمي ) عن أبي الدرداء

5498. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: لەھۋە ئويۇن ئويناش، ئۈچ نەرسىدە دۇرۇس بولىدۇ، جەڭ ئېتىڭغا ئەدەپ ئۆگىتىش، ياچاقتا ئوقيانى قارىغا ئېتىش، ئايالىڭ بىلەن ئوينىشىش، قىرابى توپلىغان، سەھىھ، ھازىر ھەرخىل ھەربىي قاتناشلارنى، راكىتانى، ئايروپىلاننى ئويناش، ھەرخىل قارىغا ئېتىشلار، بۇمبا ئېتىش مانېۋىرلىرى بار.

## « م » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

**5499** ( صحيح ) ماء البحر طهور ( ك ) عن ابن عباس

5499. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دېڭىز سۈيى پاكىزدۇر، (تاھارەت ئالسا بولىدۇ)، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5500** ( صحيح ) ماء الرجل أبيض و ماء المرأة أصفر فإذا اجتمعا فعلا مني الرجل مني المرأة أذكرا بإذن الله و إذا علا مني المرأة مني الرجل أنثا بإذن الله ( م ن ) عن ثوبان

5500. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەر كىشىنىڭ مەنىي سۈيى ئاق بولىدۇ، ئايال كىشىنىڭ سېرىقراق بولىدۇ، ئىككى سۇ بىرلەشسە، ئاندىن ئەر كىشىنىڭ سۈيى ئايال كىشىنىڭ سۈيىنى بېسىپ چۈشسە، ئىلگىرىلەپ كەتسە، بالا ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئەر كىشىگە ئوخشايدۇ، ئوغۇل تۇغىدۇ، ئايال كىشىنىڭ سۈيى ئەر كىشىنىڭ سۈيىدىن ئىلگىرىلەپ، غالىب كەلسە، بالا قىز تۇغۇلىدۇ، ئانىسىنى تارتىدۇ. ھەممىسى ئاللاھنىڭ خالىشى بىلەن بولىدۇ. مۇسلىم 4730ـ ھەدىس، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

ماء الرجل غليظ أبيض و ماء المرأة رقيق أصفر فأيهما سبق أشبهه الولد ( حم م ه ك ) عن أنس

5501. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ئەر كىشىنىڭ ئىسپېرما سۇيى قويۇق، ئاقتۇر، ئايال كىشىنىڭ بولسا سۇيۇق سېرىقتۇر، قايسى سۇ ئىلگىرىلەپ كەتسە، بالا شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، (بۇنى ئاللاھ ئۆزى خالاپ ئەركەك، چىشى، سەت، گۈزەل، ساق، مېيىپ قىلىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5502** ( صحيح ) ماء زمزم لما شرب له ( ش حم ه هق ) عن جابر ( هب ) عن ابن عمرو

5502. جابىر، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زەمزەم سۈيىنى، نېمىنى مەقسەت قىلىپ ئىچسە، شۇ نىيەت قىلغان نەرسە ئۈچۈن بولىدۇ، (يەنى ئاللاھ رازىلىقىنى، ئەجىر، ساۋابىنى، سۈننەتنى نىيەت قىلسا، شۇ بېرىلىدۇ، شىپانى مەقسەت قىلسا، شىپا بولىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى مەقسەت قىلسا، ئۇسسۇزلۇقى قانىدۇ خالاس، ئەمەل، نىيەت بىلەن). ئەبۇ شەيبە، ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ما آتاك الله من أموال السلطان من غير مسألة و لا إشراف فكله و تموله ( حم ) عن أبي الدرداء

5503. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ساڭا ئىسلام سۇلتانىنىڭ مېلىدىن سەن سورىماستىن ئاچ كۆزلۈك بىلەن تاما قىلماستىن مال ـ دۇنيا بەرسە، ئۇنى قوبۇل قىلىپ يېگىن، ۋە سەدىقە قىلغىن، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**5504** ( صحيح ) ما آتاك الله من هذا المال من غير مسألة و لا إشراف فخذه فتموله أو تصدق به و ما لا فلا تتبعه نفسك ( ن ) عن عمر

5504. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ساڭا مۇشۇ مالدىن بەرسە، يەنى بەيتۇلمالدىن سەن سورىماستىن ئاچ كۆزلۈك بىلەن تاما قىلماستىن بەرسە، ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئالغىن، سەدىقە قىلغىن، ساڭا بېرىلمىسە، ئۇ مال ـ دۇنياغا نەپسىڭنى ئەگەشتۈرمە، تاما قىلما، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

ما آمن بي من بات شبعان و جاره جائع إلى جنبه و هو يعلم به ( البزار طب ) عن أنس

5505. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قوشنىسىنىڭ ئاچ قورساق ياتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزى توق قورساق ھالەتتە خاتىرجەم، غەمسىز ياتقان كىشى ماڭا ئىمان كەلتۈرمىگەن بولىدۇ، (ماڭا ئىمان كەلتۈرگەنلەر قوشنىسىغىمۇ بېرىپ يەيدۇ). بەزار، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5506** ( صحيح ) ما اجتمع قوم ثم تفرقوا عن غير ذكر الله و صلاة على النبي صلى الله عليه وسلم إلا قاموا عن أنتن من جيفة( الطيالسي هب الضياء ) عن جابر

5506. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر ئورۇنغا توپلىشىپ، يىغىلىپ ئاندىن ئاللاھنى ئەسلىمەستىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت، سالام يوللىماستىن تارقاپ كەتكەن قەۋم، خۇددى سېسىق تاپنى يەپ قوپۇپ كەتكەن، تاپنى ئۈلۈشۈپ تارقاپ كەتكەنگە ئوخشاش بولىدۇ. تەيالسى، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

ما اجتمع قوم على ذكر فتفرقوا عنه إلا قيل لهم: قوموا مغفورا لكم( الحسن بن سفيان ) عن سهل ابن الحنظلية

5507. سەھلى ئىبنى ھەنزەلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر قەۋم، ئاللاھنى ئەسلەش، زىكرىگە، ئىلىم مەجلىسگە توپلىشىپ،

ئاللاھنى ئەسلەپ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت، سالام يوللاپ، تارقاپ كەتسە، ئۇلارغا: سىلەر ئۈچۈن بارلىق گۇناھلىرىڭلار مەغپىرەت قىلىنغان ھالدا تۇرۇڭلار دېيىلىدۇ، كەچۈرۈلىدۇ. ھەسەن توپلىغان، سەھىھ.

**5508** ( صحيح ) ما اجتمع قوم فتفرقوا عن غير ذكر الله إلا كأنما تفرقوا عن جيفة حمار و كان ذلك المجلس عليهم حسرة ( حم ) عن أبي هريرة

5508. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەۋم ، جامائەت بىر ئورۇنغا توپلىشىپ، ئاندىن ئاللاھنى ئەسلىمەستىن تارقاپ كەتسە، ئۇلار خۇددى ئېشەكنىڭ تاپىنى يەپ، تارقاپ كەتكەندەك بولىدۇ، ئاشۇ مەجلىس ئۇلارغا ھەسرەت ، نادامەت بولىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**5509** ( صحيح ) ما اجتمع قوم في بيت من بيوت الله يتلون كتاب الله و يتدارسونه بينهم إلا نزلت عليهم السكينة و غشيتهم الرحمة و حفتهم الملائكة و ذكرهم الله فيمن عنده ( د ) عن أبي هريرة

5509. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر قەۋم ، جامائەت ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدىن بىر ئۆيگە يەنى مەسجىدگە توپلىشىپ، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىپ ئوقۇسا، ئۇنى دەرس ئوقۇسا، ئۆزئارا دەرس ئېلىشىپ، دەرس بېرىشسە، ئۇلارغا ئاللاھ تەرەپتىن خاتىرجەملىك، تىنچلىق چۈشىدۇ، ئۇلارنى رەھمەت قورشايدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھتائالا ئۆز دەرگاھىدىكى، ئالدىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىچىدە تىلغا ئالىدۇ، ماختاپ بېرىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**5510** ( صحيح ) ما اجتمع قوم في مجلس فتفرقوا و لم يذكروا الله و يصلوا على النبي صلى الله عليه وسلم إلا كان مجلسهم ترة عليهم يوم القيامة ( حم حب ) عن أبي هريرة

5510. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەۋم ، جامائەتلەر بىر مەجلىسكە يىغىلىپ، توپلىشىپ، ئاندىن ئۇلار ئاللاھنى ئەسلىمەستىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت، سالام يوللىماستىن تارقاپ كەتسە، ئۇلارنىڭ بۇ مەجلىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارغا ھەسرەت ـ نادامەت، پۇشايمان بولىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

ما أجد له في غزوته هذه في الدنيا و الآخرة إلا دنانيره التي سمى ( د ك ) عن يعلى بن منية

5511. يەئلا ئىبنى مەنىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ بەك قېرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇرۇشقا ئۆزى چىقالماي، بىر كىشىنى ئۈچ دىنارغا ئىجارە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىدا ئۇرۇشقا چىقىرىدۇ، كېيىن غەلىبە قىلىپ، غەنىيمەت ئالغاندا، بۇ سۆزنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سۆزلەپ بېرىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ چاغدا مۇنداق دېگەن: مەن ئۇ كىشىنىڭ بۇ قېتىمقى مۇشۇ غازاتنى قىلىشىدا دۇنيا، ئاخىرەتلىك(ئەجرىدىن) ھېچنەرسە تاپالمىدىم، پەقەت ئات قويۇپ ئالغان جىھادقا مەقسەت قىلىپ چىققان ئاشۇ ئۈچ دىنارنى ئۇنىڭ ھەققى دەپ تاپتىم، ئۇنىڭدىن باشقا ئەجىر، ساۋاب، غەنىيمەت يوق دېگەن ئىدى. ئەبۇ داۋۇد 2165 ـ ھەدىس، ئەھمەد 17277 ـ ھەدىس، سەھىھ، بۇ ھەدىستىن گەرچە ئورنىغا باشقا كىشىنى جەڭگە چىقىرىش دۇرۇس بولسىمۇ، ئاساسى مەقسەت ، نىيەت، ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش، ئىسلام دىنى، ئاخىرەت بولۇشى كېرەك، غەلىبە قىلسا، غەنىيمەت شۇ

يەردە باردۇر.

ما أحب أن أحدا تحول لي ذهبا يمكث عندي منه دينار فوق ثلاث إلا دينار أرصده لدين ( خ ) عن أبي ذر

5512. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئۇھۇد تېغى ماڭا ئالتۇنغا ئۆزگەرسە، ئاندىن ئاشۇ ئالتۇنلاردىن مېنىڭ يېنىمدا بىر دىنار مىقدارىنىڭ ئۈچ كۈندىن ئوشۇق تۇرۇشىنى مەن ھەرگىز ياخشى كۆرمەيمەن، يەنى، ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلىۋېتىمەن، لېكىن، مەن قەرزگە بېرىشىم ئۈچۈن تەييارلاپ ئېلىپ قويغان دىنار ئۇنىڭدىن مۇستەسنا، (يەنى ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇن، بايلىقىم بولسىمۇ، قەرزگە ئېلىپ قالغاندىن باشقىسىنى ئاللاھ يولىدا بېرىۋېتىمەن). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

ما أحب أن أحدا عندي ذهبا فيأتي علي ثلاثة و عندي منه شيء إلا شيء أرصده في قضاء دين(ه) عن أبي هريرة

5513. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئۇھۇد تېغى مېنىڭ نەزىرىمدە ئالتۇن بولۇپ بەرسە، ئاندىن ئاشۇ ئالتۇنلاردىن بىرەر نەرسە مېنىڭ يېنىمدا بار ھالەتتە، ماڭا ئۈچ كۈننىڭ ئۆتۈشىنى مەن ياخشى كۆرمەيمەن، پەقەت قەرزىم ئۈچۈن تەييارلاپ ئېلىپ قويغان نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، (يەنى ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇنۇم بولسا، قەرزىم ئۈچۈن ئېلىپ قويغاندىن باشقىسىنى ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلىپ، خەجلىۋېتەتتىم، قەرزنى بېرىۋېتىش مۇھىمدۇر، شېھىدنىڭمۇ قەرزى قالىدۇ). ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

ما أحب أن أسلم على الرجل و هو يصلي و لو سلم علي لرددت عليه ( الطحاوي ) عن جابر

5514. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىگە سالام قىلىشنى ياخشى كۆرمەيمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا سالام قىلسا، مەن ئۇنىڭغا سالام قايتۇرىمەن، يەنى ئىشارەت بىلەن (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ناماز ئوقۇۋاتقاندا سالام قىلسا، قايتۇرمىغان سەھىھ ھەدىس بار، مەشغۇللۇق بار دېگەن ). تەھاۋى توپلىغان، سەھىھ.

**5515** ( صحيح ) ما أحب أني حكيت إنسانا و أن لي كذا و كذا ( د ت ) عن عائشة

5515. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەندە ئۇنداق ـ مۇنداق ئەيىب ـ نۇقسانلار تۇرسا، ئۇنى قويۇپ، باشقا بىر ئىنساننىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ كېتىشمنى ياخشى كۆرمەيمەن. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5516** ( حسن ) ما أحب عبد عبدا لله إلا أكرم ربه ( حم ) عن أبي أمامة

5516. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر بەندە، يەنە بىر بەندىنى ئاللاھ ئۈچۈنلا، ئاللاھ رازىلىقىنى دەپلا ياخشى كۆرسە، دوست تۇتسا، ئۇنى پەرۋەردىگارى ھۆرمەتلەيدۇ. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

ما أحد أعظم عندي يدا من أبي بكر واساني بنفسه و ماله و أنكحني ابنته ( طب ) عن ابن عباس

5517. ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ نەزىرىمدە ماڭا ياخشىلىقى ئەبۇ بەكرىنىڭ ياخشىلىقىدىنمۇ چوڭراق كىشى يوق، ماڭا

ھېچ كىشى ئەبۇ بەكرىدەك ياخشىلىق قىلىپ باقمىغان، ئۇ ماڭا جېنى بىلەن مېلى بىلەن ياردەم بەردى، مېنى قوغدىدى، قىزى ئائىشەنى ماڭا نىكاھلاپ بەردى، (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5518** ( صحيح ) ما أحد أكثر من الربا إلا كان عاقبة أمره إلى قلة ( ه ) عن ابن مسعود

5518. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر كىشى جازانە، ئۆسۈمنى كۆپ قىلسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئازلىققا، يوقلۇققا، ھەتتا ھالاكەتكە ئايلىنىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5519** ( صحيح ) ما أحد يدخل الجنة يحب أن يرجع إلى الدنيا و أن له ما على الأرض من شيء غير الشهيد فإنه يتمنى أن يرجع فيقتل عشر مرات لما يرى من الكرامة ( ق ت ) عن أنس

5519. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شېھىددىن باشقا ھېچ كىشى جەننەتكە كىرىپ بولۇپ ئاندىن بۇ دۇنياغا قايتىشنى، بۇ دۇنيادىكى بارلىق نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ بولۇشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ، پەقەت شېھىدلار جەننەتكە كىرىپ بولۇپمۇ، يەنە بىر دۇنياغا قايتىشنى، بارلىق نەرسىلەرنى ئاللاھ يولىدا بېرىۋېتىشنى، شېھىدلىققا بېرىلگەن كارامەتنى كۆرگەنلىكىدىن، بۇ دۇنيادا ئاللاھ يولىدا ئون قېتىم ئۆلتۈرۈلۈشنى ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ، پەقەت شېھىدلا بۇ دۇنياغا قايتىشنى ياخشى كۆرىدۇ ، مەقستى ئەنە شۇنداق كۆپ قېتىم ئۆلتۈرۈلۈش. بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5520** ( حسن ) ما أحرز الولد أو الوالد فهو لعصبة من كان ( حم د ه ) عن عمر

5520. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالا ياكى ئاتا ـ ئانا مىراس ئارقىلىق ئېرىشكەن، توپلىغان مال ـ مۈلۈك، شۇ كىشىنىڭ دادا تەرەپ يېقىن تۇغقانلىرىغا بېرىلىدۇ، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ۋارىس بولۇشى لازىم. ئەبۇ داۋۇد 2528 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2722 ـ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

ما اختلج عرق و لا عين إلا بذنب و ما يدفع الله عنه أكثر ( طس الضياء ) عن البراء

5521. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۆز زەئىپلىشىش، ئاغرىش، تومۇر ئاجىزلاش، يۈرەك قاتتىق سىلىپ كېتىش، تومۇر ئۈزۈلۈش قاتارلىق كېسەللەر شۇ كىشىنىڭ گۇناھىنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشى، مۇداپىئە قىلىپ قوغدىشى كۆپتۇر، بۇ كېسەللەر گۇناھلارغا كاپارەتتۇر، تەبرانى، ئەۋسەتتە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

ما أخذت الدنيا من الآخرة إلا كما أخذ المخيط غمس في البحر من مائه ( طب ) عن المستورد

5522. مۇستەۋرىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ دۇنيا ئاخىرەتكە نىسبەتەن خۇددى بىر تال يىڭنە دېڭىزنىڭ سۈيىگە چىلاپ ئېلىنغانچىلىك ئىشتۇر، يەنى بۇ دۇنيا، ئاخىرەت ئالدىدا يوق نەرسىدۇر، چۈنكى، بۇ دۇنيا ۋاقتىلىق، چەكلىك، ئاخىرەت بولسا، مەڭگۈ چەكسىزدۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) ما أخشى عليكم الفقر و لكني أخشى عليكم التكاثر و ما أخشى عليكم الخطأ و لكني أخشى عليكم التعمد ( ك هب ) عن أبي هريرة

5523. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرگە پېقىرلىقدىن، نامراتلىقدىن ئەنسىرىمەيمەن، لېكىن، مەن سىلەرگە مال ـ دۇنيارىڭلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن، (چۈنكى، مال ـ دۇنيا بىلەن ئاياللار شەيتاننىڭ سەركەردىسى)، مەن سىلەرگە خاتالىشىپ قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرىمەيمەن، لېكىن، مەن سىلەرگە قەستەن قىلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن، (خاتالىشىش بۇ ئۈممەتتىن ئەپۇدۇر). ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5524** ( صحيح ) ما أدري أتبع أنبيا كان أم لا ؟ و ما أدري ذا القرنين أنبيا كان أم لا ؟ و ما أدري الحدود كفارات لأهلها أم لا ؟ ( ك هق ) عن أبي هريرة

5524. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (قۇرئاندا تىلغا ئېلىنىدىغان) تۇببەئ پەيغەمبەرمۇ ياكى پەيغەمبەر ئەمەسمۇ؟ بۇنى بىلمەيمەن. زۇلقەرنەين پەيغەمبەرمۇ؟ ياكى پەيغەمبەر ئەمەسمۇ؟ بۇنىمۇ بىلمەيمەن، ھەد جازا جىنايەتچىلەرگە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىغا كاپارەت بولامدۇ؟ ياقمۇ، بۇنىمۇ بىلمەيمەن. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

باشقا سەھىھ ھەدىسلەردە كاپارەت بولۇشى، ھەتتا زىنادىن تەۋبە قىلىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، رەجىم قىلىپ، جەننەتكە كىرگەن ئەر ـ ئايال سۆزلىنىدۇ، ھەد، جازا كاپارەت بولىدۇ دېگەن ھەدىسمۇ ئۆتتى، مەقسەت ، ئاشۇ تەۋبە قىلغۇچىنىڭ دىلىدا، ئىخلاسىدا بولىدۇ.

ما أذن الله لشيء ما أذن لنبي حسن الصوت يتغنى بالقرآن يجهر به ( حم ق د ن ) عن أبي هريرة

5525. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا پەيغەمبەرنىڭ قۇرئاننى مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن تەجۋىدلىك جەھرى ئوقۇغان، گۈزەل ئاۋازغا قۇلاق سالغاندەك ھېچ نەرسىگە قۇلاق سالمايدۇ، (يەنى، تەجۋىدلىك دانىمۇ ـ دانە ئالدىرىماي، مۇڭلۇق، گۈزەل ئاۋاز بىلەن ئاللاھدىن قورقۇپ، قۇرئان ئوقۇلسا، ئاللاھتائالا قوبۇل قىلىدۇ، رازى بولۇپ ئاڭلايدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5526** ( صحيح ) ما أرى الأمر إلا أعجل من ذلك ( ت ه ) عن ابن عمرو

5526. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۆيى، ھويلا تاملىرىنى ئوڭشاۋاتقان بىر كىشىنى كۆرۈپ، مەن ئىشنى يەنى ئۆلۈمنى ئۇنىڭدىنمۇ يەنى بۇ ئۆيى خاراب بولۇشىدىن بۇرۇنراق، تېزراق كېلىدۇ دەپ قارايمەن دېگەن . (چۈنكى، تاغ رايونىدىكى ئۆيى، بىر ئۆمۈر يېتەتتى). تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ما استكبر من أكل معه خادمه و ركب الحمار بالأسواق و اعتقل الشاة فحلبها ( خد هب ) عن أبي هريرة

5527. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قول، خادىمى بىللە تاماق يېيەلەيدىغان ، بازارلاردا ئېشەككە مىنگەن، قوينى چاترىقىغا سېلىپ، سېغىپ ئېچكەن كىشى، كىبىر قىلمىغان بولىدۇ، ئۇنداق كىشىدە كىبىر بولمىغان بولىدۇ. بەيھەقى، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، ھەسەن.

**5528** ( صحيح ) ما أسفرتم بالصبح فإنه أعظم للأجر ( ن ) عن رجال من الأنصار

5528. ئەنسارىلاردىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بامداتقا بۇرۇن چىقىپ، نامازنى ساقلاپ، سۇبھىنى ئاقارتىپ ئوقۇساڭلار، ئۇنىڭ ئەجرى ،

ساۋابى كاتتا، ئۇلۇغ بولىدۇ. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5529 ( صحيح ) ما أسفل الكعبين من الإزار ففي النار ( خ ن ) عن أبي هريرة**

5529. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىشتاننىڭ ئىككى ئوشۇقىدىن تۆۋەن بولۇپ قالغان يېرى، دوۋزاختا بولىدۇ. (يەنى، ئوشۇقىدىن ئۇزۇن ئىشتان كىيگۈچى دوۋزاختا). بۇخارى، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ. بىز بۇ توغرىسىدا يۇقىرىدا تەپسىلي توختالغان، سىز ھەدىسكە سەللەمنا دەپ ئەمەل قىلىشىڭىز.

**5530 ( صحيح ) ما أسكر كثيره فقليله حرام ( حم د ت حب ) عن جابر ( حم ن ه ) عن ابن عمرو**

5530. جابىر، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۆپ ئىچسە، مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ ئازراقىمۇ ھارامدۇر، (چۈنكى، ھەر قانداق مەست قىلغۇچى ھارام، ھەرقانداق مەست قىلغۇچى ھاراقتۇر، ھاراق ھارامدۇر، 500 گرام ئىچسە مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ بىر تامچىسىمۇ ھارامدۇر، ھارامنىڭ جايى دوۋزاختۇر). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5531 ( صحيح ) ما أسكر منه الفرق فملء الكف منه حرام ( حم ) عن عائشة**

5531. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (6 كىلوگرام) 12 جىڭ ئىچسە مەست قىلىدىغان نەرسىنىڭ بىر ئالقىنىمۇ ھارامدۇر، (يەنى بىر ئالقان ئىچسىمۇ ھارام، بىر تامچىسىمۇ ھارام. مەست قىلغۇچىنىڭ ئىرىمۇ، كۆپىمۇ، شارابىمۇ، تامىقىمۇ، يېيىشىمۇ، ئىچىشىمۇ ھارامدۇر). ئەھمەد 23287 ـ ھەدىس، بۇخارى 5158 ـ ھەدىس، مۇسلىم 3728 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1789 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3202 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5532 ( صحيح ) ما أصاب الحجام فاعلفوه الناضح ( حم ) عن رافع بن خديج**

5532. رافىئ ئىبنى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قان ئالغۇچى، قان ئالدۇرغۇچىدىن ئالغان نەرسىنى تۆگىگە ھەلەپ بېرىۋېتىڭلار. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**ما أصاب بحده فكله و ما أصاب بعرضه فقتل فإنه وقيذ فلا تأكله ( ق ن ) عن عدي بن حاتم**

5533. ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن بىسمىللاھ دەپ ئاتقان ئوقيا، نەيزىلەرنىڭ بىسى، تىغ ئۇچى تەگكەن نەرسىنى يېگىن، توغرىسىغا تېگىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان ئوۋنى يېمىگىن، چۈنكى، ئۇ ئۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ ئۆلگەن نەرسە بولىدۇ، (بۇ سۈرە مائىدەدە ھارام دېيىلگەن، بۇ سۈرىدە ئۇندىن باشقا ئوۋلاش مەسىلىلىرى ھارام، ھالال مەسىلىلىرى سۆزلەنگەن،ئىبنى كەسىرنىڭ تەرجىمىسىنى كۆرۈڭلار.) بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5534 ( صحيح ) ما أصبحت غداة قط إلا استغفرت الله تعالى فيها مائة مرة ( طب ) عن أبي موسى**

5534. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن تاڭ ئاتقۇزغان ھەر ئەتىگىنى ئاللاھتائالادىن 100 قېتىم مەغپىرەت سوراپ، گۇناھلىرىمنىڭ كەچۈرۈم بولۇشىنى سورايمەن، (مەقسەت ، سىلەرمۇ كۈندە 100 قېتىم مەغپىرەت سوراڭلار). تەبرانى

توپلىغان، سەھىھ.

ئىسكىلارىدا بولسۇن، سوپىزملاردەك بىدئەت، خۇراپاتنى قىلماستىن، بەلكى، قۇرئان، سەھىھ ھەدىس، ساھابە، تابىئىنلاردەك زاكىر، شاكىر بولۇڭلار، سۈننەتچى بولۇڭلار. بىرلا ۋاقىتتا 100 قېتىم ئىستىغفار ئوقۇسا دۇرۇس.

**5535** ( صحيح ) ما أطعمت زوجتك فهو لك صدقة و ما أطعمت ولدك فهو لك صدقة و ما أطعمت خادمك فهو لك صدقة و ما أطعمت نفسك فهو لك صدقة ( حم طب ) عن المقدام بن معد يكرب

5535. مىقدام ئىبنى مەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ئايالىڭغا بەرگەن تاماقمۇ سەدىقە، باللىرىڭغا بەرگەن تاماقمۇ سەن ئۈچۈن سەدىقە، قۇل، خادىملىرىڭغا بەرگەن تاماقمۇ سەدىقە، سەن ئۆزۈڭگە بەرگەن تاماقمۇ سەن ئۈچۈن سەدىقە بولىدۇ، (مۆئمىن دېگەن ئەنە شۇنداق بەختلىك ئۇنىڭ ھەممە ئىشى ياخشى، ياخشىلىقتا، خۇشاللىقتا ھەمدۇ ئېيتىپ، شۈكرى قىلىدۇ،بۇ ياخشى. مۇسىبەت، زىيانغا سەۋرى قىلىدۇ، تېخى ياخشى، ئۇنىڭ ئىشى ھەيران قالارلىق بولىدۇ). ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5536** ما أطيبك من بلد و أحبك إلي و لولا أن قومي أخرجوني منك ما سكنت غيرك - قاله لمكة -( ت حب ك ) عن ابن عباس

5536. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندا، مەككىگە قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ماڭا سەندىن باشقا پاك، بەرىكەتلىك، ياخشى، سۆيۈملۈك شەھەر يوق، مەن سېنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىمەن ، ئەگەر قەۋمىم مېنى قوغلاپ چىقارمىغان بولسا، مەن سەندىن باشقا جايدا ھەرگىز تۇرمايتتىم. تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ما أظلت الخضراء و لا أقلت الغبراء من ذي لهجة أصدق من أبي ذر ( حم ت ه ك ) عن ابن عمرو

5537. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نۇتۇق سۆز ئىگىسى بولغان ئىنسانلاردىن ئەبۇ زەردەك سەممىي، راستچىل كىشىگە، ئاسمان سايە تاشلاپ باقمايدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ سەممىيرەك كىشىنى زېمىن كۆتۈرۈپ باقمايدۇ، (يەنى ئۇ ھەممىدىن بەك راستچىل، سەممىي كىشى.) ھاكىم، تىرمىزى 3737 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 152 ـ ھەدىس، ئەھمەد 6341 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5538** ( حسن ) ما أظلت الخضراء و لا أقلت الغبراء من ذي لهجة أصدق و لا أوفى من أبي ذر شبه عيسى ابن مريم ( ت حب ك ) عن أبي ذر

5538. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەريەم ئوغلى ئەيساغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەبۇ زەردىنمۇ ۋاپادارراق، راستچىل، سەممىيرەك كىشى ئۈستىگە، ئاسمان سايە تاشلاپ باقمايدۇ، (زېمىن كۆتۈرۈپ باقمايدۇ، نۇتۇق سۆز ئىگىسى بولغان ئىنسانلارنىڭ ئەبۇ زەر سەممىيرەكى، راستچىل، ۋاپادارراقى ھېسابلىنىدۇ.) تىرمىزى 3738 ـ ھەدىس،ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

**5539** ( صحيح ) ما أظن فلانا و فلانا يعرفان من ديننا شيئا ( خ ) عن عائشة

5539. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن پالانى بىلەن پالانىنى دىنىمىزدىن بىرەر نەرسىنى چۈشىنىدۇ، تونۇيدۇ دەپ گۇمان قىلمايمەن،

يەنى ئۇلار ھېچنەرسىنى بىلمەيدۇ، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. دىنىنى چۈشەنمەس، جاھالەت خەلقلىرىنى شۇنداق دېسە، شىكايەت قىلسا، ئاھ ئۇرسا دۇرۇس بولىدۇ.بۇ غەيۋەت ئەمەس نەسىھەت.

**5540** ( صحيح ) ما أعطى الرجل امرأته فهو صدقة ( حم ) عن عمرو بن أمية الضمري

5540. ئەمرۇ ئىبنى ئۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەر كىشى ئايالىغا بەرگەن نەرسىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقە قىلغانلىق بولىدۇ، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**5541** ( صحيح ) ما أعطي أهل بيت الرفق إلا نفعهم ( طب ) عن ابن عمر

5541. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر ئۆي ئەھلىگە مېھرىبانلىق ، دىلى يۇمشاقلىق بېرىلسە، بۇ خىسلەت ئۇلارغا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5542** ( صحيح ) ما أعطيكم و لا أمنعكم أنا قاسم أضع حيث أمرت( خ ) عن أبي هريرة

5542. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە مەن بەرمەيمەن، مەن چەكلەپ، توسۇپ قويمايمەن، مەن پەقەت قاسىم، تەقسىم قىلغۇچى، مەن نەگە بۇيرۇلسام، شۇ جايغا قويىمەن، شۇ جايغا بېرىمەن، (ھەممە ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، مەن ئۇنىڭ ئەلچىسى). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**5543** ( صحيح ) ما اغبرت قدما عبد في سبيل الله إلا حرم الله عليه النار ( 4 ) عن مالك بن عبدالله الخثعمي ( الشيرازي في الألقاب ) عن عثمان

5543. مالىك، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندىنىڭ ئىككى قەدىمىنى ئاللاھ يولىدا چاڭ ـ توزان باسسا، ئۇ ئىككى قەدەمنى ئاللاھ يولىدا جەڭ مەيدانىدا چاڭ ـ توزاننى كىچىپ ماڭسا، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە دوۋزاخنى ھارام قىلىدۇ، تۆت كىتاب شىرازى توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ يولىدىكى ئىلىم، ئىبادەتتە، ھەج سەپىرىدە، جەڭ، ئۇرۇش يوللىرىدا چاڭ ـ توزان باسسا، شۇنداق بولىدۇ. ھازىرقى ماي، تاش يوللاردا مېڭىپ چاڭ ـ توزان باسمىسىمۇ يەنىلا ھۆكۈم شۇنداق، مەقسەت ، چاڭ ـ توزاندا ئەمەس، ماڭغان يولنىڭ نىشانىدا، غايىسىدە، نەتىجىسىدە، ئاقىۋىتىدە، ساپ نىيەتتە بولىدۇ.

**5544** ( حسن ) ما أقفر من أدم بيت فيه خل ( طب حل ) عن أم هانئ ( الحكيم ) عن عائشة

5544. ئۇممە ھانىئى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىركا بار ئۆي، چايدىن بىھاجەتتۇر، چايغا موھتاج بولمايدۇ. تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيىم، ھەكىيم توپلىغان، ھەسەن، سىركا، ئۈزۈمنى قايىنتىپ ياسايدىغان ئىچىملىك، تەبىئىتى سوغۇق، ئەگەر مەست قىلىش دەرىجىسىگە بارسا ئۇ چاغدا ئۇ ھاراق بولۇپ، ھارام بولىدۇ، دىققەت قىلىڭلار.

**5545** ( صحيح ) ما أكفر رجل رجلا قط إلا باء بها أحدهما ( حب ) عن أبي سعيد

5545. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى كاپىر دېسە، كاپىر دەپ ھۆكۈم قىلسا، بۇ كۇفرىلىق بىلەن شۇ

ئىككى كىشىنىڭ بىرسى قايتىدۇ، يەنى ئۇ كىشى راستلا كاپىر بولسا ئۇ، ئۇ ئەگەر كاپىر بولمىسا سۆزنى دېگۈچى كاپىر بولۇپ قايتىدۇ. ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. بۇ خىل ھەدىسنىڭ مەنىسىنى بىز يۇقىرىدا چۈشەندۈردۇق.

ما أكل أحد طعاما قط خيرا من أن يأكل من عمل يده و إن نبي الله داود كان يأكل من عمل يده( حم خ ) عن المقدام

5546. مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھېچقانداق بىر كىشى ئۆز قولىنىڭ ئىش ئەمگىكىدىن يېگەنلىرىنىدىنمۇ ياخشىراق، ھالالراق تاماق يېيەلمەيدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز قولىنىڭ ئىش ئەمگىكىدىن يەيتتى، (ئۇ تۆمۈرچى ئىدى، بۇ ئايەتتە بار). ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

ما الدنيا في الآخرة إلا كما يمشي أحدكم إلى اليم فأدخل إصبعه فيه فما خرج منه فهوالدنيا( ك ) عن المستورد

5547. مۇستەۋرىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ دۇنيا ـ ئاخىرەتكە نىسبەتەن پەقەت بىرىڭلارنىڭ دېڭىزغا بېرىپ، بارمىقىنى دېڭىزغا سېلىپ، ئاندىن بارمىقى بىلەن بىللە چىققان سۇنىڭ نەملىكى دەل بۇ دۇنيادۇر، دېڭىز بولسا ئاخىرەتتۇر، (يەنى بۇ دۇنيا چەكلىك، يوق نەرسىدۇر، ئاخىرەت چەكسىز، مەڭگۈلۈك ئالەمدۇر). ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5548** ( صحيح ) ما العمل في أيام أفضل منه في عشر ذي الحجة و لا الجهاد في سبيل الله إلا رجل خرج يخاطر بنفسه و ماله فلم يرجع من ذلك بشيء ( خ د ت ) عن ابن عباس

5548. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق كۈندىكى ئەمەل، ئىبادەت، ھەج ئېيىنىڭ تۇنجى 10 كۈندىكى ئەمەل، ئىبادەتتىن ئەۋزەل ئەمەستۇر، ھەتتا ئاللاھ يولىدا قىلغان جىھادمۇ بۇ ئون كۈن ئىچىدىكى نەپلە ئىبادەتلەردىن ئەۋزەل ئەمەس، لېكىن، بىر كىشى ئاللاھ يولىدا جېنى بىلەن، مېلى بىلەن چىقىپ جەڭ قىلىپ، ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە قايتمىسا، يەنى مېلىنىمۇ تۈگەپ ئېتىمۇ ئۆلۈپ، ئۆزى شېھىد بولسا، بۇ كىشى مۇستەسنادۇر (بۇ كىشىدىن باشقىسى بۇ ئون كۈندىكى ئىبادەتتىن ئەۋزەل ئەمەل قىلالمايدۇ). بۇخارى 916 ـ ھەدىس، تىرمىزى 688 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2082 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1717 ـ ھەدىس، ئەھمەد 2972 ـ ھەدىس، سەھىھ.بۇ، دەل قۇربان ھېيتقا توققۇز كۈن قالغان ۋاقىتلاردۇر.

**5549** ( صحيح ) ما المسئول عنها – يعني الساعة – بأعلم من السائل و سأخبرك عن أشراطها إذا ولدت الأمة ربتها فذلك من أشراطها و إذا كانت العراة الحفاة رءوس الناس فذاك من أشراطها و إذا تطاول رعاء البهم في البنيان فذاك من أشراطها في خمس من الغيب لا يعلمهن إلا الله: ( إن الله عنده علم الساعة الآية ) ( ه ) عن أبي هريرة ( م د ن ) عن عمر ( ن ) عن أبي هريرة وأبي ذر معا

5549. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۆمەر، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت توغرىسىدا سوئال سورالغۇچى مەن، قىيامەت توغرىسىدا سوئال سورىغۇچى سەن جىبرىئىلدىن ئالىمراق ئەمەسمەن، مەن ساڭا قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى خەۋەر قىلىپ، دەپ بېرەي، دېدەك، چۆرە قىز ئۆز خوجايىنىنى تۇغقاندا، (يەنى دېدەكنىڭ بالىسى باش خوجايىن بولىدۇ)، ئەنە شۇ قىيامەت ئالامىتى، يالىڭاچ، يالاڭ ئاياغ كىشىلەر ئىنسانلارغا باش رەئىس بولىدۇ، بۇمۇ قىيامەتنىڭ ئالامىتى، چارۋا ـ مال باقىدىغان، قوي پادىچىلىرى بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى بىر ـ بىردىن ئېگىز سېلىش بىلەن بەسلىشىپ كېتىدۇ، مانا بۇ قىيامەتنىڭ ئالامىتىدۇر، بەش غەيب بولۇپ، ئاللاھدىن باشقا

ھېچ كىشى ئۇنى بىلەلمەيدۇ، بىرى «ھەقىقەتەن قىيامەتنىڭ قاچان يۈز بېرىشىدىكى ئىلىم، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر........ 31 ـ سۈرە لوقمان، 34 ـ ئايەتتە بەش غەيىب بار. مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىنىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كېلىپ، سوئال سورىغاندا دېگەندۇر .

**5550** ( صحيح ) ما أمرت بتشييد المساجد ( د ) عن ابن عباس

5550. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن مەسجىدلەرنى زىننەتلەپ، بىزەپ، ياساشقا بۇيرۇلمىدىم. ئەبۇ داۋۇد 378 ـ ھەدىس، سەھىھ. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجەنىڭ 732 ـ ھەدىسى ئىزاھلاپ بېرەلەيدۇ، خۇددى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، بۇ دېگەنلىك خۇددى يەھۇدىي، ناسارالار، چېركاۋلىرىنى ئالتۇن ـ كۈمۈشتە زىننەتلەپ ياسىغاندەك، گۈزەل ياساشنى كۆرسىتىدۇ، بىز مۇسۇلمانلار ئۇنىڭدىن چەكلەنگەن.

**5551** ( حسن ) ما أمرت كلما بلت أن أتوضأ و لو فعلت لكانت سنة ( حم د ه ) عن عائشة

5551. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ھەر قېتىم كىچىك تەرەت قىلغاندا، تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇلمىدىم، ئەگەر ئۇنداق قىلسام، بۇ ئىش سۈننەت بولۇپ قالىدۇ. ئەھمەت، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان.(نامازغا تاھارەت ئالاتتى)

**5552** ( صحيح ) ما أمرتكم به فخذوه و ما نهيتكم عنه فانتهوا ( ه ) عن أبي هريرة

5552. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى بۇيرۇغان نەرسىنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەل قىلىڭلار، مەن سىلەرنى توسقان نەرسىدىن دەرھال يېنىڭلار، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ، ئايەتمۇ مۇشۇ مەنىدە كەلگەن بولۇپ، ئەگەر سېنى ئاللاھ ۋە رەسۇلى بۇيرىسا، دەرھال ئەمەل قىل، توسسا يانغىن، ياخشىغا بۇيرۇپ، ياماندىن توسىدۇ، ئۇنى سەن تەتقىق قىلىپ، كېچىكتۈرمە.

**5553** ( صحيح ) ما أمسك عليك فكل ( ت ) عن عدي بن حاتم

5553. ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا سەن بىسمىللاھ دەپ قويۇپ بەرگەن ئوۋ ئىتىنىڭ ساڭا ساقلاپ، ئېلىپ كەلگەن نەرسىنى يېگىن، (ئەگەر ئۇ يەپ قويسا، يېمىگىن، چۈنكى ئۇ ئۆزىگە تۇتتى). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5554** ( صحيح ) ما أنا حملتكم و لكن الله حملكم و إني و الله إن شاء الله لا أحلف على يمين فأرى غيرها خيرا منها إلا كفرت عن يميني و أتيت الذي هو خير ( حم ق د ن ) عن أبي موسى

5554. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە جەڭگە مىنىش ئۈچۈن بەش تۆگە بېرىپ مۇنداق دېگەن: سىلەرنى مەن ئۇلاغقا مىندۈرۈۋالمىدىم، بەلكى، ئاللاھتائالا مىندۈرۈۋالدى، ئاللاھ ئۆزى سىلەرگە تۆگىلەرنى يەتكۈزدى، ھەقىقەتەن مەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئەگەر ئاللاھ خالىسا، بىرەر قەسەم قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىگە قەسەم قىلسام، ئاندىن ئۇنىڭدىن باشقا ئىشنى ياخشى دەپ قارىسام، قەسىمىمگە كاپارەت بېرىۋېتىپ، ئاشۇ ياخشى ئىشنى قىلىۋېرىمەن، (يەنى قىلماسلىققا قەسەم قىلغان ياخشى ئىشنى قەسەمگە كاپارەت بېرىۋېتىپ، قىلىۋېرىش، خۇددى ئەبۇ بەكرى

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، قەسىمگە كاپارەت بېرىۋېتىپ، مەستەھكە نەپىقە بەرگەندەك، يامان ئىشنى قىلىشقا قەسەم قىلسا، قەسەمگە كاپارەت بېرىۋېتىپ، ئۇ ئىشنى قىلماسلىق لازىم). ئەھمەد بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس 5079 ـ ھەدىستە ئۆتكەن، بۇخارى، سەھىھ.

**5555** ( صحيح ) ما أنا و الدنيا و ما أنا و الرقم ( حم ) عن ابن عمر

5555. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئىشىكىدە پەردە بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۆيگە كىرمەي قايتىپ كېتىدۇ، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ئىشقا ئازابلىنىپ، ئىبرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەۋەتىدۇ، دەل شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن نېمە ئىشىم، دۇنياپەرەسلىك بىلەن نېمە ئىشىم، ئۇ نەقىش رەسىم بار پەردە بىلەن نېمە ئىشىم؟ (مېنىڭ زىننەت بېرىلگەن ئۆيگە كىرىشىم لايىق ئەمەس) دېگەن ئىدى. ئەھمەد 4497 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3620 ـ ھەدىس، سەھىھ.

ما أنتم بأسمع لما أقول منهم غير أنهم لا يستطيعون أن يردوا علي شيئا ( حم ق ن ) عن أنس

5556. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇدۇققا تاشلانغان كاپىرلارنىڭ جەسىتىگە سۆز قىلغاندا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، سىلى بۇ ئۆلۈك جەسەتكە سۆز قىلىۋاتىلىغۇ؟ دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مەن دېگەن سۆزلەرنى سىلەر ئۇلاردىنمۇ بەكرەك ئاڭلىيالمايسىلەر،ئۇلار ئاڭلايدۇ لېكىن، ئۇلار ماڭا جاۋاب قايتۇرۇشقا قادىر بولالمايدۇ دېگەن ئىدى. ئەھمەد ، بۇخارى، بەيھەقى،مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان ، سەھىھ.

**5557** ( صحيح ) ما أنتم بجزء من مائة ألف جزء ممن يرد علي الحوض ( حم د ك ) عن زيد بن أرقم

5557. زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ھەۋزى كەۋسەرگە سۇ ئىچىشكە كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ 100000 پارسىدىن بىر پارچىمۇ ئەمەس، 100000دەن بىرسىمۇ ئەمەس، ئۇلار شۇنداق كۆپتۇر. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، ھاكىم توپلىغان ، سەھىھ.

**5558** ( صحيح ) ما أنزل الله داء إلا أنزل له الدواء ( ه ) عن ابن مسعود

5558. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا بىرەر كېسەلنى نازىل قىلىپ، چۈشۈرسە، ئۇنىڭ داۋاسىنىمۇ، شىپاسىنىمۇ چۈشۈرگەندۇر، (داۋالىنىڭلار)، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5559** ( صحيح ) ما أنزل الله داء إلا أنزل له شفاء ( ه ) عن أبي هريرة

5559. بۇ ھەدىسنىمۇ ئىبنى ماجە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان بولۇپ، سەھىھ، مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

**5560** ( صحيح ) ما أنزل الله في التوراة و لا في الإنجيل مثل أم القرآن و هي السبع المثاني و هي مقسومة بيني و بين عبدي و لعبدي ما سأل( ت ن ) عن أبي

5560. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا تەۋراتتىمۇ، ئىنجىلدىمۇ، سۈرە فاتىھەنىڭ ئوخشىشىنى نازىل قىلىپ باقمىدى، ئۇ قۇرئاننىڭ ئاساسى، تەكرار ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتتۇر، ئاللاھ مۇنداق دېگەن: سۈرە فاتىھە مەن بىلەن

بەندەم ئوتتۇرىدا تەقسىم قىلىنغان، بەندەمگە ئۇ سورىغان نەرسە بېرىلىدۇ. تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5561** ( صحيح ) ما أنزل الله من السماء من بركة إلا أصبح فريق من الناس بها كافرين ينزل الله الغيث فيقولون: بكوكب كذا و كذا ( م ) عن أبي هريرة

5561. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئاسماندىن بەرىكەت يامغۇر چۈشۈرسە، كىشىلەرنىڭ بىر پىرقىسى شۇنىڭ سەۋەبىدىن كاپىرغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، يامغۇرنى ئاللاھ چۈشۈرسە، ئۇلار پالانى، پوكۇنى يۇلتۇز سەۋەبىدىن چۈشتى دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ رەھمىتى، بەرىكىتى ئىدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5562** ( حسن ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **5025** ما أنعم الله على عبد نعمة فحمد الله عليها إلا كان ذلك الحمد أفضل من تلك النعمة ( و إن عظمت ) ( طب ) عن أبي أمامة

5562. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا، بىرەر بەندىسىگە نېئمەت ئاتا قىلسا، ئاندىن ئۇ بەندە شۇ نېئمەتكە ھەمدۇ ئېيتسا، شۈكرى قىلسا، ئەنە ئاشۇ ھەمدۇ، شۈكۈر، ئاشۇ نېئمەتتىن ئەۋزەلدۇر، (گەرچە ئۇ نېئمەت چوڭ، بۈيۈك بولۇپ كەتسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭدىن ئاشۇ ھەمدۇ ـ سانا ئەۋزەل تۇرىدۇ چۈنكى، ھەمدۇ، ئىبادەت. نېئمەت بولسا، دۇنياغا تەۋەدۇر. ). تەبرانى توپلىغان. ھەسەن.

ما أنعم الله تعالى على عبد نعمة فقال: الحمد لله إلا كان الذي أعطي أفضل مما أخذ ( ه ) عن أنس

5563. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان بولۇپ، سەھىھ، مەزمۇنى نېئمەتتىن ئۇنىڭغا ئېيتىلغان ھەمدە ئەۋزەلدۇر.

**5564** ( صحيح ) ما أنكر قلبك فدعه ( ابن عساكر ) عن عبدالرحمن بن معاوية بن خديج

5564. ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەلبىڭ ئىنكار قىلغان نەرسىنى تەرك ئەتكىن، يىراققا تاشلىۋەتكىن، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

**5565** ( صحيح ) ما أنهر الدم و ذكر اسم الله عليه فكلوه ليس السن و الظفر و سأحدثكم عن ذلك أما السن فعظم و أما الظفر فمدى الحبشة ( حم ق **4** ) عن رافع بن خديج

5565. رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھالال قىلىنغان ھايۋانغا ئاللاھنىڭ ئىسمى ئەسلىنىپ، بىسمىللاھ دېيىلىپ قان تۆكۈلسىلا ئۇنى يېگىن، لېكىن، قان تۆككەن نەرسە چىش بىلەن تىرناق بولماسلىقى كېرەك، مەن سىلەرگە بۇ ئىككىسى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەي، ئەمما چىش بولسا، سۆڭەكتۇر، تىرناق بولسا ھەبەشىي، ئەجەملەرنىڭ پىچىقىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلاردا قان تۆكسە، يېگىلى بولمايدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

ما أوتيكم من شيء و لا أمنعكموه إن أنا إلا خازن أضع حيث أمرت ( حم د ) عن أبي هريرة

5566. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە نەرسىلەرنى مەن بەرمەيمەن، مەن چەكلەپ توسۇپ قالمايمەن، مەن پەقەت

خەزىنىچى قەيەرگە بۇيرۇلسام شۇ جايغا قويىمەن، شۇ بۇيرۇلغان جايغا بېرىمەن، (ھەققى بەرگۈچى بۇيرىغۇچى بىر ئاللاھدۇر). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

5567 ( حسن ) ما أوذي أحد ما أوذيت ( عد ابن عساكر ) عن جابر

5567. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا مەن ئازار يەپ، ئەزىيەتكە ئۇچرىغاندەك ھېچبىر كىشى ئەزىيەتكە ئۇچراپ باقمىدى، (بىر كېچە ـ كۈندۈزدە 30 قېتىم ئازار يېگەن كۈنلەرمۇ باردۇر) ئىبنى ئەدى، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ھەسەن.

5568 ( حسن ) ما أوذي أحد ما أوذيت في الله ( حل ) عن أنس

5568. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ نۇئەيم، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان، ھەسەن، مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەممىدىن بەكرەك ئاللاھ يولىدا ئازار يېگەندۇر .

5569 ( حسن ) ما أهل مهل قط و لا كبر مكبر قط إلا بشر بالجنة ( طس ) عن أبي هريرة

5569. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئېھرام باغلىغۇچى، ئېھرام باغلاپ تەلبىي ئېيتىپ ماڭسا، ھەج سەپىرىدە تەكبىر ئېيتقۇچىلار، تەكبىر ئېيتىپ ماڭسا، ئۇلارغا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلىپ تۇرىدۇ. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن، بۇ ھەدىسنى قوبۇل بولغان ھەجنىڭ ساۋابى، جەننەتتۇر دېگەن ھەدىس قوللايدۇ.

ما بال أحدكم يقوم مستقبل ربه فيتنخع أمامه ؟ ! أيحب أن يستقبل فيتنخع في وجهه ؟ فإن تنخع أحدكم فليتنخع عن يساره أو تحت قدمه فإن لم يجد فليقل هكذا – يعني في ثوبه – ( حم م ه ) عن أبي هريرة

5570. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ ھالىغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇ نامازدا رەببىگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ، بەلغەم تۈكۈرىدىكەن، ئۇ ئۆزىگە ئالدىنى قىلىنىپ تۇرۇپ، يۈزىگە بەلغەم تۈكۈرۈلۈشنى ياخشى كۆرەرمۇ؟ ئەگەر بىرىڭلار نامازدا تۇرۇپ، بەلغەم تۈكۈرمەكچى بولسا، سول تەرىپىگە ياكى پۇتىنىڭ ئاستىغا تۈكۈرسۇن، ئەگەر ھېچقانداق ئىمكانىيەت تاپالمىسا مۇنداق قىلسۇن، يەنى كىيىمىنىڭ پېشىگە ئېيتسۇن. ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ما بال أقوام جاوز بهم القتل اليوم حتى قتلوا الذرية ؟ ألا إن خياركم أبناء المشركين ألا لا تقتلوا ذرية ألا لا تقتلوا ذرية كل نسمة تولد على الفطرة فما يزال عليها حتى يعرب عنها لسانها فأبواها يهودانها أو ينصرانها ( حم ن حب ك ) عن الأسود بن سريع

5571. ئەسۋەد، ئىبنى سەرىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر جەڭدە مۇنداق دېگەن: قەۋملەرنىڭ ھالىغا نېمە بولغاندۇ؟ بۈگۈن ئۇلاردا ئۆلتۈرۈش ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ، ھەتتا ئۇلار كىچىك بالىلارنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى، سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىڭلارمۇ بۇرۇن مۇشرىكلارنىڭ بالىلىرى ئىدى، ئاگاھ بولۇڭلاركى ، كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ھەرگىز ئۆلتۈرمەڭلار، ھەربىر جان ئىگىسى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغۇدەك تەبىئەت،ئىسلام ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، (ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى مۇسۇلمان قىلالايدۇ) ئۇ ئاشۇ تەبىئەت ئۈستىدە ئۇنى سۆزلەپ تىل چىققانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاتا ـ ئانىسى يەھۇدىي، ياكى ناسارا قىلىۋېتىدۇ، (چۈنكى، ئاتا ـ ئانىسى شۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ). ئەھمەد،نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**5572** ( صحيح ) ما بال أقوام قالوا كذا و كذا ؟ لكني أصلي و أنام و أصوم و أفطر و أتزوج النساء فمن رغب عن سنتي فليس مني ( حم ق ن ) عن أنس

5572. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىشىلەرنىڭ ھالىغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇلار مۇنداق ـ مۇنداق سۆزلەرنى قىلىشىپتۇ، (يەنى بىزمۇ ناسارالارغا، پوپلارغا ئوخشاش ئايال كىشىنى ئالمايمىز، كېچىسى ئۇخلىمايمىز، دائىم روزا تۇتىمىز) دەپتۇ، لېكىن، مەن نامازمۇ ئوقۇيمەن، ھەم كېچىسى ئۇخلايمەن، روزىمۇ تۇتىمەن، ھەم يەيمەن، ئاياللارنى ئېلىپ تويى قىلىمەن، كىم مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇ مەندىن ئەمەس. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسدىن توي قىلىش سۈننەت ئىكەن، سۈننەتتىن قەستەن يۈز ئۆرۈسە، باشقا يولغا كىرىۋالسا، ئۇ چاغدا ئۇ كۇفرىلىقنىڭ بىر تۈرى بولىدۇ، يۈز ئۆرۈۋالماي، سۈننەتنى، ئېتىقاد قىلىپ تۇرۇپ، سەۋەب بىلەن ئۆزرە بىلەن ئىلىم، ئىبادەت، جىھادنى كۆزلەپ قىلالمىسا، گۇناھ يوق، سۈننەتنى قىلسا ساۋاب بار، يۈز ئۆرىمەي مەسخىرە قىلماي، باشقىلارنىڭ يولىغا كىرىۋالماي، قىلالماسلىقتا گۇناھ يوق، مەندىن ئەمەس دېگىنى ، مېنىڭ يولۇمدا ئەمەس، سۈننىتىمدە، ئەخلاقىمدا ئەمەس دېگەن بولىدۇ، بۇنى بىز يۇقىرىدا كۆپ سۆزلەپ كەتتۇق، مەقسەت ، بارلىق سەھىھ ھەدىسلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ دېيىلىش سەۋەبىنى تەكشۈرۈپ، توغرا چۈشىنىش لازىم، ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى بولغاندەك، ھەدىسنىڭمۇ دېيىلىش سەۋەبى بار، مەخسۇس كىتابمۇ باردۇر.

ما بال أقوام يتنزهون عن الشيء أصنعه ؟ ! فوالله إني لأعلمهم بالله و أشدهم له خشية ( حم ق ) عن عائشة

5573. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە نېمە بولغاندۇ؟ ئۇلار تېخى مەن قىلغان ئىشلاردىن ئۆزىنى پاك ساناپ، مېنىڭ ئىشىمنى گۇناھ ھېسابلاپتۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ئەڭ ئالىمراقى، ئاللاھدىن مەن بەكرەك قورقىمەن. ئەھمەد ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. باشقا خاتىرىدە مەن ھەممىدىن ئالىمراق، ھەم تەقۋاراق، ئاللاھدىن مەن بەكرەك قورقىمەن دېگەن .

**5574** ( صحيح ) ما بال أقوام يرفعون أبصارهم إلى السماء في صلاتهم ؟ ! لينتهن عن ذلك أو لتخطفن أبصارهم ( حم خ د ن ه ) عن أنس

5574. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەۋملەرنىڭ ھالىغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇلار نامازلىرىدا كۆزلىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇلار ئۇ ئىشىدىن يانسۇن، ياكى يانمىسا كۆزلىرى قويۇلۇپ ، قارىغۇ بولۇپ كېتىدۇ. ئەھمەد ، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5575** ( صحيح ) ما بال الذين يرمون بأيديهم في الصلاة كأنها أذناب الخيل الشمس ؟ ألا يكفي أحدكم أن يضع يده على فخذه و يسلم عن يمينه و شماله ؟ ( حم د ن ) عن جابر بن سمرة

5575. جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازدا تۇرۇپ، سالام بەرگەندە قوللىرىنى خۇددى تېپىرلاپ جىم تۇرالمايدىغان ئاتنىڭ قۇيرۇقىدەك ئىشارەت قىلىپ كۆتۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ ھالىغا نېمە بولغاندۇ؟ بىرىڭلارنىڭ قولنى يوتىسى ئۈستىدە جىم قويۇپ تۇرۇپ، ئوڭ تەرىپىگە ۋە سول تەرىپىگە سالام قىلىشى كۇپايە بولمامدۇ؟ يەنى

شۇ كۇپايىدۇر. ئەھمەد 19893 ـ ھەدىس، نەسەئى 1301 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 847 ـ ھەدىس، باشقىلاردىمۇ بار، سەھىھ، بۇ ھەدىس 4019 ـ ھەدىستە ئۆتكەن، يەنە تېخى 5631 ـ ھەدىستىمۇ ئوخشاش كېلىدۇ، تەكرارنىڭ سەۋەبى، بۇ ئىككى ئىمامنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ تۈزگەن كىتابى شۇنداقلا، راۋى، كاتىپلار ياكى ھەدىسنىڭ باشتىكى ھەرپى ئوخشاش ئەمەس، دەرىجىسىمۇ ئوخشاش ئەمەستۇر ۋە باشقىلار...

( صحيح ) ما بال رجال يواصلون ؟ ! إنكم لستم مثلي أما و الله لو مد لي الشهر لواصلت وصالا يدع المتعمقون تعمقهم ( حم م ) عن أنس

5576. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزىنى زوھۇرلۇق يېمەستىن ئۇلاپ تۇتۇۋالغان كىشىلەرنىڭ ھالىغا نېمە بولغاندۇ؟ ھەقىقەتەن سىلەر ماڭا ئوخشىمايسىلەر، ئەمما، مەن ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ماڭا ئاي ئۇزارتىلسا، مەن يەنىلا زوھۇرلۇق يېمەستىن ئۇلاپ روزا تۇتالايمەن، (چۈنكى، رەببىم، ماڭا يېمەك ـ ئىچمەك بېرىدۇ) سىلەر ئەمدى بۇنداق قىلماڭلار، چوڭقۇر كوچىلايدىغان، ئۆزلىرىگە تەكلىپنى قاتتىق قويۇۋالىدىغان، دىننى چىڭىتىپ قاتتىق قىلىۋالىدىغانلار بۇ ئىشتىن دەرھال يېنىپ توختاتسۇن. ئەھمەد 12542 ـ ھەدىس، مۇسلىم 1848 ـ ھەدىس، تىرمىزى، دارىمىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

5577 ( صحيح ) ما بعث الله من نبي إلا أنذر أمته الدجال أنذره نوح و النبيون من بعده و إنه يخرج فيكم فما خفي عليكم من شأنه فليس يخفى عليكم أن ربكم ليس بأعور و إنه أعور العين اليمنى كأن عينه عنبة طافية ألا إن الله حرم عليكم دماءكم و أموالكم كحرمة يومكم هذا في بلدكم هذا في شهركم هذا ألا هل بلغت: اللهم اشهد ثلاثا ويحكم ! انظروا لا ترجعوا بعدي كفارا يضرب بعضكم رقاب بعض ( خ ) عن ابن عمر

5577. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئەۋەتكەن ھەرقانداق بىر پەيغەمبەر ئۈممىتىنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇردى، نوھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق پەيغەمبەرلەر دەججالدىن ئاگاھلاندۇردى، ھەقىقەتەن دەججال سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئىشىدىن ھېچ نەرسە سىلەرگە مەخپىي بولمايدۇ، دەججالمۇ سىلەرگە مەخپىي بولمايدۇ، ھەقىقەتەن رەببىڭلار بىر كۆزى كور ئەمەس، دەججالنىڭ بولسا ئوڭ كۆزى كوردۇر، ئۇنىڭ كۆزى خۇددى سوقا ئۈزۈمدەك ئۆرلەڭگۈ، كۆكتۇر، ئاگاھ بولۇڭلار ، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سىلەرگە ماللىرىڭلارنى، قانلىرىڭلارنى، جانلىرىڭلارنى بىر ـ بىرىڭلارغا ھارام قىلدى، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ قانلىرى، ماللىرى سىلەرگە خۇددى مۇشۇ شەھىرىڭلاردا مۇشۇ ئېيىڭلاردا مۇشۇ كۈننىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىش ھارام بولغاندەك ھارامدۇر، ئاگاھ بولۇڭلار ، مەن تولۇق يەتكۈزدىممۇ؟ ئۇلار ھە تولۇق يەتكۈزدىلە دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئى ئاللاھ گۇۋاھ بولغىن دەپ ئۈچ قېتىم دېدى، ئاندىن سىلەرگە ۋاي، سىلەر ئۆزۈڭلارغا قاراپ بېقىڭلار، قاراپىراق ئىش قىلارسىلەر، مەندىن كېيىن بەزىڭلار، بەزىڭلارنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇرۇش بىلەن كاپىرلىققا قايتىپ كەتمەڭلار. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

5578 ( صحيح ) ما بعث الله من نبي إلا قد أنذر أمته الدجال الأعور الكذاب ألا و إنه أعور و إن ربكم ليس بأعور مكتوب بين عينيه كافر يقرؤه كل مؤمن ( حم ق د ت ) عن أنس

5578. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئەۋەتكەن ھەر قانداق پەيغەمبەر ئۈممىتىنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇردى، بىر كۆزى كور كاززاپ دەججالدىن ئاگاھلاندۇردى، ئاگاھ بولۇڭلار ، دەججالنىڭ بىر كۆزى كوردۇر، ھەقىقەتەن

پەرۋەردىگارىڭلار بىر كۆزى كور ئەمەس، دەججالنىڭ ئىككى كۆزى ئارىسىغا، پېشانىسىغا (كافىر) دەپ يېزىقلىق بولۇپ، ئۇ خەتنى ھەر قانداق مۆئمىن ئوقۇيالايدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسدىن ئاللاھتائالانىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئوخشىشى يوق، ئىككى كۆزى باردۇر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بار دېدى، بىزمۇ بار دېدۇق، قەتئىي ئوخشىشى يوقتۇر، كۆزى بارلىقى مەلۇم، كەيپىياتى نامەلۇم، ئىمان، ئېتىقاد ۋاجىپ، كەيپىياتتىن سوئال سوراش بىدئەتتۇر.

ما بعث الله من نبي و لا استخلف من خليفة إلا كانت له بطانتان: بطانة تأمره بالمعروف و تحضه عليه و بطانة تأمره بالشر و تحضه فالمعصوم من عصمه الله ( حم خ ن ) عن أبي سعيد

5579. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئەۋەتكەن ھەر قانداق پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇ پەيغەمبەرنىڭ خەلىپىسىنىڭ ئىككى دانە خاس، يېقىن مەسلىھەتچى ۋەزىرى باردۇر، بىرسى ياخشى ياردەمچى بولۇپ، ئۇ خەلىپىنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ياخشىلىق قىلىشقا قىزىقتۇرىدۇ، يەنە بىرسى بولسا، يامانلىققا بۇيرۇپ، يامانلىق قىلىشقا تەرغىب قىلىدۇ، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ساق قالغان كىشى ئاللاھ ساقلاپ قالغان كىشىدۇر، ئاللاھ ساقلاپ قالمىسا، ھېچ كىشى ساق قالمايدۇ. ئەھمەد 10914 ـ ھەدىس، بۇخارى 6659 ـ ھەدىس، نەسەئى 4131 ـ ھەدىس، سەھىھ. پادىشاھ باش بولغان كىشى، تەقۋا، ياخشى ئالىمنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىشى لازىم، تەقۋا ئالىملارنى مەسلىھەتچى قىلىش لازىم.

ما بعث الله من نبي و لا كان بعده من خليفة إلا كان له بطانتان: بطانة تأمره بالمعروف و تنهاه عن المنكر و بطانة لا تألوه خبالا فمن وقي بطانة السوء فقد وقي ( ن ) عن أبي أيوب

5580. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئەۋەتكەن ھەرقانداق پەيغەمبەرنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن سايلانغان خەلىپىنىڭ ئىككىدىن يېقىن خاس ياردەمچى كىشىسى باردۇر، بىرسى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ياماندىن توسۇپ تۇرىدۇ، يەنە بىرسى، ئۇ خەلىپىگە پىتنە ـ پاساتلىقنى ئاز قىلمايدۇ، كۈچىنىڭ بىرىچە پاسات تېرىيدۇ، كىم يامان سىرداش، يامان، خاس ھاجىبدىن ساقلانسا، بارلىق يامانلىقدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

ما بعث الله نبيا إلا رعى الغنم و أنا كنت أرعاها لأهل مكة بالقراريط ( خ ه ) عن أبي هريرة

5581. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئەۋەتكەن ھەر قانداق پەيغەمبەر قوي باققان، مەنمۇ مەككە ئەھلى ئۈچۈن پارچە ـ پۇرات، ئۇششاق پۇللارغا قوي بېقىپ بەرگەن، (بىر قويىنى بىر دىرھەمنىڭ ئۇششاق پارچىسىغا باققان). بۇخارى 2102 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2140 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5582** ( حسن ) ما بلغ أن تؤدي زكاته فزكي فليس بكنز ( د ) عن أم سلمة

5582. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆلچىمى زاكات ئادا قىلىشقا يەتكەن مالنىڭ زاكىتى ئادا قىلىنسا، ئۇ ھەرگىز قۇرئاندا سۆزلەنگەن ئىگىسى قاتتىق ئازابلىنىدىغان، ئالتۇن ـ كۈمۈشدىن توپلانغان كاڭ ئەمەستۇر، زاكىتى ئادا

قىلىنمىسا كاڭ ھېسابلىنىدۇ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

**5583 ( حسن ) ما بين السرة و الركبة عورة ( ك ) عن عبدالله بن جعفر**

5583. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىندىك بىلەن تىزنىڭ ئارىلىقى ئەۋرەتتۇر، يەنى يوتىسىمۇ ئەۋرەتتۇر. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5584 ( صحيح ) ما بين المشرق و المغرب قبلة ( ت م ك ) عن أبي هريرة**

5584. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ؛ مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىلىقى قىبلىدۇر، (بۇ جەنۇب ياكى شىمالدىكى كىشىگە دېيىلگەن، شەرق ياكى غەربتىكى كىشىگە جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ ئارىلىقى قىبلىدۇر). تىرمىزى 313 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1001 ـ ھەدىس، ھاكىم، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**ما بين النفختين أربعون ثم ينزل الله من السماء ماء فينبتون كما ينبت البقل و ليس من الإنسان شيء إلا يبلى إلا عظم واحد و هو: عجب الذنب منه خلق و منه يركب يوم القيامة( ق ) عن أبي هريرة**

5585. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسراپىلنىڭ ئىككى قېتىم سۇرنى پۈۋدىشىنىڭ ئارىلىقى 40 يىلدۇر، ئىككىنچى قېتىم سۇرنى پۈۋدىگەندىن كېيىن، ئاللاھتائالا ئاسماندىن سۇ چۈشۈرىدۇ، ئاندىن كىشىلەر خۇددى كۆكتات، ئوت ـ چۆپ ئۈنگەندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئىنساننىڭ ھەممە يېرى، بارلىق جەسەت، ئەزالىرى سېسىپ، چىرىپ كېتىدۇ، پەقەت بىرلا سۆڭەك قىلىپ قالىدۇ، ئۇ بولسىمۇ توققۇز كۆزنىڭ ئاخىردىكى قۇيرۇق سۆڭەكدۇر، ئىنسان شۇ سۆڭەكدىن يارىتىلغان، قىيامەت كۈنىمۇ شۇ سۆڭەكدىن قۇراشتۇرۇلۇپ، تىرىلىپ قوپىدۇ. بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ.

**5586 ( صحيح ) ما بين بيتي و منبري روضة من رياض الجنة ( حم ق ن ) عن عبدالله بن زيد المازني ( ت ) عن علي وأبي هريرة**

5586. ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد، ئەلى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۆيۈم بىلەن مۇنبىرىمنىڭ ئارىلىقى جەننەت باغلىرىدىن بىر باغچىدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. مەنىسى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە ئىدى، مانا بۇ جەننەت باغلىرىدىن بىر باغچىدۇر، ياكى مۇشۇ جاي ئىبادەت، ئىلىم ئارقىلىق شۇ باغقا سەۋەب بولىدۇ ياكى جەننەتكە يۆتكىلىدۇ، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

**ما بين بيتي و منبري روضة من رياض الجنة و منبري على حوضي ( حم ق ت ) عن أبي هريرة**

5587. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ؛ مېنىڭ ئۆيۈم بىلەن مۇنبىرىمنىڭ ئارىلىقى جەننەت باغلىرىدىن بىر باغدۇر، مۇنبىرىم بولسا ، ھەۋزى كەۋسەرنىڭ ئۈستىدۇر، (بۇنىڭ مەنىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ). ئەھمەد ، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5588 ( صحيح ) ما بين خلق آدم إلى قيام الساعة أمر أكبر من الدجال ( حم م ) عن هشام بن عامر**

5588. ھىشام ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم يارالغاندىن باشلاپ، تا قىيامەت قايىم بولغىچە ، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن چوڭراق نەرسە يوقتۇر، ئۇ بەك چوڭ ئىشتۇر. ئەھمەد ، مۇسلىم توپلىغان ، سەھىھ.

**5589** ( صحيح ) ما بين لابتي المدينة حرام ( ق ت ) عن أبي هريرة

5589. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەدىنىنىڭ ئىككى ساي ئارىلىقى ئىككى چەت ئارىسى ھارامدۇر، (يەنى: ئۇۋلىرى ئۇۋلانمايدۇ، دەرەخلىرى كېسىلمەيدۇ ۋەھاكازا........). بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ما بين مصراعين من مصاريع الجنة مسيرة أربعين عاما و ليأتين عليه يوم و إنه لكظيظ( حم ) عن معاوية

5590. مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئىشىكلىرىدىن ھەربىر ئىشىكنىڭ ئىككى يان تەرەپىنىڭ ئارىلىقى، يەنى جەننەت ئىشىكىنىڭ كەڭلىكى 40 يىللىق مۇساپە كېلىدۇ، ئۇنىڭغا شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، ھەقىقەتەن ئۇ، شۇ كۈندىكى جەننەتكە كىرگەنلەرگە تار كېلىدۇ، ئاجىز كېلىپ قالىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

ما بين منكبي الكافر في النار مسيرة ثلاثة أيام للراكب المسرع ( ق ) عن أبي هريرة

5591. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دوۋزاخدىكى كاپىرنىڭ ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارىلىقى تېز چاپىدىغان ئاتلىق كىشىنىڭ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزلۈك مۇساپىسىدەك كەڭدۇر، (خۇددى بىر چىشى ئۇھۇد تېغىدەك چوڭ قىلىنغاندەك). بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. جەسەتلىرىنى ئەنە شۇنداق يوغانتىپ ئازابلىمىسا بولمايدىغان كاپىرلار بار، خۇددى زالىم پىرئەۋندەك.

**5592** ( صحيح ) ما بين ناحيتي حوضي كما بين صنعاء و المدينة أو كما بين المدينة و عمان ترى فيه أباريق الذهب و الفضة كعدد نجوم السماء أو أكثر ( حم م ه ) عن أنس

5592. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەۋسەر كۆلۈمىنىڭ كەڭلىكى خۇددى سەنئا بىلەن مەدىنىدەك ياكى مەدىنە بىلەن ئۇممانىنىڭ ئارىلىقىدەك كەڭدۇر، ئۇ جايدا ئاسماننىڭ يۇلتۇزلىرىدىن كۆپىرەك ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن بولغان قاچا، جام، ئېرىقلارنى كۆرىسەن . ئەھمەد ، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5593** ( صحيح ) ما تأمرني ؟ ! تأمرني أن آمره أن يدع يده في فيك تقضمها كما يقضم الفحل ؟ ! ادفع يدك حتى يعضها ثم انتزعها ( م ) عن عمران بن حصين

5593. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،  بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ قولىنى چىشلىۋالدۇ، ئۇ قولىنى تارتىۋالسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۆتتۈر چىشىدىن ئىككى تال چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا داۋا قىلىپ كېلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە: مېنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟ ئۇ قولىنى ئېغىزىڭدا تارتىۋالماي قويسا، سەن ئۇنى خۇددى ئەركەك تۆگە چىشلەپ ئۈزگەندەك چىشلەپ ئۈزۈۋەتسەڭ ھە! مېنى شۇنىڭغا بۇيرىسۇن دەمسەن؟ ھەي! قولۇڭنى بۇنىڭ ئاغزىغا سېلىپ بەرگىن، ئۇ چىشلەپ ئۈزۈۋەتسۇن، ئاندىن قولۇڭنى تارتىۋال، سەن شۇنداق قىلىپ باققىن قېنى؟ دەپ كايىدى. مۇسلىم 3171 ـ ھەدىس، بۇخارى 4065 ـ ھەدىس ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

ما تحاب اثنان في الله تعالى إلا كان أفضلهما أشدهما حبا لصاحبه ( خد حب ك ) عن أنس

5594. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى كىشى ئاللاھ رازىلىقىدا ئاللاھ ئۈچۈنلا بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشسە، دوستلاشسا، بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئەۋزەلرەكى، ھەمراھىنى ياخشى كۆرۈشتە كۈچلۈك بولغىنىدۇر، (چۈنكى، بۇ مۇھەببەت ۋاجىپ ئىبادەتتۇر). ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

ما تحت الكعبين من الإزار ففي النار ( ن ) عن أبي هريرة ( حم طب)عن سمرة( حم عن عائشة( طب) عن ابن عباس

5595. ئەبۇ ھۇرەيرە ، سۇمرەت، ئائىشە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى ئوشۇقنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەن ئىشتان يەنى ئىگىسى دوزاختا بولىدۇ. نەسەئى، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

5596 ( حسن ) ما ترفع إبل الحاج رجلا و لا تضع يدا إلا كتب الله تعالى له بها حسنة أو محا عنه سيئة أو رفعه بها درجة ( هب ) عن ابن عمر

5596. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھاجىنىڭ تۆگىسى بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ، بىر پۇتىنى يا قولىنى قويسا، ئاللاھتائالا شۇنىڭ باراۋىرىگە ھاجى ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يازىدۇ، ياكى ئۇنىڭدىن بىر يامانلىقنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، ياكى بىر دەرىجە كۆتۈرىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ھازىرقى قاتناش قوراللىرى يەنى پويىز، ئايروپىلان، مۇشۇنىڭغا قىياس قىلىنىدۇ.

5597 ( صحيح ) ما تركت بعدي فتنة أضر على الرجال من النساء ( حم ق ت ن ه ) عن أسامة

5597. ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن كەتكەندىن كېيىن، ئەرلەرگە ئاياللاردىنمۇ بەكرەك زەرەر يەتكۈزىدىغان نەرسىنى قالدۇرمىدىم، پىتنە جەھەتتىن ئاياللار ئەڭ زەرەرلىكتۇر، (دۇنيا بىلەن ئايالدىن ھەزەر قىل). ئەھمەد، بەيھەقى،مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

5598 ( صحيح ) ما تريدون من علي ؟ ما تريدون من علي ؟ ما تريدون من علي ؟ إن عليا مني و أنا منه و هو ولي كل مؤمن بعدي ( ت ك ) عن عمران بن حصين

5598. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئەلىيدىن نېمىنى ئىرادە قىلىسىلەر؟ دەپ ئۈچ قېتىم دېۋېتىپ، ھەقىقەتەن ئەلى مەندىن مەن ئەلىيدىن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەندىن كېيىن ھەربىر مۆئمىننىڭ ئىگىسىدۇر، دوستىدۇر. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

5599 ( حسن ) ما تستقل الشمس فيبقى شيء من خلق الله إلا سبح الله بحمده إلا ما كان من الشياطين و أغبياء بني آدم( ابن السني حل عن عمرو بن عبسة

5599. ئەمرۇ ئىبنى ئەسبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇياش نۇر تاشلىغان ھەر قانداق نەرسە، ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىدىن ھەربىر نەرسە ھايات قىلىپ قالسىلا، يوقالماي تۇرۇپ قالسىلا ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىش بىلەن بىرگە تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، پەقەت شەيتانلاردىن بولغان نەرسە، ئادەم باللىرىنىڭ غەبىي دۆت، نادانلىرى، غاپىللىرى تەسبىھ، ھەمدۇ، تەكبىر ئېيتمايدۇ، باشقىلار ئېيتىدۇ. ئىبنى سىنا، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

**ما تصدق أحد بصدقة من طيب و لا يقبل الله إلا الطيب إلا أخذها الرحمن بيمينه و إن كانت تمرة فتربو في كف الرحمن حتى تكون أعظم من الجبل كما يربي أحدكم فلوه أو فصيله ( ت ن ه ) عن أبي هريرة**

5600. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا پاك، ھالالدىن تېپىپ قىلغان سەدىقىنى قوبۇل قىلىدۇ، بىر كىشى ھالالدىن تاپقان نەرسىنى سەدىقە قىلسا، رەھمانتائالا ئۇنى ئۇڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئېلىپ ئاندىن ئۇ نەرسە بىر تال خورما چاغلىق بولسىمۇ خۇددى بىرىڭلار تايچىقىنى ياكى بوتىلىقىنى تەربىيىلەپ، چوڭ قىلغاندەك ئۇ نەرسە رەھمانتائالانىڭ ئالقىنىدا تەربىيىلىنىپ ، تاغدىنمۇ چوڭ بولۇپ كېتىدۇ، (بۇ، ئاللاھنىڭ پەزلىدۇر). تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**ما تقولون ؟ إن كان أمر دنياكم فشأنكم و إن كان أمر دينكم فإلي ( حم ) عن أبي قتادة**

5601. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورمىنى چاڭلاشتۇرۇش توغرىسىدا سۆز قىلغاندا، كىشىلەر بۇ ئىشنى قويۇپ قويۇپ، ھوسۇل ئاللماي سۆز قىلىشىدۇ، شۇ چاغدا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا سىلەر نېمە دەۋاتىسىلەر؟ ئەگەر دۇنيا ئىشلىرى بولسا، ئۇ ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى، ئۇنىڭغا سىلەرمۇ ئالىم، ئەگەر دىن ئىشلىرى بولسا، ئۇنى ماڭا تاپشۇرۇڭلار، ئۇنىڭغا مەن ئالىم، (مەن ئاللاھ تەرەپتىن سۆز قىلىپ قالسام، ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيمەن، پەقەت ۋەھيىنى سۆزلەيمەن، ئۇنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەل قىلىڭلار دېگەن). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**5602 ( صحيح ) ما تقولون في الشهيد فيكم ؟ قالوا: القتل في سبيل الله قال: إن شهداء أمتي إذن لقليل من قتل في سبيل الله فهو شهيد و من مات في سبيل الله فهو شهيد و المبطون شهيد و المطعون شهيد و الغرق شهيد ( ه ) عن أبي هريرة**

5602. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئاراڭلاردىكى شېھىد توغرۇلۇق نېمە دەيسىلەر؟ ئۇلار ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنداقتا ، ئۇممىتىمنىڭ شېھىدلىرى بەك ئاز بولۇپ قالىدۇ، كىم ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلسە، ئۇ شېھىد بولىدۇ، كىم ئاللاھ يولىدا ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلسىمۇ شېھىد بولىدۇ، قورساق ئاغرىقى بىلەن ئۆلسە شېھىد، ۋابادا ئۆلسە شېھىد، ئاللاھ يولىدا سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلسە شېھىد.....ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5603 ( صحيح ) ما تواد اثنان في الله فيفرق بينهما إلا بذنب يحدثه أحدهما ( خد ) عن أنس**

5603. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا ئىككى كىشى بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ ئاندىن ئايرىلىپ كەتسە، ئۇلار پەقەت شۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرسى سادىر قىلغان گۇناھ، مەئسىيەتنىڭ سەۋەبىدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ، (يەنى، ئۇلار ئاللاھ يولىدا دوستلاشقان بولغاچقا، بىرسى گۇناھ قىلسا، تەۋبە قىلمىسا، ئايرىلىپ كېتىدۇ، ياخشىلىقتا دوستلىشىپ، گۇناھ، مەئسىيەتتە ئايرىلىدۇ، ياكى بىرسى سادىر قىلغان گۇناھ سەۋەبىدىن ئايرىلىدۇ، چۈنكى، ئۇلار ئاللاھ يولىدا دوستلاشقان). بۇخارى ئەدەپ ناملىق كىتابىدا توپلىغان، سەھىھ.

**5604 ( حسن ) ما توطن رجل مسلم المساجد للصلاة و الذكر إلا تبشبش الله له من حين يخرج من بيته كما يتبشبش أهل الغائب بغائبهم إذا قدم عليهم ( ه ك ) عن أبي هريرة**

5604. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان كىشى ناماز، زىكرى ئۈچۈن مەسجىدلەرنى لازىم تۇتۇپ، مەخسۇس ئورۇن قىلىۋالسا، دائىم تۇرار جاي مەسجىدلا بولسا، ئاللاھتائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن خۇددى غائىپ ئەھلى يوقاپ كەتكەن كىشىسى ئۇلارغا پەيدا بولۇپ كەلگەندە خۇشال بولغاندەك ئۇ كىشى ئۆيدىن مەسجىدكە قاراپ چىققاندىن باشلاپ خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، رازى بولىدۇ. ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

ما توفى الله نبيا قط إلا دفن حيث يقبض روحه ( ابن سعد ) عن ابن أبي مليكة مرسلا

5605.ئىبنى ئەبۇ مۇلىيكەت رەھمەھۇللاھ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا بىر پەيغەمبەرنى ۋاپات تاپقۇزسىلا ئۇ پەيغەمبەر روھى، جېنى ئېلىنغان جايغىلا دەپنە قىلىنىدى.(رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ شۇنداق قىلىندى).ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.

ما جعل الله منية عبد بأرض إلا جعل له فيها حاجة ( طب الضياء ) عن أسامة بن زيد

5606. ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا بىرەر بەندىنىڭ ئۆلىشىنى، بىرەر زېمىندا قىلغان بولسا، شۇ بەندە ئۈچۈن ئاشۇ زېمىندا بىرەر ھاجەت قىلىپ قويىدۇ ـ دە، ئاندىن شۇ جايدا ۋاپات تاپقۇزىدۇ، (خۇددى داۋالىنىشقا بېرىپ، شۇ جايدا ئۆلگەندەك). تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. كىشى قەيەردە ئۆلىشىنى بىلمەيدۇ.

**5607** ( صحيح ) ما جلس قوم مجلسا لم يذكروا الله تعالى فيه و لم يصلوا على نبيهم إلا كان عليهم ترة فإن شاء عذبهم و إن شاء غفر لهم ( ت ه ) عن أبي هريرة وأبي سعيد

5607. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەۋم ، جامائەت بىرەر مەجلىسدە ئولتۇرۇپ، ئۇ مەجلىسدە ئاللاھنى ئەسلىمىسە، پەيغەمبىرىگە دۇرۇت، سالام يوللىمىسا، ئۇ مەجلىس ئۇلارغا ھەسرەت ـ نادامەت بولىدۇ، ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئۇلارنى ئازابلايدۇ، ئەگەر خالىسا مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5608** ( صحيح ) ما جلس قوم يذكرون الله إلا حفتهم الملائكة و غشيتهم الرحمة و نزلت عليهم السكينة و ذكرهم الله فيمن عنده ( حب ) عن أبي سعيد وأبي هريرة معا

5608. ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەۋم ، جامائەتلەر ئاللاھنى ئەسلەپ، زىكرى ئېيتىپ ئولتۇرسا، ئۇلارنى پەرىشتىلەر قورشىۋالىدۇ، ئۇلارنى رەھمەت قورشايدۇ، ئۇلارغا خاتىرجەملىك، تىنچلىق چۈشىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھتائالا ئۆز دەرگاھىدىكى كىشىلەرگە ماختاپ، داڭلاپ بېرىدۇ، ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

ما جلس قوم يذكرون الله تعالى إلا ناداهم مناد من السماء: قوموا مغفورا لكم ( حم الضياء ) عن أنس

5609. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر قەۋم ئاللاھنى ئەسلەپ، ئىسلام مەجلىسدە ئولتۇرسا، ئۇلارغا ئاسماندىن بىر نىدا

قىلغۇچى سىلەر ئەمدى مەغپىرەت قىلىنغان، كەچۈرۈمگە ئېرىشكەن ھالدا قوپۇڭلار! دەپ توۋلايدۇ، (چۈنكى، ئىلىم، زىكرى، گۇناھلارغا كاپارەتتۇر). ئەھمەد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**5610** ( صحيح ) ما جلس قوم يذكرون الله تعالى فيقومون حتى يقال لهم: قوموا قد غفر الله لكم ذنوبكم و بدلت سيئاتكم حسنات ( طب هب الضياء ) عن سهل بن حنظلة

5610. سەھلى ئىبنى ھەنزەلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر قەۋم ئاللاھنى ئەسلەپ، ئىلىم زىكرى بىلەن ئولتۇرۇپ، ئاندىن تارقاش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرسا، ئۇلارغا مۇنداق دېيىلىدۇ ، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، ۋەھالەنكى، ئاللاھتائالا سىلەر ئۈچۈن گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلدى، يامانلىقلىرىڭلار، ياخشىلىققا ئالماشتۇرۇلدى. تەبرانى، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**5611** ( صحيح ) ما حاك في صدرك فدعه ( طب ) عن أبي أمامة

5611. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەلبىڭ بىئارام بولۇپ سىقىلغان دىلىڭنى شەكلەندۈرگەن، سېنى ئىككىلەندۈرگەن ئىشنى تەرك ئەتكىن، يىراق تاشلىۋەتكىن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

ما حبست الشمس على بشر قط إلا على يوشع بن نون ليالي سار إلى بيت المقدس ( خط ) عن أبي هريرة

5612. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇياش مۇسادىن كېيىنكى پەيغەمبەر يۇشەئ ئىبنى نۇن ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھېچ بىر ئىنسانغا توختىتىلىپ بېرىلمىدى، پەقەت مۇشۇ پەيغەمبەرگە ئۇ بەيتۇلمۇقەددەسنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ماڭغاندا توختىتىپ بېرىلدى، (ئاندىن ئۇ جۈمە كۈنى كەچتە بەيتۇلمۇقەددەسنى ئىشغال قىلدى، ئەگەر كۈن كىرىپ كەتسە، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان شەنبە كۈنى كىرىپ قالاتتى). خەتىيب توپلىغان، سەھىھ.

**5613** ( صحيح ) ما حسدتكم اليهود على شيء ما حسدتكم على السلام و التأمين ( حم ه ) عن عائشة

5613. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەھۇدىيلار سىلەرگە سالام بىلەن ئامىن! دېيىشىڭلارغا ھەسەت قىلغانچىلىك، ھېچ نەرسىگە قاتتىق ھەسەت قىلمايدۇ، پەقەت مۇشۇ ئىككى ئىشىڭلارغا قاتتىق ھەسەت قىلىدۇ، (باشقىسىغىمۇ ھەسەت قىلىدۇ، لېكىن بۇ ئىككىسىگە قاتتىق قىلىدۇ). ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ما حق امرئ مسلم له شيء يريد أن يوصي فيه يبيت ليلتين إلا و وصيته مكتوبة عنده ( مالك حم ق 4 ) عن ابن عمر

5614. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ ۋەسىيەت قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىسى تۇرۇپ ۋەسىيەت قىلىشنى ئىرادە قىلغۇدەك نەرسە ئۆز ئىلكىدە تۇرۇپ ۋەسىيەت قىلماستىن، ئىككى كېچە يېتىشى ئىككى كېچە ئۆتكۈزۈشى ھەرگىز لايىق ئەمەس، پەقەت ۋەسىيىتى ئالدىدا پۈتۈكلۈك ھالەتتە ئۆتكۈزسە، بۇ مۇستەسنا، بۇنىڭغا مەيلى. مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

ما حق امرئ مسلم له شيء يوصي فيه يبيت ثلاث ليال إلا و وصيته عنده مكتوبة ( م ن ) عن ابن عمر

5615. بۇ ھەدىسنى مۇسلىم بىلەن نەسەئى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان بولۇپ،

سەھىھ، مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش، پەقەت پەرقى، ئۇچ كىچە ئۇخلىشى لايىق ئەمەس، لېكىن، ۋەسىيىتى ئالدىدا پۈتۈكلۈك ھالەتتە ئۇخلىسۇن دېيىلگەن، ھەدىستىن مەقسەت ، كىشى باللىرىغا، يېقىن تۇغقانلىرىغا مال - دۇنيادىن باشقا ئىلمىنى، ھېكمەتنى ، تەجرىبىسىنى، ئىمانىنى ساغلام، ئەقىدىنى ۋەسىيەت قىلسۇن.

**5616** ( صحيح ) ما خالط قلب امرئ مسلم رهج في سبيل الله إلا حرم الله عليه النار ( حم ) عن عائشة

5616. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان ئىنساننىڭ قەلبىگە يەنى ئىچىگە ئاللاھ يولىدا چاڭ - توزان كىرىپ كەتسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە دوۋزاخنى ھارام قىلىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، (بۇ ئۇرۇش مەيدانىدىكى چاڭ - توزاندۇر ) سەھىھ.

ما خرج رجل من بيته يطلب علما إلا سهل الله له طريقا إلى الجنة ( طس ) عن عائشة

5617. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر كىشى ئىلىم تەلەپ قىلىپ ئۆيىدىن چىقسا، ئاللاھتائالا ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتكە ئاپىرىدىغان يولنى ئاسان قىلىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، راستتىنلا ئاللاھ يولىدا دىنى ئىلىم ئالغانلار ئىشەنچلىكتۇر.

**5618** ( صحيح ) ما خلف الكعبين ففي النار ( طب ) عن ابن عمر

5618. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىشتاننىڭ ئىككى ئوشۇقدىن پەسكە ئۆتۈپ كەتكىنى دوۋزاختا بولىدۇ، يەنى ئىگىسى دوزاختا بولىدۇ، (ئاياللار بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5619** ( حسن ) ما خير عمار بين أمرين إلا اختار أرشدهما ( ت ك ) عن عائشة

5619. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەممارغا ئىككى ئىشنىڭ ئارىسىدا بىرىنى تاللاش ئىختىيارلىق بېرىلسە، ئۇ ئىككى ئىشنىڭ ئەڭ توغرىسىنى تاللايدۇ، يەنى ئېزىپ كەتمەيدۇ. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

ما ذئبان جائعان أرسلا في غنم بأفسد لها من حرص المرء على المال و الشرف لدينه( حم ت ) عن كعب بن مالك

5620. كەئىبنى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىنساننىڭ مال - دۇنيا بىلەن شەرەپكە، يۈز- ئابرۇيغا ھېرىسمەن بولۇشنىڭ دىنىنى، ئىمانىنى ۋەيران قىلىپ، ھالاك قىلىشى، قويلار ئارىسىغا ئەۋەتىلگەن ئاچ قالغان ئىككى بۆرىنىڭ، قويلارنى ھالاك قىلىشىدىنمۇ ئېغىرراقتۇر، (يەنى، ئاچ قالغان ئىككى بۆرىنىڭ قويلارنى ۋەيران قىلىپ، ھالاك قىلىشىدىنمۇ، مال - دۇنيا بىلەن يۈز - ئابرۇيغا ھېرىسمەن بولۇش ئىمانىنى، دىنىنى بەكرەك ھالاك قىلىۋېتىدۇ، مال - دۇنيا، يۈز - ئابرۇي ھېرىسمەنلىك ئىماننىڭ بۆرىسى) ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ما رأيت في الخير و الشر كاليوم قط إنه صورت لي الجنة و النار حتى رأيتهما وراء الحائط ( خ ) عن أنس

5621. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ياخشىلىق ۋە يامانلىق توغرىسىدا بۈگۈنكىدەك كۈننى ھەرگىز كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم، ھەقىقەتەن جەننەت بىلەن دوۋزاخ ماڭا سۈرەتلىنىپ كۆرسىتىلدى، ھەتتا مەن ئۇلارنى مۇشۇ تامنىڭ ئارقىسىدىلا كۆردۈم، يەنى بەكلا يېقىن كۆردۈم. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. بۇ توغرىسىدا كۆپ سەھىھ ھەدىس ئۆتتى.

**ما رأيت مثل النار نام هاربها و لا مثل الجنة نام طالبها ( ت ) عن أبي هريرة ( طس ) عن أنس**

5622. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن، دوۋزاخنىڭ ئوخشىشىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قاچقۇچىنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىنى ۋە جەننەتنىڭ ئوخشىشىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى تەلەپ قىلغۇچىنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىنى كۆرمىدىم، (يەنى دوۋزاخنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن قاچقۇچى، جەننەت تەلەپ قىلغۇچى كىشى ھەرگىز ئۇخلىمايتتى، لېكىن، ھازىر كىشىلەر ئۇخلاۋاتىدۇ، چۈنكى، ئىمان، ئېتىقاد يوقتۇر. دوۋزاخدىن قېچىپ، جەننەتنى دەپ ھەتتا ئاللاھنىڭ جامالىنى، مۇھەببىتىنى دەپ ئۇخلىمايدىغانلارمۇ كۆپتۇر). تىرمىزى، تەبرانى، ئەۋسەتتە توپلىغان، ھەسەن.

**5623 ( حسن ) ما رأيت منظرا قط إلا و القبر أفظع منه ( ت ه ك ) عن أبي هريرة**

5623. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن كۆرگەن ھەر قانداق قورقۇنچلۇق مەنزىرىدىنمۇ قەبرە بەكرەك قورقۇنچلۇق ئىكەن. تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن. چۈنكى، قەبرىدىكى ئازاب ، دوۋزاخ ئازابىنىڭ مۇقەددىمىسى، ئۇ ھاياتى بەرزەختۇر، قەبرىدىكى ئىشلار ئاسان بولسا، ئاخىرى ئاساندۇر، ئەي ئىنسان، قاتتىق تەييارلىق قىلغىن!

**ما رأيت من ناقصات عقل و لا دين أغلب لذي لب منكن أما نقصان العقل فشهادة امرأتين بشهادة رجل و أما نقصان الدين فإن إحداكن تفطر رمضان و تقيم أياما لا تصلي ( د ) عن ابن عمر**

5624. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەي ئاياللار! مەن سىلەردىنمۇ ئەقلى، دىنى كامىراق ۋە ئەقىللىق، چىچەن كىشىنى پىتنە ـ پاساتقا تاشلاشتا غالىب كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم، ئەمما ئەقلىنىڭ كاملىقىغا كەلسەك، ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىر ئەرگە تەڭدۇر، دىنىنىڭ كاملىقى بولسا، ھەقىقەتەن بىرىڭلار رامزان ئايلاردىمۇ ھەيز ـ نىپاس سەۋەبىدىن يەپ ـ ئىچىپ يۈرۈۋېرىسىڭلار، (بۇنىڭ قازاسىنى قىلساڭلارمۇ)، ھەيز ـ نىپاس كۈنلەردە ناماز ئوقۇيالمايسىلەر، مانا بۇ دىنىڭلارنىڭ كاملىقى، (ئەقىللىق كىشىلەرنىمۇ مال ـ دۇنيا بىلەن ئاياللارنىڭ پىتنىگە تاشلىشى ئېنىقتۇر، بۇلار شەيتاننىڭ ۋاستىسى) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. شەيخ زەندانى، ئىككى ئايالنىڭ بىر ئەر كىشىنىڭ گۇۋاھلىقىغا تەڭ بولۇشىنى مۆجىزىلىك قىلىم قىلىپ ئىشلىگەن، ئايال كىشى سۆز قىلىۋاتقاندا، مېڭىسىنىڭ مەلۇم قىسمى ئىشلىمەي تۇرىدىكەن، ئەرلەر بۇ جەھەتتە ئىلغار ئىكەن، بىر ئايەتتە ئەگەر ئۇ ئاياللارنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، يەنە بىرسى ئەسلىتىدۇ دەپ ئوچۇق دېيىلگەن، بۇ قۇرئان مۆجىزىسىدۇر، بۇ، ئاللاھنىڭ پەزلىدۇر، ئاياللارنى ھاقارەتلىگەنلىك ئەمەس، پەس كۆرگەنلىك ئەمەس، چۈنكى، ئاياللار پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شېھىد، ئەۋلىيالارنىڭ ئانىسىدۇر، بىز پەقەت ئاللاھ خالاپ شۇنداق قىلدى، ھېكمەتنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، ئېتىراز بىلدۈرۈشكە بولمايدۇ دېمەكچى ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، سورالمايدۇ، بىر مۆئمىن ئايال، مۆئمىن ئەمەس 1000 ئەردىن ياخشى. ئىسلام دىنىدا ئوقۇغان بىر مۆئمىن دوكتور ئايال ساۋاتسىز 1000 ئەردىن ياخشىدۇر، ئاياللار ئىچىدىمۇ مەريەم ئانىدەك ئالاھىدىلىرى بار، مەقسەت ، ئىمان، ئېتىقاد ساغلام، ئەقىدە ئىلىم ئىبادەتتۇر.

**5625 ( صحيح ) ما رأينا من فزع و إن وجدناه لبحرا ( د ) عن أنس**

5625. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىز ھېچ چۆچۈگىدەك ئىشنى كۆرمىدۇق، خاتىرجەم بولۇڭلار ، ھەقىقەتەن بۇ ئاتنى دېڭىزدەك تاپتۇق، يەنى ياخشى چاپىدىكەن، (بۇ ھەدىسنى بىر قېتىم دۈشمەن كەپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ئات سىلىپ، ئەھۋالنى ئېنىقلاپ، ئۇقۇپ كەلگەندىن كېيىن دېگەن ئىدى، بۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باتۇرلۇقى). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**5626 ( صحيح ) ما رزق عبد خيرا له و لا أوسع من الصبر ( ك ) عن أبي هريرة**

5626. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندىگە سەۋرىدىنمۇ ياخشىراق ھەم كەڭرەك رىزىق بېرىلمەيدۇ، سەۋر ئەڭ ياخشى ئەڭ كەڭرى رىزىقتۇر، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**ما زال بكم الذي رأيت من صنيعكم حتى خشيت أن يكتب عليكم و لو كتب عليكم ما قمتم به فصلوا أيها الناس في بيوتكم فإن أفضل صلاة المرء في بيته إلا الصلاة المكتوبة ( حم ق ن ) عن زيد بن ثابت**

5627. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە مەن كۆرگەن ئىشلار خېلى داۋاملىشىپ قالدى، ھەتتا، مەن ئۇ ئىشنىڭ يەنى، رامزان كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇشنىڭ پەرز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم، ئەگەر ئۇ سىلەرگە پەرز بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا قادىر بولالمايسىلەر، ئۇنى بەرپا قىلالمايسىلەر، ئى كىشىلەر! ئۆيلىرىڭلاردىمۇ ناماز ئوقۇڭلار، ھەقىقەتەن كىشىنىڭ نامىزىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى، ئۆيدە ئوقۇغان نامازدۇر، پەقەت پەرز ناماز ئۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**ما زال جبريل يوصيني بالجار حتى ظننت أنه سيورثه ( حم ق د ت ) عن ابن عمر ( حم ق 4 ) عن عائشة**

5628. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىبرىئىل ماڭا خوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى كۆپ قېتىم ۋەسىيەت قىلىۋەرگەچكە، مەن ئۇنى خوشنىلارنىمۇ ۋارىس قىلىپ قويامدىكىن دەپ گۇمان قىلىپ قالدىم. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**ما زالت أكلة خيبر تعاودني كل عام حتى كان هذا أوان قطع أبهري ( ابن السني أبو نعيم في الطب ) عن أبي هريرة**

5629. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خەيبەردە يېگەن زەھەرلىك قوي مېنى ھەر يىلى كېسەل قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، ھەتتا مانا بۇ مېنىڭ جان تومۇرۇمنىڭ ئۈزۈلۈش ۋاقتىدۇر . ئىبنى سىنا، ئەبۇ نۇئەيم، ئەبۇ داۋۇد 3912 ـ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**5630 ( صحيح ) ما سأل رجل مسلم الله الجنة ثلاثا إلا قالت الجنة: اللهم أدخله الجنة و لا استجار رجل مسلم الله من النار ثلاثا إلا قالت النار: اللهم أجره مني ( حم ه حب ك ) عن أنس**

5630. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان كىشى جەننەتنى ئاللاھدىن ئۈچ قېتىم سورىسا، جەننەت: ئى ئاللاھ! ئۇ بەندىڭنى

جەننەتكە كىرگۈزگىن دەيدۇ، مۇسۇلمان كىشى ئاللاھقا سىغىنىپ، دوزەختىن ئۈچ قېتىم پاناھ تىلىسە، دوزەخ: ئى ئاللاھ! ئۇ بەندىنى مەندىن ساقلاپ قۇتقۇزغىن دەيدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5631** ( صحيح ) ما شأنكم تشيرون بأيديكم كأنها أذناب خيل شمس ؟ ! إذا سلم أحدكم فليلتفت إلى أصحابه و لا يومئ بيده ( م ن ) عن جابر بن سمرة

5631. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ خۇددى تىپىرلاپ تۇرالمايدىغان ئاتنىڭ قۇيرۇقىدەك قوللىرىڭلار بىلەن ئىشارەت قىلىۋاتىسىلەرغۇ؟ بىرىڭلار نامازدىن پارىغ بولغاندا سالام قىلسا، قولى بىلەن ئىشارەت قىلماي، ھەمراھلىرىغا قارىسىلا بولىدۇ شۇ كۇپايە، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

ما شيء أثقل في ميزان المؤمن يوم القيامة من خلق حسن فإن الله تعالى يبغض الفاحش البذي ( ت ) عن أبي الدرداء

5632. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى مۆئمىننىڭ مىزاندا ياخشى، گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ ئېغىرراق كېلىدىغان نەرسە يوق، ھەققەتەن ئاللاھتائالا، ئاغزى بەزەپ، پاھىشە سۆزلىگۈچىنى يامان كۆرىدۇ، ئۈچ كۆرىدۇ ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5633** ( حسن ) ما ضل قوم بعد هدى كانوا عليه إلا أوتوا الجدل ( حم ت ه ك ) عن أبي أمامة

5633. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر قەۋم ، ھىدايەت تاپقاندىن كېيىن، زالالەتتە ئېزىپ كەتسە، ئۇلارغا جېدەل ـ ماجىرا ، ئىختىلاپ بېرىلىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**5634** ( حسن ) ما ظهر في قوم الربا و الزنا إلا أحلوا بأنفسهم عقاب الله ( حم ) عن ابن مسعود

5634. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر قەۋمنىڭ ئارىسىدا زىنا، جازانە، ئۆسۈم ئاشكارا بولۇپ كەتسە، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىنى ئۆزلىرىگە ھالاك قىلىپ چۈشۈرۈۋالىدۇ، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

**5635** ( صحيح ) ما على أحدكم إن وجد سعة أن يتخذ ثوبين ليوم الجمعة سوى ثوبي مهنته ( د ) عن يوسف بن عبدالله بن سلام ( ه ) عن عائشة

5635. يۈسۈف ئىبنى ئابدۇللاھ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىرىڭلار كەڭرىلىكنى تاپسا، باي بولۇپ قالسا، مېھنەت ئىش كىيىمىدىن باشقا مەخسۇس جۈمە كۈنى ئۈچۈن يەنە ئىككى كىيىم كىيسە، ئۇ كىشىگە ھېچ گۇناھ يوقتۇر، يەنى شۇنداق قىلىڭلار، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5636** ( حسن ) ما على الأرض أحد يقول لا إله إلا الله و الله أكبر و لا حول و لا قوة إلا بالله إلا كفرت عنه خطاياه و لو كانت مثل زبد البحر ( حم ت ) عن ابن عمرو

5636. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زېمىن يۈزىدىكى ھەر قانداق بىر كىشى: «لا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋەللاھۇ ئەكبەر ۋەلا ھەۋلە ۋەلا

قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى» دېسە، ئۇ كىشىنىڭ خاتالىقلىرى گەرچە دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ، ئۇ كىشىدىن ئۆچۈرۈلىدۇ، (چۈنكى، بۇ ئىسلام شوئار، جەننەتنىڭ كاڭلىرىدۇر) ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

**5637** ( حسن ) ما على الأرض مسلم يدعو الله بدعوة إلا آتاه الله إياها أو صرف عنه من السوء مثلها ما لم يدع بإثم أو قطيعة رحم ما لم يعجل يقول: قد دعوت و دعوت فلم يستجب لي ( ت ) عن عبادة بن الصامت

5637. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەر يۈزىدىكى ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان، ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، بىرەر نەرسە سورىسا، ئۇ كىشى ئاللاھدىن گۇناھ - مەئسىيەتنى سورىمىسىلا، سىلە - رەھىمنى ئۈزۈۋېتىشنى سورىمىسىلا، دۇئايىدا ئالدىراپ كەتمىسىلا، ياكى ھارامنى سورىمىسىلا ئاللاھ ئۇ كىشىگە سورىغان نەرسىنى بېرىدۇ، ياكى ئۇ كىشىدىن شۇ نەرسىنىڭ ئوخشىشىدا بىر يامان زىياننى كۆتۈرۈۋېتىپ باشقا ياققا چۆرۈۋېتىدۇ، (بۇمۇ شۇ نەرسىنى بېرىپ، ئىجابەت قىلغانلىقتۇر). لېكىن، ھېچ دۇئايىم ئىجابەت بولمايۋاتىدۇ دەيدۇ، مانا بۇ ئۇنىڭ ئالدىراپ كېتىشىدۇر، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

ما على الأرض من نفس تموت و لها عند الله خير تحب أن ترجع إليكم و لها الدنيا إلا القتيل في سبيل الله فإنه يحب أن يرجع فيقتل مرة أخرى لما يرى من ثواب الله له ( حم ن ) عن عبادة بن الصامت

5638. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شېھىددىن باشقا يەر يۈزىدىكى بارلىق ئۆلگەن كىشى بولۇپمۇ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ياخشىلىققا ئېرىشىپ بولغان كىشى، سىلەرگە قايتىپ كېلىشنى پۈتۈن دۇنيانىڭ بېرىلىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ، پەقەت شېھىدلار سىلەرگە قايتىشنى، پۈتۈن دۇنيانى ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلىۋېتىشنى ئاللاھنىڭ شېھىدقا بەرگەن ساۋاب، مەرتىبىسىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرگەنلىكتىن، يەنە بىر قېتىم ئۆلتۈرۈلۈشنى ياخشى كۆرۈپ، ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5639** ( صحيح ) ما على الأرض نفس منفوسة – يعني اليوم – يأتي عليها مائة سنة ( ت ) عن جابر

5639. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۈگۈنكى كۈندە، يەر يۈزىدە بار بولغان نەپەس ئېلىۋاتقان جان ئىگىسىگە 100 يىل كەلمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ، (بۇ ھەدىسنى ۋاپات تېپىشىدىن بىر ئاي بۇرۇن دېگەن بولۇپ، بۇ مۆجىزە راستىنلا 100 يىلدىن كېيىن ھىجرىيە110-يىلى ساھابە قالمىغان). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. مۇشۇ ھەدىسنىڭ ئوخشىشىدىكى يەنە بىر سەھىھ ھەدىسنىڭ دەلىلى بىلەن ئالىملار، خىزىرمۇ ئۆلۈپ كەتكەن دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، بۇنىڭغا ئايەتمۇ دەلىلدۇر.

ما على الأرض يمين أحلف عليها فأرى غيرها خيرا منها إلا أتيته ( ن ) عن أبي موسى

5640. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەر يۈزىدە قەسەم قىلىشقا تېگىشلىك نەرسە بولۇپ، مەن ئۇنىڭغا قەسەم قىلىپ قالسام، ئاندىن ئۇنىڭ غەيرىنى ياخشى دەپ قارىسام، قەسىمىگە كاپارەت بېرىۋېتىپ، مەن ئۇ ياخشى ئىشنى قىلىۋېرىمەن، (يەنى ياخشىلىق قىلماسلىققا قەسەم قىلسام ياكى يامان ئىشنى قىلىشقا قەسەم قىلسام، قەسىمىگە كاپارەت بېرىۋېتىپ، ياخشىلىقنى قىلىۋېرىمەن، يامانلىقنى ھەرگىز قىلمايمەن). نەسەئى

توپلىغان، سەھىھ.

ما علمته إذ كان جاهلا و لا أطعمته إذ كان ساغبا ( حم د ن ه ك ) عن عباد بن شرحبيل

5641. ئەبباد ئىبنى شۇرەھبىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىزگە قەھەتچىلىك يېتىپ، مەن قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن مەدىنىدىكى بىر باغقا كىرىپ، باغدىن دان باشاقچىلىرىنى ئېلىپ، ئۇلارنى يېدىم، ئازراق كىيىمىگىمۇ ئېلىۋالدىم، كىيىن باغنىڭ ئىگىسى كېلىپ قېلىپ، مېنى ئۇردى، كىيىمىنى تارتىۋالدى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كەلسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە مۇنداق دېدى: سەن ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن ئىلىمدىن ئۆگەتمىدىڭ، چۈنكى ئۇ نادان تۇرسا، سەن ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن تاماق بەرمىدىڭ، چۈنكى ئۇ ئاچ قورساق تۇرسا، ئاندىن كېيىن كىيىمىنى ماڭا قايتۇرۇپ، ئېلىپ بېرىپ، ماڭا 100 نەچچە كىلوگرام ئاشلىق بەردى. ئەبۇ داۋۇد 2252 ـ ھەدىس، ئەھمەد 16865 ـ ھەدىس، نەسەئى 5314 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5642** ( صحيح ) ما عليها لو انتفعت بإهابها إنما حرم الله أكلها ( ن ) عن ميمونة

5642. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۇ يەنى، مەيمۇنە بۇ ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەن قوينىڭ تېرىسىدىن پايدا ـ مەنپەئەت ئالغان بولسا، ئۇنىڭغا ھېچ ئىش بولمايتتى، گۇناھ بولمايتتى، ئۇلار: ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن مېيىت تۇرسا دېگەندە ، ھەقىقەتەن، ئاللاھتائالا مېيىتنى ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنى يېيىشنى ھارام قىلغان، (يەنى تېرىسىنى ئىشلىتىپ قالساڭلار بولۋېرىدۇ). نەسەئى 4161 ـ ھەدىس، مۇسلىم 545 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3592 ـ ھەدىس، سەھىھ.

ما عليكم أن لا تعزلوا فإن الله قدر ما هو خالق إلى يوم القيامة ( ن ) عن أبي سعيد وأبي هريرة

5643. ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ ئۆزلە يەنى مەنىي، ئىسپېرما سۈيىنى يەرگە تۆكمەسلىكڭلاردا سىلەرگە ھېچ ئىش يوق، چۈنكى، ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنىگىچە ياراتماقچى بولغان نەرسىنى ۋە كىشىلەرنى تەقدىر قىلىپ بولغان، (ئەگەر لا ھەرپىنى زىيادە قىلغاندا، ئۆزلە قىلىشىڭلاردا ھېچ ئىش يوق، گۇناھ يوق دېگەن بولىدۇ، مەقسەت سىلەر بۇ ئىشنى قىلمامسىلەر، ياكى قىلامسىلەر سىلەرگە ھېچ ئىش يوق، چۈنكى، ھەممىسى تەقدىردە پۈتۈلۈپ بولغان، ئاللاھ ياراتماقچى بولغان جاننى چوقۇم يارىتىدۇ، گەرچە سەن ئۇ سۈنى تاشقا تۆككەن بولساڭمۇ، ئاللاھ خالىسا، ئۇ بالىنى چىقىرىدۇ، ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدە) بۇ ھەدىس، نەسەئى 3275 ـ ھەدىس، بۇخارى 6113 ـ ھەدىس، مۇسلىم 2602 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1057 ـ ھەدىس، ۋە باشقا كىتابلاردا بار بولۇپ، سەھىھ. بىز بۇ توغرىسىدا يۇقىرىدا توختالغان، سىلەر بۇ ھەدىسلەرنىڭ شەرھىلىرىنى كۆرۈڭلار ياكى ئالىملارغا كۆرسىتىڭلار، بولۇپمۇ پەتھۇلبارىدا بۇ مەسىلە ئوچۇق سۆزلەنگەن، تۆت مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشىمۇ تەپسىلىي باردۇر. مەسىلە ئوخشاشمايدۇ، ئەھۋال ئوخشاشمايدۇ، ھۆكۈممۇ ئوخشاشمايدۇ، ئىسلام مەيدانىدا تۇرۇپ، مەسىلىنى چۈشىنىپ بولغاندىن كېيىن، دىنسىزلار دىيارىغا تەتبىقلاش باشقا مەسىلە مەلۇم سەۋەب ئۆزرە بىلەن ئۆزلەت دۇرۇس بولسىمۇ دۇرۇس بولمايدىغان جاي بار، ھارام بولىدىغان، مەكروھ بولىدىغان، مۇباھ، دۇرۇس بولىدىغان جاي بار،ئۇزلە مۇتلەق مەكروھدۇر .

**5644** ( صحيح ) ما عمل آدمي عملا أنجى له من عذاب الله من ذكر الله ( حم ) عن معاذ

5644. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم باللىرى ئالللاھنىڭ ئازابىدىن نىجاد تاپقۇزۇپ، قۇتۇلدۇرۇشتا، زىكرىدىن يەنى ئالللاھنى ئەسلەشتىن نىجادلىقراق، بىرەر ئەمەلنى قىلالمايدۇ. زىكرى، يەنى ئالللاھنى ئەسلەش، ئەڭ نىجادلىق ئەمەلدۇر، (قۇرئان تىلاۋىتى، ناماز، جىھاد، سەدىقە، روزا، ئىلىم ئېلىش، ئىلىم بېرىشلەر، ئەسەر يېزىشلار زىكرىدۇر، ئالللاھنى ئەسلەشتۇر). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

ما عمل ابن آدم شيئا أفضل من الصلاة و صلاح ذات البين و خلق حسن( تخ هب ) عن أبي هريرة

5645. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم باللىرى نامازدىن، كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئەپلەشتۈرۈپ، ياراشتۇرۇشدىن ھەتتا دۆلەتلەر ئارىسىنى ياراشتۇرۇشدىن، ياخشى، گۈزەل ئەخلاقدىن ئەۋزەلرەك بىرەر ئەمەلنى قىلالمايدۇ، (بۇ ئەمەللەر يۇقىرىدا دېگەن زىكرىدۇر). بەيھەقى، بۇخارى، تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

5646 ( صحيح ) ما فتح رجل باب عطية بصدقة أو صلة إلا زاده الله تعالى بها كثرة و ما فتح رجل باب مسألة يريد بها كثرة إلا زاده الله تعالى بها قلة( هب ) عن أبي هريرة

5646. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى سەدىقە ـ ئېھسانغا ، سىيلە ـ رەھىم قىلىشقا ئىشىك ئاچسا، ئالللاھتائالا ئۇنىڭغا شۇ ئىشنىڭ سەۋەبىدىن مال ـ دۇنياسىنى كۆپەيتىپ، زىيادە قىلىۋېتىدۇ، بىر كىشى مال ـ دۇنيانى كۆپەيتىشنى ئىرادە قىلىپ، سائىللىققا ئىشىك ئاچسا، ئالللاھ ئۇنىڭغا مال ـ دۇنياسىنىڭ ئاز قىلىشنى ئازلىقنى، ھەتتا يوقۇلۇشنى زىيادە قىلىۋېتىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

5647 ( صحيح ) ما في الجنة شجرة إلا و ساقها من ذهب ( ت ) عن أبي هريرة

5647. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتتە بار دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ پاچاق غولى، كۆتىكى ئالتۇندۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

5648 ( حسن ) ما قال عبد لا إله إلا الله قط مخلصا إلا فتحت له أبواب السماء حتى تفضي إلى العرش ما اجتنب الكبائر ( ت ) عن أبي هريرة

5648. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە چىن قەلبىدىن ئىخلاس قىلىپ «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېسە، گۇناھى كەبىرىلەرگە يېقىن كەلمەي، يىراق تۇرسىلا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاسمان ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، بۇ سۆزى ئەرشىگىچە يېتىپ بارىدۇ. (شەرتى گۇناھ قىلماسلىق). تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

5649 ( صحيح ) ما قبض الله تعالى نبيا إلا في الموضع الذي يجب أن يدفن فيه ( ت ) عن أبي بكر

5649. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالللاھتائالا ھەر قانداق پەيغەمبەرنى ۋاپات تاپقۇزسا، شۇ پەيغەمبەر دەپنە قىلىنىشنى ئۆزى ياخشى كۆرۈدىغان ئورۇندا ۋاپات تاپقۇزىدۇ، (يەنى ۋاپات تاپقان جايغا دەپنە قىلىنىدۇ، بۇنى ئالللاھمۇ شۇ پەيغەمبەرمۇ ياخشى كۆرىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشۇنداق قىلىندى.) تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

5650 ( صحيح ) ما قدر الله لنفس أن يخلقها إلا هي كائنة ( حم هب ) عن جابر

5650. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇزلەت

توغرىسىدا يەنى، مەنىي سۈيىنى تۆكۈۋېتىش، بالا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھامىلىدارلىقدىن ساقلىنىش توغرىسىدا مۇنداق دەپ قويغان ئىدى. ئاللاھتائالا يارىتىشنى تەقدىر قىلغان جان ئىگىسى چوقۇم يارىلىپ، ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، (يارىتىشنى تەقدىردە پۈتمىگەن بولسا، ئۇ سۈنى تۆكمىسىمۇ يارالمايدۇ) ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5651 ( صحيح ) ما قدر في الرحم سيكون ( حم طب ) عن أبي سعيد الزرقي**

5651. ئەبۇ سەئىد زورەقى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئانا رەھمىدە تەقدىر قىلىنغان نەرسە، پات يېقىندا چوقۇم بولىدۇ، ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

ئۇ بولسىمۇ بالا يارىلىش، ئەركەك ـ چىشى يارىلىش، سەت، گۈزەل يارىلىشى، باي ياكى نامرات يارىلىش، شەقى ياكى سائادەتمەن يارىلىشدۇر، ھەتتا، رىزىق، ئەجەل ھەممىسى پۈتۈلىدۇ، يۇقىرىدا ئانا رەھمىدە تۆت نەرسىنى پۈتۈۋېتىش توغرىسىدا سەھىھ ھەدىسلەر ئۆتتى، چۈنكى، ئاللاھتائالا ئالدىن بىلىپ پۈتىدۇ، بىلىپ جاۋاب بېرىدۇ، بۇنىڭ دەلىلى بارماق ئىزىدۇر، ئۇ ھازىرقىغا، بۇرۇنقىغا ۋە ئۆتمۈشكىمۇ زادى ئوخشىمايدۇ.

**( صحيح ) ما قطع من البهيمة و هي حية فهو ميتة ( حم د ت ك ) عن أبي واقد ( ه ك ) عن ابن عمر ( ك ) عن أبي سعيد ( طب ) عن تميم**

5652. ئەبۇ ۋاقىد، ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ سەئىد، تەممە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تىرىك ھايۋاندىن كېسىۋېلىنغان نەرسە، ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكتۇر، (يەنى ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنىڭ ھۆكمىدە ھارامدۇر، مەسىلەن: بىرەر قوي، كالىنىڭ گۆشى ياكى يېغىنى تىرىك قويۇپ كېسىۋالسا، ئۇ نەرسە ھارام بولىدۇ، چۈنكى، شەرتى، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، بىسمىللاھ دەپ بوغۇزلاشتۇر) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە، ھاكىم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5653 ( صحيح ) ما قل و كفى خير مما كثر و ألهى ( ع الضياء ) عن أبي سعيد**

5653. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھاجەتكە كۇپايە بولغان ئاز نەرسىمۇ، ئاخىرەتتىن ئالداپ مەشغۇل قىلغان كۆپ نەرسىدىن كۆپ ياخشىدۇر، ئەبۇ يەئلا زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ، باشقا بالا مال دۇنيادىن پېقىرلىق ياخشى.

**ما كان الرفق في شيء إلا زانه و لا نزع من شيء إلا شانه ( عبد بن حميد الضياء ) عن أنس**

5654. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىرەر نەرسىدە مېھرىبانلىق مۇلايىملىق بولىدىكەن، ئۇ نەرسىنى زىينەتلىك قىلىۋېتىدۇ، ھەر قانداق نەرسىدىن مېھرىبانلىق ، مۇلايىملىق تارتىۋېتىلسە ، ئېلىۋېلىنسا، بۇ ئۇ نەرسىنى قەبىھ سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**ما كان الفحش في شيء قط إلا شانه و لا كان الحياء في شيء قط إلا زانه( حم خد ت ه ) عن أنس**

5655. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق نەرسىدە پاھىشلىك، ئاغزى بەزەپلىك بولىدىكەن، بۇ ئۇ نەرسىنى قەبىھ سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ، ھەر قانداق نەرسىدە ھايا بولىدىكەن، بۇ ئۇ نەرسىنى زىينەتلىك، گۈزەل قىلىۋېتىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**5656** ( صحيح ) ما كان من حلف في الجاهلية فتمسكوا به و لا حلف في الإسلام( حم ) عن قيس بن عاصم

5656. قەيس ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جاھالىيەتتە قەسەم قىلىشىپ، دوستلاشقان بولساڭلار، ئۇ دوستلۇقنى چىڭ تۇتۇڭلار، بۇزۇۋەتمەڭلار، ئىسلام دىنىدا قەسەم قىلىشىپ، دوستلىشىپ ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداش بولىدىغان ئىشلار يوق، (چۈنكى، مۆئمىن، مۇسۇلمان قېرىنداشتۇر، ئىسلام قېرىنداشلىقى ئەۋزەلدۇر). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**5657** ( صحيح ) ما كان من ميراث قسم في الجاهلية فهو على قسمة الجاهلية و ما كان من ميراث أدركه الإسلام فهو على قسمة الإسلام ( ه ) عن ابن عمر

5657. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جاھالىيەتتە تەقسىم قىلىنىپ بولغان مىراس مېلى جاھالىيەت تەقسىماتى بويىچە بولىدۇ، ئۇ مال قايتا تەقسىم قىلىنمايدۇ، ئىسلام دىنى تاپقان مىراس مېلى، ئىسلام قانۇنى بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، مىراسنى ئىسلام بويىچە تەقسىم قىلىشقا، فەرائىز ئىلمىنى ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلەيلى.

ما كان منها في طريق الميتاء و القرية الجامعة فعرفها سنة فإن جاء طالبها فادفعها إليه و إن لم يأت فهي لك و ما كان في الخراب ففيها و في الركاز الخمس ( د ن ) عن ابن عمرو

5658. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەدىمى كونا يولدىن، چوڭ سەھرا چۆلدىكى يوللاردىن تېپىۋالغان نەرسىنى، چوڭ جامە شەھەردىن تېپىۋالغان نەرسىنى بىر يىل تونۇتقىن، ئەگەر ئىگىسى كېلىپ، تەلەپ قىلسا، دەلىل ـ ئىسپات كەلتۈرەلىسە، ئۇنى ئىگىسىگە بەرگىن، ئەگەر ئىگىسى كەلمىسە، ئىگە چىقمىسا، ئۇ سېنىڭ بولىدۇ، خارابىستانلىقدىن تېپىۋېلىنغان نەرسىدە، تېپىۋېلىنغان كاندا، بەشتىن بىرىنى بەيتۇلمالغا بېرىش ۋاجىپ بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، ھەسەن.

ما كرهت أن يراه الناس منك فلا تفعله بنفسك إذا خلوت ( حب ت ) عن أسامة بن شريك

5659. ئۇسامەت ئىبنى شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ سەندىن كۆرۈپ قېلىشىنى ياقتۇرمىغان ئىشىڭنى سەن خالىي، يالغۇز جايىغا چىققاندىمۇ ھەرگىز قىلمىغىن، (چۈنكى، كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئىش گۇناھتۇر). ئىبنى ھەببان، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

**5660** ( صحيح ) ما كسب الرجل كسبا أطيب من عمل يده و ما أنفق الرجل على نفسه و أهله و ولده و خادمه فهو صدقة ( ه ) عن المقدام

5660. مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى ئۆز قولىنىڭ ئەمەل ئەمگىكىدىنمۇ ھالال، پاكراق كەسىپنى قىلالمايدۇ، ئۆز قولىنىڭ ئەمگىكى ئەڭ ھالال، پاك كەسىپتۇر، كىشىنىڭ ئۆزىگە، ئەھلىگە، ئائىلىگە، باللىرىغا، قۇل، خادىملىرىغا قىلغان نەپىقىسى، سەدىقە قىلغانلىق بولىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5661** ( صحيح ) ما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **5130**( ما لأحد عندنا يد إلا و قد كافأناه ما خلا أبا بكر فإن له عندنا يدا يكافئه الله بها يوم القيامة و ) ما نفعني مال أحد قط ما نفعني مال أبي بكر و لو كنت متخذا خليلا لاتخذت أبا بكر خليلا ألا و إن صاحبكم خليل الله ( ت عن أبي هريرة )

5661. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىز ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى باشقا بىزگە ياخشىلىق قىلغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇپ، ياخشىلىقىقا جاۋاب قايتۇرۇپ بولدۇق، ھەقىقەتەن ئەبۇ بەكرى ئۈچۈن بىزنىڭ نەزىلىمىزدە ئاللاھىدە ياخشىلىقى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ياخشىلىقىغا قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئۆزى مۇكاپات بېرىپ، جاۋاب قايتۇرىدۇ، ماڭا ئەبۇ بەكرىنىڭ مال ـ مۈلكى پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزگەندەك، ھېچ بىر كىشىنىڭ مال ـ مۈلكى پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزەلمىدى، ئەگەر مەن يېقىن دوست تۇتماقچى بولسام، ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرىنى دوست تۇتاتتىم، (لېكىن ئىسلام قېرىنداشلىقى ئەۋزەلدۇر) ئاگاھ بولۇڭلاركى، ساھىبىڭلار يەنى مەن، ئاللاھنىڭ خەلىلى، يېقىن دوستى بولىمەن، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئىسلام دىنى ئۈچۈن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر ۋاقىت جان ـ مېلىنى تەقدىم قىلىپ تۇرغان، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىمۇ ئازاد قىلغان، بۇ ئىشلار بەك كۆپ.

**5662** ( حسن ) ( ما لصبيكم هذا يبكي ؟ هلا استرقيتم له من العين ) حم عن عائشة

5662. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ سەبىي، كىچىك بالاڭلارغا نېمە بولدى؟ ئۇ يىغلاۋاتىدىغۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۆز تېگىشتىن ئايەتى شىپا ئوقۇتمىدىڭلار. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن. بۇ ھەدىستىن كىچىك باللارغا كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ۋە كۆز تېگىشتىن داۋالاش ئۈچۈن شېرىك، بىدئەت بولمىغان ئايەتى شىپالارنى، ئاللاھ ۋە رەسۇلى رۇخسەت قىلغان ئايەتى شىپالارنى ئوقۇتسا بولىدۇ. سەھىھ ھەدىستىن ئېلىپ ئوقۇڭ.

**5663** صحيح ( ما لكم و المجالس الصعدات اجتنبوا مجالس الصعدات أما لا فأدوا حقها: غض البصر و رد السلام و إهداء السبيل و حسن الكلام ) ( حم م ن ) عن أبي طلحة

5663. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە نېمە بولدى؟ بىكار تەلەپلىك قىلىپ، مەقسەتسىزلا يوللارنىڭ دوقمۇشلىرىدا، كوچا ئېغىزلىرىدا ئولتۇرۇۋالىدىكەنسىلەر، يول بويىدا، كوچا ئېغىزلىرىدا ئولتۇرۇشتىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، ئەگەر ئۇنىمساڭلار، ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىڭلار، ئۇ بولسىمۇ نامەھرەمدىن كۆزنى يۇمۇش، سالام قايتۇرۇش، يولغا سېلىپ قويۇش، يول كۆرسىتىش، سۆزلەرنى ياخشى، گۈزەل قىلىشتۇر. (يەنى پايدىسىز لەغۋە سۆزلەرنى، قىيلە قال سۆزلەرنى قەتئىي قىلماسلىقتۇر). ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5664** ( صحيح ) ما لي أرى عليك حلية أهل النار – يعني خاتم الحديد –( 3 ) عن بريدة

5664. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا نېمە بولغاندۇ؟ مەن سېنىڭ ئۈستۈڭدە دوۋزاخ ئەھلىنىڭ زىنەتلىرىنى كۆرۈۋاتىمەنغۇ؟ يەنى، تۆمۈر ئۈزۈكنى دېمەكچى . نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن تۆمۈر ئۈزۈك سېلىش دۇرۇس ئەمەس.

ما لي أراكم رافعي أيديكم كأنها أذناب خيل شمس اسكنوا في الصلاة ( حم م د ن ) عن جابر بن سمرة

5665. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا نېمە بولدى؟ مەن سىلەرنىڭ خۇددى تېپىرلاپ، جىم تۇرالماس ئاتنىڭ

قۇيرۇقىدەك قوللىرىڭلارنى كۆتۈرگىنىڭلارنى كۆردۈم، نامازدا جىم، سۈكۈتتە تۇرۇڭلار!. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىس، نامازدىكى رۇكۇدىن بۇرۇن ۋە كېيىن ئىككى قولنى كۆتۈرۈش توغرىسىدا دېيىلمىگەن بولۇپ، بەلكى، بۇ ھەدىس، ساھابىلەر نامازدىن سالام بەرگەندە، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ، ئىشارەت قىلىشقاندا دېيىلگەن، بۇنىڭ ئوخشىشى يۇقىرىدا 4019ـ، 5631 ـ ھەدىسلەردە ئۆتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەدىس، نامازدا رۇكۇدىن بۇرۇن ۋە كېيىن ۋە ئۈچىنچى رەكەت نامازغا تۇرغاندا، قول كۆتۈرۈشكە قارشى دەلىل ـ ئىسپات بولالمايدۇ، شۇنداقلا قول كۆتۈرۈشكە قارشى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىمۇ دەلىل بولالمايدۇ، چۈنكى، بۇ ھەدىس، خەۋەر ۋاھىد، يەنى مۇتىۋاتىر ئەمەس، قەتئىي ئىشەنچىلىك دەرىجىسىگە يەتمىگەن، ئىككى قولنى كۆتۈرۈپ، رەپىئەت قىلىش توغرىسىدىكى ھەدىسلەر بولسا، مۇتىۋاتىر، قەتئىي ئىشەنچىلىك، بۇ ئىككى ھەدىس بىر ـ بىرىگە تەڭ باراۋەر بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە مۇتىۋاتىرغا ئەمەل قىلىنىدۇ، رەپىئەت قىلىش ھەدىسى، بەزىلەر دېگەندەك ، مەنسۇخ ئەمەس، ئەمەلدىن قالمىغان، كۈچكە ئىگە، چۈنكى، بارلىق سەھىھ ھەدىسلەر كىتابلىرىدا مەخسۇس باب توختىتىپ، باشتىن ـ ئاخىرى بارلىق سەلەف، سالىھ، ساھابە، تابىئىنلار ئەمەل قىلغان، بۇ ھەممە كىتابتا ھەممە يۇرتتا مەشھۇر، قەتئىي ئىشەنچىلىك بولۇپ كەتكەن، لېكىن، بۇ ئىش سۈننەت بولۇپ، سۈننەتنى دەپ ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، پەرز ۋاجىپلارغا دەخلى ـ تەرز يەتكۈزمەڭلار، شۇنداقتىمۇ تىنچ يول بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، سۈننەتنى چىڭ تۇتۇڭلار.

**5666** ( صحيح ) ما لي أراكم عزين ( حم م د ن ) عن جابر بن سمرة

5666. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ ھالقا ـ ھالقا بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ئولتۇرغىنىمىزنى كۆرۈپ، ماڭا نېمە بولدى؟ مەن سىلەرنى مۇتەپەررىق كۆردۈمغۇ؟ بىر جايغا يىغىلىپ ئولتۇرماپسىلەرغۇ؟ دېدى. مۇسلىم 651 ـ ھەدىسنىڭ بىر قىسمى ئەھمەد 19958 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن ئىلمى مەجلىسدە، بىر يەرگە توپلىشىپ، دانا، ئالىمنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاش چىقىشىدۇ.

**5667** ( صحيح ) ما لي رأيتكم أكثرتم التصفيق من نابه شيء في صلاته فليسبح فإنه إذا سبح التفت إليه و إنما التصفيق للنساء ( حم ق د ن ) عن سهل بن سعد

5667. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا نېمە بولغاندۇ؟ مەن سىلەرنىڭ چاۋاك چېلىپ، قوللىرىڭلاردىن ئاۋاز چىقارغىنىڭلارنى كۆردۈمغۇ؟ كىشى نامازدىكى چاغدا ئۇنىڭغا بىرەر ئىش يېتىپ قالسا، يەنى جاۋاب بېرىش زۆرۈر بولغان ئىش يەتسە، تەسبىھ ئېيتىپ، سۇبھانەللاھ! دېسۇن، ھەققەتەن ئۇ شۇنداق تەسبىھ ئېيتسا، ئۇنىڭغا قارىلىدۇ، ھاجىتى ئورۇندىلىدۇ، چاۋاك چېلىپ، قولدىن ئاۋاز چىقىرىش بولسا، ناماز ئىچىدە ئاياللارغا دۇرۇس بولىدۇ، (يەنى ئەرلەر تەسبىھ ئېيتىپ، مەقسىتىنى ئۇقتۇرىدۇ، ئاياللار قولىدىن ئاۋاز چىقارسۇن). ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5668** ( صحيح ) ما لي و للدنيا ! ما أنا في الدنيا إلا كراكب استظل تحت شجرة ثم راح و تركها ( حم ت ه ك الضياء ) عن ابن مسعود

5668. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: مېنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن نېمە ئىشىم؟ مەن پەقەت بۇ دۇنيادا بىر تۈپ دەرەخنىڭ سايىسىدا سايىداپ ئازراق ئارام ئېلىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى تاشلاپ، ئۆز يولىغا راۋان بولغان مۇساپىرغا ئوخشايمەن، (يەنى مەن ئاشۇ مۇساپىر شۇ، بۇ دۇنيا بولسا، شۇ دەرەخ سايىسىدۇر، مېنىڭ بۇ دۇنياغا بولغان مۇئامىلەم، ئاشۇ مۇساپىرنىڭ دەرەخ سايىسىغا قىلغان مۇئامىلىسىدۇر). ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**ما لي و للدنيا و ما للدنيا و ما لي ! و الذي نفسي بيده ما مثلي و مثل الدنيا إلا كراكب سار في يوم صائف فاستظل تحت شجرة ساعة من النهار ثم راح و تركها ( حم ك ) عن ابن عباس**

5669. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن نېمە ئىشىم، بۇ دۇنيانىڭ مەن بىلەن نېمە ئىشى؟ (يەنى مېنىڭ ئاساسى مەقسىتىم، بۇ دۇنيا ئەمەس، ئاخىرەتتۇر). جېنىم قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ ئوخشىشىم بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ئوخشىشى پەقەت بىر مۇساپىر، ئاتلىق كىشىنىڭ ياز، تومۇز، ئىسسىق كۈنلەردە سەپەر قىلىپ، يول ئۈستىدە بىر تۈپ دەرەخنىڭ سايىسىدا كۈندۈزدىن بىر سائەت سايىداپ، ئارام ئېلىپ، ئاندىن ئۇ سايىنى تاشلاپ ئۆز يولىغا راۋان بولغىنىغا ئوخشاشتۇر. ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ دۇنيا بىزگە نىسبەتەن يول ئۈستىدىكى ئۆتەڭ، ئارامگاھدۇر خالاس، مۇساپىر ئۆز يولىغا راۋان بولغاندەك، بىز ھامىنى بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالىمىز، ئۆلۈم بىردىنبىر ھەقىقەتتۇر، بۇ دۇنيا مۇسابىقە، ئىمتىھان مەيدانىدۇر، نۇرغۇن كىشىلەر نەتىجىسىنى كۆتۈپ، بىر چەتتە قەبرىلەردە تۇرىۋاتىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر مەيداندا مۇسابىقىلىشىۋاتىدۇ، ئىمتىھان بېرىۋاتىدۇ، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر مەيدانغا بىز چۈشىمىز، ئەمدى ۋاقتىڭلار توشتى، چىقىپ كېتىڭلار دەۋاتىدۇ، ئۇلاردىن كېيىنمۇ مۇسابىقىلىشىدىغان، ئىمتىھان بېرىدىغانلار باردۇر، ھامىنى بىر كۈن بۇ مۇسابىقىنىڭ ئىمتىھانىنىڭ نەتىجىسى چىقىدۇ، ئى مۇسۇلمانلار! غەپلەتتە قالماڭلار، قېرىلىقتىن بۇرۇن ياشلىقنى، كېسەللىكتىن بۇرۇن ساقلىقنى، پېقىرلىقتىن بۇرۇن بايلىقنى، ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن ھاياتلىقنى غەنىيمەت بىلىڭلار، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇڭلار، ۋاقىت غەنىيمەتتۇر، ئۆتۈپ كەتكەنگە پۇشايمان، تەۋبە قىلساڭلار، كەلگۈسى قولۇڭلاردا ئەمەس، ھازىرقى ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىڭلار!.

ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىت ئۈتۈپ كەتتى تەۋبە قىل،
كەلگۈسى سېنىڭ قولۇڭدا ئەمەس بۇنى بىل.
ھازىرقى پۇرسەتلەرنى غەنىيمەت بىل،
ئىلىم ئېلىپ، ئاللاھقا ئىبادەتلا قىل.

**5670 ( صحيح ) ما مات نبي إلا دفن حيث يقبض ( ه ) عن أبي بكر**

5670. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋاپات تاپقان ھەر قانداق پەيغەمبەر قەبرى روھ قىلىنغان، ۋاپات تاپقان ئورۇنغىلا دەپنە قىلىنىدى. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. رەسۇلۇللاھمۇ ۋاپات تاپقان ئورنىغا يەنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھۇجرىسىغا دەپنە قىلىنىدى.

**5671 ( صحيح ) ما مررت ليلة أسري بي بملأ من الملائكة إلا قالوا: يا محمد مر أمتك بالحجامة ( ه ) عن أنس ( ت ) عن ابن مسعود**

5671. ئەنەس، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنى سەير قىلدۇرۇلغان مىئراج كېچىسى، پەرىشتىلەر جامائىتىدىن ئۆتۈپلا قالسام، ئۇلار ماڭا: ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۈممىتىڭنى قان ئالدۇرۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇغىن دەپ تاپىلىدى. ئىبنى ماجە، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ما مررت ليلة أسري بي بملأ من الملائكة إلا كلهم يقول لي: عليك يا محمد بالحجامة ( ت ه ) عن ابن عباس

5672. بۇ ھەدىسنى تىرمىزى بىلەن ئىبنى ماجە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان بولۇپ، سەھىھ، مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش، قان ئالدۇرۇشنى لازىم تۇت.

5673 ( صحيح ) ما مسخ الله تعالى من شيء فكان له عقب و لا نسل ( طب ) عن أم سلمة

5673. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا لەنەت قىلىپ، ھالاك قىلىپ، سۈرىتىنى باشقا نەرسىگە، ھايۋانغا ئۆزگەرتىۋەتكەن نەرسە ئۈچۈن نەسەب يوق، ئارقىدىن كېلىدىغان بالا، ئەۋلاد يوقتۇر، (ئۇلار غەمدە، پۈتۈنلەي نەسلى قۇرۇپ، ھالاك بولدى، تۈگەشتى). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

5674 ( صحيح ) ما ملأ آدمي وعاء شرا من بطنه بحسب ابن آدم أكلات يقمن صلبه فإن كان لا محالة فثلث لطعامه و ثلث لشرابه و ثلث لنفسه ( حم ت ه ك ) عن المقدام بن معد يكرب

5674. مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسىنىڭ قورسىقىدىن باشقا يامانلىق تولدۇرىدىغان بوغچىسى يوقتۇر، ئۇنىڭ قورسىقى بىردىنبىر يامانلىق تولليدىغان تولۇندۇر، (ھەي قورساق، ھەي قورساق!!!)، قورساقدىنمۇ يامانراق يامانلىق توللايدىغان تولۇن يوقتۇر، ئادەم بالىسىغا سۈلبىنى، ئومۇرتقىسىنى تۈزلىگىدەكلا يېمەكلىك كۇپايىدۇر، (يەنى جان ساقلاش ئۈچۈنلا يېسە شۇ كۇپايە)، ئەگەر ئامال بولمىسا، زادى يەيمەن دېسە، قورساقنىڭ ئۈچتىن بىرى تائامغا، ئۈچتىن بىرى شاراپ، ئىچىملىككە، ئۈچتىن بىرى نەپەسلىنىشكە قىلىشى لازىم، (بۇ ھەدىسنىڭ مۆجىزىسىنى تور بېتىدىن كۆرۈڭ). ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

5675 ( حسن ) ما من آدمي إلا في رأسه حكمة بيد ملك فإذا تواضع قيل للملك ارفع حكمته و إذا تكبر قيل للملك: دع حكمته ( طب ) عن ابن عباس ( البزار ) عن أبي هريرة

5675. ئىبنى ئابباس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسىلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ بېشىدا يۈگەن باردۇر، بۇ يۈگەن پەرىشتىنىڭ قولىدىدۇر، ئادەم بالىسى ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ، كەمتەرلىك قىلسا، پەرىشتىگە ئۇنىڭ يۈگىنىنى يۇقىرىغا كۆتۈرگىن دېيىلىدۇ، ئەگەر كىبىر قىلسا، تەكەببۇرلۇق قىلسا، پەرىشتىگە ئۇنىڭ يۈگىنىنى قويىۋەتكىن دېيىلىدۇ، (يەنى كەمتەر كىشىنىڭ يۈگىنىنى پەرىشتە تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنى خاتالاشتۇرمايدۇ، يۇقىرىغا كۆتۈرۈش بولسا، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى، قەدرىنى كۆتۈرىدۇ، مۇتەكەببىر بولسا، يۈگەننى قويۇپ بېرىدۇ، ئاندىن ئۇ ئازىدۇ، مەرتىۋىسى تۆۋەنلەيدۇ). تەبرانى، بەزار توپلىغان، ھەسەن.

ما من أحد لا يؤدي زكاة ماله إلا مثل له يوم القيامة شجاعا أقرع حتى يطوق عنقه ( ه ) عن ابن مسعود

5676. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر كىشى مېلىنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلمايدىكەن، پېقىر ـ مىسكىنلەرگە بەرمەيدىكەن، ئۇ مال قىيامەت كۈنى تاز يىلاننىڭ سۈرىتىدە كېلىپ، ئۇ كىشىنىڭ بويىنىغا يۆگىشىۋېلىپ چاقىدۇ، (مانا مەن سېنىڭ مېلىڭ دەيدۇ). ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

ما من أحد يدان دينا يعلم الله منه أنه يريد قضاءه إلا أداه الله عنه في الدنيا ( حم ن حب ) عن ميمونة

5677. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر كىشى قەرز ئالسا، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ ئالغان قەرزىنى ئادا قىلىپ بېرىشنى ئىرادە قىلغانلىقىنى بىلسە، يەنى قەرزنى قايتۇرۇپ ئادا قىلىۋېتىش نىيىتى، سەممىي بولسا، ئاللاھتائالا ئۇنىڭدىن قەرزنى مۇشۇ دۇنيادىلا ئادا قىلىۋېتىدۇ، (بېرىۋېتىشنى، ئادا قىلىشنى نىيەت قىلماي، قەرزنى ئالغۇچى ئوغرى ھېسابلىنىدۇ). ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

5678 ( حسن ) ما من أحد يدعو بدعاء إلا آتاه الله ما سأل أو كف عنه من السوء مثله ما لم يدع بإثم أو قطيعة رحم ( حم ت ) عن جابر

5678. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر كىشى دۇئا قىلىپ، ئاللاھتىنلا سورىسا، گۇناھقا، ھارامغا ياكى سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈۋېتىشكە دۇئا قىلمىسىلا، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە سورىغان نەرسىنى بېرىدۇ ياكى ئۇ كىشىدىن شۇ نەرسىنىڭ ئوخشىشىدا، باراۋىرىدە، يامانلىقنى، زىياننى كۆتۈرۈۋېتىپ، توسۇپ قالىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

ما من أحد يسلم علي إلا رد الله علي روحي حتى أرد عليه السلام ( د ) عن أبي هريرة

5679. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر كىشى ماڭا سالام قىلسا، ئاللاھتائالا ماڭا روھىمنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، مەن ئۇ كىشىگە سالام قايتۇرۇۋالىمەن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان ( بۇ دۇئايى سالامنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ھەسەن.

5680 ( صحيح ) ما من أربعين من مؤمن يستغفرون لمؤمن إلا شفعهم الله فيه ( ه ) عن ابن عباس

5680. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: 40 دانە ھەققى مۆئمىن بىر مۆئمىن ئۈچۈن ئۇنىڭ جىنازا نامىزىدا مەغپىرەت سورىسا، ئاللاھتائالا ئۇلارنى شۇ مۆئمىن ھەققىدە شاپائەتچى قىلىدۇ، (شەرتى، ھەر ئىككىلىسى مۆئمىن بولۇشتۇر). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ما من الأنبياء من نبي إلا و قد أعطي من الآيات ما مثله آمن عليه البشر و إنما كان الذي أوتيته وحيا أوحاه الله إلي فأرجو أن أكون أكثرهم تابعا يوم القيامة (م حم ق ) عن أبي هريرة

5681. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر پەيغەمبەرگە كىشىلەر ئىشىنىپ، ئىمان كەلتۈرگۈدەك مىسلىسىز مۆجىزە ئالامەت بېرىلدى،ئۆزىدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرگە بېرىلگەنىدەك مۆجىزەـئالامەت بېرىلدى . ھەققەتەن ماڭا بېرىلگەن مۆجىزە ئالامەت بولسا، ئاللاھتائالا ماڭا ۋەھيي قىلغان ۋەھيي قۇرئاندۇر، مەن قىيامەت كۈنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلىرى ئەڭ كۆپ بولۇشۇمنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن، (چۈنكى، قۇرئان مەڭگۈ ساقلىنىپ تۇرىدىغان مۆجىزە، ئالامەتتۇر، راستىنلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ھەممىدىن كۆپتۇر). ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5682** ( حسن ) ما من القلوب قلب إلا و له سحابة كسحابة القمر بينما القمر يضيء إذ علته سحابة فأظلم إذ تجلت ( طس ) عن علي

5682. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەلبلەردىن ھەر قانداق بىر قەلب دىل بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئۇچۇن خۇددى ئاينىڭ بۇلۇتى، دېغى بولغاندەك بۇلۇت داغ باردۇر، ئاي تازا نۇر چېچىپ، روشەن بولغان چاغدا تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇلۇت كېلىۋالىدۇ ـ دە، قاراڭغۇ زۇلمەتتە قالىدۇ، نۇر يوقايدۇ، (ئەنە شۇنىڭدەك دىلنى، قەلبنى شەيتان ۋەسۋەسىسى، گۇناھ، مەئسىيەت، شەھۋەت، نەپسىلەر ھەقدىن توسۇپ قويىدۇ، قارا، قاسماق قىلىۋېتىدۇ، قەلب نۇردىن مەھرۇم قالىدۇ). تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، ھەسەن.

**5683** ( صحيح ) ما من الناس من مسلم يتوفى له ثلاثة لم يبلغوا الحنث إلا أدخله الله الجنة بفضل رحمته إياهم ( خ ن ) عن أنس ( خ ) عن أبي هريرة وأبي سعيد

5683. ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەردىن ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى شۇ بالىلارغا بولغان رەھمەت پەزلىنىڭ سەۋەبىدىن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. باشقا خاتىرىدە بىرسى، ئىككىسى ئۆلۈپ كەتسىمۇ جەننەتكە كىرگۈزۈش دېيىلگەن، شەرتى مۇسۇلمان بولۇش.

**5684** ( حسن ) ما من الناس من نفس مسلمة يقبضها ربها تحب أن ترجع إليكم و أن لها الدنيا و ما فيها غير الشهداء و لأن أقتل في سبيل الله أحب إلي من أن يكون لي أهل الوبر و المدر ( حم ن ) عن محمد بن أبي عميرة وما له غيره

5684. مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ ئۆمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەردىن پەرۋەردىگارى جېنىنى ئالغان ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان كىشى، سىلەرگە قايتىپ كېلىشنى دۇنيا ۋە دۇنيانىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىنىڭ ئۆزىگە بېرىلىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ، پەقەت، ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن شېھىدلار شېھىدلىقنىڭ پەزىلىتىنى بىلگەچكە، بۇ دۇنياغا قايتىپ كېلىشنى، پۈتۈن دۇنيانى ئاللاھ يولىدا بېرىۋېتىشنى، ئاندىن يەنە بىر قېتىم شېھىد بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ ، ئەلۋەتتە، مېنىڭ ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشىم، ماڭا، مەن ئۈچۈن بارلىق يۇڭ كىگىز ئۆي ئەھلى، چالما ئۆي ئەھلىنىڭ بېرىلىشىدىن يەنى پۈتۈن دۇنيانىڭ بېرىلىشىدىن سۆيۈملۈكتۇر. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5685** ( صحيح ) ما من إمام أو وال يغلق بابه دون ذوي الحاجة و الخلة و المسكنة إلا أغلق الله أبواب السماء دون خلته و حاجته و مسكنته ( حم ت ) عن عمرو بن مرة

5685. ئەمرۇ ئىبنى مۇررەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر ئىمام، خەلىپە ياكى ۋالىي، ھاجەت ئىگىلىرىنى دوستلىرىنى مىسكىنلەرنى كىرگۈزمەي، ئىشىكنى تاقىۋالسا، ئاللاھتائالا ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ دوستلۇقىدىن، ھاجىتىدىن مىسكىنلىكىدىن ئاسماننىڭ ئىشىكلىرىنى تاقىۋالىدۇ، ئۇنىڭ ھاجىتىدىن چىقمايدۇ، دوستلۇقنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5686** ( صحيح ) ما من امرئ مسلم تحضره صلاة مكتوبة فيحسن وضوءها و خشوعها و ركوعها إلا كانت كفارة لما قبلها من الذنوب ما لم تؤت كبيرة و ذلك الدهر كله( م ) عن عثمان

5686. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان كىشىگە پەرىز ناماز ھازىر بولۇپ قالسا، ئاندىن ئۇ تاھارەتنى كامىل، ياخشى ئالسا، نامازنىڭ رۇكۇ، سەجدىلىرىنى خوشۇئىنى ئاللاھدىن قورقۇپ، ئەيمىنىپ ئوقۇشنى ياخشى قىلسا، بۇ ناماز ئۇ كىشىنىڭ بۇرۇن قىلغان بارلىق گۇناھلىرىغا كاپارەت بولىدۇ، گۇناھى كەبىرىگە كەلمىگەنلا بولسا، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ، بۇ پەزىلى رەھمەت پۈتۈن زاماندا باردۇر، يەنى مەڭگۈ شۇنداق بولۇپ تۇرىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5687 ( صحيح ) ما من امرئ مسلم يعود مسلما إلا ابتعث الله سبعين ألف ملك يصلون عليه في أي ساعات النهار كان حتى يمسي و أي ساعات الليل كان حتى يصبح ( حب ) عن علي**

5687. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلماننى كېسەلدىن يوقلىسا، ئاللاھتائالا 70000 پەرىشتە ئەۋەتىدۇ، بۇ پەرىشتىلەر ئۇ كىشىگە ئەگەر يوقلىغان ۋاقتى كۈندۈز سائەتلىرىدىن قايسى ۋاقىت بولسا، كەچ كىرگىچە، كېچە سائەتلىرىدىن قايسى ۋاقىت بولسا تاڭ ئاتقىچە رەھمەت يوللاپ، مەغپىرەت سوراپ تۇرىدۇ. ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرىدا كېسەل يوقلاشنىڭ پەزىلىتى ۋە ھەققى توغرىسىدا كۆپ سەھىھ ھەدىس ئۆتتى.

**ما من امرئ مسلم ينقي لفرسه شعيرا ثم يعلقه عليه إلا كتب الله له بكل حبة حسنة ( حم هب ) عن تميم**

5688. تەمىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان جەڭ ئېتىغا ئارپا ئاقلاپ، ئاندىن ئۇنى ئېتىنىڭ يېيىشى ئۈچۈن ئاتقا ئېسىپ بەرسە، ئاللاھتائالا بۇ كىشى ئۈچۈن ھەربىر دانىنىڭ باراۋىرىگە ياخشىلىق يازىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ھازىرقى جەڭ قوراللىرى، قاتناش قوراللىرى شۇنىڭغا قىياس قىلىنىدۇ، ھەتتا ئەۋزەلدۇر.

**5689 ( صحيح ) ما من امرئ يتوضأ فيحسن وضوءه ثم يصلي الصلاة إلا غفر له ما بينه و بين الصلاة الأخرى حتى يصليها ( ن حب ) عن عثمان**

5689. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر ئىنسان تاھارەتنى كامىل، ياخشى ئېلىپ، ناماز ئوقۇسا ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇ نامىزى بىلەن يەنە بىر نامىزىنىڭ ئارىلىقىدىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ھەتتا ئۇ كېيىنكى نامازنىمۇ ئوقۇسا بۇرۇن ئوقۇپ بولغان نامىزى بىلەن مۇشۇ كېيىنكى نامازنى ئوقۇغانغا قەدەر شۇ ئارىلىقتىكى گۇناھلىرى كەچۈرۈلىدۇ. نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**ما من امرئ يخذل امرءا مسلما في موطن ينتقص فيه من عرضه و ينتهك فيه من حرمته إلا خذله الله تعالى في موطن يحب فيه نصرته و ما من أحد ينصر مسلما في موطن ينتقص فيه من عرضه و ينتهك فيه من حرمته إلا نصره الله في موطن يحب فيه نصرته ( حم د الضياء ) عن جابر وأبي طلحة بن سهل**

5690. جابىر، ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر ئىنسان، مۇسۇلمان ئىنساننى ئۇنىڭ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنىدىغان، يۈز ئابروي، ئىناۋىتى تۆكۈلىدىغان ئورۇندا خارلىسا، ئاللاھتائالا ئۇ ئىنساننى ئۇ ياردەم، نۇسرەتكە ئېرىشىشنى ياخشى كۆرۈپ بەكمۇ ئارزۇ قىلىدىغان ئورۇندا قاتتىق خارلايدۇ، ھەر قانداق بىر كىشى

مۇسۇلمان كىشىگە ئۇ مۇسۇلماننىڭ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنىدىغان، يۈز ئابرۇيى، ئىناۋىتى تۆكۈلىدىغان ئورۇندا ياردەم بەرسە، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە ئۇ نۇسرەت، ياردەمگە ئېھتىياجى ياخشى كۆرۈدىغان جايدا ياردەم بېرىدۇ، (خۇلاسە، مۇسۇلماننى خارلىغاننى خارلايدۇ، ياردەم بەرگەنگە ياردەم بېرىدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) ما من امرئ يكون له صلاة بالليل فيغلبه عليها النوم إلا كتب الله تعالى له أجر صلاته و كان نومه عليه صدقة (د ن ) عن عائشة

5691. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ كېچىدە ناماز ئوقۇش ئادىتى، ۋەزىپىسى بولۇپ، ئاندىن ئۇ كىشىگە ئۇيقۇ غالىب كېلىپ، ئۇخلاپ قالسا، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغاننىڭ ساۋابىنى تولۇق يازىدۇ، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى بولسا، ئۇنىڭغا سەدىقىدۇر. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. كېچىدىكى ناماز ۋە دۇئا ئەڭ ئەۋزەلدۇر.

5692 ( صحيح ) ما من امرأة تخلع ثيابها في غير بيتها إلا هتكت ما بينها و بين الله ( د ت ) عن عائشة

5692. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر ئايال كىيىمىنى ئۆز ئۆيىدىن باشقا بىر ئۆيدە سالسا، ئۆزى بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدىكى پەردىنى يىرتىپ تاشلايدۇ، (يەنى، ئاللاھ ئۇ ئايالنى ئىككى ئالەمدە رەسۋا قىلىدۇ). ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ما من أمة إلا و بعضها في النار و بعضها في الجنة إلا أمتي فإنها كلها في الجنة ( خط ) عن ابن عمر

5693. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق ئۇممەت بولىدىكەن، ئۇنىڭ بىر قىسمى دوۋزاختا، يەنە بىر قىسمى جەننەتتە بولىدۇ، لېكىن، مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ ھەممىسى (يەنى مۇسۇلمانلىرى)جەننەتتە بولىدۇ، (ھەققى ئۇممەت بولالىسا) خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، سەھىھ.

ما من أمير إلا و له بطانتان من أهله بطانة تأمره بالمعروف و تنهاه عن المنكر و بطانة لا تألوه خبالا فمن وقي شرها فقد وقي و هو من التي تغلب عليه منهما ( ن ) عن أبي هريرة

5694. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر ئەمىر، باشلىق بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئۆز ئەھلىدىن ئىككى دانە خاس ياردەمچىسى بولىدۇ، بىرسى ئۇنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقدىن توسىدۇ، يەنە بىرسى بولسا، پىتنە ـ پاساتنى ئاز قىلمايدۇ، كىم ئاشۇ يامان مەسلىھەتچى، خاس كىشىدىن ساقلانسا، بارلىق يامانلىقدىن ساقلىنىپ قالىدۇ، ئۇ ئەمىرگە ئاشۇ ئىككى كىشىدىن قايسى غالىب كەلسە، ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ، شۇنىڭ جۇملىسىدىن بولىدۇ، (توغرىسى، ياخشى ياردەمچى ئىدى). ئەھمەد، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ.

ما من أمير عشرة إلا و هو يؤتى به يوم القيامة مغلولا حتى يفكه العدل أو يوبقه الجور( هق ) عن أبي هرير

5695. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئون كىشىگە باش بولغان ئەمىرلا بولىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇنى تاقاق، كويزا، كىشەن سېلىنغان ھالدا كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنى يا ئادىللىقى قۇتقۇزىدۇ، ياكى زۇلۇم، جەۋرىسى ھالاك قىلىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

www.uyghurkitap.com

ما من أمير عشرة إلا يؤتى به يوم القيامة و يده مغلولة إلى عنقه ( هق ) عن أبي هريرة

5696. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئون كىشىگە باشلىق بولغان ئەمىرلا بولسا، قىيامەت كۈنى قولى، بوينى بىلەن قوشۇلۇپ تاقاق سېلىنغان ھالدا كەلتۈرۈلىدۇ، (ئادىل بولسا قۇتۇلىدۇ، زالىم ئازابقا تۇتۇلىدۇ). بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ما من أمير يلي أمر المسلمين ثم لا يجهد لهم و ينصح إلا لم يدخل معهم الجنة ( م ) عن معقل بن يسار

5697. مەئقەل ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولغان ئەمىر، خەلىپە، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسە، مۇسۇلمانلارغا نەسىھەت قىلماي تاشلاپ قويسا، بۇنداق ئەمىر، مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. خەلىپە بولماق ئاسان ئەمەس! راھىتى، دەرىجىسى كاتتا بولغان بىلەن دەرد ـ ئەلەم ئازابمۇ سوراق ـ سوئالمۇ قاتتىق ئېغىردۇر.

5698 ( صحيح ) ما من أهل بيت يغدو عليهم فدان إلا ذلوا ( طب ) عن أبي أمامة

5698. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق ئۆي ئەھلىگە ئەتىگەندە، يەر ھەيدەپ دېھقانچىلىق قىلىدىغان كالا، تۆگە ھەرىكەت قىلىدىكەن، ئۇلار خارلىنىدۇ، خارلىقدىن قۇتۇلالمايدۇ، (چۈنكى، ئۇلار قەلبى قاتقان، ھەقدىن يىراق جاھىللاردۇر). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنى ئۆيدە دېھقانچىلىق سايمىنى، يەر ھەيدەش سايمىنى بار ئائىلە خارلىنىدۇ دېگەن سەھىھ ھەدىس قوللايدۇ. بۇ ھەدىس بۇخارىينىڭ 2153 ـ ھەدىسىدۇر، دېمىسىمۇ دېھقانلاردىن تۇرمۇشتا ئىلمى سەۋىيىدە، ئېتىقادتا تۆۋەنرەك كىشى يوق، ھەممىدىن تۆۋەن، خار تۇرمۇش دېھقانچىلىق، مائارىپ سەۋىيىسىمۇ دېھقانلارنىڭ تۆۋەندۇر، لېكىن، پىتنە ـ پاسات دەۋرىدە ھالالدىن كەسىپ قىلىپ، ئۆشرە ـ زاكاتنى ئايرىپ بارغا قانائەت قىلىپ، سەۋر قىلىپ، ئىلىم ئىبادەتتە زاھىدلىق بىلەن ياشاپ ئۆتسە، ئىمانى، ئېتىقادىنى ساقلاپ قالسا، بۇمۇ ياخشى، بۇلارنىڭمۇ ياخشى ـ يامىنى باردۇر، بۇلاردىنمۇ يارامىلىق ئەۋلىيالار چىقىدۇ، چۈنكى، بۇ يۇقىرىدا ئۆتكەن ئىككى يولنىڭ بىرىدۇر.

5699 ( حسن ) ما من بعير إلا في ذروته شيطان فإذا ركبتموها فاذكروا نعمة الله تعالى عليكم كما أمركم الله ثم امتهنوها لأنفسكم فإنما يحمل الله تعالى ( حم ك ) عن أبي الأوس الخزاعي

5699. ئەبۇلئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆگىلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ لوكىسى ئۈستىدە شەيتان باردۇر، تۆگىگە مىنىپ قالساڭلار، ئاللاھ سىلەرنى بۇيرۇغانىدەك ئاللاھنىڭ سىلەرگە قىلغان نېئمىتىنى ئەسلەڭلار، ئاندىن ئۇنى ئۆزۈڭلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن مېھنەتلىك ئىشلارغا سېلىڭلار، ھەقىقەتەن سىلەرنى تۆگىگە ئاللاھتائالا ئېلىۋالىدۇ، يۈك ـ تاقلارنى ئارتىپ مىڭشقا ئاللاھ بەرگەندۇر. ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن، نېئمەتنى ئەسلەش بولسا، ھايۋانغا ياكى قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرۇپ مېڭىش ئالدىدا مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇيدۇ، «ئاندىن سىلەر ئۇنىڭ ئۈستىگە چىققانلىرىڭلاردا پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ نېئمىتىنى ئەسلەپ بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات ئاللاھ پاكتۇر، بىز ئۇنىڭغا مىنىشكە قادىر ئەمەس ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن رەببىمىزنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز)، سۈرە زۇخرۇف 13 ـ 15 ـ ئايەتكىچە، ھەر قانداق قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرسىڭىز، بۇ دۇئانى ئوقۇپ،

بىسمىللاھ دەپ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ ماڭىسىز.

5700 ( صحيح ) ما من بني آدم مولود إلا يمسه الشيطان حين يولد فيستهل صارخا من مس الشيطان غير مريم و ابنها ( خ ) عن أبي هريرة

5700. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق ئادەم بالىسى تۇغۇلىدىكەن، ئۇ تۇغۇلغان چاغدا شەيتان ئۇنى چىمدىپ چېقىلىدۇ، بالا شەيتاننىڭ چىمدىشىدىن ئاۋاز قىلىپ يىغلاپ كېتىدۇ، لېكىن، مەريەم بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئەيسا بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، (چۈنكى، سۈرە ئال ئىمراندا مەريەمنىڭ ئانىسى ئاللاھقا سېغىنىپ، ئەۋلادلىرىنى شەيتاندىن پاناھ تىلىۋالغان، ئەۋلادلىرى ئۈچۈنمۇ پاناھ تىلىگەن). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

5701 ( حسن ) ما من ثلاثة في قرية و لا بدو لا تقام فيهم الصلاة إلا استحوذ عليهم الشيطان فعليكم بالجماعة فإنما يأكل الذئب القاصية ( حم د ن حب ك ) عن أبي الدرداء

5701. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق شەھەر ياكى يېزىدا ئۈچ كىشى بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نامازغا ئەزان، تەكبىر ئېيتىلسا، شەيتان ئۇلارغا گۇزەتچى بولۇپ ھېزى بولۇپ ئىگە بولۇۋېلىپ ۋەسۋەسە قىلىدۇ، نامازغا كېلىشتىن مەشغۇل قىلىدۇ، سەن ناماز جامائىتىنى لازىم تۇتقىن، ھەقىقەتەن بۆرىمۇ توپتىن ئايرىلغان قوينى يەيدۇ، (ئەنە شۇنىڭدەك ناماز جامائىتىدىن ئايرىلغاننىڭ ئىمانىنى شەيتان يەيدۇ). ئەبۇ داۋۇد 460 ـ ھەدىس، نەسەئى 738 ـ ھەدىس، ئەھمەد 26242 ـ ھەدىس، ھاكىم، ئىبنى ھەببانلار توپلىغان، سەھىھ.

ئەپسۇس، بىزگە قانداق ئىماملار كېرەك؟

1. بىزگە ئاللاھنىڭ كىتابى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرى، ساھابىلەر، تابىئىنلارنىڭ ئەقىدىسى، چۈشەنچىسى توغرا يولى لازىم دەيدىغان ئىمام كېرەك.

2. ئەقىدىسى، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە بولغان، توغرا، ساغلام ئەقىدىلىك ئىمام كېرەك.

3. ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە بارلىق ئىلىملارنى بولۇپمۇ، ئىسلام دىنى ئىلىملىرىنى تەپسىر، ھەدىس، فىقھى ئۇسۇل ئىلىملىرىنى ئەقىدە ئىلىملىرىنى، ئۇنىڭدىن باشقا تارىخ، سىياسەت ئىلىملىرىنى، ئەسكەر باشقۇرۇش، دۆلەت باشقۇرۇش، خەلقنى باشقۇرۇش ئىلىملىرىنى، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ئىلىملىرىنى تولۇق بىلگەن سىياسىيون ئىماملار كېرەك.

4. مۇھەببەت ـ نەپرىتى ئاشكارا، مەيدانى ئايرىم، ئاللاھ يولىدا دوست، ئاللاھ يولىدا دۈشمەن تۇتالايدىغان، زالىم دىنسىزلارغا مايىل بولمايدىغان ھەقىقەتتە كاللا كەتسىمۇ مۇستەھكەم تۇرالايدىغان بىزگە ۋە ئەۋلادلارغا ياخشى ئۈلگە بولالايدىغان قەيسەر، باتۇر ئىماملار كېرەك.

5. بىدئەتتىن، شېرىكتىن، خۇراپاتتىن يىراق تۇرىدىغان، ھەتتا بۇلارنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ، تازىلاپ، ئىسلام دىنىنى يېڭىلايدىغان ئىسلام دىنى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن جان ـ مېلىنى ئايىماي خىزمەت قىلىدىغان شېھىدلاردىن بولالايدىغان ئىماملار كېرەك.

ئۇندىن باشقا مەزھەپپەرەس ئەمەس، تەرەپباز ئەمەس، دىنى كەسپدار ئەمەس، ئىختىلاپچى، بىدئەتچى ئەمەس، بەلكى، سۈننەتچى، ئەسلىيەتچى ئىمام كېرەك، تاماخور، خۇشامەتچى، ھەسەتخور، سۇخەنچى ئەمەس، بەلكى، ھەقىقەتچى ئىمام كېرەك، پاسىق، مۇناپىق ئەمەس، بەلكى، تەقۋا مۆئمىن. قورقۇنچاق،

قاچقۇن ئەمەس، بەلكى باتۇر، مۇجاھىد ئىماملار كېرەك. تىلى تۇتۇلغان گاچا ئەمەس، بەلكى سۆزلىرى خۇتبىلىرى جاراڭلىق، بىزگە ۋە ئەۋلادلارغا يارامىلىق ئىماملار كېرەك. مىزان يوقتۇر قۇرئان بىلەن سەھىھ ھەدىسىدىن بۆلەك.

**5702 ( صحيح ) ما من خارج خرج من بيته في طلب العلم إلا وضعت له الملائكة أجنحتها رضا بما يصنع حتى يرجع ( حم ه حب ك ) عن صفوان بن عسال**

5702. سەفۋان ئىبنى ئەسسال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر كىشى ئۆيىدىن ئىلىم تەلەپ قىلىپ چىقسا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ قىلغان ئىشىدىن رازى بولۇپ، ئۇ كىشى ئۆيىگە قايتقانغا قەدەر ئۇنىڭغا قاناتلىرىنى قويۇپ بېرىدۇ، (بۇ كىشى ماڭسا، ئۇلتۇرسا، مۇھاپىزەت ئىچىدە تۇرىدۇ). ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**ما من دعوة يدعو بها العبد أفضل من: اللهم إني أسألك المعافاة في الدنيا و الآخرة ( ه ) عن أبي هريرة**

5703. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە قىلىدىغان دۇئالار ئىچىدە مۇنۇ دۇئادىن ئەۋزەل دۇئا يوق، «ئاللاھۇممە ئىننى ئەسئەلۇكەلمۇئاپات فىددۇنيا ۋەلئاخىرەتى»، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىدىن، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ساق ـ سالامەتلىكنى، ئەپۇلىرىنى سورايمەن. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5704 ( صحيح ) ما من ذنب أجدر أن يعجل الله تعالى لصاحبه العقوبة في الدنيا مع ما يدخره له في الآخرة من البغي و قطيعة الرحم ( حم خد د ت ه حب ك ) عن أبي بكرة**

5704. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلار خەلىپىسىگە قارشى قۇرال كۆتۈرۈشىدىن، ھەددىدىن ئېشىپ، تاجاۋۇز قىلىشىدىن سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈۋېتىشىدىنمۇ، ئاللاھتائالانىڭ ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابىنى تەييارلاپ قويۇشى بىلەن بىرگە مۇشۇ دۇنيادىلا تېز ئازاب بېرىشكە لايىقراق گۇناھ يوقتۇر، (پەقەت ئاشۇ باغىيلىق بىلەن سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈۋېتىش بۇ ئازابقا لايىقتۇر). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**5705 ( صحيح ) ما من ذنب أجدر أن يعجل الله تعالى لصاحبه العقوبة في الدنيا مع ما يدخره له في الآخرة من قطيعة الرحم و الخيانة و الكذب و إن أعجل الطاعة ثوابا لصلة الرحم حتى إن أهل البيت ليكونوا فجرة فتنمو أموالهم و يكثر عددهم إذا تواصلوا ( طب ) عن أبي بكرة**

5705. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈۋېتىشىدىن، خىيانەت ۋە يالغانچىلىقىدىنمۇ، ئاللاھتائالانىڭ ئاخىرەتتە ئازاب تەييارلاپ قويۇشى بىلەن بىرگە بۇ دۇنيادىمۇ ئازابىنى تېز بېرىشكە لايىقراق گۇناھ يوقتۇر، ھەقىقەتەن ساۋابى ئەڭ تېز بېرىلىدىغان تائەت ـ ئىبادەت، سىلە ـ رەھىيىم، يېقىن تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىشتۇر، كىشىلەر سىلە ـ رەھىمنى ئۇلاپ ياخشىلىق قىلىشسا، ئۇلارنىڭ سانلىرى، باللىرى، ماللىرى كۆپىيىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئەھلى بەيتلەر، ماللارنىڭ كۆپلۈكىدىن يالغانچىلىق، خىيانەت سەۋەبىدىن فاجىر بولۇپ كېتىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5706 ( حسن ) ما من راكب يخلو في مسيره بالله و ذكره إلا كان ردفه ملك و لا يخلو بشعر و نحوه إلا كان ردفه شيطان ( طب ) عن**

www.uyghurkitap.com

عقبة بن عامر

5706. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇساپىر ئۆز سەپىرىدە ئاللاھ بىلەن خالىي بولالىسا، ئاللاھنىلا ئەسلەپ، زىكرى ئېيتىپ ماڭسا، ئۇنىڭ ئارقىسىغا پەرىشتە مىنگىشىپ، يولدا بىللە ھەمراھ بولۇپ ماڭىدۇ، شېئىرى ۋە ئۇنىڭ ئوخشىشى بولغان ناخشا، قوشاقلار بىلەن خالىي بولۇپ ماڭسا، ئۇنىڭ كەينىگە شەيتان مىنگىشىپ ماڭىدۇ. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

5707 ( صحيح ) ما من رجل له مال لا يؤدي حق ماله إلا جعل له طوقا في عنقه و هو شجاع أقرع و هو يفر منه و هو يتبعه ( حم ن )

عن ابن مسعود

5707. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مال ـ دۇنياسى بار كىشى مېلىنىڭ ھەققىنى، زاكىتىنى ئادا قىلمىسا، قىيامەت كۈنى ئۇماللار تاز يىلان قىلىنىپ، بوينىغا يۆگەشتۈرۈلىدۇ، ئۇ يىلاندىن قاچىدۇ، يىلان ئۇنى قوغلاپ ئەگىشىدۇ، (ئاخىرى ئۇنىڭ بوينىغا يۆگىشىدۇ). ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

5708 ( صحيح ) ما من رجل مسلم يموت فيقوم على جنازته أربعون رجلا لا يشركون بالله شيئا إلا شفعهم الله فيه ( حم م د ) عن ابن عباس

5708. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ جىنازىسىغا، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغان 40 كىشى قاتنىشىپ مەغپىرەت سورىسا، ئاللاھ ئۇلارنى ئۇ كىشى توغرىسىدا شاپائەتچى قىلىدۇ، (يەنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شەرتى مۇسۇلمان بولۇش). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

جىنازا نامىزنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك، ساھابىلەر، تابىئىنلاردەك چىقىرىش لازىم، بىدئەتتىن، خۇراپاتتىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، بىدئەتتە قىلچىلىك ساۋاب يوق.

5709 ( صحيح ) ما من رجل مسلم يموت له ثلاثة من ولده لم يبلغوا الحنث إلا أدخله الله الجنة بفضل رحمته إياهم ( حم خ ن ) عن أنس

5709. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ بالىلىرىدىن بالاغەتكە يەتمىگەن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، يەنى ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى شۇ بالىلارغا بولغان رەھمەت ـ پەزلىدىن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. جەننەتتە ھەمدە ئۆي سېلىپ بېرىشمۇ باردۇر.

5710 ( صحيح ) ما من رجل يتطهر يوم الجمعة كما أمر ثم يخرج من بيته حتى يأتي الجمعة و ينصت حتى تقضى صلاته إلا كان كفارة لما قبله من الجمعة ( ن ) عن سلمان

5710. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر كىشى جۈمە كۈنى ئۇ بۇيرۇلغاندەك پاكىز يۇيۇنۇپ پاكلانسا، ئاندىن ئۆيدىن چىقىپ، جۈمەگە كەلسە، نامىزنى ئوقۇپ ئادا قىلىپ بولغۇچە گەپ ـ سۆز قىلماي جىم تۇرسا، بۇ جۈمە ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆتكەن جۈمەدىن باشلاپ قىلغان بارلىق گۇناھلىرىغا كاپارەت بولىدۇ، (يەنە بىر خاتىرىدە ئۈچ كۈن زىيادە بار). نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

ما من رجل يتعاظم في نفسه و يختال في مشيته إلا لقي الله تعالى و هو عليه غضبان ( حم خد ك ) عن ابن عمر

www.uyghurkitap.com

5711. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر كىشى ئۆز ئىچىدە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، ئۆزىنى ئۇلۇغ بىلىپ مېڭىشىدا كىبىر ۋە تەكەببۇرلۇق قىلسا، بۇ كىشى ئاللاھتائالاغا، ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلغان ھالدا ئۇچرىشىدۇ. ئەھمەد، ھاكىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

ما من رجل يجرح في جسده جراحة فيتصدق بها إلا كفر الله عنه مثل ما تصدق ( حم الضياء ) عن عبادة

5712. ئۇبادەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر كىشى ئۆز جەستىدە جاراھەتلىنىپ، ئاندىن ئۇنى سەدىقە قىلىپ جاراھەتلەندۈرگۈچىدىن ئەپۇ قىلىپ، تۆلەم پۇلى ئالماي، قىساس ئالماي ئۆتىۋەتسە، ئاللاھتائالا ئۇنىڭدىن ئۇ سەدىقە قىلغاندەك ئۆتىۋېتىدۇ، گۇناھىنى، شۇ ئىشنى كاپارەت قىلىپ ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. ئەھمەد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

ما من رجل يحفظ علما فكتمه إلا أتى يوم القيامة ملجما بلجام من نار ( ه ) عن أبي هريرة

5713. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر كىشى ئىلىمنى يادا ئېلىپ، مۇھاپىزەت قىلىپ، ئاندىن ئۇنى سورىغانلاردىن يوشۇرسا، ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى ئوتتىن بولغان يۈگەن بىلەن يۈگەن سېلىنغان ھالدا كەلتۈرۈلىدۇ. ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

( حسن )5714 / 1 ] وهذا حديث مستدرك من الطبعة الأولى قال الألباني في صحيح ابن ماجه رقم: **2960** حسن ( ما من رجل يدرك له ابنتان فيحسن إليهما ما صحبتاه أو صحبهما إلا أدخلتاه الجنة ) ( ه ) عن ابن عباس

5714. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ ئىككى قىزى بولسا، بۇ ئىككى قىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشىسىلا، ياكى ئۇ قىزلىرى بىلەن ھەمراھ بولۇپ ياشىسىلا، قىزلىرىغا ياخشىلىق قىلسا، بۇ ئىككى قىز بالا ئۇ كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ، (چۈنكى ئۇ ياخشىلىق قىلىپ، ئىپپەتلىك ياخشى تەربىيىلىدى ). ھاكىم ۋە ئىبنى ماجەنىڭ سەھىھ قىسمىنىڭ 2960 ـ ھەدىسى، ھەسەن.

**5714** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **5177** ما من رجل يدعو بدعاء إلا استجيب له فإما أن يعجل له في الدنيا و إما أن يدخر له في الآخرة ( و إما أن يكفر عنه من ذنوبه بقدر ما دعا ما لم يدع بإثم أو قطيعة رحم أو يستعجل يقول: دعوت ربي فما استجاب لي ) ( ت ) عن أبي هريرة

5714. بۇ ھەدىسمۇ ساندا تەكرار كەلگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر كىشى ئاللاھقا دۇئا قىلسا، ئۇ گۇناھ بىلەن دۇئا قىلمىسىلا ياكى سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈۋېتىشكە دۇئا قىلمىسىلا ياكى مەن رەببىمگە دۇئا قىلسامۇ، ھېچ ماڭا ئىجابەت بولماي‌ۋاتىدۇ دەپ ئالدىراپ كەتمىسىلا ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ، يا سورىغىنى مۇشۇ دۇنيادىلا تېز بېرىلىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاخىرەتتە بېرىلىدۇ، بۇ دۇئاسى، ئاخىرەتكە ئېلىپ قويۇلىدۇ، ياكى ئۇنىڭدىن ئۇ قىلغان دۇئانىڭ مىقدارىدا گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ. (ياكى سورىغان نەرسىنىڭ باراۋىرىدە زىيان كۆتۈرۈلىدۇ، ياكى ئەۋلادلىرىغا بېرىلىدۇ ياكى كېيىنرەك). تىرمىزى توپلىغان،

سەھىھ. ئاللاھتائالا دۇئانى چوقۇم ئىجابەت قىلىدۇ، ئىجابەت قىلىش چارىلىرى يۇقىرىقىدەك بەش تۈرلۈك بولۇپ، بەندە بۇنى بىلمەستىن ئالدىراپ قىلىپ، ئىجابەتتىن مەھرۇم قالىدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئاخىرەت، ئاللاھنىڭ جامالىدۇر.

**5715** ( صحيح ) ما من رجل يسلك طريقا يطلب فيه علما إلا سهل الله له طريق الجنة و من أبطأ به عمله لم يسرع به نسبه ( د ك ) عن أبي هريرة

5715. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر كىشى ئىلىم تەلەپ قىلىشقا يول سالسا، ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسان قىلىدۇ، (ئىلىم يولىغا كىرسە، جەننەت يولىغا كىرىدۇ)، ئەمەللىرى كېچىكىپ قالغان كىشىگە نەسەبى تېز ئىلگىرىلەپ يېتىپ بارمايدۇ، يەنى ئەمەللەر مەنپەئەت قىلسىمۇ، نەسەبلەر مەنپەئەت قىلمايدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5716** ( صحيح ) ما من رجل يصلي عليه مائة إلا غفر له( طب حل ) عن ابن عمر

5716. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: 100 مۇسۇلمان كىشى جىنازا نامىزى ئوقۇغان، مەغپىرەت سورىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىنىدۇ. تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

**5717** ( صحيح ) ما من رجل يعود مريضا ممسيا إلا خرج معه سبعون ألف ملك يستغفرون له حتى يصبح و من أتاه مصبحا خرج معه سبعون ألف ملك يستغفرون له حتى يمسي ( د ك ) عن علي

5717. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى كەچ تەرەپتە بىر كېسەلنى يوقلىسا، ئۇنىڭ بىلەن 70000 پەرىشتە بىللە چىقىپ، تاڭ ئاتقىچە ئۇ كىشىگە مەغپىرەت سورايدۇ، بىر كىشى ئەتىگەن تەرەپتە كېلىپ كېسەل يوقلىسا، بۇ كىشى بىلەنمۇ 70000 پەرىشتە بىللە چىقىپ، كەچ بولغىچە بۇ كىشى ئۈچۈن مەغپىرەت سورايدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. كېسەل يىراقتا بولسىمۇ، يوقلاش كېرەك، يوقلىغان كىشى قايتىپ كەلگىچە، جەننەت باغلىرىدا يۈرىدۇ، بۇ سەھىھ ھەدىس.

**5718** ( حسن ) ما من رجل يلي أمر عشرة فما فوق ذلك إلا أتى الله مغلولا يده إلى عنقه فكه بره أو أوثقه إثمه أولها ملامة و أوسطها ندامة و آخرها خزي يوم القيامة ( حم ) عن أبي أمامة

5718. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئون كىشىنىڭ ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى كىشىنىڭ ئىشىغا ئىگە بولغان، باش بولغان كىشىنى ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى قولىنى بويىنىغا قوشۇپ، تاقاق، كىشەن سېلىنغان ھالەتتە كەلتۈرىدۇ، ئاندىن ئۇنى ياخشىلىقى، ئادىللىقى قۇتقۇزىدۇ ياكى گۇناھى، زۇلۇمى ھالاك قىلىدۇ، تاقاقنى تېخىمۇ چىڭىتىدۇ، ۋالىيلىق، ئەمىرلىكنىڭ ئەۋۋەلى مالامەت ئوتتۇرىسى نادامەت، ئاخىرى بولسا قىيامەت كۈنى خارلىقتۇر. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

**5719** ( صحيح ) ما من رجل لا يؤدي زكاة ماله إلا جعل الله يوم القيامة في عنقه شجاعا أقرع و من اقتطع مال أخيه المسلم بيمين لقي الله و هو عليه غضبان ( ت ) عن ابن مسعود

5719. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: مال ـ مۈلۈكنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلمىغان كىشىنىڭ بويىنىغا ، ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى زەھىرى كۈچلۈك تاز يىلاننى يۆگەشتۈرۈپ قويىدۇ، كىم مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى يالغان قەسەم بىلەن بۆلۈپ ئېلىۋالسا، ئۇ كىشى ئاللاھتائالاغا، ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا غەزەپ قىلغان ھالەتتە ئۇچرىشىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ما من ساعة تمر بابن آدم لم يذكر الله فيها إلا حسر عليها يوم القيامة ( حل هب ) عن عائشة

5720. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسىغا ئۇ ئاللاھنى ئەسلىمىگەن ھالەتتە بىر سائەت ئۆتۈپ كەتسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھنى ئەسلەپ، زىكرى ئېيتمىغان ئاشۇ بىر سائەتكە قاتتىق ھەسرەت چېكىدۇ. ئەبۇ نۇئەيم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

5721 ( صحيح ) ما من شيء في الميزان أثقل من حسن الخلق ( حم د ) عن أبي الدرداء

5721. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى مىزاندا، ياخشى، گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ ئېغىرراق كېلىدىغان نەرسە يوق، ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

5722 ( صحيح ) ما من شيء لم أكن أريته إلا رأيته في مقامي هذا حتى الجنة و النار و لقد أوحي إلى أنكم تفتنون في قبوركم مثل أو قريبا من فتنة المسيح الدجال يؤتى أحدكم فيقال له: ما علمك بهذا الرجل ؟ فأما المؤمن أو الموقن فيقول: هو محمد رسول الله جاءنا بالبينات و الهدى فأجبنا و آمنا و اتبعنا هو محمد ثلاثا فيقال له: نم صالحا قد علمنا إن كنت لموقنا به و أما المنافق أو المرتاب فيقول: لا أدري سمعت الناس يقولون شيئا فقلته ( حم ق ) عن أسماء بنت أبي بكر

5722. ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان ھەر قانداق نەرسىنى مۇشۇ ئورنۇمدا ھازىر كۆردۈم، ھەتتا جەننەت بىلەن دوۋزاخنىمۇ كۆردۈم، ھەقىقەتەن ماڭا مۇنداق ۋەھيي قىلىندى، سىلەر قەبرەڭلاردا مەسىيھ دەججالنىڭ پىتنىسىدەك ياكى شۇنىڭغا يېقىن سوراق ـ سوئال ، ئىمتىھان قىلىنىپ سىنىلىسىلەر، پىتنىگە قالىسىلەر، بىرىڭلار كەلتۈرۈلۈپ ئۇنىڭغا ماۋۇ كىشىگە ئىلمىڭ قانداق دېيىلىدۇ ؟ ئەمما مۆئمىن شەكسىز ئىشەنگۈچى بولسا، ئۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بىزگە روشەن مۆجىزە، ئالامەتلەر بىلەن كەلدى، ھىدايەت بىلەن كەلدى، بىز ئۇنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئىمان كەلتۈردۇق، ئۇنىڭغا ئەگەشتۇق، ئۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەپ ئۈچ قېتىم دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ساڭا ياخشى ھالەتتە ئۇخلىغىن، بىز ھەقىقەتەن سېنىڭ ئۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىدىغانلىقىڭنى بىلەتتۇق دېيىلىدۇ ، ئەمما، مۇناپىق ياكى شەكلەنگۈچى بولسا: مەن بىلمەيمەن، كىشىلەرنىڭ بىر نەرسىنى دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، مەنمۇ دەپ قويغان دەيدۇ، (شۇنىڭ بىلەن ئۇ قاتتىق توقماق يەيدۇ). ئەھمەد ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ما من شيء يصيب المؤمن حتى الشوكة تصيبه إلا كتب الله له بها حسنة و حط عنه بها خطيئة ( م ) عن عائشة

5723. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنگە بىرەر نەرسە ئەزىيەت يەتكۈزسە، مۇسىبەت يەتسە، ھەتتا بىر تال شوخا تىكەن كىرىپ كەتسىمۇ، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ ئۇچۇن ئاشۇ مۇسىبەتنىڭ بەدىلىگە بىر ياخشىلىق يېزىپ، ئۇنىڭدىن بىر

خاتالىقنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. «ئاللاھتائالا، بۇخارى، مۇسلىم قاتارلىق ئۆلىمالارغا رەھمەت قىلسۇن ۋە رازى بولسۇن ئامىن!»

ما من شيء يصيب المؤمن في جسده يؤذيه إلا كفر الله عنه به من سيئاته( حم ك ) عن معاوية

5724. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر نەرسە مۆئمىننىڭ جەسىتىگە يېتىپ، ئەزىيەت يەتكۈزسە، ئاللاھتائالا شۇ ئەزىيەت، مۇسىبەتنى كاپارەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن بارلىق گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) ما من شيء يصيب المؤمن من نصب و لا حزن و لا وصب حتى الهم يهمه إلا يكفر الله به عنه من سيئاته ( ت وغيره) عن أبي سعيد

5725. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر نەرسە مۆئمىنگە يەتسە، ئۇنىڭغا مۇشەققەت، قورقۇنچ، غەم ـ قايغۇ، كېسەللىك ھەتتا ئۇنى غەم قىلدۇرىدىغان، باش قاتۇرىدىغان، پىلان غەملىرى يەتسىمۇ ئاللاھتائالا شۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭدىن گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. تىرمىزى 889 ـ ھەدىس، بۇخارى 5210 ـ ھەدىس، مۇسلىم 4670 ـ ھەدىس، ئەھمەد 10714 ـ ھەدىس، سەھىھ.

5726 ( صحيح ) ما من شيء يوضع في الميزان أثقل من حسن الخلق و إن صاحب حسن الخلق ليبلغ به درجة صاحب الصوم و الصلاة ( ت ) عن أبي الدرداء

5726. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىزاندا ياخشى، گۈزەل ئەخلاقتىن ئېغىرراق نەرسە قويۇلمايدۇ، ھەقىقەتەن گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئىگىسى ئاشۇ ياخشى ئەخلاقنىڭ سەۋەبى بىلەن نەپلە روزا تۇتقۇچىنىڭ ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلەيدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ما من صاحب إبل و لا بقر و لا غنم لا يؤدي زكاتها إلا جاءت يوم القيامة أعظم ما كانت و أسمنه تنطحه بقرونها و تطؤه بأخفافها كلما نفذت أخراها عادت عليه أولاها حتى يقضى بين الناس ( ن ه حب ) عن أبي ذر

5727. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر تۆگە، كالا، قوي ئىگىسى بۇ ماللارنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلمىسا، پېقىر، مىسكىنلەرگە بەرمىسە، بۇ ماللار قىيامەت كۈنى بۇرۇنقىدىنمۇ، چوڭ، ھەم سېمىز ھالەتتە كېلىپ، زاكات بەرمىگەن كىشىنى مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسسۈپ، پۇت، تۇۋاقلىرى بىلەن دەسسەيدۇ، ھەر قاچان ئاخىرقىسى ئۈسسۈپ، دەسسەپ ئۆتۈپ بولسا، ئەۋۋەلدىكى باشتا ئۆتۈپ كەتكەنلىرى قايتىپ كېلىپ، ئۈسۈپ دەسسەشكە باشلايدۇ، بۇ ئىشلار تا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىنىپ بولغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

5728 ( صحيح ) ما من صاحب إبل لا يفعل فيها حقها إلا جاءت يوم القيامة أكثر ما كانت قط و أقعد لها بقاع قرقر تستن عليه بقوائمها و أخفافها ; و ما من صاحب بقر لا يفعل فيها حقها إلا جاءت يوم القيامة أكثر ما كانت و أقعد لها بقاع قرقر تنطحه بقرونها و تطؤه بقوائمها ; و لا صاحب غنم لا يفعل فيها حقها إلا جاءت يوم القيامة أكثر ما كانت و أقعد لها بقاع قرقر تنطحه بقرونها و تطؤه بأظلافها ليس فيها جماء و لا منكسر قرنها ; و لا صاحب كنز لا يفعل فيه حقه إلا جاء كنزه يوم القيامة شجاعا أقرع يتبعه فاغرا فاه فإذا أتاه فر منه فيناديه ربه عز و جل:

خذ كترك الذي خبأته فأنا أغنى منك فإذا رأى أنه لا بد له منه سلك يده في فيه فيقضمها قضم الفحل ( حم م ن ) عن جابر

5728. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر تۆگە ئىگىسى ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىسا، زاكىتىنى بەرمىسە، قىيامەت كۈنى بۇ تۆگىلەر ئەڭ كۆپ ھەم چوڭ، سېمىز ھالەتتە كېلىدۇ، ئۇ كىشىنى شۇ تۆگىلەر ئۇچۇن تۈپتۈز، كەڭرى بىر مەيدانغا ئولتۇرغۇزۇلۇپ بېرىلىدۇ، ئاندىن تۆگىلەر ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ، پۇتلىرى، تۇۋاقلىرى بىلەن دەسسەيدۇ، ھەر قانداق بىر كالا ئىگىسى ئۇنىڭ زاكىتىنى بەرمەي، ھەققىنى ئادا قىلمىسا، بۇ كالىلارمۇ قىيامەت كۈنى ئەڭ كۆپ، ھەم چوڭ، سېمىز ھالەتتە كېلىدۇ، بۇ كىشىنىمۇ شۇ كالىلار ئۇچۇن تۈپتۈز، كەڭرى مەيداندا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، كالىلار ئۇ كىشىنى مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسسۈپ، پۇتلىرى بىلەن دەسسەيدۇ، ھەر قانداق بىر قوي ئىگىسى، قويلارنىڭ زاكىتىنى بەرمىسە، ئۇ قويلار قىيامەت كۈنى بۇرۇنقىدىن كۆپ، ھەم سېمىز ھالەتتە كېلىدۇ، ئۇ كىشى قويلار ئۇچۇن كەڭرى بىر مەيداندا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، قويلار ئۇنى مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسسۈپ، پۇتلىرى بىلەن دەسسەيدۇ، بۇ قويلار ئارىسىدا مۈڭگۈزسىز ياكى مۈڭگۈز سۇنۇقلىرى يوق، ھەر قانداق ئالتۇن ـ كۈمۈش، كاڭ ئىگىسى، ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىسا، زاكىتىنى بەرمىسە، ئۇنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى قىيامەت كۈنى ناھايىتى چوڭ زەھەرى كۈچلۈك تاز يىلان بولۇپ كېلىدۇ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، ئۇنى قوغلايدۇ، يىلان ئۇنىڭغا كەلسە، ئۇ قاچىدۇ، ئاندىن رەببى ئەززە ۋە جەللە ئۇنىڭغا سەن يوشۇرۇپ، بېخىللىق قىلىپ ئېلىپ قويغان ئالتۇن ـ كۈمۈش كاڭلىرىڭنى ئېلىۋالغىن، مەن سەندىن ۋە بۇ كاڭدىن بىھاجەت دەپ تۇۋلايدۇ، بەندە ئامال يوقلىقىنى، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرگەندە، قولنى يىلاننىڭ ئاغزىغا سېلىپ بېرىدۇ، ئاندىن يىلان ئۇنى خۇددى ئەركەك تۆگە چايناپ ئۈزگەندەك چايناپ، چىشلەپ ئۈزۈپ ئۇنى يۇتۇۋېتىدۇ. مۇسلىم 1649 ـ ھەدىس، نەسەئى 2411 ـ ھەدىس، ئەھمەد 13920 ـ ھەدىس، سەھىھ.

5729 ( صحيح ) ما من صاحب ذهب و لا فضة لا يؤدي منها حقها إلا إذا كان يوم القيامة صفحت له صفائح من نار فأحمي عليها في نار جهنم فيكوى بها جنبه و جبينه و ظهره كلما بردت أعيدت له في يوم كان مقداره خمسين ألف سنة حتى يقضى بين العباد فيرى سبيله إما إلى الجنة و إما إلى النار ; و لا صاحب إبل لا يؤدي منها حقها و من حقها حلبها يوم ورودها إلا إذا كان يوم القيامة بطح لها بقاع قرقر أوفر ما كانت لا يفقد منها فصيلا واحدا تطؤه بأخفافها و تعضه بأفواهها كلما مر عليه أولاها رد عليه أخراها في يوم كان مقداره خمسين ألف سنة حتى يقضى بين العباد فيرى سبيله إما إلى الجنة و إما إلى النار ; و لا صاحب بقر و لا غنم لا يؤدي منها حقها إلا إذا كان يوم القيامة بطح لها بقاع قرقر لا يفقد منها شيئا ليس فيها عقصاء و لا جلحاء و لا عضباء تنطحه بقرونها و تطؤه بأظلافها كلما مر عليه أولاها رد عليه أخراها في يوم كان مقداره خمسين ألف سنة حتى يقضى بين العباد فيرى سبيله إما إلى الجنة و إما إلى النار ( حم م د ن ) عن أبي هريرة

5729. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ ھەققىنى، زاكىتىنى ئادا قىلمىسا، قىيامەت كۈنى بولغاندا ئۇ كىشى ئۈچۈن ئوتتىن داغمال، دەزمال ياسىلىپ، ئۇنى جەھەننەمنىڭ ئوتىدا تازا قىزىتىپ، بۇ دەزمال بىلەن ئۇ كىشىنىڭ يانلىرى، پېشانىسى، ئۇچىلىرى داغلىنىدۇ، قىزىق دەزمال يېقىلىدۇ، ھەر قاچان سوۋۇپ قالسا، يەنە قىزىتىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ، بۇ ئازاب ئۇ كىشىگە بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىپ بولغانغا قەدەر مىقدارى 50000 يىل كېلىدىغان كۈندە قىلىنىدۇ، دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، ئاندىن بۇ

www.uyghurkitap.com

كىشى ھۆكۈمدىن كېيىن يولنى يا جەننەتكە يا دوۋزاخقا كۆرىدۇ ، ھەر قانداق بىر تۆگە ئىگىسى ئۇنىڭ زاكىتىنى،ۋە ھەققىنى ئادا قىلمايدىكەن، (ئۇنىڭ ھەققى بىر كۈنلۈك سۇغۇرۇپ ھەلەپ بېرىپ، سېغىپ ئىچىش، سۈتىدىن سەدىقە قىلىش) قىيامەت كۈنى بولغاندا ئۇ زاكات بەرمىگەن كىشىنى تۈپتۈز، كەڭرى مەيدانغا تۆگىلەر ئۈچۈن تاشلاپ بېرىلىدۇ، تۆگىلەر بۇرۇنقىدىن چوڭ ھەم سېمىز بولۇپ، ئۇ كىشى تۆگىلەردىن بىر بوتىلاقنىمۇ يىتتۈرۈپ قويمايدۇ، ھەممىسى تولۇق بولۇپ ئۇ كىشىنى پۇتلىرى بىلەن دەسسەپ، ئېغىزلىرى بىلەن چىشلەيدۇ، ھەر قاچان باشتىكىلىرى يەنە دەسسەپ ئۆتۈپ بولسا، ئاخىرقىلىرى يەنە قايتىپ كېلىپ دەسسەيدۇ، بۇ ئازاب ئۇ كىشى ئۈچۈن بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىنىپ بولغانغا قەدەر مىقدارى 50000 يىل كېلىدىغان كۈندە داۋام قىلىنىدۇ، ئاندىن ئۇ ئۆز يولىنى يا جەننەتكە يا دوۋزاخقا كۆرىدۇ . ھەر قانداق بىر كالا، قوي ئىگىسى ئۇنىڭ ھەققىنى، زاكىتىنى ئادا قىلمىسا، قىيامەت كۈنى بولغاندا، بۇ كىشى ئاشۇ قوي، كالىلار ئۈچۈن تۈپتۈز، كەڭرى مەيدانغا تاشلاپ بېرىلىدۇ، ئۇ كىشى قوي، كالىلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ يوتتۇرۇپ قويمايدۇ، ھەممىسى تولۇق بولۇپ ئۇنىڭ ئارىسىدا مۈڭگۈزى يانغا تۈزلىرى يوق، مۈڭگۈزى ئوتتۇرىغا ئۇشلۇقتۇر، مۈڭگۈزسىزمۇ يوق، مۈڭگۈزى سۇنۇق ياكى قۇلاقلىرى يېرىقلىرىمۇ يوق، قوي، كالىلار ئۇ كىشىنى مۈڭگۈزلىرى بىلەن ئۈسسۈپ، پۇتلىرى بىلەن دەسسەيدۇ، ھەر قاچان باشتىكىلىرى يەنە قايتىپ كېلىپ دەسسەپ ئۆتۈپ بولسا، ئاخىرقىلىرى قايتىپ كېلىپ دەسسەيدۇ، بۇ ئازاب ئۇنىڭغا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىنىپ، ھېساب تامام بولغانغا قەدەر مىقدارى 50000 يىل كېلىدىغان كۈندە داۋام قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ ھۆكۈمدىن كېيىن ئۆز يولىنى يا جەننەتكە يا دوۋزاخقا كۆرىدۇ . مۇسلىم 1647 ـ ھەدىس، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد 1414 ـ ھەدىس، ئەھمەد 7247 ـ ھەدىس، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدىكى ئات توغرىسىدىكى ئۈچ كىشىنى يېزىپ بولغان.

**5730** ( صحيح ) ما من صلاة مفروضة إلا و بين يديها ركعتان ( حب طب ) عن عبدالله بن الزبير

5730. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق پەرز نامازنىڭ ئالدىدا ئىككى رەكەت ناماز باردۇر. ئىبنى ھەببان، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىسدىن شام، ئەسىر، خۇپتەننىڭ ئالدىدىمۇ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇشقا بولىدۇ، سەجدىنىڭ پەزىلىتى يۇقىرىدا ئۆتتى.

**5731** ( صحيح ) ما من عام إلا و الذي بعده شر منه حتى تلقوا ربكم ( ت ) عن أنس

5731. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر يىل بولىدىكەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىل ئۇ بۇرۇنقى يىلدىن يامان بولىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال سىلەر رەببىڭلارغا ئۇچراشقانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ، يەنى قىيامەت كۈنىگىچە بۇ يىلدىن كېلەر يىل يامان، كېلەر يىلدىن ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىل تېخىمۇ يامان بولىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ئى مۇسۇلمانلار! شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويماي قىلىدىغان ئىسلام خىزمەتلىرىنى تېز ـ تېز قىلىۋالايلى! ياخشىلىقتا، جەننەتكە، مەغپىرەتكە ئالدىراڭلار.

**5732** ( صحيح ) ما من عبد إلا و له صيت في السماء فإن كان صيته في السماء حسنا وضع في الأرض و إن كان صيته في السماء سيئا وضع في الأرض( البزار ) عن أبي هريرة

5732. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندىنىڭ ئاسماندا نام ـ شۆھرىتى، مەرتىپىتى بولىدۇ، ئەگەر ئۇ ئاسماندا ياخشى بولسا، زېمىندىمۇ ياخشى قويۇلىدۇ، ئەگەر ئۇ ئاسماندا يامان بولسا، زېمىندىمۇ يامان قويۇلىدۇ. (خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن مۇھەببەت ـ نەپرەت مەسىلىسىدەك بولىدۇ). بەززار توپلىغان، سەھىھ.

**5733** ( صحيح ) ما من عبد قال: لا إله إلا الله ثم مات على ذلك إلا دخل الجنة و إن زنا و إن سرق و إن زنا و إن سرق و إن رغم أنف أبي ذر ( حم ق ) عن أبي ذر

5733. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندە چىن قەلبىدىن لا ئىلاھە ئىللەللاھ دەپ شۇ ئىمان، ئىسلام شوئار ئۈستىدە ئۆلسە، گەرچە ئۇ زىنا قىلىپ سالغان، ئوغرىلىق قىلغان بولسىمۇ جەننەتكە كىرىدۇ، بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم دەپ ئاندىن كېيىن گەرچە ئەبۇ زەرنىڭ بۇرنىغا قۇم تىقىلسىمۇ(گەرچە ئەبۇزەر خالىمىسىمۇ) دېگەن، چۈنكى، بۇ سوئالنى ئەبۇ زەر سورىغان. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5734** ( صحيح ) ما من عبد كانت له نية في أداء دينه إلا كان له من الله عون ( حم ك ) عن عائشة

5734. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندىنىڭ قەرزىنى بېرىۋېتىش، ئادا قىلىش نىيىتى بولسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن ئاللاھ تەرەپتىن ياردەم بېرىش بولىدۇ. ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5735** ( صحيح ) ما من عبد مؤمن إلا و له ذنب يعتاده الفينة بعد الفينة أو ذنب هو مقيم عليه لا يفارقه حتى يفارق الدنيا إن المؤمن خلق مفتنا توابا نسيا إذا ذكر ذكر ( طب ) عن ابن عباس

5735. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۆئمىن بەندە بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئادەت قىلىۋالغان بىر گۇناھى بولىدۇ، ئۇ بۇ گۇناھنى بىر چاغدىن كېيىن يەنە بىر چاغدا بىر سائەتتىن كېيىن يەنە بىر سائەتتە قىلىپ سالىدۇ، (چۈنكى ئۇ، توغرا دەپ ئادەتلىنىپ قالغان) ياكى ئۇنىڭ ئۇ دائىم قىلىپ تۇرىدىغان مۇقىم تۇرىدىغان بىر گۇناھى بولۇپ، بۇ مۆئمىن بەندە ئۇ گۇناھدىن تا بۇ دۇنيادىن ئايرىلمىغۇچە ئايرىلالمايدۇ، ھەقىقەتەن مۆئمىنمۇ دائىم پىتنىگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان، پىتنىگە قالىدىغان، گۇناھ قىلىدىغان ئاندىن تەۋبە قىلىدىغان ھەم ئۇنۇتقاق يارىتىلدى، ئۇمۇ ئىسىگە كەلگەندە ئەسلىتىلگەندە ئەسلەيدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، ئۇ كىشى مۆئمىن دېيىلدى. بۇ ھەدىسدىن پەيغەمبەردىن باشقا ھەر قانداق كىشى گۇناھدىن خالىي پاك ،مەئسۇم ئەمەس، گۇناھدىن ساقلىنالمايدۇ، لېكىن، تەۋبە قىلىپ تۇرىدۇ، خۇددى يۇقىرىدا سىلەر گۇناھ قىلمىغان بولساڭلار گۇناھ قىلىدىغانلارنى يارىتىپ، ئاندىن شۇلارغا مەغپىرەت قىلاتتى دېگەندەك ، گۇناھ بولۇپ تۇرىدۇ، تەۋبە ئۇنى يۇيۇپ تۇرىدۇ، تەۋبە بىر مۇنچىدۇر، گۇناھنىڭ سەۋەبى بولسا، شەيتان، ۋەسۋەسە، كىبىر، ھەسەت، نەپسى، دۇنيا، ئايال كىشى، شەھۋەت، ئۇنۇتقاقلىقتۇر، پىتنىگە قېلىشتۇر، ئەسلىتىلسە، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنسا، ئەسلەپ تەۋبە قىلىدۇ، ئەمەللەرنىڭ ئاخىرقىسى ھېسابتۇر، تەۋبە قىلىڭلار، ئاللاھ چوقۇم قوبۇل قىلىدۇ.

**5736** ( صحيح ) ما من عبد مسلم توضأ فأسبغ الوضوء ثم صلى لله في كل يوم ثنتي عشرة ركعة تطوعا غير فريضة إلا بنى الله له بيتا في الجنة ( م ) عن أم حبيبة

5736. ئۇممە ھەبىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق مۇسۇلمان بەندە تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئېلىپ، ئاندىن ئاللاھتائالا ئۈچۈن ھەر كۈنى پەرز نامازدىن باشقا 12 رەكەت نەپلە، سۈننەت نامازنى ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي سېلىپ بېرىدۇ، (يەنى بۇ، ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ دېگەن بولىدۇ). ئىمام مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ 12 رەكەت سۈننەت بولسا، بامداتنىڭ ئىككى، پېشىنىنىڭ تۆت،كېيىن يانا ئىككى، شامدا ئىككى، خۇپتەننىڭ ئىككى، جەمئىي 12 رەكەت سۈننەتتۇر.

ما من عبد مسلم يدعو لأخيه بظهر الغيب إلا قال الملك: و لك بمثل ( م د ) عن أبي الدرداء

5737. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان قېرىندىشى ئۈچۈن ئۇ يوق يەردە غەيبىدىن دۇئا قىلىپ قويسا، پەرىشتە ئۇنىڭغا: ساڭىمۇ شۇنىڭ ئوخششى بار دەيدۇ، (ھەم بۇ دۇئا تېز ئىجابەت بولىدۇ). مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**5738 ( صحيح ) ما من عبد يذنب ذنبا فيتوضأ فيحسن الطهور ثم يقوم فيصلي ركعتين ثم يستغفر الله بذلك الذنب إلا غفر الله له ( حم 4 حب ) عن أبي بكر**

5738. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندە بىرەر گۇناھنى قىلىپ سېلىپ، ئاندىن تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئېلىپ، ئاندىن دەس تۇرۇپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسا، ئاندىن شۇ گۇناھقا ئاللاھدىن مەغپىرەت، كەچۈرۈم سورىسا، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن چوقۇم مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرىدۇ، ئەھمەد، تەبرانى 4 كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**5739 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 5204 ما من عبد يرفع يديه ( حتى يبدو إبطه يسأل الله م سألة إلا آتاه إياها ما لم يعجل يقول: قد سألت و سألت فلم أعط شيئا ) ( ت ) عن أبي هريرة**

5739. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندە  قولتۇقى ئاشكارا بولغانغا قەدەر ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاللاھدىن سورىسا، يەنى قاتتىق ئىلتىجا قىلىپ، بىرەر نەرسە سورىسا، ئۇ كىشى مەن سورىدىم ، خېلى كۆپ سورىدىم، لېكىن، ماڭا ھېچ بىرەر نەرسە بېرىلمىدى ئىجابەت بولمىدى دېيىش بىلەن ئالدىراپ كەتمىسلا ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە سورىغىنىنى بېرىدۇ، (ياكى يۇقىرىقىدەك بەش تۈرلۈك ئىجابەت قىلىدۇ). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ما من عبد يسترعيه الله رعية يموت يوم يموت و هو غاش لرعيته إلا حرم الله عليه الجنة( ق ) عن معقل بن يسار

5740. مەئقەل ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندىنى ئاللاھتائالا پادىچى، باش قىلسا، ئاندىن ئۇ كىشى ئۆلگەن كۈنىمۇ تەۋبىسىز ھالەتتە ئۆلسە، خىيانەت قىلغان، ساختىپەزلىك قىلغان، ئالدامچى ھالدا ئۆلسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتنى ھارام قىلىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ما من عبد يسجد لله سجدة إلا رفعه الله بها درجة و حط عنه بها خطيئة( حم ت ن حب ) عن ثوبان

5741. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندە ئاللاھتائالاغا بىر سەجدە قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى شۇ سەجدىنىڭ باراۋىرىدە بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن بىر خاتالىقنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

5742 ( صحيح ) ما من عبد يسجد لله سجدة إلا كتب الله له بها حسنة و حط عنه بها سيئة و رفع له بها درجة فاستكثروا من السجود ( ه طب الضياء ) عن عبادة بن الصامت

5742. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندە ئاللاھتائالا ئۈچۈن بىر سەجدە قىلسا، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇ سەجدىنىڭ بەدىلىگە بىر ياخشىلىق يېزىپ، ئۇنىڭدىن بىر گۇناھنى، يامانلىقنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر دەرىجە كۆتۈرىدۇ، سىلەر سەجدىنى ناھايىتى كۆپ قىلىڭلار. ئىبنى ماجە، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

بىر ھەدىستە بىر ساھابە مەن سىلى بىلەن جەننەتتە بىللە ھەمراھ بولسام دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنداق بولسا ، سەجدىنى كۆپ قىلىش بىلەن ماڭا ياردەم بەرگىن دېگەن ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبنى ئابباسنىڭ ئوغلى ئەلى رەھمەھۇللاھ بىر كېچە ـ كۈندۈزدە 1000 سەجدە قىلاتتى، كىشىلەر ئۇنى ئەلى دېمەي، سەججاد يەنى كۆپ سەجدە قىلغۇچى دەپ ئاتىشاتتى. ساھابىلەر، تابىئىنلاردىن سەجدىنى كۆپ قىلىپ، پۇت ـ قوللىرى ئىششىپ كەتكەنلەر كۆپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق بولغان، مەن شۈكرى قىلغۇچى بەندە بولمامدىم دېگەن ھەدىسى بار، نەپلە نامازلارنى چەكلەنگەن ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا بولۇپمۇ كېچىسى كۆپ ئوقۇڭلار.

ما من عبد يصرع صرعة من مرض إلا بعثه الله منها طاهرا ( طب الضياء ) عن أبي أمامة

5743. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندە كېسەلدىن يىقىلسا، ئاللاھ ئۇنى شۇ كېسەلدىن گۇناھلىرىدىن پاك ـ پاكىز بولغان ھالەتتە قوپۇرىدۇ. (كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتسە، قىيامەت كۈنىمۇ گۇناھلاردىن پاكلاپ قوپۇرىدۇ). تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

5744 ( حسن ) ما من عبد يصلي علي إلا صلت عليه الملائكة ما دام يصلي علي فليقل العبد من ذلك أو ليكثر ( حم ه الضياء ) عن عامر بن ربيعة

5744. ئامىر ئىبنى رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندە ماڭا دۇرۇت، سالام يوللىسا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا رەھمەت يوللايدۇ، ئۇ ماڭا دۇرۇت يوللاپ تۇرسىلا، پەرىشتىلەرمۇ رەھمەت يوللاپ تۇرىدۇ، بەندە ئاشۇ دۇرۇت، سالامدىن خالىسا ئاز، خالىسا كۆپ قىلسۇن، (قانچىلىك قىلسا، شۇنچىلىك رەھمەت يوللىنىدۇ). ئەھمەد، ئىبنى ماجە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن.

ما من عبد يقول في صباح كل يوم و مساء كل ليلة: بسم الله الذي لا يضر مع اسمه شيء في الأرض و لا في السماء و هو السميع العليم ثلاث مرات فيضره شيء ( ت ه ك ) عن عثمان

5745. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بەندە ھەر كۈنى ئەتىگەندە ۋە ھەر كۈنى كەچتە مۇنۇ دۇئانى ئۈچ قېتىم ئوقۇسا،

ئۈنىڭغا ھېچ نەرسە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، «بىسمىللاھىللەزى لايەزۇررۇ مەئە ئىسمىھى شەيئۇن فىل ئەرزى ۋەلا فىس سامائى ۋەھۇۋەس سەمىيئۇل ئەلىيم» ، تەرجىمىسى: ئۇلۇغ ئىسمى بىلەن زېمىندا ۋە ئاسماندىمۇ ھېچ نەرسە زەرەر يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5746** ( صحيح ) ما من غازية تغزو في سبيل الله فيصيبون الغنيمة إلا تعجلوا ثلثي أجرهم من الآخرة و يبقى لهم الثلث فإن لم يصيبوا غنيمة تم لهم أجرهم ( حم م د ن ه ) عن ابن عمرو

5746. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغان قوشۇن، غەنىيمەتكە يەتسە، ئۇلارغا ئاخىرەتتىكى ئەجرىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى مۇشۇ دۇنيادىلا تېز بېرىلگەن بولىدۇ، ئۇلارغا ئەجرىنىڭ ئۈچتىن بىرى قالىدۇ، ئەگەر غەنىيمەتكە قەتئىي ئېرىشەلمىسە، ئۇلارنىڭ ئەجرى، ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ما من قلب إلا و هو معلق بين إصبعين من أصابع الرحمن إن شاء أقامه و إن شاء أزاغه و الميزان بيد الرحمن يرفع أقواما و يخفض آخرين إلى يوم القيامة ( حم ه ك ) عن النواس

5747. نەۋۋاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر قەلب ، دىل بولىدىكەن، ئۇ رەھمانتائالانىڭ (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بار بولغان ئوخشىشى يوق) بارماقلىرىدىن ئىككى بارماق ئارىسىغا ئېسىپ قويۇلغاندۇر، ئەگەر خالىسا، ئۇنى ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم، مۇقىم تۇرغۇزىدۇ، ئەگەر خالىسا ھەقدىن مايىل قىلىپ بۇرىۋېتىدۇ، مىيزان، راھمانتائالانىڭ قولىدا بولۇپ، قىيامەت كۈنىگىچە بەزى قەۋملەرنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۈستۈن قىلسا، يەنە بەزىلەرنى پەس قىلىپ تۇرىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5748** ( صحيح ) ما من قوم يذكرون الله إلا حفت بهم الملائكة و غشيتهم الرحمة و نزلت عليهم السكينة و ذكرهم الله فيمن عنده ( ت ه ) عن أبي هريرة وأبي سعيد

5748. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر قەۋم ئاللاھنى ئەسلەپ، زىكرى ئېيتسا، ئۇلارنى پەرىشتىلەر قورشاپ تۇرىدۇ، رەھمەت قورشايدۇ، ئۇلارغا خاتىرجەملىك، تىنچلىق چۈشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز دەرگاھىدىكى كىشىلەرگە ماختاپ باھالاپ تىلغا ئالىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5749** ( صحيح ) ما من قوم يعمل فيهم بالمعاصي هم أعز و أكثر ممن يعمله ثم لم يغيروه إلا عمهم الله تعالى منه بعقاب ( حم د ه حب ) عن جرير

5749. جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر قەۋمنىڭ ئارىسىدا گۇناھ، مەئسىيەت قىلىنسا، ئۇلار گۇناھ قىلغان پاسىقلاردىن كۆپ ھەم كۈچلۈك ئەزىز تۇرۇپ ئاندىن ئۇنى توسۇمىسا، ئۆزگەرتمىسە، ئاللاھتائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئازابنى ئومۇميۈزلۈك چۈشۈرىدۇ، بىراقلا ھالاك قىلىدۇ، (كىيىن، ئەملى، نىيىتى ئۈستىدە قوپىدۇ، ئاجىزلار چارە - ئامال قىلالمايدىغانلار مۇستەسنا). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

5750 ( صحيح ) ما من قوم يقومون من مجلس لا يذكرون الله تعالى فيه إلا قاموا عن مثل جيفة حمار و كان ذلك المجلس عليهم حسرة يوم القيامة ( د ك ) عن أبي هريرة

5750. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر قەۋم ، بىرەر مەجلىسدىن ئاللاھنى ئەسلىمەي، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت، سالام يوللىماي قوپۇپ كەتسە، ئېشەكنىڭ تاپىدىن قوپۇپ كەتكەندەك بولىدۇ، شۇ مەجلىس، قىيامەت كۈنى ئۇلارغا قاتتىق ھەسرەت ـ نادامەت بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ما من كل الماء يكون الولد و إذا أراد الله خلق شيء لم يمنعه شيء ( م ) عن أبي سعيد

5751. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۇزلەت يەنى مەنىي سۈيىنى يەرگە تۆكۈۋېتىش توغرىسىدا سورالغاندا، بالا، مەنىي، ئىسپېرما سۈيىنىڭ ھەممىسىدىن بولمايدۇ، ئاللاھ بىرەر نەرسىنى يارىتىشنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھنى بىرەر نەرسە توسۇپ قالالمايدۇ، (خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار) دېگەن . مۇسلىم 2605 ـ ھەدىس، ئەھمەد 11140 ـ ھەدىس، سەھىھ.
بۇ ھەدىس، مۆجىزە بولۇپ، راستىنلا بالا سۈنىڭ ھەممىسىدىن يارالماستىن، بەلكى، بىر تال ئىسپېرما، ھۈجەيرىسىدىن يارىلىدۇ.

5752 ( صحيح ) ما من مؤمن إلا أنا أولى به في الدنيا و الآخرة اقرءوا إن شئتم: ( النبي أولى بالمؤمنين من أنفسهم) فأيما مؤمن مات و ترك مالا فليرثه عصبته من كانوا و من ترك دينا أو ضياعا فليأتني فأنا مولاه ( خ ) عن أبي هريرة

5752. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۆئمىن بولىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئەڭ لايىق، ئەڭ يېقىن ئىگىسى بولىمەن. ئەگەر خالىساڭلار مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇڭلار، «پەيغەمبەر مۆئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ جانلىرىدىنمۇ ئەلاراق، ئۆزلىرىدىنمۇ ئەلا، يېقىنراق» قايسى بىر مۆئمىن ئۆلۈپ كېتىپ، مال ـ دۇنيا قالدۇرسا، ئۇ ماللارغا ئۇنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ۋارىس بولىدۇ، كىم قەرز قالدۇرۇپ، ياكى ئەھلى باللىرىنى نامرات قالدۇرسا، يېتىم قالدۇرسا، ئۇلار مېنىڭ قېشىمغا كەلسۇن، مانا مەن ئۇنىڭ ئىگىسى بولىمەن. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) 5752 / 1 ] وهذا حديث مستدرك من الطبعة الأولى قال الألباني في صحيح ابن ماجه رقم: 1301 حسن ( ما من مؤمن يعزي أخاه بمصيبة إلا كساه الله من حلل الكرامة يوم القيامة ) ( ه ) عن عمرو بن حزم

5752. بۇ ھەدىسمۇ ساندا تەكرارلىدۇر. ئەمرۇ ئىبنى ھەزىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۆئمىن، قېرىندىشىغا مۇسىبەت يەتكەندە، تەسەللى بەرسە، قىيامەت كۈنى اللە ئۇنىڭغا كارامەت تونلىرىدىن بىر تون كىيدۈرىدۇ. ھاكىم توپلىغان، ئىبنى ماجەنىڭ سەھىھ قىسمى 1301 ـ ھەدىس، ھەسەن.

5753 ( صحيح ) ما من مجروح يجرح في سبيل الله و الله أعلم بمن يجرح في سبيله إلا جاء يوم القيامة و جرحه كهيئته يوم جرح اللون لون الدم و الريح ريح المسك ( ه ) عن أبي هريرة

5753. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا جاراھەتلەنگەن ھەر قانداق بىر مەجرۇھ كىشى، «ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا جاراھەتلەنگەن كىشىنى ئوبدان بىلىپ تۇرىدۇ» ئاشۇ جاراھەتلەنگۈچى كىشى قىيامەت كۈنى جاراھىتى،

جاراھەتلەنگەن كۈندىكى جاراھەتنىڭ تۈرقىدا كېلىدۇ، رەڭگى قان رەڭگىدە، پۇرىقى بولسا مىسكە، ئەنبەرنىڭ پۇرىقىدا كېلىدۇ. ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) ما من مسلم يبيت على ذكر طاهرا فيتعار من الليل فيسأل الله تعالى خيرا من أمر الدنيا و الآخرة إلا أعطاه إياه ( حم د ه ) عن معاذ

5754. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان تاھارەت بىلەن زىكرى ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلاپ قالسا، ئاندىن كېچىسى ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ كېتىپ، ئاللاھتائالادىن، دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىدىن بىرەر ياخشىلىقنى سورىسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە سورىغان نەرسىنى بېرىدۇ، دۇئاسى ئىجابەتتۇر . ئەبۇ داۋۇد 4385 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3871 ـ ھەدىس، ئەھمەد 21037 ـ ھەدىس. سەھىھ.

( صحيح ) ما من مسلم يتطهر فيتم الطهور الذي كتب الله عليه فيصلي هذه الصلوات الخمس إلا كانت كفارة لما بينهن ( م ) عن عثمان

5755. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان، تاھارەت ئېلىپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا پەرز قىلىپ پۈتكەن تاھارەتنى ياخشى، كامىل قىلىپ، ئاندىن مۇشۇ بەش نامازنى كامىل ئوقۇسا، ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئاشۇ بەش نامازلار ئارىسىدىكى بارلىق گۇناھلارغا كاپارەتتۇر، گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

5756 ( صحيح ) ما من مسلم يتوضأ فيحسن وضوءه ثم يقوم فيصلي ركعتين يقبل عليهما بقلبه و وجهه إلا وجبت له الجنة ( م د ) عن عقبة بن عامر

5756. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان تاھارەت ئېلىپ، تاھارەتنى ياخشى، كامىل قىلىپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسا، ئۇ بۇ نامازغا دىلى بىلەن يۈزى يەنى رازىلىقى بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن ئالدىنى قىلسا، بۇ كىشى ئۈچۈن جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

5757 ( صحيح ) ما من مسلم يزرع زرعا أو يغرس غرسا فيأكل منه طير أو إنسان أو بهيمة إلا كانت له به صدقة ( حم ق ت ) عن أنس

5757. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان، زىرائەت تېرىسا، ياكى دەرەخ تىكسە، ئاندىن ئۇنىڭدىن بىرەر قۇش ياكى ئىنسان ياكى ھايۋان يېسە، بۇ، ئۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن سەدىقە قىلغانلىق بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ، بۇ دېھقانچىلىقنىڭ دەرەخ تىكىشنىڭ پايدىسى.

ما من مسلم يشاك شوكة فما فوقها إلا كتبت له بها درجة و محيت عنه بها خطيئة ( م ) عن عائشة

5758. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمانغا بىر تال شوخا تىكەن كىرىپ كەتسە، يا ئۇنىڭدىن يۇقىرىراق مۇسىبەت يەتسە، بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يېزىلىپ، ئۇنىڭدىن بىر خاتالىق ئۆچۈرۈلىدۇ، (مۆئمىننىڭ بارلىق ئىشى ياخشى). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

ما من مسلم يشهد له ثلاثة إلا وجبت له الجنة قيل و اثنان ؟ قال: و اثنان ( ت ) عن عمر

5759. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ياخشىلىقىغا ئادىل، تەقۋا ئۈچ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىشى راستچىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بەرسە، يەنى بۇ سالىھ كىشى ئىدى دېسە، ئۇ مۇسۇلمانغا جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ، ئىككى كىشى گۇۋاھلىق بەرسىچۇ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى كىشى گۇۋاھلىق بەرسىمۇ جەننەت ۋاجىپ دېدى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، گۇۋاھلىق راست، سەممىي بولۇشى لازىم، يالغان گۇۋاھلىق بىلەن جەننەتكە كىرىش ئەمەس، بەلكى، مۇشۇ دۇنيادىكى ئاددىي ئىشلارمۇ ئاقمايدۇ.

ما من مسلم يشيب شيبة في الإسلام إلا كتب الله له بها حسنة و حط عنه بها خطيئة ( د ) عن ابن عمرو

5760. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان، ئىسلام دىنىدا ئىسلام ئۈچۈن چېچىغا ئاق كىرگۈزسە، بىر تال ئاق چاچ بولسا، ئاللاھ شۇ بىر تال ئاق چاچنىڭ بەدىلىگە بىر ياخشىلىق يېزىپ، ئۇنىڭدىن بىر خاتالىقنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. شەرتى مۇسۇلمان بولۇشتىن باشقا ئەلۋەتتە دۇنيا غېمىدە ئەمەس، بەلكى ئاخىرەت غېمىدە ئىسلام ئۈچۈن مۇسۇلمانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىسلام نۇرى ئۈچۈن چېچىغا ئاق كىرىش لازىم.

5761 ( صحيح ) ما من مسلم يصاب في جسده إلا أمر الله تعالى الحفظة: اكتبوا لعبدي في كل يوم و ليلة من الخير ما كان يعمل ما دام محبوسا في وثاقي ( ك ) عن ابن عمرو

5761. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ جەسىتىگە مۇسىبەت يەتسە، ئۇ كېسەل سەۋەبىدىن ئەمەلدىن توختاپ قالسا، ئاللاھ پۈتۈكچى پەرىشتىلەرگە مۇنداق بۇيرۇيدۇ: سىلەر مېنىڭ بۇ بەندەم ئۈچۈن ھەربىر كېچە ـ كۈندۈزدە، ئۇ مېنىڭ باغلىقىمدا مەھبۇس بولۇپ تۇرسىلا، يەنى كېسەل ھالەتتە تۇرسىلا ئۇ ساق چاغدا قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يېزىۋېرىڭلار. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

5762 ( حسن ) ما من مسلم يصلي عليه أمة إلا شفعوا فيه ( حم طب ) عن ميمونة

5762. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمانغا بىر ئۈممەت جىنازا نامىزى ئوقۇسا، شۇ ئۈممەت ئۇ مۇسۇلمان ھەققىدە شاپائەتچى بولىدۇ، يەنى شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدۇ، ئۇ مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

ما من مسلم يصيبه أذى شوكة فما فوقها إلا حط الله له به سيئاته كما تحط الشجرة ورقها(ق)عن ابن مسعود

5763. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمانغا بىرەر تال تىكەن، شوخا چاغلىق ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرىراق مۇسىبەت، ئەزىيەت يەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭ بەدىلىگە خۇددى دەرەخ قۇلىقىنى تۆككەندەك ئۇ مۇسۇلماننىڭ گۇناھلىرىنى تۆكۈۋېتىدۇ. بەيھەقى،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھ تۆكۈۋەتكەن گۇناھلارنى قايتا تېرىۋالماڭلار.

5764 ( صحيح ) ما من مسلم تصيبه مصيبة فيقول ما أمره الله: ( إنا لله و إنا إليه راجعون اللهم أجرني في مصيبتي و اخلف لي خيرا منها) إلا أجره الله في مصيبته و أخلف الله له خيرا منها ( م ه ) عن أم سملة ( حم ) عن أم سلمة عن أبي سلمة

5764. ئۇممە سەلەمەت، ئەبۇ سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمانغا بىرەر مۇسىبەت يەتسە، ئاندىن ئۇ، ئاللاھتائالا بۇيرۇغاندەك مۇنداق دېسە: «ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن ئاللاھۇمە ئەجىرنى فى مۇسىيبەتى ۋە ئەخلىف لى خەيرەن مىنها»، ھەقىقەتەن بىز ئاللاھنىڭ، ئاللاھقا خاسمىز، ھەممىمىز ئاخىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز، ئى ئاللاھ ماڭا بۇ مۇسىبىتىمدە ئەجىر ـ ساۋاب بەرگىن، ئۇنىڭدىن ياخشىراقىنى ئىز باسار قىلىپ بەرگىن دېسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە شۇ مۇسىبىتىدە ئەجىر، ساۋاب بېرىپ، ياخشىراقىنى ئىز باسار قىلىپ بېرىدۇ، (ئەمەلىيەتتە ئۇممە سەلەمەتكە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئىز باسار قىلىپ بەردى). مۇسلىم، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

**5765** ( صحيح ) ما من مسلم يظلم مظلمة فيقاتل فيقتل إلا قتل شهيدا ( حم ) عن ابن عمرو

5765. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان قاتتىق زۇلۇمغا ئۇچراپ ئاندىن زۇلۇمغا قارشى ئۇرۇش قىلسا، ئۇ بۇ جەڭدە شېھىد بولۇش نىيىتىدە ئۆلتۈرۈلسە، شېھىد بولىدۇ. (خۇلاسە، زۇلۇمغا قارشى ئۇرۇشتا ئۆلسە شېھىد). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**5766** ( صحيح ) ما من مسلم يعود مريضا لم يحضر أجله فيقول سبع مرات: أسأل الله العظيم رب العرش العظيم أن يشفيك إلا عوفي ( ت ) عن ابن عباس

5766. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئەجىلى توشمىغان، ئۆلۈمى يېتىپ كەلمىگەن بىر كېسەلنى يوقلاپ،يەتتە قېتىم مۇنداق دېسە، «ئەسئەلۇللاھەل ئەزىيىم رەببەلئەرشىل ئەزىيىم ئەيىيەشفىيكە» ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئۇلۇغ ئاللاھدىن ساڭا شىپالىق، داۋا ئاتا قىلىشىنى، شىپا بېرىشىنى سورايمەن دېسە، ئۇ كېسەل چوقۇم ساقىيىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.يەتتە قېتىم دەڭ.

**5767** ( صحيح ) ما من مسلم يعود مسلما غدوة إلا صلى عليه سبعون ألف ملك حتى يمسي و إن عاده عشية صلى عليه سبعون ألف ملك حتى يصبح و كان له خريف في الجنة ( ت ) عن علي

5767. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر مۇسۇلمان كېسەل بولۇپ قالغان مۇسۇلماننى ئەتىگەندە يوقلىسا 70000 پەرىشتە ئۇنىڭغا كەچ بولغۇچە رەھمەت يوللايدۇ، ئەگەر كەچ تەرەپتە يوقلىسا، 70000 پەرىشتە ئۇنىڭغا تاك ئاتقىچە رەھمەت يوللاپ، مەغپىرەت سورايدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتتە بىر باغ بېرىلىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ما من مسلم يغرس غرسا إلا كان ما أكل منه له صدقة و ما سرق منه صدقة و ما أكل السبع فهو له صدقة و ما أكلت الطيور فهو له صدقة و لا يرزؤه أحد كان له صدقة ( م ) عن جابر

5768. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان مېۋىلىك دەرەخ تىكسە، ئۇنىڭدىن يېيىلگەن نەرسە، ئۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن سەدىقە قىلغانلىق بولىدۇ، ئۇ مېۋىدىن ئوغرىلانسا ، ھايۋانلار يېسە ياكى قۇشلار يېسە، سەدىقە ھېسابلىنىدۇ، بىرەر كىشى ئۇ دەرەخدىن كاملاتسىلا ئۇ سەدىقە ھېسابلىنىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

ما من مسلم يقرض مسلما قرضا مرتين إلا كان كصدقتها مرة ( ه ) عن ابن مسعود

5769. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلمانغا ئىككى قېتىم قەرز بېرىپ تۇرسا، بىر قېتىملىقىنى سەدىقە قىلىپ بەرگەندەك بولىدۇ، (باشقا خاتىرىدە قەرز بېرىپ تۇرسىلا، سەدىقە قىلغان بولىدۇ دېيىلگەن). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5770** ( صحيح ) ما من مسلم يلبي إلا لبى ما عن يمينه و شماله من حجر أو شجر أو مدر حتى تنقطع الأرض من هاهنا و هاهنا ( ت ه ك )

عن سهل بن سعد

5770. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق مۇسۇلمان، ھەجدە لەببەيكە دەپ تەلبىي ئېيتىپ ماڭسا، ئۇنىڭ ئوڭ، سول تەرىپىدىكى تاش چالما، دەرەخلەرمۇ بىللە تەلبىي ئېيتىپ تۇرىدۇ، ھەتتا زېمىن بىر تەرىپى يەنە بىر تەرىپىدىن ئۈزۈلۈپ، ئايرىلىپ كېتىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ سەھىھ ھەدىس، جانسىز نەرسىنىڭ سۆز قىلىشىغا ۋە قورۇقلۇقنىڭ يۆتكىلىپ تۇرۇشىغا ئىشارەت قىلىدۇ، تەرەققىيات، كەشپىياتلار ئىلغارلاشسا، كىشىلەر ئاڭلاپ باقمىغان، كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ ـ غارايىپلارنى بايقايدۇ.

ما من مسلم يموت فيقوم على جنازته أربعون رجلا لا يشركون بالله شيئا إلا شفعوا فيه( حم د ) عن ابن عباس

5771. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر مۇسۇلمان ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ جىنازىسىغا، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدىغان 40 مۆئمىن كىشى قاتناشسا، بۇ كىشىلەر ئۇ مۇسۇلمان ھەققىدە شاپائەت قىلالايدۇ، يەنى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) ما من مسلم يموت له ثلاثة من الولد ما لم يبلغوا الحنث إلا تلقوه من أبواب الجنة الثمانية من أيها شاء دخل ( حم ) عن عتبة بن عبد

5772. ئۇتبەت ئىبنى ئابدۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ باللىرىدىن بالاغەتكە يەتمىگەن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، بۇ باللار ئۇنى جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكلىرى ئالدىدا كۈتۈۋالىدۇ، قارشى ئالىدۇ، ئۇ مۇسۇلمان قايسى ئىشىكتىن خالىسا، شۇ ئىشىكتىن كىرىدۇ، (شەرتى كامىل مۇسۇلمان بولۇش). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

ما من مسلم يموت يوم الجمعة أو ليلة الجمعة إلا وقاه الله تعالى فتنة القبر( حم ت ) عن ابن عمرو

5773. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشى جۈمە كۈنى ياكى جۈمە كۈن كەچتە ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھ ئۇنى قەبرىنىڭ پىتنىسىدىن، سوراق ـ سوئال ئازابىدىن ساقلايدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) ما من مسلم ينفق من كل مال له زوجين في سبيل الله إلا استقبلته حجبة الجنة كلهم يدعوه إلى ما عنده( حم ن حب ك ) عن أبي ذر

5774. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان، ئاللاھ يولىدا ماللىرىنىڭ ھەر بىرىدىن بىر جۈپتىن نەپىقە قىلىپ، سەدىقە قىلسا، يەنى بىر جۈپ ئەر ـ ئايال قۇلنى ئازاد قىلسا، بىر جۈپ تۆگە، كالا، قوينى سەدىقە قىلسا، ياكى جۈپتىدىن ئايرىلسا ياخشى بولمايدىغان نەرسىنى بىر جۈپ سەدىقە قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنى جەننەتنىڭ خاس ھاجىپ خادىملىرى ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالىدۇ، ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى لەززەتلىك

نىئمەتلەرگە چاقىرىدۇ. ئەھمەد ، نەسەئى ، ئىبنى ھەببان ، ھاكىم توپلىغان ، سەھىھ.

5775 ( صحيح ) ما من مسلمين التقيا بأسيافهما إلا كان القاتل و المقتول في النار ( ه ) عن أنس

5775. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى مۇسۇلمان بىر ـ بىرىگە قىلىچ كۆتۈرۈپ ئۇچراشسا ، قاتىلمۇ، ئۆلتۈرۈلگۈچىمۇ دوۋزاختا بولىدۇ، (چۈنكى، بۇمۇ ئۆلتۈرۈشكە ھېرىس ئىدى). ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

5776 ( صحيح ) ما من مسلمين يتوفى لهما ثلاثة من الولد لم يبلغوا الحنث إلا أدخلهما الله الجنة بفضل رحمته إياهم ( ه ) عن أنس

5776. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق مۇسۇلمان ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ باللىرىدىن بالاغەتكە يەتمىگەن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھ ھەر ئىككىلىسىنى شۇ باللارغا بولغان رەھمەت ـ پەزلى بىلەن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

ما من مسلمين يلتقيان فيتصافحان إلا غفر لهما قبل أن يتفرقا ( حم د ت ه الضياء ) عن البراء

5777. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى مۇسۇلمان قول ئېلىشىپ سالاملاشسا، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇنلا مەغپىرەت قىلىنىدۇ، (يەنى كىچىك خاتالىقلار كەچۈرۈلىدۇ). ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن.

5778 ( حسن ) ما من مسلمين يلتقيان فيسلم أحدهما على صاحبه و يأخذ بيده لا يأخذ بيده إلا لله فلا يفترقان حتى يغفر لهما ( حم ) عن البراء

5778. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى مۇسۇلمان بىر ـ بىرىگە ئۇچرىشىپ، بىرسى يەنە بىر ھەمراھىغا سالام قىلسا، ۋە قولنى تۇتسا، ئۇنىڭ قولنى پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا تۇتسا، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىنماي تۇرۇپ ئايرىلمايدۇ، يەنى ئايرىلىشتىن بۇرۇن كەچۈرۈلۈپ بولىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

ما من مسلمين يموت بينهما ثلاثة من أولادهما لم يبلغوا الحنث إلا غفر لهما ( حم ن حب ) عن أبي ذر

5779. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالاغەتكە يەتمىگەن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمان ئەر ـ ئايالغا مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەھمەد ، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان ، سەھىھ.

5780 ( صحيح ) ما من مسلمين يموت لهما ثلاثة أولاد لم يبلغوا الحنث إلا أدخلهما الله بفضل رحمته إياهم الجنة يقال لهم: ادخلوا الجنة فيقولون: حتى يدخل أبوانا فيقال: ادخلوا الجنة أنتم و أبواكم ( حم ن ) عن أبي هريرة

5780. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالاغەتكە يەتمىگەن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمان ئەر ـ ئايالنى ئاللاھتائالا شۇ باللارغا قىلىنغان رەھمەت ـ پەزلىدىن جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ئۇ باللارغا جەننەتكە كىرىڭلار دېيىلسە ، ئۇلار ئاتا ـ ئانىمىز كىرمىگىچە كىرمەيمىز دەيدۇ، ئاندىن ئۇلارغا سىلەرمۇ ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارمۇ جەننەتكە كىرىڭلار دېيىلىدۇ ، ئەھمەد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

5781 ( صحيح ) ما من مسلمين يموت لهما ثلاثة من الولد لم يبلغوا حنثا إلا أدخلهما الله الجنة بفضل رحمته إياهم ( حم ن حب ) عن أبي ذر

5781. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ يولىدىن توپلىغان، سەھىھ، مەزمۇنى يۇقىرىقىلارغا ئوخشاشتۇر.

ما من مصيبة تصيب المسلم إلا كفر الله بها عنه حتى الشوكة يشاكها ( حم ق ) عن عائشة

5782. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىدا كۆپ ئۆتتى، مەزمۇنى مۇسۇلمانغا مۇسىبەت يەتسە ھەتتا شوخا تىكەن كىرىپ كەتسىمۇ گۇناھىغا كاپارەتتۇر.

ما من مكلوم يكلم في الله إلا جاء يوم القيامة و كلمه يدمى اللون لون الدم و الريح ريح المسك ( خ ) عن أبي هرير

5783. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا جاراھەتلەنگەن ياردار كىشى قىيامەت كۈنى جاراھىتى قان ئاقتۇرغان ھالدا كېلىدۇ ـ دە، رەڭگى قان رەڭگىدۇر، پۇرىقى بولسا مىسكىنىڭ پۇرىقىدۇر. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. بۇ، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشنىڭ پەزىلىتىدۇر.

**5784** ( صحيح ) ما من مولود إلا يولد على الفطرة فأبواه يهودانه أو ينصرانه أو يمجسانه كما تنتج البهيمة بهيمة جمعاء هل تحسون فيها من جدعاء ( ق د ) عن أبي هريرة

5784. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق تۇغۇلىدىغان بالا، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغۇدەك تەبىئەت ئۈستىگە(ئىسلام ئۈستىگە) تۇغۇلىدۇ، ئاندىن ئۇنى، ئاتا ـ ئانىسى، يەھۇدىي ياكى ناسارا ياكى مەجۇسىي قىلىۋېتىدۇ، خۇددى ھايۋان ئەزالىرى ساق ـ سالامەت ھايۋاننى تۇغقاندەك سىلەر ئۇ ھايۋانلار ئارىسىدا ئەزالىرى چولاقلىرىنى تاپالامسىلەر؟ ئەنە شۇنىڭدەك ئاتا ـ ئانا بالىسىنى ئۆزىگە ئوخشاش قىلىۋېتىدۇ. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەرمۇ باللىرىڭلارنى ئۆزۈڭلارغا ئوخشاش ھەتتا سىلەردىنمۇ ياخشى مۇسۇلمان قىلىڭلار.

**5785** ( صحيح ) ما من مولود يولد إلا نخسه الشيطان فيستهل صارخا من نخسة الشيطان إلا ابن مريم و أمه ( حم م ) عن أبي هريرة

5785. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بالا تۇغۇلسا، ئۇنى شەيتان چىمدايدۇ، ئاندىن بالا شەيتاننىڭ چىمدىشىدىن ۋارقىراپ يىغلايدۇ، لېكىن، مەريەم ئوغلى ئەيسا بىلەن مەريەم بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. مۇسلىم 4363 ـ ھەدىس، ئەھمەد 6885 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5786** ( صحيح ) ما من ميت يصلي عليه أمة من المسلمين يبلغون أن يكونوا مائة فيشفعون له إلا شفعوا فيه ( حم م ن ) عن أنس وعائشة

5786. ئەنەس، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مېيىتكە مۇسۇلمانلاردىن سانى 100گە يېتىدىغان ئۈممەت جىنازا نامىزى ئوقۇپ، شاپائەت قىلسا، مەغپىرەت سورىسا، ئۇ كىشى ھەققىدە ئۇلارنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدۇ، يەنى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5787** ( حسن ) ما من ميت يصلي عليه أمة من الناس إلا شفعوا فيه ( ن ) عن ميمونة

5787. بۇ ھەدىسنى نەسەئى، مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن توپلىغان بولۇپ، سەھىھ، مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش، بىرەر مېيىتكە كىشىلەردىن بىر ئۈممەت جىنازا چۈشۈرسە شاپائىتى قوبۇل قىلىنىدۇ.

**5788** ( حسن ) ما من ميت يموت فيقوم باكيهم فيقول: وا جبلاه ! وا سنداه ! أو نحو ذلك إلا وكل به ملكان يلهزانه: هكذا كنت ؟ ! ( ت ) عن أبي موسى

5788. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مېيىت يەنى ئۆلۈشكە تېگىشلىك كىشى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يىغلىغۇچىلار تۇرۇپ ۋاي تاغدەك ئاتام! ۋاي سەييىد خوجام، ۋاي ماندىاق، ۋاي ئانداق دېگىلى تۇرسا، ئۇ مېيىتكە ئىككى پەرىشتە مۇئەككەل قىلىنىدۇ، پەرىشتىلەر ئۇنى راسا توقماقداپ قاتتىق ئۇرۇپ، سەن راستىنلا شۇنداقمىدىڭ؟ دەيدۇ. تىرمىزى 924 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1583 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5789** ( صحيح ) ما من نبي إلا و قد أنذر أمته الأعور الكذاب ألا إنه أعور و إن ربكم ليس بأعور مكتوب بين عينيه ك ف ر ( ت ) عن أنس

5789. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر پەيغەمبەر بولىدىكەن، ئۇ ئۈممىتىنى بىر كۆزى كور، كاززاپ دەججالدىن ئاگاھلاندۇردى، ئاگاھ بولۇڭلار ، دەججالنىڭ بىر كۆزى كوردۇر، ھەقىقەتەن رەببىڭلار بىر كۆزى كور ئەمەس. (ئاللاھنىڭ قەتئىي ئۇخشىشى يوقتۇر)، دەججالنىڭ ئىككى كۆزى ئارىسىغا، پېشانىسىغا «ك ف ر» دەپ يېزىقلىقتۇر، ئۇنى ھەر قانداق مۆئمىن ئوقۇيالايدۇ، تىرمىزىيلار توپلىغان، سەھىھ.

**5790** ( صحيح ) ما من نبي بعثه الله في أمة قبلي إلا كان له من أمته حواريون و أصحاب يأخذون بسنته و يتقيدون بأمره ثم إنها تخلف من بعدهم خلوف يقولون ما لا يفعلون و يفعلون ما لا يؤمرون فمن جاهدهم بيده فهو مؤمن و من جاهدهم بلسانه فهو مؤمن و من جاهدهم بقلبه فهو مؤمن ليس وراء ذلك من الإيمان حبة خردل ( حم م ) عن ابن مسعود

5790. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەندىن بۇرۇن ئۈممەتى ئىچىگە ئاللاھ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈممىتىدىن ھاۋارىيۇن يېقىن ياردەمچىلىرى، ئەسھابىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇ پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتىنى تۇتىدۇ، بۇيرۇقىغا ئەقتىدا قىلىدۇ، ئەگىشىدۇ، ئاندىن ئۇلاردىن كېيىن بىر تۇركۇم ئىز باسارلار خەلىپە بولۇپ، ئۆزلىرى قىلمايدىغان ئىشلارنى سۆزلەيدۇ، بۇيرۇلمىغان ئىشلارنى قىلىپ كېتىدۇ، يەنى دىندىن چىقىپ كېتىدۇ، كىم ئۇلار بىلەن قولى بىلەن جىھاد قىلسا، ئۇ مۆئمىن. كىم ئۇلارغا قارشى تىلى بىلەن جىھاد قىلسا، ئۇ مۆئمىن، كىم ئۇلارغا قارشى دىلى بىلەن جىھاد قىلسا، ئۇمۇ مۆئمىن. ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىر تال قىچىنىڭ دېنى چاغلىق ئىمان يوقتۇر. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىسىدىن، ئىسلام دىنىغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلەر، تابىئىنلار ئېتىقاد قىلغاندەك ئېتىقاد قىلىش، شۇلار ئەمەل قىلغاندەك ئەمەل قىلىش، دىننى شۇلاردەك چۈشىنىش، دەلىلنى شۇلاردەك ئېلىش، بىدئەتتىن قاتتىق ھەزەر قىلىش، دىننى ئۆزگەرتكەن، مۇرتەدگە قارشى جىھاد، ئۇرۇش قىلىش، ھەتتا قەلبىدىمۇ بولسا قارشى تۇرۇش چىقىدۇ.

**5791** ( صحيح ) ما من نبي يمرض إلا خير بين الدنيا و الآخرة ( ه ) عن عائشة

5791. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر پەيغەمبەر كېسەل بولسا، ۋاپاتىدىن بۇرۇن دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنىڭ بىرىنى تاللاشقا ئىختىيارلىق بېرىلىدۇ، (ئاندىن ئۇ ئاخىرەتنى تاللايدۇ ـ دە، ۋاپات بولىدۇ). ئىبنى ماجە قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

ما من نفس تموت لها عند الله خير يسرها أن ترجع إلى الدنيا و أن لها الدنيا و ما فيها إلا الشهيد فإنه يتمنى أن يرجع إلى الدنيا فيقتل مرة

أخرى لما يرى من فضل الشهادة ( حم ق ت ) عن أنس

5792. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شېھىددىن باشقا ھەر قانداق جان ئىگىسى ئۆلۈپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ياخشىلىققا ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا قايتىشى ۋە دۇنيا، دۇنيانىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بېرىلىشى ئۇنى خۇرسەن قىلالمايدۇ، پەقەت شېھىدلا، شېھىدلىقنىڭ پەزىلىتىنى كۆرگەنلىكىدىن بۇ دۇنياغا قايتىشنى، ئاللاھ يولىدا يەنە بىر قېتىم ئۆلتۈرۈلۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

5793 ( حسن ) ما من نفس تموت و هي تشهد أن لا إله إلا الله و أني رسول الله يرجع ذلك إلى قلب موقن إلا غفر الله له ( حم ن ه ) عن معاذ

5793. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر جان ئىگىسى ھەقىقەتەن، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ۋە مەن يەنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ھەق ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، بۇ شاھادەت كەلىمىسى شەكسىز ئىشەنگۈچىنىڭ قەلبىگە قايتىپ بارسا، يەنى ئۇ شەكسىز ئىشىنىپ ئۆلسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىدۇ، كەچۈرىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

5794 ( صحيح ) ما من نفس منفوسة إلا و قد كتب الله مكانها من الجنة و النار و إلا و قد كتبت شقية أو سعيدة قيل: أفلا نتكل ؟ قال: لا اعملوا و لا تتكلوا فكل ميسر لما خلق له أما أهل السعادة فييسرون لعمل أهل السعادة و أما أهل الشقاوة فييسرون لعمل أهل الشقاوة ( حم ق 4 ) عن علي

5794. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نەپەسلىنىۋاتقان جان ئىگىسى بولىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ جەننەتتىكى يا دوۋزاخدىكى ئورنىنى يېزىپ بولدى، ئۇنىڭ شەقىيلىقى ياكى سائادەتمەن ئىكەنلىكى بۇرۇنلا تەقدىردە يېزىلىپ بولدى، ئۇنداقتا شۇ كىتابىمىزغىلا يۆلەنمەمدۇق؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ياق، ئۇنىڭغا يۆلىنىۋالماڭلار، ياخشى ئەمەل قىلىڭلار، ھەممىسى ئۆزى يارىتىلغان ئەمەلگە ئاسان قىلىنىدۇ، (يەنى ئاللاھ ئالدىن قانداق ئەمەل قىلىشنى بىلىپ، شۇ ئەمەل ئۈچۈن ياراتتى، بىلىپ ياراتتى ھەم يازدى، بىلىشى، يارىتىشىدىن توسمايدۇ، ئىلىم بىلەن ئەمەس، ئەمەلگە جازالايدۇ). ئەمما، سائادەتمەنلەرگە شۇلارنىڭ ئەملى ئاسان قىلىنىدۇ، شەقىيلارغا بولسا شۇلارنىڭ ئەملى ئاسان قىلىنىدۇ، (چۈنكى، ئۇلار ئۇ ئەمەللەرنى ئۆزى خالاپ ئىختىيار قىلغاندۇر، ئاللاھ ئۇنى ئالدىن بىلىپ يازغاندۇر، ئۇلار يازغاننى ئەمەس بەلكى، ئۆزى قىلىدىغان ئەمەلنى قىلغاندۇر، چۈنكى، قىلغاننى يازغاندۇر، يوقنى يېزىپ قويمايدۇ، ئاندىن كىشىلەر يازغاننى قىلغاندەك چۈشىنىۋالدى، چۈنكى بۇ بۇرۇنلا ئالدىن بىلىپ يېزىلغان، نېمە بىلىندى؟ نېمە يېزىلدى؟ شۇ ئەمەللەر بار نەرسە يەنى ئاللاھنىڭ ئىلمىدا). ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

ما من نفس منفوسة اليوم يأتي عليها مائة سنة و هي يومئذ حية ( حم ق ت ) عن جابر

5795. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۈگۈن نەپەسلىنىۋاتقان ھەر قانداق بىر جان ئىگىسىگە ساق 100 يىل كەلمەيدۇ، 100 يىل كەلگەن شۇ كۈندە ھېچ كىم ھايات قالمايدۇ، (بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، راستىنلا 100 يىل توشقاندا شۇ ۋاقىتتا بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتكەن، ساھابە ئاخىرلاشقان). ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5796** ( صحيح ) ما من يوم أكثر من أن يعتق الله فيه عبدا أو أمة من النار من يوم عرفة و إنه ليدنو ثم يباهي بهم الملائكة فيقول: ماذا أراد هؤلاء ؟ ( م ن ه ) عن عائشة

5796. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۈنلەر ئىچىدە ئاراپات كۈنىدەك ئاللاھتائالا، ئەر ياكى ئايال بەندىلىرىنى دوۋزاخدىن ئىنتايىن كۆپ ئازاد قىلىدىغان كۈن يوقتۇر، پەقەت ئاراپات كۈنىلا ھەممىدىن كۆپ ئازاد قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە يېقىنلىشىپ، ئاندىن ئاراپات ئەھلىنى پەرىشتىلەرگە باھالاپ ماختاپ بېرىدۇ، ئاۋۇلار نېمىنى ئىرادە قىلىۋاتىدۇ دەپ بىلىپ تۇرۇپ سورايدۇ. مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5797** ( صحيح ) ما من يوم يصبح العباد فيه إلا ملكان ينزلان فيقول أحدهما: اللهم أعط منفقا خلفا و يقول الآخر: اللهم أعط ممسكا تلفا( ق ) عن أبي هريرة

5797. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندىلەر تاڭ ئاتقۇزغان ھەربىر كۈندە ئىككى پەرىشتە چۈشۈپ بىرسى: ئى ئاللاھ! سېنىڭ يولۇڭدا نەپىقە، ئېھسان قىلغۇچىغا ئىز باسار مال ـ دۇنيا قىلىپ بەرگىن، مېلىنى كۆپەيتىپ بەرگىن دەيدۇ، يەنە بىرسى بولسا: ئى ئاللاھ! سەدىقە قىلماس بېخىلغا ۋە ئۇنىڭ مېلىغا ھالاكەتنى بەرگىن دەيدۇ. بۇخارى، بەيھەقى ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

**5798** ( صحيح ) ما منكم من أحد إلا سيكلمه الله يوم القيامة ليس بينه و بينه ترجمان فينظر أيمن منه فلا يرى إلا ما قدم و ينظر أشأم منه فلا يرى إلا ما قدم و ينظر بين يديه فلا يرى إلا النار تلقاء وجهه فاتقوا النار و لو بشق تمرة و لو بكلمة طيبة ( حم ق ت ه ) عن عدي بن حاتم

5798. ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن ھەربىر كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا: ئۇ كىشى بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىدا تەرجىمان يوق ھالەتتە سۆز قىلىدۇ، (چۈنكى، ئاللاھنىڭ سۆزىنى جانلىق، جانسىز ھەممىسى روشەن چۈشىنەلەيدۇ). ئۇ كىشى ئوڭ تەرىپىگە قاراپ ئۆزى بۇرۇن قىلغان ئەمەلدىن باشقىسىنى كۆرمەيدۇ، سول تەرىپىگە قارايمۇ پەقەت بۇرۇن قىلغان ئەمەللىرىنىلا كۆرىدۇ، ئالدىغا قاراپ دوۋزاخدىن باشقىسىنى كۆرمەيدۇ، پەقەت يۈزى تەرەپتە دوۋزاخنىلا كۆرىدۇ، سىلەر يېرىم خورما بىلەن بولسىمۇ ياخشى سۆز قىلىش بىلەن بولسىمۇ دوۋزاخدىن ساقلىنىڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5799** ( صحيح ) ما منكم من أحد إلا له منزلان: منزل في الجنة و منزل في النار فإذا مات فدخل النار ورث أهل الجنة منزله فذلك قوله: (أولئك هم الوارثون ) ( ه ) عن أبي هريرة

5799. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن ھەربىر كىشىنىڭ ئىككى ئورنى باردۇر، بىر ئورنى جەننەتتە، يەنە بىر مەنزىلى دوۋزاختا بولىدۇ، ئۇ ئۆلۈپ دوۋزاخقا كىرسە، جەننەت ئەھلى ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىس بولىدۇ، ئۇ بولسا، ئاللاھنىڭ سۈرە مۆئمىنۇنىدىكى مۇنۇ سۆزىدۇر، «ئەنە شۇلار ۋارىس بولغۇچىلاردۇر، ئۇلار فىردەۋسكە ۋارىس بولىدۇ» 10 ـ ئايىتى، (جەننەت ئەھلىنىڭ ئورۇن مەنزىللىرى بولسا، دوۋزاخ ئەھلىگە قالىدۇ). ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**5800** ( صحيح ) ما منكم من أحد إلا و قد وكل به قرينه من الجن و قرينه من الملائكة قالوا: و إياك ؟ قال: و إياي إلا أن الله أعانني عليه

فأسلم فلا يأمرني إلا بخير ( حم م ) عن ابن مسعود

5800. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن ھەربىر كىشىگە ئۇنىڭ جىندىن بولغان بىر يېقىن ھەمراھى ۋە پەرىشتىدىن بولغان بىر ھەمراھى مۇئەككەل قىلىنغاندۇر، (پەرىشتە ياخشىلىققا بۇيرىسا، شەيتان يامانلىققا بۇيرۇيدۇ). ئۇلار سىلىگىمۇ شۇنداقمۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەنمۇ شۇنداق، لېكىن، ئاللاھتائالا ماڭا ياردەم بەردى، ئۇ مۇسۇلمان بولدى، مەن سالامەت قالدىم، ئۇ مېنى پەقەت ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ دېدى. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5801** ( صحيح ) ما منكم من أحد إلا و معه شيطان قالوا: و أنت يا رسول الله ؟ قال: و أنا إلا أن الله أعانني عليه فأسلم ( م ) عن عائشة

5801. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن ھەربىر كىشى بىلەن بىر شەيتان بىللىدۇر، ئۇلار ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، سىلىمۇ شۇنداقمۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭىمۇ شۇنداق، لېكىن، ئاللاھتائالا ماڭا ئۇنىڭغا قارشى ياردەم بەردى، ئۇ مۇسۇلمان بولدى، مەن سالامەت قالدىم دېگەن . مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، ھازىر ئالىملار ھەر قانداق كىشىدە مەنىۋى تەرەپتىن ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ بارلىقىنى، پسىخولوگىيە جەھەتتىن ھەربىر كىشى ئىككى تەرەپلىمە ياخشى ۋە يامانلىق تەرىپى بارلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى، نۇرغۇن يازغۇچىلار مۇشۇ ئۇسلۇبدا كىتاب، رومان يازدى، فىلىم قىلىپ ئىشلەندى، بۇ ھەدىسنىڭ روشەن مۆجىزىسىدۇر.

**5802** ( صحيح ) ما منكم من أحد يتوضأ فيحسن الوضوء ثم يقوم فيركع ركعتين يقبل عليهما بقلبه و وجهه إلا وجبت له الجنة و غفر له ( حم د حب ) عن عقبة بن عامر

5802. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن ھەر قانداق بىر كىشى تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئېلىپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسا، ئۇ نامىزىغا چىن قەلبى بىلەن يۈزى بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن ئالدىنى قىلىپ، ئىخلاس بىلەن ئوقۇسا، ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىنىپ، جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ، يەنى جەننەت مۇقىم قىلىنىدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**5803** ( صحيح ) ما منكم من أحد يتوضأ فيسبغ الوضوء ثم يقول حين يفرغ من وضوئه: أشهد أن لا إله إلا الله وحده لا شريك له و أن محمدا عبده و رسوله إلا فتحت له أبواب الجنة الثمانية يدخل من أيها شاء ( حم م د ن ) عن عمر

5803. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئېلىپ، ئاندىن تاھارەتتىن پارىغ بولغاندا «ئەشھەدۇئەن لا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ ۋە ئەننە مۇھەممەدەن ئابدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ»، (گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ھەقىقەتەن ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئاللاھ يەككە ـ يېگانە بىردۇر، شېرىكى يوقتۇر، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر دەپ بۇ شاھادەت كەلىمىسىنى، ئىسلام شوئارىنى چىن قەلبىدىن ئىخلاس قىلىپ ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكى ئېچىلىدۇ، ئۇ قايسى ئىشىكتىن خالىسا، شۇ ئىشىكتىن جەننەتكە كىرىدۇ. (چۈنكى، ئۇ ئىسلام شوئار

، ئىسلام بايرىقى ئاستىدا ياشىدى، تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇدى، ئەقىدە ۋە ئىبادەتتە شۇ دەرىجىگە لايىق بولدى). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىس ئەقىدە ۋە ئىبادەتنىڭ ئىسلام شۇئار، ئىسلام بايرىقى ئاستىدا ياشىسا، توپتوغرا، ھەق بولۇشىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**5804** ( صحيح ) ما منكم من رجل يقرب وضوءه فيتمضمض و يمج و يستنشق فينتثر إلا جرت (خرت خرجت)خطايا وجهه و فيه و خياشيمه ثم إذا غسل وجهه كما أمره الله إلا جرت خطايا وجهه من أطراف لحيته مع الماء ثم يغسل يديه إلى المرفقين إلا جرت خطايا يديه من أطراف أنامله مع الماء ثم يمسح رأسه كما أمره الله إلا جرت خطايا رأسه من أطراف شعره مع الماء ثم يغسل قدميه إلى الكعبين كما أمره الله إلا جرت خطايا رجليه من أطراف أنامله مع الماء فإن هو قام فصلى فحمد الله و أثنى عليه و مجده بالذي هو أهله و فرغ قلبه لله إلا انصرف من خطيئته كهيئته يوم ولدته أمه ( حم م ) عن عمرو بن عبسة

5804. ئەمرۇ ئىبنى ئەبەسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى تاھارەت سۈيىنى ئېلىپ تاھارەت ئېلىپ، ئاغزىغا سۇ ئېلىپ، مەز ـ مەز قىلىپ، سۇنى تۆكۈرسە، بۇرنىغا سۇ ئېلىپ، سىرتىغا پۈركسە، ئۇنىڭ يۈزىنىڭ، ئاغزىنىڭ، بۇرنىنىڭ خاتالىقلىرى چىقىپ كېتىدۇ، ئاندىن يۈزىنى ئاللاھ بۇيرۇغاندەك يۇسا، يۈزىنىڭ خاتالىقلىرى، ساقاللىرىنىڭ ئەتراپىدىن تارتىپ سۇ بىلەن بىللە چىقىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئىككى قولىنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ يۇسا، ئىككى قولىنىڭ خاتالىقلىرى، بارماقلىرىنىڭ ئەتراپىدىن تارتىپ سۇ بىلەن چىقىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇ بېشىغا ئاللاھ بۇيرۇغاندەك مەسھ قىلسا، بېشىنىڭ خاتالىقلىرى چاچلىرىنىڭ ئەتراپىدىن باشلاپ سۇ بىلەن بىرگە تۆكۈلۈپ چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇ ئىككى پۇتىنى ئىككى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇسا، يەنە كېلىپ ئاللاھ بۇيرۇغاندەكلا ئۆزگەرتمەي يۇسا، ئىككى پۇتىنىڭ خاتالىقلىرى پۇتىنىڭ بارماقلىرىدىن تارتىپ سۇ بىلەن قالماي چىقىپ كېتىدۇ، يۇيۇلىدۇ، ئەگەر ئۇ تاھارەتتىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتسا، ئاللاھ ئەھلى بولغان ئاللاھقا لايىق زىكرى ـ تەسبىھلەر بىلەن ئاللاھنى ئۇلۇغلىسا، قەلبىنى پۈتۈن دۇنيادىن پەقەت بىر ئاللاھقىلا پارىغ قىلالىسا، ئۇ نامازدىن قايتقاندا خاتالىقلىرىدىن خۇددى ئانىسى تۇغقان كۈندىكىدەك پاك ـ پاكىز بولۇپ قايتىدۇ. ئەھمەد 16405 ـ ھەدىس، مۇسلىمنىڭ 1374 ـ ھەدىسىنىڭ بىر قىسمى سەھىھ، بۇ ھەدىسىدىن ئاللاھ قۇرئاندا پۇتىمىزنى مەسھ قىلىشقا ئەمەس، بەلكى يۇيۇشقا بۇيرۇغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆتەككە مەسھ قىلغان، بۇ ھەدىسدە تاھارەت ئالغىچە دۇئا قىلىپ تۇرۇش يوق، ئەڭ مۇھىمى نامازدا قەلبىنى ئاللاھقىلا پارىغ قىلىش.

**5805** ( صحيح ) ما منكن امرأة تقدم بين يديها ثلاثة من ولدها إلا كانوا لها حجابا من النار قالت امرأة: و اثنين ؟ قال و اثنين ( حم ق ) عن أبي سعيد

5805. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللارغا مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىرەر ئايال ئۆزىدىن بۇرۇن ئۈچ بالىنى يولغا سالسا، يەنى ئۇ باللار ئۆلۈپ كەتسە، قىيامەت كۈنى ئۇ باللار بۇ ئايال ئۈچۈن دوۋزاخدىن پەردە بولىدۇ، بىر ئايال ئىككىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسىچۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ يەنىلا دوۋزاخدىن پەردە بولىدۇ دېدى. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5806 ( صحيح ) ما منعك يا أبي أن تجيبني إذ دعوتك ؟ ألم تجد فيما أوحى الله إلي أن ( استجيبوا لله و للرسول إذا دعاكم لما يحييكم ) ( حم ت ك ) عن أبي هريرة**

5806. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇبەي ناماز ئوقۇۋاتسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى چاقىردى، ئۇ نامىزىدىن پارىغ بولۇپ ئاندىن كېلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئى ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مەن سېنى چاقىرغان چاغدا ماڭا جاۋاب بېرىشىڭدىن قېشىمغا كېلىشىڭدىن سېنى نېمە توستى؟ ئاللاھ ماڭا ۋەھىي قىلغان قۇرئاندا مۇنۇ ئايەتنى سەن تاپمىدىڭمۇ؟ «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى سىلەرنى تىرىلدۈرىدىغان يەنى ئەبەدىي ھاياتقا ئېرىشتۈرىدىغان ئىمانغا دەۋەت قىلسا، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار، ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇڭلار» سۈرە ئەنفال 24 ـ ئايەت. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5807 ( حسن ) مانع الزكاة يوم القيامة في النار ( طص ) عن أنس**

5807. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆشرە ـ زاكاتنى بەرمىگۈچى، قىيامەت كۈنى دوۋزاختا بولىدۇ. تەبرانى، سەغىيردا توپلىغان، ھەسەن.

**5808 ( صحيح ) ما نفعني مال قط ما نفعني مال أبي بكر ( حم ه ) عن أبي هريرة**

5808. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا ئەبۇ بەكرىنىڭ مال ـ مۈلۈكى پايدا ـ مەنپەئەت قىلغاندەك ھېچ بىر مال ـ مۈلۈك پايدا ـ مەنپەئەت قىلىپ باقمىدى. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5809 ( صحيح ) ما نقصت صدقة من مال و ما زاد الله عبدا بعفو إلا عزا و ما تواضع أحد لله إلا رفعه الله ( حم م ت ) عن أبي هريرة**

5809. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەدىقە بەرگەنگە مال كاملاپ قالمايدۇ، ئەپۇچان بەندىگە ئاللاھ ئىززەتنى زىيادە قىلىدۇ، ھەر قانداق بىر كىشى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ، كەمتەر بولسا، ئاللاھ ئۇنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، (تەكەببۇر كىشى ھەممىدىن پەسكەشتۇر). ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**5810 ( صحيح ) ما نهيتكم عنه فاجتنبوه و ما أمرتكم به فافعلوا منه ما استطعتم فإنما أهلك الذين من قبلكم كثرة مسائلهم و اختلافهم على أنبيائهم ( م ) عن أبي هريرة**

5810. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى توسقان نەرسىدىن دەرھال يېنىڭلار، مەن سىلەرنى بۇيرۇغان ئىشنى قادىر بولۇشىڭلارچە قىلىڭلار. ھەقىقەتەن سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەرنى ئۇلارنىڭ سوئاللىرىنىڭ كۆپلۈكى، پەيغەمبەرلىرىگە بولغان ئىختىلاپلىرى ھالاك قىلىۋەتتى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**ما هذا يا صاحب الطعام ؟ ! أفلا جعلته فوق الطعام حتى يراه الناس ؟ من غش فليس مني ( م ) عن أبي هريرة**

5811. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بازاردا بىر كىشىنىڭ ھۆل ئاشلىقنى ئاستىغا، قۇرۇقلىرىنى ئۈستىگە قىلىپ ساتقىنىنى كۆرۈپ، ئى تائام، ئاشلىق ئىگىسى! بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ ھۆللىرىنى كىشلەرنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن (ئاپئاپتا قۇرۇشى ئۈچۈن) تائامنىڭ ئۈستىگە قىلىپ قويمىدىڭ؟، كىم كىشلەرنى ئالدىسا، ساختىپەزلىك قىلسا، نەمدەپ نەرسە

ساتسا، ئۇ مېنىڭ جۈملەمدىن ئەمەس دېگەن . (يەنى بۇ قىلمىشى ھارام بولىدۇ). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

ما يأمن الذي يرفع رأسه في صلاته قبل الإمام أن يحول الله صورته في صورة حمار ؟ ! ( م ) عن أبي هرير

5812. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامىزىدا بېشىنى ئىمامدىن بۇرۇن كۆتۈرىدىغان كىشى، ئاللاھنىڭ، ئۇنىڭ سۈرىتىنى ئېشەكنىڭ سۈرىتىگە ئۆزگەرتىۋېتىشىدىن ئەمىن، خاتىرجەم بولالامدىغاندۇ؟!. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

ما يجد الشهيد من مس القتل إلا كما يجد أحدكم من مس القرصة ( ت ه حب ) عن أبي هرير

5813. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەھىد بولغۇچى كىشى، ئۆلۈمنىڭ تەمىنى، ئەلەم، ئازابىنى خۇددى بىرىڭلار چۈمۈلە چاققاننىڭ تەمىنى، ئازابىنى ھېس قىلغانچىلىك، شۇنچىلىك تاپىدۇ، (ئۆلتۈرۈلۈشنىڭ ئەلىمى، ئۇنىڭغا چۈمۈلە چاققانچىلىك ئىشتۇر). تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

ما يخرج رجل شيئا من الصدقة حتى يفك عنها لحيي سبعين شيطانا ( حم ك ) عن بريدة

5814. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى سەدىقىسىدىن، شۇ سەدىقىدىن 70 شەيتاننىڭ زاڭاق، ئېڭەكلىرى ئاجرىمىغۇچە يەنى ئېزىق چىشى بىلەن چىشلىشىدىن ئاجراپ چىقمىغۇچە ھېچ نەرسىنى چىقىرالمايدۇ. ئەھمەد 21884 ـ ھەدىس،ھاكىم،سەھىھ. سەدىقە ـ ئېھساننى 70 شەيتان چىڭ چىشلەپ تۇرىدۇ، ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلغۇچى شۇ شەيتانلاردىن ئاجرىتىپ بەرگەچكە ساۋابى، دەرىجىسى 70دىن 700گىچە كۆپىيىدۇ.

ما يزال البلاء بالمؤمن و المؤمنة في نفسه و ولده و ماله حتى يلقى الله و ما عليه خطيئة ( ت ) عن أبي هرير

5815. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن ئەر ۋە مۆئمىن ئايالغا سىناق، بالالەر ئۇنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا، بالىلىرىدا، مال ـ مۈلۈكىدە دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، ھەممىشە داۋام قىلىدۇ، ھەتتا ئۇ، ئاللاھقا ئۇستىدە بىرمۇ خاتالىقى يوق ھالدا ئۇچرىشىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. مانا بۇ گۇناھسىز كىچىك باللارنىڭ كېسەل بولۇش، بالالەرگە قېلىش سەۋەبىدۇر.

ما يزال الرجل يسأل الناس حتى يأتي يوم القيامة و ليس في وجهه مزعة لحم ( حم ق ) عن أبي هرير

5816. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى كىشىلەردىن نەرسە سوراپ سائىللىق قىلىۋېرىپ، قىيامەت كۈنى يۈزىدە بىر چىشلەممۇ گۆش يوق ھالەتتە كېلىدۇ، (بۇ ھالەتتە جەننەتكە لايىق بولمايدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ما يسرني أن لي أحدا ذهبا يأتي علي ثالثة و عندي منه دينار إلا دينارا أرصده لدين علي ( م ) عن أبي هرير

5817. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا ئۇھۇد تېغى ئالتۇن بولۇپ بەرسە، ئاندىن مېنىڭ يېنىمدا شۇ ئالتۇنلاردىن بىر دىنار بار ھالەتتە ماڭا ئۈچىنچى كۈننىڭ يېتىپ كېلىشى مېنى خۇرسەن قىلمايدۇ، پەقەت مەن قەرزىم ئۈچۈن ئېلىپ قويغان ئالتۇن بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، قالغىنىنى ئاللاھ يولىدا بېرىۋېتىمەن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5818** ( صحيح ) ما يصيب المسلم من نصب و لا وصب و لا هم و لا حزن و لا أذى و لا غم حتى الشوكة يشاكها إلا كفر الله بها من خطاياه ( حم ق ) عن أبي سعيد وأبي هريرة معا

5818. ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانغا بىرەر مۇشەققەت يەتسە، كېسەل يا ئۆزىدىن ئەنسىرەش غېمى، مۇھىم كۆڭۈل بۆلىدىغان غەم يەتسە، ياكى ئائىلە غېمى، ئەنسىرەش، قورقۇنچ غېمى يەتسە، ئەزىيەت، ئازار يەتسە، مۇشەققەتلىك غەم ـ ئەندىشە ، ھەتتا بىر تال شوخا، تىكەن كىرىپ كەتسىمۇ، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ما يكون عندي من خير فلن أدخره عنكم و إنه من يستعف يعفه الله و من يستغن يغنه الله و من يتصبر يصبره الله و ما أعطي أحد عطاء خيرا و أوسع من الصبر ( حم ق ) عن أبي سعيد

5819. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ يېنىمدا مال ـ مۈلۈك، ياخشىلىق بولسا، مەن ئۇنى سىلەردىن يوشۇرۇپ ئېلىپ قالمايمەن، كىم ئىپپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلسا، ئاللاھ ئۇنى ئىپپەتلىك قىلىدۇ، كىم ئۆزىنى بىھاجەت تۇتسا، ئاللاھ ئۇنى بىھاجەت قىلىدۇ، باي قىلىدۇ، كىم سەۋرى قىلىشنى تەلەپ قىلسا، ئىرادە قىلسا، ئاللاھ ئۇنى سەۋر قىلدۇرىدۇ، بىرەر كىشىگە سەۋرىدىن ياخشىراق ھەم كەڭرى سوۋغا ـ سالام بېرىلمەيدۇ، سەۋر قىلىش ئەڭ ياخشى رىزىق سوۋغاتتۇر . ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

ما يمنعك أن تسمعي ما أوصيك به ؟ أن تقولي إذا أصبحت و إذا أمسيت: يا حي يا قيوم برحمتك أستغيث أصلح لي شأني كله و لا تكلني إلى نفسي طرفة عين ( ن ك ) عن أنس

5820. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ساڭا ۋەسىيەت قىلماقچى بولغان نەرسىنى ئاڭلىشىڭدىن سېنى نېمە توستى؟ ئەتىگەن ـ ئاخشام مۇنداق دېيىشىڭ كېرەك. «ياھەييۇن ياقەييۇم بىرەھمەتىكە ئەستەغىيسۇ ئەسلىھ لى شەئنى كۇللىھى ۋەلا تەكلنى ئىلا نەفسى تەرفەتە ئەيىن» تەرجىمىسى: ئى كامىل ھاياتلىقنىڭ ئىگىسى، ئاسمان ـ زېمىننى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! سىلىنىڭ رەھمەتلىرى بىلەن سىلىگە پەرياد چېكىپ ئىلتىجا قىلىمەن، مېنىڭ بارلىق ئىشلىرىمنى ئىسلاھ قىلىپ ئوڭشاپ، ياخشىلاپ بەرسىلە، مېنى نەپسىمگە كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىق مىقداردا تاشلاپ قويمىسىلا، يەنى ماڭا ئۆزلىرى ئىگە بولسىلا. نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ما ينبغي لنبي أن يقول: إني خير من يونس بن متى ( حم د ) عن عبدالله بن جعفر

5821. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھېچ قانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ مەن يۇنۇس ئىبنى مەتادىن ياخشى دېيىشى لايىق ئەمەس، (باشقا خاتىرىدە ئادەم بالىسىنىڭ شۇنداق دېيىشى لايىق ئەمەس دېيىلگەن). ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**5822** ( صحيح ) ما ينقم ابن جميل إلا أنه كان فقيرا فأغناه الله و أما خالد فإنكم تظلمون خالدا و قد احتبس أدراعه و أعتده في سبيل الله و أما العباس فهي علي و مثلها معها يا عمر ! أما شعرت أن عم الرجل صنو أبيه ( حم ق د ن ) عن أبي هريرة

5822. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىبنى جەمىيىل پېقىر بولغاچقا، زاكات بېرىشنى ياقتۇرمايدۇ، ئاللاھ ئۇنى باي قىلىۋەتسۇن، ئەمما، خالىدقا كەلسەك، سىلەر ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىپسىلەر، چۈنكى ئۇ بارلىق جەڭ كىيىملىرىنى ئۇلاغ، قۇرال،

جەڭ جابدۇقلىرىنى ئاللاھ يولىدا ۋەقفە قىلىپ بېرىۋەتكەن، ئەمما ئاббاس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىپكە كەلسەك، ئۇنىڭ زاكىتى مېنىڭ ئۈستۈمگە بولسۇن، مەن ئۇ زاكات بىلەن بىللە يەنە شۇنچىلىك قوشۇپ بېرەي، ئى ئۆمەر! ھەقىقەتەن كىشىنىڭ تاغىسىنىڭ ئۆز دادىسىغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن، (ئاббاس مېنىڭ دادامنىڭ ئورنىدىكى تاغام بولىدۇ). ئەبۇ داۋۇد 1382 _ ھەدىس، بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.(يەنە بىر خاتىرىدە ئاббاس رەز كۆپ بەرسۇن دېيىلگەن.مۇتتەپەقۇن ئەلەيھى)

بۇ ھەدىسدىن ھەممە نەرسىنى ئاللاھ يولىدا بېرىۋەتكەن كىشىدىن زاكات ئېلىنمايدۇ، چۈنكى، ئۇ ھەممىنى بەردى، پېقىر كىشىدىنمۇ ئېلىنمايدۇ، چۈنكى يوق، شۇنداقلا دادىنىڭ، تاغىسىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ زاكىتىنى تۆلەپ قويسا، ئۇلار ئىسلاھ قىلىنغۇچە بېرىپ تۇرسا بولىدۇ، چۈنكى، ئاббاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، كېيىنچە بىر يىللىق زاكاتنى ئالدىدىن بېرىدىغان بولغان.

**5823** ( حسن ) متعها فإنه لا بد من المتاع و لو نصف صاع من تمر ( هق ) عن جابر

5823. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ئۇ (بىر ياكى ئىككى )تالاق قىلىنغان ئايالغا ماتا، مەنپەئەتلىنىدىغان نەرسە بەرگىن، گەرچە بىر سا خورما، يا يېرىم سا خورما بىلەن بولسىمۇ ماتا، مەنپەئەت، ھەدىي بېرىش زۆرۈردۇر، (بۇ سۈرە بەقەرنىڭ 236 _ ئايىتىدە كۆرسىتىلگەن). بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5824** ( حسن ) متعها و لو بصاع ( خط ) عن جابر

5824. خەتىيب جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان، ھەسەن، (خەتىيبۇلبەغداد) مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش، مەقسەت ، نىكاھلاپ ئالغان ئايالنى مەھرى، تويلۇق بەلگىلەشتىن بۇرۇن ئالسا، ئاندىن جىنسى مۇناسىۋەتتىن بۇرۇنلا تالاق قىلسا، گۇناھ يوق، لېكىن، پۇل _ مال بېرىش، ماتا بېرىش، كىيىم ئېتىپ بېرىش لازىم، چۈنكى، ئۇ ئايال بىر قېتىم نىكاھنى قوبۇل قىلىپ ماقۇل بولدى. ئەگەر تويلۇق مېھرىنى بەلگىلەپ بولۇپ، تالاق قىلسا، ئۇنىڭ يېرىمىنى بېرىشى لازىم، ئەگەر جىنسى مۇناسىۋەتتىن كېيىن ئەر ئۆزى تالاق قىلىۋېتىپ قويۇۋەتسە، تويلۇق مېھرنى قايتۇرۇۋالالمايدۇ، ئۇ ھارام بولىدۇ، ئەگەر ئايال كىشى يامانلاپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۆزى سەۋەبسىز ئاجرىشىمەن دەپ تۇرۇۋالسا، بۇ چاغدا خۇلئى يەنى كېلىشىم تۈزۈلىدۇ، ئايال كىشى تويلۇقنى تولۇق قايتۇرىدۇ.

مثل ابن آدم و إلى جنبه تسعة و تسعون منية إن أخطأته المنايا وقع في الهرم حتى يموت ( ت الضياء ) عن عبدالله بن الشخير

5825. ئابدۇللاھ ئىبنى شۇخەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسىنىڭ ئوخشىشى مۇنداق، ئۇنىڭ يېنىدا 99 ئۆلۈم سەۋەبلىرى بولىدۇ، (ئەگەر شۇ سەۋەبلەردىن بىرەرسى چۈشسە ئۇ ئۆلىدۇ) ئەگەر ئۇ سەۋەبلەر ئۇنىڭدىن خاتا كېتىپ، چۈشمىسە، يەنى تەقدىردە ئۇ سەۋەبنىڭ چۈشۈشى يېزىلمىغان بولسا، ئۇ قېرىلىققا چۈشۈپ قېرىپ ئۆلىدۇ. تىرمىزى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

مثل البخيل و المتصدق كمثل رجلين عليهما جبتان من حديد من ثديهما إلى تراقيهما فأما المنفق فلا ينفق شيئا إلا سبغت على جلده حتى تخفي بنانه و تعفو أثره و أما البخيل فلا يريد أن ينفق شيئا إلا لزقت كل حلقة مكانها فهو يوسعها فلا تتسع ( حم ق ت ) عن أبي هريرة

5826. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: سەدىقە ـ ئېھسان قىلىپ تۇرغۇچى بىلەن بېخىلنىڭ ئوخشىشى ئۇستىدە كۆكرىكىدىن تارتىپ ئوقىرەك سوڭەكلىگىچە، گېلىغىچە تۆمۈر كىيىم بار ئىككى كىشىگە ئوخشايدۇ، ئەمما نەپىقە، ئېھسان قىلغۇچى بىرەر نەرسىنى چىقىم قىلسا، ئۇنىڭ تېرىسىدىكى، ئۇچىسىدىكى كىيىم ئۇزۇنلۇقىدىن بارماقلىرىنى ياپقىدەك ماڭغان ئىزلىرىنى ئۆچۈرۈۋەتكىدەك كەڭرىيدۇ، ئاندىن ئۇ، ئاللاھ يولىدا بېرەلەيدۇ، ئەمما بېخىلغا كەلسەك، ئۇ بىرەر نەرسىنى نەپىقە ئېھسان قىلىشنى ئىرادە قىلسىلا كىيىمىنىڭ ھەربىر ھالقىسى ئۆز ئورنىغا مەھكەم چاپلىشىپ، ئۇ كىيىمنى كەڭرىتمەكچى بولسىمۇ كىيىم زادى كەڭرىمەيدۇ، ئاندىن ئۇ ئېھسان قىلالمايدۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ مىسالىدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، بۇخارى 1352 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**مثل البيت الذي يذكر الله فيه و البيت الذي لا يذكر الله فيه مثل الحي و الميت ( ق ) عن أبي موسى**

5827. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ئەسلىنىپ تۇرىدىغان ئۆي بىلەن ئاللاھ ئەسلەنمەيدىغان ئۆينىڭ ئوخشىشى ھايات كىشى بىلەن ئۆلۈككە ئوخشايدۇ، (ئاللاھنى ئەسلىگۈچى ھايات كىشىدۇر، ئەسلىمىگەن كىشى بولسا ئۆلۈكتۇر). بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**مثل الجليس الصالح كمثل العطار إن لم يعطك من عطره أصابك من ريحه ( د ك ) عن أنس**

5828. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سالىھ، ياخشى مەجلىسنىڭ ئوخشىشى ئەتىر ساتقۇچىغا ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇ ساڭا ئەتىرىدىن بەرمىسىمۇ ساڭا ئەتىرنىڭ خۇشپۇرىقى يېتىدۇ، (ئەنە شۇنىڭدەك سالىھ، تەقۋا، ئالىم بىلەن بىللە بولساڭ، گەرچە ئۇ ساڭا دەرس بەرمىسىمۇ ساڭا نەسىھەتى ئىلغار، نەزىرىيىسى يېتىدۇ). ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**مثل الجليس الصالح و الجليس السوء كمثل صاحب المسك و كير الحداد لا يعدمك من صاحب المسك إما أن تشتريه أو تجد ريحه و كير الحداد يحرق بيتك أو ثوبك أو تجد منه ريحا خبيثة ( خ ) عن أبي موسى**

5829. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشى مەجلىس بىلەن يامان مەجلىسنىڭ، ياخشى ھەمراھ بىلەن يامان ھەمراھنىڭ مىسالى مىسكە، ئەتىر ساتقۇچى بىلەن كۆرەك باسقۇچىغا ئوخشايدۇ، مىسكە ئىگىسىدىن ساڭا بىرەر نەرسە يەتمەي قالمايدۇ، قەتئىي زەرەر يوقتۇر، يا ئۇنى سېتىۋالىسەن، يا پۇرىقىنى تاپىسەن، كۆرەك باسقۇچى بولسا، يا كىيىمىڭنى كۆيدۈرىدۇ، يا ئۆيۈڭنى كۆيدۈرىدۇ، يا سەن ئۇنىڭدىن سېسىق پۇراقنى تاپىسەن، زىيانىدىن باشقىسى يوق. بۇخارى 1959 ـ ھەدىس، مۇسلىم 4762 ـ ھەدىس، ئەھمەد 18829 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5830 ( صحيح ) مثل الصلوات الخمس كمثل نهر جار عذب على باب أحدكم يغتسل فيه كل يوم خمس مرات فما يبقي ذلك من الدنس ( حم م ) عن جابر**

5830. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەش ۋاخ نامازنىڭ ئوخشىشى بىرىڭلارنىڭ ئىشىك يېنىدا ئېقىۋاتقان بولۇپمۇ تاتلىق، سۈزۈك سۇ ئېقىۋاتقان ئۆستەڭگە ئوخشايدۇ، ئۇ ئۆستەڭدە كۈندە بەش قېتىم يۇيۇنسا، ئۇنىڭ ئۇستىدە قەتئىي كىر قالمايدۇ، (ئەنە شۇنىڭدەك بەش نامازدىن ئىبارەت مۇنچىدا كۈندە بەش قېتىم يۇيۇنغان كىشىنىڭ گۇناھى قالمايدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

مثل العالم الذي يعلم الناس الخير و ينسى نفسه كمثل السراج يضيء للناس و يحرق نفسه(طب الضياء) عن جندب

5831. جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە ياخشىلىقنى ئۆگىتىپ، ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ئالىمنىڭ مىسالى خۇددى كىشىلەرگە نۇر چېچىپ يورۇقلۇق ئاتا قىلىپ ئۆزى كۆيۈپ تۈگەپ كېتىدىغان شام، چىراغقا ئوخشايدۇ، ئاخىرىدا ئۆزى ھالاك بولىدۇ. تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

ئى ئاللاھ! بىزنى بۇنداق شام چىراغتەك كىشىلەردىن قىلمىسىلا، بىزنى نەپسىمىزگە كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقان مىقدارچىلىك تاشلاپ قويمىسىلا، بىزگە ئىلىم بەرگەندەك ئەمەل تەۋفىقلىق ئاتا قىلسىلا ئامىن!

**5832 ( صحيح ) مثل القائم على حدود الله و المدهن فيها كمثل قوم استهموا على سفينة في البحر فأصاب بعضهم أعلاها و أصاب بعضهم أسفلها فكان الذين في أسفلها إذا استقوا من الماء مروا على من فوقهم فقال الذين في أعلاها: لا ندعكم تصعدون فتؤذونا فقالوا: لو أنا خرقنا في نصيبنا خرقا و لم نؤذ من فوقنا فإن يتركوهم و ما أرادوا هلكوا جميعا و إن أخذوا على أيديهم نجوا و نجوا جميعا ( حم خ ت ) عن النعمان بن بشير**

5832. نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ھەد، جازا قانۇنلىرىنى بەرپا قىلىپ تۇرغۇچىلار بىلەن بۇ ھەد، جازاغا چۈشۈپ قالغۇچى ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ مىسالى، دېڭىزدا كېمىگە چىقىپ تاشلاشقان قەۋمنىڭ مىسالىغا ئوخشاشتۇر، بەزىسى كېمىنىڭ ئۈستىگە بەزىسى ئاستىغا چۈشىدۇ، كېمىنىڭ ئاستىدىكى كىشىلەر سۇ ئالسا، ئۈستىدىكى كىشىلەردىن ئۆتىدۇ، ئاندىن ئۈستىدىكىلەر: بىز سىلەرنى سۇ ئالغىلى قويمايمىز، سىلەر تولا ئۈستىگە چىقىپ بىزگە ئازار بەردىڭلار دەيدۇ، ئاندىن ئاستىدىكىلەر: بىز ئۈستىمىزدىكىلەرگە تولا ئازار بەرمەي، سۇ ئالىدىغان نېسىۋىمىز ئۈچۈن كېمىنىڭ ئاستىنى تېشەيلى دەيدۇ، ئەگەر ئۈستىدىكىلەر كارى بولماي ئاستىدىكىلەرنى يامان نىيەتلىرى بىلەن تاشلىۋەتسە، ھەممىسى بىراقلا ھالاك بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار ئاستىدىكىلەرنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ياردەملەشسە، ئۆزلىرىمۇ ئۇلارمۇ ھەممىسى نىجات تېپىپ قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى 2099 ـ ھەدىس، سەھىھ. ئەنە شۇنىڭدەك جازا قانۇنىنى ئىجرا قىلىدىغانلار يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قولىدىن تارتىپ نەسىھەت قىلىپ، تەربىيىلەپ خىزمەت ئىشلەپ جىنايەتتىن، گۇناھ، مەئسىيەتتىن توسۇپ قالسا، ئەگەر بىرەرسى ھەم جازاغا چۈشۈپ قالسا، ئىبرەت ئۈچۈن ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ كاپارەت بولۇشى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ قانۇنى بەرپا قىلىشى ئۈچۈن جازالاپ تۇرسا، ھەممىسى نىجات تېپىپ قۇتۇلۇپ قالىدۇ، كارى بولماي، تاشلىۋەتسە، جازاغىمۇ تارتمىسا، قۇرئاننى قانۇن قىلمىسا ھالاك بولىدۇ.

**5833 ( صحيح ) مثل القلب مثل الريشة تقلبها الرياح بفلاة ( ه ) عن أبي موسى**

5833. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەلب دىلنىڭ ئوخشىشى پەيگە ئوخشايدۇ، گىياھسىز چۆل زېمىندا شامال ئۇنى ئوڭدا، دۈمدە قىلىپ يۆتكەپ تۇرىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

مثل الذي يتصدق ثم يرجع في صدقته كمثل الكلب يقيء ثم يعود في قيئه فيأكله ( م ن ه ) عن ابن عباس

5834. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەدىقە قىلىپ، ئاندىن سەدىقە ـ ئېھسانىغا قايتىۋالغۇچى كىشى خۇددى ياندۇرۇپ قويۇپ،

ئاندىن ئۇز قۇسۇقىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇنى يېگەن ئىتقا ئوخشايدۇ، (يەنى سەدىقە ـ ئېھسانىنى قايتۇرۇۋېلىش ھارامدۇر). مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

مثل الذي يتعلم العلم ثم لا يحدث به كمثل الذي يكنز الكنز فلا ينفق منه ( طس ) عن أبي هريرة

5835. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىلىم ئۆگىنىپ، ئاندىن ئۇنى سۆزلەپ بەرمىگەن، يەتكۈزمىگەن كىشى خۇددى ئالتۇن ـ كۈمۈشنى توپلاپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلمىغان، خەجلىمىگەن كاڭ ئىگىسىگە ئوخشايدۇ، (ھەر ئىككىسىگە قاتتىق ئازاب قىلىنىدۇ). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5836** ( حسن ) مثل الذي يسترد ما وهب كمثل الكلب يقيء فيأكل قيئه فإذا استرد الواهب فليوقف فليعرف بما استرد ثم ليدفع إليه ما وهب ( د ) عن ابن عمرو

5836. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەدىيە قىلىپ بەرگەن نەرسىنى قايتۇرۇۋالغۇچى خۇددى قۇسۇپ ئاندىن ئۇز قۇسۇقىنى يېگەن ئىتقا ئوخشايدۇ، ھەدىيە بەرگۈچى نەرسىنى قايتۇرۇۋالسا، ئۇ قايتۇرۇۋالغان نەرسە ۋەقفە قىلىنىدۇ، ياخشىلىق قىلىنىدۇ، ئۇبدان تونۇشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا بەيتۇلمالدىن ھەدىيە قىلىنغان نەرسىنى بېرىلىدۇ ياكى دەسلەپتە بېرىلگەن كىشىگە بېرىلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 3073 ـ ھەدىس، ئەھمەد 6340 ـ ھەدىس، ھەسەن.

مثل الذي يعلم الناس الخير و ينسى نفسه مثل الفتيلة تضيء للناس و تحرق نفسها ( طب ) عن أبي برزة وجندب

5837. ئەبۇ بۇرزەت، جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە ياخشىلىقنى ئۆگىتىپ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغان ئالىمنىڭ ئوخشىشى، خۇددى كىشىلەرگە نۇر، يورۇق بېرىپ، ئۆزى كۆيۈپ تۈگىگەن پىلىك، شام ـ چىراغقا ئوخشايدۇ. تەبرانى توپلىغان سەھىھ.

مثل الذي يعين قومه على غير الحق مثل بعير تردى و هو يجر بذنبه ( هق ) عن ابن مسعود

5838. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆز قەۋمىگە ھەق بولمىغان باتىلغا، ھەقنىڭ غەيرىگە ياردەم بەرگەن كىشى خۇددى تاغ ئۈستىدىن دومىلاپ چۈشۈۋاتقان، قۇيرۇقىدىن ئۈستىگە تارتىلىپ سۆرىلىۋاتقان تۆگىگە ئوخشايدۇ، (ئاخىرىدا ھەممىسى ھالاك بولۇشى مۇمكىن). بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5839** ( صحيح ) مثل المؤمن الذي يقرأ القرآن كمثل الأترجة ريحها طيب و طعمها طيب و مثل المؤمن الذي لا يقرأ القرآن كمثل التمرة طعمها طيب و لا ريح لها و مثل الفاجر الذي يقرأ القرآن كمثل الريحانة ريحها طيب و طعمها مر و مثل الفاجر الذي لا يقرأ القرآن كمثل الحنظلة طعمها مر و لا ريح لها و مثل الجليس الصالح كمثل صاحب المسك إن لم يصبك منه شيء أصابك من ريحه و مثل جليس السوء كمثل صاحب الكير إن لم يصبك من سواده أصابك من دخانه ( ن ه ) عن أنس

5839. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۆئمىننىڭ ئوخشىشى، بىيىگە ئوخشاش پۇرىقى خۇشپۇراق، تەمى تاتلىق مېۋىگە ئوخشايدۇ، قۇرئاننى ئوقۇپ تۇرمايدىغان مۆئمىننىڭ ئوخشىشى، تەمى تاتلىق پۇرىقى يوق خورمىغا ئوخشايدۇ، قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان فاجىر، پاسىقنىڭ ئوخشىشى، پۇرىقى خۇشپۇراق، تەمى

ئاچچىق رەيھان گۈلگە ئوخشايدۇ، قۇرئاننى ئوقۇمايدىغان فاجىر، پاسىقنىڭ ئوخشىشى، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى يوق، ئاچچىق تاۋۇزغا ئوخشايدۇ، ياخشى ھەمراھ، ياخشى مەجلىس، مىسكە ئىگىسىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ساڭا ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسە يەتمىسە، ئۇنىڭ خۇشپۇراقلىرىمۇ بولسا ساڭا يېتىدۇ، يامان ھەمراھنىڭ ئوخشىشى، كورەك ئىگىسىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ساڭا ئۇنىڭ قارا ئىسى، ئۇچقۇندىسى يەتمىسە، تۈتۈن، گېزىمۇ بولسا يېتىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 4191 ـ ھەدىس، بۇخارى 4632 ـ ھەدىس، نەسەئى 4952 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 210 ـ ھەدىس. سەھىھ.

**5840 ( صحيح ) مثل المؤمن الذي يقرأ القرآن كمثل الأترجة ريحها طيب و طعمها طيب و مثل المؤمن الذي لا يقرأ القرآن كمثل التمرة لا ريح لها و طعمها حلو و مثل المنافق الذي يقرأ القرآن كمثل الريحانة ريحها طيب و طعمها مر و مثل المنافق الذي لا يقرأ القرآن كمثل الحنظلة ليس لها ريح و طعمها مر ( حم ق 4 ) عن أبي موسى**

5840. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۆئمىننىڭ ئوخشىشى، تەمى تاتلىق، پۇرىقى خۇشپۇراق بىيىگە ئوخشايدۇ، قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان مۆئمىننىڭ ئوخشىشى، تەمى تاتلىق، پۇرىقى يوق خورمىغا ئوخشايدۇ، قۇرئاننى ئوقۇيدىغان مۇناپىقنىڭ ئوخشىشى، تەمى ئاچچىق، پۇرىقى خۇشپۇراق، مېزىلىك رەيھان گۈلگە ئوخشايدۇ، قۇرئان ئوقۇمايدىغان مۇناپىقنىڭ ئوخشىشى بولسا، تەمى ئاچچىق، خۇشپۇرىقى يوق، بەلكى سېسىق پۇراقلىق ئاچچىق تاۋۇزغا ئوخشايدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

ئى مۇسۇلمانلار! كۆرۈنۈشى رەيھان گۈلدەك گۈزەل، خۇشپۇراق ۋە قۇرئان ئوقۇيدىغان مۇناپىقدىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، ئۇممىتىمنىڭ كۆپىنچە مۇناپىقلىرى قارىيلىرى دېگەن ، ئەھمەدنىڭ ھەدىسىنى ئەسلەڭلار، زالىم، دىنسىزلارغا سېتىلغان، شۇلارغا مايىل بولغان مۇناپىقلاردىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار.

**5841 ( صحيح ) مثل المؤمن كمثل الخامة من الزرع تفيؤها الريح مرة و تعدلها مرة و مثل المنافق كمثل الأرزة لا تزال حتى يكون انجعافها مرة واحدة ( حم ق ) عن كعب بن مالك**

5841. كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ ئوخشىشى، زىرائەتنىڭ ھۆل تىنى ئاجىز، يۇمشاق ئۆسۈملۈكلىرىگە مايىسىغا ئوخشايدۇ، ئۇنى شامال بىر قېتىم ئېگىپ يەرگە چاپلىسا ، بىر قېتىم تۈزلەپ قويىدۇ، (يەنى ئۇنىڭغا كېسەل بالالار يېتىپ تۇرىدۇ). مۇناپىقنىڭ ئوخشىشى بولسا، مۇقىم تۇرىدىغان چوڭ شەمشاد دەرىخىگە ئوخشايدۇ، ئۇنى شامال ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ، ئۇ جايىدا مۇقىم تۇرۇۋېرىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ يۆنىلىشى ، يىقىلىشى بىراقلا بولىدۇ، يەنى مۇناپىققا بالا، كېسەل يەتمەي بىراقلا ھالاك بولۇپ ئۆلىدۇ. بۇخارى 5211 ـ ھەدىس، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5842 ( صحيح ) مثل المؤمن كمثل الزرع لا تزال الريح تفيؤه و لا يزال المؤمن يصيبه بلاء و مثل المنافق كمثل شجرة الأرز لا يهتز حتى يستحصد ( حم ت ) عن أبي هريرة**

5842. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ مىسالى، زىرائەت، ئۆسۈملۈك مايىسىغا ئوخشايدۇ، شامال ئۇنى دائىم ئېگىپ،

لىڭشىتىپ تۇرىدۇ، ئەنە شۇنىڭدەك مۆئمىنگە دائىم سىناق بالالىرى، كېسەل مۇسىبەتلىرى يېتىپ تۇرىدۇ، مۇناپىق بولسا، مۇقىم، مۇستەھكەم تۇرىدىغان سەنۇبەر دەرىخىگە (سۇۋادان تېرەككە)ئوخشايدۇ، ئۇ ھەرىكەت قىلمايدۇ، مىدىرلىمايدۇ، ئاخىرىدا بىراقلا ئۆرۈلۈپ يۆلىنىدۇ ، (مۇناپىق ئەنە شۇنداق ھالاك بولىدۇ). ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

مثل المؤمن كمثل خامة الزرع من حيث أتتها الريح كفأتها فإذا سكنت اعتدلت و كذلك المؤمن يكفأ بالبلاء و مثل الفاجر كالأرزة صماء معتدلة حتى يقصمها الله تعالى إذا شاء ( ق ) عن أبي هريرة

5843. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن، نازۇك، ھۆل زىرائەت، ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ، شامال كەلسە، شامال ئۇنى ئېگىپ يىقىلىپ تۇرىدۇ، شامال توختىسا ئۇ تۈزلىنىپ قالىدۇ، ئەنە شۇنىڭدەك مۆئمىن بالالەر، كېسەل مۇسىبەتلەر بىلەن ئېگىلىپ، يىقىلىپ، ئاجىزلىشىپ تۇرىدۇ، فاجىر، پاسىقنىڭ ئوخشىشى بولسا، تۈز، مۇستەھكەم تۇرىدىغان ئۈيۈل، چوڭ دەرەخكە ئوخشايدۇ، ھەتتا ئۇنى ئاللاھ خالىغاندا بىراقلا سۇندۇرۇپ ھالاك قىلىدۇ. بەيھەقى ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ. بۇ خىلدىكى ھەدىس، بۇخارى 5212 ـ ھەدىس، مۇسلىم 5026 ـ ھەدىس، ئەھمەد 15209 ـ ھەدىس، 25918 ـ ھەدىس، دارمى 2631 ـ ھەدىس.

**5844** ( صحيح ) مثل المؤمن مثل السنبلة تستقيم مرة و تخر مرة و مثل الكافر مثل الأرزة لا تزال مستقيمة حتى تخر و لا تشعر ( حم الضياء ) عن جابر

5844. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ ئوخشىشى، زىرائەتتىن، بۇغداي باشاقچىسىغا ئوخشايدۇ، بەزى تۈز تۇرسا، بەزى يىقىلىپ، ئېگىلىپ تۇرىدۇ، كاپىر بولسا، تۈز، مۇقىم تۇرىدىغان، يىلتىزى مۇقىم سەنۇبەر دەرەخكە ئوخشايدۇ، ھەتتا ئۇ تۇيماستىن، سەزمەستىنلا بىراقلا ئۆلىدۇ. ئەھمەد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**5845** ( صحيح ) مثل المؤمن مثل السنبلة تميل أحيانا و تقوم أحيانا ( ع الضياء ) عن أنس

5845. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا بىلەن زىيائۇلمەقدەسى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان، سەھىھ. مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش، مەقسەت مۆئمىنگە بالالەر كۆپ كېلىدۇ، چۈنكى، گۇناھلىرىغا كاپارەت بولىدۇ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرىدۇ، ئەمەل بىلەن يەتكىلى بولمايدىغان مەنزىل، مەرتىۋىگە ئېرىشىدۇ، كاپىر، مۇناپىقلار بولسا، قىسقا مۆھلەت ئىچىدە خاتىرجەم ياشايدۇ، ئاخىرىدا بىراقلا دۇنيا ئازابى، ئاخىرەت ئازابىغا تۇتۇلۇپ، ھالاك بولىدۇ.

مثل المؤمن مثل النحلة إن أكلت أكلت طيبا و إن وضعت وضعت طيبا و إن وقعت على عود نخر لم تكسره و مثل المؤمن مثل سبيكة الذهب إن نفخت عليها احمرت و إن وزنت لم تنقص ( هب ) عن ابن عمرو

5846. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ ئوخشىشى ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر يېسە پاك ـ پاكىزنى يەيدۇ، قويسىمۇ پاك ـ پاكىز قويىدۇ، يەنى ھەسەل چىقىرىدۇ، ئەگەر بىرەر نازۇك دەرەخكە قونسىمۇ ئۇنى سۇندۇرۇپ ئۇشتۇۋەتمەيدۇ، (ئەنە شۇنىڭدەك مۆئمىن، چىچەن، ماھىر ئىشلەمچان ئەزىيەت ئازارلىرى زىيان زەرەرلىرى يوق، مەنپەئەتلىك قانائەتچان، كەسىپچان نىجاسەتتىن گۇناھ، مەئسىيەتتىن يىراق، يېيىشى ھالال،

نەتىجىسى مول، ئىسلام خەلپىسىگە ئىتائەتچان، لىكىن، ئاپىتى، مۇسىبىتى كۆپ، ئەجرى كاتتىدۇر). يەنە مۆئمىننىڭ ئوخشىشى پىششقلاپ ئىشلەنگەن ساپ ئالتۇنغا ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا كۆرەك پۈۋلىسەڭ، ئۇ قىزىرىپ تېخىمۇ گۈزەل، ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، ئەگەر ۋەزنىگە مىزانغا سالساڭ، قىلچە كاملىمايدۇ، (ئەنە شۇنىڭدەك مۆئمىنگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنسا، تەرغىب قىلىنسا، تېخىمۇ ياخشىلىنىشىپ كېتىدۇ، ئالتۇندەك بەرىكەتلىك، ۋەزنىدە بىر خىل تۇرىدۇ، ئۆزگىرىۋالمايدۇ، توختالغۇسى باردۇر). بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

مثل المؤمن مثل النحلة لا تأكل إلا طيبا و لا تضع إلا طيبا ( طب حب ) عن أبي رزين

5847. بۇ ھەدىسنى تەبرانى بىلەن ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ، مەزمۇنى مۆئمىن ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاش پاك ـ پاكىزنى يەپ، پاك ـ پاكىزنى قالدۇرىدۇ، يەنى ھالال يەپ، ياخشى ئەمەل، نەتىجە، ئەسلىمە قالدۇرىدۇ.

**5848** ( صحيح ) مثل المؤمن مثل النخلة ما أخذت منها من شيء نفعك ( طب ) عن ابن عمر

5848. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن خورمىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن نىمە ئالساڭ، ساڭا پايدا ـ مەنپەئەت يېتىدۇ، (ئەنە شۇنىڭدەك مۆئمىن، قەتئىي زىيىنى يوق، بەلكى، مۇسۇلمانلار مەنپەئەتى ئۈچۈنلا ياشايدۇ، ھەق ئۈچۈن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، خالىققا ئىبادەت قىلىدۇ، مەخلۇققا ياخشىلىق قىلىدۇ). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5849** ( صحيح ) مثل المؤمنين في توادهم و تراحمهم و تعاطفهم مثل الجسد إذا اشتكى منه عضو تداعى له سائر الجسد بالسهر و الحمى ( حم م ) عن النعمان بن بشير

5849. نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنلەر ئۆزئارا دوستلۇق، كۆيۈنۈش، رەھىم ـ شەپقەت قىلىشلىرىدا مېھرىبانلىقلىرىدا خۇددى بىر جەسەتكە ئوخشايدۇ، ئۇ جەسەتتىن بىرەر ئەزا كېسەل بولۇپ ئاغرىپ قالسا، جەسەتنىڭ قالغان جايلىرى پۈتۈن ئەزالىرى ئۇيقۇسىزلىق، قىزىش بىلەن تەڭ ئەلەم تارتىدۇ. ئەھمەد 17648 ـ ھەدىس، مۇسلىم 4685 ـ ھەدىس، سەھىھ.ئەنە شۇنىڭدەك بارلىق مۇسۇلمانلار پۈتۈن بىر گەۋدە بولۇشى، ئۆزئارا كۆيۈنۈشى، ياردەم بېرىشى، ئىتتىپاقلىشىش، خۇشاللىققا تەڭ خۇشال دەرد ـ ئەلەم، خاپىلىققا تەڭ ئەلەم تارتىشى، قايغۇرۇشى بىرسى باش بولسا، بىرسى ئەزا، بىرسى يۈرەك بولسا، بىرسى بۆرەك، بىرسى قول بولسا، بىرسى پۇت بولۇشى، بىرسى ئاشقازان بولسا، بىرسى جىگەر، بىرسى غەرىبتە بولسا، يەنە بىرسى شەرقتە تۇرۇپ، شۇنىڭ غېمىنى يېيىشى، ئاللاھ قۇرئاندا بۇيرۇغاندەك ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىل، قېرىنداشلاردىن بولۇشى بەكمۇ زۆرۈر، مەڭگۈ زۆرۈردۇر.

**5850** ( صحيح ) مثل المجاهد في سبيل الله و الله أعلم بمن يجاهد في سبيله كمثل الصائم القائم الخاشع الراكع الساجد ( ن ) عن أبي هريرة

5850. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلغۇچى مۇجاھىد، خۇددى دائىم روزا تۇتقۇچى، كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇپ، ئاللاھدىن ئەيمىنىپ، قورقۇپ تۇرۇپ، سەجدە، رۇكۇ قىلغۇچى، ناماز ئوقۇغۇچىغا ئوخشاشتۇر، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا جىھاد قىلغۇچى مۇجاھىدنى ئوبدان بىلىپ تۇرىدۇ، (ئۇ جىھاد قىلسا، ئۆزى ئۈچۈنلا قىلىدۇ) نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5851** ( صحيح ) مثل المجاهد في سبيل الله و الله أعلم بمن يجاهد في سبيله كمثل الصائم القائم الدائم الذي لا يفتر من صيام و لا صدقة حتى يرجع و توكل الله تعالى للمجاهد في سبيله إن توفاه أن يدخله الجنة أو يرجعه سالما مع أجر أو غنيمة ( ق ت ن ) عن أبي هريرة

5851. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغۇچىنىڭ ئوخششى «ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا جىھاد قىلىۋاتقان كىشىنى ئوبدان بىلىدۇ» ئۆيگە قايتقانغا قەدەر دائىم روزا تۇتقۇچى، قىيامدا تۇرۇپ، ناماز ئوقۇغۇچى روزىدىن، نامازدىن ھېرىپ - چارچاپ قالمايدىغان، دائىم سەدىقە قىلىپ تۇرغۇچىغا ئوخشايدۇ، ئاللاھتائالا ئۆزىنىڭ يولىدا جىھاد قىلغان مۇجاھىدقا مۇنداق كېپىل بولدى، ئەگەر ئۇنى ۋاپات تاپقۇزسا، جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ياكى ئۇنى ئەجىر، ساۋاب، غەنىيمەت بىلەن بىرگە سالامەت قايتۇرۇشقا كېپىل بولدى، (ئى مۇسۇلمانلار، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار). بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5852** ( صحيح ) مثل المسلمين و اليهود و النصارى كمثل رجل استأجر قوما يعملون له عملا إلى الليل فعملوا إلى نصف النهار فقالوا: لا حاجة لنا إلى أجرك الذي شرطت لنا و ما عملنا لك فقال لهم: لا تفعلوا أكملوا بقية عملكم و خذوا أجركم كاملا فأبوا و تركوه فاستأجر أجراء بعدهم فقال: اعملوا بقية يومكم و لكم الذي شرطت لهم من الأجر فعملوا حتى إذا كان حين صلاة العصر قالوا: لك ما عملنا و لك الأجر الذي جعلت لنا فيه فقال: أكملوا بقية عملكم فإنما بقي من النهار شيء يسير فأبوا فاستأجر قوما أن يعملوا له بقية يومهم فعملوا بقية يومهم حتى غابت الشمس و استكملوا أجر الفريقين كليهما فذلك مثلهم و مثل ما قبلوا من هذا النور ( خ ) عن أبي موسى

5852. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىي، ناسارالارنىڭ مىسالى، مۇنۇ كىشىگە ئوخشايدۇ، (يەنى مىسالغا) بۇ كىشى بىر قەۋمنى كېچىگىچە ئىشلەپ بېرىشكە ئىجارە ئالدى، ئۇلار كۈندۈزنىڭ يېرىمىغىچە، چۈشكىچە ئىشلەپ، بىزگە سېنىڭ شەرت قويغان ئىش ھەققىڭ كېرەك ئەمەس، ھاجىتىمىز يوق، بىز ئىشلەپ بەرگەن ھەقمۇ ساڭا قالسۇن دېدى، ئۇ كىشى ئۇلارغا ئۇنداق قىلماڭلار، ئىشىڭلارنىڭ قالغىنىنى تولۇق، كامىل قىلىۋېتىپ، ئەجىر، ئىش ھەققىڭلارنى كامىل ئېلىۋېلىڭلار دېسە، ئۇلار ئۇنىماي، ئىشلىرىنى تەرك ئەتتى، ئۇ كىشى ئۇلاردىن كېيىن باشقا ئىشچىلارنى ئىجارە ئالدى، ۋە ئۇلارغا سىلەر كۈننىڭ قالغىنىدا ئىشلەڭلار، سىلەرگە مەن ئاۋۋالقىلارغا دېيىشكەن ئىش ھەققى بېرىلىدۇ دېدى، ئۇلار، ئەسىر نامىزى بولغانغا قەدەر ئىشلەپ، بىزنىڭ قالغان ئىش ھەققىمىز ۋە سەن بىزگە قىلىپ بەرگەن ھەقلەرمۇ ساڭا قالسۇن دەپ ئىشلىمىدى، ئۇ كىشى ئۇنداق قىلماي ئەمەللىرىڭلارنىڭ قالغىنىنى تولۇق، كامىل قىلىۋېلىڭلار، ھەققەتەن بۇ كۈندۈزدىن كىچىككىنە قالدى دېسە، ئۇلار ئۇنىمىدى، (بۇ ئىككى كىشى، يەھۇدىي، ناسارالاردۇر) ئاندىن ئۇ كىشى يەنە باشقا بىر قەۋمنى ئىجارە ئالدى، ئىشقا ياللىدى، شەرتى كۈننىڭ قېلىپ قالغان قىسمىدا ئىشلەش ئىدى، ئۇلار كۈن كىرگىچە قالغان ئىشلارنى قىلىپ، تۈگىتىپ ئىلگىرىكى ئىككى پىرقىنىڭ ئىش ھەققىنىمۇ قوشۇپ، كامىل ئالدى، مانا بۇ ئۇلارنىڭ مىسالىنىڭ ئوخششى بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ نۇردىن ئىسلامدىن ئالغان، قوبۇل قىلغانلىرىنىڭ مىسالىدۇر، (كېيىنكى ئىش ھەققىنى ئالغانلارمۇ مۇسۇلمانلاردۇر). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**5853** ( صحيح ) مثل المنافق كمثل الشاة العائرة بين الغنمين تعير إلى هذه مرة و إلى هذه مرة لا تدري أيهما تتبع ( حم م ن ) عن ابن عمر

5853. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇناپىقنىڭ ئوخششى ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىپ يۈرىدىغان قويغا ئوخشايدۇ، بىر قېتىم

مانىڭغا بارسا بىر قېتىم ئانىڭغا باردۇ، ئارىلىقتا ھەيران بولدۇ، زادى قايسىغا ئەگىشىدىغانلىقىنى، قايسىسىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيسەن، (مۇناپىق، ئەنە شۇنداق بولۇپ، مۇسۇلمانلار بىلەن كۇففارلار ئارىسىدا ھەيران بولىدۇ). نەسەئى 4951 ـ ھەدىس، مۇسلىم 4990 ـ ھەدىس، ئەھمەد 4835 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**5854** ( صحيح ) مثل أمتي مثل المطر لا يدرى أوله خير أم آخره ( حم ت ) عن أنس ( حم ) عن عمار ( ع ) عن علي ( طب ) عن ابن عمر وابن عمرو

5854. ئەنەس، ئەممار، ئەلى، ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئوخشىشى يامغۇرغا ئوخشايدۇ، بۇ يامغۇرنىڭ ئەۋۋەلقىسى ياخشىمۇ ياكى ئاخىرقىمۇ ،باشتىكىسى مەنپەئەت قىلامدىمۇ ئاخىرىمۇ؟ بىلگىلى بولمايدۇ، (ئەنە شۇنىڭدەك ئاخىرقىسىدىنمۇ ياخشىسى چىقىپ قالىدۇ). ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ يەئلا، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، يامغۇرنىڭ باشتىكىسى ئاساس سېلىپ ئۈندۈرگەندەك، كېيىنكىسى بولسا، بارغا پايدا قىلغاندەك، بۇ ئۈممەتنىڭ ئەۋۋەلكى ساھابىلەر، تابىئىنلار ئەۋزەلدۇر، ئۇلار ياخشىدۇر، كېيىنكىسى بولسا، ئەگىشىدۇ خالاس، ئەگەر شۇلارغا ئوخشاش ماڭالمىسا، ياخشى ئەگىشەلمىسە كېيىنكىلەر ياخشى ئەمەس، بەلكى يامان بولۇپ ھالاك بولىدۇ. بۇرۇنقى سەلەف، سالىھلارنى ماختاپ، مەدھىيىلىگەن نۇرغۇن سەھىھ ھەدىس ئۆتتى، لېكىن، بۇ ھەدىس بىلەن زىت ئەمەس، چۈنكى، بۇ ھەدىسىدىن مەقسەت ، ياخشى، سالىھ، ئەۋلىيالار تۈگىگىنى يوق، يەنىلا بىر تائىپە كىشىلەر چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇمىد ئۈزمەڭلار، ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشاش توغرا ئەقىدە، ئىبادەتتە چىڭ تۇرۇڭلار دېمەكچى .

**5855** ( صحيح ) مثل ما بعثني الله به من الهدى و العلم كمثل الغيث الكثير أصاب أرضا فكان منها نقية قبلت الماء فأنبتت الكلأ و العشب الكثير و كانت منها أجادب أمسكت الماء فنفع الله بها الناس شربوا منها و سقوا و رعوا و أصاب طائفة منها أخرى إنما هي قيعان لا تمسك ماء و لا تنبت كلأ فذلكم مثل من فقه في دين الله و نفعه ما بعثني الله به فعلم و علم و مثل من لم يرفع بذلك رأسا و لم يقبل هدى الله الذي أرسلت به ( ق وغيره) عن أبي موسى

5855. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مەن بىلەن بىرگە ئەۋەتكەن ھىدايەت ۋە ئىلىمنىڭ مىسالى، زېمىنغا چۈشكەن مول يامغۇرغا ئوخشايدۇ، ئۇ زېمىننىڭ بەزى يېرى پاك، مۇنبەت بولۇپ، سۇنى قوبۇل قىلىپ، ناھايىتى كۆپ ئوت ـ چۆپ، زىرائەت ئۈندۈرىدۇ، ئۇ زېمىندىن بەزى جايى بولسا، ئۆسۈملۈك ئۈنمەيدىغان سۇنى ئۆزىگە سۈمۈرۈۋالمايدىغان سۇ ساقلاپ تۇرىدىغان جاي بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەرگە پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ، ئۇلار ئىچىدۇ، سۇغۇرىدۇ، زىرائەت تېرىيدۇ، پادا باقىدۇ، يامغۇر ئۇ زېمىندىن يەنە بىر بۆلىكىگە يېتىدۇ، ھەقىقەتەن بۇ جاي تۈپتۈز بولۇپ، سۇنى ساقلاپ قالمايدۇ، ئوت ـ چۆپ، گىياھنىمۇ ئۈندۈرمەيدۇ، تۈزلۈق شور تۇپراقتۇر، ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ دىنىدا فىقھى بولغان قانۇنشۇناس ئالىم بولغان، ئاللاھ، مەن بىلەن بىرگە ئەۋەتكەن نەرسە پايدا ـ مەنپەئەت قىلغان، ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن كىشىنىڭ مىسالىدۇر، ۋە ئۇ ھىدايەت ئىلىمغا بېشىنىمۇ كۆتۈرۈپ قويمىغان، مەن ئەۋەتىلگەن ئاللاھنىڭ ھىدايىتىنى قوبۇل قىلمىغان كىشىنىڭ مىسالىدۇر. بەيھەقى، بۇخارى 77 ـ ھەدىس، مۇسلىم 4232 ـ ھەدىس، ئەھمەد 18752 ـ ھەدىس .سەھىھ.

ھىدايەتنى، ئىلىمنى قوبۇل قىلىپ ئۆگىنىپ، ئۆگەتكەن كىشى مۇنبەت تۇپراققا ئوخشىدى، ھىدايەتنى، ئىلىمنى ئېلىپ، ئۆزى مەنپەئەت، پايدا ئالماي، باشقىلارغا يەتكۈزگەن كىشى سۇ ساقلىغان جايغا ئوخشىدى، لېكىن، بۇ ھەم ئاخىرىدا ئۆزى كۆيۈپ تۈگەيدىغان شام، چىراغقىمۇ ئوخشىدى، ھىدايەتنى، ئىلىمنى قوبۇل قىلمىغان ھەم پايدا - مەنپەئەت بەرمىگەن كىشى، تۇزلۇق شور زېمىنغا ئوخشىدى.

مثل مؤخرة الرحل يكون بين يدي أحدكم ثم لا يضره من مر بين يديه( حم ه ) عن طلحة

5856. تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ ئالدىدا تۆگىنىڭ كاجۇ، ئىگىرىنىڭ يۆلەنچۈكچىلىك نەرسە بولسا، ئاندىن ناماز ئوقۇسا، ئالدىدىن ئۆتكەن كىشى زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، يەنى ئالدىغا بىر گەز مىقداردا سۇترە قىلىپ قويۇش لازىم. ئەھمەد، ئىبنى ماجە تويلىغان، سەھىھ.

**5857** ( صحيح ) مثلي في النبيين كمثل رجل بنى دارا فأحسنها و أكملها و أجملها و ترك فيها موضع لبنة لم يضعها فجعل الناس يطوفون بالبنيان و يعجبون منه و يقولون: لو تم موضع هذه اللبنة فأنا في النبيين موضع تلك اللبنة ( حم ت ) عن أبي ( حم ق ت ) عن جابر ( حم ق ) عن أبي هريرة ( حم م ) عن أبي سعيد

5857. ئۇبەي، جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ پەيغەمبەرلەر ئىچىدىكى مىسالىم، مۇنۇ كىشىنىڭ قۇرلۇش مىسالىغا ئوخشايدۇ. ئۇ بىر ھويلا، ئۆي سېلىپ ناھايىتى گۈزەل، ياخشى، كامىل پۈتتۈرۈپ، پەقەت بىرلا قىشنىڭ ئورنىنى قويۇپ قويىدۇ، كىشىلەر بۇ قۇرۇلۇشنى زىيارەت قىلىپ، ھەيران قالىدۇ، ۋە ئۇلار: كاشكى مۇشۇ بىر دانە قىشنىڭ ئورنىمۇ تولۇق تامام بولۇپ كەتكەن، پۈتۈپ كەتكەن بولسىچۇ؟! دەپ قالىدۇ. مەن پەيغەمبەرلەر ئىچىدىكى ئاشۇ بىر تال قىشنىڭ ئورنى بولىمەن، مەن شۇ ئورۇننى كامىل تولۇقلايمەن. ئەھمەد، تىرمىزى، بەيھەقى، مۇسلىم تويلىغان، سەھىھ.

مثلي كمثل رجل استوقد نارا فلما أضاءت ما حولها جعل الفراش و هذه الدواب التي يقعن في النار يقعن فيها و جعل يحجزهن و يغلبنه فيقتحمن فيها فذلك مثلي و مثلكم أنا آخذ بحجزكم عن النار: هلم عن النار هلم عن النار فتغلبوني فتقتحمون فيها ( حم ق ت ) عن أبي هريرة

5858. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ مىسالىم، ئوت ياققان كىشىگە ئوخشايدۇ، ئوت ئەتراپىغا نۇر چېچىپ ئەتراپى يورۇغاندا كېپىنەك پەرۋانىلەر مۇشۇ تۆردىكى ھايۋانلار ئوت ئىچىگە سەكرەشكە باشلايدۇ ۋە ئوتقا چۈشۈپمۇ كېتىدۇ، ئۇ كىشى ئۇلارنى ئوتتىن توسۇشقا باشلايدۇ، ئاخىرى ئۇلار غالىب كېلىپ، ئوتقا چۈشۈپ كېتىدۇ، ئەنە شۇ مەن بىلەن سىلەرنىڭ مىسالىمىز، مەن سىلەرنى بىلىكىڭلاردىن تۇتۇپ ئوتتىن توسىمەن، ئوتتىن يىراق تۇرۇڭلار! ئوتتىن يىراق تۇرۇڭلار!!! دەپ كېتىمەن، سىلەر بولساڭلار ماڭا غالىب كېلىپ، ئوتقا يەنى دوۋزاخقا چۈشۈپ كېتىسىلەر. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى تويلىغان، سەھىھ.

**5859** ( صحيح ) مثلي و مثلكم كمثل رجل أوقد نارا فجعل الفراش و الجنادب يقعن فيها و هو يذبهن عنها و أنا آخذ بحجزكم عن النار و أنتم تفلتون من يدي ( حم ) عن جابر

5859. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن بىلەن سىلەرنىڭ ئوخشىشىڭلار ئوت ياققان كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، پەرۋانىلەر،

چېكەتكىلەر ئوتقا چۈشۈشكە باشلايدۇ، ئۇ كىشى ئۇلارنى ئوتتىن مۇداپىئە قىلىپ قوغدايدۇ، مەن سىلەرنى ئوتتىن توسۇپ تۇرساممۇ سىلەر مېنىڭ قولۇمدىن قېچىپ ئوتقا چۈشۈپ كېتىسىلەر. ئەھمەد توپلىغان سەھىھ.

**5860** ( صحيح ) مثلي و مثل ما بعثني الله به كمثل رجل أتى قوما فقال: يا قوم إني رأيت الجيش بعيني و إني أنا النذير العريان فالنجاء النجاء فأطاعه طائفة من قومه فأدلجوا و انطلقوا على مهلهم فنجوا و كذبته طائفة منهم فأصبحوا مكانهم فصبحهم الجيش فأهلكهم و اجتاحهم فذلك مثل من أطاعني فاتبع ما جئت به و مثل من عصاني و كذب بما جئت به من الحق ( ق ) عن أبي موسى

5860. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن بىلەن بىرگە ئاللاھ ئەۋەتكەن نەرسىنىڭ ۋە مېنىڭ مىسالىم، مۇنۇ كىشىنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، ئۇ قەۋمىگە كېلىپ: ئى قەۋمىم، ھەقىقەتەن مەن دۈشمەن قوشۇنلىرىنى مۇشۇ ئىككى كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، مەن بولسام سەممىي، سادىق ئاگاھلاندۇرغۇچى، ماڭا ئىشىنىڭلار، نىجاتلىق، نىجاتلىققا ئېرىشىۋېلىڭلار دەيدۇ، ئۇنىڭ قەۋمىدىن بىر تائىپە كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، قاراڭغۇ كېچىدە سەيرە قىلىپ ئالدىرىماي مۆھلەت بىلەن خاتىرجەم يول يۈرۈشىپ نىجات تاپىدۇ، دۈشمەندىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ، ئۇلاردىن يەنە بىر تائىپىسى ئۇنى ئىنكار قىلىپ، يالغانچى دەپ ئۆز ئورنىدا تاڭ ئاتقۇزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەر ئەتىگەندىلا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ، تۈپتىن ئومۇمىيۈزلۈك ھالاك قىلىدۇ، قىرىپ تۈگىتىدۇ، ئەنە ئاشۇ بولسا، ماڭا ئىتائەت قىلغان مەن ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە ئەگەشكەن كىشىنىڭ مىسالى ۋە ماڭا ئاسىيلىق قىلغان ۋە مەن ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ مىسالىدۇر. بەيھەقى، مۇسلىم 4233 ـ ھەدىس، ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

**5861** ( صحيح ) مدمن الخمر كعابد وثن ( تخ هب ) عن أبي هريرة

5861. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھاراقنى دائىم ئىچكۈچى، بۇتقا ئىبادەت قىلغۇچىغا ئوپمۇ ـ ئوخشاشتۇر، (چۈنكى، مەستتىن شۇ شېرىك ئىشلار يۈز بېرىدۇ). بەيھەقى، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

**5862** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **5256** مر أختك فلتركب ( و لتختمر و لتصم ثلاثة أيام فإن الله عن تعذيب أختك نفسها لغني ) ( حم د ن ه ) عن عقبة بن عامر ( د ك ) عن ابن عباس

5862. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر، ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قېرىندىشىڭنى، ھەمشىرەڭنى بۇيرۇغىن، ئۇ تۆگىگە مىنسۇن، بېشىغا رومال سالسۇن، قەسىمىنىڭ كاپارىتىگە ئۈچ كۈن روزا تۇتسۇن، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سېنىڭ ھەمشىرەڭنىڭ ئۆزىنى ئازابلاشتىن بىھاجەتتۇر، (بۇ ھەدىسنى بىر ئايال پىيادە ھالەتتە ھەج قىلىشقا قەسەم قىلىپ، شۇ ھالەتتە كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ دېگەندۇر ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5863** ( صحيح ) مر رجل بغصن شجرة على ظهر طريق فقال: و الله لأنحين هذا عن المسلمين لا يؤذيهم فأدخل الجنة ( حم م ) عن أبي هريرة

5863. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى يول ئۈستىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ شېخىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ شاخنى مۇسۇلمانلاردىن يىراق قىلىمەن، بۇ شاخ ئۇلارغا زەرەر يەتكۈزمىسۇن دەپ ئۇنى

يىراق قىلىپ، كۆزدىن يوقىتىدۇ، شۇ سەۋەبلىك ئۇ مەغپىرەت قىلىنىپ، جەننەتكە كىرگۈزۈلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

مررت ليلة أسري بي بالملأ الأعلى و جبريل كالحلس البالي من خشية الله تعالى ( طس ) عن جابر

5864. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنى سەيرە قىلدۇرۇلغان مىئراج كېچىسى مەن جىبرىئىل بىلەن بىللە بىر توپ پەرىشتىلەر جامائەتىدىن ئۆتۈپ قالدىم، ئۇلار، ئالللاھتائالادىن قورقۇپ، خۇددى ھايۋان ئۇچىسىغا سالىدىغان كونىراپ كەتكەن ئۇچلۇق پالاستەك بولۇپ قاپتۇ. تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، ھەسەن.

**5865** ( صحيح ) مررت ليلة أسري بي على موسى قائما يصلي في قبره ( حم م ن ) عن أنس

5865. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنى سەيرە قىلدۇرۇلغان كېچىسى مەن مۇسانىڭ ئۈستىدىن ئۆتتۇم، ئۇ قەبرىدە ئۆرە تۇرۇپ، ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بىز بۇ ھەدىسنى يۇقىرىدا چۈشەندۈرگەن.

**5866** ( صحيح ) مروا أبا بكر فليصل بالناس ( حم ق ت ه ) عن عائشة ( ق ) عن أبي موسى ( خ ) عن ابن عمر ( ه ) عن ابن عباس وسالم بن عبيد

5866. ئائىشە، ئەبۇ مۇسا، ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئاببباس، سالىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەبۇ بەكرنى بۇيرۇڭلار، ئۇ كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بەرسۇن. ئەھمەد، بۇخارى، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن خەلىپە بولۇشىغا ئىشارەتتۇر.

مروا الصبي بالصلاة إذا بلغ سبع سنين و إذا بلغ عشر سنين فاضربوه عليها ( د ) عن سبرة

5867. سەبۇرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەبىي، كىچىك بالىلار يەتتە ياشقا يەتكەندە نامازغا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا يەتكەندە ئوقۇمىسا، ناماز ئوقۇغىن دەپ ئۇرۇڭلار، (چۈنكى ئۇ چاغدا ئۇرغاننى بىلىدۇ). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**5868** ( حسن ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **5258** مروا أولادكم بالصلاة و هم أبناء سبع سنين و اضربوهم عليها و هم أبناء عشر سنين و فرقوا بينهم في المضاجع ( و إذا زوج أحدكم عبده أو أجيره فلا ينظر إلى ما دون السرة و فوق الركبة ) ( حم د ك ) عن ابن عمرو

5868. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەۋلادلىرىڭلارنى يەتتە ياشتا نامازغا بۇيرۇڭلار، ئۇلار ئون ياشقا كىرىپمۇ ناماز ئوقۇغىلى ئۇنىمىسا ئۇرۇڭلار، ئۇلار ئون ياشقا كىرگەندە ئۇلار بىلەن ياتاق ئايرىڭلار،( بىرىڭلار قۇلنى ياكى ئىجارىچىسىنى، ئىشچىسىنى ئۆيلەپ، تويىنى قىلىپ قويسا، ئۇنىڭ كىندىك ئاستىغا، تىزنىڭ ئۈستىگە قارىمىسۇن، چۈنكى بۇ جاي ئەۋرەتتۇر). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.ئەلبانى تىرناق ئىچىنى زەئىپ دېگەن .

( حسن ) **5868 / 1** ] وهذا حديث مستدرك من الطبعة الأولى قال الألباني في صحيح ابن ماجه رقم: **3235** حسن ) مروا بالمعروف و انهوا عن المنكر قبل أن تدعوا فلا يستجاب لكم ) ( ه ) عن عائشة

5868. بۇ ھەدىس ساندا تەكراردۇر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ



www.uyghurkitap.com

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشىلىقتا بۇيرۇشنى يامانلىقدىن توسۇشنى تەرك ئېتىپ، دۇئايىڭلار ئىجابەت قىلىنمايدىغان (سىلەرمۇ بىللە ھالاك بولىدىغان) ۋاقىت يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ياخشىلىققا بۇيرۇڭلار، يامانلىقدىن توسۇڭلار. ھاكىم توپلىغان، ئىبنى ماجە سەھىھ قىسمى 3235 ـ ھەدىس، ھەسەن.

**5869** ( صحيح ) مروه فليتكلم و ليستظل و ليقعد و ليتم صومه ( حم خ د ) عن ابن عباس

5869. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى ئاپتاپتا ئۆرە تۇرۇپ، روزىسىنى كامىل قىلىشقا قەسەم قىلىپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى شۇ ھالەتتە كۆرۈپ، ئۇنى بۇيرۇڭلار، سۆز قىلسۇن، سايىدىسۇن، ئولتۇرۇۋەرسۇن، روزىسىنى كامىل قىلسۇن، (قەسىمگە كاپارەت بەرسۇن). ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

مرها فإن يك فيها خير فستفعل و لا تضرب ظعينتك كضرب أمتك ( د حب ) عن لقيط بن صبرة

5870. لەقيت ئىبنى سەۋرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئايالىمنىڭ ئاغزى بەزەپ، مەن قانداق قىلىمەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئۇنى تالاق قىلىپ قويۇۋەتكىن دېدى، مەن ئاندىن مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن ، ياخشى سۆھبەت بار، ئۇنىڭدىن بالام بار دېسەم، ئۇنداقتا ئۇنى ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن، ئەگەر ئۇنىڭدا ياخشىلىق بولۇپ قالسا، پات يېقىندا ئۇ ياخشىلىقنى قىلىدۇ، ئايالىڭنى خۇددى دېدەك چۆرىڭنى ئۇرغاندەك ئۇرما، (يەنى ئۇرماي، نەسىھەت قىل) دېدى. ئەبۇ داۋۇد 123 ـ ھەدىس، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**5871** ( صحيح ) مسألة الغني شين في وجهه يوم القيامة ( حم ) عن عمران

5871. ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: باي كىشىنىڭ سائىللىق قىلىپ نەرسە سورىشى، قىيامەت كۈنى يۈزىدىكى قەبىھ، سەت جاراھەتتۇر. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**5872** ( صحيح ) مستريح و مستراح منه العبد المؤمن يستريح من نصب الدنيا و أذاها إلى رحمة الله تعالى و العبد الفاجر تستريح منه العباد و البلاد و الشجر و الدواب ( حم ق ن ) عن أبي قتادة

5872. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر جىنازىنى كۆرۈپ، بۇ مۇستەرىيە ياكى مۇستەراھ مىنھۇ بولۇپتۇ دېدى، ئاندىن چۈشەندۈرۈپ، مۆئمىن بەندە بۇ دۇنيانىڭ مۇشەققەتلىرىدىن، ئەزىيەتلىرىدىن ئالالاھنىڭ رەھمىتىگە، ئارامغا، راھەتكە چىقىدۇ، فاجىر، پاسىق بولسا، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن بەندىلەر، شەھەرلەر دەل ـ دەرەخ، ھايۋانلارمۇ راھەت، ئارامغا چىقىدۇ، مۆئمىن بولسا مۇستەرىيە، فاجىر، پاسىق مۇستەراھ مىنھۇ بولىدۇ دېدى. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5873** ( صحيح ) مضت الهجرة لأهلها أبايعه على الإسلام و الجهاد ( ق ) عن مجاشع بن مسعود

5873. مۇجاشىئ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھىجرەت ئۆز ئەھلىگە يۈرۈپ كېتىپ بولدى، ئەمدى مەن ئىسلامغا، جىھادقا بەيئەت قىلدۇرىمەن، (جىھاد ئۈزۈلۈپ قالمىسلا، ھىجرەت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، مەككىدىن مەدىنىگە قىلىنغان ھىجرەت،

يۇرۇپ كېتىپ قالغان بولسىمۇ جىھادنىڭ، ئىلىمنىڭ ھىجرىتى مەۋجۇتتۇر). بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5874** ( صحيح ) مضمضوا من اللبن فإن له دسما ( د ) عن ابن عباس وسهل بن سعد

5874. ئىبنى ئابباس، سەھلى ئىبنى سەھد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈت ئىچكەندە مەز ـ مەزە قىلىپ، ئاغزىڭلارنى چايقاڭلار، چۈنكى ئۇنىڭ يېغى، قۇۋۋىتى بار ئىكەن، (رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق قىلغان، سەھىھ ھەدىس بار). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**5875** ( صحيح ) مطل الغني ظلم فإذا أتبع أحدكم على مليء فليتبع ( ق وغيره) عن أبي هريرة

5875. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: باي كىشىنىڭ قەرزىنى كېچىكتۈرۈپ بەرگىلى ئۇنىماسلىقى زۇلۇمدۇر، بىرىڭلار ئېلىشىنى ئېلىشتا باي كىشىگە ھاۋالە قىلىنسا،( ئېلىشى بايغا يۆتكەلسە)، ھاۋالىسنى قوبۇل قىلىپ، ئېلىشىنى شۇ بايدىن ئالسۇن. مۇسلىم 2924 ـ ھەدىس، بەيھەقى ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

**5876** ( صحيح ) مطل الغني ظلم و إذا أحلت على مليء فاتبعه ( ه ) عن ابن عمر

5876. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: باينىڭ قەرزىنى كېچىكتۈرۈپ كەينىگە سۈرۈشى زۇلۇمدۇر، سەن باي كىشىگە ھاۋالە قىلىنساڭ، (ئېلىشىڭنى بايدىن ئېلىش يۆتكەلسە سەن ئۇنى بايدىن ئالغىن، بەرسە بەرگەنچە، بەرمىسە ئۇ زالىم بولىدۇ). ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

مع الغلام عقيقة فأهريقوا عنه دما و أميطوا عنه الأذى ( خ د ه ) عن سلمان بن عامر

5877. سەلمان ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالا تۇغۇلسا، ئەقىيقە قىلىشى لازىم، بالا ھەققىدىن قان تۆكۈپ، ئەقىقە قىلىڭلار، ئۇنىڭدىن ئەزىيەتنى، نىجاسەتنى تازىلاڭلار. (يەتتە كۈن بولغاندا چېچى چۈشۈرۈلۈپ ئىسىم قويۇلىدۇ). بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**5878** ( صحيح ) معاذ الله أن يتحدث الناس أني أقتل أصحابي إن هذا و أصحابه يقرءون القرآن لا يجاوز حناجرهم يمرقون من الدين مروق السهم من الرمية ( حم ق ) عن جابر

5878. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېتىراز بىلدۇرگەن بىر مۇناپىقنى ئۆلتۈرۈۋېتىشلى دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، نەئۇزۇبىللاھ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋشىدىن ئاللاھ ساقلىسۇن، مەن كىشىلەرنىڭ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆز ھەمراھلىرىنى ئۆلتۈرۈپتۇ دەپ سۆزلەپ يۈرۈشىنى ياقتۇرمايمەن، ئاللاھقا سىغىنىپ، ئۇنىڭدىن پاناھ تىلەيمەن، ھەققەتەن بۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى قۇرئان ئوقۇيدۇ، لېكىن، قۇرئان ئۇلارنىڭ گېلىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوق نىشانغا تېگىپ چىقىپ كەتكەندەك تېزلا چىقىپ كېتىدۇ. (شۇ چاغدا ئۆلتۈرۈۋشكە بولىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5879** ( صحيح ) معاذ بن جبل أعلم الناس بحلال الله و حرامه ( حل ) عن أبي سعيد

5879. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاننىڭ ھالال ـ ھاراملىرىغا كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئالىمراقىدۇر. ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

5880 ( صحيح ) معاذ بن جبل أمام العلماء يوم القيامة برتوة ( حل طب ) عن محمد بن كعب مرسلا

5880. مۇھەممەد ئىبنى كەئبى رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىيامەت كۈنى بارلىق ئالىملارنىڭ بىر تاش ئېتىم مىقدارى ئالدىدىراق تۇرىدۇ، (چۈنكى، ئۇ ئالىمراقى). ئەبۇ نۇئەيم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

5881 ( حسن ) معترك المنايا ما بين الستين إلى السبعين ( الحكيم ) عن أبي هريرة

5881. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆلۈم سەۋەبلىرىنىڭ جەڭگاھى، يەنى ساقا ئۆلۈم سەۋەبلىرى كېلىدىغان ۋاقىت 60 ياش بىلەن 70 ياشنىڭ ئارىلىقىدۇر، (بۇ ئۈممەتنىڭ ئوتتۇرىھال ئۆلىدىغان ۋاقتى 60 ياشتىن 70 ياشقىچە بولىدۇ). ھەكىيم توپلىغان، ھەسەن.

5882 ( صحيح ) معقبات لا يخيب قائلهن: ثلاث و ثلاثون تسبيحة و ثلاث و ثلاثون تحميدة و أربع و ثلاثون تكبيرة في دبر كل صلاة مكتوبة ( حم م ت ن ) عن كعب بن عجرة

5882. كەئبى ئىبنى ئۇجرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازنىڭ ئارقىسىدا دېيىلىدىغان سۆزلەر بولۇپ، ئۇنى دېگۈچى ھەرگىز زىيان تارتمايدۇ، ھەربىر پەرز نامازنىڭ ئارقىسىدا 33 تەسبىھ، 33 ھەمدە، 33 تەكبىر ئېيتىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

معلم الخير يستغفر له كل شيء حتى الحيتان في البحر ( طس ) عن جابر ( البزار ) عن عائشة

5883. جابىر، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە ياخشىلىقنى ئۆگەتكۈچى ئىسلام دىنى ئوقۇتقۇچىلىرىغا ھەممە نەرسە ھەتتا دېڭىزدىكى بېلىقلارمۇ مەغپىرەت سورايدۇ. بەزار، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

5884 ( صحيح ) مفاتيح الغيب خمس لا يعلمها إلا الله تعالى: لا يعلم أحد ما يكون في غد إلا الله تعالى و لا يعلم أحد ما يكون في الأرحام إلا الله تعالى و لا يعلم متى تقوم الساعة إلا الله تعالى و لا تدري نفس بأي أرض تموت إلا الله تعالى و لا يدري أحد متى يجيء المطر إلا الله تعالى ( حم خ ) عن ابن عمر

5884. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غايىبنىڭ ئاچقۇچى بەش بولۇپ، ئۇنى ئاللاھتائالادىن باشقا ھېچ كىشى بىلەلمەيدۇ.

1. ئەتە نېمە بولىدىغىنىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.

2. ئانا رەھمى ئىچىدىكىنىڭ نېمە بولىدىغىنىنى يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، سەتمۇ، گۈزەلمۇ شەقىيمۇ، سائادەتمەنمۇ، ئۆمرى، رىزقى قانچىلىك بولىشىنى ئاللاھدىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.

3. قىيامەتنىڭ قاچان قايىم بولۇشىنى ئاللاھدىن باشقا ھېچ كىشى بىلەلمەيدۇ.

4. ھەربىر جان ئىگىسىنىڭ قايسى زېمىندا ئۆلۈشىنى ئاللاھدىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.

5. يامغۇرنىڭ قاچان قەيەرگە كېلىشىنى، يېغىشىنى ئاللاھتائالادىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ. (بۇ بەش

غەيىب، سۈرە لوقماننىڭ ئاخىرىدا بار). ئەھمەد، بۇخارى قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

**5885** ( صحيح ) مفتاح الصلاة الطهور و تحريمها التكبير و تحليلها التسليم ( حم د ت ه ) عن علي

5885. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازنىڭ ئاچقۇچى تاھارەتتۇر، تەھرىم باغلاپ باشلىنىشى تەكبىردۇر، نامازدىن ھالال بولۇپ چىقىش بولسا، سالام بېرىشتۇر. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5886** ( صحيح ) مقام الرجل في الصف في سبيل الله أفضل من عبادة ستين سنة( طب ك ) عن عمران

5886. ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇش سېپىدە بىر سائەت تۇرۇشى، 60 يىللىق ئىبادەتتىن ئەۋزەلدۇر. تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5887** ( صحيح ) ملأ الله بيوتهم و قبورهم نارا كما شغلونا عن الصلاة الوسطى حتى غابت الشمس ( حم ق 4 ) عن علي ( م ه ) عن ابن مسعود

5887. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، خەندەك كۈنى ئەھزاب قوشۇنى مۇسۇلمانلارنى كۈن كىرگىچە، ئەسىر نامىزىدىن مەشغۇل قىلىپ قويغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە، قەبرىلىرىگە ئوتنى تولدۇرۇۋەتكەي، چۈنكى ئۇلار بىزنى كۈن كىرگىچە ۋوستا نامىزىدىن يەنى ئەسىردىن توسۇپ قويدى دېگەن . ئەھمەد، بەيھەقى، مۇسلىم 4 كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**5888** ( صحيح ) ملئ عمار إيمانا إلى مشاشه ( ه ) عن علي ( ك هق ) عن ابن مسعود

5888. ئەلى ئىبنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەممارنىڭ ھەربىر سۆڭەك،بوغۇم ، ھەتتا بارماق ئۇچىغىچە ئىمان لىق تولۇپتۇ. ئىبنى ماجە 144 ـ ھەدىس، نەسەئى 4921 ـ ھەدىس، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5889** ( صحيح ) ملعون من أتى امرأة في دبرها ( حم د ) عن أبي هريرة

5889. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشىنىڭ ئارقا مەقئىتىگە جىنسى مۇناسىۋەت قىلغان كىشى مەلئۇندۇر، (لەنەت قىلىنغان يەنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغاندۇر). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

ملعون من سأل بوجه الله و ملعون من سئل بوجه الله ثم منع سائله ما لم يسأل هجرا ( طب ) عن أبي موسى

5890. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ جامالى، يۈزى بىلەن نەرسە سوراپ سائىللىق قىلغان كىشى(ئاللاھ ھەققى! دەپ سورىغان كىشى) مەلئۇندۇر، پاھشە سۆز قىلىپ سورىمىسىلا، ئاللاھنىڭ جامالى، رازىلىقى بىلەن نەرسە سورىسا، بەرمىگەن كىشىمۇ مەلئۇندۇر، (يەنى لەنەت قىلىنىدۇ، رەھمەتتىن يىراق قىلىنىدۇ). تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

ملعون من سب أباه ملعون من سب أمه ملعون من ذبح لغير الله ملعون من غير تخوم الأرض ملعون من كمه أعمى عن طريق ملعون من وقع على بهيمة ملعون من عمل بعمل قوم لوط ( حم ) عن ابن عباس

5891. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: دادىسىنى تىللاپ، ئەيىبلىگۈچى مەلئۇن، ئانىسىنى تىللاپ ئەيىبلىگۈچىمۇ مەلئۇن، ئاللاھنىڭ غەيرىگە مال بوغۇزلاپ قان قىلغۇچىغا لەنەت قىلىنىدۇ. زېمىننىڭ چېگرا ـ پاسىل بەلگىلىرىنى ئۆزگەرتكەن كىشىگە لەنەت قىلىنىدۇ. ئەما، كور كىشىنى يولدىن ئازدۇرۇپ، باشقا يولغا سىلىپ قويغان كىشى مەلئۇن، ھايۋان بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلغان كىشى مەلئۇن، لۇت قەۋمىنىڭ قىلىقىنى يەنى لىۋاتە، بەچچىۋازلىق قىلغان كىشىگە لەنەت قىلىنىدۇ، رەھمەتتىن يىراق قىلىنىدۇ. (يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر). ئەھمەد 2764 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) 5891 / 1 ] وهذا حديث مستدرك من الطبعة الأولى قال الألباني في صحيح ابن ماجه رقم: 600 صحيح ( من أدرك الأذان في المسجد ثم خرج لم يخرج لحاجته و هو لا يريد الرجعة فهو منافق ) ( ه ) عن عثمان

5891. بۇ ھەدىس ساندا تەكرار. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى مەسجىد ئىچىدە ئەزاننى ئاڭلاپ تۇرۇپ بىرەر ھاجەتكە چىقماستىن، قايتىپ كېلىشنىمۇ مەقسەت قىلماستىن سەۋەبسىز، ئۆزرىسىز ناماز ئوقۇماي چىقىپ كەتسە، ئۇ مۇناپىقتۇر. ھاكىم توپلىغان، ئىبنى ماجەنىڭ ئەلبانى تەھقىقلىغان سەھىھ قىسمىنىڭ 600 ـ ھەدىسى سەھىھ.

( صحيح ) 5891 / 2 ] وهذا حديث مستدرك من الطبعة الأولى قال الألباني في صحيح ابن ماجه رقم: 2808 صحيح ( من أراد الحجامة فليتحر سبعة عشر و تسعة عشر و إحدى و عشرين لا يتبيغ بأحدكم الدم فيقتله ) ( ه ) عن أنس

5891. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قان ئالدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان كىشى ئاينىڭ 17ـ، 19ـ، 21 ـ كۈنلىرى ئالدۇرسۇن، بىرىڭلارنىڭ تومۇرىدا قان قالايمىقان ئېقىپ، تاجاۋۇز قىلىپ، غالىب كەلمىسۇن، ئۇنداق بولغاندا قان ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ھاكىم توپلىغان، ئىبنى ماجە 3477 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجەنىڭ سەھىھ قىسمىنىڭ 2808 ـ ھەدىس، سەھىھ.

5892 ( صحيح ) من أشد الناس عذابا يوم القيامة الذين يصورون هذه الصور ( خ ) عن عائشة

5892. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ ئەڭ قاتتىق ئازابلىنىدىغىنى مۇشۇ سۈرەتنى سىزغان رەسسام، ھەيكەلتاراشلاردۇر. بۇخارى قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

من أشد أمتي لي حبا ناس يكونون بعدي يود أحدهم لو رآني بأهله و ماله ( م ) عن أبي هريرة

5893. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە مېنى قاتتىق ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلار مەندىن كېيىن مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى بارلىق مال ـ مۈلۈكىنى، ئەھلى ـ بالىلىرىنى بېرىپ بولسىمۇ شۇلارنىڭ بەدىلىگە مېنى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. مانا ھازىرمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چۈشىدە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغانلار كۆپ.

من أشراط الساعة الفحش و التفحش و قطيعة الرحم و تخوين الأمين و ائتمان الخائن ( طس ) عن أنس

5894. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: پاھىشىۋازلىق، ئېغىزى بەزەپلىك، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈۋېتىش، ئىشەنچلىك كىشى خائىن، خىيانەتچى سانىلىشى، خىيانەتچى ـ خائىن بولسا، ئىشەنچلىك سانىلىپ ئامانەت قوبۇلۇشلار قىيامەت ئالامىتىدۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5895** ( صحيح ) من أشراط الساعة أن يتباهى الناس في المساجد ( ن ) عن أنس

5895. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ مەسچىتلىرىنى باھالىشىپ، ماختىشىپ، پەخىرلىنىپ كېتىشى، قىيامەتنىڭ ئالامىتىدۇر. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5896** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **5282** من أشراط الساعة أن يمر الرجل في المسجد لا يصلي فيه ر كعتين و أن لا يسلم الرجل إلا على من يعرف ( و أن يبدد الصبي الشيخ ) ( طب ) عن ابن مسعود

5896. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ مەسچىتتىن ئۆتۈپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇماسلىقى، كىشىنىڭ تونۇغان كىشىگىلا سالام قىلىپ، باشقىلارغا سالام قىلماسلىقى، (سەبىي، كىچىك باللارنىڭ قېرى شەيخلەرنى تەنقىدلەپ ئەيىبلىشى) قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى، سەھىھ، لېكىن، تىرناق ئىچى يەنى ئاخىرى زەئىپ دېگەن .

**5897** ( صحيح ) من أفضل العمل إدخال السرور على المؤمن تقضي عنه دينا تقضي له حاجة تنفس له كربة ( هب ) عن ابن المنكدر مرسلا

5897. ئىبنى مۇنكەدىر رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ قەلبىگە خۇشاللىق كىرگۈزۈپ ئۇنى خۇرسەن قىلىش، ئۇنىڭدىن قەرزنى تۆلەپ، ئادا قىلىۋېتىش، مۆئمىننىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلىش، ئۇنىڭ مۇشەققەتلىك قىيىنچىلىقلىرىنى ئاسان قىلىپ بېرىش، چىقىش يولى تېپىپ بېرىش، ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5898** ( صحيح ) من اقتراب الساعة انتفاخ الأهلة ( طب ) عن ابن مسعود

5898. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يېڭى ئاينىڭ چوڭىيىپ، يوغىناپ كېتىشى، قىيامەت ئالامەتلىرىدىندۇر، قىيامەتنىڭ بەكلا يېقىن قالغىنىنى بىلدۈرىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس كەلگۈسىدىكى مۆجىزىدۇر، بەلكىم يەرشارىغا ئاي شارى يېقىنلىشىشى مۇمكىن، ئۆزئارا يېقىنلاشقاندا، نۇر چوڭ قايتىدۇ.

**5899** ( حسن ) من اقتراب الساعة أن يرى الهلال قبلا فيقال: لليلتين و أن تتخذ المساجد طرقا و أن يظهر موت الفجأة ( طس ) عن أنس

5899. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يېڭى ئاينىڭ چىققان ۋاقتىدىلا چوڭلۇقىدىن روشەن ، ئوچۇقلا كۆرۈنۈشى، پەردىسىز كۆرۈنۈشى بۇ ئىككى كۈنلۈك ئاي ئىكەن دېيىلىپ قېلىشى، (ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر كۈنلۈك ئاي بولۇپ، ناھايىتى چوڭ، روشەن كۆرۈنىدۇ) ۋە مەسجىدلەرنىڭ پەخىرلىنىش ئۈچۈن يوللارنىڭ ئۈستىگە سېلىنىشى، ياكى مەسجىدلەردىن ناماز ئوقۇماي، يولدىن ئۆتكەندەك ئۆتۈپ كېتىشى ياكى مەسجىدلەر كىچىلىك پاراڭ سالىدىغان جايغا ئايلىنىپ قېلىشى، تۇيۇقسىز ئۆلۈمنىڭ ئاشكارا بولۇشى، قىيامەتنىڭ بەكلا يېقىنلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، ھەسەن.

**5900** ( صحيح ) من أكبر الكبائر الشرك بالله و اليمين الغموس ( طب ) عن عبدالله بن أنيس

5900. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گۇناھى كەبىيرلەرنىڭ ئەڭ چوڭى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، يالغان قەسەمدۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5901** ( صحيح ) من البر أن تصل صديق أبيك ( طس ) عن أنس

5901. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: داداڭنىڭ دوستىغا سىيلە ـ رەھىم قىلىپ، ياخشىلىق قىلىشىڭ، داداڭغا ياخشىلىق قىلغانلىقىڭنىڭ جۈملىسىدىندۇر، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5902** ( صحيح ) من التمر و البسر خمر ( طب ) عن جابر

5902. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خورمىدىن، تولۇق خورمىدىن ھاراق ياسىلىدۇ، (يەنى بۇلارنى چىلاپ، ئىچىشتە دىققەت قىلىشى لازىم، چۈنكى ھاراقمۇ شۇلاردىن ياسىلىدۇ، ھەر قانداق مەست قىلغۇچى ھارام) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

من الحنطة خمر و من التمر خمر و من الشعير خمر و من الزبيب خمر و من العسل خمر( حم ) عن ابن عمر

5903. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇغدايدىن ، خورمىدىن، ئارپىدىن، قۇرۇق ئۈزۈم ـ يىمشىدىن، ھەسەلدىن ھاراق چىقىدۇ، (ھەرقانداق مەست قىلغۇچى ھاراق ۋە ھارامدۇر). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

من الصلاة صلاة من فاتته فكأنما وتر أهله و ماله – يعني العصر – ( ن ) عن نوفل بن معاوية وابن عمر

5904. نەۋفەل ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازلار ئىچىدە بىر ناماز بولۇپ، كىمدىن بۇ ناماز قازا بولۇپ ئۆتۈپ كەتسە، خۇددى ئۇنىڭ بارلىق مال ـ مۈلۈكى ، ئەھلى ـ باللىرى ھالاك بولغان بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئەسىر نامىزىدۇر. (يۇقىرىدا بۇ نامازنى ۋۇستا نامىزى دېدى). نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5905** ( صحيح ) من الغيرة ما يحب الله و منها ما يكره الله فأما ما يحب فالغيرة في الريبة و أما ما يكره فالغيرة في غير ريبة ( ه ) عن أبي هريرة

5905. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۈندەشلىكنىڭ ئاللاھ ياخشى كۆرۈدىغىنى بار، ۋە يامان كۆرۈدىغىنى بار، ئاللاھ ياخشى كۆرۈدىغان كۈندەشلىك بولسا، شەك، گۇمان بىلەن كۈندەشلىك قىلىشتۇر، ئاللاھ يامان كۆرۈدىغىنى بولسا، شەكسىز، گۇمانسىز، ئورۇنسىز كۈندەشلىك قىلىپ كۈنلەشتۇر. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەھلىنى ، يېقىن تۇغقان، قىز باللىرىنى كۈنلىمىگەن كىشى دەيۈزدۇر، مەئسىيەتتىن چەكلەپ توسۇش لازىم.

**5906** ( حسن ) من الفطرة المضمضة و الاستنشاق و السواك و قص الشارب و تقليم الأظفار و نتف الإبط و الاستحداد و غسل البراجم و الانتضاح و الاختتان ( ه ) عن عمار بن ياسر

5906. ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەز ـ مەز قىلىپ ئاغزىغا سۇ ئېلىش، بۇرنىغا سۇ ئېلىش، مىسۋاك سىلىش، بۇرۇتىنى قىرقىپ تۈرۈش، ساقالنى كامىل قويۇش، تىرناقلىرىنى ئېلىپ تۈرۈش، قولتۇق تۈكلىرىنى ئېلىپ تۈرۈش، ئەۋرەت تۈكلىرىنى ئېلىپ تازىلاش، مەيسەللەرنىڭ قاتلىشىپ، تۈرلۈشۈپ قالغان جايلىرىغا سۇ

يەتكۈزۈپ يۇيۇش، خەتنە قىلىش، تاھارەتتىن كېيىن ئازراق سۇ ئېلىپ، ئەۋرەت تۇرىدىغان جايغا ۋەسۋەسىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن سېپىش سۈننەتتۇر. ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، ھەسەن.

**5907** ( صحيح ) من الفطرة حلق العانة و تقليم الأظفار و قص الشارب ( خ ) عن ابن عمر

5907. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەۋرەت تۈكىنى تازىلاش، تىرناقنى ئېلىش، بۇرۇتنى قىرقىپ تۇرۇش ئەدىمى سۈننەتتۇر. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

من الكبائر شتم الرجل والديه: يسب أبا الرجل فيسب أباه و يسب أمه فيسب أمه ( ق ت ) عن ابن عمرو

5908. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى تىللاپ، ئەيىبلىشى گۇناھى ـ كەبىرىدۇر، ئۇ بولسا، مۇنداق يول بىرىدۇ: كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ دادىسىنى يا ئانىسىنى تىللاپ ئەيىبلەيدۇ، ئاندىن ئۇ كىشى بۇنىڭ دادىسىنى، ئانىسىنى تىللاپ، ئەيىبلەيدۇ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ دادىسىنى، ئانىسىنى تىللاپ، ئەيىبلىگەن بولىدۇ. بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

من الله تعالى لا من رسوله: لعن الله قاطع السدر ( طب هق ) عن معاوية بن حيدة

5909. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا چۆل ـ باياۋاندىكى مۇساپىرلار، سايىدايدىغان دەرەخنى كەسكۈچىگە لەنەت قىلدى، رەھمەتتىن يىراق قىلدى، بۇ سۆز ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مەندىن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تەرەپتىن دېيىلدى، دېدى . تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، يۇقىرىدا ئۇنداق كىشىنىڭ بېشىنى دوۋزاخ ئوتىغا ئېگىپ بىرىلىشى ئۆتۈپ كەتتى، سەھىھ.

**5910** ( صحيح ) من المذي الوضوء و من المني الغسل ( ت ) عن علي

5910. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەھۋەتكە ئەگىشىپ، ئەۋرەتتىن كېلىپ قالىدىغان سۇيۇق مەزىي سۈيىدىن كىچىك تاھارەت ئېلىنىدۇ، ئەۋرەتتىن لەززەت بىلەن ئېتىلىپ چىققان، بالا يارىلىدىغان مەنىي، ئىسپېرما سۈيىدىن غۇسلى تاھارەت ئېلىنىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) **5910 / 1** ] وهذا حديث مستدرك من الطبعة الأولى قال الألباني في صحيح ابن ماجه رقم: **935** صحيح ( من ثابر على اثنتي عشرة ركعة من السنة بنى الله له بيتا في الجنة أربع ركعات قبل الظهر و ركعتين بعده و ركعتين بعد المغرب و ركعتين بعد العشاء و ركعتين قبل الفجر ) ( ت ن ه ) عن عائشة

5910. بۇ ھەدىسمۇ ساندا تەكرار، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم 12 رەكەت سۈننەت نامىزىغا چىڭ تۇرۇپ، مۇھاپىزەت قىلىپ دائىم ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي سېلىپ بىرىدۇ. ، پېشىندىن بۇرۇن تۆت رەكەت ، پېشىندىن كېيىن ئىككى رەكەت ، شامدىن كېيىن ئىككى رەكەت ، خۇپتەندىن كېيىن ئىككى رەكەت ، بامداتتىن بۇرۇن ئىككى رەكەت، جەمئىي 12 رەكەتتۇر . ھاكىم توپلىغان، ئىبنى ماجەنىڭ سەھىھ قىسمىنىڭ 935 ـ ھەدىس، تىرمىزى، نەسەئىلارمۇ بار، سەھىھ.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

**5911** ( صحيح ) من حسن إسلام المرء تركه ما لا يعنيه ( ت ه ) عن أبي هريرة ( حم طب ) عن الحسين بن علي ( الحاكم في الكنى ) عن أبي بكر الشيرازي وعن أبي ذر ( الحاكم في تاريخه ) عن علي بن أبي طالب ( طص ) عن زيد ابن ثابت ( ابن عساكر ) عن الحارث بن هشام

5911. ئەبۇ ھۇرەيرە، ھۇسەيىن، ئەبۇ بەكرى، ئەبۇ زەر، ئەلى، زەيد ئىبنى سابىت، ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ ئۆزىگە ھېچ قانداق ياردىمى، پايدىسى بولمايدىغان نەرسىنى تەرك ئېتىشى، ئۇنىڭ ئىسلامىنىڭ ياخشى بولغانلىقىدۇر، ياخشى مۇسۇلمان، پايدىسى، ياردىمى تەگمەيدىغان ئىشنى قىلمايدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ. ئى مۇسۇلمانلار! دۇنيا ـ ئاخىرەتتە پايدىسى يوق، ياردىمى يوق، مەنپەئەتسىز ئىشلارنى تاشلاڭلار، ھەر قانداق ئۆرپ ـ ئادەت بولسىمۇ تاشلاڭلار، شۇ چاغدا ياخشى مۇسۇلمان ھېسابلىنىسىلەر.

من حين يخرج أحدكم من منزله إلى مسجده فرجل تكتب حسنة و الأخرى تمحو سيئة ( كهب ) عن أبي هريرة

5912. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ ئۆيىدىن چىققاندىن باشلاپ مەسجىدگە بارغۇچە بولغان قەدەملىرىگە بىر پۇتى كۆتۈرۈلگەنگە بىر ياخشىلىق يېزىلسا، يەنە بىر پۇتىنى قويغانغا بىر يامانلىقى ئۆچۈرۈلىدۇ،يەنى ھەربىر قەدەمگە بىر ياخشىلىق يېزىلىپ، بىر خاتالىق ئۆچۈرۈلىدۇ. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5913** ( صحيح ) من خلفائكم خليفة يحثو المال حثيا لا يعده عدا ( م ) عن أبي سعيد

5913. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خەلىپىلىرىڭلاردىن شۇنداق بىر خەلىپە باركى، ئۇ غەنىيمەت ئالغان ماللارنى بۆلۈپ ـ بۆلۈپ چاڭگاللاپ ئۈلەشتۈرىدۇ، تەقسىم قىلغىچە ساناپ ئولتۇرمايدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ، بۇ خەلپە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ياكى ئىمام مەھدىي بولۇشى مۇمكىن.

**5914** ( صحيح ) من خير طيبكم المسك ( ن ) عن أبي سعيد

5914. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىسكە سىلەرنىڭ خۇشپۇراق ئەتىرىڭلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5915** ( صحيح ) من خير معاش الناس لهم رجل ممسك عنان فرسه في سبيل الله يطير على متنه كلما سمع هيعة أو فزعة طار عليه يبتغي القتل و الموت مظانه و رجل في غنيمة في رأس شعفة من هذه الشعف أو بطن واد من هذه الأودية يقيم الصلاة و يؤتي الزكاة و يعبد ربه حتى يأتيه اليقين ليس من الناس إلا في خير ( م ه ) عن أبي هريرة

5915. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ ئىككى ئالەمدە تۇرمۇشى ئەڭ ياخشى، بەختلىك بولىدىغىنى، مۇنۇ ئىككى كىشىدۇر، بىرى، يولدا ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، ھەر قاچان دۈشمەن كەلگىنىنى ئاڭلىسا ياكى دۈشمەن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندىكى قورقۇنچلۇق خەۋەرنى ئاڭلىسا، دەرھال شۇ تەرەپكە ئات سېلىپ، ئۇستىدە ئۇچقاندەك يېتىپ بارىدۇ، ئۇ، ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشنى ياكى ئۆلۈپ كېتىشنى ئۈمىد قىلىپ، ئۆلۈمنىڭ ئېشەنچلىك مەيدانىنى تەلەپ قىلىدۇ، يەنە بىرسى بولسا، مۇشۇ تاغنىڭ چوققىلىرىدىن بىر تاغ چوققىسىدا ياكى بىرەر يايلاق، يېزىلاردا بىر بۆلەك قوينى بېقىپ، تۇرمۇشىنى قامداپ، ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر

شۇ جايدا ناماز ئوقۇپ، زاكات بېرىپ، رەببىگە ئىبادەت قىلىپ ياشايدۇ، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ ياخشى ھەم ياخشىلىقتىكى كىشىدۇر. مۇسلىم 3503 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3967 ـ ھەدىس. سەھىھ.

بۇ ھەدىسدىن ئاۋام خەلق زاكاتنى ئۆزلىرى، پېقىر، مىسكىنلەرگە بېرىپ، بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ. ئىلىم، ئىبادەت بىلەنلا زاھىد بولۇپ ئۆتسە، دۇرۇس بولۇشى چىقىدۇ، ئۇندىن باشقا ئەڭ ياخشى، ئەۋزەل يول جىھاد قىلىشتۇر، يول ئاشۇ ئىككىدۇر.

( حسن ) 5915 / 1 ] وهذا حديث مستدرك من الطبعة الأولى قال الألباني في صحيح النسائي رقم: 3170 حسن ( من رابط ليلة في سبيل الله كانت له كألف ليلة صيامها و قيامها ) ( ه ) عن عثمان

5915. بۇ ھەدىس ساندا تەكرار. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا بىر كېچە ئات توقۇپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلسا، 1000 كېچە ـ كۈندۈز كېچىسى ناماز بىلەن قىيامدا تۇرغاندەك، كۈندۈزى روزا تۇتقاندەك ئەجىر بېرىلىدۇ. ھاكىم، ئىبنى ماجە سەھىھ قىسمى 3170 ـ ھەدىس، ھەسەن.

5916 ( صحيح ) من شرار الناس من تدركهم الساعة و هم أحياء ( خ ) عن ابن مسعود

5916. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت قايىم بىلەن ھايات ھالەتتە ئۇچراشقان كىشىلەر، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يامانلىرىدۇر، (قىيامەت ئەڭ يامان كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

5917 ( صحيح ) من شر الناس ذو الوجهين: الذي يأتي هؤلاء بوجه و هؤلاء بوجه ( د ) عن أبي هرير

5917. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاۋۇلارغا بىر يۈزى بىلەن كېلىدىغان، ماۋۇلارغا بىر يۈزى بىلەن كېلىدىغان ئىككى يۈزلىمە كىشى كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

5918 ( صحيح ) من غسله الغسل و من حمله الوضوء – يعني الميت – ( ت ) عن أبي هرير

5918. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېيىتنى يۇغان كىشى غۇسلى قىلىدۇ، مېيىتنى كۆتۈرگەن كىشى كىچىك تاھارەت ئالىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. بۇ مۇستەھەپتۇر، يۇقىرىدا قىلمىسىمۇ بولۇشى ئۆتۈپ كەتتى.

5919 ( صحيح ) من هاهنا جاءت الفتن –و أشار نحو المشرق – و الجفاء و غلظ القلوب في الفدادين أهل الوبر عند أصول أذناب الإبل و البقر في ربيعة و مضر ( خ ) عن ابن مسعود

5919. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بارلىق پىتنە ـ پاساتلار مۇشۇ تەرەپتىن يەنى كۈن چىقىش تەرەپتىن كېلىدۇ، قوپاللىق، ئەخلاقسىزلىق، دىلى قاتتىقلىق، نادانلىق، تۆگە، كالىنىڭ قۇيرۇقىدا ئاۋاز قىلىدىغان، تۆگە يۇڭى ئەھلىدە موزەر بىلەن رەبىيئە قەبىلىسىدە بولىدۇ، (تۆگە، كالىنىڭ قۇيرۇقىدا ئاۋاز قىلىش، دېھقانچىلىقدىن يەر تېرىشدىن كىنايە). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

منا الذي يصلي عيسى ابن مريم خلفه ( أبو نعيم في كتاب المهدي ) عن أبي سعيد

5920. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: مەريەم ئوغلى ئەيسا، ئارقىسىدا تۇرۇپ ئىقتىدا قىلىپ، ناماز ئوقۇيدىغان كىشى بىزدىن بولىدۇ، يەنى مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەيساغا ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇيدىغان كىشى بار، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

من آتاه الله من هذا المال شيئا من غير أن يسأله فليقبله فإنما هو رزق ساقه الله إليه ( حم ) عن أبي هرير

5921. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇشۇ مالدىن يەنى بەيتۇلمالدىن بىرەر كىشىگە ئۇ سورىماستىن ئاچ كۆزلۈك بىلەن تاما قىلماستىن بىرەر نەرسە بەرسە، ئۇ كىشى ئۇنى قوبۇل قىلسۇن، ئۇ، ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بەرگەن رىزىقتۇر، ھاجىتى بولمىسا سەدىقە قىلسۇن. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

من آذى العباس فقد آذاني إنما عم الرجل صنو أبيه ( ابن عساكر ) عن ابن عباس

5922. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئابباسقا ئازار بەرسە، جەزمەن ئۇ ماڭا ئازار بەرگەن بولىدۇ، ھەقىقەتەن كىشىنىڭ تاغىسى دادىسىنىڭ ئوخشىشىدۇر. ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ھەسەن.

من آذى المسلمين في طرقهم وجبت عليه لعنتهم ( طب ) عن حذيفة بن أسيد

5923. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇسۇلمانلارنىڭ يولىدا (يەنى يولغا تەرەت قىلىپ، يول ئۈستىگە نەرسە قويۇۋېلىپ،)ئۇلارغا ئازار، ئەزىيەت بەرسە، ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلارنىڭ لەنىتى ۋاجىپ بولىدۇ. (بۇ هارام ئىشتۇر). تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**5924** ( صحيح ) من آذى عليا فقد آذاني ( حم تخ ك ) عن عمرو بن شاس

5924. ئەمرۇ ئىبنى شاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەلىيگە ئازار، ئەزىيەت يەتكۈزسە، جەزمەن ئۇ ماڭا ئەزىيەت يەتكۈزگەن بولىدۇ، (چۈنكى، ئۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر نەۋرە بولىدۇ، ھەم قىزىنىڭ ئېرى بولىدۇ). ئەھمەد، ھاكىم، بۇخارى، تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

## « من » دېگەن ئىسىم، شەرت بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

مەنىسى، كىم، كىشى دېگەن بولۇپ، شەرت بولغاچقا، ئاخىرىغا سا، سە قوشۇمچىسى كېلىدۇ، بۇ مەن دېگەن ئىسىمدىن كېيىنمۇ ھەرپ تەرتىپى بويىچە كېلىدۇ.

من آمن بالله و رسوله و أقام الصلاة و آتى الزكاة و صام رمضان كان حقا على الله أن يدخله الجنة هاجر في سبيل الله أو جلس في أرضه التي ولد فيها ( حم خ ) عن أبي هريرة

5925. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم، ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئىمان كەلتۈرسە، ناماز ئوقۇپ زاكات بەرسە، رامزان ئېيىدا روزا تۇتسا، ئۇ، ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلسۇن ياكى ئۆزى تۇغۇلغان زېمىندا مۇقىم ئولتۇرسۇن، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈش، ئاللاھنىڭ ئۈستىگە ھەق بولىدۇ، يەنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**5926 ( صحيح ) من آوى ضالة فهو ضال ما لم يعرفها ( حم م ) عن زيد بن خالد**

5926. زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئېزىپ قالغان كالا ـ قويدەك ھايۋاننى ئۆيىگە ئەكىرىۋالسا، ئۇنى كىشىلەرگە ئېلان قىلىپ تونۇتمىسىلا ئۆزىمۇ زالالەتتە، ئازغۇن بولىدۇ، (ئەگەر تونۇتۇپ، ئىگىسىگە بەرسە ياكى ئىگە چىقمىغاندىن كېيىن ئۆزى ئالسا، ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلسا بولىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**من ابتاع طعاما فلا يبعه حتى يستوفيه ( حم ق ن ه ) عن ابن عمر ( ق 4 ) عن ابن عباس ( حم م ) عن أبي هريرة**

5927. ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئابباس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تائامنى يەنى ئاشلىق سېتىۋالسا، ئۇنى قولىغا تولۇق، كامىل ئالمىغۇچە ئۇنى ساتمىسۇن، (قولىدا يوق نەرسىنى ساتسا، دۇرۇس ئەمەس). ئەھمەد، بەيھەقى، مۇسلىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**5928 ( صحيح ) من ابتاع محفلة أو مصراة فهو بالخيار ثلاثة أيام إن شاء أن يمسكها أمسكها و إن شاء أن يردها ردها و صاعا من تمر لا سمراء ( ن ه ) عن أبي هريرة**

5928. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم سۈتى سېغىلماي يىلىنىغە سۈت يىغىلغان ياكى كىشىلەرنى ئالداش ئۈچۈن يىلىنىغە سۈت يىغىلغان ھايۋاننى سېتىۋالسا، ئۇ ئۈچ كۈنگىچە سودىنى سودا قىلىش ياكى بۇزۇۋېتىش ئىختىيارلىقىغا ئىگە بولىدۇ، ئەگەر ئۇنى ساقلاپ ئېلىپ قېلىشنى خالىسا ئېلىپ قالىدۇ، ئەگەر قايتۇرۇپ بېرىشنى خالىسا، شامغا مەنسۇپ، بۇغداي ئەمەس بەلكى بىر سا خورما بىلەن قوشۇپ بىرگە قايتۇرىدۇ (5 ـ 6 جىلد). مۇسلىم 2790 ـ ھەدىس، نەسەئى 4413 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**من ابتاع نخلا بعد أن تؤبر فثمرها للبائع إلا أن يشترط المبتاع و إن ابتاع عبدا و له مال فماله للذي باعه إلا أن يشترط المبتاع ( حم خ ه ) عن ابن عمر ( ه ) عن عبادة بن الصامت**

5929. ئىبنى ئۆمەر، ئۇبادەت، ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم خورمىلىق باغنى چېچەكلەپ بولغاندىن كېيىن سېتىۋالسا، باغنىڭ مېۋىسى ساتقۇچى ئۈچۈندۇر، لېكىن، سېتىۋالغۇچى مېۋىسىنى بىللە ئېلىشنى شەرت قويسا، بۇ مۇستەسنادۇر. ئەگەر بىر قۇلنى سېتىۋالسا، بۇ قۇلنىڭ مال ـ مۈلكى بولسا، ئۇ مال ـ مۈلۈك ساتقان كىشىگە مەنسۇپ بولىدۇ. لېكىن، سېتىۋالغۇچى مېلى بىلەن قوشۇپ ئېلىشنى شەرت قويسا، بۇ مۇستەسنادۇر، يەنى مالنى سېتىۋالغۇچى ئالىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.ھەر قانداق باغ، مېۋىلىك دەرەخ مۇشۇ ھۆكۈمدە بولىدۇ.

**من ابتغى العلم ليباهي به العلماء أو يماري به السفهاء أو تقبل أفئدة الناس إليه فإلى النار ( ك هب ) عن كعب**

5930. كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىلىمنى ئاللاھ يولىدا ئالماستىن، بەلكى ئۆلىمالارغا باھالاپ بېرىش ئۈچۈن، ماختىنىش ئۈچۈن، نادانلار بىلەن جېدەل ـ ماجىرا ، مۇنازىرە قىلىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى، دىللىرىنى ئۆزىگە قارىتىش، ئالدىنى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئالسا، ئۇ دوۋزاختا كىرىدۇ. ھاكىم، بەيھەقىت

توپلىغان، سەھىھ.

ئىلىمنى دۇنيا ئۈچۈن ئالساڭمۇ ئۇ ئاخىرىدا سېنى ۋە ئۆزىنى ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلىدۇ، شەرتى سەن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشىڭدۇر.

**5931** ( صحيح ) من ابتلي بشيء من البنات فصبر عليهن كن له حجابا من النار ( ت ) عن عائشة

5931. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قىز بالا بېرىلىش بىلەن سىنالسا، ئاندىن ئۇ ئۇلارغا سەۋرى قىلسا، (ئىپپەتلىك، ياخشى ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىپ تەربىيىلىسە )، بۇ قىز باللار قىيامەت كۈنى ئۇ كىشى ئۈچۈن دوۋزاخدىن پەردە بولىدۇ، يەنى جەننەتكە كىرىشكە سەۋەب بولىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

من ابتلي من هذه البنات بشيء فأحسن إليهن كن له سترا من النار ( حم ق ن ) عن عائشة

5932. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇشۇ قىز باللاردىن بىرەر نەرسە بىلەن سىنالسا، ئاندىن ئۇ قىز باللىرىغا ياخشىلىق قىلسا، ئۇ قىز باللار دوۋزاخدىن سۈترە، پەردە بولىدۇ. (يەنى شۇ سەۋەبدىن جەننەتكە كىرىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**5933** ( صحيح ) من أبلي بلاء فذكره فقد شكره و إن كتمه فقد كفره ( د الضياء ) عن جابر

5933. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر بالا ـ مۇسىبەت بىلەن سىنالسا، ئاندىن سەۋر قىلىپ، ئۇنى ئەسلەپ ئىسترجاقىلسا، شۈكرى قىلغان بولىدۇ، ئەگەر ئۇنى يوشۇرسا، كۇفرىلىق قىلغان بولىدۇ. ياكى ھەدىسنىڭ مەنىسى: كىمگە ياخشى نېئمەت بېرىلىپ سىنالسا، ئۇنى ئەسلەپ باشقىلارغا سۆزلەپ بەرسە، سەدىقە قىلسا، شۈكرى قىلغان بولىدۇ، ئەگەر ئۇ نېئمەتنى يوشۇرسا، كۇفرىلىق قىلغان بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

من أتى أخاه المسلم عائدا مشى في خرافة الجنة حتى يجلس فإذا جلس غمرته الرحمة فإن كان غدوة صلى عليه سبعون ألف ملك حتى يمسي و إن كان مساء صلى عليه سبعون ألف ملك حتى يصبح ( ه ك ) عن علي

5934. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنى كېسەلدىن يوقلاپ كەلسە، ئولتۇرغانغا قەدەر جەننەتنىڭ باغلىرىدا ماڭغان بولىدۇ، ئولتۇرغاندا بولسا، ئۇنى رەھمەت قورشايدۇ، ئەگەر ئۇ يوقلىغان ۋاقىت ئەتىگەن تەرەپ بولسا، كەچ كىرگىچە، كەچ تەرەپ بولسا، تاڭ ئاتقىچە، 70000 پەرىشتە ئۇنىڭغا رەھمەت يوللاپ، مەغپىرەت سورايدۇ. ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5935** ( صحيح ) من أتى الجمعة فليغتسل ( حم ق ت ه ) عن ابن عمر

5935. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمە نامىزىغا كەلسە، غۇسلى قىلىپ يۇيۇنسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5936** ( صحيح ) من أتى المسجد لشيء فهو حظه ( د ) عن أبي هريرة

5936. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: كىم مەسجىدكە بىرەر نەرسىنى كۆزلەپ كەلسە، ئۇنىڭ نېسىۋىسى شۇ نەرسە بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

يەنى نامازنى، ساۋابنى ئاللاھنىڭ جامالىنى، ئاخىرەتنى كۆزلىسە، شۇ بېرىلىدۇ. يوتۇپ كەتكەن نەرسىنى ئىزدەپ ياكى ئىچى پۇشۇپ ياكى خەۋەر سۈرۈشتۈرۈپ ياكى پاراڭ سېلىش مەقسىتىدە كەلسە، باشقا نەرسە ئەمەس شۇلار بېرىلىدۇ.

من أتى إليكم معروفا فكافئوه فإن لم تجدوا فادعوا له ( طب ) عن الحكم بن عمير

5937. ھەكەم ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىرەر كىشى سىلەرگە ياخشىلىق ئىلىپ كەلسە، ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇڭلار، مۇكاپاتىنى بېرىڭلار، ئەگەر نەرسە تاپالمىساڭلار، ئۇ كىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇڭلار. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**5938** ( صحيح ) من أتى بهيمة فاقتلوه و اقتلوها معه ( د ) عن ابن عباس

5938. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھايۋانغا كەلسە، يەنى ھايۋان بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن قوشۇپ ھايۋانىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، (چۈنكى، ھايۋانىنىڭ ئىنسان سۈرىتىدە تۇغۇپ قويۇش ئېھتىمالى بار، ئىنسانىنى ئۆلتۈرۈش قاتتىق ئۇرۇش، تەزىر ئۇرۇش مەنىسىدە). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

من أتى عرافا أو كاهنا فصدقه بما يقول فقد كفر بما أنزل على محمد ( حم ك ) عن أبي هريرة

5939. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم غايىبنى داۋا قىلىدىغان داخانغا، پالچىغا، كاھىن، جىنكەشكە بارسا، ئاندىن ئۇ دېگەن سۆزلەرنى تەستىقلاپ ئىشەنسە، ھەققەتەن ئۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل قىلىنغان قۇرئانغا كاپىر بولدى. ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. باخشى، داخان، جىنكەش، كاھىننىڭ يېنىغا بېرىش قەتئىي ھارامدۇر، شېرىكتۇر . بىزگە قۇرئان، سەھىھ ھەدىس كۇپايە، ئۇلارغا ھاجىتىمىز يوق.

من أتى عرافا فسأله عن شيء لم تقبل له صلاة أربعين ليلة ( حم م ) عن بعض أمهات المؤمنين

5940. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالىرىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم غەيىب داۋاسى قىلىدىغان يۇرت ئاقساقىلى كاھىنىنىڭ، داخانىنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىرەر نەرسە توغرىسىدا مەسىلە سورىسا، ئۇ كىشىنىڭ 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەھمەد 16041 ـ ھەدىس، مۇسلىم 4137 ـ ھەدىس. سەھىھ. بىزگە تەقۋا، دانا، ئالىملار مەسلىھەت سوراشتا يېتەرلىكتۇر.

**5941** ( حسن ) من أتى فراشه و هو ينوي أن يقوم يصلي من الليل فغلبته عينه حتى يصبح كتب له ما نوى و كان نومه صدقة عليه من ربه ( ن ه حب ك ) عن أبي الدرداء

5941. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كېچىسى ناماز ئوقۇش نىيىتى بىلەن كۆرپىگە كەلسە، يەنى ياتقىدا ياتسا، ئاندىن كۆزى غالىب كېلىپ ئۇخلاپ قالسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن نىيەت قىلغىنى يەنى شۇ نامازنى ئوقۇغانىنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى بولسا، رەببى تەرەپتىن ئۇنىڭغا قىلىنغان سەدىقىدۇر. نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان،



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**5942** ( صحيح ) من أتى كاهنا فصدقه بما يقول أو أتى امرأة حائضا أو أتى امرأة في دبرها فقد برئ مما أنزل على محمد ( حم **4** ) عن أبي هريرة

5942. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كاھىن، جىنكەش، داخانىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇ دېگەن سۆزنى تەستىقلاپ، ئىشەنسە، ياكى ئاياللار كىسىلى بولۇپ قالغان ئايال بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلسا،ياكى ئايالىنىڭ ئارقا تەرەپ مەقئەتىگە جىنسى مۇناسىۋەت قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل قىلغان قۇرئاندىن بىزار بولغان بولىدۇ، يەنى كاپىر بولغان بولىدۇ. ئەھمەد، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

من أتى هذا البيت فلم يرفث و لم يفسق رجع كما ولدته أمه ( م ) عن أبي هريرة

5943. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇشۇ ئۆيگە يەنى بەيتۇللاھقا كېلىپ ھەج قىلىپ پاھىشە سۆز قىلمىسا، گۇناھ قىلمىسا، تائەتتىن چىقىپ، پاسىقلىق قىلمىسا، ئۇ، ئانىسى تۇغقان پاك ھالەتتەك گۇناھدىن پاك ـ پاكىز بولۇپ قايتىدۇ. مۇسلىم 2404 ـ ھەدىس، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

من أتاكم و أمركم جميع على رجل واحد يريد أن يشق عصاكم و يفرق جماعتكم فاقتلوه ( م ) عن عرفجة

5944. پەرپەجەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ خەلىپىلىك ئىشلار بىرلا كىشىگە ماقۇللىنىپ، ئىتتىپاق ھالەتتە تۇرساڭلار، سىلەرگە يەنە بىر كىشى كېلىپ، ھاساڭلارنى يېرىۋېتىشنى، جامائەت بىرلىكىڭلارنى بۆلۋېتىشنى مۇتەپەررىق قىلىۋېتىشنى مەقسەت قىلسا، يەنى خەلىپىلىك بەيئەت داۋاسى قىلسا، ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5945** ( صحيح ) من أتت عليه ستون سنة فقد أعذر الله إليه في العمر ( حم ) عن أبي هريرة

5945. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى 60 ياشقا كىرسە، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە ئۆمۈر توغرىسىدا ئۆزرە قويمايدۇ. (مەن ساڭا يېتەرلىك ئۆمۈر بەرمىدىممۇ؟ دەيدۇ). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

من اتخذ كلبا إلا كلب زرع أو كلب صيد ينقص من أجره كل يوم قيراط(حم م د)عن أبي هريرة( م)عن ابن عمر

5946. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم زىرائەت ئىتىدىن، ئوۋ ئوۋلاش ئىتىدىن باشقا كىرەكسىز ئىتنى باقسا، ئۇنىڭ ئەجرى، ساۋابىدىن ھەر كۈنى بىر قىيرات يەنى چوڭ تاغدەك كاملاپ تۇرىدۇ. (زىرائەت، دېھقانچىلىقنى قوغداش، چارۋا مالنى قوغداش، ئوۋ ئوۋلاش، ئىز قوغلاپ جىنايەتچىنى تۇتۇش، زەھەرلىك بۇيۇملارنى بايقاش توغرىسىدا ئاپشاركا باقسا دۇرۇس بولىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

من أتم الوضوء كما أمره الله فالصلوات المكتوبات كفارات لما بينهن ( م ن ه ) عن عثمان

5947. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تاھارەتنى ئاللاھ بۇيرۇغاندەك كامىل ئېلىپ، ناماز ئوقۇسا، پەرز بولغان بەش ۋاقىت ناماز، ئارىلىقتىكى گۇناھلارغا كاپارەتتۇر. مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5948** ( صحيح ) من أتي عند ماله فقوتل فقاتل فقتل فهو شهيد ( ه ) عن ابن عمر

5948. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم، مېلىنىڭ يېنىغا (باشقىلار )كەلگەندە، ئۇنىڭغا(مېلىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن)جەڭ ئېلان قىلىنسا، ئاندىن ئۇ مېلىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسە، ئۇ شېھىد بولىدۇ. ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

من أثكل ثلاثة من صلبه في سبيل الله فاحتسبهم على الله وجبت له الجنة ( طب ) عن عقبة بن عامر

5949. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆز پۇشتىدىن بولغان ئۈچ بالىسىنى ئاللاھ يولىدا يوقاتسا، يەنى جەڭگە ئەۋەتسە، ئۇلار ئۆلتۈرۈلسە، ئاندىن ئۇ بالىلىرىغا نىسبەتەن ئاللاھدىن ساۋاب، ئەجىر كۈتسە، ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. (سەھىھ ھەدىسلەردىن قىياس قىلىنىشىچە، ئىككىنى ئاللاھ يولىدا ئۆزىدىن بۇرۇن يولغا سالسىمۇ جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ).

**5950** ( صحيح ) من أثنيتم عليه خيرا وجبت له الجنة و من أثنيتم عليه شرا وجبت له النار أنتم شهداء الله في الأرض ( حم ق ن ) عن أنس

5950. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر بىرەر ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگە ياخشى مەدھىيە، سانالار ئوقۇساڭلار، ياخشى دېسەڭلار، ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ، بىرەر كىشىگە يامانلىق بىلەن گۇۋاھلىق بەرسەڭلار، ئۇنىڭغا دوۋزاخ ۋاجىپ بولىدۇ، سىلەر ئاللاھنىڭ زېمىندىكى گۇۋاھچىلىرى بولىسىلەر، (بۇ گۇۋاھلىق، ئاسماندىكى گۇۋاھلىق بىلەن ئوخشاش بولسا، شۇنداق بولىدۇ، بولمىسا كازىزاپ بولىدۇ). ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**5951** ( حسن ) من أجل سلطان الله أجله الله يوم القيامة ( طب ) عن أبي بكرة

5951. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھنىڭ سۇلتانىنى، ئىسلام خەلىپىسىنى ھۆرمەتلەپ ئۇلۇغلىسا، ئاللاھتائالا ئۇنى قىيامەت كۈنى ئۇلۇغلاپ، ھۆرمەتلەيدۇ. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**5952** ( صحيح ) من أحاط حائطا على أرض فهي له ( حم د الضياء ) عن سمرة

5952. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:  كىم بىر ئۆلۈك، قۇرغاق زېمىننى يەر ئەھيا قىلىپ ئەتراپىغا تام سوقسا، قىر سالسا، ئۇ يەر شۇ كىشىنىڭ بولىدۇ، شۇ كىشى تېرىيدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

من أحب الأنصار أحبه الله و من أبغض الأنصار أبغضه الله ( حم تخ ) عن معاوية ( ه حب ) عن البراء

5953. مۇئاۋىي بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەنسارىلارنى ياخشى كۆرگەن كىشىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ ، ئەنسارىلارنى دۈشمەن تۇتقان كىشىنى ئاللاھمۇ دۈشمەن تۇتىدۇ. ئەھمەد ، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، بۇخارى، تارىخ توپلىغان ، سەھىھ.

من أحب الحسن و الحسين فقد أحبني و من بغضهما فقد أبغضني ( حم ه ك ) عن أبي هريرة

5954. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەسەن ـ ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ياخشى كۆرسە، مېنى ياخشى كۆرگەن بولىدۇ،

دۈشمەن تۇتسا، مېنى دۈشمەن تۇتقان بولىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

من أحب أن تسره صحيفته فليكثر فيها من الاستغفار ( هب الضياء ) عن الزبير

5955. زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆزىنى سەھىپىسى، نامە ـ ئەمەل دەپتىرى خۇرسەن قىلىشۇن دېسە، ئەمەل دەپتىرىدىكىگە خۇرسەن بولۇشنى ياخشى كۆرسە، ئۇ دەپتەرگە ئىستىغفارنى مەغپىرەت سوراشنى كۆپ قىلسۇن. بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن.

من أحب أن يبسط له في رزقه و أن ينسأ له في أثره فليصل رحمه ( ق د ن ) عن أنس ( حم خ ) عن أبي هرير

5956. ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم رىزقى كەڭرى بولۇشنى، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇشنى ياخشى كۆرسە، سىلە ـ رەھىم قىلسۇن، تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلسۇن. ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

من أحب أن يتمثل له الرجال قياما فليتبوأ مقعده من النار ( حم د ت ) عن معاوية

5957. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆزىگە كىشىلەرنىڭ(ھۆرمەت ئۈچۈن ) ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، قاتار تىزىلىشىنى ياخشى كۆرسە، ئۇ ئۆز ئورنىنى دوۋزاخدىن ئېلىۋالسۇن، (بۇ ئەجەملەر، دىنسىزلار ئادىتى بولۇپ، ئىسلام دىنىدا بۇنداق قىلىش ھارام سانىلىدۇ).ئەھمەد ،ئەبۇ داۋۇد ،تىرمىزى،توپلىغان سەھىھ.

**5958** ( حسن ) من أحب أن يجد طعم الإيمان فليحب المرء لا يحبه إلا لله ( هب ) عن أبي هريرة

5958. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىمانىنىڭ تەمىنى تېتىشنى ياخشى كۆرسە، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئىنسانىنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا، ئاللاھ رازىلىقىنى دەپلا ياخشى كۆرسۇن، (بۇ ئىبرىنىمۇ، ئايالىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**5959** ( صحيح ) من أحب أن يسأل عن شيء فليسأل عنه فوالله لا تسألوني عن شيء إلا أخبرتكم به ما دمت في مقامي هذا و الذي نفسي بيده لقد عرضت على الجنة و النار آنفا في عرض هذا الحائط و أنا أصلي فلم أر كاليوم في الخير و الشر ( حم ق ) عن أنس

5959. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر نەرسە توغرىسىدا سوئال سوراشنى ياخشى كۆرسە سورىۋالسۇن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر مەندىن بىرەر نەرسە توغرىسىدا سوئال سورىساڭلار، مۇشۇ ئورنۇمدا تۇرسا ملا سىلەرگە خەۋەر قىلىپ جاۋابىنى بېرىمەن، جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن ماڭا باياتىن مۇشۇ تامنىڭ توغرىسىدا مەن ناماز ئوقۇۋاتسام، جەننەت بىلەن دوۋزاخ تەڭلەندى، مەن ياخشىلىق ۋە يامانلىق توغرىسىدا بۈگۈنكىدەك كۈننى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

من أحب أن يصل أباه في قبره فليصل إخوان أبيه من بعده ( ع حب ) عن ابن عمر

5960. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ؛ كىم دادىسى ئۆلۈپ، قەبرىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، سىلە ـ رەھىم قىلىشنى، ياخشىلىق قىلىشنى ياخشى كۆرسە، دادىسىدىن كېيىن ئۇنىڭ قېرىنداش، دوستلىرىغا ياخشىلىق قىلسۇن،

(ئەگەر ئۇلار ياخشى بولسا). ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

من أحب أن يقرأ القرآن غضا كما أنزل فليقرأ على قراءة ابن أم عبد ( حم ه ك ) عن أبي بكر وعمر

5961. ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلىنغاندەك يېڭى، ساپ، لەززەتلىك ئوقۇشنى ياخشى كۆرسە، ئۇممە ئابدۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ قىرائىتى بويىچە ئوقۇسۇن. ئەھمەد 4035 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 135 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من أحب أن ينظر إلى شهيد يمشي على وجه الأرض فلينظر إلى طلحة بن عبد الله( ت ك ) عن جابر

5962. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم يەر يۈزىدە ھايات مېڭىپ يۈرگەن شېھىدكە قاراشنى ياخشى كۆرسە، تەلھە ئىبنى ئابدۇللاھقا قارىسۇن، (بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، ئۇ، راستتىنلا شېھىد بولغان). تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

5963 ( صحيح ) من أحب عليا فقد أحبني و من أبغض عليا فقد أبغضني ( ك ) عن سلمان

5963. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەلىينى ياخشى كۆرسە، مېنى ياخشى كۆرگەن بولىدۇ، ئۇنى دۈشمەن تۇتسا، مېنى دۈشمەن تۇتقان بولىدۇ. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من أحب لقاء الله أحب الله لقاءه و من كره لقاء الله كره الله لقاءه ( حم ق ت ن ) عن عائشة وعبادة

5964. ئائىشە، ئۇبادەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھقا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرسە، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ ، كىم ئاللاھقا ئۇچرىشىشنى يامان كۆرسە، ئاللاھمۇ يامان كۆرىدۇ ، (ئاللاھقا ئۇچرىشىشقا گۇماننى ياخشى قىلغان كىشى ئەمەلنى ياخشى قىلىدۇ،بېشارەت بېرىلىدۇ). ئەھمەد ، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

من أحب لله و أبغض لله و أعطى لله و منع لله فقد استكمل الإيمان ( د الضياء ) عن أمامة

5965. ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ ئۈچۈنلا ياخشى كۆرسە، دوست تۇتسا، ئاللاھ رازىلىقىنى دەپلا دۈشمەن تۇتسا، ئاللاھ ئۈچۈنلا بەرسە، ھەم ئاللاھ رازىلىقىنى دەپ ئاللاھدىن قورقۇپ بەرمىسە، جەزمەن ئۇ ئىماننى كامىل قىلغان بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

5966 ( صحيح ) من أحبني فليحب أسامة ( م ) عن فاطمة بنت قيس

5966. فاتىمە بىنتى قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېنى ياخشى كۆرسە، ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ياخشى كۆرسۇن، (يەنى ئۇنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنسۇن). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

5967 ( صحيح ) من احتبس فرسا في سبيل الله إيمانا بالله و تصديقا بوعده كان شبعه و ريه و روثه و بوله حسنات في ميزانه يوم القيامة ( حم خ ن ) عن أبي هريرة

5967. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئاللاھنىڭ ئەجىر - ساۋاب ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، تەستىقلاپ، ئاللاھ يولىدا جەڭ ئېتىنى باقسا، ئۇ ئاتنىڭ ئوت - چۆپكە تويىشى، سۇغا قېنىشى، تېزىكى، سۈيدۈكى، ھەممە نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ مىزانىغا چۈشىدۇ، ياخشىلىق قاتارىدا مىزاندا تارتىلىدۇ. بۇخارى 2641 - ھەدىس، نەسەئى 3526 - ھەدىس، ئەھمەد 8511 - ھەدىس توپلىغان، سەھىھ.

من احتجم لسبع عشرة من الشهر و تسع عشرة و إحدى و عشرين كان له شفاء من كل داء( د ك ) عن أبي هرير

5968. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاينىڭ 17-، 19-، 21- كۈنلىرى قان ئالدۇرسا، بۇ، ئۇ كىشىگە ھەر قانداق كېسەلگە شىپا بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

من احتسب ثلاثة من صلبه دخل الجنة قالت امرأة: و اثنان ؟ قال و اثنان ( ن حب ) عن أنس

5969. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆزىدىن بولغان ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتكەندە سەۋر قىلىپ، ساۋاب كۈتسە، جەننەتكە كىرىدۇ، بىر ئايال ئىككىسى ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ساۋاب كۈتسىمۇ جەننەتكە كىرىدۇ دېدى. نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**5970** ( صحيح ) من أحدث في أمرنا هذا ما ليس منه فهو رد ( ق د ه ) عن عائشة

5970. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىزنىڭ مۇشۇ ئىشىمىزدا ئىسلام دىنىمىزدا بۇ دىندىن ئەمەس نەرسىنى، ئىسلام دىنىدا يوق نەرسىنى پەيدا قىلسا، ئۇ رەت قىلىنىدۇ. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بۇ بىدئەتكە قارشى بىردىنبىر كۈچلۈك دەلىل بولۇپ، قۇرئاندا سەھىھ ھەدىستە ساھابىلار، ساھابىلارغا ئەگەشكەن تابىئىنلارنىڭ ئىشلىرىدا يوق نەرسە، ئىجمائ- قىياستا يوق نەرسە قەتئىي بىدئەتتۇر، زالالەتتۇر، دەلىلنى ساھابىلار، تابىئىنلاردەك چۈشىنىڭ.

**5971** ( صحيح ) من أحرم بالحج و العمرة أجزأه طواف واحد و سعي واحد منهما و لم يحل حتى يقضي حجه و يحل منهما جميعا ( ت ه ) عن ابن عمر

5971. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم پەرز ھەجگە ئۆمرە ھەجگە بىرلا ئېھرام باغلىسا، ئۇ كىشىگە بىرلا تاۋاپ كۇپايە، ساپا - مەرۋە تېغىدىمۇ بىرلا سەئيي قىلسا كۇپايە، ھەجنى تولۇق ئادا قىلىپ بولمىغۇچە ئېھرامدىن چىقمايدۇ، ھەر ئىككى ھەجدىن بىراقلا ئېھرامدىن چىقىپ ھالال بولىدۇ. (ئېھرامنى ئايرىم - ئايرىم باغلىسا، تەمەتتۇئ ھەج بولىدۇ، بىرلا باغلىسا قىران ھەج بولىدۇ). تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من أحسن الرمي ثم تركه فقد ترك نعمة من النعم( القراب في الرمي ) عن يحي بن سعيد مرسلا

5972. يەھيا ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئوقيا ئېتىشنى، قارىغا ئېتىشنى ياخشى قىلالىسا، ئاندىن ئۇنى تەرك ئەتسە، جەزمەن ئۇ نېئمەتلەردىن كاتتا بىر نېئمەتنى تەرك ئېتىپ تاشلىۋەتكەن بولىدۇ. قىرابى توپلىغان، سەھىھ.

**5973 ( صحيح ) من أحسن في الإسلام لم يؤاخذ بما عمل في الجاهلية و من أساء في الإسلام أخذ بالأول و الآخر ( حم ق ه ) عن ابن مسعود**

5973. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىسلامدا ياخشى بولسا، ياخشى مۇسۇلمان بولسا، ئۇ جاھالىيەتتىكى ئىشلىرىغا ئازابلانمايدۇ، ئەگەر ئۇ ئىسلامدا يامان بولۇپ قالسا، باشتىن ـ ئاخىرى ھەممىسىگە تۇتۇلۇپ ئازابلىنىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**من أحيا أرضا ميتة فله فيها أجر و ما أكلت العافية منها فهو له صدقة( حم ن حب الضياء ) عن جابر**

5974. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر ئۆلۈك، قۇرغاق زېمىننى يەر ئەھيا قىلسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن شۇ ئىشىدا ئەجىر ـ ساۋاب بار. شۇ زېمىننىڭ مەھسۇلاتىدىن ھايۋانلار يېگەن نەرسە، ئۇ كىشى ئۈچۈن سەدىقە قىلىنغانلىق بولىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**5975 ( صحيح ) من أحيا أرضا ميتة فهي له ( ت ) عن جابر**

5975. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر ئۆلۈك زېمىننى يەر ئېچىپ كۆكەرتسە، ئۇ زېمىن شۇ كىشىنىڭ بولىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**من أحيا أرضا ميتة فهي له و ليس لعرق ظالم حق ( حم د ت الضياء ) عن سعيد بن زيد**

5976. سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر قۇرغاق زېمىننى يەر ئەھيا قىلسا، ئۇ مۇنبەت زېمىن شۇ يەر ئاچقان كىشىنىڭ بولىدۇ، زالىمنىڭ تەر ئاققۇزۇشىغا (يەنى باشقىلارنىڭ زېمىنغا ئىزنىسىز، رۇخسەتسىز زىرائەت تېرىسا، دەرەخ سالسا، قۇرۇلۇش قىلسا، بۇ ئىشلىرى ئۈچۈن) ھەق يوقتۇر، تۆلەم بېرىلمەيدۇ، يەر ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 2671 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1299 ـ ھەدىس، ئەھمەد، مالىك 1229 ـ ھەدىس، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**5977 ( صحيح ) من أخاف أهل المدينة أخافه الله ( حب ) عن جابر**

5977. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەدىنە ئەھلىنى قورقۇتسا، ئەنسىرەتسە، ئاللاھ ئۇنى قورقۇتىدۇ. ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**5978 ( صحيح ) من أخاف أهل المدينة فقد أخاف ما بين جنبي( حم ) عن جابر**

5978. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەدىنە ئەھلىنى قورقۇتسا، مېنىڭ يۈرىكىمنى قورقۇتقان، ئەنسىرەتكەن بولىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**5979 ( حسن ) من أخذ السبع فهو خير ( ك هب ) عن عائشة**

5979. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنى گۆشخور ھايۋان تۇتۇۋالسا، ياكى ئۇنىڭ جەسىتىنى يەپ كەتسە، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**من أخذ أموال الناس يريد أداءها أدى الله عنه و من أخذها يريد إتلافها أتلفه الله( حم خ ه)عن أبي هرير**

5980. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى ئادا قىلىۋېتىشنى ئىرادە قىلىپ قەرز ئالسا، ئاللاھ ئۇنىڭدىن قەرزنى ئادا قىلىۋېتىدۇ، كىم ھالاك قىلىشنى ئىرادە قىلىپ ئالسا، ئاللاھ ئۇنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

5981 ( صحيح ) من أخذ دينا و هو يريد أن يؤديه أعانه الله( ن ) عن ميمونة

5981. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بېرىۋېتىشنى، ئادا قىلىشنى ئىرادە قىلىپ، قەرز ئالسا، ئۇ كىشىگە ئاللاھ ياردەم بېرىدۇ. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

من أخذ على تعليم القرآن قوسا قلده الله مكانها قوسا من نار جهنم يوم القيامة ( حل هق ) عن أبي الدرداء

5982. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قۇرئان ئۆگەتكەنگە، ياچاق مىقدارى نەرسە ئەجىر ئالسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنىڭ بويىنىغا شۇ ياچاقنىڭ ئورنىدا جەھەننەم ئوتىدىن بولغان ياچاق، ئوقيانى يۆگەشتۈرۈپ قويىدۇ، (ئەسلىدە بىر ساھابە، قۇرئان ئۆگەتكەن كىشى، بىر ئوقيانى بۇنى جەڭدە ئاتسىلا دەپ بېرىدۇ، ساھابە بۇنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىغاندا، مۇشۇ ھەدىسنى دېگەن ). ئەبۇ نۇئەيىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەبۇ ھەنىفە رەھمەھۇللاھ مۇشۇ ھەدىسىدىن قۇرئان ئوقۇغان، ئۆگەتكەنگە ئەجىر ئېلىش ھارام دېگەن ، چۈنكى، ئىبادەت ئاللاھ ئۈچۈنلا بولۇشى كېرەك.

من أخذ من الأرض شيئا بغير حقه خسف به يوم القيامة إلى سبع أرضين ( خ ) عن ابن عمر

5983. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم يەر ـ زېمىندىن بىرەر نەرسىنى ھەقسىز ئېلىۋالسا، ئۇنى قىيامەت كۈنى يەتتە قات زېمىنغىچە يەر ئاستىغا يۇتتۇرۇلىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

من أخذ من الأرض شيئا ظلما جاء يوم القيامة يحمل ترابها إلى المحشر ( حم طب ) عن يعلى بن مرة

5984. يەئلا ئىبنى مۇررەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم زېمىندىن بىرەر جاينى زۇلۇم قىلىپ ئېلىۋالسا، ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى مەھشەرگاھقا شۇ جاينىڭ تۇپرىقىنى بويىندا كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

5985 ( حسن ) من أخرج من طريق المسلمين شيئا يؤذيهم كتب الله له به حسنة و من كتب له عنده حسنة أدخله بها الجنة ( طس ) عن أبي الدرداء

5985. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇسۇلمانلار يولدىن ئۆلارغا ئازار، ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان نەرسىنى چىقىرىپ تاشلىسا، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن شۇ ئىشنىڭ بەدىلىگە بىر ياخشىلىق يازىدۇ. كىمگە، ئاللاھنىڭ نەزىلدە بىر ياخشىلىق يېزىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى شۇ سەۋەبلىك جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، ھەسەن.

5986 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 5370 من ادان دينا ينوي قضاءه أداه الله عنه ( يوم القيامة ) ( طب ) عن ميمونة

5986. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئادا قىلىۋېتىشنى نىيەت قىلىپ قەرز ئالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن ئادا قىلىۋېتىدۇ، «قىيامەت كۈنىمۇ بولسا ئادا قىلىۋېتىدۇ». تەبرانى توپلىغان. ئەلبانى ھەدىسنىڭ باش تەرپى سەھىھ، ئاخىرى، يەنى تىرناق ئىچىدىكى مەزمۇن زەئىپ دېگەن . قەرزنى مۇشۇ جايدا بىرىۋېتىڭ.

من ادعى إلى غير أبيه أو انتمى إلى غير مواليه فعليه لعنة الله المتتابعة إلى يوم القيامة ( د ) عن أنس

5987. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم دادىسىدىن باشقا كىشىنى دادام دەپ داۋا قىلسا، ياكى ئۆز خوجايىنىدىن باشقا بىر خوجايىنغا ئۆزىنى مەنسۇپ قىلىپ، مەن مۇشۇ كىشىنىڭ قۇلى دېسە، بۇنداق كىشىگە ئاللاھنىڭ قىيامەت كۈنىگىچە كەينى ـ كەينىدىن ئەگىشىپ، توختىماي يېتىپ بارىدىغان لەنىتى بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان. سەھىھ.

من ادعى إلى غير أبيه لم يرح رائحة الجنة و إن ريحها ليوجد من مسيرة خمسمائة عام ( ه ) عن ابن عمرو

5988. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆز دادىسىدىن باشقا بىر كىشىنى دادام دەپ داۋا قىلسا، ئۇ جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ، ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ پۇرىقى 500 يىللىق مۇساپە يىراقلىقىدىن مەۋجۇت بولۇپ تېپىلىدۇ. (ئۇ كىشى 500 يىللىق مۇساپىدىن تېپىلىدىغان خۇشپۇراقنى پۇرىيالمىسا، جەننەتكە يېقىنمۇ كېلەلمەيدۇ). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من ادعى إلى غير أبيه و هو يعلم فالجنة عليه حرام ( حم ق د ه ) عن سعد وأبي بكرة

5989. سەئىد، ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم دادىسىدىن باشقا بىر كىشىنى دادام دەپ داۋا قىلسا، (مىراس ئېلىشنى دەپ بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلسا، جەننەت،ئۇ كىشىگە ھارامدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5990** ( صحيح ) من ادعى ما ليس له فليس منا و ليتبوأ مقعده من النار ( ه ) عن أبي ذر

5990. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆزىگە تەۋە بولمىغان نەرسىنى داۋا قىلسا، ئۇ بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس، ئۇ ئۆز ئورنىنى دوۋزاخدىن ئېلىۋالسۇن. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5991** ( صحيح ) من أدرك ركعة من الجمعة فليصل إليها أخرى ( ه ك ) عن أبي هريرة

5991. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمە نامىزىدىن بىر رەكەت تاپسا، ئۇنىڭغا يەنە بىر رەكەتنى ئۆزى قوشۇپ ئوقۇۋالسۇن. ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بارلىق ناماز مۇشۇ ھۆكۈمدە بولىدۇ، ئىقتىدا قىلغۇچى بىر رەكەتكە ئۈلگۈرسە، قالغىنىنى ئۆزى ئوقۇيدۇ.

من أدرك ركعة من الصبح قبل أن تطلع الشمس فقد أدرك الصبح و من أدرك ركعة من العصر قبل أن تغرب الشمس فقد أدرك العصر ( حم ق 4 ) عن أبي هريرة ( حم م ن ه ) عن عائشة وابن عباس

5992. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە، ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كۈن چىقىشىدىن بۇرۇن بامدات نامىزىدىن بىر رەكەت تاپسا، جەزمەن ئۇ بامدات نامىزىنى كامىل تاپقان بولىدۇ، كىم كۈن كىرىشىدىن بۇرۇن ئەسىر نامىزىدىن بىر رەكەت تاپسا، جەزمەن ئۇ ئەسىر نامىزىنى كامىل تاپقان بولىدۇ. (يەنى ئاخىرىنى ئۆزى تولۇقلاپ ئوقۇۋالىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، مۇسلىم، مۇسلىمدىن كېيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**5993** ( صحيح ) من أدرك ركعة من الصلاة مع الإمام فقد أدرك الصلاة ( حم م ) عن أبي هريرة

5993. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىمام بىلەن بىرگە نامازدىن بىر رەكەت تاپسا، جەزمەن شۇ نامازنى تولۇق تاپقان بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**5994** ( صحيح ) من أدرك ركعة من صلاة الجمعة أو غيرها فقد تمت صلاته ( ن ه ) عن ابن عمر

5994. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمە نامىزىدىن ياكى باشقا نامازدىن بىر رەكەتلا تاپسا، جەزمەن ئۇنىڭ نامىزى كامىل تامام بولغان بولىدۇ. (چۈنكى ئۇ ئاخىرىنى ئۆزى ئوقۇۋالىدۇ). نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**5995** ( صحيح ) من أدرك عرفة قبل طلوع الفجر فقد أدرك الحج( طب ) عن ابن عباس

5995. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم سۈبھى يورۇپ قېلىشىدىن بۇرۇن ئاراپاتتا ۋۇقۇف قىلىشنى تاپسا، جەزمەن ئۇ ھەجنى تاپقان بولىدۇ، (ھەج ئېيىنىڭ 9 ـ كۈنى بولغان ئاراپات كۈنىنىڭ ئەتىسى 10 ـ كۈنىنىڭ يەنى قۇربان ھېيت كۈنىنىڭ سۈبھىسى يورۇپ قالغاندىن بۇرۇن كېلىپ ۋۇقۇف قىلسا ھەجنى تاپىدۇ. كېيىن كەلسە، ھەج قازا بولۇپ، ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئاراپاتتا ۋۇقۇف قىلالىسا، ھەج قىلغان بولىدۇ). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

من أدرك ماله بعينه عند رجل قد أفلس فهو أحق به من غيره ( ق د ) عن أبي هريرة

5996. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆز مېلىنى ئۆز ئەينى ئىپلاس بولغان يەنى تىجارەتتە ۋەيران بولۇپ، قەرزگە بوغۇلغان كىشىنىڭ يېنىدا تاپسا،(ئەگەر ئۇ مېلىغا پۇل ئالمىغان بولسا) ئۆز مېلىغا ئۆزى باشقىلاردىن ھەقلىقراق بولىدۇ.(ئەگەر پۇل ئالغان بولسا، لېكىن،ئازراق ئېلىشى قالغان بولسا،ئۇ باشقا قەرز ئىگىسىگە ئوخشاشتۇر) بەيھەقى،ئەبۇ داۋۇد توپلىغان سەھىھ

**5997** ( صحيح ) من أدرك معنا هذه الصلاة: صلاة الغداة و قد أتى عرفات قبل ذلك ليلا أو نهارا فقد قضى تفثه و تم حجه ( حم د ن ك ) عن عروة بن مضرس

5997. ئۇرۋەت ئىبنى مۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىز بىلەن بىرگە مۇشۇ نامازنى يەنى قۇربانلىق كۈنىنىڭ بامدات نامازنى تاپسا، ھەقىقەتەن ئۇ شۇنىڭدىن بۇرۇن كېچە ياكى كۈندۈزدە ئاراپات تېغىغا كېلىپ، ۋۇقۇف قىلالىسا، جەزمەن ئۇنىڭ ھەججى كامىل تامام بولىدۇ. ھەج ئىبادەتلىرى، ھاجىتى، ئېھرامدىن چىقىشى ئادا تاپقان بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 1665 ـ ھەدىس، تىرمىزى 815 ـ ھەدىس، نەسەئى 2989 ـ ھەدىس، ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**5998** ( صحيح ) من أدرك من الصلاة ركعة فقد أدرك الصلاة ( ق 4 ) عن أبي هريرة

5998. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم نامازدىن بىر رەكەت تاپسا، جەزمەن ئۇ شۇ نامازنى كامىل تاپقان بولىدۇ. بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**5999** ( صحيح ) من أدرك من صلاة الجمعة ركعة فقد أدرك الصلاة ( ن ك ) عن أبي هريرة

5999. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمە نامىزىدىن بىر رەكەت تاپسىلا، ھەقىقەتەن ئۇ، شۇ جۈمە نامىزىنى كامىل تاپقان بولىدۇ. (چۈنكى ئاخىرىنى ئۆزى ئوقۇۋالىدۇ). نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6000** ( صحيح ) من أدرك من صلاة ركعة فقد أدركها ( ن ) عن أبي هريرة

6000. بۇ ھەدىسنى نەسەئى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان، سەھىھ، مەزمۇنى يۇقىرىقىدەك .

**6001** ( حسن ) من أدرك منكم عيسى ابن مريم فليقرئه مني السلام ( ك ) عن أنس

6001. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم سىلەردىن مەريەم ئوغلى ئەيسانى تاپسا، ئۇنىڭغا مەندىن سالام يوللىسۇن. ھاكىم توپلىغان، ھەسەن، بۇ ھەدىسىدىن غائىپ كىشىلەرگە سالام يوللاش، مەندىن سالام دەڭ دېيىش دۇرۇستۇر.

( صحيح ) من أذن ثنتي عشرة سنة وجبت له الجنة و كتب له بتأذينه في كل يوم ستون حسنة و بإقامته ثلاثون حسنة ( ه ك ) عن ابن عمر

6002. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم 12 يىل ئەزان توۋلىسا، ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ. يەنى جەننەتكە كىرىش مۇقىم بولىدۇ، ئۇ كىشى ئۈچۈن ئەزان توۋلىغانلىقىنىڭ باراۋىرىگە ھەر كۈنى 60 ياخشىلىق يېزىلىدۇ، تەكبىر ئېيتقىنىغا بولسا ھەر كۈنى 30 ياخشىلىق يېزىلىدۇ. ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. جامائەتنىڭ ساۋابىمۇ باردۇر.

**6003** ( حسن ) من أراد الحج فليتعجل ( حم د ك هق ) عن ابن عباس

6003. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەج قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ھەجگە ئالدىرىسۇن، (چۈنكى، ئۇ ئۆزىگە نېمە بولۇشنى، قانداق ئاقىۋەتنىڭ كۈتۈپ تۇرغىنىنى بىلەلمەيدۇ، ۋاقتىدا ھەج قىلىۋالسۇن، كېلەر يىلى بۇنىڭدىنمۇ ياماندۇر). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

من أراد الحج فليتعجل فإنه قد يمرض المريض و تضل الضالة و تعرض الحاجة ( حم ه ) عن الفضل

6004. پەزلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەج قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ھەجگە ئالدىرىسۇن، تېزراق قىلىۋالسۇن، چۈنكى ئۇ كېسەل بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، تۆگىسى، كالىسى ئېزىپ قېلىپ، يۈتۈپ كېتىشى مۇمكىن، (يەنى دۇنياسىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىن،) ئۇنىڭغا بىرەر ھاجەت دۇچ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، (شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقتىدا ھەج قىلىۋالسۇن). ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.ھازىر ھاكىمىيەت تەرەپتىن توسالغۇ چوڭدۇر، بېشىمىزغا كېيدۇرگەن ئۇنۋان، قالپاق سىياسىي دېيىش بولدى.

**6005** ( صحيح ) من أراد أن يصوم فليتسحر بشيء ( حم الضياء ) عن جابر



www.uyghurkitap.com

6005. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم روزا تۇتۇشنى ئىرادە قىلسا، كىچىككىنە نەرسە بىلەن بولسىمۇ زوھۇرلۇق يېۋەتسۇن، (زوھۇرلۇقتا بەرىكەت بار). ئەھمەد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

من أراد أن يعلم ماله عند الله فلينظر ما لله عنده( الدارقطني في الأفراد ) عن أنس ( حل ) عن أبي هريرة وسمرة

6006. ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە، سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۆزى ئۈچۈن نېمە بارلىقنى بىلىشنى مەقسەت قىلسا، ئۇ دەرھال ئۆزىنىڭ نەزلىدە ئاللاھ ئۈچۈن نېمە بارلىقىغا قارىسۇن، (يەنى قىلغان ئەمەللىرىگە قارىسۇن، ئەمەللىرى قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك نەرسە باردۇر، ئەمەللىرى قانداق بولسا، شۇنىڭ جازا، مۇكاپاتى باردۇر، ياخشىغا ياخشىلىق يامانغا جازا باردۇر). دارىقۇتنى، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن. بۇ ھەدىسدىن قارىغاندا، ھەر كىم ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئاقىۋىتىنى ئۆزى تولۇق بىلىدۇ، ئەمەللىرىگە قاراپ يامانلىقىغا تەۋبە قىلىشى، ياخشىلىقنى رىيا قىلماسلىقى، ئاللاھقا گۇماننى ياخشى قىلىشى، ئەمەللەرنى ياخشى قىلىشى لازىم.

من أراد أهل المدينة بسوء أذابه الله كما يذوب الملح في الماء ( حم م ه ) عن أبي هريرة ( م ) عن سعد

6007. ئەبۇ ھۇرەيرە، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەدىنە ئەھلىگە يامانلىق قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئاللاھتائالا ئۇنى خۇددى تۇزنى سۇدا ئېرىتىۋەتكەندەك ئېرىتىۋېتىدۇ، يەنى ھالاك قىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. مەككە ـ مەدىنىدىكى باشلىقلارمۇ بۇ ھەدىسنى بىلەمدىغاندۇ؟

من ارتبط فرسا في سبيل الله ثم عالج علفه بيده كان له بكل حبة حسنة ( ه حب ) عن تميم الداري

6008. تەمىيمۇددارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ؛ كىم ئاللاھ يولىدا جەڭ ئېتىنى بېقىپ، ئۆز قولى بىلەن ھەلەپلىرىنى، ئوت ـ چۆپ، سامانلىرىنى سېلىپ بەرسە، ئۇ كىشى ئۈچۈن ھەربىر دان، قۇلاقلارنىڭ باراۋىرىدە بىر ياخشىلىق بېرىلىدۇ. ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**6009** ( صحيح ) من ارتد عن دينه فاقتلوه ( طب ) عن عصمة بن مالك

6009. ئەسمەت ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم دىنىدىن قايتىپ مۇرتەد بولسا، ئۇنى شۇ ھامان ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. بۇخارىدىمۇ شۇنداق ھەدىس بار، ساھابىلار، تابىئىنلارمۇ دىنىدىن قايتقۇالغان مۇرتەدنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە ئىجمائقا (بىرلىككە) كەلگەن.

**6010** ( صحيح ) من أرضى الناس بسخط الله وكله الله إلى الناس و من أسخط الناس برضا الله كفاه الله مؤنة الناس ( ت حل ) عن عائشة

6010. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ كىشلەرنى رازى قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى كىشلەرگە تاپشۇرۇپ قويىدۇ، ئۆزى ئىگە بولمايدۇ، كىم ئاللاھنى رازى قىلىپ، ئاللاھنى رازى قىلىمەن دەپ كىشلەرنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويسا، ئۇ كىشىگە ئاللاھ كىشلەرنىڭ چىقىملىرىدىن ھەر قانداق ياردەملىرىدىن كۇپايە بولۇپ، ئۆزى ئىگە بولىدۇ. تىرمىزى، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

**6011** ( صحيح ) من أريد ماله بغير حق فقاتل فقتل فهو شهيد ( 3 ) عن ابن عمرو

6011. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ مال ـ مۈلۈكى باشقىلار تەرىپىدىن ھەقسىز ئىرادە قىلىنسا، ئۇ مېلىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسە، شېھىد بولىدۇ. نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

من أسبل إزاره في صلاته خيلاء فليس من الله في حل و لا حرام ( د ) عن ابن مسعود

6012. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ناماز ئىچىدىمۇ كىبىر قىلىپ، ئىشتىنىنى ئوشۇقىدىن ئۇزۇن سۆرەپ كىيسە، ئۇ ئاللاھ تەرەپتىن بولغان، ھالال، ھارام قىلىشتا بولمىغان بولىدۇ، يەنى ئاللاھنىڭ ھالال ـ ھاراملىرىغا پەرۋا قىلمىغان بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**6013** ( صحيح ) من استجمر فليستجمر ثلاثا ( طب ) عن ابن عمر

6013. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىستىنجا قىلسا، تاق قىلسۇن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6014** ( صحيح ) من استسن خيرا فاستن به كان له أجره كاملا و من أجور من استن به و لا ينتقص من أجورهم شيئا و من استن سنة سيئة فاستن به فعليه وزره كاملا و من أوزار الذين استنوا به و لا ينتقص من أوزارهم شيئا ( ه ) عن أبي هريرة

6014. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر ياخشى سۈننەتنى قالدۇرسا، ياكى ئۆلۈپ كەتكەن ياخشى سۈننەتنى تىرىلدۈرسە، ئاندىن ئۇ ئىش سۈننەت قىلىنىپ ئەمەل قىلىنسا، ئۇ كىشىگە ئۆزىنىڭ ئەجرى كامىل بېرىلىپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇ سۈننەتتە ئەمەل قىلغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئەجىرلىرىمۇ تولۇق بېرىلىدۇ، بۇلارنىڭ ئەجىرلىرىدىن ھېچ نەرسە كاملىتىلماي تولۇق بېرىلىدۇ، كىم بىر يامان سۈننەتنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىپ قويسا، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆرۈپ ـ ئادەت بولۇپ ئەمەل قىلىنىپ كەتسە، بۇ كىشىگىمۇ ئۆزىنىڭ گۇناھى تولۇق بېرىلىپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاشۇ سۈننەتكە ئەمەل قىلغانلارنىڭ گۇناھلىرىدىن ھېچنەرسە كاملىتىلماستىن تولۇق يېزىلىدۇ، (چۈنكى ئۇ ئاساس سالغۇچى). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من استطاع أن يموت بالمدينة فليمت بها فإني أشفع لمن يموت بها ( حم ت ه حب ) عن ابن عمر

6015. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەدىنىدە ئۆلۈشكە قادىر بولسا، شۇ جايدا ئۆلسۇن، ھەقىقەتەن مەن مەدىنىدە ئۆلگەن كىشىلەرگە شاپائەت قىلىمەن، (يەنى شۇ جايدا ياشاپ، شۇ جايدا مۇقىم تۇرسۇن، قېچىپ چىقىپ كەتمىسۇن، كىشى قىلالىغانلىكى ئىش ـ ھەرىكەت ئۈستىدە تۇرغان جايدا ئۆلىدۇ، بولۇپمۇ ئەجەللىك كېسەل كەلسە، مەدىنىدە تۇرسۇن). ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. مەقسەت، تىرىشىش، مەدىنىنىڭ پەزىلىتىنى ئاللاھدىن سوراش، چارە ـ ئامال قىلىش، مەدىنىدە سەۋرى قىلىپ تۇرۇشتۇر.

**6016** ( صحيح ) من استطاع منكم أن لا يحول بينه و بين قبلته أحد فليفعل ( د ) عن أبي سعيد

6016. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى، ئۆزى بىلەن قىبلىسى ئارىسىدا، بىرەر كىشىنىڭ توغرا ئۆتۈپ توسقۇنلۇق

قىلىشىدىن توسۇشقا قادىر بولسا، (يەنى نامازدا ئالدىدىن بىرەرسىنى ئۆتكۈزمەسلىككە قادىر بولسا)، شۇنداق قىلسۇن، يەنى ئالدىغا سۇترە قىلسۇن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

6017 ( صحيح ) من استطاع منكم أن يستتر من النار و لو بشق تمرة فليفعل ( م ) عن عدي بن حاتم

6017. ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى يېرىم خورما چاغلىق نەرسە بىلەن بولسىمۇ دوۋزاخدىن پەردىلىنىشكە قادىر بولسا، شۇنداق قىلسۇن، (يېرىم خورما چاغلىق نەرسە بىلەن بولسىمۇ دوۋزاخدىن پەردىلىنىڭلار، ھەدىس). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

6018 ( صحيح ) من استطاع منكم أن يكون له خبء من عمل صالح فليفعل ( الضياء ) عن الزبير

6018. زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى ئۆزى ئۇچۇن مەخپىي، يوشۇرۇن ياخشى ئەمەلنىڭ بولۇشىغا قادىر بولسا، ياخشى ئەمەلنى يوشۇرۇن، مەخپىي قىلىشقا قادىر بولسا، شۇنداق قىلسۇن. زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

6019 ( صحيح ) من استطاع منكم أن ينفع أخاه فلينفعه ( حم م ه ) عن جابر

6019. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن كىم قېرىندىشىغا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە قادىر بولسا، پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزسۇن. ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

6020 ( حسن ) من استعاذ بالله فأعيذوه و من سألكم بوجه الله فأعطوه ( حم د ) عن ابن عباس

6020. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھقا سىغىنىپ، ئاللاھ بىلەن پاناھلىق سورىسا، ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىپ قۇتقۇزۇڭلار، كىم سىلەردىن ئاللاھنىڭ جامالى، رازىلىقى بىلەن نەرسە سورىسا، سورىغىنىنى بېرىڭلار. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

من استعاذكم بالله فأعيذوه و من سألكم بالله فأعطوه و من دعاكم فأجيبوه و من صنع إليكم معروفا فكافئوه فإن لم تجدوا ما تكافئونه فادعوا له حتى تروا أنكم قد كافأتموه ( حم د ن حب ك ) عن ابن عمر

6021. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم سىلەردىن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن پاناھلىق سورىسا، ئۇ كىشىگە پاناھلىق بېرىپ قۇتقۇزۇڭلار، كىم سىلەردىن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سورىسا ئۇ كىشىگە سورىغىنىنى بېرىڭلار، كىم سىلەرنى چاقىرسا، جاۋاب قايتۇرۇپ، چاقىرىقىقا ئاۋاز قوشۇپ بېرىڭلار، كىم سىلەرگە ياخشىلىق قىلسا، ئۇنى مۇكاپاتلاپ، جاۋاب قايتۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرغىدەك نەرسە تاپالمىساڭلار، سىلەر ئۇ كىشىنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇپ بولدۇق دەپ قارىغانغا قەدەر ئۇ كىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇڭلار. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

6022 ( صحيح ) من استعف أعفه الله و من استغنى أغناه الله و من سأل الناس و له عدل خمس أواق فقد سأل إلحافا ( حم ) عن رجل من مزينة

6022. مۇزەينە قەبىلىسىدىن بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىپپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلسا، ئاللاھ ئۇنى ئىپپەتلىك قىلىدۇ،

كىم ئۆزىنى كىشىلەردىن بىھاجەت تۇتسا، ئاللاھ ئۇنى باي، بىھاجەت قىلىدۇ، كىمنىڭ 200 دىرھەم كۈمۈش پۇلى تۇرۇپ، كىشىلەردىن نەرسە سورىسا، جەزمەن ئۇ چاپلىشقۇچلىق، چىڭ تۇرۇۋېلىپ سورىغان بولىدۇ. (بۇ ئىشى قىيامەت كۈنى يۈزىدە جاراھەت بولىدۇ)، (200 دىرھەم كۈمۈش بۇرۇن 20 مىسقال ئالتۇنغا تەڭ ئىدى، ھازىر 2000 يۇەنگىمۇ يەتمەيدۇ،لېكىن ئالتۇن يەنىلا قىممەتتۇر ). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**6023** ( صحيح ) من استعملناه على عمل فرزقناه رزقا فما أخذ بعد ذلك فهو غلول ( د ك ) عن بريدة

6023. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر كىشىنى بىز خىزمەتكە قويۇپ، مائاش، تۇرمۇش پۇلى بەرسەك، ئاندىن ئۇنىڭ شۇ مائاش، رىزقىدىن سىرىت ئېلىۋالغىنى خىيانەتتۇر، (قىيامەت كۈنى خىيانىتىنى گەردىنىدە كۆتۈرۈپ كېلىدۇ). ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من استعملناه منكم على عمل فكتمنا مخيطا فما فوقه كان ذلك غلولا يأتي به يوم القيامة( م د ) عن عدي بن عمير

6024. ئەدىي ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشىنى بىز خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرساق، زاكات خادىمى قىلساق، ئاندىن ئۇ بىزدىن بىر تال يىڭنە چاغلىق ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى نەرسىنى يوشۇرۇۋالسا، ئۇنىڭ بۇ ئىشى خىيانەت بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئۇ شۇ خىيانىتى بىلەن بىرگە كېلىدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**6025** ( صحيح ) من استعملناه منكم على عمل فليجئ بقليله و كثيره فما أوتي منه أخذ و ما نهي عنه انتهى ( م د ) عن عدي بن عميرة

6025. ئەدىي ئىبنى ئۇمەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەمەلدار قىلساق، ئۇ ئالغان نەرسىنىڭ ئېزىنىمۇ، جىقىنىمۇ ھەممىنى تولۇق كەلتۈرسۇن، ئۇنىڭغا بىز تەرەپتىن بېرىلگەن نەرسىنى ئالسۇن، ئۇنىڭدىن چەكلەنگەن، توسۇلغان نەرسىنى ئالماي، يانسۇن. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

من استغفر للمؤمنين و للمؤمنات كتب الله له بكل مؤمن و مؤمنة حسنة ( طب ) عن عبادة

6026. ئۇبادەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۆئمىن ئەرلەرگە ۋە مۆئمىن ئاياللارغا مەغپىرەت سورىسا، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن ھەربىر مۆئمىن ئەر ۋە ئاياللارنىڭ باراۋىرىدە بىردىن ياخشىلىق يازىدۇ. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**6027** ( صحيح ) من استغنى أغناه الله و من استعف أعفه الله و من استكفى كفاه الله و من سأل و له قيمة أوقية فقد ألحف ( حم ن الضياء ) عن أبي سعيد

6027. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆزىنى كىشىلەردىن بىھاجەت تۇتسا، ئاللاھ ئۇنى باي، بىھاجەت قىلىدۇ، كىم ئىپپەتلىكنى تەلەپ قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى ئىپپەتلىك قىلىدۇ، كىم كۇپايىلىكنى تەلەپ قىلىپ، كىشىلەردىن كۇپايىلەنسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئۆزى كۇپايە بولىدۇ. كىم 40 دىرھەم كۈمۈش پۇلى تۇرۇپ ياكى شۇنىڭ قىممىتىدە (يەنى 1000 يۈەن ئەتراپىدا پۇلى يا مېلى تۇرۇپ) كىشىلەردىن نەرسە سوراپ، سائىللىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ چاپلىشىۋېلىپ، چىڭ تۇرۇپ سورىغان بولىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**6028** ( صحيح ) من استمع إلى حديث قوم و هم له كارهون صب في أذنيه الآنك و من أرى عينيه في المنام ما لم ير كلف أن يعقد شعيرة ( طب ) عن ابن عباس

6028. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ؛ كىم بىرەر قەۋمنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالسا، مەخپىي، ئوغرىلىقچە ئاڭلىسا، ئۇلار بۇ كىشىنىڭ بۇ قىلمىشىنى ياقتۇرمىسا، (قىيامەت كۈنى)ئۇ كىشىنىڭ ئىككى قۇلىقىغا مىس، قوغۇشۇن ئېرىتىلىپ قويۇلىدۇ، كىم چۈشىدە كۆرمىگەن نەرسىنى كۆردۈم دەپ داۋا قىلسا، يالغاندىن چۈش كۆرگەن بولۇۋالسا، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشى ناھايىتى ئىنچىكە قىلىنىڭ ئارىسىنى چىگىشكە تەكلىپ قىلىنىدۇ، (لېكىن، ئۇ قادىر بولالمايدۇ). تەبرانى توپلىغان سەھىھ.

**6029** ( حسن ) من استودع وديعة فلا ضمان عليه ( ه هق ) عن ابن عمرو

6029. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمگە بىرەر نەرسە ئامانەت قويۇلسا، (ئاندىن ئۇ نەرسە ئۆزلۈكىدىن ھالاك بولۇپ كەتسە)، ئۇ كىشى كېپىل بولمايدۇ، تۆلەم بەرمەيدۇ. (لېكىن، ئامانەتكە خىيانەت قىلسا، ئۆزى ھالاك قىلىۋەتسە، پۇل بولسا خەجلىۋالسا تۆلەيدۇ). ئىبنى ماجە 2392 ـ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**6030** ( صحيح ) من استيقظ من الليل و أيقظ امرأته فصليا ركعتين جميعا كتبا ليلتئذ من الذاكرين الله كثيرا و الذاكرات ( د ك ) عن أبي سعيد وأبي هريرة

6030. ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كېچىسى ئويغىنىپ ، ئايالىنىمۇ ئويغىتىپ، ھەر ئىككىلىسى بىراقلا ناماز ئوقۇسا، بۇ ئىككى كىشى يەنى ئەر ـ ئايال ئىككىيلەن شۇ كېچىسى، ئاللاھنى كۆپ ئەسلىگۈچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ ئەسلىگۈچى ئاياللار قاتارىدىن يېزىلىدۇ، يەنى زاكىرلاردىن بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من أسلف في شيء فليسلف في كيل معلوم و وزن معلوم إلى أجل معلوم ( حم ق 4 ) عن ابن عباس

6031. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر نەرسىگە بەيئى سەلەم قىلىپ ئالدىن پۇل بەرسە، مەلۇم كەمچەن، مەلۇم ۋەزنە، مەلۇم ئەجەلگە، ۋاقتى مەلۇم، جىنىك، ۋەزنىنى مەلۇم قىلىپ پۇل بەرسۇن، (نەرخىنى ئۆزى شۇ ۋاقىتكى نەرخى بويىچە بېكىتىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**6032** ( صحيح ) من أسلم على شيء فهو له) عد هق ) عن أبي هريرة

6032. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر نەرسىنى كۆزلەپ، مۇسۇلمان بولسا، ئۇ كىشىگە شۇ نەرسىسى بېرىلىدۇ، (ئىمان، ئىسلام بېرىلمەيدۇ، چۈنكى ئەمەللەر نىيەت بىلەن بولىدۇ). ئىبنى ئەدى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6033** ( حسن ) من أسلم على يدي رجل فله ولاؤه ( طب عد قط هق ) عن أبي أمامة

6033. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر كىشىنىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولغان بولسا، شۇ كىشىگە، ئۇ مۇسۇلمان بولغان

كىشىنىڭ ۋەلىيلىك، ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بېرىلىدۇ. (بۇ مىيراسقا ۋە باشقا ئىشلاردا مۇھىم رول ئوينايدۇ). تەبرانى، ئىبنى ئەدى، دارىقۇتنى، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

من أشار إلى أخيه بحديدة فإن الملائكة تلعنه و إن كان أخاه لأبيه و أمه ( م ت ) عن أبي هريرة

6034. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆزىنىڭ قېرىندىشىغا تەھدىت سېلىپ، تۆمۈر تىغ بىلەن ئىشارەت قىلسا، تەھدىت سېلىنغان ئىشارەت قىلىنغان كىشى گەرچە بىر دادا بىر ئانىدىن بولغان قېرىندىشى بولسىمۇ، ھەققەتەن پەرىشتىلەر ئىشارەت قىلغۇچىغا لەنەت قىلىدۇ. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

من اشترى شاة مصراة فهو بالخيار ثلاثة أيام فإن ردهارد معهاصاعا من طعام لا سمراء(حم م د ت)عن أبي هري

6035. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئالدىنىپ يېلىنىگە سۈت يىغىلغان قويىنى سېتىۋالغان بولسا، ئۇ كىشى ئۈچ كۈنگىچە ئىختىيارلىقتا ئىگە، ساقلاپ قالسا بۇ ئۆزىنىڭ ئىشى، ئەگەر قايتۇرۇپ بەرسە قوي بىلەن بىرگە بىر سا خورمىنى بىرگە قوشۇپ بېرىدۇ، شام بۇغدىيىنى بەرمىسىمۇ بولىدۇ، (پەقەت ئالتە جىڭ ئەتراپىدا خورما بېرىدۇ، ياكى قىممىتىنى بېرىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**6036** ( صحيح ) من اشترى شاة مصراة فهو بخير النظرين إن شاء أمسكها و إن شاء ردها و صاعا من تمر لا سمراء ( م ) عن أبي هريرة

6036. بۇ ھەدىسنى مۇسلىم، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان بولۇپ، سەھىھ، مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر، قويىنى بىر سا خورما بىلەن قايتۇرۇش.

6037. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، بولۇپ، سەھىھ، مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر، ئالدانغان كىشى قويىنى قايتۇرۇپ بەرسە بولىدۇ.

**6038** ( حسن ) من أصاب بفمه من ذي حاجة غير متخذ خبنة فلا شيء عليه و من خرج بشيء منه فعليه غرامة مثليه و العقوبة و من سرق منه شيئا بعد أن يؤويه الجرين فبلغ ثمن المجن فعليه القطع و من سرق دون ذلك فعليه غرامة مثليه و العقوبة ( **3** ) عن ابن عمر

6038. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېۋە ـ چېۋىدىن ھاجىتى چۈشۈپ، ئاغزى بىلەن يەپ، يېنىغا يوشۇرۇن ئېلىۋالمىسا، ئۇ كىشىگە ھېچ ئىش يوق، ئازاب ھەم تۆلەم يوق، كىم ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى يېنىغا ئېلىپ چىقىپ كەتسە، ئۇ كىشىگە ئىككى ھەسسە تۆلەم بىلەن ئازاب، تەئزىر كېلىدۇ، كىم ئۇ مېۋە ـ چېۋىلەردىن خامانغا، ئامبارغا يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوغرىلىسا ، ئۇنىڭ مىقدارى بىر قالقاننىڭ پۇلىغا يېتىپ قالسا، (يەنى بىر دىينارنىڭ تۆتتىن بىرىگە يەنى ھازىرقى 80 يۈەنگە يېتىپ قالسا) ئۇ ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدۇ، كىم يۇقىرىقى مىقداردىن تۆۋەن، ئازراق ئوغرىلىسا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغرىلانغان مالنىڭ ئىككى ھەسسىسىدەك تۆلەم كېلىدۇ، قولى كېسىلمەي، تەزىر ئۇرۇلىدۇ، ئازابلىنىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 3816 ـ ھەدىس، نەسەئى 4872 ـ ھەدىس، تىرمىزىمۇ توپلىغان، ھەسەن.

من أصاب ذنبا فأقيم عليه حد ذلك الذنب فهو كفارته ( حم الضياء ) عن خزيمة بن ثابت

6039. خۇزەيمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر گۇناھنى قىلىپ سالسا، ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىگە شۇ گۇناھنىڭ ھەد جازاسى

www.uyghurkitap.com

تۇرغۇزۇلسا، يەنى ئىسلام قانۇنى بويىچە جازالانسا، بۇ جازا ئۇنىڭ گۇناھىغا كاپارەتتۇر. ئەھمەد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

من أصابه هم أو غم أو سقم أو شدة فقال: الله ربي لا شريك له كشف ذلك عنه ( طب ) عن أسماء بنت عميس

6040. ئەسما بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر كىشىگە ھەممەت غېمى، مۇھىم ئىشىنىڭ غېمى ياكى غەم ـ قايغۇ ياكى كېسەللىك يا قاتتىق ئېغىر كۈن يەتسە، ئۇ كىشى ئاللاھ مېنىڭ رەببىم، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق دېسە، (يەنى بۇ غەم ـ قايغۇلىرىمنى، كېسەل ئازابلىرىمنى بىر ئاللاھلا ئاسان قىلىدۇ دەپ سەۋر قىلىپ تەۋەككۇل قىلسا)، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن شۇ ئىشلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ئاسان قىلىدۇ. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**6041** ( حسن ) من أصابته فاقة فأنزلها بالناس لم تسد فاقته و من أنزلها بالله أوشك الله له بالغنى إما بموت آجل أو غنى عاجل ( حم د ك ) عن ابن مسعود

6041. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر كىشىگە ھاجەت يېتىپ قالسا، ئاندىن ئۇ ھاجىتىنى كىشىلەرگە تاشلىسا، ئۇنىڭ ھاجىتى راۋا بولمايدۇ، ئاپىتى كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ، ھاجەتنى ئاللاھقىلا تاشلىغان كىشىگە ئاللاھتائالا يا ئۇنى ئاستا ـ ئاستا جېنىنى ئېلىپ ئۆلتۈرۈش بىلەن ياكى تېزلا باي، بىھاجەت قىلىش بىلەن بىھاجەتلىك ئاتا قىلىپ، ھاجىتىدىن چىقىدۇ، ئاپەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

( حسن ) من أصبح منكم آمنا في سربه معافى في جسده عنده قوت يومه فكأنما حيزت له الدنيا بحذافيرها ( خد ت ه ) عن عبدالله بن محصن

6042. ئابدۇللاھ ئىبنى مىھسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى ئۆز ئەھلىدە، ئائىلىسىدە ئەمىن، خاتىرجەم ھالدا، جەسىتى ساق ـ سالامەت ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزسا، يېنىدا بىر كۈنلۈك قۇۋۋىتى، ئوزۇق ـ تۈلۈكى، يەيدىغىنى بولسا، خۇددى ئۇ كىشىگە پۈتۈن دۇنيا ھەممە نەرسىلىرى بىلەن بويسۇندۇرۇلۇپ توپلاپ بېرىلگەندەك بولىدۇ. تىرمىزى 2268 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4131 ـ ھەدىس، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، ھەسەن.

كىشى خاتىرجەم بولسا، تېنى سالامەت بولسا، يەيدىغىنى، كىيىدىغىنى تولۇق بولسا، مەھبۇبى يېنىدا بولسا، ئۇ پۈتۈن دۇنيانىڭ خوجايىنىدۇر، ئۇ پادىشاھدىنمۇ بەختلىكتۇر .

**6043** ( حسن ) من اضطجع مضجعا لم يذكر الله فيه كان عليه ترة يوم القيامة و من قعد مقعدا لم يذكر الله فيه كان عليه ترة يوم القيامة ( د ) عن أبي هريرة

6043. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر ئورۇندا يېتىپ ئاللاھنى ئەسلىمىسە، ئۇنىڭ بۇ ئىشى قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسرەت ـ نادامەت بولىدۇ، كىم بىرەر ئورۇندا ئولتۇرۇپ، ئۇ جايدا ئاللاھنى ئەسلىمىسە، بۇ ئىشمۇ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا قاتتىق ھەسرەت ـ نادامەت بولىدۇ. (ئولتۇرساڭ ـ قوپساڭ، ياتساڭ ـ تۇرساڭ ئاللاھنى ئەسلىگىن). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**6044** ( صحيح ) من أطاعني فقد أطاع الله و من عصاني فقد عصى الله و من يطع الأمير فقد أطاعني و من يعص الأمير فقد عصاني( حم ق ن ه ) عن أبي هريرة

6044. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ماڭا ئىتائەت قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. (چۈنكى، مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى) كىم ماڭا ئاسىيلىق قىلسا، جەزمەن ئۇ،ئاللاھقا ئاسىي بولىدۇ، كىم ئىسلام خەلىپىسى، ئەمىرگە ئىتائەت قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ماڭا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. (چۈنكى، ئۇ قۇرئان، ھەدىس، سۈننەت بويىچە بۇيرۇيدۇ). كىم خەلىپە، ئەمىرگە ئاسىيلىق قىلسا، جەزمەن ئۇ ماڭا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من أطعمه الله طعاما فليقل: اللهم بارك لنا فيه و أطعمنا خيرا منه و من سقاه الله لبنا فليقل: اللهم بارك لنا فيه و زدنا منه فإنه ليس شيء يجزي من الطعام و الشراب غير اللبن ( حم د ) عن ابن عباس

6045. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمگە ئاللاھ تائام بەرسە، ئۇ مۇنداق دېسۇن، «ئى ئاللاھ! بىز ئۈچۈن بۇ تائامدا بەرىكەت ئاتا قىلسىلا، بىزگە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق تائام بەرسىلە»، كىمنى ئاللاھتائالا سۈت بىلەن سۇغارسا، ئۇ مۇنداق دېسۇن: «ئى ئاللاھ! بىز ئۈچۈن بۇ شاراپدا بەرىكەت ئاتا قىلسىلا، بىزگە ئۇنىڭدىن تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بەرسىلە»، ھەقىقەتەن تائام، شاراپقا، يېمەك ـ ئىچمەككە سۈتتىن باشقا نەرسە كۇپايە قىلمايدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

من اطلع في بيت قوم بغير إذن ففقئوا عينه فلا دية له و لا قصاص ( حم ن ) عن أبي هريرة

6046. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر قەۋمنىڭ ئۆيى ئىچىگە ئۇلارنىڭ ئىزنىسىز يوشۇرۇن، ئوغرىلىقچە قارىسا، ئاندىن ئۇلار ئۇ كىشىنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋېتىپ، ئەما قىلىپ قويسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن دىيەت، تۆلەم پۇلى يوق، قىساسمۇ يوقتۇر، (بۇ ئۆزىنىڭ شورى). ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6047** ( صحيح ) من اطلع في بيت قوم بغير إذنهم فقد حل لهم أن يفقئوا عينه ( حم م ) عن أبي هرير

6047. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر قەۋمنىڭ ئۆيىگە ئۇلارنىڭ رۇخسەتسىز قارىسا، ئۇلار ئۈچۈن ئۇ يوشۇرۇن مارىلاپ قارىغان كىشىنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋېتىش ھالال بولىدۇ. (ئەگەر كۆزىنى قۇيۇۋەتسە، تۆلەم يوق، قىساس يوق، دىيىتى بىكار). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

من أعان ظالما ليدحض بباطله حقا فقد برئت منه ذمة الله و ذمة رسوله ( ك ) عن ابن عباس

6048. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم زالىمنىڭ باتىل ئىشى بىلەن ھەقنى يوقۇتۇش ئۈچۈن، باتىل بىلەن ھەقىقەتنى ئاغدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن زالىمغا ياردەم بەرسە، ھەقىقەتەن ئۇ كىشىدىن ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئەھدىسى بىكار بولىدۇ، (ئۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ). ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

زالىملارغا مايىل بولۇپ، زالىم دىنسىزلار تەرەپتە تۇرغان كىشى دوۋزاخقا كىرىدۇ، بۇ ئايەت.

**6049** ( صحيح ) من أعان على خصومة بظلم لم يزل في سخط الله حتى ينزع ( ه ك ) عن ابن عمر

6049. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: كىم بىر زۇلۇم بىلەن قىلىنغان داۋاغا زالىم تەرەپتە تۇرۇپ ياردەملەشسە ، ئۇ بۇ ئىشتىن يېنىپ قول ئۈزمىگىچە ئاللاھنىڭ غەزىپىدە ، كايىشىدا تۇرۇشىدۇ. ئىبنى ماجە ، ھاكىم توپلىغان ، سەھىھ.

**6050** ( صحيح ) من أعتق رقبة مؤمنة كانت فداءه من النار ( حم د ن ) عن عمرو بن عبسة

6050. ئەمرۇ ئىبنى ئەبسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر مۆئمىن قۇلنى ئازاد قىلسا ، بۇ ئۇ كىشىنىڭ دوۋزاخدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بەرگەن فىدىيىسى بولىدۇ ، يەنى شۇنىڭ بەدىلىگە دوۋزاخدىن ئازاد بولىدۇ. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى توپلىغان ، سەھىھ.

من أعتق رقبة مسلمة أعتق الله له بكل عضو منها عضوا منه من النار حتى فرجه بفرجه( ق ت ) عن أبي هرير

6051. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر مۇسۇلمان قۇلنى ئازاد قىلسا ، ئاللاھتائالا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازاد قىلىنغۇچىنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ باراۋىرىگە ئازاد قىلغۇچىنىڭ ئەزاسىنى ھەتتا ، ئەۋرىتىنى ئەۋرىتىنىڭ باراۋىرىگە دوۋزاخدىن ئازاد قىلىدۇ. بەيھەقى ، تىرمىزى توپلىغان ، سەھىھ.

من أعتق شركا له في عبد فكان له مال يبلغ ثمن العبد قوم العبد عليه قيمة عدل فأعطى شركاءه حصصهم و عتق عليه العبد و إلا فقد عتق منه ما عتق ( حم ق **4** ) عن ابن عمر

6052. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر قۇلنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بولغان شېرىكچىلىكىنى ئازاد قىلسا ، ئۇ قۇلنىڭ مال ـ مۈلۈكى بولسا ، بۇ مال ـ مۈلۈك شۇ قۇلنىڭ پۇلىغا يەنى باھالىنىدىغان قىممىتىگە يەتسە ، ئۇ قۇل ئادىل باھا بويىچە قىممەت قويۇلىدۇ ، باھالىنىدۇ ، ئاندىن باشقا شېرىكلەرگە ئۇلارنىڭ نېسىۋىسى شۇ قۇلنىڭ پۇلىدىن بېرىلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇل پۈتۈنلەي ئازاد قىلىنىدۇ ، ئەگەر ئۇ قۇلنىڭ بېرىدىغان پۇلى ، مېلى بولمىسا ، ئۇ قۇلدىن ئازاد قىلىنغان يېرى ئازاد قىلىنىدۇ. (قالغان شېرىكلەرگە ئىشلەپ بېرىدۇ). ئەھمەد ، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان ، سەھىھ.

بۇ قۇل بىر نەچچە خوجايىننىڭ شېرىكچىلىكىدە ئاي كۈنلەرگە بۆلۈنۈپ ئىشلەيدىغان قۇلدۇر ، كىم ئازاد قىلسا ، شۇنىڭ ئىشىدىن ئازاد بولىدۇ.

**6053** ( صحيح ) من أعتق شقصا من مملوك فعليه خلاصه في ماله فإن لم يكن له مال قوم المملوك قيمة عدل ثم استسعى غير مشقوق عليه ( حم ق **4** ) عن أبي هريرة

6053. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر قۇلدىن يېرىمىنى ئازاد قىلسا ، شۇ كىشىنىڭ ئۈستىگە ئۇ قۇلنىڭ مېلىدىن ئېلىپ پۈتۈنلەي خالاس قىلىشى ، ئازاد قىلىۋېتىشى ۋاجىپ بولىدۇ ئەگەر ئۇ قۇلنىڭ مال ـ مۈلۈكى بولمىسا ، ئادىل باھا بويىچە قىممىتى ، باھاسى بېكىتىلىپ ، ئاندىن ئۇ قۇل قېلىپ قالغان يېرىمىغا مۇشەققەتكە سېلىنماستىن ئېغىر ئىشلارغا سېلىنماستىن ئىشلەپ بېرىدۇ ، (ئىشلەپ قەرزىنى تۆگەتسە ئاندىن ئازاد قىلىنىدۇ ، بۇ يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش ، شۇنداق) ....

من أعتق عبدا و له مال فمال العبد له إلا أن يشترط السيد ماله فيكون له ( د ه ) عن ابن عمر

6054. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر مال ـ مۈلۈكى بار قۇلنى ئازاد قىلسا، بۇ مال ـ مۈلۈك شۇ قۇلنىڭ بولىدۇ، لېكىن، خوجايىن ئۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۆزىگە قېلىشىنى شەرت قىلسا، شۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۆزىگە قېلىش بەدىلىگە ئازاد قىلسا، بۇ چاغدا مال ـ مۈلۈك خوجايىنىنىڭ بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) من أعطي حظه من الرفق فقد أعطي حظه من الخير و من حرم حظه من الرفق فقد حرم حظه من الخير ( حم ت ) عن أبي الدرداء

6055. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمگە مېھرىبانلىق نېسىۋىسى بېرىلسە، ھەقىقەتەن ئۇ كىشىگە ياخشىلىقتىن بولغان نېسىۋىسى بېرىلگەن بولىدۇ، كىم مېھرىبانلىق ، مۇلايىملىق نېسىۋىسىدىن مەھرۇم قالسا، جەزمەن ئۇ ياخشىلىقتىن ئىبارەت نېسىۋىسىدىن مەھرۇم قالىدۇ، (مېھرىبان ، مۇلايىم بولۇڭلار ). ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6056** ( حسن ) من أعطى شيئا فوجد فليجز به و من لم يجد فليثن به فإن أثنى به فقد شكره و إن كتمه فقد كفره و من تحلى بما لم يعط فإنه كلابس ثوبي زور ( خد د ت حب ) عن جابر

6056. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر كىشىگە بىر نەرسە بېرىلسە، ياخشىلىققا جاۋاب قايتۇرغىدەك نەرسە تاپالىسا، جاۋاب قايتۇرسۇن، نەرسە تاپالمىسا، ماختاپ، مەدھىيىلەپ دۇئا قىلسۇن، ئەگەر ئۇ ياخشىلىقنى تىلغا ئېلىپ، گۈزەل مەدھىيىلەر ئوقۇسا، شۈكرى قىلغان بولىدۇ، ئەگەر ئۇنى يوشۇرسا، كۇفرىلىق قىلغان بولىدۇ، كىم ئۆزىگە بېرىلمىگەن نەرسە بىلەن زىننەتلەنسە، ماختانسا، ئۇ خۇددى يالغانچىنىڭ ئىككى كىيىمنى كىيگۈچىگە ئوخشايدۇ،( يەنى ئۇزۇننى ئېچىگە، قىسقىسىنى تېشىغا كىيىپ، ئۆزىنى يالغاندىن باي كۆرسەتكۈچىگە ئوخشايدۇ). ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، ھەسەن.

**6057** ( صحيح ) من أعمر أرضا ليست لأحد فهو أحق بها ( حم خ ) عن عائشة

6057. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم باشقىلارغا مەنسۇپ بولمىغان قاقاس زېمىننى يەر ئەھيا قىلىپ، گۈللەندۈرسە، ئۇ كىشى، شۇ زېمىنغا ھەقلىقراقتۇر. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

من أعمر رجلا عمرى فهي له و لعقبه يرثها من يرثه من عقبه ( م د ن ه ) عن جابر

6058. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر كىشىگە مەن ھاياتلا بولسام، مال ـ مۈلۈكۈمدىن تەلك بەھرىمەن بولىمىز دەپ ئۆمرا قىلىپ بەرسە، ئۇ بەھرىمەن بولۇش، شۇ ئۆمرا قىلىنغان كىشىگە، ئۇنىڭ كەينىدىكى ۋارىسلىرىغا يېتىدۇ، بۇ كىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ بەھرىمەن بولۇشقا ۋارىس قىلىنىدىغان كىشىلىرى ۋارىس بولالايدۇ، (شۇ سۆزنى دېگۈچى ئۆلۈپ كەتسە، ھوقۇق تۈگەيدۇ). مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من أعمر شيئا فهو لمعمره محياه و مماته و لا ترقبوا فمن أرقب شيئا فهو سبيل الميراث( د ن ) عن زيد بن ثابت

6059. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر نەرسىنى مەن ھاياتلا بولسام مۇشۇ نەرسىدىن تەڭ مەنپەئەتلىنىمىز دەپ ئۇمرا قىلسا، ئۇ نەرسە ئۇمرا قىلىنغان كىشىگە ھاياتىدا ۋە ماماتىدىمۇ بېرىلىدۇ، (يەنى ئۇ ئۆلسە، ۋارىسلىرى ۋارىس بولىدۇ، تا شۇ سۆزنى دېگۈچى ئۆلگىچە). ئۆلۈشىنى كۈتۈپ، ئىنتىزار بولماڭلار، مەن ئۆلسەم بۇ ماللار سېنىڭ بولسۇن دېمەڭلار، كىم بىرەر نەرسىنى مەن ئۆلسەم بۇ سېنىڭ بولسۇن دەۋەتسە، ئۇ نەرسە مىراس يولى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، (باشقا خاتىرىدە ئۇمرا، رۇقبا ئوخشاش دېيىلگەن، ئۇمراغا سەدىقە قىلىپ بېرىلگەن كىشىنىڭ ۋارىسلىرى ۋارىس بولالايدۇ، رۇقباغا ئەگەر سەن ھاياتلا بولساڭ بۇ ماللار مەن ئۆلسەم سېنىڭ دېسە، ۋارىسلىرى ۋارىس بولالمايدۇ، مەن ھاياتلا بولسام تەڭ بەھرىمەن بولىمىز دېگەن، ئۇمرا قىلغۇچى ياكى مەن ئۆلسەم بۇ سېنىڭ بولسۇن دېگەن رۇقبا قىلغۇچىلار سەدىقىدىن، ۋەدىدىن يانسا، قەتئىي دۇرۇس بولمايدۇ). ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

6060. بۇ ھەدىس يۇقىرىقى ھەدىسلەرگە ئوخشاشتۇر.

**6061 ( صحيح ) من اغبرت قدماه في سبيل الله حرمه الله على النار ( حم خ ت ن ) عن أبي عبس**

6061. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ ئىككى قەدىمىنى ئاللاھ يولىدا چاڭ ـ توزان باسسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى دوۋزاخقا ھارام قىلىدۇ، (يەنى ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلسا، ياكى ئىلىم ئېلىپ، ئىلىم بەرسە، ۋە باشقىلار). ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**من اغتسل يوم الجمعة ثم أتى الجمعة فصلى ما قدر له ثم أنصت حتى يفرغ الإمام من خطبته ثم يصلي معه غفر له ما بينه و بين الجمعة الأخرى و فضل ثلاثة أيام ( م ) عن أبي هريرة**

6062. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمە كۈنى غۇسلى قىلىپ، يۇيۇنۇپ ئاندىن جۈمەگە كېلىپ، ئۆزىگە تەقدىر قىلىنغان نامازلارنى ئوقۇپ، ئاندىن ئىمام خۇتبىسىدىن پارىغ بولغىچە سۆز قىلماي، جىم تۇرسا، ئاندىن ئىمام بىلەن بىرگە جۈمە نامىزى ئوقۇسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن بۇ جۈمە بىلەن يەنە بىر جۈمەنىڭ ئارىلىقىدىكى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ ۋە يەنە ئۈچ كۈن ئارتۇق پەزىلەتلىك قىلىنىدۇ، (چۈنكى، بىر ياخشىلىققا ئون دېگەن قانۇن بار). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**6063 ( صحيح ) من اغتسل يوم الجمعة غسل الجنابة ثم راح في الساعة الأولى فكأنما قرب بدنة و من راح في الساعة الثانية فكأنما قرب بقرة و من راح في الساعة الثالثة فكأنما قرب كبشا أقرن و من راح في الساعة الرابعة فكأنما قرب دجاجة و من راح في الساعة الخامسة فكأنما قرب بيضة فإذا خرج الإمام حضرت الملائكة يستمعون الذكر ( ق 3 ) عن أبي هريرة**

6063. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمە كۈنى جۈنۈپلۇقدىن يۇيۇنغاندەك غۇسلى قىلىپ يۇيۇنسا، ئاندىن بىرىنچى سائەتتە جۈمەگە بۇرۇن بارسا، خۇددى بىر تۆگە قۇربانلىق قىلغاندەك بولىدۇ، ئىككىنچى سائەتتە بارغان كىشى، كالا، ئۈچىنچىسىدىكى، مۈڭگۈزلۈك قوچقار، تۆتىنچى سائەتتىكى، بىر توخۇ، بەشىنچى سائەتتە كەلگىنى، بىر دانە تۇخۇم سەدىقە قىلغاننىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ، ئىمام خۇتبە ئۈچۈن مۇنبەرگە چىققاندا پەرىشتىلەر ھازىر بولۇپ دەپتەرلىرىنى قاتلاپ قويۇپ زىكرى، خۇتبە تىڭشايدۇ. بەيھەقى ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**6064** ( صحيح ) من اغتسل يوم الجمعة فأحسن الغسل و تطهر فأحسن الطهور و لبس من أحسن ثيابه و مس ما كتب الله له من طيب أو دهن أهله ثم أتى المسجد فلم يلغ و لم يفرق بين اثنين غفر الله له ما بينه و بين الجمعة الأخرى ( حم ه ) عن أبي ذر

6064. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمە كۈنى يۇيۇنۇپ، يۇيۇنۇشنى ياخشى قىلىپ تاھارەت ئېلىپ، تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئېلىپ، كىيىمنىڭ ئەڭ گۈزەل، ياخشىلىرىنى كىيىپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا تەقدىردە پۈتكەن خۇشپۇراق ئەتىرلىرىدىن چېچىپ ياكى ئەھلىنىڭ ماي، ئەتىرلىرىدىن ئىستېمال قىلىپ، ئاندىن مەسجىدكە كېلىپ، قۇرۇق لەغۋە سۆز قىلماي، ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمەي، يەنى كىشىلەرنىڭ گەردىنىدىن ئاتلاپ ئۆتمەي، ئورنىدىن قوپۇرۇۋەتمەي ئىمام بىلەن جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ قايتسا، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنىڭ شۇ جۈمە بىلەن يەنە بىر جۈمەنىڭ ئارىلىقىدىكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**6065** ( حسن ) من اغتسل يوم الجمعة كان في طهارة إلى الجمعة الأخرى ( ك ) عن أبي قتادة

6065. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمە كۈنى غۇسلى قىلىپ يۇيۇنسا، ئۇ كىشى يەنە بىر جۈمەگىچە ھەر جەھەتتىن پاك، پاكىزلىك ئىچىدە تۇرىدۇ. ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

من اغتسل يوم الجمعة و استاك و مس من طيب إن كان عنده و لبس من أحسن ثيابه ثم خرج حتى يأتي المسجد و لم يتخط رقاب الناس ثم ركع ما شاء الله أن يركع ثم أنصت إذا خرج الإمام فلم يتكلم حتى يفرغ من صلاته كانت كفارة لما بينها و بين الجمعة الأخرى ( حم ه ك ) عن أبي سعيد وأبي هريرة

6066. ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمە كۈنى يۇيۇنۇپ، مىسۋاك سىلىپ، ئەتىردىن چېچىپ، كىيىمنىڭ ئەڭ گۈزەللىرىنى كىيىپ، ئاندىن چىقىپ مەسجىدگە كەلسە، كىشىلەرنىڭ گەردەنلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتمىسە، ئاندىن ئاللاھ خالىغان نامازلارنى ئوقۇپ، ئىمام مۇنبەرگە چىققاندا جىم تۇرسا، نامىزىدىن پارىغ بولغىچە گەپ ـ سۆز قىلمىسا، ئۇنىڭ بۇ جۈمە نامىزى، شۇ جۈمە بىلەن يەنە بىر جۈمەنىڭ ئارىلىقىدىكى گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من اغتسل يوم الجمعة و مس من طيب امرأته إن كان لها و لبس من صالح ثيابه ثم لم يتخط رقاب الناس و لم يلغ عند الموعظة كانت كفارة لما بينها و من لغا و تخطى رقاب الناس كانت له ظهرا ( د ) عن ابن عمرو

6067. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمە كۈنى يۇيۇنۇپ بولسا، ئۆزىنىڭكى بولمىسا، ئايالىنىڭ ئەتىرلىرىدىن (يەنى ئىبرى ئۈچۈنلا ئىستېمال قىلىدىغان) ئەتىرسىدىن چېچىپ، كىيىمنىڭ ياخشىسىنى كىيىپ، ئاندىن جۈمەگە كەلگەندە كىشىلەرنىڭ گەردىنىدىن ئاتلاپ ئۆتمەي، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىۋاتقاندا، قۇرۇق لەغۋە سۆز قىلماي، جۈمەنى ئوقۇپ قايتسا، ئۇنىڭ بۇ نامىزى ئارىلىقتىكى گۇناھلارغا كاپارەت بولۇپ ( كىچىك گۇناھلىرىنى ) ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، ئەگەر لەغۋە سۆز قىلسا، جىم تۇرالماي، قائىدىنى بۇزسا، كىشىلەرنىڭ گەردىنىدىن ئاتلاپ ئۆتسە، بۇ ناماز ئۇنىڭ ئۈچۈن جۈمە ئەمەس، پېشىن بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**6068** ( حسن ) من أفتى بغير علم كان إثمه على من أفتاه و من أشار على أخيه بأمر يعلم أن الرشد في غيره فقد خانه ( د ك ) عن أبي هريرة

6068. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمگە ئىلىمسىز پەتىۋا بېرىلسە، بۇنىڭ گۇناھى، شۇ خاتا پەتىۋا بەرگۈچىگە بولىدۇ، كىم قېرىندىشىغا توغرا يولنىڭ باشقا ئىشتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، خاتا ئىشنى كۆرسىتىپ قويسا، جەزمەن ئۇ قېرىندىشىغا خىيانەت قىلغان خائىن بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**6069** ( حسن ) من أفتى بفتيا غير ثبت فإنما إثمه على من أفتاه( ه ك ) عن أبي هريرة

6069. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمگە توغرىسى ئىسپاتلانماستىن ئىلىمسىز، خاتا پەتىۋا بېرىلسە، ھەقىقەتەن ئۇ كىشىنىڭ گۇناھى، خاتا پەتىۋا بەرگۈچىگە بولىدۇ. ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

(لېكىن، پەتىۋا سورىغۇچى، توغرىسىنى تاپقاندىن كېيىن، ھەقنى تېپىپ تۇرۇپ يەڭگىللىتىش ئۈچۈن يەنە سوراۋەرسە، ئۇ مۇناپىق بولىدۇ، ئىلىمسىز، نادانلىقدىن سوراپ قالسا، ھەقىقەتچى، دانا ئالىمنى تېپىپ سورىشى لازىم. بولۇپمۇ ھازىرقى مۇنبەر ئۇستىدىكى ئىلىمسىز ياكى سېتىلغان كاززاپلاردىن مەسىلە، پەتىۋا سورىماي، ھەقىقەتچىلەردىن ياكى چەت ئەلدىكى دوكتور، ئالىملاردىن سوراش بەكمۇ زۆرۈردۇر).

**6070** ( حسن ) من أفطر في رمضان ناسيا فلا قضاء عليه و لا كفارة ( ك هق ) عن أبي هريرة

6070. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم رامزان ئېيىدا ئۇنتۇپ قېلىپ يەپ ـ ئىچىپ سالسا، ئۇ كىشىگە قازاسىنى قىلىش يوق، كاپارەتمۇ يوق روزىسى روزا بولۇۋېرىدۇ. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**6071** ( صحيح ) من أقال مسلما أقال الله تعالى عثرته ( د ه ك ) عن أبي هريرة

6071. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر مۇسۇلماننىڭ سودىنى ياندۇرىمەن دېگەن سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، بەيئى سودىنى ياندۇرۇپ بەرسە، سودىنى بۇزۇۋېتىشنى قوبۇل قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ ھالاكەتتىن قۇتقۇزىدۇ، خاتالىقدىن قۇتقۇزىدۇ، ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، (ئەھمەدتتە كىم بىر كىشىنىڭ ئۆزرىسىنى، خاتالىقنى قوبۇل قىلىپ، ئەپۇ قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ھالاكەتتىن ساقلايدۇ، قىيامەت كۈنى ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىدۇ دېگەن بار. 7122 ـ ھەدىسى). ئەبۇ داۋۇد 3001 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2190 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6072** ( صحيح ) من أقام البينة على أسير فله سلبه ( هق ) عن أبي قتادة

6072. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر ئەسىرگە( ياكى ئۆلتۈرگەن كىشىسىگە) گۇۋاھچى، دەلىل ـ ئىسپات تۇرغۇزالىسا، ئۇ ئەسىرنىڭ (ياكى ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ) بارلىق كىيىملىرى، ئۈچىسىدىكى نەرسىلەر شۇ كىشىگە بېرىلىدۇ. (بۇ، مۇجاھىدنى تارتۇقلاشتۇر). بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6073** ( صحيح ) من أقام مع المشركين فقد برئت منه الذمة( طب هق ) عن جرير

6073. جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: كىم مۇشرىك، دىنسىزلار بىلەن بىرگە مۇقىم تۇرسا، ھەقىقەتەن ئۇنىڭدىن ئەھدە، كېپىللىك بىكار بولۇپ كېتىدۇ، (ئۇ دىنسىزلار بىلەن بىرگە ئۆلتۈرۈلسە، تۆلەم بېرىلمەيدۇ). تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

من اقتبس علما من النجوم اقتبس شعبة من السحر زاد ما زاد ( حم د ه ) عن ابن عباس

6074. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىلمى نۇجۇمدىن، يۇلتۇز ئىلمىدىن ئىلىم ئالسا، سېھىردىن بىر پارچە ياكى سېھىرنىڭ بىر شېخىنى ئالغان بولىدۇ، زىيادە قىلغانسېرى، سېھىر ئىلمى زىيادە بولىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسىدىن مەقسەت ، غەيىب داۋاسى قىلىدىغان ئىلمى نۇجۇمچىلاردۇر، يۇلتۇزغا چوقۇنىدىغانلارنىڭ قىلمىشى باردۇر. لېكىن، ئاسترونومىيە ئىلمى، يۇلتۇز تەتقىقاتى، قۇياش فىزىكىسى، ئالەم بوشلۇقى ئىلمى، ئوربىتىلار، ئاسمان يولىرى ئىلمى، مېتېئورولوگىيە ئىلمى چەكلەنمەيدۇ، بۇنىڭغا قۇرئاندا، ئالاھىدە قاراشقا، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا، تەۋھىد ئىلمى قىلىشقا، دىنسىزلارنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدەك قايىل قىلىشقا نۇرغۇن ئىشارەتلەر بار.بۇ دەلىل ـ ئىسپاتلارنى كۆرمەكچى بولسىڭىز، تەنتاۋىيغا، فىزىلالغا ۋە تەنتاۋى جەۋھەرلىرىدىن تاللانمىلارغا، ئىنتېرنېت تور بېتىگە قاراڭ، كائىناتتا مۆجىزىلەر ئىنتايىن كۆپتۇر، بولۇپمۇ قۇرئان مۆجىزىسى.ئاددىيسى سىز سۈرە تەكۋىيرگە، سۈرە بۇرۇجغا چوڭقۇر تەپەككۇر بىلەن قاراڭ، تەتقىق قىلىڭ، بۇ تەۋھىد، بۇ ئىمان، بۇ دەلىل ـ ئىسپات، ھۆججەتتۇر.

**6075** ( صحيح ) من اقتطع أرضا ظالما لقي الله و هو عليه غضبان ( حم م ) عن وائل

6075. ۋائىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر زېمىننى زۇلۇم قىلغان ھالدا بۆلۈپ ئېلىۋالسا، ئۇ كىشى ئاللاھ بىلەن، ئاللاھ ئۇ كىشىگە غەزەپ قىلغان ھالدا ئۇچرىشىدۇ، (يەنى ئاللاھ قاتتىق غەزەپ قىلىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**6076** ( صحيح ) من اقتطع حق امرئ مسلم بيمينه فقد أوجب الله له النار و حرم عليه الجنة و إن كان قضيبا من أراك ( حم م ن ه ) عن أبي أمامة الحارثي

6076. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھەققىنى يالغان قەسەم قىلىپ ئېلىۋالسا، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە دوۋزاخنى ۋاجىپ قىلىپ، جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، گەرچە ئۇ نەرسە ئىراك ياغىچىنىڭ بىر تال تايىقى بولسىمۇ شۇنداق بولىدۇ، (چۈنكى ھارام دېگەن ھارام). ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من اقتنى كلبا إلا كلب ماشية أو ضاريا نقص من عمله كل يوم قيراطان ( حم ق ت ن ) عن ابن عمر

6077. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم چارۋا ـ ماللارنى قوغدايدىغان ئىتتىن، ئوۋ ئوۋلاشقا كۆندۈرۈلگەن ئىتتىن باشقا بىر ئىتنى باقسا، ئۇ كىشىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن ھەر كۈنى ئىككى قىرات يەنى چوڭ ئىككى تاغدەك كاملاپ تۇرىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

من اقتنى كلبا ليس بكلب صيد و لا ماشية و لا أرض فإنه ينقص من أجره قيراطان كل يوم(م ت ن ) عن أبي هرير

6078. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: كىم ئۇۋ ئىتىدىن، چارۋىلارنى قوغدايدىغان ئىتتىن، زىرائەتنى قوغدايدىغان ئىتتىن باشقا بىر ئىتنى باغلاپ باقسا، ھەققەتەن ئۇنىڭ ئەجىر ـ ساۋابلىرىدىن ھەر كۈنى چوڭ ئىككى تاغدەك كېمىيىپ تۇرىدۇ. مۇسلىم 2942 ـ ھەدىس، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

6079. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىلارغا ئوخشاشتۇر.

**6080** ( صحيح ) من أقرض ورقا مرتين كان كعدل صدقة مرة ( هق ) عن ابن مسعود

6080. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كۈمۈش پۇلنى ياكى باشقا پۇل ـ مالنى ئىككى قېتىم قەرز بېرىپ تۇرسا، ئۇنىڭ بۇ ئىشى شۇ ئىككى قېتىمنىڭ بىر قېتىملىقىنى سەدىقە قىلغانغا تەڭ بولىدۇ، سەدىقە قىلغاننىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6081** ( صحيح ) من اكتوى أو استرقى فقد برئ من التوكل ( حم ت ه ك ) عن المغيرة

6081. مۇغەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئوتتا داغلاپ داۋالانسا ياكى ئايەتنى شىپا قىلدۇرسا، ھەققەتەن ئۇ تەۋەككۇل قىلىشتىن بىزار بولغان بولىدۇ، (ھەقىقىي تەۋەككۇل قىلمىغان بولىدۇ). ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6082** ( صحيح ) من أكل أو شرب ناسيا فلا يفطر فإنما هو رزق رزقه الله ( ت ) عن أبي هريرة

6082. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم رامزاندا ئۇنتۇپ قېلىپ يەپ ـ ئىچىپ سالسا، ئىپتار قىلغان، يەپ ـ ئىچكەن بولمايدۇ، ئۇ يەپ ـ ئىچمىسۇن، روزىسىنى بۇزمىسۇن، ھەققەتەن ئۇ يەپ ـ ئىچىپ سالغىنى بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن رىزىقتۇر. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6083** ( صحيح ) من أكل برجل مسلم أكلة فإن الله يطعمه مثلها من جهنم و من اكتسى برجل مسلم ثوبا فإن الله يكسوه مثله من جهنم و من قام برجل مسلم مقام سمعة و رياء فإن الله يقوم به مقام سمعة و رياء يوم القيامة ( حم د ك ) عن المستورد بن شداد

6083. مۇستەۋرد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئەيىبىنى، سىرلىرىنى ئاشكارىلاش ۋە ئۇنى باشقىلارغا چېقىش بەدىلىگە بىرەر نەرسە يېسە، ھەققەتەن ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە شۇ تائامنىڭ ئوخشىشىدەك جەھەننەمدىن زەققۇم تامىقىنى يېدۈرىدۇ، كىم يۇقىرىقىدەك ئىشلار بىلەن مۇسۇلمان كىشىنى زەرەرگە ئۇچرىتىپ، كىيىم كىيسە جەزمەن ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە شۇ كىيىمنىڭ مىقدارىدا جەھەننەمدە كىيىم كىيدۈرىدۇ.

كىم بىرەر مۇسۇلمان كىشىنى ئەيىبلەپ ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ، بەسلىشىپ، ئاڭلاتما رىيا ۋە كۆرسەتمە رىيا ئورنىدا تۇرسا، ئۆزىنى پەزىلەتلىك كۆرسەتسە، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى قىيامەت كۈنى رىيا ئورنىدا تۇرغۇزۇپ رەسۋا قىلىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من أكل ثوما أو بصلا فليعتزلنا و ليعتزل مسجدنا و ليقعد في بيته ( ق ) عن جابر

6084. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: كىم خام سامساق بىلەن خام پىيازنى يېسە، بىزدىن، مەسجىدىمىزدىن ئايرىلسۇن، ئۇ ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرسۇن. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

من أكل سبع تمرات مما بين لابتيها حين يصبح لم يضره ذلك اليوم سم حتى يمسي ( م ) عن سعد

6085. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تاڭ ئاتقۇزغان ئەتىگىنى مەدىنىنىڭ ئىككى ساي ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى خورمىلاردىن يەتتە تال خورما يەپ بەرسە، شۇ كۈنى كەچ بولغانغا قەدەر ئۇ كىشىگە زەھەر، زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. (سېھىرمۇ شۇنداق). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**6086** ( حسن ) من أكل طعاما ثم قال: الحمد لله الذي أطعمني هذا الطعام و رزقنيه من غير حول مني و لا قوة غفر له ما تقدم من ذنبه و من لبس ثوبا فقال: الحمد لله الذي كساني هذا و رزقنيه من غير حول مني و لا قوة غفر له ما تقدم من ذنبه و ما تأخر ( حم 4 ك ) عن معاذ بن أنس

6086. مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تاماق يەپ بولۇپ، «بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ماڭا مۇشۇ تاماقنى، مېنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىمسىز تاماق ۋە رىزىق قىلىپ بەرگەن، ئاللاھقا خاستۇر دېسە» ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، كىم بىر كىيىمنى كىيىپ: «بارلىق ھەمدۇ ـ سانا مېنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىمسىز ماڭا مۇشۇ رىزىقنى بەرگەن، مۇشۇ كىيىمنى بەرگەن ئاللاھقا خاستۇر» دېسە، ئۇنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەھمەد، ھاكىم تۆت كىتاب توپلىغان، ھەسەن.

**6087** ( حسن ) من أكل لحما فليتوضأ( حم طب ) عن سهل ابن الحنظلية

6087. سەھلى ئىبنى ھەنزەلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم گۆش يېسە، (تاھارىتى سۇنغانلىقىدىن) ئۇ تاھارەت ئالسۇن. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن. بىز يۇقىرىدا بۇ ھەدىسنى مەنسۇخ، كۈچكە ئىگە ئەمەس دېدۇق، بۇ ئىسلامنىڭ باش تەرىپىدە يولغا قويۇلۇپ، كېيىن ئەمەلدىن قالغان دەلىل يۇقىرىدا ئۆتتى.

**6088** ( صحيح ) من أكل مع قوم تمرا فلا يقرن إلا أن يأذنوا له ( طب ) عن ابن عمر

6088. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر قەۋم ، جامائەت بىلەن بىرگە خورما يەپ قالسا، جۈپلەپ ـ جۈپلەپ ئىككىدىن يېۋالمىسۇن، لېكىن، ئۇلار ئىزنى قىلسا، رۇخسەت قىلىپ رازى بولسا، بۇ مۇستەسنادۇر، مەيلى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) من أكل من هذه البقلة: الثوم و البصل و الكراث فلا يقربنا في مساجدنا فإن الملائكة تتأذى مما يتأذى منه بنو آدم ( م ت ن ) عن جابر

6089. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم خام سامساق، خام پىياز، چىڭسەي، يۇمغاق سۆتلەردىن ئىبارەت مۇشۇنداق پۇراقلىق سەي ـ كۆكتاتلارنى يېسە، بىزگە، مەسجىدلىرىمىزگە يېقىن كەلمىسۇن، چۈنكى ئادەم باللىرى ئازار يېگەن نەرسىلەردىن پەرىشتىلەرمۇ ئازار يەيدۇ. مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، (پىشقىق ھالەتتە يېسە بولىدۇ) توپلىغان، سەھىھ.

**6090** ( صحيح ) من أكل من هذه الشجرة الخبيثة شيئا فلا يقربنا في المسجد: يا أيها الناس إنه ليس لي تحريم ما أحل الله و لكنها شجرة

أكره ريحها ( حم م ) عن أبي سعيد

6090. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇشۇ نىجىس، سېسىق دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەردىن (يەنى خام سامساقتىن ) يېسە مەسجىدلەردە بىزگە يېقىن كەلمىسۇن، ئى ئىنسانلار! ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىلەرنى مېنىڭ ھارام قىلىش ھوقۇقۇم يوق، لېكىن مەن بۇ ئۆسۈملۈك، كۆكتاتنىڭ پۇرىقىنى ياقتۇرمايمەن، (خام يېيىش مەكروھ پىشۇرۇش ھالەتتە پۇرىقىنى يوقۇتۇپ يېسە دۇرۇس بولىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

6091. بۇ ھەدىسنى بەيھەقى، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان بولۇپ، سەھىھ، مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش، خام سامساقتىن چەكلەيدۇ.

من أكل من هذه الشجرة الخبيثة فلا يقربن مصلانا حتى يذهب ريحها ( حم د حب ) عن المغيرة بن شعبة

6092. مۇغەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇشۇ سېسىق كۆكتاتتىن( يەنى خام پىياز، خام سامساقتىن) يەپ قالسا، ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقى يوقاپ كەتمىگۈچە نامازگاھىمىزغا يەنى مەسجىدلىرىمىزگە يېقىن كەلمىسۇن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

6093. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر، شۇنىڭغا قارىغاندا تاماكا قاتتىق چەكلىنىدۇ، ھازىرغۇ تاماكا ئىچمەك بىلەن ھارام قىلىنىدى.

من أكل من هذه الشجرة فلا يقربن مسجدنا و لا يؤذينا بريح الثوم( م ه ) عن أبي هريرة

6094. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇشۇ خام سامساقتىن ئىبارەت سەي - كۆكتاتنى يېگەن بولسا، ئۇ مەسجىدلىرىمىزگە يېقىن كەلمىسۇن، بىزگە سامساقنىڭ سېسىق پۇرىقى بىلەن ئازار بەرمىسۇن. مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6095** ( صحيح ) من أكل من هذه الشجرة فلا يقربنا و لا يصلين معنا ( ق ) عن أنس

6095. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇشۇ خام سامساقتىن ۋە باشقا سېسىق پۇراقلىق كۆكتاتتىن يەپ سالسا، ئۇ بىزگە يېقىن كەلمىسۇن، بىز بىلەن بىرگە نامازمۇ ئوقۇمىسۇن. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

6096. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر.

**6097** ( صحيح ) من التمس رضا الله بسخط الناس كفاه الله مؤنة الناس و من التمس رضا الناس بسخط الله وكله الله إلى الناس ( ت ) عن عائشة

6097. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كىشىلەرنى خاپا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈش بەدىلىگە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلسا، ئاللاھنى رازى قىلىمەن دەپ كىشىلەرنى كايىتىپ قويسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە كىشىلەرنىڭ چىقىملىرىدىن ياردەملىرىدىن ھەممە ئىشلىرىدىن كۇپايە بولىدۇ، ئۆزى ئىگە بولىدۇ. كىم ئاللاھنىڭ غەزىپى، كايىشى بەدىلىگە كىشىلەرنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى كىشىلەرگە تاشلاپ قويۇپ، ئىگە بولمايدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

من أماط أذى عن طريق المسلمين كتب له حسنة و من تقبلت منه حسنة دخل الجنة( خد ) عن معقل بن يسار

6098. مەئقەل ئىبنى يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇسۇلمانلارنىڭ يولىدىن ھەر قانداق بىر ئەزىيەتنى يوق قىلسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ، كىمدىن بىر ياخشىلىق قوبۇل قىلىنىپ قالسا، ئۇ كىشى شۇ سەۋەبلىك جەننەتكە كىرىدۇ. بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، ھەسەن.

**6099** ( حسن ) من أمركم من الولاة بمعصية فلا تطيعوه( حم ه ك ) عن أبي سعيد

6099. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋالىيلاردىن ئەمىرـ باشلىقلاردىن بىرەر كىشى سىلەرنى گۇناھ ـ مەئسىيەتكە بۇيرىسا، ھەرگىز ئىتائەت قىلماڭلار، گۇناھنى قىلماڭلار، (خالققا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ، مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوق. ھەدىس.) ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

من أمسك كلبا فإنه ينقص من عمله كل يوم قيراط إلا كلب حرث أو كلب ماشية ( خ ) عن أبي هريرة

6100. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىت باقسا، ھەققەتەن ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن ھەر كۈنى چوڭ بىر تاغدەك كامالپ تۇرىدۇ، لېكىن، زىرائەتلەرنى، چارۋا ـ ماللارنى قوغدايدىغان ئاپشاركا ئىت بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. (ئوۋ ئىتى، رازۋېدكا ئىتى مۇستەسنادۇر). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) من أم الناس فأصاب الوقت و أتم الصلاة فله و لهم و من انتقص من ذلك شيئا فعليه و لا عليهم ( حم د ه ك ) عن عقبة بن عامر

6101. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ، ۋاقىتنى توغرا تېپىپ، نامازنى ئۆز ۋاقتىدا كامىل ئوقۇپ بەرسە، ئۇنىڭ مەنپەئەتى ۋە قەۋمىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولىدۇ، كىم ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى كەملىتىپ قويسا، دەل ۋاقتىدا ئوقۇماستىن كامىل ئادا قىلىپ بېرەلمىسە، ئىمامنىڭ زەرىرىگە بولىدۇ، قەۋملەرنىڭ زەرەرلىرىگە بولمايدۇ، (جىنايەت ئىمامدا بولىدۇ.) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6102** ( حسن ) من أم قوما و هم له كارهون فإن صلاته لا تجاوز ترقوته ( طب ) عن جنادة

6102. جۇنادەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر قەۋم ، جامائەتكە ئىمام بولسا، ئۇلار ئۇ كىشىنىڭ ئىماملىقىنى ياقتۇرمىسا، ھەققەتەن ئۇ كىشىنىڭ نامىزى گېلىدىن، بويىنىدىن يۇقىرى ئۆتمەيدۇ، (يەنى قوبۇل بولمايدۇ.) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

من أمن رجلا على د مه فقتله فأنا بريء من القاتل و إن كان المقتول كافرا( تخ ن ) عن عمرو بن الحمق

6103. ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمكى بىر كىشىنىڭ قېنىغا، جېنىغا، ئەمىنلىك، تىنچلىق بېرىپ، ئىشەنسە، ئاندىن ئۇ كىشى ئەمىنلىك بەرگۈچىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، گەرچە ئۆلتۈرۈلگەن كىشى كاپىر، دىنسىز بولسىمۇ مەن قاتىلدىن بىزار (مەن خائىندىن بىزاردۇرمەن). نەسەئى، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

من انتسب إلى غير أبيه أو تولى غير مواليه فعليه لعنة الله و الملائكة و الناس أجمعين ( ه ) عن ابن عباس

6104. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆزىنى دادىسىدىن باشقا كىشىگە نىسبەت بەرسە، باشقا كىشىنى دادام دەپ داۋا قىلسا، ياكى ئۆز خوجايىنىدىن يۈز ئۆرۈپ باشقا خوجايىنىنى خوجايىنىم دېسە، ئۇ كىشىگە ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

6105 ( صحيح ) من انتهب فليس منا ( حم الضياء ) عن أنس ( حم د الضياء ) عن جابر

6105. ئەنەس، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بۇلاڭچىلىق قىلسا، بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس، (چۈنكى، ئۇ كامىل مۆئمىن ئەمەس). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

من أنظر معسرا أو وضع عنه أظله الله في ظله يوم لا ظل إلا ظله ( حم م ) عن أبي اليسر

6106. ئەبۇليۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قەرز بېرىپ تۇرغان نامرات كىشىنىڭ، باي بولۇشىنى، قادىر بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرسا، ياكى ئۈنىڭدىن قەرزنى كۆتۈرۈۋەتسە، ئۆتۈۋەتسە، ئاللاھنىڭ (ئوخشىشى يوق)سايىسىدىن باشقا سايە يوق بولغان قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئۆز سايىسىدىن سايە چۈشۈرۈپ ئۆتۈۋېتىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

من أنظر معسرا أو وضع له أظله الله يوم القيامة تحت ظل عرشه يوم لا ظل إلا ظله ( حم ت ) عن أبي هرير

6107. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قەرزدار بولۇپ قالغان نامرات كىشىنىڭ باي بولۇشىنى، قادىر بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرسا، ياكى قەرزنى كۆتۈرۈۋېتىپ ئۆتۈۋەتسە، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى قىيامەت كۈنى ئەرشىنىڭ سايىسىدا سايىدىتىدۇ، ئۇ كۈنى شۇ سايىدىن باشقا سايە يوقتۇر. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) من أنظر معسرا فله بكل يوم مثله صدقة قبل أن يحل الدين فإذا حل الدين فأنظره فله بكل يوم مثلاه صدقة ( حم ه ك ) عن بريدة

6108. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قەرزنى سۈيلەشتە نامرات كىشىنىڭ قادىر بولۇشىغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرسا، ئۇ كىشى ئۆچۈن، قەرزنى قايتۇرۇش مۇددىتى توشۇشتىن بۇرۇن، ھەر كۈنى شۇ قەرز پۇلىنىڭ مىقدارىدا سەدىقە قىلغانلىقنىڭ ساۋابى بولىدۇ، مۇددەت توشقاندىن كېيىن ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈپ تۇرسا، شۇ پۇلنىڭ مىقدارىدا ئىككى ھەسسە سەدىقە قىلغانلىقنىڭ ساۋابى بولىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

6109 ( صحيح ) من أنفق زوجين في سبيل الله نودي من أبواب الجنة: يا عبد الله هذا خير فمن كان من أهل الصلاة دعي من باب الصلاة و من كان من أهل الجهاد دعي من باب الجهاد و من كان من أهل الصيام دعي من باب الريان و من كان من أهل الصدقة دعي من باب الصدقة ؛ قال أبو بكر: هل يدعى أحد من تلك الأبواب كلها ؟ قال: نعم و أرجو أن تكون منهم ( حم ق ت ن ) عن أبي هريرة

6109. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا بىر جۈپ نەرسە سەدىقە قىلسا، (يەنى بىر جۈپ كالا ـ قوي ھەدىي قىلسا) ئۇ كىشى جەننەتنىڭ بارلىق ئىشىكلىرىدىن چاقىرىلىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى!، مانا بۇ ياخشى، بۇ ياخشى

دېيىلىدۇ ، كىم ناماز ئەھلىدىن بولسا ، ناماز ئىشىكىدىن چاقىرىلىدۇ، جىھاد ئەھلىدىن بولسا ، جىھاد ئىشىكىدىن چاقىرىلىدۇ، روزا ئەھلىدىن بولسا ، رەييان دېگەن روزا ئىشىكىدىن چاقىرىلىدۇ، سەدىقە ئەھلىدىن بولسا ، جەننەتنىڭ سەدىقە ئىشىكىدىن چاقىرىلىدۇ، مانا بۇ ئىشىكىدىن جەننەتكە كىرگىن! دېيىلىدۇ . ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئاشۇ ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىدىن چاقىرىلىدىغان كىشىمۇ بارمۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەئە بار، مەن سېنىڭ ئاشۇ ھەممە ئىشىكلەردىن تەڭ چاقىرىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇشۇڭنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن دېدى. ئەھمەد ، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

من أنفق نفقة في سبيل الله كتبت له سبعمائة ضعف ( حم ت ن ك ) عن خزيم بن فاتك

6110. خۇزەيمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا بىرنەرسە نەپىقە قىلسا ، (بىرلا نەرسە سەدىقە قىلسا)، ئۇ كىشى ئۈچۈن نىيىتى، ئىخلاسىغا قارىتا 700 ھەسسە ئەجىر يېزىلىدۇ، (يەنى بىرگە 700 ھەسسە ئەجىر بېرىلىدۇ.) ئەھمەد ، تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6111** ( حسن ) من أهان سلطان الله في الأرض أهانه الله( ت ) عن أبي بكرة

6111. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھنىڭ زېمىندىكى سۇلتان، خەلىپىسىنى ئاھانەت قىلىپ ھاقارەتلەپ خارلىسا ، ئاللاھ ئۇ كىشىنى خارلايدۇ. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

**6112** ( صحيح ) من أهان قريشا أهانه الله ( حم ك ) عن عثمان

6112. ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قۇرەيشلەرنى ئاھانەت قىلىپ خارلىسا ، ئاللاھ ئۇ كىشىنى خارلايدۇ. ئەھمەد ، ھاكىم توپلىغان ، سەھىھ.

من بات على ظهر بيت ليس عليه حجاب(ليس له حجار) فقد برئت منه الذمة( خد د ) عن علي بن شيبان

6113. ئەلى ئىبنى شەيبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆگزىسىنىڭ ئۈستىدە ھىجابسىز، پەردىسىز ئەتراپىنى توسۇپ تۇرىدىغان قورغانسىز كېچىسى ياتسا ، ھەقىقەتەن ئۇ كىشىدىن ئەھدە، كېپىللىك بىكار قىلىنىدۇ، ئۇ بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىگە ئۆزى ئىگە بولىدۇ، (يەنى ئۆگزىدىن چۈشۈپ كەتسە يا بىرەر كېلىشمەسلىك كەلسە ، ياكى ھايۋان چېقىۋالسا ، بۇ ئۆزىنىڭ شورى بولىدۇ). ئەبۇ داۋۇد 4384 ـ ھەدىس، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

من بات و في يده ريح غمر فأصابه وضح فلا يلومن إلا نفسه ( طس ) عن أبي سعيد

6114. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كېچىسى قولىدا گۆشقا ئوخشاش يېمەكلىكنىڭ كىر قالدۇقلىرى، پۇراقلىرى بار ھالەتتە يېتىپ قالسا ، ئاندىن ئۇنىڭغا بىرەر جاراھەت، مۇسىبەت يېتىپ قالسا ئۇ پەقەت ئۆزىگىلا مالامەت ، تاپا ـ تەنە قىلسۇن،( بۇ ئۆزىنىڭ شورى.) تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، ھەسەن.

**6115** ( صحيح ) من بات و في يده غمر فأصابه شيء فلا يلومن إلا نفسه ( خد ت ك ) عن أبي هرير

6115. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: كىم قولىدا كىر قالدۇقلىرى بار ھالەتتە قولىنى يۇماي يېتىپ قالسا، ئاندىن ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە يەتسە،( يەنى كېسەل بولسا ياكى زەھەرلىك ھايۋان چاقسا)، ئۇ پەقەت ئۆزىگىلا مالامەت قىلسۇن، ئۆزىنىلا ئەيىبلىسۇن. تىرمىزى، ھاكىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**6116** ( حسن ) من باع بيعتين في بيعة فله أوكسهما أو الربا ( د ك ) عن أبي هريرة

6116. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر قېتىملىق بەيئى سودىدا ئىككى خىل سودا قىلسا،(نەخ ئون يۈەن ، نېسى ئون بەش يۈەن دېيىلسە.) ئۇ كىشى ئۇچۇن ئۇ ئىككى خىل سودىنىڭ ناقىسراقى (يەنى پۇلى تۆۋەنرەكى) دۇرۇس بولىدۇ . ياكى ئۇ كىشى (يۇقىرىقى ئىككى خىل سودىنىڭ يۇقىرى باھادىكىسى بويىچە سودا قىلسا)جازانە، ئۆسۈم قىلغان بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 3002 ـ ھەدىس، ھاكىمۇ توپلىغان، ھەسەن، تىرمىزى 1152 ـ ھەدىس، نەسەئى 4553 ـ ھەدىس، ئەھمەد 9214 ـ ھەدىسلەردە بىر سودىدا ئىككى خىل سودا قىلىشدىن توسقانلىقى باردۇر.

تىرمىزىينىڭ بۇ ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا تەپسىرى بار بولۇپ، ئالىملار بۇنى ماۋۇ نەرسىنى نەخ 10 دىرھەمگە، نېسى 20 دىرھەمگە ياكى 15 دىرھەمگە ساتىمەن دېگەن سودا، نەخ بىر خىل، نېسى بىر خىل سودا ھارام، ئۇ جازانە ئۆسۈم بولىدۇ دېگەن ، ياكى ماۋۇ سودا پۈتسە، بۇ سودىمىز پۈتىدۇ دېيىشىدىن چەكلىنىدۇ، لېكىن، شۇ نەخ مەيداندا سودىلىشىپ، ئەرزان ياكى قىممەت بىر باھادا پۈتۈشسە، پۈتۈشكەندىن كېيىن نېسى قالسا، يا ئازراق نېسى قالسا، بۇ تەبىئىي دۇرۇس. ئىككى خىل سودا مەۋجۇت ئەمەستۇر، قىممەت ئېلىپ قېلىش، نېسى ئېلىش دۇرۇس، لېكىن، نەخ بىر خىل، نېسى بىر خىل بولسا، بۇ ۋاقىتنى ساتقانلىق، ئۆز ئەينى جازانە، ئۆسۈم بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى ئوچۇق قىلىپ ئەرزان باھاسىدىكى يەنى نەخ ساتقاندىكى باھاسى بويىچە دۇرۇس بولىدۇ، لېكىن، نېسى ساتقاندىكى زىيادىسى جازانە، ئۆسۈم بولىدۇ دەپ كۆرسەتتى، ئەمدى بىزگە بۇنىڭدىن باشقا پەتۋانىڭ لازىمى يوق، ھاجىتىمىز يوق، بىز پەيلاسوپ، دوكتورلارنىڭ سۆزىنى ئەمەس قۇرئاننىڭ ئاندىن قالسا، سەھىھ ھەدىسنى ئاندىن كېيىن ساھابىلار، تابىئىنلارنىڭ سۆزىنى، ئىجماسىنى قوبۇل قىلىپ، شۇ بويىچە ئەقىدە، ئىبادەت قىلىمىز، ئۇنداقتا ھەدىس ئوچۇق، باشقا پەتىۋا لازىم ئەمەس، نەخ بىر خىل، نېسى بىرخىل سودا قىلسا، جازانە، ئۆسۈم بولىدۇ.

من باع ثمرا فأصابته جائحة فلا يأخذ من مال أخيه شيئا علام يأكل أحدكم مال أخيه المسلم ؟ !(ه حب ك) عن جابر

6117. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېۋىنى يا مېۋىلىك باغنى ساتسا، ئاندىن ئۇنىڭغا ئاپەت يەتسە، ئۇ قېرىندىشىنىڭ مال ـ مۈلۈكىدىن بىرەر نەرسە ئالمىسۇن، بىرىڭلار ، مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى نېمىگە ئاساسەن يەيدۇ؟! (يەنى ئاپەت يەتسىمۇ يوق مېۋىگە پۇل ئالسا، بۇ ھارام بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ھەقسىز ئالغان بولىدۇ). ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**6118** ( حسن ) من باع جلد أضحيته فلا أضحية له ( ك هق ) عن أبي هريرة

6118. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قۇربانلىقنىڭ تېرىسىنى سېتىۋالسا، (يەنى سېتىپ ئۆزى ئىستېمال قىلىۋالسا،) ئۇ كىشى

ئۆچۈن قۇربانلىق يوقتۇر، قۇربانلىقنىڭ تېرىسىنى ساتقان كىشىگە قۇربانلىق يوق. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن، قۇربانلىقنىڭ تېرىسى سەدىقە قىلىنىدۇ، ياكى توپلاپ ئېلىم، مائارىپ ئىشلىرىغا ئىستېمال قىلىنىدۇ، بولۇپمۇ ھازىر ئىسلام دىنى ئىلىم، مائارىپقا سەرپ قىلىنىدۇ.

**6119** ( حسن ) من باع دارا ثم لم يجعل ثمنها في مثلها لم يبارك له فيها ( ه الضياء ) عن حذيفة

6119. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆي، ھويلا، تۇرالغۇ جايلىرىنى سېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ پۇلىغا شۇ جاينىڭ ئوخشىشىنى قىلىپ قويمىسا، (تۇرالغۇ جايسىز قالسا) ئۇ كىشى ئۈچۈن ئۇ پۇلدا بەرىكەت بېرىلمەيدۇ. ئىبنى ماجە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن.

**6120** ( حسن ) من باع منكم دارا أو عقارا فليعلم أنه مال قمن أن لا يبارك له فيه إلا أن يجعله في مثله ( حم ه ) عن سعيد بن حريث

6120. سەئىد ئىبنى ھەرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى ھويلا ـ ئارام، تۇرالغۇ جايىنى ياكى بىرەر زېمىننى ساتسا، شۇنى بىلىپ قالسۇنكى، ئۇنىڭ پۇلىغا شۇ جاينىڭ ئوخشىشىنى قىلىپ قويمىسا، ئۇ پۇلغا قەتئىي بەرىكەت بېرىلمەيدۇ.( بۇرۇنقى جايىنىڭ ئوخشىشى بار بولسا، تۇرالغۇ جايسىز قالمىسا، بۇ مۇستەسنادۇر خۇددى ئۆي ـ زېمىن تىجارىتى دۇرۇس بولغاندەك). ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**6121** ( صحيح ) من بدأ بالسلام فهو أولى بالله و رسوله ( حم ) عن أبي أمامة

6121. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم سالامنى باشتا قىلسا، ئۇ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئەڭ لايىق، يېقىنراقتۇر. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**6122** ( حسن ) من بدأ بالكلام قبل السلام فلا تجيبوه ( طس حل ) عن ابن عمر

6122. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم سالام قىلىشتىن بۇرۇن سۆز قىلىش بىلەن باشلىسا، ئۇ كىشىگە جاۋاب بەرمەڭلار، (چۈنكى سالام، سۆز ـ سوئالدىن بۇرۇن بولىدۇ). تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ.

**6123** ( صحيح ) من بدا جفا ( حم ) عن البراء

6123. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم يېزا ، سەھراغا چىقىپ ياشىسا، قەلبى قېتىپ كېتىدۇ، (نادان قالىدۇ). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

من بدا جفا و من اتبع الصيد غفل و من أتى أبواب السلطان افتتن( طب ) عن ابن عباس

6124. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم يېزا، سەھرادا ياشىسا، قەلبى قېتىپ، تەبىئىتى قوپاللىشىپ كېتىدۇ. كىم ئوۋغا ئەگەشسە، غەپلەتتە قالىدۇ، كىم سۇلتاننىڭ ئىشىكلىرىگە تولا بارسا، پىتنە ـ پاساتتا قالىدۇ، (سۇلتانغا يېقىن بولغان كىشى ئاللاھدىن يىراقلىشىدۇ). ئەھمەد 8481 ـ ھەدىس، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئىسلام خەلىپىسى بولغان سۇلتاندا شۇنداق بولسا، دىنسىز پادىشاھلاردا نىمە بولۇپ كېتەر ھە؟! كۇفرىلىق بىلەن



www.uyghurkitap.com

شېرىككە رازى بولسا، كاپىر، مۇشرىك بولىدۇ.

**6125 ( صحيح ) من بدل دينه فاقتلوه ( حم خ 4 ) عن ابن عباس**

6125. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم دىنىنى ئۆزگەرتسە، (يەنى ئىسلام دىنىدىن مۇرتەد بولۇپ باشقا دىنغا قايتىۋالسا،) ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، (ساھابىلار ئۇنداق كىشىنىڭ كاللىسىنى ئالغان، بۇ ئىجمائىدىمۇ بار). ئەھمەد، بۇخارى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**6126 ( صحيح ) من بلغ بسهم في سبيل الله فهو له درجة في الجنة ( د ن حب ك ) عن أبي نجيح**

6126. ئەبۇ نەجىيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا بىر ئوقنى جايىغا تەگكۈزۈپ ئاتسا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتتە بىر دەرىجە يۇقىرى ئۆرلەش بولىدۇ. (مەن شۇ كۈنى 16 ئوقنى جايىغا تەگكۈزگەن ئىدىم)، كىم ئاللاھ يولىدا بىر ئوقنى ئاتسا، ئۇ بىر قۇل ئازاد قىلغانغا تەڭ بولىدۇ. نەسەئى 3092 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1562 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3452 ـ ھەدىس، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6127 ( صحيح ) من بنى لله مسجدا بنى الله له بيتا في الجنة ( ه ) عن علي**

6127. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا مەسجىد سالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي سېلىپ بېرىدۇ، (يەنى جەننەتكە كىرىدۇ دېگەن بولىدۇ) ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

**من بنى لله مسجدا و لو كمفحص قطاة أو أصغر بنى الله له بيتا في الجنة ( ه ) عن جابر**

6128. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ ئۈچۈنلا بىر مەسجىد سالسا، گەرچە ئۇ مەسجىد، كەپتەرگە ئوخشاش قەتات ئىسىملىك قۇشنىڭ ئۇۋىسىچىلىك بولسىمۇ ياكى بۇ قۇشلارنىڭ ئۆيىدىن كىچىك بولسىمۇ ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي سېلىپ بېرىدۇ. ئىبنى ماجە 730 ـ ھەدىس، ئەھمەد 2059 ـ ھەدىس، سەھىھ.

6129. بۇ ھەدىس، ئەھمەدنىڭ 2050 ھەدىسى بولۇپ، سەھىھ، مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش، قۇشنىڭ ئۇۋىسى، تۇخۇم ئۈچۈن راسلىغان ئۆيىچىلىك مەسجىد سالغان كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي سېلىنىدۇ، بۇ جەننەتتىن بېشارەتتۇر .

6130. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ۋە تۆۋەندىكىگە ئوخشاشتۇر.

**6131 ( صحيح ) من بنى مسجدا يبتغي به وجه الله بنى الله له مثله في الجنة ( حم ق ت ه ) عن عثمان**

6131. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھنىڭ جامالىنى، رازىلىقىنى تەلەپ قىلىپ، ئاللاھ ئەسلىنىپ تۇرىدىغان مەسجىد سالسا، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە جەننەتتە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئۆي بىنا قىلىپ بېرىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6132 ( صحيح ) من تاب إلى الله قبل أن يغرغر قبل الله منه ( ك ) عن رجل**

6132. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: كىم قىلغان گۇناھلىرىدىن ئاللاھتائالاغا جان ھەلقۇمىغا كېلىشتىن بۇرۇن (جان ئۈزۈش ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن) تەۋبە قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىپ، مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6133** ( صحيح ) من تاب قبل أن تطلع الشمس من مغربها تاب الله عليه ( م ) عن أبي هريرة

6133. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كۈن كىرگەن جايىدىن چىقىشىدىن بۇرۇن تەۋبە قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، (كۈن كىرگەن جايىدىن چىققاندىن كېيىن قوبۇل بولماسلىقى، ئۇ قىيامەتنىڭ ئالامىتى بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن تۇغۇلۇپ ئىمان ئېيتسا تەۋبە قىلسا يەنە قوبۇل قىلىنىدۇ، ئاللاھ ئالىم«ئىبنى ئاباش»). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**6134** ( صحيح ) من تبع جنازة حتى يصلي عليها كان له من الأجر قيراط و من مشى مع الجنازة حتى تدفن كان له من الأجر قيراطان و القيراط مثل أحد ( حم ن ) عن البراء ( حم م ه ) عن ثوبان

6134. بەررائى، سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جىنازىغا، يەنى مېيىتكە ، ناماز ئوقۇغانغا قەدەر ئەگەشسە، ئۇ كىشى ئۈچۈن بىر قىيرات ئەجىر بولىدۇ، كىم مېيىت دەپنە قىلىنغانغا قەدەر جىنازىغا ئەگەشسە، ئۇ كىشىگە ئىككى قىيرات ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ، بىر قىيرات دېگەن ئۇھۇد تېغىدەك چوڭ ساۋابتۇر. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6135** ( صحيح ) من تبع جنازة حتى يصلي عليها و يفرغ منها فله قيراطان و من تبعها حتى يصلي عليها فله قيراط و الذي نفس محمد بيده لهو أثقل في ميزانه من أحد( حم ه ) عن أبي

6135. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جىنازىغا، ناماز چۈشۈرۈپ ۋە دەپنە قىلىپ پارىغ بولغىچە ئەگەشسە، ئۇ كىشىگە ئىككى قىيرات ئەجىر بولىدۇ، كىم ئۇنىڭغا ناماز چۈشۈرگىچىلىك ئەگەشسە، بىر قىيرات ئەجىر بېرىلىدۇ. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە ئۇ بىر قىيرات ئەجىر، مىيزاندا ئۇھۇد تېغىدىنمۇ ئېغىرراق كېلىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

6136. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

6137. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر. ھەسەن.

**6138** ( صحيح ) من تبع جنازة مسلم أيمانا و احتسابا و كان معها حتى يصلي عليها و يفرغ من دفنها فإنه يرجع من الأجر بقيراطين كل قيراط مثل أحد و من صلى عليها ثم رجع قبل أن تدفن فإنه يرجع بقيراط من الأجر ( خ ن ) عن أبي هريرة

6138. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇسۇلمان كىشىنىڭ جىنازىسىغا، ئاللاھقا ۋە ئەجرىگە ئىمان كەلتۈرۈپ ساۋاب ئۈمىد قىلىپ ئەگەشسە، ناماز چۈشۈرۈپ دەپنە قىلىشتىن پارىغ بولغانغا قەدەر بىللە تۇرسا، ھەقىقەتەن ئۇ كىشى ئىككى قىيرات ئەجىر بىلەن قايتىدۇ، ھەر بىر قىيرات ئەجىر ئۇھۇد تېغىدەك چوڭدۇر، كىم جىنازىغا، ناماز ئوقۇپلا قايتسا، ئۇ كىشى بىر قىيرات ئەجىر بىلەن قايتىدۇ. بۇخارى، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسدىن مۇسۇلمانغا جىنازا نامىزىنى ئوقۇپ مەغپىرەت سوراش، ئەمما مۇناپىق، كاپىرلارغا قەتئىي ناماز چۈشۈرمەسلىك، مەغپىرەت سورىماسلىق چىقىپ تۇرىدۇ.

من تحلم كاذبا كلف يوم القيامة أن يعقد بين شعيرتين و لن يعقد بينهما( ت ه ) عن ابن عباس

6139. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم يالغاندىن چۈش كۆردۇم دەپ داۋا قىلسا، ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى ئىككى تال قىلنىڭ ئارىسىنى چىگىشكە تەكلىپ قىلىنىدۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىز چىگىشكە قادىر بولالمايدۇ. (ئاندىن ئازابلىنىشى تۇرغانلا گەپ ـ دە!). تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من ترك الجمعة ثلاث مرات متواليات: من غير ضرورة طبع الله على قلبه( حم ك ) عن أبي قتادة ( حم ن ه ك ) عن جابر

6140. ئەبۇ قەتادە، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۈچ جۈمە نامىزىنى كەينى ـ كەينىدىن تەرك ئېتىپ ، زۆرۈرىيەتسىز، ئۆزرىسىز ئوقۇمىسا ، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىگە پېچەت ئۇرۇۋېتىدۇ، مۆھۈر بېسىۋېتىدۇ. ئەھمەد ، ھاكىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من ترك الحيات مخافة طلبهن فليس منا ما سالمناهن منذ حاربناهن ( حم د ) عن ابن عباس ( د ) عن أبي هرير

6141. ئىبنى ئابباس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم يىلاننىڭ ئىزدەپ كېلىپ قىساس ئېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى تەرك ئەتسە، ئۇ بىزدىن ئەمەس، (يەنى بىزنىڭ ئەخلاقىمىزدىن، باتۇرلىرىمىزدىن، ئەقىيدىمىزدىن ئەمەس،) بىز يىلانلار بىلەن جەڭ قىلىشنى باشلىغاندىن باشلاپ، ئۇلار بىلەن تىنچلىق سۈلھىسى تۈزەلمىدۇق، بىز مەڭگۈ ئەپلىشەلمەيمىز. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

من ترك الرمي بعد ما علمه رغبة عنه فإنها نعمة كفرها( طب ) عن عقبة بن عامر

6142. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئوق ئېتىشنى، قارىغا ئېتىشنى ياخشى ئۆگەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ، تەرك ئېتىپ تاشلىۋەتسە، ھەقىقەتەن ئۇ كاتتا بىر نېئمەتكە كۇفرىلىق قىلغان بولىدۇ. تەبرانى توپلىغان سەھىھ. راست! ئوق ئېتىش، قارىغا ئېتىش كاتتا نېئمەتتۇر ، ئۇ جەڭ مەيدانىدا مىسلىسىز نېئمەتتۇر ، قارىغا ئېتىپ، نىشانلاپ ئاتقان كاپىرنىڭ بارلىق نەرسىلىرى غەنىيمەتتۇر، تېخى ئاخىرەتتىكى دەرىجىلەر ئۇنىڭدىن زور نېئمەتتۇر .

**6143** ( صحيح ) من ترك ثلاث جمع تهاونا بها طبع الله على قلبه ( **4** حم ك ) عن أبي الجعد

6143. ئەبۇلجەئدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۈچ جۈمە نامىزىنى ھۇرۇنلۇق قىلىپ تەرك ئەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىگە مۆھۈر بېسىپ، پېچەت ئۇرۇۋېتىدۇ. ئەھمەد ، ھاكىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**6144** ( صحيح ) من ترك ثلاث جمعات من غير عذر كتب من المنافقين ( طب ) عن أسامة بن زيد

6144. ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۈچ جۈمە نامىزىنى ئۆزرىسىز تەرك ئېتىپ ئوقۇمىسا، ئۇ مۇناپىقلارنىڭ جۈملىسىدىن مۇناپىق دەپ

يېزىلىدۇ، (ئۇ راستتىنلا مۇناپىق، چۈنكى، ئۇ ئۆزرىسىزلا ھاكىمىيەتتىن، دىنسىزلاردىن مائاشىدىن ئەنسىرەپ جۈمەنى ئوقۇمايدۇ، ھەي مۇناپىق). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسىدىن دىنسىزلاردىن ئەنسىرەپ مائاشىدىن ئەنسىرەپ مۇشۇ دۇنيانى دەپ ئاللاھنى، ئاخىرەتنى، جەننەتنى كۆزلىمەي، جۈمە نامىزىنى ئوقۇمىغان كىشىلەر شەكسىز مۇناپىقتۇر، قەلبىگە مۆھۈر ـ پېچەت ئۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارغا قەتئىي ئىشىنىشكە بولمايدۇ، ھەتتا جىنازا نامىزىنىمۇ ئوقۇشقا بولمايدۇ دېگەن چىقىدۇ، سەن ئالىممۇ؟ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ؟ ئەلۋەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەھىھ ھەدىسى ھېساب، بىزگە بۇنىڭدىن باشقا پەتىۋا كېرەك ئەمەس، دەلىل ـ ئىسپاتقا قايىل بولمىساڭ، جاھىللىق قىلىپ، ھەققە باش ئەگمىسەڭ، مۇناپىق پېتى ياشاۋەر، ئاخىرى بىراقلا ھالاك بولىسەن، تېخى بۇ دۇنياغىمۇ تويىسەن، كۆپ تويىسەن، بۇ دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئوتتۇرىسىدا باراۋەرلەشتۈرۈپ تاللاش ئېلىپ بارغان كىشىنىڭ ئۆزىلا ئەخمەق، چۈنكى، ئاخىرەت چەكسىز مەڭگۈ باقىيدۇر، بۇ دۇنيا بولسا، چەكلىك، پانىيدۇر، بۇ دۇنيا ئاخىرەت ئالدىدا پەقەتلا يوقتۇر. (ئۆزرە ـ كېسەللىك ۋە سەپەر قاتارلىقلاردۇر)

**6145** ( حسن ) من ترك اللباس تواضعا لله و هو يقدر عليه دعاه الله يوم القيامة على رءوس الخلائق حتى يخيره من أي حلل الإيمان شاء يلبسها ( ت ك ) عن معاذ بن أنس

6145. مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قادىر تۇرۇپ، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ، كەمتەرلىكدىن زىننەتلىك ئېسىل لىباس كىيىملەرنى تەرك ئەتسە، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى قىيامەت كۈنى بارلىق خالايىقلار ئالدىدىلا چاقىرىپ، ئىماننىڭ تونلىرىدىن قايسىسىنى خالىسا، شۇنى كىيىشكە ئىختىيارلىق بېرىدۇ. (كاتتا، ئېسىل تونلاردىن تاللىۋال دەيدۇ). تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**6146** ( صحيح ) من ترك صلاة العصر حبط عمله ( حم خ ن ) عن بريدة

6146. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەسىر نامىزىنى تەرك ئېتىپ ئوقۇمىسا، ئۇنىڭ بارلىق ئەمەللىرى كۆيۈپ بىكار قىلىنىدۇ، (ئۇ پەقەتلا ھالاك بولىدۇ). ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6147** ( حسن ) من ترك مالا فلورثته و من ترك كلا فإلي الله و رسوله و أنا وارث من لا وارث له أعقل عنه و أرثه و الخال وارث من لا وارث له يعقل عنه و يرثه ( حم ه ) عن أبي كريمة

6147. ئەبۇ كەرىيمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مال ـ مۈلۈك قالدۇرسا، ئۇ ۋارىسلىرىنىڭ بولىدۇ، كىم ئەھلىنى، ئائىلىسىنى، يېتىم بالىلىرىنى قەرز قالدۇرسا، ئۇ ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە بولىدۇ، مانا مەن تۆلەيمەن، مەن ۋارىس يوق كىشىگە ۋارىس بولىمەن، ئۇنىڭ دىيەت، تۆلەم پۇلىنى بەيتۇلمالدىن تۆلىشىپ بېرىمەن، ھەم مىلىغا ۋارىس بولىمەن، چۈنكى ئۇنىڭ ۋارىس بولىدىغان كىشىسى يوق، ئانا تەرەپ تاغىمۇ ۋارىس يوق كىشىگە ۋارىس بولالايدۇ، ۋارىس بولغاچ ئۇنىڭ خاتا قاتىللىق قىلغان چاغدىكى دىيەت، تۆلەم پۇلىنىمۇ تۆلىشىپ بېرىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

من تزوج فقد استكمل نصف الإيمان فليتق الله في النصف الباقي( طس ) عن أنس

6148. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم توي قىلسا، ئىمانىنىڭ يېرىمىنى كامىل قىلغان بولىدۇ، قالغان يېرىمىدا ئاللاھدىن قورقۇپ تەقۋادار بولسۇن. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**6149** ( صحيح ) من تشبه بقوم فهو منهم ( د ) عن ابن عمر ( طس ) عن حذيفة

6149. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر قەۋمگە ئوخشىۋالسا، ئۇ شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ كېتىدۇ، (ھەتتا كىيىم ـ كېچەك، چاچ پوسۇنىدىمۇ يەھۇدىيلاردەك باشقا مىللەتكە ئوخشاپ قېلىشتىن توسقان). ئەبۇ داۋۇد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

من تصبح كل يوم بسبع تمرات عجوة لم يضره في ذلك اليوم سم و لا سحر ( حم ق د ) عن سعد

6150. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەر كۈنى ئەتىگەندە مەدىنىدىكى ئەجۋەت خورمىسىدىن يەتتە تال يەپ بەرسە، ئۇ كىشىگە شۇ كۈنى زەھەر ۋە سېھىر زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**6151** ( صحيح ) من تصدق بشيء من جسده أعطي بقدر ما تصدق ( طب ) عن عبادة

6151. ئۇبادەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆز جەسىتىدىن بىرەر نەرسىنى سەدىقە قىلىپ جىنايەتچىدىن ئەپۇ قىلسا، ئۆتنۈۋەتسە، ئۇ كىشىگە سەدىقە قىلغانلىقى مىقداردا ئەپۇ قىلىش بېرىلىدۇ، ئەجىر، ساۋاب بېرىلىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

من تصدق بعدل تمرة من كسب طيب و لا يقبل الله إلا الطيب فإن الله يتقبلها بيمينه ثم يربيها لصاحبها كما يربي أحدكم فلوه حتى تكون مثل الجبل ( حم ق ) عن أبي هريرة

6152. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا پەقەت ھالال كەسىپدىن قىلىنغان سەدىقىنى قوبۇل قىلىدۇ، كىم پاك، ھالال كەسىپدىن تاپقان نەرسىدىن بىر تال خورما چاغلىق نەرسىنى سەدىقە قىلسا، ئاللاھ ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئاندىن ئۇنى ئىگىسىگە خۇددى بىرىڭلار تايچىقنى تەربىيلەپ چوڭ قىلغاندەك تەربىيلەپ چوڭ قىلىپ بېرىدۇ، ھەتتا ئۇ بىر تال خورما چاغلىق نەرسە يوغىناپ، چوڭ تاغدەك بولۇپ كېتىدۇ، (ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئىككى قولى بار بولۇپ، ھەر ئىككىسى ئوڭدۇر، قەتئىي ئوخشىشى يوقتۇر، مەنىسى مەلۇم كەيپىياتى نامەلۇم، ئىمان، ئېتىقاد ۋاجىپ، كەيپىياتتىن سوئال سوراش بىدئەتتۇر). ئەھمەد، بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ.

**6153** ( حسن ) من تطبب و لم يعلم منه طب فهو ضامن ( د ن ه ك ) عن ابن عمرو

6153. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تېۋىپلىق قىلىپ ئادەم داۋالىسا، ئۇ كىشىدىن تېۋىپلىق ئىلمى مەلۇم بولمىسا، بۇ تېۋىپ كېيىل بولۇپ خاتا داۋالىغانىنى تۆلەيدۇ، (ھەتتا خاتا داۋالاپ ئۆلتۈرۈپ قويسا، 100 تۆگە تۆلەم بېرىدۇ). ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

من تطهر في بيته ثم أتى مسجد قباء فصلى فيه كان له كأجر عمرة ( ه ) عن أبي أمامة بن سهل بن حنيف

6154. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆيىدە تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن قوبا مەسجىدىگە كېلىپ ناماز ئوقۇسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن ئۆمرە ھەج قىلغانىنىڭ ئەجىر ـ ساۋابى بولىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6155** ( صحيح ) من تطهر في بيته ثم مشى إلى بيت من بيوت الله ليقضي فريضة من فرائض الله كانت خطواته إحداهما تحط خطيئة و الأخرى ترفع درجة( م ) عن أبي هريرة

6155. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆيىدە تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن ئاللاھنىڭ پەرزلىرىدىن بىر پەرز نامازنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدىن بىر مەسجىدگە ماڭسا، ئۇ كىشىنىڭ قەدەملىرىنىڭ بىرسى خاتالىقنى ئۆچۈرسە، يەنە بىرسى دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ھەربىر قەدىمىگە بىر خاتالىق ئۆچۈرۈلۈپ بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. نامازدىكى ۋە جامائەت ساۋابلىرى ئايرىم بېرىلىدۇ.

**6156** ( صحيح ) من تعار من الليل فقال حين يستيقظ: لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك و له الحمد يحيي و يميت بيده الخير و هو على كل شيء قدير سبحان الله و الحمد لله و لا إله إلا الله و الله أكبر و لا حول و لا قوة إلا بالله ثم قال: اللهم اغفر لي أو دعا استجيب له فإن قام فتوضأ ثم صلى قبلت صلاته ( حم خ د ت ه ) عن عبادة بن الصامت

6156. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كېچىسى ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئويغانغان چاغدا: «يەككە ـ يېگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ئاللاھقىلا خاس، بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، بارلىق ياخشىلىق ئاللاھنىڭ قولىدا، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر، ئاللاھ پاكتۇر. بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر، ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچبىر كۈچ ـ قۇۋۋەت يوقتۇر» دېسە، ئاندىن ئى ئاللاھ، مەن ئۈچۈن مەغپىرەت قىلسىلا دەپ دۇئا قىلسا، دۇئاسى ئىجابەت قىلىنىدۇ، ئەگەر تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇسا، نامىزى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەھمەد 21619 ـ ھەدىس، بۇخارى 1086 ـ ھەدىس، تىرمىزى 3336 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4401 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3868 ـ ھەدىس، سەھىھ.

من تعظم في نفسه و اختال في مشيته لقي الله و هو عليه غضبان ( حم خد ) عن ابن عمر

6157. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆز ئىچىدە ئۆزىنى چوڭ، ئۇلۇغ ساناپ مېڭىشىدا كىبىر قىلىپ ماڭسا، تەكەببۇرلۇق قىلسا، ئۇ ئاللاھ بىلەن، ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا غەزەپ قىلغان ھالدا ئۇچرىشىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**6158** ( صحيح ) من تعلم العلم ليباهي به العلماء أو يماري به السفهاء أو يصرف به وجوه الناس إليه أدخله الله جهنم ( ه ) عن أبي هريرة

6158. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىلىمنى ئۆلىمالارغا باھالاپ، مەنمەنلىك قىلىپ ماختىنىش ئۈچۈن ياكى نادانلار بىلەن مۇنازىرە، جېدەل قىلىش، دە ـ تالاش قىلىش ئۈچۈن ياكى ئىلىمى سەۋەبلىك كىشىلەرنىڭ يۈزىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆگەنسە، ئاللاھ ئۇ كىشىنى جەھەننەمگە كىرگۈزىدۇ، (يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنىلا

مەقسەت قىلسا، ئۇ دوۋزاختىكى ئورنىغا تەييارلانسۇن» دېگەن. ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. سەھىھ.

**6159** ( صحيح ) من تعلم علما مما يبتغى به وجه الله لا يتعلمه إلا ليصيب به عوضا من الدنيا لم يجد عرف الجنة يوم القيامة ( حم د ه ك ) عن أبي هريرة

6159. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىلىم ئېلىشتا ئاللاھنىڭ جامالى، رازىلىقى تەلەپ قىلىنىدىغان ئىلىمدىن بىر ئىلىمنى پەقەت مۇشۇ دۇنيادىن بىرەر نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈنلا ئۆگەنسە، ئۇ قىيامەت كۈنى جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ، (ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ پۇرىقى 500 يىللىق مۇساپە يىراقتىن تېپىلىدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) من تفل تجاه القبلة جاء يوم القيامة تفله بين عينيه و من أكل من هذه البقلة الخبيثة فلا يقربن مسجدنا ( د حب ) عن حذيفة

6160. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ناماز ئىچىدە تۇرۇپ، قىبلە تەرەپكە تۈكۈرسە، ئۇ قىيامەت كۈنى تۈكۈرگەن بەلغەم تۈكۈرۈكى، ئىككى كۆزىنىڭ ئارىسىدا پېشانىسىگە چاپلىشقىلىق ھالەتتە كېلىدۇ، كىم مۇشۇ سېسىق پۇراقلىق كۆكتات، خام سامساقنى يېسە، ئۇ مەسجىدىمىزگە يېقىن كەلمىسۇن. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**6161** ( صحيح ) من تقول علي ما لم أقل فليتبوأ مقعده من النار ( ه ) عن أبي هريرة

6161. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەن دېمىگەن سۆزنى مېنى دېدى دەپ ماڭا يالغاننى توقۇپ چىقسا، ئۇ ئۆز ئورنىنى دوزاختىن ئېلىۋالسۇن، (باشقا خاتىرىدە ئۇ دوۋزاختا كىرىدۇ دېيىلگەن). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6162** ( صحيح ) من تواضع لله رفعه الله ( حل ) عن أبي هريرة

6162. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ كەمتەر بولسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئەزىز قىلىۋېتىدۇ. ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

**6163** ( صحيح ) من توضأ فأحسن الوضوء ثم راح فوجد الناس قد صلوا أعطاه الله مثل أجر من صلاها و حضرها لا ينقص ذلك من أجرهم شيئا ( حم د ن ك ) عن أبي هريرة

6163. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئېلىپ ئاندىن مەسجىدكە مېڭىپ، كىشىلەرنى ناماز ئوقۇپ بولغان ھالەتتە تاپسىمۇ، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە شۇ نامازنى جامائەتكە ھازىر بولۇپ ئوقۇغاننىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ، جامائەتنىڭ ساۋابىدىن ھېچنەرسە كامىلىتىلماستىن تولۇق بېرىلىدۇ، (ئەمەللەر نىيەت بىلەن دېگەن شۇ دە!). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6164** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **5537** من توضأ فأحسن الوضوء ( ثم رفع بصره إلى السماء ) فقال: أشهد أن لا إله إلا الله وحده لا شريك له و أشهد أن محمد عبده و رسوله فتحت له أبواب الجنة يدخل من أيها شاء ( ن ه ك ) عن عمر

6164. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئېلىپ ئاندىن: «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق

ئىلاھ يوق، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق، ھەقىقەتەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى» دېسە، ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكى ئېچىلىدۇ، ئۇ جەننەتكە خالىغان ئىشىكىدىن كىرىدۇ. نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) من توضأ فأحسن الوضوء ثم صلى ركعتين لا يسهو فيهما غفر الله له ما تقدم من ذنبه ( حم د ك ) عن زيد بن خالد الجهني

6165. زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئېلىپ، ئاندىن سەھۋەنلىك سادىر قىلمىغان ھالەتتە ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن بۇرۇن قىلغان گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

من توضأ فأحسن الوضوء ثم صلى ركعتين يقبل عليهما بقلبه و وجهه وجبت له الجنة ( ن )عن عقبة بن عامر

6166. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تاھارەتنى ياخشى، ھەم كامىل ئېلىپ ئاندىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسا، ئۇ نامىزىغا دىلى بىلەن بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن ئالدىنى قىلىپ، نامازغا بېرىلىپ ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ. (چۈنكى، مەغپىرەت قىلىنىدۇ). نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. نامازنى چىن دىلىدىن ئاللاھدىن ئەيمىنىپ تۇرۇپ ئوقۇشقا تىرىشايلى.

من توضأ فأحسن الوضوء ثم قال: أشهد أن لا إله إلا الله وحده لا شريك له و أن محمدا عبده و رسوله اللهم اجعلني من التوابين و اجعلني من المتطهرين فتحت له ثمانية أبواب الجنة يدخل من أيها شاء ( ت ) عن عمر

6167. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئېلىپ، ئاندىن «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، يەككە ـ يېگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق، ھەقىقەتەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئى ئاللاھ مېنى تەۋبە قىلغۇچىلاردىن قىلسىلا، مېنى ھەر جەھەتتىن پاك ـ پاكىز بولغۇچىلاردىن قىلسىلا» دېسە، ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكى ئېچىلىدۇ، ئۇ جەننەتكە خالىغان ئىشىكىدىن كىرىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىس مۇھىم بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچە ئاسان ئىشنىمۇ كىشىلەر قىلمىغاچقا، ۋە باشقا سەۋەبلەردىن تەكرار كېلىدۇ.

6168. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يولىدىن توپلىغان بولۇپ، سەھىھ، يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

من توضأ فأحسن الوضوء خرجت خطاياه من جسده حتى تخرج من تحت أظفاره ( حم م ) عن عثمان

6169. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تاھارەتنى ياخشى ھەم كامىل ئالسا، ئۇنىڭ خاتالىقلىرى، جەسەتلىرىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ تىرناقلىرىنىڭ ئۈستىدىنمۇ چىقىپ كېتىدۇ، (بۇ توغرىسىدا نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەر ئۆتتى). ئەھمەد مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

من توضأ فقال بعد فراغه من وضوئه: سبحانك اللهم و بحمدك أشهد أن لا إله إلا أنت أستغفرك و أتوب إليك كتب في رق ثم جعل في طابع

فلم يكسر إلى يوم القيامة ( ن ك ) عن أبي سعيد

6170. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، ئاندىن تاھارەتتىن پارىغ بولغاندا: «ئى ئاللاھ، سىنى پاك، مەن سىنىڭگە ھەمدە ئېيتىمەن، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، سىنىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مەن سىنىڭگە تەۋبە قىلدىم، گۇناھلىرىمنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى سورايمەن، سىنىڭگە ئىستىغفار ئېيتىمەن» دېسە، ئۇنىڭ بۇ شاھادەت كەلىمىسى ۋە ئىستىغفارى بىر سەھىپىگە يېزىلىپ، ئاندىن ئۇنى مۆھۈر بېسىلغان نەرسە ئىچىگە سېلىنىپ، ئۇ،نەرسە قىيامەت كۈنىگىچە سۇندۇرۇلمايدۇ.( ئۇ گۇۋاھچى ئىسپات بولىدۇ). نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من توضأ فليستنثر و من استجمر فليوتر ( حم ق ن ه ) عن أبي هريرة ( م ) عن أبي سعيد

6171. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تاھارەت ئالسا، بۇرنىغا سۇ ئالسۇن، كىم ئىستىنجا قىلسا تاق قىلسۇن. ئەھمەد، مۇسلىم، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من توضأ كما أمر و صلى كما أمر غفر له ما قدم من عمل ( حم ن ه حب ) عن أبي أيوب وعقبة بن عامر

6172. ئەبۇ ئەييۇب، ئۇقبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قۇرئان ـ ھەدىستە بۇيرۇلغاندەك تاھارەت ئېلىپ، بۇيرۇلغاندەك ناماز ئوقۇسا، ئۇ كىشى ئۆچۈن بۇرۇن قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن، بىدئەتتىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار.

6173 ( صحيح ) من توضأ للصلاة فأسبغ الوضوء ثم مشى إلى الصلاة المكتوبة فصلاها مع الناس غفر الله له ذنوبه ( حم م ن ) عن عثمان

6173. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ناماز ئۈچۈن تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، ئاندىن پەرز نامازغا ماڭسا، ئۇ نامازنى كىشىلەر بىلەن بىرگە ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

6174 ( صحيح ) من توضأ مثل هذا الوضوء ثم أتى المسجد فركع ركعتين ثم جلس غفر له ما تقدم من ذنبه و لا تغتروا ( خ ه ) عن عثمان

6174. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئېلىۋېتىپ مۇنداق دېگەن: كىم مانا مۇشۇنداق تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، ئاندىن مەسجىدكە كىلىپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ ئولتۇرسا، ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

6175. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ۋە تۆۋەندىكىگە ئوخشاشتۇر.

من توضأ نحو وضوئي هذا ثم صلى ركعتين لا يحدث فيهما نفسه غفر له ما تقدم من ذنبه(حم ق د ن ) عن عثمان

6176. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مانا مۇشۇنداق مېنىڭ تاھارىتىمگە ئوخشاش كامىل تاھارەت ئالسا، ئاندىن ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسا، بۇ ئىككى رەكەت ناماز ئىچىدە نەپسى بىرەر نەرسىنى پەيدا قىلمىسا، سەھۋەنلىك ئۆتكۈزمىسە،

بۇ دۇنيانى خىيال قىلمىسا، ھەر خىل خۇتۇرلار چۈشمىسە، ئۇ كىشى ئۆچۈن بۇرۇن قىلغان بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

من توضأ هكذا ثم خرج إلى المسجد لا ينهزه إلا الصلاة غفر له ما خلا من ذنبه ( م ) عن عثمان

6177. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تاھارەتنى ئەنە شۇنداق كامىل ئالسا، ئاندىن مەسجىدگە چىقسا، ئۇنى مەسجىدگە باشقا ئىش ئەمەس، پەقەت نامازلا چىقارغان بولسا، ئۇ كىشىگە بۇرۇنقى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، خاتالىقلىرى كەچۈرۈلىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

من توضأ هكذا غفر له ما تقدم من ذنبه و كانت صلاته و مشيه إلى المسجد نافلة ( م ) عن عثمان

6178. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ تاھارىتىگە ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: كىم مۇشۇنداق كامىل تاھارەت ئالسا، ئۇ كىشى ئۆچۈن بۇرۇن قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ نامىزى مەسجىدگە مېڭىشى بولسا، ئۇنىڭ ئۆچۈن نەپلە زىيادە مۇكاپات بولىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

من توضأ يوم الجمعة فأحسن الوضوء ثم أتى الجمعة فدنا و استمع و أنصت غفر له ما بينه و بين الجمعة الأخرى و زيادة ثلاثة أيام و من مس الحصى فقد لغا ( حم م د ت ه ) عن أبي هريرة

6179. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمە كۈنى كىچىك تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئېلىپ، ئاندىن جۈمەگە كەلسە، ئىمامغا يېقىن ئولتۇرۇپ خۇتبە تىڭشىسا، جىم ئولتۇرسا، ئۇ كىشى ئۆچۈن شۇ جۈمە بىلەن يەنە بىر جۈمە ئارىلىقىدىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىپ، يەنە ئۈچ كۈنلۈك مەغپىرەت زىيادە قىلىنىدۇ، كىم تاشنى ياكى بىرەر نەرسىنى تۇتۇپ، سىلاپ ئوينىسا، جەزمەن ئۇ جۈمەنى ۋە ئاشۇ مەغپىرەتنى بۇزغان بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من توضأ يوم الجمعة فبها و نعمت و من اغتسل فالغسل أفضل ( حم 3 ابن خزيمة ) عن سمرة

6180. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمە كۈنى كىچىك تاھارەت ئېلىپ، جۈمەگە بالدۇر كەلسە، ئۇ نېمىدېگەن ياخشى، ئەگەر بىر كىشى غۇسلى قىلىپ يۇيۇنسا، غۇسلى قىلىش ئەۋزەلدۇر. ئەھمەد، ئىبنى خۇزەيمە، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن. (بۇ ئىككى ھەدىستىن ئەگەر بەدىنى پۇراپ كەتمىسە، پاك ـ پاكىز بولسا، كىچىك تاھارەت ئېلىپ جۈمەگە كەلسە دۇرۇس بولىدۇ، غۇسلىنى ۋاجىپ دېگەن ھەدىسلەر بولسا، بەدىنى پۇراپ كەتسە، ياز تومۇز كۈنلەر بولسا، ھاۋا ئىسسىپ كەتكەندە غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇپ، ئەتىر چېچىپ كېلىشنى كۆرسىتىدۇ، مىسۋاك بىلەن ئەتىرنى دائىم تەكىتلەيدۇ.)

**6181** ( صحيح ) من تولى غير مواليه فقد خلع ربقة الإسلام من عنقه ( حم الضياء ) عن جابر

6181. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆز خوجايىنىدىن باشقا كىشىنى خوجايىنىم دەپ داۋا قىلىپ ئۆز خوجايىنىدىن يۈز ئۆرىسە، ھەقىقەتەن ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ بويۇنچىقىنى بوينىدىن ئېلىپ تاشلىۋەتكەن بولىدۇ، (يەنى بۇ قىلمىشى

ھارامدۇر، نېئمەتكە كۇفرىلىقتۇر). ئەھمەد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) من تولى قوما بغير إذن مواليه فعليه لعنة الله و الملائكة و الناس أجمعين لا يقبل الله منه يوم القيامة صرفا و لا عدلا ( م د ) عن أبي هريرة

6182. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر قۇل ئۆز خوجايىنىنىڭ ئىزنىسىز باشقا بىر قەۋمنى خوجايىن قىلىۋېلىپ، ئۆز خوجايىنىدىن يۈز ئۆرىسە، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ، ئاللاھتائالا ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنى پەرز ۋە نەپلە ئىبادەتلىرىنى، سەدىقە، فىدىيەلەرنى تەۋبە ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

من ثابر على اثنتي عشرة ركعة من السنة بنى الله له بيتا في الجنة: أربع ركعات قبل الظهر و ركعتين بعدها و ركعتين بعد المغرب و ركعتين بعد العشاء و ركعتين قبل الفجر ( ت ن ه ) عن عائشة

6183. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم 12 رەكەت سۈننەت نامازغا چىڭ تۇرۇپ مۇھاپىزەت قىلسا، (دائىم ئوقۇسا،) ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر ئۆي سېلىپ بېرىدۇ، پېشىندىن بۇرۇن تۆت رەكەت ، پېشىندىن كېيىن ئىككى رەكەت ، شامدىن كېيىن ئىككى رەكەت ، خۇپتەندىن كېيىن ئىككى رەكەت ، بامداتتىن بۇرۇن ئىككى رەكەت ، جەمئىي 12 رەكەت سۈننەتتۇر. تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

جەننەتتە ئۆي قىلىپ بېرىدۇ دېگەن جەننەتكە كىرىدۇ دېگەن بىشارەتتۇر ، شۇنداقلا سۈننەتكە مەھكەم ئېسىلىشقا، سۈننەتچى، ئەسلىيەتچى بولۇشقا ئىشارەتتۇر.

من جاء مسجدي هذا لم يأته إلا لخير يتعلمه أو يعلمه فهو في منزلة المجاهد في سبيل الله و من جاءه لغير ذلك فهو بمنزلة الرجل ينظر إلى متاع غيره ( ه ك ) عن أبي هريرة

6184. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېنىڭ مۇشۇ مەسجىدىمگە كەلسە، ئۇ پەقەت ياخشىلىقنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ياكى ئۆگىتىش ئۈچۈنلا كەلسە، ئۇ ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلغان مۇجاھىدىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. كىم ئۇنىڭدىن باشقا ئىش ئۈچۈن كەلسە، (يەنى مەقستى ئۆگىنىش يا ئۆگىتىش بولمىسا) ئۇ باشقىلارنىڭ ماتا، ماللىرىغا قاراپ تۇرىدىغان مال باقارنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6185** ( صحيح ) من جاء يعبد الله لا يشرك به شيئا و يقيم الصلاة و يؤتي الزكاة و يصوم رمضان و يتقي الكبائر فإن له الجنة قالوا: ما الكبائر ؟ قال: الإشراك بالله و قتل النفس المسلمة و فرار يوم الزحف ( حم ن حب ك ) عن أبي أيوب

6185. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ، ناماز ئوقۇپ زاكات بېرىپ روزا تۇتۇپ گۇناھى كەبىرىلەردىن ھەزەر قىلىپ ساقلىنىپ كەلسە، ھەققەتەن ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەت بېرىلىدۇ. ئۇلار گۇناھى كەبىرە دېگەن نېمە؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، مۇسۇلمان كىشىنى ئۆلتۈرۈپ قاتىللىق قىلىش، جەڭ كۈنى كاپىر، دىنسىزلاردىن قېچىش... گۇناھى كەبىرىلەردۇر دېدى. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6186 ( حسن ) من جامع المشرك و سكن معه فإنه مثله ( د ) عن سمرة**

6186. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇشرىك، كاپىرلار بىلەن بىر ئورۇندا توپلىشىپ، بىرگە تۇرسا، بىللە ياشىسا، ھەقىقەتەن ئۇ شۇلارنىڭ ئوخشىشىدا بولىدۇ، (يەنى ئۇلار كاپىرلار بىلەن بىرگە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ سانىنى، كۆلەڭگىسىنى كۆپ كۆرسەتكەچكە ھىجرەت قىلمىغاچقا، دىنسىزلار بىلەن بىللە ياشاپ، يامان تەسىر ئالغاچقا، ئەۋلادلىرىنى دىنسىز قىلىپ تەربىيلىگەچكە ، ۋە باشقا سەۋەبلەردىن شۇنداق مۇسۇلمانلار، كاپىرلار بىلەن بىرگە ئۆلتۈرۈلسە، ئۇلارغا بىراقلا بومبا، ئاتوم تاشلانسا، شۇلار بىلەن بىر قاتاردا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، دىيەت تۆلەم بېرىلمەيدۇ). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

**من جر إزاره لا يريد بذلك إلا المخيلة فإن الله لا ينظر إليه يوم القيامة ( م ) عن ابن عمر**

6187. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كىبىر قىلىپ تەكەببۇرلۇق قىلىشنى ئىرادە قىلىپ، ئىشتىنىنى ئوشۇقىدىن ئۇزۇن سۆرەپ يۈرسە، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە ئاللاھتائالا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ. مۇسلىم قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

**6188 ( صحيح ) من جر ثوبه خيلاء لم ينظر الله إليه يوم القيامة ( حم ق 4 ) عن ابن عمر**

6188. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تەكەببۇرلۇق قىلىپ، كىيىملىرىنى ئۇزۇن سۆرەپ يۈرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە قىيامەت كۈنى رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، (يەنى غەزەپ قىلىدۇ، ئاندىن ئۇ ئازابلىنىدۇ، كىبىرنىڭ جازاسى خارلىقتۇر). ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**6189 ( حسن ) من جعل الهموم هما واحدا هم المعاد كفاه الله سائر همومه و من تشعبت به الهموم من أحوال الدنيا لم يبال الله في أي أوديتها هلك ( ه ) عن ابن مسعود**

6189. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بارچە غەملەرنى پەقەت ئاخىرەتنىڭ غېمىدىلا بىرلا غەم قىلسا، باشقىسىدىن غەم قىلمىسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ باشقا غەملىرىگە ئۆزى كۇپايە بولىدۇ، قەتئىي غەم قىلدۇرمايدۇ، ئەگەر بىر كىشىگە، دۇنيا ئەھۋاللىرىدىن نۇرغۇن غەملەر شاخلاپ، كۆپىيىپ كەتسە، ئۇ پەقەت مۇشۇ دۇنيانىڭلا، بولۇپمۇ مال ـ دۇنيا يۈلىنىڭ غېمىنى قىلسا، ئاللاھتائالا ئۇنداق كىشىنىڭ قايسى بىر ھالاكەتلىك چۆللەردە ھالاك بولۇشىغا پەرۋا قىلمايدۇ، كارى بولمايدۇ، (ئاللاھ پەرۋا قىلمىغان كىشىدىنمۇ ھالاكەتلىك كىشى يوق). ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن

ئى مۇسۇلمانلار! بولۇپمۇ دىنى ئالىملار! غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىڭلار ، پەقەت ئاخىرەتنىڭ، جەننەتنىڭ، ئىسلام دىنىنىڭ، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭلا غېمىنى قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە كۇپايە بولىدۇ.

**6190 ( صحيح ) من جعل قاضيا بين الناس فقد ذبح بغير سكين ( حم د ه ك ) عن أبي هريرة**

6190. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كىشىلەر ئارىسىدا قازى، ھاكىم قىلىنسا، ھەقىقەتەن ئۇ پىچاقسىز بوغۇزلانغان بولىدۇ، (يەنى گال پىچاق بىلەن ياكى پىچاقتىن باشقا نەرسە بىلەن بوغۇزلانغان بولىدۇ، يەنى ئەنە شۇنداق قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، زالىم بولسا، ھالاك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەھۋالى خەتەرلىكتۇر). تىرمىزى 1247 ـ ھەدىس، ئەبۇ

داۋۇد 3101 ـ ھەدىس، ھاكىم، ئىبنى ماجە 2299 ـ ھەدىس، ئەھمەد 6848 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6191 ( حسن ) من جلب على الخيل يوم الرهان فليس منا ( طب ) عن ابن عباس**

6191. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم گۆرۈگە، رەنىگە قويۇلغان ئاتنى شۇ كۆنلەردە ئۆز ئىتىغا ياندىپ قوشۇۋېلىپ ئۇ ئاتقا قاتتىق ۋارقىراپ تېز چاپتۇرۇپ، قاتتىق ئىشلارغا سالسا، ئۇ بىزنىڭ ئەخلاقىمىزدا ئەمەس. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**من جلس في مجلس فكثر فيه لغطه فقال قبل أن يقوم من مجلسه ذلك: سبحانك اللهم ربنا و بحمدك أشهد أن لا إله إلا أنت أستغفرك و أتوب إليك إلا غفر له ما كان في مجلسه ذلك ( ت حب ك ) عن أبي هرير**

6192. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر مەجلىسدە ئولتۇرۇپ، ئۇ جايدا ئۇنىڭ لۇغىتى، دە ـ تالىششى، ئىختىلاپلىرى كۆپ بولۇپ كەتسە، ئاندىن ئۇ شۇ مەجلىسدىن تۇرۇشدىن بۇرۇن: «ئى ئاللاھ، سىلى پاك، ئى رەببىمىز بىز سىلىگە ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمىز، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، سىلىدىن گۇناھلىرىمنىڭ مەغپىرىتىنى سورايمەن، مەن سىلىگە بارلىق گۇناھلىرىمدىن تەۋبە قىلىمەن» دېسە، ئۇ كىشى ئۇچۇن شۇ مەجلىسدە يۈز بېرىپ قالغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**من جهز غازيا في سبيل الله فقد غزا و من خلف غازيا في سبيل الله في أهله بخير فقد غزا(حم ق 3 ) عن زيد بن خالد**

6193. زەيىد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا بىر غازىينى جابدۇتسا، تەييارلىقنى قىلىپ بەرسە، ھەقىقەتەن ئۇ ئاللاھ يولىدا غازات قىلغان بولىدۇ، كىم ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىۋاتقان ئۇرۇشقا ماڭغان غازىي، جەڭچىنىڭ ئائىلىسىدە ياخشى ئىز باسار بولۇپ، ياردەم بېرىپ ياخشىلىق قىلسا، جەزمەن ئۇمۇ ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلغان بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**من جهز غازيا في سبيل الله كان له مثل أجره من غير أن ينقص من أجر الغازي شيئا ( ه ) عن زيد بن خالد**

6194. زەيىد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا غازات قىلغۇچى غازىينى جابدۇتۇپ، تەييارلىقنى قىلىپ بەرسە، ئۇ كىشىگە شۇ غازىينىڭ ئەجرى، ساۋابلىرىدىن ھېچنەرسە ئازايتىلماستىن، ئوخشاش ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ، ئۇمۇ غازى ھېسابلىنىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. جەڭ تەييارلىقى جەڭدىن بۇرۇنقى پەرزدۇر.

**من حافظ على أربع ركعات قبل الظهر و أربع بعدها حرم على النار ( 4 ك ) عن أم حبيبة**

6195. ئۇممە ھەبىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم پېشىندىن بۇرۇنقى تۆت رەكەت نامازنى ۋە پېشىندىن كېيىنكى تۆت رەكەت نامازنى مۇھاپىزەت قىلىپ، دائىم ئوقۇپ بەرسە، ئۇ كىشى دوۋزاخقا ھارام قىلىنىدۇ. ھاكىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن پېشىندىن كېيىنمۇ تۆت رەكەت سۈننەت ئوقۇسا ياخشى، ئەۋزەل بولىدۇ.

**من حالت شفاعته دون حد من حدود الله فقد ضاد الله في أمره و من مات و عليه دين فليس بالدينار و الدرهم و لكن بالحسنات و السيئات و من خاصم في باطل و هو يعلمه لم يزل في سخط الله حتى يترع و من قال في مؤمن ما ليس فيه أسكنه الله ردغة الخبا ل حتى يخرج مما قال و ليس بخارج**

( د طب ك هق ) عن ابن عمر

6196. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ شاپائەت قىلىشى، ھاجەتنى ئادا قىلىپ بېرىشى، ئاللاھنىڭ ھەدـ جازا قانۇنلىرىدىن باشقا نەرسىلەردىن توسۇلۇپ، چەكلىنىپ قالسا، (يەنى شاپائەت قىلغىلى ئۇنىمىسا ياكى ئۇنىڭ شاپائىتى، شەرئى جازادىن بىرەر جازانى ئىجرا قىلىشتىن توسۇپ قويسا،) ھەقىقەتەن ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرىدە ئاللاھقا قارشى چىققانلىق، ئەمرىنىڭ خىلاپىدا ئىش قىلغان بولىدۇ، (ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنىڭ زىتىدا، قارشىسىدا تۇرغان بولىدۇ،) كىم ئۆز ئۈستىدە قەرزى بار ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ بۇ مۆئامىلىسى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن ئەمەس بەلكى ياخشىلىقلىرى باشقىلارغا ئېلىپ بېرىلىپ ياكى قەرز ئىگىسىنىڭ يامانلىقلىرى قەرزدارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىش بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، كىم بىلىپ تۇرۇپ باتىل نەرسە توغرىسىدا داۋالاشسا، ئۇ بۇ ئىشتىن ئۆزىنى تارتمىغىچە ئاللاھنىڭ غەزىپى، كايىشى ئىچىدە تۇرىۋېرىدۇ، كىم مۆئمىن توغرىسىدا ئۇنىڭدا يوق نەرسىلەرنى دەپ ئەيىبلەپ تۆھمەت قىلسا، ئۇ بۇ دېگەن سۆزلىرىدىن يېنىپ چىقمىغۇچە، ئاللاھتائالا ئۇنى دوۋزاخ ئەھلىنىڭ يىرىڭ، زەرداپلىرى ئىچىدە تۇرغۇزىدۇ، ئۇ دېگەن سۆزدىن يېنىپ چىقالمايدۇ ـ دە، ئازابىدىنمۇ چىقالمايدۇ. ئەبۇ داۋۇد 3123 ـ ھەدىس، ئەھمەد 5129 ـ ھەدىس، تەبرانى، بەيھەقى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

6197 ( صحيح ) من حج لله فلم يرفث و لم يفسق رجع كيوم ولدته أمه ( حم خ ن ه ) عن أبي هرير

6197. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەج قىلىش جەريانىدا قەبىھ، پاھىشە سۆز قىلمىسا، پاسىقلىق قىلمىسا، تائەتتىن چىقىپ كېتىپ، گۇناھ مەئسىيەت قىلمىسا، ئۇ خۇددى ئانىسى تۇغقان كۈندىكىدەك گۇناھدىن پاك ـ پاكىز بولۇپ قايتىدۇ، (يەنى مەغپىرەت قىلىنىدۇ). ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

6198 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 5555 من حج هذا البيت ( أو اعتمر فليكن آخر عهده الطواف با لبيت ) ( حم 3 الضياء ) عن الحارث الثقفي

6198. ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇشۇ بەيتۇللاھنى ھەج قىلسا، ياكى ئۆمرە ھەج قىلسا، ئۇنىڭ ئەھدىسىنىڭ يەنى ھەج پائالىيىتىنىڭ ئاخىرى بەيتۇللاھنى يەنى كەئبىنى تاۋاپ قىلىش بولسۇن، (ئاخىرىدا كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ، خوشلىشىدۇ). ئەھمەد، زىيائۇلمەقدەسى ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

6199 ( صحيح ) من حدث عني بحديث يرى أنه كذب فهو أحد الكاذبين ( حم م ه ) عن سمرة

6199. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەندىن بىر ھەدىسنى سۆزلىسە، ھەقىقەتەن ئۇ ھەدىسنىڭ يالغانلىقى كۆرۈلۈپ تۇرسىمۇ يەنىلا سۆزلەۋەرسە، ئۇ ئىككى كاززاپنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، (يەنى يالغان ھەدىسنى توقۇپ چىققۇچى بىر كاززاپ بولسا، ئۇنى سۆزلىگۈچىمۇ يەنە بىر كاززاپ بولىدۇ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئاقىۋىتى دوۋزاخ بولىدۇ، چۈنكى، مۇتىۋاتىر ھەدىستە يالغان ھەدىس سۆزلىگۈچى دوۋزاختا كىرىدۇ دېيىلگەن. ھەتتا بىلىپ تۇرۇپ ئاڭلاپ ئۇلتۇرغان، رەددىيە بەرمىگەن كىشىمۇ گۇناھكار بولىدۇ، چۈنكى شۇ سەۋەبلىك يالغان ھەدىس راست

گۇمان قىلىنىپ قالىدۇ، باشقىلار ئىشىنىپ قالىدۇ، يالغان ھەدىس سۆزلىگۈچىنىڭ، يالغان ھەدىسنى سۆزلىگۈچى ئىمامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇش دۇرۇس ئەمەس، ئىقتىدا قىلىش قەتئىي دۇرۇس ئەمەس، چۈنكى ئۇ بىدئەتچىدىن ئېغىرراق جىنايەتچى بولىدۇ. بىدئەتچىنىڭ ئارقىسىدىمۇ ناماز دۇرۇس ئەمەس). يۇقىرىقى ھەدىسنى ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6200** ( حسن ) من حفر بئرا فله أربعون ذراعا عطنا لماشيته ( ه ) عن عبدالله بن مغفل

6200. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر قۇدۇق كولىسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن قۇدۇقنىڭ ئەتراپىدىن چارۋا ـ ماللىرى، تۆگە ـ قويلىرى چۈشۈپ سۇ ئىچسۇن ئۈچۈن، قوتان قىلىشى ئۈچۈن 40 گەز ئورۇن بېرىلىدۇ، (يەنى 20 مېتىر ئەتراپىدا بېرىلىدۇ). ئىبنى ماجە 2477 ـ ھەدىس، ھەسەن.

من حفظ عشر آيات من أول سورة الكهف عصم من فتنة الدجال ( حم م د ن ) عن أبي الدرداء

6201. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم سۈرە كەھفىنىڭ باش تەرىپىدىن ئون ئايەتنى يادا ئالسا، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ، (چۈنكى، ئۇ ئايەتلەردە شېرىككە قارشى تەۋھىد سۆزلەنگەن، ئۇندىن باشقا بۇ قۇرئاننىڭ كارامىتى، مۆجىزىسى بولىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**6202** ( صحيح ) من حفظ ما بين فقميه و رجليه دخل الجنة ( حم ك ) عن أبي موسى

6202. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىككى ئېڭىكى بىلەن ئىككى پۇتى ئارىسىنى يەنى ئاغزى بىلەن ئەۋرىتىدىن ئىبارەت ئىككى ئېغىزنى ئۇبدان مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلىسا، جەننەتكە كىرىدۇ. ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6203** ( صحيح ) من حلف بالأمانة فليس منا ( د ) عن بريدة

6203. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئامانەت بىلەن قەسەمكى دەپ ئامانەت بىلەن قەسەم قىلسا، ئۇ بىزنىڭ جۈملىمىزدىن،( يەنى بىزنىڭ ئەقىدىمىز، ئەخلاقىمىزدىن) ئەمەس. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**6204** ( صحيح ) من حلف بغير الله فقد أشرك ( حم ت ك ) عن ابن عمر

6204. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن ئاللاھدىن باشقا نەرسە بىلەن قەسەم قىلسا، ئۇ جەزمەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن مۇشرىك بولىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من حلف على يمين آثمة عند منبري هذا فليتبوأ مقعده من النار و لو على سواك أخضر ( ه ك ) عن جابر

6205. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېنىڭ مۇشۇ مۇنبىرىمنىڭ يېنىدا گۇناھ بولىدىغان يالغان قەسەم قىلسا، گەرچە ئۇ بىر تال مىسۋاكنىڭ يېشىل تايىقى چاغلىق نەرسە توغرىسىدا قەسەم قىلغان بولسىمۇ ئۇ، ئۆز ئورنىنى دوۋزاخدىن ئېلىۋالسۇن، (يەنى مەدىنىدە مۇنبەر يېنىدا يالغان قەسەم قىلسا، ئۇ دوۋزاخقا كىرگۈزۈلىدۇ، ئەلۋەتتە، باشقا جايدا يالغان قەسەم قىلىشمۇ گۇناھى ـ كەبىرە، لېكىن بۇ جايدا گۇناھى چوڭدۇر). ئىبنى ماجە، ھاكىم

توپلىغان، سەھىھ.

من حلف فاستثنى فإن شاء مضى و إن شاء ترك غير حنث ( ن ه ) عن ابن عمر

6206. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قەسەم قىلىپ، ئاندىن ئەگەر ئاللاھ خالىسا دەپ ئىستىسنا قىلىۋالسا،(يەنى ئىنشائاللاھ دېۋالسا) ئەگەر خالىسا قەسىمىنى يورۇتىپ ۋاپا قىلىدۇ، ئەگەر خالىسا، ئۇ نەرسىنى تەرك ئېتىدۇ، قەسىمى بۇزۇلمايدۇ، چۈنكى، ئىنشائاللاھ دېگەندۇر . نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

6207 ( صحيح ) من حلف على يمين صبر يقتطع بها مال امرئ مسلم هو فيها فاجر لقي الله و هو عليه غضبان ( حم ق 4 ) عن الأشعث بن قيس وابن مسعود

6207. ئەشئەس ئىبنى قەيس، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەجبۇرى يالغان قەسەم قىلىپ زۇلۇم بىلەن شۇ قەسەم ئارقىلىق مۇسۇلمان كىشىنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى ئېلىۋالسا، ئۇ قەسىمىدە فاجىر، كاززاپ بولسا، ئۇ ئاللاھ بىلەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلغان ھالدا ئۇچرىشىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

من حلف على يمين فرأى غيرها خيرا منها فليأت الذي هو خير و ليكفر عن يمينه ( حم م ت ) عن أبي هرير

6208. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر ئىشقا قەسەم قىلىپ، ئاندىن قەسەم قىلغان ئىشىدىن باشقىسىنى ياخشى دەپ قارىسا، ياخشى ئىشنى قىلىۋەرسۇن، قەسىمىگە كاپارەت بېرىۋەتسۇن، (يەنى ياخشى ئىشنى قىلماسلىققا قەسەم قىلسا قىلىۋېرىپ، قەسىمىگە كاپارەت بېرىدۇ ياكى يامان ئىشنى قىلىشقا قەسەم قىلسا، ئۇنى قىلماستىن قەسىمىگە كاپارەت بېرىدۇ، ئۇ بولسا، ئون مىسكىنگە بىر ۋاق تائام بېرىش ياكى كىيىم ـ كېچەك ئېتىپ بېرىش ياكى ئۈچ كۈن روزا تۇتۇشتۇر). ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

6209 ( صحيح ) من حلف على يمين فقال: إن شاء الله فقد استثنى ( د ن ك ) عن ابن عمر

6209. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر قەسەم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشقا قەسەم قىلىپ ئاندىن كېيىن ئىنشائاللاھ، ئەگەر ئاللاھ خالىسا دەۋالسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئىستىسنا قىلىپ چىقىرىۋالغان بولىدۇ، قەسىمى بۇزۇلمايدۇ. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من حلف على يمين فقال: إن شاء الله فهو بالخيار إن شاء مضى و إن شاء ترك( حم ن ) عن ابن عمر

6210. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر ئىشقا قەسەم قىلىپ، ئارقىدىنلا ئەگەر ئاللاھ خالىسا دېسە، ئۇ ئىختىيارلىقتا بولىدۇ، خالىسا قەسىمىنى بۇزماي ۋاپا قىلىدۇ، ئەگەر خالىسا تەرك ئېتىدۇ، قەسىمى بۇزۇلغان بولمايدۇ. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. قەسەمدىن كېيىن ئاللاھ خالىسا دېسە، بۇ قەسەم ئىختىيارلىقتا بولۇپ، تەرك ئەتسە قەسەم قىلغان بولمايدۇ، كاپارەت بەرمەيدۇ، ئەگەر يەنىلا قەسىمىنى داۋام قىلسا، مانا بۇ شۇ چاغدا قەسەم بولۇپ ۋاپا لازىم كېلىدۇ.

6211. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ۋە كېيىنكىگە ئوخشاشتۇر.

**6212 ( صحيح ) من حلف على يمين فقال: إن شاء الله فلا حنث عليه ( ت ه ) عن ابن عمر وعن أبي هرير**

6212. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر قەسەمنى قىلىپ، ئىنشائاللا، ئەگەر ئاللاھ خالىسا دېسە، ئۇ كىشىگە قەسىمى بۇزۇلۇش يوق، ئاندىن كاپارەتمۇ يوقتۇر. تىرمىزى، ئىبنى ماجە، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6213 ( صحيح ) من حلف على يمين مصبورة كاذبا متعمدا ليقتطع بها مال أخيه المسلم فليتبوأ مقعده من النار ( حم د ك ) عن عمران بن حصين**

6213. ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇسۇلمان كىشىنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى بۇلۇپ ئېلىۋېلىش ئۈچۈن قەستەن يالغاندىن قەسەم قىلسا، ھۆكۈم تەرەپتىن مەجبۇرلىنىپ قىلىپ، ئامال يوق قەسەم قىلسا، شۇ قەسەم بىلەن ھۆكۈم قىلدۇرۇپ، مال ـ مۈلۈكىنى ئېلىۋالسا، ئۇ ئۆز ئورنىنى دوۋزاخدىن ئېلىۋالسۇن،( يەنى دوۋزاختا كىرىدۇ). ئەبۇ داۋۇد 2821 ـ ھەدىس، ئەھمەد 19065 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6214 ( صحيح ) من حلف فليحلف برب الكعبة ( حم هق ) عن قتيلة بنت صيفي**

6214. قۇتەيلەت بىنتى سەيفى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قەسەم قىلماقچى بولسا، كەئبىنىڭ پەۋەردىگارى بىلەن يەنى ۋە رەببىلكەئبى دەپ قەسەم قىلسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. مەقسەت ، ئاللاھ بىلەنلا قەسەم قىلسۇن.

**6215 ( صحيح ) من حلف في قطيعة رحم أو فيما لا يصلح فبره أن لا يتم على ذلك ( ه ) عن عائشة**

6215. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم سىيلە ـ رەھىمنى ئۈزۈۋېتىش توغرىسىدا ياكى لايىق بولمايدىغان قىلچە پايدىسى يوق نەرسە توغرىسىدا قەسەم قىلسا، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى، قەسىمىنى ئۇ نەرسىگە كامىل قىلماسلىق، تامام قىلماسلىقتۇر،( يەنى كاپارەت بېرىۋېتىپ، سىيلە ـ رەھىيمنى قىلىۋېرىش، پايدىلىق ئىسلاھاتى بار ئىشنى قىلىش لازىم). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6216 ( صحيح ) من حلف منكم فقال في حلفه: و اللات و العزى فليقل: لا إله إلا الله و من قال لصاحبه: تعال أقامرك فليتصدق بشيء ( الشافعي حم ق 4 ) عن أبي هريرة**

6216. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى قەسەم قىلىپ قەسىمىدە لات ۋە ئۇززا دېگەن بۇتلار بىلەن قەسەم دەپ سالسا، دەرھال «لا ئىلاھە ئىللەللاھ»، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دېۋالسۇن، كىم ھەمراھىغا بۇياققا كەل! مەن سەن بىلەن قىمار ئوينايمەن دېسە، ئۇ بۇ جىنايىتى ئۈچۈن ئاز ـ تولا نەرسە سەدىقە قىلسۇن. شافىئىي، ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**6217 ( صحيح ) من حمل علينا السلاح فليس منا( مالك حم ق ن ه ) عن ابن عمر**

6217. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىزگە قارشى قورال كۆتۈرسە، ئۇ بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس، يەنى (ئۇ كاپىرلاردىن بولىدۇ، ئۆلتۈرۈلىدۇ). مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6218 ( صحيح ) من حمل علينا السلاح فليس منا و من غشنا فليس منا ( م ه ) عن أبي هريرة**

6218. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىزگە قارشى قۇرال كۆتۈرسە، ئۇ بىزدىن ئەمەس، كىم بىزنى ئالداپ بىزگە ساختىپەزلىك قىلسا، ئۇمۇ بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس. مۇسلىم، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. بىز، بىزدىن ئەمەس دېگەننى يۇقىرىدا چۈشەندۈرگەن.

**6219** ( صحيح ) من حوسب عذب ( ت الضياء ) عن أنس

6219. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمدىن ھېسابىدا زىغىرلىنىپ قاتتىقراق ھېساب ئېلىنىپ قالسا، ئۇ چوقۇم ئازابلىنىدۇ. تىرمىزى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

من حوسب يوم القيامة عذب قالت عائشة: أو ليس يقول الله: ( فسوف يحاسب حسابا يسيرا ؟ قال: ليس ذلك بالحساب إنما ذلك العرض و لكن من نوقش الحساب يهلك ) ( حم ق ت ) عن عائشة

6220. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ھېساب ئېلىنىدىغان كىشى ئازابلىنىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ئاللاھ قۇرئاندا پات يېقىندا ئۇنىڭدىن ئاسان، يەڭگىل ھېساب ئېلىنىدۇ دېمىدىمۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇ دېگەن ھېساب ئېلىش ئەمەس، بەلكى ئۇ تەكلەپ قويۇش،(كۆزدىن كەچۈرۈش) لېكىن، كىم ھېسابىدا زىغىرلىنىپ، ئىنچىكە ھېساب ئېلىنىپ قالسا، ھالاك بولىدۇ، چوقۇم ئازابلىنىدۇ دېدى. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6221** ( صحيح ) من خاف أن لا يقوم من آخر الليل فليوتر أوله و من طمع أن يقوم آخره فليوتر آخر الليل فإن صلاة آخر الليل مشهودة و ذلك أفضل ( حم م ت ه ) عن جابر

6221. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىنىڭ ئاخىرىدا، قىيامدا تۇرالماسلىقىدىن ئەنسىرىگەن كىشى ۋىترىنى كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە ئوقۇۋالسۇن، كېچىنىڭ ئاخىرىدا قىيامدا تۇرۇشنى تاما قىلغان كىشى ئاخىرىدا ۋىتىر ئوقۇسۇن، ھەقىقەتەن كېچىنىڭ ئاخىرىدا ۋىتىر ئوقۇش ئەۋزەلدۇر، كېچىنىڭ ئاخىرقى نامازدا پەرىشتىلەر ھازىر بولىدۇ، گۇۋاھلىق بېرىلىدۇ، شۇڭا ئەۋزەل، ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من خاف أدلج و من أدلج بلغ المنزل ألا إن سلعة الله غالية ألا إن سلعة الله الجنة ( ت ك ) عن أبي هرير

6222. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۈندۈزى قورققان كىشى، ئوغرىدىن، ئىسسىقدىن ئەنسىرىگەن كىشى كېچىسى يول يۈرىدۇ، كېچىسى يول يۈرگەن كىشى مەنزىلگە تىز يېتەلەيدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ساتىدىغان مېلىنىڭ باھاسى بەك قىممەت، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاللاھنىڭ مېلى جەننەتتۇر. (يەنى، كېچىسى ناماز ئوقۇش بىلەن مالنى سېتىۋېلىپ، مەنزىلگە تېزراق يېتىڭلار). تىرمىزى 2374 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6223** ( صحيح ) من خبب زوجة امرئ أو مملوكه فليس منا ( د ) عن أبي هريرة

6223. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر كىشىنىڭ ئايالىنى بۇزۇپ، ئېرىنى يامان كۆرسىتىپ، ئالداپ ئېلىۋالسا، ياكى بىرەر

كىشىنىڭ قۇلىنى ئالداپ خوجايىنىنى يامان كۆرسىتىپ، قولغا كەلتۈرۈۋالسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس، يەنى بۇ ئىشى ھارامدۇر. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**6224 ( صحيح ) من ختم له بصيام يوم دخل الجنة ( البزار ) عن حذيفة**

6224. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى بىر كۈنلۈك بولسىمۇ روزا تۇتۇش بىلەن تامام قىلىنسا، روزا تۇتقان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، (ئەمەللىرىنىڭ ئاخىرقىسى ھېسابتۇر). بەزار توپلىغان، سەھىھ.

**من خرج حتى يأتي هذا المسجد مسجد قباء فيصلي فيه كان له عدل عمرة ( حم ن ك ) عن سهل**

6225. ئەھلى ئىبنى ھەنىيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆيىدىن چىقىپ، مەسجىد قۇبادىن ئىبارەت مۇشۇ مەسجىدگە كېلىپ، ئۇ مەسجىددە ناماز ئوقۇسا، ئۇ كىشى ئۆچۈن ئۆمرە ھەج قىلغانىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**من خرج مع جنازة من بيتها و صلى عليها ثم تبعها حتى تدفن كان له قيراطان من أجر كل قيراط مثل أحد و من صلى عليها ثم رجع كان له من الأجر مثل أحد ( حم م د ) عن أبي هريرة وعائشة**

6226. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېيىتنىڭ ئۆيىدىن جىنازىسى بىلەن بىرگە چىقىپ، ناماز چۈشۈرۈپ، ئاندىن مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغىچە جىنازىغا ئەگەشسە، ئۇ كىشىگە ئىككى قىيرات ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ. ھەربىر قىيرات ئەجىر، ئۇھۇد تېغىدەك چوڭدۇر، كىم مېيىتكە ناماز ئوقۇپلا يەنى مەغپىرەت سوراپلا قەبرىستانلىقىقا بارماي قايتىپ كەتسە، ئۇ كىشىگە بىر قىيرات ئەجىر بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**من خرج من الطاعة و فارق الجماعة فمات مات ميتة جاهلية و من قاتل تحت راية عمية يغضب لعصبية أو يدعو إلى عصبية أو ينصر عصبية فقتل فقتلته جاهلية و من خرج على أمتي يضرب برها و فاجرها و لا يتحاشا من مؤمنها و لا يفي لذي عهدة عهده فليس مني و لست منه ( حم م ن ) عن أبي هرير**

6227. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم خەلىپىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ، خەلىپە جامائىتىدىن ئايرىلىپ ئۆلسە، ئۇ جاھالىيەتلەرچە ئۆلگەن بولىدۇ، كىم قەۋمى، مىللىتى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۈچۈن غەزەپ قىلىدىغان ياكى مىللەتۋازلىق، قەبىلىۋازلىق، تەرەپبازلىققا چاقىرىدىغان ياكى شۇلارغا ياردەم بېرىدىغان مەقسەتتە ، غايىسى نامەلۇم بولغان قارىغۇلارچە جەڭ قىلىدىغان قوشۇننىڭ بايرىقى ئاستىدا ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ ئۆلۈمىمۇ جاھالىيەتلەرچە ئۆلۈم بولىدۇ،( يەنى دىنسىز ھالەتتە ئۆلگەن بولىدۇ،) كىم مېنىڭ ئۈممىتىمگە قارشى قورال كۆتۈرۈپ چىقىپ، ياخشى ـ يامان ھەممىسىگە قىلىچ ئۇرسا، ئۈممەتنىڭ مۆئمىنلىرىنى ئايرىپ قويمىسا، ئەھدى، توختام، كېلىشىم بار كىشىلەرنىڭ ئەھدىسىگىمۇ ۋاپا قىلمىسا، ئۇ مەندىن ئەمەس، مەن ئۇنىڭدىن ئەمەس، (يەنى ئۇمۇ كاپىر بولىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6228 ( حسن ) من خرج من بيته متطهرا إلى صلاة مكتوبة فأجره كأجر الحاج المحرم و من خرج إلى تسبيح الضحى لا ينصبه إلا إياه فأجره كأجر المعتمر و صلاة على أثر صلاة لا لغو بينهما كتاب في عليين ( د ) عن أبي أمامة**

6228. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆيىدىن پەرز نامازغا تاھارەت ئالغان ھالەتتە چىقسا، ئۇنىڭ ئەجرى ، ئېھرام باغلاقلىق ھالەتتە ھەج قىلىۋاتقان ھاجىنىڭ ئەجىر، ساۋابىغا ئوخشاشتۇر، كىمزۇھا يەنى چاشكا نامىزىغا چىقسا، ئۇنى پەقەت باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى، شۇ نامازلا چىقارغان بولسا، ئۇنىڭ ئەجرى ئۆمرە ھەج قىلغان كىشىنىڭ ئەجرىگە ئوخشاشتۇر. نامازدىن كېيىنلا ناماز ئوقۇش، ئىككى ناماز ئارىسىدا لەغۋە، قۇرۇق سۆز قىلماي، نامازدىن كېيىن نامازنى ساقلاپ، يەنە بىر نامازنى ئوقۇش بولسا، ئىللىيىن دەرىجىلىك يۇقىرى مەرتىۋىگە يېزىلىشتۇر. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

**6229** ( صحيح ) من خلع يدا من طاعة لقي الله يوم القيامة لا حجة له و من مات و ليس في عنقه بيعة مات ميتة جاهلية ( م ) عن ابن عمر

6229. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىسلام خەلىپىسىگە ئىتائەت قىلىشتىن قولنى تارتىۋالسا، ئۇ قىيامەت كۈنى ھۆججەتسىز ھالەتتە ئاللاھقا ئۇچرىشىدۇ، كىم بويىنىدا ئىسلام خەلىپىسىنىڭ بەيئىتى يوق ھالەتتە ئۆلسە، ئۇ جاھالىيەتلەرچە ئۆلگەن بولىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. (يەنى خەلىپىسىگە بەيئەت قىلماي ئۆلسە، دىنسىز ھالەتتە ئۆلگەن بولىدۇ، خەلىپە دېگەن ، تۆت چوڭ خەلىپىدەك بولىدۇ، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى بىر ئاللاھنىڭ كالامى قۇرئانغا، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېگەن بايراق ئاستىغا توپلاپ، يەر شارىدا پەقەت قۇرئاننىلا قانۇن قىلىدۇ، ھەممىسى ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىشىدۇ، ئەپسۇس! تولىمۇ ئەپسۇس، بۇنداق خەلىپە يوق ئىكەن، ياكى بىرگە مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ، ۋاللاھۇ ئەئلەم)

**6230** ( صحيح ) من خلقه الله لواحدة من المترلتين وفقه لعملها ( طب ) عن عمران

6230. ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنى ئاللاھتائالا جەننەت، دوۋزاخدىن ئىبارەت ئىككى ئورۇننىڭ بىرىگە ياراتقان بولسا، ئۇ كىشىگە شۇ ئورۇننىڭ ئەملى ئۈچۈن تەۋفىق ئاتا قىلىپ، ئىشلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىپ، ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. (ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنىڭ قايسى ئورۇنغا كىرىشىنى ئالدىن بىلىپ تۇرۇپ يارىتىدۇ، مانا بۇ تەقدىر). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

من دخل السوق فقال: لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك و له الحمد يحيي و يميت و هو حي لا يموت بيده الخير و هو على كل شيء قدير كتب الله له ألف ألف حسنة و محا عنه ألف ألف سيئة و رفع له ألف ألف درجة و بنى له بيتا في الجنة ( حم ت ه ك ) عن ابن عمر

6231. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بازارغا كىرىپ: «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ لەھۇلمۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ يۇھيي ۋەيۇمىيتۇ ۋەھۇۋە ھەييۇن لايەمۇتۇ بىيەدىھىل خەيرى ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير» دېسە: ئاللاھ ئۇ كىشىدىن بىر مىليون خاتالىقنى ئۆچۈرىۋېتىدۇ، ئۇ كىشىگە بىر مىليون دەرىجە كۆتۈرىدۇ، جەننەتتە بىر ئۆي سېلىپ بېرىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان ھەسەن. (بۇ ئاللاھنىڭ پەزلىدۇر، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ تەۋھىد، بۇ ئىمان، ئەقىدە، ئېتىقاد مەسىلىسىدۇر، بەندىنىڭ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناجات، مۇناسىۋىتىدۇر.)

**6232** ( حسن ) من دخل حائطا فليأكل و لا يتخذ خبيئة ( ت ) عن ابن عمر

6232. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر باغقا كىرىپ قالسا، ياخشىلىق بىلەن يېسۇن، يوشۇرۇن يېنىغا ئېلىۋالمىسۇن. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

6233 ( صحيح ) من دخل في هذا المسجد فبزق فيه أو تنخم فليحفر فليدفنه فإن لم يفعل فليبزق في ثوبه ثم ليخرج به ( د ) عن أبي هريرة

6233. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇشۇ مەسجىدگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە تۈكۈرسە، ياكى بۇرنىنى تاشلىسا، بەلغەم تۈكۈرسە، ئۇنى يەرنى كولاپ كۆمۈۋەتسۇن، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، كىيىمىگە تۈكۈرۈپ، ئۇنى كىيىمى بىلەن بىرگە ئېلىپ چىقىپ كەتسۇن. (تۈكۈرۈكنى كۆمۈۋېتىش خاتالىقنىڭ كاپارىتىدۇر،ھەدىس). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

من دعا إلى هدى كان له من الأجر مثل أجور من تبعه لا ينقص ذلك من أجورهم شيئا و من دعا إلى ضلالة كان عليه من الإثم مثل آثام من تبعه لا ينقص ذلك من آثامهم شيئا ( حم م 4 ) عن أبي هرير

6234. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھىدايەتكە، توغرا يولغا چاقىرسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن شۇ يولغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەجرلىرىدىن ھېچنەرسە كاملىماستىن ئوخشاش ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ، كىم زالالەتكە، ئازغۇنلۇققا چاقىرسا، بۇ كىشى زالالەتكە ئاساس سالغانلىقىدىن ئۇ كىشىگە شۇ زالالەتكە ئەگەشكەنلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن ھېچنەرسە كاملىماستىن شۇلارنىڭ گۇناھلىرىغا ئوخشاش گۇناھلار بولىدۇ. (باش بولغانلار ئەنە شۇنداق بولىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

من دعا لأخيه بظهر الغيب قال الملك الموكل به: آمين و لك بمثله ( م د ) عن أبي الدرداء

6235. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قېرىندىشى ئۈچۈن ئۇ يوق يەردە غەيىبىدىن دۇئا قىلسا، ئۇ كىشىگە مۇئەككەل پەرىشتە ئامىن، سەن ئۈچۈنمۇ شۇنىڭ ئوخشىشى بېرىلىدۇ دەپ تۇرىدۇ. (دۇئاسى ئىجابەتتۇر ). مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

6236 ( صحيح ) من دعي إلى طعام و هو صائم فليجب فإن شاء طعم و إن شاء ترك ( ه ) عن جابر

6236. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تائامغا، زىياپەتكە چاقىرىلسا، ۋەھالەنكى ئۇ روزىدار بولسا، يەنىلا بارسۇن، ئەگەر خالىسا تائام يەيدۇ، ئەگەر خالىسا يېمەيدۇ، بۇ ئۆزىنىڭ ئىختىيارى، (چۈنكى، زىياپەت تائامغا چاقىرىلغانغا قارىغاندا ئۇنىڭ روزىسى نەپلە روزىدۇر). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

6237 ( صحيح ) من دعي إلى عرس أو نحوه فليجب ( م ) عن ابن عمر

6237. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تويغا، توي تامىقىغا ياكى ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا چاقىرىلسا، چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ بارسۇن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

6238 ( صحيح ) من دفن ثلاثة من الولد حرم الله عليه النار ( طب ) عن واثلة

6238. ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بالىسىدىن ئۆچنى دەپنە قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە دوۋزاخنى ھارام قىلدى، (ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان مۆئمىن بولسا شۇنداق بولىدۇ). تەبرانى توپلىغان، سەھەھ.

**6239** ( صحيح ) من دل على خير فله مثل أجر فاعله ( حم م د ت ) عن ابن مسعود

6239. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر ياخشىلىققا دالالەت قىلىپ كۆرسىتىپ قويسا، ئۇ كىشى ئۇچۇن شۇ ياخشىلىقنى قىلغان كىشىلەرنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھەھ.

من ذب عن عرض أخيه بالغيبة كان حقا على الله أن يعتقه من النار ( حم طب ) عن أسماء بنت يزيد

6240. ئەسما بىنتى يەزىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆز قېرىندىشىنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى ئۇ يوق يەردىمۇ قوغداپ، مۇداپىئە قىلسا، ئۇ كىشىنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇشنى ئاللاھتائالا ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھەھ.

**6241** ( صحيح ) من ذبح بعد الصلاة تم نسكه و أصاب سنة المسلمين ( خ ) عن البراء

6241. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قۇربانلىقنى، ھېيت نامىزىدىن كېيىن بوغۇزلىسا، ئۇنىڭ قۇربانلىقى، ئىبادىتى كامىل تامام بولىدۇ، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ توغرا سۈننىتىگە يەتكەن بولىدۇ، (نامازدىن بۇرۇن بوغۇزلىسا، قۇربانلىقنى قايتا قىلىدۇ). بۇخارى توپلىغان، سەھەھ.

من ذبح قبل الصلاة فإنما يذبح لنفسه و من ذبح بعد الصلاة فقد تم نسكه و أصاب سنةالمسلمين ( خ ) عن أنس

6242. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قۇربانلىقنى ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن بوغۇزلىسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئۆز نەپسى ئۈچۈن بوغۇزلىغان بولىدۇ، ئۇ گۆش بولىدۇ. (قۇربانلىقنى قايتا قىلسۇن)، كىم نامازدىن كېيىن بوغۇزلىسا، ئۇنىڭ قۇربانلىقى كامىل بولىدۇ، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ سۈننىتىگە توغرا يەتكەن بولىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھەھ.

من ذرعه القيء و هو صائم فليس عليه قضاء و من استقاء فليقض ( **4** ك ) عن أبي هريرة

6243. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمگە ئۇ، روزىدار ھالەتتە ياندۇرۇپ قۇسۇش غالىب كېلىپ، شارتتىدە گېلىدىن بىرەر نەرسە چىقىپ كەتسە، ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىگە روزىسىنىڭ قازاسىنى قىلىش يوق، ئۆزى ياندۇرۇپ قۇسقان كىشى قازاسىنى قىلىدۇ. ھاكىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھەھ.

**6244** ( صحيح ) من ذكر رجلا بما فيه فقد اغتابه ( الحاكم في تاريخه ) عن أبي هريرة

6244. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر كىشىنى ئۇنىڭدا بار نەرسىلەر بىلەن ئۇ كىشىنىڭ يوق يېرىدە تىلغا ئالسا، ھەقىقەتەن ئۇ شۇ كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان بولىدۇ، (بولسا غەيۋەت ئۇ نەرسە بولمىسا بۆھتان بولىدۇ). ھاكىم توپلىغان، سەھەھ.

**6245** ( صحيح ) من ذكرت عنده فخطئ الصلاة علي خطئ طريق الجنة ( طب ) عن الحسين

6245. ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن بىر كىشىنىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىنسام يەنى مېنىڭ ئىسمىم تىلغا ئېلىنسا، ئۇ ماڭا دۇرۇت، سالام يوللاشتا خاتالاشسا، جەننەتنىڭ يولىدىن خاتالاشقان بولىدۇ. (يەنى دۇرۇت، سالام يوللىمىسا، جەننەت يولىدىن ئازىدۇ، ساۋابىدىن، شاپائىتىمدىن، رەھمەتتىن مەھرۇم قالىدۇ ۋەللاھۇ ئەئلەم). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6246** ( صحيح ) من ذكرت عنده فليصل علي فإنه من صلى علي مرة صلى الله عليه عشرا( ت )عن أنس

6246. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن كىمنىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىنسام، ئۇ كىشى ماڭا دۇرۇت، سالام يوللىسۇن، ھەققەتەن كىم ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت، سالام يوللىسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئون رەھمەت يوللايدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6247** ( صحيح ) من رأى حية فلم يقتلها مخافة طلبها فليس منا ( طب ) عن أبي ليلى

6247. ئەبۇلەيلا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ؛ كىم يىلاننى كۆرۈپ ئۇنىڭ قايتىپ كېلىپ ياكى باشقىلىرى كېلىپ قىساس ئېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرمىسە، ئۇ كىشى بىزدىن ئەمەس، (يەنى بىزنىڭ ئەخلاقىمىزدىن، ئەقىدىمىزدىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز ئەمەس.) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

( حسن ) من رأى مبتلى فقال: الحمد لله الذي عافاني مما ابتلاك به و فضلني على كثير ممن خلق تفضيلا لم يصبه ذلك البلاء ( ت ) عن أبي هريرة

6248. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر ئېغىر بالاغا گىرىپتار قىلىنغان قاتتىق سىنالغان كىشىنى كۆرۈپ: «بارلىق ھەمدۇ ـ سانا، سېنى سىنىغان مۇشۇ بالادىن مېنى ساقلاپ قالغان، مېنى مەخلۇقلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۈستىگە پەزىلەتلىك ئارتۇق قىلغان ئاللاھقا خاستۇر» دېسە، ئۇ كىشىگە شۇ بالا يەتمەيدۇ. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

**6249** ( صحيح ) من رأى من أميره شيئا يكرهه فليصبر عليه فإنه ليس أحد يفارق الجماعة شبرا فيموت إلا مات ميتة جاهلية ( حم ق ) عن ابن عباس

6249. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەمىير، خەلىپىسىدىن ياقتۇرمايدىغان ئىشنى كۆرسە، سەۋر قىلسۇن، چۈنكى، كىم خەلىپە جامائىتىدىن بىر غېرىچ ئايرىلىپ ئۆلسە، ئۇ جاھالىيەتلەرچە ئىماندىن ئاجراپ ئۆلگەن بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىستە ئۇچۇق تۇرسىمۇ يەنىلا نادان مۇسۇلمانلار، نەپسانىيەتچى راھەتپەرەس ئىسلام دۆلەتلىرى، خەلىپىلىك تۈزۈمىنى بىكار قىلىشۇەتتى، ھەم قايتا قۇرمايۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، سەييىد قۇتۇپ: ھەممىسى جاھالىيەت دېگەن بۇ ھۆكۈمنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى قىلغاندۇر، كىم سەييىد قۇتۇپنىڭ قۇرئاندىن، سەھىھ ھەدىسىدىن ئالغان ھۆكۈملىرىنى ئەيىبلىسە، ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەيىبلىگەن بولىدۇ. ئەلۋەتتە، توغرىسى قۇرئان، سەھىھ ھەدىس، ساھابىلار، تابىئىنلار ئىجماسىدۇر. ئۇنىڭ بىرى بولسا، خەلىپىلىك تۈزۈمىدۇر.

**6250** ( صحيح ) من رأى منكم منكرا فليغيره بيده فإن لم يستطع فبلسانه فإن لم يستطع فبقلبه و ذلك أضعف الإيمان ( حم م 4 ) عن أبي سعيد

6250. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى مۇنكەر يامان ئىشنى كۆرسە، ئۇنى قولى بىلەن ئۆزگەرتىپ تۈزەتسۇن،

ئەگەر قادىر بولالمىسا، تىلى بىلەن تۈزەتسۇن، ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا، دىلى بىلەن نارازى بولۇپ، مەيدان ئالىرىسۇن، ئەنە ئاشۇ ئەڭ ئاجىز ئىماندۇر. (ئۇنىڭ ئارقىسىدا قىچىنىڭ دىنچىلىك ئىمان يوق). ئەھمەد، مۇسلىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. (قولى بىلەن تۈزىتىدىغانلار ھاكىمىيەت، ئىسلام ساقچىلىرىدۇر، تىلى بىلەن تۈزىتىدىغانلار، ئالىم، ئۆلىمالاردۇر، دىلى بىلەن نارازى بولۇپ، مەيدان ئايرىيدىغانلار ئاۋام خەلقتۇر، ياكى بۇ بىرلا شەخستە يۈز بېرىشى مۇمكىن.)

( صحيح ) من رأى منكم هلال ذي الحجة و أراد أن يضحي فلا يأخذن من شعره و لا من أظافره حتى يضحي ( ت ن ه ك ) عن أم سلمة

6251. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى زۇلھەججىنىڭ يەنى ھەج ئېيىنىڭ قۇربانلىق قىلىشقا ئۈن كۈن قالغاندىكى يېڭى ئېيىنى كۆرسە، ۋە قۇربانلىق قىلىشنى ئىرادە قىلسا، چاچ ـ تىرناقلىرىدىن ھېچ نەرسىنى قۇربانلىق قىلىپ بولمىغۇچە ئالمىسۇن. تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

(بىز سەھىھ ھەدىسكە مۇتلەق ئەمەل قىلايلى، ئالمىسۇن دېگەن ئىكەن، ئالمايلى، بىز ئۇنى ۋاجىپمۇ، سۈننەتمۇ؟ مۇستەھەپمۇ؟ سۈرۈشتە قىلماي، قىل دېگەننى قىلايلى، توسقاندىن دەرھال يانايلى، مانا بۇ ساھابىلارنىڭ ئادىتى، توغرىسى شۇ، ئائىلىدىكى باللار تازلىق قىلىۋېرىدۇ. قۇربانلىق قىلمايدىغان كىشى چاچ ـ تىرناقلىرىنى ئېلىپ، تازىلىق قىلىپ، پاك ـ پاكىز نامازغا بارسۇن، قىلىدىغانلارمۇ ئاشۇ ئون كۈندىن بۇرۇن تازىلىق قىلىۋالسۇن، ئىختىلاپ قىلماڭلار. نامازدىن كېيىنلا ئەمەس بەلكى قۇربانلىقنى بوغۇزلاپ بولۇپ ئالسۇن )

**6252** ( صحيح ) من رآني فإني أنا هو فإنه ليس للشيطان أن يتمثل بي ( ت ) عن أبي هريرة

6252. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېنى چۈشىدە كۆرسە، ھەققەتەن مەن ئاشۇ شۇ، شەيتان مېنىڭ سۈرىتىمگە كىرەلمەيدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6253** ( صحيح ) من رآني فقد رأى الحق فإن الشيطان لا يتزايا بي ( حم ق ) عن أبي قتادة

6253. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېنى كۆرسە، ھەققەتەن ئۇ مېنى راستلا كۆرگەن بولىدۇ. چۈنكى، شەيتان مېنىڭ سۈرىتىمگە كىرەلمەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

6254. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ۋە تۆۋەندىكىگە ئوخشاش.

**6255** ( صحيح ) من رآني في المنام فسيراني في اليقظة و لا يتمثل الشيطان بي ( ق د ) عن أبي هرير

6255. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېنى چۈشىدە كۆرسە، پات يېقىندا ئۇ مېنى ئويغاق ھالەتتىمۇ كۆرىدۇ . (يەنى قىيامەتتە كۆرىدۇ ، يا شۇ زاماندىكىلەر كۆرەتتى). شەيتان مېنىڭ سۈرىتىمدە كۆرۈنەلمەيدۇ. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

من رآني في المنام فقد رآني إنه لا ينبغي للشيطان أن يتمثل في صورتي ( حم م ه ) عن جابر

6256. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېنى چۈشىدە كۆرسە ھەققەتەن ئۇ،مېنى كۆرگەن بولىدۇ، چۈنكى، شەيتاننىڭ مېنىڭ

سۈرتىمگە كىرىۋېلىشى ھەرگىز لايىق ئەمەس، ئۇ مېنىڭ سۈرتىمدە كۆرۈنەلمەيدۇ.ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

6257. بۇ ھەدىس يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشاش، بۇخارى توپلىغان.

**6258** ( صحيح ) من رأت ذلك منكن فأنزلت فلتغتسل ( حم م ن ه ) عن أنس

6258. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاياللار، سىلەردىن بىر كىشى سۈنى كۆرسە، يەنى چۈشىدە ئېھتىلام بولۇپ، ھۆللۈكنى كۆرسە، مەنىي سۈيى چۈشسە غۇسلى قىلىپ يۇيۇنسۇن، (چۈشىدە ئېھتىلام بولۇپ، ھۆللۈكنى كۆرمىسە، غۇسلى يوق). ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6259** ( صحيح ) من رابط يوما و ليلة في سبيل الله كان له كأجر صيام شهر و قيامه و من مات مرابطا جرى له مثل ذلك من الأجر و أجري عليه الرزق و أمن الفتان ( ن ك ) عن سلمان

6259. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا بىر كېچە ـ كۈندۈز جەڭگە ئات توقۇپ، تەييارلىق قىلسا، ئۇ كىشىگە بىر ئاي روزا تۇتقانىنىڭ، كېچىلىرى قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغانىنىڭ ئەجرى بولىدۇ، كىم جەڭگە تەييارلىق قىلغان ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئۆچۈن شۇ جەڭنى قىلغانىنىڭ ئەجرى، ساۋابى دائىم يېتىپ تۇرىدۇ. ئۇ كىشىگە رىزىق يەتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ، قەبرە ئازابىدىن ئەمىن، خاتىرجەم بولىدۇ. نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من راح روحة في سبيل الله كان له بمثل ما أصابه من الغبار مسكا يوم القيامة ( ه الضياء ) عن أنس

6260. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا ئەتىگەندە جەڭگە ماڭسا، ئۇ كىشىگە قىيامەت كۈنى مىسكە ـ ئەنبەردىن، چاڭ ـ توزانلار يەتكەندەك بولىدۇ. (يەنى جەننەتكە ماڭغان بولىدۇ، ئۆلسە شېھىد بولىدۇ). ئىبنى ماجە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن.

من رحم و لو ذبيحة عصفور رحمه الله يوم القيامة ( خد طب الضياء ) عن أبي أمامة

6261. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم رەھىمدىل بولسا، گەرچە بىر قۇشقاچنى بوغۇزلىسىمۇ رەھىم قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە ئاللاھ رەھمەت قىلىدۇ. تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى، بۇخارى ئەدەبتە توپلىغان، ھەسەن. بۇ ھەدىسىدىن، رەھىم قىلسا، رەھىم قىلىنىشىدىن باشقا قۇشقاچ ھالال دېگەن ھۆكۈم چىقىدۇ.

من رد عن عرض أخيه رد الله عن وجهه النار يوم القيامة ( حم ت ) عن أبي الدرداء

6262. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قېرىندىشىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى قوغداپ مۇداپىئە قىلىپ ئەيىب ـ نۇقسانلارنى ياپسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ يۈزىدىن دوزاخ ئوتىنى قايتۇرىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6263** ( صحيح ) من رد عن عرض أخيه كان له حجابا من النار ( هق ) عن أبي الدرداء

6263. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قېرىندىشىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى قوغدىسا، ئەيىبلىگۈچىلەرگە رەددىيە بەرسە، ئەيىب ـ

نۇقسانلارنى رەت قىلىپ قايتۇرسا، بۇ ئىشى ئۇنىڭ ئۇچۇن دوۋزاخدىن پەردە بولىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6264** ( صحيح ) من ردته الطيرة عن حاجته فقد أشرك ( حم طب ) عن ابن عمرو

6264. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شۇم پال ئېلىش، بىرەر كىشىنى ھاجىتىگە يېتىشتىن قايتۇرۇۋەتسە، سەپىرىدىن ياكى قىلماقچى بولغان ئىشىدىن توسۇپ قويسا، ھەقىقەتەن ئۇ كىشى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. (بۇ گۇناھى كەبىرىدۇر). ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان سەھىھ.

من رفع حجرا عن الطريق كتب له حسنة و من كانت له حسنة دخل الجنة ( طب ) عن معاذ

6265. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم يولدىن كىشىلەرگە ئازار بېرىدىغان تاشنى كۆتۈرۈپ ئېلىۋەتسە، ئۇ كىشىگە بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ، كىمنىڭ قوبۇل بولغان بىر ياخشىلىقى بولسىلا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**6266** ( صحيح ) من ركع اثنتي عشرة ركعة بني له بيت في الجنة ( طس ) عن أبي ذر

6266. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم 12 رەكەت سۈننەت نامازنى ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي سېلىپ بېرىلىدۇ، (بۇ جەننەت بىلەن بېشارەتتۇر ). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

من رمى العدو بسهم في سبيل الله فبلغ سهمه العدو أصاب أو أخطأ يعدل رقبة ( حم ن ه طب ك ) عن عمرو بن عبسة

6267. ئەمرۇ ئىبنى ئەسبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا دۈشمەنگە بىر تال ئوق ئاتسا، ئوق دۈشمەنگە يېتىپ بارسا، مەيلى توغرا ئېتىپ تەگكۈزسۇن ، ياكى خاتا كەتسۇن، تەگسۇن تەگمىسۇن ئۇنىڭ بۇ ئىشى بىر قۇل ئازاد قىلغانغا تەڭ، (ئەمەل نىيەت بىلەن بولىدۇ، قۇل ئازاد قىلغان كىشى دوۋزاخدىن ئازاد بولىدۇ). ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

6268. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر، سەھىھ. مەزمۇنى، ئاللاھ يولىدا ئېتىلغان بىر تال ئوق بىر قۇل ئازاد قىلغانغا تەڭدۇر.

**6269** ( صحيح ) من رمى مؤمنا بكفر فهو كقتله ( طب ) عن هشام بن عامر

6269. ھىشام ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۆئمىنگە كاپىر دەپ بۆھتان چاپلىسا، بۇ ئۇنى ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاشتۇر، (مۆئمىننى كاپىر دېسە، ئۆزى كاپىر بولىدۇ، تىللاپ ئەيىبلىسە، پاسىق بولۇر، ئۆلتۈرسە كاپىر بولۇر). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6270** ( صحيح ) من رمانا بالليل فليس منا ( حم ) عن أبي هريرة

6270. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كېچىسى بىز تەرەپكە ئوق ئاتسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس، (يەنى بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى ئەمەس، ئەگەر قەستەن ئاتسا، ئۇ مۇسۇلماندىن ئەمەس). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**6271** ( صحيح ) من زار قوما فلا يؤمهم و ليؤمهم رجل منهم ( حم د ت ) عن مالك بن الحويرث

6271. مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر قەۋمنى زىيارەت قىلىپ بارسا، ئۇلارغا ئىمام بولمىسۇن، ئۇلارغا شۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى ياكى ئۆز ئىمامى ئىمام بولسۇن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. (چۈنكى ئۇ مۇساپىر بولىدۇ، ياكى قەۋم ياقتۇرماي قالسا، ناماز كامىل بولمايدۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئىمامىغا تەسىر يېتىدۇ، ئەگەر بارغۇچى شۇ ئىمامنىڭ ئۇستازى بولسا، قەۋم ياقتۇرۇپ قوللىسا، ئىمام بولسا بولىدۇ،دەلىل: نۇرغۇن ساھابە ئىماملار يىراققا ئەۋەتىلگەن).

من زرع أرضا بغير إذن أهلها فله نفقته و ليس له في الزرع شيء ( حم د ت ه ) عن رافع بن خديج

6272. راپىئ ئىبنى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر زېمىننى شۇ زېمىننىڭ ئەھلىنىڭ يەنى ئىگىسىنىڭ ئىزنىسىز، رۇخسەتسىز تېرىسا، ئۇ كىشىگە چىقىم، نەپىقە، خىراجىتى بېرىلىدۇ، زىرائەتتىن، كىرىمدىن ھېچ نەرسە بېرىلمەيدۇ. (يەر ئىگىسى خالاپ بەرسە بولمەيلى). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من زرع زرعا فأكل منه طير أو عافية كان له صدقة ( حم ابن خزيمة ) عن خلاد بن السائب

6273. خەللاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم زىرائەت تېرىسا، ئۇنىڭدىن قۇشلار، ھايۋانلار يېسە، بۇ ئۇ كىشى ئۈچۈن سەدىقە قىلغانلىق بولىدۇ. (چۈنكى، ھۆل جىگەر ئىگىسىگە سەدىقە قىلسا، ساۋاب، ئەجىر باردۇر). ئەھمەد، ئىبنى خۇزەيمە توپلىغان، سەھىھ.

6274 ( حسن ) من زنى خرج منه الإيمان فإن تاب تاب الله عليه ( طب ) عن شريك

6274. شەرىيك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم زىنا قىلسا، ئۇ كىشىدىن ئىمان چىقىپ كېتىدۇ، ئەگەر تەۋبە قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. (ئاندىن ئىمان يەنە كىرىدۇ). تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

6275 ( صحيح ) من سأل الله الجنة ثلاث مرات قالت الجنة: اللهم أدخله الجنة و من استجار من النار ثلاث مرات قالت النار: اللهم أجره من النار ( ت ن ك ) عن أنس

6275. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھدىن جەننەتنى ئۈچ قېتىم سورىسا، جەننەت: ئى ئاللاھ ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزگىن دەيدۇ، كىم ئاللاھقا سېغىنىپ، دوۋزاخدىن ئۈچ قېتىم پاناھ تىلەپ، دوۋزاخدىن قۇتۇلۇشنى ئۈچ قېتىم سورىسا، دوۋزاخ ئى ئاللاھ، ئۇ كىشىنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزغىن دەيدۇ. تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من سأل الله الشهادة بصدق بلغه الله منازل الشهداء و إن مات على فراشه ( م 4 ) عن سهل بن حنيف

6276. سەھلى ئىبنى ھەنىيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھتائالادىن سەممىي، راستچىللىق بىلەن چىن دىلىدىن شېھىد بولۇشنى سورىسا، گەرچە ئۇ كىشى ئۆز كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى شېھىدلەرنىڭ مەنزىل مەرتىۋىلىرىگە يەتكۈزىدۇ. مۇسلىم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**6277 ( صحيح ) من سأل الله القتل في سبيل الله صادقا من قلبه أعطاه الله أجر شهيد و إن مات على فراشه ( ت ) عن معاذ ( ك ) عن أنس**

6277. مۇئاز، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھدىن ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشنى سورىسا، چىن قەلبىدىن سەممىي سادىقلىق بىلەن سورىسا، گەرچە ئۇ كۆرپىسى ئۈستىدە بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇ كىشىگە شېھىدنىڭ ئەجرىنى بېرىدۇ. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**من سأل الناس أموالهم تكثرا فإنما يسأل جمر جهنم فليستقل منه أو ليستكثر ( حم م د ) عن أبي هرير**

6278. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى ئۆزىنىڭ نەرسىسىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن سورىسا، ھەقىقەتەن ئۇ جەھەننەمنىڭ چوغلىرىنى سورىغان بولىدۇ، خالىسا ئاز، خالىسا كۆپ سورىسۇن، (بۇ تەھدىتتۇر، مەقسەت ، سائىللىق قىلماڭلار). ئەھمەد ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**6279 ( صحيح ) من سأل الناس و له ما يغنيه جاء يوم القيامة و مسألته في وجهه خموش أو خدوش أو كدوح قيل: و ما الغنى ؟ قال: خمسون درهما أو قيمتها من الذهب ( حم 4 ك ) عن ابن مسعود**

6279. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆزىنى بىھاجەت قىلغۇدەك نەرسىسى تۇرۇپ، يەنە كىشىلەردىن نەرسە سوراپ، سائىللىق قىلسا، ئۇ قىيامەت كۈنىدە سورىغان سائىللىقى يۈزىدە جاراھەت، يارىدار ياكى جاراھەت ئىزى، ئەزىيەت بار ھالەتتە كېلىدۇ، بىھاجەتلىك دېگەن نېمە؟ ئۇ قانچىلىك؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، 50 دىرھەم كۈمۈش پۇل ياكى ئۇنىڭ قىممىتىدىكى ئالتۇن دېدى. (يەنى بۇ ئۆز ۋاقتىدىكى ئالتۇن بىلەن بىللە ھېسابلىغاندا، 1500 يۈەن بولىدۇ، ھازىر بولسا، كۈمۈش بەكلا ئەرزان بولۇپ كەتتى). ئەھمەد 3990 ـ ھەدىس، ھاكىم تۆت كىتاب توپلىغان، نەسەئى 2545 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1385 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6280 ( صحيح ) من سأل شيئا و عنده ما يغنيه فإنما يستكثر من جمر جهنم قالوا: و ما يغنيه ؟ قال: قدر ما يغديه و يعشيه ( حم د حب ك ) عن سهل بن الحنظلية**

6280. سەھلى ئىبنى ھەنزەلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆزىنى كىشىلەردىن بىھاجەت قىلغۇدەك نەرسىسى بار تۇرۇپ، يەنە نەرسە سوراپ سائىللىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ جەھەننەمنىڭ چوغلىرىنى كۆپەيتكەن بولىدۇ. ئۇلار قانچىلىك نەرسە بىھاجەت قىلىدۇ؟ دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا غىزا بولغۇدەك ئەتىگەنلىك ۋە كەچلىك تاماقتىن كۇپايە بولغىدەك نەرسە دېدى. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. (باي كىشىنىڭ ياكى ھاجىتى ئادا بولىدىغان كىشىنىڭ سائىللىق قىلىشى ھارام.)

**من سأل من غير فقر فكأنما يأكل الجمر ( حم ابن خزيمة الضياء ) عن حبشي بن جنادة**

6281. ھەبشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم پېقىر بولمىسىمۇ سائىللىق قىلسا، خۇددى چوغنى، ئوتنى يېگەندەك بولىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى خۇزەيمە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**6282 ( صحيح ) من سأل و له أربعون درهما فهو الملحف ( ن ) عن ابن عمرو**

6282. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم 40 دىرھەم كۈمۈش پۇلى ياكى ئۇنىڭ قىممىتىدە نەرسىسى بار تۇرۇپ، يەنە سائىللىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ يۈزى قېلىنلىق قىلىپ، چاپلىشىۋېلىپ سورىغان بولىدۇ. (40 دىرھەم 1000 يۈەندىن بەكلا تۆۋەندۇر). نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

6283. بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، يۇقىرىقىغا ئوخشاش. ھاجەتسىز پېقىر بولماستىن، سائىللىق ھارام.

من سئل عن علم فكتمه ألجمه الله يوم القيامة بلجام من نار ( حم 4 ك ) عن أبي هريرة

6284. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمدىن بىرەر ئىلىم توغرىسىدا سورالسا، ئاندىن ئۇ بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرۇۋالسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە ئوتتىن يۈگەن سالىدۇ. ئەھمەد، ھاكىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. ھازىر سورايدىغانلار يوقاپ كەتتى، سورىمىسىمۇ دەپ بېرىڭلار، چۈنكى، يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتىڭلار.

6285 ( حسن ) من سب أصحابي فعليه لعنة الله و الملائكة و الناس أجمعين ( طب ) عن ابن عباس

6285. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېنىڭ ساھابىلىرىمنى تىللاپ، ئەيىبلىسە، ئۇ كىشىگە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلەرنىڭ بارلىق ئىنسانلارنىڭ لەنىتى بولىدۇ. يەنى ئۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

من سبح الله في دبر كل صلاة ثلاثا و ثلاثين و حمد الله ثلاثا و ثلاثين و كبر الله ثلاثا و ثلاثين فتلك تسع و تسعون و قال تمام المائة: لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك و له الحمد و هو على كل شيء قدير غفرت خطاياه و إن كانت مثل زبد البحر ( حم م ) عن أبي هريرة

6286. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھتائالاغا ھەر بىر نامازنىڭ ئارقىسىدا 33 تەسبىھ، 33 ھەمدە، 33 تەكبىر ئېيتسا، ئەنە شۇ 99 بولىدۇ. ئۇ كىشى :«لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ لەھۇلمۈلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ ۋە ھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير» نى دەپ، 100نى تاماملاپ، كامىل قىلسا، گەرچە ئۇنىڭ خاتالىقلىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

6287 ( صحيح ) من ستر أخاه المسلم في الدنيا ستره الله يوم القيامة ( حم ) عن رجل

6287. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بۇ دۇنيادا مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ياپسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، گۇناھلىرىنى ياپىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) 6287 / 1 ] وهذا حديث مستدرك من الطبعة الأولى قال الألباني في صحيح ابن ماجه رقم: 2063 صحيح ( من ستر عورة أخيه المسلم ستر الله عورته يوم القيامة و من كشف عورة أخيه المسلم كشف الله عورته حتى يفضحه بها في بيته ) ( ه ) عن ابن عباس

6287. بۇ ھەدىس ساندا تەكرار.ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئەۋرىتىنى ياپسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭ ئەۋرىتىنى ياپىدۇ، كىم مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئەۋرىتىنى ئاچسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھمۇ ئۇ كىشىنىڭ ئەۋرىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ، ھەتتا ئۇ ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرسىمۇ ئاللاھ ئۇنى شۇ سەۋەبلىك رەسۋا

قىلىدۇ. (ئەۋرەت، ئەيىب - نۇقسان، كەمچىلىك، رەسۋا بولىدىغان، يۈز - ئابرۇي، ئىناۋىتى تۆكۈلىدىغان نەرسىلەرنىڭ مەنىسىدە بولۇشى مۇمكىن) ھاكىم توپلىغان، ئىبنى ماجەنىڭ سەھىھ قىسمىنىڭ 2063 - ھەدىسى، سەھىھ.

**6288** ( حسن ) من سره أن يجد حلاوة الإيمان فليحب المرء لا يحبه إلا الله ( حم ك ) عن أبي هرير

6288. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنى ئۇ كىشىنىڭ ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى تېپىشى، تېتىشى خۇرسەن قىلسا، ياخشى كۆرگەن دوست تۇتقان كىشىنى پەقەت ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرسۇن، ئاللاھ ئۈچۈنلا دوست تۇتسۇن، شۇ چاغدا ئىمانىنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيدۇ. ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**6289** ( حسن ) من سره أن يحب الله و رسوله فليقرأ في المصحف ( حل هب ) عن ابن مسعود

6289. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر كىشىنى،ئۇنىڭ، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى ياخشى كۆرۈشى، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئۇ كىشىنى ياخشى كۆرۈشى خۇرسەن قىلسا، قۇرئاننى ئۇنىڭ ئىچىگە قاراپ ئوقۇسۇن. ئەبۇ نۇئەيم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.( يادا ئوقۇسىمۇ ئەجىر بار، لېكىن قاراپ ئوقۇسا ئەۋزەل، بىر ھەرپكە ئون ياخشىلىق يېزىلىدۇ.)

من سره أن يستجيب الله له عند الشدائد و الكرب فليكثر الدعاء في الرخاء ( ت ك ) عن أبي هرير

6290. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ؛ كىم ئاللاھتائالانىڭ ئۇ كىشى ئۈچۈن قاتتىق ئېغىر كۈنلەردە قاتتىق قىيىنچىلىقلاردا چوڭ - چوڭ بالا، مۇسىبەتلەردە دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشىنى ياخشى كۆرسە، ئاللاھتائالاغا، كەڭچىلىك بولغان، ئاسان كۈنلەردىمۇ دۇئانى كۆپ قىلسۇن، «يەنى باشقا كۈن كەلگەندە ئەمەس بەلكى، ھەر قانداق چاغلاردا ئاللاھنى كۆپ ئەسلەپ، كۆپ دۇئا قىلسۇن قاتتىق سىناق، بالالار كەلگەندە ئاسان بولىدۇ.» تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**6291** ( صحيح ) من سره أن يعظم الله رزقه و أن يمد في أجله فليصل رحمه ( حم د ن ) عن أنس

6291. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنى ئاللاھتائالانىڭ ئۇ كىشىنىڭ رىزقىنى مول، كەڭرى قىلىپ بېرىشى، ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلىپ بېرىشى خۇرسەن قىلسا، يەنى رىزقىم كەڭرى، ئۆمرۈم ئۇزۇن بولسۇن دېسە، سىلە - رەھىم قىلسۇن، ياخشىلىق قىلسۇن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6292** ( صحيح ) من سره أن ينظر إلى تواضع عيسى فلينظر إلى أبي ذر ( ع ) عن أبي هرير

6292. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇشىنى ۋە كەمتەرلىكىنى كۆزى بىلەن كۆرگەندەك كۆرۈشى خۇرسەن قىلسا، ئۇ كىشى ئەبۇ زەرگە قارىسۇن، (ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيسادەك كەمتەر، زاھىد ئىدى). ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

**6293** ( صحيح ) من سره أن ينظر إلى يوم القيامة كأنه رأى عين فليقرأ ( إذا الشمس كورت و ( إذا السماء انفطرت ) و ( إذا السماء

انشقت ) ) ( حم ت ك ) عن ابن عمر

6293. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنى قىيامەت كۈنىگە قارشى، قىيامەت كۈنىنى كۆزى بىلەن كۆرگەندەك كۆرۈشى خۇرسەن قىلسا، «ئىزەششەمسۇ كۇۋۋىرەتنى، ئىزەسسامائۇنفەتەرەتنى، ئىزەسسامائۇنشەققەتنى يەنى سۈرە تەكۋىير، ئىنفىتار، ئىنشىقاقنى» ئوقۇسۇن. (ئەنە شۇ قىيامەت كۆرۈنۈشىدۇر). ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

6294 ( صحيح ) من سرته حسنته و ساءته سيئته فهو مؤمن ( طب ) عن أبي موسى

6294. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ياخشىلىقلىرى خۇرسەن قىلغان، يامانلىقلىرى خاپا قىلىپ پۇشايمان قىلدۇرغان كىشى مۆئمىندۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

6295 ( صحيح ) من سرق فوجد سرقته عند رجل غير متهم فإن شاء أخذها بالقيمة و إن شاء اتبع صاحبه ( حم د في مراسيله ن ك ) عن أسيد بن حضير ( ن ) عن أسيد بن ظهير

6295. ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەيىر، ئۇسەيد ئىبنى زۇھەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ نەرسىسى ئوغرىلانغان بولسا، ئاندىن ئۇ كىشى ئوغرىلانغان نەرسىسىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى تۆھمەت قىلماستىن تولۇق دەلىل ـ ئىسپات بىلەن باشقا بىر كىشىنىڭ يېنىدا تاپسا، ئەگەر خالىسا شۇ نەرسىنىڭ قىممىتى، باھاسى بويىچە پۇل ياكى مال ئالىدۇ. ئەگەر خالىسا شۇ ئوغرىغا ئەگىشىپ، مېلىنىڭ ئۆزىنى ئالىدۇ. (ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من سكن البادية جفا و من اتبع الصيد غفل و من أتى السلطان افتتن( حم 3 ) عن ابن عباس

6296. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم سەھرا، يېزىدا ياشىسا، دىلى قاتتىق، تەبىئىتى قوپال بولۇپ كېتىدۇ، كىم ئوۋغا ئەگەشسە، غەپلەتتە قالىدۇ، كىم سۇلتانغا تولا كەلسە، پىتنە ـ پاساتقا قالىدۇ، (دىنىسىز پادىشاھقا بارسا، مۇناپىق بولىدۇ). ئەھمەد ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

من سلك طريقا يطلب فيه علما سلك الله به طريقا من طرق الجنة و إن الملائكة لتضع أجنحتها لطالب العلم رضا بما يصنع و إن العالم ليستغفر له من في السموات و من في الأرض و الحيتان في جوف الماء و إن فضل العالم على العابد كفضل القمر ليلة البدر على سائر الكواكب و إن العلماء ورثة الأنبياء و إن الأنبياء لم يورثوا دينارا و لا درهما إنما ورثوا العلم فمن أخذه أخذ بحظ وافر ( حم 4 حب ) عن أبي الدرداء

6297. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىلىم تەلەپ قىلىدىغان يولغا يول سالسا، يەنى شۇ يولغا ماڭسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى جەننەتنىڭ يوللىرىدىن بىر يولغا سېلىپ قويىدۇ، ھەققەتەن پەرىشتىلەر ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى ئوقۇغۇچىغا، ئۇنىڭ ئىشىدىن رازى بولۇپ، قاناتلىرىنى قويۇپ بېرىدۇ، تۆۋەن تۇتۇپ تۇرىدۇ، ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ، ھەققەتەن ئالىم، مۇئەللىم ئۈچۈن ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى كىشىلەر ۋە سۇ ئىچىدىكى بېلىقلارمۇ مەغپىرەت سورايدۇ، ئالىمنىڭ، ئىبادەت بىلەنلا ئۆتىدىغان ئابىد ئۈستىدىكى پەزىلىتى، خۇددى باشقا يۇلتۇزلارنىڭ ئۈستىدىكى 15 كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ پەزىلىتىگە ئوخشايدۇ، ھەققەتەن ئۆلىمالار،

پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر، پەيغەمبەرلەر ئالتۇن ـ كۈمۈش مىراس قالدۇرمايدۇ، ھەقىقەتەن ئۇلار دىنىنى، ئىلىمنى مىراس قالدۇرىدۇ، كىم ئىلىمنى ئالسا، نېسىۋىسىنى تولۇق، كامىل ئالغان بولىدۇ. (ئالىملارمۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئەمەس، بەلكى، ئىلىمنى، دىنىنى مىراس ئالىدۇ، ھەم مىراس قالدۇرىدۇ،بۇ جايدىكى ئابىتنىڭ ئىبادىتى نەپلە ئىبادەتتۇر). ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە يەنى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

ئىلىمنىڭ پەزىلىتى بۇنىڭدىن ئارتۇق بايان قىلىنماس، پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسى بولۇشتىن ئارتۇق پەزىلەت بولماس، ئەمما، ئۇنچە ئاسان ئەمەس بۇ مىراسنى ئالماق،ئالىمەن دېگەن ئىرادىلىك كىشى ئالالماي قالماس.

**6298** ( صحيح ) من سلك طريقا يلتمس فيه علما سهل الله له طريقا إلى الجنة ( ت ) عن أبي هرير

6298. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىلىم تەلەپ قىلىدىغان يولغا كىرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەت يولىنى ئاسان قىلىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6299** ( صحيح ) من سل علينا السيف فليس منا ( حم م ) عن سلمة بن الأكوع

6299. سەلەمەت ئىبنى ئەكۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىزگە قارشى قىلىچنى غىلاپىدىن سۇغارسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس، (يەنى مۇسۇلمان ئەمەس). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**6300** ( صحيح ) من سمع النداء فلم يأته فلا صلاة له إلا من عذر ( ه حب ك ) عن ابن عباس

6300. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەزاننى ئاڭلاپ تۇرۇپ مەسجىدگە كەلمىسە، ئۇ كىشى ئۈچۈن ناماز يوق، لېكىن، ئۆزرە بىلەن كەلمەي، ئۆيدە ئوقۇسا بۇ مۇستەسنادۇر، (يەنى ناماز دۇرۇس بولىدۇ. ناماز يوق دېگىنى نامىزى كامىل بولمايدۇ دېگەن بولىدۇ). ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6301** ( صحيح ) من سمع بالدجال فلينأ عنه فوالله إن الرجل ليأتيه و هو يحسب أنه مؤمن فيتبعه مما يبعث به الشبهات ( حم د ك ) عن عمران بن الحصين

6301. ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم دەججالنىڭ چىققىنىنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭدىن يىراق تۇرسۇن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن ئۆزىنى كامىل مۆئمىن ھېسابلايدىغان بىر كىشى دەججالنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى شۈبھىلەر قىزىقتۇرۇپ، ۋەسۋەسىلەر سەۋەبىدىن دەججالغا ئەگىشىپ كېتىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىن دەججال بارلىقىدىن كىشىلەر بار ئىكەن، دەججالدىن يىراق تۇرغىلى، قاچقىلى بولىدىكەن ئەلۋەتتە، دەججالدىن ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى، قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئى مۇسۇلمانلار! ئۇنىڭدىن قورقۇپ، ئالاقزادە بولۇپ چۆچۈپ ھوشۇڭلاردىن كەتمەي، ئاللاھدىن ياردەم سوراپ، ھەقتە، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇڭلار، ئۇ ھەقىقەتچى مۆئمىننى ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ، بىز شەيتاندىن قورقمىغاندەك دەججالدىنمۇ قورقمايمىز، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە، ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھۇ ئەكبەر!

من سمع رجلا ينشد ضالة في المسجد فليقل: لا ردها الله عليك فإن المساجد لم تبن لهذا(حم م د ه ) عن أبي هرير

6302. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر كىشىنىڭ مەسجىد ئىچىدە يۈتۈپ كەتكەن نەرسىسىنى ئىلان قىلىپ، تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسا، مۇنداق دېسۇن! ئاللاھ ئۇ نەرسەڭنى ساڭا قايتۇرۇپ بەرمىگەي، ھەققەتەن مەسجىدلەر بۇنىڭ ئۈچۈن يەنى نەرسە ئىزدەش ئۈچۈن سېلىنمىغان. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

6303. بۇ ھەدىس تۆۋەندىكىگە ئوخشاشتۇر.

من سمع سمع الله به و من راءى راءى الله به و من شاق شق الله عليه يوم القيامة ( حم خ ه ) عن جندب

6304. جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاڭلىتىپ رىيا قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئاڭلىتىپ قويىدۇ، كىم كۆرسەتمە رىيا قىلسا، ئاللاھ ئۇنى كۆرسىتىپ قويىدۇ خالاس، شۇنىڭ بىلەن مۇكاپاتى تۈگەيدۇ، كىم ئۆزىگە مۇشەققەت قىلىۋالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە قىيامەت كۈنىمۇ مۇشەققەت سېلىپ قويىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6305** ( صحيح ) من سن في الإسلام سنة حسنة فله أجرها و أجر من عمل بها من بعده من غير أن ينقص من أجورهم شيء و من سن في الإسلام سنة سيئة فعليه وزرها و وزر من عمل بها من بعده من غير أن ينقص من أوزارهم شيء ( حم م ت ن ه ) عن جرير

6305. جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىسلام دىنى ئىچىدە ياخشى سۈننەت قالدۇرسا، ياكى ئۆلۈپ يوقاپ كەتكەن سۈننەتنى تىرىلدۈرسە، ئۇ كىشىگە شۇ ئىشنىڭ ئەجرى ۋە ئۇ كىشىدىن شۇ سۈننەتكە ئەمەل قىلغانلارنىڭ ئەجرلىرىدىن ھېچنەرسە كاملىتىلماستىن تولۇق، ئوخشاش بېرىلىدۇ، كىم دەل ئەكسىچە يامان سۈننەت، بىدئەت قالدۇرسا بۇ كىشىگىمۇ شۇنىڭ گۇناھى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ يامان سۈننەتكە ئەمەل قىلغانلارنىڭ گۇناھلىرى ھېچنەرسە كاملىماستىن ئوخشاش يېزىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

6306. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر.

**6307** ( صحيح ) من شاب شيبة في الإسلام كانت له نورا يوم القيامة ( ت ن ) عن كعب بن مرة

6307. كەئبى ئىبنى مۇررەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ ئىسلام دىنى ئىچىدە مۇسۇلمان ھالەتتە چاچ ـ ساقىلىغا ئاق كىرسە، ئۇ قىيامەت كۈنى نۇر بولىدۇ. تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

من شاب شيبة في سبيل الله كانت له نورا يوم القيامة ( حم ت ن حب ) عن عمرو بن عبسة

6308. ئەمرۇ ئىبنى ئۇبەسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ ئاللاھ يولىدا چاچ ـ ساقىلىغا ئاق كىرسە، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن قىيامەت كۈنى كاتتا نۇر بولىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**6309** ( صحيح ) من شرب الخمر فاجلدوه فإن عاد الثانية فاجلدوه فإن عاد الثالثة فاجلدوه فإن عاد الرابعة فاقتلوه ( حم د ن ك ) عن ابن عمر ( د ت ك ) عن معاوية ( د هق ) عن ذؤيب ( حم د ت ك ) عن أبي هريرة ( طب ك الضياء ) عن شرحبيل بن أوس ( طب قط ك الضياء ) عن جرير ( حم ك ) عن ابن عمرو( وابن خزيمة ك ) عن جابر ( طب ) عن غضيف ( ن ك الضياء ) عن الشريد بن سويد ( ك ) عن نفر من الصحابة

6309. ئىبنى ئۆمەر، مۇئاۋىيە، زۇۋەيىب، ئەبۇ ھۇرەيرە، شۇرەھبىل، جەرىير، ئىبنى ئەمرۇ، جابىر، خۇزەيف، شەرىيد ۋە بىر نەچچە ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھاراق ئىچسە، ئۇنى قامچىلاڭلار، ئىككىنچى قېتىم يەنە قايتا ئىچسە، يەنە قامچىلاڭلار، ئۈچىنچىسىدىمۇ شۇنداق، تۆتىنچى قېتىم قايتا ئىچسە، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم، تىرمىزى، بەيھەقى، تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى، دارىقۇتنى، ئىبنى خۇزەيمە توپلىغان، سەھىھ.

من شرب الخمر في الدنيا ثم لم يتب منها حرمها في الآخرة( حم ق ن ه ) عن ابن عمر

6310. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بۇ دۇنيادا ھاراق ئىچىپ، ئاندىن ئۇ گۇناھدىن تەۋبە قىلماي كەتسە، ئاخىرەتتىكى ئىپسىل مەيدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6311** ( صحيح ) من شرب الخمر في الدنيا لم يشربها في الآخرة ( ه ) عن أبي هرير

6311. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بۇ دۇنيادا ھاراق ئىچسە، ئاخىرەتتە ئىپسىل مەيدىن، شارابدىن ئىچەلمەيدۇ، (يەنى تەۋبە قىلماي كەتسە). ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

من شرب الخمر لم تقبل له صلاة أربعين صباحا فإن تاب تاب الله عليه فإن عاد لم تقبل له صلاة أربعين صباحا فإن تاب تاب الله عليه فإن عاد لم تقبل له صلاة أربعين صباحا فإن تاب تاب الله عليه فإن عاد الرابعة لم تقبل له صلاة أربعين صباحا فإن تاب لم يتب الله عليه و سقاه من نهر الخبال ( حم ت ) عن ابن عمر ( حم ن ك ) عن ابن عمرو

6312. ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھاراق ئىچسە، ئۇ كىشىنىڭ 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، ئەگەر تەۋبە قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئەگەر يەنە قايتا ھاراق ئىچسە، يەنە 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەگەر تەۋبە قىلسا، ئاللاھ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئەگەر يەنە قايتا ھاراق ئىچسە، يەنە 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، يەنە تەۋبە قىلسا، ئاللاھ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. تۆتىنچى قېتىم قايتا ھاراق ئىچسە، يەنە 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، ئەگەر تەۋبە قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئۇنى دوزاخ ئەھلىنىڭ قان - يىرىڭ، زەرداپلىرى بىلەن سۇغۇرىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من شرب الخمر و سكر لم تقبل له صلاة أربعين صباحا فإن مات دخل النار فإن تاب تاب الله عليه و إن عاد فشرب فسكر لم تقبل له صلاة أربعين صباحا فإن مات دخل النار و إن تاب تاب الله عليه و إن عاد فشرب فسكر لم تقبل له صلاة أربعين صباحا فإن مات دخل النار و إن تاب تاب الله عليه فإن عاد كان حقا على الله أن يسقيه من ردغة الخبال يوم القيامة: عصارة أهل النار ( ه ) عن ابن عمرو

6313. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھاراق ئىچىپ مەست بولسا، ئۇنىڭ 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەگەر مەست ھالەتتە ئۆلسە، دوزاخقا كىرىدۇ، ئەگەر (مەسلىكىدىن 40 كۈن كېيىن) تەۋبە قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئەگەر يەنە قايتا ھاراق ئىچىپ مەست بولسا، 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، ئۆلسە

دوۋزاخقا كىرىدۇ. ئەگەر تەۋبە قىلسا، ئاللاھ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئەگەر يەنە قايتا ھاراق ئىچىپ، مەست بولسا، يەنە 40 كۈنلۈك نامىزى قوبۇل بولمايدۇ، ئۆلسە دوۋزاخقا كىرىدۇ، ئەگەر تەۋبە قىلسا، ئاللاھ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەگەر تۆتىنچى قېتىم قايتا ھاراق ئىچىپ تەۋبە قىلماي يۈرۈۋەرسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئۇنى دوۋزاخ ئەھلىنىڭ قان ـ يىرىڭ زەرداپلىرى بىلەن سۇغۇرۇشى ھەق بولىدى. (ئىككى رەكەت ناماز پۈتۈن دۇنيادىن ياخشى تۇرسا، 40 كۈنلۈك ناماز زايا كەتسە ھەي ئىست!) ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**6314** ( صحيح ) من شرب في إناء فضة فكأنما يجرجر في بطنه نار جهنم ( ه ) عن عائشة

6314. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كۈمۈش قاچىدا نەرسە ئىچسە، خۇددى ئۇنىڭ قورسىقىدا جەھەننەم ئوتى ئۇياقتىن ـ بۇياققا ھەرىكەتلەنگەن بولىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من شرب في إناء من ذهب أو فضة فإنما يجرجر في بطنه نارا من جهنم ( م ) عن أم سلمة

6315. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئالتۇن ياكى كۈمۈش قاچىدا نەرسە ئىچسە، ھەققەتەن ئۇ، قورسىقىدا جەھەننەمنىڭ ئوتىنى ئۇياقتىن ـ بۇياققا غولدۇرلۇتۇپ، ھەرىكەتلەندۈرگەن بولىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىلاردا نەرسە يەپ ـ ئىچىش ھارام.

من شفع لأخيه شفاعة فأهدى له هدية عليها فقبلها منه فقد أتى بابا عظيما من أبواب الربا (حم د ) عن أبي أمامة

6316. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قېرىندىشى ئۈچۈن بىرەر ئىشتا شاپائەت قىلسا، گۇناھىنى تىلىۋالسا، ياردەم بەرسە، ئاندىن ئۇنىڭغا شۇ ئىش سەۋەبلىك بىرەر نەرسە ھەدىيە قىلىنسا، ئۇ ھەدىيىنى قوبۇل قىلسا، ھەققەتەن ئۇ جازانە، ئۆسۈم ئىشىكلىرىدىن چوڭ بىر ئىشىككە كەلگەن بولىدۇ، (يەنى ئەڭ چوڭ جازانە قىلغان بولىدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

( صحيح ) من شهد الجنازة حتى يصلي عليها فله قيراط و من شهدها حتى تدفن كان له قيراطان مثل الجبلين العظيمين ( ق ن ) عن أبي هريرة

6317. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جىنازا نامىزىغا ھازىر بولۇپ، ناماز چۈشۈرۈپ قايتسا، ئۇ كىشىگە بىر قىيرات ئەجىر بولىدۇ، كىم جىنازىغا ناماز چۈشۈرۈپ دەپنە قىلىنغۇچە ھازىر بولسا، ئۇ كىشىگە ئىككى قىيرات ئەجىر، يەنى چوڭ ئىككى تاغدەك ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ. بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6318** ( صحيح ) من شهد أن لا إله إلا الله دخل الجنة ( البزار ) عن ابن عمر

6318. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەققەتەن ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، (شۇنداق دەپ ئۆلسە)، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. بەزار توپلىغان، سەھىھ.

من شهد أن لا إله إلا الله و أن محمدا رسول الله حرم الله عليه النار ( حم م ت ) عن عبادة

6319. ئۇبادەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەققەتەن ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە دوزاخنى ھارام قىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ئەلۋەتتە يۇقىرىدا ناماز ئوقۇمىسا، ھاراق ئىچسە ئۆلتۈرۈش، جازانە، ئۆسۈم قىلسا، ئانىسىنى نىكاھىغا ئالغاندەك بولۇش، سۇخەنچى جەننەتكە كىرەلمەسلىك قاتارلىق نۇرغۇن بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەر ئۆتتى، مەقسەت، بۇ دېگەن دىنىسىزلارنى ئىسلام دىنىغا چاقىرىش، بىر دىندىن ئىسلام دىنىغا بىر ئەقىدىدىن ئىسلام ئەقىدىسىگە، بىر قانۇندىن ئىسلام قانۇنىغا يۆتكىلىشتۇر، سەييىد قۇتۇپ، بۇ بىر قۇرۇق سۆز بولماستىن، ئىككى لەۋ دەپ قويىدىغان سۆز بولماستىن، بەلكى، بۇ بىر شوئار، بۇ بىر بايراق، بۇ بىر مەنھەج، پروگراما يول ۋە ئەمەلدۇر دېگەن. ھاياتلىق پروگراممىسى يول بەلگىسى، ئىسلام شوئار، بايرىقى، بۇ دېگەنلىك شۇ بايراق ئاستىدا ھەقىقى مۆئمىن مۇسۇلمان بولۇپ ياشاپ ئۆلسە، جەننەتكە كىرىدۇ دېگەن بولىدۇ. ياكى ئالىملار بۇ ھەدىس، مەككىدىكى چاغدا ھېچ نەرسە پەرز قىلىنمىشتىن بۇرۇن پەرز قىلىنماستا دېيىلگەن دېگەن. ئاندىن كېيىن، ناماز ئوقۇغان، زاكات بەرگەن، روزا تۇتقان، ھەتتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە جەڭگە چىققانلاردىن مۇناپىقلار چىقتى، ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا، دىنسىزلارنىڭ مەنپەئەتىگە ھەرىكەت قىلىپ، تىلىدا ئىمان ئېيتىپ، دىلىدا ئىنكار قىلىپ، مۇناپىق بولدى، سۈرە تەۋبە، سۈرە مۇنافىقۇن چۈشتى، دېمەك، بۇ بىر شوئار، بايراقتۇر. شۇ بايراق ئاستىدا ھەقىقى مۆئمىن بولۇپ ياشاپ ئۆلسە، شۇ ئىماننى ساقلاپ كېتەلىسە، ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا شۇ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ ئۆلەلىسە، مانا مۇشۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ، ئەلۋەتتە، بۇ شاھادەت كەلىمىسى ئىسلام دىنىغا كىرىش مۇراسىمى، جەننەتكە كىرىشنىڭ يولىدۇر، ئاللاھ ئالىم.

**6320** ( صحيح ) من شهد أن لا إله إلا الله وحده لا شريك له و أن محمدا عبده و رسوله و أن عيسى عبده و رسوله و ابن أمته و كلمته ألقاها إلى مريم و روح منه و أن الجنة حق و أن النار حق و أن البعث حق أدخله الله الجنة على ما كان من عمل من أي أبواب الجنة الثمانية شاء ( حم ق ) عن عبادة بن الصامت

6320. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇنداق گۇۋاھلىق بەرسە: «ھەقىقەتەن يەككە ـ يېگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئەيسامۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، ئاللاھنىڭ بەندىسى بولغان مەريەمنىڭ ئوغلى، ئاللاھ مەريەمگە تاشلىغان ئاللاھنىڭ كەلىمىسى، ئاللاھ تەرەپتىن يارىتىلغان روھدۇر، ھەقىقەتەن جەننەت ھەق، دوزاخ ھەق، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىش ھەق» دېسە، ئاللاھتائالا ئۇنى جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكىنىڭ قايسىدىن خالىسا، قىلغان ئەمەللىرىگە يارىشا، ئەمەللىرىگە لايىق جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. (يەنى، جەننەتنىكى دەرىجىسى، ئەمەللىرى بىلەن بولىدى). ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6321** ( صحيح ) من شهد صلاتنا هذه و وقف معنا حتى ندفع و قد وقف بعرفة قبل ذلك ليلا أو نهارا فقد تم حجه و قضى تفثه ( ت ه ) عن عروة بن مضرس

6321. ئۇرۋەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججە مۇنداق دېگەن: كىم بىزنىڭ مۇشۇ بامدات نامىزىمىزغا ھازىر بولالىسا، بىز بىلەن بىرگە كۆچكەنگە

قەدەر ۋوقۇق قىلغان بولسا، شۇنىڭدىن بۇرۇن ئاراپات كۈنى ئاراپاتتا كېچىسى ياكى كۈندۈزى ۋوقۇق قىلغان بولسا، ھەقىقەتەن ئۇ ھاجىتىنى ئادا قىلغان بولىدۇ، ھەججى تولۇق، كامىل بولغان بولىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6322** ( صحيح ) من شهر سيفه ثم وضعه فدمه هدر ( ن ك ) عن ابن الزبير

6322. ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قىلىچىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى مۇسۇلمان كىشىلەرگە قويسا، ئۇنىڭ قېنى بىكاردۇر، يەنى ئۇ كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ. نەسەئى 4029 ـ ھەدىس، ھاكىمۇ توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى ماجە 2567 ـ ھەدىستە كىم بىرىگە قارشى قىلىچ سۇغارسا، ئۇ بىردىن ئەمەس دېيىلگەن.

**6323** ( صحيح ) من صام الأبد فلا صام و لا أفطر ( حم ن ه ك ) عن عبدالله بن الشخير

6323. ئابدۇللاھ ئىبنى شۇخەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەبەدىلئەبەد دائىم پۈتۈن زامان روزا تۇتسا، ئۇ كىشى روزا تۇتقان بولمايدۇ، ھەم ئىپتار قىلغانمۇ، يېگەنمۇ بولمايدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. قادىر بولۇشچە تۇتۇش لازىم، تۆۋەندىكى ھەدىسكە قاراڭ.

من صام ثلاثة أيام من كل شهر فقد صام الدهر كله ( حم ت ن ه الضياء ) عن أبي ذر

6324. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتسا، پۈتۈن زامان روزا تۇتقان بولىدۇ، (چۈنكى، بىرگە ئۇن بېرىلىدۇ). ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) ما بين قوسين ضعيف عند الألباني من صام رمضان إيمانا و احتسابا غفر له ما تقدم من ذنبه ( و ما تأخر ) ( خط ) عن ابن عباس

6325. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم چىن دىلىدىن ئىمان كەلتۈرۈپ ئىشىنىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، رامزان ئېيىدا روزا تۇتسا، ئۇ كىشى ئۆتچۈن بۇرۇن قىلغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، (كېيىنكى گۇناھمۇ مەغپىرەت قىلىنىدۇ) خەتىيب توپلىغان، ئەلبانى سەھىھ، لېكىن تىرناق ئىچى يەنى كېيىنكى گۇناھمۇ مەغپىرەت قىلىنىدۇ دېگىنى زەئىپ دېگەن . چۈنكى بۇ سۆز سەھىھ ھەدىسكە زىت، خىلاپ.

من صام رمضان إيمانا و احتسابا غفر له ما تقدم من ذنبه ( حم ق 4 ) عن أبي هريرة

6326. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىمان كەلتۈرۈپ، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، رامزاندا روزا تۇتسا، ئۇ كىشىنىڭ بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

من صام رمضان و أتبعه ستا من شوال كان كصوم الدهر ( حم م 4 ) عن أبي أيوب

6327. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم رامزان ئېيىدا روزا تۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئۇلاپ، كېيىنكى شەۋۋال ئېيىدىن ئالتە كۈن روزا تۇتسا، ئۇ پۈتۈن زامان روزا تۇتقان بولىدۇ، (36 كۈن 360 كۈنگە تەڭ، ئەلۋەتتە ھېيت كۈنى روزا تۇتۇش ھارام). ئەھمەد، مۇسلىم بۇنىڭدىن كېيىنكى 4 كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

من صام ستة أيام بعد الفطر كان تمام السنة ( من جاء بالحسنة فله عشر أمثالها ) ( ه ) عن ثوبان

6328. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم رامزان ئېيىدا روزا تۇتۇپ، ئاندىن روزا ھېيتتىن كېيىن شەۋۋال ئېيىدىن ئالتە كۈن روزا تۇتسا، ئۇ تولۇق بىر يىل روزا تۇتقان بولىدۇ، «كىم بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ ئونخەسسىدەك ئون ياخشىلىق بېرىلىدۇ». ئايەت، يەنى 36 كۈن 360 كۈنگە تەڭدۇر، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

من صام يوما في سبيل الله باعد الله بذلك اليوم حر جهنم عن وجهه سبعين خريفا ( ن ه ) عن أبي سعيد

6329. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، ئاللاھتائالا شۇ بىر كۈن روزىسىنىڭ بەدىلىگە ئۇ كىشىنىڭ يۈزىدىن جەھەننەمنىڭ ھارارىتىنى 70 يىل يىراق قىلىدۇ. نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من صام يوما في سبيل الله باعد الله منه جهنم مسيرة مائة عام ( ن ) عن عقبة بن عامر

6330. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم، ئاللاھ يولىدا بىر كۈن نەپلە روزا تۇتسا، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن جەھەننەمنى 100 يىللىق مۇساپە يىراق قىلىدۇ. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

6331. بۇ ھەدىس، يۇقىرىقىغا ۋە تۆۋەندىكىگە ئوخشاش.

من صام يوما في سبيل الله بعد الله وجهه عن النار سبعين خريفا ( حم ق ت ن ) عن أبي سعيد

6332. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا بىر كۈن روزا تۇتسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ يۈزىنى دوۋزاخدىن 70 يىل يىراق قىلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

من صام يوما في سبيل الله جعل الله بينه و بين النار خندقا كما بين السماء و الأرض ( ت ) عن أبي أمامة

6333. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم، ئاللاھ يولىدا بىر كۈن نەپلە روزا تۇتسا، ئاللاھ ئۇ كىشى بىلەن دوۋزاخ ئارىسىدا ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدەك چوڭ بىر خەندەك قىلىدۇ، (يەنى 70 يىل يىراق قىلىدۇ، 100 يىللىق مۇساپە يىراق قىلىدۇ). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

6334. بۇ ھەدىس، ئۈستىدىكى ھەدىسلەرگە ئوخشاش، بىر كۈن نەپلە روزا تۇتسا، دوۋزاخدىن 70 يىل يىراق قىلىنىدۇ، بۇ 70 يىلنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، نىيەت، ئىخلاسقا لايىق ئەجرلەر بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىس ئوخشاش ئەمەس، ھەربىر ھەدىس ئايرىم ـ ئايرىم نىيەت، ئىخلاسقا دېيىلگەن.

من صام يوم عرفة غفر الله له سنتين: سنة أمامه و سنة خلفه ( ه ) عن قتادة بن النعمان

6335. قەتادە ئىبنى نۇئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئارايات كۈنى يەنى ئەتە قۇربان ھېيت دېگەن كۈنى روزا تۇتسا، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن ئۆتكەنكى بىر يىل ۋە كېيىنكى بىر يىلدىن ئىبارەت ئىككى يىللىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**6336** ( صحيح ) من صرع عن دابته فهو شهيد ( طب ) عن عقبة بن عامر

6336. ئۇمبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۇلىغىدىن (يەنى جەڭ ئېتىدىن ياكى ئاللاھ يولدا كېتىۋاتقان ئۇلىغىدىن) يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلسە، ئۇ شېھىد بولىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6337** ( صحيح ) من صلى البردين دخل الجنة ( م ) عن أبي موسى

6337. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىككى سوغۇق نامازنى يەنى بامدات بىلەن خۇپتەن نامىزىنى (جامائەت بىلەن) ئوقۇسا، جەننەتكە كىرىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

من صلى الصبح فهو في ذمة الله فلا يتبعنكم الله بشيء من ذمته ( ت ) عن أبي هريرة

6338. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بامدات نامىزىنى ئوقۇسا، ئۇ ئاللاھنىڭ ئەھدىسىدە، كېپىللىكىدە بولىدۇ، مۇھاپىزىتىدە بولىدۇ، ئاللاھ سىلەرگە ئەھدىسىدىن مۇھاپىزەت قىلىشىدىن بىرەر نەرسىنى زايا قىلمايدۇ، تەرك ئەتمەيدۇ، (سىلەرمۇ ئاللاھنىڭ ئەھدىسىنى بۇزماڭلار، خىيانەت قىلماڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ئەھدە توغرىسىدا سۈرۈشتە قىلىپ قالمىسۇن). تىرمىزى 2090 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6339** ( صحيح ) من صلى الصبح فهو في ذمة الله فلا يطلبنكم الله من ذمته بشيء فإن من يطلبه من ذمته بشيء يدركه ثم يكبه على وجهه في نار جهنم ( حم م ت ) عن جندب البجلي

6339. جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بامدات نامىزىنى ئوقۇسا، ئۇ، ئاللاھنىڭ مۇھاپىزەت قىلىش ئەھدىسىدە، كېپىللىكىدە بولىدۇ، (شۇڭا سىلەر بۇ ئەھدىنى بۇزماڭلار). سىلەرنى ئاللاھ ئەھدىسىدىن بىرەر نەرسە توغرىسىدا سۈرۈشتە قىلىپ، تەلەپ قىلىپ قالمىسۇن، ئاللاھ بىرەر كىشىنى ئەھدە توغرىسىدا تەلەپ قىلسا، چوقۇم تاپىدۇ، ئاندىن ئۇ كىشىنى يۈزىچە جەھەننەم ئوتىغا تاشلايدۇ، (سىلەر بەش نامازنى ئوقۇشقا چىڭ تۇرۇڭلار). مۇسلىم 1051 ـ ھەدىس، تىرمىزى 206 ـ ھەدىس، ئەھمەد 18060 ـ ھەدىس، سەھىھ.

من صلى الضحى أربعا و قبل الأولى أربعا بني له بيت في الجنة ( طس ) عن أبي موسى

6340. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم چاشكا ۋاقتىدا تۆت رەكەت ناماز ۋە تۇنجى نامازدىن يەنى پېشىندىن بۇرۇن تۆت رەكەت ناماز ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىنىپ بېرىلىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6341** ( صحيح ) من صلى العشاء في جماعة فكأنما قام نصف ليلة و من صلى الصبح في جماعة فكأنما صلى الليل كله ( حم م ) عن عثمان

6341. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم خۇپتەن نامىزىنى جامائەت ئىچىدە ئوقۇسا، ئۇ خۇددى كېچىنىڭ يېرىمىغىچە قىيامدا تۇرۇپ تۈنىگەن بولىدۇ، كىم بامداتنى جامائەت بىلەن بىرگە ئوقۇسا، ئۇ خۇددى پۈتۈن بىر كېچە ناماز ئوقۇپ چىققان بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**6342** ( صحيح ) من صلى العشاء في جماعة كان كقيام نصف ليلة و من صلى العشاء و الفجر في جماعة كان كقيام ليلة ( د ت ) عن عثمان

6342. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: كىم خۇپتەننى جامائەت ئىچىدە ئوقۇسا، ئۇ يېرىم كېچىگىچە قىيامدا تۇرغاندەك بولىدۇ، كىم خۇپتەن بىلەن بامدات نامىزىنى جامائەت ئىچىدە ئوقۇسا، ئۇ بىر كېچە قىيامدا تۇرۇپ ناماز بىلەن تۈنىگەندەك بولىدۇ. (مانا بۇ كېچىسىمۇ ئىبادەت قىلىپ چىقىشنىڭ بىردىنبىر ئاسان چارىسىدۇر). ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6343** ( صحيح ) من صلى الغداة كان في ذمة الله حتى يمسي ( طب ) عن ابن عمر

6343. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەتىگەنلىك ناماز بامداتنى ئوقۇسا، ئۇ كەچ كىرگىچە ئاللاھنىڭ مۇھاپىزىتىدە بولىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6344** ( صحيح ) من صلى الفجر فهو في ذمة الله فلا يطلبنكم الله بشيء من ذمته ( ه ) عن سمرة

6344. سەمۇرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بامدات نامىزىنى ئوقۇسا، ئۇ ئاللاھنىڭ مۇھاپىزەت قىلىش ئەھدىسىدە بولىدۇ، سىلەرنى ئاللاھ ئەھدىسى توغرىسىدا تەلەپ قىلىپ سوراۋشتە قىلىپ قالمىسۇن، (ئۇنداق بولغاندا يۇقىرىقىدەك دوۋزاخقا تاشلايدۇ، شۇڭا بەش نامازنى كامىل ئوقۇڭلار، ئەھدىنى بۇزماڭلار). ئىبنى ماجە، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

من صلى الفجر فهو في ذمة الله و حسابه على الله ( طب ) عن والد أبي مالك الأشجعي

6345. ۋالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بامداتنى ئوقۇسا، ئۇ، ئاللاھنىڭ ئەھدى، مۇھاپىزىتىدە بولىدۇ، ئۇنىڭ ھېسابى ئاللاھقىدۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6346** ( صحيح ) من صلى الفجر في جماعة ثم قعد يذكر الله حتى تطلع الشمس ثم صلى ركعتين كانت له كأجر حجة و عمرة تامة تامة تامة ( ت ) عن أنس

6346. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بامدات نامىزىنى جامائەت ئىچىدە ئوقۇپ، ئاندىن كۈن چىققىچە ئولتۇرۇپ، ئاللاھنى ئەسلەپ، زىكرى - تەسبىھ ئېيتسا، ئاندىن كۈن چىقىپ بولغاندا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسا، بۇ، ئۇ كىشى ئۈچۈن كامىل، مۇكەممەل تامام بولغان ھەجنىڭ ۋە ئۆمرە ھەجنىڭ ئەجىر، ساۋابىدەك ئەجىر بولىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6347** ( صحيح ) من صلى ركعة من الصبح ثم طلعت الشمس فليصل الصبح ( ك ) عن أبي هريرة

6347. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بامدات نامىزىدىن بىر رەكەت ئوقۇپ بولغاندا كۈن چىقىپ قالسا، ئۇ كۈن ھەققى چىقىپ كۆتۈرۈلگەندە بامداتنى قايتا ئوقۇۋالسۇن. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6348** ( صحيح ) من صلى صلاة لم يتمها زيد عليها من سبحاته حتى تتم ( طب ) عن عائذ بن قرط

6348. ئائىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر نامازنى ئوقۇپ، كامىل تامام قىلالمىسا، ئۇ نامازغا كامىل تامام بولغىچە ئۇ كىشىنىڭ زىكرى - تەسبىھلىرىدىن زىيادە قىلىنىپ، كامىل قىلىنىدۇ، ياكى پەرز نامازنى كامىل قىلالمىسا، نەپلە نامىزى

بىلەن كامىل قىلىنىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

من صلى صلاة لم يقرأ فيها بأم القرآن فهي خداج فهي خداج غير تمام( حم م 4 ) عن أبي هرير

6349. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ناماز ئوقۇپ ئۇ نامازدا سۈرە فاتىھەنى يەنى ئەلھەمدۇلىللاھنى ئوقۇمىسا، ئۇ ناماز ناقىس، چولاق، كامىل تامام بولمىغان بولىدۇ. (باشقا خاتىردە ناماز يوق دېيىلگەن). ئەھمەد، مۇسلىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

6350 ( صحيح ) من صلى صلاتنا و استقبل قبلتنا و أكل ذبيحتنا فذاكم المسلم الذي له ذمة الله و ذمة رسوله فلا تخفروا الله في ذمته ( خ ن ) عن أنس

6350. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىزنىڭ نامىزىمىزنى يەنى بەش نامازنى ئوقۇسا، قىبلىمىز كەئبىگە ئالدىنى قىلسا، قۇربانلىقىمىزنى بوغۇزلىغان ماللىرىمىزنى ھالال بىلىپ يېسە، (يەنى شۇنداق بوغۇزلاپ يېسە،) ئەنە ئاشۇ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ ئەھدىسى، كېپىللىكى بېرىلگەن مۇسۇلماندۇر، سىلەر ئاللاھنىڭ ئەھدىسىنى بۇزماڭلار، يەنى مۇسۇلماننى ئۆلتۈرمەڭلار. بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

من صلى صلاتنا و نسك نسكنا فقد أصاب النسك و من نسك قبل الصلاة فلا نسك له ( ق د ) عن البراء

6351. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىزنىڭ نامىزىنى ئوقۇسا، ئاندىن بىزنىڭ قۇربانلىقىمىزنى قىلسا، يەنى بىزدەك قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئىبادەتنى، قۇربانلىقنى توغرا قىلغان بولىدۇ، كىم قۇربانلىقنى ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن بوغۇزلىسا، ئۇ كىشىگە قۇربانلىق يوق، (قايتا قىلسۇن). بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

من صلى على جنازة فله قيراط فإن شهد دفنها فله قيراطان القيراط مثل أحد ( م ه ) عن ثوبان

6352. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جىنازىغا ناماز چۈشۈرسە، ئۇ كىشىگە بىر قىيرات ئەجىر بولىدۇ، كىم ناماز چۈشۈرۈپ بولۇپ، مېيىتنىڭ دەپنىسىگىمۇ ھازىر بولسا، ئۇ كىشىگە ئىككى قىيرات يەنى چوڭ ئىككى تاغدەك ئەجىر بولىدۇ، بىر قىيرات ئۇھۇد تېغىدەك كېلىدۇ. مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

6353. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر.

6354 ( صحيح ) من صلى على جنازة في المسجد فليس له شيء ( حم ه ) عن أبي هريرة

6354. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جىنازىغا مەسجىد ئىچىدە ناماز چۈشۈرسە، ئۇ كىشىگە ھېچ نەرسە يوق، يەنى ئەجىر يوق بولىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من صلى على جنازة و لم يتبعها فله قيراط فإن تبعها فله قيراطان ( م ت ) عن أبي هريرة

6355. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جىنازىغا ناماز ئوقۇپ ئەگەشمەي قايتسا، ئۇ كىشىگە بىر قىيرات ئەجىر بولىدۇ، كىم ناماز ئوقۇپ، ئەگەشسە، ئىككى قىيرات ئەجىر بولىدۇ. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس تولىمۇ

كۆپ ئۆتتى، مەقسەت: جىنازا ئىشلىرىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك ساھابىلاردەكلا ئىجرا قىلىش، بىدئەتتىن يىراق بولۇش، مەسىلەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەبۇ بەكرىنىڭ، ئۆمەرنىڭ زامانىدا 30 پارا قۇرئان كەڭ نەشىر بولمىغان، ئۇنداقتا ئۇلار ھازىرقىدەك قەبرىستانلىقتا قۇرئاننى تامام قىلمىغان، سەدىقە ساۋابىنى يوللىسىمۇ قەبرە بېشىدا قۇرئاننى تامام قىلمىغان، قۇرئان كېيىنكىلەردە كەڭ نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلدى، ئىمام مالىك، شافىئىيلار شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشنى بىدئەت دېگەن، سەن ئالىممۇ؟ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،ۋە ساھابىلەرمۇ؟

**6356** ( صحيح ) من صلى عليه مائة من المسلمين غفر له( ه ) عن أبي هريرة

6356. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ ئۆلۈمىگە مۇسۇلمانلاردىن 100 كىشى ناماز چۈشۈرۈپ، مەغپىرەت سورىسا، ئۇ كىشىگە مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

من صلى على حين يصبح عشرا و حين يمسي عشرا أدركته شفاعتي يوم القيامة ( طب ) عن أبي الدرداء

6357. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ماڭا ئەتىگەندە ئون، كەچ تەرەپتە ئون قېتىم دۇرۇت، سالام يوللاپ تۇرسا، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشنى مېنىڭ شاپائىتىم تاپىدۇ، ئۇ كىشىگە شاپائىتىم يېتىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6358** ( صحيح ) من صلى علي واحدة صلى الله عليه بها عشرا ( حم م **3** ) عن أبي هريرة

6358. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت، سالام، رەھمەت يوللىسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئون رەھمەت يوللايدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) من صلى علي واحدة صلى الله عليه عشر صلوات و حط عنه عشر خطيئات و رفع له عشر درجات ( حم خد ن ك ) عن أنس

6359. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت، سالام يوللىسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئون رەھمەت يوللاپ، ئۇنىڭدىن ئون خاتالىقنى ئۆچۈرۈپ، ئۇ كىشىگە ئون دەرىجە كۆتۈرىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

من صلى في اليوم و الليلة اثنتي عشرة ركعة تطوعا بنى الله له بيتا في الجنة ( حم م د ن ه ) عن أم حبيبة

6360. ئۇممە ھەبىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر كېچە - كۈندۈزدە 12 رەكەت نەپلە ناماز ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىپ بېرىدۇ، (بۇ جەننەت بىلەن بېشارەت ). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6361** ( صحيح ) من صلى في ثوب فليخالف بين طرفيه ( خ ) عن أبي هريرة

6361. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر كىيىمدە ناماز ئوقۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئالماشتۇرۇپ، كىرىشتۈرۈپ ئەۋرىتى ئاشكارا بولمىغۇدەك قىلىۋالسۇن. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

من صلى في يوم و ليلة ثنتي عشرة ركعة بني له بيت في الجنة: أربعا قبل الظهر و ركعتين بعدها و ركعتين بعد المغرب و ركعتين بعد العشاء و ركعتين قبل صلاة الغداة ( ت ) عن أم حبيبة

6362. ئۇممە ھەبىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر كېچە ـ كۈندۈزدە 12 رەكەت سۈننەت نامازنى ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي بىنا قىلىنىپ بېرىلىدۇ. ئۇ ناماز بولسا، پېشىندىن بۇرۇن تۆت رەكەت، پېشىندىن كېيىن ئىككى رەكەت، شامدىن كېيىن ئىككى رەكەت، خۇپتەندىن كېيىن ئىككى رەكەت، بامداتتىن بۇرۇن ئىككى رەكەت، جەمئىي 12 رەكەت سۈننەتتۇر. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. سىز جەننەتكە، جەننەتتىكى ئۆيگە قىزىقمامسىز؟

**6363** ( صحيح ) من صلى قائما فهو أفضل و من صلى قاعدا فله نصف أجر القائم و من صلى نائما فله نصف أجر القاعد ( خ ت ن ه ) عن عمران بن حصين

6363. ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا، بۇ ئەۋزەلدۇر، كىم ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇسا بۇ كىشىگە ئۆرە تۇرغان كىشىنىڭ ئەجرىنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ، كىم يېنى يېتىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا بۇ كىشىگە ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇغاننىڭ ئەجرىنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ. (تۆۋەنگە كىرىپ قالغانلار قانداق ئوقۇسا، ئوقۇسىلا بولىدۇ، ئۇلار مېڭىپ كېتىۋېتىپ ئىشلەۋېتىپ ئوقۇسا دۇرۇس بولىۋېرىدۇ، بۇنىڭغا ئايەت دەلىلدۇر، «قورقۇنچتا قالغىنىڭلاردا پىيادە ياكى ئۇلاغلىق كېتىپ بېرىپ ناماز ئوقۇڭلار» سۈرە بەقەرە 239 ـ ئايەت). بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من صلى قبل الظهر أربعا و بعدها أربعا حرمه الله على النار ( حم ت ن ه ) عن أم حبيبة

6364. ئۇممە ھەبىيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم پېشىندىن بۇرۇن تۆت رەكەت پېشىندىن كېيىن تۆت رەكەت ناماز ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنى دوۋزاخقا ھارام قىلىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئامال بار نامازنى، سەجدىنى كۆپ قىلىڭلار، مەغپىرەت قىلىنىپ، دەرىجە يېزىلىدۇ.

**6365** ( حسن ) من صلى لله أربعين يوما في جماعة يدرك التكبيرة الأولى كتب له براءتان: براءة من النار و براءة من النفاق ( ت ) عن أنس

6365. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈنلا، 40 كۈن نامازنى جامائەت ئىچىدە، تەكبىرۇلئۇۋلانى تېپىپ ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە ئىككى قۇتۇلۇش بىرازلىق يېزىلىدۇ، بىرى دوۋزاخدىن قۇتۇلۇش، يەنە بىرى بولسا، مۇناپىقلىقدىن قۇتۇلۇش يېزىلىدۇ. (سۈرە فاتىھە تۈگەشدىن بۇرۇن ئىمامغا ئىقتىدا قىلالىسا، تەكبىرولئۇۋلانى يەنى تۇنجى تەكبىرنى تاپقان بولىدۇ) تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن. ئەلۋەتتە جامائەت بىلەن بەش نامازنى ئوقۇسا، دوۋزاخدىن قۇتۇلىدۇ، مۇناپىق ھېسابلانمايدۇ، بۇنىڭغا سەھىھ ھەدىس بولغاچقا، بۇ زەئىپ ھەدىس ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

من صلى و جلس ينتظر الصلاة لم يزل في صلاة حتى تأتيه الصلاة التي يلاقيها ( ن ) عن بن سلام وأبي هريرة

6366. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، يەنە بىر نامازنى ساقلاپ

ئۆلتۇرسا ،ئۇ ئۇچرىشىپ ئوقۇيدىغان ناماز يېتىپ كەلگەنگە قەدەر، ئۇ ناماز ئىچىدە تۇرىۋەرگەن بولىدۇ، يەنى نامازنى ساقلاپ ئولتۇرسا، ناماز ئىچىدە تۇرغان بولىدۇ. نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ.

**6367** ( صحيح ) من صمت نجا ( حم ت ) عن ابن عمرو

6367. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم سۆز قىلماي جىم تۇرسا، كەم سۆز بولسا، ئۇ نىجاد تاپىدۇ. (چۈنكى سۆزگە ھېساب بار). ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

من صنع إليه معروف فقال لفاعله: جزاك الله خيرا فقد أبلغ في الثناء ( ت ن حب ) عن أسامة بن زيد

6368. ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمگە بىرەر ياخشىلىق قىلىپ بېرىلسە، ئۇ ياخشىلىق قىلغۇچىغا «جازاكەللاھ خەيرا» يەنى ئاللاھ ساڭا ياخشى مۇكاپات بەرسۇن دېسە، ھەقىقەتەن ئۇ ماختاشنى، مەدھىيىلەشنى جاۋاب قايتۇرۇشنى يېتەرلىك قىلغان بولىدۇ. تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. ياخشىلىق قىلغان كىشىگە جازاكەللاھ خەير دەڭلار.

**6369** ( صحيح ) من صنع أمرا على غير أمرنا فهو رد ( د ) عن عائشة

6369. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىزنىڭ ئىشىمىزدىن باشقا بىر ئىشنى قىلسا، يەنى دىنىمىزدا يوق ئىشنى قىلسا، ئۇ رەت قىلىنىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

مانا بۇ بىردىنبىر بىدئەتكە قارشى دەلىل ـ ئىسپاتتۇر، ئىسلام دىنىدا يوق ئىشنى قۇرئاندا، سەھىھ ھەدىستە يوق ئىشنى، ساھابىلار، تابىئىنلار ئىجماسىدا يوق ئىشنى قىلسا، ئۇ بىدئەتتۇر.

**6370** ( صحيح ) من صور صورة عذبه الله بها يوم القيامة حتى ينفخ فيها و ليس بنافخ و من تحلم كلف أن يعقد شعيرتين و ليس بعاقد و من استمع إلى حديث قوم يفرون منه صب في أذنيه الآنك يوم القيامة ( حم د ت ) عن ابن عباس

6370. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر جانلىق نەرسىنىڭ سۈرىتىنى سىزسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنى شۇ رەسىمگە روھ، جان پۈۋلىگەنگە قەدەر ئازابلايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ھەرگىز روھ پۈۋلەپ جان كىرگۈزەلمەيدۇ، كىم يالغاندىن چۈش كۆردۈم دېسە، ئۇ ئىنچىكە ئىككى قىلنىڭ ئارىسىنى چىگىشكە تەكلىپ قىلىنىدۇ، ئۇ ھەرگىز چىگەلمەيدۇ، كىم بىرەر قەۋمنىڭ سۆزىنى مەخپىي ئاڭلىسا، ئۇلار ئۇنىڭدىن قېچىۋاتسىمۇ يەنە ئاڭلىسا، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ئىككى قۇلىقىغا ئېرىتىلگەن مىس قوغۇشۇن قۇيۇلىدۇ . ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

من صور صورة في الدنيا كلف أن ينفخ فيها الروح يوم القيامة و ليس بنافخ ( حم ق ت ) عن ابن عباس

6371. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بۇ دۇنيادا جانلىق نەرسىنىڭ سۈرىتىنى سىزسا، قىيامەت كۈنى شۇ سۈرەتكە روھ پۈۋلەشكە تەكلىپ قىلىنىدۇ، ئۇ ھەرگىز روھ پۈۋدىيەلمەيدۇ، (ئاندىن قاتتىق ئازابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاللاھنىڭ مەخلۇقىغا نەرسە ئوخشاتتى، گۇناھى ـ كەبىرىنى قىلدى). ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى

توپلىغان، سەھىھ.

**6372 ( حسن ) من ضار ضار الله به و من شاق شاق الله عليه ( حم 4 ) عن أبي صرمة**

6372. ئەبۇ سەرمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم (كىشىلەرگە)زەرەر يەتكۈزسە، ئاللاھمۇ ئۇ كىشىگە زەرەر يەتكۈزىدۇ، كىم مۇشەققەتكە قويسا، ئاللاھمۇ ئۇ كىشىگە مۇشەققەتلىك قىلىپ قويىدۇ. ئەھمەد تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**6373 ( صحيح ) من ضحى قبل الصلاة فإنما ذبح لنفسه و من ذبح بعد الصلاة فقد تم نسكه و أصاب سنة المسلمين ( ق ) عن البراء**

6373. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن قۇربانلىقنى بوغۇزلىسا، ئۇ ئۆز نەپسى ئۈچۈن بوغۇزلىغان بولىدۇ. (ئاللاھ ئۈچۈن بوغۇزلانغان قۇربانلىق ھېسابلانمايدۇ). كىم نامازدىن كېيىن بىسمىللاھ دەپ تەكبىر ئېيتىپ بوغۇزلىسا، ھەققەتەن ئۇنىڭ قۇربانلىقى كامىل بولغان بولىدۇ. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ توغرا سۈننىتىگە يەتكەن بولىدۇ. بەيھەقىيلار توپلىغان، سەھىھ.

**6374 ( صحيح ) من ضرب بسوط ظلما اقتص منه يوم القيامة ( خد هق ) عن أبي هريرة**

6374. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم باشقىلارنى زۇلۇم قىلىپ قامچا بىلەن ئۇرسا، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىدىن زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار ئۈچۈن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ. (ئۇ ئۆتتىن بولغان قامچا بىلەن ئۇرۇلىدۇ). بەيھەقى، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**6375 ( صحيح ) من ضرب غلاما له حدا لم يأته أو لطمه فإن كفارته أن يعتقه ( م ) عن ابن عمر**

6375. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆزىنىڭ قۇلىنى ئۇ قۇل قىلمىغان گۇناھدا جازالاپ ئۇرسا، تۆھمەت بىلەن ھەد، جازاغا تارتسا، ياكى ئۇ قۇلنىڭ يۈزىگە شاپىلاق بىلەن ئۇرسا، ئۇنىڭ كاپارىتى شۇ قۇلنى ئاللاھ يولىدا ئازاد قىلىشتۇر. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**6376 ( صحيح ) من ضرب مملوكه ظالما أقيد منه يوم القيامة( طب ) عن عمار**

6376. ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆز قۇلىنى زۇلۇم قىلىپ ئۇرسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن قۇلغا قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6377 ( صحيح ) من ضن بالمال أن ينفقه و بالليل أن يكابده فعليه بسبحان الله و بحمده ( أبو نعيم في المعرفة ) عن عبدالله بن خبيب**

6377. ئابدۇللاھ ئىبنى خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مالنى خەجلەشكە، نەپىقە قىلىشقا بېخىللىق قىلسا، ئاندىن كېچىسى قىينىلىپ ئازابلانسا ياكى كېچىسى ناماز ئوقۇپ قىيامدا تۇرۇشقا بېخىللىق قىلسا، «سۇبھانەللا ۋەبىھەمدىھى» دېيىشنى لازىم تۇتسۇن، بۇ تەسبىھنى كۆپ دېسۇن. ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

**من ضيق منزلا أو قطع طريقا أو آذى مؤمنا فلا جهاد له ( حم د ) عن معاذ بن أنس**

6378. مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆيىنى، مەنزىلىنى تار قىلىپ قويسا ياكى يولنى ئۈزۈپ قويسا، ياكى مۆئمىنگە ئازار بەرسە، ئۇ كىشى ئۈچۈن جىھاد يوق بولىدۇ، (يەنى كىشىلەرگە ئازار بەرسە ياكى يولنى بۇزۇۋەتسە ياكى قاراقچى بولسا، جىھادنىڭ ئەجرى كۆيىدۇ، جىھادى يوق بولىدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن گۇناھ ـ مەئسىيەت ياخشى، ئەمەللەرنى يوق قىلىۋېتىدۇ.

**6379** ( صحيح ) من طاف بالبيت سبعا و صلى ركعتين كان كعتق رقبة ( ه ) عن ابن عمر

6379. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كەئبىنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسا، ئۇ بىر قۇل ئازاد قىلغاندەك بولىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6380** ( صحيح ) من طاف بهذا البيت أسبوعا فأحصاه كان كعتق رقبة لا يضع قدما و لا يرفع أخرى إلا حط الله عنه بها خطيئة و كتب له بها حسنة ( ت ن ك ) عن ابن عمر

6380. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بەيتۇللاھنى يەتتە قېتىم ساناپ تورۇپ تاۋاپ قىلسا، ئۇ بىر قۇل ئازاد قىلغاندەك بولىدۇ. بىر قەدىمنى قويۇپ، يەنە بىر قەدىمنى كۆتۈرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن بىر خاتالىقنى ئۆچۈرۈپ، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق يازىدۇ. تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6381** ( صحيح ) من طلب الشهادة صادقا أعطيها و لو لم تصبه ( حم م ) عن أنس

6381. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم چىن قەلبىدىن سەممىي سادىقلىق بىلەن شېھىد بولۇشنى سورىسا، گەرچە ئۇ كىشىگە ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىد بولۇش يەتمىسىمۇ شېھىدلىق بېرىلىدۇ. (يا ئەجىر بېرىلىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

6382. بۇ ھەدىس يۇقىرىدا ئۆتۈپ كەتكەن، شۇنداقلا تۆۋەندىكى ھەدىسكىمۇ ئوخشاشتۇر.

**6383** ( حسن ) من طلب العلم ليجاري به العلماء أو ليماري به السفهاء أو يصرف به وجوه الناس إليه أدخله الله في النار ( ت ) عن كعب بن مالك

6383. كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىلىمنى ئۆلىمالار بىلەن مۇنازىرىلىشىش، باھالىنىش، پەخىرلىنىش ئۈچۈن ياكى نادان كىشىلەر بىلەن جېدەل ـ ماجىرا ، دە ـ تالاش قىلىش ئۈچۈن ياكى كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىنى، دىللىرىنى ئۆزىگە مايىل قىلىپ قارىتىۋېلىش ئۈچۈن تەلەپ قىلسا، ئاللاھ ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

من طلب حقا فليطلبه في عفاف واف أو غير واف ( ه حب ك ) عن ابن عمر وعائشة

6384. ئىبنى ئۆمەر، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەققىنى تەلەپ قىلسا، مەيلى تولۇق، كامىل ئالالىسۇن ياكى تولۇق ئالالمىسۇن، ئىپپەتلىك ھالدا ياخشى رەۋىشتە تەلەپ قىلسۇن، ھارامدىن ساقلانسۇن. ئىبنى ماجە 2412 ـ ھەدىس، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من ظلم قيد شبر من الأرض طوقه من سبع أرضين ( حم ق ) عن عائشة وسعيد بن زيد

6385. ئائىشە، سەئىد ئىبنى زەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر غېرىچ زېمىنغا زۇلۇم قىلسا، يەنى بىر غېرىچ زېمىننى زۇلۇم قىلىپ ئېلىۋالسا، ئۇ كىشىنىڭ بويىنىغا يەتتە زېمىن يۆگەشتۈرۈلۈپ قويۇلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ خىل ھەدىس، بۇخارى، مۇسلىمدىمۇ بار بولۇپ، زېمىن يەتتە، بۇنىڭ توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. تەپسىردىن كۆرۈڭ.

من عادى عمارا عاداه الله و من أبغض عمارا أبغضه الله ( حم ن حب ك ) عن خالد بن الوليد

6386. خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەممارغا تاجاۋۇز قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە تاجاۋۇز قىلىدۇ، ئەممارنى دۈشمەن تۇتسا، ئاللاھ ئۇ كىشنى ئۆچ كۆرۈپ دۈشمەن تۇتىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

6387 ( حسن ) من عاد مريضا أو زار أخا له في الله ناداه مناد: أن طبت و طاب ممشاك و تبوأت من الجنة مترلا ( ت ه ) عن أبي هريرة

6387. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر كېسەلنى يوقلىسا، ياكى قېرىندىشىنى ئاللاھ يولىدا زىيارەت قىلسا، بىر نىدا قىلغۇچى مۇنداق دەپ توۋلايدۇ: گۇناھدىن پاك - پاكىز بولدۇڭ، ماڭغان قەدەملىرىڭ پاك بولدى، سەن جەننەتتىن ئورۇن ئالدىڭ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

6388 ( صحيح ) من عاد مريضا لم يحضر أجله فقال عنده سبع مرات: أسأل الله العظيم رب العرش العظيم أن يشفيك إلا عافاه الله من ذلك المرض ( د ك ) عن ابن عباس

6388. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەجىلى توشمىغان، ئۆلۈم كەلمىگەن بىر كېسەلنى يوقلاپ، ئۇنىڭ يېنىدا مۇنداق دېسە، «ئەسئەلۇللاھ ھەلئەزىيم رەببەل ئەرشىل ئەزىيم ئەييەشفىيەكە» ئۇلۇغ ئاللاھدىن، ئۇلۇغ، كاتتا ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھدىن ساڭا شىپالىق ئاتا قىلىشنى سورايمەن دەپ يەتتە قېتىم دېسە، ئاللاھ ئۇ كېسەلنى شۇ كېسەلدىن چوقۇم ساقايتىدۇ. (ئۆلۈم بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر). ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

6389 ( صحيح ) من عاد مريضا لم يزل في خرفة الجنة حتى يرجع ( م ) عن ثوبان

6389. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كېسەل يوقلىسا، ئۆيگە قايتىپ كەلگىچە جەننەتنىڭ باغلىرى ئىچىدە تۇرىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. چۈنكى ياخشىلىق جەننەتكە ئاپىرىدۇ - دە!

6390 ( صحيح ) من عاذ بالله فقد عاذ بمعاذ ( حم ) عن عثمان وابن عمر

6390. ئوسمان ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلىسە، ھەقىقەتەن ئۇ ھەقىقى پاناگاھ بىلەن پاناھ تىلىگەن بولىدۇ. يەنى توغرا پاناھ تىلىگەن بولىدۇ، ئاللاھدىن باشقا ئىلتىجا قىلىنىدىغان كىشى يوق. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

6391 ( صحيح ) من عال جاريتين حتى يدركا دخلت أنا و هو الجنة كهاتين ( م ت ) عن أنس

6391. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: كىم ئىككى قىز بالىغا ئۇلار بالىغ بولغۇچە ئىگە بولۇپ، ياخشى قارىسا، ئۇ مەن بىلەن جەننەتكە مۇشۇنداق يېقىن كىرىدۇ. (ئىككى بارمىقىنى يېقىن قىلىپ كۆرسەتتى). مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

من عرض عليه ريحان فلا يرده فإنه خفيف المحمل طيب الريح ( م د ) عن أبي هريرة

6392. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمگە رەيھان گۈل تەقدىم قىلىنسە، ئۇنى رەت قىلمىسۇن، چۈنكى ئۇ كۆتۈرۈشكە يەڭگىل، پۇرىقى خۇشپۇراقتۇر. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

من عرض عليه طيب فلا يرده فإنه خفيف المحمل طيب الرائحة ( حم ن ) عن أبي هريرة

6393. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمگە خۇشپۇراق گۈل ياكى ئەتىر تەقدىم قىلىنسە، ئۇنى رەت قىلمىسۇن، چۈنكى ئۇ كۆتۈرۈشكە يەڭگىل، ئەپلىك، پۇرىقى خۇشپۇراقتۇر. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

6394 ( صحيح ) من علق تميمة فقد أشرك ( حم ك ) عن عقبة بن عامر

6394. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بوينىغا تۇمار ئاسسا، ھەقىقەتەن ئۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. (چۈنكى ئۇ خالىقنى قويۇپ، مەخلۇقتىن پايدا ـ زىيان ئۈمىد قىلدى، پاناھ تىلىدى). ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

6395 ( صحيح ) من علم الرمي ثم تركه فليس منا ( م ) عن عقبة بن عامر

6395. ئۇقبەت ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئوق ئېتىشنى، قارىغا ئېتىشنى بىلىپ، ياخشى ئۆگىنىپ، ئاندىن ئۇنى تەرك ئېتىپ تاشلىۋەتسە، ئۇ بىزدىن ئەمەس. (يەنى ئەخلاقىمىزدىن، باتۇر ئەسكەرلىرىمىزدىن ئەمەس). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

من علم علما فله أجر من عمل به لا ينقص من أجر العامل ( ه ) عن معاذ بن أنس

6396. مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر ئىلىمنى ئۆگىنىپ، ئۆگەتسە، ئۇ كىشى ئۆتچۈن شۇ ئىلىمغا ئەمەل قىلغۇچىلارنىڭ ئەجىرلىرىدىن ھېچنەرسە كامىلتىلماستىن ئوخشاش ئەجىرلەر بېرىلىدۇ. ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

من عمر من أمتي سبعين سنة فقد أعذر الله إليه في العمر ( ك ) عن سهل بن سعد

6397. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر كىشى 70 يىل ئۆمۈر كۆرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئۆمۈر توغرىسىدا ئۆزرە قويمايدۇ، تولۇق ئۆزرە ئېيتىپ بولىدۇ. (مەن ساڭا يېتەرلىك ئۆمۈر بەرمىدىممۇ؟ دەپ سورايدۇ. چۈنكى بۇ ئۈممەتنىڭ ئۆمرى 60ـ70تۇر) ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

6398 ( صحيح ) من عمل عملا ليس عليه أمرنا فهو رد ( حم م ) عن عائشة

6398. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىزنىڭ ئىشىمىز بولمىغان يەنى ئىسلام دىنىمىزدا يوق بىر ئەمەلنى قىلسا، ئۇ رەتتۇر، قەتئىي رەت قىلىنىدۇ. (چۈنكى ئۇ بىدئەتتۇر، بىدئەت، زالالەتتۇر). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

من غدا إلى المسجد و راح أعد الله له نزلا من الجنة كلما غدا و راح( حم ق ) عن أبي هريرة

6399. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەتىگەن ـ ئاخشام مەسجىدگە ماڭسا، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە مەنزىل ئورۇن، زىياپەت تەييارلايدۇ. ھەر قاچان ئەتىگەن ـ ئاخشام مەسجىدگە ماڭسىلا ئاللاھ تەييارلاۋېرىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

من غرس غرسا لم يأكل منه آدمي و لا خلق من خلق الله إلا كان له صدقة ( حم ) عن أبي الدرداء

6400. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر مېۋىلىك دەرەخ تىكسە، ئۇنىڭدىن يەنى مېۋىسىدىن ئادەم ياكى بىرەر ھايۋان ياكى ئاللاھنىڭ مەخلۇقىدىن بىرەر مەخلۇق يېسە، ئۇ كىشى ئۈچۈن سەدىقە قىلغانلىق بولىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

من غزا في سبيل الله و لم ينو إلا عقالا فله ما نوى( حم ن ك ) عن عبادة بن الصامت

6401. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدىكى جەڭنى، ئۇ پەقەت (ئاللاھنىڭ جامالىنى، جەننەتنى ئەمەس) بەلكى، بىرەر زېمىننى يا غەنىيمەتنى نىيەت قىلىپ قىلسا، ئۇ كىشىگە نىيەت قىلغىنى بېرىلىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6402** ( صحيح ) من غسل الميت فليغتسل و من حمله فليتوضأ ( د ه حب ) عن أبي هريرة

6402. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېيىتنى يۇغان كىشى غۇسلى قىلىپ يۇيۇنسۇن، مېيىتنى كۆتۈرگەن كىشى كىچىك تاھارەت ئالسۇن. ( بۇ بۇيرۇق مۇستەھەپ ئۈچۈن). ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

من غسل ميتا فستره ستره الله من الذنوب و من كفنه كساه الله من السندس ( طب ) عن أبي أمامة

6403. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېيىتنى يۇيۇپ، ئۇنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ياپسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ گۇناھلىرىنى ياپىدۇ، كىم مېيىتنى كېپەنلىسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئىپسىل، يىپەك كىيىم ـ كېچەكتىن كىيىم بېرىدۇ. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**6404** ( صحيح ) من غسل ميتا فليغتسل ( حم ) عن المغيرة

6404. مۇغىيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېيىتنى يۇسا، غۇسلى قىلىپ يۇيۇنسۇن. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**6405** ( صحيح ) من غسل يوم الجمعة و اغتسل ثم بكر و ابتكر و مشى و لم يركب و دنا من الإمام و استمع و أنصت و لم يلغ كان له بكل خطوة يخطوها من بيته إلى المسجد عمل سنة أجر صيامها و قيامها ( حم 4 حب ك ) عن أوس بن أوس

6405. ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: كىم جۇمە كۈنى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يۇيۇپ، ياكى يۇيدۇرۇپ، غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇپ، ئاندىن بۇرۇن، بالدۇر بارسا، ئۇلاغقا مىنمەي پىيادە مېڭىپ بارسا، ئىمامغا يېقىن ئولتۇرۇپ، خۇتبە ۋە نەسىھەت ئاڭلىسا، پايدىسىز قۇرۇق لەغۋە سۆز قىلماي، جىم ئولتۇرسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن ئۆيىدىن باشلاپ مەسجىدگە قاراپ ماڭغان ھەربىر قەدىمىنىڭ باراۋىرىگە، كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان بىر يىللىق ئەمەل، ئىبادەتنىڭ ئەجىر ـ ساۋابى بېرىلىدۇ. ئەھمەد 15584 ـ ھەدىس، تىرمىزى 456 ـ ھەدىس، نەسەئى 1367 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 292 ـ ھەدىس، دارمى 1502 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1077ـ ھەدىس، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**6406 ( صحيح ) من غش فليس منا ( ت ) عن أبي هريرة**

6406. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھىيلە ـ مىكىر قىلىپ، ئالدامچىلىق قىلسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس. مۇسلىم 147 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1236 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6407 ( صحيح ) من غشنا فليس منا ( ه ) عن أبي الحمراء**

6407. ئەبۇلھەمرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بازاردا ئاشلىقنى نەمدەپ ساتقان كىشىنى كۆرۈپ، كىم بىزنى ئالدىسا، ساختىپەزلىك قىلسا، نەمدەپ ساتسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس دېگەن . ئىبنى ماجە 2216 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6408 ( صحيح ) من غشنا فليس منا و المكر و الخداع في النار ( طب حل ) عن ابن مسعود**

6408. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىزنى ئالدىسا، ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتسە، ئۇ بىزنىڭ جۈملىمىزدىن ئەمەس، ھىيلە ـ مىكىر، ئالداشلار شۇ ئىشنى قىلغانلار دوزاختا بولىدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن بىزدىن ئەمەس دېگەن ، يەنى بىزنىڭ ئەخلاقىمىزدا ئەمەس، يولىمىزدا، ھەتتا دىنىمىزدا ئەمەس دېگەن بولىدۇ). تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ.

**6409 ( صحيح ) من غل بعيرا أو شاة أتى يحمله يوم القيامة ( حم الضياء ) عن عبدالله بن أنيس**

6409. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم سەدىقىدىن، زاكاتتىن ياكى غەنىيمەتتىن بىر تۆگىگە ياكى قويغا خىيانەت قىلسا، ئۇ قىيامەت كۈنى شۇ خىيانەت قىلغان نەرسىنى بويىندا كۆتۈرۈپ كېلىدۇ، (بۇ ئەڭ چوڭ رەسۋاچىلىقتۇر). ئەھمەد ، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان.

**6410 ( صحيح ) من فارق الجماعة شبرا فقد خلع ربقة الإسلام من عنقه( حم د ك ) عن أبي ذر**

6410. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جامائەتتىن بىر غېرىچ ئايرىلسا، ھەققەتەن ئۇ بويىندىن ئىسلام دىنىنىڭ بويۇنچىقىنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋەتكەن بولىدۇ. (يەنى خەلىپە جامائىتىدىن بەيئەت قىلماي ئايرىلسا، ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ۋەللاھۇ ئەئلەم). ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**من فارق الروح جسده و هو بريء من ثلاث دخل الجنة: الكبر والدين و الغلول ( حم ت ن ه حب ك ) عن ثوبان**

6411. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۈچ نەرسىدىن پاك - پاكىز قۇتۇلغان ھالەتتە روھى، جېنى جەستىدىن ئايرىلسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇ بولسا، كىبىر، قەرز، خىيانەت. (كىم مۇشۇ ئۈچ نەرسىدىن خالىي ھالدا ئۆلسە، تەكەببۇر بولمىسا، خىيانەت قىلمىغان بولسا، قەرزى بولمىسا جەننەتكە كىرىدۇ، شەرتى مۇسۇلمان، مۆئمىن بولۇشتۇر). ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من فرق بين والدة و ولدها فرق الله بينه و بين أحبته يوم القيامة ( حم ت ك ) عن أبي أيوب

6412. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قۇللارنى سېتىشتا ئانا - باللىنىڭ ئارىسىنى ياكى قېرىنداشلار ئارىسىنى ئايرىۋەتسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئۇ كىشىنى ئەڭ ياخشى كۆرۈدىغان مەھبۇبىدىن يېقىن كىشىلىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ. (بۇنىڭدىن ئېغىر ئازاب بولماس!). ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. قۇللاردىن باشقىلارنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ.

**6413** ( حسن ) من فصل في سبيل الله فمات أو قتل أو وقصته فرسه أو بعيره أو لدغته هامة أو مات على فراشه بأي حتف شاء الله فإنه شهيد و إن له الجنة ( د ك ) عن أبي مالك الأشعري

6413. ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا ئەھلىدىن، يۇرتىدىن ئايرىلىپ كېتىپ، ئۆلۈپ كەتسە، ياكى ئۆلتۈرۈلسە ياكى ئېتى ياكى تۆگىسى دەسسەپ يىقىتىپ ئۆلتۈرسە، ياكى زەھەرلىك ھايۋان چېقىۋېلىپ ئۆلسە ياكى ئاللاھ خالىغان بىرەر ئۆلۈمنىڭ سەۋەبلىرى بىلەن ئۆز كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلسىمۇ ھەقىقەتەن ئۇ شېھىددۇر، ئۇنىڭغا جەننەت بېرىلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**6414** ( صحيح ) من فطر صائما أو جهز غازيا فله مثل أجره ( هق ) عن زيد بن خالد

6414. زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم روزا تۇتقۇچىنى ئىپتار قىلدۇرسا، ياكى غازىي، جەڭچىنى جابدۇتۇپ، تەييارلىقنى قىلىپ بەرسە، ئۇ كىشىگە شۇ روزا تۇتقۇچىنىڭ يا غازىينىڭ ئەجرى ئوخشاش بولىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

من فطر صائما كان له مثل أجره غير أنه لا ينقص من أجر الصائم شيئا ( حم ت ه حب ) عن زيد بن

6415. زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر روزا تۇتقۇچىنى ئىپتار قىلدۇرسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن شۇ روزا تۇتقۇچىنىڭ ئەجرىدىن ھېچ نەرسە كاملىماستىن ئوخشاش ئەجىر، ساۋاب بولىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، كەچتە ئىككىدىن نان قويۇشنى ئۆرپ - ئادەت قىلىۋالسا بۇ بىدئەتتۇر.

**6416** ( صحيح ) من قاتل في سبيل الله فواق ناقة فقد وجبت له الجنة و من سأل الله القتل في سبيل الله من نفسه صادقا ثم مات أو قتل فإنه له أجر شهيد و من جرح جرحا في سبيل الله أو نكب نكبة فإنها تجيء يوم القيامة كأغزر ما كانت لونها لون الزعفران و ريحها ريح المسك و من خرج به خراج في سبيل الله كان عليه طابع الشهداء ( حم 3 حب ) عن معاذ

6416. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا تۆگىنى سېغىش جەريانىدا بوتلىقىنى ئېمىتىپ، ئايرىۋەتكەنچىلىك مىقداردا جەڭ قىلسا، ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ، كىم چىن دىلىدىن سەمىمىي سادىقلىق بىلەن ئاللاھدىن ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈشنى سورىسا، ئاندىن ئۇ ئۆز ئەجىلىدە ئۆلۈپ كەتسە ياكى ئۆلتۈرۈلسە، ھەقىقەتەن ئۇ كىشىگە شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ، كىم ئاللاھ يولىدا جاراھەتلەنسە ياكى قول بارماقلىرىدا جاراھەتلەنسە، ھەقىقەتەن ئۇ جاراھەت قىيامەت كۈنى بۇرۇنقىدىن قاتتىق، ئېغىرراق قان ئاقتۇرغان ھالدا كېلىدۇ، رەڭگى زەئپىراننىڭ رەڭگىدە، پۇرىقى مىسكە ـ ئەنبەرنىڭ پۇرىقىدا كېلىدۇ، كىمگە ئاللاھ يولىدىكى سەپەردە بىرەر جاراھەت ياكى بىرەر نەرسە چىقىپ قالسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە شېھىدلەرنىڭ سىماسى، ھەيئىتى، تامغىسى بولىدۇ. ئىبنى ھەببان، ئۈچ كىتاب يەنى ئەبۇ داۋۇد 2179 ـ ھەدىس، نەسەئى 3090 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1581 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6417 ( صحيح ) من قاتل لتكون كلمة الله هي العليا فهو في سبيل الله ( حم ق 4 ) عن أبي موسى**

6417. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھنىڭ كەلىمىسى ئۈستۈن بولسۇن ئۈچۈن جەڭ قىلسا، ئەنە ئاشۇ ئاللاھ يولىدىكى جىھاد بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

كەلىمىسنى ئۈستۈن قىلىش قۇرئان بولۇپ، پۈتۈن دۇنياغا قۇرئاننى قانۇن قىلىپ خەلىپىلىك تۈزۈم ئورنىتىشتۇر، شۇ مەقسەتتە قىلىنغان ئۇرۇش، ئاللاھ يولىدا بولىدۇ.

**6418 ( صحيح ) من قال إذا أصبح: لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك و له الحمد و هو على كل شيء قدير كان له عدل رقبة من ولد إسماعيل و كتبت له بها عشر حسنات و حط عنه بها عشر سيئات و رفع له بها عشر درجات و كان في حرز من الشيطان حتى يمسي و إذا قالها إذا أمسى كان له مثل ذلك حتى يصبح ( حم د ه ) عن أبي عياش الزرقي**

6418. ئەبۇ ئىياس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تاڭ ئاتقۇزغاندا: «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ لەھۇلمۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير» دېسە، ئۇ كىشى ئۈچۈن ئىسمائىلنىڭ باللىرىدىن يەنى ئەرەبلەردىن بىر قۇل ئازاد قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ ۋە ئۇ كىشىگە ئۇن ياخشىلىق يېزىلىپ، ئۇ كىشىدىن ئۇن گۇناھ، خاتالىق ئۆچۈرۈلىدۇ، ئۇ كىشىگە ئۇن دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، ئۇ كىشى كەچ كىرگىچە شەيتاندىن مۇھاپىزەت قىلىنىش ئىچىدە ساقلىنىپ قالىدۇ، كىم بۇ سۆزنى كەچ تەرەپتە دېسە، ئۇ كىشىگە تاڭ ئاتقىچە شۇنداق بولىدۇ، يەنى يۇقىرىقى ئەجىر ـ ساۋابلار، دەرىجىلەر بولۇپ، تاڭ ئاتقىچە شەيتاندىن ساقلىنىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6419 ( صحيح ) من قال إذا خرج من بيته: بسم الله توكلت على الله لا حول و لا قوة إلا بالله يقال له: كفيت و وقيت و تنحى عنه الشيطان ( ت ) عن أنس**

6419. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆيىدىن چىققاندا، «بىسمىللاھى تەۋەككەلتۇ ئەلەللاھى لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى» دېسە، يەنى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم، ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچ بىر كۈچ ـ قۇۋۋەت يوق دېسە ئۇ كىشىگە: ھەممە ئىشتا ساڭا كۇپايە قىلىندى، سەن بارلىق

يامانلىقلاردىن ساقلاندىلىكى دېيىلدۇ ۋە ئۇ كىشىدىن شەيتان يىراقلىشىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.
6420 ( صحيح ) من قال أنا خير من يونس بن متى فقد كذب ( خ ت ه ) عن أبي هريرة
6420. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەن يۇنۇس ئىبنى مەتتا دېگەن پەيغەمبەردىن ياخشى دېسە، ھەقىقەتەن ئۇ يالغان سۆزلىگەن بولىدۇ. بۇخارى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.
6421 ( صحيح ) من قال إني بريء من الإسلام فإن كان كاذبا فهو كما قال و إن كان صادقا لم يعد إلى الإسلام سالما ( ن ه ك ) عن بريدة
6421. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەقىقەتەن مەن ئىسلام دىنىدىن بىزار دېسە، ئەگەر ئۇ يالغاندىن چاقچاق قىلىپ دەپ قويغان بولسا، ئۇ ئۆزى دېگەندەك بولۇپ كېتىدۇ، (يەنى ئىسلام ئۈنىڭدىن بىزاردۇر، ئۇ چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ) ئەگەر راستتىنلا شۇنداق دېسە، ئۇ ئىسلام دىنىغا سالامەت قايتىپ كېلەلمەيدۇ، يەنى ئىمانى سالامەت كەلمەيدۇ. نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.
من قال حين يسمع المؤذن: و أنا أشهد أن لا إله إلا الله وحده لا شريك له و أشهد أن محمدا عبده و رسوله رضيت بالله ربا و بمحمد رسولا و بالإسلام دينا غفر الله له ما تقدم من ذنبه ( حم م 4 ) عن سعد
6422. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇئەززىننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا «مەنمۇ گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، يەككە ـ يېگانە بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئاللاھقا رەب تەرەپتىن رازى بولدۇم، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پەيغەمبەر جەھەتتىن ئىسلامغا دىن جەھەتتىن رازى بولدۇم» دېسە، ئاللاھ ئۇ كىشى ئۆتچۈن بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.
من قال حين يسمع النداء: اللهم رب هذه الدعوة التامة و الصلاة القائمة آت محمدا الوسيلة و الفضيلة و ابعثه مقاما محمودا الذي وعدته حلت له شفاعتي يوم القيامة ( حم خ 4 ) عن جابر
6423. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەزاننى ئاڭلىغان چاغدا: «ئاللاھۇممە رەببى ھازىھىددەئۋەتى تتامىمەتى ۋەسسالاتىلقائىمەتى ئاتى مۇھەممەد نىلۋەسىيلەتە ۋەلفەزىيلەتە ۋەبئەسھۇ مەقامەممەھمۇدە نىللەزى ۋەئەتتەھۇ»تەرجىمىسى: ئى رەببىم ئاللاھ! مانا بۇ مۇئەككەل كامىل دەۋەت چاقىرىقتۇر، بەرپا بولىدىغان نامازدۇر، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۆز دەرگاھلىرىدىن يېقىنلىق، پەزىلەت ئاتا قىلسىلا، شاپائەت قىلىش مەرتىۋىسىنى بەرسىلە، سىلى ئۇنى ئۆزلىرى ۋەدە قىلغان ماختاپ مەدھىيلىنىدىغان ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا ئەۋەتسىلە، يەنى شاپائەت قىلىدىغان مەقام مەھمۇدقا يۇقىرى ئۇنۋانلىق مەردىبىگە چىقارسىلا» دېسە، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە شاپائىتىم يېتىدۇ، نەدە بولسا تاپىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.
من قال حين يصبح أو حين يمسي: اللهم أنت ربي لا إله إلا أنت خلقتني و أنا عبدك و أنا على عهدك و وعدك ما استطعت أعوذ بك من شر ما صنعت أبوء لك بنعمتك علي و أبوء بذنبي فاغفر لي فإنه لا يغفر الذنوب إلا أنت فمات من يومه أو ليلته دخل الجنة ( حم د ن ه حب ك ) عن بريدة
6424. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: كىم ئەتىگەن ۋە كەچ تەرەپلەردە: «ئى ئاللاھ سىلى مېنىڭ رەببىم، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مېنى سىلى ياراتقان، مەن سىلىنىڭ بەندىلىرى مەن قادىر بولۇشۇمچە سىلىنىڭ ئەھدىلىرى، ۋەدىلىرى ئۈستىدە مەن سىلىگە سېغىنىپ مەن قىلغان ئىشىمنىڭ يامانلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، مەن سىلىگە سىلىنىڭ ماڭا قىلغان نېئمەتلىرى بىلەن قايىتمەن، ئۆز گۇناھىمنى ئېتىراپ قىلىپ، گۇناھلىرىم بىلەن بىرگە قايىتمەن، مەن ئۈچۈن بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسىلا، ھەقىقەتەن گۇناھلارنى سىلىدىن باشقا ھېچ كىشى مەغپىرەت قىلالمايدۇ، پەقەت سىلىلا مەغپىرەت قىلىلا» دېسە، ئاندىن شۇ كۈنى ياكى كېچىسى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس، بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسىم 2612 ـ ھەدىستە، 3674 ـ ھەدىستە ئۆتكەن بولۇپ، شۇ جايدا ئەرەبچىسىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ يېزىقلىق، بۇ سەييىدۇل ئىستىغفار دېيىلىدۇ . سىن بابىدا باردۇر.

من قال حين يصبح و حين يمسي: سبحان الله العظيم و بحمده مائة مرة لم يأت أحد يوم القيامة بأفضل مما جاء به إلا أحد قال مثل ذلك و زاد عليه ( حم م د ت ) عن أبي هريرة

6425. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى «سۇبھانەللاھىلئەزىيم ۋەبىھەمدىھى»نى 100 قېتىم دېسە، قىيامەت كۈنى ھېچ بىر كىشى ئۇ كىشىدىن ئۇ كىشىنىڭ ئەمەللىرىدىن ئەۋزەل ئەمەل بىلەن كېلەلمەيدۇ ، پەقەت شۇنىڭ ئوخشىشىدا ئەتىگەن ـ ئاخشام ئۇمۇ 100 قېتىم دېسە، ياكى زىيادە قىلسا، ئاندىن ئەۋزەل كېلەلەيدۇ ، چۈنكى، زىيادە دېدى ـ دە!. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

6426 ( صحيح ) من قال حين يمسي: بسم الله الذي لا يضر مع اسمه شيء في الأرض و لا في السماء و هو السميع العليم ثلاث مرات لم يصبه فجأة بلاء حتى يصبح و من قالها حين يصبح ثلاث مرات لم يصبه فجأة بلاء حتى يمسي ( د حب ك ) عن عثمان

6426. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كەچ قىلغاندا، « بىسمىللاھىللەزى لەيەزۇررۇ مەئەئىسمىھى شەيئۇن فىلئەرزى ۋەلافىس سامائى ۋەھۇۋەس سەمىيئۇل ئەلىيم» دېگەننى ئۈچ قېتىم دېسە، تاڭ ئاتقانغا قەدەر ئۇ كىشىگە تۇيۇقسىز بالا، مۇسىبەت يەتمەيدۇ، كىم ئۇ سۆزلەرنى تاڭ ئاتقۇزغاندا ئۈچ قېتىم دېسە، كەچ بولغىچە ئۇ كىشىگە تۇيۇقسىز بالا يەتمەيدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

6427 ( صحيح ) من قال حين يمسي ثلاث مرات: أعوذ بكلمات الله التامات من شر ما خلق لم يضره لدغة حية في تلك الليلة ( ت حب ك ) عن أبي هريرة

6427. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كەچ قىلغاندا: «ئەئۇزۇبىكەلىماتىللاھى تامماتى مىن شەررى ماخەلەقە» يەنى ئاللاھنىڭ مۇكەممەل سۆزلىرى قۇرئانغا سېغىنىپ، ئاللاھ ياراتقان بارلىق نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن» دېگەننى ئۈچ قېتىم دېسە، شۇ كېچىسى ئۇ كىشىگە يىلان ـ چايانلارنىڭ چېقىشى زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، ھەم چاقالمايدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن قۇرئان، ئاللاھنىڭ سۆزى ۋە سۈپىتىدۇر.

من قال رضيت بالله ربا و بالإسلام دينا و بمحمد نبيا وجبت له الجنة ( د حب ك ) عن أبي سعيد

6428. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەن ئالالاھقا رەب جەھەتتىن (يەنى ھەققى ياراتقۇچى ئىگە بولغۇچى پادىشاھ ھەق ئىلاھ دەپ) رازى بولدۇم دېسە، ئىسلامغا دىن جەھەتتىن، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پەيغەمبەر جەھەتتىن رازى بولدۇم دېسە، شۇنداق ئېتىقاد قىلسا، ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ، ھەق بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

من قال: سبحان الله العظيم و بحمده غرست له بها نخلة في الجنة ( ت حب ك ) عن جابر

6429. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم «سۇبھانەللاھىلئەزىيم ۋەبىھەمدىھى» دېسە، ئۇ كىشى ئۈچۈن جەننەتتە بىر تۈپ خورما تىكىلىدۇ. (كۆپ دېسە كۆپ تىكىلىدۇ). تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من قال: سبحان الله و بحمده سبحانك اللهم و بحمدك أشهد أن لا إله إلا أنت أستغفرك و أتوب إليك فإن قالها في مجلس ذكر كانت كالطابع يطبع عليه و من قالها في مجلس لغو كانت كفارة له ( ن ك ) عن جبير بن مطعم

6430. جۇبەير ئىبنى مۇتئىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر بىر كىشى زىكرى، مەجلىسدە «سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى سۇبھانەكە ئاللاھۇممە ۋەبىھەمدىكە ئەشھەدۇئەن لا ئىلاھە ئىللا ئەنتە ئەستەغفىرۇكە ۋەئەتۇبۇ ئىلەيكە» دېسە، ئۇنىڭ بۇ سۆزى زىكرىلىرىگە مۆھۈر بېسىلغاندەك تاماملاپ پېچەتلەيدۇ ، تامغا بېسىلىدۇ. ئەگەر بۇ سۆزلەرنى پايدىسىز لەغۋە سۆزلەرنى دېگەن مەجلىسدە دېسە، بۇ ئۇنىڭ گۇناھلىرىغا كاپارەت بولىدۇ. نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من قال: سبحان الله و بحمده في يوم مائة مرة حطت خطاياه و إن كانت مثل زبد البحر(حم ق ت ه ) عن أبي هرير

6431. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەر كۈنى «سۇبھانەللاھى ۋەبىھەمدىھى»نى 100 قېتىم دېسە، گەرچە ئۇنىڭ خاتالىقلىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولسىمۇ ھەممىسى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۆچۈرۈلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6432** ( صحيح ) من قال لصاحبه يوم الجمعة و الإمام يخطب: أنصت فقد لغا ( ت ن ) عن أبي هرير

6432. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم: جۈمە كۈنى ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا ھەمراھىغا :گەپ سۆز قىلماي جىم تۇرغىن دېسە، ھەققەتەن ئۇ جۈمەنى بۇزغان بولىدۇ. تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6433** ( صحيح ) من قال: لا إله إلا الله مخلصا دخل الجنة ( البزار ) عن أبي سعيد

6433. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم چىن قەلبىدىن ئىخلاس قىلىپ، لائىلاھە ئىللەللاھ، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دېسە، (شۇنداق دەپ ئۆلسە) جەننەتكە كىرىدۇ. بەزار توپلىغان، سەھىھ.

من قال: لا إله إلا الله نفعته يوما من دهره يصيبه قبل ذلك ما أصابه ( البزار هب ) عن أبي هرير

6434. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم، لائىلاھە ئىللەللاھ دېسە، بۇ كەلىمە ئۇ كىشىگە ئۆزىنىڭ زامانلىرىدىن بىر كۈن يەنى

ھامىنى بىر كۈن مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ، شۇ كۈندىن بۇرۇن ئۇ كىشىگە تەقدىردە يېتىشكە تېگىشلىك نەرسە يېتىدۇ. (يەنى، بۇ كەلىمە مەنپەئەت قىلىدىغان كۈن باشقا). بەززار، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

من قال: لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك و له الحمد و هو على كل شيء قدير عشرا كان كمن أعتق رقبة من ولد إسماعيل ( ق ت ن ) عن أبي أيوب ولفظ ( ت ) : كانت له عدل أربع رقاب من ولد إسماعيل

6435. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم: «لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ لەھۇلمۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير» دېگەننى ئون قېتىم دېسە، ئىسمائىلنىڭ باللىرىدىن بىر قۇل (يەنە بىر رىۋايەتتە تۆت قۇل) ئازاد قىلغاندەك بولىدۇ. بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

6436. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ۋە تۆۋەندىكىگە ئوخشاش.

من قال: لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك و له الحمد و هو على كل شيء قدير في يوم مائة مرة كانت له عدل عشر رقاب و كتبت له مائة حسنة و محيت عنه مائة سيئة و كانت له حرزا من الشيطان يومه ذلك حتى يمسي و لم يأت أحد بأفضل مما جاء به إلا أحد عمل عملا أكثر من ذلك ( حم ق ت ه ) عن أبي هرير

6437. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر كۈندە: «لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىيكە لەھۇ لەھۇلمۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير» دېگەننى 100 قېتىم دېسە، ئۇ كىشىگە ئون قۇل ئازاد قىلغاننىڭ ساۋابى بولىدۇ، ئۇ كىشىگە 100 ياخشىلىق يېزىلىپ، ئۇنىڭدىن 100 خاتالىق ئۆچۈرۈلىدۇ، بۇ سۆزلەر ئۇ كىشىگە شۇ كۈنى كەچ كىرگىچە شەيتاندىن ساقلايدىغان مۇھاپىزەتچى بولىدۇ، ھېچ كىشى ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئەمەللەردىن ئەۋزەل ئەمەل بىلەن كېلەلمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭدىن كۆپ ئەمەل قىلغان، بولۇپمۇ شۇ سۆزلەرنى كۆپ دېگەن كىشى ئەۋزەل كېلەلەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ كەلىمىلەرنىڭ تەرجىمىسى يۇقىرىدا ئۆتكەن.

( صحيح ) من قال: لا إله إلا الله و كفر بما يعبد من دون الله حرم ماله و دمه و حسابه على الله عز و جل ( حم م ) عن والد أبي مالك الأشجعي

6438. ۋالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەپ ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئاللاھدىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان بارلىق باتىل نەرسىلەرگە كاپىر بولسا، يەنى تانسا، ئۇنىڭ جېنى، قېنى، مېلى ھارام، يەنى چەكلىنىدۇ، ھېسابى ئاللاھقىدۇر، (يەنى ئىچكى دۇنياسى ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

6439 ( صحيح ) من قام بعشر آيات لم يكتب من الغافلين و من قام بمائة آية كتب من القانتين و من قام بألف آية كتب من المقنطرين( د حب ) عن ابن عمرو

6439. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئون ئايەت بىلەن كېچىسى قىيامدا تۇرسا، ئۇ كىشى غاپىللار قاتارىدىن يېزىلمايدۇ، كىم 100 ئايەت بىلەن قىيامدا تۇرسا، ئۇ كىشى قانىتىنلەر يەنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچىلار قاتارىدىن يېزىلىدۇ. كىم 1000 ئايەت بىلەن قىيامدا تۇرسا، ئۇ كىشى ئەجرى، ساۋابى ئىنتايىن كۆپ كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن يېزىلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.



www.uyghurkitap.com

من قام رمضان إيمانا و احتسابا غفر له ما تقدم من ذنبه ( ق 4 ) عن أبي هرير

6440. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ، ئىمان كەلتۈرۈپ، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، ئەجرگە ئىشىنىپ رامزان ئېيىدا قىيامدا تۇرسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

من قام ليلة القدر إيمانا و احتسابا غفر له ما تقدم من ذنبه ( خ 3 ) عن أبي هريرة

6441. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، ئەجرگە ئىشىنىپ، ئىمان كەلتۈرۈپ قەدىر كېچىسى قىيامدا تۇرسا، ئۇ كىشىگە بۇرۇنقى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. بۇخارى، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

من قتل تحت راية عمية ينصر العصبية و يغضب للعصبية فقتلته جاهلية ( م ن ) عن جندب ( ه ) عن أبي هرير

6442. جۇندۇپ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مىللەتۋازلىق، قەبىلىۋازلىق، تەرەپبازلىق، قەۋم ، قېرىنداشلار ئۈچۈن غەزەپ قىلىدىغان، شۇلارغا ياردەم بېرىدىغان غايىسى، نىشانى نامەلۇم بولغان قارىغۇلارچە ئۇرۇش قىلىدىغان قوشۇننىڭ بايرىقى ئاستىدا ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ ئۆلۈمى جاھالىيەتلەرچە، دىنسىز ئۆلۈم بولىدۇ. مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

6443 ( حسن ) من قتل خطأ فديته مائة من الإبل ثلاثون بنت مخاض و ثلاثون بنت لبون و ثلاثون حقة و عشرة بني لبون ( حم ن ) عن ابن عمرو

6443. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم خاتا ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويسا، (يەنى خاتا داۋالاپ يا قاتناشتا سوقۇپ، ياكى خاتا ئېتىپ ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن خاتا ئۆلتۈرسە)، ئۇنىڭ دىيەت، تۆلەم پۇلى 100 تۆگە بولىدۇ، ئىككى ياشلىق چىشى تۆگىدىن 30، ئۈچ ياشلىق چىشى تۆگىدىن 30، تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن 30، ئۈچ ياشلىق ئەركەك تۆگىدىن 10، جەمئىي 100 تۆگە ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ۋەلى ئىگىلىرىگە، ۋارىسلىرىغا تۆلەپ بېرىلىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، ھەسەن.

من قتل دون ماله فهو شهيد ( حم ق ت ن ) عن ابن عمرو ( ت حب ) عن سعيد بن زيد ( ن ) عن بريد

6444. ئىبنى ئەمرۇ، سەئىد، بۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېلىنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىپ ئۆلسە، ئۇ شېھىد بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

6445 ( صحيح ) من قتل دون ماله فهو شهيد و من قتل دون دمه فهو شهيد و من قتل دون دينه فهو شهيد و من قتل دون أهله فهو شهيد ( حم 3 حب ) عن سعيد بن زيد

6445. سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېلىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسە شېھىد، كىم قېنىنى، جېنىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسە شېھىد، كىم دىنىنى، ئىمانىنى قوغداپ ئۆلتۈرۈلسە ئۇ شېھىد، كىم ئەھلىنى، باللىرىنى قوغداپ ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە ئۇمۇ شېھىد بولىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**6446** ( صحيح ) من قتل دون ماله مظلوما فله الجنة ( ن ) عن ابن عمرو

6446. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مال ـ مۈلۈكىنى قوغداپ زۇلۇمغا ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلسە، ئۇ كىشىگە جەننەت بېرىلىدۇ، (چۈنكى ئۇ شېھىد بولىدۇ، شەرتى ئىمان، ئىسلام، مۆئمىن بولۇشتۇر). نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6447** ( صحيح ) من قتل دون مظلمته فهو شهيد ( ن الضياء ) عن سويد بن مقرن

6447. سۇۋەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم زۇلۇمغا ئۇچراپ، زۇلۇمغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلسە، شېھىد بولىدۇ. (شەرتى، مۆئمىن بولۇش). نەسەئى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

من قتل رجلا من أهل الذمة لم يجد ريح الجنة و إن ريحها ليوجد من مسيرة سبعين عاما ( حم ن ) عن رجل

6448. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىسلام دۆلىتىدە ئەمىنلىك تەلەپ قىلىپ باج تاپشۇرۇپ ئولتۇرغان زىممىي دىنسىزنى، ئەھدى ئىگىسىنى ئۆلتۈرسە، ئۇ كىشى جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ، ھەققەتەن جەننەتنىڭ پۇرىقى 70يىللىق (بەزى خاتىرىدە 500يىللىق) مۇساپە يىراقتىن تېپىلىدۇ.(چۈنكى ئەھدىگە ۋاپا قىلىش لازىم). ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

من قتل في سبيل الله فهو شهيد و من مات في سبيل الله فهو شهيد و من مات في الطاعون فهو شهيد و من مات في البطن فهو شهيد و من غرق فهو شهيد ( م ) عن أبي هريرة

6449. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم، ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلسە، ئۇ شېھىد، كىم ئاللاھ يولىدا ئۆلسىمۇ ئۇمۇ شېھىد بولىدۇ. ۋابادا، قورساق ئاغرىقىدا ئۆلسە، سۇدا غەرق بولسا ئۇ كىشىمۇ شېھىد بولىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

من قتل في عميا أو رميا يكون بينهم بحجر أو سوط فعقله عقل خطأ و من قتل عمدا فقود يديه فمن حال بينه و بينه فعليه لعنة الله و الملائكة و الناس أجمعين ( د ن ه ) عن ابن عباس

6450. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈز بېرىپ قالىدىغان تاش ئېتىش ياكى قامچا بىلەن، ھاسا بىلەن ئۇرۇش سەۋەبىدىن ئۇقۇشماسلىقتىن ئۆلتۈرۈلسە ياكى قارىغا ئېتىش مەيدانىدا ئۆلتۈرۈلسە، (ياكى ئوق ئۇۋلاش جەريانىدا ئۆلتۈرۈلسە) ئۇنىڭ دىيەت، خۇن، تۆلەم پۇلى خاتا قاتىللىق قىلىشنىڭ تۆلەم پۇلىدۇر، (يەنى 100 تۆگە بېرىلىدۇ،) كىم قەستەن قاتىللىق قىلسا، ئۇنىڭدىن نەخ مەيدانىدىلا قىساس ئېلىنىدۇ، يەنى قاتىل ئۆلتۈرۈلىدۇ، كىم بۇ قىساس ئېلىش مەسىلىسىگە توسقۇنلۇق قىلسا، ئۇ كىشىگە ئاللاھنىڭ، پەرىشتىنىڭ، بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ، ئاللاھنىڭ غەزىپى چۈشىدۇ، ئۇ كىشىدىن پەرز ۋە نەپلە، تەۋبە ۋە فىدىيە قوبۇل قىلىنمايدۇ. نەسەئى 4707 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3935 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2625 ـ ھەدىس، سەھىھ.

6451. بۇ ھەدىس، يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر.

**6452** ( صحيح ) من قتل كافرا فله سلبه ( ق د ت ) عن قتادة ( حم د ) عن أنس ( حم ه ) عن سمر

6452. قەتادە، ئەنەس، سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم (جەڭ مەيدانىدا )بىر كاپىرنى يەنى دىنسىزنى ئۆلتۈرسە، ئۇ كىشىگە ئۇ كاپىرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى، يېنىدا بار بولغان بارلىق نەرسىلىرى، قوراللىرى بېرىلىدۇ. (لېكىن، گۇۋاھچى، دەلىل ـ ئىسپات كەلتۈرۈشى لازىم). بۇ ھەدىس ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۇرۇش مەيدانىدا دېيىلگەن). بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من قتل له قتيل فهو بخير النظرين إما أن يقاد و إما أن يفدي ( ن ه ) عن أبي هريرة

6453. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ يېقىن كىشىسى ئۆلتۈرۈلسە، ئۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ بىرىنى تاللاش ئىختىيارلىقىدا بولىدۇ، يا قىساس ئالىدۇ، ياكى فىدىيىنى 100 تۆگىنى ئالىدۇ. نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من قتل مؤمنا فاغتبط بقتله لم يقبل الله منه صرفا و لا عدلا ( د الضياء ) عن عبادة بن الصامت

6454. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۆئمىننى ئۆلتۈرسە، ئاندىن مۆئمىننى ئۆلتۈرگىنىگە خۇرسەن، خۇشال بولسا، ئاللاھ بۇ قاتىلدىن ئۇنىڭ پەرىز ۋە نەپلە ئىبادىتىنى، تەۋبىسىنى ۋە فىدىيىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەبۇ داۋۇد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

من قتل متعمد دفع إلى أولياء المقتول فإن شاءوا قتلوا و إن شاءوا أخذوا الدية و هي ثلاثون حقة و ثلاثون جذعة و أربعون خلفة و ما صولحوا عليه فهو لهم ( حم ت ه ) عن ابن عمرو

6455. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قەستەن قاتىللىق قىلسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ۋەلى ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ، (يەنى ئۇنىڭ ئىشى شۇلارنىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ)، ئەگەر ئۇلار خالىسا ئۆلتۈرۈپ قىساس ئالىدۇ، ئەگەر خالىسا ئەپۇ قىلىپ، دىيەت، تۆلەم پۇلىنى ئالىدۇ، ئۇ بولسا 100 تۆگىدۇر.

تۆت ياشلىق چىشى تۆگىدىن 30، بەش ياشلىق چىشى تۆگىدىن 30، بوغاز تۆگىدىن 40 تۆگە، جەمئىي 100 تۆگە ئالىدۇ. ئۇلار ئۆز ـ ئارا قانداق سۈلھى قىلىشىۋالسا بۇ شۇلار ئۈچۈندۇر. (يەنى ئەپۇ قىلامدۇ، دىيەت، خۇن پۇلىنى ئالامدۇ، ياكى بۇنىمۇ ئەپۇ قىلامدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئىشىدۇر). ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6456** ( صحيح ) من قتل معاهدا في غير كنهه حرم الله عليه الجنة( حم د ن ك ) عن أبي بكرة

6456. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەھدە توختام بار كىشىنى ئۆلتۈرسە، بولۇپمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈش دۇرۇس ۋە ھالال بولمىغان جايدا ئۆلتۈرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتنى ھارام قىلىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من قتل معاهدا لم يرح رائحة الجنة و إن ريحها ليوجد من مسيرة أربعين عاما ( حم خ ن ه ) عن ابن عمرو

6457. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەھدى، توختام، كېلىشىم تۈزگۈچى كىشىنى ئۆلتۈرسە، ئۇ جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ، ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ پۇرىقى 40 يىللىق مۇساپە يىراقتىن تېپىلىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى،

ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من قتل نفسا معاهدة بغير حلها حرم الله عليه الجنة: أن يشم ريحها ( حم ن ) عن أبي بكرة

6458. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەھدىسى بار، كېلىشىم تۈزگەن كىشىنى ئۆلتۈرسە، بولۇپمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈش ھالال، دۇرۇس بولىدىغان جايدا ئەمەس، (يەنى ئەھدى، مۇددىتى توشمىغان چاغدا ياكى ئۇرۇش مەيدانىدا ئەمەس، ياكى ئەھدىسنى بۇزمىسىمۇ ئۆلتۈرسە،) ئاللاھ بۇ قاتىلغا جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇراشنى ھارام قىلدى. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

من قتل نفسه بحديدة فحديدته في يده يتوجأ بها في بطنه في نار جهنم خالدا مخلدا فيها أبدا و من شرب سما فقتل نفسه فهو يتحساه في نار جهنم خالدا مخلدا فيها أبدا و من تردى من جبل فقتل نفسه فهو يتردى في نار جهنم خالدا مخلدا فيها أبدا ( حم ق ت ن ه ) عن أبي هريرة

6459. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆزىنى تۆمۈر بىلەن ئۆلتۈرۈۋالسا، ئۇ جەھەننەم ئىچىدە مەڭگۈ ـ مەڭگۈ، ئەبەدىلئەبەد قالغان ھالدا جەھەننەم ئوتى ئىچىدە شۇ تۆمۈر بىلەن ئۆزىنى ئازابلايدۇ، قورسىقىنى يېرىپ، جاراھەتلەندۈرۈپ ئازابلىنىدۇ. كىم زەھەر ئىچىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسا، بۇمۇ جەھەننەمدە ئەبەدىلئەبەد مەڭگۈ قالغان ھالدا ئوت ئىچىدە شۇ زەھەرنى، دائىم ئىچىپ ئازابلىنىدۇ. كىم تاغدىن ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالسا، ئۇ جەھەننەم ئوتىدا مەڭگۈ ئەبەدىلئەبەد قالغان ھالدا ئۆزىنى يۇقىرىدىن پەسكە تاشلاپ ئوت ئىچىدە ئازابلىنىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من قتل وزغة في أول ضربة كتب له مائة حسنة و من قتلها في الضربة الثانية فله كذا و كذا حسنة و إن قتلها في الضربة الثالثة فله كذا و كذا حسنة ( حم م د ت ه ) عن أبي هريرة

6460. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ۋەزغىنى يەنى سام ئەبرەس دەپ ئاتىلىدىغان قولىۇن كەسلەنچۈكى (يەنى ھايۋانغا چاپلىشىۋېلىپ، قويىنىڭ سۈتىنى ئىمۇالىدىغان كىلەگە ئوخشاش ھايۋاننى) بىر ئۇرۇپلا ئۆلتۈرسە، ئۇ كىشىگە 100 ياخشىلىق يېزىلىدۇ، ئىككىنچى قېتىم ئۆلتۈرگەن كىشىگە مۇنداق ـ مۇنداق ياخشىلىق، ئۈچىنچى قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرگەن كىشىگە مۇنداق ـ مۇنداق ياخشىلىق يەنى 100دىن تۆۋەن ياخشىلىق يېزىلىدۇ. (چۈنكى، ئۇ پاسىق، نىجىستۇر، ئىبراھىمغا قارشى ئوتنى پۈۋلىگەندۇر). مۇسلىم 4156 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1402 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3220 ـ ھەدىس، ئەھمەد 8305 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

من قتله بطنه لم يعذب في قبره ( حم ت ن حب ) عن خالد بن عرفطة وسليمان بن صرد

6461. خالىد، سۇلايمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنى قورسىقى ئۆلتۈرسە، يەنى قورساق ئاغرىقىدا ئۆلسە، ئۇ كىشى قەبرىدە ئازابلانمايدۇ. (چۈنكى، ئۇ شېھىد، شېھىد قەبرىسىدە ئازابلانمايدۇ). ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

( لېكىن، باشقا ھەدىسلەردىكى شەرتى، مۆئمىن بولۇشى، ئاللاھ يولىدا بولۇشى لازىمدۇر.)

من قذف مملوكه بالزنا يقام عليه الحد يوم القيامة إلا أن يكون كما قال ( م ) عن أبي هريرة

6462. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆزىنىڭ قۇلىغا زىنا بىلەن بۆھتان چاپلىسا، قىيامەت كۈنى ئۇ بۆھتانچىغا ھەد، جازا تۈرغۇزۇلىدۇ، بۆھتانىنىڭ قامچىسى ئۇرۇلىدۇ. لېكىن، قۇل ئۇ دېگەندەك زىنا قىلىپ سالغان بولسا، بۆھتان چاپلىغان بولمايدۇ، ئۇ چاغدا جازانى قۇل تارتىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

من قذف مملوكه و هو بريء مما قال جلد يوم القيامة حدا إلا أن يكون كما قال ( حم ق د ت ) عن أبي هرير

6463. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قۇلىغا زىنا قىلدى دەپ بۆھتان چاپلىسا، قۇل ئۇنىڭدىن پاك بولسا، ئۇ بۆھتانچى قىيامەت كۈنى ھەد جازاغا تارتىلىپ، قامچىلىنىدۇ. لېكىن، ئۇ دېگەندەك بولۇپ قالسا، بۇ ئۇنىڭدىن مۇستەسنا،( يەنى جازاغا تارتىلمايدۇ. بەلكى زىناخور جازالىنىدۇ.) ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

من قرأ آية الكرسي دبر كل صلاة مكتوبة لم يمنعه من دخول الجنة إلا أن يموت ( ن حب ) عن أبي أمامة

6464. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەربىر پەرز نامازنىڭ ئارقىسىدا ئايەتۇلكۇرسى يەنى كۈرسى سۆزلىنىدىغان سۈرە بەقەرىنىڭ 255 ـ ئايىتىنى ئوقۇسا، ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرىشتىن پەقەت ئۆلۈملا توسۇپ تۇرىدۇ، ئۆلسىلا جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتكە كىرىشكە پەقەت ئۆلىشىلا قالغان بولىدۇ. نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**6465** ( صحيح ) من قرأ الآيتين من آخر سورة البقرة في ليلة كفتاه ( **4** ) عن ابن مسعود

6465. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كېچىسى سۈرە بەقەرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتىنى ئوقۇسا، بۇ ئىككى ئايەت ئۇ كىشىگە (ھەممە جەھەتتىن) كېچىسى قىيامدا تۇرۇش جەھەتتىنمۇ كۇپايە قىلىدۇ. تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**6466** ( حسن ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **5757** من قرأ ( إذا زلزلت عدلت له بنصف القرآن) و من قرأ ( قل يا أيها الكافرون ) عدلت له بربع القرآن و من قرأ ( قل هو الله أحد ) عدلت له بثلث القرآن ( ت ) عن أنس

6466. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىزازۇل زىلەتىنى يەنى سۈرە زىلزالنى ئوقۇسا، بۇ، ئۇ كىشى ئۈچۈن قۇرئاننىڭ يېرىمىنى ئوقۇغانغا تەڭ، كىم قۇل يا ئەييۇھەلكافىرۇننى ئوقۇسا، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن، قۇرئاننىڭ تۆتتىن بىرىنى ئوقۇغانغا تەڭ، كىم قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەدنى يەنى سۈرە ئىخلاسنى بىر قېتىم ئوقۇسا، قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئوقۇغانغا تەڭ بولىدۇ، (يەنى ئەجىر، ساۋابى شۇنداق بولىدۇ.) تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

من قرأ القرآن فليسأل الله به فإنه سيجيء أقوام يقرءون القرآن يسألون به الناس ( ت ) عن ابن عمران

6467. ئىبنى ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قۇرئاننى ئوقۇسا، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئاللاھتىنلا جەننەتنى، ئەجرىنى سورىسۇن، ھەقىقەتەن پات يېقىندا بىر تۈركۈم قەۋملەر مەيدانغا كېلىدۇكى، ئۇلار قۇرئاننى ئوقۇپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە كىشىلەردىن نەرسە سورايدۇ، ئەجىر، ھەق ئالىدۇ، (ھازىرقىلار ئاشۇ ئازغۇنلارنىڭ ئەۋلادى، قالدۇقلىرى بولۇشى مۇمكىن، بۇ چوڭ خاتالىق ئىدى). تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

**6468** ( صحيح ) من قرأ بمائة آية في ليلة كتب له قنوت ليلة ( حم ن ) عن تميم

6468. تەمىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كېچىسى 100 ئايەت ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە شۇ كېچىنىڭ قىيامى، ناماز بىلەن ئۆتكۈزگەندەك ساۋاب يېزىلىدۇ، تاڭ ئاتقىچە قىيامدا تۇرغانلىقنىڭ ئەجرى يېزىلىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6469** ( صحيح ) من قرأ حرفا من كتاب الله فله به حسنة و الحسنة بعشر أمثالها لا أقول: ( الم حرف و لكن: ألف حرف و لام حرف و ميم حرف ) ( تخ ت ك ) عن ابن مسعود

6469. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندىن بىر ھەرپ ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ، بىر ياخشىلىققا قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ياخشىلىق مۇكاپات بېرىلىدۇ، بىرگە ئون، مەن « ألم » ئەلىف لام مىمنى ھەرپ دېمەيمەن، (چۈنكى ئۇ ئايەت) لېكىن، ئەلىف بىر ھەرپ ، لام بىر ھەرپ ، مىم بىر ھەرپتۇر . (ئەنە شۇنداق ھەربىر ھەرپكە ئون ياخشىلىق بېرىلىدۇ).تىرمىزى، ھاكىم، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

من قرأ سورة الكهف في يوم الجمعة أضاء له من النور ما بين الجمعتين ( ك هق ) عن أبي سعيد

6470. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمە كۈنى سۈرە كەھفنى ئوقۇسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن ئىككى جۈمە ئارىلىقىدا نۇر، يورۇقلۇق ئاتا قىلىنىدۇ، نۇر، يورۇقلۇق تاشلايدۇ. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

من قرأ سورة الكهف يوم الجمعة أضاء له النور ما بينه و بين البيت العتيق ( هب ) عن أبي سعيد

6471. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمە كۈنى سۈرە كەھفنى ئوقۇسا، ئۇ كىشىگە ئۆزى بىلەن بەيتۇللاھنىڭ ئارىلىقىدەك كەڭ جايغا شۇنداق چوڭ نۇر نۇر تاشلاپ تۇرىدۇ. نۇر يورۇقلۇق ئاتا قىلىنىدۇ. (يەنى بۇ قىيامەت كۈنى بېرىلىدىغان مۇكاپات نۇردۇر. چۈنكى، مۆئمىن بۇ دۇنيا ئۈچۈن كارامەت ئۈچۈنلا ئىبادەت قىلمايدۇ، بەلكى، ئاللاھ، ئاخىرەت ئۈچۈن ئىبادەت قىلىدۇ، ياكى بۇ دېگەنلىك ، دۇنيادا قەلبى نۇرلىنىپ، ھەقنى تاپىدۇ، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىيدۇ، ھەققەت، ئادالەت ئۈچۈنلا ياشايدۇ). ۋەللاھۇ ئەئلەم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

من قرأ ( قل هو الله أحد عشر مرات بنى الله له بيتا في الجنة ) ( حم ) عن معاذ بن أنس

6472. مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەدنى يەنى سۈرە ئىخلاسنى ئون قېتىم ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتتە بىر ئۆي سېلىپ بېرىدۇ. (كۆپ ئوقۇسا، كۆپ ئۆي سېلىپ بېرىدۇ. بۇ جەننەت بىلەن بېشارەتتۇر ). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**6473** ( صحيح ) من قرأ ( قل هو الله أحد فكأنما قرأ ثلث القرآن ) ( حم ن الضياء ) عن أبي

6473. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم سۈرە ئىخلاس، قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەدنى بىر قېتىم ئوقۇسا، ئۇ خۇددى قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئوقۇغاندەك بولىدۇ. (ئەگەر ئۈچ قېتىم ئوقۇسا، قۇرئاننى بىر تامام قىلغان بولىدى). ئەھمەد، نەسەئى،

زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**6474** ( صحيح ) من قرن بين حجه و عمرته أجزأه لهما طواف واحد ( حم ) عن ابن عمر

6474. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم پەرىز ھەج بىلەن ئۆمرە ھەجنىڭ ئارىسنى بىرلەشتۈرۈپ، بىللە ئېھرام باغلاپ، قىران ھەج قىلسا، ئۇ كىشىگە ھەر ئىككى ھەج ئۈچۈن بىرلا تاۋاپ قىلىش كۇپايە بولىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

من قطع رحما أو حلف على يمين فاجرة رأى وباله قبل أن يموت ( تخ ) عن القاسم بن عبدالرحمن

6475. قاسىم رەھمەھۇللاھ ئەلەيدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈۋەتسە، ياكى يالغان قەسەم قىلسا، بۇ كىشى ئۇ قىلمىشنىڭ ۋاباللىنى، ئازابىنى ئۆلۈشىدىن بۇرۇن مۇشۇ دۇنيادىلا كۆرۈپ جازاسىنى تارتىدۇ. بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

**6476** ( صحيح ) من قطع سدرة صوب الله رأسه في النار ( د الضياء ) عن عبدالله بن حبشي

6476. ئابدۇللاھ ئىبنى ھەبشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇساپىرلار سايىدايدىغان دەرەخنى كېسىۋەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭ بېشىنى دوۋزاخ ئوتىغا ئىگىپ، تۈتۈپ بېرىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**6477** ( صحيح ) من قعد مقعدا لم يذكر الله فيه كانت عليه من الله ترة و من اضطجع مضجعا لا يذكر الله فيه كانت عليه من الله ترة ( د ) عن أبي هريرة

6477. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر ئورۇندا ئولتۇرۇپ، ئاللاھنى ئەسلىمىسە، ئۇ كىشىگە ئاللاھ تەرەپتىن ھەسرەت ـ نادامەت بولىدۇ. كىم بىرەر ئورۇندا يېتىپ، ئاللاھنى ئەسلىمىسە، ئۇ كىشىگىمۇ ئاللاھ تەرەپتىن ھەسرەت ـ نادامەتلەر كېلىپ قالىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

من كاتب مملوكه على مائة أوقية فأداها إلا عشر أواق ثم عجز فهو رقيق( ت ) عن ابن عمرو

6478. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆزىنىڭ قۇلىغا 100 ئۇۋقى (يەنى 4000 دىرھەم كۈمۈش پۇلغا) خەت يېزىپ بېرىپ، مۇشۇ پۇلنى بەرسەڭ سەن ئازاد دېسە، ئۇ قۇل ئادا قىلىپ، پەقەت 400 دىرھەم قالغاندا ئاجىز كەلسە، ئۇ يەنىلا قۇل ھېسابلىنىدۇ. (يەنى پۈتۈنلەي تولۇق ئادا قىلسا ئازاد بولىدۇ). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6479** ( صحيح ) من كان آخر كلامه لا إله إلا الله دخل الجنة ( حم د ك ) عن معاذ

6479. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزى لائىلاھە ئىللەللاھ، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دېيىش بولسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

بىز، بۇ ھەدىس بىلەن چىن قەلبىدىن ئىخلاس قىلىپ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېسە، جەننەتكە كىرىدۇ دېگەن ھەدىسنى شەرھىيلەيمىز، ئۇ بولسىمۇ.

1. ئەڭ ئاخىرقى سۆزى، ئۆلۈش ئالدىدىكى شاھادەت كەلىمىسى بولۇپ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ بولسا، جەننەتكە كىرىدۇ.

2. بۇ ھەدىس ھېچبىر پەرىز قىلىنىشىدىن بۇرۇن مەككىدىكى چاغدا دېيىلگەن.

3. بۇ بىر دىندىن دىنغا، ئەقىدىدىن ئەقىدىگە، قانۇن ـ تۈزۈم، پرىنسىپىدىن يەنە بىر قانۇنغا چىن قەلبىدىن تەستىقلاپ ئۆتۈپ كېتىشتۇر.

4. بۇ شاھادەت كەلىمىسى، سەيىيد قۇتۇپ دېگەندەك ئىككى لەۋ بىلەن سۆزلەپ قويىدىغان قۇرۇق سۆزلا ئەمەس، بەلكى، بۇ بىر شوئار، بۇ بىر بايراق، ھاياتلىق يول بەلگىسى، ھاياتلىق پروگراممىسى، بۇ بىر ئەمەلدۇر.

5. بۇ ئىسلام دىنىغا كىرىش مۇراسىمىدۇر، شۇنداق دېمەي ئىسلام دىنىغا كىرگىلى بولمايدۇ، ھەم جەننەتكىمۇ كىرگىلى بولمايدۇ.

6. شۇ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ ئەمەل قىلغىچە ئارىلىقىدا ئۆلۈپ كەتسە، شېھىد بولسا، جەننەتكە كىرىدۇ، بۇ خىل ھادىسە كۆپ يۈز بەرگەن. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

**6480** ( صحيح ) من كان بينه و بين قوم عهد فلا يشد عقدة و لا يحلها حتى ينقضي أمدها أو ينبذ إليهم على سواء ( حم د ت ) عن عمرو بن عبسة

6480. ئەمرۇ ئىبنى ئەبەسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆزى بىلەن بىرەر قەۋملەر ئارىسىدا ئەھدە، توختام، كېلىشىم بار كىشى شۇ ئەھدىنامىنىڭ مۇددىتى توشمىغۇچە ياكى ئۇ قارشى تەرەپكە بىلدۈرۈپ باراۋەر، ئوخشاش بىلگەن ھالەتتە ئەھدىنى تاشلاپ بەرمىگۈچە ئەھدىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلمىغۇچە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، ئۆزى خالىغانچە ئەقدىنى چەكمىسۇن، ياكى يەشمىسۇن، بەلكى قارشى تەرەپ بىلەن بىرگە مەسلىھەت قىلىپ، چەكىپ يېشىدۇ، يەنى چىگىتىدۇ ياكى بۇزىدۇ، ۋاپا قىلىدۇ ياكى مەسلىھەت بىلەن بۇزۇۋېتىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6481** ( صحيح ) من كان حالفا فلا يحلف إلا بالله ( ن ) عن ابن عمر

6481. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قەسەم قىلماقچى بولسا، ئۇ پەقەت ئاللاھ بىلەن بىللاھى ۋەللاھى دەپلا قەسەم قىلسۇن، ئاللاھدىن باشقا نەرسە بىلەن قەسەم قىلمىسۇن. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

من كان ذبح أضحيته قبل أن يصلي فليذبح مكانها أخرى و من لم يكن ذبح فليذبح باسم الله (حم ق ن ه) عن جندب

6482. جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھېيت نامىزىنى ئوقۇشىدىن بۇرۇن قۇربانلىقنى بوغۇزلىغان بولسا، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە باشقىسىنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلسۇن، كىم تېخى بوغۇزلىمىغان بولسا، ئۇ نامازدىن كېيىن، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلەپ، بىسمىللاھ دەپ تەكبىر ئېيتىپ بوغۇزلىسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6483** ( صحيح ) من كان ذبح قبل الصلاة فليعد ( حم ق ن ه ) عن أنس

6483. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن قۇربانلىقنى بوغۇزلىسا، ئۇ ئورنىغا باشقىسىنى بوغۇزلاپ

قۇربانلىقنى قايتا قىلسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

6484 ( صحيح ) من كان سهلا هينا لينا حرمه الله على النار( ك هق ) عن أبي هريرة

6484. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەربىر ئىشتا ئاسانلاشتۇرغۇچى مۇلايىم كەڭ قورساق، دىلى يۇمشاق بولسا، ئالالاھ ئۇ كىشىنى دوۋزاخقا ھارام قىلىدۇ. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

من كان في المسجد ينتظر الصلاة فهو في الصلاة ما لم يحدث ( حم ن حب ) عن سهل بن سعد

6485. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەسجىددە نامازغا ئىنتىزار بولۇپ، نامازنى ساقلاپ تۇرسىلا، ئۇنىڭ تاھارىتى سۇنۇپ كەتمىسلا ئۇ ناماز ئىچىدە تۇرغان بولىدۇ. (يەنى نامازنى ساقلاش، نامازنىڭ ئۆزىدۇر). ئەھمەد، نەسىئەۋى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

من كان لنا عاملا فلم يكن له زوجة فليكتسب له زوجة فإن لم يكن له خادم فليكتسب له خادما فإن لم يكن له مسكن فليكتسب مسكنا من اتخذ غير ذلك فهو غال أو سارق( د ك ) عن المستورد بن شداد

6486. مۇستەۋرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىزگە خىزمەتچى ئەمەلدار بولسا، يەنى ئۆشرە ـ زاكات يىغقۇچى خادىم بولسا، ئايالى بولمىسا، ئايال ئېلىۋالسۇن، ئەگەر خىزمەتچى خادىمى بولمىسا، خىزمەتچى قول، خادىمدىن بىرنى ئېلىۋالسۇن، ئۆيى بولمىسا، تۇرالغۇ جاي ئۈچۈن ئۆي ئېلىۋالسۇن، (بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ كىشىگە بېرىلگەن مائاشقا، تورمۇش پۇلىغا ياكى ئىمام ئۆزى بۆلۈپ بەرگەن نەرسىگە ئېلىنىدۇ). كىم ئۇنىڭدىن باشقا بىرەر نەرسە ئېلىۋالسا، ئۇ خىيانەتچى ياكى ئوغرى بولىدۇ. (ھەممە ئىشتا ئىمامغا ئىتائەت قىلىدۇ). ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

6487 ( حسن ) من كان له إمام فقراءة الإمام له قراءة ( حم ه ) عن جابر

6487. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمگە بىرەر كىشى ئىمام بولسا، ئىمامنىڭ قىرائىتى شۇ كىشى ئۈچۈنمۇ قىرائەتتۇر. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن. بۇ ھەدىسنىڭ دەلىلى بىلەن ئىمام قىرائەتنى جەھرى قىلىدىغان نامازدا ئىقتىدا قىلغۇچىلار قىرائەت قىلماي، ئىمامنىڭ قىرائىتىنى تىڭشاپ تۇرسا بولىدۇ. لېكىن، مەخپىي نامازدا چوقۇم سۈرە پاتىھەنى ئوقۇشى ۋاجىپتۇر. چۈنكى بۇ سۈرىنى ئوقۇمىغان كىشىگە ناماز يوق، ھەدىسىدىن.

6488 ( صحيح ) من كان له ثلاث بنات فصبر عليهن و أطعمهن و سقاهن و كساهن من جدته كن له حجابا من النار يوم القيامة ( حم ه ) عن عقبة بن عامر

6488. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ ئۈچ قىزى بولسا، ئۇ كىشى ئۇلارغا سەۋرى قىلسا، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ھالال كەسپىدىن ئۇلارغا يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك ئېتىپ بەرسە، قىيامەت كۈنى ئۇ باللار ئۇ كىشى ئۈچۈن دوۋزاخدىن پەردە بولىدۇ، يەنى شۇ سەۋەبلىك جەننەتكە كىرىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

6489 ( صحيح ) من كان له ذبح يذبحه فإذا أهل هلال ذي الحجة فلا يأخذن من شعره و لا من أظفاره شيئا حتى يضحي ( م د ) عن أم سلمة

6489. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ ئاللاھ يولىدا بوغۇزلايدىغان قۇربانلىقى بولسا، ئۇ ھەج ئېيىنىڭ يېڭى ئېيىنى كۆرگەن ھامان يەنى قۇربانلىق قىلىشقا ئون كۈن قالسىلا قۇربانلىقنى قىلىپ بولمىغۇچە چاچ ـ تىرناقلىرىدىن ھېچ نەرسىنى ئالمىسۇن. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**6490** ( صحيح ) من كان له سعة و لم يضح فلا يقربن مصلانا ( ه ك ) عن أبي هريرة

6490. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ بايلىقى تۇرۇپ تۇرمۇشى كەڭرى تۇرۇپ قۇربانلىق قىلمىسا، ئۇ مەسجىدىمىزگە ھېيت نامىزى ئوقۇيدىغان جايىمىزغا يېقىن كەلمىسۇن. ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن باي كىشىلەرگە قادىر بولالايدىغانلارغا قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپتۇر.

من كان له شريك في حائط فلا يبع نصيبه من ذلك حتى يعرضه على شريكه ( حم ت ك ) عن جابر

6491. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ بىرەر باغدا ياكى ئۆي ـ زېمىندا شېرىكى بولسا، ئۇ شۇ نېسىۋىسىنى شېرىكىگە تەكلىپ باقماي تۇرۇپ، بۇنى ساتمىسۇن، ئالامسەن؟ دېمەي تۇرۇپ، شۇنىڭدىن ئۆز نېسىۋىسىنى ساتمىسۇن. (بۇ ئىسلام دىنىدا شۇپئەت ھوقۇقى دېيىلىدۇ ). ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6492** ( صحيح ) من كان له شريك في ربع أو نخل فليس له أن يبيع حتى يؤذن شريكه فإن رضي أخذ و إن كره ترك ( م ) عن جابر

6492. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ بىرەر زېمىندا تۇرالغۇ جاي، ئۆي، قورۇدا ياكى خورمازارلىقىدا، باغلاردا شېرىكى بولسا، ئۆز نېسىۋىسىنى ساتىدىغانلىقىنى شېرىكىگە بىلدۈرۈپ قويماي تۇرۇپ تەكلىپ باقماي تۇرۇپ ئۇنى سېتىشى دۇرۇس ئەمەس، شېرىكى رازى بولسا، شۇ باھاغا ئالىدۇ، ئەگەر سېتىۋېلىشنى ياقتۇرمىسا، تەرك ئېتىدۇ. ئاندىن ساتسا دۇرۇس بولىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**6493** ( صحيح ) من كان له شعر فليكرمه ( د ) عن أبي هريرة

6493. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ چېچى بولسا، ئۇنى ھۆرمەتلىسۇن، (يەنى يۇيۇپ ـ تاراپ پاكىز تۇتسۇن، شۈكرىسىنى قىلسۇن، قەدرى ـ قىممىتىنى قىلسۇن). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**6494** ( صحيح ) من كان له مال فلير عليه أثره ( طب ) عن أبي حازم

6494. ئەبۇ ھازىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ مال ـ دۇنياسى بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىدە شۇ مالنىڭ نېئمەتنىڭ ئەسىرى كۆرۈلسۇن، (پېقىر ـ مىسكىنلەر ھاجەتمەنلەر بىلىپ نەرسە سورىيالايدۇ). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6495** ( صحيح ) من كان له نخل أو أرض فلا يبعها حتى يعرضها على شريكه ( ه ) عن جابر

6495. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ خورمىزارلىقى ياكى زېمىنى ياكى باشقا نەرسىسى بولسا، ئۇنى شېرىكىگە تەكلىپ باقماي تۇرۇپ، ھەرگىز ساتمىسۇن، (يېقىن تۇغقانلار، خۇلۇم خوشنىلارمۇ شۇنداق). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

**6496 ( صحيح ) من كان له وجهان في الدنيا كان له يوم القيامة لسانان من نار ( د ) عن عمار**

6496. ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ بۇ دۇنيادا ئىككى خىل يۈزى بولسا، يەنى ئىككى يۈزلىمە كىشى بولسا، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ئوتتىن ئىككى تىلى بولىدۇ. (يەنى قاتتىق ئازابلىنىدۇ). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**6497 ( صحيح ) من كان معه فضل ظهر فليعد به على من لا ظهر له و من كان له فضل من زاد فليعد به على من لا زاد له ( حم م د ) عن أبي سعيد**

6497. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ سەپەر جەريانىدا ئارتۇق بوش تۇرىدىغان، باشقىلارنى مىندۈرۈپ ئېلىۋالغۇدەك ئۇلىغىنىنىڭ ئۇچىسى بولسا، (ياكى قاتناش قۇراللىرىنىڭ بوش ئورنى بولسا) ئۇنى باشقا ئۇلىغى يوق كىشىلەرگە بېرىپ، باشقىلارنى ئېلىۋالسۇن، كىمنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى ئاشقۇدەك بولسا، ئۇنىڭدىن ئوزۇق ـ تۈلۈكى يوق كىشىلەرگە بەرسۇن. (مەقسەت ، ئارتۇقنى ئاللاھ يولىدا بېرىۋېتىش، ھاجەتتىن زىيادىسىنى تۇتۇپ قالماسلىق، سەپەردە يار ـ يۆلەكتە بولۇشتۇر). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**من كان منكم ذا طول فليتزوج فإنه أغض للبصر و أحصن للفرج و من لا فالصوم له وجاء ( ن ) عن عثمان**

6498. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى باي بولۇپ، تويلۇق مېھرىگە قادىر بولسا، توي قىلسۇن، چۈنكى ئۇ كۆزنى يۇمدۇرۇپ، ھارامدىن ساقلايدۇ، ئېپپەتلىك قىلىپ، ئەۋرەتنى ھارامدىن ساقلايدۇ. پاھىشىۋازلىقدىن ساقلايدۇ. (شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۇناھدىن، ۋابا كېسەلدىن ساقلىنىپ قالىدۇ). قادىر بولالمىغان، مال ـ دۇنياسى يوق كىشى روزا تۇتسۇن، روزا ئۇنىڭغا قالقاندۇر. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6499 ( صحيح ) من كان منكم مصليا بعد الجمعة فليصل أربعا ( د ت ) عن أبي هريرة**

6499. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى جۈمە نامىزىدىن كېيىن ناماز ئوقۇماقچى بولسا، تۆت رەكەت ناماز ئوقۇسۇن، (مانا بۇ جۈمەنىڭ سۈننەت نامىزى، بەزىلەر ئالتە رەكەت ئوقۇغان، يەنى سەلەفىيلەردىن). ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزىيلار توپلىغان، سەھىھ.

**6500 ( صحيح ) من كان يؤمن بالله و اليوم الآخر فإذا شهد أمرا فليتكلم بخير أو ليسكت و استوصوا بالنساء فإن المرأة خلقت من ضلع و إن أعوج شيء في الضلع أعلاه إن ذهبت تقيمه كسرته و إن تركته لم يزل أعوج استوصوا بالنساء ( م ) عن أبي هريرة**

6500. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى بىرەر ئىشقا ھازىر بولۇپ قالسا، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى جىم، سۈكۈتتە تۇرسۇن، ئاياللارغا ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلىڭلار، چۈنكى، ئايال كىشى ئەگرى قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان، ھەقىقەتەن شەيئىلەرنىڭ ئەڭ ئەگرىسى ئۈستۈنكى ئەگرى قوۋۇرغىدۇر، ئەگەر ئۇنى تۈزلەيمەن دېسەڭ ئۇنى سۇندۇرۇپ قويىسەن، (ئۇنىڭ سۇنۇشى تالاق قىلىنىشى) ئەگەر ئۇنى تەرك ئېتىپ، تاشلاپ قويساڭ، ئەگرى پېتى تۇرىۋېرىدۇ. ئاياللارغا ياخشىلىقنى كۆپ تەۋسىيە قىلىڭلار. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**من كان يؤمن بالله و اليوم الآخر فليحسن إلى جاره و من كان يؤمن بالله و اليوم الآخر فليكرم ضيفه و من كان يؤمن بالله و اليوم الآخر**

فليقل خيرا أو ليسكت ( حم ق ن ه ) عن أبي شريح وأبي هرير

6501. ئەبۇ شۇرەيھ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھقا ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، قوشنىسىغا ياخشىلىق قىلسۇن، كىم ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، مۆئمىن بولاي دېسە، مېھمىنىنى ھۆرمەتلىسۇن، كىم ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىن بولسا، ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى سۈكۈتتە جىم تۇرسۇن. (كەم سۆز كىشى نىجات تاپىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6502** ( صحيح ) من كان يؤمن بالله و اليوم الآخر فليكرم ضيفه جائزته يوم و ليلة و الضيافة ثلاثة أيام فما بعد ذلك فهو صدقة و لا يحل له أن يثوي عنده حتى يخرجه ( حم ق 4 ) عن أبي شريح

6502. ئەبۇ شۇرەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە شەكسىز ئىشەنگەن مۆئمىن بولسا، مېھمىنىنى ھۆرمەتلەپ، ياخشى كۈتسۇن، مېھمانىنىڭ ھەققى بىر كېچە ـ كۈندۈز كۈتۈۋېلىشتۇر، زىياپەت ئۈچ كۈن بولىدۇ، ئۈچ كۈندىن كېيىنكى قىلىنغان نەرسە سەدىقە بولىدۇ. (يەنى كىشىلەر سەدىقىدىن ئۆزىنى تارتىدۇ، يېيىشنى خالىمايدۇ). مېھمانىنىڭمۇ ئۇنى قوغلاپ چىقارغانغا قەدەر تۇرىۋېرىشى ھالال ئەمەس. (بىر كۈندىن كېيىن، ئېشىپ كەتسە، ئۈچ كۈندىن كېيىن كېتىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

من كان يؤمن بالله و اليوم الآخر فلا يأخذن إلا مثلا بمثل – يعني الذهب بالذهب – ( م ) عن فضالة بن عبيد

6503. پۇزالىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا، ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى، ئالتۇننى ئالتۇنغا ئوخشاش باراۋەر ھالەتتە ئالسۇن، (زىيادە بەرسە ياكى ئالسا، جازانە بولىدۇ). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

من كان يؤمن بالله و اليوم الآخر فلا يؤذ جاره و استوصوا بالنساء خيرا ( خ ) عن أبي هريرة

6504. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا، ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى قوشنىسىغا ئازار بەرمىسۇن، ئاياللارغا ياخشىلىقنى كۆپ تەۋسىيە قىلىڭلار، (تەۋسىيەمنى قوبۇل قىلىڭلار،ئۇلار ھەرگىز قوشنىسىغا ئازار بەرمىسۇن). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**6505** ( صحيح ) من كان يؤمن بالله و اليوم الآخر فلا يدخل الحمام إلا بمئزر ( ن ) عن جابر

6505. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە شەكسىز ئىشەنگەن مۆئمىن كىشى، ئاممىۋى مۇنچىغا ئىشتانسىز كىرمىسۇن، يەنى ئەۋرىتىنى ياپسۇن. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

من كان يؤمن بالله و اليوم الآخر فلا يدخل الحمام بغير إزار و من كان يؤمن بالله و اليوم الآخر فلا يدخل حليلته الحمام و من كان يؤمن بالله و اليوم الآخر فلا يجلس على مائدة يدار عليها الخمر ( ت ك ) عن جابر

6506. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى مۇنچىغا ئىشتانسىز كىرمىسۇن، ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى ئايالىنى ئاممىۋى مۇنچىغا ئەكىرمىسۇن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۆئمىن كىشى ھاراق

ـ شاراب ئايلاندۇرۇلغان دوسقاندا ئولتۇرمىسۇن، قاتناشمىسۇن. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من كان يؤمن بالله و اليوم الآخر فلا يسق ماءه زرع غيره و من كان يؤمن بالله و اليوم الآخر فلا يأت سبيا من السبي حتى يستبرئها و من كان يؤمن بالله و اليوم الآخر فلا يبيعن مغنما حتى يقسم و من كان يؤمن بالله و اليوم الآخر فلا يركبن دابة من فيء المسلمين حتى إذا أعجفها ردها فيه و من كان يؤمن بالله و اليوم الآخر فلا يلبسن ثوبا من فيء المسلمين حتى إذا أخلقه رده فيه ( د ) عن رويفع بن ثابت

6507. رۇۋەيپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى ئىسپىرما سۈيى بىلەن باشقىلارنىڭ زىرائىتىنى سۇغارمىسۇن، (يەنى زىنا قىلمىسۇن)، ئاللاھقا ئاخىرەتكە ئىمانى بار كىشى ئولجا ئېلىنغان ئاياللارنى پاكلىمىغۇچە يەنى ئۇ ئايال بىر قېتىم ھەيز، كېسەل بولمىغۇچە چېقىلمىسۇن، مۇناسىۋەت قىلمىسۇن، ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى تەقسىم قىلىنمىغۇچە غەنىيمەتنى ساتمىسۇن، ئاللاھقا، ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرگەن كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئورۇشسىز ئولجا،غەنىمەت ئالغان ئۇلاغلىرىغا مىنمىسۇن، ھەتتا ئۇنى قېرىتىپ، كېسەل قىلىپ كېرەكتىن چىقارسا، غەنىيمەت ئىچىگە قايتۇرۇۋېتىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ غەنىيمەت، ئولجا ئالغان كىيىملىرىنىمۇ كىيمىسۇن، تاكى ئۇنى كىيىپ، كونارتىپ، چىرىتىپ ئاندىن قايتۇرىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

**6508** ( صحيح ) من كان يؤمن بالله و اليوم الآخر فلا يسق ماءه ولد غيره ( ت ) عن رويفع

6508. رۇۋەيپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى زىنا قىلمىسۇن. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

من كان يؤمن بالله و اليوم الآخر فلا يلبس حريرا و لا ذهبا ( حم ك ) عن أبي أمامة

6509. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە شەكسىز ئىشىنىپ ئىمان كەلتۈرسە، يىپەك رەخت كىيمىسۇن، ئالتۇننى زىبۇ ـ زىننەت قىلىپ سالمىسۇن، (يەنى ئەرلەرگە ھارام، ئىمان لازىم بولسا، مۆئمىن بولاي دېسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەندەك قىلسۇن، بۇيرۇغاننى قىلسۇن، توسقاندىن يانسۇن). ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من كانت الآخرة همه جعل الله غناه في قلبه و جمع له شمله و أتته الدنيا و هي راغمة و من كانت الدنيا همه جعل الله فقره بين عينيه و فرق عليه شمله و لم يأته من الدنيا إلا ما قدر له ( ت ) عن أنس

6510. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ غېمى ئاخىرەتلا بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىدە بىھاجەتلىك قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن چېچىلىپ كەتكەن ئىشلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بارلىق ئىشلىرىنى ئاسان قىلىدۇ، دۇنيا ئۇنىڭغا خار پېتى بويسۇندۇرۇلغان ھالەتتە ئۆزى كېلىدۇ، كىمنىڭ بارلىق غەم ـ ئەندىشىسى مۇشۇ دۇنيادىلا بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ پېقىرلىقنى ئىككى كۆزى ئارىسىدا پىشانىسىدىلا قىلىپ قويىدۇ، ئىشلىرىنى پاتپاراق قىلىپ، قالايمىقان قىلىۋېتىدۇ، قولاشقان، بىرلەشكەن ئىشنى مۇتەپەررىق قىلىۋېتىدۇ، ئۇنىڭغا دۇنيادىن پەقەت تەقدىر قىلىنغان تەقدىردە بۆلۈنگەن نېسىۋىسىلا كېلىدۇ. تىرمىزى 2389 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4095 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6511** ( صحيح ) من كانت لأخيه عنده مظلمة من عرض أو مال فليتحلله اليوم قبل أن يؤخذ منه يوم لا دينار و لا درهم فإن كان له عمل صالح أخذ منه بقدر مظلمته و إن لم يكن له عمل أخذ من سيئات صاحبه فجعلت عليه ( حم خ ) عن أبي هريرة

6511. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قېرىندىشىغا يۈز ـ ئابرۇيى، ئىناۋىتىنى تۆكۈپ ياكى مال ـ مۈلۈك جەھەتتىن زۇلۇم قىلىپ سالغان بولسا، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر بولمىغان، ھېساب ـ كىتاب، پۇل ـ مال بىلەن ئېلىنمايدىغان قىيامەت كۈنى ئېلىپ بېرىلىشىدىن بۇرۇن مۇشۇ دۇنيادا رازىلىق ئالسۇن، رازى قىلسۇن، قىيامەت كۈنى بولسا، زالىمنىڭ ياخشى ئەمەللىرى بولسا، قىلىنغان زۇلۇملىرىنىڭ مىقدارىدا زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ياخشى ئەمەللىرى بولمىسا، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ يامان ئەمەللىرى، گۇناھلىرى ئېلىنىپ، زالىمنىڭ ئۈستىگە قىلىنىدۇ. (ئەنە شۇ كۈن كېلىشىدىن بۇرۇن، رازى قىلىۋېلىڭلار). ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**6512** ( صحيح ) من كانت له أرض فأراد بيعها فليعرضها على جاره ( ه ) عن ابن عباس

6512. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ زېمىنى بولسا، ئۇنى سېتىشنى ئىرادە قىلسا، قوشنىسىغا تەكلىپ ئاندىن ئۇ ئالمىسا باشقىلارغا ساتسۇن. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6513** ( صحيح ) من كانت له أرض فليزرعها أو ليزرعها أخاه و لا يكرها بثلث و لا ربع و لا بطعام مسمى ( حم د ه ) عن رافع بن خديج

6513. رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ تېرىلغۇ زېمىنى بولسا، ئۇنى تېرىسۇن، ياكى قېرىندىشى تېرىسۇن، ئۇ زېمىننى كىرىمنىڭ ئۈچتىن بىرىگە ياكى تۆتتىن بىرىگە ياكى مەلۇم مىقداردا تائام، ئاشلىقلا، كىراغا، ئىجارىگە بەرمىسۇن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6514** ( صحيح ) من كانت له أرض فليزرعها فإن لم يستطع أن يزرعها و عجز عنها فليمنحها أخاه المسلم و لا يؤاجرها فإن لم يفعل فليمسك أرضه ( حم ق ن ه ) عن جابر ( ق ن ) عن أبي هريرة ( حم ت ن ) عن رافع بن خديج ( حم د ) عن رافع بن رفاعة

6514. جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرە، رافىئ ئىبنى خەدىجە، رافىئ ئىبنى روپائە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ تېرىلغۇ يېرى بولسا، ئۇنى ئۆزى تېرىسۇن، ئەگەر تېرىشقا قادىر بولالمىسا، ئاجىز كەلسە، ئۇ يەرنى مۇسۇلمان قېرىندىشىغا تېرىشقا ئۆتنىگە، ئارىيەتكە بېرىپ تۇرسۇن، ئۇ يەرنى ئىجارىگە بەرمىسۇن، ئەگەر يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلالمىسا، زېمىننى ئۆزى مەھكەم ساقلاپ قالسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسئى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

(ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زېمىننى قېرىندىشىغا ئۆتنە بېرىپ تۇرسۇن، ئۆزئارا مېھرىبان بولسۇن دېمەكچى ئىدى. ئالتۇن ـ كۈمۈش پۇلغا ئىجارە ئېلىپ تېرىسا بولىدۇ دېگەن . ئەبۇ داۋۇدنىڭ 2944 ـ ھەدىسىدە رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئالتۇن ـ كۈمۈشكە دۇرۇس دېگەن . تىرمىزىيدا بەزىلەر رۇخسەت قىلغان بولسا، بەزىلەر مەكروھ دېگەن ، ئىختىلاپ بار، توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، ئايەتنى چىقىرىۋېتىش لازىم. سەھىھ مۇسلىمدا ئاساسەن توسقان، بۇخارى رەھمەھۇللاھ دۇرۇس بولىدىغان ھەدىسلەرنى كەلتۈرگەن.ئەھۋاللار ئوخشاش ئەمەستۇر.

من كانت له امرأتان فمال إلى إحداهما جاء يوم القيامة و شقه مائل ( حم د ن ه ) عن أبي هريرة

6515. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ ئىككى ئايالى بار بولۇپ، بىرسىگە بەكرەك مايىل بولۇپ، ئادىللىق قىلمىسا، قىيامەت كۈنى يېرىمى، سىڭايىنى مايىل، يوق ھالدا كېلىدۇ. تىرمىزى 1060 ـ ھەدىستە يېرىمى يوق كېلىدۇ دېيىلگەن. ئىبنى ماجە 1959 ـ ھەدىستە يەنە شۇنداق دېيىلگەن، نەسەئى 3881 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1821 ـ ھەدىس، ئەھمەد 8212 ـ، 9709 ـ ھەدىس. (ئادىل بولمايدىغان كىشى قىيامەت كۈنى ئىككى ئۈچ خوتۇن ئالغانغا تويىدۇ. چۈنكى يېرىمى مايىل، يوق كىشى جەننەتكە لايىق بولالمايدۇ، ئادىل بۇلۇڭلار ).

6516. بۇ ھەدىس 6510 ـ ھەدىستە ئۆتكەن، ئۇنى تىرمىزى توپلىغان، بۇنى بولسا، ئىبنى ماجە توپلىغان، تىرمىزى 2389 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4095 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6517** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **5813** من كتم علما ( عن أهله ) ألجم يوم القيامة لجاما من نار ( ع د ) عن ابن مسعود

6517. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىلمنى،( ئىلىم ئەھلىدىن،) سورىغانلاردىن يوشۇرغان كىشىگە قىيامەت كۈنى ئوتتىن بولغان يۈگەن سېلىنىدۇ. ئىبنى ئەدى توپلىغان، سەھىھ.

**6518** ( حسن ) من كتم غيظا و هو قادر على أن ينفذه دعاه الله على رءوس الخلائق حتى يخيره من الحور العين يزوجه منها ما شاء ( **4** ) عن معاذ بن أنس

6518. مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قادىر تۇرۇپ، ئاچچىقىنى بېسىۋالسا، ئەپۇ قىلىپ، ئاچچىقىنى يەڭسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئۇنى بارلىق خالايىقلار ئالدىدا چاقىرىپ، ھۆرلۇئەيىن بولغان شەھلا كۆزلۈك جەننەت ئاياللىرىدىن قايسىنى خالىسا، شۇنىڭ بىلەن جۈپلەپ تويىنى قىلىپ قويۇشقا ئىختىيارلىق بېرىدۇ، ئۇ خالىغىنىنى تاللايدۇ. تۆت كىتاب توپلىغان، ھەسەن.

**6519** ( صحيح ) متواتر ( حم ق ت ن ه ) عن أنس ( حم خ د ن ه ) عن الزبير ( م ) عن أبي هريرة ( ت ) عن علي حم ه عن جابر وأبي سعيد ( ت ه ) عن ابن مسعود ( حم ك ) عن خالد بن عرفطة وزيد بن أرقم ( حم ) عن سلمة بن الأكوع وعقبة بن عامر ومعاوية بن أبي سفيان ( طب ) عن السائب بن يزيد وسلمان بن خالد الخزاعي وصهيب وطارق بن أشيم وطلحة بن عبيدالله وابن عباس وابن عمر وعتبة بن غزوان والعرس بن عميرة وعمار بن ياسر وعمران بن حصين وعمرو بن حريث وعمرو بن عبسة وعمرو بن مرة الجهني والمغيرة بن شعبة ويعلى بن مرة وأبي عبيدة بن الجراح وأبي موسى الأشعري ( طس ) عن البراء ومعاذ بن جبل ونبيط بن شريط وأبي ميمون ( الدارقطني في الأفراد ) عن أبي رمثة وابن الزبير وأبي رافع وأم أيمن ( خط ) عن سلمان الفارسي وأبي أمامة ( ابن عساكر ) عن رافع ابن خديج ويزيد بن أسد وعائشة ( ابن صاعد في طرقه ) عن أبي بكر الصديق وعمر بن الخطاب وسعد بن أبي وقاص وحذيفة بن أسيد وحذيفة بن اليمان ( أبو مسعود بن الفرات في جزئه ) عن عثمان بن عفان ( البزار ) عن سعيد بن زيد ( عد ) عن أسامة بن زيد وبريدة وسفينة وأبي قتادة ( أبو نعيم في المعرفة ) عن جندع بن عمرو وعن سعد بن المدحاس وعبدالله بن زغب ( ابن قانع ) عن عبدالله بن أبي أوفى ( الحاكم في المدخل ) عن عفان بن حبيب ( عق ) عن غزوان وأبي كبشة ( ابن الجوزي في مقدمة الموضوعات ) عن أبي ذر وعن أبي موسى الغافقي ) ( من كذب علي متعمدا فليتبوأ مقعده من النار )

6519. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ماڭا، مەن دېمىگەننى دېدى دەپ قەستەن يالغان سۆزلىسە، (يەنى يالغان ھەدىس سۆزلىسە،) ئۇ ئورنىنى دوۋزاخدىن ئېلىۋالسۇن، (يەنە بىر

www.uyghurkitap.com

خاتىرىدە ئۇ دوۋزاختىقا كىرىدۇ دېيىلگەن). بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم، تەبرانى، خەتىيبۇلبەغدادى، ئىبنى ئەساكىر، ئىبنى سائىد، ئەبۇ مەسئۇد، بەززار، ئىبنى ئەدى، ئەبۇ نۇئەيىم، ئىبنى قانىئ، ھاكىم مەدخەلدە، ئۇقەيلى، ئىبنى جەۋزى، دارمى قاتارلىق 22 كىتاب، ئەنەس، زۇبەير، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەلى، جابىر، ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى، ئىبنى مەسئۇد، خالىد ئىبنى ئەرخەت، زەيد ئىبنى ئەرقەم، سەلەمەت، ئۇقبەت، مۇئاۋىيە، سائىب، سەلمان، خالىد خۇزائى، سۇھەيب، تارىق، تەلھە، ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۆمەر، ئۇتبەت، ئەرس، ئەممار، ئىمران، ئەمرۇ ئىبنى ھەرىس، ئەمرۇ ئىبنى ئەبەسەت، ئەمرۇ ئىبنى مۇررەت، مۇغەيرە، يەئلا، ئەبۇ ئۇبەيدە، ئەبۇ مۇسا، بەررائى، مۇئاز، نەبىيتە، ئەبۇ مەيمۇنە، ئەبۇرەمسە، ئىبنى زۇبەير، ئەبۇ راپىئ، ئۇممە ئەيمەن، سەلمان پارسى، ئەبۇ ئۇمامە، راپىئ ئىبنى خەدىجە، يەزىيد، ئائىشە، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، سەئىد ئىبنى ۋەققاس، ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيد، ھۇزەيفە ئىبنى يەماني، ئوسمان، سەئىد ئىبنى زەيد، ئۇسامە، بۇرەيدە، سەپىنە، ئەبۇ قەتادە، جۇندۇئ، سەئىد ئىبنى مىدھاس، ئابدۇللاھ ئىبنى زەغبى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا، ئەففان، غەزۋان، ئەبۇ كەبشە، ئەبۇ زەر، غاپقى قاتارلىق 68 ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن توپلىغان، سەھىھ مۇتىۋاتىردۇر. ئەڭ ئىشەنچلىك ھەدىسدۇر. مۇتىۋاتىر ھەدىسنى ئىنكار قىلغۇچى كاپىر بولىدۇ.

**6520 ( صحيح ) من كذب في حلمه كلف يوم القيامة عقد شعيرة ( حم ت ك ) عن علي**

6520. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم چۈشى توغرىسىدا يالغان سۆزلەپ كۆرمىگەن چۈشنى كۆردۈم دېسە، ئۇ قىيامەت كۈنى ئىككى تال قىلنىڭ ئارىسىنى چىگىشكە تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇ ھەرگىز قادىر بولالمايدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**من كسر أو مرض أو عرج فقد حل و عليه حجة أخرى من قابل ( حم 4 ك ) عن الحجاج بن عمرو بن**

6521. ھەججاج ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەج قىلىۋېتىپ، بىرەر ئەزاسى سۇنۇپ كەتسە ياكى پالەچ، مېيىپ بولۇپ قالسا، ھەققەتەن ئېھرامدىن چىقىپ ھالال بولىدۇ، ئۇ كىشىگە كېلەر يىلى يەنە بىر قېتىم ھەج قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ، يەنى قايتا قىلىدۇ. ئەھمەد 15172 ـ ھەدىس، ھاكىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. نەسەئى 2812 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3069 ـ ھەدىس.

6522. بۇ ھەدىس 6518 ـ ھەدىس بىلەن ئوخشاش ھەسەن، مەزمۇنى ئاچچىقنى بېسىۋېلىشتۇر.

**من كنت مولاه فعلي مولاه ( حم ه ) عن البراء ( حم ) عن بريدة ( ت ن الضياء ) عن زيد بن أرقم**

6523. بەررائى، بۇرەيدە، زەيد ئىبنى ئەرمەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن كىمنىڭ ئىگىسى،دوستى بولسام، ئەلىمۇ ئۇنىڭ ۋەلىي دوستى بولىدۇ . ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**6524 ( صحيح ) من كنت وليه فعلي وليه ( حم ن ك ) عن بريدة**

6524. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن كىمنىڭ ئىگىسى، ۋەلىسى بولسام،ئەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ۋەلىيسى بولىدۇ .

ئەھمەد ، نەسەئى،ئىبنى ھاكىم ، توپلىغان ، سەھىھ.

6525 ( صحيح ) من لبس الحرير في الدنيا لم يلبسه في الآخرة ( حم ق ن ه ) عن أنس

6525. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بۇ دۇنيادا يىپەك رەختنى كەيسە ، ئۇنى ئاخىرەتتە كىيەلمەيدۇ. ئەھمەد ، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من لبس ثوب شهرة ألبسه الله يوم القيامة ثوبا مثله ثم يلهب فيه النار ( د ه ) عن ابن عمر

6526. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم شۆھرەتكە ، شۆھرەت كىيىمىنى كىيسە ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇ كىشىگە شۇ كىيىمنىڭ ئوخشىشىدەك كىيىم كىيدۈرىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئوت يېقىلىدۇ، ئوت ئۇ كىيىمدە لاۋۇلدايدۇ. (بۇ شۆھرەتپەرەسنىڭ ئاقىۋىتى). ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

6527 ( صحيح ) من لطم مملوكه أو ضربه فكفارته أن يعتقه( حم م د ) عن ابن عمر

6527. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قۇلىنىڭ يۈزىگە شاپىلاق بىلەن ئۇرسا ، ياكى باشقا يېرىگە ئۇرسىمۇ ئۇنىڭ كاپارىتى شۇ قۇلنى ئاللاھ يولىدا ئازاد قىلىشتۇر. ئەھمەد ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان ، سەھىھ.

من لعب بالنردشير فكأنما غمس يده في لحم الخنزير و دمه ( حم م د ه ) عن بريدة

6528. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم شىشخال ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنى ئوينىسا ، خۇددى ئۇ قولىنى توڭگۇزنىڭ گۆشىغا، قېنىغا چىلاپ شورىغاندەك بولىدۇ. ئەھمەد 21901 ـ ھەدىس، مۇسلىم 4194 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4288 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3753 ـ ھەدىس، سەھىھ. يەنى قىمار ھارامدۇر.

6529 ( حسن ) من لعب بالنرد فقد عصى الله و رسوله ( حم د ه ك ) عن أبي موسى

6529. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم شىشخال ئوينىسا، ئۇ جەزمەن ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 42867 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3752 ـ ھەدىس، ھاكىم، ئەھمەد 18700 ـ ھەدىس، مالىك 1509 ـ ھەدىس، ھەسەن.

6530 ( حسن ) من لعب بطلاق أو عتاق فهو كما قال ( طب ) عن أبي الدرداء

6530. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم تالاقتا ياكى قۇل ئازاد قىلىشتا چاقچاق قىلىپ ئويناشسا ، ئۇ دېگەنىدەك بولۇپ كېتىدۇ، (يەنى بۇنىڭ چاخچىقىمۇ راستتۇر). تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

6531 ( صحيح ) من لقي الله لا يشرك به شيئا دخل الجنة ( حم خ ) عن أنس

6531. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۇچراشسا ، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. (چۈنكى ئۇ مۆئمىن). ئەھمەد ، بۇخارى توپلىغان ، سەھىھ.

**6532** ( صحيح ) من لكعب بن الأشرف ؟ فإنه قد آذى الله و رسوله ( خ ) عن جابر

6532. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەئبىنى ئىبنى ئەشرەفكە كىم تېتىيدۇ، ئۇنى كىم ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ؟ ھەقىقەتەن ئۇ ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە كۆپ ئازار بەردى. (ئاندىن باتۇر بىر ساھابە چىقىپ، مانا مەن! دېدى ـ دە، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ كەلدى، بۇ ئىسلام، دىن دۈشمەنلىرىنى مەخپىي ئۇجۇقتۇرىۋېتىشتۇر). بۇخارى، مەغازىدا توپلىغان، سەھىھ.

**6533** ( صحيح ) من لم يأخذ من شاربه فليس منا ( حم ت ن الضياء ) عن زيد بن أرقم

6533. زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بۇرۇتىنى ئالمىسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس، (يەنى ئەخلاقىمىزدىن، سۈننىتىمىزدىن ئەمەس). ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**6534** ( صحيح ) من لم يبيت الصيام قبل طلوع الفجر فلا صيام له ( قط هق ) عن عائشة

6534. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم روزىغا سۈبھى يورۇشىدىن بۇرۇن ئىرادە ۋە نىيەت قىلمىسا، ئۇ كىشىگە روزا يوق. دارىقۇتنى، بەيھەقى توپلىغان سەھىھ.

**6535** ( صحيح ) من لم يبيت الصيام من الليل فلا صيام له ( ن ) عن حفصة

6535. ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم روزىغا كېچىسى نىيەت قىلمىسا، ئۇ كىشىگە روزا يوق. نەسەئى 2294 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2098 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1690 ـ ھەدىس، ئەھمەد 25252 ـ ھەدىس، مالىك 560 ـ ھەدىس، تىرمىزىنىڭ 662 ـ ھەدىستە ھەدىسنىڭ مەنىسى، رامزان روزىسىغا ياكى رامزاننىڭ قازاسىنى قىلغان روزىغا ياكى ۋەدە روزىسىغا كاپارەت روزىسىغا كېچىسى سۈبھىدىن بۇرۇن نىيەت قىلىشى لازىم. سۈبھى يورۇغاندىن كېيىن ئىرادە ۋە نىيەت قىلسا بولمايدۇ. لېكىن، ئۇخلاپ قالسا، زوھۇرلۇقسىز روزا تۇتسا بولىدۇ، نەپلە روزىلاردا سۈبھىدىن كېيىن نىيەت قىلسىمۇ بولىدۇ دېيىلگەن. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەپلە روزىدا شۇنداق قىلغان.

**6536** ( صحيح ) من لم يجد نعلين فليلبس خفين و ليقطعهما أسفل من الكعبين ( خ ) عن ابن عمر

6536. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەجگە ئېھرام باغلىغاندا ئىككى ئايىغىنى تاپالمىسا، ئىككى ئۆتۈكنىڭ ئوشۇقىنىڭ ئاستىدىن كېسىۋېتىپ، ئاياغ قىلىپ كىيسۇن. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسدىن مەسىھ قىلىدىغان ئىككى ئۆتۈك، ئىككى ئوشۇقنى يېپىپ تۇرىدۇ دېگەن چىقىدۇ ۋە ئۆتۈكنى ئېھرام باغلىغاندا كىيسە بولمايدۇ.

( صحيح ) من لم يجد نعلين فليلبس خفين و من لم يجد إزارا فليلبس سراويل – يعني المحرم – ( حم م ) عن جابر ( حم ق ن ه ) عن ابن عباس

6537. جابىر، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئېھرام باغلىغۇچى كىشى ئىككى ئاياغنى تاپالمىسا، ئىككى ئۆتۈكنى ئوشۇقىنىڭ ئاستىدىن كېسىۋېتىپ كىيسۇن، يۆگىنىدىغان پۆركەنجە رەخت تاپالمىسا، ئىشتان كىيسۇن، (يەنى تىزنىڭ

ئۈستىنى كىندىكىنىڭ ئاستىنى يۆگىسۇن.) ئەھمەد ، مۇسلىم، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6538 ( صحيح ) من لم يجمع الصيام قبل الفجر فلا صيام له ( حم 3 ) عن حفصة**

6538. ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم روزىغا سۇبھىدىن بۇرۇن ئىرادە ۋە نىيەت قىلمىسا، ئۇ كىشىگە روزا يوق، (يەنى رامزان روزىسى دۇرۇس بولمايدۇ، نەپلە روزا دۇرۇستۇر). ئەھمەد ، ئۈچ كىتاب توپلىغان، تىرمىزى 662 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**من لم يدع قول الزور و العمل به فليس لله حاجة في أن يدع طعامه و شرابه ( حم خ د ت ) عن أبي هرير**

6539. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم روزا تۇتۇش جەريانىدا يالغان سۆزلەشنى، يالغان گۇۋاھلىقنى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى تەرك ئەتمىسە، ئۇ كىشىنىڭ تائام، شاراب، يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى تەرك ئېتىشىدە ئاللاھنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق. (يەنى يالغان سۆزلىگەن كىشىگە روزا يوق، گۇناھ ـ مەئسىيەتنى كۆپ قىلغان كىشىگە روزا يوق، مەنىۋى سۇنىدۇ، ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەپتىن روزا تۇتۇش لازىم). ئەھمەد ، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6540 ( صحيح ) من لم يرحم صغيرنا و يعرف حق كبيرنا فليس منا ( خد د ) عن ابن عمرو**

6540. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىچىكلىرىمىزنىڭ ھەققىنى تونۇمىغان كىشى بىزدىن ئەمەس، بىزنىڭ ئەخلاقىمىزدا ئەمەس. ئەبۇ داۋۇد ، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان ، سەھىھ.

**6541 ( صحيح ) من لم يشكر الناس لم يشكر الله ( حم ت الضياء ) عن أبي سعيد**

6541. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىغا تەشەككۈرنى بىلدۈرمىگەن، شۈكرى قىلمىغان كىشى، ئاللاھقىمۇ شۈكرى قىلمايدۇ، ھەم شۈكرى قىلغان بولمايدۇ. (ياخشىلىق قىلغان كىشىگە جازاكەللاھۇ خەيرا دېگىلار). ئەھمەد ، تىرمىزى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان ، سەھىھ.

**من لم يصل ركعتي الفجر فليصلها بعد ما تطلع الشمس ( حم ت ك ) عن أبي هريرة**

6542. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بامداتنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىنى ئوقۇيالمىغان بولسا، ئۇنى كۈن چىققاندىن كېيىن ئوقۇۋالسۇن، (ياكى كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ئوقۇيالىسا ئوقۇۋالسا دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق قىلغان، ساھابىگە سۈكۈتتە جىم تۇرغان، بۇ دۇرۇسلىقنى كۆرسىتىدۇ). ئەھمەد ، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان ، سەھىھ.

**6543 ( صحيح ) من مات على شيء بعثه الله عليه ( حم ك ) عن جابر**

6543. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم نېمىنىڭ ئۈستىدە ئۆلسە، ئاللاھ ئۇنى شۇ نەرسە ئۈستىدە تىرىلدۈرىدۇ، (يەنى ئىنسان قىلغۇاتقان ئىش ـ ھەرىكەت ئۈستىدە ئۆلىدۇ، قايسى ئەمەلنىڭ ئۈستىدە جان ئۈزسە، ئاللاھ ئۇنى شۇ ئەمەلنىڭ ئۈستىدە قوپۇرىدۇ، ئەمەللەر نىيەت بىلەن بولىدۇ، ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتۇر). ئەھمەد ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6544 ( صحيح ) من مات مرابطا في سبيل الله أجرى الله عليه عمله الصالح الذي كان يعمل عليه و أجرى عليه رزقه و أمن من الفتان و**

بعثه الله يوم القيامة آمنا من الفزع ( ه ) عن أبي هريرة

6544. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا جەڭگە تەييارلىق قىلىپ ئۇرۇشقا تەييار ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە قىلغۇاتقان سالىھ، ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ئەجرىنى جىھادنىڭ ئەجرىنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ، رىزقىنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ، (چۈنكى ئۇ ھايات شېھىد) قەبرە پىتنىسىدىن سوراق ـ سوئال ئازابىدىن ئەمىن قىلىدۇ، قىيامەت كۈنى چوڭ قورقۇنچتىن، چۆچۈشتىن خاتىرجەم، ئەمىن ھالەتتە قوپۇرۇلىدۇ. ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**6545** ( صحيح ) من مات مرابطا في سبيل الله أمنه الله من فتنة القبر ( طب ) عن أبي أمامة

6545. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھ يولىدا جەڭگە تەييارلىقى كامىل ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھ ئۇنى قەبرە ئازابىدىن، پىتنىسىدىن ئەمىن، خاتىرجەم قىلىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

من مات و عليه دينار أو درهم قضي من حسناته ليس ثم دينار و لا درهم ( ه ) عن ابن عمر

6546. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆز ئۈستىدە ئالتۇن ـ كۈمۈش، پۇل ـ ماللاردىن قەرزى بار ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ياخشىلىقلىرى، قەرز ئىگىسىگە ئېلىپ بېرىلىپ، ئادا قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ جايدا ئالتۇن ـ كۈمۈش يوق، بەلكى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقلارلا باردۇر. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6547** ( صحيح ) من مات و عليه صيام صام عنه وليه ( حم ق د ) عن عائشة

6547. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۈستىدە روزىدىن قەرز قېلىپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشىدىن ۋەلىيسى، يېقىن تۇغقانلىرى ۋارىس بولغىدەك كىشىلىرى تۇتۇپ قويسا دۇرۇس بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

من مات و لم يغز و لم يحدث نفسه بغزو مات على شعبة من نفاق ( حم م د ن ) عن أبي هريرة

6548. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم غازات، جەڭ قىلماي، ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىشنى قەلبىگە، كۆڭلىگە، خىيالىغمۇ كەلتۈرۈپ باقماي، ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشى مۇناپىقلىقنىڭ بىر شاخچىسى ئۈستىدە ئۆلگەن بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6549** ( صحيح ) من مات و هو مدمن خمر لقي الله و هو كعابد وثن ( طب حل ) عن ابن عباس

6549. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم دائىم ھاراق ئىچىپ، زابوي ھالەتتە ئۆلسە، ئۇ بۇتقا ئىبادەت قىلىپ چوقۇنغۇچىغا ئوخشاش ھالەتتە، ئاللاھقا ئۇچرىشىدۇ. تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

**6550** ( صحيح ) من مات لا يشرك بالله شيئا دخل الجنة ( حم ق ) عن ابن مسعود

6550. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، مۆئمىن ھالەتتە ئۆلسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ.

ئەھمەد ، بەيھەقى توپلىغان ، سەھىھ.

من مات لا يشرك بالله شيئا دخل الجنة و من مات يشرك بالله شيئا دخل النار ( حم م ) عن جابر

6551. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، مۇسۇلمان ھالەتتە ئۆلسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. كىم ئاللاھقا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆلسە، ئۇ دوۋزاخقا كىرىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. مانا بۇ مىزاندۇر. ھەق، باتىلنىڭ ئۆلچىمى، ئىمان ۋە كۇفىر، ياخشى ۋە ياماندۇر.

6552 ( صحيح ) من مات و هو يعلم أن لا إله إلا الله دخل الجنة ( حم م ) عن عثمان

6552. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دەپ ئۆلسە، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

6553 ( صحيح ) من مس الحصى فقد لغا ( ه ) عن أبي هريرة

6553. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جۈمە كۈنى ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا تاشنى سىلاپ ئوينىسا، ھەققەتەن ئۇ جۈمەنى ۋە ئەجىر، ساۋابلارنى بۇزغان بولىدۇ. (بورا، رەخت، چاپان، تاشقا قىياس قىلىنىدۇ) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

6554 ( صحيح ) من مس ذكره فليتوضأ ( مالك حم 4 ك ) عن بسرة بنت صفوان

6554. بۇسرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەۋرىتىنى سىيلىسا، تاھارەت ئالسۇن. (چۈنكى قولنىڭ ئالقىنى بىلەن شەھۋەت بىلەن سىيلىسا تاھارىتى سۇنىدۇ). مالىك، ئەھمەد، ھاكىم تۆت كىتاب توپلىغان. سەھىھ.

6555 ( صحيح ) من مس فرجه فليتوضأ ( ه ) عن أم حبيبة وأبي أيوب

6555. ئۇممە ھەبىبە، ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەۋرىتىنى سىيلىسا، تاھارەت ئالسۇن، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس، ئاياللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئاياللارمۇ ئەۋرىتىگە قولىنى شەھۋەت بىلەن سالسا، سىيلىسا تاھارىتى سۇنىدۇ، ئەگەر مەقسەتكە يېتىپ، مەنىي چىقسا غۇسلى تاھارەت ئالىدۇ. لېكىن، ئەر ـ ئاياللار تاھارىتىنى تەكشۈرۈپ، قاراپ باقسا، بارماق بىلەن تۇتۇپ تەكشۈرۈپ باقسا بۇنىڭغا تاھارەت سۇنمايدۇ. چۈنكى ئەۋرەتمۇ ئۇنىڭدىن بىر پارچە گۆشتۇر، بۇمۇ ھەدىستۇر، لېكىن، شەھۋەت بىلەن سىلاپ، قولنى سېلىپ ھېسسىياتىنى قوزغىسا، بۇنىڭ ھۆكمى يۇقىرىقىدەك بولىدۇ، ھېسسىياتى قوزغىلىپ ، مەزى ئاق سۇ كېلىپ قالسا، كىچىك تاھارەت ئالىدۇ. قالغان مەسىلىلەرگە فىقھى كىتابلىرىغا مۇراجىئەت قىلىڭلار، ھەممىسى تەپسىلىي باردۇر، ئۇششاق ئىختىلاپلارغا كۆڭلۈڭلار يېرىم بولمىسۇن، چۈنكى شەرىئەتتە ئىختىلاپ يوق، لېكىن، ئالىملار چۈشەنچىسىدە ئىجتىھاتلاردا ئىختىلاپ باردۇر.

6556 ( حسن ) من مشى إلى صلاة مكتوبة في الجماعة فهي كحجة و من مشى إلى صلاة تطوع فهي كعمرة نافلة ( طب ) عن أبي أمامة

6556. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم جامائەت ئىچىدە ئوقۇش ئۈچۈن پەرز نامازغا ماڭسا، ئۇ پەرز ھەجگە ئوخشايدۇ، كىم

نەپلە نامازغا ماڭسا، ئۇ نەپلە، ئۆمرە ھەجگە ئوخشايدۇ. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن، يەنى ساۋابى، مەغپىرەتتە ئوخشايدۇ.

**6557** ( صحيح ) من ملك ذا رحم محرم فهو حر ( حم د ت ه ك ) عن سمرة

6557. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مەھرەم ئىگىسى بولغان دادىسى، ئانىسى، ئاكىسى، ئاچىسىدەك يېقىن تۇغقان بولغان قۇلغا ئىگە بولۇپ قالسا، ئۇ قۇل ھۆر، ئازاددۇر، (چوقۇم ئازاد قىلىنىشى لازىم.) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، كىشى ئايالىنىڭ ئاچىسى يا سىڭلىسى يا ھاممىسىغا ئىگە بولسا، بۇ ئازاد بولمايدۇ. چۈنكى، ساھابىلار، تابىئىنلار: ئاچا ـ سىڭىل، دېدەك قۇللارنى بىرلا ۋاقىتتا قول ئىلىكىدە تۇتۇپ تۇرالايدۇ، ياكى ئايالىنىڭ ئاچىسىنى، سىڭلىسىنى دېدەك، چۆرە ھالەتتە قولىدا تۇتۇپ تۇرالايدۇ دېگەنگە ئىجمائقا كەلگەن، ھەتتا ئوسمان، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار، ئەھمەد رەھمەھۇللاھ ئەلەي، شافىئىي رەھمەھۇللاھۇ ئەنھۇم مەزھىپى: ئۇلارنى بىرلا ۋاقىتتا جۈپلەش ھالال دېگەن. يەنى ئاچا ـ سىڭىل، ھەمشىرە چۆرىلەرنى جۈپلەش ھالال دېگەن . پەتھۇلبارىدىن، ئىبنى رەشىيد قۇرتەبىينىڭ فىقھىسىدىن ئىبلىندى.

من منح منحة غدت بصدقة و راحت بصدقة صبوحها و غبوقها ( م ) عن أبي هريرة

6558. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم سىغىن ھايۋاننى سۈتىدىن مەنپەئەتلەنسۇن ئۈچۈن بېرىپ تۇرسا، ئۇ ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى ئەتىگەنلىك، كەچلىك غىزا ئۈچۈن سەدىقە چىقىرىدۇ، يەنى سۈتى سەدىقە ھېسابلىنىدۇ. مۇسلىم 1694 ـ ھەدىس، بۇخارى 2436 ـ ھەدىس، سەھىھ.

من منح منحة ورق أو منحة لبن أو أهدى زقاقا فهو كعتق نسمة ( حم ت حب ) عن البراء

6559. بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كۈمۈش پۇلنى ياكى سىغىن ھايۋاننى ئۆتنىگە بېرىپ تۇرسا ياكى تولۇن ھەدىيە قىلسا ياكى تار كوچىدا يوللاردا ئېزىپ قالغان كىشىنى، ئەما كىشىنى يولغا سېلىپ قويسا، ئۇ بىر قۇل ئازاد قىلغاندەك بولىدۇ. ئەھمەد 17786 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1880 ـ ھەدىس، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**6560** ( صحيح ) من منع فضل ماء أو كلأ منعه الله فضله يوم القيامة ( حم ) عن ابن عمرو

6560. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم سۈيىنىڭ ئاشقىنىنى، ئوت ـ چۆپلىرىنىڭ ئاشقىنىنى باشقىلاردىن چەكلەپ بەرمىسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئۇ كىشىدىن ئۆز پەزلىنى چەكلەپ بەرمەيدۇ. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. بۇ يايلاقتىكى ياخشى ئەخلاق مەسىلىسى.

**6561** ( صحيح ) من نام عن حزبه أو عن شيء منه فقرأه فيما بين صلاة الفجر و صلاة الظهر كتب الله له كأنما قرأه من الليل ( م ) عن عمر

6561. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ۋىردە ۋەزىپىسىدىن كېچىدىكى ئوقۇيدىغان نەرسىسىدىن ئۇخلاپ قېلىپ، ئۇنى بامدات نامىزى بىلەن پېشىن نامىزىنىڭ ئارىلىقىدا ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئۇ ۋەزىپىسىنى خۇددى كېچىسى ئوقۇغاندەك

يازىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ۋەزىپە، زىكرى ـ تەسبىھ، قۇرئان تىلاۋىتى، ناماز، دۇرۇت ـ سالامدۇر.

6562 ( صحيح ) من نام عن وتره أو نسيه فليصله إذا ذكره ( حم 4 ك ) عن أبي سعيد

6562. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ۋىتىر نامىزىدىن ئۇخلاپ قالسا ياكى ئۇنى ئوقۇشىدىن ئۇنتۇپ قالسا، ئېسىگە كەلگەندە ئويغانغاندا ئوقۇۋالسۇن، (قازاسىنى قىلىۋالسۇن). ئەھمەد، ھاكىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس ۋىتىر نامىزىنىڭ قازاسىنى قىلىشقا ۋە ۋىتىرنىڭ ۋاجىپلىقىغا دەلىلدۇر.

6563 ( صحيح ) من نام عن وتره فليصل إذا أصبح ( ت ) عن زيد بن أسلم مرسلا

6563. زەيد ئىبنى ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ۋىتىر نامىزىنى ئوقۇشىدىن ئۇخلاپ قالسا، تاڭ ئاتقۇزغاندا ئۇنى ئوقۇۋالسۇن. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئاخشىمى ئوقۇماي يېتىپ، ۋاخ قالسا ئامال بار بامداتتىن بۇرۇن ئوقۇشى لازىم، ئامال بولمىسا كۈن چىققاندىن كېيىن ئوقۇيدۇ.

من نام و في يده غمر و لم يغسله فأصابه شيء فلا يلومن إلا نفسه ( حم د ) عن أبي هريرة

6564. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قولىدىكى گۆشكە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ كىر قالدۇقلىرىنى يۇماستىن ئۇخلاپ قالسا، ئاندىن ئۇ كىشىگە بىرەر نەرسە يەتسە، يەنى كېسەل بولسا، ھاشارات چېقىۋالسا، ئۇ پەقەت ئۆز ـ ئۆزىگىلا مالامەت، تاپا ـ تەنە قىلسۇن، ئۆزىدىن كۆرسۇن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

من نذر أن يطيع الله فليطعه و من نذر أن يعصي الله فلا يعصه ( حم خ 4 ) عن عائشة

6565. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا نەزىر ۋەدىسى قىلغان بولسا، ئىتائەت قىلسۇن، كىم ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشقا، گۇناھ ـ مەئسىيەتكە ۋەدە قىلسا، ئۇ ئاللاھقا ئاسىي بولمىسۇن، (بۇ ۋەدە نەزىرگە قەسەمنىڭ كاپارىتىگە ئوخشاش كاپارەت بەرسۇن). ئەھمەد، بۇخارى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

6566 ( صحيح ) من نزلت به فاقة فأنزلها بالناس لم تسد فاقته و من نزلت به فاقة فأنزلها بالله فيوشك الله له برزق عاجل أو آجل ( ت ) عن ابن مسعود

6566. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمگە بىرەر ئاپەت ھاجەت چۈشۈپ قالسا،ئۇنى ئىنسانلارغا تاشلىسا ئاپىتى كۆتۈرۈلمەيدۇ، ھاجىتى راۋا بولمايدۇ. ئاپەت، ھاجەت چۈشكەن كىشى ئۇنى ئاللاھقىلا تاشلىسا، ئاللاھقىلا تەزەررۇئ چەكسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە تېزلا ياكى ئاستا ـ ئاستا كېيىنرەك رىزىق بېرىش بىلەن ھاجىتىدىن چىقىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

6567 ( صحيح ) من نزل منزلا فقال: أعوذ بكلمات الله التامات من شر ما خلق لم يضره شيء حتى يرتحل من منزله ( حم م د ت ) عن خولة بنت حكيم

6567. خەۋلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر مەنزىل، ئورۇنغا چۈشۈپ، «ئاللاھنىڭ كامىل سۆزلىرى قۇرئانغا سېغىنىپ، ئاللاھ

ياراتقان بارلىق نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن دېسە»، ئۇ كىشىگە شۇ ئورۇندىن يۆتكىلىپ كەتمىگۈچە ھېچ نەرسە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6568** ( صحيح ) من نسي الصلاة علي خطئ طريق الجنة ( ه ) عن ابن عباس

6568. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ماڭا دۇرۇت، سالام يوللاشنى ئۇنتۇپ قالسا، ئۇ جەننەت يولىدىن خاتالاشقان بولىدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

من نسي الصلاة فليصلها إذا ذكرها فإن الله قال: ( أقم الصلاة لذكري ) ( م د ن ه ) عن أبي هريرة

6569. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم نامازنى ئۇنتۇپ قالسا، ئېسىگە كەلگەن ھامان ئوقۇۋالسۇن، چۈنكى ئاللاھ قۇرئاندا «مېنى زىكرى قىلىپ ئەسلەش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن» دېگەن . سۈرە تاھا 14 ـ ئايەت، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6570** ( حسن ) من نسي شيئا من صلاته فليسجد سجدتين و هو جالس ( حم ن ) عن معاوية

6370. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم نامىزىدىن بىرەر نەرسىنى ئۇنتۇپ سەۋەنلىك قىلىپ سالسا، ئولتۇرغان ھالەتتىلا ئىككى سەجدە قىلىۋەتسۇن. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەجدە سەھۋە سەجدىسى دېيىلىدۇ .

**6571** ( صحيح ) من نسي صلاة أو نام عنها فكفارتها أن يصليها إذا ذكرها ( حم ق ت ن ) عن أنس

6571. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ناماز ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالسا، ياكى ئۇخلاپ قالسا، ئۇنىڭ كاپارىتى ئېسىگە كەلگەن، ئويغانغان ھامان شۇ نامازنى ئوقۇشتۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6572** ( صحيح ) من نسي صلاة فليصلها إذا ذكرها لا كفارة لها إلا ذلك ( د ت ه ) عن أنس

6572. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ناماز ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالسا، ئېسىگە كەلگەن ھامان ئوقۇۋالسۇن، ئۇنتۇپ قالغان نامازغا ئۇنى ئوقۇشتىن باشقا كاپارەت يوق، كاپارىتى ئۇنى ئوقۇشتۇر. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسلەر، نادان، پاسىقلارچە ياشاپ، ئۇنتۇپ قالغان، ئوقۇماي قالغان نامازلارنىڭ قازاسىنى قىلسا بولىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر. ھېچ بولمىسا، نەپلە نامازلارنى كۆپ ئوقۇغۇلار.

من نسي و هو صائم فأكل أو شرب فليتم صومه فإنما أطعمه الله و سقاه ( حم ق ه ) عن أبي هرير

6573. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم روزىدار تۇرۇپ، ئۇنتۇپ قىلىپ، يەپ ـ ئىچىپ سالسا، ئۇ روزىسىنى كامىل تامام قىلىۋەرسۇن، ئاللاھ ئۇ كىشىگە تاماق بېرىپتۇ، شاراب بېرىپ سۇغۇرۇپتۇ، (روزىسى بۇزۇلمايدۇ، چۈنكى ئۇنتۇپ قالغان). ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6574** ( حسن ) من نصر أخاه بظهر الغيب نصره الله في الدنيا و الآخرة ( هق الضياء ) عن أنس

6574. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: كىم قېرىندىشىغا، ئۇ يوق يەردە غايىبتىن ياردەم بەرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياردەم بېرىدۇ. بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن.

يوق يېرىدە ياردەم بېرىش بولسا، ئائىلىسىگە، يېقىن تۇغقانلىرىغا ياردەم بېرىش ئىشلىرىنى بېجىرىپ قويۇش، يۈز ـ ئابرۇيىنى قوغداش، مەغپىرەت سوراش، دۇئادا ئەسلەشتۇر.

من نصر قومه على غير الحق فهو كالبعير الذي تردى فهو ينزع بذنبه ( د ) عن ابن مسعود

6575. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قەۋمىگە ، ھەقنىڭ غەيرىگە يەنى باتىلغا، زۇلۇمغا ياردەم بەرسە، ئۇ خۇددى ئېگىز تاغدىن دومىلاپ چۈشۈۋاتقان قۇيرۇقىدىن ئۇستىگە تارتىلىۋاتقان تۆگىگە ئوخشايدۇ، (يەنى ئۆزىنىمۇ ئۆزگىنىمۇ ھالاك قىلىدۇ). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

من نفس عن غريمه أو محا عنه كان في ظل العرش يوم القيامة( حم م ) عن أبي قتادة

6576. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئېلىشى بار قەرزداردىن ئاسان قىلسا، ياكى ئۇنىڭدىن ئۆچۈرۈۋېتىپ، قەرزنى كۆتۈرۈۋەتسە، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشى ئەرشنىڭ سايىسىدا بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) من نفس عن مؤمن كربة من كرب الدنيا نفس الله عنه كربة من كرب يوم القيامة و من يسر على معسر يسر الله عليه في الدنيا و الآخرة و من ستر مسلما ستره الله في الدنيا و الآخرة و الله في عون العبد ما كان العبد في عون أخيه و من سلك طريقا يلتمس فيه علما سهل الله له طريقا إلى الجنة و ما اجتمع قوم في بيت من بيوت الله يتلون كتاب الله و يتدارسونه بينهم إلا نزلت عليهم السكينة و غشيتهم الرحمة و حفتهم الملائكة و ذكرهم الله فيمن عنده و من أبطأ به عمله لم يسرع به نسبه ( حم م د ت ه ) عن أبي هريرة

6577. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىرەر مۆئمىندىن مۇشۇ دۇنيانىڭ مۇشەققەتلىرىدىن بىرەر مۇشەققەت، قىيىنچىلىقنى ئاسان قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن قىيامەتنىڭ مۇشەققەتلىرىدىن، قىيىنچىلىقلىرىدىن بىر مۇشەققەتنى ئاسان قىلىدۇ. كىم نامرات، پېقىرلارغا ئاسان قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئاسان قىلىدۇ، كىم بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ياپسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسان، گۇناھلىرىنى، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ياپىدۇ. بەندە قېرىندىشىنىڭ ياردىمىدە بولسىلا، ئاللاھ بەندىسىنىڭ ياردىمىدە بولىدۇ، كىم ئىلىم تەلەپ قىلىدىغان يولغا كىرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ يولىنى ئاسان قىلىدۇ، بىرەر قەۋم ، ئاللاھنىڭ ئۆيلىرىدىن بىرەر مەسجىدكە توپلىشىپ، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلسا، ئۇنى ئۆزئارا دەرىس ئوقۇشسا، ئۇلارغا خاتىرجەملىك، تىنچلىق چۈشىدۇ. ئۇلارنى رەھمەت قورشايدۇ، ئۇلارنى پەرىشتىلەر قورشاپ، ئەتراپىدىن ئورىۋالىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھتائالا ئۆز دەرگاھىدىكى كىشىلەرنىڭ يەنى پەرىشتىلەرنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، ماختايدۇ.كىمنىڭ ئەملى كېچىكىپ قالسا، ئۇنىڭغا نەسەبى ئىلگىرىلەپ تېز يېتىپ بارمايدۇ،( يەنى ياخشى ئەمەللىرى بولمىسا، نەسەب ، ھەسەبلىرى پايدا ـ مەنپەئەت قىلمايدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم ، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6578** ( صحيح ) من نوقش الحساب عذب ( ق ) عن عائشة

6578. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: كىمدىن زىغىرلىنىپ قاتتىق سۈرۈشتە قىلىنسا، ھېساب ئېلىنسا، ئۇ چوقۇم ئازابقا قالىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6579** ( صحيح ) من نوقش المحاسبة هلك ( طب ) عن ابن الزبير

6579. ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمدىن قاتتىق سۈرۈشتە قىلىنىپ، ھېساب ئېلىنىپ قالسا، ئۇ ھالاك بولىدۇ. (ئاسان ھېساب دېگەن تەكلەپ قويۇپ كۆزدىن كۆچۈرۈشتۇر). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6580** ( صحيح ) من نيح عليه يعذب بما نيح عليه ( حم ق ت ) عن المغيرة

6580. مۇغىيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئۆلگەندىن كېيىن ئاۋاز قىلىپ يىغلانسا، ئۇ كىشى شۇ سەۋەبدىن قەبرىدە ئازابلىنىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يەنى رازى بولسا، ۋەسىيەت قىلسا، بۇ ئۇنىڭ ئادىتى بولسا ئازابلىنىدۇ، ياكى يىغىنى بىلىپ ئازابلىنىدۇ، ياكى يىغلىغۇچىنىڭ قەبرە ئىچىدىكى ئازابىغا ئازابلىنىدۇ.

**6581** ( صحيح ) من هجر أخاه سنة فهو كسفك دمه ( حم خد د ك ) عن حدرد

6581. ھەدرەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قېرىندىشىغا ساق بىر يىل ئاداۋەت تۇتسا، ئۇ،قېرىندىشىنىڭ قېنىنى تۆككەندەك گۇناھكار بولىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

من هذا اللاعن بعيره ؟ ! أنزل عنه فلا تصحبنا بملعون لا تدعوا على أنفسكم و لا تدعوا على أولادكم و لا تدعوا على أموالكم لا توافقوا من الله ساعة يسأل فيها عطاء فيستجيب لكم ( م د ) عن جابر

6582. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆگىگە لەنەت قىلغان كىم بۇ؟ ئۇ تۆگىدىن چۈشۈپ كەت!، بىزگە لەنەتكەردى تۆگىنى ھەمراھ قىلمىغىن، سىلەر ئۆزۈڭلارغا قارشى باللىرىڭلارنىڭ، ماللىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلماڭلار. ئاللاھدىن سورالسا بېرىدىغان بىرەر سائەتكە، زىيانغا دۇئا قىلىش بىلەن مۇۋاپىق كېلىپ قالماڭلار، ئەگەر شۇ سائەتكە مۇۋاپىق كېلىپ قالساڭلار، بۇ دۇئايىڭلارمۇ ئىجابەت قىلىنىپ كېتىدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

من وجد تمرا فليفطر عليه و من لا فليفطر على الماء فإنه طهور ( ت ن ك ) عن أنس

6583. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم خورما تاپالىسا، خورمىدا ئىپتار قىلسۇن، خورما تاپالمىغان كىشى سۇدا ئىپتار قىلسۇن، ھەقىقەتەن سۇ پاك ھەم پاكلىغۇچىدۇر. تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

من وجد دابة قد عجز عنها أهلها أن يعلفوها فسيبوها فأخذها فأحياها فهي له ( د ) عن رجال من الصحابة

6584. ساھابىلاردىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئەھلى، ئىگىسى ھەلەپ بېرىشتىن ئاجىز كېلىپ يايلاققا قويۇۋەتكەن ھايۋاننى تېپىۋېلىپ، ئۇنى بېقىپ ھەلەپ بېرىپ ھايات ساقلاپ قالسا، ئۇ ھايۋان تېپىۋالغۇچى ئىككىنچى شەخسنىڭ بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 3057 ـ ھەدىس.

**6585 ( صحيح ) من وجد سعة فليكفن في ثوب حبرة ( حم ) عن جابر**

6585. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مال ـ مۈلۈك كەڭرىلىك تاپالىسا، يەنى باي بولسا، ھىبرىيگە مەنسۇپ كىيىمگە كېپەنلەنسۇن، يەنى پاختا رەختكە كېپەنلەنسۇن. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**6586 ( صحيح ) من وجد لقطة فليشهد ذوي عدل و لا يكتم و لا يعبث(لايغير ولايغيب) فإن وجد صاحبها فليردها عليه و إلا فهو مال الله يؤتيه من يشاء ( حم د ه ) عن عياض بن حمار**

6586. ئىياز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم يۈتۈپ كەتكەن نەرسىنى تېپىۋالسا، ئۇنىڭغا ئادىل ئىككى كىشىنى گۇۋاھ قىلىپ قويسۇن، يوشۇرۇۋالمىسۇن، ئۆزگەرتىۋەتمىسۇن، غايىب قىلىپ يوق قىلىۋەتمىسۇن، ئەگەر ئىگىسىنى تاپسا، ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرسۇن، ئەگەر ئىگىسىنى تاپالمىسا، ئۇ ئاللاھنىڭ مېلى بولۇپ، ئاللاھ خالىغان كىشىگە بېرىدۇ. (يەنى تاپقان كىشىگە بېرىپتۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ مېلى بولغاچقا، ئاللاھ يولىدا بېرىۋەتسۇن). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد 1454 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2496 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6587 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 5872 من وجد من هذا الوسواس فليقل: آمنا بالله و رسوله ( ثلاثا فإن ذلك يذهب عنه ) ( ابن السني ) عن عائشة**

6587. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇشۇ ۋەسۋەسىسىنى تاپسا، يەنى شەيتاننىڭ، ھەممە نەرسىسىنى ئاللاھ ياراتتى، ئاللاھنى كىم ياراتقاندۇ؟ دېگەن ۋەسۋەسىسىنى تاپسا، دەرھال: ئاللاھقا ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە شەكسىز ئىشەندىم، ئىمان كەلتۈردۈم دېۋالسۇن، (يەنى ئۈچ قېتىم شۇنداق دېسۇن) ھەقىقەتەن شۇنداق دېيىش، ئۇ كىشىدىن ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزىدۇ. (ئاللاھ ئەزلىيدۇر، ئۇ پەيدا بولغان ئەمەس). ئىبنى سەنا توپلىغان، سەھىھ.

**6588 ( صحيح ) من وجدتموه وقع على بهيمة فاقتلوه و اقتلوا البهيمة ( ت ك ) عن ابن عباس**

6588. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھايۋانغا چېقىلىپ، ھايۋان بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلغان كىشىنى تاپساڭلار، ئۇنىمۇ، ھايۋاننىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، (يەنى ھايۋانغا چېقىلىش ھارامدۇر). تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**من وجدتموه يعمل عمل قوم لوط فاقتلوا الفاعل و المفعول به ( حم 4 قط ك الضياء ) عن ابن عباس**

6589. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنىڭ قىلمىقىنى يەنى بەچچىۋازلىقنى قىلغان كىشىنى تاپساڭلار، قىلغۇچى پائىلنى ۋە قىلىنغۇچى مەپئۇلنى ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار. ئەھمەد، دارىقۇتنى، ھاكىم، زىيائۇلمەقدەسى، تۆت كىتاب توپلىغان سەھىھ. لىۋات ھارام.

**6590 ( صحيح ) من وصل صفا وصله الله و من قطع صفا قطعه الله( ن ك ) عن ابن عمر**

6590. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم سەپنى ئۇلاپ توشتۇرسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمىتىنى ئۇلاپ يەتكۈزىدۇ، كىم سەپنى ئۈزۈپ قويسا، ئاللاھمۇ ئۈزۈپ قويىدۇ. نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6591 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 5874 من وضع الخمر ( على كفه لم تقبل له دعوة )و من أدمن على شربها سقي من الخبال ( طب ) عن ابن عمر**

6591. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قولىغا ھاراقنى قويسا، (يەنى تۇتسا)، ئۇنىڭ قول كۆتۈرۈپ قىلغان دۇئاسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئىجابەت بولمايدۇ، كىم دائىم ھاراق ئىچىپ زابوي بولسا، ئۇ دوۋزاخ ئەھلىنىڭ قان ـ يىرىڭ زەرداپلىرى بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6592 ( صحيح ) من وطئ على إزار خيلاء وطئه في النار ( حم ) عن هبيب**

6592. ھۇبەيىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ئىشتانلىرىنى كىبىر قىلىپ كۆرەڭلەپ ئۇزۇن كىيىپ، سۆرەپ دەسسەپ يۈرسە، ئۇ ئۇنىڭغا يەنى ئوتتىن بولغان ئىشتانغا، دوۋزاخ ئىچىدە دەسسەپ تۇرىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**6593 ( صحيح ) من وقاه الله شر ما بين لحييه و شر ما بين رجليه دخل الجنة ( ت حب ك ) عن أبي هرير**

6593. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنى ئاللاھتائالا ئۇنىڭ ئىككى ئېڭىكى بىلەن ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىدىكى نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىسا، (يەنى سۆز قىلىدىغان ئېغىزى بىلەن ئەۋرەت ئېغىزىدىن ئىبارەت ئىككى ئېغىزنىڭ يامانلىقىدىن ساقلاپ قالسا)، ئۇ كىشى جەننەتكە كىرىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6594 ( حسن ) من ولي القضاء فقد ذبح بغير سكين ( د ت ) عن أبي هريرة**

6594. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قازىلىققا، ھاكىملىققا ئىگە قىلىنسا، ئۇ پىچاقسىز بوغۇزلانغان بولىدۇ. (يەنى ئازابقا قالىدۇ، ھالاك بولىدۇ، ئارىلىقىدا مۇشەققەتكە، ئېغىر سىناققا دۇچ كېلىدۇ). ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

**6595 ( صحيح ) من ولي من أمور المسلمين شيئا فاحتجب دون خلتهم و حاجتهم و فقرهم و فاقتهم احتجب الله عنه يوم القيامة دون خلته و حاجته و فاقته و فقره ( د ه ك ) عن أبي مريم الأزدي**

6595. ئەبۇ مەريەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىدىن بىرەر ئىشقا، يەنى ھوقۇققا ئىگە بولۇپ، ئەمەلدار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دوستلۇقىنى، ھاجىتىنى، پېقىرلىقىنى، ئاپەتلىرىنى، قىيىنچىلىقلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئىشىكنى تاقاپ، پەردىلىنىۋالسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھمۇ ئۇنىڭ دوستلۇقىنى، ھاجىتىنى، پېقىرلىق، موھتاجلىقىنى ، ئاپەت، قىيىنچىلىقلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ پەردىلىنىۋالىدۇ، كارى بولمايدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**من ولي منكم عملا فأراد الله به خيرا جعل له وزيرا صالحا إن نسي ذكره و إن ذكر أعانه ( ن ) عن عائشة**

6596. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى خىزمەتكە ئىگە بولۇپ، ئەمەلدار بولسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا سالىھ، ياخشى ۋەزىردىن، ياردەمچىدىن بىرنى قىلىپ بېرىدۇ، ئەگەر ئۇ ۋالىي ئۇنتۇپ قالسا، ئېسىگە سېلىپ ئەسلىتىدۇ، ئېسىگە ئالسا، ياردەم بېرىدۇ، ھەمكارلىشىدۇ. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

6597 ( صحيح ) من لا يرحم الناس لا يرحمه الله ( حم ق ت ) عن جرير ( حم ت ) عن أبي سعيد

6597. جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت قىلمىغان كىشىگە ئاللاھمۇ رەھىم قىلمايدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

6598 ( صحيح ) من لا يرحم لا يرحم ( حم ق د ت ) عن أبي هريرة ( ق ) عن جرير

6598. ئەبۇ ھۇرەيرە، جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەھىم ـ شەپقەت قىلمايدىغان كىشىگە رەھىم قىلىنمايدۇ، (يەنى ئازابلىنىدۇ.) ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

6599 ( صحيح ) من لا يرحم لا يرحم و من لا يغفر لا يغفر له ( حم ) عن جرير

6599. جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەھىم قىلمايدىغان كىشىگە رەھمەت قىلىنمايدۇ، ئەپۇ قىلمايدىغان، كەچۈرمەيدىغان كىشى كەچۈرۈلمەيدۇ، مەغپىرەت قىلىنمايدۇ. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. ئەپۇ قىلىڭلار، لېكىن، ئۆزۈڭلارنى ئەپۇ قىلماڭلار.

من لا يرحم لا يرحم و من لا يغفر لا يغفر له و من لا يتب لا يتب عليه ( طب ) عن جرير

6600. جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەھىم ـ شەپقەت قىلمايدىغان كىشىگە رەھىم قىلىنمايدۇ، كەچۈرمىگەن كىشىگە مەغپىرەت قىلىنمايدۇ، تەۋبە قىلمىغان كىشىگە تەۋبە قوبۇل قىلىنىپ قالمايدۇ، ئەپۇ قىلمىسا، ئەپۇ قىلىنمايدۇ، (كىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ، ياخشىلىقنا ياخشىلىقتۇر). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

6601 ( صحيح ) من لا يشكر الناس لا يشكر الله ( ت ) عن أبي هريرة

6601. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە تەشەككۈر بىلدۈرمىگەن (سىزگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، جازاكەللاھۇ خەيرا) دېمىگەن كىشى ئاللاھقىمۇ شۈكرى قىلمايدۇ. (چۈنكى، ئۇ نېئمەتنىڭ ياخشىلىقنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلمەيدۇ). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

6602 ( صحيح ) من لايمكم من خدمكم فأطعموهم مما تأكلون و ألبسوهم مما تلبسون و من لا يلايمكم منهم فبيعوه و لا تعذبوا خلق الله ( حم د ) عن أبي ذر

6602. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇل، خىزمەتچى خادىملىرىڭلاردىن بىر كىشى سىلەرگە ئىتائەت قىلىپ مۇۋاپىق كەلسە، ئۇلارغا سىلەر يېگەن تاماقدىن تاماق بېرىڭلار، سىلەر كىيگەن كىيىمدىن كىيىم ـ كېچەك ئېتىپ بېرىڭلار، ئۇلاردىن سىلەرگە مۇۋاپىق كەلمىگەن، ئىتائەت قىلمىغانلارنى سېتىۋېتىڭلار، ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىنى ئازابلىماڭلار. ئەھمەد 20509 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4493 ـ ھەدىس، سەھىھ.

من يتقبل لي بواحدة أتقبل له بالجنة لا يسأل الناس شيئا ( حم ن ه ) عن ثوبان

6603. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ماڭا بىر ئىشنى قوبۇل قىلىپ كېپىل بولسا، مەن ئۇ كىشىگە جەننەت بىلەن كېپىل

بولمەن، ئۇ بولىسمۇ كىشىلەردىن نەرسە سورىماسلىقتۇر. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6604 ( صحيح ) من يتكفل لي أن لا يسأل الناس شيئا أتكفل له بالجنة ( د ك ) عن ثوبان**

6604. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ماڭا كىشىلەردىن نەرسە سورىماسلىقا يەنى سائىللىق قىلماسلىقا كېپىل بولسا، مەن ئۇ كىشىگە جەننەت بىلەن كېپىل بولىمەن. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**من يتوكل لي ما بين لحييه و ما بين رجليه أتوكل له بالجنة ( حم ت حب ك ) عن سهل بن سعد**

6605. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ماڭا ئىككى زاڭقى بىلەن ئىككى پۇتى ئارىسىدىكى نەرسىگە يەنى ئاغزى بىلەن ئەۋرىتىدىن ئىبارەت ئىككى ئېغىزغا كېپىل بولسا، مەن ئۇ كىشىگە جەننەتكە كىرىشى بىلەن كېپىل بولىمەن. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6606 ( صحيح ) من يحرم الرفق يحرم الخير كله ( حم م د ه ) عن جرير**

6606. جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېھرىبانلىقدىن، مۇلايىملىقدىن مەھرۇم قالسا، بارلىق ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6607 ( حسن ) من يخفر ذمتي كنت خصمه و من خاصمته خصمته ( طب ) عن جندب**

6607. جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم مېنىڭ ئەھدەمنى بۇزۇپ، خىيانەت قىلسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن داۋالىشىمەن، مەن داۋالاشقان كىشىنى چوقۇم داۋادا مەغلۇپ قىلىمەن، ئۇ ھالاك بولىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6608 ( صحيح ) من يدخل الجنة ينعم فيها لا يبأس لا تبلى ثيابه و لا يفنى شبابه ( م ) عن أبي هرير**

6608. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتكە كىرگەن كىشى ئۇنىڭ ئىچىدە مەڭگۈلۈك نېئمەتكە ئېرىشىدۇ، ھەرگىز كېسەل بولمايدۇ، غەم ـ قايغۇ قىلمايدۇ، ئازابلانمايدۇ، كىيىم ـ كېچەكلىرى كونىرىمايدۇ، چىرىمەيدۇ، ياشلىقى تۈگىمەيدۇ، ئۇلار مەڭگۈ ياپ ـ ياش تۇرىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**6609 ( صحيح ) من يرائي يرائي الله به و من يسمع يسمع الله به ( حم ت ه ) عن أبي سعيد**

6609. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم كۆرسەتمە رىيا قىلسا، ئاللاھ ئۇنى كۆرسىتىپ قويىدۇ، كىم ئاڭلاتما رىيا قىلسا، ئاللاھ ئۇنى يەنى ئەمەللىرىنى ئاڭلىتىپ قويىدۇ، (ئۇنىڭ مۇكاپاتى، باشقىلار ئاڭلاش، كۆرۈش بولىدۇ). ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6610 ( صحيح ) من يرد الله به خيرا يصب منه ( حم خ ) عن أبي هريرة**

6610. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا بىرەر كىشىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇ كىشىگە مۇسىبەت، بالا بېرىدۇ. (ئۇ كىشى شۇ سىناق بالاسى بىلەن يۇقىرى دەرىجىگە ئېرىشىدۇ، مەغپىرەت قىلىنىدۇ.) ئەھمەد، بۇخارى

توپلىغان ، سەھىھ.

من يرد الله به خيرا يفقهه في الدين ( حم ق ) عن معاوية ( حم ت ) عن ابن عباس ( ه ) عن أبي هرير

6611. مۇئاۋىيە ، ئىبنى ئابباس ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھتائالا بىرەر كىشىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا ، ئۇ كىشىنى ئىسلام دىنىدا فىقھشۇناس ئالىم قىلىدۇ. ئەھمەد ، بەيھەقى ، تىرمىزى ، ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ.

فىقھى ئالىم دېگەن ، مەسىلىلەرگە ئالىم بولۇش بىلەن بىرگە ئاللاھدىن قورقىدىغان ، بۇيرۇغانىنى قىلىپ ، توسقاندىن يانىدىغان ھەقىقەتچى ئالىمدۇر ، ئاللاھدىن ئالىملارلا قورقىدۇ.

6612 ( صحيح ) من يرد الله به خيرا يفقهه في الدين و إنما أنا قاسم و الله يعطي و لن تزال هذه الأمة قائمة على أمر الله لا يضرهم من خالفهم حتى يأتي أمر الله عز و جل ( حم ق ) عن معاوية

6612. مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : ئاللاھ بىرەر كىشىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا ، ئۇنى دىندا فىقھى ئالىم يەنى قانۇنشۇناس ئالىم قىلىدۇ ، ھەقىقەتەن ئاللاھ بېرىدۇ ، مەن تەقسىم قىلىمەن ، (يەنى ئىلىمنى ، غەنىيمەتنى تەقسىم قىلاتتى). ئاللاھنىڭ ئەمرى يەنى قىيامەت كۈن كەلگەنگە قەدەر مۇشۇ ئۈممەت ، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەرپا قىلىپ ، ئىسلام قانۇنى يۈرگۈزۈپ تۇرىۋېرىدۇ ، ھەق ئۈستىدە غەلىبە قىلىدۇ،ئۇلارغا خىلاپلىق قىلغان كىشى ئۇلارغا زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەھمەد ، بەيھەقى توپلىغان ،سەھىھ. باشقا خاتىرىدە بىر تائىپە دېيىلگەن.

6613 ( صحيح ) من يرد هوان قريش أهانه الله ( حم ن ك ) عن سعد

6613. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىم قۇرەيشلەرگە ئاھانەت قىلىپ خارلاشنى ئىرادە قىلسا ،ئاللاھ ، ئۇ كىشىنى خارلايدۇ. ئەھمەد ، نەسەئى ، ھاكىم توپلىغان ، سەھىھ.

6614 ( صحيح ) من يسر على معسر يسر الله عليه في الدنيا و الآخرة ( ه ) عن أبي هريرة

6614. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : كىم قىيىنچىلىقتا قالغان تەس كۈنگە قالغان ، نامراتقا ئاسان قىلسا ، ئاللاھ ئۇ كىشىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسان قىلىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ.

من يشرب النبيذ منكم فليشربه زبيبا فردا أو تمرا فردا أو بسرا فردا ( م ) عن أبي سعيد

6615. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەردىن كىم چىلانغان ئىچىملىك ئىچسە ، قۇرۇق ئۈزۈم ، يىمىشنى ئايرىم چىلاپ ئىچسۇن ، ياكى پىشقان قۇرۇق خورمىنى ئايرىم ياكى خورما غورىسىنى ئايرىم چىلاپ ئىچسۇن ، (مەقسەت ، ئارىلاشسا ھاراق بولۇپ قالىدۇ ياكى ئۇزۇن تۇرسا ھاراق بولۇپ قالىدۇ ، ھەزەر قىلىڭلار). مۇسلىم توپلىغان ، سەھىھ.

من يصعد الثنية ثنية المرار فإنه يحط عنه ما حط عن بني إسرائيل ( م ) عن جابر

6616. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن : سىلەردىن كىم ئىككى تاغ ئارىسىدىكى تار يول سەنىيەتۇلمەرار دېگەن جايدىكى ئېگىز جايغا ئۆرلەپ چىقسا ، ھەقىقەتەن ئۇنىڭدىن بەنى ئىسرائىللاردىن ئۆچۈرۈلمىگەن گۇناھلار ئۆچۈرۈلىدۇ ، مەغپىرەت قىلىنىدۇ ،

www.uyghurkitap.com

ئۇ جايغا تۇنجى بولۇپ چىققانلار بەنى خەزرەجنىڭ ئاتلىرى بولدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەممىڭلارغا مەغپىرەت قىلىندى، پەقەت قىزىل تۆگە ئىگىسى مۇناپىققا مەغپىرەت قىلىنمىدى دېدى. (بۇ جىھاد سەپىرىدە دېيىلگەن ئىدى). مۇسلىم 4986 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6617** ( صحيح ) من يضمن لي ما بين لحييه و ما بين رجليه أضمن له الجنة ( خ ) عن سهل بن

6617. سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ماڭا ئاغزى بىلەن ئەۋرىتىدىن ئىبارەت ئىككى ئېغىزغا كېپىل بولسا، مەن ئۇ كىشىگە جەننەت بىلەن كېپىل بولىمەن، يەنى ئېغىزنى، ئەۋرەتنى مەھكەم ساقلاشلار. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**6618** ( صحيح ) من يطيع الله إذا عصيته ؟ ! أيأمنني الله على أهل الأرض و لا تأمنوني ؟ ! إن من ضئضئ هذا قوما يقرءون القرآن لا يجاوز حناجرهم يمرقون من الدين مروق السهم من الرمية يقتلون أهل الإسلام و يدعون أهل الأوثان لئن أنا أدركتهم لأقتلنهم قتل عاد ( خ ) عن أبي سعيد

6618. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلسام، ئاللاھقا كىم ئىتائەت قىلىدۇ؟! زېمىن ئەھلىگە نىسبەتەن ئاللاھ ماڭا ئىشىنىپ، خاتىرجەم بولسا سىلەر ماڭا ئىشەنمەمسىلەر؟ ھەقىقەتەن مۇشۇ كىشىنىڭ نەسلى، پۇشتىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر چىقىدۇ، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، قۇرئان ئۇلارنىڭ گېلىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوق نىشانغا تېگىپ تېزلا چىقىپ كەتكەندەك تېزلا چىقىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئىسلام ئەھلىنى ئۆلتۈرىدۇ، بۇتقا چوقۇنغان مۇشرىكلارنى تەرك ئېتىپ قويۇپ قويىدۇ. ئەگەر مەن ئۇلارنى تاپسام، ئەلۇەتتە ئاد قەۋمىنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرەتتىم، (ئۇ كىشىنى ناماز ئوقۇشى مۇمكىن دەپ ئۆلتۈرگىلى قويمىغان، شۇنداقلا ئىسلام دىنى ئىلىم بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەملى بىلەن جازالايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ دوۋزاخ ئەھلىنى دوۋزاخقىلا ياراتماي، مۇشۇ دۇنياغا چىقاردى، بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، ئۇلار راستىنلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆيەتلىگەندەك چىققان). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

من يكن في حاجة أخيه يكن الله في حاجته ( ابن أبي الدنيا في قضاء الحوائج ) عن جابر

6619. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم قېرىنداشنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلىشتا بولسا، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلىدۇ. ئىبنى ئەبۇددۇنيا توپلىغان، سەھىھ.

**6620** ( حسن ) منى مناخ من سبق ( ت ه ك ) عن عائشة

6620. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىز، ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! بىز سىلىگە مىنادا بىر ئۆي سېلىپ بېرەيلى، سىلى شۇ ئۆيدە سايىدىسىلا دېسەك، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ياق ئۇنداق قىلماڭلار، مىنا تېخى ئۇ يەرگە بۇرۇن بارغان كىشىنىڭ چۈشۈش ئورنى دېدى، (يەنى ھەجدە). تىرمىزى 807 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1726 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2997 ـ ھەدىس، ئەھمەد 24365 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**6621** ( صحيح ) منبري هذا على ترعة من ترع الجنة ( حم ) عن أبي هريرة

6621. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: مېنىڭ مۇشۇ مۇنبىرىم جەننەت باغلىرىدىن بىر باغ ئۈستىدىدۇر، (يەنى مەقسەت ، ناماز، زىكرى ـ تەسبىھنى كۆپ قىلىشتۇر، ياكى مۇنبەر بىلەن ئۆيى ئارىلىقىنى دېگەن ، ھەدىسكە ئاساسەن قەبرىسىنى دېمەكچى ياكى توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ، بىز ھەدىسكە شەكسىز ئىشىنىمىز، ھەدىس زاھىرىدا قالىدۇ). بۇ ھەدىس ئەھمەتتە توققۇز ئورۇندا دېيىلگەن. ئەھمەد 8364 ـ ھەدىس، 8847 ـ ھەدىس، 21774 ـ ھەدىس، سەھىھ.

منزلنا غدا إن شاء الله بخيف بني كنانة حيث تقاسموا على الكفر ( ق ) عن أبي هريرة

6622. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر سەپەردە(ھەجدە) كېتىۋېتىپ مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئاللاھ خالىسا ئەتە چۈشىدىغان ئورنىمىز مەككە مۇشرىكلىرى كۇفرىغا قەسەم قىلىشقان جايدىكى بەنى كەنانەنىڭ خىيىف دېگەن جايىدۇر. (بۇ ھەدىسىدىن ئەتىكى ئىشقا ئىنشائاللاھ، ئەگەر ئاللاھ خالىسا دېيىش چىقىدۇ ۋە بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، ئەتىكى ئىشتىن ئالدىن خەۋەر بېرىلگەن). بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

منعت العراق درهمها و قفيزها و منعت الشام مدها و دينارها و منعت مصر أردبها و دينارها وعدتم من حيث بدأتم وعدتم من حيث بدأتم وعدتم من حيث بدأتم ( حم م د ) عن أبي هريرة

6623. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ئىراق ئەھلى ئۆزىنىڭ دىرھەم ، كۇمۇشلىرىنى، كەمچەنلەپ بېرىدىغان ئاشلىقلىرىنى ئىسلام خەلىپىسىگە بېرىشتىن مەنئى قىلىپ چەكلەيدۇ، شاممۇ دىنار ئالتۇنلارنى ئاشلىقلارنى چەكلەپ بەرمەيدۇ، مىسىرمۇ ئۆزىنىڭ ئالتۇنلىرىنى كەمچەنلەپ بېرىدىغان ئاشلىقلارنى تاپشۇرمايدۇ، سىلەر ئاندىن تۇنجى قېتىم باشلىغان جايدىن قايتىسىلەر، باشتىكى ھالەتكە قايتىسىلەر، قايتىدىن باشلايسىلەر. مۇسلىم 5156 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2639 ـ ھەدىس، ئەھمەد 7249 ـ ھەدىس، سەھىھ.

(قەفىز ئىراقنىڭ، مۇديە شامنىڭ، ئىردەب مىسىرنىڭ كەمچەنلىرى، ھەدىسنىڭ مەنىسى ئۇلار مۇسۇلمان بولۇپ، باج تاپشۇرمايدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە كۆرۈلدى ياكى ئەجەملەر، رۇملار ئۇلارنى ئىگىلىۋېلىپ، مۇسۇلمانلارغا نەرسە يوق بولىدۇ ياكى ئۇلار ئاخىر زاماندا مۇرتەد بولۇپ، دىنىدىن قايتىپ، ئەۋلادلىرى كاپىر بولۇپ، كاپىرلار كۈچلىنىپ كېتىپ، زاكاتنى، باجنى تاپشۇرمايدۇ. سىلەر باشلىغان جايغا قايتىسىلەر دېگىنى ئىسلام غەرب باشلانغان ئاخىرىدا ئۇ يەنە غەرىبلىككە قايتىدۇ دېگەنگە ئوخشاش، مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدىن ئېلىندى.)

منهومان لا يشبعان: طالب علم و طالب دنيا ( عد ) عن أنس ( البزار ) عن ابن عباس

6624. ئەنەس، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى ھېرىسمەن مەڭگۈ تويمايدۇ، بىرى ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى، يەنە بىرى دۇنيا تەلەپ قىلغۇچى، (ئالىم ئىلىمغا تويمايدۇ، دۇنياپەرەس تىجارەتچى مال ـ دۇنياغا تويمايدۇ). دارمى 338 ـ ھەدىستە، مەۋقۇف ھالەتتە يازغان، ئىبنى ئەدى، بەزار توپلىغان، سەھىھ.

6625 ( صحيح ) مه عليكم بما تطيقون من الأعمال فوالله لا يمل الله حتى تملوا ( خ ن ه ) عن عائشة

6625. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: ئۆزۈڭلارغا مۆھلەت، پۇرسەت بېرىڭلار، ئەمەللەردىن سىلەر تاقەت قىلالايدىغان، قادىر بولالايدىغانلىرىنى لازىم تۇتۇڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر ھېرىپ ـ چارچاپ قالمىساڭلار، ئاللاھ ئىبادەتنى قوبۇل قىلىشتا ۋە ھەممە ئىشتا ھېرىپ ـ چارچاپ قالمايدۇ. بۇخارى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. نەپلە ئىبادەتنى قادىر بولىشىچە قىلىش لازىم، لېكىن، ھازىر بۇ سۆزنى دېگىدەك قاتتىق چىڭ تۇرۇپ ئىبادەت قىلىدىغان ئابىدلار يوق.

**6626** ( صحيح ) مه يا عائشة ! فإن الله لا يحب الفحش و لا التفحش ( م ) عن عائشة

6626. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، يەھۇدىيلارنىڭ يامان سالىمىغا قارشى سۆز قىلغاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆھلەت، پۇرسەت بەرگىن ئى ئائىشە! ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا پاھىشە سۆز قىلىشنى، پاھىشىنى، ئاغزى بەزەپ قوپاللىقنى ياخشى كۆرمەيدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**6627** ( صحيح ) مهلا يا عائشة ! عليك بالرفق و إياك و العنف و الفحش ( خ ) عن عائشة

6627. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا! مۆھلەت بەر، ئالدىراپ كەتمە، مېھرىبان ، مۇلايىملىقنى لازىم تۇت، قوپاللىقدىن، پاھىشە سۆز قىلىشدىن، ئاغزى بەزەپلىكدىن، كىشىلەرنى تىللاشتىن، قاغاشدىن قاتتىق ھەزەر قىلغىن. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

مهلا يا خالد ! لا تسبها فوالذي نفسي بيده لقد تابت توبة لو تابها صاحب مكس لغفر له ( حم م د ن ) عن بريد

6628. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رىجىم قىلىنىغان بىر ئايالنى تىللاپ ئەيىبلىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئى خالىد! مۆھلەت بەر، ئالدىراپ ئۇ ئايالنى تىللاپ ئەيىبلەپ كەتمە، جېنىم قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن بۇ ئايال شۇنداق بىر سەممىي سادىق تەۋبە قىلدىكى، ئەگەر ئۇ تەۋبىنى، ھەقسىز ئېلىنىغان باج، چىقىمنىڭ ئىگىسى، باجگىر قىلغان بولسىمۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىناتتى، تەۋبىسى قوبۇل بولاتتى دېگەن . مۇسلىم 3208 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6629** ( صحيح ) مهل أهل المدينة من ذي الحليفة و للطريق الآخر الجحفة و مهل أهل العراق من ذات عرق و مهل أهل نجد من قرن و مهل أهل اليمن من يلملم ( م ه ) عن جابر

6629. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەدىنە ئەھلىنىڭ ئېھرام باغلاپ ئاۋاز قىلىدىغان ئورنى زۇلھۇلەيفى، يەنە بىر يولنىڭ يەنى شام ئەھلىنىڭ جەھفەت، ئىراق ئەھلىنىڭ زاتى ئىرق دېگەن جاي يەنى تاغ، نەجد ئەھلىنىڭ ئېھرام باغلاش ئورنى، قەرن، يەمەن ئەھلىنىڭ ئېھرام باغلاش ئورنى، يەلەملەمە دېگەن جايدۇر. مۇسلىم 2028 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2906 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6630** ( صحيح ) موالينا منا ( طس ) عن ابن عمر

6630. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىزنىڭ ئازادكەردە قۇللىرىمىز بىزنىڭ جۈملىمىزدىن. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. شۇڭا،

ئۇلارغىمۇ ئۆشرە ـ زاكات دۇرۇس ئەمەس.

**6631** ( صحيح ) موت الفجأة أخذة أسف ( حم د ) عن عبيدالله بن خالد

6631. ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۇيۇقسىز ئۆلۈم، غەم ـ قايغۇنىڭ ئازابىنىڭ تۇتىشىدۇر، يەنە بىر خاتىرىدە تۇيۇقسىز ئۆلۈم مۆئمىنگە راھەتتۇر، فاجىر، پاسىققا غەم ـ قايغۇ ئازابتۇر دېگەن . ئەھمەد 14949 ـ ھەدىس، 23891 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2703 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6632** ( حسن ) موتان الأرض لله و لرسوله فمن أحيا منها شيئا فهو له ( هق ) عن ابن عباس

6632. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قورۇغان، قاقاس، ئۆلۈك زېمىنلار ، ئاللاھنىڭ، ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ بولىدۇ، كىم ئۇنىڭدىن بىرەر يەرنى ئەھيا قىلىپ يەر ئېچىپ گۈللەندۈرسە، ئۇ زېمىن شۇ كىشىنىڭ بولىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6633** ( صحيح ) موسى بن عمران صفي الله ( ك ) عن أنس

6633. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمراننىڭ ئوغلى مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئاللاھنىڭ تاللانغان بەندىسى سەپىيۇللاھدۇر. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) موضع الإزار إلى أنصاف الساقين و العضلة فإن أبيت فأسفل فإن أبيت فمن وراء الساق و لا حق للكعبين في الإزار( ن ) عن حذيفة

6634. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىشتاننىڭ ئۇزۇنلۇقتىكى جايى ئىككى پاچاققىچە، پاچاقنىڭ لىپەك گۆشىگىچە بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىمىساڭ ، سەل پەسلەتكىن، ئەگەر يەنە ئۇنىمىساڭ پاچاقنىڭ لىپەك گۆشىنىڭ ئاستىغىچە بولىدۇ، ئىشتاندا ئىككى ئوشۇق ئۈچۈن ھەق يوقتۇر، (يەنى ئۇزۇنلۇقى ئوشۇققا يېتىپ قالسا ، ياكى ئىككى ئوشۇقدىن ئېشىپ كەتسە، قەتئىي دۇرۇس بولمايدۇ). نەسەئى 5234 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1705 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3562 ـ ھەدىس، سەھىھ.

موضع سوط في الجنة خير من الدنيا و ما فيها ( خ ت ه ) عن سهل بن سعد ( ت ) عن أبي هريرة

6635. سەھلى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتتىكى بىر تال قامچىنىڭ ئورنى، بۇ دۇنيادىن ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشىراقتۇر. (چۈنكى، ئۇ جەننەتنىڭ ئىچىدۇر). بۇخارى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

موقف ساعة في سبيل الله خير من قيام ليلة القدر عند الحجر الأسود ( حب هب ) عن أبي هريرة

6636. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇش مەيدانىدا بىر سائەت تۇرۇش، كەئبىنىڭ يېنىدىكى ھەجەر ئەسۋەدنىڭ يېنىدا قەدىر كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ تۈنەشدىنمۇ ياخشىراقتۇر. ئىبنى ھەببان، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6637** ( صحيح ) مولى القوم من أنفسهم ( خ ) عن أنس

6637. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەۋمنىڭ ئازادكەردە قۇللىرى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**6638** ( حسن ) ميامين الخيل في شقرها ( الطيالسي ) عن ابن عباس

6638. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاتنىڭ بەرىكىتى تۇم قىزىل ئاتتا بولىدۇ، قىزىل ئاتتا بەرىكەت باردۇر. تەيالىسى، تىرمىزى 1617 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2182 ـ ھەدىس، ئەھمەد 2326 ـ ھەدىس، ھەسەن.

**6639** ( صحيح ) ميتة البحر حلال و ماؤه طهور ( قط ك ) عن ابن عمرو

6639. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دېڭىزدىكى ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكلەر ھالالدۇر، ئۇنىڭ سۈيى پاكتۇر، يەنى تاھارەت ئالسا بولىدۇ. دارىقۇتنى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6640** ( صحيح ) الماء طهور لا ينجسه شيء ( حم ) عن أبي سعيد ( ن حب ك ) عن ابن عباس

6640. ئەبۇ سەئىد، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۇ دېگەن پاك، پاكىزدۇر، ئۇنى بىرەر نەرسە نىجىس قىلالمايدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنى قۇدۇقنىڭ سۈيى توغرىسىدا دېگەن بولۇپ، چىقىۋاتقان سۇ ياكى ئېقىۋاتقان ياكى چوڭ كۆلدىكى سۇ پاك، پاكىزدۇر، ياكى پاكىز سۇ باشقىلارنىڭ تاھارىتىدىن ئېشىپ قالسا ئۇرۇق ئىچىدە پاكىز، پاك قالىدۇ. لېكىن، ئاز مىقداردىكى سۇغا، توختاق سۇغا نىجىس چۈشۈپ كەتسە، تەمىنى، پۇرىقىنى، رەڭگىنى ئۆزگەرتسە ئۇ سۇ نىجىستۇر.

6641. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر.

المائد في البحر الذي يصيبه القيء له أجر شهيد و الغريق له أجر شهيدين ( د ) عن أم حرام

6642. ئۇممە ھەرەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىش ئۈچۈن دېڭىزغا چىقىپ، دېڭىز دولقۇنىدىن كېمىنىڭ تەۋرىنىشلىكىدىن بېشى قېيىپ، ياندۇرۇپ قۇسۇپ كەتكەن كىشىگە بىر شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ، غەرق بولغان كىشىگە ئىككى شېھىدنىڭ ئەجرى بېرىلىدۇ. (بىرى ئاللاھ يولىدا ئۆلۈش، يەنە بىرى سۇدا غەرق بولۇشتۇر). ئەبۇ داۋۇد 2132 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6643** ( صحيح ) المؤذن يغفر له مد صوته و أجره مثل أجر من صلى معه( طب ) عن أبي أمامة

6643. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇئەززىن ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاۋازى يەتكەن مۇساپە مىقداردا مەغپىرەت قىلىنىدۇ. (چۈنكى، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان بارلىق نەرسە مەغپىرەت سورايدۇ.) مۇئەززىننىڭ ئەجرى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش بولىدۇ. (چۈنكى، شۇلارنىڭ ئەجرى مۇئەززىنگىمۇ ئوخشاش بولىدۇ). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6644** ( صحيح ) المؤذن يغفر له مدى صوته و يشهد له كل رطب و يابس و شاهد الصلاة يكتب له خمس و عشرون صلاة و يكفر عنه ما بينهما ( حم د ن ه حب ) عن أبي هريرة

6644. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇئەززىن ئۇچۇن ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ يەتكەن يىراقلىقىنىكى مۇساپە مىقدارىدا مەغپىرەت قىلىنىدۇ. (قانچىلىك يىراققا يەتسە، شۇنچىلىك كۆپ ھەم زور مەغپىرەت قىلىنىدۇ)، ئۇنىڭ ئۇچۇن بارلىق ھۆل، قۇرۇق، جانلىق، جانسىز ھەممە نەرسە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. نامازغا ھازىر بولۇپ جامائەت بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇغان كىشىگە 25 ناماز يېزىلىدۇ، ئۇ كىشىدىن ئىككى ناماز ئارىسىدىكى گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**6645** ( صحيح ) المؤذنون أطول الناس أعناقا يوم القيامة ( حم م ه ) عن معاوية

6645. مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇئەززىنلەر قىيامەت كۈنى كىشىلەرنىڭ ئەڭ بويىنى ئېگىز ، ئۇستۇنلىرىدۇر. بېشىنى تىك تۇتۇپ ماڭالايدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. يەنى، قورقۇنچىدىن، خىجىللىقدىن ئەمىندۇر.

**6646** ( حسن ) المؤذنون أمناء المسلمين على صلاتهم و حاجتهم ( هق ) عن الحسن مرسلا

6646. ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇئەززىنلەر، مۇسۇلمانلارنىڭ نامازلىرىغا، ھاجەتلىرىگە ئەڭ ئىشەنچىلىك كىشىلەردۇر، (يەنى ناماز ۋاقتى ئۇلارغا ئامانەتتۇر). بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**6647** ( حسن ) المؤذنون أمناء المسلمين على فطرهم و سحورهم ( طب ) عن أبي محذورة

6647. ئەبۇ مەزھۇۋۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇئەززىنلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىپتار ۋاقتى ۋە زوھۇرلۇق ۋاقتلىرىغا ئىشەنچىلىك ئامانەت ئەھلىدۇر. (ناماز، ئىپتار، زوھۇرلۇق ۋاقتلىرى ئۇلارغا ئامانەتتۇر). تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**6648** ( صحيح ) المؤمن أخو المؤمن فلا يحل للمؤمن أن يبتاع على بيع أخيه و لا يخطب على خطبة أخيه حتى يذر ( م ) عن عقبة بن عامر

6648. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن دېگەن مۆئمىننىڭ قېرىندىشى بولىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن مۆئمىننىڭ ئۆز قېرىندىشىنىڭ سودىسى ئۇستىگە سودا قىلىشى، سودىسىنى بۇزۇپ سېتىۋېلىشى، ئالىمەن دېگەننى ئېلىۋېلىشى، ئەلچى ئەۋەتكەن ئايال ئۇستىگە ئۇ ۋاز كېچىپ تەرك ئېتىپ بولدى قىلمىغۇچە، ئالىمەن دەپ ئەلچى ئەۋەتىشى قەتئىي ھالال ئەمەس، (يەنى ھارامدۇر). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**6649** ( صحيح ) المؤمن إذا اشتهى الولد في الجنة كان حمله و وضعه و سنه في ساعة واحدة كما يشتهي ( حم ت ه حب ) عن أبي سعيد

6649. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن جەننەتتە بالىنى ئىشتىھا، ئارزۇ قىلىپ قالسا، ئۇ بالىنىڭ ھامىلىدارلىق ۋاقتى، تۇغۇلۇشى، ياشقا توشۇشى، ئۇ ئارزۇ قىلغاندىكىدەكلا بىر سائەت ئىچىدىلا بولىدۇ. (خالىغىنى بار). ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**6650** (صحيح) المؤمن القوي خير و أحب إلى الله من المؤمن الضعيف و في كل خير احرص على ما ينفعك و استعن بالله و لا تعجز و إن أصابك شيء فلا تقل: لو أني فعلت كان كذا و كذا و لكن قل: قدر الله و ما شاء فعل فإن لو تفتح عمل الشيطان ( حم م ه ) عن أبي هرير

6650. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۈچلۈك مۆئمىن ئاجىز، زەئىپ مۆئمىندىن ئاللاھقا سۆيۈملۈك ۋە ياخشىراقتۇر. (يەنى ئېتىقاد، ئىمانى ئەمەللىرى، باتۇرلۇقى كۈچلۈك) ھەممىسىدە ياخشىلىق باردۇر، سەن ئۆزۈڭگە پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان نەرسىگە ھېرىسمەن بول!، ئاللاھ بىلەنلا ياردەم سورا، ئاجىز بولما، ئەگەر ساڭا بىرەر نەرسە يەتسە، مۇسىبەت يەتسە، زىيان يەتسە، ھەي! ئەگەر مۇنداق قىلغان بولسام مۇنداق ـ مۇنداق بولاتتى ئەمەسمۇ؟ دېمىگىن ، لېكىن، سەن ئاللاھنىڭ تەقدىرى ئاللاھ خالىغانىنى قىلىدۇ. (ئاللاھ خالىغان نەرسە بولىدۇ، خالىمىغان ئىرادە قىلمىغان نەرسە بولمايدۇ). دېگىن ، ھەقىقەتەن لەۋ كەلىمىسى، يەنى ئەگەر ئۇنداق قىلغان بولسام، ئەگەر مۇنداق قىلغان بولسام دېگەن بۇ سۆز شەيتاننىڭ خىزمەت ئەمەللىرىگە ئىشىك ئېچىپ بېرىدۇ. (شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشكىدىن كىرىپ، خىزمىتىنى قىلسا، ئۇ كىشى ئازىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6651** ( صحيح ) المؤمن الذي يخالط الناس و يصبر على أذاهم أفضل من المؤمن الذي لا يخالط الناس و لا يصبر على أذاهم ( حم خد ت ه ) عن ابن عمر

6651. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىدىغان مۆئمىن، كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان ئەزىيەتلىرىگىمۇ سەۋر قىلمايدىغان مۆئمىندىن ئەۋزەلدۇر. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىستە توغرا خاتالىق مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى، ھەر ئىككىلىسى مۆئمىن دېيىلگەن پەقەت ئەۋزەللىك مەۋجۇت. پىتنە ـ پاساتنىڭ دەۋرى ئاخىر زامانلاردا ئىمانى ساقلاپ قېلىش، ھەممىدىن ئەۋزەل، ئەگەر ماڭا: سەن ئۆچۈن دۇنيا ـ جامائەت تۇغقانلار، قەۋملەر توي، تۇرمۇش ئايال، بالا، ماللار مۇھىممۇ؟ ياكى ئىمانمۇ؟ دېيىلسە ، ئەلۋەتتە مەن: ئىمان مۇھىم، ئىمان ئەۋزەل دېگەن بولاتتىم، ئاللاھنى، ئاخىرەتنى، جەننەتنى، ئىماننى توغرا ئېتىقادنى تاللىغان بولاتتىم، سىزچۇ؟!.

المؤمن بخير على كل حال تنزع نفسه من بين جنبيه و هو يحمد الله ( ن ) عن ابن عباس

6652. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن ھەر ھالدا ياخشىدۇر، ھەر قانداق ھالەتتە ياخشىلىقتا بولىدۇ، ئۇنىڭ جېنى، روھى، قوۋۇرغىلىرى ئارىسىدىن ئۇ ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ، شۈكرى قىلغان ھالەتتە تارتىلىدۇ. (يەنى جان ئۈزۈۋاتقان ھالىتىمۇ ياخشىدۇر، ئاللاھ يولىدا ئۆلسە، يا ئۆلتۈرۈلسە، تېخىمۇ ياخشىدۇر!) نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6653** ( حسن ) المؤمن غر كريم و الفاجر خب لئيم ( د ت ك ) عن أبي هريرة

6653. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن دېگەن ، سېخىي، ئەخلاقى ياخشى، يامانلىقى يوق، نۇرلۇق بولىدۇ، فاجىر، پاسىق دېگەن ، پەسكەش ھىيلە ـ مىكرى كۆپ، ئالدامچى، پاساتچى بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 4158 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1887 ـ ھەدىس، ئەھمەد 8755 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، ئەلبانى مىشكاتنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىپ، باھا بېرىلىشىدە بۇ ھەدىسنى زەئىپ دېگەن ، بۇ جايدا بولسا، بۇ زەئىپ ھەدىس ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدۇ دېگەن ، ئاللاھۇ ئەئلەم، ئەلبانىيمۇ بىر قىسىم ھۆكۈملىرىدىن يانغان، چۈنكى ئۇ ھەقنى تاپسىلا

سەللەمنا دەيدۇ.

**6654** ( صحيح ) المؤمن للمؤمن كالبنيان يشد بعضه بعضا ( ق ت ن ) عن أبي موسى

6654. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن يەنە بىر مۆئمىن ئۈچۈن خۇددى بەزىسى ـ بەزىسىنى چىڭىتىپ، كۈچلەندۈرۈپ تۇرىدىغان، بىناغا ئوخشايدۇ، (ئەنە شۇنداق زىچ ھەمكارلىشىشى ئۆزئارا ياردەملىشىشى لازىم، يار ـ يۆلەكتە بولۇشى لازىم). بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6655** ( صحيح ) المؤمن مرآة المؤمن ( طس الضياء ) عن أنس

6655. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن يەنە بىر مۆئمىننىڭ ئەينىكىدۇر. تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ، ئۇ دائىم خاتالىقنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، خاتالىقى بار كىشى ئەينەكنى جىجىماي ئۆزىنى تۈزىتىشى لازىم، ئەينەكتە نېمە گۇناھ؟!

المؤمن مرآة المؤمن و المؤمن أخو المؤمن يكف عليه ضيعته و يحوطه من ورائه ( خد د ) عن أبي هرير

6656. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن، مۆئمىننىڭ ئەينىكىدۇر، مۆئمىن، مۆئمىننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۆئمىن يەنە بىر مۆئمىننىڭ، زىرائەت، تىجارەت، سانائەت جەھەتتىكى تۇرمۇشىنىڭ زىيىنىدىن ھالاكىتىدىن زايا كېتىشىدىن توسىدۇ، قادىر بولۇشىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنى قوغدايدۇ،زىياندىن ساقلاپ قالىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 4272 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1852 ـ ھەدىس، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، ھەسەن.

**6657** ( صحيح ) المؤمن مكفر ( ك ) عن سعد

6657. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن دېگەن ، گۇناھلىرى كاپارەت قىلىنغان، ئۆچۈرۈلگەن بولىدۇ.ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. يەنى مۆئمىن كىشى دائىم گۇناھلىرىغا كاپارەت بولۇپ تۇرىدىغان بالالەرگە، سىناقلارغا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ دۇنيا ئۇنىڭ تۈرمىسىدۇر.

المؤمن من أمنه الناس على أموالهم و أنفسهم و المهاجر من هجر الخطايا و الذنوب ( ه ) عن فضالة

6658. پۇزالەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن دېگەن كىشىلەر مال ـ مۈلۈكلىرىگە، ئۆزلىرىگە نىسبەتەن ئەمىن بولغان، خاتىرجەم ئىشەنگەن كىشىدۇر، كىشىلەرنى مال ـ مۈلۈكىدىن ، جانلىرىدىن خاتىرجەم قىلغان كىشىدۇر، مۇھاجىر دېگەن خاتالىقلارنى گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى تاشلاپ تەرك ئەتكەن، گۇناھلاردىن ھىجرەت قىلغان كىشىدۇر. ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

**6659** ( حسن ) المؤمن من أهل الإيمان بمترلة الرأس من الجسد يألم المؤمن لأهل الإيمان كما يألم الجسد لما في الرأس ( حم ) عن سهل بن سعد

6659. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن دېگەن ، ئىمان ئەھلىگە نىسبەتەن خۇددى جەسەتكە نىسبەتەن باشنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ، ئۇ خۇددى جەسەت باشتىكى نەرسىگە، باشقا ئەزالارغا ئەلەم چېكىپ، تەڭ ئاغرىق ھېس

قىلغاندەك، ئىمان ئەھلى ئۈچۈن ئەلەم چېكىدۇ، تەڭ دەرد تارتىشىپ بېرىدۇ. غەم ـ قايغۇلىرىغا تەڭ غەم قىلىشىپ، چارە ئامال تاپىدۇ. (بۇ ھەدىس خۇددى مۆئمىن بىر جەسەتكە ئوخشايدۇ بىرەر ئەزا ئاغرىپ قالسا، ھەممە يەرلىرى تەڭ قىزىپ قالىدۇ، ئەنە شۇنىڭدەك ھەمكارلىشىدۇ، يار ـ يۆلەكتە بولۇپ، ياردەملىشىدۇ، ئىتتىپاقلىشىدۇ، خاپىلىققا تەڭ غەم قىلىدۇ دېگەن ھەدىسكە ئوخشايدۇ). ئەھمەد 21807 ـ ھەدىس، ھەسەن.

**6660** ( صحيح ) المؤمن يأكل في معى واحد و الكافر يأكل في سبعة أمعاء ( حم ق ت ه ) عن ابن عمر ( حم م ) عن جابر ( حم ق ) عن أبي هريرة ( م ه ) عن أبي موسى

6660. ئىبنى ئۆمەر، جابىر، ئەبۇ ھۈرەيرە، ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن بىرلا ئۈچەيگە يەيدۇ، كاپىر يەتتە ئۈچەيگە يەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىسنى بىر كىشى كېلىپ كەچتە يەتتە قاچا سۈت ئىچىپ بولۇپ، ئەتىسى مۆئمىن بولۇپ، مۇسۇلمان بولغان چاغدا ئاران بىر قاچا سۈت ئىچىپ تويۇپ قالغاننى كۆرۈپ دېگەندۇر . بۇ ھەدىستە مۆجىزە بار بولۇپ، بۇنى سىز تور بېتىدە كۆرۈڭ.

**6661** ( صحيح ) المؤمن يألف و لا خير فيمن لا يألف و لا يؤلف ( حم ) عن سهل بن سعد

6661. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن دېگەن ، ئۈنسى ـ ئۈلپەت، پايدا ـ مەنپەئەت بېرىپ، كېلىشىپ بىر ـ بىرىنىڭ قەلبىنى مايىل قىلىشىپ ياشايدۇ، ئۇنداق بولمايدىغان ھەم ئۇنداق قىلغىلى بولمايدىغان، كېلىشىپ، ئەپلىشىپ ياشىغىلى بولمايدىغان كىشىدە ياخشىلىق يوقتۇر. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**6662** ( حسن ) المؤمن يألف و يؤلف و لا خير فيمن لا يألف و لا يؤلف و خير الناس أنفعهم للناس ( قط في الأفراد الضياء ) عن جابر

6662. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن دېگەن ، ئۈنسى ـ ئۈلپەت، پايدا ـ مەنپەئەت بېرىپ، ئەپلىشىپ، كېلىشىپ ياشايدۇ، ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق قىلىنىدۇ. ئۈنسى ـ ئۈلپەت بەرمەيدىغان ھەم بېرىلمەيدىغان، ئىتتىپاق ھالەتتە كېلىشىپ ياشىمايدىغان ھەم شۇنداق ياشىغىلى، ھەمكارلاشقىلى، ياردەملەشكىلى بولمايدىغان كىشىدە ياخشىلىق يوق، كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىراقى كىشىلەرگە پايدا ـ مەنپەئەتنى كۆپ بەرگىنىدۇر. دارىقۇتنى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن.

المؤمن يشرب في معى واحد و الكافر يشرب في سبعة أمعاء ( حم م ت ) عن أبي هريرة

6663. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن بىر ئۈچەيگە ئىچىدۇ، كاپىر يەتتە ئۈچەيگە ئىچىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6664** ( صحيح ) المؤمن يغار و الله أشد غيرا ( م ) عن أبي هريرة

6664. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن كۈندەشلىك قىلىپ ئاچچىقلايدۇ، ھەقىقەتنى قوغداشدا غەيرەتلىكتۇر، ئاللاھ ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك كۈندەشلىك قىلىدۇ. (شۇڭا پاھىشىنى ھارام قىلغاندۇر). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**6665 ( صحيح ) المؤمن يموت بعرق الجبين ( حم ت ن ه ك ) عن بريدة**

6665. بۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن كىشى پېشانىسى تەرلەپ ئۆلىدۇ، جان ئۈزگەندە پېشانىسى تەرلەيدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6666 ( صحيح ) المؤمنون تكافأ دماؤهم و هم يد على من سواهم و يسعى بذمتهم أدناهم ألا لا يقتل مؤمن بكافر و لا ذو عهد في عهده من أحدث حدثا فعلى نفسه و من أحدث حدثا أو آوى محدثا فعليه لعنة الله و الملائكة و الناس أجمعين ( د ن ك ) عن علي**

6666. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنلەرنىڭ قانلىرى ھەم تەڭدۇر، يەنى باراۋەردۇر، ئۇلار ئۆزلىرىدىن باشقا دۈشمەن كىشىلەرگە قارشى بىر قولدەكلا ئىتتىپاقتۇر. ئۇلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىكلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئەھدىسىنى ئىجرا قىلالايدۇ، ئەمىنلىك بىرەلەيدۇ، بۇ جەھەتتىمۇ باراۋەردۇر، ئاگاھ بولۇڭلار ، مۆئمىن، كاپىرنىڭ باراۋىرىگە ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، (چۈنكى، ئۇلارنىڭ قېنى باراۋەر ئەمەس، ئۆزىمۇ شۇ). ئەھدەـ توختام، كېلىشىم ئىگىسىمۇ ئەھدى مۇددىتى ئىچىدە ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. كىم بىرەر بىدئەتنى پەيدا قىلسا، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنىغا بولىدۇ، كىم بىدئەت پەيدا قىلسا، ياكى بىدئەتچىگە ئورۇن، جاي بەرسە، ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىگە ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**المؤمنون كرجل واحد إن اشتكى رأسه تداعى له سائر الجسد بالحمى و السهر ( حم م ) عن النعمان**

6667. نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنلەر خۇددى بىرلا كىشىگە، بىرلا كىشىنىڭ جەسىتىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ بېشى ئاغرىپ قالسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئەزالىرى قىزىش، ئۇيقۇسىز قېلىش بىلەن ئەڭ دەرد ـ ئەلەم تارتىدۇ. . ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**المؤمنون كرجل واحد إن اشتكى رأسه اشتكى كله و إن اشتكى عينه اشتكى كله ( حم م ) عن النعمان**

6668. نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنلەر بىرلا كىشىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ بېشى ئاغرىسا ھەممە يېرى تەڭ ئاغرىيدۇ، ئەگەر كۆزى ئاغرىسا، يەنە ھەممە يېرى تەڭ ئاغرىپ دەرد ـ ئەلەم تارتىدۇ، قىزىپ ئۇيقۇسىز قالىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.( مۆئمىنلەر ئەنە شۇنداق ئىتتىپاق بولۇشى، يار ـ يۆلەكتە بولۇشى، خاپىلىقتا دەرد ـ ئەلەمگە تەڭ ئەلەم تارتىشى، بىر ـ بىرىنىڭ غېمىنى يېيىشى، زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇشى، پۈتۈن دۇنيا بويىچە ھەمكارلىشىپ، بىرلىشىپ، ياردەملىشىش بەكمۇ زۆرۈر، بولۇپمۇ ھازىر قاتتىق زۆرۈردۇر.)

**6669 ( حسن ) المؤمنون هينون لينون كالجمل الأنف إن قيد انقاد و إذا أنيخ على صخرة استناخ ( ابن المبارك ) عن مكحول مرسلا ( هب ) عن ابن عمر**

6669. مەكھۇل، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنلەر دېگەن مۇلايىم، ياۋاش ، ئاسان قىلغۇچى، ئىتائەتچاندۇر، ئۇلار خۇددى بۇرنىغا چۇلۇك ئۆتكۈزۈلگەن تۆگىگە ئوخشاش يېتىلسە، شۇ تەرەپكە بويسۇنۇپ ماڭىدۇ، ئەگەر تاش ئۈستىگە چوكلاندۇرۇلسا، شۇ جايىدىلا ياتىدۇ. (يەنى ئىسلام خەلىپىسىگە، قوماندان ، گېنىرالغا شۇنداق، ئۆزئارا

شۇنداق كۆيۈمچان، مېھرىبان، لېكىن، كاپىرلارغا قاتتىق قول بولىدۇ.) ئىبنى مۇبارەك، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

الماهر بالقرآن مع السفرة الكرام البررة و الذي يقرؤه و يتعتع فيه و هو عليه شاق له أجران(ق د ه ) عن عائشة

6670. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى ماھىرلىق بىلەن ئوقۇغۇچى (يەنى تەجۋىدلىك، قائىدىلىك، دانىمۇ ـ دانە ئوقۇغۇچى) ناھايىتى ھۆرمەتلىك، ئۇلۇغ، ياخشى پۈتۈكچى پەرىشتىلەر بىلەن بىللە بولىدۇ.(يەنى ئىككى تەرىپىدە پەرىشتىلەر بىرگە تۇرىدۇ،) قۇرئاننى ئىنتايىن تەستە، قىينىلىپ ئوقۇيدىغان، ئوقۇش، ئۇ كىشىگە مۇشەققەت، تەس بولىدىغان كىشى ئۈچۈن ئىككى ئەجىر يېزىلىپ تۇرىدۇ. مۇسلىم، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6671** ( صحيح ) المتباريان لا يجابان و لا يؤكل طعامهما ( هب ) عن أبي هريرة

6671. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر ـ بىرى بىلەن مۇسابىقىلەشكۈچى، كۆچ، سىناشقۇچى، مەنمەنلىك تالىشىپ، ئۆزىنى كۆرسەتكۈچى رىياخور ئىككى كىشىنىڭ زىياپىتىگە چاقىرىلسا بېرىلمايدۇ. بېرىشقا بولمايدۇ، تاماقلىرى يېيىلمەيدۇ. (چۈنكى ئۇ باھالىنىشقا، پەخىرگە، رىياخورلۇققا ياردەملەشكەنلىك ، ساۋاب يوق، بەلكى گۇناھدۇر). بەيھەقى توپلىغان سەھىھ.

**6672** ( صحيح ) المتبايعان بالخيار ما لم يتفرقا إلا أن تكون صفقة خيار و لا يحل له أن يفارق صاحبه خشية أن يستقيله ( د ن ) عن ابن عمرو

6672. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئېلىپ ساتقۇچى ئىككى كىشى، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمىسىلا، ئىختىيارلىقتا بولىدۇ، سودىسى ئىختىيارلىق، سودا بولسا ئايرىلىپ كەتسىمۇ ئىختىيارلىقتا بولىدۇ، ھەر ئىككىسىنىڭ بىرسى ـ بىرسىدىن سودامنى بۇزۇۋېتەرمۇ دەپ قورقۇپ، ئەنسىرەپ ئايرىلىشى ھالال ئەمەس. (بەلكى، ئەنسىرىمەي، رازى قىلىپ خاتىرجەم ئايرىلىشى كېرەك). ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6673** ( صحيح ) المتبايعان بالخيار ما لم يتفرقا إلا أن يكون البيع كان عن خيار فإن كان البيع عن خيار فقد وجب البيع ( ن ) عن ابن عمر

6673. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالغۇچى، ساتقۇچى ئىككى كىشى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمىسىلا، سودىنى بۇزۇۋشدا ئىختىيارلىقتا بولىدۇ، ئايرىلىپ كەتسىلا ئىختىيارلىق يوقتۇر. لېكىن، سودىسى ئىختىيارلىق بېرىش سودىسى بولسا، ئىختىيارلىق باردۇر، ئىختىيارلىق بېرىش سودىسىدىمۇ، سودا، ئېلىم ـ سېتىم ۋاجىپ بولىدۇ. (چۈنكى، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلدى، سودا ئىختىيارلىق سودىسىدا ۋاجىپ بولىدۇ). نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

6674. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر.

المتشبع بما لم يعط كلابس ثوبي زور ( حم ق د ) عن أسماء بنت أبي بكر ( م ) عن عائشة

6675. ئەسما، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بېرىلمىگەن نەرسە بىلەن ئۆزىنى قورسىقى توق كۆرسەتكۈچى، ئاغزىنى تاتلىق قىلغۇچى كىشى، خۇددى كىيىمنىڭ ئۆزۈننى ئىچىگە، قىسقىسىنى تېشىغا كىيىپ، ئۆزىنى باي كۆرسەتكۈچى،

يالغانچىنىڭ ئىككى كىيىمنى كىيگەن ئەخمەق، پىقىرغا ئوخشايدۇ. (خۇددى يارالمىغان نەرسىنى سورىغاندەك، چۆكۈپ كەتكەن كىيىمگە قىرغاق ئىزدىگەندەك ئىش). ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

المتمسك بسنتي عند اختلاف أمتي كالقابض على الجمر ( الحكيم ) عن ابن مسعود

6676. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىم ئىختىلاپلاشقاندا، مېنىڭ سۈننىتىمگە مەھكەم ئېسىلغۇچى كىشى، خۇددى چوغنى چاڭگاللاپ تۇرغۇچىغا ئوخشايدۇ. (تاشلىۋەتسە، چوغدىن قۇرۇق قالىدۇ، چىڭ تۇتۇپ تۇرسا، قولى كۆيىدۇ، ئىمانىنى ساقلىماق سۈننەتكە مەھكەم ئېسىلماق ئەنە شۇنداق قىيىندۇر، سەۋرى قىلغانلار ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغانلار ئاداققىچە مۇستەھكەم تورغانلار چوقۇم نىجاد تاپىدۇ). ھەكىيم توپلىغان، سەھىھ.

6677 ( صحيح ) المتوفى عنها زوجها لا تلبس المعصفر من الثياب و لا الممشقة و لا الحلي و لا تختضب و لا تكتحل ( م ن ) عن أم سلمة

6677. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ، ئىددەت تۇتىۋاتقان ئايال، (تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت توشقىچە ياكى ھامىلدار بولسا، تۇغۇپ بولغىچە) سېرىق رەڭدە، قىزىل رەڭدە بويالغان كىيىمنى كەيمەيدۇ، ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىمايدۇ، چېچىنى خىنىدە بويىمايدۇ، ھەتتا كۆزىگىمۇ سۈرمە تارتمايدۇ. (ئىددىتى توشقاندا ئەرلەرگە يا تەگكەن ئېرىگە شۇنداق ياسانسا دۇرۇس بولىدۇ). نەسەئى 3479 ـ ھەدىس، مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

6678 ( حسن ) المجالس بالأمانة ( خط ) عن علي

6678. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەجلىسلەر ئامانەت بىلەن ئېچىلىدۇ، مەجلىسدىكى سۆزلەر ئامانەتتۇر، (ئۇنى ئاشكارىلىغۇچى، خىيانەتچى خائىندۇر). خەتىيبۇلبەغدادى توپلىغان، ھەسەن.

6679 ( صحيح ) المجاهد من جاهد نفسه في الله ( ت حب ) عن فضالة بن عبيد

6679. پۇزالەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇجاھىد دېگەن ئاللاھ يولىدا ئۆز نەپسى بىلەن جەڭ قىلغۇچى كىشىدۇر، (نەپسى بىلەن جەڭ قىلىش چوڭ جىھاددۇر). تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

6680 ( صحيح ) المحرمة لا تنتقب و لا تلبس القفازين ( د ) عن ابن عمر

6680. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەجگە ئېھرام باغلىغۇچى ئايال كىشى، نىقابلانمايدۇ، ئىككى قولىغىمۇ پەلەي سالمايدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

6681 ( صحيح ) المختلعات هن المنافقات ( ت ) عن ثوبان

6681. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەۋەبسىز، ئۆزرىسىز خۇلئى تەلەپ قىلغۇچى ئاياللار يەنى ئېرى بىلەن تويلۇق مېھرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ،ئۆزرىسىز ئاجرىشىش كېلىشىمنى تەلەپ قىلغۇچى ئاياللار مۇناپىق ئاياللاردۇر. تىرمىزى

توپلىغان، سەھىھ. سەۋەب، ئۆزرە بىلەن كېلىشىم تەلەپ قىلغۇچى ئاياللارغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوشۇلغان، بۇ ھەر قايسى سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىنىڭ خۇلئى بابىدا باردۇر.

**6682** ( صحيح ) المدعى عليه أولى باليمين إلا أن تقوم عليه البينة ( هق ) عن ابن عمرو

6682. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (ھۆججەت، دەلىل ـ ئىسپات كەلتۈرۈش، دەۋاگەرنىڭ ئۈستىگە بولغاچقا)، جاۋابكار قەسەم قىلىشقا ئەڭ لايىقتۇر. لېكىن، دەلىل ـ ئىسپات، گۇۋاھچى تۇرغۇزۇلسا، يەنىمۇ قەسەم قىلالمايدۇ. (دېلو ئاخىرلىشىدۇ). بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6683** ( صحيح ) المدينة حرام ما بين عير إلى ثور فمن أحدث فيها حدثا أو آوى فيها محدثا فعليه لعنة الله و الملائكة و الناس أجمعين لا يقبل الله منه يوم القيامة صرفا و لا عدلا و ذمة المسلمين واحدة يسعى بها أدناهم فمن أخفر مسلما فعليه لعنة الله و الملائكة و الناس أجمعين لا يقبل الله منه يوم القيامة صرفا و لا عدلا و من ادعى إلى غير أبيه أو انتمى إلى غير مواليه فعليه لعنة الله و الملائكة و الناس أجمعين لا يقبل الله منه يوم القيامة صرفا و لا عدلا( حم ق د ت ) عن علي ( م ) عن أبي هريرة

6683.ئەلى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەدىنىنىڭ ئەير دېگەن جايىدىن باشلاپ سەۋر دېگەن جايغىچە بولغان ئارىلىقى ھارامدۇر، كىم مەدىنىدە گۇناھ، مەئسىيەت قىلىپ بىدئەت پەيدا قىلسا ياكى دىندا ئەقىدە، ئىبادەت جەھەتتىن بىدئەت پەيدا قىلغۇچى بىدئەتچىگە ئورۇن، جاي بېرىپ، ھىمايە قىلسا، ئۇ كىشىگە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلەرنىڭ بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ، ئاللاھ ئۇ كىشىدىن قىيامەت كۈنى پەرز، ياكى نەپلە ئىبادىتىنى تەۋبە ۋە فىدىيەلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھدىسى بىردۇر، ئۇلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكىلىرىمۇ ئۇ ئەھدىنى ئىجرا قىلالايدۇ، بۇزۇش ياكى ۋاپا قىلىشتا ھوقۇقتا ئىگە، كىم مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئەھدىسىنى بۇزۇۋەتسە، خىيانەت قىلسا، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ، بالىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭدىن پەرز، نەپلە ئىبادىتىنى، تەۋبىسىنى، فىدىيىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. كىم ئۆزىنى باشقا كىشىگە نىسبەت بېرىپ، دادىسىدىن باشقا كىشىنى دادام دەپ داۋا قىلسا، ياكى ئۆز خوجايىنىدىن باشقا كىشىنى خوجايىنىم دەپ داۋا قىلىپ ئۆزىنى باشقا كىشىگە نىسبەت بەرسە، مەنسۇپ بولۇۋالسا، ئۇ كىشىگىمۇ ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولىدۇ. قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭدىن پەرز ۋە نەپلە، تەۋبە ، فىدىيىلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەھمەد ، بەيھەقى، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**6684** ( صحيح ) المدينة حرام ما بين عير إلى ثور لا يختلى خلاها و لا ينفر صيدها و لا تلتقط لقطتها إلا لمن أشاد بها و لا يصلح لرجل أن يحمل فيها سلاحا لقتال و لا يصلح أن يقطع منها شجرة إلا أن يعلف رجل بعيره ( د ) عن علي

6684. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەدىنىنىڭ ئەير دېگەن جايىدىن باشلاپ، سەۋر دېگەن يېرىگىچە ھارامدۇر، يەنى چەكلىنىدۇ، دەرەخلىرى كېسىلمەيدۇ، ئوۋلىرى قاچۇرۇلمايدۇ، ھەم ئوۋلانمايدۇ، ئۇ جايدا چۈشۈپ قالغان نەرسىلەرنى ئىگىسىدىن باشقىلار ئېلىۋالالمايدۇ، پەقەت مال ئىگىسى، ئىزدەپ تەلەپ قىلغۇچى جاكارچىلار ئالالايدۇ، مەدىنىدە ئۇرۇش ئۈچۈن بىرەر كىشىنىڭ قورال كۆتۈرۈشى ھالال ئەمەس، ھارامدۇر، دەرەخلىرى كېسىلمەيدۇ،

پەقەت كىشىلەرنىڭ تۆگىلىرىگە ھەلەپ بېرىشى، ئوت ـ چۆپ بېرىشى دۇرۇس، (ئىزخىر ئىسىملىك ئوت ـ چۆپ، ئۆيىنىڭ ئۈستىگە سېلىشقا تۈمۈرچىلەرگە دۇرۇس). ئەبۇ داۋۇد قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

6685. بۇ ھەدىس، يۇقىرىقىلارغا ئوخشاشتۇر.

**6686** ( صحيح ) المدينة حرم آمن ( أبو عوانة ) عن سهل بن حنيف

6686. سەھلى ئىبنى ھەنىيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەدىينە ئەمىن، تىنچ ، خاتىرجەم ھەرەم .يەنى ھارام قىلىنغان جايدۇر.ئەبۇ ئەۋانە توپلىغان، سەھىھ.

**6687** ( صحيح ) المراء في القرآن كفر ( د ك ) عن أبي هريرة

6687. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاندا جېدەل ـ ماجىرا ، ئىختىلاپ قىلىش يەنى قۇرئان توغرىسىدا جېدەل ـ ماجىرا ، ئىختىلاپ، دە ـ تالاش قىلىش، كۇفرىلىقتۇر.( يەنى دىندىن ئىسلام مىللىتىدىن چىقىرىۋېتىدىغان ياكى يەڭگىل بولغاندا، نىپمەتكە ، كۇفرىلىقتۇر.) ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6688** ( صحيح ) المرء في صلاة ما انتظرها ( عبد بن حميد ) عن جابر

6688. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى نامازغا ئىنتىزار بولۇپ نامازنى ساقلاپ تۇرسىلا، ناماز ئىچىدە تۇرغان ھېسابلىنىدۇ. ئابدۇ توپلىغان، سەھىھ.

**6689** ( صحيح ) المرء مع من أحب ( حم ق 3 ) عن أنس ( ق ) عن ابن مسعود

6689. ئەنەس، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشى بىلەن بىللە بولىدۇ. (يەنى جەننەتتە)، (شۇڭا ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى ياخشى كۆرۈش ۋاجىپ). ئەھمەد، بەيھەقى، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**6690** ( صحيح ) المرأة عورة فإذا خرجت استشرفها الشيطان ( ت ) عن ابن مسعود

6690. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى دېگەن پۈتۈنلەي ئەۋرەتتۇر، (ھەممە يېرى ئەۋرەتتۇر). شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال كىشى سىرتتا چىقسا، شەيتان قىزغىن قارشى ئېلىپ كۈتۈۋالىدۇ. (چۈنكى ئاياللار دۇنيا بىلەن بىرگە شەيتاننىڭ سەركەردىسى تۇرسا). تىرمىزى 1093 ـ ھەدىس، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن ھىجاپ، يۈزنى يۆگەش ۋاجىپتۇر.

**6691** ( صحيح ) المرأة لآخر أزواجها ( طب ) عن أبي الدرداء ( خط ) عن عائشة

6691. ئەبۇ دەردائى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى ئاخىرەتتە يەنى جەننەتتە، بۇ دۇنيادا تەگكەن بىر نەچچە ئەرلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىغا بېرىلىدۇ. تەبرانى، خەتىيبۇلغەدادى توپلىغان، سەھىھ. يەنە بىر ھەدىستە ئەخلاقى ياخشىسىنى تاللايدۇ، چۈنكى، خالىغىنى باردۇر، دېيىلگەن ئىبنى كەسىير.

**6692** ( صحيح ) المزدلفة كلها موقف ( ن ) عن جابر

6692. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇزدەلىفە دېگەن تاغنىڭ ھەممە يېرى ئاللاھنى ئەسلەپ، ۋوقۇف قىلىپ تۇرىدىغان ئورۇندۇر. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6693** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **5929** المزر كله حرام ( أبيضه و أحمره و أسوده و أخضره ) ( ط ب ) عن ابن عباس

6693. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىزرە ئىسىملىك بۇغداي ، قوناق، ئارپا قاتارلىق ھەرخىل نەرسىلەردە ياسىلىدىغان مەست قىلغۇچى ئىچىملىكنىڭ ئېقى، قىزىلى، قارىسى، يېشىلى ھەممىسى ھارامدۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6694** ( صحيح ) المسألة أن ترفع يديك حذو منكبيك و الاستغفار أن تشير بأصبع واحدة و الابتهال تمد يديك جميعا ( د ) عن ابن عباس

6694. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۇئادا ئاللاھدىن نەرسە سورىغاندا ئىككى قولۇڭنى، ئىككى مۈرەڭنىڭ ئوتتۇرىدا، باراۋىرىدە كۆتۈرىسەن، ئىستىغفاردا، گۇناھىڭنىڭ مەغپىرىتىنى سورىغاندا بولسا، بىر بارمىقىڭ بىلەن ئىشارەت قىلىسەن، (يەنى بىر ئاللاھتىنلا مەغپىرەت سورايمەن دېگەن بولىدۇ.) دۇئادا تەزەررۇئ چېكىپ، قاتتىق ئىلتىجا قىلغاندا بولسا، ئىككى قولۇڭنى بىراقلا ئېگىز كۆتۈرۈپ، سوزۇپ تۇرۇپ سورايسەن. ئەبۇ داۋۇد 1274 ـ ھەدىس، سەھىھ. بۇ دۇئا قىلىشنىڭ ئەدەپ قائىدىلىرى.

**6695** ( صحيح ) المسائل كدوح يكدح بها الرجل وجهه فمن شاء أبقى على وجهه و من شاء ترك إلا أن يسأل الرجل ذا سلطان أو في أمر لا يجد منه بدا ( حم د حب ) عن سمرة

6695. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەردىن نەرسە سوراپ سائىللىق قىلىش دېگەن ، كىشى ئۆزىنىڭ يۈزىنى يارىلاندۇرۇپ، جاراھەت قىلىدىغان جاراھەتتۇر. خالىغان كىشى يۈزىنى ساق قالدۇرسۇن، خالىغان كىشى يۈزىنى جاراھەت پېتى قالدۇرسۇن، لېكىن كىشىنىڭ ئىسلام سۇلتانىدىن ھاجىتىنى سورىشى، ياكى پەقەت چارە ـ ئامال تاپالمايدىغان ئىشتا سورىشى، بۇ مۇستەسنادۇر،(بۇ جاراھەت بولمايدۇ). ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6696** ( صحيح ) المستبان شيطانان يتهاتران و يتكاذبان ( حم خد ) عن عياض بن حمار

6696. ئىياز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرسى ـ بىرسىنى تىللاپ، ئەيىبلەشكۈچى ئىككى كىشى، بىر ـ بىرىنى باتىل، پاھىشە سۆز بىلەن تىللاپ، ئەيىبلىگۈچى، بىرسى ـ بىرسىنى يالغانچى قىلىپ، ئىنكار قىلغۇچى، يالغان سۆزلىگۈچى ئىككى شەيتاندۇر. بۇ ھەدىس ئەھمەتتە بەش ئورۇندا كېلىدۇ. 16836 ـ ھەدىس، 17615 ـ ھەدىس، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**6697** المستبان ما قالا فعلى البادئ منهما حتى يعتدي المظلوم ( حم م د ت ) عن أبي هريرة

6697. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرسى ـ بىرسىنى تىللاپ، ئەيىبلەشكۈچى ئىككى كىشىنىڭ دېگەن سۆزلىرىنىڭ گۇناھى،

زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى، ھەددىدىن ئاشمىسلا، تاجاۋۇز قىلمىسلا، تۇنجى قېتىم باشتا باشلىغۇچى كىشىگە بولىدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتسە، ھەر ئىككىلىسىگە بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

المستحاضة تدع الصلاة أيام أقرائها ثم تغتسل و تصلي و الوضوء عند كل صلاة ( 4 ) عن دينار

6698. دىينار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىستىھاز، خۇن كېسىلى بولۇپ قالغان ئايال ھەيز كېسىلى مىقدارىدىكى كۈنلىرىدە نامازنى تەرك ئېتىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ھەيز مىقدارى ئۆتۈپ كەتسە، غۇسلى قىلىپ، يۇيۇنۇپ ناماز ئوقۇيدۇ، ئاندىن ھەربىر نامازغا بىر قېتىم كىچىك تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**6699** ( صحيح ) المستحاضة تغتسل من قرء إلى قرء ( طس ) عن ابن عمرو

6699. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىستىھاز، خۇن كېسىلى بولۇپ قالغان ئايال، ھەيزدىن ھەيزگىچە پاكلىق مىقدارىدىن پاكلىق مىقدارىغىچە غۇسلى قىلىپ، يۇيۇنۇپ ناماز ئوقۇيدۇ، (بۇ ئەۋزەلدۇر، بىز يۇقىرىدا ئىككى خىل چارە كۆرسىتىلگەن ھەدىسنى چۈشەندۈرگەن). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6700** ( صحيح ) المستشار مؤتمن ( 4 ) عن أبي هريرة ( ت ) عن أم سلمة ( ه ) عن ابن مسعود

6700. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۇممە سەلەمەت، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشاۋىرلىق، مەسلىھەت سېلىش، ئامانەت قىلىنىدى، ئىشلارنى مەسلىھەت بىلەن قىلىڭلار ياكى مەسلىھەت سېلىنغان ئىش ئامانەتتۇر، خىيانەت قىلماڭلار ياكى ئەڭ توغرىسى: مەسلىھەت سېلىنغان ئىش، ئەمىن، تىنچ ، ئۇڭۇشلۇق بولىدۇ. تىرمىزى 2748 - ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4463 - ھەدىس، ئىبنى ماجە 3735 - ھەدىس، ئەھمەد 21326 - ھەدىس، دارمى 2341 - ھەدىس، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

المسجد الذي أسس على التقوى مسجدي هذا ( م ت ) عن أبي سعيد ( حم ك ) عن أبي

6701. ئەبۇ سەئىد، ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاندا زىكىر قىلىنغان، تەقۋالىق ئۈستىگە قۇرۇلغان، تۇنجى بولۇپ ئاساس سېلىنغان مەسجىد مېنىڭ مۇشۇ مەسجىدىمدۇر، يەنى مەدىنىدىكى مەسجىددۇر. مۇسلىم، تىرمىزى، ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6702** ( حسن ) المسجد بيت كل مؤمن ( حل ) عن سلمان

6702. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەسجىد، ھەربىر مۆئمىننىڭ ئۆيىدۇر. ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن. يەنى مەسجىددىن ئايرىلمايدۇ، دائىم مەسجىددە تۇرىدۇ، مۇساپىر مۆئمىن مەسجىدگە چۈشىدۇ.

**6703** ( صحيح ) المسك أطيب الطيب ( م ت ) عن أبي سعيد

6703. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىسكە، ئەتىرلەرنىڭ ئەڭ خۇشپۇراقراق ياخشىسىدۇر. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

www.uyghurkitap.com

**6704** ( صحيح ) المسلم أخو المسلم ( د ) عن سويد بن حنظلة

6704. سۇۋەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان، مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، يەنى بىر قورساقتىن چىققان قېرىنداشتەكتۇر. ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ.

المسلم أخو المسلم و لا يحل لمسلم باع من أخيه بيعا فيه عيب إلا بينه له ( حم ه ك ) عن عقبة بن عامر

6705. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان، مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلماننىڭ ئۆز قېرىندىشىغا ئەيىب - نۇقسانى بار نەرسىنى سېتىش، ئەيىب - نۇقسانلىرى بار سودىنى قىلىشى ھالال ئەمەس، ھارامدۇر، لېكىن ئۇ كىشىگە ئەيىبنى بايان قىلىپ دەپ ساتسا، بۇ دۇرۇس بولىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئەيىب - نۇقسانلىرىنى بايان قىلىپ دەپ بېرىپ سېتىڭلار.

المسلم أخو المسلم لا يخونه و لا يكذبه و لا يخذله كل المسلم على المسلم حرام عرضه و ماله و دمه التقوى هاهنا – و أشار إلى القلب – بحسب امرئ من الشر أن يحقر أخاه المسلم ( ت ) عن أبي هريرة

6706. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان، مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، ئۇ ئۇنىڭغا خىيانەت قىلمايدۇ، يالغان سۆزلىمەيدۇ، خارلاپ ھاقارەتلىمەيدۇ، ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ مال - مۈلۈكى ، قېنى، جېنى، يۈز - ئابرۇيىنى تۆكۈش يەنە بىر مۇسۇلمانغا ھارامدۇر، تەقۋالىق مانا مۇشۇ يەردە دەپ قەلبىگە ئىشارەت قىلغاندۇر، كىشىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ھاقارەتلىشى يامانلىقتا، ئۇ كىشىنىڭ يامان كىشى ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك، كۇپايىدۇر. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6707** ( صحيح ) المسلم أخو المسلم لا يظلمه و لا يسلمه و من كان في حاجة أخيه كان الله في حاجته و من فرج عن مسلم كربة فرج الله عنه بها كربة من كرب يوم القيامة و من ستر مسلما ستره الله يوم القيامة ( حم ق 3 ) عن ابن عمر

6707. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئۇنى دۈشمەنگە تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ، خارلىمايدۇ، كىم قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدە بولسا، موھتاج چاغدا ياردەم بەرسە، ئاللاھمۇ ئۇ موھتاج چاغدا ياردەم بېرىدۇ. كىم مۇسۇلماندىن بۇ دۇنيانىڭ مۇشەققەت، قىيىنچىلىقلىرىدىن بىرنى ئاسان قىلىپ، ئۇنىڭ غەملىرىنى يوق قىلسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭدىن قىيامەتنىڭ قىيىنچىلىق، مۇشەققەتلىرىدىن بىرنى ئاسان قىلىپ، غېمىنى يوق قىلىدۇ، كىم مۇسۇلماننىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى ياپسا، ئاللاھمۇ قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى ياپىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، مۇسلىم 4677 - ھەدىس، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

المسلم إذا سئل في القبر يشهد أن لا إله إلا الله و أن محمدا رسول الله فذلك قوله تعالى: ( يثبت الله الذين آمنوا بالقول الثابت في الحياة الدنيا و في الآخرة ) ( حم ق 4 ) عن البراء

6708. بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەبرىدە مۇسۇلماندىن سوئال - سوراق قىلىنسا، ئۇ مۇنداق گۇۋاھلىق بېرىدۇ: ئەشھەدۇئەن

لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ» گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ھەققەتەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى. ئۇ، بولسىمۇ ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر، يەنى ئايەت دەلىلدۇر. «ئاللاھ مۆئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن مۇشۇ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ» 14 ـ سۈرە ئىبراھىم، 27 ـ ئايەت. ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**6709** المسلم من سلم المسلمون من لسانه و يده ( م ) عن جابر

6709. بۇ ھەدىسنى مۇسلىم توپلىغان، ئاستىغا ئوخشاش.

**6710** ( صحيح ) المسلم من سلم المسلمون من لسانه و يده و المؤمن من أمنه الناس على دمائهم و أموالهم ( حم ت ن ك حب ) عن أبي هريرة ( طب ) عن واثلة

6710. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان كىشى دېگەن ، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلىنىڭ، قولىنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن سالامەت قالغان كىشىدۇر، (مۇسۇلمانلار، زىيىنىدىن سالامەت قالمىغان كىشى مۇسۇلمان ئەمەس)، مۆئمىن دېگەن ، مۆئمىنلەر قانلىرىغا، ماللىرىغا، جانلىرىغا، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ئەمىن، خاتىرجەم بولغان، ئىشەنگەن كىشىدۇر. خاتىرجەم قىلغان كىشىدۇر. ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

المسلم من سلم المسلمون من لسانه و يده و المهاجر من هجر ما نهى الله عنه ( خ د ن ) عن ابن عمرو

6711. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان دېگەن ، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلىدىن، قولىدىن سالامەت قالغان كىشىدۇر. مۇھاجىر، ھىجرەت قىلغۇچى دېگەن ، ئاللاھ چەكلىگەن، توسقان نەرسىدىن يانغان، تەرك ئەتكەن كىشىدۇر. بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسىدىن مۇسۇلماننىڭ تىلىدىن، قولىدىن، دىنسىزلار كاپىرلار، سالامەت قالمايدۇ دېگەندىن سىرت، ھىجرەت دېگەن ، جىھاد ئۈچۈن ئىلىم ئۈچۈن بولۇشىدىن سىرت، ھارام، گۇناھدىن مەئسىيەتتىنمۇ يېنىش بولىدۇ دېگەن چىقىدۇ.

المسلمون تتكافأ دماؤهم يسعى بذمتهم أدناهم و يجير عليهم أقصاهم و هم يد على من سواهم يرد مشدهم على مضعفهم و مسرعهم على قاعدهم لا يقتل مؤمن بكافر و لا ذو عهد في عهده ( د ه ) عن ابن عمرو

6712. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلارنىڭ جېنى، قانلىرى، باراۋەردۇر، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاجىز مەرتىۋىسىمۇ تەۋبىنى ئەھدىنى ئىجرا قىلالايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەڭ يىراقتىكىسىمۇ ئۇلارنى قوغداپ ھىمايە قىلىپ، ئەھدىسىنى قوغداپ ۋاپا قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىدىن باشقا دۈشمەن كىشىلەرگە قارشى كۈچ توپلاپ، ياردەملىشىپ، قارشى تۇرالايدۇ. ئۇلارنىڭ كۈچلۈكلىرى ئۇلاغلىقلىرى، ئاجىزلىرىغا، جەڭگە قوشۇن تارتىپ چىققانلىرى، ئۆزرە بىلەن ئولتۇرغانلارغا غەنىيمەت بېرىپ ياردەم بېرىدۇ، غەنىيمەتتىن نىسۋە بېرىدۇ. مۆئمىن كاپىرنىڭ باراۋىرىگە ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، ئەھدە ئىگىسى ئەھدىسى ئىچىدە ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. ئەبۇ داۋۇد 2371 ـ ھەدىس، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**6713** ( صحيح ) المسلمون شركاء في ثلاثة: في الكلأ و الماء و النار ( حم د ) عن رجل

6713. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلار ئۈچ نەرسىدە شېرىكتۇر، ئوت ـ چۆپ، يايلاقتا، سۇدا، تاماق پىشۇرىدىغان ئوتتا، باراۋەر ئورتاق بەھرىمەن بولىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**6714 ( صحيح ) المسلمون على شروطهم ( د ك ) عن أبي هريرة**

6714. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلار ئۆزئارا قويۇشقان شەرتلىرى ئۈستىدە بولىدۇ. (پەقەت ئۇ شەرتلەر قۇرئان ھەدىسكە مۇۋاپىق بولسىلا). ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6715 ( صحيح ) المسلمون عند شروطهم فيما أحل ( طب ) عن رافع بن خديج**

6715. راپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلار ھالال قىلىنغان، دۇرۇس قىلىنغان نەرسىلەردە ئۆزلىرىنىڭ شەرتلىرىدە بولىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6716 ( صحيح ) المسلمون عند شروطهم ما وافق الحق من ذلك ( ك ) عن أنس وعن عائشة**

6716. ئەنەس، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلار، قويغان شەرتلىرى ھەققە (ئاللاھنىڭ كىتابىغا) مۇۋاپىق كەلسىلا، ئۆزلىرىنىڭ شەرتلىرىدە بولىدۇ، (ئاللاھنىڭ كىتابىدا شەرىئەتتە يوق شەرتلەر باتىلدۇر). ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. مۇسۇلمانلار قانداق بىر شەرتنى قويسا، نىمىگە قويسا، ھەققە، قۇرئانغا، سەھىھ ھەدىسكە مۇۋاپىق كەلسىلا دۇرۇس بولىدۇ، شەرتلەشسە بولىدۇ.

**المصائب و الأمراض و الأحزان في الدنيا جزاء ( ص حل ) عن مسروق مرسلا**

6717. مەسرۇق رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ دۇنيادىكى مۇسىبەتلەر، كېسەللىكلەر، غەم ـ قايغۇلار جازادۇر. (يەنى قۇرئاندىكى كىم گۇناھ قىلسا، جازالىنىدۇ دېگەن جازا ئەنە شۇدۇر. ئۇلار گۇناھلارغا كاپارەتتۇر. مۇسۇلمانلار گۇناھدىن پاكلىنىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ ئىشلار گۇناھقا بېرىلگەن جازادۇر). ئەبۇ نۇئەيم، ئىبنى مەنسۇر توپلىغان، سەھىھ.

**6718 ( صحيح ) المطلقة ثلاثا ليس لها سكنى و لا نفقة ( ن ) عن فاطمة بنت قيس**

6718. فاتىمە بىنتى قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالغا نەپىقە، ئۆي قىلىپ بېرىش يوقتۇر. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

بىر ياكى ئىككى تالاق قىلىنغان ئايالغا ئېرى ئۆيدىن ئۆي بېرىپ، نەپىقە بېرىدۇ، چۈنكى بۇلارنىڭ يارىشىپ قېلىش ئېھتىمالى بار.

**6719 ( صحيح ) المعتدي في الصدقة كمانعها ( حم د ت ه ) عن أنس**

6719. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆشرە ـ زاكات سەدىقىسىنى يىغىش جەريانىدا ھەددىدىن ئېشىپ، تاجاۋۇز قىلغۇچى زالىم خادىم، زاكاتنى چەكلەپ بەرمىگەن كىشىگە ئوخشاش گۇناھكار بولىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

www.uyghurkitap.com

**6720** ( صحيح ) المغرب وتر النهار فأوتروا صلاة الليل ( طب ) عن ابن عمر

6720. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شام نامىزى كۈندۈزنىڭ ۋىترىسى، سىلەر كېچىسى ۋىتىر نامىزى ئوقۇڭلار، كېچىنىڭ نامىزىنى تاق قىلىڭلار. يەنى ئاخىرىدا تاق قىلىڭلار، ۋىتىر ئوقۇڭلار. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6721** ( صحيح ) المقام المحمود الشفاعة ( حل هب ) عن أبي هريرة

6721. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەقامە ممەھمۇدا دېگەن شاپائەت شۇدۇر. (يەنى قۇرئاندا سۈرە ئىسرادا تىلغا ئېلىنغان مەدھىيىلىنىدىغان ئالى مەرتىۋىلىك ئورۇن، چوڭ شاپائەت قىلىش شۇدۇر دېگەن ) ئەبۇ نۇئەيىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6722** ( حسن ) المكاتب عبد ما بقي عليه من كتابته درهم( د هق ) عن ابن عمرو

6722. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇكاتەپ قۇل، تۆلەيدىغان پۇلدىن بىر دىرھەم قەرزى قېلىپ قالسىلا قۇل ھېسابلىنىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

المكاتب يعتق بقدر ما أدى و يقام عليه الحد بقدر ما عتق منه و يرث بقدر ما عتق منه ( ن )عن ابن عباس

6723. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەلۇم مىقداردا پۇل بەرسەڭ سەن ئازاد دەپ قولىغا خەت قىلىپ بېرىلگەن مۇكاتەپ قۇل، ئادا قىلغان قەرزنى تۆلىگەن مىقداردا ئازاد قىلىنىدۇ، ئازاد قىلىنغانلىنىڭ مىقداردا ھەم جازاغا تارتىلىدۇ، شۇنىڭ مىقدارىدا ۋارىس بولالايدۇ.( لېكىن، يەنىلا قۇل پېتى قالىدۇ. قەرزنى تۈگەتسە، ئازاد بولىدۇ). نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6724** ( صحيح ) المكثرون هم الأسفلون يوم القيامة ( الطيالسي ) عن أبي ذر

6724. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ دۇنيادا مال ـ دۇنيانى كۆپەيتكۈچىلەر قىيامەت كۈنى ئەڭ تۆۋەن كىشىلەردۇر، مەرتىۋىسى بەكلا تۆۋەن بولىدۇ. لېكىن، (ئۇنى ئەتراپىغا ئاللاھ يولىدا بەرگەنلەر يەنىلا ئۈستۈن بولالايدۇ). تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

**6725** ( صحيح ) المكر و الخديعة في النار ( هب ) عن قيس بن سعد

6725. قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھىيلە ـ مىكىر، ئالدامچىلىق، (يەنى مىكىر ئىگىسى) دوۋزاختا بولىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6726** ( حسن ) المكر و الخديعة و الخيانة في النار ( د في مراسيله ) عن الحسن مرسلا

6726. ھەسەن رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھىيلە ـ مىكىر، ئالدامچىلىق، خىيانەت، دوۋزاختا يەنى ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكۈچى، ئالدامچىلىق قىلغۇچى، خىيانەتچى خائىنلار دوۋزاخقا كىرىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

**6727** ( صحيح ) الملائكة تصلي على أحدكم ما دام في مصلاه الذي صلى فيه ما لم يحدث أو يقم: اللهم اغفر له اللهم ارحمه ( حم د ن )

عن أبي هريرة

6727. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ناماز ئوقۇيدىغان نامازگاھىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەي، مۇقىم تۇرسىلا، پاكى تاھارىتى سۇنۇپ كەتمىسىلا، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا رەھمەت يوللاپ، مۇنداق دۇئا قىلىدۇ: ئى ئاللاھ، ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلسىلا، ئى ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم قىلسىلا دەپ تۇرىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6728** ( صحيح ) الملائكة شهداء الله في السماء و أنتم شهداء الله في الأرض ( ن ) عن أبي هرير

6728. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ ئاسماندىكى گۇۋاھچىلىرى، سىلەر بولساڭلار، ئاللاھنىڭ زېمىندىكى گۇۋاھچىلىرى، شۇڭا سىلەرنىڭ مېيىتكە بەرگەن باھايىڭلار ھېساب قىلىنىدۇ. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

الملك في قريش و القضاء في الأنصار و الأذان في الحبشة و الأمانة في الأزد ( حم ت) عن أبي هرير

6729. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پادىشاھلىق، قۇرەيشلەردە، قازىيلىق ئەنسارلاردا، ئەزان توۋلاش ھەبەشىيلەردە، ئامانەت ئەزدە قەبىلىسىدە بولىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6730** ( صحيح ) المتنعل بمنزلة الراكب ( سمويه ) عن جابر

6730. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايىغىنى كىيىۋالغۇچى كىشى ئاتلىق كىشىنىڭ ئورنىدا سەپەر قىلالايدۇ. سەمۇيە توپلىغان، سەھىھ.

6731. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر.

**6732** ( صحيح ) المنحة مردودة و الناس على شروطهم ما وافق الحق ( البزار ) عن أنس

6732. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆتنە بېرىلگەن نەرسە پايدىلىنىشقا بېرىلگەن نەرسە، ئارىيەتلەر ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدۇ. كىشىلەر ھەققە مۇۋاپىق كەلسىلا، شەرتلىرى ئۈستىدە بولىدۇ. بەزار توپلىغان، سەھىھ.

المنفق على الخيل في سبيل الله كباسط يديه بالصدقة لا يقبضها ( حم د ك ) عن ابن الحنظلية

6733. ئىبنى ھەنزەلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا بېقىلغان ئاتقا نەپىقە قىلغۇچى كىشى خۇددى سەدىقە - ئېھسانغا ئىككى قولىنى كەڭ ئېچىپ، قەتئىي يۇمۇۋالمايدىغان سېخى كىشىگە ئوخشاشتۇر. (يەنى شۇنداق سېخى ھېسابلىنىدۇ، شۇنداق كۆپ ئەجىر - ساۋاب ئالىدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6734** ( صحيح ) المهدي من عترتي من ولد فاطمة ( د ه ك ) عن أم سلمة

6734. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمام مەھدى مېنىڭ ئائىلەمدىن، ئەھلىمدىن، فاتىمەنىڭ باللىرىدىن چىقىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6735** ( صحيح ) المهدي منا أهل البيت يصلحه الله في ليلة ( حم ه ) عن علي

6735. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: ئىمام مەھدى بىزنىڭ ئەھلى بەيتتىن مەيدانغا كېلىدۇ. ئاللاھ ئۇنى بىر كېچىدىلا ئىسلاھ قىلىپ، سالىھ، ياخشى كىشى قىلىۋېتىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6736** ( حسن ) المهدي مني أجلى الجبهة أقنى الأنف يملأ الأرض قسطا و عدلا كما ملئت جورا و ظلما يملك سبع سنين ( د ك ) عن أبي سعيد

6736. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەھدى مەندىن يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمدىن فاتىمەنىڭ باللىرىدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ پېشانىسىنىڭ چېچى يوق، روشەندۇر ، بۇرنى ئېنچىكە، ئۇزۇندۇر، زېمىنغا خۇددى جەبرى ـ جاپا، زۇلۇم لىق تولغاندەك ئۇ ئادىللىقنى، تىنچلىقنى بەرىكەتنى لىق تولدۇرىدۇ. ئۇ يەتتە يىل پادىشاھ بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 3736 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2158 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، ھەسەن. ئىمام مەھدى ئاخىر زاماندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پۇشتىدىن فاتىمە دېگەن قىزىنىڭ باللىرىدىن تەبىئىيلا چىقىدۇ، مەيدانغا كېلىدۇ. ئىسمى، فامىلىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوخشايدۇ، بىز شۇنداق ئېتىقاد قىلىمىز، سىرلىقلاشتۇرمايمىز، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەننى دەيمىز، سۈكۈتتە سۈكۈت قىلىمىز.

**6737** ( صحيح ) الميزان بيد الرحمن يرفع أقواما و يضع آخرين ( البزار ) عن نعيم بن همار

6737. نۇئەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن ؛ مىزان، رەھمانتائالانىڭ قولىدىدۇر، ئۇ ئۆزى خالىغان قەۋمنى يۇقىرى كۆتۈرسە، يەنە بەزىلەرنى پەسكە چۈشۈرۈۋېتىدۇ. بەزار توپلىغان، سەھىھ. باي قىلىش، نامرات قىلىش، ئەزىز قىلىش، خار قىلىش، ھەتتا سەت ۋە گۈزەل قىلىشمۇ ھەممىسى ئاللاھنىڭ قولىدىدۇر.

**6738** ( صحيح ) الميت من ذات الجنب شهيد ( حم طب ) عن عقبة بن عامر

6738. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قورساق ئىچىگە چىققان جاراھەتتىن، ئۆپكە كېسىلىدىن( يەنى تۇبېركۇلىيوزدىن) ئۆلۈپ كەتكەن كىشى شېھىد بولىدۇ. (زاتىلجەنبى دېگەن يەنى ئاغرىق، رېماتىزم، ئۆپكە كېسىلى ، ئىچكى كېسەللىك، قورساق ئىچىگە چىققان جاراھەت مەنىسىدە كېلىدۇ). ئەھمەد 16793 ـ ھەدىس، تەبرانىمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**6739** ( صحيح ) الميت يبعث في ثيابه التي يموت فيها ( د حب ك ) عن أبي سعيد

6739. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېيىت، قىيامەت كۈنى كىيىپ تۇرۇپ، ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن كىيىمىنىڭ ئىچىدە تىرىلدۈرۈلۈپ قوپۇرۇلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد ، ئەھمەد ، ھاكىم توپلىغان ، سەھىھ.

(يەنى ھەدىسنىڭ زاھىرىنى چۈشەنگەندە مېيىت ئۆلۈش ئالدىدا جان ئۈزگەن كىيىمى ئىچىدە كېپىنى ئىچىدە قوپۇرۇلىدۇ. تەئۋىل قىلغاندا ئۆرپ ـ ئادىتى، بەلگىسى ئىچىدە ياكى كىيىم ئەمەلدىن كىنايە بولۇپ ياخشى ياكى يامان ئەمەللىرى ئۈستىدە قوپۇرۇلىدۇ. ئەمەللەرنىڭ ئاخىرقى ھېساب بولىدۇ، قىلغۇاتقان ئەمەل ئۈستىدە جان ئۈزۈپ، يەنە شۇ ئەمەل ئىچىدە قوپۇرۇلىدۇ. ئاللاھ ئالىم.)

**6740** ( حسن ) الميت يعذب ببكاء الحي إذا قالوا: وا عضداه ! وا كاسياه ! وا ناصراه ! وا جبلاه ! و نحو هذا يتعتع و يقال أنت كذلك

؟ ! أنت كذلك ؟ ! ( حم ه ) عن أبي موسى

6740. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېيىت تىرىك كىشىلەرنىڭ يىغا ـ زارى سەۋەبلىك ئازابلىنىدۇ. تىرىكلەر مېيىتكە ۋاي يۆلەنچۈكۈم! ۋاي ياردەمچىم! ۋاي تاغدەك پالانى! ۋاي ئانداق، ۋاي مۇنداق دېگىلى تۇرسا، مېيىت بولسا، قاتتىق چۆچۈتۈلۈپ، توقماق بىلەن ئۇرۇلۇپ، سەن شۇنداقمىدىڭ؟ سەن راستىنلا شۇنداقمىدىڭ؟ دېيىلىدۇ. ئىبنى ماجە 1583 ـ ھەدىس، تىرمىزى 924 ـ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

6741. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر.

## « ن » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

ناركم هذه التي توقد بنو آدم جزء من سبعين جزءا من نار جهنم قيل: يا رسول الله ! إن كانت لكافية ؟ قال: فإنها فضلت عليها بتسعة و ستين جزءا كلهن مثل حرها ( حم ق ت ) عن أبي هريرة

6742. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم باللىرى يېقىۋاتقان سىلەرنىڭ ھازىرقى مۇشۇ ئوتۇڭلار، جەھەننەم ئوتىنىڭ 70 پارچىسىنىڭ بىر پارسىدۇر ، 70دىن بىرىدۇر. ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى!، ئەگەر مۇشۇ ئوت بولسىمۇ ئەلۋەتتە يېتەرلىك، كۇپايە ئىدى دېيىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەققەتەن دوۋزاخ ئوتى بۇ ئوتنىڭ ئۈستىگە 69 ھەسسە ئارتۇق قىلىندى. ئاشۇ 69 پارچىنىڭ ھەر بىرسى ھەممىسى مۇشۇ ئوتنىڭ قىزىق ھارارىتىدەك ھارارەتلىكتۇر. (70 ھەسسە بىرلەشسە، قانداق بولۇپ كېتەر ھە!). ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ناركم هذه جزء من سبعين جزءا من نار جهنم لكل جزء منها حرها ( ت ) عن أبي سعيد

6743. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر يېقىۋاتقان بۇ ئوتۇڭلار، جەھەننەم ئوتىدىن 70 پارچىدىن بىرلا پارچىسىدۇر، ئۇنىڭ ھەربىر پارچىسىنىڭ مۇشۇ ئوتنەك قىزىق ھارارىتى بار. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

(ھازىرقى ئوتنىڭ قىزىقلىق گرادۇسى ، نەچچە مىڭدىن ئاشىدىغان تۇرسا، دوۋزاخ ئوتى ئۇنىڭدىن 69 ھەسسە ئارتۇق بولسا، بۇ 70 ھەسسە قىزىق ئوتنىڭ قىزىقلىق گرادۇسىنى ئۆزى بىلىدۇ. دوۋزاخنىڭ يېقىلغۇسى تاشتۇر. ئى ئاللاھ! بىزنى دوۋزاخدىن ساقلىسىلا ، ئامىن!)

**6744** ( صحيح ) ناس من أمتي عرضوا علي غزاة في سبيل الله يركبون ثبج هذا البحر ملوكا على الأسرة ( ق ت ن ) عن أنس ( حم م ن ه ) عن أم حرام

6744. ئەنەس، ئۇممە ھەرەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئاللاھ يولىدا غازات قىلغان ھالىتىدە ماڭا تەڭلىنىپ كۆرسىتىلدى. ئۇلار مۇشۇ دېڭىزنىڭ يۈزىدە، قاپ ئوتتۇرىدا خۇددى پادىشاھلار تەختى ئۈستىدە خاتىرجەم ئولتۇرغاندەك خاتىرجەم، كەڭ ـ كۇشادە سەپەر قىلىۋاتقىدەك. بۇخارى 5810 ـ ھەدىس، مۇسلىم

3535 ـ ھەدىس، نەسەئى 3120 ـ ھەدىسى، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

6745 ( صحيح ) نبدأ بما بدأ الله به ( حم 3 ) عن جابر

6745. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىز ئاللاھ باشلىغان نەرسە بىلەن ئاللاھ باشلىغان جايدىن باشلايمىز. (يەنى سەفا تېغىنى مەرۋە تېغىدىن بۇرۇن تىلغا ئالغان، بىزمۇ سەفا تېغىدىن باشلاپ سەئيى قىلىمىز دېگەن.) ئەھمەد ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسىدىن، قۇرئان ئايىتىدىن، ھەدىسىدىن ھۆكۈم ئالغاندا، تەرتىپكە دىققەت قىلىش چىقىدۇ.

نجا أول هذه الأمة باليقين و الزهد و يهلك آخرها بالبخل و الأمل ( ابن أبي الدنيا ) عن ابن عمرو

6746. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئۇممەتنىڭ ئەۋۋىلى، شەكسىز ئىشەنچ، ئىمان بىلەن ۋە زاھىدلىق بىلەن نىجاد تاپتى، ئاخىرى بولسا، بېخىللىق بىلەن ۋە ئارزۇ ـ ئۈمىدىنى كۆپ ۋە ئۇزۇن قىلىش بىلەن ھالاك بولىدۇ. ئىبنى ئەبۇددۇنيا توپلىغان، ھەسەن. نىجاد تاپاي دېسەڭ، شەكسىز ئىشەنچ بىلەن زاھىدلىقنى لازىم تۇت.

6747 ( صحيح ) نح الأذى عن طريق المسلمين ( ع حب ) عن أبي برزة

6747. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلار يولىدىن ھەرخىل ئازار، ئەزىيەتلەرنى يىراق قىلغىن! (مەغپىرەت قىلىنىسەن). ئەبۇ يەئلا، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

6748 ( صحيح ) نحرت هاهنا و منى كلها منحر فانحروا في رحالكم و وقفت هاهنا و عرفة كلها موقف و وقفت هاهنا و جمع كلها موقف ( م د ) عن جابر

6748. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن مۇشۇ يەردە قۇربانلىقنى بوغۇزلىدىم، مىنا تېغىنىڭ ھەممە يېرى قۇربانلىق بوغۇزلايدىغان جايدۇر، قۇربانلىقنى ئۆز ئۆيۈڭلاردا بوغۇزلاڭلار، مەن مۇشۇ يەردە يەنى ئاراپاتتا ۋوقۇف قىلىپ تۇردۇم، ئاراپات تېغىنىڭ ھەممە يېرى ۋوقۇف قىلىدىغان جايدۇر، مەن مۇشۇ يەردىمۇ ۋوقۇف قىلدىم، جەمئە تېغىنىڭ بارلىق يېرى ۋوقۇف قىلىدىغان جايدۇر. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

نحن آخر الأمم و أول من يحاسب يقال: أين الأمة الأمية و نبيها ؟ فنحن الآخرون الأولون ( ه ) عن ابن عباس

6749. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىز ئۇممەتلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، ھېساب ئېلىنىدىغان كىشلەرنىڭ ئەڭ ئەۋۋىلى، بىزنى ھېسابقا چاقىرىلغاندا، ساۋاتسىز ئۇممەت ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى قېنى؟ دېيىلىدۇ ، بىز ئاخىرقىلار ھەم ئەۋۋەلقىلەرمىز،( يەنى يارىتىلىشتا، كېلىشتە ئاخىرقىلار، ھېساپ بېرىشتە جەننەتكە كىرىشتە ئەۋۋەلكىلەرمىز). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

6750 ( صحيح ) نحن أحق بالشك من إبراهيم إذ قال: ( رب أرني كيف تحيي الموتى قال أولم تؤمن ؟ قال بلى و لكن ليطمئن قلبي) و يرحم الله لوطا لقد كان يأوي إلى ركن شديد و لو لبثت في السجن طول ما لبث يوسف لأجبت الداعي ( حم ق ه ) عن أبي هريرة

6750. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىز شەككە يەنى قەلبىمىزنى خاتىرجەم قىلىشقا ئىبراھىمدىنمۇ لايىقراقمىز، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ:

«ئى رەببىم! ئۆلۈكلەرنى قانداق قايسى ھالەتتە تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتسەڭ دېدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا: سەن تېخى ئىمان كەلتۈرۈپ مۆئمىن بولمىدىڭمۇ؟ دېدى. ئىبراھىم ئۇنداق ئەمەس، مەن مۆئمىن شەكسىز ئىشەنگۈچى، لېكىن، قەلبىم ئارام تاپسۇن، خاتىرجەم بولسۇن ئۈچۈن سورىدىم دېدى» ئاللاھ لۇتقا رەھمەت قىلسۇن، ھەقىقەتەن ئۇ ئىلتىجا قىلىدىغان كۈچلۈك جەمەتكە يەنى قوشۇنغا ئېرىشكەن. چۈنكى، ئاللاھ ۋە پەرىشتىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى، لېكىن، ئۇ كاشكى مېنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىم بولسا ئىدى، ياكى ئىلتىجا قىلىدىغان كۈچلۈك جەمەتىم بولسا ئىدى، چوقۇم سىلەرگە زەربە بەرگەن بولاتتىم دەپ سالدى» سۈرە ھود 80 ـ ئايەت. ئەگەر مەن تۈرمە ئىچىدە يۇسۇف تۇرغاندەك ئۇزۇن تۇرغان بولسام، ئەلچىنى چاقىرىپ كەلگەن كىشىگە جاۋاب بېرىپ تۈرمىدىن چىقىپ كەتكەن بولاتتىم، مەن يۇسۇفنىڭ سەۋرىسىدىن ھەيران قالدىم. ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**6751** ( صحيح ) نحن أحق و أولى بموسى منكم ( حم ق د ه ) عن ابن عباس

6751. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىز سىلەرگە قارىغاندا، مۇساغا ھەقلىقراق، لايىقراق ھەم يېقىنراق تۇرىمىز دەپ ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتقان، (چۈنكى بۇ كۈندە مۇسا ئەلەيھىسسالام، پىرئەۋنگە قارشى غەلىبىگە ئېرىشكەن ئىدى، كېيىن بۇ روزا ئىختىيار قىلىنغان، كېيىنچە بۇ مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى ئەمەس، بەلكى توققۇزىنچى كۈنى روزا تۇتۇلغان، سەۋەبى، يەھۇدىيلارغا خىلاپ ئىش قىلىشتۇر).ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6752** ( صحيح ) نحن الآخرون السابقون يوم القيامة بيد أنهم أوتوا الكتاب من قبلنا و أوتيناه من بعدهم ثم هذا يومهم الذي فرض الله عليهم فاختلفوا فيه فهدانا الله له فالناس لنا فيه تبع اليهود غدا و النصارى بعد غد ( حم ق ن ) عن أبي هريرة

6752. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىز يارىتىلىشتا ئاخىرقىلارمىز، قىيامەت كۈنى بولسا (ھېساب بېرىشكە جەننەتكە كىرىشتە) بىزدىن بۇرۇن كىتاب بېرىلگەن كىشىلەر جۈملىدىن، يەھۇدىيلار، ناسارالار قېلىپ، بىز بۇرۇن كېلىمىز، بىزگە ئۇلاردىن كېيىن كىتاب بېرىلگەن. ئاندىن كېيىن بۇ جۈمە كۈنى بولسا، ئاللاھ ئۇلارغا جۈمەنى پەرز قىلغان كۈنى ئىدى، ئۇلار بۇ كۈن توغرىسىدا ئىختىلاپلاشتى، بىزنى بولسا، ئاللاھ بۇ كۈنگە ھىدايەت قىلدى، كىشىلەر بىزگە جۈمە كۈنى توغرىسىدا ئەگىشىدۇ. يەھۇدىيلار ئەتىسى يەنى شەنبە كۈنى، ناسارالار ئۇنىڭ ئەتىسى يەنى يەكشەنبە كۈنى ئەگىشىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ.

(يەھۇدىي، ناسارالار، ئىختىلاپ قىلىشىپ، جۈمە كۈنى جۈمە ئوقۇشتىن مەھرۇم قېلىنغان ئاندىن ئۇلار خاتالىشىپ، شەنبە، يەكشەنبە كۈننى تاللاپ يەنىلا خاتا ئىبادەت قىلغان ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھقا ئەمەس، بەلكى، پەيغەمبەرنىڭ سۈرىتىگە چوقۇنۇپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن، شۇڭا ئاللاھ ئۇلارنى سۈرە بەييىنەدە كاپىر دېگەن . ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلغان ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپتۇر، چۈنكى، تارىخدىن بۇيان ئىسلام دىنىنىڭ بىردىنبىر دۈشمىنى يەھۇدىي، ناسارالاردۇر، ھازىرمۇ شۇنداق بولىۋاتىدۇ. بۇ مۇنۇ ھەدىسنىڭ مۆجىزىسىدۇر، بىر يەھۇدىي بىلەن بىر مۇسۇلمان بىللە ماڭسا، ئۇ يەھۇدىي مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلىدۇ، (ئىبنى كەسىيردىن) شۇنىڭ ئۈچۈن ئى مۇسۇلمانلار! بىز ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، ئاللاھنىڭ دۈشمىنى بولغان يەھۇدىي، ناسارالارنى ۋە باشقا دىنسىزلارنى قەتئىي دۈشمەن تۇتىشىمىز لازىم.

نحن بنو النضر بن كنانة لا نقفو أمنا و لا ننتفي من أبينا ( حم ه ) عن الأشعث بن قيس

6753. ئەشئەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىز نەزىر ئىبنى كەنانەنىڭ باللىرى بولىمىز، ئانىمىزغا تۆھمەت قىلمايمىز، بۆھتان چاپلىمايمىز، دادىمىزدىن تانمايمىز. ئەھمەد 20837 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2602 ـ ھەدىس، سەھىھ.

نحن نازلون غدا بخيف بني كنانة حيث قاسمت قريش على الكفر ( ه ) عن أسامة بن زيد

6754. ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىلىش جەريانىدا مىنا تېغىدىن كۆچۈشنى ئىرادە قىلغاندا مۇنداق دېگەن: بىز ئەتە ئەگەر ئاللاھ خالىسا، قۇرەيشلەر كۇفرىغا قەسەم قىلغان جايدىكى بەنى كەنانەنىڭ خىيىف دېگەن يېرىگە چۈشىمىز. ئىبنى ماجە، ئەھمەد 10546 ـ ھەدىس، مۇسلىم 2316 ـ ھەدىس، سەھىھ. قۇرەيشلەر بىلەن بەنى كەنانە، ئۆز ۋاقتىدا بەنى ھاشىم جەمەتى ۋە بەنى مۇتتەلىپلەر بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەرمىسە، ئېلىم ـ سېتىم سودا قىلماسلىققا، قۇدا ـ باجا بولماسلىققا قەسەم قىلىشقان ئىدى.

**6755** ( حسن ) نزع رجل لم يعمل خيرا قط غصن شوك عن الطريق إما كان في شجرة مقطعة فألقاه و إما كان موضوعا فأماطه فشكر الله له بها فأدخله الجنة( د حب ) عن أبي هريرة

6755. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەتئىي ياخشىلىق قىلىپ باقمىغان بىر كىشى يولدىن شوخۇلۇق، تىكەنلىك بىر شاخنى تارتىپ ئېلىۋەتتى، ياكى ئۇ سۇنۇپ كەتكەن دەرەخ شېخىنىڭ پارچىسى ئىدى، ئۇنى ئېلىپ تاشلىۋەتتى، ۋە ياكى ئۇ ياغاچ يولغا قويۇقلۇق ئىدى ئۇنى يولدىن يىراققا تارتىپ ئىتتىرىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇ كىشىگە رازى بولۇپ، ياخشىلىقنى قوبۇل قىلىپ، ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزدى. (چۈنكى، خالىس بىر ياخشىلىق قوبۇل بولۇپ قالسا، شۇ سەۋەبلىك كىشى جەننەتكە كىرىدۇ). ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

نزل الحجر الأسود من الجنة و هو أشد بياضا من اللبن فسودته خطايا بني آدم ( ت ) عن ابن عباس

6756. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەجەر ئەسۋەد يەنى قارا تاش ئەسلى جەننەتتىن، سۈتتىنمۇ ئاق ھالەتتە چۈشكەن ئىدى. ئۇنى ئادەم باللىرىنىڭ خاتالىقلىرى قارا قىلىۋەتتى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( يۇقىرىدىمۇ بۇ زېمىندا پەقەت جەننەتنىڭ نەرسىسىدىن ھەجەر ئەسۋەدلا بار، ئۇ جەننەتتىن چۈشۈرۈلگەن گۆھەر دېگەن ھەدىس ئۆتتى. بۇ خۇددى نىل، پۇرات دەرياسىنى يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىكى سىدرەتۇلمۇنتەھادىن، جەننەتتىن كەلگەن دېگەنگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ ئالىم ۋە يەنە كۆز تېگىش ھەق دېگەن سەھىھ ھەدىس بار، ئايىتى شىپالارغا سەھىھ ھەدىسلەر باردۇر، دېمەكچى بولغىنىم، ئىسلام دىنىدا مۆجىزە، كارامەت خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىك، روھ، مەنىۋى نەرسە، ماددىغا تەسىر كۆرسىتىش مەۋجۇت.

**6757** ( صحيح ) نزل جبريل فأمني فصليت معه ثم صليت معه ثم صليت معه ثم صليت معه ثم صليت معه ثم قال: بهذا أمرت ( ق د ن ه ) عن أبي مسعود

6757. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ ماڭا ئىمام بولدى، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇدۇم، ئاندىن يەنە بىللە ناماز ئوقۇدۇم، ئاندىن يەنە، ئاندىن يەنە، ئاندىن يەنە بىللە ناماز ئوقۇدۇم، ئاندىن ئۇ مەن مۇشۇنىڭغا بۇيرۇلغان دېدى. (يەنى بەش ۋاخ نامازنىڭ ۋاقىتلىرىنى جىبرىئىل چۈشۈپ بىللە ناماز ئوقۇپ كۆرسىتىپ قويغان، ئاخىرىدا بۇنى ماڭا ئاللاھ بۇيرۇغان دېگەن بۇ ھەدىس، ئىجمالى قىسقىچە بايان قىلىنغان، ۋاقتى تەپسىلي سۆزلەنگەن، سەھىھ ھەدىسلەر ئۆتۈپ كەتتى). بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6758** ( حسن ) نزل ملك من السماء فكذبه بما قال لك فلما انتصرت وقع الشيطان فلم أكن لأجلس إذا وقع الشيطان ( د ) عن أبي هريرة

6758. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرى بىلەن بىللە ئولتۇراتتى، بىر كىشى كېلىپ، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۈچ قېتىم تىللاپ، ئەيىبلەپ ئازار بەردى، ئۈچىنچى قېتىمدا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىپ، نۇسرەتكە ئېرىشىپ بەزى سۆزنى قايتۇردى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئاندىن ئەبۇ بەكرى، ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! سىلى مەندىن خاپا بولۇپ قالدىلىمۇ؟، ماڭا ئاچچىقلىرى كەلدىمۇ؟ دېدى. دەل شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاسماندىن بىر پەرىشتە چۈشۈپ، ئۇ كىشى ساڭا دەۋاتقان سۆزلەرنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ رەت قىلىپ، ئىنكار قىلىۋاتاتتى، سەن ئۇنىڭ سۆزىنى قايتۇرۇپ، قىساس ئالغاندا بولسا، شەيتان چۈشتى، شەيتان چۈشكەندە بولسا، مەن ئولتۇرمىدىم، چۈنكى مەن، شەيتان بىلەن بىللە ئولتۇرمايمەن. ئەبۇ داۋۇد 4251 ـ ھەدىس، ئەھمەد 9251 ـ ھەدىس، ھەسەن.

**6759** ( صحيح ) نزل نبي من الأنبياء تحت شجرة فلدغته نملة فأمر بجهازه فأخرج من تحتها ثم أمر ببيتها فأحرق بالنار فأوحى الله إليه: فهلا نملة واحدة ( حم خ د ن ) عن أبي هريرة

6759. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەرلەردىن بىر پەيغەمبەر دەرەخ ئاستىدىكى سايىغا چۈشۈپ ياتسا، ئۇنى بىر تال چۈمۈلە چېقىۋالدۇ، ئاندىن ئۇ ماتالىرىنى دەرەخ يېنىدىن يىراققا ئېلىپ تاشلاشقا بۇيرۇپ، ئۇ چۈمۈلىنىڭ ئۇۋىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇيدۇ، چۈمۈلىلەر كۆيدۈرۈۋېتىلىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا: سېنى بىر تال چۈمۈلە چېقىۋالسا، سەن نېمە ئۈچۈن شۇ بىر تال چۈمۈلىنى ئۆلتۈرمەي، تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدىغان بىر ئۇممەتنى كۆيدۈرۈۋېتىسەن؟ دەپ ۋەھيي قىلىدۇ. بۇخارى 3072 ـ ھەدىس، مۇسلىم 4158 ـ ھەدىس، نەسەئى 4284 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4581 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. (بۇ ھەدىسدىن ياخشى كىشىلەر يامانلارنىڭ سەۋەبىدىن ھالاك بولۇپ كېتىشى ئاندىن نىيىتى ئەمەللىرى ئۈستىدە قويۇشى، چۈمۈلىمۇ تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدىغان ئۇممەت، شۇڭا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توسقانلىقى، لېكىن، ئاپەت بولۇپ زىيان سالسا، زىيان سالغاننى ئۆلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقى چىقىدۇ).

**6760** ( صحيح ) نزلت هذه الآية في أهل قباء: ( فيه رجال يحبون أن يتطهروا و الله يحب المطهرين ) ( ت ) عن أبي هريرة

6760. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: بۇ ئايەت، قۇبا ئەھلى توغرىسىدا چۈشكەن «ئۇ تەقۋا ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىددە گۇناھلاردىن پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار، ئاللاھ (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) گۇناھلاردىن ۋە باشقا جەھەتتىن پاك بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ » سۈرە تەۋبە 108 ـ ئايەت. (ئۇلار ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىستىنجانى سۇ بىلەن قىلاتتى). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6761** ( صحيح ) نصبر و لا نعاقب ( عم ) عن أبي

6761. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىز زۇلۇمغا ئۇچرىساق، سەۋرى قىلىمىز، قىساس ئېلىپ جازالىمايمىز. (لېكىن، دىنىسىزلارنى بوش قويۇۋەتمەيمىز). ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**6762** ( صحيح ) نصرت بالصبا و أهلكت عاد بالدبور ( حم ق ) عن ابن عباس

6762. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا شەرق شامىلى بىلەن ياردەم بېرىلدى، ئاد قەۋمى غەرب شامىلى بىلەن ھالاك قىلىندى. بۇخارى 977 ـ ھەدىس، مۇسلىم 1498 ـ ھەدىس، نەسەئى، ئەھمەدتە ئالتە جايدا كېلىدۇ. 1909 ـ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6763** ( صحيح ) نضر الله امرءا سمع منا حديثا فحفظه حتى يبلغه غيره فرب حامل فقه إلى من هو أفقه و رب حامل فقه ليس بفقيه ( ت الضياء ) عن زيد بن ثابت

6763. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىزدىن سۆزنى، ھەدىسنى ئاڭلاپ، ئۇنى باشقىلارغا يەتكۈزگەنگە قەدەر شۇ مەقسەتتە يادا ئېلىپ، ئۇبدان مۇھاپىزەت قىلغان كىشىگە ،ئاللاھ نېئمەت ئاتا قىلىدۇ، يۈزىنى نۇرلۇق، گۈزەل قىلىۋېتىدۇ، كۆپىنچە فىقھىنى ئۆزىدىن فىقھىراق، ئالىمراق كىشىگە يەتكۈزىدىغان كىشى بار، فىقھىنى، ھەدىسنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن كۆپىنچە كىشىلەر، فىقھشۇناس ئالىم ئەمەس. تىرمىزى 2580 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3175 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 226 ـ ھەدىس، زىيائۇلمەقدەسى، ئەھمەد 20608 ـ دارىمى 231 ـ ھەدىس، سەھىھ.

نضر الله امرءا سمع منا شيئا فبلغه كما سمعه فرب مبلغ أوعى من سامع ( حم ت حب ) عن ابن مسعود

6764. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىزدىن بىرەر نەرسە ئاڭلاپ ئۇنى ئاڭلىغاندەكلا ئۆزگەرتمەي يەتكۈزگەن كىشىگە، ئاللاھ نېئمەت ئاتا قىلىدۇ. يۈزىنى نۇرلۇق گۈزەل قىلىدۇ، كۆپىنچە ھەدىس يەتكۈزۈلگەن كىشى، ھەدىسنى ئاڭلىغۇچىدىن يادا ئالغاقراق كېلىدۇ. ئەھمەد ، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**6765** ( صحيح ) نضر الله عبدا سمع مقالتي فوعاها ثم بلغها عني فرب حامل فقه غير فقيه و رب حامل فقه إلى من هو أفقه منه ( حم ه ) عن أنس

6765. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، ئۇنى يادا ئېلىپ ساقلاپ، ئاڭلىغاندەكلا يەتكۈزگەن كىشىنىڭ يۈزىنى ئاللاھ نۇرلۇق، گۈزەل قىلىۋېتىدۇ. نېئمەت ئاتا قىلىدۇ، رازى بولۇپ خۇرسەن بولىدۇ، كۆپىنچە فىقھىنى

كۆتۈرۈپ يۈرگەنلەر فىقھى ئالىم ئەمەس، كۆپىنچە كىشىلەر فىقھىنى ئۆزىدىن فىقھشۇناس ئالىمراق كىشىگە يەتكۈزىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6766 ( صحيح ) نضر الله عبدا سمع مقالتي فوعاها و حفظها ثم أداها إلى من لم يسمعها فرب حامل فقه غير فقيه و رب حامل فقه إلى من هو أفقه منه ثلاث لا يغل عليهن قلب امرئ مسلم: إخلاص العمل لله و النصح لأئمة المسلمين و لزوم جماعتهم فإن دعوتهم تحوط من وراءهم ( حم ه ك ) عن جبير بن مطعم ( د ه ) عن زيد بن ثابت ( ت ه ) عن ابن مسعود**

6766. جۇبەيىر، زەيد ئىبنى سابىت، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، ئۇنى قەلبىدە يادا ئېلىپ، مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاپ ئاندىن ئۇنى ئاڭلىمىغان كىشىگە يەتكۈزۈپ، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان كىشىنىڭ ئاللاھتائالا مەردۇۋسىنى يۇقىرى قىلىدۇ، نېئمەت ئاتا قىلىدۇ، يۈزىنى نۇرلۇق، گۈزەل قىلىدۇ، كۆپىنچە فىقھىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەنلەر، ئۆزى ئالىم ئەمەس، كۆپىنچە كىشىلەر فىقھىنى ئۆزىدىن ئالىمراق كىشىلەرگە ئاڭلاپ يەتكۈزىدۇ. ئۈچ نەرسىگە مۇسۇلمان كىشىنىڭ قەلبى خىيانەت قىلمايدۇ، ھىقدە ـ ھەسەت قىلمايدۇ، بىرى، ئەمەلنى ئاللاھقىلا ئىخلاس قىلىشتۇر، خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلىشتۇر. ئىككىنچىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرىغا ۋالىيلىرىغا نەسىھەت قىلىشتۇر. ئۈچىنچىسى، مۇسۇلمانلار جامائىتىنى لازىم تۇتۇشتۇر، چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ دەۋىتى، چاقىرىقى ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مۇھاپىزەت قىلىپ، قوغداپ، قورشاپ تۇرىدۇ، (ئىبزىشىدىن، ئايرىلىپ كېتىشىدىن، توپىدىن ئايرىلىپ شەيتاندەك بۆرىگە يەم بولۇپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالىدۇ). تىرمىزى 2582 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 226 ھەدىس، ئەھمەد 12871 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرىقى ھەدىسلەردىكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزۈمنى، ھەدىسنى فىقھىنى دېگەن سۆزلىرىدىن، «ھەدىس»، «فىقھى»، «مۇھەددىس»، «فىقھشۇناس ئالىم» دېگەن ئاتالغۇلار مەيدانغا كەلگەن. بۇ شارائىتمۇ ھەدىسنىڭ سەھىيلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

**6767 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 5958 نطفة الرجل بيضاء غليظة و نطفة المرأة صفراء رقيقة فأيهما غلبت صاحبتها فالشبه له ( و إن اجتمعا جميعا كان منها و منه ) ( أبو الشيخ في العظمة ) عن ابن عباس**

6767. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەر كىشىنىڭ مەنىي، ئىسپېرما سۈيى ئاق قويۇق بولىدۇ، ئايال كىشىنىڭ بولسا، سېرىق، سۇيۇق بولىدۇ. قايسى سۇ يەنە بىرسىدىن غالىب كەلسە، بالا شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ئەگەر ئىككى سۇ بىراقلا بىرلىشىپ، تەڭ بولسا، بالا دادىسىغىمۇ، ئانىسىغىمۇ تەڭ ئوخشايدۇ. ئەبۇششەيخ توپلىغان، سەھىھ. غالىب كەلسە دېگىنى ، ئىلگىرىلىسە، بۇرۇن ئېتىلىپ چىقسا، كۆپ بولسا ياكى چاڭلىشىش جەريانىدا ئىسپېرما ھۈجەيرىسى،تۇخۇمدانغا بۇرۇن يەتسە دېگەن مەنىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**6768 ( صحيح ) نعم الإدام الخل ( حم م 4 ) عن جابر ( م ت ) عن عائشة**

6768. جابىر، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىركا (يەنى ئۈزۈمنى قايىنتىپ ياسايدىغان، ئەمما، مەست قىلىش دەرىجىسىگە بارمىغان ئىچىملىك، )نېمىدېگەن ياخشى ئۈي چېيى ھە! (يەنى نان بىلەن بىرگە يېيىلىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم 3823 ـ ھەدىس، ۋە مۇسلىمدىن كېيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**6769 ( صحيح ) نعم الجهاد الحج ( خ ) عن عائشة**

6769. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:« سىلەر ئۈچۈن ھەج قىلىش نېمىدېگەن ياخشى جىھاد ھە!» دېگەن . بۇخارى قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

**6770 ( صحيح ) نعم الرجل أبو بكر نعم الرجل عمر نعم الرجل أبو عبيدة بن الجراح نعم الرجل أسيد بن حضير نعم الرجل ثابت بن قيس بن شماس نعم الرجل معاذ بن جبل نعم الرجل معاذ بن عمرو بن الجموح نعم الرجل سهيل بن بيضاء ( تخ ت ك ) عن أبي هريرة**

6770. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نېمىدېگەن ياخشى ئەر، ئۆمەر نېمىدېگەن ياخشى ئەر، ئەبۇ ئۇبەيدە نېمىدېگەن ياخشى ئەر، ئۇسەيد نېمىدېگەن ياخشى ئەر، سابىت ئىبنى قەيس، مۇئاز ئىبنى جەبەل، مۇئاز ئىبنى ئەمرۇ، سۇھەيل ئىبنى بەيزا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار نېمىدېگەن ياخشى كىشىلەر ھە!. تىرمىزى، ھاكىم، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.

**6771 ( صحيح ) نعم الرجل عبد الله لو كان يصلي من الليل ( حم ق ) عن حفصة**

6771. ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۇ كېچىسى ناماز ئوقۇغان بولسا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر نېمىدېگەن ياخشى كىشى ھە! ئەھمەد، بەيھەقىيلار توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنىڭ مۇنداق ئىشارەت مەنىسى بار، ئەگەر ئۇ، كېچىسى ناماز ئوقۇسا، ئاللاھنىڭ بەندىسى نېمىدېگەن ياخشى كىشى ھە! ئەلۋەتتە، كېچىسى ناماز ئوقۇغان كىشى ياخشى، بۇنىڭغا نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەر بار، گەرچە بۇ ھەدىس ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ توغرىسىدا دېيىلگەن بولسىمۇ، سەۋەب خاس، لەۋزى ئامدۇر، ھەممە كىشىگە دېيىلگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار، مۇھەددىسلەر بۇ ھەدىسنى كېچىسى ناماز ئوقۇش بابىدا كەلتۈرگەن.

**6772 ( صحيح ) نعم السحور التمر ( حل ) عن جابر**

6772. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خورما نېمىدېگەن ياخشى زوھۇرلۇق ھە!. ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ.

**نعم السورتان هما يقرآن في الركعتين قبل الفجر: ( قل يا أيها الكافرون و( قل هو الله أحد)( حب هب ) عن عائشة**

6773. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈبھىدىن يەنى بامدات نامىزىدىن بۇرۇنقى ئىككى رەكەت سۈننەت نامازغا ئوقۇلىدىغان مۇنۇ ئىككى سۈرە نېمىدېگەن ياخشى ھە! ئۇ بولسىمۇ «قۇل يا ئەييۇھەلكافىرۇن» ، «قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد»( يەنى سۈرە كافىرۇن بىلەن سۈرە ئىخلاس، بامداتنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىگە ئوقۇلىدۇ). ئىبنى ھەببان، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**نعم الصدقة اللقحة الصفي منحة و الشاة الصفية منحة يغدو بإناء و يروح بإناء( مالك خ ) عن أبي هرير**

6774. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غەنىيمەتتىن ئېلىنغان سۈتلۈك سېغىن تۆگىنى ياكى قوينى (ئەتىگەن ـ ئاخشام بىر قاچىدىن سۈت بېرىدىغان)، سۈتى ساپ سېغىن تۆگىنى ياكى قوينى باشقىلار،ئۇنىڭ سۈتىدىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۆتنىگە بېرىپ تۇرۇش نېمىدېگەن ياخشى سەدىقە. بۇخارى 5178 ـ ھەدىس، مالىك، ئەھمەد توپلىغان،

سەھىھ.

**6775** ( صحيح ) نعم الميتة أن يموت الرجل دون حقه ( حم ) عن سعد

6775. سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ ئۆز ھەققىنى، مېلىنى قوغداپ ئۆلۈشى نېمىدېگەن ياخشى ئۆلۈم ھە! (چۈنكى، مېلىنى قوغداپ ئۆلسە شېھىد بولىدۇ ھەدىس). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**6776** ( صحيح ) نعم عبد الله خالد بن الوليد سيف من سيوف الله( حم ت ) عن أبي هريرة

6776. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ قىلىچلىرىدىن بىر قىلىچ بولغان خالىد ئىبنى ۋەلىد، ئاللاھنىڭ نېمىدېگەن ياخشى بەندىسى ھە! (شۇندىن كېيىن ئۇ سەيفۇللاھ دەپ ئاتالغان). ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

نعما لمملوك أن يتوفى يحسن عبادة ربه و ينصح لسيده نعما له ( ق ت ) عن أبي هريرة

6777. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆز پەرۋەردىگارىغا ئىبادەتنى ياخشى قىلغان، خوجايىنىغا ياخشى نەسىھەت قىلغان ۋاپادار قۇل نېمىدېگەن ياخشى، ئۇنىڭغا كاتتا نېئمەت باردۇر، ئۇنىڭ ئەجرى نېمىدېگەن ياخشى. بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6778** ( صحيح ) نعمتان مغبون فيهما كثير من الناس: الصحة و الفراغ ( خ ت ه ) عن ابن عباس

6778. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەجرىدىن مەھرۇم قىلىپ، زور زىيان تارتىۋاتقان ئىككى نېئمەت باردۇر، بىرى ساقلىق، يەنە بىرى بولسا بوش ۋاقىتتۇر. بۇخارى 5933 - ھەدىس، تىرمىزى 2226 - ھەدىس، ئىبنى ماجە، ئەھمەد 3038 - ھەدىس، دارمى 2591 - ھەدىس، سەھىھ.

( كىشىلەر ساقلىقنىڭ بوش ۋاقىتنىڭ قەدرى - قىممىتىنى قىلالماي، ئەيىب - نۇقسانلىق، كەمچىلىك سادىر قىلىپ نۇرغۇن ياخشىلىق، ئەجرنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، زور زىيان تارتىدۇ.)

**6779** ( صحيح ) نفس المؤمن معلقة بدينه حتى يقضى عنه ( حم ت ه ك ) عن أبي هريرة

6779. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ روھى، جېنى تاكى ئۇنىڭدىن قەرزى ئادا قىلىنغانغا قەدەر، ئۇنىڭ قەرزىگە ئالاقىدار ئېسىغلىق تۇرىدۇ. (يەنى قەرزى ئادا قىلىنمىسا جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.) ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6780** ( صحيح ) نفقة الرجل على أهله صدقة ( خ ت ) عن ابن مسعود

6780. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:كىشىنىڭ ئۆز ئەھلىگە، ئائىلىسىگە، ئاياللىغا قىلغان نەفىقىسىمۇ سەدىقە ھېسابلىنىدۇ. بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6781** ( صحيح ) نفي بعهدهم و نستعين الله عليهم ( م ) عن حذيفة

6781. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىزدىن، قۇرەيشلەرنىڭ كۇففارلىرى ئۆز ۋاقتىدا



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنى بېكىتى تاللىدىسى

مەدىنىگە كىرىشمىزگە بولىدىغانلىقى. لېكىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرلىشىپ كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلماسلىقىمىزغا ئەھدە، توختام ئېلىشۋالدى، بىز كېلىپ بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلساق، مۇنداق دېگەن: سىلەر قايتىپ كېتىپ، جەڭگە قاتناشماڭلار، بىز ئۇلارنىڭ ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىمىز، ئۇلارغا قارشى ئاللاھتىنلا ياردەم سورايمىز. مۇسلىم 3342 - ھەدىس، ئەھمەد 22265 - ھەدىس، سەھىھ. مەجبۇرى ئېلىشۋالغان ئەھدىگىمۇ ۋاپا قىلغان، ئەمەلىيەتتە مەجبۇرلانغان ئەھدىگە ۋاپا يوق ئىدى. چۈنكى مەجبۇرلانغان ئىش كۆتۈرۈۋېتىلىدى.

6782 ( صحيح ) نهران من الجنة: النيل و الفرات ( الشيرازي ) عن أبي هريرة

6782. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىسىردىكى نىل دەرياسى، كۇفىدىكى پۇرات دەرياسى جەننەتتىن چىققان ئىككى دەريادۇر، شىرازى توپلىغان، سەھىھ. (ۋەللاھۇ ئەئلەم، بۇ بىر تەمسىلدۇر ياكى راستتۇر.)

6783 ( صحيح ) نهيت أن أمشي عريانا ( طب ) عن ابن عباس

6783. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن كىيىمسىز يالىڭاچ مېڭىشىمدىن چەكلەندىم. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

6784 ( صحيح ) نهيت عن التعري ( الطيالسي ) عن ابن عباس

6784. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن يالىڭاچلىنىشىدىن (يەنى كىيىمسىز مېڭىشىدىن، قىپيالىڭاچ ئولتۇرۇشىدىن) توسۇلدۇم. تەيالىسى توپلىغان سەھىھ.

تىرمىزىنىڭ 2724 - ھەدىسىدە يالىڭاچلىنىشىدىن توسقان ھەدىس بار، پەرىشتىلەردىن ھايا قىلىشنى سۆزلىگەن، بۇخارىيدا، ئەبۇ داۋۇددا، نامازدا ۋە باشقا ۋاقىتتا يالىڭاچلىنىش دۇرۇس بولمايدۇ دېگەن باب بار. لېكىن، ئەر - ئايال بىللە بولغاندا كىچىسى ئورۇندا ياتقاندا سەۋەب، ئۆزرە بىلەن دۇرۇس، مۇنچىدا يۇيۇنغاندا پەردە بولسا، كېچىسى ياتقاندا ئورۇن - كۆرپىنىڭ ئىچىدە بولسا دۇرۇس.

6785 ( صحيح ) نهيت عن المصلين ( طب ) عن أنس

6785. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ناماز ئوقۇغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈشتىن ھەتتا ئۇرۇشتىنمۇ چەكلەندىم، (ناماز ئوقۇغۇچى كىشىنى ئۇرۇش ھارام). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

نهيتكم عن الظروف و إن الظروف لا تحل شيئا و لا تحرمه و كل مسكر حرام ( م ) عن بريدة

6786. بۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى نۇرغۇن قاچا - تاۋاقلاردا ئىچىملىك ئىچىشتىن توسقان ئىدىم، (سەۋەبى ھاراقنىڭ زامانىغا يېقىن ئىدى، ھاراق ئۇ چاغدا ئەمدىلا ھارام قىلىنغان، ھاراقنى ئەسلىمەسلىك ئۈچۈن ھاراق يۇقى بار نەرسىدە نەرسە ئىچمەسلىك ئۈچۈن ئىدى). ھەقىقەتەن تولۇن ، قاچىلار بىرەر نەرسىنى ھالال ياكى ھارام قىلالمايدۇ، ئەمدى ئىچىۋېرىڭلار. لېكىن، ھەر قانداق مەست قىلغۇچى ھارامدۇر، ئۇنى قەتئىي ئىچمەڭلار. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

www.uyghurkitap.com

6787. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ۋە ئاستىغا ئوخشاش.

نهيتكم عن ثلاث و أنا آمركم بهن نهيتكم عن زيارة القبور فزوروها فإن في زيارتها تذكرة و نهيتكم عن الأشربة أن لا تشربوا إلا في ظروف الأدم فاشربوا في كل وعاء غير أن لا تشربوا مسكرا و نهيتكم عن لحوم الأضاحي أن تأكلوها بعد ثلاث فكلوا و استمتعوا بها في أسفاركم ( د ) عن بريدة

6788. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى ئۈچ نەرسىدىن توسقان ئىدىم، مانا ئەمدى ئۇ نەرسىگە بۇيرۇيمەن، مەن سىلەرنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن توسقان ئىدىم مانا ئەمدى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىڭلار، بولۇدۇ ئۇنىڭدا ۋەز ـ نەسىھەت، ئىبرەت بار، مەن سىلەرنى تېرىدىن باشقا تولۇن قاچىلاردا ئىچمەڭلار دەپ توسقان ئىدىم، مانا ئەمدى ھەر قانداق تولۇن ، قاچا بولسا، ئۇنىڭدا نەرسە ئىچسەڭلار بولىدۇ، لېكىن، مەست قىلغۇچىنى ئىچمەڭلار، ئۇ ھاراقتۇر. مەن سىلەرنى قۇربانلىقنىڭ گۆشلىرىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاپ يېيىشىڭلارنى توسقان ئىدىم، ئەمدى ساقلاپ يەۋېرىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن سەپەرلىرىڭلاردىمۇ پايدىلىنىڭلار، سەدىقە قىلىڭلار. ئەبۇ داۋۇد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

نهيتكم عن زيارة القبور فزوروها فإن لكم فيها عبرة ( طب ) عن أم سلمة

6789. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن توسقان ئىدىم، ئەمدى زىيارەت قىلساڭلار بولىدۇ، قەبرىنى زىيارەت قىلىشدا ئىبرەت باردۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. (ئەرلەرگە رۇخسەت قىلىندى)

**6790** ( صحيح ) نهيتكم عن زيارة القبور فزوروها فإنها تذكركم الموت ( ك ) عن أنس

6790. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن سىلەرنى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن توسقان ئىدىم، ئەمدى زىيارەت قىلىۋېرىڭلار، ھەقىقەتەن قەبرە سىلەرگە ئۆلۈمنى ئەسلىتىدۇ. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.( ئاياللار يەنىلا چەكلىنىدۇ، بۇ يۇقىرىدا ئۆتتى.)

**6791** ( صحيح ) نهينا عن الكلام في الصلاة إلا بالقرآن و الذكر ( طب ) عن ابن مسعود

6791. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىز ناماز ئىچىدە قۇرئاندىن، زىكرىدىن باشقا ھەرقانداق سۆزلەرنى قىلىشتىن چەكلەندۇق، قۇرئان بىلەن زىكرى دۇرۇس. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6792** ( صحيح ) النائحة إذا لم تتب قبل موتها تقام يوم القيامة و عليها سربال من قطران و درع من جرب ( حم م ) عن أبي مالك الأشعري

6792. ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېيىتكە ئاۋاز قىلىپ يىغلىغۇچى ئايال كىشى ئۆلۈشىدىن بۇرۇن تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتسە، قىيامەت كۈنى ئۇستىدە ئېرىتىلگەن قوغۇشۇندىن چاپلىشاڭغۇ قىزىق قارا ماددىدىن بولغان ئۇزۇن كۆڭلەك، ئوت ياللۇنىدىن بولغان كۆڭلەك ـ چاپان بار ھالەتتە قوپۇرۇلىدۇ. مۇسلىم 1550 ـ ھەدىس، ئەھمەد

21830 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1570 ـ ھەدىس، سەھىھ. يىغا ـ زار قىلىنغان مېيىت گۇناھسىز بولسىمۇ يېقىن كىشىسىنىڭ مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنىنى كۆرسە چوقۇم ئازابلىنىدۇ. مانا بۇ مېيىت ھاياتلارنىڭ يىغىسى سەۋەبلىك ئازابلىنىدۇ دېگەننىڭ بىر مەنىسىدۇر، ئەگەر مېيىت رازى بولسا، ۋەسىيەت قىلسا، ئۆرپ ـ ئادەتى بولسا ئۆزىمۇ گۇناھكار بولۇپ ئازابلىنىدۇ.

**6793** ( صحيح ) النار جبار ( د ه ) عن أبي هريرة

6793. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوت بىكاردۇر (يەنى ئوت كېتىش ۋەقەسىدە ئوت ھالاك قىلغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىش يوق، (لېكىن، قەستەن ئوت قويسا، خاتالاشسا تۆلەم بېرىدۇ. خۇددى خاتا قاتىللىقدەك). ئەبۇ داۋۇد 3978 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2666 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6794** ( صحيح ) النار عدو فاحذروها ( حم م ) عن ابن عمر

6794. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوت دۈشمەندۇر، ئۇتتىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ، ئوتتىن ھەزەر قىلىش قانۇنى.

**6795** ( صحيح ) الناس تبع لقريش في الخير و الشر ( حم م ) عن جابر

6795. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر ياخشىلىقتىمۇ، يامانلىقتىمۇ قۇرەيشلەرگە ئەگىشىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**6796** ( صحيح ) الناس معادن خيارهم في الجاهلية خيارهم في الإسلام إذا فقهوا الناس تبع لقريش في هذا الشأن مسلمهم تبع لمسلمهم و كافرهم تبع لكافرهم تجدون من خير الناس أشد الناس كراهية لهذا الشأن حتى يقع فيه ( ق ) عن أبي هريرة

6796. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر كاڭ ـ مەدەنگە ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ جاھالىيەتتىكى ياخشىسى، فىقھى ئالىم بولسا، ئىسلام دىنىدىمۇ ياخشىدۇر، كىشىلەر مۇشۇ ئىشتا يەنى باشلىق بولۇشتا قۇرەيشلەرگە ئەگىشىدۇ، كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمانلىرى قۇرەيشنىڭ مۇسۇلمانلىرىغا، كاپىرلىرىمۇ قۇرەيشنىڭ كاپىرلىرىغا ئەگىشىدۇ. (ياخشىلىق ۋە يامانلىقتا ئەگىشىدۇ). كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى مۇشۇ ئىشنى يەنى باش بولۇشنى قاتتىق ياقتۇرمايدىغان تاپىسلەر تاكى ئۇلار مەجبۇرى چۈشۈپ قېلىپ سايلىنىدۇ، (باشلىقلىققا چۈشۈپ قېلىشىدىن قاتتىق ھەزەر قىلىپ ياقتۇرمايدۇ). بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

الناس معادن كمعادن الذهب و الفضة خيارهم في الجاهلية خيارهم في الإسلام إذا فقهوا و الأرواح جنود مجندة فما تعارف منها ائتلف و ما تناكر منها اختلف ( م ) عن أبي هريرة

6797. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ مەدەنلىرىدەك كاڭغا ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ جاھالىيەتتىكى ياخشىسى، دىندا فىقھى ئالىم بولسا، ئىسلام ئىچىدىمۇ ياخشىدۇر، روھلار توپلاشقان قوشۇن بولۇپ، ئۆزئارا ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ شۇ جايدا تونۇشقىنى ئۆزئارا كېلىشىپ، ئۈنسى ئۈلپەت بېرىشىپ، ئىتتىپاق ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ تونۇشمىغىنى ئىنكار قىلىشقىنى بولسا، ئىختىلاپلىشىدۇ، (پەقەت كۆرۈشمىگىنى

كۆرۈشمەيدۇ). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**6798** ( حسن ) الناس ولد آدم و آدم من تراب ( ابن سعد ) عن أبي هريرة

6798. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر ئادەم بالىسىدۇر، ئادەم بولسا، تۇپراقتىن يارىتىلغان، (سىلەر نېمىگە كۆرەڭلەپ تەكەببۇرلۇق قىلىسىلەر؟). ئىبنى سەئد توپلىغان، ھەسەن.

**6799** ( صحيح ) النبي لا يورث ( ع ) عن حذيفة

6799. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر مىراس قالدۇرمايدۇ، شۇڭا ھېچ كىشى پەيغەمبەرگە مال ـ مۈلۈك جەھەتتە ۋارىس قىلىنمايدۇ. ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

يۇقىرىدا ئالتۇن ـ كۈمۈش، مال ـ دۇنيا مىراس قالدۇرمايدۇ، پەقەت دىنىنى، ئىلىمنى مىراس قالدۇرىدۇ، ئۆلىمالار ۋارىسلىرىدۇر دېگەن ئۆتتى.

النجوم أمنة للسماء فإذا ذهبت النجوم أتى السماء ما توعد و أنا أمنة لأصحابي فإذا ذهبت أتى أصحابي ما يوعدون و أصحابي أمنة لأمتي فإذا ذهب أصحابي أتى أمتي ما يوعدون ( حم م ) عن أبي موسى

6800. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يۇلتۇزلار ئاسماننى ئەمىن، تىنچ ھالەتتە مۇقىم تۇتۇپ تۇرىدىغان نەرسىدۇر، يۇلتۇزلار يوقىغان ھامان ئاسمانغا ۋەدە قىلىنغان نەرسە يېتىپ كېلىدۇ، (يەنى ئاسمان يېرىلىپ، سۇدەك ئېقىپ ھالاك بولىدۇ.) مەن ساھابىلىرىم ئۈچۈن ئەمىنلىك، تىنچلىق ئېلىپ كەلگۈچى، مەن ھايات بولسام، ئۇلار ئەمىن تۇرىدۇ. مەن كەتكەن ھامان ئۇلارغا ۋەدە قىلىنغان نەرسە كېلىدۇ (يەنى پىتنە ـ پاساتتا تۇگىشىدۇ،) ساھابىلىرىم مۇشۇ ئۇممەت ئۈچۈن ئەمىنلىك، تىنچلىقتۇر ، مۇقىم تۇتۇپ تۇرىدۇ، ساھابىلار كەتكەن ھامان بۇ ئۇممەتمگە ۋەدە قىلىنغان ئىشلار يېتىپ كېلىدۇ. (يەنى 73 پىرقىگە بۆلۈنۈش، ئىختىلاپ، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق، پىتنە ـ پاساتتا ھالاك بولۇشلار، خەلىپە تۇگەپ، پادىشاھلىق تۈزۈمى بولۇشلار كېلىدۇ. راستىنلا كەلدى، يەنە كېلىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**6801** ( صحيح ) النخاعة في المسجد خطيئة و كفارتها دفنها ( حم ق ) عن أنس

6801. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەسجىد ئىچىگە بەلغەم تۈكۈرۈش خاتالىقتۇر، ئۇنىڭ كاپارىتى ئۇنى كۆمۈۋېتىشتۇر. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6802** ( صحيح ) الندم توبة ( حم تخ ه ك ) عن ابن مسعود ( ك هب ) عن أنس

6802. ئىبنى مەسئۇد، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گۇناھ ـ مەئسىيەتكە قاتتىق پۇشايمان قىلىشنىڭ ئۆزى تەۋبىدۇر. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم، بەيھەقى، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.( تەۋبىنىڭ شەرتى، پۇشايمان قىلىش، گۇناھدىن دەرھال قول تارتىش، قايتا قىلماسلىق، كىشىلەر ھەققىنى بېرىش.)

الندم توبة و التائب من الذنب كمن لا ذنب له ( طب حل ) عن أبي سعيد الأنصاري



www.uyghurkitap.com

6803. ئەبۇ سەئىدىلئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پۇشايمانىنىڭ ئۆزى تەۋبىدۇر، گۇناھدىن تەۋبە قىلغۇچى خۇددى گۇناھى يوق كىشىگە ئوخشاشتۇر. تەبرانى، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، ھەسەن.

**6804** ( صحيح ) النذر نذران فما كان من نذر في طاعة الله فذلك لله و فيه الوفاء و ما كان من نذر في معصية الله فذلك للشيطان و لا وفاء فيه و يكفره ما يكفر اليمين ( ن ) عن عمران بن حصين

6804. ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋەدە نەزىرىسى ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش توغرىسىدىكى ۋەدە نەزىرىسى بولۇپ، ئەنە شۇ ئاللاھ ئۈچۈن بولىدۇ، ئۇنىڭغا ۋاپا قىلىش لازىم. يەنە بىرسى، ئاللاھقا ئاسىي بولۇش توغرىسىدا گۇناھ ـ مەئسىيەتكە قىلىنغان نەزرە بولۇپ، بۇ شەيتان ئۈچۈن بولغىنى، بۇنداق ۋەدە نەزىرىسىگە ۋاپا قىلىش يوق، ئۇنى بۇزۇۋېتىپ، قەسەمگە بەرگەن كاپارەتتەك كاپارەت بېرىدۇ. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6805** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **5989** النذر ( يمين) و كفارته كفارة يمين ( طب ) عن عقبة بن عامر

6805. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نەزىر ۋەدىسى قەسەمدۇر، ئۇنى بۇزۇۋېتىپ، ۋاپا قىلمىغانىنىڭ كاپارىتى، قەسەمنىڭ كاپارىتىدۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6806** ( صحيح ) النصر مع الصبر و الفرج مع الكرب: و إن مع العسر يسرا ( خط ) عن أنس

6806. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نۇسرەت، سەۋر قىلىش بىلەن بىللىدۇر،ئاسايىشلىق، مۇشەققەت بىلەن بىرگىدۇر، ھەقىقەتەن ھەر بىر مۇشكۇللۇك بىلەن بىر ئاسانلىق بىللىدۇر. خەتىيب توپلىغان، سەھىھ.

النكاح سنتي فمن لم يعمل بسنتي فليس مني و تزوجوا فإني مكاثر بكم الأمم يوم القيامة و من كان ذا طول فلينكح و من لم يجد فعليه بالصيام فإن الصوم له وجاء ( ه ) عن عائشة

6807. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نىكاھ مېنىڭ سۈننىتىم، كىم مېنىڭ سۈننىتىمگە ئەمەل قىلمىسا، ئۇ مەندىن ئەمەس، (يەنى مېنىڭ سۈننىتىمدىن، ئەخلاقىمدىن ئەمەس،) توي قىلىڭلار، ھەقىقەتەن مەن قىيامەت كۈنى ئۇممەتلەرگە سىلەرنىڭ كۆپلۈكۈڭلار بىلەن پەخىرلىنىمەن، توي قىلىشىڭلار سەۋەبلىك ئۇممىتىم كۆپىيىدۇ، كىم باي بولۇپ توي قىلىشقا قادىر بولسا نىكاھلانسۇن، كىم توي قىلغۇدەك نەرسە تاپالمىسا، ئۇ روزا تۇتۇشنى لازىم تۇتسۇن، ھەقىقەتەن روزا ئۇنىڭ ئۈچۈن قالقاندۇر. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6808** ( صحيح ) النوم أخو الموت و لا يموت أهل الجنة ( هب ) عن جابر

6808. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇيقۇ، ئۆلۈمنىڭ قېرىندىشىدۇر،(جەننەتتە) جەننەت ئەھلى ئۆلمەيدۇ، (يەنى ھەم ئۇخلىمايدۇ، بۇنىڭغا ئايەت دەلىلدۇر). بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

النياحة على الميت من أمر الجاهلية و إن النائحة إذا لم تتب قبل أن تموت فإنها تبعث يوم القيامة عليها سرابيل من قطران ثم يغلى (يعلى)عليها

بدروع من لهب النار ( ه ) عن ابن عباس

6809. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېيىتكە ئاۋاز قىلىپ يىغلاش جاھالىيەت ئىشىدىندۇر، مېيىتكە يىغلىغۇچى ئاۋاز قىلىپ قوشاق قوشقۇچى ئايال كىشى، ئۆلۈشىدىن بۇرۇن تەۋبە قىلماي ئۆلسە، قىيامەت كۈنى ئۇستىدە ئىبرىتمە قىزىق قوغۇشۇندىن چاپلىشاڭغۇ قىزىق قارا ماددىدىن بولغان ئۇزۇن كۆڭلەك بار ھالەتتە قوپۇرۇلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە دوۋزاخ ئوتىنىڭ يالقۇنلىرىدىن بولغان چاپان ئۈستىلەپ كىيدۈرۈلىدۇ. (ھەي! ئازاب ئۈستىگە ئازاب دە!). تىرمىزى، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىس يۇقىرىدىمۇ ئۆتتى، كىشىلەرنىڭ بولۇپمۇ ئايالالرنىڭ ئاسانلىقچە گەپ ـ سۆزنى، نەسىھەتنى ئاڭلىماسلىقىدىن تەكرار كەلدى.

## « نهى » دېگەن پېئىل بىلەن باشلانغان يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چەكلەپ توسقان نەرسىلەر توغرىسىدىكى سەھىھ ھەدىسلەر

6810 ( حسن ) نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن تتبع جنازة معها رانة ( ه ) عن ابن عمر

6810. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنازىغا ئاۋاز قىلىپ يىغلىغۇچى ئايال كىشىنىڭ ئەگىشىشىدىن توسقان، (ئايالالر ئەگەشمەيدۇ). ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

6811 ( حسن ) نهى أن تستتر الجدر ( هق ) عن علي بن الحسين مرسلا

6811. ئەلى ئىبنى ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تامغا پەردە تارتىشتىن توسقان. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن. بۇ ھەدىس، مەن تاش، چالمىغا يەنى تامغا كىيىم كىيدۈرۈشكە بۇيرۇلمىدىم دېگەن ھەدىسكە ئوخشاشتۇر.

6812 ( صحيح ) نهى أن تصبر البهائم ( ق د ن ه ) عن أنس

6812. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايۋانالرنى قارىغا ئېتىش نىشانى قىلىپ، سولاپ قويۇپ مەجبۇرى ئۆلتۈرۈشتىن توسقان. بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

6813 ( صحيح ) نهى أن تكلم النساء إلا بإذن أزواجهن ( طب ) عن عمرو

6813. ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايالالرنىڭ سۆز قىلىشىدىن (يەنى مەجلىسدە، جامائەت سورۇندا سۆز قىلىشتىن) توسقان، لېكىن ئېرى بولسا، ئېرىنىڭ ئىزنى، رۇخستى بىلەن سۆز قىلسا، سوئال سورىسا توسمىغان. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

6813 / 1 ] الصحيحة ( 2723 ) نهى أن يبال بأبواب المساجد ( د في مراسيله ) عن مكحول مرسلا )

6813. مەكھۇل رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مەسجىدلەرنىڭ ئىشىكلىرىگە يەنى ئىشىك ئەتراپىغا كىچىك تەرەت قىلىشتىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**6814** ( صحيح ) نهى أن يبال في الماء الراكد ( م ن ه ) عن جابر

6814. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توختاق سۇغا تەرەت قىلىشتىن توسقان. مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6815** ( صحيح ) نهى أن يبول الرجل في مستحمه( ت ) عن عبدالله بن مغفل

6815. ئابدۇللاھ مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ يۇيۇنىدىغان مۇنچىسىغا كىچىك تەرەت قىلىشتىن توسقان. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6816** ( صحيح ) نهى أن يتباهى الناس في المساجد ( حب ) عن أنس

6816. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ مەسچىتلىرى توغرىسىدا پەخىرلىنىشتىن، ئۆزئارا باھالاپ كېتىشتىن توسقان. ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**6817** ( صحيح ) نهى أن يتخذ شيء فيه الروح غرضا ( حم ت ن ) عن ابن عباس

6817. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جانلىق نەرسىنى يەنى ھايۋانلارنى ئوق ئېتىش، قارىغا ئېتىش نىشانى قىلىشتىن توسقان. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6818** ( صحيح ) نهى أن يتزعفر الرجل ( ق 3 ) عن أنس

6818. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەر كىشىنىڭ زەئپىرانىنى ئىستېمال قىلىشتىن توسقان، (چۈنكى ئۇنىڭ رەڭگى سېرىق). بەيھەقى ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**6819** ( صحيح ) نهى أن يتعاطى السيف مسلولا ( حم د ت ك ) عن جابر

6819. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ قىلىچىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ يالىڭاچ ھالەتتە بىرىسى ـ بىرىسىگە سۇنۇپ بېرىشتىن توسقان. (غىلىپىغا سېلىپ تۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇغان ). ئەھمەد 14215 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2089 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2221 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجەمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**6820** ( صحيح ) نهى أن يتنفس في الإناء أو ينفخ فيه ( حم د ت ه ) عن ابن عباس

6820. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاچىنىڭ ئىچىگە تىنىشتىن، نەپەسلىنىشتىن ياكى پۈۋلەشتىن توسقان. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6821** ( حسن ) نهى أن يجلس الرجل بين الرجلين إلا بإذنهما ( هق ) عن ابن عمرو

6821. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ ئىككى كىشى ئارىسىدا ئولتۇرۇۋېلىشىدىن توسقان. لېكىن، شۇ كىشىلەرنىڭ ئىزنى بىلەن ئولتۇرسا بولىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

نهى أن يجلس الرجل في الصلاة و هو معتمد على يده اليسرى و قال: إنها صلاة اليهود ( ك هق ) عن ابن عمر

6822. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ نامىزى ئىچىدە سول قولىغا يۆلەنگەن ھالەتتە ئولتۇرۇشىدىن توسقان ۋە ھەقىقەتەن ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ نامىزى دېگەن . ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6823** ( صحيح ) نهى أن يجلس بين الضح و الظل و قال: مجلس الشيطان ( حم ) عن رجل

6823. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاپتاپ بىلەن سايە ئارىسىدا يېرىمى ئاپتاپ، يېرىمى سايە جايدا ئولتۇرۇشىدىن توسقان ۋە ئۇ شەيتاننىڭ ئولتۇرىدىغان جايى دېگەن . ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**6824** ( صحيح ) نهى أن يجمع أحد بين اسمه و كنيته ( ت ) عن أبي هريرة

6824. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن كىنايە ئىسمىنى،بىرەر كىشىنىڭ بىرلەشتۈرۈپ ھەر ئىككىلىسىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىۋېلىشىدىن توسقان. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6825** ( صحيح ) نهى أن يسافر بالقرآن إلى أرض العدو ( ق د ه ) عن ابن عمر

6825. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئان بىلەن دۈشمەن زېمىنىغا سەپەر قىلىشىدىن توسقان، (چۈنكى ئۇلار سۇيىقەست قىلىدۇ، قۇرئان ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە زايا كېتىدۇ). بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6826** ( صحيح ) نهى أن يستنجي أحد بعظم أو روثة أو حممة ( د قط هق ) عن ابن مسعود

6826. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ سۆڭەك ، تېزەك بىلەن ياكى كۆمۈر بىلەن ئىستىنجا قىلىشىدىن توسقان، (چۈنكى سۆڭەك مۇسۇلمان جىنلارغا، ھايۋان تېزىكى ئۇلارنىڭ ھايۋانلىرىغا رىزىقتۇر). ئەبۇ داۋۇد 35 ـ ھەدىس، مۇسلىم 682 ـ ھەدىس، تىرمىزى 18 ـ ھەدىس، نەسائى 39 ـ ھەدىس، دارىقۇتنى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6827** ( صحيح ) نهى أن يستنجي ببعرة أو عظم ( حم م د ) عن جابر

6827. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆڭەك بىلەن، تۆگىنىڭ تېزىكى ھايۋان تېزىكى بىلەن ئىستىنجا قىلىشىدىن توسقان. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، مۇسلىم 682 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6828** ( صحيح ) نهى أن يسمى أربعة أسماء: أفلح و يسارا و نافعا و رباحا ( د ه ) عن سمرة

6828. سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆت خىل ئىسىم بىلەن ئىسىم قويۇشىدىن توسقان، ئەپلەھ، يەسسار، نافىئ، رەباھ دېگەن ئىسىمدىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6829** ( صحيح ) نهى أن يشرب الرجل قائما ( م د ت ) عن أنس

6829. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ ئۆرە تۇرۇپ ئىچىملىك ئىچىشىدىن توسقان. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6830** ( حسن ) نهى أن يصلي الرجل في لحاف لا يتوشح به و نهى أن يصلي الرجل في سراويل و ليس عليه رداء ( د ك ) عن بريدة

6830. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ يۆگىنىدىغان يۇركەنجىسىنىڭ، كىيىمىنىڭ ئىككى تەرىپىنى كۆكسىگە چەگمەستىن، يېشىنى قويۇۋېتۇرماستىن، ناماز ئوقۇشىدىن توسقان ۋە يەنە كىشىنىڭ ئۈستىدە رىدا، تون، تەلپەكلىرى يوق ھالەتتە ئىشتان بىلەنلا ئوقۇشىدىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد 541 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**6831** ( صحيح ) نهى أن يصلي الرجل و رأسه معقوص( طب ) عن أم سلمة

6831. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ چېچىنى پوملاپ، تۈگۈپ كۆتىكىگە چىگىۋېلىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇشىدىن توسقان. ئەھمەد 25931 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1032 ـ ھەدىس، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6832** ( صحيح ) نهى أن يصلي الرجل و هو حاقن ( ه ) عن أبي أمامة

6832. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ تاھارىتى قىستىغان ھالەتتە ناماز ئوقۇشىدىن توسقان. ئىبنى ماجە 609 ـ ھەدىس، ئەھمەد 21131 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6833** ( حسن ) نهى أن يصلي خلف المتحدث و النائم ( ه ) عن ابن عباس

6833. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزلىشىپ ئولتۇرغانلارنىڭ ۋە ئۇخلاۋاتقانلارنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇشىدىن توسقان.( يەنى ئۇلار قىبلە تەرەپتە بولسا). ئىبنى ماجە 949 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1595 ـ ھەدىس، ھەسەن.

**6834** ( صحيح ) نهى أن يصلي على الجنائز بين القبور ( طس ) عن أنس

6834. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنازىلارنى قەبرىلەرنىڭ ئارىسىغا ئەكىرىپ تۇرۇپ ناماز چۈشۈرۈشىدىن توسقان. (يەنى قەبرىستانلىقتا مېيىتكە ناماز چۈشۈرۈلمەيدۇ، يەنى مەخسۇس ئاپىرىپ چۈشۈرمەيدۇ. ئەمما، بەزى چاغلاردا ناماز چۈشۈرۈپ قويۇلۇپ بولغان كىشىگىمۇ جەستى چىرىپ، سىپسىپ كەتمىسىلا ناماز چۈشۈرگەن ھەدىس بار. بۇ ئىككىسى ئىككى ئىشتۇر). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6835** ( صحيح ) نهى أن يضع الرجل إحدى رجليه على الأخرى و هو مستلق على ظهره ( حم ) عن أبي سعيد(لكن رسول الله ص فعل ذالك خ455 م3921 )

6835. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ بىرىنى يەنە بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئوڭدا يېتىشىدىن توسقان. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالمىسا، شۇ ھالەتتە ياتسا بولىدۇ، چۈنكى، يەنىلا ئەھمەد 15849 ـ ھەدىستە، بۇخارى 455ـ، 5813 ـ ھەدىستە، مۇسلىم 3921 ـ ھەدىستە، تىرمىزى 2689 ـ ھەدىسلەردە دۇرۇسلۇقى باردۇر.

**6836** ( صحيح ) نهى أن يطرق الرجل أهله ليلا ( ق ) عن جابر

6836. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردىن كەلگەن كىشىنىڭ ئەھلىگە، ئاياللىغا كېچىدە تۇيۇقسىز كىرىشىدىن توسقان. بەيھەقى توپلىغان،

سەھىھ. (چۈنكى، تەييارلىق قىلغۇالىدۇ ۋە باشقا سەۋەبلەر)

**6837** ( صحيح ) نهى أن يفرد يوم الجمعة بصوم ( حم ) عن أبي هريرة

6837. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەخسۇس جۈمە كۈنىلا روزا تۇتۇۋېلىشتىن توسقان، (ئالدى ـ كەينىدە بىللە تۇتسا دۇرۇس). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**6838** ( صحيح ) نهى أن يقام الرجل من مقعده و يجلس فيه آخر ( خ ) عن ابن عمر

6838. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشى ئورنىدىن قوپۇپ كەتسە، ئۇنىڭ ئورنىدا يەنە بىر كىشىنىڭ ئولتۇرۇۋېلىشىدىن توسقان. (چۈنكى ئۇ كىشى قايتىپ كەلسە، ئۆز ئورنىغا ئۆزى لايىقتۇر. لېكىن قايتىپ كەلمىسە دۇرۇس). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**6839** ( صحيح ) نهى أن يقتل شيء من الدواب صبرا ( حم م ه ) عن جابر

6839. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايۋانلارنىڭ مەجبۇرى ھالدا سولاپ قويۇلۇپ ياكى قارىغا ئېتىش نىشانى قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىشىدىن توسقان. (ھالال بولسا، ھاجەت چۈشسە ئۆلتۈرۈپ يېگىلۈك، بولمىسا ھايۋانلارغىمۇ زۇلۇم قىلىش ھارام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇڭا پۈتۈن ئالەملەرگە رەھمەتتۇر). ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6840** ( صحيح ) نهى أن يقعد الرجل بين الظل و الشمس ( ك ) عن أبي هريرة ( ه ) عن بريد

6840. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، كىشىنىڭ سايە بىلەن ئاپتاپ ئارىسىدا، يېرىمى سايە، يېرىمى ئاپتاپ جايدا ئولتۇرۇشىدىن توسقان. ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6841** ( صحيح ) نهى أن يقعد على القبر و أن يجصص أو يبنى عليه ( حم د ن ) عن جابر

6841. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرە ئۈستىدە ئولتۇرۇشىدىن، قەبرىنى سېمونت، بېتوندا قاتۇرۇپ، پۇختا سېلىشىدىن، قەبرە ئۈستىگە ياكى قەبرىستانلىقتا بىنا، قۇرۇلۇش قىلىشىدىن توسقان. (مەسجىد ياكى ئۆي سېلىنمايدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6842** ( صحيح ) نهى أن يقوم الإمام فوق شيء و الناس خلفه ( د ك ) عن حذيفة

6842. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىمامنىڭ ئۆزى يالغۇز بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇشىدىن، كىشىلەر بولسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدا، پەستە تۇرۇشىدىن توسقان، (بۇ ناماز ئىچىدە چەكلىنىدۇ). ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6843** ( صحيح ) نهى أن يكتب على القبر شيء ( ه ك ) عن جابر

6843. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرە ئۈستىگە بىرەر نەرسىنىڭ خەت قىلىپ يېزىلىشىدىن توسقان. ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان،

سەھىھ.( قەبرىگە ھېچنەرسە يېزىلمايدۇ، ھەتتا ئىسىم ـ فامىلىسىمۇ، ياخشى ـ يامانلىقىمۇ، تارىخىمۇ يېزىلمايدۇ. بۇ دىنىسىزنىڭ ئىشى.)

**6844** ( صحيح ) نهى أن يمس الرجل ذكره بيمينه و أن يمشي في نعل واحدة و أن يشتمل الصماء و أن يحتبي في ثوب ليس على فرجه منه شيء ( ن ) عن جابر

6844. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ ئەۋرىتىنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتۇشىدىن، ئوڭ قولى بىلەن ئىستىنجا قىلىشىدىن، بىرلا ئاياغدا مېڭىشىدىن، پۈتۈن بەدىنىنى يۆگىۋېلىشىدىن، پۇتۇنلەي يۆگىنىۋېلىشىدىن، ئەۋرىتىنى ياپماستىن، ئەۋرىتى ئۈستىدە بىرەر نەرسە بولماستىن ئىتتقا ئوخشاش زوڭ ئولتۇرۇشىدىن توسقان. نەسەئى 5245 ـ ھەدىس، بۇخارى 5374 ـ ھەدىس، ئەھمەد 10998 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6845** ( صحيح ) نهى أن يمشي الرجل في نعل واحدة أو خف واحدة ( حم ) عن أبي سعيد

6845. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ بىر ئاياغدا ياكى بىر ئۆتۈك بىلەن مېڭىشىدىن توسقان. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.( چۈنكى، كىشىلەر ئەيىبلەپ، غەيۋەت قىلىپ، گۇناھكار بولىدۇ، مەسخىرە قىلىدۇ يا پۇتى قايرىلىپ كېتىدۇ.)

**6846** ( صحيح ) نهى أن يمنع نقع البئر( حم ) عن عائشة

6846. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇدۇق سۈيىنىڭ ئاشقىنىنى باشقىلاردىن چەكلەپ توسىۋېلىشنى توسقان. (قۇدۇقتا يىغىلىپ قالغان سۇ، قۇدۇقنىڭ سۈيىنىڭ ئاشقىنى، قۇدۇقتىن باشقىلارنىڭ ئىچىشى، چارۋىسىنى سۇغۇرۇشى چەكلەنمەيدۇ، بۇنىڭدىن چەكلەشنى توسقان.) ئەھمەد 23936 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2470 ـ ھەدىس، مالىك 1233 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6847** ( صحيح ) نهى أن ينام الرجل على سطح ليس بمحجور عليه ( ت ) عن جابر

6847. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ، ئەتراپى توسۇلمىغان، مۇداپىئەسى بولمىغان ئۆگزىدە ئۇخلىشىدىن توسقان. (چۈنكى، ئۆگزىدە ئۇخلاپ چۈشۈپ كەتكەنلەر ئاز ئەمەس). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6848** ( صحيح ) نهى أن ينتعل الرجل و هو قائم ( ت الضياء ) عن أنس

6848. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ ئۆرە تۇرۇپ ئايىغىنى كىيىشىدىن توسقان. تىرمىزى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

(چۈنكى، مۇشەققەت بار، ئايىغى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، لېكىن، مۇشەققەت بولمىسا ياكى كۆپ جامائەتلەر ئارقىسىدىن كېلىۋاتسا، مەسجىددىن چىقىۋاتسا يەنىلا ئولتۇرۇپ كىيىمەن دېسە بولمايدۇ، بولۇپمۇ، ساپما ئاياغقا ئوخشاش كېتىۋېتىپ پۇتىغا سايقىلى، ئۆرە تۇرۇپلا كىيگىلى بولىدىغان نەرسىنى ئۆرە تۇرۇپلا كەيسە دۇرۇس. ياكى باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىپ ئولتۇرۇپ كىيسۇن، بۇ مۇستەھەپتۇر.)

نهى أن ينفخ في الشراب و أن يشرب من ثلمة القدح أو أذنه ( طب ) عن سهل بن سعد

6849. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ئېچىملىكنىڭ ئىچىگە پۈۋلەشىدىن، نەپەسلىنىشىدىن، قەدەھ، قاچىنىڭ پۇچۇق - سۇنۇقىدىن ئىچىشىدىن ياكى قۇلىقى بار جايىدىن ئىچىشتىن توسقان. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن. چۈنكى، كىشىگە زىيان باردۇر.

**6850** ( حسن ) و وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **6028** نهى أن ينفخ في الطعام و الشراب ( و الثمرة ) طب عن ابن عباس

6850. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاماققا، شاراب، ئېچىملىككە پۈۋلەشىدىن توسقان. (پاكىز مېۋىگىمۇ شۇنداق، لېكىن، تازىلاش ئۈچۈن بولسا مەيلى، پۈۋلەپ يېيىشكە دۇرۇس). تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**6851** ( صحيح ) نهى عن اختناث الأسقية ( حم ق د ت ه ) عن أبي سعيد

6851. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تولۇمنىڭ ئاغزىدىن ئىچىشىدىن، سۇنۇق، پۇچۇق يېرىدىن ئىچىشىدىن، سۇندۇرۇپ، شۇ جايىدىن ئىچىشىدىن توسقان. مۇسلىم 3769 ـ ھەدىس، بۇخارى 5194 ـ ھەدىس، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6852** ( صحيح ) نهى عن أكل البصل ( طب ) عن أبي الدرداء

6852. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خام پىيازنى يېيىشتىن توسقان. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6853** ( صحيح ) نهى عن أكل البصل و الكراث و الثوم ( الطيالسي ) عن أبي سعيد

6853. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خام پىياز، سامساق، چىگسەي، يۇمغاقسۇت قاتارلىق غەلىتە پۇراقلىق نەرسىلەرنى يېيىشتىن توسقان. تەيالسى توپلىغان، سەھىھ.

**6854** ( صحيح ) نهى عن أكل الثوم ( خ ) عن ابن عمر

6854. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سامساقنى يېيىشتىن توسقان. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. (يەنى خام يېيىشتىن توسقان، قاتتىق پىششىق ھالەتتە يېيىش ياكى دورا قىلىپ يېسە دۇرۇس بولىدۇ.چەكلەش سەۋەبى يۇقىرىدا مەسجىدىمىزگە يېقىن كەلمىسۇن دېگەن جايدا ئۆتتى.)

**6855** ( صحيح ) نهى عن أكل الجلالة و ألبانها ( د ت ه ك ) عن ابن عمر

6855. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىجاسەت يەۋالغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشتىن، سۈتىنى ئىچىشىدىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

(شۇنىڭ ئۈچۈن توخۇغا ئىككى ۋاخ دان چاچسا، ئاندىن توخۇمى ھالال، بولمىسا مەكروھ بولىدۇ، قويۇپ بېرىلگەن توخۇنى ئۈچ كۈن سولاپ، پاكىز دان بېرىپ، ئاندىن ئۆلتۈرۈپ يەيمىز، كالا تۇغۇپ، ئۆز ھەمرىيىنى يېۋالسا، ئۇن كۈندىن 40 كۈنگىچە قويۇپ، ئاندىن ساغىمىز، بۇ ھەدىستىن ئېشەكنىڭ سۈتى ھارامدۇر،

www.uyghurkitap.com

ھارامدا داۋا، شىپا يوقتۇر ھەدىس. ئېشەكنى ، توڭگۇزنى ئېمىپ چوڭ بولغان قوينى، موزاينى، گۆشى پاكىز بولغىچە پاكىز نەرسە بېرىپ باقسا ھالال بولىدۇ، دەلىل ، يۇقىرىدا تۇرۇپتۇ، ئۆيلىنىڭ، نىجاسەت بېرىلگەن ھايۋاننى يېمەك ، سۈتىنى ئىچمەك ، نىجاسەت ئارىلاشقان ھەر قانداق نەرسىنى ياكى ھارام ئارىلاشقان نەرسىنى يېيىشكە، ئىچىشكە قەتئىي بولمايدۇ. ھەتتا، توڭگۇز مېيى ئارىلاشقان گىرىم بۇيۇم ، چاچ سوپۇنلىرى نىجىس، مەينەتتۇر.)

**6856** ( حسن ) نهى عن أكل الضب ( ابن عساكر ) عن عائشة ( د ) عن عبدالرحمن بن شبل

6856. ئائىشە ، ئابدۇرەھمان شىبىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىلەنى يېيىشتىن توسقان، ئىبنى ئەساكىر، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن. بىز يۇقىرىدا بۇ كەسلەنچۈك، پاتمىچۇق تۈرىدىكى ھايۋان توغرىسىدىكى ئىختىلاپنى بايان قىلغان، ۋەللاھۇ ئەئلەم.

**6857** ( صحيح ) نهى عن أكل المجثمة – و هي التي تصبر بالنبل – ( ت ) عن أبي الدرداء

6857. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوقيا بىلەن قارىغا ئېتىش نىشانى قىلىنىپ، مەجبۇرى ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننى يېيىشتىن توسقان. تىرمىزى 1748 ـ ھەدىس، نەسەئى 4362 ـ ھەدىس، ئەھمەد 2053 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6858** ( صحيح ) نهى عن أكل كل ذي ناب من السباع( ق 4 ) عن أبي ثعلب

6858. ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مەگىنى بار يىرتقۇچى، گۆشخور ھايۋانلارنى يېيىشتىن توسقان. بەيھەقى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

نهى عن أكل كل ذي ناب من السباع و عن أكل ذي مخلب من الطير ( حم م د ن ) عن ابن عباس

6859. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قانداق مەگىنى بار يىرتقۇچ گۆشخور ھايۋاننى يېيىشتىن، ھەر قانداق ئىلمەك تىرنىقى بار گۆشخور قۇشلارنى يېيىشتىن توسقان. ئەھمەد ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. (مەسىلەن: شىر، يولۋاس، ئىت، يىلپىز، بۆرە، تۈلكە، مۈشۈك ھارام، ئۈۋچى قۇش، قاراغوجا،قارچىغا، بۈركۈت ھارام. ئۇسەيمىن رەھمەھۇللاھ، پىلمۇ ھارام دېگەن ، چۈنكى مەگىنى بار. ۋەللاھۇ ئەئلەم)

نهى عن أكل لحوم الحمر الأهلية ( ق ) عن البراء وجابر وعلي وابن عمر وأبي ثعلبة

6860. بەررائى، جابىر، ئەلى، ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەھلى ئېشەكنى يەنى ئىنسانلار ئۆيلىرىدە ئىشلىتىۋاتقان ئېشەكنى يېيىشتىن توسقان. بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

ساھابىلار، تابىئىنلار، ئېشەك گۆشى ھارام دېگەنگە ئىجمائىقا كەلگەن، سۈتىمۇ ھارامدۇر،چۈنكى سۈت ، گۆش بىلەن قاندىن كېلىدۇ .

**6861** ( صحيح ) نهى عن الاختصار في الصلاة ( حم د ت ) عن أبي هريرة

6861. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئىچىدە بىلىنى تۇتۇپ تۇرۇشتىن توسقان. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6862** ( صحيح ) نهى عن الإخصاء ( ابن عساكر ) عن ابن عمر

6862. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەرلەرنىڭ ئۆزىنى پىچىتىۋېتىشتىن،( ئاختا قىلىشتىن) قاتتىق توسقان. (رىۋايەت توۋرۇشقا بۇيرۇغان ). ئىبنى ئەساكىر ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

**6863** ( صحيح ) نهى عن الإقران إلا أن يستأذن الرجل أخاه ( حم ق د ) عن ابن عمر

6863. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زىياپەتتە، كىشىنىڭ خورمىلارنى جۈپلەپ، ئىككىدىن ـ ئىككىدىن يېيىشتىن توسقان، لېكىن، قېرىندىشىدىن ئىزنى، رۇخسەت سورىسا، ئىزنى بەرسە شۇنداق يېسە بولىدۇ، (بۇ نەھيىدىن مۇستەسنادۇر). ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. (ھەممە نەرسە شۇنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.)

**6864** ( صحيح ) نهى عن الإقعاء في الصلاة ( ك هق ) عن سمرة

6864. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا ئىتقا ئوخشاش زوڭ ئولتۇرۇشىدىن، ئىككى سەجدە ئارىسىدا كاسىسىنى ئىككى تاپىنى ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇرۇشىدىن توسقان. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6865** ( صحيح ) نهى عن الإقعاء و التورك في الصلاة ( حم هق ) عن أنس

6865.ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،ناماز ئىچىدە ئىتقا ئوخشاش زوڭ ئولتۇرۇشتىن ،كاسىسىدا، يوتىسىدا ئولتۇرۇشتىن توسقان.ئەھمەد،بەيھەقى توپلىغان.سەھىھ.

**6866** ( صحيح ) نهى عن الأكل و الشرب في إناء الذهب و الفضة ( ن ) عن أنس

6866. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىدا نەرسە يېيىشتىن، ئىچىشتىن توسقان. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. باشقا ھەدىسلەردە ئۇچۇق ھارام دېيىلگەن.

**6867** ( صحيح ) نهى عن التبتل (خ م حم ق د ) عن سعد ( حم ت ن ه ) عن سمرة

6867. سەئىد، سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللاردىن ئايرىلىپ، تۇل ئۆتۈشتىن، تويسىز ئۆتۈشتىن توسقان. بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. (لېكىن، سۈرە مۇززەممەلنىڭ 8ـ ئايىتىدە، دۇنيادىن ئاللاھقىلا ئايرىلىش، ئىبادەتكىلا ئايرىلىش كۆرسىتىلگەن، بۇ ئىككى تەبەتتۇل بىر ـ بىرىگە زادى ئوخشاشمايدۇ. ئىسلامنىڭ تۈنجى مەزگىلىدە تۇللۇقدىن، پىچىتىۋېتىشتىن توسقان. چۈنكى، ئىسلام دىنىدا زاھىدلىق بولسىمۇ، راھىبلىق يوق، ھارام قىلىۋېلىشىدىن توسقان، ھارام قىلىۋېلىش، ھازىرمۇ توسۇلىدۇ. لېكىن، نىكاھ سۈننەت، بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى سۈننىتىم دېگەن ، بۇ ھەم ئومۇمىي بۇيرۇق، ئۇممەت ھەممىسى توي قىلمىسا ، نەسلى قۇرۇپ كېتىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن بۇھتانغا قالغان سەفۋان دېگەن ساھابىدەك ، ئەبۇ زەردەك، ھەسەن بەسرى، رابىئە بەسرى، ئىبراھىم ئەدھەم، ئىبنى تەيمىييە، پەيلاسوپ فارابى، ئىمام غەززالىيدەك ئاز ساندىكىلەر يەنى ئەيسا، يەھيا، مەريەمدەك، ئەسھابۇلكەھبىدەك، جۇرەيجدەك ئاز ساندىكىلەر ھەر زامان، ھەر ماكان دۇئاسى

ئىجابەت بولغىدەك ئابىد، زاھىد بولسا، بۇ زاھىدلىقتا ئىسلام دىنى مەيلى دەپ رۇخسەت بېرىدۇ. ھارام قىلىۋېلىشىدىن قاتتىق توسىدۇ. چۈنكى، بۇ ئالاھىنىڭ ھوقۇقىدۇر. بۇ مەسىلىدە ئۆز ۋاقتىدىلا ، تۆت مەزھەپ ئىماملىرى توختىلىپ بولغان، ئۇلار بۇ مەسىلىنى نەچچە تۈرگە ئايرىپ، ھالال ـ ھارام، ۋاجىپ، مەكرۇھ دەپ بۆلگەن. ئەمما بىردەك، ئىلىم، ئىبادەت، جىھادقا، زاھىدلىقتا ئۆزىنى ئاتاپ خۇددى ئىبنى تەيمىييەدەك ئۆتسە، دۇرۇس، ئەۋزەل دىگەن . رۇخسەت بەرگەن، لېكىن، بىدئەتكە، خۇراپاتقا، سىرلىق بولۇۋېلىشقا، باشقا دىن، ئەقىدىگە ئۆتۈپ كېتىشكە، ئۇخشىۋېلىشقا قەتئىي رۇخسەت يوق، سۈننەتنى قىلسا، مۇكاپات بار، سەۋەب ئۆزرە بىلەن قىلالمىسا گۇناھ يوق، بۇ ئۇسۇل قائىدىسى، بۇ مەسىلىنى بىز يۇقىرىدا سۆزلىگەن. سىز تەپسىلىي بىلەي دېسىڭىز، تەپسىرلەرنى ھەدىس كىتابلىرىنىڭ شەرھىيلىرىنى، تۆت مەزھەپ توغرىسىدا يېزىلغان ھەر قايسى فىقھى كىتابلارنى كۆرۈڭ. بىلمىسىڭىز ئالىملاردىن سوراڭ، لېكىن، دانا ئالىمدىن سوراڭ، دەلىلنى ساھابىلەردەك چۈشىنىڭ).

**6868 ( حسن ) نهى عن التبقر في المال( حم ) عن ابن مسعود**

6868. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماللارنى، (ئەھلى، باللارنى) شەھەرلەرگە كۆپ قىلىپ، تارقاق قىلىۋېلىشتىن (يەنى مەدىنىدە بىر ئەھلى، مەككىدە بىر ئەھلى، كۇفىدە بىرسى، دېگەندەك كۆپ قىلىۋېتىشىدىن) توسقان. ئەھمەد 3978 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2250 ـ ھەدىس، ھەسەن.(ئۇنداق قىلغاندا قەلبى بۆلۈنۈپ، زېھنى چېچىلىپ، زور ئاۋارىچىلىق بولىدۇ، ۋاقتىنى دىن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەلمەيدۇ.)

**6869 ( صحيح ) نهى عن التختم بالذهب ( ت ) عن عمران بن حصين**

6869. ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشتىن توسقان. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. (ئالتۇن، ئەرلەرگە ھارام ئاياللارغا ھالالدۇر.)

**6870 ( صحيح ) نهى عن الترجل إلا غبا ( حم 3 ) عن عبدالله بن مغفل**

6870. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دائىم چاچنى تاراۋېرىشتىن توسقان، لېكىن، چاچ ـ تۇزان بولۇپ كەتسە تاراشقا رۇخسەت قىلغان، ئەھمەد، ئۈچ كىتاب توسقان، سەھىھ.( چاچنى دىنسىزلارغا خىلاپ پاسوندا قويسا بولىدۇ.)

**6871 ( صحيح ) نهى عن التكلف للضيف ( ك ) عن سلمان**

6871. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېھمانغا تەكەللۇپ قىلىشىدىن توسقان، (يەنى ئۆيدە يوق نەرسىگە مۇشەققەتكە قېلىشىدىن، دىلىدا يوق نەرسىنى تىلىدا دېيىشىدىن ، خۇشامەت سۆزدىن توسقان). ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6872 ( صحيح ) نهى عن الجداد بالليل و الحصاد بالليل ( هق ) عن الحسين**

6872. ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورمىنى كېچىدە ئۈزۈۋېلىشىدىن، دانلارنىمۇ كېچىسى يىغىشىدىن توسقان. (مېۋىمۇ كېچىسى ئۈزۈلمەيدۇ). بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6873 ( حسن ) نهى عن الجدال في القرآن ( السجزي ) عن أبي سعيد**

6873. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئان توغرىسىدا قۇرئان ئىچىدىكى ئايەتلەردە جېدەل ـ ماجىرا، ئىختىلاپ قىلىشتىن توسقان. سەجزىي توپلىغان ھەسەن. (يۇقىرىدا بۇ جېدەل ـ ماجىرا، دە ـ تالاشنى كۆفرىلىق دېدى.)

نهى عن الجلوس على مائدة يشرب عليها الخمر و أن يأكل الرجل و هو منبطح على بطنه ( د ه ك ) عن ابن عمر

6874. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھاراق ئىچىلىدىغان دوستىخان تۆپىدە ئولتۇرۇشتىن توسقان ۋە كىشىنىڭ قورسىقىچە، يۈزتۆۋەن دۈم يېتىپ تۇرۇپ تاماق يېيىشىدىن توسقان، (دۈم يېتىپ ئۇخلاشتىنمۇ توسقان). ئەبۇ داۋۇد 3282 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3361 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**6875** ( صحيح ) نهى عن الجلالة أن يركب عليها أو يشرب من ألبانها ( د ك ) عن ابن عمر

6875. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، نىجاسەتنى، ھايۋان تېزەكلىرىنى يەيدىغان ھايۋانغا مىنىشتىن، سۈتىنى ئىچىشتىن توسقان. (گۆشىنى يېيىشتىنمۇ توسقان). ئەبۇ داۋۇد 3293 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1747 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3180 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6876** ( حسن ) نهى عن الحبوة يوم الجمعة و الإمام يخطب ( حم د ت ك ) عن معاذ بن أنس

6876. مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە كۈنىسى ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا،كىشىنىڭ كاسىسىنى يەرگە قويۇپ، ئىككى پاچاق ـ يوتىنى تىكلەپ، كۆكسىگە يىغىپ ئىككى قولى بىلەن قۇچاقلاپ زوڭ ئولتۇرۇشىدىن توسقان، (چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇخلاپ، غەپلەتتە قالىدۇ). ئەھمەد 15077 ـ ھەدىس، تىرمىزى 472 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 936 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**6877** ( صحيح ) نهى عن الخذف و قال: إنها لا تقتل الصيد و لا تنكي العدو و لكنها تفقأ العين و تكسر السن ( حم ق د ه ) عن عبدالله بن مغفل

6877. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سوزماقتا تاش ئېتىشتىن توسقان ۋە ھەققەتەن ئۇ، ئوۋنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ، دۈشمەننى ئېغىر يارىدار قىلالمايدۇ. لېكىن، ئۇ باللارنىڭ كۆزىنى قۇيۇپ، چىشىنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ دېگەن . (دۈشمەننىڭ كۆزىنى قۇيسا ياخشى بولاتتى). ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6878** ( صحيح ) نهى عن الدواء الخبيث ( حم د ت ه ك ) عن أبي هريرة

6878. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، نىجىس داۋادىن، نىجىس نەرسە بىلەن داۋالىنىشتىن توسقان. (چۈنكى ئۇ، ھارام ھەم نىجىستۇر، ئىبادەت قوبۇل بولمايدۇ). ئەبۇ داۋۇد 3372 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1968 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3450 ـ ھەدىس، (بۇنى زەھەر دېگەن يەنى زەھەر بىلەن داۋالىنىشتىن توسقان). ئەھمەد 7703 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ

**6879** ( صحيح ) نهى عن الديباج و الحرير و الإستبرق ( ه ) عن البراء

6879. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىپەك رەختتىن، نىپىز ۋە قېلىن يىپەكتىن توسقان (يەنى ئەرلەرنىڭ كىيىشىدىن توسقان). ئىبنى ماجە 3579 ـ ھەدىس، بۇ بارلىق ھەدىس كىتابلىرىدا باردۇر، سەھىھ.

**6880** ( صحيح ) نهى عن الرقى و التمائم و التولة( ك ) عن ابن مسعود

6880. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باتىل رۇقيەدىن يەنى شەرىئەتتە دۇرۇس بولمىغان ئايىتى شىپالاردىن، پاناھ تىلەشلەردىن، بويىنغا تۇمار ئېسىۋېلىشدىن، سېھرگە مەنسۇپ بولغان، ئايالنى ئېرىگە، ئېرىنى ئايالىغا ياخشى كۆرسىتىش، ئىسسىتقۇ، سويۇتقۇلاردىن توسقان، (بۇنى شېرىك دېگەن ). ئەبۇ داۋۇد 3385 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3521 ـ ھەدىس، ئەھمەد 3433 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6881** ( صحيح ) نهى عن الركوب على جلود النمار ( د ن ) عن معاوية

6881. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىلپىز تېرىسىگە مىنىشدىن، كىيىم قىلىپ كىيىشدىن توسقان، (ئۇنىڭ بەدىنىدە سىزىقچىلار بولغاچقا، نەمىر دەپ ئاتالغان). ئەبۇ داۋۇد 3701 ـ ھەدىس، 3600 ـ ھەدىس، ئەھمەد 16241 ـ ھەدىس، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6882** ( صحيح ) نهى عن الزور ( ن ) عن معاوية

6882. مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باتىل سۆز قىلىشدىن، يالغان سۆزلەشدىن توسقان. نەسەئى 5005 ـ ھەدىس، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

نهى عن السدل في الصلاة و أن يغطي الرجل فاه ( حم **4** ك ) عن أبي هريرة

6883. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ ناماز ئىچىدە كىيىمىنى سۆرىتىپ ئۇزۇن قويۇۋېتىشىدىن توسقان ۋە ئاغزىنى يۈز ـ كۆزىنى يۆگىۋېلىشدىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد 548ـ ھەدىس، ئەھمەد 7593ـ ھەدىس، ھاكىم تۆت كىتاب توپلىغان، ھەسەن.

**6884** ( صحيح ) و وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **6041** نهى عن السوم (قبل طلوع الشمس) و عن ذبح ذوات الد ر ( ه ك عن علي )

6884. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن چىقىشدىن بۇرۇنلا مۇقىم توختالغان باھانى، مالنىڭ پۇلىنى زىيادە ئۆستۈرۈۋېلىشدىن، سۈتلۈك ھايۋاننى يەنى قورسىقىدا بار بوغاز ھايۋاننى ھەم بالىسى كىچىك تېخى بالىسى ئېمىۋاتقان ھايۋاننى بوغۇزلاشدىن توسقان. ئىبنى ماجە 2197 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6885** ( حسن ) نهى عن الشراء و البيع في المسجد و أن تنشد فيه ضالة و أن ينشد فيه شعر و نهى عن التحلق قبل الصلاة يوم الجمعة ( حم **4** ) عن ابن عمرو

6885. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مەسجىد ئىچىدە ئېلىم ـ سېتىم، سودا قىلىشىدىن، يوقىتىپ كەتكەن نەرسىنى تەلەپ قىلىپ، ئىزدەپ ئېلان قىلىشىدىن، مەسجىددە شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشىدىن توسقان، جۈمە كۈنى نامازدىن بۇرۇنلا ھالقا ـ ھالقا بولۇپ ئولتۇرۇۋېلىشىدىن توسقان. ئەھمەد تۆت كىتاب توپلىغان، ھەسەن. ئەبۇ داۋۇد 911 ـ ھەدىس.

**6886** ( صحيح ) نهى عن الشرب في آنية الذهب و الفضة و نهى عن لبس الذهب و الحرير و نهى عن جلود النمور أن يركب عليها ( طب ) عن معاوية

6886. مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالتۇن قاچا، كۈمۈش قاچىدا ئىچىملىك ئىچىشىدىن، نەرسە يېيىشتىن توسقان، ئەرلەرنى ئالتۇن سېلىش، يىپەك كىيىم كىيىشىدىن توسقان، يىلپىزنىڭ تېرىسىدىن كىيىم كىيىشىدىن، ئۇ تېرىگە مىنىشىدىن توسقان. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6887** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **6043** نهى عن الشرب قائما ( و الأكل قائما ) ( الضياء ) عن أنس

6887. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆرە تۇرغان ھالەتتە نەرسە ئىچىشىدىن، يېيىشتىن توسقان، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.(يېيىشتىن دېگىنى زەئىپ)

نهى عن الشرب من ثلمة القدح و أن ينفخ في الشراب ( حم د ك ) عن أبي سعيد

6888. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەدەھنىڭ، قاچىنىڭ سۇنۇق، يېچۇقىدىن ئىچىشىدىن، ئىچىملىككە پۈۋلەشىدىن توسقان. ئەھمەد، ھاكىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**6889** ( صحيح ) نهى عن الشرب من في السقاء ( د ت ه ) عن ابن عباس

6889. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تولۇمنىڭ ئاغزىدىن ئىچىشىدىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

نهى عن الشرب من في السقاء و عن ركوب الجلالة و المجثمة ( حم **3** ك ) عن ابن عباس

6890. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تولۇمنىڭ ئاغزىدىن ئىچىشىدىن، نىجاسەت يېگەن ھايۋانغا مىنىشىدىن، (گۆشىنى يېيىشتىن، سۈتىنى ئىچىشىدىن)، ئوقيا بىلەن قارىغا ئېتىش نىشانى قىلىپ مەجبۇرى ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننى يېيىشتىن توسقان. ئەھمەد، ھاكىم ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**6891** ( صحيح ) نهى عن الشغار ( حم ق **4** ) عن ابن عمر

6891. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شىغاردىن توستى، يەنى ئۇ بولسا، كىشى قىزىنى ياكى بىرەرسىنى باشقىسىغا بېرىدۇ، ئۇ باشقىسى بۇ كىشىگە قىزىنى بېرىدۇ، ئارىلىقتا تويلۇق مېھرى سېلىشمايدۇ، مانا مۇشۇنىڭدىن توستى. (چۈنكى، ئاياللار تويلۇق مېھرىدىن مەھرۇم قالىدۇ). بۇخارى 4720 ـ ھەدىس، ئەھمەد، بەيھەقى، مۇسلىمدىن كېيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

نهى عن الصلاة بعد الصبح حتى تطلع الشمس و بعد العصر حتى تغرب ( ق ن ) عن عمر

6892. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامداتتىن كېيىن كۈن چىقىپ بولمىغۇچە، ئەسىردىن كېيىن كۈن كىرىپ بولمىغۇچە نەپلە ناماز ئوقۇشتىن توسقان. بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**6893** ( صحيح ) نهى عن الصلاة إلى القبور ( حب ) عن أنس

6893. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرىلەرگە قاراپ ناماز ئوقۇشتىن، قەبرىستانلىقتا ناماز ئوقۇشتىن توسقان. ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**6894** ( صحيح ) نهى عن الصماء و الاحتباء في ثوب واحد( د ) عن جابر

6894. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پۈتۈن بەدىنىنى پۈتۈنلەي يۆگىۋېلىشتىن، بىرلا كىيىمدە ئەۋرىتى ئۈستىدە نەرسە بولماستىن ئىتتا ئوخشاش زوڭ ئولتۇرۇشتىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئەۋرەتنى ئوچۇق قويۇش ھارام.

**6895** ( صحيح ) نهى عن الصورة ( ت ) عن جابر

6895. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرەتتىن، سۈرەت، رەسىم سىزىشتىن توسقان. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6896** ( صحيح ) نهى عن الضحك من الضرطة ( طس ) عن جابر

6896. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ ئارقىسىدىن يەل چىقىپ كېتىشكە يەنى ئوسۇرۇققا كۈلۈشتىن توسقان. تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

**6897** ( صحيح ) نهى عن الكي ( طب ) عن سعد الظفري ( ت ك ) عن عمران

6897. سەئىد زەپرى، ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوتتا داغلاپ داۋالاشتىن توسقان. تەبرانى، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6898** ( صحيح ) نهى عن المتعة ( حم ) عن جابر ( خ ) عن علي

6898. جابىر، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇتئى نىكاھىدىن يەنى ۋاقىتلىق نىكاھىدىن بىر ئىككى ئايلىق خوتۇن ئېلىشتىن توسقان. (بۇ قىيامەت كۈنىگىچە ھارام). ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**6899** ( صحيح ) نهى عن المثلة ( ك ) عن عمران ( طب ) عن ابن عمر والمغيرة

6899. ئىمران، ئىبنى ئۆمەر، مۇغىيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (گەرچە دىنسىز كاپىرنى ئۆلتۈرۈۋىشتە بولسىمۇ) كۆز ـ قۇلاقلىرىنى ئاغزى ـ بۇرۇنلىرىنى، ئەزالىرىنى كېسىپ قىيناپ ئۆلتۈرۈشتىن توسقان. ھاكىم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6900** ( صحيح ) نهى عن المحاقلة و المخاضرة و الملامسة و المنابذة و المزابنة( خ ) عن أنس

6900. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشاقچىدىكى شاخدىكى ئاشلىقنى تەييار ئاشلىققا، بۇغدايغا سېتىشتىن، مېۋە ـ چىۋە، ئاشلىقلارنى پىشىپ

يېتىلىشىدىن بۇرۇن سېتىشىدىن، سودا قىلغۇچى كىشىنىڭ مالنى سىلاپ، تۇتۇپ قويۇشى بىلەنلا بەيئى سودىنى ۋاجىپ قىلىشىدىن، ئىككى نەرسىنى تەكشۈرۈپ باقماستىنلا بىرسى ـ بىرسىگە تاشلاپ بېرىپلا سودا قىلىشىدىن، خورما شىخى ئۈستىدىكى ھۆل، تولۇق خورمىنى پىششىق، قۇرۇق خورمىغا سېتىشىدىن توسقان. بۇخارى 2055 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6901** ( صحيح ) نهى عن المخابرة ( حم ) عن زيد بن ثابت

6901. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقىلارنىڭ زېمىنىنى ، زېمىنىدىن چىققان كىرىم، مەھسۇلاتىنىڭ يېرىمىغا، يا ئۈچتىن بىرىگە، يا بەزىسىگە يا شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە بېرىپ ئىجارىگە ئېلىشتىن توسقان. بۇخارى 2207 ـ ھەدىس، ئەھمەد 2064 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2958 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6902** ( صحيح ) نهى عن المزابنة ( ق ن ه ) عن ابن عمر

6902. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورمىنىڭ ھۆل مېۋىسىنى قۇرۇق خورمىغا، ھۆل ئۈزۈمنى قۇرۇق ئۈزۈمگە يەنى يىمىشكە سېتىشىدىن توسقان. ئەھمەد ، بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

**6903** ( صحيح ) نهى عن المزابنة و المحاقلة ( ق ) عن أبي سعيد

6903. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ئوخشاش مەزمۇنى ئاشلىقنى باشاقچىدا قويۇپ سېتىشىدىن، ھۆل مېۋىنى شۇ مېۋىنىڭ قۇرۇقلىرىغا سېتىشىدىن توسقان.

**6904** ( صحيح ) نهى عن المزارعة ( حم م ) عن ثابت بن الضحاك

6904. سابىت، ئىبنى زەھھاك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقىلارنىڭ زېمىنىنى ، كىرىمىنىڭ بەزىسىنى،ياكى يېرىمىنى يا ئۈچتىن بىرىنى بېرىپ ئىجارىگە تېرىشتىن توسقان. مۇسلىم 2891 ـ ھەدىس، ئەھمەد 15794 ـ ھەدىس. لېكىن، بۇخارى مەخسۇس كىتاب، باب قويۇپ، دۇرۇس بولۇشىنى يازغان، لېكىن، بىر قىسىم شەرتلەر دۇرۇس بولمايدىكەن. تىرمىزى 1304 ـ ھەدىسىدا بۇ ئىختىلاپنى يازغان، بەزىسى دۇرۇس دېگەن ، دەلىل بولسا يەھۇدىيلار بىلەن شۇنداق زىرائەت تېرىشقان . بەزىسى يۇقىرىقى ھەدىسنى دەلىللەپ توسقان، لېكىن، زېمىننى ئالتۇن ـ كۈمۈش، پۇلغا ئىجارە ئېلىپ تېرىسا بولىدۇ دېگەن . مەن دەيمەن، ھەر نەرسە ياخشى ـ يامان دەپ ئايرىلىدۇ، ياخشى تەرىپى دۇرۇس، يامان تەرىپى دۇرۇس ئەمەس، ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

**6905** ( صحيح ) نهى عن المقدم ( ه ) عن ابن عمر

6905. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سېرىق رەڭ بىلەن قېنىق بويالغان كىيىمنى كىيىشىدىن توسقان، (يەنى ئەرلەرنى). ئىبنى ماجە 3591 ـ ھەدىس ، سەھىھ.

**6906** ( صحيح ) نهى عن المنابذة و عن الملامسة ( حم ق د ن ه ) عن أبي سعيد

6906. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى كىشىنىڭ ئىككى نەرسىنى تەكشۈرۈپ قاراپ باقماستىنلا بىرسى ـ بىرسىگە تاشلاپ بېرىشى بىلەنلا

سودا قىلىشدىن، ئېلىپ ساتقۇچى ئىككى كىشىنىڭ بىرسى يەنە بىرسىنىڭ مېلىنى سىلاپ تۇتۇپ قويۇشى بىلەنلا بەيئى سودىنى ۋاجىپ قىلىشدىن توسقان. بۇخارى 2002 ـ ھەدىس، ئەھمەد 9838 ـ ھەدىس، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6907** ( صحيح ) نهى عن المياثر الحمر و القسي( خ ت ) عن البراء

6907. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىپەكتىن ئىشلەنگەن قىزىل كۆرپىدىن يەنى ئىگە كۆرپىسىدىن، يىپەك رەخت بىلەن زىغزىق تۇتۇلغان سىزىق چىقىرىلغان كىيىمدىن توسقان. بۇخارى 5390 ـ ھەدىس، تىرمىزىيلار توپلىغان، سەھىھ. يىپەك رەخت ئەرلەرگە ھارام، ئاياللارغا ھالال.

**6908** ( صحيح ) نهى عن الميثرة الأرجوان ( ت ) عن عمران

6908. ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزىل رەڭدە بويالغان يىپەك رەختتىن ئىشلەنگەن ئىگەر كۆرپىسىدىن توسقان (يىپەك ھەم قىزىل بولغاچقا ئەرلەر چەكلىنىدۇ). تىرمىزى 2712 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3529 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6909** ( صحيح ) نهى عن النجش ( ق ن ه ) عن ابن عمر

6909. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقىلارنى ئالداپ، مالنىڭ باھاسىنى زىيادە ئۆلتۈرۈۋېلىشتىن توسقان. بۇخارى 1998 ـ ھەدىس، مۇسلىم 2792 ـ ھەدىس، نەسەئى 4421 ـ ھەدىس، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6910** ( صحيح ) نهى عن النذر ( ق د ن ه ) عن ابن عمر

6910. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەزىر ۋەدىسىدىن (يەنى مەقسەتكە يېتىشنى شەرت قىلىپ، مۇشۇ مەقسەتكە يەتسەم مۇنداق ـ مۇنداق قىلىمەن دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە ۋەدە قىلىشنى نەزىر دېيىلىدۇ.) ئەنە شۇ نەزىر ۋەدىسىدىن توسقان ۋە يەنە بۇ نەزىرە تەقدىردىن بىرەر نەرسىنى رەت قىلالمايدۇ. لېكىن، شۇ سەۋەبلىك بېخىلدىن سەدىقە ـ ئېھسان چىقىرىلىدۇ دېگەن . نەسەئى 3742 ـ ھەدىس، بۇخارى 6118 ـ ھەدىس، مۇسلىم 3093 ـ ھەدىس، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇنى بۇزسا، قەسەمگە ئوخشاش كاپارەت بېرىدۇ. ۋەدە قىلسا ۋاپا قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.

**6911** ( حسن ) نهى عن النعي ( حم ت ه ) عن حذيفة

6911. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېلاندا تارقىتىپ بېرىشدىن توسقان. (يەنى ئۇنى ئېلان قىلماي، نامازغا چاقىرسا بولىدۇ. بۇ نەھى قىلىش، باشقىلارغا ئازار بېرىشدىن دۈشمەننى خۇرسەن قىلىشدىن توسقانلىقتۇر). تىرمىزى 907 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1465 ـ ھەدىس، ئەھمەد 22358 ـ ھەدىس، ھەسەن.

6912. بۇ ھەدىس تۆۋەندىكىگە ئوخشاش.

**6913** ( صحيح ) نهى عن النفخ في الطعام و الشراب ( حم ) عن ابن عباس

6913. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

تاماق، شاراب، ئىچىملىك ئىچىگە پۈۋلەشتىن، نەپەسلىنىشتىن توسقان. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6914** ( صحيح ) و وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **6058** نهى عن النوح ( و الشعر) و التصاوير و جلود السباع و التبرج و الغناء و الذهب و الخز و الحرير ( حم ) عن معاوية

6914. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىپەك ئارىلاش كىيىمدىن، مېيىتكە ئاۋازلىق يىغلاشتىن، باتىل شېئىردىن، سۈرەت، رەسىم سىزىشتىن، ئۇزۇنىسى جاھالىيەتلەرچە زىننەتلىك ياسىنىشتىن، يىرتقۇچ، گۆشخور ھايۋانىنىڭ تېرىسىگە مىنىشتىن، ئۇنى كىيىشتىن، ئالتۇن، يىپەكتىن، ناخشا ئېيتىشتىن توسقان، (يەنى ھارام قىلغان). ئەھمەد 16327 ـ ھەدىس، سەھىھ. (لېكىن، بۇلاردىن ئىسلامى شېئىر، جانسىز نەرسىنىڭ سۈرىتى، يىپەك بىلەن ئالتۇنىنىڭ، ئاياللارغا ھالال بولۇشى مۇستەسنادۇر).

**6915** ( صحيح ) نهى عن النوم قبل العشاء و عن الحديث بعدها ( طب ) عن ابن عباس

6915. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇپتەن نامىزىدىن بۇرۇن ئۇخلاشتىن، بۇ نامازدىن كېيىن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشتىن توسقان. تەبرانى قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

**6916** ( صحيح ) نهى عن النياحة ( د ) عن أم عطية

6916. ئۇممە ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېيىتكە ئاۋازلىق يىغلاشتىن، قوشاق قوشۇشتىن توسقان، (يەنى بۇ ھارامدۇر). ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ.

**6917** ( صحيح ) نهى عن النهبى و المثلة ( حم خ ) عن عبدالله بن زيد

6917. ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوچۇق ـ ئاشكارا، مەجبۇرى بۇلاپ ئېلىنغان مالدىن يەنى ئۇنى ئىستېمال قىلىشتىن، ھەر قانداق كىشىنىڭ كۆز ـ قۇلاق، ئېغىز ـ بۇرۇن ئەزالىرىنى كېسىپ قىيناشتىن توسقان. بۇخارى 2294 ـ ھەدىس، ئەھمەد 17991 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6918** ( صحيح ) نهى عن النهبة و الخلسة ( حم ) عن زيد بن خالد

6918. زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇلاڭچىلىقتىن، باشقىلارنىڭ مېلىنى تېز سۈرئەتتە مەخپىي ئېلىۋېلىشتىن يەنى يانچۇقچىلىقتىن توسقان. (يەنى بۇ دۆلەت، شەھەر ئاھالىلىرى خەلقىنىڭ خاتىرجەملىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ھەر قانداق كىشىنىڭ نەرسىسىنى ھەتتا دىنسىز كاپىرنىڭ نەرسىسىنىمۇ بۇلاشقا، يانچۇقچىلىق قىلىپ ئېلىۋېلىشقا بولمايدۇ). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**6919** ( صحيح ) نهى عن الوحدة: أن يبيت الرجل وحده ( حم ) عن ابن عمر

6919. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يالغۇزلۇقتىن توسقان، (يەنى كىشىنىڭ چۆلدە يالغۇز يېتىشىدىن، يالغۇز سەپەر قىلىشتىن توسقان). ئەھمەد

5392 ـ ھەدىس، بۇخارى، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**6920** ( صحيح ) نهى عن الوسم في الوجه و الضرب في الوجه ( حم م ت ) عن جابر

6920. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايۋانىنىڭ ياكى قۇلنىڭ يۈزىگە كۆيدۈرۈپ بەلگە سېلىشىدىن، يۈزىگە ئۇرۇشىدىن توسقان. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. شۇڭا بوكسيۇرلۇق قاتتىق چەكلىنىدۇ.

**6921** ( صحيح ) نهى عن الوشم ( حم ) عن أبي هريرة

6921. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەڭ ئويدۇرۇشىدىن، مەڭ چەكتۈرۈشىدىن توسقان. بۇخارى 5299 ـ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. (شۇڭا تېرىسىگە خەت، رەسىم، ئۈنى بۇنى چەكتۈرۈشمۇ چەكلىنىدۇ.)

**6922** ( صحيح ) نهى عن الوصال ( ق ) عن ابن عمر وأبي هريرة وعائشة

6922. ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزىنى، زوھۇرلۇق يېمەستىن ئۇلاپ تۇتۇشىدىن توسقان. بەيھەقىيلار توپلىغان، سەھىھ.

**6923** ( صحيح ) نهى عن بيع الثمار حتى تنجو من العاهة ( طب ) عن زيد بن ثابت

6923. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېۋىلەرنى ئاپەتتىن ساق ـ سالامەت قۇتۇلمىغىچە، پىششىدىن بۇرۇن سېتىشىدىن توسقان. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6924** ( صحيح ) نهى عن بيع الثمار حتى يبدو صلاحها و تأمن العاهة ( حم ) عن عائشة

6924. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېۋىلەرنى سالاھىيىتى ئاشكارا بولمىغۇچە، پىشىپ يېتىلمىگىچە، ئاپەتتىن ساق ـ سالامەت ئەمىن، تىنچ ئۆتۈپ كەتمىگۈچە سېتىشىدىن توسقان. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**6925** ( صحيح ) نهى عن بيع الثمر بالتمر ( ق د ) عن سهل بن أبي حثمة

6925. سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېۋىنى يەنى ھۆل خورمىنى قۇرۇق خورمىغا سېتىشىدىن توسقان. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

نهى عن بيع الثمر بالتمر كيلا و عن بيع العنب بالزبيب كيلا و عن بيع الزرع بالحنطة كيلا ( د ) عن ابن عمر

6926. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۆل مېۋە خورمىسىنى قۇرۇق خورمىغا، ھۆل ئۈزۈمنى قۇرۇق ئۈزۈمگە كەمچەنلەپ، زىرائەتنى تەييار ئاشلىققا، بۇغداي ـ قوناققا كەمچەنلەپ سېتىشىدىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**6927** ( صحيح ) نهى عن بيع الثمر حتى يطيب( حم ق ) عن جابر

6927. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېۋىلەرنى تولۇق پىشىپ ـ يېتىلىپ بولمىغۇچە سېتىشىدىن توسقان. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6928** ( صحيح ) نهى عن بيع الثمرة حتى يبدو صلاحها و عن النخل حتى تزهو ( خ ) عن أنس

6928. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېۋىنى ئۇنىڭ سالاھىيىتى يەنى پىشىپ ـ يېتىلگەن قىزىللىقى ئاشكارا بولمىغۇچە خورمىنى قىزىرىپ، تولۇق پىشىپ يېتىلمىگىچە سېتىشتىن توسقان. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**6929 ( صحيح ) نهى عن بيع الحصاة و عن بيع الغرر ( م 4 ) عن أبي هريرة**

6929. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاش ئېتىش ئارقىلىق سودا قىلىشتىن يەنى ئۇستىگە تاش چۈشكەن نەرسىنى سېتىپ بېرىش سودىسىدىن، ھىيلە ـ مىكىر، ئالداش، ساختىپەزلىك ئارىلاشقان سودىدىن، مۇجمەللىك، نامەلۇملۇق ئارىلاشقان سودىدىن توسقان. مۇسلىم 2783 ـ ھەدىس، ئەھمەد 7104 ـ ھەدىس، زىيائۇلمەقدەسى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**6930 ( صحيح ) نهى عن بيع الحيوان بالحيوان نسيئة ( حم 4 الضياء ) عن سمرة**

6930. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايۋاننى ھايۋانغا نىسى سېتىشتىن توسقان. ئەھمەد، زىيائۇلمەقدەسى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**6931 ( صحيح ) نهى عن بيع الذهب بالورق دينا ( حم ق ن ) عن البراء وزيد بن أرقم**

6931. بەررائى زەيد ئىبنى ئەرمەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالتۇننى، كۈمۈشنىڭ باراۋىرىگە نىسىگە، قەرزگە سېتىشتىن توسقان. (بۇنى باشقا ھەدىسلەردە جازانە دېگەن ). ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6932 ( صحيح ) نهى عن بيع السنين ( حم م د ن ه ) عن جابر**

6932. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (مېۋىلەرنى) بىر يىللىق ياكى ئىككى ئۈچ يىللىق دەپ سېتىشتىن يەنى يىللىنى سېتىشتىن توسقان. (چۈنكى، يۇقىرىدا پىشىپ يېتىلىشى ئاپەتتىن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ كېتىشى، قولدا يوق نەرسىنى ساتماسلىق دېگەن ھەدىسلەر ئۆتتى). مۇسلىم 2874 ـ ھەدىس، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6933 ( حسن ) نهى عن بيع الشاة باللحم ( ك هق ) عن سمرة**

6933. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوينى، قوي گۆشىنىڭ باراۋىرىگە سېتىشتىن توسقان. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

ئۇسەيمىين رەھمەھۇللاھ، مۇشۇ ھەدىسنى دەلىللەپ، بۇغداينى ، بۇغداي ئۇنىغا ياكى باشقا ئاشلىقنى شۇ ئاشلىقنىڭ ئۇنىغا ئالماشتۇرۇپ تېگىشىشتىن توسقان، چۈنكى، جىنسى بىر بولۇپ قېلىپ، ئاندىن زىيادە كاملىق يۈز بېرىپ، جازانە، ئۆسۈم يۈز بېرىدۇ. ئۇندىن باشقا كىشىلەرنىڭ ساپ بۇغدىيىغا سۇ قوشۇلغان بۇغداي ئۇننى تېگىشسە، بۇ ئادىللىق ئەمەس، ھەر ئىككىلىسى پۇلغا ئالسا، ساتسا دۇرۇس بولىدۇ.

**نهى عن بيع الصبرة من التمر لا يعلم مكيلها بالكيل المسمى من التمر ( حم م ن ) عن جابر**

6934. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەمچەن، ۋەزنى مەلۇم بولمىغان بىر دۆۋە خورمىنى، كەمچەن، ۋەزنى مەلۇم بولغان يەنى مۇنچىلىك مىقداردىكى خورمىغا سېتىشتىن توسقان، (يەنى مۇشۇ بىر دۆۋە خورمىنى ياكى مېۋىنى مانچە كىلوگرام خورمىغا

ياكى مېۋىگە ئالغىن دەپ سېتىشتىن توسقان).مۇسلىم 2820 ـ ھەدىس، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

سەۋەبى، ئىللىتى، بىرەر تەرەپكە زىيان بولۇپ قالىدۇ، ئەڭ ياخشى ئىللەت، ھېكمەت ، ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە بويسۇنۇپ، ئىتائەت قىلىشتۇر.

نهى عن بيع الطعام حتى يجري فيه الصاعان فيكون لصاحبه الزيادة و عليه النقصان ( البزار ) عن أبي هرير

6935. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائام، ئاشلىقنى ئۆلچىگەندە ئىككى تەرەپنىڭ ئادىل سا، تارازا، مىزانلىرى ئىجرا قىلىنماي تۇرۇپ، ئۆزئارا جىڭنى سېلىشتۇرماي تۇرۇپ سېتىشتىن توسقان، چۈنكى، ئىككى سا ـ مىزاننى سېلىشتۇرماي ساتسا، بىرسىگە زىيادە ئارتۇق، بىرسىگە كام بولۇپ قالىدىغان ئىشلار يۈز بېرىدۇ. بەزار توپلىغان، ھەسەن. مانا بۇ ھەدىس، جىڭنى، مىزاننى ئادىل تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان ئىسلامى ئۆلچەم ئىدارىسىغا دەلىل.

نهى عن بيع اللحم بالحيوان ( مالك الشافعي ك ) عن سعيد بن المسيب مرسلا ( البزار ) عن ابن عمر

6936. سەئىد ئىبنى مۇسەييىب رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گۆشنى ھايۋاننىڭ باراۋىرىگە سېتىشتىن توسقان. مالىك، شافىئىي، ھاكىم، بەزار توپلىغان، ھەسەن.بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقى بۇغداي بىلەن بۇغداي ئۆزىنى تېگىشىشكە بولماسلىقىغا دەلىل بولىدۇ.

6937 ( صحيح ) نهى عن بيع المضامين و الملاقح و حبل الحبلة ( طب ) عن ابن عباس

6937. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەركەك ھايۋاننىڭ سۇلبىدىكى، پۇشتىدىكى نەسلىدىكى تېخى تۇغۇلمىغان ھايۋاننى سېتىشتىن، ئالدىن پۇل ئېلىشتىن توسقان ۋە كالا، تۆگىنىڭ ۋە باشقا چىشى ھايۋاننىڭ قورسىقىدىكى تېخى تۇغۇلمىغان ھايۋاننى سېتىشتىن، ئالدىن پۇل ئېلىشتىن توسقان، بوغاز ھايۋاننىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنى سېتىشتىن توسقان. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

نهى عن بيع النخل حتى يزهو و عن السنبل حتى يبيض و يأمن العاهة ( م د ت ) عن ابن عمر

6938. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېۋە ، خورما پىشىپ يېتىلىپ قىزارمىغىچە، باشاقچە، دان شېخى ئاقىرىپ، دانلار قېتىشمىغىچە، ئاپەتتىن ساق ـ سالامەت، ئەمىن ئۆتۈپ كەتمىگۈچە سېتىشتىن توسقان. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ئەگەر ئاپەت يەتسە، قېرىندىشىڭنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى ھەقسىز نېمىگە ئالىسەن؟ دېگەن ھەدىس ئۆتتى.

6939 ( صحيح ) نهى عن بيع الولاء و عن هبته ( حم ق 4 ) عن ابن عمر

6939. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئازاد قىلىنغان قۇلنىڭ ۋەلىيلىك، ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى سېتىشتىن، باشقىلارغا سوۋغا، ھەدىيە قىلىپ بېرىۋېتىشتىن توسقان. ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

6940 ( صحيح ) نهى عن بيع حبل الحبلة ( حم ق 4 ) عن ابن عمر

6940. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بوغاز تۆگىنىڭ ئىچىدىكى ھايۋاننىڭ يەنە بوغاز بولۇپ تۇغۇلىدىغان بالىسىنى (يەنى بوغاز تۆگىنىڭ بالىسىنىڭ بالىسىنى) سېتىشتىن،ئالدىن پۇل ئېلىشتىن توسقان. بۇخارى 1999 ـ ھەدىس، مۇسلىم 2784 ـ ھەدىس، كىيىنكى تۆت كىتاب، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6941** ( صحيح ) نهى عن بيع ضراب الجمل و عن بيع الماء و الأرض لتحرث ( حم م ن ) عن جابر

6941. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەركەك تۆگىنىڭ مەنىي ئۇرۇق سۈيىنى سېتىشتىن (يەنى چاڭلاشتۇرىدىغان ئىسپېرما سۈيىنى سېتىشتىن)، سۇنى ۋە زېمىننى زىرائەت تېرىتىۋېلىش ئۈچۈن سېتىشتىن توسقان. مۇسلىم 2926 ـ ھەدىس، نەسەئى 4591 ـ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**6942** ( صحيح ) نهى عن بيع فضل الماء ( م ن ه ) عن جابر ( حم 4 ) عن إياس بن عبيد

6942. جابىر، ئىياس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇنىڭ ئېشىپ قالغان ئارتۇقىنى سېتىشتىن توسقان. مۇسلىم، ئەھمەد تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. شۇنىڭ جۈملىسىدىن يايلاقتىكى سۇنىڭ، قۇدۇقنىڭ سۈيىنىڭ سەپەر ئۈستىدىكى سۇنىڭ ئارتۇق ئېشىپ قالغىنىنى سېتىشتىن توسقان.

**6943** ( صحيح ) نهى عن بيعتين في بيعة ( ت ن ) عن أبي هريرة

6943. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر بەيئىيدە، بىر قېتىملىق سودىدا ئىككى خىل سودا قىلىشتىن توسقان، يەنى تىرمىزىينىڭ 1152 ـ ھەدىسىدە ئالىملار بۇنى مۇنداق تەپسىر قىلغان، مەن ساڭا ماۋۇ كىيىمنى نەخ 10 يۈەنگە نىسى 20 يۈەنگە ساتىمەن دېسە، ئىككى باھانىڭ بىرىگە ئېنىق توختالماي ئايرىلىپ كەتسە، مانا بۇنىڭدىن چەكلىندۇ، بۇ ھارام، چۈنكى، جازانە ئۆسۈم بولىدۇ، لېكىن، سودا نەخ مانچە پۇل، نىسى مانچە پۇل دېيىلمەي، ئەزان ـ قىممەت بېكىتىلسە بۇ دۇرۇس، شافىھى رەھمەھۇللاھ، مەن مانى ساڭا سېتىپ بېرىمەن، لېكىن، سەن ئاۋۇنى ماڭا مانچىلىك پۇلغا سېتىپ بېرىسەن دېسە بۇمۇ چەكلىندۇ دەپ چۈشەندۈرگەن. نەسەئى 4553 ـ ھەدىس، سەھىھ.

بىز بۇ مەسىلىنى 6116ـ ھەدىستا چۈشەندۈردۇق ئۇ ھەدىس بولسا«كىم بىر قېتىملىق بەيئى سودىدا ئىككى خىل سودا قىلسا،(نەخ ئون يۈەن ، نىسى ئون بەش يۈەن دېيىلسە) ئۇ كىشى ئۈچۈن ئۇ ئىككى خىل سودىنىڭ ناقىسراقى (يەنى پۇلى تۆۋەنرەكى) دۇرۇس بولىدۇ . ياكى ئۇ (يۇقىرىقى ئىككى خىل سودىنىڭ يۇقىرى باھادىكىسى بويىچە سودا قىلسا)جازانە، ئۆسۈم قىلغان بولىدۇ». ئەبۇ داۋۇد 3002 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، ھەسەن

**6944** ( صحيح ) نهى عن تلقي البيوع ( ت ) عن ابن مسعود

6944. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سېتىلىدىغان مالنىڭ بازارغا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن، ئالدىنى توسۇۋېلىشتىن توسقان. بۇخارى 2019 ـ ھەدىس، مۇسلىم 2794 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1141 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2171 ـ ھەدىس، سەھىھ.

يول ئۈستىدە ئالماي، بازاردا ئېلىڭلار!يانا شۇ بازاردا سېتىڭلار ،يا باشقا بازارغا يۆتكەپ سېتىڭلار.

**6945 ( صحيح ) نهى عن تلقي الجلب ( ه ) عن ابن عمر(ت عن ابوهورير**

6945. ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بازارغا ئېلىپ مېڭىلغان مالنىڭ بازارغا يېتىپ بېرىشىدىن بۇرۇن ئالدىنى توسۇپ ئېلىۋېلىشىدىن توسقان ۋە مال ئىگىسى بازارغا كىرگەندىن كېيىن قايتۇرۇۋېلىش ئىختىيارلىقىغا ئىگە دېگەن .(ئالىملار مالنى بازار يولىدا توسۇپ ئېلىۋېلىش، زور ئالدامچىلىق دېگەن ، شۇڭا بازاردىن بازارغا ئاپىرىڭلار، يولدا توسىۋالماڭلار، ياكى شۇ بازاردا ئېلىپ سېتىڭلار). تىرمىزى 1142 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2169 ـ ھەدىس، 2170 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6946 ( حسن ) نهى عن ثمن الكلب إلا كلب الصيد ( ت ) عن أبي هريرة**

6946. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىت ساتقان پۇلدىن توسقان، لېكىن، ئوۋ ئىتىنىڭ پۇلىدىن توسمىغان. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

**6947 ( حسن ) نهى عن ثمن الكلب إلا الكلب المعلم ( حم ن ) عن جابر**

6947. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىتنىڭ پۇلىدىن توسقان، (يەنى ئىتنى ساتقان پۇل ھارام)، لېكىن، ئوۋ ئوۋلاش ئۆگىتىلگەن ئاپشاركا ئىتنىڭ پۇلى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. ئەھمەد ، نەسەئى توپلىغان، ھەسەن.

**نهى عن ثمن الكلب و ثمن الخنزير و ثمن الخمر و عن مهر البغي و عن عسب الفحل ( طس )عن ابن عمرو**

6948. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىتنىڭ پۇلىدىن، توڭگۇزنى ساتقان پۇلدىن، ھاراق ساتقان پۇلدىن، زىناخور، پاھىشۋازنىڭ تاپقان پۇلىدىن، ئەركەك ھايۋاننىڭ سۈيىنى، مەنىي ئىسپېرمىسنى ساتقان پۇلدىن توسقان، يەنى ھارام. تەبرانىيلار توپلىغان، سەھىھ.

**6949 ( صحيح ) نهى عن ثمن الكلب و ثمن الدم و كسب البغي ( خ ) عن أبي جحيفة**

6949. ئەبۇ جۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قان ساتقان پۇلدىن، قان ئېلىپ قويۇپ تاپقان پۇلدىن، ئىتنىڭ پۇلىدىن، پاھىشۋازنىڭ پۇلىدىن توسقان. بۇخارى 5505 ـ ھەدىس، ئەھمەد 18007 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6950 ( صحيح ) نهى عن ثمن الكلب و عن ثمن السنور ( حم 4 ك ) عن جابر**

6950. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىتنىڭ پۇلىدىن، مۈشۈك ساتقان پۇلدىن توسقان، (يەنى بۇ نەرسىلەر ھارام، ساتقان پۇلىمۇ ھارام، خۇددى ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈك ھارام، ئۇنى ساتقان پۇلىمۇ ھارام بولغاندەك). ئەھمەد ، ھاكىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**6951 ( صحيح ) نهى عن ثمن الكلب و مهر البغي و حلوان الكاهن ( ق 4 ) عن أبي مسعود**

6951. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىتنىڭ پۇلىدىن، زىناخور پاھىشۋازنىڭ پۇلىدىن، غەيب داۋاسى قىلىدىغان جىنكەش، كاھىننىڭ تاپقان پۇلىدىن توسقان، يەنى ھارام. بۇخارى 2121 ـ ھەدىس، مۇسلىم 2930 ـ ھەدىس، بۇلاردىن كېيىنكى تۆت كىتاب، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6952** ( صحيح ) نهى عن جلد الحد في المساجد ( ه ) عن ابن عمرو

6952. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدلەر ئىچىدە ھەد ، جازا قامچىلىرىنى ئۇرۇپ ئىجرا قىلىشتىن توسقان. (چۈنكى، ئۇنىڭ ئايرىم مەيدانى بار). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6953** ( صحيح ) نهى عن جلود السباع ( ك ) عن والد أبي مليح

6953. ۋالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىرتقۇچ گۆشخور ھايۋانىنىڭ تېرىسىنى كىيىم قىلىپ كىيىشتىن،ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىشتىن توسقان. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6954** ( صحيح ) نهى عن خاتم الذهب ( م ) عن أبي هريرة

6954. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئەرلەرنىڭ) ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشتىن توسقان.مۇسلىملار توپلىغان، سەھىھ.

**6955** ( صحيح ) نهى عن خاتم الذهب و عن خاتم الحديد ( هب ) عن ابن عمرو

6955. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەرلەرنى ئالتۇن ئۈزۈك، تۆمۈر ئۈزۈك سېلىشتىن توسقان. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6956** ( صحيح ) نهى عن خصاء الخيل و البهائم ( حم ) عن ابن عمر

6956. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتنى ۋە بارلىق ھايۋانلارنى پىچىۋېتىشتىن يەنى ئىككى تۇخۇمنى ئېلىۋېتىشتىن توسقان. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**6957** ( صحيح ) نهى عن ركوب النمور( ه ) عن أبي ريحانة

6957. ئەبۇ رەيھانە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىلپىزغا يەنى تېرىسىگە مىنىشتىن توسقان. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6958** ( صحيح ) نهى عن سب الأموات ( ك ) عن زيد بن أرقم

6958. زەيد ئىبنى ئەرمەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆلۈكلەرنى ئۆلۈپ كەتكەن مېيىتلەرنى تىللاپ، ئەيىبلەشتىن توسقان. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6959** ( صحيح ) نهى عن سلف و بيع(الووبمعنى مع) و شرطين في بيع و بيع ما ليس عندك و ربح ما لم تضمن ( طب ) عن حكيم بن حزام

6959. ھەكىيم، ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەيئى سودا قىلىش بىلەن بىرگە قەرز بېرىشتىن،قەرز ئېلىشتىن توسقان، (يەنى مەن ماۋۇ نەرسىنى ساڭا 1000 يۈەنگە ساتىمەن، لېكىن، سەن ماڭا 1000 يۈەن قەرز بېرىپ تۇرىسەن ياكى ئەكسىچە بۇنى 900 يۈەنگە ئالىمەن، ساڭا 1000 يۈەن قەرز بېرىپ تۇرىمەن ياكى بۇنى ئالىمەن ماڭا قەرز بېرىپ تۇرىسەن دېگەن ئىشتىن توسقان. چۈنكى، مەنپەئەت ئېلىپ كەلگەن قەرز بېرىش، ئېلىش جازانە، ئۆسۈم بولىدۇ). ۋە يەنە بىر بەيئى سودىدا ئىككى شەرتنى قويۇشتىن توسقان، (يەنى بۇنى مەن ئالىمەن، لېكىن، ئاۋۇ نەرسىنىمۇ بىرگە سېتىپ بېرىسەن ياكى بۇنى مەن ئالىمەن، ماۋۇ نەرسىنى سەن ئالىسەن ياكى ئەكسىچە شەرت قويىسا

دۇرۇس بولمايدۇ). ئالدىڭدا يوق نەرسىنى قول ئىلىكىڭدە بولمىغان نەرسىنى سېتىشتىن توسقان، سەن كېپىل بولالمايدىغان، چاتاق چىقسا ئىگە بولالمايدىغان نەرسىنىڭ پايدىسىدىن توسقان. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**6960 ( صحيح ) نهى عن صبر الروح و خصاء البهائم ( هق ) عن ابن عباس**

6960. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جانلىق ھايۋاننى سولاپ قويۇپ ياكى قارىغا ئېتىش نىشانى قىلىپ، مەجبۇرى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن، ھايۋانلارنى پىچىۋېتىشتىن توسقان. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6961 ( صحيح ) نهى عن صوم ستة أيام من السنة: ثلاثة أيام التشريق و يوم الفطر و يوم الأضحى و يوم الجمعة مختصة من الأيام ( الطيالسي ) عن أنس**

6961. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر يىل ئىچىدىن ئالتە كۈندە روزا تۇتۇشتىن توسقان، قۇربان ھېيت كۈنىدىن كېيىنكى ئۈچ كۈن يەنى تەشرىق كۈنلىرى، قۇربان ھېيت كۈنى، روزا ھېيت كۈنى، كۈنلەر ئىچىدىن خاسلاپ مەخسۇس جۈمە كۈنىلا روزا تۇتۇشتىن توسقان. تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

جۈمە كۈنىنى چىقىرىۋەتكەندە يۇقىرىقى بەش كۈندە يەنى قۇربان ھېيت كۈنىدە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كۈندە، روزا ھېيت كۈنىدە روزا تۇتۇش ھارامدۇر.

**6962 ( صحيح ) نهى عن صوم يوم الفطر و النحر ( ق ) عن عمر وأبي سعيد**

6962. ئۆمەر، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرى روزا تۇتۇشتىن توسقان. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6963 ( صحيح ) نهى عن صيام يوم الجمعة ( حم ق ه ) عن جابر**

6963. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەخسۇس جۈمە كۈنىلا روزا تۇتۇۋېلىشتىن توسقان، (ئالدى ـ كەينىدە قوشۇپ تۇتسا بولىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**نهى عن صيام يوم قبل رمضان و الأضحى و الفطر و أيام التشريق ( هق ) عن أبي هرير**

6964. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامزان ئېيىدىن بۇرۇنلا بىر كۈن روزا تۇتۇشتىن، قۇربان ھېيت، روزا ھېيت كۈنىدە، قۇربان ھېيت كۈنىدىن كېيىنكى ئۈچ كۈندە روزا تۇتۇشتىن توسقان. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**6965 ( صحيح ) نهى عن طعام المتباريين أن يؤكل ( د ك ) عن ابن عباس**

6965. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ـ بىرىگە پەخىرلەنگۈچى، مۇسابىقىلىشىپ بىرسى ـ بىرسىگە كۆچىنى، بايلىقىنى كۆرسەتكۈچى، مەنمەنچى، رىياخورلارنىڭ تامىقىنى يېيىشتىن توسقان، ھەتتا زىياپىتىگە چاقىرسا بېرىشىدىنمۇ توسقان. ئەبۇ داۋۇد 3262 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرىدىمۇ ئۆتتى.

**6966 ( صحيح ) نهى عن عسب الفحل ( حم خ 3 ) عن ابن عمر**

6966. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

ئەركەك ھايۋانىنىڭ ئىسپىرما سۈيىنى سېتىشتىن توسقان. ئەھمەد، بۇخارى ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

ئۇنى خالىس ئاللاھ يولىدا قويۇپ بېرىش لازىم، بۇخارىينىڭ شەرھىسى پەتھۇلبارىيدا مۇنداق دېيىلگەن: ئۇ سۇنى سېتىش مەكروھ ياكى ھارام. چۈنكى، ئۇ مەلۇم ئەمەس، قىممىتى، باھاسى يوق، ۋەزنى، جىنىڭ سانى يوق، نامەلۇمدۇر. لېكىن، چىشى ھايۋان چاڭلاشقىچە مەقسىتىگە يېتىپ، بوغاز بولغانلىقى مەلۇم بولغىچە ئىجارىگە بەرسە، ئالسا بولىدۇ، بۇ شافىئىي، ھەنبەلىي، ھەسەن بەسرى، ئىبنى سىرىين، ئىمام مالىكنىڭ سۆزى، ئارىيەتكە بېرىپ تۇرسا، مۇتلەق دۇرۇس. ھەتتا، ئارىيەتكە ئالغۇچى، چىشى ھايۋىنىنى چاڭلاشتۇرغۇچى، ھەدىيە ئېلىپ كەلسە، يەنى قوناق، ئارپا، ئوت ـ چۆپ ئېلىپ كەلسە بۇمەيلى، لېكىن، شەرتلەشسە بولمايدۇ. چۈنكى، تىرمىزىينىڭ بىر ھەدىسىدە، ئەركەك ھايۋانىنى ھۆرمەتلىسە، يەنى ئازراق نەرسە ئاپارسا،دۇرۇس بولۇشىغا ھەدىس بار. ئالىملار بۇنىڭدىن ھازىرقى كالا، تۆگە، قويلارنى ئۇرۇق سېلىپ چاڭلاشتۇرۇشقا يەنى بوغاز بولغىچە ئىجارە، كۆتۈرە ئېلىپ، ئۇرۇق سالسا بۇ دۇرۇس. لېكىن، سۇنى ساتسا دۇرۇس ئەمەس دېگەن . سۇنى ساتماي، بوغاز بولغىچە چاڭلاشتۇرۇپ، ھەققىنى ئالسا بۇ دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى، بۇنى يۇقىرىدا ئىجارىگە ئالسا دۇرۇس دېدى.

**6967 ( صحيح ) نهى عن عسب الفحل و قفيز الطحان ( قط ) عن أبي سعيد**

6967. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەركەك ھايۋانىنىڭ ئىسپىرما سۈيىنى سېتىشتىن توسقان ۋە تۈگمەنچىنىڭ غەلۋىر، كەمچەنلىشىدىن توسقان،( يەنى مەلۇم مىقداردا بۇغداي ـ قوناقلارنى ئۇن قىلىپ بېرىپ، بىر ـ ئىككى كەمچەن ئۇن ئېلىۋېلىشىدىن توسقان). (لېكىن، ئۇن قىلىپ بەرگەن ئىش ھەققىنى ئايرىم ھېسابلاپ پۇل بەرسە بۇ دۇرۇس). دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.

ھەرقانداق مۇجمەل، نامەلۇم ئالداش، ھىيلە ـ مىكىر، ساختا، خىيانەت، ئەنسىرەش، ۋاپاسىزلىق، زىيان سېلىشلار ئارىلاشقان ئىش قاتتىق چەكلىنىدۇ. ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ، ھارام ياكى مەكروھ بولىدۇ. ئاخىرەتتىكى ھېساب، جازامۇ شۇنداق بولىدۇ. يەنى، جىنايەتنىڭ مىقدارىدا ئېغىر، يەڭگىل بولىدۇ، ئاللاھ ۋە ئەلچىسى زىياندىن توسىدۇ، بىز ئىتائەتتىن باشقا ھېكمەتنى بىلمەيمىز، ئاللاھقا، ئەلچىسگە شەرتسىز ھېكمەت سۈرۈشتە قىلماي بويسۇنۇپ، ئىتائەت قىلىمىز، ھېكمەتلىرىنى ، ئىللەت، سەۋەبلىرىنى بىلىپ، قەلبىمىز ئەمىن تېپىپ، خاتىرجەم بولسا، بۇ تېخى ياخشى.

**نهى عن قتل أربع من الدواب: النملة و النحلة الهدهد و الصرد ( حم د ه ) عن ابن عباس**

6968. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆت ھايۋانى ئۆلتۈرۈشتىن توسقان، چۈمۈلە، ھەسەل ھەرىسى، ھۆپۈپ، سەرەد ئىسىملىك بېشى، تۇمشۇقى يوغان، يېرىمى ئاق يېرىمى قارا پەيلىرى كۆپ قۇش( يەنى ھوقۇشنى ئۆلتۈرۈشتىن توسقان). ئەبۇ داۋۇد 4583 ـ ھەدىس، ئەھمەد 2907 ـ ھەدىس، دارمى 19154 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ. چۈمۈلىنىڭ زەھرى ئاز، يوق دېيەرلىك، لېكىن، تەتقىقات بار، ئىبرەت بار، مۆجىزە بار، ھەسەل ھەرىسىمۇ شۇنداق ۋە مەنپەئەتلىك، ھۆپۈپ بىلەن سەرەد قۇش بولسا، گۆشى ھارام ۋە ئىنسانلارغا ئۈلارنىڭ ھايات قېلىشى مەنپەئەتلىك، شۇڭا قوغدىلىدۇ، بەلكىم مۆجىزە باردۇر.

**6969 ( صحيح ) نهى عن قتل الصبر ( د ) عن أبي أيوب**

6969. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسىرلەرنى مەجبۇرى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن توسقان. (ھەدىس سۆزلىگۈچى كىشى: مەن بىر تال توخۇنىمۇ مەجبۇرى قىيناپ ئۆلتۈرمەيمەن دېگەن . كىيىن ئەسىردىن تۆتنى مەجبۇرىي ئۆلتۈرگەن كىشى بۇنى ئاڭلاپ، قۇل ئازاد قىلغان). ئەبۇ داۋۇد 2312 ـ ھەدىس، ئەھمەد 22485 ـ ھەدىس، دارمى 1892 ـ ھەدىستە ھايۋانىنىمۇ مەجبۇرى قىيناپ ئۆلتۈرمەسلىك بار. سەھىھ.

**6970 ( صحيح ) نهى عن قتل: الصرد و الضفدع و النملة و الهدهد ( ه ) عن أبي هريرة**

6970. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىقى ھوقۇش ، سەرەدنى، پاقىنى، چۈمۈلىنى، ھۆپۈپنى ئۆلتۈرۈشتىن توسقان. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6971 ( صحيح ) نهى عن قتل الضفدع للدواء ( حم د ن ك ) عن عبدالرحمن بن عثمان التيمي**

6971. ئابدۇرەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پاقىنى داۋا ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشتىن توسقان. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. پاقا داۋاغا، شىپاغا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، ئالىملار: زەرەردەك بىرەر سەۋەبتىن باشقا ياكى ئېھرامدىن باشقا ھالەتتە ھايۋانى ئۆلتۈرۈشتىن توسسا، بۇ شۇ ھايۋانىنىڭ ھاراملىقىنى بىلدۈرىدۇ، مەقسەت ، يېمىسۇن، يىراق بولسۇن دېپ، ھارام دېپ توسىدۇ دېگەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆپۈپ سىسىق ھەم گۆشخور، زىيانلىق ماددا ھاشاراتنى يەيدۇ، شۇنىڭدەك پاقىمۇ شۇنداق دېگەن . ئىمام ئىبنى كەسىرنىڭ كىتابىدىن ئېلىندى.

**6972 ( صحيح ) نهى عن قتل النساء و الصبيان ( ق ) عن ابن عمر**

6972. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەڭ قىلىش جەريانىدا ئاياللارنى، سەبىي باللارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن توسقان. بەيھەقى ۋە باشقا بارلىق سەھىھ كىتابلاردا بار، سەھىھ. ھەر قانداق دۆلەت ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا ئاياللارنى، سەبىي باللارنى ئۆلتۈرمەيدۇ، لېكىن، ئايال ئەسكەر بولسا ئۆلتۈرىدۇ.

**6973 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 6075 نهى عن قتل كل ذي روح ( إلا أن يؤذي ) ( طب ) عن ابن عباس**

6973. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قانداق روھ ئىگىسى بولغان جانلىقنى سەۋەبسىز، ئۆزرىسىز ئۆلتۈرۈشتىن توسقان ، لېكىن، ئەزىيەت يەتكۈزسە، زەرەر سالسا، (ياكى ھالال بولغاچقا ھاجەت چۈشۈپ) ئۆلتۈرسە بۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان. تەبرانى توپلىغان ، سەھىھ.

**6974 ( صحيح ) نهى عن كسب الإماء ( خ د ) عن أبي هريرة**

6974. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدەك، چۆرە قىزنىڭ كەسىپ قىلىشىدىن، يەنى زىنا قىلىپ پۇل تېپىشىدىن توسقان. بۇخارى 2122 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2971 ـ ھەدىس، ئەھمەد 7514 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6975** ( حسن ) نهى عن كسب الأمة حتى يعلم من أين هو ( د ك ) عن رافع بن خديج

6975. راپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدەك، چۆرە قىزنىڭ كەسىپ قىلىشىدىن، ھارام ئىشلار بىلەن پۇل تېپىشىدىن توسقان، لېكىن، قەيەردىن كەلگەنلىكى مەلۇم بولسا، يەنى ئۆز قولى بىلەن نان يېقىپ، چاق ئىگىرىپ ۋە ئوخشاش ياكى زىرائەت ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىپ تاپقان پۇل بولسا رۇخسەت قىلغان. ئەبۇ داۋۇد 2973 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن. پۇلنىڭ كىرىمىنىڭ قەيەردىن كېلىشىگە قاراش لازىم.

**6976** ( صحيح ) نهى عن كسب الحجام ( ه ) عن أبي مسعود

6976. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قان ئالغۇچى كىشىنىڭ، بەدەندىن بۇزۇق قاننى ئېلىپ قويۇپ پۇل تېپىشىدىن توسقان. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، بۇخارىينىڭ 2118 ـ ھەدىسىدە قان ئالغۇچى كىشىگە ئىش ھەققىنى بەرگەن ھەدىس بار. دېمەك، ئەھۋال، شارائىت ئوخشاشمايدۇ، رۇخسەت قىلىدىغان، چەكلەيدىغان ئورنى بار، دوختۇر بولسا دۇرۇس بولىدۇ، مۇسۇلمىدىمۇ چەكلىگەن ھەدىسنى باشقا كەلتۈرۈپ رۇخسەتنى كېيىن كەلتۈرگەن.

**6977** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **6077** نهى عن كل مسكر ( و مفتر ) ( حم د ) عن أم سلمة

6977. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قانداق مەست قىلغۇچىدىن ۋە مەجنۇنلۇقنى، زەھەرلەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زەھەرلىك ئىچىملىكدىن توسقان. (زەھەرلىك چېكىملىكمۇ قاتتىق چەكلىنىدۇ). ئەھمەد 25416 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3201 ـ ھەدىس، سەھىھ. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ زەھەرلىك ئىچىملىك، چېكىملىككە، مەست قىلغۇچى ھاراققا قارىتا چەكلەش بۇيرۇقى يەنى ھارام.

**6978** ( صحيح ) نهى عن لبن الجلالة ( د ك ) عن ابن عباس

6978. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىجاسەت يېگۈچى ھايۋاننىڭ سۈتىنى ئىچىشىدىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6979** ( صحيح ) نهى عن لقطة الحاج ( حم م د ) عن عبدالرحمن بن عثمان التيمي

6979. ئابدۇرەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجىلارنىڭ چۈشۈپ قالغان، يۈتۈپ كەتكەن نەرسىلىرىنى تېپىۋېلىپ ئېلىۋېلىشىدىن توسقان. (چۈنكى ھاجىلار يۇرتىغا كەتسە قايتىپ كېلەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسە ئالغۇچىغا قالىدۇ، بۇنىڭدىن توسقان، شۇڭا ئۇ نەرسە جايىدا تۇرىدۇ ھاجىلار ئۆزى كېلىپ ئېلىۋالىدۇ. پەقەت ئېلىۋالمىسا، ھۆكۈمەت بەيتۇلمالغا قوشۇپ قويۇپ، كېلەر يىلى ئېلان قىلىپ بېرىشى لازىم). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**6980** ( صحيح ) نهى عن محاش النساء ( طس ) عن جابر

6980. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللارنىڭ ئارقا مەقئەتتىگە جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشىدىن توسقان. تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.
(جىنسى يولى بولغان زىرائەت ئۆرۈقى تېرىلىدىغان ئەۋرەتكە يەنى بالىنى تۇغۇش ئورنىغا، ئالدىغا، ھەر

قانداق ھالەتتە ھەر قانداق كەيپىياتتا جىنسى مۇناسىۋەت قىلسا دۇرۇس بولىدۇ. يەنى ئېرىنىڭ، ئايالىنى نىكاھ بىلەن جىنسى يولغا، جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشى ھالال. لېكىن، چوڭ تەرەت قىلىدىغان ئارقا مەقئەتتىگە جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشى قەتئىي ھارامدۇر).

**6981** ( صحيح ) نهى عن نتف الشيب ( ت ن ه ) عن ابن عمرو

6981. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاق چاچ، ئاق ساقالنى يۇلۇۋېتىشتىن توسقان، (ئاياللارمۇ ئاق چاچلىرىنى يۇلۇۋەتسە بولمايدۇ، دىنىسىز كاپىرلارغا، يەھۇدىي، ناسارالارغا ئوخشىۋالماي، قارا رەڭدىن باشقا رەڭدە ئېرىگىلا بوياپ، ئۆزگەرتسە دۇرۇس بولىدۇ). تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6982** ( حسن ) نهى عن نقرة الغراب و افتراش السبع و أن يوطن الرجل المكان في المسجد كما يوطن البعير ( حم د ن ه ك ) عن عبدالرحمن بن شبل

6982. ئابدۇرەھمان شىبىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى قاغا چوقۇلىغاندەك توك ـ توك قىلىپ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئوقۇشدىن توسقان، ۋە خۇددى يىرتقۇچ ھايۋان ياتقاندا ئىككى قول ـ پۇتىنى زېمىنغا چاپلاپ ياتقاندەك، ناماز ئوقۇغۇچى كىشىنىڭ سەجدە قىلغاندا ئىككى بىلىكىنى زېمىنغا چاپلاپ تۇرۇۋېلىشتىن توسقان، ۋە خۇددى تۆگە بىرلا ئورۇندا ئۈزۈن ياتقاندەك بىرلا جايىنى ئۆزىگە ۋەتەن قىلىۋالغاندەك، كىشىنىڭ مەسجىد ئىچىدە بىرلا جايىنى ئۆزىگە ئورۇن قىلىۋېلىشتىن، بىرلا جايدا ئولتۇرۇۋېلىشتىن توسقان. (جامائەت خالىغان جايدا ئولتۇرىدۇ، بۇرۇن كىرگەنلەر بىرىنچى سەپتە تۇرىدۇ، مەسجىد ئىچىدە بارلىق مۇسۇلمانلار ھەممىسى باراۋەردۇر). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ئى مۇسۇلمانلار! يۇقىرىدا 170دىن ئارتۇق چەكلەش، نەھى قىلىش سەھىھ ھەدىسلىرى ئۆتتى، ئەلۋەتتە ئايەت، ھەدىس، ئىجمائلاردا نەھى قىلىپ چەكلەش يەنى ھارام، مەكرۇھلار خېلى كۆپ، مانا بۇ ھەققى دىن ھېسابلىنىدۇ. ھەر قانداق نەرسىلەردە دۇرۇس بولىدىغان ۋە چەكلەنگەن ئىشلار بار، بۇ سىناق دۇنيا بولغاچقا، بۇيرۇق ۋە نەھى، دۇرۇس، ھالال ۋە چەكلەنگەن ھارام ئىشلار بولغاندا بۇنى بىز ھەققى دىن دەيمىز. ھەممە نەرسىلەر ھەممە ئىشلار دۇرۇس بولسا، ئىنسان خالىغىنىنى قىلسا، بۇ قانداقمۇ توغرا دىن، سىناق بولىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر شەرتسىز ھېكمەتىنى سۈرۈشتە قىلماي ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىپ بويسۇنۇڭلار، مانا بۇ ئىتائەت، مانا بۇ بويسۇنۇش، ئىبادەت، بىردىنبىر ھېكمەت شۇ، سەۋەب ئىللەتمۇ شۇدۇر. ئاللاھ ھەممىمىزنى چەكلەنگەن ئىشلاردىن ساقلىسۇن. ئامىن!

## «ھ» ھەرپى بىلەن بولۇپمۇ هذا بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

هذا ابن آدم و هذا أجله و ثم أمله و ثم أمله و ثم أمله ( حم ت ن ه حب ) عن أنس

6983. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر نەچچە سىزىق سىزىپ مۇنداق دېگەن: مانا بۇ ئىنسان. ماۋۇ يېقىندىكى بولسا، ئۇنىڭ ئەجىلى، ئۆلۈش ۋاقتى

، ئاندىن ئاۋۇلار، ماۋۇلار بولسا ، ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىدۇر، (يەنى ئارزۇ ـ ئارمان، ئۇمىدلەرگە يېتىشتىن بۇرۇن ئۆلۈم كېلىدۇ، ئەجەل توشىدۇ). ئەھمەد ، تىرمىزى، نەسەئى ، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**6984** ( صحيح ) هذا الأمل و هذا أجله فبينما هو كذلك إذ جاءه الخط الأقرب ( خ ت ) عن أنس

6984. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى سىزىق سىزىپ: مانا بۇ ئىنساننىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، ماۋۇ يېقىندىكى بولسا ، ئۇنىڭ ئەجىلى ، ئۇ شۇ ھالەتتە تۇرغاندا ، ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز يېقىندىكى سىزىق يەنى ئەجەل، ئۆلۈش ۋاقتى كېلىدۇ دېگەن . بۇخارى ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6985** ( صحيح ) هذا الإنسان و هذا أجله محيط به و هذا الذي هو خارج أمله و هذه الخطوط الصغار الأعراض فإن أخطأ هذا نهشه هذا و إن أخطأ هذا نهشه هذا ( حم خ ت ه ) عن ابن مسعود

6985. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر نەچچە سىزىق سىزىپ، مۇنداق دېگەن: مانا بۇ ئوتتۇرىدىكى ئىنسان، ماۋۇ ئەجەل بولسا، ئۇنى قورشاپ تۇرىدۇ، ماۋۇ تېشىدىكى بولسا، ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىدۇر، بۇ كىچىك سىزىقلار بولسا، ھەر خىل ھادىسىلەر بولۇپ، ئەگەر ئىنساندىن ماۋۇ بىرسى خاتا كەتسە، ماۋۇ يەنە بىرسى قاماللاپ، قورشاپ تۇتىدۇ، ئەگەر ماۋۇ خاتا كېتىپ يەتمەي قالسا، ماۋۇ بىرسى چېك تۇتۇپ، ئىنسانغا چوقۇم يېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا، شېرىن خىياللىرىغا يېتەلمەي ئۆلىدۇ. ئەھمەد 3478 ـ ھەدىس، بۇخارى 5938 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2378 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. مەقسەت ، قۇرۇق ئارزۇ ـ ئارمان، شېرىن خىيال قىلماي، ھەققەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئىخلاس قىلىپ، مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن تىرىشىپ، ئاللاھ رازى بولغۇدەك ئۆزى ئۈچۈن، خەلقى ئۈچۈن كەلگۈسى ئۈچۈن ئەمەلي تۆھپە، نەتىجە ھاسىل قىلىشى لازىم، پەرىشتە يوقنى يېزىپ قويمايدۇ، بارنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، ئىنسان قىلسا، ئۆزگە قىلىدۇ، قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ.

**6986** ( صحيح ) هذا القرع نكثر به طعامنا ( حم ن ه ) عن جابر بن طارق

6986. جابىر ئىبنى تارىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىز مانا مۇشۇ كاۋا ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن تاماقىمىزنى كۆپەيتىپ، بەرىكەتلىك قىلىمىز. ئەھمەد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**6987** ( صحيح ) هذا الذي تحرك له العرش و فتحت له أبواب السماء و شهده سبعون ألفا من الملائكة لقد ضم ضمة ثم فرج عنه ( ن ) عن ابن عمر

6987. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مانا مۇشۇ ئۆلۈمى ئۈچۈن ئەرشى تەۋرەپ، ھەرىكەتلىنىپ كەتكەن، ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلغان، 70000 پەرىشتە ھازىر بولۇپ، نامىزىغا قاتناشقان كىشىگمۇ، قەبرىسى قاتتىق سىقىلىپ ئاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئاسان قىلىندى. نەسەئى 2028 ـ ھەدىس، سەھىھ. ئۇ كىشى سەئىد ئىبنى مۇئاز ئىدى، يۇقىرىدا 5306 ـ ھەدىستە ئەگەر بىر كىشى قەبرىنىڭ سىقىشىدىن نىجات تېپىپ قۇتۇلالىسا ئەلۋەتتە سەئىد

قۇتۇلغان بولاتتى دېگەن ئۆتتى.

**6988** ( صحيح ) هذا الموقف و عرفة كلها موقف ( ه ) عن علي

6988. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋۇقۇف قىلىۋېتىپ مۇنداق دېگەن: مانا بۇ ۋۇقۇف قىلىدىغان جايدۇر، ئاراپات تېغىنىڭ ھەممە يېرى ۋۇقۇف قىلىپ، ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدىغان جايدۇر، يەنى ھەجدە. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

گەرچە بۇ ھەدىسلەر يۇقىرىدا ئۆتكەن بولسىمۇ، تەكرار كېلىشى سەۋەبى مۇنداق: ھەدىس باشلانغان ھەرپ ئوخشاش ئەمەس. دېيىلگەن، ئورۇن، دېيىلىش سەۋەبى ئوخشاش ئەمەس، راۋى سۆزلىگۈچى ھەدىسنى يازغان كاتىپ ئوخشاش ئەمەس. ھەتتا، بۇ كىتابنى تۈزگۈچىمۇ ئىمام جالالۇددىن سۇيۇتى بىلەن ئىمام ناسىرۇددىن ئەلبانى ئىككى ئىمامدۇر، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ۋە باشقا سەۋەبلەردىن تەكرار كېلىدۇ.

هذا الوضوء فمن زاد على هذا فقد أساء أو تعدى و ظلم ( حم ه ) عن ابن عمرو

6989. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ قېتىم يۇيۇپ تاھارەت ئېلىپ ئاندىن مۇنداق دېگەن: مانا بۇ سۈننەت بويىچە توغرا تاھارەتتۇر، كىم بۇنىڭغا زىيادە، ئارتۇق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ گۇناھكار بولىدۇ ياكى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ ئۆز نەپسىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**6990** ( صحيح ) هذا أوان يختلس العلم من الناس حتى لا يقدروا منه على شيء ثكلتك أمك يا زياد ! إن كنت لأعدك من فقهاء أهل المدينة هذه التوراة و الإنجيل عند اليهود و النصارى فماذا يغني عنهم ؟ ! ( ت ك ) عن أبي الدرداء ( حم ه ك ) عن زياد بن لبيد

6990. ئەبۇ دەردائى، زەيياد ئىبنى لۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاسمانغا بىر قاراپ قويۇپ مۇنداق دېگەن: مانا بۇ كىشىلەردىن ئىلىم، يەنى دىنى ئىلىم ئېلىۋېلىنىدىغان ۋاقىتتۇر، تاكى ئۇلار ئىلىمدىن ھېچ نەرسىگە قادىر بولالمايدۇ، ئاندىن زەيياد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بىز قۇرئاننى ئوقۇۋاتساق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ئۇنى ئوقۇيمىز، دائىم ئوقۇپ تۇرىمىز، ئاياللىرىمىزغا، بالىلىرىمىزغا ئوقۇتىمىز، شۇنداق تۇرۇپ قانداقسىگە بىزدىن ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ ئېلىۋېلىنىدۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاناڭ سېنى يوقۇتۇپ، يۈتتۈرۈپ قويسۇن، ئى زەيياد! يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەئەججۈپلىنىپ، ھەيران قېلىپ مۇنداق دېدى. ھەقىقەتەن مەن سېنى مەدىنە ئەھلىنىڭ فىقھى ئالىملىرىدىن سانايتتىم، ساڭا نېمە بولدى؟ مانا بۇ تەۋرات بىلەن ئىنجىل يەھۇدى ۋە ناسارالارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ، ئۇلارمۇ ئوقۇپ كەلگەن، ئۇ، ئۇلاردىن نېمىنى بىھاجەت قىلالىدى؟ (ئۇ كىشى :تۇنجى بولۇپ كىشىلەردىن كۆتۈرۈلگەن نەرسە خۇشۇئ، يەنى ئاللاھدىن ئەيمىنىپ تۇرۇپ قورقۇپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇشتۇر، جامائەتلەردىن ھازىر بىر كىشىنىمۇ خۇشۇئ بىلەن ناماز ئوقۇغۇچىنى كۆرمەيسەن، بۇنىڭ سەۋەبى، قەلبىدىن تەقۋالىق ئىلمى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن دېگەن ). تىرمىزى 2577 ـ ھەدىس، دارمى 290 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6991** ( صحيح ) هذا جبريل آخذ برأس فرسه عليه أداة الحرب ( خ ) عن ابن عباس

6991. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مانا بۇ جىبرىئىل ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، ئۈستىدە جەڭ كىيىمى بار ئىكەن.

بۇخارى 3694 ـ ھەدىس، بۇ ھەدىسنى بەدىر غازىتىدا دېگەندۇر.

**6992** ( صحيح ) هذا جبل يحبنا و نحبه ( ق ت ) عن أنس

6992. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئۇھۇد تېغى بىزنى ياخشى كۆرىدۇ ، بىزمۇ ئۇھۇد تېغىنى ياخشى كۆرىمىز . بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن ئىسلامى ۋەتەننى سۆيۈش، مۇھىتنى ئاسراش ، يەرشارىنى ياخشى كۆرۈش چىقىپ تۇرىدۇ.

هذا حجر رمي به في النار منذ سبعين خريفا فهو يهوي في النار الآن حين انتهى إلى قعرها( حم م ) عن أبي هري

6993. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ، بۇ دوۋزاخقا تاشلانغان تاش بولۇپ، 70 يىلدىن باشلاپ ئۇ دوۋزاخ ئىچىگە ئاستى تەرەپكە چۈشۈۋاتىدۇ، ھازىرمۇ چۈشۈۋاتىدۇ، ئۇ تېخى دوۋزاخنىڭ تېگىگە يەتكىنى يوق، ئۇ ئاستىغا چۈشۈپ بولغىچە دوۋزاخنىڭ ئەڭ ئاستىغا يەتكەنگە قەدەر چۈشىدۇ. مۇسلىم 5078 ـ ھەدىس، ئەھمەد 8484 ـ ھەدىس، مانا بۇ ھەدىس، دوۋزاخنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ.

**6994** ( صحيح ) هذا خالي فليريني امرؤ خاله ( ت ك ) عن جابر

6994. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەئىد ئالدىنى قىلىپ كەلگەندە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مانا بۇ مېنىڭ ئانا تەرەپ تاغام بولىدۇ، ماڭا كىشى مۇشۇنداق تاغىسى بولسا كۆرسەتسۇن. (يەنى بۇ سەئىدنىڭ پەزىلىتى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئانىسى، بەنى زۆھرە جەمەتىدىن بولغاچقا، سەئىدنى تاغام دېگەن ). تىرمىزى 3685 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**6995** ( صحيح ) هذا شهر رمضان قد جاءكم تفتح به أبواب الجنة و تغلق فيه أبواب النار و تسلسل فيه الشياطين( حم ن ) عن أنس

6995. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مانا بۇ رامزان ئېيى سىلەرگە يېتىپ كەلدى، بۇ ئايدا جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، دوۋزاخنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ، بۇ ئايدا شەيتانلارغا كويزا ـ كىشەن، تاقاق سېلىنىپ، زەنجىر بىلەن باغلىنىدۇ. ئەھمەد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئاسىي گۇناھكارلار نەپسى شەھۋەتكە ئەگىشىپ كۆنۈپ كەتكەن ئادىتى بويىچە گۇناھ قىلىۋېرىدۇ.

**6996** ( صحيح ) هذا قزح و هو الموقف و جمع كلها موقف و نحرت هاهنا و منى كلها منحر فانحروا في رحالكم ( د ) عن علي

6996. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاڭ ئاتقۇزۇپ، مۇزدەلىفە دېگەن تاغدىكى ئىمام ۋوقۇف قىلىپ تۇرىدىغان جايدا تۇرۇپ، مانا بۇ قۇزەھ ئىمام ۋوقۇف قىلىپ تۇرىدىغان جايدۇر، بۇ جايىنىڭ يەنى مۇزدەلىفىنىڭ ھەممە يېرى كىشىلەر ۋوقۇف قىلىپ تۇرىدىغان جايدۇر. جەمئۇ تېغىنىڭ ھەممە يېرى ۋوقۇف قىلىدىغان جايدۇر، مەن مۇشۇ جايدا قۇربانلىقنى بوغۇزلىدىم، مىنا تېغىنىڭ ھەممە يېرى قۇربانلىق بوغۇزلايدىغان جايدۇر، سىلەر تۇرىۋاتقان ئورنۇڭلاردا قۇربانلىقنى بوغۇزلاۋېرىڭلار. ئەبۇ داۋۇد 1651 ـ ھەدىس، تىرمىزى 811 ـ ھەدىس، سەھىھ.

6977. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ئوخشاش، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**6998** ( صحيح ) هذا ممن قضى نحبه – يعني طلحة – ( ت ) عن طلحة

6998. تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مانا بۇ تەلھە ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولغان كىشىلەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر دېگەن . ( بۇ ھەدىس، 33 ـ سۈرە ئەھزاپنىڭ 23 ـ ئايىتىدىكى ئۇلارنىڭ بەزىسى ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ ھاجىتىنى ئادا قىلىپ شېھىد بولدى، بەزىسى شېھىد بولۇشنى كۈتمەكتە) دېگەن ئايەتكە تەپسىر بولىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ھايات چاغدىلا شېھىدلىق بىلەن بېشارەت بېرىلگەن، كېيىن ئۇھۇددا دېيىلگەندەكلا شېھىد بولغان، بۇمۇ مۆجىزە.

**6999** ( صحيح ) هذا مني – يعني الحسن – و حسين من علي ( د ) عن المقدام بن معد يكرب

6999. مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ھەسەن مەندىن يەنى ماڭا ئوخشايدۇ، ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا، ئەلىيدىن، يەنى ئەلىيگە ئوخشايدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

هذا موضع الإزار فإن أبيت فأسفل فإن أبيت فلا حق للإزار فيما دون الكعبين ( حم ت ن ه ) عن حذيفة

7000. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مانا بۇ پاچاق، ئىشتاننىڭ ئۇزۇنلۇقتىكى ئورنىدۇر، ئەگەر ئۇنىڭغا ئۇنىمىساڭ، سەل ئاستىغا پەسلەتسەڭ بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىساڭ، ئىشتاننىڭ ئىككى ئوشۇقنىڭ ئاستىدا ھەققى يوق .(يەنى، ئىككى ئوشۇقتىچە بولسا بولىدۇ، ئاستىغا چۈشكىنى دوۋزاختا بولىدۇ، ھەدىس). ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

هذا و الذي نفسي بيده من النعيم الذي تسألون عنه: ظل بارد و رطب طيب و ماء بارد ( ت ) عن أبي هرير

7001. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرى بىلەن بىر باغدا تاماق يەپ مۇنداق دېگەن: جېنىم ئىلىكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مانا بۇ نەرسىلەر سۈرە تاكاسۇردىكى سىلەر سورىلىدىغان ـ سوئال قىلىنىدىغان، ھېساب بېرىدىغان نېئمەتلەردىندۇر ، سۆرۈن سايە، تاتلىق شېرىن، ھۆل خورما، سوغۇق سۇ قاتارلىقلار. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

هذا يوم عاشوراء و لم يكتب الله عليكم صيامه و أنا صائم فمن شاء فليصم و من شاء فليفطر ( ق ) عن معاوية

7002. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مانا بۇ ئاشۇرا كۈنى بولۇپ، ئاللاھتائالا سىلەرگە ئۇ كۈندە روزا تۇتۇشنى پەرز قىلمىدى، لېكىن، مەن بۇ كۈندە روزا تۇتىمەن، خالىغان كىشى روزا تۇتسۇن، خالىغان كىشى بۇ كۈندە نەپلە روزىسىنى تۇتمىسىمۇ بولىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ، ھازىر مۇھەررەمنىڭ 9 ـ كۈنى ئاشۇرادۇر .

هذان ابناى و ابنا بنتي اللهم إني أحبهما فأحبهما و أحب من يحبهما ( ت حب ) عن أسامة بن زيد

7003. ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مانا بۇ ئىككىسى يەنى ھەسەن ـ ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار مېنىڭ ئوغلۇم ۋە قىزىم فاتىمەنىڭ ئوغلىدۇر، ئى ئاللاھ! مەن ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن ، ئۇلارنى سەنمۇ ياخشى كۆرسەڭ، ئۇلارنى ياخشى كۆرگەن كىشىنى سەنمۇ ياخشى كۆرسەڭ. تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

**7004** ( صحيح ) هذان السمع و البصر – يعني أبا بكر و عمر – ( ت ك ) عن عبدالله بن حنطب

7004. ئابدۇللاھ ئىبنى ھەنتەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئىككىسى يەنى ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆز بىلەن قۇلاقتۇر. يەنى كۆز بىلەن قۇلاقتەكتۇر. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**7005** ( صحيح ) هذان سيدا كهول أهل الجنة من الأولين و الآخرين إلا النبيين و المرسلين لا تخبرهما يا علي – يعني أبا بكر و عمر – ( ت ) عن أنس وعلي

7005. ئەنەس، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، نەبىي مۇرسەل پەيغەمبەرلەردىن باشقا ئەۋۋەل ـ ئاخىر بارلىق جەننەت ئەھلىنىڭ ئوتتۇر ياشلىرىنىڭ سەييىدى، خوجىسىدۇر. ئى ئەلى، بۇنى ئۇلارغا خەۋەر قىلىپ دەپ قويمىغىن. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7006** ( صحيح ) هذه النار جزء من مائة جزء من جهنم ( حم ) عن أبي هريرة

7006. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مانا بۇ ھازىر سىلەر يېقىۋاتقان ئوت، جەھەننەم، ئوتىنىڭ 100 پارىسىدىن بىر پارچىدۇر، (يەنە بىر خاتىرىدە 70 دەن بىر پارىسىدۇر دېيىلگەن). بۇ ئىككى ھەدىس، بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەس، ئوتلار ئوخشاش ئەمەس. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

مۇشۇ دۇنيادىمۇ ئوتىنىڭ قىزىقلىق گىرادۇسى ئوخشاش ئەمەس، دوۋزاخ ۋە ئۇلاردىكى قىزىقلىق ئازاب ئورنىمۇ ئوخشاش ئەمەس. شۇڭا، ھەدىسلەر بىر ـ بىرىگە خىلاپ زىت ئەمەس.

**7007** ( صحيح ) هذه بتلك السبقة ( حم د ) عن عائشة

7007. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، بىر قېتىم مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن يۈگۈرۈشۈپ، مۇسابىقىدە كېيىن قالدىم، كېيىن يەنە بىر قېتىمدا مەن بۇرۇن چىقتىم، شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ مۇسابىقە ھېلىقى قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ باراۋىرىدە بولسۇن دېدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. بۇ ئاياللىرىغا، بالىلىرىغا كۆيۈنۈشنى، ۋاقىت چىقىرىپ ئوينىتىشنى، خۇشال قىلىشنى كۆرسىتىدۇ ۋە مۇسابىقە ھەق ئىشلار ئۈچۈن دۇرۇستۇر.

هذه ثم ظهور الحصر – قاله صلى الله عليه وسلم لأزواجه في حجة الوداع – ( خ د ) عن أبي واقد

7008. ئەبۇ ۋاقىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەججەتۇلۋىدادا ئاياللىرىغا مۇنداق دېگەن: سىلەرنىڭ ھەج قىلىشقىلار پەقەت مۇشۇ ھەجدۇر خالاس. ئاندىن كېيىن سىلەر بورا ئۈستىنى يەنى ئۆيلىرىڭلارنى لازىم تۇتۇڭلار، (مۇشۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن باشلاپ ئاياللىرىنىڭ ھېچ قايسىسى ھەج قىلمىغان). بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد 1464 ـ ھەدىس، ئەھمەد 25526 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7009** ( صحيح ) هذه رحمة يجعلها الله في قلوب من يشاء من عباده و إنما يرحم الله من عباده الرحماء ( حم ق د ن ه ) عن أسامة بن زيد

7009. ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ يەنى كۆز يېشى رەھمەتتۇر، ئاللاھتائالا ئۇنى ئۆزىنىڭ بەندىلىرىدىن خالىغان كىشىنىڭ قەلبىدە

www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھتائاللا، رەھىمدىل، رەھىم قىلغۇچى بەندىلىرىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسىدىن كۆز يېشى يۈرەكتىن چىقىدۇ، كۆز يېشى رەھمەتتۇر، ئاۋاز قىلماي مېيىتكە كۆز يېشى قىلىپ سالسا، گۇناھ يوق دېگەن چىقىدۇ.

**7010** ( صحيح ) هذه صلاة البيوت – يعني السبحة بعد المغرب –( د ) عن كعب بن عجرة

7010. كەئبنى ئۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئۆينىڭ نامىزىدۇر، يەنى شامدىن كېيىنكى نەپلە سۈننەتلەر ئۆيدە ئوقۇلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7011** ( صحيح ) هذه طابة و هذا أحد و هو جبل يحبنا و نحبه( حم ق ) عن أبي حميد

7011. ئەبۇ ھۇمەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ مەدىنىنە تابەت دېگەن شۇ. (يەنى پاك جاي، ھەم پاك ـ پاكىز تازىلايدۇ)، ئۇ ئۇھۇد تېغى بولسا، بىزنى ياخشى كۆرىدۇ ، بىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمىز . ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**7012** ( صحيح ) هذه عرفة و هو الموقف و عرفة كلها موقف ( ت ) عن علي

7012. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ۋۇقۇف قىلىپ تۇرىدىغان ئاراپات تېغىدۇر، ئاراپات تېغىنىڭ ھەممە يېرى ۋۇقۇف قىلىدىغان جايدۇر. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) هذه عمرة استمتعنا بها فمن لم يكن عنده الهدي فليحل الحل كله فإن العمرة قد دخلت في الحج إلى يوم القيامة ( حم م ) عن ابن عباس

7013. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئۆمرە ھەجدۇر، بىز ئۇنىڭ بىلەن نەپلە ھەج قىلىپ پايدا ـ مەنپەئەت ئالدۇق، كىمنىڭ يېنىدا ھەدىيە، قۇربانلىقى بولمىسا، ئۇ پۈتۈنلەي ئېھرامدىن چىقسۇن، ھالال بولسا بولىدۇ. ھەقىقەتەن ئۆمرە ھەج قىيامەت كۈنىگىچە پەرز ھەجنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

پەرز ھەجنىلا قىلسا، بۇ ئىپراد ھەج دېيىلىدۇ ، ئۆمرە ھەج بىلەن بىللە بىرگە بىراقلا ئېھرام باغلىسا بۇ قىران ھەج دېيىلىدۇ . پەرز ھەجگە ئايرىم ئۆمرە ھەجگە ئايرىم ئېھرام باغلاپ ھەج قىلسا، ھەج تەمەتتۇئ دېيىلىدۇ .

**7014** ( صحيح ) هذه و هذه سواء – يعني الخنصر و الإبهام – ( حم خ ت ن ه ) عن ابن عباس

7014. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماۋۇ، ماۋۇنىڭ بىلەن باراۋەر يەنى چىمچىلاق بىلەن باش بارماق دىيەت، تۆلەم پۇلىدا باراۋەر، (يەنى ھەر بىرىگە ئون تۆگە تۆلەيدۇ). ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7015** ( حسن ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **6088** هكذا الوضوء فمن زاد على هذا ( أو نقص ) فقد أساء و ظلم ( حم د ن ه ) عن ابن عمرو

7015. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ قېتىم يۇيۇپ تاھارەت ئېلىپ مۇنداق دېگەن: تاھارەت، سۈننەت بويىچە ئەنە شۇنداق بولىدۇ، كىم ئۇنىڭدىن زىيادە ـ كام قىلىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇ گۇناھكار بولۇپ ھەددىدىن ئېشىپ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

www.uyghurkitap.com

**7016** ( صحيح ) هكذا فإنما الاستئذان من النظر( د ) عن سعد

7016 . سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەنە شۇنداق ھەقىقەتەن ئۆيگە كىرىشكە ئىزنى، رۇخسەت سوراش، كۆزنىڭ قارىشى سەۋەبىدىن قىلىنغان، (ئەگەر مارىلاپ قاراپ بولسا، ئىزنى سوراشنىڭ نېمە ھاجىتى؟! ئىزنىسىز يوشۇرۇن قارىغان كىشىنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتسە تۆلەم كەلمەيدۇ). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7017** ( صحيح ) هاهنا أحد من بني فلان ؟ إن صاحبكم مأسور بدينه ( حم د ) عن سمرة

7017 . سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بۇ يەردە پالانىنىڭ جەمەتىدىن بىرەر كىشى بارمۇ؟ دەپ ئىككى قېتىم سورىسا، ھېچ كىشى جاۋاب بەرمىدى. ئۈچىنچى قېتىم بىرسى مانا مەن بار دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نېمە ئۈچۈن ئەۋۋەلكى ئىككى قېتىمدا جاۋاب بەرمەيسەن؟ مەن سىلەرنى پەقەت ياخشىلىق بىلەنلا تىلغا ئالىمەن، ھەقىقەتەن ھەمراھىڭلار، ئۆلۈپ كەتكەن يېقىن تۇغقىنىڭلار قەرزگە ئەسىر بولۇپ قالدى، يەنى ئادا قىلىۋېلىڭلار دېدى. ئۇلار قەرزنى تولۇق ئادا قىلىۋەتتى. ئەبۇ داۋۇد 2900 ـ ھەدىس، ئەھمەد 19365 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7018** ( صحيح ) هاهنا أرض الفتن حيث يطلع قرن الشيطان( ت ) عن ابن عمر

7018 . ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پىتنە ـ پاساتنىڭ زېمىنى شەيتاننىڭ مۈڭگۈزى ئاشكارا بولۇپ چىقىدىغان مۇشۇ يان تەرەپتىدۇر، يەنى كۈن چىقىشى تەرەپتىدۇر. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7019** ( صحيح ) هجاهم حسان فشفى و اشتفى ( م ) عن عائشة

7019 . ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشرىكلارغا قارشى ھەسسان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەجۋىي شېئىرى ئوقۇپ ئۇلارنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى شېئىرى بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، رەسۋا قىلىپ، مۆئمىنلەر قەلبىگە شىپالىق بېغىشلىدى، ئۆزىنىڭ قەلبىمۇ شىپا تاپتى، ئاچچىقى چىقتى. مۇسلىم 4545 ـ ھەدىسنىڭ ئاخىرى بۇ ھەدىستە ھەسسان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېئىرى باردۇر.

**7020** ( صحيح ) هجر المسلم أخاه كسفك دمه ( ابن قانع ) عن أبي حدرد

7020 . ئەبۇ ھەدرەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلماننىڭ ئۆز قېرىندىشىغا ئاداۋەت تۇتۇپ ئۈچ بولۇشى، ئۇنىڭ قېنىنى تۆككەندەك گۇناھ ـ مەئسىيەتتۇر. ئىبنى قانىئ توپلىغان، سەھىھ.

**7021** ( صحيح ) هدايا العمال غلول ( حم هق ) عن أبي حميد الساعدي

7021 . ئەبۇ ھۇمەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھوقۇق تۇتقان خىزمەتچى ئەمەلدارلارغا بېرىلگەن ھەدىيە، سوۋغا ـ سالاملار خىيانەتتۇر، (سەدىقە يىغقۇچى خادىملار بۇ ماڭا بېرىلگەن ھەدىيە دېسە، ئۇ ئۆز ئەيىنى خىيانەتتۇر، ھەم ئۆز ئەيىنى پارىدۇر). ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**7022** ( حسن ) هدم المتعة النكاح و الطلاق و العدة و الميراث ( حب ) عن أبي هريرة

7022. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاز ـ تولا مەنپەئەتلەندۈرۈشنىڭ بەدىلىگە، بىر ـ ئىككى ئايلىق خوتۇن ئالىدىغان ۋاقىتلىق نىكاھ بىكار قىلىنىپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، (ئۇ ئەمدى قىيامەت كۈنىگىچە ھارامدۇر) جاھالىيەت دەۋرىدىكى نىكاھ، تالاق، ئىددەت، مىراسلارمۇ بىكار قىلىنىپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. (ئەمدى بۇلار ئىسلام قانۇنى بىلەن بولىدۇ) ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

**7023** ( صحيح ) هل أنت إلا إصبع دميت و في سبيل الله ما لقيت ( حم ق ت ن ) عن جندب البجلي

7023. جۇندۇبۇلبەجلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بارمىقى جەڭدە يارىلانغاندا مۇنداق دېگەن: سەن پەقەت ئاللاھ يولىدا ئۇچرىغان ئەزىيەت، ئازارلاردا يارىلىنىپ قانىغان بارماقسەن. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

هل أنتم تاركوا لي أمرائي ؟ لكم صفوة أمرهم و عليهم كدره ( د ) عن عوف بن مالك

7024. ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ماڭا مېنىڭ ئەمىر، باشلىق قىلغان كىشىلىرىمنى سالامەت تەرك ئېتىپ قالدۇرالامسىلەر؟ (يەنى ئۇلارنى ئەيىبلىمەي، ئازار بەرمەي، ئېتىراز بىلدۈرۈپ قارشى چىقماي قويۇڭلار)، سىلەرگە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ ساپ، سۈزۈكلىرى بولىدۇ. ئۇلارغا بولسا كىر، مەينەت لايلىرى قالىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 2344 ـ ھەدىسنىڭ ئاخىرى سەھىھ.

**7025** ( صحيح ) هل أنتم تاركوا لي أمرائي ؟ إنما مثلكم و مثلهم كمثل رجل استرعى إبلا أو غنما فرعاها ثم تحين سقيها فأوردها حوضا فشرعت فيه فشربت صفوه و تركت كدره فصفوه لكم و كدره عليهم ( م ) عن عوف بن مالك

7025. ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھىميەر قەبىلىسىدىن بىر كىشى دۈشمەندىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بارلىق نەرسىلىرىنى ئالماقچى بولغاندا، خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى توسۇپ بەرمەيدۇ، بۇ ئىشنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەۋەر قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالىدقا ئۇنى بەرگىن دەپ بۇيرۇيدۇ، خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەۋفكە ئاچچىقلايدۇ، مەن ئۇنىڭغا بەك كۆپ بەردىم دەپ سەۋەب كۆرسىتىدۇ. بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاڭلاپ، مۇنداق دەيدۇ، سىلەر مەن ئۈچۈن مەن سايلىغان ئەمىرلىرىمنى ئەيىبلىمەي، قارشى چىقىپ ئازار بەرمەي، سالامەت قالدۇرالامسىلەر؟ بۇ سىلەرگە پايدىلىق، ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ مىسالى تۆگە ياكى قوي باققان كىشىگە ئوخشايدۇ، ئۇ چارۋىلارنى بېقىپ، سۇغۇرىدىغان ۋاقىت كەلگەندە ئۇلارنى كۆلگە ئاپىرىدۇ، چارۋا ماللار سۇنىڭ سۈزۈك سۇلىرىنى ئىچىدۇ، كىر، مەينەت لايلىرىنى بولسا، ئىگىسىگە قالدۇرىدۇ، ئەنە شۇنىڭدەك ئۇ ئىشلارنىڭ ساپ، سۈزۈكى سىلەر ئۈچۈن بولىدۇ، كىر، مەينەت لايلىرى ئۇلارغا قالىدۇ، (يەنى سىلەرگە پايدا ـ مەنپەئەت بار، ئۇلارغا زىيان). مۇسلىم 3297 ـ ھەدىس، ئەھمەد 22862 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7026** ( صحيح ) هل تدرون أين تغرب هذه ؟ تغرب في عين حامية ( د ) عن أبي ذر

7026. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر بۇ قۇياشنىڭ قەيەرگە كىرىپ غايىب بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ قارا لايلىق بۇلاقتا

پىتىپ كېتىدۇ. «سۈرە كەھفنىڭ 86 ـ ئايىتىدە زۇلقەرنەيىن قۇياشنى قارا لايلىق بۇلاقتا پېتىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلغانلىقى، لېكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەسلىكى سۆزلىنىدۇ. چۈنكى، سەھىھ ھەدىستە قۇياش ئەرشى تەھتىگە سەجدە قىلغىلى يۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقى باردۇر). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7027 ( صحيح ) هل تدرون ما الكوثر ؟ هو نهر أعطانيه ربي في الجنة عليه خير كثير ترد عليه أمتي يوم القيامة آنيته عدد الكواكب يختلج العبد منهم فأقول: يا رب أنه من أمتي فيقال: إنك لا تدري ما أحدثوا بعدك ( حم م د ن ) عن أنس**

7027. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەۋسەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ، رەببىم ماڭا جەننەتتە ئاتا قىلغان بۇلاق، ئۈستەڭدۇر، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ياخشىلىق باردۇر، مېنىڭ ئۈممىتىم قىيامەت كۈنى كەۋسەر كۆلىگە سۇ ئىچكىلى كېلىدۇ، ئۇنىڭ قاچا، جاملىرى يۇلتۇزلار سانىدەك كۆپتۇر، ئۇلاردىن بەزىلەر كەۋسەرگە يېقىن كېلەلمەي ئايرىلىپ قالىدۇ، قاتتىق چەكلىنىدۇ، مەن ئاندىن ئى رەببىم، ھەقىقەتەن ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئىدى دېسەم، ماڭا: ھەقىقەتەن سەن ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نېمىلەرنى پەيدا قىلىۋەتكىنىنى بىلمەيسەن دېيىلىدۇ . (يەنى بەزىسى مۇرتەد بولۇپ، دىنىدىن يانغان بولسا، بەزىسى بىدئەتنى پەيدا قىلغان). ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7028 ( صحيح ) هل تدرون ماذا قال ربكم الليلة ؟ قال الله: أصبح من عبادي مؤمن بي و كافر فأما من قال: مطرنا بفضل الله و رحمته فذلك مؤمن بي كافر بالكواكب و أما من قال: مطرنا بنوء كذا و كذا فذلك كافر بي و مؤمن بالكواكب ( حم ق د ن ه ) عن زيد بن خالد**

7028. زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر بۈگۈن كېچە رەببىڭلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئاللاھتائالا مۇنداق دېدى:بۈگۈن مېنىڭ بەندىلىرىمدىن ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىن ۋە كاپىردىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك كىشى تاڭ ئاتقۇزدى، ئەمما بىر كىشى يامغۇرمىز ئاللاھنىڭ پەزلى ـ رەھمىتى بىلەن ياغدى دېسە، ئەنە شۇ كىشى ماڭا ئىمان كەلتۈرۈپ، مۆئمىن بولۇپ يۇلتۇزلارنى ئىنكار قىلغان كىشى بولىدۇ. ئەمما بىر كىشى يامغۇرىمىز پالانى ـ پالانى، مۇنداق ـ مۇنداق يۇلتۇزنىڭ سەۋەبىدىن ياغدى دېسە، ئۇ كىشى ماڭا كاپىر بولۇپ، يۇلتۇزلارغا ئىشەنگەن، يۇلتۇزلارغا مۆئمىن بولىدۇ، (بۇ مۇشرىكتۇر). ئەھمەد ، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7029 ( صحيح ) هل ترون قبلتي هاهنا ؟ فوالله ما يخفي على خشوعكم و لا ركوعكم إني لأراكم من وراء ظهري ( مالك ق ) عن أبي هريرة**

7029. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر مېنىڭ ئالدىمدىكى مۇشۇ تەرەپلەرنى كۆرەمسىلەر؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ماڭا سىلەرنىڭ رۇكۇلىرىڭلار، خۇشۇئ، ئاللاھدىن ئەيمىنىپ، قورقۇپ ناماز ئوقۇشلىرىڭلار ھەرگىز مەخپىي بولمايدۇ، ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى ئارقامدىنمۇ كۆرۈپ تۇرالايمەن. مالىك، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۆجىزىسى بولۇپ، ئارقىسىدىنمۇ كۆرۈپ تۇراتتى. بەلكىم دىلى بىلەن كۆرۈشى مۇمكىن ۋاللاھۇ ئەئلەم.

**هل ترون ما أرى ؟ إني لأرى مواقع الفتن خلال بيوتكم كمواقع القطر ( حم ق ) عن أسامة**

7030. ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: سىلەرمۇ مەن كۆرۈۋاتقان نەرسىلەرنى كۆرۈۋاتامسىلەر؟ ھەقىقەتەن مەن ئۆيلىرىڭلارنىڭ ئارىلىرىغا خۇددى يامغۇرنىڭ چۈشكەن ئورنىنى كۆرگەندەك پىتنە ـ پاساتلارنىڭ چۈشكەن ئورۇنلىرىنى كۆرۈۋاتىمەن.(كېيىن راستتىنلا شۇ جايلارغا پىتنە ـ پاسات چۈشكەن) ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**7031** ( صحيح ) هل تضارون في رؤية الشمس بالظهيرة صحوا ليس معها سحاب ؟ و هل تضارون في رؤية القمر ليلة البدر صحوا ليس فيها سحاب ؟ ما تضارون في رؤية الله يوم القيامة إلا كما تضارون في رؤية أحدهما إذا كان يوم القيامة أذن مؤذن: ليتبع كل أمة ما كانت تعبد فلا يبقى أحد كان يعبد غير الله من الأصنام و الأنصاب إلا يتساقطون في النار حتى إذا لم يبق إلا من كان يعبد الله من بر و فاجر و غير أهل الكتاب فيدعى اليهود فيقال لهم: ما كنتم تعبدون ؟ قالوا: كنا نعبد عزيرا ابن الله ! فيقال: كذبتم ما اتخذ الله من صاحبة و لا ولد فماذا تبغون ؟ قالوا: عطشنا يا ربنا فاسقنا فيشار إليهم: ألا تردون ؟ فيحشرون إلى النار كأنها سراب يحطم بعضها بعضا فيتساقطون في النار ; ثم يدعى النصارى فيقال لهم: ما كنتم تعبدون ؟ قالوا: كنا نعبد المسيح ابن الله ! فيقال لهم: كذبتم ما اتخذ الله من صاحبة و لا ولد فيقال لهم: ماذا تبغون ؟ فيقولون: عطشنا يا ربنا فاسقنا فيشار إليهم: ألا تردون ؟ فيحشرون إلى جهنم كأنها سراب يحطم بعضها بعضا فيتساقطون في النار حتى إذا لم يبق إلا من كان يعبد الله من بر و فاجر أتاهم رب العالمين في أدنى صورة من التي رأوه فيها قال: فما تنتظرون ؟ تتبع كل أمة ما كانت تعبد قالوا: يا ربنا فارقنا الناس في الدنيا أفقر ما كنا إليهم و لم نصاحبهم فيقول: أنا ربكم فيقولون: نعوذ بالله منك لا نشرك بالله شيئا مرتين أو ثلاثا حتى إن بعضهم ليكاد أن ينقلب فيقول: هل بينكم و بينه آية فتعرفونه بها ؟ فيقولون: نعم الساق فيكشف عن ساق فلا يبقى من كان يسجد لله من تلقاء نفسه إلا أذن الله له بالسجود و لا يبقى من كان يسجد اتقاء و رياء إلا جعل الله ظهره طبقة واحدة كلما أراد أن يسجد خر على قفاه ثم يرفعون رءوسهم و قد تحول في الصورة التي رأوه فيها أول مرة فيقول: أنا ربكم فيقولون: أنت ربنا ; ثم يضرب الجسر على جهنم و تحل الشفاعة و يقولون: اللهم سلم سلم قيل: يا رسول الله و ما الجسر ؟ قال: دحض مزلة فيه خطاطيف و كلاليب و حسكة تكون بنجد فيها شويكة يقال لها: السعدان فيمر المؤمنون كطرف العين و كالبرق و كالريح و كالطير و كأجاويد الخيل و الركاب فناج مسلم و مخدوش مرسل و مكدوس في نار جهنم حتى إذا خلص المؤمنون من النار فوالذي نفسي بيده ما من أحد منكم بأشد مناشدة لله في استيفاء الحق من المؤمنين لله يوم القيامة لإخوانهم الذين في النار يقولون: ربنا كانوا يصومون معنا و يصلون و يحجون فيقال لهم: أخرجوا من عرفتم فتحرم صورهم على النار فيخرجون خلقا كثيرا قد أخذت النار إلى نصف ساقه و إلى ركبتيه فيقولون: ربنا ما بقي فيها أحد ممن أمرتنا به ; فيقول الله عز و جل: ارجعوا فمن وجدتم في قلبه مثقال دينار من خير فأخرجوه فيخرجون خلقا كثيرا ثم يقولون ربنا لم نذر فيها أحدا ممن أمرتنا به ; ثم يقول: ارجعوا فمن وجدتم في قلبه مثقال نصف دينار من خير فأخرجوه فيخرجون خلقا كثيرا ثم يقولون: ربنا لم نذر فيها ممن أمرتنا أحدا ثم يقول: ارجعوا فمن وجدتم في قلبه مثقال ذرة من خير فأخرجوه فيخرجون خلقا كثير ثم يقولون: ربنا ! لم نذر فيها خيرا فيقول الله: شفعت الملائكة و شفع النبيون و شفع المؤمنون و لم يبق إلا أرحم الراحمين فيقبض قبضة من النار فيخرج منها قوما لم يعملوا خير قط قد عادوا حمما فيلقيهم في نهر في أفواه الجنة يقال له: نهر الحياة فيخرجون كما تخرج الحبة في حميل السيل ألا ترونها تكون إلى الحجر أو الشجر ما يكون إلى الشمس أصيفر و أخيضر و ما يكون منها إلى الظل يكون أبيض فيخرجون كاللؤلؤ في رقابهم الخواتيم يعرفهم أهل الجنة: هؤلاء عتقاء الله من النار الذين أدخلهم الجنة بغير عمل عملوه و لا خير قدموه ثم يقول: أدخلوا الجنة فما رأيتموه فهو لكم فيقولون: ربنا أعطيتنا ما لم تعط أحدا من العالمين فيقول: لكم عندي أفضل من هذا ؟ فيقولون: يا ربنا أي شيء أفضل من هذا ؟ فيقول: رضاي فلا أسخط عليكم بعده أبدا ( حم ق ) عن أبي سعيد

7031. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ھاۋا سۈپسۈزۈك، بۇلۇت بولمىغان چۈشتە قۇياشنى كۆرۈشتىن شەكتە بولامسىلەر؟ سىلەر ھاۋا سۈزۈك بۇلۇت بولمىغان كېچىلەردە 15 كۈنلۈك تولۇن ئاينى كۆرۈشتىن شەكتە بولامسىلەر؟ سىلەر پەقەت قىيامەت كۈنى ئاللاھنى كۆرۈشتە، خۇددى ئاشۇ ئاينى ياكى قۇياشنى كۆرۈشتە شەكتە بولغىنىڭلاردەك،

شەكلىدە بولۇپ قالىسىلەر، (يەنى ئاللاھنى كۆرۈشتە شەكلەنمەيسىلەر ) شەكتە بولماسلار. روشەن ، قىنىپ كۆرۈسىلەر ، ) قىيامەت كۈنى بولغان چاغدا بىر مۇئەززىن، جاكارچى ھەربىر ئۈممەت ئۆزى ئىبادەت قىلىپ چوقۇنغان نەرسىگە ئەگەشسۇن! دەپ توۋلايدۇ، ئاللاھنىڭ غەيرىگە، تاشقا، بۇتقا ۋە باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنغانلار بىرسىمۇ قالماي دوۋزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ. تاكى ئۇلاردىن ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغان ياخشى ـ يامان كىشىلەر، سالىھ ۋە پاسىقلار ۋە يەھۇدىي ـ ناسارالار قېلىپ قالغاندا يەھۇدىيلار چاقىرتىلىپ، ئۇلارغا: سىلەر نېمىگە ئىبادەت قىلاتتىڭلار؟ دېيىلىدۇ ، ئۇلار: بىز ئاللاھنىڭ ئوغلى ئۇزەيرگە ئىبادەت قىلاتتۇق دەيدۇ. ئۇلارغا يالغان سۆزلىدىڭلار، ئاللاھ خوتۇن ئالغىنى يوق، بالا تۇغقىنى يوق، ئاللاھنىڭ ئايالى، بالىسى يوق، ئاللاھ ئۇنىڭدىن پاك دېيىلىپ، سىلەر نېمىنى تەلەپ قىلىسىلەر دەپ سورىلىدۇ، ئۇلار: ئى رەببىمىز، بىز بەك ئۇسساپ كەتتۇق، بىزنى سۇغارساڭ دەيدۇ، ئۇلارغا ئاۋۇ سۇ بار كۆلگە سۇ ئىچكىلى بارمامسىلەر؟ دەپ ئىشارەت قىلىنىدۇ، ئۇلار دوۋزاخقا توپلىنىشىدۇ، ئۇ،گەرچە بەزىسى، بەزىسىنى يەپ كېتىۋاتقان ئوت بولسىمۇ، ئۇلارغا چۆللۈكتىكى ساراپ سۇدەك كۆرۈنىدۇ، ئاندىن ئۇلار دوۋزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاندىن ناسارالار چاقىرىلىپ، ئۇلارنىمۇ سىلەر نېمىگە ئىبادەت قىلاتتىڭلار دېيىلىدۇ ، ئۇلار، بىز ئاللاھنىڭ ئوغلى ئەيساغا ئىبادەت قىلاتتۇق دەيدۇ. (ئاللاھ ئۇنىڭدىن پاكتۇر) ئۇلارغا سىلەر يالغان سۆزلىدىڭلار، ئاللاھنىڭ بالىسى يوق، چۈنكى ئايالى يوق، چۈنكى ئوخشىشى يوق، ئۇ خالىق ئاللاھدۇر، دېيىلىپ، ئاندىن ئۇلارغا سىلەر نېمىنى تەلەپ قىلىسىلەر؟ دەپ سورىلىدۇ، ئۇلار ئى رەببىمىز، بىز بەك ئۇسساپ كەتتۇق، بىزنى سۇغارغان بولساڭ دەيدۇ. ئۇلارمۇ ئاخىرىدا دوۋزاخقا تاشلىنىدۇ، دوۋزاخنى سۇ ئوخشايدۇ دەپ سەكرەيدۇ، ئاندىن پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغان ياخشى ـ يامان كىشىلەر قېلىپ قالغاندا، ئۇلارغا، ئاللاھتائالا ئۇلار كۆرۈدىغان سۈرەت، كۆرۈنۈشنىڭ ئەڭ ئەدنا، تۆۋىنىدە يەنى باشقا بىر سۈرەتتە كېلىپ، (يەنى ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە كېلىپ،): سىلەر نېمىنى ساقلاپ، ئىنتىزار بولۇۋاتىسىلەر؟، ھەممە ئۈممەت ئۆزى ئىبادەت قىلغان نەرسىگە ئەگىشىپ كەتتى، سىلەر نېمىدەپ قالدىڭلار؟ دەيدۇ، ئۇلار: ئى رەببىمىز، بىز ئۇ كىشىلەردىن ئۇ دۇنيادىكى چاغدىمۇ ئەڭ موھتاج تۇرۇپ ئايرىلىپ كېتىپ ئۇلار بىلەن ھەمراھ بولمىغان دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھتائالا مانا مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولىمەن دەيدۇ، ئۇلار ئاللاھقا سېغىنىپ، سەندىن پاناھ تىلەيمىز، بىز ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز دەپ ئىككى ـ ئۈچ قېتىم شۇنداق دەپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىسى يەنى ھېلىقى فاجىر، پاسىقلىرى ئارقىسىغا چېكىنىپ، يېنىپ كەتكىلى تاس ـ تاس قالىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا سىلەر بىلەن رەببىڭلار ئارىسىدا سىلەر تونۇيدىغان بىرەر بەلگە، ئالامەت بارمۇ؟ دەپ سورايدۇ، ئۇلار، ھەئە بار، ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق، ئۇنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بار بولغان پاچىقى بار، ئۇ پاچىقىنى ئاچىدۇ، بۇ ئېغىر مۇشەققەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى ئوخشىشى يوق پاچاقنى ئاچىدۇ، مۇشەققەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ئاندىن ئۆز نەپسى تەرەپتىن چىن دىلىدىن خالاپ، ئاللاھقا سەجدە قىلىدىغانلارغا ئاللاھ سەجدە قىلىشقا ئىزنى، رۇخسەت قىلىدۇ، ئۇلار سەجدە قىلىدۇ. ئاللاھقا بۇ دۇنيادىكى چاغدا رىيا قىلىپ ئۆزىگە يېتىدىغان مۇسىبەتتىن قورقۇپ سەجدە قىلىدىغانلارنىڭ ئۇچىسىنى ئاللاھتائالا بىرلا قەۋەت نەرسە قىلىپ قويىدۇ، ئۇ ئېگىلمەس تۈزلا، بىرلا نەرسىدەك بولۇپ قالىدۇ، ھەر قاچان سەجدە قىلىشنى ئىرادە قىلسا ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشۈپ، سەجدە قىلالمايدۇ. ئاندىن سەجدە قىلغان مۆئمىنلەر

بېشىنى كۆتۈرسە، ئاللاھتائالا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى ئوخشىشى يوق سۈرىتىدە تۇرىدۇ، ئۇلار ئاللاھنى تونۇجى قېتىم كۆرەلەيدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا مانا مەن رەببىڭلار دەيدۇ، ئۇلارمۇ ھەئە راست سىلى بىزنىڭ رەببىمىز دەيدۇ، ئاندىن جەھەننەم ئۈستىگە سىرات كۆۋرۈكى قويۇلىدۇ، شاپائەت دۇرۇس بولۇپ چۈشىدۇ، ئاندىن ھەربىر پەيغەمبەر ۋە مۆئمىنلەر ئى ئاللاھتائالا، سالامەت قىلىسلا، ئى ئاللاھ سالامەت قىلىسلا دەپ تۇرىدۇ. (چۈنكى سىرات كۆۋرۈكى، قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچدىن ئىتتىكتۇر). ئۇلار سىرات كۆۋرۈكى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق بولىدۇ دەپ سورىدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، سىرات كۆۋرۈكى بولسا، قەدەملەر تېيىلىپ، قارار ئېلىپ تۇرالمايدىغان تېيىلغاق، قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچدىن ئىتتىك كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئۇچى ئىلمەك قاماق- ئىلمەكلەر بار، ئۇچى توم، كۆتىكى ئىنچىكە ئىلىنغان نەرسە ئاسان چۈشۈپ كەتمەيدىغان نەجد دېگەن جايدىكى سەئدان دېيىلىدىغان شوخا تىكەنگە ئوخشاش، شوخا تىكەنلىرى بار، قورقۇنچلۇق كۆۋرۈكتۇر. مۆئمىنلەر ئۇنىڭدىن چاقماق تېزلىكىدە، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە خۇددى چاقماق نۇرىدەك تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەزىسى شامالدەك. بەزىسى تېز ئۇچقان قۇشتەك. بەزىسى تېز، چاپقۇر نوچى ئاتتەك. بەزىسى كارۋان تۆگىسىدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن سالامەت قۇتۇلىدىغانلار بار، يارىلىنىپ، ياربدار قىلىنىپ ئاندىن قويۇپ بېرىلىدىغانلار بار، جەھەننەم ئوتى ئىچىگە يۈزىچە دۈم تاشلىنىپ، چۈشۈپ كېتىدىغانلارمۇ بار، ھەتتا مۆئمىنلەر دوۋزاخدىن قۇتۇلۇپ خالاس تاپقاندا، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قىيامەت كۈنى دوۋزاخ ئىچىدىكى قېرىنداشلىرى ئۈچۈن مۆئمىن قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئاللاھدىن ئۇلارنىڭ ھەققىنى تولۇق بېرىشكە دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇشقا تەلەپ قىلىشىدا سىلەردەك قاتتىق، چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلىدىغان بىرمۇ كىشى يوق، سىلەر يەنى مۆئمىنلەر شۇ چاغدا مۇنداق دەپ تەلەپ قىلىدۇ: ئى رەببىمىز!، ئۇلار بىز بىلەن بىرگە روزا تۇتاتتى، ناماز ئوقۇيتتى، ھەج قىلاتتى، ئۇلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزسىلا، ئاندىن ئۇلارغا دوزاخدىن سىلەر تونۇغان كىشىلەرنى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىقىڭلار دېيىلىدۇ ، ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرى دوۋزاخ ئوتىغا ھارام بولۇپ، ئوت كۆيدۈرەلمەيدۇ، ئۇلار نۇرغۇن خەلقلەرنى ئېلىپ چىقىدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ پاچىقىنىڭ يېرىمىغىچە، تىزىغىچە كۆيدۈرگەن ئىدى، ئاندىن ئۇلار ئى رەببىمىز، سىلى بىزنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇغان كىشىلەردىن ھېچ كىشى قالمىدى دەيدۇ. ئاللاھتائالا ئۇلارغا: قايتىپ بېرىڭلار، قەلبىدە بىر دىينار مىقدارىدا ئىمان، ياخشىلىق بار كىشىلەرنى تاپساڭلار ئۇلارنى دوۋزاخدىن چىقىرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار يەنە نۇرغۇن، ناھايىتى كۆپ خەلقلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىپ، ئى رەببىمىز، سىلى بىزنى بۇيرۇغان كىشىلەردىن ھېچ كىشىنى قالدۇرماي دوۋزاخدىن چىقىرىپ بولدۇق دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا يەنە قايتىپ بېرىڭلار، قەلبىدە يېرىم دىينار مىقدارىدا ياخشىلىق بار كىشىلەرنى تاپساڭلار ئۇلارنىمۇ دوۋزاخدىن چىقىرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار يەنە ناھايىتى كۆپ كىشىلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىپ، ئى رەببىمىز، سىلى بىزنى دوۋزاخدىن چىقىرىشقا بۇيرۇغان كىشىدىن ھېچ بىرىنى قويماي چىقىرىپ بولدۇق دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھتائالا ئۇلارغا يەنە قايتىپ بېرىڭلار، قەلبىدە زەررىچىلىك مىقداردا ياخشىلىق، ئىمان بار كىشىلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار ئىنتايىن كۆپ خەلقلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىپ، ئى رەببىمىز، ئەمدى بىز دوۋزاختا قەتئىي ياخشىلىق، ئىمان دېگەن نەرسىنى قالدۇرمىدۇق دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھتائالا: پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر، مۆئمىنلەر شاپائەت قىلىپ

بولدى، ئەمدى رەھىيم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ رەھىيم ـ شەپقەت قىلغۇچىراقى بولغان مەن قالدىم دەپ دوۋزاخدىن ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى ئوخشىشى يوق قولى بىلەن چاڭگاللاپ، قەتئىي ياخشىلىق قىلىپ باقمىغان نۇرغۇن قەۋملەرنى چىقىرىۋېتىدۇ، ئۇلار كۆيۈپ قارا كۆمۈرگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى، ئۇلارنى جەننەتنىڭ ئىشىك ئېغىزلىرىدىكى نەھرۇلھايات(ھاياتلىق بۇلىقى) دېگەن ئۆستەڭگە تاشلايدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى خۇددى سەل كۆتۈرۈپ كەلگەن لايدا دانلار ئۈنۈپ چىققاندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئۇنىڭغا قارىمامسىلەر؟، تاشتىكى يا دەرەخ يېنىدىكى قۇياشقا يېقىنراق بولغىنى، سېرىق، يېشىل بولىدۇ، شايىدا ئۇنىڭنى بولسا ئاق بولىدۇ، ئەنە شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى ئۈنۈپ چىقىدۇ، كىيىن گۆھەردەك بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ بويۇن، گەردەنلىرىدە مۆھۈر بېسىلغان تامغا بار بولۇپ، جەننەت ئەھلى ئۇلارنى تونۇيالايدۇ، ئۇلارنى ئاللاھتائالا دوۋزاخدىن ئازاد قىلىپ، جەننەتكە، ئۇلار قىلغان ئەمەلسىز ئىلگىرى تەقدىم قىلغان ياخشىلىقسىزلا كىرگۈزگەن، ئاللاھنىڭ ئازادگەردىلىرىدۇر، ئاندىن، ئاللاھ ئۇلارغا: جەننەتكە كىرىڭلار، جەننەتتە سىلەر كۆرگەن نەرسىلەر سىلەرنىڭ بولىدۇ دەيدۇ. ئۇلار: ئى رەببىمىز، سىلى بىزگە ئالەملەردىن ھېچ كىشىگە بەرمىگەن نەرسىلەرنى ئاتا قىلدىلا، دەپ كېتىدۇ. (ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە ئىدى). ئاندىن ئاللاھتائالا ئۇلارغا، سىلەر ئۈچۈن مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەلرەك مۇكاپات بار دەيدۇ، ئۇلار ئى رەببىمىز، قايسى نەرسە بۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەل بولسۇن؟ دەيدۇ. ئاللاھتائالا: ئۇ بولسا مېنىڭ سىلەردىن رازى بولۇشۇم بولۇپ، مەن سىلەرگە بۇندىن كېيىن مەڭگۈ غەزەپ قىلمايمەن دەيدۇ، (ئاللاھنىڭ رازىلىقى راستىنلا جەننەتتىنمۇ بۈيۈكتۇر). ئەھمەد، بەيھەقى ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى.

1. مۆئمىنلەر قىيامەت كۈنى ھەم جەننەتتە ئاللاھنى كۆرەلەيدۇ، بۇ كاتتا مۇكاپاتتۇر.

2. ھەربىر ئۈممەت ئۆزى ئىبادەت قىلغان چوقۇنغان نەرسىسىگە ئەگىشىپ، دوۋزاخقا چۈشىدۇ.

3. ھەتتا يەھۇدىي، ناسارالارمۇ دوۋزاخقا چۈشىدۇ.

4. ئاللاھنىڭ ئايالى، بالىسى يوقتۇر، ئوخشىشى يوق.

5. مۆئمىنلەر ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

6. ئۇلارغا ئاللاھ، ئۆزىگە لايىق ئوخشىشى يوق، ئەڭ گۈزەل جامالى بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

7. رىياخور، مۇناپىقلار سەجدە قىلالمايدۇ.

8. دوۋزاخ ئۈستىگە سىرات كۆۋرۈكى قويۇلىدۇ.

9. ئۇ قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچدىن ئىتتىك ئۇنىڭ شوخا تىكەن، ئىلمەكلىرى باردۇر.

10. مۆئمىنلەرنىڭ بەزىسى چاقماق تېزلىكىدە، بەزىسى بولسا ئاستا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھەتتا دوۋزاخقا تاشلىنىدىغانلار بار.

11. پەرىشتىلەر پەيغەمبەرلەر، مۆئمىنلەر شاپائەت قىلىپ، قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمانى، ياخشىلىقى بار كىشىلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىدۇ.

12. ئاللاھتائالا رەھمەت ـ پەزلى بىلەن دوۋزاخدىن نۇرغۇن قەۋملەرنى چاڭگاللاپ چىقىرىپ قىلچە ياخشىلىقسىزلا جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، چۈنكى، بۇ ئۆزىنىڭ خالىغىنى، رەھمەت ـ پەزلىدۇر.

www.uyghurkitap.com

13. ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق، كاتتىلىقىغا، ئۇلۇغلىقىغا لايىق ئوخشىشى يوق، قولى باردۇر.

14. ئۇ ئازادگەردىلەر نەھرۇلھاياتتا قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىپ، جەسەت، تەنلىرى ئەسلىگە كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ گەردەنلىرىدە مۆھۈر، تامغا بېسىلغاندۇر.

15. ئاللاھتائالا جەننەتنى بەرگەندىن كېيىنمۇ ئۆز رازىلىقىنى ئاتا قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ رازىلىقى جەننەتتىنمۇ ئەۋزەل ۋە بۈيۈكتۇر. ئى ئاللاھ بىزگە جامالىلىرىنى، رازىلىقلىرىنى ئاتا قىلسىلا، ئامىن!

**7032 ( صحيح ) هل تضارون في رؤية الشمس في الظهيرة ليست في سحابة ؟ هل تضارون في رؤية القمر ليلة البدر ليس في سحابة ؟ فوالذي نفسي بيده لا تضارون في رؤية ربكم عز و جل إلا كما تضارون في رؤية أحدهما فيلقى العبد فيقول: أي فل (أي فلان )ألم أكرمك و أسودك و أزوجك و أسخر لك الخيل و الإبل و أذرك ترأس و تربع ؟ فيقول: بلى أي رب فيقول: أفظننت أنك ملاقي ؟ فيقول: لا فيقول: إني أنساك كما نسيتني ; ثم يلقى الثاني فيقول له: أي فل ؟ ألم أكرمك و أسودك و أزوجك و أسخر لك الخيل و الإبل و أذرك ترأس و تربع ؟ فيقول: بلى أي رب ! فيقول: أفظننت أنك ملاقي ؟ فيقول: لا فيقول: إني أنساك كما نسيتني ; ثم يلقى الثالث فيقول له مثل ذلك فيقول: رب آمنت بك و بكتابك و برسلك و صليت و صمت و تصدقت و يثني بخير ما استطاع فيقول: هاهنا إذن ثم يقال: الآن نبعث شاهدا عليك و يتفكر في نفسه: من ذا الذي يشهد علي ؟ فيختم على فيه و يقال لفخذه: انطقي فتنطق فخذه و لحمه و عظامه بعمله و ذلك ليعذر من نفسه و ذلك المنافق الذي يسخط الله عليه ( م ) عن أبي هريرة**

7032. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر بۇلۇتسىز، ھاۋا ئوچۇق چاغدا چىلىڭ چۈشتە قۇياشنى كۆرۈشتىن شەك قىلامسىلەر؟ بۇلۇتسىز، ھاۋا ئوچۇق چاغدا 15 كۈنلۈك تولۇن ئاينى كۆرۈشتىن شەكتە بولامسىلەر؟ ھەرگىز شەك قىلمايسىلەر، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەنە شۇنىڭدا شەك قىلمىغاندەك ئاخىرەتتە ئاللانى كۆرۈشتە شەك قىلمايسىلەر، قېنىپ كۆرۈسىلەر . (مانا بۇ مۆئمىننىڭ ئاقىۋىتى). ئاندىن ئاللاھ بىر بەندىگە ئۇچرىشىپ، ھەي پالانى، مەن سېنى ھۆرمەتلىك قىلمىدىممۇ؟ سېنى سەييىد، خوجايىن قىلمىدىممۇ؟ ساڭا ئايال جۈپتىڭنى يارىتىپ بېرىپ، سېنى توي قىلدۇرمىدىممۇ يەنى ساڭا ئايالىڭنى ئاتا قىلمىدىممۇ؟ ساڭا ئات - تۆگىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەرمىدىممۇ، سېنى باشلىق، رەئىس ھالەتتە قالدۇرمىدىممۇ؟ سەن نۇرغۇن مال - مۈلۈككە ئېرىشىپ، باي بولدۇڭ، باشقىلار ساڭا ئىتائەت قىلاتتى، سەن كەڭ - تاشا، خۇشال - خۇرام ئوينىمىدىڭمۇ؟ دېسە، ئۇ بەندە: ئى رەببىم، سىلى ماڭا ھەممىنى ئاتا قىلغان، راست دەپ ئىقرار قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا سەن ماڭا ئۆلگەندىن كېيىن تېرىلىپ، ئۇچرىشىشىڭغا ئىشەنگەنمۇ، گۇمان قىلىپ باققانمۇ؟ دېسە، ئۇ بەندە، ياق دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن سەن مېنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، مەنمۇ سېنى ئۇنتۇپ قالىمەن، يەنى دوۋزاختا قالدۇرىمەن دەيدۇ، ئاندىن ئىككىنچى بەندىگە يەنە ئاشۇنداق سوئال قويۇپ، ئىقرار قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ . (مانا بۇ كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى). ئاندىن ئۈچىنچى بەندىگە ئۇچرىشىپ، شۇنىڭ ئوخشىشىنى دېگەندە ئۇ بەندە: ئى رەببىم، مەن ساڭا، كىتابلىرىڭغا، بىزگە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىڭگە ئىمان كەلتۈرگەن، ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتۇپ، سەدىقە قىلدىم دەپ قادىر بولۇشچە ئۆزىنى ماختايدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۇنداق بولسا سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن دەپ ئاندىن ئۇنىڭغا ھازىر بىز ساڭا گۇۋاھچى ئەۋەتىمىز دېيىلىدۇ . ئۇ ئۆز ئىچىدە ماڭا قارشى گۇۋاھلىق بېرىدىغان كىمدۇ؟ دەپ قالىدۇ، تەپەككۇر قىلىپ ئويلىنىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئاغزىغا پېچەت ئۇرۇلۇپ،

مۆھۈر بېسىلىپ، يوتىسى قاتارلىق ئەزالىرىغا سۆزلەڭلار دېيىلىدۇ . ئۇنىڭ يوتىسى، گۆشى، سۆڭىكى ھەتتا بارلىق ئەزالىرى ئۇنىڭ قىلغان بارلىق ئەمەللىرىنى سۆزلەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ، (مانا بۇ سۈرە ياسىننىڭ 65 ـ ئايىتىدىكى قوللار سۆزلەپ، پۇتلار گۇۋاھلىق بېرىشتۇر). شۇنداق قىلىش، ئۇنىڭ ئۆزىدىن گۇۋاھچى چىقىرىپ، ئۆزرىسىنى قالدۇرماسلىق ئۈچۈندۇر، ئەنە شۇ بولسا، ئاللاھ غەزەپ قىلىدىغان مۇناپىقتۇر. (بۇ مۇناپىقنىڭ ئاقىۋىتى). مۇسلىم 5270 ـ ھەدىس، سەھىھ.

7033 ( صحيح ) هل تمارون في القمر ليلة البدر ليس دونه سحاب ؟ هل تمارون في رؤية الشمس ليس دونها سحاب ؟ فإنكم ترونه كذلك يحشر الله الناس يوم القيامة فيقول: من كان يعبد شيئا فليتبعه فيتبع من كان يعبد الشمس الشمس و يتبع من كان يعبد القمر القمر و يتبع من كان يعبد الطواغيت الطواغيت و تبقى هذه الأمة فيها منافقوها ; فيأتيهم الله في صورة غير صورته التي يعرفون فيقول: أنا ربكم فيقولون: نعوذ بالله منك هذا مكاننا حتى يأتينا ربنا فإذا جاءنا عرفناه فيأتيهم الله في صورته التي يعرفون فيقول: أنا ربكم فيقولون: أنت ربنا فيتبعونه ; و يضرب الصراط بين ظهراني جهنم فأكون أول من يجوز من الرسل بأمته و لا يتكلم يومئذ أحد إلا الرسل و كلام الرسل يومئذ: اللهم سلم سلم و في جهنم كلاليب مثل شوك السعدان غير أنه لا يعلم ما قدر عظمها إلا الله تخطف الناس بأعمالهم فمنهم من يوبق بعمله و منهم من يخردل ثم ينجو حتى إذا فرغ الله من القضاء بين العباد و أراد أن يخرج برحمته من أراد من أهل النار أمر الملائكة أن يخرجوا من النار من كان لا يشرك بالله شيئا ممن يقول لا إله إلا الله فيخرجونهم و يعرفونهم بآثار السجود و حرم الله على النار أن تأكل آثار السجود فيخرجون من النار و قد امتحشوا فيصب عليهم ماء الحياة فينبتون كما تنبت الحبة في حميل السيل ثم يفرغ الله من القضاء بين العباد و يبقى رجل بين الجنة و النار و هو آخر أهل النار دخولا الجنة مقبلا بوجهه قبل النار فيقول: يا رب اصرف وجهي عن النار فقد قشبني ريحها و أحرقني ذكاؤها فيقول: هل عسيت إن فعل ذلك بك أن تسأل غير ذلك فيقول: لا و عزتك فيعطي الله ما يشاء من عهد و ميثاق فيصرف الله وجهه عن النار فإذا أقبل به على الجنة و رأى بهجتها سكت ما شاء الله أن يسكت ثم قال: يا رب ! قدمني عند باب الجنة فيقول الله: أليس قد أعطيت العهد و الميثاق أن لا تسأل غير الذي كنت سألت ؟ فيقول: يا رب لا أكون أشقى خلقك فيقول: فما عسيت إن أعطيتك ذلك أن لا تسأل غيره ؟ فيقول لا و عزتك لا أسألك غير ذلك فيعطي ربه ما شاء من عهد و ميثاق فيقدمه إلى باب الجنة فإذا بلغ بابها فرأى زهرتها و ما فيها من النضرة و السرور ; فيسكت ما شاء الله أن يسكت فيقول: يا رب أدخلني الجنة فيقول الله: ويحك يا ابن آدم ! ما أغدرك ! أليس قد أعطيت العهد و الميثاق أن لا تسأل غير الذي أعطيت ؟ فيقول: يا رب لا تجعلني أشقى خلقك فيضحك الله منه ثم يأذن له في دخول الجنة فيقول: تمن فيتمني حتى إذا انقطعت أمنيته قال الله تعالى: زد من كذا و كذا أقبل يذكره ربه حتى إذا انتهت به الأماني قال الله عز و جل: لك ذلك و مثله معه ( حم ق ) عن أبي هريرة وأبي سعيد لكنه قال: وعشرة أمثاله أي في الجنة

7033. ئەبۇ ھۇرەيرە ، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر بۇلۇت يوق، ھاۋا ئوچۇق چاغدا ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاينى ياكى قۇياشنى كۆرۈشتىن شەك قىلىپ، دە ـ تالاش، جېدەل ـ ماجىرا قىلامسىلەر؟ ياق! سىلەر ئەنە شۇنىڭدەك رەببىڭلارنى قىنىپ كۆرۈسىلەر ، روشەن ، ئوچۇق كۆرۈسىلەر ، (لېكىن، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر). ئاللاھتائالا كىشىلەرنى توپلاپ، تىرىلدۈرۈپ قوپارغاندا، كىم نېمىگە ئىبادەت قىلسا ئۇ شۇ نەرسىگە ئەگەشسۇن دەيدۇ، قۇياشقا چوقۇنغانلار قۇياشقا، ئايغا ئىبادەت قىلىدىغانلار ئايغا ئەگىشىدۇ، ھەر خىل بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانلار بۇتقا ئەگىشىدۇ، پەقەت مۇشۇ ئۇممەت قېلىپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇناپىقلار باردۇر، ئاندىن، ئاللاھ ئۇلارغا، ئۇلار ئاللاھنى تونۇيدىغان سۈرەتتىن باشقا بىر سۈرەتتە كېلىدۇ، مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار دېسە، ئۇلار، ئاللاھقا سېغىنىپ سەندىن پاناھ تىلەيمىز، بىز ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز،

بۇ بىزنىڭ ئورنىمىزدۇر، رەببىمىز بىزگە كەلگەنگە قەدەر بىز مۇشۇ جايدا تۇرىمىز رەببىمىز كەلسە بىز ئۇنى ئوبدان تونۇيمىز، (چۈنكى ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق، ھەم ئالامەت بار دەيدۇ). ئاندىن ئاللاھ ئۇلارغا ئۇلار تونۇيدىغان ئۆز سۈرىتىدە كېلىدۇ، مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولىمەن دەيدۇ، ئۇلار شۇنداق، سىلى بىزنىڭ رەببىمىز دەپ ئاللاھقا ئەگىشىدۇ، (بۇ ھەدىس، سۈرە فەجىرنىڭ 22 - ئايىتىدىكى «پەرۋەردىگارىڭ كەلگەن ۋە پەرىشتىلەر سەپ - سەپ بولۇپ كەلگەن چاغدا» دېگەن ئايەتكە تەپسىردۇر، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر، ئۇ قادىردۇر). ئاندىن جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە سىرات كۆۋرۈكى قويۇلىدۇ، پەيغەمبەرلەردىن ئۈممىتى بىلەن سىراتتىن ئۆتىدىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى مەن بولىمەن، شۇ كۈنى پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچ كىشى سۆز قىلالمايدۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزى بولسا، ئى ئاللاھ، سالامەت قىلسىلا، سالامەت قىلسىلا دېيىش بولىدۇ، جەھەننەم ئىچىدە سىرات كۆۋرۈكىدە سەئدان شوخا - تىكەنلىرىدەك شوخلۇق، تىكەنلىك ئىلمەك بار بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭلىقىنىڭ مىقدارىنى پەقەت بىر ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئەمەللىرىگە قارىتا ئېلىۋالىدۇ، ئۇلاردىن بەزىسى ئەمەللىرى سەۋەبلىك پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ، ئۇلاردىن بەزىسى يىقىلىپ - قوپۇپ، يارىدار بولۇپ ئاندىن نىجاد تېپىپ قۇتۇلىدۇ.

ئاللاھتائالا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىشتىن پارىغ بولغاندا، ئۆز رەھمەت - پەزلى بىلەن دوۋزاختىن ئۆزى ئىرادە قىلغان كىشىلەرنى چىقىرىشنى ئىرادە قىلغاندا، پەرىشتىلەرنى لائىلاھە ئىللەللاھ، ئاللاھدىن باشقا ھېچ بىر ھەق ئىلاھ يوق دېگەن كىشىلەردىن، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن كىشىلەرنى دوۋزاختىن چىقىرىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇلارنى پەرىشتىلەر سەجدە ئىزلىرىدىن تونۇپ، دوۋزاختىن چىقىرىدۇ. ئاللاھ دوۋزاخقا ئۇلارنىڭ سەجدە ئىزلىرىنى كۆيدۈرۈپ يەۋېتىشنى ھارام قىلغان ئىدى، ئۇلار دوۋزاختىن چىققاندا قاتتىق كۆيۈپ كەتكەن ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە نەھرۇلھاياتنىڭ سۈيى قويۇلىدۇ ، ئۇلارنىڭ جەسەت تەنلىرى خۇددى سەل كۆتۈرۈپ كەلگەن لايدا دان ئۈنگەندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىشتىن پارىغ بولىدۇ، پەقەت دوۋزاخ بىلەن جەننەت ئوتتۇرىسىدا دوۋزاختىن چىقىدىغان جەننەتكە كىرىشتە ئەڭ ئاخىرى بولغان كىشى قېلىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ يۈزى دوۋزاخ تەرەپكە ئالدىنى قىلدۇرۇلغان ھالدا ئوت ئۇچقۇندىسىدا كۆيۈپ تۇراتتى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن دوۋزاخنىڭ پۇراقلىرى ماڭا قاتتىق ئازار بېرىپ، مېنى بەك قىينىۋەتتى ، يالقۇن ئۇچقۇنلىرى يۈزۈمنى كۆيدۈردى، مېنىڭ يۈزۈمنى دوۋزاختىن باشقا تەرەپكە چۆرۈۋەتسەڭ دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: ئەگەر ساڭا ئۇ قىلىپ بېرىلسە، ئۇنىڭدىن باشقىسىنى سورىشىڭ مۇمكىن دەيدۇ. ئۇ بەندە، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن باشقىنى ھەرگىز سورىمايمەن دەپ نۇرغۇن ئەھدە، مىساق، توختام بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىنى دوۋزاختىن چۆرىۋېتىدۇ، ئۇ جەننەتكە ئالدىنى قىلىپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ئۇنىڭدىكى نېئمەتلەرنى كۆرۈپ، ئاللاھ خالىغان مۇددەتتە تۇرۇپ ئاندىن مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىم، مېنى جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىغان ئاپىرىپ قويساڭ، ئاللاھ ئۇنىڭغا: سەن ئاۋۋال سورىغىنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ئەھدى، توختام بەرمىگەنمۇ دېسە، ئۇ: ئى رەببىم مەن بەندىلىرىڭنىڭ شەقى، جاپاكەشلىرى بولمىسام دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا: ئەگەر شۇنى ساڭا بەرسەم سەن ئۇنىڭدىن باشقىنى يەنە سورايسەن دەيدۇ. ئۇ: ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن باشقىنى ھەرگىز سورىمايمەن دەپ نۇرغۇن ئەھدە، توختاملارنى قەسەملەرنى بېرىدۇ، ئاللاھ ئۇنى

جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئاپىرىپ قويىدۇ. ئۇ، جەننەت ئىشىكىنىڭ ئالدىغا يەتكەندە، جەننەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى خۇشاللىق، نازۇ ـ نېئمەتنىڭ گۈزەللىكىنى، بەختنى كۆرگەندە، ئاللاھ خالىغان ۋاقىتقىچە ئەھدىدىن خىجىل بولۇپ چىداپ تۇرۇۋېتىپ، ئاندىن يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىم، مېنى جەننەت ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتسەڭ، ئاللاھ ئۇنىڭغا: ئى ئادەم بالىسى! ۋاي ساڭا، سەن نېمىدېگەن خىيانەتچى، تولا ئەھدىنى بۇزغۇچى ھە!، سەن ئۇنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ئەھدە، توختام بەرگەنىغۇ؟ دەيدۇ. بەندە: ئى رەببىم، مېنى مەخلۇقلىرىڭنىڭ شەقىيسى، جاپاكەش ئازابلىنىدىغىنى قىلمىساڭ دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭدىن كۈلۈپ كېتىپ، جەننەتكە كىرىشكە رۇخسەت قىلىدۇ. ۋە خالىغىنىڭنى ئارزۇ قىل، سورا دەيدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئىنتىھاسىغا يېتىپ، تۈگىگەندە، ئاللاھ ئۇنىڭغا زىيادە قىل، ئانى سورىغىن، مانى سورىغىن دەپ بىر ـ بىرلەپ دەپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئەسلىتىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا: ساڭا شۇ ۋە ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ھەسسە بېرىلىدۇ دەيدۇ. بەيھەقى، ئەھمەدلەر توپلىغان، سەھىھ.

7034 ( صحيح ) هل تنصرون إلا بضعفائكم ؟ بدعوهم و إخلاصهم ( حل ) عن سعد

7034 . سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر پەقەت ئاجىزلىرىڭلارنىڭ سەۋەبىدىن، شۇلارنىڭ ئىخلاسىنىڭ دۇئاسىنىڭ سەۋەبىدىن ياردەم، نۇسرەتكە ئېرىشىسىلەر، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

7035 ( صحيح ) هل تنصرون و ترزقون إلا بضعفائكم ؟( خ ) عن سعد

7035 . سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە پەقەت ئاجىز، زەئىپلىرىڭلارنىڭ سەۋەبىدىنلا نۇسرەت، ياردەم، رىزىق بېرىلىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

هل قرأ معي أحد منكم آنفا ؟ إني أقول: مالي أنازع القرآن ( حم ت ن ه حب ) عن أبي هريرة

7036 . ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى باياتىن مەن بىلەن بىرگە قىرائەت قىلدىمۇ؟ ھەققەتەن مەن ئىچىمدە: ماڭا نېمە بولغاندۇ؟ قۇرئاننى مەندىن باشقىلار تالىشىۋاتىدىغۇ، مەندىن قۇرئان قىرائىتى تارتىۋېلىنىدىغۇ؟ دەپ قالدىم. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسدىن، ئىمام قىرائەت قىلىۋاتقاندا ئۈنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، يەنە قىرائەت قىلماسلىق چىقىدۇ.

7037 ( صحيح ) هل منكم رجل إذ أتى أهله فأغلق عليه بابه و ألقى عليه ستره و استتر بستر الله ؟ قالوا: نعم قال: ثم يجلس بعد ذلك فيقول: فعلت كذا فعلت كذا فسكتوا ثم أقبل على النساء فقال: هل منكن من تحدث ؟ فسكتن فجثت فتاة كعاب على إحدى ركبتيها و تطاولت لرسول الله صلى الله عليه وسلم ليراها و يسمع كلامها فقالت: يا رسول الله ! إنهم ليحدثون و إنهن ليحدثن فقال: هل تدرون ما مثل ذلك ؟ إنما مثل ذلك مثل شيطانة لقيت شيطانا في السكة فقضى حاجته و الناس ينظرون إليه ! ألا إن طيب الرجال ما ظهر ريحه و لم يظهر لونه ألا إن طيب النساء ما ظهر لونه و لم يظهر ريحه ألا لا يفضين رجل إلى رجل و لا امرأة إلى امرأة إلا إلى ولد أو والد ( د ) عن أبي هريرة

7037 . ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن ئەھلىگە كەلگەندە يەنى جىنسى ئالاقە قىلغاندا، ئىشىكنى تاقاپ، ئاللاھنىڭ پەردىلىشى بىلەن پەردىلەنگەن كىشى بارمۇ؟ دېدى، ئۇلار ھەئە بار دېيىشتى .



www.uyghurkitap.com

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاندىن كېيىن بىر ئاز تۇرۇپ، مەن مۇنداق ـ مۇنداق قىلدىم دېۋىتىدۇ، شۇنى دېمەيدىغانلار بارمۇ؟ دېسە، ئۇلار سۈكۈتتە تۇردى، ئاندىن ئاياللارغا ئالدىنى قىلىپ، سىلەردىن شۇنداق قىلغان ئىشنى سۆزلەۋېتىدىغانلار بارمۇ؟ دېدى. ئاياللارمۇ جىم، سۈكۈتتە تۇردى، ئاندىن ئاياللار ئارىسىدىن تېخى ئەمدىلا كۆكرىكى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان بىر ياش كىچىك قىزچاق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرسۇن، سۆزۈمنى ئاڭلىسۇن دەپ بىر تىزىچە تىزلاپ ئولتۇرۇپ، بويىنىنى سوزۇپ تۇرۇپ، مۇنداق دېدى: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ھەقىقەتەن ئەرلەرمۇ ئاياللارمۇ سۆزلەۋېتىدۇ، قىلغان ئىشلىرىنى ئاشكارىلىۋېتىدۇ. ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ مىسالىنى بىلەمسىلەر؟ دەپ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ مىسالى، بىر چىشى شەيتان يولدا، ئەركەك شەيتانغا ئۇچرىشىپ ھاجىتىنى ئادا قىلىدۇ، يەنى جىنسى ئالاقە قىلىدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا قارىشىپ تۇرىدۇ، كېچىسى قىلغان جىنسى ئالاقىنىڭ ئىشنى سۆزلىگۈچى ئەنە شۇلارغا ئوخشايدۇ. ئاگاھ بۇلۇڭلار ، ھەقىقەتەن ئەرلەرنىڭ خۇشپۇراق ئەتىرىسى بولسا، پۇرىقى ئاشكارا بولۇپ، رەڭگى ئاشكارا بولماي، مەخپىي بولغىنىدۇر، ئاياللارنىڭ ئەتىر، گىرىم بۇيۇملىرى بولسا، ئېرىگە رەڭگى ئاشكارا بولۇپ، پۇراقلىرى ئاشكارا بولمىغىنىدۇر.

ئاگاھ بۇلۇڭلار ، ئەر كىشى ئەر كىشى بىلەن يالىڭاچ بىر كۆرپىدە ياتمىسۇن، ئايال كىشى ئايال كىشى بىلەن يالىڭاچ بىر ئورۇندا ياتمىسۇن. لېكىن،ئاتا ـ ئانا بالىسى بىلەن ياكى سەبىي باللار دادىسى، ئانىسى بىلەن بىرگە ياتسا دۇرۇس بولىدۇ دېدى. ئەبۇ داۋۇد 1859 ـ ھەدىس، ئەھمەد 10554 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7038** ( صحيح ) هلاك أمتي على يدي غلمة من قريش ( حم خ ) عن أبي هريرة

7038. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ ھالاك بولۇشى، قۇرەيشتىن بولغان بىر كىچىك غۇلامنىڭ قولىدىدۇر. (يەنى، بالا پادىشاھ، بالا ئەمىرنىڭ). ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

ئىسلام خەلىپىسى مىراس قالدۇرۇلماستىن بەلكى مۆئمىنلەر ئۆزلىرى تاللاپ سايلايدۇ، ئەڭ دانا، ئالىم، تەقۋا كىشىنى تاللاپ سايلايدۇ، خۇددى تۆت خەلىپىنى تاللاپ سايلىغاندەك.

**7039** ( صحيح ) هلك المتنطعون ( حم م د ) عن ابن مسعود

7039. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەسىلىنى چوڭقۇر كوچىلاپ ھەددىدىن ئېشىپ قاتتىق تەكلىپ قويىغۇچىلار ھالاك بولدى، ھالاك بولۇپ بولدى. مۇسلىم 4823 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3992 ـ ھەدىس، ئەھمەد 3473 ـ ھەدىس، سەھىھ.

( صحيح ) هلك كسرى ثم لا يكون كسرى بعده و قيصر ليهلكن ثم لا يكون قيصر بعده و ليقسمن كنوزهما في سبيل الله ( م ) عن أبي هريرة

7040. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىسرا ھالاك بولدى، ئاندىن كېيىن ھەرگىز كىسرا بولمايدۇ، قەيسەر ھالاك بولدى، ئاندىن ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز قەيسەر بولمايدۇ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى ئاللاھ يولىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. مۇسلىم 5197 ـ ھەدىس، بۇخارى 2888 ـ ھەدىس، سەھىھ.

قەيسەر، رۇم پادىشاھى، كىسرا پارسلار پادىشاھىنىڭ لەقىمى بولۇپ، راستىنلا ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى ئاللاھ يولىدا تەقسىم قىلىنغان، ئۇلاردىن كېيىن تا ھازىرغىچە كىسرا، قەيسەر بولۇپ

باقمىدى، بۇ ھەدىس روشەن مۆجىزىدۇر.

**هلا أخذتم إهابها فدبغتموه فانتفعتم به ؟ إنما حرم أكلها ( حم م 4 ) عن ابن عباس**

7041. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ئۆلگەن قوينى كۆرۈپ، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ تېرىسىنى سويۇپ ئېلىۋالمىدىڭلار؟، ئۇنى ئاشلاپ، پىششىقلاپ ئىشلەپ، پاكىزلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن پايدا ـ مەنپەئەت ئالاتتىڭلار ئەمەسمۇ؟ ھەقىقەتەن ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكنى يېيىش ھارام قىلىندى. (لېكىن، تېرىسىنى ئىستېمال قىلىش ھالالدە!) دېگەن . ئەھمەد، مۇسلىم، كىيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**هلا تركتموه لعله أن يتوب فيتوب الله عليه ؟ – يعني ماعزا – ( د ك ) عن نعيم بن هذال**

7042. نۇئەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كىشىلەر مائىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى رەجىم قىلغىلى تۇرغاندا، ئۇ قاچتى، كىشىلەر ئۇنى قوغلاپ بېرىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى ئاڭلاپ، نېمە ئۈچۈن ئۇنى تەرك ئېتىپ، قويۇپ بەرمىدىڭلار؟، ئۇ تەۋبە قىلسا، ئاللاھ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئىدى دېگەن . ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ئىچى ئاغرىپ شۇنداق دېگەن ياكى ئىقرارىدىن يېنىۋالسا، قويۇپ بېرىلىدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن، رەجىم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. زىناخور تەۋبە قىلسا ئاللاھ قوبۇل قىلىدۇ.

**7043 ( صحيح ) هلم إلى الغداء المبارك – يعني السحور – ( حم د ن حب ) عن العرباض**

7043. ئىرباز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەرىكەتلىك غىزاغا كېلىڭلار، يەنى زوھۇرلۇققا، زوھۇرلۇقتا بەرىكەت بار. ئەھمەد، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان سەھىھ.

**7044 ( صحيح ) هلم إلى جهاد لا شوكة فيه: الحج ( طب ) عن الحسين**

7044. ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قورالسىز جىھادقا، قورال ئىشلىتىلمەيدىغان جىھادقا كېلىڭلار، (يەنى ھەج قىلىڭلار). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. (ھەج جىھادتۇر، يەنى ئاياللارغا شۇنداق دېيىلگەن.)

**7045 ( صحيح ) هما ريحانتاي من الدنيا – يعني الحسن و الحسين – ( حم خ ) عن ابن عمر**

7045. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇلار يەنى ھەسەن ـ ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى رەيھان گۈلۈمدۇر. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. (يەنى راھىتىم، بالىدىن بولغان رىزقىم، ئەۋلادىم، خۇشاللىقىم دېگەن مەندە.)

**7046 ( صحيح ) هم الأخسرون و رب الكعبة هم الأخسرون و رب الكعبة يوم القيامة الأكثرون إلا من قال في عباد الله هكذا و هكذا و قليل ما هم و الذي نفسي بيده ما من رجل يموت يترك غنما أو إبلا أو بقرا لم يؤد زكاتها إلا جاءته يوم القيامة أعظم ما يكون و أسمنه حتى تطأه بأظلافها و تنطحه بقرونها حتى يقضي بين الناس كلما تقدمت أخراها عادت أولاها ( حم ق ت ن ه ) عن أبي ذر**

7046. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇلار زىيانكارلاردۇر، كەئبىنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار قىيامەت كۈنى ئەڭ چوڭ زىيان تارتقۇچىلاردۇر، ئۇلار بولسا، مال ـ دۇنيانى كۆپ توپلاپ يىغقانلاردۇر. لېكىن، ئاۋۇ ـ ماۋۇ تەرەپتىكى يەنى

ئەتراپىدىكى نامرات كىشىلەرگە ئاللاھ يولىدا ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئاللاھ بەرگەن مالنى چىقىم قىلىپ، سەدىقە قىلغانلار زىيان تارتمايدۇ. لېكىن، ئۇنداق سېخى كىشى بەكلا ئاز، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەر قانداق بىر كىشى قوي، تۆگە، كالىلىرىنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلماي ئۆلۈپ كەتسە، قىيامەت كۈنى ئۇ چارۋا ـماللار بۇرۇنقىدىنمۇ چوڭ ھەم سېمىز ھالەتتە كېلىپ، ئۇ كىشىنى پۇتلىرى بىلەن دەسسەپ، مۈڭگۈزى بىلەن ئۈسسۈيدۇ، ھەر قاچان ئاخىرى ئۆتۈپ بولسا، بۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەنلىرى قايتىپ كېلىپ يەنە دەسسەپ ئۈسسۈيدۇ. بۇ ئازاب تا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىنىپ بولغىچە شۇنداق بولىدۇ، (ئۇنىڭ مىقدارى قىيىن بولغانلارغا 1000 يىللىق بولىدۇ، ئاندىن ئۇ ئۆز يولىنى جەننەتكە ياكى دوۋزاخقا كۆرىدۇ ). ئەھمەد ، بەيھەقى ، نەسەئى ، تىرمىزى ، ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ.

هو اختلاس يختلسه الشيطان من صلاة العبد – يعني الالتفات – ( حم خ د ن ) عن عائشة

7047. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازدا ئۇياق ـ بۇياققا قاراش بولسا، بەندىنىڭ نامىزىنى شەيتاننىڭ تېز سۈرئەتتە ئوغرىلاپ ئېلىپ قېچىشىدۇر، (يەنى ئەجرىنى ياكى كامىللىقىنى ياكى نامازنى ئېلىپ قاچىدۇ). بۇخارى 709 ـ ھەدىس، تىرمىزى 538 ـ ھەدىس، نەسەئى 1183 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 776 ـ ھەدىس، ئەھمەد 23276 ـ ھەدىس، سەھىھ. نامازدا تۇرۇپ ئۇياق ـ بۇياققا قاراش دۇرۇس ئەمەس.

هو الطهور ماؤه الحل ميتته ( حم 4 حب ك ) عن أبي هريرة ( حم ه حب ك ) عن جابر ( ه ) عن ابن الفراسي

7048. ئەبۇ ھۇرەيرە، جابىر، ئىبنى پىراس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دېڭىز سۈيى پاك ـ پاكىزدۇر. ئۇنىڭدىكى ئۆزى ئۆلگەن جانلىقلار ھالالدۇر، (بېلىق ،كىتلارنى سېسىپ كەتمىسىلا يەۋېرىڭلار). ئەھمەد ، ئىبنى ھەببان، ھاكىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

7049 ( صحيح ) هو حر كله ليس لله شريك ( حم د ن ) عن والد أبي المليح

7049. ۋالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشى قۇلىنىڭ يېرىمىنى ئازاد قىلغاندا: ئۇ قۇلنىڭ ھەممە يېرى ئازاد، ئۇ پۈتۈنلەي ھۆردۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر. (ئازاد قىلسا، پۈتۈنلەي ئازاد قىلسۇن دېگەن ). ئەھمەد 19793 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3431 ـ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىيىن قۇلنىڭ يېرىمىنى ئازاد قىلىشنى دۇرۇس قىلغان دېيىلگەن. ئەلۋەتتە بۇ خىل دۇرۇس قىلىنغان ھەدىسنى يۇقىرىدا كۆپ يازدۇق، يۇقىرىقى ھەدىس، نەسەئىدىمۇ بار. سەھىھ.

7050 ( صحيح ) هو عليها صدقة و هو منها لنا هدية ( حم ق د ن ) عن أنس ( ق ) عن عائشة

7050. ئەنەس، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەرىرىگە سەدىقە قىلىنغان نەرسىنى مۇنداق دەپ يېگەن ، ئۇ بەرىرىگە سەدىقە بولىدۇ، بىزگە بولسا بەرىرىدىن ھەدىيە قىلىنغان بولىدۇ، (راست، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى، بەرىرمۇ ئۆزىگە قىلىنغان سەدىقە قوينى ئۇلارغا پىشۇرۇپ بەرگەن). ئەھمەد ، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

هو في ضحضاح من نار و لولا أنا لكان في الدرك الأسفل من النار – يعني أبا طالب ( ق ) عن العباس

7051. ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەبۇ تالىپ دوۋزاخنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى يۈزىدىلا بولىدۇ،( يەنى ئوشۇقىغىچە بولىدۇ)، ئەگەر مەن، مېنىڭ شاپائىتىم بولمىغان بولسا، ئۇ ئەلۋەتتە دوۋزاخنىڭ ئەڭ ئاستىدا بولاتتى. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

7052 ( صحيح ) هون عليك فإني لست بملك إنما أنا ابن امرأة من قريش كانت تأكل القديد ( ه ك ) عن أبي مسعود البدري ( ك ) عن جرير

7052. ئەبۇ مەسئۇد، جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر كىشى كېلىپ سۆز قىلىپ، قورققىنىدىن تىترەپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە: قورقما، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، ھەقىقەتەن مەن پادىشاھ ئەمەس، مەن پەقەت ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغان گۆش يەيدىغان قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغان بىر ئايالنىڭ بالىسى دېدى. 3303 ـ ھەدىس. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

7053 ( صحيح ) الهجرة هجرتان: هجرة الحاضر و هجرة البادي فأما البادي فيجيب إذا دعي و يطيع إذا أمر و أما الحاضر فهو أعظمهما بلية و أعظمهما أجرا ( ن ) عن ابن عمرو

7053. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھىجرەت ئىككى خىلدۇر، بىرى شەھەر ئەھلىنىڭ يەنە بىرى سەھرا، يېزىدىكىلەرنىڭ ھىجرىتى، سەھرا، يېزىدا ياشايدىغانلارنىڭ ھىجرىتى بولسا چاقىرىلغان ھامان چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، ھىجرەتكە ئاتلىنىدۇ، بۇيرۇلسا ئىتائەت قىلىدۇ، ئەمما، شەھەردىكىلەر بولسا، بۇلارنىڭ ھىجرىتىنىڭ سىناق بالاسى چوڭدۇر. ئەلۋەتتە ئەجىر، ساۋابىمۇ چوڭدۇر. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

7054 ( صحيح ) الهدية إلى الإمام غلول ( طب ) عن ابن عباس

7054. ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمامغا قىلىنغان ھەدىيە، سوۋغا ـ سالام خىيانەتتۇر، (يەنى ئىمامغا، قازىغا، خىزمەتچى خادىمغا قىلىنغان ھەدىيە، خىيانەت، پارا، جازانىدۇر.) تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

## « و » بىلەن باشلانغان، بولۇپمۇ و الذي دەپ قەسەم قىلىنغان سەھىھ ھەدىسلەر

و الشاة إن رحمتها يرحمك الله ( طب ) عن قرة بن إياس ومعقل بن يسار

7055. قۇررەت مەئقەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گەرچە سەن قويغا رەھىم قىلساڭمۇ، ئاللاھ ساڭا رەھىم ـ شەپقەت قىلىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

7056 ( صحيح ) و الذي نفس محمد بيده إن على الأرض من مؤمن إلا و أنا أولى الناس به فأيكم ما ترك دينا أو ضياعا فأنا مولاه و أيكم ما ترك مالا فإلى العصبة من كان ( م ) عن أبي هريرة

7056. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، يەر يۈزىدە مۆئمىنلا بولىدىكەن، مەن ئۇنىڭغا بارلىق كىشىلەردىنمۇ يېقىنراق، لايىقراق، مەن

ئىگىسى بولىمەن. قايسىڭلار قەرزنى ياكى يېتىم بالا، نامرات ئائىلىسىنى تەرك ئېتىپ كەتسە، مەن ئۇنىڭ ئىگىسى بولىمەن، قايسىڭلار مال ـ دۇنيا تەرك ئېتىپ كەتسە ئۇ مالغا شۇ كىشىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ۋارىس بولىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7057** ( صحيح ) و الذي نفس محمد بيده إني لأرجو أن تكونوا نصف أهل الجنة و ذلك أن الجنة لا يدخلها إلا نفس مسلمة و ما أنتم في أهل الشرك إلا كالشعرة البيضاء في جلد الثور الأسود أو كالشعرة السوداء في جلد الثور الأحمر( ق ) عن ابن مسعود

7057. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، شۇنداق بولۇشى جەننەتكە پەقەت مۇسۇلمان مۆئمىنلا كىرەلەيدۇ، سىلەر شېرىك ئەھلى بولغان دىنسىزلارغا نىسبەتەن خۇددى تۇم قارا كالىنىڭ ئۈچىسىدىكى ئاق تۈككە ياكى تۇم قىزىل كالىنىڭ ئۈچىسىدىكى قارا تۈككە ئوخشايسىلەر. (يەنى كاپىرلار كۆپتۇر). بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**7058** ( صحيح ) و الذي نفس محمد بيده لغفار و أسلم و مزينة و جهينة و من كان من مزينة خير عند الله يوم القيامة من أسد و طيئ و غطفان ( ت ) عن أبي هريرة

7058. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، غىپار، ئەسلەم، مۇزەينە، جۇھەينەت، مۇزەينە قەبىلىسىدىن بولغان كىشىلەر قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەسەد، تىيئى، غەتقان قەبىلىلىرىدىن ياخشىراقتۇر. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

و الذي نفس محمد بيده لمناديل سعد بن معاذ في الجنة أحسن من هذا( حم ق ) عن أنس ( حم ق ت ن ) عن البراء

7059. ئەنەس، بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن يىپەك رەختتىن توقۇلغان رىدا، جۇۋا ھەدىيە قىلىندى، كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ ھەيران قالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەر مۇشۇنىڭدىن ھەيران بولۇۋاتامسىلەر؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ جەننەتتىكى لۆڭگىسى، قول ياغلىقى بۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ياخشىدۇر، ھەم گۈزەلدۇر دېگەن. تىرمىزى 3782 ـ ھەدىس، نەسەئى 5207 ـ ھەدىس، ئەھمەد 12673 ـ ھەدىس، بۇخارى 2423 ـ ھەدىس، مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**7060** ( صحيح ) و الذي نفس محمد بيده ليأتين على أحدكم يوم و لأن يراني ثم لأن يراني أحب إليه من أهله و ماله معهم ( حم م ) عن أبي هرير

7060. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە بىرىڭلارغا شۇنداق بىر كۈن كېلىدۇكى، شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ مېنى كۆرۈشى، ئاندىن يەنە مېنى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىشى پۈتۈن مال ـ مۈلۈكىدىن ھەتتا ئەھلى، باللىرىدىنمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ كېتىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

و الذي نفس محمد بيده ما أصبح عند آل محمد صاع حب و لا صاع تمر ( ه ) عن أنس

7061. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جېنى قول ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسىدە بىر سا دان ھەم بىر سا خورما تاڭ ئاتقۇزۇپ

باقمىدى، (يەنى بىر كېچە تۇرۇپ باقمىدى، بۇ مەككىدىكى ھەم مەدىنىدىكى ھىجرەت قىلغان مەزگىللەردىكى نامراتلىق ۋاقىت ئىدى). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7062** ( صحيح ) و الذي نفس محمد بيده ما من عبد يؤمن ثم يسدد إلا سلك به في الجنة و أرجو أن لا يدخلها أحد حتى تبوءوا أنتم و من صلح من ذرياتكم مساكن في الجنة و لقد وعدني ربي أن يدخل الجنة من أمتي سبعين ألفا بغير حساب ( ه ) عن رفاعة الجهني

7062. رىپائە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەر قانداق بىر بەندە ئىمان كەلتۈرۈپ، ئۆزى تاقەت قىلغۇدەك، "قادىر بولالىغۇدەك، ئوتتۇرھال، توغرا يولنى تۇتسا، ھەق ئەمەللەرنى قىلسا، ئۇ شۇ ئىشى سەۋەبلىك جەننەتكە يول سالغان بولىدۇ، سىلەر ۋە سىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىڭلاردىن بولغان سالىھ، ياخشى كىشىلەر جەننەت ئىچىدىكى تۇرالغۇ جايلارغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ بولمىغۇچە، ھېچ كىشىنىڭ جەننەتكە كىرمەسلىكىنى يەنى سىلەرنىڭ ھەممىدىن بۇرۇن كىرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەقىقەتەن رەببىم ماڭا مېنىڭ ئۈممىتىمدىن 70000 كىشىنى ھېسابسىز، ئازابسىز جەننەتكە كىرگۈزۈشنى ۋەدە قىلدى. (يەنى ناھايىتى كۆپ دېگەن مەنىدە). ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

و الذي نفس محمد بيده لا يسمع بي أحد من هذه الأمة لا يهودي و لا نصراني ثم يموت و لم يؤمن بالذي أرسلت به إلا كان من أصحاب النار ( حم م ) عن أبي هريرة

7063. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۇشۇ ئۈممەتتىن بىر كىشى ۋە ھەم يەھۇدىي، ناسارالاردىن بولغان بىرەرسى مەن ئەۋەتىلگەن نەرسىگە يەنى مېنىڭ ئەلچىلىكىمگە ۋە قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرمەي ئۆلۈپتۇ دېگەننى ماڭا ئاڭلاتسا، ئىمانسىز ئۆلسە، ئۇ شەكسىز دوۋزاخ ئەھلىدىن بولىدۇ. مۇسلىم 218 ـ ھەدىس، ئەھمەد 7856 ـ ھەدىس، سەھىھ.

و الذي نفسي بيده إن السقط ليجر أمه بسرره إلى الجنة إذا احتسبته ( ه ) عن معاذ

7064. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن تۇغۇلۇش مۇددىتىدىن بۇرۇن چۈشۈپ كەتكەن تۆرەلمە بالا، ئانىسى ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، سەۋرى قىلسىلا، ئانىسىنى كىندىك نەيچىسى بىلەن جەننەتكە سۆرەپ ئەكىرىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**7065** ( صحيح ) و الذي نفسي بيده إن الشملة التي أصابها يوم خيبر من المغانم لم تصبها المقاسم لتشتعل عليه نارا ( ق د ن ) عن أبي هريرة

7065. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن ئۇ خەيبەر كۈنى ئالغان تون، رىدا، تەقسىمات يەتمىگەن غەنىيمەتتىن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئوت بولۇپ لاۋۇلداۋاتىدۇ. (چۈنكى، ئۇ خىيانەت ئىدى). بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7066** ( صحيح ) و الذي نفسي بيده لآنيته – يعني الحوض – أكثر من عدد نجوم السماء و كواكبها في الليلة المظلمة المصحية آنية الجنة من شرب منها ليس يظمأ آخر ما عليه يشخب فيه ميزابان من الجنة من شرب منه لم يظمأ عرضه مثل طوله ما بين عمان إلى أيلة ماؤه أشد بياضا من اللبن و أحلى من العسل ( حم م ت ) عن أبي ذر

7066. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەۋزى كەۋسەرنىڭ قاچا، جاملىرى، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ، قاراڭغۇ ـ زۇلمەتلىك كېچىدە كۆرۈنگەن بارلىق يۇلتۇزلارنىڭ ساندىنمۇ كۆپتۇر، جەننەتنىڭ قاچا ـ جاملىرىدىن بىر قېتىم شاراب ئىچكەن كىشى، مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، (ئاخىرىدا ئەلەيھى دېگەن مەڭگۈ دېگەن مەنىدە) كەۋسەر كۆلگە جەننەتتىن ئىككى ئۆستەڭ شاراب قويۇلۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن بىر قېتىم ئىچكەن كىشى مەڭگۈ ئۇسسىمايدۇ، توغرىلىقى، ئۇزۇنلۇقىدەك كەڭدۇر. خۇددى ئۇممان بىلەن ئەيلەت دېگەن جايدەك شۇنداق كەڭدۇر، سۈيى بولسا، سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن تاتلىقتۇر. مۇسلىم 4255 ـ ھەدىس، ئەھمەد 20364 ـ ھەدىس. سەھىھ.

و الذي نفسي بيده لأذودن رجالا عن حوضي كما تذاد الغريبة من الإبل عن الحوض ( خ ) عن أبي هرير

6067. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە مەن ھەۋزى كەۋسەردىن، خۇددى تۆگىلەرنىڭ ناتونۇشلىرى كۆلدىن قوغلانغاندەك نۇرغۇن كىشىلەرنى ئايرىپ، چەكلەپ قوغلاپ كەتكۈزىمەن. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**7068** ( صحيح ) و الذي نفسي بيده لأقضين بينكما بكتاب الله الوليدة و الغنم رد عليك و على ابنك جلد مائة و تغريب عام و على امرأة هذا الرجم و اغد يا أنيس على امرأة هذا فإن اعترفت فارجمها ( حم ق 4 ) عن أبي هريرة وزيد بن خالد الجهني

7068. ئەبۇ ھۇرەيرە، زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە مەن ئاراڭلاردا ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىپ قويىمەن، 100 قوي بىلەن دېدەك، خادىم ساڭا قايتۇرۇلىدۇ، ئوغلۇڭ 100 قامچا ئۇرۇلۇپ، بىر يىل پالاندى قىلىنىدۇ. ماۋۇ كىشىنىڭ ئايالى رەجىم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئى ئەنەس!، سەن بۇ ئايالنىڭ قېشىغا ئەتىگەندە بارغىن، ئەگەر ئۇ ئېتىراپ قىلىپ ئىقرار قىلسا، ئۇنى رەجىم قىلغۇەتكىن، ئۇ ئايال ئېتىراپ قىلىپ، رەجىم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى، يەنى تاش ـ بوران قىلىندى. بۇخارى 6326 ـ ھەدىس، مۇسلىم 3210 ـ ھەدىس، كىيىنكى تۆت كىتاب، ئەھمەد 16423 ـ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستە بىر كىشىنىڭ ئوغلى ئىجارىگە ئىشلىگەن كىشىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلسا، دادىسى 100 قوي بىلەن بىر دېدەك، ئايال خادىمنى فىدىيە بېرىدۇ، كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىقىدەك ھۆكۈم قىلدى.

**7069** ( صحيح ) و الذي نفسي بيده لأن يأخذ أحدكم حبله فيحتطب على ظهره خير له من أن يأتي رجلا فيسأله أعطاه أو منعه ( مالك خ ن ) عن أبي هريرة

7069. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە بىرىڭلارنىڭ ئارغامچىسىنى ئېلىپ، ئۈچىسىدا ئوتۇن ئەكىلىپ، ئۇنى سېتىپ جان بېقىشى، بىرەر كىشىگە كېلىپ ئۇنىڭدىن نەرسە سورىغىنىدىن ياخشىراقتۇر، سورىسا يا بېرىدۇ ياكى بەرمەيدۇ، ئۇنىڭدىن ئوتۇن سېتىپ جان باقسۇن. مالىك، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7070** ( حسن ) و الذي نفسي بيده لتأمرن بالمعروف و لتنهون عن المنكر أو ليوشكن الله أن يبعث عليكم عقابا من عنده ثم لتدعنه فلا يستجيب لكم ( حم ت ) عن حذيفة

7070. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، يا سىلەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقدىن توسىسىلەر ياكى ئاللاھتائالا ئۆز دەرگاھىدىن سىلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك ئازاب ئەۋەتىدۇ. ئاندىن ئاللاھقا دۇئا قىلىساڭلار، ئىجابەت قىلىنماي ھالاك بولىسىلەر. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

**7071** ( صحيح ) و الذي نفسي بيده لتسألن عن هذا النعيم يوم القيامة أخرجكم من بيوتكم الجوع ثم لم ترجعوا حتى أصابكم هذا النعيم ( م ) عن أبي هريرة

7071. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرى بىلەن ئاچلىقدىن كىيىن قورسىقىنى توقلاپ، بىر باغدا مېھمان بولغاندا، مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قىيامەت كۈنى مۇشۇ نېئمەتتىن سوراق ـ سوئال قىلىنىسىلەر، ھېساب بېرىسىلەر، سىلەرنى ئۆيۈڭلاردىن ئاچلىق چىقارغان ئىدى، ئاندىن سىلەرگە بۇ نېئمەت يەتمىگۈچە قايتمىدىڭلار، ئەمدى سورىلىسىلەر. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7072** ( صحيح ) و الذي نفسي بيده لقد هممت أن آمر بحطب فيحطب ثم آمر بالصلاة ليؤذن لها ثم آمر رجلا فيؤم الناس ثم أخالف إلى رجال فأحرق عليهم بيوتهم و الذي نفسي بيده لو يعلم أحدهم أنه يجد عرقا سمينا أو مرماتين حسنتين لشهد العشاء ( مالك خ ن ) عن أبي هريرة

7072. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مەن ئوتۇن توپلاشقا بۇيرۇسام، ئوتۇن يىغىلسا، ئاندىن نامازغا ئەزان توۋلاشقا بۇيرۇسام، ئاندىن بىر كىشىنى بۇيرۇسام كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ تۇرسا، ئاندىن مەن نامازغا، جامائەتكە چىقمىغان كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ئوت قويۇۋەتسەم دەپ مەقسەت قىلدىم، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇلارنىڭ بىرى سېمىزرەك بىر تال سۆڭەكنى ياكى قوينىڭ پاقالچىقىنىڭ ئارىسىدىكى ياخشىراق ئارغىنە گۆشنى تاپالىشىنى بىلسە، ئەلۋەتتە خۇپتەن نامىزىغىمۇ كېلەتتى، (لېكىن، شۈنچىلىك نەپ، پايدا بۇ دۇنيادا بولمىغاچقا، ئۇلار كەلمىدى، ھازىرمۇ شۇ). بۇخارى 608 ـ ھەدىس، نەسەئى 839 ـ ھەدىس، مالىك توپلىغان، سەھىھ.

و الذي نفسي بيده لو كنتم تكونون في بيوتكم على الحالة التي تكونون عليها عندي لصافحتكم الملائكة و لأظلتكم بأجنحتها و لكن يا حنظلة ! ساعة و ساعة ( حم م ت ه ) عن حنظلة الأسدي

7073. ھەنزەلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئۆزىنى مەن مۇناپىق بولدۇم، نېمە ئۈچۈن مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا تۇرغان ھالەتتەك بىر خىل تۇرالمايمەن؟ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر مېنىڭ ئالدىمدا تۇرغان ھالەتتىكىدەك، ئۆيۈڭلاردىمۇ شۇ ھالەتتە بىر خىل تۇرالىساڭلار، بىر خىل ھالەتتە بولساڭلار، ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن پەرىشتىلەر قول ئېلىشىپ كۆرۈشەتتى، سىلەرگە قاناتلىرى بىلەن سايە تاشلايتتى، لېكىن، ئى ھەنزەلەت! بىر سائەت ئۇنداق بىر سائەت مۇنداق ھالەتتە بولۇپ قالىسىلەر. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

www.uyghurkitap.com

و الذي نفسي بيده لو لم تذنبوا لذهب الله بكم و لجاء بقوم يذنبون فيستغفرون الله فيغفر لهم ( حم م ) عن أبي هرير

7074. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر پەقەت گۇناھ قىلمايدىغان بولساڭلار، ئەلۋەتتە ئاللاھتائالا سىلەرنى ئۇ دۇنياغا كەتكۈزۋېتىپ، گۇناھ قىلىدىغان قەۋملەرنى كەلتۈرەتتى، ئاندىن ئۇلار گۇناھلىرىغا ئاللاھدىن مەغپىرەت سورايتتى، ئاللاھ ئۇلارغا مەغپىرەت قىلاتتى. (لېكىن، سىلەر خاتالىشىپ تۇرىسىلەر، تەۋبە قىلساڭلار ئاللاھ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

7075 ( صحيح ) و الذي نفسي بيده لولا أن رجالا من المؤمنين لا تطيب أنفسهم أن يتخلفوا عني و لا أجد ما أحملهم عليه ما تخلفت عن سرية تغزو في سبيل الله و الذي نفسي بيده لوددت أني أقتل في سبيل الله ثم أحيا ثم أقتل ثم أحيا ثم أقتل ثم أحيا ثم أقتل ( حم ق ن ) عن أبي هرير

7075. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مۆئمىنلەردىن، مەندىن جەڭگە چىقماي ئارقامدا قالغانلىقلىرىغا قەلبى ئارام تاپمايدىغان، كۆڭلى قويمايدىغان كىشىلەر بولمىغان بولسا، ھەم مەن ئۇلارنى مىندۇرۇپ ئېلىۋالىدىغان نەرسە تاپالمىدىم، مۇشۇ ئىشلار بولمىغان بولسا، ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىدىغان قوشۇننىڭ ئارقىسىدا قالمىغان بولاتتىم، (مەن پەقەت شۇلارنى دەپ ھەم شۇلارنىڭ ئوخشاشلىرىغا مۇشەققەت سېلىپ قويماي، ئاسان قىلاي دەپ ئارقىدا قالدىم). ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مەن ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم، ئاندىن تىرىلسەم، ئاندىن يەنە ئۆلتۈرۈلسەم، ئاندىن يەنە تىرىلسەم، ئاندىن ئۆلتۈرۈلسەم، ئاندىن يەنە تىرىلىپ يەنە ئۆلتۈرۈلسەم... شۇنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) و الذي نفسي بيده ليأتين على الناس زمان لا يدري القاتل في أي شيء قتل و لا يدري المقتول في أي شيء قتل ( م ) عن أبي هرير

7076. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، كىشىلەرگە بۇندىن كېيىن شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، قاتىل قايسى نەرسىنى دەپ قاتىللىق قىلغىنىنى بىلمەيدۇ، ئۆلتۈرۈلگەن كىشىمۇ قايسى نەرسىنى دەپ ئۆلتۈرۈلگىنىنى بىلەلمەيدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

7077 ( صحيح ) و الذي نفسي بيده ليوشكن أن ينزل فيكم ابن مريم حكما مقسطا و إماما عدلا فيكسر الصليب و يقتل الخنزير و يضع الجزية و يفيض المال حتى لا يقبله أحد و حتى تكون السجدة الواحدة خيرا من الدنيا و ما فيها ( حم ق ت ه ) عن أبي هريرة

7077. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، پات يېقىندا ئاراڭلارغا مەريەمنىڭ ئوغلى ئەيسا چۈشۈشى مۇمكىن، ئۇ ئادىل ئىمام، ئادىل ھاكىم بولۇپ چۈشۈشى مۇمكىن، ئۇ چۈشۈپ كرىس بەلگىسىنى چاقىدۇ. توڭگۇزلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، جىزيە، جان بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، (يەنى ئۇ چاغدا كىشى يا مۇسۇلمان بولىدۇ، ياكى ئۆلتۈرۈلىدۇ خالاس.) مال- دۇنيا شۇنداق كۆپىيىپ كېتىدۇكى، ئۇنى ھېچ كىشى قوبۇل قىلمايدۇ، ھەتتا بىرلا سەجدە قىلىۋېلىش، بۇ دۇنيادىن ۋە دۇنيانىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەردىن ياخشى بولۇپ قالىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

و الذي نفسي بيده ليهلن ابن مريم بفج الروحاء حاجا أو معتمرا أو ليثنينهما ( حم م ) عن أبي هريرة

7078 . ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە مەريەم ئوغلى ئەيسا ئەلەيھىسسالام، رەۋھائ دېگەن جايدىكى يولدىن ھەج قىلغان ھالدا ياكى ئۆمرە ھەج قىلغان ياكى ھەر ئىككىلىسىگە بىراقلا جۈپلەپ ئېھرام باغلىغان ھالدا، ئېھرام باغلاپ، ھەجنى نىيەت قىلىپ، تەلبىي ئېيتىپ ماڭىدۇ. مۇسلىم 2196 ـ ھەدىس، ئەھمەد 6974 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**و الذي نفسي بيده ما أنزل في التوراة و لا في الإنجيل و لا في الزبور و لا في الفرقان مثلها – يعني أم القرآن – و إنها لسبع من المثاني و القرآن العظيم الذي أعطيته ( حم ت ) عن أبي هريرة**

7079 . ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇممۇلقۇرئان بولغان سۈرە فاتىھەنىڭ ئوخششى، تەۋراتتىمۇ، ئىنجىلدىمۇ، زەبۇردىمۇ، فۇرقاندىمۇ يەنى بارلىق ساماۋى كىتابلاردا نازىل قىلىنىپ باقمىدى، قەتئىي چۈشمىدى، ھەقىقەتەن ئۇ تەكرار ئوقۇلىدىغان يەتتە ئايەتتۇر،ئۇ ماڭا بېرىلگەن ئۇلۇغ قۇرئاندۇر. (سۈرە فاتىھە بىلەن سۈرە بەقەرىنىڭ ئاخىرى ۋە قۇرئان كەرىم پەقەت مۇشۇ ئۇممەتكىلا بېرىلدى). ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7080 ( صحيح ) و الذي نفسي بيده ما من رجل يدعو امرأته إلى فراشه فتأبى عليه إلا كان الذي في السماء ساخطا عليها حتى يرضى عنها( م ) عن أبي هريرة**

7080 . ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەر قانداق بىر ئەر كىشى، ئايالىنى بىللە بولۇش ئۈچۈن كۆرپىگە چاقىرسا، ئايالى ئۇنىڭغا ئۇنىمىسا، ئېرى شۇ ئايالدىن رازى بولمىغۇچە، ئۇ ئايال ئېرىنى رازى قىلمىغۇچە ئاسماندىكى زات، يەنى ئاللاھ، ئۇ ئايالغا غەزەپ قىلىپ كايىيدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7081 ( صحيح ) و الذي نفسي بيده لا تدخلون الجنة حتى تؤمنوا و لا تؤمنوا حتى تحابوا أولا أدلكم على شيء إذا فعلتموه تحاببتم ؟ أفشوا السلام بينكم ( حم م د ت ه ) عن أبي هريرة**

7081 . ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقى مۆئمىن بولمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، ئۆزئارا بىر ـ بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈپ، دوستلاشمىغىچە مۆئمىن بولالمايسىلەر، ئەگەر قىلساڭلار ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشۈپ، دوست بولۇپ قالىدىغان بىر ئىشنى سىلەرگە ئېيتىپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ ئاراڭلاردا سالامنى ئومۇميۈزلۈك كەڭ تارقىتىپ، ئاشكارا قىلىڭلار. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ سالاملىشىشىدۇر.

**7082 ( صحيح ) و الذي نفسي بيده لا تذهب الدنيا حتى يمر الرجل على القبر فيتمرغ عليه و يقول: يا ليتني كنت مكان صاحب هذا القبر و ليس به الدين إلا البلاء ( م ه ) عن أبي هريرة**

7082 . ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جېنىم قول ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، كىشى قەبرە يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە يۇمىلاپ، قەبرىگە سۈركۈلۈپ تۇرۇپ، كاشكى، ئىسىت! مەن مۇشۇ قەبرە ئىگىسىنىڭ ئورنىدا

بولسامچۇ؟! دەپ كەتمىگۈچە، بۇ دۇنيا يوقلىپ قىيامەت قايىم بولمايدۇ، پەقەت شۇنداق دەپ كەتكەندىلا بۇ دۇنيا يوقايدۇ، ئۇ چاغدا ئۇ كىشىدە دىن، ئىمان بولماستىن، بەلكى بالالەر، پىتنە - پاساتلار باردۇر. مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ كۈنلەرنى ھازىرمۇ بار دېسەك بولىدۇ.

**7083** ( صحيح ) و الذي نفسي بيده لا تقوم الساعة حتى تكلم السباع الإنس و حتى يكلم الرجل عذبة سوطه و شراك نعله و يخبره فخذه بما يحدث أهله بعده ( حم ت حب ك ) عن أبي سعيد

7083. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، يىرتقۇچ، گۆشخور ھايۋان ئىنسانغا سۆز قىلمىغۇچە، كىشى قامچىسىنىڭ دەستىسگە بىر تەرىپىگە ۋە ئايىغىنىڭ يىپىغا سۆز قىلمىغۇچە، ئۇ كىشىگە يوتىسى (يەنى يوتىسىدىكى نەرسە) ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەھلى پەيدا قىلغان، سادىر قىلغان ئىشلارنى خەۋەر قىلىپ دەپ بەرمىگۈچە ھەرگىز قىيامەت قايىم بولمايدۇ. تىرمىزى 2107 - ھەدىس، ئەھمەد 11365 - ھەدىس، ئەھمەد 11413 - ھەدىستە خەۋەر قىلىدىغىنى، ئايىغى، قامچىسى، ھاسىسى قاتارلىقلار بار. بۇنى ھاكىم، ئىبنى ھەببانلارمۇ توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، ئالىملار: ئۇ نەرسىنى تېلېفون، چاقىرغۇ قاتارلىقلار شۇ، ئۆز ئەينى شۇ دېدى . مەن تور بېتىدىن بىر شىرنىڭ ئاللاھ! ئاللاھ!!! دېگەن سۆزىنى قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم،كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇنىدىن باشقا ئىشلارمۇ بار، بۇ ھەدىسنىڭ 1000 يىل بۇرۇنقى ئەسلى نۇسخىسى ساقلاقلىق باردۇر. ئىلغار ئۇسكىنىدە تەكشۈرۈلسە بولىدۇ، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ روشەن مۆجىزىسىدۇر.

و الذي نفسي بيده لا يؤمن أحدكم حتى أكون أحب إليه من والده و ولده ( حم خ ن ) عن أبي هريرة

7084. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىرىڭلارغا مەن ئاتا - ئانىسىدىنمۇ، باللىرىدىنمۇ، جېنىدىنمۇ سۆيۈملۈكرەك، دوستراق بولمىغۇچە ئۇ مىنى ھەممىدىن بەكرەك ياخشى كۆرمىگىچە،ئۇ مۆئمىن بولالمايدۇ. ئەھمەد ، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.(يەنە بىر خاتىرىدە ئاللاھنىمۇ ياخشى كۆرمىگىچە...... دېگەن بار، دېمەك، ئاللاھنى ياخشى كۆرۈپ، بۇيرىغىنىنى قىلىپ توسقىنىدىن يېنىش، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرۈپ، سۈننىتىنى قىلىپ، بۇيرىغىنىنى قىلىپ، توسقىنىدىن يېنىش، ئىتائەت قىلىش ، ھەربىر كىشىگە پەرزدۇر. مۆئمىن بولۇشنىڭ ئاساسى شەرتىدۇر.)

و الذي نفسي بيده لا يؤمن عبد حتى يحب لأخيه ما يحب لنفسه من الخير ( حم ن ) عن أنس

7085. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى،بەندە قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ، ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن ياخشىلىقلارنى ياخشى كۆرەلمىسە، قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرمىگىچە مۆئمىن بولالمايدۇ. ئەھمەد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7086** ( صحيح ) و الذي نفسي بيده لا يؤمن عبد حتى يحب لجاره ما يحب لنفسه ( م ) عن أنس

7086. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بەندە ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى، قوشنىسى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگىچە مۆئمىن بولالمايدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. چۈنكى، قوشنىسى يېقىنقى قېرىندىشى شۇ دە!

**7087** ( صحيح ) و ما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **6112** و الذي نفسي بيده لا يدخل قلب رجل الإيمان حتى يحبكم لله و رسوله يا أيها الناس من آذى عمي فقد آذاني) فإنما عم الرجل صنو أبيه ( حم ت ك ) عن عبدالمطلب بن ربيعة ( ك ) عن العباس

7087. ئابدۇلمۇتەللىپ، ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەر قانداق بىر كىشى سىلەرنى يەنى ساھابىلەرنى، ئەھلى بەيتنى، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈپ، دوست تۇتمىغىچە ئۇنىڭ قەلبىگە ئىمان كىرمەيدۇ. ئى خالايىق، كىم تاغامغا يەنى ئاباسقا ئازار بەرسە، ھەقىقەتەن ئۇ ماڭا ئازار بەرگەن بولىدۇ، ھەقىقەتەن تاغا دېگەن دادىنىڭ ئوخشىشىدۇر. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**7088** ( صحيح ) و الذي نفسي بيده لا يكلم أحد في سبيل الله و الله أعلم بمن يكلم في سبيله إلا جاء يوم القيامة و جرحه يشخب اللون لون الدم و الريح ريح المسك ( حم ق ) عن أبي هريرة

7088. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى ئاللاھ يولىدا جاراھەتلەنگەن كىشى، ـئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا جاراھەتلەنگەن كىشىنى ئوبدان بىلىپ تۇرىدۇـ قىيامەت كۈنى جاراھىتى قان ئاقتۇرغان ھالدا كېلىدۇ ، رەڭگى ،قان رەڭگىدۇر.پۇراق ھىدى بولسا ، مىسكىدەك خۇشپۇراقتۇر.ئەھمەد ، بەيھەقى توپلىغان سەھىھ.

**7089** ( صحيح ) و الله إنك لخير أرض الله و أحب أرض الله إلي و لولا أني أخرجت منك ما خرجت ( حم ت ه حب ك ) عن عبدالله بن عدي بن الحمراء

7089. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىتىپ مەككىگە قاراپ مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن سەن، ئاللاھنىڭ زېمىنىنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ماڭا ئاللاھنىڭ زېمىنىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى، ئەگەر مەن سەندىن قوغلاپ چىقىرىلمىغان بولسام، ھەرگىز چىقىپ كەتمەيتتىم، ئەھمەد ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**7090** ( صحيح ) و الله إني لأرجو أن أكون أخشاكم لله و أعلمكم بما أتقي ( م د ) عن عائشة

7090. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مەن، ئاللاھدىن، سىلەردىنمۇ بەكرەك قورقۇيدىغان، سىلەردىنمۇ بەكرەك تەقۋا بولۇشۇمنى، مەن ھەزەر قىلىدىغان تەقۋالىق قىلىدىغان نەرسىگە سىلەردىنمۇ بەكرەك ئالىم بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلىمەن، (يەنى مەن سىلەردىن ئالىمراق ھەم تەقۋادارراقمەن). مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

و الله إني لأستغفر الله و أتوب إليه في اليوم أكثر من سبعين مرة( خ ) عن أبي هريرة

7091. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مەن بىر كۈندە 70 قېتىمدىن كۆپرەك گۇناھىمغا مەغپىرەت سوراپ، ئىستىغفار ئوقۇپ، ئاللاھقا تەۋبە قىلىمەن. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. بىرلا مەجلىسدە، بىرلا قېتىمدا 70دىن 100گىچە ئىستىغفار ئوقۇسا بولىدۇ. دەلىل بار.

و الله إني لأسمع بكاء الصبي و أنا في الصلاة فأخفف مخافة أن تفتن أمه ( ت ) عن أنس

7092. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مەن نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ كىچىك بالىنىڭ يىغا

ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئانىسىنىڭ نامازدىن ئېزىپ كەتمەسلىكى، پىتنىگە چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن نامازنى قىسقا، يەڭگىل ئوقۇيمەن. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئۇ چاغدا ئاياللار ئارقا سەپتە ناماز ئوقۇيتتى.

والله لأن يلج أحدكم بيمينه في أهله آثم له عند الله من أن يعطي كفارته التي افترض الله عليه(حم ق م)عن أبي هرير

7093. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىرىڭلارنىڭ ئەھلى، ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قىلغان قەسىمدە چىڭ تۇرۇشى ئۇنى بۇزماسلىقى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا، ئاللاھ ئۇنىڭغا پەرز قىلغان قەسەمنىڭ كاپارىتىنى بېرىۋېتىشىدىن، گۇناھى كۆپ ھەم ئېغىردۇر. (يەنى قەسىمنى بۇزۇپ، كاپارەت بېرىشى لازىم، بۇ يەڭگىلدۇر). ئەھمەد 7861 ـ ھەدىس، مۇسلىم 3127 ـ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. قەسەمنىڭ كاپارىتى 5 ـ سۈرە مائىدەنىڭ 89 ـ ئايىتىدە كۆرسىتىلگەن، تەرجىمىسىگە قاراڭ، قادىر بولۇشچە شۇ ئىشلارنىڭ بىرىنى قىلىسىز.

**7094** ( صحيح ) و الله لأن يهدى بهداك واحد خير لك من حمر النعم( د ) عن سهل بن سعد

7094. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سېنىڭ ھىدايىتىڭ، توغرا يول كۆرسىتىشىڭ بىلەن بىرلا كىشىنىڭ ھىدايەت تېپىپ مۇسۇلمان بولۇشى، سەن ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل، ياخشى تۆگە، چارۋا ـماللاردىن ياخشىراق، (يەنە بىر خاتىرىدە پۈتۈن دۇنيادىن ياخشىراقتۇر دېيىلگەن). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7095** ( صحيح ) و الله لا يلقي الله حبيبه في النار ( ك ) عن أنس

7095. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھتائالا ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن دوست بەندىسىنى ھەرگىز دوززاخقا تاشلىمايدۇ. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**7096** ( صحيح ) و الله للدنيا أهون على الله من هذا عليكم ( حم م د ) عن جابر

7096. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئۆلۈك ھايۋاننىڭ جەسىتىنى، تاپىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە بۇ دۇنيا ئاللاھقا، مۇشۇ جەسەت سىلەرگە ھاقارەتلىك بولغاندىنمۇ ھاقارەتلىكتۇر، ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. (باشقا خاتىرىدە، بۇ دۇنيا ئاللاھنىڭ نەزىرىدە بىر تال پاشىنىڭ قانىتىغا ئەرزىگەن بولسا، كاپىرلارغا بىر تامچە سۇنىمۇ بەرمىگەن بولاتتى دېيىلگەن ئىدى). مۇسلىم 5257 ـ ھەدىس، ئەھمەد 14402 ـھەدىس، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7097** ( صحيح ) و الله لله أشد فرحا بتوبة عبده من رجل كان في سفر في فلاة من الأرض فأوى إلى ظل شجرة فنام تحتها و استيقظ فلم يجد راحلته فأتى شرفا فصعد عليه فلم ير شيئا ثم أتى آخر فأشرف فلم ير شيئا فقال: أرجع إلى مكاني الذي كنت فيه فأكون فيه حتى أموت فذهب فإذ براحلته تجر خطامها فالله أشد فرحا بتوبة عبده من هذا براحلته ( حم م ) عن النعمان بن بشير

7097. نۇئمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە ئاللاھتائالا بەندىسىنىڭ تەۋبىسىگە مۇنۇ كىشىدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ كىشى بىپايان چۆل، زېمىندا سەپەردە بولىدۇ، ئۇ بىر تۈپ دەرەخنىڭ سايىسىدا

ئارام ئېلىپ، ئۇخلاپ ئويغانغاندىن كېيىن، ئوزۇق ـ تۈلۈك ئارتىلغان تۆگىسىنى تاپالمايدۇ، ئېگىز بىر جايغا كېلىپ، ئۈستىگە چىقىپ قاراپ ھېچ نەرسىنى كۆرمەيدۇ، ئاندىن يەنە بىر ئېگىز جايغا چىقىپ قاراپمۇ، ھېچ نەرسىنى كۆرمەي ئۇ ئۆزىگە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەۋۋەلقى ئورنۇمغا بېرىپ، تاكى ئۆلۈپ كەتكىچە شۇ جايدا تۇراي دەپ بارسا، ناگاھان ئۇنىڭ تۆگىسى نوختىلىرىنى سۆرەپ شۇ جايدا يۈرگىدەك، ئاللاھتائالا بەندىسىنىڭ تەۋبىسىگە ئاشۇ كىشى تۆگىسىنى تېپىۋېلىپ، خۇشال بولغاندىنمۇ بەكرەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئى خاتالاشقانلار! تەۋبە قىلىڭلار، تەۋبە گۇناھنى يۇيىدىغان مۇنچىدۇر.

( صحيح ) و الله ليبعثه الله يوم القيامة – يعني الحجر – له عينان يبصر بهما و لسان ينطق به يشهد على من استلمه بحق ( ت ) عن ابن عباس

7098. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ھەجەر ئەسۋەدنى قوپۇرۇپ ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭ كۆرۈدىغان ئىككى كۆزى، سۆزلەيدىغان تىلى بار بولۇپ، ئۇنى ھەقلىق بىلەن سىلاپ سۆيگەن كىشى ئۈچۈن ھەق گۇۋاھلىق بېرىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

7099 ( صحيح ) و الله لينزلن ابن مريم حكما عادلا فليكسرن الصليب و ليقتلن الخنزير و ليضعن الجزية و لتتركن القلاص فلا يسعى عليها و لتذهبن الشحناء و التباغض و التحاسد و ليدعون إلى المال فلا يقبله أحد ( م ) عن أبي هرير

7099. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەريەم ئوغلى ئەيسا چوقۇم ئادىل ھاكىم بولۇپ چۈشىدۇ، كىرىست بەلگىسىنى چاقىدۇ، توڭگۇزنى ئۆلتۈرىدۇ، دىنسىزلار، ئىسلام دۆلىتىگە تاپشۇرىدىغان قان بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پەقەت ئىسلامنى قوبۇل قىلىدۇ ياكى ئۆلتۈرىدۇ، مال ـ دۇنيانىڭ بەرىكىتىنىڭ كۆپلۈكىدىن، تۆگە، بوتىلاقلىرى تەرك ئېتىلىپ، تاشلىنىپ قالىدۇ، ھېچ كىشى ئۇنىڭدا ھەرىكەت قىلمايدۇ. ھەم ئۇنى مىنمەيدۇ، ئۇ چاغدا ئۆچ ـ ئاداۋەت، دۈشمەنلىك ھەقدە، ھەسەت يوقايدۇ، ئەلۋەتتە ئەيسا مال ـ دۇنيانى ئېلىۋېلىڭلار دەپ چاقىرسا، ھېچ بىر كىشى ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ. مۇسلىم 221 ـ ھەدىس، سەھىھ.

7100 ( صحيح ) و الله ما الدنيا في الآخرة إلا مثل ما يجعل أحدكم أصبعه هذه في اليم(أي بحر) فلينظر بم يرجع( حم م ه ) عن المستورد

7100. مۇستەۋرد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ دۇنيا ئاخىرەتكە نىسبەتەن پەقەت بېرىڭلار بارمىقىنى دېڭىزنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئۇنىڭ نېمە بىلەپ قايتىدىغانلىقىغا ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈپ تۇرغىنىغا ئوخشايدۇ. (يەنى ئاخىرەت، چەكسىز دېڭىز بولسا، بۇ دۇنيا ئاشۇ بارماققا يۇققان سۇچىلىكتۇر). مۇسلىم 5101 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2245 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 4098 ـ ھەدىس، ئەھمەد 17322 ـ ھەدىس، سەھىھ.

و الله لا تجدون بعدي أعدل عليكم مني ( طب ك ) عن أبي برزة ( حم ) عن أبي سعيد

7101. ئەبۇ بەرزەت، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەر ئۆزۈڭلارغا مەندىن كېيىن مەندىنمۇ ئادىلراق بىرەرسىنى ھەرگىز تاپالمايسىلەر. تەبرانى، ھاكىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

و الله لا يؤمن و الله لا يؤمن و الله لا يؤمن الذي لا يأمن جاره بوائقه ( حم خ ) عن أبي شريح

7102. ئەبۇ شۇرەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قوشنىلىرى، ئۇنىڭ يامانلىق ھالاكەتلىرىدىن ئەمىن، خاتىرجەم بولمىغان كىشى، قوشنىلىرىنى ئۆز ھالاكىتىدىن خاتىرجەم قىلمىغان كىشى مۆئمىن ئەمەس، ھەرگىز مۆئمىن ئەمەس، ئۇ ھەرگىز مۆئمىن بولالمايدۇ. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**7103** ( صحيح ) و ايم الله لا أقبل بعد يومي هذا من أحد هدية إلا أن يكون مهاجرا قرشيا أو أنصاريا أو دوسيا أو ثقفيا ( د ) عن أبي هريرة

7103. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن مۇشۇ كۈندىن كېيىن ھېچ كىشىدىن ھەدىيە، سوۋغا ـ سالام قوبۇل قىلمايمەن، پەقەت قۇرەيشلىك مۇھاجىر بولسا، ياكى ئەنسارىلار بولسا، ياكى دوۋەسىيدىن ياكى سوقەفى قەبىلىسىدىن قوبۇل قىلىمەن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7104** ( صحيح ) و أي داء أدوى من البخل ؟( حم ق ) عن جابر ( ك ) عن أبي هريرة

7104. جابىر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قايسى بىر كېسەل، بېخىللىق كېسىلىدىنمۇ ئېغىرراق بولسۇن؟ يەنى بېخىللىق ھەممىدىن ئېغىر كېسەلدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

وجب الخروج على كل ذات نطاق في العيدين ( حم ) عن عمرة بنت رواحة

7105. ئۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇچىسىغا كىيىدىغان رىدا تاپالىغان ھەربىر ئاياللىڭ ئۇستىگە ئىككى ھېيت نامىزىغا چىقىشى ۋاجىپ بولدى. ئەھمەد 2577 ب ـ ھەدىس، سەھىھ.

ئۇ چاغلاردا ئاياللار تون، رىدا، كاسايالىرىنى كىيىپ، ھىجاپلىنىپ ھېيت نامىزىغا چىقىپ ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلايتتى. ھەيزداردىن باشقىسى نامازنىمۇ ئوقۇيتتى، دۇئا ـ تەكبىرگە قاتنىشاتتى.

وجبت أنتم شهداء في الأرض ( ت ه حب ) عن أنس ( حم ه حب ) عن أبي هريرة

7106. ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ساھابىلار، بىر مېيىتكە ياخشى باھا بەرگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولدى، سىلەر زېمىندىكى گۇۋاھچىلار دېگەن . (يەنى بۇ ئادىل، راستچىل گۇۋاھلىق تەبئىيلا ئاسماندىكىلەرنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئوخشاش چىقسا قوبۇل قىلىنىدۇ). تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**7107** ( صحيح ) وجبت صدقتك و رجعت إليك حديقتك ( حم ه ) عن ابن عمرو

7107. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى كېلىپ، مەن ئانامغا بېغىمنى بەرگەن ئىدىم، ئانام ئۆلۈپ كەتتى، مەندىن باشقا ۋارىس يوق دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەدىقەڭنىڭ، ئېھسانىڭنىڭ ئەجرى مۇقىم بولۇپتۇ، سەن ئەجىرگە ھەقلىق بولۇپسەن، بېغىڭ يەنە ساڭا قايتىپ كەپتۇ دېگەن . ئىبنى ماجە 2381 ـ ھەدىس، ئەھمەد 6443 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7108** ( صحيح ) وددت أني لقيت إخواني الذين آمنوا و لم يروني ( حم ) عن أنس

7108. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەققەتەن مەن، مېنى كۆرمەي تۇرۇپ، ماڭا ئىمان ئېيتقان مۆئمىن قېرىنداشلىرىمغا ئۇچرىششىمنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، ياخشى كۆرىمەن ، (ئەلۋەتتە بىزمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمگە ئۇچرىشىشنى بەكلا ياخشى كۆرىمىز ). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**7109 ( صحيح ) وصب المؤمن كفارة لخطاياه ( ك هب ) عن أبي هريرة**

7109. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ كېسەل بولۇشى، ئۇنىڭ خاتالىقلىرىغا، گۇناھلىرىغا كاپارەت بولىدۇ، يەنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**7110 ( صحيح ) وضع عن أمتي الخطأ و النسيان و ما استكرهوا عليه ( هق ) عن ابن عمر**

7110. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن خاتالىشىپ قالغان، ئۇنتۇپ قالغان، ئۇلار مەجبۇرلانغان ئىشلار ئېلىپ تاشلىنىپ كۆتۈرۈۋېتىلدى. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. شۇنىڭ ئۈچۈن خاتالاشقان مۇجتەھىدگە ئەجىر بېرىلدى، ئۇنتۇپ قېلىپ، رامزاندا نەرسە يەپ سالسا، روزىسى سۇنمايدۇ، مەجبۇرلانغان كىشى، قەلبىدە ئىمانىنى مۇستەھكەم قىلىۋېلىپ،زورۇرىيەتتە، ئاغزىدا كاپىرلارنى ئالداپ بەزى بىر سۆزنى قىلىپ قويسا بولىدۇ،

**7111 ( صحيح ) وعدني ربي أن يدخل الجنة من أمتي سبعين ألفا بلا حساب عليهم و لا عذاب مع كل ألف سبعون ألفا و ثلاث حثيات من حثيات ربي ( حم ت حب ) عن أبي أمامة**

7111. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەببىم ماڭا ئۈممىتىمدىن 70000 كىشىنى ھېسابسىز، ئازابسىز جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ۋەدە بەردى، ھەربىر 1000 كىشى بىلەن يەنە 70000 كىشى بىللە كىرىدۇ، ۋە رەببىمنىڭ ئوخشىشى يوق، چاڭگاللىرىدىن ئۈچ چاڭگال كىشىلەرمۇ جەننەتكە كىرەلەيدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**7112 ( صحيح ) وفد الله ثلاثة: الغازي و الحاج و المعتمر ( ن حب ك ) عن أبي هريرة**

7112. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى ئۈچتۇر، بىرى، غازى، ئاللاھ يولىدىكى جەڭچى، يەنە بىرى، ھاجى، يەنە بىرى ئۆمرە ھەج قىلغۇچى ھاجىدۇر. (بۇلار ئاللاھنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلار). نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**7113 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 6124 وفروا اللحى و خذوا من الشوارب ( و انتفوا الإبط و قصوا الأظافير ) ( طس ) عن أبي هريرة**

7113. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ساقالنى كامىل قويۇڭلار، بۇرۇتلارنى ئېلىپ تۇرۇڭلار، تىرناقلارنى ئېلىپ، قولتۇق تۈكلىرىنىمۇ پاكىز تازىلاڭلار. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**7114 ( حسن ) وفروا عثانينكم و قصوا سبالكم ( هب ) عن أمامة**

7114. ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ساقالنى كامىل قويۇڭلار، بۇرۇتنى قىرقىپ ئېلىۋېتىڭلار. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**7115 ( صحيح ) وقت صلاة الظهر إذا زالت الشمس و كان ظل الرجل كطوله ما لم يحضر العصر و وقت صلاة العصر ما لم تصفر الشمس و وقت صلاة المغرب ما لم يغب الشفق و وقت صلاة العشاء إلى نصف الليل الأوسط و وقت صلاة الصبح من طلوع الفجر ما لم تطلع**

الشمس فإذا طلعت الشمس فأمسك عن الصلاة فإنها تطلع بين قرني الشيطان ( حم م د ن ) عن ابن عمرو

7115. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى ، كۈن قايرىلغاندىن باشلاپ، كىشىنىڭ سايىسى ئۆزىنىڭ ئوخششىدەك چۈشكىچە بولىدۇ، ئەسىرنىڭ ۋاقتى كىرىپ قالمىسىلا، پېشىن ۋاقتى تېخى باردۇر. ئەسىرنىڭ ۋاقتى كۈن ساغىرىپ قالمىسىلا ئوقۇلسا بولىدۇ. كۈن قىزىرىپ قالسا توختاپ تۇرۇپ، كىرىپ بولغاندا ئوقۇيدۇ.

شام نامىزىنىڭ ۋاقتى ، شەپەق (يەنى قىزىللىق) غايىب بولمىسىلا تېخى باردۇر، (كۈن كىرىشى بىلەنلا ئوقۇلىدۇ، قىزىللىق يوقىغان ھامان ئۆتۈپ كېتىدۇ،) خۇپتەننىڭ ۋاقتى كېچىنىڭ يېرىمىغىچە بولىدۇ. بامداتنىڭ ۋاقتى ، سۈبھى يورىغاندىن باشلاپ، كۈن چىققىچە، كۈن چىقىپ قالسا، نامازدىن توختاپ تۇرۇپ، كۈن ھەققى چىقىپ بولغاندا ئوقۇلىدۇ. چۈنكى، كۈن شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئارىسىدىن چىقىدۇ. (بىز بۇنى چۈشەندۈرۈپ بولغان). ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7116** ( صحيح ) وقيت شركم و وقيتم شرها ( ق ن ) عن ابن مسعود

7116. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، غاردا بىر يىلاننى كۆرۈپ ئۆلتۈرمەكچى بولغىنىمىزدا ئۇ قېچىپ كىرىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇ سىلەرنىڭ يامانلىقىڭلاردىن ساقلىنىپ قالدى، سىلەرمۇ ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنىپ قالدىڭلار دېگەن . بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7117** ( صحيح ) وكاء السه العينان فمن نام فليتوضأ ( د ) عن علي

7117. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئارقا مەقئەتنىڭ بوغچىنى بوغۇپ تۇرىدىغان شوينىسى ئىككى كۆزدۇر، كىم ئۇخلىسا تاھارىتى سۇنىدۇ، ئۇ تاھارەت ئالسۇن، (چۈنكى ئۇخلىسا بوغۇچى يېشىلىپ كېتىدۇ). ئەبۇ داۋۇد 175 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 470 ـ ھەدىس، ئەھمەد 845 ـ ھەدىس، سەھىھ. كىم ئۇخلاپ قالسا، تاھارىتى سۇنىدۇ.

ولد آدم كلهم تحت لوائي يوم القيامة و أنا أول من يفتح له باب الجنة ( ابن عساكر ) عن حذيفة

7118. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئادەم باللىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بايرىقىم ئاستىدا تۇرىدۇ، جەننەتنىڭ ئىشىكى ئېچىپ بېرىلىدىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى مەن بولىمەن، (يەنى مەن ئۇممىتىم بىلەن تۇنجى بولۇپ جەننەتكە كىرىمىز). ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

**7119** ( صحيح ) ولد الرجل من كسبه من أطيب كسبه فكلوا من أموالهم ( د ك ) عن عائشة

7119. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ بالىسى ئۇنىڭ كەسپىدۇر، ئۇنىڭ ئەڭ پاك كەسپىدۇر، سىلەر ئۇلارنىڭ يەنى باللىرىڭلارنىڭ ماللىرىدىن يېسەڭلار بولىدۇ، رۇخسەتسىزلا يەۋېرىڭلار. ئەبۇ داۋۇد ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**7120** ( صحيح ) ولد الزنا شر الثلاثة ( حم د ك هق ) عن أبي هريرة

7120. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زىنادىن بولغان بالا يەنى نىكاھسىز تۇغۇلغان، ھارامدىن بولغان بالا ئۈچ كىشىنىڭ

يامانراقىدۇر، (يەنى زىنا قىلغۇچى ئەر، ئايالمۇ يامان. زىنادىن تۇغۇلغان بالا ئۇلاردىن يامان كىشى بولىدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**7121** ( صحيح ) ولد لي الليلة غلام فسميته باسم أبي إبراهيم ( حم ق د ) عن أنس

7121. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۈگۈن كېچە ماڭا بىر ئوغۇل تۇغۇلغان ئىدى، مەن ئۇنىڭغا بوۋام ئىبراھىمنىڭ ئىسمىنى قويدۇم، (ئىبراھىم دېگەن ئوغلى، كىچىككىدىلا ۋاپات بولغان). ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7122** ( صحيح ) و لم يفعل ذلك أحدكم ؟ فإنه ليست نفس مخلوقة إلا الله خالقها ( م د ) عن أبي سعي

7122. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار نېمە ئۈچۈن شۇ ئىشنى قىلىدۇ؟ يەنى مەنىي، ئىسپېرما سۈيىنى يەرگە تۆكۈپ، ئۆزلەت قىلىدۇ؟ ھەقىقەتەن يارالماقچى بولغان ھەر قانداق بىر جاننى ئاللاھ چوقۇم يارىتىدۇ، (ئاللاھنى ھېچ نەرسە توسۇپ قالالمايدۇ). مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7123** ( صحيح ) و ما أنا و الدنيا و ما أنا و الرقم ( د ) عن ابن عمر

7123. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىشىكى ئۈستىدە نەقىش، رەسىم بار بىر پەردىنى كۆرۈپ ئۆيگە كىرمەيدۇ، كېيىن سەۋەبىنى سورىغاندا، مېنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن نېمە ئىشىم؟ مېنىڭ ئۇ نەقىش، رەسىم بار پەردە بىلەن نېمە ئىشىم؟ دېگەن ئىدى. ئەھمەد 4497 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3620 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7124** ( صحيح ) و ما تعدون الشهادة إلا من قتل في سبيل الله ؟ إن شهداءكم إذا لقليل القتل في سبيل الله شهادة و البطن شهادة و الحرق شهادة و الغرق شهادة و المغموم – يعني الهدم – شهادة و المجنوب شهادة و المرأة تموت بجمع ( ن ) عن عبدالله بن جبر

7124. ئابدۇللاھ ئىبنى جەبىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر پەقەت ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىلا شېھىد دەپ سانامسىلەر؟ ئۇنداقتا شېھىد بولىدىغان كىشىلەر بەكلا ئاز بولۇپ قالامدۇ؟ ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈش شېھىدلىق، قورساق ئاغرىقىدا ئۆلۈش، ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈش، سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلۈش، تام، قۇرۇلۇش بېسىۋېلىپ ئۆلۈش شېھىدلىق، ۋە ئىچكى كېسەللىك، ئۆپكە كېسىلى، قورساق ئىچىگە چىققان جاراھەت يارىسىدا ئۆلۈش، ۋابادا ئۆلۈش، قورسىقىدا بالىسى بار ھامىلىدار ئايالنىڭ ئۆلۈشى، نىپاسىدا، تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىشى شېھىدلىق بولىدۇ. ئىبنى ماجە 2793 ـ ھەدىس، ئەھمەد 9318 ـ ھەدىس، نەسەئى 3143 ـ ھەدىس، سەھىھ.

و ما يدريك أنها رقية ؟ قد أصبتم اقسموا و اضربوا لي معكم سهما ( حم ق 4 ) عن أبي سعيد

7125. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ساھابە، سۈرە فاتىھە بىلەن ئايىتى شىپا ئوقۇپ كېسەل داۋالاپ، بىر توپ قوينى تەقسىم قىلىشتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساڭا ئۇ سۈرىنىڭ ئايىتى شىپا بولۇپ كېسەلگە داۋا بولۇشىنى نېمە بىلدۈرگەن ئىدى؟ ھەقىقەتەن توغرا قىلىپسىلەر، تەقسىم قىلىۋېرىڭلار، ماڭىمۇ بىر ئۈلۈش نېسىۋە ئېلىپ قويۇڭلار دېگەن . ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ

ئۇلار ئۇ نەرسىنى ھەممىسى تەڭ يېگەن ئىدى، ھازىرقىلار شۇنداق قىلارمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار مەخسۇس

كەسىپ قىلمىغان، ھازىرقىلارنىڭ كەسىپ قىلىشى دۇرۇس بولامدۇ؟ مەن دىنى كەسىپدار بولمايمەن.

**7126** ( صحيح ) و ما يدريك ؟ لعل الله قد اطلع على أهل بدر فقال: اعملوا ما شئتم فقد غفرت لكم ( حم ق د ت ) عن علي ( د ) عن أبي هريرة ( حم ) عن ابن عباس وعن جابر

7126. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھاتىپ دېگەن ساھابە ئەھلىنى، ماللىرىنى كۆزلەپ كاپىرلارغا ئاخبارات خېتى ئەۋەتىپ سالدۇ، بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلىپ ئارقىسىدىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشچىلىقىدىكى ساھابىلارنى رەۋزەتە خاخ دېگەن جايغا ئەۋەتىپ، خەتنى قايتۇرۇپ ئەكىلىدۇ، بۇ چاغدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالاي دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توسۇۋېلىپ، مۇنداق دېگەن: ساڭا نېمە بىلدۈردۇ؟ ئاللاھتائالا بەدرى ئەھلىگە ئاشكارا بولۇپ، يۈز تۇرانە تۇرۇپ خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە مەغپىرەت قىلىۋەتتىم دېگەن بولۇشى مۇمكىن. (ھاتىب دېگەن ساھابە بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ توغرىسىدا ئايەت چۈشۈپ، ئۇنى يەنىلا مۆئمىن دېگەن ). ئەھمەد ، بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد ، بۇخارى، مۇسلىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

**7127** ( صحيح ) و هل ترك لنا عقيل من رباع ( حم ق د ن ه ) عن أسامة بن زيد

7127. ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كېلىۋاتقاندا كىشىلەر قەيەرگە چۈشلا؟ دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇقەيىل ئىبنى ئەبۇ تالىپ بىزگە بىرەر چۈشكىدەك جاي، ئۆرۈن قالدۇرۇپ قويغاندۇ؟ دېگەن ئىدى. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7128** ( صحيح ) و هل تلد الإبل إلا النوق ( حم د ت ) عن أنس

7128. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىر كىشى يول ئۈستىدە تۆگە ئۈستىگە ئېلىۋېلىشنى سورايدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن سېنى تۆگىنىڭ بالىسىنىڭ ئۈستىگە ئېلىۋالاي دەيدۇ، ئۇ كىشى مەن تۆگە بالىسىنى قانداق قىلاي؟ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىنى پەقەت تۆگە تۇغىدىغۇ؟ دەيدۇ، (يەنى سەن مىنىدىغان تۆگىمۇ تۆگىنىڭ بالىسى دېگەن ). تىرمىزى 1914 ـ ھەدىس، ئەھمەد 13315 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4346 ـ ھەدىس، سەھىھ.

ويح عمار تقتله الفئة الباغية يدعوهم إلى الجنة و يدعونه إلى النار ( حم خ ) عن أبي سعيد

7129. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەممارغا ۋاي، ئۇنى ئىسلام خەلىپىسىگە قۇرال كۆتۈرگەن ھەددىدىن ئاشقان تاجاۋۇزچى زالىم جامائەتلەر ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئەممار ئۇلارنى جەننەتكە چاقىرسا ئۇلار ئەممارنى دوزاخقا چاقىرىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**7130** ( صحيح ) ويحك ! إن شأن الهجرة لشديد فهل لك من إبل تؤدي صدقتها ؟ فاعمل من وراء البحار فإن الله لن يترك من عملك شيئا ( حم ق د ن ) عن أبي سعيد

7130. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

ھىجرەتنى مەقسەت قىلغان بىر كىشىگە: ۋاي، ساڭا ھەققەتەن ھىجرەتنىڭ ئىشى قاتتىق ئىغىردۇر، سېنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىپ بەرگىدەك تۆگە، چارۋاڭ بارمۇ؟ سەن دېڭىزنىڭ ئارقىسىدا زاكىتىڭنى بېرىپ ئەمەل، ئىبادەت قىل، ئاللاھ سېنىڭ ئەمەللىرىڭدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ، ئەجرىنى تولۇق بېرىدۇ دېگەن ئىدى. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسدىن ئەگەر ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلالمايدىغان چاغلاردا، زاھىد بولۇپ، ئىبادەت قىلىش، ئىلىم، ئىبادەت بىلەنلا شۇغۇللانسا ياخشى بولىدۇ دېگەندىن باشقا مالنىڭ زاكىتىنى زاكات خادىملىرى كەلمىسىمۇ ئىسلام ھاكىمىيتى قۇرۇلمىغان جايلاردىمۇ پېقىر، مىسكىنلەرگە بېرىۋېرىش چىقىپ تۇرىدۇ.

7131 ( صحيح ) ويحكم ! لا ترجعوا بعدي كفارا يضرب بعضكم رقاب بعض ( ق ) عن ابن عمر

7131. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە ۋايدۇر، سىلەر ھەرگىز مەندىن كېيىن بەزىڭلار، بەزىڭلارنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇرۇش بىلەن ئۆزئارا ئۇرۇش قىلىش بىلەن كۇففارلىققا قايتىپ كەتمەڭلار، كاپىر بولماڭلار. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

7132 ( صحيح ) ويل للأعقاب من النار ( ق د ن ه ) عن ابن عمرو ( حم ق ت ه ) عن أبي هرير

7132. ئىبنى ئەمرۇ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاھارەت ئالغاندا يۇيۇلماي قالغان چالا تاپانلارغا دوۋزاخ ئوتىدىن ۋايدۇر. بەيھەقى، ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7133 ( صحيح ) ويل للأعقاب و بطون الأقدام من النار ( حم ك ) عن عبدالله بن الحارث

7133. ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاھارەت ئالغاندا، يۇيۇلماي قالغان چالا تاپانلارغا پۇتنىڭ ئالقانلىرىغا ئوتتىن ۋايدۇر. ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن تاھارەتنى كامىل ئېلىشدىن باشقا تەن، جەسەت ئازابلىنىدۇ دېگەن ھۆكۈم چىقىدۇ، قەبرىدە ۋە دوۋزاختا روھ، جان، جەسەت بىلەن بىرگە ئازابلىنىدۇ، ئازاب ھەر ئىككىلىسىگە قىلىنىدۇ. ۋاللاھۇ ئەئلەم.

7134 ( صحيح ) ويل للعراقيب من النار ( م ) عن أبي هريرة ( حم ق ) عن عائشة ( ه ) عن جابر

7134. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاھارەتتە يۇيۇلماي چالا قالغان تاپانلارغا، پۇتنىڭ پاتاڭ، پەيلىرىگە دوۋزاخدىن ۋايدۇر، (تاھارەتنى كامىل ئېلىڭلار). مۇسلىم 357 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 445 ـ ھەدىس، ئەھمەد 14437 ـ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

7135 ( صحيح ) ويل للعرب من شر قد اقترب أفلح من كف يده ( د ك ) عن أبي هريرة

7135. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەرەبلەرگە يېقىنلىشىپ قالغان چوڭ يامانلىقدىن، پىتنە ـ پاساتلاردىن ۋايدۇر، قولنى يىغقان كىشى نىجاد تاپىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ويل للذي يحدث فيكذب ليضحك به القوم ويل له ويل له ( حم د ت ك ) عن معاوية بن حيدة

7136. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنى كۆلدۈرۈش ئۈچۈن يالغان سۆزلەيدىغان كىشىگە ۋايدۇر، ئۇنىڭغا ۋايدۇر، (يالغانچى كۆلدۈرگە ئارتىسقا ۋايدۇر). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**7137 ( صحيح ) ويل للمكثرين إلا من قال بالمال هكذا و هكذا ( ه ) عن أبي سعيد**

7137. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ دۇنيادا مال ـ دۇنيانى بېخىللىق بىلەن كۆپ توپلىغان، كىشىلەرگە ۋايدۇر، لېكىن، ئاۋۇلارغا، ماۋۇلارغا ئەتراپىدىكى پېقىر، نامراتلارغا سەدىقە ـ ئېھسان قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7138 ( حسن ) ويل للنساء من الأحمرين: الذهب و المعصفر ( هب ) عن أبي هريرة**

7138. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللارغا، ئالتۇندىن، سېرىقتا بويالغان رەڭگارەڭ كىيىملەردىن ئىبارەت ئىككى قىزىل نەرسىدىن ۋايدۇر. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن. ئاياللارمۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى ئۆلچەمگە توشسا زاكات ئايرىيدۇ، ھەر خىل رەڭگارەڭ كىيىملەرنى كۆپ كىيسە ئاخىرەتتە يالىڭاچ قالىدۇ، ھەر ئىش قادىر بولۇشچە نورمال بولسۇن. لېكىن ئاياللارغا ئالتۇن، زىبۇـزىننەت ھالالدۇر .ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلسا ئەبزەلدۇر.

**7139 ( صحيح ) ويلك ! أولست أحق أهل الأرض أن يتقي الله ؟ ( ق ) عن أبي سعيد**

7139. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىگە ئېتىراز بىلدۈرگەن بىر كىشىگە: ساڭا ۋايدۇر، مەن ئاللاھدىن قورقۇشتا ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىشتا زېمىن ئەھلىنىڭ ئەڭ لايىقراقى، ھەقلىقراقى ئەمەسمۇ؟ دېگەن . بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**ويلك ! قطعت عنق صاحبك من كان منكم مادحا أخاه لا محالة فليقل: أحسب فلانا و الله حسيبه و لا أزكي على الله أحدا أحسبه كذا و كذا إن كان يعلم ذلك منه ( حم ق د ه ) عن أبي بكرة**

7140. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قېرىندىشىنى بەكلا ماختاپ مەدھىيىلىگەن كىشىگە: ساڭا ۋايدۇر، سەن قېرىندىشىڭنىڭ بويىنىنى ئۈزۈپ تاشلىدىڭ، ئۇنى بوغۇزلىغان بولدۇڭ، بېرىڭلار قېرىندىشىنى ماختاپ، مەدھىيىلەشتىن زادى ئامال بولمىسا، مەدھىيىلىمەكچى بولسا، مەن پالاننى مۇشۇنداق گۇمان قىلىمەن دېسۇن. ئۇنىڭ ھېسابىنى ئاللاھ ئالىدۇ، ئىچكى دۇنياسىنى ئاللاھ بىلىدۇ، مەن بىرەر كىشىنى ئاللاھقا ماختاپ ئاقلاپ مەدھىيىلەپ كەتمەيمەن، مۇنداق ـ مۇنداق گۇمان قىلىمەن، ئەگەر بىلسە، مۇنداق گۇمان قىلىمەن دېسۇن دېگەن ئىدى. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**ويلك ! و من يعدل إذا لم أعدل ! قد خبت و خسرت إن لم أكن أعدل ( ق ) عن أبي سعيد**

7141. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، تەقسىماتتا ئېتىراز بىلدۈرگەن كىشىگە: ساڭا ۋايدۇر، مەن ئادىللىق قىلمىسام كىم ئادىللىق قىلىدۇ؟ ئەگەر مەن ئادىللىق قىلمىسام، ھەقىقەتەن سەن ھەر جەھەتتىن زور زىيان تارتىسەن، ھالاك بولىسەن دېگەن ئىدى. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**7142 ( صحيح ) الوائدة و الموءودة في النار ( د ) عن ابن مسعود**

7142. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىزنى تىرىك كۆمگۈچى ئايال، جاھالىيەتتە، كۇففارلار دەۋرىدە پەيغەمبەرلىكتىن ئاۋۋال قورقۇپ كۆمۈۋېتىلگەن قىز بالا ھەر ئىككىلىسى دوۋزاختا بولىدۇ، (لېكىن، ئانىسىنى ئىسلام تاپسا، ئاللاھ ئەپۇ قىلسا، بۇ مۇستەسنادۇر). ئەبۇ داۋۇد 4094 ـ ھەدىس، ئەھمەد 15358 ـ ھەدىس، سەھىھ. بۇ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ ھۆكۈمى، ھېكمىتىنى سەۋەبىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. بىز ئاگلاپ ئىتائەت قىلساقلا بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ باللارنى ئۆلتۈرمەيلى! كاپىرلارنىڭ باللىرى، ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگەشتۈرۈلىدىغان ھەدىسمۇ بار، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلىدىغان ئەمەللىرىنى ئوبدان بىلىپ تۇرىدۇ دېگەنمۇ بار، ئاللاھ ئالىمدۇر، يۇقىرىدا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىسى ئۆتتى.

**الوائدة و الموءودة في النار إلا أن تدرك الوائدة الإسلام فتسلم ( حم ن ) عن سلمة بن يزيد الجعفي**

7143. سەلەمەت ئىبنى يەزىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىزنى تىرىك كۆمگۈچى ئايال، جاھالىيەتتە تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىز بالا دوۋزاختا بولىدۇ. لېكىن، ئاشۇ ئانا ئىسلام دىنىنى تېپىپ، مۇسۇلمان بولسا دوزاخقا كىرمەيدۇ. ئەھمەد 15358 ـ ھەدىس، نەسەئى توپلىغان سەھىھ.

**7144 ( صحيح ) الواحد شيطان و الاثنان شيطانان و الثلاثة ركب ( ك ) عن أبي هريرة**

7144. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپەردە يالغۇز ماڭغان بىرلا كىشى، جىن ـ شەيتاندۇر، ئىككى كىشىمۇ شەيتاندۇر، ئۈچ كىشى بولۇپ ماڭسا ئۇلار كارۋاندۇر. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

مەقسەت ، سەپەردە، بولۇپمۇ ئۇرۇش بولۇۋاتقان چاغدا، قورقۇنچلۇق جايلاردا، دىنسىزلار دىيارلىرىدا كۆپ كىشى سەپەر قىلىش، يالغۇز ماڭماسلىقى لازىم.

**7145 ( صحيح ) الوالد أوسط أبواب الجنة ( حم ت ه ك ) عن أبي الدرداء**

7145. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاتا ـ ئانا دېگەن جەننەت ئىشىكلىرىنىڭ قاپ ئوتتۇرىدۇر، (يەنى ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلسا، جەننەتكە كىرىدۇ)، ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىسنى بىر كىشى كېلىپ، ئاتا ـ ئانام ئايالىمنى تالاق قىلىپ قويۇۋېتىشىمنى ئېيتىپ تۇرىۋالدى، مەن ئارىلىقتا قالدىم، قانداق قىلىمەن؟ دېگەندە ، ئاندىن پەتىۋا بېرىپ سۆزلىگەن، يەنى تالاق قىلىۋېتىپ، ئاتا ـ ئاناڭغا تۇرغىن دېگەن . تىرمىزى 1822 ـ ھەدىس، ئەھمەد 20724 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2080 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئىسلام دىنىدا ئاتا ـ ئانا بىلەن ئايالى ياكى ئېرى ئارىسىدا تەڭلىكتە قالسا، ئەلۋەتتە ئاتا ـ ئانىسىنى تاللايدۇ، چۈنكى، بۇ پەرزدۇر، توي دېگەن سۈننەت، ئاتا ـ ئانا تېپىلمايدۇ، ئەر ياكى ئايال تېپىلىدۇ.

لېكىن، ئاتا ـ ئانىلار زالىم بولسا، ھەقدىن چىقىپ كەتسە، قىز يا ئوغۇل ياخشى مۇسۇلمان تەقۋا بولسا، بۇ مەسىلىنى ئىسلام ئالىملىرى ئادىل ھەل قىلىشى لازىم، مۆئمىنگە زۇلۇم قىلىنسا بولمايدۇ، ھەقىقەت ھامىنى ھەقىقەتتۇر. ئاتا ـ ئانا دېگەن پەيغەمبەرلەردەك، ساھابىلار، تابىئىنلاردەك بولۇشى لازىم، زادى بىزگە قانداق ئاتا ـ ئانىلار كېرەك؟

7146 ( صحيح ) الوتر بليل ( حم ع ) عن أبي سعيد

7146. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋىتىر نامىزى كېچىسى ئوقۇلىدۇ. ئەھمەد ، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

7147 ( صحيح ) الوتر حق على كل مسلم فمن شاء أوتر بسبع و من شاء أوتر بخمس و من شاء بثلاث و من شاء أوتر بواحدة فمن غلب فليومئ إيماء ( د ن ه حب ك ) عن أبي أيوب

7147. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋىتىر نامىزى ھەربىر مۇسۇلمانغا ھەق ۋاجىپتۇر، خالىغان كىشى يەتتە رەكەت بىلەن ۋىتىر ئوقۇسۇن، خالىغان كىشى بەش رەكەت بىلەن خالىغان كىشى ئۈچ رەكەت بىلەن ۋىتىر ئوقۇسۇن، خالىغان كىشى بىر رەكەت بىلەن ۋىتىر ئوقۇسۇن، كىم بىھوش بولۇپ كېسەل بولۇپ قالسا، بېشى قايسا ئىشارەت قىلىپ ناماز ئوقۇسۇن. نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. مۇشۇنداق ئوچۇق ھەدىس تۇرسا، نېمىگە ئىختىلاپ قىلىسلەر، خالىغان كىشى شۇلاردىن خالىغىنىنى ئوقۇسۇن، كۆپ ئوقۇسا ئەجىر كۆپ بولىدۇ، بىر سەجدە قىلسا، بىر ئەجىر، ياخشىلىق يېزىلىپ، بىر خاتالىق ئۆچۈرۈلۈپ، بىر دەرىجە كۆتۈرۈلىدۇ، شۇڭا ۋىتىرنى بەش رەكەت ئوقۇڭلار، قادىر بولسا ئۆرە تۇرۇپ، قادىر بولالمىسا ئولتۇرۇپ ياكى ئىشارەت بىلەن ئوقۇڭلار.

7148 ( صحيح ) الوتر ركعة من آخر الليل ( م د ن ) عن ابن عمر ( حم طب ) عن ابن عباس

7148. ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋىتىر نامىزى دېگەن كېچىنىڭ ئاخىرىدىن بىر رەكەت ئوقۇشتۇر. مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد ، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

7149 ( صحيح ) الوزغ فويسق ( ن حب ) عن عائشة

7149. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ، سام ئەبرەس دېگەن قوليۇننى، كەسلەنچۈك تۈرىدىكى بىر خىل ھايۋاننى پاسىق، نىجىس دېگەن ئىدى. نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

7150 ( صحيح ) الوزن وزن أهل مكة و المكيال مكيال أهل المدينة ( د ن ) عن ابن عمر

7150. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋەزنى، تارازا، مەككە ئەھلىنىڭ ۋەزنى، تارازىسى بىلەن كەمچەن بولسا، مەدىنە ئەھلىنىڭ كەمچىنى بىلەن ھېساب قىلىنىدۇ، شۇنى ئۆلچەم قىلىڭلار. ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

الوسيلة درجة عند الله ليس فوقها درجة فسلوا الله أن يؤتيني الوسيلة( حم ) عن أبي سعيد

7151. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋەسىلە يېقىنلىق دېگەن ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئۈستۈن دەرىجىدۇر، ئۇنىڭ ئۈستىدە يەنە بىر دەرىجە يوقتۇر، ئاللاھدىن ماڭا شۇ ۋەسىلىنى شۇ يۇقىرى دەرىجىنى بېرىشنى سوراڭلار، (بىز بۇنى ئەزاندا سورايمىز، ئۇ مەقامەممەھمۇدا، شاپائەت ئورنىدۇر، ئاللاھ ئۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەرسۇن، ئامىن). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

7152 ( صحيح ) و وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 6158 الوضوء شطر الإيمان ( و السواك شطر الوضوء ) ( ش ) عن حسان بن عطية مرسلا

7152. ھەسسان رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاھارەت ئىماننىڭ يېرىمى (مسۋاك بولسا، تاھارەتنىڭ يېرىمىدۇر). بۇ شەيبە توپلىغان، ئەلبانى باش تەرىپى سەھىھ، ئاخىرقى تىرناق ئىچى زەئىپ دېگەن .

7153 ( صحيح ) الوضوء مما أنضجت النار ( د ) عن أبي هريرة

7154 ( صحيح ) الوضوء مما مست النار ( م ) عن زيد بن ثابت

7155 ( حسن ) الوضوء مما مست النار و لو من ثور أقط ( ت ) عن أبي هريرة

7153ـ ، 7154ـ ، 7155. بۇ ھەدىسلەر ئوخشاش بولۇپ، مەزمۇنى ئوت تەگكەن، ئوت پىشۇرغان نەرسىدىن يېسە تاھارەت ئېلىش بولۇپ، بىز بۇنى يۇقىرىدا مەنسۇخ، ئەمەلدىن قالغان، كۈچكە ئىگە ھەدىس بولسا، ئوتتا پىشۇرغان نەرسىنى يېسە،گۆش ـ كاۋاپ يېسە تاھارەت ئالماسلىقتۇر دەپ ئۆتتۇق.

7156 ( حسن ) الوضوء يكفر ما قبله ثم تصير الصلاة نافلة ( حم ) عن أبي أمامة

7156. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاھارەت ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى گۇناھلارغا كاپارەت بولۇپ،گۇناھنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ، ئاندىن كېيىن ئوقۇلغان ناماز نەپلە، زىيادە مۇكاپاتقا ئايلىنىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

الولاء لحمة كلحمة النسب لا يباع و لا يوهب ( طب ) عن عبدالله ابن أبي أوفى ( ك هق ) عن ابن عمر

7157. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋەلىيلىك، ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى نەسەبنىڭ گۆشىگە ئوخشاش گۆشتۇر، (يەنى نەسەبكە ئوخشاش يېقىن مۇناسىۋەتتۇر.)، ئۇ سېتىلمايدۇ، سوۋغا، ھەدىيە قىلىپ بېرىلمەيدۇ. تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

7158 ( صحيح ) الولاء لمن أعتق ( حم طب ) عن ابن عباس

7158. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇلنىڭ ۋەلىيلىك ھوقۇقى، ئازاد قىلغان كىشىنىڭ قولىدا بولىدۇ. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

7159 ( صحيح ) الولاء لمن أعطى الورق و ولي النعمة ( ق 3 ) عن عائشة

7159. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇل ئازاد قىلغاندىكى ۋەلىيلىك، ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى پۇلنى بەرگەن نېئمەتكە ئىگە بولغان كىشىگە يەنى ئازاد قىلغان خوجايىنغا مەنسۇپ بولىدۇ. بەيھەقى، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

7160 ( صحيح ) و وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 6165 الولد ( ثمرة القلب ) و إنه مجبنة و مبخلة محزنة ( ع ) عن أبي سعيد

7160. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالا دېگەن يۈرەكنىڭ مېۋىسى ، يۈرەك پارىسى، ھەقىقەتەن ئۇ، كىشىنى قورقۇنچاق، بېخىل

قىلىپ، غەم ـ ئەندىشىگە سېلىپ قويىدۇ، جەڭدىن قورقۇشقا، بېخىللىققا، غەم ـ ئەندىشىلەرگە سەۋەب بولىدۇ. ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

**7161** ( صحيح ) الولد للفراش و للعاهر الحجر ( ق د ن ه ) عن عائشة ( حم ق ت ن ه ) عن أبي هريرة ( د ) عن عثمان ( ن ) عن ابن مسعود وابن الزبير ( ه ) عن عمر وأبي أمامة

7161. ئائىشە، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئوسمان، ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى زۇبەير، ئۆمەر، ئەبۇ ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالا كۆرپىنىڭ،(يەنى دادىنىڭ) زىناخورغا تاش ـ بوران يەنى رىجىمدۇر. بەيھەقى، ئەھمەد تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**7162** ( صحيح ) الولد من كسب الوالد( طس ) عن ابن عمر

7162. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالا دېگەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ، كەسپىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. ئاتا ـ ئانىلار باللارنىڭ ماللىرىدىن ئىزنىسىز، رۇخسەت سورىماي يەۋەرسۇن. ئى مۇسۇلمانلار! خىجىل بولماي، ئاتا ـ ئاناڭلار بىلەن قانداقمۇ ھېساب ـ كىتاب قىلىشىسىلەر؟!

## « لا » ھەرپى بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

**7163** ( صحيح ) لا آكل و أنا متكئ ( حم خ د ه ) عن أبي جحيفة

7163. ئەبۇ جۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېمەيمەن. ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7164** ( حسن ) لا أجر لمن لا حسبة له ( ابن المبارك ) عن القاسم مرسلا

7164. قاسىم رەھمەھۇللاھدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نىيەت، ئىرادە، ئىخلاس، ساۋاب ئۈمىدى يوق كىشىگە، ئەجىر، ساۋاب يوقتۇر. ئىبنى مۇبارەك توپلىغان، ھەسەن.

لا أحد أغير من الله و لذلك حرم الفواحش ما ظهر منها و ما بطن و لا أحد أحب إليه المدح من الله و لذلك مدح نفسه و لا أحد أحب إليه العذر من الله من أجل ذلك أنزل الكتاب و أرسل الرسل ( حم ق ت ) عن ابن مسعود

7165. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھدىنمۇ قاتتىق كۈندەشلىك قىلىدىغان كىشى يوق، شۇڭا، ئاللاھتائالا پاھىشىنىڭ، زىنانىڭ ئاشكارا، يوشۇرۇنلىرىنى ھارام قىلدى، ئاللاھدىنمۇ بەكرەك مەدھىيە، سانا، گۈزەل ماختاشلار ئۆزىگە سۆيۈملۈك كىشى يوق، شۇڭا، ئاللاھ ئۆز ـ ئۆزىنى مەدھىيىلەپ سانا ئوقۇدى، ھەم ئۆگەتتى، ئاللاھدىنمۇ بەكرەك ئۆزرە قالدۇرماسلىقنى ئۆزرىنى بۇرۇن قويۇپ، دەلىل ـ ئىسپات، ھۆججەت قويۇشنى ياخشى كۆرۈدىغان كىشى يوق، شۇڭا ئاللاھتائالا ھۆججەت قويۇش، ئۆزرە قالدۇرماسلىق ئۈچۈن ئەلچىلىرىنى

ئەۋەتىپ، كىتابلارنى نازىل قىلدى. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7166** ( صحيح ) و وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 6171 لا إخصاء في الإسلام ( ولا بنيان كنيسة ) ( هق ) عن ابن عباس

7166. ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسلام دىنىدا ئۆزىنى پىچىتىۋېتىش، ئاختا قىلىۋېلىش يوق، (چېركاۋ سېلىش يوق.) بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. راھىبلىق يوق، لېكىن، زاھىدلىق بار.

**7167** ( صحيح ) لا أركب الأرجوان و لا ألبس المعصفر و لا ألبس القميص المكفف بالحرير ألا و طيب الرجال ريح لا لون له ألا و طيب النساء لون لا ريح له ( حم د ك ) عن عمران بن حصين

7167. ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن يىپەك رەختتە ئىشلەنگەن ئىگەر، كۆرپىگە مىنمەيمەن، سېرىق رەڭدە بويالغان كىيىمنى كىيمەيمەن، يىپەك رەخت بىلەن زىغزىق سىزىق چىقىرىلغان كۆڭلەكنى كىيمەيمەن، ئاگاھ بولۇڭلار، ئەرلەرنىڭ ئەتىرىسى خۇشپۇرىقى بار، رەڭگى بولماسلىقى لازىم، ئاياللارنىڭ ئەتىر، گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ ئىېرى ئۇچۇن رەڭگى بار، خۇشپۇرىقى بولماسلىقى لازىم. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**7168** ( صحيح ) لا إسعاد في الإسلام و لا عقر و لا شغار في الإسلام و لا جلب في الإسلام و لا جنب و من انتهب فليس منا ( حم ن حب ) عن أنس

7168. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسلام دىنىدا مېيىتكە شېرىكلىشىپ ياردەملىشىپ ئاۋاز قىلىپ يىغلاش يوق، قىزدىن بىرنى بېرىپ، ئۇنىڭ باراۋىرىگە تويلۇق مەھرىسىزلا قىزدىن بىرنى ئالىدىغان ئىش يوق، ئىسلام دىنىدا تۆگىنىڭ پۇتىنى چېپىۋېتىپ، ئاندىن ئۆلتۈرىدىغان ئىشمۇ يوق، ئىسلام دىنىدا زاكات يىغقۇچى خادىم، چارۋا ـ ماللارنى بىر جايغا يىغىپ، توپلاپ، ئالىدىغان ئىش يوق، زاكات يىغقۇچىلاردىن ماللارنى يىراققا ئېلىپ قېچىشمۇ يوق، كىم ئوچۇق ـ ئاشكارا قەھرى قىلىپ، بۇلاڭچىلىق قىلسا، ئۇ بىزدىن ئەمەس. ئەھمەد 12559 ـ ھەدىس، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**7169** ( حسن ) لا إسلال و لا غلول ( طب ) عن عمرو بن عوف

7169. ئەمرۇ ئىبنى ئەۋق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇلاڭچىلىق، خىيانەت، ئوغرىلۇق قىلىش دۇرۇس ئەمەس، ھالال ئەمەس. دارىمى 2370 ـ ھەدىس، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**7170** ( صحيح ) لا أعده كاذبا: الرجل يصلح بين الناس يقول القول لا يريد به إلا الإصلاح و الرجل يقول في الحرب و الرجل يحدث امرأته و المرأة تحدث زوجها ( د ) عن أم كلثوم بنت عقبة

7170. ئۇممە گۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن تۆۋەندىكى كىشىلەرنى يالغانچى كاززاپ دەپ سانىمايمەن، كىشىلەر ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى ئىرادە قىلىپ، ئەپلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ سۆز قىلىدىغان شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ياراشتۇرىدىغان كىشى، جەڭ، ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا يالغان سۆزلىگەن كىشى،(نارازى قىلماسلىق ئۈچۈن) ئايالىغا يالغان

سۆزلىگەن ياكى ئېرىگە يالغان سۆزلىگەن كىشى يالغانچى سانالمايدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

لا أعرفن ما مات منكم ميت ما كنت بين أظهركم إلا آذنتموني به فإن صلاتي عليه له رحمة( ه ) عن زيد بن ثابت

7171. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ئۇنى بىلمەي قاپتىمەن، بۇندىن كېيىن سىلەردىن بىرەر كىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنى ماڭا خەۋەر قىلىپ دەپ قويۇڭلار، چۈنكى، مېنىڭ ناماز چۈشۈرۈشۈم مەغپىرەت سورىشىم، ئۇ مېيىتكە رەھمەتتۇر. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7172 ( صحيح ) لا ألفين أحدكم متكئا على أريكته يأتيه الأمر من أمري مما أمرت به أو نهيت عنه فيقول: لا أدري ما وجدنا في كتاب الله اتبعناه ( حم د ت ه حب ك ) عن أبي رافع

7172. ئەبۇ راپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن بىرەرسىڭلارنى، ئۇنىڭغا مەن توسقان ياكى مەن بۇيرۇغان ئىشدىن بىرەر بۇيرۇق، ئەمر كەلسە،ئۇ: مەن،بۇنى بىلمەيمەن.(ھەدىسنى تونۇمايمەن) بىز ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندا تاپقان نەرسىگىلا ئەگىشىمىز دەيدىغان، تېپىپ قالماي، (ماڭا قۇرئاننىڭ ئوخششى بېرىلگەن، مەنمۇ ھالال ـ ھارام قىلالايمەن، ماڭا ئىتائەت قىلسا، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

7173 ( صحيح ) لا ألفين أحدكم يجيء يوم القيامة على رقبته بعير له رغاء يقول: يا رسول الله أغثني فأقول: لا أملك لك شيئا قد أبلغتك ; لا ألفين أحدكم يجيء يوم القيامة على رقبته فرس له حمحمة فيقول: يا رسول الله أغثني فأقول: لا أملك لك شيئا قد أبلغتك ; لا ألفين أحدكم يجيء يوم القيامة على رقبته شاة لها ثغاء يقول: يا رسول الله أغثني فأقول: لا أملك لك شيئا قد أبلغتك ; لا ألفين أحدكم يجيء يوم القيامة على رقبته نفس لها صياح فيقول: يا رسول الله أغثني فأقول: لا أملك لك شيئا قد أبلغتك ; لا ألفين أحدكم يجيء يوم القيامة على رقبته رقاع تخفق فيقول: يا رسول الله أغثني فأقول: لا أملك لك شيئا قد أبلغتك ; لا ألفين أحدكم يجيء يوم القيامة على رقبته صامت فيقول: يا رسول الله أغثني فأقول: لا أملك لك شيئا قد أبلغتك ( حم ق ) عن أبي هريرة

7173. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن بىرىڭلارنى قىيامەت كۈنى گەردىنىدە تۆگىسى بوزلاپ ھۆركىرىگەن ھالدا كەلگەن تېپىپ قالماي، ئۇ چاغدا ئۇ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مېنى قۇتقازسىلا ياردەم قىلسىلا دەيدۇ، مەن ئۇنىڭغا مەن سەن ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن، ھەقىقەتەن مەن ساڭا ھەممىنى تولۇق يەتكۈزۈپ بولغان دەيمەن. مەن بىرىڭلارنى قىيامەت كۈنى، گەردىنىدە ئېتى كىشنەپ،خىرقىرىغان ھالدا كەلگىنىنى تېپىپ قالماي، ئۇمۇ، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ياردەم قىلسىلا دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا: مەن ساڭا تولۇق يەتكۈزۈپ قويغان، مەن سەن ئۈچۈن ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن دەيمەن. مەن بىرىڭلارنى قىيامەت كۈنى گەردىنىدە قويلار مەرىگەن ھالەتتە كەلگىنىنى ئۇچۇرتۇپ قالماي، ئۇنىڭغىمۇ مەن شۇنداق دەيمەن، مەن بىرىڭلارنى قىيامەت كۈنى گەردىنىدە ئاۋاز قىلىۋاتقان جان، نەپسى بار ھالەتتە تېپىپ قالماي، ئۇمۇ ئاھ، پاھ، ۋايجان دەيدۇ، مەن يەنە شۇنداق دەيمەن، مەن بىرىڭلارنى قىيامەت كۈنى ئۈچىسىدا تەۋرەپ، ھەرىكەتلىنىۋاتقان، لەپىلدەۋاتقان كىيىم ـ كېچەك بار ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالماي، ئۇ، ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ياردەم قىلسىلا دەيدۇ، مەن ئۇنىڭغا مەن سەن ئۈچۈن ھېچنەرسىگە ئىگە بولالمايمەن، مەن ساڭا يەتكۈزۈپ بولغان دەيمەن.

مەن بىرىنچىلارنىڭ قىيامەت كۈنى ئۈچىسىدا سۆز قىلالماس، جانسىز نەرسە يەنى ئالتۇن ـ كۈمۈش، مال ـ دۇنيا بار ھالەتتە ئۈچرىتىپ قالماي، ئۇ، ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ياردەم قىلسىلا دەپ پەرياد چېكىدۇ، مەن ئۇنىڭغا مەن ساڭا تولۇق يەتكۈزۈپ بولغان، مەن ساڭا ھېچنەرسىگە ئىگە بولمايمەن دەيمەن. (شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى ئازابلىنىدۇ.) مۇسلىم 3412 ـ ھەدىس، بۇخارى 2844 ـ ھەدىس، ئەھمەد 9139 ـ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

لا ألفين(لأعلمن) أقواما من أمتي يأتون يوم القيامة بحسنات أمثال جبال تهامة بيضاء فيجعلها الله هباء منثورا أما إنهم إخوانكم و من جلدتكم و يأخذون من الليل كما تأخذون و لكنهم قوم إذا خلوا بمحارم الله انتهكوها ( ه ) عن ثوبان

7174. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ئەلۋەتتە ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم قەۋملەرنى ئوبدان بىلىمەن، ئۇلار قىيامەت كۈنى تەھامەنىڭ ئاق تېغىدەك شۇنداق چوڭ، كۆپ ياخشىلىقلار بىلەن كېلىدۇ، ئاندىن، ئاللاھ ئۇ ئەمەللەرنى چېچىلىپ كەتكەن، تارقاپ يۈرگەن چاڭ ـ توزاندەك قىلىۋېتىپ، يوق قىلىۋېتىدۇ، ئەمما ئۇلار سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار بولىدۇ، سىلەرنىڭ تېرەڭلاردىن يەنى سىلەردەك سېرىق تەنلىكتۇر، ئەرەبلەردۇر، ئۇلار خۇددى سىلەر كېچىسى ئىبادەتتىن نېسىۋە ئالغاندەك نېسىۋە ئالىدۇ، كېچىلىرى قىيامدا تۇرىدۇ، لېكىن، ئۇلار ئاللاھنىڭ ھارام قىلغان نەرسىلىرى بىلەن خالىي بولسىلا ئۇنى دەپسەندە قىلىپ، ھارام ئىشلارنى قىلىپ كېتىدۇ، شۇڭا ھالاك بولىدۇ. ئىبنى ماجە 4235 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7175** ( صحيح ) لا إله إلا الله ! إن للموت سكرات ( حم خ ) عن عائشة

7175. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم لائىلاھە ئىللەللاھ! دەپ تەئەججۇپلىنىپ، ھەيران قېلىپ ھەقىقەتەن ئۆلۈم ئۇچۇن قاتتىقلىق، قىيىنچىلىق، جاپا ـ مۇشەققەت بار ئىكەن دېگەن . بۇخارى 4094ـ ، 6029 ـ ھەدىس، ئەھمەد ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ قىيىنچىلىق، سەكراتۇلمەۋت دېيىلىدۇ ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھدىن ياردەم سورىغان.

لا إله إلا الله ويل للعرب من شر قد اقترب فتح اليوم من ردم يأجوج مثل هذه – و حلق بإصبعيه الإبهام و التي تليها – قيل: أنهلك و فينا الصالحون ؟ قال: نعم إذا كثر الخبث ( ق ن ه ) عن زينب بنت جحش

7176. زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: لا ئىلاھە ئىللەللاھ! ئەرەبلەرگە يېقىنلىشىپ قالغان، يامانلىقدىن ۋايدۇر، بۈگۈن يەئجۇج ـ مەئجۇجلارنىڭ توساقلىرىدىن مانا مۇشۇنچىلىك ئېچىلىپ بولدى، دەپ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن باش بارمىقنى ھالقا قىلدى، ئارىمىزدا سالىھ، ياخشىلار بولسىمۇ، ھالاك بولامدۇ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەئە، نىجىس، گۇناھ ـ مەئسىيەت كۆپىيىپ كەتسە، ھەممىسى ھالاك بولىدۇ، قىيامەت كۈنى نىيىتى ئەمەللىرى ئۈستىدە قوپۇرۇلىدۇ دېدى. بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7177** ( صحيح ) لا أمس أيدي النساء( طس ) عن عقيلة بنت عبيد

7177. ئۇقەيلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ھەرگىز ئاياللارنىڭ قولىنى تۇتمايمەن. (يەنى بەيئەتتە، سالام قىلىپ كۆرۈشۈشتە،ئاياللار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەيمەن). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**7178** ( صحيح ) لا أيم الله لا تصاحبنا راحلة عليها لعنة( م ) عن أبي بردة

7178. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىزگە، لەنەت قىلىنغان لەنەتكەردە تۆگىنى ھەمراھ قىلمىغىن، (يەنى بىرسى تۆگىسىگە لەنەت قىلغاندا بۇ ئىشنى رەت قىلىپ دېيىلگەن ھەدىستۇر). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7179** ( صحيح ) لا إيمان لمن لا أمانة له و لا دين لمن لا عهد له ( حم حب ) عن أنس

7179. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئامانەت يوق كىشى ئۈچۈن ئىمان يوق، ئەھدى يوق كىشى ئۈچۈن دىن يوق، (يەنى ئەھدىنى بۇزغۇچى، ئامانەتكە خىيانەت قىلغۇچى خائىنغا ئىمان، دىن يوق). ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**7180** ( صحيح ) لا تأتوا الكهان( طب ) عن معاوية بن الحكم

7180. مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كاھىن، جىنكەشلەرگە غەيىب داۋاسى قىلىدىغان باخشى، داخانلارغا بارماڭلار. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**7181** ( صحيح ) لا بأس بالحيوان واحد باثنين يدا بيد ( حم ه ) عن جابر

7181. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھايۋانلارنى، بىرنى ئىككىگە نەخمۇ ـ نەخ، قولمۇ ـ قول ئالماشتۇرسا گۇناھ يوق. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بىر تۆگىگە ئىككى تۆگىنى بەرگەن، لېكىن، بۇ ھۆكۈم ھايۋانغىلا خاستۇر.جازانە ،ئۆسۈم مەسىلىلىرى يۇقىرىدا ئۆتتى.

لا بأس بالغنى لمن اتقى و الصحة لمن اتقى خير من الغنى و طيب النفس من النعيم ( حم ه ك ) عن يسار

7182. يەسسار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تەقۋادار كىشى ئۈچۈن، ئاللاھدىن قورقىدىغان كىشى ئۈچۈن بايلىق بولسا، چاتاق يوق، تەقۋادار كىشى ئۈچۈنمۇ سالامەتلىك، تەنىنىڭ ساقلىقى بايلىقدىن ياخشىدۇر، قەلبىنىڭ ، كۆڭۈلنىڭ خاتىرجەملىكى ئەڭ چوڭ نېئمەتتۇر . ئەھمەد 22076 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2123 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**7183** ( صحيح ) لا بأس بالقمح بالشعير اثنين بواحد يدا بيد ( طب ) عن عبادة

7183. ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇغداينى ئارپىغا، بىرنى ئىككىگە يەنى بىر سا بۇغداينى ئىككى سا ئارپىغا نەخمۇ ـ نەخ، قولمۇ ـ قول ئالماشتۇرسا چاتاق يوق، گۇناھ يوق، (چۈنكى جىنسى ئىككى خىل، ئۇنىڭ ئۈستىگە نەختۇر. ئەگەر جىنسى بىر خىل بولسا جازانە، ئۆسۈم بولىدۇ.). تەبرانى توپلىغان سەھىھ.

**7184** ( صحيح ) لا بأس و لينصر الرجل أخاه ظالما أو مظلوما إن كان ظالما فلينهه فإنه له نصر و إن كان مظلوما فلينصره ( م ) عن جابر

7184. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېرەك يوق، چاتاق يوق، كىشى قېرىندىشىغا ئۇ زالىم بولسۇن ياكى زۇلۇمغا ئۇچرىسۇن، ياردەم

بەرسۇن، ئەگەر قېرىندىشى زالىم بولسا، ئۇنى زۇلۇمدىن توسسۇن، ھەقىقەتەن ئۇ چوڭ ياردەم، ئەگەر ئۇ زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولسا ياردەم بەرسۇن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7185** ( حسن ) لا بد من العريف و العريف في النار ( أبو نعيم في المعرفة ) عن جعونة بن زياد

7185. جەئۇنەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر يۇرتتا ھەر بىر قەۋم ، مىللەت ئارىسىدا چوقۇم غەيىپ داۋاسى قىلىدىغان كاھىن، جىنكەش باردۇر، ئۇ دوۋزاخقا كىرىدۇ. ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن.

**7186** ( صحيح ) لا بر أن يصام في السفر ( طب ) عن ابن عمرو

7186. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپەردە روزا تۇتۇشدا ياخشىلىق يوق، (لېكىن، بۇ ھۆكۈم مۇشەققەتكە، قىيىنچىلىققا قالغان كىشىلەرگە خاس بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلار سەپەردە روزا تۇتقان، شۇڭا مۇساپىر ئەھۋالغا قاراپ ئىختىيارلىقتا بولىدۇ). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**7187** ( صحيح ) لا تأتي مائة سنة و على الأرض نفس منفوسة اليوم ( م ) عن أبي سعيد

7187. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەر يۈزىدە بۈگۈن نەپەسلىنىۋاتقان جان ئىگىسى بولىدىكەن، ئۇنىڭغا 100 يىل تولۇق كەلمەي تۇرۇپ يوقۇلۇپ بولىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. راستتىنلا 100 يىل توشماي تۇرۇپ شۇ زاماندىكى كىشىلەر ئۆلۈپ تۈگىگەن، بۇ ھەدىستىن خىزىرمۇ ئۆلۈپ بولغان بولىدۇ، خىزىر ھايات دېگەن ھەدىسلەر يالغان ياكى قاتتىق زەئىپتۇر.

**7188** ( صحيح ) و وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **6183** لا تأذن امرأة في بيت زوجها إلا بإذنه ( ولا تقوم من فراشها ف تصلي تطوعا إلا بإذنه )( طب ) عن ابن عباس

7188. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىگە بىرەر كىشىنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت، ئىزنى بەرمىسۇن، لېكىن، ئېرىنىڭ ئىزنى بىلەن رۇخسەت قىلسۇن،( ئايال كىشى كېچىسى نەپلە ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئېرىنىڭ ئىزنىسىز تۇرمىسۇن، لېكىن، ئېرىنىڭ رۇخستى بىلەن كۆرپىدىن تۇرسۇن،) (نەپلە روزىنىمۇ ئېرىنىڭ رۇخستى بىلەن تۇتسۇن). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**7189** ( حسن ) لا تؤذن حتى يستبين لك الفجر هكذا ( د ) عن بلال

7189. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ساڭا سۈبھى ئەنە شۇنىڭدەك روشەن ئاشكارا بولمىغۇچە ئەزان تووللىمىغىن، (چۈنكى، كىشىلەر زوھۇرلۇقنى يېيەلمەيدۇ). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

**7190** ( صحيح ) لا تأذنوا لمن لم يبدأ بالسلام( هب الضياء ) عن جابر

7190. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سالام قىلىش بىلەن باشلىمىغان كىشىگە كىرىشكە ئىزنى، ئىجازەت بەرمەڭلار. (يۇقىرىدا سالام بىلەن باشلىمىغان كىشىگە جاۋاب بەرمەڭلار دېگەن ئۆتتى). بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**7191 ( صحيح ) لا تؤذوا مسلما بشتم كافر ( ك هق ) عن سعيد بن زيد**

7191. سەئىد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانغا، ئى كاپىر دەپ تىللاپ ئەيىبلەپ ئازار بەرمەڭلار. (بۇ سۆزنى دېگۈچى شۇ كۇفرىلىق بىلەن قايتىپ قالىدۇ). ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**7192 ( صحيح ) لا تؤذي امرأة زوجها في الدنيا إلا قالت زوجته من الحور العين: لا تؤذيه قاتلك الله فإنما هو عندك دخيل يوشك أن يفارقك إلينا( حم ت ) عن معاذ**

7192. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ دۇنيادا مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئايالى، ئېرىگە ئازار بەرسە، ئۇ مۇسۇلماننىڭ جەننەتتىكى ھۆرلۇلەيىنلەردىن شەھلا كۆزلۈك ئاياللىرى مۇنداق دەيدۇ: سەن ئۇنىڭغا ئازار بەرمىگىن، ئاللاھ ساڭا لەنەت قىلسۇن، ھەقىقەتەن ئۇ ھازىر سېنىڭ ئالدىڭدا مېھمان بولۇپ چۈشكەن بىلەن پات يېقىندا ئۇ سەندىن ئايرىلىپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىدۇ. تىرمىزى 1094 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2004 ـ ھەدىس، ئەھمەد 21085 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7193 ( صحيح ) ما بين قوسين ضعيف عند الألبانيلا تأكلوا البصل ( النيء ) ( ه ) عن عقبة**

7193. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خام پىيازنى (خام سامساقنى) يېمەڭلار. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7194 ( صحيح ) لا تأكلوا بالشمال فإن الشيطان يأكل بالشمال( ه ) عن جابر**

7194. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سول قول بىلەن يېمەڭلار، چۈنكى، شەيتان سول قول بىلەن يەيدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، ھەم بۇ ئىشلار جەننەت ئەھلىنىڭ نامە ئەمەللىرى ئوڭ قولىغا بېرىلىشكە، بەرىكەت بېرىلىشكە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

**لا تبادروا الإمام إذا كبر فكبروا و إذا قال ( و لا الضالين ): فقولوا: آمين و إذا ركع فاركعوا و إذا قال سمع الله لمن حمده فقولوا: اللهم ربنا و لك الحمد و لا ترفعوا قبله ( م ) عن أبي هريرة**

7195. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمامدىن بۇرۇن ئالدىراپ كەتمەڭلار، ئىمام تەكبىر ئېيتسا تەكبىر ئېيتىڭلار، ۋەلەززاللىين! دېسە، ئامىن! دەڭلار، رۇكۇ قىلسا رۇكۇ قىلىڭلار، سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە دېسە، ئاللاھۇممە رەببەنا ۋەلەكەلھەمدۇ دەڭلار، ئىمامدىن بۇرۇن بېشىڭلارنى كۆتۈرمەڭلار. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**لا تبادروني بركوع و لا بسجود فإنه مهما أسبقكم به إذا ركعت تدركوني إذا رفعت و مهما أسبقكم به إذا سجدت تدركوني به إذا رفعت إني قد بدنت( حم د ه ) عن معاوية**

7196. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر مەندىن رۇكۇ، سەجدىنى بۇرۇن قىلىپ ئالدىراپ كەتمەڭلار، چۈنكى، ھەر قاچان مەن رۇكۇ، سەجدىنى سىلەردىن بۇرۇن قىلسامۇ مەن رۇكۇ قىلغان چاغدا سىلەر مېنى بېشىنى كۆتۈردىمىكى دەپ ھېس قىلىسىلەر، ھەر قاچان مەن سەجدىنى بۇرۇن قىلسامۇ، مەن سەجدە قىلغاندا سىلەر مېنى بېشىنى كۆتۈرۈپ بولدىغۇ دەپ ھېس قىلىپ قالىسىلەر، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ قالىدۇ، ھەقىقەتەن مەن يېشىم

چوڭقىيىپ قىرىپ قالدىم، جىسمىم ئىغىرلاشتى، شۇڭا مەندىن بۇرۇن ئالدىراپ كەتمەڭلار. ئەھمەد 16235 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 524 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 953 ـ ھەدىس، سەھىھ.

لا تباشر المرأة المرأة فتنعتها لزوجها كأنه ينظر إليها ( حم خ د ت ) عن ابن مسعود

7197. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاyal كىشى يەنە بىر ئايال بىلەن يالىڭاچ ياتمىسۇن، چۈنكى ئۇ يەنە بىر ئايالنى ئېرىگە سۈپەتلەپ بەرسە، ئېرى ئۇ ئايالغا قارىغاندەك يالىڭاچ كۆرگەندەك بولىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

لا تباع الصبرة من الطعام بالصبرة من الطعام و لا الصبرة من الطعام بالكيل المسمى من الطعام ( ن ) عن جابر

7198. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىقدارى نامەلۇم بىر دۆۋە تائام ئاشلىق، يەنە بىر دۆۋە تائامنىڭ باراۋىرىگە سېتىلمايدۇ، بىر دۆۋە تاماق، ئاشلىق، مىقدارى مەلۇم كەمچىنى مەلۇم تاماقنىڭ ئاشلىقنىڭ باراۋىرىگە سېتىلمايدۇ، (تارازا، مىزانلىرى، كەمچەنلىرى مەلۇم بولسا، بىر جىنىسدىن بولمىسا، زىيادە، كام بولمىسا جازانە، ئۆسۈم بولمىسا ئاندىن دۇرۇس). نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

7199 ( صحيح ) لا تباغضوا و لا تدابروا و لا تنافسوا و كونوا عباد الله إخوانا ( م ) عن أبي هرير

7199. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر ـ بىرىڭلارغا غەزەپ قىلماڭلار، ئۆچ ـ ئاداۋەتتە بولماڭلار، ئۆزئارا ئالاقىنى ئۈزمەڭلار، ئاداۋەتتە بولماڭلار، دۈشمەنلەشمەڭلار، دۇنياغا قىزىقماڭلار، دۇنياغا قىزىقىپ، ئۆزئارا يۈز ـ ئۆرۈشمەڭلار، ئاللاھنىڭ، قېرىنداش ئاكا ـ ئۇكا بەندىلىرىدىن بولۇڭلار . مۇسلىم 4649 ـ ھەدىس، سەھىھ.

7200 ( صحيح ) لا تباغضوا و لا تقاطعوا و لا تدابروا و لا تحاسدوا و كونوا عباد الله إخوانا كما أمركم الله و لا يحل لمسلم أن يهجر أخاه فوق ثلاثة أيام ( حم ق د ) عن أنس

7200. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆزئارا دۈشمەنلەشمەڭلار، غەزەپ قىلىشماڭلار، سىيلە ـ رەھىمىنى ئۈزمەڭلار، ئالاقىنىمۇ ئۈزمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا ئارقاڭلارنى قىلىپ ئۆچ ـ ئاداۋەتتە بولماڭلار، ھەسەت قىلىشماڭلار، ئاللاھ سىلەرنى بۇيرۇغاندەك ئاكا ـ ئىنى قېرىنداشلاردىن بولۇپ، ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىدىن بولۇڭلار ، مۇسۇلماننىڭ، قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇشى ھالال ئەمەس. (دەرھال ئەپلەشسۇن). ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

لا تبتاعوا التمر حتى يبدوا صلاحه و لا تبتاعوا التمر بالتمر ( م ) عن أبي هريرة ( ق ن ) عن ابن عمر

7201. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېۋىنى، خورمىنى ئۇ پىشىپ ـ يېتىلىپ، سالاھىيىتى ئاشكارا بولمىغۇچە يەنى قىزىرىپ، سارغايمىغىچە ساتماڭلار، ھۆل خورمىنى قۇرۇق خورمىنىڭ باراۋىرىگە ساتماڭلار، (چۈنكى جازانە بولىدۇ، ھۆل مېۋىنى قۇرۇق خورمىغا ساتماڭلار). مۇسلىم 2836 ـ ھەدىس، نەسەئى 4445 ـ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.مەقسەت ، ئاپەتتىن ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزۈپ سېتىش، جازانىدىن ساقلىنىشدۇر.



www.uyghurkitap.com

**7202 ( صحيح ) لا تبتاعوا الثمرة حتى يبدو صلاحها و تذهب عنها الآفة( م ) عن ابن عمر**

7202. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېۋىلەرنى ئۇ پىشىپ يېتىلىپ، قىزارمىغىچە ساتماڭلار، ئۇنىڭدىن ئاپەت كەتمىگۈچە ساتماڭلار، (ئاپەت ئۆتۈپ كېتىپ، ساق ـ سالامەت قۇتۇلسا، پىشسا سېتىڭلار). مۇسلىم ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

**لا تبتاعوا الذهب بالذهب إلا مثلا بمثل و لا زيادة بينهما و لا نظرة ( ه ) عن عبادة بن الصامت**

7203. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالتۇننى ئالتۇننىڭ باراۋىرىگە، زىيادە ـ كام قىلىپ، ئېلىم ـ سېتىم قىلماڭلار، لېكىن، ئوخشاش باراۋەر ھالەتتە ئالماشتۇرۇڭلار، ئارىلىقىدا زىيادىلىك بولمىسۇن، ھەم كېچىكتۈرۈش، مۆھلەت بېرىش، نېسى بولمىسۇن. (زىيادە بەرسە ياكى ئالسا، نېسى قىلسا جازانە ئۆسۈم بولىدۇ). ئىبنى ماجە 18ـ ھەدىس، سەھىھ.

**لا تبدءوا اليهود و لا النصارى بالسلام و إذا لقيتم أحدهم في طريق فاضطروه إلى أضيقه(حم م د ت)عن أبي هرير**

7204. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەھۇدىي، ناسارالارغا ۋە دىنسىزلارغا باشتا سالامنى بۇرۇن قىلماڭلار، يولدا ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە ئۇچراپ قالساڭلار، ئۇنى يولنىڭ تار يېرىگە، چېتىگە قىستاڭلار. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**7205 ( صحيح ) لا تبع طعاما حتى تشتريه و تستوفيه ( حم ن ) عن حكيم بن حزام**

7205. ھەكىيم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تائام ئاشلىقلارنى سېتىۋالساڭ قولۇڭغا تولۇق، مۇكەممەل ئالماي تۇرۇپ ساتمىغىن. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7206 ( صحيح ) لا تبع ما ليس عندك ( حم 4 ) عن حكيم بن حزام**

7206. ھەكىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالدىڭدا، قول ئىلكىڭدە يوق نەرسىنى ساتمىغىن. ئەھمەد تۆت كىتاب توپلىغان سەھىھ.

**7207 ( صحيح ) لا تبقين في رقبة بعير قلادة من وتر إلا قطعت ( ق د ) عن أبي بشير**

7207. ئەبۇ بۇشەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىلغىچە مەككىگە ئېلىپ ماڭغان ھەدىيە توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: تۆگىلەرنىڭ بويىنىدىكى زەي تارىدىن بولغان قەلادە، بەلگە، بويۇنچۇقلارنى قويماي ئۈزۈۋېتىڭلار، (مەقسەت، جاھالىيەت ئىشلىرىنى قىلماسلىق). بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7208 ( صحيح ) لا تبكيه ما زالت الملائكة تحفه بأجنحتها حتى رفعتموه( ن ) عن جابر**

7208. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، دادام ئۇھۇد كۈنى ئۆلتۈرۈلۈپ، شېھىد بولغاندا ھاممام يىغلاشقا باشلىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، يىغلىما! نېمىگە يىغلايسەن؟ سىلەر ئۇنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرگەنگە قەدەر پەرىشتىلەر ئۇنى قاناتلىرى بىلەن قورشاپ تۇردى دېگەن . نەسەئى 1822 ـ ھەدىس، بۇخارى 1167 ـ ھەدىستە قاناتلىرى بىلەن سايە چۈشۈرۈپ تۇردى دېيىلگەن. مۇسلىم 4518

ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7209 ( صحيح ) لا تبيعوا الدينار بالدينارين و لا الدرهم بالدرهمين ( م ) عن عثمان**

7209. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر دىنارنى ئىككى دىنارغا، بىر دىرھەم كۈمۈش پۇلنى ئىككى دىرھەم كۈمۈش پۇلغا ساتماڭلار. (جازانە بولۇپ قالىدۇ). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7210 ( صحيح ) لا تبيعوا الذهب بالذهب إلا سواء بسواء و الفضة بالفضة إلا سواء بسواء و بيعوا الذهب بالفضة و الفضة بالذهب كيف شئتم( خ ) عن أبي بكرة**

7210. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالتۇننى ئالتۇنغا، كۈمۈشنى كۈمۈشكە ساتماڭلار، لېكىن، باراۋەر، ئوخشاش ۋەزنى، مىزانى تەڭ ھالەتتە زىيادە، كام قىلماي ئالماشتۇرۇڭلار، ئالتۇننى كۈمۈشكە، كۈمۈشنى ئالتۇنغا نېسى قىلماي خالىغانچە زىيادە، كام قىلىپ ساتساڭلار بولىدۇ. نېسى بولسا بولمايدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**لا تبيعوا الذهب بالذهب إلا مثلا بمثل و لا تشفوا بعضها على بعض و لا تبيعوا الورق بالورق إلا مثلا بمثل و لا تشفوا بعضها على بعض و لا تبيعوا منها غائبا بناجز( حم ق ت ن ) عن أبي سعيد**

7211. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالتۇننى ئالتۇنغا زىيادە، كام قىلىشىپ ساتماڭلار، لېكىن، ئوخشاش باراۋەر ھالەتتە ئالماشتۇرساڭلار بولىدۇ، بەزىسىنى بەزىسىنىڭ ئۈستىگە پەزىلەتلىك، ئارتۇق قىلىۋالماڭلار، كۈمۈشنى كۈمۈشكە ساتماڭلار، لېكىن، ۋەزنىدە ئوخشاش، باراۋەر، قولمۇ ـ قول ئالماشتۇرۇڭلار، بەزىسنى بەزىسىگە ئارتۇق بىلمەڭلار، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن يوق، غائىپ نېسىنى، ھازىر بار نەخكە ساتماڭلار. (ئالتۇننى كۈمۈشكە نەخ، قولمۇ ـ قول ئالماشتۇرۇڭلار، ئۆزئارا جىنسى ئوخشاش نەرسىلەردە زىيادە بەرسە يا ئالسا جازانە ئۆسۈم بولىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

7212. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ۋە تۆۋەندىكىگە ئوخشاش.

**لا تبيعوا الذهب بالذهب و لا الورق بالورق إلا وزنا بوزن مثلا بمثل سواء بسواء ( حم م ) عن أبي سعيد**

7213. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالتۇننى ئالتۇنغا، كۈمۈشنى كۈمۈشكە زىيادە، كام قىلىپ ساتماڭلار، لېكىن، ۋەزنىدە ئوخشاش، باراۋەر، نەخمۇ نەخ ئېلىم ـ بېرىم، ئۆتنە يېرىم قىلساڭلار بولىدۇ، زىيادە بولسا، جازانە بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7214 ( صحيح ) لا تتخذوا الضيعة فترغبوا في الدنيا ( حم ت ك ) عن ابن مسعود**

7214. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر باغۇ ـ بوستان، زىرائەت، تىجارەت ئىشلىرىنى تۇتماڭلار، ئۇ چاغدا دۇنياغا قىزىقىپ قالىسىلەر. تىرمىزى 250 ـ ھەدىس، ئەھمەد 3398 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىس، ئىمام، ئالىم، ئوقۇتقۇچى ئۇستازلارغا مۇجاھىد قوماندانلارغا دېيىلگەن، بۇلار زىرائەت، تىجارەت قىلماي مەخسۇس ئىسلام دىنىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

**7215** ( حسن ) لا تتخذوا المساجد طرقا إلا لذكر أو صلاة ( طب ) عن ابن عمر

7215. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەسجىدلەرنى سەپەردە، يول ئۈستىدىن ئۆتۈشتە ئارام ئالىدىغان ئۆتەڭ قىلماڭلار، كېچىلىرى پاراڭ سالىدىغان ئورۇن قىلىش ئۈچۈن سالماڭلار، ئۇنى پەقەت زىكرى، ئاللاھنى ئەسلەش ئۈچۈن، ناماز ئۈچۈن سېلىڭلار. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

7216. بۇ ھەدىس تۆۋەندىكىگە ئوخشاشتۇر.

**7217** ( صحيح ) لا تتخذوا بيوتكم قبورا صلوا فيها ( حم ) عن زيد بن خالد

7217. زەيىد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆيلىرىڭلارنى قەبرە قىلىۋالماي، نەپلە، سۈننەت نامازلارنى ئۆيۈڭلاردا ئوقۇڭلار. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7218** ( صحيح ) لا تتخذوا شيئا فيه الروح غرضا ( م ن ه ) عن ابن عباس

7218. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روھى، جېنى بار نەرسىنى يەنى ھايات ھايۋاننى قارىغا ئېتىش نىشانى قىلىۋالماڭلار، (يۇقىرىدا شۇنداق ئۆلگەن نەرسىنى يېيىشتىن توسقان). مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7219** ( صحيح ) لا تترك هذه الأمة شيئا من سنن الأولين حتى تأتيه ( طس ) عن المستورد

7219. مۇستەۋرد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئۇممەت بۇرۇن ئۆتكەن ئۇممەتلەرنىڭ سۈننەت يوللىرىدىن ھېچ نەرسىنى تەرك ئەتمەي قىلىپ كېتىدۇ. (يەنى شۇلار قىلغان ھەممە ئىشلارنى ئوخشاش قىلىپ كېتىدۇ). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**7220** ( صحيح ) لا تتركوا النار في بيوتكم حين تنامون( حم ق د ت ه ) عن ابن عمر

7220. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇخلىغان چاغدا، ئۆيۈڭلاردا ئوتنى تەرك ئېتىپ قالدۇرماي ئۆچۈرۈۋېتىڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7221** ( صحيح ) لا تتمنوا الموت( ه ) عن خباب

7221. خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ھەرگىز ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلماڭلار. ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. يامانلىق قىلغۇچى بولسا، تەۋبە قىلىۋالىدۇ، ياخشىلىق قىلغۇچى بولسا، ياخشىلىقنى زىيادە قىلىۋالىدۇ، پەقەت ئامال بولمىسا قىلىدىغان دۇئانى كۆرسىتىپ قويغان.

**7222** ( صحيح ) لا تتمنوا لقاء العدو و إذا لقيتموهم فاصبروا ( ق ) عن أبي هريرة

7222. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر دۈشمەنگە ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلماڭلار، ئۇلارغا ئۇچرىشىپ قالغاندا، سەۋرى قىلىپ، چىداپ چىڭ تۇرۇڭلار. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

www.uyghurkitap.com

**7223 ( صحيح ) لا تجادلوا في القرآن فإن جدالا فيه كفر ( الطيالسي هب ) عن ابن عمرو**

7223. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان توغرىسىدا ۋە ئۇنىڭدىكى ئايەتلەردە جېدەل ـ ماجىرا قىلىشماڭلار، ئىختىلاپ قىلماڭلار، چۈنكى، قۇرئان توغرىسىدا جېدەل ـ ماجىرا، دە ـ تالاش قىلىش كۇفرىلىقتۇر. تەيالىسى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**لا تجزئ صلاة الرجل حتى يقيم ظهره في الركوع و السجود ( د ت ) عن أبي مسعود**

7224. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رۇكۇ ـ سەجدىلەردە ئۇچىسىنى رۇس تۇزلىمىگەن كىشىنىڭ نامىزى دۇرۇس بولمايدۇ. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7225 ( صحيح ) لا تجزئ صلاة لا يقيم الرجل فيها صلبه في الركوع و السجود( حم ن ه ) عن أبي مسعود**

7225. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى رۇكۇ ـ سەجدىلىرىدە ئۇچىسىنى، سۆلبىنى رۇس، مەزمۇت تۇزلىمىگەن ناماز ئادا تاپمايدۇ، دۇرۇس بولمايدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**لا تجعلوا بيوتكم قبورا و لا تجعلوا قبري عيدا و صلوا علي فإن صلاتكم تبلغني حيث كنتم ( د ) عن أبي هرير**

7226. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانلىقتەك قىلىۋالماي، ناماز ئوقۇپ تۇرۇڭلار، مېنىڭ قەبرەمنى يىغىلىپ، توپلىشىپ ھېيت قىلىۋالماڭلار، ماڭا، دۇرۇت، سالام يوللاپ تۇرۇڭلار. چۈنكى، سىلەر قەيەردە بولساڭلار، دۇرۇت، سالاملىرىڭلار ماڭا يېتىپ تۇرىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**لا تجعلوا بيوتكم مقابر إن الشيطان ينفر من البيت الذي يقرأ فيه سورة البقرة ( حم م ت ) عن أبي هرير**

7227. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆيۈڭلارنى قەبرە قىلىۋالماڭلار، ھەقىقەتەن شەيتان، سۈرە بەقەرە ئوقۇلۇپ تۇرىدىغان ئۆيدىن قاچىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7228 ( حسن ) لا تجلسوا بين رجلين إلا بإذنهما( د ) عن ابن عمر**

7228. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا ئۇلارنىڭ ئىزنىسىز ئولتۇرماڭلار، رۇخسىتى بىلەن ئولتۇرۇڭلار. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7229 ( صحيح ) لا تجلسوا على القبور و لا تصلوا إليها( حم م 3 ) عن أبي مرثد**

7229. ئەبۇ مۇرسەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەبرىلەر ئۈستىدە ئولتۇرماڭلار، قەبرىگە قاراپ ناماز ئوقۇماڭلار. ئەھمەد، مۇسلىم ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**7230 ( حسن ) لا تجمعن كذبا و جوعا( حم ه ) عن أسماء بنت عميس**

7230. ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: قورساقنىڭ ئاچلىقى بىلەن يالغان سۆزنى بىرلەشتۈرمەڭلار، يەنى قورسىقىڭلار ئاچ تۇرۇپ قورسىقىم توق دېمەڭلار . ئەھمەد ، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

7231 ( صحيح ) لا تجمعوا بين اسمي و كنيتي ( حم ) عن عم عبدالرحمن بن أبي عمرة

7231. ئابدۇرەھماننىڭ تاغىسىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ كىنايە ئىسمىم بىلەن ئىسمىمنى بىرلەشتۈرۈپ ئىسىم قويماڭلار. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

7232 ( صحيح ) لا تجمعوا بين الرطب و البسر و بين الزبيب و التمر نبيذا ( حم ق ) عن جابر

7232. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھۆل خورما بىلەن خورما غورىسىنى، قۇرۇق ئۈزۈم، يېمىش بىلەن قۇرۇق خورمىنى چىلاپ ئىچىملىك قىلىشتا بىرلەشتۈرمەڭلار. (چۈنكى، ھاراق بولۇپ قالىدۇ). ئەھمەد ، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

7233 ( صحيح ) لا تجني أم على ولد ( ن ه ) عن طارق المحاربي

7233. تارىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئانا بالىسىغا جىنايەتچى بولمايدۇ، (يەنى ئانا، بالىسىنى ھەر قانداق ئۇسۇلدا ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىپ تەربىيىلىسە ، ئۇرسا، جىنايەتچى ھېسابلانمايدۇ، ياكى بىرەر ھادىسە يۈز بەرسە، جىنايەتچى ھېسابلانمايدۇ). نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.ئانىنىڭ جىنايىتىگە ، بالىسى تۇتۇلمايدۇ.

لا تجني نفس على أخرى (أي لاتأخذ أحد بأحد آخر)( ن ه ) عن أسامة بن شريك

7234. ئۇسامە ئىبنى شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر جان ئىگىسى يەنە بىر كىشىگە جىنايەتچى ھېسابلانمايدۇ، (يەنى بىر كىشىنىڭ جىنايىتىگە يەنە بىر كىشى تۇتۇلمايدۇ. ئانا، بالىسىغا جىنايەتچى ھېسابلانمايدۇ، يەنى ئانىسىنىڭ، دادىسىنىڭ گۇناھىغا بالىسى تۇتۇلمايدۇ، جازالانمايدۇ، كىم جىنايەت سادىر قىلسا، شۇ تۇتۇلىدۇ، جىنايەتچىگە گەرچە بالىسى بولسىمۇ باشقا كىشى تۇتۇلمايدۇ، جازالانمايدۇ). نەسەئى 4755 ـ ھەدىس، 4756 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7235 ( صحيح ) لا تجوز شهادة بدوي على صاحب قرية( د ه ك ) عن أبي هريرة

7235. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يېزىدا تۇرىدىغان سەھرالىقنىڭ گۇۋاھلىقى، شەھەر ئەھلىنىڭ ئۈستىگە دۇرۇس ئەمەس. ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان ، سەھىھ.

لا تجوز شهادة خائن و لا خائنة و لا زان و لا زانية و لا ذي غمر على أخيه في الإسلام ( د ه ) عن ابن عمرو

7236. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خىيانەتچى خائىن ئەر ۋە خائىن ئايالنىڭ، زىناخور ئەر ۋە زىناخور ئايالنىڭ، ئىسلامدا تۇرۇپ قېرىندىشىغا ھىقدە، ھەسەت، ئاداۋەت قىلىدىغان كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى دۇرۇس بولمايدۇ. ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ.

7237 ( حسن ) لا تجوز شهادة ذي الظنة و لا ذي الحنة ( ك هق ) عن أبي هريرة

7237. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: گۇمانخورنىڭ گۇمانىي گۇۋاھلىقى، مەجنۇننىڭ گاھ ھوشىغا كېلىپ، گاھ ھوشىدىن كېتىدىغان ساراڭنىڭ گۇۋاھلىقى دۇرۇس ئەمەس، قوبۇل ئەمەس. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**7238** ( صحيح ) لا تجوز لامرأة هبة في مالها إلا بإذن زوجها إذا ملك زوجها عصمتها ( حم ن ه ) عن ابن عمرو ( ه ) عن كعب بن مالك

7238. ئىبنى ئەمرۇ، كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشىنىڭ ئۆز مېلىنىمۇ باشقىلارغا سوۋغا ـ سالام، ئېھسان قىلىپ بېرىۋېتىشى دۇرۇس ئەمەس، لېكىن، شۇ مالغا ئېرى ئىگە بولالىسا، ئېرىنىڭ ئىزنى، رۇخستى بىلەن بەرسە بولىدۇ. (ئېرى ئىگە بولالمىسا، قانۇن بويىچە شەرىئەتتىن چىقىپ كەتمەي بەرسە بولىدۇ). ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7239** ( صحيح ) لا تحدوا النظر إلى المجذومين ( الطيالسي هق ) عن ابن عباس

7239. ئىبنى ئاببياس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جوزام كېسىلىگە يەنى يۇقۇملۇق تېرە كېسىلىگە تىكىلىپ قارىماڭلار. تەيالىسى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**7240** ( صحيح ) لا تحرم الإملاجة و لا الإملاجتان( حم م ن ه ) عن أم الفضل

7240. ئۇممە پەزلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (ئايال كىشىنىڭ ئەمچىكىنى، بالا تۇنجى قېتىملا بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم شورىسا)، بۇ بىر ئىككى قېتىم شوراش، بىرەر نەرسىنى ھارام قىلىۋېتەلمەيدۇ. مۇسلىم 2629 ـ ھەدىس، نەسەئى 3256 ـ ھەدىس، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7241** ( صحيح ) لا تحرم المصة و لا المصتان( حم م **4** ) عن عائشة ( ن حب ) عن الزبير

7241. ئائىشە ، زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم شوراش، ئېمىلدەشتىن ھارام قىلالمايدۇ. (لېكىن، كۆپ شورىسا، بالىنىڭ ئۈچيى ھۆل بولسا، سۈت ئاشقازىنىغا يېتىپ بارسا، ئېمىلدەش، نەسەبكە ئوخشاش ھارام قىلىدۇ). مۇسلىم 2628 ـ ھەدىس، ئەھمەد 22899 ـ ھەدىس، ئىبنى ھەببان، مۇسلىمدىن كېيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**7242** ( صحيح ) لا تحاسدوا و لا تناجشوا و لا تباغضوا و لا تدابروا و لا يبع بعضكم على بيع بعض و كونوا عباد الله إخوانا المسلم أخو المسلم و لا يخذله و لا يحقره التقوى هاهنا - و أشار إلى صدره - بحسب امرئ من الشر أن يحقر أخاه المسلم كل المسلم على المسلم حرام دمه و ماله و عرضه ( حم م ) عن أبي هريرة

7242. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆزئارا بىر ـ بىرىڭلارغا ھەسەت قىلىشماڭلار، باشقىلارنى ئالداپ مالنىڭ باھاسىنى زىيادە ئۆستۈرىۋەتمەڭلار، ئۆزئارا ئۆچ ـ ئاداۋەتتە دۈشمەنلەشمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار، يەنى ئاداۋەت قىلماڭلار، ئالاقە، سىيلە ـ رەھمىنى ئۈزمەڭلار.بەزىڭلار، بەزىڭلارنىڭ بەيئى سودىسى ئۈستىگە سودا قىلماڭلار، سېتىۋاتسا ياكى ئېلىۋاتسا سىلەر ئۇنىڭ ئۈستىگە ساتماڭلار، ئالمەن دېگەننى ۋاز كەچمىگىچە ئالماڭلار، سىلەر ئاللاھنىڭ، قېرىنداش ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىل بەندىلىرىدىن بولۇڭلار ، مۇسۇلمان

دېگەن مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى بولىدۇ، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلمايدۇ، خارلىمايدۇ، ھاقارەتلىمەيدۇ، تەقۋالىق دېگەن مانا مۇشۇ يەردە دەپ قەلبىگە ئىشارەت قىلدى. كىشىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ھاقارەتلىشى، ئۇنىڭ يامانلىقىغا يېتەرلىك كۇپايە، ئۇ ئەڭ يامان كىشى ھېسابلىنىدۇ، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى، جېنى، مېلى، يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆكۈشى يەنە بىر مۇسۇلمانغا ھارامدۇر. قېنىنى تۆكۈش ھارام بولغاندەك، يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆكۈشمۇ، مېلىمۇ ھارامدۇر. مۇسلىم 4650 ـ ھەدىس، ئەھمەد، بۇخارى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

لا تحروا بصلاتكم طلوع الشمس و لا غروبها فإنها تطلع بقرني شيطان( ق ) عن ابن عمر ( ن ) عن عائشة

7243. ئىبنى ئۆمەر، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۈن چىقىۋاتقاندا، كۈن كىرىۋاتقاندا نامازنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالماڭلار، يەنى بۇ چاغدا ناماز ئوقۇماڭلار. چۈنكى، كۈن شەيتاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئارىسىدىن چىقىدۇ. بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار، بۇ دېگەنلىك ، كۈپپارلار كۈنگە سەجدە قىلسا، شەيتان شۇ تەرەپكە ئۆتىۋالىدۇ ياكى شەيتان مەشرىق ـ مەغرىبنى ئىگىلەپ ھەممە جايىنى پىتنە ـ پاساتقا توللاپ ئازدۇرغاچقا، خۇددى مەشرىق ـ مەغرىب پادىشاھنى زۇلقەرنەيىن دېگەندەك ، ئىككى مۈڭگۈزى دەپ ئاتالغان دېگەن . توغرىسنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئۆزى بىلىدۇ.

**7244** ( صحيح ) لا تحسبن أنا ذبحنا الشاة من أجلك لنا غنم مائة لا نريد أن نزيد عليها فإذا ولد الراعي بهمة ذبحنا مكانها شاة( د حب ) عن لقيط بن صبرة

7244. لەقىيت ئىبنى سەبۇرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەلچى بولۇپ كەلسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىرتتا چىقىپ كېتىپتىكەن، كىيىن كەلدى، بىز بىللە ئولتۇراتتۇق، پادىچى، قويلارنى قوتانغا سولىدى، قولىدا مەرەۋاتقان بىر قوزا بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سورىۋىدى، پادىچى بۇ تۇنجى تۇغۇلغان قوزا ئىكەن دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: ئۇنىڭ ئورنىدا بىرنى بىزگە ئۆلتۈرۈپ بەرگىن دېدى، ئاندىن كىيىن ماڭا: سەن ئۇ، قويىنى سېنىڭ جەھتىڭدىن ساڭا ئۆلتۈرگەنلىكىمىزنى گۇمان قىلىپ قالما، بىز ئۇنى سىنى دەپلا ئۆلتۈرمىدۇق، بىزنىڭ 100 قويىمىز بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن زىيادە بولۇشىنىمۇ مەقسەت قىلمايمىز، پادىچى پالانى قوي تۇنجى قېتىم تۇغۇپتۇ! بۇ تۇنجى تۇغۇلغان قوزا، دېگەن ھامان ئۇنىڭ ئورنىغا بىر قويىنى بوغۇزلاپ يەيمىز دېگەن ئىدى. ئەبۇ داۋۇد 123 ـ ھەدىس، ئەھمەد 17172 ـ ھەدىس، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

لا تحقرن من المعروف شيئا و لو أن تلقى أخاك بوجه طلق( حم م ت ) عن أبي ذر

7245. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىچىككىنە ياخشىلىقنىمۇ كىچىك ھەقىرە سانىما، گەرچە سەن قېرىندىشىڭغا خۇشال تەبەسسۇم چىراي بىلەن ئۇچرىشىشنىمۇ، شۇنچىلىك ياخشىلىقنىمۇ كىچىك سانىما. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ياخشىلىق دېگەن ئاز بولسىمۇ ياخشىلىق دە!

**7246** ( صحيح ) لا تحلفوا بآبائكم ( خ ن ) عن ابن عمر

7246. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر داداڭلار، بوۋىلىرىڭلار بىلەن قەسەم قىلماڭلار، (بۇ شېرىك بولىدۇ). بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7247** ( صحيح ) لا تحلفوا بآبائكم من حلف بالله فليصدق و من حلف له بالله فليرض و من لم يرض بالله فليس من الله( ه ) عن ابن عمر

7247. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئاتا ـ بوۋىلىرىڭلار بىلەن قەسەم قىلماڭلار، كىم، ئاللاھ بىلەن بىللاھى دەپ قەسەم قىلسا، ئۇ راستچىل، سەممىي قەسەم بولۇپ ۋاپا قىلسۇن، كىمگە بىللاھى دەپ ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىنسا، ئۇ بۇ قەسەمگە ئىشەنسۇن، رازى بولسۇن، كىم بىللاھى دېگەن قەسەمگە رازى بولمىسا، ئۇ ئاللاھقا تەرەپتىن قىلچىلىك ياخشىلىقتا بولمايدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7248** ( صحيح ) لا تحلفوا بآبائكم و لا بالطواغيت( حم ن ه ) عن عبدالرحمن بن سمرة

7248. ئابدۇرەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئاتا ـ بوۋاڭلار بىلەن ۋە تاغۇت بۇتلار بىلەن قەسەم قىلماڭلار. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

لا تحلفوا بآبائكم و لا بأمهاتكم و لا بالأنداد و لا تحلفوا إلا بالله و لا تحلفوا إلا و أنتم صادقون( د ن) عن أبي هرير

7249. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ھەرگىز ئاتا ـ بوۋاڭلار بىلەن ئاناڭلار بىلەن، بۇتلار بىلەن قەسەم قىلماڭلار، سىلەر پەقەت ئاللاھ بىلەنلا قەسەم قىلىڭلار، سىلەر پەقەت راستچىل، سەممىي بولۇپ قەسەم قىلىڭلار، قەسەم قىلساڭلار ۋاپا قىلىڭلار، راستچىل بولۇڭلار . ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

لا تحل الصدقة لغني إلا لخمسة: لغاز في سبيل الله أو لعامل عليها أو لغارم أو لرجل اشتراها بماله أو لرجل كان له جار مسكين فتصدق على المسكين فأهداها المسكين للغني ( حم د ه ك ) عن أبي سعيد

7250. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆشرە ـ زاكات سەدىقىسى بايلارغا ھالال ئەمەس. لېكىن، بەش تۈرلۈك بايغا ھالال.

1. ئاللاھ يولىدىكى غازى، جەڭچى بولسا، باي بولسىمۇ بۇ كىشىگە زاكات ھالال.
2. زاكات يىغقۇچى خادىم باي بولسىمۇ ئۆشرە ـ زاكاتتىن مائاش بېرىلىدۇ.
3. ئاللاھ يولىدا قەرزدار بولۇپ قالغۇچىغا ياكى كىشىلەرنى كۆزلەپ شۇنداق بولۇپ قالدۇ.
4. ئۆشرە ـ زاكاتنى ئۆزىنىڭ ھالال پۇل ـ مېلىغا سېتىۋالغۇچى بايغا ھالال.
5. بىر كىشىنىڭ مىسكىن، نامرات قوشنىسى بولۇپ، بۇ مىسكىنگە ئۆشرە ـ زاكات بېرىلىدۇ، ئاندىن بۇ مىسكىن ئۇ مالدىن باي قوشنىسىغا ھەدىيە قىلسا، ئېھسان قىلىپ تاماققا چاقىرسا ھالال بولىدۇ. (بۇلاردىن باشقا بايلارغا ھالال ئەمەس. بەزىلەر دىنى ئوقۇتقۇچى، ئۇستازلارنى، قازى، ھاكىملارنى مۇجاھىد ساناپ، ئاللاھ يولىغا، دېگەنگە كىرگۈزۈپ باي بولسىمۇ شۇلارغىمۇ مائاش ھالال دېگەن . سوبۇلوسسالام دېگەن كىتابىدىن). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

لا تحل الصدقة لغني و لا لذي مرة سوي ( حم د ت ك ) عن ابن عمر ( حم ن ه ) عن أبي هريرة

7251. ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆشرە ـ زاكات بايلارغا، كۈچلۈك كەسىپدارغا ھالال ئەمەس، يەنى ھارامدۇر. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. يەنى ئەھمەد، ھاكىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**7252** ( صحيح ) لا تحل النهبى و لا كل ذي ناب من السباع و لا تحل المجثمة ( حم ن ) عن أبي ثعلبة

7252. ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوچۇق ـ ئاشكارا قەھرى قىلىپ بۇلاپ ئالغان ماللار ھالال ئەمەس، ھارام، ھەر قانداق يىرتقۇچ، گۆشخور، مەگەنلىك ھايۋان ھالال ئەمەس، ئۇنى يېيىش ھارام، قارىغا ئېتىش نىشانى قىلىنىپ مەجبۇرى ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننى يېيىش ھالال ئەمەس. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7253** ( صحيح ) لا تحل للأول حتى يجامعها الآخر ( ن ) عن ابن عمر

7253. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايال توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ئۇ ئايال، (ئىددىتى توشقاندا) ئىككىنچى ئەرگە تەگمىگۈچە، ئىككىنچى ئەر ھەقىقىي بىرگە بولۇپ، جىنسى ئالاقە قىلمىغۇچە (ئاندىن ئۇ ئەردىن تەبىئىيلا ئاجرىشىپ، يەنە ئىددىتى توشمىغۇچە) بىرىنچى ئېرىگە ھالال ئەمەس، ھارامدۇر. نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ.

**7254** ( صحيح ) لا تختصوا ليلة الجمعة بقيام من بين الليالي و لا تختصوا يوم الجمعة بصيام من بين الأيام إلا أن يكون في صوم يصومه أحدكم( م ) عن أبي هريرة

7254. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىلەر ئارىسىدىن پەقەت جۈمە كۈنى كېچىسىلا قىيامدا تۇرۇشنى مەخسۇس خاس قىلىۋالماڭلار، كۈنلەر ئارىسىدىن پەقەت جۈمە كۈنىلا روزا تۇتۇشنى خاس قىلىۋالماڭلار. لېكىن، بىرىڭلارنىڭ تۇتۇپ كېلىۋاتقان روزىسىغا توغرا كېلىپ قالسا، جۈمە كۈنىمۇ روزا تۇتساڭلار بولىدۇ. (كېچىسى قىيامدا تۇرۇشمۇ شۇنداقتۇر). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7255** ( صحيح ) لا تختلفوا فإن من كان قبلكم اختلفوا فهلكوا ( خ ) عن ابن مسعود

7255. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىختىلاپلاشماڭلار، ھەقىقەتەن سىلەردىن بۇرۇنقىلار ئىختىلاپ قىلىشىپ ھالاك بولۇپ كەتكەن. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**7256** ( صحيح ) لا تختلفوا فتختلف قلوبكم ( حم د ) عن البراء

7256. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، سەپلەردىمۇ ئېگىز ـ پەس تۇرماڭلار، ئىختىلاپ قىلساڭلار قەلبىڭلار، دىللىرىڭلار ئىختىلاپ قىلىشىپ بىر ـ بىرىگە زىت، خىلاپ بولۇپ كېتىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

لا تخيروا بين الأنبياء فإن الناس يصعقون يوم القيامة فأكون أول من تنشق عنه الأرض فإذا موسى آخذ بقائمة من قوائم العرش فلا أدري كان فيمن صعق أم حوسب بصعقته الأولى ؟ ( حم ق ) عن أبي سعيد

7257. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەرلەر ئارىسنى ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن بىرىنى يەنە بىرسىدىن پەزىلەتلىك قىلىشۋالماڭلار، ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى كىشىلەر ئۆلۈپ ھەممىسى ھوشىدىن كېتىدۇ، مەن زېمىن يېرىلىپ، قەبرىدىن تۇنجى بولۇپ چىقىدىغان كىشى بولىمەن، ناگاھان مۇسا ئەرشنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن بىر تۈۋرۈكنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، ئۇ چۆچۈپ ھوشىدىن كېتىپ ئۆلگەن، ئاندىن يەنە ھوشىغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بارمۇ؟ ياكى تۇنجى قېتىمقى ھوشىدىن كېتىشى ھېساب قىلىندىمۇ؟ ھېچ بىلمىدىم. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

لا تخيروني على موسى فإن الناس يصعقون يوم القيامة فأصعق معهم فأكون أول من يفيق فإذا موسى باطش بجانب العرش فلا أدري أكان فيمن صعق فأفاق قبلي أو كان ممن استثنى الله ( حم ق د ه)عن أبي هرير

7258. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنى مۇسانىڭ ئۈستىگە پەزىلەتلىك دەپ ئۈستۈن بىلىۋالماڭلار، ھەقىقەتەن كىشىلەر قىيامەت كۈنى قاتتىق چۆچۈپ، قورقۇپ ھوشىدىن كېتىدۇ،(ئۆلىدۇ) مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە ھوشۇمدىن كېتىمەن، ھوشىغا كېلىدىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى مەن بولىمەن. ناگاھان مۇسا، ئەرشنىڭ بىر تەرىپىنى تۇتۇپ تۇرىدۇ، ئۇ چۆچۈپ ھوشىدىن كېتىپ، ئاندىن مەندىن بۇرۇن ھوشىغا كەلدىمۇ؟ ياكى ئاللاھ مۇستەسنا قىلغان چۆچىمەيدىغان، ھوشىدىن كەتمەيدىغان كىشىدىنمۇ؟ (ياكى ئاللاھنىڭ جامالىنى سورىغاندىكى چۆچۈشى ھېساب قىلىندىمۇ؟) ھېچ بىلمىدىم. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ئەلبانى نۇرغۇن ھەدىسلەرنى بۇخارى، مۇسلىمدىمۇ بولسىمۇ ئۇنى تىلغا ئالماي، باشقا كىتابنى كەلتۈرۈپ سەھىھ دېگەن . چۈنكى، بۇخارى، مۇسلىمنى سەھىھ دېيىش ھاجەتسىز، ئەمەلىيەتتە سەھىھ دېگەن ھەدىسلەر بۇخارى، مۇسلىمدا بار، خۇددى مۇشۇ ھەدىسلەر بۇخارىدا بولغاندەك بۇ ھەدىسدىكى مەقسەت سىلەر ئۆزۈڭلار پەزىلەتلىك قىلىۋېلىپ، ئىختىلاپ قىلماڭلار دېگەن بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ ئۆزى پەزىلەتلىك قىلىدۇ، پەزلى ئاللاھنىڭ قولىدا ھەم ئاللاھ بىلىدۇ، ئادىل ھۆكۈم قىلىدۇ، شۇڭا قۇرئاننىڭ 3 ـ پارىسىنىڭ بېشىدا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىنى بىرىنى ـ بىردىن پەزىلەتتە ئۈستۈن قىلىشنى سۆزلىگەن.

7259 ( حسن ) لا تخيفوا أنفسكم بالدين ( هق ) عن عقبة بن عامر

7259. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەرزدار بولۇپ قىلىش بىلەن ئۆزۈڭلارغا خەۋپ قورقۇنچ ئېلىپ كەلمەڭلار. (ياكى قەرز سەۋەبلىك ئۆزۈڭلارنى قاتتىق قورقۇتماڭلار، ياكى شۇنچە ئاسان بولغان ئىسلام دىنىنى قىيىن قىلىۋېلىپ، ئۆزۈڭلارغا ئىككى ئالەمدە خەۋپ، قورقۇنچ ئېلىپ كەلمەڭلار دېگەن بولىدۇ). بەيھەقى توپلىغان، سۇيۇتى زەئىپ دېگەن . ئەلبانى ھەسەنگە كۆتۈرۈلدۇ دېگەن .

7260 ( صحيح ) لا تدخل الملائكة بيتا فيه تماثيل أو تصاوير ( م ) عن أبي هريرة

7260. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈرەت، ھەيكەل، رەسىم بار ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

لا تدخل الملائكة بيتا فيه صورة إلا رقم في ثوب( حم ق د ن ) عن أبي طلحة

7261. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈرەت، رەسىم بار ئۆيگە پەرىشتىلەر كىرمەيدۇ، لېكىن، كىيىم ـ كېچەك بىساتىڭلاردىكى

رەقەم نەقىش گۈللەر بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7262** ( صحيح ) لا تدخل الملائكة بيتا فيه كلب و لا صورة ( حم ق ت ن ه ) عن أبي طلحة

7262. ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىت بار ئۆيگە، سۈرەت، رەسىم بار ئۆيگە رەھمەت پەرىشتىلىرى كىرمەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7263** ( صحيح ) لا تدخلوا على هؤلاء المعذبين إلا أن تكونوا باكين فإن لم تكونوا باكين فلا تدخلوا عليهم لا يصيبكم ما أصابهم ( حم ق ) عن ابن عمر

7263. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئاۋۇ ئازابلانغان ھالاك قىلىنغانلارنىڭ دىيارلىرىغا يىغلىغۇچى بولۇپ كىرىڭلار، ئەگەر يىغلىغۇچىلاردىن بولالمىساڭلار، ئۇلارنىڭ ئۇستىگە كىرمەڭلار، سىلەرگە، ئۇلارغا يەتكەن مۇسىبەت، ئازاب يېتىپ قالمىسۇن. (بۇ ھەدىسنى ھىجر دېگەن جايدىن يەنى ھالاك قىلىنغان، ئۇممەتنىڭ دىياردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ دېگەن ئىدى). ئەھمەد، بەيھەقىيلار توپلىغان، سەھىھ.

**7264** ( صحيح ) لا تدع تمثالا إلا طمسته و لا قبرا مشرفا إلا سويته ( م ن ) عن علي

7264. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: سەن سۈرەت، ھەيكەل قالدۇرماي چېقىپ، بۇزۇپ ئۆچۈرۈپ تاشلا، ئېگىز قەبرىلەرنى قويماي چېقىپ، تۈپتۈز قىلىۋەتكىن دېگەن ئىدى. مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7265** ( صحيح ) لا تدعوا بالموت و لا تتمنوه فمن كان داعيا لا بد فليقل: اللهم أحيني ما كانت الحياة خيرا لي و توفني إذا كانت الوفاة خيرا لي( ن ) عن أنس

7265. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆلۈمنى سوراپ دۇئا قىلماڭلار، ئۆلۈمنى ئارزۇمۇ قىلماڭلار، كىم چارە - ئامالسىز ئۆلۈمنى تىلىمەكچى بولسا، ئۆلۈمنى سوراپ دۇئا قىلماقچى بولسا، مۇنداق دېسۇن. «ئى ئاللاھ، ھاياتلىق ماڭا ياخشى بولسا، مېنى ھايات قالدۇرسىلا، ۋاپاتىم ماڭا ياخشى بولسا، مېنى ۋاپات تاپقۇزسىلا» .مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

لا تدعوا على أنفسكم إلا بخير فإن الملائكة يؤمنون على ما تقولون ( حم م د ) عن أم سلمة

7266. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆزۈڭلارغا پەقەت ياخشىلىق سوراش بىلەن دۇئا قىلىڭلار، چۈنكى، پەرىشتىلەر سىلەر دۇئادا دېگەن سۆزلەرگە ئامىن دەپ تۇرىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7267** ( صحيح ) لا تدعوا على أنفسكم و لا تدعوا على أولادكم و لا تدعوا على خدمكم و لا تدعوا على أموالكم لا توافقوا من الله ساعة يسأل فيها عطاء فيستجاب لكم( د ) عن جابر

7267. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆزۈڭلارغا قارشى دۇئا قىلماڭلار، باللىرىڭلارنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىڭلارنىڭ مال - مۈلۈكىڭلارنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلماڭلار، ئاللاھ تەرەپتىن ھەر قانداق نەرسە سورىسا، بېرىلىدىغان بىر سائەت

بولۇپ، شۇ سائەتكە، زىيانغا دۇئا قىلىش بىلەن مۇۋاپىق كېلىپ قالماڭلار، ئۇنداق بولمىسا دۇئايىڭلار، ئىجابەت قىلىنىپ كېتىدۇ. ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ.

**7268 ( صحيح ) لا تدفنوا موتاكم بالليل إلا أن تضطروا ( ه ) عن جابر**

7268. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆلۈپ كەتكەن مېيىتلەرنى كېچىدە دەپنە قىلماڭلار، لېكىن، زۆرۈر بولۇپ قالسا، زۆرۈرىيەتكە چۈشۈپ قالساڭلار، دەپنە قىلىشىڭلار. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7269 ( صحيح ) لا تديموا النظر إلى المجذومين ( حم ه ) عن ابن عباس**

7269. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جوزام كېسىلىگە يۇقۇملۇق بىر خىل تېرە كېسىلىگە تىكىلىپ دائىم قارىماڭلار. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7270 ( صحيح ) لا تذبحن ذات در ( ت ) عن أبي هريرة**

7270. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈتلۈك ھايۋاننى يەنى بالىسى بار، بالىسنى ئېمىتىۋاتقان ياكى بوغاز ھايۋاننى ئۆلتۈرمەڭلار. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7271 ( صحيح ) لا تذكروا هلكاكم إلا بخير( ن ) عن عائشة**

7271. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر، ئۆلۈپ كەتكەن، ھالاك بولۇپ كەتكەن كىشىلىرىڭلارنى پەقەت ياخشىلىق بىلەنلا تىلغا ئېلىڭلار، يامانلىقلىرىنى قەتئىي تىلغا ئالماڭلار. نەسەئى 1909 ـ ھەدىس، 1910 ـ ھەدىستە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى تىللىماڭلار، ئۇلار قىلغان ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىگە يېتىپ بولدى دېيىلگەن. سەھىھ.

**7272 ( صحيح ) لا تذهب الدنيا حتى تصير للكع بن لكع( حم ) عن أبي هريرة**

7272. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ دۇنيا، مۇتىھەم، ئەخمەق، پەسكەش، ئىلىمسىزنىڭ بالىسى بولغان مۇتىھەم، پەسكەش، ئەخمەق، ئىلىمسىزنىڭ قول ئىلكىگە ئۆتمەي تۇرۇپ يوقالمايدۇ. (يەنى پەسكەش، تۆھمەتخور، ئەخمەق، نادان، ئىلىمسىز، دۆت كىشى باشلىق باي بولماي تۇرۇپ، قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە سەبىي، كىچىك بالا پادىشاھ بولماي تۇرۇپ قىيامەت قايىم بولمايدۇ). ئەھمەد 7972 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**لا تذهب الأيام و الليالي حتى تشرب طائفة من أمتي الخمر يسمونها بغير اسمها ( ه ) عن أبي أمامة**

7273. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە كىشىلەر ھاراقنى، ھاراق دېگەن ئىسمىدىن باشقا بىر ئىسىمنى قويۇۋېلىپ، ئىچىپ كەتمىگۈچە كېچە ـ كۈندۈزلەر يوقاپ كەتمەيدۇ، (يەنى باشقا ئىسىم بىلەن ھاراقنى ئىچىپ كەتمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7274 ( صحيح ) لا تذهب الأيام و الليالي حتى يملك رجل يقال له الجهجاه ( م ) عن أبي هرير**

7274. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇنداق دېگەن: جەھجاھ دېيىلىدىغان كىشى پادىشاھ بولمىغۇچە، كېچە ـ كۈندۈزلەر يوقاپ كەتمەيدۇ، يەنى قىيامەت قايىم بولمايدۇ. مۇسلىم 5183 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2154 ـ ھەدىس، سەھىھ.

لا تذهب الدنيا و لا تنقضي حتى يملك رجل من أهل بيتي يواطئ اسمه اسمي( حم د ت ) عن ابن مسعود

7275. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسمى مېنىڭ ئىسمىمغا مۇۋاپىق كېلىدىغان يەنى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ دېيىلىدىغان، مېنىڭ ئەھلى ـ بەيتىمدىن بولغان كىشى پادىشاھ بولماي تۇرۇپ بۇ دۇنيا يوقالمايدۇ، يەنى قىيامەت قورۇلمايدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7276** ( صحيح ) لا ترجعوا بعدي كفارا يضرب بعضكم رقاب بعض ( حم ق ن ه ) عن جرير ( حم خ د ن ه ) عن ابن عمر ( خ ن ) عن أبي بكرة ( خ ت ) عن ابن عباس

7276. جەرىر، ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ بەكرەت، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەندىن كېيىن بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ بويىنىغا قىلىچ ئۇرۇش بىلەن ئۆزئارا جەڭ قىلىشىپ، كاپىرلىققا قايتىپ كەتمەڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**7277** ( صحيح ) لا ترجعوا بعدي كفارا يضرب بعضكم رقاب بعض و لا يؤخذ الرجل بجريرة أبيه و لا بجريرة أخيه ( ن ) عن ابن عمر

7277. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەندىن كېيىن بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ گەردىنىگە قىلىچ ئۇرۇپ، كاپىرلىققا قايتىپ كەتمەڭلار، كىشى دادىسىنىڭ قېرىندىشىنىڭ يېقىن، تۇغقىنىنىڭ جىنايىتىگە، گۇناھىغا تۇتۇلمايدۇ، جازالانمايدۇ. (جىنايەتچى ئۆزى جازالىنىدۇ، باشقىلار، باشقىلارنىڭ ھەتتا بالا، دادىسىنىڭ ئانىنىڭ جىنايىتىگە جازاغا تارتىلمايدۇ، تۇتۇلمايدۇ، سولانمايدۇ). نەسەئى 4098 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7278** ( صحيح ) لا ترسلوا فواشيكم و صبيانكم إذا غابت الشمس حتى تذهب فحمة العشاء فإن الشياطين تبعث إذا غابت الشمس حتى تذهب فحمة العشاء( حم م د ) عن جابر

7278. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۈن كىرگەن چاغدا، تارقىلىپ كېتىدىغان تۆگە، قويلىرىڭلارنى، سەبىي، كىچىك باللىرىڭلارنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى تۈنجى زۇلمىتى كەتكەنگە قەدەر قويۇپ بەرمەڭلار، سىرتقا چىقارماڭلار، ھەقىقەتەن شۇ چاغدا جىن ـ شەيتانلار ناھايىتى كۆپ تارقاپ كېتىدۇ. مۇسلىم 3757 ـ ھەدىس، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7279** ( صحيح ) لا ترغبوا عن آبائكم فمن رغب عن أبيه فهو كفر ( ق ) عن أبي هريرة

7279. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: داداڭلاردىن يۈز ئۆرۈمەڭلار، كىم دادىسىدىن، ئەجدادىدىن يۈز ئۆرىسە، ئۇ كاپىر بولىدۇ، (يەنى كۇفرى نىئمەت بولىدۇ). بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**7280** ( صحيح ) لا ترفعوا أبصاركم إلى السماء في الصلاة أن تلتمع ( ه طب ) عن ابن عمر

7280. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: قويۇلۇپ كەتمەسلىكى، كور بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن نامازدا تۇرۇپ كۆزۈڭلارنى ئاسمانغا كۆتۈرمەڭلار. ئىبنى ماجە، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**7281** ( صحيح ) لا ترقبوا أموالكم فمن أرقب شيئا فهو لمن أرقبه ( ن ) عن ابن عباس

7281. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مال ـ مۈلۈكۈڭلارنى مەن ئۆلسەم سىنىڭ بولسۇن دېمەڭلار، كىم بىرەر نەرسىنى شۇنداق دېسە، ئۇ نەرسە شۇ سۆز دېيىلگەن كىشىنىڭ بولىدۇ. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

لا ترقبوا و لا تعمروا فمن أعمر شيئا أو أرقبه فهو للوارث إذا مات ( د ن حب ) عن جابر

7282. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ئۆلسەم بۇماللار سىنىڭ، مەن ھاياتلا بولسام ياكى سەن ھاياتلا بولساڭ بۇ ماللاردىن نەپ بەھرىمەن بولىمىز دېمەڭلار ، كىم مال ـ مۈلۈكىدىن بىرەر نەرسىنى يۇقىرىقىدەك دەپ ئۇمرا رۇقبا قىلسا، ئۇ ماللار شۇ سۆزنى دېگۈچى ، ئۆلگەن ھامان ھېلىقى كىشىنىڭ ۋارىسىنىڭ بولۇپ كېتىدۇ. ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

بەزىلەر يۇقىرىدا ئۆتۈپ كەتكەن، ھەدىسنى دەلىل قىلىپ، ۋەسىيەت قىلىنغان مىقداردا مالنىڭ ئۈچتىن بىرى بېرىلىدۇ دېدى. لېكىن، مىيراس ۋارىسىنىڭ بولاتتى، بەزىلەر ئۇمرا، رۇقبا، ھەدىيە، سوۋغا ـ سالامغا ئوخشاش دۇرۇس. ۋارىسىنىڭ دېگىنى شۇ سۆز دېيىلگەن، نەرسە بېرىلگەن كىشىنىڭ ۋارىسىنىڭ بولىدۇ، بۇ دۇرۇس دېگەن . ئۇمرا رۇقبا جائىز دېگىنى يۈرۈپ كېتىدۇ، بەرگۈچى قايتۇۋالالمايدۇ دېگەن بولىدۇ. توسقان نەھىيلار، مال ـ مۈلۈكنى قولدىن چىقارماسلىقتا دېيىلگەن، مەكرۇھ ياكى ئەمەلدىن قالغان بۇ مۇتلەق دۇرۇس دېيىلدى، نەسەئى شەرھىسىدىن ئېلىندى. ۋاللاھۇ ئەئلەم.

**7283** ( صحيح ) لا تركبوا الخز و لا النمار ( د ) عن معاوية

7283. مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يىپەك ئارىلاش توقۇلغان نەرسىگە، يىلپىزنىڭ تېرىسىگە مىنمەڭلار. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7284** ( صحيح ) و وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **6212** لا تزال أمتي بخير ما عجلوا الإفطار ( و أخروا السحور ) ( حم ) عن أبي ذر

7284. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىم ئىپتارنى تېز، ئالدىراپ بۇرۇن قىلسىلا ، زوھۇرلۇقنى كېچىكتۈرۈپ يېسىلا ياخشىلىقتا داۋام قىلىۋېرىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، (چۈنكى، شام نامىزى كېچىكىپ كېتىدۇ). سەھىھ.

**7285** ( صحيح ) لا تزال أمتي على الفطرة ما لم يؤخروا المغرب إلى اشتباك النجوم ( حم د ك ) عن أبي أيوب وعقبة بن عامر ( ه ) عن العباس

7285. ئەبۇ ئەييۇب، ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىم شام نامىزنى يۇلتۇزلار ئاشكارا بولۇپ، بىر ـ بىرىگە نۇرى گىرەلىشىپ، كىرىشىپ كەتكەنگە قەدەر كېچىكتۈرمىسىلا ، ئىسلام ئۈستىدە، ياخشىلىقتا داۋام قىلىپ تۇرالايدۇ. (ئەگەر شام نامىزنى يۇلتۇزلار كۆرۈنگىچە كېچىكتۈرسە ۋە باشقا نامازنىمۇ كېچىكتۈرسە، ياخشىلىق يوق، ئىسلامدا مۇقىم داۋام قىلمايدۇ). ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەسىر بىلەن شام نامىزىغا

گۇزەتچى بولۇپ ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىڭلار.

7286 ( صحيح ) لا تزال جهنم يلقى فيها و تقول: ( هل من مزيد )حتى يضع فيها رب العزة قدمه فيتروي بعضها إلى بعض و تقول: قط قط و عزتك و كرمك و لا يزال في الجنة فضل حتى ينشئ الله لها خلقا آخر فيسكنهم في فضول الجنة ( حم ق ت ) عن أنس

7286. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قېتىم جەھەننەمگە دوزاخ ئەھلى تاشلانسا، ئۇ يەنە بارمۇ؟ يەنە بارمۇ؟ دەپ تولمايدۇ، تاكى ئۇنىڭغا غالىب ، ئىززەتنىڭ ئىگىسى بولغان رەببىئاللا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بار بولغان ئوخشىشى يوق قەدىمىنى قويغاندا دوزاخنىڭ بەزىسى بەزىسىگە يىمىرىلىپ، قاتلىشىپ، پۈكۈلۈپ، قەتتۇ، ئەمدى بولدى، تولدۇم دەپ كېتىدۇ. ئىززىتىڭ بىلەن ئۇلۇغلۇقۇڭ، سېخىيلىقىڭ بىلەن قەسەمكى، تولدۇم دەيدۇ. جەننەتتە بولسا، ئوشۇق بوش ئورۇن بولۇپ، ئاللاھتائالا ئۇ جايغا يەنە بىر مەخلۇقلارنى يارىتىدۇ، ئۇلارنى جەننەتنىڭ ئارتۇق بوش ئورۇنلىرىدا تۇرغۇزىدۇ، (ئى ئاللاھ، ئى ئاللاھ! بىزلەرنى دوزاخدىن قۇتقۇزۇپ، جەننەتكە كىرگۈزسلە، ئامىن). ئەھمەد ، بەيھەقى، تىرمىزىيلار توپلىغان، سەھىھ.

7287 ( صحيح )لا تزال طائفة من أمتي ظاهرين على الحق حتى تقوم الساعة ( ك ) عن عمر

7287. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە كىشىلەر قىيامەت قايىم بولغىچە غەلىبە قىلغان ھالدا، ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرىۋېرىدۇ.. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

7288. بۇ ھەدىس، يۇقىرىقىغا ۋە تۆۋەندىكىگە ئوخشاش.

لا تزال طائفة من أمتي ظاهرين على الحق لا يضرهم من خذلهم حتى يأتي أمر الله و هم كذلك( م ت ه ) عن ثوبان

7289. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە بىر بۆلۈك كىشىلەر ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر غەلىبە قىلغان ھالدا ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرىدۇ، ئۇلارغا خىلاپلىق قىلغان ئاسىي بولغان كىشىلەر ھەرگىز زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئەمرى، قىيامەت ياكى ئۇلارنىڭ جانلىرىنى ئالىدىغان شامال كەلگەندىمۇ غالىب ھالەتتە تۇرىدۇ.(ئاندىن ئۆلىدۇ) مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7290 ( صحيح ) لا تزال طائفة من أمتي قائمة بأمر الله لا يضرهم من خذلهم و لا من خالفهم حتى يأتي أمر الله و هم ظاهرون على الناس ( حم ق ) عن معاوية

7290. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە كىشىلەر، ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە غەلىبە قىلغان ھالەتتە، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەرپا قىلغان ھالدا ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرىدۇ، ئۇلارغا خىلاپلىق قىلغان ئاسىي بولغان، ئۇلارنى خارلىماقچى بولغانلار زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەھمەد ، بەيھەقىيلار توپلىغان ، سەھىھ.

7291. بۇ ھەدىس، يۇقىرىقىغا ۋە تۆۋەندىكىگە ئوخشاش.

ا تزال طائفة من أمتي منصورين لا يضرهم خذلان من خذلهم حتى تقوم الساعة ( ه حب ) عن قرة بن أياس

7292. قۇررەت ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە كىشىلەر قىيامەت قايىم بولغىچە نۇسرەت ئاتا قىلىنىپ، ياردەمگە ئېرىشىپ غەلىبە قىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارغا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ ئاسىيلىقى، خارلىشى قىلچە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

لا تزال طائفة من أمتي يقاتلون على الحق ظاهرين إلى يوم القيامة فينزل عيسى بن مريم فيقول أميرهم: تعال صل لنا فيقول: لا إن بعضكم على بعض أمير تكرمة الله لهذه الأمة ( حم م ) عن جابر

7293. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن بىر بۆلەك كىشىلەر قىيامەت كۈنىگىچە ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، غەلىبە قىلغان ھالدا دۈشمەنلەرگە قارشى جەڭ قىلىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئەڭ ئاخىرقى تائىپە ئارىسىغا مەريەم ئوغلى ئەيسا چۈشىدۇ، ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئەمىرى، خەلىپىسى بۇياققا كەل! بىزگە ناماز ئوقۇپ بەرگىن دەيدۇ. ئەيسا: ياق، ھەققەتەن بەزىڭلار بەزىڭلارغا ئەمىر، ئىمام بولىسىلەر، بۇ ئاللاھتائالانىڭ بۇ ئۈممەتنى ھۆرمەتلىشىدۇر دەيدۇ. مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

7294 ( صحيح ) لا تزال طائفة من أمتي يقاتلون على الحق ظاهرين على من ناوأهم حتى يقاتل آخرهم المسيح الدجال ( حم د ك ) عن عمران بن حصين

7294. ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە كىشىلەر، تاكى ئۇلارنىڭ ئاخىرى دەججالغا قارشى ئۇرۇش قىلغانغا قەدەر، ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، غەلىبە قىلغان ھالدا، ئۇلارغا خىلاپلىق قىلغان قارشى كىشىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ تۇرىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ تائىپە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىنى، خەلىپىلەر سۈننىتىنى چىڭ چىشلىگەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ، ساھابىلار، تابىئىنلارنىڭ ئەقىدىسىدىكى، ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسىدىكى توغرا يولنى يول تۇتقان، سەلەف، سالىھلار يولىدىكى ھەققەتچى، سۈننەتچى، ئەسلىيەتچىلەردۇر. ئۇلارنىڭ شوئار ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ!، قۇرئان كالامۇللاھ، ھەدىسى رەسۇلۇللاھ، ساھابىلار، تابىئىنلار دەپ تۇۋلاشتۇر، ئى ئاللاھ، بىزلەرنى ساھابىلار، تابىئىنلار، سەلەف، سالىھلار ئاشۇ بىر تائىپە غالىبلار قاتارىدىن قىلسىلا ئامىن!

7295. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ۋە تۆۋەندىكىسىگە ئوخشاش.

7296 ( صحيح ) لا تزال عصابة من أمتي يقاتلون على أمر الله قاهرين لعدوهم لا يضرهم من خالفهم حتى تأتيهم الساعة و هم على ذلك ( م ) عن عقبة بن عامر

7296. ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن بىر بۆلۈك جامائەتلەر قىيامەت كەلگەنگە قەدەر دۈشمەنلىرىنى قەھرى بىلەن يېڭىپ، غەلىبە قىلغان ھالدا، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەرپا قىلىپ مەملىكەتۇللاھنى قۇرۇپ، قۇرئاننى قانۇن قىلىپ، دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ تۇرىدۇ. قىيامەت قايىم بولغىچە، ئاخىرى دەججالنى ئۆلتۈرگىچە ئەنە شۇنداق غالىب ھالەتتە تۇرىدۇ. مۇسلىملار توپلىغان، سەھىھ. بۇ توغرىسىدىكى ھەدىس مۇتەۋاتىردۇر.

لا تزكوا أنفسكم الله أعلم بأهل البر منكم سموها زينب( م د ) عن زينب بنت أبي سلمة

7297. زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەينەپنىڭ ئىسمىنىڭ بەررەت يەنى ياخشى كىشى دېگەن بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ: سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئاقلاپ، ياخشى دەۋالماڭلار، ئاللاھ سىلەردىن ياخشىلىق ئەھلىنى ئوبدان بىلىپ تۇرىدۇ، بۇرۇنلا بىلەتتى ، سىلەر ئۇنى زەينەپ دەپ ئاتاڭلار دېگەن . مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

7298 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 6214 لا تزوج المرأة المرأة و لا تزوج المرأة نفسها ( فإن الزانية هي التي تزوج نفسها ) ( ٥ ) عن أبي هريرة

7298. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى ئايال كىشىنى ۋەلىيسىز ئەرگە بېرەلمەيدۇ ، ئايال كىشى ئۆزىمۇ ۋەلىيسىز ئەرگە تېگەلمەيدۇ، ئۆزىنى ئەرگە بېرىدىغىنى پەقەت زىناخور ئايالدۇر. ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ. بۇ ھەدىسىدىن ئايال كىشى ۋەلى بولالمايدۇ، ھەم ۋەلىيسىز توي قىلالمايدۇ، بۇنىڭدىن تۇل قالغان ئاياللار مۇستەسنادۇر.

لا تزول قدما ابن آدم يوم القيامة من عند ربه حتى يسأل عن خمس: عن عمره فيم أفناه ؟ و عن شبابه فيم أبلاه ؟ و عن ماله من أين اكتسبه ؟ و فيم أنفقه ؟ و ماذا عمل فيما علم ؟ ( ت ) عن ابن مسعود

7299. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئادەم بالىسىنىڭ ئىككى قەدىمى بەش نەرسىدىن سورۇلۇپ بولمىغۇچە پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا مۇقىم تۇرىۋېرىدۇ، ئۇنىڭ ئۆمرىدىن سورىلىدۇ، ئۇ ئۆمرىنى قايسى ئىشلاردا ئاخىرلاشتۇردى؟ ياشلىقىدىن سورىلىدۇ، ياشلىقىنى نېمىگە سەرپ قىلىپ تۈگەتتى، قانداق ئۆتكۈزدى، مېلىدىن سورىلىدۇ، ئۇ مال ـ دۇنياسىنى نەدىن تاپتى، قانداق تاپتى، قەيەرگە چىقىم قىلدى؟ بىلگەن ئىلمىگە قانداق ئەمەل قىلدى، نېمە قىلدى، قىلغانلىرىنى نېمە ئۈچۈن قىلدى؟ ھەممىدىن سورىلىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

7300 ( صحيح ) لا تزول قدما عبد حتى يسأل عن أربع: عن عمره فيم أفناه و عن علمه ما فعل فيه و عن ماله من أين اكتسبه و فيم أنفقه و عن جسمه فيم أبلاه ( ت ) عن أبي برزة

7300. ئەبۇ بەرزەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندىنىڭ ئىككى قەدىمى تۆت نەرسىدىن سورۇلۇپ بولمىغۇچە مۇقىم تۇرىۋېرىدۇ.

بىرىنچى، ئۇ ئۆمرىنى قانداق ـ قانداق ئىشلاردا ئاخىرلاشتۇردى، نەتىجىسى نېمە بولدى، نېمە قالدۇردى، نېمىنى ئېلىپ باردى.

ئىككىنچى، ئۇ بىلگەن، ئۆگەنگەن ، ئاڭلىغان ئىلمىگە قانداق ئەمەل قىلدى، نېمە قىلدى؟

ئۈچىنچى، ئۇ مال ـ دۇنياسىنى قەيەردىن تاپتى، قانداق تاپتى، نەگە چىقىم قىلدى؟

تۆتىنچى، ئۇ جىسمىنى، تەن سالامەتلىكىنى، كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى نېمىگە سەرپ قىلىپ تۈگەشتۈردى، نېمىنى دەپ چىرىتتى؟ سورىلىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

لا تسافر المرأة إلا مع ذي محرم و لا يدخل عليها رجل إلا و معها محرم ( حم ق ) عن ابن عباس

7301. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى مەھرەمسىز سەپەر قىلمايدۇ، نىكاھ ھارام بولىدىغان مەھرەم ئىگىسى بىلەن (يەنى

دادىسى، ئاكىسى، ئىنىسى، تاغىسى، ئوغلى بىلەن) سەپەر قىلسا بولىدۇ، ئايال كىشىنىڭ قىشىغا مەھرەمسىز كىشى كىرمەيدۇ، مەھرەم ئىگىسى بىلەن بىللە كىرىشى لازىم. بەيھەقى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**7302** ( صحيح ) لا تسافر المرأة بريدا إلا و معها محرم يحرم عليها ( د ك ) عن أبي هريرة

7302. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى يىبىرىم كۈنلۈك مۇساپىگىمۇ سەپەر قىلسا بولمايدۇ، پەقەت نىكاھ ھارام بولىدىغان مەھرەم بىلەن سەپەر قىلسا بولىدۇ، (مەھرەم ئىگىسى دېگەن ، شۇ ئايالغا نىكاھلاش ھارام بولىدىغان، تۇلۇپمۇ ۋاقىتلىق ئەمەس، مەڭگۈ ھارام بولىدىغان كىشى بولىدۇ، دادىسى، قېرىندىشى، ئوغلىدەك، تاغىسىدەك، ھەمشىرىسىنىڭ ئېرى، ۋاقىتلىق ھارام بولغاچقا مەھرەم ھېسابلانمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن سەپەر قىلسا دۇرۇس ئەمەس). ئەبۇ داۋۇد ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**7303** ( صحيح ) لا تسافر المرأة ثلاثة أيام إلا مع ذي محرم ( حم ق د ) عن ابن عمر

7303. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى ئۈچ كۈنلۈك سەپەرنى مەھرەمسىز قىلسا بولمايدۇ، مەھرەم ئىگىسى بىلەن بىرگە قىلىدۇ. ئەھمەد ، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. بەزى ھەدىس، مۇتلەق سەپەر، بەزىسى يىبىرىم كۈن، بەزىسى بىر كېچە ـ كۈندۈز، بەزىسى ئۈچ كۈن دېيىلگەن، خۇلاسە، يىبىرىم كۈندىن ئۈچ كۈنگىچە سەپەرنى مەھرەمسىز قىلمايدۇ.

**7304** ( صحيح ) لا تسافر المرأة مسيرة يومين إلا و معها زوجها أو ذو محرم منها و لا صوم في يومين: الفطر و الأضحى ( خ ) عن أبي سعيد

7304. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى يالغۇز ھالدا ئىككى كۈنلۈك مۇساپە كېلىدىغان سەپەرنى قىلمىسۇن، لېكىن، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئېرى ياكى نىكاھ ھارام بولىدىغان مەھرەم بىللە بولسا سەپەر قىلسۇن، روزا ھېيت، قۇربان ھېيتتىن ئىبارەت ئىككى كۈندە روزا تۇتۇش دۇرۇس ئەمەس. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**7305** ( صحيح ) لا تسافروا بالقرآن فإني لا آمن أن يناله العدو ( م ) عن ابن عمر

7305. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دۈشمەن زېمىنىغا قۇرئان بىلەن بىرگە سەپەر قىلماڭلار، ھەقىقەتەن مەن قۇرئانغا دۈشمەنىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىپ، چېقىلىشىدىن خاتىرجەم بولالمايمەن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

لا تسأل المرأة طلاق أختها لتستفرغ صحفتها و لتنكح فإن لها ما قدر لها ( خ د ) عن أبي هريرة

7306. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى قېرىندىشىنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ قاچىسىنى بىكارلاپ، پاكلاپ ئۆزى نىكاھلىنىشى ئۈچۈن ئاچا ـ سىڭلىسىنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ تالاق قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىپ سورىمىسۇن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭغىمۇ تەقدىر قىلىنغان نەرسە باردۇر. بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

لا تسأل الناس شيئا و لا سوطك و إن سقط منك حتى تنزل إليه فتأخذه ( حم ) عن أبي ذر

7307. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: كىشلەردىن ھېچنەرسە سورىمىغىن، ھەتتا چۇشۇپ كەتكەن قامچاڭنى ئېلىپ بېرىشنىمۇ سورىمىغىن، ئەگەر سەندىن چۇشۇپ كەتسە، ئۆزۈڭ ئاتتىن چۇشۇپ ئالغىن. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**7308** ( صحيح ) لا تسألوني عن شيء إلى يوم القيامة إلا حدثتكم ( حم ق ) عن أنس

7308. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىملىق خۇتبىسىدە، سىلەر مەندىن قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر نەرسىلەردىن سوراڭلار، مەن ئۇنى سىلەرگە سۆزلەپ بېرىمەن، قېنى سوراڭلار دېگەن . (يەنە بىر خاتىرىدە سۆزلەپ بەرگەن). ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**7309** ( صحيح ) لا تسبن أحدا و لا تحقرن من المعروف شيئا و لو أن تكلم أخاك و أنت منبسط إليه وجهك إن ذلك من المعروف و ارفع إزارك إلى نصف الساق فإن أبيت فإلى الكعبين و إياك و إسبال الإزار فإنه من المخيلة و إن الله لا يحب المخيلة و إن امرؤ شتمك و عيرك بما يعلم فيك فلا تعيره بما تعلم فيه فإنما وبال ذلك عليه ( د ) عن جابر بن سليم

7309. جابىر ئىبنى سەلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ھېچ كىشىنى تىللاپ، ئەيىبلىمە، گەرچە سەن قېرىندىشىڭغا خۇشخۇي، تەبەسسۇم چىراي بىلەن سۆز قىلغانچىلىك ياخشىلىقنىمۇ كىچىك سانىما، ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىشمۇ ياخشىلىقتۇر، ئىشتىنىڭنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى پاچاقنىڭ يېرىمىغىچە كۆتۈرگىن، ئەگەر ئۇنىڭغا ئۇنىمساڭ، ئىككى ئوشۇققىچە بولسۇن، ئىككى ئوشۇقتىنمۇ ئىشتاننى ئۇزۇن كىيىشتىن ھەزەر قىلغىن، چۈنكى، شۇنىڭ ئۆزى مۇتەكەببىرلىكتۇر، ئاللاھ تەكەببۇرلۇقنى ياخشى كۆرمەيدۇ، ئەگەر سېنى بىر كىشى سەندە بار بولغان ئەيىب ـ نۇقسانلار بىلەن بىلىپ، سېنى تىللاپ ئەيىبلىسە، سەن ئۇ كىشىدە بار بولغان ئەيىب ـ نۇقسانلارنى بىلسەڭمۇ، ئۇ كىشىنى سەن بىلگەن نەرسىلەر بىلەن تىللاپ، ئەيىبلىمە، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ۋابالى ئۆزىگە بولىدۇ. ئەجرى، پايدىسىنى سەن ئالىسەن. ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ.

**7310** ( صحيح ) لا تسبوا أصحابي فوالذي نفسي بيده لو أن أحدكم أنفق مثل أحد ذهبا ما بلغ مد أحدهم و لا نصيفه ( حم ق د ت ) عن أبي سعيد ( م ه ) عن أبي هريرة

7310. ئەبۇ سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر مېنىڭ ساھابىلىرىمنى تىللىماڭلار، ئەيىبلىمەڭلار، جېنىم قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر بىرىڭلار ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇننى سەدىقە قىلىپ، چىقىم قىلىسىمۇ ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ بىر كىلوگرام ۋە ئۇنىڭ يېرىمىچىلىك يەنى بىر جىڭ ئاشنى يا خورمىنى سەدىقە ئېھسان قىلغىنىنىڭ ساۋاب ـ دەرىجىسىگىمۇ يېتەلمەيدۇ. مۇسلىم 4610 ـ ھەدىس، بۇخارى 3397 ـ ھەدىس، ئەھمەد 10657 ـ ھەدىس، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7311** ( صحيح ) لا تسبوا الأموات فإنهم قد أفضوا إلى ما قدموا ( حم خ ن ) عن عائشة

7311. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى تىللىماڭلار، غەيۋىتىنى قىلىپ ئەيىبلىمەڭلار، چۈنكى، ئۇلار ئىلگىرى تەقدىم قىلغان ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىگە يېتىپ بولدى، (يۇرۇپ كەتتى). ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

7312 ( صحيح ) لا تسبوا الأموات فتؤذوا الأحياء( حم ت ) عن المغيرة

7312. مۇغىيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئۆلۈپ كەتكەن ئۆلۈكلەرنى تىللىماڭلار، ئەيىبلىمەڭلار، يامانلىق بىلەن تىلغا ئالماڭلار، تىرىكلەرگە ئازار بېرىپ قويىسىلەر. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

7313 ( صحيح ) لا تسبوا الدهر فإن الله هو الدهر( م ) عن أبي هريرة

7313. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر زامانىنى(بالايى ـئاپەت ھادىسىلەرنى) تىللىماڭلار، ئەيىبلىمەڭلار، چۈنكى زامانىنى ئاللاھ تەدبىرى بىلەن باشقۇرۇپ تۇرىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

7314 ( صحيح ) لا تسبوا الديك فإنه يوقظ للصلاة ( د ) عن زيد بن خالد

7314. زەيىد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خورازنى تىللاپ ئەيىبلىمەڭلار، چۈنكى، ئۇ نامازغا ئويغىتىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

لا تسبوا الريح فإذا رأيتم ما تكرهون فقولوا: اللهم إنا نسألك من خير هذا الريح و خير ما فيها و خير ما أمرت به و نعوذ بك من شر هذا الريح و شر ما فيها و شر ما أمرت به ( ت ) عن أبي

7315. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شامالنى تىللاپ ئەيىبلىمەڭلار، سىلەر ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى كۆرسەڭلار مۇنداق دەڭلار. «ئى ئاللاھ! ھەقىقەتەن بىز بۇ شامالنىڭ ياخشىلىقىنى، ئۇنىڭدىكى نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە ئۇ شامال بۇيرۇلغان نەرسىنىڭ ياخشىلىقى پەقەت سىلىدىنلا سورايمىز، سىلىگە سىغىنىپ، بۇ شامالنىڭ يامانلىقىدىن، ئۇنىڭدىكى نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن ئۇ بۇيرۇلغان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز دەڭلار» تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

7316 ( صحيح ) لا تسبوا الريح فإنها من روح الله تعالى تأتي بالرحمة و العذاب و لكن سلوا الله من خيرها و تعوذوا بالله من شرها ( حم ه ) عن أبي هريرة

7316. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شامالنى تىللىماڭلار، چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدۇر، شامال بەزىدە رەھمەتنى، بەزىدە ئازابنى ئېلىپ كېلىدۇ. (چۈنكى، ئۇ رەھمەتلىك ۋە ئازابلىق دەپ ئىككى خىل بولىدۇ). لېكىن، سىلەر ئاللاھدىن ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى سوراپ، ئاللاھقا سىغىنىپ،ئۇنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەڭلار. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7317 ( صحيح ) لا تسبوا الريح فإنها من روح الله و سلوا الله خيرها و خير ما فيها و خير ما أرسلت به و تعوذوا بالله من شرها و شر ما فيها و شر ما أرسلت به ( ن ك ) عن أبي

7317. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شامالنى تىللىماڭلار، چۈنكى، ئۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى، ئاللاھدىن شامالنىڭ ياخشىلىقىنى، ئۇنىڭدىكى نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى ئۇ ئەۋەتىلگەن نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى سوراڭلار، ئاللاھقا سىغىنىپ

شامالنىڭ يامانلىقىدىن، ئۇنىڭدىكى نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن، ئۇ ئەۋەتىلگەن نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەڭلار. نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

7318 ( صحيح ) لا تسبوا الشيطان و تعوذوا بالله من شره ( المخلص ) عن أبي هريرة

7318. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر شەيتاننى قىلىن سۆز بىلەن ئاغزى بەزەپلىك بىلەن تىللىماي، ئاللاھقا سىغىنىپ، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەڭلار، مۇخلىس توپلىغان، سەھىھ.

(چۈنكى، ئىغىزىمىزنى بۇزۇپ قىلىن سۆز قىلساق، پەرىشتىلەر قاچىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەيتاننىڭ ئۆزىگە لايىق لەقەم، ئۇنۋانى بار، مەسىلەن: كاپىر، مەلئۇن، رەجىيم دېگەندەك ، ئۇنىڭغا لەنەت قىلسا، دوۋزاخ ئەھلى دېسە، كاپىر دېسە بولىدۇ، چۈنكى بۇنى قۇرئاندا دېگەن . كافىر! دېگەندىن ئارتۇق دوۋزىخى! دېگەندىن ئارتۇق لەنەت قىلىشدىن ئارتۇق قايسى تىل ھاقارەت بار؟)

7319 ( صحيح ) لا تسبوا تبعا فإنه كان قد أسلم ( حم ) عن سهل بن سعد

7319. سەھلى ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان تۇببەئنى تىللىماڭلار، چۈنكى، ئۇ ھەقىقەتەن مۇسۇلمان بولغان، (يۇقىرىدا مەن ئۇنى پەيغەمبەرمۇ؟ ياكى پەيغەمبەر ئەمەسمۇ بىلەلمىدىم دېگەن ئۆتتى). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

7320 ( صحيح ) لا تسبوا ورقة بن نوفل فإني قد رأيت له جنة أو جنتين ( ك ) عن عائشة

7320. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (بۇخارىينىڭ ئۈچىنچى ھەدىسىدە تىلغا ئېلىنغان خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى بولغان) ۋەرەقەت ئىبنى نەۋفەلنى تىللاپ ئەيىبلىمەڭلار، چۈنكى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر جەننەت ياكى ئىككى جەننەت بېرىلگەننى كۆردۈم. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

لا تسبي الحمى فإنها تذهب خطايا بني آدم كما يذهب الكير خبث الحديد ( م ) عن جابر

7321. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىزىتما كېسەلنى تىللىماڭلار، ئەيىبلىمەڭلار. چۈنكى ئۇ خۇددى كورەك ئوتى تۆمۈرنىڭ كىرىنى تازىلاپ يوقاتقاندەك ئادەم باللىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

7322 ( صحيح ) لا تسبي الحمى فإنها تنفي الذنوب كما تنفي النار خبث الحديد ( ه ) عن أبي هرير

7322. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىزىتما كېسەلنى تىللىماڭلار، چۈنكى، بۇ كېسەل خۇددى ئوت، تۆمۈرنىڭ داد، كىرلىرىنى تازىلىغاندەك گۇناھلارنى تازىلاپ، يوق قىلىۋېتىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7323 ( صحيح ) لا تستبطئوا الرزق فإنه لم يكن عبد ليموت حتى يبلغه آخر رزق هو له فاتقوا الله و أجملوا في الطلب أخذ الحلال و ترك الحرام ( ك هق ) عن جابر

7323. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رىزىقنى كېچىكىپ قالدى دەپ ئۇنىڭغا ئالدىرىماڭلار، بەندە ئۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈلگەن ئەڭ ئاخىرقى

رىزقىغا يەتمەي تۇرۇپ ھەرگىز ئۆلۈپ كەتمەيدۇ. ئاللاھدىن قورقۇڭلار، تەقۋادار بولۇڭلار ، ھالالنى ئېلىش بىلەن ھارامنى تەرك ئېتىش بىلەن رىزىق تەلەپ قىلىشنى چىرايلىق قىلىڭلار.(سىلەر ئالدىرىساڭلارمۇ رىزقىڭلار ۋاقتى پۈتۈلگەن)بەيھەقى،ھاكىم توپلىغان ، سەھىھ.

**7324** ( حسن ) لا تستقبلوا السوق و لا تحفلوا و لا ينفق بعضكم لبعض ( حم ت ) عن ابن عباس

7324. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بازارغا ھەممىدىن بۇرۇن بېرىۋالماڭلار، مالنىڭ ئالدىنىمۇ توسماڭلار، سېتىۋالغۇچى خېرىدارنى ئالداپ ھايۋاننىڭ يېلىنىگە سۈت يىغماڭلار، سۈتلۈك كۆرسەتمەڭلار، سېتىۋالغۇچىنى ئالداپ، بەزىڭلار بەزىڭلار ئۈچۈن مالنىڭ باھاسىنى زىيادە، ئۆستۈرۈپ بەرمىسۇن. تىرمىزى 1189 ـ ھەدىس، ئەھمەد 2199 ـ ھەدىس، ھەسەن.

**7325** ( صحيح ) لا تستنجوا بالروث و لا بالعظام فإنه زاد إخوانكم من الجن ( ت ) عن ابن مسعود

7325. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھايۋاننىڭ تېزىكى بىلەن، سۆڭەك بىلەن ئىستىنجا قىلماڭلار. چۈنكى، ئۇ قېرىنداشلىرىڭلار بولغان جىنلارنىڭ ئوزۇقى ـ تۈلۈكىدۇر. (تېزەك، ھايۋىنىنىڭ رىزقى). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7326** ( حسن ) لا تسكن الكفور فإن ساكن الكفور كساكن القبور ( خد هب ) عن ثوبان

7326. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كاپىرلار بىلەن بىر جايدا ياشىما، چۈنكى، كاپىرلار بىلەن بىرگە تۇرغۇچى خۇددى قەبرىستاندا قەبرە ئەھلى بىلەن بىللە تۇرغۇچىغا ئوخشايدۇ. (چۈنكى، كاپىرلار ئۆز ئەينى ئۆلۈكتۇر). بەيھەقى، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**7327** ( حسن ) و وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **6230** لا تسلموا تسليم اليهود و النصارى فإن تسليمهم إشارة بال كفوف ( و الحواجب ) ( هب ) عن جابر

7327. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ھەرگىز يەھۇدىي، ناسارالارنىڭ سالام قىلىشىغا ئوخشاش سالام قىلماڭلار، ئۇلارنىڭ سالام قىلىشى، ئالقانلىرى بىلەن ئىشارە قىلىپ قويۇشتۇر. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

لا تسم غلامك رباحا و لا أفلح و لا يسارا و لا نجيحا يقال: أثم هو فيقال لا ( د ت ) عن سمرة

7328. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ئوغلۇڭغا رەباھ، ئەپلەھ، يەسسار، نەجىيھ دېگەن ئىسىملارنى قويمىغىن، چۈنكى، ئۇ راستتىنلا پايدا ئالغۇچى، نىجات تاپقۇچى، ئاسانلىققا ئېرىشكۈچىمۇ؟ دېيىلسە ، ياق دېيىلىدۇ ، بۇ ياخشى بولمايدۇ. ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7329** ( صحيح ) لا تسم غلامك رباحا و لا يسارا و لا أفلح و لا نافعا ( د م ) عن سمرة

7329. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن بالاڭغا رەباھ، يەسسار، ئەپلەھ، نائىئ دېگەن ئىسىملارنى قويما، ئۇنداق ئاتىمىغىن. ئەبۇ داۋۇد ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

لا تسموا العنب الكرم و لا تقولوا خيبة الدهر فإن الله هو الدهر ( ق ) عن أبي هريرة

7330. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈزۈمنى كەرىم دەپ ئاتىماڭلار. (چۈنكى، يەنە بىر مەنىسى سېخى دېگەن بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھ كەرىمدۇر). ھەي زامانىنىڭ زىيىنى، ھالاكىتى دېمەڭلار ، چۈنكى، ئاللاھ زامانىنى ئىدارە قىلىپ باشقۇرىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

لا تشتره و لا تعد في صدقتك و إن أعطاكه بدرهم فإن العائد في صدقته كالعائد في قيئه ( حم ق د ن ) عن عمر

7331. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ سەدىقە قىلغان ئاتنى يەنە ئۆزى سېتىۋالماقچى بولغاندا. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنى سېتىۋالما، قىلغان سەدىقەڭگە قايتما، گەرچە ئۇ ساڭا بىر دىرھەمگە ساتسىمۇ سېتىۋالما، چۈنكى، قىلغان سەدىقە ـ ئېھسانغا قايتقۇچى، خۇددى ئۆزىنىڭ قۇسقان قۇسۇقىغا قايتقان، قۇسۇقنى يېگۈچىگە ئوخشايدۇ. (بۇ ھارام). ئەھمەد ، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

7332 ( صحيح ) لا تشد الرحال إلا إلى ثلاثة مساجد: المسجد الحرام و مسجدي هذا و المسجد الأقصى ( حم ق د ن ه ) عن أبي هريرة ( حم ق ت ه ) عن أبي سعيد ( ه ) عن ابن عمروْ

7332. ئەبۇ ھۈرەيرە، ئەبۇ سەئىد ، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مىنىدىغان ئۇلىغىڭلارنى پەقەت ئۈچ مەسجىدگە كىرىش ئۈچۈنلا باغلىساڭلار بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسىغا باغلىماڭلار، مەسجىدى ھەرەم، مېنىڭ مۇشۇ مەسجىدىم، مەسجىدۇلئەقسادۇر. ئەھمەد ، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

باشقا مەسجىدگە ياكى قەبرىستانلىققا ياكى بىرەر جايغا زىيارەت،تاۋاپ ئۈچۈن مەخسۇس يىغىلىپ، توپلىشىپ ھېيت قىلىۋېلىپ، ياخشىلىقنى تىلەپ يامانلىقدىن پاناھ تىلەپ ئۇلۇغلاپ بارسا، شېرىك بولىدۇ.

7333 ( صحيح ) لا تشرب مسكرا فإني حرمت كل مسكر ( ن ) عن أبي موسى

7333. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەست قىلغۇچىنى ئىچمىگىن، ھەققەتەن مەن ھەر قانداق مەست قىلغۇچىنى ھارام قىلدىم. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

7334 ( صحيح ) لا تشربوا الخمر فإنها مفتاح كل شر ( ه ) عن أبي الدرداء

7334. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھاراق ئىچمىگىن، چۈنكى، ھاراق بارلىق يامانلىقنىڭ، گۇناھ ـ مەئسىيەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر. (مەست قىلغۇچى ھاراق، بارلىق گۇناھلارنىڭ ئانىسىدۇر). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7335 ( صحيح ) لا تشربوا في آنية الذهب و الفضة و لا تأكلوا في صحافها و لا تلبسوا الحرير و لا الديباج فإنه لهم في الدنيا و هو لكم في الآخرة ( حم ق 4 ) عن حذيفة

7335. ھۈزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالتۇن قاچىدا، كۈمۈش قاچىدا ئىچىملىك ئىچمەڭلار، ئۇنىڭ قاچا، تەخسە، پەتنۇسلىرىدا تاماق يېمەڭلار، يىپەك رەختتە كىيىم ـ كېچەك كىيمەڭلار، يىپەك ئارىلاش نەرسىنىمۇ، قىلىن ھەم نېپىز

يىپەك كۆرپە ۋەھاكازالارنى كىيمەڭلار ۋە مىنمەڭلار. چۈنكى، بۇلار بۇ دۇنيادا دىنسىزلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە سىلەر ئۈچۈندۇر. ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

لا تشربوا في الدباء و لا في المزفت و لا في النقير و انتبذوا في الأسقية فإن اشتد في الأسقية فصبوا عليه الماء إن الله حرم الخمر و الميسر و الكوبة و كل مسكر حرام ( حم ) عن ابن عباس

7336. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قاپاق قاچىدا ياغ بىلەن ياغلانغان يېرىقلىرى ئېتىلگەن رومكا قاچىدا، ياغاچنى چېپىپ ياسالغان ياغاچ قاچىدا، لاي، يۇڭ بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ياسالغان ساپال قاچىدا ئىچىملىك ئىچمەڭلار، تۇلۇنلارغا چىلاپ ئىچىملىك ياساپ ئىچىڭلار، (بۇ ھۆكۈم ئەمەلدىن قالغان،كۆچكە ئىگە ھەدىسلەر، يۇقىرىدا ئۆتتى.) ئەگەر تۇلۇندىكى ئىچىملىك ھاراققا ئايلىنىپ، كۆپچىلىنىپ كەتكىدەك بولسا، ئۈستىگە سۇ قۇيۇڭلار، ئۇچىنچى يا تۆتىنچى كۈنى تۆكىۋېتىڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ھاراقنى، قىمارنى، شىشخال ئويناشنى، داقا ـ دۇمباقنى ھارام قىلدى، ھەر قانداق مەست قىلغۇچى ھارامدۇر. (بۇ كېيىنكى ھۆكۈملەر كۈچكە ئىگىدۇر). ئەھمەد 2347 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3210 ـ ھەدىس، سەھىھ.

7337. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ۋە ئاستىغا ئوخشاش.

7338 ( صحيح ) لا تشربوا في نقير و لا مزفت و لا دباء و لا حنتم و اشربوا في الجلد الموكأ عليه فإن اشتد فاكسروه بالماء فإن أعياكم فأهريقوه ( د ) عن رجل من وفد عبدالقيس

7338. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولۇپ، بىر قىسىم نەرسىلەردە ئىچىشتىن توسقان، ئاغزى بوغۇلىدىغان، ئاشلانغان تېرە تۇلۇندا ئىچىشكە بۇيرۇغان،كۆپچىلىنىپ ھاراق بولۇپ كەتسە،سۇ قۇيۇپ تورۇشقا يەنىمۇ ئامال بولمىسا، تۆتىنچى كۈنى تۆكۈۋېتىشكە بۇيرۇغان. ئەبۇ داۋۇد،مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇلاردىن كۈچكە ئىگە ھۆكۈم مەست قىلغۇچى ھاراق بولۇپ ھارامدۇر، مەست قىلغۇچىدىن باشقا ھالال، پاك ئىچىملىكنى ھەر قانداق نەرسىدە ئىچسە بولىدۇ. قىمار، ناخشا، نەغمە ـ ناۋا ھارام. بۇ توغرىسىدا يۇقىرىدا سەھىھ ھەدىسلەر ئۆتتى.

7339 ( صحيح ) لا تشرك بالله شيئا و إن قطعت و حرقت و لا تترك صلاة مكتوبة متعمدا فمن تركها متعمدا فقد برئت منه الذمة و لا تشرب الخمر فإنها مفتاح كل شر ( ه ) عن أبي الدرداء

7339. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گەرچە سەن ئوتتا كۆيدۈرۈلسەڭمۇ، ئەزالىرىڭ كېسىلىپ پارا ـ پارا قىلىنسىمۇ ھەرگىز ئاللاھقا بىرەر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمە، پەرز نامازنى قەستەن تەرك ئەتمە، كىم پەرز نامازنى قەستەن تەرك ئەتسە، ھەقىقەتەن ئۇنىڭدىن ئەھدە، كېپىللىك بىكار بولۇپ كېتىدۇ. (ئۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ چۈنكى، نامازنى قەستەن تەرك ئەتسە، جەزمەن كاپىر بولىدۇ. يۇقىرىدا ناماز ئوقۇغۇچىنى ئۆلتۈرۈشتىن توسۇلدۇم دېگەن ھەدىس ئۆتتى، ئەكسى مەنىسى، نامازنى تەرك ئېتىپ ئوقۇمىغان كىشىنى ئۆلتۈرمەن دېگەن بولىدۇ). ھاراق ئىچمىگىن چۈنكى، ئۇ بارلىق يامانلىق، گۇناھ ـ مەئسىيەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

7340 ( صحيح ) لا تشمن و لا تستوشمن ( خ ن ) عن أبي هريرة

7340. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: مەلىك ئويماقلار، ھەم مەلىك ئويدۇرماقلار، مەلىك ئويۇپ قويۇشنى، تېرىگە بىرەر نەرسىنى چېكىپ قويۇشنى تەلەپ قىلماقلار. بۇخارى 5490 ـ ھەدىس، نەسەئى 5017 ـ ھەدىس، سەھىھ.

7341 ( حسن ) لا تصاحب إلا مؤمنا و لا يأكل طعامك إلا تقي ( حم د ت حب ك ) عن أبي سعيد

7341. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن پەقەت مۆئمىنگىلا ھەمراھ بول، مۆئمىن بولمىغان كىشىگە ھەمراھ بولما، تامىقىڭنى پەقەت مۇتتەقى، تەقۋادار ياخشى كىشىلا يېسۇن، باشقىسى يېمىسۇن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.(زىيايەت بەرگەندە، توي تامىقى قىلغاندا ھەممە كىشى يېسە بولىدۇ، لېكىن، خاس مېھمان چاقىرىشتا مۆئمىن، مۇتتەقىنى چاقىرغىن.)

7342 ( صحيح ) لا تصحب الملائكة رفقة فيها جرس ( حم د ) عن أم حبيبة

7342. ئۇممە ھەبىيبە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەرىشتىلەر كولدۇرما بار جامائەت كارۋىنىغا ھەمراھ بولمايدۇ. ئەھمەد 7987 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

7343 ( صحيح ) لا تصحب الملائكة رفقة فيها جلجل ( ن ) عن ابن عمر

7343. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەرىشتىلەر جاراڭ ـ جۇرۇڭ كولدۇرما بار كارۋان جامائىتىگە ھەمراھ بولمايدۇ. نەسەئى 5126 ـ ھەدىس، ئەھمەد 45807 ـ ھەدىس، سەھىھ.

7344 ( صحيح ) لا تصحب الملائكة رفقة فيها كلب و لا جرس( حم م د ت ) عن أبي هريرة

7344. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەرىشتىلەر، ئىت بىللە بولغان، جاراڭ ـ جۇرۇڭ كولدۇرما بار كارۋان جامائىتىگە ھەمراھ بولمايدۇ. مۇسلىم 3949 ـ ھەدىس، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

7345 ( حسن ) لا تصحب الملائكة رفقة فيها جلد نمر ( د ) عن أبي هريرة

7345. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پەرىشتىلەر يىلپىز تېرىسى بار كارۋانغا ھەمراھ بولمايدۇ. ئەبۇ داۋۇد 3601 ـ ھەسەن. (مەقسەت، ئىتنى، كولدۇرمىنى، يىلپىز تېرىسىنى، سۈرەت، رەسىمنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلمىسۇن، ھارام ئىشنى قىلمىسۇن دېمەكچى، شۇ چاغدا پەرىشتىلەر ھەمراھ بولىدۇ، ئاتقا كولدۇرما ئاسسا بولمايدۇ، يۇقىرىدا توستى.)

لا تصدقوا أهل الكتاب و لا تكذبوهم و ( قولوا آمنا بالله و ما أنزل إلينا الآية ) ( خ ) عن أبي هريرة

7346. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەھلى كىتاب، يەھۇدىي، ناسارالارنى راست دەپ تەستىقلىماڭلار، ھەم ئىنكارمۇ قىلماڭلار، سىلەر پەقەت «بىز ئاللاھقا ۋە بىزگە نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈپ ئىشەندۇق دەڭلار» . بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. (يەنە بىر خاتىرىدە بەنى ئىسرائىل توغرىسىدا قىسسە، ھەدىس سۆزلىسەڭلار، گۇناھ يوق دېيىلگەن، يەنە بىر خاتىرىدە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كايىپ، ئاچچىقلىغان، توسقان. دېمەك ، بۇ مەسىلە

ئۈچ خىل بولۇپ، يەھۇدىي، ناسارالارنىڭ كىتابىدىكى قىسسە،سۆزلىرى، كىتابلىرىدىكى خەۋەرلەر، ئەگەر شەرىئىتىمىزگە مۇۋاپىق كېلىپ راست بولۇپ قالسا، سۆزلىسە، گۇناھ يوق. ئەگەر ئۆزگەرتىلگەن، يالغان بولۇپ قالسا، سۈيقەستكە ئۇچرىغان بولسا، رەت قىلىنىدۇ، ئىنكار قىلىنىدۇ، يېقىن كېلىشكىمۇ قەتئىي بولمايدۇ، ئەگەر يا راست، ياكى يالغانلىقى مەلۇم بولمىغان بولسا، ئىسلام دىنىغا زىيىنى بولمىسا، ئىنكارمۇ قىلماي، يا تەستىقلاپ راست دېمەي، يۇقىرىقى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنىدۇ، بۇ سۈكۈتتە سۈكۈت قىلىش بولىدۇ. لېكىن، توغرىسىنى ئالىمىز، خاتالىرىنى شاللاپ تاشلايمىز، دېسىڭىز ئازسىز، بىزگە ئۇلارنىڭ توغرىسىمۇ، توغرىسىمۇ لازىم ئەمەس، چۈنكى، بىزگە قۇرئان، سەھىھ ھەدىس، ساھابىلار، تابىئىنلار ئىجماسى يېتەرلىكتۇر.)

**7347 ( صحيح ) لا تصروا الإبل و الغنم فمن ابتاعها بعد فإنه بخير النظرين بعد أن يحلبها إن شاء أمسك و إن شاء ردها و صاع تمر ( خ ) عن أبي هريرة**

7347. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆگە، قويلارنىڭ يېلىنىگە سۈت يىغىپ خېرىدارنى ئالداپ ساتماڭلار، كىم شۇنداق ھايۋاننى سېتىۋالسا، سېغىپ كۆرگەندىن كېيىن، ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ بىرىنى تاللاش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر خالىسا ئېلىپ ساقلاپ قالىدۇ، ئەگەر خالىسا، ساغقانىنىڭ بەدىلىگە بىر سا خورما بىلەن بىرگە قوشۇپ قايتۇرۇۋېتىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**7348 ( صحيح ) لا تصلوا إلى قبر و لا تصلوا على قبر ( طب ) عن ابن عباس**

7348. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەبرىگە قاراپ ناماز ئوقۇماڭلار. (قەبرىگىمۇ ناماز چۈشۈرمەڭلار)، قەبرە ئۈستىدە ناماز ئوقۇماڭلار. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.(ئەگەر مېيىت شېھىد بولسا، سىرىسپ كەتمىسە، قەبرە ئىچىدىكى مېيىتكە ناماز چۈشۈرۈلسە بولىدۇ).

**7349 ( حسن ) لا تصلوا خلف النائم و لا المتحدث ( د هق ) عن ابن عباس**

7349. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇخلاپ قالغان كىشىنىڭ، سۆزلىشىۋاتقان كىشىنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇماڭلار، يەنى ئۇلار قىبلە تەرەپتە بولسا شۇنداق. ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**7350 ( صحيح ) لا تصلوا صلاة في يوم مرتين ( حم د ) عن ابن عمر**

7350. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كۈندە بىر نامازنى ئىككى قېتىم ئوقۇماڭلار. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. (يەنى، نامازنى جامائەت بىلەن ئىككى قېتىم ئوقۇشتىن توسقان. لېكىن، ئۆزى ئۆيدە يالغۇز، جامائەتسىز ئوقۇپ، ئاندىن يەنە جامائەتكە ئۇلگۈرسە بۇ كىشى يەنە ئىقتىدا قىلىپ ئوقۇيدۇ، جامائەتكە قاتناشسا بولىدۇ. بۇ توغرىسىدا يۇقىرىدا سەھىھ ھەدىسلەر ئۆتتى).

**لا تصلوا في مبارك الإبل فإنها من الشياطين و صلوا في مرابض الغنم فإنها بركة ( حم د ) عن البراء**

7351. بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆگە قوتانلىرىدا ناماز ئوقۇماڭلار، چۈنكى، ئۇ شەيتانلاردىندۇر، قوي قوتانلىرىدا ناماز

www.uyghurkitap.com

ئوقۇساڭلار بولىدۇ، چۈنكى ئۇ بەرىكەتتۇر. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

لا تصم المرأة و بعلها شاهد إلا بإذنه غير رمضان و لا تأذن في بيته و هو شاهد إلا بإذنه و ما أنفقت من كسبه من غير أمره فإن نصف أجره له ( حم ق د ت ه ) عن أبي هريرة

7352. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى ئېرى ھازىر تۇرۇپ، ئۆيدە بار بولسا، ئېرىنىڭ ئىزنىسىز روزا تۇتمىسۇن، ئېرىدىن رۇخسەت سوراپ نەپلە روزا تۇتسا بولىدۇ. لېكىن، رامزاندا ئىزنىسىز تۇتۇۋېرىدۇ، ئېرى بار تۇرۇپ، ئېرىنىڭ ئىزنىسىز باشقىلارنىڭ كىرىشىگە ئىزنى، ئىجازەت بەرمىسۇن، ئېرىنىڭ رۇخستى بىلەن ئىزنى بەرسۇن، ئايال كىشى ئېرىنىڭ كەسپىدىن، مېلىدىن ئېرىنىڭ بۇيرۇقىسىز سەدىقە ـ ئېھسان قىلسا، ئۇنىڭ ئەجرىنىڭ يېرىمى ئېرى ئۈچۈن بولىدۇ، يېرىمى ئۆزىنىڭ بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

لا تصوموا حتى تروا الهلال و لا تفطروا حتى تروه فإن غم عليكم فاقدروا له( ق ن ) عن ابن عمر

7353. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:يېڭى ئاينى كۆرمىگىچە روزا تۇتماڭلار، يەنىلا ئاخىرىدا يېڭى ئاينى كۆرمىگىچە يېمەڭلار، ئەگەر سىلەرگە ھاۋا تۇتۇق بولسا، ئاينى بۇلۇت تۇسسا، مۆلچەرلەڭلار. بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

7354 ( صحيح ) لا تصوموا قبل رمضان و صوموا لرؤيته و أفطروا لرؤيته فإن حالت دونه غيامة فأكملوا ثلاثين يوما ( ت ن حب ) عن ابن عباس

7354. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامزاندىن بۇرۇن روزا تۇتىۋالماڭلار، ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار، ئاينى كۆرۈپ يەڭلار، ھېيت ناماز ئوقۇڭلار، ئەگەر ئاينى بۇلۇت، ھاۋا تۇتۇقلۇقى توسسا، 30 كۈننى كامىل قىلىڭلار. تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

7355 ( صحيح ) لا تصوموا هذه الأيام أيام التشريق فإنها أيام أكل و شرب ( حم ن ) عن حمزة بن عمرو الأسلمي ( حم ك ) عن بديل بن ورقاء

7355. ھەمزە ئىبنى ئەمرۇ بۇدەيىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇربان ھېيتتىن كېيىنكى ئۈچ كۈندە يەنى تەشرىق كۈنلىرى روزا تۇتماڭلار. چۈنكى، ئۇ يەپ ـ ئىچىشنىڭ كۈنلىرىدۇر. ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

7356 ( صحيح ) لا تصوموا يوم الجمعة إلا و قبله يوم أو بعده يوم( حم ) عن أبي هريرة

7356. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خاس جۈمە كۈنى روزا تۇتماڭلار، لېكىن، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر كۈن ياكى ئارقىسىدا بىر كۈن بىلەن قوشۇپ تۇتۇڭلار. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

7357. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

7358 ( صحيح ) لا تصوموا يوم السبت إلا في فريضة و إن لم يجد أحدكم إلا عود كرم أو لحاء شجرة فليفطر عليه ( حم د ه ك ) عن الصماء بنت بسر

7358. سەمائ بىنتى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەنبە كۈنى روزا تۇتماڭلار، لېكىن، پەرىز روزا بولۇپ قالسا تۇتساڭلار بولىدۇ. ئەگەر بىرىڭلار ئۈزۈمنىڭ ياغىچىنى ياكى دەرەخنىڭ قوۋزاق يىلتىزىنى تاپسا، شەنبە كۈنى تۇتقان روزىنى شۇ نەرسە بىلەن بۇزۇۋەتسۇن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

(بۇ يەھۇدىيلارغا ئوخشاپ قېلىشتىن توساشتۇر، لېكىن پەرىز بولسا، ياكى تۇتۇپ كەلگەن ئادىتى بولسا، ياكى ئوخشۇېلىشنى مەقسەت قىلمىسا تۇتسا بولىدۇ، دەلىل يۇقىرىدا بىر يىل ئىچىدىن پەقەت بەش كۈندىلا روزا تۇتۇشتىن توسقان، باشقا كۈنلەردە تۇتسا بولىدۇ).

**7359** ( صحيح ) لا تصومن امرأة إلا بإذن زوجها( حم د حب ك ) عن أبي سعيد

7359. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئىزنىسىز نەپلە روزا تۇتمىسۇن، ئېرنى رۇخستى بىلەن تۇتسۇن. (چۈنكى، چاقىرسا ئىتائەت قىلىشى ۋاجىپتۇر). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**7360** ( صحيح ) لا تضربوا إماء الله ( د ن ه ك ) عن إياس بن عبدالله بن أبي ذئاب

7360. ئىياس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بولغان ئاياللارنى ئۇرماڭلار. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، ئايەتتە، سەھىھ ھەدىسدە ئەخلاقسىزلىق قىلسا، ئەدەپ ئۆگىتىشكە، ياربىدار قىلماي بوش ئۇرسا بولىدۇ دېيىلگەن. ھاسىنى گەردەندىن چۆشۈرمەي، قامچىنى ئۇلار كۆرگۈدەك جايغا ئېسىپ قويۇشمۇ بار. بۇ ھەدىس، سەۋەبسىز، ئۆزرىسىز، گۇناھسىز ئۇرۇشتىن توسقان، ئارىلىقتا زىتلىق يوق.

لا تطبخوا في قدور المشركين فإن لم تجدوا غيرها فارحضوها رحضا حسنا ثم اطبخوا و كلوا ( ه ) عن أبي ثعلبة

7361. ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشرىكلەرنىڭ دىنسىزلارنىڭ قازانلىرىدا نەرسە پىشۇرماڭلار، نەرسە يېمەڭلار، ئەگەر ئۇنىڭدىن باشقا قازاننى، قاچىنى تاپالمىساڭلار، قاتتىق يۇيۇۋېتىپ، پاكىز، ياخشى يۇيۇپ ئاندىن نەرسە پىشۇرۇپ يەڭلار. ئىبنى ماجە 2821 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3342 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7362** ( صحيح ) لا تطرقوا النساء ليلا ( طب ) عن ابن عباس

7362. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپەردىن كەلگەندە، ئاياللارغا كېچىسى كىرمەڭلار. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

لا تطروني كما أطرت النصارى ابن مريم فإنما أنا عبد فقولوا: عبد الله و رسوله ( خ ) عن عمر

7363. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر مېنى، خۇددى ناسارالار مەريەم ئوغلى ئەيسانى ئۇچۇرغاندەك كۆككە كۆتۈرۈپ، ھەددىدىن ئاشۇرۇپ ئۇچۇرماڭلار، مەرتىۋەمدىن ئاشۇرۇپ، ئۇلۇغلاپ كەتمەڭلار، ھەقىقەتەن مەن بىر بەندە، قۇل، سىلەر مېنى ئالLاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەڭلار. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**7364** ( حسن ) لا تطعموا المساكين مما لا تأكلون ( حم ) عن عائشة

7364. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئۆزۈڭلار يېمەيدىغان، تۆۋەن نەرسىلەردىن مىسكىنلەرگە تاماق بەرمەڭلار. (بەلكى ئۆزۈڭلار يېگەندىن بېرىڭلار). ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

7365 ( صحيح ) لا تعاد الصلاة في يوم مرتين ( ن ) عن ابن عمر

7365. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كۈن ئىچىدە بىر ناماز ئىككى قېتىم قايتىلانمايدۇ، (يەنى جامائەت بىلەن ئوقۇلغان ناماز ئىككىنچى قېتىم يەنە ئوقۇلمايدۇ. لېكىن، يالغۇز، تەنھا ئوقۇغان ناماز، جامائەت بىلەن قايتا ئوقۇلسا بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېيىنكىسىنى نەپلە بولىدۇ دېگەن ). نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

7366 ( صحيح ) لا تعجبوا بعمل عامل حتى تنظروا بم يختم له ( طب ) عن أبي أمامة

7366. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر بىرەر ئەمەل قىلغۇچىنىڭ، ئاخىرقى ئەمىلى نېمە بىلەن، قانداق ئەمەل بىلەن تامام قىلىنىشقا قاراپ باقمىغىچە، ئۇنىڭ ئەمەللىرىگە ئەجەبلىنىپ ھەيران قالماڭلار. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. (بۇ ھەدىسمۇ خۇددى ئاۋۋال راسا جەڭ قىلىپ، كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان كىشى توغرىسىدا دېيىلگەندەك قىلىدۇ، ئەمەللەرنىڭ ئاخىرقى ھېسابتۇر، لېكىن، ياخشى باشلاشمۇ مۇھىم، ئاداققىچە ھەقىقەتتە چىڭ تۇرايلى!)

7367 ( صحيح ) لا تعذبوا بعذاب الله ( د ت ك ) عن ابن عباس

7367. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ئازابى بىلەن ئازابلىماڭلار، (يەنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئازابلىماڭلار). ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

7368 ( صحيح ) لا تعذبوا صبيانكم بالغمز من العذرة و عليكم بالقسط ( خ ) عن أنس

7368. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىچىك باللىرىڭلارنى، ئۇلارنىڭ بۇرنىغا، تامىغاق گالىلىرىغا چىقىپ قالغان جاراھەت كېسەل سەۋەبىدىن ئۇ جايىغا بارماقلىرىڭلارنى سېلىپ، كوچىلاپ ئازابلىماڭلار، لېكىن، سىلەر قىستى، بەيھرىينى، ھىندى ئاچا ياغىچىنى لازىم تۇتۇڭلار، شۇنىڭ بىلەن داۋالاڭلار. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس، مۆجىزە بولۇپ، ئۇ نەرسە مىكروب ، ۋىرۇسنى ئۆلتۈرۈشتە ياخشى داۋا، شىپادۇر.

7369 ( صحيح ) لا تعزروا فوق عشرة أسواط ( ه ) عن أبي هريرة

7369. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئون قامچىدىن يۇقىرى تەزىر ئۇرماڭلار. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ئىسلام دىنىدا چوڭ ھەد، جازاغا يەتمىگەن بەزەن ئەخلاقسىزلارغا تەزىر ئۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، قازى، ئالىم، ھاكىملارنى قېلىن، ئاغزى بەزەپلىك قىلىپ تىللىسا، يۇقىرىقىدەك ئوندىن تۆۋەن تەزىر ئۇرۇلىدۇ. بۆھتان قىلسا، 80 قامچا ئۇرۇلىدۇ، بۇ جازادۇر.

7370 ( صحيح ) لا تعلموا العلم لتباهوا به العلماء أو تماروا به السفهاء و لا لتجترئوا به المجالس فمن فعل ذلك فالنار النار ( ه حب ك )

عن جابر

7370. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىلىمنى ئالىم، ئۆلىمالارغا باھالىنىش، پەخىرلىنىش ئۈچۈن، بەسلىشىش ئۈچۈن، نادانلار بىلەن جېدەل ـ ماجىرا، دە ـ تالاش قىلىش ئۈچۈن، ئىلىم بىلەن مەجلىسلەردە جورىئەتلىك بولۇش، تاللىنىش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆگەنمەڭلار، ھەم شۇ مەقسەتتە ئۆگەتمەڭلار. كىم شۇنداق قىلىدىكەن، شۇ مەقسەتتە ئىلىم ئېلىپ، ئىلىم ئۆگىتىدىكەن، دوۋزاخ ئۇنىڭغا لايىق، ئۇ دوۋزاخ ئەھلىدىن بولىدۇ. (يەنە بىر خاتىرىدە ئۇ جەھەننەمگە كىرىدۇ.دېيىلگەن). ئەھمەد 8103 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2579 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 250ـ 255 ـ ھەدىس، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، ئىبنى ماجەنىڭ سەھىھ قىسىم 208 ـ ھەدىس، سەھىھ.

7371 ( صحيح ) لا تعمل المطي إلا إلى ثلاثة مساجد: إلى المسجد الحرام و إلى مسجدي هذا و إلى مسجد بيت المقدس ( مالك 3 حب )

عن بصرة بن أبي بصرة ( د ن ) عن أبي بصرة

7371. ئەبۇ بۇسرەت ۋە ئۇنىڭ باللىسىدىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆگە ۋە باشقا مىنىدىغان ئۇلاغ پەقەت تۆۋەندىكى ئۈچ مەسجىدكىلا خىزمەت قىلىنىشى، سەير قىلدۇرۇلۇشى، باغلىنىشى دۇرۇس، باشقىسىغا دۇرۇس ئەمەس، مەسجىدى ھەرەم، مەدىنىدىكى مېنىڭ مۇشۇ مەسجىدىم، بەيتۇلمۇقەددەستىكى مەسجىدكە. مالىك، ئىبنى ھەببان ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

لا تغزى مكة بعد اليوم إلى يوم القيامة ( حم ت حب ك ) عن الحارث بن مالك الليثي

7372. ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىنى فەتھى ئىشغال قىلغان كۈنى مۇنداق دېگەن: ئەمدى بۈگۈندىن باشلاپ تا قىيامەت كۈنىگىچە بۇ مەككىگە قارشى غازات جەڭ قىلىنمايدۇ. ئەھمەد 14857 ـ 17194 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1536 ـ ھەدىس، ھاكىم، ئىبنى ھەببان،سەھىھ.( بۇ سەھىھ ھەدىسنىڭ مەنىسى، مەككىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇرۇش قىلىش ھارام ياكى مەككىگە دىنسىزلار ھۇجۇم قىلىپ ئۇرۇش قوزغاپ كېلەلمەيدۇ ، بىز بارىمىز دېگەن مەنىدە، چۈنكى، مەككىگە ھۇجۇم قىلسىلا، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ قەلبىگە ھۇجۇم قىلغان بولىدۇ، كاپىرلار بۇنىڭدىن قورقىدۇ، مەككە دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى بىرلەشتۈرگۈچىسىدۇر، ھەي نادان، ئەخمەق، جاھىل، خۇراپىي، راھەتپەرەس، نەپسى شەھۋەتپەرەس، ھوقۇقپەرەس، دۇنياغا تويماس ئىسلام دۆلەتلىرى! ئىبست سىلەرگە ئىبست! ب د ت سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا بولۇشى كېرەك!.)

7373 ( صحيح ) لا تغضب ( حم خ ت ) عن أبي هريرة ( حم ك ) عن جارية بن قدامة

7373. ئەبۇ ھۇرەيرە، جارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: غەزەپ قىلما، ئاچچىقلانما دېگەن . بۇخارى، ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

7374 ( صحيح ) لا تغضب و لك الجنة ( ابن أبي الدنيا طب ) عن أبي الدرداء

7374. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غەزەپ قىلما، ئاچچىقلانما، چېچىلما، ساڭا جەننەت بېرىلىدۇ. ئىبنى ئەبۇددۇنيا، تەبرانى

توپلىغان، سەھىھ. (يۇقىرىدىمۇ ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇرغا جەننەت بېرىلگەن).

7375 ( صحيح ) لا تغلبنكم الأعراب على اسم صلاتكم العشاء فإنها في كتاب الله: العشاء و هم يعتمون بحلاب الإبل ( حم م د ن ه ن ) عن ابن عمر

7375. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە يېزىلىق چارۋىچى ئەئرابىيلار، كەچلىك نامىزىڭلارنىڭ شام دېگەن ئىسمىغا ئەتمەت، قاراڭغۇ دېيىشى بىلەن غالىب كېلىۋالمىسۇن، چۈنكى، ئۇ ناماز ئاللاھنىڭ كىتابىدا شام دېيىلىدۇ، ئۇلار تۆگىلىرىنى كەچ تەرەپتە قاراڭغۇدا ساغقاچقا شۇنداق دېيىشىدۇ . ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7376. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولۇپ، شام دېگەن ئىسمىنى، ئەتمەت، قاراڭغۇ دېيىلىپ، شام نامىزىنى كىچىكتۈرمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ.

لا تفضلوا بين أنبياء الله فإنه ينفخ في الصور فيصعق من في السموات و من في الأرض إلا ما شاء الله ثم ينفخ فيه أخرى فأكون أول من بعث فإذا موسى آخذ بالعرش فلا أدري أحوسب بصعقته يوم الطور أم بعث قبلي و لا أقول إن أحدا أفضل من يونس بن متى ( ق ) عن أبي هريرة

7377. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئارىسىنى، بەزىسىنى بەزىسىدىن پەزىلەتلىك قىلماڭلار، (قىلسا ئاللاھ قىلسۇن)، ھەققەتەن سۇر پۈۋدەلگەندە، ئاللاھ خالىغان كىشىدىن باشقا ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق كىشىلەر ئۆلىدۇ، ئاندىن يەنە بىر قېتىم پۈۋدەلسە، تىرىلىپ قوپقان كىشىنىڭ تۇنجىسى مەن بولىمەن، ناگاھان مۇسا ئەلەيھىسسالام ئەرشكە ئېسىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا تۇر تېغىدىكى ھوشىدىن كېتىش ھېساب قىلىندىمۇ ياكى مەندىن بۇرۇن تىرىلىپ قوپتىمۇ؟ ھېچ بىلمىدىم، مەن ھەرگىز بىرەر كىشىنى يۇنۇس، ئىبنى مەتا دېگەن پەيغەمبەردىن ئەۋزەل دېمەيمەن. بەيھەقى ۋە باشقىلارمۇ توپلىغان، سەھىھ.

لا تفعل بع الجميع بالدراهم ثم ابتع بالدراهم جنيبا ( ق ن ) عن أبي سعيد وأبي هريرة

7378. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەرگە بىر كىشىنى ئەمەلدار قىلىدۇ، ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ناھايىتى ياخشى خورمىلارنى ئېلىپ كېلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىگە خەيبەر خورمىسىنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق ياخشىمۇ؟ دەپ سورىسا، ئۇ كىشى ياق، بىز بۇ ياخشى خورمىنى بىر ساسىنى ئىككى ـ ئۈچ ساغا ئالىمىز دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەرگىز ئۇنداق قىلما، (چۈنكى، ئۇ ئۆز ئەينى جازانە، ئۆسۈمدۇر) لېكىن، سەن ناچار خورمىنىڭ ھەممىسىنى پۇلغا سېتىپ، ئاندىن ئېسىل، ياخشى خورمىنى شۇ پۇلغا سېتىۋال دېدى. بۇخارى 2050 ـ ھەدىس، نەسەئى 4477 ـ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىس، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى، جازانە، ئۆسۈمدىن قۇتۇلۇش چارىسىنى كۆرسىتىدۇ.

لا تفعل فإن مقام أحدكم في سبيل الله أفضل من صلاته في بيته سبعين عاما ألا تحبون أن يغفر الله لكم و يدخلكم الجنة ؟ اغزوا في سبيل الله من قاتل في سبيل الله فواق ناقة وجبت له الجنة ( ت ك ) عن أبي هرير

7379. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر كىشى تاغ يولىلىرىدىن بىرىدە تاتلىق سۇ ئاقىدىغان بىر بۇلاقنى كۆرۈپ، كاشكى مەن مۇشۇ جايدا كىشىلەردىن ئايرىلىپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلسامكەن دېگەندە . رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنداق قىلمىغىن ھەقىقەتەن بىرىڭلارنىڭ ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇش جەڭ مەيدانىدا تۇرۇشى، ئۆيدىكى 70 يىللىق نامىزىدىن ئەۋزەلدۇر، ئاللاھنىڭ سىلەرنى مەغپىرەت قىلىشىنى جەننەتكە كىرگۈزۈشىنى ياخشى كۆرمەمسىلەر؟ ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىڭلار، كىم ئاللاھ يولىدا تۆگىنى ئىككى قېتىم ساغقاننىڭ ئارىسىدىكى ۋاقىتچىلىك جەڭ قىلسا ، ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىپ بولىدۇ، ئۇ جەننەتكە ھەق بولىدۇ دېگەن . ئەھمەد 10367 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1574 ـ ھەدىس، ھەسەن.

(يۇقىرىدا ئەڭ ياخشى يولنىڭ ئىككى ئىكەنلىكى ئۆتۈپ كەتتى، بىرسى ئاللاھ يولىدا شېھىد بولۇش، بۇ ھەدىسمۇ شۇنى كۆرسەتتى، يەنە بىرسى، ئاشۇ ساھابە ھېس قىلغان ئىلىم، ئىبادەتتە زاھىد بولۇشتۇر، بۇ زاھىدلىقتا كېيىنكى پىتنە ـ پاسات دەۋرىدە رۇخسەتتۇر).

**7380** ( صحيح ) لا تفعلوا كما تفعل أهل فارس بعظمائها ( ه ) عن أبي أمامة

7380. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر پارس ئەھلى، كاتتىلىرىغا، باشلىقلىرىغا قىلغانىدەك قىلماڭلار، (ئۇلار باشلىقلىرى كىرسە، ئورنىدىن دەس تۇراتتى، ئولتۇرسا ئۆرە تۇراتتى، تازىم قىلاتتى، بۇ چەكلىنىدۇ). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7381** ( حسن ) لا تقام الحدود في المساجد و لا يقتل الوالد بالولد ( حم ت ك ) عن ابن عباس

7381. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەد ـ جازالار مەسجىد ئىچىدە ئىجرا قىلىنمايدۇ، يەنى مەسجىد ئىچىدە قامچىلانمايدۇ، ئاتا ـ ئانا، بالىسىنىڭ باراۋىرىگە ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. ئەھمەد ، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**7382** ( صحيح ) لا تقبل صلاة أحدكم إذا أحدث حتى يتوضأ ( م ) عن أبي هريرة

7382. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ تاھارىتى سۇنۇپ كەتسە، تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇمىغىچە نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7383** ( صحيح ) لا تقبل صلاة الحائض إلا بخمار( حم ت ه ) عن عائشة

7383. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەيز كۆرگەن قىزچاقنىڭ (يەنى بالاغەتكە يەتكەن قىزچاقنىڭ) نامىزى رومالسىز باش كىيىمسىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، رومال، باش كىيىمى بىلەن ئوقۇسا قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەھمەد ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7384** ( صحيح ) لا تقبل صلاة بغير طهور و لا صدقة من غلول( م ت ه ) عن ابن عمر

7384. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ناماز، تاھارەتسىز قوبۇل قىلىنمايدۇ، سەدىقە ـ ئېھسان ، خىيانەت قىلىنغان نەرسىدىن قوبۇل بولمايدۇ، (نامازنىڭ شەرتى تاھارەت، سەدىقىنىڭ قوبۇل بولۇش شەرتى، ھالالدىن كەسىپ قىلغان

بولۇشتۇر). مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

لا تقبل صلاة لامرأة تتطيب لهذا المسجد حتى ترجع فتغتسل غسلها من الجنابة ( د ) عن أبي هرير

7385. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشۇ مەسجىد ئۈچۈن خۇشپۇراق ئەتىر ئىشلەتكەن ئايال كىشى قايتىپ بېرىپ، جۇنۇپلۇقدىن يۇيۇنغاندەك، پاك ـ پاكىز يۇيۇنمىغىچە نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

لا تقسم ذريتي دينارا ما تركت بعد نفقة نسائي و مؤنة عاملي فهو صدقة ( حم ق د ) عن أبي هرير

7386. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ بالىلىرىم، ئەۋلادىم، مەندىن كېيىن دىنار، ئالتۇن ـ كۆمۈشنى تەقسىم قىلىشمايدۇ، چۈنكى، مەن مىراس قالدۇرمايمەن، مەن قالدۇرغان نەرسە، ئاياللىرىمنىڭ نەپىقىسى، خىزمەتچى خادىملارنىڭ چىقىمى، ئىش ھەققى، ئۇلار بولسا، سەدىقىدۇر، مەن قالدۇرغان نەرسىمۇ سەدىقە. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

لا تقتل نفس ظلما إلا كان على ابن آدم الأول كفل من دمها لأنه أول من سن القتل ( حم ق ت ن ه ) عن ابن مسعود

7387. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر جان ئىگىسى يەنى ئىنسان، زۇلۇم قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ قېنىدىن، ئۆلتۈرۈلگەن خۇن جىنايەتتىن بىر كىشىلىك نېسىۋە ئادەمنىڭ تۇنجى قاتىل بالىسىغا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ قاتىللىقنى تۇنجى بولۇپ يولغا قويغان، يامان سۈننەت قالدۇرغان، جىنايەتچىدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7388 ( حسن ) لا تقتلوا الجراد فإنه من جند الله الأعظم( طب هب ) عن أبي زهير

7388. ئەبۇ زۇھەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چېكەتكىنى ئۆلتۈرمەڭلار، چۈنكى ئۇ، ئاللاھنىڭ چوڭ قوشۇنلىرىدىندۇر. تەبرانى، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

لا تقتلوا الجنان إلا كل أبتر ذي طفيتين فإنه يسقط الولد و يذهب البصر فاقتلوه ( خ ) عن أبي لبابة

7389. ئەبۇ لۇبابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جىنلارنى (يەنى يىلانلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار.لېكىن، ھەرقانداق قۇيرۇقى چولاق قىسقا، ئىككى چېكىتى بار، ئۈستىدە ئىككى سىزىقى بار، يىلانلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، چۈنكى ئۇلار، قورساقدىن بالىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، كۆزنى قۇيۇپ، قارىغۇ قىلىۋېتىدۇ، شۇڭا ئۆلتۈرۈڭلار. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

7390 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 6252 لا تقتلوا الضفادع ( فإن نقيقهن تسبيح ) ( ن ) عن ابن عم

7390. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پاقىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، (ئۇنىڭ كوركىرىشى تەسبىھدۇر).نەسەئى توپلىغان،سەھىھ.(پاقىنى يېيىش ھارامدۇر.)

7391 ( حسن ) لا تقتلوا أولادكم سرا فوالذي نفسي بيده إن الغيل ليدرك الفارس فيدعثره عن فرسه ( حم د ه ) عن أسماء بنت يزيد

7391. ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالىلىرىڭلارنى مەخپىي ئۆلتۈرمەڭلار، (يەنى ھامىلدارنىڭ بالىسىنى چۈشۈرمەڭلار). ھەقىقەتەن ئانا، بالىسىنى ئېمىتىۋاتقان چاغلاردا جىنسى ئالاقە قىلىش، پارىسلارنى تېپىۋېلىپ، ئۇلارنى ئاتتىن يىقىتتى، يەنى شۇ ئىش سەۋەبلىك ئۇلار ئاجىز بولۇپ قالدى. ئەبۇ داۋۇد 3383 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2002 ـ ھەدىس، ئەھمەد 26282 ـ ھەدىس، ھەسەن.(يۇقىرىدا پارىسلارغا زىيان قىلماپتۇ دەپ بالائېمىتىۋاتقان ئايال بىلەن ئېرىنىڭ جىنسى ئالاقىسىدىن توسمىغان ھەدىس ئۆتتى).

لا تقدموا الشهر بصيام يوم و لا يومين إلا أن يكون شيء يصومه أحدكم لا تصوموا حتى تروه ثم صوموا حتى تروه فإن حال دونه غمام فأتموا العدة ثلاثين ثم أفطروا و الشهر تسع و عشرون ( د ) عن ابن عباس

7392. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامزان ئېيىغا بىر ـ ئىككى كۈنلۈك روزىنى ئىلگىرى قىلىۋالماڭلار، لېكىن، بىرىڭلار تۇتۇپ كېلىۋاتقان روزىسىغا مۇۋاپىق بولۇپ قالسا مەيلى، رۇخسەت، يېڭى ئاينى كۆرمىگىچە روزا تۇتماڭلار، ئاندىن يەنە بىر ئاينىڭ يېڭى ئېيىنى كۆرگىچە روزا تۇتىۋېرىڭلار، ئەگەر ئاينى بۇلۇت توسىۋالسا، سانىنى تولۇق 30 كۈن قىلىڭلار، ئاندىن (ئاي كۆرۈلۈپ )يەڭلار، ھېيت نامىزى ئوقۇڭلار، ئاي دېگەن 29 كۈنمۇ بولىدۇ . ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

7393. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ۋە تۆۋەنكە ئوخشاش.

**7394** ( صحيح ) لا تقدموا الشهر حتى تروا الهلال أو تكملوا العدة قبله ثم صوموا حتى تروا الهلال أو تكملوا العدة قبله ( د ن حب ) عن حذيفة

7394. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يېڭى ئاينى كۆرمىگىچە ياكى ئايدىن بۇرۇن سانىنى تولۇق، مۇكەممەل قىلمىغۇچە رامزان ئېيىغا بىر ـ ئىككى كۈن روزىنى بۇرۇن قىلىۋالماڭلار، ئاندىن يېڭى ئاينى كۆرگىچە ياكى ئايدىن بۇرۇن رامزان ئېيىنى تولۇق، كامىل قىلغىچە روزا تۇتىۋېرىڭلار. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

لا تقدموا شهر رمضان بصوم قبله بيوم أو يومين إلا أن يكون رجل كان يصوم صوما فليصمه( حم م 4) أبي هرير

7395. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رامزان ئېيىدىن بىر ـ ئىككى كۈن بۇرۇن روزا تۇتماڭلار، بىر ـ ئىككى كۈن روزا تۇتۇش بىلەن بۇ ئايغا ئىلگىرىلىۋالماڭلار، لېكىن، بىرىڭلار تۇتۇپ كېلىۋاتقان روزىسىغا مۇۋاپىق كېلىپ قالسا تۇتىۋەرسۇن. ئەھمەد، مۇسلىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**7396** ( صحيح ) لا تقص الرؤيا إلا على عالم أو ناصح( ت ) عن أبي هريرة

7396. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چۈشنى پەقەت ئالىمغا، نەسىھەت قىلغۇچىغا سۆزلەپ بەر، باشلارغا سۆزلەپ يۈرمە. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7397** ( صحيح ) لا تقطع الأيدي في السفر ( حم 3 الضياء ) عن بسر بن أبي أرطاة

7397. بۇسر ئىبنى ئەبۇ ئەرتات رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپەردە قول كېسىلمەيدۇ. ئەھمەد 16968 - ھەدىس، تىرمىزى 1370 - ھەدىستە، غازات مەيدانىدا قول كېسىلمەيدۇ دېيىلگەن. نەسەئى 4893 - ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3828 - ھەدىس، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. ئەۋزائى قاتارلىق ئالىملار: غازاتتا قولنى كەسسە، دۈشمەن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىش ئېھتىمالى بار، شۇڭا ئىمام، قوماندان قايتقاندا ھەم سەپەردىن يانغاندا قولنى كېسىدۇ دېدى، ئوغرىنىڭ قولنى كېسىش، ئۇنىڭغا پايدىلىقتۇر. ئۇ بۇنى بىلسە، ئۆزى ئىقرار قىلىپ تۆۋە قىلىپ بېرىدۇ، خۇددى بەزى ساھابە ئىقرار قىلىپ، رەجىمدا ئۆلگەندەك ).

**7398 ( حسن ) لا تقطع اليد في تمر(ثمر) معلق فإن ضمه الجرين قطعت في ثمن المجن و لا تقطع في حريسة الجبل فإذا آوى المراح قطعت في ثمن المجن ( ن ) عن ابن عمرو**

7398. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئېسىقلىق مېۋىلەردە ياكى باغدىن يولغا ساڭگىلاپ قالغان مېۋىلەردە قول كېسىلمەيدۇ، ئەگەر ئۇنى مېۋە يىغىدىغان خامانغا، مەيدانغا يىغىپ توپلىسا، ئاندىن ئوغرىلىغان نەرسىنىڭ قىممىتى بىر جەڭ كىيىمىنىڭ، قالقاننىڭ قىممىتىگە يەتسە، قولى كېسىلىدۇ، تاغلاردا ئوتلاۋاتقان چارۋىلارنى يېۋالسا، ياكى ئۇۋۇنى يېۋالسا، قول كېسىلمەيدۇ، ئۇنى قوتانغا سولاپ بولغاندىن كېيىن ئوغرىلىسا ، قىممىتى يەنىلا جەڭ كىيىمىنىڭ مىقدارىغا يەتسە( يەنى بىر دىنارنىڭ تۆتتىن بىرىگە يەتسە) ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدۇ. نەسەئى 4871 - ھەدىس، ھەسەن.

**7399 ( صحيح ) لا تقطع يد السارق إلا في ربع دينار فصاعدا ( م ن ه ) عن عائشة**

7399. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوغرىنىڭ قولى پەقەت بىر دىنارنىڭ تۆتتىن بىرىدە، ئۇنىڭدىن زىيادە ئارتۇق نەرسىدە كېسىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا كېسىلمەيدۇ، ئۆلچەم پەقەت شۇدۇر. مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. (بىر دىنار بىر مىسقال ئالتۇن بولۇپ ، ئۇنىڭ تۆتتىن بىرى، 80 يۇەندىن 90 يۇەنگىچە بولۇۋاتىدۇ، مانا مۇشۇ قىممەتكە يەتسە قول كېسىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا قول كېسىلمەيدۇ، ئۆلچەم پەقەت بىر دىنارنىڭ تۆتتىن بىرىدۇر، مەيلى ئالتۇن  قىممەت بولۇپ كەتسۇن ياكى ئەرزان بولسۇن، پۈتۈن دۇنيادا پەقەت مۇشۇلا ئۆلچەم قىلىنىدۇ خالاس. يەنى ئالتۇن ئۆلچەمدۇر).

**7400 ( صحيح ) لا تقعدوا على القبور ( حم ن ) عن عمرو بن حزم**

7400. ئەمرۇ ئىبنى ھەزىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەبرىلەر ئۈستىدە ئولتۇرماڭلار. (ھەم ماڭماڭلار). ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**لا تقل تعس الشيطان فإنه يعظم حتى يصير مثل البيت و يقول: بقوتي صرعته و لكن قل: باسم الله فإنك إذا قلت ذلك تصاغر حتى يصير مثل الذباب ( حم د ن ك ) عن والد أبي المليح**

7401. ۋالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەيتان ھالاك بولسۇن دېمىگىن ، چۈنكى، ئۇ بۇنداق دېسەڭ خۇددى ئۆيدەك يوغىناپ، كۈچ - قۇۋۋىتىم بىلەن مەن ئۇنى يەڭدىم، مەغلۇپ قىلدىم دەپ كېتىدۇ، لېكىن سەن، بىسمىللاھ ئاللاھنىڭ ئىسمى

بىلەن باشلايمەن دېگىن ، ھەقىقەتەن سەن شۇنداق دېسەڭ، شەيتان كىچىكلەپ، بىر تال چىۋىندەك قالىدۇ، ساڭا كۈچى يەتمەيدۇ. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن شەيتان ئۇنداق بولسۇن، بۇنداق بولسۇن دەپ قانۇنسىز سۆزنى دېمەي، پەقەت ئاللاھ ۋە رەسۇلى دەڭلار دېگەننى دېيىش ، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھقا سېغىنىپ، شەيتاندىن ئۇنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن دېيىش لازىم.

لا تقل عليك السلام فإن عليك السلام تحية الموتى و لكن قل: السلام عليك ( 3 ك ) عن جابر بن سليم

7402. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەلەيكەسسالام دېمىگىن ، ئۇ دېگەن ئۆلۈكلەرنىڭ ياكى ئۆلۈكلەرگە قىلىنىدىغان سالامدۇر، لېكىن سەن، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دېگىن ، (ساڭا مەڭگۈلۈك سالام، سالامەتلىك، تىنچلىق بولسۇن دېگەن بولىدۇ). ھاكىم، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**7403** ( صحيح ) لا تقولوا السلام على الله فإن الله هو السلام و لكن قولوا: التحيات لله و الصلوات و الطيبات السلام عليك أيها النبي و رحمة الله و بركاته السلام علينا و على عباد الله الصالحين فإنكم إذا قلتم ذلك أصاب كل عبد في السماء و الأرض أشهد أن لا إله إلا الله و أشهد أن محمدا عبده و رسوله ثم يتخير من الدعاء أعجبه إليه فيدعو به ( حم ق د ن ه ) عن ابن مسعود

7403. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سالام، ئاللاھقا بولسۇن دېمەڭلار ، ئاللاھ ئەسسالامدۇر، ئۆزى سالامەتتۇر، سالامەتلىك ئاتا قىلغۇچىدۇر، لېكىن سىلەر «ئەتتەھىييياتۇ لىللاھى ۋەسسالاۋاتۇ ۋەتتەييىبات، ئەسسالامۇ ئەلەيكە ئەييۇھەننەبىييۇ ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەراكاتۇھۇ، ئەسسالامۇ ئەلەينا ۋەئەلا ئىبادىللاھىس سالىھىين، ئەشھەدۇ ئەن لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ» دەڭلار. ئاندىن ئۆزى ياخشى كۆرۈدىغان (قۇرئان، سۈننەتكە مۇۋاپىق) دۇئانى تاللاپ دۇئا قىلسۇن، ئەگەر شۇنداق دېسە، بۇ سالام ئاسمان ـ زېمىندىكى بارلىق بەندىلەرگە يېتىدۇ، كۇپايە بولىدۇ. ئەھمەد ، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7404** ( صحيح ) لا تقولوا: الكرم و لكن قولوا: العنب و الحبلة ( م ) عن وائل

7404. ۋائىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئۈزۈمنى كەرىم دېمەي، بەلكى، ئىنەپ، ھەبلەت يەنى ئۈزۈم باراڭ ـ تال دەڭلار، (كەرىم دېگەن سېخى كىشى دېگەن بولىدۇ). مۇسلىم 4176 ـ ھەدىس.

**7405** ( صحيح ) لا تقولوا للمنافق: سيد نا فإنه إن يكن سيدكم فقد أسخطتم ربكم ( حم د ن ) عن بريد

7405. بۇيرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر مۇناپىقنى (ياكى دىنسىزنى) سەييىدى، خوجام، باشلىق دېمەڭلار ، ئەگەر مۇناپىق سىلەرنىڭ سەييىد، خوجاڭلار بولسا، سىلەر رەببىڭلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈرگەن بولىسىلەر، كايىشقا يولۇقىسىلەر. ئەھمەد 21861 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4325 ـ ھەدىس، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

(ئى پالانى شۇجى!، پالانى شاڭجاڭ!، پالانى سوجاڭ! دېگەن كىشى، رەببىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈرۈپ، كايىشقا ئۇچرايدۇ، بۇ خىل خۇشامەت قىلىش ھارامدۇر).



www.uyghurkitap.com

لا تقولوا: ما شاء الله و شاء فلان و لكن قولوا: ما شاء الله ثم شاء فلان ( حم د ن ) عن حذيفة

7406. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ خالىسا ۋە پالانى خالىسا دېمەڭلار . لېكىن، سىلەر ئاللاھ خالىسا ئاندىن قالسا پالانى خالىسا «ماشائاللاھ سۇممە شائە پالانى» دەڭلار، (يەنى ئاللاھنىڭ شېپالىق بېرىشى بىلەن ئاندىن قالسا مۇشۇ دوختۇرنىڭ كەسپى ياردىمىدە پالانى شىپا تاپتى، ساقىيىپ قالدى دەڭلار). ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس كىچىك، مەخپىي شېرىكلەردىن توسىۋاتىدۇ.

7407 ( صحيح ) لا تقوم الساعة إلا على شرار الناس( حم م ) عن ابن مسعود

7407. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت پەقەت كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامان كىشىلىرىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ئەھمەد ، مۇسلىم توپلىغان ، سەھىھ.

قىيامەت قايىم بولۇش ئاز قالغانسېرى كىشىلەر يامانلىشىدۇ، زامان يامان بولىدۇ، يامان كىشىلەرلا قالغاندا قىيامەت قۇرۇلىدۇ.

7408 ( صحيح ) لا تقوم الساعة حتى تأخذ أمتي أخذ القرون قبلها شبرا بشبر و ذراعا بذراع قيل يا رسول الله ! كفارس و الروم ؟ قال: و من الناس إلا أولئك ؟ ( خ ) عن أبي هرير

7408. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئۇممەت ئۆزىدىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىنى بىر غېرىچ بىر غېرىچدىن، بىر گەزدىن، غېرىچ ـ غېرىچقا، گەز ـ گەزگە توغرا كەلگەندەك قىلىپ كەتمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى!، خۇددى پارس ، رۇم ئەھلى قىلغاندەكمۇ؟ دېيىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاردىن باشقا كىم بولماقچى ئىدى؟، دەل شۇلاردەك دېدى. بۇخارى 6774 ـ ھەدىس، ئەھمەد 7957 ـ ھەدىس، سەھىھ. (يەنى بۇ ئۇممەت بۇرۇنقىلارنىڭ قىلىقىنى قىلىپ كېتىدۇ، ئاندىن قىيامەت قۇرۇلىدۇ).

لا تقوم الساعة حتى تخرج نار من أرض الحجاز تضيء أعناق الإبل ببصرى( ق ) عن أبي هريرة

7409. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھىجاز زېمىنىدىن بىر ئوت چىقىپ، تۆگىنىڭ بويىنىدەك بۇسرا شەھىرىگە نۇر چاچمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئىبنى كەسىر بەدايەت دېگەن تارىخ كىتابىدا بۇ ئالامەت يۈز بېرىپ بولدى دېگەن .

لا تقوم الساعة حتى تضطرب أليات دوس حول ذي الخلصة ( حم ق ) عن أبي هريرة

7410. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زۇلخەلەسە دېگەن بۇتنىڭ ئەتراپىدا دوۋەيس قەبىلىسىنىڭ ئاياللىرىنىڭ ساغرىسى ئويناخشىمىغۇچە يەنى ئۇلار شۇ بۇتقا چوقۇنۇپ، ئىبادەت قىلىپ كەتمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. مۇسلىم، ئەھمەد ، بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ.

7411 ( صحيح ) لا تقوم الساعة حتى تطلع الشمس من مغربها فإذا طلعت فرآها الناس آمنوا أجمعون فذلك حين لا ينفع نفسا إيمانها لم تكن

**آمنت من قبل أو كسبت في إيمانها خيرا و لتقومن الساعة و قد نشر الرجلان ثوبهما بينهما فلا يتبايعانه و لا يطويانه و لتقومن الساعة و قد انصرف الرجل بلبن لقحته فلا يطعمه و لتقومن الساعة و هو يليط حوضه فلا يسقي فيه و لتقومن الساعة و قد رفع أكلته إلى فيه فلا يطعمها( ق ه ) عن أبي هريرة**

7411. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۈن كىرگەن جايدىن چىقمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، كۈن كىرگەن جايدىن چىققاندا بولسا، كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپ، ھەممىسى ئىمان كەلتۈرۈپ، مۆئمىن بولدۇق، مۇسۇلمان بولدۇق دەپ كېتىدۇ، ئەنە شۇ چاغ بولسا، ھېچبىر كىشىگە، شۇنىڭدىن بۇرۇن ئىمان كەلتۈرمىگەن بولسا، شۇنىڭدىن بۇرۇن ئىماندا ياخشىلىق قىلمىغان بولسا، ئالامەتنى كۆرۈپ ئېيتقان ئىمانى، قىلغان ياخشى ئەمەللىرى پايدا ـ مەنپەئەت قىلمايدىغان چاغدۇر. (شۇ زاماندىن كېيىن تۇغۇلغانلارغا ئىمانى پايدا قىلىشى مۇمكىن). قىيامەت شۇنداق تۇيۇقسىز يۈز بېرىدۇكى، ئىككى كىشى سودا قىلىش ئۈچۈن رەختلىرىنى ، كىيىملىرىنى ئېچىپ كۆرۈشۈپ، سودىنى قىلىشقا ھەم شۇ رەختنى قاتلاپ جايىغا ئېلىپ قويۇشقا قادىر بولالمايدۇ. قىيامەت شۇنداق تۇيۇقسىز قايىم بولىدۇكى، كىشى تۆگىنىڭ سۈتىنى ئېلىپ كېلىپ، ئىچىشكە قادىر بولالمايدۇ، قىيامەت شۇنداق تۇيۇقسىز يۈز بېرىدۇكى، كىشى قۇدۇق، كۆللىرىنى ئوڭشاپ، چۆرىسىگە لاي قويۇپ ئىسلاھ قىلىدۇ، لېكىن، ئۇنىڭدىن سۇ ئىچەلمەيدۇ، ھەم سۇغىرالمايدۇ. قىيامەت تۇيۇقسىزلا يۈز بېرىدۇكى، كىشى يەيدىغان تامىقىنى ئاغزىغا كۆتۈرۈپ شۇ چاغقىچە قىيامەت قايىم بولۇپ كېتىپ ئۇ تاماقنى يېيىشكە قادىر بولالمايدۇ. بەيھەقى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد 8468 ـ ھەدىس، بۇخارى 6025 ـ ھەدىس، سەھىھ.

7412. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

**لا تقوم الساعة حتى تقاتلوا الترك صغار الأعين حمر الوجوه ذلف الأنوف كأن وجوههم المجان المطرقة و لا تقوم الساعة حتى تقاتلوا قوما نعالهم الشعر و ليأتين على أحدكم زمان لأن يراني أحب إليه من أن يكون له مثل أهله و ماله ( ق د ت ه ) عن أبي هريرة**

7413. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر كۆزلىرى كىچىك، يۈزلىرى قىزىل، بۇرنى پاناق، قىسقا، يۈزى يوللۇق قالقانغا ئوخشايدىغان تۈرۈك دېگەن قەۋم بىلەن ئۇرۇش قىلمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، سىلەر يەنە ئاياغلىرى يۇڭدىن بولغان قەۋم بىلەنمۇ ئۇرۇش قىلمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، بىرىڭلارغا شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇنىڭ مېنى بىر قېتىم كۆرۈۋېلىشى، بارلىق مال ـ مۈلۈكى ، ئەھلى ـ بالىلىرىنىڭ بەدىلىگە بولىشىدىنمۇ، ئۇنىڭغا سۆيۈملۈك بولۇپ كېتىدۇ. بۇخارى 3322 ـ ھەدىس، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7414 ( صحيح ) لا تقوم الساعة حتى تقاتلوا اليهود حتى يقول الحجر وراءه اليهودي: يا مسلم هذا يهودي ورائي فاقتله ( ق ) عن أبي هريرة**

7414. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلمىغۇچە ھەتتا بىر تاش، ئى مۇسۇلمان! ماۋۇ يەھۇدىي مېنىڭ ئارقامغا مۆكۈۋالدى، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىن دەپ سۆزلىمىگىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. بەيھەقى، بۇخارىلار توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىس، ھازىرمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ زور مۆجىزە بولۇپ، ئىنتايىن ئىلغار يېڭى ئىلىم ۔ پەن تەرەققىياتىغا، كەشپىياتقا ئىشارەت قىلىدۇ، جانسىز نەرسىنىڭ سۆزلىشىگە ئىشارەت قىلىدۇ، كۆزىتىش ئاپپاراتلىرىغا سۈنئىي رادارغا، سۈنئىي مۇھاپىزەتلەرگە بىز بىلمەيدىغان ئاجايىپ ۔ غارايىپ مۆجىزە، ئالامەتلەرگە ئىشارەت قىلىدۇ. ۋاللاھۇ ئەئلەم.

**7415** ( صحيح ) لا تقوم الساعة حتى تقاتلوا خوزا و كرمان من الأعاجم حمر الوجوه فطس الأنوف صغار الأعين كأن وجوههم المجان المطرقة نعالهم الشعر ( حم خ ) عن أبي هريرة

7415. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ئەجەملەردىن يەنى غەيرى ئەرەبلەردىن بولغان خوزاۋە كورمان دېگەن قەبىلىلەر بىلەن يەنى شۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىدىغان يۈزلىرى قىزىل، بۇرۇنلىرى پاناق، كۆزلىرى كىچىك، ئاياغلىرى يۇڭدىن، يۈزى خۇددى يوللۇق قالقان، جەڭ كىيىمىگە ئوخشاش قەۋملەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.( ئالىملار: بۇ جەڭ بولۇپ بولغان، يەنە بولۇشى مۇمكىن، ۋاللاھۇ ئەئلەم دېدى. تۈركلەر، يەئجۈج ۔ مەئجۇجلار بىلەن بىر نەۋرە ئىكەن، تۈرۈك، خىتاي، موڭغۇللار بىر ئەۋلاد ،ئەجدادى بىر).

7416. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

**7417** ( صحيح ) لا تقوم الساعة حتى تقتل فئتان عظيمتان دعواهما واحدة و لا تقوم الساعة حتى يبعث دجالون كذابون قريبا من ثلاثين كلهم يزعم أنه رسول الله ( حم ق د ت ) عن أبي هرير

7417. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ناھايىتى كۆپ ئىككى جامائە قوشۇن، ئۆزئارا ئۇرۇشمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ داۋاسى بىردۇر. (يەنى ھەر ئىككى تەرەپ مېنىڭ ھەق دەيدۇ، داۋاسى بىر ھەققەتتۇر). ئوتتۇزغا يېقىن كاززاپ دەججاللار ئوتتۇرىغا چىقمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ھەممىسى مەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مەن پەيغەمبەر دەپ داۋا قىلىدۇ. (ئۇلار شۇڭا كاززاپتۇر). ئەھمەد، بەيھەقى،بۇخارى،مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

لا تقوم الساعة حتى تلحق قبائل من أمتي بالمشركين و حتى تعبد الأوثان و إنه سيكون في أمتي ثلاثون كذابا كلهم يزعم أنه نبي و أنا خاتم النبيين لا نبي بعدي( ت ك ) عن ثوبان

7418. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۈممىتىمدىن نۇرغۇن قەبىلىلەر مۇشرىكلارغا قوشۇلۇپ كەتمىگۈچە بۇتلارغا چوقۇنۇپ، ئىبادەت قىلىنىپ كەتمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. پات يېقىندا مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدىلا 30 كاززاپ بولىدۇ، ھەممىسى پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىدۇ، مانا مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، ئاخىرلاشتۇرغۇچى، ئاخىرقى پەيغەمبەر بولىمەن، مەندىن كېيىن ھەرگىز ھەققى، راست پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىس، مۆجىزە بولۇپ، راستىنلا نۇرغۇن كاززاپ دەججاللار پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىپ چىققان، مۇسەيلىمەت، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايات چاغدىلا چىققان بولۇپ، ئۇنى ۋەھشى

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆلتۈرگەن ئىدى، كېيىن كۆپلەپ كارزايلار چىقتى، تۆتى ئايال ئىدى، بۇ ۋەقەلەر ئىبنى كەسىرنىڭ «بەدايەت ۋە نەھايەت» دېگەن كىتابىدا بار. ھەدىسنىڭ يەنە بىر مۆجىزىلىكى شۇكى، راستىنلا ساماۋى كىتاب چۈشكەن، دەلىل ـ ئىسپاتى تولۇق بولغان بىرەر پەيغەمبەر چىقمىدى، ھەم بۇندىن كېيىنمۇ چىقمايدۇ. بۇ ئەڭ چوڭ مۆجىزىدۇر. ھازىرقى ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى مۆجىزە، ئەلۋەتتە. قىنى ئەمسە قاراپ باقايلى!

**7419** ( صحيح ) لا تقوم الساعة حتى لا يحج البيت ( ع ك ) عن أبي سعيد

7419. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەيتۇللاھنى، (يەنى كەئبە) مەككىنى ھەج قىلىنمايدىغان ھالەت كەلمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ.( قەتئىي ھەج قىلىنمىغاندا قىيامەت قايىم بولىدۇ،) ھەج قىلىنىپ تۇرسىلا قىيامەت قايىم بولمايدۇ. ئەبۇ يەئلا، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**7420** ( صحيح ) لا تقوم الساعة حتى لا يقال في الأرض: الله الله( حم م ت ) عن أنس

7420. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يەر يۈزىدە (يەر شارىدا) ئاللاھ! ئاللاھ! دېيىلمەيدىغان بولمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، چىن دىلىدىن ئاللاھ! ئاللاھ! دېيىلمىگەندە ئاندىن قىيامەت قايىم بولىدۇ. (چۈنكى، قىيامەت كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ، ئۇلار خۇددى ئېشەكتەكتۇر ). ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7421** ( صحيح ) لا تقوم الساعة حتى يتباهى الناس في المساجد ( حم حب ) عن أنس

7421. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر مەسجىد توغرىسىدا ئۆزئارا باھالىشىپ، پەخىرلىنىپ كەتمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

لا تقوم الساعة حتى يتقارب الزمان فتكون السنة كالشهر و الشهر كالجمعة و تكون الجمعة كاليوم و يكون اليوم كالساعة و تكون الساعة كالضرمة بالنار ( حم ت ) عن أنس

7422. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زامان، ۋاقىت، بىر ـ بىرىگە ئۆزئارا ئىنتايىن يېقىنلىشىپ قىسقىراپ كەتمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ئۇ چاغدا بىر يىل 12 ئاي، خۇددى بىر ئايدەك. بىر ئاي بولسا، بىر ھەپتىدەك.بىر ھەپتە بولسا بىر كۈندەك بولۇپ قالىدۇ، بىر كۈن بىر سائەتتەك بولىدۇ، بىر سائەت بولسا، خۇددى ئۇتنىڭ، غىل ـ پال قىلىپ ئۆچۈپ قالغان ئۇچقۇندىسىدەك بولۇپ قالىدۇ. تىرمىزى 2254 ـ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىس جۇغراپىيىلىك جەھەتتە مۆجىزە بولۇپ، بۇ سىرنى تېخى ئالىملار قىياسمۇ قىلالمىدى، بۇ مەنىۋى جەھەتتە دېيىلگەن سۆزمۇ؟ ياكى يەرشارىنىڭ ھەرىكىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرەمدۇ؟ بۇنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

لا تقوم الساعة حتى يحسر الفرات عن جبل من ذهب يقتتل الناس عليه فيقتل من كل مائة تسعة و تسعون و يقول كل رجل منهم: لعلي أكون أنا الذي أنجو ( م ) عن أبي هريرة

7423. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پۇرات دەرياسىدىن چوڭ ئالتۇن تاغ ئېچىلىپ قالمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، كىشىلەر شۇ ئالتۇننى دەپ ئۇرۇشۇپ كېتىدۇ، ھەر يۈزدىن (100دىن) 99 كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى مەن قۇتۇلۇپ قېلىشىم مۇمكىن، مەن نىجات تېپىشىم مۇمكىن دەپ قالىدۇ، لېكىن، نىجاد تاپالماي ھەممىسى ئۆلىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ دەريا كۇفىدە ھازىرمۇ بار.

7424. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر.

لا تقوم الساعة حتى يخرج رجل من قحطان يسوق الناس بعصاه ( ق ) عن أبي هريرة

7425. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەھتان دېگەن جايدىن بىر كىشى چىقىپ كىشىلەرنى ھاسىسى بىلەن ھەيدەپ ماڭمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. مۇسلىم ،بەيھەقىيلار توپلىغان، سەھىھ.

**7426** ( صحيح ) لا تقوم الساعة حتى يقاتل المسلمون الترك قوما وجوههم كالمجان المطرقة يلبسون الشعر و يمشون في الشعر ( م د ن ) عن أبي هريرة

7426. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلار ئۇچىسىغا يۇڭدىن كىيىم كىيىدىغان، پۇتلىرىغا يۇڭدىن دەپسە كىيىپ يۇڭدا ماڭىدىغان، يۈزلىرى يوللۇق قالقانغا ئوخشايدىغان تۈرك ئىسىملىك قەۋملەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7427** ( صحيح ) لا تقوم الساعة حتى يقاتل المسلمون اليهود فيقتلهم المسلمون حتى يختبئ اليهودي من وراء الحجر و الشجر فيقول الحجر أو الشجر: يا مسلم ! يا عبد الله ! هذا يهودي خلفي فتعال فاقتله إلا الغرقد فإنه من شجر اليهود( م ) عن أبي هريرة

7427. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلار، يەھۇدىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلار ئۆلتۈرىدۇ، ھەتتا، يەھۇدىي، تاشنىڭ، دەرەخنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنىۋالسا، تاش ياكى دەرەخ:ـ ئى مۇسۇلمان! ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! مانا بۇ يەھۇدىي مېنىڭ ئارقامغا يوشۇرۇنۇۋالدى، بۇياققا كەل، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت دەپ سۆزلەپ كېتىدۇ، (ياردەم بېرىدۇ). لېكىن، غەرقەد ئىسىملىك دەرەخ ئۇنداق دېمەيدۇ، چۈنكى، ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ دەرىخىدۇر. (ئۇ شۇلار كۆيۈنىدىغان شوخلۇق، تىكەنلىك دەرەخ). مۇسلىم 5203 ـ ھەدىس، بۇخارى 2709 ـ ھەدىس، ئەھمەد 8807 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7428** ( صحيح ) لا تقوم الساعة حتى يقبض العلم و تكثر الزلازل و يتقارب الزمان و تظهر الفتن و يكثر الهرج: و هو القتل( حم خ ه ) عن أبي هريرة

7428. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ ئېلىنىۋېلىنمىغىچە، يەر تەۋرەش كۆپىيىپ كەتمىگۈچە، زامان، ۋاقىت قىسقىراپ يېقىنلىشىپ كەتمىگۈچە، پىتنە ـ پاساتلار ئاشكارا بولۇپ كەتمىگۈچە، ئۇرۇش، قاتىللىق، قىرغىنچىلىق كۆپىيىپ كەتمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، (يەنى قىيامەت قايىم بولۇش ئالدىدا ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، نادانلار قالىدۇ، يەر كۆپ تەۋرەيدۇ، پىتنە ـ پاساتلار ، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ئاشكارا

بولىدۇ، قىرغىنچىلىق ئۇرۇش كۆپ بولىدۇ). ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7429 ( صحيح ) لا تقوم الساعة حتى يكثر المال و يفيض حتى يخرج الرجل بزكاة ماله فلا يجد أحدا يقبلها منه و حتى تعود أرض العرب مروجا و أنهارا ( م ) عن أبي هريرة

7429. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مال ـ دۇنيا ئىنتايىن كۆپىيىپ كەتمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، مال ـ دۇنيا شۇنداق كۆپىيىپ كېتىدۇكى، كىشى مېلىنىڭ زاكىتىنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئالىدىغان كىشىنى تاپالمايدۇ. ھەتتا، ئەرەب زېمىنلىرى باغۇ ـ بوستانلىققا، ئېرىق ـ ئۆستەڭ، دەريالارغا ئايلىنىپ قايتا شۇ ھالەتكە كېلىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار بۇ ھەدىسنى مۆجىزە دېيىشىدۇ.

7430 ( صحيح ) لا تقوم الساعة حتى يكثر المال فيكم فيفيض حتى يهم رب المال من يقبل صدقته و حتى يعرضه فيقول الذي يعرضه عليه: لا أرب لي فيه ( ق ) عن أبي هريرة

7430. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاراڭلاردا مال ـ دۇنيا كۆپىيىپ كەتمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، مال ـ دۇنيا شۇنداق كۆپىيىپ كېتىدۇكى، مال ئىگىسى سەدىقىنى قوبۇل قىلىپ ئالىدىغان كىشىنى مەقسەت قىلىپ ئىزدەيدۇ، مالنى ئۇنىڭغا تەڭلىسە، ئۇ كىشى مېنىڭ بۇ مالغا ھاجىتىم يوق دەيدۇ. بەيھەقىيلار توپلىغان، سەھىھ.

لا تقوم الساعة حتى يكون أسعد الناس بالدنيا لكع ابن لكع( حم ت الضياء ) عن حذيفة

7431. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ دۇنياغا ئىگە بولغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ بايلىرى، بەختلىكلىرى ، پەسكەش، ئەخمەق، ئىلىمسىز، نادانلارنىڭ باللىرى بولغان، پەسكەش، ئەخمەق، نادان، ئىلىمسىز دۆت كىشىلەر بولمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. (يەنى ئىلىمسىز، نادان، پەسكەش، ئەخمەق، دۆت كىشىلەر بۇ دۇنياغا ئىگە بولۇپ، باي بولغاندا قىيامەت قايىم بولىدۇ، دەل شۇلار ئەڭ يامان كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن). ئەھمەد، تىرمىزى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

لا تقوم الساعة حتى يمر الرجل بقبر الرجل فيقول يا ليتني مكانه ( حم ق ) عن أبي هريرة

7432. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ قەبرىسىدىن ئۆتۈپ، ئېسىت! كاشكى مەن مۇشۇ كىشىنىڭ ئورنىدا بولسامچۇ، بۇ كىشىنىڭ ئورنىدا مەن ئۆلسەمچۇ دېمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

7433 ( صحيح ) لا تقوم الساعة حتى ينزل الروم بالأعماق أو بدابق فيخرج إليهم جيش من المدينة من خيار أهل الأرض يومئذ فإذا تصافوا قالت الروم: خلوا بيننا و بين الذين سبوا منا نقاتلهم فيقول المسلمون: لا و الله لا نخلي بينكم و بين إخواننا فيقاتلونهم فينهزم ثلث لا يتوب الله عليهم أبدا و يقتل ثلث هم أفضل الشهداء عند الله و يفتتح الثلث لا يفتنون أبدا ; فيفتتحون القسطنطينية فبينما هم يقتسمون الغنائم قد علقوا سيوفهم بالزيتون إذ صاح فيهم الشيطان: إن المسيح قد خلفكم في أهليكم فيخرجون و ذلك باطل فإذا جاءوا الشام خرج فبينما هم يعدون للقتال يسوون الصفوف إذ أقيمت الصلاة فيترل عيسى بن مريم فأمهم فإذا رآه عدو الله ذاب كما يذوب الملح في الماء فلو تركه لا نذاب حتى يهلك و لكن يقتله الله بيده فيريهم دمه في حربته ( م ) عن أبي هريرة

7433. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆۋەندىكى مۇنۇ ھادىسىلەر يۈز بەرمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ، ئۇ بولسىمۇ رۇم خەلقى، يەنى ئەھلى كىتابلار، ئەئماق ياكى بەدابىق دېگەن جايغا چۈشىدۇ، ئۇلارغا قارشى شۇ كۈنلەردىكى زېمىن ئەھلىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرى بولغان قوشۇن، مەدىنىدىن چىقىدۇ، ئۇلار جەڭگە سەپ تارتقاندا، رۇملۇقلار: سىلەر بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا ئارىلاشماي، بىز بىلەن بىزنى تىللاپ ئەيىبلىگەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى خالىي قويۇپ بېرىڭلار، بىز ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلايلى دەيدۇ. مۇسۇلمانلار! ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز سىلەر بىلەن قېرىنداشلىرىمىز ئارىسىنى خالىي قويمايمىز، بىزمۇ مۇسۇلمانلارغا چوقۇم ياردەم بېرىمىز دەپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ، دۈشمەننىڭ ئۈچتىن بىرى مەغلۇپ بولۇپ يېڭىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىسىنى مەڭگۈ قوبۇل قىلمايدۇ، مۇسۇلمانلاردىن ئۈچتىن بىرى ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىد قىلىنىدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى شېھىدلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەللىرىدۇر. مەڭگۈ پىتنىگە، ئازابقا قالمايدىغان يەنە بىر ئۈچتىن بىرى غەلىبە قىلىدۇ، ئۇلار قىستىنتىنىيىنى ئىشغال قىلىدۇ، ئۇلار شۇ ئەسنادا قىلىچلىرىنى زەيتۇن دەرىخىگە ئېسىپ قويۇپ، غەنىيمەتلىرىنى تەقسىم قىلىشىۋاتسا، تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شەيتان، ھەي! ھەقىقەتەن مەسىھ دەججال چىقىپ، ئەھلىڭلاردا سىلەرنىڭ ئورنۇڭلاردا ئىز باسار بولۇپ پىتنە - پاسات تېرىپتۇ! دەيدۇ، ئۇلار چىققۇدەك بولسا، ئۇ خەۋەر باتىل، يالغان ئىكەن، ئۇلار شام زېمىنىغا كەلگەندە دەججال چىقىدۇ، شۇ ئەسنادا ئۇلار جەڭگە تەييارلىق قىلىپ، سەپلەرنى تۈزلەۋاتسا، تۇيۇقسىز نامازغا تەكبىر ئېيتىلغاندا مەريەم ئوغلى ئەيسا چۈشۈپ، ئۇلارغا ئىمام بولىدۇ، ئاللاھنىڭ دۈشمىنى بولغان دەججال ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپلا خۇددى تۇز سۇدا ئېرىپ كەتكەندەك ئېرىپ، بوشاپ كېتىدۇ، ئەگەر ئەيسا ئۇنى ئۆلتۈرمەي تەرك ئەتكەن بولسىمۇ دەججال ھالاك بولۇپ ئۆلگەنگە قەدەر ئۆزلۈكىدىن ئېرىپ تۈگەيتتى، لېكىن، ئاللاھتائالا دەججالنى ئەيسانىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرىدۇ، ئۇلارغا دەججالنىڭ قېنىنى ئەيسانىڭ نەيزىسىدە، قىلىچىدا كۆرسىتىدۇ، راست ئۆلۈپتۇ دېگۈزىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7434 ( صحيح ) لا تكتبوا عني شيئا إلا القرآن فمن كتب عني غير القرآن فليمحه و حدثوا عني و لا حرج و من كذب علي متعمدا فليتبوأ مقعده من النار ( حم م ) عن أبي سعيد**

7434. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر مەندىن، قۇرئاندىن باشقا نەرسىنى يازماڭلار، كىم مەندىن، قۇرئاندىن باشقا نەرسىنى يازغان بولسا، ئۇنى ئۆچۈرۈۋەتسۇن، سىلەر مەندىن مەن سۆزلىگەن ھەدىسنى سۆزلىسەڭلار، گۇناھ يوق، كىم ماڭا مەن دېمىگەننى دېدى دەپ قەستەن يالغان سۆزلىسە، ئۇ ئۆز جايىنى دوۋزاخدىن ئېلىۋالسۇن. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

بۇرۇن قۇرئاننى يېزىۋاتقاچقا، ئېلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ يېزىشتىن توسقان، شۇ ۋاقىتلاردىمۇ يىراقتىن كەلگەن ئەئرابىيغا يېزىۋېلىشقا رۇخسەت بەرگەن ھەدىسنىڭ دەلىلى بىلەن ۋە بىر ھەدىس بولسىمۇ يەتكۈزۈش ئۆز ئەيىنى يەتكۈزۈشنىڭ دەلىلى بىلەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەدىس يېزىلغان، قاتتىق تەكشۈرۈپ، ھەقىقى سەھىھ، مۇتىۋاتىرلىرى توپلانغان، خۇددى بۇخارى، مۇسلىم ۋە مۇشۇ كىتابلاردەك، بۇنى باشقا كىتابلاردىن كۆرۈڭ.

**7435 ( صحيح ) لا تكثر الضحك فإن كثرة الضحك تميت القلب ( ه ) عن أبي هريرة**

7435. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۆپ كۈلمەڭلار، كۆپ كۈلۈش قەلبنى ئۆلتۈرىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7436** ( صحيح ) لا تكذبوا علي فإن الكذب يولج النار( ه ) عن علي

7436. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا يالغان سۆزلىمەڭلار، ماڭا يالغاننى توقۇپ سۆزلەش، چوقۇم دوۋزاخقا كىرگۈزىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7437** ( صحيح ) لا تكذبوا علي فإنه من يكذب علي فليلج النار ( حم ق ت ) عن علي

7437. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا مەن دېمىگەن سۆزنى دېدى دەپ يالغان سۆزلىمەڭلار، ھەقىقەتەن كىم ماڭا يالغاننى توقۇسا، يالغان سۆزلىسە، ئۇ دوۋزاخقا كىرىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7438** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **6267** لا تكروا الأرض ( بشيء ) ( ن ) عن رافع بن خديج

7438. رايىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زېمىننى يەنى تېرىلغۇ يەرنى (بىرەر نەرسىگە) ئىجارىگە بەرمەڭلار دېگەن . بۇ ھەدىسنى ئەلبانى سەھىھ، لېكىن تىرناق ئىچى يەنى نەرسىگە دېگەن سۆز زەئىپ دېگەن . چۈنكى، يۇقىرىدا ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئىجارىگە بەرسە بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ باردۇر. دۇرۇس بولمايدىغان ئەھۋاللارمۇ بار دېيىلدى.

لا تكرهوا مرضاكم على الطعام و الشراب فإن الله يطعمهم و يسقيهم ( ت ه ك ) عن عقبة بن عامر

7439. ئۇقبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېسەللىرىڭلارنى تاماققا، ئىچىملىككە زورلاپ مەجبۇرلىماڭلار، چۈنكى، ئۇلارغا ئاللاھ تاماق بېرىپ، ئۆزى سۇغۇرىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**7440** ( صحيح ) لا تكشف فخذك و لا تنظر إلى فخذ حي و لا ميت ( د ) عن علي

7440. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەرگىز يوتاڭنى ئوچۇق قويمىغىن، ھايات كىشىنىڭمۇ، مېيىت كىشىنىڭمۇ يوتىسىغا قارىمىغىن، (چۈنكى ئەۋرەت). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7441** ( صحيح ) لا تكلفوا للضيف ( ابن عساكر ) عن سلمان

7441. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېھمانغا تولا تەكەللۇپ قىلىپ كەتمەڭلار. ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

**7442** ( صحيح ) لا تكونوا عون الشيطان على أخيكم ( خ ) عن أبي هريرة

7442. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قېرىندىشىڭلارغا قارشى شەيتانغا ياردەمچى بولماڭلار. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**7443** ( حسن ) لا تلاعنوا بلعنة الله و لا بغضبه و لا بالنار ( د ت ك ) عن سمرة

7443. سەمۇرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ لەنىتى بىلەن، ئاللاھنىڭ غەزىپى بىلەن، دوۋزاخ بىلەن لەنەت قىلماڭلار، (يەنى

ساقا ئاللاھنىڭ لەنىتى، غەزىپى بولسۇن دېمەڭلار ، ھوي! دوۋزىخى، ساقا دوۋزاخ بولسۇن دېمەڭلار ). ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان ، سەھىھ.

7444 ( صحيح ) لا تلبسوا الحرير فإنه من لبسه في الدنيا لم يلبسه في الآخرة( م ) عن ابن الزبير

7444. ئىبنى زەبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يىپەك رەختنى كىيمەڭلار، چۈنكى، ئۇنى بۇ دۇنيادا كىيگەن كىشى ئاخىرەتنىڭ يىپەكلىرىنى كىيەلمەيدۇ، مەھرۇم قالىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

لا تلبسوا القميص و لا العمائم و لا السراويلات و لا البرانس و لا الخفاف إلا أحد لا يجد النعلين فليلبس الخفين و ليقطعهما أسفل من الكعبين و لا تلبسوا من الثياب شيئا مسه زعفران أو ورس و لا تنتقب المرأة المحرمة و لا تلبس القفازين( خ ت ن ) عن ابن عمر

7445. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېھرام باغلىغۇچى ھاجىلارغا مۇنداق دېگەن: سىلەر كۆڭلەك، سەللە، ئىشتان، بۆك (باش كىيىمى)، ئۆتۈكلەرنى كىيمەڭلار، لېكىن، ئىككى ئاياغنى تاپالمىغان كىشى، ئىككى ئۆتۈكنى ئوشۇقىنىڭ ئاستىدىن كېسىۋېتىپ كىيسۇن، زەئپىران ياكى ۋەرەس قىزىل سېرىق رەڭلىك خۇشپۇراق ئەتىرلەر، بويىغان ئىشلىتىلگەن كىيىمنى كىيمەڭلار، ئېھرام باغلىغۇچى ئايال كىشى نىقابلانمايدۇ، ئىككى قولىغا پەلەي سالمايدۇ، (ئېھرام باغلىغۇچى پەقەت ئۇچىسىغا خۇددى مېيىتكە تەييارلانغان كېپەنگە ئوخشاشلا رەختنى ئارتىدۇ، ھېكمىتى ئەلۋەتتە ئاخىرەتنى قەبرە ئېچىنى، تېرىلىشنى ئەسلىتىشتۇر). بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

7446 ( صحيح ) لا تلحفوا في المسألة فوالله لا يسألني أحد منكم شيئا فتخرج له مسألته مني شيئا و أنا له كاره فيبارك له فيما أعطيته ( حم م ن ) عن معاوية

7446. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر بەكلا قاتتىق چىڭ تۇرۇۋېلىپ سورىماڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىرىڭلار مەندىن چىڭ تۇرۇۋېلىپ، سوراپ ئۇنىڭ سوراۋېرىشى، ئۇنىڭغا مەن ياقتۇرمىغان ھالەتتە مەندىن بىرەر نەرسىنى چىقىرىپ بەرسە، ئۇ كىشىگە مەن بەرگەن نەرسىدە بەرىكەت بېرىلمەيدۇ، (چۈنكى، بىرىنچىدىن ئۇ چىڭ تۇرۇپ سورىدى، ئىككىنچىدىن، مەن ياقتۇرمىدىم، شۇڭا بەرىكەت يوق). ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

لا تلعن الريح فإنها مأمورة و إنه من لعن شيئا ليس له بأهل رجعت اللعنة عليه( د ت ) عن ابن عباس

7447. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شامالغا لەنەت قىلما، تىللىما، چۈنكى، ئۇمۇ بۇيرۇلغاندۇر، (ئۇنى باشقۇرۇپ بۇيرىغۇچى ئاللاھدۇر). كىم بىرەر نەرسىگە لەنەت قىلسا، ئۇ نەرسە لەنەتكە لايىق بولمىسا لەنەت ئەھلى بولمىسا، ئۇ لەنەت شۇ لەنەت قىلغان كىشىگە قايتىپ كېلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

لا تلقوا الجلب فمن تلقى فاشترى منه شيئا فصاحبه بالخيار إذا أتى السوق ( حم م ت ن ه ) عن أبي هرير

7448. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بازارغا ئېلىپ كېلىنگەن ماللارنىڭ ئالدىنى توسۇۋالماڭلار، كىم شۇنداق مالنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ، ئۇنى سېتىۋالسا، مال ئىگىسى بازارغا كەلگەندە ئىختىيارلىقتا بولىدۇ، خالىسا سودىنى ھېساب

قىلىپ قويىدۇ، خالىسا مېلىنى ياندۇرۇپ قايتۇرۇۋالىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7449 ( صحيح ) لا تلقوا الركبان للبيع و لا يبع بعضكم على بيع بعض و لا تناجشوا و لا يبع حاضر لباد و لا تصروا الغنم و من ابتاعها فهو بخير النظرين بعد أن يحلبها إن رضيها أمسكها و إن سخطها ردها و صاعا من تمر ( خ د ن ) عن أبي هريرة

7449. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بازارغا مال ئېلىپ ماڭغانلارنىڭ ئالدىنى سودا قىلىش ئۈچۈن توسۇۋالماڭلار، بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ سودىسىنىڭ ئۈستىگە بەيئى سودا قىلماڭلار، سېتىۋاتسا ئۇنىڭ ئۈستىگە ساتماڭلار، ئالىمەن دېگەننى ۋاز كەچمىگۈچە ئالماڭلار، كىشلەرنى ئالداپ مالىنىڭ باھاسىنى زىيادە ئۆستۈرۈۋالماڭلار، نەرسىلەرنى نەمدەپ ساتماڭلار، شەھەر ئەھلى، يېزا، سەھرالىقلارغا نەرسە ساتماڭلار، ھەم سېتىپ بەرمەڭلار، (يەنى ئۇلارنى ئالدىماڭلار، زىيانغا ئۇچراتماڭلار)، تۆگە، قويلارغا ئالدامچىلىق ئىشلىتىپ، يېلىنىغا سۈت يىغماڭلار. كىم شۇنداق چارۋىنى سېتىۋالسا، سېغىپ كۆرگەندىن كېيىن، ئىككى خىل كۆز قاراشنىڭ بىرىنى تاللايدۇ، ئەگەر رازى بولسا، ئۇنى ساقلاپ ئېلىپ قالىدۇ، ئەگەر كايىپ نارازى بولسا، ئۇ نەرسىنى بىر سا خورما بىلەن قايتۇرۇپ بېرىدۇ، سودىنى بۇزىدۇ. بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

7450. بۇ ھەدىس، يۇقىرىقىغا ئوخشاش شەھەرلىكلەر، سەھرالىقلارغا نەرسە سېتىپ بەرمەيدۇ، ئالداپ زىيانغا ئۇچراتمايدۇ.

7451 ( صحيح ) لا تمثلوا بالبهائم ( ن ) عن عبدالله بن جعفر

7451. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ھايۋانلارنىڭ كۆز، قۇلاق، ئېغىز ـ بۇرۇن ئەزالىرىنى كېسىپ، قىيناپ ئۆلتۈرمەڭلار. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

لا تمسح و أنت تصلي فإن كنت لا بد فاعلا فواحدة تسوية الحصى( د ) عن معيقيب

7452. مۇئەيقىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ناماز ئوقۇۋېتىپ، ئۇنى ـ بۇنى تۇتما، سىلما ئەگەر ئامالسىز، چارىسىز قىلماقچى بولساڭ، تاشلارنى تۈزلىۋېتىش ئۈچۈن بىرلا قېتىم قىلساڭ بولىدۇ. (يەنى ھەرگىز ئىككى قېتىم قىلما). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

7453 ( صحيح ) لا تمش في نعل واحدة و لا تحتب في ثوب واحد و لا تأكل بشمالك و لا تشتمل الصماء و لا تضع إحدى رجليك على الأخرى إذا استلقيت ( م ) عن جابر

7453. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر پاي ئاياغ بىلەن ماڭما، بىرلا كىيىمدە ئەۋرىتىڭ ئۈستىدە نەرسە بولمىسا، زوڭ ئولتۇرما، سول قولۇڭدا نەرسە يېمە، پۈتۈنلەي يۆگىنىۋالما، ئوڭدىسىغا ياتساڭ بىر پۇتۇڭنى يەنە بىرىنىڭ ئۈستىدە قويما ئەۋرىتىڭ ئېچىلىپ قالىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

7454 ( صحيح ) لا تمنعوا النساء حظوظهن من المساجد إذا استأذنكم ( م ) عن ابن عمر

7454. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ئاياللىرىڭلار سىلەردىن مەسجىدگە چىقىشقا ئىزنى، رۇخسەت سورىسا، ئۇلارنىڭ مەسجىدلەردىكى نېسىۋىسىدىن توسماڭلار. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7455 ( صحيح ) لا تمنعوا إماء الله أن يصلين في المسجد ( ه ) عن ابن عمر**

7455. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بولغان ئاياللارنى مەسجىددە ناماز ئوقۇشدىن توسماڭلار، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. (پىتنە ـ پاسات بولمىسا، ئاياللار مەسجىدى ئايرىم بولسا ياكى ئىككىنچى قەۋەتتە بولۇپ، لاباداتەكبىرنى ئاڭلىسا، كىرىش ـ چىقىش ئىشىكلىرى ئايرىم ـ ئايرىم بولسا، ئاياللار مەسجىددە ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇسا دۇرۇس بولىدۇ).

7456. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا تۆۋەندىكىگە ئوخشاش.

**7457 ( صحيح ) لا تمنعوا إماء الله مساجد الله و لكن ليخرجن و هن تفلات ( حم د ) عن أبي هرير**

7457. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بولغان ئاياللارنى ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىدىن توسماڭلار، لېكىن، ئۇلار مەسجىدلەرگە خۇشپۇراق ئەتىرلەرنى ئىستىمال قىلماستىن، غەيرى پۇراق ھاسىل قىلماستىن چىقسۇن. ئەبۇ داۋۇد 478 ـ ھەدىس، ئەھمەد 9270 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7458 ( صحيح ) لا تمنعوا نساءكم المساجد و بيوتهن خير لهن ( حم د ك ) عن ابن عمر**

7458. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللىرىڭلارنى مەسجىدلەردىن توسماڭلار، لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئۇلارغا ياخشىدۇر. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**لا تنبذوا التمر و البسر جميعا و انبذوا كل واحد منهما على حدته ( ه ) عن أبي هريرة**

7459. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پىششىق، قۇرۇق خورما بىلەن خورما غورىسىنى بىراقلا بىللە چىلاپ ئىچمەڭلار، ھەر قايسىسىنى ئالاھىدە ئايرىم ـ ئايرىم چىلاپ، ئىچىملىك قىلىپ ئىچىڭلار، (مەقسەت ، ھاراقتىن، مەست قىلىدىغان نەرسىدىن ھەزەر قىلدۇرۇش). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7460 ( صحيح ) لا تنبذوا في الدباء و لا المزفت ( ق ) عن أنس**

7460. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قاپاق قاچىغا، ياغلانغان ساپال قاچىغا ئىچىملىك چىلىماڭلار. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس مەنسۇخ، ئەمەلدىن قالغان، دەلىلى يۇقىرىدا مۇسلىمنىڭ ھەدىسىدە ئۆتتى.

**7461 ( صحيح ) لا تنتبذوا الزهو و الرطب جميعا و لا تنتبذوا التمر و الزبيب جميعا و انتبذوا كل واحد منهما على حدته ( ن ه ) عن أبي قتادة**

7461. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پىششىق، قۇرۇق خورمىنى ھۆل خورما بىلەن بىرگە بىراقلا چىلاپ ئىچمەڭلار، پىششىق خورما بىلەن قۇرۇق يېمىش ئۈزۈمنى بىراقلا بىرگە چىلاپ ئىچمەڭلار، ھەر قايسىنى ئالاھىدە ئايرىم ـ ئايرىم چىلاپ

ئىچىملىك قىلىپ ئىچسەڭلار بولىدۇ. (مەقسەت ، مەست قىلغۇچىنى ئىچمەڭلار). نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7462 ( صحيح ) لا تنتبذوا في الدباء و لا المزفت و لا النقير و كل مسكر حرام( ن ) عن عائشة

7462. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قاپاق، ياغلانغان ساپال، ياغاچتا چېپىپ ياسالغان قاچىلارغا ئىچىملىك چىلىماڭلار، ھەر قانداق مەست قىلغۇچى ھارامدۇر. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنىڭمۇ مەست قىلغۇچى ھارام دېگەن ھۆكۈم كۆچكە ئىگە، قالغىنى مەنسۇخ، ئەمەلدىن قالغان.

لا تنتفوا الشيب ما من مسلم يشيب شيبة في الإسلام إلا كانت له نورا يوم القيامة( د ) عن ابن عمر

7463. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاق چاچنى، ئاق ساقالنى يولىۋەتمەڭلار ، ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئىسلام دىنى ئىچىدە مۇسۇلمان ھالەتتە چاچ ـ ساقىلىغا ئاق كىرگۈزسە، ئۇ قىيامەت كۈنى شۇ كىشى ئۈچۈن نۇر بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

لا تنتهي البعوث عن غزو هذا البيت حتى يخسف بجيش منهم ( ن ك ) عن أبي هريرة

7464. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەيتۇللاھقا قارشى قوشۇنلاردىن بىر قوشۇننى يەر يۇتۇپ كەتمىگۈچە، بۇ بەيتۇللاھقا قارشى غازات قىلىدىغان قوشۇنلار ئاخىرلاشمايدۇ، (شۇ قوشۇننى يەر يۇتقاندا ئاندىن ئاخىرلىشىدۇ). نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

لا تنتهي الناس عن غزو هذا البيت حتى يغزو جيش حتى إذا كانوا بالبيداء أو ببيداء من الأرض خسف بأولهم و آخرهم و لم ينج أوسطهم قيل: فإن كان فيهم من يكره ؟ قال: يبعثهم الله على ما في أنفسهم ( حم ت ن ه ) عن صفية

7465. سەفىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر بۇ بەيتۇللاھقا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن توختاپ قالمايدۇ، بۇ ئۇرۇش ئاخىرلاشمايدۇ، تاكى بىر قوشۇن ئۇرۇش قىلىپ كېلىپ بەيدائ دېگەن جايغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئەۋۋەل ـ ئاخىرىنى ھەممىسىنى يەر يۇتۇۋېتىدۇ، ئوتتۇرىسىدىكى كىشىلەرمۇ نىجاد تاپالمايدۇ، قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. (شۇ چاغدا مەككىگە قارشى ئۇرۇش ئاخىرلىشىدۇ). ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى!، ئەگەر ھالاك بولغانلار ئارىسىدا مەجبۇرلانغان ياخشى كىشىلەر بولۇپ قالسىچۇ؟ دېيىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھالاك بولىۋېرىدۇ، ئاخىرىدا ئاللاھ ئۇلارنى قەلبىدىكى ياخشى نىيىتى، ئەمەللىرى ئۈستىدە تىرىلدۈرۈپ قوپۇرىدۇ دېدى. ئەھمەد ، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

لا تنذروا فإن النذر لا يغني من القدر شيئا و إنما يستخرج به من البخيل ( م ت ن ) عن أبي هرير

7466. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نەزىر ۋەدىسى قىلماڭلار، چۈنكى، ئۇ پالانى ئىشمنى ئوڭۇشلۇق قىلالىسام مۇنداق سەدىقە ـ ئېھسان قىلىمەن دېيىشكەنلار ھەم شۇ نەزىرنى قىلىشقانلار، تەقدىردىن بىرەر نەرسىنى بىھاجەت قىلالمايدۇ، قايتۇرالمايدۇ، پەقەت ئۇ نەزىر ۋەدىسى سەۋەبلىك بېخىل كىشىلەردىن سەدىقە ـ ئېھسان

چىقىرىلدۇ خالاس. مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7467 ( حسن ) لا تنزع الرحمة إلا من شقي( حم د ت حب ك ) عن أبي هريرة**

7467. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەھمەت، رەھىم ـ شەپقەت قىلىش، پەقەت شەقىي، دوۋزىخى كىشىدىنلا تارتىۋېلىنىدۇ، (بەتبەخت كىشىنىڭ قەلبىدىنلا ئېلىۋېلىنىدۇ)، (شۇنىڭ ئۈچۈنلا دىنسىزلار، بولۇپمۇ سىياسىيغا مەسئۇل ساقچىلار، مۇسۇلمانلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلمايدۇ، ئۇلارغىمۇ دوۋزاخ ئىچىدە رەھىم قىلىنمايدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**7468 ( صحيح ) لا تنزلوا على جواد الطريق و لا تقضوا عليها الحاجات ( ه ) عن جابر**

7468. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەپەردە يولنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشمەڭلار، ھەم يولنىڭ ئوتتۇرىغا ھاجەت قىلىپ قويماڭلار، (يەنى يولغا تەرەت قىلماڭلار)، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**لا تنقطع الهجرة حتى تنقطع التوبة و لا تنقطع التوبة حتى تطلع الشمس من مغربها ( حم د ) عن معاوية**

7469. مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تەۋبە ئۈزۈلۈپ قالمىغۇچە ھىجرەت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، كۈن كىرگەن جايدىن چىقمىغۇچە تەۋبە قىلىش، تەۋبە قوبۇل بولۇش ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. (قىيامەت كۈنىگىچە تەۋبە ، جىھاد ، ھىجرەت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ). ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**لا تنكح الأيم حتى تستأمر و لا تنكح البكر حتى تستأذن قيل: و كيف إذنها ؟ قال: أن تسكت ( ق د ن) أبي هرير**

7470. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاجراشقان تۇل ئايالدىن ئوچۇق ـ ئاشكارا مەسلىھەت قىلىشمىغىچە ماقۇللىقنى ئالمىغۇچە ئۇنى نىكاھلاپ قويۇلمايدۇ، توي قىلمىغان قىزچاقنى ئۇنىڭ ئىزنى، رۇخستى رازىلىقى ئېلىنمىغۇچە نىكاھلانمايدۇ، ئۇ قىزچاقنىڭ ئىزنى قانداق بولىدۇ؟ دېيىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ جىم، سۈكۈتتە تۇرۇشى، ئىزنى، رازىلىقى بولىدۇ دېگەن . بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**لا تنكح الثيب حتى تستأمر و لا تنكح البكر حتى تستأذن و إذنها الصموت ( ت ه ) عن أبي هرير**

7471. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: توي قىلغان ئايالنىڭ مەسلىھەتلىشىپ ئوچۇق سۆزى، ماقۇللىقى ئېلىنمىغىچە نىكاھلانمايدۇ، توي قىلمىغان قىزچاقنىڭ ئىزنى، رازىلىقى ئېلىنمىغىچە نىكاھلانمايدۇ، ئۇنىڭ سۆز قىلماي رەت قىلماي سۈكۈتتە تۇرۇشى، ئىزنى رازىلىقىدۇر. (ئەگەر رازى بولماي مەجبۇرلانسا نىكاھى قايتۇرۇلىدۇ). تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7472 ( صحيح ) لا تنكح العمة على ابنة الأخ و لا ابنة الأخت على الخالة ( م ) عن أبي هريرة**

7472. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دادا تەرەپ ھاما ئانىنى شۇ ھاما ئانىنىڭ قېرىندىشىنىڭ قىزى ئۈستىگە جۈپلەپ

نىكاھلانمايدۇ، قىزچاقنى ئۇنىڭ ئانا تەرەپ ھاممىسى ئۈستىگە جۈپلەپ نىكاھلانمايدۇ. (يەنى، ھەر قانداق بىر ئايالنى ئۇ ئايالنىڭ دادا تەرەپ ياكى ئانا تەرەپ ھاممىسى بىلەن جۈپلەپ نىكاھلاشقا، توي قىلىپ ئېلىشقا بولمايدۇ). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. قىزچاقنى ھاممىسى بىلەن جۈپلەپ ئېلىش ھارام، ھاممىسنى ئۇنىڭ جىيەن قىزى بىلەن جۈپلەش ھارام، يەنى نىكاھلاپ ئېلىش ھارام، دېمەك، چۈرە ھېسابىدا ئېلىشتا ئىختىلاپ بار، قولدا تۇرۇپ تۇرسا دۇرۇس. ئىختىلاپ، جىمائ، جىنسى ئالاقىدە قىلىنغان.

لا تنكح المرأة على عمتها و لا العمة على ابنة أخيها و لا المرأة على خالتها و لا الخالة على بنت أختها لا الكبرى على الصغرى و لا الصغرى على الكبرى ( د ) عن أبي هريرة

7473. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشىنى ئۇنىڭ دادا تەرەپ ھاممىسى ئۈستىگە جۈپلەپ نىكاھلانمايدۇ، دادا تەرەپ ھاما ئانىسىمۇ قېرىندىشىنىڭ قىزى يەنى جىيەن قىزى ئۈستىگە جۈپلەپ نىكاھلانمايدۇ، ئايال كىشىنى ئانا تەرەپ ھاما ئانىسىنىڭ ئۈستىگە جۈپلەپ نىكاھلانمايدۇ، ئانا تەرەپ ھاما ئانىسىمۇ ھەمشىرىسىنىڭ قىزى ئۈستىگە جۈپلەپ ئېلىنمايدۇ، چوڭ ئايال كىچىكنىڭ ئۈستىگە، كىچىك ئايال چوڭىنىڭ ئۈستىگە جۈپلەپ نىكاھلانمايدۇ. يەنى يۇقىرىقى جۈپلەپ ئېلىش ھارامدۇر. ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ.

7474. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

**7475** ( صحيح ) لا تنهكي فإن ذلك أحظى للمرأة و أحب إلى البعل ( د ) عن أم عطية

7475. ئۇممە ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىز باللارنى خەتنە قىلغاندا، بەك يېتەرلىك كېسىۋەتمە، ھەقىقەتەن شۇنداق قىلىش يەنى بوشراق كېسىپ، خەتنە قىلىش ئايال كىشى ئۈچۈن لەززەتلىك، ئەرگە بولسا سۆيۈملۈكتۇر. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. قىز باللارنى خەتنە قىلدۇرۇشمۇ سۈننەت.

**7476** ( صحيح ) لا تواصلوا إني لست كأحد منكم إني أطعم و أسقى ( خ ت ) عن أنس

7476. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزىنى تائامسىز ئۇلاپ تۇتماڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەردىن بىر كىشىگە ئوخشمايمەن، ماڭا تاماق بېرىلىپ تۇرىدۇ، مەن سۇغۇرۇلۇپ، ئۇسسۇزلىقىم قېنىپ تۇرىدۇ. بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7477** ( صحيح ) لا تواصلوا فأيكم أراد أن يواصل فليواصل حتى السحر إني لست كهيئتكم إني أبيت لي مطعم يطعمني و ساق يسقيني( حم خ د ) عن أبي سعيد

7477. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزىنى ئۇلاپ تۇتماڭلار، قايسىڭلار ئۇلاپ تۇتۇشنى ئىرادە قىلسا، زوھۇرلۇققىچە ئۇلاپ تۇتۇپ يەنە زوھۇرلۇق يېسۇن، ھەقىقەتەن مەن سىلەرنىڭ ھەيئەت تۇرقىڭلاردەك ئەمەس، مەن كېچىسى ياتسام ماڭا تاماق بېرىدىغان تاماق بەرگۈچى، مېنى سۇغۇرىدىغان، ئۇسسۇزلۇق بەرگۈچى ساقى باردۇر. ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7478** ( صحيح ) لا توصل صلاة بصلاة حتى تتكلم أو تخرج ( حم د ) عن معاوية

7478. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازدىن پارىغ بولۇپلا، سۆز قىلىشقىمىگىچە ياكى تېشقا چىقىپ كەتمىگۈچە، نامازغا يەنە بىر نامازنى ئۇلاپ ئوقۇماڭلار، (سۆز قىلىشىپ، ياكى دۇئا قىلىشىپ، يا تېشقا چىقىپ، ياكى ئۆيدە ئوقۇڭلار). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ، نەپلە سۈننەتنى ئۆيدە ئوقۇش ئەۋزەلدۇر.

لا توطأ حامل حتى تضع و لا غير ذات حمل حتى تحيض ( حم د ك ) عن أبي سعيد

7479. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھامىلدار ئايال بالىسىنى تۇغمىغىچە، ھامىلدار ئەمەس ئايال ھەيز كۆرۈپ ئاياللار كېسىلى بولمىغۇچە جىنسى ئالاقە قىلىنمايدۇ. (يەنى ئولجا ئېلىنغان ئاياللار بولسا، بىر ھەيز بىلەن پاك بولىدۇ، ھامىلدار بولسا، تۇغۇشى لازىم، ھەيز كۆرمىسە ئۈچ ئايدا پاك بولىدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**7480** ( صحيح ) لا توعي فيوعي الله عليك ارضخي ما استطعت ( خ ) عن أسماء بنت أبي بكر

7480. ئەسماﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھېسابلاپ، ساقلاپ قېلىپ بېخىللىق قىلما، ساڭىمۇ ئاللاھ ھېسابلاپ ساقلاپ بېرەمەيدۇ، قادىر بولالىشىڭچە سېخىيلىق قىلغىن. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

7481. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يىغىپ ساقلىۋالماي، سېخىيلىق قىلىشتۇر.

ا تهاجروا و لا تدابروا و لا تجسسوا و لا يبع بعضكم على بيع بعض و كونوا عباد الله إخوانا ( م ) عن أبي هرير

7482. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاداۋەت تۇتۇشماڭلار، ئۆچ ـ ئاداۋەتتە ئالاقىنى سىيلە رەھىمنى ئۈزۈشمەڭلار، جاسۇسلۇق قىلماڭلار، باشقىلارنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى، ئەۋرەتىنى ئىزدىمەڭلار، بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ سودىسى، بەيئىسى ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن، ئاللاھنىڭ ئۆزئارا قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار . مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7483** ( صحيح ) لا جلب و لا جنب في الرهان ( د ) عن عمران بن حصين

7483. ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گۆرۈگە، رەنىگە قويۇلغان ئاتنى، (مۇسابىقىدە، يا سەپەردە) ئېتىنى تېز چاپتۇرۇش ئۈچۈن، ئەگەشتۈرۈۋېلىشى، بىرسى ھېرىپ ـ چارچاپ قالسا، يەنە بىرسىگە مىنىش ئۈچۈن ئېتىغا يەنە بىر ئاتنى ياندىۋېلىشى، ياكى پەخىرگە ياناپ قوشۇۋېلىشى دۇرۇس ئەمەس، (ئىسلامدا بۇنداق ئىش يوق). ئەبۇ داۋۇد 2216 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7484** ( صحيح ) لا جلب و لا جنب و لا تؤخذ صدقاتهم إلا في دورهم ( د ) عن ابن عمرو

7484. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زاكات يىغقۇچى خادىمنىڭ ئاسان ئېلىشى ئۈچۈن چارۋا ـ ماللار بىر جايغا يىغىپ توپلانمايدۇ، زاكات خادىملىرىغا قىينىلاشتۇرۇپ، مال ئىگىسى، چارۋىلارنى يىراققا ئېلىپ قاچمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆشرە ـ زاكات، سەدىقىلىرى ئۆزلىرىنىڭ دىيارلىرىدا بايلىرىدىن ئېلىنىپ، پېقىر، مىسكىنلىرىگە بېرىلىدۇ.

ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ.

7485. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ۋە تۆۋەندىكىگە ئوخشايدۇ.

لا جلب و لا جنب و لا شغار في الإسلام و من انتهب نهبة فليس منا ( حم ت ن ) عن عمران بن حصين

7486. ئىمران، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زاكات خادىملىرى چارۋا ـ ماللارنى، زاكاتنى ئېلىش ئۈچۈن ھەممىسىنى بىر جايغا توپلاپ يىغمايدۇ. مال ئىگىلىرى چارۋىلارنى يىراققا ئېلىپ قاچمايدۇ.( ياكى كىشى ئېتىغا يەنە بىر ئاتنى يانداپ قوشمايدۇ، ئاتنى تېز چاپتۇرۇش ئۈچۈن بىرەر كىشىنى ياللاپ ئەگەشتۈرمەيدۇ)، ئىسلام دىنىدا شىغار يوق، يەنى قىزنى تويلۇق مېھرىسىز بېرىپ، يەنە بىر قىزنى ئۇنىڭ بەدىلىگە تويلۇق، مېھرىسىز ئېلىش يوق، بەلكى ئاياللارغا تويلۇقى تولۇق بېرىلىدۇ، كىم بۇلاڭچىلىق قىلسا، ئوچۇق ـ ئاشكارا قەھرى قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى بۇلىۋالسا، ئۇ بىز مۇسۇلمانلارنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس،( يەنى بۇ ھارامدۇر). ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

7487 ( صحيح ) لا حسد إلا في اثنتين: رجل آتاه الله القرآن فهو يقوم به آناء الليل و آناء النهار و رجل آتاه الله مالا فهو ينفقه آناء الليل و آناء النهار ( حم ق ت ه ) عن ابن عمر

7487. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەسەت قىلىش پەقەت ئىككى ئىشتىلا دۇرۇس، بىرى، بىر كىشىگە ئاللاھتائالا قۇرئاننى بەرگەن بولۇپ، بۇ كىشى يادا بىلگەن قۇرئان بىلەن كېچە تەرەپلەردە ۋە كۈندۈز تەرەپلىرىدە قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ. يەنە بىر كىشى بولسا، ئاللاھتائالا ئۇ كىشىگە مال ـ مۈلۈك بەرگەن بولۇپ، ئۇ كىشى ماللىرىنى كېچە ـ كۈندۈز ھەق يوللارغا نەپىقە، سەدىقە قىلىپ تۇرىدۇ، مانا مۇشۇ ئىككى كىشىنىڭ ئىشىنى ماڭىمۇ بولسىچۇ! ماڭىمۇ بولسىچۇ دەپ ھەسەت قىلىش دۇرۇس. (ساڭا بولماي ماڭا بولسىچۇ دېگەن ھەسەت دۇرۇس ئەمەس). ئەھمەد ، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7488 ( صحيح ) لا حسد إلا في اثنتين: رجل آتاه الله مالا فسلطه على هلكته في الحق و رجل آتاه الله الحكمة فهو يقضي بها و يعلمها ( حم ق ه ) عن ابن مسعود

7488. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەسەت قىلىش پەقەت ئىككىلا نەرسىدە دۇرۇستۇر، بىر كىشىگە ئاللاھتائالا نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك بېرىپ ئۇ ماللارنىڭ ھالاكىتىنى تۈگىشىنى پەقەت ھەق يولدىلا قىلىدۇ، يەنە بىر كىشىگە ئاللاھتائالا ئىلىم ـ ھېكمەت بېرىدۇ، ئۇ، شۇ ئىلىم ـ ھېكمەت بىلەن ھەق ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇنى كىشىلەرگە ئۆگىتىدۇ، بۇ ئىككى ئىشنى ماڭىمۇ بولسىچۇ دېيىش دۇرۇس. ئەھمەد ، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

لا حسد إلا في اثنتين: رجل علمه الله القرآن فهو يتلوه آناء الليل و آناء النهار فسمعه جار له فقال: ليتني أوتيت مثل ما أوتي فلان فعملت مثل ما يعمل و رجل آتاه الله مالا فهو يهلكه في الحق فقال رجل: ليتني أوتيت مثل ما أوتي فلان فعملت مثل ما يعمل ( حم خ ) عن أبي هريرة

7489. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ساڭا بولماي ماڭا بولسىچۇ دېمەستىن، بەلكىم، ماڭىمۇ بولسىچۇ دېگەن ھەسەت پەقەت ئىككىلا نەرسىدە دۇرۇستۇر. بىر كىشىگە ئاللاھتائالا قۇرئاننى ئۆگىتىدۇ، ئۇنى قارى قىلىدۇ ئۇ قۇرئاننى كېچە

تەرەپلەردە ۋە كۆندۈز تەرەپلەردە قىيامدا تۇرۇپ ئوقۇيدۇ، ئۇنى قوشنىسى ئاڭلاپ كاشكى ماڭىمۇ پالانىغا بېرىلگەن نەرسە بېرىلسىچۇ، مەنمۇ ئۇ قىلغان ئەمەلنىڭ ئوخشىشىنى قىلاركەنمەن دەپ ھەسەت قىلىدۇ. (ئەمەل دېگەن سۆز ئوقۇشنىلا ئەمەس، بەلكى ئەمەل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ). يەنە بىر كىشىگە ئاللاھتائالا كۆپ مال بېرىدۇ، ئۇ بۇ ماللارنى ھەق يولدىلا چىقىم قىلىۋېتىدۇ، ئاندىن بۇنى كۆرگەن، ئاڭلىغان كىشى: كاشكى ماڭىمۇ پالانىغا بېرىلگەن مال ـ دۇنيا بېرىلگەن بولسا، مەنمۇ ئۇ قىلغان ئەمەللەرنىڭ ئوخشىشىنى قىلىۋالاركەنمەن دەپ كېتىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

لا حلف في الإسلام و أيما حلف كان في الجاهلية لم يزده الإسلام إلا شدة ( حم م د ن ) عن جبير بن مطعم

7490. جۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسلام دىنىدا قەسەم قىلىشىپ ئاكا ـ ئىنى بولۇش يوق، جاھالىيەتتە شۇنداق قەسەملەر بولۇپ قالسا، ئىسلام دىنى ئۇ قەسەمگە پەقەت قاتتىقلىقنى زىيادە قىلىپ تېخىمۇ چىڭىتىۋېتىدۇ، ۋاپا قىلسا بولىدۇ. (ئىسلام قېرىنداشلىقى ئەۋزەلدۇر). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7491** ( صحيح ) لا حمى إلا لله و لرسوله( حم خ د ) عن الصعب بن جثامة

7491. سۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چېگرا پەقەت ئاللاھنىڭ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ بولىدۇ، مەملىكەتۇللاھ، ئاللاھقا خاستۇر، (ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىدىن باشقىلارنىڭ چېگرا بېكىتىش ھوقۇقى يوق، يەرشارى ئاللاھنىڭ). ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7492** ( صحيح ) لا خير فيمن لا يضيف( حم هب ) عن عقبة بن عامر

7492. ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلماننى مېھمان قىلمايدىغان، مېھماننى ھۆرمەتلىمەيدىغان كىشىدە ياخشىلىق يوق. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

لا دعوة في الإسلام ذهب أمر الجاهلية الولد للفراش و للعاهر الحجر( حم د ) عن ابن عمرو

7493. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، پالانىنىڭ ئانىسى بىلەن مەن جاھالىيەتتىكى چاغدا زىنا قىلىپ سالغان، ئۇنىڭ بالىسى مېنىڭ ئىدى دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جاھالىيەتنىڭ ئىشى يوقاپ كەتتى، ئەمدى ئۇ داۋالارنى ئىسلام ئىچىدە قىلىش يوق، بالا كۆرپىنىڭ يەنى ھازىرقى دادىسىنىڭ بولىدۇ، زىناخورغا تاش ـ بوران، رىجىم بولىدۇ دېدى. ئەھمەد 6638 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1936 ـ ھەدىس، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن جاھالىيەتتىكى كاپىر ۋاقتىدىكى قىلغان زىناغا جازا يوق، چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىنى جازالىمىغان، ھەم ئىسلام كەلتۈرۈش ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئىشلارنى يوق قىلىۋېتىدۇ، ئۇ كەچۈرۈلىدۇ.

**7494** ( صحيح ) لا ربا فيما كان يدا بيد ( حم ق ن ه ) عن أسامة بن زيد

7494. ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نەخمۇ ـ نەخ، قولمۇ ـ قول قىلىنغان سودا بەيئىدا جازانە، ئۆسۈم يوقتۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، بۇ ھەدىس، ئالتۇننى كۈمۈشكە ياكى كۈمۈشنى ئەكسىگە

ياكى بوغدايىنى ئارپىغا ساتسا جىنسى بىر خىل بولمىسا، جازانە يوق دېگەن بولىدۇ. لېكىن، زىيادە بەرسە، زىيادە ئوشۇق ئالسا جازانە، ئۆسۈم دېگەن ھەدىس بولسا نەخ بولسىمۇ جازانە ئۆسۈمنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ بولسا، بىر سا خورمىنى ئىككىگە تېگىشسە بىر تاغا بوغداينى ئىككى تاغاغا تېگىشسە جازانە بولىدۇ، سېتىپ پۇلغا ئال دېدى. دېمەك، نەخ بولسىمۇ جازانە ئۆسۈم بولىدىغىنى بار، ئۇ بولسا زىيادە بەرسە يا ئالسا، ئۆسۈم بولىدۇ، بىرنى ئىككىگە تېگىشسە جازانە، ئۆسۈم بولمايدىغان نەخ سودا بەيئىلەر بار. چۈنكى، ۋاقىتنى ساتىسى دە!

**7495** ( صحيح ) لا رضاع إلا ما فتق الأمعاء ( ه ) عن الزبير

7495. زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمىلدەشلىك پەقەت بالىنىڭ ئۈچەيلىرىنى يېرىپ، يول قىلىپ ئاشقازانغا كىرگەن ئانىنىڭ سۈتى بىلەن بولىدۇ. ئىبنى ماجە 1936 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1072 ـ ھەدىستە، ئانا سۈتى بالىنىڭ ئۈچەيىنى يېرىپ كىرسە، يەنى بالا سۈتكە تويسا، ئاندىن ئەمىلدەشلىك ھارام قىلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ بالا ئايرىلىشىدىن بۇرۇن، يەنى ئىككى ياشقا كىرىشىدىن بۇرۇن بولسا ھارام بولىدۇ. ئىككى ياشتىن كېيىنكى چوڭ بالىنىڭ ئەمىشى ئەمىلدەش ھېسابلانمايدۇ، ھارام قىلمايدۇ دېيىلگەن. بۇ ھەدىسكە ساھابىلار ۋە تابىئىنلارنىڭ كۆپىنچىلىرى ئەمەل قىلغان دېيىلگەن.

**7496** ( صحيح ) لا رقية إلا من عين أو حمة أو دم ( م ه ) عن بريدة ( حم د ت ) عن عمران

7496. بۇرەيدە، ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايەتنى شىپا ئوقۇش، پەقەت كۆز تېگىشتىن ياكى زەھەردىن ياكى قان كېسىلىدىن دۇرۇس بولىدۇ. مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، قۇرئاندا، سەھىھ ھەدىستە كۆرسىتىلگەندىن ئوقۇش لازىم.

**7497** ( صحيح ) لا زكاة في مال حتى يحول عليه الحول ( ه ) عن عائشة

7497. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مالغا كامىل بىر يىل ئۆتمىگىچە زاكات يوق، (يەنى مال، پۇل، زاكات ئايرىش ئۆلچىمىگە يېتىپ بىر يىل توشسا، زاكات ئايرىيدۇ، ھەم ھەر يىلدا بىر قېتىم ئايرىيدۇ). ئىبنى ماجەلەر توپلىغان سەھىھ.

**7498** ( صحيح ) لا سبق إلا في خف أو حافر أو نصل( حم 4 ) عن أبي هريرة

7498. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسابىقىگە سېلىش يەنى ئاللاھ يولىدا جەڭگە تەييارلىق قىلىشتىكى مۇسابىقە پەقەت، ئات، تۆگىدە، ئوقيا ئېتىشتا بولىدۇ. (ئويۇن ـ تاماشاغا قىمارغا مۇسابىقە يوق). ئەھمەد تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**7499** ( صحيح ) لا سمر إلا لمصل أو مسافر ( حم ) عن ابن مسعود

7499. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خۇپتەندىن كېيىن كېچىسى پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش دۇرۇس ئەمەس. پەقەت يەنە كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ، ناماز ئوقۇغۇچىغا ياكى يول ئۈستىدىكى مۇساپىرغا دۇرۇس. ئەھمەد 4026 ـ ھەدىس، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن ئىلىم، مۇزاكىرە ئۈچۈن مەخپىي دەرسلەر ئۈچۈن خۇپتەندىن كېيىن پاراڭلاشسا بولىدۇ. جەڭ،

تەدبىرلىرىمۇ شۇنداق، نۇرغۇن ھەرىكەتلەر، پىلانلار كېچىسى ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**7500** ( صحيح ) لا شؤم و قد يكون اليمن في: الدار و المرأة و الفرس ( ت ه ) عن حكيم بن

7500. ھەكىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەرىكەت بولسا، ناھايىتى ئاز بولىدىغان، دائىم شۇملۇق بولىدىغان نەرسە ئۈچ، قوشنىسى ناچار، تار ھويلا، ئەخلاقى ناچار تۇغماس ئايال، رىياغا بېقىلغان ناچار ئاتتۇر. (بۇ ئۈچىدە شۇملۇق بار دېيىلگەن ھەدىسلەر بارلىق كىتابلاردا باردۇر). تىرمىزى 2750 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ ئۈچىنىڭ ئەكسى بولسا، ياخشىلىق، بەرىكەت بار، ياخشى ئايال كەڭرى ھويلا، ياخشى مەركەپ ئۇلاغ بۇ دۇنيادىكى بەختتۇر .

**7501** ( صحيح ) لا شغار في الإسلام ( حم ه حب ) عن أنس ( م ) عن ابن عمر

7501. ئەنەس، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسلام دىنىدا قىزنى تويلۇق مېھرىسىز بىرىپ ئۇنىڭ بەدىلىگە يەنە بىر قىزنى تويلۇق مېھرىسىز ئالىدىغان ئىش يوق. (يەنى تويلۇق مېھرىسىز ئۆزئارا قىز ئالماشتۇرۇش يوق. بەلكى، ئاياللارغا تويلۇق مېھرى بېرىلىپ، بۇ ماللارنىڭ ھوقۇقىمۇ بېرىلىدۇ، خالىسا ئۆزى ئىشلىتىدۇ، خالىسا ئاتا ـ ئانىسىغا بېرىدۇ، خالىسا ئېرىگە ياكى، ئاتا ـ ئانىسىغا بېرىدۇ، خالىسا سەدىقە قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئەركىنلىك ھوقۇقى). ئەھمەد مۇسلىم، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**7502** ( صحيح ) لا شيء أغير من الله تعالى( حم ق ) عن أسماء بنت أبي بكر

7502. ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھدەك كۈنلەيدىغان، ئاللاھدىنمۇ كۈندەشلىكى كۈچلۈك كىشى يوق، (شۇڭا ئاللاھ پاھىشىنى ھارام قىلغان). ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**7503** ( صحيح ) و وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **6295** ( لا شيء في البهائم (الهام) والعين حق و أصدق الطيرة الفأل ( حم ت عن حابس )

7503. ھابىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۆلۈكلەرنىڭ سۆڭىكى قۇشقا ئايلىنىدۇ دەيدىغان جاھالىيەت ئېتىقادلىرى يوق، كۆز تېگىش راستتۇر. پالنىڭ راستراقى ياخشى پال، ياخشى سۆزدۇر. ئەھمەد 16032 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1987 ـ ھەدىس، سەھىھ. كۆز تېگىش دېگەن ، روھى، مەنىۋى جەھەتتىن ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن كۆز تاشلىغۇچىنىڭ ھەسەتلىرى سەۋەبلىك قارشى تەرەپكە زىيان، مۇسىبەت يېتىشىدۇر.

( لا صاعي تمر بصاع و لا صاعي حنطة بصاع و لا درهمين بدرهم ) ن حب عن أبي سعيد

7504. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى سا خورمىنى بىر ساغا، ئىككى سا بۇغداينى بىر سا بۇغدايغا ، ئىككى دىرھەم كۈمۈش پۇلنى، بىر دىرھەمگە يا ئىككى دىنار ئالتۇننى بىر دىنارغا ئالماشتۇرۇش قەتئىي دۇرۇس ئەمەس. (ھالال ئەمەس، ھارامدۇر). نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**7505** صحيح ( لا صاعين بصاع و لا درهمين بدرهم ) ( ق ن ) عن أبي سعيد

7505. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش، مەزمۇنى، ئىككى سانى بىرگە، ئىككى دىرھەمنى بىرگە

،زىيادە ـ كام قىلىپ، تېگىشىش ھارام. چۈنكى، جازانە، ئۆسۈمدۇر. نەخ بولسىمۇ جازانە بولىدۇ. چۈنكى، زىيادە بەردى، يا ئالدى، زىيادە كاملىق بولماي، جىنسى ئوخشاش بولماي نەخ سودا قىلسا جازانە يوق، نېسىدە ۋاقىتنى ساتسا جازانە ئۆسۈم بولىدۇ. خۇددى نەخ 10 يۈەن نېسى 15 يۈەن دېگەندەك ، لېكىن، ئەزان، قىممەت بىر باھادا سودا قىلسا دۇرۇس.

**7506** ( صحيح ) لا صام من صام الأبد ( ق ن ه ) عن ابن عمرو

7506. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پۈتۈن زامان روزا تۇتقان كىشى روزا تۇتقان بولمايدۇ. (روزىنىڭ ياخشىسى بىر كۈن تۇتۇپ، بىر كۈن يېيىش، ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتسا، ياكى رامزاندىن كېيىنلا شەۋۋالدىن ئالتە كۈن روزا تۇتسا، پۈتۈن زامان روزا تۇتقان بولىدۇ). بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

لا صام من صام الدهر صوم ثلاثة أيام صوم الدهر كله ( خ ) عن ابن عمرو

7507. ئىبنى ئەمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كۈن ئاشۇرماي،ئۈزۈلدۈرمەي پۈتۈن زامان روزا تۇتقان كىشى روزا تۇتقان ھېسابلانمايدۇ. ھەر ئايدا ئۈچ كۈن روزا تۇتۇش، پۈتۈن زامان روزا تۇتقانلىق بولىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**7508** ( صحيح ) لا صوم فوق صوم داود شطر الدهر صم يوما و أفطر يوما( خ ن ) عن ابن عمرو

7508. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان ئەۋزەلرەك روزا يوقتۇر، ئۇ بولسىمۇ زاماننىڭ يېرىمىدا روزا تۇتۇشدۇر، بىر كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈن يەيسەن. بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7509** ( صحيح ) لا صلاة بحضرة طعام و لا و هو يدافعه الأخبثان ( م د ) عن عائشة

7509. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاماق ھازىر بولۇپ قالغاندا ناماز يوق، كىشىنى چوڭ ـ كىچىك ئىككى تەرەتى، يەنى ئىككى نىجاسەت قىستاۋاتقان ھالەتتىمۇ ناماز يوق، (تاماق ھازىر بولۇپ قالسا، تاماقنى يېۋېلىپ ئوقۇيدۇ، ئاندىن ئىككى تەرەپ قىستاپ قالسا تاھارەتنى يېڭىلاپ ئوقۇيدۇ). مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7510** ( صحيح ) لا صلاة بعد الصبح حتى ترتفع الشمس و لا صلاة بعد العصر حتى تغرب الشمس( ق ن ه ) عن أبي سعيد ( حم د ه ) عن عمر

7510. ئەبۇ سەئىد ،ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بامدات نامىزىدىن كېيىن كۈن كۆتۈرۈلمىگىچە، ئەسىردىن كېيىن كۈن كىرىپ بولمىغۇچە ناماز يوق، يەنى بۇ چاغدا نەپلە سۈننەت ئوقۇلمايدۇ. بەيھەقى، ئەھمەد، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7511** ( صحيح ) لا صلاة بعد الفجر إلا سجدتين ( ت ) عن ابن عمر

7511. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۈبھى يورۇغاندىن كېيىن پەقەت بامداتنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىلا ئوقۇلىدۇ، بۇ

سۈننەتتىن باشقا ناماز ئوقۇماي بامدات ئوقۇلىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7512 ( صحيح ) لا صلاة لمن لم يقرأ بأم القرآن فصاعدا( م د ن ) عن عبادة بن الصامت**

7512. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇممۇلقۇرئاننى يەنى قۇرئاننىڭ ئاساسى بولغان سۈرە فاتىھەنى ۋە ئۇنىڭدىن زىيادە ئايەتلەرنى ئوقۇمىغان كىشىگە ناماز يوق، يەنى دۇرۇس ئەمەس. مۇسلىم 597 ـ ھەدىس، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7513 ( صحيح ) لا صلاة لمن لم يقرأ بفاتحة الكتاب ( حم ق 4 ) عن عبادة**

7513. ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىتاب ئاچقۇچى بولغان سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىغان كىشى ئۈچۈن ناماز يوق. ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. ھەر قانداق كىشى نامازدا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇيدۇ، ئىقتىدا قىلغۇچى مەخپىي نامازدا ئوقۇيدۇ.

**لا صلاة لمن لا وضوء له و لا وضوء لمن لم يذكر اسم الله عليه ( حم د ه ك )عن أبي هريرة (ه)عن سعيد بن زيد**

7514. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاھارىتى يوق تاھارەتسىز كىشىگە ناماز يوق، تاھارەت ئالغاندا بىسمىللاھ دەپ ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلىمىگەن، تىلغا ئالمىغان كىشىگە تاھارەت يوق. (دېمەك ، نامازنىڭ مەۋجۇتلۇقى، بىسمىللاھقا باغلىق بولىدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

7515 **7515 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 6300 لا صلاة لمن لا وضوء له و لا وضوء لمن لم يذكر اسم الله عليه ( ولا صلاة لمن لم يصل على النبي و لا صلاة لمن لم يحب الأنصار ) ( ه ك ) عن سهل بن سعد**

7515. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاھارەتسىز كىشىگە ناماز يوق، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىغان، بىسمىللاھ دەپ تاھارەت ئېلىشنى باشلىمىغان كىشىگە تاھارەت يوق. (پەيغەمبەرگە دۇرۇت، سالام يوللىمىغان كىشىگە ناماز يوق، ئەنسارلارنى ياخشى كۆرمىگەن كىشىگە ناماز يوق). ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى: سەھىھ، ئەڭ ئاخىرى زەئىپ دېگەن .

**7516 ( صحيح ) لا صيام لمن لم يفرضه من الليل( ه ) عن حفصة**

7516. ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىدە نىيەت قىلمىغان كىشىگە روزا يوق، ( پەرز روزىنى كېچىسى نىيەت قىلىپ پەرز قىلىش كېرەك). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7517 ( صحيح ) لا ضرر و لا ضرار ( حم ه ) عن ابن عباس ( ه ) عن عبادة**

7517. ئىبنى ئابباس، ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسلام دىنىدا باشقىلارغا ھەققىنى كام قىلىپ قويۇش بىلەن زەرەر يەتكۈزۈش يوق، ئۆزى پايدا ـ مەنپەئەت ئېلىۋېلىپ، باشقىلارغا زەرەر يەتكۈزۈش يوق، ئۆزئارا زەرەر يەتكۈزۈشمۇ يوق، زەرەر يەتكۈزگەنگە زەرەر يەتكۈزۈشمۇ يوق، بىرەر كىشىنى مۇتلەق زەرەرگە ئۇچرىتىش يوق. ئەھمەد، ئىبنى ماجە

توپلىغان، سەھىھ.

**7518 ( حسن ) لا ضمان على مؤتمن( هق ) عن ابن عمرو**

7518. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئامانەت قويۇلغان كىشىنىڭ ئۇستىگە ئامانەت قويۇلغان نەرسە ئۆزلۈكىدىن ھالاك بولۇپ كەتسە، ئۇنى تۆلەپ بېرىش، كېپىل بولۇش يوق. (ئۇ پەقەت خىيانەت قىلمىسا، بىرەرسى ئۇنىڭغا مېۋە ـ چېۋە ياكى تۇخۇمنى ئامانەت قويسا ۋاقتى ئۆتۈپ، سېسىپ كەتسە تۆلىمەيدۇ). بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**7519 ( صحيح ) لا طاعة لأحد في معصية الله إنما الطاعة في المعروف ( ق ن ) عن علي**

7519. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ بىرەر كىشىگە ئىتائەت قىلىش يوق، ھەقىقەتەن ئىتائەت، گۇناھ ـ مەئسىيەتتە ئەمەس، بەلكى، ياخشىلىقتا بولىدۇ. بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7520 ( صحيح ) لا طاعة لمخلوق في معصية الخالق ( حم ك ) عن عمران والحكم بن عمرو**

7520. ئىمران، ھەكەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خالىققا ئاسىي بولۇپ تۇرۇپ مەخلۇققا ئىتائەت قىلىش يوق. ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان سەھىھ.

**7521 ( صحيح ) لا طاعة لمن لم يطع الله ( حم ) عن أنس**

7521. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ئىتائەت قىلمىغان كىشىگە ئىتائەت قىلىش يوق، بويسۇنۇش يوق. (دىنسىزلارغا، مۇشرىكلارغا، زالىملارغا ئەسلا ئىتائەت قىلىش يوق، بىز تەقدىرگە رازى بولساقمۇ، دىنسىز، زالىملارغا نارازى). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**7522 ( حسن ) لا طلاق إلا فيما يملك و لا عتق إلا فيما يملك و لا بيع إلا فيما يملك و لا و فاء نذر إلا فيما يملك و لا نذر إلا فيما ابتغي به وجه الله و من حلف على معصية فلا يمين له و من حلف على قطيعة رحم فلا يمين له( د ك ) عن ابن عمرو**

7522. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىگە بولالمىغان ئايالنى تالاق قىلىش يوق، ئىگە بولالمىغان قۇلنى ئازاد قىلىش يوق، ئىگە بولالمىغان نەرسىنى سېتىش يوق، ئىگە بولالمايدىغان نەرسىدە نەزىر ۋەدىسى يوق، يۇقىرىقىلارنى ئىگە بولىغاندا تالاق قىلسا، ئازاد قىلسا، ساتسا، نەزىر قىلسا بولىدۇ. ئىگە بولالماي تۇرۇپ، ھوقۇقى يوق، نەزىر ۋەدىسى پەقەت ئاللاھنىڭ جامالى، رازىلىقى تەلەپ قىلىنىدىغان ياخشى ئىشتىلا بولىدۇ. كىم گۇناھ، مەئسىيەتكە قەسەم قىلسا قەسەم يوق، كىم سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈۋېتىشكە ياخشىلىق قىلماسلىققا قەسەم قىلسا، ئۇنىڭغىمۇ قەسەم يوق، ئۇ كاپارەت بېرىۋېتىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**7523 ( صحيح ) لا طلاق قبل النكاح ( ه ) عن علي ( ك ) عن جابر**

7523. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نىكاھدىن بۇرۇن تالاق يوق. ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. نىكاھدا يوق ئايالنى تالاق قىلسا، تالاق بولمايدۇ، باشقا كىشى باشقىلارنىڭ ئايالىنى تالاق قىلىپ قويالمايدۇ، تالاق قىلىش ھوقۇقى

نىكاھدىن كېيىن ئەگە بولغاندا بولىدۇ، تالاق قىلىش، ياچاقنى تۇتقان كىشىنىڭ ھوقۇقىدا دېگەن ھەدىس ئۆتتى. يەنى ئەرنىڭ ھوقۇقىدا بولىدۇ.

7524 ( صحيح ) لا طلاق قبل النكاح و لا عتاق قبل ملك ( ه ) عن المسور

7524. مىسۋەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نىكاھدىن بۇرۇن تالاق يوق، ئەگە بولۇشدىن بۇرۇن ئازاد قىلىش يوق. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7525 ( حسن ) لا طلاق و لا عتاق في إغلاق ( حم د ه ك ) عن عائشة

7525. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەجبۇرلىنىشدا، تالاق قىلىش ئازاد قىلىش يوق، (قاتتىق بېسىم ئاستىدا مەجبۇرلىنىپ قىلغان تالاق، ئازاد قىلىشلار ھېساب قىلىنمايدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

7526 ( صحيح ) لا طيرة و خيرها الفأل: الكلمة الصالحة يسمعها أحدكم( حم م ) عن أبي هرير

7526. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شۇم پال ئېلىش يوق، پالنىڭ ياخشىسى بىرىڭلار تۇنجى قېتىم ئاڭلايدىغان ياخشى سۆزدۇر. ياخشى ئىسىمدۇر، ئۇ ياخشى پالدۇر. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

7527 ( صحيح ) لا عدوى و لا صفر و لا هامة ( حم ق ) عن أبي هريرة ( حم م ) عن السائب بن

7527. ئەبۇ ھۇرەيرە، سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېسەل، ئاللاھنىڭ تەقدىرىسىز ئۆزى يۇقىدۇ دېگەن ئېتىقاد يوق، كىشى قورساقتا چۇشكەن مەددە قۇرۇت سەۋەبىدىن ئۆلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىشمۇ يوق، مېيىتلەرنىڭ سۆڭىكى ھوقۇشقا ئايلىنىدۇ دېگەن ئېتىقاد باتىل، قۇش سايراپ ۋەيران قىلىشمۇ باتىل. مۇسلىم 4116 ـ ھەدىس، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

لا عدوى و لا طيرة و إنما الشؤم في ثلاث: في الفرس و المرأة و الدار( حم ق ) عن ابن عمر

7528. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېسەل يۇقۇش يوق، شۇم پال يوق،( سۆڭەك قۇشقا ئايلىنىش يوق، مەددە قۇرۇتنىڭ كىشىنى ئۆلتۈرۈشى يوق، ھەممىسى جاھالىيەت ئېتىقادلىرى خاتادۇر).ھەقىقەتەن شۇملۇق ئۈچ نەرسىدە بولىدۇ ،ناچار ئاتتا ، ئەخلاقسىز،تۇغماس ئايالدا،قوشنىسى يامان تار ھويلىدا. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

7529. بۇ ھەدىس تۆۋەندىكىگە ئوخشاشتۇر.

لا عدوى و لا طيرة و لا هامة و لا صفر و فر من المجذوم كما تفر من الأسد ( حم خ ) عن أبي هريرة

7530 .ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېسەل، ئاللاھنىڭ تەقدىرىسىز ئۆزى يۇقىدۇ دېگەن ئېتىقاد يوق. شۇم پال ئېلىپ، ئەمەلدىن يانسا بولمايدۇ، ئۆلۈكلەرنىڭ سۆڭكى قۇشقا ئايلىنىدۇ دېيىش خاتا، باتىل ئېتىقادتۇر، مەددە قۇرۇت جاننى ئالالمايدۇ. جوزام دېگەن تېرە كېسىلىدىن، شىر، يولۋاسدىن قاچقاندەك قاچقىن. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**7531 ( صحيح ) لا عدوى و لا طيرة و لا هامة و لا صفر و لا غول( حم م ) عن جابر**

7531. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېسەل، ئاللاھنىڭ تەقدىرىسىز يۇقمايدۇ، كىشى شۇم پال ئېلىپ، ئەمەلدىن يانسا بولمايدۇ، ئۆلۈكلەرنىڭ سۆڭىكى قۇشقا ئايلىنىدۇ دېيىش خاتا، باتىل ئېتىقادتۇر، مەددە قۇرۇت جاننى ئالالمايدۇ، چۈللەردە سەپەر قىلغاندا ئېزىتقۇ يوق.(بۇنداق ئېتىقاد خاتادۇر)ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**لا عدوى و لا طيرة و يعجبني الفأل الصالح و الفأل الصالح: الكلمة الحسنة ( حم ق د ت ه ) عن أنس**

7532. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېسەل يۇقۇش يوق، شۇم پال ئېلىش يوق، مېنى ياخشى پال خۇرسەن قىلىدۇ، ياخشى پال دېگەن ، بىرىڭلار ئاڭلايدىغان ياخشى سۆزدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7533. بۇ ھەدىس يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش.

**7534 ( صحيح ) لا عدوى و لا هامة و لا نوء و لا صفر ( د ) عن أبي هريرة**

7534. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېسەل يۇقۇش يوق، ئۆلۈكلەر سۆڭىكى قۇشقا ئايلىنىش يوق، يامغۇر پالانى يۇلتۇزنىڭ سەۋەبىدىن ياغدى دەپ ئېتىقاد قىلىشمۇ يوق، مەددە قۇرۇتنىڭ جان ئېلىشمۇ يوق، بۇلار جاھالىيەت ئېتىقادلىرى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىسلەر بىلەن جاھالىيەت ئېتىقادلىرىغا قاتتىق رەددىيە بەرگەن، ئىسلام ئىچىدىكى توغرا ئېتىقاد ھەققى ئېتىقادتۇر، كېسەل يۇقۇش دېگىنى ، تەقدىرسىز يۇقمايدۇ، بەلكى، ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن يۇقىدۇ دېگىنى ، شۇڭا ساقلار كېسەللەر بار جايغا كېسەللەر ساقلار بار جايغا چۈشمەسلىكنى دېگەن . جوزام كېسىلىدىن قېچىشنى دېگەن ، ئالىملار: توغرا، كېسەل يۇقۇش يوق، بۇ ئام سۆز، لېكىن، جوزام، قىچىشقاق، تۇبېركىليۇز قاتارلىقلار تەقدىر بىلەن يۇقىدۇ، بۇ خاس دېگەن . كىشى لائىلاھە ئىللەللاھ! دەپ ئىسلام دىنىغا كىرىش بىلەنلا جاھالىيەت ئېتىقادىدىن ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كېتىشى لازىم.

**7535 ( صحيح ) لا عقر في الإسلام ( د ) عن أنس**

7535. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسلام دىنىدا تۆگىنىڭ قاچىسلىقى ئۇچۇن پۇتلىرىنى قىلىچ بىلەن چېپىۋېتىپ، ئاندىن بوغۇزلاش يوق، ياكى قەبرىستانلىقتا تۆگە، كالا، قوينى بوغۇزلاپ، قان قىلىش يوق. ئەبۇ داۋۇد 2805 ـ ھەدىس، ئەھمەد 12559 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7536 ( صحيح ) لا عقوبة فوق عشر ضربات إلا في حد من حدود الله ( خ ) عن رجل**

7536. ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ھەد جازالىرىدىن باشقا جازادا ئوندىن يۇقىرى قامچا ئۇرۇپ ئازابلاش يوق، (تەزىر ئوندىن تۆۋەن بولىدۇ). بۇخارى توپلىغان سەھىھ.

**لا عليكم أن لا تفعلوا فإن الله تعالى كتب من هو خالق إلى يوم القيامة( حم م ) عن أبي سعيد**



www.uyghurkitap.com

7537. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىسپېرما سۈيىنى يەرگە تۆكۈپ، ئۇزلەت قىلىشقلاردا ياكى قىلماسلىقىڭلاردا سىلەرگە ھېچ ئىش يوق، چۈنكى، ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنىگىچە ياراتماقچى بولغان كىشىلەرنى پۈتۈپ بولغان، (يارىتىدىغىنىنى يارىتىۋېتىدۇ، ھېچ كىشى، ھېچ نەرسە توسۇپ قالالمايدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

لا عليكم أن لا تفعلوا ما كتب الله خلق نسمة هي كائنة إلى يوم القيامة إلا ستكون ( م د ) عن أبي سعي

7538. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەنىينى يەرگە تۆكۈپ ئۇزلەت قىلىشقلاردا ياكى قىلماسلىقىڭلاردا سىلەرگە ھېچ ئىش يوق، چۈنكى، ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنىگىچە مەۋجۇت بولىدىغان جان ئىگىسىنى يارىتىشنى پۈتكەن بولسا، ئۇ چوقۇم مەۋجۇت بولىدۇ. (سىلەرنىڭ ئۇ ئىشنى قىلىشىڭلار توسۇپ قالالمايدۇ). مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. راستتىنلا ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، ئۇ قادىردۇر، ئى ئاللاھ، بىزلەرگە ئاسان قىلسىلا، ئامىن!

7539. بۇ ھەدىس تۆۋەندىكىگە ئوخشاش.

لا عمرى و لا رقبى فمن أعمر شيئا أو أرقبه فهو له في حياته و مماته ( حم ن ه ) عن ابن عمر

7540. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇمرا، رۇقبا قىلىش يوق، كىم بىرەر نەرسىنى بۇ نەرسىدىن مەن ياكى سەن ھاياتلا بولسام تەڭ بەھرىمەن بولىمىز دەپ ئۇمرا قىلسا، ياكى مەن ئۆلسەم بۇ سىنىڭ بولسۇن دېسە، ئۇ نەرسە شۇ سۆز دېيىلگەن شۇ نەرسە بېرىلگەن كىشىگە ھاياتىدا ۋە ماماتىدىمۇ مەنسۇپ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆلسە ۋارىس ئالىدۇ، بۇ دۇرۇستۇر. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7541** ( صحيح ) لا غرار في صلاة و لا تسليم ( حم د ك ) عن أبي هريرة

7541. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ناماز ئىچىدە شەكلىنىپ، نۇقسان بار ھالەتتە قايتىش يوق، ناماز ئىچىدە سالام قىلىش، سالام قىلىنىش يوق. ئەبۇ داۋۇد 793 ـ ھەدىس، ئەھمەد 9560 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

مەنىسى، ناماز ئىچىدە تۇرۇپ سالام قىلىش يوق، سالام قايتۇرۇش يوق، سالام قىلىنىشمۇ يوق، كىشى ناماز ئىچىدە نۇقسانلىق سادىر قىلىپ، شەك بىلەن قايتسا دۇرۇس بولمايدۇ، نامازدىن بىرەر نەرسىنى كام قىلىپ، شەك بىلەن قايتماي بەلكى، كامىل قىلىپ شەكسىز ئىشەنچ بىلەن قايتىشى كېرەك.

**7542** ( صحيح ) لا غصب و لا نهبة ( طب ) عن عمرو بن عوف

7542. ئەمرۇ ئىبنى ئەۋۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلۈكىنى تارتىۋېلىش يوق، بۇلاپ ئېلىۋېلىش يوق، قەھرى قىلىپ، ئوچۇق ـ ئاشكارا بۇلاش يوق، بۇ ھارامدۇر. تەبرانى توپلىغان سەھىھ.

**7543** ( صحيح ) لا غول ( د ) عن أبي هريرة

7543. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چۆل، جاڭگاللاردا سەپەر قىلغانلارنى ئازدۇرغۇچى، جىن ـ شەيتانلاردىن بولغان ئېزىتقۇ

يوق، (بۇ جاھالىيەت ئېتىقادى)، ئىزنىتقۇ مەۋجۇت ئەمەس. ئەبۇ داۋۇد 3414 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7544** ( صحيح ) لا فرع و لا عتيرة ( حم ق 4 ) عن أبي هريرة

7544. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆگە تۇغقان تۇنجى بوتلاقنى بوغۇزلاپ قان قىلىش يوق، رەجەپ ئېيىدا قوي بوغۇزلاش يوق، بۇمۇ جاھىلىيەتنىڭ ئىشى. مۇسلىم 3652 ـ ھەدىس، بۇخارى 5051 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1432 ـ ھەدىس، نەسەئى قاتارلىق تۆت كىتاب، ئەھمەد 9961 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7545** ( صحيح ) لا قطع في ثمر و لا كثر ( حم 4 حب ) عن رافع بن خديج

7545. راپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېۋە ـ چېۋىدە، خورما دەرىخىنىڭ ئۇتتۇرىدىن چىقىدىغان خورما يىغىدا قول كېسىش يوق،( يەنى يەپ قالسا، قولى كېسىلمەيدۇ، چۈنكى ئۆلچەمگە توشمايدۇ). ئەھمەد 16623 ـ ھەدىس، مالىك 1320 ـ ھەدىس، ئىبنى ھەببان، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

لىكىن، خامانغا، مەيدانغا ئاپارسا، ئۆيگە ئەكىرىپ بولسا، ئاندىن ئوغرىلىسا ، ئۆلچەمگە توشسا قولى كېسىلىدۇ، ئۇ بولسا بىر دىنارنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك كەلسە، يەنى 80ـ90 يۇەنگە قول كېسىلىدۇ، بۇ ئۆزىنى خارلىغانلىقتۇر، ئېپپەتلىك بولسا، باشقىلار ئۇنىڭ بىر بارمىقىنى كېسىۋەتسە، 10 تۆگە تۆلەم بېرىدۇ، بۇ قىممىتى،ۋە ئېپپەتلىك ھۆرمىتىدۇر..

( حسن ) و **7545 / 1** [ هذا حديث مستدرك من الطبعة الأولى قال الألباني في صحيح ابن ماجه رقم: **2132** حسن ( لا قود في المأمومة و لا الجائفة و لا المنقلة ) ( ه ) عن العباس )

7545. بۇ ھەدىس ساندا تەكرار. ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېڭە ، باش قىسمىنىڭ جاراھىتىدە ۋە باشنىڭ ياكى قورساقنىڭ ئىچىنى بىرەر نەرسە سانجىپ جاراھەت قىلىشتا، ۋە ياكى سۆڭەكنىڭ سۇنۇشىدا جىنايەتچىنىڭ قىلىقى بىلەن ئۇنى جازالاپ قىساس ئېلىپ بېرىش يوق، (چۈنكى بۇنى ئوخشاش، ئادىل قىلغىلى بولمايدۇ، بەلكى، خەۋپ چوڭدۇر، شۇڭا، قىساس ئېلىپ بەرمەي، زەخملەنگۈچىگە تۆلەم پۇلى ئېلىپ بېرىلىدۇ). ئىبنى ماجە 2627 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**7546** ( صحيح ) لا نذر في معصية الله و لا فيما لا يملك ابن آدم( ن ه ) عن عمران بن حصين

7546. ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان گۇناھ ـ مەئسىيەتكە نەزىر ۋەدىسى قىلىش يوق، ئادەم بالىسى ئىگە بولالمايدىغان، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى سەدىقە قىلىشقا نەزىر ۋەدىسى يوق. نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

لا نذر في معصية و كفارته كفارة يمين ( حم 4 ) عن عائشة ( ن ) عن عمران بن حصين

7547. ئائىشە، ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گۇناھ، مەئسىيەتكە ۋەدە نەزىرىسى يوقتۇر، ئۇنىڭ كاپارىتى قەسەمنىڭ كاپارىتىگە ئوخشاش، (كاپارەت بېرىپ، گۇناھنى قىلمايدۇ). ئەھمەد، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

لا نذر لابن آدم فيما لا يملك و لا يمين له فيما لا يملك و لا طلاق له فيما لا يملك ( ت ) عن ابن عمرو

7548. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسى ئىگە بولالمايدىغان نەرسىدە نەزىر ۋەدىسى يوق، قەسەم قىلىش يوق، تالاق قىلىشمۇ يوق، چۈنكى، ئىگە ئەمەستۇر. تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

7549 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 6312 لا نذر و لا يمين فيما لا يملك ابن آدم و لا في معصية الله و لا في قطيعة رحم ( و من حلف على يمين فرأى غيرها خيرا منها فليدعها و ليأت الذي هو خير فإن تركها كفارتها ) ( د ك ) عن ابن عمرو

7549. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسى ئىگە بولالمايدىغان نەرسىدە، ئاللاھقا ئاسيي بولىدىغان گۇناھ مەئسىيەتتە، سىيلە ـ رەھىمنى ئۈزۈۋېتىشتە نەزىر ۋەدىسى يوق، قەسەم يوق، كاپارەت بەرسۇن. كىشى بىر قەسەمنى قىلىپ ئۇنىڭدىن باشقا ئىشنى،قەسەم قىلغان ئىشىدىن ياخشى دەپ قارىسا، قەسەمنى تەرك ئېتىپ، كاپارەت بېرىۋېتىپ، شۇ ياخشى ئىشنى قىلىۋەرسۇن، (تەرك ئېتىشىنىڭ ئۆزى كاپارەت بولىدۇ دېگەن رەئيپ). ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ياخشى ئىشنى قىلماسلىققا ياكى يامان ئىشنى قىلىشقا قەسەم قىلسا، قەسىمگە كاپارەت بېرىۋېتىپ، ياخشى ئىشنى قىلىۋېرىدۇ، يامان ئىشنى ھەرگىز قىلمايدۇ.

7550 ( صحيح ) لا نفقة لك إلا أن تكوني حاملا ( د ) عن فاطمة بنت قيس

7550. فاتىمە بىنتى قيس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئۈچ تالاق قىلىنىپ، ماڭا نەپىقە ئۆيى بېرىلەمدۇ؟ دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ساڭا نەپىقە يوق، لېكىن، سەن ھامىلدار بولغان بولساڭ ساڭا نەپىقە پۇلى بېرىلەتتى دېگەن . ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

7551. بۇ ھەدىس، يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالغا نەپىقە ئۆيى بېرىلمەيدۇ.

7552 ( صحيح ) لا نفل إلا بعد الخمس ( حم د ) عن معن بن يزيد

7552. مەئنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇجاھىدلارغا نەپلە قىلىپ، زىيادە نەرسە بېرىش، مۇكاپات بېرىش، غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ياكى خەلىپىگە تاپشۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بېرىلىشى لازىم. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

7553 ( صحيح ) لا نقطع الأبطح إلا شدا ( حم ه ) عن أم ولد شيبة

7553. ئۇممە ۋەلەد شەيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەبتەھ دېگەن جايدىن پەقەت كۈچلۈك ھالەتتە تېز ئۆتۈپ كېتىمىز، بۇ ھەدىسنى ساپا مەرۋە تېغى ئارىسىدا سەئيي قىلىۋېتىپ دېگەن بولۇپ، بۇ جايدىن پەقەت تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، بۇ جايدا تۇرۇش سۈننەت ئەمەس، پەقەت قۇلايلىق ئۈچۈن چۈشكەن. ئىبنى ماجە 2978 ـ ھەدىس، نەسەئى 2930 ـ ھەدىس، ئەھمەد 26020 ـ ھەدىس.

7554 بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش، نەسەئى 2930 ـ ھەدىس.

7555 ( صحيح ) لا نكاح إلا بولي ( حم 4 ك ) عن أبي موسى ( ه ) عن ابن عباس

7555. ئەبۇ مۇسا، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋەلىيسىز يەنى ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان كىشىسىز نىكاھ قىلىش يوق. ئەھمەد، ھاكىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**7556** ( صحيح ) لا نكاح إلا بولي و السلطان ولي من لا ولي له ( حم ه ) عن عائشة

7556. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋەلىيسىز نىكاھ يوق، سۇلتان، ۋەلىسى يوق كىشىگە ۋەلى بولىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7557** ( صحيح ) لا نكاح إلا بولي و شاهدي عدل ( هق ) عن عمران وعائشة

7557. ئىمران، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋەلىيسىز، ئادىل ئىككى گۇۋاھچىسىز نىكاھ قىلىش يوق، نىكاھ پەقەت ئايال كىشىگە ئىگە بولىدىغان ۋەلى ۋە ئادىل ئىككى گۇۋاھچىنىڭ ھازىر بولۇشىدا قىلىنىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**7558** ( صحيح ) لا نكاح إلا بولي و شاهدين ( طب ) عن أبي موسى

7558. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولۇپ، نىكاھنىڭ شەرتى قىزچاققا ئىگە بولغىدەك دادىسى، تاغىسى، قېرىندىشى، ھېچقايسى بولمىسا، سۇلتان، ئىمام ۋەلى بولسا ئادىل ئىككى گۇۋاھچى ھازىر بولسا تويلۇق مېھرى بېرىلسە ياكى ۋەدە قىلىنسا، توي قىلغان ئايال بولۇپ قالسا، ئىددىتى توشقان بولسا، ئاندىن نىكاھ قىلىنىدۇ. تۇل ئايال ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولالايدۇ، لېكىن، ئەقلى كام، مېيىپ، ئاجىز بولسا، يەنىلا ۋەلى بولۇشى لازىم. چۈنكى، ۋەلىيسىز نىكاھ يوق، ۋەلىيسىز نىكاھ باتىل.

**7559** ( صحيح ) لا نورث ما تركنا صدقة ( حم ق 3 ) عن عمر وعثمان وسعد وطلحة والزبير وعبدالرحمن بن عوف ( حم ق ) عن عائشة ( م ت ) عن أبي هريرة

7559. ئۆمەر، سەئىد، تەلھە، زۇبەير، ئابدۇرەھمان، ئائىشە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىز مىراس قالدۇرمايمىز، ۋارىس قىلىنمايمىز، بىز پەيغەمبەرلەر قالدۇرغان نەرسە سەدىقىدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، مۇسلىم ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

7560. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ۋە تۆۋەندىكىگە ئوخشاش.

**7561** ( صحيح ) لا نورث ما تركنا فهو صدقة و إنما هذا المال لآل محمد لنائبتهم و لضيفهم فإذا مت فهو إلى ولي الأمر من بعدي ( د ) عن عائشة

7561. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىز مىراس قالدۇرمايمىز، ۋارىسمۇ قىلىنمايمىز، بىز قالدۇرغان نەرسىلەر سەدىقە - ئېھساندۇر، ھەقىقەتەن بۇ مال، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلىسى، ئۇلارنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى، مېھمانلىرى ئۈچۈندۇر، مەن ئۆلۈپ كەتسەم ئۇ ماللار مەندىن كېيىنكى ئىشقا ئىگە بولغان خەلىپىگە مەنسۇپ بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

لا هامة و لا عدوى و لا طيرة و إن تكن الطيرة في شيء ففي: الفرس و المرأة و الدار ( حم ) عن سعد



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

7562. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېيىتنىڭ سۆڭىكى قۇشقا ئايلىنىش يوق، كېسەل تەقدىرسىز يۇقۇش يوق، شۇم پال يوق، شۇملۇق بولسا ناچار ئاتتا، تار ھويلىدا، ئەخلاقسىز، ناچار، تۇغماس ئايالدا باردۇر. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.
(بۇ ھەدىستىن ئەخلاقسىز،ناچار،تۇغماس ئەرمۇ ياخشى ئەمەس ،شۇملۇقتۇر.)

**7563** ( صحيح ) لا هجرة بعد الفتح و لكن جهاد و نية و إذا استنفرتم فانفروا ( م ) عن عائشة ( حم ن ) عن صفوان بن أمية ( حم ت ن ) عن ابن عباس

7563. ئائىشە، سەفۋان، ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەككىنى پەتھى قىلغاندىن كېيىن ھىجرەت يوق، (يەنى مەككىدىن مەدىنىگە قىلىنغان ھىجرەت يوق). لېكىن، جىھاددا، ھىجرەت بار.ياخشى ئىشلارنى نىيەت قىلىشدا ھىجرەت بار، (چۈنكى، جىھاد ئۈزۈلۈپ قالمىسا، ھىجرەت ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، جىھاد ھىجرىتى مەڭگۈ بار ياكى جىھاد بىلەن خالىس نىيەتلا قالدى خالاس). سىلەردىن ئۇرۇشقا چىقىشقا تەلەپ قىلىنسا، دەرھال ئاللاھ يولىدىكى ئۇرۇشقا چىقىڭلار. مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7564** ( صحيح ) لا هجرة بعد ثلاث( حم م ) عن أبي هريرة

7564. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇش يوق، (ئۈچ كۈندىن ئوشۇق ئاداۋەت تۇتۇش ھارام). مۇسلىم 4645 ـ ھەدىس، ئەھمەد 8564 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7565** ( صحيح ) لا هجرة بعد فتح مكة ( خ ) عن مجاشع بن مسعود

7565. مۇجاشىئ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەككىنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن ھىجرەت يوق، ھىجرەت ئاخىرلاشتى (لېكىن، جىھاد ھىجرىتى بار، لېكىن، پەزىلىتى ئۇ ھىجرەتكە يەتمەيدۇ). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

لا هجرة و لكن جهاد و نية و إذا استنفرتم فانفروا فإن هذا بلد حرمه الله يوم خلق السموات و الأرض و هو حرام بحرمة الله إلى يوم القيامة و إنه لم يحل القتال فيه لأحد قبلي و لا يحل لي إلا ساعة من نهار فهو حرام بحرمة الله إلى يوم القيامة لا يعضد شوكه و لا ينفر صيده و لا يلتقط لقطته إلا من عرفها و لا يختلى خلاها إلا الإذخر ( حم ق د ت ) عن ابن عباس

7566. ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمدى ھىجرەت يوق، لېكىن، جىھاد، خالىس نىيەت (جىھاد ھىجرىتى) بار، سىلەردىن ئۇرۇشقا چىقىشقا تەلەپ قىلىنسا، ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىشقا چىقىڭلار، ھەقىقەتەن بۇ، ئاللاھتائالا، ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقان كۈندىن باشلاپ ھارام قىلغان شەھەردۇر، بۇ مەككە شەھىرى ئاللاھنىڭ ھارام قىلىشى بىلەن قىيامەت كۈنىگىچە ھارامدۇر، مەندىن بۇرۇن ھېچ بىر كىشىگە مەككىدە ئۇرۇش قىلىش ھالال قىلىنمىغان، پەقەت ماڭىلا كۈندۈزدىن بىر سائەت ھالال قىلىنغان، ئۇ يەنە، ئاللاھنىڭ ھارام قىلىشى بىلەن قىيامەت كۈنىگىچە ھارامدۇر، ئۇنىڭدا ئۇرۇش قىلىنمايدۇ، ئۇنىڭ دەرەخ شاخلىرى كېسىلمەيدۇ، ئوۋلىرى، ھايۋانلىرى قاچۇرۇۋېتىلمەيدۇ، ئۇ مەككىدە چۈشۈپ قالغان نەرسىنى پەقەت ئۇنى تونۇغان ئىگىسىلا تېپىپ ئالالايدۇ، باشقىلار ئېلىۋالمايدۇ، ئۇنىڭ دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپ، گۈل ـ گىياھلىرى كېسىلمەيدۇ،ئىزخىر

دېگەن ئوت ـ چۆپ كېسىلسە، ئوراپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7567** ( صحيح ) لا وتران في ليلة ( حم 3 الضياء ) عن طلق بن علي

7567. تەلقى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كېچىدە ئىككى قېتىم ۋىتىر ناماز ئوقۇش يوق، پەقەت بىر قېتىملا ئوقۇلىدۇ. ئەھمەد، زىيائۇلمەقدەسى ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

لا وجدته لا وجدته لا وجدته إنما بنيت هذه المساجد لما بنيت له ( حم م ن ه ) عن بريدة

7568. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى مەسجىدىدە يوقۇپ كەتكەن نەرسىسىنى ئىزدىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى تاپالمىغايسەن، ھەرگىز تاپالمىغايسەن، ھەققەتەن بۇ مەسجىدلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن سېلىنمىغان. بەلكى، ئىبادەت ئۈچۈن سېلىنغان دېگەن . ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7569** ( صحيح ) لا وصال في الصوم ( الطيالسي ) عن جابر

7569. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، روزىنى ئۈزۈلدۈرمەي ئۇلاپ تۇتۇش يوق دېگەن . تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

**7570** ( صحيح ) لا وصية لوارث ( قط ) عن جابر

7570. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ۋارىس ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىپ نەرسە بېرىش يوق دېگەن . چۈنكى، ئۇ مىراسنى ئالىدۇ. دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.

**7571** ( صحيح ) لا وضوء إلا من ريح أو سماع ( حم ه ) عن السائب بن خباب

7571. سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: تاھارەت پەقەت يەلدىن ياكى ئاۋازنى ئاڭلاشدىن ئېلىنىدۇ دېگەن . ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7572** ( صحيح ) لا وضوء إلا من صوت أو ريح( ت ه ) عن أبي هريرة

7572. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاھارەت پەقەت ئاۋازدىن، يەلدىن ئېلىنىدۇ، يەنى ئارقا مەقئەتتىن يەل چىقسا ياكى ئاۋاز چىقسا تاھارەتنى سۇندۇ، تاھارەت ئېلىنىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەلۋەتتە، كىچىك تەرەت قىلسىمۇ تاھارەت ئالىدۇ، ھەتتا شەھۋەتتە كېلىپ قالغان مەزىيگە، ئۇخلىغانغا تاھارەت ئالىدۇ. بىھوش بولسىمۇ تاھارەتنى سۇندۇ.

**7573** ( صحيح ) لا وضوء لمن لم يذكر اسم الله عليه ( ت ) عن سعيد بن زيد ( ت في العلل ) عن أبي هريرة ( حم ت في العلل ه ك ) عن أبي سعيد

7573. سەئىد، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئەسلىمىگەن، بىسمىللاھ دېمىگەن كىشى ئۈچۈن تاھارەت يوق. ئەھمەد، ھاكىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7574** ( صحيح ) لا وفاء لنذر في معصية الله ( حم ) عن جابر

7574. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ئاسىي بولىدىغان گۇناھ ـ مەئسىيەتكە قىلىنغان ۋەدە نەزىرسىگە ۋاپا قىلىش يوق، بەلكى، كاپارەت بېرىۋېتىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**7575** ( حسن ) لا يأتي رجل مولاه فيسأله من فضل هو عنده فيمنعه إياه إلا دعي له يوم القيامة شجاع أقرع يتلمظ فضله الذي منع منه ( ن ) عن معاوية بن حيدة

7575. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر كىشى خوجايىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ ھاجىتىدىن ئېشىپ قالغان ماللاردىن سورىسا، ئاندىن خوجايىن ئۇنى چەكلەپ بەرمىسە، قىيامەت كۈنى بۇ بېخىل خوجايىن ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ زەھەرى كۈچلۈك تاز يىلاندىن بىرسى چاقىرىلىدۇ، بۇ يىلان ئۇ كىشىنى ئاشۇ چەكلەپ بەرمىگەن مالنىڭ جەھىتىدىن نەشتىرىنى چىقىرىپ قوغلايدۇ. نەسەئى 2519 ـ ھەدىس، ھەسەن.

لا يأتي عليكم عام و لا يوم إلا و الذي بعده شر منه حتى تلقوا ربكم ( حم خ ه ) عن أنس

7576. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرگە بىرەر يىل ياكى بىرەر كۈن كەلسە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى يىل، كۈنلەر بۇرۇنقى كۈنلەردىن، يىللاردىن يامانراق بولىدۇ، بۇ يامانلىشىپ مېڭىش تاكى سىلەر رەببىڭلارغا ئۇچراشقانغا قەدەر شۇنداق بولىدۇ. (قىيامەت كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ). ئەھمەد، بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

لا يأخذ أحد شبرا من الأرض بغير حقه إلا طوقه الله إلى سبع أرضين يوم القيامة( م ) عن أبي هرير

7577. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم ھەقسىز زۇلۇم قىلىپ، زېمىندىن بىر غېرىچ ئېلىۋالسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئۇنىڭ بوينىغا يەتتە زېمىننى يۈگەشتۈرۈپ، كۆتۈرگۈزۈپ قويىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

لا يأخذن أحدكم متاع صاحبه لاعبا و لا جادا و إن أخذ عصا صاحبه فليردها عليه ( حم د ت ك ) عن السائب

7578. سائىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قېرىندىشىنىڭ ھەمراھىنىڭ ماتا، ماللىرىنى چاقچاق قىلغان ھالدا بولسۇن ياكى راست ھالەتتە بولسۇن ھەرگىز ئېلىۋالمىسۇن، ئەگەر ھەمراھىنىڭ ھاسىسىنى ئېلىۋالغان بولسىمۇ ئۇنى قايتۇرۇپ بەرسۇن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

لا يأكل أحدكم بشماله و لا يشرب بشماله فإن الشيطان يأكل بشماله و يشرب بشماله ( م ت ) عن ابن عمر

7579. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار سول قولى بىلەن يېمىسۇن، سول قولى بىلەن ئىچمىسۇن، چۈنكى، شەيتان سول قولى بىلەن يەپ ـ ئىچىدۇ. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7580** ( صحيح ) لا يأكل أحدكم من لحم أضحيته فوق ثلاثة أيام ( حم م ت ) عن ابن عمر

7580. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قۇربانلىقنىڭ گۆشىدىن ئۈچ كۈندىن يۇقىرى ساقلاپ يېمىسۇن. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس مەنسۇخ، ئەمەلدىن قالغان، كىچىككە ئىگە ئەمەس، يۇقىرىدا ئۆتتى، مەن توسقان ئىدىم، ئەمدى يەۋېرىڭلار دېگەن ھەدىس شۇ.

لا يؤم الرجل في سلطانه و لا يجلس على تكرمته في بيته إلا بإذنه ( ت ) عن ابو مسعود

7581. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى باشقىلارنىڭ باشقا ئىمامنىڭ، سۇلتاندا يەنى ئىگىدارچىلىق دائىرىسىدە ئىمام بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ئۇنىڭ تەختى ئۈستىدە ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقىدا ئولتۇرمىسۇن، لېكىن، ئۇنىڭ ئىزنى، رۇخستى بىلەن ئىمام بولسا، ئورنىدا ئولتۇرسا بولىدۇ. تىرمىزى 2696 ـ ھەدىس، نەسەئى 772 ـ ھەدىس، يەنى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

لا يؤمن أحدكم حتى أكون أحب إليه من ولده و والده و الناس أجمعين ( حم ق ن ه ) عن أنس

7582. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ، مەن ئۇنىڭغا بالىلىرىدىن، ئاتا ـ ئانىسىدىن بارلىق كىشىلەردىنمۇ سۆيۈملۈك، دوستراق بولمىغۇچە ھەرگىز مۆئمىن بولالمايدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7583 ( صحيح ) لا يؤمن أحدكم حتى يحب لأخيه ما يحب لنفسه ( حم ق ت ن ه ) عن أنس

7583. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۆزى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرمىگىچە كامىل مۆئمىن بولالمايدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ھازىر بۇنداق كىشىلەر بولمىسا، كامىل مۆئمىن يوق دېگەن بولىدۇ.

لا يؤمن عبد حتى يؤمن بأربع: يشهد أن لا إله إلا الله و أني رسول الله بعثني بالحق و يؤمن بالموت و يؤمن بالبعث بعد الموت و يؤمن بالقدر خيره و شره ( حم ت ه ك ) عن علي

7584. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندە تۆت نەرسىگە ئىمان كەلتۈرمىگۈچە مۆئمىن بولمايدۇ، ئۇ ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئۇنى ھەقلىق بىلەن ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئۆلۈمگە، پەرىشتىنىڭ جاننى ئېلىشىغا ئىشەنسە، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىشەنسە، تەقدىرگە ئۇنىڭ ياخشىلىق، يامانلىقلىرىغا ئاللاھ تەرەپتىن دەپ ئىمان كەلتۈرسە، ئاندىن مۆئمىن ھېسابلىنىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

7585 ( صحيح ) لا يؤمن عبد حتى يؤمن بالقدر خيره و شره حتى يعلم أن ما أصابه لم يكن ليخطئه و ما أخطأه لم يكن ليصيبه ( ت ) عن جابر

7585. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندە تەقدىرگە ئۇنىڭ ياخشى ـ يامان تەرەپلىرىگە ئىمان كەلتۈرمىگۈچە ئۇنىڭغا تەقدىردە يېتىدۇ دەپ پۈتۈلگەن نەرسە خاتا كەتمەي يېتىدۇ، يەتمەيدۇ دەپ يېزىلغان نەرسە ھەرگىز يەتمەيدۇ دەپ بىلىپ، مۇشۇنداق ئېتىقادتا بولمىغۇچە مۆئمىن بولمايدۇ. (ھەتتا، ئۇ دوۋزاخقا كىرىپ قالىدۇ).

تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7586 ( صحيح ) لا يباع فضل الماء ليباع به الكلأ ( م ) عن أبي هريرة**

7586. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇدۇق ئەتراپىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى سېتىپ بېرىش مەقسىتىدە قۇدۇقنىڭ ئاشقان سۈيى سېتىلمايدۇ. (قۇدۇقنىڭ ئېشىپ قالغان سۈيىنى ساتسا بولمايدۇ، ھەممىسىنىڭ ھەققى بار). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7587 ( صحيح ) لا يبع أحدكم على بيع أخيه ( خ ن ه ) عن ابن عمر**

7587. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قېرىندىشىنىڭ بەيئىسى ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن، سېتىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە سېتىۋالمىسۇن، ئالىمەن دېگەننى ئالمىسۇن. بۇخارى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7588 ( صحيح ) لا يبع الرجل على بيع أخيه حتى يبتاع أو يذر ( ن ) عن ابن عمر**

7588. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قېرىندىشى سېتىۋالمىغۇچە ياكى ۋاز كېچىپ، تەرك ئەتمىگىچە ئۇنىڭ سودىسى ئۈستىگە بەيئى سودا قىلمىسۇن، ۋاز كېچىپ تەرك ئەتسە ياكى سېتىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن سودا قىلىپ سېتىۋالسا بولىدۇ. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**لا يبع بعضكم على بيع بعض و لا تلقوا السلع حتى يهبط بها إلى السوق ( حم ق د ) عن ابن عمر**

7589. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەزىڭلار بەزىڭلارنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلىپ قالمىسۇن، ھەم ساتمىسۇن، سېتىلىدىغان ماللار، بازارغا چۈشۈپ بولغانغا قەدەر ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالماڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئالدىنى توسۇپ، ئالداپ ئېلىۋالسا، مال ئىگىسى بازارغا كىرىپ، ئالدانغىنىنى بىلسە، سودىنى بۇزۇپ قايتۇرۇۋالسا دۇرۇس بولىدۇ.

7590. بۇ ھەدىس تۆۋەندىكى ھەدىسكە ئوخشاش.

**لا يبع حاضر لباد و لا تناجشوا و لا يبع الرجل على بيع أخيه و لا يخطب على خطبة أخيه و لا تسأل المرأة طلاق أختها لتكفأ ما في إنائها و لتنكح فإنما لها ما كتب الله لها( خ ت ن ه ) عن أبي هرير**

7591. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەھەرلىكلەر يېزا، سەھرالىقلار ئۈچۈن مېلىنى سېتىپ بەرمىسۇن، (يەنى زىيانغا ئۇچراتمىسۇن، پايدىسىدىن ئېلىۋالمىسۇن)، ماللارنىڭ باھاسىنى زىيادە ئۆستۈرۈۋالماڭلار، كىشى قېرىندىشىنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن، قېرىندىشى ئالىمەن دەپ ئەلچى ئەۋەتكەن قىزنىڭ ئۆيىگە مەنمۇ ئالىمەن دەپ ئەلچى ئەۋەتمىسۇن، (ۋاز كەچسە ئالسا، سودا قىلسا بولىدۇ). ئايال كىشى ھەمشىرە قېرىندىشىنىڭ ئاچا يا سىڭلىسىنىڭ قاچىسىنى بىكارلاپ پاكلاش ئۈچۈن ئاندىن ئۆزى نىكاھلىنىپ ئىگىۋېلىش ئۈچۈن ھەمشىرىسىنىڭ تالاق قىلىنىشىنى سورىمىسۇن، ھەمشىرىسىنى تالاق قىلدۇرمىسۇن. چۈنكى، ئۇنىڭغىمۇ ئاللاھنىڭ تەقدىرىدە پۈتكىنى بار. بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان،

سەھىھ.

**7592** ( صحيح ) لا يبغض الأنصار رجل يؤمن بالله و اليوم الآخر ( م ) عن أبي هريرة ( حم ت ن ) عن ابن عباس ( حم حب ) عن أبي سعيد

7592. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئالللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن، ئىمان كەلتۈرگەن كىشى ئەنسارىلارنى ئۆچ كۆرمەيدۇ، دۈشمەن تۇتمايدۇ. مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

لا يبولن أحدكم في الماء الدائم الذي لا يجري ثم يغتسل فيه ( ق د ن ) عن أبي هريرة

7593. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئاقمايدىغان، دائىم جىم تۇرىدىغان توختام سۇغا كىچىك تەرەت قىلمىسۇن، ئاندىن ئۇ سۇدا غۇسلى قىلىپ يۇيۇنىدىغان ئىشنىمۇ قىلمىسۇن، يۇيۇنىدىغان، سۇغا تەرەت قىلمىسۇن. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7594** ( صحيح ) لا يبولن أحدكم في الماء الدائم ثم يتوضأ منه ( حم ت ن ) عن أبي هرير

7594. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: توختام سۇغا كىچىك تەرەت قىلماڭلار، ئاندىن ئۇ سۇدىن تاھارەت ئېلىپ قالسىلەر، (يەنى ئاقمايدىغان توختام سۇغا تەرەپ قىلماڭلار، ھەم ئۇنداق سۇدا تاھارەت ئالماڭلار). ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7595** ( صحيح ) لا يبولن أحدكم في الماء الدائم و لا يغتسل فيه من الجنابة ( د حب ) عن أبي هرير

7595. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئاقمايدىغان توختام سۇغا كىچىك تەرەت قىلمىسۇن، ھاجەت قىلىپ قويمىسۇن، توختام سۇدا جۇنۇپلۇقدىن غۇسلى تاھارەت ئالمىسۇن. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ. ئەگەر يېڭىدىن توختاپ سۇ پاكىز بولسا، داس، چەينەككە ئېلىپ يۇيۇنسا بولىدۇ.

7596. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

**7597** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **6325** لا يبولن أحدكم في مستحمه ( ثم يتوضأ فيه فإن عامة الوسوا س منه )( حم **4** ك حب ) عن عبدالله بن مغفل

7597. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار يۇيۇنىدىغان مۇنچىسىغا كىچىك تەرەت قىلمىسۇن، ئاندىن ئۇ جايدا تاھارەت ئېلىپ قالىدۇ، ھەقىقەت ئومۇمىيۈزلۈك ۋەسۋەسە قىلغۇچى شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىسى شۇنىڭدىن بولىدۇ. ئەھمەد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**7598** ( صحيح ) لا يبولن أحدكم مستقبل القبلة ( ه ) عن عبدالله بن الحارث بن جزء

7598. ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قىبلىسىگە يەنى مەككىگە ئالدىنى قىلىپ تەرەت قىلمىسۇن، ھاجەت



www.uyghurkitap.com

قىلمىسۇن. ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

7599 ( صحيح ) لا يبيتن رجل عند امرأة في بيت إلا أن يكون ناكحا أو ذا محرم ( م ) عن جابر

7599. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەر كىشى بىرەر ئۆيدە، يالغۇز ئايال كىشىنىڭ نەزلىدە مەھرەمسىز، ئىككىسى خالىي ياتمىسۇن لېكىن، نىكاھلاپ ئالغۇچى ئېرى بولۇپ ياكى مەھرەم ئىگىسى يەنى دادىسى، تاغىسى، قېرىندىشى بولسا ياتسا بولىدۇ. (يەنى ئېرىدىن ۋە مەھرەمدىن باشقا يات كىشى ئايال كىشى بىلەن بىر ئۆيدە ياتمىسۇن، ئەگەر بۇ ھەدىسكە خىلاپلىق قىلىپ، بىللە يېتىپ قالسا، ئۈچىنچىسى شەيتان بولۇپ، ئاندىن ئۈچىلىسى شەيتان بولىدۇ). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

لا يبيع الرجل على بيع أخيه و لا يخطب على خطبة أخيه إلا أن يأذن له( حم م د ن ) عن ابن عمر

7600. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى قېرىندىشىنىڭ سودىسى ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن. ئەلچى ئەۋەتكەن جايغا ئەلچى ئەۋەتمىسۇن، لېكىن، ئىزنى، رۇخسىتى بىلەن تەرك ئەتسە، سودا قىلسا ياكى ئەلچى ئەۋەتسە بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

7601 ( صحيح ) لا يبيع الرجل على بيع أخيه و لا يسوم على سوم أخيه ( ه ) عن أبي هرير

7601. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى قېرىندىشىنىڭ بەيئىسى ئۈستىگە بەيئى قىلمىسۇن، قويغان باھاسى ئۈستىگە باھا قويمىسۇن، تالىشىپ سېتىۋالمىسۇن. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7602 ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 6326 لا يبيع حاضر لباد ( و إن كان أخاه أو أباه ) ( د ن ) عن أنس

7602. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەھەر ئەھلى، سەھرادىن كەلگەن كىشى ئۈچۈن گەرچە دادىسى، قېرىندىشى بولسىمۇ مېلىنى سېتىپ بەرمىسۇن. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، ئەلبانى بۇ ھەدىس سەھىھ. لېكىن، ئاخىرى يەنى دادىسىغا، قېرىندىشىغا سېتىپ بەرمىسۇن دېگىنى زەئىپ، چۈنكى كىشى دادىسىنىڭ ماللىرىدىن پايدىلىنىپ، دادىسىنى زىيانغا ئۇچراتمايدۇ دېگەن . دادىسىنىڭ قېرىندىشىنىڭ ماللىرىنى سېتىپ بەرسە بولىدۇ دېگەن .

7603 ( صحيح ) لا يبيعن حاضر لباد دعوا الناس يرزق بعضهم من بعض( حم م 4 ) عن جابر

7603. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەھەرلىك كىشى يېزا، سەھرالىقلا بەيئى سودا قىلىپ بەرمىسۇن، كىشىلەرنى سودا قىلىشقا قويۇپ بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە بەزىسىدىن رىزىق بېرىلىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

7604 ( حسن ) لا يتجالس قوم إلا بالأمانة ( المخلص ) عن مروان بن الحكم

7604. مەرۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەۋملەر پەقەت ئۆزئارا ئامانەت بىلەن ئولتۇرۇشۇپ، ئامانەت بىلەن مەجلىس ئاچىدۇ،( يەنى

مەجلىسدىكى سۆزلەر ئامانەتتۇر، ئۇنى ئاشكارىلاپ، خىيانەت قىلماڭلار). مۇخلىس توپلىغان، ھەسەن.

**7605** ( صحيح ) لا يتحدث الناس أن محمدا يقتل أصحابه( خ ) عن جابر

7605. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ساھابىلار، مۇناپىقلارنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: كىشىلەر ھەقىقەتەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىنى، قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرۈپتۇ دەپ سۆزلەپ يۈرمىسۇن، مەن دەل شۇنى ياقتۇرمايمەن دېگەن ئىدى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ مۇناپىقنى ئۆلتۈرمەسلىكنىڭ بىر سەۋەبىدۇر، شۇنىڭدەك كىشىلەر لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېگەن كىشىنى ناماز ئوقۇغان كىشىنى ئۆلتۈرۈپتۇ دەپ پىتنە ـ پاسات سۆزلىرىنى قىلىشىپ كېتىدۇ، يامان خەۋەر تارقاپ، يامان تەسىر بېرىدۇ.

**7606** ( صحيح ) لا يتحر أحدكم فيصلي عند طلوع الشمس و لا عند غروبها ( ق ) عن ابن عمر

7606. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار كۈن چىقىۋاتقاندا، كۈن كىرىۋاتقاندا ناماز ئوقۇمىسۇن، جاھىللىق قىلىپ نامازنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالمىسۇن. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**7607** ( حسن ) لا يتفرقن عن بيع إلا عن تراض ( ت ) عن أبي هريرة

7607. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سودا قىلغاندا بىر ـ بىرىڭلاردىن رازى بولۇشۇپ، رازى قىلىپ ئايرىلىڭلار،رازى بولماي رازى قىلماي تۇرۇپ ھەرگىز ئايرىلىشماڭلار. تىرمىزى توپلىغان،ھەسەن. چۈنكى ئايرىلغان ھامان بەيئى ۋاجىپ بولىدۇ.

**7608** ( حسن ) لا يتكلفن أحد لضيفه ما لا يقدر عليه ( هب ) عن سلمان

7608. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر كىشى مېھمىنىغا تەكەللۇپ قىلمىسۇن، ئۆزىنى قادىر بولالمايدىغان نەرسىگە تەكلىپ قىلمىسۇن، (يوقنى ئىزدىمىسۇن). بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**7609** ( صحيح ) لا يتم بعد احتلام و لا صمات يوم إلى الليل ( د ) عن علي

7609. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىھتىلام بولغاندىن كېيىن، يېتىملىك يوق، قاراڭغۇ كېچىگىچە روزا تۇتۇش يوق. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

يەنى چۈشىدە جىنسى مۇناسىۋەت قىلىپ مەنىي سۈيى چىققان بالا، بالاغەتكە يەتكەن بولۇپ، ئاندىن يېتىملىك يوق بولىدۇ. كۈن كىرسە شام بولىدۇ، ئىپتار شامدىن بۇرۇنلا بولىدۇ.

لا يتمنى أحدكم الموت إما محسنا فلعله يزداد و إما مسيئا فلعله يستعتب( حم خ ن ) عن أبي هرير

7610. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن، ئەگەر ئۇ ياخشىلىق قىلغۇچى بولسا، ياخشىلىقنى زىيادە قىلىۋېلىشى مۇمكىن، ئەگەر ئۇ گۇناھ قىلغۇچى يامان كىشى بولسا، تەۋبە قىلىۋېلىشى مۇمكىن. ئەھمەد، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7611** ( صحيح ) لا يتمنين أحدكم الموت لضر نزل به فإن كان لا بد متمنيا فليقل: اللهم أحيني ما كانت الحياة خيرا لي و توفني إذا كانت الوفاة خيرا لي ( حم ق 4 ) عن أنس

7611. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۇنىڭغا چۈشكەن زەرەر ياكى مۇسىبەتتىنلىك سەۋەبىدىن ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ تەلەپ قىلمىسۇن، ئەگەر چارىسىز، ئامالسىز ئارزۇ قىلغۇچى بولسا مۇنداق دېسۇن. «ئى ئاللاھ، ئەگەر ھاياتىم مەن ئۈچۈن ياخشى بولسا، مېنى ھايات قالدۇرسىلا، مەن ئۈچۈن ۋاپاتىم ياخشى بولسا، مېنى ۋاپات تاپقۇزسىلا». ئەھمەد،مۇسلىم، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**7612** ( صحيح ) لا يتمنين أحدكم الموت و لا يدع به من قبل أن يأتيه إنه إذا مات أحدكم انقطع عمله و إنه لا يزيد المؤمن عمره إلا خيرا ( حم م ) عن أبي هريرة

7612. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىسۇن، ئۆلۈم ئۇنىڭغا كېلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈمنى سوراپ دۇئامۇ قىلمىسۇن، چۈنكى بىرىڭلار ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، ھەقىقەتەن مۆئمىنگە ئۇنىڭ ئۆمرى پەقەت ياخشىلىقنىلا زىيادە قىلىدۇ. (ياخشى ئەمەل قىلغان كىشىگە ئۇزۇن ئۆمۈر ياخشىدۇر، ئۆمرى ئۇزۇن بولۇپ، ئەمەللىرى ياخشى بولغان كىشى ئەڭ ياخشى كىشىدۇر). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرىدا ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئۈزۈلمەيدىغان ئەمەللەر ئۆتتى.

**7613** ( صحيح ) لا يتوارث أهل ملتين ( ت ) عن جابر ( ن ك ) عن أسامة

7613. جابىر، ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى مىللەت ئەھلى بىر ـ بىرىگە ۋارىس بولالمايدۇ. (يەنى ئىككى دىن ئەھلى بىرى، مۇسۇلمان بولسا، يەنە بىرسى كاپىر، دىنسىز، مۇشرىك بولسا بىر ـ بىرىگە ۋارىس بولالمايدۇ، بىر ـ بىرىدىن مىراس ئالالمايدۇ). تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**7614** ( حسن ) لا يتوارث أهل ملتين شتى ( حم د ه ) عن ابن عمرو

7614. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر ـ بىرىگە زىت، خىلاپ ئىككى مىللەت، ئىككى دىن ئەھلى ۋارىس بولىشالمايدۇ، مۇسۇلمان، دىنسىزغا، دىنسىز كاپىر، مۇسۇلمانغا ۋارىس بولالمايدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان ھەسەن.

لا يتوضأ رجل فيحسن وضوءه ثم يصلي الصلاة إلا غفر له ما بينه و بين الصلاة التي تليها ( ق ) عن عثمان

7615. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر مۇسۇلمان كىشى تاھارەتنى ياخشى، كامىل ئېلىپ، ئاندىن ناماز ئوقۇسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن شۇ ناماز بىلەن ئۇ نامازغا يېقىن بولغان يەنە بىر نامازنىڭ ئارىلىقىدىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، (يەنى تاھارەتنى كامىل ئالسا، ئىككى ناماز ئارىسىدىكى گۇناھلار مەغپىرەت قىلىنىدۇ). بەيھەقى توپلىغان سەھىھ.

**7616** ( صحيح ) لا يجتمع غبار في سبيل الله و دخان جهنم في جوف عبد أبدا و لا يجتمع الشح و الإيمان في قلب عبد أبدا ( ن ك ) عن

**أبي هريرة**

7616. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر بەندىنىڭ ئىچىدە، ئاللاھ يولىدىكى چاڭ ـ توزان بىلەن جەھەننەمنىڭ تۈتۈنى، ئىسلىرى مەڭگۈ بىرلەشمەيدۇ. بىرەر بەندىنىڭ (ئىچىدە) قەلبىدە ئىمان بىلەن بېخىللىق مەڭگۈ بىرلەشمەيدۇ، (يەنى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان، ئىلىم ئالغان ھەج قىلغان، ھىجرەت قىلغان بەندە جەھەننەمگە كىرمەيدۇ، جەھەننەمگە كىرىدىغان بەندە، ئاللاھ يولىدا ئىلىم ئالمايدۇ، جىھاد قىلمايدۇ، قەلبىدە ئىمان بولسا، بېخىللىق كىرمەيدۇ، بېخىللىق بولسا، ئىمان كىرمەيدۇ). نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**لا يجتمع غبار في سبيل الله و دخان جهنم في منخري مسلم أبدا ( ن ه حب ) عن أبي هريرة**

7617. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان كىشىنىڭ بۇرنىدا، ئاللاھ يولىدىكى چاڭ ـ توزان بىلەن جەھەننەمنىڭ تۈتۈن گازلىرى مەڭگۈ بىرلەشمەيدۇ. نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

بولۇپمۇ ھازىر ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلغان ھەر خىل سەپەر مۇشەققەتلىرىنىڭ ئەزىيەت، ئازارلىرىنى ھەر خىل بومبىلارنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرىنى تېتىغانلار، مۇجاھىدلار ھەرگىز جەھەننەمگە كىرمەيدۇ.

**7618 ( صحيح ) لا يجتمع كافر و قاتله في النار أبدا ( م د ) عن أبي هريرة**

7618. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كاپىر بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرگۈچى مەڭگۈ دوۋزاختا بىرلەشمەيدۇ، (يەنى كاپىر دوۋزاختا كىرسە، ئۇنى ئۆلتۈرگەن مۇجاھىد، جەننەتكە كىرىدۇ). مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**لا يجتمعان في النار اجتماعا يضر أحدهما الآخر: مؤمن قتل كافرا ثم سدد ( حم م ) عن أبي هريرة**

7619. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرسى يەنە بىرسىگە زەرەر يەتكۈزگەن ئىككى كىشى،دوزاختا بىرلەشمەيدۇ: كاپىرنى ئۆلتۈرگەن مۆئمىن بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن كاپىر، مەڭگۈ دوۋزاختا بىرگە بولمايدۇ، مۆئمىن كېيىن توغرا يول تۇتۇپ ئوتتۇرھال،نورمال ئەمەل قىلىدۇ.(كاپىرنى ئۆلتۈرگەن مۆئمىن جەننەتتە بولىدۇ .) ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**لا يجتمعان في النار مسلم قتل كافرا ثم سدد و قارب و لا يجتمعان في جوف مؤمن غبار في سبيل الله و فيح جهنم و لا يجتمعان في قلب عبد الإيمان و الحسد ( حم ن ك ) عن أبي هريرة**

7620. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كاپىرنى ئۆلتۈرگەن، ئاندىن توغرا يول تۇتۇپ ئوتتۇرھال، نورمال ئەمەل قىلىپ، ئاللاھقا يېقىنچىلىق ئىزدىگەن مۇسۇلمان بىلەن ئۇ، ئۆلتۈرگەن كاپىر، بۇ ئىككى كىشى دوۋزاختا بىرلەشمەيدۇ،( مۇسۇلمان جەننەتتە، كاپىر دوۋزاختا بولىدۇ)، مۆئمىننىڭ ئىچىدە ئاللاھ يولىدىكى چاڭ ـ توزان بىلەن جەھەننەمنىڭ تۈتۈن، زەھرى بىرلەشمەيدۇ. (يەنى ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلغان ۋە كاپىرنى ئۆلتۈرگەن مۇجاھىد دوۋزاخقا كىرمەيدۇ). بىرەر بەندىنىڭ قەلبىدە ھەسەت قىلىش بىلەن ئىمان بىرلەشمەيدۇ.

ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ھەسەتخوردا ئىمان يوق، چۈنكى، ھەسەت خۇددى ئوت، ئوتۇننى يەپ كەتكەندەك ياخشى ئەمەللەرنى كۆيدۈرۈپ يەپ كېتىدۇ.

**7621** ( صحيح ) لا يجمع بين المرأة و عمتها و لا بين المرأة و خالتها ( ق ن ) عن أبي هرير

7621. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى، دادا تەرەپ ھاممىسى ۋە ياكى ئانا تەرەپ ھاممىسى بىلەن بىرگە نىكاھدا جۈپلەپ ئېلىنمايدۇ، (بۇلارنى جۈپلەپ نىكاھىغا ئېلىش ھارام). بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

لا يجزي ولد والدا إلا أن يجده مملوكا فيشتريه فيعتقه ( خد م ت ه ) عن أبي هريرة

7622. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياخشىلىقىنى ھەرگىز ئادا قىلىپ قايتۇرالمايدۇ، لېكىن، ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنى قۇل ھالەتتە تېپىپ ئاندىن سېتىۋېلىپ، ئازاد قىلسا، ياخشىلىقىنى قايتۇرغان بولالىشى مۇمكىن. مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

لا يجلد فوق عشرة أسواط إلا في حد من حدود الله( حم ق 4 ) عن أبي بردة بن نيار

7623. ئەبۇ بۇردەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئوندىن يۇقىرى تەزىر قامچىسى ئۇرۇلمايدۇ، لېكىن، ئاللاھنىڭ ھەد، جازالىرىدىن بىرەر جازاغا تارتىشدا ئۇنىڭدىن يۇقىرى كۆپ ئۇرۇلىدۇ. (مەسىلەن: ھاراق ئىچسە، بوھتان قىلسا، 80 قامچا ئۇرۇلىدۇ، توي قىلماي تۇرۇپ زىنا قىلسا، 100 قامچا ئۇرۇلىدۇ، قۇرئان، ھەدىستە كۆرسىتىلگەن جازادىن باشقا تەزىر قامچىسى ئوندىن تۆۋەن ئۇرۇلىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**7624** ( صحيح ) لا يجلس قوم مجلسا لا يصلون فيه على رسول الله صلى الله عليه وسلم إلا كان عليهم حسرة و إن دخلوا الجنة لما يرون من الثواب ( ن ) عن أبي سعيد

7624. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەۋم، جامائەتلەر بىرەر مەجلىسدە ئولتۇرۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇرۇت سالام يوللىمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى، گەرچە ئۇلار جەننەتكە كىرسىمۇ دۇرۇت ـ سالامنىڭ، ساۋابىنىڭ، پەزىلىتىنىڭ كاتتا، ئۇلۇغلۇقىنى كۆرگەنلىكىدىن شۇ چاغدا ئۇلارغا قاتتىق ھەسرەت ـ نادامەت بولىدۇ. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ھەر قانداق مەجلىس، يىغىنلار ئالدى بىلەن ھەمدۇ ـ سانا، دۇرۇت ـ سالامدىن كېيىن باشلانسۇن.

**7625** ( صحيح ) لا يجوز لامرأة أمر في مالها إذا ملك زوجها عصمتها ( د ك ) عن ابن عمرو

7625. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئېرى ئۇنىڭغا ۋە مال ـ مۈلۈكىگە ئىگە بولۇپ باشقۇرسا، ئۆز مېلىدىنمۇ بىرەر ئىش دۇرۇس ئەمەس،( يەنى ئېرى باشقۇرىدۇ، ئايال كىشى باشقۇرماي، ئەرنىڭ ئىزنى، رۇخسىتى بىلەن ئەمر قىلسا بولىدۇ). ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**7626** ( صحيح ) لا يجوز لامرأة عطية إلا أن يأذن زوجها( د ) عن ابن عمرو

7626. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ئايال كىشىنىڭ، ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز سەدىقە، سوۋغا ـ سالام قىلىشى دۇرۇس ئەمەس، ئېرىنى بىلەن قىلسۇن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئەگەر ئېرى رازى بولغىدەك بولسا،ئازراق ھوقۇقى بولسا،سەدىقە قىلسا،ئەجىر،ساۋابىنىڭ يېرىمى ئۆزىگە يېرىمى ئېرىگە بولىدۇ.

**7627** ( صحيح ) لا يجوع أهل بيت عندهم التمر ( م ) عن عائشة

7627. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يېنىدا خورما بار ئۆي ئەھلى، ھەرگىز ئاچ قالمايدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7628** ( حسن ) لا يحافظ على صلاة الضحى إلا أواب و هي صلاة الأوابين ( ك ) عن أبي هرير

7628. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چاشكا نامىزىنى پەقەت ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ قايتقۇچى، سالىھ ياخشى بەندە مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ئۇ ناماز شۇنداق بەندىلەرنىڭ نامىزىدۇر. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

لا يحب الأنصار إلا مؤمن و لا يبغضهم إلا منافق من أحبهم أحبه الله و من أبغضهم أبغضه الله ( حم ق ت ن ) البراء

7629. بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەنسارىلارنى پەقەت مۆئمىنلا ياخشى كۆرىدۇ ، ئۇلارنى پەقەت مۇناپىقلارلا دۈشمەن تۇتىدۇ، ئەنسارىلارنى ياخشى كۆرگەن كىشىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ ، ئۇلارنى ئۆچ كۆرگەن كىشىنى ئاللاھ ئۆچ كۆرۈپ دۈشمەن تۇتىدۇ. ئەھمەد ، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7630** ( صحيح ) لا يحب الله العقوق و من ولد له ولد فأحب أن ينسك عنه فلينسك عن الغلام شاتان مكافأتان و عن الجارية شاة ( د ن ) عن ابن عمر

7630. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا، باللارنىڭ، ئاتا ـ ئانىلارغا ۋارقىراپ، گەردەن قىقىشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ، بىرەر كىشىگە بالا تۇغۇلسا، ئۇ بالىسى ھەققىدىن مال بوغۇزلاپ، ئاللاھقا يېقىنچىلىق قىلىشنى ياخشى كۆرسە، مال بوغۇزلاپ ئەقىيقە قىلسۇن، ئوغۇل بالىدىن بىر ـ بىرىگە ھەم تەڭ ئوخشاش باراۋەر، كۇپايە بولغىدەك ئىككى قوي بوغۇزلىنىدۇ، قىز بالىدىن بىر قوي بوغۇزلانسا بولىدۇ. نەسەئى 4141 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2459 ـ ھەدىس، ئەھمەد 6426 ـ ھەدىس. سەھىھ.

**7631** ( صحيح ) لا يحتكر إلا خاطئ ( حم م د ن ه ) عن معمر بن عبدالله

7631. مەئمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاشلىقنى پەقەت خاتالاشقۇچى كىشىلا، مونوپول قىلىۋېلىپ، ساتماي يىغىۋالىدۇ. (بۇ كىشى قەستەن خاتالاشقۇچىدۇر). ئەھمەد ، مۇسلىم ، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ.

**7632** ( صحيح ) لا يحج بعد العام مشرك و لا يطوف بالبيت عريان ( خ ) عن أبي هريرة

7632. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشۇ يىلدىن كېيىن، بەيتۇللاھ، كەئبىنى مۇشرىك، دىنسىز كىشى ھەج قىلمىسۇن، يەنى زىيارەتمۇ قىلمىسۇن، كەئبىنى يالىڭاچ كىشى تاۋاپ قىلمىسۇن، يەنى يالىڭاچ ھالدا كەئبىنى چۆرگىلەپ ئايلانمىسۇن. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

لا يحرم من الرضاع إلا ما فتق الأمعاء في الثدي و كان قبل الفطام ( ت ) عن أم سلمة

7633. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئېمىلدەشلىكتىن پەقەت ئانىنىڭ كۆكسىدىكى سۈتتىن، بالىنىڭ ئۈچەيلىرىنى يېرىپ كىرىپ، ئاشقازانغا يېتىپ بارغان نەرسە ھارام قىلىدۇ. بۇ ئېمىلدەشلىك، بالا ئايرىلىشتىن بۇرۇن، ئىككى ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن بولسا، ھارام قىلىدۇ. (ئانىنىڭ سۈتىدىن باشقا تۈگە، كالا، قوي سۈتلىرىدە ئېمىلدەشلىك بولمايدۇ، ھارام قىلمايدۇ، قورۇق ئەمچەكنى ئەمسىمۇ ھارام بولمايدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىنمۇ ئېمىلدەشلىك بولمايدۇ). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. (ئېمىلدەشلىكنىڭ ھارام قىلىشى ئۈچۈن بالا ئىككى ياشتىن تۆۋەن بولسا، سۈت، ئانا سۈتى بولسا، ئاشقازانغا بارسا، ئاندىن ھارام قىلالايدۇ. ساھابىلار،مۇشۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلغان.)

7634 ( صحيح ) لا يحقرن أحدكم شيئا من المعروف فإن لم يجد فليلق أخاه بوجه طلق و إذا اشتريت لحما أو طبخت قدرا فأكثر مرقته و اغرف منه لجارك ( ت ) عن أبي ذر

7634. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ياخشىلىقتىن بىرەر نەرسىنى كىچىك سانىمىسۇن، ئەگەر بەرگىدەك نەرسە تاپالمىسا، قېرىندىشىغا خۇشخۇي تەبەسسۇم چىراي بىلەن ئۇچرىشىپ سالام قىلىشسۇن، سەن گۆش سېتىۋالساڭ، ياكى ئۇنى قازاندا پىشۇرساڭ، شورپىسىنى كۆپ قىلىپ قوشناڭغىمۇ ئېلىپ چىقىپ بەرگىن. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

7635 ( صحيح ) لا يحكم أحدكم بين اثنين و هو غضبان ( م ت ن ) عن أبي بكرة

7635. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ھاكىم، قازى بولسا، ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا غەزەپ قىلغان ھالەتتە ئاچچىقلاپ تۇرۇپ، ھۆكۈم قىلمىسۇن. مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

لا يحلبن أحد ماشية امرئ بغير إذنه أيحب أحدكم أن تؤتى مشربته فتكسر خزانته فينتقل طعامه ؟ ! فإنما تخزن لهم ضروع مواشيهم أطعماتهم فلا يحلبن أحد ماشية أحد إلا بإذنه( ق د ه ) عن ابن عمر

7636. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھېچ كىشى بىرەر كىشىنىڭ چارۋا ـ ماللىرىنى ئۇنىڭ ئىزنىسىز سېغىۋالمىسۇن، بىرىڭلار تامىقى، ئىچىملىكى بار قاچىسى كەلتۈرۈلۈپ، ئاندىن ئۇ سۇنۇپ كېتىپ، تامىقىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنى، يۈتكىلىپ كېتىشىنى ياخشى كۆرەمدۇ؟ ھەقىقەتەن ئۇلار ئۇچۈن چارۋا ـ ماللىرىنىڭ يېلىنلىرى، تامىقىنى، سۈتلىرىنى ساقلاپ بېرىدۇ، شۇڭا بىر كىشى ھېچ كىشىنىڭ سېغىن ھايۋىنىنى ئىزنىسىز سېغىۋالمىسۇن، رۇخسىتى بىلەن ساغسۇن. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

لا يحلف أحد عند منبري على يمين آثمة و لو على سواك رطب إلا وجبت له النار ( ه ك ) عن أبي هرير

7637. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر كىشى، گەرچە يېشىل ھۆل مسۋاك دەرىخى يەنى مسۋاك چاغلىق نەرسىگە قەسەم قىلسىمۇ، مۇنبىرىم يېنىدا تۇرۇپ يالغان قەسەم قىلسا، ئۇ كىشىگە دوزاخ ۋاجىپ بولىدۇ. ئىبنى ماجە، ھاكىم

توپلىغان، سەھىھ.

**7638 ( صحيح ) لا يحلف أحد عند منبري هذا على يمين آثمة و لو على سواك أخضر إلا تبوأ مقعده من النار ( حم د ن حب ك ) عن جابر**

7638. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولۇپ، مىسۋاك چاغلىق نەرسىگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبىرى يېنىدا يالغان قەسەم قىلغان گۇناھكار دوۋزاخدىن ئورۇن ئالسۇن دېيىلگەن. سەھىھ.

**7639 ( صحيح ) لا يحل أن يتولى مولى رجل مسلم بغير إذنه ( حم م ) عن جابر**

7639. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان كىشىنىڭ خوجايىنى، ئۇنىڭ ئىزنىسىز خوجايىن قىلىنىشى ھالال ئەمەس، (ياكى ئازاد قىلىنغان مۇسۇلمان قۇلنىڭ يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ خوجايىنىنى ئۇنىڭ ئىزنىسىز خوجايىنىم دېيىلىشى ھالال ئەمەس، ياكى مۇسۇلماننىڭ قۇلى، ئۇنىڭ ئىزنىسىز قۇل قىلىنىشى ھالال ئەمەس). مۇسلىم 2771 ـ ھەدىس، نەسەئى 4747 ـ ھەدىس، ئەھمەد 13923 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7640 ( صحيح ) لا يحل ثمن الكلب و لا حلوان الكاهن و لا مهر البغي ( د ن ) عن أبي هرير**

7640. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىت ساتقان پۇل، كاھىن، جىنكەشنىڭ تاپقان پۇلى، زىناخور، پاھىشىۋازنىڭ تاپقان پۇلى ھالال ئەمەس، ھارامدۇر. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7641 ( صحيح ) لا يحل دم امرئ مسلم إلا بإحدى ثلاث: رجل زنى بعد إحصان أو ارتد بعد إسلام أو قتل نفسا بغير حق فيقتل به ( حم ت ن ه ك ) عن عثمان ( حم ن ) عن عائشة**

7641. ئوسمان، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان ئىنساننىڭ قېنىنى تۆكۈش پەقەت ئۈچ ئىشنىڭ بىرى بىلەن ھالال بولىدۇ، توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن زىنا قىلغان كىشى رەجىم قىلىنىدۇ، يەنى تاش ـ بوران قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. مۇسۇلمان بولۇپ بولغاندىن كېيىن دىنىدىن قايتىپ مۇرتەد بولغان كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ، ھەقسىزلا گۇناھسىز كىشىنى زۇلۇم قىلىپ ئۆلتۈرگەن قاتىل، ئۇنىڭ باراۋىرىگە ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7642 ( صحيح ) لا يحل دم امرئ مسلم يشهد أن لا إله إلا الله و أن محمدا رسول الله إلا بإحدى ثلاث: رجل زنى بعد إحصان فإنه يرجم و رجل خرج محاربا لله و رسوله فإنه يقتل أو يصلب أو ينفى من الأرض أو يقتل نفسا فيقتل بها ( د ن ) عن عائشة**

7642. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈپ ئۆلتۈرۈش، پەقەت ئۈچ ئىشنىڭ بىرى بىلەنلا ھالال بولىدۇ، توي قىلغاندىن كېيىن زىنا قىلغان كىشى رەجىم قىلىنىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە جەڭ ئېلان قىلىپ چىققان كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ، يا دارغا ئېسىلىدۇ، يا يۇرتىدىن پالاندى قىلىنىدۇ، گۇناھسىز كىشىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7643 ( صحيح ) لا يحل دم امرئ مسلم يشهد أن لا إله إلا الله و أني رسول الله إلا بإحدى ثلاث: الثيب الزاني و النفس بالنفس و التارك**



www.uyghurkitap.com

لدينه المفارق للجماعة ( حم ق 4 ) عن ابن مسعود

7643. بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. مەزمۇنى يۇقىرىقىدەك توي قىلغان زىناخور، قاتىل، جامائەتتىن ئايرىلىپ دىنىنى تەرك ئەتكەن مۇرتەد ئۆلتۈرۈلىدۇ.

لا يحل سلف و بيع و لا شرطان في بيع و لا ربح ما لم يضمن و لا بيع ما ليس عندك ( حم 4 ك ) عن ابن عمرو

7644. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەرز ئېلىش ياكى قەرز بېرىش شەرتى بىلەن ساتقا مۇنچىلىك پۇلغا ساتىمەن، سەن ماڭا مۇنچىلىك قەرز بېرىپ تۇرسەڭ دېگەن سودا ھالال ئەمەس، (بۇ جازانە، ھارامدۇر) بىر بەيئى سودىسىدا ئىككى شەرتنى قويۇش ھالال ئەمەس، (مەسىلەن: مەن بۇ كىيىمنى ساتقا ساتىمەن، ئۇنى تىكىپ بېرىش قىسقارتىپ بېرىش، بوياپ بېرىش مېنىڭ ئۈستۈمگە بولىدۇ دېگەن شەرتلەر دۇرۇس ئەمەس، بىر شەرتنى قويسا دۇرۇس). ئىگە بولۇنمايدىغان، كېپىل بولۇنمايدىغان تېخى قولغا ئالمىغان نەرسىنىڭ پايدىسى ھالال ئەمەس. ئالدىڭدا يوق بولغان نەرسىنى قول ئىلكىڭدە يوق نەرسىنى سېتىش ھالال ئەمەس، ھارام. تىرمىزى 1155 ـ ھەدىس، ئەھمەد، ھاكىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

7645 ( صحيح ) لا يحل لأحدكم أن يحمل بمكة السلاح ( م ) عن جابر

7645. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىرەر كىشىنىڭ، ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن مەككىدە قورال كۆتۈرۈپ يۈرۈشى ھالال ئەمەس. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

7646 ( صحيح ) لا يحل لامرأة أن تسافر إلا و معها ذو محرم منها ( م ) عن أبي هريرة

7646. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشىنىڭ مەھرەمسىز سەپەر قىلىشى ھالال ئەمەس، نىكاھ ھارام بولىدىغان، دادىسى، تاغىسى، قېرىندىشى بىلەن بىرگە سەپەر قىلسا بولىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

7647 ( صحيح ) لا يحل لامرأة أن تصوم و زوجها شاهد إلا بإذنه أو تأذن في بيته إلا بإذنه و ما أنفقت من نفقة من غير أمره فإنه يؤدي إليه شطره ( خ ) عن أبي هريرة

7647. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشىنىڭ ئېرى ئۆيدە بار چاغدا ئېرىنىڭ ئىزنىسىز نەپلە روزا تۇتۇشى ھالال ئەمەس، ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيگە بىرەر كىشىنىڭ كىرىشىگە ئىزنى بېرىشى ھالال ئەمەس، ئېرىنىڭ ئىزنى، رۇخسىتى بىلەن دۇرۇس بولىدۇ. ئايال كىشى ئېرىنىڭ بۇيرۇقىسىز بىرەر نەپىقە ئېھسان قىلسا، ئۇنىڭ ئەجرىنىڭ يېرىمى ئېرىگە، يېرىمى ئۆزىگە بولىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

لا يحل لامرأة تؤمن بالله و اليوم الآخر أن تحد على ميت فوق ثلاث ليال إلا زوج فإنها تحد عليه أربعة أشهر و عشرا ( حم ق 3 ) عن أم حبيبة وزينب بنت جحش ( حم م ت ه ) عن حفصة وعائشة ( ن ) عن أم سلمة

7648. ئۇممە ھەبىيبە، زەينەپ، ھەپسە، ئائىشە، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئايال كىشىنىڭ ئېرىدىن باشقا ھەر قانداق بىر مېيىتكە ئۈچ كۈندىن ئوشۇق قارلىق تۇتۇشى ھالال ئەمەس، پەقەت ئېرىگىلا

تۆت ئاي ئون كۈن قارلىقنى، ئىددىتى بىلەن بىرگە تۇتىدۇ. (قارلىق تۇتۇش دېگەن ، باشقا دىنىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى، بىدئەت، خۇراپاتنى قىلىش دېگەن بولمايدۇ. بەلكى، زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى، گۈزەل كىيىم ـ كېچەكلىرىنى، گىرىم بۇيۇم ، ئەتىرلىرىنى تەرك ئېتىپ، ئۆلۈمگە قايغۇرىدۇ خالاس). ئەھمەد ، بەيھەقى، مۇسلىم بۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

7649 ( صحيح ) لا يحل لامرأة تؤمن بالله و اليوم الآخر أن تحد فوق ثلاث إلا على زوج أربعة أشهر و عشرا فإنها لا تكتحل و لا تلبس ثوبا مصبوغا إلا ثوب عصب و لا تمس طيبا إلا إذا طهرت من محيضها نبذة من قسط أظفار ( حم ق د ن ه ) عن أم عطية

7649 . ئۇممە ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئايالنىڭ ئېرىدىن باشقا مېيىتكە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق قارلىق تۇتۇپ قايغۇرۇشى ھالال ئەمەس، پەقەت ئېرىگىلا تۆت ئاي، ئون كۈن قارلىق تۇتۇپ، سۈرمە تارتمايدۇ، بويالغان كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيمەيدۇ، لېكىن، يېپى بوييۇلۇپ بىر خىللا بوياقتا بويالغان ئاندىن توقۇلغان كىيىمنى كىيسە بولىدۇ. خۇشپۇراق گىرىملىرىنى ئىشلەتمەيدۇ، لېكىن، ھەيز كېسىلىدىن پاك بولغاندا ئەزپار ئىسملىك خۇشپۇراقدىن، قىستى دېگەن ئارچا ياغىچى چىلانغان سۇدا يۇيۇنسا بولىدۇ. ئۇندىن باشقا خۇشپۇراق زىننەتلىرىنى تەرك ئېتىدۇ، چېچىنىمۇ بويىمايدۇ. ئەبۇ داۋۇد 1959 ـ ھەدىس، ئەھمەد 19864 ـ ھەدىس، بۇخارى 4923 ـ ھەدىس، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

7650 ( صحيح ) لا يحل لامرأة تؤمن بالله و اليوم الآخر أن تسافر سفرا يكون ثلاثة أيام فصاعدا إلا و معها أبوها أو ابنها أو زوجها أو أخوها أو ذو محرم منها ( حم م د ت ه ) عن أبي سعيد

7650 . ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئايالنىڭ، ئۈچ كۈنلۈك ۋە ئۇنىڭدىن زىيادە سەپەرنى يالغۇز قىلىشى ھالال ئەمەس، پەقەت دادىسى ياكى ئوغلى ياكى ئېرى ياكى قېرىندىشى ياكى نىكاھ ھارام بولىدىغان مەھرەم بىلەن بىرگە(تاغىسى بىلەن) سەپەر قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ. ئەھمەد ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ.

7651 . بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

لا يحل لامرأة تؤمن بالله و اليوم الآخر أن تسافر مسيرة يوم إلا مع ذي محرم ( حم م د ه ) عن أبي هرير

7652 . ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈن قىيامەتكە ئىشەنگەن مۆئمىن ئايالنىڭ مەھرەمسىز بىر كۈنلۈك سەپەرنى قىلىشمۇ ھالال ئەمەس. ئەھمەد ، مۇسلىم ، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ.

7653 . بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر.

لا يحل لامرئ يؤمن بالله و اليوم الآخر أن يسقي ماءه زرع غيره و لا أن يبتاع مغنما حتى يقسم و لا أن يلبس ثوبا من فيء المسلمين حتى إذا أخلقه رده فيه و لا يركب دابة من فيء المسلمين حتى إذا أعجفها ردها فيه ( حم د حب ) عن رويفع بن ثابت الأنصاري وروى ( ت ) صدره

7654 . رۇۋەيپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشىنىڭ، مەنىي سۇيىدە باشقىلارنىڭ زىرائىتىنى

سۇغۇرۇشى يەنى زىنا قىلىشى ھالال ئەمەس، تەقسىم قىلىنمىغىچە غەنىيمەتتىن بىرەر نەرسىنى سېتىشى يا سېتىۋېلىشى ھالال ئەمەس، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇشسىز ئولجا ئالغان غەنىيمەتلىرىدىن بىرەر كىيىمنى كىيىۋېلىشى ھالال ئەمەس، ھەتتا ئۇنى كىيىپ كونارتىپ، چىرىتىپ قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ، ھەم شۇنداق ئولجا ئالغان ھايۋاننى مىنىپ، قېرىتىپ، ئاجىزلىتىپ قايتۇرۇپ بېرىشى ھالال ئەمەس، تەقسىم قىلغاندا يەتكەن نېسىۋىسىنى ئېلىشى لازىم. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان تويلىغان، ھەسەن.

لا يحل لرجل أن يعطي عطية أو يهب هبة فيرجع فيها إلا الوالد فيما يعطي ولده و مثل الذي يعطي العطية ثم يرجع فيها كمثل الكلب يأكل فإذا شبع قاء ثم عاد في قيئه ( حم 4 ك ) عن ابن عمر وابن عباس

7655. ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق كىشىنىڭ بەرگەن سەدىقە ـ ئېھسان، سوۋغا ـ سالاملىرىدىن قايتىۋېلىپ، ئۇنى ياندۇرۇۋېلىشى ھالال ئەمەس، پەقەت ئاتا ـ ئانا، بالىسىغا بەرگەن نەرسىدىن قايتىۋالسا بولىدۇ، سوۋغا ـ سالام، ھەدىيە، ئېھسانلىرىغا قايتىۋالغۇچى، خۇددى يەپ تويۇپ، ئاندىن قۇسۇپ ئۆز قۇسقىنى يېگەن ئىتقا ئوخشايدۇ. ئەھمەد، ھاكىم تۆت كىتاب تويلىغان، سەھىھ.

**7656** ( صحيح ) لا يحل لرجل أن يفرق بين اثنين إلا بإذنهما( حم د ت ) عن ابن عمرو

7656. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ ئىككى كىشى ئارىسىنى ئايرىۋېتىشى ھالال ئەمەس، پەقەت شۇلارنىڭ ئىزنى، رۇخسىتى بىلەن ئايرىشى دۇرۇس، (بۇ ھۆكۈم، مەجلىسدە، خۇتبىدە ئولتۇرغان كىشىنىڭ ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىشىدىن توسىدۇ، ھەممىگە ئامدۇر). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى تويلىغان، سەھىھ.

**7657** ( صحيح ) لا يحل لمؤمن أن يهجر أخاه فوق ثلاثة أيام ( م ) عن ابن عمر

7657. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ، قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇشى ھالال ئەمەس. مۇسلىم تويلىغان، سەھىھ.

**7658** ( صحيح ) لا يحل لمسلم أن يروع مسلما ( حم د ) عن رجال

7658. ساھابىلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلماننى قورقۇتۇپ، چۆچۈتىۋېتىشى ھالال ئەمەس، (شۇنىڭ ئۈرنىدا دىنىسىزنى قورقۇتسۇن). ئەھمەد ئەبۇ داۋۇد تويلىغان، سەھىھ.

لا يحل لمسلم أن يهجر أخاه فوق ثلاث فمن هجر فوق ثلاث فمات دخل النار ( د ) عن أبي هريرة

7659. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلماننىڭ، ئۆز قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئوشۇق ئاداۋەت تۇتۇشى ھالال ئەمەس، كىم ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ دوزاخقا كىرىدۇ. ئەبۇ داۋۇد تويلىغان، سەھىھ.

**7660** ( صحيح ) لا يحل لمسلم أن يهجر أخاه فوق ثلاث ليال يلتقيان فيصد هذا و يصد هذا و خيرهما الذي يبدأ بالسلام ( حم ق د ت ) عن أبي أيوب

www.uyghurkitap.com

7660. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان كىشىنىڭ، قېرىندىشىغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت ساقلىشى ھالال ئەمەس،ئاداۋەت دېگەن: ئاداۋەتتىكى ئىككى كىشى بىرسى ـ بىرسىگە ئۇچرىشىپ، ئۇدۇل كېلىشىپ قالسىمۇ بىر ـ بىردىن يۈز ئۆرۈۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشىراقى سالامنى باشتا قىلغىنىدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

لا يحل لي من غنائمكم مثل هذا إلا الخمس و الخمس مردود فيكم ( د ) عن عمرو بن عبسة

7661. ئەمرۇ ئىبنى ئەبەسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا سىلەرنىڭ غەنىيمەتلىرىڭلاردىن بەشتىن بىردىن باشقا مۇشۇنچىلىكمۇ كىچىككىنە نەرسىمۇ ھالال بولمايدۇ، ماڭا ھالال بولغان ئۇ بەشتىن بىرىمۇ يەنە سىلەرگە قايتۇرۇلىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

7662 ( صحيح ) لا يحل مال امرئ مسلم إلا بطيب نفس منه ( د ) عن حنيفة الرقاشي

7662. ھەنىيفەتۇررەققاشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان كىشىنىڭ مال ـ مۈلۈكى ، ئۇنى رازى قىلماستىن ھالال ئەمەس، پەقەت ئۇ چىن دىلىدىن رازى بولسا، ئاندىن ھالال بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

7663 ( حسن ) لا يختلجن في صدرك شيء ضارعت فيه النصرانية ( حم د ت ) عن هلب

7663. ھولۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەن ناسارالارغا ئوخشاپ قالغان بىرەر نەرسە، مەڭگۈ قەلبىڭگە كىرىۋالمىسۇن، (يەنى تاماقتا يا كىيىم ـ كېچەكتە يا توي مەسىلىسىدە ۋە ياكى ھەر قانداق ئۆرپ ـ ئادەتتە ناسارالارغا قەتئىي ئوخشىۋالما، ئۇلارغا ئوخشاپ قالىدىغان نەرسە قەلبىڭگە كىرمىسۇن). ئەھمەد 20959 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1490 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3290 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2820 ـ ھەدىس، ھەسەن.

7664. بۇ ھەدىس تۆۋەندىكى ھەدىسكە ئوخشاش.

7665 ( صحيح ) لا يخطب أحدكم على خطبة أخيه حتى ينكح أو يترك ( ن ) عن أبي هريرة

7665. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قېرىندىشى ئالىمەن دەپ ئەلچى ئەۋەتكەن قىزچاققا ئەلچى ئەۋەتمىسۇن، تاكى يا ئۇنى نىكاھلاپ ئالىدۇ،(ئىش تامام) ياكى ۋاز كېچىپ تەرك ئەتسە، ئاندىن كېيىن ئەلچى ئەۋەتسۇن. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

لا يخطب الرجل على خطبة أخيه و لا يسوم على سوم أخيه و لا تنكح المرأة على عمتها و لا على خالتها و لا تسأل المرأة طلاق أختها لتكفأ صحفتها و لتنكح فإنما لها ما كتب الله لها ( م ) عن أبي هرير

7666. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى قېرىندىشىنىڭ ئەلچى ئەۋەتكەن ئورنىغا ئەلچى ئەۋەتمىسۇن، قېرىندىشىنىڭ باھا قويغان نەرسىسى ئۈستىگە باھا قويمىسۇن، سودىسى ئۈستىگە سودا قىلمىسۇن، ئايال كىشى دادا تەرەپ ھەممىسىنىڭ ۋە ئانا تەرەپ ھاممىسىنىڭ ئۈستىگە جۈپلەپ، نىكاھلانمايدۇ. ئايال كىشى ھەمشىرىسىنىڭ

قاچىسىنى بىكارلاپ، پاكلاپ، ئۆزى نىكاھلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ تالاق قىلىنىشىنى سورىمىسۇن، ھەققەتەن ئۇنىڭغىمۇ ئالالھنىڭ پۈتكىنى باردۇر. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7667** ( صحيح ) لا يدخل أحدا منكم عمله الجنة و لا يجير من النار و لا أنا إلا برحمة الله ( م ) عن جابر

7667. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىرەر كىشىنى ئۇنىڭ ياخشى ئەمەللىرى جەننەتكە ئەكىرەلمەيدۇ، دوۋزاخدىنمۇ قۇتقۇزالمايدۇ، مەنمۇ شۇنداق، لېكىن، ھەممىمىز ئالالھنىڭ رەھمەت پەزلى بىلەن دوۋزاخدىن قۇتۇلۇپ، جەننەتكە كىرىمىز، (ياخشى ئەمەللەرمۇ ئالالھنىڭ رەھمىتى). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

ئالالھنىڭ رەھمەت قىلىشى بىلەن ھىدايەت تېپىپ، ياخشى ئەمەللەرنى كۆپلەپ قىلىڭلار، ياخشى ئەمەللەر رەھمەتنىڭ سەۋەبچىسى.

**7668** ( صحيح ) لا يدخل الجنة أحد إلا أري مقعده من النار لو أساء ليزداد شكرا و لا يدخل النار أحد إلا أري مقعده من الجنة لو أحسن ليكون عليه حسرة ( خ ) عن أبي هريرة

7668. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتكە كىرگەن ھەر قانداق بىر كىشىگە ئۇنىڭ دوۋزاختىكى ئورنى كۆرسىتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يامان كىشى بولغان بولسا، ئاقىۋەتىم ھەققەتەن قورقۇنچلۇق ھالاكەت بولار ئىكەن دەپ شۈكرى قىلىشنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ كېتىدۇ، دوۋزاخقا كىرگەن ھەر قانداق كىشىگە ئۇنىڭ جەننەتتىكى ئورنى كۆرسىتىلىدۇ. ئۇ ئىسىت! كاشكى مەن ياخشى كىشى بولساممۇ دەپ قاتتىق ھەسرەت ـ نادامەت چېكىدۇ. (بۇ كۆرسىتىلىش، جان ئالغان چاغدىكى ھەدىسنىڭ بايانىدا ئۆتۈپ كەتتى). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**7669** ( صحيح ) لا يدخل الجنة الجواظ و لا الجعظري ( د ) عن حارثة بن وهب

7669. ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇتەكەببىر، بېخىل، قوپال، دىلى قاتتىق كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ. ئەبۇ داۋۇد 4168 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7670** ( صحيح ) لا يدخل الجنة إلا نفس مسلمة و لا يطوف بالبيت عريان و لا يجتمع المسلمون و المشركون في المسجد الحرام بعد عامهم هذا و من كان بينه و بين النبي عهد فعهده إلى مدته و من لم يكن له عهد فأجله أربعة أشهر ( حم ت ك ) عن علي

7670. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتكە پەقەت مۇسۇلمان كىشى كىرەلەيدۇ، كەئبىنى يالىڭاچ كىشى تاۋاپ قىلمىسۇن، مۇشۇ يىلدىن كېيىن مۇشرىكلار، مۇسۇلمانلار بىلەن مەسجىدى ھەرەمدە بىرلەشمىسۇن، مۇشرىكلار ھەرەم مەسجىدىگە كىرمىسۇن، كىمنىڭ پەيغەمبەر بىلەن ئارىلىقىدا ئەھدىسى بولسا، ئۇنىڭ ئەھدىسى مۇددىتىگىچە بولىدۇ، ئەھدىسى يوق كىشىنىڭ مۇددىتى تۆت ئاي بولۇپ، ئاندىن ئۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ، (يا مۇسۇلمان بولىدۇ، يا جىزيە باج تاپشۇرىدۇ). ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**7671** ( صحيح ) لا يدخل الجنة قاطع ( حم ق د ت ) عن جبير بن مطعم

7671. جۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلە رەھىمنى ئۈزگۈچى يېقىن تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلمايدىغان كىشى جەننەتكە

كىرمەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7672** ( صحيح ) لا يدخل الجنة قتات ( حم ق 3 ) عن حذيفة

7672. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇياقتىن ـ بۇياققا كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى توشۇغۇچى سۇخەنچى، جەننەتكە كىرمەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**7673** ( صحيح ) لا يدخل الجنة مدمن خمر ( ه ) عن أبي الدرداء

7673. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دائىم ھاراق ئىچكۈچى زابوي، جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلار سىلەرنىڭچە قەيەرگە كىرەر؟!

لا يدخل الجنة من كان في قلبه مثقال ذرة من كبر قيل: إن الرجل يحب أن يكون ثوبه حسنا و نعله حسنة قال: إن الله جميل يحب الجمال الكبر بطر الحق و غمط الناس ( م ) عن ابن مسعود

7674. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەلبىدە زەررە مىقدارىچىلىك كىبىر بار كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، بىر كىشى: ھەققەتەن كىشىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى، ئاياغلىرى گۈزەل، ياخشى بولۇشىنى ياخشى كۆرسىچۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇ كىبىر قىلغانلىق ئەمەس، ھەققەتەن ئاللاھ گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ، كىبىر قىلىش دېگەن: ھەقنى ئىنكار قىلىپ، ھەققەتكە باش ئەگمەي، قايىل بولماسلىق، كىشىلەرنى ھاقارەتلەپ، ئۆزىنى ئۇستۈن چوڭ تۇتۇشتۇر دېگەن. مۇسلىم 131 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1322 ـ ھەدىس، ئەھمەد 3600 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7675** ( صحيح ) لا يدخل الجنة من لا يأمن جاره بوائقه ( م ) عن أبي هريرة

7675. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قوشنىسىنى ھالاكەتلىك يامانلىقلىرىدىن ئەمىن قىلمايدىغان، قوشنىلىرى ئەمىن خاتىرجەم بولالمايدىغان كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7676** ( صحيح ) لا يدخل الجنة منان و لا عاق و لا مدمن خمر ( ن ) عن ابن عمرو

7676. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گەپ توشۇغۇچى سۇخەنچى، ئاتا ـ ئانىسىغا ۋارقىراپ گەردەن قاققۇچى، دائىم ھاراق ئىچكۈچى جەننەتكە كىرمەيدۇ. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7677** ( صحيح ) لا يدخل المدينة المسيح و الطاعون ( خ ) عن أبي هريرة

7677. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋابا كېسىلى ۋە دەججال مەدىنىگە كىرەلمەيدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ، بۇ ھەدىس مۆجىزە راستتىنلا مەدىنىگە ۋابا كىرمەيدۇ.

لا يدخل المدينة رعب المسيح الدجال لها يومئذ سبعة أبواب على كل باب ملكان ( خ ) عن أبي بكرة

7678. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇنداق دېگەن: مەدىنىگە دەججالنىڭ قورقۇنچىسى كىرەلمەيدۇ. دەججال چىققان شۇ كۈنلەردە مەدىنىنىڭ يەتتە ئىشكى بار بولۇپ، ھەر بىر ئىشىكتە ئىككى پەرىشتە پوستا تۇرۇپ قوغدايدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**7679** ( صحيح ) لا يدخل النار أحد في قلبه مثقال حبة خردل من إيمان و لا يدخل الجنة أحد في قلبه مثقال حبة خردل من كبرياء ( م د ت ه ) عن ابن مسعود

7679. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەلبىدە قىچىنىڭ بىر تال دېنى چاغلىق ئىمان بار كىشى دوۋزاخقا كىرمەيدۇ، قەلبىدە قىچىنىڭ بىر تال دېنى مىقدارىچىلىك كىبىر بار كىشى جەننەتكە كىرمەيدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمانى، ياخشىلىقى بار كىشى دوۋزاخىدىن چىقىپ، جەننەتكە كىرگەن ھەدىسلەر كۆپ ئۆتتى، كىبىر بولسا، ھەقنى ئىنكار قىلىپ، كىشىلەرنى ھاقارەتلەپ، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشتۇر. شەيتانمۇ كىبىر سەۋەبلىك كاپىر بولدى.

**7680** ( صحيح ) لا يدخل النار أحد ممن بايع تحت الشجرة ( حم د ت ) عن جابر ( م ) عن أم مبشر

7680. جابىر ئۇممە مۇبەششەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سەمۇرە دەرىخى ئاستىدا رىزۋان بەيئىتىنى قىلغانلاردىن ھېچ بىر كىشى دوۋزاخقا كىرمەيدۇ. (بەلكى، جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلار 1400 ئىدى). ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

لا يدخلن رجل بعد يومي هذا على مغيبة إلا و معه رجل أو اثنان ( حم م ) عن ابن عمر

7681. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشۇ كۈندىن باشلاپ، مۇندىن كېيىن ھېچ قانداق ئەر كىشى، ئېرى سىرتتا چىقىپ كەتكەن، ئېرى غائىپ ئايال كىشىنىڭ يېنىغا يالغۇز كىرمىسۇن، ئامالسىز كىرىشكە توغرا كەلسە، ئۆزى بىلەن بىر ياكى ئىككى ئەر كىشى بىلەن بىللە كىرسۇن.ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7682** ( صحيح ) لا يذبحن أحدكم حتى يصلي ( ت ) عن البراء

7682. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ بولمىغۇچە قۇربانلىقنى بوغۇزلىمىسۇن. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

لا يذهب الليل و النهار حتى تعبد اللات و العزى ثم يبعث الله ريحا طيبة فيتوفى كل من كان في قلبه مثقال حبة خردل من إيمان فيبقى من لا خير فيه فيرجعون إلى دين آبائهم ( م ) عن عائشة

7683. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: لات، ئۇززا دېگەن بۇتلارغا ئىبادەت قىلىنىپ كەتمىگۈچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. ئاندىن ئاللاھتائالا، مۇلايىم يۇمشاق پاك شامالنى ئەۋەتىدۇ، بۇ شامال سەۋەبلىك قەلبىدە قىچىنىڭ بىر تال دېنى مىقدارىچىلىك ئىمانى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ۋاپات تاپىدۇ، بىرمۇ مۇسۇلمان قالماي ئۆلۈپ كېتىپ، قەتئىي ياخشىلىق يوق كىشىلەر قېلىپ قالىدۇ، ئۇلار ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ باتىل دىنلىرىغا قايتىپ كېتىدۇ. (قىيامەت ئاشۇ يامان كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7684** ( صحيح ) لا يذهب الليل و النهار حتى يملك رجل من الموالي يقال له جهجاه( ت ) عن أبي هرير

7684. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئازاد قىلىنغان قۇللاردىن جەھجاھ دېيىلىدىغان كىشى، دۇنياغا پادىشاھ بولمىغۇچە كېچە - كۈندۈز يوقاپ كەتمەيدۇ. تىرمىز، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7685** ( صحيح ) لا يرث الكافر المسلم و لا المسلم الكافر ( حم ق 4 ) عن أسامة

7685. ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كاپىر، مۇسۇلمانغا ۋارىس بولالمايدۇ، مۇسۇلمان كىشى كاپىرغا ۋارىس بولالمايدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرىدا ئىككى دىن، مىللەت ئەھلى ۋارىس بولىشالمايدۇ دېگەنمۇ ئۆتتى.

لا يرجع أحد في هبته إلا الوالد من ولده و العائد في هبته كالعائد في قيئه ( حم ن ه ) عن ابن عمرو

7686. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاتا - ئانىلاردىن باشقا ھېچ قانداق بىر كىشى بەرگەن ھەدىيە، سوۋغا - سالاملىرىغا قەتئىي قايتۇۋالالمايدۇ، پەقەت ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا بەرگەن نەرسىلىرىدىن قايتۇۋالالايدۇ. (چۈنكى، بالىلارنىڭ نەرسىسى شۇلارنىڭ). سوۋغا - سالام، ھەدىيەلىرىگە قايتۇۋالغۇچى، ئۆزىنىڭ قۇسقان قۇسۇقىغا قايتقۇچىغا ئوخشاشتۇر، يەنى بۇ ھارامدۇر. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7687** ( حسن ) لا يرد القضاء إلا الدعاء و لا يزيد في العمر إلا البر ( ت ك ) عن سلمان

7687. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قازايى قەدەر ھۆكمىنى پەقەت دۇئا قىلىشلا قايتۇرالايدۇ، ئۆمۈرنى پەقەت ياخشىلىق قىلىشلا زىيادە ئۇزارتالايدۇ. (ئاللاھ قادىر، ئۇ ھەممىنى قىلالايدۇ). تىرمىزى ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

لا يزال أحدكم في صلاة ما دامت الصلاة تحبسه لا يمنعه أن ينقلب إلى أهله إلا الصلاة ( حم م ه ) عن أبي هرير

7688. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنى پەقەت نامازلا توختىتىپ تۇرغان بولسا، ئۇ نامازنى ساقلاپ تۇرغان بولسا، ئۆيگە قايتىشىدىن پەقەت نامازلا توسۇپ تۇرغان بولسا، ئۇ ناماز ئىچىدە تۇرغان بولىدۇ، دائىم ناماز ئوقۇۋاتقاندەك تۇرىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

لا يزال الدين ظاهرا ما عجل الناس الفطر لأن اليهود و النصارى يؤخرون ( د ك ) عن أبي هرير

7689. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر ئىپتار قىلىشقا ئالدىرىسىلا، ئىسلام دىنى غەلىبە قىلغان ھالەتتە داۋام قىلىدۇ، چۈنكى، يەھۇدىي، ناسارالار ئىپتار قىلىشنى كېچىكتۈرەتتى. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

مەقسەت، كىشىلەرنىڭ سۈپىلىقى تۈتۈپ كېتىپ، دىننى ئۆزگە قاتتىق قىلىۋالسا، بىدئەت، خۇراپاتنى قىلىپ، سەلەف، سالىھلار يولىدىن، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە ئەقىدىسىدىن ئازسا، ئىسلام دىنىمۇ مەغلۇپ بولۇپ يوقىلىدۇ.

لا يزال العبد في صلاة ما دام في المسجد ينتظر الصلاة ما لم يحدث( ق د ت ) عن أبي هريرة

7690. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە مەسجىد ئىچىدە نامازنى ساقلاپ تۇرسىلا، تاھارىتى سۇنۇپ كەتمىسىلا، ئۇ دائىم ناماز

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىچىدە تۇرغان بولىدۇ. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7691 ( صحيح ) لا يزال العبد في فسحة من دينه ما لم يصب دما حراما ( حم خ ) عن ابن عمر**

7691. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە ھارام قانغا يەتمىسىلا، يەنى قاتىللىق قىلىپ، خۇن قەرزى بولمىسىلا، ئۆز دىنىدا كەڭرىچىلىكتە بولىۋېرىدۇ، (قاتىل بولسا ئىككى ئالەم ھالاك بولىدۇ). ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**لا يزال الله يغرس في هذا الدين غرسا يستعملهم فيه بطاعته إلى يوم القيامة ( حم ه ) عن أبي عنبة**

7692. ئەبۇ ئەنبەت خەۋلانى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا، بۇ دىن ئۈچۈن دائىم كۆچەت سېلىپ، دەرەخ تىكىپ تۇرىدۇ، ئۆزى سالغان تەقۋا، ئالىملاردىن ئىبارەت كۆچەتلەرنى بۇ دىندا قىيامەت كۈنىگىچە ئۆزىگە ئىتائەت قىلدۇرۇپ، ئەمەل قىلدۇرىدۇ. (بۇ دىننى يېڭىلاپ تۇرىدۇ، دىن ئاللاھنىڭ، ئاللاھ قوغدايدۇ، ئاشۇ كۆچەتلەرمۇ قاتتىق كۈچ چىقىرىپ تۇرىدۇ). ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**7693 ( صحيح ) لا يزال المؤمن معنقا صالحا ما لم يصب دما حراما فإذا أصاب دما حراما بلح( د ) عن أبي الدرداء وعبادة بن الصامت**

7693. ئەبۇ دەردائى، ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن كىشى قاتىللىق قىلىپ، خۇن قەرزى بولۇپ، ھارام قانغا يەتمىسىلا، ئۈچىسى يەڭگىل تائەت ـ ئىبادىتى كۆپ، گۇناھى ئاز، سالىھ، ياخشى ھالەتتە داۋام قىلالايدۇ. كەڭرىچىلىكتە بولىدۇ، ھارام قانغا يېتىپ، قاتىللىق قىلسىلا، قاتتىق جاپا ـ مۇشەققەتكە، ھالاكەتكە چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 3724 ـ ھەدىس، سەھىھ. مەقسەت : قاتىللىقدىن چەكلەش، گۇناھسىز كىشىنى ئۆلتۈرۈش ھارام، گۇناھى ـ كەبىيرە، قاتىل ئۆلتۈرۈلىدۇ، ياكى تۆلەم بېرىدۇ.

**7694 ( صحيح ) لا يزال الناس بخير ما عجلوا الفطر ( حم ق ت ) عن سهل بن سعد**

7694. سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر ئىپتار قىلىشقا ئالدىرىسىلا ياخشىلىقتا داۋام قىلالايدۇ، (ئىپتارنى كېچىكتۈرسە، يەھۇدىي، ناسارالاردەك ياخشىلىقى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. كۈن كىرگەن ھامان شام بولىدۇ، ئەلۋەتتە ئىپتار، شامدىن بۇرۇن قىلىنىدۇ.

**7695 ( حسن ) لا يزال الناس بخير ما عجلوا الفطر فإن اليهود يؤخرون ( ه ) عن أبي هرير**

7695. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر ئىپتار قىلىشقا ئالدىرىسىلا، ياخشىلىقتا داۋام قىلالايدۇ. چۈنكى، يەھۇدىيلار ئىپتارنى كېچىكتۈرەتتى، (ئۇلارنىڭ ھالى ئەنە شۇنداق بولدى). ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**لا يزال الناس يتساءلون حتى يقال: هذا خلق الله الخلق فمن خلق الله ؟ فمن وجد من ذلك شيئافليقل: آمنت بالله و رسوله ( م د ) عن أبي هريرة**

7696. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر سوئال سوراۋېرىدۇ، ھەتتا، بۇ مەخلۇقلارنىڭ ئاللاھ يارىتىپتۇ، ئاللاھنى كىم ياراتقاندۇ؟ دېيىلىدۇ ، كىم شۇنداق ۋەسۋەسە سوئالنى تاپسا، دەرھال مەن ئاللاھقا ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە

شەكسىز ئىشەندىم، ئىمان كەلتۈردۈم دېسۇن. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ ئەزەلدۇر، ئاللاھ ئەزەلدە بار ئىدى، ئاللاھ پەيدا بولغان ئەمەس، ھادىسە ئەمەس، ئاللاھنىڭ ئىپتىداسى يوق، ئىنتىھاسىمۇ يوق، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق، ئاللاھ مەخلۇق ئەمەس، بەلكى، يارىتىقۇچى خالىقتۇر، ئاللاھ باقى، ئۇ مەڭگۈ مەۋجۇتتۇر، ئاللاھنى ئالتە تەرەپ قورشىمايدۇ، ئەقىللەر،ئاللاھ نى چەك ـ چېگرا دائىرىگە ئالالمايدۇ، چۈنكى، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر، ئاللاھ بىز بىلەن بىللىدۇر، ئۇ قادىردۇر.

**7697** ( صحيح ) لا يزال أهل الغرب ظاهرين على الحق حتى تقوم الساعة ( م ) عن سعد

7697. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: غەرب ئەھلى، قىيامەت قايىم بولغىچە ھەققەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، دۈشمەنگە قارشى غەلىبە قىلغان ھالدا داۋام قىلىدۇ. مۇسلىم 3551 ـ ھەدىس، سەھىھ. ئالىملار غەرب ئەھلىنى شامدا دېدى، بەزىلەر ئۇلار ئەرەب دېدى، بەزىلەر زېمىننىڭ غەرب تەرىپىدە دېدى، بەزىلەر يەنە باشقا سۆزنى قىلدى، توغرىسى ئۇلار يۇقىرىدا ئۆتكەن بىر تائىپە ئۈممەتتۇر، ئاللاھ ئالىم، مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدىن ئېلىندى.

لا يزال قلب الكبير شابا في اثنتين: في حب الدنيا و طول الأمل ( خ ) عن أبي هريرة

7698. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قېرى شەيخنىڭ قەلبى ئىككى نەرسىنى ياخشى كۆرۈشتە ياپياش تۇرىدۇ، مال ـ دۇنيانى، بۇ دۇنيانى ياخشى كۆرۈشتە، ئارزۇ ئۈمىدلىرى ئۇزۇن بولۇشتا ياش تۇرىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

لا يزال قوم يتأخرون عن الصف الأول حتى يؤخرهم الله في النار ( د ) عن عائشة

7699. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەۋم جامائەتلەر نامازدا بىرىنچى سەپتىن كېچىكىپ ئارقىدا قېلىۋەرسە، ئاللاھمۇ ئۇلارنى دوۋزاخ ئىچىگە كېچىكتۈرىدۇ، (ياكى دوۋزاخدىن كېيىنرەك چىقىرىدۇ، نامازغا كېچىككەن كىشى دوۋزاخقا كىرسە ئوقۇمىغانلار ئەلۋەتتە كىرىدۇ). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7700** ( صحيح ) لا يزال لسانك رطبا من ذكر الله ( حم ت ه حب ك ) عن عبدالله بن بسر

7700. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تىلىڭ دائىم ئاللاھنى ئەسلەپ ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن ھۆل تۇرسۇن. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. زىكرى ئەلۋەتتە قۇرئان، سەھىھ ھەدىسلەرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بولسۇن، ساھابە، تابىئىنلاردەك زاكىر بۇلۇڭلار .

لا يزال ناس من أمتي ظاهرين على الحق حتى يأتيهم أمر الله و هم ظاهرون( خ ) عن المغيرة بن شعبة

7701. مۇغىرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن بىر تائىپە كىشىلەر، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ، دۈشمىنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ھالدا داۋام قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئەمرى، قىيامەت كەلگەندىمۇ ئۇلار غالىب ھالەتتە تۇرىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**7702** ( صحيح ) لا يزال هذا الأمر في قريش ما بقي من الناس اثنان( حم ق ) عن ابن عمر

7702. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: مۇشۇ ئىش يەنى خەلىپىلىك، كىشىلەردىن ئىككى كىشى قېلىپ قالسىلا، قۇرەيشلەردە داۋام قىلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

7703 ( صحيح ) و وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 6347 لا يزال هذا الدين قائما حتى يكون عليكم اثنا عشر خليفة ( كلهم تجتمع عليه الأمة كلهم من قريش ( ثم يكون الهرج ) ) ( حم ق د ت ) عن جابر بن سمرة )

7703. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئىسلام دىنى سىلەرگە 12 خەلىپە سايلىنىپ بولغىچە مۇقىم بەرپا بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلاردىن ھەربىر خەلىپىگە ئۈممەت بىرلىككە كېلىدۇ، ھەممىسى قۇرەيشلەردىن بولىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇرۇش، زور قىرغىنچىلىق يۈز بېرىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

لا يزال هذا الدين قائما يقاتل عليه عصابة من المسلمين حتى تقوم الساعة ( م ) عن جابر بن سمر

7704. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ دىن مۇقىم بەرپا بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ، بۇ دىننى قوغداپ مۇسۇلمانلاردىن بىر تائىپە جامائەت تا قىيامەت كۈنىگىچە ئۇرۇش قىلىپ تۇرىدۇ، ھەم غەلىبە قىلىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

7705 ( صحيح ) لا يزال يستجاب للعبد ما لم يدع بإثم أو قطيعة رحم ما لم يستعجل يقول: قد دعوت و قد دعوت فلم يستجب لي فيستحسر عند ذلك و يدع الدعاء( م ) عن أبي هريرة

7705. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە گۇناھ- مەئسىيەتكە ياكى سىلە - رەھىمنى ئۈزۈۋېتىشكە دۇئا قىلمىسىلا ياكى ئالدىراپ كەتمىسىلا، دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇ مەن دۇئا قىلدىم، شۇنچە كۆپ دۇئا قىلدىم، لېكىن، ھېچ ئىجابەت بولمايۋاتىدۇ دەپ ئالدىراپ قېلىپ، دۇئا قىلىشتىن سۇسلىشىپ، ھېرىپ قالىدۇ - دە دۇئا قىلىشنى تەرك ئېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىجابەت بولمايدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

7706 ( صحيح ) لا يزني الزاني حين يزني و هو مؤمن و لا يسرق السارق حين يسرق و هو مؤمن و لا يشرب الخمر حين يشربها و هو مؤمن و التوبة معروضة بعد ( م 3 ) عن أبي هريرة

7706. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زىنا قىلغۇچى كىشى، زىنا قىلغان چاغدا مۆئمىن ھالەتتە تۇرۇپ زىنا قىلمايدۇ، ئوغرىلىق قىلغۇچىمۇ مۆئمىن ھالەتتە تۇرۇپ ئوغرىلىق قىلمايدۇ، ھاراق ئىچكۈچىمۇ مۆئمىن ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ، ئاندىن كېيىنمۇ ئۇلارغا تەۋبە تەكلىنىپ تۇرىدۇ. (يەنى يۇقىرىقى ئىشلارنى قىلغان كىشى كامىل مۆئمىن بولالمايدۇ، مۆئمىن ئۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ، شۇنداقلا ئۇلار تەۋبە قىلسا، تەۋبىسى قوبۇل بولىدۇ). مۇسلىم ۋە كېيىنكى ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

لا يزني الزاني حين يزني و هو مؤمن و لا يشرب الخمر حين يشربها و هو مؤمن و لا يسرق السارق حين يسرق و هو مؤمن و لا ينهب نهبة ذات شرف يرفع الناس إليه فيها أبصارهم حين ينتهبها و هو مؤمن ( حم ق ن ه ) عن أبي هريرة زاد ( حم م ) : ولا يغل أحدكم حين يغل وهو مؤمن فإياكم إياكم

7707. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زىنا قىلغۇچى، زىنا قىلغان چاغدا مۆئمىن ھالەتتە زىنا قىلمايدۇ، ھاراق ئىچكۈچى مۆئمىن

ھالەتتە ھاراقنى ئىچمەيدۇ، ئوغرىلىق قىلغۇچىمۇ مۆئمىن ھالىتىدە ئوغرىلىق قىلمايدۇ، بۇلاڭچىمۇ، كىشىلەر قاراۋاتسا، ئوچۇق ـ ئاشكارا مۆئمىن ھالەتتە تۇرۇپ بۇلاڭچىلىق قىلمايدۇ. (يەنى بۇلار بۇ ئىشلارنى مۆئمىنلىكىدىن چىقىپ كېتىپ قىلىدۇ، مۆئمىن كىشى ھەرگىز ئۇ ئىشلارنى قىلمايدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەھمەد بىلەن مۇسلىم، بىرىڭلار مۆئمىن ھالەتتە تۇرۇپ، خىيانەت قىلمايدۇ، ھەزەر قىلىڭلار، ھەزەر قىلىڭلار، قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار دېگەننى زىيادە توپلىغان، سەھىھ.

7708. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولۇپ، كىشى مۆئمىن ھالىتىدە زىنا، ئوغرىلىق قىلمايدۇ، ھاراق ئىچمەيدۇ، قاتىللىق قىلمايدۇ دېيىلگەن، بۇ ئىشلارنى قىلسا، كامىل مۆئمىن ئەمەس.

**7709** ( حسن ) لا يسأل الرجل مولاه من فضل هو عنده فيمنعه إياه إلا دعي له يوم القيامة فضله الذي منعه شجاعا أقرع ( د ) عن معاوية بن حيد

7709. مۇئاۋى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى خوجايىنىدىن ئۇنىڭ يېنىدىكى ھاجىتىدىن ئېشىپ قالغان نەرسىنى سورىسا، ئۇ ئېشىپ قالغان نەرسىنى چەكلەپ بەرمىسە، قىيامەت كۈنى ئاشۇ ماللار شۇ خوجايىن ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ تاز يىلان ھالەتتە چاقىرىلىدۇ، يەنى يىلان بولۇپ ئازابلايدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

لا يسب أحدكم الدهر فإن الله هو الدهر و لا يقولن أحدكم للعنب: الكرم فإن الكرم الرجل المسلم ( م ) عن أبي هرير

7710. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار زاماننى تىللىمىسۇن، ئەيىبلىمىسۇن، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا زاماننى تەدبىرى بىلەن باشقۇرغۇچىدۇر، بىرىڭلار ئۈزۈمنى كەرەم دېمىسۇن، ھەقىقەتەن كەرەم يەنى سېخى كىشى دېگەن مۇسۇلمان كىشىدۇر. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس، سۆز قىلىشتىكى ئەدەپ ـ ئەخلاقنى كۆرسىتىدۇ.

لا يستحيي الله من الحق لا يستحيي الله من الحق لا تأتوا النساء في أعجازهن ( حم ن حب ه ) عن خزيمة

7711. خۇزەيمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ھەقنى بايان قىلىشتىن تارتىنمايدۇ، ھەرگىز تارتىنماي ھەقنى بايان قىلىدۇ، سىلەر ئاياللارنىڭ ئارقا مەقئەتتىگە كەلمەڭلار، يەنى ئاياللىرىڭلارنىڭ جىنسى ئەزاسىنى قويۇپ، قويۇپ، ئارقا مەقئەتتىگە جىنسى ئالاقە قىلماڭلار، بۇ ھارامدۇر. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7712** ( صحيح ) لا يستر الله على عبد في الدنيا إلا ستره يوم القيامة ( م ) عن أبي هريرة

7712. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا بۇ دۇنيادا بىرەر بەندىسىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسان، گۇناھلىرىنى ياپقان بولسا، قىيامەت كۈنىمۇ چوقۇم ياپىدۇ. (بۇ دۇنيادا ئەگە بولسا، قىيامەت كۈنىمۇ ئەگە بولىدۇ). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7713** ( صحيح ) لا يستر عبد عبدا في الدنيا إلا ستره الله يوم القيامة ( م ) عن أبي هريرة

7713. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر بەندە بۇ دۇنيادا بىرەر بەندىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ياپسا، قىيامەت كۈنى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى

ئاللاھتائالا ئۇ بەندىنىڭ ئەيىپ ـ نۇقسانلىرىنى ياپىدۇ، رەسۋا قىلمايدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7714** ( صحيح ) لا يستلق الإنسان على قفاه و يضع إحدى رجليه على الأخرى ( م ) عن جابر

7714. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىنسان بىر پۇتىنى يەنە بىر پۇتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئوڭدىسىغا ياتمىسۇن، (چۈنكى، ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالىدۇ). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7715** ( صحيح ) لا يستنج أحدكم بدون ثلاثة أحجار ( م ن ) عن سلمان

7715. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۈچ تاشتىن ئاز تاش ـ چالمىدا ئىستىنجا قىلمىسۇن. مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7716** ( صحيح ) لا يشر أحدكم على أخيه بالسلاح فإنه لا يدري لعل الشيطان ينزع في يده فيقع في حفرة من النار ( حم ق ) عن أبي هريرة

7716. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قېرىندىشىغا قورال بىلەن ئىشارەت قىلمىسۇن، ھەققەتەن ئۇ بىلمەي قالىدۇ، شەيتان قورالنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىۋېلىپ، ئاندىن ئۇ دوۋزاخنىڭ گىرۋىكىگە، لېۋىگە بېرىپ قالىدۇ، (ئەگەر قارشى تەرەپكە قورال تىگىپ ئۆلسە دوۋزاخقا كىرىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**7717** ( صحيح ) لا يشرب الخمر رجل من أمتي فيقبل الله منه صلاة أربعين يوما( ن ) عن ابن عمرو

7717. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن بىرەر كىشى ھاراق ئىچسە، ئاللاھتائالا ئۇنىڭدىن 40 كۈنلۈك نامازنى قوبۇل قىلمايدۇ، (پۈتۈن دۇنيا ئىككى رەكەت سۈننەتكە تەڭ ئەمەس). نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7718** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 6352 لا يشربن أحد منكم قائما ( فمن نسي فليستقئ ) ( م ) عن أبي هريرة

7718. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن بىر كىشى ئۆرە تۇرۇپ ئىچمىلىك ئىچمىسۇن، (ئەگەر ئۇنتۇپ قېلىپ ئۆرە تۇرۇپ ئىچىپ سالسا ئۇنى قۇسىۋەتسۇن). مۇسلىم توپلىغان،ئەلبانى بۇ ھەدىس سەھىھ، لېكىن قۇسىۋەتسۇن دېگىنى زەئىپ دېگەن.

**7719** ( صحيح ) لا يشكر الله من لا يشكر الناس( حم د حب ) عن أبي هريرة

7719. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە تەشەككۈر بىلدۈرمىگەن، شۈكرى قىلمىغان كىشى ئاللاھقىمۇ شۈكرى قىلمايدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

لا يشهد أحد أنه لا إله إلا الله و أني رسول الله فيدخل النار أو تطعمه( م ) عن عتبان بن مالك

7720. ئەتبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ

ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن كىشى دوۋزاخقا كىرمەيدۇ ياكى ئۇ كىشىنى دوۋزاخ كۆيدۈرەلمەيدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

لا يصبر على لأواء المدينة و شدتها أحد من أمتي إلا كنت له شفيعا أو شهيدا يوم القيامة ( م ت ) عن أبي هريرة وابن عمر ( حم م ) عن أبي سعيد

7721. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن بىرەر كىشى مەدىنىنىڭ قاتتىق قىيىنچىلىقلىرىغا، ئاچارچىلىقلىرىغا كەسپىنىڭ قىيىن بولۇشىغا، مۇسىبەتلىرىگە، ئېغىر كۈنلىرىگە سەۋرى قىلىپ، چىداپ تۇرالىسا، قىيامەت كۈنى مەن ئۇ كىشىگە شاپائەتچى بولىمەن ياكى ئۇ كىشى ئۈچۈن گۇۋاھچى بولىمەن. مۇسلىم 2448 ـ ھەدىس، تىرمىزى 3859 ـ ھەدىس، ئەھمەد 7527 ـ ھەدىس، سەھىھ.

لا يصلح الصيام في يومين: يوم الأضحى و يوم الفطر من رمضان ( م ) عن أبي سعيد

7722. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇربان ھېيت كۈنىدىن، روزا ھېيت كۈنىدىن ئىبارەت ئىككى كۈندە روزا تۇتۇش دۇرۇس ئەمەس. (قۇربان ھېيت كۈنىدىن كېيىنكى ئۈچ كۈندىمۇ روزا تۇتۇش دۇرۇس ئەمەس). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

7723 ( حسن ) لا يصلح الكذب إلا في ثلاث: يحدث الرجل امرأته ليرضيها و الكذب في الحرب و الكذب ليصلح بين الناس ( ت ) عن أسماء بنت يزيد

7723. ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يالغان سۆزلەپ قويۇش پەقەت ئۈچ ئىشتىلا دۇرۇس، كىشى ئايالىنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئايالىغا يالغان سۆزلەش دۇرۇس، جەڭ، ئۇرۇشتا يالغان سۆزلەش دۇرۇس، كىشىلەر ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىپ ياراشتۇرۇشتا يالغان سۆزلىسە دۇرۇس بولىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن

7724 ( صحيح ) لا يصلح صاع من تمر بصاعين و لا درهم بدرهمين و الدرهم بالدرهم و الدينار بالدينار لا فضل بينهما إلا وزنا ( ه ) عن أبي سعيد

7724. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر سا خورمىنى ئىككى سا خورمىغا، بىر دىرھەم كۈمۈشنى ئىككى دىرھەمگە ئالماشتۇرۇش دۇرۇس ئەمەس، بىر دىرھەم بىر دىرھەمگە بىر دىنار بىر دىنار ئالتۇنغا تەگىشىدۇ، ئارىلىقىدا پەرقلى زىيادە كاملىق يوقتۇر، ۋەزنىدە، مىزاندا ئوخشاش باراۋەر ھالدا ئالىبە قىلسا بولىدۇ. (زىيادە بەرسە يا ئالسا جازانە ئۆسۈم بولىدۇ). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7725 ( صحيح ) لا يصلح لبشر أن يسجد لبشر و لو صلح أن يسجد بشر لبشر لأمرت المرأة أن تسجد لزوجها من عظم حقه عليها و الذي نفسي بيده لو أن من قدمه إلى مفرق رأسه قرحة تبجس بالقيح و الصديد ثم أقبلت تلحسه ما أدت حقه ( حم ن ) عن أنس

7725. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىنساننىڭ ئىنسانغا سەجدە قىلىشى دۇرۇس ئەمەس، ئەگەر بۇ دۇرۇس بولغان بولسا، ئەر كىشىنىڭ ھەققى ئايالى ئۈستىدە ناھايىتى چوڭ بولغاچقا، ئايال كىشىنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرۇيتتۇم،

(لېكىن، دۇرۇس ئەمەس). ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئەر كىشىنىڭ قەدىمىدىن باشلاپ، بېشىنىڭ چاچ ئايرىمىسىغىچە كوكۇلىسىغىچە جاراھەت بولسا، ئۇ جاراھەت دائىم يىرىڭ، زەرداپ ئاقتۇرۇپ تۇرسا، ئاندىن ئايالى ئالدىنى قىلىپ، ئۇ جاراھەتنى تىلى بىلەن يالاپ ساقايتسىمۇ يەنىلا ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالمايدۇ، (بۇ، ئاللاھنىڭ پەزلى، رەھمىتىدۇر، ئېتىراز بىلدۈرۈشكە قەتئىي بولمايدۇ). ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

لا يصلي أحدكم في الثوب الواحد ليس على عاتقه منه شيء ( حم ق د ن ) عن أبي هريرة

7726. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار مۈرىسىدە، كىيىمدە بىرەر نەرسە يوق ھالەتتە بىرلا كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇمىسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ئىككى كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇسۇن.

لا يصلي الإمام في الموضع الذي صلى فيه المكتوبة حتى يتحول ( د ه ) عن المغيرة بن شعبة

7727. مۇغىيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمام بولغان كىشى پەرز نامازنى ئوقۇغان ئورۇندا باشقا ئورۇنغا يۆتكەلمىگىچە نەپلە، سۈننەت نامازنى ئوقۇمىسۇن، باشقا جايغا يۆتكىلىپ ئوقۇسۇن. ئەبۇ داۋۇد 521 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1418 ـ ھەدىس، سەھىھ. بۇ يۆتكىلىشىتىپ ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ.

**7728** ( صحيح ) لا يصلى في أعطان الإبل و يصلى في مراح الغنم ( ه ) عن سبرة بن معبد

7728. سەبۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تۆگە قوتانلىرىدا ناماز ئوقۇلمايدۇ، قوي قوتانلىرىدا ناماز ئوقۇلىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7729** ( صحيح ) لا يصلين أحدكم و هو عاقص شعره ( ه ) عن أبي رافع

7729. ئەبۇ راپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار چېچىنى بىر جايغا يوملاپ تۈگۈۋېلىپ ناماز ئوقۇمىسۇن. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

لا يصومن أحدكم يوم الجمعة إلا أن يصوم يوما قبله أو يوما بعده( ق **4** ) عن أبي هريرة

7730. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار خاس جۈمە كۈنى روزا تۇتمىسۇن، لېكىن، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر كۈن ياكى ئارقىسىدا بىر كۈن روزا تۇتۇش بىلەن بىرگە تۇتسۇن. بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

لا يصيب المؤمن شوكة فما فوقها إلا رفعه الله بها درجة و حط عنه بها خطيئة ( ت حب ) عن عائشة

7731. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنگە بىر تال شوخا تىكەن كىرىپ كەتكەنچىلىك ۋە ئۇنىڭدىن چوڭراق مۇسىبەت يەتسە، ئاللاھ ئۇنى شۇ مۇسىبەتنىڭ بەدىلىگە بىر دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن بىر خاتالىقنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

لا يصيب عبدا نكبة فما فوقها أو دونها إلا بذنب و ما يعفو الله عنه أكثر ( ت ) عن أبي موسى

7732. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندىگە قىيىنچىلىق، مۇشەققەت يەتسە، ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياكى تۆۋەن مۇسىبەت يەتسە، ئۇ شۇ بەندىنىڭ قىلغان گۇناھى سەۋەبلىك يېتىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشى كۆپتۇر. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن. قۇرئاندا مۇشۇ مەنىدە ئايەت بار.

**7733** ( صحيح ) لا يعدي شيء شيئا فمن أجرب الأول ؟ لا عدوى و لا صفر خلق الله كل نفس فكتب حياتها و رزقها و مصائبها ( حم ت ) عن ابن مسعود

7733. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر نەرسە، بىرەر نەرسىگە تەقدىرسىز كېسەل يۇقتۇرۇپ قويالمايدۇ، بىر كىشى تۆگىگە يۇقىدىغان تەمرەتكىدىن سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئۇنداقتا تۇنجى تۆگىگە كىم تەمرەتكە يۇقتۇرغان؟ دەپ رەددىيە بەرگەن، ئاندىن ئاللاھنىڭ تەقدىرىسىز كېسەل ئۆزى يۇقمايدۇ، قورساقتىكى مەددە قۇرۇت جانىنى ئالمايدۇ، ئاللاھتائالا ھەربىر جان ئىگىسىنى يارىتىپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى، رىزقىنى ئۇنىڭغا يېتىدىغان مۇسىبەتلەرنى تەقدىردە پۈتۈپ بولغان دېگەن . ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7734** ( صحيح ) لا يعضه بعضكم بعضا ( الطيالسي ) عن عبادة

7734. ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەزىڭلار بەزىڭلارغا يالغاندىن تۆھمەت، بۆھتان قىلمىسۇن، سۇخەنچىلىك قىلمىسۇن. تەيالسى توپلىغان، سەھىھ.

**7735** ( صحيح ) لا يغتسل أحدكم في الماء الدائم و هو جنب ( م ن ه ) عن أبي هريرة

7735. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار دائىم جىم تۇرىدىغان توختام سۇدا جۇنۇپ ھالەتتە يۇيۇنمىسۇن. مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7736** ( صحيح ) لا يغتسل رجل يوم الجمعة و يتطهر ما استطاع من الطهر و يدهن من دهنه أو يمس من طيب بيته ثم يخرج فلا يفرق بين اثنين ثم يصلي ما كتب له ثم ينصت إذا تكلم الإمام إلا غفر له ما بينه و بين الجمعة الأخرى ( حم خ ) عن سلمان

7736. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى جۈمە كۈنى غۇسلى قىلىپ يۇيۇنۇپ، قادىر بولىشىچە پاكلىنىپ، ئاندىن خۇشپۇراق ياغلىرىدىن ياكى ئۆيىدىكى ئەتىرلەردىن ئىستېمال قىلىپ، ئۆيىدىن چىقىپ جۈمەگە كەلسە، ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمىسە، كىشىلەرنىڭ گەردەنلىرىدىن ئاتلاپ ئۆتمەي، ئۆزىگە تەقدىر قىلىنغان نامازلارنى ئوقۇپ، ئاندىن ئىمام سۆز قىلغاندا سۆز قىلماي جىم ئولتۇرسا، ئۇ كىشى ئۇچۇن شۇ جۈمە بىلەن يەنە بىر جۈمە ئارىلىقىدىكى گۇناھلىرى پۈتۈنلەي مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

لا يغرنكم في سحوركم أذان بلال و لا بياض الأفق المستطيل حتى يستطير ( حم م 3 ) عن سمرة

7737. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەرنى زوھۇرلۇق يېيىشتىن بىلال ئىبنىتقان ئەزان توسۇپ قويمىسۇن (چۈنكى ئۇ ئەزاننى

بەك كىچىسى توۋلايدۇ). شۇنداقلا سىلەرنى زوھۇرلۇق يېيىشتىن كىچىنىك ئاقرىشى، ئۇپۇقدىكى ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان ئاقلىق تاكى كەڭ تارقاپ سۇبھى ھەقىقىي يورىمىغىچە توسۇپ قويمىسۇن، پەقەت سۇبھى يورىغاندا زوھۇرلۇق يېيىشتىن توختاڭلار. ئەھمەد، مۇسلىم ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**7738** ( صحيح ) لا يغل مؤمن ( طب ) عن ابن عباس

7738. ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن خىيانەت قىلمايدۇ، (خىيانەت قىلغان كىشى مۆئمىن ھېسابلانمايدۇ). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**7739** ( حسن ) لا يغني حذر من قدر و الدعاء ينفع مما نزل و مما لم يتزل و إن البلاء ليتزل فيتلقاه الدعاء فيعتلجان إلى يوم القيامة ( ك ) عن عائشة

7739. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەزەر قىلىش تەقدىردىن بىرەر نەرسىنى بىھاجەت قىلالمايدۇ، دۇئا قىلىش چۈشكەن نەرسىدىن ۋە تېخى چۈشمىگەن نەرسىدىن، بالا، مۇسىبەتلەردىن پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدۇ، ھەقىقەتەن بالالەر چۈشۈپ تۇرىدۇ، ئۇنى دۇئا قوبۇل قىلىپ ئالدىغا چىقىپ تۇرىدۇ، تا قىيامەت كۈنىگىچە بۇ ئىككىسى ئۆزئارا ئېلىشىپ بىر ـ بىرىنى يېڭىپ تۇرىدۇ. ھاكىم توپلىغان، ھەسەن

**7740** ( صحيح ) لا يفترقن اثنان إلا عن تراض ( د ) عن أبي هريرة

7740. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سودا قىلىشقان ئىككى كىشى بىر ـ بىرىدىن پەقەت رازى بولۇپ، رازى قىلىپ ئايرىلسۇن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7741** ( صحيح ) لا يفركن مؤمن مؤمنة إن كره منها خلقا رضي منها غيره ( حم م ) عن أبي هرير

7741. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن ئەر، مۆئمىن ئايالىنى ئۆچ كۆرۈپ، دۈشمەن تۇتمىسۇن، تاشلىۋەتمىسۇن، ئەگەر ئۇ ئايالىدىن بىر ئەخلاقىدىن رازى بولماي، ياقتۇرمىسا، يەنە بىر ئەخلاقىدىن رازى بولۇپ قالىدۇ، (مۇھەببەت ئاللاھ تەرەپتىن بولىدۇ، ئۆچ كۆرۈپ تاشلىۋېتىش شەيتاندىن). مۇسلىم 2672 ـ ھەدىس، ئەھمەد 8013 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7742** ( حسن ) لا يفطر من قاء و لا من احتلم و لا من احتجم ( د ) عن رجل

7742. ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:ياندۇرۇپ قۇسقان كىشى، ئىھتىلام بولغان كىشى، قان ئالدۇرغان كىشى روزىسىدىن، ئىپتار قىلغان بولمايدۇ، روزا بۇزۇلمايدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

**7743** ( صحيح ) لا يفقه من قرأ القرآن من أقل من ثلاث( د ت ه ) عن ابن عمر

7743. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان كەرىمنى ئۈچ كۈندىن ئاز ۋاقىتتا ئوقۇپ تاماملاپ بولغان كىشى فىقھى قىلىپ ھۆكۈم ئېلىپ چۈشىنەلمەيدۇ. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

لېكىن، تېز ئوقۇغاچقا فىقھى قىلىپ چۈشىنەلمىسىمۇ ساۋاب، ئەجىر بولىۋېرىدۇ. چۈنكى، نۇرغۇن كىشىلەر يادا ئېلىشقىلا ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئاننى بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بىر قېتىم تاماملاپ تۇرغان ئىكەن، بۇنداق كىشىلەر بۇ دۇنيادا بەك كۆپتۇر، بىر ھەرپىكە ئون ساۋاب بولىدۇ.

**7744** ( صحيح ) لا يقاد الوالد بالولد ( حم ت ) عن عمر

7744. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالىغا، ئاتا ـ ئانىسىدىن قىساس ئېلىپ بېرىلمەيدۇ، (چۈنكى، ئاتا ـ ئانا بالىسىغا جىنايەتچى بولمايدۇ). ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7745** ( صحيح ) لا يقبل الله صلاة أحدكم إذا أحدث حتى يتوضأ ( ق د ت ) عن أبي هريرة

7745. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنىڭ تاھارىتى سۇنۇپ كەتسە، قايتا تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇمىغىچە ئاللاھ ئۇنىڭ نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ، (چۈنكى، ناماز تاھارەتسىز قوبۇل قىلىنمايدۇ). بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7746** ( صحيح ) لا يقبل الله صلاة بغير طهور و لا صدقة من غلول ( م ه ) عن ابن عمر ( ه ) عن أنس وأبي بكرة ( د ن ه ) عن والد أبي المليح

7746. ئىبنى ئۆمەر، ئەنەس، ئەبۇ بۇكرەت، ۋالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا نامازنى تاھارەتسىز قوبۇل قىلمايدۇ، سەدىقە ـ ئېھسانىنى خىيانەتتىن، ھارامدىن قوبۇل قىلمايدۇ. مۇسلىم، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7747** ( صحيح ) لا يقبل الله صلاة حائض إلا بخمار ( د ك ) عن عائشة

7747. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا، ھەيز كۆرۈپ بالاغەتكە يەتكەن قىزچاقتىن رومالسىز ئۈستى بېشىنى ياپىدىغان سارغۇچسىز نامازنى قوبۇل قىلمايدۇ.پەقەت بالاغەتكە يەتكەن ئايال كىشى ئۈستى بېشىنى يېپىپ، چېچىنى يېپىپ، ناماز ئوقۇسا قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

لا يقبل الله تعالى من مشرك أشرك بعد ما أسلم عملا حتى يفارق المشركين إلى المسلمين ( ه ) عن معاوية

7748. مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا، مۇسۇلمان بولۇپ ئاندىن شېرىك كەلتۈرگەن مۇشرىكتىن، ئۇ، مۇشرىكلەردىن، ئۇلارنىڭ دىنىدىن ئايرىلىپ، مۇسۇلمانلارغا قوشۇلۇپ، ھەقىقى مۆئمىن بولمىغۇچە ھېچقانداق ئەمەللىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، (يەنى مۇشرىكنىڭ ياخشى ئەمىلى قوبۇل قىلىنمايدۇ، چۈنكى، ئىمان دېگەن شەرت يوقتۇر). ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**7749** ( صحيح ) لا يقتل الوالد بالولد ( د ) عن عمر وابن عباس

7749. ئۆمەر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاتا ـ ئانا بالىسىنىڭ باراۋىرىگە ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. (چۈنكى، بالىغا ئاتا ـ ئانىسىدىن

قىساس ئېلىپ بېرىلمەيدۇ دېگەن ئۆتتى). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7750** ( صحيح ) لا يقتل قرشي صبرا بعد هذا اليوم إلى يوم القيامة ( م ) عن مطيع

7750. مۇتىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۈگۈنكى مۇشۇ كۈندىن باشلاپ تا قىيامەت كۈنىگىچە قۇرەيشلەر زۇلۇم قىلىنىپ، مەجبۇرى ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7751** ( حسن ) لا يقتل مؤمن بكافر و لا ذو عهد في عهده ( ه ) عن ابن عباس

7751. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن، كاپىرنىڭ باراۋىرىگە ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، (يەنى مۆئمىن كىشى بىرە كاپىرنى ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭ باراۋىرىگە قىساس ئېلىنمايدۇ، ئۆلتۈرۈلمەيدۇ). ئەھدە ئىگىسى ئەھدىسىنىڭ مۇددىتى ئىچىدە ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**7752** ( صحيح ) لا يقتل مسلم بكافر ( حم ت ه ) عن ابن عمرو

7752. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان كىشى بىرەر كاپىرنى ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭ باراۋىرىگە مۇسۇلمان ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىس، قۇرئاندىكى جانغا جان دېگەن ئايەتنىڭ ئاملىقىنى خاسلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان مۆئمىنلەر، كاپىر جانىنىڭ باراۋىرىگە ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار باراۋەر ئەمەس.

**7753** ( صحيح ) لا يقص إلا أمير أو مأمور أو مختال ( د ) عن عوف بن مالك

7753. ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەتلىك خەۋەرلەرنى تارىخ قىسسىسىنى پەقەت ئەمىر، خەلىپە ياكى ئۇ رۇخسەت قىلغان، بۇيرۇلغان كىشى سۆزلەپ بېرىدۇ ياكى پەخرىخور، رىياخور، مەنمەنچى سۆزلەپ كېتىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 3180 ـ ھەدىس، ئەھمەد 22849 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7754** ( صحيح ) لا يقص على الناس إلا أمير أو مأمور أو مراء ( حم ه ) عن ابن عمرو

7754. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە تارىخ قىسسىسنى پەقەت ئەمىر، باشلىق ياكى ئۇ رۇخسەت قىلىپ بۇيرۇغان كىشى سۆزلەپ بېرىدۇ ياكى رىياخور، جېدەلخور سۆزلەيدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7755** ( صحيح ) لا يقض القاضي بين اثنين و هو غضبان ( حم خ د ه ) عن أبي بكرة

7755. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قازى، ئىككى كىشى ئارىسىدا غەزەپ قىلغان ھالىتىدە ھۆكۈم قىلمىسۇن. ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

لا يقضين أحد في قضاء بقضاءين و لا يقضين أحد بين خصمين و هو غضبان ( ن ) عن أبي بكرة

7756. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرەر كىشى يەنى قازى، بىر ھۆكۈملۈك مەسىلىدە ئىككى خىل ھۆكۈم قىلمىسۇن، بىرەر كىشى

ئىككى دەۋاگەر ئارىسىدا غەزەپ قىلغان، ئاچچىقلانغان ھالدا ھۆكۈم چىقارمىسۇن. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7757 ( صحيح ) لا يقعد قوم يذكرون الله إلا حفتهم الملائكة و غشيتهم الرحمة و نزلت عليهم السكينة و ذكرهم الله فيمن عنده ( حم م ) عن أبي هريرة وأبي سعيد**

7757. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەۋم ، جامائەتلەر ئاللاھنى ئەسلەپ زىكرى ئېيتىپ ئولتۇرسا، ئۇلارنى پەرىشتىلەر ئەتراپىدىن قورشىۋالىدۇ، ئۇلارنى رەھمەت قورشايدۇ، ئۇلارغا خاتىرجەملىك، تىنچلىق چۈشىدۇ، ئۇلارنى ئاللاھتائالا ئۆز دەرگاھىدىكى پەرىشتىلەرگە ماختاپ، باھالاپ، ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان سەھىھ.

**لا يقل أحدكم: أطعم ربك وضئ ربك و اسق ربك و لا يقل أحد: ربي و ليقل: سيدي و مولاي و لا يقل أحدكم: عبدي و أمتي و ليقل: فتاي و فتاتي و غلامي ( حم ق ) عن أبي هريرة**

7758. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قۇللارغا: رەببىڭگە تاماق بەر، سۇغارغىن، تەرەتكە سۇ بەر دېمەڭلار ، خوجايىننى رەببىم دېمىسۇن، بەلكى، سەييىدى، مەۋلايە دېسۇن، بىرىڭلار قۇلنى ئەبدى، ئەمەتى دېمىسۇن، بەلكى، پەتايە، پەتاتى، غۇلامى دېسۇن، (يەنى، مەقسەت خوجايىننى رەب دېمىسۇن، قۇلنى ئەبدى، بەندەم دېمىسۇن، بەلكى، خوجايىننى سەييىدى مەۋلايە قۇلنى بولسا، پەتاتى، غۇلامى دېسۇن). ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**لا يقل أحدكم خبثت نفسي و لكن ليقل لقست نفسي ( حم ق د ن ) عن سهل بن حنيف ( حم ق ن ) عن عائشة**

7759. سەھلى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار نەپسىم نىجىس بولدى دېمىسۇن، لېكىن، نەپسىم ئاجىزلاشتى، سىقىلدى، تاقەتسىز بولۇپ قالدى دېسۇن. بۇخارى 5711 ـ ھەدىس، مۇسلىم 4180 ـ ھەدىس، ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7760 ( صحيح ) لا يقل أحدكم نسيت آية كيت و كيت بل هو نسي( م ) عن ابن مسعود**

7760. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار مەن پالانى، پالانى ئايەتنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن دېمىسۇن، بەلكى، ئۆزى ئۇنتۇلدۇرۇلدۇ، يەنى تەرك ئېتىلدى، (لېكىن، ماڭا ئۇنتۇلدۇرۇلۇپتۇ دېسۇن). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**لا يقولن أحدكم الكرم فإن الكرم الرجل المسلم و لكن قولوا: حدائق الأعناب( د ) عن أبي هريرة**

7761. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۈزۈمنى كەرەم دېمىسۇن، لېكىن، ئۇ ئۈزۈملۈك باغ، تال دېسۇن. چۈنكى، سېخى، كەرەم دېگەن مۇسۇلمان كىشىدۇر. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**لا يقم أحدكم أخاه يوم الجمعة ثم يخالف إلى مقعده فيقعد و لكن ليقل: افسحوا ( م ) عن جابر**

7762. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار جۈمە كۈنى قېرىندىشىنى قوپۇرۇۋەتمىسۇن، ئاندىن ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالمىسۇن. لېكىن،

كەڭرى قىلىڭلار، سەل كەڭرىتىڭلار دېسۇن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

7763 ( صحيح ) لا يقولن أحدكم: اللهم اغفر لي إن شئت اللهم ارحمني إن شئت اللهم ارزقني إن شئت و ليعزم المسألة فإنه يفعل ما يشاء لا مكره له ( حم ق د ن ه ) عن أبي هريرة

7763. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار دۇئاسىدا، ئى ئاللاھ، ئەگەر خالىساڭ ماڭا مەغپىرەت قىلساڭ ئەگەر خالىساڭ ماڭا رەھىيم قىلساڭ، ئەگەر خالىساڭ ماڭا رىزىق بەرسەڭ، ئەگەر، ئەگەر دېمىسۇن، كەسكىن ئىرادە، شەكسىز ئىشەنچ بىلەن سورىسۇن، چۈنكى، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ، ئۇنى مەجبۇرلىغۇچى يوق، ئۇ قادىردۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، مۇسلىم،نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7764 ( صحيح ) لا يقولن أحدكم: إني خير من يونس بن متى( خ ) عن ابن مسعود

7764. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ھەرگىز، مەن يۇنۇس پەيغەمبەردىن ياخشى دەپ سالمىسۇن. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

7765 ( صحيح ) لا يقولن أحدكم: عبدي و أمتي كلكم عبيد الله و كل نسائكم إماء الله و لكن ليقل: غلامي و جاريتي و فتاي و فتاتي ( م ) عن أبي هرير

7765. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قۇللىرىنى دېدەك، چۆرىسىنى: ئەبدى، ئەمەتى دېمىسۇن، ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئاياللىرىڭلارنىڭ ھەممىسىمۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى، لېكىن، ئۇ غولامى، جارىيەتى، پەتايە، پەتاتى دېسۇن، يەنى بەندەم دېمەي، ئوغلۇم، ياش خادىم، خىزمەتچىم دېسۇن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

لا يقولن أحدكم: عبدي أو أمتي و لا يقولن المملوك: ربي و ربتي و ليقل المالك: فتاي و فتاتي و ليقل المملوك: سيدي و سيدتي فإنكم المملوكون و الرب الله عز و جل ( د ) عن أبي هريرة

7766. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قۇلىنى بەندەم دېمىسۇن، قۇل، خوجايىنىنى رەببىم دېمىسۇن، خوجايىن، ياش يىگىتىم، خىزمەتچى خادىم دېسۇن، قۇل بولسا، سەيىيدى خوجايىنىم دېسۇن. چۈنكى، سىلەر ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ بەندىسى، قۇلى. رەببىڭلار بولسا بىر ئاللاھدۇر. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

7767 ( صحيح ) لا يقولن أحدكم للعنب: الكرم فإنما الكرم: قلب المؤمن ( حم م ) عن أبي هرير

7767. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۈزۈمنى كەرەم دېمىسۇن، چۈنكى، كەرەم يەنى سېخى دېگەن مۆئمىننىڭ قەلبىدۇر. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئىسمىنى، ئاتالغۇلارنى توغرا تاللاپ قويۇڭلار.

7768 ( صحيح ) لا يقولن أحدكم: يا خيبة الدهر ! فإن الله هو الدهر ( م ) عن أبي هريرة

7768. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئى زاماننىڭ ھالاكىتى، زېمىنى دېمەڭلار ، چۈنكى، زاماننى ئاللاھ باشقۇرىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7769** ( صحيح ) لا يقوم أحدكم إلى الصلاة و به أذى ( ه ) عن أبي هريرة

7769. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئۆزىدە ئەزىيەت، نىجاسەت بار ھالەتتە نامازغا تۇرمىسۇن، نىجاسەتنى تازىلىۋېتىپ تۇرسۇن. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7770. بۇ ھەدىس تۆۋەندىكىگە ئوخشاشتۇر.

لا يقيم الرجل الرجل من مجلسه ثم يجلس فيه و لكن تفسحوا أو توسعوا ( حم م ) عن ابن عمر

7771. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى مەجلىسىدىن قوپۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئولتۇرۇۋالمىسۇن، لېكىن، كەڭرىتىڭلار، كەڭرى قىلىڭلار ، ئورۇن بوشىتىڭلار دېسۇن. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7772** ( صحيح ) لا يكلم أحد في سبيل الله و الله أعلم بمن يكلم في سبيله إلا جاء يوم القيامة و جرحه يثعب دما اللون لون الدم و الريح ريح المسك ( ت ن ) عن أبي هريرة

7772. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر كىشى ئاللاھ يولىدا جاراھەتلەنسە ، ـ ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا جاراھەتلەنگەن كىشىنى ئوبدان بىلىپ تۇرىدۇـ ، ئۇ كىشى قىيامەت كۈنى جاراھىتى قان ئاقتۇرغان ھالدا كېلىدۇ، رەڭگى قان رەڭگىدۇر، پۇرىقى بولسا مىسكىنىڭ خۇشپۇرىقىدۇر، (شۇ ھالەتتە كېلىشىنىڭ ئۆزى ھەممىگە كۇپايە). تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7773** ( صحيح ) لا يكون اللعانون شفعاء و لا شهداء يوم القيامة ( حم م د ) عن أبي الدرداء

7773. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تولا لەنەت قىلغۇچى، قاغاپ ئەيىبلىگۈچىلەر لەنەت بىلەن دۇئا قىلغۇچىلار، ئاغزى بەزەپ كىشىلەر قىيامەت كۈنى شاپائەتچى ۋە گۇۋاھچى بولالمايدۇ. ئەھمەد ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7774** ( صحيح ) لا يكون المؤمن لعانا ( ت ) عن ابن عمر

7774. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن تولا لەنەت قىلغۇچى بولمايدۇ، لەنەت قىلغۇچى كىشى كامىل مۆئمىن بولمايدۇ. (بەلكى، پاسىق كىشىلەر لەنەتكار كېلىدۇ). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7775** ( حسن ) لا يكون لمسلم أن يهجر مسلما فوق ثلاثة فإذا لقيه سلم عليه ثلاث مرات كل ذلك لا يرد عليه فقد باء بإثمه ( د ) عن عائشة

7775. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمانغا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ئاداۋەت تۇتۇشى لايىق ئەمەس، ئاداۋەت تۇتۇلغان مۇسۇلمان، ئاداۋەت تۇتقۇچىغا ئۇچرىشىپ، ئۈچ قېتىم سالام قىلسا، ئۈچ قېتىمنىڭ ھەممىسىدە سالام قايتۇرمىسا، ھەققەتەن ئاداۋەت تۇتقۇچى مۇسۇلمان، ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى ئۆز ئۇستىگە ئېلىپ قايتىدۇ. سالام قىلغۇچى، پاك پاكىز بولۇپ قايتىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7776** ( صحيح ) لا يكيد أهل المدينة أحد إلا انماع كما ينماع الملح في الماء ( خ ) عن سعد



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى

7776 . سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەدىنە ئەھلىگە ھىيلە ـ مىكىر قىلغان كىشى خۇددى تۇز سۇدا ئېرىپ كەتكەندەك ئېرىپ، ھالاك بولۇپ كېتىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**7777** ( صحيح ) لا يلبس المحرم القميص و لا العمامة و لا السراويل و لا البرنس و لا ثوبا مسه ورس و لا زعفران و لا الخفين إلا أن لا يجد نعلين فليلبس الخفين و ليقطعهما حتى يكونا أسفل من الكعبين ( حم ق د ن ه ) عن ابن عمر

7777 . ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەججە ئېھرام باغلىغۇچى كىشى كۆڭلەك، سەللە، ئىشتان، بۆك (باش كىيىمى) كىيمەيدۇ. قىزىل، سېرىق رەڭلىك، ۋەرەس، زەئپىران ئىسىملىك خۇشپۇراق ئەتىر ئىشلىتىلگەن كىيىمنى، ئىككى ئۆتۈكنى كىيمەيدۇ. ئىككى ئاياغ تاپالمىسا، ئىككى ئۆتۈكنىڭ ئوشۇقىنىڭ ئاستىدىن كېسىۋېتىپ ئاياق قىلىپ كىيسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7778** ( صحيح ) لا يلج النار رجل بكى من خشية الله حتى يعود اللبن في الضرع و لا يجتمع غبار في سبيل الله و دخان جهنم في منخري مسلم أبدا ( حم ت ن ك ) عن أبي هريرة

7778 . ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھدىن قورقۇپ، يىغلاپ ياش تۆككەن كىشى، سۈت يىلىنگە قايتمىغۇچە دوۋزاخقا كىرمەيدۇ. يەنى مەڭگۈ دوۋزاخقا كىرمەيدۇ، مۇسۇلمانىنىڭ بۇرنىدا ئاللاھ يولىدىكى چاڭ ـ توزان بىلەن جەھەننەمنىڭ ئىس ـ تۈتەك، تۈتۈنلىرى مەڭگۈ بىرلەشمەيدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**7779** ( صحيح ) لا يلدغ المؤمن من جحر مرتين ( حم ق د ه ) عن أبي هريرة

7779 . ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننى بىر تۆشۈكتە ئىككى قېتىم يىلان چاقمايدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

مۇسۇلمانلارغا قارشى شېئىر بىلەن زىيانكەشلىك قىلغان بىر كىشىنى قويۇپ بەرسە، ئۇ يەنە زىيانكەشلىك قىلىدۇ، ئاندىن يەنە ئۇ ئەسىرگە چۈشكەندە، مىنى قويۇپ بەرسىلە دەيدۇ. دەل شۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەدىسنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالدۇ.

**7780** ( صحيح ) لا يمس القرآن إلا طاهر ( طب ) عن ابن عمر

7780 . ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاننى پەقەت (تاھارىتى بار) پاك كىشىلەرلا تۇتالايدۇ، (تاھارەتسىز )پاك ئەمەس كىشىلەر تۇتالمايدۇ. (مەسىلەن: جۇنۇپ، ھەيز- نىپاسدار كىشى،دىنسىز تۇتمىسۇن). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

لا يمسكن أحدكم ذكره بيمينه و هو يبول و لا يتمسح من الخلاء بيمينه و لا يتنفس في الإناء( م ) عن أبي قتادة

7781 . ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئەۋرىتىنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتمىسۇن تەرەت قىلىشاتقاندىمۇ ئوڭ قولى بىلەن تۇتمىسۇن، ھاجەتخانىدا ئوڭ قولى بىلەن تازلىمىسۇن، ئىستىنجا قىلمىسۇن، سول قولىدا قىلسۇن قاچىنىڭ

ئىچىگە نەپەسلەنمىسۇن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

لا يمش أحدكم في نعل واحدة و لا خف واحد لينعلهما جميعا أو ليخلعهما جميعا ( ق د ت ه ) عن أبي هرير

7782. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار بىر پاي ئاياقتا ياكى بىر پاي ئۆتۈك بىلەن ماڭمىسۇن، يا ھەر ئىككىلىسىنى كىيىپ ماڭسۇن، ياكى ھەر ئىككىلىسىنى سېلىۋېتىپ يالاڭ ئاياق ماڭسۇن. بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7783** ( صحيح ) لا يمنع أحدكم فضل الماء ليمنع به الكلأ ( ق د ت ه ) عن أبي هريرة

7783. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قۇدۇق ئەتراپىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى چەكلەپ، توسۇش ئۈچۈن سۇيىنىڭ ئاشقىنىنى چەكلەپ توسمىسۇن. بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7784** ( صحيح ) لا يمنع جار جاره أن يغرز خشبة في جداره ( حم ق ) عن أبي هريرة ( ه ) عن ابن عباس ( حم ه ) عن مجمع بن يزيد ورجال كثيرة من الأنصار

7784. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئابباس، مەجمەئ ۋە ئەنسارىلاردىن نۇرغۇن ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قوشنا ئولتۇرغان كىشى، قوشنىسىنى تېمىغا ياغاچ يۆلەشتىن توسمىسۇن. بەيھەقى، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.( يەنى قوشنىسىنى تېمىغا ياغاچ يۆلەشدىن دېگىنى تېمنى بىر تام ھېسابلاپ، ئۆي سېلىشىدىن، تېمىغا ياغاچ يۆلەپ، ئۆگزىسىنى يېپىشىدىن توسمىسۇن دېگەن بولىدۇ).

**7785** ( صحيح ) لا يمنع فضل الماء و لا يمنع نقع البئر( ه ك ) عن عائشة

7785. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سۇنىڭ ئاشقىنى، ھاجەتتىن زىيادىسى، قۇدۇقنىڭ سۈيى چەكلەنمەيدۇ، باشقىلارنى توسۇۋېلىشقا بولمايدۇ. ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**7786** ( صحيح ) لا يمنعن أحدكم أذان بلال من سحوره فإنه يؤذن بليل ليرجع قائمكم و لينبه نائمكم و ليس الفجر أن يقول هكذا حتى يقول هكذا: يعترض في أفق السماء( حم ق د ه ) عن ابن مسعود

7786. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلارنى رامزاندا زوھۇرلۇق يېيىشتىن، بىلالنىڭ ئەزان تۇۋلىشى توسمىسۇن، چۈنكى، ئۇ ئۇخلاپ قالغانلارنى ئويغىتىش ئۈچۈن، قىيامدا تۇرغانلارنى ئۆيگە قايتىپ زوھۇرلۇق يېيىشى ئۈچۈن كېچىدىرەك ئەزان تۇۋلايدۇ. سۈبھى دېگەن تۈنجى قېتىم كېچىنىڭ ئاقلىقى بولماستىن، بەلكى، ئاسمان ئۈپۈقلىرىدا توغرىسىغا تارقاپ ماڭغان ئاقلىقتۇر، شۇ چاغدا يېيىشتىن توختاڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7787** ( صحيح ) لا يموت أحد من المسلمين فيصلي عليه أمة من المسلمين يبلغوا أن يكونوا مائة فما فوقها فيشفعوا له إلا شفعوا فيه( حم ت ن ) عن عائشة

7787. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

www.uyghurkitap.com

دېگەن: مۇسۇلمانلاردىن بىرەر كىشى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇنىڭغا، سانى 100گە يېتىدىغان ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك مۇسۇلمان ئۇممىتى ناماز چۈشۈرۈپ، شاپائەت قىلىپ مەغپىرەت سورىسا، ئۇ كىشى توغرىسىدا ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنىپ ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7788** ( صحيح ) لا يموت رجل مسلم إلا أدخل الله مكانه النار يهوديا أو نصرانيا ( م ) عن أبي موسى

7788. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان كىشى ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھتائالا ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ دوۋزاخدىكى ئورنىغا يەھۇدىينى ياكى ناسارانى كىرگۈزىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

(بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، يەھۇدىي، ناسارالار جەننەتكە پەقەت بىرلا كىرىمىز، مۇسۇلمانلار دوۋزاخقا كىرىدۇ دېگەن ئېتىقادتا تۇرىدۇ، بۇ قۇرئاندا شۇنداق بايان قىلىنغان).

لا يموت فيكم ميت ما دمت بين أظهركم إلا آذنتموني به فإن صلاتي له رحمة( ن ) عن يزيد بن ثابت

7789. يەزىيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن ئاراڭلاردا بار ۋاقىتتا سىلەردىن بىرەر كىشى ئۆلۈپ كەتسە، ماڭا خەۋەر قىلىپ ئۇقتۇرۇپ قويۇڭلار. چۈنكى، مېنىڭ نامىزىم، دۇئايىم ئۇنىڭغا رەھمەتتۇر. (بۇ سۆزە تەۋبىدە بار). نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

لا يموت لإحداكن ثلاثة من الولد فتحتسبهم إلا دخلت الجنة و اثنان ( م ) عن أبي هريرة

7790. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاياللار! بىرىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭ بالىلىرىدىن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇ بۇ مۇسىبەتكە ئەجىر، ساۋاب ئۈمىد قىلىپ سەۋرى قىلسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟ دېيىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى بالىسى ئۆلۈپ كەتسىمۇ دېدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

لا يموت لمسلم ثلاثة من الولد فيلج النار إلا تحلة القسم ( ق ت ن ه ) عن أبي هريرة

7791. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالىلىرىدىن ئۈچ بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمان كىشى دوۋزاخقا كىرمەيدۇ، پەقەت سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكىچە ئازلا ۋاقىتتا دوۋزاخنى كۆرىدۇ، (سىلەردىن ھەر بىر كىشى دوۋزاخقا بارماي قالمايدۇ دېگەن ئايەت ئەنە شۇدۇر). بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7792** ( صحيح ) لا يموتن أحد منكم إلا و هو يحسن الظن بالله تعالى ( حم م د ه ) عن جابر

7792. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن ھەربىر كىشى گۇمانىنى ئاللاھتائالاغا ياخشى قىلغان ھالەتتە ئۆلسۇن، گۇمانىنى يامان قىلىپ ئۆلمىسۇن، (يەنى رەھمەت پەزلىگە ئېرىشىپ، مەغپىرەت قىلىنىش گۇمانى). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

لا يمين عليك و لا نذر في معصية الرب و لا في قطيعة الرحم و فيما لا تملك ( د ك ) عن عمران

7793. ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەبتائالاغا ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردا، سىيلە - رەھىمنى ئۈزۈۋېتىشتە، سەن ئىگە بولالمايدىغان نەرسىلەردە ساڭا قەسەم يوق، ۋەدە نەزىرىسى يوق، كاپارەت بەرگىن. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**7794 ( صحيح ) لا ينبغي لأحد أن ينقش على نقش خاتمي هذا ( ن ) عن ابن عمر**

7794. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ، مېنىڭ مۇشۇ ئۈزۈكىمنىڭ نەقشىگە ئوخشاش، ئۈزۈكىگە نەقش قىلىشى لايىق ئەمەس، يەنى «مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەپ نەقشى بار ئىدى. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7795 ( صحيح ) لا ينبغي لصديق أن يكون لعانا ( حم م ) عن أبي هريرة**

7795. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىددىيىق يەنى سەممىي سادىق مۆئمىننىڭ لەنەت قىلغۇچى بولۇشى لايىق ئەمەس، لەنەت قىلغۇچى سىددىيىق دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**لا ينبغي لعبد أن يقول: أنا خير من يونس بن متى ( حم ق د ) عن ابن عباس ( حم خ ) عن أبي هريرة وابن مسعود**

7796. ئىبنى ئابباس، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر بەندىنىڭ مەن يۇنۇس ئىبنى مەتتا دېگەن پەيغەمبەردىن ياخشى دېيىشى لايىق ئەمەس. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**لا ينبغي لمؤمن أن يذل نفسه: يتعرض للبلاء لما لا يطيق ( حم ت ه ) عن حذيفة**

7797. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىننىڭ ئۆزىنى خارلىشى لايىق ئەمەس، تاقەت قىلالمايدىغان، قادىر بولالمايدىغان بالا، مۇسىبەتلەرگە ئۆزىنى تەڭلىشى تېخىمۇ لايىق ئەمەس. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7798 ( صحيح ) لا ينبغي هذا للمتقين – يعني الحرير – ( حم ق ن ) عن عقبة بن عامر**

7798. ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ يەنى يىپەك رەخت، مۇتتەقىيلەرگە بۇ دۇنيادا لايىق ئەمەس، (ھالال ئەمەس). ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7799 ( صحيح ) لا ينتجي اثنان دون الثالث فإن ذلك يحزنه ( د ) عن ابن مسعود وابن عمر**

7799.ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىككى كىشى ئۈچىنچى كىشىنى ئايرىپ قويۇپ، مەخپىي سۆزلەشمىسۇن، پىچىرلاشمىسۇن.چۈنكى ئۇنداق قىلىش ئۈچىنچى كىشىنى غەمگە سېلىپ قويىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**لا ينظر الرجل إلى عورة الرجل و لا تنظر المرأة إلى عورة المرأة و لا يفض الرجل إلى الرجل في ثوب واحد و لا تفض المرأة إلى المرأة في الثوب الواحد ( حم م د ت ) عن أبي سعيد وروى ( ه ) صدره**

7800. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەر كىشى ئەر كىشىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىمىسۇن، ئايال كىشىمۇ ئايال كىشىنىڭ ئەۋرىتىگە قارىمىسۇن، ئەر كىشى ئەر كىشى بىلەن بىر ئورۇندا يالىڭاچ ياتمىسۇن، ئايال كىشىمۇ ئايال كىشى بىلەن بىر

ئۇرۇندا كىيىمسىز ياتمىسۇن. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7801 ( صحيح ) لا ينظر الله إلى رجل أتى رجلا أو امرأة في الدبر ( ت ) عن ابن عباس**

7801. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەر كىشىنىڭ ئارقا مەقئىتىگە ياكى ئايال كىشىنىڭ ئارقا مەقئىتىگە كەلگەن يەنى جىنسى ئالاقە قىلغان كىشىگە ئاللاھ رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ. يەنى قاتتىق غەزەپ قىلىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7802 ( صحيح ) لا ينظر الله إلى رجل جامع امرأته في دبرها ( ه ) عن أبي هريرة**

7802. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاياللىنىڭ ئارقا مەقئىتىگە جىمائ يەنى جىنسى ئالاقە قىلغان ئەرگە ئاللاھتائالا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7803 ( صحيح ) لا ينظر الله إلى من جر ثوبه خيلاء ( ق ت ) عن ابن عمر**

7803. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چوڭچىلىق، مەنمەنلىك، تەكەببۇرلۇق قىلىپ كىيىملىرىنى ئۇزۇن سۆرەپ يۈرگەن كىشىگە ئاللاھ رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ. بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**7804 ( صحيح ) لا ينظر الله يوم القيامة إلى من جر إزاره بطرا ( حم خ ) عن أبي هريرة**

7804. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىبىر قىلىپ كۆرەڭلەپ ئىشتىنىنى ئۇزۇن سۆرەپ يۈرگەن كىشىگە ئىككى ئوشۇقىدىن ئۇزۇن كىيگەن كىشىگە قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا رەھمەت نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، يەنى ئازاب قىلىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**لا ينفرن أحد حتى يكون آخر عهده الطواف بالبيت ( حم د ه ) عن ابن عباس ( ه ) عن ابن عمر**

7805. ئىبنى ئابباس، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق بىر كىشى ھەج قىلغاندا ئاخىرقى ئەھدىسى يەنى ئاخىرقى قىلىدىغان ئىشى، كەئبىنى تاۋاپ قىلىش بولمىغۇچە قايتىپ كەتمىسۇن،كۆچمىسۇن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7806 ( صحيح ) لا ينفعه لأنه لم يقل يوما: رب اغفر لي خطيئتي يوم الدين ( م ح ) عن عائشة**

7806. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى،مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: ئىبنى جۇدئان دېگەن كىشى جاھالىيەتتىكى ۋاقتىدا سىلە ـ رەھىيم قىلاتتى، مىسكىنلەرگە تاماق بېرەتتى، شۇ ئىشلىرى ئۇنىڭغا پايدا ـ مەنپەئەت قىلامدۇ؟ دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مەنپەئەت قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇ كۈنلەردىن بىر كۈن بىرەر قېتىم ئى رەببىم!، جازا كۈنى، قىيامەت كۈنى مەن ئۇچۇن مەغپىرەت قىلغىن، مېنى كەچۈرگىن دەپ باقمىغان تۇرسا دېگەن . (يەنى ئۇ ئىمان كەلتۈرمىگەن، ئاللاھقا ئىشەنمىگەن، ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرمىگەن، مەغپىرەت سورىمىغان بولغاچقا، ياخشى ئىشلىرى پايدا ـ مەنپەئەت قىلمايدۇ. خۇددى ئەدىي ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن دادىسى ھاتەم دېگەن سېخىينىڭ سېخىيلىقى مەنپەئەت قىلامدۇ؟ دەپ سورىسا، مانا مۇشۇنداق جاۋاب بەرگەن، ئۇنىڭغىمۇ مەنپەئەت قىلمىغان. چۈنكى، ئىمان دېگەن شەرتى يوق، ئىمانسىزغا ياخشىلىقى قوبۇل بولمايدۇ). مۇسلىم 315 ـ ھەدىس، ئەھمەد 23480 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7807** ( صحيح ) لا ينقش أحد على نقش خاتمي هذا ( م ه ) عن ابن عمر

7807. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھېچ بىر كىشى ئۈزۈكىگە مېنىڭ مۇشۇ ئۈزۈكىمنىڭ نەقىشىدەك نەقىش قىلدۇرمىسۇن. يەنى «مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ» سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دېگەن نەقىش بار ئىدى. مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7808** ( صحيح ) لا ينكح الزاني المجلود إلا مثله ( د ك ) عن أبي هريرة

7808. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەد، جازاغا تارتىلىپ، 100 قامچا ئۇرۇلغان زىناخور كىشى، پەقەت ئۆزىگە ئوخشاش قامچىلانغان زىناخورنى نىكاھلاپ ئالىدۇ، ياكى تېگىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 1756 ـ ھەدىس، ئەھمەد 7949 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**7809** ( صحيح ) لا ينكح المحرم و لا ينكح و لا يخطب( م د ن ه ) عن عثمان

7809. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەجگە ئېھرام باغلىغۇچى، مۇھرىم نىكاھلانمايدۇ، نىكاھ قىلىپ قويمايدۇ، ھەم ئۆزىمۇ نىكاھ قىلىنمايدۇ. ئەلچىمۇ ئەۋەتەلمەيدۇ. مۇسلىم 2522 ـ ھەدىس، تىرمىزى 769 ـ ھەدىس، نەسەئى 2793 ـ ھەدىس، ئەھمەد 432 ـ ھەدىس، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**7810** ( صحيح ) لا يوردن ممرض على مصح ( حم ق د ن ) عن أبي هريرة

7810. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېسەل كىشى ساق كىشى ئۈستىگە چۈشمىسۇن، ساق كىشىمۇ كېسەل كىشى ئۈستىگە چۈشمىسۇن. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن، ئالاھىدە يۇقۇملۇق كېسەل بار دېگەن چىقىدۇ. ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن كېسەل يۇقۇشى بار، بۇ خاس ئەھۋالدۇر، كېسەل يۇقۇش يوق دېگەن ئام سۆزنى بۇ خاسلايدۇ.

## «ي» ھەرپى بىلەن بولۇپمۇ ئى پالانى! دېگەن سۆز بىلەن باشلانغان سەھىھ ھەدىسلەر

يا آل محمد ! من حج منكم فليهل بعمرة في حجته ( حب ) عن أم سلمة

7811. ئۆممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى ! سىلەردىن بىر كىشى ھەج قىلىپ قالسا، ئۆمرە ھەججى پەرز ھەججىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈپ بىراقلا ئېھرام باغلاپ ئاۋاز قىلسۇن، بىرگە نىيەت قىلسۇن. ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

7812 ( صحيح ) يا أبا بكر ! إن لكل قوم عيدا و هذا عيد نا ( ق ن ه ) عن عائشة

7812. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا چۆرە قىزچاقلار داپ بىلەن جىھاد شېئىرلىرىنى ئېيتىۋاتسا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىپ ئۇلارنى توسقاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئەبۇ بەكرى! ھەقىقەتەن ھەربىر قەۋم جامائەتنىڭ ھېيتى بار، بۇ بىزنىڭ ھېيتىمىز، ھېيت كۈنىمىز، ئۇلارنى ئىسلام، جىھاد شېئىرلىرىنى ئېيتقىلى قوي دېگەن . بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7813 ( صحيح ) يا أبا بكر ! قل: اللهم فاطر السموات و الأرض عالم الغيب و الشهادة لا إله إلا أنت رب كل شيء و مليكه أعوذ بك من شر نفسي و من شر الشيطان و شركه و أن أقترف على نفسي سوءا أو أجره إلى مسلم ( ت ) عن ابن عمرو

7813. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ! سەن دۇئايىڭدا ئەتىگەن ـ ئاخشام مۇنداق دېگىن : «ئى ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقان، غايىبنى ۋە ھازىرنى بىلىدىغان ئاللاھ! سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سىلى ھەممە نەرسىنىڭ پەرۋەردىگارى ۋە پادىشاھى، سىلىگە سېغىنىپ، نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن، شەيتاننىڭ شېرىكلىكىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئۆز نەپسىمنىڭ زىيىنىغا يامانلىق، گۇناھ قىلىپ سېلىشىمدىن ياكى ئۇ يامانلىقنى بىرەر مۇسۇلمانغا سۆرەپ ئاپىرىشىمدىن، بۆھتان، تۆھمەت قىلىشىمدىن پاناھ تىلەيمەن» تىرمىزى 3452 ـ ھەدىس، ئەھمەد 6309 ـ ھەدىس، سەھىھ.

7814 ( صحيح ) يا أبا بكر ! ما ظنك باثنين الله ثالثهما ( حم ق ت ) عن أبي بكر

7814. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە غارغا يوشۇرۇنغاندا، مۇشرىكلارنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زەرەر يەتكۈزۈشىدىن ئەنسىرىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ بەكرى! ئىككى كىشى بولسا، ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى بىر ئاللاھدۇر، سېنىڭ گۇمانىڭ قانداقراق؟ دېگەن ، (يەنى ئاللاھ بىز بىلەن بىللە، خاتىرجەم بولغىن دېگەن ). ئەھمەد ، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يا أبا ثعلبة: كل ما ردت عليك قوسك و كلبك المعلم و يدك ذكي و غير ذكي ( د ) عن أبي ثعلبة

7815. ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ سۇئلەبە! سېنىڭ ئوقيارىڭ، ئوۋ ئوۋلاش ئۆگىتىلگەن ئىتىڭ، ساڭا قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن ھەر قانداق بىر ھالال ھايۋاننى بىسمىللاھ دەپ ئاتقان، قويۇپ بەرگەن بولساڭ قولۇڭ بوغۇزلىسۇن ياكى بوغۇزلىمىسۇن يەۋەرگىن،( ئۇ ھالال). ئەبۇ داۋۇد 2473 ـ ھەدىس، سەھىھ.

7816 ( صحيح ) يا أبا ذر ! أترى أن كثرة المال هو الغنى ؟ إنما الغنى غنى القلب و الفقر فقر القلب من كان الغنى في قلبه فلا يضره ما لقي من الدنيا و من كان الفقر في قلبه فلا يغنيه ما أكثر له في الدنيا و إنما يضر نفسه شحها ( ن حب ) عن أبي ذر

7816. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ زەر! سەن بايلىقنى مال ـ دۇنيانىڭ كۆپ بولۇشى بىلەن بولىدۇ دەپ قارامسەن؟ ھەقىقەتەن بايلىق دېگەن قەلبنىڭ بايلىقىدۇر، بىھاجەت بولۇشىدۇر، پېقىرلىقمۇ قەلبنىڭ پېقىرلىق، موھتاجلىقتۇر ، كىمنىڭ قەلبىدە بىھاجەتلىك، بايلىق بولسا، ئۇ كىشىگە بۇ دۇنيادىن يولۇققان، ئۇچراشقان

ھەر قانداق نەرسە زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، كىمنىڭ قەلبىدە موھتاجلىق ، پېقىرلىق بولسا، ئۇ كىشىنى بۇ دۇنيادىكى مال ـ دۇنيانىڭ، ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ كۆپ بولۇشىمۇ ھېچ نەرسىدىن بىھاجەت قىلالمايدۇ، ھەققەتەن نەپسگە ئۇنىڭ بېخىللىقى قاتتىق زەرەر يەتكۈزىدۇ، بېخىللىق ئۇ كىشىگە زەرەر يەتكۈزىدۇ، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ، قەلبى پېقىر كىشى پۈتۈن دۇنيانى بەرسىمۇ يەنىلا پېقىر بولىدۇ، ئۇ يەنىلا مىليونېر بولسىمۇ مال دۇنيا بىلەنلا قالىدۇ، چۈنكى، ئۇ مال ـ دۇنياغا ئاشىقتۇر، قەلبى باي، بىھاجەت كىشى مەڭگۈ بايدۇر، مەن ھازىر نۇرغۇن مەسىلىلەرنى چۈشەنگەندەك قىلدىم، ئەلھەمدۇلىللاھ، ئاللاھ بىزلەرنى باي، بىھاجەت قىلسۇن. ئامىن!

يا أبا ذر ! إذا صمت من الشهر ثلاثة أيام فصم ثلاث عشرة و أربع عشرة و خمس عشرة ( ت ن ) عن أبي ذر

7817. ئەبۇ زەرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ زەر! سەن ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتماقچى بولساڭ، شۇ ئاينىڭ 13ـ ، 14ـ ، 15ـ كۈنلىرى ئاق كېچىلەر بولىدىغان كۈنلەردە تۇتقىن. تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7818** ( صحيح ) يا أبا ذر ! إذا طبخت فأكثر المرق و تعاهد جيرانك ( حم خد م ت ن ) عن أبي ذر

7818. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ زەر! سەن گۆش پىشۇرساڭ، شورپىسىنى كۆپ قىلىپ، قوشنىلىرىڭغىمۇ ئىلىپ چىقىپ بەرگىن. مۇسلىم 4758 ـ ھەدىس، ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، بۇخارى، ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

**7819** ( صحيح ) يا أبا ذر ! أرأيت إن أصاب الناس جوع شديد لا تستطيع أن تقوم من فراشك إلى مسجدك كيف تصنع ؟ تعفف ; يا أبا ذر ؟ أرأيت إن أصاب الناس موت شديد يكون البيت فيه بالعبد – يعني القبر – كيف تصنع ؟ اصبر ; يا أبا ذر: أرأيت إن قتل الناس بعضهم بعضا حتى تغرق حجارة الزيت من الدماء كيف تصنع ؟ اقعد في بيتك و أغلق عليك بابك قال: فإن لم أترك ؟ قال: فأت من كنت معه فكن فيهم قال: فآخذ سلاحي ؟ قال: إذن تشاركهم فيما هم فيه و لكن إن خشيت أن يردعك شعاع السيف فألق من طرف ردائك على وجهك كي يبوء بإثمه و إثمك و يكون من أصحاب النار ( حم د ه حب ك ) عن أبي ذر

7819. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ زەر! قانداق قارايسەن، قىنى دەپ باققىنە؟ ئەگەر كىشىلەرگە قاتتىق ئاچارچىلىق يەتسە، سەن كۆرپەڭدىن، ئورنۇڭدىن مەسجىدگە قوپۇپ چىقىشقىمۇ قادىر بولالمىساڭ، قانداق قىلىسەن؟ ئىپپەتلىك بولغىن، ئەگەر كىشىلەرگە قاتتىق ئۆلۈم يەتسە، ئۆيى كىشىگە قەبرە بولۇپ كەتسە، قانداق قىلىسەن؟ قىنى دەپ باققىنە؟، مەن: ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئالىم دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەۋرى قىلغىن دېدى. ئى ئەبۇ زەر! قىنى دەپ باققىنە، ئەگەر كىشىلەر بەزىسى بەزىسىنى ئۆلتۈرۈپ كەتسە، ھەتتا سايدىكى ئاق تاشلار قانغا غەرق بولۇپ قىزىللىققا بويۇلۇپ كەتسە، قانداق قىلىسەن؟ ئۆيۈڭگە كىرىۋېلىپ، ئىشكىنى مەھكەم تاقاپ ئۆيۈڭ ئىچىدىلا ئولتۇرغىن، ئۇ: ئەگەر مەن تەرك ئېتىلمىسەم ئۆيۈمگىمۇ باستۇرۇپ كىرسىچۇ؟ دېۋىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: سەن، ئۆزۈڭ بىللە بولغان كىشى بىلەن بىر قاتاردا بىر تەرەپ قىلىنىسەن، سەن ھەققەت بار تەرەپتە تۇرغىن، ئۇ: مەن قىلىچىمنى، قورالىمنى ئالامدىم؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنداقتا سەن ئۇلارغا شېرىك بولۇپ قالىسەن،

لېكىن سەن، قىلىچىڭنىڭ نۇرى سېنى توسۇپ قايتۇرۇشىدىن، پىتنىگە سىنى سۆرەپ كىرىپ، شېرىك قىلىشىدىن قورقساڭ، رىدا تونىڭنىڭ بىر تەرىپىنى، يېشىڭنى يۈزۈڭگە تاشلاپ، يۈزۈڭنى يۆگەپ قېنى مېنى ئۆلتۈرگىن دېگىن ، شۇنداق قىلالىساڭ، ئۇ قاتىل ئۆزىنىڭ ۋە سېنىڭ گۇناھلىرىڭنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ قايتىدۇ، ئۇ دوۋزاخ ئەھلىدىن بولىدۇ، (خۇددى ئادەمنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ياخشىسى بولغىن دېگەن ). ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد 3717 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3948 ـ ھەدىس، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

يا أبا ذر ! ألا أدلك على كتر من كنوز الجنة ؟: لا حول و لا قوة إلا بالله ( حم ن ه حب ) عن أبي ذر

7820. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ زەر! مەن سېنى جەننەت كاڭلىرىدىن بىر كاڭغا كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ «لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى» دېيىشتۇر . ئەھمەد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

7821 ( صحيح ) يا أبا ذر ! ألا أعلمك كلمات تقولهن تلحق من سبقك و لا يدركك إلا من أخذ بعملك ؟ تكبر دبر كل صلاة ثلاثا و ثلاثين و تسبح ثلاثا و ثلاثين و تحمد ثلاثا و ثلاثين و تختم بلا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك و له الحمد و هو على كل شيء قدير من قال ذلك غفرت له ذنوبه و لو كانت مثل زبد البحر ( د ) عن أبي ذر

7821. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ زەر! مەن ساڭا بىر نەچچە كەلىمىلەرنى ئۆگىتىپ قويمايمۇ؟ سەن ئۇنى دېسەڭ، سەندىن بۇرۇنقىلارنىڭ ساۋاب، ئەجرىگە يېتىسەن، ئۇلارغا قوشۇلىسەن، سېنىڭ دەرىجەڭگە ھېچ كىشى يېتەلمەيدۇ، پەقەت سېنىڭ ئەمىلىڭنى تۇتۇپ ساڭا ئوخشاش ئەمەل قىلسا، ئاندىن دەرىجەڭنى تاپالايدۇ، ئۇ بولسىمۇ ھەر نامازنىڭ ئارقىسىدا 33 تەكبىر ، 33 تەسبىھ، 33 ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ، مۇنۇ سۆز بىلەن تاماملايسەن، «لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لاشەرىكە لەھۇ لەھۇلمۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ ۋەھۇۋە ئەلا كۇللى شەيئىن قەدىير» كىم بۇقىرىقىلارنى دېسە، گەرچە ئۇنىڭ گۇناھلىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈكلىرىدەك كۆپ بولسىمۇ ھەممىسى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئەبۇ داۋۇد قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

7822 ( صحيح ) يا أبا ذر ! إنك امرؤ فيك جاهلية إنهم إخوانكم فضلكم الله عليهم فمن لم يلائمكم فبيعوه و لا تعذبوا خلق الله ( د ) عن أبي ذر

7822. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن بىر كىشىنى تىللاپ ئەيىبلىدىم، ئۇنىڭ ئانىسى ئەجەم ئىدى، مەن شۇ ئىش بىلەن ئۇنى ئەيىبلىدىم، ئاندىن ئۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە شىكايەت قىپتۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئى ئەبۇ زەر! ھەقىقەتەن سەندە جاھالىيەت ئىشى بار ئىكەن، ئۇلار سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پەزىلەتلىك قىلدى، قۇللاردىن كىم سىلەرگە مۇۋاپىق كەلمىسە، ئىتائەت قىلمىسا، ئۇنى سېتىۋېتىڭلار، ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىنى ئازابلىماڭلار دېگەن . ئەبۇ داۋۇد 4490 ـ ھەدىس، مۇسلىم 3140 ـ ھەدىس، سەھىھ.

7823 ( صحيح ) يا أبا ذر ! إنك ضعيف و إنها أمانة و إنها يوم القيامة خزي و ندامة إلا من أخذها بحقها و أدى الذي عليه فيها ( م ) عن أبي ذر

7823. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ زەر! ھەقىقەتەن سەن بەك ئاجىز، ئۇ، باشلىق ۋالىي بولۇش ئامانەتتۇر، ئۇ قىيامەت كۈنى خارلىق ۋە ھەسرەت ـ نادامەتتۇر، پەقەت ئۇنى ھەققى بىلەن ئېلىپ، باشلىق بولۇشتىكى ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى ھەققى مەجبۇرىيەتنى تولۇق ئادا قىلغان كىشى بۇ خارلىق نادامەتتىن مۇستەسنادۇر. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7824** ( صحيح ) يا أبا ذر ! إنه سيكون بعدي أمراء يميتون الصلاة فصل الصلاة لوقتها فإن صليت لوقتها كانت لك نافلة و إلا كنت قد أحرزت صلاتك ( م ت ) عن أبي ذر

7824. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ زەر! ھەقىقەتەن پات يېقىندا مەندىن كېيىن نامازنى ئۆلتۈرۈپ، ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈۋېتىدىغان باشلىقلار بولىدۇ، سەن شۇ چاغدا نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇغىن، ئەگەر سەن نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇپ ئۇلار بىلەنمۇ ئوقۇساڭ، بۇ سەن ئۈچۈن نەپلە، زىيادە بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار بىلەن ئوقۇيالمىساڭ ھەقىقەتەن سەن نامىزىڭنى قوغداپ ساقلاپ قالغان بولىسەن. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان سەھىھ.

يا أبا ذر إني أراك ضعيفا و إني أحب لك ما أحب لنفسي لا تأمرن على اثنين و لا تولين مال يتيم( م د ن)عن أبي ذر

7825. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ زەر! ھەقىقەتەن مەن سېنى ئاجىز كۆرۈۋاتىمەن، ئۆزۈم ئۈچۈن ياخشى كۆرگەننى سەن ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرىمەن ، سەن ھەرگىز ئىككى كىشىگە ئەمىر، باش بولمىغىن، يېتىمنىڭ مېلىغا ئىگە بولمىغىن. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

يا أبا ذر ! ما أحب أن لي أحدا ذهبا أمسى ثالثة و عندي منه دينار إلا دينارا أرصده لدين إلا أن أقول به في عباد الله هكذا و هكذا و هكذا يا أبا ذر ! الأكثرون هم الأقلون إلا من قال هكذا و هكذا ( حم ق ) عن أبي ذر

7826. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ زەر! ھەقىقەتەن مەن ئۈچۈن ئۇھۇد تېغى ئالتۇن بولۇپ بەرسە، ئۇنىڭدىن يېنىمدا بىر دىنار چاغلىق نەرسە بار ھالەتتە ئۈچىنچى كۈننى كەچ قىلىشىمنى ھەرگىز ياخشى كۆرمەيمەن، يەنى ھەممىنى ئاللاھ يولىدا بېرىۋېتىمەن، پەقەت مەن قەرزىم ئۈچۈن تەييارلاپ ئېلىپ قويغىنىم بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. مەن ئۇنى ئاللاھ يولىدا ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئاۋۇلارغا، ماۋۇلارغا يەنى ئەتراپىمدىكى پېقىر، مىسكىنلەرگە بېرىۋېتىشنى ئېيتىمەن، ئى ئەبۇ زەر! بۇ دۇنيادا مال ـ دۇنيانى كۆپ قىلغانلار، ئاخىرەتتە ئەجىر، ساۋابى ئازلاردۇر، لېكىن، ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە سەدىقە ـ ئېھسان قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، ئۇلارنىڭمۇ ئەجرى كۆپ بولىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ.

7827. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇھۇد تېغىدەك ئالتۇن بولسىمۇ قەرزىگە ئېلىپ قويغان دىناردىن باشقا ھەممىسىنى ئاللاھ يولىدا سەدىقە ـ ئېھسان قىلىشتۇر.

يا أبا ذر ! هل تدري أين تذهب الشمس إذا غابت ؟ فإنها تذهب حتى تأتي العرش فتسجد بين يدي ربها فتستأذن في الرجوع فيأذن لها و كأنها قد قيل لها: ارجعي من حيث جئت فتطلع من مغربها فذلك مستقرها (حم ق 3)عن أبي ذر

7828. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم



www.uyghurkitap.com

مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ زەر! قۇياش كىرىپ كەتكەندە قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ئۇ: ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئالىمدۇر دېسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن ئۇ بېرىپ ئەرشنىڭ تەھتىدە پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلىدۇ، قايتىشقا ئىزنى سورايدۇ، ئۇنىڭغا ئىزنى بېرىلىپ گوياكى مۇنداق دېيىلىدۇ ، سەن كەلگەن ئورنۇڭدىن قايتقىن! ئاندىن قۇياش كىرگەن جاي مەغرىبىدىن چىقىدۇ، ئەنە شۇ بولسا، سۈرە ياسىندا سۆزلەنگەن قارارگاھىدۇر دېدى . ئەھمەد ، بەيھەقى، ئۈچ كىتاب توپلىغان سەھىھ. بۇ ھەدىس مەڭگۈ مۆجىزە.

يا أبا سعيد ! من رضي بالله ربا و بالإسلام دينا و بمحمد نبيا وجبت له الجنة و أخرى يرفع بها العبد مائة درجة في الجنة ما بين كل درجتين كما بين السماء و الأرض الجهاد في سبيل الله الجهاد في سبيل الله ( حم م ن ) عن أبي سعيد

7829. ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ سەئىد! كىم ئاللاھقا رەب جەھەتتىن رازى بولسا، ئىسلامغا دىن جەھەتتىن رازى بولسا، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە پەيغەمبەر جەھەتتىن رازى بولسا، ئۇ كىشىگە جەننەت ۋاجىب بولىدۇ، ئۇ جەننەتكە ھەقلىق بولىدۇ، لېكىن، يەنە بىر ئىش بولۇپ، بەندە ئۇ ئىش سەۋەبلىك جەننەتتە 100 دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىلىقى خۇددى ئاسمان ـ زېمىننىڭ ئارىلىقىدەك چوڭدۇر، ئۇ ئىش بولسا، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتۇر! ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7830** ( صحيح ) يا أبا عمير ! ما فعل النغير ؟ ( حم خ م ت ن ه ) عن أنس

7830. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق ئەخلاقلىق ئىكەنكى، ھەتتا كىچىك باللارنىڭ يېنىغا كىرىپمۇ ئەھۋال سورايتتى، مېنىڭ ئەبۇ ئۇمەير ئىسىملىك قېرىندىشىم بار بولۇپ، ئۇ دائىم تومۇچۇق، بۇلبۇلنى ئويناتتى، ئۇ قۇش ئۆلۈپ قالسا، قېرىندىشىم غەم قىلىدۇ، بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرۈپ، ئى ئەبۇ ئۇمەير! نۇغەير ئىسىملىك بۇلبۇلۇڭغا نېمە بولدى دەپ تەسەللى بەرگەن ئىدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد 4318 ـ ھەدىس، بۇخارى 5664 ـ ھەدىس، مۇسلىم ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

يا أبا موسى ! لقد أوتيت مزمارا من مزامير آل داود ( خ ت ) عن أبي موسى

7831. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ مۇسا! ھەقىقەتەن ساڭا داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئاۋازىدىن بىر ئاۋاز بېرىلىپتۇ، (ئۇ قۇرئاننى مۇڭلۇق، گۈزەل ئوقۇيتتى). بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يا أبا هريرة ! جف القلم بما أنت لاق فاختص على ذلك أو ذر ( خ ن ) عن أبي هريرة

7832. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئۆزىنى پىچىتىۋېتىپ ئاختا بولۇش توغرىسىدا سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! تەقدىرنى يازغان قەلەم سەن ئۇچراشماقچى، قىلماقچى بولغان ئىشلارنى يېزىپ، قۇرۇپ بولدى، سەن شۇنىڭغا ئاساسەن خالىساڭ ئۆزۈڭنى پىچىتىۋەت، خالىساڭ تەرك ئەت دېدى. (يەنى كاپىغىنى ئىدى). بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

يا أبا هريرة ! كن ورعا تكن من أعبد الناس و ارض بما قسم الله لك تكن من أغنى الناس و أحب للمسلمين و المؤمنين ما تحب لنفسك و

**أهل بيتك و اكره لهم ما تكره لنفسك و أهل بيتك تكن مؤمنا و جاور من جاورت بإحسان تكن مسلما و إياك و كثرة الضحك فإن كثرة الضحك فساد القلب ( ە ) عن أبي هرير**

7833. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! تەقۋادار بولغىن، كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئابىدراقى بولىسەن، ئاللاھ ساڭا تەقسىم قىلغان نەرسىگە رازى بول، كىشىلەرنىڭ ئەڭ بايراقى بولىسەن، ئۆزۈڭ ئۈچۈن، ئەھلىڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى مۆئمىن مۇسۇلمانلارغىمۇ ياخشى كۆرگىن، ئۆزۈڭ ئۈچۈن، ئەھلىڭ ئۈچۈن ياقتۇرمىغان يامان كۆرگەن نەرسىنى مۆئمىن مۇسۇلمانلار ئۈچۈنمۇ يامان كۆرگىن شۇنداق قىلالىساڭ، مۆئمىن بولىسەن، ساڭا قوشنا بولغان كىشىگە ياخشىلىق بىلەن قوشنا بول، ياخشىلىق قىل، مۇسۇلمان بولىسەن، كۆپ كۈلۈشتىن ھەزەر قىلغىن، چۈنكى، كۆپ كۈلۈش بولسا، قەلبىنىڭ پاساتلىقىدۇر، قەلبنى ئۆلتۈرىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**7834 ( صحيح ) يا ابن آدم ! إنك أن تبذل الفضل خير لك و أن تمسكه شر لك و لا تلام على كفاف و ابدأ بمن تعول و اليد العليا خير من اليد السفلى ( حم م ت ) عن أبي أمامة**

7834. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئادەم بالىسى! ھەقىقەتەن سېنىڭ ھاجىتىڭدىن ئاشقان مال ـ مۈلۈكنى ئاللاھ يولىدا تاپشۇرۇپ، بېرىۋېتىشىڭ، سەن ئۈچۈن ياخشىدۇر، ئۇنى ساقلاپ، تۇتۇپ قېلىشىڭ، سەن ئۈچۈن ياماندۇر، ھاجەتتىنىڭ مىقداردىدا ئاشماي، كاملىماي، نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشتە ساڭا تاپا ـ تەنە، مالامەت قىلىنمايدۇ، سەدىقە ـ ئېھسانىنى سەن ئىگە بولىدىغان تۇرمۇشقا كېپىل بولىدىغان يېقىن تۇغقانلىرىڭدىن، ئۆز ئائىلەڭدىن باشلىغىن، بەرگۈچى ئۈستۈن قول، سورىغۇچى تۆۋەن قولدىن ياخشىدۇر. ئەھمەد، مۇسلىم 1718 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2265 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7835 ( صحيح ) يا ابن الأكوع ! ملكت فاسجح ( خ ) عن سلمة بن الأكوع**

7835. سەلەمەت ئىبنى ئەكۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دۈشمەنلەردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇلانغان تۆگىلىرىنى قۇتقۇزۇپ، 30 تونىنى ئولجا ئالغان، كېيىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەمراھلىرى بىلەن يېتىپ كەلگەندە ئۇ: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئۇلار ھازىر ئۇسسۇز، ھېرىپ ـ چارچاپ قالدى، ئۇلارغا ھازىرلا قوشۇن ئەۋەتسىلە دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئىبنى ئەكۋەئ! سەن تۆگىلەرگە ۋە 30 تونغا ئىگە بولۇپسەن، چارۋىلارنى ئۇلاردىن قايتۇرۇۋاپسەن، ئەمدى مېھرىبانراق بول، ياخشىلىق قىل دەپ ئۇنى ئارقىسىغا مىندۈرۈپ مەدىنىگە قايتىپ كەتكەن. مۇسلىم 3371 ـ ھەدىس، بۇخارى 2814 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**يا ابن الخصاصية ! ما أصبحت تنقم على الله ؟ أصبحت تماشي رسول الله ( حم ە ) عن بشير بن**

7836. بۇشەير ئىبنى خەساسىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە مېڭىپ كېتىۋاتاتتىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا ئى ئىبنى خەساسىييە! سەن ئاللاھتائالاغا نېمىنى ياقتۇرماي، نېمىنى ئەيىبلەپ، نېمىگە رازى بولماي تاڭ ئاتقۇزدۇڭ؟ سەن، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بىلەن بىرگە مېڭىپ كېتىۋاتىسەنغۇ؟ دېدى. مەن: مەن ئاللاھقا ھېچنەرسىنى

ئەيىبلىمەيمەن، نارازى ئەمەسمەن، ئاللاھتائالا ماڭا بارلىق ياخشىلىقلارنى بەردى دېدىم. ئىبنى ماجە 1557 - ھەدىس، ئەھمەد 19858 - ھەدىس، سەھىھ.

يا ابن الخطاب ! اذهب فناد في الناس: إنه لا يدخل الجنة إلا المؤمنون ( حم م ) عن عمر

7837. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىبنى خەتتاپ! سەن بېرىپ كىشىلەرگە مۇنداق ندا قىلىپ توۋلىغىن، جەننەتكە پەقەت شەكسىز ئىمان كەلتۈرگەن مۆئمىنلەرلا كىرىدۇ!!!. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

يا ابن حوالة ! إذا رأيت الخلافة قد نزلت الأرض المقدسة فقد دنت الزلازل و البلابل و الأمور العظام و الساعة يومئذ أقرب من الناس من يدي هذه من رأسك ( حم د ك ) عن العرباض

7838. ئىرباز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىبنى ھەۋالە! خەلىپىلىكنىڭ مۇقەددەس زېمىنغا يەنى بەيتۇلمۇقەددەسكە چۈشكىنىنى كۆرگىنىڭدە ھەقىقەتەن قاتتىق يەر تەۋرەش، نۇرغۇن غەم - قايغۇلۇق ئىشلار، دەرد - ئەلەملەر، چوڭ - چوڭ ئىشلار بەكمۇ يېقىن قالغان بولىدۇ، قىيامەت كۈنى، قىيامەت قايىم بولۇش شۇ كۈنلەردە كىشىلەرگە مېنىڭ مۇشۇ قولۇم بېشىڭغا يېقىن بولغاندىنمۇ بەكرەك يېقىندۇر، قولنى بېشىمغا قويۇقلۇق ئىدى. ئەبۇ داۋۇد 2173 - ھەدىس، ئەھمەد 21449 - ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

**7839** ( صحيح ) يا ابن عابس ! ألا أخبرك بأفضل ما تعوذ به المتعوذون ؟: ( قل أعوذ برب الفلق و ( قل أعوذ برب الناس ) هاتين السورتين ) ( ن ) عن ابن عابس الجهني

7839. ئىبنى ئاببىاس جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىبنى ئاببىاس! مەن ساڭا پاناھ تىلىگۈچىلەر پاناھ تىلەيدىغان نەرسىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىنى كۆرسىتىپ دەپ بەرمەيمەنمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ قۇل ئەئۇزۇبىرەببىلفەلەق، قۇل ئەئۇزۇبىرەببىنناسدىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى سۈرىدۇر، سۈرە ناس بىلەن سۈرە فەلەق. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

يا ابن عوف ! اركب فرسك ثم ناد: إن الجنة لا تحل إلا لمؤمن ( د ) عن العرباض

7840. ئىرباز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىبنى ئەۋف ئېتىڭغا مىنگىن، ئاندىن بېرىپ كىشىلەرگە مۇنداق ندا قىلىپ، توۋلا: ھەقىقەتەن جەننەت پەقەت مۆئمىنگىلا ھالال يەنى كاپىرلارغا ھارامدۇر.جەننەتكە پەقەت مۆئمىنلا كىرىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

يا أبي: إن ربي تبارك و تعالى أرسل إلي أن اقرأ القرآن على حرف فرددت إليه: أن هون على أمتي فأرسل إلي الثانية أن اقرأه على حرفين فرددت إليه أن هون على أمتي فأرسل إلي الثالثة: أن اقرأه على سبعة أحرف و لك بكل ردة رددتها مسألة تسألنيها فقلت: اللهم اغفر لأمتي اللهم اغفر لأمتي و أخرت الثالثة ليوم يرغب إلي فيه الخلق كلهم حتى إبراهيم ( حم م ) عن أبي

7841. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئۇبەي! ھەقىقەتەن رەببىم تەبارەكەۋەتائالا ماڭا قۇرئان كەرىمنى بىر ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇشۇمغا ئەلچى ئەۋەتتى، مەن رەببىمگە ئەلچىنى، ئۈممىتىمگە ئاسان قىلسۇن دەپ قايتۇردۇم، ئىككىنچى قېتىم ئىككى ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇشۇمغا ئەلچى ئەۋەتتى، مەن يەنە ئۈممىتىمگە ئاسان بولسۇن دەپ قايتۇردۇم، ئۈچىنچى

قېتىم قۇرئاننى يەتتە ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇشۇمغا ئەلچى ئەۋەتىپ، سەن ئۇچۇن ھەربىر قېتىم ئەلچىنى قايتۇرغانلىقىڭ باراۋىرىگە سورايدىغان ئىجابەتلىك دۇئا بېرىلدى دېدى. مەن ئى ئاللاھ! ئۈممىتىم ئۇچۇن مەغپىرەت قىلسىلا، ئى ئاللاھ ئۈممىتىم ئۇچۇن مەغپىرەت قىلسىلا دەپ ئىككى قېتىم دۇئا قىلدىم، ئۈچىنچىسىنى بولسا، بارلىق خەلق، ھەممە كىشى ھەتتا ئىبراھىمدىن تارتىپ ماڭا يۈلىنىپ، شاپائەت سورايدىغان قىيامەت كۈن ئۈچۈن كېچىكتۈرۈپ ئېلىپ قويدۇم. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7842** ( صحيح ) يا أبي: إنه أنزل القرآن على سبعة أحرف كلهم شاف كاف ( ن ) عن أبي

7842. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئۇبەي! ھەقىقەتەن قۇرئان كەرىم يەتتە ھەرپكە ئاساسەن نازىل قىلىندى، ھەممىسى شىپادۇر، كۇپايىدۇر. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

يا أبي: إني أقرئت القرآن فقيل لي: على حرف أو حرفين ؟ فقال الملك الذي معي: قل على حرفين قلت: على حرفين فقيل لي: على حرفين أو ثلاثة ؟ فقال الملك الذي معي قل: على ثلاثة قلت: على ثلاثة حتى بلغ سبعة أحرف ثم قال: ليس منها إلا شاف كاف إن قلت: سميعا عليما و إن قلت: عزيزا حكيما ما لم تختم آية عذاب برحمة أو آية رحمة بعذاب ( د ) عن أبي

7843. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئۇبەي، ھەقىقەتەن ماڭا قۇرئان ئوقۇتۇلۇپ، بىر ھەرپكە يا ئىككى ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇغىن دېيىلدى، مەن بىلەن بىللە تۇرغان پەرىشتە: ئىككى ھەرپكە ئاساسەن دېگىن دېدى، مەن شۇنداق دېسەم، ئىككى يا ئۈچ ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇ دېيىلدى، پەرىشتە يەنە ئۈچكە ئاساسەن دېگىن دېدى، مەن شۇنداق دەپ ئاخىرى يەتتە ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇشۇمغا يەتتى، ئاندىن ھەربىر ھەرپ شىپا قىلىغۇچىدۇر، كۇپايە بولغۇچىدۇر دېدى. ئەگەر سەن سەمىيئەن ئەلىيما دېمىسەن، ياكى سەن ئەزىيزەن ھەكىيما دېمىسەن بولىۋېرىدۇ، پەقەت سەن ئازاب ئايىتىنى رەھمەت بىلەن، رەھمەت ئايىتىنى ئازاب بىلەن ئاخىرلاشتۇرمىساڭلا ئاشۇ يەتتە خىل ھەرپ بىلەن ئوقۇساڭ بولىۋېرىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

بىز بۇ يەتتە ھەرپ مەسىلىسىنى تونۇشتۇرغان، ئۇ بولسا، تاۋۇش بەلگىسى، بەزەن لۇغەت سۆزىنىڭ ئالمىشىشى بولۇپ، بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىدا ئوچۇق دېدى، زىر زەۋەر، ياكى بەزى ھەرپ بەزى سۆز ئالمىشىدۇ، لېكىن، مەنىسى، ھالال، ھارام ئۆزگەرمەيدۇ، ھازىر بولسا، بىرلا ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇلىدۇ، تەپسىر كىتابلىرىدىكى يەتتە ياكى ئون خىل قىرائەت ئاشۇ بىر ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇلىدۇ، ئۇ بولسا، ئوسمان ئۇسخىسىدۇر، مۇشۇ بىر ھەرپكە ئاساسەن ئوقۇلىدىغان قۇرئانغا يەتتە ياكى ئون خىل ئېئراب بەرگەن، پىتنە - پاساتقا تاشلىماي بىر خىللا ئوقۇڭ.يانا بىر ھۆكۈم بولسا، قۇرئاننىڭ ھەربىر ھەرپى شىپادۇر، سىز ئەھلىگىز ياكى خوشنىلار كېسەل بولۇپ قالسا تېبابەتتىن ساقايمىسا، باخشى- داخان، جىنكەشكە، باشقا دىندىكى كىشىلەرگە ئاپارماستىن، بەلكى، قۇرئان، سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن داۋالاڭ.

**7844** ( حسن ) يا إخواني ! لمثل هذا اليوم فأعدوا ( ه هق ) عن البراء

7844. بەرائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى قېرىنداشلىرىم! سىلەر مانا مۇشۇ كۈننىڭ ئوخشىشى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىڭلار، (بۇ سۆزنى قەبرىستانلىقتا دېگەن بولۇپ، مەنىسى قەبرى ئىچىگە، ھاياتى بەرزەخكە، قىيامەت كۈنىگە قاتتىق تەييارلىق

قىلىغلار دېگەن بولىدۇ). ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**7845 ( صحيح ) يا أسامة ! أتشفع في حد من حدود الله ؟ ! ( ق د ) عن عائشة**

7845. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئۇسامە! سەن تېخى ئاللاھنىڭ جازا قانۇنلىرىدىن بىر جازا قانۇنلىرىدىن بىر جازا توغرىسىدا شاپائەت قىلماقچى بولۇۋاتامسەن؟. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**يا أسامة ! كيف تصنع بلا إله إلا الله إذا جاءت يوم القيامة ؟ ! ( م ) عن جندب ( الطيالسي البزار ) عن أسامة**

7846. جۇندۇپ، ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ دېگەن كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئۇسامە! سەن بۇ لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېگەن كەلىمە قىيامەت كۈنى كەلگەن چاغدا سەن بۇ كەلىمە بىلەن قانداق قىلارسەن زادى قانداقمۇ قىلارسەن؟ دەپ كەتكەن. مۇسلىم، بەزار، تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

**7847 ( حسن ) (ضعيف عند العثيمين رح )يا أسماء ! إن المرأة إذا بلغت المحيض لم يصلح أن يرى منها شيء إلا هذا و هذا – و أشار إلى وجهه و كفيه – ( د ) عن عائشة**

7847. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەسماءْ! ھەقىقەتەن ئايال كىشى ھەيز كۆرۈشكە يەتسە، يەنى بالاغەتكە يەتسە، ئۇنىڭ مۇشۇ، مۇشۇ ئەزاسىدىن باشقا ھېچ يېرى كۆرۈنۈپ قېلىشى دۇرۇس ئەمەس دەپ يۈزى بىلەن ئىككى ئالقانغا ئىشارە قىلغان. ئەبۇ داۋۇد 3580 ـ ھەدىس، بۇ ھەدىسنى يالغۇز ئەبۇ داۋۇدلا خاتىرىلىگەن بولۇپ، ئۆزى بۇ ھەدىس مۇرسەل، چۈنكى، خالىد ئىبنى دۇرەيكە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى تاپالمىغان دېگەن ، ئەلبانى توغرا بۇ ھەدىس زەئىپ، لېكىن، ھەسەن دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ دېگەن ، ئۇسەيمىيىن رەھمەھۇللاھ ھىجاب ناملىق كىتابىدا بۇ ھەدىسنى زەئىپ دېگەن ، شۇنداقلا سۈرە نۇردىكى «ئىللامازەھەرە» دېگەن جايدىكى مانى يۈزى، ئىككى ئالقىنى دەپ تەپسىرلەش خاتا، چۈنكى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ! بۇ سۆزنى ماغا ئەمەس، زىينەتكە تەپسىر قىلغان، دېمەك يۈزمۇ ئىككى ئالقىنىمۇ ئوچۇق قالسا بولمايدۇ، دەلىل: ئىبنى كەسىرنىڭ سۈرە ئەھزابنىڭ تەپسىرىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايال كىشى يۈزنى ياپىدۇ، پەقەت بىرلا كۆزنى ئوچۇق قويىدۇ دېگەن بار، مانا بۇ سۆزى سەھىھ، شۇنداقلا ھەسەن بەسرى يۈزنى يېپىپ، ئىككى كۆزنى ئوچۇق قويسا بولىدۇ دېگەن بار. مانا بۇلار ساھابە، تابىئىنغا ۋاكالىتەن تەپسىر قىلغان، دىننى، ھۆكۈمنى قۇرئاننى، ھەدىسنى سەھىھ، يا زەئىپلىكىنى، توغرا ـ خاتانى سەن بەك بىلەمسەن ياكى ساھابە ، تابىئىنلارمۇ؟ دوكتور ، شەيخ ، پەيلاسوپلار بەك چۈشىنىپ بىلەمدۇ؟ ياكى ساھابىلار، تابىئىنلارمۇ؟ ئەلۋەتتە، ئەقىدە، ئىبادەت، ھالال ـ ھارام مەسىلىلىرىدە سەھىھ ھەدىس، ساھابىلار، تابىئىنلار سۆزى ۋە قىلىقى، ھەرىكىتى ھىساب بولىدۇ، خاتا چۈشەنگەن پەتىۋارىڭنى، پەتىۋالار كومىتېتىنى بولدى يىراققا تاشلىۋەت.يۇقىرىدا 6690ـھەدىستە مۇنداق دېگەن:«. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى دېگەن پۈتۈنلەي ئەۋرەتتۇر، (ھەممە يېرى ئەۋرەتتۇر). شۇنىڭ ئۈچۈن ئايال كىشى سىرتقا چىقسا، شەيتان قىزغىن قارشى ئېلىپ كۈتۈۋالىدۇ. (چۈنكى ئاياللار دۇنيا بىلەن بىرگە شەيتاننىڭ سەركەردىسى تۇرسا). تىرمىزى 1093 ـ

ھەدىس، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن ھىجاپ، يۈزنى يۆگەش ۋاجىپتۇر.

شەيخ ئىبنى بازمۇ رەھ ھىجابنى،روياش بولۇشنى پەرىز دېگەن ۋە ئاللاھ ئەئلەم.

**7848** ( صحيح ) يا أشج ! إن فيك لخصلتين يحبهما الله: الحلم و التؤدة ( ه ) عن أبي سعيد

7848. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەشەج! ھەقىقەتەن سەندە ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئىككى خىسلەت ئىشى بار ئىكەن، ئۇ بولسىمۇ مېھرىبانلىق ، مۇلايىملىق بىلەن تەمكىنلىك، ئىبغىر ـ بېسىقلىق يەنى ئالدىراڭغۇ ئەمەس. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس باشقا كىتابلاردىمۇ بار.

يا أعرابي! إن الله غضب على سبطين من بني إسرائيل فمسخهم دواب يدبون في الأرض فلا أدري لعل هذا منها يعني الضب فلست آكلها ولا أنهى عنها ( م ) عن أبي سعيد

7849. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەئرابى! ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بەنى ئىسرائىلدىن ئىككى قەبىلىگە غەزەپ قىلغان ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۆمىلەيدىغان ھايۋانغا ئۆزگەرتىۋەتكەن، مەن بۇ كىلە، پاتمىچۇقنى شۇ سۈرىتى ئۆزگەرگەنلەرمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ ھېچ بىلەلمىدىم، مەن ئۇنى يېمەيمەن، ھەم ئۇنىڭدىن توسمايمەن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. يەنە بىر ھەدىستە سۈرىتى ئۆزگەرتىلگەنلەر نەسلى قالدۇرمايلا ھالاك بولۇشى سۆزلەنگەن، بۇنى ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق تەپسىر قىلغان، ئاللاھ ئالىم.

ياأكثم! خير الرفقاء اربعة وخير السرايا أربعمائة وخيرالجيوش أربعة آلاف و لن يغلب إثنا عشر ألفًا من قلة(ه) عن أنس

7850. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەكسەم! سەن ئۆز قەۋمىڭدىن باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىل، شۇنداق قىلساڭ ئەخلاقىڭ ياخشى، گۈزەل بولۇپ، ھەمراھلىرىڭغا سېخى، مېھرىبان بولىسەن، ئى ئەكسەم! ھەمراھنىڭ ياخشىسى تۆت، مۇھىم بولغان، خاس كىچىك قوشۇننىڭ ياخشىسى، 400 . چوڭ قوشۇننىڭ ياخشىسى 4000، ئون ئىككى مىڭ« 12000» كىشىلىك قوشۇن ھەرگىز ئازلىقىدىن مەغلۇپ بولمايدۇ. (ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدا باشقا سەۋەب بار). ئىبنى ماجە 2817 ـ ھەدىس، سەھىھ.

يا أم العلاء ! أبشري فإن مرض المسلم يذهب الله به خطاياه كما تذهب النار خبث الذهب و الفضة(د)عن أم العلاء

7851. ئۇممە ئەلا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئۇممە ئەلائى! خۇش بىشارەت ئالغىن، ئەگەر مۇسۇلمان كىشى كېسەل بولۇپ قالسا، خۇددى ئوت، ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ كىرلىرىنى تازىلاپ يوقاتقاندەك، ئاللاھتائالا شۇ كېسەل سەۋەبلىك مۇسۇلماننىڭ خاتالىقلىرىنى تازىلاپ يوق قىلىپ، ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان سەھىھ.

**7852** ( صحيح ) يا أم حارثة ! إنها جنات في جنة و إن ابنك أصاب الفردوس الأعلى و الفردوس ربوة الجنة و أوسطها و أفضلها ( ت ) عن أنس

7852. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئۇممە ھارىس! ھەقىقەتەن ئۇ جەننەت دېگەن بىر جەننەت ئىچىدىكى بىر نەچچە جەننەتلەردۇر، باغۇ ـ بوستانلاردۇر، سېنىڭ ئوغلۇڭ ھارىس، ئەڭ ئۈستۈندىكى فىردەۋس دېگەن جەننەتكە

ئېرىشتى، فىردەۋس دېگەن جەننەت، جەننەتلەرنىڭ قاپ ئوتتۇرىدىكى ئەڭ ئۈستۈن جايدا ۋە ئەۋزەلدۇر. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يا أم حارثة ! إنها ليست بجنة واحدة و لكنها جنان كثيرة و إن حارثة لفي الفردوس الأعلى ( حم خ ) عن أنس

7853. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ھارىسنىڭ ئانىسى! ھەقىقەتەن ئۇ بىرلا جەننەت ئەمەس، لېكىن، ئۇ ناھايىتى كۆپ جەننەتتۇر، ھارىس بولسا، ئەڭ ئۈستۈندىكى فىردەۋس دېگەن جەننەتكە يەتتى. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. چۈنكى، ئۇ ساھابە شېھىد بولغان، سىزنىڭ شېھىد بولۇپ ئاشۇ ئۈستۈندىكى ئەۋزەل جەننەتكە ئېرىشكىڭىز يوقمۇ؟ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيمىز، ئەمەلىيەت ھېساب.

يا أم سلمة ! إنه ليس آدمي إلا و قلبه بين إصبعين من أصابع الله فمن شاء أقام و من شاء أزاغ ( ت ) عن أم سلمة

7854. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئۇممە سەلەمەت! ھەقىقەتەن ئادەم بالىسىلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ قەلبى ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق بولغان ئوخشىشى يوق، بارماقلىرىدىن ئىككى بارماق ئارىسىدىدۇر، ئاللاھ خالىغان كىشىنىڭ قەلبىنى ھەقىقەتتە مۇقىم قىلىدۇ، خالىغان كىشىنىڭ قەلبىنى ھەقدىن بۇرىۋېتىدۇ، (يەنى ھەقدىن چۆرۈلۈپ كەتسە، بۇرىۋېتىدۇ). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يا أم سلمة ! لا تؤذيني في عائشة فإنه و الله ما نزل علي الوحي وأنا في لحاف امرأة منكن غيرها(خ ت ن ) عائشة

7855. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئۇممە سەلەمەت! سەن ماڭا ئائىشە توغرىسىدا ئازار بەرمە، چۈنكى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ماڭا ۋەھيى ئائىشەدىن باشقا سىلەردىن بىرەر ئايالنىڭ كۆرپىسىدە، ئورنىدا ياتقىنىمدا نازىل بولمايدۇ، پەقەت ئائىشەنىڭ ئورنىدا ياتقىنىمدا ماڭا ۋەھيى نازىل بولىۋېرىدۇ. بۇخارى، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يا أم سليم ! أما تعلمين أني اشترطت على ربي فقلت: إنما أنا بشر أرضى كما يرضى البشر و أغضب كما يغضب البشر فأيما أحد دعوت عليه من أمتي بدعوة ليس لها بأهل أن تجعلها له طهورا و زكاة و قربة تقربه بها منك يوم القيامة ( حم م ) عن أنس

7856. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئۇممە سۇلەيم! سەن مېنىڭ رەببىمگە شەرت قويۇپ دۇئا قىلغىنىمنى بىلمەمسەن؟ مەن مۇنداق دېدىم: ھەقىقەتەن مەن بىر ئىنسان، ئىنسان رازى بولغانغا رازى بولۇپ، ئىنسان غەزەپ قىلغانغا غەزەپ قىلىپ قالىمەن، مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ھەر قانداق بىر كىشىگە قارشى دۇئا قىلىپ سالسام، ئۇ كىشى ئۇ دۇئاغا ئەھلى بولمىسا، مەن خاتالاشقان بولسام ئى ئاللاھ سىلى ئۇنى قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە گۇناھدىن پاكلىنىش، ئەجىر، ساۋاب، سىلىگە يېقىنلىشىدىغان يېقىنلىق قىلىپ بەرسىلە. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

يا أم فلان ! اجلسي في أي نواحي السكك شئت أجلس إليك ( حم م د ) عن أنس

7857. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى پالانىنىڭ ئانىسى! سەن مەدىنىنىڭ كوچا يوللىرىنىڭ قايسى تەرىپىنى خالىساڭ شۇ جايدا ئولتۇرغىن، مەنمۇ شۇ جايدا ئولتۇرۇپ، ھاجىتىڭنى ئادا قىلىمەن، ئۇ ئەقلىدە مەسىلە بار ئايال يولدا

ئۆلتۈردى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۆلتۈرۈپ، ھاجىتىنى ئادا قىلدى، يەنى دۇئا قىلدى، ئايىتى شىپا ئوقۇپ قويدى. مۇسلىم 4293 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4182 ـ ھەدىس، ئەھمەد 11752 ـ ھەدىس، سەھىھ. بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېسىل ئەخلاقى، خەلقىقە كۆيۈنىشى ئىدى.

**7858** ( صحيح ) يا أنجشة ! رويدك سوقك بالقوارير ( حم ق ن ) عن أنس

7858. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر قېتىمقى سەپىرىدە قارا تەنلىك بىر قۇل خادىمى تۆگىلەرنى تېز ھەيدەپ ماڭىدۇ، بۇ چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ قۇلغا، ئى ئەنجەشەت! شىشىدەك نازۇك، ئاجىز ئاياللىرىنى ئاۋايلا، تۆگىلەرنى مۆھلەت بېرىپ ئاستا يېتىلەپ ماڭ دېگەن ئىدى. بۇخارى 5683 ـ ھەدىس، مۇسلىم 4287 ـ ھەدىس، ئەھمەد 11599 ـ ھەدىس، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللىرىنى ئاسراش ئەخلاقى.

يا أنس ! إن الناس يمصرون أمصارا و إن مصرا منها يقال لها البصرة أو البصيرة فإن مررت بها أو دخلتها فإياك و سباخها و كلاءها و سوقها و باب أمرائها و عليك بضواحيها فإنه يكون بها خسف و قذف و رجف و قوم يبيتون يصبحون قردة و خنازير ( د ) عن أنس

7859. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەنەس! ھەقىقەتەن كىشىلەر نۇرغۇن شەھەرلەرنى بەرپا قىلىپ، شەھەردە ياشايدۇ، ئۇ شەھەرلەردىن بەسرەت ياكى بۇسەيرەت دېيىلىدىغان بىر شەھەر بولۇپ، سەن ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالساڭ ياكى ئۇ شەھەرگە كىرىپ قالساڭ، ئۇنىڭ گىياھ ئۈنمەس شورلۇق، تۇزلۇق زېمىنىدىن، ئوت ـ چۆپلۈك ياپلاقلىرىدىن، بازارلىرىدىن، ئەمىر، باشلىقلارنىڭ ئىشىكگە بېرىشىدىن قاتتىق ھەزەر قىلغىن، سەن ئۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىنى لازىم تۇت. چۈنكى، ئۇ شەھەر ئىچىدە يەر يۇتۇپ كېتىش، ئاسماندىن تاشلار يېغىش، قاتتىق بوران چىقىش، كۈچلۈك يەر تەۋرەشلەر يۈز بېرىدۇ، قەۋملەر ئاخشىمى ساق يېتىپ، ئەتىگىنى مايمۇن، توڭگۇزغا ئۆزگىرىپ تاڭ ئاتقۇزىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 3753 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7860** ( صحيح ) يا أهل القرآن ! أوتروا فإن الله يحب الوتر ( د ن ه ك ) عن علي

7860. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى قۇرئان ئەھلى! قۇرئان ئايىتى بىلەن ۋىتىر ئوقۇڭلار، چۈنكى، ئاللاھ ۋىتىرنى، تاقنى ياخشى كۆرىدۇ . نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7861** ( صحيح ) يا أيها الناس ! اتقوا الله و إن أمر عليكم عبد حبشي مجدع فاسمعوا له و أطيعوا ما أقام لكم كتاب الله ( حم ت ك ) عن أم الحصين

7861. ئۇممە ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى خالايىق، ئى ئىنسانلار! ئاللاھدىن قورقۇڭلار، تەقۋادار بولۇڭلار ، ئەگەر سىلەرگە ھەبەشىستانلىق قارا تەنلىك پۇت ـ قوللىرى چولاق بىر قۇل باشلىق، ئەمىر قىلىنسا، ئۇ سىلەرگە ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاننى بەرپا قىلسىلا، قۇرئاننى قانۇن قىلسىلا، قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلسىلا، ئۇنىڭ سۆزىنى ئەمىر ـ پەرمانىنى ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىڭلار. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

يا أيها الناس ! اتقوا ربكم الذي خلقكم من نفس واحدة و خلق منها زوجها و بث منهما رجالا كثيرا و نساء و اتقوا الله الذي تساءلون به

و الأرحام إن الله كان عليكم رقيبا يا أيها الذين آمنوا اتقوا الله و لتنظر نفس ما قدمت لغد و اتقوا الله إن الله خبير بما تعملون تصدق رجل من ديناره من درهمه من ثوبه من صاع بره من صاع تمره و لو بشق تمرة ( حم م ن ه ) عن جرير

7862. جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار!، سىلەرنى بىر ئىنساندىن يەنى ئادەمدىن ياراتقان، شۇ ئىنساندىن يەنى ئۇنىڭ جىنسىدىن ئۇنىڭ جۈپتى ھەۋۋانى ياراتقان ۋە ئۇلاردىن نۇرغۇن ئەر - ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر - بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا، نامى بىلەن سورايدىغان ئاللاھدىن قورقۇڭلار، سىلە - رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشدىن ساقلىنىڭلار، اللھ ھەققەتەن سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر. (سۈرە نىسا بىرىنچى ئايەت) ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ھەربىر جان ئىگىسى بولغان ئىنسان ئەتىگە يەنى قىيامەت كۈنىگە نېمىنى تەقدىم قىلىپ تەييارلىغىنىغا قارىسۇن، ئاللاھدىن قورقۇڭلار، ھەققەتەن ئاللاھتائالا سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر»، ئاندىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كىشىلەر دىنار، ئالتۇن - كۈمۈش، كىيىم - كېچەك، بۇغداي - قوناق، خورما، ھەتتا يېرىم خورما چاغلىق نەرسە بولسىمۇ سەدىقە - ئېھسان قىلىپ كەتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7863** ( حسن ) يا أيها الناس ! اذكروا الله جاءت الراجفة تتبعها الرادفة جاءت الراجفة تتبعها الرادفة جاء الموت بما فيه ( حم ت ك ) عن أبي

7863. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! ئاللاھنى ئەسلەڭلار، ئاللاھنى كۆپ ئەسلەڭلار، زېمىننىڭ قاتتىق تەۋرىشى يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئارقىدىنلا ئاسمان ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق شەيئىلەر تەۋرەيدۇ، ئۆلۈم ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەر يېتىپ كەلدى، (سۈرە نازىئات 6- ، 7- ئايەتلىرىدە بار). ئەھمەد ، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**7864** ( صحيح ) يا أيها الناس ! اربعوا على أنفسكم فإنكم لا تدعون أصم و لا غائبا إنكم تدعون سميعا قريبا و هو معكم ( ق د ) عن أبي موسى

7864. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، كىشىلەر سەپەردە ئاۋازلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەكبىر ، تەسبىھ ئېيتىپ ماڭغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئىنسانلار! ئۆزۈڭلارنى بېسىۋېلىڭلار، ئاۋازىڭلارنى پەسرەك قىلىڭلار، چۈنكى، سىلەر بىرەر گاسنى ياكى بۇ جايدا يوق غائىبنى چاقىرمايسىلەر، بەلكى، سىلەر ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى جان تومۇرۇڭلاردىنمۇ يېقىن، سىلەر بىلەن بىللە بولغان زات ئاللاھنى چاقىرىسىلەر، شۇ ئاللاھقا دۇئا قىلىسىلەر دېگەن ئىدى. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ.

**7865** ( صحيح ) يا أيها الناس ! أفشوا السلام و أطعموا الطعام و صلوا الأرحام و صلوا بالليل و الناس نيام تدخلوا الجنة بسلام ( حم ت ه ك ) عن عبدالله بن سلام

7865. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! سالامنى كەڭ تارقىتىپ، ئاشكارا قىلىڭلار، تائام بېرىڭلار، سىيلە-رەھىم قىلىڭلار، كىشىلەر ئۇخلاۋاتقان كېچىلىرى ناماز ئوقۇڭلار، شۇنداق قىلساڭلار جەننەتكە

سالامەتچىلىك بىلەن كىرەلەيسىلەر. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

يا أيها الناس ! إن الشمس و القمر آيتان من آيات الله و إنهما لا ينكسفان لموت أحد و لا لحياته فإذا رأيتم شيئا من ذلك فصلوا حتى تنجلي إنه ليس من شيء توعدونه إلا و قد رأيته في صلاتي هذه و لقد جيء بالنار حين رأيتموني تأخرت مخافة أن يصيبني من لفحها حتى قلت: يا رب و أنا فيهم ؟ ; و رأيت فيها صاحب المحجن يجر قصبه في النار كان يسرق الحاج بمحجنه فإن فطن به قال: إنما تعلق بمحجني ! و إن غفل عنه ذهب به حتى رأيت فيها صاحبة الهرة التي ربطتها فلم تطعمها و لم تتركها تأكل من خشاش الأرض حتى ماتت جوعا ; و جيء بالجنة فذلك حين رأيتموني تقدمت حتى قمت في مقامي فمددت يدي و أنا أريد أن أتناول من ثمرها شيئا لتنظروا إليه ثم بدا لي أن لا أفعل ( حم م ) عن جابر

7866. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن قۇياش بىلەن ئاي ئاللاھنىڭ مۆجىزە ئالامەتلىرىدىن ئىككى ئالامەتتۇر، ئۇ ئىككىسى بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈمى ياكى ھاياتى ئۈچۈن تۇتۇلمايدۇ، سىلەر شۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى كۆرسەڭلار، كۈن، ئاي تۇتۇلۇشىدىن روشەن بولغىچە كوسۇف نامىزىنى ئوقۇڭلار، ھەقىقەتەن سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان ھەربىر نەرسىنى مەن مۇشۇ نامىزىمدا كۆردۈم، سىلەر مېنىڭ ئارقامغا قاچقانلىقىمنى كۆرگەن چاغدا، دوۋزاخ كەلتۈرۈلۈپ، ماڭا كۆرسىتىلگەن ئىدى، ماڭا ئۇنىڭ ئوت يالقۇنى، تۈتۈنلىرى، زەھىرى يېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ قاچقان ئىدىم. ھەتتا مەن ئى رەببىم! مەن دوۋزاخ ئىچىدىمۇ نىمە؟ دەپ كەتتىم، مەن دوۋزاخ ئىچىدە ھاسا ئىگىسىنىڭ ئۈچەيلىرىنى سۆرەپ يۈرگىنىنى كۆردۈم، ئۇ ھاجىلارنىڭ نەرسىسىنى ھاسىسىغا ئىلدۇرۇپ ئوغرىلايتتى ، ئەگەر بىلىنىپ مەلۇم بولۇپ قالسا ، ھوي! ھاسامغا ئىلىنىشىپ قاپتۇ، مەن بىلمەپتىمەن دەيتتى، ئەگەر غەپلەتتە قېلىپ بىلىنمىسە ، ئۇنى ئوغرىلاپ ئېلىپ كېتەتتى، مەن يەنە دوۋزاخ ئىچىدە بىر مۈشۈك ئىگىسى بولغان ئايالنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، بۇ ئايال ئۇ مۈشۈكنى باغلاپ قويۇپ، قويۇپ بەرمىگەن، تاماق، سۇ بەرمىگەن بولۇپ، مۈشۈك ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى، ئەگەر قويۇپ بەرگەن بولسا، مۈشۈك زېمىننىڭ ئوت - چۆپلىرىنى،چاشقاننى يەپ، ھايات قالاتتى، بۇ ئايال شۇ سەۋەبلىك ئازابلىنىپتۇ، سىلەر مېنىڭ ئالدىمغا ئىنتىلىپ ئىلگىرىلىگىنىمنى كۆرگەن چاغدا، جەننەت كەلتۈرۈلۈپ، ماڭا كۆرسىتىلگەن ئىدى. ھەتتا مەن مۇشۇ ئورنۇمدا تۇرۇپمۇ قولۇمنى سۇندۇم، مەن ئۇنىڭ مېۋىسىدىن بىرەر نەرسىنى ئېلىپ سىلەرگە كۆرسىتىپ قويۇشنى مەقسەت قىلىپ، كېيىن ماڭا ئۇنداق قىلماسلىق ئاشكارا بولدى. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

يا أيها الناس ! إن الله قد أذهب عنكم عبية الجاهلية و تعاظمها بآبائها فالناس رجلان: رجل بر تقي كريم على الله و فاجر شقي هين على الله و الناس بنو آدم و خلق الله آدم من تراب ( ت ) عن ابن عمر

7867. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا سىلەردىن جاھالىيەتنىڭ كىبىرلىرىنى، پەخىرلىرىنى، ئاتا - بوۋىلار بىلەن پەخىرلىنىپ، چوڭچىلىق قىلىشلارنى يوقۇتۇپ كەتكۈزۋەتتى، مانا ئەمدى ئىنسانلار ئىككىلا سىنىپ بولىدۇ، بىرى، ئاللاھقا ھۆرمەتلىك ياخشى، تەقۋا سالىھ كىشى، يەنە بىر بولسا، ئاللاھقا ھاقارەتلىك، ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەس پاسىق، فاجىر، شەقى، بەدبەختتۇر. ئىنسانلار ئادەم بالىسى، ئاللاھتائالا ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتقان، سىلەر يەنە نىمىگە پەخىرلىنىپ چوڭچىلىق قىلىسىلەر؟، ئاندىن سۈرە ھۇجراتتىن بىر ئايەتنى ئوقۇدى. تىرمىزى 3193 - ھەدىس، سەھىھ.

يا أيها الناس ! إن منكم منفرين فمن أم الناس فليتجوز فإن خلفه الضعيف و الكبير و ذا الحاجة ( حم ق ه ) عن أبي مسعود

7868. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! سىلەردىن نەپرەتلەندۈرگۈچى، كىشلەرنى قاچۇرۇۋەتكۈچى بار ئىكەن، كىم كىشلەرگە ئىمام بولسا، نامازنى قىسقا، يەڭگىل ئوقۇپ بەرسۇن، چۈنكى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئاجىز، كېسەل، قېرى ھاجەت ئىگىسى بار. ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7869** ( صحيح ) يا أيها الناس ! إن هذا من غنائمكم أدوا الخيط و المخيط فما هو فوق فإن الغلول عار على أهله يوم القيامة و شنار و نار ( ه ) عن عبادة بن الصامت

7869. ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! ھەققەتەن مۇشۇنچىلىك نەرسىمۇ يەنى بىر تال يۇڭمۇ سىلەرنىڭ غەنىيمەتلىرىڭلاردىندۇر، سىلەر غەنىيمەتتىن بىر تال يىپ - يىڭنىنىمۇ ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياكى تۆۋەن نەرسىنىمۇ تولۇق ئادا قىلىپ تاپشۇرۇڭلار، ھەققەتەن تەقسىم قىلىنىشىدىن بۇرۇن غەنىيمەتتىن ئېلىنغان، خىيانەت قىلىنغان نەرسە قىيامەت كۈنى خىيانەت ئەھلىگە ئار - نومۇستۇر، ئەيىب - نۇقسان ۋە دوۋزاخ ئوتىدۇر. بۇ ھەدىسنى ھۆنەيىن كۈنى غەلىبە قىلغاندا دېگەن. ئىبنى ماجە 2840 - ھەدىس، سەھىھ.

يا أيها الناس ! إنكم تحشرون إلى الله حفاة عراة غرلا ( كما بدأنا أول خلق نعيده ) ألا و إن أول الخلائق يكسا يوم القيامة إبراهيم ألا و إنه يجاء برجال من أمتي فيؤخذ بهم ذات الشمال فأقول يا رب أصحابي ! فيقال: إنك لا تدري ما أحدثوا بعدك فأقول كما قال العبد الصالح: ( كنت عليهم شهيدا ما دمت فيهم فلما توفيتني كنت أنت الرقيب عليهم ) فيقال: إن هؤلاء لم يزالوا مرتدين على أعقابهم منذ فارقتهم ( حم ق ت ن ) عن ابن عباس

7870. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! ھەققەتەن سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يالىڭاچ، يالاڭ ئاياق ھەتتا خەتنە قىلىنمىسىز قوپۇرۇلىسىلەر. «بىز مەخلۇقنى تۇنجى قېتىم ياراتقىنىمىزدەك يەنە قايتا يارىتىمىز. ئايەت» ئاگاھ بولۇڭلار، خالايىقلاردىن تۇنجى بولۇپ كىيىم كىيدۈرۈلىدىغىنى ئىبراھىمدۇر، ئاگاھ بولۇڭلار، ئۈممىتىمدىن نۇرغۇن كىشىلەر كەلتۈرۈلۈپ ئۇلارنىڭ سول قولىدىن تۇتۇلىدۇ، نامە - ئەمەل دەپتىرى سول قولىغا بېرىلىدۇ،(دوزاخقا ھەيدىلىدۇ) مەن: ئى رەببىم ئۇلار مېنىڭ ھەمراھلىرىم ئىدى دەپ قالىمەن، ئاندىن ماڭا: ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نېمىلەرنى پەيدا قىلغىنىنى بىلمەيسەن دېيىلىدۇ، مەن ئاندىن سالىھ بەندە ئەيسا دېگەننى دەيمەن. «مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھايات تۇرغىنىمدا ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ گۇۋاھ بولغان ئىدىم، مېنى قەبزى روھ قىلىپ ۋاپات تاپقۇزغاندا بولسا، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى سەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدىڭ، سەن ھەممە نەرسىدىن خەۋەردار سەن». (سۈرە مائىدە 117 - ئايەت). ماڭا: ھەققەتەن ئۇلار سەندىن ئايرىلغاندىن باشلاپلا كەينىگە يېنىپ مۇرتەد بولۇپ شۇ دىنىدىن يانغان، مۇرتەد ھالىتىدە داۋاملاشتى دېيىلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

يا أيها الناس ! إنكم لن تطيقوا كل ما أمرتكم به و لكن سددوا و قاربوا و أبشروا ( حم د ) عن الحكم

7871. ھەكەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! ھەققەتەن سىلەر، مەن سىلەرنى بۇيرۇغان بارلىق ھەممە نەرسىگە تاقەت قىلىپ

بولالمايسىلەر، لېكىن، سىلەر توغرا يول تۇتۇپ، نورمال، ئوتتۇرھال ئەمەل قىلىڭلار، قادىر بولىشىڭلارچە ئەمەل قىلىپ، خۇش بېشارەت ئېلىڭلار، ۋە بېرىڭلار . ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان ھەسەن.

يا أيها الناس ! إنه لا يحل لي مما أفاء الله عليكم قدر هذه إلا الخمس و الخمس مردود عليكم ( ن ) عن عبادة

7872. ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن ماڭا، سىلەرگە ئاللاھ ئۇرۇشسىز ئولجا، غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن نەرسەڭلاردىن مۇشۇنچىلىكمۇ بىر تال يۇڭچىلىك كىچىككىنە نەرسىمۇ ھالال ئەمەس، پەقەت بەشتىن بىرىلا ھالال، ماڭا ھالال بولغان، بەشتىن بىرىمۇ يەنە سىلەرگە قايتۇرۇلىدۇ. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

7873. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولۇپ، غەنىيمەتنى تولۇق قايتۇرۇپ ئادا قىلىڭلار دېگەن .

يا أيها الناس إنها كانت أبينت لي ليلة القدر و إني خرجت لأخبركم بها فجاء رجلان يحتقان و معهما الشيطان فنسيتها فالتمسوها في العشر الأواخر من رمضان التمسوها في التاسعة و السابعة و الخامسة ( حم م ) عن أبي سعيد

7874. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن بۇگۈن كېچە ماڭا قەدىر كېچىسى، روشەن بايان قىلىنغان ئىدى، مەن سىلەرگە ئۇنى خەۋەر قىلىپ دەپ بېرىش ئۈچۈن چىققان ئىدىم، ئىككى كىشى كېلىپ، دە ـ تالاش قىلىپ جېدەللەشتى ، ئۇلار بىلەن شەيتان بىللە ئىكەن، ئاندىن ماڭا قەدىر كېچىسىنىڭ ۋاقتى ئۇنتۇلدۇرۇلدى، مەن ئۇنتۇپ قالدىم، بۇمۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشى بولۇشى مۇمكىن، سىلەر قەدىر كېچىسىنى رامزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە توققۇزىنچى، يەتتىنچى، بەشىنچى كېچىلىرى ئىزدەڭلار، يەنى 29ـ ، 27ـ ، 25 ـ كېچىلىرى. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**7875** ( صحيح ) يا أيها الناس ! إنها لم تكن فتنة على وجه الأرض منذ ذرأ الله ذرية آدم أعظم من فتنة الدجال و إن الله عز و جل لم يبعث نبيا إلا حذر أمته الدجال و أنا آخر الأنبياء و أنتم آخر الأمم و هو خارج فيكم لا محالة فإن يخرج و أنا بين أظهركم فأنا حجيج لكل مسلم و إن يخرج من بعدي فكل حجيج نفسه و الله خليفتي على كل مسلم و إنه يخرج من خلة بين الشام و العراق فيعيث يمينا و شمالا يا عباد الله ! أيها الناس ! فاثبتوا فإني سأصفه لكم صفة لم يصفها إياه قبلي نبي إنه يبدأ فيقول: أنا نبي و لا نبي بعدي ثم يثني فيقول: أنا ربكم و لا ترون ربكم حتى تموتوا و إنه أعور و إن ربكم ليس بأعور و إنه مكتوب بين عينيه: كافر يقرؤه كل مؤمن كاتب أو غير كاتب ; و إن من فتنته أن معه جنة و نارا فناره جنة و جنته نار فمن ابتلي بناره فليستغث بالله و ليقرأ فواتح الكهف ( فتكون بردا و سلاما كما كانت النار على إبراهيم ) و إن من فتنته أن يقول للأعرابي: أرأيت إن بعثت لك أباك و أمك أتشهد أني ربك ؟ فيقول: نعم فيتمثل له شيطانان في صورة أبيه و أمه فيقولان: يا بني اتبعه فإنه ربك و إن من فتنته أن يسلط على نفس واحدة فيقتلها ينشرها بالمنشار حتى تلقى شقين ثم يقول: انظروا إلى عبدي هذا فإني أبعثه ثم يزعم أن له ربا غيري فيبعثه الله و يقول له الخبيث: من ربك ؟ فيقول: ربي الله و أنت عدو الله أنت الدجال و الله ما كنت قط أشد بصيرة بك مني اليوم ; و إن من فتنته أن يأمر السماء أن تمطر فتمطر و يأمر الأرض أن تنبت فتنبت ; و إن من فتنته أن يمر بالحي فيكذبونه فلا يبقى لهم سائمة إلا هلكت ; و إن من فتنته أن يمر بالحي فيصدقونه فيأمر السماء أن تمطر فتمطر و يأمر الأرض أن تنبت فتنبت حتى تروح مواشيهم من يومهم ذلك أسمن ما كانت و أعظمه و أمده خواصر و أدره ضروعا ; و إنه لا يبقى شيء من الأرض إلا وطئه و ظهر عليه إلا مكة و المدينة لا يأتيهما من نقب من أنقابهما إلا لقيته الملائكة بالسيوف صلتة حتى يترل عند الضريب الأحمر عند منقطع السبخة فترجف المدينة بأهلها ثلاث رجفات فلا يبقى فيها منافق و لا منافقة إلا خرج إليه فتنفي الخبيث منها كما ينفي الكير خبث الحديد و يدعى ذلك اليوم يوم الخلاص قيل: فأين العرب يومئذ ؟ قال: هم يومئذ قليل ( وجلهم ببيت المقدس ) ; و إمامهم رجل صالح فبينما إمامهم قد تقدم يصلي بهم الصبح إذ نزل عليهم عيسى ابن



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مريم الصبح فرجع ذلك الإمام ينكص يمشي القهقرى ليتقدم عيسى فيضع عيسى يده بين كتفيه ثم يقول له: تقدم فصل فإنها لك أقيمت فيصلي بهم إمامهم فإذا انصرف قال عيسى: افتحوا الباب فيفتحون و وراءه الدجال معه سبعون ألف يهودي كلهم ذو سيف محلى و ساج فإذا نظر إليه الدجال ذاب كما يذوب الملح في الماء ; و ينطلق هاربا ( و يقول عيسى: إن لي فيك ضربة لن تسبقني ) فيدركه عند باب لد الشرقي فيقتله فيهزم الله اليهود فلا يبقى شيء مما خلق الله عز و جل يتواقى به يهودي إلا أنطق الله ذلك الشيء لا حجر و لا شجر و لا حائط و لا دابة إلا الغرقدة فإنها من شجرهم لا تنطق إلا قال: يا عبد الله المسلم هذا يهودي فتعال اقتله فيكون عيسى بن مريم في أمتي حكما عدلا و إماما مقسطا يدق الصليب و يذبح الخنزير و يضع الجزية و يترك الصدقة فلا يسعى على شاة و لا بعير و ترفع الشحناء و التباغض و تنزع حمة كل ذات حمة حتى يدخل الوليد يده في الحية فلا تضره و تضر الوليدة الأسد فلا يضرها و يكون الذئب في الغنم كأنه كلبها و تملأ الأرض من السلم كما يملأ الإناء من الماء و تكون الكلمة واحدة فلا يعبد إلا الله و تضع الحرب أوزارها و تسلب قريش ملكها و تكون الأرض كفاثور الفضة تنبت نباتها بعهد آدم حتى يجتمع النفر على القطف من العنب فيشبعهم يجتمع النفر على الرمانة فتشبعهم و يكون الثور بكذا و كذا من المال و يكون الفرس بالدريهمات ( قالوا: يا رسول الله و ما يرخص الفرس ؟ قال: لا تركب لحرب أبدا قيل: فما يغلي الثور قال: تحرث الأرض كلها ) و إن قبل خروج الدجال ثلاث سنوات شداد يصيب الناس فيها جوع شديد يأمر الله السماء السنة الأولى أن تحبس ثلث مطرها و يأمر الأرض أن تحبس ثلث نباتها ثم يأمر السماء في السنة الثانية فتحبس ثلثي مطرها و يأمر الأرض فتحبس ثلثي نباتها ثم يأمر السماء في السنة الثالثة فتحبس مطرها كله فلا تقطر قطرة و يأمر الأرض فتحبس نباتها كله فلا تنبت خضراء فلا يبقى ذات ظلف التهليل و التكبير و التحميد و يجزئ ذلك عليهم مجزأة الطعام ) ( ه ابن خزيمة ك الضياء ) عن أبي أمامة )

7875. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! ئاللاھ، ئادەم باللىرىنى ياراتقاندىن باشلاپ يەر يۈزىدە دەججالنىڭ پىتنىسىدىنمۇ چوڭراق پىتنە ـ پاسات بولۇپ باقمىدى، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئەۋەتكەن ھەر قانداق بىر پەيغەمبەر ئۈممىتىنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇردى، مەن بولسام پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، سىلەر ئەڭ ئاخىرقى ئۈممەت بولىسىلەر، دەججال شەك ـ شۈبھىسىز چوقۇم سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا چىقىدۇ، ئەگەر ئۇ مەن ئاراڭلاردا بار ھايات ۋاقتىمدا چىقىپ قالسا، ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن مەنلا ھۆججەت قويۇپ غالىب كېلىمەن، مەن داۋالىشىمەن، ئەگەر ئۇ مەندىن كېيىن چىقىپ قالسا، ھەممىسى ئۆزىگە ئۆزى ھۆججەت قويۇپ داۋالىشىدۇ، ھەربىر مۇسۇلمانغا ياردەم بېرىشتە، ئاللاھتائالا ماڭا خەلىپە بولىدۇ، ئىگە بولىدۇ. ھەقىقەتەن دەججال شام بىلەن ئىراق ئارىسىدىن چىقىدۇ، ئاندىن ئۇ ئوڭ تەرەپكە ۋە سول تەرەپكە خۇددى بوراندەك تېز بارىدۇ، پىتنە ـ پاسات تېرىيدۇ، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، ئى خالايىق! مۇستەھكەم چىڭ تۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە دەججالنىڭ مەندىن بۇرۇن ھېچ بىر پەيغەمبەر سۆپەتلەپ بەرمىگەن سۆپىتىنى سۆزلەپ بېرىمەن، ئۇ ئالدى بىلەن چىقىپلا مەن پەيغەمبەر دەيدۇ، دىققەت قىلىڭلار، مەندىن كېيىن پەيغەمبەر يوق. ئاندىن ئۇ ئۆزىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولىمەن دەيدۇ. دىققەت قىلىڭلار، سىلەر ئۆلۈپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بارمىغىچە رەببىڭلارنى ھەرگىز كۆرەلمەيسىلەر. ئۇنىڭ بىر كۆزى كوردۇر. رەببىڭلار بىر كۆزى كور ئەمەس، ئوخشىشى يوق. دەججالنىڭ پېشانىسىگە «كافىر» دېگەن خەت يېزىقلىق بولۇپ، ئۇنى ھەر قانداق كاتىپ ۋە غەيرى كاتىپ بولغان خەت يازالايدىغان مۆئمىن ئوقۇيالايدۇ.

ھەقىقەتەن ئۇنىڭ كىشلەرنى ئازدۇرىدىغان پىتنىسىنىڭ جۈملىسىدىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە جەننەت ـ

دوۋزاخنىڭ كۆرۈنۈشى بار، دوۋزاخ دېگىنى جەننەت، جەننەت دېگىنى دوۋزاخ ئوتىدۇر، كىم ئۇنىڭ ئوتى بىلەن سىنىلىپ، بالاغا قالسا، ئاللاھتىنلا ياردەم سوراپ، سۈرە كەھفنىڭ باش تەرىپىنى ئوقۇسۇن، ئاندىن ئوت خۇددى ئىبراھىمغا سالامەت بولغاندەك سوغۇق ۋە سالامەت بولىدۇ، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ پىتنىسىدىن ئۇ يېزىلىق ئەئرابىيغا قانداق قارايسەن، قېنى دەپ باققىنە، ئەگەر مەن ساڭا داداڭ بىلەن ئاناڭنى تىرىلدۈرۈپ بەرسەم مېنىڭ رەببىڭ ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟ دەيدۇ، ئۇ ئەئرابىي ھەئە گۇۋاھلىق بېرىمەن دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىككى جىن ـ شەيتان ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئانىسىنىڭ سۈرىتىدە كۆرۈنۈپ، ئى بالام، سەن ئۇنىڭغا ئەگەشكىن، ئۇ سېنىڭ رەببىڭ بولىدۇ دەيدۇ، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ پىتنىسىدىن ئۇ بىر مۆئمىن ئىنسانغا غالىب كېلىپ ئۇنى ھەرە بىلەن تىلىپ ئىككى پارچە قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ، ئاندىن ئۇ مېنىڭ بۇ بەندەمگە قاراڭلار، مەن ئۇنى تىرىلدۈرسەم ئۇ قوپۇپ مەندىن باشقا رەببىم بار دەپ داۋا قىلىشىۋالىدۇ دەيدۇ. (چۈنكى، ئۇ مۆئمىننىڭ ئېتىقادىنى تولۇق چۈشىنىدۇ، شۇڭا ئالدىن شۇنداق دېگەن ). ئاندىن، ئاللاھ ئۇ بەندىنى تىرىلدۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇ بەندىگە نىجىس دەججال رەببىڭ كىم؟ دەيدۇ، ئۇ بەندە مېنىڭ رەببىم ئاللاھدۇر، سەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنى دەججال بولىسەن دەيدۇ، ۋە يەنە ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۈگۈنكىدەك ساڭا تولۇق ھۆججەت ئالامەت، دەلىل ـ ئىسپاتتا بولۇپ باقمىغان، سەن راستتىنلا دەججال دەيدۇ، (چۈنكى، ئۇ مۆئمىن مۇشۇ ھەدىسنى تولۇق بىلىدۇ، بۇ ھەدىسلەر ئۇ چاغدا مۆجىزىگە ئايلىنىدۇ، ئۆزىمۇ مۆجىزە ئىدى). ھەقىقەتەن ئۇنىڭ پىتنىسىنىڭ جۈملىسىدىن ئاسماننى يامغۇر يېغىشقا بۇيرىسا، يامغۇر ياغدۇرىدۇ، زېمىننى زىرائەت، ئۆسۈملۈك ئۈندۈرۈشكە بۇيرىسا ئۇمۇ ئۈندۈرىدۇ، (لېكىن، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ئىزنى بىلەن بولىدۇ) يەنە ئۇنىڭ پىتنىسىدىن ئۇ بىر قەبىلىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ چارۋا ـ ماللىرى قالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ يەنە بىر پىتنىسى شۇكى، ئۇ يەنە بىر قەبىلىدىن ئۆتسە ئۇلار ئۇنى تەستىقلاپ ئىشىنىدۇ، ئاندىن ئۇ ئاسماننى بۇيرىسا، يامغۇر ياغىدۇ، زېمىننى بۇيرىسا زىرائەت ئۈندۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ چارۋا ـ ماللىرى شۇ كۈنىلا بورۇنقىدىن سېمىز، چوڭ قورسىقى توقلۇقىدىن بەللىرى چىقىپ ئوتلايدۇ، شۇنداق سۈتلۈك بولۇپ كېتىدۇ، ئۇ، زېمىن قالماي ھەممە جايغا دەسسەيدۇ لېكىن، مەككە ـ مەدىنىگە كىرەلمەيدۇ، مەككە ـ مەدىنىنىڭ ھەربىر كوچا يول ئېغىزلىرىدا پەرىشتىلەر، يالىڭاچ قىلىچ تۇتۇپ قوغدايدۇ، ئۇ مەدىنىگە يېقىن تۇزلۇق، شورلۇق زېمىننىڭ ئۈزۈلگەن جايدىكى قىزىل دۆۋە تۆپىلىككە چۈشكەندە مەدىنە ئىچىدە مۇناپىق ئەر، مۇناپىق ئايال قالماي ھەممىسى دەججالنىڭ قېشىغا چىقىدۇ، مەدىنە ئۆزىدىن خۇددى كۆرەك ئوتى تۆمۈرنىڭ كىرلىرىنى تازىلاپ يوقاتقاندەك نىجىسلارنى كاپىر، مۇناپىقلارنى تازىلايدۇ، شۇ كۈننى خالاس كۈنى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەبلەر شۇ كۈندە قەيەردە بولىدۇ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار ئۇ چاغدا ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىقى كۆپىنچىسى بەيتۇلمۇقەددەستە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىمامى سالىھ، ياخشى كىشى بولۇپ، بىر چاغدا ئۇلارنىڭ ئىمامى ئۇلارغا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن ئالدىغا چىققاندا، تۇيۇقسىز ئۇلارغا ئەيسا بامدات ۋاقتىدا چۈشىدۇ، ئىمام ئەيسانىڭ ناماز ئوقۇپ بېرىشى ئۈچۈن كەينىگە چېكىنىدۇ، ئەيسا ئەلەيھىسسالام قولىنى ئىمامنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، ئالدىغان چىققىن، سەن ناماز ئوقۇۋەرگىن، سەن ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىلدى دەيدۇ، ئىمام ئۇلارغا ناماز ئوقۇپ بېرىپ، نامازدىن قايتقاندا ئەيسا ئىشىكنى ئېچىڭلار دەيدۇ. ئۇلار ئىشىكنى ئاچسا، ئۇنىڭ

ئارقىسىدا دەججال 70000 يەھۇدىي بىلەن بىللە تۇرىدۇ، ھەممىسى ئالتۇن بىلەن ھەل، زىننەت بېرىلگەن ئىبسىل قىلىچلارنى ئاسقان ھالەتتە تۇرىدۇ، دەججال ئەيسانى كۆرۈپ خۇددى تۇز سۇدا ئېرىپ كەتكەندەك ئېرىپ كېتىدۇ، ئۇ ئەيسادىن قاچىدۇ، ئەيسا، توختا! ھەقىقەتەن مېنىڭ ساڭا بىرلا قىلىچ ئۇرۇشۇم بار، سەن ھەرگىز ماڭا غالىب كېلەلمەيسەن ، قېچىپ قۇتۇلالمايسەن دەپ ئۇنى قوغلاپ بېرىپ شەرق تەرەپتىكى لۇد دېيىلىدىغان ئىشىكتە ئۇنى تېپىپ ئۆلتۈرىدۇ، ئاللاھتائالا يەھۇدىيلارنى مەغلۇپ قىلىپ يېڭىدۇ.

ئاللاھ ياراتقان ھەر قانداق بىر نەرسىدە يەھۇدىي يوشۇرۇنۇپ ئۆزىنى ساقلاپ قالماقچى بولسا، ئاللاھ ئۇ نەرسىنى سۆزلىتىۋېتىدۇ، تاش، چالما دەرەخ، تام، ھايۋانمۇ قالماي ھەممىسى: ئى ئاللاھنىڭ مۇسۇلمان بەندىسى، مانا بۇ يەھۇدىي، بۇ جايغا يوشۇرۇنۇۋالدى كەل بۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىن دەيدۇ، لېكىن، غەرقەد ئىسىملىك دەرەخ سۆز قىلمايدۇ، چۈنكى، ئۇ ئۇلارنىڭ پەرۋىش قىلىدىغان شوخلۇق دەرىخىدۇر، ئاندىن مەريەم ئوغلى ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىم ئىچىدە ئادىل ھاكىم، ئادىل ئىمام بولىدۇ، كىرىس بەلگىسىنى چاقىدۇ، توڭگۇزلارنى ئۆلتۈرىدۇ، دىنسىزلارنىڭ ئىسلام دۆلىتىگە تاپشۇرىدىغان باجنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پەقەت ئىسلام دىنىنىلا قوبۇل قىلىدۇ، بولمىسا ئۆلتۈرىدۇ، ئۆشرە ـ زاكاتنى يىغمايدۇ، قوي، كالا، تۆگىلەرنى زاكات ھېسابلاپ ئالمايدۇ، ئۆزئارا ئۆچ ـ ئاداۋەت، دۈشمەنلىك كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ھەربىر زەھەرلىك ھايۋاننىڭ زەھىرى تارتىلىپ ئېلىپ تاشلىنىدۇ، ھەتتا كىچىك سەبى باللار قولىرىنى زەھەرلىك يىلاننىڭ ئاغزىغا سالسا، يىلان ئۇ بالىغا زەرەر يەتكۈزمەيدۇ، بىر كىچىك دېدەك، چۆرە، بالا، شىر، يولۋاسقا زەرەر يەتكۈزسىمۇ ئۇ يولۋاس، ئۇ قىزچاققا زەرەر يەتكۈزمەيدۇ. بۆرىلەر قويلار ئارىسىدا خۇددى شۇ قويلارنى باقىدىغان ئىتتەك بولۇپ قالىدۇ، پۈتۈن زېمىن خۇددى قاچا سۇغا تولغاندەك تىنچلىققا ، سالامەتلىككە تولىدۇ، كەلىمە بىرلا بولىدۇ، يەنى ئىسلام دىنىلا «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» بولىدۇ. ئاللاھدىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلىنمايدۇ، پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىنىدۇ، ئۇرۇش توختىتىلىدۇ.

ئەرەبلەر پادىشاھلىقنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ، زېمىن خۇددى كۈمۈش تەخسە، پەتنۇستەك بولۇپ ئادەمنىڭ زامانىدەك ئۆسۈملۈك ئۈندۈرىدۇ، بەرىكەت تولىدۇ، ھەتتا بىر توپ جامائەت بىر ساپاق ئۈزۈمگە تويىدۇ، بىر توپ جامائەت بىرلىشىپ بىر تال ئانارنى يېسە شۇ بىر تال ئانار ئۇلارنى تويغۇزىدۇ .

كالا مۇنداق مۇنداق مالغا ئېلىنىدۇ، يەنى قىممەت، ئات بولسا، بىر نەچچە ئۇششاق دىرھەمگە سېتىلىدۇ، ئۇلار ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! نېمە ئۈچۈن ئات ئەرزان؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: چۈنكى ئۇ مەڭگۈ جەڭگە مىنىلمەيدۇ، كالا بولسا پۈتۈن يەرنى ھەيدەيدۇ، شۇڭا ئۇ قىممەت دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى، دەججالنىڭ چىقىشىنىڭ ئالدىدا ئۈچ يىل بولۇپ، بۇ قەھەتچىلىك يىللاردا كىشىلەرگە قاتتىق ئاچارچىلىق يېتىدۇ، بىرىنچى يىلىلا ئاللاھ، ئاسماننى يامغۇرنىڭ ئۈچتىن بىرىنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ، زېمىننى ئۆسۈملۈك، زىرائەتلىرىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى توختىتىشقا ساقلاپ چىقارماسلىققا بۇيرۇيدۇ، ئىككىنچى يىلى ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى توختىتىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۈچىنچى يىل بولسا، ئاسماننى پۈتۈنلەي يامغۇر ياغدۇرماسلىققا، زېمىننى پۈتۈنلەي ئۆسۈملۈك، زىرائەت، گىياھ ئۈندۈرمەسلىككە بۇيرۇيدۇ، ئاسمان بىر تامچە يامغۇر ياغدۇرمايدۇ، زېمىنمۇ بىر تال گىياھ ئۈندۈرمەيدۇ، تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكىلەر، چارۋىلار پۈتۈنلەي قالماي ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، ئۇلار نېمە يەيدۇ؟ دېيىلدى،

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار تۇرمۇشنى تەھلىل، تەكبىر ، تەسبىھ، ھەمدۇ ئېيتىپ ئۆتكۈزىدۇ، ئاشۇ ئىبادەت زىكرىلەر ئۇلارغا تاماقنىڭ ئورنىدا كۇپايە بولىدۇ دېگەن . ئىبنى ماجە 4067 ـ ھەدىس، ئىبنى خۇزەيمە، ھاكىم، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. بىز بۇ خىل ھەدىسىدىن يۇقىرىدا ھۆكۈم ئالغان ئىدۇق.

يا أيها الناس ! إني إمامكم فلا تسبقوني بالركوع و لا بالسجود و لا بالقيام و لا بالقعود و لا بالانصراف فإني أراكم من أمامي و من خلفي و ايم الذي نفسي بيده لو رأيتم ما رأيت لضحكتم قليلا و لبكيتم كثيرا ( حم م ن ) عن أنس

7876. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! ھەققەتەن مەن سىلەرنىڭ ئىمامىڭلار، سىلەر مەندىن رۇكۇ، سەجدە، ئولتۇرۇپ قوپۇشلاردا ھەتتا نامازدىن قايتىشلاردا ئىلگىرىلەپ كەتمەڭلار، مەندىن بۇرۇن قىلىۋالماڭلار، ھەققەتەن مەن سىلەرنى ئالدىم تەرەپتىن ۋە ئارقام تەرەپتىن كۆرەلەيمەن، جېنىم قول ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر سىلەر مەن كۆرگەننى كۆرگەن بولساڭلار، مەن بىلگەننى بىلگەن بولساڭلار، ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلايتتىڭلار. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

يا أيها الناس ! إني تركت فيكم ما إن أخذتم به لن تضلوا: كتاب الله و عترتي: أهل بيتي ( ت ) عن جابر

7877. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! ھەققەتەن مەن ئاراڭلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىگە مەھكەم ئېسىلساڭلار ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر، ئۇ بولسا، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان ۋە مېنىڭ ئەھلى بەيتىم،ئائىلەم يەنى سۈننىتىم. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يا أيها الناس ! إني قد كنت أذنت لكم في الاستمتاع من النساء و إن الله قد حرم ذلك إلى يوم القيامة فمن كان عنده منهن شيء فليخل سبيله و لا تأخذوا مما آتيتموهن شيئا ( م ه ) عن سبرة

7878. سەبۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! ھەققەتەن مەن سىلەرگە ئاياللاردىن ۋاقىتلىق پايدىلىنىشقا، ۋاقىتلىق نىكاھقا رۇخسەت بەرگەن ئىدىم، ھەققەتەن ئاللاھتائالا ۋاقىتلىق نىكاھنى، ئىككى ـ ئۈچ ئايلىق نىكاھنى قىيامەت كۈنىگىچە ھارام قىلدى، كىمنىڭ ئالدىدا شۇنداق ۋاقىتلىق ئالغان ئايال بولسا، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بەرسۇن، ئۇلارغا بەرگەن مېھرى ھەققىدىن ھېچ نەرسىنى ئېلىۋالمىسۇن. مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

يا أيها الناس ! أيما أحد من المؤمنين أصيب بمصيبة فليتعز بمصيبته بي عن المصيبة التي تصيبه بغيري فإن أحدا من أمتي لن يصاب بمصيبة بعدي أشد عليه من مصيبتي ( ه ) عن عائشة

7879. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! مۆئمىنلەردىن قايسى بىر كىشىگە مۇسىبەت يەتسە، ئۇ مەن بىلەن بولغان، مەن بۇ دۇنيادىن كەتكەن ئۇ مەندىن ئايرىلىپ كەتكەن مۇسىبەت بىلەن تەسەللى تاپسۇن، ئۈممىتىمدىن بىرەر كىشىگە مەندىن كېيىن، ئۇ مەندىن ئايرىلىپ كەتكەن مۇسىبەتتىنمۇ قاتتىق ئېغىر مۇسىبەت يەتمەيدۇ، شۇنى ئەسلىسە تەسەللى تاپىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

يا أيها الناس ! أي يوم أحرم ؟ أي يوم أحرم ؟ أي يوم أحرم ؟ قالوا: يوم الحج الأكبر قال: فإن دماءكم و أموالكم و أعراضكم عليكم حرام كحرمة يومكم هذا في بلدكم هذا في شهركم هذا ألا لا يجني جان إلا على نفسه ألا و لا يجني والد على ولده و لا ولد على والده ; ألا إن الشيطان قد أيس أن يعبد في بلدكم هذا أبدا و لكن ستكون له طاعة في بعض ما تحتقرون من أعمالكم فيرضى بها ألا إن المسلم أخو المسلم فليس يحل لمسلم من أخيه شيء إلا ما أحل من نفسه ألا و إن كل ربا في الجاهلية موضوع لكم رءوس أموالكم لا تظلمون و لا تظلمون غير ربا العباس بن عبد المطلب فإنه موضوع كله و إن كل دم كان في الجاهلية موضوع و أول دم أضع من دم الجاهلية دم الحارث بن عبد المطلب ألا و استوصوا بالنساء خيرا فإنما هن عوان عندكم ليس تملكون منهن شيئا غير ذلك إلا أن يأتين بفاحشة مبينة فإن فعلن فاهجروهن في المضاجع و اضربوهن ضربا غير مبرح فإن أطعنكم فلا تبغوا عليهن سبيلا ألا و إن لكم على نسائكم حقا و لنسائكم عليكم حقا فأما حقكم على نسائكم فلا يوطئن فرشكم من تكرهون و لا يأذن في بيوتكم لمن تكرهون ألا و إن حقهن عليكم أن تحسنوا إليهن في كسوتهن و طعامهن ( ت ن ه ) عن عمرو بن الأحوص

7880. ئەمرۇ ئىبنى ئەھۋەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! مەن قايسى كۈننى ھارام قىلدىم؟ قايسى كۈن ھارام قىلىنغان كۈنى دېدى،ئۇلار:چوڭ ھەج كۈنى دېدى . رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن قانلىرىڭلار، جانلىرىڭلار، ماللىرىڭلار، يۈز ـ ئابروييلىرىڭلار بەزىڭلارغا خۇددى مۇشۇ شەھىرىڭلاردا مۇشۇ ئېيىڭلاردا، مۇشۇ كۈنۈڭلار ھارام بولغاندەك(مۇشۇ كۈننىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىش ھارام بولغاندەك) ھارامدۇر، ئاگاھ بولۇڭلار ، ھەر قانداق جىنايەتچى ئۆزىنىڭ زىيىنىغا جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ، ئاتا بالىغا، بالا ئاتىغا جىنايەت ئۆتكۈزمەيدۇ، جىنايەتچى ئۆزى تۇتۇلۇپ ئازابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىدا باشقىلار تۇتۇلمايدۇ، ئاگاھ بولۇڭلار شەيتان بۇ شەھىرىڭلاردا ئۆزىگە ئىبادەت قىلىنىشىدىن مەڭگۈلۈك ئۈمىد ئۈزدى. لېكىن، سىلەر ھاقارەتلەپ كىچىك سانايدىغان ئەمەللىرىڭلارنىڭ بىر قىسمىدا شەيتانغا ئىتائەت بولۇپ قالىدۇ، شەيتان مۇشۇنىڭغا رازى بولىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلار ، مۇسۇلمان دېگەن مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، بىر مۇسۇلمان ئۇچۇن يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ نەرسىسىدىن ھېچ نەرسە ھالال ئەمەس، پەقەت ئۇ رازى بولۇپ بەرسە، ھالال بولىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلار ، جاھالىيەتتىكى جازانە، ئۆسۈمنىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قالدى، سىلەر ماللىرىڭلارنىڭ ئەسلىنى ئۆسۈمسىز ئالساڭلار بولىدۇ، زىيادە ئېلىپ، زۇلۇم قىلماڭلار، سىلەرگىمۇ زۇلۇم قىلىنمايدۇ، لېكىن، ئابباسنىڭ جازانە، ئۆسۈملىرى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدى، ئۇ مېلىنىڭ ئەسلىنىمۇ ئالالمايدۇ، ھەقىقەتەن جاھالىيەتتىكى خۇن داۋاسىمۇ ئەمەلدىن قالدى، ئەمدى ئۇ سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ، جاھالىيەتتىكى خۇن، تۆلەمدىن تۇنجى بولۇپ ئەمەلدىن قالدۇرغىنىم، ھارىسنىڭ قېنىدۇر، يەنى خۇندۇر، ئاياللارغا ياخشىلىقنى كۆپ تەۋسىيە قىلىڭلار،(تەۋسىيەمنى قوبۇل قىلىڭلار) ئۇلار سىلەرگە ياخشى ياردەمچى بولىدۇ. سىلەر ئۇلاردىن ئۇنىڭدىن باشقىغا ئىگە بولالمايسىلەر، لېكىن، ئۇلار ئوچۇق روشەن پاھىشىگە كەلسە، پاھىشە ئىشنى قىلسا، ئۇلار بىلەن ياتاق ئايرىڭلار، جاراھەتلەندۈرمەي يەڭگىل ئۇرۇڭلار، ھەيۋىسى چوڭ، زەربىسى كىچىك ئۇرۇڭلار، ئەگەر ئۇلار ئىتائەت قىلسا، ئۇلارغا زىيانلىق يول تەلەپ قىلماڭلار، ئاگاھ بولۇڭلاركى ، سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلار ئۈستىدە ھەققىڭلار بار، ئۇلارنىڭمۇ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا ھەققى بار، سىلەرنىڭ ھەققىڭلار بولسا، ئاياللىرىڭلار، كۆرپە، ئورنۇڭلاردا سىلەر ياقتۇرمايدىغان كىشىلەرنى ياتقۇزماسلىقىدۇر، پاھىشە قىلماسلىقىدۇر، سىلەر ياقتۇرمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارغا كىرىشىگە ئىزنى، ئىجازەت بەرمەسلىكىدۇر، ئاگاھ بولۇڭلار ، ئۇلارنىڭ

ھەققى بولسا، ئۇلارغا تاماق بېرىشتە، كىيىم - كېچەك ئېلىپ بېرىشتە، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلار، ياخشى ئەخلاقتا بولۇشۇڭلاردۇر. تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

يا أيها الناس ! توبوا إلى ربكم فوالله إني لأتوب إلى الله عز و جل في اليوم مائة مرة ( حم م ) عن الأغر

7881. ئەغەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! رەببىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ھەر كۈنى ئاللاھقا 100 قېتىم تەۋبە قىلىپ مەغپىرەت سورايمەن. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

يا أيها الناس ! خذوا عني مناسككم فإني لا أدري لعلي لا أحج بعد عامي هذا ( ن ) عن جابر

7882. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! سىلەر مەندىن ھەج پائالىيەت، ئىبادەتلىرىڭلارنى ياخشى ئېلىپ ئۆگىنىۋېلىڭلار، چۈنكى مەن، مۇشۇ يىلىمدىن كېيىن، يەنى كېلەر يىلى ھەج قىلالماسلىقىم مۇمكىن، (راستىنلا ھەج قىلالمىدى). نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

يا أيها الناس ! ردوا على ردائي فوالله لو أن لي بعدد شجر تهامة نعما لقسمته عليكم ثم لا تلقوني بخيلا و لا جبانا و لا كذوبا ؛ يا أيها الناس ! ليس لي من هذا الفيء شيء و لا هذه الوبرة إلا الخمس و الخمس مردود فيكم فأدوا الخياط و المخيط فإن الغلول يكون على أهله عارا و نارا و شنارا يوم القيامة ( حم ن ) عن ابن عمرو

7883. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! تون، رىدايىمنى قويۇپ بېرىڭلار، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ماڭا تەھامەنىڭ دەرەخلىرىنىڭ سانىدەك كۆپماللار بولغان بولسىمۇ ئۇنى سىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن بولاتتىم، ئاندىن سىلەر مېنى بېخىل، قورقۇنچاق، كاززاپ تاپمايتتىڭلار، بەلكى، سېخى، باتۇر، سەممىي سادىق تاپاتتىڭلار، ئى ئىنسانلار! ماڭا سىلەرنىڭ ئولجا، غەنىيمەتلىرىڭلاردىن ھېچ نەرسە ھەتتا بىر تال تۆگە يۇڭىمۇ ھالال ئەمەس، پەقەت بەشتىن بىرىلا ھالال، ئۇمۇ يەنىلا سىلەرگە قايتۇرۇلىدۇ. سىلەر غەنىيمەتتىن يىپ - يىڭنە چاغلىق نەرسىلەرنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئادا قىلىڭلار، چۈنكى، خىيانەت، قىيامەت كۈنى شۇ خىيانەت ئەھلىگە ئار - نومۇس، ئەيىب - نۇقسان، شەرمەندىچىلىك، رەسۋاچىلىق ۋە دوۋزاخ ئوتى بولىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

يا أيها الناس ! عليكم بالسكينة فإن البر ليس بإيجاف الخيل و الإبل ( حم د ك ) عن ابن عباس

7884. ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى خالايىق! خاتىرجەملىكنى، تىنچلىقنى لازىم تۇتۇڭلار! قىستاشماي مېڭىڭلار، چۈنكى، ياخشىلىق ھەجدە، ئات - تۆگىنى تېز چاپتۇرۇۋېلىش بىلەن بولمايدۇ، تەقۋالىق بىلەن بولىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

7885. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولۇپ، ھەج پائالىيىتىدە تۆگىلەرنى تېز چاپتۇرماسلىق لازىم.

يا أيها الناس ! عليكم بالقصد عليكم بالقصد عليكم بالقصد فإن الله تعالى لن يمل حتى تملوا ( ه ) عن جابر

7886. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! ئەمەل قىلىشتا ئوتتۇرھال، نورمال ئەمەلنى لازىم تۇتۇڭلار، قادىر بولۇشچە تاقەتنىڭ

يېتىشچە ئەمەل قىلىپ، يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار، چۈنكى، ئاللاھتائالا قوبۇل قىلىشتا ھېرىپ ـ چارچاپ قالمايدۇ، بەلكى سىلەر ئەمەل قىلىشتا ھېرىپ ـ چارچاپ،زېرىكىپ قالىسىلەر، (ئەمەلنىڭ ياخشىسى گەرچە ئاز بولسىمۇ دائىم داۋام قىلغىنىدۇر). ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**7887** ( صحيح ) يا أيها الناس ! عليكم من الأعمال ما تطيقون فإن الله لا يمل حتى تملوا و إن أحب الأعمال إلى الله ما دووم عليه و إن قل ( ق ) عن عائشة

7887. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! ئەمەللەردىن سىلەر تاقەت قىلالايدىغان قادىر بولالايدىغان نەپلە ئەمەللەرنى لازىم تۇتۇڭلار، چۈنكى، ئاللاھتائالا ھېرىپ ـ چارچاپ قالمايدۇ، سىلەر ھېرىپ ـ چارچاپ قالىسىلەر، ھەقىقەتەن ئەمەللەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى، گەرچە ئاز بولسىمۇ دائىم داۋام قىلىنىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( يا أيها الناس!ما بال أحدكم يزوج عبده أمته ثم يريد أن يفرق بينهما ؟ إنما الطلاق لمن أخذ بالساق(ه)ابن عباس

7887. بۇ ھەدىسمۇ ساندا تەكرار، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! بىرىڭلارنىڭ ھالىغا نېمە بولدى؟ ئۇ ئەر، قۇلغا، دېدەك، چۆرىسىنى نىكاھلاپ ئېلىپ بېرىپ، ئاندىن ئۇلارنى ئۆزى خالاپ ئايرىۋەتمەكچى بولىدىكەن، ھەقىقەتەن تالاق قىلىش ھوقۇقى ئايال كىشىنىڭ پاچىقىنى تۇتقان ئېرىنىڭ قولىدا بولىدۇ. ھاكىم، ئىبنى ماجەنىڭ سەھىھ قىسمىنىڭ 1692 ـ ھەدىسى، ھەسەن.

يا أيها الناس ! ما لكم حين نابكم شيء في الصلاة أخذتم في التصفيق ؟ إنما التصفيق للنساء من نابه شيء في صلاته فليقل: سبحان الله فإنه لا يسمعه أحد حين يقول: سبحان الله إلا التفت ( خ ) عن سهل بن سعد

7888. سەھلى ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! سىلەرگە نېمە بولدى، سىلەرگە ناماز ئىچىدە بىرەر ئىش يەتسە، چاۋاك چالىدىكەنسىلەر، ھەقىقەتەن قولدىن ئاۋاز چىقىرىش بولسا، ئاياللارنىڭ ئىشى (يەنى ناماز ئىچىدە)، كىمگە ناماز ئىچىدە بىرەر ئىش يېتىپ، ئۇ زۆرۈر جاۋاب بەرمەكچى بولسا، سۇبھانالله دېسۇن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ سۇبھانالله دېگىنىنى ئاڭلىغان كىشى ئۇنىڭغا قارايدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

7889. بۇ ھەدىس بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسىم 2097 ـ ھەدىسكە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنى ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ ھەدىسنى بولسا، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. مەزمۇنى بولسا، تەمىمۇددارى دېگەن ناسارا كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلغىلى كېلىۋېتىپ، دېڭىزدا ئېزىپ قالىدۇ، ئاندىن كېمىنىڭ يېنىغا ئېلىۋالغان قولۋاقلار بىلەن قىرغاققا چىقىپ، دەججالنىڭ جاسۇسىغا ۋە دەججالغا ئۇچرايدۇ، بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەردە سۆزلەپ بېرىدۇ.

يا أيها الناس ! لا يقتل بعضكم بعضا و لا يصيب بعضكم بعضا و إذا رميتم الجمرة فارموا بمثل حصى الخذف ( حم د ه ) عن أم جندب

7890. ئۇممە جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! بەزىڭلار بەزىسنى ئۆلتۈرمىسۇن، بەزىڭلار بەزىڭلارغا مۇسىبەت يەتكۈزمىسۇن، (يەنى ھەجدە قىستىشىپ، شۇنداق قىلمىسۇن)، جەمرە تېشىنى ئاتساڭلار، بارماقلاردا چېكىپ ئېتىڭلار. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**7891** ( صحيح )يا أيها الناس !لا تقوموا حتى تروني ( ت ك ) عن جابر

7891. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! سىلەر مېنى كۆرمىگىچە نامازغا ئۆرنۈڭلاردىن تۇرماڭلار. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**7892** ( صحيح ) يا بلال ! أقم الصلاة أرحنا بها ( حم د ) عن رجل

7892. ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى بىلال! نامازغا تەكبىر ئېيتقىن، بىزنى شۇ ناماز بىلەن راھەتلەندۈرگىن. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

يا بلال ! قم فأذن: لا يدخل الجنة إلا مؤمن و إن الله ليؤيد هذا الدين بالرجل الفاجر ( خ ) عن أبي هرير

7893. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى بىلال! ئورنۇڭدىن تۇرۇپ كىشىلەرگە مۇنداق ئېلان قىلغىن، جەننەتكە پەقەت مۆئمىنلا كىرىدۇ، مۆئمىندىن باشقىلار كىرەلمەيدۇ، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا بۇ ئىسلام دىنىنى پاسىق، فاجىر كىشىلەر بىلەنمۇ كۈچلەندۈرىدۇ، پاسىقلار بىلەنمۇ ئىسلامغا ياردەم بېرىدۇ، (بۇ ھەدىسنى كاپىرلارنى كۆپ ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان كىشى توغرىسىدا دېگەن ). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

يا بلال ! بم سبقتني إلى الجنة ؟ ما دخلت الجنة قط إلا سمعت خشخشتك أمامي إني دخلت البارحة الجنة فسمعت خشخشتك أمامي فأتيت على قصر مربع مشرف من ذهب فقلت: لمن هذا القصر ؟ قالوا: لرجل من قريش فقلت: أنا قرشي لمن هذا القصر ؟ قالوا لرجل من أمة محمد فقلت: أنا محمد لمن هذا القصر ؟ قالوا: لعمر بن الخطاب ( حم ت حب ك ) عن بريدة

7894. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى بىلال! سەن قايسى ئەمەل بىلەن جەننەتكە مەندىن ئىلگىرىلەپ كەتتىڭ؟ مەن جەننەتكە كىرسەملا ئالدىم تەرەپتە سېنىڭ ماڭغان شىپ - شىپ ئاۋازىڭنى ئاڭلايمەن، مەن ئۆتكەن كېچە، جەننەتكە كىرىپ يەنە سېنىڭ ماڭغان ئاۋازىڭنى ئالدىم تەرەپتە ئاڭلاپ قالدىم، مەن ئالتۇندىن سېلىنغان ئېگىز تۆت چاسا بىر قەسىرگە كەلدىم، بۇ قەسىر كىمنىڭ؟ دېسەم، قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغان بىر كىشىنىڭ دېدى، مەن: مانا مەن قۇرەيش، بۇ زادى كىمنىڭ دېدىم، ئۇلار، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتىدىن بولغان بىر كىشىنىڭ دېدى، مەن: مانا مەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بۇ زادى كىمنىڭ، ئىسمىنى دەڭلار دېدىم، ئۇلار، ئۆمەر ئىبنى خەتتاپنىڭ دېدى. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**7895** ( صحيح ) يا بنت أبي أمية ! سألت عن الركعتين بعد العصر و إنه أتاني ناس من عبد القيس فشغلوني عن الركعتين اللتين بعد الظهر فهما هاتان ( خ د ) عن أم سلمة

7895. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەبۇ ئۇمەييەنىڭ قىزى! سەن ئەسىردىن كېيىنكى ئىككى رەكەت ناماز توغرىسىدىن سوراپ قالدىڭ، ئۇ مۇنداق ئىش ئىدى. ھەقىقەتەن ماڭا ئابدۇقەيسنىڭ ئەلچىلىرىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر كېلىپ مېنى پېشىندىن كېيىنكى ئىككى رەكەت سۈننەتتىن مەشغۇل قىلىپ قويدى، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەسىردىن كېيىنكى مەن ئوقۇغان ئىككى رەكەت ناماز بولسا شۇ ئىككى رەكەت سۈننەت ئىدى دېدى. (بۇ ھەدىسىدىن سۈننەت نامازنىڭ قازاسىنى قىلسا بولىدۇ، ھەم قىلىدۇ). بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**7896** ( حسن ) يا بني بياضة ! أنكحوا أبا هند و انكحوا إليه ( د ك ) عن أبي هريرة

7896. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېكىسىدىن ئەبۇ ھىندى دېگەن قۇل قان ئېلىپ قويدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ چاغدا ئى بەنى بىيازەت، يەنى سىرىق تەنلىك ھۆر كىشلەر! سىلەر ئەبۇ ھىندىنىڭ قىزلىرىنى نىكاھلاپ ئالساڭلار ۋە ئۇ گەرچە قۇل، قارا تەنلىك بولسىمۇ،ئۇنىڭغا قىزىڭلارنى نىكاھلاپ بەرسەڭلار بولىدۇ دېگەن . ئەبۇ داۋۇد، ھەم تەڭلىك دېگەن بابىدا خاتىرىلىگەن، 1798 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**7897** ( صحيح ) يا بني سلمة ! ألا تحتسبون آثاركم إلى المسجد ؟ ( حم خ ه ) عن أنس

7897. ئەنەس رەزىيەللاھۇ، ئەنھۇدىن، بەنى سەلەمەت جەمەتى، ئۆيلىرىنى مەسجىدگە يېقىن يۆتكەشنى مەقسەت قىلغاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا: ئى بەنى سەلەمەت! سىلەر مەسجىدلەرگە ماڭغان قەدەملىرىڭلارغا ئاللاھدىن ئەجىر ـ ساۋاب ئۈمىد قىلمامسىلەر؟ دېگەن . بۇخارى 616 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 776 ـ ھەدىس، ئەھمەد 11592 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7898** ( صحيح ) يا بني سلمة ! دياركم تكتب آثاركم ( حم م ) عن جابر

7898. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى بەنى سەلەمەت جەمەتى! دىيارلىرىڭلارنى لازىم تۇتۇپ، يۆتكەلمەڭلار، سىلەرنىڭ مەسجىدگە ماڭغان قەدەملىرىڭلارغا ئەجىر ـ ساۋاب يېزىلىدۇ. مۇسلىم 1069ـ ھەدىس، ئەھمەد 14039ـ ھەدىس، سەھىھ.

يا بني عبد المطلب ! سقايتكم و لولا أن يغلبكم عليها الناس لنزعت ( حم ت ) عن علي

7899. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەمزەم ئىچكىلى كېلىپ مۇنداق دېگەن: ئى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ باللىرى! ھاجىلارنى سۇغۇرۇشنى لازىم تۇتۇپ ئوبدان سۇغۇرۇڭلار،زەمزەمگە كىشلەرنىڭ، سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غالىب كېلىشى، تالىشىپ قىستا ـ قىستاڭ، پاتىپاراق بولۇپ كېتىشى بولمىغان بولسا ئىدى،ئەلۋەتتە زەمزەم سۈيىنى ئۆزۈم تارتىپ ھاجىلارنى سۇغارغان بولاتتىم. ئەھمەد ،تىرمىزى توپلىغان. سەھىھ.

يا بني عبد مناف ! لا تمنعوا أحدا طاف بهذا البيت و صلى أية ساعة شاء من ليل أو نهار ( حم 4 حب ك ) عن جبير

7900. جۇبەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئابدۇماناف جەمەتى! سىلەر بۇ كەئبىنى تاۋاپ قىلغان، بۇ كەئبىدە كېچىدىن يا كۈندۈزدىن قايسى بىر سائەتتە خالىسا ناماز ئوقۇغان كىشىنى ھەرگىز تاۋاپىدىن، نامازدىن توسماڭلار. ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. كەئبىنى تاۋاپ قىلغان كىشى 24 سائەت ئىچىدە ھەر قانداق چاغدا ناماز ئوقۇسا، يەنى كىرىپلا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇسا، تاۋاپ قىلغىچە ناماز ئوقۇسا دۇرۇس بولىدۇ. خۇددى جۈمە كۈنىدىكى ناماز ۋە مەسجىدگە كىرىپلا ئوقۇيدىغان ئىككى رەكەت ناماز، ھەممە ۋاقىتتا دۇرۇس

بولغاندەك.

يا بني عبد مناف يا بني عبد مناف ! إني نذير إنما مثلي و مثلكم كمثل رجل رأى العدو فانطلق يريد أهله فخشي أن يسبقوه إلى أهله فجعل يهتف: يا صباحاه يا صباحاه ! أتيتم أتيتم ( حم م ) عن قبيصة بن المخارق وزهير بن عمير

7901. قەبىيسەت، زۇھەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئابدۇماناپ جەمەتى! ھەقىقەتەن مەن بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى، ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن مېنىڭ مىسالىم، مۇنۇ كىشىگە ئوخشايدۇ، ئۇ دۈشمەننى كۆرۈپ دەرھال ئەھلىگە قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ، ئۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئۇنىڭ ئەھلىگە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىلگىرىلەپ بېرىۋېلىشىدىن قورقىدۇ.

ئۇ ئەھلىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، دۈشمەندىن مەخپىي ھالدا ئى سۈبھى ئەھلى! ئى قەۋم ـ جامائەتلەر، قېرىنداشلىرىم! دۈشمەن كەلدى، سىلەرگە دۈشمەن كەلدى، ھەزەر قىلىڭلار دەيدۇ. ئەنە شۇنىڭدەك مەن سىلەرنى دوۋزاخدىن ئاگاھلاندۇرىمەن. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

يا بني فهر ! يا بني عدي ! يا بني عبد مناف ! يا بني عبد المطلب ! أرأيتكم لو أخبرتكم أن خيلا بالوادي تريد أن تغير عليكم أكنتم مصدقي ؟ قالوا: ما جربنا عليك إلا صدقا قال: فإني نذير لكم بين يدي عذاب شديد( ق) عن ابن عباس

7902. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پۈتۈن قەۋم ـ جامائەتلەرنى توپلاپ، ئى پىھرى جەمەتى، ئى بەنى ئەدى! ئى بەنى ئابدۇماناپ! ئى ئابدۇلمۇتەللىب جەمەتى! قېنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟ سىلەر ماڭا قانداق قارايسىلەر؟ ئەگەر مەن سىلەرگە مۇشۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا سايلىق، يايلاقلاردا دۈشمەنلەر ئاتلىق قوشۇنلار كېلىۋېتىپتۇ، ئۇلار سىلەرگە ھۇجۇم قىلىدىكەن دېسەم، سىلەر ماڭا ئىشىنەمسىلەر؟ ئۇلار بىز پەقەت سىنى راستچىل، سەمىمي دەپ تەجرىبە قىلدۇق، ئىشىنىمىز دېدى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا: ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى قاتتىق ئازابىنىڭ يەنى دوۋزاخنىڭ ئالدىدا،شۇ ئازابنىڭ سىلەرگە كېلىپ قېلىشىدىن ئاگاھلاندۇرىمەن، مەن سىلەر ئۈچۈن شۇ ئازابدىن ھەزەر قىلدۇرغۇچى دېدى. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

يا بني كعب بن لؤي ! أنقذوا أنفسكم من النار يا بني مرة بن كعب ! أنقذوا أنفسكم من النار يا بني عبد شمس ! أنقذوا أنفسكم من النار يا بني عبد مناف ! أنقذوا أنفسكم من النار يا بني عبد المطلب ! أنقذوا أنفسكم من النار يا فاطمة ! أنقذي نفسك من النار فإني لا أملك لكم من الله شيئا غير أن لكم رحما سأبلها ببلالها أي سأصلهارحمها ( م ن ) عن أبي هريرة

7903. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى كەئبى ئىبنى لۇئەي جەمەتى! ئۆزۈڭلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇڭلار، ئى مۇررەت ئىبنى كەئبى جەمەتى! ئۆزۈڭلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇڭلار. ئى ئابدۇشەمس جەمەتى! سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇڭلار. ئى ئابدۇماناپ جەمەتى! سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇڭلار، ئى ئابدۇلمۇتەللىپ جەمەتى! سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇڭلار، ئى قىزىم فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇا! سەنمۇ ئۆزۈڭنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزغىن! ھەقىقەتەن مەن سىلەر ئۈچۈن ئاللاھدىن ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن، پەقەت سىلەر ئۈچۈن مەن بىلەن بولغان يېقىن تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بار، مەن ئۇ، سىيلە ـ رەھىمنى ياخشىلىق قىلىش، ئېھسان قىلىش بىلەنلا ئۇلىيالايمەن، يەنى ياخشىلىق قىلىمەن خالاس. مۇسلىم 303 ـ ھەدىس، بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى، ئەھمەد 8372 ـ ھەدىس، سەھىھ.

يا جابر ! إذا كان واسعا فخالف بين طرفيه و إذا كان ضيقا فاشدده على حقويك ( ق د ) عن جابر

7904. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى جابىر! ئەگەر كىيىم - كېچەك كەڭرى بولۇپ قالسا، كەڭرى كىيىپ ئىككى تەرىپىنى ئالماشتۇرۇپ، پەشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ ناماز ئوقۇغىن، ئەگەر كىيىم تار، قىس يەنى كەم بولۇپ قالسا، ئۇنى بىلىڭگە باغلاپ، ئەۋرىتىڭنى يېپىپ ناماز ئوقۇساڭ بولىدۇ. مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

يا جابر ! ألا أبشرك بما لقي الله به أباك ! ما كلم الله أحدا قط إلا من وراء حجاب و كلم أباك كفاحا فقال: يا عبدي تمن علي أعطك قال: يا رب تحييني فأقتل فيك ثانية فقال الرب تبارك و تعالى: إنه سبق مني أنهم إليها لا يرجعون قال: يا رب فأبلغ من ورائي ( ت ه ) عن جابر

7905. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى جابىر! مەن ساڭا داداڭ، ئاللاھتائالاغا، ئاللاھ، داداڭغا ئۇچراشقان خەۋەرنى بىشارەت بەرمەيمۇ؟ ئاللاھتائالا ھەر قانداق بىر كىشىگە سۆز قىلسا، پەردە ئارقىسىدىن سۆز قىلاتتى، داداڭغا بولسا يۈز تۇرانە، بىۋاستە پەردىسىز سۆز قىلدى، ئى بەندەم! سەن ماڭا ئارزۇ قىل، سورا، مەن ساڭا دەپ بېرىمەن دېدى. داداڭ، ئى رەببىم! مېنى تىرىلدۈرسەڭ، مەن سېنىڭ يولۇڭدا ئىككىنچى قېتىم ئۆلتۈرۈلۈپ شېھىد بولسام دېدى. رەب تائالا: ھەقىقەتەن مەن تەرەپتىن مۇنداق ھۆكۈم ئىلگىرى قىلىنىپ بولغان، ھەقىقەتەن ئۆلۈپ كەتكەن ئاخىرەت ئەھلى، دۇنياغا قايتمايدۇ، شۇڭا سەن ئۇ دۇنياغا تىرىلىپ قايتمايسەن دېدۇ.

داداڭ: ئى رەببىم، ئۇنداق بولسا، مېنىڭ بۇ پەزىلەت، دەرىجەم، خۇش بىشارەتلەرنى كەينىمدە قالغانلارغا يەتكۈزگىن دېدى. (شۇڭا ئايەتتە ۋە مۇشۇنداق ھەدىسلەر يەتكۈزۈلدى). تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7906** ( صحيح ) يا جرهد ! غط فخذك فإن الفخذ عورة ( حم د ت حب ك ) عن جرهد

7906. جۇرھەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى جۇرھەد! يوتاڭنى ياپقىن چۈنكى، كىشىنىڭ يوتىسى ئەۋرەتتۇر. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

يا حازم ! أكثر من قول لا حول و لا قوة إلا بالله فإنها كنز من كنوز الجنة ( ه ) عن حازم بن حرملة

7907. ھازىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ھازىم! لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى دېيىشنى كۆپ قىلغىن، چۈنكى، ئۇ جەننەت كاڭلىرىدىن بىر كاڭدۇر، يەنى ئەجىر - ساۋابى ئۇلۇغدۇر. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

يا حسان ! أجب عن رسول الله اللهم أيده بروح القدس ( حم ق د ن ) عن حسان وأبي هريرة

7908. ھەسسان، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ھەسسان! سەن مۇشرىكلارگە قارشى شېئىر ئېيتىپ جاۋاب بەرگىن، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدىن جاۋاب بەرگىن ئى ئاللاھ! ھەسساننى پاك روھ، جىبرىئىل بىلەن كۈچلەندۈرسىلە. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7909** ( صحيح ) يا ذا الأذنين ! ( حم د ت ) عن أنس

7909. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇنىڭغا يازەلئۇزنەين يەنى ئى ئىككى قۇلاق ئىگىسى دەپ چاقچاق قىلغان. تىرمىزى 1915 - ھەدىس، ئەبۇ

داۋۇد 4349 ـ ھەدىس، ئەھمەد 11837 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**7910** ( صحيح ) يا رويفع ! لعل الحياة ستطول بك بعدي فأخبر الناس أنه من عقد لحيته أو تقلد وترا أو استنجى برجيع دابة أو عظم فإن محمدا منه بريء ( حم د ن ) عن رويفع بن ثابت

7910. رۇۋەيپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى رۇۋەيپىئ! ھاياتلىق ساڭا مەندىن كېيىن ئۇزۇن بولۇشى مۇمكىن، مەندىن كېيىنمۇ ياشىشىڭ مۇمكىن، كىشىلەرگە مۇنداق خەۋەر قىلغىن، كىم ساقىلىنى چىگىۋالسا، ئۇزىتۇۋالسا، ساقىلىغا بىرەر نەرسە يا زەي تارا ئېسىۋالسا، ياكى ھايۋان تېزىكى بىلەن يا سۆڭەك بىلەن ئىستىنجا قىلسا، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىدىن بىزاردۇر. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**7911** ( صحيح ) يا سعد ! ارم فداك أبي و أمي ( خ ) عن علي

7911. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ئى سەئىد! ئات! ئانام ـ دادام ساڭا پىدا بولسۇن، كاپىرلارغا ئوق ئات دېگەن . بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

يا سعد ! إني لأعطي الرجل و غيره أحب إلى منه خشية أن يكبه الله في النار على وجهه ( ق د ) عن سعد

7912. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باشقىلارغا نەرسە بېرىپ مەلۇم بىر كىشىگە بەرمىگىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئى سەئىدى! مەن بەزى كىشىلەرگە نەرسە بېرىمەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن باشقىسى ماڭا سۆيۈملۈكتۇر، مېنىڭ ئۇ كىشىگە نەرسە بېرىشىم، ئاللاھتائالانىڭ ئۇ كىشىنى دوۋزاخقا يۈزىچە دۈم تاشلىۋېتىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىمدىن بولغان، (يەنى مەن ئۇنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن بېرىمەن، بولمىسا، ئۇ دوۋزاخقا كىرىپ كېتىدۇ) دېگەن . مۇسلىم، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

( يا سفيان ! لا تسبل إزارك فإن الله لا يحب المسبلين ) ( حم ه ) عن المغيرة بن شعبة

7912. بۇ ھەدىسمۇ ساندا تەكرار. مۇغىيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى سوفيان! ئىشتىنىڭنى ئۇزۇن كەيمە، چۈنكى، ئاللاھتائالا ئىشتىنىنى ئوشۇقىدىن ئۇزۇن سۆرەپ كىيگۈچىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

يا صاحب السبتيتين ! ويحك ! ألق سبتيتيك ( حم د ن ه حب ك ) عن بشير بن الخصاصية

7913. بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرىستانلىقتا ئاشلانغان تېرىدىن بولغان ئاياغنى كىيىۋالغان كىشىنىڭ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئى ئاشلانغان، پىششىقلانغان تېرىدىن ئاياغ كىيگۈچى كىشى! ساڭا ۋايدۇر، سەن بۇ خورم ئايىغىڭنى سېلىۋەتكىن دېدى. ئۇ كىشى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تونۇپ، ئىككى ئايىغىنى سېلىپ ئېتىۋەتتى. نەسەئى 2021 ـ ھەدىستە مەخسۇس قەبرىستانلىقتا تېرە ئاياغ بىلەن مېڭىشنىڭ مەكروھلىقى دەپ باب قويغان. ئەبۇ داۋۇد 2811 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1557 ـ ھەدىس، ئەھمەد 19856 ـ ھەدىس، سەھىھ. ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

7914 ( صحيح ) يا صفية بنت عبد المطلب ! يا فاطمة بنت محمد ! يا بني عبد المطلب ! إني لا أملك لكم من الله شيئا سلوني من مالي ما شئتم ( ت ) عن عائشة

7914. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى سەفىيە! ئى فاتىمە! ئى ئابدۇلمۇتەللىب جەمەتى! ھەقىقەتەن مەن سىلەر ئۈچۈن ئاللاھدىن ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن، سىلەر مەندىن مۇشۇ دۇنيادا مال ـ مۈلۈكىمدىن خالىغىنىڭلارنى سوراڭلار، ئۆزۈڭلارنى دوزاخدىن قۇتقۇزۇڭلار. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

7915 ( صحيح ) يا عائش ! هذا جبريل يقرئك السلام ( ق ت ن ه ) عن عائشة

7915. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، مانا بۇ جىبرىئىل ساڭا سالام يوللىدى. بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

يا عائشة ! استعيذي بالله من شر هذا فإن هذا هو الغاسق إذا وقب - يعني القمر - ( حم ت ك ) عن عائشة

7916. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە! ئاللاھقا سېغىنىپ بۇنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلىگىن، چۈنكى، بۇ ئاي كىرىپ غائىپ بولغاندىكى قاراڭغۇلۇق بىلەن كىرگەندىكى كېچىدۇر، ئاينىڭ غائىپ بولۇشىدۇر. (بۇ سۈرە فەلەقدە سۆزلىنىدۇ). ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

يا عائشة ! أشعرت أن الله أفتاني فيما استفتيته فيه ؟ جاءني رجلان فقعد أحدهما عند رأسي و الآخر عند رجلي فقال الذي عند رأسي للذي عند رجلي: ما وجع الرجل ؟ قال: مطبوب قال: من طبه ؟ قال: لبيد بن الأعصم قال: في أي شيء ؟ قال: في مشط و مشاطة و جف طلعتي ذكر قال: فأين هو ؟ قال في بئر ذروان يا عائشة ! و الله لكأن ماءها نقاعة الحناء و لكأن نخلها رءوس الشياطين ( حم ق ه ) عن عائشة

7917. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە! مەن سېھىرلەنگەندە پەتىۋا سورىسام ئاللاھنىڭ ماڭا يول كۆرسەتكىنىنى ھېس قىلمىدىڭمۇ؟ ماڭا ئىككى كىشى كېلىپ، بىرسى بېشىم تەرەپدە يەنە بىرسى بولسا پۇتۇم تەرەپتە ئولتۇردى، بېشىم تەرەپتىكىسى يەنە بىرسىگە، بۇ كىشى قانداق كېسەل بولۇپتۇ؟ دېدى. ئۇ، بۇ كىشى سېھىرلىنىپتۇ دېدى، بېشىم تەرەپتىكىسى، كىم سېھىرلەپتۇ؟ دېسە، ئۇ لۇبەيدە ئىبنى ئەئسەم دېگەن يەھۇدىي دېدى، ئۇ كىشى نېمىگە؟ دېسە، ئۇ تارغاقتا، تارغاق بىلەن تارىلىپ چۈشكەن چاچقا ۋە ئەركەك خورمىنىڭ قوۋزاق شېخىغا قىلىپتۇ دېدى.

ئاندىن ئۇ كىشى، قەيەردە ئىكەن؟ دېسە، ئۇ: زەرۋان قۇدۇقىدا دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئى ئائىشە! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سېھىرنىڭ تەسىرىدىن خۇددى ئۇ قۇدۇقنىڭ سۈيى خېنىنىڭ لاي دۇغىدەك بولۇپ كېتىپتۇ، خورما قوۋزىقى بولسا، شەيتانلارنىڭ بېشىدەك سەتلىشىپ كېتىپتۇ. بۇخارى 5321 ـ ھەدىس، مۇسلىم 4059 ـ ھەدىس، ئەھمەد 23211 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7918 ( صحيح ) يا عائشة أما كان معكم لهو ؟ فإن الأنصار يعجبهم اللهو ( خ ) عن عائشة

7918. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ، نىكاھلانغان بىر ئايالنى ئەنسارىلاردىن بولغان شۇ ئايالنىڭ ئېرىگە جۈپلەپ قويماقچى بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئى ئائىشە،

سىلەر بىلەن بىللە لەھۋە ئويۇن، داپ، شېئىر يوقمۇ؟ چۈنكى ئەنسارىلار شۇنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇلارنى شۇ خۇرسەن قىلاتتى دېگەن . بۇخارى 4765 ـ ھەدىس، سەھىھ.

7919 ( صحيح ) يا عائشة ! إن الله خلق للجنة أهلا خلقهم لها و هم في أصلاب آبائهم و خلق للنار أهلا خلقهم لها و هم في أصلاب آبائهم ( حم م د ه ) عن عائشة

7919 . ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە! ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا جەننەتكە، جەننەت ئەھلىنى ياراتتى، ئۇلارنى جەننەتكە ئۇلار ئاتىلىرىنىڭ سۇلبىدا، پۇشتىدىكى چاغدىلا بىلىپ ياراتتى، دوۋزاخقىمۇ دوۋزاخ ئەھلىنى ياراتتى، ئۇلارنىمۇ ئۇلار ئاتىلىرىنىڭ سۇلبىدىكى چاغدىلا ئالدىن بىلىپ تۇرۇپ ياراتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ئالدىن بىلىشى ئۇلارنى يارىتىشىدىن توسمايدۇ ، ئۇلارنى بىلىپ تۇرۇپ ياراتتى، لېكىن، ئۇلار ئۆزلىرى سەۋەبچى، بۇنى ئاللاھ ئالدىن بىلەتتى ، يەنىلا بىلىپ تۇرۇپ يارىتىۋەردى، ئىرادىسى، خالىشى، ھېكمىتى شۇنداق ئىدى.

يا عائشة ! إن الله رفيق يحب الرفق في الأمر كله ( حم ق ت ه ) عن عائشة

7920 . ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە! ھەقىقەتەن ئالللاھتائالا بەك مېھرىبان ، شەپقەتلىكتۇر، ھەممە ئىشلاردا مېھرىبانلىقنى ، رەھىمدىللىكنى، مۇلايىملىقنى ياخشى كۆرىدۇ . ئەھمەد ، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7921 ( صحيح ) يا عائشة ! إن الله رفيق يحب الرفق و يعطي على الرفق ما لا يعطي على العنف و ما لا يعطي على ما سواه ( م ) عن عائشة

7921 . ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە! ھەقىقەتەن ئالللاھتائالا مېھرىبان ، شەپقەتلىكتۇر، مېھرىبانلىقنى ، رەھىم قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ ، مېھرىبانلىققا ، رەھىمدىللىككە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىگە بەرمىگەننى، قوپاللىققا، قاتتىقلىققا بەرمىگەن نەرسىلەرنى بېرىدۇ، ئىككى دۇنيالىق بېرىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

7922 ( صحيح ) يا عائشة ! إن الله لا يحب الفاحش المتفحش ( د ) عن عائشة

7922 . ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە! ھەقىقەتەن ئالللاھتائالا، پاھىشە سۆز قىلغان، ئاغزى بۇزەپ كىشىنى، پاھىشە سۆزلەشكە سەۋەب بولۇپ شۇنى تەلەپ قىلغۇچىنى، پاھىشۋازلىقنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئەبۇ داۋۇت توپلىغان، سەھىھ.

7923 ( صحيح ) يا عائشة إن شرار الناس الذين يكرمون اتقاء شرهم ( د ) عن عائشة

7923 . ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە! ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرى بولسا، يامانلىقىدىن قورقۇلۇپ ھۆرمەتلىنىدىغانلاردۇر، كىشىلەرنىڭ يامانلىقىدىن قورقۇپ، ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلەردۇر. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

7924 ( صحيح ) يا عائشة إن عيني تنامان و لا ينام قلبي ( خ ن ) عن عائشة

7924 . ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق

دېگەن: ئى ئائىشە! ھەقىقەتەن مېنىڭ ئىككى كۆزۈم ئۇخلايدۇ، قەلبىم ئۇخلىمايدۇ. بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

7925 ( صحيح ) يا عائشة ! إن من شر الناس من تركه الناس اتقاء فحشه ( ت ) عن عائشة

7925. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە! ھەقىقەتەن كىشىلەر يامانلىقىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ يامانلىق قىلىشىدىن ھەزەر قىلىپ تەرك ئەتكەن، تاشلىۋەتكەن كىشى ئەڭ يامان كىشىدۇر. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يا عائشة ! حولي هذا فإني كلما دخلت فرأيته ذكرت الدنيا ( حم ن ) عن عائشة

7926. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆيىنىڭ قىبلە تەرىپىدە قۇشنىڭ سۈرىتى بار پەردە بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئى ئائىشە، بۇنى ئېلىپ يىراققا تاشلىۋەتكىن، ھەقىقەتەن مەن ھەر قېتىم كىرىپ بۇنى كۆرسەم بۇ دۇنيانى ئەسلەپ قالىدىكەنمەن دېگەن . (باشقا خاتىرىدە، سۈرەت بار ئۆيگە پەرىشتە كىرمەيدۇ، سۈرەت سىزغۇچى قاتتىق ئازابلىنىدۇ) دېگەن . مۇسلىم 3934 ـ ھەدىس، نەسەئى 5258 ـ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

7927 ( صحيح ) يا عائشة ! عليك بتقوى الله و الرفق فإن الرفق لم يكن في شيء قط إلا زانه و لا نزع من شيء قط إلا شانه ( حم د ) عن عائشة

7927. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە! ئاللاھدىن قورقۇپ تەقۋالىق قىلىشنى لازىم تۇت، مېھرىبانلىقنى لازىم تۇت، چۈنكى، ھەر قانداق نەرسىدە مېھرىبانلىق ، رەھىم ـ شەپقەت قىلىش بولسا، ئۇ نەرسىنى زىننەتلىك، گۈزەل قىلىۋېتىدۇ، ھەر قانداق نەرسىدىن ئۇ تارتىپ ئېلىۋېلىنسا، ئۇنى قەبىھ سەت قىلىۋېتىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

يا عائشة ! لولا أن قومك حديثو عهد بجاهلية لأمرت بالبيت فهدم فأدخلت فيه ما أخرج منه و ألزقته بالأرض و جعلت له بابين: باب شرقيا و باب غربيا فبلغت به أساس إبراهيم ( ق ن ) عن عائشة

7928. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە! ئەگەر قەۋمىڭنىڭ زامانى جاھالىيەتكە يېقىن، ئىسلامى يېڭى بولمىغان بولسا، مەن بەيتۇللاھنى چېقىشقا بۇيرۇيتتىم، ئۇنىڭغا ئۇنىڭدىن چىقىرىۋېتىلگەن جايىنى كىرگۈزەتتىم، ئۇنى پەس قىلىپ زېمىنغا ئۇلىنى چاپلاپ سالاتتىم، شەرققە بىر ئىشىك، غەربكە بىر ئىشىك، ئىككى ئىشىك قوياتتىم، ئۇنى ئىبراھىمنىڭ ئاساس سالغان ئۇلىغا يەتكۈزەتتىم. بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

يا عائشة ! ما أزال أجد ألم الطعام الذي أكلت بخيبر فهذا أوان وجدت انقطاع أبهري من ذلك السم ( خ ) عن عائشة

7929. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە! مەن تا ھازىرغىچە خەيبەردە يېگەن تاماقنىڭ يەنى زەھەر سېلىنغان قوي گۆشىنىڭ ئەلىمىنى، زەھەر تەسىرىنى ھېس قىلىپ كېلىۋاتىمەن، مانا ھازىر،بۇ شۇ زەھەرنىڭ تەسىرىدىن مېنىڭ جان تومۇرۇمنىڭ ئۈزۈلۈش ۋاقتى ، يەنى جان ئۈزۈش ۋاقتىمدۇر . بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

7930 ( صحيح ) يا عائشة ! ما يؤمني أن يكون فيه عذاب ؟ قد عذب قوم بالريح و قد رأى قوم العذاب فقالوا: ( هذا عارض ممطرنا )

( م ) عن عائشة

7930 . ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شامالنى كۆرۈپ، غەم قىلىپ، ئى ئائىشە! ئۇ شامالدا ئازاب بولۇپ قېلىشىدىن مېنى نىمە خاتىرجەم قىلىدۇ؟ ھەقىقەتەن نۇرغۇن قەۋملەر شامال بىلەن ئازاب قىلىنىپ ھالاك قىلىنغان، ئۇ قەۋملەر ئازاب بار شامالنى كۆرۈپ، مانا بۇ بىزگە يامغۇر ياغدۇرىدىغان بۇلۇتتۇر دەپ قالدى، كېيىن ئۇلار ھالاك قىلىندى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

7931 ( صحيح ) يا عائشة ! متى عهدتني فحاشا ؟ إن شر الناس عند الله منزلة يوم القيامة من تركه الناس اتقاء شره ( حم ق ) عن عائشة

7931 . ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە! سەن مېنىڭ قاچان پاھىشە سۆز قىلغىنىمنى، ئاغزىم بەزەپلىك قىلغىنىمنى بىلگەن، شۇنداق بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ باققانمۇ؟ ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەنزىل جەھەتتىن كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامانراقى كىشىلەر ئۇنىڭ يامانلىق قىلىشىدىن ئەنسىرەپ تەرك ئەتكەن قورقۇپ تاشلىۋەتكەن كىشىدۇر. (شۇڭا مەن ئۇ كىشىگە خۇشچىراي بولدۇم). ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسدىن يامان كىشىلەرگىمۇ ياخشى ئەخلاقتا، مۇلايىم، مېھرىبان بولۇش چىقىدۇ، لېكىن، دۈشمەنلەرگە ئەمەس.

7932 ( صحيح ) يا عائشة ! لا تحصي فيحصي الله عليك ( حم د ) عن عائشة

7932 . ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە! سەن ھېسابلاپ، ساقلاپ قالما، ساڭىمۇ ئاللاھ ھېسابلاپ ساقلاپ قالىدۇ، (سېخىيلىق بىلەن سەدىقە قىل، ساڭىمۇ بېرىلىدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

7933 ( صحيح ) يا عائشة ! لا تكوني فاحشة ( م ) عن عائشة

7933 . ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئائىشە! سەن ھەرگىز پاھىشە سۆزلەيدىغان ئاغزى بەزەپ بولمىغىن. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

يا عباد الله تداووا فإن الله لم يضع داء إلا وضع له دواء غير داء واحد: الهرم ( حم 4 حب ك ) عن أسامة

7934 . ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! كېسەل بولساڭلار، داۋالىنىڭلار، چۈنكى، ئاللاھتائالا بىر كېسەلنى قويسا، ئۇنىڭ داۋاسىنىمۇ بىللە قويغاندۇر، لېكىن، قېرىلىقدىن ئىبارەت بۇ كېسەلگە داۋا يوقتۇر. ئەھمەد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

7935 ( صحيح ) يا عباد الله ! وضع الله الحرج إلا من اقترض عرض امرئ مسلم ظلما فذلك الذي حرج و هلك ( حم خد ن ه حب ك ) عن أسامة بن شريك

7935 . ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئاللاھتائالا قىيىنچىلىق، ھەرەجنى ئېلىپ تاشلىغان، لېكىن بىر كىشى مۇسۇلمان كىشىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆكۈشنى، مال ـ مۈلۈكىنى زۇلۇم قىلىپ تەلەپ قىلسا، ئېلىۋالسا، ئەنە شۇ كىشى ئۆزىنى قىيىنچىلىق، ھەرەجگە تاشلايدۇ، ھالاك بولۇپ كېتىدۇ، گۇناھكار بولىدۇ. ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ھەببان، ئىبنى ماجە، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

يا عباس ! ألا تعجب من حب مغيث بريرة و من بغض بريرة مغيثا ؟ ( خ د ن ه ) عن ابن عباس

7936. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئابباس! سەن مۇغىيسنىڭ بەرىيرىگە بولغان مۇھەببىتىدىن، بەرىيرىنىڭ بولسا، مۇغىيسقا بولغا ئۆچمەنلىكىدىن ھەيران قالمىدىڭمۇ؟ (بۇ ھەدىسنى بەرىير ئازاد قىلىنىپ، ئىختىيارلىق بېرىلگەندە قۇل ئېرىنى تاللىمىغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەلەپ قىلسىمۇ ئېرىنى تاللىمىغان، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېرى تولا يىغلاپ، ياشلىرى ساقاللىرىدىن ئېقىپ كەتكەندە، دېگەن ئىدى.) بۇخارى نىكاھدا، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ سۆزدىن بۇ دۇنيادا بىرسى ـ بىرسىنى ياخشى كۆرسە، ئاشىق بولسا ئۇ مەشۇق، ئاشىقنى ياخشى كۆرۈشى ناتايىن، تەس ئىكەن، چۈنكى، مۇھەببەت بىر ئاللاھنىلا ياخشى كۆرۈش ئۈچۈن قويۇلغان ئىكەن، بولۇپمۇ مەڭگۈلۈك ئاخىرەتنى ياخشى كۆرۈپ بارلىق مۇھەببىتىنى شۇنىڭغا بېغىشلاش ئىكەن، ئاللاھ ئاخىرەتكە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىكەن، قەلبلا بولىدىكەن، مۇھەببەت مەۋجۇت، مۇھەببەت، ئاللاھ تەرەپتىن بولىدۇ، ئۆچ كۆرۈپ، يامان كۆرۈش شەيتاندىن، ئۇلار ئاللاھنى، ئاللاھ ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغان مۇھەببەت ھەممىدىن ئۈستۈن، ئۇلار بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرىدۇ ، ھەم مەھبۇب.

7937 ( صحيح ) (حسن عندبعض)(ضعيف عند بعض) يا عباس ! يا عماه ! ألا أعطيك ؟ ألا أمنحك ألا أحبوك ؟ ألا أفعل بك عشر خ صال إذا أنت فعلت ذلك غفر الله ذنبك أوله و آخره قديمه و حديثه خطأه و عمده صغيره و كبيره سره و علانيته ؟ عشر خصال: أن تصلي أرب ع ركعات تقرأ في كل ركعة فاتحة الكتاب و سورة فإذا فرغت من القراءة في أول ركعة و أنت قائم قلت: سبحان الله و الحمد لله و لا إله إلا ا لله و الله أكبر خمس عشرة مرة ثم تركع فتقولها و أنت راكع عشرا ثم ترفع رأسك من الركوع فتقولها عشرا ثم تهوي ساجدا فتقولها و أنت ساج د عشرا ثم ترفع رأسك من السجود فتقولها عشرا ثم تسجد فتقولها عشرا ثم ترفع رأسك فتقولها عشرا فذلك خمس و سبعون في كل ركعة تفعل ذلك في أربع ركعات فلو كانت ذنوبك مثل زبد البحر أو رمل عالج غفرها الله لك إن استطعت أن تصليها في كل يوم مرة فافعل فإن لم تفعل فف ي كل جمعة مرة فإن لم تفعل ففي كل شهر مرة فإن لم تفعل ففي كل سنة مرة فإن لم تفعل ففي عمرك مرة ( د ن ت ه ابن خزيمة ك ) عن ابن عبا س

7937. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى تاغام ئابباس! مەن ساڭا ئېسىل سوۋغا بەرمەيمۇ، ساڭا سىيلە ـ رەھىم قىلىپ، مەنپەئەت يەتكۈزمەيمۇ؟ سېنى ئون خىسلەت ئىشنى قىلدۇرمايدۇ؟ ئەگەر سەن شۇ ئىشنى قىلساڭ، ئاللاھتائالا، ئەۋۋەل ـ ئاخىر، كونا ـ يېڭى، قەستەن قىلغان ياكى خاتا قىلغان كىچىك ـ چوڭ، ئاشكارا ـ يوشۇرۇن بارلىق گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ، ئۇ ئون دېگەن سان بار خىسلەتلىك ئىش بولسا، سېنىڭ مۇنۇ تۆت رەكەت نامازنى ئوقۇشىڭدۇر، ھەربىر رەكەتتە سۈرە فاتىھە بىلەن يەنە بىر سۈرە ئوقۇپ، قىرائەتتىن پارىغ بولغاندا، قىيامدا تۇرۇپ، «سۇبھانالLAھ ۋەلھەمدۇلىللاھى ۋەلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەننى 15 قېتىم دېيسەن، ئاندىن رۇكۇ قىلىپ تۇرۇپ، 10، رۇكۇدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ 10، ئاندىن سەجدە قىلىپ 10، سەجدىدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ 10، ئاندىن يەنە سەجدە قىلىپ 10، ئاندىن سەجدىدىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ 10 قېتىم دېيسەن، ئەنە شۇ ھەربىر رەكەتتە 75 بولىدۇ، ئۇنى تۆتلى رەكەتتە قىلسەن، جەمئىي 300 تەسبىھ بولىدۇ، ئەگەر سەن بۇ نامازنى ئوقۇساڭ، سېنىڭ گۇناھلىرىڭ، گەرچە دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ ياكى ئېگىز دۆڭنىڭ قۇملىرىدەك كۆپ بولسىمۇ ئاللاھ چوقۇم مەغپىرەت قىلىۋېتىدۇ، سەن بۇ نامازنى ھەر

كۆنى ئوقۇشقا قادىر بولساڭ، شۇنداق قىل، ئەگەر قىلالمىساڭ ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئوقۇ، ئەگەر ئۇنىمۇ قىلالمىساڭ، ھەر ئايدا قىل، ئەگەر ئۇنىمۇ قىلىشقا قادىر بولالمىساڭ، ھەر يىلدا بىر قېتىم ئوقۇغىن، ئەگەر ئۇنىمۇ قىلالمىساڭ، ئۆمرۈڭ ئىچىدە بىر قېتىم ئوقۇغىن. تىرمىزى 444 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1376 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1105 ـ ھەدىس، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى خۇزەيمەلەر توپلىغان، سەھىھ. بەزى ئالىملار بۇ ھەدىس يالغان دېگەن . بەزى ئالىملار جۈملىدىن ئەلبانىيمۇ مىشكاتتا زەئىپ دېگەن . مىشكاتنىڭ 1328 ـ ھەدىسى، مەنمۇ بۇنى مىشكاتنىڭ زەئىپ ھەدىسلەر قاتارىدا 253 ـ ھەدىستە، 124 ـ بەتتە زەئىپ دەپ يازغان، بەزى ئالىملار ھەسەن دېگەن . يالغان ھەدىسلەر توپلىمى دېگەن كىتابنى يازغان ئىمام مۇھەممەد تاھىر، مۆتىدىل، ئوتتۇرھال سۆز شۇكى، بۇ ھەدىس زەئىپ دېگەن ، ئەلبانى بۇ كىتابدا سەھىھ دەپتۇ، بەلكىم بۇ ھۆكۈمدىن يېنىپ، مىشكاتتا زەئىپ دېگەن بولۇشى مۇمكىن. ئاللاھ ئالىم.

يا عباس ! يا عم رسول الله ! سل الله العافية في الدنيا و الآخرة ( حم ت ) عن العباس

7938. ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ تاغىسى ئاببباس! سەن ئاللاھدىن، دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك ساق ـ سالامەتلىكنى، تىنچلىقنى ، ئەپۇ قىلىشنى سورىغىن. ئەھمەد ، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

7939. بۇ ھەدىس تۆۋەندىككە ئوخشاش.

**7940** ( صحيح ) يا عبد الرحمن ! أردف أختك عائشة فأعمرها من التنعيم فإذا هبطت بها من الأكمة فلتحرم فإنها عمرة متقبلة( حم د ك ) عن عبدالرحمن بن أبي بكر

7940. ئابدۇرەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئابدۇرەھمان! سەن ھەمشىرەڭ ئائىشەنى مىندۈرۈپ، تەنئىيم دېگەن جايدىن باشلاپ ئۆمرە ھەج قىلدۇرغىن، ئۇ ئەكمە دېگەن جايغا چۈشكەندە ئۇنى ئېھرام باغلاشقا بۇيرىغىن، ھەققەتەن ئۇ قوبۇل بولىدىغان ئۆمرە ھەجدۇر. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

يا عبد الرحمن بن سمرة ! لا تسأل الإمارة فإنك إن أوتيتها عن مسألة وكلت إليها و إن أوتيتها عن غير مسألة أعنت عليها و إذا حلفت على يمين فرأيت غيرها خيرا منها فكفرعن يمينك و ائت الذي هو خير(حم ق3 ) عن عبدالرحمن

7941. ئابدۇرەھمان ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئابدۇرەھمان! سەن ئەمىر، باشلىق بولۇشنى سورىما، ئەگەر ئەمىرلىك ساڭا، سەن ئۇنى سورىغانلىقتىن بېرىلسە، سەن ئۇنىڭغا ۋەكىل قىلىنىپ تاشلاپ قويۇلىسەن، ئەگەر ئۇ ساڭا سورىماستىن بېرىلسە، ساڭا ياردەم بېرىلىدۇ، سەن بىر قەسەمنى قىلىپ قەسەم قىلغان ئىشىڭدىن باشقىسىنى ياخشى دەپ قارىساڭ، قەسىمىڭگە كاپارەت بېرىۋېتىپ، شۇ ياخشى ئىشنى قىلىۋەرگىن. ئەھمەد ، بەيھەقى ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

يا عبد الله ! ألم أخبر أنك تصوم النهار و تقوم الليل ؟ فلا تفعل فإنك إذا فعلت ذلك هجمت عينك و نفهت نفسك فصم و أفطر و قم و نم فإن لجسدك عليك حقا و إن لعينيك عليك حقا و إن لزوجك عليك حقا و إن بحسبك أن تصوم من كل شهر ثلاثة أيام فإن لك بكل حسنة عشر أمثالها فإذن ذلك صيام الدهر كله ; قال: إني أجد قوة قال: فصم صيام نبي الله داود و لا تزد عليه نصف الدهر ( حم ق ن ) عن ابن عمرو

7942. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئابدۇللاھ! مەن ساڭا كۈندۈزى روزا تۇتقاندەك كېچىسى قىيامدا تۇرغاندەك بولۇشۇڭنى خەۋەر قىلىپ دەپ بەرمەيدۇ؟ سەن ھازىرقىدەك قىلما ئۇنداق قىلساڭ،كۆزۈڭ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ، ئۆزۈڭ قىينىلىپ مۇشەققەتتە قالىسەن، روزىمۇ تۇت، ھەم يېگىن، قىيامدىمۇ تۇر ھەم ئۇخلىغىن، ھەقىقەتەن ئۈستۈڭدە جەسىدىڭنىڭ ھەققى، ئىككى كۆزۈڭنىڭ ھەققى بار، ئۈستۈڭدە ئايالىڭنىڭمۇ ھەققى بار، ھەر ئايدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتساڭ ساڭا كۇپايە بولىدۇ، ھەقىقەتەن ساڭا ھەر بىر ياخشىلىقتا ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ياخشىلىق بېرىلىدۇ، ئۇنداقتا ئايدا ئۈچ كۈن روزا پۈتۈن زامان روزا تۇتقاندەك بولىدۇ، ئۇ مەن كۈچ ـ قۇۋۋەت تاپالايمەن، مەن قادىر دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنداق بولسا سەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇدنىڭ روزىسىدەك روزا تۇت، يەنى بىر كۈن تۇتۇپ، بىر كۈن يەيسەن، بۇ زاماننىڭ يېرىمىدا روزا تۇتۇپ چىقىشتۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە زىيادە، ئارتۇق قىلما دېدى. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئىيلار توپلىغان، سەھىھ.

يا عبد الله إن يدخلك الله الجنة كان لك هذا و ما اشتهت نفسك و لذت عينك ( حم ت ) عن بريدة

7943. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئابدۇللاھ! ئەگەر سېنى ئاللاھ جەننەتكە كىرگۈزسە بۇ سەن ئارزۇ قىلغان نەرسە بولىدۇ ۋە نەپسىڭ ئىشتىھا قىلغان، كۆزۈڭ لەززەت ئالغان نەرسىلەر بېرىلىدۇ، خالىغىنىڭ بار. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يا عبد الله بن قيس ! ألا أدلك على كلمة هي كنز من كنوز الجنة ؟: لا حول و لا قوة إلا بالله ( حم ق 4)أبي موسى

7944. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئابدۇللاھ ئىبنى قەيس! مەن ساڭا جەننەت كاڭلىرىدىن بىر كاڭ بولغان كەلىمىنى كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ لا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى دېيىشتۇر . ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

يا عبد الله ! لا تكن مثل فلان كان يقوم من الليل فترك قيام الليل ( حم ق ن ه ) عن ابن عمرو

7945. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئابدۇللاھ! سەن كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ، ئاندىن قىيامدا تۇرۇشنى تەرك ئەتكەن پالانىدەك بولمىغىن، يەنى ئاز بولسىمۇ دائىم تۇرغىن. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

يا عثمان ! أرغبت عن سنتي ؟ ! فإني أنام و أصلي و أصوم و أفطر و أنكح النساء فاتق الله يا عثمان ! فإن لأهلك عليك حقا و إن لضيفك عليك حقا و إن لنفسك عليك حقا فصم و أفطر و صل و نم ( د ) عن عائشة

7946. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئوسمان! سەن مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرەمە، نامازمۇ ئوقۇيمەن، روزا تۇتىمەن، ھەم يەيمەن، ئاياللارنى نىكاھلاپ ئالىمەن، ئى ئوسمان! ئاللاھدىن قورققىن، ھەقىقەتەن سېنىڭ ئۈستۈڭدە ئەھلىڭنىڭ، ئاياللىڭنىڭ ھەققى بار، مېھمانلىرىڭنىڭ ھەققى بار، ئۆز نەپسىڭنىمۇ ھەققى بار، روزىمۇ تۇت، ھەم يېگىن، نامازمۇ ئوقۇ، ھەم ئۇخلا. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

يا عثمان ! إن الله مقمصك قميصا فإن أرادك المنافقون على خلعه فلا تخلعه حتى تلقاني ( حم ت ه ك ) عن عائشة

7947. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئوسمان! ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ساڭا بىر كۆڭلەكنى كىيدۈرىدۇ، يەنى خەلىپە قىلىدۇ، ئەگەر مۇناپىقلار سەندىن ئۇ كۆڭلەكنى سالدۇرۇۋېلىشنى ئىرادە قىلسا، سەن ماڭا ئۇچراشقانغا قەدەر يەنى ئۆلمىگىچە ئۇنى سېلىپ بەرمە، يەنى خەلىپىلىكنى بەرمە. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

يا عقبة ؟ ألا أعلمك خير سورتين قرئتا ؟ ( قل أعوذ برب الفلق و ( قل أعوذ برب الناس ) يا عقبة ! اقرأ بهما كلما نمت و قمت ما سأل سائل و لا استعاذ مستعيذ بمثلهما ) ( حم ن ك ) عن عقبة

7948. ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئۇقبە! مەن ساڭا ئوقۇلىۋاتقان ئەڭ ياخشى ئىككى سۈرىنى ئۆگىتىپ قويمايمۇ؟ قۇل ئەئۇزۇبىرەببىلفەلەق بىلەن قۇل ئەئۇزۇبىرەببىنناستۇر، ئى ئۇقبە! سەن بۇ ئىككى سۈرىنى ھەر قاچان ئۇخلىساڭ، تۇرساڭ ئوقۇغىن، چۈنكى، ھەر قانداق سورىغۇچى ۋە پاناھ تىلىگۈچى بۇ ئىككى سۈرىنىڭ ئوخشىشىدەك نەرسە بىلەن سورىيالمايدۇ، ھەم پاناھ تىلىيەلمەيدۇ، يەنى ئەۋزە. ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

7949. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

يا عقبة ! ( قل هو الله أحد و ( قل أعوذ برب الفلق )و( قل أعوذ برب الناس ) ما تعوذ بمثلهن أحد )( ن)عن عقبة

7950. ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئۇقبە! قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەدنى، سۈرە ئىخلاس، سۈرە فەلەق، سۈرە ناسقا كەلسەك، سەن بۇلارنى دائىم ئوقۇغىن، چۈنكى، ھېچ كىشى بۇلارنىڭ ئوخشىشى بىلەن پاناھ تىلىيەلمەيدۇ، بۇلار مىسلىسىزدۇر. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

يا علي ! أما ترضى أن تكون مني بمنزلة هارون من موسى ؟ إلا أنه ليس بعدي نبي ( حم ق ت ه ) عن سعد

7951. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەلى! سەن ماڭا نىسبەتەن خۇددى مۇساغا نىسبەتەن ھارۇننىڭ ئورنىدا بولۇشۇڭغا رازى بولمامسەن؟ لېكىن، شەك ـ شۈبھىسىز مەندىن كېيىن پەيغەمبەر يوقتۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

يا علي ! سل الله الهدى و السداد و اذكر بالهدى هدايتك الطريق و بالسداد تسديدك السهم ( حم ن ك ) عن علي

7952. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەلى! سەن ئاللاھدىن ھىدايەتنى، توغرا يولنى، ئوتتۇرھال، نورمال ئەمەل قىلىشنى سورىغىن، ھىدايەت بىلەن سېنىڭ توغرا يولدا ھىدايەت تېپىپ، ئازماي مېڭىشىڭنى ئەسلىگىن، سىداد بىلەن سېنىڭ ياچاق ئوقىنى تۈزلىشىڭنى ئەسلىگىن، يەنى ئەنە شۇنداق تۈز، نورمال يول تۇتۇپ، ئوتتۇرھال ئەمەل قىل. ئەھمەد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

يا علي ! لا تتبع النظرة النظرة فإن لك الأولى و ليست لك الآخرة ( حم د ت ك ) عن بريدة

7953. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

www.uyghurkitap.com

مۇنداق دېگەن: ئى ئەلى! ئاياللارغا تۈنجى قېتىم قاراپ سېلىشقا يەنە بىر قاراشنى ئەگەشتۈرمە، چۈنكى، ساڭا تۈنجى قاراپ سېلىشتا گۇناھ يوق، يەنە بىر قېتىم قارىشىڭ بولۇپمۇ ئارقاڭغا بۇرۇلۇپ قارىشىڭ دۇرۇس ئەمەس. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**7954** ( حسن ) يا علي ! لا تقع إقعاء الكلب ( ه ) عن علي

7954. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئى ئەلى! سەن خۇددى ئىت زوڭ ئولتۇرغاندەك زوڭ ئولتۇرمىغىن. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

7955. بۇ ھەدىس 7937 ـ ھەدىسكە ئوخشاش بولۇپ، مەزمۇنى تەسبىھ نامىزى 300 تەسبىھ ئوقۇلىدىغان ناماز. ئەلبانى بۇ ھەدىسنى مىشكاتنىڭ تەھقىقىدە زەئىپ دېگەن ئىدى. بىز بۇ توغرىسىدا يۇقىرىدا توختالدۇق. تىرمىزى بۇ ھەدىس غەرىب دېگەن . ئەبۇ داۋۇد، مەۋقۇف يەنى بۇ ساھابە سۆزى دېگەننى يازغان، مەن بۇ ھەدىسنى توققۇز كىتاب پىلاستىنكىسىدىن تەكشۈرسەم زەئىپ ئىكەن، چۈنكى، بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيسىدا مۇسا ئىبنى ئۇبەيدە دېگەن راۋى بولۇپ، ئىبنى سەئىدى بۇ كىشىنى ھۆججەت ئەمەس دېگەن . ئەھمەد ئىبنى ھەمبەل: ئۇنىڭدىن رىۋايەت قىلىش ھالال ئەمەس دېگەن .

يەھيا ئىبنى مەئىين: زەئىپ دېگەن ، ئەلى ئىبنى مەيدەنى: ئۇ كىشى زەئىپ، ھەدىسى مۇنكەر دېگەن ، ئەبۇ ھاتەم ئۇنىڭ ھەدىسى مۇنكەر دېگەن ، يەنە بىر راۋىيسى نامەلۇم ئىكەن، ئىبنى ماجەنىڭ ھەدىسىمۇ مۇشۇ ھۆكۈمدە بولۇپ، مۇشۇ راۋى بار ئىكەن. ئەبۇ داۋۇدتىكى 1105 ـ ھەدىسىدىكى مۇسا ئىبنى ئابدۇلئەزىزنى ئەلى ئىبنى مەيدەنى: زەئىپ دېگەن . ئىبنى ھەببان خاتالىشىدۇ دېگەن . سۇلەيمانى: ھەدىسى مۇنكەر دېگەن ، خۇلاسە، بۇ ھەدىس زەئىپ ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلبانى مىشكاتتا زەئىپ دېگەن .

يا عوف ! احفظ خلالا ستا بين يدي الساعة إحداهن موتي ثم فتح بيت المقدس ثم داء يظهر فيكم يستشهد الله به ذراريكم و أنفسكم و يزكي به أموالكم ثم تكون الأموال فيكم حتى يعطى الرجل مائة دينار فيظل ساخطا و فتنة تكون بينكم لا يبقى بيت مسلم إلا دخلته ثم يكون بينكم و بين بني الأصفر هدنة فيغدرون فيسيرون إليكم في ثمانين غاية تحت كل غاية اثني عشر ألفا ( ه ك ) عن عوف بن مالك الأشجعي

7956. ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەۋف! سەن قىيامەت ئالدىدا يۈز بېرىدىغان ئالتە خىسلەت ئىشنى ساناپ يادىلىۋال، ئۇلارنىڭ بىرى زور كۆلەملىك ئۆلۈم ۋەقەسى، ئاندىن بەيتۇلمۇقەددەس ئىشغال قىلىنىدۇ، ئاندىن ئاراڭلاردا بىر خىل كېسەللىك ئاشكارا بولىدۇ، ئاللاھتائالا بۇ كېسەل سەۋەبلىك باللىرىڭلارنى، سىلەرنى شېھىد قىلىدۇ، ماللىرىڭلارنى پاكلايدۇ، ئاندىن ئاراڭلاردا مال ـ مۈلۈك كۆپىيىپ كېتىدۇ، ھەتتا بىر كىشىگە 100 دىنار ئالتۇن يەنى 30000 يۈەن پۇل بېرىلسىمۇ ئۇ يەنىلا ئاچچىقلاپ كايىيدۇ، ئاندىن ئاراڭلاردا پىتنە ـ پاسات بولىدۇ، بۇ پىتنە، مۇسۇلمانلىڭ ئۆيىي قالماي كىرىۋالىدۇ، ئاندىن سىلەر بىلەن سېرىق تەنلىك رۇملۇقلار ئارىسىدا كېلىشىم، سۈلھى بولىدۇ، ئۇلار خىيانەت قىلىپ سىلەرگە قارشى 80 بايراق ئاستىدا قوشۇن تارتىپ باستۇرۇپ كېلىدۇ، ھەربىر بايراق ئاستىدا 12000 قوشۇن بار، (يەنى جەمئىي 960000 كىشىلىك قوشۇن بولىدۇ). ئىبنى ماجە، ھاكىم قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

يا غلام ! إني أعلمك كلمات احفظ الله يحفظك احفظ الله تجده تجاهك إذا سألت فاسأل الله و إذا استعنت فاستعن بالله و اعلم أن الأمة لو اجتمعت على أن ينفعوك بشيء لم ينفعوك إلا بشيء قد كتبه الله لك و لو اجتمعوا على أن يضروك بشيء لم يضروك بشيء إلا قد كتبه الله عليك جفت الأقلام

و رفعت الصحف ( حم ت ك ) عن ابن عباس

7957. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى غۇلام! ھەقىقەتەن مەن ساڭا بىر نەچچە كەلىمە سۆزنى ئۆگىتىپ قوياي، سەن دائىم قەلبىڭدە ئاللاھنى ئەسلەپ، ساقلاپ تۇر، سېنىمۇ ئاللاھ ساقلايدۇ، ئاللاھنى ئەسلىسەڭ ئۇنى ئالدىڭدىلا تاپىسەن، سورىساڭ بىر ئاللاھتىنلا سورىغىن، ياردەمنىمۇ بىر ئاللاھتىنلا سورىغىن، بىلگىنكى، بارلىق ئۈممەت ساڭا بىرەر نەرسىنى مەنپەئەت يەتكۈزمەكچى بولۇپ توپلاشسا، ئۇلار پەقەت سەن ئۈچۈن ئاللاھ پۈتكەننى مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدۇ، باشقىنى يەتكۈزەلمەيدۇ، ئەگەر ئۇلار ساڭا زەرەر يەتكۈزمەكچى بولۇپ، بىرلەشسىمۇ ساڭا ھېچ نەرسىنى زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ، پەقەت ئاللاھ ساڭا پۈتكەننى يەتكۈزەلەيدۇ. تەقدىرنى يازغان قەلەم قۇرۇپ بولدى، سوھۇف دەپتەرلەر كۆتۈرۈلۈپ بولدى. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

7958 ( صحيح ) يا غلام ! سم الله و كل بيمينك و كل مما يليك ( ق ه ) عن عمر بن أبي سلمة

7958. ئۆمەر ئىبنى ئەبۇ سەلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى غۇلام! بىسمىللاھ دېگىن ، ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن، ئالدىڭدىن يېگىن. بەيھەقى، ئىبنى ماجە، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

7959 ( صحيح ) يا غلام ! هذا أبوك و هذه أمك فخذ بيد أيهما شئت ( ن ه ك ) عن أبي هرير

7959. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بالىسىنى تالاشقان ئەر ـ ئاياللارغا مۇنداق ھۆكۈم قىلغان، ئى غۇلام! ئى بالام! بۇ سېنىڭ داداڭ، مانا بۇ سېنىڭ ئاناڭ، بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىنى خالىساڭ شۇنىڭ قولىنى تۇتقىن، بالا ئانىنى تۇتتى، ئانىسىغا قالدى. نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

7960 ( صحيح ) يا فاطمة ! احلقي رأسه و تصدقي بزنة شعره فضة ( ت ك ) عن علي

7960. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەسەن رەز تۇغۇلغاندا ئى فاتىمە! ئۇنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈۋەتكىن، چېچىنىڭ ۋەزنىدە، ئېغىرلىقىدا كۈمۈش پۇل سەدىقە قىلغىن دېگەن . تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

7961 ( صحيح ) يا فاطمة ! ألا ترضين أن تكوني سيدة نساء المؤمنين ( ق ) عن فاطمة

7961. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى فاتىمە! سەن مۆئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىنىڭ سەييىدى، خوجىسى بولۇشۇڭغا رازى بولماسمەن؟ يەنى جەننەتتە. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

يا فاطمة ! أيسرك أن يقول الناس فاطمة بنت محمد في يدها سلسلة من نار ؟ ! ( حم ن ك ) عن ثوبان

7962. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، فاتىمەنىڭ قولىدا ئالتۇن بىلەيزۈك، ئۈزۈكنى كۆرۈپ، ئى فاتىمە! كىشىلەرنىڭ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى فاتىمەنىڭ قولىدا ئوتتىن بىلەيزۈك بار ئىكەن دېيىشى سېنى خۇرسەن قىلامدۇ؟ دەپ ئۆيدە ئولتۇرماي چىقىپ كەتتى، ئاندىن ئۇ: بۇ ئالتۇنلارنى بازارغا ئەۋەتىپ سېتىپ پۇلىغا بىر قۇل سېتىۋالدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى ئاڭلاپ: فاتىمەنى دوزاخدىن قۇتقۇزغان ئاللاھقا شۈكرى

دېدى، ئەسلى، ئۇ بىلەيزۇك رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرگەندە ھۇبەيرەتنىڭ قىزىنىڭ قولىدا ئىدى، ئۇنى ئەبۇلھەسەن فاتىمەگە ھەدىيە قىلغان ئىدى. نەسەئى 5050 ـ ھەدىس، ئەھمەد 21364 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

(ئىمام سۈيۈتى :ئايالالارنى ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن توسقان ھەدىس ،مەنسۇخ،كۈچكە ئىگە ئەمەس ،كۈچكە ئىگە ھەدىس بولسا:«ئالتۇن ـكۈمۈش،يىپەك ئۈممىتىمنىڭ ئەرلىرىگە ھارام قىلىندى،ئايالىرىغا ھالال قىلىندى،دېگىنىدۇر ».شۇنداقلا مۇشۇ ھۆكۈمگە،مۇسۇلمانلار ئالىملار، ئىجمائىغا كەلگەن.دېدى )

**7963 ( صحيح ) يا فلان ! أيما كان أحب إليك أن تمتع به عمرك ؟ أو لا تأتي غدا إلى باب من أبواب الجنة إلا وجدته قد سبقك إليه يفتحه لك ؟ ( ن ) عن قرة بن إياس**

7963. قۇررەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن بىر ساھابىگە ئى پالانى! ساڭا زادى قايسى سۆيۈملۈكتۇر، سېنىڭ ئۇ بالاڭدىن ئۆمرۈڭدە پايدا ـ مەنپەئەت ئېلىشىڭ سۆيۈملۈكمۇ؟ ياكى سەن ئەتە قىيامەت كۈنى جەننەت ئىشىكلىرىدىن بىر ئىشىككە بارغىنىڭدا، بالاڭ سەندىن بۇرۇن بېرىپ، سەن ئۈچۈن جەننەت ئىشىكىنى ئېچىپ تۇرغان ھالەتتە تاپسەن، بۇ ساڭا سۆيۈملۈكمۇ؟ دېگەن ، ساھابە: ئەلۋەتتە جەننەت ئىشىكىنى ئېچىپ تۇرۇشى ماڭا سۆيۈملۈك دېدى. ئۇنداق بولسا، ساڭا شۇ بېرىلىدۇ دەپ تەسەللى بەرگەن. نەسەئى 2061 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**يا فلان ! أفلا تحسن صلاتك ! ألا ينظر المصلي إذا صلى كيف يصلي ؟ فإنما يصلي لنفسه إني و الله لأبصر من ورائي كما أبصر من بين يدي ( م ن ) عن أبي هريرة**

7964. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى پالانى! نامىزىڭنى ياخشىراق ئوقۇماسەن؟ ناماز ئوقۇغۇچى كىشى ناماز ئوقۇغاندا ئۆزىنىڭ قانداق ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىغا قاراپ باقمامدۇ؟ يەنى، قاراپ باقسۇن، ئۆزىنى تەكشۈرسۇن، چۈنكى، ئۇ ناماز ئوقۇسا، ئۆزى ئۈچۈن ئوقۇيدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مەن ئالدىم تەرەپتىن كۆرۈپ تۇرغاندەك ئارقام تەرەپتىنمۇ كۆرۈپ تۇرىمەن. مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**يا قبيصة ! إن المسألة لا تحل إلا لأحد ثلاثة: رجل تحمل حمالة فتحل له المسألة حتى يصيبها ثم يمسك و رجل أصابته جائحة اجتاحت ماله فحلت له المسألة حتى يصيب قواما من عيش و رجل أصابته فاقة حتى يقول ثلاثة من ذوي الحجا من قومه: لقد أصاب فلانا فاقة فحلت له المسألة حتى يصيب قواما من عيش ثم يمسك فما سواهن من المسألة فسحت يأكلها صاحبها سحتا ( حم م د ن ) عن قبيصة بن المخارق**

7965. قەبىيسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى قەبىيسەت! ھەقىقەتەن سوراش يەنى سەدىقە، زاكاتنى سوراش پەقەت ئۈچ كىشىگىلا ھالال بولىدۇ، بىرى، ھامماللىق قىلغان كىشى (يەنى باشقىلارنىڭ دىيەت، خۇن، تۆلەم پۇلى، قەرزىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، زاكاتنى تۆلەپ قويغۇچى كىشى،) ئۇنىڭغا ھالال بولۇپ، ئۇ زاكاتقا يېتىپ ئۇنى ئېلىپ ساقلاپ جايىغا تەگكۈزىدۇ . ئىككىنچىسى، مال ـ مۈلۈكىنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىۋەتكەن ئاپەت يەتكەن كىشى، ئۇ كىشىگىمۇ زۆرۈر، ھاجىتىنى قاندۇرغۇدەك، كۈپايە بولغىدەك تۇرمۇشنى بەرپا قىلغۇدەك بولغىچە زاكاتنى سوراش ھالال بولىدۇ. ئۈچىنچىسى بولسا، پېقىرلىق ھاجەت چۈشۈپ قالغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ قەۋمىدىن ئەقىللىق بىلىم ئەھلىدىن ئۈچ كىشى ھەقىقەتەن پالانىغا ئاپەت، ھاجەت چۈشۈپ قالدى دەپ

گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇ كىشىگىمۇ زوْرۇر ھاجىتىنى قاندۇرغۇدەك تۇرمۇشنى بەرپا قىلغۇدەك نەرسىگە يەتكەنگە قەدەر سوراش ھالال بولىدۇ، بۇ ئۈچىدىن باشقىسىنىڭ سورىشى، ئى قەبىيسەت! ھارام بولىدۇ. ئۇنى يېگۈچى ھارامنى يېگەن بولىدۇ. مۇسلىم 1730 ـ ھەدىس، نەسەئى 2544 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1397 ـ ھەدىس، دارمى 1616 ـ ھەدىس، ئەھمەد 19691 ـ ھەدىس، سەھىھ.

يا معاذ ! أفتان أنت ؟ فلولا صليت ب ( سبح اسم ربك الأعلى ) ( و الشمس و ضحاها ) ( و الليل إذا يغشى ) فإنه يصلي وراءك الكبير و الضعيف و ذو الحاجة ) ( ق د ) عن جابر

7966. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئىمام بولۇپ سۈرە بەقەرىنى باشلىۋالغاندا، بىر كىشى نامازدىن قايتىپ كېتىدۇ، بۇ ئەھۋالنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلىپ، ئى مۇئاز! سەن كىشىلەرنى پىتنىگە تاشلاي دەمسەن؟ نېمە ئۈچۈن سۈرە ئەئلا، سۈرە شەمسى، سۈرە ۋەللەيلى بىلەن ناماز ئوقۇپ بەرمەيسەن؟ چۈنكى ئارقاڭدا يېشى چوڭ قېرىلار، ئاجىز، زەئىپ كىشىلەر، ھاجەت ئىگىلىرى ناماز ئوقۇيدۇ دېگەن . بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

يا معاذ بن جبل ! ما من أحد يشهد أن لا إله إلا الله و أني رسول الله صدقا من قلبه إلا حرمه الله على النار قال: يا رسول الله ! أفلا أخبر الناس فيستبشروا قال: إذا يتكلوا ( حم ق ) عن أنس

7967. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى مۇئاز! ھەر قانداق بىر كىشى چىن قەلبىدىن تەستىقلاپ، شەكسىز ئىشىنىپ، بىر ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئاللاھ ئۇ كىشىنى دوۋزاخقا ھارام قىلىدۇ، مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! مەن بۇ خۇش بېشارەت بىلەن كىشىلەرگە بېشارەت بەرمەيمۇ؟ ئۇلار بېشارەت ئېلىۋالسۇن دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنداق قىلساڭ ئۇلار، شۇ بېشرەتكىلا يۆلىنىۋالىدۇ، ئەمەل قىلغىلى قويغىن دېگەن . ئەھمەد، بەيھەقى ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

يا معاذ بن جبل ! هل تدري ما حق الله على عباده و ما حق العباد على الله ؟ فإن حق الله على العباد أن يعبدوه و لا يشركوا به شيئا و حق العباد على الله أن لا يعذب من لا يشرك به شيئا ( حم ق ت ه ) عن معاذ بن جبل

7968. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى مۇئاز! ئاللاھنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى نېمە؟ بەندىلەرنىڭ ئۇنىڭ بەدىلىگە ئاللاھدىن ئېرىشىدىغان مۇكاپاتى نېمە بىلەمسەن؟ ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى ئۇلارنىڭ بىر ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىشىدۇر. بەندىلەرنىڭ ئېرىشىدىغان مۇكاپاتى بولسا، ئاللاھنىڭ، ئۆزىگە ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن كىشىنى ئازابلىماسلىقىدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، ترمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**7969** ( صحيح ) يا معاذ ! و الله إني لأحبك أوصيك يا معاذ لا تدعن في دبر كل صلاة أن تقول: اللهم أعني على ذكرك و شكرك و حسن عبادتك ( حم د ن حب ك ) عن معاذ بن جبل

7969. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى مۇئاز! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن ، مەن ساڭا بىر ۋەسىيەت

قىلاي، ئى مۇئاز! ھەربىر نامازنىڭ ئارقىسىدا مۇنداق دېيىشنى ھەرگىز تەرك ئەتمىگىن، «ئاللاھۇممە ئەئىننى ئەلا زىكرىكە ۋە شۇكرىكە ۋەھۇسنى ئىبادەتىكە» تەرجىمىسى: ئى ئاللاھ! ماڭا سىلىنى ئەسلەپ، زىكرى ئېيتىشقا شۈكرى قىلىشقا، سىلىگە ئىبادەتنى ياخشى قىلىشقا ياردەم بەرسىلە دېگىن . ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ بارلىق مۇسۇلمانلارغا ۋەسىيەتتۇر.

يا معشر الأنصار ! ألم أجدكم ضلالا فهداكم الله بي و كنتم متفرقين فألفكم الله بي و كنتم عالة فأغناكم الله بي ؟ أما ترضون أن يذهب الناس بالشاة و البعير و تذهبون بالنبي إلى رحالكم ؟ لولا الهجرة لكنت امرءا من الأنصار و لو سلك الناس واديا و شعبا لسلكت وادي الأنصار و شعبها الأنصار شعار و الناس دثار إنكم ستلقون بعدي أثرة فاصبروا حتى تلقوني على الحوض ( حم ق ) عن عبدالله بن زيد بن عاصم

7970. ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەنسارىلار گۇرۇھى جامائىتى! مەن سىلەرنى زالالەتتە ئازغۇن تاپمىدىممۇ؟ ئاندىن ئاللاھ سىلەرنى مەن سەۋەبلىك ھىدايەت قىلدى، سىلەر مۇتەپەررىق ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى مەن سەۋەبلىك بىرلەشتۈردى، سىلەر پېقىر، نامرات ئىدىڭلار، ئاللاھ مەن سەۋەبلىك سىلەرنى باي قىلدى، كىشىلەر تۆگە، قويلارنى ئېلىپ كەتسە، سىلەر ئۆيگە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى مېنى ئېلىپ كەتسەڭلارمۇ يەنە رازى بولمامسىلەر؟ ھىجرەت بولمىغان بولسا مەن ئەنسارلاردىن بىر ئىنسان بولغان بولاتتىم، ئەگەر كىشىلەر يايلاق، تاغ جىلغا يوللىرىغا يول سالسا، ئەلۋەتتە مەن ئەنسارلار ماڭغان يولغا يول سالاتتىم، ئەنسارلار بولسا، ئىچ كىيىمدۇر، باشقا كىشىلەر تاشقى كىيىمدۇر، (يەنى ئەنسارلار خاس ئىچكى كىشىلىرىم) ھەقىقەتەن سىلەر مەندىن كېيىن، ھەممىسى ماڭا بولسا دەيدىغان شەخسىيەتچىلىككە ئۇچرايسىلەر، سىلەر ماڭا ھەۋزى كەۋسەر كۆلىدە ئۇچراشقانغا قەدەر سەۋرى قىلىڭلار، يەنى ئۆلگىچە سەۋرى قىلىڭلار. بۇخارى 3985 ـ ھەدىس، مۇسلىم 1758 ـ ھەدىس، ئەھمەد 15879 ـ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەلبانى دائىم بۇخارى، مۇسلىمنى تىلغا ئالمايدۇ، چۈنكى ئۇلار سەھىھ.

يا معشر الأنصار ! أمسكوا عليكم أموالكم لا تعمروها فإنه من أعمر شيئا حياته فهو له حياته و موته(ن)عن جابر

7971. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئەنسارىلار جامائىتى! مال ـ مۈلۈكىڭلارنى ئۆزۈڭلار ساقلاپ چىڭ تۇتۇڭلار، ئۇنى ئالدىراپ مەن ھاياتلا بولسامﻻ بۇنىڭدىن تەڭ پايدىلىنىمىز دەپ ئۇمرا قىلماڭلار. چۈنكى، كىم مېلىنى ئۇمرا قىلسا، ئۇ مال شۇ سۆز دېيىلىپ بېرىلگەن كىشىگە ۋە ئۇ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ۋارىسلىرىغا قالىدۇ، تاكى سۆزنى دېگۈچى ئۆلگىچە شۇنداق. چۈنكى، مەن ھايات بولساملا دېگەن . نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

7972. بۇ ھەدىس ئۈستىدىكى ھەدىسكە ئوخشاش.

يا معشر التجار ! إن الشيطان و الإثم يحضران البيع فشوبوا بيعكم بالصدقة ( ت ) عن قيس بن أبي غرز

7973. قېيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى تىجارەتچىلەر گۇرۇھى ! ھەقىقەتەن شەيتان ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەت، ئېلىم ـ سېتىم بەيئىگە ھازىر بولۇۋالىدۇ. سىلەر بەيئى سوداڭلارغا راستچىللىقنى، سەممىيلىكنى ئارىلاشتۇرۇڭلار، راستچىللىق بىلەنلا قىلىڭلار. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يا معشر التجار ! إن هذا البيع يحضره اللغو و الحلف فشوبوه بالصدقة ( حم د ن ه ك ) عن قيس

7974. قىيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى تىجارەتچىلەر جامائىتى! ھەقىقەتەن بۇ بەيئى سودىنىغا لەغۋە، قۇرۇق سۆز، يالغانچىلىق قەسەم قىلىشلار ھازىر بولىدۇ، سىلەر بەيئى سودىنى راستچىللىق، سەممىيلىك بىلەن قىلىڭلار، راستچىلىلىقنى ئارىلاشتۇرۇڭلار. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

يا معشر الشباب ! من استطاع منكم الباءة فليتزوج فإنه أغض للبصر و أحصن للفرج و من لم يستطع فعليه بالصوم فإنه له وجاء ( حم ق 4 ) عن ابن مسعود

7975. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ياشلار گۇرۇھى ! سىلەردىن كىم توي قىلىشقا قادىر بولسا توي قىلسۇن، چۈنكى ئۇ كۆزنى ھارامدىن يۇمدۇرىدۇ، ئەۋرەتنىمۇ ھارامدىن ساقلايدۇ، توي قىلىشقا قادىر بولالمىغان كىشى روزا تۇتسۇن، چۈنكى، روزا تۇتۇش، ئۇ كىشى ئۈچۈن قالقاندۇر، گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن ساقلاپ قالىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

7976 ( صحيح ) يا معشر الفقراء ! ألا أبشركم ؟ إن فقراء المؤمنين يدخلون الجنة قبل أغنيائهم بنصف يوم: خمسمائة عام ( ه ) عن ابن عمر

7976. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى پېقىرلار جامائىتى! مەن سىلەرگە خۇش بىشارەت بەرمەيمۇ؟ ھەقىقەتەن مۆئمىنلەرنىڭ پېقىر، نامراتلىرى بايلىرىدىن يېرىم كۈن، ئۇ بولسىمۇ 500 يىل بۇرۇن جەننەتكە كىرىدۇ. (بايلار ھېساب بېرىشكە تۇتۇلىدۇ). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

يا معشر المسلمين ! لا صلاة لمن لا يقيم صلبه في الركوع و السجود ( ه ) عن علي بن شيبان

7977. ئەلى ئىبنى شەيبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى مۇسۇلمانلار جامائىتى! رۇكۇ، سەجدىدە سۇلبىنى، ئۇچىسىنى تۈز قىلمىغان، ئالدىراپ تۇك ـ تۇك ناماز ئوقۇغان كىشى ئۈچۈن ناماز يوق، ئۇنىڭ نامىزى دۇرۇس ئەمەس. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

يا معشر المهاجرين ! خصال خمس إذا ابتليتم بهن و أعوذ بالله أن تدركوهن: لم تظهر الفاحشة في قوم قط حتى يعلنوا بها إلا فشا فيهم الطاعون و الأوجاع التي لم تكن مضت في أسلافهم الذين مضوا و لم ينقصوا المكيال و الميزان إلا أخذوا بالسنين و شدة المؤنة و جور السلطان عليهم و لم يمنعوا زكاة أموالهم إلا منعوا القطر من السماء و لولا البهائم لم يمطروا و لم ينقضوا عهد الله و عهد رسوله إلا سلط الله عليهم عدوهم من غيرهم فأخذوا بعض ما كان في أيديهم و ما لم تحكم أئمتهم بكتاب الله عز و جل و يتحروا فيما أنزل الله إلا جعل الله بأسهم بينهم ( ه ك ) عن ابن عمر

7978. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى مۇھاجىرلار گۇرۇھى ! بەش خىسلەت ئىش بولۇپ، سىلەر ئۇنىڭ بىلەن سىنالساڭلار مۇنداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ، مەن ئاللاھقا سىغىنىپ، ئۇ ئىشلارنىڭ سىلەرنى تېپىۋېلىشىدىن سىلەرنىڭ ئۇ بەش ئىشنى قىلىشىڭلاردىن پاناھ تىلەيمەن، ھەر قانداق بىر قەۋمدە زىنا، پاھىشە ئاشكارا بولسا، ئۇلار زىنانى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېلان قىلىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋابا كېسىلى ۋە ئۇلاردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن

ئىلگىرىكى ئاتا - بوۋىلىرىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان قورقۇنچلۇق كېسەللەر ئاشكارا بولۇپ كەڭ تارقاپ كېتىدۇ. تارازا، مىزان، كەمچەنلەردە كام بېرىپ، كىشىلەرنى زىيانغا ئۇچراتسا، ئۇلار قەھەتچىلىك يىللار بىلەن چىقىمنىڭ خىراجەتنىڭ قاتتىق ئېغىر بولۇشى بىلەن سۇلتان، پادىشاھنىڭ جەۋرى - جاپا، زۇلمى بىلەن ئازابلىنىدۇ. ماللىرىنىڭ زاكاتلىرىنى بەرمىسە، ئۇلارغا ئاسماندىن يامغۇر ياغمايدۇ، ھايۋانلار بولمىغان بولسىغۇ ئۇلارغا بىر تامچىمۇ يامغۇر ياغمايتتى، ئاللاھنىڭ ئەھدىنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەھدىسىنى بۇزسا، ئاللاھ ئۇلارغا ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى غالىب قىلىۋېتىدۇ. ئۇلاردىن باشقا بولغان دۈشمەنلەر ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئېلىۋالىدۇ. ئىماملار، باشلىقلار، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلمىسا، دۈچ كەلگەن مەسىلىلەردە ئاللاھ نازىل قىلغان ۋەھيىنى، قۇرئاننى تەلەپ قىلمىسا، ئىسلام دىنىنى قۇرئاننى قانۇن قىلمىسا، ئاللاھتائالا ئۇلارنىڭ ئازابىنى، ھالاكىتىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا قىلىپ قويىدۇ، يەنى ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ ئىختىلاپ قىلىشىپ ھالاك بولىدۇ. ئىبنى ماجە، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىس، مۆجىزە بولۇپ، راستىنلا زىنا، پاھىشە ئوچۇق - ئاشكارا ئېلان قىلىنغان، كىشىلەردە ۋابا كېسىلى، بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان كېسەللەر ئاشكارا بولۇپ، پۈتۈن دۇنياغا تارقالدى، بۇنى كۆرمەكچى بولسىڭىز، ئىنتېرنېت تور بېتىنى كۆرۈڭ، دوكتورلار نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى ئاشكارىلىغان، ھەدىسنىڭ كېيىنكى تەرەپلىرىمۇ مۆجىزە بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەندەكلا يۈز بەرگەن ۋە ھەم كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ.

7979 ( صحيح ) يا معشر المهاجرين و الأنصار ! إن من إخوانكم قوما ليس لهم مال و لا عشيرة فليضم أحدكم إليه الرجلين أو الثلاثة ( د ك ) عن جابر

7979. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى مۇھاجىرلار، ئەنسارىلار جامائىتى! ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلاردىن مال - مۈلۈكى، ئۇرۇق - تۇغقىنى يوق قەۋملەر بار ئىكەن، ھەر بىرىڭلار ئۇلاردىن ئىككى - ئۈچ كىشىدىن ئۆزىگە قوشۇۋالسۇن. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

يا معشر النساء ! تصدقن و أكثرن الاستغفار فإني رأيتكن أكثر أهل النار إنكن تكثرن اللعن و تكفرن العشير ما رأيت من ناقصات عقل و دين أغلب لذي لب منكن أما نقصان العقل: فشهادة امرأتين تعدل شهادة رجل فهذا نقصان العقل و تمكث الليالي ما تصلي و تفطر في رمضان فهذا نقصان الدين ( م ه ) عن ابن عمر ( حم م ت ) عن أبي هريرة ( حم ق ) عن أبي سعيد

7980. ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاياللار جامائىتى! سەدىقە - ئېھسان قىلىڭلار، گۇناھىڭلارغا مەغپىرەت سوراپ، كۆپ ئىستىغفار ئېيتىڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەر ئاياللارنىڭ دوۋزاخ ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكى ئىكەنلىكىنى كۆردۈم، چۈنكى، سىلەر كۆپ لەنەت قىلىسىلەر، ئەرلەرنىڭ ياخشىلىقىغا كۇفرىلىق قىلىسىلەر، مەن سىلەردىنمۇ ئەقلى، دىنى كامىراق ،- چېچەن، ئەقىللىق ئەرلەرگىمۇ پىتنىسى بىلەن غالىب كېلىدىغان- كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم، ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىغا تەڭ، بۇ ئەقلىڭلارنىڭ كاملىقى، ھەيز كۆرگەن كۈنلەردە ناماز ئوقۇمايدۇ، رامزاندىمۇ روزا تۇتمايدۇ، كېيىن قازاسىنى قىلىدۇ، بۇ

دىنىنىڭ كامىلقى، شۇڭا سېخى بولۇپ، سەدىقە قىلىڭلار، مەغپىرەت سوراڭلار. مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

يا معشر النساء ! تصدقن و لو من حليكن فإنكن أكثر أهل جهنم يوم القيامة ( حم ت ن حب ك ) عن زينب

7981. زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاياللار جامائىتى! گەرچە زىنىنەت بويۇمىڭلاردىن بولسىمۇ سەدىقە ـ ئېھسان قىلىڭلار. چۈنكى، سىلەر قىيامەت كۈنى جەھەننەم ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىسىلەر. ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

يا معشر قريش ! اشتروا أنفسكم من الله لا أغني عنكم من الله شيئا يا بني عبد مناف ! اشتروا أنفسكم من الله لا أغني عنكم من الله شيئا يا عباس بن عبد المطلب ! لا أغني عنك من الله شيئا يا صفية عمة رسول الله ! لا أغني عنك من الله شيئا يا فاطمة بنت محمد ! سليني من مالي ما شئت لا أغني عنك من الله شيئا ( ق ن ) عن أبي هريرة ( م ) عن عائشة

7982. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «يېقىن تۇغقانلىرىڭنى ئاگاھلاندۇر» دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەممىسىنى يىغىپ، مۇنداق دېگەن: ئى قۇرەيشلەر جامائىتى! ئۆزۈڭلارنى ئاللاھدىن سېتىۋېلىپ، ئازاد قىلىپ دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇڭلار، قىيامەت كۈنى مەن سىلەردىن ھېچ نەرسىنى يەنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى بىھاجەت قىلالمايمەن، ئى ئابدۇماناف جەمەتى، ئى ئابباس، ئى سەفىيىە! سىلەرمۇ شۇنداق قىلىڭلار، سىلەردىنمۇ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى توسۇپ قالالمايمەن، بىھاجەت قىلالمايمەن، ئى فاتىمە! سەنمۇ شۇنداق قىل، بۇ دۇنيادا مېنىڭ مال ـ مۈلۈكۈمدىن نېمىنى خالىساڭ شۇنى سورىغىن، لېكىن، قىيامەت كۈنى سەندىنمۇ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى قۇتقۇزالمايمەن، بىھاجەت قىلالمايمەن، ھەممىڭلار ئۆزۈڭلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇڭلار. بەيھەقى، ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

7983. بۇ ھەدىس، يۇقىرىقىغا ئوخشاش. شۇنداقلا ئۈستىدە ئۆتۈپ كەتكەن. مەزمۇنى ئۆزۈڭلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇڭلار، قىيامەت كۈنى مەن سىلەر ئۈچۈن زىيان، پايدىغا ئىگە بولالمايمەن.

7984. بۇ ھەدىس تۆۋەندىكىگە ئوخشاشتۇر.

يا معشر من أسلم بلسانه و لم يدخل الإيمان في قلبه ! لا تؤذوا المسلمين و لا تعيروهم و لا تتبعوا عوراتهم فإنه من تتبع عورة أخيه المسلم يتتبع الله عورته و من تتبع الله عورته يفضحه و لو في جوف رحله ( ت ) عن ابن عمر

7985. ئىبنى ئۆمەر بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى تىلىدا ئىمان كەلتۈرۈپ مۇسۇلمان بولغان، لېكىن، قەلبىگە ئىمان كىرمىگەنلەر! مۇسۇلمانلارغا ئازار بەرمەڭلار، ئۇلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، ئۇلارنى ئەيىبلىمەڭلار، كەمسىتمەڭلار، ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى يەنى يوشۇرۇن ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى كوچىلاپ ئىزدىمەڭلار، كىم مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئەۋرىتىنى ئىزدىسە، (ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى سۈرۈشتۈرسە)، ئاللاھمۇ ئۇنىڭ ئەۋرىتىنى ئىزدەپ تەلەپ قىلىپ، گۇناھ، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ، گەرچە ئۇ ئۆز ئۆيىنىڭ ئىچكىرىسىدە بولسىمۇ ئۇنى رەسۋا قىلىۋېتىدۇ، ئەيتى ـ بەشرىسىنى ئېچىپ تاشلاپ، شەرمەندە قىلىدۇ. ئەھمەد، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. يەنى، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان.

يا معشر يهود ! أسلموا تسلموا اعلموا أن الأرض لله و رسوله و إني أريد أن أجليكم من هذه الأرض فمن وجد منكم بماله شيئا فليبعه و إلا فاعلموا أن الأرض لله و رسوله ( ق د ) عن أبي هريرة

7986. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى يەھۇدىيلار گۇرۇھى ! مۇسۇلمان بولۇڭلار ، سالامەت قالىسىلەر، بىلىڭلاركى، ھەقىقەتەن زېمىن ئاللاھنىڭ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭدۇر، ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى بۇ زېمىندىن قوغلاپ چىقىرىشنى مەقسەت قىلدىم، سىلەردىن كىم مال ـ مۈلۈكىدىن بىرەر نەرسىنى تاپسا، ئۇنى سېتىۋالسۇن، تەييارلىق قىلسۇن، ئۇنداق قىلمايدىكەن، بىلىپ قالسۇنكى، ھەقىقەتەن بۇ زېمىن (پۈتۈن يەرشارى» ئاللاھنىڭ، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭدۇر. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

يا مقلب القلوب ثبت قلبي على دينك ( ت ك ) عن أنس ( ت ) عن شهاب الجرمي ( ك ) عن جابر

7987. ئەنەس، شىھاب، جارى، نەۋۋاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئاسىدا: ئى قەلبلەرنى يۆتكەپ، چۆرۈپ تۇرغۇچى ئاللاھ! قەلبىمنى دىنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم، سۇباتلىق قىلغىن دېگەن . تىرمىزى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

7988. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش، پەرقى دىللىرىمىزنى دەپ دىلنى كۆپلۈك سۆزلىگەن، بىز دېگەن .

يا نساء المسلمات ! لا تحقرن جارة لجارتها و لو فرسن شاة ( حم ق ) عن أبي هريرة

7989. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى مۇسۇلمان ئاياللار! قوشنا ئولتۇرغان ئايال كىشى قوشنىسىغا گەرچە قوينىڭ پاقالچىقىنى بېرىپمۇ بولسا شۇنچىلىك نەرسىنى ھەدىيە قىلىپمۇ بولسا ھاقارەتلىمىسۇن، شۇنچىلىك ياخشىلىقنىمۇ كىچىك سانىمىسۇن. بەيھەقى، ئەھمەد 9999 ـ ھەدىس، بۇخارى 5558 ـ ھەدىس، مۇسلىم 1711 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2056 ـ ھەدىستە، بۇ سۆزنى ھەدىيە قىلىشىپ تۇرۇڭلار، ھەدىيە قىلىش، ھىقدە، ھەسەتنى، ئاچچىقنى يوقىتىدۇ دەپ دېگەن .

**7990** ( صحيح ) يا هذال ! لو سترته بثوبك كان خيرا لك ( حم د ك ) عن نعيم بن هذال

7990. نۇئەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مائىز ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى رىجىم قىلغاندا، ئۇ ۋايجان دەپ قاچىدۇ، لېكىن، بىرسى ئۇنى تۆگىنىڭ پاچىقى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەزال دېگەن ساھابە خەۋەر قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نېمە ئۈچۈن ئۇنى قويۇپ بەرمىدىڭلار، ئۇ تەۋبە قىلسا، ئاللاھ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن ئىدى دەپ ئى ھەزال! ئەگەر سەن ئۇ مائىزنى كىيىمىڭ بىلەن يېپىپ توسۇۋالغان بولساڭ، بۇ ساڭا بەك ياخشى بولغان بولاتتى دېگەن . ئەھمەد 20885 ـ ھەدىس، مالىك 1290 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

يأتي الدجال المدينة فيجد الملائكة يحرسونها فلا يدخلها الدجال و لا الطاعون إن شاء الله تعالى(حم خ ت) أنس

7991. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دەججال مەدىنىگە كېلىپ پەرىشتىلەرنىڭ مەدىنىنى قوغداپ پوستا تۇرغىنىنى تاپىدۇ، مەدىنىگە دەججال ۋە ۋابا كېسىلى ئەگەر ئاللاھ خالىسا ھەرگىز كىرەلمەيدۇ. ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى

توپلىغان، سەھىھ.

يأتي الدجال و هو محرم عليه أن يدخل نقاب المدينة فيترل بعض السباخ التي بالمدينة فيخرج إليه يومئذ رجل هو خير الناس أو من خير الناس فيقول له: أشهد أنك الدجال الذي حدثنا رسول الله صلى الله عليه وسلم حديثه فيقول الدجال: أرأيتم إن قتلت هذا ثم أحييته ؟ هل تشكون في الأمر ؟ فيقولون: لا فيقتله ثم يحييه فيقول حين يحييه: و الله ما كنت قط أشد بصيرة مني اليوم فيريد الدجال أن يقتله فلا يسلط عليه(حم ق ) عن أبي سعيد

7992. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دەججال مەدىنىنى مەقسەت قىلىپ كېلىدۇ، ۋەھالەنكى، ئۇنىڭغا، مەدىنىنىڭ كوچا يوللىرىغا كىرىش ھارام قىلىنغان، يەنى چەكلەنگەن، ئۇ، مەدىنىگە يېقىن، گىياھ ئۈنمەس شورلۇق زېمىننىڭ بەزىسىگە چۈشىدۇ، شۇ كۈنى ئۇنىڭغا كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان بىر كىشى چىقىپ مۇنداق دەيدۇ: گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ھەقىقەتەن سەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە سۆزلەپ بەرگەن دەججال بولىسەن، دەججال ئۇلارغا: قانداق قارايسىلەر؟ قىنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر بۇنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن تىرىلدۈرسەم، يەنە مېنىڭ ئىشىمدا ئىلاھلىقىمدا شەك قىلامسىلەر دەيدۇ، ئۇلار ياق شەك قىلمايمىز دەيدۇ، دەججال ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى، ئىزنى بىلەن تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن ئۇ كىشى تىرىلىپ قوپۇپ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مەن ساڭا نىسبەتەن بۈگۈنكىدەك كۈچلۈك ھۆججەت، دەلىل ـ ئىسپات، ئالامەتكە ئېرىشىپ باقمىغان دەيدۇ، (چۈنكى ئۇ مۇشۇ ھەدىسنىڭ مۆجىزىسىنى بىلىدۇ، كۆزى بىلەن كۆرىدۇ ) ئاندىن دەججال ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ ـ يۇ، لېكىن، غالىب كېلەلمەيدۇ، كۈچى يەتمەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**7993** ( صحيح ) يأتي الشيطان أحدكم فيقول: من خلق كذا من خلق كذا ؟ حتى يقول: من خلق ربك ؟ فإذا بلغه فليستعذ بالله و لينته ( ق ) عن أبي هريرة

7993. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەيتان بىرىڭلارغا كېلىپ ئانى كىم ياراتتى، مانى كىم ياراتتى؟ دەيدۇ، ھەتتا رەببىڭنى كىم ياراتتى دەيدۇ، شەيتان ۋەسۋەسىسى شۇ يەرگە يەتكەندە بىرىڭلار، ئاللاھقا سېغىنىپ شەيتاندىن پاناھ تىلىسۇن، دەرھال توختىۋالسۇن. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئاللاھ ئەزلى، خالىق ياراتقۇچىدۇر، ئوخشىشى يوق.

**7994** ( صحيح ) يأتي القرآن و أهله الذين كانوا يعملون به في الدنيا تقدمه سورة البقرة و آل عمران يأتيان كأنهما غيابتان و بينهما شرق أو كأنهما غمامتان سوداوان أو كأنهما ظلتان من طير صواف يجادلان عن صاحبهما ( حم م ت ) عن النواس بن سمعان

7994. نەۋۋاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى قۇرئان ۋە ئۇنىڭغا دۇنيادىكى چاغدا ئەمەل قىلغان، قۇرئان ئەھلى كېلىدۇ، سۈرە بەقەرە بىلەن سۈرە ئال ئىمران ھەممىدىن بۇرۇن كېلىدۇ، بۇ ئىككى سۈرە خۇددى ئارىلىقىدا نۇر بار ئىككى كۆلەڭگىدەك ياكى قارا بۇلۇتتەك ياكى سەپ تارتىپ قاناتلىرىنى يېيىپ ئۇچۇۋاتقان قۇشلار سايىسىدەك كېلىپ، ئۆزىنى ئوقۇپ تۇرغان كىشى توغرىسىدا جېدەللىشىپ ، داۋالىشىپ، شاپائەت قىلىدۇ. تىرمىزى 2808 ـ ھەدىس، مۇسلىم 1338 ـ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**7995** ( صحيح ) يأتي المسيح من قبل المشرق و همته المدينة حتى يترل دبر أحد ثم تصرف الملائكة وجهه قبل الشام و هنالك يهلك ( حم

م ) عن أبي هريرة

7995. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەسىھ دەججال كۆز چىقىش تەرەپتىن مەدىنىنى مەقسەت قىلىپ كېلىپ، ئۇھۇد تېغىنىڭ ئارقىسىغا چۈشىدۇ، ئاندىن كېيىن پەرىشتىلەر ئۇنىڭ يۈزىنى يۆنىلىشىنى شام تەرەپكە چۆرۈۋېتىدۇ، ئۇ شۇ چاغدا ھالاك بولىدۇ، يەنى ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنى شۇ جايدا ئۆلتۈرىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

يؤتى بالرجل يوم القيامة من أهل الجنة فيقول له: يا ابن آدم ! كيف وجدت منزلك ؟ فيقول: أي رب ! خير منزل فيقول: سل و تمن فيقول: يا رب ما اسأل و لا أتمنى إلا أن تردني إلى الدنيا فأقتل في سبيلك عشر مرار لما يرى من فضل الشهادة و يؤتى بالرجل من أهل النار فيقول له: يا ابن آدم ! كيف وجدت منزلك ؟ فيقول: أي رب ! شر منزل فيقول له: أتفتدي منه بطلاع الأرض ذهبا ؟ فيقول: أي رب ! نعم فيقول: كذبت قد سألتك أقل من ذلك و أيسر فلم تفعل فيرد إلى النار ( حم م ن ) عن أنس

7996. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى جەننەت ئەھلىدىن بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا: ئى ئادەم بالىسى! ئورنىڭنى قانداقراق تاپتىڭ؟ دەيدۇ، ئۇ كىشى، ئى رەببىم، ئۇ ئەڭ ياخشى ئورۇن ئىكەن دەيدۇ، ئاللاھ: سورىغىن ئارزۇ قىلغىن دەيدۇ، ئۇ كىشى، شېھىدلىقنىڭ پەزىلىتىنى كۆرگەنلىكىدىن، ئى رەببىم! مەن پەقەت مېنى دۇنياغا قايتۇرۇشۇڭنى سورايمەن، شۇنىلا ئارزۇ قىلىمەن، سېنىڭ يولۇڭدا ئون قېتىم ئۆلتۈرۈلسەم دەيمەن دەيدۇ، دوۋزاخ ئەھلىدىن بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا، ئى ئادەم بالىسى! ئورنۇڭنى قانداق تاپتىڭ دەيدۇ، ئۇ: ئى رەببىم، ئۇ ئەڭ يامان ئازابلىق ئورۇن ئىكەن دەيدۇ. ئاللاھۇ ئۇنىڭغا: سەن ئۇ جايدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن زېمىن تولغىدەك ئالتۇننى فىدىيە بېرەمتىڭ؟ دېسە، ئۇ ھەئە يا رەببىم، زېمىن تولغىدەك ئالتۇنۇم بولسىمۇ ئۇنى فىدىيە بېرەتتىم دەيدۇ، ئاللاھ: سەن يالغان سۆزلىدىڭ، ھەقىقەتەن مەن سەندىن ئۇنىڭدىنمۇ ئاز، ئاسان ئىشنى سورىسام سەن قىلمىدىڭ دەيدۇ. ئاندىن ئۇ دوۋزاخقا قايتۇرۇلىدۇ. (باشقا خاتىرىدە سورىغان ئاسان ئىشى ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىش ئىدى دېگەن بار). ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

7997. بۇ ھەدىس 7032 ـ ھەدىسكە ئوخشاش بولۇپ، مەزمۇنى بەندە كەلتۈرۈلۈپ، نېئمەتتىن ھېساب ئېلىنىدۇ، قىيامەتكە ئىشەنمىگەن كىشى دوۋزاختا قالدۇرۇلىدۇ . تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

7998. بۇ ھەدىس 522 ـ ھەدىسكە ۋە تۆۋەندىكىگە ئوخشاش.

يؤتى بالموت يوم القيامة فيوقف على الصراط فيقال: يا أهل الجنة ! فيطلعون خائفين وجلين أن يخرجوا من مكانهم الذي هم فيه ثم يقال: يا أهل النار ! فيطلعون مستبشرين فرحين أن يخرجوا من مكانهم الذي هم فيه فيقال: هل تعرفون هذا ؟ فيقولون: نعم هذا الموت فيؤمر به فيذبح على الصراط ثم يقال للفريقين كلاهما: خلود فيما تجدون لا موت فيها أبدا ( حم ه ك ) عن أبي هريرة

7999. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئۆلۈم كەلتۈرۈلۈپ، سىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە قويۇلىدۇ، (يەنى قوچقار سۈرىتىدە) ئاندىن ئى جەننەت ئەھلى! دەپ نىدا قىلىنىدۇ، ئۇلار تۇرىۋاتقان ماكانلىرىدىن چىقىرىلىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، قورقۇپ، يۈرەكلىرى تىترەپ بويۇن سوزۇپ قارايدۇ، ئاندىن ئى دوۋزاخ ئەھلى! دەپ

نىدا قىلىنىدۇ، ئۇلار تۇرۇۋاتقان ئوتلۇق جايلىرىدىن چىقىرىلىدىغان ئوخشايمىز دەپ خۇش بېشارەت ئېلىپ، خۇشال بولۇپ قارىشىدۇ، ئاندىن ھەر ئىككى پىرقىگە سىلەر بۇنى تونۇدىڭلارمۇ؟ دېيىلىدۇ ، ئۇلار ھەئە، تونىدۇق، ئۇ ئۆلۈم ئىكەن دەيدۇ، ئۆلۈمنى سىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە بوغۇزلىنىپ مەڭگۈ يوق قىلىنىشقا بۇيرۇلىدۇ ۋە شۇنداق قىلىنىدۇ. ئاندىن ھەر ئىككى پىرقىگە: سىلەر تاپقان، سىلەر ئېرىشكەن جايدا ئۆلۈم يوق، مەڭگۈ ئۆلۈم يوق، مەڭگۈ - مەڭگۈلۈكتۇر دېيىلىدۇ . ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

يؤتى بأنعم أهل الدنيا من أهل النار يوم القيامة فيصبغ في جهنم صبغة ثم يقال له: يا ابن آدم هل رأيت خيرا قط ؟ هل مر بك نعيم قط ؟ فيقول: لا و الله يا رب و يؤتى بأشد الناس بؤسا في الدنيا من أهل الجنة فيصبغ في الجنة صبغة فيقال له: يا ابن آدم ! هل رأيت بؤسا قط ؟ هل مر بك شدة قط ؟ فيقول: لا و الله يا رب ! ما مر بي بؤس قط و لا رأيت شدة قط ( حم م ن ه ) عن أنس

8000. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى بۇ دۇنيادا ئەڭ نېئمەتلىك باياشات تۇرمۇش كەچۈرگەن دوۋزاخ ئەھلىدىن بولغان بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ، جەھەننەم ئىچىگە چوڭقۇر تاشلىنىپ چۆكتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىلىدۇ ، ئى ئادەم بالىسى! سەن بىرەر ياخشىلىق كۆرۈپ باقتىڭمۇ! ساڭا بىرەر نېئمەت كېلىپ يېنىڭدىن ئۆتۈپ باقتىمۇ؟ ئۇ كىشى: ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى رەببىم، ھەرگىز ياخشىلىق نېئمەت كۆرۈپ باقماپتىمەن دەيدۇ، بۇ دۇنيادا قاتتىق ئازابلانغان ئېغىر كۈنگە قالغان تۇرمۇشى ناچار ئۆتكەن، ئەمما جەننەت ئەھلىدىن بولغان بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزۈلۈپ، جەننەت نېئمەتلىرىگە چۆمدۈرۈلۈپ، قاندۇرۇلۇپ مۇنداق دېيىلىدۇ . ئى ئادەم بالىسى! سەن بىرەر قىيىنچىلىقنى، ئازابنى، ناچار تۇرمۇشنى كۆرۈپ باقتىڭمۇ؟، ساڭا ئېغىر، قاتتىق كۈنلەر كېلىپ باقتىمۇ؟ ئۇ كىشى ياق، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى رەببىم ماڭا ئۇنداق ئازابلىق ناچار تۇرمۇش قىيىنچىلىق كېلىپ باقمىدى، قاتتىق ئېغىر كۈنلەرنىمۇ كۆرۈپ باقمىدىم، ھەرگىز كۆرمىدىم دەيدۇ. (يەنى جەننەتكە نىسبەتەن شۇنداق دەيدۇ). ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

يؤتى بجهنم يومئذ لها سبعون ألف زمام مع كل زمام سبعون ألف ملك يجرونها ( م ت ) عن ابن مسعود

8001. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شۇ كۈنى جەھەننەم كەلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭ 70000 ھالقا تۇتقۇسى بار بولۇپ، ھەربىر تۇتقا بىلەن 70000 پەرىشتە بىللە ئۇنى سۆرەپ ئەكىلىدۇ. مۇسلىم 5076 - ھەدىس، تىرمىزى 2496 - ھەدىس، سەھىھ.

يأتي على الناس زمان الصابر فيهم على دينه كالقابض على الجمر ( ت ) عن أنس

8002. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، شۇ زامان ئەھلى ئارىسىدا دىنىدا سەۋرى قىلىپ چىداپ تۇرغۇچى، خۇددى ئالقىنى بىلەن چوغنى چاڭگاللاپ تۇرغۇچىغا ئوخشايدۇ. تىرمىز توپلىغان، سەھىھ.

يأتي على الناس زمان ما يبالي الرجل من أين أصاب المال ؟ من حلال أو حرام ( ن ) عن أبي هرير

8003. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇ چاغدا كىشى مال - دۇنياغا قەيەردىن يەتتى؟ ھالالدىن يەتتىمۇ ياكى ھارامدىن يەتتىمۇ؟ قەتئىي پەرۋا قىلمايدۇ، مال - دۇنيانى دەپ، ھارامدىن قورقمايدۇ.

نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

يأتي على الناس زمان يدعو الرجل ابن عمه و قريبه: هلم إلى الرخاء هلم إلى الرخاء و المدينة خير لهم لو كانوا يعلمون و الذي نفسي بيده لا يخرج منهم أحد رغبة عنها إلا أخلف الله فيها من هو خير منه ألا إن المدينة كالكير يخرج الخبث لا تقوم الساعة حتى تنفي المدينة شرارها كما ينفي الكير خبث الحديد ( م ) عن أبي هرير

8004. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، كىشى مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن تاغىسىنىڭ باللىرىنى يېقىن تۇغقانلىرىنى كەڭچىلىككە كېلىڭلار، باياشات تۇرمۇشقا كېلىڭلار! دەپ چاقىرىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىلسە مەدىنە ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئىدى، جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىرەر كىشى مەدىنىدىن يۈز ئۆرۈپ چىقىپ كەتسە، ئاللاھتائالا مەدىنىگە ئۇ چىقىپ كەتكەن كىشىدىن ياخشىراق كىشىنى ئىز باسار، خەلىپە قىلىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلار ، ھەقىقەتەن مەدىنە نىجىس كىرلارنى تازىلايدىغان كورەك ئوتىغا ئوخشايدۇ، خۇددى كورەك ئوتى تۆمۈرنىڭ كىرلىرىنى تازىلاپ يوقاتقاندەك مەدىنە ئۆزىدىكى يامان كىشىلەرنى تازىلاپ يوقاتمىغۇچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

يأتي على الناس زمان يغزو فئام من الناس فيقال: فيكم من صاحب الرسول ؟ فيقولون: نعم فيفتح لهم ثم يأتي على الناس زمان فيغزوا فئام من الناس فيقال لهم: هل فيكم من صاحب أصحاب الرسول ؟ فيقولون: نعم فيفتح لهم ثم يأتي على الناس زمان فيغزو فئام من الناس فيقال لهم: هل فيكم من صاحب من صاحب أصحاب الرسول ؟ فيقولون: نعم فيفتح لهم ( حم ق ) عن أبي سعيد

8005. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرگە بىر زامان كېلىدۇكى، كىشىلەردىن بىر بۆلەك جامائەت ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ، ئاندىن ئاراڭلاردا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىسى بارمۇ؟ دېيىلىدۇ. ئۇلار ھەئە بار دەيدۇ، ئۇلارغا غەلىبە ئاتا قىلىنىدۇ، ئاندىن كىشىلەرگە يەنە بىر زامان كېلىدۇكى، يەنە نۇرغۇن كىشىلەر ئاللاھ يولىدا غازات قىلىدۇ، ئۇلارغا ئاراڭلاردا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىغا ھەمراھ بولغان تابىئىنلار بارمۇ؟ دەپ سورىلىدۇ، ئۇلار ھەئە بار دەيدۇ، ئۇلارغىمۇ غەلىبە ئاتا قىلىنىدۇ، ئاندىن ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ، ئۇلارغا ئاراڭلاردا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ھەمراھلىرى بولغان تابىئىنلارغا ھەمراھ بولغان ئەتباﺋ، ئەگەشكۈچىلەر بارمۇ دېيىلىدۇ ، ئۇلار ھەئە بار دەيدۇ. ئۇلارغىمۇ غەلىبە ئاتا قىلىنىدۇ. ئەھمەد ، بەيھەقى ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

يأتي في آخر الزمان قوم حدثاء الأسنان سفهاء الأحلام يقولون من خير قول البرية يمرقون من الإسلام كما يمرق السهم من الرمية لا يجاوز إيمانهم حناجرهم فاقتلوهم فإن في قتلهم أجرا لمن قتلهم يوم القيامة ( خ د ت ) عن علي

8006. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاخىر زاماندا يېشى كىچىك ئەقىلسىز نادان بىر تۈركۈم قەۋملەر كېلىدۇ، ئۇلار ئىنسانلار سۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى سۆزلىرىنى قىلىدۇ، ياخشى سۆز قىلىپ تۇرۇپمۇ ئەمەل قىلمىغاچقا ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوق تەگكەن نىشاندىن تېزلا چىقىپ كەتكەندەك چىقىپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىمانى گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، چۈنكى، قىيامەت كۈنى ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن كىشى ئۈچۈن كاتتا، ئۇلۇغ ئەجىر ساۋاب بار. بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**8007** ( صحيح ) يؤجر الرجل في نفقته كلها إلا في التراب ( ت ) عن خباب

8007. خەبباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ چىقىم قىلغان بارلىق نەپىقە، سەدىقە ۋە ئېھسانلىرىغا ساۋاب، ئەجىر بولىدۇ، لېكىن، تۇپراققا يەنى سۇ بىلەن لايغا چىقىم قىلغان يەنى قۇرۇلۇش قىلغان چىقىملىرىغا ئەجىر يوق، (چۈنكى، ئۇنى چىقىمسىز قىلغىلى بولاتتى). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يؤدي المكاتب بحصته ما أدى دية حر و ما بقي دية عبد ( حم ت ك ) عن ابن عباس

8008. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇنچىلىك پۇل بەرسەڭ سەن ئازاد دەپ قولىغا خەت قىلىپ بېرىلگەن مۇكاتەب قۇل ئۆلتۈرۈلسە، ئۇنىڭ نېسىۋىسى مۇنداق ئادا قىلىنىدۇ، ئۇ قەرزدىن ئادا قىلىپ بولغان قىسمىغا ھۆرلەرگە بەرگەنەدەك دىيەت، تۆلەم پۇلى بېرىلىدۇ، قەرزدىن قىلىپ قالغان قىسمىغا بولسا، قۇللارغا بەرگەنەدەك تۆلەم پۇلى ئالىدۇ. (مەسىلەن: قەرزنىڭ يېرىمىنى بەرگەن بولسا، يېرىمى ھۆردەك، يېرىمى قۇلدەك دىيەت، تۆلەم پۇل ئالىدۇ). ھەتتا جازا مىراسمۇ شۇنداقتۇر. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

يأخذ الجبار سمواته و أرضه بيده ثم يقول أنا الجبار أنا الملك أين الجبارون ؟ أين المتكبرون ؟ ( ه ) عن ابن عمر

8009. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەببار ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ: مانا مەن جەببار، ھەممىنى بويسۇندۇرغۇچى، مانا مەن پادىشاھ بولىمەن. دۇنيادىكى زۇلۇمكەش، مۇتەكەببىر، تاجاۋۇزچى پادىشاھلار قېنى؟ دەيدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

يأكل أهل الجنة فيها و يشربون و لا يمخطون و لا يتغوطون و لا يبولون إنما طعامهم جشاء و رشح كرشح المسك يلهمون التسبيح و الحمد كما يلهمون النفس ( حم م ) عن جابر

8010. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى يەپ ـ ئىچىدۇ، لېكىن بۇرنىنى تاشلىمايدۇ، بەلغەم تۈكۈرمەيدۇ، چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلمايدۇ، ھەققەتەن ئۇلارنىڭ تاماقلىرى خۇشپۇراق، تەرلەپلا يوقاپ كېتىدۇ، تەرنىڭ پۇرىقى بولسا، مىسكىنىڭ پۇرىقىدەك خۇشپۇراقتۇر، ئۇلارغا خۇددى نەپەسلىنىش ئىلھام قىلىنغاندەك، تەسبىھ، تەكبىر، ھەمدۇ ـ سانالار ئىلھام بىلەن شۇنداق تەبىئىيلا ئاسان قىلىنىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

يؤم القوم أقرؤهم لكتاب الله فإن كانوا في القراءة سواء فأعلمهم بالسنة فإن كانوا في السنة سواء فأقدمهم هجرة فإن كانوا في الهجرة سواء فأقدمهم سنا و لا يؤمن الرجل في أهله و لا في سلطانه و لا يقعد في بيته على تكرمته إلا بإذنه ( حم م 4 ) عن أبي مسعود

8011. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەۋم جامائەتكە، ئۇلارنىڭ، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئانغا ئالىمراقى، قارىيراقى ئىمام بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار قىرائەتتە ئوخشاش، باراۋەر بولسا، ئۇلارنىڭ سۈننەتكە، ھەدىسكە ئالىمراقى ئىمام بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار سۈننەتتىمۇ باراۋەر تەڭ بولسا، ئەڭ بۇرۇن ھىجرەت قىلغانلار ئىمام بولىدۇ، ئەگەر ئۇلار ھىجرەتتىمۇ باراۋەر بولسا، يېشى چوڭراقى، شەيخ، پېشقەدەملىرى ئىمام بولىدۇ. كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ ئەھلىدە سۇلتانلىق ھوقۇق دائىرىسىدە ئىمام بولمىسۇن، شۇ سۇلتان ئۆزى ئىمام بولسۇن، ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ ئىزنىسىز

ئورۇندۇقىدا، تەختىدە ئولتۇرمىسۇن، ئىزنى، رۇخستى بىلەن دۇرۇس بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**8012** ( صحيح ) يؤم القوم أقرؤهم للقرآن ( حم ) عن أنس

8012. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەۋم ، جامائەتكە ، ئۇلارنىڭ قۇرئانغا قارىيراقى، ھاپىزراقى ئىمام بولىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**8013** ( صحيح ) يبصر أحدكم القذى في عين أخيه و ينسى الجذع في عينه ( حل ) عن أبي هريرة

8013. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار قېرىندىشىنىڭ كۆزىدىكى چاپاق كىرنى كۆرىدۇ ، لېكىن، ئۆزىنىڭ كۆزىدىكى خورما شېخىدەك يوغان نەرسىنى ئۇنتۇپ قېلىپ كۆرمەيدۇ، (يەنى باشقىلارنىڭ كىچىككىنە ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى كۆرۈپ ئەيىبلەيدۇ، لېكىن، ئۆزىدىكى چوڭ ـ چوڭ ئەيىب ـ نۇقسانلار بىلەن كارى يوق، ئۇنى بىلمەيدۇ، باشقىلاردىكى ئەيىب ـ نۇقسان سامانىنىڭ قىممىدەك بولسا، ئۆزىدىكى ئەيىب ـ نۇقسان خورما شېخىدەكتۇر، بۇنداق كىشى ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، ئىبتراپ قىلمىغاچقا، ئەڭ خەتەرلىكتۇر، چۈنكى، ئۇ مىنىڭ توغرا دەپلا تەۋبىسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ). ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ.

**8014** ( صحيح ) يبعث الناس على نياقم ( حم ) عن أبي هريرة

8014. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر قىيامەت كۈنى نىيەتلىرى ئۈستىدە تىرىلدۈرۈلۈپ قوپۇرۇلىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**8015** ( صحيح ) يبعث كل عبد على ما مات عليه ( م ه ) عن جابر

8015. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەربىر بەندە قىيامەت كۈنى ئۇ ئۆلگەن ئەمەل ئۈستىدە قوپۇرۇلىدۇ، (چۈنكى، ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھېساب قىلىنىدۇ). ئىبنى ماجە، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**8016** ( صحيح ) يتبع الدجال من يهود أصبهان سبعون ألف عليهم الطيالسة ( حم م ) عن أنس

8016. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دەججالغا ئەسبىھاننىڭ يەھۇدىيلىرىدىن 70000 يەھۇدىي ئەگىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە سىرتىق يوللۇق قېلىن كاسايا جۇۋا باردۇر. (ئۇلارنى مۇسۇلمانلار ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، بۇ ۋەقە يۇقىرىدا تاش دەرەخنىڭ سۆز قىلىشىدا ئۆتكەن). مۇسلىم 5237 ـ ھەدىس، ئەھمەد 12865 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**8017** ( صحيح ) يتبع الميت ثلاثة: أهله و عمله و ماله فيرجع اثنان و يبقى واحد يرجع أهله و ماله و يبقى عمله ( حم ق ت ن ) عن أنس

8017. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېيىتكە ئۈچ نەرسە ئەگىشىدۇ، ئەھلى، ئەملى، مېلى ئەگىشىدۇ، ئىككىسى قايتىپ كېلىپ، بىرسى قېلىپ قالىدۇ، ئەھلى بىلەن ماللىرى قايتىدۇ، ئەمەللىرى ئۇنىڭ بىلەن قالىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**8018** ( صحيح ) يتجلى لنا ربنا ضاحكا يوم القيامة ( طب ) عن أبي موسى

8018. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى بىزگە، رەببىمىز ئاللاھ، ئۆزىگە لايىق ئوخشىشى يوق، كۈلگەن ھالدا روشەن ئاشكارا بولىدۇ. (مۆئمىنلەر كۆرەلەيدۇ). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**8019** ( صحيح ) يتعاقبون فيكم ملائكة بالليل و ملائكة بالنهار و يجتمعون في صلاة الفجر و صلاة العصر ثم يعرج الذين باتوا فيكم فيسألهم و هو أعلم بهم: كيف تركتم عبادي ؟ فيقولون: تركناهم و هم يصلون و أتيناهم و هم يصلون ( ق ن ) عن أبي هريرة

8019. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاراڭلاردا كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى ۋە كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى سىلەرگە ئەگىشىپلا يۈرىيدۇ، ئۇلار بامدات نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىدا بىرلىشىدۇ، ئاندىن (كۈندۈزنىڭ پەرىشتىلىرى ئەسىر ۋاقتىدا)، ئاراڭلاردا كېچىنى ئۆتكۈزگەن، كېچىنىڭ پەرىشتىلىرى، بامدات ۋاقتى بىلەن ئۈستىگە ئۆرلەيدۇ، ئاللاھتائالا بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلاردىن بەندىلىرىمنى قانداق ھالەتتە قالدۇردۇڭلار؟ دەپ سورايدۇ، ئۇلار: ئۇلارغا بارساق ناماز ئوقۇۋاتقانىكەن، يەنە ئۇلارنى ناماز ئوقۇۋاتقان ھالەتتە قالدۇرۇپ چىقتۇق دەيدۇ. بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**8020** ( صحيح ) يتقارب الزمان و يقبض العلم و يلقى الشح و تظهر الفتن و يكثر الهرج قيل: و ما الهرج ؟ قال: القتل( حم ق د ) عن أبي هريرة

8020. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت  ئالامىتى شۇكى، بۇندىن كېيىن زامان، ۋاقىت قىسقىراپ ئۆزئارا يېقىنلىشىپ كېتىدۇ، ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، بېخىللىق تاشلىنىدۇ، پىتنە ـ پاساتلار ئاشكارا بولىدۇ، زور قىرغىنچىلىق ئۇرۇش بولۇپ كېتىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

يتنزل ربنا تبارك و تعالى كل ليلة إلى السماء الدنيا حين يبقى ثلث الليل الآخر فيقول: من يدعوني فأستجيب له ؟ من يسألني فأعطيه ؟ من يستغفرني فأغفر له ؟ ( ق ) عن أبي هريرة

8021. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەببىمىز ئاللاھ تەبارەكە ۋەتەئەلا ھەر كېچىسى، كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىر قالغاندا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئوخشىشى يوق ھالەتتە دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ مۇنداق دەيدۇ: كىم ماڭا دۇئا قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، كىم مەندىن سورايدۇ، ئۇنىڭغا سورىغىنىنى بېرىمەن، كىم مەندىن مەغپىرەت سورايدۇ؟ ئۇنى مەغپىرەت قىلىمەن، كەچۈرىمەن. (قېنى شۇنداق كىشىلەر بارمۇ؟! دەپ نىدا قىلىدۇ). بەيھەقى قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

يجاء بالرجل يوم القيامة فيلقى في النار فتندلق أقتابه فيدور بها في النار كما يدور الحمار برحاه فيطيف به أهل النار فيقولون: يا فلان ! ما أصابك ؟ ألم تكن تأمرنا بالمعروف و تنهانا عن المنكر ؟ فيقول: بلى قد كنت آمركم بالمعروف و لا آتيه و أنهاكم عن المنكر و آتيه ( حم ق خ م ) عن أسامة بن زيد

8022. ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى بىر كىشى كەلتۈرۈلۈپ، دوۋزاخقا تاشلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچەيلىرى ساڭگىلاپ سۆرىلىپ

قالىدۇ، ئۇ دوۋزاخ ئىچىدە خۇددى ئېشەك تۈگمەن تېشىنى چۆرگىلەپ ئايلانغاندەك ئۈچەيلىرىنى چۆرگىلەپ ئايلىنىدۇ، دوۋزاخ ئەھلى ئۇنى زىيارەت قىلىپ كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ، ئى پالانى، ساڭا يەتكەن بۇ ئازاب - مۇسىبەت نېمە ئىش؟. سەن بىزنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقدىن توسمىغانمۇ؟. ئۇ كىشى: ئەلۋەتتە مەن سىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقدىن توسقان، لېكىن، مەن سىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ئۆزۈم ئۇنى قىلماپتىكەنمەن، مەن سىلەرنى يامانلىقدىن توسۇپ، ئۆزۈم ئۇ يامانلىقنى قىلىپ كېتىپتىمەن دەيدۇ، (مانا بۇ شۇنداق كىشىلىرنىڭ جازاسى). ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئى ئاللاھ! بىزنى ئۇنداق كىشىلەردىن قىلمىسىلا. ئامىن!

يجزي عن الجماعة إذا مروا أن يسلم أحدهم و يجزي عن الجلوس أن يرد أحدهم ( د ) عن علي

8023. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر توپ جامائەت ئولتۇرغانلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ بىرسى سالام قىلسا، ھەممىسىدىن كۇپايە بولىدۇ. ئولتۇرغانلاردىنمۇ بىرسى سالامنى قايتۇرسا، ھەممىسىدىن كۇپايە بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**8024** ( صحيح ) يجزئ من الوضوء مد و من الغسل صاع ( ه ) عن عقيل

8024. ئۇقەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىچىك تاھارەتكە بىر مود يەنى بىر كىلوگرام سۇ كۇپايە بولىدۇ، چوڭ تاھارەت، غۇسلى قىلىشقا بولسا بىر سا سۇ يەنى ئۈچ، تۆت كىلوگرام سۇ كۇپايە بولىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

8025. بۇ ھەدىس 7031- ، 7033 - ھەدىسكە ئوخشاش ئازراق پەرقى بار، ئۇ بولسىمۇ دوۋزاخ توشماي يەنە بارمۇ دەيدۇ، ۋە ئۆلۈم كەلتۈرۈلۈپ دوۋزاخ، جەننەت ئارىسىدىكى ئېگىز توسما تام ئۈستىدە بوغۇزلىنىپ، ئەمدى ئۆلۈم يوق، مەڭگۈ قالىسىلەر دېيىلىدۇ ، بۇمۇ يۇقىرىدا ئۆتتى.

8026. بۇ ھەدىس 1466 ـ ھەدىسكە ئوخشاش بولۇپ، مەزمۇنى چوڭ شاپائەت قىلىش، ھېچبىر پەيغەمبەر شاپائەت قىلالماي، پەقەت رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاپائەت قىلىشى بىلەن قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمان، ياخشىلىق بار كىشى جەننەتكە كىرگۈزۈلۈشتۇر. سەھىھ.

**8027** ( صحيح ) يجمع الله الناس يوم القيامة فيقوم المؤمنون حين تزلف لهم الجنة فيأتون آدم فيقولون: يا أبانا ! استفتح لنا الجنة فيقول: و هل أخرجكم من الجنة إلا خطيئة أبيكم آدم لست بصاحب ذلك اذهبوا إلى ابني إبراهيم خليل الله فيقول إبراهيم: لست بصاحب ذلك إنما كنت خليلا من وراء وراء اعمدوا إلى موسى الذي كلمه الله تكليما فيأتون موسى فيقول: لست بصاحب ذلك اذهبوا إلى عيسى كلمة الله و روحه فيقول عيسى لست بصاحب ذلك اذهبوا إلى محمد فيأتون محمدا فيقوم فيؤذن له و ترسل الأمانة و الرحم فتقومان جنبتي الصراط يمينا و شمالا فيمر أولكم كالبرق ثم كمر الريح ثم كمر الطير و شد الرجال تجري بهم أعمالهم و نبيكم قائم على الصراط يقول: يا رب سلم سلم حتى تعجز أعمال العباد و حتى يجيء الرجل فلا يستطيع السير إلا زحفا و في حافتي الصراط كلاليب معلقة مأمورة تأخذ من أمرت بأخذه فمخدوش ناج و مكدوس في النار ( م ) عن أبي هريرة

8027. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا قىيامەت كۈنى بارلىق كىشىلەرنى يىغىپ توپلايدۇ، مۆئمىنلەرگە جەننەت يېقىن قىلىنغاندا، مۆئمىنلەر قوپۇپ ئادەم ئاتىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئى دادىمىز! بىزگە جەننەت ئىشىكىنى ئېچىپ

بەرىسلە دەيدۇ، ئادەم ئۇلارغا: سىلەرنى پەقەت جەننەتتىن داداڭلار ئادەمنىڭ يەنى مېنىڭ خاتالىقىم چىقىرىۋەتكەن، مەن ئۇنىڭ ئىگىسى ئەمەس، لايىق ئەمەس، سىلەر ئىبراھىمغا بېرىڭلار دەيدۇ، ئۇلار ئاللاھنىڭ يېقىن دوستى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا كەلسە، ئۇ مەن ئۇنىڭ ئىگىسى ئەمەس، مەن دېگەن يېقىن دوستىنىڭ ئارقىسىدىكى دوستى بولىمەن، دەرىجىدە كېيىن تۇرىمەن، ئاللاھ بىۋاسىتە سۆز قىلغان مۇساغا بېرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار مۇساغا كەلسە، ئۇمۇ، مەن ئۇنىڭ ئىگىسى ئەمەس، لايىق ئەمەس، سىلەر ئاللاھنىڭ كەلىمىسى بولغان ئاللاھ تەرەپتىن يارىتىلغان، پۈۋدەلگەن روھ بولغان ئەيساغا بېرىڭلار دەيدۇ. ئەيسامۇ مەن ئۇنىڭ ئىگىسى، ئەھلى ئەمەس، سىلەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بېرىڭلار دەيدۇ، ئاندىن ئۇلار مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كېلىدۇ، ئۇ ئورنىدىن تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا جەننەت ئىشىكىنى ئېچىشقا ئىزنى، ئىجازەت بېرىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئامانەت بىلەن سىيلە ـ رەھىم ئەۋەتىلىپ، ئۇ ئىككىسى سىرات كۆۋرۈكىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە تۇرغۇزۇلىدۇ، سىلەرنىڭ ئەۋۋىلىڭلار ئەڭ ياخشىڭلار، چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئاندىن كېيىنكىلەر شامالدەك، ئاندىن قۇش ئۇچقاندەك، ئاندىن تېز ماڭغاندەك ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ماڭدۇرىدۇ، سىراتتىن ئۆتكۈزىدۇ، پەيغەمبىرىڭلار سىراتنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئى رەببىم! سالامەت قىلسىلا، سالامەت قىلسىلا دەپ تۇرىدۇ، تاكى بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرى ئاجىز كېلىپ قالىدۇ، ھەتتا كىشى مېڭىشقا قادىر بولالماي، ئۆمىلەپ ماڭىدۇ، سىرات كۆۋرۈكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېسىقلىق ئىلمەكلەر بار بولۇپ، ئۇ تۇتۇشقا تېگىشلىك كىشىلەرنى قاچۇرىۋەتمەي مەھكەم تۇتۇشقا بۇيرۇلغاندۇر، بەزىلەر جاراھەتلىنىپ، ئەزالىرى ئۈزۈلۈپ كېتىپ قۇتۇلىدۇ، بەزىلەر دوزاخقا تاشلىنىدۇ. (دوزاخنىڭ چوڭقۇرلۇقى 70 يىللىق مۇساپە). مۇسلىم 288 ـ ھەدىس، سەھىھ. ئى ئاللاھ، بىزلەرنى دوزاخدىن ساقلىسىلا، ئامىن!

يجيء الدجال فيطأ الأرض إلا مكة و المدينة فيأتي المدينة فيجد بكل نقب من أنقابها صفوفا من الملائكة فيأتي سبخة الجرف فيضرب رواقه فترجف المدينة ثلاث رجفات فيخرج إليه كل منافق و منافقة ( حم ق ) عن أنس

8028. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دەججال كېلىپ، مەككە ـ مەدىنىدىن باشقا بارلىق زېمىنغا دەسسەيدۇ، ئۇ مەدىنىگە كېلىپ، مەدىنىنىڭ ھەربىر يول، كوچا ئېغىزلىرىدا پەرىشتىلەرنىڭ سەپ تارتىپ پوستا تۇرغىنىنى تاپىدۇ، ئاندىن ئۇ مەدىنىگە يېقىن گىياھ ئۈنمەس تۇزلۇق زېمىنغا چۈشۈپ، چېدىر، گۈمبەز بارگاھلىرىنى شۇ جايغا قۇرىدۇ، مەدىنە ئۈچ قېتىم قاتتىق تەۋرەيدۇ، ئاندىن قورقۇپ ھەربىر مۇناپىق ئەر ۋە مۇناپىق ئايال ئۇنىڭ قېشىغا چىقىدۇ. (مانا بۇ يامان كىشىلەردىن تازىلاشتۇر). ئەھمەد 12517 ـ ھەدىس، بۇخارى 6591 ـ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

يجيء الرجل آخذا بيد الرجل فيقول: يا رب ! هذا قتلني فيقول الله له: لم قتلته ؟ فيقول: قتلته لتكون العزة لك فيقول: فإنها لي و يجيء الرجل آخذا بيد الرجل فيقول: أي رب ! إن هذا قتلني فيقول الله: لم قتلته ؟ فيقول: لتكون العزة لفلان ! فيقول: إنها ليست لفلان فيبوء بإثمه ( ن ) عن ابن مسعود

5029. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ، ئى رەببىم،

بۇ مېنى ئۆلتۈرگەن، ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا سەن ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈردۈڭ؟ دېسە، ئۇ بەندە، مەن ئۇنى سېنىڭ ئىززىتىڭ ئۈچۈن كەلىمەڭنىڭ ئۈستۈن بولۇشى ئۈچۈن ئۆلتۈردۈم دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا، ھەقىقەتەن ئىززەت ماڭىلا خاس دەيدۇ. (ئۇ كىشى قويۇپ بېرىلىپ، مۇكاپات ئالىدۇ). ئاندىن يەنە بىر كىشى باشقا بىر كىشىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ كېلىپ، ئى رەببىم، بۇ مېنى ئۆلتۈرگەن دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا، ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈردۈڭ دېسە، ئۇ پالانىنىڭ ئىززىتى ئۈچۈن دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا ھەقىقەتەن ئىززەت، غالىبلىق پالانىغا مەنسۇپ ئەمەس، ماڭىلا خاس ئىدى، دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ پالانىنى دەپ جەڭ قىلغان كىشى ئۆزىنىڭ ۋە ئۇ ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ گۇناھى بىلەن قايتىدۇ. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

يجيء القرآن يوم القيامة فيقول: يا رب حله فيلبس تاج الكرامة ثم يقول: يا رب زده فيلبس حلة الكرامة ثم يقول: يا رب ارض عنه فيرضى عنه فيقول: اقرأ و ارق و يزاد بكل آية حسنة ( ت ك ) عن أبي هرير

8030. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى قۇرئان كەرىم كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىم! مېنى ئوقۇغان ئۇ كىشىگە تون كىيدۈرگىن، ئۇ كىشىگە كارامەت تاجى كىيدۈرۈلىدۇ، ئاندىن قۇرئان، ئى رەببىم، زىيادە قىلسىلا دەيدۇ، ئۇ كىشىگە كارامەت تونلىرى كىيدۈرۈلىدۇ، ئاندىن قۇرئان، ئى رەببىم! ئۇنىڭدىن رازى بولسىلا دەيدۇ، ئاللاھ قۇرئان ئوقۇپ ئەمەل قىلغۇچى كىشىدىن رازى بولىدۇ، ۋە ئۇ كىشىگە، ئوقۇغىن، يۇقىرى ئۆرلە دەيدۇ، ھەربىر ئايەتنىڭ باراۋىرىگە بىر ياخشىلىق زىيادە قىلىنىدۇ. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

8031 ( صحيح ) يجيء المقتول بالقاتل يوم القيامة ناصيته و رأسه بيده و أوداجه تشخب دما فيقول: يا رب ! سل هذا فيم قتلني ؟ حتى يدنيه من العرش ( ت ن ه ) عن ابن عباس

8031. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن كىشى، قاتىلى بىلەن بىرگە كېلىدۇ، ۋەھالەنكى، قاتىلنىڭ بېشى ۋە چېكىسى ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇ كىشى جان تومۇرى قان ئاقتۇرغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ، يا رەببىم! بۇنىڭدىن سوراپ باققىن، بۇ مېنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرىدۇ، ئۇلار شۇنداق داۋالىشىپ، ئەرشكە يېقىن بارىدۇ، يەنى، ئەرشنىڭ يېنىغا سۆرەپ ئاپىرىدۇ. تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

يجيء المقتول يوم القيامة متعلقا بقاتله فيقول الله: فيم قتلت هذا ؟ فيقول: في ملك فلان ( ن ) عن جندب

8032. جۇندۇپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئۆلتۈرۈلگەن كىشى قاتىلغا ئېسىلغان ھالدا كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىم! بۇ مېنى ئۆلتۈرگەن ئاندىن ئاللاھ قاتىلغا نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈردۈڭ؟ دېسە، قاتىل، پالانىنىڭ مۇلۈكىدە ئىگىدارچىلىقىدا بۇيرۇقى بىلەن ئۆلتۈرگەن دەيدۇ. (ئاللاھ ئادىل ھۆكۈم قىلىدۇ). نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

يجيء النبي يوم القيامة و معه الرجل و النبي و معه الرجلان و النبي و معه الثلاثة و أكثر من ذلك فيقال له: هل بلغت قومك ؟ فيقول: نعم فيدعى قومه فيقال لهم: هل بلغكم هذا ؟ فيقولون: لا فيقال له: من يشهد لك ؟ فيقول: محمد و أمته فيدعى محمد و أمته فيقال لهم: هل بلغ هذا قومه فيقولون: نعم فيقال: و ما علمكم بذلك ؟ فيقولون: جاءنا نبينا فأخبرنا أن الرسل قد بلغوا فصدقناه فذلك قوله: ( و كذلك جعلناكم أمة وسطا لتكونوا شهداء على الناس و يكون الرسول عليكم شهيدا ) ( حم ن ه ) عن أبي سعيد

8033. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى بەزى پەيغەمبەر بىلەن بىرلا كىشى بىللە كېلىدۇ، بەزىسى بىلەن ئىككى، بەزىسى بىلەن ئۈچ ۋە بەزىسى بىلەن ئۇنىڭدىن كۆپ كىشىلەر كېلىدۇ. ئۇ پەيغەمبەرگە سەن ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى قەۋمىڭگە يەتكۈزدۈڭمۇ؟ دېيىلىدۇ ، ئۇ ھەئە يەتكۈزدۇم، دېسە ، قەۋمى چاقىرىلىدۇ، ئۇلارغا راست يەتكۈزدىمۇ دېيىلىدۇ ؟ ياق يەتكۈزمىدى دەپ تېنىۋالىدۇ، ئاندىن ئۇ پەيغەمبەرگە: ساڭا كىم گۇۋاھچى بولىدۇ؟ دېيىلىدۇ، ئۇ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتى گۇۋاھچى بولالايدۇ دەيدۇ، ئۇلار چاقىرىلىپ، بۇ راست يەتكۈزدىمۇ؟ دېيىلىدۇ . ئۇلار ھەئە يەتكۈزدى دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئۇلارغا: سىلەر ئۇنى قانداق بىلگەن دېيىلىدۇ ، ئۇلار: بىزگە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ ھەققەتەن بارلىق پەيغەمبەرلەر تولۇق يەتكۈزۈپ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغان، ئۇلار يەتكۈزدۇق دېسە ، قەۋمى تېنىۋالىدۇ، سىلەر گۇۋاھچى بولىسىلەر دېگەن ، بىز شەكسىز ئىشىنىپ، تەستىقلىغان دەيدۇ، ئۇ بولسىمۇ مۇنۇ ئايەتتۇر. «ئەنە شۇنىڭدەك يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك، كىشىلەرگە يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتكە شاھىد، گۇۋاھچى بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە گۇۋاھى بولۇشى ئۈچۈن بىز سىلەرنى ياخشى، ئادىل ئۈممەت قىلدۇق» سۈرە بەقەرە 143 ـ ئايەت، ئەھمەد ، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

يجيء نوح و أمته فيقول الله: هل بلغت ؟ فيقول: نعم أي رب ! فيقول لأمته: هل بلغكم ؟ فيقولون: لا ما جاء لنا من نبي فيقول لنوح من يشهد لك ؟ فيقول: محمد و أمته و هو قوله تعالى ( و كذلك جعلناكم أمة وسطا لتكونوا شهداء على الناس) و الوسط: العدل فيدعون فيشهدون له بالبلاغ ثم أشهد عليكم ( حم خ ت ن ه ) عن أبي سعيد

8034. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى نوھ ئەلەيھىسسالام ئۈممىتى بىلەن بىرگە كېلىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا سەن ئەلچىلىك ۋەزىپىسىنى قەۋمىڭگە يەتكۈزدۈڭمۇ؟ دەيدۇ، ئۇ، ھەئە يا رەببىم، يەتكۈزدۇم دېسە ، ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈممىتىگە ئۇ سىلەرگە راست يەتكۈزدىمۇ؟ دەيدۇ، ئۇلار: ياق بىزگە ھەرگىز پەيغەمبەر كېلىپ باقمىدى دەپ تېنىۋالىدۇ، ئاللاھ نوھقا ، ساڭا كىم گۇۋاھچى بولالايدۇ؟ دەيدۇ، نوھ: مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتى گۇۋاھچى بولالايدۇ دەيدۇ، ئۇ بولسىمۇ مۇنۇ ئايەتتە كۆرسىتىلگەن دەپ يۇقىرىقى سۈرە بەقەرەنىڭ 143 ـ ئايىتىنى ئوقۇدى، ۋەستە دېگەن ، ئادىل گۇۋاھچى دېگەن بولىدۇ، ئۇلار چاقىرىلىپ، نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ راست يەتكۈزگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئاندىن، ئاللاھ ئۇلارغا قارشى گۇۋاھلىق تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنى جازالايدۇ. ئەھمەد ، بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ئەڭ ئەۋۋەلقى پەيغەمبەر بىلەن ئۇنىڭ ئۈممىتى ۋە ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر بىلەن ئۇنىڭ ئۈممىتى شۇنداق بولغان ئىكەن، بۇ ئۈممەت ئارىلىقىدىكى، ئوتتۇرىدىكى ئۈممەتلەرگىمۇ گۇۋاھلىق بېرىدۇ، بۇ يۇقىرىدا ئۆتتى.

يجيء يوم القيامة ناس من المسلمين بذنوب أمثال الجبال يغفرها الله لهم و يضعها على اليهود( م)عن أبي موسى

8035. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى مۇسۇلمانلاردىن نۇرغۇن كىشىلەر تاغدەك تاغدەك گۇناھلار بىلەن كېلىدۇ، ئاللاھتائالا ئۇلار ئۈچۈن ئۇ گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرۈۋېتىپ، ئۇ گۇناھلارنى، يەھۇدىيلارنىڭ

ئۈستىگە قويىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، راستىنلا يەھۇدىيلار ئىسلام دىنىغا مۇسۇلمانلارغا دائىم دېگىدەك سۈيقەست قىلىپ توردى، ھەم قىلىۋاتىدۇ، ھەم بۇندىن كېيىن قىلىشقا پىلانلاپ قويىدى، مانا بۇ ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىكىنىڭ ئاقىۋىتىدىكى جازاسىدۇر، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ جازاسىدۇر.

**8036** ( صحيح ) يجير على أمتي أدناهم ( حم ك ) عن أبي هريرة

8036. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمگە ئۇلارنىڭ ئەڭ يىراقتىكىسىمۇ يېقىندىكىسىمۇ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدىكىمۇ ئەمىنلىك بېرەلەيدۇ، ئەھدىنى ئىجرا قىلالايدۇ. ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**8037** ( حسن ) يحب الله العامل إذا عمل أن يحسن ( طب ) عن كليب بن شهاب

8037. كۇلەيىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا خىزمەت قىلغۇچى ئاملىنىڭ ئەمەل قىلغان چاغدا ئۆز خىزمىتىنى، ئىشىنى، ئەمىلىنى ناھايىتى ياخشى، پۇختا قىلىشىنى بەك ياخشى كۆرىدۇ . تەبرانى توپلىغان، ھەسەن. بارلىق مۇسۇلمان ئەمەل قىلغۇچىلار، مۇسۇلمان ئىشچىلار مۇشۇ ھۆكۈمدە بولىدۇ.

يحرم من الرضاعة ما يحرم من النسب ( حم ق د ن ه ) عن عائشة ( حم م ن ه ) عن ابن عباس

8038. ئائىشە، ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نەسەب تۇغۇلۇشىدىن ھارام بولغان نەرسە، ئىملىدەشتىنمۇ ھارام بولىدۇ، (يەنى نەسەبدىن كىشىگە ئانىسى، قىزى، ھەمشىرىسى، ھاممىسى، قېرىنداشلىرىنىڭ قىزى، ھەمشىرىسىنىڭ قىزى قاتارلىق يەتتە كىشى ھارام بولىدۇ، ئەنە شۇنىڭدەك ئىملىدەشلىكتىنمۇ ئىملىدەش سۈت ئانىسى، ھەمشىرىسى ئۇلارنىڭ قىزلىرى، ھاممىسى قاتارلىق يەتتە كىشى ھارام بولىدۇ. ئەلۋەتتە نەۋرىسى، چوڭ ئانىسىمۇ باردۇر). بۇ سۈرە نىسانىڭ 22ـ ، 24 ـ ئايىتىگىچە سۆزلەنگەن، سەھىھ ھەدىس بىلەن ھاممىسىنى جۈپلەپ ئالماسلىق بېكىتىلدى. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

يحسب ما خانوك و عصوك و كذبوك و عقابك إياهم فإن كان عقابك إياهم بقدر ذنوبهم كان كفافا لا لك و لا عليك و إن كان عقابك إياهم دون ذنوبهم كان فضلا لك و إن كان عقابك إياهم فوق ذنوبهم اقتص لهم منك الفضل أما تقرأ كتاب الله: ( و نضع الموازين القسط ليوم القيامة الآية ؟ ) ( حم ت ) عن عائشة

8039. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن مېنىڭ قۇللىرىم مېنى يالغانچى قىلىدۇ، ماڭا يالغان سۆزلەيدۇ، ئاسىيلىق قىلىپ، خىيانەت قىلىدۇ، مەن ئۇلارنى تىللاپ، ئەيىبلەپ ئۇرىمەن، بۇ قانداق بولىدۇ؟. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ساڭا خىيانەت قىلىشى، ئاسىيلىق قىلىشى، يالغان سۆزلىشى ھەممىسىدىن ھېساب ئېلىنىدۇ ياكى شۇنىڭ باراۋىرىدە كۈپايە بولغىدەك قىلىنىشى لازىم. ساڭا ئەجىر يېزىلىدۇ، سېنىڭ ئۇلارنى جازالىشىڭغا كەلسەك، ئەگەر ئۇلارنى جازالىشىڭ، گۇناھلىرىنىڭ باراۋىرىدە، مىقدارىدا دەلمۇ ـ دەل بولسا،بۇ تەڭلىشىدۇ، نورمال بولغان بولىدۇ، ئەگەر جازالىشىڭ، گۇناھلىرىنىڭ مىقدارىدىن تۆۋەن، ئاز بولغان بولسا، بۇ سەن ئۈچۈن پەزلە، زىيادە مۇكاپات بولىدۇ، ئەگەر

جازالىشلىق ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مىقدارىدىن ئېشىپ كەتكەن، ئارتۇق بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇلار ئۇچۇن سەندىن ئاشۇ ئوشۇق، ئۇستۈن بولۇپ كەتكەن، زىيادىسى قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ، سەن ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاننى ئوقۇمىدىڭمۇ؟ «قىيامەت كۈنى بىز ئادىل مىزان ئورنىتىمىز، ھېچ بىر كىشىگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى، ئۇ كىشى يىغلاپ كېتىپ، قۇللىرىنى ئازاد قىلىۋەتتى). تىرمىزى 3089 ـ ھەدىس، ئەھمەد 25197 ـ ھەدىس، سەھىھ.

يحشر المتكبرون يوم القيامة أمثال الذر في صور الرجال يغشاهم الذل من كل مكان يساقون إلى سجن في جهنم يسمى بولس تعلوهم نار الأنيار يسقون من عصارة أهل النار طينة الخبال ( حم ت ) عن ابن عمرو

8040. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: زالىم، مۇتەكەببىرلەر قىيامەت كۈنى سۈرىتى ئەرلەر سۈرىتىدە، جىسمى بولسا زەررىچىلەردەك كىچىك قوپۇرۇلىدۇ، كىشىلەر دەسسەپ يۈرىيدۇ، (تەكەببۇرلۇقنىڭ جازاسى خارلىقتۇر). ئۇلارنى خارلىق ھەر تەرەپتىن قورشايدۇ، ئۇلار جەھەننەم ئىچىدىكى بولس دەپ ئاتىلىدىغان تۈرمىگە ھەيدەپ ئاپىرىلىدۇ ، ئۇلارنى قاتمۇ ـ قات قىزىق ئوت قورشاپ ئۈستى ـ ئۈستىگە ئوت قويۇلىدۇ، ئۇلار دوۋزاخ ئەھلىنىڭ تىنىنەتۇلخەببال دەپ ئاتىلىدىغان قان ـ يىرىڭ زەرداپلىرى بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

يحشر الناس على ثلاث طرائق: راغبين راهبين و اثنان على بعير و ثلاثة على بعير و أربعة على بعير و عشرة على بعير و يحشر بقيتهم النار لتقيل معهم حيث قالوا و تبيت معهم حيث باتوا و تصبح معهم حيث أصبحوا و تمسي معهم حيث أمسوا ( ق ن خ م) عن أبي هريرة

8041. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر ئۈچ يول يەنى ئۈچ پىرقىگە ئاساسەن توپلىنىدۇ، بىرىنچى پىرقە، مەھشەرگاھقا، كەڭرىلىك بىلەن ئازادە مېڭىپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى، مەغپىرىتىنى ئۈمىد قىلىپ جەننەتتىگە قىزىقىپ، ئازابىدىن كايىشىدىن قورققان ھالدا توپلىنىدۇ، ئىككىنچى پىرقە بولسا، ئەمەللىرىگە يارىشا ئىككى كىشى بىر تۆگە ئۈستىدە، ئۈچ كىشى بىر تۆگە ئۈستىدە، تۆت، ھەتتا ئون كىشى بىر تۆگە ئۈستىدە توپلىنىدۇ، كىشلەرنىڭ قالغانلىرىنى ئوت توپلايدۇ، بۇ ئوت، ئۇلار قەيەردە ئارام ئالسا شۇ يەردە بىللە ئارام ئالىدۇ، ئۇلار كەچ قىلىپ ياتقان جايدا بىرگە ياتىدۇ، ئۇلار تاڭ ئاتقۇزسا ياكى كەچ قىلسا بۇ ئوتمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە تاڭ ئاتقۇزىدۇ، كەچ قىلىدۇ، بۇ ئۈچىنچى پىرقىدۇر. بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**8042** ( صحيح ) يحشر الناس على نياتهم ( ه ) عن جابر

8042. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر نىيەتلىرى ئۈستىدە قوپۇرۇلىدۇ، (ئەمەللەر نىيەت بىلەن بولىدۇ، كىشى قىلىۋاتقان ئىش ـ ھەرىكىتى ئۈستىدە جان ئۈزىدۇ، ئەمەللىرى ئۈستىدە قوپۇرۇلىدۇ، ئەمەللەر ئەڭ ئاخىرقى ھېساب بولىدۇ). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

يحشر الناس يوم القيامة حفاة عراة غرلا الأمر أشد من أن ينظر بعضهم إلى بعض ( م ن ه ) عن عائشة

8043. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر قىيامەت كۈنى يالاڭ ئاياغ، يالىڭاچ ھەتتا خەتنە قىلىنمىغان تېرىلىپ قوپۇرۇلىدۇ، ئۇلار بىر

ـ بىرىگە قاراپ قالسا؟ دېيىلگەندە، ئىش ئۇلارنىڭ بەزىسى ـ بەزىسىگە قاراشلىرىدىن قاتتىق كۈچلۈك ۋە ئېغىردۇر دېگەن . مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

يحشر الناس يوم القيامة على أرض بيضاء عفراء كقرصة النقي ليس فيها معلم لأحد ( ق خ) عن سهل

8044. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر قىيامەت كۈنى خۇددى ئاق ئۇننىڭ توقچىدەك ئاق نانىدەك نۇرلۇق، ئاق زېمىننىڭ ئۈستىدە تىرىلدۈرۈلۈپ قوپۇرىلىدۇ، توپلىنىدۇ، ئۇ زېمىندا ھېچ بىر كىشى ئۈچۈن بەلگە، ئالامەت يوقتۇر، ئەلەم يوقتۇر. بەيھەقى، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. جەننەت ئەھلىگە كالا گۆشى، بېلىق گۆشى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ جىگەر پارچىسى ۋە مۇشۇ زېمىن ، يەرشارى، ئاق نان قىلىنىپ زىياپەت بېرىلىدۇ.مۇسلىم.

يحضر الجمعة ثلاثة نفر رجل حضرها يلغو و هو حظه منها و رجل حضرها يدعو فهو رجل دعا الله عز و جل إن شاء أعطاه و إن شاء منعه و رجل حضرها بإنصات و سكون و لم يتخط رقبة مسلم و لم يؤذ أحدا فهو كفارة إلى الجمعة التي تليها و زيادة ثلاثة أيام و ذلك بأن الله يقول: ( من جاء بالحسنة فله عشر أمثالها ) ( حم د ) عن ابن عمرو

8045. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جۈمە نامىزىغا ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەر ھازىر بولىدۇ، بىر كىشى جۈمەگە لەغۋە، قۇرۇق سۆز قىلىش، كىشىلەر بىلەن قۇرۇق پاراڭ سېلىش ئۈچۈن كېلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ جۈمەدىن ئالىدىغان نېسىۋىسىدۇر، يەنە بىر كىشى جۈمەگە دۇئا قىلىش ئۈچۈنلا، دۇئانى سوراپ كېلىدۇ، ئۇ، ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ، ئاللاھ ئەگەر خالىسا بېرىدۇ، خالىسا بەرمەيدۇ، ئۈچىنچى تۈردىكى كىشى بولسا، جۈمەگە ھازىر بولۇپ، سۆز قىلماي جىم، سۈكۈتتە تۇرىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ گەردىنىدىن ئاتلاپ ئۆتمەيدۇ، ھېچ بىر كىشىگە ئازار بەرمەيدۇ، بۇ، ئۇ كىشى ئۈچۈن يەنە بىر جۈمەگىچە گۇناھلىرىغا كاپارەت بولۇپ، ئۈچ كۈن زىيادە قىلىنىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھتائالا قۇرئاندا كىم بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ياخشىلىق بېرىلىدۇ دېگەنلىكىدىندۇر . ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

يختصم الشهداء و المتوفون على فرشهم إلى ربنا في الذين يتوفون من الطاعون فيقول الشهداء إخواننا قتلوا كما قتلنا و يقول المتوفون على فرشهم: إخواننا ماتوا على فرشهم كما متنا فيقضي الله بينهم فيقول ربنا: انظروا إلى جراحهم فإن أشبهت جراحهم جراح المقتولين فإنهم منهم و معهم فينظرون إلى جراح المطعونين فإذا جراحهم قد أشبهت جراح الشهداء فيلحقون بهم( حم ن ) عن العرباض بن سارية

8046. ئىرباز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شېھىدلەر بىلەن كۆرپىسى ئۈستىدە ۋاپات تاپقانلار، ۋابا كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەر توغرىسىدا رەببىمىزگە ئەرز قىلىپ داۋالىشىپ قالىدۇ، شېھىدلەر گۇرۇپپىسىدىكىلەر، ئۇلار يەنى ۋابا كېسىلىدە ۋاپات تاپقانلار بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز، چۈنكى ئۇلار بىز ئۆلتۈرۈلگەندەك يارىدار قىلىنىپ، جاراھەتتە ئۆلتۈرۈلدى دەيدۇ، كۆرپىسى ئۈستىدە ۋاپات تاپقانلار، ئۇلار بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز، چۈنكى، ئۇلار خۇددى بىز ئۆلگەندەك كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلدى دەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رەببىمىز ھۆكۈم قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، ئۇلارنىڭ جاراھىتىگە قاراپ بېقىڭلار، ئەگەر ۋابادا ئۆلگەنلەرنىڭ جاراھىتى ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ جاراھىتىگە ئوخشاش بولسا ھەقىقەتەن ئۇلار شېھىدلەردىن بولىدۇ، شېھىدلەر بىلەن بىللە بولىدۇ، جاراھىتىگە قارىسا ناگاھان ئۇلارنىڭ جاراھىتى شېھىدلەرنىڭ جاراھىتىگە ئوخشاش ئىكەن، ئاندىن ئۇلار شېھىدلەرگە

قوشۇپ قويۇلدۇ. (ۋاباداا ئۆلگەن كىشى شېھىد دېگەن سەھىھ ھەدىس يۇقىرىدا ئۆتتى، شۇڭا بۇ ھەدىس ھەسەن). ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، ھەسەن.

**8047 ( صحيح ) يخرج الدجال في أمتي فيمكث أربعين فيبعث الله تعالى عيسى ابن مريم كأنه عروة بن مسعود الثقفي فيطلبه فيهلكه ثم يمكث الناس سبع سنين ليس بين اثنين عداوة ثم يرسل الله ريحا باردة من قبل الشام فلا يبقى على وجه الأرض أحد في قلبه مثقال ذرة من إيمان إلا قبضته حتى لو أن أحدكم دخل في كبد جبل لدخلت عليه حتى تقبضه فيبقى شرار الناس في خفة الطير و أحلام السباع لا يعرفون معروفا و لا ينكرون منكرا فيتمثل لهم الشيطان فيقول: ألا تستجيبون ؟ فيقولون: بم تأمرنا ؟ فيأمرهم بعبادة الأوثان فيعبدونها و هم في ذلك دار رزقهم حسن عيشهم ثم ينفخ في الصور فلا يسمعه أحد إلا أصغى ليتا و رفع ليتا و أول من يسمعه رجل يلوط حوض إبله فيصعق و يصعق الناس ثم يرسل الله مطرا كأنه الطل فينبت منه أجساد الناس ثم ينفخ فيه أخرى فإذا هم قيام ينظرون ثم ؟ يقال: يا أيها الناس ! هلم إلى ربكم (وقفوهم إنهم مسئولون ثم يقال: أخرجوا بعث النار فيقال: من كم ؟ فيقال: من كل ألف تسعمائة و تسعة و تسعون فذلك يوم يجعل الولدان شيبا و ذلك يوم يكشف عن ساق)( حم م ) عن ابن عمر**

8047. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دەججال مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە ئاشكارا بولۇپ چىقىپ، قىرىق كۈن تۇرىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا، مەريەم ئوغلى ئەيسانى ئەۋەتىدۇ، ئۇ خۇددى سۇقەفىيلىك ئۇرۋەت ئىبنى مەسئۇدقا ئوخشايدۇ، ئەيسا، دەججالنى ئىزدەپ قوغلاپ بېرىپ ئۆلتۈرىدۇ، ئاندىن كىشىلەر يەتتە يىل تۇرىدۇ، بۇ يىللاردا ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا ئۆچ ـ ئاداۋەت بولمايدۇ، ئاندىن، ئاللاھتائالا سوغۇق شامالنى ئەۋەتىدۇ، بۇ شامال شام تەرەپتىن چىقىپ، يەر يۈزىدە قەلبىدە زەررە مىقداردا ئىمانى بار كىشىنىڭ ھېچ بىرىنى قالدۇرماي جېنىنى قەبزى روھ قىلىپ ئالىدۇ. ھەتتا، بىرىڭلار تاغنىڭ ئوتتۇرىدىكى غارغا كىرىۋالسىمۇ ئۇ شامال كىرىپ ئۇنىڭمۇ جېنىنى ئالىدۇ، ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرى قېلىپ قالىدۇ، ئۇلار يامانلىقىدىن، ئەقىلسىزلىقىدىن، تاجاۋۇز قىلىشىدا، زۇلۇم قىلىشىدا خۇددى يىرتقۇچ، گۆشخور ھايۋانلارنىڭ، گۆشخور قۇشلارنىڭ ئەخلاقىدا بولۇپ كېتىدۇ، ياخشىلىقنى ياخشىلىق دەپ تونۇمايدۇ ، يامانلىقنى ئىنكار قىلمايدۇ، ئاندىن ئۇلارغا شەيتان سۈرەتكە كىلىپ يول كۆرسەتكۈچىنىڭ سۈرىتىگە كىرىۋېلىپ، چاقىرىققا ئاۋاز قوشمامسىلەر؟ دەيدۇ، ئۇلار بىزنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟ دەيدۇ، شەيتان ئۇلارنى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىپ، بۇتقا چوقۇنۇشقا بۇيرۇيدۇ ئۇلار بۇتقا ئىبادەت قىلىپ كېتىدۇ.

ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ رىزقى كەڭرىپ، تۇرمۇش مەئىيشەتى ناھايىتى ياخشىلىنىپ كېتىدۇ، ئاندىن سۇر مۈڭگۈز پۈۋدىلىدۇ، يەنى ئىسراپىل سۇرنى پۈۋلەيدۇ، ئۇنى ئاڭلىغان ھەر قانداق بىر كىشى بويىنىنى ئېگىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇلاق سالىدۇ، ئۇ ئاۋازنى ئاڭلايدىغان تۇنجى كىشى تۆگىنىڭ كۆلنى ئوڭشاۋاتقان كىشى بولۇپ، ئۇ شۇ ھامان ھوشىدىن كېتىپ ئۆلىدۇ، ئاندىن بارلىق كىشىلەر ئۆلىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا خۇددى شەبنەم تامچىسىدەك يامغۇرنى ئەۋەتىدۇ، ئاندىن شۇ يامغۇردىن، زېمىندىن ئىنسانلارنىڭ جەسەتلىرى ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئاندىن سۇرە يەنە بىر قېتىم پۈۋدىلىدۇ. كىشىلەر ناگاھان قەبرىلىرىدىن چىقىپ، تىرىلىپ قوپۇپ، نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقىغا ئىنتىزار بولۇپ قاراپ تۇرۇشىدۇ، ئاندىن، ئى ئىنسانلار! (جىنلار!) رەببىڭلار تەرەپكە كېلىڭلار! دېيىلىدۇ . ئۇلارنى توختىتىڭلار، ھەقىقەتەن ئۇلاردىن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ، ھېساب ئېلىنىدۇ دېيىلىدۇ ، ئاندىن دوۋزاخ ئەھلىنى چىقىرىڭلار دېيىلىدۇ ، قانچىلىك دەپ

سورىلىدۇ؟ ھەر 1000دىن 999نى دوۋزاخقا چىقىرىلىدۇ دېيىلىدۇ ، ئەنە شۇ بولسا ، قورقۇنۇچلۇقىدىن كىچىك باللارنىڭ چېچىنى ئاق باش قىلىۋېتىدىغان كۈندۇر، ئاشۇ بولسا، ئىش بەكمۇ قىيىنلىشىدىغان كۈندۇر، (بۇ، سۈرە قەلەم 42 ـ ئايەت، باللارنىڭ بېشى ئاقىرىشى، سۈرە مۇززەممىل 17 ـ ئايەت). ئەھمەد 6268 ـ ھەدىس، مۇسلىم 5233 ـ ھەدىس، سەھىھ. مانا بۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز، بىز شەكسىز ئىشىنىمىز

**8048** ( صحيح ) يخرج الدجال فيتوجه قبله رجل من المؤمنين فيلقاه المسالح مسالح الدجال فيقولون له: أين تعمد ؟ فيقول: أعمد إلى هذا الذي خرج فيقولون له: أو ما تؤمن بربنا ؟ فيقول: ما بربنا خفاء فيقولون: اقتلوه فيقول بعضهم لبعض: أليس قد نهاكم ربكم أن تقتلوا أحد دونه ؟ فينطلقون به إلى الدجال فإذا رآه المؤمن قال: يا أيها الناس هذا الدجال الذي ذكر رسول الله صلى الله عليه وسلم فيأمر الدجال به فيشبح فيقول: خذوه و شجوه فيوسع بطنه و ظهره ضربا فيقول: أما تؤمن بي ؟ فيقول: أنت المسيح الكذاب فيؤمر به فينشر بالمنشار من مفرقه حتى يفرق بين رجليه ثم يمشي الدجال بين القطعتين ثم يقول له: قم فيستوى قائما ثم يقول له: أتؤمن بي ؟ فيقول: ما ازددت فيك إلا بصيرة ثم يقول: يا أيها الناس إنه لا يفعل بعدي بأحد من الناس فيأخذه الدجال فيذبحه فيجعل ما بين رقبته إلى ترقوته نحاسا فلا يستطيع إليه سبيلا فيأخذ بيديه و رجليه فيقذف به فيحسب الناس أنما قذفه في النار و إنما ألقي في الجنة هذا أعظم الناس شهادة عند رب العالمين ( م ) عن أبي سعيد

8048. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دەججال ئاشكارا بولۇپ چىقىدۇ، مۇئمىنلەردىن بىر كىشى ئۇ تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ ماڭىدۇ، ئۇ كىشىگە دەججالنىڭ قۇراللىق قوشۇنلىرىدىن بىر قوشۇن ئۇچراپ، قەيەرنى مەقسەت قىلىپ ماڭدىڭ دەيدۇ، ئۇ كىشى: يېڭىدىن چىققان مۇشۇ كىشىنى يەنى دەججالنى مەقسەت قىلىپ ماڭدىم دەيدۇ، ئۇلار: سەن تېخى بىزنىڭ رەببىمىزگە ئىمان كەلتۈرمىدىڭمۇ؟ دەيدۇ، ئۇ كىشى، بىزنىڭ رەببىمىز مەخپىي ئەمەس، ئۇ نەگە بارساق بىز بىلەن بىللە دەيدۇ، ئۇلار، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار! دەيدۇ، بەزىسى ـ بەزىسىگە رەببىڭلار سىلەرنى ئۇنىڭسىز بىرەر كىشىنى ئۆلتۈرۈشۈڭلاردىن توسمىغانمۇ؟ ئۇنى ئۆزى ئۆلتۈرسۇن دەپ ئۇ كىشىنى دەججالنىڭ قېشىغا ئاپىرىدۇ، مۇئمىن كىشى دەججالنى كۆرگەندە، ئى ئىنسانلار! ئى خالايىق! بۇ كىشى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە سۆزلەپ بەرگەن دەججال شۇ ئىكەن دەپ نىدا قىلىدۇ، دەججال ئۇنى تۇتۇپ يەرگە ياتقۇزۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ، ئۇنى تۇتۇڭلار، باش ـ كۆزىنى ئۇرۇپ يېرىڭلار، ئاندىن ئۇ مۇئمىننىڭ ئۇچىسىغا قورساقلىرىغا ناھايىتى كۆپ ئۇرۇلىدۇ، ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن دەججال ئۇ كىشىگە، سەن يەنە ماڭا ئىمان كەلتۈرمەمسەن؟ ماڭا ئىشەنمەمسەن؟ دەيدۇ.

مۇئمىن: سەن دېگەن كاززاپ مەسىيھ دەججال تۇرساڭ دەيدۇ، ئاندىن ئۇ مۇئمىن، دەججالنىڭ ئەمرى ـ پەرمانى بىلەن بېشىنىڭ چاچ ئايرىمىسىدىن باشلاپ چاتىرقىچە ھەرە بىلەن تىلىنىپ ئىككى پارچە قىلىنىدۇ، ئاندىن دەججال ئۇ ئىككى پارچە ئارىسىدا مېڭىپ، ئۇ كىشىگە ئورنۇڭدىن تۇر! دەيدۇ، ئاندىن ئۇ كىشى، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرىدۇ، ئاندىن دەججال ئۇ كىشىگە ئەمدى ماڭا ئىشىنەمسەن، ئىمان كەلتۈرەمسەن؟ دەيدۇ. مۇئمىن كىشى مەن پەقەت مۆجىزە ئالامەتنى روشەن ھۆججەتنى زىيادە قىلدىم، دەيدۇ، ئاندىن مۇئمىن كىشى كىشىلەرگە: ئى خالايىق! ھەقىقەتەن ئۇ دەججال ئەمدى ھېچ كىشىگە ماڭا قىلغاندەك قىلالمايدۇ، قورقماڭلار دەيدۇ، ئاندىن دەججال ئۇ كىشىنى بوغۇزلىۋېتىش ئۈچۈن تۇتىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ گەردىنىدىن گېلىغىچە بويىنىغا مىس قوغۇشۇن قىلىنىدۇ، دەججال ئۇ كىشىنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈشكە قادىر بولالمايدۇ، ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ ئىككى قول ـ پۇتىدىن تۇتۇپ، يىراققا ئاتىدۇ، كىشىلەر ئۇنى دوۋزاخقا ئوتقا

ئاتتى دەپ گۇمان قىلىپ قالىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ كىشى جەننەتكە، باغۇ ـ بوستانلىقلارغا تاشلىنىدۇ. مانا بۇ مۆئمىن كىشى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى گۇۋاھلىقى ئەڭ بۈيۈك كىشىدۇر. مۇسلىم 5230 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**8049** ( صحيح ) يخرج الدجال و معه نهر و نار فمن دخل نهره وجب وزره و حط أجره و من دخل ناره وجب أجره و حط وزره ثم إنما هي قيام الساعة ( حم د ك ) عن حذيفة

8049. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دەججال چىقىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆستەڭ سۇ ۋە ئوت باردۇر، كىم ئۇنىڭ ئۆستىڭىگە كىرسە گۇناھلىرى مۇقىم قىلىنىپ، ئەجىر ـ ساۋابلىرى كۆيۈپ ئۆچۈرۈلىدۇ، كىم ئۇنىڭ ئوتىغا كىرسە، يا كىرمەكچى بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئەجىر ـ ساۋابى مۇقىم بولۇپ، گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ، ئاندىن كېيىن ھەقىقەتەن قىيامەت قايىم بولىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن، دەججال چىققاندىن كېيىنمۇ سىناقدىن سالامەت ئۆتكەن كىشىنىڭ گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلۈپ، ئەجىر ـ ساۋاب بولىدىغان ئىشلار بار دېگەن چىقىدۇ. ئەلۋەتتە يۇقىرىدا ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىش، يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرۈش شېھىد بولۇشلار ئۆتتى.

**8050** ( صحيح ) يخرج الله قوما من النار فيدخلهم الجنة ( حم ق ) عن جابر

8050. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا نۇرغۇن قەۋملەرنى (شاپائەت بىلەن ياكى چاڭگاللاپ) دوۋزاخدىن چىقىرىپ، جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

يخرج عنق من النار يوم القيامة له عينان يبصران و أذنان يسمعان و لسان ينطق يقول: إني وكلت بثلاثة: بكل جبار عنيد و بكل من دعا مع الله إلها آخر و بالمصورين ( حم ت ) عن أبي هريرة

8051. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى دوۋزاخ ئوتىدىن بىر بۆلەك قىزىق ئوت چىقىدۇ، ئۇنىڭ كۆرۈدىغان ئىككى كۆزى، ئاڭلايدىغان ئىككى قۇلىقى، سۆزلەيدىغان تىلى بار بولۇپ، مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن مەن ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەرگە مۇئەككەل قىلىندىم، ئۇلارنى دوزاخقا ئەكىرىمەن. بىرىنچى، ھەر قانداق زالىم، مۇتەكەببىر، ھەقدىن بويۇنتاۋلىق قىلىدىغان زۇلۇمكەش، ئىككىنچى، ئاللاھ بىلەن قوشۇپ باشقا ئىلاھنى چاقىرىپ، شېرىك كەلتۈرگەن مۇشرىك. ئۈچىنچى، سۈرەت سىزغۇچى رەسسام، ھەيكەلتاراشلارنى دوۋزاخقا ئەكىرىمەن. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

8052. بۇ ھەدىس 8006 ـ ھەدىسكە ۋە تۆۋەندىكىگە ئوخشاش.

يخرج فيكم قوم تحقرون صلاتكم مع صلاتهم و صيامكم مع صيامهم و عملكم مع عملهم يقرءون القرآن لا يجاوز حناجرهم يمرقون من الدين كما يمرق السهم من الرمية ينظر الرامي في النصل فلا يرى شيئا و ينظر في القدح فلا يرى شيئا و ينظر في الريش فلا يرى شيئا و يتمارى في الفوق هل علق به من الدم شيء ( ق ه ) عن أبي سعيد

8053. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇندىن كېيىن ئاراڭلاردا بىر تۈركۈم قەۋملەر چىقىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نامىزى، روزىسى،

ئەمەللىرىگە نىسبەتەن سىلەرنىڭ نامىزىڭلارنى، روزاڭلارنى بارلىق ئەمەل، ئىبادەتلىرىڭلارنى ھاقارەتلەپ، كىچىك، ئاز سانايدۇ، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، لېكىن، قۇرئان تەسىرى، پايدىسى، گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، قەلبىگە تەسىر قىلمايدۇ. ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوق ئېتىلغان نىشانغا تېگىپ، تېزلا چىقىپ كەتكەندەك تېزلا چىقىپ كېتىدۇ، ئوقنى ئاتقۇچى، ئوقنىڭ ئۇچىغا، تىغىغا قاراپ ھېچ نەرسىنى كۆرمەيدۇ، ئوقنىڭ ياغىچىغا ھەتتا، پەيلىرىگە قاراپمۇ ھېچ نەرسىنى كۆرمەيدۇ، ئاندىن ئۇ ياچاقنىڭ ئوقيا قويىدىغان زەي تارىسىغا قاندىن بىرەر نەرسە يۇقۇپ قالغاندىمۇ يا؟ دەپ شەك قىلىدۇ، (يەنى ئەنە شۇنىڭدەك ئوقىغا ھېچ نەرسە يۇقمىغاندەك ئۇ كىشىگە ئىسلامدىن ھېچ نەرسە يۇقمايدۇ). بەيھەقى، بۇخارى 6419 ـ ھەدىس، مۇسلىم 1764 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 165 ـ ھەدىس، ئەھمەد 11150 ـ ھەدىس، سەھىھ.

يخرج قوم في آخر الزمان يقرءون القرآن لا يجاوز تراقيهم سيماهم التحليق إذا لقيتموهم فاقتلوهم ( ه ) عن أنس

8054. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاخىر زاماندا بىر تۈركۈم قەۋملەر مەيدانغا چىقىدۇ، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، لېكىن قۇرئان تەسىرى گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئالامەت بەلگىسى دائىم چېچىنى چۈشۈرتۈپ تۇرۇش، ئۇلارغا ئۇچراشساڭلار ئىككىلەنمەي دەرھال ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، (چۈنكى، ئۇلار يۇقىرىقىدەك دىنىدىن تېزلا چىقىپ كەتكەنلەر، بۇ ھەدىس بارلىق ھەدىس كىتابلىرىدا بار، سەھىھ). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**8055** ( صحيح ) يخرج قوم من النار بشفاعة محمد صلى الله عليه وسلم فيدخلون الجنة و يسمون الجهنميين ( حم خ د ) عن عمران بن حصين

8055. ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نۇرغۇن كىشىلەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شاپائىتى بىلەن دوۋزاخدىن چىقىپ جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلار جەھەننەمىيىۇن دەپ ئاتىلىدۇ، (يەنى، جەھەننەمگە كىرىپ چىققانلار). ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

يخرج قوم من أمتي يقرءون القرآن ليس قراءتكم إلى قراءهم بشيء و لا صلاتكم إلى صلاتهم بشيء و لا صيامكم إلى صيامهم بشيء يقرءون القرآن يحسبون أنه لهم و هو عليهم لا تجاوز صلاتهم تراقيهم يمرقون من الإسلام كما يمرق السهم من الرمية لو يعلم الجيش الذين يصيبونهم ما قضى لهم على لسان نبيهم لاتكلوا عن العمل و آية ذلك أن فيهم رجلا له عضد ليس فيه ذراع على رأس عضده مثل حلمة الثدي عليه شعرات بيض ( م د ) عن علي

8056. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۇممىتىمدىن بىر تۈركۈم قەۋملەر چىقىدۇكى، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، سىلەرنىڭ قىرائىتىڭلار، نامىزىڭلار، روزاڭلار ئۇلارنىڭ قىرائىتى، نامىزى، روزىسىغا نىسبەتەن ھېچ نەرسە ئەمەس. (يەنى ئۇلار كۆپ قىلىدۇ، سىلەرنىڭ ئىبادەتلىرىڭلارنى ئاز سانايدۇ)، ئۇلار قۇرئان ئوقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە بولدى دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە قۇرئان ئۇلارنىڭ زىيىنىغا ھۆججەت بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ناماز، ئىبادەتلىرى گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوق ئېتىلغان نىشانغا تېگىپ تېزلا چىقىپ كەتكەندەك تېزلا چىقىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى ئۆلتۈرىدىغان قوشۇن، پەيغەمبىرىنىڭ تىلى بىلەن ئۇلارغا ھۆكۈم قىلىنىدىغان پەزىلەت، ئەجىرلەرنى بىلىپ قالسا، شۇ ئەجىر، پەزىلەتكە يۆلىنىۋېلىپ، ئەمەل قىلمايتتى.

ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتە شۇنداق كاتتا ئەجىر بار، ئۇلارنىڭ ئالامەت بەلگىسى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلىكى شۇنداق سېمىز، تومپ بولۇپ، خۇددى سۆڭىكى يوقتەكلا، ئۇنىڭ بىلىكىنىڭ باش تەرىپىدە ئايال كىشىنىڭ ئەمچىكىنىڭ تۇپچىسىدەك مونەك بار، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاق تۈكلەر باردۇر، (كېيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، باستۇرۇپ بولۇپ، ئاشۇ بەلگىنى ئىزدەپ تېپىپ، خۇشاللىقىدىن تەكبىر توۋلاپ كەتكەن، ئۇلار خاۋارىجلاردۇر). مۇسلىم 1773 ـ ھەدىس، ئەھمەد 635 ـ 668 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**8057** ( صحيح ) يخرج من المشرق أقوام محلقة رءوسهم يقرءون القرآن بألسنتهم لا يعدو تراقيهم يمرقون من الدين كما يمرق السهم من الرمية ( حم ق ) عن سهل بن حنيف

8057. سەھلى ئىبنى ھەنىيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەشرىق كۈن چىقىش تەرەپتىن بىر بۆلەك قەۋملەر چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ چاچلىرى چۈشۈرتىگىلىكتۇر، ئۇلار قۇرئاننى تىللىرىدىلا ئوقۇيدۇ، قۇرئاننىڭ پەزىلىتى، تەسىرى، گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، قەلبىگە تەسىر قىلمايدۇ، ئۇلارمۇ ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوق ئېتىلغان نىشانغا تېگىپ، تېزلا چىقىپ كەتكەنىدەك چىقىپ كېتىدۇ، (ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەنلەر ئۆلتۈرۈلىدۇ، چۈنكى، مۇرتەد ئۆلتۈرۈلىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**8058** ( صحيح ) يخرج من النار أربعة فيعرضون على الله فيلتفت إليه أحدهم فيقول: أي رب ! إذا أخرجتني منها لا تعدني فيها فينجيه الله منها ( م ) عن أنس

8058. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەلۇم سەۋەبلەردىن دوۋزاخدىن تۆت كىشى چىقىپ، ئۇلار ئاللاھقا تەڭلىنىدۇ، ئاندىن ئۇلار دوۋزاخقا قايتۇرۇلۇشقا بۇيرۇلغاندا ئۇلارنىڭ بىرسى: ئى رەببىم، ئاللاھ! مېنى دوۋزاخدىن چىقارغان ئىكەنسەن، ئەمدى مېنى ئۇنىڭغا قايتۇرمىساڭ، مەن شۇنى ئۈمىد قىلاتتىم دەيدۇ، ئاندىن ئۇنى ئاللاھتائالا دوۋزاخدىن قۇتقۇزىدۇ. مۇسلىم 283 ـ ھەدىس، ئەھمەد 12835 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**8059** ( صحيح ) يخرج من النار قوم بالشفاعة كأنهم الثعارير ( ق خ) عن جابر

8059. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر تۈركۈم قەۋملەر شاپائەت بىلەن دوۋزاخدىن چىقىدۇ، ئۇلار خۇددى تەرخەمەكتەك، دەرەخلەر كۆتىكى يېنىغا چىقىدىغان ئۆسۈملۈكتەك بولۇپ قالغان، (يەنى، كۆيۈپ قارىداپ كېتىدۇ، ئاندىن ھاياتلىق سۈيى قۇيۇلۇپ ، جەسەتلىرى ئەسلىگە كېلىدۇ). بۇخارى 6073 ـ ھەدىس، سەھىھ.

يخرج من النار قوم بعد ما احترقوا فيدخلون الجنة فيسميهم أهل الجنة الجهنميين ( خ ) عن أنس

8060. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نۇرغۇن قەۋملەر شاپائەت قىلىنىش بىلەن دوۋزاخدىن كۆيۈپ، قارىداپ كەتكەنىدىن كېيىن چىقىدۇ، ئاندىن جەسەتلىرى ھاياتلىق بۇلىقى بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلارنى جەننەت ئەھلى جەھەننەمىييۇن دەپ ئاتايدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

بىز ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسىدىكىلەر ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دېگەنىدەكلا دەيمىز، ئىلگىرىكى

سەلەپ، سالىھلار چۈشەنگەندەك چۈشىنىمىز، بۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز، شاپائەت ھەقتۇر.

**8061** ( صحيح ) يخرج من النار من قال: لا إله إلا الله و كان في قلبه من الخير ما يزن شعيرة ثم يخرج من النار من قال لا إله إلا الله و كان في قلبه من الخير ما يزن برة ثم يخرج من النار من قال لا إله إلا الله و كان في قلبه من الخير ما يزن ذرة( حم ق ت ن ) عن أنس

8061. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: لا ئىلاھە ئىللەللاھ، ئاللاھدىن باشقا مەئبۇد بەرھەق يوق دېگەن ، ۋە قەلبىدە بىر تال ئارپا چاغلىق ياخشىلىق بار كىشى دوۋزاخدىن چىقىدۇ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېگەن ۋە قەلبىدە بىر تال بۇغداينىڭ ۋەزنىگە توغرا كەلگەنچىلىك ياخشىلىق بار كىشى دوۋزاخدىن چىقىدۇ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېگەن ۋە قەلبىدە زەررىچىلىك ياخشىلىق بار كىشى دوۋزاخدىن چىقىدۇ. ئەھمەد ، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**8062** ( صحيح ) يخرج من النار من كان في قلبه مثقال ذرة من الإيمان ( ت ) عن أبي سعيد

8062. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەلبىدە زەررىچىلىك زەررىنىڭ مىقدارىدا ئىمانى بار كىشى شاپائەت بىلەن دوۋزاخدىن چىقىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللاھ: ئەگەر مەن ئاشۇ زەررىچىلىك ئىمان بىلەن دوۋزاخدىن قۇتىلالايدىغان كىشى بولالىسام، بۇيۇم بىلەن تەڭ ئالتۇن بەرگەندىنمۇ بەكرەك خۇشال بولغان بولاتتىم دېگەن . چۈنكى، ئۇ دوۋزاخدىن قۇتۇلۇپ، جەننەتكە كىرىش بىشارىتى بولىدۇ ـ دە! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىمانى بار كىشى دوۋزاخقا كىرىپ قالدى، بۇنىڭدىن ھەزەر قىلىڭلار، شاپائەتكە لايىق بولۇڭلار .

8063. بۇ ھەدىس يۇقىرىدا ئۆتكەن مەزمۇنى چىچىنى چۈشۈرتۈپ تۇرىدىغان قەۋملەر مەشرىقدىن چىقىدۇ، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، ئىسلام دىنىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ئۇلار ئۆلتۈرۈلسۇن.

**8064** ( صحيح ) يخرب الكعبة ذو السويقتين من الحبشة ( ق ن ) عن أبي هريرة

8064. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كەئبىنى ھەبەشىيلىك قارا تەنلىك ئىنچىكە پاچاق كىشلەر خاراب قىلىدۇ، (باشقا خاتىرىدە بىر تاشدىن بىر تاشتىن قومۇرۇپ، يۇلۇپ ئېلىۋېتىدۇ دېيىلگەن). بەيھەقى، نەسەئى، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**8065** ( صحيح ) يد الله على الجماعة ( ت ) عن ابن عباس

8065. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بار بولغان ئوخششى يوق، قولى جامائەت ئۈستىدە، (يەنى جامائەتكە، خەلىپە جامائىتكە ياردەم بېرىدۇ ئىگە بولىدۇ). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يد الله ملأى لا يغيضها نفقة سحاء الليل و النهار أرأيتم ما أنفق منذ خلق السموات و الأرض ؟ فإنه لم يغض ما في يده و كان عرشه على الماء و بيده الميزان يخفض و يرفع ( حم ق ت ه ) عن أبي هريرة

8066. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ئوخششى يوق قولى، پەزلى رەھمەتكە نېئمەتكە لىق تولغاندۇر، قولى لىق تولاغلىق، ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز كۆپ چىقىم قىلىش، سېخىيلىق قىلىش، بەرىكەتنى كۆپ بېرىش

كاملىتالمايدۇ، ئاللاھنىڭ ئاسمان ـ زېمىننى ياراتقاندىن باشلاپ نەپىقە قىلىپ چىقىم قىلىۋاتقانلىقىغا قارىمامسىلەر؟ ھەقىقەتەن ئاشۇ چىقىم قىلىشلارمۇ، ئاللاھنىڭ قولىدىكى نەرسىنى قىلچىلىك كاملىتالمايدۇ، ئاللاھنىڭ ئەرشى سۇ ئۈستىدە ئىدى، مىزان، ئاللاھنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۆزى خالىغانچە، ئېگىز- پەس، باي- نامرات قىلىپ تۇرىدۇ. ئەھمەد 10096 ـ ھەدىس، بۇخارى 6862 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2971 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 193 ـ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

( صحيح ) يد المعطي العليا و ابدأ بمن تعول أمك و أباك و أختك و أخاك ثم أدناك أدناك إنها لا تجني نفس على أخرى ( ن ) عن ثعلبة بن زهدم ( حم ) عن أبي رمثة ( ن حب ك ) عن طارق

8067. سۇئلەبە، ئەبۇ رەمسەت، تارىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەرگۈچىنىڭ قولى ئۈستۈن قولدۇر، بۇ سورىغۇچى تۆۋەن قولدىن ياخشى. سەدىقە ـ ئېھسان قىلىشنى، نەپىقىسى ساڭا ۋاجىپ بولىدىغان سەن ئىگە بولىدىغان، ئۆزۈڭنىڭ ئائىلىسىدىن باشلاپ قىلغىن، ئاناڭغا، داداڭغا، ھەمشىرىلىرىڭگە، قېرىنداشلىرىڭغا ئاندىن ئۇلاردىن تۆۋەن، يەنىمۇ تۆۋەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭغا قىلغىن، يىراق يېقىن تۇغقانلىرىڭغا قىلغىن، بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە جىنايەتچى ھېسابلانمايدۇ، (يەنى گەرچە ئاتا ـ بالا بولسىمۇ بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ جىنايىتىگە تۇتۇلمايدۇ، جازالانمايدۇ. جىنايەتچىنىڭ ئۆزىلا جازالىنىدۇ، ئۇنىڭ بەدىلىگە باشقىلار تۇتۇلمايدۇ). نەسەئى، ئەھمەد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

**8068** ( صحيح ) يدخل الجنة أقوام أفئدتهم مثل أفئدة الطير ( حم م ) عن أبي هريرة

8068. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەتكە بىر تۈركۈم قەۋملەر كىرىدۇكى، ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرى خۇددى قۇشنىڭ يۈرەكلىرىگە ئوخشايدۇ، (يەنى قەلبى يۇمشاق، ئاجىز، ئاسان ئېرىپ ياش تۆكىدۇ، ئاللاھنىڭ ھەيۋىتىدىن ئاسان قورقىدۇ، ئەيمىنىپ تۇرىدۇ، ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلىدۇ، كۆيۈمچان كېلىدۇ). مۇسلىم، جەننەت ئەھلىنىڭ سۈپىتىدە توپلىغان، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ، شەرھىسى مۇسلىمنىڭ شەرھىسىدىن ئېلىندى، ئىمام نەۋۋى.

يدخل الجنة بشفاعة رجل من أمتي أكثر من بني تميم ( ت ك ) عن عبدالله بن أبي الجدعاء

8069. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن بىرلا كىشىنىڭ شاپائىتى بىلەن بەنى تەمىيم قەبىلىسىدىنمۇ كۆپرەك كىشىلەر جەننەتكە كىرىدۇ. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.(يەنى، مەقسەت ، شاپائەت ھەق، مۆئمىن كىشى شاپائەت قىلالايدۇ، بىر كىشىنىڭ شۇنداق بولسا باشقىلارنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ قانداق بولار ھە؟!).

يدخل الجنة من أمتي زمرة و هم سبعون ألفا تضيء وجوههم إضاءة القمر ليلة البدر ( ق ) عن أبي هرير

8070. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن بىر توپ جامائەت جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلار 70000 بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى خۇددى 14 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇر چاچىدۇ. بەيھەقىلەر توپلىغان، سەھىھ.

يدخل الجنة من أمتي سبعون ألفا بغير حساب هم الذين لا يسترقون و لا يتطيرون و لا يكتوون و على ربهم يتوكلون ( خ ) عن ابن عباس

( حم م ) عن عمران بن حصين ( م ) عن أبي هريرة

8071. ئىبنى ئابباس، ئىمران، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇممىتىمدىن 70000 كىشى ھېسابسىز، ئازابسىز جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇلار ئايىتى شىپا ئوقۇتمايدۇ، شۇم پال ئالمايدۇ، ئوت بىلەن داغلاپ داۋالاتمايدۇ، پەقەت رەببىگىلا تەۋەككۇل قىلىدۇ. بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. باشقا خاتىرىدە 70000نىڭ ھەر مىڭى بىلەن يەنە 70000 باردۇر، بۇ سۆزنى ئەرەبلەر ناھايىتى كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان بولۇپ، مەنىسى ئىنتايىن كۆپ دېگەن بولىدىكەن، شۇ 70000غىلا خاس بولماستىن، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىكەن، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدىكەن.

يدخل أهل الجنة الجنة جردا مردا كأنهم مكحلون أبناء ثلاث و ثلاثين ( حم ت ) عن معاذ بن جبل

8072. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى جەننەتكە، بەدەن، جەسەتلىرىدە تۈك يوق، ئېڭەكلىرىدىمۇ تۈك يوق، گۈزەل ھالەتتە كىرىدۇ، ئۇلار خۇددى سۈرمە تارتىپ قويغاندەك گۈزەل، 33 ياشلىق ھالەتتە كىرىدۇ، (جىسمى ئادەم ئاتىنىڭ جىسمىدا شۇنداق گۈزەل كىرىدۇ، چۈنكى، ئادەمنى ئاللاھ ئۆز قولى بىلەن ياراتقان، جەننەت ئەھلىنىڭ ياشلىقى تۈگىمەيدۇ، ھەتتا، كىيىم ـ كېچەكلىرىمۇ كونىرىمايدۇ، خۇلاسە سۆز شۇكى، ئۇلارغا جەننەتتە خالىغىنى باردۇر، مانا بۇ بىردىنبىر قەلب خاتىرجەملىكىدۇر). ئەھمەد 8168 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2468 ـ ھەدىس، دارمى 2705 ـ ھەدىس، سەھىھ.

يدخل أهل الجنة الجنة و أهل النار النار ثم يقول الله عز و جل: أخرجوا من كان في قلبه مثقال حبة من خردل من إيمان فيخرجون منها قد اسودوا فيلقون في نهر الحياة فينبتون كما تنبت الحبة في جانب السيل ألم تر أنها تخرج صفراء ملتوية ( ق ) عن أبي سعيد

8073. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى جەننەتكە دوۋزاخ ئەھلى دوۋزاخقا كىرىپ بولغاندا، ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: قەلبىدە بىر تال قىچىنىڭ دىنى چاغلىق ئىمانى بار كىشىلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىڭلار، ئۇلار دوۋزاخدىن كۆيۈپ، قارىداپ كەتكەن ھالدا چىقىدۇ، ئۇلار، نەھرۇلھايات يەنى ھاياتلىق بۇلىقى دېگەن ئۆستەڭگە تاشلىنىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ تەن، جەسەتلىرى خۇددى سەل ئېلىپ كەلگەن لاينىڭ بىر تەرىپىدە دان ئۈنگەندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئەگرى ھالەتتە يۆگىشىپ، سېرىق ئۈنۈپ چىقىدىغانلىقىغا قارىمامسەن؟ ئەنە شۇنداق سېرىق ئۈنۈپ چىقىدۇ. بەيھەقىلار توپلىغان، سەھىھ.

**8074** ( صحيح ) يدخل الله أهل الجنة الجنة و أهل النار النار ثم يقوم مؤذن بينهم فيقول: يا أهل الجنة ! لا موت و يا أهل النار ! لا موت كل خالد فيما هو فيه ( ق ) عن ابن عمر

8074. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا جەننەت ئەھلىنى جەننەتكە، دوۋزاخ ئەھلىنى دوۋزاخقا كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن بىر جاكارچى مۇئەززىن ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق نىدا قىلىپ توۋلايدۇ، ئى جەننەت ئەھلى! ئۆلۈم يوق، ئى دوۋزاخ ئەھلى، ئەمدى ئۆلۈش يوق، ھەر ئىككىلى پىرقە ئۆزى تۇرىۋاتقان ئورۇندا مەڭگۈ قالىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

يدخل الملك على النطفة بعد ما تستقر في الرحم بأربعين ليلة فيقول: يا رب ! ماذا ؟ أشقي أم سعيد ؟ أذكر أم أنثى ؟ فيقول الله فيكتبان و يكتب عمله و أثره و مصيبته و رزقه و أجله ثم تطوى الصحيفة فلا يزاد على ما فيها و لا ينقص ( حم م ) عن حذيفة بن أسيد

8075. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەنىي، ئىسپېرما، ئانا رەھمىدىن قارار ئېلىپ 40 كۈن بولغاندا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇئەككەل قىلىنغان پەرىشتە كىرىپ مۇنداق دەپ سورايدۇ: ئۇ نېمە؟ قانداق بولىدۇ؟ سائادەتمەنمۇ ياكى شەقى، بەدبەختمۇ؟، ئاللاھ جاۋاب بېرىدۇ، ئالدىن بىلىپ بېرىلگەن بۇ جاۋاب، يەنى جەننىتى يا دوۋزىخى ئىكەنلىكى يېزىلىدۇ، ۋە ئۇنىڭ ئەمەللىرى، ئەسرى،ئىش ئىزى، مۇسىبىتى، رىزقى، ئەجىلى قاتارلىقلار يېزىلىپ ئاندىن كىيىن دەپتەر قاتلىنىدۇ، ئاشۇ دەپتەر ئىچىدە يېزىلغان نەرسىدىن كاملىمايدۇ، ھەم ئۇنىڭغا زىيادە قىلىنمايدۇ، (چۈنكى، ئاللاھ ھەممىنى ئالدىن بىلىپ يازغان). ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

يدخل فقراء المسلمين الجنة قبل أغنيائهم بنصف يوم و هو خمسمائة عام ( حم ت ه ) عن أبي هرير

8076. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلارنىڭ پېقىر، نامراتلىرى جەننەتكە بايلىرىدىن 500 يىل بۇرۇن كىرىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. (جەننەتكە كىرگەندىن كېيىنكى دەرىجىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ).

يدرس الإسلام كما يدرس وشي الثوب حتى لا يدري ما صيام ؟ و لا صلاة و لا نسك و لا صدقة و يسرى على كتاب الله في ليلة فلا يبقى في الأرض منه آية و تبقى طوائف من الناس الشيخ الكبير و العجوز يقولون: أدركنا آباءنا على هذه الكلمة يقولون: لا إله إلا الله فنحن نقولها ( ه ك هب الضياء ) عن حذيفة

8077. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: خۇددى كىيىمنىڭ رەڭگى ئۆچكەندەك، ئىسلام، دىنى ئىلمىنىڭ يوقىشى بىلەن زايا بولۇپ، ئاستا ـ ئاستا ئىزى ئۆچۈپ كېتىدۇ، دىن يوقاپ كېتىدۇ، ھەتتا، ناماز نېمە، روزا نېمە؟ سەدىقە نېمە؟ ھەج، تائەت ـ ئىبادەت دېگەن نېمە، بۇلار بىلىنمەيى قالىدۇ، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم بىر كېچىدىلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، زاۋال تېپىپ يوقايدۇ، يەر يۈزىدە قۇرئاندىن بىرمۇ ئايەت قالمايدۇ، پەقەت كىشىلەردىن بەكمۇ قېرىپ كەتكەن، ئاجىز شەيخ، ئەرلەر، قېرى ئاياللار قېلىپ قالىدۇ، ئۇلار، بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى مۇشۇ كەلىمە ئۈستىدە تاپقان، ئۇلار لا ئىلاھە ئىللەللاھ، ئاللاھدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دەيتتى، بىزمۇ شۇ كەلىمىنى دەيلى دەپ ئاشۇ ئىمان كەلىمىسىنىلا دەيدۇ، پەقەت شۇ كەلىمىلا قېلىپ قالىدۇ، (ئاندىن زېمىندا ئاللاھ! دېيىلمىگەندە قىيامەت قايىم بولىدۇ، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى ئاشۇ كەلىمە دوۋزاخدىن قۇتۇلدۇرۇشى مۇمكىن دېگەن ). ئىبنى ماجە 4039 ـ ھەدىس، ھاكىم، بەيھەقى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

يذهب الصالحون الأول فالأول و يبقى حفالة كحفالة الشعير أو التمر لا يباليهم الله تعالى بالة ( حم خ ) عن مرداس

8078. مىرداس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەۋۋەلكى سالىھ كىشىلەر تۈنجى ياخشى كىشىلەر كېتىدۇ، ئاندىن خۇددى ئارپا ياكى خورمىنىڭ پۇچەك، ناچارلىرى قېلىپ قالغاندەك كىشىلەرنىڭ ناچار، يامانلىرى قېلىپ قالىدۇ، ئاللاھتائالا ھەرگىز ئۇلارغا پەرۋا قىلمايدۇ، قەتئىي ئىگە بولمايدۇ. بۇخارى 5954 ـ ھەدىس، ئەھمەد 17062 ـ ھەدىس، دارمى 2603



www.uyghurkitap.com

ـ ھەدىس، سەھىھ.

يرحم الله أم إسماعيل لو تركت زمزم أو قال لو لم تغرف من الماء لكانت عينا معينا ( خ ) عن أنس

8079. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئىسمائىلنىڭ ئانىسى ھاجەرگە رەھمەت قىلسۇنكى، ئەگەر ئۇ زەمزەمنى تەرك ئەتكەن بولسا، جىم قويغان بولسا، توختا دېمىگەن بولسا، ياكى زەمزەم سۈيىدىن قولى بىلەن چاڭگاللاپ ئالمىغان بولسا، ئالدىراپ كەتمىگەن بولسا، ئەلۋەتتە زەمزەم سۈيى ئاقىدىغان بۇلاق بولاتتى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

8080. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش، ئۇ ئالدىرىمىغان بولسا، ئاقار بۇلاق بولاتتى دېگەن .

يرد الناس النار ثم يصدرون عنها بأعمالهم فأولهم كلمح البصر ثم كمر الريح ثم كحضر الفرس ثم كالراكب في رحله ثم كشد الرجل ثم كمشيه ( حم ت ك ) عن ابن مسعود

8081. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر دوۋزاخقا كېلىپ، ئاندىن ئەمەللىرىنىڭ ھېسابىدا ئۇنىڭدىن قايتالايدۇ، (يەنى سىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتەلەيدۇ.) ئەۋۋەلكى ئەڭ ياخشى ئەمەل قىلغانلىرى بولسا، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچىلا چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئاندىن كېيىنكىلەر شامالدەك. ئاندىن ئات چاپقاندەك، ئاندىن كارۋانلار ماڭغاندەك، ئاندىن كىشى تېزراق ماڭغاندەك، ئاندىن كېيىنكىسى بولسا، پىيادە مېڭىپ ئۆتىدۇ، (بەزىسى دوۋزاخقا تاشلىنىپ كېتىدۇ.) ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

دوۋزاخنىڭ كەڭلىكى قانچىلىك بولسا، سىرات كۆۋرۈكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى شۇنداق ئۇزۇن بولىدۇ، ئۇ قىلىچتىن ئۆتكۈر، قىلدىن ئىنچىكە دېيىلگەن.مۇسلىم

يرد علي يوم القيامة رهط من أصحابي فيجلون عن الحوض فأقول: أي رب ! أصحابي فيقول: إنك لا علم لك بما أحدثوا بعدك إنهم ارتدوا بعدك على أدبارهم القهقرى ( خ ) عن أبي هريرة

8082. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ساھابىلىرىمدىن بىر توپ جامائەت يېنىمغا كېلىپ ئۇلار كەۋسەر كۆلىدىن توسۇلۇپ سۇ ئىچەلمەيدۇ، مەن ئى رەببىم! ئۇلار مېنىڭ ھەمراھلىرىم ئىدى دەيمەن. ئاللاھ: ھەقىقەتەن سېنىڭ، ئۇلارنىڭ سەندىن كېيىن نېمىلەرنى پەيدا قىلغانلىقىدىن خەۋىرىڭ يوق، بۇنى سەن بىلمەيسەن، ئۇلار سەندىن كېيىن ئارقىغا كەينىچە چېكىنىپ، مۇرتەد بولۇپ، دىنىدىن چىقىپ كەتكەن دەيدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**8083** ( حسن ) يرسل البكاء على أهل النار فيبكون حتى تنقطع الدموع ثم يبكون الدم حتى يصير في وجوههم كهيئة الأخدود لو أرسلت فيه السفن لجرت ( ه ) عن أنس

8083. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دوۋزاخ ئەھلىگە يىغا ئەۋەتىلىدۇ، ئۇلار قاتتىق يىغلاپ كۆز ياشلىرى قۇرۇپ تۈگەپ قان يىغلايدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە چوڭ كۆل ھاسىل بولىدۇ، ئەگەر ئاشۇ كۆلدىكى كۆز ياش دېڭىزدا، چوڭ كېمە ماڭدۇرۇلسا، ئەلۋەتتە بىمالال ماڭالايدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

www.uyghurkitap.com

**8084** ( صحيح ) يسألوني عن الساعة و إنما علمها عند الله و أقسم بالله ما على الأرض من نفس منفوسة اليوم يأتي عليها مائة سنة ( حم م ) عن جابر

8084. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇلار مەندىن قىيامەت توغرىلىق سورىشىدۇ، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئىلمى ئاللاھنىڭ نەزىدىدۇر، قىيامەتنىڭ ۋاقتى ئاللاھقىلا مەلۇم، باشقىلار بىلمەيدۇ، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، يەر يۈزىدە ھازىر نەپەسلىنىۋاتقان ھەربىر جان ئىگىسىگە 100 يىل تولۇق كەلمەيدۇ، يەنى 100 يىل كېيىلشىدىن تۇرۇن ھازىرقىلار ئۆلۈپ بولىدۇ، بۇ كىچىك قىيامەتتۇر. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

يستجاب لأحدكم ما لم يعجل يقول: قد دعوت فلم يستجب لي ( ق د ت ه ) عن أبي هريرة

8085. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ، دۇئا قىلسام ھېچ ئىجابەت بولمايۋاتىدۇ، نېمە ئۈچۈن ئىجابەت بولمايدىغاندۇ؟ دەپ ئالدىراپ قالمىسىلا ئۇنىڭ دۇئاسى چوقۇم ئىجابەت قىلىنىدۇ، ئالدىرىسا ئىجابەت بولمايدۇ. (چۈنكى، شۇنداق دەپلا دۇئادىن سۇسلىشىپ، شەك قىلىپ تەرك ئېتىدۇ). بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**8086** ( صحيح ) يسروا و لا تعسروا و بشروا و لا تنفروا ( ق حم ن ) عن أنس

8086. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: (ئى خەتىبلەر، ئۆلىمالار! ۋائىزلار، دەۋەتچىلەر) ئاسان قىلىڭلار، قىيىن،تەس قىلماڭلار،خۇش بېشارەت بېرىڭلار، نەپرەتلەندۈرمەڭلار،قاچۇرۇۋەتمەڭلار.بەيھەقى، ئەھمەد،نەسەئى توپلىغان،سەھىھ.

يسروا و لا تعسروا و بشروا و لا تنفروا و تطاوعا و لا تختلفا( حم ق ) عن أبي موسى

8087. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر قىيىنلاشتۇرماي ئاسان قىلىڭلار، نەپرەتلەندۈرمەي، قاچۇرماي خۇش بېشارەت بېرىڭلار، ئىختىلاپلاشماي، ئىتتىپاق قىلىشىڭلار، ئىتتىپاقلىشىڭلار. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

8088. بۇ ھەدىس تەۋەندىكىگە ئوخشاش.

يسلم الراكب على الماشي و الماشي على القاعد و القليل على الكثير ( حم ق د ت ) عن أبي هرير

8089. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇلاغلىق، ئاتلىق كىشى، پىيادە ماڭغان كىشىگە سالام قىلىدۇ، مېڭىۋاتقان كىشى تۇرغان، ئولتۇرغان كىشىگە سالام قىلىدۇ، ئاز كىشىلەر كۆپ كىشىلەرگە سالام قىلىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

يسلم الصغير على الكبير و المار على القاعد و القليل على الكثير ( خ د ت ) عن أبي هريرة

8090. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىچىكلەر چوڭلارغا سالام قىلىدۇ، ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار مېڭىۋاتقانلار ئولتۇرغانلارغا سالام قىلىدۇ، ئاز كىشىلەر كۆپ كىشىلەرگە سالام قىلىدۇ. بۇخارى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. چوڭلار

ياكى كۆپ كىشىلەر ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بولسا، ئولتۇرغان ئازلارغا، كىچىكلەرگە سالام قىلىدۇ، ئاياللار جامائەتكە سالام قىلسا بولىدۇ.

**8091** ( صحيح ) يشرب ناس من أمتي الخمر باسم يسمونها إياه( ه ) عن عبادة بن الصامت

8091. ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ھاراقنا، ئۇنىڭ ئىسمىدىن باشقا بىر ئىسىم قويۇپ شۇ باشقا ئىسىم بىلەن ئاتاپ، ئۇنى ئىچىپ كېتىدۇ. ئىبنى ماجە، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

8092. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

**8093** ( صحيح ) يشفع الشهيد في سبعين من أهل بيته ( د ) عن أبي الدرداء

8093. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلۈپ، شېھىد بولغان كىشى، ئۆي ئەھلىدىن 70 كىشىگە شاپائەت قىلالايدۇ، يەنى جەننەتكە ئەكىرەلەيدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**8094** ( صحيح ) يشمت العاطس ثلاثا فما زاد فهو مزكوم ( ه ) عن سلمة بن الأكوع

8094. سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: چۈشكۈرگەن كىشىگە ئۈچ قېتىم ئاللاھ ساڭا رەھمەت قىلسۇن دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ، ئۈچتىن زىيادە بولسا، ئۇ زۇكام كېسىلىدۇر، يەنى جاۋاب بەرمىسىمۇ بولىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

8095. بۇ ھەدىس، بۇ كىتابنىڭ بىرىنچى قىسىم 1776 ـ ھەدىسكە ئوخشاشتۇر. ئىبنى ماجە، ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. مەزمۇنى شاھادەت كەلىمىسى مىزاندا ئېغىر كېلىدۇ.

يصبح على كل سلامى من ابن آدم صدقة تسليمه على من لقي صدقة و أمره بالمعروف صدقة و نهيه عن المنكر صدقة و إماطة الأذى عن الطريق صدقة و بضعه أهله صدقة و يجزي من ذلك كله ركعتان من الضحى قالوا: يا رسول الله أحدنا يقضي شهوته و تكون له صدقة ؟ قال: أرأيت لو وضعها في غير حلها ألم يكن يأثم ( د ) عن أبي ذر

8096. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر كۈنى ئادەم بالىسىنىڭ بوغۇم ـ مەپسەللىرىگە سەدىقە قىلىپ تۇرۇش ۋاجىپ بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇچراشقان كىشىگە سالام قىلىشى سەدىقە، ياخشىلىققا بۇيرۇشى يامانلىقتىن توسۇشى سەدىقە، يولدىن ئەزىيەتنى كىشىلەرگە ئازار بېرىدىغان نەرسىنى ئېلىۋېتىشى سەدىقە، ئەھلى بىلەن يەنى ئايالى بىلەن بىللە بولۇشىمۇ سەدىقە ـ ئېھسان قىلغانلىق بولىدۇ، شۇنىڭ ھەممىسىدىن ئىككى رەكەت چاشكا نامىزى كۇپايە بولىدۇ. ئۇلار ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بىرىمىز شەھۋەتنى، ھېسسىياتنى ئايالى بىلەن قاندۇرسىمۇ ئەجىر، ساۋاب بولامدۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: قېنى دەپ بېقىڭلارچۇ؟ ئەگەر ئۇ ھېسسىياتنى، شەھۋەتنى ھارام ئورۇنغا قويسا، ئۇ گۇناھكار بولامتى؟ ئەلۋەتتە گۇناھكار بولىدۇ، ئەنە شۇنىڭدەك ھالالغا قويسا ساۋاب، ئەجىر بولىدۇ دېدى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**8097** ( صحيح ) يصبح على كل سلامى من أحدكم صدقة فكل تسبيحة صدقة و كل تحميدة صدقة و كل تهليلة صدقة و كل تكبيرة صدقة و أمر بالمعروف صدقة و نهي عن المنكر صدقة و يجزي من ذلك ركعتان تركعهما من الضحى ( م ن ) عن أبي ذر

8097. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: تاڭ ئاتقان ھەر كۈنى بىرىڭلارنىڭ ھەربىر سۆڭەك، بوغۇم ـ مەپسەللىرىگە سەدىقە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ، ھەربىر تەسبىھ، تەكبىر ، ھەمدە، تەھلىل، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقدىن توسۇش سەدىقە ـ ئېھسان قىلغانلىق بولىدۇ، شۇنىڭ ھەممىسىدىن ئىككى رەكەت چاشكا نامىزى كۇپايە بولىدۇ. مۇسلىم، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. زۇھا نامىزى يەنى چاشكا نامىزى سەھىھ.

8098. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ئوخشاش. ئىبادەت سەدىقە.

يصلون لكم فإن أصابوا فلكم و إن أخطئوا فلكم و عليهم ( خ ) عن أبي هريرة

8099. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇ ئىماملار سىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىدۇ، ئەگەر توغرا قىلسا، ئۆزى ئۈچۈن ھەم سىلەر ئۈچۈنمۇ بولىدۇ، ئەگەر خاتا قىلسا سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بولىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. شۇڭا، كاپىر، مۇناپىق بولمىسىلا، ئىقتىدا قىلىۋېرىڭلار، ئەگەر كاپىر ياكى مۇناپىق بولسا، ئىقتىدا قىلىش دۇرۇس ئەمەس.

يضحك الله إلى رجلين يقتل أحدهما الآخر يدخلان الجنة يقاتل هذا في سبيل الله فيقتل ثم يتوب الله على القاتل فيسلم فيقاتل في سبيل الله فيستشهد ( حم ق ن ه ) عن أبي هريرة

8100. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا، بىرسى يەنە بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ ھەر ئىككىلىسى جەننەتكە كىرگەن ئىككى كىشىدىن كۈلۈپ كېتىدۇ، بۇ بىرسى، ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا قاتىلنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ، ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلىپ شېھىد بولىدۇ. (خۇددى ۋەھشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرۈپ، كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ، يالغان پەيغەمبەر مۇسەيلىمەت كاززاپنى ئۆلتۈرگەندەك). ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

بۇنداق مىساللار بەك كۆپ، ھەم شۇ ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

يطوي الله السموات يوم القيامة ثم يأخذهن بيده اليمنى ثم يقول: أنا الملك أين الجبارون ؟ أين المتكبرون؟ ثم يطوي الأرضين ثم يأخذهن بشماله ثم يقول:أنا الملك أين الجبارون ؟ أين المتكبرون ؟(م د)عن ابن عمر

8101. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا ئاسمانلارنى قاتلاپ ئوڭ قولى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: مانا مەن بىردىنبىر پادىشاھ بولىمەن، مۇتەكەببىرلەر قېنى، زۇلۇمكەش زومىگەرلەر قېنى؟ ئاندىن زېمىننى قاتلاپ، ئۇ يەتتە زېمىننى بىر قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، مانا مەن پادىشاھ بولىمەن، زۇلۇمكەش، زومىگەرلەر، زالىم، مۇتەكەببىرلەر قېنى دەپ ئىندا قىلىپ توۋلايدۇ. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق، ئوخشىشى يوق، ئىككى قولى باردۇر، ھەر ئىككىلى قولى ئوڭدۇر، قەتئىي ئوخشىشى يوقتۇر.

يعجب ربك من راعي غنم في رأس شظية بجبل يؤذن للصلاة و يصلي فيقول الله عز و جل: انظروا إلى عبدي هذا يؤذن و يقيم الصلاة يخاف مني قد غفرت لعبدي و أدخلته الجنة ( حم د ن ) عن عقبة

8102. ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: رەببىڭ، تاغ چوققىسىدا قوي بېقىپ نامازغا ئەزان توۋلاپ ناماز ئوقۇغان ئابىد پادىچىدىن خۇرسەن

ۋە رازى بولۇپ، مۇنداق دەيدۇ: ماۋۇ بەندەمگە قاراڭلار، ئۇ نامازغا ئەزان توۋلاپ، تەكبىر ئېيتىپ مەندىن قورقۇپ ناماز ئوقۇۋاتىدۇ، ھەقىقەتەن بۇ بەندەم ئۈچۈن مەغپىرەت قىلدىم، مەن ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىمەن. ئەھمەد، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. بۇ ئابىد زاھىدلىقنىڭ پەزىلىتى.

**8103** ( صحيح ) يعذب ناس من أهل التوحيد في النار حتى يكونوا فيها حمما ثم تدركهم الرحمة فيخرجون و يطرحون على أبواب الجنة فيرش عليهم أهل الجنة الماء فينبتون كما ينبت الغثاء في حمالة السيل ثم يدخلون الجنة ( حم ت ) عن جابر

8103. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تەۋھىد ئەھلىدىن بولغان كىشىلەردىن بىر بۆلەك كىشىلەرمۇ دوۋزاختا تاشلىنىپ ئازابلىنىدۇ، ھەتتا ئۇلار دوۋزاختا كۆيۈپ، قارا كۆمۈردەك بولۇپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇلارغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى يېتىپ، شاپائەت بىلەن دوۋزاخدىن چىقىرىلىپ، جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئالدىغا تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا جەننەت ئەھلى ھاياتلىق بۇلىقىدىن سۇ چاچىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى خۇددى سەل كۆتۈرۈپ كەلگەن لايىنىڭ بىر تەرىپىدە دان، ئۈسۈملۈكلەر ئۈنگەندەك ئۈنۈپ ئەسلىگە كېلىپ، ئاندىن كىيىن جەننەتكە كىرىدۇ. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يعرق الناس يوم القيامة حتى يذهب عرقهم في الأرض سبعين ذراعا يلجمهم حتى يبلغ آذانه ( خ ) عن أبي هرير

8104. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر قىيامەت كۈنى شۇنداق تەرلەپ كېتىدۇكى، ئۇلارنىڭ تەرلىرى زېمىندا 70 گەزگە يېتىدۇ، تەر ئۇلارنى يۇگەنلەپ ئاغزىغا ھەتتا قۇلاقلىرىغا يېتىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

يعض أحدكم أخاه كما يعض الفحل ؟ ! لا دية له ( حم ق ت ن ه ) عن عمران بن حصين ( ن ) عن يعلى

8105. ئىمران، يەئلا، مەسلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى يەنە بىر كىشىنىڭ قولىنى چىشلىۋالسا، ئۇ قولىنى تارتىشى بىلەنلا ئۇنىڭ چىشى چۈشۈپ كېتىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەرز قىلىپ كېلىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرىڭلار قېرىندىشىنى خۇددى ئەركەك تۆگە چىشلىگەندەك چىشلەمدۇ؟ ئۇ چىشقا تۆلەم پۇلى يوق دېگەن . ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**8106** ( صحيح ) يعطى المؤمن في الجنة قوة مائة في النساء ( ت حب ) عن أنس

8106. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر مۆئمىنگە جەننەتتە، ئاياللىرى ھەققىدە 100 ئەرنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى بېرىلىدۇ، (چۈنكى، ئۇنىڭ شۇنداق كۆپ ئاياللىرى باردۇر). تىرمىزى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

يعقد الشيطان على قافية رأس أحدكم إذا هو نام ثلاث عقد يضرب مكان كل عقدة: عليك ليل طويل فارقد فإن استيقظ فذكر الله انحلت عقدة فإن توضأ انحلت عقدة فإن صلى انحلت عقده كلها فأصبح نشيطا طيب النفس و إلا أصبح خبيث النفس كسلان ( حم ق د ن ه ) عن أبي هريرة

8107. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شەيتان، بىرىڭلار ئۇخلىغاندا ئۇنىڭ گەردىنىگە ئۈچ چىگىك چىگىپ ھەربىر چىگىكنى چەككەندە ئۇ جايغا مۇنداق دەپ ئۇرۇپ قويىدۇ: ئۇخلا، ساڭا تېخى كەچ، بەك ئۇزۇن، ئۇخلاۋەر، ئەگەر ئۇ

كىشى ئويغىنىپ ئاللاھنى ئەسلىسە، بىر چىگىك يېشىلىدۇ، ئەگەر تاھارەت ئالسا، ئىككىنچى چىگىك يېشىلىدۇ، ئەگەر نامازنى كامىل ئوقۇسا، ئۈچىنچى چىگىكمۇ يېشىلىدۇ، ئاندىن ئۇ قەلبى، نەپسى پاك، چىچەن پائالىيەتچان، شوخ تاڭ ئاتقۇزىدۇ، ئەگەر يۇقىرىقىدەك قىلمىسا، ئۇ كىشى قەلبى نىجىس، كۆڭلى پاراكەندە، ھورۇن تاڭ ئاتقۇزىدۇ، (شەيتان ئىشەك قىلىپ مىنىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**8108** ( صحيح ) يعق عن الغلام و لا يمس رأسه بدم ( ه ) عن يزيد بن عبدالمزني

8108. يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بالا تۇغۇلغاندا، يەنى يەتتىنچى كۈنى ئەقىيقىسى قىلىنىدۇ، لېكىن، ئۇنىڭ بېشىغا جاھالىيەتتىكىدەك قان سۈرتۈلمەيدۇ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**8109** ( صحيح ) يعمد أحدكم إلى جمرة من نار فيجعلها في يده ( م ) عن ابن عباس

8109. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنىڭ قولىدا ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆرۈپ، ئۇنى ئېلىپ تاشلىۋېتىپ مۇنداق دېگەن ، بىرىڭلار دوۋزاخ ئوتىدىن بىر چوغنى ئېلىپ، قولىغا قويۇشنى مەقسەت قىلىۋاتامدۇ؟ كېيىن ئۇ كىشىگە: ئۇ ئالتۇننى ئېلىپ، باشقا ئىشلاردا مەنپەئەتلەن دېيىلسە ، ئۇ كىشى ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاشلىۋەتكەن نەرسىنى مەڭگۈ ئالمايمەن دېگەن . (ئۇلار شۇنداق قاتتىق ئىتائەت قىلاتتى). مۇسلىم 3897 ـ ھەدىس، سەھىھ. ئالتۇن ئۈزۈك ئەركىشىگە ھارام.

**8110** ( صحيح ) يعمد أحدكم فيبرك في صلاته كما يبرك الجمل ؟ ! ( 3 ) عن أبي هريرة

8110. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار نامىزىدا خۇددى تۆگە ئىككى تىزىنى بۇرۇن قويۇپ چوكلانغاندەك ئىككى تىزىنى ئىككى قولىدىن بۇرۇن قويۇپ سەجدىگە يىقىلىشنى مەقسەت قىلامدۇ؟ (تۆگىنىڭ تىزى ئالدىدا، ئىنساننىڭ تىزى پۇتىدا)، مەقسەت ، تىزىدىن بۇرۇن سەجدىگە ئىككى قولنى قويۇشتۇر). ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ، نەسەئى 1078 ـ ھەدىس.( بىزدىن باشقىلار ئەنە شۇنداق ئىككى قولنى بۇرۇن قويۇپ سەجدىگە بارىدۇ، بۇمۇ سەھىھ، ھەم دۇرۇستۇر، ئى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار، دۇنيا مۇسۇلمانلىرى! ھەرگىز تەرەببار بولماڭلار، سەھىھ ھەدىسكە توغرا ھۆكۈمگە ئەگىشىڭلار).

يعمد أحدكم فيجلد امرأته جلد العبد و لعله يضاجعها في آخر يومه ( حم ق ت ه ) عن عبدالله بن زمعة

8111. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار ئايالىنى خۇددى قۇلنى قامچىلىغاندەك قامچىلاپ ئۇرۇشنى مەقسەت قىلامدۇ؟ ئۇنداق قىلمىسۇن، ئۇ ئايالى بىلەن شۇ كۈنى كېچىسىلا بىر ياتاقتا بىللە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ.

يعمد الشيطان إلى أحدكم فيتهول له ثم يغدو يخبر الناس ؟ ! ( ه ) عن أبي هريرة

8112. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى كېلىپ، مەن چۈشۈمدە بېشىمغا قاتتىق ئۇرۇلۇپ بېشىم كېسىلىپ چۈش كۆردۈم

دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شەيتان بىرىنچىلارنىڭ چۈشىگە كىرىپ ئۇنى قورقۇتۇشقا قەست قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئەتىگىنى كىشىلەرگە خەۋەر قىلغىلى سالىدۇ دېگەن ،( يەنى يامان چۈش شەيتاندىن دېگەن ). ئىبنى ماجە 3901 ـ ھەدىس، ئەھمەد 8408 ـ ھەدىس، سەھىھ.

يعوذ عائذ بالبيت فيبعث إليه بعث فإذا كانوا ببيداء من الأرض خسف بهم قيل: يا رسول الله ! فكيف بمن كان كارها ؟ قال: يخسف به معهم و لكنه يبعث يوم القيامة على نيته ( حم م ) عن أم سلمة

8113. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر كىشى كەئبە، مەككىگە كېلىپ پاناھ تىلەيدۇ، ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشكە قوشۇن ئەۋەتىلىدۇ، ئۇ قوشۇن زېمىننىڭ بەيدائ دېگەن يېرىگە كەلگەندە ئۇلارنى يەر يۇتىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئۇلار ئارىسىدا مەجبۇرى، ياقتۇرماي چىقىپ قالغانلار بولسىچۇ؟ دېيىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىنىمۇ شۇ قوشۇنلار بىلەن بىرگە يەر يۇتىدۇ، لېكىن، ئۇ قىيامەت كۈنى نىيىتىگە ئاساسەن قوپۇرۇلىدۇ دېدى. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

8114. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش، كەبىگە ھۇجۇم قىلغان قوشۇن پۈتۈنلەي ھالاك قىلىنىپ، يەرگە يۇتتۇرۇلىدۇ، نىيىتىگە ئاساسەن قوپىدۇ.

8115. بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر.

**8116** ( صحيح ) يغسل الإناء إذا ولغ فيه الكلب سبع مرات أخراهن أو أولاهن بالتراب و إذا ولغت فيه الهرة غسل مرة ( ت ) عن أبي هريرة

8116. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىت يالاپ قويغان قاچا يەتتە قېتىم يۇيۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ياكى ئەۋۋەلراقى، قۇم ـ تۇپراق بىلەن يۇيۇشتۇر، مۈشۈك يالاپ قويغان قاچىنى بىر قېتىملا يۇيۇلىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يغسل من بول الجارية و يرش من بول الغلام ( د ن ه ك ) عن أبي عبدالسمح ( د ه ) عن علي

8117. ئەبۇ ئابدۇلسەمھە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تېخى سۈت ئەممىگەن، تاماق يېمىگەن قىز بالىنىڭ سۈيدۈكى سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ، ئوغۇل بالىنىڭ سۈيدۈكىگە سۇ سېپىلسە بولىدۇ. نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

يغضب علي أن لا أجد ما أعطيه ! من سأل منكم و له أوقية أو عدلها فقد سأل إلحافا ( د ) عن رجل

8118. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تېخى ئۇ كىشى ماڭا غەزەپ قىلىۋاتىدۇ، مەن ئۇنىڭغا بەرگىدەك نەرسە تاپالمىغىنىمغا ماڭا كايىپ، خاپا بولۇۋاتىدۇ، سىلەردىن كىم 40 دىرھەم كۈمۈش پۇلى بار تۇرۇپ ياكى ئۇنىڭ قىممىتىدە نەرسىسى بار تۇرۇپ، نەرسە سورىسا زاكات مېلى سورىسا ھەققەتەن ئۇ قاتتىق چىڭ چاپلىشىۋېلىپ سورىغان بولىدۇ. (باشقا خاتىرىدە ھارامنى سورىغان بولىدۇ دېگەن )، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر تۆگىسى بار كىشى نەرسە سورىماي قايتىپ كەتكەن، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**8119** ( صحيح ) يغفر للشهيد كل ذنب إلا الدين ( حم م ) عن ابن عمرو

8119. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: شېھىد ئۆچۈن قەرزدىن باشقا بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ، شېھىد بولسىمۇ قەرزى كۆتۈرۈۋېتىلمەيدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

يقال لأهل الجنة: يا أهل الجنة ! خلود لا موت و لأهل النار: يا أهل النار ! خلود لا موت ( خ ) عن أبي هرير

8120. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلىگە: ئى جەننەت ئەھلى! ئەمدى ئۆلۈم يوق، مەڭگۈ قالىسىلەر دېيىلىدۇ، دوۋزاخ ئەھلىگە، ئى دوۋزاخ ئەھلى، ئەمدى ئۆلۈش يوق، مەڭگۈ قالىسىلەر دېيىلىدۇ، (جەننەت ئەھلى خۇشاللىقىنى، دوۋزاخ ئەھلى بولسا غەم ـ قايغۇ ھەسرەتنى زىيادە قىلىدۇ). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**8121** ( صحيح ) يقال لصاحب القرآن إذا دخل الجنة: اقرأ و اصعد فيقرأ و يصعد لكل آية درجة حتى يقرأ آخر شيء معه ( حم ه ) عن أبي سعيد

8121. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان ئەھلى بولغان قارىيغا ئۇ جەننەتكە كىرگەندە مۇنداق دېيىلىدۇ، ئوقۇ! يۇقىرى ئۆرلە! ئۇ ئوقۇپ يۇقىرى دەرىجىگە ئۆرلەيدۇ، ھەر بىر ئايەتنىڭ باراۋىرىگە بىر دەرىجە باردۇر، ھەتتا ئۇ ئۆزى بىلەن بار بولغان ئۆزى بىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئايەتنى ئوقۇپ، ئاشۇ دەرىجىگە يۇقىرى ئۆرلەيدۇ، (ئەگەر ئۇ پۈتۈن قۇرئاننى يادا بىلسە، ۋە ئەمەل قىلسا، 6000دىن ئارتۇق دەرىجىگە ئۆرلەيدۇ، قارىيلار پۈچەك زەللىگە ئەمەس، بەلكى، ئاشۇ دەرىجىگە قۇرئان ئوقۇسۇن. ئىككى دەرىجە ئارىلىقى، ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدۇ). ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**8122** ( صحيح ) يقال لصاحب القرآن: اقرأ و ارق و رتل كما كنت ترتل في دار الدنيا فإن منزلتك عند آخر آية كنت تقرؤها ( حم 3 حب ك ) عن ابن عمرو

8122. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان ئىگىسىگە مۇنداق دېيىلىدۇ : ئوقۇ، يۇقىرى ئۆرلىگىن، ئۇ دۇنيادا دانىمۇ ـ دانە ئوقۇغىنىڭدەك ئالدىرىماي، دانىمۇ ـ دانە ئوقۇغىن، ھەقىقەتەن سېنىڭ مەنزىل، مەرتىۋەڭ سەن ئوقۇيدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئايەتنىڭ نەزلىدە ئەڭ يۇقىرىقى دەرىجە بولىدۇ، ئاخىرقى ئايەت ئاخىرقى دەرىجەڭ بولىدۇ. (بۇ دەرىجە 6000دىن ئارتۇق بولىدۇ). ئەھمەد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

يقال للرجل من أهل النار يوم القيامة: أرأيت لو كان لك ما على الأرض من شيء أكنت مفتديا به ؟ فيقول: نعم ؟ فيقول الله: كذبت قد أردت منك أهون من ذلك قد أخذت عليك في ظهر آدم أن لا تشرك بي شيئا فأبيت إلا أن تشرك ( حم ق ) عن أنس

8123. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى دوۋزاخ ئەھلىدىن بىر كىشىگە قېنى دەپ باققىنە؟ ئەگەر سېنىڭ زېمىن تولغىدەك ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىڭ بولغان بولسا، مۇشۇ ئازابدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنى فىديە بېرەرمىدىڭ؟ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى فىديە بېرەمتىڭ؟ ئۇ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلاتتىم دېسە، ئاللاھتائالا: يالغان سۆزلىدىڭ، مەن سەندىن ئۇنىڭدىنمۇ ئاز، ھەم ئاسانىنى مەقسەت قىلغان ئىدىم. ئادەمنىڭ سۇلبىدىكى چاغدىلا مەن سەندىن ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە ئەھدە، توختام ئالغان ئىدىم، بىراق سەن پەقەت شېرىك كەلتۈرۈشكىلا ئۇنىدىڭ، لائىلاھە ئىللەللاھ دېگىلى ئۇنىمىدىڭ دەيدۇ. ئەھمەد، بەيھەقىلار

توپلىغان، سەھىھ.

**8124** ( صحيح ) يقبض العلم و يظهر الجهل و الفتن و يكثر الهرج ( خ ) عن أبي هريرة

8124. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇندىن كېيىن ئىلىم كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، نادانلىق، جاھىللىق، ئىلىمسىزلىك ئاشكارا بولىدۇ، پىتنە ـ پاساتلار ئاشكارا بولىدۇ، قاتىللىق، قىرغىنچىلىق، ئۇرۇش كۆپىيىپ كېتىدۇ. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

يقبض الله الأرض يوم القيامة و يطوي السموات بيمينه ثم يقول: أنا الملك أين ملوك الأرض ؟ ( ق ن ه ) عن أبي هريرة ( خ ) عن ابن عمر

8125. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا زېمىننى چاڭگاللاپ تۇرۇپ، ئاسمانلارنى ئوڭ قولىدا قاتلاپ، يۆگەپ كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، مانا مەن ھەق پادىشاھ، زېمىننىڭ پادىشاھلىرى قېنى؟ دەپ نىدا قىلىدۇ، (ئۇ كۈندە پادىشاھلىق ئاللاھقىلا خاستۇر). بۇخارى، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**8126** ( صحيح ) يقتل ابن مريم الدجال بباب لد ( ت ) عن مجمع بن جارية

8126. مەجمەئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەريەم ئوغلى ئەيسا ئەلەيھىسسالام دەججالنى شامدىكى لۇد دېگەن ئىشىكنىڭ يېنىدا ئۆلتۈرىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**8127** ( صحيح ) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: **6433** يقتل المحرم ( السبع العادي) و الكلب العقور و الفأرة و العقرب و الحدأة و الغراب ( ت ه ) عن أبي سعيد

8127. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەجگە ئېھرام باغلىغۇچى كىشى، تاجاۋۇزچى، يىرتقۇچ گۆشخور ھايۋاننى، غالجىر ئىتنى، چاشقاننى، چايانىنى، قاغىنى، غۇرلاي ياكى جاغالمايىنى ئۆلتۈرسە بولىدۇ. تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

يقطع الصلاة الحمار و المرأة و الكلب ( حم ه ) عن أبي هريرة وعبدالله بن مغفل

8128. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازنى، ئېشەك ، ئايال كىشى، ئىت ئالدىدىن ئۆتسە ئۇزۇپ بۇزۇۋېتىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**8129** ( صحيح ) يقطع الصلاة المرأة الحائض و الكلب الأسود ( د ه ) عن ابن عباس

8129. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: نامازنى بالاغەتكە يەتكەن ھەيزدار ئايال ۋە قارا ئىت ئالدىدىن ئۆتسە ئۈزۈۋېتىپ بۇزۇۋېتىدۇ. (ھائىز دېگىنى بالىغدۇر، يەنى چوڭ ئايال). ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

يقطع الصلاة المرأة و الحمار و الكلب و يقي من ذلك مثل مؤخرة الرحل ( م ) عن أبي هريرة

8130. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

مۇنداق دېگەن: نامازنى بالاغەتكە يەتكەن ئايال كىشى، ئېشەك ، ئىت ئۆزۈپ قويىدۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ نامازنى بۇزۇۋېتىشىدىن پەقەت ئىگە كاجۇنىڭ يۆلەنچۈكىچىلىك بىر گەز نەرسىنى سانجىپ قويۇش ساقلاپ قالىدۇ، (يەنى ئالدىغا سۈترە قىلىپ ساقلاپ قالىسۇن). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**8131** ( صحيح ) يقطع صلاة الرجل إذا لم يكن بين يديه كمؤخرة الرحل المرأة و الحمار و الكلب الأسود الكلب الأسود شيطان ( حم 4 حب ) عن أبي ذر

8131. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىنىڭ نامىزىنى ئۇنىڭ ئالدىدا ئىگەرنىڭ يۆلەنچۈكىچىلىك بىر گەز نەرسە سانجىقلىق بولمىسا، ئايال كىشى، ئېشەك ، قارا ئىت ئۈزۈپ قويىدۇ، قارا ئىت شەيتاندۇر، (بولۇپمۇ تۆت كۆزلۈك قارا ئىت شەيتاندۇر). ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

**8132** ( صحيح ) يقول ابن آدم: مالي مالي و هل لك يا ابن آدم من مالك إلا ما أكلت فأفنيت أو لبست فأبليت أو تصدقت فأمضيت ؟( حم م ت ن ) عن عبدالله بن الشخير

8132. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسى مېلىم، مېلىم دەيدۇ، ئى ئادەم بالىسى!، سەن ئۈچۈن پەقەت مېلىڭدىن يەپ تۈگەتكىنىڭ، كىيىم كىيىپ چىرىتكىنىڭ، سەدىقە قىلىپ يۈرگۈزگىنىڭ يېتىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئەڭ كاتتا، ياخشىسى بولسا، ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلىۋېلىشتۇر. چۈنكى، ئۇنى ساقلا ئاللاھ بەرگەندۇر.

**8133** ( صحيح ) يقول العبد: مالي مالي و إن له من ماله ثلاثا: ما أكل فأفنى أو لبس فأبلى أو أعطى فأقنى و ما سوى ذلك فهو ذاهب و تاركه للناس ( حم م ) عن أبي هريرة

8133. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە مېلىم، مېلىم دەيدۇ، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت مال ـ مۈلۈكىدىن ئۈچ نەرسە قالىدۇ، يەپ تۈگەتكىنى، كىيىپ چىرىتكىنى ياكى بېرىپ باي قىلغىنى، رازى قىلغىنى، يەنى سەدىقە قىلغىنى ئۇنىڭدىن باشقا ماللاردىن ئۇ كېتىپ، ماللىرىنى كىشىلەرگە قالدۇرىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

يقول العبد يوم القيامة: يا رب ألم تجرني من الظلم ؟ فيقول: بلى فيقول: إني لا أجيز على نفسي إلا شاهدا مني فيقول ( كفى بنفسك اليوم عليك شهيدا و بالكرام الكاتبين شهودا فيختم على فيه و يقال لأركانه: انطقي فتنطق بأعماله ثم يخلى بينه و بين الكلام فيقول: بعدا لكن و سحقا فعنكن كنت أناضل ) ( حم م ن ) عن أنس

8134. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەندە قىيامەت كۈنى ئى رەببىم! مېنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزمامسەن؟ دەيدۇ، ئاللاھتائالا بولىدۇ، مەن سېنى قۇتقۇزاي دېسە، بەندە: ھەقىقەتەن مەن ئۆزۈمگە پەقەت ئۆزۈمدىنلا گۇۋاھچى بولۇشنى دۇرۇس دەپ قارايمەن، گۇۋاھچى ئۆزۈمدىن بولسا دەيدۇ، ئاللاھتائالا: بۈگۈن ساڭا گۇۋاھچىلىقتا پەقەت ئۆزۈڭ كۇپايە، ئۇلۇغ پۈتۈكچى پەرىشتە كىرامەن كاتىپىنلار كۇپايە دەيدۇ، ئۇنىڭ ئاغزى پېچەتلىنىپ ، ئەزالىرىغا سۆزلەڭلار دېيىلىدۇ ، ئۇلار بارلىق ئەمەللىرىنى بىرنى قالدۇرماي سۆزلىۋېتىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سۆزلەش

بىرىلگەنىدە ئۇ: ئى ئەزالىرىم! ، سىلەرگە ھالاكەت بولسۇن ، سىلەرگە ھالاكەت بولسۇن ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى يىراق بولسۇن ، مەن سىلەرنى دەپ داۋالىشىپ جاپا تارتىۋاتسام، سىلەر ھەممىنى سۆزلىۋەتتىڭلارغۇ، مېنى رەسۋا قىلدىڭلارغۇ؟ دەيدۇ. مۇسلىم 5271 ـ ھەدىس، نەسەئى، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**8135** ( صحيح ) يقول الله تعالى: المجاهد في سبيلي هو علي ضامن إن قبضته أورثته الجنة و إن رجعته رجعته بأجر أو غنيمة ( ت ) عن أنس

8135. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ يولۇمدا ئۇرۇش قىلغۇچى مۇجاھىد ماڭا كېپىللىككە بېرىلگەن ، يەنى مەن ئۇنىڭغا كېپىل بولىمەن، ئەگەر قەبزى روھ قىلسام، ئۇنى جەننەتكە ۋارىس قىلىمەن، ئەگەر ئەھلىگە قايتۇرسام، ئەجىر، ساۋاب، غەنىيمەت بىلەن قايتۇرىمەن. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يقول الله تعالى: أنا عند ظن عبدي بي و أنا معه إذا دعاني ( حم ) عن أنس ( م ت ) عن أبي هرير

8136. ئەنەس، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىدا ئۇ ماڭا دۇئا قىلىپ تۇرسىلا، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يقول الله تعالى: أنا عند ظن عبدي بي و أنا معه إذا ذكرني فإن ذكرني في نفسه ذكرته في نفسي و إن ذكرني في ملأ ذكرته في ملأ خير منهم و إن تقرب إلي بشبر تقربت إليه ذراعا و إن تقرب إلي ذراعا تقربت إليه باعا و إن أتاني يمشي أتيته هرولة ( حم ق ت ه ) عن أبي هريرة

8137. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بەندەمنىڭ ماڭا بولغان گۇمانىدا بەندەم ماڭا گۇمان قىلىدۇ، ئۇ مېنى ئەسلىسىلا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ مېنى ئىچىدە مەخپىي ئەسلىسە، مەنمۇ ئۇنى ئىچىمدە زاتىمدا مەخپىي ئەسلەيمەن، ئۇ مېنى جامائەتلەر ئارىسىدا ئەسلىسە، مەنمۇ ئۇنى ئۇلاردىن ياخشىراق جامائەتلەر ئارىسىدا ئەسلەيمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، ئەگەر ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ بارىمەن. ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

8138. بۇ ھەدىس، يۇقىرىقىغا ئوخشاشتۇر، پەقەت پەرقى ئاللاھتائالا بەندىنىڭ تەۋبىسىگە بىرىڭلار چۆل، زېمىندا تۆگىنى يۈتتۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن تېپىۋالغاندا خۇشال بولغاندىنمۇ بەكرەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ دېگەن زىيادە باردۇر. بۇ ئىككى ھەدىستىكى سۈپەتلەر، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئوخشىشى يوق باردۇر، ئۆزىگە مەلۇم، بىزگە مەنىسى مەلۇم، كەيپىياتى نامەلۇم، ئىمان ۋاجىپ، سوئال بىدئەت دېگەن ، قائىدە بويىچە بولىدۇ.

يقول الله تعالى: ما لعبدي المؤمن عندي جزاء إذا قبضت صفيه من أهل الدنيا ثم احتسبه إلا الجنة( حم خ ) هرير

8139. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن مۆئمىن بەندەمنىڭ دۇنيا ئەھلىدىن ئەڭ يېقىن تاللانغان مەھبۇبىنى ئېلىپ كەتسەم، ئاتا ـ ئانىسىنى، باللىسىنى يا ئۇ ياخشى كۆرۈدىغان جۈپتىنى ئېلىپ كەتسەم، ئاندىن ئۇ سەۋر قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلسا، ئۇنىڭغا پەقەت مېنىڭ دەرگاھىمدا جەننەتلا مۇكاپات قىلىپ بېرىلىدۇ، جەننەتتىن باشقىسى يوق. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

يقول الله تعالى: من أذهبت حبيبتيه فصبر و احتسب لم أرض له ثوابا دون الجنة ( ت ) عن أبي هرير

8140. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن بىرەر كىشىنىڭ ئىككى كۆزىنى يوق قىلىۋېتىپ، ئەما قىلىپ قويسام، ئۇ سەۋر قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلسا، مەن ئۇ كىشىگە جەننەتتىن باشقا ساۋابقا رازى بولمايمەن، پەقەت جەننەتنىلا بېرىمەن. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يقول الله تعالى: من عمل حسنة فله عشر أمثالها و أزيد و من عمل سيئة فجزاؤها مثلها أو أغفر و من عمل قراب الأرض خطيئة ثم لقيني لا يشرك بي شيئا جعلت له مثلها مغفرة و من اقترب إلي شبرا اقتربت إليه ذراعا و من اقترب إلي ذراعا اقتربت إليه باعا و من أتاني يمشي أتيته هرولة( حم م ه ) عن أبي ذر

8141. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىم بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ ئوخشىشىدەك ئون ياخشىلىق بېرىلىپ، نىيىتىگە، ئىخلاسىغا قارىتا مەن يەنە زىيادە قىلىپ بېرىمەن، كىم بىر يامانلىق قىلسا، ئۇنىڭ جازاسى شۇ بىر يامانلىققىلا بولۇپ، تەۋبە قىلسا، مەغپىرەت قىلىۋېتىمەن، كىم زېمىن تولغىدەك خاتالىقنى قىلىپ ئاندىن ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئۇچراشسا، مەن ئۇ كىشىگە زېمىن تولغىدەك مەغپىرەتنى قىلىپ بېرىمەن، (يەنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرىۋېتىمەن، شەرتى، ئىمان، شېرىك كەلتۈرمەسلىك،) كىم ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇ كىشىگە بىر گەز يېقىنلىشىمەن، كىم ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇ كىشىگە بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن، ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇ كىشىگە يۈگۈرۈپ بارىمەن. ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

يقول الله تعالى: يا آدم ! فيقول: لبيك و سعديك و الخير في يديك فيقول: أخرج بعث النار قال: و ما بعث النار ؟ قال من كل ألف تسعمائة و تسعة و تسعين فعندها يشيب الصغير ( و تضع كل ذات حمل حملها و ترى الناس سكارى و ما هم بسكارى و لكن عذاب الله شديد قالوا: يا رسول الله ! و أينا ذلك الواحد ؟ قال: أبشروا فإن منكم رجلا و من يأجوج و مأجوج ألف و الذي نفسي بيده أرجو أن تكونوا ربع أهل الجنة أرجو أن تكونوا ثلث أهل الجنة أرجو أن تكونوا نصف أهل الجنة ما أنتم في الناس إلا كالشعرة السوداء في جلد ثور أبيض أو كشعرة بيضاء في جلد ثور أسود أو كالرقمة في ذراع الحمار ) ( حم ن ) عن أبي سعيد

8142. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم! ئادەم لەببەي يا رەببىم، مانا مەن تەييار، بارلىق ياخشىلىق سىلىنىڭ قوللىرىدا دەيدۇ، ئاللاھ: دوۋزاخقا لايىق بولغان دوۋزاخ ئەھلىنى چىقارغىن دەيدۇ، ئادەم ئۇلار قانچىلىك؟ دەيدۇ، ئاللاھتائالا:ھەر 1000دىن 999ى دوۋزاخ ئەھلى بولىدۇ دەيدۇ، شۇ چاغدا كىچىك باللارنىڭ چېچى ئاقىرىپ كېتىدۇ، «ھەر قانداق ھامىلدار ھامىلىنى، بالىسىنى تاشلىۋېتىدۇ، كىشىلەرنى مەس كۆرۈسەن ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار مەست ئەمەس، لېكىن، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر» ئۇلار يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: جەننەت ئەھلى بولغان بىر كىشى قايسىمىز بولىدۇ؟ دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، خۇش بېشارەت بېرىڭلار ،ۋە بېشارەت ئېلىڭلار جەننەتكە كىرىدىغان بىر كىشى سىلەردىن بولىدۇ، 1000لەرچە كىشى بولسا، يەئجۇج ۋە مەئجۇجلاردىن بولىدۇ، جېنىم قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن سىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ تۆتتىن بىرى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، ئۇلار خۇشال بولۇپ تەكبىر ئېيتىپ كېتىدۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: مەن سىلەرنىڭ، جەننەت

ئەھلىنىڭ ئۆچتىن بىرى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، مەن سىلەرنىڭ جەننەت ئەھلىنىڭ يېرىمى بولۇشۇڭلارنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن دېدى. ئۇلار تەكبىر ئېيتىشىپ كەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلەر باشقا كىشىلەرگە نىسبەتەن پەقەت ئاق كالىنىڭ تېرىسىدىكى قارا تۈككە ياكى قارا كالىنىڭ تېرىسىدىكى ئاق تۈككە ياكى ئېشەكنىڭ پاچىقىدىكى رەقەم، ئالامەت، بەلگە، ئالغا ئوخشاشلا ئاز بولىسىلەر دېدى . (بۇ ھەدىسىدىن يەئجۇج ـ مەئجۇجلەر ئادەم بالىسى دېگەن چىقىدۇ). بۇخارى 6049 ـ ھەدىس، مۇسلىم 327 ـ ھەدىس، ئەھمەد، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**8143** ( صحيح ) يقول الله تعالى: يا ابن آدم ! إذا أخذت كريمتيك فصبرت و احتسبت عند الصدمة الأولى لم أرض لك ثوابا دون الجنة ( حم م ) عن أبي أمامة

8143. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ، ئى ئادەم بالىسى! مەن سېنىڭ ئىككى كۆزۈڭنى ئېلىۋېلىپ، سېنى ئەما قىلىپ قويسام، سەن ھادىسە يۈز بەرگەن، مۇسىبەت تۇيۇقسىز كەلگەن تۇنجى مۇسىبەتكە سەۋر قىلىپ، ساۋاب ئۈمىد قىلساڭ، سەن ئۈچۈن جەننەتتىن باشقا ساۋابقا رازى بولمايمەن، پەقەت جەننەتنىلا بېرىمەن. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**8144** ( صحيح ) يقول الله تعالى: يا ابن آدم ! أنى تعجزني و قد خلقتك من مثل هذا ؟ حتى إذا سويتك و عدلتك مشيت بين بردين و للأرض منك وئيد فجمعت و منعت حتى إذا بلغت التراقي قلت: أتصدق و أنى أوان الصدقة ؟ !( حم ه ك ) عن بسر بن جحاش

8144. بۇسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ: ئى ئادەم بالىسى! سەن مېنى قايتا يارىتىشتىن قانداقمۇ ئاجىز دەپ قارايسەن،؟ ۋەھالەنكى، مەن سېنى مۇشۇ بىر تېمىم خار سۇدىن ياراتقان تۇرسام، مەن سېنى يارىتىپ، ئەزالىرىڭنى بېجىرىم، قامىتىڭنى تۈز قىلسام، سەن ئىككى تون ئارىسىدا پەخىرلىنىپ ماڭدىڭ، سەن زېمىندا قاتتىق دەسسەپ ماڭدىڭ، خالىغانچە يۈرۈپ، مال توپلاپ ئاندىن ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلماي، بېخىللىق قىلدىڭ، تاكى جان ھەلقۇمىغا كەلگەندە مەن ئەمدى سەدىقە قىلاي، زاكات بېرەي دېدىڭ، سەدىقە، زاكات بېرىشىڭ ۋاقتى قەيەردە قالدى؟ بىلەمسەن؟ يەنى ۋاقتى كەتتى. ئەھمەد 17170 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2698 ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، سەھىھ.

**8145** ( صحيح ) يقولون: الكرم و إنما الكرم: قلب المؤمن ( خ ) عن أبي هريرة

8145. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۇلار ئۈزۈمنى كەرەم دېيىشىدۇ ، ھەقىقەتەن كەرەم، يەنى ئۇلۇغ، سېخى دېگەن ، مۆئمىننىڭ قەلبىدۇر. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

**8146** ( صحيح ) يقوم أحدهم في رشحه إلى أنصاف أذنيه ( خ ت ه ) عن ابن عمر

8146. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بىرى قۇلىقىنىڭ ئوتتۇرىغىچە ئۆزىنىڭ تەرلىرىدە تۇرىدۇ، (يەنى قۇياش يېقىنلىشىپ تەرلەيدۇ، ياكى ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ تەرلەيدۇ). بۇخارى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

يقي أحدكم وجهه حر جهنم و لو بتمرة و لو بشق تمرة فإن أحدكم لاقي الله و قائل له ما أقول لأحدكم: ألم أجعل لك سمعا و بصرا ؟ فيقول: بلى فيقول: ألم أجعل لك مالا و ولدا ؟ فيقول: بلى فيقول: أين ما قدمت لنفسك ؟ فينظر قدامه و بعده و عن يمينه و عن شماله ثم لا يجد شيئا يقي به وجهه حر جهنم ليق أحدكم وجهه النار و لو بشق تمرة فإن لم يجد فبكلمة طيبة فإني لا أخاف عليكم الفاقة فإن الله ناصركم و معطيكم حتى تسير الظعينة فيما بين يثرب و الحيرة و أكثر ما يخاف على مطيتها السرق ( ت ) عن عدي بن حاتم

8147. ئەدى ئىبنى ھاتەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرىڭلار بىر تال خورما، ھەتتا يېرىم خورما چاغلىق نەرسە سەدىقە قىلىپ، يۈزىنى جەھەننەم ئوتىنىڭ ھارارىتىدىن ساقلاپ قالسۇن، ھەقىقەتەن بىرىڭلار ئاللاھقا ئۇچرىشىدۇ، ئاللاھ ئۇ كىشىگە مەن سىلەرگە مۇشۇ سۆزنى دېگەنىدەكلا سۆز قىلىپ : مەن ساڭا كۆز قۇلاق قىلىپ بەرمىدىممۇ؟ ئۇ: ئەلۋەتتە قىلىپ بەردىلە دەيدۇ، ئاللاھ: مەن ساڭا مال ـ دۇنيا، بالا ـ چاقا ئەھلى قىلىپ بەرمىدىممۇ؟ دېسە، ئۇ، ئەلۋەتتە قىلىپ بەردىلە دەيدۇ، ئاللاھ ئۇ كىشىگە: ئۇنداق بولسا سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈن نېمىنى تەقدىم قىلىپ ئاخىرەت ئۈچۈن ئېلىپ قويدۇڭ؟ دەيدۇ، بەندە، ئالدىغا، ئارقىسىغا ئوڭ ـ سول تەرىپىگە قاراپ يۈزىنى جەھەننەم ئوتىنىڭ قىزىق ھارارىتىدىن ساقلاپ قالغىدەك ھېچ نەرسە تاپالمايدۇ، ھەر بىرىڭلار يېرىم خورما چاغلىق نەرسە سەدىقە قىلىپمۇ بولسا يۈزىنى جەھەننەمنىڭ ھارارىتىدىن ساقلاپ قالسۇن، ئەگەر سەدىقە قىلىدىغان نەرسە تاپالمىسا، ياخشى سۆز قىلسۇن، ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە پېقىرلىقىدىن، نامراتلىقىدىن ئەنسىرىمەيمەن، چۈنكى، ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ، سىلەرگە مال ـ دۇنيا بېرىدۇ، خاتىرجەم قىلىدۇ، ھەتتا، تەنھا، يالغۇز سەپەر قىلغان ئايال كىشى يەسرىب، مەدىينە بىلەن ھەيرەت دېگەن جاينىڭ ئارىلىقىدەك ئۇزۇن سەپەرنى خاتىرجەم قىلالايدۇ، ئۇ ھېچ نەرسىدىن قورقماي، پەقەت ئەڭ چوڭ قورقۇنجىسى تۆگىسىنىڭ ئوغرىلىنىشىدۇر ، ئوغرىدىن قورقىدۇ، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

يكون عليكم أمراء من بعدي يؤخرون الصلاة فهي لكم و هي عليهم فصلوا معهم ما صلوا بكم القبلة( د ) عن قبيصة

8148. قەبىيسەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەندىن كېيىن سىلەرگە نامازنى بەكلا كېچىكتۈرۈۋېتىدىغان ئەمىر، باشلىقلار بولىدۇ، ئۇ سىلەرنىڭ مەنپەئەتىڭلارغا ئۇلارنىڭ زىيىنىغا بولىدۇ، ئۇلار سىلەر بىلەن بىرگە قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇسىلا، يەنى كاپىر، مۇناپىق بولمىسىلا، نامازنى تەرك ئەتمىسىلا، ئۇلار بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇۋېرىڭلار، (ئەگەر نامازنى تەرك ئەتسە، كاپىر، مۇناپىق بولسا ئىقتىدا قىلماڭلار) ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىسىدىن نامازنى تەرك ئەتكەن كىشى جەزمەن كاپىر بولىدۇ دېگەن چىقىدۇ.

**8149** ( صحيح ) يكون في آخر الزمان الخسف و القذف و المسخ ( ه ) عن سهل بن سعد

8149. سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاخىر زاماندا يەر يۇتۇپ كېتىش، ئاسماندىن تاش يېغىش، ئىنسانلارنىڭ سۈرىتى ھايۋانلار سۈرىتىگە ئۆزگىرىپ كېتىشلەر يۈز بېرىدۇ. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**8150** ( صحيح ) يكون في آخر الزمان خليفة يقسم المال و لا يعده ( حم م ) عن أبي سعيد وجابر

8150. ئەبۇ سەئىد، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاخىر زاماندا ئۇلجا ئېلىنغان غەنىيمەت ماللىرىنى ساناپ ئولتۇرمايلا تەقسىم

قىلىدىغان خەلىپە بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**8151** ( صحيح ) يكون في آخر الزمان دجالون كذابون يأتونكم من الأحاديث بما لم تسمعوا أنتم و لا آباؤكم فإياكم و إياهم لا يضلونكم و لا يفتنونكم ( حم م ) عن أبي هريرة

8151. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاخىر زاماندا نۇرغۇن كاززاپ، دەججاللار مەيدانغا چىقىدۇ، ئۇلار سىلەرگە: سىلەرمۇ ئاتا ـ بوۋاڭلارمۇ ئاڭلاپ باقمىغان سۆزلەرنى، ھەدىسلەرنى كەلتۈرۈپ سۆزلەيدۇ، سىلەر ئۇلاردىن قاتتىق ھەزەر قىلىڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئازدۇرمىسۇن، پىتنە ـ پاساتقا تاشلىمىسۇن، ھەزەر قىلساڭلار، ئۇنداق قىلالمايدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

( يكون في آخر الزمان قوم يجبون أسنمة الإبل و يقطعون أذناب الغنم ) ألا فما قطع من حي فهو ميت

8152. تەمىيم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاخىر زاماندا تۆگىنىڭ لوكىسىنى ياخشى كۆرىدىغان قوينىڭ قۇيرۇقلىرىنى كېسىۋالىدىغان قەۋملەر بولىدۇ، ئاگاھ بولۇڭلاركى ، تىرىك ھايۋاندىن كېسىۋېلىنغان نەرسە ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈكتەك ھارامدۇر. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

( يكون في آخر الزمان قوم يخضبون بالسواد كحواصل الحمام لا يريحون رائحة الجنة ) د ن عن ابن عباس

8153. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاخىر زاماندا چاچ ـ ساقاللىرىنى خۇددى كەپتەر پوكىنىدەك پارقىرىتىپ، قارا رەڭدە بوياۋالىدىغان قەۋملەر بولىدۇ، ئۇلار ھەرگىز جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايدۇ، (قارا رەڭدە بوياش ھارام). ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**8154** صحيح ( يكون في آخر أمتي خليفة يحثى المال حثيا و لا يعده عدا ) ( حم م ) عن جابر

8154. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۇممىتىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كىشىلىرىنىڭ ئارىسىدا ماللارنى ساناپ ئولتۇرمايلا، بۆلۈپ ـ بۆلۈپ، چاڭگاللاپلا ئۈلەشتۈرىدىغان خەلىپە بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**8155** ( صحيح ) يكون في أمتي خسف و مسخ و قذف( حم ه ) عن ابن عمر

8155. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىم ئىچىدە يەر يۇتۇپ كېتىش، سۈرەتلەر باشقا مەخلۇقنىڭ سۈرىتىگە ئۆزگىرىپ كېتىش، ئاسماندىن تاش يېغىش، قاتتىق بوران، يەر تەۋرەشلەر يۈز بېرىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**8156** ( صحيح ) يكون في آخر هذه الأمة خسف و مسخ و قذف قيل: يا رسول الله ! أنهلك و فينا الصالحون ؟ قال: نعم إذا ظهر الخبث ( ت ) عن عائشة

8156. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئۇممەتنىڭ ئاخىرىدا يەر يۇتۇپ كېتىش، سۈرەتلەر ئۆزگىرىش، قاتتىق بوران چىقىپ، يەر تەۋرەپ ئاسماندىن تاش يېغىشلار يۈز بېرىدۇ، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئارىمىزدا سالىھ، ياخشىلار بولسىمۇ ھەممىمىز

ھالاك بولامدۇق؟ دېيىلدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەئە، نىجىس گۇناھ ـ مەئسىيەت كۆپىيىپ كەتسە، ياخشى ـ يامان ھەممىسى ھالاك بولىدۇ دېدى. تىرمىزىلار توپلىغان، سەھىھ.

**8157 ( صحيح ) يكون من بعدي اثنا عشر أميرا كلهم من قريش ( ت ) عن جابر بن سمر**

8157. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەندىن كېيىن 12 ئەمىر، خەلىپە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇرەيشلەردىندۇر. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**يلقى إبراهيم أباه آزر يوم القيامة و على وجه آزر قترة و غبرة فيقول له إبراهيم: ألم أقل لك لا تعصني ؟ فيقول أبوه: فاليوم لا أعصيك فيقول إبراهيم: يا رب ! إنك وعدتني أن لا تخزيني يوم يبعثون و أي خزي أخزى من أبي الأبعد ؟ فيقول الله: إني حرمت الجنة على الكافرين فيقال: يا إبراهيم ! انظر ما بين رجليك ! فينظر فإذا هو بذيخ ملتطخ فيؤخذ بقوائمه فيلقى في النار ( خ ) عن أبي هريرة**

8158. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دادىسى ئازەرگە ئۇچرىشىدۇ، ئازەرنىڭ يۈزىدە قارا چاڭ ـ توزان بار بولۇپ، بۇ خارلىقنىڭ ئالامىتى ئىدى، ئىبراھىم، دادىسىغا مەن ساڭا: ماڭا ئاسىي بولماي، ئىتائەت قىلغىن دېمىگەنمۇ؟ دېسە، دادىسى، مانا ئەمدى بۈگۈن ساڭا ئاسىي بولمايمەن دەيدۇ، ئىبراھىم، ئى رەببىم! ھەققەتەن سەن ماڭا كىشىلەر تىرىلىپ قوپىدىغان قىيامەت كۈنى مېنى خار قىلماسلىققا ۋەدە بەرگەن ئىدىڭ، قايسى خارلىق بۇ ھەقتىن يىراقلاپ كەتكەن دادامنىڭ ئىشىدىن چوڭ خارلىق بولسۇن، بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئار نومۇس، خارلىق بولماس دەيدۇ، ئاللاھتائالا! ھەققەتەن مەن جەننەتنى كاپىر، دىنسىزلارغا ھارام قىلدىم دەيدۇ، ئاندىن ئى ئىبراھىم! پۇتىڭنىڭ ئاستىغا قارا دېيىلىدۇ ، ئۇ قارىسا ناگاھان لايغا، ئۆزىنىڭ نىجاسەتلىرىگە بۇلىنىپ، نىجاسەتلەر ئارىسىدا ياتقان بۆرىگە ئوخشاش بىر ھايۋان يەنى(قىزىل ئىت) سىرتلان تۇرىدۇ، ئۇنىڭ پۇتلىرىدىن تۇتۇپ دوۋزاخقا تاشلىنىدۇ، (يەنى ئىبراھىمنى خار قىلماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭ دادىسىنى شۇ سۇرەتكە ئۆزگەرتىپ دوۋزاخقا تاشلايدۇ). بۇخارى 3101 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**يلقى عيسى حجته في قوله: ( و إذ قال الله يا عيسى ابن مريم أأنت قلت للناس اتخذوني و أمي إلهين من دون الله فلقاه الله: ( سبحانك ما يكون لي أن أقول ما ليس لي بحق ) الآية كلها ) ( ت ) عن أبي هريرة**

8159. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەيساغا ئۇنىڭ ھۆججىتى تاشلىنىپ، ئۇ ھۆججەت قويالايدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر، «ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئېيتتى ، ئى مەريەم ئوغلى ئەيسا! سەن كىشىلەرگە ئاللاھنى قويۇپ مەن بىلەن ئانامنى ئىككى ئىلاھ قىلىۋېلىڭلار دېدىڭمۇ ؟ ئاندىن ئاللاھتائالا ئۇنىڭغا ھۆججەت سۆزىنى تاشلاپ ئىلھام قىلىدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ. «ئى رەببىم! شەنىڭگە لايىق ئەمەس نەرسىلەردىن سېنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەنكى، ماڭا ئېيتىشقا تېگىشلىك بولمىغان سۆزلەرنى مەن ھەرگىز ئېيتمايمەن، ئۇنى مەن دېمىدىم، ئەگەر بۇ سۆزنى مەن دېگەن بولسام ئۇنى سەن چوقۇم بىلىسەن، سەن غەيبلەرنىمۇ ناھايىتى ئوبدان بىلىسەن» . سۈرە مائىدە 116ـ ئايەت، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**8160 ( حسن ) يلي رجل من أهل بيتي يواطئ اسمه اسمي لو لم يبق من الدنيا إلا يوم لطول الله ذلك اليوم حتى يلي ( ت ) عن ابن مسعود وأبي هرير**

8160. ئىبنى مەسئۇد ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئەھلى بەيتىمدىن ئىسمى مېنىڭ ئىسمىمغا مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر كىشى ئىشقا ئىگە بولىدۇ، يەنى خەلىپە بولىدۇ، ئەگەر بۇ دۇنيادىن پەقەت بىر كۈنلا قالغان بولسىمۇ ئاللاھتائالا شۇ كۈننى شۇ كىشى ۋالىي، خەلىپە بولغانغا قەدەر ئۇزارتىپ بېرىدۇ، (يەنى ئۇ خەلىپە چوقۇم بولىدۇ، ئۇ چىقماي تۇرۇپ قىيامەت قايىم بولمايدۇ). (ئۇ ئىمام مەھدىيدۇر). تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

يمكث المهاجر بمكة بعد قضاء نسكه ثلاثا ( حم م ت ن ) عن العلاء بن الحضرمي

8161. ئىلائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇھاجىرلار ھەج ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن مەككىدە ئۈچ كۈنلا تۇرسا بولىدۇ. (ئۇلار ئۈچ كۈندىن كېيىن مەدىنىدىن كەتكەن). ئەھمەد ، مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

8162 ( صحيح ) يمن الخيل في شقرها ( حم د ت ) عن ابن عباس

8162. ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاتنىڭ بەرىكىتى تۇم قىزىل ئاتتا بولىدۇ. تىرمىزى 1618 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2182 ـ ھەدىس، ئەھمەد 2326 ـ ھەدىس، سەھىھ.

8163 ( صحيح ) يمينك على ما يصدقك عليه صاحبك( حم م د ه ) عن أبي هريرة

8163. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سېنىڭ قەسىمىڭ دەۋاگەر ھەمراھىڭ سېنى تەستىقلاپ ساڭا ئىشىنىدىغان نەرسىگە بولىدۇ، يەنى شۇ كىشىنى ئىشەندۇرۇشكە قىلىنىدۇ، بۇ راست بولۇشى لازىم. ئەھمەد ، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

ينادي مناد: إن لكم أن تصحوا فلا تسقموا أبدا و إن لكم أن تحيوا فلا تموتوا أبدا و إن لكم أن تشبوا فلا تهرموا أبدا و إن لكم أن تنعموا فلا تبأسوا أبدا ( حم م ت ه ) عن أبي سعيد وأبي هريرة

8164. ئەبۇ سەئىد ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلىگە بىر جاكارچى مۇنداق نىدا قىلىدۇ، ھەقىقەتەن سىلەر جەننەتتە مەڭگۇ ساق ـ سالامەت تۇرىسىلەر، ھەرگىز ئۆلمەيسىلەر، مەڭگۇ ياش، گۈزەل تۇرىسىلەر، ھەرگىز قېرىمايسىلەر، مەڭگۇ نېئمەتتە لەززەتلىنىسىلەر، ھەرگىز ئازابلانمايسىلەر، غەم ـ قايغۇ قىلمايسىلەر، يوقسىز بولمايسىلەر. ئەھمەد ، مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ.

8165 ( صحيح ) ينزل الله تعالى إلى السماء الدنيا كل ليلة حين يمضي ثلث الليل الأول فيقول: أنا الملك أنا الملك من ذا الذي يدعوني فأستجيب له ؟ من ذا الذي يسألني فأعطيه ؟ من ذا الذي يستغفرني فأغفر له ؟ فلا يزال كذلك حتى يضيء الفجر ( م ت ) عن أبي هريرة

8165. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ھەر كېچىسى، كېچىنىڭ ئەۋۋەلكى ئۈچتىن بىرى كېتىپ بولغاندا، دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پادىشاھ مانا مەن پادىشاھ بولىمەن، ماڭا دۇئا قىلىدىغان كىشى بارمۇ؟، مەن ئۇنىڭ ئۆچۈن ئىجابەت قىلىمەن مەندىن سورايدىغان كىشى بارمۇ، ئۇ كىشىگە سورىغىنىنى بېرىمەن، مەغپىرەت سوراپ ئىستىغفار ئېيتىدىغان كىشى بارمۇ؟ مەغپىرەت قىلىمەن، سۇبھى يورۇغانغا قەدەر شۇنداق دەپ

تۇرىدۇ. مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يترل الله تعالى في السماء الدنيا لثلث الليل الآخر فيقول: من يدعوني فأستجيب له أو يسألني فأعطيه ثم يبسط يديه يقول: من يقرض غير عديم و لا ظلوم ( م ) عن أبي هريرة

8166. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى قالغاندا دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ مۇنداق دەيدۇ: ماڭا دۇئا قىلىدىغان كىشى بارمۇ؟ ئىجابەت قىلىمەن، مەندىن سورايدىغان بارمۇ؟ سورىغىنىنى بېرىمەن، ئاندىن ئىككى قولىنى كەڭ ئېچىپ، سوزۇپ مۇنداق دەيدۇ، يوقۇتۇپ قويماستىن، زۇلۇمغا ئۇچرىماستىن، قەرز بېرىدىغان يەنى سەدىقە ـ ئېھسان قىلىدىغان كىشى بارمۇ؟ ئۇ بەرگەن نەرسىنىڭ ئەجرىنى يوقۇتۇپ قويمايدۇ، قىلچىلىك زۇلۇمغا ئۇچرىمايدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**8167** ( صحيح ) يترل الله في كل ليلة إلى سماء الدنيا فيقول: هل من سائل فأعطيه ؟ هل من مستغفر فأغفر له ؟ هل من تائب فأتوب عليه ؟ حتى يطلع الفجر ( حم ن ) عن جبير بن مطعم

8167. جۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ ھەر كېچىسى دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ مۇنداق دەيدۇ: سورىغۇچى كىشى بارمۇ؟ بېرىمەن، مەغپىرەت سورىغۇچى بارمۇ، ئۇنى كەچۈرۈپ مەغپىرەت قىلىمەن، تەۋبە قىلغۇچى بارمۇ، تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىمەن، سۈبھى يورۇغىچە شۇنداق دەيدۇ. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

8168. بۇ ھەدىس يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولۇپ، ئاللاھ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئوخشىشى يوق ھالەتتە ئاسمان ئەھلى بىلەن بىللە تۇرۇپ يەنىلا چۈشىدۇ. چۈشۈۋېتىپ، چۈشۈپ بولۇپ ئەرشىدىن يوقاپ كەتمەيدۇ، ئاللاھ بىرلا ۋاقىتتا ئەرشى ئۈستىدە ئاسماندا بولالايدۇ، ھەم سىز بىلەن بىللە بولۇشقا قادىر، ئاللاھ مەخلۇققا ئوخشاشمايدۇ، ئاللاھنى مەخلۇققا ئوخشاتماڭ، قەتئىي ئوخشىشى يوق، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق ئوخشىشى يوق ئىككى قولى بار، ئاللاھنىڭ سۆزلىشى، قولى، چۈشۈشى مەلۇم، كەيپىياتى بىزگە نامەلۇم، ئىمان، ئېتىقاد ۋاجىپ، سوئال بىدئەتتۇر، ئاللاھ ۋە رەسۇلى دېگەننى دەيمىز، سۈكۈتتە سۈكۈت قىلىمىز، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق.

يترل عيسى ابن مريم عند المنارة البيضاء شرقي دمشق ( طب ) عن أوس بن أوس

8169. ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەريەم ئوغلى ئەيسا، شامنىڭ دەمەشق دېگەن جايىنىڭ شەرقى تەرىپىدىكى ئاق مۇنارىغا چۈشىدۇ. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

يترل ناس من أمتي بغائط يسمونه البصرة عند نهر يقال له: دجلة يكون عليه جسر يكثر أهلها و تكون من أمصار المسلمين فإذا كان في آخر الزمان جاء بنو قنطوراء قوم عراض الوجوه صغار الأعين حتى يترلوا على شط النهر فيتفرق أهلها ثلاث فرق فرقة يأخذون أذناب البقر و البرية و هلكوا و فرقة يأخذون لأنفسهم و كفروا و فرقة يجعلون ذراريهم خلف ظهورهم و يقاتلونهم و هم الشهداء ( حم د ) عن أبي بكرة

8170. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىمدىن نۇرغۇن كىشىلەر دەجلەت دېيىلىدىغان دەريانىڭ يېنىدىكى بەسرەت دېيىلىدىغان كەڭرى زېمىنغا چۈشىدۇ، ئۇ دەريانىڭ چوڭ كۆۋرۈكى باردۇر، بۇ جاينىڭ ئەھلى كۆپىيىپ

كېتىدۇ. ئۇ جاي مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ، ئاخىر زامان بولغاندا، قەنتۇرانىڭ باللىرى بولغان يۈزلىرى يۇمىلاق، كۆزلىرى كىچىك قەۋملەر كېلىدۇ، ئۇلار دەريانىڭ بىر قىرغىقىغا چۈشىدۇ، بۇ شەھەر ئەھلى بولغان مۇسۇلمانلار ئۈچ پىرقىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ، بىر پىرقىسى كالىنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ، يېزا ـ سەھراغا بېرىپ، دېھقانچىلىق قىلىپ ھالاك بولىدۇ، يەنە بىر پىرقىسى ئۆزىگە ئامان تىلەپ كاپىر بولۇپ كېتىدۇ، يەنە بىر پىرقىسى بولسا، بالىلىرىنى، ئاياللىرىنى، ئارقىسىغا ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ، ئۇلار شېھىد بولىدۇ، (قالغانلىرىغا غەلىبە ئاتا قىلىنىدۇ). ئەھمەد 19553 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3752 ـ ھەدىس، ھەسەن.

**8171** ( حسن ) ينشو نشو يقرءون القرآن لا يجاوز تراقيهم كلما خرج قرن قطع كلما خرج قرن قطع حتى يخرج في أعراضهم الدجال ( ه ) عن ابن عمر

8171. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئان ئوقۇيدىغان ئەمما قۇرئاننىڭ پەزىلىتى، تەسرى گاللىرىدىن ئۆتمەيدىغان دىللىرىغا تەسىر قىلمايدىغان بىر تۈركۈم جامائەتلەر پەيدا بولىدۇ، ئۇلاردىن بىر تائىپە چىققان ھامان ھالاك بولىدۇ، ھەر قاچان بىر بۆلەك، بىر تائىپە چىقسىلا ئۇزۇل ـ كېسىل ھالاك قىلىنىدۇ. يەنە چىقسا يەنە ھالاك بولىدۇ.... ھەتتا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دەججال چىققانغا قەدەر شۇنداق بولۇپ تۇرىدۇ. ئىبنى ماجە 170 ـ ھەدىس، ھەسەن.

**8172** ( حسن ) ينضح بول الغلام و يغسل بول الجارية ( ت ك ) عن علي

8172. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: تاماق يېمىگەن، سۈت ئەممىگەن ئوغۇل بالىنىڭ سۈيدۈكىگە سۇ چېچىلسا بولىدۇ، قىز بالىنىڭ سۈيدۈكى يۇيۇلىدۇ. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**8173** ( صحيح ) يهرم ابن آدم و يبقى معه اثنتان: الحرص و الأمل ( حم ق ن ) عن أنس

8173. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئادەم بالىسى قېرىغانسېرى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىككى نەرسە ياش قېلىپ قالىدۇ. بىرسى ھېرىسمەنلىك، يەنە بىرى بولسا، ئارزۇ ـ ئۈمىدنى ئۇزۇن قىلىش. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

يهرم ابن آدم و يشب فيه اثنتان: الحرص على المال و الحرص على العمر ( م ت ه ) عن أنس

8174. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم موداق دېگەن: ئادەم بالىسى قېرىغانسېرى ئۇنىڭدا ئىككى نەرسە تېخىمۇ ياشىرىپ كېتىدۇ، مال دۇنياغا ھېرىس بولۇش بىلەن بىرگە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە ھېرىسمەن بولۇش. مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

يهلك الناس هذا الحي من قريش قالوا: فما تأمرنا ؟ قال: لو أن الناس اعتزلوهم ( حم ق خ م) عن أبي هرير

8175. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنى قۇرەيشلەردىن بولغان مۇشۇ قەبىلە ھالاك قىلىۋېتىدۇ، ئۇلار بىزنى نېمىگە

بۇيرىلا؟ دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەي! كاشكى كىشىلەر ئۇلاردىن ئايرىلىۋالسا ھە! دەيمەن دېگەن . (يەنى كىچىك بالا پادىشاھلار مىراس ئارقىلىق باش بولۇپ ھالاك قىلىۋېتىدۇ). ئەھمەد 7663 ـ ھەدىس، بۇخارى 3336 ـ ھەدىس، مۇسلىم 5195 ـ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان ، سەھىھ.

**8176** ( صحيح ) يهل أهل المدينة من ذي الحليفة و يهل أهل الشام من الجحفة و يهل أهل نجد من قرن و يهل أهل اليمن من يلملم ( حم ق ت ن ه ) عن ابن عمر

8176. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەدىنە ئەھلى زۇلھۇلەيپىدىن باشلاپ، شام ئەھلى جۇھفەتتىن، نەجد ئەھلى قەرنىدىن، يەمەن ئەھلى يەلەملەمەدىن باشلاپ ھەجگە ئېھرام باغلاپ ئاۋاز قىلىدۇ. ئەھمەد ، بەيھەقى، بۇخارى 130 ـ ھەدىس، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

يود أهل العافية يوم القيامة حين يعطى أهل البلاء الثواب لو أن جلودهم كانت قرضت في الدنيا بالمقاريض ( ت ) عن جابر

8177. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ دۇنيادا مۇسىبەت يەتمەي ساق ـ سالامەت قالغانلار قىيامەت كۈنى بالالەر ئەھلىگە ئەجىر ـ ساۋاب بېرىلگەندە ئېسىت! كاشكى، دۇنيادىكى چاغدا تېرىلىرىمىز قايچىلار بىلەن كېسىلىپ كەتكەن بولسىچۇ؟ دەپ ئېغىر مۇسىبەت يەتكەن بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ كېتىدۇ. تىرمىز توپلىغان، ھەسەن، ئى مۇسىبەت ئەھلىلىرى! ئېغىر سىناق، بالالەرگە يولۇققانلار! سەۋرى قىلىڭلار، ئەجىر ئالىدىڭلاردا.

**8178** ( صحيح ) يوشك أحدكم أن يصلي الفجر أربعا ( ه ) عن عبدالله بن بحينة

8178. ئابدۇللاھ ئىبنى بەھىينەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، بامدات نامازغا تەكبىر ئېيتىلىپ بولغان چاغدا، يەنىلا ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىنى كۆرۈپ، بىرىڭلار بامداتنىڭ پەرزنى تۆت رەكەت ئوقۇيدىغان ئوخشايدۇ، (يەنە بىر خاتىرىدە سەن بامداتنىڭ ئىككى رەكەت نامىزنى تۆت رەكەت ئوقۇمسەن؟ دەپ ئىنكار قىلغان). بۇخارى 623 ـ ھەدىس، مۇسلىم 1162 ـ ھەدىس، 1163 ـ ھەدىس، نەسەئى 1143 ـ ھەدىس، سەھىھ. نامازغا تەكبىر ئېيتىلسا، پەرز نامازنىلا ئوقۇيدۇ، سۈننەتنى كېيىن ئوقۇسا بولىدۇ.

يوشك الفرات أن يحسر عن جبل من ذهب فإذا سمع به الناس ساروا إليه فيقول من عنده: و الله لئن تركنا الناس يأخذون منه ليذهبن به كله فيقتتلون عليه حتى يقتل من كل مائة تسعة و تسعون ( حم م ) عن أبي

8179. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پات يېقىندا پۇرات دەرياسىدىن چوڭ بىر ئالتۇن تاغ ئاشكارا بولىدۇ، كىشىلەر ئۇنى ئاڭلاپ، ھەممىسى شۇ جايغا بارىدۇ، ئالتۇن تاغ يېنىدىكىلەر ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر كىشىلەرنى تەرك ئەتسەك كارىمىز بولمىسا، ئۇلار ئالتۇننىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىدۇ دەپ شۇنىڭ بىلەن ئالتۇننى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ كېتىدۇ، ھەر 100 كىشىدىن 99 ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەھمەد 20308 ـ ھەدىس، مۇسلىم 5155 ـ ھەدىس، سەھىھ.

يوشك الفرات أن يحسر عن كنز من ذهب فمن حضره فلا يأخذ منه شيئا ( ق د ) عن أبي هرير

8180. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پات يېقىندا پۇرات دەرياسىدىن ئالتۇن كاك ئېچىلىپ ئاشكارا بولۇشى مۇمكىن، ئۇ جايغا

بارغان كىشى ئۆتكەندىن ھېچ نەرسىنى ئالالمايدۇ. بەيھەقى،ئەبۇ داۋۇد، مۇسلىم 5153 ـ ھەدىس، سەھىھ.

يوشك المسلمون أن يحاصروا إلى المدينة حتى يكون أبعد مسالحهم سلاح ( د ك ) عن ابن عمر

8181. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمانلار مەدىنىدە مۇھاسىرىگە ئېلىنىشى مۇمكىن، ئۇلارنىڭ دۈشمەندىن ساقلىنىدىغان قورغانى سالاھ دېگەن جايدۇر، ياكى بىردىنبىر ئامالى قورالدۇر. ھاكىم ئەبۇ داۋۇد 3709 ـ ھەدىس، ئەھمەد 8848 ـ ھەدىسدە كىشلەر مەدىنىگە قايتىپ كېلىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ قوراللىق قورغانى سالاھ دېگەن جايدا دېيىلگەن.

يوشك الناس يتساءلون حتى يقول قائلهم: هذا الله خلق الخلق فمن خلق الله ؟ فإذا قالوا ذلك فقولوا: ( الله أحد الله الصمد لم يلد و لم يولد و لم يكن له كفوا أحد ثم ليتفل عن يساره ثلاثا و ليستعذ من الشيطان ) ( د ) عن أبي هرير

8182. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشلەر سوئال سوراۋېرىشى مۇمكىن، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرسى، بۇ ئاللاھ بارچە مەخلۇقلارنى ياراتتى، ئاللاھنى كىم ياراتتى؟ دەپ سورايدۇ، ئۇلار شۇنداق دېگەندە سىلەر مۇنداق دەڭلار. «ئاللاھ بىردۇر، ئوخشىشى يوق، ھەممىسى ئاللاھقا موھتاجدۇر ، ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، (چۈنكى، ئايالى يوق، ئوخشىشى يوق)، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، (چۈنكى ئاتا ـ ئانىسى يوق، ئېپتىداسى يوق، پەيدا بولغان ئەمەس)، ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش ئەمەس، (ئۇ ياراتقۇچىدۇر. يارالغۇچى ئەمەس)، ئاندىن سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋېتىپ، ئاللاھقا سېغىنىپ شەيتاندىن پاناھ تىلىسۇن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.(سۈرە ئىخلاس)

**8183** ( صحيح ) يوشك أن تداعى عليكم الأمم من كل أفق كما تداعى الأكلة إلى قصعتها قيل: يا رسول الله ! فمن قلة يومئذ ؟ قال: لا و لكنكم غثاء كغثاء السيل يجعل الوهن في قلوبكم و ينزع الرعب من قلوب عدوكم لحبكم الدنيا و كراهيتكم الموت( حم د ) عن ثوبان

8183. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پات يېقىندا بارلىق ئۇممەتلەر ھەممە تەرەپتىن خۇددى چوڭ قاچىغا تاماق يەيدىغانلار ئولاشقاندەك بىر ـ بىرىنى چاقىرىشىپ سىلەرگە قارشى ئولىشىپ كېتىشى مۇمكىن، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! شۇ كۈنى بىزنىڭ ئازلىقىمىزدىن شۇنداق بولامدۇ؟ دېيىلدۇ ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياق سىلەر ئاز ئەمەس، بەلكى كۆپ، لېكىن، سىلەر خۇددى سەل كۆتۈرۈپ كەلگەن كۆپۈككە، ئەخلەتكە ئوخشاش ۋەزنىگە كەلمەس كېرەك كەلمەس بولۇپ قالىسىلەر، ئاجىزلىق، قورقۇش، ئەنسىرەش سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا قىلىنىدۇ، دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قەلبىدىن سىلەردىن قورقىدىغان قورقۇنجا سىلەرنىڭ ھەيۋەتىڭلار كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى، سىلەرنىڭ دۇنيانى ياخشى كۆرۈپ،مال ـ دۇنيانى دوست تۇتۇپ، ئۆلۈمنى ياقتۇرماسلىقىڭلاردۇر. ئەھمەد 21363 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3745 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**8184** ( صحيح ) يوشك إن طالت بك مدة أن ترى قوما في أيديهم مثل أذناب البقر يغدون في غضب الله و يروحون في سخط الله ( م ) عن أبي هريرة

8184. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ساڭا ھاياتلىق مۇددىتى ئۇزۇن بولۇپ قالسا، قوللىرىدا كالىنىڭ قۇيرۇقىدەك قامچا بار كىشلەرنى كۆرۈشۈڭ مۇمكىن، ئۇلار ئەتىگەندە ئاللاھنىڭ غەزىپى ئىچىدە چىقىپ، يەنە كەچتە ئاللاھنىڭ

كايىشى، ئاچچىقلىشى ئىچىدە قايتىپ كېلىدۇ. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئۇلار، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان زالىملاردۇر.

**8185 ( صحيح ) يوشك أن يأتي زمان يغربل فيه الناس غربلة و تبقى حثالة من الناس قد مرجت عهودهم و أماناهم و اختلفوا فكانوا هكذا – و شبك بين أصابعه – قالوا: كيف بنا يا رسول الله ؟ قال: تأخذون ما تعرفون و تدعون ما تنكرون و تقبلون على أمر خاصتكم و تذرون أمر عامتكم ( حم د ك ) عن ابن عمر**

8185. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يېقىندا شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇ چاغلاردا كىشىلەر تاللىنىپ تاسقىلىنىپ ياخشىلىرى كېتىپ، رەزىل، ناچارلىرى قېلىپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەھدىلىرى، ئامانەتلىرى بۇزۇلۇپ، ئارىلىشىپ پاساتلىشىدۇ ، ئۇلار ئىختىلاپلىشىپ، مۇشۇنداق بولۇپ كېتىدۇ،ـ بارماقلىرىنى كىرىشتۈردى ـ ، بىر ـ بىرى بىلەن ئەنە شۇنداق ئىختىلاپقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار بىز قانداق قىلىمىز، يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؟ دېگەندە ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :سىلەر ياخشى دەپ تونۇغان ئىشلارنى تۇتۇسىلەر، يامان دەپ قارىغان ئىشلارنى بولسا، ئىنكار قىلىپ، تەرك ئېتىسىلەر، ئۆزۈڭلارنىڭ خاس ئىشىڭلارغا ئالدىڭلارنى قىلىپ چىڭ تۇتىسىلەر، ئاۋام خەلقنىڭ ئىشىنى تەرك ئېتىسىلەر، (چۈنكى، ئۇ پىتنە ـ پاسات ، ئىختىلاپ، ئۇرۇش ـ جېدەل ، قالايمىقان ۋاقىتتۇر). ئەبۇ داۋۇد 3779 ـ ھەدىس، ئەھمەد 6766ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**يوشك أن يقعد الرجل متكئا على أريكته يحدث بحديث من حديثي فيقول: بيننا و بينكم كتاب الله فما وجدنا فيه من حلال استحللناه و ما وجدنا فيه من حرام حرمناه ألا و إن ما حرم رسول الله مثل ما حرم الله ( حم د ك ) عن المقدام**

8186. مىقدام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: پات يېقىندا بىرىڭلار ئورۇندۇق، كارىۋىتىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا مېنىڭ ھەدىس سۆزلىرىم سۆزلەنسە، مۇنداق دېيىشى مۇمكىن: بىز بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان بار، شۇ كۇپايە، قۇرئاندا ھالال دەپ تاپقان نەرسىلەرنى ھالال بىلىمىز، ھارام دەپ تاپقان نەرسىنى ھارام دەپ بىلىمىز، شۇ كۇپايە خالاس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنداق كىشىلەرگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى . ئاگاھ بولۇڭلار ، ھەققەتەن ئاللاھنىڭ ئەلچىسى يەنى مەن، ھارام قىلغان نەرسە ئاللاھ ھارام قىلغان ھارام نەرسىگە ئوخشاشلا ھارام. ئەھمەد ، ئەبۇ داۋۇد ، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قۇرئاننى بېرىپ، ئۇنىڭ باياناتىنى بەرگەن، ئوخشىشىنى بەرگەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، ھەدىس قۇددۇس بىلەن ۋەھيي ئارقىلىق سۆزلەيدىغان سەھىھ ھەدىسلەر بېرىلگەن،قۇرئاندا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار دېيىلگەن.

**يوشك أن يكون خير مال المسلم غنما يتبع بها شعف الجبال و مواقع القطر يفر بدينه من الفتن(حم خ د ن ه) سعيد**

8187. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان كىشىنىڭ مال ـ مۈلۈكىنىڭ ئەڭ ياخشىسى كەلگۈسىدە ئۇ تاغ چوققىسىغا ۋە يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالىدىغان جايلارغا ئەگەشتۈرۈپ چىقىدىغان قوي بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى، ئۇ، شۇ ۋاقىتتا

پىتنە ـ پاساتدىن دىنىنى، ئىمانىنى ئېلىپ قاچىدۇ، دىنى بىلەن قاچىدۇ، ئىمانىنى ساقلايدۇ. ئەھمەد 10608 ـ ھەدىس، بۇخارى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد ، ئىبنى ماجە توپلىغان ، سەھىھ.

مانا بۇ پىتنە ـ پاسات دەۋرىدە زاھىدلىق يولىغا مېڭىپ، ئىلىم، ئىبادەت بىلەن بولۇشنىڭ دەلىلى، بۇ ھەرقايسى تەپسىرلەردە بار، جۈملىدىن تەبەري،تەنتاۋى، تەپسىر مۇنىيرغىچە باردۇر.

يوشك يا معاذ إن طالت بك حياة أن ترى ما هاهنا قد ملئ جنانا ( حم م ) عن معاذ بن جبل

8188. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى مۇئاز! ئەگەر ساڭا ھاياتلىق ئۇزۇن بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ قالساڭ، پات يېقىندا مۇشۇ ئەتراپىڭ يەنى تەبۇكتىكى بۇلاق ئەتراپىنىڭ باغۇ ـ بوستانلىققا تولغانلىقىنى كۆرۈشۈڭ مۇمكىن. مۇسلىم 4229 ـ ھەدىس، ئەھمەد 21056 ـ ھەدىس، سەھىھ.بۇ مۆجىزە.

يوضع الصراط بين ظهراني جهنم عليه حسك كحسك السعدان ثم يستجيز الناس فناج مسلم و مخدوش به ثم ناج و محتبس به و منكوس فيها ( حم ه حب ك ) عن أبي سعيد

8189. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىرات كۆۋرۈكى، جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە سەئدانىنىڭ تىكەن، شوخلىرىدەك ئىلمەك تىكەن باردۇر، (ئۇ قىلىچدىن ئىتتىك، قىلدىن ئىنچىكە، ئۇزۇن كۆۋرۈكتۇر). ئاندىن كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۆتىدۇ، نىجاد تېپىپ قۇتۇلىدىغان مۇسۇلمان بار، يارىلىنىپ، قاتتىق جاراھەتلىنىپ قۇتۇلىدىغان كىشى بار، ئۇ ئىلمەك تىكەنگە تۇتۇلۇپ قالىدىغانلار بار، دوۋزاخ ئىچىگە تاشلىنىپ چۈشۈپ كېتىدىغانلارمۇ باردۇر. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

8190 ( صحيح ) يوم الجمعة ثنتا عشرة ساعة منها ساعة لا يوجد عبد مسلم يسأل الله فيها شيئا إلا آتاه الله إياه فالتمسوها آخر ساعة بعد العصر ( د ن ك ) عن جابر

8190. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جۈمە كۈنى 12 سائەتتۇر، ئۇنىڭدىن ئالاھىدە بىر سائەت بار بولۇپ، ھەر قانداق مۇسۇلمان بەندە شۇ سائەتتە ئاللاھتائالادىن بىرەر نەرسە سوراپ دۇئا قالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە سورىغان نەرسىسىنى چوقۇم بېرىدۇ، دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ، سىلەر ئۇ سائەتنى ئەسىردىن كېيىنكى ئاخىرقى سائەتلەردىن ئىزدەڭلار. ئەبۇ داۋۇد ، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ سائەت مەخپىيدۇر لېكىن، جۈمە كۈنى بار.

8191 ( صحيح ) يوم الحج الأكبر يوم النحر ( ت ) عن علي

8191. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەججۇلئەكبەر چوڭ ھەج كۈنى بولسا،نەھرى كۈندۇر، يەنى قۇربانلىقنى بوغۇزلايدىغان،قۇربانلىق كۈندۇر،تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

يوم الفطر و يوم النحر و أيام التشريق عيدنا أهل الإسلام و هي أيام أكل و شرب ( حم 3 ك ) عن عقبة

8192. ئۇقبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: روزا ھېيت كۈنى، قۇربان ھېيت كۈنى، قۇربان ھېيتتىن كېيىنكى ئۈچ كۈن، بىز ئىسلام ئەھلىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيت كۈنىمىزدۇر، يەپ ـ ئىچىشنىڭ كۈنىدۇر، (يەنى بۇ بەش كۈندە خۇشال ـ خۇرام يەپ

ـ ئىچىپ ئۈينايمىز، روزا تۇتۇشقا قەتئىي بولمايدۇ). ئەھمەد، ھاكىم ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

يوم القيامة على المؤمنين كقدر ما بين الظهر و العصر ( ك ) عن أبي هريرة

8193. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قىيامەت كۈنى، مۆئمىنلەرگە پېشىن نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاقىتنىڭ مىقدارىچىلىك بولىدۇ، (يەنى مۆئمىنلەرگە شۇنداق ئاسان، ھەم قىسقا ۋاقىتتۇر، كاپىر، مۇناپىقلارغا بولسا، شۇنداق قىيىن، تەس، ھەم ئۇزۇن،يەنى 1000 يىلچە، ھەتتا 50000 يىلچە كېلىدۇ). ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

اليتيمة تستأمر في نفسها فإن صمتت فهو إذنها و إن أبت فلا جواز عليها ( ت ) عن أبي هرير

8194. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يېتىم قىزچاقنى ئەرگە بېرىشتە، ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ماقۇللىقى، ئىزنى ئېلىنىدۇ، ئەگەر ئۇ سۈكۈت قىلىپ سۆز قىلماي جىم تۇرسا، بۇ ئۇنىڭ ئىزنى، رۇخستى، ماقۇللىقى بولىدۇ، ئەگەر ئۇنىماي رەت قىلسا، يىغلاپ تۇرۇۋالسا، ئۇنى نىكاھلاپ قويۇش دۇرۇس بولمايدۇ. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

اليد العليا خير من اليد السفلى و ابدأ بمن تعول ( حم طب ) عن ابن عمر

8195. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بەرگۈچى ئۈستۈن قول، سورىغۇچى تۆۋەن قولدىن ياخشىدۇر، سەن سەدىقە ـ ئېھسان قىلىشنى، نەپىقىسى سېنىڭ ئۈستۈڭگە ۋاجىپ بولىدىغان سەن ئىگە بولىدىغان ئائىلەڭدىن باشلاپ قىلغىن. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

8196 ( صحيح ) اليد العليا خير من اليد السفلى و ابدأ بمن تعول و خير الصدقة ما كان عن ظهر غنى و من يستغن يغنه الله و من يستعفف يعفه الله ( حم خ ) عن حكيم بن حزام

8196. ھەكىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈستۈن قول، تۆۋەن قولدىن ياخشىدۇر، سەن ئۆزۈڭ ئىگە بولغان ئائىلەڭدىن باشلاپ سەدىقە ئېھسان قىل، سەدىقىنىڭ ياخشىسى باي تۇرۇپ، بېرىپ، يەنە ئۆزى باي، بىھاجەت قالغىنىدۇر، يەنى سەدىقە بېرىپ بولۇپ، يەنىلا بىھاجەت بولۇشتۇر، ھاجەتتىن ئۈشۈقنى بېرىشتۇر، كىم ئۆزىنى بىھاجەت تۇتسا، ئاللاھ ئۇنى باي، بىھاجەت قىلىدۇ. كىم ئىپپەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلسا، ئاللاھ ئۇنى ئىپپەتلىك قىلىدۇ. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

اليد العليا خير من اليد السفلى و اليد العليا هي: المنفقة و اليد السفلى هي: السائلة ( حم ق د ن ) عن أبي هرير

8197. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈستۈن قول، تۆۋەن قولدىن ياخشى، ئۈستۈن قول، سەدىقە ـ ئېھسان ، نەپىقە بەرگۈچى قولدۇر، تۆۋەن قول بولسا، نەرسە سورىغۇچى قولدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

8198 ( صحيح ) اليمين على ما يصدقك به صاحبك ( ت ) عن أبي هريرة

8198. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەسەم قىلىش دېگەن ، سېنىڭ دەۋاگەر ھەمراھىڭ ساڭا ئىشىنىپ، سېنى تەستىقلاپ، راستىكەن دەيدىغان نەرسىگە قىلىنىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

دەۋاگەر، دەلىل ـ ئىسپات، ھۆججەت كەلتۈرىدۇ، جاۋابكار قەسەم قىلىدۇ، داۋا شۇ ئۇسۇل بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

**8199** ( صحيح ) اليمين على نية المستحلف ( م ه ) عن أبي هريرة

8199. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەسەم دېگەن قەسەم قىلغۇچىنىڭ نىيىتىگە ئاساسەن بولىدۇ، (قەسەم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىگە ئاساسەن قىلىپ بېرىلىدۇ). مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**8200** ( حسن ) اليوم الموعود يوم القيامة و الشاهد يوم الجمعة و المشهود يوم عرفة و يوم الجمعة ذخره الله لنا و صلاة الوسطى صلاة العصر ( طب ) عن أبي مالك الأشعري

8200. ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە بۇرۇجنى تەفسىرلەپ مۇنداق دېگەن: ۋەدە قىلىنغان كۈن قىيامەت كۈنىدۇر، شاھىد، گۇۋاھچى كۈن بولسا، جۈمە كۈنىدۇر، مەشھۇد كۈن بولسا، ئارافات كۈنىدۇر، جۈمە كۈنىنى ئاللاھتائالا بىزگىلا ساقلاپ ئېلىپ قويغان كۈندۇر. (يەنى بىزنى ھىدايەت قىلغان كۈندۇر)، ۋۇستا نامىزى، ئەسىر نامىزىدۇر. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

اليوم الموعود يوم القيامة و اليوم المشهود يوم عرفة و الشاهد يوم الجمعة و ما طلعت الشمس و لا غربت على يوم أفضل منه فيه ساعة لا يوافقها عبد مسلم يدعو الله بخير إلا استجاب الله له و لا يستعيذ من شر إلا أعاذه الله منه ( ت هق ) عن أبي هريرة

8201. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ۋەدە قىلىنغان كۈن قىيامەت كۈنىدۇر، ھازىر قىلىنىدىغان مەشھۇد كۈن بولسا، ئارافات كۈنىدۇر، يەنى ئەتە قۇربان ھېيت دېگەن كۈندۇر، شاھىد كۈن بولسا، جۈمە كۈنىدۇر، جۈمە كۈنىدىنمۇ ئەۋزەلرەك بىرەر كۈندە كۈن چىقىپ كىرمەيدۇ، (يەنى جۈمە كۈنى بارلىق كۈنلەردىن ئەۋزەل، ئۇنىڭدىن ئەۋزەل كۈن يوق). جۈمە كۈنى بىر سائەت بار بولۇپ، ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان بەندە بۇ سائەتتە ئاللاھدىن بىرەر ياخشىلىقنى سوراپ ياكى بىرەر يامانلىقدىن ئاللاھقا سېغىنىپ، پاناھ تىلەپ، دۇئا قىلىپ مۇۋاپىق كېلىپ قالسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە سورىغان ياخشىلىقنى بېرىدۇ، پاناھ تىلىگەن يامانلىقدىن ئۇنى ساقلاپ قۇتقۇزىدۇ، (يەنى شۇ سائەتتە ھەر قانداق دۇئاسىنى پەقەت ھارامنى سورىمىسلا گۇناھ ـ مەئسىيەتنى سورىمىسلا، ئىجابەت قىلىدۇ). تىرمىزى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**8202** ( صحيح ) اليهود مغضوب عليهم و النصارى ضلال

8202. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە فاتىھەنىڭ ئاخىرقى ئايەتنى تەفسىرلەپ، غەزەپ قىلىنغانلار يەھۇدىيلاردۇر، زالالەتتە ئازغانلار بولسا، ناسارالاردۇر دېگەن . (بۇ، قۇرئان ئايىتىدىمۇ ئوچۇق سۆزلەنگەن)، مەقسەت ، سىلەر يەھۇدىيلاردەك غەزەپكە يولۇقماڭلار، ناسارالاردەك ئازماڭلار، ھەددىڭلاردىن ئاشماي، توغرا يول تۇتۇپ، نورمال، ئوتتۇرھال ئەمەللەر بىلەن قادىر بولىشىڭلارچە تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئاللاھقا يېقىنچىلىق ئىزدەڭلار). سەھىھ.

## خۇلاسە

شۇنىڭ بىلەن ئىمام جالالۇددىن سۇيۇتى ھەرپ تەرتىپىگە تىزىپ تۈزگەن ئىمام ناسىرۇددىن ئەلبانى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، زەئىپلىرىنى شاللاپ، سەھىھ ھەدىسلەر بىلەن ھەسەن ھەدىسلەرنى قوشۇپ تەھقىقلىگەن «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى» ئاخىرلاشتى، ئەلۋەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزلىگەن ۋە قىلىقى بىلەن قىلغان، سۈكۈتتە تۇرغان سەھىھ ھەدىسلەر بۇنىڭلىق بىلەن تۈگەپ كەتمەيدۇ، دېمەكچى بولغىنىمىز قولىمىزدا بار بولغان ماتېرىياللاردىكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن سۆزلىگەن سەھىھ ھەدىسلەر ئاخىرلاشتى، ئەلھەمدۇلىللاھ، ئاللاھقا سانسىز شۈكرى.ئەبۇ مۇھەممەد

2006ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى (مىلادىيە)

1427 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى (ھىجرىيە)

تاقىتىمنىڭ يېتىشىچە قادىر بولۇشۇمچە تىرىشتىم، لېكىن، پۈرسەت كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ سەل ئالدىراپ قالدىم، خاتالىق كۆرۈلگەن بولسا، ئاللاھدىن مەغپىرەت سورايمەن، ئاللاھ مېنى كەچۈرۈپ، ئەپۇ قىلار، ئامىن!

سىلەرمۇ ماڭا دۇئا قىلىپ قويۇش بىلەن بىرگە خاتا كەتكەن جايلارنى تۈزۈتۈپ ئوقۇپ، پىكىر ـ تەكلىپ، تەنقىد تەربىيە بېرىشىڭلارنى سورايمەن ۋە شۇنداقلا ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمنى تەپسىرلەشتە، ئەقىدە ۋە ئىبادەت، مۇئامىلە، تىجارەت، ئەخلاق ۋە ئەھكاملاردا ھالال ـ ھارام مەسىلىلىرىدە مۇشۇ سەھىھ ھەدىسلەرنى دەلىل ـ ئىسپات، ھۆججەت قىلىشىڭلارنى، پەقەت قۇرئان كەرىم، سەھىھ ھەدىسلەر، ساھابە، تابىئىنلار ئەقىدىسى ۋە چۈشەنچىسىگە مۇراجەت قىلىشىڭلارنى سورايمەن، ئاخىرەتنى دېسەڭلارمۇ يول مۇشۇ، بۇ دۇنيانى مەقسەت قىلساڭلارمۇ يول، پەقەت مۇشۇ، بۇ سۆزنى دېيىشكە يۇسۇف خاس ھاجىپنىڭ قۇتادغۇبىلىك دېگەن كىتابىدىن ئەلۋەتتە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرى ھەقلىق ۋە لايىقتۇر. مېنىڭ مەقسىتىم ئەلۋەتتە، ئاللاھ! ئاللاھنىڭ جامالى، ئاخىرەت، جەننەت ۋە مەغپىرەت شۇنداقلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىدۇر:

«سىلەر مەندىن بىر ئايەت بىر ھەدىس بولسىمۇ يەتكۈزۈڭلار»،

« ھازىر بار بولغان شاھىدلار يوق بولۇپ قالغان، غائىبلارغا مېنىڭ سۆزلىرىمنى، دىنىنى يەتكۈزسۇن»، «مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ، ئۇنى ساقلاپ، يادا ئېلىپ، ئۆز ئەينى يەتكۈزگەن كىشىنىڭ قىيامەت كۈنى ئاللاھتائالا يۈزىنى نۇرلۇق قىلىپ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىدۇ»،

«مەن دېمىگەن سۆزنى دېدى دەپ ماڭا يالغاننى توقۇغان كىشى دوۋزاخقا كىرىدۇ»، (ئۇنداقتا راستىنى، توغرىسىنى، سەھىھ بولغان ھەدىسلىرىنى ئىسلام دىنىنى يەتكۈزگەن كىشى جەننەتكە كىرىدۇ).

«ماڭا قۇرئاننىڭ ئوخشىشى بېرىلدى، يەنى بارلىق سەھىھ ھەدىس، قۇرئاننىڭ باياناتى ۋە تەپسىرىدۇر». رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھارام قىلغان نەرسە ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىگە ئوخشاشلا ھارامدۇر، چۈنكى، ئۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر، «مەن سىلەرگە ئىككى نەرسىنى قالدۇرۇپ كەتتىم، ئەگەر ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلساڭلار، ھەرگىز ئېزىپ كەتمەيسىلەر، بىرى، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان، يەنە بىرى

بولسا، مېنىڭ سۈننىتىم، ھەدىسلەردۇر». «سىلەر بىدئەتتىن قاتتىق ھەزەر قىلىپ، مېنىڭ ۋە توغرا يول تۇتقان، توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتىنى ئېزىق چىشىڭلاردا چىڭ چىشلەپ مەھكەم ئېسىلىڭلار»،

ئاللاھ، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان، سەھىھ ھەدىسلەر، ساھابىلار، تابىئىنلار ئەقىدىسى ۋە چۈشەنچىسى، ئىلگىرىكى سالىھ كىشىلەرنىڭ يولى، ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسى، مانا بۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز ۋە شوئارىمىزدۇر ، مەنمۇ سىلەرگە ئەنە شۇلارنى قالدۇرۇپ كەتتىم، مەھكەم ئېسىلىڭلار، ئاللاھ ھەممىمىزنى ھىدايەت قىلىپ، مۇتتەقى بەندىلىرىدىن قىلسۇن، ئاخىرەتتە جامالىنى ئاتا قىلسۇن بىزنى مەغپىرەت قىلىپ كەچۈرگەي، ئەمەللىرىمىزنى خالىس ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن، جامالى ئۈچۈن قىلىپ بەرسۇن، ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنى ھىدايەت قىلسۇن، ئەۋلادلىرىمىزدىن ھىدايەت قىلسۇن، ئىسلام نۇرىنى مەڭگۈ ئۆچۈرمىسۇن، ئامىن!خەير ئاللاھقا ئامانەت كېلەركى كىتابىمدا كۆرۈشەيلى، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ

صحيح الجامع الصغير

وزيادته « الفتح الكبير»

الطبعة المجددة والمزيدة والمنقحة

تأليف

محمد ناصر الدين الألباني

المكتب الإسلامي 1408 ه

پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. كومپيۇتېر
2. ئىنتېرنېت تور بەتلىرى
3. مۇھەددىس پروگراممىسى
4. توققۇز كىتاب پروگراممىسى
5. ھەدىس ـ تەفسىر پروگراممىسى
6. لۇغەتلەر پروگراممىسى
7. تارىخ پروگراما پلاستىنكىلىرى
8. فىقھى ـ ئەھكام پروگراممىسى
9. ئۇسۇل كىتابلىرى
10. ئەقىدە كىتابلىرى
11. پەتىۋالار پروگراممىسى
12. يېزىقچىلىق ۋە تەرجىمە ئىلمى كىتابلىرى
13. يۇقىرىقى پروگراما پلاستىنكىلىرىدىكى بارلىق تەپسىر، ھەدىس كىتابلىرى
14. بارلىق ھەدىس كىتابلىرىنىڭ شەرھى ئىزاھاتلىرى (مەسىلەن: پەتھۇلبارىيدەك)
15. لىسانۇلئەرەب، قامۇس، ئىمام ئىبنى ئەسىرىنىڭ «نەھايەت في غەرىيبۇلھەدىس» دېگەن كىتابلار.

103. Asr:

Name

The Surah takes its name from the word al_asr occurring in the first verse.

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئىبراھىم ھاجى
ئىسمائىل يەئقۇب
مەسئۇل كوررېكتورى: ئىسھاق ھۆسەيىن

مۇقاۋىنى لاھىيلىگۈچى: مايۇڭ.

«سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى»
ئاپتور: ئىمام جەلالۇددىن سۇيۇتي
ئىمام ناسىرۇددىن ئەلباني
تەرجىمە قىلغۇچى:شەيخ ئەبۇ مۇھەممەد

*****

دىن مەدەنىيتى نەشرىياتى
جىڭبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى:850x 1140 مىللىمېتىر 3/16
باسما تاۋىقى: 44.1 ،قىستۇرما ۋارىقى: 3
2007ـ يىلى 1ـ ئاينىڭ 10ـ كۈنى1ـ نەشىر
2007ـ يىلى 1ـ ئاينىڭ 10ـ كۈنى1ـ بېسىلىشى
ISBN
تىراژى: 1ـ3000
باھاسى: 70.00 يۈەن
بېسىلىشتا ۋە تۈپلەشتە خاتالىق بولسا،نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز.